## ئۇيغۇر تىلىنىڭ

# ئىزاھلىق لۇغىتى


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق
خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن


## ئو — م


مىللەتلەر نەشرىياتى

1995

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔语详解辞典(5):维吾尔文/新疆少数民族语言文字工作委员会编. 一北京:民族出版社,1996. 3
ISBN 7－105－02578－6
Ⅰ. 维… Ⅱ. 新… Ⅲ. 维吾尔语(中国少数民族语言)一词典 Ⅳ. H215

中国版本图书馆 CIP 数据核字(95)第 22547 号

阿布利孜·牙库甫,艾尼扎提·艾尤拉尼,司马义·卡的尔,海木都拉·阿布都热合满,帕力哈提·努尔,阿布利孜·艾买提,艾斯哈尔·阿布都哈地尔,阿布都扎依尔·塔依尔,阿布力克木·热依木编

ISBN 7-105-02578-6

9 787105 025787 >

责任编辑:阿布利孜·牙库甫
艾尼扎提·艾尤拉尼
责任校对:艾拉努尔·伊明
布外西汗·阿布都拉

民族出版社出版发行
(北京市和平里北街 5 号 邮编 100013)
《博格达》电子排版中心微机照排 孙史山印刷厂印刷
各地新华书店经销
1996 年 3 月第 1 版 1996 年 3 月北京第 1 次印刷
开本:787×1092 毫米 1/16 印张:56¾
印数:0001－3000 册 定价:42.00 元

# مۇندەرىجە


م ........ 1

ن ........ 327

ھ ........ 429

ئو ........ 594

ئۇ ........ 695

ئۆ ........ 780

ئۈ ........ 864

تۈزگۈچىلەر :
ئابلىزياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رىھىمجان

مەسئۇل مۇھەررىرلەر :
ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى

كوررېكتورلار :
ئەلانۇر ئىمىن، بۇۋەيشىخان ئابدۇللا

# م

م I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە ئىككىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتىن يىگىرمە ئىككىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

م II سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بەزى بۇيرۇق پېئىللار بىلەن كېلىپ، شۇ پېئىل بىلدۈرگەن مەنە بىلەن نەتىجىلەنگەن ھالەت ياكى مىقدارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياسايدۇ: ئالدا + م = ئالدام، باغلا + م = باغلام، تاسقا + م = تاسقام، توغرا + م = توغرام، توقۇ + م = توقۇم، تۆلە + م = تولەم.

م III ① بىرىنچى شەخس بىرلىك ساندىكى ئىگىلىك قوشۇمچىسى بولۇپ، سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا قوشۇلىدۇ: بالا+م = بالام، ئانا+م = ئانام. ② «-سا» بىلەن ئاياغلاشقان شەرت مەيلىدىكى پېئىللارغا قوشۇلۇپ بىرىنچى شەخس بىرلىك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بارسا+م = بارسام، كۆرسە+م = كۆرسەم، يازسا+م = يازسام.

ما ئال. جان ت. كۆرسىتىش ئالماش «ماۋۇ» نىڭ جانلىق تىلدا قىسقارغان شەكلى: مانى ئۆزۈمگە، مانى ئۇكامغا ئالدىم. * سېنىڭ سېسىپ كەتكەن كونا مەپكۇرەڭ ما زاماندا كارغا كەلمەيدۇ.

**مائارىپ** ئى (ئە) ① يېڭى بىر ئەۋلادنى ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان قىلىپ تەربىيىلەشنىڭ بىر پۈتۈن جەريانى. ئۇ، مۇھىمى، مەكتەپلەردىكى بالىلار، ئۆسمۈرلەر، ياشلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەربىيە جەريانىنى كۆزدە تۇتىدۇ: مائارىپ ئىسلاھاتى. مائارىپ ئىشلىرى. مائارىپ فاكۇلتېتى. مائارىپ ئىدارىسى. * بۇ تاللاش مەسىلىسى. ئۇكام، مەن ئەسلىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆمرۈمنى مائارىپقا بېغىشلىماقچى ئىدىم. كېيىن پۇل بولمىسا مائارىپنى يولغا قويغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلدىم. ② تەلىم-تەربىيە، مەكتەپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى ئىدارە: بۈگۈن مەكتىپىمىزگە تەكشۈرۈش ئۈچۈن مائارىپتىن ئىككى كادىر كېلىپتۇ.

**مائارىپ پراكتىكىسى** < مائار ... ھەر دەرىجىلىك سىفەن مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش

ھالقىلىرىدىن بىرى، يەنى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئىشلىتىپ، باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەر ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتۇش ۋە سىياسىي، ئىدىيىۋى تەلىم-تەربىيە خىزمەتلىرىگە قاتنىشىشىنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە ئوقۇش پۈتتۈرۈش باسقۇچىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**مائارىپ پسىخولوگىيىسى** < پسىخول > پسىخولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئادەمنىڭ تەربىيىلىنىش جەريانىدىكى پسىخىك ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى ۋە ئەخلاق پەزىلىتىنىڭ شەكىللىنىشى، بىلىم، ماھارەت ئىگىلەش ۋە ئەقلىي، جىسمانىي جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىش جەريانىنى يېشىپ بېرىشنى مەقسەت قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن مائارىپ ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

**مائارىپ تېخنولوگىيىسى** < مائار > زامانىۋى پەن-تېخنىكىدىن پايدىلىنىپ مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. مائارىپتا قوللىنىلىدىغان زامانىۋى تېخنىكا «زامانىۋى مائارىپ تېخنىكىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئېلېكترونلۇق پاتېفون، پرويېكسىيە ئاپپاراتى، كىنو، سىمسىز رادىئو، تېلېۋىزىيە، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى، ئۈنئالغۇ، سىنئالغۇ، ئالاقە سۈنئىي ھەمراھى قاتارلىقلار ۋە مۇشۇ ئۈسكۈنىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زامانىۋى مائارىپ تېخنىكىسى زامانىۋى ئىلىم-پەن بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە ئوقۇتۇش مەزمۇنلىرىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق بولۇپ، مائارىپ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنىڭ مۇھىم تەدبىرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ مائارىپ ئەمەلىيىتىدە كەڭ ئىستىقبالغا ئىگە.

**مائارىپ فاڭجېنى** < مائار > دۆلەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەلەپلىرىگە ئاساسەن، مائارىپ نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلەپ چىققان مائارىپ خىزمىتىنىڭ ئومۇمىي يۆنىلىشى.

**مائارىپ فوندى** < مائار > مائارىپ ئىشلىرىنى يولغا قويۇش، يۈرگۈزۈش، راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن توپلانغان مەبلەغ ياكى مەخسۇس ئاجرىتىلغان پۇل.

**مائارىپ قانۇنى** < مائار > دۆلەت ئاپپاراتى قانۇن چىقىرىش تەرتىپى بويىچە تۈزۈپ چىققان مائارىپ ئىشلىرى توغرىسىدىكى قانۇن.

**مائارىپ قۇرۇلمىشۇناسلىقى** < مائار > مائارىپ لايىھىسىنى تەتقىقات مەزمۇنى قىلغان بىر خىل پەن. بۇنىڭدا تەربىيىلەنگۈچىنىڭ مىجەزى، ئەقىل-پاراسىتى، ماھارىتى ۋە ئارتۇقچىلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۇنىڭ بوۋاق ۋاقتىدىن ياكى مەلۇم يېشىدىن تارتىپ باشلىنىدۇ، يەنى جەمئىيەت تەلىپىنى چىقىش قىلغان ھالدا، تەربىيىلەنگۈچىنىڭ جىسمانىي ۋە پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن تەلىم-تەربىيە تەدبىرلىرى بەلگىلىنىدۇ ۋە مەلۇم مۇددەت ئىچىدە تەربىيىلەنگۈچىنى مەلۇم جەھەتتە ئىختىساسلىق قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**مائارىپ مەمۇرىيىتى ئىلمى** < مائار > مائارىپ خىزمەتلىرىگە بولغان تەشكىللەش، باشقۇرۇش ۋە رەھبەرلىك قىلىشنى تەتقىقات مەزمۇنى قىلغان پەن. ئۇ مائارىپ فاڭجېنى، قانۇنى، قائىدە-تۈزۈمى،

پىلانى، چىقىمى، مائارىپ ئورگانلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە ئۇلارغا بولغان باشقۇرۇش، ھەر خىل مەكتەپلەرنىڭ تەشكىللىنىشى ۋە ئوقۇتۇش پروگراممىسى، ئوقۇتقۇچىلارنى تاللاش ۋە ئىشلىتىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مائارىپ مەھكىمىسى** يۇقىرى دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ (مەسىلەن، مىنىستىرلىكنىڭ) مائارىپ ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى تارمىقى.

**مائارىپپەرۋەر** ئى (ئە+پ) مائارىپ ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇچى، قوللىغۇچى، ياردەم قىلغۇچى كىشى: كېرەم ئىمىن ئۆزى ياراتقان بايلىقى بىلەن يۇرتىغا بىر باشلانغۇچ مەكتەپ، بىر ئوتتۇرا مەكتەپ سېلىپ بەرگەن بىر مائارىپپەرۋەر. ئۇنى خوتەن دىيارىدا بىلمەيدىغان كىشى يوق.

**مائارىپپەرۋەرلىك** «مائارىپپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە مائارىپپەرۋەرلىكى ھەققىدە يېزىلغانلاردىن نۇرغۇن پارچىلارنى كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

**مائارىپچى** ئى. مائارىپ ساھەسىدە ئىشلىگۈچى كىشى، مائارىپ خادىمى: — ياخشى! — دېدى مەھبۇبەنىڭ دادىسى ئېلىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقىپ، — مەن ئۇزۇن يىللىق مائارىپچى، بالىلارنىڭ، ياشلارنىڭ مىجەز-ھەۋەسلىرىنى كۆزىتىشكە قىزىقىمەن. * مەن يېزىدا يەنە ئون نەچچە يىل ئىشلەپ، ئاندىن كېيىن بۇ شەھەرگە كېلىمەن، ئۇ چاغدا ئاۋۇ ئادەمدەك ئوتتۇز ياشلىق راسا قۇرامىغا يەتكەن مائارىپچى بولىمەن.

**مائارىپچىلىق** ئى. مائارىپ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: — مىنىڭچە، — دېدى لۇتپۇللا، — ھازىر بىرلا ئۇلۇغ خىزمەت بار. ئۇ بولسىمۇ، مائارىپچىلىق، مۇئەللىملىك، «بىلىملىك ئەل غېمىدە، نادان ئەجەل غېمىدە» دېگەن گەپ بار، بۇنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قويماسلىقىمىز كېرەك.

**مائارىپشۇناس** ئى (ئە+پ) → **پېداگوگ.**

**مائارىپشۇناسلىق** ئى → **پېداگوگىكا.**

**مائاش** ئى (ئە) ئىشلىگەن خىزمەت ۋە ئەمگەككە ئاساسەن بېرىلگەن ئىش ھەققى، پۇل، ئايلىق: مائاشى ئۆسمەك. * ئۇنىڭ بۇ مەنسىپى ئۈچۈن مىڭ تىللا مائاش بەلگىلەپتۇ. * شۇ ئايلاردا مېنىڭ مائاشىم 80 سومدىن ئېشىپ كېتەتتى.

**مائاش دەرىجىسى** → **ئىش ھەققى دەرىجىسى.**

**مائاشسىز** سۈپ. مائاش ئالمايدىغان، ئىش ھەققى يوق: مۇنداق مائاشسىز خىزمەتنى قىلمايمەن. // بۇ كىشى ئۆزىنى ئەسكەرلىكتىن قاچۇرۇپ، ئۆز ئېتى بىلەن مائاشسىز، خالىسانە پوچتىكەشلىك قىلىۋاتقان سەمەت ئىدى.

**مائاشلىق** سۈپ. مائاشى بار، مائاش ئالىدىغان: مائاشلىق ئىشچى. * بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا ئىدارە باشلىقىنىڭ بېشى ئاغرىيتتى، ئۇمۇ كەنجى بالىسى رۇستەمنى بىرەر ئىشقا ئىلىنىشتۇرۇپ، مائاشلىق قىلىش كويىدا بولۇۋاتاتتى. * «قاچانمۇ تۈگەر بۇ ئوقۇش؟» شۆھرەتنىڭ، يۈرىكى ئىنتىزار دېپلومغا كۈن-تۈن. مائاشلىق كۈنلىرى كېلىپ ئالدىغا، ئاقاتتى كۆڭلىدىن شادىيانە ئۈن.

**مابەين (ى)** تىر (ئە) → **مابەينىدە:** ساقايسا بىر كېسەل، بىر قېتىم كۆلۈش، كۆپ يىللار مابەينى خالىقا ئادەت. ئۇلارنى كۆزىتىش، دورا يېگۈزۈش، ئىدىكى كۆڭلىدە چەكسىز سائادەت.

**مابەينىدە** تىر (باش ۋە ئىگىلىك كېلىشتىكى ۋاقىت مەنىسىدىكى ئىسىملاردىن كېيىن

كېلىپ) داۋامىدا، ئارىلىقتا: شۇندىن بۇيانقى 30 نەچچە كۈن مابەينىدە ئۇمۇ شۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتاتتى. * بارات شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت مابەينىدە تاشۋاي بىلەن كۆرۈشەلمىگەنىدى. * توي مەرىكىسى بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا ماتەم مەرىكىسىگە ئايلىنىپ كەتتى، 15 — 20 يىلنىڭ مابەينىدە ھەممىدىن خەۋەردار جامائەت بۇ شۇم خوتۇننىڭ رايىغا قويىمىدى.

**مات** (پ) ① ئى. شاھمات ئويۇنىدا شاھنىڭ قارشى تەرەپ ئۇرۇقىنىڭ ھۇجۇمىدىن قوغدىنالماي، يوقىلىش ھالىتى. ② سۈپ. قىيىن ئەھۋالدا قالغان، تەڭلىكتە قالغان، يېڭىلگەن: بەستى تامدەك، قورسىقى نەچچە چاناقتەك بولسىمۇ، مات ئېلىپبە ئالدىدا ئۇ، ئىلمى ھېكمەت بولمىسا.

**مات بولماق** ① ئۇتقۇزۇپ قويماق، تۇتۇلماق: مەن ئۇدا ئۈچ تاختا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم، بىر قېتىم پىچكا مات بولدۇم. ② قىيىن ئەھۋالدا قالماق؛ يېڭىلمەك: تاي ئات بولغۇچە، ئەر مات بولار (ماقال). * پادىشاھ قىز ئالدىدا مات بولۇپ يۈزى كېتىش، جېنىدىن ئايرىلىشتىن ئەنسىرەپ ئوردىغا قايتالماپتۇ. * — قېنى، قېنى سىدىق گەپ قىل، خوتۇن خەقنىڭ ئالدىدا مات بولۇپ قالما، — دېيىشتى ئۇلار.

**مات قىلماق** ① ئۇتماق: بۇ گەپتىن كېيىن پادىشاھ دەرھال شىكاردا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەرنى ئەسلەپتۇ-دە، شاھماتتا ئۆزىنى مات قىلىپ قويغان نىقابلىق پادىشاھنىڭ ئۆز خوتۇنى ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ. ② قىيىن ئەھۋالدا، خىجالەتتە قالدۇرماق، يەڭمەك: ۋەزىر دېھقاننى مات قىلدىغان بولدۇم دەپ ئويلاپتۇ، خالا-خالىماستىن ئاتتىن چۈشۈپتۇ. * — ئەجەبا قانداقتۇر سەھرالىقنى دەپ مېنى مات قىلىۋەتتى-ھە! ئەمدى ئۇنىڭ غەزىپى ئۆزى كۆرمىگەن قۇدىلىرىغا قارىتىلدى.

**ماتا** (**ماتاسى**) ئى (ئە) ① پاختا يىپتىن يەرلىك توقۇش دۇكىنىدا توقۇلغان رەخت، بۆز: ئۆمرىنىڭ تولىسىنى ماتا، چەكمەن، ھەتتا سەرگەز كىيىپ ئۆتكۈزگەن، كېيىن قولى ھەرنېمىگە يەتكۈدەك بولغاندىمۇ خادانىدىن باشقىنى كىيمەيدىغان جامىيغا ئايالى بىلەن كېلىنى مەجبۇرلاپ دېگۈدەك يېڭى كىيىملىرىنى كىيدۈردى. * كۆل رەڭ ماتادا تىكىلگەن ھەربىي كىيىم كىيگەن ئۈچ كىشى ئاتتىن چۈشۈپ ھويلىغا كىردى. ② مال، بۇيۇم: ئۆتمەس ماتا زورلاپ ساتا (ماقال).

**ماتا پاتلىماق** ئۆرۈشكە تەييارلانغان يىپنى پاتقا چىلاپ ۋە سىلىقلاپ چىداشلىق كۈچىنى ئاشۇرماق.

**ماتا چۈشۈرمەك** ماتا توقۇلۇپ بىر ماتا (سەككىز قېرى) غا توشقاندا يۆگەلگەن تۈرگىدىن چىقارماق.

**ماتا يۆگۈرمەك** تەۋەردىكى يىپلارنى بىرلەشتۈرۈپ (قومۇشتىن ياندۇرۇپ) ئۆرۈش تەييارلىماق.

**ماتاتماق** «ماتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماتاشماق** «ماتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماتاقچۇن** ئى (ماتاق+چۇن) دىئال. ئات-ئۇلاغلارنىڭ كۆزىگە قونىۋالىدىغان ئۇششاق چىۋىن.

**ماتاڭ** ئى (خەن) ← **تاڭگازا**.

**ماتال** ئى. دىئال. ياغاچ نور.

**ماتالماق** «ماتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەگرى-بۈگرى ياغاچ ئاخىرى ماتالدى. * تۆرەخان تۇغۇلۇپ ھەپتىدىن

كېيىن، شالاقلاپ تۇرىدىغان ئەسكى بۆشۈككە ماتىلىپ، دۆڭ مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى يوغان سېدىنىڭ سايىسىگە ئېلىپ كېلىندى. * تۆۋرۈككە ماتالغان قەيسەرنى ئۇرار، شىرمەتلەر قامچىدا ئۈستى-ئۈستىگە. پۇرقىراپ ئۆرلىدى ئىس بىلەن پۇراق، باسقاندا قىپقىزىل چوغنى كۆكسىگە.

**ماتانەت** ئى (ئە) بەرداشلىق، چىدام، تاقەت: بۇ قوشۇن جاسارەت مارشىنى ياڭرىتىپ، يولنىڭ تاشلىرىدا بالقىغان قۇياش نۇرلىرىنى كېچىپ، ماتانەت بىلەن كىرىپ كەلمەكتە ئىدى. * — ئادەم دېگەندە روھ، پائالىيەت ۋە ماتانەت بولۇشى لازىم، — بوۋاي بالىغا تىكىلىپ قويۇپ، قەتئىي ئاۋازدا دېدى، — ئۆتمۈش ئۆلگەننىڭ، بۈگۈن مېنىڭ، كەلمىش كۈنلەر بولسا پۈتۈنلەي سېنىڭ، بۇنى بىلەمسەن؟!

**ماتانەتلىك** سۈپ. چىدىيالايدىغان، تاقەت قىلالايدىغان، چىداملىق، سۇباتلىق: ئۇ قەلبىدە يانغان دوزاخ ئوتىنىڭ يالقۇنلىشىدىن شۇنداق بىر ماتانەتلىك گۈزەل تۇسكە كىرگەنىدى. ‖ خەۋەر كەلمەكتە يايلاقتىن كۆرەش جىددىي مۇشەققەتلىك، ئۇ يەردە قەھرىمان يوقسۇل ئېلىشماقتا ماتانەتلىك.

**ماتەم** ئى (پ) ① بىركىمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن بىلدۈرۈلگەن تەزىيە، قايغۇ ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆيۈشتۇرۇلغان مۇراسىم، قارىلىق تۇتۇش قاتارلىقلار: ھەممە ياقنى قىيا-چىيا، ماتەم يىغىسى قاپلاپتۇ. * گۆرىستانلىقتا زارى قايغۇ ماتەم، ئۆلۈكنى ئەسلىشىپ يىغلاپ كۆزى نەم. ② قايغۇ، ھەسرەت: سېنىڭ غەمگە گىرىپتار بولۇشۇڭ مېنىڭ ئۈچۈن خۇشاللىق، پاراغەتكە چىقىشىڭ ماڭا ماتەم ئىدى. * خەتنى بىلمىگەن ئادەم، بېشىدا كېزەر ماتەم. خەت بىلمەس نادانلارغا قاراڭغۇ ئىكەن ئالەم.

**ماتەم بىلدۈرمەك** ئۆلگۈچىگە قايغۇرۇش يۈزىسىدىن سۈكۈتتە تۇرماق، ئۆلگۈچىنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قايغۇسىغا تەڭ قايغۇرۇشماق: يەرلىكتە قويۇش تامام بولغاندىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان ئايدىڭ، ئارسلان ۋە باشقىلار بىلەن نېرىراقتىكى باتۇرنىڭ قاتۇرۇلغان قەبرىسىگە بېرىپ ماتەم بىلدۈردى. *— بىز ئۇلۇغ ئۆلمايمىز، ئۇستازىمىز ئابدۇل جاپپارغا ئېچىنىش بىلەن ماتەم بىلدۈرىمىز، — دەپ سۆز باشلىدى بەردى باي.

**ماتەم تۇتماق** ۋاپات بولغۇچى ئۈچۈن مەلۇم مەزگىل قايغۇرۇش، ماتەم بىلدۈرۈش ھالىتىدە تۇرماق، مۇشۇنداق پائالىيەتكە قاتناشماق: بەزىلىرى سۇپتايىنى «جان تالىشىۋاتىدۇ» دېيىشىپ، باشلىرىنى تۆۋەن ئېگىپ ماتەم تۇتقاندەك قىلىشتى. * مېنىڭ ئۈچۈن ماتەم تۇتۇپ يىغلىما، ئۆلگەن ياخشى ئايرىلغۇچە سۇلتانىم. نالە قىلىپ يۈرىكىمنى داغلىما، سالامەت بول، مەن كەلگۈچە سۇلتانىم.

**ماتەم مارشى** ۋاپات بولغۇچى ھەققىدە يېزىلغان شېئىر سېلىنىپ ئوقۇلىدىغان مۇزىكىلىق ناخشا.

**ماتەم مۇراسىمى** ۋاپات بولغۇچىغا كوللېكتىپ سۈكۈتتە تۇرۇپ ماتەم بىلدۈرىدىغان، ئۇنىڭ ياخشى ئىشلىرى تىلغا ئېلىنىپ ئەسلىنىدىغان يىغىن، پائالىيەت: ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزمەك. ماتەم مۇراسىمىغا قاتناشماق. * بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا ھەرقانداق كىشى ئۆلسە، ئۇنى ئۇزىتىشىمىز ۋە ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم.

**ماتەم مۇزىكىسى** < مۇز > دەپنە قىلىش ياكى مەلۇم ماتەم مۇراسىملىرىدا ئورۇنلىنىدىغان قايغۇلۇق مۇزىكا.

**ماتەمدار** ئى (پ) يېقىن كىشىسىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۇنىڭغا ماتەم تۇتۇۋاتقان، قارىسىنى ئۇشتۇمىغان كىشى؛

هازىدار: بىر كۈنى ھاتەم ئۇ يەردە قارا كىيىم كىيىشكەن، كۆرۈنۈشتە ماتەمدارغا ئوخشاش هازا تۇتۇشقان بىر بۆلەك خالايىقنى كۆردى. // ماشىنىنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ئەر-ئايال، باش-قېرى مەيدىلىرىگە يوغان ئاق قەغەز گۈل تاقاپ، باشلىرىنى ئېگىپ ماتەمدار قىياپەتتە ئولتۇرۇپتۇ.

**ماتەمدارلىق** «ماتەمدار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: سىياسىي كومىسسارلار جەسەتلەرنىڭ ئالدىدا ھۆرمەت نەزىرى بىلەن تىك تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ۋەھشىيلىك بىلەن ئېتىپ تاشلانغانلىقىغا چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدە ماتەمدارلىقنى بىلدۈردى.

**ماتەمسەرا** ئى (پ) يېزىت. ماتەم تۇتۇلىدىغان جاي، ئۆي: جەننەتسىرى كەتتى تاشلاپ ھىجرانغا، ھىجران دېمە، ماتەمسەرا جاھانغا! * يول تاپالماي نەچچە يىللاردىن قاراڭغۇ تۈن ئارا، ئول سەنەمنىڭ ئىشقىدا ھەركۈندە يۈز مىڭ ماجىرا، ئاقىۋەت بولدى رەقىبلەرنىڭ ئۆيى ماتەمسەرا، شۇم لەئىن شەرمەندىلىكتىن بولدى خوپ يۈزى قارا، ئېيتايىن شادلىق بىلەن ئەرزىمنى گۈليار ئالدىدا.

**ماتەملىك** سۈپ ① ماتەمگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، ماتەمگە تەئەللۇق؛ ماتەمنى بىلدۈرىدىغان: سىنىتىنۇ زۇبەيدە ئۇنىمۇ ماتەملىك قارا كىيىم كىيگەن ھالدا كۆرۈپ ئەھۋال سوراپتۇ. * تېخى ياش ئىدىڭ گوياكى غۇنچە، تارتتىڭ ئازابنى زىندانىدا شۇنچە، سولشىپ گۈللۈك، تۆكۈلدى ياپراق، بۇ بولدى بىزگە ماتەملىك ۋاراق. ② ماتەم تۇتقان: كۆك ئاسمان ياش تۆكتى، قىچقىرار كاككۇك، ماتەملىك ۋادىغا ئېغىر مۇڭ تۆكۈپ، تاغ، تېرەك، گۈل... – گىياھ... – ئانا تەبىئەت، تۇرىدۇ ئېزگۇ بىر جىملىققا چۆكۈپ.

**ماتراس** ئى (رـ ئە) ئىچىگە پاختا، يۇڭ، پاخال قاتارلىقلار سېلىنغان قېلىن تۆشەك: موللاقچىلار سەھنىگە چوڭ بىر ماتراسنى سېلىپ ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى.

**ماتروس** ئى (رـ لات) ① دېڭىز ئارمىيىسى تەركىبىدىكى ئەسكەر: ئۇچالايمەن لاچىندەك چاققان، سۇدا ئۈزۈپ بولمەن ماتروس. ئۇچقۇر «خىيال» ئېتىم بار باققان، تالماس قانات ھەردەم ماڭا دوست. ② ئومۇمەن دېڭىز-ئوكيان قاتنىشىدا (كېمە، پاراخوت ئۈستىدە) خىزمەت قىلىدىغان كىشى.

**ماترىئارخال** سۈپ (د) ئانىلىق ئۇرۇقداشلىققا مەنسۇپ بولغان: ماترىئارخال جەمئىيەت. ماترىئارخال مۇناسىۋەت.

**ماترىئارخاللىق** ئى. جەمئىيەت ۋە ئائىلىدە ئانا باشچىلىق قىلىدىغان، ئۇرۇقداشلىقتا ئانا ئاساس ھېسابلىنىدىغان فورماتسىيە: پارتىئارخاللىق ئۇرۇقداشلىقى ماترىئارخاللىق ئۇرۇقداشلىقنىڭ ئورنىنى ئالغاندىن كېيىن، بالىلار ئانا ئۇرۇقىنىڭ ئەزالىقىدىن ئاتا ئۇرۇقىنىڭ ئەزالىقىغا ئۆتۈپ، ئانا ئەجدادى تەرىپىدىن سۈرۈشتۈرۈلىدىغان ئۇسۇل تۈرغۇزۇلدى. // ماترىئارخاللىق تۈزۈم.

**ماترىئارخاللىق تۈزۈم** ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە شەكىللەنگەن، ئاياللار ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان بىر خىل تۈزۈم. ئۇ ۋاقىتتا يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىش، ئۆي ھايۋانلىرىنى بېقىش، ئائىلە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش قاتارلىقلاردا ئاياللار ئاساس قىلىنغان، ھەمدە توپ نىكاھلانغان بولغاچقا، قان سىستېمىسى پەقەت ئانىلارنىڭ قان سىستېمىسى بويىچە بەلگىلەنگەن. بۇ ئەھۋاللار ئاياللارنى مەركەز قىلغان

ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق جامائەسىنى شەكىللەندۈرگەن. كېيىن ئاتىلىق تۈزۈمى ئۇنىڭ ئورنىنى ئالغان.

**ماتكا** I ئى (د) قارتا ئويۇنىدا ئايال سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن، سولدا تىن يۇقىرى، كارولدىن تۆۋەن تۇرىدىغان، « Q » بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن كارتا.

**ماتكا** II ئى (د) < ئانات > ① بالىياتقۇ: ماتكا راكى. ② ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**ماتور** ئى (ر< لات) < ماشىن > ← **دۋىگاتېل.**

**ماتورخانا** ئى. ماتور ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆي: ئۇلار ماشىنىغا يەنە كامېر ئۇلاپ، سۇ چىقىرىش پونكىتىنىڭ ماتورخانىسىدىكى سۇ پومپىسى چۈشۈرۈلىدىغان تۆشۈكتىن لايلاتمىدىكى سۇغا سالدى.

**ماتورلاشتۇرماق** « ماتورلاشماق » پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماتورلاشتۇرۇلماق** « ماتورلاشتۇرماق » پېئلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماتورلاشتۇرۇلغان قىسىم.

**ماتورلاشقان** « ماتورلاشماق » پېئلىنىڭ سۈپەتدىشى: ماتورلاشقان قىسىم.

**ماتورلاشقان قىسىم** < ھەرب > ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى بىلەن تولۇق قوراللانغان قىسىم.

**ماتورلاشقان ھەربىي يۈرۈش** < ھەرب > ماشىنا ۋە تۆرلۈك جەڭ ئاپتوموبىللىرىغا ئولتۇرۇپ ئېلىپ بارىدىغان ھەربىي يۈرۈش.

**ماتورلاشماق** پ. قاتناش-ترانسپورت ئىشلىرى ماتورلۇق قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن تەمىن ئېتىلمەك (ھەربىي قوشۇن ھەققىدە).

**ماتورلۇق** سۈپ. ماتورى بار، ماتور ئورنىتىلغان: ماتورلۇق كېمە. * ماتورلۇق نەرسىلەرنى مەسىلەن، موتسىكلىت، تراكتور، ماشىنا، پىكاپ، ھەتتا پويىز، پاراخوت، ئايروپىلانلارنىمۇ ھەيدەپ باققۇم كەلدى.

**ماتورلۇق قېيىق** < قاتن > ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان قېيىق ياكى كىچىك تىپتىكى كېمە. ئۇنىڭ سۈرئىتى تېز ۋە ھەرىكەتچانلىقى يۇقىرى كېلىدۇ. بەزىلىرى قاتناش قورالى قىلىنسا، يەنە بەزىلىرى تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**ماتورلۇق قېيىق تەنھەرىكىتى** < تەن > دۆلەت مۇداپىئە تەنھەرىكەت تۈرى. مۇسابىقە تۈز يوللۇق ھەيدەش، ئايلىنىپ ھەيدەش، ئۇزۇن مۇساپىلىق ھەيدەش قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. مۇسابىقە نەتىجىسى سۈرئەت بىلەن ھېسابلىنىدۇ. ماتورلۇق قېيىق تەنھەرىكىتى سۇ ئۈستىدىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك تەنتەربىيە پائالىيىتىدۇر.

**ماتورلۇق كېمە** < قاتن > ← **ماتورلۇق قېيىق.**

**ماتېرىك** ئى (ر) ① < جۇغ > قۇرۇقلۇق، قىتئە. ② < گېئول > ئانا جىنس. ③ < گېئول > ئاساسلىق جىنس، ئۇل جىنس.

**ماتېريال** (**ماتېريالى**) ئى (ر< لات) ① بىرەر مەقسەت ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان خام ئەشيا، ماددا: قۇرۇلۇش ماتېريالى. ماتېريال تەييارلىماق. ئىشلەپچىقىرىش ماتېرىياللىرى. ② ئاساس ياكى دەلىل ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان مەلۇمات، مەنبە ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئىلمىي ئىش ئۈچۈن ماتېريال توپلىماق. ماتېريال كەملىكى. ماتېريال بۆلۈمى. بىرىنچى قول ماتېريال.

**ماتېريال بەرمەك** بىرەر كىشى ياكى

ئىش-پائالىيەت ھەققىدە يېزىلغان ماتېرىيالنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا سۇنماق: بۇ ئاق كۆڭۈل، قىزغىن ئادەمنىڭ ئۈستىدىن ماتېرىيال بېرىشكە مېنى مەجبۇر قىلغانلىقى ئۈچۈن ھېلىقى كۈمۈش چىشلىق يىگىتكە غەزەپلىنىپ ھېلىدىن-ھېلىغا ئۇھ تارتاتتىم.

**ماتېرىيال بۆلۈمى** كۆرۈپ پايدىلىنىش قىممىتى بولغان يازما ماتېرىياللار ۋە ھەر خىل كىتاب، گېزىت-ژۇرناللار قويۇلغان ئۆي.

**ماتېرىيال تاللاش** < ئورم > ماتېرىياللارنى ئىشلىتىش تۈرى بويىچە تاللاش.

**ماتېرىيال ھەجمى** < ئورم > يالغۇز دەرەخ ۋە نۇرغۇن دەرەخلەردىن چىقىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ ھەجمى.

**ماتېرىيالچى** ئى. ھەر خىل يازما ماتېرىيال ۋە گېزىت-ژۇرناللارنى رەتلەپ ساقلىغۇچى كىشى: مەزكۇر مەھكىمىگە قاراشلىق تەرجىمە خىزمىتى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدىغان ھۆججەت بۆلۈمى، ماتېرىيال بۆلۈمى ۋە سۆزلۈك بۆلۈمىدىمۇ ئالتە خىل تىلنىڭ ماتېرىيالچىسى ۋە سۆزلۈكچىسى بولۇپ جەمئىي 30 نەچچە ئادەم بار.

**ماتېرىياللىق** ① سۈپ. ماتېرىيال قىلىنىدىغان: ماتېرىياللىق ئورمان. ② ئى. ماتېرىيال يېتىلىش جەريانى: ماتېرىياللىق نىسبىتى.

**ماتېرىياللىق نىسبىتى** < ئورم > بەلگىلىك كۆلەمدىكى ئۆرە دەرەخلەر زاپىسىدىن ئىشلەپچىقارغىلى بولىدىغان تۈرلۈك تاۋار ماتېرىياللىرىنىڭ بىرسەنتى.

**ماتېرىيالىزم** ئى (ر < لات) < پەلس > پەلسەپەدىكى ئىككى چوڭ ئېقىمنىڭ بىرى. ماتېرىيالىزم: دۇنيا ئۆز ماھىيىتىدىن ئالغاندا ماددا، ئۇ كىشىلەر ئېڭىدىن تاشقىرى، كىشىلەر ئېڭىغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ماددا بىرلەمچى، ئاڭ ماددىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى، شۇڭا ئىككىلەمچى؛ دۇنيانى بىلگىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ماتېرىيالىزم ئومۇمەن ئىلغار سىنىپلارنىڭ دۇنيا قارىشى بولۇپ، ساددا ماتېرىيالىزم، مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتتى. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم — پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە مېتودولوگىيىسى.

**ماتېرىيالىزمچە** رەۋ. ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلىنىپ: «روھ ۋە تەن ئىككى مەنبەچىلىكى» نى ماتېرىيالىزمچە تۈگىتىش «روھ تەندىن خالىي ھالدا مەۋجۇت ئەمەس، روھ ئىككىلەمچى، مېڭىنىڭ رولى، تاشقى دۇنيانىڭ ئىنكاسى» دەپ تەشەببۇس قىلىشتىن ئىبارەت.

**ماتېرىيالىزمچى** ئى ← **ماتېرىيالىست**: تېمپېرامېنتنى ئەڭ بالدۇر تەتقىق قىلغان ۋە ئۇنى بەدەن سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق چۈشەندۈرگەن ئىككى مىڭ يىلدىن ئىلگىرىكى يۇناننىڭ ساددا ماتېرىيالىزمچىسى دوختۇر ھىپپوكرات ئىدى.

**ماتېرىيالىزملىق** سۈپ ← **ماتېرىيالىستىك**: مانا بۇ پسىخىكىنىڭ پەيدا بولۇش مېخانىزمىنى رېفلېكس نۇقتىئىنەزىرى ئارقىلىق چۈشىنىش، پسىخىكىلىق ھادىسىلەرنى ماتېرىيالىزملىق ئاساستا ئىزاھلاش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

**ماتېرىيالىزملىق تارىخىي قاراش** < پەلس > ← **تارىخىي ماتېرىيالىزم**.

**ماتېرىيالىست** ئى (ر) ماتېرىيالىزم تەرەپدارى، ماتېرىيالىزم ئېقىمىدىكى كىشى: ماتېرىيالىست بولۇش ئۈچۈن، سەزگۈ ئەزالىرىمىز بىزگە ئېچىپ بەرگەن ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنى ئېتىراپ

قىلىش كېرەك.

**ماتېرىيالىستىك** سۈپ (ر) ماتېرىيالىزمغا ئائىت، ماتېرىيالىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: بۇ يەردىمۇ ئۇ باشتىن-ئاخىر ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنى يەنى تەرەققىيات توغرىسىدىكى تەلىماتنى تەتبىق قىلىپ كوممۇنىزمنى كاپىتالىزم ئىچىدىن ئۆسۈپ چىققان دەپ قارىغان.

**ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا** < پەلس > ماركس بىلەن ئېنگېلس تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ۋە ماتېرىيالىزم ئاساسىغا قۇرۇلغان دىئالېكتىكا. ئۇ: ماددىي دۇنيا دىئالېكتىك ھەرىكەت قانۇنىيىتىگە ئىگە بولۇپ، خالىغان بىر شەيئى ئومۇمىي باغلىنىش ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىش ھالىتىدە تۇرىدۇ؛ خالىغان بىر شەيئىنىڭ بارلىققا كېلىش، راۋاجلىنىش ۋە يوقىلىش جەريانى بولىدۇ؛ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى تۈپ سەۋەب ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتتە، زىددىيەتلىك قارىمۇقارشى تەرەپ ھەم بىرلىككە كېلىدۇ ھەم بىر-بىرى بىلەن كۈرەش قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن شەيئىلەر ھەرىكىتى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىگە تۈرتكە بولىدۇ دەپ قارايدۇ. قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ ماھىيىتى ۋە يادروسىدۇر.

**ماتېرىيە** ئى (ر< لات) < پەلس > ← ماددا II.

**ماتېماتىك** (ر) ① ئى. ماتېماتىكا ئالىمى، مۇتەخەسسىسى: – لۇتپۇللا ئەگەر ئالىي مەكتەپلەردە بىلىم ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسا، چوقۇم ئاجايىپ ماتېماتىك بولۇپ چىقىدۇ، – دەيتتى ئۇ لۇتپۇللانىڭ ماتېماتىكىدىن ئالغان يۇقىرى نومۇرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. ② سۈپ. ماتېماتىكىغا ئائىت، ماتېماتىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان؛ ماتېماتىكىلىق: ماتېماتىك فورمۇلا.

**ماتېماتىكا** ئى (ر< گرېك) < مات > رېئال دۇنيانىڭ بوشلۇقتىكى شەكىللىرى بىلەن سانلىق مىقدار مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئارىفمېتىكا، ئالگېبرا، گېئومېترىيە، ترىگونومېترىيە، دىففېرېنسىئال ۋە ئىنتېگرال قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ماتېماتىكىلىق** سۈپ. ماتېماتىكىغا ئائىت، ماتېماتىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان؛ ماتېماتىك: ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش. ماتېماتىكىلىق ستاتىستىكا.

**ماتېماتىكىلىق ستاتىستىكا** < مات > ماتېماتىكىنىڭ ماتېماتىكىلىق ئېھتىماللىق نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلغان بىر تارمىقى.

**ماتېماتىكىلىق گېئولوگىيە** < گېئول > يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان گېئولوگىيىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئىشلىتىلىشى بىلەن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ شەكىللەنگەن يېڭى بىر ئارىلىق پەن. ئۇ ئاساسەن مۇنداق ئىككى مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىرى، ھەر خىل ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللارنى ئىشلىتىپ، بولۇپمۇ ماتېماتىكىلىق ستاتىستىكا، ئېھتىماللىق نەزەرىيىسى ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل گېئولوگىيىلىك جەريانلارنى تەتقىق قىلىدۇ؛ يەنە بىرى، گېئولوگىيىلىك جەريانلارنى ماتېماتىكىلىق قېلىپلارغا ئايلاندۇرىدۇ ھەمدە ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن تولۇق پايدىلىنىپ ھېسابلاش، ئارقىلىق گېئولوگىيىلىك جەريانلارنىڭ ھەرىكەت تەرەققىياتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەقلىد قىلىدۇ.

**ماتېماتىكىلىق لوگىكا** < لوگ > ئەنئەنىۋى لوگىكىدىن ئايرىلىپ چىققان يېڭى بىر تارماق پەن. ئۇنىڭدا ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق يەنى سۈنئىي تىل ئارقىلىق ئۇقۇم، ھۆكۈملەر ھەمدە ھۆكۈملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەر تەتقىق قىلىنىپ، ناھايىتى مۇكەممەل بەلگىلەر سىستېمىسى ھاسىل قىلىنىدۇ.

**ماتىچى** ئى. دىئال. پاھىشە ئايال.

**ماتىغۇچ** ئى. ياغاچ ماتېرىياللىرىنى تۈز قۇرۇتۇش ئۈچۈن تېڭىلىدىغان رۇس ياغاچ: ئۇ ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا گۈلخان يېقىپ، دەستىلەرنى پۈچۈلاپ ماتىغۇچ بىلەن ماتىدى.

**ماتىماق** پ ① بىرەر نەرسىگە چىڭ تاڭماق: كۈنلەردىن بىركۈنى بۇ شىر ئوۋچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپتۇ. ئوۋچىلار شىرنى يوغان بىر دەرەخقە ماتاپ باغلاپتۇ-دە، يەنە بىر شىرنى تۇتقىلى كېتىپتۇ. * مۇشۇنداق ئەزىمەت شەنىگە ئىچەي، ئىچمەن، ئېيتقىنا، كىملەرگە ئاتاپ؟ ئىچمەيمەن ۋاپاسىز ئۈچۈن بىر تېمىم، جادۇغا باسسىمۇ قولۇمنى ماتاپ. ② ياغاچ ماتېرىياللىرىنى نەمدەپ، قىزىتىپ، بىرەر نەرسىگە تېڭىپ ياكى باستۇرۇپ، ئېھتىياجلىق شەكىلگە كەلتۈرمەك: ھويلىنىڭ بىر بۇلۇڭىغا گۈلخان يېقىپ دەستىلەرنى پۈچىلاپ، ماتىغۇچ بىلەن ماتىدى.

**ماتىۋ** ئى (ر< فران) ① < ئەد > ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئاساسىي تېمىسىدىن پەرقلىق ھالدىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تېمىسى. ئاساسىي تېمىنى تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. ② < مۇز > مۇزىكا ئەسىرىنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتى.

**ماجاق** سۆپ. مىجىلغان، ئېزىلگەن، ماجاقلانغان: مېنى سۈنئىي دوك قىلىپ ياسىدى، ئاقساق پۇتۇمدىن ۋە ماجاق قولۇمدىن ئىلاجىنىڭ بارىچە پايدىلىنىشتى.

**ماجاقلانماق** «ماجاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يامغۇر سۈيى يىغىلىپ قالغان ئويماندا، تاياق زەربىسىدىن ھوشىنى يوقىتىپ قويغان، بىلىكىگە ماجاقلانغان سېۋەتنىڭ بىغى ئىلىشىپ قالغان بىر قىز ياتاتتى.

**ماجاقلىماق** پ. ئېزىپ، مىجىپ، ئەبجىقىنى چىقارماق: توسۇن ئات سۆرەپ كېلىۋاتقان ھارۋا ھېلىقى باققالنىڭ ئالدىدىكى مېۋىلەر ئۈستىدىن ئۆتۈپ، ئۈزۈم-شاپتۇل، قوغۇن-تاۋۇزلارنى ماجاقلاپ تاشلىدى.

**ماجاڭ** ئى (خەن) قومۇش، سۆگەك، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسىلىپ ئۈستىگە گۈل ياكى خەت چېكىلگەن، قارتا تۈرىدىكى بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش بۇيۇمى. جەمئىي 136 دانە بولىدۇ.

**ماجال** (ماجالى) ئى (ئە) ① كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر، مادار: ئۇنىڭ، مېڭىش تۇرماق، گەپ قىلغۇدەك ماجالى يوق ئىدى. * ئىشتىياقنى تولا تارتىپ، ھېچ ماجالىم قالمىدى. روچىۋىندەك سارغىيىپ، ئۇچارغا ھالىم قالمىدى. ② كۆچمە. ئىمكانىيەت، پۇرسەت: شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇ ئاخىرقى جۈملىسى ھامدىنىنى يەرگە قارىتىپ، لام دېيىشكە ماجال بەرمىدى. * ھازىر يۇرتىمىزدا بىرەرمۇ مەكتەپ يوق، ئانچە-مۇنچە بالىلار پەقەتلا موللا-ئۆلىمالارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ دەرس ئېلىۋاتىدۇ. پەيشەنبىلىك ئېلىپ بېرىشقا ماجالى يەتمىگەنلەر بولسا ئوقۇشسىز قېلىۋاتىدۇ.

**ماجالى قالماسلىق** ماغدۇرىدىن، كۈچىدىن كېتىش: ئۆرە تۇرۇشقا ماجالى قالمىغان بۇ كىشىنىڭ كىيىمىنى كۆرۈپ كىمدۇر بىرى تۈۋلاپ تاشلىدى.

**ماجالى يوق** كۈچ-قۇۋۋىتى، دەرمانى

يوق ، هالى خاراب: ــ بىچارە ئۈچ كۈندىن بۇيان ئورۇن تۇتۇپ يېتىپتۇ ، مىدىرلىغۇدەك ماجالى يوق ، ــ دېدى هۆسنارىخان .

**ماجالسىز** سۈپ. ماجالى يوق ، كۈچسىز ، مادارسىز: ئاتا بۇ چاغ بەك هالسىز ، قىزچاق سۈتسىز ، ماجالسىز. يۇرتنى تاشلاپ بۇ چۆلگە ، كەلگەن ئىكەن ئامالسىز .

**ماجالسىزلانماق** پ. ماجالدىن كەتمەك ، مادارسىزلانماق: كەچقۇرۇنلۇقى ماجالسىزلىنىپ قوشتىن چىقمەن . « ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك » دېگەندەك ئۆيگە قايتىشتا قۇرۇق كەتمىسۇن دەپ يەنە بىرمۇنچە يۈكنى ئۈستۈمگە ئارتىدۇ .

**ماجالسىزلىق** « ماجالسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئوق ئۇنىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمىگەنلىكتىن ئۆلمىدى . لېكىن ماجالسىزلىقتىن ئۆلگەن قىياپەتتە هىيلىگەرلىك قىلىپ يېتىۋالدى .

**ماجىرا** (**ماجىراسى**) ئى (ئە) ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز گەپ ، سۆز ، تىللىشىش ، تالىشىش ، جېدەل ، ئۇرۇشۇش: قوشنا بىلەن قوشنا ، دۈي بىلەن دۈي ، شەخسىي بىلەن كوللېكتىپ ئوتتۇرىسىدا ماجىرا بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ ، بىرنەچچە كادىر توسۇپ قالالمىغۇدەك دەرىجىگە يەتتى . * ئائىلە بۇ ئاكا-ئۇكىنىڭ ئۇششاق ماجىراسىدىن خالىي بولالمايتتى . * ئۇ نەھرام بىلەن قىزى زۆهرە ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشقى مۇهەببەت ماجىراسىنى بىر-بىر بايان قىلدى .

**ماجىرا بولماق** ← **ماجىرا چىقماق**: كۆپ ئۆتمەستىن تىنجىپ قالدى لېكىن ئۇ ، ئىنىلار كۆزلەپ كەلگەندى مۇردىنى . ماجىرا بولدى ئارىسىدا ئىنىلارنىڭ ، كۆتۈرۈلدى دەتالاشلار دولقۇنى .

**ماجىرا تېرىماق** ماجىرا ، جېدەل پەيدا قىلماق ؛ ماجىرا چىقارماق: ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا بارسىلا ماجىرا تېرىيتتى .

**ماجىرا چىقماق** ماجىرا ، جېدەل پەيدا بولماق ؛ جېدەل چىقماق: ئۇ ئۆزىنى سالى دورغىنىڭ تۇغقىنى دەپ تونۇشتۇرۇپ جىسا بىلەن دورغا ئوتتۇرىسىدا ماجىرا چىققانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ناهايىتى بىئارام بولغانىدى . * – يۈندىنى ئىنتقا بېرىۋېتىپتىمەن ، يۈندىنىمۇ ئىنتقا بەرمەيدىغان ئىش بولسا ، مۇندىن كېيىن يىغىپ قوياي ، ــ دەپ هەقلىق جاۋاب بەردى ئاسىگۈل ، لېكىن بىرمۇنچە؟ ماجىرا چىقتى .

**ماجىرا قىلماق** غەلۋە ، جېدەل قىلماق ؛ ماجىرالاشماق: بۇ ۋەدە بولغۇسى هازىرلا ئىجرا ، خەلقمۇ قىلمىغايمىش ئەمدى ماجىرا .

**ماجىراچى** ئى. دائىم ماجىرا چىقىرىدىغان ، ماجىرا تېرىپلا تۇرىدىغان كىشى: توغرا دېدىلە ، بۇ ئۈچ ماجىراچىنى ئەلۋەتتە بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىش زۆرۈر .

**ماجىرالاشماق** پ. ماجىرا پەيدا قىلىپ ئۆزئارا ئۇرۇش-تالاش قىلىشماق ، جېدەللەشمەك: مەن سىز بىلەن شەخسىي ئىشىم توغرۇلۇق ماجىرالاشقىلى كىرگىنىم يوق . بايىقى سوئالىمغا سىزدىن . جاۋاب ئالغىلى كىردىم . * ئاسىم هېكمەتنىڭ ئۆيىدىن قايتىشقا ماخو ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ روزاخۇن بىلەن هەيدەرنىڭ ماجىرالىشىۋاتقىنىنى ئاڭلىدى .

**ماجىرالىق** سۈپ. ماجىرا چىقىپ تۇرىدىغان ، جېدەل-ماجىرالارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى ئاشۇ ماجىرالىق يىللار قوينىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى .

**ماچ** تەق. مېۋە ۋە بەزى يېمەكلەرنى ئەزگەندە ، چاينىغاندا ، ياكى يېپىشقاق لايغا دەسسىگەندە هاسىل بولغان ئاۋاز: يەرگە تۆكۈلگەن شاپتۇلدىن بىرى ئۇنىڭ ئايىغىدا « ماچ » قىلىپ ئېزىلدى .

**ماچتا** ئى (ر< نېم) < قاتن > ① كېمىلەرنىڭ يەلكەن تارتىدىغان تىك ياغىچى . ② پاراخوتلارنىڭ بەلگە چىراغلىرى ئېسىلىدىغان

ئانتېننا ئورنىتىلغان ۋە كۆزىتىش سۇپىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئېگىز خادىسى.

**ماچتا كران** < بن > تىك تۇۋرۇك ۋە خادا رولىدىكى يانتۇ تىرەكتىن قۇرۇلغان، بىر ئورۇندا تۇرۇپ ئايلىنىپ ئىشلەيدىغان كران. تىرەكنىڭ يانتۇلۇق بۇلۇڭىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق كران خادىسىنى ئۇزارتىشقا بولىدۇ. ئادەتتە پورتلار ۋە قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدا يۈك قاچىلاش ھەم قۇراشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ماچچىدە** رەۋ «ماچ» قىلغان ھالدا، «ماچ» قىلىپ: ئۇ لايغا ماچچىدە دەسسىشى بىلەن كەشى لايدا قالدى.

**ماچ-ماچ** «ماچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ «ماچ-ماچ» قىلىپ تاڭگازا چايناشقا باشلىدى.

**ماچىلداتماق** پ «ماچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەلىمە نېمىنىدۇر ماچىلدىتىپ چايناشقا باشلىدى.

**ماچىلدىماق** پ «ماچ-ماچ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.

**ماخار** I ئى (خەن) مەخسۇس يۇغۇرۇلغان خېمىرنى ئارغامچا شەكلىدە ئېشىپ، ياغدا پىشۇرۇلىدىغان قويماق.

**ماخار** II سۆپ. دىئال. پاناق بۇرۇن.

**ماخاۋ** ئى (خەن) < تىب > ← **ماخاۋ كېسەللىكى.**

**ماخاۋ دەرىخى** < بوت > ماخاۋ دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، گۈلى سېرىق، خۇش بۇي پۇراقلىق، ئۇرۇقى تۇخۇم شەكلىدە. ئۇرۇقىدىن ياغ چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ ياغ ئارقىلىق ماخاۋ قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشقا بولىدۇ.

**ماخاۋ كېسەللىكى** < تىب > نىسۇزۇلما خاراكتېرلىق يۇقۇملۇق كېسەللىك. ماخاۋ تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، تېرە ئۇيۇشۇش، قېلىنلاش، رەڭگى قارىيىش، تېرە يۈزىدە تۈگۈنچىلەر پەيدا بولۇش، چاچ-تۈكلەر تۆكۈلۈپ كېتىش، سېزىمنى يوقىتىش ۋە قول-پۇت بارماقلىرىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ماختاپ-پۈۋلەپ** ← **ماختاپ-ئۇچۇرۇپ:** ئەپسۇس، ئاناڭ چۈشەنمەيدۇ، ساڭا ئانچە ئىشەنمەيدۇ. ئەيىبلەيدۇ، شۇڭا، ھەدەپ، چوڭ ئاكاڭنى ماختاپ-پۈۋلەپ.

**ماختاپ-ئۇچۇرۇپ** ماختاپ ھەم ئۇچۇرۇپ: ئۇلار بىزگە يالغاندىن ھە-ھە دەپ قويغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۆچ، بىزنى ئاغزىدا ماختاپ-ئۇچۇرۇپ بىرنەچچە ئېغىز بىرنېمە دەپ قويۇشىمۇ مۇمكىن.

**ماختاتماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – ئۇنىڭ مەقستى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بىر ماختىتىۋېلىش، – دېدى ئۇ ماڭا.

**ماختاش** ① «ماختىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: مانا بۇ يېزا باللىرىنىڭ تراكتورغا ھەۋەسلىنىپ ئېيتقان ماختاشلىرى. ② < ئەد > مەدھىيىلەش.

**ماختاشماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: – قالتىس ماھىر ئىكەن، قالتىس ماھىر ئىكەن، – ئۇلار ھەيران بولۇپ ھەر خىل تىللاردا ماختىشىپ كەتتى. ※ بۇ ۋەقە ھەققىدە چەت ئەل تارىخچىلىرىمۇ بىلگەنلىرىنى يازدى، مەملىكىتىمىز تارىخچىلىرىمۇ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك كۈرىشىنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى.

**ماختالماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغىماقنىڭ سىياھدەك قارا رەڭگى، ئوت يېنىپ تۇرغان كۆزلىرى تالاش-تارتىشتا ماختالدى، لېكىن ئارغىماق

بىرئاز ئۇرۇقراق ئىدى. * بۇ قېتىمقى يىغىن جەريانىدا بىزنىڭ بۇ ئىشىمىز كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىندى، ماختالدى، بۇنىڭدا سىزنىڭ تۆھپىڭىز بار.

**ماختانچاق** سۈپ. ئۆزىنى ئۆزى ماختايدىغان، داۋاملىق ماختىنىپ يۈرىدىغان، ماختىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان: مەن ھازىر بۇ مەيداننىڭ پارتكوم شۇجىسى بىلەن راسا ئېلىشىۋاتىمەن. پارتكوم شۇجىسى گەپدان، ماختانچاق، ئۆزۈمچىل ئادەم ئىكەن. * نى-نى كاتتا يەرلەردىن كىشى كەلگەنلىكىنى ئېيتسام، راسا ماختانچاق خوتۇن ئىكەن بۇ، دەپ قېلىشمىسىلا، خۇدانىڭ غەزىپىنى قوزغايدىغان نەدىكى بىرنېمىلەرمۇ مېنىڭ بوسۇغامنى تېشۇەتكىلى تاسلا قالدى، موللام. // دۇمباقنىڭ ئاۋازى يوغان، ئىچى قۇرۇق، ماختانچاقنىڭ گېپى يوغان، مېغىزى يوق (ماقال).

**ماختانچاقلىق** ئى. ئۆز-ئۆزىنى ماختاپ، ماختىنىپ يۈرىدىغان ئادەت، قىلىق: ئۇنىڭ نەزىرىدە، بۇ ھېكايىلەر ماختانچاقلىق ۋە مەنمەنلىكتىن خالىي ئەمەس ئىدى. * ماختانچاقلىق نەسلىمىزدىن ئار بىزگە، ئۆم، كەمتەرلىك، تىرىشچانلىق يار بىزگە.

**ماختانماق** «ماختىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بار ماختانسا ئېچىلىدۇ، يوق ماختانسا چېچىلىدۇ (ماقال). * ئەنۋەر خۇشاللىنىپ ئوغلاقتەك سەكرەپ كەتتى. ئۇ ئەتىسى مەكتەپكە بېرىپ ساۋاقداشلىرىغا بۇ ھەقتە سۆزلەپ تازا ماختاندى. * ئالىم: مەن شۇنداق قىزغا ئۆيلىنىمەنكى، جاھاننىڭ شېرىنى ياكى زۆھراسىنى تېپىپ، توي قىلىسام، ئاتامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، دەپ ماختىناتتى.

**ماختۇم** سۈپ. دىئال. ماختانچاق.

**ماختىماق** پ. قىلغان ياخشىلىقلىرىنى، ئارتۇقچىلىق ۋە پەزىلەتلىرىنى تىلغا ئېلىپ گەپ قىلماق، ياخشى قىلىپ كۆرسەتمەك: دوست كەينىڭدە ماختار، دۈشمەن ئالدىڭدا ماختار (ماقال). * ئەقىللىق ئېتىنى ماختايدۇ، ئەخمەق خوتۇنىنى ماختايدۇ (ماقال). * ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئانىسى ئابدۇللانى قۇچاقلاپ تۇرۇپ: «جېنىم بالام، ئەجەب ياخشىلىرىنى تېرىپسەن» دەپ ماختايتتى. * شەۋكەت ھەر قېتىم ئاشۇ سۆزلەرنى تەكرارلىغاندا، ئاباق ئۇنىڭ دولىسىغا قاقاتتى، ئاغزى بېسىلماي ماختايتتى.

**ماختىنارلىق** سۈپ. ماختىنىشقا ئەرزىيدىغان، ماختىنىشقا لايىق: ئۇ ئېتىز ئاشخانىسىنىڭ ماختىنارلىق ئاشپېزى بولۇپ قالدى.

**ماختىنىشماق** «ماختانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆرگەن-بىلگەنلىرى ئۈستىدە ماختىنىشىپ ئولتۇرغان بىرنەچچە كىشى ئۈستىگە ئەپەندىم كېلىپ قېلىپتۇ-دە، ئۇمۇ ماختىنىشقا باشلاپتۇ.

**ماخو** ئى (خەن) ← **ئېغىل.**

**ماخوۋىك** ئى (ر) < ماشىن > مېخانىزملارغا ئورنىتىلىدىغان چوڭ ھەم ئېغىر چاق. ئۇ ئۆزىنىڭ ئېنېرتسىيىسىدىن پايدىلىنىپ مېخانىزملارنى تەكشى ئايلاندۇرىدۇ. پورشېنلىق مېخانىزملاردا، ئۇ يەنە پورشېننى تەكرار ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**ماخىزم** ئى (ر< نېم) < پەلس > ← **تەجرىبە تەنقىدچىلىكى.**

**مادا** ئى (پ) ئېشەكنىڭ چىشىسى: مەيداننىڭ ئىچى ھاڭگى مادىنى قوغلىغاندەك قاچ-قاچ بولۇپ كەتتى. // مادا ئېشەك.

**ماداخان** رەۋ (پ) يېزت. ئايالچە: ھاۋا تىنچىق. ماداخان قىلىنغان ئالدى ئوچۇق كۆڭلىكىمنىڭ ھەممە ئىزملىرىنى يېشۇەتتىم.

**ماداخىل** ئى (ئە) < بىن > پىشايۋانلارنىڭ

ئەگمىلىرى تۇتاشقان جايغا چىقىرىلىدىغان پانۇسقا ئوخشاش شەكىل.

**مادار** I (**مادارى**) ئى < زوئول > بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. تۇمشۇقى ئىلمەك. دۇمبىسى قارا قوڭۇر بولۇپ پۇتلىرىدا تۈكى بار. كۆزى ئۆتكۈر. تاپ يەيدۇ.

**مادار** II (**مادارى**) ئى (ئە) كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر، ماجال، ئىقتىدار: مۇشۇنداق چىن رىشتە بىلەن چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن ئۇنىڭ يۈرەك تومۇرلىرىدا سېھىرلىك سۆيگۈدىن مادار ئالغان ئىسسىق قان جۇش ئۇرۇپ كۈچلۈك ئىسيان كۆتۈرەتتى. * ئۇلار ئۈچ ئايدىن ئارتۇق يول يۈرۈپ پۇتلىرى يېغىر بولۇپ كەتكەندە ئىلىغا يېتىپ كەلدى. * شەرەپلىك نامۇ ئۇنۇۋانىم، ئىجادقا كەڭرى ئىمكانىم. باھارنىڭ زوقى-ئىلھامى، مادار قوشتى مادارىمغا.

**مادارا** (**ماداراسى**) ئى (ئە) يول قويۇش، كېلىشىش ئاساسىدىكى مۇناسىۋەت، مۇرەسسە: بېيجىڭ خانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىش، قانداق سوۋغا تەقدىم قىلىش؛ ئۇرۇمچى دۇدۇسىغا قانداق قىلىش؛ تۇرپان ئامبىلىغا قانداق مادارا قوللىنىش جەھەتلەردە ئالاھىدە يول ئىزلەيتتى. * ئاخىرىدا ئاتاقلىق جەزخور ماداراغا ئارىلىشىپ ئىشنى پۈتتۈردى.

**مادارا قىلماق** ياراشتۇرماق، كېلىشتۈرمەك، مۇرەسسە قىلماق: پاكىتلار قايتا-قايتا ئىسپاتلىدىكى، ئالاقە قىلىشتا، مادارا قىلىپ يول قويۇش بىلەن مەسىلە ھەل بولمايدىغان بولۇپ قالدى. * بۇ چاغدا زامانقۇل ئارىلىشىدۇ-دە، بىر ھەپتىدە تۆلەشكە مادارا قىلىپ، روزىنى بىللە ئېلىپ چىقىدۇ.

**ماداراچى** ئى. ياراشتۇرغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى، مۇرەسسەچى: نەق مەيداندا ماداراچىلار ھۈنىرىنى ئىشقا سالماقچى بولدى-يۇ، لېكىن ھەر ئىككى تەرەپنى ئەيۋەشكە كەلتۈرەلمىدى.

**ماداراچىلىق** ئى. قارشىلاشماسلىق، مۇرەسسەلىشىش.

**مادارسىز** سۈپ. مادارى يوق، كۈچسىز، زەئىپ، ماجالسىز: – ئوغلۇم، – دېدى 60 لارغا ئۇلاشقان، بېشىغا كەلگەن دەرد-ئەلەملەر ۋە يېقىندىن بىرى قوزغالغان ئاشقازان كېسىلىنىڭ تەسىرىدىن ئاپئاق چاچ-ساقاللىق مادارسىز بوۋايغا ئايلانغان توختى ئاكام ئوغلىغا يېلىنىپ يىغلامسىرىغان ھالدا، – مېنى يالغۇز تاشلاپ كېتەمسىنا، ئاناڭمۇ ئۆلۈپ كەتتى. // ئۇنىڭ نازۇك مۈرىلىرىگە قولۇم تېگىشى بىلەن ئۇ خۇددى ماگنىتتەك مېنى ئۆزىگە تارتتى، قولۇمنى تارتىپ ئېلىشقا مادارسىز قالدىم.

**مادارسىزلاندۇرماق** «مادارسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تاماقنىڭ جايىدا بولماسلىقى، ئىشنىڭ ئېغىرلىقى ھەممىنى ئىككى كۈندىلا مادارسىزلاندۇرۇۋەتتى.

**مادارسىزلانماق** پ. مادارىدىن، كۈچىدىن كەتمەك؛ بوشاشماق، زەئىپلەشمەك: باياۋان ئاپتاپ تەپتىدىن خۇمدانىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. ھاتەمگە تەشنالىق يەتتى. ئۇ مادارسىزلىنىپ، بىھوش بولۇپ يىقىلدى. * ئالىمنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ مادارسىزلانغان ۋۇجۇدىغا قايتا كۈچ بېغىشلىدى.

**مادارسىزلىق** ئى. مادارى يوقلۇق، كۈچسىزلىك، ماجالسىزلىق: ئۇ ھالسىزلىنىپ ياستۇققا ئۆزىنى ئالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى كۆكەرگەنىدى. مادارسىزلىقتىن ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ قارىيالمايتتى.

**مادارسىزلىنىشماق** «مادارسىزلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مادارلاندۇرماق** «مادارلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بېگىم، يول ئۈستىدىكى مۇساپىركەنمەن، ئېشىكىم ھېرىپتۇ، بار-يوق

دېمەي بىر سىۋەت شامان بېرەرلا، ئېشەكنى مادارلاندۇرۇپ ھەمراھلىرىمغا يېتىشۋالاي.

**مادارلانماق** پ. مادار، ماغدۇر، كۈچ پەيدا بولماق: ئوپېراتسىيىنىڭ 3-كۈنى ئۇ خېلى مادارلىنىپ يۈز-كۆزىگىمۇ قان يۈگۈرۈپ قالدى. * ئىشلىرىمىز ئەمدىلەتىن يۈرۈشۈپ كېلىۋاتىدۇ، ئاۋۋال بىلىمىزنى چىڭىتايلى، پۇت-قولىمىز مادارلانسۇن. ئاندىن تاغقا تۇتۇش قىلايلى.

**مادام** رەۋ (ئە) يېزت. ھەر ۋاقىت، ھەمىشە: ئەي يىگىتلەر ئارسلانى قىلدىڭىز تەشرىپ قەدەم، ساھىبى دەۋران بولۇڭ ھۆرى-غىلمان ئىچىدە. مەس بولۇڭ ئەرمەن قىزى قۇيغان شارابىنى ئىچىپ، دەۋر سۈرگەيمىز مادام شەھرىيارلار ئىچىدە.

**مادامىكى** باغ (ئە+پ) بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «ھەرھالدا، ئەگەردە قانداقلا بولمىسۇن» دېگەن مەنىدە شۇ جۈملىنىڭ مەنىسىنى تەكىتلەيدۇ: مادامىكى سىز رازى ئىكەنسىز، مەن قارشىلىق قىلمايمەن. * — مادامىكى مۇنداق غەرەزدە ئەمەس ئىكەنسىز، نېمىشقا كېتىشكە ئالدىرىمايسىز؟ — دېدى ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ رەشىدە.

**ماددا** I ئى (ئە) ① قانۇن، نىزام، بەلگىلىمە، توختام، رەسمىي ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ رەقەم ياكى ھەرپ بىلەن ئايرىلغان مۇستەقىل بۆلۈكى؛ تارماق: 70 كۈنلۈك جاپالىق سۆھبەت ئارقىلىق قەغەز يۈزىدە 11 ماددىلىق بىتىمنىڭ ئاساسىي ماددىلىرى تۈزۈلدى. * - بۇ سىزنىڭ بۈگۈنكى خىزمەت كۈن تەرتىپىڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر ماددىسىمۇ؟ - دېدى رەيھان كۈلۈپ تۇرۇپ. ② لۇغەتلەرگە كىرگۈزۈلگەن سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنىڭ ھەربىرى: ئىزاھلىق لۇغەتتە سۆزلەر باش ماددا ۋە ياردەمچى ماددا قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى. باش ماددىغا بارلىق تۈپ سۆزلەر، سىنتېتىك يول بىلەن ياسالغان سۆزلەر، ئانالىتىك يول بىلەن ياسالغان جۈپ سۆزلەر، بىرىككەن سۆزلەر، قاتقان سۆزلەر كىرگۈزۈلدى.

**ماددا** II ئى (ئە) ① جىسىملارنى تەشكىل قىلغۇچى نەرسە: ئورگانىك ماددا. زەھەرلىك ماددىلار. ماددىنىڭ تۈزۈلۈشى. ② < پەلس > ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئىپادىلەيدىغان پەلسەپۋى كاتېگورىيە. بۇنداق ئوبيېكتىپ چىنلىقنى ئادەم ھېس قىلىدۇ، ئۇ بىزنىڭ تۇيغۇمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ تۇيغۇمىز ئۇنىڭدىن كۆپىيە، سۈرەت ئالىدۇ ۋە ئۇنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۇنيانىڭ ماھىيىتى ماددىدۇر. بىر پۈتۈن ماددىي دۇنيا چەكسىز دەرىجىدە كۆپ خىل بولغان ماددا ھالەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ماددا ئالمىشىش** < بىئول > جانلىقلارنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرى. جانلىقلار ھەمىشە تاشقى دۇنيادىن ئۆزىگە كېرەكلىك ماددىلارنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىش ۋە ئۇنى ئۆز تېنىنىڭ ماددىسىغا ئايلاندۇرۇش بىلەن بىرگە تېنىدە ھاسىل بولغان كېرەكسىز ماددىلارنى تەن سىرتىغا چىقىرىپ تۇرىدۇ. بۇ خىل كونا ماددىنىڭ ئورنىنى يېڭى ماددىنىڭ ئىگىلەش جەريانى «ماددا ئالمىشىش» ياكى «مېتابولىزم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماددا بىرلەمچى** < پەلس > پەلسەپىدىكى ماددا بىرلەمچىمۇ ياكى ئاڭمۇ دېگەن تۈپ مەسىلىگە قارىتا ماتېرىيالىزم ئېقىمدىكىلەرنىڭ بەرگەن جاۋابى. مۇشۇ مەسىلىگە بېرىلگەن ھەر تۈرلۈك جاۋاب

پەلسەپەدىكى ئاساسىي ئېقىملارنى ئايرىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى ھېسابلىنىدۇ. ماددىنىڭ بىرلەمچى، ئاڭنىڭ ئىككىلەمچى ئىكەنلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا دېگەننى جەزم قىلغانلار ماتېرىيالىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ بولىدۇ؛ ئاڭنى بىرلەمچى، ماددىنى ئىككىلەمچى دېگەننى قۇۋۋەتلەپ، دۇنيانىڭ مەنبەسىنى روھ دەپ ھۆكۈم قىلغانلار ئىدېئالىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ بولىدۇ.

**ماددا دولقۇنى** <فىز> مىكرو زەررىچىلەردە بولىدىغان دولقۇنسىمان ھالەتكە قارىتا ئېيتىلىدۇ. ئۇنى فرانسىيە فىزىكا ئالىمى دې بروگلى (Luis viktor de Broglie) بىرىنچى بولۇپ ئوتتۇرىغا قويغان بولغاچقا، يەنە «دې بروگلى دولقۇنى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماددا قارىشى** <پەلس> ماددىغا بولغان چۈشەنچە ياكى ماددا ئۇقۇمى. ماركسىزملىق پەلسەپە: ماددا — ئاڭغا بېقىنمايدىغان، ئەمما ئاڭ ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئوبيېكتىپ چىنلىقنى كۆرسىتىدۇ؛ دۇنيا — ماددىي دۇنيا، دۇنيانىڭ چەكسىز، مۇرەككەپ، خىلمۇخىللىقى ماددىنىڭ مۇئەييەن كونكرېت فورماتسىيىلىرىدۇر؛ ھەرىكەت — ماددىنىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى، دۇنيا مەڭگۈ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ماددىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسى؛ زامان بىلەن ماكان — ماددىنىڭ مەۋجۇدىيەت شەكلى؛ ئاڭ — ماددىنىڭ راۋاجلىنىپ يۈكسەك دەرىجىگە يەتكەن مەھسۇلى؛ ماددىنى يارىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، يوقىتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن كونكرېت ماددىي فورماتسىيە مەڭگۈلۈك پەيدا بولۇش — يوقىلىش داۋامىدا تۇرىدۇ، ھەرقانداق ماددىي فورماتسىيە مۇئەييەن شەرت-شارائىت بويىچە بىر خىل ماددىي فورماتسىيىگە ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

**ماددا يوقالماسلىق قانۇنىيىتى** <پەلس> ئادەتتە «ماسسا ساقلىنىش قانۇنى» كۆزدە تۇتۇلىدۇ. رېئاكسىيىگە قاتناشقان ھەر خىل ماددىلارنىڭ ئومۇمىي ماسسىسى رېئاكسىيىدىن كېيىن ھاسىل بولغان ھەر خىل ماددىلارنىڭ ئومۇمىي ماسسىسىغا تەڭ بولىدۇ. بۇ تەبىئەت دۇنياسىدىكى ماددىلارنىڭ مەڭگۈ ساقلىنىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

**ماددىلاشتۇرماق** پ. ماددىلارغا بۆلۈنگەن، ماددىلارغا ئايرىلغان ھالەتكە كەلتۈرمەك: دۆلەت ئورگانلىرى قانۇن تۈزۈش ۋاقتىدا، سىياسەتنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، ماددىلاشتۇرۇپ، قانۇن قىلىپ گەۋدىلەندۈرىدۇ.

**ماددىلىق** سۈپ. مەلۇم ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەلۇم ماددىلاردىن تۈزۈلگەن: ئۇن بىر ماددىلىق بىتىم.

**ماددىمۇماددا** بىر ماددا-بىر ماددىدىن، بىر ماددىنىمۇ تاشلىماي: ماددىمۇماددا ئوقۇپ چىقماق. ماددىمۇماددا تەشۋىق قىلىپ چۈشەندۈرمەك.

**ماددىي** سۈپ (ئە) ① ماددىدىن ئىبارەت بولغان، ماددىدىن تۈزۈلگەن: ماددىي دۇنيا. ② مال ۋە پۇل، بايلىقتىن ئىبارەت بولغان: ماددىي ياردەم. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش. ماددىي مەدەنىيەت. * سىزلەرنىڭ بىزگە ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە باشقا

جەھەتلەردىن يەنىمۇ كۆپرەك ياردەم بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. * شەھەر باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر ماددىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش لازىم. ③ ئەمەلىي نەرسىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بەلگىلەپ تۇرىدىغان: ماددىي ئاساس. * بۇنىڭدا روھىي سەۋەبلەر بولغىنىدەك، ماددىي سەۋەبلەرمۇ بولىدۇ. * جالىنۇس يېتىشىپ چىققاندىن كېيىن، تىبابەتنى مېتافىزىك پەلسەپە تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇپ ماددىي پەلسەپە ۋە ماددىي پاكىت ۋە ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئاساس پەنگە ئايلاندۇرغان.

**ماددىي ئاساس** مەلۇم نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ئەڭ مۇھىم، ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، نېگىزلىك قىسمى: يېمەكلىك — ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي، جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ ماددىي ئاساسى.

**ماددىي ئەشيا** ئىشلەپچىقىرىش ۋە قۇرۇلۇشقا ئېھتىياجلىق بۇيۇم، ماتېرىيال: ھەرقانداق بىر تۈردە تەكرار ئىشلەپچىقىرىش كېڭەيتىلسە، يەنە بىر تۈرنىڭ قوشۇمچە ماددىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلىشىنى شەرت قىلىدۇ.

**ماددىي تەمىنات** ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان پۇل، ئوزۇقلۇق، كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر: بايرامدا ئىشلەپچىقىرىشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ماددىي تەمىناتىنى ۋە ئۇلاردىن ھال سوراش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك.

**ماددىي تۇرمۇش** تۇرمۇشنىڭ يېمەك-ئىچمەك، پۇل-پۇچەك، كىيىم-كېچەك، تۇرار جاي قاتارلىق ماددىي نەرسىلەر بىلەن باغلىق بولغان قىسمى؛ تىرىكچىلىك مەئىشەت: شەھەرلىك پارتكوم سىياسىي جەھەتتە پېشقەدەم كادىرلارنى ھۆرمەتلىدى، ماددىي تۇرمۇش جەھەتتە ئۇلارغا ئېتىبار بەردى.

**ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش** پۇل ۋە ماددىي نەرسىلەر ئارقىلىق بولىدىغان رىغبەتلەندۈرۈش.

**ماددىي كۈچ** ئادەمدىن باشقا بارلىق ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن كۈچ: سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا ھازىر بار ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنىڭ رولىنى ئەڭ تولۇق، ئەڭ ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئوخشاش سەرپىيات بىلەن ئەڭ زور ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

**ماددىي مەدەنىيەت** < پەلس > ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ تارىخىي تەرەققىياتى داۋامىدا ياراتقان ماددىي بايلىقى. مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش سايمانلىرى، تۇرمۇش ۋاسىتىلىرى ۋە قورال-ياراغ قاتارلىقلار.

**ماددىي مەنپەئەت** كەلتۈرىدىغان پايدىسى پۇل، ماددىي نەرسىلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن مەنپەئەت، پايدا، نەپ: ماددىي مەنپەئەتكە ئېرىشمەك.

**ماددىي نۇقتا** < فىز > جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى چۈشەندۈرگەندە، ئەگەر جىسىمنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى نەزەرگە ئېلىنمىسا، جىسىم پەقەت ماسسىسى بولغان نۇقتا دەپ قارالسا، بۇ خىل نۇقتا ماددىي نۇقتا دېيىلىدۇ. ھەر خىل ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ ھەجمى ئىنتايىن كىچىك بولغانلىقتىن، ئۇلارمۇ ماددىي نۇقتا دېيىلىدۇ.

**ماددىي ئىسپات** < قا > ئەنزىنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالغا ئىسپات بولۇش رولىنى ئوينايدىغان ماددىي بۇيۇم ياكى ئىزلار.

**ماددىي ياردەم** بىرەر ئىشتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ، مەدەت بېرىپ بېرىلگەن پۇل، مەبلەغ قاتارلىقلار: ئەمگەكچىلەر قىيىنغان، كېسەل بولغان ياكى ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان چاغدا، ماددىي ياردەم ئېلىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولۇشنى كاپالەتلەندۈرىدۇ.

**ماددىيلاشتۇرماق** «ماددىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماددىيلاشماق** پ. ماددىي ئۇنۇمگە ئىگە بولماق، ماددىي نەرسىگە ئايلانماق: ياخشى پىلان تەجرىبىلىك رەھبەرنىڭ يېتەكلىشى بىلەن ماددىيلاشقان قىممەتكە ئايلىنىپ بايلىق كەلتۈرىدۇ.

**ماددىيلىق** «ماددىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ماراتماق** «مارىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماراشماق** «مارىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھېلىقى ئىككى ئوغۇل بالا ئانىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ مارىشىۋاتاتتى. * بۇ ۋەقە بولۇۋاتقاندا، ئىشىك-پەنجىرىلەرنىڭ يوچۇقلىرىدىن مارىشىپ تۇرغان كىشىلەرمۇ ئارقا-ئارقىدىن كوچىغا يۈگۈرۈشۈپ چىقتى.

**مارافون** ئى (ر< گرېك) < جۇغ > قەدىمكى گرېتسىيىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**مارافونچە** رەۋ. مارافوندىكىگە ئوخشاش، مارافوندىكىگە ئوخشىتىپ: مارافونچە يۈگۈرۈش.

**مارافونچە يۈگۈرۈش** < تەن > چوڭ يولدا ئۆتكۈزۈلىدىغان بىر خىل ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىقتا يۈگۈرۈش تۈرى. ئۇنىڭ پۈتۈن مۇساپىسى 42.195 كىلومېتىر. بۇ خىل يۈگۈرۈش قەدىمكى گرېتسىيىدە دۇنياغا كەلگەن. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 490-يىلدا گرېتسىيە ئارمىيىسى مارافون تۈزلەڭلىكىدە پرۇسسىيە پادىشاھى دالىيز I ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزچىلىقىغا زەربە بېرىپ چېكىندۈرىدۇ. بۇ غەلىبە خەۋىرىنى ئافىناغا تېز يەتكۈزۈش ئۈچۈن، يۈگۈرۈشكە ماھىر جەڭچى فىيدىپپىس مارافوندىن ئافىناغا توختىماي يۈگۈرۈپ كېلىدۇ. ئۇ يېتىپ كېلىپ ئافىنا شەھىرىنىڭ مەركىزىي مەيدانىغا يىغىلغان پېشقەدەملەرگە «بىز غەلىبە قىلدۇق» دەپ جاكارلىغاندىن كېيىن، ئىنتايىن ھېرىپ ھالى قالمىغانلىقتىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلىدۇ. بۇ جەڭچىنىڭ قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، 1896-يىلى ئافىنادا ئېچىلغان 1-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدا تۇنجى قېتىم مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەن. مۇسابىقىگە قاتناشقان تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ھەممىسى فىيدىپپىس يۈگۈرگەن يولنى بويلاپ مارافوندىن ئافىنا شەھىرىگىچە يۈگۈرۈپ بارغان. بۇنىڭ ئومۇمىي مۇساپىسى 40 كىلومېتىر (كېيىن 42.195 كىلومېتىرغا ئۆزگەرتىلگەن). 1924-يىلى 8-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىدىن باشلاپ، خەلقئارا ئىشتىن سىرتقى يېنىك ئاتلېتىكا بىرلەشمىسى بۇ مۇساپىنى (42.195 كىلومېتىر) مارافونچە يۈگۈرۈشنىڭ رەسمىي ئۆلچەملىك ئارىلىقى قىلىپ بەلگىلىگەن. تا ھازىرغىچە شۇنداق بولۇپ كېلىۋاتىدۇ.

**مارافونچە يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** < تەن > مارافونچە يۈگۈرۈش بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە تۈرى.

**ماراقچى** ئى. ھەرىكەت ياكى مەلۇم پائالىيەتنى يوشۇرۇن كۆزىتىپ تۇرغۇچى؛ پايلاقچى: بۆلۈمنىڭ دېرىزە پەردىلىرى چۈشۈرۈۋېتىلدى. گازۋاي چىراغنىڭ كۆكگا

يورۇقىدا ماراقچىلار بىر-بىرىنىڭ يۈزلىرىنى خىرە كۆرۈشۈپ ئولتۇراتتى.

**ماراقچىلىق** ئى. ماراش، يوشۇرۇن كۆزىتىش ئىش-ھەرىكىتى: ماراقچىلىق قىلماق.

**مارال** ئى < زوئول > چىشى بۇغا.

**مارالقۇلاق** ئى (مارال+قۇلاق) < بوت > گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇمىلاق تۇخۇم شەكىلدە، گۈلى كىچىك، قارامتۇل سۆسۈنرەڭلىك. تاغلىق رايونلاردا ئۆسىدۇ. زەھەرلىك. جۇڭيىدا دورا قىلىنىدۇ. قەي قىلدۇرۇش رولى ناھايىتى كۈچلۈك. ئالتاي تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**مارانگۈل** ئى (ماران+گۈل) < بوت > سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تۈپى ئاقۇچ يېشىل، غولى تىك كېلىدۇ، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكىلدە تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، سېپى بولمايدۇ. غولىنىڭ ئۇچىدىكى يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گىرۋەكلىرى ئاق كېلىدۇ. توپلىشىپ ئۆسكەنلىرى يىراقتىن قارىغاندا قار دۆۋىسىدەك كۆرۈنىدۇ. ئەسلى ماكانى شىمالىي ئامېرىكا. دۆلىتىمىزدىمۇ كۆپەيتىلمەكتە.

**مارت** I ئى (ر< لات) < ئاستر > مىلادىيە كالېندارى بويىچە 3-ئاينىڭ نامى: يېڭى ھاكىم مارت ئېيىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈتۈن ناھىيىنى ئارىلاپ قايتىپ كەلدى.

**مارت** II تەق. بۇرۇننى تارتقاندا ياكى مىشقىرغاندە چىقىرىدىغان ئاۋاز: ياسىن بۇرنىنى « مارت » قىلىپ تارتىپ قويۇپ خېتىنى يېزىۋەردى.

**مارتتىدە** رەۋ « مارت » قىلغان ھالدا، « مارت » قىلىپ: ئۇ مارتتىدە بۇرنىنى تارتىپ قويغىنىغا خىجىللىقتىن يەرگە قارىدى.

**مارت-مۇرت** « مارت » قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**مارتېن** ئى (ر< فران) فرانسىيە ئىنژېنېرىنىڭ نامى.

**مارتېن پولاتى** مارتېن پېچىدا تەييارلانغان پولات.

**مارتېن پېچى** چويۇن، تۆمۈر-تەرسەكلەردىن پولات ئېرىتىپ ئېلىنىدىغان بىر خىل پېچ. بۇ خىل پېچتا پولات تاۋلاش ئۇسۇلىغا ئالدى بىلەن فرانسىيە ئىنژېنېرى مارتېن (pierre Martin (1915 – 1824)) ئاساس سالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**مارتېن سېخى** مارتېن پېچلىرىدا پولات تەييارلىنىدىغان سېخ.

**مارتېنس** ئى. گېرمانىيە ئالىمىنىڭ نامى.

**مارتېنس ھالىتى** < ماشىن > ساپ مېتاللار ياكى قېتىشمىلار مەلۇم بىر تۇراقلىق فازىدىن يەنە بىر تۇراقلىق فازىغا ئۆزگەرگەندىكى مەھسۇلات. ئۆزگىرىش جەريانىدا ئاتوملار تارقالمايدۇ، خىمىيىلىك تەركىبمۇ ئۆزگەرمەيدۇ، لېكىن كرىستال كاتەكچىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئۆزگىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كونا ۋە يېڭى فازىلار ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن ئورۇن مۇناسىۋىتى ساقلىنىدۇ ھەمدە كەسمە ئۆزگىرىش (كەسمە كۈچىنىش كۈچى تەسىرى ئاستىدىكى ئۆزگىرىش) ئورتاق كاتەكچە ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولىدۇ. ئۇ گېرمانىيە ئالىمى مارتېنس (A . Martens) نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مىكروسكوپ ئاستىدا كۆپىنچە يىڭنىسىمان ھالەتتە كۆرۈنىدۇ.

**مارتىلداتماق** « مارتىلدىماق » پېئىلىنىڭ

**ماركسزم** ئى (د) < پەلس > ماركس ۋە ئېنگلس ياراتقان پرولېتارىياتنىڭ ئىدىيە سىستېمىسى. ئۇنىڭ ئاساسى تەركىبىي قىسمى: ماركسزملىق پەلسەپە، سىياسىي ئىقتىساد ۋە ئىلمىي سوتسىيالىزمدىن ئىبارەت.

**ماركسزمچى** ئى. ماركسزم تەرەپدارى، ماركسزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغۇچى: بۇ ئىشقا دائىر بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى ئىلگىرى ئۆتكەن ماركسزمچىلار ئوتتۇرىغا قويغان ۋە ھەل قىلغان ئەمەس ۋە ئۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**ماركسزم-لېنىنزم** ماركسزم ۋە لېنىنزم.

**ماركسزملىق** سۈپ. ماركسزمغا ئائىت بولغان، ماركسزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: ماركسزملىق دىئالېكتىك ئۇسۇلنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتنى كۆزىتىش ۋە جەمئىيەت تارىخىنى كۆزىتىشكە تەتبىق قىلىنىشى يۇقىرىدىكىلەردىن ئىبارەت.

**ماركسست** ئى (د) ← **ماركسزمچى.**

**ماركىسىز** سۈپ. ماركىسى يوق، ماركا چاپلانمىغان: ماركىنىڭ ھەرقانچە بولسۇن سەنئىتى، بەرىبىر بولغاي تاۋارنىڭ زىننىتى. تېگى چىڭ ھەم راستىنلا بولسا شۇ تاۋار، ماركىسىزمۇ زادى كەتمەس قىممىتى.

**ماركىلىق** سۈپ ① ماركىسى بار، ماركا چاپلانغان: ماركىلىق كونۋېرت. ② بىرەر خىل تۈرگە تەئەللۇق: ئالىم چوڭ يولنىڭ يېنىدىكى دەرەخلىك ئىچىدىن «ئىنكار» ماركىلىق سائەت تېپىۋېلىپ، ئوقۇتقۇچىسى ئارقىلىق ئىگىسىگە تاپشۇردى. * 1-ئاينىڭ 5-كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى. «بوئىن» ماركىلىق ئايروپىلان ئۈرۈمچى ئايرودرومىدىن كۆتۈرۈلدى.

**مارگانسوپكا** ئى (د) < خىم > ← **كالىي** پېرمانگانات.

**مارگانېتس** ئى (د< نېم) < خىم > ← **مانگان.**

**ماروژنى** ئى (د) سۇ، قايماق، سۈت، تۇخۇم، قەنت ۋە مېۋە شىرنىسى قاتارلىقلارنى تەڭشەپ توڭلىتىپ تەييارلىنىدىغان تاتلىق يېمەكلىك.

**ماروژنىچى** ئى. ماروژنى ئېتىپ ساتقۇچى كىشى: قاسىمئاخۇن ماروژنىچى بىلەن خالىقئاخۇن دېگەن كىشلەر «قارايورغا» ئۇسسۇلىنى ئىجاد قىلىپ ئۆزلىرى ئويناپ چىقتى.

**ماروژنىچىلىق** «ماروژنىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ماروژنىچىلىق قىلماق. * قاسىم ئاكام دەسلەپتە ماروژنىچىلىق قىلدى، كېيىن بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ ناۋايلىق قىلدى.

**ماروژنىخانا** ئى. ماروژنى ئېتىپ، ساتىدىغان ئۆي، دۇكان: بىز شۇ كۈنلەردە كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىر ماروژنىخانا ئاچقانىدۇق.

**مارى** ئى. ئانا قورسىقىدا تۆرەلگىنىگە ئۈچ ئايدىن بەش ئايغىچە بولغاندا قورساقتىن چۈشۈپ كەتكەن قوزىنىڭ تېرىسى.

**مارىلىماق** (توغرىسى: مارىماق) ← **مارىماق.**

**مارىماق** پ. باشقىلارنىڭ ھەرىكىتىگە ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە يوشۇرۇنچە نەزەر سالماق، كۆزەتمەك: پىخسىق باي قاسساپ بازىرىغا بېرىپ ھەممە دۇكانلارغا قاراپتۇ، نەدە ئەرزان كالا باركىن دەپماراپتۇ. * قېشىڭىز قارا ئىكەن، ھۆپلىڭىز ساراي ئىكەن. مەن ئاخشام باراي دېسەم، دۈشمەنلەر مارايدىكەن.

**ماراپ چشلمەك** تۈيدۇرماي زىيانكەشلىك قىلماق، تويۇقسىز زەربە بەرمەك: — دىققەت قىل. ئۇ دائىم ماراپ چىشلەيدۇ، — دېدى سابىر.

**ماز** I ئى ① ئىشلىتىلگەن، كونا پاختا: تاز دېمەي تېگىۋال، ماز دېمەي كىيىۋال (ماقال). * ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يىرتىقلىرىدىن چىقىپ قالغان مازلار گويا ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك كۆپ ئىدى. * نەچچە يىللاپ قول قىلىشنى يەنە ئۇ ئەيلەپ خىيال، بېشىمىزنى چۇلغىغانتى كونا ماز يۇتقان بىلەن. ② كۆچمە. قاملاشمىغان، يارىماس قىلىقلارنى قىلىدىغان، يارىماس كىشى: ئۇ خوتۇنى بىلەن يەتتە يارىشىپ، سەككىز ئاجراشقان ماز دېگىنە، ماز، جىنى ماز! * مىلتىق ئاتتىم تۇرنا، دەپ، غاز ئىكەننى بىلمىدىم. چېچىغا جالا ساپتۇ، ماز ئىكەننى بىلمىدىم. ③ كۆچمە. يارىماس قىلىق، ئىش: ياخشىنىڭ ئىزى قالىدۇ. يامانىنىڭ مېزى (ماقال). // ساۋۇت كىنو كۆرۈشنى ئانچە ياقتۇرمايتتى. ناۋادا بىرەر قېتىم كىنوغا كىرىپ قالسىمۇ «ۋاي، باشتىن ئاياغ بىر پاي ئوقمۇ ئاتمايدىغان ماز كىنو ئىكەن!» دەپ يېنىپ چىقاتتى.

**ماز پاختا** تولا ئىشلىتىلىپ يۇمشاق، ئەۋرىشىملىكىنى يوقاتقان پاختا: كۇلۇب روتا گازارمىسى قىلىنغاندىن تارتىپ، ماز پاختا، يىرتىق پايپاق، كونا پايتىما، پاقالچاق بوغقۇچ، ئەخلەت-چاۋار، توپا-چاڭ بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

**ماز پاينەك** تىل ھا. يارىماس پاينەكباش: – ھە ئەمدى ئەقلىڭنى تاپتىڭ ماز پاينەك، – دېدى ساقاللىق كەلگىنى قولىدىكى كالتەكنى پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ، – بىز بىلەن تاكاللىشىپ پايدا ئالالمايسەن، ھەر نوچىلارمۇ بىزنىڭ قولىمىزدا دۇمبالىنىپ مىجىقى چىقىپ كەتكەن دېگىنە!

**مېزى چۈۋۈلماق** قىلمىش-ئەتمىشلىرى بىر-بىرلەپ ئاشكارىلانماق: – ھەسەننىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمۇ شۇنداق چاكىنا ئۆتكەن خەق. ئىززەت-ئابرويى كۆتۈرەلمەيدۇ، بىر يەردىن بولمىسا، بىر يەردىن مېزى چۈۋۈلۈپ تۇرىدۇ، – دېدى ئابلا قازى ئېچىلىپ ۋە قەتئىي ھۆكۈم چىقارغان ھالدا.

**مېزى چىقماق** قىلمىشى ئاشكارىلانماق، ئەيىبى ئېچىلماق: – بۇ بالا توغرىسىدىكى قارىشىم باشتىلا باشقىلارنىڭكىدىن باشقىچىرەك ئىدى، – دەيتتى كېرىم ئاق قۇشقاچتەك چاۋىلداپ، – راستىنى دېگەندە قادىر ئۆزۈندىن بۇيان قۇۋۇلۇق بىلەن شان-شەرەپ تېپىپ كەلدى. مانا ئەمدى راستىنلا مېزى چىقتى. «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەن شۇ-دە!

**مېزىنى تىتماق** قىلمىش-ئەتمىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى پاش قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارماق: – سەۋر-تاقىتىم قالماي گەپ ياندۇردۇم. ئابدۇسەمەتنىڭ مازلىرىنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا تىتىۋەتتىم، قولىدىن كەلسە سولىتىۋەتمەمدۇ! – دېدى بالا توختى ئاكامغا.

**ماز** II ئى ← **ماز بولماق.**

**ماز بولماق** مەسلىكى كەلمەك، خۇشاللانماق؛ ھوزۇرلانماق: تاماشا كۆرۈۋاتقانلار يىگىتنىڭ ماھارىتىدىن ماز بولۇشتى. * ئەخمەدى ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ماز بولۇپ قاقاھلاپ كۈلەتتى.

**مازار** ئى (پ < ئە) ① ئۆلگەن كىشىلەر دەپنە قىلىنىدىغان جاي، قەبرىستان، تۇپراق بېشى: تۆگىنىڭ مازار بىلەن ئىشى يوق، سىيگەكنىڭ كىگىز بىلەن (ماقال). * ئەتىسى دەرۋازا ئېچىلغاندىن كېيىن، جانان كوچىسىدىن چىقىپ، سىپىلنىڭ جەنۇبىدىكى مازارغا بېرىپ، بىر پۇچۇق گۈمبەزگە كىرىپ ئۇخلىدى، كۈندۈزنى شۇ يەردە ئۆتكۈزدى. * شەيدۇللا دېگەن تاغدا، دەردمەننىڭ مازارى بار؛ بىر جېنىگنى مىڭ ئالغان،

ئەجەلنىڭ بازارى بار. ② كۆچمە. خارابىلىققا ئايلانغان، ئادەم يوق جاي: بالىلىق ئۆي بازار، بالىسىز ئۆي مازار (ماقال). * ئۇ شۇنچە يىراق سايلىقتىن، مەھەللىسىگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى بىلمەي قالدى. تۇغۇلۇپ ئۆسكەن قەدىرلىك ئۆي، ئەمدى مۆڭلۈق مازارغا ئايلانغان.

**مازارغا چالما ئاتماق** ئۇلۇغلارغا تىل تەگكۈزمەك: شۇجىغا بۇ گەپنى قىلامسەن؟ بۇ سېنىڭ مازارغا چالما ئاتقىنىڭ ئەمەسمۇ؟

**مازار غوجام** ① كاتتا كىشىلەر دەپنە قىلىنغان دەپ ئالاھىدە ئۇلۇغلىنىدىغان مازار: مانا قارىسىلا، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مەدەت قىلماي، ئاخىرى ئۇ بالامۇ ئۆلۈپ قالدى. بەشىنچى قېتىم يەنە ئوغۇل تۇغدۇم. بۇ بالامنى ئۇلۇغ مازار غوجامغا ئاپىرىپ ئېتىنى نىياز قويدۇق. ② كۆچمە. سەلب. تىل تەگكۈزگىلى، ئالدىدىن توغرا ئۆتكىلى بولمايدىغان ئۇلۇغ ئادەم: — بۇ مازار غوجاملارنىڭ دەستىدىن جان ساقلىماقمۇ تەس بولدى، — دېيىتتى ئۇ پات-پاتلا. * ئۆزىچە بىزنىڭ ئۇستىمىزدە مازار غوجام بولۇۋالماقچى.

**مازىرىغا چىراغ ياقماق** ئۆلگۈچىنى ياد ئېتىپ تۇپرىقىدا دۇئا-تەكبىر قىلماق: — ئوغلۇم تاشۋاي، لەيلىگۈلگە بولغان مۇھەببىتىڭنى ئۆلمەي تۇرۇپمۇ ئىزھار قىلالايسەن، مەسلەن، ئۇنىڭ مازىرىغا چىراغ ياق، بېشىدا يىغلا، — دېدى گۈندىپاي.

**مازارگۈي** سۈپ (پ) دائىم مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، دۇئا-تەكبىر قىلىپ تۇرغۇچى كىشى: — شەھەردىن ئۇكام، شەھەردىن، «ھەيدەر ئاتا» مازىرىنى تاۋاپ قىلىشقا كېتىۋاتىمەن، ئۆزۈم مازارگۈي بىر ئادەم.

**مازارلىق** ئى. مازارلار ئورۇنلاشقان جاي، زاراتلىق: مازارلىقنى قورشاپ تۇرغان خەلق ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ جەسىدىي بۇيرۇقنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بۆلۈنۈپ ئەتراپقا تارىدى.

**مازار-ماشايىخ** مازار ۋە ئۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان ئۇلۇغ كىشىلەر: — شۇنداق، داخانمەن، نەگىلا بارسام مازار – ماشايىخلارنى، ئەۋلىيا-ئەنبىيالارنى زىيارەت قىلىپ تۇرىمەن. * سەن بىلەن مەن ئۆمرىمىزدە كۆرمىگ قېتىم ئېتىز بېشىغا قازان ئېسىپ-مازار-ماشايىخلارغا يىلىندۇق.

**مازارىيون** ئى (پ <لات) < بوت > مازارىئون ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، پارقىراق، گۈلى سۇس قىزىل رەڭلىك، پۇراقلىق. مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. يىلتىز پوستى دورا قىلىنىدۇ، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**مازاق** ئى (ئە) ئۆتكۈر، ھەجۋىي سۆزلەر بىلەن باشقىلارنى مەسخىرە قىلىش، مەسخىرە: ۋە لېكىن رەھىمسىز دەۋران مازاق بىرلە كۈلۈپ قويدى، بۇلار ئالدىدا مۇتلەق ئەجەلنىڭ دارىنى كۆرگەچ. * شۇڭا ئالدىرىماي ئۆزۈم ھەققىدە ئىشتىياق بىلەن سۆزلىدىم ئۇزاق، تۇيۇلدى ماڭا ئۇلار بېرىلىپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلىشماي مازاق.

**مازاق ئەتمەك** ← **مازاق قىلماق**: كىمنى كۆرسەم مازاق ئېتىپ غەيۋەت قىلدىم، ئۆز دېمەتلىك دوستلىرىمغا لەنەت قىلدىم. پېقىر-مىسكىن كەمبەغەلگە تۆھمەت قىلدىم، قانداق ئادەم بولغىنىمنى بىلەلمەيمەن.

**مازاق ئەيلمەك** ← **مازاق قىلماق**: شىاياتۇن بەزمە-ھەشرىگە سامادا كۆز تىكىپ تۇرغان، نومۇسچان ئاي بىلەن چولپان

مازاق ئەيلەپ كۈلۈپ كەتتى.

**مازاق قىلماق** مەسخىرە، زاڭلىق قىلماق؛ مازاقلىماق: باللار ئېشەكنىڭ چاپقۇرلۇقىدىن پەخىرلىنىپ، تورپاقلارنى ۋە پىيادىلەرنى مازاق قىلغاندەك، ئېغىزلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ھىجىياتتى. * لۇتپۇللامۇ ئەغزەم بىلەن تۇرغاننى باشلاپ ئىمتىھان مەيدانىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئەتراپنى ئوراپ ئۆزلىرىنى مازاق قىلىپ كۈلۈشۈۋاتقانلارغا پىسەنت قىلماستىن، دادىل چامداپ ئىمتىھان زالىغا كىرىپ كەتتى.

**مازاقچى** ئى. باشقىلارنى مازاق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى: بۈگۈنكى سورۇندا بىرقانچە مازاقچىلارمۇ بار ئىدى.

**مازاقلاشتۇرماق** پ. بىراۋنىڭ ئىشىنى مازاق ۋە مەسخىرىگە ئايلاندۇرماق، مازاق قىلماق: توڭلۇق قىلىشنىڭ يەنە بىرى قوپاللىق قىلىش، پىتنە-ئىغۋا تارقىتىپ ئازار بېرىش، تىل سالمىسمۇ، جاندىن ئۆتكۈدەك گەپ قىلىپ، مازاقلاشتۇرۇپ كىشىنى بىئارام قىلىشتىن ئىبارەت.

**مازاقلىماق** پ. مازاق قىلماق، مەسخىرە قىلماق: بىز ئېخمۇ سەگەك بولۇپ، گومىنداڭغا قارشى كۆرىشىمىزنى دادىللىق بىلەن داۋام قىلدۇردۇق. كوچا-مەھەللىلەرگە مۇستەبىتلەرنى مازاقلاپ، ھەجۋىي رەسىملەرنى چاپلىدۇق. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، سېيىت ئابباسلار ھېكىم نۇرنىڭ سۆزىگە بىردەك پاراقلاپ كۈلۈۋەتتى. بۇ ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئىنكار قىلىش كۈلكىسى، مازاقلاش كۈلكىسى ئىدى.

**مازغاپ** (توغرىسى: ماغزاپ) ← **ماغزاپ.**

**مازلاشتۇرماق** «مازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى ئولتۇرۇشنى قاسىم تولا گەپ قىلىپ مازلاشتۇرمىغان بولسا، خېلى داۋام قىلاتتى.

**مازلاشماق** پ. قىلىق ۋە گەپ-سۆزلىرى قاملاشماي كىشىلەرگە ياقماس بولۇپ قالماق، تېتىقسىزلاشماق، زاڭلاشماق: ئۇ تېخىمۇ مازلىشىپ ئاياللارنى دوراپ، ئاۋازىنى ئىنچىكىلە شتۈردى.

**مازلىق** ئى. يارىماس ئىش، قىلىقلارغا ئادەتلەنگەن ھالەت: كىشىلەر بىلەن ئۇچراشقاندا چىرايلىق گەپلەر ئاغزىدىن ئاپتوماتىك ئۇقىدەك چىقىدىغان بۇ كىشىنىڭ بىر پۈك ئۈچۈن جېدەل تېرىدىغان مىجەزىنى، سورۇنلاردىكى مازلىقىنى ئىككى يىلدىن كېيىن ناھايىتى تەستە بىلەلىدۇق.

**مازوك** ئى (ر) <تىب> مىكروسكوپ بىلەن تەكشۈرۈش ئۈچۈن ئورگانىزمدىن ئېلىنغان سۇيۇق ماددا.

**مازۇت** ئى (ر) نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەپ بېنزىن، كىرسىن قاتارلىقلار ئايرىۋېلىنغاندىن كېيىن قالغان قىسمى.

**مازۇركا** ئى (ر< پولەك) <ئۇس> پولشانىڭ مىللىي ئۇسسۇلى. ئەسلىدە پولشانىڭ مازۇۋىيە رايونىدا مەيدانغا كەلگەن. 16-ئەسىرگە ئائىت تارىخىي خاتىرىلىرى بار. دەسلەپتە سەككىز ياكى 16 جۈپ دېھقان قىز-يىگىتى بىللە ئوينايدىغان ئۇسسۇل بولۇپ، 19-ئەسىردىن باشلاپ ئامېرىكا ۋە ياۋروپا تانسخانىلىرىغا كىرىپ، قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولغان.

**مازۇز** سۈپ (ئە) دىئال. پەخىرلىك، ماختىنارلىق.

**مازۇز بولماق** دىئال. پەخىرلەنمەك. ماختانماق.

**ماس** سۈپ (ئە) ① بىر-بىرىگە مۇناسىپ كېلىدىغان، مۇۋاپىق، لايىق، ئۇيغۇن: چېكە چاچلىرى ئارىلاپ ئاقىرىشقا باشلىغان بۇ خۇش چىراي كىشى، ئېگىز بويىغا ماس ھالدىكى بېجىرىم گەۋدىسى بىلەن شىرەگە

پىرىم يۆلەنگەن ھالدا ماتېرىيال كۆرۈۋاتاتتى. * مەن خالايمەن راست گەپنى، ھەم ئېقىلغا ماس گەپنى. قېنى، ئاڭلاي، سۆزلىسىلە، مەرد يىگىتكە خاس گەپنى. ② تەكشى، ماسلاشقان: ماس قەدەم.

**ماس بۇلۇڭ** < مات > ← **ئوخشاش ئورۇنلۇق بۇلۇڭلار.**

**ماس دەستىلەنمە** < گېئول > ئىككى يۇرۇش يەر قاتلاملىرىنىڭ يۇرۇش يۆنىلىشى ۋە يېتىشى بىردەك بولۇپ، چۆكۈش جەھەتتە ئېنىق ئۈزۈلۈش بولمىغان تېگىشىش مۇناسىۋىتى.

**ماس قەدەملىك** < فىز > پەن-تېخنىكىدا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ۋاقىتتا ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان مىقدارنىڭ ئۆزگىرىش جەريانىدا مەلۇم نىسپىي مۇناسىۋەت ساقلايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ماس كەلمەسلىك مۇناسىۋىتى** < لوگ > ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى ھەجىم جەھەتتىن ئۆز ئارا چەتكە قېقىشىش مۇناسىۋىتى.

**ماس كەلمەك** مۇناسىپ، ئۇيغۇن، لايىق ھالەتتە بولماق؛ لايىقلاشماق: زۇنۇن قادىرنىڭ ھېكايە تىلى خۇددى تۇرمۇشنىڭ ئۆزىدەك ساددا ۋە يارقىن بولۇپ، ئۆز پېرسوناژلىرىنىڭ خاراكتېر ئالاھىدىلىكىگە بەكمۇ ماس كېلىدۇ. * ئامال قانچە، رېئاللىق ھامان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا ماس كېلىۋەرمەيدۇ.

**ماس كېلىش مۇناسىۋىتى** < لوگ > ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى ھەجىم جەھەتتىن بىر-بىرىگە تامامەن ياكى قىسمەن توغرا كېلىش مۇناسىۋىتى.

**ماس ئۆرنەك** < گ.سەن > ئالاھىدە بەلگىلەنگەن (مەسىلەن، ئۈچ بۇلۇڭ، كۆپ بۇلۇڭ، چەمبەر، كۋادرات، رومبا قاتارلىق) شەكىللەرگە مۇۋاپىق تەشكىللەنگەن ۋە شۇ دائىرە ئىچىدە مەلۇم زىننەتلەش تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۆرنەك.

**ماس ئىنتېرۋال** < مۇز > ئىنتېرۋالدىكى يۇمشاق ۋە بىر-بىرىگە بىرىكىپ كەتكەندەك ئاڭلىنىدىغان ئاۋازلار.

**ماساغىت** ئى < ئىرق > ← **ماساغىتلار.**

**ماساغىتلار** ئى < ئىرق > مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرلەردە ياشىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئاساسەن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرقىدىن سىر دەرياسىغىچە بولغان رايونلاردا ياشىغان، قۇياشقا ئېتىقاد قىلغان. مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ تىلى ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىران تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ.

**ماسسا** ئى (ر< لات) < فىز > جىسىمنىڭ تەركىبىدىكى ماددا مىقدارى، يەنى جىسىم ئىنېرتسىيىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى. ماسسىنىڭ بىرلىكى ئېغىرلىق بىرلىكى بىلەن ئوخشاش. مەسىلەن، جىڭ، كىلوگرام قاتارلىق. ماسسا ئادەتتە بىر تۇراقلىق مىقدار بولۇپ، ئېگىزلىك ياكى كەڭلىككە قاراپ ئۆزگەرمەيدۇ.

**ماسسا سانى** < خىم > ئاتوم يادروسىدىكى پروتون سانى بىلەن نېيترون سانىنىڭ يىغىندىسى. بىر خىل ئېلېمېنتنىڭ ھەر خىل ئىزوتوپ ئاتومىنىڭ تەخمىنىي ماسسىسىنى ئىپادىلەشتە پايدىلىنىدۇ. مەسىلەن، 92 پروتون، 143 نېيترونغا ئىگە بولغان ئۇرانىنىڭ ماسسا سانى 235؛ 92 پروتون، 146 نېيترونغا ئىگە بولغان ئۇرانىنىڭ ماسسا سانى 238.

**ماسشتاب** (**ماسشتابى**) ئى (ر< نېم) ① چېرتيوژ ئۈستىدىكى ئۇزۇنلۇق بىلەن ئو

ئىپادىلىگەن ئەمەلىي ئۇزۇنلۇقىنىڭ نىسبىتى. ② چېرتيوژ سىزغاندا ئۇنىڭ ئەتراپىغا قويۇلغان نىسبەتنى بىلدۈرىدىغان سانلىق رەقەم ۋە سىزىقلار.

**ماسشتابلىق** سۈپ. ماسشتابى ئورنىتىلغان، مەلۇم نىسبەتتىكى ماسشتاب بىلەن تۈزۈلگەن: ماسشتابلىق سىزغۇچ. * بىر سانتىمېتىرى 50 كىلومېتىر بولغان ماسشتابلىق خەرىتە. * چىرىيىنىڭ شۇ تارىخىي ۋەقە يۈز بەرگەن چاغدىكى مەمۇرىي ئەھۋالىنى كۆرسىتىدىغان ماسشتابلىق رەڭلىك خەرىتىدىن ئۈچنى ئىشلەپ چىقتىم.

**ماسشتابلىق سىزغۇچ** < بىن > چېرتيوژ سىزىشتا ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئۈستىگە تاناسىپلىق ئۆلچەم بىرلىكلىرى قويۇلغان بىر خىل سىزغۇچ.

**ماسكا** ئى (ر< لات) يۇقۇملىنىش ۋە كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئېغىز ۋە بۇرۇننى نىقابلىۋالىدىغان، داكىدىن تىكىلىدىغان ساقلىقنى ساقلاش بۇيۇمى: دوختۇر چوڭ ماسكا تاقىۋالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۇملاق كۆزلىرى ئالاھىدە تونۇشتەك تۇيۇلدى.

**ماسكىلىق** سۈپ ① ماسكا تارتىۋالغان، ماسكىسى بار: ماسكىلىق سېستىرا. // ھېلىقى ماسكىلىق تارتىنمىغان ھالدا سۆزنى داۋام قىلدى، — ئىنىم بۇ ساپ ئالتۇن — نىكولاي تىللاسى. ② ماسكا تىكىشكە باپ، لايىق: ماسكىلىق رەخت.

**ماسلاشتۇرماق** « ماسلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماختاش ئوقۇتقۇچى دائىم قوللىنىدىغان تەربىيە ئۇسۇلى. ئادەتتە باشقا ئۇسۇللارنى قوللانغاندا، بۇ ئۇسۇلنى ماسلاشتۇرۇپ قوللىنىش لازىم.

**ماسلاشتۇرۇشماق** « ماسلاشماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماسلاشتۇرۇلماق** « ماسلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەرەب يېزىقى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملاشقاندىن كېيىن، بىرنەچچە ئەسىرلىك تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز ئىسلاھ قىلىنىپ، ئۇيغۇر تىلىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلدى.

**ماسلاشقان** « ماسلاشماق » پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ماسلاشقانلارنىڭ ياشاپ قېلىشى.

**ماسلاشقانلارنىڭ ياشاپ قېلىشى** < بىئول > جانلىقلارنىڭ مۇھىت ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ، تەبىئەت دۇنياسىدا داۋاملىق ساقلىنىپ قېلىش قانۇنىيىتى.

**ماسلاشماق** پ. ماس ھالەتكە كەلمەك، ماس بولماق، مۇۋاپىقلاشماق، لايىقلاشماق: شارائىتقا ماسلاشماق. * — ئابدۇللا سىز، — دېگەندى ياسىن شۇجى ئۇنى بىر قاراشتىلا تونۇپ، — نادان يىگىت، بىز ئەمدى بىرگە ئىشلەيدىغان بولدۇق، ماسلىشىپ ياخشى ئىشلەيلى-ھە! * ئېرىنىڭ خۇيىنى بەش قولدەك بىلىدىغان تىللاخان ھەرقاچان ئۇنىڭغا ماسلىشاتتى.

**ماسلىشىش** ① « ماسلاشماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: ② < ھەرب > دوست قوشۇن بىلەن ئۆزئارا ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىپ دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇش قىلىش.

**ماسلىششچان** سۈپ. ئاسانلا ماسلىشىپ كېتىدىغان، ماس ھالەتنى ساقلايدىغان: ماسلىششچان ھالەت.

**ماسلىششچانلىق** ئى. ئاسانلا ماسلىشىپ كېتىدىغان، ماس ھالەتنى ساقلايدىغان خۇسۇسىيەت: ۋاھالەنكى ئاياللار بولغانلىقتىن بۇ دۇنيا مۇشۇنداق ئىللىقلىقتا ۋە ماسلىششچانلىقتا چۆمگەن. * نادىر بىرقانچە يىلدىن بېرى

ھەر خىل سورتلۇق بۇغداي ئۇرۇقلىرىنى ئۆزئارا چاڭلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرگەن ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك، سوغۇققا، قۇرغاقچىلىققا چىدامىلىق بولغان كۈزگى بۇغداي ئۇرۇقىنى بۇ يىل ئۈچ مو يەرگە كېڭەيتىپ تېرىدى.

**ماش** ئى (پ) < بوت > ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تەشكىل تاپىدۇ، گۈلى كىچىك، ئالتۇن رەڭ ياكى يېشىل-سېرىق رەڭدە بولىدۇ. چوكا مېۋىسىنىڭ ئىچىدە يېشىل رەڭلىك ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. ئۇرۇقىنى يېيىشكە ھەم ئۇنىڭدىن ھاراق ئىشلەشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**ماش رەڭ** ① ماشنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش، يېشىل بىلەن ئاز مىقداردىكى سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە بولغان ۋە شۇ خىل رەڭدە بويالغان: ماش رەڭ كىيىم. * چاۋار مەتقۇلنىڭ بېشىدا قارا كۆرپە قۇلاقچا، ئۇستىدە ماش رەڭ كالتە شىرىما چاپان، پۇتىدا ئۆتۈك بولۇپ، كەڭ كۆكرەك، بەستلىك كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى سالماق ۋە جاراڭلىق ئىدى.

**ماش شىرنىسى** ماشنى قاينىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان شىرنە.

**ماش ئۈگرىسى** قورۇلغان گۆش، پىياز، ياڭيۇ، تۇرۇپ سۈيىگە تازىلانغان ماشنى سېلىپ ئېتىلغىچە قاينىتىپ، ئاندىن ئىنچىكە كېسىلگەن ئۈگرە سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاش.

**ماشا** ئى (پ) زەرگەرچىلىكتە ئالتۇننى ئوتقا سېلىش ۋە ئېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قىسقۇچ، جۈپتەك.

**ماشائاللا** ئىم (ئە) ئەسلىي « ئاللانىڭ خالىغىنى بولۇر » دېگەن مەنىدىكى ئىبارە بولۇپ، « نېمىدېگەن ئاجايىپ ئىش! يائاللا! توۋا خۇدايىم » دېگەن مەنىلەردە مەدھىيە ۋە تەئەججۈپنى بىلدۈرىدۇ: ماشائاللا، ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قېلىپتىمىز.

**ماشاق** ئى. بۇغداينى ئورۇپ-يىغقاندا يەرگە تۆكۈلۈپ قالغان باشاقلار ۋە ئۇنى يىغىش: قوشنا يوق، ماشاقنا يوق، خاماندا بار (ماقال).

**ماشايىخ** ئى. مەشھۇر دىنىي ئالىم؛ پىر، ئۇستاز، مەدەتكار: بېشىڭنى كىم سىلىسا، ماشايىخىڭ شۇ، يېنىڭدا كىم ئولتۇرسا، چىرايلىقىڭ شۇ (ماقال). * — مەغرىبتىن مەشرىققىچە، تۆت بۇرجەك، سەككىز گىردابتىكى جىمى مەخلۇقاتلارغا رەھىم ئاچالايمەن، — دەيتتى ئۇ كىشى ئەتراپىدىكىلەرگە تەكشى قاراپ قويۇپ، — پىر-ماشايىخلار ماڭا مەدەت بېرىدۇ، مالائىكىلەر مېنى قوللايدۇ، ئۆتۈپ كەتكەن، بولۇۋاتقان ھەم بولغۇسى ئىشلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن.

**ماشپىرا** ئى. تۇرۇمچاقتا ئاغزىدىن چۈشكەن مەشۈت يىپلارنى يۆگەيدىغان بىر باشلىق نوكەش ياغاچ.

**ماشخوردا** ئى (ماش+خوردا) شۈۋىگۈرۈچكە ئازراق سەي، ماش ئارىلاشتۇرۇلۇپ پىشۇرۇلىدىغان تاماق.

**ماشقاق** ئى. دىئال. پاقالچاق.

**ماشكا** ئى (ر) ① ئوۋ ۋە ئىز قوغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، يۈگى ئۇزۇن ئىت: بىز تۈن بويى ۋەرەقىلەر تەييارلاپ، تۇرلۈك ئۇسۇلدا ئىش ئېلىپ باراتتۇق. ئاخىرى گومىنداڭنىڭ ئوغىسى تېخمۇ قايناپ، بارلىق تايغان ۋە ماشكىلىرىنى ئىشقا سېلىپ ئىز قوغلاشقىلى تۇرىدۇ. * يايى ئۇنىڭ كەينىدە

شوخ قارا ئايغىرنى ئارانلا باشقۇرۇپ ماشكىلارنى ئەگەشتۈرۈپ كېلەتتى. ② كۆچمە. پايلاقچى: بۇنىڭدىكى مەقسەت، سوۋېت كونسۇلخانىسى بىلەن كىملەرنىڭ مۇناسىۋەت قىلىشىنى بايقاش، ئەھۋالنى ئىگىلىۋېلىپ، كېچىسى بېرىپ تۇتقۇن قىلىش ئىدى. ئوفىتسېر ئەنە شۇ «ساقچى» نىڭ ماشكىلىرىدىن بىرى ئىدى.

**ماشلىق** ئى. ماش تېرىلغان جاي، ماش كۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر: كەنت ماشلار چېچەكلەش بىلەنلا ماشلىققا قاراشقا ئادەم بەلگىلىدى.

**ماشىنا** ئى (ر< فران) ① دېتاللاردىن تەركىب تاپىدىغان، ئايلىنىدىغان ۋە بىر تۈردىكى ئېنېرگىيىنى باشقا بىر تۈردىكى ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرىدىغان ياكى پايدىلىق قۇۋۋەت ھاسىل قىلالايدىغان قۇرۇلما. ئادەتتە ئۇ ئىشلەپچىقىرىش قورالى سۈپىتىدە قوللىنىلىپ، كىشىلەرنىڭ ئەمگەك سىجىللىقىنى ئازايتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرىدۇ: پار ماشىنىسى. ئانا ماشىنا. ② تىكىش ماشىنىسى: قول ماشىنىسى. پۇت ماشىنىسى. ③ ئاپتوموبىل: ماشىنا شوپۇرى. ماشىنا بېكىتى. ماشىنا ھەيدىمەك.

**ماشىنا ئادەم** بىر خىل ئاپتوماتىك ماشىنا. ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدۇ ۋە ئادەم ئورنىدا بەزى ئىشلارنى قىلالايدۇ.

**ماشىنا تاختىسى** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئايغى ئۈستىگە ئورنىتىلغان تاختا، ئۇنىڭغا ماشىنا بېشى ۋە ماشىنا ساندۇقى ئورۇنلاشتۇرۇلغان.

**ماشىنا تەپكىسى** تىكىش ماشىنىسىنىڭ پۇت بىلەن تېپىپ ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىدىغان قىسمى.

**ماشىنا تەرجىمىسى** ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق بىر يۈرۈش ئەسلىھەلەردىن پايدىلىنىپ، بىر خىل تىل-يېزىقنى باشقا بىر خىل تىل-يېزىققا تەرجىمە قىلىش.

**ماشىنا دېتاللىرى** < ماشىن > ماشىنىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەربىر پارچە دېتاللار.

**ماشىنا ساندۇقى** تىكىش ماشىنىسىنىڭ بېشى ئورنىتىلغان ساندۇق.

**ماشىنا سايمانلىرى** مېخانىزم ۋە سايمانلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ماشىنا قول** < ماشىن > قول ۋە بىلەككە تەقلىد قىلىپ ياسالغان ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە بىر خىل ئاپتوماتىك ماشىنا. ئادەتتە ئېلېكتر، مېخانىكا، گاز ۋە سۇيۇقلۇق ھەرىكىتى قاتارلىق ئاپتوماتىك قوراشتۇرۇلمىلاردىن پايدىلىنىپ قولنىڭ سىغىمچانلىقىغا تەقلىد قىلىپ نەرسىلەرنى تۇتۇپ، بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يۆتكەيدۇ ياكى باشقا ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.

**ماشىنا ئىسكىلاتى** < قاتن > ماشىنا قويۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئۆي، ئىسكىلات.

**ماشىنا يىپى** تىكىش ماشىنىسىدا ماشىنا يىڭنىسى ۋە ناچىغا ئۆتكۈزۈشكە ئەپلىك قىلىپ تولانغان يىپ.

**ماشىنا-سايمان** ماشىنا ۋە سايمان: بۇ كارخانا يەنە ئالتە كىشىلىك دېھقانچىلىق سايمانلىرىنى رېمونت قىلىش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، ماشىنا، تراكتور، ئېشەك ھارۋىسى، ساپان، سېيالكا قاتارلىق دېھقانچىلىق ماشىنا-سايمانلىرىنى ۋاقتىدا رېمونت قىلىپ بەرمەكتە.

**ماشىنكا** ئى (د) ھەربىرىگە ھەرپلەر بەلگىلىنىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۇنۇپكىلارنى بارماق بىلەن بېسىپ خەت چۈشۈرىدىغان

قۇرۇلما. ئۇنىڭ قول بىلەن ۋە توك بىلەن ئىشلىتىلىدىغان ئىككى خىل شەكلى بار: ئانىسىغا ئېلىپ بەردى ماشىنكا، شۇ قويلاردىن سېتىپ يەنە دادىسى. كېچىلىرى ئۇزاققىچە ئۇخلىماي، ماشىنكىدا خەت باسىدۇ ئانىسى.

**ماشىنچى** ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىدا كىيىم-كېچەك تىكىدىغان ئۇستا: ئەمدى ئىككىنچى نۆۋەت كىيىم تىكىدىغان ماشىنچىغا كېلىپتۇ. // بۇ قەۋەتتىكى ياخشى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى كىيىم تىكىدىغان ماشىنچى ئاياللار بەند قىلىۋالدى.

**ماشىنچىلىق** «ماشىنچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئەزىزخان يالغۇز قالدى. ئانىسىنى ماشىنچىلىق قىلىپ ئاز كۈن باقتى، ئانىسىمۇ دۇنيادىن ئۆتتى.

**ماشىنىسازلىق** ئى. ھەر خىل ماشىنىلار ۋە ماشىنا ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلىرىنى لاھىيىلەپ ياساپ چىقىرىش: — توغرا ئېيتتىڭ، — يېقىندا ئۇرۇمچىدىكى يىغىندىن قايتىپ كەلگەن ماشىنىسازلىق سېخىنىڭ مۇدىرى روزىئاخۇن توپ ئىچىگە يېرىپ كىردى.

**ماشىنىست** ئى (ر) ① پويىز ھەيدىگۈچى ياكى كران قاتارلىق ماشىنىنى باشقۇرغۇچى كىشى: تېخنىكا سۈرئىتى مۇشۇنداق تېز ۋە سەممىي بولىدىغانلا بولسا، مەنمۇ ماشىنىنىڭ ياردەمچىلىكىگە، كېيىن پويىز ھەيدەيدىغان ماشىنىست بولۇشقا زادى گۇمان قىلمايمەن. ② ماشىنكىدا خەت باسقۇچى: شۇ چاغدا ئۇ ئىدارىدا ماشىنىست ئىدى.

**ماشىنىستلىق** «ماشىنىست» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ماشىنىستلىق قىلماق.

**ماشىنىلاشتۇرماق** «ماشىنىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار نېمە ئۈچۈن ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرالىغان؟ ئاساسلىقى ئۆز يېزىسىنىڭ تەبىئىي بايلىق جەھەتتىكى ئۈستۈنلۈكىدىن ئەپچىللىك بىلەن پايدىلىنىشنى بىلگەن.

**ماشىنىلاشتۇرۇشماق** «ماشىنىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماشىنىلاشتۇرۇلماق** «ماشىنىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماشىنىلاشقان** «ماشىنىلاشماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ماشىنىلاشقان قىسىم.

**ماشىنىلاشقان قىسىم** < ھەرب > برونېۋىكلىق توشۇش ئاپتوموبىللىرى بىلەن جابدۇنغان پىيادە ئەسكەرلەر، تانكا قوشۇنى ۋە توپچى قىسىم قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن قىسىم.

**ماشىنىلاشماق** پ. ماشىنا بىلەن تەمىن ئېتىلمەك، ماشىنا كۈچى بىلەن ئىشلەيدىغان بولماق: — ماشىنىلاشقان بولساق دۈمچىيىپ قول بىلەن تاش تېزىشتىنمۇ، گۈرجەك بىلەن ئۆستەڭ كولاشتىنمۇ قۇتۇلاتتۇق. * ماشىنىلاشتى خاڭلىرىمىز رېلىس، ياتقۇزدۇق، قول تراكتور سېلىپ ھەممە ۋاگوننى چاتتۇق.

**ماشىنىلىق** ① سۈپ. ماشىنىسى بار، ماشىنىغا ئىگە بولغان: بىزمۇ ماشىنىلىق بولۇپ قالدۇق. ② رەۋ. ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ماشىنا بىلەن: بىز ماشىنىلىق كەلدۇق.

**ماشىنىلىق قۇدۇق** < سۇ > مېخانىكىلىق ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا ئارقىلىق سۇ چىقىرىلىدىغان قۇدۇق.

**ماغدۇر** ئى (ئە) كۈچ-قۇۋۋەت، ماجال، مادار: ئالاھىدىنىدا ماغدۇر دېگەن نەرسە قالماي يىقىلاي دەپلا قېلىپتۇ. * ئۇ تاۋاققا ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم شويلا ئۇستۇرۇپ يېدى، شۇنىڭدىن كېيىن پۇت-قوللىرىدا ئاز-تولا ماغدۇر پەيدا بولغاندەك بولدى.

**ماغدۇر كەتمەك** كۈچ-قۇۋۋىتى تۈگەپ ئاجىزلاشماق، زەئىپلەشمەك: مانا ھازىر

ئۆزۈك كۆرۈپ تۇرۇپسەن. بىزدىن ئەمدى ماغدۇر كەتتى. * ئاشلىق كېتىپ چاڭ قالدى، ماغدۇر كېتىپ جان قالدى. ۋاسا قىلىپ ئۇستىخاننى، مەقسۇت بېگىم ساڭ سالدى.

**ماغدۇر كىرمەك** ① كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر پەيدا بولماق: بىز ئۇن-تىنسىز قاراڭغۇنى كۈتۈۋالدۇق. قاراڭغۇلۇق سالقىن شامال بىلەن راھەت بېغىشلىدى. سۇسىراپ قۇرىغان بەدىنىمگە ئاز-تولا ماغدۇر كىردى. * قەددىنى كۆتۈرۈپتۇ يېڭىباشتىن، قۇرۇپتۇ كۆزى دەردلىك قانلىق ياشتىن؛ كىرىپتۇ خېلى ماغدۇر ئەزايىغا، يۈگۈرۈپتۇ خۇشال كۈلكە چىرايىغا. ② كۆچمە. تېتىكلەشمەك، روھلانماق: — سەن بابا سىلەرگە ئىشىنىمىز دېيىشىڭ ماڭا ماغدۇر كىردى جۇمۇ! * ياردەمگە كەلگەن سەپداشلىرىنى كۆرگەن بۇ جەڭچىلەرگە باشقىدىنلا ماغدۇر كىردى.

**ماغدۇرى بار** ① كۈچ-قۇۋۋىتى، مادارى بار: — تېخى مەن ساق، پۇت-قولۇمنىڭ ماغدۇرى بار. ② كۆچمە. ھەرقانداق ئىشنى قىلىش ئىقتىدارى ۋە غەيرەت-شىجائىتى بار، غەيرەتلىك، جۇشقۇن: — سۇ دېسە قاسىمنىڭ ئاغزىغا قارىمايدىغان ئادەم يوق. ئۇنىڭ خېلىلا ماغدۇرى بار كادىر. قاسىمنى زادىلا قولدىن بەرمىسىلە، — دېدى سۇلايمان.

**ماغدۇرىغا كەلمەك** كېسەل ياكى تۇغۇتتىن كېيىن تەن سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلمەك، ياخشىلانماق: سىيىتجان ئەتىسى چۈشكە يېقىن كۆزىنى ئاچتى، ماغدۇرىغا كېلىپ بولغۇچە دورا ئىچكۈزۈش، تاماق يېگۈزۈش، تەرەت قىلدۇرۇشتەك ئىشلاردىن ئەستايىدىل خەۋەر ئېلىپ تۇرۇلدى.

**ماغدۇرى كەتمەك** كۈچىدىن قالماق، ھالسىزلانماق: بوۋاي ئۆپكە كېسىلى بىلەن ئاغرىغانىدى. موماي ئاغرىمىغىنى بىلەن،

ماغدۇرىدىن كەتكەنىدى. * كەچ بولغاندا، ئېشەك ھېرىپ ماغدۇرىدىن كەتكەن ھالدا قۇلاقلىرىنى سالپايتىپ، ئېغىلغا كىرىپ كېلىپتۇ.

**ماغدۇرى يوق** كۈچ-قۇۋۋىتى، مادارى يوق: ھاۋانىڭ گۈلدۈرى بار يامغۇرى يوق، قىرىنىڭ جۇدۇنى بار ماغدۇرى يوق (ماقال). * لېكىن ساۋۇتنىڭ «ھەئە» دېيىشكىمۇ ماغدۇرى يوق ئىدى.

**ماغدۇرسىز** سۈپ. ماغدۇرى يوق، ماغدۇرىدىن قالغان، مادارسىز، ھالسىز: تۇراخۇن ماغدۇرسىز قوللىرى بىلەن ئازادىنىڭ قولىنى تۇتتى. * سۆيگىنى، ياق دوستى شۇ يىگىت تەلئەت، ھە بۇ دەم ئالدىدا ھوشسىز ياتاتتى. ماغدۇرسىز لەۋلىرى مىدىرلاپ بەزەن، نېمىدۇر دەر ئىدى، جۆيلۈپ قوياتتى.

**ماغدۇرسىزلاشماق** پ. ماغدۇرسىزلانماق: جۇمە ئۆيدىن چىققاندىن كېيىن، بىرئاز بېشى قېيىپ، تېنىنىڭ ماغدۇرسىزلىشىپ، كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

**ماغدۇرسىزلاندۇرماق** «ماغدۇرسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەينىدىنلا پاختىدەك يۇمشاق بىر بىلەك مۇرىسىنى سىپاپ ئۆتۈپ، ماغدۇرسىزلاندۇرۇپ قويغىلى تاس قالدى.

**ماغدۇرسىزلاندۇرۇلماق** «ماغدۇرسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماغدۇرسىزلانماق** پ. كۈچ-قۇۋۋىتى، ماغدۇرى ئازايماق؛ ئاجىزلاشماق، ماغدۇرسىزلاشماق: گۈزەل يەنە يۆتىلىپ قان تۈكۈردى، قوللىرى ماغدۇرسىزلاندى. * چىن تۆمۈر باتۇر ئۇنىڭ ئالتىنچى بېشىنىمۇ كېسىپ چۈشۈرۈپتۇ. يالماۋۇز ئەمدى ماغدۇرسىزلىنىپ كۆزلىرى پىيالىدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

**ماغدۇرسىزلىق** «ماغدۇرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆزۈم سەمىرىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان بولسامۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن ئىتتىكرەك

ماگالمايدىغان بولۇپ قېلىپتىمەن. * ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا، ماغدۇرسىزلىقىغا قارىماي، ئاستا قەدەم تاشلاپ بېرىپ دۆيجاڭ قىغىقا پاتۇرۇپ قويغان ئارىنى قولىغا ئالدى.

**ماغدۇرلاندۇرماق** «ماغدۇرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ماغدۇرلاندۇرىدىغان دورىلار يۈرەك، مېڭە، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق مۇھىم ئەزالارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خىزمەتلىرى ناچارلىشىپ قالغانلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ماغدۇرلانماق** پ. كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر پەيدا قىلماق؛ ماغدۇرىغا كەلمەك: ئارىدىن يېرىم ئايچە ۋاقىت ئۆتتى. تۇرغۇننىڭ بېشىدىكى يېرىلغان يەر تىكىلگەن سۇنئىي يىپمۇ ئېلىۋېتىلدى؛ سالامەتلىكى خېلى ياخشىلىنىپ، تالا-تۈزگە چىققۇدەك ماغدۇرلاندى. * شۇنداق قىلىپ، ئازراق بولسىمۇ سۇ ئىچىپ خېلى ماغدۇرلىنىپ قالغانىدۇق.

**ماغدۇرلۇق** سۈپ. ماغدۇرى بار، ماغدۇرىغا كەلگەن؛ كۈچلۈك: ھەممىنىڭ روھى چۈشۈپ، ئىگىلىكىنىڭ خاراب ھالغا كەلگىنىگە، سىياسىي جەھەتتىن چۈشكۈن ھالەتتە تۇرۇشىغا قارىماي، ئۇچ مىڭ چاقىرىمچە سوزۇلغان ھەممە فرونتتا تۈتاش ھۇجۇمغا ئۆتۈشى ئەقىلگە سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى. يېڭى ۋە ماغدۇرلۇق كۈچلەر دولقۇنى كۆتۈرۈلگەنىدى.

**ماغزاپ** ئى. كىر يۇغاندا سوپۇندىن چىقىدىغان كۆپۈك: ماغزاپنى تۆكمەك. * شۇ يەردىلا ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقى ماغزاپتەك چاچراپ كەتتى.

**ماقال** I (ماقالى) ئى (ئە) <تىل> ھايات تەجرىبىلىرى ئاساسىدا خەلق تەرىپىدىن يارىتىلىپ كەڭ تارقالغان، قۇرۇلمىسى ئىخچام، ئوبرازلىق، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى كۈچلۈك تۇراقلىق جۈملىلەر ياكى سۆز بىرىكمىلىرى.

**ماقال** II ئى → **داقال.**

**ماقالە** ئى (ئە) <ئەد> گېزىت، ژۇرناللار ئۈچۈن يېزىلغان ياكى ئۇلاردا بېسىلغان ھەجمى ئانچە چوڭ بولمىغان ئىلمىي-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت نەتىجىلىرى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەسەر ياكى ئىجتىمائىي، سىياسىي مەسىلىلەرگە بېغىشلانغان ئەسەر: ماقالە قوبۇل قىلماق. * ماقالىنى تىزىملىماق. * ماقالەم گېزىتكە ناھايىتى تېزلا بېسىلدى. * ماقەلەمگە ئۆزۈمنىڭ ئويلىغىنىمدىن خېلىلا كۆپ ئىنكاس بولدى.

**ماقال-تەمسىل** <ئەد> ماقال ۋە تەمسىل يەنى خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تۇرمۇش بىلىملىرى ئارقىلىق شەكىللەنگەن قىممەتلىك ئوي-پىكىرلىرى ئىپادىلەنگەن تۇراقلىق جۈملە ياكى ئىبارە. ماقالدا ئوي-پىكىر مەنىلىك سۆز، جۈملىلەر ئارقىلىق بىۋاسىتە، ئۇدۇل ئىپادىلىنىدۇ. تەمسىلدە بولسا تۇرمۇشتىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر، كىشىلەردىكى ياخشى يامان خۇسۇسىيەتلەر ھايۋانات، ئۇچار قانات ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە، قىلىقلىرىغا تەقلىد قىلىنىش، ئوخشىتىلىش ئارقىلىق ئىپادە قىلىنىدۇ.

**ماقالىلىق** سۈپ. بەلگىلىك ماقالىدىن تەركىب تاپقان، بەلگىلىك ماقالىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: 20 ماقالىلىق بۇ مەجمۇئە تارقىتىلىش بىلەنلا جامائەتچىلىكنىڭ ياخشى ئىنكاسىنى پەيدا قىلدى.

**ماقام** I (**ماقامى**) ئى (ئە) ئورۇن، مەرتىۋە: سەدەنشا ئاخۇنۇم قەبرە بېشىدا بىرنەچچە ئېغىز سۆز قىلىپ، ئاخىرىدا: «بۇ

ئۇغلىمىز شىبهتىلەر ماقامىغا يەتتى. ھەزرىتى ئەلى كەررەمەللاھۇ ۋەجھەھۇ مەسچىتتە شېھىت قىلىنغان » – دېدى.

**ماقام** II (توغرىسى: مۇقام) ← **مۇقام.**

**ماقۇل** (ئە) ① سۈپ. ئەقىلغا مۇۋاپىق، قوبۇل قىلارلىق، لايىق، دۇرۇس: ماقۇل تاپماق. ماقۇل كۆرمەك. ② ئى. « ھەئە، خوپ، قوشۇلىمەن » دەپ بېرىلگەن جاۋاب: يۇمشاقتا ماقۇل، قاتتىقتا ياق-ياق (ماقال). * – ئۇنداقتا باشلايمىزمۇ، ئابلىز ئاخۇن؟ – ماقۇل، – دېدى ئابلىز بېشىنى لىڭشىتىپ. * – سىز مېنى ئۇنىڭ يېنىغا باشلاپ بارامسىز؟ – دەپ مەۋلۇدە سورىغاندىن كېيىن، – ماقۇل، – دەپ جاۋاپ بەردى ئەلى. ③ تىر. « مەيلى، بولىدۇ » دېگەن مەنىدە قىستۇرما سۆز رولىدا كېلىدۇ: – ھەرقايسىلىرى مۇنداق دېگەن يەردە مەن نېمە دەيتتىم، ماقۇل، مەن چىقاي، – ئۇ سۆزىنى تۈگىتىپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. * – ئۆزۈڭ باشقىلارنىڭمۇ بۇ يولدا مېڭىشىغا باشلامچىلىق قىلسەن؟ ماقۇل، سەن دېگەندەكمۇ قىلاي، ئۇ چاغدا باشقىلار خۇددى سەن ئىلگىرى شۇنداق قىلغانلاردىن نەپرەتلەنگەندەك مەندىن نەپرەتلەنمەمدۇ؟

**ماقۇل بولماق** رازى بولماق، قوشۇلماق: ئايگۈل ئەمدى ۋېلىسىپىتنى باشقۇرۇپ ماڭالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئادىلنىڭ تەكلىپىگە ماقۇل بولدى. * كۆڭلى چۈشمىگەن بولسىمۇ، تەۋەككۇل قىلىپ ئاشۇ يىگىتكە ماقۇل بولسىچۇ!

**ماقۇل تاپماق** قوبۇل قىلارلىق، مۇۋاپىق دەپ قارىماق: ئانا دەر گۇماندا بولۇپ ئۆز كۆڭلىدىكىنى ئەتە سوراپ كۆرۈشنى ماقۇل تاپتى. * باراتنىڭ بۇ قەتئىي رايىغا نىسبەتەن، تاشۋاي يەنە بىرنېمە دەپ ئېتىراز بىلدۈرۈشكە ئىلاجىسىز قالدى. مىرئەلى ۋە شىرمەھەممەتلەرمۇ باراتنىڭ مەسلىھەتىنى ماقۇل تېپىشتى.

**ماقۇل جاۋاب** « بولىدۇ، ماقۇل » دەپ بېرىلگەن جاۋاب: ئۇ ئاتىسىنىڭ تاپشۇرمىلىرىنى ماقۇل جاۋاپ بىلەن قوبۇل قىلدۇ.

**ماقۇل چۈشمەك** قوبۇل قىلارلىق، مۇۋاپىق دەپ قارالماق: كېيىن ئاتىكە، خېنىم، يەڭگىلەر بىلەن ھامامنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشقىلى تۇرۇۋېدى. خاسىيەتنىڭ: « ھامامغا ئۆلگۈرەلمىدۇق، قازناقتا كىرىپلا بويىنى سۇغا سالسا بولماسمۇ! » دېگەن مەسلىھەتى ھەممەيلەنگەن ماقۇل چۈشتى.

**ماقۇل چىپىي** قۇدىلىشىش ۋە توينى بېكىتىش ئۈچۈن يىگىت تەرەپ قىز تەرەپكە ئەلچى ۋە سوۋغا ئەۋەتىش مۇناسىۋىتى بىلەن قىز تەرەپ بۇ تەلەپنى ماقۇل كۆرگەنلىكى يۈزىسىدىن بېرىلىدىغان چاي: ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى شۇ كىشىگە ياتلىق قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ. ھەتتا ئۇلار ماقۇل چېيىمۇ ئىچىپ بولۇپتۇ.

**ماقۇل دېمەك** مۇۋاپىق دەپ [illegible]، قوشۇلماق: بەزىدە مەن ماقۇل دېگە[illegible] قىزىم ئۇنىمىدى، مەن شۇڭا ھازىرلا ئالدىراپ ماقۇل دەپ قويسام بولمىغۇدەك. * – بۇنىڭغىمۇ ماقۇل دەيلى، لېكىن ئالمىنى قاپقا كىم سالدى؟ – دەپ سوراپتۇ باغۋەن.

**ماقۇل قىلماق** باشقىلارنى ماقۇل بولۇشقا، قوبۇل كۆرۈشكە كۆندۈرمەك، « ماقۇل » دېگۈزمەك: ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششامەت ئۇلارنى بىردەم كۈتۈپ تۇرۇشقا ماقۇل قىلىپ، ئۆزى ئۆيگە كىرىپتۇ. * ساۋاقداشلار، يۇرۇڭلار، بىز ئۆيگە بارايلى. ئانىسىغا گەپ قىلىپ، ئۇنى ماقۇل قىلايلى.

**ماقۇل كەلمەك** ① ماقۇل بولماق، ئۇنىماق، قوشۇلماق: ئەلچىلەرنىڭ ئېيتىشىچە،

نىيازخان ئاغىچا قىزغا چاي ئىچۈرۈپ قويۇشقا ماقۇل كەلسە، سالى دورغىنى سولاقتىن چىقىرىش جىسانىڭ قولىدىن كېلەرمىش. * ئەپەندىم مەشرەپكە بېرىشقا ماقۇل كەلتۈرۈش ئۈچۈن خوتۇنىنى ماختاشقا باشلاپتۇ. ② ياقماق، لايىق كەلمەك: ئابدۇرېھىم قارىنىڭ سۆزى ھەممىگە ماقۇل كەلدى. * بىراق كۆڭلى مۇسىبەت ئىسكەنجىسىدە قالغان ئادەمگە توي ماقۇل كەلگەيمۇ؟

**ماقۇل كۆرمەك** مۇۋاپىق، توغرا دەپ ھېسابلىماق، قوبۇل قىلماق، قوشۇلماق: مېنىڭ بۇ كۆڭلۈمنى يەردە قالدۇرما، سېنى يېرىم ئاي كۈتىمەن. ماقۇل كۆرسەڭ قىلىمىز، بولمىسا مەيلى. * پادىشاھنىڭ دوستلىرى بۇ مەسلىھەتنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ مەقسەتكە يېتىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قايتىپتۇ.

**ماقۇللاتماق** «ماقۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مانا بۇ ھەقىقىي ئەھۋال، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، — جەڭچىلەرنى ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇللاتماستىن تۇرۇپ، ئۇلارغا ئاقسۇدىن كېتىشنى ئېيتىش ناھايىتى تەس.

**ماقۇللاشماق** «ماقۇللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ سۆزىنى ئابدۇغېنى ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى باش لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى. * تەشىمچىلەر سابىرنىڭ مۇلاھىزىسىگە قوشۇلۇپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللاشتى.

**ماقۇللانماق** «ماقۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلارمۇ ھەر خىل شەكىل ئارقىلىق كۈچلۈك جامائەت پىكرى تەييارلىدى. تەلىپىمىز رەھبەرلىك تەرىپىدىن تېزلا ماقۇللاندى.

**ماقۇللۇق** ئى. بىرەر ئىشقا ماقۇل بولۇپ قوشۇلۇش، قوشۇلغانلىق، ئۇنىغانلىق؛ رازىلىق: ھېچ بولمىسا، سىلەر بۇ ھەقتە تەشكىلگە دوكلات يوللاپ رەھبەرلىكنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىشىڭلار كېرەك-تە! * ھېلىقى قېرىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزسەڭلا ۋىلايەتكە يوللايمىز، تەستىقلىتىپ، كېلىشتە مەسىلە يوق.

**ماقۇللۇق بەرمەك** ← **ماقۇللۇق بىلدۈرمەك**: ماقۇللۇق بەردۇق بىز، بەردى تەسلىكتە، ئىككى قۇر خەت يېزىپ دەپتەرنى ماڭا. مەلىگە ئېلىپ كەتمەك بولدۇق مېيىپنى، ۋە لېكىن گېپىمىز ئۆتمەيتتى ئاڭا.

**ماقۇللۇق بىلدۈرمەك** ماقۇل بولۇش، قوشۇلۇش پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىمەك، قوشۇلماق، ماقۇل بولماق: ئىككى يىگىت تەڭلا باشلىرىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى. * سىز قانداق ئويلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر بۇ پاتەم ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان، كاندەك چاپلىشىۋالغان بىر يىگىتكە ماقۇللۇق بىلدۈردى.

**ماقۇللىتىلماق** «ماقۇللاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ئۇرۇش توختىتىشقا ماقۇللىتىلسىلا باشقا ھەربىي بۆلۈنمىلەردە بۇ جەھەتتە ئارتۇقچە پىكىر ئىختىلاپى قالمايتتى.

**ماقۇللىماق** پ. ماقۇل بولۇپ قوشۇلماق، قوبۇل تاپماق، ماقۇل بولماق؛ توغرا تاپماق، قوشۇلماق: نىجاتمۇ ئۇنىڭ گېپىنى ماقۇللاپ تەبەسسۇم بىلەن بېشىنى لىڭشىتتى. * ھازىر بولسا كۆپچىلىك ئەزالارنىڭ ماقۇللىشى بىلەن مەتنىيازنى دائىمىي يىللىق ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا قوبۇل قىلدى. * كۆپچىلىك بۇ قارارنى ماقۇللىدى. * شۇنداق ئىكەن ئومۇمەن، تىببىي ئىلىم ماقۇللىغان ئىشەنچلىك چارىنى قوللىنىپ، كېسەلنى ئازابتىن تېزرەك قۇتۇلدۇرۇشنىڭ نەرى خاتا؟

**ماك** ① تەق. تېگىشىپ تۇرغان لەۋلەرنى يوغان ئېچىشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز ۋە شۇنداق ئېچىش ھالىتى: ئۇسسىغان بالا ئاغزىنى «ماك» قىلىپ ئاچاتتى. ② تەق. پىشىپ يېتىلگەن ياڭاق مېۋىسىنىڭ سىرتقى مېۋە پوستىنىڭ يېرىلىش ھالىتى: ماك بولماق. ③ ئى. ياڭاق مېۋىسىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغان پوستى: پىشىپ يېتىلىپ قالغان قەغەز ياڭاقمۇ قويۇق شاخلار ئارىسىدىن ماك يېرىپ چىققانىدى ۋە بەزىسى بىغىشىدىن ئايرىلىپ ئارىلاپ-ئارىلاپ شىپاڭغا تورۇكلاپ چۈشەتتى.

**ماك بولماق** ياڭاق مېۋىسى پىشىپ تاشقى پوستى يېرىلىشقا تەييار بولماق: مەن ھەر كۈنى ئەتىگەن ماك بولۇپ يەرگە چۈشكەن ياڭاقلارنى سېۋەتكە تېرەتتىم.

**ماكاش** تەق. لەۋلەرنى يوغان ئېچىپ نەرسىلەرنى چايناشتىن ھاسىل بولغان ئاۋاز ۋە شۇنداق چايناش ھالىتى.

**ماكاشلاشماق** «ماكاشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماكاشلىماق** پ. بىرەر نەرسىنى «ماك-ماك» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپ چايناش.

**ماكاش-ماكاش** «ماكاش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**ماكاكا** ئى (لات) < زوئول > مايمۇننىڭ بىر خىلى. تېنىنىڭ يۇقىرىسى كۈل رەڭ، قوڭۇر، بېلىنىڭ ئاستى توق سېرىق، پارقىراق. يۈزى سۇس قىزىل، ئىككى قۇۋزىدا خالتىسى بار، ساغرىسىنىڭ تېرىسى ئالاھىدە قېلىن، تۈك ئۆسمىگەن، قۇيرۇقى قىسقا، ياۋا كۆكتات، ياۋا مېۋىلەرنى يەيدۇ. بەزىدە ئاشلىق زىرائەتلىرىنىمۇ يەيدۇ.

**ماكان** (**ماكانى**) ئى (ئە) ① تۇرار جاي، ئورۇنلاشقان يەر، يۇرت، ۋەتەن: ــ ئانا، قارىغا، مۇنداق قاپقاراڭغۇ كېچىدە مېنىڭ بارىدىغان ماكانىم بولمىسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر يېغىۋاتسا، مېنى نەگە بار دەيسىز؟ * كېچە-كۈندۈز ئىشلەپمۇ، باقالمىدىم بۇ جاننى. ئاخىر دەردكە چىدىماي، تاشلاپ كەتتىم ماكانىنى. ② ئۆي، ئۇۋا: پادىچى يىگىت بىلەن قىز كېيىن بىر مەزگىل ئاشۇ گۈمبەزنى ماكان قىلغان. * كۈنلەر ئۆتۈپ، سودىگەر بۇ يولدىن يەنە بىر قېتىم ئۆتۈپ ئىلاننىڭ ماكانى بولغان بۇ قەبرى سېپىدىنىڭ سايىسىدا يەنە ئارام ئېلىۋېتىپ ئۇخلاپ قېلىپتۇ. ③ < پەلس > ماددىلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئوبيېكتىپ شەكلى. كەڭلىك، ئۇزۇنلۇق، ئېگىزلىك ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. «بوشلۇق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ④ بىرەر نەرسە توپلانغان ياكى كۆپ بولغان جاي: بەشكېرەم ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى جىسمىغا لايىق مېۋىلەرنىڭ كانىدۇر. شۇنداق مېۋە-چېۋىنىڭ ئۈنۈمۈ يىللىق قەدىمى ماكانىدۇر. * شۇنىڭ بىلەن خەلقنىڭ بۇ ئارامبەخش سەيلىگاھ بېغى جەسەتلەر ماكانىغا ئايلىنىپ قالغاندەك بولدى.

**ماكان تۇتماق** ماكان، ئورۇن ئىگىلىمەك، ماكانلاشماق؛ ئۆي تۇتماق: ئۇلار كۆچتى. كونا مەھەللىسىدىن زەي چىقىپ كېتىپ، كىشىلەر كۆچۈپ كېلىپ بىنا قىلغان يېڭى مەھەللىگە كېلىپ ماكان تۇتتى. * ــ بۇنىدىن كېيىن چۆل-جەزىرىدە ياۋايى ئادەملەردەك ئولتۇرۇۋەرمەيلى ــ ماكان تۇتۇپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرەيلى، دەپتۇ مەلىكە. * دېھقان كۆچتى توغراقلىقنىڭ ئىچىگە، ماكان تۇتتى قۇم دۆڭلىرى يېنىدىن. بولۇپ يەنە بۇرۇنقىدەك مۇلايىم، ئېرىق چاپتى ۋە يەر

ئاچتى يېڭىدىن.

**ماكانداش** ئى. بىر ئورۇندا، بىر جايدا بىرگە تۇرغۇچى، بىرگە ياشىغۇچى: ئۇ بىر كىچىك چايخانىغا كىرگىنىدە ئوتتۇرا ياشلىق، دۇمچەك بىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ كىشى ھۆسەيىنەمنىڭ قولى ئەپچىل، ئۆزى ئوچۇق، ئايىغى يېنىك، ئاغزى يۇمشاقلىقىنى ياقتۇرۇپ قالدى-دە، شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ماكانداش بولۇپ قالدى. * ـــ ئەجەبا، ـــ دېدىم ئىچىمدە، ـــ شۇنچە نۇرغۇن ئۇچار-قاناتلار ئادەمنىڭ سايىسىنى كۆرسىمۇ قېچىپ كېتىدۇ. بۇ جانىۋار ئادەمدىن قاچمايدىكەنلا ئەمەس، بەلكى ماكانداش بولۇپ ياشايدىكىنا؟

**ماكانسىز** سۈپ. تۇرار جايى، ماكانى يوق، ۋەتەنسىز: ـــ ئۇنىڭ قىلىقى ھەممىيلەنگە ئايان. لېكىن ئۇنى ماكانسىز قويسا رەھمەتلىك سىڭلىمىز گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدۇ. شۇڭا ئۆيىنى سىدىققا بېرەيلى، ـــ دېدى ئىككىنچى تاغام. * ئاتاسىز قىلدىڭىز بىزنى، ئاناسىز قىلدىڭىز بىزنى. ئاخىرى جۇدالىقتا ماكانسىز قىلدىڭىز بىزنى.

**ماكانلاشتۇرماق** «ماكانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاراڭ، سىز كەلگەندىن بېرى كادىرلار ۋە ئەزالار بەكمۇ خۇش. ئۇلار سىزنى ماكانلاشتۇرۇۋالىمىز دەۋاتىدۇ. * شەھەرگە خىۋە دەپ نام بەردى، ئۇنىڭ ئۆيلۈك كىشىلەرنى ماكانلاشتۇرۇپ، ئەل ئىچىدىن بىرى مىڭغا تېتىيدىغان 40 يىگىتنى تاللاپ ئېلىپ، ئۇنىڭغا تاغىسى ھوشۇر بەگنى سەردار قىلدى.

**ماكانلاشتۇرۇشماق** «ماكانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماكانلاشتۇرۇلماق** «ماكانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىلى ۋادىسىغا كۆچۈرۈلۈپ، ماكانلاشتۇرۇلغان ئۇيغۇرلار بۇ يەردە بوز يەر ئېچىپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان.

**ماكانلاشماق** پ. ماكان، ئورۇن، جاي تۇتۇپ ياشىماق؛ ئورۇنلاشماق: ـــ تاغىمىزنىڭ ئوغلى ئابدۇجاپپار بولىدۇ. تېخى بىز دۇنياغا كەلمەستە تاغىمىز تىجارەت بىلەن تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كەتكەنىكەن. شۇندىن بۇيان شۇ يەردە ماكانلىشىپ قېلىپ بۇ تەرەپكە ئۆتەلمىگەنىدى. * ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ بىر قىسمى ئۇ يەردىن سۈرۈلۈپ كېرىيە دەرياسى ۋادىسى، خوتەن دەريا بويلىرى، يەكەن، قەشقەر ۋە غەرب تەرەپلەرگە ماكانلاشقان. * شۇڭا كۆرسە گۈزەل تۇرپان ھۆسنىنى، جامالىدىن خىجىل بولۇر تولۇن ئاي. بۇ يۇرتلاردىن سۇ ئوتلىغان قۇشلارمۇ، ماكانلىشار ھېچ قاياققا ئۇچۇشماي.

**ماكانلىق** سۈپ. تۇرار جايى، ماكانى بار؛ ماكانلاشقان: ـــ بولىدۇ، ـــ رەھمەتجان كېسىپلا ئېيتتى، ـــ لېكىن، گەپ ئۆزىڭىزدە، بىرچاغلاردا كېلىپ، ئەدىبىڭىزنى يېپىشتىن قورقمىسىڭىز، بىرقانچە ئائىلە ئەمەس، ھەممە «ماكانسىز» لارنى ماكانلىق قىلغىلى بولىدۇ.

**ماكانلىماق** پ. ماكان تۇتۇپ ياشىماق، ئورۇنلاشماق، ماكانلاشماق: ئەجدىھا بېشىنى لىڭشىتىپ، كۆلدىن چىقىپتۇ-دە، تاغ باغرىدىكى چوڭ غارنىڭ ئىچىگە كىرىپ ماكانلاپتۇ. * شۇنداق قىلىپ قوغلىنىپ، ھەر ئىككىسى مۆكۈنۈپ، مېڭىپ ئاخىر توختاپتۇ، بىر تاغدا ماكانلاپتۇ.

**ماكچايتماق** «ماكچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىمۇ ياخشى سەن ئىككەنسەن، خوپ، باشقا بىرى بولغىنىدا مەسىلەن، جاجىسى كاللا بىلەن پەشۋا ئىدى! تۇمشۇقىنى ماكچايتىۋېتەتتىم. * ئالدى بىلەن تەشكىللەنگەن 20 يىگىت ساقچىلارغا تۇشمۇتۇشتىن قول سالدى ۋە ئۇلارنى يەرگە يىقىتىپ پايخان قىلىپ دەسسەپ ھەممىنىڭ ئېغىز-بۇرۇنلىرىنى ماكچايتىۋەتتى.

**ماكچايتىشماق** «ماكچايتماق» پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى: پەردىنىڭ ئۇ تەرىپىدە قارىشىۋاتقان قىزلار ئاغزىلىرىنى ماكچايتىشىپ، بۇلارنى زاڭلىق قىلىشتى.

**ماكچايتىلماق** « ماكچايتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماكچايماق** پ ① سىرتقى بېسىم ياكى زەربىدىن نەرسىلەرنىڭ سىرتقى شەكلى ئىچىگە پۈكۈلۈپ بۇزۇلماق، قىڭغىر-سىڭغىر، مايماق ھالغا كەلمەك: يەنە ئاغزى ماكچىيىپ كەتكەن بىر ئەسكى چامداننى ئېتىبارغا ئالمساق، بۇ ئۆيدىكى ھەممە جابدۇقنى ساناپ تۈگەتكەن بولىمىز. * بوۋاي ماكچىيىپ كەتكەن بىر كارىۋاتتا يېتىپتۇ. ② كۆچمە. بوشىشىپ مادارىدىن كەتمەك، ئېزىلمەك، زەئىپلەشمەك؛ بوشاشماق: ئاندىن كېيىن سىز، سىزنىڭ ئارقىڭىزدىن مەن ئەنە شۇ شاپتۇلدەك ماككىدە ماكچىيىمىز.

**ماكرو** سۈپ (ر < گرېك) ① چوڭ؛ ئۇزۇن؛ چوڭ جەھەتتىكى: ماكرو دۇنيا. ماكرو ئىگىلىك. ② < فىز > مولېكۇلا، ئاتوم، ئېلېكترون قاتارلىق ئىچكى قۇرۇلمىغا چېتىشمايدىغان ياكى ماشىنىدا ياسالغان (« مىكرو » نىڭ ئەكسى).

**ماكرو دۇنيا** < فىز > ئادەتتە كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان جىسىملارنىڭ ھەممىسى ماكرو جىسىملار بولىدۇ. ماكرو جىسىملار ۋە مەيدانى كەڭرى بولغان بوشلۇق دائىرىسى ئىچىدىكى تۈرلۈك ھادىسىلەر ماكرو ھادىسە بولىدۇ. ماكرو جىسىملار بىلەن ماكرو ھادىسىلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى ماكرو دۇنيا دېيىلىدۇ.

**ماكرو گامېتا** < بىئول > غەيرى گامېتلىق جانلىقلارنى ھاسىل قىلىدىغان نىسپىي چوڭ گامېتا ياكى چىشى گامېتا.

**ماكرو گلوبۇلىن** < بىئول > مولېكۇلا ماسسىسى 400000 دىن يۇقىرى بولغان گلوبۇلىن.

**ماكرو ئىگىلىك** < س ئىق > ← **ئومۇمىي ئىگىلىك.**

**ماكسىمال** سۈپ (ر) ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى، مۇكەممەل، تولۇق: ماكسىمال تېرمومېتىر.

**ماكسىمال تېرمومېتىر** ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى ھارارەتنى كۆرسىتىدىغان تېرمومېتىر.

**ماك-ماك** « ماك » ① سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇلايمان جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۇنىڭ قانسىز، ساپسېرىق كالپۇكلىرى « ماك-ماك » ئېچىلىپ يېپىلاتتى، لېكىن زادىلا زۇۋان چىقىرالمايتتى.

**ماكېدونىيە** ئى < جۇغ > ياۋروپادىكى بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا جەنۇبىدىكى رايون. غەربىي قىسمى ئالبانىيە تاغلىرى بىلەن، شەرقىي قىسمى رودوپ تاغلىرى بىلەن چېگرىلىنىدۇ؛ شىمالىي قىسمى شار تاغ تىزمىلىرى؛ شەرقىي جەنۇبىي قىسمى ئائېگېئان دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. يەر مەيدانى تەخمىنەن 67100 كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، قەدىمدە ماكېدونىيە خاندانلىقىنىڭ مەركىزى بولغان. كېيىن ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ رىم ئىمپېرىيىسى ۋە ئوسمان ئىمپېرىيىلىرىگە تەۋە بولغان. 1913-يىلدىن كېيىن پارچىلىنىپ گرېتسىيە، يۇگوسلاۋىيە ۋە بۇلغارىيىلەر تېررىتورىيىلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

**ماكېدونىيە خاندانلىقى** < تارىخ > بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا ئۆتكەن قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت. چېگرىسى ئىچىدىكى تاغلىق رايونلار « يۇقىرى ماكېدونىيە »؛ ئائېگېئان دېڭىزىغا يېقىن جايلىرى « تۆۋەنكى ماكېدونىيە » دەپ

ئاتالغان. ئۇ گرېتسىيە بىلەن ئۇزاققىچە بېرىش-كېلىش قىلغان ھەمدە گرېك يېزىقىنى ئىشلەتكەن. تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردە باشلانغۇچ كوممۇنا يىمىرىلىپ، ئۇرۇقلار ئىچىدىكى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئايرىلىپ چىققان، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فىلىپپوس II بىرلىككە كەلگەن ماكېدونىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ، پېللانى پايتەخت قىلغان. ئۇ يەنە داۋاملىق سىرتقى كېڭەيمىچىلىك قىلىپ تراسىنى ئىشغال قىلغان. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 338-يىلدىكى كارونىيە ئۇرۇشىدا فىلىپپوس II گرېكلەرنى بويسۇندۇرغان. ئۇنىڭ ئوغلى ئالېكساندىر تەختتە ئولتۇرغان دەۋرلەردە (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 336-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 323-يىلغىچە) شەرققە قارىتا كەڭ كۆلەمدە تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى قوزغاپ، تېررىتورىيىسىنى ھىندى دەرياسىغىچە كېڭەيتىپ، ئالېكساندىر ئىمپېرىيىسىنى بەرپا قىلغان. ئالېكساندىر ئۆلگەندىن كېيىن دۆلەت زېمىنى پارچىلىنىپ، گرېكلىشىش دەۋرى پەقەت بالقان يېرىم ئارىلىدىلا داۋاملاشقان. ئۈچ قېتىملىق ماكېدونىيە ئۇرۇشى نەتىجىسىدە، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 2-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، بۇ خانلىق رىم تېررىتورىيىسىگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

**ماكېدونىيە سۇلالىسى** < تارىخ > شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مىلادىيە 867-يىلدىن 1057-يىلغىچە دەۋر سۈرگەن فېئودال سۇلالىسى. باسىل I (تەخمىنەن 812 — 886 يىللىرىغىچە ياشىغان) تەرىپىدىن قۇرۇلغان.

**ماكېدونىيە ئۇرۇشى** < تارىخ > رىمنىڭ ماكېدونىيە خانلىقىنى بويسۇندۇرۇش جەريانىدا پارتلىغان ئۇرۇش، جەمئىي ئۈچ قېتىم پارتلىغان. 1-قېتىمقىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 215-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 205-يىلغىچە داۋاملاشقان بولۇپ، ماكېدونىيە خانى فىلىپپوس II ماننىبال بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ بىرلىكتە رىمغا قارشى چىققان بولسىمۇ، نەتىجىسى بولمىغان، 2-قېتىمقىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 200-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 197-يىلغىچە داۋاملاشقان. بۇنىڭدىكى كونوسېپال جەڭىدە ماكېدونىيە مەغلۇپ بولۇپ، ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمىنى قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولغان. 3-قېتىنقىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 171-يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 168-يىلغىچە داۋام قىلغان. بۇنىڭدىكى پىدنا ئۇرۇشىدا ماكېدونىيە خانى پېرسېئۇس يېڭىلىپ، ماكېدونىيە خانلىقى رىمنىڭ بېقىندى دۆلىتىگە ئايلانغان.

**ماكىلداتماق** «ماكىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — نېمە گەپلەر بولۇپتۇ؟ — زېرىپ تاغا چىشى يوق ئاغزىنى ماكىلداتقىنىچە ھاشىم ئاكامغا قارىدى. * بوينى ئۇزۇن تۆگىمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئۆچكىنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك ئاغزىنى ماكىلدىتىپتۇ.

**ماكىلدىتىشماق** «ماكىلداتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماكىلدىماق** پ «ماك-ماك» قىلى ئېچىلىپ، يېپىلماق: ئۇ چاڭقاپ ئۇسسۇغانلىقتى قانداق ئاغزى ماكىلداپ ئېچىلاتتى.

**ماگازا** ئى (خەن) كونا جەمئىيەتت خەنزۇلارنىڭ ئەرەنچە قىسقا تاش كىيىمى قارا رەڭدىكىسى ئومۇملاشقان، ئەسل

ئۇ مانجۇلارنىڭ ئات مىنگەندە كىيىدىغان كىيىمى ئىدى.

**ماگما** ئى (< گرېك) < گېئول > يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمى ياكى ئۈستۈنكى ئارا قاتلامدىكى ماددىلاردىن ئېرىپ پەيدا بولغان قىزىق ئېرىتمە. ئۇ سىلىكات تەركىبنى ئاساس قىلىدۇ ھەمدە ئېرىگەندە پار تەركىبى بولىدۇ. ماگما بەلگىلىك يېپىشقاقلىققا ئىگە. ئۇ قۇرۇلما ھەرىكىتى ياكى باشقا ئىچكى كۈچلەرنىڭ تەسىرىدە يەر پوستىغا بۆسۈپ كىرىدۇ ياكى يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىدۇ. سوۋۇپ قېتىشقاندىن كېيىن ھەر خىل جىنسلارنى شەكىللەندۇرىدۇ.

**ماگما بىرىكمىسى** < گېئول > مۇئەييەن گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە شارائىتى ۋە مۇئەييەن گېئولوگىيىلىك تەرەققىيات باسقۇچىدا ھاسىل بولىدىغان ۋە بىرنەچچە ئالاھىدىلىكلىرى ئوخشاپ كېتىدىغان ئارىلاشما جىنسلارنىڭ ئورتاق نامى.

**ماگما تەسىرى** < گېئول > ← **ماگماتىزم.**

**ماگما جىنس** < گېئول > يەر پوستىنىڭ ئىچكى قىسمىلىرىدىن ياكى يۇقىرى ئارا قاتلامدىن كەلگەن ئۇتلۇق ماگما مەلۇم گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمە تەسىرىدە يەر پوستىغا بۆسۈپ كىرىپ ياكى يەر يۈزىگە چىقىپ قېتىپ شەكىللەنگەن تاغ جىنسى.

**ماگما جىنس تومۇرى** < گېئول > جىنس يېرىقلىرىنى تولدۇرغان تاختىسىمان جىنس گەۋدىسىنىڭ جىنس قەۋىتىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتكەن قەۋەتلەر بىلەن يانتۇ كېسىشكەن بىماس دەستىلەنگەن بۆسمە گەۋدىسىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ كەڭلىكى ئادەتتە ئون سانتىمېتىردىن نەچچە ئون مېتىرغا؛ ئۇزۇنلۇقى نەچچە ئون مېتىردىن نەچچە مىڭ مېتىرغا؛ ئايرىم ھالدىكى چوڭلىرىنىڭ نەچچە ئون كىلومېتىردىن كۆپرەككە يېتىدۇ.

**ماگما جىنس ئۆلى** < گېئول > كەڭ دائىرىلىك چوڭقۇرلۇقتىكى جىنس گەۋدىسى، ئاشكارىلانغان كۆلىمى 100 كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ. ئادەتتە پۈرمە بەلباغلارنىڭ كۆتۈرۈلمىلىرىدە ھاسىل بولۇپ، ئۇزىرىشى پۈرمە ئوقىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن بىردەك بولىدۇ. ئۇنىڭدا پەيدا بولغان جىنس گەۋدىسى گرانىت تۈرىدە ئەڭ كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ماگما جىنس ياپمىسى** < گېئول > جىنس ئارىلىقىدا پەيدا بولىدىغان، تېگى تەكشى، چوققىسى ئەگمەچ، مەركىزى قېلىن، گىرۋىكى نېپىز، تەكشىلىكتىكى يۈزى چەمبەرسىمان بۆسمە گەۋدە. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى ئادەتتە تېيىزراق بولىدۇ. دىئامېتىرى 3 ــ 6 كىلومېتىر، قېلىنلىقى 1000 مېتىرغا يېتىدۇ. ئۇ ئوتتۇرا كىسلاتالىق بۆسمە گەۋدىدە كۆپ ئۇچرايدۇ.

**ماگما جىنس ياتمىسى** < گېئول > ماگمىنىڭ قاتلام يۈزىنى بويلاپ يېيىلىپ ئېقىشىدىن شەكىللەنگەن، يەر قاتلىمى بىلەن ماس دەستىلەنگەن تاختىسىمان جىنس گەۋدىسى. ئادەتتە نېپىزرەك، كۆلىمى چوڭراق بولىدۇ. ئۇ ئاساسلىق جىنس، ئۇلترا ئاساسلىق جىنسلاردا كۆپ پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ شاخۇايەندىكى دىئاباز ماگما جىنس ياتمىسىغا ئوخشاش.

**ماگما سۇيى** < گېئول > ماگما تەركىبىدە

بار بولغان ياكى ماگمىدىن ئايرىلىپ چىققان سۇ.

**ماگما كان ياتمىسى** < گېئول > ماگمىنىڭ كرىستاللىنىش ۋە بۆلۈنۈشى جەريانىدا شەكىللەنگەن كان ياتمىسى. ئوخشىمىغان ماگما جىنىس بىلەن ئوخشىمىغان ماگما كان ياتمىسى ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەسىلەن، كىمبىرلى جىنىس بىلەن ئالماس كان ياتمىسى مۇناسىۋەتلىك؛ ساپ زەيتۇن جىنىس بىلەن خروملۇق تۆمۈرتاش كان ياتمىسى مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**ماگماتىزم** ئى (ر < گرېك) < گېئول > يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى ماگمىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئۇ ناھايىتى زور بېسىمغا ئۇچرايدۇ. يەر پوستى ھەرىكىتىدىن پەيدا بولغان زونىدا بېسىم قىسمەن تۆۋەنلىگەنلىكتىن، ماگما بېسىم تۆۋەنلىگەن يۆنىلىشكە سىلجىپ، يېرىلغان بەلباغنى بويلاپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، يەر پوستىغا بۆسۈپ كىرىدۇ. بۇ ماگمىنىڭ بۆسۈپ كىرىش ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. ماگمىنىڭ يەر يۈزىگە ئېتىلىپ چىقىشى يانار تاغ ھەرىكىتى دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۈزلۈكسىز ھالدا ئايرىلىش ۋە ئاسسىمىلياتسىيىلىنىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن ماگما ئۆزىنىڭ خېمىيىۋى تەركىبىنى ۋە فىزىكىلىق، خېمىيىلىك ھالىتىنى ئۆزگەرتىپ، ئاخىرى سوۋۇپ قېتىشىپ جىنىسقا ئايلىنىدۇ. بۇ خىلدىكى ماگما ھەرىكىتى ۋە سوۋۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانى «ماگماتىزم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماگنولىيە** ئى (ر < لات) < بوت > ① ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى چوڭ، سىرتقى يۈزى قوڭۇر، ئىچى ئاق كېلىدۇ. مېۋىسى سوقىچاق بولىدۇ. غۇنچىسى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ماگنولىيە ئائىلىسى** < بوت > قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپچىلىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ياكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال بولۇپ، تاق يوپۇرماقلىرى تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ تەگ يوپۇرمىقى چوڭ؛ ئادەتتە بىخنى ئوراپ تۇرىدۇ ھەم بالدۇر تۆكۈلۈپ كېتىدۇ. گۈلى چوڭ، بەزىلىرى كۈچلۈك خۇش پۇراقلىق ئىگە، قوش جىنسلىق، مېۋىسى غۇنچىسمان بولىدۇ. ئۇنىڭ تەخمىنەن 12 ئۇرۇقدىشى ۋە 230 تۈرى بولۇپ، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىنىڭ تروپىك ۋە سۇبتروپىك بەلباغ رايونلىرىغا تارقالغان، دۆلىتىمىزدە ئۇنىڭ 10 ئۇرۇقدىشى ۋە 80 خىل تۈرى بولۇپ، غەربىي جەنۇبقا تارقالغان. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بەزى تۈرلىرىنىڭ قېلىن قوۋزاقلىرى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ: يالىڭاچ ماگنولىيە، مېھرىگىياھ چاتقىلى ۋە ئاق مىخلىيە دەرىخى قاتارلىق تۈرلىرى كۆپ ئۇچرايدىغان مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ.

**ماگنېزىت** ئى (ر) < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Mg[CO]_3$. تەركىبىدىكى ماگنىي ئوكسىد (MgO) 47.6% بولۇپ، تەركىبىدە يەنە تۆمۈر، مانگان، كالتسىي قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ. ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. قۇراشمىسى

كۆپىنچە دانىچىسىمان ياكى ساپالسىمان سىپتا كالىلەك ھالىتىدە كېلىدۇ. رەڭگى ئاق، كۆل رەڭ ياكى سېرىق، قاتتىقلىقى 4 — 4.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.9 — 3.1.

**ماگنىت** < فىز > < گرېك ) ر > ئى ① جىسىملارنىڭ تۆمۈر، نىكېل قاتارلىق مېتاللارنى ئۆزىگە تارتىش خۇسۇسىيىتى: ماگنىت ئېنېرگىيىسى. ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى. ② شۇ خىل خۇسۇسىيەتكە ئىگە رۇدا، تۆمۈر، توك ئۆتۈۋاتقان ئۆتكۈزگۈچ، يەر شارى، قۇياش ۋە باشقا ئاسمان جىسمى قاتارلىقلار.

**ماگنىت ئانومالىيىسى** < فىز > ← **يەر ماگنىت غەلىتىلىكى.**

**ماگنىت ئەينەك** < فىز > ماگنىت مەيدانىنى تەقسىملەش قۇرۇلمىسى. ئۇنىڭ ئىككى ئۇچىدىكى ماگنىت مەيدانى كۈچلۈكرەك، ئوتتۇرىسىدىكى ماگنىت مەيدانى ئاجىزراق بولىدۇ. مۇنداق تەقسىملەنگەن ماگنىت مەيدانىدىكى زەرەتلىك زەررىچىلەرنىڭ ھەرىكەت شەكلى يورۇقلۇقنىڭ ئەينەك يۈزىدىن قايتىشىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلار ماگنىت مەيدانى تەرىپىدىن تەكرار قايتۇرۇلىدۇ. شۇڭا ماگنىت مەيدانىنىڭ بۇ خىل تەقسىماتى «ماگنىت ئەينەك» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماگنىت بورىنى** < فىز > يەر ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ماگنىت كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىدە تۇساتتىن قانۇنىيەتسىز ئۆزگىرىش پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھادىسە. بۇ خىل ھادىسە يۈز بەرگەندە، كومپاس ستىرېلكىسى تىترەيدۇ، رادىئو سىگناللىرى كاشىلىغا ئۇچرايدۇ.

ئادەتتە ئۇ قۇياش يۈزىنىڭ ئۇشتۇمتۇت يورۇپ كېتىشى نەتىجىسىدە چېچىلغان كۆپ مىقداردىكى زەرەتنىڭ يەر شارى يېنىدىن ئۆتۈشى بىلەن پەيدا بولىدۇ.

**ماگنىت بېشى** < فىز > ماگنىتلىق ئاۋاز خاتىرىلەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ماگنىتلىق ئېنېرگىيە ئالماشتۇرغۇچ. ئۇ ئۈنئالغۇ ۋە سىنئالغۇلارنىڭ مۇھىم زاپچىسى بولۇپ، ئوخشىمىغان ماگنىت بېشى ئارقىلىق ئاۋاز ياكى سۈرەتلەرنى خاتىرىلەش، قويۇش ۋە ئۆچۈرۈۋېتىش ئىشلىرىنى بېجىرگىلى بولىدۇ.

**ماگنىت تاش** < گېئول > ① ماگنىت. ② ماگنىت رۇدىلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

**ماگنىت تاياقچە** < فىز > مانگان-سىنكلىق فېررىت ياكى نىكېل-سىنكلىق فېررىتتىن ياسالغان تاياقچە. يۇملاق ۋە ياپىلاق دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. ئادەتتە كرىستال لامپا رادىئو قوبۇللىغۇچىنىڭ سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۈستىگە سىم ئوراش ئارقىلىق ماگنىتلىق ئانتېننا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ماگنىت تەسىرى** < فىز > توك ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەندە ھاسىل بولغان ماگنىت بىلەن ئوخشاش تەسىرلىك ھادىسە. مەسىلەن، ماگنىت يىڭنىسىنى ئايلاندۇرۇشقا ئوخشاش.

**ماگنىت تېرمومېتىر** < فىز > پاراماگنىتلىق ماددىلارنىڭ ماگنىتلىنىشچانلىقىنىڭ تېمپېراتۇرىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان تېرمومېتىر.

**ماگنىت تېمپېراتۇرا شكالىسى** < فىز > كيۇرىي قانۇنى ئارقىلىق بېكىتىلگەن تېمپېراتۇرا شكالىسى. كيۇرىي قانۇنىغا

ئاساسەن، پاراماگنىتلىق ماددىلارنىڭ ماگنىتلىنىش دەرىجىسى مۇتلەق تېمپېراتۇرا ( T )غا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، يەنى Xm=C/T . ئىپادىدىكى C كيۇرىي كونستانتىنى بىلدۈرىدۇ. Xm ئۆلچەپ چىقىلسا، T نى بېكىتكىلى بولىدۇ. كيۇرىي قانۇنى ئىنتايىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا رايونىدا ئەمەلىيەتتىن چەتلەيدۇ. ئۇ چاغدىكى ماگنىت تېمپېراتۇرا شكالىسىدا ئۆلچەنگەن تېمپېراتۇرا مۇتلەق تېمپېراتۇرىغا تولۇق ئۇيغۇن كېلىپ كەتمەيدۇ. 1K دىن تۆۋەن تېمپېراتۇرا كۆپىنچە ماگنىت تېمپېراتۇرا شكالىسى ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ.

**ماگنىت دولقۇنى** < فىز > ماگنىتلىنىپ، ماگنىت مەيدانىدا ئۇشتۇمتۇت ئۆزگەرگەن بىر قىسىم ماددىنىڭ سىرتقا قاراپ كېڭىيىشى.

**ماگنىت دومېنى** < فىز > فېررو ماگنىتلار ئىچىدىكى ئۆزلۈكىدىن ماگنىتلىنىش يۆنىلىشى ئوخشاش بولغان دائىرىلەر.

**ماگنىت رۇدىسى** < گېئول > ئاساسلىق تۆمۈر رۇدىلىرىدىن بىرى. خىمىيىلىك تەركىبى $Fe_3O_4$ بولۇپ، توق كۈل رەڭ ۋە ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتى كۈچلۈك كېلىدۇ.

**ماگنىت رېزونانسى** < فىز > كرىستاللاردىكى ئېلېكترون ياكى ئاتوم يادروسىنىڭ ماگنىت مومېنتلىرى تۇراقلىق سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىدە ماگنىت مەيدانىنى چۆرىدەپ پرېتسېسسىئونال ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەگەر بۇ ماگنىت مەيدانىغا يۆنىلىشى مۇشۇ ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشىگە تىك بولغان باشقا بىر يۇقىرى چاستوتىلىق ئۆزگىرىشچان ئېلېكتروماگنىت مەيدانى قوشۇلسا، ئۇ چاغدا ئەگەر ئۇنىڭ چاستوتىسى بىلەن ماگنىت مومېنتىنىڭ پرېتسېسسىيە چاستوتىسى ئۆز ئارا تەڭلەشسە، رېزونانس يۈز بېرىدۇ. بۇ چاغدا كرىستاللار ئۆزگىرىشچان ئېلېكتروماگنىت مەيدانىدىن ئېنېرگىيە يۇتۇۋالىدۇ، بۇ ھادىسە «ماگنىت رېزونانسى» دېيىلىدۇ.

**ماگنىت سترېلكىسى** < فىز > سترېلكا شەكلىدىكى ماگنىت. ئادەتتە تار ھەم ئۇزۇن رومبا شەكلىدە بولۇپ، ئوتتۇرىسىدا ئوقى بولىدۇ. ئۇنى گورىزونتال يۆنىلىشتە ئەركىن ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. تىنچ تۇرغان ۋاقتىدا، يەر ماگنىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ئىككى ئۇچى ئايرىم-ئايرىم ھالدا جەنۇب بىلەن شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. كومپاس ئەنە شۇ ماگنىت سترېلكىسىنىڭ قوللىنىلىشىدۇر.

**ماگنىت قارشىلىقى** < فىز > ماگنىت يۈرگۈزگۈچى كۈچنىڭ ماگنىت ئېقىمىغا بولغان نىسبىتى. بەلگىسى Rm . ئۇ ماگنىت يولىنىڭ ماگنىت ئېقىمىغا كۆرسىتىدىغان قارشىلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**ماگنىت قۇتۇپى** < فىز > ماگنىتنىڭ ئىككى بېشى. ئۇ ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت ئەڭ كۈچلۈك قىسىم بولۇپ، ماگنىت يىڭنىسى شىمالنى كۆرسەتكەن تەرەپ شىمالىي قۇتۇپ؛ جەنۇبنى كۆرسەتكەن تەرەپ جەنۇبىي قۇتۇپ دېيىلىدۇ.

**ماگنىت قۇتۇپىنىڭ كۈچىنىشلىكى** < فىز >

ماگنىت قۇتۇپىنىڭ كۈچى خاراكتېرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. كۈچى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان ئىككى ماگنىت قۇتۇپىنىڭ ۋاكۇئۇمدىكى ئارىلىقى 1cm بولۇپ، ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز ئارا تەسىر كۈچ $10^{-5}$N غا تەڭ بولسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ھەربىر قۇتۇپىنىڭ

كۈچىنىشلىكى ئېلېكتروماگنىت بىرلىكلىرى سىستېمىسىدىكى ماگنىت قۇتۇپى كۈچىنىشلىكىنىڭ بىرلىكى قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.

**ماگنىت كۆپۈكچىسى** <فىز> سىلىندىر شەكىللىك كىچىك ماگنىت دومىنى. ئادەتتە ماگنىتلىق ئېلېكترون ئېلېمېنتى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ. ماگنىتلىق فارفور پەردىسىدىن ياسىلىدۇ.

**ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى** <فىز> ماگنىت مەيدانىنىڭ كۈچىنىشى ۋە ماگنىت كۈچىنىڭ يۆنىلىشىنى ئىپادىلەيدىغان سىزىق.

**ماگنىت كۈچى** <فىز> ماگنىتلارنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىش كۈچى.

**ماگنىت لىنزا** <فىز> ئېلېكترونلۇق لىنزىنىڭ بىر خىلى. ئۇ ئوقتا سىممېترىك بولغان ماگنىت مەيدانى بولۇپ، تەكشى تېزلىكتىكى زەرەتلىك زەررىچىلەرنى فوكۇسلاپ تەسۋىر ھاسىل قىلالايدۇ.

**ماگنىت مەيدانى** <فىز> ماددىي نەرسىلەر ئارا ماگنىت كۈچ تەسىرىنى سۇنۇپ بېرىدىغان مەيدان. ماگنىت ۋە توك ئۆتكەن ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئەتراپىدىكى بوشلۇقتا ماگنىت مەيدانى مەۋجۇت بولىدۇ. كومپاسنىڭ جەنۇبنى كۆرسىتىشى دەل يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ رولىدۇر.

**ماگنىت مەيدانى كۈچىنىشلىكى** <فىز> ماگنىت مۇھىتىدىكى ماگنىت مەيدانىنى تەسۋىرلەيدىغان قوشۇمچە فىزىكىلىق مىقدار، بەلگىسى H. ئۇنىڭ ئېنىقلىما فورمۇلىسى مۇنداق: $H=\frac{B}{\mu_0}-M$. بۇ ئىپادىدىكى B ماگنىت ئىندۇكسىيە كۈچىنىشلىكى. M ماگنىتلىنىش كۈچىنىشلىكى، $\mu_0$ ۋاكۇئۇمنىڭ ماگنىت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى.

**ماگنىت مەيدانى ئېنېرگىيىسى** <فىز> ماگنىت مەيدانىدا بولىدىغان ئېنېرگىيە. بىرلىك ھەجىمدىكى ماگنىت مەيدانىنىڭ ئېنېرگىيىسى ماگنىت مەيدانىنىڭ ئېنېرگىيە زىچلىقى دېيىلىدۇ.

**ماگنىت مومېنتى** <فىز> توك ئۆتۈۋاتقان توك يولى (ياكى بىر جۈپ ماگنىت قۇتۇپى) نىڭ ماگنىت ئېففېكتىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ۋە يۆنىلىشىنى خاراكتېرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. ئۇ بىر ۋېكتور بولۇپ، بەلگىسى m. توك ئۆتۈۋاتقان توك يولىنىڭ ماگنىت مومېنتى توك يولىدىكى توك كۈچى (I) بىلەن توك يولىنىڭ يۈزى (S) نىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ. يەنى m=IS.

**ماگنىت مېرىدىئانى** <فىز> يەر ماگنىت مەيدانى كۈچ سىزىقىنىڭ يەر يۈزىگە شۇ كۈچ سىزىقى ئۆتكەن نۇقتا ئارقىلىق چۈشۈرۈلگەن پەرىزنىي پروېكسىيىسى.

**ماگنىتنىڭ ئوپتىك ئېففېكتى** <فىز> ماگنىت مەيدانى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان، ماددىلارنىڭ ئوپتىك خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتىدىغان ئېففېكت.

**ماگنىت ئوق سىزىقى** <فىز> ماگنىتنىڭ ئىككى قۇتۇپىنى تۇتاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان تۈز سىزىق.

**ماگنىت ئوقى** <فىز> ← **ماگنىت ئوق سىزىقى.**

**ماگنىت ئۆتكۈزۈشچانلىق** <فىز> ماگنىت قارشىلىقىنىڭ ئەكس سانى. بەلگىسى Gm. ئۇنىڭ قىممىتى تۆۋەندىكىدەك: $G_m=\frac{\mu S}{l}$. بۇ ئىپادىدىكى μ ماگنىت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى، S كەسمە يۈز، l

ئۆزۈنلۈق. ماگنىت يولى قانچە قىسقا، كەسمە يۈزى قانچە چوڭ بولسا، ماگنىت ئۆتكۈزۈشچانلىق شۇنچە چوڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرلىكى H.

**ماگنىت ئۆتكۈزۈش نىسبىتى** < فىز > ماددىلارنىڭ ئۆزىدىن ماگنىت ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىنى خاراكتېرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. بەلگىسى μ. ئىزوتروپىك ماگنىت ئۆتكۈزىدىغان جىسىملارنىڭ ماگنىت ئىندۇكسىيە كۈچلىنىشلىكى (B) تۆۋەندىكىگە تەڭ بولىدۇ: B= μH. بۇ ئىپادىدىكى H ماگنىت مەيدانىنىڭ كۈچلىنىشلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**ماگنىت ئېقىمى** < فىز > بىر كەسمە يۈزدىن ئۆتكەن ماگنىت كۈچ سىزىقلىرىنىڭ ئومۇمىي سانى، يەنى قايتىش زەنجىرىدىكى ماگنىت ئىندۇكسىيە كۈچىنىشى بىلەن توغرا كەسمە يۈزنىڭ كۆپەيتمىسى.

**ماگنىت ئېنېرگىيىسى** < فىز > ماگنىت مەيدانى ئىگە بولغان ئېنېرگىيە. مەسىلەن، ماگنىتنىڭ تۆمۈر، نىكېل قاتارلىق ماددىلارنى ئۆزىگە تارتىشى ماگنىت ئېنېرگىيىسىنىڭ ئىپادىسىدۇر.

**ماگنىت ئىندۇكسىيىسى** < فىز > جىسىمنىڭ ماگنىت مەيدانىدا ماگنىت كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش ھادىسىسى. مەسىلەن، تۆمۈرنىڭ ماگنىت مەيدانىدا ماگنىتلىنىشى، ماگنىت يىڭنىسىنىڭ ماگنىت مەيدانىدا ئايلىنىشى ۋە باشقىلار.

**ماگنىت يانتۇ بۇلۇڭى** < فىز > يەر ماگنىت مەيدانىنىڭ ماگنىت كۈچ سىزىقىدىكى نۇقتىلارنىڭ ئورۇنىسى بىلەن يەر تەكشىلىكىدىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ. يەر شارىنىڭ ماگنىت قۇتۇپىدا بۇ بۇلۇڭ 90° بولۇپ، ماگنىت يىڭنىسى گورىزونتال يۈزگە تىك بولىدۇ.

**ماگنىت يولى** < فىز > ماگنىت مەيدانىدىكى ماگنىت كۈچ سىزىقلىرى تولۇق قايتىش زەنجىرىدە بېسىپ ئۆتكەن ماددىلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ «ماگنىت يولى» دېيىلىدۇ.

**ماگنىت يولى قانۇنى** < فىز > «ماگنىت يولىنىڭ ئوم قانۇنى» نىڭ قىسقارتىلمىسى ئۇ ماگنىت يۈرگۈزگۈچى كۈچ (Fm) بىلەن ماگنىت ئېقىمى Φ نىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى قانۇن، يەنى Fm = ΦRm ئىپادىدىكى Rm ماگنىت يولىنىڭ ماگنىت قارشىلىقى. يۇقىرىدىكى ئىپادە ئېلېكتر يولىدىكى ئوم قانۇنىغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقتىن، «ماگنىت يولىنىڭ ئوم قانۇنى» دېيىلىدۇ.

**ماگنىت يۈرگۈزگۈچى كۈچ** < فىز > ماگنىت ئېقىمى ھاسىل قىلىدىغان ماگنىتلاش كۈچى. بەلگىسى Fm. ئۇ ماگنىت يولىدىكى كاتۇشكا ئورام سانى بىلەن كاتۇشكىدىن ئۆتكەن توك كۈچىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ بولىدۇ، يەنى Fm = NI. بۇ ئىپادىدىكى I كاتۇشكىدىكى توك كۈچى، N كاتۇشكىنىڭ ئورام سانى بولۇپ، بىرلىكى A (ئامپېر).

**ماگنىت يىڭنىسى** < فىز > ← **ماگنىت ستىرېلكىسى.**

**ماگنىترون** ئى (ر < گرېك) < فىز > ئۇلترا يۇقىرى چاستوتىلىق تەۋرىنىش ھاسىل قىلىدىغان، ئۆزئارا تىك بولغان تۇراقلىق توك ئېلېكتر مەيدانىدا ۋە تۇراقلىق ماگنىت مەيدانىدا ئىشلەيدىغان بىر خىل مىكرو دولقۇنلۇق ئېلېكترون لامپا.

**ماگنىتسىزلىنىش** < فىز > ماگنىتلىق ماتېرىياللارنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقىتىش جەريانى.

**ماگنىتلاش** ① «ماگنىتلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② < فىز > ماگنىتلىق ماددىنى ماگنىتلاشتۇرۇش ياكى ماگنىتلىقى كەمچىل بولغان ماگنىتلىق جىسىمنىڭ ماگنىتلىقىنى ئاشۇرۇش. ئادەتتە ماگنىتلايدىغان جىسىم تۇراقلىق توك ئۆتۈۋاتقان كاتۇشكا ھاسىل قىلغان ماگنىت مەيدانى ئىچىگە قويۇلىدۇ.

**ماگنىتلاشتۇرماق** «ماگنىتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماگنىتلاشماق** پ. ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتلەر پەيدا بولماق، ماگنىتلانماق.

**ماگنىتلاندۇرماق** «ماگنىتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماگنىتلاندۇرۇلماق** «ماگنىتلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ماگنىتلانغان** «ماگنىتلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ماگنىتلانغان سۇ.

**ماگنىتلانغان سۇ** < فىز > ماگنىت مەيدانىدا بىر تەرەپ قىلىنغان سۇ. ئادەتتىكى سۇ بىلەن سېلىشتۇرغاندا مۇئەييەن ئالاھىدىلىكلىرى بار. ئۇنى ئىشلىتىش ئارقىلىق پار قازىنى ياكى سوۋۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىدە چۆكۈندە پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**ماگنىتلانماق** پ. ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولماق، ماگنىتلاشماق.

**ماگنىتلىق** ① سۈپ. ماگنىتتا بولىدىغان خۇسۇسىيەتكە ئىگە: ماگنىتلىق قېتىشما. ماگنىتلىق لېنتا. ② رەۋ. ماگنىت ئارقىلىق: ماگنىتلىق چارلاش. ماگنىتلىق قوزۇق ئۆلچەش. ③ ئى. ماگنىتتا بولىدىغان خۇسۇسىيەت: ماگنىتلىقى كۈچلۈك جىسىم.

**ماگنىتلىق توگلىتىش ماشىنىسى** < فىز > ئادىئاباتىك ماگنىتسىزلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق پەۋقۇلئاددە تۆۋەن تېمپېراتۇرا ھاسىل قىلىش قۇرۇلمىسى.

**ماگنىتلىق تويۇنۇش** < فىز > ماگنىتلىق ماتېرىياللار كۈچىنىشلىكى يېتەرلىك دەرىجىدە چوڭ بولغان سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغاندا، ئۇلارنىڭ ماگنىتلىنىش كۈچىنىشلىكى سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ داۋاملىق ئېشىۋەرمەيدۇ. بۇ ھادىسە ماگنىتلىق تويۇنۇش دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماگنىتلىق چارلاش** < گېئول > گېئوفىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. تەبىئەت دۇنياسىدىكى تاغ جىنسلىرى بىلەن رۇدىلارنىڭ ماگنىتلىقى ئوخشىمىغاچقا، ئوخشاش بولمىغان ماگنىت مەيدانىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ قىسمەن رايونلاردا يەرنىڭ ماگنىت مەيدانىنى ئۆزگەرتىپ، نورمالسىزلىق پەيدا قىلىدۇ. ئۆلچەش ئەسۋابىدىن پايدىلىنىپ مۇشۇ ماگنىت نورمالسىزلىقىنى بايقاپ ۋە تەتقىق قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ ماگنىتلاشقان كان گەۋدىسىنى تېپىش ۋە گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىنى تەتقىق قىلىش ئۇسۇلى ماگنىتلىق چارلاش دەپ ئاتىلىدۇ.

**ماگنىتلىق خۇسۇسىيەت** < فىز > ماگنىتنىڭ تۆمۈر، نىكېل قاتارلىق مېتاللارنى ئۆزىگە تارتىش خۇسۇسىيىتى.

**ماگنىتلىق داۋالاش** < تىب > بىر خىل فىزىكىلىق داۋالاش ئۇسۇلى، يەنى مۇئەييەن كۈچىنىشلىكتىكى ماگنىت مەيدانىنى بەدەننىڭ بەزى قىسىملىرىغا تەسىر قىلدۇرۇش ئارقىلىق كېسەلنى داۋالاش ئۇسۇلى.

**ماگنىتلىق سپېكتر ومېتىر** < فىز > ئېلېكتروماگنىت ئۇسۇلى ئارقىلىق زەرەتلىك زەررىچىلەرنىڭ ئېنېرگىيە سپېكترىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە يادرو رېئاكسىيىدە ئىشلىتىلىدىغان ئېغىر زەررىچە ماگنىتلىق ئانالىزاتورىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە α سپېكتروگرافى ۋە β سپېكتروگرافلىرىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**ماگنىتلىق فارفۇر** < فىز > بىر خىل ماگنىتلىق مېتاللوئىد ماتېرىيال. توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى جەھەتتە يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر تىپىغا كىرىدۇ؛ ماگنىت ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتى جەھەتتە فېررىماگنىتلىق ماتېرىياللار تىپىغا كىرىدۇ. ئۇ بىر خىل كومپلېكس ئوكسىدلىق كۆيدۈرۈلگەن جىسىمدىن ئىبارەت بولۇپ، ئاساسلىق ماتېرىيالى تۆمۈر ئوكسىد ۋە بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل باشقا مېتاللارنىڭ ئوكسىدلىرىدۇر.

**ماگنىتلىق قۇدۇق ئۆلچەش** < گېئول > بۇرغا قۇدۇقلىرىدىكى بىر خىل گېئوفىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇلى. تاغ جىنس ۋە كان گەۋدىلىرىنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۇنىڭ فىزىكىلىق ئاساسى بولىدۇ. بۇنىڭدا، بۇرغا قۇدۇقلىرىدىكى ئوخشىمىغان ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان تاغ جىنسى ۋە كان گەۋدىلىرىنىڭ ماگنىتلىقى ۋە ماگنىت مەيدانى ئۆلچىنىپ، شۇ ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتلەر تەتقىق قىلىنىپ ۋە گېئولوگىيە جەھەتتە ئىزاھلىنىپ، شۇ ئارقىلىق كان چارلاش مەقسىتى ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ.

**ماگنىتلىق قېتىشما** < فىز > تۇراقلىق ماگنىت ياسىلىدىغان قېتىشما. ماگنىتلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. تۆمۈرگە نىكېل ئاليۇمىن، كوبالت قاتارلىقلار ئارىلاشتۇرۇلۇپ ياسىلىدۇ.

**ماگنىتلىق لېنتا** < فىز > تۆمۈر ئوكسىد پاراشوكى قاتارلىق ماگنىتلىق ماددىلار سۈركەلگەن سۇلياۋ لېنتا. ئاۋاز، سۈرەت قاتارلىقلارنى ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ماگنىتلىق مۇھىتلار** < فىز > سىرتقى ماگنىت مەيدانىدا ماگنىتلىنىپ، ماگنىت مەيدانىنى كۈچەيتىدىغان ياكى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ماددىلار.

**ماگنىتلىق ئېغىش بۇلۇڭى** < گېئول > ماگنىت سترېلكىسى بىلەن شۇ يەرنىڭ جۇغراپىيىلىك مېرىدىئان سىزىقى ئارىسىدىكى بۇلۇڭ. يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ شىمالىي، جەنۇبىي قۇتۇپلىرى بىلەن جۇغراپىيىلىك شىمالىي، جەنۇبىي قۇتۇپلار بىر-بىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشمەيدۇ. شۇڭا ماگنىت ئېغىش بۇلۇڭى ھاسىل بولىدۇ.

**ماگنىتلىنىش** ① «ماگنىتلانماق» نىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② < فىز > بەزى جىسىملارنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى ھاسىل قىلىشى. مەسىلەن، تۆمۈرنى كۈچلۈك ماگنىت مەيدانىغا قويغاندا، تۆمۈرنىڭ ماگنىتلىنىپ، ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش.

**ماگنىتلىنىش دەرىجىسى** < گېئول > ماگنىتلىق چارلاشتىكى مىنېرال، جىنس ۋە رۇدىنىڭ ماگنىتلىنىش دەرىجىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ماگنىتلىنىش كۈچى** < فىز > ماددىنىڭ ماگنىتلىنىش ھالىتى (ماگنىتلىنىش يۆنىلىشى ۋە دەرىجىسى) نى ئەكس ئەتتۈرىدىغان

فىزىكىلىق مىقدار. ئۇ مۇئەييەن چوڭ-كىچىكلىك ۋە يۆنىلىشكە ئىگە.

**ماگنىتلىنىش كۆچىنىشلىكى** <فىز> ماگنىت مۇھىتىنىڭ ماگنىتلىنىش ھالىتىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. ئۇ بىرلىك ھەجىمدىكى مولېكۇلا ماگنىت مومېنتلىرى ( m ) نىڭ ۋېكتورلۇق يىغىندىسىغا تەڭ.

**ماگنىتلىنىشچان** سۈپ. ئاسانلا ماگنىتلىق خۇسۇسىيەتنى ھاسىل قىلىدىغان.

**ماگنىتلىنىشچانلىق** ئى <فىز> ماگنىت مۇھىتىنىڭ خاسلىقىنى خاراكتېرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. بەلگىسى Xm. ئۇ ماگنىتلىنىش كۆچىنىشلىكى M بىلەن ماگنىت مەيدانى كۆچىنىشلىكى H نىڭ نىسبىتىگە تەڭ. يەنى $Xm=\frac{M}{H}$.

**ماگنىتوستىرىكسىيە** ئى (ر <لات) <فىز> سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرىدە، بەزى فېرروماگنىتلىق ماددىلاردا پەيدا بولىدىغان، ماگنىت مەيدانىنىڭ كۆچىنىشلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان ئېلاستىك كۆچىنىش.

**ماگنىتومېتىر** ئى (ر <گرېك) <گېئول> سانائەت ۋە پەن-تېخنىكىدا ماگنىت مەيدانىنىڭ كۆچىنىشىنى ئۆلچەيدىغان، يەر نىڭ ماگنىت مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان ۋە ئۆلچەيدىغان، ماگنىتلىق چارلاشتا ماگنىت نورمالسىزلىقىنى ئۆلچەيدىغان ۋە ماددىنىڭ ماگنىتلىق خۇسۇسىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ماگنىتىزم** ئى (ر) <فىز> فىزىكىنىڭ ماگنىت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**ماگنىي** ئى (ر) <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Mg (magnesium). كۆمۈش رەڭلىك، يېنىك، ھاۋادا قىزدۇرغاندا يېنىپ كۈچلۈك يالقۇن چىقىرىدۇ، ماگنىي پاراشوكى رەسىم تارتىشتا ئىشلىتىلىدىغان يورۇتقۇچى چىراغ ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. ماگنىي بىلەن ئاليۇمىنىنىڭ قېتىشمىسى ئايروپىلان ياساشنىڭ مۇھىم ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**ماگنىي چىراغ** <فىز> ماگنىي پاراشوكى يانغاندا چىقىرىدىغان نۇر ئارقىلىق يورۇتىلىدىغان چىراغ.

**ماگنىي سۇلفات** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $MgSO_4$. دېڭىز سۈيىدە بولىدۇ. ئېرىتمىسىدىن يەتتە مولېكۇلا سۇ تۇتۇپ كىرىستاللىنىدۇ ($MgSO_4 \cdot 7H_2O$). بۇنىڭ كىرىستالى سۈرگە دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**ماگنىي نۇرى** <خىم> ماگنىي پاراشوكى كۆيدۈرۈلگەندە چىقىدىغان نۇر.

**ماگنىي ئوكسىد** <فىم> ئاق رەڭلىك پاراشوك. بەلگىسى MgO. تەييارلىنىش ئۇسۇلىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، يەڭگىل، بوش ياكى چىڭ دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئېرىش نۇقتىسى 2800°C. كىسلاتادا ئېرىمەيدۇ، سۇدا ئازراق ئېرىيدۇ. ئادەتتە ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال، تىگىنى سىلىقلاش مېيى، دورا ۋە ئىزولياتور ماتېرىيالى قاتارلىقلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ماگنىي ئوكسىد خىشى** <خىم> ماگنېزىتتىن ياسىلىدىغان بىر خىل ئىشقارلىق ئوتقا چىدامىلىق خىش. تەركىبىدىكى ماگنىي ئوكسىد 84% تىن

يۇقىرى بولىدۇ. 2000°C ئەتراپىدىكى يۇقىرى ھارارەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. ئادەتتە ئىششقارلىق پولات تاۋلاش پېچلىرىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ماگنىيلانماق** پ. تەركىبىگە ماگنىي قوشۇلماق، ماگنىيلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولماق.

**ماگنىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە ماگنىي بولغان، ماگنىيلانغان: ماگنىيلىق پىروكسېن.

**ماگنىيلىق پىروكسېن** < گېئول > يانتۇ ياقلىق پىروكسېننىڭ بىر خىلى. خىمىيىلىك تەركىبى $Mg_2 [Si_2 O_6]$. تەركىبىدىكى تۆمۈرنىڭ ئېششىغا ئەگىشىپ، رەڭگى كۆكۈچتىن قوڭۇر يېشىل، قوڭۇر قارىغىچە بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.1 ـــ 3.5؛ قاتتىقلىقى 5 ـــ 6.

**ماگۋەن** ئى < جۇغ > ياپونىيىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**ماگۋەن شەرتنامىسى** < تارىخ > جۇڭگو-ياپونىيە جياۋۇ ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياپونىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. 1895-يىلى چىڭ ھۆكۈمىتى لى خۇڭجاڭنى ياپونىيىنىڭ ماگۋەن دېگەن يېرىگە ئەۋەتىپ بۇ شەرتنامىنى ئىمزالىغان. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى: ياپونىيىنىڭ چاۋشيەنگە بولغان كونتروللۇقىنى ئېتىراپ قىلىش؛ لياۋ دۇڭ يېرىم ئارىلى، تەيۋەن ۋە پېڭخۇ تاقىم ئاراللىرىنى بۆلۈپ بېرىش؛ ھەربىي خىراجەت ئۈچۈن 200 مىليون سەر كۈمۈش «تۆلەم» تۆلەپ بېرىش؛ شاشى، چۇڭچىڭ، سۇجۇ، خاڭجۇلارنى سودا شەھىرى قىلىپ ئېچىپ بېرىش؛ سودا پورت ياقىلىرىدا ياپونىيىنىڭ زاۋۇت ئېچىشىغا يول قويۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. «ماگۋەن شەرتنامىسى» ئىمزالانغاندىن كېيىن، جۇڭگونىڭ يېرىم مۇستەملىكىلىشىش دەرىجىسى تېز سۈرئەتتە كۈچىيىپ كەتتى.

**ماگىزىن** ئى (ر < ئە) ئېچىگە تۈرلۈك تاۋارلار تىزىلغان ۋە شۇ تاۋارلار سېتىلىدىغان سودا دۇكىنى: ماگىزىن ئازادە ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، بىرىدە يەرلىك ماللار، يەنە بىرىدە سانائەت مەھسۇلاتلىرى سېتىلاتتى. * سايىم بۇ يەردىكى سۆھبەتنىڭ بىر ئاز سوزۇلىدىغانلىقىنى بايقىدىمۇ ئەتىمالىم يولنىڭ ئۇ چېتىدىكى ماگىزىندىن ئورۇندۇق ئالغىلى كەتكەنىدى.

**ماگىزىنچى** ئى ① ماگىزىن ئىگىسى. ② ماگىزىندا مال ساتقۇچى: بىركۈنى داۋۇتنىڭ ماگىزىنچىسى ھېكمەت ئەكبەرنى يوقلاپ كەلدى.

**ماگىزىنچىلىق** ئى. ماگىزىندا مال سېتىش ئىشى: ماگىزىنچىلىق قىلماق.

**ماگىستىر** ئى (ر < لات) < مائار > ① ئىلمىي ئۇنۋان. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەنلەر تەتقىقات ئورۇنلىرىدا بىر-ئىككى يىلدىن ئارتۇق ئوقۇپ لاياقەتلىك بولالىسا، بۇ ئۇنۋانغا ئېرىشەلەيدۇ. ② شۇ ئىلمىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئادەم.

**ماگىستىرال** (ر < لات) ① سۈپ. قانال، يول ۋە شۇ قاتارلىقلاردا باش ئورۇن تۇتقان؛ ئاساسىي؛ باش: ماگىستىرال سىزىق. ② ئى. قاتناش يولى ۋە ئومۇمەن تارماقلانغان سىستېمىلارنىڭ ئاساسىي قىسمى: تۆمۈريول ماگىستىرالى. سۇ ماگىستىرالى. ③ < سۇ > ماگىستىرال سىزىق.

**ماگىستىرال سىزىق** < سۇ > توپوگرافىيىدە دائىرىنىڭ كونترول نۇقتىلىرى تۇتاشتۇرۇلغان

سىزىق. بەزىدە «كونترول سىزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ماگىسترالىق** ① سۈپ. ماگىسترالى بار، ماگىسترالغا ئىگە. ② رەۋ. ماگىسترال سىزىق ئارقىلىق: ماگىسترالىق ئۆلچەش.

**ماگىسترالىق ئۆلچەش** < سۆ > ماگىستىرالنى تاللاش، ئۇنىڭ بۇلۇڭلىرى ۋە ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچەش، يۆنىلىشىنى بەلگىلەش ۋە كوئوردىناتلىرىنى ھېسابلاش قاتارلىق توپوگرافىيىلىك مەشغۇلاتلار.

**ماگىستىرلىق** ئى. ماگىستىر ئۇنۋانى: ماگىستىرلىققا ئېرىشمەك.

**ماڭا** ئال 1 شەخس بىرلىك ساندىكى كىشىلىك ئالماش «مەن» نىڭ يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى «-گە» بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى: — سەن ماڭا نېمە دېمەكچى؟

**ماڭدا** ئى. دىئال. تاپسا، پەگا؛ ئوچاق ئالدى.

**ماڭداتماق** «ماڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ماڭدار** ئى < بوت > ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى ياغاچلاشقان پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى مۇرەككەپ ياكى ئاددىي يوپۇرماق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە شەكلىدە. گۈلى چوڭ، كۆكۈچ سۆسۈن ياكى ئاق رەڭلىك، يالغۇز ئۆسىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**ماڭداشماق** «ماڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماڭدام** ① ئى. مېڭىش جەريانىدا تاشلانغان ھەربىر قەدەم، چامدام: پارتىيە چىقىپ كەلدى، بەختىمىزنى يورۇتۇپ. زالىملارنىڭ زۇلمىنى، ماڭدىمىدا غۇلىتىپ. * ماڭا تونۇش بولغان مۇشۇ كەڭ دالا، دېھقان تەرلەر تۆككەن مۇنبەت كەڭ ئېتىز. قويماي ماڭدام يەرلەرنىمۇ ئاق-چالا، زىرائەتنى يېتىشتۈرسەم ئۇندا تېز. ② مىق. سانائىق سانلار بىلەن كېلىپ ماڭدام بىلەن ئۆلچەشكە بولىدىغان ئۇزۇنلۇقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ قەدىمىنى ئېزىلتىپ 100 ماڭدام ماڭار-ماڭمايلا يامغۇر شارقىراپ قۇيۇۋەتتى. * ياڭرايدۇ ئۇنىڭدىن ئۆلمەس ئارزۇلار، ئۈچلىشلار خىتابى، غەزەپ نەرىسى. ئۇ ئۆلۈپ تەگمىسە بىر ماڭدام زېمىن، خەلقىنىڭ قەلبىدە قالۇر قەبرىسى.

**ماڭدامدا بىر** قەدەمدە بىر، پات-پاتلا: — ئەمىسە نېمە گەپ بۇ؟ ئەتىگەندىن بېرى ماڭدامدا بىر توختاۋاتىدۇ. شوپۇرنىڭ ئىشى تىكىپ-سۆكمەكلا بولۇپ قالدى.

**ماڭدامۇماڭدام** ← قەدەممۇ قەدەم.

**ماڭدۇرماق** ① «ماڭماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ماتورنى ماڭدۇرماق. تراكتورنى ماڭدۇرماق. جۇۋازنى ماڭدۇرماق. بالىنى يېتىلەپ ماڭدۇرماق. سۈيدۈكنى ماڭدۇرغۇچى دورا. * چوڭ چىراغنى قالدۇرۇپ، كىچىك چىراغنى ياندۇرۇپ. يارغا مەن نېمە قىلغان، كېچىسى يول ماڭدۇرۇپ. ② ئەۋەتمەك، يوللىماق: سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ باتالىيون شىتابىغا بېرىش بىلەنلا، قوغان تەرەپتىكى يولنى مەخسۇس كۆزىتىپ كېلىش ئۈچۈن ئىككى نەپەر رازۋېتچىكنى ماڭدۇردى. * خاسىيەتنىڭ يەڭگىگە نىلىكىدىن خەۋەر تاپقان چارۋىچىلىق دادۇيىنىڭ سېكرېتارى ئەھەت رەھىم بىلەن ئۆزىنىڭ كونا مۇناسىۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ بىر دانە قوي ماڭدۇرغانىدى.

**ماڭدۇرۇشماق** «ماڭدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ماڭدۇرۇلماق** «ماڭدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرقانچە ھەربىي مەشىق ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن، ئوردا چېرىكلىرى

بىلەن شىيەتەي يامۇل چىرىكلىرى قوشۇلۇپ، جەمئىي 500 دىن ئوشۇق چېرىك يەنە تاغقا ماگدۇرۇلدى.

**ماگدىماق** پ. قەدەم تاشلىماق، قەدەم ئالماق، چامدىماق، ماگماق: ماگداپمۇ بېتەلمىدىم، چامداپمۇ بېتەلمىدىم. ئوتنگىز يامان ئىكەن، تاشلاپمۇ كېتەلمىدىم.

**ماگغال** ئى. دىئال. چوغدان.

**ماگغۇزماق** (توغرىسى: ماگدۇرماق) ← **ماگدۇرماق**.

**ماگغۇسىز** سۈپ. ماگغۇچىلىكى يوق، ماگالمايدىغان، مېگىش ئىمكانىيىتى قالمىغان؛ ماگغىلى بولمايدىغان: ئارىدىن بىرنەچچە ھەپتە ئۆتۈپ، قارلار ئېرىشكە باشلىدى، يول پاتقاق دەستىدىن ماگغۇسىز بولۇپ كەتتى. * ناۋادا ئالدىمىزغا قىزلار ئۇچراپ قالسا، ئەدەبسىز چاقچاقلارنى قىلىپ يولدا يۈرەكلىك ماگغۇسىز قىلىۋېتەتتۇق.

**ماگغىلماق** پ. دىئال. ئاستا ماگماق.

**ماگقا** ئى ① بۇرۇندىن چىققان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق؛ پوتلا: ئېقىۋاتقان تەر ۋە ماگقىلىرىنى ئېگىشىپ تۇرۇپ تىزىغا سۇرتۇشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. ② بۇرنىدىن مۇشۇنداق سۇيۇقلۇق چىقىپ تۇرىدىغان كىشى (كەمسىتىپ ئېيتىلىدۇ): — ھەي چىدىماس، مۇشۇ بىر بوش توخۇمنى 30 تۇخۇمغا تېگىشىۋالدىڭمۇ، ئاناڭنىڭ بەرگەن پۇلنى شۇنداق قىلىپ تۈگىتىسەن-دە، سەن ماگقا، — دېدى مەشرەپ. * — كلاپاننىڭ ئىككىسى چۈشۈپ كېتىپتۇ، بۇ ماگقا بايقىماي ھەيدەۋېرىپتۇ، — دېدى ئۇ تراكتورنى تەكشۈرۈپ غەزەبلىنىپ.

**ماگقا كېسىلى** قويلارنىڭ بۇرنىغا ماگقا كەپلىشىۋالىدىغان بىر خىل كېسەللىك: — ئو ھوي... ئېسىم قۇرسۇن، ھېلقى قويلاردىكى ماگقا كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسىنىڭ ئۇنۇمنى تەكشۈرگىلى كەلگەن ئوبۇلجان دېگىنە!

**ماگقىسى چۈۋۈلماق** ① بۇرنىدىن توختىماي ماگقا ئاقماق: بالا بۇگۇن ئەتىگەن ماگقىسى چۈۋۈلۈپ قوپۇپتۇ. بەزىدە يەنە چۈشكۈرۈپ قويىدۇ. ② كۆچمە. قاتتىق قىينالماق، ئەپلەشتۈرەلمەي تازا ئاۋارە بولماق: — شۇنداق قاسمئاخۇن، سىلى ئەپەندىچىلىكنى ئۇگاي دەيسلە، مېنىڭ شۇ چاغدا بىر سائەتمۇ تۇزۇكرەك ئەپەندى بولالماي ماگقام چۈۋۈلۈپ كەتتى، — دېدى ئىسمائىل ئاكا.

**ماگقال** ئى. تۆت بۇرجەك، ئالتە يۈزلۈك قىلىپ ھەربىر يۈزىگە ھەر خىل چوڭلۇقتىكى يېرىم شار شەكىللىك ئويۇقچىلار چىقىرىلغان مېتال سايمان. ئۇ زەرگەرچىلىكتە ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، قاتارلىقلارنى يۇملاق شار شەكلىگە كەلتۇرۇشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ماگقان** ئى. تۇم ئاق قوي.

**ماگلاي** ئى ① يۈزنىڭ قاشتىن چاچقىچە بولغان قىسمى؛ پېشانە: بالىنى تونىغان بوۋاي ئۇنىڭغا ئىچتىن رازى بولۇپ قالدى. ھەتتا ھەيدەرنى قۇچاقلاپ، ماگلىيىدىن سۆيدى. * يارىم تۇماق كىيىپتۇ، ماگلىيىغا چۈكۈرمەي. قاچانغىچە يۈرەرمىز، كۆيگەن ئوتنى ئۆچۈرمەي. ② كۆچمە. نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى ئالدىغا چىقىپ تۇرغان، دەرھال كۆزگە چېلىقىدىغان، ماگلايغا ئوخشاش قىسمى: دەرۋازا ماگلىيىغا ئېسىلغان ۋىۋىسكىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە «مەزكۇر مېھمانخانىمىز تاماقنىمۇ ھۆددىگە ئالىدۇ» دەپ يېزىلغان. * بۇ چاغدا سايرام تەرەپتىن، ئېگىز داۋاننىڭ بۇلۇت سۆيگەن شەرقىي تاغ ماگلىيىنى سۆيۈپ كۆتۈرۈلۈۋاتقان كۈننىڭ ئالتۇن نۇرلىرى كەگسايدىن ئىبارەت بۇ گۈزەللىك ۋادىسىغا سىۋىت بېرىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. * بىر دەستە قىپقىزىل گۈل، خۇش پۇراق گۈل، قادالغان تاۋۇتنىڭ ماگلىيىغا. ناخشىچى بۇلبۇللارنىڭ

ئاشىقى گۈل، باغلاردا زوق قۇياتتى ئەل دىلىغا.

**ماڭلاي تەرى** ئۆز قولى بىلەن قىلغان هالال ئەمگەك، ئەجىر: شۇ باتۇر ئىشچىنىڭ ماڭلاي تەرىدىن، پويىزلار ئىز سالدى ئانا ئۆلكەمگە. شۇ ئىشچى قولىدا مىڭلاپ گۈدۈكلەر، شوق ياڭراپ جور بولدى خۇشال كۆلكەمگە.

**ماڭلاي چاچ** ئاياللارنىڭ ماڭلىيىغا چۈشىدىغان قىلىپ ئۆستۈرۈلگەن چېچى.

**ماڭلاي سۆڭىكى** < ئانات > باشنىڭ ئالدى يۇقىرى قىسمىدىكى بىر جۈپ پەردىلەشكەن سۆڭەك. ئالدى تەرىپى چوققا سۆڭىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئادەملەردە بىرلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ماڭلاي ۋە چاناقنىڭ ئۈستىنى شەكىللەندۈرگەن.

**ماڭلايلىق** سۈپ. ماڭلىيى كەڭ: هۆرنىساخان ئاق يۈزلۈك، شالاڭ سۇس ئىنچىكە قاشلىق، بويى ئېگىزرەك، ياپىلاق ماڭلايلىق، قاپىقى دۆڭ، چىشلىرى ئالتۇندىن قاپلانغان، جاۋۇلداپ تۇرىدىغان سۆزمەن خوتۇن.

**ماڭماق** پ ① قەدەم ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىمەك، يۈرمەك: ئىلدام ماڭماق. يول ماڭماق. پىيادە ماڭماق. * بۇ گەپلەرنى سۇنۇر تولۇق ئاڭلىدى. ئۇ بىرنېمىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك ئالدىراپ ئۆيگە ماڭدى. * ئانام سەن ۋەتىنىم، ئىشلەي سەن ئۈچۈن، ساپ ۋىجدان، ئەقىل-هوش بەردىڭ مەن ئۈچۈن. ئەجدادلار ئىزىدىن ماڭىمەن جەزمەن، بېغىشلاپ ئۆمرۈمنى ئىلىم-پەن ئۈچۈن. ② قەدەم ئېلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولماق، مېڭىشنى ئۆگەنمەك: بۇ بالا بىر ياشقا كىرىپلا ماڭدى. ③ مەلۇم يۆنىلىشكە قاراپ قوزغالماق، هەرىكەت قىلماق: ماشىنا يولۇچىلارنى ئېلىپ خوتەنگە ماڭدى. * — ياق، ئاپام، شوپۇر تاغامنىڭ ئايالى، قىزى ئالتەيلەن باردۇق. تاغ يېقىندەك كۆرۈنگەن بىلەن يىراق ئىكەن. ماشىنىدا ئۈچ سائەت ماڭدۇق. ④ شاهمات، دامكا، قاتار قاتارلىقلاردا ئۆز نۆۋىتىدە هەرىكەت قىلماق، يۈرمەك: پادىشاھ شاهمات تاختىسىدا ئىككى ماڭمايلا ئۇتقۇزۇپ قويۇپتۇ. ⑤ كۆچمە. ئۆتمەك، كەسمەك: پىچاق گۆشكە ماڭار، سۆڭەككە ماڭماس (ماقال). ⑥ كۆچمە. هەرىكەتكە كەلمەك، ئىشلەپ، هەرىكەتلىنىپ تۇرماق: زاۋۇت تۈنۈگۈن ماڭدى. * سائىتىم بىر كۈن بولدى ماڭمىدى. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىشنى هەل قىلىش كويىدا تېگىشلىك ئورۇنغا بارماق، قاتىرىماق: مەن دادىڭىزغا كۆپ ياردەم قىلدىم. لېكىن ئۇ گېپىمگە قۇلاق سالماي، خەلق بىلەن قارشىلىشىپ ئاخىر قولغا ئېلىندى. شۇنداق بولسىمۇ مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يەنىلا مېڭىۋاتىمەن. ⑧ كۆچمە. ئەمەل قىلماق، بويسۇنماق: — خوتۇن خەقنىڭ قاپىقىغا قاراپ، بۇيرۇقىغا ماڭغانلارنىڭ هالى شۇنداق بولغان بولسا، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ⑨ «-پ، -ىپ، -ۇپ، -ۈپ» شەكلىدىكى رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ ئىش هەرىكەتنىڭ داۋاملاشقانلىق تۈسىنى بىلدۈرىدۇ: مەن هەركۈنى خاتىرە يېزىپ ماڭدىم.

**ماڭە نېرى** «نېرى كەت، كۆزۈمدىن يوقال» دېگەن مەنىدە بىزار بولغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: سادىرنىڭ غەزىپى خېلىلا كەلدى، ئەخمەت بەگدىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، «ماڭە نېرى» دەپ سىلكىۋەتكەن بولاتتى. * — ئىنجۇما، سەن هازىر هاياتمۇ؟ — ماڭە نېرى، نېمىشقا ئۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغانسەن، هازىرلا تۈزۈلۈپ قالىسەن.

**مال** ئى ① كالا، قوي قاتارلىق بېقىپ ئۆستۈرۈلىدىغان هايۋان؛ چارۋا: قارا مال.

ئۇششاق مال. * مېلى بارنىڭ مېلىغا، مېلى يوقنىڭ جېنىغا (ماقال). * خالىسام يەنە ئۆزۈم ساگدىكى ئاشلىق، تاغدىكى مالنى ساتقۇزۇپ ئېلىۋېرىمەن. * يېتىپ قالدى ئوتتۇزغا، قوتاندىكى مېلىلا، بەختى دېھقان بىر يازدا، بىيىپ كەتتى خېلىلا. ② قول ئىگىلىكىدىكى بىسات، بايلىق: پادىشاھ: «بۇ ياخشى مەسلىھەت بولدى» دەپتۇ-دە، دەرھال ئەلچى ئەۋەتىپتۇ ۋە لەشكەرلەرگە نۇرغۇن پۇل ۋە مال تارقىتىپ بېرىپتۇ. * سەن كۆڭۈلنى مال ئورنىدا كۆرىدىغان يارىماس بىرنېمىكەنسەن. ③ كىيىم-كېچەك ۋە زىننەت بۇيۇمى قاتارلىقلار: قىز مېلى. ④ سېتىلىدىغان نەرسە، بۇيۇم، تاۋار: مال باھاسى. مال ساتماق. * شەھىرىڭىزگە يېتىپ كېلىپماللىرىمنى خان سارىيىغا چۈشۈردۈم. * مېنىڭ ھېلىقى شېرىكىم ھازىر شاگخەيدە، ئۇيەردە قانداق يېڭى مال چىقسا دەرھاللا ئەۋەتىپ بېرىدۇ. * بىر كۈنلۈك مال سېتىۋېلىشتا شۇنچىۋالا پۇل ئوشۇق چىقسىمۇ، سەۋەبىنى بىلمىگىنىڭىزدىن قارىغاندا، كەم چىقسىمۇ بىلمەيدىكەنسىز-دە؟

**مال ئەتمەك** ← **مال قىلماق**: ئۆچكىدە مال ئەتمە، شاپتۇلدا باغ ئەتمە (ماقال).

**مال بازىرى** كالا، قوي قاتارلىق چارۋىلارنى ئېلىپ-ساتىدىغان مەخسۇس ئورۇن: مال بازىرىدا يەنە ئادەمدىن تولا مال بولۇپ، چوڭى ئات، كالا، قېچىر، ئېشەكتىن تارتىپ، كىچىكى قوي، ئۆچكە، توخۇ، تۇشقانغىچە تولۇپ كەتكەنىدى. * مال بازىرىدا چۈشكىچە ئايلىنىپ يۈرۈپ، ئېشەك سودىسىنى قانغۇچە كۆردۈم.

**مال باھاسى** سېتىلىدىغان تاۋارلارنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلەنگەن قىممىتى.

**مال بولماق** ئۆسۈپ يېتىلىپ چوڭ بولماق، قاتارغا قوشۇلماق؛ ئەستاتماق (چارۋىلار

ھەققىدە): بۇ يىل تۇغۇلغان قوزىلار ياز كىرىشى بىلەن مال بولۇپ قاتارغا قوشۇلدى. * مەن بۇ ئۆكۈزنى ئالمايمەن، مال بولمايدۇ دېسەم، ئاتلاردىن ئاشقان بوغۇزنى بەر، ئەجىر تاپسا ئالامەت مال بولىدۇ دېمىگەنمىدىڭ؟

**مال تونۇماق** كۆز ئالدىدىكى نەرسىنىڭ ياخشى-يامىنىنى پەرقلەندۈرمەك، بىلمەك: — ئېسىمدە، ئېسىمدە، — دېدى مومای خالىدىنگە سۆيۈنۈپ قاراپ، — ئەلۋەتتە مال تونۇيدىغان ئادەم باشقىدە، باھاسىغا يېتىپ ئالىدۇ. * — بۇ ئوبدان گەپ بولۇپتۇ، — دېدى ئىمام گېلىنى قىرىپ، — كۆزلىرى مال تونۇيدىكەن، سەلىمخان ئوبدان بالا.

**مال دوختۇرخانىسى** < زوئول > چارۋا ماللار ۋە ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرىدىغان ۋە داۋالايدىغان ئورۇن: ئاخىرى توخۇنى كېچىچە كۆتۈرۈپ يۈرۈپ نەچچە ئون يول يىراقلىقتىكى مال دوختۇرخانىسىغا ئاپاردى. نەتىجىدە توخۇنىمۇ ساقايتىۋالدى.

**مال دوختۇرلۇق** < زوئول > مېدىتسىنانىڭ بىر تارمىقى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ھايۋانلاردىكى كېسەللىك ۋە يارىلىنىشلارنى داۋالاشتىن ئىبارەت.

**مال دوختۇرى** < زوئول > چارۋا ماللار ۋە ئۆي قۇشلىرىدا بولىدىغان كېسەللىكلەرنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىشنى كەسىپ قىلغان كىشى: ــ كەچۈرۈڭ، ئادۋوكات ئەپەندى، شەھەردە مال دوختۇرلىرىمىز ئاز ئەمەس، سىز شۇلارنى تەكلىپ قىلىڭ. خەير-خوش! ــ ئۇ بۇرۇلۇپلا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

**مال ساتقۇچى** سودا ئورۇنلىرىدا تاۋارلارنى سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم؛ پىركازچىك: بوۋاي بىلەن مال

ساتقۇچى ئەركىندىن تەسرلەنگىنچە بىر-بىرىگە قارىشىپ قالدى.

**مال سارىيى** تىجارەت خاراكتېرىدىكى تاۋارلارنى قويىدىغان ئورۇن، جاي.

**مال سىغىمچانلىقى** < زوئول > ئوتلاقنىڭ مالنى ئاساسىي جەھەتتىن مۇۋاپىق يايلىتىش شەرتى ئاستىدىكى بىرلىك كۆلەمگە سىغدۇرۇش ئىقتىدارى ياكى مالنىڭ شۇ ئوتلاقنىڭ مەلۇم كۆلەمگە سىغىش سانى.

**مال قىلماق** چارۋا مالنى بېقىپ، ئۆستۈرمەك؛ ماللىق بولماق: ھەسەن ئاكاملار سېتىۋالغان قوزىنى مال قىلىپ بەش قويغا ئىگە بولۇۋالدى.

**مال ئېلىش تالونى** مال پونكىتى ياكى ئىسكىلاتتا كۆرسىتىپ مال ئالىدىغان ھۆججەت.

**مال يايماق** مالنى ئوتلاقتا ئوتلاتماق، يايلاتماق.

**مالاخىت** ئى [ر< گرېك] < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Cu_2[CO_3](OH)_2$. تەركىبىدىكى مىس ( Cu ) 57.4 %، يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى يىڭنىسىمان، قۇراشمىسى كۆپىنچە رادىئوئاكتىپ ھالىتىدە ھەم ئەمچەكسىمان بولىدۇ. يېشىل رەڭلىك، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 3.5 — 4؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.9 — 4.0.

**مالاقەت** (توغرىسى: مۇلاقات) ← **مۇلاقات.**

**مالال** ئى (ئە) ئىچ پۇشۇش، ئېغىر كۆرۈش، رەنجىش، قىسىلىش: كەلگىنىمنىڭ ۋەجى يالغۇز بۇ ئەمەس، ئەڭ مۇھىم، ئاڭلايدىغان سۆز بۇ ئەمەس، بىگۇناھ قۇربانغا بولدى بەك ئۇۋال، مەنمۇ يەتكۈزگەن كۆپ مالال.

**مالال بولماق** ئوڭايسىزلىق ھېس قىلماق، قىسىلماق: — مالال بولماڭ ئانا. بىز تېخى سىز بىلەن بىللە جىق تويلارنى ئۆتكۈزىمىز. * يوقسۇ، — دېدى توساپ ئېلى ئۇنى دەرھال، — بىرەي ئۆزۈم، سىز ئارتۇقچە بولماڭ مالال.

**مالال قىلماق** ① رەنجىتمەك، بىئارام قىلماق: — ئەي ھەزرىتى پادىشاھى ئالەم، سۇلتانى كىرىم، بىلسەڭ بۇ مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ، رەھىم قىل! ساڭا باردۇر ھەر ئامال، كەچ تەلىپىڭدىن، بىزنى قىلماي مالال! * ئەي ۋاپادار كۆڭلۈڭ مالال قىلمىغىل، غەم تىغىدا يۈرىكىمنى تىلمىغىل. ھەسرەت بىلەن يۈرىكىمنى شىلمىغىل، ۋىسال ۋاقتى بۈگۈن بىزگە بولۇپتۇر. ② كاشىلا قىلماق، دەخلى قىلماق، ئاۋارە قىلماق، ئاۋارىگەرچىلىك سالماق: — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئازراق تەخىر قىلسىلىكەن، مالال قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى دادام تېۋىپقا سالام بېرىپ.

**مالال كەلمەك** ئوڭايسىزلىق، ئاۋارىچىلىك ھېس قىلماق؛ ئېغىر كەلمەك: ئەگەر سىزگە مالال كەلمىسە ماڭا ياردەم بەرسىڭىز. * — ئەگەر سىزگە مالال كەلمىگەن تەقدىردە، ئۇنىڭغا «يولداش سىزنى ئىزدەپ كەپتىكەن» دەپ قويسىڭىز، قالغىنىنى ئۆزى بىلەتتى. * — ئۇكام ئالماسئاخۇن سىلىدىن بىر ئىشنى سورىسام مالال كەلمەس-ھە. — يوقسۇ، مالال كېلەمدىغان، سوراۋەرسىلە.

**مالال كۆرمەك** ئاۋارىچىلىك، ئېغىرچىلىق ھېس قىلماق؛ ئوڭايسىزلانماق: — بۈگۈن مەن سىلەرنى كونا شەھەردىكى ئۆيىمىزگە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. مالال كۆرمەي قەدەم تەشرىپ قىلىپ بېرىشسىلە، — دېدى تۇردىئاخۇن. * تاش بولسىمۇ تۇپراقتا، يىلتىز يايار بىمالال. ھەر ئىش كەلسە، بېشىغا، كۆرمەس ئۇنى ھېچ مالال.

**مالالەت** ئى (ئە) خاپىلىق، بىئارامىلىق، خاتىرجەمسىزلىك: ئاڭلىدىم يېنىڭدىن كەلگەن كىشىدىن، بۈگۈن ئەتىگەندە بىر مەشئۇم خەۋەر. مالالەت يېتىپتۇ تەبىئىتىڭگە، تولۇپتۇ گوياكى جانىڭغا زەھەر.

**مالالچىلىق** ئى ← **مالاللىق**: — بۇ ناخشىنى ئېيتقانلىرىنى مىرغەزەپ ئاڭلاپ قالسا، ھايالسىز ۋاڭنىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزىدۇ. ئۇ چاغدا ئۆزلىرىگە مالالچىلىق بولارمىكىن.

**مالاللىق** ئى. كىشىگە مالال كېلىدىغان ئىش-ھەرىكەت، ھالەت، ئارتۇقچە تەشۋىش: رىشتىمۇ بىلمىدى يېڭى ئەھۋالنى، ھەم شوپۇر يىگىتمۇ ئۇندىن بىخەۋەر. مۇھەببەت قىلچىمۇ سەزمەي مالاللىق، ھەرئىككى تەرەپتە يۈردى باراۋەر.

**مالاللىق تارتماق** قىينالماق، رەنجىمەك: قازى: لوزۇڭ جانابلىرى، ھەر قايسىمىز كۆپ مالاللىق تارتتۇق.

**مالاللىق يەتمەك** قىيىنچىلىق، ئاۋارىچىلىككە يولۇقماق؛ مالاللىققا ئۇچرىماق: — قانداق، ئارتۇقچە مالاللىق يەتمىگەندۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ۋە ياغلىقنى چىقىرىپ ئايدىڭنىڭ چېكىسىدىكى تەرنى ئېرتتى. * خوش ئاخۇنۇم، كۆڭۈللىرىگە بىرەر مالاللىق يەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ بىز بۇنداق ئىشلاردىن خەۋەرسىز يۈرسەك بولماس، — دېدى.

**مالامەت** ئى (ئە) ناھەق ئەيىبلەش، تاپا-تەنە: دەسلەپتە ئۇلار بالاغەتكە يەتمىگەنلىكتىن، مالامەت ئاپىتىدىن خالىي ئىدى. ئەمما ئىشق بىلەن خۇش پۇراقنى يوشۇرغىلى بولمىغىنىدەك، بەھرام بىلەن زۆھرە قاچان بالاغەتكە يەتتى، شۇندىن باشلاپ مالامەتمۇ قوغلاپ كەلدى. * قورقمىغىن دەۋرانىنىڭ مالامىتىدىن، رەڭۋازنىڭ كۆرسەتكەن كارامىتىدىن. قەلبىڭنى ھەققە بەر، يەرگە ئەجرىڭنى، تاپ ئەقىل خەلقىڭنىڭ رىيازىتىدىن.

**مالامەت قىلماق** ناھەق ئەيىبلىمەك، تاپا-تەنە قىلماق: — يا ھەزرەت! — دېدىم پېشانەمگە بىرنى سېلىپ، — ئەمدى ماڭا تازا مالامەت قىلىدىغان بولدى-دە، نېمە قىلغۇلۇق؟! يېنىپ چىقىپ كېتەيمىكىن، ياق مەن ھامان ئاشۇ باشلىقنىڭ چاقىرغىنىدىكى ئادەم. * بىلمىگەنلەر، ئۆزىنىڭ نەۋرىسىنى بىكاردىن بىكار ئۆلتۈردى دەپ مالامەت قىلار.

**مالامەت يەتمەك** تاپا-تەنىلىك سۆزلەرگە يولۇقماق: ئەي ئازاد ئادەم، مېنىڭ سەرگۈزەشتەم ھەددى ھېسابسىز، ئەگەر دەيدىغان بولسام ساڭا مالامەتلەر يېتىدۇ. * مالامەت يەتسىمۇ بەزەن دىلىمغا ئۆز دىيارىمدا، بوسۇقتىن داجىماس ئىنتەك ماڭا ئەھدۇ ۋاپا ياخشى.

**مالامەتلىك** سۈپ. تاپا-تەنە، ئەيىبلەشلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ تاپا-تەنىگە تولغان، تاپا-تەنىگە ئۇچرىغان: پۇقرا بېشىغا كەلگەن مالامەتلىك كۈنلەر تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەنىدى. * نەچچە ئادەمنى يېدىڭ، مەندىن ھەزەر قىل، دېدىڭ. كالا-ئاتنى قويمىدىڭ، مالامەتلىك ئاق ئۆستەڭ.

**مالائىكە** ئى (ئە) پەرىشتىلەر.

**مالاي** ئى ① بايلارنىڭ ياكى باشقا بىرسىنىڭ مەخسۇس خىزمىتىدە بولغۇچى كىشى؛ خىزمەتكار، چاكار: ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى مەخسۇت بەگنىڭ مالايلىرى بولۇپ، ھەممىسى ئالماسنىڭ جان-جىگەر، سىنالغان دوستلىرى ئىدى. * — ھە، ھە، كۆڭلۈڭگە كەلمىسۇن، بۇ ماڭا بەك كۆيۈنىدۇ. تىلسىز بىچارە، ئۆز ۋاقتىدا باينىڭ مالىيى ئىكەن، ئېلىپ قاچقانىدىم. // تېخى بايلار ۋارىسجانىنىڭ كەمسىتىشىگە يولۇققان بۇ مالاي يىگىتكە ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەر ئاپىرىن ئېيتىشىپ

كەتتى. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن قارىغۇلارچە خىزمەت قىلغۇچى، غالچا: ئۇ ئىلى گېنېرالى گوڭفۇنى ئۆلۈم بىلەن قورقۇتۇپ، يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ دۇدۇلىقىغا سايلانغان بولسىمۇ، ئۆلۈۋاتقان ھۆكۈمەتنىڭ سادىق مالىيى بولغان يۈەن داخۋانىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىيالمىدى. * يەھۇدىلار دۆلىتىنىڭ بۇ كۈندە، ئاشۇ بولدى ئەرەبلەرگە بەرگىنى. جاھانگىرلار شەھەردە، دېۋانىگە ئايلاندۇردى ھەممىنى.

**مالايلارچە** رەۋ ← **قۇللارچە.**

**مالايلىق** «مالاي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئابدۇراخمان كۆپچىلىككە قاراپ: «بىرنەچچە يىلدىن بۇيان مەقسەتسىز مالايلىقنى ئادا قىلىپ كەلدۇق» دېدى. * — سەن بۇنى قويۇپ بىرىپ راست ئەركە قىلىۋالدىڭ، مالاي دېگەن مالايلىقنى قىلمامدۇ؟ — دېدى سىيىت.

**مالەم** ئى (ئە) دەرد-ئەلەم، ئازاب-ئوقۇبەت ماكانى: «بىلىملىكنىڭ كۆزىدە ئالەم بار، بىلىمسىزنىڭ كۆزىدە مالەم» دېيىشەتتى. ھەممىسى راست چىقتى. * تاشنى ئويغىتىپ ئادەم قىلىمسام، ياۋغا ئالەمنى مالەم قىلسام.

**مال-بىسات** كىشىدە بولغان پۇل ۋە مۈلۈك قاتارلىق پۇلغا يارايدىغان ھەممە نەرسە: — بۇنداق شېرىن تۇرمۇش ئۇزۇن داۋاملاشسىغۇ ئاجايىپ ياخشى بولاتتى، بىراق مەن بىر يوقسۇل ئوقۇغۇچىمەن، مال-بىسات توپلىشىم كېرەك. * خانقىز ئانا ئادىلنى مال-بىساتلىرى كۆپ بولمىسىمۇ، ئەمما رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان مېھمانخانا ئۆيىگە باشلاپ كىردى.

**مال-پال** مال ۋە شۇخىلدىكى نەرسىلەر مال-دۇنيالار: قويلىرىمنى مۇشۇ بانا بىلەن پۇل قىلىۋالسام ئىدىم، توپنىڭ ئىچىدىكى پۇلدىن ياۋاش نەرسە يوق ئىكەن. ئامال بولسا، مال-پال، ياغاچ-تاش ھەممىسىنىلا پۇلغا ئۇرۇۋالسام.

**مالپەرەس** سۈپ (ئە+پ) مالغا، دۇنياغا بېرىلگەن؛ مال-دۇنيانىڭ غېمىدە بولىدىغان: ئۇ تولىمۇ مالپەرەس ئادەم بولۇپ، بىر موچەن ئۈچۈن مىڭ قەسەم قىلىشقا تەييار ئىدى. || بۇنداق مالپەرەسلەر مال-دۇنياغا كۆز تىكىدۇ ئادەمنى تونۇمايدۇ.

**مالپەرەسلىك** «مالپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىز ئويلايدۇ: كاشكى شۇ يوغان قورساق ئوكۇرداي مال-دۇنياسىغا ئىشىنىپ ئۇنى سوراتمىغان بولسا؛ كاشكى، تويىمىغۇر دادىسى مالپەرەسلىك قىلماي، ئوكۇردا يىنىڭ ئەلچىسىنى قۇرۇق ياندۇرغان بولسا مۇنداق بولماس ئىدى.

**مالتاق** ئى. ياغاچتىن ياسالغان چوڭ توڭ، سوغىنىڭ چوڭى: قىش كۈنلىرى توقسۇن بازىرىنىڭ شىمال تەرىپىدىكى توپ ئاتار غوجام ئۆستىڭىدىن مالتاقتا سۇ توشۇپ، بايلارغا سۇ يەتكۈزۈپ بېرىپ جان ساقلاپ يۈردۈم.

**مالتوزا** ئى (رُ< ئىنگ) < خىم > قەنتنىڭ بىر خىلى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{12}H_{22}O_{11} \cdot H_2O$. ئاق رەڭلىك يىڭنىسىمان كرىستال بولۇپ، تەمى ساخاروزىنىڭكىگە يەتمەيدۇ. ئاددىي قەنتلەرگە پارچىلىنىدۇ. ئۇ ئورگانىزمدا كراخمالدىن ئامىلازا ئارقىلىق پارچىلىنىپ شەكىللىنىدۇ. سانائەتتە كۆپىنچە كراخمالدىن ئېلىنىدۇ. ئادەتتە قەنت-گېزەك ۋە دورا قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**مالتۇس** ئى. 1766 — 1834- يىللىرى ياشىغان ئەنگلىيىلىك ئىقتىسادشۇناس، باستىر ھەم پروفېسسور.

**مالتۇس تەلىماتى** < س ئق > ← مالتۇسچىلىق.

**مالتۇسچىلىق** ئى< س ئق > ئەنگلىيىلىك مالتۇس (Thomas Robert Malthus) ياراتقان ئەكسىيەتچىل نوپۇس نەزەرىيىسى. ئۇنىڭ مەزمۇنى: تۇرمۇش ۋاستىلىرى تەڭ ئايرىملىق سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى بويىچە، نوپۇس بولسا گېئومېترىيىلىك سانلار ئارقىمۇئارقىلىقى بويىچە ئارتىدۇ. شۇڭا تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئېشىشىنىڭ نوپۇسنىڭ ئېشىشىغا يېتىشمەسلىكى تەبىئىي ھەم مەڭگۈلۈك قانۇنىيەت ھېسابلىنىدۇ. پەقەت ئاچارچىلىق، ئېغىر ئەمگەك، نىكاھلىنىشنى چەكلەش ۋە ئۇرۇش قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ «تۇۋەن قاتلىمى» نى يوقاتقاندىلا، ئاندىن بۇ قانۇنىيەتنىڭ رولىنى ئاجىزلاشتۇرغىلى بولىدۇ. كاپىتالىستىك تۈزۈم كەلتۈرۈپ چىقارغان بارلىق مەسىلىلەر ۋە ئاپەتلەرنىڭ ھەممىسى نوپۇس ئۇشۇقچىلىقىنىڭ نەتىجىسى دېگەنلەردىن ئىبارەت.

**مالتىلاتماق** «مالتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا ئاچقۇچنى ئۆزى ئىزدىدى، باللىرىنى ئۆينى ئىزدەشكە بۇيرۇدى، ئۆي ئىچىنى ئىزدىتىپ مالتىلاتمىغان يېرى قالمىدى.

**مالتىلاشماق** «مالتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ گۇماندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يانچۇقلىرىنى مالتىلىشىپ، ئەتىر ئۆرۈشۈپ قېقىشىپ قويدى.

**مالتىلانماق** «مالتىلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سايىم قارىسا ساندۇقنىڭ قۇلۇپلىرى چېقىلغانلىقى ۋە مالتىلانغانلىقى مەلۇم بولدى.

**مالتىلماق** پ ① ئاستىن-ئۈستۈن، ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈپ ئاختۇرماق: ئۇ، ئۇ يان ئۇيلاپ-بۇ يان ئويلاپ، ئۆزىچە بىر يولنى تاپقاندەك بولدى-دە، «قېنى، كۆرىمىز!» دېگەننى يەنە تەكرارلىۋېتىپ، يېنىدىكى ئارىنى قولىغا ئالدى ۋە پاراس-پۇرۇس قىلىپ ئۈنچىلەرنى مالتىلاشقا كىرىشتى. * مەنسۇرنىڭ ئىككى ئاغىنىسى — مامۇت بىلەن زايىت دەرھال چېدىرنىڭ ئۇ يەر-بۇ يەرلىرىگە كۆز سالدى ۋە كارىۋات ئاينىغدىكى ساندۇقنى ئېچىپ مالتىلىدى. ② قوچۇپ ئىلەشتۈرمەك: — دادا، قارىغاندا سەن زادىلا غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كېتىپسەن، — دېدى تۇرغۇننىسا تەخسىدىكى لەگمەننى يېيىشكە خوش ياقماي قالغاندەك چوكا بىلەن مالتىلىۋېتىپ. * پاتەم بەزى چاغلاردا ئاشلارنى مالتىلاپ، نان بولسا ئۇشتۇتۇپ تەكشۈرۈپ ئاندىن نەزەر بەند قىلغانلارغا بېرىشكە رۇخسەت قىلاتتى.

**مالچى** ئى. قوي، ئۆچكە، قاتارلىق چارۋىلارنى يايلاقلاردا يايلىتىپ باققۇچى، پادىچى: داۋاندا تۇرۇپ قارىغاندا، يايلاقتىكى مالچىلارنىڭ كىگىز ئۆيلىرى گويا يېشىل دېڭىزدەك كۆپكۆك ئورمان ئارىسىدا ئاپئاق بولۇپ كۆزگە تاشلىناتتى. * تاغ چوققىسى ئىكەن قار، ئېتەكلىرى گۈل باھار. ياشايدىكەن مالچىلار، بۇ ماكاندا بەختىيار.

**مالچىلىق** «مالچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: مالچىلىق قىلماق.

**مالخانا** ئى (ئە+پ) مال تۇرىدىغان جاي، ئېغىل.

**مالدار** ئى (ئە+پ) مال-چارۋىسى كۆپ، باي كىشى: قۇستەنتىن شەھرىدە ناھايىتى

مالدار بىر خوجايىن بولۇپ ئۇنىڭ پەرزەنت بەختى ئىسمىلىك بىر ئوغلى بار ئىكەن.

**مال-دۇنيا** پۇل-مال ۋە قىممەت باھالىق نەرسە-كېرەكلەر: — ئەمدى ساڭا بۇيرۇق قىلىمەن، ئۈچ كۈن ئىچىدە، خەزىنىدىكى پۈتۈن مال-دۇنيالىرىم سەرپ بولسىمۇ مەيلى مېنىڭ چۈشۈمنى تاپقىن، تەبىر بەرگىن. * ئۇ ئۆمۈر بويى يېتىپ يېسىمۇ تۈزىگە يەتمەپ ئاشقۇدەك مال-دۇنياغا ئىگە ئىدى.

**مالسىز** سۈپ. مال يوق؛ قۇرۇق: ئۇت-چۆپلەرنىڭ ياشىرىشى بىلەن قوتانلار مالسىز، يايلاقلار ئاۋات بولاتتى. // مالسىزلار، ماللىق، ھەتتا ھارۋىلىق، ئاتلىق بولۇپ قالدى. * بۇ بالا قاتتىق بوران چىقىپ مالاردىن ئايرىلىپ قېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ باينىڭ ئالدىغا مالسىز بېرىشتىن قورقۇپ باشقا ياققا قاراپ يول ئېلىپتۇ.

**مالغۇشلىماق** پ. مالتىلىماق، قوچۇماق: — ھە، سەن ئۆلدۈك! — دېدى ئەزىزەم، ئۇنىڭ بوينىغا دەسسەپ پىچاقنى تېخىمۇ پاتۇرۇپ مالغۇشلاپ-مەن ۋىجدان بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلدىم!

**مال-مۈلۈك** دۆلەت، كوللېكتىپ ياكى شەخسلەر ئىگىلىكى تۈرلۈك ماددىي نەرسە ۋە بايلىق: دۆلەتنىڭ مال-مۈلكىنى قوغداش. * مانا ئەمدى يەتتە-سەككىز ئاي ئىچىدىلا شۇنچىۋالا مال-مۈلۈك ۋە نەق پۇلغا ئىگە بولدى. * شۇنىڭدىن كېيىن خەقنىڭ مال-مۈلكىنى ئوغرىلاپ ئەسكى ئېتىمىز چىقتى.

**مال-مۈلۈك ھوقۇقى** ماددىي بايلىقنى ئوبيېكت قىلغان، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە تاقىلىدىغان ھەق-تەلەپ ئىشلىرى ھوقۇقى.

**مال-مېكەت** دىئال. مالۋاران.

**مالۋاران** ئى. بېقىپ ئۆستۈرۈلىدىغان قوي، كالا، ئات قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرى: 8-ئاي پەسلى ئىلى يايلاقلىرىنىڭ جەننەت ۋاقتى بولۇپ، مالۋاران، ئوت-چۆپنىڭ راسا يېتىلگەن مەزگىلى ئىدى. * سەھرالىقلار مالۋاراننى ئەركىن قويۇۋېتىدىغان خەق.

**مالىخاي** ئى ① ئاق كىگىز قالپاق: ئەركىنلىك يولىدا شۇ سادىر، قىرلىغان چېغىدا مالىخايىنى؛ يىقىتقان پورلارنى سېپىت نوچى، مۇشتۇمدا، يۇلغاندەك قارىغايىنى. ② تۇماق: ئىنتىقام ئالغىلى ئاتلاندى خەلق، بولدى جەڭ مەيدانى قەدىم تىيانشان. ئارمىيە سېپىگە قېتىلدىم مەنمۇ، مۇرەممە پاگون بار، مالىخايدا نىشان.

**مالىخۇليا** ئى (گرېك) تاسادىپىي ئەھۋاللار ۋە بىھۇدە خىياللار سەۋەبىدىن بولىدىغان خامۇشلۇق كېسىلى، سەۋدا.

**مالىك** ئى (ئە) ① يېزت. ئىگە: شۇنچە ئىشلەپ، يىل بويى قوي بېقىپ بىر قوزىغا مالىك بولالمىغان ئىش تالاي قېتىم بولغان. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مالىماتاڭ** سۈپ ① قالايمىقان، رەتسىز: ھېيناخۇن كەلسە، ئۆي ئىچى خۇددى ئوغرى كىرگەندەك مالىماتاڭ تۇراتتى. ② تەرتىپ بۇزۇلغان، ئەنسىزلىك قاپلىغان: ئۇ جاھان تازا مالىماتاڭ بولغان ھېلىقى ئىنقىلاب يىللىرىدا «باتۇر جەڭچى» گە ئايلانغانىدى. * كىشىنىڭ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرىدىغان بۇ مالىماتاڭ يىللارغا ئاخىرى بىركۈنى خاتىمە بېرىلىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ قەلبىدە گۇمان يوق.

**مالىماتاڭ قىلماق** ① تىزىلغان تەرتىپ ۋە رېتىنى بۇزۇپ رەتسىز، قالايمىقان قىلماق، قالايمىقانلاشتۇرماق: — قانداق، مەن دېمىدىممۇ! ئىككى كۈندىن بېرى نەۋرىسىگە كىيىم تىكمەن دەپ لاتا-پۇتىلىرىنىڭ ھەممىسىنى كارىۋاتقا يېيىپ، ئۆينى مالىماتاڭ قىلىۋەتتى. * مەن ئامبارغا كىرىپ قارىسام، ئامبارنىڭ ئىچىنى مالىماتاڭ قىلىۋېتىپتۇ، پەرق

ئېتەلىگىنىم: بىر يېڭى دىنام، بىر كورۇپكا پۇرژىنا يوق. ② قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق، غەلۋە-غوۋغا پەيدا قىلماق: بىراق ھاجىنىڭ پىچانغا چىققانلىقى يالغانىدى. پىچاننى مالماتاڭ قىلىۋاتقانلارمۇ ھاجىنىڭ ئادەملىرى ئەمەس، ماجۇگېيگىنىڭ قالدۇقلىرىدىن ماشىمىڭ باشلىق 20 نەچچە ئادەم ئىدى.

**مالماتاڭچىلىق** ئى. مالماتاڭ بولغان، قالايمىقان ھالەت: ئوغلىنى ئۆيلەش ئانىنىڭ ئۈمىد ئارزۇسى، خۇشاللىقى ئىدى. ئەگەر مۇشۇ مالماتاڭچىلىقلار بولمىغان بولسىدى، تىلىۋالدىنى بۇلتۇر كۈزدىلا ئۆيلەپ قويغان بولاتتى.

**مالماتاڭلاشتۇرماق** « مالماتاڭلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مالماتاڭلاشماق** پ. قالايمىقان، رەتسىز ھالەتكە كەلمەك؛ قالايمىقان بولماق: — ئۇلار يامان مەسلىھەت بېرىپتۇ، — ئالىم ياتاق ئىچىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى، — بىلەمسىز، بۈگۈنكى كۈندە بىر مۇنچە نەرسىلەر ئارىلىشىپ مالماتاڭلىشىپ كەتتى.

**مالمان** ① سۈپ. ئەسلىي ھالىتى بۇزۇلغان، قالايمىقان، رەتسىز، مالماتاڭ: ئۆيىنىڭ ئىچىنى مالمان قىلماق. * ھېلىقى مالمان يىللار ئۇ ئائىلىنى ۋەيران قىلدى. گازارما بەك مالمان، تېڭىلغانتى يۇك-تاقلار. تۇرار ئىدى ھەر يەردە، ئەسكى گوجەي، ئاياغلار. // ئۆيىنىڭ ئىچى تازا مالمان بولۇپ كەتتى. * كىتاب ئىشكاپىمۇ مالمان تۇرۇپتۇ. يىغىشتۇرىمەن دەپ چالا تاشلاپ قويۇلغان بولسا كېرەك. ② ئى. تۇيۇقسىز بىرەر ئەھۋال تۇپەيلىدىن بولغان قالايمىقانچىلىق: ئۇ ھېيتكادىكى مالماندا ساغرىسى سۇت-قايماق بىلەن بۇلغانغان بىر ھەربىي ئەمەلدار ئىدى. * شتابنىڭ سىرتىدا ئۇشتۇمتۇت مۇرىگەن قوي، كالىلارنىڭ مالمىنى پەيدا بولۇپ دەرۋازىدىن ھويلىغا بىر پارچە قويۇق چاڭ-توزان بېسىپ كىردى.

**مالمان قىلماق** قالايمىقان، پاراكەندە، ئەنسىزلىك پەيدا قىلماق؛ پاراكەندە قىلماق: — بۈگۈن بولسا، سىلەرنى ئاز-تولا مالمان قىلىپ كۆڭلۈڭلارنى پەرىشان قىلىشىمىزغا رۇخسەت قىلغايسىزلەر! — دېدى ئادالەت قوشۇمىسىنى تۈرۈپ. * شۇ چاغ بىرسىنىڭ « چىگىنكە ئوت كەتتى » دېگەن ئەنسىز ئاۋازى كىشىلەرنى مالمان قىلىۋەتتى.

**مالمانچى** ئى. مالمان پەيدا قىلىپ يۈرگۈچى كىشى: بۇ مالمانچىلارنىڭ ئالدىدا، تولا چاغلاردا كۆپىنچە دەرسلەردىن دائىم ئەڭ تۆۋەن نومۇر ئېلىپ، ساۋاقداشلىرى تەرىپىدىن « قۇرۇق كاللا » دېگەن ئاتاققا ئىگە بولغان قارا چوقۇر بىر ئوقۇغۇچى تۇراتتى.

**مالمانچىلىق** ئى. مالمان قىلىنغان پاراكەندە ھالەت، پاراكەندىچىلىك: ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتتى. سارسۇمبىدە ئۇشتۇمتۇتلا قاتتىق مالمانچىلىق باشلىنىپ كەتتى. ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىن پىلىموت ۋە مىلتىقلار ئېتىلىشقا باشلىدى. * بۇ ئەھۋاللار ئىلگىرىمۇ بار ئىدى، ئون يىللىق ئىچكى مالمانچىلىق ئارقىسىدا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى.

**مالمانلاشتۇرماق** « مالمانلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا قارىسا، باللار ئۆيدىكى نەرسىلەرنى خالىغانچە تاشلاپ مالمانلاشتۇرۇۋېتىپتۇ.

**مالمانلاشماق** پ. مالمان، پاراكەندە ھالەتكە كەلمەك؛ قالايمىقانلاشماق: شۇ تاپتا، ئاڭلىغان گەپ-سۆزلەرنىڭ تەسىرىدىن پىكرىم پۈتۈنلەي مالمانلىشىپ كەتكەنىدى، * — ئەپۇ قىلىڭ، لەيلىگۈل، — دېدى ئۇ تولىمۇ مۇلايىم ئاھاڭ بىلەن قىزغا قاراپ، ئەسلىدە سىزلەرنى باغلاش بىھاجەت ئىدى،

بىراق ھازىر زامان مالىمانلىشىپ كەتتى.

**مالىمانلىق** ئى ← **مالىمانچىلىق**: جانابىلىرىنىڭ مالىمانلىقنى تىنچلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانلىرى ئادالەتنى كۆزدە تۇتقانلىق بولسىمۇ، لېكىن قەدىمدىن بۇيان بۇ جاھان گاھىدا بۇزۇلۇپ، گاھىدا تۈزۈلۈپ مۇشۇنداق داۋالغۇپ كەلگەن.

**مالىنا** ئى (د) <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان تىكەنلىك چاتقال. يوپۇرمىقى ئاددىي ياكى ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، ئالقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسى قىزىل ھەم پارقىراق، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. تىيانشان تاغلىرىدا بار. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**مالىيە** ئى (ئە) ① دۆلەتنىڭ مال-مۈلۈك ۋە بايلىقلارنىڭ كىرىم-چىقىم قىلىنىشىغا بولغان باشقۇرۇش پائالىيىتى: مالىيە مىنىستىرلىكى. مالىيە ئىدارىسى. ② ئىدارە-جەمئىيەت، ئورگان، كارخانا، تەشكىلات قاتارلىقلاردىكى مال-مۈلۈكنى باشقۇرۇش ياكى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، نەق پۇلنى كىرىم-چىقىم قىلىش، ساقلاش ۋە ھېسابلاش قاتارلىق بىر يۈرۈش ئىشلار: مالىيە بۆلۈمى. مالىيە خادىملىرى.

**مالىيە تۈزۈمى** <مال> دۆلەتنىڭ مالىيە خىزمىتىدە ئاساسلىنىدىغان قېلىپى.

**مالىيە چىقىمى** <مال> دۆلەتنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن، مالىيىنىڭ قايسى ھالقىلىرىدا توپلانغان مەبلىغىنى تەقسىم قىلىشى ۋە ئىشلىتىشى.

**مالىيە دۆكاللىرى** <س ئىق> جاھانگىر دۆلەتلەردىكى پۇل مۇئامىلە كاپىتالىنى ئىگىلىگەن ئاز سانلىق مونوپول كاپىتالىستلار.

ئۇلار خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرى ۋە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى ئەمەلىي باشقۇرغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

**مالىيە زاپىسى** <س ئىق> دۆلەتنىڭ خەلق ئىگىلىكى پىلانىنىڭ ئورۇنلىنىشى ۋە خامچوتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، بىر قىسىم زاپاس ماددىي ئەشيا ۋە پۇل ئىگىلەپ تۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مالىيە قالدۇقى** <مال> مەلۇم مالىيە يىلى ئىچىدىكى مالىيە كىرىمىنىڭ چىقىمدىن ئارتۇق بولغان قالدۇقى.

**مالىيە قىزىل رەقەمى** <س ئىق> خامچوتتىكى قىزىل رەقەم، يەنى ھۆكۈمەتنىڭ يىللىق خامچوتىدىكى چىقىمنىڭ كىرىمدىن ئېشىپ كېتىش پەرقى.

**مالىيە كاپىتالى** <س ئىق> بانكا مونوپول كاپىتالى بىلەن سانائەت مونوپول كاپىتالىنىڭ بىرىكىشى ياكى ئارىلىشىپ كېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن كاپىتال.

**مالىيە كرىزىسى** <س ئىق> كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ مالىيە جەھەتتىكى ئامالسىزلىقى ۋە داۋالغۇشى.

**مالىيە كىرىمى** <مال> دۆلەت مالىيىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى ئارقىلىق توپلىغان مەبلىغىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى.

**مالىيە گۇرۇھى** <مال> كاپىتالىستىك جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن شىركەت، بانكا ۋە كارخانىلارنى مونوپول قىلىۋالغان كاپىتالىستلار ياكى ئۇلاردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھ.

**مالىيە مەبلىغى** <مال> دۆلەت ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئۈچۈن مالىيىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدا توپلىغان ۋە

تەقسىم قىلىپ ئىشلەتكەن مەبلەغ.

**مالىيە مەنبەسى** <مال> پۇل-مالنىڭ كېلىش مەنبىئى.

**مالىيە نازارەتچىلىكى** <مال> مالىيىنىڭ مەبلەغ چوغلاش، تەقسىم قىلىش ۋە ئىشلىتىش جەريانىدا، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىش، تەكشۈرۈش، مالىيە جەھەتتە جازالاش قاتارلىق شەكىللەردىكى نازارەتچىلىكى.

**مالىيە ئىنتىزامى** <مال> دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرى، رايون، ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ پۇل تاپشۇرۇۋېلىش، بېرىش، پۇل تاپشۇرۇش ۋە ھېسابات قىلىش قاتارلىق مالىيە پائالىيىتىدە جەزمەن قاتتىق ئەمەل قىلىشى شەرت بولغان ھەرىكەت مىزانى.

**مالىيە يىلى** <س ئىق> دۆلەت خامچوتىنى تۈزۈپ چىقىشتىن تارتىپ ئىجرا قىلىپ بولغۇچە بولغان مەزگىل. مالىيە يىلىنى بەلگىلەشتىن مەقسەت، دۆلەت خامچوتى بىلەن نەقچوتنىڭ بىرلىككە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت. ئۇ يەنە «خامچوت يىلى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مالىيە-سودا** مالىيە ۋە سودىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: ئابدۇل سابىق باشلىق ئەخمەتجاننىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن مالىيە-سودا تېخنىكومىدا ئوقۇدى.

**مامات** ئى (ئە) ئۆلۈم: ئايلىنار، پەسىللەر ياشايدۇ ھايات، ھاياتنى كۆيلىگەن پەيلاسوپ قېنى؟ دۇنياغا نەپەستۇر ھايات ۋە مامات، قېنى ئۇ لوقمانى ھېكىمنىڭ پىرى؟.

**مامات بولماق** ئۆلمەك: خەلق بىلەن بىر بولساڭ ياشايسەن ھايات، ئايرىلساڭ خەلقتىن بولسەن مامات، زېمىن سەن ئۇندا چېچەك ئاتقۇچى، سەن شۇڭقار، خەلق ساڭا جۈپ ئالتۇن قانات.

**ماماتلىق** «مامات» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: نۇرنىساغا 2 كىلوگرام قان بېرىلدى. ماماتلىقتىن ھاياتلىققا قايتقان بوۋاقتا باقى ئاكا «نىجات» دەپ ئىسىم قويدى.
* قانتىمىدىن قايرىلسام، مەنسىپىمدىن ئايرىلسام؛ بولماس ماڭا ھاياتلىق، يېتەر بەلكى ماماتلىق.

**مامپۇ** ئى ① شاپىقىغا تۆت دانە گۈل تىكىلگەن دوپپا. ② كېسەك كونۇس شەكىلدىكى دۇخاۋا دوپپا.

**ماماكاپ** ئى <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەركىبىدە ئاق رەڭلىك سۈتسىمان شىرنىسى بولىدۇ، يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇمسىمان شەكىللىك، پەيسىمان يېرىلغان. گۈلى سېرىق، باشسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى ئورۇق مېۋە، رەڭگى قوڭۇر بولىدۇ. مېۋىسىدە ئاق رەڭلىك يۇمشاق تۈكچىلىرى بولىدۇ. يىلتىز، غوللىرى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**مامونت** ئى (ر) <زوئول> قەدىمكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تەن شەكلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ھازىرقى پىلغا ئوخشاپ كېتىدۇ. پۈتۈن تېنىدە ئۇزۇن تۈكلىرى بار، كۈرەك چىشلىرى ئۈستىگە ئېگىلگەن. ئۇ سوغۇق بەلۋاغلاردا ياشىغان 4-دەۋرنىڭ ھايۋىنى بولۇپ، ئاللىقاچان نەسلى قۇرۇغان. «تۈكلۈك پىل» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مامونت دەرىخى** <بوت> شەمشاد ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ. ئېگىزلىكى 100 مېتىردىن،

غولىنىڭ ئايلانمىسى 30 مېتىردىن ئاشىدۇ. 3000 يىلدىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرىدۇ. دەرەخ قوۋزىقى قېلىن، يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىللىك، شار مېۋىسى تۇخۇمسىمان، ئۇرۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدە كەڭ، نېپىز قانىتى بولىدۇ. ئەسلى ماكانى ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتى. ئۆسۈشى تېز. ھازىر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلمەكتە.

**ماموق** ① ئى. غاز، ئۆردەك قاتارلىقلارنىڭ يۇمشاق، ئاق تۈكلىرى: ماموق ياستۇق. ماموق چاپان. * — ھەي قاغا دوستۇم، سەن نېمىدېگەن چىرايلىق؟ قارىغىنا، پەيلىرىڭ تۇم قارا، يەنە تېخى تېگى-تېگىدىن يالتىراپ تۇرىدۇ. غازنىڭ ماموقلىرى دېگەن نېمە ئۇ؟ سېنىڭ پەيلىرىڭ ئۇنىڭدىنمۇ يۇمشاق، كۆزلىرىڭچۇ؟ // مەن ئولتۇرغان ماموق سافا تېنىمگە، پاتتى ئەجەب بۇ جېنىمنى قاقشىتىپ. تىكىلگەندەك كېسەل تاتلىق جېنىمغا، قېپىنماقتا، يۈرىكىمنى ئاغرىتىپ. ② سۈپ. پاختىدەك يۇمشاق ۋە ئاپئاق: ئىككى جۈپ ياقۇت لەۋ جۈپلەشتى بىردىن، ئوت-يالقۇن چاقنىدى قارا كۆزلەردىن، ئالەمچە مۇھەببەتتە ياندى قوش يۈرەك، بەختىيار نۇر ياغدى ماموق يۈزلەردىن. // كېپىنەكتەك ئاپئاق قار، كۆكتە ئۈزۈپ ئوينىدى. بىر پەستىلا مەكتەپنى، ئاق ماموققا ئورىدى.

**ماموق چاپان** قىشلىق كىيىمنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا پاختا ئورنىدا ماموق ئىشلىتىلىدۇ، بۇ خىل چاپان ئىسسىقلىقنى ساقلاش ۋە يەڭگىل بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە.

**ماموق ياستۇق** ئىچىگە ماموق سېلىنغان ياستۇق: ئۇ ھاياجىنىنى بېسىۋالالماي، ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ بېرىپ، زەينەپنىڭ كارىۋىتىدىكى ماموق ياستۇققا يۆلەندى.

**مامىرانچىن** ئى (پ) < بوت > ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 10 ــ 40 سانتىمېتىر ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى كىچىك، رەڭگى ئاق. يىلتىزسىمان غولىنىڭ تەمى قېرىق ئاچچىق. دورا قىلىنىدۇ، ئاشقازاننى ياخشىلاش، باكتېرىيىگە قارشى تۇرۇش، مىكروپسىزلاندۇرۇش رولى بار.

**مامسا** ئى < بوت > ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۈۋىدە توپلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان. ھەربىر يېرىقچە يوپۇرمىقى چىشسىمان ياكى كەمتۈكلىرى بولىدۇ. رەڭگى كۆكۈچ كۈلرەڭ، ئۈستىدە ئۇۋاق ئۇپىلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى قاتتىق. غولى توپ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى سېرىق بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ. غوزا مېۋىسى ئۇزۇن يېپسىمان، سەل ئەگرى. ئادەتتە ئۇ ئەپيۇنگۈل ئورنىدا دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**مانا** ① ئال. ماۋۇ يەردە: — شاھىدە قىزىم نەدىسەن؟ — مانا، مەن بار، ھاما ئاچا. ② ئال. سۆزلىگۈچىنىڭ قولىدىكى، يېنىدىكى نەرسىنى ياكى بولۇۋاتقان، بولغان ۋەقە-ھادىسىلەرنى كۆرسىتىشتە قوللىنىلىدۇ: ــ كىچىك بالىنى سوغۇقتا يېتىلەپ ئاۋارە بولمىسىلا، ئەمدى ئۆزىمۇ كېلىپ قالار، شەھەر دېگەن مانىغۇ. * گۈلباھار قۇياشتىن كۈلدۈق مانا، باغۋەنىنىڭ مېھرى بىلەن شادلاندۇق بىز. ③ يۈكلىمە ۋەزىپىسىدە كېلىپ: 1) جۈملىدە ئوقۇلىدىغان مەقسەتكە ئاگاھلىغۇچىنىڭ

دىققىتىنى جەلپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ: مانا، بۇگۈن كۆرسەن ئاسىم، بىشى يانچىلغان يىلانمۇ هاياتىنى ئوڭايلا ئۇمىد ئۈزمەيدىكەن. * مانا، ھەممە ئوقۇغۇچىلار كېلىپ بولدى. مانا، ئىش چاتاق بولدى. * مانا، چوپچوڭلا بىر ئادەم بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۆيدە تۇرۇۋاتىدۇ. 2) بەزىدە تېزلىك ئىماسىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: مانا، ھازىر بارىمەن. مانا، بىردەمدىلا تەييار بولىدۇ. * مانا ھازىر! -دەپ تاكاسلاپ كىرىپ كەلدى پەزىلەتخان. 3) ئۆزىدىن كېيىنكى كىشىلىك ئالماشلارنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ كېلىدۇ: مانا بۇلار نۆۋەتتىكى جىددىي ۋەزىپە ئىدى. * مەن چۈشۈمدە كۆرگەن كېپەك دەل مانا شۇ، ئۇ بىزنى يەتتە يىگىتنىڭ ئالدىغا باشلاپ بارسا ئەجەب ئەمەس. * تېخى سايرايدۇ بەلەن ئۇنئالغۇمۇ، يوق ئىكەن بۇ ھويلىدا مۈڭ قايغۇمۇ. مانا شۇنداق ياشىسا دېھقان دېگەن، گۈل بولۇپ كەتمەمدۇ تېز ئانا ۋەتەن!

**مانا ئەمدى** ھازىرغا كەلگەندە، ھازىرنىڭ ئۆزىدە: خانقىز ئانا بۇ ئىشلارنى ئويلىغاندا كۆڭلى بەكمۇ بىئارام بولاتتى، مانا ئەمدى مۇشۇنداق بىر ئادەمنىڭ قىزى ئۆزى ئۈچۈن كېلىن بولماقچى.

**مانا ئەمسە دەپ** ئاچچىقىغا پايلىماي، تەۋەككۈل قىلىپ: مەن تونۇگۈن مانا ئەمسە دەپ «ساراڭلىق» قىلدىم. * — مانا ئەمسە دەپ چېچىدىن تۇتۇپ ئاستىغا بېسىپ تازا سالدىم.

**مانا مەن دەپ** كۆزگە چېلىقىپ، بىلىنىپ، ئېنىق، روشەن: گومىنداڭنىڭ پوتەيلىرى مانا مەن دەپ ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئېلىش قىيىن ئىدى. * بۇ بىر ئەپچىلگىنە قورۇ ئىدى. قورۇنىڭ يېرىمىنىڭ بۇرۇن كۆل بولغانلىقى مانا مەن دەپ تۇراتتى.

* ئۇلارنىڭ چارچاپ كەتكەنلىكى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**مانا-ئەنە** ← **ئەنە-مانا**: — مانا-ئەنە دېگەنلەرنى قويۇپ ئىشنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى.

**ماناسقان** ئى. دىئال. تۇتەك، تۇمان.

**مانان** I ئى. تۇمان؛ چاڭ-توزان: مانان باسماق. مانان قاپلىماق. * سۇ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلگەن مانان سۆگەتزارلىق تەرەپكە قاراپ يېپىلماقتا ئىدى. * مەغرىب ئۇپۇقىدا مىنگىشىپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى ئارقىسىدىن ئۇلۇغ ئاشۋاقتى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈلگەن مانان كۆك ئاسمان گۈمبىزىنى تۈكۈلگەن غازاڭ رەڭگىدە سارغايتتى. * بىرچاغدا شەھەر ياقتىن مانان كۆرۈندى، مانان ئارا يۈزگە يېقىن پالۋان كۆرۈندى.

**مانان بولماق** دىئال. قايغۇرماق، ئىچى پۇشماق.

**مانان** II ئى. دىئال. قوناق ياكى قومۇشنىڭ پۆپۈكى.

**مانانلاشتۇرماق** «مانانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياش مونچاقلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ كۆزىنى مانانلاشتۇردى.

**مانانلاشماق** پ ① چاڭ-تۇمان پەيدا بولماق، مانان بىلەن قاپلانماق: سۇ ئۈستىدە شالاڭ تۇمان پەيدا بولۇپ، ھەممە نەرسە مانانلىشىپ كەتتى. * ئۇ مېنى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان خالىڭ ئېغىزىغا باتقۇزۇپ قويۇپ، مانالاشقان خالىڭ ئىچىگە يەنە ئۆملەپ كىرىپ كەتتى. ② كۆچمە. غۇۋالاشماق، خىرەلەشمەك: ئۇنىڭ كۆزى يەنە ياشتىن مانانلاشتى.

**مانانلىق** ① سۈپ. ماناني بار، مانان بىلەن قاپلانغان، غۇۋا: ھېكمەت كۈنپېتىشقا قاراپ خېلى ئۇزاق تۇردى، ئۇ مەس كۆزلىرى بىلەن مانانلىق كېچىدە شۇ ياقتىن نىجات ئىزدىگەندەك

ئۇزاق تەلمۈردى. * – بىر قارا مانانلىق بوران قەيەردىندۇر گۈزەل بىر باغلىق ئىمارەتنى ئۇچۇرۇپ كېلىپ ئۆتكەندى، ئىرىم شۇنى قوغلاپ كېتىپ قالدى، – دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ سىڭلىسى. ② ئى. غۇۋا، مانان ھالەت: ھاۋانىڭ مانانلىقى، ئاسماندا ئاينىڭ يوقلۇقى، بۇ مېنىڭ خامۇشلۇقۇم. يېنىمدا يارنىڭ يوقلۇقى.

**مانتا** ئى. قىيمىنى خېمىرغا تۈگۈپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. ئۇنىڭ قىيمىسى ئادەتتە گۆش ۋە پىيازدىن قىلىنىدۇ، بەزىدە ماي ۋە كاۋا ياكى كۆكتاتلار بىلەن، بەزىدە، ماي، شېكەر ۋە مېغىز بىلەن قىلىنىدۇ. خېمىرى پېتىرمۇ، بولدۇرۇلغانمۇ بولىدۇ: پېتىر مانتا. بولاق مانتا. كاۋا مانتىسى. * ناۋايلار ئۆز نېنىغا، مانتپەزلەر ئۆز مانتىسىغا، سامسا، گۆش گىردە ياققانلارمۇ ئۆز مېلىغا خېرىدار چىللاشقا باشلىدى.

**مانتا كاۋىسى** < بوت > ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. غولىنىڭ توغرا كەسمىسى بەش بۇرجەك شەكلىدە، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە. گۈلى سېرىق كېلىدۇ. مېۋىسى يۇمران ۋاقتىدا يېشىل، پىشقاندا قىزغۇچ قوڭۇر ياكى سېرىق بولىدۇ. مېۋىسىدىن قىلىنغان قىيمىدا ئادەتتە مانتا تۈگۈلىدۇ. ئۇرۇقىنى يېگىلى ياكى مەددە چۈشۈرۈش دورىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**مانتپەز** ئى. مانتا پىشۇرۇش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: ساۋۇت چوڭ كوچىغا چىقتى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى كاۋاپچىلار، مانتپەزلەر، قاسساپلار ۋە ئۆپكە-زاسۇيچىلەر ئۆز ماللىرىنى ماختاپ خېرىدار چاقىرماقتا ئىدى.

**مانتپەزلىك** «مانتپەز» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: – شۇنداق ئۇكا، ئەسلى بىر تارتقۇلۇق دېگىنە، مانتپەزلىك قىلىپ گۆش-ياغنى تەتۈر چايناپ ئۆتكەن ئادەم ئىدۇق، مانا ئەمدى، سېرىق قوناقنىڭ غېرىپى.

**مانتچى** ئى → **مانتپەز**: مانتخانىلاردا مانتچىلار بىر-بىرلىرى بىلەن بەسلىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

**مانتخانا** ئى. مانتا پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئاشخانا: بۇلاق ئەتراپىدىكى مانتخانىلاردا مانتچىلار بىر-بىرلىرى بىلەن بەسلىشىپ ۋارقىرىشاتتى.

**مانتىيور** ئى (ر< فران) → **توكچى.**

**مانجا** I ئى. ھۈنەرۋەنلەرنىڭ مېھنىتى ئۈچۈن بېرىلگەن ھەق: ئۇ ئاخشام مانجىسىنى نېسى قويۇپ ئېلىپ كەلگەن دىراپ پەلتوسىنى كىيىپ سەھەردە تالاغا ماڭدى.

**مانجا** II ئى. بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئاقىدىغان سۇغا سېلىنىدىغان ئاغزى ۋە تۈۋى يوغان، ئوتتۇرا قىسمى تار تور.

**مانجۇ** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**مانجۇ تىلى** < تىل > مانجۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۇڭغۇس-مانجۇ تىللىرى تۈركۈمى، مانجۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. بەزىلەر بۇ تىلنى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى بىر مۇستەقىل تارماق دەپ قارايدۇ. ھازىر مانجۇلار ئاساسەن خەنزۇ تىل-يېزىقىنى قوللىنىدۇ. خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىنىڭ ئەيخۇي، خۇيبۇ قاتارلىق ناھىيىلىرىدىكى بىر قىسىم مانجۇلارلا مانجۇ تىلىنى بىلىدۇ. 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا موڭغۇل ھەرپلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن مانجۇ يېزىقى بار.

**مانجۇ يېزىقى** ئېلىمىزدىكى مانجۇ مىللىتى

تارىختا قوللانغان يېزىق. بۇ يېزىقنى ئەردەنى، گېگەي مىڭ سۇلالىسى ۋەنلى يىلنامىسىنىڭ 27-يىلى (1599-يىلى) چىڭ تەيزۇسى (چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاتا خانى) نۇرخاچىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن موڭغۇلچە ھەرپلەر ئاساسىدا ياراتقان. چىڭ تەيزوڭى تيەنسۇڭ يىلنامىسىنىڭ 6-يىلى (1632-يىلى) داخەي بۇ يېزىقنى تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرگەن.

**مانجۇچە** ① سۈپ. مانجۇ خەلقىگە، مانجۇ تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ مانجۇ خەلقىگە خاس بولغان: مانجۇچە كىيىم. * ۋاڭ يۈتىڭغا بېيجىڭدا تىكلىگەن قارا دۇخاۋا مانجۇچە ئۆتۈك كىيگەن ھالدا تەختىراۋانغا ئولتۇردى. ② ئى. مانجۇ تىلى ياكى يېزىقى.

**مانجۇرىيە** ئى < تارىخ > جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنىڭ تارىخىي نامى.

**مانجۇرىيە ئەرمۇدۇنى** < بوت > كەركىداڭگۇل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. كىچىك يوپۇرماقلىرى سوقىچاق، دۈمبە تەرىپىدە قوڭۇر تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتلىق-ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە، مېۋىسى ئۇزۇن، سوقىچاق. ياغىچى سارغۇچ ئاق، زىچ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن قېيىق، ئۆي جاھازلىرى، ھارۋا قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**مانجۇرىيە دۆلىتى** < تارىخ > 1931-يىلى ياپون باسقۇنچىلىرى جۇڭگونىڭ شەرقىي شىمالىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن، ئۇ يەردە ياساپ چىققان قورچاق ھاكىمىيەت. 1932-يىلدىن 1945-يىلغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىغان. 2-دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاياغلىشىشى بىلەن يوقالغان.

**مانجۇرىيە ياڭىقى** < بوت > ياڭاق ئائىلىسىدىكى ئېگىز دەرەخ. يوپۇرمىقى تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىرغىچە بارىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ سانى 9 ــ 17 تال، گۈلى تاق جىنسلىق، رېتى باشاقسىمان. مېۋە رېتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 10 ــ 15 سانتىمېتىر بولۇپ ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ. ھەربىر مېۋە رېتىدە 5 — 7 ياڭاق بولىدۇ. مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك ياكى سوقىچاق بولۇپ ئۇزۇنلۇقى 3.5 — 7.5 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 3 — 5 سانتىمېتىر. مېغىزىدا 70% ماي بار. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. دەرەخ قوۋزىقى تولغاقنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ياغىچى چىڭ، ياخشى ياغاچ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**مانجۇلار** ئى < ئىرق > مانجۇ مىللىتى، مانجۇ خەلقى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ لياۋنىڭ، خېيلۇڭجياڭ، جىلىن، خېبېي، بېيجىڭ ۋە ئىچكى موڭغۇل قاتارلىق جايلىرىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**مانجىت** ئى (ر) كۆڭلەك قاتارلىق بەزى كىيىملەرنىڭ يەڭ ئۇچىنى ھەم ئېتىش ئۈچۈن مەخسۇس بېكىتىلگەن پەۋىزى، يەڭنىڭ بوغما ئاغزى: يەڭنىڭ مانجىتىغا تۈگمە قادىماق.

**مانجىتلىق** سۈپ. مانجىتى بار، مانجىت ئورنىتىلغان: مانجىتلىق يەڭ.

**مانچېستېر** ① ئى. ئەنگلىيىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بىر شەھەر. ② سۈپ. كۆچمە. تۈۋىتى پاختىدىن قىلىنغان، سىدام (دۇخاۋا ھەققىدە): ئۇلار ئىككى كۆڭلەكلىك شايى-ئەتلەس، بىر چاپانلىق قارا مانچېستېر دۇخاۋا، بىر يىپەك رومال، بىر بۆرتمە شال، بەش جۈچە ناۋاتنى بىر تۈگۈچ قىلىپ قىزىل شەلپەرگە ئورىدى.

**مانچېستىر بۆك** ← **مانچېستىر دوپپا:** ئۆيدىن ئەڭ ئالدى بىلەن بېشىغا گۈللۈك مانچېستىر بۆك، ئۈچىسىغا گىمناستوركا، پۇتىغا قارا بەتىنكە كىيىپ، قولىدا تېرە سومكا تۇتقان لوتپۇللا يۈگۈرۈپ چىقتى.

**مانچېستىر دوپپا** سىدام دۇخاۋىدىن تىكىلگەن گۈللۈك دوپپا: ياسىن كۆكېشى شۇ سۆزنى دېدى-دە، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويغان كونا چىبەرقۇت چاپىنىنى كىيىپ بېلىنى پوتىسى بىلەن باغلىدى. بېشىدىكى مايلىشىپ كەتكەن مانچېستىر دوپپىسىنىڭ ئۈستىگە تولا كىيىلىپ قىرلىرى قىرچىلىپ كەتكەن كۆل رەڭ شىلەپىسىنى سىگارىيان قوندۇردى.

**ماندات** ئى (ر< لات) بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا سالاپەتلىك كىشىلەرنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن گۇۋاھنامىسى.

**ماندات ھۆكۈمرانلىق** بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن خەلقئارالىق ئىتتىپاق تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن، ئۇرۇشتا مەلۇم بىر كۈچلۈك دۆلەتنىڭ مەغلۇپ بولغان مەلۇم بىر دۆلەتنى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىسى قىلىپ ھۆكۈمرانلىق قىلىشى. بۇنداق ھۆكۈمرانلىق قىلىش ماندات ھۆكۈمرانلىقى دېيىلىدۇ. بۇ جاھانگىرلىكنىڭ مۇستەملىكىلەرگە ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇلى.

**ماندار** ئى. يۈگمەچ تىپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇ چىتلارغا يامىشىپ ئۆسىدۇ: ماندارلىقتا ئات ئۆلمەس، ئەمەنلىكتە ئەر ئۆلمەس (ماقال).

**ماندارىن** ئى (ر< ئىسپان) < بوت > ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. شېخى ئىنچىكە ھەم تىكەنلىك كېلىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكلىدە، مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، سەل ياپىلاق، مېۋە پوستى قىزغۇچ سېرىق، ئېتى شىرىنلىك، تەمى تاتلىق. مېۋە پوستى، ئۇرۇقى ۋە يوپۇرمىقى تىبابەتچىلىكتە دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**منداق** ئال. جان ت ← **مۇنداق.**

**ماندالىن** ئى (ر< ئىتال) يۈزىگە تۆت جۈپ سىم تارتىلىدىغان، باش قىسمى دۇتارغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىسقا ساپلىق چالغۇ ئەسۋابى: ناخشىچى يۈسۈپجان ماندالىن ماھىرى مويدىن غوجىنى چېلىشقا تەكلىپ قىلدى.

**مانگان** ئى (ر< لات) < خىم > مېتال ئېلېمېنت بەلگىسى. Mn (manganum). كۈل رەڭ كرىستاللىق ماددا، قاتتىق ھەم چۈرۈك، پارقىراق، نەم ھاۋادا ئوكسىدلىنىدۇ، سانائەتتە مانگان، تۆمۈر ۋە خروم قارا مېتاللار دېيىلىدۇ. ئاساسەن مانگانلىق پولات قاتارلىق قېتىشما ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مانگانىت** ئى (ر< لات) < گېئول > ← **سۇلۇق مانگان تېشى.**

**مانگرو** ئى (ر< ئېنگ) < بوت > ← **مانگرو دەرىخى.**

**مانگرو دەرىخى** < بوت > مانگرو دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى ئۇزۇن، سوقىچاق، گۈل كاسىسى توق قىزىل، گۈل تاجىسى قوڭۇر، مېۋىسى ئۇزۇن كونۇس شەكىللىك. دەرەخ قوۋزىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ، ئۇنىڭدىن يارىپېلىم ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. يىلتىز قىسمىدا ھاۋا يىلتىزى بولىدۇ. تروپىك، سۇبتروپىك بەلباغنىڭ دېڭىز بويلىرىدىكى پاتقاقلىقتا ئۆسىدۇ، دېڭىز قىرغىقىنى دېڭىز دولقۇنىدىن ساقلايدىغان ياخشى دەرەخ تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

**مانگلتسيه** ئى (لات) < بوت > ماگنولىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپسسىمان تۇخۇمسىمان شەكىللىك، يۈزى پارقىراق، ئارقا تەرىپىدە ئاق پاراشوكى بار. مېۋە باشىقى شار شەكلىدە بولۇپ پىشقاندا سۆسۈن رەڭگە كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە فۇجيەن ئۆلكىسى، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**مانگو** ئى (خەن) < بوت > ① سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇن ئېللىپس شەكىللىك. گۈلى كىچىك، سېرىق. مېۋىسى ئازراق بۆرەك شەكلىدە بولىدۇ، پىشقاندا سارغىيىدۇ. ئۇچكىسى چوڭ، تالالىرى بار، مېۋە گۆشى سېرىق، يېيىشكە بولىدۇ، شىرنىلىك، تەمى مەززىلىك. سۇبتروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**مانۇفاكتۇرا** ئى (ر< لات) قول ھۈنەر كارخانىلىرىدا بىر ئىشنى ئىش تۈرى بويىچە مەسئۇل بولۇپ قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈپ پۈتتۈرۈش جەريانى: ماشىنىچىلار 100 قۇر كىيىمنى مانۇفاكتۇرا بولۇپ بىر ھەپتىدىلا تۈگەتتى.

**مانومېتىر** ئى (ر< گرېك) < فىز > پار، گاز ياكى سۇيۇقلۇق بېسىمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب.

**مانېكېن** ئى (ر) ماگىزىن ۋە كىيىم تىكىش دۇكانلىرىدا كىيىم كىيدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئادەم شەكلىدە ياسالغان قېلىپ.

**مانېۋىر** ئى (ر< فران) ① < ھەرب > ماھارەتنى پىششىق يېتىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئېلىپ بېرىلغان ئەمەلىي مەشىق (كۆپىنچە ھەربىي ئىشلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ). ② ئالدىن ئېلىپ بېرىلغان تەييارلىق ھەرىكەت: بۇ چېكىنىشلەرنىڭ ھەممىسى ئالغ ساھەسىدىكى زور مانېۋىردۇر.

**مانى** ئى ① مانى دىنى. ② مانى دىنىغا مەنسۇپ كىشى.

**مانى دىنى** < دىن > مىلادىيەدىن كېيىنكى 3-ئەسىردە، ئىران ۋە بابىلونىيىنىڭ چېگرا رايونلىرىدا مەيدانغا كەلگەن دىن. بۇ دىننى تەسىس قىلغۇچى مانى مىلادىيە 215-يىلدا بابىلونىيەدە تۇغۇلغان. دەسلەپتە يەھيا پەيغەمبەر خرىستىئانلىرى دېگەن مەزھەپكە كىرگەن. كېيىن زەردۇشتىلۇقنى ئىسلاھ قىلىش ئارزۇسىدا بولغان. بىرمەزگىل ھىندىستاندا بۇددىزمنى تەتقىق قىلغان. كېيىنچە ئىراندا ئۆزىنى بۇددا، زەردۇشت ۋە ئەيسا بىلەن بىر قاتارغا قويۇپ يېڭى ئېتىقاد سىستېمىسىنى تارقىتىشقا كىرىشكەن، 246-يىلدا ئۆلتۈرۈلگەن.

**مانىزم** ئى (ر< گرېك) ① مانى دىنى ۋە ئۇنىڭغا بولغان ئېتىقادچىلىق: ئۇيغۇرلار قەدىمدە تۇتېمىزمغا ئىشىنەتتى، VIII ئەسىردە مانىزمنى دۆلەت دىنى قىلغان. ② < پەلس > بارلىقنىڭ ئاساسى بىرلا ماتېرىيە ياكى روھ دەپ ھېسابلايدىغان پەلسەپۋى تەلىمات.

**مانىفېست** ئى (ر< ئىتال) تەنتەنىلىك، پروگرامما خاراكتېرلىق يازما مۇراجىئەت، خىتابنامە.

**مانىلا** ئى < جۇغ > فىلىپپىن جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى، يەنى دۆلەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى. ئۇ لۇسون ئارىلىنىڭ غەربىدىكى مانىلا قولتۇقى بويىنغا جايلاشقان.

**مانىلا كەندىرى** < بوت > باجىياۋ ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غولluq ئۆسۈملۈك. يوپۇرماق غىلىپىنىڭ ئۆزئارا كىرىشىشىدىن شەكىللەنگەن يالغان غولى بولىدۇ. يوپۇرماق سىپىي ئۇزۇن. گۈلى سېرىق. يوپۇرماق سىپىدىن تالا ئېلىپ ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ. تروپىك ۋە سۇبتروپىك بەلباغلاردىن چىقىدۇ.

**مانىلكارا** ئى (لات) < بوت > ① تاغ زەيتۇنى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىلدە بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سىرتقى يۈزى سىلىق. گۈلى كىچىك، سارغۇچ ئاق رەڭلىك، مېۋىسى شىرنىلىك يۈرەك شەكىلدە، ئۇرۇقى ياپىلاق بولىدۇ، تروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ. مېۋىسىنى پىيىشكە ياكى ئىچىملىك ياساشقا بولىدۇ، غولىدىن ئېقىپ چىققان سۈتسىمان شىرنىسى سېغىز ياساشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**مانىھوت** ئى (لات) < بوت > ① سۈتلۈك ئوت ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. گۆشلۈك ھەم ئۇزۇن تۈگۈنەك يىلتىزى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان يېرىلغان، يېرىقچە ياپراقلىرى تۆمۈنە شەكىللىك. مېۋىسى غوزا مېۋە، قىرلىق قانىتى بار، تۈگۈنەك يىلتىزىنىڭ تەركىبىدە كراخمال بار. خام يېيىشكە بولمايدۇ، زەھەرلىك، قاينىتىپ پىشۇرۇلغاندىن كېيىن زەھىرى يوقىلىدۇ. يەم-خەشەك قىلىشقا ياكى كراخمال ئېلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تۈگۈنەك يىلتىزى.

**ماھارەت** ئى (ئە) بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا يېتىلگەن ئىقتىدار، ئۇستىلىق، ماھىرلىق:
ــ ماھارەتنى ئۆستۈرۈش ئەلۋەتتە مۇھىم ماھارەت بىلىم بىلەن بىرلەشسە، ئاندىن ئۇ ۋايىغا يېتەلەيدۇ. * ئاتتىن ئېگىشىپ يەردىكى ئوغلاقنى ئېلىش، تېقىمغا بېسىۋېلىش، رەقىبنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىش، ئېلىپ قېچىش قاتارلىق ئاساسىي ماھارەتلەرنىڭ ھەممىسىنى بىرنەچچە قېتىم ئىشلەپ كۆرۈپ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى بارغانسېرى كۈچەيتى. * مۇتەللىپتە ئۆسمۈرلەرنىڭ باللىق تىلى ۋە ھەۋەسلىرىنى بىلىدىغان، ئاسان چىقىشىپ-كېلىشەلەيدىغان ماھارەت بولغاچقا، ئازكۈندىلا ئادىل بىلەن خېلى ئىناق دوستلاردىن بولۇپ قالدى.

**ماھارەت كۆرسەتمەك** مەلۇم جەھەتتىكى ئىقتىدار، ماھىرلىقنى نامايان قىلماق: ھەۋەسكارلار 12 خىل شەكىلدە 241 پارچە ھۆسن خەت يېزىپ ماھارەت كۆرسەتتى. * ئېسىڭدىن كەتمىسۇن ئاچچىق خاتىرە، تۆت ئاپەت زۇلۇمى ــ روھىي ئاسارەت. ئامانەتنىڭ يىلتىزى تۇتاش بىلمىگە، ئۆگەنگىن تىرىشىپ كۆرسەت ماھارەت.

**ماھارەت كۆرسىتىش تەنھەرىكىتى** < تەن > گىمناستىكا تەنھەرىكىتىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا ئەر-ئاياللارنىڭ يالغۇز كىشىلىك ۋە ئىككى كىشىلىك، ئەر-ئايال ئارىلاش ئىككى كىشىلىك، كۆپ كىشىلىك مۇسابىقە تۈرلىرى بولىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر بەلگىلەپ بەرگەن مەيدان ئۈستىدە ھەر خىل موللاق ئېتىش، قول بىلەن تىكلىنىش، تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاش، تاشلاپ تۇتۇش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ. مۇسابىقىدە بەلگىلەنگەن ھەرىكەت ۋە

ئۆزى تاللىۋالغان ھەرىكەتلەر بولىدۇ.

**ماھارەت كۆرسىتىش گىمناستىكىسى** <تەن> گىمناستىكىنىڭ بىر خىلى، يەنى تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرى. مۇسابىقە ئەرلەرنىڭ ئالتە تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ: ئەركىن گىمناستىكا، يالاڭ تورنىك، قوش تورنىك، ئاسما ھالقا، ھالقىلىق ياغاچ ئات، ئۇزۇنىسىغا قويۇلغان ياغاچ ئات. ئاياللارنىڭ تۆت تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ: ئەركىن گىمناستىكا، ئېگىز-پەس تورنىك، گورىزونتال لىم، توغرىسىغا قويۇلغان ياغاچ ئات. ھەربىر تۈردە يەنە بەلگىلەنگەن ھەرىكەت ۋە ئۆزى تاللىۋالغان ھەرىكەت بولىدۇ. ھەربىر يۈرۈش ھەرىكەتكە بېرىلىدىغان ئەڭ يۇقىرى نومۇر 10 نومۇر بولىدۇ. ئېرىشكەن نومۇرنىڭ سانىغا ئاساسەن يەككە تۈر ۋە ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش نام تەرتىپى بېكىتىلىدۇ.

**ماھارەتچانلىق** ئى. ماھارەت تەلەپ قىلىش دەرىجىسى؛ ماھارەت سىڭدۈرۈلۈش: كاپرىس — قۇرۇلما جەھەتتىن ئەركىن، خاراكتېر جەھەتتىن غەلىتە ئىشلەنگەن ئاھاڭ. ئۇنىڭ ئادەتتە ماھارەتچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ.

**ماھارەتلىك** سۈپ. ماھارىتى بار، ماھارەتكە ئىگە بولغان، ئۇستا، ماھىر: — سېخىمىزدىن مۇنداق ماھارەتلىك ياش نابورچىكنىڭ يېتىشىپ چىققانلىقىنى، ئەلۋەتتە ياشىنىپ قالغان پىشقەدەم ئۇستىلىرىمىزنىڭ ئەجرىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. * تىلەك، ئارزۇسى شاگىرتىنىڭ ئاگا بولغاچ ئايان-روشەن، ئۈگەتكەي ئىلمۇ ئىرپانىدىن ماھارەتلىك ھۈنەر ئۇستاز.

**ماھال** (توغرىسى: مەھەل) ← **مەھەل**.

**ماھايانا** ئى (سانس) <دىن> بۇددا دىنىنىڭ بىر مەزھىپى. ماھايانا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «ئۇلۇغ كۆلۈڭگۈ» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزھەپتىكىلەر ئۆز مەزھىپىنى گويا بىر چوڭ ھارۋىدا ئولتۇرغۇچىلار، قۇتقۇزۇشقا تېگىشلىك خالايىقنىڭ ھەممىسىنى سانسارادىن قۇتقۇزۇپ، نىرۋاناغا يەتكۈزگۈچىلەر دەپ ھېسابلايدۇ.

**ماھئە نۇۋەر** ئى (پ+ئە) يېزت. نۇرلۇق ئاي: ئۆتمۈشنىڭ ساۋاقلىرى بەلكى سېنىڭ ئېسىڭدىدۇر، تارىخنى يورۇتقىن خۇرشىد، ماھىنئە نۇۋەر تاپ.

**ماھپەيكەر** سۈپ (پ) يېزت. ئاي سۈرەتلىك، گۈزەل: ئۇنى بىزدىن جۇدا قىلدى رەھىمسىز بىۋاپا يىللار، يوشۇرغاندەك قارا پەردە نەزەردىن ماھپەيكەرنى.

**ماھتابان** ئى (پ) يېزت ① پارقىراپ تۇرغان ئاي: قارا تۈننى يورۇتار ماھتاباندۇر كىتاب، مەدەنىيەتنىڭ رولچىسى، بەخت-ئىقبالدۇر كىتاب. ② گۈزەل يار: ئاھ ئەجەب يەتمەي ۋىسالغا بولدىما قۇملارغا يەم، بولدى ئالەم بىر دوزاخ، ئەي ماھتابان قايدىسەن؟

**ماھىر** سۈپ (ئە) يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولغان، ماھارەتلىك، ئۇستا: ساڭا ئوخشاش ئىلمى نۇجۇمغا ماھىر ساتىراشنى ئۆمرۈمگە كېلىپ كۆرمىگەن ئىدىم. * باھار گويا ماھىر رەسسامدەك، زىننەت بېرەر پەسىلگە-يىلغا. يېشىل باھار پۇراقلىرىدىن، يېڭى ھېسلار تولىدۇ دىلغا. // مەن ئاقسۇ تۈرمىسىنىڭ 11-نومۇرلۇق كامېرىدا خوتەنلىك شائىر بىلال ئەزىزى بىلەن بىرگە ياتتىم. بۇ كىشى شېئىر، قوشاقنىڭ ماھىرى بولۇپ نۇرغۇن شېئىرلارنى يادقا بىلىدىكەن.

**ماھىرانە** رەۋ (ئە+پ) ماھارەت بىلەن، ماھىرلىق بىلەن: گويا شامال كېلىپ تەگكەن ئورماندەك، ئوينىشىشتى ئىغاڭلىتىپ بەدەننى. ئۇلۇغلاشتى ماھىرانە ھەرىكەتتە،

تەگرىلەرنى، باتۇرلۇقنى، ۋەتەننى.

**ماھىرلاشتۇرماق** «ماھىرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىنىڭ كىچىكىدىنلا داۋاملىق ئات مىنىش بىلەن شۇغۇللىنىشى، ئۇنى تېخىمۇ ماھىرلاشتۇرۇپ، چەۋەنداز قىلىپ يېتىلدۈردى.

**ماھىرلاشماق** پ. ماھىر ۋە ئۇستا بولۇپ يېتىشمەك، ماھارەت ئىگىلىمەك: كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سەلىم ئۇستا ئوۋچى بولۇپ قالدى، چاقماق تېشىنى بىر-بىرىگە سۈركەپ-ئۇرۇپ ئوت چىقىرىشقا ماھىرلىشىپ كەتتى.

**ماھىرلىق** ئى. بىرەر ئىش، كەسىپ، پائالىيەتتە ئىگىلىگەن ئالاھىدە سەنئەت، ئۇستىلىق، ماھارەت: ئادەمنىڭ قابىلىيىتى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ماھىرلىق تەرەپلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. * شائىرنىڭ شائىرلىقى، سۆز تاللاش ماھىرلىقى، ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ، جەلپ قىلىش قادىرلىقى.

**ماھىيەت** ئى (ئە) ① بىرەر نەرسىنىڭ ئەڭ مۇھىم، تۈپ مەزمۇنى: بۇنىڭ ماھىيىتى مانا مۇشۇ يەردە. * بۇ مەسىلىنىڭ ماھىيىتىنى بىلەي دېسىڭىز، ئۆزىڭىز بىر تەكشۈرۈپ كۆرۈڭ. ② <پەلس> نەرسە ۋە ۋەقەلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىچكى بەلگىلىرى، ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىش، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش خاراكتېرى ۋە ئۇسۇللىرىنى بەلگىلەيدىغان باش ئامىل.

**ماھىيەتچىلىك** ئى <پەلس> ماھىيەت ياكى ماھىيەتلىك نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر خىل پەلسەپە نەزەرىيىسى. بۇنىڭدا ماھىيەتلىك ئۇقۇمغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاساسىي پەلسەپە نەزەرىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ماھىيەتسىز** سۈپ. ئىچكى باغلىنىشى، ماھىيىتى بولمىغان، مۇھىم ئەمەس: ئوبيېكتنىڭ ماھىيەتسىز ئامىللىرىنى ئۆزگەرتىش، ماھىيەتلىك ئامىللىرىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئوقۇغۇچىلاردا ئادەتتىكى تەسەۋۋۇرنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ زۆرۈر شەرتى.

**ماھىيەتسىز باغلىنىش** <پەلس> «ماھىيەتلىك باغلىنىش» قا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. بۇ شەيئىلەر ياكى ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاشقى، يۈزەكى، تاسادىپىي باغلىنىشتۇر. ئۇنى شەيئىنىڭ ماھىيىتى بەلگىلىمەيدۇ، ئۇ ئادەتتە شەيئى تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي جەريان ۋە يۈزلىنىشكە ئاساسلىق ۋە ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسەتمەيدۇ.

**ماھىيەتلىك** سۈپ. ماھىيىتى بار، ئىچكى باغلىنىش ۋە ماھىيەتكە ئىگە بولغان، مۇھىم: شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئامىللىرىنىڭ مېڭىدە ئوچۇق ئىنكاس ئېتىشى تەسراق. * مەن تۇرمۇشتىكى ئەڭ ماھىيەتلىك نەرسىلەرنى تەسۋىرلەشنىڭ باشقا ئۇسۇلىنى تېپىشقا كىرىشتىم.

**ماھىيەتلىك باغلىنىش** <پەلس> «ماھىيەتسىز باغلىنىش» قا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. بۇ شەيئىنىڭ ئىچىدىكى زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ ياكى شەيئىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر، قانۇنىيەتلىك باغلىنىشتۇر. ئۇنى شەيئىنىڭ ئىچكى تەبىئىتى ياكى ماھىيىتى بەلگىلەيدۇ، ئۇ شەيئى تەرەققىياتىدىكى ئاساسىي جەريان ۋە يۈزلىنىشكە ئاساسلىق، ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدۇ ۋە ئۇنىڭدا شۇنداق رول ئوينايدۇ. پەقەت

شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشىنى ئىگىلىگەندىلا شەيئىلەر توغرىسىدا ئەتراپلىقراق، چوڭقۇرراق تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

**ماھىيەتلىك بەلگە** < لوگ > شەيئىنى شۇ شەيئى قىلىپ تۇرغان، ئۇنى باشقا شەيئىلەردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇرغان ئەڭ تۈپ بەلگە.

**ماھىيەتلىك قوزغىلىش** < فىز > يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەردىكى تولغان زونا ئېلېكترونلىرىنىڭ تېمپېراتۇرا ياكى يورۇقلۇقنىڭ قوزغىتىشى نەتىجىسىدە ئۆتكۈزۈش زونىسىغا ئۆتۈش جەريانى.

**ماھىيەتلىك يۇتۇش** < فىز > ئېلېكترونىنىڭ ۋالېنت زونىسىدىن ئۆتكۈزۈش زونىسىغا ئۆتۈشىگە ماس بولغان يورۇقلۇق يۇتۇش.

**ماھىيەتلىك يېرىم ئۆتكۈزگۈچ** < فىز > زەرەت توشۇغۇچىلىرى ئاساسەن ماھىيەتلىك قوزغىلىشتىن ھاسىل بولىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر.

**ماۋتەي** ئى < جۇغ > گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ رېنخۇەي ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**ماۋتەي ھارىقى** گۈيجۇنىڭ ماۋتەي دېگەن يېرىدە ئىشلەنگەن بىر خىل ھاراق. تەمى خۇش بۇي كېلىدۇ.

**ماۋخوزەرىش** ئى (پ) < بوت > زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى. بامبۇك يىلتىزلىرىدا پارازىت ياشايدۇ. شەكلى توشقان مايىقىغا ئاساسەن ئوخشاش. قۇرىغاندىن كېيىن ناھايىتى قاتتىق. سىرتقى پوستى قارا قوڭۇر رەڭدە، ئىچكى قىسمى ئاق رەڭلىك، ئاچچىق تەمى بار. قۇرۇق زەمبۇرۇغ تۈگۈنى دورا قىلىنىدۇ. ئىلمەك قۇرت، ئاسكارىدا، سولىترا قاتارلىق قۇرتلارنى چۈشۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**ماۋزۇ** ئى (ئە) ① سۆھبەت، پىكىر، مۇلاھىزە قاتارلىقلاردا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مەسىلە؛ تېما: پات ئارىدا بولىدىغان «تۆمۈر چارۋا» سانىقىدىن قانداق ئۆتۈش غېمى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغاچقا گەپنىڭ ماۋزۇسى شۇ مەسىلە بولۇپ قالدى. * ئاشۇ جەڭ ۋە ئۆلگىلەر بولدى مېنىڭ، شېئىر ئىجادىمغا يېڭى ماۋزۇ. شۇلارنى دەل جايىدا كۈيلىيەلىسەم كۆلەتتى قەلبىمدىكى يۈكسەك ئارزۇ. ② < ئەد > كىتاب، ئەسەر، ماقالە قاتارلىقلارنىڭ نامى؛ سەرلەۋھە: ماۋزۇ قويماق. ماۋزۇ تاللىماق. * مەن يۈرسەت تاپسام ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ گېزىت ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇ قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ ئاۋۋال ماۋزۇلارنى، ئاندىن ئۆزى قىزىققان ماۋزۇلاردىكى ماقالىنى ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. * مەن پەقەت نامەلۇم بىر ياشلا ئۆزئارا يېزىشقان بۇ خەتلەرنى رەتلەپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «ئاخىرقى سىناق» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، سىزنىڭ پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن سۇندۇم.

**ماۋزۇر** ئى (ر< نېم) يان قورالنىڭ بىر خىلى ئۇنىڭ ياغاچ قېپى بولۇپ، ئاتقان چاغدا ياغاچ قاپنى قورالنىڭ كەينىگە ئورنىتىپ تىرەك قىلغىلى بولىدۇ. ئارقا-ئارقىدىن ئاتقىلى بولىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى ئادەتتىكى يان قورالنىڭكىدىن يىراق بولىدۇ.

**ماۋزۇسىز** سۈپ. ماۋزۇسى يوق، ماۋزۇ قويۇلمىغان، سەرلەۋھىسىز: ماۋزۇسىز ماقالە.

**ماۋزۇلۇق** سۈپ. ماۋزۇسى بار، ماۋزۇ قويۇلغان، مەلۇم ماۋزۇ بىلەن ئاتالغان

كۆزىنى.
قارىغاي ئائىلىسىدىكى
غان دەرەخ. قوۋزىقىدا
لار بولىدۇ. يوپۇرمىقى
قىسقا ھەم قاتتىق،
غۇچ قىزىل، ئانىلىق
شار مېۋىسى سۇس
غاچ ماتېرىيالى سۇس
م پۇراقلىق. قۇرۇلۇش
سىم تاناب تۈۋرۈكى،
شلىتىلىدۇ.
له توگگۇ دەرەخ مېيى
ز. سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ.
رنى ئوراش ئۈچۈن

سگە مەنبەئە مېيى
قەلەم. ئۇچىدا كىچىك
ماي ئۇنىڭ ئايلىنىشى
مقىدۇ.
① كاۋا ئائىلىسىدىكى
ۋسۇملۇك. يوپۇرمىقى
ن-بەشكىچە چوڭقۇر
ىلىقى ئايرىم تۇپلەردە،
اق شەكلىدە، رەڭگى
سى ياپىلاق، دۈگىلەك
چىقىرىلغان يېغىنىڭ
بىلەن ئوخشاش. ②
كىنىڭ مېۋىسى ياكى

< خىم > ئورگانىك
ردىن بىرى. مولېكۇلا
$C_nH_{2n+1}CC$ . تۆۋەن
سلاتاسى غىدىقلىغۇچى
ىز سۇيۇقلۇق؛ يۇقىرى

دەرىجىلىك ماي كىسلاتاسى مومسىمان
قاتتىق ماددا. تەبىئىي مايلارنىڭ
تەركىبىدىمۇ ھەر خىل ماي كىسلاتاسى
بولىدۇ. مەسىلەن، قاتتىق ماي كىسلاتاسى،
يۇمشاق ماي كىسلاتاسى قاتارلىقلار.

**ماي** II ئى [ر< لات] ① قەدىمكى رىم
خرىستىئانلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ
ئىسمى، مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە
قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى شۇنىڭ
نامىغا ئاتىغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابى
بويىچە بەشىنچى ئاي: بۈگۈن ماي ئېيىنىڭ
1-كۈنى ئىدى. چولپاننىڭ ئادىلنى ئىزدەپ
كەلمىگىنىگە توپتوغرا بىر ھەپتە بولۇپ قالدى.

**مايا** I ئى < ئرىق > ئوتتۇرا ئامېرىكىدا
ياشايدىغان بىر مىللەت. ئاساسەن
مېكسىكا، گوندۇراس ۋە گۋاتېمالا قاتارلىق
جايلارغا تارقالغان: قەدىمكى مايا
مەدەنىيىتى.

**مايا** II ئى [ر< سانس] < دىن > ھىندى
دىنىي پەلسەپىسىدىكى ئايال ئىلاھ.
ھەممە مەۋجۇداتلارنىڭ ئانىسى دەپ
قارىلىدۇ.

**مايا** III ئى [ر< گرېك] < ئاستر > 66-نومۇرلۇق
كىچىك يۇلتۇز.

**مايانىك** ئى [ر] ① تام سائىتى قاتارلىقلاردا
مېخانىزمنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن
تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، بىر ئۇچى يۇقىرىدىكى
قوزغالماس نوقتىغا ئېسىپ قويۇلغان،
تۆۋەنكى ئۇچىدا ئېغىرلىق ئورنىتىلغان
ئوق: تېلېفون تۇرۇپكىسى شىرەدىن پەسكە
ساڭگىلاپ سائەتنىڭ مايانىكىدەك پۇلاڭلاپ
قالدى. ② قول ۋە يانچۇق سائىتى
قاتارلىقلارنىڭ تەكشى مېڭىشىنى
مۇنتىزىملاشتۇرىدىغان، ئوك ۋە سولغا

شەيئىلەرنىڭ ماھىيەتلىك باغلىنىشىنى ئىگىلىگەندىلا شەيئىلەر توغرىسىدا ئەتراپلىق، چوڭقۇرراق تونۇشقا ئىگە بولغىلى بولىدۇ.

**ماھىيەتلىك بەلگە** <لوگ> شەيئىنى شۇ شەيئى قىلىپ تۇرغان، ئۇنى باشقا شەيئىلەردىن پەرقلەندۇرۇپ تۇرغان ئەڭ توپ بەلگە.

**ماھىيەتلىك قوزغىلىش** <فىز> يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەردىكى تولغان زونا ئېلېكترونلىرىنىڭ تېمپېراتۇرا ياكى يورۇقلۇقنىڭ قوزغىتىشى نەتىجىسىدە ئۆتكۈزۈش زونىسىغا ئۆتۈش جەريانى.

**ماھىيەتلىك يۇتۇش** <فىز> ئېلېكتروننىڭ ۋالېنت زونىسىدىن ئۆتكۈزۈش زونىسىغا ئۆتۈشىگە ماس بولغان يورۇقلۇق يۇتۇش.

**ماھىيەتلىك يېرىم ئۆتكۈزگۈچ** <فىز> زەرەت توشۇغۇچىلىرى ئاساسەن ماھىيەتلىك قوزغىلىشتىن ھاسىل بولىدىغان يېرىم ئۆتكۈزگۈچلەر.

**ماۋتەي** ئى <جۇغ> گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ رېنخۇەي ناھىيىسىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**ماۋتەي ھارىقى** گۈيجۇنىڭ ماۋتەي دېگەن يېرىدە ئىشلەنگەن بىر خىل ھاراق. تەمى خۇش بۇي كېلىدۇ.

**ماۋخوزەرىش** ئى (پ) <بوت> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى. بامبۇك يىلتىزلىرىدا پارازىت ياشايدۇ. شەكلى توشقان مايىقىغا ئاساسەن ئوخشاش. قۇرىغاندىن كېيىن ناھايىتى قاتتىق. سىرتقى پوستى قارا قوڭۇر رەڭدە، ئىچكى قىسمى ئاق رەڭلىك، ئاچچىق تەمى بار. قۇرۇق زەمبۇرۇغ تۈگۈنى دورا قىلىنىدۇ. ئىلمەك قۇرت، ئاسكارىدا، سولتىرا قاتارلىق قۇرتلارنى چۈشۈرۈش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**ماۋزۇ** ئى (ئە) ① سۆھبەت، پىكىر، مۇلاھىزە قاتارلىقلاردا مۇھىم نۇقتا قىلىنغان مەسىلە؛ تېما: پات ئارىدا بولىدىغان «تۆمۈر چارۋا» سانىقىدىن قانداق ئۆتۈش غېمى ھەممەيلەننىڭ يۈرىكىنى ئامبۇردەك قىسىپ تۇرغاچقا گەپنىڭ ماۋزۇسى شۇ مەسىلە بولۇپ قالدى. * ئاشۇ جەڭ ۋە ئۆلگىلەر بولدى مېنىڭ، شېئىر ئىجادىمغا يېڭى ماۋزۇ. شۇلارنى دەل جايىدا كۈيلىيەلىسەم، كۆلەتتى قەلبىمدىكى يۈكسەك ئارزۇ. ② <ئەد> كىتاب، ئەسەر، ماقالە قاتارلىقلارنىڭ نامى؛ سەرلەۋھە: ماۋزۇ قويماق. ماۋزۇ تاللىماق. * مەن پۈرسەت تاپسىلا ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ گېزىت ئوقۇپ بېرەتتىم. ئۇ قولۇمنى مەھكەم تۇتۇۋېلىپ، ئاۋۋال ماۋزۇلارنى، ئاندىن ئۆزى قىزىققان ماۋزۇلاردىكى ماقالىنى ئوقۇپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلاتتى. * مەن پەقەت نامەلۇم بىر ياشلار ئۆز ئارا يېزىشقان بۇ خەتلەرنى رەتلەپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «ئاخىرقى سىناق» دەپ ماۋزۇ قويۇپ، سىزنىڭ پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن سۇندۇم.

**ماۋزۇر** ئى (ر<نېم) يان قورالنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ ياغاچ قېپى بولۇپ، ئاتقان چاغدا ياغاچ قاپنى قورالنىڭ كەينىگە ئورنىتىپ تىرەك قىلغىلى بولىدۇ. ئارقا-ئارقىدىن ئاتقىلى بولىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى ئادەتتىكى يان قورالنىڭكىدىن يىراق بولىدۇ.

**ماۋزۇسىز** سۈپ. ماۋزۇسى يوق، ماۋزۇ قويۇلمىغان، سەرلەۋھىسىز: ماۋزۇسىز ماقالە.

**ماۋزۇلۇق** سۈپ. ماۋزۇسى بار، ماۋزۇ قويۇلغان، مەلۇم ماۋزۇ بىلەن ئاتالغان،

سەرلەۋھىلىك: «سۇنئى ئوتلاق يېتىشتۈرۈش ماھىرى مۇختار» ماۋزۇلۇق خەۋەرنىڭ ئاستىدىكى مۇختارنىڭ بىر پارچە سۈرىتى ئىدى.

**ماۋزېدۇڭ** ئى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. ئۇلۇغ ماركسىزم-لېنىنىزمچى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى، جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئۇلۇغ داھىيسى ۋە يولباشچىسى. ئۇ دېھقان ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، 1893 - يىلى خۇنەندىكى شاۋشەنچوڭدا تۇغۇلغان، 1976 - يىلى 9 - ئاينىڭ 9 - كۈنى بېيجىڭدا ۋاپات بولغان.

**ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى** ماۋزېدۇڭنى ئاساسىي ۋەكىل قىلغان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا تايىنىپ تۇرۇپ، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ئۆزىگە خاس بىر قاتار تەجرىبىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن يەكۈنلەش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ئىلمىي يېتەكچى ئىدىيە. ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم ئومۇمىي پرىنسىپلىرى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىنىڭ ئۆزئارا بىرلەشكەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

**ماۋنەن** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ماۋنەنچە** ① سۈپ. ماۋنەن خەلقىگە، ماۋنەن تىلىغا ۋە مەدەنىيىگە ئائىت، ماۋنەن خەلقىگە خاس بولغان. ② ئى. ماۋنەن تىلى.

**ماۋنەنلەر** ئى < ئىرق > مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بىرى. گۇاڭشىغا ئورۇنلاشقان.

**ماۋۇ** ئال (مانا+بۇ) «بۇ» ئالمىشىنىڭ كۆچەيتىلمە تۈرى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ: ماۋۇنى ئۆزۈمگە، ماۋۇنى ئۇكامغا ئالدىم. * – قېنى ماۋۇ كىرېسلوغا كەلگىن، – دېدى ئاسىيە ماڭا تام تەرەپكە قاتار قويۇلغان كرېسلولارنى كۆرسىتىپ. * – ماۋۇ خوتۇننى دەمسىز؟ – سۇلايمان بېشى بىلەن ئابدەمنى ئىشارەت قىلدى.

**ماۋىي** سۈپ (ئە) كۆك، ھاۋا رەڭ: ماۋى كۆڭلەك.

**ماي** I ئى ① < خىم > ھايۋان ۋە ئادەملەرنىڭ تېرە ئاستىدىكى توقۇلمىلىرى ھەمدە ئۈسۈملۈكلەر تېنىدە بولىدىغان ئورگانىك ماددا. ئۇ ئۈچ مولېكۇلا ماي كىسلاتاسى بىلەن بىر مولېكۇلا گلىتسېرىننىڭ بىرىكىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. ماي ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ئەڭ كۆپ ساقلانغان يېمەكلىك بولۇپ، ئادەملەرنى ئېھتىياجلىق بولغان كۆپ مىقداردىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى بىلەن تەمىنلەيدۇ: قوي مېيى. ئۆچكە مېيى. قىچا مېيى. زىغىر مېيى. زاراڭزا مېيى. مىنېرال ماي. ② شۇ خىل ماتېرىياللار ئاساسىدا ئىشلەنگەن ھەمدە سىلىقلاش ياكى پەرداز بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلار: ماشىنا مېيى. يۈز مېيى. ③ نېفىت ياكى ئۇنىڭدىن چەككىلەپ ئېلىنىدىغان تۈرلۈك يېقىلغۇلار: ماي قاچىلىماق. ماشىنىنىڭ مېيى تۈگىمەك.

**ماي بوياق** < گ سەن > ① كەندىر مېيى ۋە ياڭاق مېيىغا ئوخشاش تېز

قۇرۇيدىغان مايغا رەسىم سىزىش بويىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل بوياق. ② شۇ خىل بوياقتا سىزىلغان رەسىم. ئۇ غەربىي ياۋروپا رەسساملىقىدىكى مۇھىم بىر رەسىم تۈرى بولۇپ، 14 — 15- ئەسىرلەردە ئاكا-ئۇكا رەسسام ۋان. ئېكلارنىڭ ئىسلاھ قىلىشى بىلەن كەڭ قوللىنىلىپ ھازىرغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلمەكتە. ئادەتتە ئۇ رەخت، تاختاي ياكى قېلىن قەغەزلەرگە سىزىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، بوياقنىڭ بېسىش ئىقتىدارى كۈچلۈك، ئۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ چىنلىق تۇيغۇسىنى ۋە مول بولغان رەڭ ئۈنۈمىنى تولۇق ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ.

**ماي پارقىراقلىقى** < گېئول > بىر خىل ئالاھىدە مېتاللوئىد پارقىراقلىقى. بەزى سۈزۈك مىنېراللارنىڭ سۇنۇق يۈزىدە نۇر قايتۇرۇش يۈزى سىلىق بولمىغانلىقتىن، قىسمەن نۇرلار تارقىلىپ كېتىپ شەكىللەنگەن ياغ پارقىراقلىقىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، كۋارتس، نېفېلىنلارنىڭ سۇنۇق يۈزىنىڭ پارقىراقلىقىغا ئوخشاش.

**ماي پالىمىسى** < بوت > ① ئالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. كوكۇس پالىمىسىغا ناھايىتى ئوخشايدۇ، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، يوپۇرماق سېپىنىڭ گىرۋىكىدە تىكەنلىرى بار، گۈلى تاق جىنسلىق، مېۋىسى باشاقسىمان گۈل رېتىدە، تۇخۇم شەكىللىك، سارغۇچ قوڭۇر. تروپىك، سۇبتروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ. مېۋىسىدىن ماي تارتىپ ئېلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ماي پومپىسى** < ماشىن > مايني بېسىش ياكى تارتىپ چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدىغان پومپا. كۆپىنچە مايلارنى يەتكۈزۈش ۋە سىلىقلاش ياكى يەتكۈزۈش سىستېمىلىرىنىڭ تۇرۇبىلىرىدا بېسىم ھاسىل قىلىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ماي تارتماق** رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلىمەك، قېيىدىماق: قىزلار يىگىتلەرنى كۆرۈپ ئاۋۋال ئاز-پاز رەنجىگەندەك ماي تارتتى-يۇ، كېيىن يىگىتلەرگە قاراپ كۈلۈپ بېيىت ئېيتتى. * — نېمە بولاتتى؟ بەلكىم يۈرگەن قىزى بىلەن ماي تارتىشىپ قالغاندۇ تايىنلىق، — دېدى باقى چاقچاق قىلىپ.

**ماي تەر** يۇڭنىڭ تەبىئىي ماي ۋە موم تەركىبىگە تەرنىڭ قوشۇلۇپ كېلىشى. سانائەت ۋە سودىدا يۇڭنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى باھالاشتا بۇ بەك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ.

**ماي تۆكۈلسە يالىغۇدەك** سۈپۈرۈپ، سۈرتۈپ، تازىلاپ پاك-پاكىز قىلىنغان، ناھايىتى پاكىز: قارىسام بۇ قىز ئۆيىنى تازىلاپ ماي تۆكۈلسە يالىغۇدەك قىلىۋېتىپتۇ.

**ماي چاينىماق** مېغىزىنى چاقماق: لەززىتىنى، ھالاۋىتىنى كۆرمەك: — ۋوي ھۆسىيۈن، ئۆيىڭىزنى بىزنىڭ مەخسۇمغا ئىجارىگە بەرگەن بولسىڭىز تازىمۇ ياخشى بولاتتى-دە، يىللىقىغا 250 سومنى نەقلا ئالدىڭىزغا قوياتتى، گاچچىدا ماي چايناۋالاتتىڭىز ئەمەسمۇ؟ * ئاقتۆستەڭدە ئاي كۆردۈم، ئاي بولۇپتۇ گۈلجامال. ئاقتۆستەڭدە باي كۆردۈم، ماي چايناپتۇ توختى «گال».

**مايدەك ياقماق** ناھايىتى بەك ياقماق، بەكمۇ ئەرزىمەك، ئىنتايىن ماقۇل كۆرۈلمەك: گومىنداڭنىڭ نىقابىنى سۆكتى ئۇ، شۇ يەردىلا باشلاپ ئوتلۇق سۆزىنى. رەھبەر سۆزى مايدەك ياقتى دىللارغا، تىكتى

ھەممە ئاڭا ئويچان كۆزىنى.

**ماي قارىغاي** < بوت > قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. قوۋزىقىدا تەڭگىسمان يېرىقچىلار بولىدۇ. يوپۇرمىقى يىڭنە شەكىللىك، قىسقا ھەم قاتتىق، ئاتىلىق گۈلى سارغۇچ قىزىل، ئانىلىق گۈلى سۆسۈن، شار مېۋىسى سۇس سارغۇچ قوڭۇر. ياغاچ ماتېرىيالى سۇس قوڭۇر، سىلىق ھەم پۇراقلىق. قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، رېلىس، سىم تاناپ تۈۋرۈكى، ئۆي جاھازلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ماي قەغەز** يۇزىگە توڭگۇ دەرەخ مېيى سۇرتۈلگەن قەغەز. سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ. ئادەتتە نەرسىلەرنى ئوراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ماي قەلەم** ئىچىگە مەتبەئە مېيى قاچىلانغان بىر خىل قەلەم. ئۇچىدا كىچىك پولات شار بولۇپ، ماي ئۇنىڭ ئايلىنىشى ئارقىلىق سىرتقا چىقىدۇ.

**ماي كاۋىسى** < بوت > ① كاۋا ئائىلىسىدىكى پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يۇملاقراق، ئۇچتىن-بەشكىچە چوڭقۇر يېرىلغان، ئانىلىق-ئاتىلىقى ئايرىم تۈپلەردە، گۈل تاجىسى قوڭغۇراق شەكلىدە، رەڭگى سېرىق بولىدۇ. مېۋىسى ياپىلاق، دۈگلەك بولۇپ، ئۇرۇقىدىن چىقىرىلغان يېغىنىڭ تەمى چوشقا يېغى بىلەن ئوخشاش. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى.

**ماي كىسلاتاسى** < خىم > ئورگانىك خىمىيۋى بىرىكمىلەردىن بىرى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_nH_{2n+1}COOH$. تۆۋەن دەرىجىلىك ماي كىسلاتاسى غىدىقلىغۇچى پۇراقتا ئىگە رەڭسىز سۇيۇقلۇق؛ يۇقىرى دەرىجىلىك ماي كىسلاتاسى مومسىمان قاتتىق ماددا. تەبىئىي مايلارنىڭ تەركىبىدىمۇ ھەر خىل ماي كىسلاتاسى بولىدۇ. مەسىلەن، قاتتىق ماي كىسلاتاسى، يۇمشاق ماي كىسلاتاسى قاتارلىقلار.

**ماي** II ئى (ر< لات) ① قەدىمكى رىم خىرىستىئانلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمى، مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن بۇ ئاينى شۇنىڭ نامىغا ئاتىغان. ② مىلادىيە يىل ھېسابى بويىچە بەشىنچى ئاي: بۈگۈن ماي ئېيىنىڭ 1-كۈنى ئىدى. چولپاننىڭ ئادىلىنى ئىزدەپ كەلمىگىنىگە توپتوغرا بىر ھەپتە بولۇپ قالدى.

**مايا** I ئى < ئرىق > ئوتتۇرا ئامېرىكىدا ياشايدىغان بىر مىللەت. ئاساسەن مېكسىكا، گوندۇراس ۋە گۋاتېمالا قاتارلىق جايلارغا تارقالغان: قەدىمكى مايا مەدەنىيىتى.

**مايا** II ئى (ر< سانس) < دىن > ھىندى دىنىي پەلسەپىسىدىكى ئايال ئىلاھ. ھەممە مەۋجۇداتلارنىڭ ئانىسى دەپ قارىلىدۇ.

**مايا** III ئى (ر< گرېك) < ئاستر > 66-نومۇرلۇق كىچىك يۇلتۇز.

**ماياتىنك** ئى (ر) ① تام سائەتنى قاتارلىقلاردا مېخانىزمنى ھەرىكەتلەندۇرۇش ئۈچۈن تەۋرىنىپ تۇرىدىغان، بىر ئۇچى يۇقىرىدىكى قوزغالماس نوقتىغا ئېسىپ قويۇلغان، تۆۋەنكى ئۇچىدا ئېغىرلىق ئورنىتىلغان ئوق: تېلېفون تۈرۈپكىسى شىرەدىن پەسكە ساڭگىلاپ سائەتنىڭ ماياتىنكىدەك پۇلاڭلاپ قالدى. ② قول ۋە يانچۇق سائەتنى قاتارلىقلارنىڭ تەكشى مېڭىشىنى مۇنتىزىملاشتۇرىدىغان، ئوق ۋە سولغا

تەۋرنىپ تۇرىدىغان دېتالى.

**مایاق** I ئى. قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق بەزى هايۋانلارنىڭ، توخۇ، كەپتەر قاتارلىق بەزى قۇشلارنىڭ يۇملاق ياكى قاتتىقراق پوقى: ئورۇق قوينىڭ مايىقى چوڭ (ماقال). * تۆگىمۇ تۆگە، مايىقىمۇ تۆگە (ماقال).

**مایاق** II (ما: ياق) ئال (ما+ياق) جانت ① مانا بۇ تەرەپ؛ بۇ ياق: — ماياققا ماڭ، لوكچەك! — ئۇ كەلگەن پېتى نادىرنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ بىر تارتىۋىدى، چاپاننىڭ ياقىسى سۆكۈلۈپ، گەجگىسىگە بېرىپ توختىدى. ② ماۋۇ كىشى، ماۋۇ ئادەم: — مایاق سىزنى ئىزدەپ كېلىپتۇ — دېدى ئۇ ماڭا ناتونۇش بىر ئادەمنى كۆرسىتىپ.

**مایاقتاش** ئى (مایاق+تاش) <گېئول> بىر خىل مىنېرال. قۇشلار مايىقىنىڭ ئايىنىشىدىن هاسىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ فوسفور كىسلاتا تۇزلىرى، گۈڭگۈرت كىسلاتا تۇزلىرى، كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى ۋە باشقا ئارىلاشمىلارغا باي بولىدۇ. تاشقى شەكلى دانىلىق، كاللەك ۋە كاۋاكلىق كېلىدۇ ھەمدە ئالىي سۈپەتلىك ئوغۇت بولالايدۇ.

**مایاقلانماق** «مایاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مایاقلاشماق** «مایاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مایاقلىق** ئى. مایاق كۆپ جاي: تۇرسۇن ئاكام قوغۇننى ئوغۇتلاش ئۈچۈن قۇمدىكى مایاقلىققا مایاق تاسقاشقا ماڭدى.

**مایاقلىماق** پ. مایاق چىقارماق، چىچماق (بەزى هايۋانلار ۋە قۇشلار ھەققىدە): — قوي كىگىزگە مایاقلاپ قويىمسۇن، بالام، تېز بول، ئېغىلغا ھەيدە!

**مايالك** ئى (ر) ① كېمىلەرگە يول كۆرسىتىش ئۈچۈن دېڭىز قىرغىقىغا، ئارالغا ئورنىتىلغان سىگنال يورۇقى بار مۇنار: سانسىز يۇلتۇز جىمىرلايدۇ دېڭىزدىكى ماياكتەك. ئاي ئۈزىدۇ كۆلدە دېڭىزدا مەنزىلگە سەيياهتەك. ② كۆچمە. يول كۆرسىتىپ يېتەكلەيدىغان قىبلىنەما، يېتەكچى: ھەربىر ئوقۇغۇچىنى كىتاب دۇنياسىغا باشلاپ كىرىپ، ئۇلاردا كىتابقا نىسبەتەن، كۈچلۈك مۇھەببەت يېتىلدۈرۈپ، كىتابنى زېھنىي هاياتنىڭ يول كۆرسەتكۈچى، مایاكى قىلىش ئوقۇتقۇچىغا باغلىق. * شۇ ئۇلۇغ ئوي-پىكىرىڭىز نۇرلۇق ماياكتۇر بىز ئۈچۈن، تۇرغۇسىز ھەربىر يۇرۇشتە يولىمىزنى يورۇتۇپ.

**مايتۇ** ئى. تۇتۇلغان بېلىقنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرىدىغان كالتە توقماق.

**مايتۇق** سۆپ. قىڭغىر، مايماق.

**مايتۇق-سايتۇق** قىڭغىر-سىڭغىر، مايماق-سايماق: ئۇ تۆمۈر-تەرسەكلەر ئىچىدىن ياخشىراقلىرىنى تاللىۋېلىپ ئۆزى بىلگىنىچە مايتۇق-سايتۇق ئېگىپ يۈرۈپ، كىچىك-كىچىك قەلەيچە قاچىلارنى، دۇرۇسراقى، شۇ شەكىلدىكى نەرسىلەرنى ياساشقا كىرىشىپ كەتتى.

**مايداڭ** ئى. دىئال. چاقچاق. ھەزىل.

**مايدان** ئى. ماي ئالىدىغان قاچا، ماي قۇتىسى: شۇ كۆزلەر، چىراغلار تىكىلەر پەسكە، ئېگىشكەن ئادەملەر شەكلى يېگى ئاي. ئىشلەيدۇ ماشىنا يېنىدا تەلئەت، كۈلۈچىنى، مايداننى تۇتقان قولى ماي.

**مايسا** ئى. زىرائەتنىڭ ئۇرۇق ئۈنۈپ چىققاندىن كېيىنكى بەشتىن-ئالتە سانتىمېتىر ئۆسكەن يۇمران تېنى: بۇغداي مايسىسى. قوناق مايسىسى. مايسا كۆچۈرمەك. مايسا ئېتىزى. * ئەتىيازدا قاتتىق يامغۇر يېغىپ دادۇي بويىچە 58 مو يەردىكى كېۋەز بىلەن 239 مو قوناق مايسى زىيانغا ئۇچرىدى، —

بوۋا، بوغدىيىڭىزغا نېمە ئۈچۈن سۇ قويمىدىڭىز؟
— دېدى ۋالىي يېقىن كېلىپ، — مايسا سارغىيىپ كېتىپتۇ.

**مايسا بەلگىلمەك** بەلگىلىك تۈپ ئارىلىقنى قالدۇرۇش ئاساسىدا ياخشى مايسىلارنى قالدۇرۇپ، ئارتۇق مايسىلارنى يۇلۇپ تاشلىماق.

**مايسا بولماق** زىرائەت ئۈنۈپ بەشتىن-ئالتە سانتىمېتىر ئەتراپىدا ئۆسمەك: ئارپا، بۇغداي مايسا بولدى، قول سېلىپ كەلسەڭچۇ، يار. جان چىقار ھالەتكە پەتتى، بىر كېلىپ كۆرسەڭچۇ، يار.

**مايسا تاقلىماق** قوناق، كېۋەز قاتارلىق شالاڭ تېرىلىدىغان زىرائەت مايسىلىرىنىڭ تۈپ ئارىلىقنى قالدۇرۇپ، ئارتۇق تۈپلەرنى يۇلۇپ تاشلىماق؛ شالاڭلاتماق.

**مايسا تولۇقلىماق** زىرائەتلەرنىڭ مايسىسى ئالا ئۈنگەن ئەھۋاللار كۆرۈلسە، مايسا كۆچۈرۈش ياكى ئارىلاپ تېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق مايسىلارنى تولۇقلىماق.

**مايسا رەڭ** ① <گ سەن> كۆك بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭ بېرىلگەن، شۇ خىل رەڭگە ئىگە: مايسا رەڭ چاپان. مايسا رەڭ كۆڭلەك.

**مايسا كۆچۈرمەك** يېتىشتۈرۈلگەن شال قاتارلىقلارنىڭ مايسىسىنى ئېتىزغا كۆچۈرمەك.

**مايسا مەزگىلى** زىرائەت مايسىلىرىنىڭ مايسا ئېتىزىدا ئۆسۈۋاتقان كۈن سانى، يەنى تېرىلغاندىن تارتىپ كۆچۈرگۈچە بولغان كۈن سانى.

**مايسا ئۆلتۈرغۇزماق** بەلگىلىك بىر مەزگىل ئىچىدە ئوغۇتلاش، سۇ قويۇشنى كونترول قىلىپ، يۇمشىتىپ، مايسا تۆۋىنى باستۇرۇش ئارقىلىق يوپۇرماق ۋە غولنىڭ ئۆسۈشىنى تىزگىنلەپ يىلتىز تارتقۇزماق.

**مايسەن** ئى <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇمىلاقراق، كاسا ئوتتۇرىسىدا سىزىقچىسى بار. گۆشى يۇمشاق، تاتلىق، سۇلۇق، خۇش بۇي. پوستى نېپىز ۋە تۈكلۈك. گۆشى ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرايدۇ. مېغىزى تاتلىق. 5-ئاينىڭ ئاخىرىدا پىشىدۇ.

**مايسىراتماق** «مايسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مايسىراشماق** «مايسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مايسىرىماق** پ. ئۆزىدىكى ماي ياكى ماي تەركىبى كېمىيىپ كەتمەك، مايسىزلىقتىن مايغا ئېھتىياجى كۈچەيمەك: — خاتىرجەم بولسىلا، سىلىنىڭ قۇلاقلىرى مايسىراپ قالمىسىلا، بىزنىڭ كاناي ۋە بارماقلىرىمىز مايسىزمۇ ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋېرىدۇ — دېدىم.

**مايسىز** سۈپ. مېيى يوق، ماي ئارىلاشتۇرۇلمىغان، مايلانمىغان: مايسىز گۆش. مايسىز تاماق.

**مايسزار** ئى. ھەممە يېرىدە مايسىلار ئۆسكەن جاي، مايسىلىق: قىز قىزاردى، يىگىت كۈلدى: «قانداق دەيسىز؟» كېيىن ئۇلار ساپ ئاۋازدا كۈلۈپ كەتتى. كۈن نۇرىدا يالتىرىتىپ كەتمىنىنى، كۈلگىنىچە مايسزارغا يۈرۈپ كەتتى. // غەربتە قاتمۇقات تاغلار كەينگە، گۈزەل نۇر دېڭىزى شۇڭغۇپ ئاقىدۇ، ئالتۇن رەڭ بۇلۇتلار ئەگىشىپ ئاستا، مايسزار دالىغا كۈلۈپ باقىدۇ.

**مايسزارلىق** ئى. مايسىلار بىلەن تولغان جاي؛ مايسزار: ئۇ تەرەپتە مايسزارلىق، بۇ تەرەپتە پاختىزار، ئىشلىمەكتە قەھرىمان دېھقانلىرى تەر ئاققۇچە.

**مايسلىق** ئى. مايسا ئېتىزى: ئېرىقىڭدا سۇ بولسام، باغلىرىڭغا ئاقسام مەن، يېشىل مايسلىقلارغا، كۆكرىكمنى ياقسام مەن.

**مايقوڭغۇز** ئى [ماي+قوڭغۇز] < زوئول > بىر خىل ھاشارات. خىللىرى كۆپ، تېنى قارا يېشىل ياكى باشقا رەڭلەردە بولىدۇ. پارقىراق كېلىدۇ، ئالدىنقى قانىتى قاتتىق ۋە مەزمۇت، ئارقا قانىتى پەردىسمان، لېچىنكىسى قىزىل باش قۇرت دەپ ئاتىلىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ يىلتىز، غوللىرىنى يەپ دېھقانچىلىققا زىيان سالىدۇ.

**مايقۇرت** ئى [ماي+قۇرت] < زوئول > ← **سۇۋەرەك.**

**مايكا** ئى [ر] يىپ ۋە سۇنئىي تالالاردىن توقۇلغان يەڭسىز ئىچ كىيىم.

**مايكىچان** رەۋ. مايكىلا كىيىپ، ئۈستىگە باشقا كىيىم كىيمەي: ئۇ مايكىچان بولۇپ، بېشىدا ئۆڭگەن چىغ قالپاق بار ئىدى. * بىر ياش بالا مايكىچان ھالدا ئوتلاۋاتقان شاش تورپاققا سەكرەپ مىندى.

**مايگۈل** ئى [ماي+گۈل] < بوت > ← **ئېيىقتاپان.**

**مايلاتماق** «مايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىن ۋېلىسپىتىنىڭ شارىك ۋە ئوقلىرىنى مايلىتىش ئۈچۈن رېمونت دۇكىنىغا باردى.

**مايلاشماق** ① «مايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆتۈكلىرىنى مايلىشىپ، شەپكىلىرىنى قىرلىشىپ، زىياپەتكە تەييارلىنىشماقتا ئىدى. ② ھەممە يېرىگە ماي تەگمەك، ھەممە يېرى ماي بولۇپ كەتمەك: ئۇنىڭ بېشىدىكى مايلىشىپ پارقىراپ كەتكەن قوپال شەپكە بولسا دائىم كۆزىگە چۈشۈپ تۇراتتى.

**مايلاقسىز** سۈپ. ماي سۈرتۈلمىگەن، مايلانمىغان: مايلاقسىز بەتىنكە. * بوۋاي تاپانچىلارنى قولىغا ئېلىپ، بىرەر قۇر تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۇ: – تاپانچىلار ساق ئىكەن، لېكىن ئۇزۇندىن بۇيان مايلاقسىز قېلىپتۇ، – دېدى.

**مايلاقلىق** سۈپ. ماي سۈرتۈلگەن، مايلانغان: ئۆتۈك مايلاقلىق.

**مايلامچى** ئى. ئۆتۈك، بەتىنكە قاتارلىق ئاياغ كىيىملەرنى مايلىغۇچى كىشى: ئۇ چاغلاردا قىش پەسلى دۆڭكۆۋرۈكتە تامغا يۆلىنىپ، خېرىدار كۈتۈپ ئولتۇرغان مايلامچىلار جىق ئىدى.

**مايلامچىلىق** «مايلامچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: – قالتىسقۇ، نېمە ئىش قىلىسەن؟ – بۇرۇن مايلامچىلىق قىلىپ ئاياغ مايلايتتىم. ھازىر چاچ ئالىمەن.

**مايلانماق** ① «مايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مەن زەيتۇن يېغىدا مايلىنىپ ھەركۈنى چۈشتە ئاپتاپقا قاقلىنىدىغان بولدۇم. ② «مايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئۇچىسىغا ئادەتتىكى كۆك چاپان، پۇتىغا مايلانمىغان بەتىنكە كىيىۋالغانىدى.

**مايلىشاڭغۇ** سۈپ. ماي يۇققان، مايلاشقان: ئەبەي دۈيجاڭ كۆن ئىسسىپ كېلىۋاتسىمۇ، لېكىن ھېلىغىچە بېشىدىن تاشلىمىغان مايلىشاڭغۇ تاقىر قۇلاقچىسىنى ھېلىدىن-ھېلى قولىغا ئېلىپ بېشىنى تاتىلايتتى.

**مايلىق** I ئى. تاماقتىن كېيىن قولنى سۈرتىدىغان بۆز، لۆڭگە: پولۇدىن كېيىن ھەممىسى مايلىق بىلەن قولىنى سۈرتۈپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

**مايلىق** II سۈپ ① مېيى بار، ماي ئېلىش مۇمكىن بولغان: مايلىق زىرائەت. مايلىق دان. * يەر ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم مايلىق زىرائەت بىلەن بېدىنى ئالماشتۇرۇپ تېرىشقا نېسىپ بولالىسا بىز كۆڭۈلدىكىگە ئىگە بولغان بولاتتۇق. ② مېيى كۆپ، ماي ئارىلاشتۇرۇلغان:

مايلىق پولۇ. مايلىق نان. * – مايلىق گۆش بىزگە ياقمايدۇ دەمسەن، – دېدى نادەم بىر پارچە مايلىق گۆشنى قولىغا ئېلىپ. ③ ماي سۈرتۈلگەن، مايلانغان: مايلىق قەغەز.

**مايلىق چاي دەرىخى** < بوت > چاي دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى سوقىچاق، گۈلى ئاق، مېۋىسىدە قارا قوڭۇر ئۇرۇقلىرى بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن تارتىپ ئېلىنىدىغان ماي چاي مېيى دېيىلىدۇ. بۇ دەرەخ دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، خۇنەن، جياڭشى، فۇجيەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ.

**مايلىق دان** مايىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدىغان زىغىر، قىچا، كەندىر، زاراڭزا قاتارلىق زىرائەت دانلىرى: – دۆيىڭلاردا مايلىق دان كۆپ ئەمەس ئوخشايدۇ، – دېدىم بىر كەچقۇرۇنلۇقى ئۇنىڭ بىلەن دادۇي قورۇسىغا كېتىۋېتىپ، – جۇۋازىمۇ كۆرۈنمەمدۇ نېمە؟

**مايلىق زەيتۇن دەرىخى** < بوت > ئەرمىدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، ئۆتكۈر خۇش بۇي پۇراقلىق. مېۋىسى سوقىچاق، پىشقاندىن كېيىن قارىيىدۇ، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، ماي تارتىشقىمۇ بولىدۇ. ئەسلى ماكانى ياۋروپا. ئۇنىڭ شېخى تىنچلىقنىڭ سىمۋولى قىلىنىدۇ.

**مايلىق زىرائەت** دېنىدا كۆپ مىقداردا ماي بولغان زىرائەتلەر. مەسىلەن، قىچا، زىغىر، كەندىر، زاغۇن، گازىر، خاسىڭ قاتارلىق زىرائەتلەر.

**مايلىماق** پ. ماي سۈركىمەك، ماي بەرمەك: رىشىت تارتمىدىن چوتكا ۋە ئاياغ مېيىنى ئېلىپ شىبلىتىنى مايلاشقا باشلىدى. * يامغۇر ياغدى، قار ياغدى شارقىراپ كەتتى. بەتىنكەمنى مايلىسام پارقىراپ كەتتى.

**مايماق** ① سۈپ. پۇتى ئەگرى؛ پۇتىنىڭ تاپان قىسمى ئىچ ياكى سىرتىغا قىيسىق: سەمەتنىڭ ئاتا-ئانىسى بىز ئوغلىمىزنى مايماق قىلماي، قارىغۇ ياكى گاس-گاچا قىلىپ قويماي بېجىرىم يىگىت قىلىپ چوڭ قىلغان ئىكەنمىز، ئۇ خارلىنىپ قىزنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرمىسىمۇ، تويىنى بارنى ئايىماي خەجلەپ، ئىززەت-ئابروي بىلەن قىلىپ قويماسمىدۇق، دەپ كايىيتتى. * ئۇ لوگەيگە زۇجاڭ بولغانلىقىنى خۇددى بىرەر شەھەرگە ئامبال بولغاندەك يۇقىرى ھاياجان بىلەن سۆزلەپ، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ مايماق ئېشىكىنى ماختاشقا چۈشتى. // – ۋاي سېنىڭ چۈشىنىپ كەتكىنىڭنى قانداق قىلاي مايماق، – دېدى ھوشۇرئاكا. ② بىر تەرەپكە قىسايغان، قىڭغىر، ئەگرى: بىز ئەتىدىن باشلاپ ئىشىك-دېرىزىلەر ئالدىدىكى مايماق تام-توساقلارنى چېقىپ تاشلاپ، پۈتۈن قورۇيىمىزنى تۈتاش گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدۇق. * ئۇ چىلىمنى بىغشتۇرۇپ قويۇپ، رەپىق ئاكىنىڭ ئۇدۇلىدىكى مايماق سۆگەتنىڭ غولىغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. // بوۋاي مايماق دەسسەپ ماڭاتتى. ③ كۆچمە. دۇرۇس بولمىغان، ناتوغرا؛ ساپ بولمىغان، ناپاك: ئاغزى قايماق، كۆڭلى مايماق (ماقال). * گويا قونغاندەك ھەسەلگە چىۋىن، يات ئەل كۆزىگە چۈشتى بۇزېمىن. تالاي قەبىلە، تالاي ئايماقلار، تەييارغا شېيىخ-كۆڭلى مايماقلار.

**مایماق دەسسمەك** ← **قىڭغىر دەسسمەك:** قىز ئۆزىنىڭ بىرمەزگىل مایماق دەسسگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**مایماق-سایماق** ① ئەگرى-بۈگرى، قىڭغىر-قىيسىق: مایماق-سایماق تام. * خەتنى مایماق-سایماق يازماق. * توختى ئاكامنىڭ سالغان قىرلىرى مایماق-سایماق بولۇپ، باشقىلارنىڭكىدىن پەرقلىنەتتى. ② كۆچمە. رەتكە يارىمىغان، رەتتىن قالغان، قالدۇق، تاشلاندۇق: — ساۋساۋ يۇمن ساۋنىڭ چۇمۇلدەك لەشكەرلىرىنى لىۋىباۋنىڭ مایماق-سایماق چېرىكلىرىنى جەم قىلىپ، لەك مىڭلاپ لەشكەر توپلىغان بولسمۇ، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق، — دېدى جاۋابەن جۇگىلياڭ. * شۇنداق قىلىپ ئاشۇ چاغلار، ئاشقان-تاشقانىنى يەپ، مایماق-سایماقنى كىيىپ بەش ياشلارغا كىرگەن چاغلىرىم بولسا كېرەك.

**مایمۇن** ئى ‹ زوئول › سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈرلىرى خېلى جىق، شەكلى سەل ئادەمگە ئوخشاپ كېتىدۇ، تېنىدە كۈل رەڭ ياكى بېغىر رەڭ تۈكلىرى بار. قۇيرۇقلۇق، ھەرىكىتى چاققان، توپلىشىپ ماكانلىشىدۇ. ئېغىز بوشلۇقىدا ئوزۇق ساقلايدىغان قوۋۇز خالتىسى بولىدۇ. مېۋە، ياۋا كۆكتات، قۇش تۇخۇمى ۋە ھاشاراتلارنى ئوزۇق قىلىدۇ.

**مایمۇن ئويناتماق** ①مایمۇننى كۆندۈرۈپ ھەرخىل ئويۇنلارنى كۆرسىتەلەيدىغان قىلماق. ② كۆچمە. ھىيلە-مىكىر قىلىپ ئاداشتۇرماق، ئەخمەق قىلماق: ئۇ ئېغىز قارلىق تاغلار ئارىسىدا بىزنى مایمۇن ئويناتقاندەك ئويناتقان بىلەن بۇ تۈزلەڭلىكتە ئۇۋچىغا ئۇچراپ قالغان توشقانغا ئوخشاپ قالدۇ.

**مایمۇن ئويۇنى** ① كۆندۈرۈلگەن مایمۇن ئارقىلىق كۆرسىتىلىدىغان ئويۇن. ② كۆچمە. باشقىلارنى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھىيلە-مىكىر: شا مەخسۇتنىڭ «توزپاق» يېغىلىقىدىكى مایمۇن ئويۇنىغا ھېچكىم گول بولماس.

**مایمۇن يىلى** ‹ ئاستر › مۇچەل يىل ھېسابىدا توققۇزىنچى يىل.

**مایمۇنزەنجىۋىلى** ( مایمۇن+زەنجىۋىل+ئى ) ‹ بوت › پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى توم بولۇپ، توغرىسىغا ئۆسىدۇ، سىرتىنى قوڭۇر رەڭلىك تەڭگىچە يوپۇرماقلار ئوراپ ئالىدۇ. يىلتىزسىمان غولى جوڭيى تىبابەتچىلىكىدە «تېڭتۇتى» دېيىلىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش، پەي-سىڭىرلارنى چىڭىتىش رولى بار، بەل ئاغرىقى، سۇنۇق قاتارلىقلارنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي، غەربىي، جەنۇبىي تەرەپلىرىدىن چىقىدۇ.

**مایمۇنسىمان** سۈپ. مایمۇنلارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلىرىنى ساقلاپ قالغان، سىرتقى قىياپىتى، بەزى ھەرىكەتلىرى مایمۇنغا ئوخشايدىغان: مایمۇنسىمان ئادەم.

**مایمۇنسىمان ئادەم** ‹ ئارخېئول › ئەڭ ئېپتىدائىي ئادەملەر. ئۇلاردا مایمۇنغا خاس بەزى بەلگىلەر بولسىمۇ، ئۆرە مېڭىش، ئاددىي سۆز-ئىبارىلەرنى ئىشلىتىش ۋە ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان.

**مایمۇنشاپتۇلى** ئى ( مایمۇن+شاپتۇل+ئى ) ‹ بوت › ① مایمۇن شاپتۇلى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نوۋۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، دۇگىلەك ياكى تۇخۇمسىمان، گۈلى سېرىق، شىرنىلىك مېۋىسى شارسىمان، يىپىشكەك بولىدۇ، دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. غول پوستىنىڭ تالالىرىدىن

قەغەز ياساشقا بولىدۇ. گۈلىدىن پۇراق ماتېرىياللىرى ئېلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**مايمۇنگۈل** ئى 〔مايمۇن+گۈل〕 < بوت > سۇتلۇكئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى سىلىق، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ شەكلىدە ئۆزگىرىش ناھايىتى كۆپ. مايمۇنگۈل دېگەن ئىسىم مۇشۇنىڭدىن كەلگەن. گۈلى قىزغۇچ قوڭۇر. غوزا مېۋىسى ئابدىمىلىكنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەسلى ماكانى شىمالىي ئامېرىكا، ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**مايور** ئى [ر< لات] < ھەرب > ← **شاۋشياۋ**.

**مايور بېلىقى** < زوئول > بىر خىل بېلىق. تېنى قىزىل رەڭلىك، شالاڭ جايلاشقان كۆكۈچ سەپكۈنلىرى بولىدۇ. دېڭىزلارنىڭ چوڭقۇر قەۋەتلىرىدە ياشايدۇ. سېرىق دېڭىز، بوخەي دېڭىزىدىكى مۇھىم دېڭىز بېلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ.

**مايىل** سۈپ 〔ئە〕 ① مەيلى بار؛ تەرىپىنى ئالىدىغان، تەرەپدار: – خوش، تەقسىر، ئىشتىھالىرى قانداق غىزاغا مايىلكىن؟ * – ئانام، ئۆزۈڭ بىلسەن، ياۋاش، ئاق كۆڭۈل، ساددا ئايال. بىرئاز دىنىي خۇراپاتلىققا مايىل. كونا ئەنئەنە، ئەقىدىلەرگە ئېسىلىۋالىدۇ. * كۆڭلى ئادىل، دىلى دادىل، ئۆزى قابىل، ھەققە مايىل پاك ئىنسانلار ھېچ ئۆلمىسۇن! ② يېقىنلىشىپ قالىدىغان، يېقىن: ئۇ ئاق رەڭنى تولىمۇ ياخشى كۆرسە كېرەك، شۇڭا ئاق ياغلىق چىگىپ، ئاق كوپتا، ئاققا مايىل يوپكا ھەتتا ئاق پايپاق، ئاق تۇپلى كىيىپ يۈرىدىغان چىمەنگۈل بىلەن تەڭ دېمەتلىك قىز ئىدى. * ئەگەر سۇيدۇك كۆكۈچ سېرىققا مايىل بولسا، ئىچىدە قارامتۇل نەرسە بولسا ئۇچەي ئاغرىقى تەسىرىدۇر.

**مايىل بولماق** ① مايىللىقنى، قوشۇلغانلىقنى ئىپادىلىمەك، تەرەپدار بولماق: مەيلى بارغا مايىل بول 〔ماقال〕. * خوجىنىياز پالۋان تۆمۈر خەلپىنىڭ سوۋغاتلارنى ئېلىشقا مايىل بولغانلىقىنى كۆرۈش بىلەنلا، ئورنىدىن دەس قوپۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. * بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ساددا قىز يالغۇز ئېلىپارغىلا ئەمەس، بەلكى ئائىلىسىگىمۇ مايىل بولۇپ قالدى. ② يېقىنلاشماق، يېقىن قالماق: يامغۇر توختاپ خىرە-شىرە بولدى كۆك، ئاقىرىشقا مايىل بولدى كەڭ ئۇپۇق. قارا سۈبھى تۇمانلىرى كەينىدە، ئېلىشماقتا ئىدى زۇلمەت-يورۇقلۇق.

**مايىل قىلماق** ئۆز تەرىپىگە تارتماق، تەرەپدار قىلماق، قوشۇلدۇرماق، مايىللاشتۇرماق: ئۇنىڭ ئۆزگەرگەن كەيپىنى سەزگەن ھەمرا، شاھزادە سەمىنىڭ تەرىپىنى قىلىۋېرىپ، ئاخىرى دىلنازنى ئۇنىڭغا مايىل قىلدى. * بۇ شېئىردىكى سەنئەت ۋە ماھارەت دېدىلنى شۇ قەدەر قايىل ۋە مايىل قىلدىكى، ئۇ شېئىرنى قايتا-قايتا ئوقۇدى.

**مايىللاشتۇرماق** «مايىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قايتا-قايتا سۆزلەش ئارقىلىق ئانا قىزنى دېگىنىگە بىرئاز مايىللاشتۇردى.

**مايىللاشتۇرۇلماق** «مايىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىز كۆڭلىنىڭ مۇشۇ دەرىجىدە مايىللاشتۇرۇلغانلىقىغا نېمىنىڭ سەۋەبچى ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى خالىمىدى.

**مايىللاشماق** پ. مايىل بولماق، قوشۇلماق: ئۇنىڭ گەپ قىلماي ھەم ئاچچىقلانماي تۇرغىنىغا قارىغاندا، كۆڭلىنىڭ بىرئاز مايىللاشقانلىقى مەلۇم ئىدى.

**مايىللىق** ① «مايىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەھۋالنى تولۇق كۆزىتىڭلار،

ئەگەر نۇربۇۋىنىڭ ئۇ يىگىتكە مايىللىقىنى ھېس قىلساڭلار، يىگىتنى كۆزدىن نېرى قىلىڭلار. * ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى ئۆز سۆزلىرىگە مايىللىقنىڭ ئالامىتى دەپ چۈشەنگەن رۇستەم، تېخىمۇ روھلىنىپ داۋام قىلدى. ② بىرەر ئىشنى نەرسىنى خالاش، ئۇنىڭغا ئىنتىلىش، مايىل بولۇش؛ خاھىش، ئىستەك، ئارزۇ: يۈسۈپ قادىرخانىنىڭ خوتەنلىكلەرنىڭ قىلىچ-نەيزە بىلەن بويسۇندۇرالمىغان قەلبىنى ئۇ دىنىي ئېتىقاد مايىللىقى بىلەن ئەيۋەشكە كەلتۈرگەن! * ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى ئۆز مەنىسى، ئەھمىيىتى ۋە ئۇزۇل-كېسىللىكى بىلەن كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل مايىللىقىنى جەلپ قىلغان ۋە بەزى جەھەتلەردىن كونا قانۇن-تۈزۈملەرگە خاتىمە بېرىپ، يېڭىچە ئىش كۆرۈشنى بىلگەن. ھەقىقىي قوراللىق قوزغىلاڭ ئىدى.

**مه** I تەق. قوي-ئۆچكىلەرنىڭ مەرىگەن ئاۋازىنى بىلدۈرىدۇ.

**مه** II ئىم. بىرەر نەرسىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئېلىشقا ئۈندەشنى بىلدۈرىدۇ: مە، بۇنى سەن ئال. * — مەكتەپكە بارمامسەن، مە، چايداندا چاي بار، ماۋۇ نان، — دېدى زورىخان ئانا ئوغلىغا كۆيۈنگەن ھالدا.

**مەبلەغ** ئى (ئە) < سودا > مەلۇم ساھە، تۈر ياكى سودا-سانائەت كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان پۇل؛ سەرمايە: مەبلەغ سالماق. مەبلەغ مەنبەسى.

**مەبلەغ ئايلىنىشى** <س ئىق> كارخانا مەبلىغىنىڭ پۇل فورماتسىيىسىدىن باشلىنىپ، تەرتىپ بويىچە ماددىي ۋاستە بىلەن تەمىنلىنىش، ئىشلەپچىقىرىش ۋە مەھسۇلات سېتىۋېلىنىشىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچنى بېسىپ، ئاخىرى قايتا پۇل مەبلەغ نۇقتىسىغا قايتىشى.

**مەبلەغ سالماق** <س ئىق> مەلۇم تۈر، ساھە ياكى كارخانىغا سەرمايە ئورنىدا مەلۇم مىقداردا پۇل ئىشلەتمەك قوشماق؛ دەسمايە سالماق: مائارىپقا مەبلەغ سالماق. ئىشلەپچىقىرىشقا مەبلەغ سالماق.

**مەبلەغ مەنبەسى** <س ئىق> كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنى باشقۇرۇش پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بېرىش جەريانىدا كېرەكلىك بولغان بارلىق مەبلەغلەرنىڭ كېلىش مەنبەسى.

**مەبلەغ ئوبوروتى** <س ئىق> مەبلەغ ئايلىنىشىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ تۇرۇشى.

**مەبۇد** ئى (ئە) ① ئىبادەت قىلىنغۇچى، كىشىلەر چوقۇنغۇچى: ئۇلار بۇ يەردىن يەنىمۇ چوڭ بىر بىناغا كىرىپ، بايىقىلاردىنمۇ چوڭراق، ھەيۋەتلىكرەك، بۇت، مەبۇدلار ھەيكەللىرىنى ۋە تاملاردىكى، تۈرۈستىكى ھەر خىل-ھەر رەڭدىكى سۈرەتلەرنى كۆردى.

**مەپە** ئى (ئە) مەخسۇس ئادەم چۈشۈش ئۈچۈن ياسالغان، ئات ياكى قېچىر قوشۇلىدىغان، ئۈستى يېپىق، ئىككى چاقلىق بىر خىل قاتناش قورالى: ئۇلار ئانچە ھايال بولمايلا قىزنى مەپىگە سېلىپ ئىشان داموللامنىڭ بازاردىكى بىر ھويلىسىغا ئېلىپ كەتتى. * ئۇلار خۇشلۇق ئىچىدە، راۋان بولۇپتۇ يولىغا. قىزنى سېلىپ مەپىگە، ئېلىپ كېلىپتۇ. ئوردىغا.

**مەپتۇن** سۈپ (ئە) بىراۋغا ياكى بىرەر نەرسىگە چىن يۈرىكىدىن بېرىلگەن، ئىشقى چۈشۈپ ئەس-ھوشىنى يوقاتقان، شەيدا: مەپتۇن قىلماق. مەپتۇن بولماق. * بۆلەك جايلاردىكى مەنسەپ ئەھلى پىكاپ

ھەۋىسى ۋە باي سەيلىسى ئىشقىدا مەپتۇن ئىكەن. * ئەي گۈزەل، ئالتۇن ماكان، دىلغا زەپ ياققان ئىلى. بارچە جان مەپتۇن ساڭا، مېھرى ئوت-گۈلخان ئىلى. // مەپتۇنمەن سادادىقىڭنىڭ، كۆرەشلەرگە ئاتاپ مەنمۇ جان؛ پەرۋانىسى بولسام ۋەتەنىنىڭ، يۈرىكىمدە قالمايدۇ ئارمان.

**مەپتۇن ئەتمەك** ← **مەپتۇن قىلماق:** ئۇنىڭ گۈزەل چىرايى دىلنى مەپتۇن ئەتتى. * چېچى قۇندۇز، يۈزى نۇرلۇق تولۇن ئاي، مەپتۇن ئېتەر كۆرگەنلەرنى گۈزەل چىراي.

**مەپتۇن ئەيلىمەك** ← **مەپتۇن قىلماق:** قىزىل ئالما قىلىپ جىلۋە كۆڭۈلنى ئەيلىدىڭ مەپتۇن، كۆزۈم تورلاشتى ھۆسنىڭدىن ساڭا كىم ئوقۇغان ئەپسۇن. * بىر پەرى ھۆسنى-جامالى مېنى مەپتۇن ئەيلىدى، سولدۇرۇپ بەرگىمنى، گۈل سىنەمنى ئۇ، خۇن ئەيلىدى.

**مەپتۇن بولماق** بىراۋغا ياكى بىرەر نەرسىگە ئىشقى چۈشۈپ ئەس-ھوشىنى يوقاتماق، چىن يۈرەكتىن بېرىلمەك؛ شەيدا بولماق: قازى بولسا، قىزنىڭ ھۆسنى-جامالىغا مەپتۇن بولۇپ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. * كىشىلەر مەپتۇن بولىدىغان يېقىملىق نەرسىلەر ھامان ئاددىي كېلىدۇ، ئاددىي نەرسىلەردىن ئۇلۇغ خىسلەت تېپىلىدۇ.

**مەپتۇن قىلماق** جەلپ قىلماق، ئۆزىگە تارتماق، مەھلىيا قىلماق: ئەمەت ئۇستىنىڭ گۈلزارلىقى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىپ، ئۆزىگە ئوبدانلا تارتىۋالدى. * تاشۋاينىڭ راۋابى يالغۇز بارات بىلەن تۇمۇرنىلا ئەمەس، پۈتۈن گۈلاختىكىلەرنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلدى.

**مەپتۇنلۇق** «مەپتۇن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ چېچەكلىرىگە مەپتۇنلۇق بىلەن نەزەر تاشلىدىم. * ئۇ ھويلا ئىچىگە مەپتۇنلۇق بىلەن قاراپ قالدى...

**مەپكۇرە** ئى (ئە)تارس ← **ئىدىيە:** – قۇرۇق گەپنى قويۇپ مەپكۇرەم چاتاق دېگىنە، – دېدى كەككە ساقاللىق دېھقان كىنايە قىلىپ. * بۇ دراممىدا مۇزىكا (مۇقام) مەركىزىي نۇقتا قىلىنغانلىقى ئۈچۈن مەرىپەتچىلىك مەپكۇرىسى توغرىسىدا جىق توختالمىدۇق.

**مەپھۇم** (ئە) ھېزت ① ئى. ئۇقۇم، مەزمۇن، چۈشەنچە: گويا بىر كىچىك كائىنات ئىنسان، ئالەمنىڭ مەپھۇمى ئۇنىڭدا ئايان ۋە لېكىن يۇلتۇزلار پاتقان ئەلەمگە، پاتۇرمۇ ئىنسانچە شادلىق يا يىغان. ② سۈپ. چۈشىنىشلىك، چۈشەنگىلى بولىدىغان، ئۇقۇشلۇق: ئارىمىزدا يوق بولغان ئۇ مەرھۇم... ئەمما يۈرەكتە ئۇ، قىلغان مەپھۇم.

**مەپچى** ئى. مەپە ھەيدەيدىغان كىشى، مەپكەش.

**مەپخانا** ئى (ئە+پ) مەپە ۋە مەپكەشلەر تۇرىدىغان جاي، مەپىلەر ئورۇنلاشتۇرۇلغان يەر: ئوسمان بىلەن قادىر كونا مەپخانىدا بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان، بىر-بىرى بىلەن تونۇش باللار ئىدى. * مۇنىرىدىن شىمالىي دەرۋازىدىن چىقىپ، كونا مەپخانىغا بارغاندىن كېيىن، كىچىك خالتا كوچىغا كىرىپ، بىر تۈپ يالغۇز تېرەكنىڭ تۈۋىدە توختىدى-دە، ئەتراپنى ئىنچىكە كۆزەتتى.

**مەپكەش** ئى (ئە+پ) مەپە ھەيدىگۈچى كىشى، مەپچى: سېرىق بۇرۇت مەپكەش مەپىسىنى توخۇ بازىرىغا ھەيدەپ بېرىپ توختاتتى. * قازى كەلگەندىن كېيىن ھەجەر ئاپپاق خەزىنىچىسىدىن بىر بوپا كىيىم-كېچەك ئالدى-دە، مەپكەشنى جابدۇشقا بۇيرۇدى.

**مەپىلىك** رەۋ. مەپىگە چۈشۈپ، مەپە بىلەن: سۇبھى سۈزۈلگەن، تورغايلار ئويغانغان مەھەللىدە مەپىلىك يولغا چىققان ئىككى يىگىت

بالدۇرلا ئۇيالغا يېتىپ كەلدى.

**مەتانەت** ئى (ئە) يېزت. قاتتىق بەرداشلىق، چىدام، غەيرەت، جاسارەت، ئىرادە: — بەللى، بەللى! ئۆزىنى خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشىغا بېغىشلىغان ھەربىر كىشىدە مۇشۇنداق قەيسەرلىك، مەتانەت بولۇشى كېرەك! — دېدى قاسىمجان قەمبىرى خۇشاللىق بىلەن.

**مەتە** ئى. دىئال. تۆگىچى.

**مەتەل** ئى (ئە) < ئەد > تامامىلانغان ئوي-پىكرنى ئىپادىلەيدىغان ئوبرازلىق ئىبارە، ھېكمەتلىك سۆز.

**مەتبەئە** ئى (ئە) ھەرپ، رەسىم قاتارلىقلاردىن بەت ھاسىل قىلىپ، ئۈستىگە ماي سۈرتكەندىن كېيىن قەغەز يۈزىگە بېسىپ چىقىرىدىغان مەشغۇلات جەريانى. ھازىر ئۇ تۈرلۈك ماشىنىلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ: مەتبەئە ماشىنىسى. مەتبەئە خادىمى. مەتبەئە خاتالىقى.

**مەتبەئە ماشىنىسى** < مەت > مەتبەئەدە ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئادەتتىكىلىرى بېسىلىدىغان بەتكە ماي سۈرتۈش قۇرۇلمىسى، قەغەز يەتكۈزۈش قۇرۇلمىسى ۋە بېسىلغان قەغەزلەرنى رەتلەش قۇرۇلمىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مەتبەئەچى** ئى. باسمىخانىلاردا بېسىش، نەشر قىلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ باسمىخانىدا ئىشلەيدىغان ئادەم، باسمىخانا خادىمى.

**مەتبەئەچىلىك** « مەتبەئەچى » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: زاۋۇتىمىزغا نەچچە تۈركۈم ياش ئىشچىلار قوبۇل قىلىندى، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم ياش ئىشچىلارنىڭ تېخنىكا سەۋىيىسى تۆۋەن بولۇپ، مەتبەئەچىلىك تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمايتتى.

**مەتبۇئات** ئى (ئە) ① نەشرىيات ۋە باسمىخانا ئىشلىرى: مەتبۇئات خىزمىتى. مەتبۇئات كەسپى. ② باسما ئەسەر، گېزىت-ژۇرنال، كىتاب قاتارلىقلار: ئۇنىڭ ماقالىسى مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى.

**مەتبۇئاتچى** ئى. مەتبۇئاتچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، مەتبۇئات خادىمى.

**مەتبۇئاتچىلىق** « مەتبۇئاتچى » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: خەلقنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئالدى بىلەن شۇ خەلقنىڭ مەتبۇئاتچىلىقىنى زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ.

**مەتلۇب** ئى (ئە) يېزت. تەلەپ قىلىنغان، خالىغان، ئىستىگەن نەرسە؛ مەقسەت، تەلەپ: ھەرنېچۈك شەرت ۋە مەتلۇبلىرى بولسا، شۇل چاغدا ئوتتۇرىغا قويغايلا، ھازىرەنلىككە لايىقلىرىدا بولمىسمۇ، ئازراق سوۋغات ئەۋەتتىم. * شۇنىڭ ئۈچۈن تۇمۇرنىڭ بىرقىسىم مەتلۇبلىرىنى قاندۇرۇپ، بۇ قۇتۇرىغان يولۋاسنى يۇمشاق گەپلەر بىلەن قەپەسكە سولاپ ئېلىشىمىزغا مەدەتكار بولۇشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

**مەتلۇب قىلماق** يېزت. تەلەپ قىلماق، ئۆتۈنمەك: مەن بۈگۈن ئۇستازىنى ۋە كېسەل ئىنىمىزنى يوقلاپ كېلىشىم، بۇ ئادىدىي سوۋغامنى مەزۇر تۇتۇشلىرىنى مەتلۇب قىلىمەن.

**مەتۇ** سىپ. زامانغا لايىق ئىش قىلالمايدىغان، ئۆزىنىڭكىنىلا توغرا دەپ قارايدىغان، غەلىتە: مەتۇ كىشى. // ئۇ مەتۇلار بىلەن باردى-كەلدى قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق.

**مەتۇرىدى** ئى < دىن > مەتۇرىدىلار مەزھىپىگە تەۋە كىشى.

**مەتۇرىدىلار** ئى < دىن > ئىسلام دىنىدىكى بىر مەزھەپ. قۇرغۇچىسى ئىمام ئەبۇ مەنسۇر مۇھەممەت مەتۇرىدى

سەمەرقەندى. تۈركىي تىللار تۈركۈمىدىكى خەلقلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى بۇ ئېتىقاد سىستېمىسىنى قوبۇل قىلغان.

**مەتۇلۇق** «مەتۇ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەتۇلۇق قىلماق.

**مەجاز** ئى (ئە) <ئەد> سۆز ۋە ئىبارىلەرنىڭ كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلىشى، يەنى كۆچمە مەنىلىك سۆز ئىبارە؛ كىنايە؛ مېتافورا، ئىستىئارە.

**مەجازلىق** سۈپ. مەجازىي، مەجاز بويىچە: مەجازلىق قىلىپ ئېيتقاندا، شېئىردىكى ھېسسىيات كۆيگە شېئىرنى ئوقۇغۇچى ئادەم ئۆز يۈرەك سازىنى تەڭكەش قىلىشتىن ئىبارەت.

**مەجازىي** سۈپ (ئە) مەجازغا ئائىت، كۆچمە، مېتافورىك: مەجازىي مەنە.

**مەجبۇر** سۈپ (ئە) بىراۋنىڭ بۇيرۇقى، زورى، بېسىمى ياكى بىرەر نەرسىنىڭ تەققەززاسى قاتارلىقلار تۈپەيلى قانداقتۇر بىر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش شەرت بولغان: مەجبۇر بولماق. مەجبۇر قىلماق. * مەن بۇ يەردىن باشقا بىر يۇرتلارغا كېتىشكە مەجبۇرمەن. * ئېتىز-ئېرىقتىن يانغان دېھقانلار مەسچىت ئالدىغا كەلگەندە ئات-ئېشەكلىرىدىن چۈشۈپ، تاشاخۇنۇمغا ئېگىلىپ سالام بېرىشكە مەجبۇر ئىدى.

**مەجبۇر بولماق** بىراۋنىڭ بۇيرۇقى، زورى، بېسىمى ياكى بىرەر نەرسىنىڭ تەقەززاسى تۈپەيلى قانداقتۇر بىر ئىش-ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشقا زورلانماق، مەجبۇر قىلىنماق: بىرمۇنچە كىشىلەر شامەخسۇتنىڭ قىلچىدىن بېشىنى قاچۇرۇپ، يىراق ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر بولدى. * مېھمان ئامالسىز ئورنىدىن تۇرۇپ سىلىقۋەتكەن ئاياغلىرىنى قايتا كىيىشكە مەجبۇر بولدى.

**مەجبۇر قىلماق** قانداقتۇر بىر ئىش-ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشقا زورلىماق: بورانىنىڭ كەينىدىن شارقىراپ چۈشكەن يامغۇر ئۇلارنى سېۋەتلەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە قايتىشقا مەجبۇر قىلدى. * دادامنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىپ قېلىشى مېنى ئويلىنىشقا مەجبۇر قىلدى.

**مەجبۇرەن** رەۋ (ئە) مەجبۇر بولۇپ ياكى مەجبۇر قىلىپ؛ مەجبۇرىيەت ئاستىدا، مەجبۇرىي ھالدا: مەجبۇرەن ئىشلىمەك. * گۈلنىڭمۇ ئېچىلىدىغان ۋاقتى بولىدۇ، ئەگەر ۋايىغا يەتكۈزمەي، ئۇنى مەجبۇرەن ئېچىلدۇرىمەن دېسەڭ ئۆلتۈرىسەن. * يۇقرىلار مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرۇۋالغانىدى، خائىنلار قولىدىكى تاياق بىلەن ئۇرۇپ يۈرۈپ، مەجبۇرەن كولاتتى.

**مەجبۇرلاشماق** «مەجبۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مېنى ھۆججەت يېزىشقا مەجبۇرلاشتى.

**مەجبۇرلانماق** «مەجبۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا-چاقىلىرىمۇ ئۇنىڭدىن چەك-چېگرا ئاجرىتىشقا مەجبۇرلانغانىدى. * — دادا! — غولام بېشىنى كۆتۈرۈپ دادىسىغا قارىدى، مەن ھەممىنى دەيمەن، مەن جىنايەت ئۆتكۈزدۈم، جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇرلاندىم.

**مەجبۇرلۇق** «مەجبۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مەجبۇرلىماق** پ. قانداقتۇر بىر ئىش-ھەرىكەتنى ئېلىپ بېرىشقا زورلىماق، مەجبۇر قىلماق: ئۇلار مېنى ئوغرىلىق قىلىشقا مەجبۇرلىدى. * ئۇ بىرنېمىلەر مېنى ئۇلاغلارنىڭ نورمىسىنى ئوغرىلاپ ساتقانلىقىمنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىدى.

**مەجبۇرىي** سۈپ (ئە) بېجىرىلىشى ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشى شەرت بولغان، ئىختىيارىدىن تاشقىرى: مەجبۇرىي مائارىپ.

مەجبۇرىي ئەمگەك. مەجبۇرىي خىزمەت.
مەجبۇرىي نىكاھ. // نوزۇگۇمنىڭ گۇلدەك
چىرايى ئۆزىگە دۈشمەن بولدى. ئۇنىڭغا مانجۇ
ئەمەلدارلىرىنىڭ يامان كۆزى چۈشتى، نوزۇگۇمنى
مەجبۇرىي خوتۇنلۇققا ئېلىشنى ئويلىدى. *
ۋاھاپ بىلەن بېزا دوختۇرى قاسىم ئۇنىڭ
ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ھارۋىغا سېلىپ، دوختۇرخانىدا
مەجبۇرىي ياتقۇزۇپ قويدى.

**مەجبۇرىي تەۋرىنىش** < فىز > ماددا
سىستېمىسىنىڭ دەۋرلىك ياكى دەۋرسىز
سىرتقى كۈچ تەسىرى ئاستىدىكى
تەۋرىنىشى.

**مەجبۇرىي دەرىجە** < تىل > پېئىل
دەرىجىلىرىنىڭ بىرى، يەنى مەلۇم
گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق جۈملىدىكى
ھەرىكەتنىڭ گراماتىكىلىق ئىگىسى شۇ
ھەرىكەتكە تۈرتكە بولغۇچى ياكى يول
قويغۇچى ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدىغان
گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. مەسىلەن:
ئوقۇ+ت = ئوقۇت، تاپ+تۇر = تاپتۇر.
كۆت+گۈز = كۆتگۈز، بىل+دۈر = بىلدۈر.
ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈملۈك پېئىللار بىلەن
ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي
دەرىجە شەكلىدە كېلەلەيدۇ. ئۆتۈمسىز
پېئىللار مەجبۇرىي دەرىجىگە ئىگە بولغاندا
ئۇلار ئۆتۈملۈك پېئىلغا ئايلىنىدۇ.

**مەجبۇرىي مائارىپ** < مائار > بەزى
دۆلەتلەردە قانۇنىي بەلگىلىمىلەرگە
ئاساسەن مەلۇم ياشتىكى ئۆسمۈرلەرگە
ئېلىپ بېرىلىدىغان مەلۇم دائىرىدىكى
ئومۇمىي تەربىيە. يېقىنقى يىللاردىن
بۇيان بەزى ئەللەردە مەجبۇرىي مائارىپ
مۇددىتى سەككىز-توققۇز يىلغا ئۇزارتىلدى.

**مەجبۇرىي نىكاھ** < قا > قىز-ئوغۇل
ئىككى تەرەپنىڭ ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن
ئەمەس، بەلكى ئاتا-ئانىسى ياكى
باشقىلارنىڭ زورلاپ تېڭىشى بىلەن
قىلىنغان نىكاھ. بۇ فېئوداللىق نىكاھ
تۈزۈمىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى بولۇپ،
يېقىنقى جۇڭگوغا كەلگەندە بىكار قىلىندى.
ھەمدە ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ
نىكاھ ئەركىنلىكى رەسمىي يولغا قويۇلدى.

**مەجبۇرىيەت** ئى (ئە) ① زورلاش،
مەجبۇرلاش ئاساسىدا قىلىنغان ياكى
قىلىنىدىغان ئىش؛ مەجبۇرىي يوسۇندا
زىممىسىگە ئالغان ۋەزىپە، ئىش: ئۇ
يەردە ئانا تىل، ھېساب، رەسىم، جۇغراپىيە،
تارىخ دەرسلىكلىرى بىلەن بىللە يەنە
قوشۇمچە دىنىي دەرس ئۆتۈشمۇ مەجبۇرىيەت
ئىدى. ② كىشىلەرنىڭ بىرەر ئىشنى
بېجىرىش، قىلىش ئۈچۈن بەرگەن ۋەدىسى ياكى ئۆتەشكە تېگىشلىك
ۋەزىپە؛ بۇرچ: پۇقرالىق مەجبۇرىيەت.
مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالماق. مەجبۇرىيەتنى
ئادا قىلماق. * ئاتا-ئانا ئۈستىدىكى ئەڭ
ئېغىر مەجبۇرىيەت ھەققىي ئاتا-ئانا بولۇش.
بىراق مەنمۇ ئۆز مەجبۇرىيىتىمنى تولۇق بەجا
كەلتۈرەلمىگەن ئانىمەن. بالام، ئاھ بالام. *
ھەربىر كىشى يىلىغا ئۈچ تۈپتىن بەش تۈپكىچە
كۆچەت تىكىش مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشى
لازىم.

**مەجرۇھ** سۈپ (ئە) ① يارىلانغان،
جاراھەتلەنگەن، يارىدار: خىزمەت يېلەردىن
بىرقانچىسى شېھىت ھەم مەجرۇھ بولۇپ
يېتىشاتتى. مەلىكە ئىنىكئانىنى ئويغىتىپ،
ئەھۋالنى خەۋەر قىلدى. // ماشىنىغا قورااللار
قاتارىدا گومىنداڭچى بەش مەجرۇھمۇ
چۈشۈرۈلگەنىدى. ② جىسمانىي جەھەتتە
ئاجىز، زەئىپ؛ مېيىپ: مەجرۇھ كۆز.
مەجرۇھ ھەربىي. // ھېچقانداق مەجرۇھنىڭ

ئاجىزلىقى ئەماغا بەتمەيدۇ. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇرۇش قەھرىمانلىرى، قول ياكى پۇتىدىن ئايرىلغان مەجرۇھ، ئالدىنقى سەپلەردىن خىزمەت بىلەن قايتىپ كەلگەن ئوفىتسېرلەر بار ئىدى.

**مەجرۇھلانماق** پ ① يارىلانماق: ئۇ، قىزنى ئاۋايلاپ تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزدى. چاچلىرىنى سىلىدى، دىلى ئۆزىدىنمۇ بەك مەجرۇھلانغان بىر قىزغا ھىمايە بولۇشنەك ئىنسانىي بەخت شادلىقى تومۇرلىرىدا ئېقىن ياسىدى. ② مېيىپ بولۇپ قالماق: — نەپەقە پۇلى دېگىنىمىز مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئىش ئۈستىدە مەجرۇھلانغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە بېرىلىدىغان راسخوت، — دېدى ئۇ خەلق ئىشلىرى كادىرى ماڭا چۈشەندۈرۈپ.

**مەجرۇھلۇق** «مەجرۇھ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەجرۇھلۇق — قەلبى پاك بىر گۆدەكنىڭ ھايات خۇشاللىقىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىپ، ھايات ياشاشتىن، ئەجەل شەربىتىنى ئىچىشنى ئەلا كۆرۈشكە قىستايدۇ.

**مەجلىس** ئى (ئە) تەشكىلات، كارخانا، كوللېكتىپ ياكى ئىدارە ئەزالىرىنىڭ بىرەر مەسىلە، ئىش مۇھاكىمىسىگە بېغىشلانغان يىغىلىشى؛ يىغىن: مەجلىسكە قاتناشماق. مەجلىس ئاچماق. * چۈشكە يېقىن مەجلىس ئاخىرلاشتى. كۆپچىلىك قوشباغنىڭ تارىخىدىكى بۇ يېڭىلىقنى ئېلىپ ئەترەتلەرگە تارقاشتى. * بۇ سۆزنى ئاڭلىغان مەجلىس ئەھلى ھەيران قېلىشتى.

**مەجلىسخانا** ئى (ئە+پ) مەجلىس ئاچىدىغان ئۆي ياكى زال: ئازادە مەجلىسخانا تاماكا ئىسى بىلەن لىق تولغان، 12-قۇرۇلتاي ھۆججەتلىرى مۇزاكىرە قىلىنىۋاتاتتى. * ئىككى كۈندىن بېرى قوغۇنچى دادۇي مەجلىسخانىسىدا «باي بولغان دېھقانلار ۋەكىلىنى سايلاش» بويىچە تالاش-تارتىش بولۇۋاتاتتى.

**مەجلىسداش** ئى. يېزت. ئۆزى بىلەن بىرگە مەجلىسكە قاتناشقان كىشى: ياخشى كىشىلەر بىلەن مەجلىسداش بولساڭ، سەنمۇ ياخشى كىشىلەردىن بولسەن. ياخشى كىشىلەرنىڭ سۆھبەت-مەجلىسىدە بولساڭ، گۇستاخلىق قىلما.

**مەجلىسۋاز** ئى (ئە+پ) مەجلىسنى جىق ئېچىشنى ياخشى كۆرىدىغان، نېمە بولسا مەجلىس ئېچىش يولى ئارقىلىق ھەل قىلىشنى ئادەت قىلغان كىشى: ئۇ باشلىق بولغاندىن كېيىن مەجلىسۋاز بولۇپ قالدىغۇ؟

**مەجلىسۋازلىق** ئى. مەجلىس ئېچىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بار-يوقلۇقى بىلەن ھېسابلاشماي مەجلىسنى تولا ئېچىۋېرىش، مەجلىسنى تولا ئېچىشقا ئامراقلىق: مەجلىسۋازلىق قىلماق.

**مەجنۇن** (ئە) ① ئى. ئىشق ئوتى نەتىجىسىدە سەۋدايى، تەركىدۇنيا بولغان كىشى: — ئانا، — دەپتۇ قەمەر كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئۆزۈڭگە مەلۇمكى، ئىلگىرىمۇ بىر گۈزەل يىگىتنى ماڭا ئەۋەتكەنىدىڭ. بىر كۆرۈشۇم بىلەنلا ئەقلى-ھوشۇمنى يوقىتىپ مۇھەببەت مەجنۇنى بولۇپ قالغانىدىم. ② سۈپ. ئەقلىنى يوقاتقان، ئەقلىدىن ئازغان، ئاداشقان؛ ساراڭ: مۇھەممەت بىننى زەكەرىيا دېگەن ئالىم بىركۈنى شاگىرتلىرى بىلەن مەھەللە ئىچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، تاسادىپىي ئالدىدىن بىر مەجنۇن ئادەم چىقىپ كېلىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قاراپ كۈلۈپتۇ. * زاۋۇتتىكى بىر نەچچە ئىشلەپچىقىرىش مەستانىلىرى قارام ئىستىخىيىلىك كۈچلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ مېنى مۇشۇنداق مەجنۇن قىلىپ قويۇۋاتىدۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەجنۇن بولماق** ئىشق-مۇھەببەت دەردىدە ساراڭ ھالەتكە كەلمەك؛ سەۋدايى بولۇپ قالماق: سىزنىڭ پىراقىڭىزدا مەجنۇن بولۇپ، خۇدۇمنى بىلمەي يۈردۇم.

**مەجنۇنتال** ئى (مەجنۇن+تال) < بوت > تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. شاخلىرى ئۇزۇن، ئىنچىكە بولۇپ، تۆۋەنگە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن تۇمۇنە شەكىللىك، باھاردا چېچەكلەيدۇ، رەڭگى سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ. ئاتلىق-ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ.

**مەجنۇنتاللىق** ① سۈپ. مەجنۇنتال بار، مەجنۇنتال ئۆستۈرۈلگەن، تىكىلگەن: مەجنۇنتاللىق يول. * ئەنە، ئاسفالت قاراماي ياتقۇزۇلغان مەجنۇنتاللىق چاپراس كوچىلارغا مەكتەپ، دوختۇرخانا، ماگىزىن، مەدەنىيەت ئۆيلىرىدىكى ئېلېكتر چىراغلار شولا چېچىپ تۇراتتى. ② ئى. مەجنۇتال بار ياكى مەجنۇنتال كۆپ ئۆستۈرۈلگەن يەر: قىز-يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى مەجنۇنتاللىققا سەگىدىگىلى كېتىشتى.

**مەجنۇنلارچە** رەۋ. مەجنۇنلارغا ئوخشاش، ساراڭلارچە: مەجنۇنلارچە ئىش قىلماق. مەجنۇنلارچە يۈرمەك.

**مەجنۇنلۇق** ئى. سەۋدايىلىق؛ ساراڭلىق: بەزىدە مەجنۇنلۇق روھىي ھالىتى - قاپلىسا، كۆرۈنمەس كۆزۈڭگە خەنجەر، مەي ئەمەس دىسمۇ پىيالىدىكى، ئىچسەن بولسىمۇ ھەتتاكى زەھەر.

**مەجمۇئە** ئى (ئە) مەلۇم بىر تەرتىپتە توپلانغان تېكىستلەر، مەلۇمات ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسى؛ توپلام: شىرە ئۈستىگە ھەر خىل ئەدەبىي ۋە ئىلمىي ژۇرنال قاتارلىق مۇددەتلىك مەجمۇئەلەر قويۇلغانىدى. * دېرىزە تەكچىسىدە ھەر خىل كىتابلار - ئەدەبىي، پارسىي، تۈركىي كىتابلار، گېزىت مەجمۇئەلەر تىزىقلىق ئىدى.

**مەجھۇل** سۈپ (ئە) ① < مات > نامەلۇم، نائېنىق: مەجھۇل سان. ② < تىل > ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى جۈملىنىڭ ئۆزىگە چۈشىدىغان ياكى ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى نامەلۇم بولغان: مەجھۇل پېئىل. مەجھۇل دەرىجە.

**مەجھۇل پېئىل** < تىل > مەجھۇل دەرىجە بىلەن تۈرلەنگەن ياكى ھەرىكەتنىڭ ئوبيېكتى جۈملىنىڭ ئۆزىگە چۈشىدىغان، ھەرىكەتنىڭ ئىگىسى نامەلۇم بولغان پېئىل. مەسىلەن، يېزىلدى، كۆرۈلدى، سىزىلدى، قىلىندى دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**مەجھۇل دەرىجە** < تىل > پېئىل دەرىجىلىرىنىڭ بىرى. پېئىللارنىڭ مەلۇم گراماتىكىلىق شەكلى ئارقىلىق جۈملىدىكى ھەرىكەتنىڭ گراماتىكىلىق ئىگىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ لوگىكىلىق ئوبيېكتى ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە.

**مەجھۇل سان** < مات > ← **نامەلۇم سان**.

**مەجۇسىي** ئى (ئە) ئاتەشپەرەسلىك دىنىغا مەنسۇپ كىشى، ئاتەشپەرەس.

**مەجۇسىيەت** ئى (ئە) ئوتقا چوقۇنۇش، ئاتەشپەرەسلىك.

**مەجۇسىيلىق** ئى. ئوتقا چوقۇنۇش پائالىيىتى، مەجۇسىيەت: غەربىي شىمالىي ئاسىيادىكى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان مەجۇسىيلىق ياكى زەردەشتلىق (ئوتپەرەسلىك) دىنى ۋە دەسلەپكى شامان دىنىمۇ ئۇيغۇرلاردىكى مۇشۇ كۆز قاراشتىن كېلىپ چىققانلىقى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.

**مەجۈج** ئى (ئە) دىنىي قاراش بويىچە، ئاخىر زامانىدا چىقىپ، ئەلگە كۆپ خارابلىق يەتكۈزىدىغان ۋە زۇلۇم سالىدىغان ئىككى قوۋمنىڭ پاكار بويلۇق بولغانلىرى.

**مەجۈن** ئى (ئە) ① <تىب> خېمىر ھالىتىدىكى دورىلار. ② ئەپيون، نەشە بىلەن ياسىلىدىغان مەس قىلىش رولىغا ئىگە زەھەرلىك دورا.

**مەجگە** ئى. دىئال. باشكا، كەپتەر بالىسى.

**مەخپىي** سۈپ (ئە) ئۆزگىگە بىلدۈرمەيدىغان، باشقىلاردىن سىر تۇتىدىغان، خۇپىيانە، يوشۇرۇن: مەخپىي بەلگە. مەخپىي رىتسپ. مەخپىي ھۆججەت. مەخپىي ئالاقە. مەخپىي ئۇچرىشىش. مەخپىي سۆھبەت. * گومىنداڭنىڭ ئالاقىدار مەخپىي سىياسىي ئورگانلىرى بىر ئىلاج بىلەن بۇ گېزىتنىڭ ھەربىر سانىنى قولغا چۈشۈرۈپ، كۆرۈپ تۇرغان بولۇشى تەبىئىي ئىدى. // سەن بۇ ئىشنى مەخپىي تۇت. * ئۇ كۆپتىن بېرى ئىلىدا چىقىدىغان قانداقتۇر بىر گېزىتنى مەخپىي كۆرۈپ تۇرغانىكەن، — دېيىشتى.

**مەخپىي بەلگە** <تىل> ئۆز ئارا كېلىشىۋالغان نەرسە، تاۋۇش ياكى بەدەن ھەرىكىتىنى ۋاستە قىلغان يوشۇرۇن بەلگە ياكى ئىما-ئىشارەت.

**مەخپىي بەلگىچە** <بىئول> ئىرسىيەت مەخپىي بەلگىسىنىڭ ئاساسىي بىرلىكى. ئۇ ئاقسىلنىڭ بىرىكتۈرۈلۈش جەريانىدا ئاقسىل مولېكۇلىسىدىكى مەلۇم ئامىنوكىسلاتالىرىنىڭ تىزىلىش رېتىنى بەلگىلەيدىغان DNA ياكى mRNA مولېكۇلىسى ئىچىدە يېقىن جايلاشقان ئۈچ يادروگلۇكوزىسىدىن ئىبارەت.

**مەخپىيەت** ئى (ئە) باشقىلارغا بىلدۈرۈلمەيدىغان، ئاشكارىلانمايدىغان ئىش، ھەرىكەت؛ سىر؛ مەخپىيلىك: مەخپىيەتنى ئاشكارىلاپ قويماق. مەخپىيەتنى ساقلىماق. * شۇنداق ئىنچىكە مەخپىيەتنى ئۇنىڭ قانداق بىلىۋالغانلىقى ھازىرغىچە ھەممىمىزگە ئوخشاشلا بىر سىر بولۇپ تۇرۇۋېتىۋ.

**مەخپىيەتلىك** ئى. مەخپىي ئىش-ھەرىكەت، مەخپىي خىزمەت، مەخپىيەت: مەخپىيەتلىكنى ساقلىماق. * ئەڭ يېقىن دوستلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ مەلۇم مەخپىيەتلىك بولىدۇ. شۇڭا ئۆز دوستىنىڭ مەخپىيەتلىكنى چۈشەنمەسلىك تۈپەيلىدىن ئۇنىڭدىن ئاغرىنماسلىق كېرەك. * — سەندىن يوشۇرىدىغان ھېچقانداق مەخپىيەتلىكىم يوق، كۆرۈپ باققىن، — دېدى ۋە قولنى ئۇزاتقان قادىرنىڭ قولىغا قەغەزنى بەرمەي تۇرۇپ بۇيرۇدى ئۇ.

**مەخپىيلەشتۈرمەك** «مەخپىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەخپىيلەشتۈرۈلمەك** «مەخپىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەخپىيلەشمەك** پ. مەخپىي ھالەتكە كەلمەك، مەخپىي ئىشلەشكە، قىلىشقا توغرا كەلمەك؛ مەخپىي بولۇپ قالماق.

**مەخپىيلىك** «مەخپىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بەقرات بۇ ئىلىمنى مەخپىيلىكتىن ئاشكارا قىلىپ، ئۆگىنىشنى خالىغانلار، مەيلى ئۇلار كەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلارغا ئۆگەتتى. * مەخپىيلىك ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدا بولىدۇ.

**مەخرەج** ئى (ئە) <مات> بىر كەسىر سانىدىكى توغرا سىزىقنىڭ ئاستىغا يېزىلغان سان. مەسىلەن، $\frac{1}{3}$ دىكى 3 مەخرەجدۇر.

**مەخرەجنى راتسئونالاشتۇرۇش** <مات>

كەسىر ئىپادىنىڭ مەخرەجىدىكى رادىكال (ىيلتىز بەلگىسى) نى يوقىتىش.

**مەخرەجنى يوقىتىش** < مات > تەڭلىملەرنى يەشكەندە، تەڭلىمىنىڭ ئىككى تەرىپى بۇ تەڭلىمىدىكى بارلىق مەخرەجلەرنىڭ ئەڭ كىچىك (ئەڭ تۆۋەن) ئومۇمي ھەسسىلىك سانىغا (ئىپادىسىگە) كۆپەيتىلىش بىلەن ئەسلىدىكى تەڭلىمىدىكى مەخرەجلەر يوقىتىلىدۇ. تەڭلىملەردىكى بۇنداق شەكىل ئۆزگەرتىش مەخرەجنى يوقىتىش دەپ ئاتىلىدۇ.

**مەخرەجلىك** سۈپ. مەخرىجى بار، مەخرەجگە ئىگە: ئومۇم مەخرەجلىك ئاددىي كەسىرلەرنى قوشقاندا، سۈرەتلەرنى بىر-بىرىگە قوشۇپ، ئۇ ئەگەر مەخرەجدىن ئېشىپ كەتسە، مەخرەجگە بۆلۈپ قويسا كۇپايە.

**مەخسۇس** سۈپ (ئە) بىرەر ئىش ياكى نەرسە ئۈچۈنلا ئاتالغان ۋە شۇنىڭغا خاس بولغان، بىرەر ئىش ياكى مەقسەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن؛ خاس: مەخسۇس قاچا. مەخسۇس ماشىنا. مەخسۇس ۋەزىپە. مەخسۇس سان. مەخسۇس مۇخبىر. مەخسۇس ئايروپىلان. مەخسۇس كەسىپ. مەخسۇس بەت. * ھاتەم بىلەن تەمىم مەخسۇس ئۆيدە كېچىلىرى بەزمە، كۈندۈزلىرى ئۇيقۇ بىلەن ئۆتتى. * بۇ كىتابنى مەخسۇس سىز ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىم. // مەخسۇس توختالماق. مەخسۇس تەييارلىماق. * ئۇ چاغدا، يۇرت ئىچىدە نامى چىققان چېلىشچىلارنى تاللاپ ئوردىدا مەخسۇس باقاتتى.

**مەخسۇس پارازىت** < بىئول > پارازىتلارنىڭ بىر تۈرى. ئۇلار پەقەت تىرىك پارازىت ئىگىسىگىلا تايىنىپ ھايات كەچۈرەلەيدۇ. پارازىت ئىگىسىدىن ئايرىلسا، ئۆلىدۇ ياكى كۆپىيەلمەيدۇ. مەسىلەن، مەددە، شورىغۇچى قۇرت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مەخسۇس سېتىش** < سودا > دۆلەت تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن مەخسۇس تىجارەت تارماقلىرىنىڭ بەزى تاۋارلارنى سېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل تىجارەت تارماقلىرىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماي تۇرۇپ باشقا تارماقلارنىڭ بۇنداق تاۋارلارنى ئىشلەپچىقىرىشى ۋە تونۇشى مەنئى قىلىنىدۇ.

**مەخسۇس شىركەت** <س ئىق> مەلۇم بىر خىل مەھسۇلات، مەلۇم بىر يۈرۈش ئۈسكۈنىنى بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ياكى ئوخشاش ھۈنەر-سەنئەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەخسۇس زاۋۇتلار بىرلىشىپ قۇرغان ئىشلەپچىقىرىش شىركىتى.

**مەخسۇس فوند** < مال > دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلىرىدا ئىشلىتىش ئورنى ئالاھىدە بەلگىلەنگەن، مۇئەييەن دائىرىدە ئۇ يان-بۇ يان قىلىپ ئىشلىتىلىشكە بولىدىغان ھەر خىل مەخسۇس مەبلەغلەرنىڭ كېلىش مەنبەسىنى كۆرسىتىدۇ.

**مەخسۇس مەبلەغ** < مال > سوتسىيالىستىك كارخانا ياكى باشقا ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىدىكى تىجارەت مەبلىغىدىكى باشقا ئالاھىدە ئىشلىتىلىش ئورنى بار، بەلگىلەنگەن دائىرە بويىچە ئىگىدارچىلىق قىلىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان مەبلەغ.

**مەخسۇسلاشتۇرماق** « مەخسۇسلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاراق، تاماكا سودىسىنى مەخسۇسلاشتۇرۇپ، بارلىق يوچۇقلارنى ئېتىپ تاشلىشىمىز كېرەك. * ناھىيىمىزدە بوغالتىرلىقنى مەخسۇسلاشتۇرۇش خىزمىتى يولغا قويۇلدى.

**مەخسۇسلاشتۇرۇشماق** « مەخسۇسلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەخسۇسلاشتۇرۇلماق** «مەخسۇسلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ناھىيەدە ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكا خادىملىرى خېلىلا مەخسۇسلاشتۇرۇلدى.

**مەخسۇسلاشماق** پ. بىرەر كىشى، ساھە، مەقسەت ۋە شۇ قاتارلىقلارغا خاس بولۇپ قالماق، خاسلاشماق: مەخسۇسلاشقان قوۋۋەت. * سىلى كۆپ خىل ئىگىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپتىلا، ھازىرچە بولىدۇ. ئۆز پىلانلىرىدا قايسى ئىشتا مەخسۇسلاشماقچى؟ * ئورۇقچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەخسۇسلىشىش سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

**مەخسۇم** ئى (ئە) دىنىي ئۆلىمالارنىڭ باللىرى: — بۇ ئىككى كادىر سەيدۇللا مەخسۇمنى بىر زىيارەت قىلىپ كەلسەك دېۋىدى، باشلاپ كەلدىم، — دېدى مۇقامچى.

**مەخلۇق** ئى (ئە) ① ئىنسان ۋە پۈتۈن جانىۋارلارنىڭ، تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ ئومۇمىي نامى: زور مەخلۇق. ئىككى كۆزلۈك مەخلۇق. * بىزگە مەلۇم، ئادەم ئەڭ ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇق. * ھەرقانداق مەخلۇق دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرگە مۇراجىئەت قىلىش ئۇنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى بولغاچقا، تىبابەت ئىپتىدائىي دەۋرلەردىمۇ بار بولغانىكەن. ② كۆچمە. بىرنەرسىگە ئوخشمايدىغان، خۇنۇك ياكى ئەخلاقسىز، نىيىتى يامان ۋە شۇنىڭدەك ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىغان، ئۆچ كۆرىدىغان كىشلەرنى كەمسىتىپ ئېيتىلىدۇ: — ھەي، ئادەممۇ سەن-جىنمۇ؟! — مۇسا ئۇستىبېشى نىقابلانغان ھېلىقى مەخلۇققا قاراپ ۋارقىرىدى. * مەن مۇشۇ مەخلۇق بىلەن قانداقمۇ بىر قورساقتا يېتىپ، ئانامنىڭ ئاق سۈتىنى بىللە ئەمگەن بولغىيدىم.

**مەخلۇقات** ئى (ئە) بارلىق مەخلۇقلار: ئادەم بولسا، پۈتۈن دۇنيادىكى مەخلۇقاتنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى ۋە ئەزىزىدۇر. * مەخلۇقاتنىڭ باشلانغۇچ شەكلىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر بولغان ھەربىر ئۆزگىرىشلىرىدىمۇ مەخسۇس شەكىل ۋە قىياپەت، مەخسۇس مىزاج، مەخسۇس تەبىئىي ئالاھىدىلىكلەر مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن.

**مەخمەل** ئى (ئە) يۈزىدە تەكشى ھالەتتىكى قىسقا ھەمۇ زىچ تىۋىتلىرى بولغان پاختا توقۇلما رەخت: بازاردىن ئاپام بىر كىيىملىك مەخمەل سېتىۋاپتۇ. // مەخمەل چاپان. مەخمەل دوپپا.

**مەخمەلدەك** سۈپ. يېڭى ئۈنۈپ تەپتەكشى كۆكىرىپ تۇرغان: شەيتان جىلغىسى بويىدىكى مەخمەلدەك چىملىق ئۈستىگە يوغان ئاشخانا قۇرۇلدى. * چەكسىز كەتكەن مۇنبەت ئېتىزلاردا، ياپيېشىل مەخمەلدەك قىرلاردا قىزىلبايراقلار جەۋلان قىلاتتى.

**مەخمەلگۈل** ئى (مەخمەل+گۈل) < بوت > مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك يىلتىزى بولىدۇ.. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسۈپ، پەيسىمان يېرىلىدۇ. يوپۇرمىقى ھەر خىل رەڭدە كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ.

**مەدەت** ئى (ئە) ماددىي ياكى مەنىۋى ياردەم، يار-يۆلەك: مەدەت ئالماق. مەدەت بەرمەك. مەدەت تىلىمەك. مەدەت بولماق. * دادامنىڭ مەدىتى مېنى مۇشۇ كۈنگە ئېرىشتۈردى.

**مەدەت ئالماق** ماددىي ياكى مەنىۋى ياردەمگە ئېرىشمەك، ياردەمگە ئىگە بولماق: — خۇددى بىز دېگەندەك، بۇ كىشلەردىن ھېچقانداق مەدەت ئالالمىدىم، — دېدى شائىر ھەسرەت چېكىپ. * سادىر

ىالۋانىنىڭ جاراڭلىق كۆرەش ناخشىلىرىنى ئاڭلىغان مەھبۇسلار، خۇددى ۋۇجۇدىغا قايتىدىن جان كىرگەندەك روھلىناتتى ۋە ناخشىدىن كۈچلۈك مەدەت ئالاتتى.

**مەدەت بەرمەك** ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتە ياردەمگە ئېرىشتۈرمەك، ياردەم قىلماق: خەلق چوقان سىپىلىپ نىياز پالۋانغا مەدەت بەردى. * بۇ ئىشلار نەچچە كۈندىن بېرى يۈرەك باغرى ئېزىلىپ ئۆزۈلۈش ئالدىدا تۇرغان ئاتا-ئانىلارغا سەل مەدەت بەرگەندەك سېزىلدى.

**مەدەت بولماق** ماددىي ياكى مەنىۋى جەھەتتە ياردەم، ئىلھام بولماق: ئامىنىڭ بۇ ئىشتا كۆرسەتكەن قەيسەرلىكى ماڭا مەدەت بولىۋاتىدۇ. * ھەسەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى شۇنچە دىققەت بىلەن ئاڭلىغان بولسىمۇ، كۆتكىنىگە مەدەت بولغۇدەك بىرەر نەرسە تاپالمىدى.

**مەدەت قىلماق** ياردەم قولىنى سۇنماق، ياردەم قىلماق، مەدەت بەرمەك: ئۇلار بۇنىڭغا ھەيران قالغان ھالدا: – قايسى ئەرۋاھ بۇنىڭغا مەدەت قىلغاندۇ، – دېيىشتى. * – پەخەس بولايلى، خۇدا ئۆزۈڭ مەدەت قىل، – دېيىشتى ئۇلار ئىككىسى دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا.

**مەدەتكار** ئى (ئە+پ) مەدەت بەرگۈچى، يار-يۆلەك بولغۇچى، ياردەم بەرگۈچى، قوللىغۇچى: – شۇنداق! – توپ ئىچىدىن بىرقانچە كىشى ماڭا مەدەتكار بولۇشتى. * ئۇ، بىزدەك ئەھلى تەرىقەتكە مەدەتكار، مەسچىت-خانىقالىرىمىزغا غەمگۇزار ئىدى. ‖ ئۆزىدە يوقتۇر ئەس بىلەن ھوشى، سەندىن ئۆزگە يوق مەدەتكار كىشى. نەقلاي يارنىڭ ئېغىردۇر ئىشى، رەھىم ئەيلىگەيسەن شەمسى جانانغا.

**مەدەتكارلىق** ئى. مەدەت بېرىش، يار-يۆلەك بولۇش؛ ياردەم: چوڭ ئوغلۇمنى شۇلارنىڭ مەدەتكارلىقى بىلەن بانكىغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغانمەن. * ئۆلگەنلەرنىڭ مەدەتكارلىقى، تىرىكلەرنىڭ دۇئاسى – بۇ يىگىتنىڭ كېسىلىگە شىپا، ھاياتىغا بەخت-سائادەت ئاتا قىلىپ، ئىككىلا دۇنيا ئەزىز قىلغۇسى...» دەپ چىن قەلبىمدىن ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتماقتا ئىدىم.

**مەدەتلەندۈرمەك** «مەدەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – كىچىك-پىچىك دەپ تۇرۇۋەرمەي، ھېلىمۇ شۇنداق قىلىش كېرەك، – مەدەتلەندۈرۈپ سۆزلىدى شوجى.

**مەدەتلەنمەك** پ. مەدەت ئالماق، مەدەتكە ئېرىشمەك: موللىلار كۆرمەي ئۇنى تىرناقچىلىك، يولۋاسنىڭ ئالدىدىكى ئوغلاقچىلىك. تېخىمۇ گىدىيىپتۇ جۆرئەتلىنىپ، ھەم بەگنىڭ سۆلىتىدىن مەدەتلىنىپ.

**مەدەستان** ئى (پ) < خىم > ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى پلۇمبۇم ئوكسىد. بۇ بىر خىل سېرىق ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك كرىستال ھالىتىدىكى پاراشوك بولۇپ، تىببىي دورىگەرلىكتە تېرە سىرتىغا سۈرتۈلسە، تېرىنى قورۇپ قان توختىتىدۇ؛ سانائەتتە باتارىيە ۋە بوياق قاتارلىقلار ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**مەدەك** ئى. كۆممىقوناق بېشىنىڭ دېنىنى ئۇۋاپ ئېلىۋالغاندىن كېيىن قالغان قىسمى: ئەبلىغازنىڭ 15 ياشلاردىكى قىزى مەشكە مەدەك تىقىپ پۇۋدەۋاتاتتى. مەشتىن بولسا ئىس چىقماقتا ئىدى. * تېخى يېقىندىلا قوناق مەدىكىنى ئېزىپ ئوماچ قىلىپ ئىچكىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىدۇق.

**مەدەن** ئى (ئە) < كېئول > يەر ئاستىدىكى

تۆرلۈك كان بايلىقلىرى: مەدەن ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار.

**مەدەن ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار** «گېئول» كان ياتمىسىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئېلېمېنتلار، بولۇپمۇ مېتاللىق كان ياتمىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، قارا مېتاللاردىن تۆمۈر، كوبالت، نىكېل، ۋانادىي، ۋولفرام، مولىبدېن قاتارلىقلار؛ رەڭلىك مېتاللاردىن مىس، قوغۇشۇن، سىنك، كۈمۈش، قەلەي، گۈڭگۈرت، سۈرمە، ئاليۇمىن، ئارسىن، ماگنىي قاتارلىقلار؛ قىممەتلىك مېتاللاردىن ئالتۇن، پلاتىنا قاتارلىقلار؛ رادىئوئاكتىپلىق مېتاللاردىن ئۇران، تورىي قاتارلىقلار؛ ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللاردىن نىئوبىي، تانتال، بېرىللىي، سىركونىي، لىتىي، سېزىي، گېرمانىي، گاللىي قاتارلىقلار بۇنىڭغا كىرىدۇ. ئادەت بويىچە مېتاللوئىد كان ياتمىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار بۇنىڭغا كىرمەيدۇ. لېكىن مەخسۇس مېتاللوئىد كان ياتمىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى فوسفور، گۈڭگۈرت، سىلىن، تېللۇر قاتارلىقلارمۇ مەدەن ھاسىل قىلغۇچى ئېلېمېنتلار دېيىلىدۇ.

**مەدەنىيەت** ئى (ئە) ① ئىنسانلارنىڭ جەمئىيەت تارىخى تەرەققىياتى جەريانىدا ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقلىرى، ئۇتۇقلىرى. ئادەتتە ئۇ كۆپرەك مەنىۋى بايلىقلارنى يەنى ئەدەبىيات-سەنئەت، مائارىپ، ئىلىم-پەن قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ: شىنجاڭنىڭ مەدەنىيىتى يىلدىن-يىلغا يۈكسەلمەكتە. * بۇ يېڭى جەمئىيەتتە ۋە يېڭى دۆلەتتە يېڭى سىياسىي ۋە يېڭى ئىقتىسادلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يېڭى مەدەنىيەتمۇ بولىدۇ. ② بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، سىنىپ ياكى خەلقنىڭ مەلۇم دەۋردە قولغا كەلتۈرگەن شۇنداق ئۇتۇقلىرىنىڭ دەرىجىسى: سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت. پرولېتارىيات مەدەنىيىتى. بۇرژۇئازىيە مەدەنىيىتى. ③ «ئارخېئول» ئوخشاش بىر تارىخىي دەۋردە، تارقىلىش ئورنىنىڭ يۆتكىلىشىگە قارىماستىن ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ يىغىندىسى. ④ يېزىق ئىشلىتىش قابىلىيىتى، ئومۇمىي ساۋات؛ تەلىم-تەربىيە كۆرگەنلىك، زىيالىيلىق؛ مەرىپەت: مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالماق. مەدەنىيەت ئۆگىنىشى. مەدەنىيەت سەۋىيىسى.

**مەدەنىيەت تەربىيىسى** «مائار» ئوقۇغۇچىلار ۋە جەمئىيەتنىڭ مەلۇم قاتلىمىدىكى كىشىلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئومۇمىي ساۋات تەربىيەسىدىكى تەلىم-تەربىيە.

**مەدەنىيەت قاتلىمى** «ئارخېئول» قەدىمكى ئىنسانلار قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار، يادىكارلىقلار ۋە ئورگانىك ماددىلاردىن ھاسىل بولغان يەر قاتلىمى. بۇ قاتلام مەلۇم بىر دەۋرنى ئىنكاس قىلىدۇ.

**مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى** «پەلس» مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئۇ مائارىپ، ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، ئاخبارات، نەشرىيات، رادىئو-تېلېۋىزىيە، سەھىيە، تەنتەربىيە، كۇتۇپخانا، مۇزېي ۋە باشقا مەدەنىيەت ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ بىلىم-سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ھەم ماددىي مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشنىڭ مۇھىم شەرتى، ھەم خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئېڭى ۋە

ئەخلاقىي سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم شەرتى.

**مەدەنىيەت ئۆيى** يېزا - قىشلاقلاردىكى ھەر خىل مەنىۋى مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ئېلىپ بېرىشقا مەسئۇل ئورۇن ۋە شۇنداق پائالىيەت ئېلىپ بېرىلىدىغان جاي: ۋىلايەت بويىچە 737 ئورۇندا مەدەنىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇپ، ياشلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى.

**مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى** < ئارخېئول > قەدىمدىن بۇيان ساقلىنىپ قالغان ھەمدە مەدەنىيەت تارىخى تەرەققىياتىدا قىممىتى بار نەرسىلەر. مەسىلەن، بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى، تاش ئويمىلار، قورال - سايمانلار، تۇرمۇش بۇيۇملىرى ۋە تۇرلۇك سەنئەت بۇيۇملىرى قاتارلىقلار.

**مەدەنىيەت يۇرتى** ئاممىنىڭ مەدەنىي پائالىيەتلىرىنى باشقۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن قۇرۇلغان ئورگان ھەم شۇنداق پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىلىدىغان جاي: ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت باشقارمىسى ۋە قەشقەر شەھەرلىك مەدەنىيەت يۇرتى داغلىق گۈزەل سەنئەت خادىملىرىنى لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلدى.

**مەدەنىيەتپەرۋەر** ئى (ئە+پ) مەدەنىيەتنى، بېغىشلىقنى، ئىلغارلىقنى ھىمايە قىلىدىغان، ياقلايدىغان كىشى؛ مەدەنىيەتنى تەشەببۇس قىلغۇچى، يېڭىلىق تەرەپدارى: شۇ يىلى ئاقسۇدا ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى، گېزىتخانا ۋە مەكتەپلەردىكى يىراقنى كۆزەر قەيسەرلەردىن مەدەنىيەتپەرۋەرلەر قوشۇنى شەكىللەندى.

**مەدەنىيەتپەرۋەرلىك** « مەدەنىيەتپەرۋەر » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**مەدەنىيەتسىز** سۈپ. مەدەنىيىتى يوق، مەدەنىيەت ئىگىلىمىگەن، مەدەنىيەتتە ئارقىدا قالغان؛ مەرىپەتسىز: مەدەنىيەتسىز ئادەم. مەدەنىيەتسىز مىللەت. * بۇ ئورۇنلارنى تىرىشىپ پاكىز، رەتلىك، كۆركەم قىلىش، شۇنىڭدەك ئەڭ مەدەنىيەتسىز، ئەڭ پاسكىنا بۇلۇڭ - پۇشقاقلارنىڭ قىياپىتىنى ئوبدانراق ئۆزگەرتىش لازىم.

**مەدەنىيەتسىزلىك** « مەدەنىيەتسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سادىقنىڭ تەتقىق قىلىشىچە، تۆپ زىددىيەت ئۇ ئەمەس، تۆپ زىددىيەت دېھقانلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىكى نامراتلىقى، مەدەنىيەتسىزلىكتىن قۇتۇلالمايۋاتقانلىقى، تۈزۈكرەك ھايات كەچۈرۈش مۇددىئاسىغا يېتەلمەيۋاتقانلىقى ئىدى. * مۇشۇ دەۋردە بىر مىللەت ئۈچۈن مەدەنىيەتسىزلىك يامان ئىللەت.

**مەدەنىيەتلىك** سۈپ. مەدەنىيىتى بار، مەدەنىيەتكە ئېرىشكەن، مەدەنىيەت ئىگىلىگەن، تەربىيە كۆرگەن؛ مەرىپەتلىك: مەدەنىيەتلىك ئادەم. مەدەنىيەتلىك ئەمگەكچىلەر. * 15 مىنۇت ۋاقىت دېگەن، مەدەنىيەتلىك كىشىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى كۆپ ۋاقىت. * بىلىملىك ئادەملەرنى « بۇ مەدەنىيەتلىك ئادەملەر » دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ، دۇنيادا « مەدەنىيەت » دېگەننىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئارتۇق نېمە يوق ئىكەندە، دەپ ئويلايتتىم.

**مەدەنىيەت - مائارىپ** مەدەنىيەت ۋە مائارىپ: مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرى.

**مەدەنىي** سۈپ (ئە) ① مەدەنىيەتكە ئائىت، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى؛ مەدەنىيەت، ئىلىم - مەرىپەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: مەدەنىي ئىنقىلاب. مەدەنىي مىراس. مەدەنىي بۇيۇم. مەدەنىي يادىكارلىقلار. ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش

ئۇيۇشمىسى. * شىنجاڭ گەنسۇ كارىدورى ۋە شىمالىي قۇملۇقتا ياشىغان قەدىمكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر بىلەن بولغان مەدەنىي ئالاقىلەر خېلى بۇرۇنلا مەيدانغا كەلگەنىدى. ② مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغان، مەدەنىيەتلىك؛ مەدەنىيەتنى ئىگىلىگەن، ئوقۇغان، ئوقۇمۇشلۇق: مەدەنىي مىللەت. مەدەنىي خەلق. مەدەنىي ئادەم. * يېزىنى شەھەرگە بېقىندۇرۇپ قويغىنىغا ئوخشاش، ئۇ مەدەنىيەتسىز ۋە يېرىم مەدەنىي مەملىكەتلەرنى مەدەنىي مەملىكەتلەرگە بېقىندۇرۇپ قويدى. * بىلىملىك، كېلىشكەن بۇ مەدەنىي قىزنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، سۆز-ھەرىكەتلىرىدە ئالاھىدە بىر مۇلايىملىق بولۇپ، بۇ يەردىكىلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى. * غەربىي رايونلۇقلارنىڭ ھەر خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلىرىمۇ ناخشا-ئۇسسۇل بىلەن مەشغۇل بولۇشاتتى. ناخشا-ئۇسسۇل ئومۇم خەلق مەدەنىي ھاياتىدىكى دائىمىي ھادىسە ئىدى.

**مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى** 1930 — 1940-يىللاردا شىنجاڭدا پائالىيەت ئېلىپ بارغان، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى يەنى خەلق باشقۇرغان مەكتەپ، كىنو-تىياتىر، سەنئەت قاتارلىقلارنى باشقۇرغان ئاممىۋىي تەشكىلات: ئۇلار ئاخىرى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى بىلەن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى جايلاشقان يېڭى بىنا ناملىق چوڭ بىر يۈرۈش ئىمارەتلەرنى، ئىشخانا ۋە ئوقۇتۇش بىنالىرىنى كۆيدۇرۇپ ئۆرۈپ تاشلىدى.

**مەدەنىي تۇرمۇش** نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن خالاس بولغان، مەدەنىيەت ئەكس ئەتكەن تۇرمۇش: بىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇشنى راۋاجلاندۇرۇشتىكى تۈپ مەقسىتىمىز ھەر مىللەت خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئۆسۈۋاتقان ماددىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتىن ئىبارەت. * ئۇنىڭدىن باشقا، ۋىلايەت بويىچە 737 ئورۇندا مەدەنىيەت ئۆيى، كۇتۇپخانا قۇرۇلۇپ، ياشلارنىڭ مەدەنىي تۇرمۇشى جانلاندۇرۇلدى.

**مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش** ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى، تانسا، كىنو-تىياتىر، شاھمات-شاشكا ۋە بەزىبىر تەنھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان كۆڭۈل ئېچىش: مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرى. مەدەنىي كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى.

**مەدەنىي ھايات** → **مەدەنىي تۇرمۇش**: بىلىش كېرەككى، بىز داشۆ ئوقۇغۇچىلىرى جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىشلاردىن ئۆگەنگۈچىلەر ئەمەس، ئەكسىچە، ھەقىقىي مەدەنىي ھايات ئارقىلىق جەمئىيەتكە ئۈلگە بولغۇچىلارمىز.

**مەدەنىيلەشتۈرمەك** «مەدەنىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىلارنى مەدەنىيلەشتۈرمەك. * بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق قارا دېڭىز كاسپىي دېڭىز مەملىكەتلىرى ئۈچۈن ھەم مەركىزىي ئاسىيا ئۈچۈن، باشقىرت ۋە تاتارلار ئۈچۈن مەدەنىيلەشتۈرۈش رولىنى ئوينىدى.

**مەدەنىيلەشتۈرۈلمەك** «مەدەنىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزىلار مەدەنىيلەشتۈرۈلدى.

**مەدەنىيلەشمەك** پ. مەدەنىيەت ئىگىلىمەك، مەدەنىيەتلىك بولماق: ئۇ يەرنىڭ يېزا ئاھالىلىرى بىرقانچە يىلدىن بېرى خېلىلا مەدەنىيلىشىپ قېلىپتۇ. * بارلىق مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئالماشتۇرۇشى جۇملىدىن ئۇلارنىڭ مەدەنىيلىشىش دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولغان ئەمەس.

**مەدەنيلىك** « مەدەنىي » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يېمەك-ئىچمەك قۇرۇلمىسىدىمۇ بىر خىللىقتىن كۆپ خىللىققا قاراپ تەرەققىي قىلدى. ئىنسانلارنىڭ ئۇزۇقلىنىش ئۇسۇلىمۇ بارغانسېرى مەدەنيلىككە قاراپ يۈزلەندى.

**مەدداھ** ئى (ئە) ① بازار ۋە كوچا-كويلاردا ئادەم توپلاپ دىنىي مەزمۇنلاردىكى بەزى پەند-نەسىھەت سۆزلىرىنى ياكى تارىخىي قىسسە، جەڭنامىلەرنى سۆزلەيدىغان كىشى: زۇنۇن قادىر كىچىكىدىن باشلاپلا خەلق داستانلىرى ۋە چۆچەكلىرىنى، مەدداھلارنىڭ قىسسە ۋە جەڭنامىلىرىنى ئېرىلىپ ئاڭلىدى. * بۇ يەردە مەدداھلار سورۇن تۈزۈپ ئاجايىپ ناتىقلىقى بىلەن توپ-توپ خەلقنى ئەتراپىغا جەملەپ، ھەر خىل جەڭنامە، ئىشقى-مۇھەببەت داستانلىرى ۋە ھېكايىلەرنى سۆزلەيتتى. ② كۆچمە. سەلب. ئاغزى بېسىلماي گەپ قىلىدىغان، گەپنى تولا قىلىدىغان ئادەم، مەمەدان.

**مەدداھلارچە** رەۋ. مەدداھلارغا خاس، مەدداھلارغا ئوخشاش، مەدداھلاردەك: مەدداھلارچە سۆزلىمەك.

**مەدداھلىق** ئى ① بازار ۋە كوچا-كويلاردا ئادەم توپلاپ دىنىي مەزمۇنلاردىكى بەزى پەند-نەسىھەت ياكى جەڭنامە، قىسسە قاتارلىقلارنى سۆزلەش: ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-قوشاق ئېيتىش ۋە مەدداھلىق ئادەتلىرىمۇ ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. * بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ناھايىتى بۇرۇنلا ناخشا-قوشاق ئىجادىيىتىگە ۋە مەدداھلىق ئادەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ۋە ئۇنى توپلاپ قالدۇرغان. ② كۆچمە. مەمەدانلىق، گەپ يورغىلىتىش، گەپ ئويىنىتىش: سەن تولا مەدداھلىق قىلما. * ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك ئىنقىلاب ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتكەن تەجرىبىلىك كادىرلارنى ئىشقا قويۇشنى ئۇڭچىل ئەنزە ئاغدۇرۇشنىڭ جان ھالقىسى، دەپ مەدداھلىق قىلىشىۋاتىدۇ.

**مەددە** ئى < زوئول > بىر خىل پارازىت قۇرت. يېتىلگەنلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 12 – 24 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئەركىكى چوڭراق بولۇپ، سازاڭغا ئوخشايدۇ، رەڭگى ئاق ياكى ئاچ سېرىق، ئالدىنقى ئۇچىدا ئېغىزى بولىدۇ. ئادەتتە ئادەملەرنىڭ ئۈچەي دىۋارىغا چاپلىشىۋالىدۇ. ئادەملەردىن باشقا يەنە ئىت، مۈشۈك، چوشقا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ تېنىدىمۇ بولىدۇ. تۇخۇمى گەندە ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ، سەي-كۆكتات ۋە ئىچىدىغان سۇغا ئارىلىشىۋالىدۇ. ئادەم ئۇنى يۇتۇپ سالسا، ئۈچەي ئىچىدە لىچىنكىغا ئايلىنىپ ئاندىن يېتىلىدۇ ۋە ئادەم بەدىنىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلارنى شۈمۈرۈپلا قالماي، يەنە زەھەر چىقىرىپ، ئادەمنى روھىي جەھەتتە چۈشكۈنلەشتۈرۈش، ئوزۇقلىنىشنىڭ ناچارلىشىشى، رەڭگى سارغىيىش، قورساق ئاغرىش ھەمدە ئۈچەي توسۇلۇپ قېلىش، سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى، ئۈچەي تېشىلىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار قىلىدۇ؛ جىگەر، ئۆت يوللىرىغا كىرىۋالسا، باشقا كېسەللەرنىمۇ پەيدا قىلىدۇ.

**مەدرىسە** ئى (ئە) ئىسلام دىنى بويىچە ئىلىم ھاسىل قىلىدىغان ئالىي مەكتەپ، بىلىم ئېلىش ئورنى: ئەسلى بۇ بەگ چوڭ تەيجىنىڭ ئوغلى بولۇپ، موللا نىياز بىلەن مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغانىدى. * ئەپەندىم مەدرىسىدە ئوقۇۋاتقاندا، خەلپەت ئۇنىڭدىن سوراپتۇ: – ئەپەندىم، بىر كۈن نەچچە سائەت بولىدۇ؟

**مەدرىسە پەلسەپىسى** < پەلس.> ئوتتۇرا

ئەسىر ياۋروپا مەدرىسلىرىدە ئوقۇتۇلغان، كاتولىك دىنىي ئەقىدىلىرىنى مەزمۇن قىلغان پەلسەپە. ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر خىل ئىلاھىيەت سىستېمىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا چۇۋالچاق، ئابستراكت ئەقلىي يەكۇن چىقىرىش ئۇسۇلى قوللىنىلغانلىقتىن «چۇۋالچاق پەلسەپە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مەدھىيە** ئى (ئە) كىشى، نەرسە ۋە شۇنىڭدەك بىرەر ۋەقە، ئىشنى ماختاپ يېزىلغان، ئوقۇلغان شېئىر ياكى نۇتۇق؛ ماختاش سۆزى: مەدھىيە ئوقۇماق. ۋەتەنگە مەدھىيە. ئەلگە مەدھىيە. * ئۇ ناھايىتىمۇ چىرايلىق ۋە ناھايىتىمۇ يېقىملىق، سۆزگە ئۇستا، ئۆتكۈر يىگىت بولۇپ، شاھ ھەققىدە قىسقا ۋە مەزمۇنلۇق قىلىپ مەدھىيە سۆزلەپتۇ. * ۋەتىنىدىن ئايرىلمىسۇن ھېچ كىشى، ئەينەك بولۇپ بۇگۈنى ھۆر ئەتىگە. سىياھ قىلىپ مۇساپىرنىڭ يېشىنى، يازدىم داستان ئوقۇپ ئەلگە مەدھىيە.

**مەدھىيە ئوقۇماق** بىرەر شېئىر ياكى نۇتۇق شەكلى ئارقىلىق مەدھىيىلىمەك، ماختىماق: ھاتەم خۇداغا مەدھىيە ئوقۇپ، ئاي پەرىنىڭ مۆھۈرىنى يەردىن ئالدى-دە، يەنە يولغا چۈشتى. * بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇپ، شۇنداق قەيسەر كۆيئوغۇلنى تاللىغان ھەسەن شاھقىمۇ قىزغىن مەدھىيە ئوقۇپتۇ.

**مەدھىيىچى** ئى. مەدھىيە ئوقۇغۇچى؛ ماختىغۇچى.

**مەدھىيىلەتمەك** «مەدھىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەدھىيىلەشمەك** «مەدھىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ خەتنى ئوقۇۋاتقان يولداشلار ئۆزلۈكىدىن مۇرات توغرا قىلغان، ياخشى قىلغان دەپ مەدھىيىلىشەتتى.

* گۈل ئۈنەر بىزنىڭ چىمەن قەدىمىدىن، ئۈزۈلمەس باھار قەدرى ھەردەمدىن. ئىش-ئىزنى مەدھىيىلىشىپ تۈمەن شائىر، دەستە-دەستە گۈل تۆكىدۇ قەلىمىدىن.

**مەدھىيىلەنمەك** «مەدھىيىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مۇرات دوختۇرنىڭ نامى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە مەدھىيىلىنىپ تارقالدى. * بۇ فىلىمدە ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ئۈستىدىن، ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىن غالىب كېلىدىغانلىقى ئوبرازلىق سۈرەتلەنگەن، شۇنداقلا ۋاپادارلىق، مەردانىلىق قاتارلىق ئېسىل پەزىلەتلەر مەدھىيىلەنگەن.

**مەدھىيىلىمەك** پ. مەدھىيە ئوقۇماق، ماختىماق: ئۇلۇغ ۋەتەننى مەدھىيىلىمەك. * كىشىلەر ئۇنىڭ ھەققىدە چېكىش تۇرىدىغان ياخشى خىسلىتىنى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن مەدھىيىلىدى. * مۇھەببىتىم چوڭقۇر دىلىمدا، مەدھىيىلەيمەن سېنى تىلىمدا. مېۋە بىرەر ئىجاد چېچەكىم، سەندە ئۆتكەن ھەربىر يىلىمدا.

**مەدھىيىنامە** ئى. بىرەر كىشى، ۋەقە ياكى نەرسىگە ئاتاپ ئوقۇلغان، يېزىلغان مەدھىيە: — ئاھاگى سىرىق! — دېدى ھېلىقى ياش، تەكەببۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ، — فېئودالىزمنىڭ مەدھىيىنامىسى!

**مەدىكار** ئى (پ) باشقىلارغا يالىنىپ كۈنلۈك ئىشلىگۈچى كىشى، كۈنلۈكچى: مەدىكار بولۇپ ئىشلىمەك. * مۇختەر شەھەرگە چۈشۈپ، بىر مەدىكار قىياپىتىگە كىرىۋاپتۇ. * شۇ ۋاقىتتا بىر مەدىكار پېشايۋان ئالدىنى سۈپۈرۈپ تۇرۇپ ھېلىقى سۆزلەرنى ئاڭلاپ، پادىشاھنىڭ ھەم ۋەزىرلەرنىڭ ئەقىلسىزلىكىدىن ھەيران قېلىپتۇ.

**مەدىكارچىلىق** ئى ـــ مەدىكارلىق؛

بەزىدە، ئامالنىڭ يوقىدا كىشىلەرگە بىرنەچچە كۈن مەدىكارچىلىق قىلىپ ئىشلەپمۇ قوياتتۇق. * بىز ئادىل بىلەن مۇندىن 15 يىل بۇرۇن شەھەردىكى قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىنىڭ بىرىدە، مەدىكارچىلىق مەيدانىدا تونۇشقانىدۇق.

**مەدىكارلارچە** رەۋ. مەدىكارلارغا خاس، مەدىكارلارغا ئوخشاش، مەدىكارلارنىڭ ئورنىدا، مەدىكارلاردەك: مەدىكارلارچە ئىشلىمەك.

**مەدىكارلىق** ئى. باشقىلارغا ياللىنىپ قىلىدىغان ئىش، مەدىكارچىلىق: مەدىكارلىق قىلماق. * شۇ يىلى يازدا، تۆمۈر خەلپە نوغاي مەسچىت قارمىقىدىكى تۇرار جايلار قۇرۇلۇشىدا مەدىكارلىقتا ئىشلەپ يۈرۈپ، بىر تاتار مۇئەللىم بىلەن تونۇشۇپ قالدى. * يالغۇز تىكەندەك قالغان تۇرپانلىق راخمان گاھ مالچى، گاھ مەدىكارلىق بىلەن ئۆز رىزقىنى تىپىپ يەپ شۇ كۈنگە كەلدى.

**مەرئا** ئى. دىئال. بوز يەر، ئېچىلمىغان، تېرىلمىغان يەر.

**مەرەپ** (توغرىسى: مېھراب) ← **مېھراب.**

**مەرەپكە** ئى. نەققاشچىلىقتا، قوپۇرۇلغان ئورۇنلارنى كېڭەيتىش ياكى ئۇنى تارايتىش ئۈچۈن ئۆتكۈنچى قىلىپ قويۇلىدىغان شەكىل.

**مەرەتمەك** «مەرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھەي، بالام، قوينى ئاچ قويۇپ مەرەتكۈچە، ئوت بەرسەڭ بولمامدۇ؟ — دېدى ئانىسى.

**مەرەز** (ئە) ① ئى. يىرىڭلىغان، ئاسان ساقايمايدىغان، يىرىڭلىق يارا، جاراھەت: غەرەزدىن غەرەز تۇغۇلار، تاز باشتىن مەرەز (تۇغۇلار) (ماقال). * زالىم شاھ ئۆزىنىڭ زورلۇقىنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان، پېشانىسىدە مەرىزى بار ئوغلىنى لەئەل شاھ سۆيىتىدە ياساپ 2 مىڭ ئەسكەر بىلەن دەبدەبە بەيدىن گۈلستان شەھرىگە قاراپ يولغا چىقتى. ② سۈپ. پەس، ئىپلاس، يارىماس؛ رەزىل: تىۋىپ ئۇزۇن بىر ۋاقىتقىچە قايتا-قايتا تومۇر تۇتۇپ كۆرۈپ بىردىن لېۋىنى چىشلەپ قالدى. كېيىن باراتنى سىرتقا چاقىرىپ ئاستا شىۋىرلاپ سۆزلىدى: — مەرەز كېسەل، ئۆپكە سىلىدەك تۇرىدۇ. * بۇلاردىن گۇمانىم كۈچىيىپ، شۇ ئىپلاسنىڭ مەزرز قولى تەگدىغۇ، دەپ ئويلاپ يۈردۈم. * ھەربىي ئەمەلدار كاساپەتلەر بۇ جۈكتۈمەن دېگەن مەرەزگە تۇتۇپ كەلگەن باللارنى قورسىقىغا تۇزۇكرەك ئاش-نان بەرمەي، ھە دەپ مەشكە سالدى. ③ ئى. كۆچمە. نۇقسان، ئەيىب، ئىللەت: ھەجۋىي رەسىم ئەسلىدە جەمئىيەتنىڭ مەرەزلىرىگە نەشتەر ئۇرۇشى كېرەك ئىدى. * توختى، سىز نېمە ئۈچۈن كىشىلەرگە ئۇنداق ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن قارايسىز؟ ئېيتىڭا، بۇ مەرەز زادى سىزگە كىمدىن يۇقۇۋاتىدۇ؟

**مەرەزدار** سۈپ (ئە+پ) مەرەز چىققان، مەرەز باسقان: ھاپىتىغا شاپىتىدۇر، توگرۇلۇققا مەرەزداردۇر، مانسۇر بەگكە پەر كەلگۈدەك ئۆز قۇرامى بىرسى باردۇر.

**مەرەشمەك** «مەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئامانقۇل بايىقى قىز بىلەن يۇرت ئىچىگە كىرگەندە، ئاندا-ساندا چىراغلار يېنىپ، ئىتلار ھاۋشىماقتا، قوي-قوزىلار مەرەشمەكتە ئىدى. * كۆكتە قۇشلار سايرىشىپ ۋىچىر-ۋىچىر قاينىشىپ، تاغدا قويلار مەرىشىپ، كۆڭۈلنى زەپ ئاچىدۇ.

**مەرەكلىمەك** (توغرىسى: مۇبارەكلىمەك) ← **مۇبارەكلىمەك.**

**مەرەم** ئى. تارس. مۇراسىم، بايرام: يېقىندا ئىلىك خانلار قۇرۇلتىيىنى ئاچماقچىمىز ھەم يەنە دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ مەرىمنى

ئۆتكۈزمەكچىمىز. ئەگەر مالال كەلمىسە، كېلىپ قۇرۇلتىيىمىزغا ۋە تويىمىزغا قاتنىشىپ بېرىشلىرىنى سورايمىز. * – بىردەم ساقلاپ تۇرغىن ئاتا! – دېدى قىز، چاچلىرىمنى تارىۋالاي مەن چاپسان. بۈگۈن ئۇلۇغ مەرەم كۈنى خەيرلىك، باشئەگمگە بولۇپ باراي مەن پاك جان!

**مەرپە** ئى. پىچاقنىڭ قوۋۇرغىسىنىڭ ئاستىدىن بىسىغىچە بولغان يانتۇلۇق.

**مەرتە** مىق ← **مەرتەم**: بىر مەرتە. ئىككى مەرتە.

**مەرتەم** مىق (ئە) ساناق سانلار بىلەن بىللە كېلىپ، قىلغان ياكى قىلىنىدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى بىلدۈرىدۇ: بىر مەرتەم. ئۈچ مەرتەم. * بۇ ئىشتا مەن ساڭا مىڭ مەرتەم ئىشىنىمەن. * ئۇ ياخشى ئىشلىگىنى ئۈچۈن بىرقانچە مەرتەم ماددىي مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى.

**مەرتەم-مەرتەم** «مەرتەم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم، دەپتىكەن.

**مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم** بەزىبىر ئىشلارنى ئۈچ قېتىم قىلىشقا بولىدىغانلىقى ياكى ئۈچ قېتىمغا يول قويۇلىدىغانلىقى، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىشكە يول قويۇلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئادەت سۆزى: سېيىت نوچى دېدى: مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم ئىدى، بۇنى ئۇقمايسەن، ئۈچ نۆۋەتنى ساڭا بەرسەم ئۆزۈڭنى سورىمايسەن، ئاستا دېسەم بەك دەيسەن، داپقا چۈشكەن ماياقتەك سەكرەيسەن، كۆرۈپ باق، مېنىڭمۇ كارامىتىمنى! * دادىسى بالىسىنىڭ بۇ ئىشىغا ناھايىتى خاپا بولۇپتۇ، ئىچىدە: «بولۇپتۇ، مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم، دەپتىكەن. يەنە بىر مەرتەم ئەۋەتىپ كۆرەي، ئەگەر يەنە شۇنداق قىلسا، ئاندىن ھەيدىۋېتەي» دەپ ئويلاپتۇ. يەنە مىڭ تىللا بېرىپ ئۈچىنچى قېتىم يولغا سېلىپتۇ.

**مەرتىۋە** I ئى (ئە) ① جەمئىيەتتە، كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشكەن ئابروي، ئېتىبار، نوپۇز؛ ئىناۋەت: ئۇ ئۆزىنىڭ قارىي-كۆكسىنىڭ كەڭلىكى، توغرا سۆزلۈكلۈكى بىلەن كىشىلەر ئىچىدە مەرتىۋە قازاندى. * شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى ھۆرمىتى ئاشتى، مەرتىۋىسى چوڭايدى. ② مەنسەپ، ئەمەل: مەرتىۋىسى ئۆسمەك. مەرتىۋىسى چۈشمەك. * ئۇ بىرەر دانا خوجايىنىنىڭ پاناھىغا ئېرىشىپ، خىزمەت يەتكۈزۈپ مەرتىۋىگە ئېرىشىش يولىنى ئىزلەيتتى. * مەرتىۋەڭگە ئىشىنىپ، ھاكاۋۇرلۇق قىلمىغىن. خالايىقنىڭ ئالدىدا، گەدىيىپمۇ يۈرمىگىن.

**مەرتىۋە** II مىق (ئە) قېتىم، نۆۋەت، مەرتە: زاسۇيپەز سادىقنى بىر ئىككى مەرتىۋە چاقىرىپ، ئاڭلىتالمىغاندىن كېيىن، ئاستا بېرىپ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. * ئىشلەر ئىدىم سىز بىلەن تەڭ، بىرلا ئەمەس مىڭ مەرتىۋە. مەنمۇ سىزدەك ئالدىرايمەن، قالمىسا دەپ ئىش ئەتىگە.

**مەرتىۋىسىز** سۈپ. مەرتىۋىسى يوق، مەرتىۋىگە ئېرىشمىگەن، مەرتىۋىگە ئىگە بولمىغان؛ مەنسەپ، ئەمەل تۇتمىغان: مەرتىۋىسىز كىشى، مەرتىۋىسىز ئائىلە. ‖ مەرتىۋىسىز ھېسابلانماق.

**مەرتىۋىلىك** سۈپ. مەرتىۋىسى بار، مەرتىۋىگە ئېرىشكەن؛ مەنسەپدار، ئەمەلدار: مەرتىۋىلىك ئادەم. * مەسچىتنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ھەشەمەتلىك ياسالغان بىر ئىمارەت بولۇپ، ئۇنىڭدا تاشئاخۇنۇم دېگەن مەرتىۋىلىك بىر كىشى ياشايتتى. * ئەي ئوغۇل، ئۆزۈڭنى يۇقىرى مەرتىۋىلىك كىشىگە سېلىشتۇرۇپ قايغۇرما، ھەرقاچان ئۆزۈڭدىن

تۆۋەن مەرتىۋە، تۆۋەن تۇرمۇشتىكىلەرگە قاراپ ئۆز تۇرمۇشۇڭغا شۈكۈر قىل. // مېنىڭ دادام سودىگەرچىلىك بىلەن بېيىغان، ئۇلارنى مەن ئەخلاقلىق، بىلىملىك مەرتىۋىلىك ھېسابلاتتىم. ئۆزۈمنى بولسا ناھايىتى پاكىز، چىرايلىق، چېچەن ھېس قىلاتتىم.

**مەرد** سۈپ (پ) ① ئېيتقان گېپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىدىغان، ئۆز گېپىگە ئىگە بولىدىغان: مەرد ئادەم. * ئۇ ئاددىي-ساددا، كۆڭلى تۈز، ئىرادىلىك، مەرد كىشى ئىدى. // مەردنى مەيداندا سىنا (ماقال). ② قورقۇشنى بىلمەيدىغان، قورقماس، باتۇر، يۈرەكلىك، مەردانە: مەرد ئوغلانلار. * مەرد بولساڭ مەيدانغا چىق (ماقال). * مەرد رىزۋانگۈل ئوقلارنىڭ ئۆزىگە كەلتۈرۈۋاتقان ئۆلۈم خەۋپى بىلەن ھېسابلاشمايتتى. * توسقۇنلارنى قىلىپ يەكسان، باتۇرانە داۋان ئاشقان، كۈچ-غەيرىتى ئۇرغۇپ تاشقان، مەرد، قەھرىمان قەشقەر قىزى. // قەھرىمانلار قىسسىسنى ئاڭلاپ سىزدىن كەلگەنىدىم، جەڭچى بولۇش قارارىغا. بالاغەتكە يېتىپ يىللار ئۆتۈپ تېزدىن، قېتىلغانىدىم قەيسەر مەردلەر قاتارىغا. ③ پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، قولى ئوچۇق؛ سېخىي: مەرد يىگىت. مەرد كىشى. * مەردنىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن (ماقال). * سەن ھاجەت سوراپ بارماقچى بولغان ئادەم مەردمۇ ياكى بېخىلمۇ؟ ئەگەر ئۇ كىشى مەرد، سېخىي بولسا، ھاجىتىڭنى سورا. بېخىل ئادەم بولسا، ئۆزۈڭنى خار قىلما. * شەھىرىمىزگە ئاجايىپ مەرد بىر سودىگەر يىگىت كېلىپ دۇكان ئېچىپتۇ، ئۇ سىز جانانىغا ھېلىقى ئاز-تولا مال كېرەك ئىكەن، ئەگەر جان كېرەك بولسىمۇ سىزدىن ئايىمايدىكەن.

**مەردلەرچە** رەۋ. مەردلەردەك، مەردلەرگە ئوخشاش، مەردلىك بىلەن: ئۇلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان ياشلار ئانا يەر ئۈچۈن مەردلەرچە قۇربان بولدى. * ئۇ يىگىت: چۈپانسىز قالغان پادىدەك تېنەپ يۈرۈپ، بۆرىلەرگە يەم بولغۇچە، سېنىڭ توپۇڭدا جەڭ قىلىپ مەردلەرچە ئۆلەيلى دەپ كەلدۇق، — دېدى.

**مەردلىك** ① «مەرد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەردلىك بىلەن پۇل خەجلىمەك. * قىزنىڭ بۇ مەردلىكىگە ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەرمۇ، نادەممۇ ھەيران قالدى. * بىز ھازىر بەختلىك ئادەملەرمىز، چۈنكى قولىمىزغا جۈرئەت بىلەن قورال ئېلىپ، مەردلىك بىلەن دۈشمەنلىرىمىزنى ئېتىۋاتىمىز. ② مەرد كىشىلەرگە خاس ئىش، پائالىيەت: مەردلىك قىلماق. * ئۇ قېتىمقى جەڭدە مەيدانغا كەلگەن ئاجايىپ مەردلىكلەر، قەھرىمانلىقلار ھېلىمۇ بىزنىڭ خاتىرىمىزدە ساقلانماقتا. * زاھىر ئايشەمنىڭ كۆيۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرىدى-دە، ئۆيىنىڭ ئىشىك ئالدىغا يۈگۈردى. بىراق يالقۇننىڭ كۈچلۈك تەپتى ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇشى بىلەن يۈرىكى جىغىلداپ، ۋۇجۇدىدا يىگىتلەرگە خاس جاسارەت ۋە مەردلىكنىڭ ئەسىرىمۇ قالمىدى.

**مەردلىك قىلماق** مەردلەرچە، مەردلىك بىلەن ئىش قىلماق: ئاق دىۋىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپ، جېنى ئاز قالغاندا، «مەن بىردەم ئارام ئېلىۋالاي» دەپتۇ، كەنجى مەردلىك قىلىپ مەيلىگە قويۇپتۇ. * — پۇلنى بىز بېرىپ تۇرۇۋاتقاندىن كېيىن، مەردلىك قىلىشتىن قورقما، — دېدى ساقچى ھوقۇقدار، — لۇتپۇللالار تەشكىلات قۇرىدىغان كۈنى تاجىنىڭ بېغىغا قوي ئاچىقىپ سوي، ئۇلارنى كۆپرەك ھاراققا زورلا. ھاراق ھەرقانداق چىڭ ئادەمنى ئېغىز قۇلۇپىنى ئېچىپ،

سۆزلەيدىغان، سايرايدىغان قىلىۋېتىدۇ.

**مەردانە** (پ) يېزىت ① رەۋ. مەردلەرچە، مەردلىك بىلەن، مەردلەرگە ئوخشاش: مەردانە ئىلگىرىلىمەك. * ئۇلار قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، مەردانە مېڭىپ سارايىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىشتى. * جاڭجۇڭ نۇزۇگۇمنى سوراق قىلدى. قەھرىمان نۇزۇگۇم جاڭجۇڭ ئالدىدا مەردانە تۇرۇپ سۆزدە قاتتىق ئېلىشتى. ② سۈپ. مەردلەرگە، باتۇرلارغا خاس: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى كاچات بىلەن ئۇرۇپتۇ، يەنە بەزىلىرى بولسا كالتەك بىلەن ئۇرۇپتۇ، ئەمما ساخاۋەت داد-پەرياد كۆتۈرمەي، مەردانە قىياپەتتە تىك تۇرۇپتۇ. ③ سۈپ. قەتئىيلىك بىلەن ئېيتىلغان؛ قەتئىي؛ ياڭراق؛ كۈچلۈك: قىزنىڭ بۇ مەردانە سۆزى فۇگۇەننىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتتى ئۇنىڭ قەلبىنى غىدىقلاۋاتقان شەھۋانىي ئارزۇسى ئۇنى ئاچچىقىدىن يېنىشقا مەجبۇر قىلدى. * سۇلتان مىرغەزەپنىڭ مەردانە ئاۋازى گۈركىرەپ تۇرغان بورانىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

**مەردانىلارچە** رەۋ → **مەردلەرچە**: — كونا ئاداۋەتلەرنى تۈگىتىپ، بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، سائادەت يارىتىش يولىدا مەردانىلارچە ئىلگىرىلەيدىغان زامان كەلدى، — دېدى ئۇ. * — ئەگەر زىيان تارتىپ قالساڭچۇ؟ — سورىدى بىر دېھقان. — مەيلى، زىيان تارتسام ئۆزۈمگە، — دەپ مەردانىلارچە جاۋاب بەردى ئەكبەر.

**مەردانىلىك** ئى. مەردلىك: مەردانىلىك بىلەن جاۋاب بەرمەك. مەردانىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا چىقماق. * بەختىگۈلنىڭ مەردانىلىك بىلەن ئېيتقان سۆزى رىشتىنىڭ قەلب ئاسمىنىنى گويا گۈلدۈرمامىدەك تىترىتىۋەتتى. * نېمە ئۈچۈنكى تاشۋاي يېقىنقى كۈنلەردىن بۇيان پات-پات گۈلچىمەننىڭ ئاشۇ سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالىدىغان ۋە ئۆزىدە باشقىچە بىر خىل مەردانىلىك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالدى.

**مەردەشمەك** پ. دىئال. باغلاشماق، شەرتلەشمەك.

**مەردەك** ئى. دىئال. ئېيىق كۈچۈكى.

**مەردىمەيدان** ئى (پ) جەڭ مەيدانىدىكى قەھرىمان، مەرد، مەردلەرنىڭ مەردى؛ ھەقىقىي مەرد؛ باتۇر: — ئەي شۆھرەتلىك ئاقپاشا يۇقىرىلىرى، ئاراڭلاردىن چىققان نادىرخان بايۋەچچىدەك مەردىمەيدانلاردىن، ھىممەت قاشقىدەك مۆمىن پۇقرادىن پەخىرلىنىڭلار، بېشىڭلار ئاسمانغا تاقاشسۇن! — دېدى سىبىت ھاجى. * چۈشەركەن ئىشقى سەۋداسى بېشىڭغا، مەردىمەيدان بول، سۇباتلىق بولمساڭ سۆيگۈ داۋانى ئاشقىلى بولماس.

**مەررە** مىق (ئە) سانائق سانلار بىلەن بىللە كېلىپ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىش قېتىم سانىنى بىلدۈرىدۇ؛ قېتىم، مەرتەم، نۆۋەت: ئۇنىڭغا مىڭ مەررە ئۆلۈم تىلىگەن ئەمەسمىدى؟ * ئۇ بىسمىللانى يەنە بىر مەررە تەكرارلاپ گۈلنەزەرنىڭ قولىدىن كۆك كۆڭلەكنى ئالدى-دە كەتتى.

**مەرزەڭگە** ئى. يېپقا تىزىلغان ئۈنچە ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: مەرزەڭگە بادام دوپپا. * ۋاي-ۋۇي، ماۋۇ چاچلىرىڭنى! مەرزەڭگە ئاسقاندەك بولۇپ كېتىپتۇ.

**مەرزەڭگە بادام دوپپا** گۈلىگە مەرزەڭگىنى كەشتە قىلىپ تىككەن ئايالچە بادام دوپپا.

**مەرزەنجۇش** ئى (پ) < بوت > كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ تۆۋى قىسمى ياغاچلاشقان بولۇپ، كۆپ شاخلىنىدۇ. ئېگىزلىكى 10 — 60 سانتىمېتىر، غولى تۆت قىرلىق بولۇپ،

پۈتۈن تېنى خۇش بۇي پۇرايدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە ياكى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە شەكلىدە، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ، يوپۇرماق ئالقىنى سىلىق ياكى شالاڭ تۈكلۈك بولىدۇ. يۇقىرى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئايلانما بولۇپ ئۆسىدۇ. گۈل رېتى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان، گۈل تاجى كالپۇكسىمان بولۇپ، رەڭگى هاۋا رەڭ، سۆسۈن كېلىدۇ. ئاتىلىقى تۆت تال، گۈل كاسا ياپراقچىسى بەشكە يېرىلغان. تاغ ئېتەكلىرىدىكى يايلاقلاردا ئۆسىدۇ، شىمالىي شىنجاڭنىڭ تاغلىق رايونلىرىدىن تېپىلىدۇ. يەر ئۈستى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. يۆتەل توختىتىش، دەم سىقىلىشنى بېسىش رولىغا ئىگە.

**مەرسىيە** ئى (ئە) < ئەد > بىرەر شەخسنىڭ ۋاپاتى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلاپ يېزىلغان ماتەم شېئىرى ياكى ماتەم ناخشىسى: مەرسىيە ئوقۇماق. مەرسىيە ئېيتماق. * بۇلبۇللار كۈيلەپ مەرسىيە، ئورمانلار ئېيتتى «ئەلۋىدا» – بىز ئالىمىز قىساس، – پالۋانلار ئېيتتى، – ئەلۋىدا!

**مەرسىيە قوشىقى** ← **مەرسىيە**: ۋىسال ئىشقىدا هىجران فۇرقەت دەشتلىرىدە ئازاب چەككەن ئاشىق قىردا بولۇپ ئۆتكەن پاجىئە ھەققىدىكى قايغۇلۇق مەرسىيە قوشىقىنى شۇنداق داۋاملاشتۇردى.

**مەرسىيە كۈيى** ۋاپات بولغان كىشىلەرگە بېغىشلانغان كۈي، ناخشا: شۇ چاغ، قارلىغاچلارمۇ تۇرۇپ سۈكۈتتە، بۇلبۇللار باشلىغان مەرسىيە كۈيى، يەتتە قات ئاسمان قەرىگە يەتتى.

**مەرسىيە مۇزىكىسى** < مۇز > ← **ماتەم مۇزىكىسى**: مۇقام مۇزىكىلىرى ئالدى بىلەن، جۈملىدىن ئاساسەن خەلق ناخشىلىرى، ئەمگەك ۋە سەيلە قوشاقلىرى، ئەلنەغمىلىرى، شادىيانە، مەرسىيە مۇزىكىلىرى، مەشرەپ-سەنەملىرى ئاساسىدا ئۇزاق-ئۇزاقلاردىن ئۈزلۈكسىز شەكىللىنىپ كەلگەن.

**مەرسىيە ناخشىسى** < مۇز > ← **مەرسىيە كۈيى.**

**مەرسىيە ئوقۇماق** ۋاپات بولغان بىرەر شەخسنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ خاتىرىسىگە بېغىشلاپ شېئىر ياكى ناخشا ئوقۇماق: ئۇ خوتۇنىغا بېغىشلاپ يازغان مەرسىيىسىنى ئوقۇدى. * تاغلاردىكى قۇشلارمۇ بالام، مەرسىيەڭنى ئوقۇيدۇ بالام. ئاھ بالام ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم، نادىرخان غوجام.

**مەرسىيە ئېيتماق ← مەرسىيە ئوقۇماق:** هازىدىن خەۋەردار بولۇپتۇ هۆر قىز، يىغلاپتۇ، بوزلاپتۇ بىچارە بۇلبۇل، ئەي سايرام، بويلىرىڭ چۆكۈپتۇ مۇڭغا، مەرسىيە ئېيتاركەن غەمخانە بۇلبۇل.

**مەرغۇپ** (ئە) يېزىت ① سۈپ. كىشىنى جەلپ قىلىدىغان، كۆڭۈلگە ياقىدىغان، يېقىملىق، ئېسىل: ــ بۇنىڭدىن باشقا چارە-ئامال يوق، – دەپتۇ ئۇ. پادىشاھمۇ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇپتۇ-دە، 40 قېچىر ھەر خىلدىكى قىممەت باھالىق مەرغۇپ ماللاردىن چابدۇپ ئوغلىنى يولغا سالماقچى بولۇپتۇ. * زېمىندا چاقنىغان گۈلگۈن چېچەكمۇ؟ يېگىتلەر تۇمىقى ياكى لېچەكمۇ؟ پۇرايدۇ گۈل ھىدى گۈل-غۇنچە مەرغۇپ، تاشار دىل چەشمىسى شادلىقتا. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەرغۇل** ئى (ئە) < مۇز > ① مۇقام مۇزىكىلىرىدىكى بىر نەغمە شەكلىدىن ئىككىنچى نەغمە شەكلىگە ئۆتۈشتىكى

مۇزىكا. ئۇ نەزمىسز بولۇپ، ئۆز ئالدىغا بىر نەغمە شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇنىڭ چۇشۇرگىسىدە ئىلگىرىكى نەغمىنىڭ ئاخىرقى بېيىتى تەكرارلىنىدۇ: مۇشاۋىرەك مۇقامىنىڭ 4-داستانىنىڭ مەرغۇلى. * « تارىخي مۇسىقىيۇن » دا ئەبۇ نەسىر فارابىنىڭ قالۇننى ئىجاد قىلغانلىقى، « راك » ، « ئۇشاق » ، « ئۇزھال » دىن ئىبارەت ئۈچ مۇقامنى مەرغۇللىرى بىلەن ئىجاد قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. ② ناخشا باشلىنىش ئالدىدا چېلىنىدىغان ئۇششاق مۇزىكا؛ پائۇزا. ③ دولقۇنلىنىپ، تىترەپ چىققان ئاۋۇش، ئاھاڭ؛ ياڭراق كۈي: مەرغۇلى تەۋرىنەر تىنىق ھاۋادا، بەرگەنتى ئىلھامنى ئۇنىڭغا قۇياش. شۇ قالۇن ئۇستىسى چالغان قالۇننىڭ، مۇڭىدىن ئېرىپ ياش تۆكەر تاغۇتاش. * ناخشا ئېيتساڭ تاڭ سەھەردە دەپتىمەن بۇلبۇلمىكىن، ياكى ئاڭلانغان يىراقتىن خۇش ناۋا مەرغۇلمىكىن.

**مەرغۇلسز** سۈپ. مەرغۇلى يوق؛ مەرغۇللانمايدىغان: جۇلا ـــ ئۇسسۇللۇق پۇرىقى تېخىمۇ روشەن بولغان ئۇسسۇللۇق مۇزىكا. ئۇ بىردەك $\frac{4}{4}$ لىك تاكتتا بولۇپ، مەرغۇلسز، جۇلانىڭ نەغمىلىرى بىر ياكى ئىككى غەزەل ھەجمىدە بولىدۇ.

**مەرغۇللاتماق** پ. مۇزىكىدا، ئاساسەن باش بارماق بىلەن بىرىنچى بارماق ئارىلىقىنى يېقىنلاشتۇرۇپ بارماق قوللارنى تار ئۇستىدىن تۆۋەنگە ھەم يۇقىرىغا يىنىك ھەربىكەتلەندۇرۇپ ناھايىتى تېزلىك بىلەن ئۇلماق، تىترەتمەك: مەرغۇللىتىپ چالماق. * راۋاب چالغىنىمىزدا زەخمەكنى ئادەتتە كۆپرەك يالاڭ ئۇرۇش، قوش ئۇرۇش، مەرغۇللىتىپ (تىترىتىپ) ئۇرۇش ۋە باشقا خىلدىكى ئۇرۇشلارغا ئىشلىتىمىز. * ئۇنىڭ دۇتار چالغان ۋاقتىدىكى ھالىتى شۇنداق جەزبىلىك ئىدىكى، پەدە باسقان قوللىرى كىشىگە تاشتىن-تاشقا سەكرىگەن كېيىكنى ئەسلەتسە، مەرغۇللىتىپ قول ئۇرۇشلىرى مەيىن شامالدا لەرزان سىلكىنىۋاتقان تاغ گۈللىرىنى ئەسلىتەتتى.

**مەرغۇللۇق** سۈپ. مەرغۇلى بار، مەرغۇللانغان: سۈزۈك ئاسماندا بولسا تورغايلارنىڭ مەرغۇللۇق ناۋاسى ياڭرايتتى. * مۇرات ئۆز جايىغا باردى ۋە قۇرئاننى ئېچىپ، قايسىبىر سۈرىنى ئەمدى ئوقۇشقا باشلىۋىدى، سېپىتقارىنىڭ مەرغۇللۇق ئاۋازى يەنە ئۇنىڭ دىققىتىنى بۆلدى.

**مەركەز** ئى (ئە) ① نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىكى خالىغان بىر نۇقتا بىلەن بولغان ئارىلىقى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئوتتۇرا نۇقتىسى؛ قاپ ئوتتۇرىسى: چەمبەر مەركىزى. شار مەركىزى. ئېغىرلىق مەركىزى. مەركەزدىن قاچما كۈچ. مەركەزگە ئىنتىلگۈچى كۈچ. * چۆلنىڭ مەركىزىدە شەھەر پەيدا بولدى. * ئۇ سۇ لەشكەرلىرىنىڭ مەركىزىدىكى چوڭ ئۇرۇش كېمىسىگە چىقىپ ئولتۇردى، ھەممە پالۋانلارنى بۇيرۇق ئاڭلاشقا بىر يەرگە يىغدى. ② ئاھالە ياشايدىغان جاينىڭ مەمۇرىي بىنالار، سودا ۋە باشقا مۇئەسسەسەلەر ئورۇنلاشقان ئاساسىي قىسمى: شەھەر مەركىزى. قىشلاق مەركىزى. * گۈگىشى مەركىزىگە قۇرۇلغان ئوتتۇرا مەكتەپتىن بۇ چەت تاغلىق يېزىغا ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن ئوقۇتقۇچىلار كېلىشتى. * بۈگۈن شەمشەرخان ئاچا ناھىيىلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ناھىيە مەركىزىگە كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە ئۆزىنىڭ سايلىغۇچىسى تۇرسۇنخانلارنى يوقلاپ ئۆتۈشنى قارار قىلدى. ③ پايتەخت: بۈلتۈر ئەتىيازدا مەركەزدە مەخسۇس ئورمانچىلىق يىغىنى ئېچىلدى. * – ئۇنىڭ مەركەزگە

كەلگىنىنى نەدىن بىلدىڭ، – سورىدى ئاكام ئەجەبلىنىپ. ④ مەملىكەت ياكى ئۆلكىنىڭ سانائەت، مەدەنىيەت ياكى باشقا بىرەر ساھەسىدە ئاساسىي ئورۇن تۇتقان شەھىرى، ئاھالە ياشايدىغان يىرىك جايى: ئۈرۈمچى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت مەركىزى. * شائخەي ئېلىمىزنىڭ مۇھىم سانائەت مەركەزلىرىدىن بىرى، ⑤ دۆلەت ياكى پارتىيىنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىك ئورگىنى: زالدا مەركەزنىڭ يەرلەرنى دېھقانلارغا كۆتۈرە بېرىش ھەققىدىكى ھۆججىتى ئاڭلىتىلدى. ⑥ بىرەر پائالىيەت ساھەسىدە ئاساسىي ئىش ئېلىپ بېرىلىدىغان جاي: تەتقىقات مەركىزى. تەرجىمە مەركىزى. خەۋەرلىشىش مەركىزى. ⑦ ئىش ھەرىكىتىنىڭ ئاساسىي ھالقىسى، تۈگۈنى: خىزمەتنىڭ مەركىزى. مەسىلىنىڭ مەركىزى. * ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، شۇ ۋاقىتتا ئىنقىلابىي ھەرىكەتنىڭ مەركىزى گېرمانىيىگە يۆتكەلگەنىدى. ⑧ < فىزئول > نېرۋا ھۈجەيلىرىنىڭ ئورگانىزمنىڭ بىرەر پائالىيىتىنى باشقۇرىدىغان مەلۇم گۇرۇپپىلىرى: ھەرىكەت مەركىزى. مەركەزدىن چىققۇچى نېرۋا.

**مەركەز خامچوتى** <س ئىق> دۆلەت خامچوتىنىڭ تەشكىلىي قىسمى. دۆلىتىمىزنىڭ مەركەز خامچوتى – مەركەزدىكى ھەرقايسى مىنىستىرلىكلەرنىڭ ۋە مىنىستىرلىكلەرگە تەۋە ئورۇنلارنىڭ خامچوتى، شۇنىڭدەك ھەرقايسى كارخانىلارنىڭ مالىيە كىرىم-چىقىم پىلانلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇشتىن ھاسىل بولىدۇ. ئۇ دۆلەت خامچوتىدا يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدۇ. دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە، دۆلەت مۇداپىئە ۋە مۇھىم ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشلىرى، مەدەنىيەت-مائارىپ تەتقىقات ئىشلىرىغا كېرەكلىك مەبلىغىنىڭ ھەممىسى مەركەز خامچوتىدىن بېرىلىدۇ.

**مەركەزدىن چىققۇچى نېرۋا** < ئانات > مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدىكى قوزغىلىشنى ھەرقايسى ئەزالارغا ياكى ئەتراپتىكى قىسىملارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان نېرۋىلار. ئۇلار چىققۇچى نېرۋا تالالىرىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ خىل نېرۋىلار يەنە ھەرىكەت نېرۋىلىرى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مەركەزدىن قاچما پومپا** < ماشىن > پومپىنىڭ بىر خىلى. يەنى پومپا ياپراقچىلىرىنىڭ ئايلىنىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان مەركەزدىن قاچقۇچى كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن سۇيۇقلۇقلارنى سۈمۈرىدىغان ياكى سىرتقا چىقىرىدىغان پومپا.

**مەركەزدىن قاچما كۈچ** < فىز > جىسىم ئەگرى سىزىق بويىچە ياكى چەمبەرنى بويلاپ ھەرىكەت قىلغاندا ھاسىل بولىدىغان مەركەزدىن ئايرىلىدىغان كۈچ.

**مەركەزدىن قاچما ماشىنا** < ماشىن > مەركەزدىن قاچما كۈچتىن پايدىلىنىپ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئوخشاش بولمىغان قاتتىق ياكى سۇيۇق جىسىملارنى ئايرىيدىغان ماشىنا. ئۇ ئايلانغاندا، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئەڭ چوڭ بولغان ماددىي نۇقتا ئەتراپقا تارىلىپ، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئەڭ كىچىك بولغان ماددىي نۇقتا ئايلىنىش ئوقى تۆۋىگە يىغىلىشىدۇ. ئادەتتە ئۇ سانائەت، يېزا ئىگىلىكى قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

مەسلەن، رۇدا يۇيۇش، ئۇرۇق تاللاش، كالا سۈتىدىن قايماق ئايرىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مەركەزگە كىرگۈچى نىرۋا** < ئانات > ھەرقايسى ئەزا ياكى ئەتراپتىكى قىسىملاردىكى قوزغىلىشنى مەركىزىي نىرۋا سىستېمىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان نىرۋىلار.

**مەركەزگە ئىنتىلمە كۈچ** < فىز > جىسىمنى ئايلانما ھەرىكەت ياكى باشقا ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلدۇرغۇچى كۈچ. ئۇنىڭ يۆنىلىشى تېزلىكنىڭ يۆنىلىشىگە تىك ۋە مەركەزگە يۈزلەنگەن بولىدۇ.

**مەركەزلەر سىزىقى** < مات > ئىككى چەمبەرنىڭ مەركەزلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى كېسىك.

**مەركەزچىلىك** ئى. بىر مەركەزگە يۈكسەك دەرىجىدە بويسۇنۇش؛ مەلۇم مەركەزنى ئاساس قىلىش: پارتىيىمىز خەلق دېموكراتىيىسىنى، دېموكراتىك كوللېكتىپچىلىقنى ياكى دېموكراتىك مەركەزچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دېموكراتىك شەخسىيەتچىلىككە قارشى تۇرىدۇ.* ئۇ نەچچە ئون مىڭ يىللاردىن بېرى ھۆكۈم سۈرگەن، ھەممە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىگە سىڭىپ كەتكەن يەر مەركەزچىلىك تەلىماتىغا جەڭ ئېلان قىلىپ، ئىلاھىيەتچىلىك جىددىي ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان ئاشۇ دەۋردىمۇ ئوتتا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈش خەۋپىدىنمۇ قورقماي «قۇياش مەركەز تەلىماتى» نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

**مەركەزداش** سۈپ. بىر مەركەزگە قارايدىغان، مەركىزى بىر: باكتېرىئوفاگ دېغىنىڭ بەزىلىرى گەردىش شەكلىدە كېلىدۇ، بەزىلىرى كۆپ قەۋەتلىك مەركەزداش چەمبەرگە ئوخشايدۇ، يەنە بەزىلىرى سەل

يۇمىلاق كېلىدۇ.

**مەركەزداش چەمبەرلەر** < مات > بىر تەكشىلىكتە مەركەزلىرى ئۆزئارا ئۈستمۇئۈست چۈشكەن، ئەمما رادىئۇسلىرى ئوخشاش بولمىغان چەمبەرلەر.

**مەركەزلەشتۈرمەك** «مەركەزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار دىققەت-ئېتىبارىنى ئاۋۇ يانتاق تۈۋىدە تۇرغان 13 ياشلاڭ چامىسىدىكى بالىنىڭ يوغان كۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەنىدى.

**مەركەزلەشتۈرۈشمەك** «مەركەزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەركەزلەشتۈرۈلمەك** «مەركەزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ فىلىمدە تەسۋىرلەنگەن بارلىق زىددىيەتلەر 24 سائەت ئىچىدە يۈز بەرگەن ۋەقەلىككە مەركەزلەشتۈرۈلگەن. * بۇ مەمۇرىي باشقۇرۇش ئاساس قىلىنغان، ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈلگەن باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىدى.

**مەركەزلەشمەك** پ ① بىر مەركەزگە ئۇيۇشماق، بىرلەشمەك؛ بىر جايغا توپلانماق، يىغىلماق: مۇنداق شارائىتتا خوجىنياز ھاجى بىر قىسىم ئادەملەرنى تاغدا قالدۇرۇپ ئازراق ئادەم بىلەن چىققان بولسا، دۈشمەن ئەسكىرى ئىككى تەرەپكە بۆلۈنەتتى. بۇ چاغدا مەركەزلەشكەن كۈچ پارچىلىنىپ ئاجىزلايتتى. ② بىر نۇقتىغا يىغىلماق، بىر نۇقتىغا چۈشمەك؛ تىكىلمەك: بىرپەستىن كېيىن بىرنەچچە چىراغنىڭ نۇرى مەركەزلىشىپ، بىراقلا قاچقۇننىڭ يۈزىنى يورۇتۇپ كۆزىنى قاماشتۇردى. * چىراغنىڭ نۇرى مەركەزلىشىپ، بىردىنلا يالتىرايتتى. * ناغرا بىلەن سۇناي «شادىيانە» دىن «ساما» غا يۆتكەلدى، ھەممە كۆزلەر ئاجايىپ چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن

ساما سىلىۋاتقان بۇ جايغا مەركەزلەشتى.

**مەركەزلىك** ① سۈپ. مەركەز قىلغان، بىر نۇقتىغا قاراتقان، نۇقتىلىق: جايلاردىكى سوت مەھكىمىلىرى شۇ جاينىڭ ئامانلىق ۋەزىيىتىنى ئاساس قىلىپ، مەركەزلىك ھالدا بىرنەچچە قېتىم زەربە بەردى. * بۇ ئىدارە بۆلتۈر يىللىق ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىغاندىن كېيىن، مەركەزلىك ھالدا 1-ئايلىق كۆمۈر قېزىشقا تۇتۇش قىلغانىدى. ② رەۋ. مەركەزلەشتۈرۈلگەن ئاساستا، مەركەز قىلىپ، نۇقتىلىق: ناھىيە بۇنى دەنزىل قاتارلىق تۆت يېزىغا مەركەزلىك ئورۇنلاشتۇردى.

**مەركەزلىك كۈچ** < فىز > تەسىر سىزىقى ھەمىشە مەلۇم بىر مۇقىم نۇقتىدىن ئۆتىدىغان كۈچ.

**مەركىزەت** ئى ( ر< فران) كۆكلەك قاتارلىق ئىچ كىيىملەرنى تىكىشكە مۇۋاپىق قىلىپ، ئىچىگە يىپ ياكى يىپەك ئېلىنىپ توقۇلغان بىر خىل سىپتا رەخت.

**مەركىزىي** سۈپ (ئە) < فىز > ① مەركەزگە ئائىت، مەركەزدىكى: مەركىزىي نۇقتا. ② مەركىزىگە، دەل ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان: شەھەرنىڭ مەركىزىي رايونى. مەركىزىي كوچا. * ئۇ مەركىزىي مەيداندىكى گۈللۈكنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە گۈللۈك ئىچىدىكى فونتاندىن ئېتىلىپ چىققان سۇ گۈللەرگە قاراپ ئازراق توختىدى. ③ ئاساسىي، ئاساسلىق، مۇھىم؛ نۇقتىلىق: مەركىزىي مەسىلە. مەركىزىي خىزمەت. * 6-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، يېرىم ئايچە ۋاقىت ئىچىدە، ئومۇمىيۈزلۈك نوپۇس تەكشۈرۈشنى مەركىزىي ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇش لازىم. * شۇ سەۋەپتىن، بۇ تۆت چوڭ ماددا ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنلىرىدىن بىرى قىلىپ بېكىتىلگەن. * ئۇ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ تالانتلىق ئوقۇغۇچىسى ئوسمان مۇھەممەت ئىدى. ④ ئۆزىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇنلارنى باشقۇرىدىغان؛ باش: مەركىزىي ھۆكۈمەت. مەركىزىي ئورگان. مەركىزىي كومىتېت. * ئۇ نېرۋا ئىمپۇلسىنى مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىدىن مۇسكۇل، بەز قاتارلىق ئىنكاس ئەزالىرىغا يەتكۈزىدۇ.

**مەركىزىي بۆلۈك** < مات > چوققىسى چەمبەر مەركىزىدە ياتقان، رادىئۇسىنى ئىككى تەرەپ قىلغان بۆلۈك.

**مەركىزىي تەنچە** < بىئول > ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھۈجەيرىسىدىكى بىر خىل ئاپپارات. ھۈجەيرە ئوتتۇرا دەۋرىدىكى چاغدا، ئۇ بىر ياكى ئىككى مەركىزىي دانىچە، شۇنىڭدەك ئەتراپى يۈگەلگەن مەركىزىي شارچىدىن تەشكىل تاپىدۇ.

**مەركىزىي دانىچە** < بىئول > رولى مەركىزىي تەنچىگە ئوخشاش بولغان دانىچىلەر.

**مەركىزىي شارچە** < ئانات > مەركىزىي تەنچە ئىچىدىكى مەركىزىي دانىچىنى ئوراپ تۇرغان ستوپلازمىلىق ئايرىغۇچى قەۋەت.

**مەركىزىي قانۇن** < بىئول > 1958-يىلى كرىك (Crick) ئوتتۇرىغا قويغان بىر خىل پەرەز. ئۇنىڭدا، ئىرسىي ئۇچۇرلار يادرو كىسلاتاسىدا ئاساس گۇرۇپپىسىنىڭ سىزىقلىق تەرتىپى شەكلىدە مەخپىي بەلگىلەرگە ئاغدۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرى مۇناسىپ ئاقسىل ماددىسىدا ئامىنو كىسلاتاسىنىڭ تەرتىپىنى بەلگىلەيدۇ دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. بۇ خىل پەرەزنىڭ يەنە بىر يەكۈنى: ئىرسىي ئۇچۇرلار پەقەت مەخپىي

بەلگىدىن ئامىنو كىسلاتاسىغا ئۆزگەرگەنگە قەدەر تاق يۆنىلىشتە تارقىلىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

**مەركىزىي كومىتېت** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قىسقارتىلغان نامى: قانۇن دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت ئورگىنى تەرىپىدىن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىتى بويىچە تۈزۈلگەن بولىدۇ.

**مەركىزىي لىمفا ئورگىنى** < بىئول > ئىممۇنىتېتلىق جاۋاب قايتۇرۇش فونكسىيىسىنىڭ ھاسىل بولۇشى ۋە تەرەققىي قىلىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان لىمفا ئورگانلىرى. مەسىلەن، كۆكرەك بېزى ۋە فابرىتسىئۇس خالتىسى قاتارلىقلار.

**مەركىزىي نۇقتا** مەركەز قىلىنغان، ئەڭ مۇھىم، ئاساس دەپ قارالغان نۇقتا: بىر سائەتلىك دەرسنىڭ ياخشى ياكى ناچارلىقىغا قاراشتا مەركىزىي نۇقتا ئۇنىڭ مەزمۇنىدا ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇتۇش ماتېرىيالىنى ئىگىلەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش، بىر سائەتلىك دەرسنى ياخشى ئۆتۈش — ئۆتەلمەسلىكنىڭ ھالقىلىق جايى.

**مەركىزىي نېرۋا** < ئانات > ← **مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى.**

**مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى** < بىئول > ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ مېڭە بىلەن يۇلۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مەركىزىي ۋاقىت رايونى** < ئاستر > دۇنيا بويىچە 24 ۋاقىت رايونى ئۆلچەم قىلىنىدىغان، ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندون شەھىرىدىن كېسىپ ئۆتكەن نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان (مەركىزىي مېرىدىئان) ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنىدىغان ۋاقىت رايونى. ئۇ «گىرىنۋىچ ۋاقىت رايونى» دەپ ئاتىلىدۇ. خەلقئارادا ۋاقىت ھېسابلاش ياكى ۋاقىتنى توغرىلاشتا نۆل گرادۇسلۇق مېرىدىئان ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنىدۇ.

**مەرگەن** ئى. ئوقنى دەل نىشانغا تەگكۈزىدىغان، قارىغا ئېتىشقا ئۇستا ئادەم: كۆپ ئاتقان بىلەن مەرگەن بولماس، كۆپ سۆزلىگەن بىلەن چېچەن (بولماس) (ماقال). * مۇختار كۆزىنى يوغان ئېچىپ مەرگەننىڭ ئوبرازىغا باشقىدىن نەزەر سېلىشقا باشلىدى. // ئۇ ناھايىتى مەرگەن ئادەم ئىدى. * ئادەتتە بۇ خەلق ئىچىدە ئوۋچىلىق بىلەن كۆپرەك شۇغۇللىنىدىغان مەرگەنلەرمۇ خېلى ئىدى.

**مەرگەن چىش** دىئال. ئوغرى چىش.

**مەرگەنلىك** «مەرگەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەرگەنلىك قىلماق. * ئۇلارنىڭ مەرگەنلىكىمۇ ۋە ھېلىقى سوغۇر تۆشۈكلىرىمۇ ئۆزىگە ئەسقاتماي قالىدۇ دەپ ئويلايمەن.

**مەرگمۇش** ئى (پ) < خىم > ← **سەنكىيا.**

**مەرمەر** ئى (ئە) < گېئول > بىر خىل ئايىنغان جىنس. ھاك تاش، دولومىت قاتارلىقلار تېگىپ ئايىنىش ياكى رايونلۇق ئايىنىش تەسىرىدە قايتا كرىستاللىنىپ پەيدا بولىدۇ. ئاساسىي مىنېرال تەركىبى كالتسىت. تۇز كىسلاتاسىدا كۆپۈكلىنىدۇ. تەڭ دانىلىق ياكى تەڭسىز دانىلىق ئايىنغان كرىستاللىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولۇپ، دانىچىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە ئاق ۋە باشقا رەڭدىكى ئارىلاشمىلار نەتىجىسىدە ھەر خىل رەڭلىك بولىدۇ. مەرمەرنى سىلىقلىغاندىن كېيىن، بەك چىرايلىق كۆرۈنىدۇ. شۇڭا

ئۇ قۇرۇلۇش، ھەيكەلتاراشلىق ۋە زىننەتلەشتە ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**مەرمەر تاش** <كېئول> ← **مەرمەر.**

**مەرھابا** (ئە) ① ئىم. ىېزت. خۇش كېلىپسىز، قارشى ئالىمىز؛ مەرھەمەت: مەرھابا مېھمانلار. * ئايروپىلاندىن چۈشۈشىمىزگە «مەرھابا!» دېگەن ئىللىق، ياڭراق سادا ئاڭلاندى. بىز ئالدىمىزغا قاراپ، بىزنى قارشى ئېلىشقا چىققان تۈركىيىلىك دوستلارنى كۆردۇق. * مەرھابا مۇتەللىپ، بۇ گۈزەل باغقا، سۆيۈنۈپ يۈرىكىم، قۇچاقلاي سېنى. قول تۇتۇپ چىقىلى بىللە چوققىغا، كۆلدۈرۈپ قەدىردان ئەل ئارزۇسىنى! ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەرھەمەت** (ئە) ① ئى. قىلىنغان ئىلتىپات، رەھىم-شەپقەت، ھىممەت، ياخشىلىق: مەرھەمەت قىلماق. مەرھەمەت كۆرسەتمەك. * ئۇ ئېلى نۇرىدىنغا: – مەرھەمەتىڭىز ئۈچۈن كۆپ رەھمەت، – دېدى. * ئۇ مەن ئۈچۈن مەرھەمىتىنى ئايىمىدى. * بىز بولساق ئاللاتائالانىڭ مەرھەمىتى بىلەن بۇ كەلگۈن ئارقىلىق بىر – ئىككى ساگنى ئاشلىققا تولدۇرىمىز، بەش مىڭ مو غەنىيمەت يەر!... ② ئىم «كەلسىلە، ئىلتىپات قىلسىلا» دېگەن مەنىدە تەكەللۇپنى بىلدۈرىدۇ: – قېنى قىزلار، خادىكقا مەرھەمەت، – دېدى ئۇ، قىزلارغا قاراپ. * – قېنى، مېھمانلار، مەرھەمەت! – دېدى ساھىبخان يىگىت دەرھال دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ. ③ ئىم. بىرەر ئىشقا قارىتا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: – ئاپئاق، يارامىلىق چىشلىرىڭىز بار ئىكەن، ئالتۇن، تىللا بىلەن چىشىڭىزنى قاپلاتماقچى بولسىڭىز ئۇنىڭغىمۇ مەرھەمەت...، – دېدى توختىماي سۆزلەۋاتقان چىشچى ھېلىقى ئايالغا.

**مەرھەمەت قىلماق** ① كىشىگە رەھىم-شەپقەت، ئىلتىپات، غەمخورلۇق، ياخشىلىق قىلماق: «ئەگەر پادىشاھىمىز مەرھەمەت قىلىپ مېنى سالامەت قويسا، ئەتىلىككە سۆزلەيدىغان ھېكايەم بۇنىڭدىنمۇ قىزىقراق ۋە بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراق بولىدۇ» دەپتۇ شەھرىزاد. * ئەمىرلەر، ۋەزىرلەرگىمۇ ئۇ يېقىپ قېلىپتۇ. قەمەرۇززامان ئۆزىگە مەلىكە بۇدۇرنىڭ بۇنچىلىك مەرھەمەت قىلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى زادىلا بىلمەپتۇ. ② قەدەم تەشرىپ قىلماق: قېنى بىزنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا. * – بايا ئېيتقاندەك، ئەتە كەچقۇرۇن سائەت 8 دە بىزنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت قىلسىلا، مەن سىلىنى ئۆيۈمدە كۈتۈپ تۇرىمەن، – دېدىم مەن قىزغىنلىق بىلەن.

**مەرھەمەت كۆرسەتمەك** مەرھەمىتىنى بىلدۈرمەك، مەرھەمىتىنى ئىپادىلىمەك: ئۇنى كۆرۈپ ئۆزۈمگە ھەمراھ تېپىلدى دەپ خۇشال بولغانىدىم، بىراق مەن ئايروپىلانغا چىققاندا ئۇ ماڭا ھېچبىر مەرھەمەت كۆرسەتمىدى، ئەكسىچە، بىرنېمىدىن تەڭقىس بولۇۋاتقاندەك، زۇۋانىمۇ سۈرمەي، بىردە ماڭا، بىردە ھەمراھلىرىغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

**مەرھەمەتسىز** سۈپ. مەرھەمىتى يوق، مەرھەمەت قىلىشنى بىلمەيدىغان؛ ھىممەتسىز؛ شەپقەتسىز: مەرھەمەتسىز پادىشاھ. * – ئەگەر مەرھەمەتسىز، شەپقەتسىز ھۆكۈمران شۇنداق جازا بەرسە، – دەپتۇ ئۇ مەھكۇم، – سېنىڭ شەپقەت، مەرھەمىتىڭ بىلەن شەپقەتسىز ھۆكۈمرانىڭ نېمە پەرقى بار؟

**مەرھەمەتلىك** سۈپ. مەرھەمىتى بار، مەرھەمەت قىلىدىغان، مەرھەمەت قىلىشنى بىلىدىغان؛ ھىممەتلىك؛

شەپقەتلىك: مەرھەمەتلىك شاھ. * — مەرھەمەتلىك پادىشاھىمىز ئۇچۇن قىز كەم ئەمەس، بەلكى ناھايىتمۇ كۆپ، — دېدى ئۇ جاۋاب قايتۇرۇپ. * ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ دەسلەپكى خاقانى بىنا بولغان ئىمىش دەرەخ باغرىدىن. ئۇ خاقانغا مەرھەمەتلىك كۆك تەڭرى ئورۇن بەرمىش بىر قارىغاينىڭ قارنىدىن.

**مەرھۇم** (ئە) ① ئى. ۋاپات بولۇپ كەتكەن كىشى، ئۆلگەن ئادەم: كىمدۇ بىرى مەرھۇمنىڭ روھىنى مەندىنمۇ چوڭقۇرراق ھۆرمەتلىسە كېرەك، ئۇ بۇ قەۋرىنى ئاددىيلا يوقلاپ تۇرماستىن، يەنە گۈلدەستىمۇ قويۇپ كېتىپتۇ. * خەلىپە ھارۇن رەشىت ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەماتقا تون كىيگۈزۈپ ئۇنى ئۆز ئورنىدا مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمغا ئەۋەتىپتۇ. ② سۈپ. ۋاپات بولۇپ كەتكەن، رەھمەتلىك، رەھمىتى: مەرھۇم ئاتام. * سادىقنىڭ خىيال ئاسمىنىدا ئىمىنجاننىڭ مەرھۇم ئايالى غىل-پال ئۆزىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. * سەيدىنىڭ ئېسىگە مەرھۇم دادىسىنىڭ ۋەسىيىتى كەلدى.

**مەرھۇمە** (ئە) ① ئى. ۋاپات بولغان، ئۆلۈپ كەتكەن ئايال: خەلىپە ھارۇن رەشىت ئۇنىڭغا تەسەللىي بېرىپ: — ۋاپات بولغان ياخشى كۆرگەن مەرھۇمەڭنىڭ ئورنىغا خۇدا ئۇنىڭ ئوتىنى باسقۇدەك ياخشىراق جۈپ ئاتا قىلسۇن، — دەپتۇ. ② سۈپ. ۋاپات بولغان، رەھمەتلىك (ئاياللار ھەققىدە): — ئەسلىدە بىر كارىۋاتتا بۇ ئىككىمىز ياتقاندۇق، بىرپەس ياتقاندىن كېيىن ئارىمىزغا خوتۇنۇمنىڭ رەھمەتلىك ئېرى كېلىپ ياتتى، ئۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭمۇ مەرھۇمە ئايالىم كېلىپ قوشۇلدى-دە، كارىۋاتتا تۆت كىشى بولۇپ قالدۇق، — دەپتۇ ئەپەندىم خاتىرجەم ھالدا.

**مەرۇپ** سۈپ (ئە) يېزت. ھەممىگە تونۇلغان، ئاتاقلىق، مەشھۇر: خەلق ئىچىدە ھەققانىي سۆزلۈك، توغرا ۋە مەرۇپ، مەشھۇر بولۇشقا تىرىشقىن. ئەگەر ھەق، توغرا سۆز بولسىمۇ يالغانغا ئوخشاپ قالىدىغان بولسا، مۇنداق سۆزنى سۆزلىمە، يەنى كىشىلەر ئىشەنمەيدىغان سۆزلەرنى سۆزلىمە. * قانچىلىك ساپ كۆڭۈللۈك ۋە ئەقىللىق ئادەم دەپ خەلق ئىچىدە مەرۇپ، مەشھۇر بولساڭمۇ، ئۆزۈڭنى مەدھىيىلىگۈچى بولما.

**مەرۇزە I** ئى. كۆرپە ياكى پاياندار ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان تار ھەم ئۇزۇن گىلەم: بىر-بىرىدىن بەتتەر كۈنلەر كۆز ياشلار بىلەن قوشۇلۇپ، ئون يىلنى ھاپاشلاپ ئۆتۈپ كەتتى. مورىنىڭ تۈتۈنى بىر پارچە ياغاق مەرۇزە، بىر داڭقان، بىر ئىۋرىق، بىر يۇرۇش رەزگى يوتقان كۆرپىدىن بۆلەك بۇ ئائىلىنىڭ ھەممە بىساتىنى يالماپ-يۇتۇپ كەتتى. // مەرۇزە گىلەم.

**مەرۇزە گىلەم** ← **مەرۇزە** I.

**مەرۇزە II** ئى (ئە) يېزت. دوكلات، لېكسىيە، نۇتۇق: مەرۇزە ئوقۇماق.

**مەرۇزە ئوقۇماق** يېزىق. دوكلات بەرمەك، لېكسىيە سۆزلىمەك.

**مەرۇزىچى** ئى. دوكلات بەرگۈچى، دوكلاتچى.

**مەرۋايىت** ئى (پ) ① < زونول > بەزى يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار (مەسىلەن، سەدەپ قۇلۇلىسى) نىڭ قاپچۇقى ئىچىدە پەيدا بولىدىغان يۇملاق دانىچىلەر. سۈت رەڭ ياكى سارغۇچ كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە ئۇ بۇ خىل ھايۋانلار تېنىدە كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بېرىش ياكى قۇم ۋە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ قاپچۇق ئىچىگە كىرىۋېلىشى بىلەن شەكىللىنىدۇ. كۆپىنچە زىننەت بۇيۇمى

قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل دانچىلەردىن ئىشلەنگەن مارجان: مەرۋايىت ئاسماق. ئىككى قۇر مەرۋايىت.

**مەرۋايىتگۈل** ئى [مەرۋايىت + گۈل] < بوت > ① مەرۋايىتگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك چاتقال. غولىدا بوغۇملىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى كىچىك، سېرىق ۋە خۇش پۇراقلىق بولۇپ، باشاقسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**مەرۋەرەك** ئى < بوت > كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 50 — 150 سانتىمېتىر بولىدۇ. كۆپ شاخلىنىدۇ، تۆۋەنگە قاراپ ئۆسىدىغان شالاڭ تۈكلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ئىككى يۈزىدە شالاڭ تۈكلىرى بولىدۇ. گۈللىرى ھەربىر بوغۇمدا ئايلانما بولۇپ زىچ ئۆسىدۇ، ئايلانما شەكىللىك چەكلىك گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. گۈلى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك. مېۋىسى تۆت كىچىك قاتتىق مېۋە بولۇپ، ئۈستىدە تۈكلىرى بولمايدۇ. شەرقىي شىمال ۋە غەربىي شىمالغا كەڭ تارقالغان. چۆپلۈك، تاغ باغرى، شالاڭ ئورمان ئاستى قاتارلىق جايلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**مەرىپەت** ئى [ئە] ① كىشىلەرنىڭ ئاڭ-سەۋىيىسىنى، بىلىمىنى، مەدەنىيىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيە، ئوقۇش-ئوقۇتۇش؛ مائارىپ: مەرىپەت يۇرتى. * بىزنىڭ بۇ يۇرتىمىزدا ئالقىش دېگەن زالىمنىڭ زۇلمىدىن مەكتەپلەر تارقىلىپ، مەرىپەت چىرىغى ئۆچتى. * ئوچۇق بىزگە ھەر دائىم مەرىپەتنىڭ ئىشىكى. ۋەتەن ئۈچۈن ئوقۇماق ھەممىمىزنىڭ تىلىكى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەرىپەت پېنى** < پەلس > ياۋروپادا 14-ئەسىردىن 16-ئەسىرگىچە بولغان ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قايتا گۈللىنىش ھەرىكىتىدە ئادەم بىلەن تەبىئەتنى ئوبيېكت قىلغان دەھرىي بىلىمنى كۆرسەتتى، كېيىن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، تار مەنىدە لاتىنچىنى، گرېكچىنى ۋە كىلاسسىك ئەدەبىياتنى تەتقىق قىلىشنى كۆرسىتىدىغان؛ كەڭ مەنىدە بولسا، ئومۇمەن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە مەدەنىيەت-سەنئەت تەتقىقاتىنى كۆرسىتىدىغان بولدى، غەربتە، تىل-ئەدەبىيات، رەسساملىق، مۇزىكا، ھەيكەلتىراشلىق، بىناكارلىق، پەلسەپە، تارىخ قاتارلىقلارنىڭ تەتقىقاتىنمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مەرىپەت تىياتىرى** < تىيا > دۆلىتىمىزنىڭ دەسلەپكى تىياتىر شەكلى. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شاڭخەي ئەتراپىغا تارالغان. ئۇنىڭدا رەسمىي سەھنە ئەسىرى بولمايدۇ، ئورۇنلانغاندا كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان بەزى ئويۇن تەركىبلىرى قوشۇلىدۇ، گىرىمى ئاددىي بولىدۇ.

**مەرىپەتپەرۋەر** سۈپ [ئە+پ] مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، مەرىپەتنى ياقلايدىغان؛ مەرىپەت تەرەپدارى: مەرىپەتپەرۋەر ئادەم. مەرىپەتپەرۋەر زات. * قىدىرخان، يەكەن خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى، سۇلتان ئابدۇرىشىتخاننىڭ ئەڭ يېقىن بۇرادەرلىرىدىن ئىدى. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىچىدىن چىققان

مەرىپەتپەرۋەر شائىر ئىدى.

**مەرىپەتپەرۋەرلىك** «مەرىپەتپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ كىشى شەمەي، تاشكەنت، قازان، موسكۋا ۋە لېنىنگراد قاتارلىق شەھەرلەرگە سودا-تىجارەت بىلەن نۇرغۇن قېتىم بېرىپ كۆزى ئېچىلغان ۋە جامائەت ئوتتۇرىسىدا مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن داڭقى چىققان تۇرپان ئاستانىلىك مەخسۇت مۇھىتى ئىدى. * ئۇ ئۆزىنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى بىلەن خەلق ئىچىدە شۆھرەت قازاندى.

**مەرىپەتچى** ① ئى. مەرىپەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان، مەرىپەتنى ياقلايدىغان كىشى؛ مەرىپەتپەرۋەر ئادەم: ئۇ دەسلەپ 18-ئەسىردىكى فرانسىيىنىڭ ئۇلۇغ مەرىپەتچىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان تۈرلۈك پرىنسىپلارنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ۋە تېخىمۇ تەل-تۆكۈس دېگۈدەك راۋاجلىنىشى بولۇپ ئىپادىلەندى. ② سۈپ. مەرىپەتنى ياقلايدىغان، مەرىپەتنى ھىمايە قىلىدىغان، مەرىپەتپەرۋەر: ئابدۇرىشىتخان ئىلغار، مەرىپەتچى ئادەم ئىدى. * قولۇمدىكى بۇ كىتابنى يارقىن مەرىپەتچى، تەرەققىيپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئىنقىلابىي شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ قۇربان بولغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىغا بېغىشلايمەن.

**مەرىپەتچىل** سۈپ. مەرىپەتنى تەرغىپ قىلىدىغان، مەرىپەتنى ياقلايدىغان، مەرىپەتنى ھىمايە قىلىدىغان، مەرىپەتپەرۋەر: مەرىپەتچىل ئادەم. * بار سېنىڭ ئامانىنسادەك مەرىپەتچىل قىزلىرىڭ، گۈل ئەمەسمۇ ئۇ پەرى يۈرگەن ئېتىز ھەم قىرلىرىڭ، جەڭ قىلىپ، غەلىبە قۇچۇپ ئۆتتى كۈرەشچان يىللىرىڭ، مىللىتىم تارىخىدا ئۆچمەيدۇ باسقان ئىزلىرىڭ، مەرىپەتنىڭ ئەرشىدە چولپان بولۇپ يانغان دولان.

**مەرىپەتچىلىك** ئى ① مەرىپەتنى تارقىتىش، تەرغىپ قىلىش، مەرىپەتنى ياقلاش، ھىمايە قىلىش؛ مەرىپەتپەرۋەرلىك: سەئىدىيلەر دەۋرىدە ئىلغار مەرىپەتچىلىك بىرقەدەر تەرەققىي قىلغانىكەن. * ئارىدىن بىرقانچە يىللار ئۆتكەندە، قەشقەردە يەنە بىر يەللە مەرىپەتچىلىك باشلاندى. مەرھۇم ئابدۇقادىر داموللام باشلامچىلىق قىلىپ، مەدرىسلەردىكى كونىچە ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىسلاھات يۈرگۈزۈشنى تەشەببۇس قىلدى. ② < ئەد > ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىدىكى ۋەكىللىك خاراكتېرلىق بۇرژۇئا مەدەنىيەت ئېقىمىنىڭ بىرى. بۇنىڭ ئىككى مەنىسى بولۇپ، بىرى، ئىنسان بىلەن تەبىئەتنى ئوبيېكت قىلغان دىنىدىن خالىي مەدەنىيەت تەتقىقاتىنى كۆرسىتىدۇ. يەنە بىرى، بۇرژۇئا مەدەنىيىتى ئىچىدىكى بىر خىل ئاساسىي روھ، بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىنسان تەبىئىتى ھەم ئىنسانپەرۋەرلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**مەرىپەتسىز** سۈپ. ئىلىم-مەرىپەت يوقمىغان، ئىلىم ئىگىلىمىگەن، نادان: مەرىپەتسىز ئادەم.

**مەرىپەتسىزلىك** «مەرىپەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ئايرىلىشنى ھەقىقەتەن كۆتۈرۈۋالغۇسىز ئېغىر دەرد ھېسابلاشقا بولاتتى. لېكىن بۇ دەردنى ئومۇمىي دەرد-ئەلەمنىڭ بىر قىسمى دەپ تونۇيدىغان شائىرنىڭ ئاساسىي دەردى، خەلقنىڭ بېشىدىكى كۈلپەت، جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق مەرىپەتسىزلىكلەردىن ئىبارەت ئىدى.

**مەرىپەتلىك** سۈپ. ئوقۇغان، بىلىمى بار، مەدەنىيەتلىك: مەرىپەتلىك زات. * مېنىڭ چوڭ دادام ئاقسۇدىن چىققان چوڭ شائىر موللا شاكىر بىلەن ئاغىنە بولۇپ ئۆتكەن مەرىپەتلىك ئادەم ئىكەن. * ئې، كۆڭۈل!

پەسلىكنى قوي، ياخشىلىققا يارى بول!
مەرىپەتلىك ھەم شەزەپلىك مىسلى كام
گۈلزارى بول!

**مەرىكە** ئى (ئە) ① توي، تاماشا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان يىغىلىش، مۇراسىم: توي مەرىكىسى. * شۇ كۈنى كەچقۇرۇن ئالاھىدىن بىلەن بۇدۇر خېنىمنىڭ توي مەرىكىسى بولۇپتۇ. * – قىزىم، بۇ ھويلىدا بىرەر مەرىكە بولۇۋاتامدۇ، نېمە؟ – دەپ سورىدى بوۋاي قىزغا قاراپ. * كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇلار بىر چوڭ مەرىكىگە بېرىپتۇ. ② ئۆلگەن كىشىنى ئۇزىتىش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىش، ماتەم مۇراسىمى: باقى سۆزىنى داۋام قىلدى: – بىزنىڭ ئۆيدە ئۆلۈم مەرىكىسى بولدى، ئۆلگەن كىشى بولسا، مېنىڭ دادام. ③ كۆچمە. سىياسىي، مەنىۋى ياكى ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، بىرەر ۋەقەنى خاتىرىلەش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان ئاممىۋى ھەرىكەت، يىغىلىش: ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 20 يىللىق مەرىكىسى. * بۈگۈنكى تەشكىلات قۇرۇشتىن ئىبارەت غايەت زور مەرىكە خۇشاللىقى بىردىن ئاچچىق تۇيغۇ بىلەن ئالماشتى. * – ئارمىيىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ھەربىي ماھارەت كۆرسىتىش مەرىكىسىدە سېنى قارىغا ئېتىش بىلەن نەيزىۋازلىقتا ئۈلگە كۆرسىتىشكە تەيىنلىدۇق، – دېدى باشلىق.

**مەرىكە كىيىمى** توي، تاماشا ۋە شۇ قاتارلىق ئىشلار مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يىغىلىش، مۇراسىملاردا كىيىدىغان كىيىم.

**مەرىكىلىك** سۈپ. مەرىكە ئۆتكۈزۈلگەن: چوڭ مەرىكىلىك سورۇنلار. مەرىكىلىك توي.

**مەرىمەك** پ «مە-مە» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «مە-مە» قىلماق (قوي-ئۆچكىلەر ھەققىدە): ساغلىقنىڭ قوزىسى گويا ئانىسىدىن ئەبەدىي ئايرىلغىنىنى سەزگەندەك ئەتراپنى ئايلىنىپ ئۆزمەي مەرەيتتى، بۇ ھال ھېزىمنىڭ ئەلىمنى ئاۋۇتتى. * ئوتلىتىپ باغدا باقمەن سېنى. مەرەيسەن خۇشال ئەگىشىپ مېنى.

**مەريەم** ئى ① مەريەم ئانا. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەريەم ئانا** < دىن > ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى. مەريەم ئىبرانىيلاردىن بولۇپ، داۋۇت پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادىدىن ئىكەنلىكى مەلۇم.

**مەزە** ئى (پ) داستىخان ئۈستىگە قويۇلغان نان-توقاچ، پېچىنە-پىرەنىك، ساڭزا-پوشكال، قاتارلىق يېمەكلىكلەر: مەزە راسلىماق. * مەزىگە باقماق. * شۇ پەيتتە يۈزىنىڭ يېرىمى تور رومال بىلەن يېپىلغان ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال پەتنۇستا نان، قەنت-گېزەك تىزىلغان مەزە ئېلىپ كىردى. * ئەپەندىم بىر تويغا بېرىپتۇ، داستىخان سېلىنىپ، مەزە تارتىلغاندىن كېيىن، ئەپەندىمنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان يوغان سەللىلىك بىر كىشى ئۆزىنىڭ يېگىنىنى ئاز دەپ ھە دەپ يانچۇقىنى مەزىگە تولدۇرۇشقا باشلاپتۇ.

**مەزىگە باقماق** مەزىنى يېمەك: خىزمەتچى چاي ئەكىردى، ئۇلار مەزىگە باقتى.

**مەزەللەت** ئى (ئە) كەمسىتىش، خورلاش: مەزەللەت قىلماق.

**مەزەللەت قىلماق** خارلىماق، كەمسىتمەك:

شەمسىدىن مەنسۇر بەگنى مەزەللەت قىلىپ بىر سۆز ئېيتتى.

**مەززە** ئى (پ) ① تەم، لەززەت: تاماقنىڭ مەززىسى. مەززىسى يوق تاماق. * — راستىنى ئېيتسام ئاغىنىلەر، — دېدى باتىرغازى، — بىر تاۋاق پولۇيۇگەدىن بىر پارچە گۆشنى ئەۋزەل كۆرىمەن، گۆش يېسەم، تەنلىرىم يايراپ كېتىدۇ، بىراق مۇزدەك گۆشتە ھېچقانداق مەززە يوق. ② كۆچمە. قانائەت ھېسسى، روھىي ئۇزۇق، ھۇزۇر، لەززەت، راھەت، زوق: مەززە قىلماق. مەززە ئالماق. مەززىسى يوق گەپ. * «تۇر-تۇر» كۆپ بولسا، ئۇيقۇدا مەززە يوق (ماقال). * — ئاممىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرمساق، قىلغان ئىشىمىزدا نېمە مەززە بولسۇن، — دېدى ئۇ.

**مەززە ئالماق** لەززەتلەنمەك، راھەتلەنمەك: ئۇ ئۇششاق گەپ ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشىدىن مەززە ئالاتتى. * ئۇ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كېتەتتى. شېرىن چۈشىدىن مەززە ئېلىپ پاراڭ قىلغاچ، خام-خاتىلا پىشقان كۆمەچنى ئۇچاق ئالدىدىلا تۆگىتىپ قوياتتى.

**مەززە قىلماق** لەززەت ئالماق، راھەتلەنمەك، ھۇزۇر قىلماق: ئانىسى بولسا، نەۋرىلىرىنى بېقىپ، شۇنىڭ بىلەن مەززە قىلاتتى. * بۆرىلەر كالىنى مەززە قىلىپ يېيىشكە باشلاپتۇ.

**مەززىسى يوق** ← **مەززىسىز**: مەززىسى يوق گەپتىن پاقىنىڭ كورۇلدىشى ياخشى (ماقال). * كەنجى كېۋەزنىڭ غوزىسى يوق، تولا گەپنىڭ مەززىسى يوق (ماقال). * ھۈنىرى يوق كىشىنىڭ، مەززىسى يوق ئىشىنىڭ (ماقال). * - نېلۇپەر، - دېدى سەنۇبەر قاپىقىنى سۈزۈپ، - نەدىكى بىر مەززىسى يوق كىنونى دەپ، 15 مىنۇتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇق ئەمەسمۇ! رۇستەم تازا خاپا بولىدىغان بولدى-دە.

**مەززىسىز** سۈپ ① مەززىسى يوق، لەززەتسىز، تەمسىز: مەززىسىز تاماق. ② كۆچمە. كىشىگە ھۇزۇر، لەززەت بەرمەيدىغان؛ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرمەيدىغان، قىزىقارلىقى يوق، مەنىسىز، تېتىقسىز، لاۋزا: مەززىسىز گەپ. مەززىسىز ئىش. * ھاراق ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئويۇن يەنە قىزىپ كەتتى. ئەسقەر بىلەن ئايشەم ئۇسسۇلغا چۈشتى. لېكىن بۇلارنىڭ ئوينىغان ئۇسسۇلى ئىنتايىن مەززىسىز بولۇپ، كەلسە-كەلمەس ئوينايتتى. * ئوقۇتۇش ئۇسۇلى جايىدا بولمىسا، ئوقۇغۇچىلار مەززىسىز ھېس قىلىپ، ئۆگىنىشنى ئېغىر يۈك دەپ قاراپ ئۆگىنىشتە ئاسان چارچايدۇ.

**مەززىسىزلىك** «مەززىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ساتتاروپ ئۆزىنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىنىڭ بىكارغا كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، مەززىسىزلىك ھېس قىلدى بولغاي ئەتىمالىم، قىزىل ھاراقتىن بىرنەچچە رۇمكىنى ئارقا-ئارقىدىن ئىچىۋەتكەندىن كېيىن، ئىشكىنى جالاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى.

**مەززىلىك** سۈپ. تەمى ياخشى، شېرىن، تاتلىق، لەززەتلىك: مەززىلىك تاماق. مەززىلىك كاۋاپ. * ئېتىز-ئېرىقلاردىن شېرىن-شېكەر قوغۇن-تاۋۇز، باغلاردىن مېۋە-چېۋىلەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرىدۇ. * بىز ئۆيگە كىرىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا چوڭ ئەترەت باشلىقىنىڭ ئايالى يۇمغاقسۇت ۋە پىننە سېلىنغان مەززىلىك سۇيۇقئاش ئېلىپ كىردى. * تۇخان قويۇق قىلىپ سۈتلۈك چاي بىلەن مەززىلىك قىلىپ پىشۇرغان ئۇچاق سامسىسىنى داستىخانغا كەلتۈردى.

**مەزكۇر** سۈپ (ئە) بۇ، مۇشۇ: مەزكۇر شەخس. مەزكۇر ئادەم. مەزكۇر ئىدارە. مەزكۇر

خەت. * ئۇ ماڭا ئەۋەتكەن جاۋاب خەتنىڭ مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: « ھۆرمەتلىك سامان، مەزكۇر نامە تېگىش ھامان ھاتەم باشلىق مېھمانلارنى باشلاپ مېنىڭ ھوزۇرۇمغا كەلگەيسىز » .

**مەزگىل** ئى. چاغ، پەيت، پۇرسەت: ئوقۇش مەزگىلى. تېرىلغۇ مەزگىلى. ئۆسۈش مەزگىلى. * ئۇ ئىختىيارسىز قىزلىق مەزگىلى بىلەن خوشلاشقان كۈننى ئەسلەيتتى. * ھازىر ئۇلار كۆچەت تىكىش مەزگىلى يېتىپ كېلىش بىلەن تېخىمۇ كۆپ ئورمان بەرپا قىلىش ئۈچۈن جىددىي تەييارلىق كۆرمەكتە .

**مەزگىلسىز** ① سۈپ. مەزگىلى يېتىپ كەلمىگەن، ۋاقىتسىز، بالدۇر: چوڭ ئېچىلغان ئىشىك تۈۋىدە زالغا قاراپ كۈلۈپ بىر كىشى تۇراتتى، چىرايىدا مەزگىلسىز قېرىلىقنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئوتتۇرا بويلۇق، توغرۇلۇق كەلگەن بۇ كىشىنى مەن دەرھال تونۇدۇم. ② رەۋ. مەزگىلى، پەيتى يېتىپ كەلمەي تۇرۇپ؛ كۈتۈلمىگەندە، تاسادىپىي: مەز گىلسىز ياغقان يامغۇر. * ئۆتۈۋاتقان كۈنلەر بىزگە نېمىشكە چىراي ئاچمايدۇ، نېمىشكە بىزنىڭ كۈنىمىز بەرگىدىن مەزگىلسىز ئۈزۈلۈپ كەتكەن گۈلدەك سولۇشۇپ كەتكەن؟ * مەزگىلسىز كېلىپ قالغان ئانا شۇ ۋاقىتتا كۆزىدىن خۇشاللىق ياش تامچىلىرىنى تېمىتىپ، دېرىزىدىن ماراپ ئۆتۈپ كەتتى.

**مەزگىللىك** سۈپ. مەلۇم مەزگىل، ۋاقىت جەريانىدىكى، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان: ئۇزاق مەزگىللىك كۆرەش. * بۇ ۋىزۋوت ئۆزلىرىنى قوغداپ، قىسقا مەزگىللىك ئۇرۇش قىلغاندىن كېيىن، قوغان تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى.

**مەزگىللىك باھا** نەرسىلەرنىڭ مەلۇم بىر مەزگىل ئىچىدىكى باھاسى.

**مەزگىللىك مال** پۈلنى بەلگىلىك ۋاقىتتا تاپشۇرۇشقا پۈتۈشكەن مال.

**مەزلۇم** (ئە) ① سۈپ. يېزت. زۇلۇم ئاستىدا قالغان، خارلانغان، ئېزىلگەن: مەزلۇم خەلقلەر. مەزلۇم مىللەتلەر. * باغرى كاۋاپ مەزلۇم ئاياللار باستى كۆپ يىل رەيھان ئىزىنى. ھەم ئاققۇزۇپ بۇ يولدا قانلار؛ قۇربان بەردى ئامراق قىزىنى. // شەرق قىزىرىپ پۈتۈن مەزلۇمغا تاڭ ئاتتى. * قانچە پەيلاسوپلار ئۆتتى دۇنيادىن، مەزلۇملار دەردىگە بولمىدى داۋا، بەخت كۈتتى ئاددىي خەلق كۆكتىن-سامادىن، بۇلارنىڭ ئاھىغا بولمىدى سادا. ② ئى. ئېرى بار خوتۇن، ئايال، رەپىقە: ھەي، سەن كىمنى تىللاۋاتىسەن؟ ئاناڭدەك قېرى مەزلۇمنى قەلەندەر دەۋاتىسەنا؟ * رەھىمەنىڭ ئاپىسى ياۋاش مەزلۇم ئىدى. * جالالىدىن موللام بىلەن كونا قەدىناشلاردىن ئىدۇق. ھېلىمۇ قازا قىلىپ ئۈچ ئايدىن كېيىن ئاڭلاپتىمەن. بارسام مەرھۇمنىڭ مەزلۇمى، ئوغلى، كېلىنى ھەممىسىلا بار ئىكەن. // — ئەر كىشى قىلالمىغان ئىشنى مەزلۇم كىشى قانداق قىلار؟ — دېدى ئۇلار ئەندىشە قىلىپ.

**مەزلۇمچە** سۈپ ← **ئايالچە**: — ئانداق بولسا، بۇ ئاقىتنى مەزلۇمچە ياساپ ئاۋۇ جۇۋانلارنىڭ قاتارىغا قوشۇۋېتىڭلار، — دېدى نەزەر بۇيرۇق ئاھاڭدا.

**مەزلۇملارچە** رەۋ ① ئېزىلگەن خەلقلەر، ئېزىلگەن كىشىلەرگە ئوخشاش: مەزلۇم-لارچە بويسۇنماق. مەزلۇملارچە ياشىماق. ② ئاياللارچە.

**مەزمۇت** (ئە) ① سۈپ. قاۋۇل، كۈچلۈك: مەزمۇت گەۋدە. مەزمۇت ئادەم. * ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇت گەۋدىسى بىلەن بوسۇغىنىڭ يېنىدا تۇرغان بوتۇڭنى بىر چەتكە سۈرۈۋېتىپ،

ئۇدۇل ماتۇت بەگنىڭ يېنىغا كېلىپ توختىدى. * شۇ چاغدا رەندىنىڭ ئىككى قۇلىقىدىن قامداپ تۇتقان ياغاچچىنىڭ مەزمۇت قوللىرىنىڭ تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققانىدى. ② سۈپ. پۇختا، چىڭ، مۇستەھكەم: تومىنىڭ ئاستى تەرىپىنىڭ مەزمۇت ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. لېكىن سۇ تېخىچىلا قاپقاقنىڭ ئۈستىدىن ئارتىلىپ چۈشمەكتە ئىدى. * بايراقنىڭ دەستىسى ئېگىز ۋە مەزمۇت ئىدى. // تاش مەزمۇت قويۇلغاچقا مىدىر قىلمىدى. ③ رەۋ. چىڭ، پۇختا، تەۋرەنمەي: مەزمۇت قەدەم تاشلىماق. * ئالماس تۆگىنىڭ ئۈستىدە مەزمۇت ئولتۇرۇپ ئۆز خىيالى بىلەن بەند ئىدى. — * بىز تۇرغان تاغلار ناھايىتى ئېگىز، چىقىشمۇ چۈشۈشمۇ قىيىن، دۈشمەن كەلگۈچە مەزمۇت ئورۇنلىشۋالايلى، — دېدى موللانىيازمۇ ئۆز قوشۇنلىرىغا. ④ سۈپ. ئىشەنچلىك، راست: شوپۇرنىڭ چىرايىدا بىر خىل ساددىلىق ھەمدە ئۆز گېپىنىڭ توغرا، مەزمۇت ئىكەنلىكىگە ئىشەنگەن ئىپادە بار ئىدى.

**مەزمۇت جىسىم** < بىن > كۈچ تەسىر قىلغاندا پەقەتلا ھەرىكەت پەيدا قىلىدىغان، دېفورماتسىيە ھاسىل قىلمايدىغان قاتتىق جىسىم.

**مەزمۇت قەدەم** پۇختا، چىڭ، سالماق قەدەم: مەزمۇت قەدەم تاشلىماق. * ئەزىمەت ئۇنىڭ مەزمۇت قەدەم تاشلاپ مېڭىشىغا زوقلىنىپ قارىدى. * يولدا سىرىق سومكا ئېسىۋالغان ياش بىر جەڭچى مەزمۇت قەدەملەر بىلەن ئالغا قاراپ كەلمەكتە.

**مەزمۇتلاشتۇرماق** «مەزمۇتلاشماق» پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىرقانچە كۈندىن بېرى بىزنىڭ بېغىمىزدا ئۆز قولى بىلەن شوتا ياسىغان، تۈنۈگۈن تولۇق بىر كۈن باش كۆتۈرمەي ئىشلەپ، شوتىنى دەسلەپتىكىدىنمۇ مەزمۇتلاشتۇرغان.

**مەزمۇتلاشتۇرۇشماق** «مەزمۇتلاشتۇرماق» پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەزمۇتلاشتۇرۇلماق** «مەزمۇتلاشتۇرماق» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەزمۇتلاشماق** پ. مەزمۇت ھالەتكە كەلمەك، مەزمۇت بولماق: بەرگى تۈمۈر سىمدەك ياكى پەي تاردەك مەزمۇتلىشىپ كەتكەن ئالقان چوڭلۇقتىكى مىڭلىغان-ئونمىڭلىغان يوپۇرماقلار ئاجىز شامالدىمۇ شۇ قەدەر ھەيۋەتلىك سادا چىقىراتتى.

**مەزمۇتلۇق** «مەزمۇت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: چۈنكى، شۇ ۋاقىتتىكى قائىدە بويىچە ئۆرە تۇرۇپ سۆزلەش ئولتۇرۇپ سۆزلەشكە قارىغاندا مەزمۇتلۇق بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرىدا داۋام قىلىۋاتقان مەسلىھەتنى رەسمىي ۋە جىددىي مەجلىس تەرتىپى دەرىجىسىگە كىرگۈزگەنلىكتىن دېرەك بېرەتتى.

**مەزمۇن** ئى (ئە) ① گەپ-سۆز ياكى ئەسەر، ھۆججەت، خەت قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي مەنىسى: ئەسەرنىڭ قىسقىچە مەزمۇنى. ھۆججەتنىڭ مەزمۇنى. مەزمۇنغا باي. * بۇ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولدىكى، سۇن جۇڭشەننىڭ شىنجاڭدىكى تەرەپدارلىرى «گېلاۋخۇي» چىلار بىلەن بىرلىشىپ، يېقىندا، يەنى 1911-يىلى 28-دېكابىر ئۈرۈمچىدە خانلىققا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. * ئۇ ساختا خەتنىڭ ئەسلىدىكى ئىلتىماسقا ئالماشتۇرۇپ قويۇلغانلىقىنى، ئادىلنىڭ ئىلتىماسىنىڭ مەزمۇنىنى، خاسىيەت بىلەن بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ② پەلسەپىدە، بىرەر ھادىسىنىڭ ماھىيىتىنى بەلگىلىگۈچى ئاساس: شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ بىرلىكى. شەكىل بىلەن مەزمۇننىڭ دىئالېكتىكىلىق بىرلىكى.

**مەزمۇن قىلماق** ئاساس قىلماق، ئاساسىي مەنە قىلماق: ئۇ بىر قىسىم ئىسىملارغا

قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ بارلىقىنى ياكى كۆپلۈكىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ. * «سىز» قوشۇمچىسى ئىسىملارغا قوشۇلۇپ، شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ يوقلۇقىنى ياكى بەك ئازلىقىنى مەزمۇن قىلغان سۈپەتلەرنى ياسايدۇ.

**مەزمۇنەن** رەۋ (ئە) مەزمۇنغا ئاساسەن، مەزمۇن نۇقتىسىدىن، مەزمۇن جەھەتتىن: مەزمۇنەن تەرجىمە. * ئۇنىڭ «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ كۈيشۇناسلىق ئاساسىي ۋە مۇزىكىلىق گەۋدىسى. بىلەن ھېچقانداق مەزمۇنەن ئالاقىسى يوق. * بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «رۇبائىي»، ئەگەر ئۇ مەزمۇنەن رۇبائىي بولسا، ئۇنى «شېئىرلارنىڭ ئالتۇنى» ياكى «ئالتۇن شېئىر» دەپ ئاتاش مۇمكىن. * بۇ مۇقاملار كەلدى مىڭ يىلنى داستان مەشرەپ كۈيىگە قېتىپ. ھەر جۇلاسى، سەلىقە ئۇچۇن، ئەسىرلەرنى مەزمۇنەن چېتىپ.

**مەزمۇندار** ئى (ئە+پ) مەزمۇنلۇق، مەزمۇنى چوڭقۇر، مەزمۇنى ياخشى: ل. مۇتەللىپ يەنە شېئىرىيەتنىڭ ياش بۇلىقى بولۇپ، بۇ بۇلاقتا مەزمۇندار مىسرا ۋە قاپىيىلەر تىنماي قاينام ھاسىل قىلىپ، ئۆركەشلەۋاتقانغا ئوخشايتتى. * ئاجايىپ ئۆتكۈر ۋە مەزمۇندار شېئىرلىرى بىلەن خەلققە تونۇشلۇق بولۇپ كەتكەن لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ۋە باشقا ياش ئۇچقۇنلارنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تېزلا پۈتۈن شىنجاڭغا تارقالدى.

**مەزمۇندارلىق** «مەزمۇندار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بەزىدە 10 يىل ئىزدەپمۇ مۇنداق پۇرسەتنى تېپىش قىيىن. مۇھەممەت تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكى ۋە مەزمۇندارلىقىغا تېخىمۇ چوڭقۇر ئىشەندى-دە، بۇ كەم ئۇچرايدىغان كۆرۈنۈشنى ئارقا-ئارقىدىن سۈرەتكە تارتتى.

**مەزمۇنداش** سۈپ (ئە+پ) مەزمۇنى ئوخشاش، مەزمۇنى بىر، بىر مەزمۇندىكى: زەلىلىنىڭ بۇ شېئىرى نامەلۇم شائىر گۇمنامنىڭ 23-غەزىلىدە كۈيلەنگەن تۆۋەندىكى پىكرى بىلەن مەزمۇنداش.

**مەزمۇنسىز** سۈپ. مەزمۇنى يوق، مەنىسىز: مەزمۇنسىز گەپ. مەزمۇنسىز نۇتۇق.

**مەزمۇنلۇق** سۈپ. مەزمۇنى بار، مەزمۇنى ياخشى، مەزمۇنى چوڭقۇر، مەزمۇندار، مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان: مەزمۇنلۇق ماقالە. مەزمۇنلۇق نۇتۇق. * مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، مەخسۇت ھەر خىل بىلىملەردىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كەڭ، سۆزلىرى مەزمۇنلۇق ئىدى. // مەزمۇنلۇق سۆزلىمەك. * خەت قىسقا، ئەمما مەزمۇنلۇق يېزىلغانىدى. * — ھۇششەرە لۇتپۇللا! بۇ رەسىمنى قالتىس مەزمۇنلۇق سىزىپسەن، مانا بۇنى ئىجادىي رەسىم دېسە بولىدۇ! — دېدى بوۋاي ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ.

**مەزھەپ** ئى (ئە) ① < دىن > دىنىدىكى قاراش، چۈشەنچىنىڭ ئوخشىماسلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىققان دىنىي تارماق: ئاخشىمى خوتۇن ئېلىپ كۈن تۇغۇشى بىلەن ئۇنى تالاق قىلىش ئىسلام دىنىنىڭ قايسى مەزھىپىدە بار؟ ② كۆچمە. ئۆز قاراشلىرى ۋە ئەقىدىلىرى بىلەن باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرىدىغان گۇرۇھ: مەزھەپ بولۇۋالماق. مەزھەپلەرگە ئايرىلماق. * بىراق، گېگېل ئېقىمىنىڭ پارچىلىنىشى جەريانىدا باشقا بىر مەزھەپ - ھەقىقىي نەتىجە ھاسىل قىلالىغان بىردىنبىر مەزھەپ بارلىققا كەلدى. بۇ مەزھەپ ئاساسەن ماركسنىڭ نامى بىلەن باغلانغان.

**مەزھەپچى** ئى. مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈشنى، پارچىلىنىشنى تەشەببۇس قىلىدىغان، شۇنداق كۆزقاراش ۋە ئەقىدىگە ئەمەل

قىلىدىغان ئادەم: بىز ئۇنداق مەزھەپچىلەرنىڭ پىكىرلىرى ۋە ھەرىكەتلىرىگە قوشۇلمايمىز، بىز بىرلىكنى ئىتتىپاقلىقنى قوۋۋەتلەيمىز.

**مەزھەپچىلىك** ئى. مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈش، ئايرىمچىلىق قىلىش؛ ئايرىمچىلىق: مەزھەپچىلىك كۈرىشى. مەزھەپچىلىككە قارشى تۇرماق. * مەن سىلەرگە ئەسكەرتىپ قوياي، بۇ بىر خىل مەزھەپچىلىككە ياتىدىغان ھەرىكەت. * مەزھەپچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، كىچىك گۇرۇھ بولۇۋېلىش مۇتلەق مەنئى قىلىنىدۇ.

**مەزۇر** سۈپ (ئە) ① ئەپۇ قىلىنىغان، كەچۈرۈلگەن، كەچۈرسە بولىدىغان: مەزۇر بولۇپ كەتمەك. مەزۇر كۆرمەك. ② مۇۋاپىق، لايىق: ئاڭلىسام، ھەربىرلىرى ئامبال بولۇشۇپلا، مۇبادا ئىلتىماسىم مەزۇر تۇتۇلسا، پەقىر-كەمىنلىرى ئۇردا ھەرەملىرىدە چېۋەر چەۋەنداز، ماڭغان يوللىرىدا زىلچا پايانداز بولۇشنى خالايمەن، ئىلتىماسىنىڭ چوڭ-كىچىكى يوق، جانابلىرىغا ئىنتىزاردۇرمەن.

**مەزۇر بولماق** گۇناھسىز دەپ ئىشەنمەك، قايىل بولماق: ئادىل سادىقنىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى شۇنچىلىك بېرىلىپ ئاڭلىدىكى، گويا ئۇ بۇ ۋەقەلەرگە سادىق بىلەن بىللە بىۋاسىتە قاتناشقاندەك، چىن كۆڭلىدىن مەزۇر بولۇپ كەتتى.

**مەزۇر كۆرمەك** ئەيىبكە ئالماسلىق؛ لايىق دەپ ھېسابلىماق، قوبۇل قىلماق: ئاز بولسىمۇ، بۇ سوۋغىمىزنى مەزۇر كۆرگەيسىز.

**مەزى** ئى (ئە) < ئانات > ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئالاھىدە يۇراقلىق بىر خىل سۇيۇقلۇق. ئۇ مەنىگە قوشۇلۇپ ئۇرۇقنىڭ ھەرىكەتلىنىشنى ئۇڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ ۋە ئاياللارنىڭ جىنسىي يولىدىكى شىلىمشىق ماددىلارنى مۆتىدىللەشتۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**مەزى بېزى** < بىئول > ئەرلەرنىڭ ۋە سۈت ئەمگۈچى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئورگىنىدىكى بىر خىل بەز. ئادەملەردە دوۋسۇننىڭ ئاستىنقى تەرىپىگە جايلاشقان. چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى كاشتانغا ئوخشايدۇ. ئادەتتە مەنى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**مەزى بېزى گورمۇنى** < بىئول > تەركىبىدە 20 دانە كاربون ئاتومى بولغان ۋە زۆرۈر ماي كىسلاتالىرىدىن شەكىللەنگەن خىمىيۋى بىرىكمە ماددا. ئۇ كۆپ خىل فىزىئولوگىيىلىك رولغا ئىگە بولۇپ، ئادەملەرنىڭ سىپېرما سۇيۇقلۇقى ئىچىدە قويۇقلۇقى ئىنتايىن يۇقىرى كېلىدۇ. ئۇنىڭ نېرۋا سىستېمىسى، قان ئايلىنىش سىستېمىسى، ئاياللارنىڭ كۆپىيىش ئورگانلىرى ۋە ماددا ئالمىشىشقا نىسبەتەن ئىنتايىن زور تەسىرى بار.

**مەزىن** ئى (ئە) < دىن > مەسچىتلەردە ئەزان ئېيتىپ جامائەتنى نامازغا چاقىرغۇچى كىشى: ھېزىم ئاكا ئەتراپقا قاراپ قويدى. ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى، مەزىننىڭ ئاۋازىدىن بۆلەك ھېچقانداق سادامۇ ئاڭلانمايتتى.

**مەزىنلىك** ئى. مەزىنلەر قىلىدىغان ئىش، پائالىيەت: مەزىنلىك قىلماق.

**مەسە** ئى (ئە) خۇرۇم، چىگرىن ۋە شاۋرۇن قاتارلىقلاردىن ئۇزۇن قونچلۇق، چەمى يۇمشاق ۋە كەش ياكى كالاچ سېپىپ كىيىشكە باپ قىلىپ تىكىلگەن بىر خىل مىللىي ئاياغ كىيىمى: ئىمام خاتىپنىڭ بېشىدا ئاپئاق شايە سەللە، ئۇستىدە تۆمۈر رەڭ بەقەسەم تون، پۇتىدا ئىسكىلاچ مەسە بار ئىدى. * بوۋاي مەسە

كيگەن پۇتلىرىنى ئۇزەڭگىگە تىرەپ ئازراق يۇقىرى كۆتۈرۈلدى-دە، ئاستىدىكى سەپەر خۇرجۇنىنى ئالدىغراق سۈرۈپ قويدى.

**مەسە-كالاچ** مەسە ۋە كالاچ: مەسە-كالاچ كىيمەك. مەسە-كالاچ سېتىۋالماق. * ئۇ بېشىغا قارا رومال ئارتقان، ئۈچىسىغا تۈز ياقىلىق قارا چاپان بىلەن ئىتەكلىرى كەڭ چىت كۆڭلەك، پۇتىغا مايسىراپ ئاقىرىپ كەتكەن مەسە-كالاچ كىيگەنىدى.

**مەسەل** ئى (ئە) ① < ئەد > ئەخلاقىي تەربىيە خاراكتېرىنى ئالغان ۋە ھەجۋىي تۈستىكى ئوبرازلاشتۇرۇلغان كىچىك شېئىرىي ياكى نەسرىي ئەسەر. ئۇنىڭدا ئىنسان خاراكتېرىگە خاس خۇسۇسىيەتلەر كىنايىلىك ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ۋەقەلەر ھايۋانات، جانىۋار ياكى ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىغا كۆچۈرۈلىدۇ. ئوبرازلار كىنايىلىك خاراكتېردە بولۇشتىن تاشقىرى، كۈلكىلىك بولىدۇ. مەسەللەردە مۇبالىغە قىلىش، كۆپتۈرۈش ئۇسۇللىرى قوللىنىلىپ، جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىشلار تەنقىد قىلىنىدۇ: — ئەي بەختلىك شاھىم، — دەپتۇ شەھرىزاد، — تۈلكە بىلەن تورغاي توغرىسىدىكى مەسەل مانا شۇنىڭدىن ئىبارەت. * باللىقتا ئاڭلىغانىدىم بىر مەسەل، تامار ئىدى مەنىسىدىن بال-ھەسەل. ② مىسال: بويۇڭدىن ئۆرگىلەي ئاي مەسەل يارىم، نېمە شۇنچە ئاھۇ-ئەپغان

تە:
تېخمۇ
كۆرۈنۈشنى*

نۇچى ئەدىب،
② مەسەل
ـەل ئېيتقۇچى.
سەل ھالىتىگە
، تەرىقىسىگە
ئېيتماق.

**مەسەللە شتۇرۇلمەك** «مەسەللە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى ئەسەرنى ئۇلارنىڭ رېئال ھاياتنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرۈشكە ئۇرۇنۇشى دېگەندىن كۆرە، ئۇلارنىڭ سىياسىي قاراشلىرىنىڭ مەسەللە شتۇرۇلۇشى ۋە ھەجۋىيلە شتۇرۇلۇشى دېگەن تۈزۈك.

**مەسەللىك** سۈپ. ئوخشاش، ئوخشايدىغان؛ مىسالى: ئەلقىسسە، ئۇلار 40 كېچە-كۈندۈز چارباغدا بىرلىكتە سەيلى-تاماشا قىلدى. بىر كۈنى سەھەر ۋاقتىدا شەمسى جانان ئېيتتىكى: «ئەي ئاي مەسەللىك دىلدارىم، دادامنىڭ بەرگەن ۋاقت-سۈرۈكى توشۇپتۇ». * رەڭگىڭ ئالتۇن مەسەللىك، شاھ مېۋىسەن ئەنجۈرۈم. دىيارىمغا شۆھرەتنى، سەن بېرىسەن ئەنجۈرۈم.

**مەست** (پ) ① سۈپ. ھاراق ياكى نەشە، خىرويىن قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ تەسىرىدە كەيپ بولغان، كەيپى بار، سەرخۇش، كەيپ: مەست ئادەم. مەست بولماق. * ئۇ خۇددى ئىچىۋالغان مەست كىشىدەك دەلدەڭشىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. * — مەن مەست ئەمەس، — دەپ تىلىنى چاينىدى ئەزىز خېلىدىن كېيىن ۋە شىم يانچۇقىدىن يېرىم بوتۇلكا ھاراق چىقىرىپ شىرە ئۈستىگە قويدى. // ئەتىسى كەچتە ئەمەت ئۇستا قورۇغا كۆزى قىزارغان، چىرايى تاتارغان ھالدا مەست كىرىپ كەلدى. ② ئى. كەيپ بولغان ئادەم: ئىككى مەست ياسىنغا قاراپ ئېتىلدى، ئەمما ياسىنىۇ بوش كەلمىدى. * ھە راست، شۇ ئارىدا قاياقتىندۇر بىر مەست پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ پۇتلىرىنى سۆرەپ، ئارقامدىن كېلەتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. قاتتىق تەسىرلىنىپ، زوقلىنىپ شادلىققا چۆمگەن؛ شادلانغان، خۇشال

بولغان ياكى خۇدىنى يوقاتقان؛ قاتتىق مەستلىكى كەلگەن: ئەكبەرجان، سىز ئاينۇرنىڭ چىرايىغا، پاتەمنىڭ ئەقلىگە مەست بولۇپ يۈرۈۋاتىسىز، مېنىڭ چىرايىم، مېنىڭ ئەقلىم ئۇلارنىڭ ھېچبىرىدىن كەم ئەمەس. * قاۋۇل سۆزلەۋاتقىنىدىلا ئۇنىڭ پىكىرلىرى كەلگۈسى بەخت تۇيغۇسىدىن مەست ئىدى. ④ ئى. ناھايىتى كۈچلۈك جىنسىي مۇناسىۋەتنى تەلەپ قىلىش ۋە شۇنداق مەزگىل (ھايۋانلارغا نىسبەتەن): مەست بولماق. * ئۇ مەست بولغان تۆگىدەك كۆپۈك چىقىرىپ ھوشسىز ياتاتتى.

**مەست بولماق** مەست ھالەتكە كەلمەك: كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقىنىمدا، يولدا مەست بولۇپ قالغان دوكقا يۇلۇقتۇم. * ئەسەت خوتۇنىنىڭ مۇھەببىتىدىن مەست بولۇپ كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىكەن. * نادەمنىڭ تېنىگە يەنە قايتىدىن ئوت تۇتاشقاندەك، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنى لاۋۇلداپ يانغاندەك، سۆڭەكلىرى ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ مۇھەببەتنىڭ بۇ ئاجايىپ كۈچىدىن مەست بولۇپ يىقىلىق كۆلدى.

**مەست قىلماق** مەست ھالەتكە كەلتۈرمەك: — قىزىل ھاراق ئىچكەندىن كۆرە، ئاق ھاراق ئىچكەن تۈزۈك، ئاق ھاراق ئادەمنى ئوبدان مەست قىلىدۇ، — دېدى ئۇ. * مەن مۇھەببەتنىڭ بۇنچىلىك مەست قىلغۇچى كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىكەنمەن، كىتابلاردىكى يىگىت ئۆچۈن ئۆلۈۋاتقان قىزلارنى كۆرۈپ يىرگىنەتتىم.

**مەستانە** (پ) ① رەۋ. مەستلەرچە، مەسلەرگە ئوخشاش: مەستانە بولماق، مەستانە قىلماق. ② سۈپ. كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدىغان، ئەقلىنى ئازدۇرىدىغان دەرىجىدە گۈزەل، چىرايلىق: مەستانە كۆزلەر. مەستانە قىياپەت. مەستانە قىز. * شەپقەت چىچىپ مەستانە كۆزىدىن، تۆرلار سىپىپ ئانار يۈزىدىن. * مەن ئۆزۈم يانخىيدا بولسام، ئامرىغىم ئاستانىدا. بارساڭلار سالام دەڭلار، كۆزلىرى مەستانىغا. ③ سۈپ. بىر نەرسىگە، ئىشقا ياكى كىشىگە قاتتىق بېرىلگەن، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلگەن، مەھلىيا، شەيدا: كۆپ ھاللاردا ئايرىم ئوقۇغۇچىلار ئويۇنغا بېرىلىپ كېتىش ياكى دەرستىن سىرتقى كىتاپ ئوقۇشقا مەستانە بولۇپ كېتىش بىلەن دەرسكە دەخلى يەتكۈزىدۇ. * مەستانە ئەمەسمەن كېيىنەككە مەن، شاگىرت بولمايمەن شاتوتىغا ھەم. ئىلىم-پەن بېغىغا ئاشىق شۇنچە مەن، پەرۋانە مەن بولسام، شامدۇر ئىلىم-پەن. ④ ئى. بىرەر نەرسىگە، ئىشقا ياكى كىشىگە قاتتىق بېرىلگۈچى ئادەم، ھەۋەس قىلغۇچى، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلگەن كىشى، ھەۋەسكار: توپ مەستانىسى. خوتۇن مەستانىسى. كىتاب مەستانىسى. * ئۇ كىچىكىدىنلا ساماغا ھەۋەس قىلىپ، يىگىت بولغاندا «ئەخمەت ساما» دېگەن لەقەمگە ئېرىشكەن داڭلىق ساما مەستانىسى ئەخمەتئاخۇن ساتىراش ئىدى.

**مەستانە بولماق** بىرەر ئىشقا، نەرسىگە ياكى كىشىگە قاتتىق قىزىقماق، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېرىلمەك، شەيدا، مەھلىيا بولماق: ئۇ بارا-بارا كىتاب مەستانىسى بولۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا كىتاب تېپىپ كېلىپ ئۆلگۈرتەلمەيدىغان بولدۇم. * يارنىڭ ئىشقىدا مەستانە بولدۇم، خەقتىن يوشۇرسام ئاشكارا بولدۇم.

**مەستانە قىلماق** ئۆزگىچە تارتماق، ئۆزگىچە مايىل قىلماق، قىزىقتۇرماق، مەھلىيا قىلماق: ئۇنىڭ شېرىن سۆزلىرى كىشىنى

مەستانە قىلىدۇ. * تىيانشان، نېمشقا شەپەق ھەر سەھەر تاشلايدۇ ھاياجان قوينىغا مېنى؟ قۇچىقىلىك تارتىدۇ قانداق سېھرىدە ئۆزىگە مەستانا قىلىپ دىلىمنى؟ * قېنى نەيگە بۇلبۇللارنى مەستانە قىلغان، قېنى نەيدە يۈرىكىمنى مىڭ پارە قىلغان.

**مەستانىلىق** «مەستانە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ كۈندىلىك ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشنىڭ ئورنىغا مۇھەببەت مەستانىلىقى يولىدا كېتىۋاتىدۇ. * ــ باشلىرىغا كەلگەن بۇ پالاكەت خۇشامەتچىلىك ۋە خۇشامەت مەستانىلىقىنىڭ ئاقىۋىتى ئەمەسمۇ، ــ دېدى ۋەزىر.

**مەستەر** ئى (ئە) < تىل > كونا. ئىسىمداش يەنى پېشىللارنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مەستەك** ئى (پ) < بوت > ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېكولوگىيە جەھەتتىن يازغى بۇغدايغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇرۇقى زەھەرلىك دەپ قارىلىدۇ، لېكىن ئەسلىدە زەھەرلىك ئەمەس. باشقىدا پارازىت ياشايدىغان بىر خىل باكتېرىيە زەھەرلىك ماددا ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇرۇقنى زەھەرلەيدۇ. زەھەرلەنگەن ئۇرۇقنى يەپ سالغان ئادەم ياكى ھايۋان زەھەرلىنىدۇ، كۆپرەك يېسە ئۆلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ئۇرۇقى.

**مەست-ئەلەس** ئۆزىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە مەست، كۆزلىرى ئالىيىپ قالغان دەرىجىدە مەست، غەرق مەست: ئۇ تولاراق شەھەرگە قاتىرايدىغان، شەھەردىكى قىز-ئوغۇل دوستلىرى بىلەن گىتار، گارمونلىرىنى كۆتۈرۈپ، ئاجايىپ-غارايىپ ياسىنىشىپ زاۋۇتقا كېلىدىغان، تاڭ سۈزۈلگۈچە ۋارقىرىشىپ-چىرقىرىشىپ، مەست-ئەلەس بولۇپ ئولتۇرۇشىدىغان بولدى. * لەتىپىدىن گەپ ئاچتىم، مەنىسىدىن دۇر چاچتىم. ئارىمىزدا يوق ئەمەس، شۇ خاقاندەك مەست-ئەلەس.

**مەستچىلىك** ئى. مەست بولغان ھالەت، مەستلىك: ئۇ قاچا-قۇچا يۇيۇۋاتقان جېنەستىنىڭ يېنىغا كېلىپ: ــ بۇمۇ خېلى ئەپچىل بالىكەن؟ ــ دېدى-دە، مەستچىلىكتە جېنەستىگە قول ئۇزىتىپ، ئۇنىڭ ئېڭىكىدىن تۇتۇپ يۇقىرىغا كۆتۈردى. * ئەكبەر ئۆزىنىڭ قىلىپ قويغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، مەستچىلىكتە قىلىپ قويۇپتىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ھەرگىز بۇنداق ئىشلارنى قىلمايمەن، دەپ ۋەدە بەردى.

**مەستخۇش** سۈپ (مەست+خۇش) ① خۇش خۇي مەست، سەل مەست، چالا مەست؛ مەستكە ئوخشاش: تاشۋاي بولسا نانىنى ئالدىم دەپ پىيالىگە قول ئۇزىتىپ، پىيالىنى ئالدىم دەپ، داستىخانىنى يۆلۈپ دېگەندەك مەستخۇش ھالەتتە ئولتۇراتتى. // قەيسەر ئىككى كۈننى خۇددى خام ياغ ئىچىۋالغان ئادەمدەك مەستخۇش ئۆتكۈزدى. * ئۇ ھېلىلا چەككەن ئەپيۇننىڭ تەسىرىدىن مەستخۇش كۆرۈنەتتى. ② ھەلەك؛ ئاۋارە: تۇمەن دەرياسى بويىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشىق مەيدانىغا يېقىن كەلگ تۈزلەڭدە بىر توپ ئادەملەر ھە دەپ ئىت تالاشتۇرۇش بىلەن مەستخۇش ئىدى.

**مەستخۇش بولماق** پۈتۈنلەي بېرىلمەك، خۇدىنى يوقاتماق: بىر قىسىم ئىچى سەت كىشىلەر تېشىنى زىننەتلىسە، كۆزىدە ئىدراك يوق، كۆزى ئەقىلسىز (ئادەم تونۇمايدىغان) كىشىلەر ئاشۇ قاپاق زىننەتكە مەستخۇش بولىدۇ. * سارايدا بىر گۈزەل قىز شۇنداق ئۇسسۇلغا چۈشۈپتۇكى، ئامان شاھ بىر كۆرۈش بىلەنلا مەستخۇش بولۇپ، ئاشىق-بىقارار بولۇپتۇ-دە، يېنىدىكى ۋەزىرگە قىزنى دەرھال

ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

**مەستخۇش قىلماق** مەھلىيا قىلماق؛ ھوشىنى يوقاتماق: سەلىمەنىڭ غۇنچىدەك بويى، بۇلاقتەك كۆزلىرى، تال-تال ئۇزۇن كىرپىكلىرى، ئالمىدەك چىرايلىق كۆكسى مەنسۇرنى مەستخۇش قىلغانىدى. * گۇلسۇرۇخ تۇنجى سۆيگۈنىڭ كىشىنى مەستخۇش قىلغۇچى لەززىتىنىڭ تەسىرى بىلەن ئاخشام خېلى كەچ ياتقىنىغا قارىماي، بۈگۈن ئورنىدىن سەھەردىلا تۇرۇپ كەتتى.

**مەستخۇشلاندۇرماق** «مەستخۇشلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەستخۇشلانماق** پ. مەھلىيا بولماق؛ ھوشىنى يوقاتماق، خۇشاللانماق: زىلەي ناخشىدىن مەستخۇشلىنىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى سەزدى.

**مەستخۇشلۇق** «مەستخۇش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بولىدۇ، ناخشا ئايلانسۇن دوستۇم، بۈگۈن سەن مىسكىن-غېرىبانە ئۆلپىتىڭدىن شۇنچە كۆپ ياردەمنى ئايىمىغان يەردە، مەن سېنىڭدىن ناخشام تۈگۈل، جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، — دېدى ئوسمان ماختاش سۆزىدىن كېيىن، مەستخۇشلۇقتا ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. * شۇلارنىڭ ھەق ھۆرمەت-ئىززىتى، لىپ تولغان قەدەھنى بوشىتاي. مىسرالار مەنزىلى بىر يىراق، مەستخۇشلۇق ئىچىدە يول تۇتاي.

**مەستلىك** ئى ① مەست بولغان ھالەت، مەستچىلىك: مەستلىكتە قىلغان گەپ. مەستلىكتىن يىشلمەك. * مېھماننىڭ مەستلىكى — كەيپ، ساھىبخانىنىڭ مەستلىكى — ئەيىب (ماقال). * دېتۇلەرنىڭ ئويۇن-تاماشاسى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلىپتۇ، ھەممىسى مەستلىكتىن ئۆزلىرىنى بىلمەي ئۇخلىشىپ قېلىپتۇ. ② كۆچمە. ئامراقلىق؛ ھەۋەس، قىزىقىش: بۇ بالىغا مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ. * بارس تېكىنىنىڭ بۇ چۆل ئوغلىغا مەستلىكى كەلگەنىدى.

**مەستلىكى كەلمەك** ھەۋىسى كەلمەك، زوقلانماق، قىزىقسىنماق، ئامراقلىقى تۇتماق: ئۇ «ئىرپان» دېگەن ئىسمىنىڭ قويۇلغانلىقىغا ھەيرانۇھەۋەس بىلەن قىزىقىپ قالدى ۋە دېدى: — دوستۇم ئىسمىڭىزگە مەستلىكىم كېلىۋاتىدۇ، بۇ شەرەپلىك نامنى قانداق ئۇلۇغ بىر زات قويغان بولغىدى؟ * بوۋاي ئىككى ئاشىق-مەشۇققا مەستلىكى كېلىپ كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويدى. * قولۇمدىدۇر سۇرىتىڭ، تويماي باقتى كۆزلىرىم. كېلىپ ساڭا مەستلىكىم، ئاقتى شادلىق سۆزلىرىم.

**مەستۇرە** (ئە) ① سۈپ. ئىپپەتلىك، ساپ، پاك: مەستۇرە قىز. ② سۈپ. ئەرلەرنىڭ كۆرۈشى مەنئى قىلىنغان، ئەرلەرگە يۈزىنى كۆرسەتمەيدىغان، يۈزىگە چۈمپەردە تارتقان: ئاپتوموبىلدا دوپپىلىق، تۇماقلىق، سەللىلىك كىشىلەر، يۈزى يېپىق مەستۇرە ئاياللار، ئۇششاق بالىلار بولۇپ قىرىقچە كىشى بىر-بىرىگە چاپلىشىپ-سىغدىلىشىپ ئولتۇرۇشقانىدى. ③ ئى. شۇنداق ئايال؛ روپاش: — پوشكال بولمىسا دادۇر باردۇ؟ نېمە، مېنى سەن كەچكىچە ئۆيدە ئولتۇرىدىغان مەستۇرە دېۋەتتىڭمۇ؟ — دېدى ئۇ مەنسۇرغا. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەستۇرە بولماق** يۈزىنى ئەرلەرگە كۆرسەتمەي يۈرمەك، يۈزىگە چۈمپەردە تارتماق: بىراق، قانۇن ئىدى قىزلارغا مۇتلەق شەرىئەت ھۆكمىگىچە مەستۇرە بولماق.

**مەستۇنە** سۈپ (پ) يېزت. شەيدا، سەۋدا: بارمىغاچقا، يانمىغاچقا يېگانە دەيدۇ يار مېنى، بېشىدىن پەرۋانە بولسام مەستۇنە دەيدۇ يار مېنى.

**مەستىكى** ئى (پ) < بوت > ← **مەستىكى رۇمى.**

**مەستىكى رۇمى** < بوت > ① زەيتۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تاق سانلىق پەيسمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈل تاجىسى قىزىل ئارىلاش ياكى يېشىل ئارىلاش ئاق رەڭلىك، ئۇچكىلىك مېۋىسى ئۈچ قىرلىق، كۆپىنچە ئوتتۇرا دېڭىز رايونىدا ئۆسىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېۋىرقىيى. قېتىشقاندىن كېيىن، كاللەك ياكى دانىچە شەكىلدە بولىدۇ. دورا قىلىنىدۇ، قاننى جانلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**مەستمۇستەغرەق** سۈپ (پ+ئە) غەرق مەست؛ پۈتۈنلەي ھوشىدىن كەتكەن، ئۆزىنى يوقاتقان؛ ھوشسىز: — خۇددى يۈرىكىمنى بىرى سۇغۇرۇۋالغاندەك ھەسرەت ئوتىدا كۆيۈشكە باشلىدىم. شۇندىن بېرى بۇ قىزنىڭ ئىشقىدا مەستمۇستەغرەق بولۇپ گەپ-سۆزدىن قالدىم، — دەپتۇ شاھزادە. * شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىچكەن شارابىنىڭ تەسىرى بىلەن كۆپ ئۆتمەي مەستمۇستەغرەق بولۇپتۇ ۋە زالىم شاھنىڭ قەھرى-غەزىپىنى ئۇنتۇپ ئۇيقۇغا غەرق بولۇپتۇ.

**مەسچىت** ئى (ئە) < دىن > مۇسۇلمانلارنىڭ جەم بولۇپ ناماز ئوقۇيدىغان ئىبادەتخانىسى: ھېيتكا مەسچىتى. دۆڭكۆۋرۈك مەسچىتى. * ھاجى شۇ كۈنكى پېشىن نامىزىنى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر قەتل قىلىنغان مەيداندىكى مەسچىتتە ئوقۇدى.

**مەسخىرە** ئى (ئە) ① ناچار خاھىش، بولمىغۇر ۋە ئەخمىقانە قىلىق، ئادەتلەرگە بولغان كەمسىتىش، ياراتماسلىق؛ زاڭلىق، مازاق: مەسخىرە قىلماق. مەسخىرىگە قالماق. * — قىزىق گەپ، — دېدى ئۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈمسىرەپ، — قايسىبىر ئەكسىلئىنقىلابچىنىڭ ئۆز جىنايىتىگە ئاسانلا ئىقرار قىلغانلىقىنى كۆرگەنتىڭىز. ‖ ئالىم باتۇرغا چوڭقۇر مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن قارىدى-دە، دانە-دانە قىلىپ سۆزلەشكە كىرىشتى. ② < تىل > ئىستىلىستىكىلىق ئۇسۇللاردىن بىرى. ئۇنىڭدا ئوخشىتىش ياكى مۇبالىغە قىلىش ئۇسۇللىرىدىن پايدىلىنىپ، بولمىغۇر ياكى ئەخمىقانە دەپ ھېسابلانغان قىلىقلار، ئادەتلەر ئاشكارىلىنىدۇ ۋە تەنقىد قىلىنىدۇ.

**مەسخىرە بولماق** باشقىلارنىڭ زاڭلىق، مازاق قىلىشىغا، ئۇچرىماق؛ باشقىلارنىڭ كۈلكىسىگە قالماق، كەمسىتىلمەك: — شۇنىڭ ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭدا كېلىۋاتىمىز. سەن-زە، مېنى... مەسخىرە بولغىلى كەلدى دەپ ئويلاۋاتامسەن تېخى، — دېدىم تۇرسۇنغا تولۇق تېگىپ.

**مەسخىرە قىلماق** باشقىلارنى زاڭلىق، مازاق قىلماق، كەمسىتمەك: قىز تەرەپتىكى يىگىتلەر «ئالالمىغانلار» دەپ چۇقان كۆتۈرۈپ ئۇلارنى مەسخىرە قىلاتتى. * ماۋۇ بىرنېمە بىكاردىن-بىكار مېنى سوپۇرگە قۇيرۇق دەپ مەسخىرە قىلدى.

**مەسخىرىچى** ئى. مەسخىرە قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى مەسخىرە قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشى، مەسخىرە قىلغۇچى ئادەم؛ مەسخىرىۋاز: ئۇ دېگەن بىر مەسخىرىچى.

**مەسخىرىلەشمەك** «مەسخىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەسخىرىلەنمەك** «مەسخىرىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مەسخىرىلىك** سۈپ. مەسخىرە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان؛ مەسخىرە ئارىلاش: مەسخىرىلىك سۆز. مەسخىرىلىك كۈلكە. مەسخىرىلىك ئاۋاز. * مەن ھەنىپەمنىڭ چىرايىدىكى مەسخىرىلىك كۈلكە ئالامىتىنى كۆرۈپ ئۆزۈمنى

تۇتالماي كۈلۈۋەتتىم. // مەخسۇم مەسخىرىلىك ھەجىيىپ، مەندىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى.

**مەسخىرىلىمەك** پ. مەسخىرە قىلماق: بەزىلەر مېنى «خالىق بىلەن خوماخاننىڭ مۇرەسسەچىسى» دەپ مەسخىرىلەپمۇ كۈلەتتى.

**مەسخىرىۋاز** ئى (ئە+پ) ① باشقىلارنى مەسخىرە، زاڭلىق قىلىشقا ئامراق ۋە شوخداق قىلىشقا ئادەتلەنگەن ئادەم: بۈگۈنكى ئوۋ ئۇنىڭغا زادى ياقمىدى. ئوۋدىن قايتىش سەپىرىدە مەسخىرىۋازلارنىڭ «ھا، ھا، ھا، ھى، ھى» لىرىمۇ ئانچە ئاڭلانمىدى. ② سىرك، سەھنە ئويۇنلىرىدا يامان، ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلايدىغان قىزىقچى ئارتىس.

**مەسخىرىۋازلىق** ئى. مەسخىرە قىلىش ئادىتى؛ مازاق، زاڭلىق: جۇمەنىڭ ئاۋازىدىن بىر خىل مەسخىرىۋازلىقنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى. * - - شوخداق، ئەلۋەتتە شوخداق، — دېدى ئۇ بىر خىل مەسخىرىۋازلىق بىلەن خىرقىراپ.

**مەسخىرىۋى** سۈپ (ئە) مەسخىرە قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان، مەسخىرە تۈسىنى ئالغان، مەسخىرىلىك: مەسخىرىۋى كومېدىيە.

**مەسخىرىۋى كومېدىيە** <تىيا> جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، بولمىغۇر ياكى ئەخمىقانە ئادەت، قىلىقلارنى مەسخىرە قىلىش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بىر خىل كومېدىيە.

**مەسرۇر** سۈپ (ئە) يېزىت. شاد، شادىمان، خۇشال، سۆيۈنگەن: بىلەمسەن، كەلدى بىزگە بەختنامەت، يېتىپتۇ ئەمدى ئىشقا ياخشى سائەت. ئۆزى كىم ئۇ، بەگ ھاجىم، نامى مەشھۇر، پۈتۈن قەشقەر ئىچىدە بىرلا مەسرۇر. * روبىرت شىر ھەم ئىشىك ئالدىدا توختاپ، قولاقنا نېمىدۇر ئېيتقاچ پىچىرلاپ، قاقاھلاپ كۈلدى ھاجى مەستۇمەغرۇر، قۇچاقلاپ ئالدى ھەتتا «دوست» نى مەسرۇر.

**مەسقى** ئى. دىئال. مەسخىرىۋاز، قىزىقچى، ھەييار؛ يۇمۇر.

**مەسكاپ** ئى. خورۇمنىڭ بىر خىلى: تاغام ماڭا يېڭى ئېكىيم-كېچەك تىكتۈرۈپ بەردى. بۇنىڭ ئىچىدە، بولۇپمۇ مەسكاپتىن تىكىلگەن ئۆتۈكۈمگە ھەۋەسىم كېلىپ ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم. * كوچىدا مەسكاپ ئۆتۈك كىيگەن قېلىن مووۇت چاپىنى ئۈستىدىن شايى بەلباغ باغلىغان بىر كىشى كېتىپ باراتتى.

**مەسكە** ئى (پ) دىئال. سېرىق ماي.

**مەسلەك** ئى (ئە) ① ئۆزىگە خاس ئەقىدىلىرى بىلەن باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىلمىي ياكى دىنىي يول، ئېقىم، ئەقىدە: سىياسىي مەسلەك. * مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق پىكىر ۋە مەسلەك ئادەملىرى ئىكەنلىكىمىزنى ئېيتىپ ئۆتمەكچى بولىمەن. ② كۆچمە. غايە؛ مەقسەت، ئىدىيە: شائىر بولساڭ ھەققىي سۆزلە، يالغان قاتما، ئابروي ئىزدەپ، ئەمەل كۆزلەپ ئارنى ساتما! چىن-ھەققىي بىر مەسلەكتە تۇرۇپ ئۆزۈڭ، تۈز يېتەكلە بارچە ئەلنى، يارغا تاتما!

**مەسلەكداش** ئى (ئە+پ) مەسلىكى بىر، بىر مەسلەكتىكى كىشى: ئۇنىڭ مەسلەكدىشى مىرزا كەرىم ئىدى.

**مەسلەكداشلىق** «مەسلەكداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىزنىڭ مەسلەكداشلىقىمىز سىياسىي قاراشلىرىمىزنىڭ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىدىن كېلىپ چىققان.

**مەسلەكسىز** سۈپ. مۇئەييەن بىر مەسلىكى، ئەقىدىسى، غايە، مەقستى بولمىغان؛ مەقسەتسىز، غايىسىز: مەسلەكسىز ئادەم. * كىشىكىم بولسا مەسلەكسىز جاھاندا، ئۇنى سەن بىلمە چىن ئادەم شۇ ئاندا.

**مەسلىھەت** ئى (ئە) ① بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش ياكى ئومۇمەن نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە بىلدۈرۈلگەن پىكىر، قىلىنغان مۇلاھىزە، تەۋسىيە، تەكلىپ: ياخشى مەسلىھەت. مەسلىھەت بەرمەك. مەسلىھەت سورىماق. مەسلىھەت ئالماق. * ئەگەر بىرئاز سەۋر قىلىپ گېپىمگە دىققەت بىلەن قۇلاق سالساڭ، ساڭا يەنە بىر مەسلىھەتىم بار. * يىگىت خوتۇنىنىڭ مەسلىھەتى بويىچە بىرىنچى كۈنى تۇلپارنى سوراپتۇ. ② پىكىر ئېلىش، كېڭەشىش: بەختىيارنىڭ بۇ سۆزى ئازادەبەختكە بەك ياراپتۇ-دە، «بەختىيارنى ئۆلتۈرمەڭلار، زىندانغا سېلىڭلار، بۈگۈن كۈن كەچ بولدى، ئەتە مەسلىھەت بىلەن ئۆلتۈرەيلى» دەپ بۇيرۇپتۇ. * ئەخمەتجان ياقۇپ مۇدىرنىڭ قىزى رىزۋانگۈل بىلەن ئەپلىشىپتۇ. بىز پات ئارىدا بۇ تويىنى قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ، ھەرقايىسلىرىنى مەسلىھەتكە چاقىرغاندۇق.

**مەسلىھەت ئالماق** بىرەر ئىشنى قانداق قىلىش ياكى نېمە قىلىش ھەققىدە باشقىلارنىڭ پىكىرىنى ئاڭلىماق: مەرھۇم ئاتاڭ مەندىن مەسلىھەت ئالماي ھېچ ئىشنى ئىشلىمەيتتى. * بوۋامۇ ھەربىر ئىشتا مەلىكە گۈلچېھرىدىن مەسلىھەت ئېلىپ، يۇرتنى ئادالەتلىك بىلەن سوراپتۇ.

**مەسلىھەت بەرمەك** قانداق قىلىش ياكى نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدىكى ئۆز پىكرىنى باشقىلارغا ئېيتماق؛ بىلدۈرمەك: سادىق يول بويىدىكى دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قانداق قىلغاندا تېز بېيىغىلى بولىدىغانلىقى توغرۇلۇق مەسلىھەت بېرەتتى. * مەكتەپ رەھبەرلىكى بولسا، ئۇنىڭغا مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ قېلىشقا مەسلىھەت بەردى.

**مەسلىھەت چېيى** ① توي بولۇشنىڭ ئالدىدا يىگىت تەرەپ قىز تەرەپ بىلەن، تويىنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا ئۆزئارا كېڭەشىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي: ئاتىكەم خېنىم توغرىسىنىلا ئېيتتى: — مانا، بىلمىدىڭ قىزىم. ئاناڭمۇ سېنى ئالدىغانىدى. شۇ كۈنى سېنىڭ مەسلىھەت چېيىڭ بولۇپ ئۆتتى. ② توي بولۇشنىڭ ئالدىدا يىگىت ياكى قىز تويدا خىزمەت قىلىدىغان يېقىنلىرىنى يىغىپ توي ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدىغان چاي: ئەتە قاسىمنىڭ مەسلىھەت چېيىغا بارىمەن.

**مەسلىھەت سالماق** قانداق قىلىش ياكى نېمە قىلىش كېرەكلىكى ھەققىدە باشقىلاردىن پىكىر سورىماق ۋە بۇ ھەقتىكى ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ كۆرمەك: ھەۋزىخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، بولدىشى ئوسمان ئاققۇناققا ئاشۇ بالىنى بېقىۋېلىش توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى. * تويدىن كېيىن يەرىدە بىر پەرزەنت كۆرگۈسى كېلىپ، ئېرىگە مەسلىھەت سېلىپتۇ.

**مەسلىھەت سورىماق** باشقىلاردىن مەسلىھەت بېرىشنى تەلەپ قىلماق، پىكىرىنى ئالماق: — ئۇنى بۇ يەرگە ئوبدانراق جايلاشتۇرۇپ قويساممىكىن ياكى يېڭىشەھەرگە بىللە ئەكەتسەممىكىن، دەپ سىزنىڭ يېنىڭىزغا مەسلىھەت سوراپ كەلدىم، — دېدى ئۇ. * — بۇ ئەنزىنى مۇشۇنداق

بىر تەرەپ قىلساق قانداق دەيسىلەر؟ – دەپ مەسلىھەت سورىدى ئۇ بۇل كۆپچىلىكتىن.

**مەسلىھەت قىلماق** → **مەسلىھەتلەشمەك**: ئۇلارنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ، غەنىمنى باغداد كېسەلخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىشنى مەسلىھەت قىلىشىپتۇ. * پادىشاھ بىلەن ۋەزىر يەنە «بۇ بالىنى قانداق قىلىپ خەلققە چوڭراق پايدا تېگىدىغان بىر ئىشقا قويۇش كېرەك» دەپ مەسلىھەت قىلىشىپتۇ.

**مەسلىھەت كۆرسەتمەك** مەسلىھەت بەرمەك؛ ئەقىل ئۆگەتمەك، يول كۆرسەتمەك: مەرىيەمخاننىڭ قىينچىلىقنى كۆرۈۋاتقان قولۇم-قوشنىلىرى ئۇنىڭغا: «ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىڭ» دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى.

**مەسلىھەت كۆرمەك** مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىماق، مۇۋاپىق كۆرمەك، توغرا تاپماق: مەن سىزنىڭ ئۇ يەرگە بارماسلىقىڭىزنى مەسلىھەت كۆرىمەن.

**مەسلىھەتنى پىشۇرماق** بىر مەسلىھەتكە كەلمەك، پىكرىنى، پىلاننى بىر قىلىۋالماق: ئۇلار شۇ كۈنىلا مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، توي كۈنىنىمۇ بېكىتىپ ئۈلگۈردى. * ئۇلار مەسلىھەتنى پىشۇرۇپ، سۇلايماننىڭ ئۆيىگە بېرىپ بالىنى ئەكەلدى، ئۇلار بالىغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كېتىشتى.

**مەسلىھەتى يوق** تېتىقسىز، تايىنى يوق: — ئۇ تازىمۇ مەسلىھەتى يوق بىر ئادەم، ئۇنىڭدىن يىراق يۈر، — دېدى ئاتىسى.

**مەسلىھەتەن** رەۋ (ئە) مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدا، مەسلىھەت بىلەن، كېڭىشىپ؛ مەسلىھەتلىك: مەسلىھەتەن ئىش قىلماق. مەسلىھەتەن بېجىرمەك.

**مەسلىھەتچى** ئى ① مەسلىھەت بەرگۈچى كىشى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى يەرلىك ئەھۋالنى پۇختا بىلىدىغان، دېھقانلارغا بەكمۇ كېرەكلىك تېخنىك مەسلىھەتچىلەر ئىدى. * بىز پەن-تېخنىكا خادىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىشقا قوماندانلىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان مەسلىھەتچى ۋە ياردەمچى دەپ قارايمىز ② بىرەر ئىدارە، تەشكىلاتتا ياكى بىرەر رەھبىرىي شەخسنىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ مەخسۇس مەسلىھەت بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ خىزمەت قىلىدىغان خادىم: – ئۈچ كۈننىڭ ئىچىدە شۇ سوئاللىرىمغا جاۋاب تېپىپ كەلسەڭ، مېنىڭ سارىيىمدا مەسلىھەتچى بولۇپ ئىشلەيسەن، ئەگەر جاۋاب تېپىپ كېلەلمىسەڭ بېشىڭنى ئالىمەن، — دەپتۇ خان بۇ كىشىنى سىناپ. * ئولتۇرغانلار ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ سۆز ئالغان كىشى ئوردا مەسلىھەتچىسى بولدى.

**مەسلىھەتچىلىك** ئى ① مەسلىھەت بېرىش ياكى مەسلىھەت بېرىش ئىشى، ۋەزىپىسى: ھاۋا رايى ئورۇنلىرى يايلاقتا كۆچۈرۈش مەزگىلىدىكى ھاۋا رايى ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئالدىن مەلۇم قىلىپ، چارۋىلارنى يايلاققا ئوڭۇشلۇق كۆچۈرۈش ئۈچۈن مەسلىھەتچىلىك رولىنى ناھايىتى ياخشى ئوينىدى. * مەسلىھەتچىلىك ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇش، ھاۋالە قىلىنغان ۋەزىپىلەرنى قوبۇل قىلىشى كېرەك. ② مەسلىھەتچىگە يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە ياكى مەسلىھەتچىلەر قىلىدىغان خىزمەت: ئۇ شۇنداق قىلىپ، دېھقان راخماننى ئوردىدا مەسلىھەتچىلىككە ئېلىپ قېلىپتۇ. * تاھىر خىزىم پادىشاھنىڭ داغلىغە بولغان ھۆرمىتى ئېشىپ، ئۇنى ئۆزىگە باش مەسلىھەتچىلىككە تەيىنلەپتۇ. داغلە

ھۆرمەتلىك ئادەمگە ئايلىنىپتۇ.

**مەسلىھەتسىز** ① سۈپ. مەسلىھەت، كېڭەش بىلەن قىلىنمىغان؛ مەسلىھەتلەشمەي، كېڭەيشمەي قىلىنغان: — مەسلىھەتسىز ئىش دېگەن بۇزۇلماي قالمايدۇ، — دېدى ئۇ قايناپ. ② رەۋ. مەسلىھەت ئالماي، مەسلىھەتلەشمەي، كېڭەشمەي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن: ئۇ بىزدىن مەسلىھەتسىز ئىش قىلمايدۇ.

**مەسلىھەتلەشمەك** پ. ئۆزئارا ياكى بىركىم بىلەن مەسلىھەت قىلماق؛ كېڭەشمەك، ئەقىلداشماق: ئەنە شۇ كۈنلەردە ۋەلى پالۋان بىلەن سارىخان موللا نىيازنى چاقىرىپ باتۇر بىلەن گۈلدەستىنىڭ توينى قىلىۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەتلەشتى. * بىركۈنى مەن ئايالىم ئوغۇلخان بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قۇلا تايچاقنى ئۆيدە بېقىشقا ئېلىپ كەلدىم.

**مەسلىھەتلىك** سۈپ. مەسلىھەت، كېڭەش بىلەن قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان؛ مەسلىھەتلىشىش زۆرۈر بولغان: مەسلىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس (ماقال). * — ئەگەر ئۆيدە بىرەر مەسلىھەتلىك ئىش چىقىپ قالغۇدەك بولسا، ماڭا مەسلىھەت سېلىڭلار ياكى چوڭ دادامنىڭ رۇخسىتىنى ئېلىڭلار، — دېدى ئاكام بىزگە تاپىلاپ تۇرۇپ.

**مەسلىھەتنامە** ئى (ئە+پ) مەسلىھەت يېزىلغان خەت، پۈتۈك: ئادەملەر: — مىرزا بېشىنى تۆۋەن قىلىپ ئۆزىنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپتۇ؛ بىر قولىدا مەسلىھەتنامە، بىر قولىدا شەمشەر تۇتۇپ، ئەگەر مەسلىھەتىمنى قوبۇل قىلمايدىكەن، ئارقانى كېسمەن-دە، يەرگە چۈشۈپ ئۆلىمەن دەيدۇ، — دەپ مەلۇم قىلىشتى.

**مەسنەۋى** ئى (ئە) < ئەد > قاپىيىداش بېيىتلاردىن ئىبارەت بولغان شېئىر شەكلى. ئۇزۇنراق شېئىرىي ئەسەر يازغاندا قاپىيە تاللاشتا ئەركىن بولۇش ئۈچۈن بۇ شەكىلدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق كلاسسىكلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىنى شۇ شەكىلدە يازغان. بۇ شەكىلدە قاپىيىداش بولغان ئىككى مىسرادىكى سۆزلەرنىڭ ۋەزىنداش بولۇشىغا قاتتىق دىققەت قىلىنىدۇ.

**مەسئۇل** (ئە) ① سۈپ. مەسئۇلىيەت يۈكلەنگەن، مەسئۇلىيەتنى زىممىسىگە ئالغان، ئۆز زىممىسىدىكى ۋەزىپە ئۈچۈن جاۋابكار: مەسئۇل مۇھەررىر. مەسئۇل شۇجى. مەسئۇل ھاكىم. * ئۇزىتىش نۇتقىنى ناھىيىنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىغا مەسئۇل ھاكىمى نۇردۇن سۆزلىمەكچى ئىدى. ② ئى. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان شەخس: بۇ دوختۇرخانىنىڭ مەسئۇلى كىم؟. * — ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئابلىكىم ۋە تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسىنىڭ مەسئۇللىرىنى ئىزلىدى.

**مەسئۇل بولماق** مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماق؛ مەلۇم ۋەزىپىگە تەيىنلەنمەك: ئۇكام خالىقجان، بىز خەلقنىڭ ساقچىلىرى، خەلق ئالدىدا مەسئۇل بولۇشىمىز كېرەك. * ئۇ شۇندىن باشلاپ، مائارىپ ئىدارىسىگە مەسئۇل بولدى. * ئۇ قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى ئارىسىدىكى ئىش تەقسىماتىدا ئۆز تەلىپى بويىچە، ئارقا سەپ ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان كۈندىن بۇيان، چۈشىدە ئايان بولغان ھېلىقى «غايىب خەزىنە» گە ئەمدى ئېرىشكەنلىكىنى ھېس

قىلىشقا باشلىدى.

**مەسئۇل قىلماق** مەسئۇللۇقنى يۈكلىمەك: ئۇ مېنى يېڭىدىن كەلگەن ۋەكىللەرنى كۈتۈۋېلىش ئىشىغا مەسئۇل قىلىپ بەلگىلىدى. * ئەنجانباي بۇلارنى تۆت گۇرۇپپىغا ئايرىدى، نەسىردىن، خالبېك، جۇمەباي، قادىرخانلار بىردىن گۇرۇپپىغا مەسئۇل قىلىپ بېكىتىلدى.

**مەسئۇل مۇھەررىر** نەشر قىلىنىدىغان ئەسەرلەرنىڭ ئەدەبىي ۋە مەزمۇن جەھەتتىن ساغلام، توغرا بولۇشىغا مەسئۇل بولغان مۇھەررىر: بۇ لۇغەتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى كىم؟

**مەسئۇللۇق** ئى. جاۋابكارلىق، مەسئۇلىيەت: بىز بۇ ئىشنى سىزنىڭ مەسئۇللۇقىڭىزدا قىلىۋاتىمىز، دېدىم مەن ئىچىمدە. * ئۇلار يۈسۈپجاننى رازۋېدكا ئىشلىرى مەسئۇللۇقىغا بەلگىلىدى.

**مەسئۇلىيەت** ئى [ئە] بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن بولغان جاۋابكارلىق؛ مەسئۇل بولۇش: ئېغىر مەسئۇلىيەت. مەسئۇلىيەت تۈزۈمى. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالماق. * بۇ جىنايى مەسئۇلىيەتتىن قېچىپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ئاخىر بىلىپ يەتتى. * مەدەنىيەتلىك، ئەدەبلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىش پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىشى، ئومۇم خەلقنىڭ ئىشى، ئۇنىڭدا ھەممە كىشىنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.

**مەسئۇلىيەت بوغالتىرلىقى** <مال> كارخانىدىكى ھەرقايسى مەسئۇلىيەت مەركەزلىرىنىڭ خىزمەت نەتىجىلىرىنى باھالاش ۋە تەكشۈرۈش ئۈچۈن يولغا قويۇلىدىغان بىر خىل بوغالتىرلىق تۈزۈمى.

**مەسئۇلىيەت تۈزۈمى** ھەر خىل خىزمەتلەرگە مەخسۇس ئادەم مەسئۇل بولىدىغان ھەمدە مەسئۇلىيەت دائىرىسى ئېنىق بېكىتىلىدىغان بىر خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى.

**مەسئۇلىيەت خامچوتى** <مال> كارخانىنىڭ ئومۇمىي خامچوتىنى ئىچكى قىسىمدىكى ھەرقايسى مەسئۇلىيەت مەركەزلىرى بويىچە ئايرىپ، قايتىدىن تۈزۈپ چىقىدىغان بىر خىل خامچوت.

**مەسئۇلىيەت مەركىزى** <مال> كارخانا قاتارلىق ئاپپاراتلار ئىچىدە بىر ئاساسلىق باشقۇرغۇچى خادىمىنىڭ مەسئۇللۇقىدا مۇئەييەن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان ھەمدە مۇناسىپ ھوقۇققا ئىگە بولغان ئىچكى بىرلىك.

**مەسئۇلىيەتچان** سۈپ. مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشتىن قاچمايدىغان، مەسئۇل بولۇش روھى كۈچلۈك: مەسئۇلىيەتچان كادىر. * ئەگەر ھەممە ئادەم ئەركىنلىكنى سۆيىدىغان مەسئۇلىيەتچان گراژدانلاردىن بولسا، ئۇ ھالدا ئۇلارنى ھېچكىم قۇل قىلالمايدۇ. * شۆھرەت خىزمەتتە ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان، دائىم خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىدۇ.

**مەسئۇلىيەتچانلىق** «مەسئۇلىيەتچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ جەددىي ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقى كۈچلۈك خىزمەت ئىدى. * بۇ ھەربىر كىشىنىڭ خىزمەتلەرگە ئەستايىدىل مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئىلگىرى سۈردى.

**مەسئۇلىيەتسىز** سۈپ ① مەسئۇلىيىتى يوق، مەسئۇلىيەت تەلەپ قىلمايدىغان: مەسئۇلىيەتسىز ئىش. ② مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكارلىقنى مۇھىم دەپ قارىمايدىغان؛ مەسئۇلىيەت بىلەن ئىش قىلمايدىغان؛ بىپەرۋا: مەسئۇلىيەتسىز كادىر. مەسئۇلىيەتسىز ئادەم.

**مه سئۇلىيه تسزلىك** « مه سئۇلىيه تسز » سۆزىنىڭ ئىسىم شه كلى: مه سئۇلىيه تسزلىك قىلماق. * — ۋەزىپىنى ئورۇنلاشتىكى مه سئۇلىيه تسزلىكىم ئۈچۈن قاتتىق جازا بېرىشىڭىزلارنى سورايمەن، — دېدى ئۇ. * ئۇلار بۇ ئىشنى مه سئۇلىيه تسزلىك بىلەن ئىشلىگەندە، ياخشى بولمايدىغانلىقىنى تونۇپ يەتتى.

**مه سئۇلىيه تلىك** سۈپ. مه سئۇلىيىتى بار، مه سئۇلىيه ت تەلەپ قىلىدىغان، جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدىغان: — شۇنداق قىلايلى، — دېدى ئەزىز، — پارتىيه كومىتېتى شۇنداق مه سئۇلىيه تلىك ئىشنى بىز ئۈچىمىزگە ئىشىنىپ تاپشۇردى. * ۋىلايه تلىك پارتكومدا ئۇ يەنىلا بۇرۇنقى مۇھىم مه سئۇلىيه تلىك خىزمەتنى زىممىسىگە ئالدى، ئۈچ-تۆت يىلغىچە ئالدىراش ھەم جىددىي ئىشلىدى.

**مه سئۇلىيه تنامه** ئى (ئە+پ) مه سئۇلىيه ت ھەققىدە يېزىلغان خەت، مه سئۇلىيه ت ھەققىدىكى ھۆججەت، مه سئۇلىيه تنى ئۈستىگە ئالغانلىق ھەققىدىكى توختام: ئۇلار پوچتا-تېلېگراف، سودا ۋە پۇل مۇئامىلە قاتارلىق 18 نازارەت، ئىدارە بىلەن ئايرىم-ئايرىم ھالدا « 1992-يىللىق كەسىپتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىش خىزمەت نىشانى مه سئۇلىيه تنامىسى » ئىمزالىدى.

**مه سۇم** (ئە) ① سۈپ. بىگۇناھ، گۇناھسىز، پاك، تازا، سەممىي: شەۋكەت دىلبەرنىڭ مه سۇم كۆڭلىنى بىھۇدە ئازابلىماسلىق ئۈچۈن، بېشىنى ناھايىتى چاققانلىق بىلەن يانغا بۇرىدى-دە، كۆزى ۋە مەڭزىدىكى ياش مۇنچاقلىرىنى سۈرتۈۋالدى. // گۇناھسىز مه سۇملارنىڭ، بېشىغا قىلىچ چاپتى. نى يىگىتلەر، ياش قىزلار، ئەرك ئۈچۈن قانغا پاتتى. ② سۈپ. نومۇسچان، نومۇسلۇق؛ ئىپپه تلىك: مه سۇم قىز. * ئۇ، پەرىشانلىققا تولغان مه سۇم كۆزلىرىنى يىگىتتىن قاچۇرۇپ، بېشىنى تۆۋەن سالدى. * ئۇنىڭ ئوماق كۆزلىرى ۋە مه سۇم چىرايىدا ھەربىر نەرسىگە ھەيران قېلىش ئالامىتى سېزىلىپ تۇراتتى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مه سۇمه** ئى (ئە) پاك، گۇناھسىز، سەممىي؛ نومۇسچان ئايال: قايسى قىز-يىگىتنىڭ پاك يۈرىكىگە ئىشقىنىڭ گۈلخېنىنى يېقىپ قويغاندۇ؟! ياكى ۋەدىسىگە قىلماستىن ۋاپا، مه سۇمه نىڭ كۆڭلىنى چېكىپ قويغاندۇ؟!

**مه سىله** ئى (ئە) ① ھەل قىلىنىشى لازىم بولغان ئىش، ھەرىكەت، ۋەزىپە: — ھازىر بىز بىر مۇھىم مه سىله ئۈستىدە مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىۋاتاتتۇق، — دېدى مەتروزى يىغىن توغرىسىدا مېھرىبانغا ئىزاھات بېرىپ. * بەلكىم ئۇنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسى باردۇ، مەن بۇ مه سىلىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن سورىماقچى ئىدىم، لېكىن ساتتار ئاكا كېلىپ قالدى. * — ئالتاينى ئېلىش، بۇ، ئالاھىدە بىر مه سىله، — دېدى ئىمروپ. ② كۆڭۈلگە يېقىپ كەتمەيدىغان بىرەر ئىش؛ نۇقسان، چاتاق، ئېۋەن: بىر-ئىككى يىل ئىلگىرىكى بىلەن سېلىشتۇرساق پەرق خېلى چوڭ. ئاشلىق سېتىۋېلىش پىلانىنى ئورۇنلاشتىمۇ مه سىله تۇرىدۇ. * ئۇ چاغلاردا مېنىڭ دادام مه سىلىسى بار ئادەم ھېسابلىناتتى. ③ <مات> مەلۇم سانلار ۋە تېگىشلىك مۇناسىۋەتلەر ئاساسىدا نامەلۇم سانلارنى تېپىش ئۈچۈن ھېكايە شەكلىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماتېماتىك ۋەزىپە: مه سىلىنى چىقارماق. * دىلبەر ئۈچ مىنۇت ئىچىدىلا بىرىنچى مه سىلىنى ئىشلەپ بولۇپ چۈشەندۈرۈپ بەردى. خالمۇرات بولسا، قولىدىكى بورنى

دۇسكىغا تەگلىگىنچە جىم تۇراتتى. ④ دىنىي
ۋەز ئەقىدىلەر توغرىسىدىكى سوئال-جاۋاب:
مەسىلە قىلماق. مەسىلە ئېيتماق. * نامازدىن
ئاۋۋال ئاخۇنۇم جامائەتكە مەسىلە ئېيتىۋاتقاندا
سىرتتا بىراۋنىڭ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**مەسىلە بار** بىرەر ئىش، ئەھۋال بار؛
چاتاق بار: — شېجاڭ، مېنىڭ زادى نېمە
مەسىلەم بار؟ — دەپ سورىدى زۇنۇن،
شېجاڭدىن. * — بۇنىڭدا بىر مەسىلە بار،
بولمىسا، ئۇ نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمەيدۇ، —
دېدى دۇيجاڭ.

**مەسىلە تاپشۇرماق** ئۆتكۈزگەن
كەمچىلىك-خاتالىقلىرىنى تەشكىلگە ئېيتماق
ياكى كۆپچىلىك ئالدىدا سۆزلىمەك: قېنى
ئېيت! مەسىلە تاپشۇرامسەن-يوق! * داداڭ
تۈگەپ قېلىپتۇ، ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرايلى دېسەك،
مەسىلە تاپشۇرۇشۇڭ ياخشى بولمىدى.

**مەسىلە چىقماق** چاتاق كۆرۈلمەك،
بىرەر ئەھۋال يۈز بەرمەك: بۇ قۇرۇلۇشلاردىن
مەسىلە چىققان بولسا، بۇنىڭلىق بىلەن ھەسەن
ئاكىنىڭ ئىناۋىتىگە تەسىر يەتمەس ئىدى
دەيمەن.

**مەسىلە ئۆتكۈزمەك** بىرەر مەسىلە،
ئىش سادىر قىلماق؛ خاتالىق سادىر
قىلماق: — قايسى مەسىلەمنى ئىقرار قىلمەن؟
مەن ھېچقانداق مەسىلە ئۆتكۈزمىگەن تۇرسام،
— دېدى قادىر.

**مەسىلە يوق** چاتاق يوق، ھېچبىر
ئەھۋال چىقمايدۇ: — ماتور سىناش جازىسىدا
مەسىلە يوق، — دەپ ئادىل ئىشەنچ بىلەن
بېشىنى كۆتۈردى ئادىل. * ئاشلىق سېتىۋېلىش
پىلانىنى ئورۇنداشتا مەسىلە يوقتەك تۇرىدۇ.
* مەندە تاپشۇرغۇدەك مەسىلە يوق.

**مەسىلە-مىسال** مەسىلە ۋە مىسال:
مۇھەممەت ئىمىن 500 گە يېقىن
مەسىلە-مىساللارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان
«فىزىكا مەسىلىلىرى توپلىمى» تۈزۈپ چىقتى.

**مەسىلەن** (ئە) «مىسال ئۈچۈن، مىسالغا
ئېلىپ ئېيتقاندا» دېگەن مەنىلەردىكى
قىستۇرما سۆز: شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلار
ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئويغىنىش ھەرىكەتلىرىگە
قارشى چىقىدۇ. مەسىلەن، مەخسۇتباي
تاتارىستاندىن ئىككى نۆۋەت ئوقۇتقۇچى تەكلىپ
قىلىپ ئاستانىدە ئۆز خىراجىتى بىلەن مەكتەپ
ئاچتى.

**مەسىھ** ئى (ئە) < دىن > تاھارەت ئالغاندا
ھۆل قول بىلەن باشنى ۋە مەسىنى
سىلاش: مەسىھ تارتماق. مەسىھ قىلماق.

**مەسىھ تارتماق** تاھارەت ئالغاندا ھۆل
قولى بىلەن بېشىنى ۋە مەسسىنى سىلىماق:
— ئەپەندىم بىر چوڭ ئۆستەڭ بويىدا تاھارەت
ئېلىپ، ئايىغىغا مەسىھ تارتماق بولغىنىدا بىر
پاي كەششى ئۆستەڭگە چۈشۈپ كېتىپتۇ.

**مەش I** ئى ① قىش كۈنلىرى ئوت قالاپ
ئۆينى ئىسسىتىش، تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدىغان، ئاساسەن تۆمۈر، قاڭالتىر
ياكى چويۇندىن ياسىلىدىغان تۇڭ
شەكىللىك ئوچاق: تۆمۈر مەش. چويۇن
مەش. مەش قويماق. مەش ياسىماق. *
كەنجە مەشنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ، بىر چىنە
ئىسسىق چاينى ئىچتى. ② پولات تاۋلايدىغان
قازان، پېچ: بۇ ھال مەش ئىشچىلىرىغا ئېغىر
زەربە بولۇپ تەگسىمۇ، دەسلەپكى سىناقتىلا
قىرىندىنىڭ پولاتقا ئايلىنىشى ئۇلارنىڭ روھىنى
كۆتۈرەتتى. * مەش ئىشچىلىرى ئەگەر ئىش
رەتكە چۈشۈپ قالسا، كېرەكتىن چىققان پولاتنى
قايتا ئېرىتىپ زىيانىنى تولدۇرۇۋېلىشقا بولىدىغانلىقىنى
بىلىشەتتى.

**مەش II** ئى (ئە) رەتلىك تىزىلىپ ھەربىيچە مېڭىش؛ ھەربىيچە يۈرۈش، چامداش: مەشكە دەسسىمەك.

**مەشكە دەسسىمەك** سەپكە تىزىلىپ رەتلىك ھالدا ھەربىيلەرچە ماڭماق: ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئەمەس، بەلكى ھەربىيلەر ياكى ساقچىلارنىڭ مەشكە دەسسىگەن كۈچلۈك ئاياغ تىۋىشى ئىدى.

**مەشە** ئال. جان ت. مۇشۇ يەر: بىز بىر يىلى يازدا مەشەدە سەيلە قىلىپ يۈرگەن چېغىمىزدا ئۇ ئادەمنى كۆرگەنىدۇق. * تۈنۈگۈن مەشەدىن ئۆتكەندە كاۋان، نەپىسنى بوغاتتى ئەجەل پۇرىقى. بۈگۈن مەن كۆز تاشلاپ قارىسام ھەر يان، ئۆلۈمنى قوغلاپتۇ ھايات چىرىغى.

**مەشئەل** ئى (ئە) ① ئۇچىغا كۆيىدىغان بىرنەرسە ئورالغان، يورۇتۇش ياكى ئوت يېقىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تاياق: مەشئەل ياندۇرماق. * ئۇ يېنىدا تۇرغان ياش يىگىتنىڭ قولىدىكى مەشئەلنى ئېلىپ بوش ئاۋاز بىلەن ئېنىق قىلىپ مۇنداق دېدى. ② كۆچمە. يول ۋە نىشاننى كۆرسىتىپ بېرىدىغان نەمۇنە؛ ماياك: ئىلىم-پەن ھەممىدىن ئەۋزەل، ئىلىم ئۆچمەيدىغان مەشئەل. * شۇ چاغدا ئۇستازىم ماڭا: «سەن مەڭگۈ ئۆچمەس مۇھەببەت مەشئىلىنى تاپقىن، ئۇ زۇلمەت جاڭگىلىدا ئۆزىنىڭ ئوتلۇق يۈرىكى بىلەن ئىنسانىيەت يولىنى يورۇتقان دانكونىڭ قولىدا» دېدى.

**مەشئەلچىلەر قوشۇنى** <تارىخ> چىڭ دەۋرىدە (1852 — 1868-يىللاردا) ئەنخۇينىڭ شىمالى ۋە خېنەن ئەتراپلىرىدا ھەرىكەت قىلغان دېھقانلارنىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇنى. رەھبەرلىرى خاڭ لوشىڭ، لەي ۋېنگۇاڭ، جاڭ زوڭيۈ قاتارلىقلار. ئۇلار تەيپىڭ تيەنگونىڭ رەھبەرلىكىنى قوبۇل قىلىپ، تەيپىڭ تيەنگوغا ماسلىشىپ ئۇرۇش قىلدۇ. 1866-يىلىغا كەلگەندە شەرقىي ۋە غەربىي مەشئەلچىلەر دەپ ئىككى تارماققا بۆلۈندۇ. ئەڭ ئاخىرىدا چىڭ قوشۇنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدۇ.

**مەشچى** ئى. مەش ياسايدىغان ئادەم.

**مەشچىلىك** ئى. مەش ياساش ئىشى، كەسپى: مەشچىلىك قىلماق. مەشچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق.

**مەشرەپ** ئى (ئە) ① كىشىلەر بىر يەرگە توپلىشىپ قىلىدىغان ناخشا-ئۇسسۇللۇق ئولتۇرۇش، يىغىلىش؛ بەزمە: مەشرەپ قىلماق. * بالاڭنى مەكتەپكە بەر، بولمىسا مەشرەپكە بەر (ماقال). * داپلار قاتتىق-قاتتىق ئۇرۇلۇپ، مەشرەپ باشلىنىش بىلەن قىز-يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشۈپ، پۈتۈن ھويلا ئاجايىپ جانلىنىپ كەتتى. * — مەسۇمئاخۇن ئاكا، كېلەركى قېتىمقى مەشرەپنى سىزنىڭ ئۆيىڭىزدە ئوينارمىز-ھە؟ — دېدى كىمدۇر بىرى كۈلكە بېسىققاندىن كېيىن. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەشرەپ قىلماق** مەشرەپ ئۆتكۈزمەك: ئەسلىدە بۇ يەر ئۇلارنىڭ مەشرەپ قىلغان جايى ئىكەن.

**مەشرىق** ئى (ئە) يېزت. شەرق، كۈن چىقىش: مەشرىقتىن مەغرىبقىچە. * بۇ ئىمارەتتىن پەقەتلا مەشرىق تەرەپتىكى مورىسى بار بىر تاملا ئۆرۈلمەي قالغانىدى.

**مەشغۇل** سۈپ (ئە) بىرەر ئىش، كەسىپ بىلەن بەند بولغان، شۇغۇللىنىۋاتقان: مەشغۇل بولماق. مەشغۇل قىلماق. * ئۇ ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل. * مەندىن بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بۇ يەرگە نەزەر بەند قىلىنغان

ئۇن نەچچە يلەن ئۇن-تىنسىز ھالدا ئولتۇرۇپ، بىرنىمىلەرنى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. * – جاھان نېمە كويدا، نېمە ئىش بىلەن مەشغۇل، بىز نېمە كويدا، – دېدى ئۇ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن.

**مەشغۇل بولماق** بىرەر ئىش، كەسىپ بىلەن بەند بولماق، شۇغۇللانماق: ئوقۇغۇچىلار پۈتۈن زېھنىنى ئىشلىتىپ، ئىمتىھان بىلەن مەشغۇل بولماقتا. * ئۇلار ھازىر ئۆز تاختىلىرىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ باشلىق تىكىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

**مەشغۇل قىلماق** مەشغۇللاندۇرماق، بىرەر ئىشقا بەند قىلماق، ئەرمەك قىلماق: — تاماشىبىنلارنى يەنە بىردەم مەشغۇل قىلىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئۇ ماڭا. * پادىشاھ بەختىيارنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ: «ھەي ئوغرى! ھەركۈنى بىر گەپنى تېپىپ، مېنى گەپكە مەشغۇل قىلىسەن! بۈگۈن نېمە قىلارسەن؟» دەپتۇ.

**مەشغۇلات** ئى (ئە) ① ئىش، ئوقەت، كەسىپ، پائالىيەت: مەشغۇلات قىلماق. مەشغۇلات ئۆتكۈزمەك. * ئەتراپتىن ئەتىگەنلىك مەشغۇلاتنى باشلىغان ھەربىيلەرنىڭ ھەر خىل ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى. * بۇ ئۇسكۈنە ياردىمى بىلەن شۇنچىۋالا كۆپ مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پەقەت ئىككى-ئۈچ سائەت ۋاقىتلا كېتىدۇ. ② ئۆگىنىش، دەرسكە دائىر پائالىيەت: ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ فىزىكا گۇرۇپپىسىغا ياخشى يېتەكچىلىك قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن بىللە مەشغۇلات ئۆتكۈزدى.

**مەشغۇللاندۇرماق** «مەشغۇللانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەشغۇللانماق** پ. مەشغۇل بولماق، بەند بولماق: ئېغىر تۇرمۇش ئاستىدىكى قىز-ئاياللار، ئولاغ بېقىش، تېزەك تېرىش، ئىش بىلەنلا مەشغۇللىنىپ مەكتەپ يۈزىنى كۆرمەس ئىدى، تۇرمۇش خەۋپى ئۇنى خۇشال قىلماس ئىدى.

**مەشغۇلىيەت** ئى (ئە) ← مەشغۇلات: ئاسىمنىڭ ئەڭ كۆپ مەشغۇلىيىتى كىتاب ئوقۇش ئىدى.

**مەشقاۋۇل** ئى. تارس. پادىشاھ، خان سارايلىرىدا ۋە شۇنىڭدەك، قوشۇنلاردا ھەربىي مەشىق ئۆگىتىشكە مەسئۇل كىشى: ئۇنىڭ قول ئاستىدا بىرنەچچە ھىندى ئوفىتسېرى ۋە ئۈچ ئافغان كانايچى بار ئىكەن. بۇ قىسىمدا يەنە رۇسمىكىن ياكى تاتارمىكىن بىر قاچاق ھەربىي كىشى مەشقاۋۇل ئىكەن. * بۇ قوشۇندا ھاجى قوماندان، سالى دورغا بىلەن سادىق قورمال ئۇنىڭ ياردەمچىلىرى، قاسىم ئەپەندى سىياسىي رەھبەر، يۈسۈپ ئەپەندى مەشقاۋۇل دەپ جاكارلاندى.

**مەشلىك** سۈپ ① مېشى بار، مەش قويۇلغان: ئۇلار شۇنداق قىلىپ، بىر مەشلىك بولۇپ قالدى. ② مەش قىلىشقا، ياساشقا بولىدىغان؛ ياكى مەش چىقىدىغان: بىر مەشلىك تۇنىكە. * دىلشاتلارنىڭ ئۆيىدە ئىككى مەشلىك تۆمۈر بار ئىدى.

**مەشھۇر** سۈپ (ئە) مەلۇم جەھەتتە شۆھرەت قازانغان، داڭقى چىققان، خەلقئالەمگە تونۇلغان، ئاتاقلىق، داڭلىق: مەشھۇر ئالىم. مەشھۇر يازغۇچى. مەشھۇر ئەرباب. مەشھۇر ئەسەر. * بۇرۇنقى زاماندا سۇلتان خوجام دېگەن بىر پادىشاھ بولۇپ، ئۇنىڭ مال-دۇنياسى ھېسابسىز كۆپ ئىكەن. شان-شۆھرىتى ئالەمگە مەشھۇر ئىكەن. * ئادەتتىكى چاغلاردا كۆزگە كۆرۈنمىگەن ياكى كۆزۈڭگە ئىلمىغان ئادەملەر ئاجايىپ ئىشلىرى بىلەن مەشھۇر بولۇپ كېتىدۇ.

**مەشۇت** ئى (ئە) پىلە غوزىكىدىن چىقىرىدىغان يىپ. ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولۇپ، تاۋار توقۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**مەشۇت يىپ** مەشۇتتىن ئېگىرىلگەن يىپ.

**مەشۇق** ئى (ئە) يېزت. يىگىتنىڭ چىن يۈرەكتىن سۆيگەن قىزى، يىگىتنىڭ سۆيگىنى: ئەنۋەرنىڭ مەشۇقىنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن دەپ ئويلىمىغان ئىدىم. چۈنكى ئۇ مەشۇقىنىڭ سالى سوپىياگىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى تېخىچە بىلمەيتتىم. * ئاشىق يىگىت ھوشىغا كەلگەندىن كېيىن رەسىمنىڭ ئۆزى كۆرگەن مەشۇقىنىڭ دەل ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. * ئاتمىش ئالتە دەريا سۈيى بىر بولۇپ ئاقتى. مەشۇقۇم چىرايلىقىنىڭ سۆزلىرى ياقتى.

**مەشۇقلۇق** ① «مەشۇق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەلىكە ھاتەمگە بولغان مەشۇقلۇقىنى ئىپادىلەپ بىر پىيالە شاراب تۇتتى. ② سۈپ. مەشۇقلارغا خاس، مەشۇقلاردا بولىدىغان: زەينەپتە يوق پەقەت مەشۇقلۇق خىسلەت، سەۋەبى: سۆز باشقا، قىلىقى باشقا.

**مەشئۇم** سۈپ (ئە) يېزت. بەختسىزلىكتىن دېرەك بەرگۈچى؛ پالاكەت ئېلىپ كەلگۈچى؛ كۆڭۈلسىز؛ شۇم: دەرۋازا يېنىدىكى مەشئۇم تال دەرىخىمۇ مەشئۇم بىر ئىشقا گۇۋاھلىق بەرگەندەكلا كۆرۈنەتتى. * ئەي مەشئۇم پەلەك، ستەمكار پەلەك، ئايىقىز، چۇپانغا بولساڭچۇ يۆلەك! چۇپاندا يوقكەن ئۇچقىلى قانات، ئايقىزغا يوقكەن ئۆزۈكىدىن ھىمات.

**مەشئۇملۇق** «مەشئۇم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بۇ بىر شۇملۇق، مەشئۇملۇق، ناخشا دېگەن ئازازۇلنىڭ ئاۋازى. ئۇنى ئېيتىش شەيتاننىڭ ئىشى، بىز مۇسۇلمان بەندىلەر ئەزان ئاۋازىنى ئاڭلىساقلا كۇپايە! — دېدى ئۇ.

**مەشىق** ئى (ئە) ئۆگىنىش، مەلىكە بولۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش، تەييارگەرلىك مەشغۇلاتى ياكى مەلىكىلىكنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن قىلىنغان مەشغۇلات: ھەربىي مەشىق. * مەشىق قىلماق. * بۇ ھېكايە پەقەتلا مەشىق ئۈچۈن يېزىلغانىدى. * ھەربىيلەر ھازىر مەشىق مەيدانىغا كېلىدۇ. * ئۇلار شۇ كۈنى كېچىچە شاھزادە ئالدىدا قويۇپ بېرىدىغان ئويۇننى مەشىق قىلىشتى.

**مەشىق ئاھاڭى** <مۇز> قىيىن چېلىش ئۇسۇللىرىنى ئاساس قىلىپ، چېلىش ماھارىتىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن ئىشلەنگەن ئاھاڭلار. ئاتاقلىق كومپوزىتورلار ئىشلىگەن مەشىق ئاھاڭلىرى كۆپ چاغلاردا بەدىئىيلىك قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى ئاھاڭلار قاتارىغا كىرىدۇ.

**مەشىق قىلماق** ئۆگىنىش، مەلىكە بولۇش ئۈچۈن قىلىنىدىغان ئىش، تەييارگەرلىك مەشغۇلاتىنى ئېلىپ بارماق، مەلىكىلىكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئالدىن مەشغۇلات قىلماق: ھېلىقى ھەربىي تەلىم ئۆگەنگۈچى يىگىتلەر مەشىق مەيدانىدا مەشىق قىلىۋاتاتتى. * چۈشتىن كېيىن ئىككى سائەت دەرس ئۆتتۈلدى، دەرستىن كېيىن يەنە بىر سائەت مەشىق قىلدىم.

**مەشىق نىزامى** <ھەرب> ھەربىي مەشىق قائىدىلىرى ۋە پرىنسىپلىرى بەلگىلەنگەن كىتاب. مەسىلەن، پىيادە ئەسكەرلەر مەشىق نىزامى، ئاتلىق

ئەسكەرلەر مەشىق نىزامى دېگەنگە ئوخشاش.

**مەشقخانا** ئى. مەشىق قىلىش ئۆيى؛ زالى: 1981-يىلغىچە ئۇلار 110 كۋادرات مېتىرلىق مەشقخانا ۋە ئىشخانا، 140 كۋادرات مېتىرلىق ياتاق ئۆي، ئامبار، ئاشخانا قاتارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەت شارائىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ياخشىلىدى.

**مەغپىرەت** ئى (ئە) ① كەچۈرۈم، گۇناھىدىن ئۆتۈش: مەغپىرەت قىلماق. * ئۇ ئاخىرى ئۆز گۇناھى ئۈچۈن، دوستىنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ، خۇدادىن مەغپىرەت تىلەپتۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەغپىرەت قىلماق** كەچۈرمەك، گۇناھىدىن ئۆتمەك، ئەپۇ قىلماق: ئۇ قالغان ئۆمرىنىڭ ھەممىسىدە ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، دۇئا-تەلەپ قىلغان بىلەنمۇ ئاللانىڭ بۇنداق ئېغىر گۇناھنى مەغپىرەت قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. * ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، ــ ئى، ئاللا، مەن ئالدىڭدا ئاسىي گۇناھكار، گۇناھىمنى مەغپىرەت قىلغىن، ماڭا رەھمەت قىلغىن؟ ــ دەپتۇ.

**مەغرۇر** سۈپ (ئە) ئۆزىنى ئەركىن، ئۈستۈن تۇتىدىغان، روھىي كەيپىياتى ئۈستۈن، غۇرۇرى بار؛ كىبىرلىك، تەكەببۇر: مەغرۇر ئادەم. مەغرۇر يىگىت. مەغرۇر قىياپەت. * ھەسەن بەردىدىن ئولتۇرغانىكەن، قىز مەغرۇر ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ. * يار-يار دەپ چالسام مەغرۇر، ساتارىم بار مېنىڭ. ئەل ئالدىدا ماختانغۇدەك، يارىم بار مېنىڭ. // موماي مەغرۇر كۈلۈمسىرەپ، پاختىلىق چاپىنىنىڭ قولتۇقىنى سىلاپ قويدى.

**مەغرۇرانە** (ئە+پ) ① رەۋ. مەغرۇر قىياپەتتە، مەغرۇر ھالەتتە، مەغرۇرلۇق بىلەن: مەغرۇرانە سۆزلىمەك. * مىجىت قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۇلارغا مەغرۇرانە قاراپ تۇراتتى. * ئۇ بۇ گەپنى دەپ بولۇپ مەغرۇرانە كۈلۈپ قويدى. ② سۈپ. مەغرۇر، تەكەببۇر، كىبىرلىك: – نەدىكىنى – دېدى ئەسقەر مەغرۇرانە قىياپەتتە – ئەمدى ئۆگىنىۋاتىمەن. * ئۇنىڭ تاتارغان چىرايى ۋە قىزارغان كۆزلىرىدىن بىر خىل يىرتقۇچلارغا خاس ۋەھشىيلىك بېسىپ تۇرسىمۇ لېكىن ئۇ ئاللىقانداقتۇر مەغرۇرانە كەيپىيات بىلەن سۆزلەيتتى.

**مەغرۇرلاندۇرماق** «مەغرۇرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مەغرۇرلانماق** پ. مەغرۇر بولماق، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتماق، غۇرۇرلانماق، كىبىرلەنمەك: ئۇ سۆزلىگەنسېرى مەغرۇرلانماقتا، ئاۋازى كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. * تەبىئەت تەرىپىدىن نۇقسانسىز يارالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بولمىسىمۇ، ئاز بىرقىسمى ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ياشايدۇ. * بۇلتۇر شەھەر بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن ئوتتۇرا مەكتەپلەر پۇتبول مۇسابىقىسىدە بىز بىرىنچى بولدۇق، شۇندىن كېيىن مەغرۇرلىنىپ قالدۇق.

**مەغرۇرلۇق** «مەغرۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: نىياز دورغا ھويلىدىن غەمكىن چىقىپ كېتىۋاتقان پۇقرالارنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ، مەغرۇرلۇق بىلەن ساقىلىنى سىلاپ قويدى. * ئۆگىنىشتە ئالغا بېسىشنىڭ دۈشمىنى مەغرۇرلۇق ۋە ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش.

**مەغرۇرلىنىشماق** «مەغرۇرلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ قېتىمقى زېھىن سىناش مۇسابىقىسىدە ئۈرۈمچى شەھىرى بويىچە بىرىنچى بولغانلىقىدىن مەغرۇرلىنىشتى.

**مەغرىب** ئى (ئە) يېزت. غەرب، كۈنپېتىش، كۈن ئولتۇرۇش: – ئۇنىڭ نېرىسىغا ئاللا

كېرەم بار، خۇدا ئاسانلىق بەرسە مەغرىب تەرەپنى پاناھ قىلارمەن، — دېدى ئۇ. * كەپتۇ مەغرىب ئۆلكىدىن مېھمان بولۇپ، بىز بىلەن بىر تەن يەنە بىر جان بولۇپ.

**مەغلۇبىيەت** ئى (ئە) جەڭدە، مۇسابىقىدا، ئىشقىلىپ، بىرەر ئىشتا ئۇتتۇرۇشسىزلىققا ئۇچراش، مەغلۇپ بولۇش، يېڭىلىش؛ ئوڭۇشسىزلىق: مەغلۇبىيەت غالىبىيەتنىڭ ئانىسى. * مەغلۇبىيەتنى غالىبىيەتكە ئايلاندۇردى. * مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى. * — ئىلىم-پەن كەشپىياتىدىكى بۇنچىلىك مەغلۇبىيەت نورمال ئىش، — دېدى ئۇ ۋەزىنلىك تەلەپپۇزدا.

**مەغلۇبىيەتچىلىك** ئى. مەغلۇبىيەتكە تەن بېرىش، تىز پۈكۈش، تەسلىمچىلىك.

**مەغلۇبىيەتلىك** سۈپ ① مەغلۇپ بولغان، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان: مەغلۇبىيەتلىك جەڭ. ② مەغلۇبىيەتنى كەلگەن، مەغلۇبىيەتلەر ئارقىلىق يەكۈنلەنگەن: ئۇنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان دېيىشكە بولمايدۇ، ئۇ بىر مەغلۇبىيەتلىك ساۋاق.

**مەغلۇپ** سۈپ (ئە) يېڭىلگەن، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان؛ مەغلۇبىيەتلىك: مەغلۇپ بولماق. مەغلۇپ قىلماق. * ئۇنىڭ ئۇچۇن كۈرەشتىكى ئەرەبلەر، بېغىشلىغان ھاياتىنى، ھەممىنى. شۇنداق ئىكەن، يەنە مەغلۇپ قالسەن، مەيلى ئۆلتۈر، مەيلى چاپقىن سەن مېنى!

**مەغلۇپ بولماق** مەغلۇبىيەتكە ئۇچراتماق، يېڭىلمەك: مەغرۇر قوشۇن مەغلۇپ بولار (ماقال). * شۇنداق قىلىپ، ئۇچ قېتىملىق جەڭدە گومىنداڭ قوشۇنى مەغلۇپ بولدى. * مۇسا ئاكا بەش مو يەردە ئۇچ يىل سىناق قىلغان بولسىمۇ، ھەممىسدە مەغلۇپ بولغان.

**مەغلۇپ قىلماق** مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىماق، يەڭمەك: بىز ئاخىرى ياپون قاراقچىلىرىنى مەغلۇپ قىلدۇق. * ئۇ ۋاقىتتا، مىللىي ئارمىيىنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىشتىكى ئاساسىي قىسىملىرى گومىنداڭ قىسىملىرىنى قەدەممۇ قەدەم بىر مەغلۇپ قىلىپ ئۈرۈمچىگە قاراپ ناھايىتى غەلىبىلىك ھالدا ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتاتتى.

**مەغۇل** سۈپ (ئە) بەند، مەس، مەستانە: پاراڭغا مەغۇل بولۇپ ئولتۇرغان سائادەت يېنىغا بەختىيارنىڭ كېلىپ قالغىنىنى سەزمەيلا قالدى. * مەن سىزنىڭ ياغدەك سۆزلىرىڭىزگە مەغۇل بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن.

**مەقئەت** ئى (ئە) < ئانات > → **سولۇڭ.**

**مەقئەت ئاقمىسى** < تىب > → **سولۇڭ ئاقمىسى.**

**مەقئەت ناسۇرى** < تىب > → **سولۇڭ ئاقمىسى.**

**مەقئەت يولى** < ئانات > توغرا ئۈچەينىڭ ئاخىرقى ئۇچىنىڭ مەقئەتكە تۇتىشىدىغان قىسمى. ئەتراپىنى مەقئەتنى قورىغۇچى مۇسكۇللار ئوراپ تۇرىدۇ.

**مەقئەت يېرىلىش** < تىب > قان قىزىپ، ئۈچەي قۇرۇش، قەۋزىيەت ۋە چوڭ تەرەتتە چىڭقىلىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن مەقئەت تېرىلىرى يېرىلىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، چوڭ تەرەت ۋاقتىدا مەقئەت ئاغرىش، چوڭ تەرەتتىن كېيىن ئاز مىقداردا قان چىقىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**مەقبەرە** ئى (ئە) ① قەبرە. ② قەبرىنىڭ ئۈستىگە كېسەك قاتارلىقلار بىلەن ئىمارەت شەكلىدە ياسالغان قۇرۇلما: ئەجدادلارنىڭ مەقبەرىسى. * — مەقبەرىلەرنى بۇزۇپ ئۆلۈكلەرنىڭ روھىنى قوزغىمايلى، ئۇلارنىڭ روھى يۇرتقا تارقاپ كەتسە جېنىمىزغا جاپا، بېشىمىزغا بالا بولىدۇ، — دېدى ئۇ گۈرەنلىرىنى

كۆپتۇرۇپ. * — مانا، شۇ ئالدىڭدىكى تەۋەررۇك مەقبەرە ھەزرىتى «كۇمۇش كۆز ئاتا مازىرى» بولىدۇ، — دەپ ئىشان قايغۇلۇق خىتاپ بىلەن ئېڭىشىپ يەرگە سۆيدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ماڭا مازار يېنىدىكى گۇمبەزنى كۆرسەتتى.

**مەقبۇل** سۈپ (ئە) يېز ت. قوبۇل قىلسا، ماقۇل كۆرسە بولىدىغان؛ ماقۇل، قوبۇل: مەقبۇل بولماق. * — «ھەزرىتى كۇمۇش كۆز ئاتا» دۇئا-ئىبادەتلىرىڭنى مەقبۇل كۆرۈپتۇ، بالام، — دېدى ئىشان ماڭا. * پادىشاھ ياشىنىپ قالغىنىغا قارىماي، كۈيئوغۇل بولغۇچىنىڭ تەخت ۋارىسى بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ھېچكىمنى كۈيئوغۇللۇققا مەقبۇل كۆرمەپتۇ.

**مەقبۇل بولماق** يېزت. قوبۇل قىلىنماق، ماقۇل كۆرۈلمەك: مېنىڭ بۇ ئىلتىماسىم بولسا مەقبۇل، ئەجەب ئەمەس قۇتۇلسا دارىدىن ئۇل. * خەلقنىڭ ئوتىدا كۆي، سۆيىدە ئاق، ئىشلىرىڭ ئەل ئالدىدا بولسۇن مەقبۇل، ئىجادكار ئۆلمەيدۇ ھېچ، ئۆلمەيدۇ خەلق، ئۆمرۈڭدە كەشپ ئىشقا بولغىن مەشغۇل.

**مەقسەت** ئى (ئە) ① ئېرىشىش ئۈچۈن كۆزدە تۇتۇلغان نەرسە، مۇراد، مۇددىئا: چۆچۈرە يېمەكتىن مەقسەت گۆش يېمەك (ماقال). * مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىمدىن مەقسەت كۆپچىلىكنىڭ بۇ مەسىلىگە بولغان دىققىتىنى قوزغاش. * مەخسۇت مۇھىتى ۋە ئابدۇخالىق ئۇيغۇرلار بىر-بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەپ كۆپچىلىكنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنلىكىنى ئىپادىلەشتى. ② ئىسىملارنىڭ III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى ۋە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، تىركەلمە ۋەزىپىسىدە قوللىنىلىدۇ: مەن بۇ ۋەقەنى خەلپە ھارۇن رەشىتكە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە، بۇ شەھەرگە كەلدىم.

* قىزىل كىرىست جەمئىيىتى — ئۇرۇش ۋە ئاپەتلىك يىللاردا ياردارلار، ئاددىي خەلقلەر ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە پەيدا ئىيلاردىن تەشكىللەنگەن خەلقئارالىق تەشكىلات.

**مەقسەت پېئىلى** < تىل > سۇبيېكتنىڭ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئورۇنلاش نىيىتىنى بىلدۈرىدىغان پېئىل. ئۇ بەزى ياردەمچى پېئىللار بىلەن بىرلىكتە، پېئىلنىڭ بەزى ھال-زامان شەكىللىرىنى ياسايدۇ.

**مەقسەت قىلماق** ① كۆزدە تۇتماق، بىلدۈرمەك، ئىپادىلىمەك: قول يۇيۇش — ئۇيغۇرلارنىڭ غىزاغا ئولتۇرۇش ئالدىكى تازىلىق ئادىتى. بۇ يېمەكلىكلەرنى پاكىز قول بىلەن ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ② كۆڭلىگە پۈكمەك، نىيەت قىلماق، ئويلىماق: ئايزۆھرە بىلەن بىر پاراڭلىشىشنى مەقسەت قىلىپ، يەكشەنبە كۈنى بەدىنۇرنىڭ ئۈنى خەلق باغچىسىغا ئېلىپ كېلىشنى تاپىلىدىم ۋە باغچىنىڭ ئالدىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە كۈتۈپ تۇرماقچى بولدۇم.

**مەقسەتكە يەتمەك** مەقسەتكە ئېرىشمەك، مەقسىتى ئەمەلگە ئاشماق، مۇراد-مەقسىتى ھاسىل بولماق: بىزنىڭ ئەڭ چوڭ ۋە بىرىنچى مەقسىتىمىز «ئالتۇنبۇلاق» يېزىسىدىكى 24 مىڭ ئادەمنىڭ ھاياتى، مال-مۈلكىنى قوغداش ئەمەسمۇ، ھازىر بىز بۇ مەقسەتكە يەتتۇق.

**مەقسەتچىلىك** ئى < پەلس > دۇنيانى ۋە دۇنيادىكى ھەممە شەيئىنى ئىلاھ مەلۇم مەقسەت بىلەن ياراتقان دەپ قارايدىغان ئىدېئالىزملىق تەلىمات. بۇنى ئەڭ دەسلەپتە قەدىمكى يۇناننىڭ ئىدېئالىست پەيلاسوپلىرىدىن سوقرات ئوتتۇرىغا قويغان. جۇڭگودا غەربىي خەن دەۋرىدىكى

دولك جۇڭشۇمۇ ئۇنى تەرغىپ قىلغان.
بۇنىڭ يېقىنقى زاماندىكى ۋەكىللىرى
گېرمانىيىلىك لېيبنىز ۋە ۋولف.

**مەقسەتداش** سۈپ. بىر مەقسەتتىكى، مەقسىتى، مۇددىئاسى بىر بولغان، بىر مەقسەت ئۈچۈن كۈرەشكۈچى: تېتو ئاۋۋال موسكۋا، ۋېنا، پارىژ قاتارلىق جايلاردا ئالتە يىلچە سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى دۆلەتكە قايتۇرۇپ كەلدى، ئاندىن ئۇنى تەشكىلىي جەھەتتىن تەرتىپكە سالدى، بىر تۈركۈم مەقسەتداش يولداشلارنى ئۇيۇشتۇردى. * ياۋنى قېتىپ ناخشامغا سىرلىرىنى پاش قىلاي، مەقسەتداشلار بەزمىسىگە پىكرىمنى يولداش قىلاي.

**مەقسەتسىز** سۈپ. ھېچبىر مەقسىتى يوق، بىرەر مەقسەتنى كۆزلىمىگەن، مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكمىگەن؛ بىكاردىن-بىكار: بۇ ھەرگىز مەقسەتسىز ئىش ئەمەس. // شانىياز بۇ غەلىتە ئاسمان ھادىسىسىگە خېلىغىچە مەقسەتسىز قاراپ تۇردى. * شۇ كۈنى رابى ۋەت-ۋەت كەچكىچە «ياڭاقپۇشتى ماكان» كوچىسىدا مەقسەتسىز ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ.

**مەقسەتلىك** سۈپ. مەقسىتى بار، بىرەر مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈككەن، بىرەر مەقسەتنى كۆزلىگەن: ئۇ، مەقسەتلىك ھالدا دۇتتارنىڭ بىر تال تارىنى ئۈزۈپ تاشلىدى. // — بۇ ناخشىنى زېرىكىپ ئېيتىۋاتامسەن ياكى مەقسەتلىك ئېيتىۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. * ئۇ ئۆزىنىڭ شەھەرگە مەقسەتلىك تەقسىم قىلىنغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن جىددىيلىشىپ، ھەپتە ئۆتمەي خىزمىتىنى ئۆز ناھىيىسىگە ئالماشتۇرغان.

**مەقسۇت** ئى (ئە) ① نىيەت. مەقسەت، مۇددىئا، مۇراد. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەكتەپ** ئى (ئە) ئوقۇغۇچىلارنى مەدەنىيەت-مائارىپ، پەن-تېخنىكا ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل ھۈنەر-كەسىپلەر بويىچە مەخسۇس ئوقۇتۇپ تەربىيىلەپ، ئۇلارنى مەلۇم دەرىجىدە مەلۇماتلىق قىلىدىغان ئورۇن: مەكتەپتە ئوقۇماق. مەكتەپكە كىرمەك. مەكتەپكە بارماق. مەكتەپتىن قالماق. مەكتەپ ئاچماق. مەكتەپ يېشىدىكى بالا. * ئادىلنىڭ مەكتەپكە كىرىش يېشى تولغان يىلى مەكتەپنىڭ ئۆزىدە ئوقۇش بولمىدى. * مەكتەپ قوينىدا كۆلدى ھاياتىڭ. بىلسەڭ ئىلىم-پەن تالماس قاناتىڭ.

**مەكتەپ بوسۇغىسىنى دەسسىمىگەن** ← **مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن.**

**مەكتەپ تەربىيىسى** < مائار > ھەر خىل، ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەخلاقىي، ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىكى تەلىم-تەربىيە خىزمىتى.

**مەكتەپتىن چېكىنىش** < مائار > ئوقۇغۇچىنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماسلىقى ياكى ئىنتىزامغا ئېغىر دەرىجىدە خىلاپلىق قىلىپ قويۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشى رەت قىلىنغانلىقى سەۋەبلىك ئوقۇش سالاھىيىتىدىن قالدۇرۇلۇشى.

**مەكتەپ مائارىپى** < مائار > ← **مەكتەپ تەربىيىسى.**

**مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن** ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز، نادان: — مەن مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بىر قارىغۇلۇق ئادەم، ئۆزۈڭلار بىرنېمە قىلىپ قويۇڭلار، — دېدى بوۋاي. * — مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، نېمە ئامالىمىز بار دەيسەن، — دېدى قىبرى خوتۇن.

**مەكتەپ يېشى** باللارنىڭ باشلانغۇچ

مەكتەپكە كىرىشكە توشقان يېشى: بالا مەكتەپ يېشىغا توشقاندا، دادىسى ئۇنى ۋېلىسىپىتنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ، مەكتەپكە ئېلىپ باراتتى.

**مەكتەپداش** ئى. ئوقۇغان مەكتىپى بىر، بىر مەكتەپتە ئوقۇغان كىشى: مەن ل. مۇتەللىپ بىلەن مەكتەپداش بولغىنىم ئۈچۈن ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدىن خېلى خەۋەردار ئىدىم.

**مەكتۇپ** ئى (ئە) ① بىرىكىمگە يېزىپ ئەۋەتىلىدىغان خەت، سالام خەت: مەكتۇپ يازماق. مەكتۇپ ئەۋەتمەك. * مەن يېقىندا دوستۇم خەمىت يازغان بىر مەكتۇپنى تاپشۇرۇپ ئالدىم. ئۇنىڭدا مۇنداق دېيىلگەن. * مەن ئەمدى تاقەت قىلىپ تۇرالماي، سىزگە مۇشۇ مەكتۇپنى يېزىۋاتىمەن، بەلكى مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ ئاخىرقى خۇشاللىقىم ئۈچۈن يېزىۋاتقاندۇرمەن. ② يازما مۇراجىئەت؛ مۇراجىئەتنامە: شۇنىڭ بىلەن خەلەپ پادىشاھى يەتتە ئىقلىم پادىشاھلىرىغا مەكتۇپ ئەۋەتىپتۇ. * مەكتۇپنى شاھ قولىغا ئېلىپتۇ، ئوقۇپ چىقىپ تۇرۇپلا قېلىپتۇ.

**مەكتۇپلاشماق** پ. ئۆزئارا بىر-بىرىگە مەكتۇپ يېزىپ ئەۋەتىشمەك. ئۆزئارا خەت ئالاقە قىلىشماق.

**مەكتۇپنامە** ئى (ئە+پ) يازما رەۋىشتە بايان قىلىنىدىغان بىرەر خەت، مەكتۇپ، ئىلتىماس، ئەرز قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: پادىشاھى ماروت قۇتلۇقشاھقا ئۆتكەن ئەھۋاللارنى تەپسىلىي بايان قىلىپ مەكتۇپنامە يېزىپتۇ ھەم ئەپۇ سوراپ ئۆزرە بايان قىلىپتۇ.

**مەكروھ** (ئە) ① سۈپ. يېقىمسىز، كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان؛ يامان: ــ بالام، قولۇڭنى يۇيۇپلا سىلكىمە، سىلكىسەڭ مەكروھ بولۇپ قالىدۇ، ــ دېدى ئانام ماڭا لۆڭگىنى ئۆزىتىپ تۇرۇپ. ② سۈپ. شەك چۈشۈپ قالغان، يېگىلى بولمايدۇ دەپ قارىلىدىغان، شەكلىك، ھارام: ــ ئاخشام ئېغىلغا كىرسەم، قارا پاخلان بىر ئوبدان تۇراتتى، ئەتىگەندە بىرئاز ئوت سېلىپ بېرەي دەپ كىرسەم مەكروھ بولۇپ قېلىپتۇ، ھەي ئىست، ــ دېدى بوۋام. * بىزدە قاغا، سېغىزخاننىڭ گۆشىنى مەكروھ دېيىدىغان ئادەت بار. ③ ئى < دىن > ئىسلام دىنىدىكى قىلمىسا ساۋابى بولىدىغان، قىلسا جازا بېرىلمەيدىغان ئىش ھەرىكەت.

**مەككار** سۈپ (ئە) ھىيلە-مىكىر بىلەن ئىش قىلىدىغان، ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىشكە ئۇستا؛ قۇۋ، ھەييار، ھىيلىگەر: مەككار ئادەم. مەككار دۈشمەن. * ئون سوققۇرنىڭ توققۇزى مەككار (ماقال). * شەھەردە ھىيلە-مىكىر بىلەن ئاتىقى چىققان بىر مەككار كەمپىر بار ئىكەن، شاھنىڭ كىشىلىرى ئىزلەپ يۈرۈپ شۇنى تېپىپتۇ. * ئارىمىزدا بىزنىڭ تېرىمىزگە كىرىۋالغان ناھايىتى مەككار بىر دۈشمەن بار. بۇ دۈشمەن شامەخسۇتنىڭ نەچچە يۈزلىگەن چېرىكلىرى قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ. // ــ بۇ مەككارنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن بىزنى خاتىرجەم قىلغىن، ــ دەپتۇ شاھ جاللاتنى قىچقىرىپ تۇرۇپ.

**مەككارلارچە** رەۋ. مەككارلارغا خاس، مەككارلارغا ئوخشاش، مەككارلىق بىلەن: دەپتۇ بىر كۈن ئاكىسى، مەككارلارچە ھېجىيىپ: «ئوقۇۋالاي جان ئۇكام، كىتابىڭنى تۇر بېرىپ»

**مەككارلىق** «مەككار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەككارلىق قىلماق. * بۇ شەھەردە مەككارلىقتا ئاتىقى چىققان بىر موماي بار ئىكەن. * ھېكىم نۇرنىڭ لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇنىڭ سەبداشلىرىغا مەككارلىق بىلەن يېقىنلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن خېلىدىن بۇيان

بۋاسىتە ۋۇ. شۇبىڭغا خەتەرلىك مەلۇماتلار يەتكۈزۈپ كېلىۋاتقان قارا نىيەت ئىككەنلىكىنى بىلمەيتتى.

**مەككارلىق قىلماق** ھىيلە-نەيرەڭ، مەككارلىق ئىشلەتمەك: پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ شۇنداق دەپتۇ: «ۋاي بىچارە، سەن مەككارلىق قىلىپ سەۋر قىلىش ياخشى دەيتتىڭ، ئەمدى پۈتۈنلۈك ساقايغىچە سەۋر قىلغىن»

**مەككەم** (توغرىسى: مەھكەم) ← **مەھكەم.**

**مەككىچامغۇر** ئى (مەككە+چامغۇر) دىئال. ياڭيۇ.

**مەكىتاش** ئى. ئالتۇننىڭ دەرىجىسىنى ئايرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاشقا ئوخشاش قارامتۇل مەدەن.

**مەگەر** باغل (پ) يېزت. ئەگەر: دان ئۈچۈن يەرمۇ مەگەر نەم بولمىسا، بىخ ئۇرۇپ پىشقايمۇ دان، پەم بولمىسا! * تۇرسا شېئىرىمدا مەگەر تۇپراق پۇراپ، ئالمىسام شېئىرىمغا سۆز ياتتىن سوراپ.

**مەگەرچەندە** باغل. يېزت. ئەگەرچەندە: — مەگەرچەندە ئۇنىڭ سىرى ئاشكارا بولۇپ قالسا، بۇ ئۇيۇنىشىدىغان ئىش ئەمەس، — دېدى ئۇ. * — ھېچقىسى يوق، — دېدى ئابدۇللا داموللا، — مەگەرچەندە، سىلى ئاشۇنداق باھا بەرگەن بولسىلا، مەن دېمەك ئىمتىھاندىن ئۆتتۈم.

**مەگەركى** باغل (پ) يېزت ← **مەگەركىم.**

**مەگەركىم** باغل (پ) يېزت «مەگەر» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى.

**مەڭ** ئى. خال: ئۆمەر ئاكا ئۇزاق زامانلاردا قېلىپ كەتكەن ياشلىقنى يادىغا ئېلىۋاتقاندەك، ئىككى قېشىنىڭ ئارىسىدىكى مەڭنى بېگىباشتىن تاتىلاپ تۇرۇپ ئەسلەشكە باشلىدى. * گۈلباھار بۇ مەڭگە قارىغانسېرى ئەجەبلىنەتتى.

**مەڭدەتمەك** «مەڭدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامالدەك كىرىپ كەلگەن سەبدەگۈل ئۇنى مەڭدىتىپ قويدى. * تۇيۇقسىز قوڭغۇراقتەك جاراڭلاپ كۆتۈرۈلگەن گۈلنىسانىڭ كۈلكىسى سائادەتنى مەڭدىتىپ قويدى.

**مەڭدەشمەك** I پ «مەڭدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ مەڭدىشىپ كەتتى.

**مەڭدەشمەك** II پ. مەڭلەشمەك: سارايىنىڭ تېمى بولسا بەل بېرىمىغىچە زەي، مەزمۇت تاختايلىرىمۇ نەمدىن مەڭدەشكەن، ئۆينىڭ ئىچىدىن گۇپۇلدەپ زەي پۇرىقى كېلەتتى. * كۆچەت تىكىش مەزگىلى كەلگەندە، يەر ئۇستىدىكى قىسمى پاخال، توپىلاردىن تازىلىنىپ ئېچىلىدۇ. بۇنداق قىلىنمىسا، كۆچەتلەر كۆكىرىپ مەڭدىشىدۇ.

**مەڭدىگەك** سۈپ. تولا مەڭدەيدىغان، مەڭدەشنى ئۆزىگە ئادەت قىلىۋالغان: مەڭدىگەك ئادەم.

**مەڭدىگەكلىك** ئى. مەڭدەش ئادىتى.

**مەڭدىمەك** پ ① نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالماق، ھاڭۋېقىپ قالماق؛ گاڭگىرىماق، ھودۇقماق، تەمتىرىمەك: ئانا بۇ تۇيۇقسىز خۇشاللىقتىن مەڭدەپ ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. ئۇ پۈتلىشىپ-مۈدۈرۈپ، يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئىلياسنى باغرىغا باستى. * — نېمىگە شۇنچە مەڭدەيسەن ھوي، — دېدى زىۋەرشا ھەيران بولۇپ، — نېمىنى مۇسادىرە قىلىدىكەن؟ * — مەن ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلمەن، — دېدى ئەكبەر كۈلۈپ، يالۋۇرغان، قورققان بولسام راستلا ئۇراتتى. كۆزىگە قاراپ، مەڭدىمەي تىك تۇرغۇنۇم ئۈچۈن ئۇرالمىدى! ② ھاڭ-تاڭ بولماق، تاڭ قالماق، ھەيران بولماق: ئايال يەنىلا مەڭدەپ

قالغاندەك ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. * غەزەپ بىلەن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن مۇشتلىرىنى تۈگۈپ ئالدىغا ئېتىلىپ ماڭغان مەردان جايىدا مەڭدەپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى.

**مەڭز (مەڭزى)** ئى. يۈزنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى كۆز بىلەن ياڭاقنىڭ ئارىلىقىدىكى قىسمى: چىرايى كۈلۈمسىرەپ تۇرغان، لېكىن، ئىككى مەڭزىدە ياش تامچىلىرى دومىلاپ چۈشۈۋاتقان ئانا مېھرىبانلىق بىلەن ئېڭىشىپ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيدى. * ئوق ئۇنىڭ سول مەڭزىدىن كىرىپ، بۇرنىنى تېشىپ چىقىپ كەتكەن ۋە نەپەس يولى قان ھەم خەپرۈك بىلەن توسۇلۇپ قالغانىكەن.

**مەڭز سۆڭىكى** < ئانات > كۆزنىڭ ئاستى، ئىككى قوۋۇزنىڭ ئۈستىدىكى تومپىيىپ چىقىپ تۇرغان سۆڭەك.

**مەڭزىگە قان يۈگۈرمەك ← يۈزىگە قان يۈگۈرمەك:** باللىرىنىڭ مەڭزىگە قان يۈگۈرۈشۈپتۇ، چوڭىيىپتۇ، ئېتىز-ئېرىق ئىشلىرىنى قولغا ئېلىپتۇ. * مۇدىرنىڭ كۆزىدە بىردىنلا خۇشاللىق نۇرلىرى چاقناپ، غەزەپتىن تاتىرىپ كەتكەن مەڭزىگە قان يۈگۈردى.

**مەڭستمەك** (توغرىسى: مەنستمەك) ← **مەنستمەك.**

**مەڭگەن** ئى (خەن) بۇغداينىڭ باشقىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىنكى قالغان غول قىسمى: ـــ سەن ئارزۇگۈل، بۈگۈن بىر قۇچاق مەڭگەن ئەكىرگىن، ـــ دېدى ئۇ قىزغا. * ئۇ خاماندا مەڭگەننىڭ ئۈستىدە تىنىق ئاسمانغا قاراپ سوزۇلۇپ يېتىپ، دېھقانلار ئېيتقان نۇرغۇن ناخشىلارنى تىڭشىدى.

**مەڭگۈ** رەۋ. ئەبەدىي، دائىمىي: مەڭگۈ ئەسلىمەك. مەڭگۈ ئۆچمەسلىك. * ـــ بىز مەڭگۈ بىللە ياشاپ، بىللە كۈرەش قىلىمىز، ـــ دېدى ئۇ. * زۇمرەت ئۆزىنى ئوڭشاپ: ـــ ئەھۋالىم ناھايىتى ياخشى دوختۇر، سىز ماڭا ئىككىنچى قېتىملىق ھايات بەردىڭىز، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، ـــ دېدى.

**مەڭگۈتاش** ئى (مەڭگۈ+تاش) < ئارخېئول > قەدىمكى شەھەر، مەھەللە، مۇنارلار، ۋە قەبرە، قەبرىگاھلارنىڭ يولىغا ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا تىكلەپ قويۇلغان، ئۈستىگە ئەستىلىك خەت-ئىبارىلەر ياكى سۈرەتلەر چېكىلگەن چوڭ خاتىرە تاشلار.

**مەڭگۈلۈك** سۈپ. ئەبەدىي، دائىملىق: ئۇ ئاپئاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ كۈلۈمسىرىدى، ئۆزىنى مۇقەددەس، بۇزۇلماس، مەڭگۈلۈك دەپ تونۇغان ھۆكۈمراننىڭ دەككە-دۈككىدە قالغانلىقىنى، ئاجىز، نادان دېيىلىپ كېلىۋاتقان پۇقرادىن قورققانلىقىنى ئەتىگەندىلا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. * كىشىلەر تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەڭگۈلۈك ھەرىكەت داۋامىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. * تاشۋاي ئۆزىنىڭ قەدىردان دوستى باراتنىڭ قۇچىقىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتتى.

**مەڭگۈلۈك دۋىگاتېل** < فىز > تېرمودىنامىكىنىڭ تۈپكى قانۇنلىرىغا خىلاپ بولغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان دۋىگاتېل.

**مەڭگۈلۈك گازلار** < فىز > كرىتىك تېمپېراتۇرىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان گازلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتمەك** تىنىقى توختىماق، ۋاپات بولماق، ئۆلمەك: مەن بارغان چېغىمدا بالام ئاللىقاچان قەبرىستانلىقنىڭ بىر چېتىدىكى كىچىككىنە يالغۇز قەبرىدە مەڭگۈلۈك ئۇيقۇغا كەتكەنىدى.

**مەڭگسەر** سۈپ. دىئال. ئۇنتۇغاق؛ ئالدى-كەينىگە يېنىپ ئىش ئاينىتالمايدىغان،

**مەگلەشمەك** پ. كۆكەرمەك، پاختىلاشماق: ئۇ بىرقانچە يەل-يېمىش ماگىزىنلىرىنى ئارىلىغان بولسىمۇ، چىلگە شاپتۇلنىڭ يارغاق قېقى، قورۇلۇپ كەتكەن يۇملاق چىلان، يامغۇردا قېلىپ مەگلىشىپ قالغان قاپاق جىگدىدىن بۆلەك نەرسە تاپالماي، بىر بېسىپ — ئىككى بېسىپ، ھېيتكاغا كېلىپ قالدى.

**مەگلىك** ① سۈپ. يۇزىدە مېگى بار: مەگلىك ئادەم. مەگلىك ئايال. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مەلە** (توغرىسى: مەھەللە) ← **مەھەللە**.

**مەلەق** سۈپ ① يۇمشاق، يۇمشاق ھەم پارچە-پارچە: مەلەق-مەلەق بولۇپ كەتمەك. ② كۆچمە. تاشقى دۇنيانىڭ تەسىرىنى سېزەلمىگۈدەك دەرىجىدىكى، ھوشسىز: — ساراڭ، قورقما، خوجايىنىڭ قېرى ئىتتەك مەلەق ئۇيقۇدا! — دېدى سەمەت ئۇنىڭغا يەل بېرىپ. * ئۇ ئىككى كېچە-كۈندۈز دېگەندە ئاران پاتقۇدەك تۆشۈكنى تېشىپ، سىرتقا چىقىپ قارىغۇدەك بولسا، ئەجدىھا مەلەق ئۇيقۇغا كەتكەنىكەن.

**مەلەق بولماق** ① يۇمشاپ، ئېزىلىپ كەتمەك؛ ئېزىلىپ پارچە-پارچە بولماق: ئۇ كۈنچىقىش تەرەپتىكى قوشقا باستۇرۇپ كىرمەكچى بولغاندا، لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئاستىدا مەلەق بولۇپ كەتتى. ② ھوشسىزلانماق، خۇدىنى بىلەلمىگۈدەك ھالغا چۈشمەك: ئۇ يېنىدىكى ياشراق كەلگەن ئۇيغۇر دوختۇرغا بالىنىڭ قىزىتمىسىنى ئۆلچەپ كۆرۈشنى تاپشۇرۇپ، ئۆزى مەلەق بولۇپ ياتقان بالىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ، سائىتىگە قارىدى.

**مەلەق-مەلەق** «مەلەق» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرى ئاستىدا مەلەق-مەلەق بولۇپ كەتتى.

**مەلەك** I ئى (ئە) پېرىزت. پەرىشتە: مۇرەببىي يوق، پاناھسىزلىق-غېرىبلىقتا ئەسىر باشىم، قولۇمدا يوق، شۇڭا يوقتۇر مېنىڭ قاشىمدا قولداشىم. نېسۈەم يا مەلەك يامغۇرىغا ئۆلپەت بولۇش بەلكى... كۆكەرمەسمۇ زېمىن ياكى كۆزۈمدىن ئاقمىسا ياشىم!

**مەلەك** II سۈپ. دىئال. دەخلى، ئاۋارە؛ مەشغۇل.

**مەلتۈك** سۈپ. دىئال. كەمتۈك.

**مەللە** ① سۈپ. توپا رەڭگە مايىلراق ئاچ سېرىق رەڭ، سارغۇچ: مەللە رەڭ. مەللە توخۇ. مەللە يىپەك. * قەرىخان چايخانىدىكى باللىرى ئۈچۈن پەرۋانە بولۇپ يۈرگەن مەللە مېكىيانغا قارىدى. ② ئى. بۆزنىڭ شۇ خىل رەڭدىكى بىر تۈرى: // مەللە چاپان. مەللە تون. مەللە بەلباغ.

**مەللە پاختا** توپا رەڭگە مايىل، سارغۇچ ئېچىلغان پاختا.

**مەللە چاپان** بۆزنىڭ مەللە رەڭ كېلىدىغان بىر تۈرىدىن تىكىلىدىغان چاپان: ئۇ ئۈستىگە ئازادە تىكىلگەن مەللە چاپان، پۇتىغا يېپىيىگى مەسە-كالاچ كىيگەن، قولىدا ھاسا تۇتقان، قاڭشارلىق كەلگەن 60—65 ياشلاردىكى سالاپەتلىك كىشى ئىدى.

**مەللە چەكمەن** ئاچ سېرىق، سارغۇچ چەكمەن: ئۇلار بېشىغا ئېگىز، ئۆرە كۆرپە تۇماق، ئۈستىگە مەللە چەكمەن چاپان، پۇتىغا ئېگىز پاشىنىلىق، تۇمشۇقى بىرئاز ئۈستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان زەڭگەر دولان ئۆتۈكلىرى كىيىشكەنىدى.

**مەللە رەڭ** ① < گ سەن > توپىغا ئوخشاش بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە: مەللە رەڭ چاپان. مەللە كۆڭلەك.

**مەلھەم** ئى (ئە) ① يارا، جاراھەتلەرگە

سۈرۈلىدىغان يۇمشاق، يېپىشقاق دورا: يارىغا مەلھەم چاپلىماق. يارىغا مەلھەم سۈرتمەك. ② كۆچمە. دەۋا ياكى دەرمان بولىدىغان ھەربىر نەرسە: ئۇنىڭ ئۇچۇپ بېرىپ گۈلچەمەن بىلەن كۆرۈشكۈسى، ئۇنى ھىدلىغۇسى، گوندىخانىدىن سالامەت قۇتۇلۇپ چىققانلىقى توغرىسىدا خەۋەر قىلىپ، ئۇنىڭ يۈرەك دەردىگە مەلھەم بولغۇسى كېلەتتى. * دەسلەپكى سۆزدىن ئازابلىق يۈرىكىم بىرەر مەلھەمگە ئىگە بولسا، ئارقىدىنلا يەنە نەشتەر ئۇرۇلۇپ، زەخىملىنەتتى.

**مەلھەم بولماق** دەۋا بولماق، شىپا بولماق: مۇزات چوققىلىرىدىن كېلىۋاتقان سالقىن شامال بوۋاينىڭ ئۇزۇن ساقاللىرىنى تاراپ، سۇنۇق كۆڭلىگە مەلھەم بولاتتى. * — مېنىڭچە، بىزنىڭ ناخشا-مۇزىكىلىرىمىز سىلىنىڭ يۈرەك دەردلىرىگە مەلھەم بولۇپ، كۆڭۈللىرىنى ئاچىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا تەسەللى بېرىپ.

**مەلۇم** سۈپ (ئە) ① ھەممە ياكى بەلگىلىك كىشىلەر بىلىدىغان؛ ئاشكارا، ئوچۇق: بۇ ئىش ئىدارىمىزدىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇم. * — شۇنداق بولسىمۇ، — دەپ ئويلىدى ئالماس، — بۇ ئىشنى ئېلىقۇلغا مەلۇم قىلىش كېرەك. ھېسامىدىن داموللا بىلەن مەتقۇۋانباينىڭ بىرەر مۇناسىۋىتى بارلىقى ئەزەلدىن مەلۇم ئەمەس ئىدى. * ئۆيتەڭلارچۇ يۇلتۇزلار، نېمانچە كۆپ سانىڭلار. ئىنسانلارغا تېخىچە مەلۇم ئەمەس قايسىڭلار؟ ② بەلگىلىك: مەلۇم مۇددەت. مەلۇم مەزگىل. مەلۇم شەخس. مەلۇم شارائىت. * ئۇلارنىڭ قانۇنلىرىمۇ ئۆزىگە خاس مەلۇم خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. * مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن يىراقتىن بىر ئادەم پەيدا بولدى. ③ مەشھۇر، نامى تارالغان، تونۇشلۇق: زامانەمىنىڭ زامانىسىدا، ھورۇنلارنىڭ ماكانىدا بىر ھورۇن بولغانىكەن. ئۇ خەلقئالەمگە مەلۇم ئىكەن. ④ بېشارەتلىك، ئالدىن بىلىنىلگەن، ئالدىن بېشارەت بېرىدىغان: يولۋاس ياتقىنىدىن مەلۇم (ماقال). * تېرىق قۇلىقىدىن مەلۇم، بالا كىچىكىدىن (ماقال). * «ھە، يىگىت، ئەمدى-زە، ئادەم بولغۇدەكسەن!» دېدىم ئىچىمدە «بەيگىگە يارايدىغان ئات تاي چېغىدىن مەلۇم». * — كۆرۈپ بولۇپسەن، — دېدى ئابابەكرى باغلانغان لوم تۆمۈرلەرنى دەس كۆتۈرۈپ مۈرىسىگە ئېلىپ تۇرۇپ، — ياغ ئالغان قاپاق تېشىدىن مەلۇم، چوڭ گەپ قىلما، بولمىسا، ساڭا مۇسابىقە ئېلان قىلىمەن. ⑤ < مات > ئالدىن بېرىلگەن، مەۋجۇت: مەلۇم سانلارنى نامەلۇم سانلاردىن ئاجرىتىش.

**مەلۇم بولماق** ① ئايان بولماق، ئېنىقلانماق، ئاشكارىلانماق، بىلىنمەك: ئۇنىڭ نېمىنى خالايدىغانلىقى، نېمىگە ئىنتىلىدىغانلىقى، نېمىگە يان باسىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. * سەن مېنى ئەخمەق دەيسەن. قايسىمىزنىڭ ئەخمەقلىقى ھازىر مەلۇم بولىدۇ. ② كۆچمە. مەشھۇر بولماق، نامى تارالماق، تونۇلماق: تاشۋاي بارا-بارا قەشقەر ۋە يېقىن-يىراق، يېزا-قىشلاقلاردىكى ئەل-يۇرتقا مەلۇم بولۇشقا باشلىدى.

**مەلۇم قىلماق** ① ئېيتماق، بايان ئەيلىمەك، دوكلات يەتكۈزمەك، دوكلات قىلماق، ئۇقتۇرماق: مەن بۇ ئەھۋاللارنى ئالىيلىرىغا تەپسىلىي مەلۇم قىلىمەن. * دوكلات قىلغۇچى كىشى ئالدىرىماي، رەقەملەرنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ مەلۇم قىلدى. * مەن قايتقاندىن كېيىن ئەھۋالنى دوختۇرخانا رەھبەرلىكىگە مەلۇم قىلىمەن. ② ئاشكارىلىماق: ئۇ، ساقچىلارنىڭ ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى بىخەتەرلىك تۆمۈرىنى يىپ ئۇچى قىلىپ

ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، مەن ئادەم سوققۇۋەتكەن ئوخشايمەن، دەپ ئۆزىنى مەلۇم قىلغىلى كەلتى.

**مەلۇمات** ئى (ئە) ① ئوقۇش-ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئىگىلىگەن بىلىم، ئىلمىي سەۋىيە: ئوتتۇرا مەكتەپ مەلۇماتى. * ئۇ ئالىي مەكتەپ مەلۇماتىغا ئىگە. * مەن ئوقۇغانسىرى، تولۇق ئوتتۇرا مەلۇماتىم بار، شۇمۇ يېتەر، دەپ ئۆگەنمەستىن بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتكەن ۋاقىتلىرىمغا شۇنچە ئېچىنىۋاتىمەن. ② بىرەر نەرسىگە دەلىل بولىدىغان خەۋەر، ئۇچۇر، ئاخبارات، ماتېرىيال: سەلىمە ئۆز ئەھۋالى ھەققىدە مەلۇمات بەردى. * مەن شىرمەھەممەتنىڭ رايوندا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلار توغرىسىدىكى مەلۇماتىنى ئاڭلاپ، غەزەپ بىلەن ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. * سادىق مسال قىلىپ تىلغا ئالغان سان-ساناقسىز پاكىتلار ۋە ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار يىغىن ئەھلىنى چوڭقۇر ھاياجانغا سالدى.

**مەلۇمات ئالماق** مەلۇماتقا ئىگە بولماق؛ مالۇماتقا ئېرىشمەك: — دۈشمەن تەرەپتىن يېڭى مەلۇمات ئالدۇق، — دېدى ئەنجانباي ئاتتىن چۈشمەيلا. — * گا سىلىڭ دېگىنىچۇ، ئاڭلساق ھازىر قايتىپ كېلىپتۇ دەيدۇ، شۇنداقمۇ؟ — مەخسۇتباي بۇ توغرىسىدا ئېنىق مەلۇمات ئالماقچى بولۇپ سورىدى.

**مەلۇمات بەرمەك** بىرەر مەلۇماتقا ئىگە قىلماق، مەلۇمات بىلەن تەمىنلىمەك: چېقىمچى باللاردىن بىرى موللامغا: «قۇرئاننى ئابدۇل ئوغرىلاپ ساتتى» دەپ مەلۇمات بەردى. * سەن ئۇلارنىڭ ھەربىر سۆز-ھەرىكەتلىرىگە قەدەر نازارەت قىلىشىڭ ۋە كەچتە ماڭا مەلۇمات بېرىشىڭ كېرەك.

**مەلۇمات جەدۋىلى** ئەھۋاللارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش يۈزىسىدىن تۈزۈلگەن جەدۋەل.

**مەلۇماتچى** ئى. مەلۇمات ئالغۇچى ياكى بەرگۈچى ئادەم: «ھالقا» نىڭ ئۈچ ئەزاسىدىن باشقا خانىش ئايدىڭ ۋە توغرۇلبەگلەر قاتناشتى. قىلىچ مەلۇماتچى سۈپىتىدە قاتناشتى. باش قوشۇش بۇغراخاننىڭ ئىشخانىسىدا بولدى.

**مەلۇماتسىز** سۈپ. مەلۇماتى يوق، مەلۇماتلىق ئەمەس، ئوقۇمىغان، بىلىمسىز: مەلۇماتسىز ئادەم. مەلۇماتسىز ئايال.

**مەلۇماتلىق** سۈپ. مەلۇماتى بار، مەلۇمات ئالغان، مەلۇماتقا، سەۋىيىگە ئىگە؛ ئوقۇغان؛ ئوقۇمۇشلۇق، بىلىملىك: مەلۇ-ماتلىق ئادەم. ئالىي مەلۇماتلىق ئايال. * بىزگە زور بىر تۈركۈم مەلۇماتلىق، ئىقتىدارلىق ئەۋلادلار كېرەك. * بۇ كىتابلارنى تىرىشىپ ئۆگەنگەن يۇقىرى مەلۇماتلىق كىشىلەرنىڭ يازغانلىقىنى بىلىپ، مەنمۇ تىرىشىپ يازغۇچى بولۇشنى ئارزۇ قىلدىم. ‖ ئۇ ئوقۇمىسامۇ، ھەرھالدا ئالىي مەلۇماتلىقلار قاتارىدا ھۆججەتلەرگە قول قويۇش مېنىڭ ۋەزىپەم دەپ قارايتتى.

**مەلۇمچى** ئى. تارىخ ① خان ئوردىسىدىن، خاننىڭ ھۇزۇرىغا كىرگۈچى كىشىنىڭ ئوردىغا كىرىش ئىلتىماسىنى خانغا مەلۇم قىلغۇچى ياكى خاننىڭ بىركىمنى ئۆز ھۇزۇرىغا كىرىشكە چاقىرغانلىق ئىجازىتىنى چاقىرىلغۇچى كىشىگە مەلۇم قىلىپ تۇرىدىغان ئادەم، ئەمەلدار: تەيجى ۋاڭنىڭ مەلۇمچىسىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ، ۋاڭ ھۇزۇرىغا كىرىش ئۈچۈن ئىجازەت ئېلىپ بېرىشنى بۇيرۇدى، مەلۇمچى چىقىپ كېتىپ، بىرھازادىن كېيىن قايتىپ كىردى — دە، ۋاڭنىڭ ئىجازەت بەرگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. * شۇ ئارىدا،

مەلۇمچى بەگ كىرىپ، ئامبالنىڭ كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ئەخمەتشا تۇگچىمۇ، ئامبالنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ قول باغلاپ تۇردى. ② خاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇرۇپ، خاننىڭ يارلىقى، ئەمر-پەرمانلىرىنى بىۋاسىتە ئاڭلاپ، ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلارغا يەتكۈزىدىغان، مەلۇم قىلىدىغان ئەمەلدار: خان بىرھازادىن كېيىن، ھوشىغا كەلگەندەك مەلۇمچىغا قارىدى: ــ ئۈچ بېگكە پەرمان بېرىلسۇن، ئالەمنى بېشىغا كىيگەن بۇ بەتبەختلەرنى قىرىپ تاشلىسۇن! * ۋاڭ خانلىقىنىڭ ھەر خىل يارلىق ۋە بۇيرۇقلىرى بولسا، ئالدى بىلەن ئۇنى مەلۇمچىلارغا دەيدىكەن. مەلۇمچىلار بولسا ۋاڭ خانلىقىنىڭ بۇ يارلىق-بۇيرۇقلىرىنى «ۋاڭ خاننىڭ يارلىقى ۋە بۇيرۇقى» دەپ ئېلان قىلىدىكەن.

**مەلۇمكى** باغل. ھەممىگە مەلۇم نەرسە (ئىش ئۇستىدە توختالغاندا قوللىنىلىدۇ ھەم «مەلۇم» سۆزىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ): ھەممىزگە مەلۇمكى، ھازىر ئىدارىمىزدا كۆپ پۇل بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئائىلىكلەر بىناسى سالالمايۋاتىدۇ.

**مەلۇملۇق** سۈپ. ئايان، مەلۇم، ئېنىق، چۈشىنىشلىك: ئۇنىڭ سىڭىنىش ئوتىدا ئازابلىنىۋاتقانلىقى ماڭا مەلۇملۇق ئىدى. * كېچە-كۈندۈز تىلەيمەن، يارىم بولسۇن سالامەت. مەلۇملۇقتۇر تەڭرىگە، ئالەمدىكى ئالامەت.

**مەلۇملىماق** پ. مەلۇم قىلماق، يەتكۈزمەك، ئۇقتۇرماق: قورال تۇتمىغان بولسىمۇ، ئوغرىلارنىڭ ياخشى گېپىنى قىلغان ياكى ئۇلارغا ياردەم بەرگەنلەرنى مەلۇم قىلغۇچىلارغا مەلۇملىغان ھەربىر كىشى ئۈچۈن 20 سەردىن تەڭگە بېرىلىدۇ، دېگەن گەپلەر بار ئىدى.

**مەلۇمنامە** ئى. تارس. مەلۇمات يېزىلغان مەكتۇپ: ھەركىم كۆرسەتكەن ئەجرە-تۆھپىلىرىنى بايان قىلىشتى، بۇ ھەقتە مەلۇمنامە يېزىپ، كۈنچىقىش بېگكە مەلۇم قىلدى.

**مەلئۇن** سۈپ (ئە) يېزت. لەنەت قىلىنغان، لەنىتى، ئۆلگۈر: قەلەم دۆلدۈلى يايلاقتا شىددەت بىلەن چېپىپ كېلىپ، مەلئۇن رەقىبگە غەزەپ ئوقياسىنى شۇنداق ئاتتى. * ئېسىمدە يوقسۇل ئەلگە بولۇشقىنىڭ، جېنىڭغا تالاي سىناق كەلگەندىمۇ. قەلەمدىن ئوت چاچرىتىپ، گاڭ چاقنىتىپ، كۈلگىنىڭ، مەلئۇن قاپاق تۈرگەندىمۇ. // ياشلار نۇرغۇن ئىزدەشلەردىن كېيىن، بۇ مەلئۇننى شۇ يەردىن تېپىپ چىققاندى. * خوتۇن يىغلاپ كەلگەن ئىكەن، سۇلتان قىلىچنى ئېلىپ مەلئۇننىڭ كۆكسىگە ئۇرۇپتۇ. * بىزنى تۇتماقچى بولغان مەلئۇنلار قېنى ئاۋۋال بۇ يەرگە كېلىپ باقسۇن، باغنى جەڭ مەيدانى قىلىپ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىمىز. قانلىق ئۇرۇش قىلىمىز!

**مەلئۇنلۇق** ئى. لەنەتلىك، نەپرەتلىك ئىش-ھەرىكەت: خەلققە شۇنچە مەلئۇنلۇق قىلغان نائەھلىنى يەنە ئادەم بولىدۇ دەپ قاراش ئۈچىغا چىققان ئەخمەقلىق بولماسمۇ؟

**مەلىسكىن** ئى (ر) بىر خىل نېپىز رەخت.

**مەلىكە** I ئى (ئە) ① كونا. ئايال پادىشاھ: مەلىكە بوۋايغا نۇرغۇن ئىنئام بېرىپتۇ. ② پادىشاھنىڭ ئايالى؛ خانىش: ــ ھەئە، مەلىكە ئامانىسا سۇلتان بىلەن بىللە، ــ دېدى ئۇ بوۋاينىڭ سوئالىغا جاۋابەن. * پادىشاھ ۋەزىرىنى مەلىكىنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئاپىرىدىغان لەشكەرلەرگە باش قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆز يۇرتىغا يولغا سېلىپتۇ. ③ پادىشاھنىڭ قىزى: مەلىكە توي قىلىپ ئىككى ئوغۇل تۇغۇپتۇ. * ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مەلىكىنىڭ ئىختىيارىغا قويۇشنى ئېيتىپتۇ. چۈنكى، گۆھەر مەلىكىنىڭ ئەقىللىق قىز

ئىكەنلىكىنى ھەممىسى تولۇق بىلىدىكەن. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مەلىكە II** (ئە) ① ئى. بىرەر كەسىپنى، ئىشنى ياخشى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش نەتىجىسىدە پەيدا بولغان ماھارەت. ② سۈپ. مەشغۇل؛ بەند: ئىككى دوست ھەر خىل ئويۇن-تاماشالارغا مەلىكە بولۇپ مېڭىۋېرىپ، شەھەرنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ قېلىپتۇ.

**مەلىكە بولماق** بىرەر كەسىپ، ئىش بىلەن مەشغۇل بولماق، شۇغۇللانماق: تولۇق بۇرغىسى بىلەن مەلىكە بولۇپ تۇرغان كىشىلەر چۆچۈپ قىزلارغا قارىدى. * ئۇ يەنە بالىخانا ئۆيىنىڭ بوش يەرلىرىگە ئالا قويماي تەشتەكلىرىنى تىزىپ، ھەر خىل گۈل ئۆستۈرۈش بىلەنمۇ مەلىكە بولاتتى.

**مەلىكە قىلماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە مەشغۇل قىلماق، بەند قىلماق، قىزىقتۇرماق: كېيىك پادىشاھنى مەلىكە قىلىپ ھېلىقى ئويناپ يۈرگەن ئىككى بالىنىڭ يېنىغا ئەگەشتۈرۈپ كېلىپتۇ-دە، ئۆزى بىر قىردىن ئېشىپ غايىب بولۇپتۇ. * ئاخىرى تاقەت قىلالماي ماشىنىدىن چۈشتۈم-دە، ئۇنى سۈرتۈپ ئۆز-ئۆزۈمنى مەلىكە قىلىشقا باشلىدىم.

**مەلىكىزادە** ئى (مەلىكە+زادە) يېزت. مەلىكە پەرزەنتى؛ ئايال پادىشاھنىڭ پەرزەنتى: ــ بۇ قىز قايسى شەھەرنىڭ مەلىكىزادىسىدۇ؟ ــ دەپتۇ.

**مەلىكىسىز** سۈپ. مەلىكە، ماھارەتكە ئىگە بولمىغان، ماھارەتسىز: مەلىكىسىز ئەمگەك.

**مەلىكىسىز ئەمگەك** <س ئىق> تەجرىبىسى ئاز، تېخنىكىغا خام كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەلىكىلىك** سۈپ. بىرەر ئىشتا ياكى كەسىپتە تازا پىشقان، ماھارەت يېتىلدۈرگەن؛ ماھارەتلىك: مەلىكىلىك ئىشچى. * بىز ھەر ساھە، ھەرقايسى كەسىپلەر بويىچە يۇز مىڭلىغان ئىلغار تېخنىكا ئىگىلىگەن مەلىكىلىك ئىشچىلار ۋە ئۇستىلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشىمىز لازىم.

**مەلىكىلىك ئەمگەك** <س ئىق> تېخنىكىغا پىششىق كىشىلەرنىڭ ئەمگىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەمە** ئى. بال س. ئەمچەك.

**مەمەدان** سۈپ (پ) باشقىلارغا گەپ بەرمەيدىغان، ھەممىنى مەن بىلىمەن دەيدىغان، تولا سۆزلەيدىغان؛ تەكەببۇر، مەنمەنچى: مەمەدان ئادەم. مەمەدان بالا. * ئۆزىنى «سىياسەتچى» ھېسابلايدىغان بۇ مەمەدان كاپىتان خۇددى قۇيرۇقىنى چايان چاققاندەك ئولتۇرالماي تېپىرلاشقا، كۆزلىرى تېخىمۇ چەكچىيىشكە باشلىدى. // موللازەيدىن ھەققىدىكى گەپ-سۆزلەر بەگ باللىرىنىڭ قۇلىقىغا كىرگەندە، بەگ باللىرىنىڭ نوچىسى ۋە مەمەدانى ھېسابلانغان ئېمىن بەگنىڭ زەردىسى قايناپ: ــ موللازەيدىن دېگەن قانداقراق بىرنېمىكەن؟ ــ دېدى.

**مەمەدانلارچە** رەۋ. مەمەدانلارغا خاس، مەمەدانلارغا ئوخشاش، مەمەدانلاردەك: ــ ئاشلىق قەرزىڭنى تۇتۇپ قالىمىز، ئالدى بىلەن قەرزدىن ئادا-جۇدا بولۇپ، ئاندىن چوڭ سۆزلە، ــ دېدى ئامبارچى مەمەدانلارچە قولىنى شىلتىپ.

**مەمەدانلىق** «مەمەدان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەمەدانلىق قىلماق. * ــ مەمەدانلىقنى قويۇپ، دەرھال پۇلنى تاپشۇرۇڭ! ــ دەپلا ئۇنىڭ ئالدىكى پۇلغا قول ئۇزاتتىم.

**مەمەدانلىق قىلماق** تولا گەپ ساتماق، سۆزمەنلىك، گەپچىلىك قىلماق: ــ سەن تولا مەمەدانلىق قىلما، ــ دېدى ئۇ ماڭا گەپ ياندۇرۇپ.

**مەمەك** ئى بال س. ئەمچەك.

**مەملىكەت** ئى (ئە) بىرەر دۆلەتنى تەشكىل قىلغان تېررىتورىيە: سوتسىيالىستىك مەملىكەت. كاپىتالىستىك مەملىكەت.

**مەملىكەتلىك** سۈپ. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدىكى، پۈتۈن مەملىكەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مەملىكەت دەرىجىلىك: مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى.

**مەملىكەتلىك رېكورت** < تەن > مەلۇم تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئەڭ ياخشى نەتىجىسى. ۋاقىت، مۇساپە، ئېغىرلىق قاتارلىق ئوبيېكتىپ ئۆلچەملەر بىلەن نەتىجىسنى بەلگىلىگىلى بولمايدىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە (مەسىلەن، گىمناستىكا، توپ تۈرلىرى، چېلىش قاتارلىقلاردا)، ۋاقىت بىلەن نەتىجە بەلگىلىگىلى بولىدىغان، ئەمما مۇھىتى ۋە شارائىتى مۇقىم بولمىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە (مەسىلەن، كېمە ھەيدەش، تاشيول ۋېلسىپىتى قاتارلىقلاردا) مەملىكەتلىك رېكورت بولمايدۇ.

**مەمەم** ئىم. دىئال. بىرەر ئىشقا، نەرسىگە ئەجەبلەنگەندە، ھەيران قالغان چاغدا ياكى بىرەر ئىش تۇيۇقسىز ھاياجانلانغاندا قوللىنىلىدىغان، «پاھ، پاھ» دېگەن مەنىدىكى سۆز.

**مەمنۇن** سۈپ (ئە) رازى، قانائەتلەنگەن؛ خۇرسەن، مىننەتدار: مەمنۇن بولماق. مەمنۇن قىلماق. * بۇ خادىم ئۆز ئىشلىرىدىن مەمنۇن ئىدى.

**مەمنۇن بولماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىدىن خۇشال بولماق، خۇشاللىق ھېس قىلماق؛ قانائەتلەنمەك، خۇرسەن بولماق، مىننەتدار بولماق: مەن دادامغا ئويلىغانلىرىمنى ئېيتتىم، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ، مەمنۇن بولۇپ كەتتى. * نۇردۇن ئاكا تۇيۇقسىز كەلگەن بۇ ئامەتتىن مەمنۇن بولغانلىقىدىن، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي قالغانىدى.

**مەمنۇن قىلماق** خۇش قىلماق، خۇشاللاندۇرماق، خۇرسەن قىلماق، قانائەتلەندۈرمەك: دۇكاندارنىڭ بۇ مېھرىبانلىق پارىڭى ئىككى يىگىتنى تولىمۇ مەمنۇن قىلغانىدى. * تۇرسۇننىڭ ئىشنى تېز، ئىدىلىق، ئادىل قىلىۋاتقانلىقى كۆپچىلىكنى بەكمۇ مەمنۇن قىلدى.

**مەمنۇنلۇق** ① «مەمنۇن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئوقۇغۇچىلار بۇ بىر سائەتلىك دەرستىن ئىنتايىن مەمنۇنلۇق ھېس قىلدى. * بوۋاي كۆزەينەكنى كۆزىگە تاقاپ ئۇ ياق-بۇ ياققا قارىدى، ئۇنىڭ چىرايىدا مەمنۇنلۇق ئالامىتى پەيدا بولدى. ② مەمنۇنىيەت: — رەھمەت، رەيھان،-دېدى سادىق مۇئەللىمگە مەمنۇنلۇق بىلەن قاراپ. * ئۇ مەمنۇنلۇق بىلەن بېشىنى لىڭشىتىپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

**مەمنۇنىيەت** ئى (ئە) خۇشاللانغان، خۇرسەن، مەمنۇن بولغان ھالەت؛ مەمنۇن بولۇش، مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك: لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ تەكلىپنى مەمنۇنىيەت بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئوپېرادىكى «زۆھرە جانىم» ناخشىسىنى بوم ئاۋاز بىلەن يېقىملىق قىلىپ ئورۇندىدى. * شۇنداق چاغلاردا روزاخۇن بىلەن ئايخان ئايلا مەمنۇنىيەت بىلەن خۇدادىن ئۇلارغا ئۇزۇن ئۆمۈر تىلەپ ئۇزاق دۇئا قىلىپ كېتىشەتتى.

**مەمنۇنىيەتلىك** «مەمنۇنىيەت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: زايىت ئۇسكۈنە جازىسىغا شاپىلاقلاپ قويۇپ ئادىلغا قارىدى. ئۇنىڭ قىسىلغان كۆزلىرىدىن مەمنۇنىيەتلىك ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. * — ياخشى كاللار ئىكەن، — دېدى ئۇ ئوغلىغا مەمنۇنىيەتلىك

بىلەن قاراپ قويۇپ، — بۇلارنىڭ سۈت ۋە گۆش ئۇنۇمدارلىقى يۇقىرى-دە، بالام.

**مه مۇر I** ئى (ئه) باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش هوقۇقىغا ئىگه بولغان مه نسه پدار، باشلىق: دۆلەت مه مۇرلىرى. هۆكۈمه ت مه مۇرلىرى. * شه هه ر ئاهالىسى قوزغىلىپ، شه هه ردىكى مانجۇ مه مۇرلىرىنى ۋە سودىگه رلىرىنى پۈتۈنلەي قىرىپ تاشلىغان.

**مه مۇر II** سۈپ (ئه) مول، ئاۋات، پاراۋان، باياشات؛ تۆكۈن؛ تولغان: يۇرتىمىز مه مۇر. زامانىمىز مه مۇر. * سۆزلەيدۇ ئه لگه، مول هوسۇل قىسسىسىنى، قويىنى مه مۇر داستىخاندەك، باي، گۈزەل يېزامدىمه ن.

**مه مۇرچىلىق** ئى. بىرەر نه رسه مول، كۆپ، تۆكمه بولغان هالەت؛ مولچىلىق، توقچىلىق، باياشاتلىق: يانتاقچى بوۋاي پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن يۇرت مه مۇرچىلىققا چۆمۈپتۇ. * تەييارلىق پۇختا بولغانلىقى ئۈچۈن داستىخان مه مۇرچىلىقنى نامايان قىلىپ تۇراتتى. * مول هوسۇل تەنتەنىسى ئالدىمدا شۇ دەم ئاچتى يۈز، يۇرت ئارا مه مۇرچىلىق داستىخانىنى يايغان بۇ كۈز.

**مه مۇرىي** سۈپ (ئه) ① مه مۇرىيەتكه دائىر، باشقۇرۇش ۋە ئىجرا قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان: مه مۇرىي بۆلۈم. مه مۇرىي خىزمه ت. مه مۇرىي هوقۇق. مه مۇرىي تارماق. مه مۇرىي كادىر. * چۈنكى، ئۇ دوختۇرخانىنىڭ مه مۇرىي ئىشلىرىغا مه سئۇل ئىدى. ② مه مۇرىيەت يولى بىلەن ئه مه لگه ئاشۇرۇلىدىغان، ئىجرا قىلىنىدىغان: مه مۇ-رىي چاره. مه مۇرىي جازا.

**مه مۇرىي بۇيرۇق** هۆكۈمه ت ئېلان قىلغان بۇرلۇك ئه مر-په رمانلار.

**مه مۇرىي جازا** ئىنتىزام جازاسىنىڭ بىر خىلى، يه نى دۆلەت ئورگانلىرى، كارخانا ۋە كه سىپىي ئورۇنلاردىكى قانۇنغا خىلاپ هالدا مه سئۇلىيه تسىزلىك قىلغان، ئه مما قىلمىشى جىنايه تنى شه كىللەندۈرمىگه ن ئىشچى-خىزمه تچىلەرگه بېرىلىدىغان جازا.

**مه مۇرىي جه هه تتىن توختىتىپ قويۇش** <قا> ئامانلىقنى باشقۇرۇشقا خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان بىر خىل جازا. «جۇڭخۇا خه لق جۇمهۇرىيىتى ئامانلىقنى باشقۇرۇش-جازالاش نىزامى» دا بۇ خىل خاراكتېردىكى توختىتىپ قويۇشنىڭ مۇددىتى «يېرىم كۈندىن يۇقىرى، 10 كۈندىن تۆۋەن بولىدۇ؛ ئېغىرلىتىپ جازالىغاندا 15 كۈندىن ئېشىپ كه تمه يدۇ. بۇنى جامائه ت خه ۋپسىزلىك ئورگانلىرى كېسىم بىلەن ئىجرا قىلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگه ن.

**مه مۇرىي چاره** → **مه مۇرىي جازا**.

**مه مۇرىي خادىم** ئورگان، كارخانا، ته شكىلات قاتارلىق ئورۇنلاردىكى مه مۇرىي خىزمه ت بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىم.

**مه مۇرىي خىزمه ت** ئورگان، كارخانا؛ ته شكىلات قاتارلىقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇش ئىشلىرى.

**مه مۇرىي رايون** <قا> دۆلەت دەرىجىگه بۆلۈپ باشقۇرۇش ئۈچۈن ئايرىغان جايلار، بۇ جايلارنىڭ هه ممىسىده ماس هالدا دۆلەت ئورگانلىرى ته سىس قىلىنغان بولىدۇ.

**مه مۇرىي قانۇن** <قا> دۆلەت مه مۇرىي ئورگانلىرىنىڭ هه رىكه ت پرىنسىپى ۋە تۈزۈمى قاتارلىقلار ههققىدىكى قانۇن-نىزاملارنىڭ ئورتاق نامى.

**مەمۇرىي كەنت** بىر ياكى بىرقانچە تەبىئىي كەنتتىن تەشكىل تاپقان، يېزىدىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىك.

**مەمۇرىي مەھكىمە** < تارىخ > ① دۆلىتىمىزنىڭ ئازادلىقتىن بۇرۇنقى ئىنقىلابىي بازىلىرى ۋە ئازادلىقنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىكى بەزى رايونلاردا تەسىس قىلىنغان يەرلىك ھاكىمىيەت ئورگىنى. ② دۆلىتىمىزنىڭ بەزى ئۆلكە ياكى ئاپتونوم رايونلىرىدا تەسىس قىلىنغان ۋاكالەتلىك ئورگىنى.

**مەمۇرىي ھوقۇق** < قا > كاپىتالىستىك دۆلەتلەردە «ئۈچ ھوقۇق ئايرىم بولۇش» تۈزۈمىدىكى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلارنىڭ قانۇنىدا مەمۇرىي ھوقۇقنى ھۆكۈمەت يۈرگۈزىدۇ. ئۇ قانۇن چىقىرىش ھوقۇقى ۋە ئەدلىيە ھوقۇقىدىن ئايرىم بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

**مەمۇرىي ئورگان** دۆلەتنىڭ مەمۇرىي خىزمىتىنى ئىجرا قىلىدىغان ئورگانلار.

**مەمۇرىي ئىشلار** ← **مەمۇرىي خىزمەت.**

**مەمۇرىيەت** ئى (ئە) مەمۇرىي ئىش، مەمۇرىي خىزمەت: ئۇ كېتىۋېتىپ بۇندىن بىر ھەپتە بۇرۇن مەكتەپ مەمۇرىيىتى يىغىنىدا بولۇپ ئۆتكەن ئاخىرقى تالاش-تارتىشلارنى ئەسلەشكە باشلىدى. * بولۇپمۇ مەن ئۇنىڭ ھەمىشە «ئىنقىلاب»، «سىياسىي» دەپ مەمۇرىيەتكە ئارىلىشىۋېلىشىدىن قاتتىق بىزار ئىدىم.

**مەن** ئال. كىشىلىك ئالماش I شەخس ئاددىي تۈرىنىڭ بىرلىكى (يەنى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى): سەن ئۆل، مەن تىرىلەي (ماقال). * — مەن سىلەرگە سېتىلىپ كەتكەن قۇل ئەمەس، — دېدى غۇنچەم شەرۋانىغا. * — سىز كىرگەچ تۇرۇڭ ئەخمەت ئاكا، — دېدى پاتىگۈل ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن خىجىل بولغاندەك كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ، — مەن چاي ئېلىپ كېلىۋالاي.

**مەنە** ئى (ئە) ① < تىل > سۆز ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن چۈشەنچە؛ ئۇقۇم: سۆزنىڭ ئۇدۇل مەنىسى. سۆزنىڭ كۆچمە مەنىسى. مەنە ئىپادىلىگۈچى يېزىق. ② ئىش-ھەرىكەت، جۈملە، خەت، گەپ، ئەسەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەزمۇنى: گەپنىڭ مەنىسى. خەتنىڭ مەنىسى. چوڭقۇر مەنە. * — توڭلاۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى ئەنۋەر ئۇنىڭ يۈزىگە ئېگىشىپ. مەستۇرە كۈلۈپ قويۇپ، «ھە ئە» دېگەن مەنىدە بېشىنى ئىرغىتىپ قويدى. * ئۇ قادىرنى گەپ-سۆز قىلمايلا قۇچاقلىۋالدى. ئىشكتىن ئەمدىلا كىرگەن قادىر دوستى ئادىلنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن سەل ئەجەبلەندى ۋە سىرلىق بىر مەنە سەزدى. ③ كۆچمە. قىممەت، ئەھمىيەت؛ ماھىيەت: ئادىل ئەقىللىق، ئىشچان، تەدبىرلىك يىگىت بولۇپ، مۇشۇ ئائىلىدە ئىز بېسىپ قېپقالغان كەنجى ئوغۇل، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاتا كەسپىگە چىن مەنىسى بىلەن ۋارىسلىق قىلغان ئاجايىپ ياخشى ئورمانچى ئىدى. * تۇغۇلدۇڭ، چوڭ بولدۇڭ، ياشىدىڭ ئۇزاق، ئۆتتى ھەم بېشىڭدىن كۆپ ئىسسىق-سوغۇق. بىلدىڭمۇ ھاياتنىڭ مەنىسى نېمە؟ قويۇپ باق ئۆزۈڭگە شۇنداق بىر سوراق!

**مەنە بەرمەك** تەبىر بەرمەك، چۈشەنچە بەرمەك: — توغرا، ئۆمرى مەنىسىز ئۆتكەن كىشىنىڭ سۆزىگە مەنە بەرمەك تەس. ئاۋۋال ئېيتقا، ئېچىلمايدىغان غۇنچە بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ سوئال تەلەپپۇزىدا. * ئەپەندىم بېشىنى تارتىپ قويۇپتىكەن، پادىشاھ جىم بولۇپتۇ. ئەپەندىم دەرھال

پادىشاھنىڭ گېپىگە مەنە بېرىپتۇ.

**مەنە چىقماق** مەنە ئىپادىلەنمەك: ئۇنىڭ بۇ ھالىتىدىن گويا «ھەي، ياشلىق دېگەن باشقا گەپ جۇمۇ» دېگەندەك مەنە چىقاتتى.

**مەنىسگە يەتمەك** مەنىسىنى چۈشەنمەك: قىزنىڭ نۇر چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىدە غەلىتە بىر روھىي ھالەتنى سەزگەن مېھمان كۆزىنى شەيخىمگە تىكىپتۇ. قاراشنىڭ مەنىسگە يەتكەن ھوشيار شەيخ دەرھال مۇنداق دەپتۇ.

**مەنەن** سۈپ (ئە) مەنىسى ئاساس قىلىنغان، مەنىسى بويىچە: مەنەن تەرجىمە. مەنەن سىزىش.

**مەنەن تەرجىمە** < تىل > مەلۇم بىر خىل ماتېرىيالنى باشقا بىر تىلغا تەرجىمە قىلغاندا، ئۆزئارا تەڭداش بولغان سۆز ۋە گراماتىكىلىق ۋاستىلەرنى قوللىنىشقا ئىمكانىيەت بولمىغاندا، ئەسلىي تىلدىكى ئوي-پىكرنى تەرجىمە تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس گراماتىكىلىق شەكىللىرى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىن تولۇق، توغرا ئىپادىلەش ياكى ئىزاھلاش يولى بىلەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**مەنەن سىزىش** < گ سەن > رەسىم سىزىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا شەيئىلەرنىڭ ئوبرازى ئەسلىدىكى مەزمۇن تەلىپى ياكى ئىپادىلىمەكچى بولغان ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئاساسىدا سىزىپ چىقىلىدۇ.

**مەنبە** ئى (ئە) ① بىرەر نەرسە ئېلىنىدىغان، چىقىدىغان، باشلىنىدىغان ياكى ئىشلەپچىقىرىلىدىغان، جاي، قۇرۇلما ۋە شۇ قاتارلىقلار: خام ئەشيا مەنبەسى. سۇ مەنبەسى. گاز مەنبەسى، ئېلېكتر مەنبەسى. * كۆلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قۇمۇش مەنبەسى بولمىغان بۇ كارخانا ئاخىرى پۈتۈنلەي ئىشتىن توختىدى. * 4-دۇينىڭ يەرلىرى قاتتىق، قۇم مەنبەسى يىراق بولغاچقا، خېلى كۆپ قىسىم يەرلىرىگە قۇم قۇيۇلمىغانىدى. ② بىرەر نەرسە، ئىش-ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بارلىققا كېلىشى، ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئاساس بولغان ئامىل، سەۋەب، نەرسە قاتارلىقلار: دارامەت مەنبەسى. ئىجاد مەنبەسى. ئىلھام مەنبەسى. * بىزدىكى ئىسراپچىلىقلارنىڭ مەنبەسى ئەنە شۇنداق ئەھمىيەت بەرمىگەن، كۆزگە كۆرۈنمىگەن كىچىك ئىشلاردۇر. * خالايمەن ھەقىقىي كۈلۈشنى، كۈلكەمنىڭ مەنبەسى خۇشاللىق. مەسخىرە كۈلگەنىنىڭ چېھرىنى، كۆرىمەن جۇدۇن ۋە تۇمانلىق. ③ مەلۇمات، خەۋەر قاتارلىقلار ئېلىنغان جاي ياكى ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرى ئۈچۈن ئاساس بولغان ئەسەر، ھۆججەت ۋە شۇ قاتارلىقلار: قەدىمكى تۈرك يېزىقىغا ئائىت تارىخىي مەنبەلەردىمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇن بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.

**مەنبەچىلىك** ئى < پەلس > مەۋجۇداتلارنىڭ كېلىپ چىقىش، پەيدا بولۇش مەنبەسىنى، جەريانىنى ئاساسىي چىقىش قىلىدىغان نەزەرىيىۋى ئېقىم، كۆز قاراش؛ جانلىقلارنىڭ يارىلىش مەنبەسىنى ئاساس چىقىش نۇقتا قىلىشتىن ئىبارەت نەزەرىيىۋى ئېقىم: بۇ نەقىل فېيېرباخنىڭ «بەدەن ۋە جان، تەن ۋە روھ توغرىسىدىكى ئىككى مەنبەچىلىككە رەددىيە» دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىنغان.

**مەنبەداش** سۈپ. بىر مەنبەدىن كېلىپ چىققان، مەنبەسى بىر: مەنبەداش سۆزلەر.

**مەنبەداش سۆزلەر** < تىل > بىر تىلدىكى مەنە جەھەتتىن ياكى فونېتىكىلىق

قۇرۇلما جه هه تتىن باغلىنىشلىق بولغان سۆزله ر. مه سىله ن، ئۇيغۇر تىلىدا «ئىشچى، ئىشچىلىق، ئىشخانا، ئىشۋاز، ئىشۋازلىق» قاتارلىق سۆزله ر «ئىش» سۆزى ئاساسىدا ياسالغان. شۇڭا بۇلار مه نبه داش سۆزله ر بولىدۇ.

**مه نبه شۇناس** ئى (ئه+پ) مه نبه شۇناسلىق بىله ن شۇغۇللىنىدىغان ۋه شۇ هه قته مه لۇم ته تقىقات نه تىجىلىرى بولغان ئادەم.

**مه نبه شۇناسلىق** ئى. تىل-ئه ده بىيات په نلىرىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ يازما يادىكارلىق، تارىخىي، ئه دەبىي ئه سه رله ر، خارابىلاردىن قېزىۋېلىنغان هۆججه ت قاتارلىقلارنىڭ ئه سلىي تېكىستىنى به لگىله ش ياكى ئه سلىي نۇسخىغا ئه ڭ يېقىن كېلىدىغان تېكىستىنى ته ييارلاش ۋه ته تقىق قىلىش قاتارلىق مه زمۇنلارنى ئۆز ئىچىگه ئالىدۇ. ئۇ يه نه «تېكىستولوگىيه» ده پمۇ ئاتىلىدۇ.

**مه نبه لىك** سۈپ. مه نبه سى بار، مه نبه گه ئىگه: مه نبه لىك ته بىر.

**مه نبه لىك ته بىر** < لوگ > ئېنىقلانغۇچىنىڭ كېلىپ چىقىش، په يدا بولۇش، هاسىل بولۇش جه هه تتىكى به لگىسىنى كۆرسىتىش ئارقىلىق بېرىلگه ن ته بىر.

**مه نپه ئه ت** ئى (ئه) ماددىي ياكى مه نىۋى، جىسمانىي ياكى روھىي پايدا، نه پ: مه نپه ئه ت به رمه ك. مه نپه ئه ت يه تكۈزمه ك. مه نپه ئه ت ئالماق. * بۇ ئىشنىڭ سىلى بىله ن بىزگه مه نپه ئىتى يوق. * ۋه ته ن، خه لق، مىلله ت مه نپه ئىتى ئالدىدا مېنىڭ شه خسىي مه نپه ئىتىم هېچنه رسىگه ئه رزىمه يدۇ.

**مه نپه ئه ت ئالماق** مه نپه ئه تكه ئېرىشمه ك، مه نپه ئه تله نمه ك: شۇنداق قىلىپ مه تقاسىم، ئالدى مه نپه ئه ت بۇ ئىشتىن. ئايرىلىسمۇ سىنىپتىن، ئايرىلمىدى ئوقۇشتىن.

**مه نپه ئه ت به رمه ك** پايدا، نه پ يه تكۈزمه ك، مه نپه ئه تله ندۈرمه ك.

**مه نپه ئه ت قىلماق** مه نپه ئىتى كۆرۈلمه ك، ئۈنۈمى بولماق، پايدا قىلماق: دورا بوتۇلكىلىرىنى ئاختۇرۇپ ئىككى تال ئاسپىرىنمۇ ئىچىپ باقتىم، بىراق هېچ مه نپه ئه ت قىلاي دېمه يدۇ. * بۇ دورا مېنىڭ ئاشقازىنىمغا ئوبدانلا مه نپه ئه ت قىلدى.

**مه نپه ئه ت يه تكۈزمه ك** مه نپه ئه تكه ئىگه قىلماق، مه نپه ئه ت به رمه ك، مه نئه تله ندۈرمه ك: ئۇ زىۋىس هۆزۈرىدىن ئوت ئوغرىلاپ بېرىش ئارقىلىق ئىنسانلارغا ئاز-تولا مه نپه ئه ت يه تكۈزگه نلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى به ختلىك هېس قىلاتتى.

**مه نپه ئه تپه ره س** سۈپ (ئه+پ) شه خسىي مه نپه ئه تنىلا كۆزله يدىغان، ئۆز مه نپه ئه تنىلا ئويلايدىغان ۋه كۆزده تۇتىدىغان: مه نپه ئه تپه رەس ئادەم. * به زى نه زىرى تار شه خسىي مه نپه ئه تپه رەس كىشله ر ئالتاغىل تۇۋلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ قه بىھ ئارزۇ-هه ۋەسلىرىنى سه ن ئارقىلىق قاندۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، سېنىڭ پاك هۆسنۈڭگه داغ ته گكۈزدى. // مه ن ئۇ مه نپه ئه تپه ره سله رگه خۇددى باللارچه ئالدانىدىم.

**مه نپه ئه تپه ره سلىك** «مه نپه ئه تپه ره س» سۆزىنىڭ ئىسىم شه كلى: بۇ يه رده شه خسىي مه نپه ئه تپه ره سلىكتىن گه پ ئېچىش راستلا كالللا دېسه، پاقالچاق دېگه نلىك بولىدۇ، چۈنكى ئۇ زادىلا بىلىش نه زەرىيىسىدىكى كاتېگورىيه ئه مه س. * ئۇنىڭ بۇ خىل روهى سه نئه تنى ئىجتىمائىي مه نپه ئه تپه ره سلىكنىڭ قورالىغا ئايلاندۇرۇۋالغان كىشله رگه ئه ڭ ئاچچىق مه سخىره ئه مه سمۇ؟

**مه نپه ئه تچىل** سۈپ. مه نپه ئه تنى هه ممدىن ئه لا بىلىدىغان، شه خسي مه نپه ئه تنىلا كۆزله يدىغان، پايدا-مه نپه ئه تكه بېرىلگه ن، مه نپه ئه تپه رەس: مه نپه ئه تچىل ئادەم.

**مه نپه ئه تچىلىك** ئى < پەلس > ئه مه لىي ئۇنۇم ياكى مه نپه ئه تنى هه رىكه ت مىزانى قىلىشنى ته شه ببۇس قىلىدىغان ئېتىكىلىق نۇقتىئىنه زەر. تۇرلۇك سىنىپلارنىڭ تۇرلۇك مه نپه ئه تچىلىكى بولىدۇ.

**مه نپه ئه تدار** سۈپ (ئه+پ) بىرەر ئىشتا مه نپه ئه تكه ئىگه بولغان، شۇ ئىشتا مه نپه ئىتى بار: ئۇلار بۇنىڭدىن مه نپه ئه تدار ئه مه س. * بىز بۇ مه سىلىنى خېلى نۇرغۇن مه نپه ئه تدار كىشىله ر بىله ن مۇهاكىمه قىلىپ چىقتۇق. // گۆرۈكه شله ر جه نۇبىي يۆنىلىش قوشۇنىنىڭ غه لىبىسىگه ئۆزلىرىنى مه نپه ئه تدار هېسابلىمايتتى.

**مه نپه ئه تدار بولماق** مه نپه ئه تكه ئېرىشكه لەك، مه نپه ئه تكه ئىگه بولماق، مه نپه ئه تله نمه لەك، پايدا-نه پ ئالماق: شۇ باهانه بىله ن ئه لىك ياخشى ئادەمله رنى ۋه بىزنىڭ ئىشىمىزدىن مه نپه ئه تدار بولغان بايلارنى يىغىمىز. * مېنىڭ قارىشىمچه ئالىم سوتسىيالىستىك جه مئىيىتىمىزدىن ئىنتايىن مه نپه ئه تدار بولغان، ياش ئه ۋلادلىرىمىزنى تەربىيىله ش يولىدا ئۆزىنى قۇربان قىلىشقا تەييار تۇرغان بىر ئادەم.

**مه نپه ئه تدار قىلماق** مه نپه ئه تكه ئېرىشتۇرمه لەك، مه نپه ئه تكه ئىگه قىلماق، مه نپه ئه تله ندۈرمه لەك، پايدا به رمه لەك، نه پ به رمه لەك: بىز بۇ بايلىقتىن ئۇلارنىمۇ مه نپه ئه تدار قىلدۇق.

**مه نپه ئه تدارلىق** «مه نپه ئه تدار» سۆزىنىڭ ئىسىم شه كلى: سىرتتىن كىرگۈزۈلگه نلىرى ئاساسىي جه هه تتىن يۇرۇشله شكه ن ئۈسكۈنىله ر بولۇپ، سىڭتۈۋېلىنغان ياساش تېخنىكىسى ۋه تېخنىكا مه نپه ئه تدارلىق هوقۇقى ئاز بولدى، ئۈسكۈنىله ردىن ئۆزىمىزده هه ل قىلىنغانلىرى ئاز بولۇپ قالدى.

**مه نپه ئه تسىز** سۈپ. مه نپه ئىتى يوق؛ مه نپه ئه ت به رمه يدىغان، مه نپه ئه ت قىلمايدىغان: مه نپه ئه تسىز ئىش.

**مه نپه ئه تلىك** سۈپ. مه نپه ئىتى بار، مه نپه ئه ت قىلىدىغان، پايدىلىق: شۇنىڭ بىله ن يۇرتقا، خه لققه مه نپه ئه تلىك ياخشى ئىشلىرىمىز بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، گۈللىرىمىز توزۇيدۇ. * - دەرۋەقه سىز ئېيتقاندەك، مه ن ئۇچراشقان بىرقانچه بايلاردىن بىرەر مه نپه ئه تلىك پىكىر ئالالمىدىم، - دېدى شائىر ته سىرله نگه ن ئاهاڭدا.

**مه نپه ر** ئى (خه ن) خېمىرى يېيىسى قىلىنىپ، سۇغا ئۈزۈپ تاشلاپ پىشۇرۇلغان چۆپ: مه نپه ر سومه ن.

**مه نپه ر سومه ن** خېمىرى يېيىسى قىلىنىپ، سۇغا ئۈزۈپ تاشلاپ پىشۇرۇلىدىغان، چۆپنى ته ييارلانغان سه ي بىله ن بىلله قورۇپ ئېتىلىدىغان تاماق.

**مه نپه سى** ئى. ئۇستى ئورالمىغان كه مپۈت.

**مه نپۇ** ← **مه نپۇ دوپپا**.

**مه نپۇ دوپپا** دوپپىنىڭ بىر خىلى. دۇخاۋىدىن تىكىلىپ، يېپه ك يىپتا ئاددىيراق گۈل ئىشلىنىدۇ. ئادەتته ئاياللار كىيىدۇ.

**مه نپىز** ئى. لىمون ئارىلاشتۇرۇپ قايناتقان شېكه ر قىيامىدىن ياسالغان بىر خىل پاتاسا.

**مه نپىي** سۈپ (ئه) ① < مات > نۆلدىن كىچىك: مه نپىي سان. ② < فىز > زەررىچىلىرى ئېلېكتردىن ئىبارەت بولغان ياكى ئېلېكترگه ئىگه بولغان: مه نپىي زەرەت. مه نپىي قۇتۇپ.

③ ئىنكار قىلىنغان، رەت قىلىنغان: مەنپي ئىبادەت.

**مەنپي پۈتۈن سان** < مات > تەبىئىي ساننىڭ ئالدىغا مىنۇس ئالامىتى « – » نى قويۇشتىن ھاسىل بولغان سان. مەسىلەن، 1-، 2-، 3-لەرنىڭ ھەممىسى مەنپي پۈتۈن سانلاردۇر.

**مەنپي تېمپېراتۇرا** < فىز > سىستېمىنىڭ ئېنتروپىيىسى ئىچكى ئېنېرگىيىنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ كېمەيگەن چاغدا سىستېما ئىگە بولىدىغان تېمپېراتۇرا.

**مەنپي زەرەت** < فىز > جىسىم ئارتۇق ئېلېكترونغا ئېرىشكەن چاغدا زەرەتلىنىش ھادىسىسىنى ئىپادىلەيدۇ، بۇ خىل خاراكتېرلىك زەرەت مەنپي زەرەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تىۋىتلىق رەخت ياكى مۇشۇك تېرىسىگە سۈركەلگەن سۈرغۇچ تاياقچىدىكى زەرەت مەنپي زەرەتتۇر.

**مەنپي سان** < مات > نۆلدىن كىچىك بولغان سان. ئادەتتە ئۇ مۇسبەت ساننىڭ ئالدىغا مىنۇس ئالامىتىنى قويۇش ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، 3-، 5-قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مەنپي قۇتۇپ** < فىز > ← **كاتود.**

**مەنپي كرىستال** < فىز > نورمال نۇردىكى سۇندۇرۇش كۆرسەتكۈچ غەيرىي نورمال نۇردىكى سۇندۇرۇش كۆرسەتكۈچىدىن چوڭ بولىدىغان يەككە ئوقلۇق كرىستال. مەسىلەن، كالتسىت قاتارلىقلار.

**مەنپي ئېلېكتر** < فىز > ← **مەنپي زەرەت.**

**مەنپي ئىبادەت** < دىن > تۇتېمىزمدا ئىبادەت ۋە مۇراسىملار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، بۇنىڭ بىرىنچىسى مەنپي ئىبادەتتۇر. بۇ – ياساقلار (مەنئى قىلىنغانلار) غا رىئايە قىلىشتىن ئىبارەت، دىنغا قوبۇل قىلىنغان كىشى نۇرغۇن ياساقلارنى ئۆزئىچىگە ئالغان بىرمۇنچە ئىبادەتلەرنى قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ ياشايدۇ ۋە دىنغا كىرمىگەنلەر بىلەن سۆزلەشمەيدۇ، ئۇلار رەھبىرى بولغان مويسىپىت بىلەن بىللە ئورمانغا كىرىپ، ھەر تۈرلۈك ياساقلارغا مۇۋاپىق بىر تۈتاش سىناقلاردىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن دىنغا قوبۇل قىلىنىدۇ.

**مەنپىيلىك** ① « مەنپي » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەنپىيلىك مۇناسىۋىتى. ② ئاياللارغا خاس خۇسۇسىيەت، ئاياللىق خۇسۇسىيەت: مەنپىيلىكنى كۈچەيتكۈچى دورىلار.

**مەنتاڭ** ئى (خەن) جانت. لەگمەن چۆپىنىڭ سۈيى، ئاش سۈيى.

**مەنتىق** ئى (ئە) ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەر تەرەققىياتى ياكى تەپەككۇرنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى، يەنى گەپ-سۆز، پىكىر، ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقى: تۇرمۇش مەنتىقىسى. * بۇ پىكىر مەنتىققە سىغمايدۇ. * بىرنەرسىگە ئىشىنىمەن، ھەق-ناھەق ھامان ئايرىلىدۇ، تارىخ ئۆز مەنتىقىگە ھەرگىز خىلاپلىق قىلمايدۇ. خەلق ئادىل سوتچى. ② تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى: – بۇنىڭغا ئۇۋال بولدى-دە، – دېدى سېلىم ئېچىنىش بىلەن رەيھان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تۆۋەن ئاۋازدا سۆزلەپ. – ئاكىسى گۇناھكار بولسا سىڭلىسىمۇ گۇناھكار بولىدۇ، دېگەن مەنتىقنى ئۆمرۈمدە ھازىر ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن! * مانجۇلارنىڭ قانلىق قامچىسى، ئابلىز قارىنىڭ غالچىلىق مەنتىقى،

تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كەلگەن ئاغرىق-سىلاقنىڭ قورقۇنچى پۇقرانى بىر بۇردا نان ۋە جان قايغۇسىغا مەھكۇم قىلدى. ③ تەپەككۇر شەكلى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن؛ لوگىكا: داۋۇت ئەنتاكىي ئىلىم ۋە مەرىپەتلەرنى خىمىيە، ئاسترونومىيە، قانۇن، مەنتىق قاتارلىق بىرنەچچە قىسىم ۋە گۇرۇپپىلارغا ئايرىپ، ئۇلارنىڭ چېگرىلىرىنى بەلگىلىگەن.

**مەنتىقە** (توغرىسى: مەنتىق) ← **مەنتىق.**

**مەنتىقچانلىق** ئى. مەنتىقە ئۇيغۇنلىشىش، مەنتىقە مۇۋاپىق بولۇش، مەنتىقلىق: تەپەككۇر بىر زەنجىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە يەنە بىرمۇنچە ھالقىلار بار، بىرەر نۇقتىنىڭ بېشى، ئوتتۇرىسى، ئاخىرىسىدىن تارتىپ بىرەر جۈملە سۆزنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپىگىچە، ئۇلارنىڭ مەنتىقچانلىقىغا ئېتىبار بېرىش لازىم.

**مەنتىقسىز** سۈپ. مەنتىقى يوق، مەنتىققە چۈشمەيدىغان: مەنتىقسىز گەپ. * مەنتىقسىز بۇ جاۋابقا قارشى قۇر بېشى ئاچچىقى بىلەن ۋارقىرىدى.

**مەنتىقسىزلىق** «مەنتىقسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مەنتىقشۇناس** ئى. مەنتىق ئىلمىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم: - سەن، - دېدى بۇ رەھىمسىز مەنتىقشۇناس.

**مەنتىقشۇناسلىق** ئى. مەنتىقنى يەنى پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرىنى، ئەقىلگە مۇۋاپىق پىكىر قىلىش يوللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، پەن.

**مەنتىقلىق** سۈپ. مەنتىققا ئىگە بولغان، مەنتىققا ئاساسلانغان، مەنتىق جەھەتتىن توغرا، ئىبدىتلىق: مەنتىقلىق گەپ. * ئۇنىڭ گەپلىرىمۇ ناھايىتى مەنتىقلىق. * مۇشۇنداق چاغلاردا جەملە پۈتۈنلەي باشقا: ھۇشيار، سالماق، ئوي-پىكىرلىرى مەنتىقلىق، ئىنتايىن ئىدىتلىق ۋە خالىس بىر ئادەم بولۇپ قالاتتى. // مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىدىم، ئۇ مەنتىقلىق سۆزلەيتتى.

**مەنتىقىي** سۈپ (ئە) ① مەنتىققە ئائىت: مەنتىقىي فورمۇلا. ② مەنتىققە ئاساسلانغان؛ مەنتىقلىق: ئادالەت «ئاتامنىڭ يۇقىرىقى ھۆكۈمى مەنتىقىي خۇلاسىگە توغرا كەلمەسلىكى مۇمكىن، بۇنى مەن ئۆزۈم تەكشۈرۈپ سىناپ كۆرۈشۈم لازىم ئىكەن» دېگەن ئويغا كەلدى. * ئىستىخىيچىلىك نەزەرىيىسى ئاڭلىق تەركىبلەرنىڭ ھەرىكەت داۋامىدىكى رولىنى تۆۋەنلىتىدىغان نەزەرىيە. «قۇيرۇقچىلىق» نىڭ ئىدىيە سىستېمىسى بارلىق ئاغمىچىلىقنىڭ مەنتىقىي ئاساسى.

**مەنتىقىي بىلىش** < پەلس > ← **ئەقلىي بىلىش:** ئۇ ھېسسىي بىلىشنىڭ مەنتىقىي بىلىشكە سىلجىش ھەرىكىتىنى ماتېرىيالىستىك، بەلكى دىئالېكتىك يوسۇندا كۆرسىتىپ بەردى.

**مەنجاڭ** I ئى (خەن) جان ت. ئاشخانىلاردا خېمىر بىلەن مەشغۇل بولىدىغان ئاشپەز.

**مەنجاڭ** II ئى (خەن) بۇغداي خېمىرىنىڭ قايتا-قايتا سىقىپ مېغىزىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىنكى قېلىپ قالغان گۆشسىمان قالدۇقى.

**مەنجاڭلىق** «مەنجاڭ I» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: مەنجاڭلىق قىلماق.

**مەنچاناق** ئى (ئە) بىر ئۇچىغا ئارغامچا چىگىلىپ، يەنە بىر ئۇچىغا يوغان تاش ئېسىلىدىغان بىر خىل يەرلىك ياغاچ پىشاڭ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىقلى ۋە يىراقلارغا تاش ئاتقىلى بولىدۇ: ۋېژىلداپ ئۇچۇۋاتقان ئېبلىس ئوقلار بىلەن مەنچاناقلاردىن ئېتىلغان تاش بوشلۇقتىكى يېرىم يولدىلا بىر-بىرىنى خورا تماقتا ئىدى.

**مەنچىزە** ئى (خەن) ← **قۇشقاچتىلى** **ئاش:** ئۇ يېپىپ قويغان خېمىرنى مەنچىزە قىلىپ كەستى.

**مەنچىك** ئى (خەن) < تارىخ > ← **چىك سۇلالىسى.**

**مەنچىك خاندانلىقى** < تارىخ > ← **چىك سۇلالىسى.**

**مەنچىلىك** ئى < پەلس > سۇبيېكتىنىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپىنى چېكىگە يەتكۈزۈشتىن چىقىرىلغان بىمەنە يەكۈن. ئۇ پەقەت « مەن » لا مەۋجۇت، باشقا ھەممە نەرسە (جۈملىدىن باشقا ئادەملەرمۇ) مېنىڭ تەسەۋۋۇرۇمدۇر ياكى ئۇنى مەن (سۇبيېكتىپ ئىرادەم) ياراتقان دەپ قارايدۇ.

**مەندىر** ئى. دىئال ← **مۆلدۈر:** قار بىلەن مەندىر يېغىپتۇ، كەلمە يارىم ئىز بولۇر. ئاخشام كېلىپ ئەتە يانساڭ، بارچە خەققە سۆز بولۇر.

**مەنزەر** ئى (ئە) بالكون؛ بالىخانا: بىركۈنى ئۇ مەنزەردىن كوچىغا قاراپ تۇراتتى، چوڭ يولدىن ئارقىسىدا 40 مۇرىتى بار بىر ئەزىز ئۆتۈپ قالدى. * سىزنىڭ ئۆيىڭىزنىڭ ئاستىنى يوللۇق، ئۈستىنى مەنزەر قىلىپ كىم ياساپ بەردى؟

**مەنزۇر** سۈپ (ئە) كىشىلەرگە ماقۇل كېلىدىغان، ياقىدىغان ماقۇل، لايىق، مۇۋاپىق: مەنزۇر بولماق. مەنزۇر كەلمەك.

**مەنزۇر بولماق** ماقۇل كۆرۈلمەك، ياقماق: — تەقسىر، مېنىڭدە بىرئاز نان بار، نەزەرلىرىگە مەنزۇر بولسا بېرەي، — دەپتۇ. * بېلىق شاھقا مەنزۇر بولۇپ، بېلىقچىغا مىڭ تىللا بېرىشنى خەزىنىچىگە بۇيرۇپتۇ.

**مەنزۇر كەلمەك** ياقماق، ماقۇل كۆرۈلمەك، لايىق كەلمەك: چولپان بولسا ئىرپانغا مەنزۇر كەلگۈدەك دوپپا تىكىش كويىدا گۈل نۇسخىلىرىنى تاللاش بىلەن بەند ئىدى. * دۇكاندىكى شۇنچە ئەقىدە بىلەن ئىشلەنگەن تەييار مالنىڭ ھېچبىرى بۇ مېھماننىڭ كۆڭلىگە مەنزۇر كەلمىگىنى ئىمام مۇھەممەتكە بەك ئەلەم قىلدى.

**مەنزىرە** ئى (ئە) ① مەلۇم بىر جاينىڭ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ياكى تەسەۋۋۇر قىلىنغان تاغ-دەريا، گۈل-گىياھ، دەل-دەرەخ، ئۆي-ئىمارەتلەر ۋە بەزى تەبىئەت ھادىسىلىرى (يەنى قار، يامغۇر قاتارلىقلار) دىن تەشكىل تاپقان كۆرۈنۈشى: تەبىئەت مەنزىرىسى. مەنزىرە تەسۋىرى. مەنزىرە رەسىمى. مەنزىرە لىرىكىسى. * تىيانشاننىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىدا بوستانلىق، يايلاقلار بار. مول بايلىق، گۈزەل مەنزىرە كىشىنى مەپتۇن قىلىدۇ. * كەڭ داللار، سارغىيىپ پىشقان زىرائەتلەرگە تولغان ئېتىزلار، يوپۇرماقلىرى ئالتۇندەك تاۋلانغان دەل-دەرەخلەر ئاجايىپ كۆز مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلغانىدى. ② ئەھۋال، ۋەقە كۆرۈنۈشى: ئۇنىڭ خىيالىدىن « ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان » دادىسىنىڭ جەسىتىنى ھويلىغا كۆتۈرۈپ كىرىۋاتقان پاجىئەلىك مەنزىرە ئۆتۈۋاتاتتى. * بىرنەچچە ھاراق شىشىسى ئۆرۈلۈپ، چىنە-قاچىلارنى چاقتى. « جاراڭ-جۇرۇڭ » قىلغان ئاۋازلارغا ئىككى قىزنىڭ قىيا-چىياسى قوشۇلۇپ، غەلىتە بىر مەنزىرە ھاسىل بولدى.

**مەنزىرە تەسۋىرى** < ئەد > ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژ ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى ئارقا كۆرۈنۈش بىلەن تەمىنلەپ تۇرغان، پېرسوناژ خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان مەنزىرىلەرنى تەسۋىرلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەنزىرە چۈشۈرگۈچى چىراغ** < تىيا > كۆچلۈك نۇر ۋە لىنزا قۇرۇلمىسىدىن پايدىلىنىپ، ئاق پەردىگە رەسىم ياكى خەت چۈشۈرگۈچى ئۈسكۈنە.

**مەنزىرە فوتوگرافىيىسى** < گسەن > فوتوگرافىيە سەنئىتىنىڭ بىر خىلى. ئاساسەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەنزىرىلىرىنى ۋە ئىنسانلار تەرىپىدىن ئۆزگەرتىلگەن تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مەنزىرە لىرىكىسى** < ئەد > تەبىئەت مەنزىرىسىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق شائىر ئۆزىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان لىرىك شېئىر.

**مەنزىرىلىك** سۈپ. مەنزىرىسى گۈزەل، چىرايلىق؛ مەنزىرىسى كىشىگە ياقىدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان: مەنزىرىلىك تاغ. * بىركۈنى پادىشاھ ئۆز يېقىنلىرى بىلەن بىللە شىكارغا چىقتى ۋە ھېلىقى مەنزىرىلىك جايغا كېلىپ قالدى. * شۇنداق قىلىپ، ۋاڭ ھەر خىل مېۋىلەرگە تولغان مەنزىرىلىك باغلارنى نەچچە كۈن ئايلىنىپ يۈردى.

**مەنزىل** ئى (ئە) ① سەپەر قىلغاندا، توختاپ ئۆتىدىغان، قونىدىغان ياكى يېتىپ بېرىش مۆلچەرلەنگەن جاي: ئۇ ئۆز مەنزىلگە يەنە ئۈچ-تۆت سائەت ئىچىدە يېتىپ بارالايدىغانلىقىنى كۆڭلىدە جەزم قىلىپ قويدى. * مىنىپ دۇلدۇلغا ئىشقىنىڭ ئۇزۇن مەنزىلگە ماڭغاندا، گويا گۈلخان كەبى شول ئىشق ئوتى قەلبىمدە ياندى، دادام «ئوغلۇم بۇ يولدىن قايت، ۋاپاسىز ئۇ، بۆلەك يار-تاپ» دېسە «ياق» دەپ مانا قالدىم ئەجەبمۇ داغدا ئارماندا. * مەن بۇ يەردىن كېتەرمەن، مەنزىلىمگە يېتەرمەن. مەنزىلىمگە يەتكەندە، يارنى ئېلىپ كېتەرمەن. ② كۆچمە. بىرەر ھەرىكەت، كۈرەش نەتىجىسىدە ئېرىشىلىدىغان، مۆلچەرلەنگەن مەقسەت، مۇددىئا؛ يېتىدىغان نىشان: يېڭىلىشنىڭ ئانىسى، شۇنداق، توغۇلار يېپيېڭى مەردلىك نۇر چېچىپ! يېتىدۇ ئارمانلار ئاخىر مەنزىلگە، تۆكۈلگەن قانلاردىن يېڭى يول ئېچىپ! * ئاتمىش بەش قىش-باھارىم ئۆتتى مېنىڭ، باش ئاقاردى، كۈچ-مادارىم كەتتى مېنىڭ. ئوتتۇز بەش يىل داۋان ئاشتىم، ئارمانىم يوق، مەنزىل نۇرلۇق، ئاڭا كۆزۈم يەتتى مېنىڭ. ③ مۇساپە، يول: مەنزىل ىگىنى شاللايدۇ، ۋىسال مەردنى تاللايدۇ، مانا، قاناتلىق پەرى باتۇر ئاشىققا قۇچاق ئاچتى، بۇ ئۇلارنىڭ تويى ئىدى.

**مەنزىل ئاشماق** توختاپ قالماي داۋاملىق ئىلگىرىلىمەك: پارتىيىگە ئەگىشىپ، مەنزىل ئېشىپ بارىمىز. ئىشلەپ بېيىپ تېخىمۇ، يېڭى دۇنيا قۇرىمىز.

**مەنزىلگاھ** ئى (ئە+پ) يېزت ① سەپەردە چۈشۈپ ئۆتىدىغان ياكى بېرىش مۆلچەرلەنگەن جاي. ② مەقسەت قىلىنغان، مۆلچەرلەنگەن، كۆزلەنگەن ئاخىرقى نۇقتا، نىشان، پەللە: بۇركۈت بولدۇم، تاغدىن ئۇچتۇم، تاغ چوققىسى مەنزىلگاھىم، كەتتى ئوغلۇم ئوقۇشقا دەپ، ئانا جانىم چەكمە ۋاھىم. * ئىلىم-پەننىڭ مەنزىلگاھىغا، باشلىنىپتۇ. ئۇلۇغۋار سەپەر. خەلقىمىزگە قىلىپتۇ چاقىرىق، بۇ سەپەردە قۇچۇشقا زەپەر. ③ ياشايدىغان جاي، ۋەتەن: بارىكاللا، ئۇنىڭ غەيرەت-شىجائىتىگە. بارىكاللا، يېتۈك ئەقلى، پاراسىتىگە. سەپىرى شامۇ-سەھەر ئوڭۇشلۇق بولسۇن! مەنزىلگاھىتا ئارامى تىنچلىق بولسۇن!

**مەنسەپ** ئى (ئە) بىرەر ئورگاندىكى مەسئۇل ۋەزىپە، ئەمەل: يۇقىرى مەنسەپ. مەنسەپتە تۇرماق. مەنسەپكە چىقماق. مەنسىپى

ئۆسمەك. مه نسه پتىن قالدۇرماق. * بىركۈنى ئەپەندىمنى شەھەر ھاكىمى چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا كۆكبېشى مەنسىپنى بېرىپتۇ ۋە مۇنداق دەپتۇ: — ئەپەندىم، ئەمدى مەنسىپىڭىزگە لايىق كەگرى ئۆيگە كۆچۈۋېلىڭ!

**مه نسه پپه رەس** سۈپ (ئە+پ) مه نسه پنى، مه نسه پكه ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ مه نسه پكه ئىنتىلىدىغان؛ مه نسه پكه ئامراق: مه نسه پپه رەس ئادەم. * ھەسەنباي ناھايىتى مه نسه پپه رەس، تەمەخور كىشى ئىكەن، ئۇنىڭ خىيلىدىن بېرى بىرەر مه نسه پنىڭ چوققىسىغا مىنگۈسى بولسىمۇ ھېچ يولىنى قىلالماي يۈرۈپتىكەن.

**مه نسه پپه رەسلىك** «مه نسه پپه رەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مه نسه پخور** سۈپ ← **مه نسه پپه رەس:** ئېلى پاششاپ شەخسىيەتچى، مه نسه پخور بىر ئادەم ئىدى.

**مه نسه پخورلۇق** «مه نسه پخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مه نسه پدار** (ئە+پ) ① سۈپ. بىرەر مه نسه پكه، ئەمەلگە ئىگە بولغان، مه نسه پكه تەيىنلەنگەن: مه نسه پدار ئادەم. * بۇ چىرايلىق يىگىت مه نسه پدار ئائىلىنىڭ پەرزەنتى بولسىمۇ، تەربىيىسىز ئىكەن دېگەن پىكىر كاللامغا كەلدى. ② ئى. مه نسه پ ئىگىسى، مه نسه پكه ئولتۇرغان ئادەم، ئەمەلدار: مېنىڭ مەقسىتىم مه نسه پدار بولۇش ئەمەس، ئون ئىككى تاغقا باش بولۇۋېلىشمۇ ئەمەس، مەن بىر باغاچچى، مه نسه پنىمۇ قاملاشتۇرالمايمەن. ئەل-يۇرت ئۇبدان ئۆتسىلا بولدى. * خوتۇنىنىڭ جەمەتىدە بەزى مه نسه پدارلارنىڭ بولۇشى، ئۇنىڭ ئۆچۈن تېخىمۇ قولايلىق تۇغدۇراتتى.

**مه نسه پدارلىق** ① ئى. مه نسه پتە ئولتۇرۇش: — بۇ مه نسه پدارلىق قىلىشنى نەدىن بىلسۇن! — دېدى كىشىلەر ئۇنى. ② سۈپ. مه نسه پدار بولىدىغان، مه نسه پدارغا خاس: مه نسه پدارلىق كىيىمىنى ئىشلىتىپ، ھە دېسىلا باشقىلارغا تەنبىھ بەرسە، تىل-ھاقارەت قىلسا بولمايدۇ.

**مه نسه پسىز** سۈپ. مه نسىپى، ئەمىلى يوق؛ ئەمەل تۇتمىغان.

**مه نسۇپ** سۈپ (ئە) قاراشلىق، تېگىشلىك، تەۋە، تەئەللۇق، قارايدىغان: مه نسۇپ بولماق. * بۇ غەلىبە چوقۇم بىزگە مه نسۇپ. * بۇ ئالقىش ئۇنىڭ نەزىرىدە ھازىر سەھنىدە ناخشا ئېيتىپ بېرىۋاتقان قىزغا ئەمەس، يەنىلا ئاشۇ قىزغا مه نسۇپ ئىدى. * بۇ كىتاب ماڭا مه نسۇپ.

**مه نسۇپ بولماق** تەۋە بولماق، خاس بولماق، تەئەللۇق بولماق: ئۇرۇشنىڭ غەلىبىسى يەنىلا بىزگە مه نسۇپ بولدى. * — ئۇيغۇرلار ئەزەلدىنلا تۆرتكە بىللىرىگە مه نسۇپ بولغان بىر خەلق، — دەپ يازدى ئۇ، ئەسىرىدە.

**مه نسۇپلۇق** «مه نسۇپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سىنىپىي مه نسۇپلۇق.

**مه نسۇخ** سۈپ (پ) بىزت. ئەمەلدىن قالغان، بىكار، ئىناۋەتسىز، يوققا چىققان: مه نسۇخ بولماق. مه نسۇخ قىلماق.

**مه نسۇخ بولماق** ئىناۋەتسىز بولماق، يوققا چىقماق، بىكار قىلىنماق: دېمەك، ئادالەتنىڭ تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ھۆكۈم مه نسۇخ بولاتتى، پاراسەتلىك بۇ قىزنىڭ ھوقۇقىنى تۆۋەن دەرىجىلىك ھوقۇق دېگىلى بولمايتتى. * بىرى بېشىغا قىلىچ تەگكىلىسىمۇ ئېتىكاپتىن قوزغالماسلىقى شەرت بولۇپ، مۇبادا يۇقىرىدىكى پەرزلەرنىڭ قايسىبىرىگە خىلاپلىق قىلىندىغان بولسا، ئىلگىرى

قىلغان بارلىق تائه‌ت-ئىباده‌تلىرى مه‌نسۇخ بولۇپ كېته‌تتى.

**مه‌نسۇخ قىلماق** ئىناۋه‌تسىز دەپ قارىماق، يوقىقا چىقارماق، بىكار قىلماق: ئاخىرى ئۇنىڭ ھىيله-نه‌يره‌گلىرى پاش بولۇپ، ئوردىدا كۆز بوياپ ئىگه بولۇۋالغان بارلىق ھوقۇق، ئىمتىيازلىرى مه‌نسۇخ قىلىندى.

**مه‌نسته‌مه‌سلىك** ئى. تۆۋه‌ن نه‌زه‌ر بىله‌ن ئېتىبارسىز قاراش، كۆزگه ئىلماسلىق، پىسه‌نت قىلماسلىق: ئه‌بلغازنىڭ چىرايىدا نه مه‌غرۇرلۇق، نه مه‌نسته‌مه‌سلىك ئالامىتى كۆرۈنمه‌يتتى. * ساقچى باشلىقى بۇ گه‌پله‌رنى مه‌نسته‌مه‌سلىك بىله‌ن ئاڭلاپ، مىيىقىدىلا كۈلۈپ قويدى.

**مه‌نسته‌مه‌ك** پ. كۆزگه ئىلماق، ئېتىبار بىله‌ن قارىماق: — ئۇ سېنى مه‌نسته‌مدۇ؟ * — سه‌ن قاچان مېنى مه‌نستكه‌ن؟

**مه‌نستىشمه‌ك** «مه‌نسته‌مه‌ك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مه‌نستىلمه‌ك** «مه‌نسته‌مه‌ك» پېئىلىنىڭ مه‌جھۇل دەرىجىسى.

**مه‌نقۇلات** ئى (ئه) مۈلۈك، جاھاز، ئۈسكۈنه، جابدۇق ۋه باشقا نه‌رسه-كېره‌كله‌رنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى: به‌زى چاغلاردا ته‌قلىد قىلىپ ياسالغان سه‌ھنه مه‌نقۇلاتلىرى ئارتىسلارغا پۇتلىكاشاڭ بولۇپ قالىدۇ. * ئۇلار بىرنه‌چچه ئىشچى ئىش قورالىرىنى توشۇپ، مه‌نقۇلاتلارنىڭ توشۇلۇپ

به‌ك ئۇستۈن
راست دەيدىغان،
دىغان: مه‌نمه‌ن

ۈزىنى قالتىس
لتىس چاغلايدىغان:

ئه‌جه
كېته‌رمه‌ن
يه‌تكه‌نده،

به‌كرى شۇ چاغلاردا شورتوپىنىڭ مه‌نمه‌ن دېگه‌ن يىگىتلىرىنىڭ بىرى. * مه‌نمه‌ن دېگه‌ن شاھزاده، ئه‌خته‌رگه باش قويارکه‌ن. قىز كۆز قىرىن سالمىغاچ، ئه‌له‌م-زه‌رداب يۇتاركه‌ن.

**مه‌نمه‌نچى** ئى. ئۆزىنى قالتىس چاغلايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئادەم: مه‌نمه‌نچى ھوقۇقدار سۆزىدىن توختاپ، ئىككىنچى قېتىم يانچۇقىدىن تۆگه ماركىلىق تاماكىسى ئالغاندىن كېيىن، بارماق تىرنىقىغا بىرنه‌چچه قېتىم ئۇرۇپ قويۇپ تۇتاشتۇردى. * ئايتىللا باي، ھاللىق بىر ئائىلىنىڭ بىردىنبىر ئه‌ركه قىزى بولۇپ، ته‌مه‌نناچى، مه‌نمه‌نچى، شۇنىڭ بىله‌ن بىلله غىلجىڭ ۋه مه‌ككار چوڭ بولسىمۇ، ئۇنىڭدا يه‌نه، ياش قىز بولغانلىقىغا خاس ته‌جرىبىسىزلىك، قىسمه‌ن ساددىلىق ھه‌م بار ئىدى.

**مه‌نمه‌نچىلىك** ئى. ئۆزىنى قالتىس، چوڭ، كاتتا چاغلايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان بىر خىل خاھىش، ئادەت؛ مه‌نمه‌نلىك: مه‌نمه‌نچىلىك ئىدىيىسى. * — ھه‌ي مه‌نمه‌نچىلىك! ئاداۋه‌ت، پىتنه-پاساتنىڭ ئۇرۇقى، بىرلىك ئىناقلىق ئوتتۇرىسىغا ئۇنگه‌ن تىكه‌ن! — دېدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا. * ئالىم باينىڭ بېيىپ كېتىشى، رەقىب بايغا بولغاندۇ ئه‌له‌م. ھه‌سه‌ت ئوتى — مه‌نمه‌نچىلىكتىن، يامان يولغا باسقاندۇ قه‌دەم.

**مه‌نمه‌نلىك** ئى. ئۆزىنى قالتىس چاغلاش، چوڭ تۇتۇش؛ ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتۇش، مه‌نمه‌نچىلىك: مه‌نمه‌نلىك قىلماق. مه‌نمه‌نلىك تالاشماق. * مه‌نمه‌نلىك — شه‌يتانلىق (ماقال). * ئۇنىڭ قارىشىدا بىر خىل مه‌نمه‌نلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. * ئۇلار مه‌نمه‌نلىكتىن يىراق بولغاچقىلا شۇنداق ئىشلارنى قىلالىغان.

**مه نمه نلك قىلماق** ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ، ئۈستۈن تۇتماق؛ باشقىلار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماق: دورغا ئۆزىنى خېلى ئادەملەرگە تەڭ قىلماي، مه نمه نلىك قىلىدىغان ئادەم بولغاچقا، تىرەجەپ تۇرۇپ، ئۆز رەقىبىنى يەڭمەكچى بولدى. * تاپتى شۇجى ئەقلىنى، ئۆتكەچ باشتىن سەۋەنلىك. ئاما سايلىغان شوپۇر، قىلماس هەرگىز مه نمه نلىك.

**مه نى** ئى (ئە) < ئانات > ئەرلەر ياكى ئەركەك هايۋانلارنىڭ كۆپىيىش بېزىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان، تەركىبىدە ئۇرۇق بولىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق؛ سپېرما: مه نى كەلمەك. مه نى تۇتالماسلىق.

**مه نى تۇتالماسلىق** < تىب > ئۇزاق كېسەل تارتىپ بۆرەك هۆللۈكلىرى زەئىپلىشىش، بەدەننىڭ ئەسلىي هارارىتى ئۆرلەش ياكى بۆرەكنىڭ مۇسبەت ئامىللىرى ئاجىزلىشىپ، مه نى خالتىسىنىڭ ئاغزى بوشاپ كېتىش تۈپەيلىدىن يۈز بېرىدىغان ئويغاق تۇرۇپ هېچقانداق جىنسىي ئىنتىلىشسىزلا مه نى يۈرۈپ كېتىش هادىسىسى.

**مه نى سۇيۇقلۇقى** < ئانات > ← مه نى.

**مه نى كەلمەك** ئەرلەر ياكى ئەركەك هايۋانلارنىڭ جىنسىي ئەزاسىدىن مه نى سۇيۇقلۇقى چىقماق.

**مه نئى** ئى (ئە) چەكلىنىش، رۇخسەت قىلىنماسلىق، يول قويۇلماسلىق: مه نئى بولماق. مه نئى قىلماق.

**مه نئى بولماق** چەكلەنمەك، رۇخسەت قىلىنماسلىق، يول قويۇلماسلىق.

**مه نئى قىلماق** چەكلىمەك، رۇخسەت قىلماسلىق، يول قويماسلىق: بۇ يەرگە مالايلارنىڭ كىرىشى مه نئى قىلىنغان. * بۇنداق كۆتلەردە دادۇي گۇناهكارلارنىڭ دەم ئېلىش، ئۇخلاش ۋاقتىنى مه نئى قىلاتتى. * گۇناهكارلار ئېڭەكلىرىنى بويىندىكى قوۋۇقتا تىرەپ پەسكە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى، يولدىن ئۆتكەن كىشلەرنىڭ ئۇلارغا گەپ قىلىشى مه نئى قىلىنغان ئىدى.

**مه ندار** سۈپ (ئە+پ) مه نىسى چوڭقۇر، چوڭقۇر مه نىگە ئىگە؛ مه نىلىك: بارىس تېكىن بۇ ئاددىي ئۇۋچى يىگىتنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان مۇنداق مه ندار سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىدى.

**مه نداش** سۈپ (ئە+پ) مه نىسى ئوخشاش ياكى يېقىن كېلىدىغان: مه نداش سۆزلەر.

**مه نداش سۆز** < تىل > فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ياكى تەلەپپۇزى ئوخشىمايدىغان، ئەمما مه نىلىرى بىر-بىرىگە ئوخشايدىغان ياكى يېقىن كېلىدىغان سۆز. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئۇلۇغ، چوڭ، كاتتا، يوغان، زور» ۋە «كۆپ، جىق، تولا، ئاۋۇن» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**مه نداش قوشۇمچە** < تىل > ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە خىل قوشۇمچىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئورۇندا بىر خىل گىراماتىكىلىق مه نە ئىپادىلەپ، بىر خىل گىراماتىكىلىق كاتېگورىيىگە تەۋە بولۇشى.

**مه نداشلىق** «مه نداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سۆزلەرنىڭ مه نداشلىقى.

**مه نىسىز** سۈپ. مه نىسى يوق، مه نە ئىپادىلىمەيدىغان، مه نە ئۇقتۇرمايدىغان: بالا شۇ چاغدا ئاغزىدىن مه نىسىز، غەلىتە بىر خىل ئاۋازلارنى چىقىرىپ، قوللىرىدا ئىشارەت بىلەن بىر ئىشنى ئىپادىلەپ، ماڭا يېنىمىلەرنى دېيىشكە باشلىدى. * مۇشۇنداق مه نىسىز كۆز ياشلىرىم بىلەن كېتىۋېرىپ، شورلۇق تەقدىرىمنى كۈتمەمدۇ؟ * چەتتىن قارىغان كىشى ئۇلار مه نىسىز گەپ قىلىپ يۈرۈپتۇ دەپ ئويلايتتى، چۈنكى ئۇلارنىڭ گېپىنى پەقەت

ئۆزلىرىلا چۈشىنەتتى.

**مەنىسىزلىك** «مەنىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ روھىدا قانداقتۇر بىر خىل مەنىسىزلىك پەيدا بولدى. * شۇندىن بويان، روزەكۋاي دۇنيادا مۇھەببەتسىز ياشاش مەنىسىزلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدى.

**مەنىلىك** سۈپ ① مەنىسى بار، مەنىگە ئىگە، چوڭقۇر مەنە بىلدۈرىدىغان: بىر مەنىلىك سۆز. كۆپ مەنىلىك سۆز. * — بۇ بەك مەنىلىك ناخشا ئىكەن، قايتىپ بارغاندا تولۇق كۆچۈرۈۋالىسام، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ. * ئەلچىلەر پادىشاھنىڭ مەنىلىك گەپلىرىگە قايىل بولۇپ تەزىم قىلىپتۇ. ② بىلدۈرگەن مەنىسىنى، مەزمۇنىنى تۇتقا قىلغان؛ مەزمۇنىنى ئاساس قىلغان ھالدىكى: مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇش دېگىنىمىز – ئەستە قالدۇرماقچى بولغان ماتېرىيالنى چۈشىنىپ ئەستە قالدۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. * مەنىلىك ئەستە قالدۇرۇشتا، تەپەككۇر قابىلىيىتى ئارقىلىق يېڭى ماتېرىيال بىلەن بۇرۇنقى بىلىم-تەجرىبىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش مۇستەھكەملىنىدۇ. ③ ئەھمىيەتلىك، كۆڭۈللۈك: مەنىلىك تۇرمۇش. * مېنىڭ يېڭى ھەم مەنىلىك ھاياتىم ئەنە شۇ كۈندىن باشلاندى. * — بۇ ئۇرۇقنى شۇلار تېرىپ ئۆستۈرسە، بۇ تازىمۇ مەنىلىك ئىش بولاتتى-دە، دېدىم مەن ئۇلارغا تەكلىپ بېرىپ. || — بىز ياشلىقىمىزنى، ۋاقتىمىزنى، قەدىرلىشىمىز. ئۇنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشىمىز لازىم، — دېدى سادىق مۇلايىملىق بىلەن. ④ باشقا بىرەر مەنە، مەقسەت مۇددىئا يوشۇرۇنغان؛ مەقسەتلىك: شانىيازنىڭ گېپىدە مەنىلىك چاقچاق بارلىقىنى سەزگەن ئەتراپتىكى ياشلار پاراق-پۇرۇق كۈلۈپ كېتىشتى. // بەختىيار بىلەن گۈلنار بىر-بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. * – ئۇنداق بولسا، شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپ تۇرساق بولغۇدەك دېدى سەپەرقۇل مەنىلىك كۈلۈپ.

**مەنىلىك يېزىق** < تىل > تەسۋىرىي يېزىقنىڭ راۋاجلىنىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بىر خىل يېزىق. ئۇنىڭدا، ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئەينەن سىزىپ كۆرسىتىلمەي، بەلكى بەزى شەكىل ياكى بەزى بەلگىلەرنى سىزىش ئارقىلىق كۆرسىتىلىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭدىن مەنە چىقىرىۋالىدۇ.

**مەنىۋى** سۈپ (ئە) كىشىنىڭ ئىچكى، روھىي ھاياتىغا ئائىت؛ روھىي: مەنىۋى مەدەنىيەت. مەنىۋى ياردەم. مەنىۋى تۇرمۇش. * بۇ ئىش خاسىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن ئېغىر مەنىۋى زەربە بولغانىدى.

**مەنىۋى تۇرمۇش** تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرنىڭ روھىي دۇنياسىغا ئالاقىدار تەرەپلىرى.

**مەنىۋى خوراش** < س ئىق > ماشىنا، ئۈسكۈنە قاتارلىق تۇراقلىق مۈلۈكلەرنىڭ ئۇنۇملۇك ئىشلىتىلىش مەزگىلىدە ئىشلىتىشنىڭ ياكى تەبىئەت كۈچىنىڭ تەسىرى ۋە باشقا سەۋەبلەر بىلەن بولغان قىممىتى تۆۋەنلەش ئەھۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەنىۋى مەدەنىيەت** < پەلس > ماددىي مەدەنىيەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى، يەنى كىشىلەرنىڭ سۇبيېكتىپ دۇنياسىنى ئۆزگەرتىشى، ئىجتىمائىي مەنىۋى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ۋە مەنىۋى تۇرمۇشنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن مۇۋەپپەقىيەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ مائارىپ، ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنىڭ تەرەققىي تاپقانلىقىدا ۋە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي، ئەخلاقىي سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەلگەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**مەنىۋى مۇھىت** < ئەد > ئەدەبىيات-سەنئەت

ئەسەرلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىلىنىشى بىرلىشىپ شەكىللەندىغان بىر خىل بەدىئىي دائىرە.

**مەنىۋى ھايات** ← **مەنىۋى تۇرمۇش.**

**مەھ** ئىم. ئىتنى ئۆزىنىڭ يېنىغا چاقىرغاندا قوللىنىدىغان سۆز.

**مەھەل** ئى (ئە) پەيت، ۋاقىت، چاغ: ماشىنىلار قوزا چۈش بولغان مەھەل بىلەن دەريا كېچىككە، قىرى ياگاق دەرىخىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. * سادىق شۇ كۈنى يۇلتۇز ئۆچمەستە مەكتەپتىن چىقىپ، چاي مەھەل بىلەن قاراتاغ سۇ ئامبىرىغا كەلدى.

**مەھەللە** ئى (ئە) شەھەر ياكى يېزىلارنىڭ بىرنەچچە كوچىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر بۆلىكى: مەھەللە كومىتېتى. مەھەللە ئىش باشقۇرۇش ئورنى. * ئۇ چاغلاردا ئېرغايتۇ، قىزىلىيار، قوراي، نېرىن، تۆرۈك، كۆشۈتە دېگەن ئالتە مەھەللە بىر دورغىلىق يەر بولۇپ، ئومۇمىي نامى «قوراي» دەپ ئاتىلاتتى. * شەمسىدىن تېخى يېقىندىلا مۇشۇ يېڭى مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەن ۋە ساماۋار ئېچىپ كۈن كۆچۈرۈشكە باشلىغانىدى.

**مەھەللە-كوي** مەھەللە ۋە مەھەللە ئەتراپلىرى؛ كوچا-كوي: سادىق كۆز ياشلىرىنى سۈرتىۋېتىپ، تاغ بېغىرلاپ پەسكە چۈشتى. ئېتىز-ئېرىق، مەھەللە-كويدا ئادەملەر چىلىقمايتتى. * سىلى ماڭا دارىتملاۋاتىدىلا، — دېدى يۈسۈپ چوڭ ۋە قىسمەت چورۇقىا قارىدى، — نىيىتىم خالىس بولغاچقا مەھەللە-كويدىكىلەر بىلەن ھە-پە قىلىشاي دەۋاتمەن.

**مەھەللىدارچىلىق** ئى. مەھەللىنىڭ ئۆزىگە خاس قائىدە-يوسۇن، ئۆرپ-ئادەتلىرى بىلەن باغلىق بولغان تۇرمۇشى، بىللە ئۆتۈشى: بۇ شەھەردىكى بارلىق ھۈنەرۋەن-كاسىپلار ۋە باشقا تىجارەتچىلەر ئۆملىشىپ ئوقەت قىلىدىكەن. بەزىدە يۇرت-مەھەللىدە بولىدىغان نەزىر، زارا خەتمە، توي-تۆكۈن ۋە ئويۇن-تاماشا قاتارلىقلار مەھەللىدارچىلىق ئىشلىرىنى بىر-بىرىگە پۇت-قول بولۇشۇپ، بىللە ئۆتكۈزىدىكەن.

**مەھەللىداش** ئى. بىر مەھەللىدە ئولتۇرىدىغان ئادەملەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئۇنىڭ پەريادلىرىغا ئىچى سىيرىلگەن بىرقانچە مەھەللىداشلىرى، ئۆزلىرىمۇ يىغلاشقان ھالدا تەسەللى ئېيتتى. * ئۇ يەردە مەن بىلەن بىرگە ئويناپ، بىرگە ئوقۇپ چوڭ بولغان مەھەللىداشلىرىم يۈسۈپ بىلەن قاسىم ۋە كادىر سىياقىدىكى ناتونۇش بىر كىشى ئولتۇرۇپتۇ.

**مەھەللىك** ئى. مەھەللىدە ياشىغۇچى: ئۇ مەندىن سەن قايسى مەھەللىك دەپ سوراپ قالدى. * لېكىن رەخمە ئىككىمىز ساۋاقداش ھەم بىر مەھەللىك.

**مەھەللىمۇمەھەللە** مەھەللە ۋە مەھەللە، ھەربىر مەھەللە، مەھەللىدىن-مەھەللىگە: ئۇ، كوچىغا چىقىپ مەھەللىمۇمەھەللە ئىزلەپ ئەدەھەمنى تاپالماي، ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ بۇ مۇناجاتنى ئوقۇدى.

**مەھەللىۋاز** ئى (ئە+پ) ئۆزى ياشاپ تۇرغان تار، كىچىك دائىرىسىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ئىش قىلغۇچى كىشى.

**مەھەللىۋازلىق** ئى. ئۆزى ياشاپ تۇرغان تار، كىچىك دائىرىنىڭلا مەنپەئەتلىرىنى كۆزدە تۇتۇش: مەھەللىۋازلىق قىلماق.

**مەھەللىۋى** سۈپ (ئە) ① مەھەللىنىڭ

يەرلىك ئۇسۇلىدا ئىشلەنگەن: مەھەللىۋى ئوغۇت. ② شۇ مەھەللىگە خاس، يەرلىك: مەھەللىۋى ئۇسسۇل.

**مەھەللىي** سۈپ (ئە) مەھەللە تۈسىنى ئالغان؛ يەرلىك: بۇ مەھەللىي مەشرەپ مۇقاملىرىدا چوڭ نەغمىلەر، داستانلار، مەشرەپلەر بولماستىن، تولاراق قىسقا مۇزىكىدىن كېيىن ئۇسسۇللۇق، ناخشىلىق سەنەملەر باشلىنىپ كېتىدۇ. * بۇ چاغدا ئۇيغۇر تىلى يەنىلا موڭغۇل دەۋرىدىكى ئۆز تىلىنىڭ لۇغەت ئۆزىكى ئاساسىدا يەنىمۇ راۋاجلىنىش دەۋرىگە كىردى. يېڭى ئۆزبېك تىلى رەسمىي ئەدەبىي تىل سىستېمىسىدا قىپچاق ۋە خارەزىم مەھەللىي تىللىرىدىن شەكىللىنىپ چىقتى.

**مەھبۇب** ئى (ئە) يېزت. سۆيۈملۈك كىشى؛ يار: – مەن ئۈچۈن دۇنيادا سىزدىن ئارتۇقراق مەھبۇب يوق! خالىسىڭىز تەڭرى نامى بىلەن قەسەم ئىچەي، – دېدى يىلىنىپ. * كۆڭۈلدە ئىلىم ئېلىشنىڭ ئىشتىياقى، يەنە بىر ياندا مەھبۇبىنىڭ پىراقى.

**مەھبۇس** ئى (ئە) زىندانغا سېلىنغان، قاماققا ئېلىنغان، ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىنغان كىشى؛ گۇناھكار: ئۈچ تىلدا يېزىلغان ھېلىقى مەشھۇر شەرتنامە يىرتىپ تاشلىنىپ، قوشنا ئەللەرگىچە داڭقى كەتكەن خوجىنىياز ھاجى شۇ يىلى 12-ئۆكتەبىر كۈنى چوڭ سىياسىي مەھبۇس سۈپىتىدە قولغا ئېلىندى. * مەھبۇس شۇنچىلىك ئورۇق ۋە ھالسىز ئىدىكى، ئۇنىڭ نېمىدىن – ئاچلىق ياكى تاياق زەربىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

**مەھبۇسلۇق** « مەھبۇس » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەھبۇسلۇقتا ئۆتكەن كۈنلەر. * شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى مەھبۇسلۇقتا ئۆتتى.

**مەھرەم** ئى (ئە) ① تارىس. پادىشاھنىڭ ئوردا، سارايلىرىدا ھەم ئەمەلدارلارنىڭ يېنىدا ھەر خىل خىزمەتلەرنى قىلىدىغان خىزمەتكار: پادىشاھ ئەپەندىمنى لەت قىلماقچى بولۇپ كۆل بويىغا چاقىرىپتۇ ۋە ئەپەندىمدىن يوشۇرۇن ھالدا قىرىق مەھرەمگە بىردىن تۇخۇم بېرىپتۇ. * پادىشاھ ئادىلنىڭ بىر خاس مەھرىمى بار ئىدى. * ئۇنىڭ خاس مەھرىمى قۇمۇل شىيەنجىڭنىڭ زىيارەتكە كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلدى. ② كونا. مۇھاپىزەت خادىمى: قاسىم فۇگۇەن يولۋاسنىڭ خاس مەھرەملىرىدىن بولۇپ، خەنزۇ تىلىنى خېلى ئوبدان بىلەتتى. * مەھرەم كىرىپ ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ چاس بەرگەندىن كېيىن بۇيرۇق كۈتتى. ③ كونا. ئەر ياكى خوتۇننىڭ شەرىئەت بويىچە بىر-بىرىنى كۆرۈشى مۇمكىن بولغان، ئەمما نىكاھ راۋا بولمايدىغان قېرىندىشى.

**مەھرەم بېگى** < تارىخ > تارىختا ئۆتكەن خانلىقلاردا خان ياكى بەگلەرنىڭ مەھرەملىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن قويۇلغان ئەمەلدار.

**مەھرۇم** سۈپ (ئە) مۇيەسسەر، بەھرىمەن، ياكى ئىگە بولۇش، ئېرىشىش، پايدىلىنىش ئىمكانى، ھوقۇقى قاتارلىقلار بولمىغان: مەھرۇم بولماق. مەھرۇم قىلماق. مەھرۇم قالماق. * خەلق ئۇنى ئاۋايلاپ ئېلىۋېلىپ، قەدىر-قىممەت بىلەن دەپنە قىلىشقا تەقەززا بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ئارزۇلىرىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن مەھرۇم ئىدى. * مىللىي ئارمىيە خەلقنىڭ پۈتمەس-تۈگمەس ياردىمىگە ئىگە ئىدى. گومىنداڭ ھەربىي قوشۇنى يېتىم بولۇپ، ئۇلار مۇنداق ئىمكانىيەتلەردىن تامامەن مەھرۇم ھالەتتە تۇراتتى.

**مەھرۇم بولماق** ئىگە بولالماسلىق،

ئايرىلماق: پادىشاھلىق ئەل بىلەن، تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن دەپ، ئەلنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم بولغان پادىشاھ يىلتىزى قۇرۇغان دەرەختكە ئوخشاپ قالدى. * – مەن ئۇنداق بەختتىن مەھرۇم بولدۇم، – دېدى ئۇ يىگىت كۆڭلىنى يېرىم قىلغان ھالدا.

**مەھرۇم قىلماق** ئايرىماق: بۇ قىيىنچىلىقلار ئۇلارنى ئۇرۇش قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپتۇ. * – ئەجەب گەپ قىلدىڭىزغۇ مۇدىر، شۇنچە يىل ئەجرىم سىڭگەن سىنىپتىن مېنى مەھرۇم قىلسىڭىز ماڭا ئېغىر كەلمەمدىكەن؟ – دېدى ئوقۇتقۇچى مەكتەپ مۇدىرىنىڭ سۆزىگە جاۋابەن.

**مەھسۇل** ئى (ئە) ئىش، پائالىيەت، مېھنەت قاتارلىقلاردىن يارىتىلغان مېۋە؛ نەتىجە: بايلىق ئەمگەكنىڭ مەھسۇلى. * تالانت-قابىلىيەت ئىنسانلارنىڭ ئەقلىي ۋە جىسمانىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى. * بۇ ئەلۋەتتە ئۇ ئۆگەنگەن تېخنىكا نەزەرىيىسىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى.

**مەھسۇلات** ئى (ئە) ئىشلەپچىقىرىلغان بۇيۇملار: دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى.

**مەھسۇلات تەننەرخى** <س ئىق> مەھسۇلاتنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا چىقىم قىلىنغان خىراجەتنىڭ يىغىندىسى.

**مەھسۇلات قىممىتى** <س ئىق> مەھسۇلاتقا مۇجەسسەملەنگەن ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك.

**مەھسۇلاتنى ھۆددىگە ئېلىش** دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشىدا يەر، ئىشلەپچىقىرىش قورالى، تېخنىكا، ئەمگەك كۈچى قاتارلىق شەرت-شارائىتلارغا ئاساسەن مەھسۇلات كۆرسەتكۈچى بەلگىلىنىپ ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكىنىڭ مەسئۇللۇقىدا ئورۇنلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەھسۇلاتلىق** سۈپ. مەھسۇلاتى بار، مەھسۇلات چىقىدىغان: يۇقىرى مەھسۇلاتلىق شال. يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئېتىزلار. * خىمىيىۋى ئوغۇتنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنى كۈچەيتىپ رايونلارغا بېرىلىدىغان خىمىيىۋى ئوغۇتنى كۆپەيتىش لازىم. * ھازىر يۇقىرى مەھسۇلاتلىق بۇغدايلارنى تېرىش شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئومۇملىشىپ بولدى.

**مەھشەر** ئى (ئە) دىنىي چۈشەنچىدە قىيامەت كۈنى ھەممە كىشى يىغىلىدىغان جاي ۋە شۇ ۋاقىت: – مەن ئۆلسەمغۇ مەيلى شۇنچە شېھىتلىرىمىزنىڭ قېنى بىكارغا كەتسە، مەھشەر كۈنى خۇدانىڭ ئالدىدا نېمە دەرمەن؟ – دەپ يىغلىدى ئۇ. * جامائەت جەم بولۇپسىز، مېنىڭدىن بولۇڭ رازى. مەھشەردە كۆرۈشكەيمىز بولغاندا خۇدا قازى.

**مەھشەرگاھ** ئى (ئە+پ) يېزت. قىيامەت بولىدىغان جاي: ناۋادا مۇشۇ قەرز بىلەن شۇ كۈنلەردە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلغان بولسام، مەھشەرگاھتا نېمۇ دەيتتىم. * – ئەزنەم ئاپاڭ ئوبدان ئايال ئىدى — دە، دېدى مىرئاكام موخۇركىدىن قاتتىق شوراپ، – ئۇ دۇنياغا تېزرەك بارسام، تاڭلا مەھشەرگاھدا كۆرۈشسەم دەپ ئالدىرايمەن.

**مەھكەم** (ئە) ① سۈپ. ئاسان بۇزۇلمايدىغان، سۇنمايدىغان، پۇختا، مۇستەھكەم، چىدامىلىق: قورقۇپ جياڭجۇن ئالۋاستى، كىردى سىپىل ئىچىگە. مەھكەم ئىكەن سېپىلى، يەتمىدۇق ھېچ ئېپىگە. * بىلەمسەن، نېمىشقا لاي سۇۋاق تامدا، يېرىلماي، ئۇۋۇلماي تۇرىدۇ مەھكەم. بۇ ئەسلىي سامانىڭ خاسىيىتىدىن، ئۇيۇتۇش خىسلىتى ئۇندا مۇجەسسەم. * ئەل-ۋەتەن ئىشقى بىلەن مەھكەم تۇتاش

دىل رىشتىمىز. شۇ تۇپەيلى گۇل ئىچىپ ياشنار مۇھەببەت ئىشقىمىز. ② رەۋ. زور كۈچ بىلەن، كۈچىنى ئىشقا سېلىپ؛ چىڭ، قاتتىق: مەھكەم تۇتماق. * دادىسىنىڭ ئامراقلىقى تۇتۇپ ئۇنى تىزىغا ئالدى ۋە باغرىغا مەھكەم باستى. * – ئوغلۇم بولساڭ قورالنى ھەردائىم مەھكەم تۇت! بوش قويمىغىن دۈشمەننى، ئانا يەرگە سالسا پۇت. ③ رەۋ. تەۋرەنمەي، ئىخشماي، چىڭ: بۇ تەكلىپكە بەزىلىرى ئۇنىغان بولسىمۇ، بەزى ھەمشىرىلەر ئۇنىماي قالدى. رىزىۋانگۈل ئۆزىنىڭ سۆزىدە مەھكەم تۇردى. * ھەمكارلىق گۇرۇپپىغا ئەزا بولۇش بەك مۇھىم. گۇرۇپپىدىن چېكىنمەي، مەھكەم تۇرۇش بەك مۇھىم. ④ رەۋ. ئۇنتۇپ قالماي: ئەستە مەھكەم تۇتماق. * ھەي پەررۇخ بەخت، – دەپتۇ قازى، – ساڭا بىرنەچچە تەلىم بېرىمەن. قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت. سۆزۈمگە قۇلاق سال. * بۇلار ئىلىپ بوياقنى، ئويلاپ ئۇ ياق-بۇ ياقنى، مەھكەم پۇكۇپ كۆڭۈلگە، تەجرىبىنى ساۋاقنى. ⑤ سۈپ. كۈچمە. ئېھتىياتچان، پىششىق، پۇختا: ئۆزۈڭنى مەھكەم تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما (ماقال). * – لېكىن مەسىلە ئېنىقلانغۇچە ئاغزىڭغا مەھكەم بول!

" – سەن

ھاتا

ياكى

بىلگىلى بولە

**مەھبۇسلۇق**

ئابستراكت ئىسىم

ئۆتكەن كۈنلەر. *

ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمى مەھ

سىرلانغان 20 غولاچلىق بۇ موما ئىككى يەردىن ئۇلاقلىق بولۇپ، ھەربىر ئۇلىقى ئۇچتىن چەمبەر بىلەن مەھكەملەنگەنىدى.

**مەھكەملىمەك** پ. مەھكەم، چىڭ ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ چىڭىتماق: ئۇ، تۇرسۇن بىلەن بىرلىكتە نوكەش تۇرۇبا بېكىتىلگەن تاختاينى يەڭگۈشلەپ، ئاۋۋالقىسىدىن كىچىكرەك بولغان تۆشۈكچىلەرنى تېشىپ، تۇرۇبىنى بېكىتىپ مەھكەملىدى. * ئىتتىپاقنى مەھكەملەپ ئىلگىرى چامدا، بۇگۈن خەلق كۆزلىگەن تىلەكنى قامدا.

**مەھكۇم** سۈپ (ئە) ① بىرەر جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان ياكى ھۆكۈم قىلىنىشقا تېگىشلىك: – مەن جىنايەتچى، مەن ئۆلۈمگە مەھكۇم، – دېدى ئۇ. * شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە بولۇپ بېسىقىش بىلەن تىرىك تۇتۇلۇش بۇ جاھىل دۈشمەنلەر ئۈچۈن ئوخشاش گەپ. ئۇلار بەربىر ئۆلۈمگە مەھكۇم ئىدى. ② باشقىلارنىڭ ئەمرىدە، ھۆكۈمرانلىقىدا بولغان؛ باشقىلارنىڭ ئىلكىدىكى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدىكى، قارام، بېقىندى: مەھكۇم خەلق. مەھكۇم مىللەت. مەھكۇم ئەل. * بەرسە ئەگەر بىر جۈپ قانات شۇڭقار بولاتتىم، قەقنۇستەك كۆك قەرىدە پەرۋاز قىلاتتىم. مەھكۇم قۇشلار قەپەسنى قويماي چاقاتتىم، بۇگۈن ماڭا مەدەت بېرەر كۈنۈڭدۇر.

**مەھكۇم بولماق** ھۆكۈم قىلىنماق، ھۆكۈم ئاستىغا ئېلىنماق، بۇيرۇلماق: – ئەگەر سىلەر قورالنى قولدىن بېرىپ قويساڭلار، ئۆلۈمگە مەھكۇم بولىسىلەر، – دېدى ئۇ قول ئاستىدىكىلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ. * پادىشاھى ئالەم ھەزرەتلىرىنىڭ يەنە قايتا ئويلاپ كۆرۈشلىرىنى ئىلتىجا قىلىمەنكى، ئۆلۈشكە مەھكۇم بولسامۇ بۇ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلالمايمەن، – دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

**مەھكۇم قىلماق** بۇيرۇماق، ھۆكۈم قىلماق؛ ھۆكۈم ئاستىغا ئالماق: جازاغا مەھكۇم قىلماق. * ئەزگۈچى شۇملاردا يوق ئەسلا شەپقەت، شورىدى تېرىمىزنى، قېنىمىزنى، مىڭ تۈمەن كۈلپەت سېلىپ بېشىمىزغا، قۇللۇققا مەھكۇم قىلدى جېنىمىزنى.

**مەھكۇمانە** رەۋ. مەھكۇملارغا ئوخشاش، مەھكۇملارچە: بۇ ئېغىر نومۇسنىڭ ئاچچىق يىغىسى ئىدى. يىگىت بولسا توپىلىق يولدا خىجالەت تەرلىرىدىن تۆرەلگەن لايغا پېتىپ، يەر يېرىلسا كىرىپ كەتكۈدەك ئېغىر ئىزا ئالدىدا مەھكۇمانە باش ئېگىپ تۇراتتى.

**مەھكۇملارچە** رەۋ. مەھكۇملارغا ئوخشاش، مەھكۇملارغا خاس، مەھكۇمانە: ئۇلار بىزنىڭ ئالدىمىزدا مەھكۇملارچە باش ئەگكەن ھالدا قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇراتتى.

**مەھكۇملۇق** «مەھكۇم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەھكۇملۇقتىن قۇتۇلماق. * شۇنداق قىلىپ، گەجگىمىزنى بېسىپ تۇرغان بىر تاغ — ھوقۇقسىزلىق، مەھكۇملۇق تېغى ئاغدۇرۇلدى. ئەمدى گەجگىمىزنى يەنە بىر تاغ بېسىپ تۇرۇپتۇ. * ئۈمىد — ھايات، ئۈمىد — بەخت، ئۈمىد — كەلگۈسى. ئەكسىچە ئۈمىدسىزلىك مەھكۇملۇق، ئۆلۈم دېمەكتۇر.

**مەھكىمە** ئى (ئە) قانۇن، ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىدارە، ئورگان: ئەدلىيە مەھكىمىسى. * يەڭگەم تەپتىش مەھكىمىسگە ئورۇنلاشتى. * تۆمۈر خەلپە بىلەن قارا بوسۇقلار بىرنەچچە يۈز قوراللىق مەرگەننى تاغقا باشلاپ كەتكەندىن بۇيان، ۋالىي ئوردىسى بىلەن ھۆكۈمەت ۋە ھەربىي مەھكىمىلەر خۇددى چۇۋۇلۇپ كەتكەن چۈمۈلە ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالغانىدى.

**مەھكىمىچىلىك** ئى. مەھكىمە ئىشلىرى: تار مەھكىمىچىلىك.

**مەھلىيا** سۈپ (پ) ئادەم ياكى بىرەر نەرسىگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن، ئەس-ھوشىنى يوقاتقان؛ چىن دىلىدىن كۆيگەن: مەھلىيا بولماق. مەھلىيا قىلماق. * بۇ يىگىت ئۇنىڭ ھۆسنىگە مەھلىيا بولۇپ قېلىپتۇ. * يۈرىكىمنى قىلدى مەھلىيا، باغقا كىرسەم ياقۇت رەڭ ئانار. شاخلىرىغا قونۇپ ساناقسىز، پەرخىل مېۋە چوغدەك تاۋلىنار.

**مەھلىيا بولماق** پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلمەك؛ باغلانماق، مەپتۇن بولماق، كۆيمەك، ئاشىق بولماق: يىگىتنىڭ قىزغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپتۇ. ئۇنىڭ تازا ۋە تولغان گۈزەل ھۆسنىگە مەھلىيا بولۇپتۇ-دە، قىزغا سالام بېرىپتۇ. — * ھىم، سېنىڭ «تەرەققىيات خەرىتە»ڭگە مەھلىيا بولۇپ تۇرۇپ قالدۇق، — دېدى ئۇ سوئالغا جاۋابەن. * ئانا ئېلشانىڭ ناخشىسىغا مەھلىيا بولۇپ كۆزلىرىدىن تارام-تارام ياشلىرىنى تۆكۈپ ئولتۇراتتى.

**مەھلىيا قىلماق** ئۆزىگە تارتماق، ئۆزىگە قاراتماق، مەپتۇن قىلماق، قىزىقتۇرماق: ئۇنىڭ گۈزەل جامالى مېنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. * ئانارخان 16 ياشقا قەدەم قويغان چاغلىرىدا پەرىزاتتەك گۈزەل ھۆسنى-جامالى بىلەن يىگىتلەرنى مەھلىيا قىلاتتى. * قاتتىق تەرتىپ بىلەن ئوينىلىدىغان مەشرەپنىڭ بۇ ئۇسسۇللىرى كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلدى.

**مەھلىيالىق** «مەھلىيا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئادالەتنىڭ يۈرىكىنى ئەمدى مۇندىن بىرنەچچە سېكۇنت ئىلگىرىدىكى نەپرەت-ئۆچلۈك ھېسسىياتى ئەمەس، بەلكى مەھلىيالىق، ھۆرمەت تۇيغۇسى ئىگىلىگەنىدى. * خەلق ۋەكىللىرى چاۋاك چېلىش بىلەن ھەممە كىشى تەڭ چاۋاك چېلىپ، ئۇزۇق مەھلىيالىقىدا جىمىپ كەتكەن زال بىردىن تەۋرىنىپ كەتتى.

**مەۋج** ئى (ئە) ① سۇ يۈزىنىڭ جىمىر-جىمىر قىلغان ھەرىكىتى. ② دولقۇن؛ كۆتۈرۈلۈش؛ چايقىلىش: ئۆستەڭ ئۈز قىنىدىن چىقىپ ۋاقتىلىق ياىداش ئۆستەڭ بىلەن ئەگىپ ئۆتۈپ غەربكە قاراپ مەۋج ئۇرۇپ ئاقماقتا ئىدى. * ئوتتۇرا ياشلىق ھايات كۈچى يېڭىباشتىن مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان تۆت جۈپ دوست بىر-بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ، پىچانلىق ئىچىدە يۇقىرىغا قاراپ داۋاملىق ئۆرلىمەكتە.

**مەۋج ئۇرماق** دولقۇنلىماق، كۆتۈرۈلمەك، ئۆركەشلىمەك: دېڭىز مەۋج ئۇرماقتا. * مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقان ھەيۋەتلىك ئۇلۇغ ساي دەرياسى گوياكى ئۆلگۈچىگە نالە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. * شۇنىدىن بۇيان قەلبىمدە شادلىق، سۆيۈنۈش تۇيغۇسى مەۋج ئۇرماقتا ئىدى.

**مەۋجلەنمەك** پ ← **مەۋج ئۇرماق:** قەلبىمدە غەشلىك ئارىلاش «ئازارلىق» تۇيغۇسى مەۋجلىنەتتى.

**مەۋجلىك** سۈپ. مەۋج ئۇرغان، دولقۇنلانغان: ئۆركىشى دەريا-دېڭىزنىڭ مەۋجلىك كۆكسى ئۈنىڭ، پەرق ئۇرار تولغان تولۇن ئايدەك گۈزەل ھۆسنى ئۈنىڭ.

**مەۋجۇت** سۈپ (ئە) ئوبيېكتىپ بار بولۇپ تۇرۇۋاتقان، بار: مەۋجۇت بولماق. * بىزنىڭ خوجىنىياز ھاجى گەرچە دەسلەپتە مەشھۇر بولمىغان بىلەن ئەمەلىيەتتە مەۋجۇت ئادەم. بىز كىچىكىمىزدە ئاستانە مەدرىسىدە بىللە ئوقۇغان، — دېدى ئۇ. * گەپ توغرىدىن-توغرىلا ئەنئەنىۋى دىنىي ۋە مە... ۋلەتنى يوقىتىش ئۈستىدە ...ەرىكىتى سىزىلمەيدىغان ...ن باشقا ئۆسۈملۈكلەردە ...ۇت. * بۇ ئەتراپتا بۆرە

**مەھكەم** ... بولماق، ساقلانماق، ... يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە پېشلىنىك

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان. * سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنى تەشكىللەشتە، ھەم پىلان ئارقىلىق تەڭشەش، ھەم بازار ئارقىلىق تەڭشەش مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ.

**مەۋجۇتلۇق** ① «مەۋجۇت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ، — بىزنىڭ تۇيغۇدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، دەپ ھېسابلايدۇ. * بۇ شۇنداق ۋاقىتلار ئىدىكى، ھېسسىياتىكى ھەرقانداق توغرا بىلىش، سىياسىي كاپالەتكە ئىگە بولغىنىدىلا ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇققا ئىگە بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولاتتى. ② < س ئىق > مەۋجۇدىيەت.

**مەۋجۇدات** ئى (ئە) ئالەم، تەبىئەتتە بار نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى، دۇنيادا مەۋجۇت نەرسىلەر، پۈتۈن، بارلىق: دۇنيادىكى مەۋجۇداتلار ھەددى-ھېسابسىز ۋە رەڭگارەڭ بولغىنىغا ئوخشاش، ئەدەبىي ئەسەرلەردە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازلارمۇ خىلمۇخىل ۋە رەڭگارەڭ بولىدۇ. * نەزەر سال، ۋادىنىڭ مەۋجۇداتلىرى، ھاياجان ئىچىدە چاچار مۇھەببەت. جىمىكى جانلىق ۋە جانسىز ھۆسنىدىن، ئاقىدۇ. چوڭ يولغا ئەڭ ئالىي ھۆرمەت.

**مەۋجۇدىيەت** ئى (ئە) ① مەۋجۇتلۇق، مەۋجۇدات، بارلىق: ئۇ ئۆز كۈچى ۋە تەبىئىي بايلىقىغا تايىنىش ئارقىلىق ئۆز مەۋجۇدىيىتىنى ساقلاپلا قالماستىن، بەلكى دەۋرىمىزگە قەدەر ئۆز ئەھمىيىتىنى ۋە ئىناۋىتىنى يوقاتماي، ياخشى نەتىجىلەرنى جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. * شۇنىدىن باشلاپ ماڭا پۈتۈن تەبىئەت، پۈتۈن مەۋجۇدىيەت باشقىچە يېڭى، باشقىچە يېقىملىق، باشقىچە بىر گۈزەل كۆرۈنىدىغان بولدى. ② < پەلس > ماددا. بۇ تەپەككۇرغا نىسبەتەن ئېيتىلغان سۆز بولۇپ، ماتېرىيالىستلار «مەۋجۇدىيەت

بىرلەمچى، تەپەككۇر ئىككىلەمچى »
دەپ قارايدۇ؛ ئىدېئالىستلار بولسا
« تەپەككۇر بىرلەمچى، مەۋجۇدىيەت
ئىككىلەمچى » دەپ قارايدۇ.

**مەۋسۇم** ئى (ئە) ① يىلنىڭ مەلۇم پەسلى ياكى ۋاقتىدا بولىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغان ئىش دەۋرى: تېرىقچىلىق مەۋسۇمى. دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەۋسۇمى. * ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى مەۋسۇمى يېتىپ كەلدى. ② < ئاستر > كۈندۈزنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى، چۈش ۋاقتىدىكى قۇياش نۇرىنىڭ تىك-يانتۇلۇقى قاتارلىق ئەھۋاللارغا ئاساسەن ئايرىپ چىقىلغان ۋاقىت بىرلىكى. بىر يىل جەمئىي 24 ۋاقىت بىرلىكى — 24 مەۋسۇمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇ يەر شارىنىڭ ئۆز ئوربىتىسىدىكى ئورنىنى ياكى قۇياشنىڭ ئېكلىپتىكىدىكى ئورنىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. ③ < ئاستر > بىر يىلنىڭ تۆتتىن بىرى، يەنى پەسىل: تەنگە سىغمىدى بۇ چاغدا يۈرەك، ئەزگۈچى كۆلى كۆككە تۈزىغاندا. ئېچىلمىسۇنمۇ غۇنچە ھەم پورەك، باھار مەۋسۇمى قىشنى بۇزغاندا. ④ < مائار > بىر ئوقۇش يىلىنىڭ يېرىمى: مەۋسۇم ئىمتىھانى. بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمى. * خىمىيە فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مەۋسۇمى كېلىپ قالغان 7-يىللىق سىنىپىدا، مېنى قوشقاندا پەقەت ئۈچلا ئوقۇغۇچى قالدۇق. ⑤ كۆچمە. دەۋر، مەزگىل، چاغ: قىرىقتىن ھالقىدىم مەنمۇ، يىگىتلىك مەۋسۇمى ئۆتتى، ھايات ۋادىسىدىن كەزدىم، بېشىمدىن قانچە ئىش ئۆتتى. * ياشلىق مەۋسۇمى ئۆتتى، دەرد پەسلى ئارام بەرمەي، قان-ياش سۈيىدە كەتتى، ياشلىق ئويىناي، كۈلمەي.

**مەۋسۇملۇق** سۈپ. مەۋسۇم ئىچىدە بولىدىغان، مەۋسۇم خاراكتېرلىق، پەسىللىك: مەۋسۇملۇق ئىمتىھان. مەۋسۇملۇق ئىشلار. مەۋسۇملۇق پىلان تۈزمەك. * مەكتىپىمىزدە 2-مەۋسۇملۇق ئوقۇش ئەمدىلا باشلىنىپ، دەرسلەر تازىمۇ قىزغىن ئۆتۈلۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۆمەر ئۆزىچىلا مەكتەپكە كەلمەي قويدى.

**مەۋسۇملۇق باھا** < مائار > ئوقۇغۇچىنىڭ بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇش جەريانىدىكى ئۆگىنىش، ئەخلاق، ئىنتىزام ۋە ھەر خىل پائالىيەتلەردىكى ئىپادىسىگە بېرىلگەن باھا.

**مەۋسۇملۇق ئىمتىھان** < مائار > مەكتەپلەردە ھەربىر مەۋسۇمنىڭ ئاخىرىدا ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان ئىمتىھان: بىر كۈن ئەتىگەندىلا مەكتەپ مۇدىرى سىنىپ ھەيئەتلىرىدىن لۇتپۇللانى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى، بۇ، مەكتەپ بويىچە مەۋسۇملۇق ئىمتىھانلار تۈگەپ، ئىلمىي نەتىجىلەر ئېلان قىلىنىپ بولغان ۋاقىت ئىدى.

**مەۋقە** ئى (ئە) ① ئادەم، بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، تەشكىلات، قاتلام قاتارلىقلارنىڭ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى، نوپۇز، دەرىجە: ئۇلار خوجايىنلىق مەۋقەسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەقىل-پاراستىنى تولۇق ئىشقا سېلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە ياخشىلاش يولىدا تېخىنىكا ئىسلاھاتى ئېلىپ باردى. * سىز ماڭىلا ئەمەس، بىزنىڭ ئائىلىمىزگە ئاتىلىق مەۋقەسىدە تۇرۇپ، ياخشىلىقتىن باشقىنى ئويلىماي كېلىۋاتىسىز. ②كىشىنىڭ بىرەر ئۆگىنىش، سىياسىي، ئىجتىمائىي ھەرىكەت، پائالىيەتلەردىكى پوزىتسىيىسى؛ مەيدان، ئىرادە: مەۋقەسىدە چىڭ تۇرماق. * كۆكە، قالىكەش باتالىيونلىرىنىڭ مەۋقەسى مۇستەھكەم بولۇپ، دۈشمەنلەرگە ئۈستۈن ھالەتتە زەربە بېرىۋاتاتتى. ③ ئورۇن: ھاۋا مەۋقە

جەھەتتە ئوت (قۇياش) نىڭ تۈۋىنىدە، سۇنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقى ئۈچۈن، خاراكتېرى ھۆل ئىسسىق بولىدۇ.

**مەۋقەسىز** سۈپ. مەۋقەسى، مەيدانى يوق؛ ئاسان تەۋرىنىدىغان: مەۋقەسىز ئادەم. مەۋقەسىز يىگىت.

**مەۋقەسىزلىك** «مەۋقەسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەۋقەسىزلىك قىلماق.

**مەۋلانا** ئى (ئە) دىنىي ساھەدە ئىشلىتىلىدىغان «داموللا»، «ئۇستاز» مەنىسىدىكى ھۆرمەت سۆزى: — مەيلى ئۇ سىزنىڭ مەۋلانىڭىز ياكى مېنىڭ مەۋلانىم بولسۇن، ئۇنىڭغا مۇنداق ئامەت نېسىپ بولغىنى يوق، دېدى ئۇ. * ئېھ، ئۇلۇغ مەۋلانا سىزنى سېغىنىپ، قارايتى بۇرۇلۇپ ئۇن بەش كۈنلۈك ئاي. قىلاتتى چىن تەزىم كۆزىنىڭ شامىلى، ھەركۈنى بۇ يەردىن ئۆتسىمۇ، قانماي.

**مەۋلۇت** ئى (ئە) <دىن> مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنى ۋە ئۇنى خاتىرىلەپ ئوقۇلىدىغان مەسنەۋى؛ بۇ مەسنەۋىنى ئوقۇيدىغان دىنىي مۇراسىم: مەۋلۇت ئوقۇماق. مەۋلۇت ئۆتكۈزمەك.

**مەۋلۇت ئاي** <ئاستر> ← **رەبىيەلئەۋۋەل.**

**مەۋھۇم** سۈپ (ئە) ① ئەقىل بىلەن، پىكىر قىلىش ئارقىلىق تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان؛ ئەقلىي، پىكرىي، ئابستراكت: مەۋھۇم چۈشەنچە. مەۋھۇم تەسۋىر. مەۋھۇم سان. ② كونكرېت ئەمەس، نائېنىق، مۇجمەل: ئۇ ئاللىقانداق ئېگىدارچىلىقى ئېنىق بولمىغان مەۋھۇم بىرنەرسىدەك ئىدى. * شەۋكەت تۆت ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ بويى بىلەن تەڭ ئۆسكەن قەلەمچە تېرەك ئورمانلىقىنى تاللىدى-دە، مەۋھۇم خىياللار ئىچىدە كۆزنى يۇمدى.

**مەۋھۇم تەسۋىر** <فىز> يورۇقلۇق مەنبەسى پېتىنقى ئەينەك ياكى كۆپۈنكى لىنزىنىڭ باش فوكۇسىنىڭ ئىچىدە بولغاندا، نۇرنىڭ قايتىش ياكى سۇنۇشى ئارقىلىق كۆرۈنگەن تەسۋىر. تەكشى ئەينەك، كۆپۈنكى ئەينەك ۋە پېتىنقى لىنزىلاردىن ھاسىل بولغان تەسۋىرلەرمۇ مەۋھۇم تەسۋىر بولىدۇ. لوپا ئەينەك (چوڭايتقۇچى ئەينەك) بىلەن نەرسىلەرنى كۆرگەندە ئەينەكتىن كۆرۈنگەن تەسۋىرلەرنىڭ ھەممىسى مەۋھۇم تەسۋىر بولىدۇ.

**مەۋھۇم سان** <مات> مەنپىي ساننىڭ كۋادرات يىلتىزى. مەسىلەن، $\sqrt{-1}$، $\sqrt{-\alpha}$ $(\alpha>0)$ قاتارلىقلار. ئادەتتە $\sqrt{-1}$ نىڭ ئورنىغا i ئېلىنىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن $\sqrt{-9}=\sqrt{-1\times 9}-3i$ بولىدۇ.

**مەۋھۇملۇق** «مەۋھۇم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئېنىق بولۇش، ئۇسۇل، قەدەم باسقۇچ ۋە تەدبىرلەر كونكرېت بولۇش، مەۋھۇملۇق بىلەن كونكرېتلىق بىرلەشتۈرۈلۈش لازىم. * ئىككى جۈپ كۆز بىر-بىرىگە سوئال نەزىرىدە تىكىلدى: بىر جۈپىدە سەمىمىيەت، تەبەسسۇم جىلۋە قىلسا، يەنە بىر جۈپىدە مەۋھۇملۇق، بېچارىلىك نامايان ئىدى.

**مەئىشەت** ئى (ئە) ① كۈندىلىك تىرىكچىلىك، ياشاش، تۇرمۇش كەچۈرۈش: مەئىشىتىم يامان ئەمەس، خۇداغا شۈكرى ئامان-ئېسەن كېتىۋاتىمەن. ② كەيپ-ساپا، ئەيش-ئىشرەت، ھۇزۇر-ھالاۋەت: شائىر لۇتفى رېئال ھاياتقا بولغان مۇھەببىتىنىڭ لەززىتىنى خىيالىي جەننەتنىڭ مەئىشىتىدىن يۇقىرى قويۇپ يازىدۇ: * قېنى مېنىڭ ئارزۇ-ئارمانلىرىم، قېنى مېنىڭ باغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك ئۆتۈۋاتقان مەئىشەت ھۇزۇر-ھالاۋىتىم؟

**مەئىشەتپەرەس** سۈپ (ئە+پ) مەئىشەتكە

بېرىلگەن، مەئىشەتنى ياخشى كۆرىدىغان، مەئىشەتكە، كەيپ-ساپاغا ئامراق: بۇ شىلەپە تېنى ساغلام، مەڭزى قىزىل، يېشى توختىغان بۇ ئادەمنىڭ خۇش خۇي يۈزىگە سايە چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭ مەئىشەتپەرەس، ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى.

**مەئىشەتپەرەسلىك** «مەئىشەتپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ھېكايىدە مەئىشەتپەرەسلىككە بېرىلگەن كىشىلەر پاش قىلىنغان.

**مەئىشەتلىك** سۈپ. مەئىشەت بىلەن ئۆتىدىغان: مەئىشەتلىك تۇرمۇش.

**مەي** ئى (پ) ① ئۈزۈمنى ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك؛ ۋىنو، مۇسەللەس؛ ھاراق، شاراب: مەي ئىچمەك. مەي تۇتماق. * ئۇ قىزغا قاراپ: «مۇزىكىسىز ئىچكەن مەينىڭ قىزىقى يوق، دېگەن گەپ بار» دېدى. * ئۇ ئالتۇن ئاياقنى ئېلىپ چىقىپ مەي قويۇشقا باشلاپتۇ. ② مېۋە-چېۋىلەرنىڭ تازا پىشقان چاغدىكى شىرىسى، شىرنە: مەي باغلىماق. مەي باغلاپ پىشماق. * ئەنجۈر پىشىپ مەي بولدى، تەمى ئۇخشار شېكەرگە. بەلنى مەھكەم باغلىدۇق، يېڭى ئۈزۈن سەپەرگە.

**مەي باغلىماق** شىرنە يىغماق، قەنت ماددىسى توپلانماق: تۆمۈر ئاتا كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپى بىلەن سۈپىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالدى ۋە مەي باغلىغان شېرىن مۇناقى ئۈزۈمگە ئېغىز تېگىپ تۇرۇپ، سابىردىن ئۇنى-بۇنى سوراشقا باشلىدى. * مەي باغلىغان مېۋىلەر كۆز چاقنىتار، كۆز پەسلى. ئېسىل تەمى-شىرنىسى تىلنى يارار، كۆز پەسلى.

**مەي بولماق** ① شىرە باغلىماق، مەي باغلىماق: باغدا مېۋىلەر راسا مەي بولۇپ پىشىپ كېتىپتىكەن، ئەپەندىمنىڭ ئاغزىغا سېرىق سۇ كېلىپتۇ. * شاپتۇل مەي بولۇپ پىشتى، شاخلار ئېگىلىپ چۈشتى؛ بۇلبۇل ئۇچتى-يۇ باغدىن، ئۈمىد يۇلتۇزى كۆچتى. ② ناھايىتى بەك يۇمشىماق، تازا ئېزىلىپ پىشماق: — يۇر ئاداش، ھاراق ئىچمىز، — دېدى سۇنۇر روزىمەتنىڭ مۈرىسىگە قولىنى قويۇپ، ـُ قازاندىكى گۆش مەي بولۇپ كەتتى.

**مەيەر** ئال (ماۋۇ+يەر) جانت. مۇشۇ يەر، بۇ يەر: — ئاچا، قورسىقىڭىز ئاچتۇ بەلكى، مەيەرگە كېلىڭ، — دېدى ساندۇلاچ بارىنچە ئايالنى باشلاپ كىرىپ. * «مانا مەيەرە ئىكەن» دېگەن سۆز ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى. ئىككىلىسى ئارقىسىغا قاراپ، ئاتلىق قىلىچنى ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋاتقان ئارسلان بىلەن يۇلتۇزنى كۆردى.

**مەيپەرەس** سۈپ (پ) مەيگە بېرىلگەن، مەينى ياخشى كۆرىدىغان، مەيگە ئامراق، مەينى كۆپ ئىچىدىغان، مەيخور: مەيپەرەس ئادەم.

**مەيپەرەسلىك** «مەيپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مەيپۇرۇش** ئى (پ) مەي ساتىدىغان ئادەم: ئۇ ھە دېگەندە مەس بولۇۋېلىپ، تا يېرىم كېچىگىچە مەيخانىدىن چىقىپ كېتىشمەي، مەيپۇرۇشنى ئاۋارە قىلاتتى. * كۇندۇزى ئازراق ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىككى كىشى مەيخانىغا كىرىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى، مەيپۇرۇشنى ۋارقىراپ چاقىردى.

**مەيپۇرۇشلۇق** «مەيپۇرۇس» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: مەيپۇرۇشلۇق قىلماق.

**مەيخانا** ئى (پ) ھاراق-شاراب، مەي

ساتىدىغان، ئىچىدىغان جاي، ئۆي؛ قاۋاقخانا: ئۇ بۈگۈن بازاردىكى بىر مەيخانىغا بېرىپ، ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپتۇ. * كۈندۈزى ئازراق ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىككى كىشى مەيخانىغا كىرىپ، بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇلاردىن بىرى، مەيپۇرۇشنى ۋارقىراپ قىچقاردى.

**مەيخور** سۈپ (پ) مەينى، ئىچىملىكنى تولا ئىچىدىغان، ئىچىملىككە تولا بېرىلگەن، ئىچىملىك ئىچىشكە ئامراق: مەيخور ئادەم. * دېسەم، ھەي، ئويلىما، مەيخور ئەمەسمەن؛ سېنىڭ مەيخورلىرىڭغا جور ئەمەسمەن. * شۈكۈر، ئوڭدىن كەلدى بەختىم-تەلىيىم، تاشلىۋەتتى مېنى مەيخور ئۈلپىتىم.

**مەيخورلۇق** «مەيخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەيخورلۇق قىلماق. * قىز كېنىزەكلىرى بىلەن كىرىپ كەلدى. داستىخان سېلىنىپ تائام تارتىلدى. مەيخورلۇقتىن كېيىن يەنە سۆھبەت باشلاندى. * ئۇلار مېۋە-چېۋە، قەنت-گېزەكلەرنى تىزىشىپتۇ. ئاخىرىدا قاشتېشىدىن ئىشلەنگەن ئاياقلارنى شارابقا تولدۇرۇپ مەيخورلۇق باشلىنىپتۇ.

**مەيدان** ئى (پ) ①كەڭ بوشلۇق، ئوچۇقچىلىق، سەينا: كۆپ ئاماللارنى قىلىپ، ئۇ تاغنىڭ ئۈستىدىكى بىر مەيدانغا چىقتى، قارىسا ئېرىقلاردا سۈپسۈزۈك سۇلار ئېقىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ يەرگە يەنە بىر كۆل ياسالغان بولۇپ، كۆلنىڭ ئەتراپىغا چېدىر، بارگاھلار تىكىلگەنىدى. * — بار، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدىكى مەيدانغا قىرىندىلارنى، ئەسكى تۆمۈرلەرنى تۆكۈۋېتىدۇ. ھازىر مەيدان توشۇپ كېتىپ يولنى بېسىۋالدى، يولدا ماشىنىلارمۇ ماڭالمايدىكەن. ② بىرەر ئىش، ھەرىكەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ياكى شۇنداق ئىش، ھەرىكەت بولىدىغان جاي، بوشلۇق؛ سەھنە: ئىش مەيدانى. جەڭ مەيدانى. يىغىن مەيدانى. كۈرەش مەيدانى. خەلق مەيدانى. توپ مەيدانى. * مەردنى مەيداندا سىنا (ماقال). * ئەمگەك مەيدانى جەڭ مەيدانىغا ئايلاندى. * مەتىيا چۇلا مۇقامىغا تولۇلىماقتا ئىدى. مۇقام تۈگىشىگىلا، مەيداندا چىرايلىق كىيىنگەن بىر يىگىت پەيدا بولدى. ③ <فىز> ماددىلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ بىر خىل ئاساسىي شەكلى، يەنى مۇئەييەن دائىرىسى بولمىغان تارقاق خۇسۇسىيەتلىك ماددا. ئۇ ئېنېرگىيە، ھەرىكەت مىقدارى ۋە ماسسىغا ئىگە كېلىدۇ. فىزىكىلىق مەيدان ئۆزئارا تەسىرلىشىش مەيدانى بولۇپ، پۈتكۈل بوشلۇقتا مەۋجۇت. ئادەتتە ئۇ جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرلەرنى يەتكۈزەلەيدۇ. مەسىلەن، ئېلېكتر مەيدانى، ماگنىت مەيدانى ۋە تارتىش كۈچى مەيدانى قاتارلىقلارغا ئوخشاش. ④ بىرەر ئىش، ۋەقە سادىر بولغان جاي: نەق مەيدانغا بېرىپ تەكشۈرمەك. * نۇردۇن ھاكىم شۇ چاغدىلا بۇ مەيداندا ئۆزى بىلەن بىللە ناھىيىنىڭ يەنە بىر مۇئاۋىن ھاكىمى مەخسۇتنىڭمۇ بارلىقىنى بىلدى. ⑤ قىسمەن ماشىنىلاشقان ھەمدە يېزا ئىگىلىكىنىڭ مەلۇم بىر تۈرى بويىچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كارخانا: باغۋەنچىلىك مەيدانى. دېھقانچىلىق مەيدانى. * ساناپ باقسا، ئۇنىڭ ئۆزى قول سېلىپ قۇرغان زاۋۇت، كارخانا، مەيدان، يېزا قۇرۇلۇشى، ئۆستەڭ، يوللىرىدىن كارغا يارىغىنى ئەللىكتىن بىر ئىكەن. ⑥ <تىيا> كۆرۈنۈش: مەيدان خاتىرىلىگۈچى. ⑦ كۆچمە. مەۋقە: كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بايرىقى روشەن، مەيدانى مۇستەھكەم بولۇش

لازىم. * دۇنيا قاراش كىشىنىڭ تە بىئىي ۋە ئىجتىمائىي هادىسىلەرگە قارشى ۋە ئۇلارنى چۈشەندۈرۈشتىكى مەيدانى، كۆز قارشى هەم ئۇسۇلىدىن ئىبارەت. ⑧ مىق. قېتىم، نۆۋەت، مەرتەم (ئويۇن-تىياتىر ۋە توپ تۇرلىرى هەققىدە) : 1979-يىلى ئۇلار قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنىڭ جىددىيلىكىگە قارىماي، ئاممىغا 45 مەيدان ئويۇن قويدى. يىللىق پايدا تاپشۇرۇش ۋەزىپىسىنمۇ ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. ⑨ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنىڭ مەلۇم ۋاقىتلارغا بۆلۈنگەن هەربىر بۆلىكى: قارشى تەرەپ بىر توپ كىرگۈزۈۋالدى، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوڭشىۋالغۇچە بىرىنچى مەيدان ئاخىرلاشتى.

**مەيدان خاترىلىگۈچى** < كىنو > كىنوغا ئېلىش ياكى دراما ئەسەرلىرىنى رېپېتىتسىيە قىلغاندا، لېنتىغا ئېلىش ياكى رېپېتىتسىيە ئەھۋالىنى خاترىلەش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچى خادىم.

**مەيدان خاترىلىمەك** < كىنو > كىنوغا ئېلىش ياكى دراما ئەسەرلىرىنى رېپېتىتسىيە قىلغاندا، لېنتىغا ئېلىش ياكى رېپېتىتسىيە ئەھۋالىنى خاترىلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەيدان دېكوراتسىيىسى** < كىنو > فىلىم ئىشلىگەندە ئوچۇقچىلىقتا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان كۆرۈنۈش.

**مەيدانغا چۈشمەك** ① ئېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا كىرمەك: قاسىم پالۋانمۇ مەيدانغا چۈشتى. ② ئىشقا كىرىشمەك، تۇتۇش قىلماق: شۆھرەت ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، بىلەكلىرىنى شىمايلاپ ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپتۇ. * ئۇ ئەسلىدە بۇنداق جاپالىق مېھنەتتىن باش تارتار ۋە يامىنى كەلسە جانىنى ئالىقانغا ئېلىپ، مەيدانغا چۈشەر ئىدى.

**مەيدانغا چىقماق** ← **مەيدانغا كەلمەك:**

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن هەرقايسى مەكتەپلەردە ياخشى ئىش، ياخشى ئادەملەر كۆپلەپ مەيدانغا چىقتى.

**مەيدانغا كەلمەك** بارلىققا كەلمەك، پەيدا بولماق؛ تۇغۇلماق، يۈز بەرمەك: ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن، ياۋروپا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىدە يەنە بەزى يېڭى سوتسىيالىستىك دۆلەتلەر مەيدانغا كەلدى. * بۇ پائالىيەت داۋامىدا، ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە بىرمۇنچە ياخشى ئىشلار مەيدانغا كەلدى. * نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە تارىخىي ۋەقەلىكنى چۈشىنىشتە چەكلەنگەنلىك، بەزىدە هاياتنى بىر تەرەپلىمە كۆرسىتىشتەك جىددىي كەمچىلىكلەر مەيدانغا كەلدى.

**مەيدان ماگنىتى** < فىز > ماگنىت مەيدانى هاسىل قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەمىنلەيدىغان ماگنىت. كۆپرەك گېنېراتور ياكى ئېلېكتر دۋىگاتېلىدىكى بۇ خىل ماگنىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مەيدان نەزەرىيىسى** < فىز > تۇرلۇك فىزىكىلىق مەيدانلارنىڭ هەرىكەت قانۇنىيىتى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان نەزەرىيە.

**مەيدانچاق** ئى. كىچىك مەيدان: بۇ بىنا بەش بۇرجەكلىك بولۇشىغا قارىماي، ئىشىكىنىڭ ئالدىدا كىچىكرەك مەيدانچىقى بار ئىدى، مەيدانچاقمۇ كۆتۈرمە بولۇپ ئىككى باسقۇچلۇق پەلەمپەي بىلەن يەردىن ئېگىز ئىدى.

**مەيدانخانا** ئى. مەس قىلىدىغان چېكىملىكلەر چېكىلگەن ياكى چېكىلىدىغان ئۆي.

**مەيدانسىز** سۈپ. مەيدانى، مەۋقەسى يوق؛ نوقۇل، ئاسان ئاغدىغان: مەيدانسىز ئادەم.

**مەيدانكەش** ئى (ئە+پ) مەيدانخانا ئېچىپ تىجارەت قىلغۇچى كىشى، مەيدانخانا خوجايىنى.

**مەيدانكەشلىك** ئى. مەيدانخانا ئېچىپ تىجارەت قىلىش ئىشى.

**مەيدانلاشتۇرماق** « مەيدانلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۆيۈڭ مەيدانلاشتۇرۇشقا تاقىشۋاتىدۇ، چاقمىساق بولمايدۇ، ئۆينى بوشات! — دەپ ۋارقىرىدى دادۇيجاڭ. * سورتلار بويىچە ئايرىم-ئايرىم ئۇلاش ۋە سورتلارنىڭ تۈرىنى، مەيدانىنى خاتىرىلەپ قويۇش لازىم. بۇنداق قىلغاندا، كۆچەتلەرنى مەيدانلاشتۇرۇشقا ئوڭايلىق تۇغۇلىدۇ.

**مەيدانلاشماق** پ. دېھقانچىلىق مەيدانلىرىغا ئۆزگەرتىلمەك، سالا-سالا ئېتىزلارغا ئايلانماق: ئەتراپلىرىڭ رەتلەندى ھەم مەيدانلاشتى، تۈرلۈك جىرىم قويدى يەنە ئورمانلاشتى، پارتىيىمىز ئومۇمغا نۇر چاچتى، شەھىرى باغقا ئايلىنارسەن كاتتا يايلاق.

**مەيدە** I ئى (ئە) ① بويۇننىڭ ئاستىنقى قىسمىدىن تارتىپ قورساقنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغىچە بولغان گەۋدە ئاپرىلىقىنى كۆرسىتىدۇ: قىز ئىختىيارسىز ھالدا ئەزىزنىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويدى. * نېرىراقتا ئونچە كىشى مەيدىسىگىچە سۇغا چۈشۈپ، قوللىرىدىكى مىلتىق ۋە ئوقدانلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ بارماقتا. ② ھەزىم قىلىش ئورگانىزمى، ئاشقازان: كۆڭۈل ئاغرىتقان دوست ئەمەس، مەيدە ئاغرىتقان ئاش (ماقال). * — ۋاي خۇدايىمەي، يۆتەلنى ئاز دەپ، ئەمدى مەيدەم ئېچىشىپ ئاغرىيدىغان بولۇپ كەتتى. بۇرۇن مېنىڭ ئاشقازىنىم تاشنىمۇ ھەزىم قىلالايتتى،— دەپ قاقشىغىلى تۇردى مەخان ئاچام.

**مەيدە يانچۇق** چاپان ياكى كۆڭلەكنىڭ مەيدىسىدىن ئېچىلغان يانچۇق: تۇرغۇن مەيدە يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇندى.

**مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار** ھەقىقىي ئەركەك، ھەقىقىي ئەر: — مەيدىسىدە ئەركەك تۈكى بار ئوغۇل بالا خاڭچى بولالايدۇ، جۇمۇ، ئاڭلىسام بۇ ئىشنى ياقتۇرۇپسەن، ياخشى ئۆگەن، — دەيتتى بوۋاي يىگىتنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ.

**مەيدىسگە تەپمەك** باشقىلارنىڭ بەرگەن ئاش-نېنى، قىلغان ياخشىلىقى، يامان غەرەزلىرىنى قوزغىماق: — نەچچە ۋاقتتىن بېرى بەرگەن ئاش-نېنىم مەيدەڭگە تەپتىمۇ؟ يوقال كۆزۈمدىن، ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان نائەھلى ئىكەنسەن، — دېدى قاتتىق غەزەپلەنگەن ئاكام.

**مەيدىسگە قاقماق** ← **مەيدىسگە ئۇرماق**: كۆپچىلىك بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ بىر-بىرىگە قاراشماقتا ئىدى. زەپەر « مەن » دەپ مەيدىسگە قاقتى. ئۇ، بۇ كۆڭلى قارا قىزنى يەنە بىر مەرتىۋە رەسۋا قىلىۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

**مەيدنسگە مۇشتلىماق** ← **مەيدىسگە ئۇرماق**: ئۇ مەيدىسگە مۇشتلاپ ئۈنلۈك ئاۋازدا: — مەن قىلالايمەن،!— دېدى كۆپچىلىك ئالدىدا. * مەن يازغۇچى دەپ مەيدىسگە مۇشتلاپ يۈرگەنلەر مېنى بىر تونۇپ قويسۇن. بىلىدىغان نەرسىلىرىم ناھايىتى كۆپ. قايسىسىنى يازسام بولاركىن، — دەپ ئويلىدى ئۇ.

**مەيدىسگە ئۇرماق** مەردلىكىنى بىلدۈرمەك؛ قەتئىي ۋەدە بەرمەك، ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەتنى چوقۇم ئورۇنلاش ئىشەنچىسىنى بىلدۈرمەك: — ئاكامدىن قالسام قۇلىقىمنى كېسىۋېتىمەن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن قوپۇپ مەيدىسگە ئۇرۇپ. * — بۇ يېزىغا يېڭى كەلگەنلەرگە ئاشۇ 70 مو

يەرنىڭ يېرىمىنى ھەدىيە قىلىمەن، دەپ جامائەت ئالدىدا مەيدىسىگە ئۇردى ئۇ ۋەدە بېرىپ. * ۋاھاپنىڭ سۆزى ئاياغلاشىشى بىلەن تەڭ، بىر يىگىت «بۇ ئىشنى ئۆزۈملا قىلىۋېتىمەن» دەپ مەيدىسىگە ئۇردى.

**مەيدىسىنى كەرمەك** ھاكاۋۇرلۇق، تەكەببۇرلۇق قىلماق: — بۇ پاقىنى سەمرىتىپ كاۋاپ قىلماقچىمۇ سىلەر؟! ئۇنىڭدىن كۆرە ئايروپىلان ئېلىپ، مەيدەڭلەرنى كېرىپ يۈرسەڭلار بولمامدۇ، — دېدى ئۇ بىزگە قاراپ. * ئۇلار «رادىئو تېلېۋىزىيە قۇراشتۇرۇش بىز ئۈچۈن ئويۇن» دەپ مەيدىسىنى كېرىپ يۈرۈشتى.

**مەيدە** II سۈپ (پ) ئۇششاق، كىچىك: مەيدە ئىش. مەيدە بۇرژۇئازىيە.

**مەيدە قېلىپ** بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان، باسما ھەرپلىرى شەكلىدە ياغاچتىن ئويۇلغان ئۇششاق قېلىپ.

**مەيدە-چۈيدە** ← **ئۇششاق-چۈششەك.**

**مەيدىلىك** سۈپ. مەيدىسى بار، مەيدىسى كەڭ: ئېگىز بوي، كەڭ مەيدىلىك بىر ئادەم كىرىپ كەلدى.

**مەيدىلىمەك** پ. ئۇششاق قىلماق، پارچىلىماق، ئۇششاقلىماق.

**مەيزاب** ئى (پ) ئۈزۈمنى يەرلىك ئۇسۇلدا ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك؛ مۇسەللەس: ئۇ چاغلاردا، ئاز مىقداردا ۋە ئاددىي ئۇسۇلدا تەييارلىنىدىغان ئىچىملىكلەر مەيزاب، مۇسەللەس دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلاتتى. * بۇ مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا پىلىچىلىك، پاختىچىلىق، كەندىرچىلىك، باغۋەنچىلىك، سىركە ۋە مەيزاب ئىشلەش ئومۇملاشتى.

**مەيزاب سالماق** ئۈزۈم سۈيىنى ئېچىتقۇلار بىلەن ئىدىش قاتارلىقلاردا ئېچىتماق.

**مەي-شاراب** مەي ۋە شاراب، ھاراق-شاراب: ئۇلار مېھمان كېلىدۇ دەپ، بۇ يەرنى سۈپۈرۈپ تازىلاپ تاماقلارنى پىشۇرۇپ، مېۋە-چېۋە، مەي-شارابلارنى تەييارلاپ قويۇپتۇ.

**مەيل** ئى (ئە) ① بىرەر نەرسە ياكى ئىشقا بولغان ئىشتىياق، قىزىقىش، ئىنتىلىش؛ ھەۋەس: — ئۇسسۇلۇقتا مەيلىڭىز بولسا مەيەرگە كېلىڭ، — دەپ چاقىردى. رەيھان مېنى يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا. * رەڭ ئېلىپ پىشقان ئىلى ئالمىسى كىشىنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇراتتى. ② رىغبەت، ئىختىيار؛ راي: چىرايىدىن ئۇنىڭ مېنىڭ بىلەن داۋاملىق پاراڭلىشىشقا مەيلى بارلىقى بىلىنەتتى. * ئىشىم پۈتمەس قويۇپ بەرسەم، ئايخاننىڭ مەن ئۆز مەيلىگە. تارتىش كېرەك سۇرىتىنى، كۈن ئۆتمەستە تاغ كەينىگە ③ كۆڭۈلنىڭ مايىللىقى، رايى، خاھىشى؛ ئىشق، ھەۋەس: تۆمۈر خەلپە قارا بوسۇق بىلەن ھۆسنارخاننىڭ سەرگۈزەشتىلىرىنى ئوبدان بىلگەچكە، بۇ ئىككىيلەننى چېتىپ قويۇش خىيالىغا كېلىپ، ھۆسنارخاننىڭ مەيلىنى بىلىپ بېقىشنى روزىخانغا تاپشۇرغانىدى. * ئۆمەر، نېمىشقىدۇر ماھىرەگە ئىلگىرىكىدەك مەيلىم يوق، — دەپ يېزىپتۇ خېتىدە. * ئاق لەيلى، قىزىل لەيلى، يارنىڭ بارمىكىن مەيلى. بولسا، بولمىسا مەيلى، مەن يارنىڭ قەلەندەرى.

**مەيلى بار** كۆڭلى چۈشكەن، كۆڭلى بار: — ھە، گەپلەشتىم، مەيلى باردەك قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى روزىخان ئۇنىڭ جاۋابىغا. * ئۇ مەلەڭدىن بۇ مەلەڭگە ئوينايى دەپ كەلدىم، مەيلى بارمۇ، مەيلى يوقمۇ سىناي دەپ كەلدىم.

**مەيلى چۈشمەك** ياخشى كۆرۈپ قالماق، مۇھەببەت پەيدا بولماق: ئەختەرنىڭ ئاشۇ

يىگىتكە مەيلى چۈشكەنلىكىنى ئۇنىڭ ئانىسى خېلى بۇرۇنلا سېزىپ قالغانىدى. * بېدە-بېدەك پىشىپتۇ، ئۆيگە مېھمان چۈشۈپتۇ. شۇنچە خەقنىڭ ئىچىدە سىزگە مەيلىم چۈشۈپتۇ.

**مەيلگە باقماق** ئىختىيارى، خاھىشىغا قارىماق: ئازارلار يېسەمۇ پەي مىجەزلەردىن، يۈكمەسمەن قەددىمنى باقماي مەيلگە. يۈرىكىم قولۇمدا، تۇتىمەن ساڭا، ئانا يەر، بىر ئېسىل ئالەمسەن ماڭا.

**مەيلگە قويماق** ئۆز ئىختىيارىغا، ئەركىگە قويماق؛ نېمە قىلىمەن دېسە، شۇنىڭغا يول قويماق: ـــ ئۇلار بىزنى ھەرگىز ئۆز مەيلىمىزگە قويۇۋەتمەيدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، ئۇكام، ـــ دېدى ئاچام گەپ قىستۇرۇپ.

**مەيلىنى تارتماق** ئۆزىگە جەلپ قىلماق، كۆڭلى چۈشمەك: گۈل ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى ۋە خۇش بۇي پۇرىقى بىلەن قىزنىڭ مەيلىنى تارتتۋاپتۇ. قىز باغۋەنىنىڭ ئوغلىغا قاراپ: ـــ ئاۋۇ گۈلنى ماڭا ئۈزۈپ بېرىڭا، ـــ دەپتۇ. * بولۇپمۇ، مۇخبىرنىڭ كېيىنكى ئىككى سوئالى ئۇنىڭ خېلى مەيلىنى تارتىپ قالدى.

**مەيلى يوق** كۆڭلى تارتمايدۇ، خالىمايدۇ: ئۇنىڭ ساڭا مەيلى يوق بولسا كەينىگە كىرىۋالغىنىڭ بىكار. * مۆمىنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىشقا زادىلا مەيلى يوق ئىكەن. * ـــ سەيلىخان ئاچا، ـــ دېدى ئايشەم ئەزىزەمنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ، ـــ ھازىرچە تاماققا مەيلى يوق.

**مەيلى** ① يۈك. جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، رازى بولۇش؛ ئىختىيارىغا قويۇش، پەرۋا قىلماسلىق؛ تەۋەككۇل قىلىش قاتارلىق مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ـــ مەيلى، خاپا بولساڭ بولىۋەر، ـــ دېدى دىلدار ماڭا سۆزى تۈگىگەندىن كېيىن يەنە قوشۇمچە قىلىپ. * سەيپۇل سەل ئويلانغاندىن كېيىن: ـــ ئۇنداق بولسا مەيلى، ساقايغاندىن كېيىن سۆزلەششەكمۇ ئۈلگۈرىمىز، ـــ دېدى-دە، كېتىپ قالدى. ② يۈك. پەرەز بېقىندى جۈملىلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ: ـــ ئۇ كەلمىسە مەيلى، يىغىننى ئېچىۋېرەيلى، ـــ دېدى بۆلۈم باشلىقى كۆپچىلىككە قاراپ. * مېنى ئۇرساڭمۇ، تىللىساڭمۇ، ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ مەيلى زۆھرەم. سېنىڭ ئالدىڭدا بىر ئۆمۈر كەچۈرگىلى بولمايدىغان گۇناھ ئۆتكۈزدۈم، ـــ دېدى ئاران-ئاران خىرقىراپ. ③ باغل. بۇيرۇق، تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنى يەنە بىر خىل توسقۇنسىز قارشىلىق بېقىندى جۈملىگە ئايلاندۇرىدۇ: ۋەكىللەر مەيلى نەگە بارمىسۇن، قىزغىن قارشى ئېلىندى. * ئۇ مەيلى قانداق ئىشنى قىلسۇن، ئەستايىدىل ئىشلەيدۇ. ـ * مەيلى بوران چىقسۇن، مەيلى يامغۇر ياغسۇن، جەزمەن بارىمەن، ـــ دەپ جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى بالا.

**مەيلچە** رەۋ. ئىختىيارىچە، خاھىشىچە، خىيالىچە: قورساقىنىڭ مەيلىچە بولسا، ئابرويۇڭنى قوشۇپ يەر (ماقال). * ـــ دۇينىڭ ئىشى، ـــ ئىمىر ئالىيىپ، ـــ مېنىڭ مەيلىمچە بولسا سېنىڭ بوسۇغاڭنى ئاتلىغان پۇتلىرىمنى چانىتىۋەتتىم!

**مەينەت** سۈپ (ئە) كىر، پاكىز ئەمەس، پاسكىنا: مەينەت كىيىم. مەينەت قول. مەينەت ئادەم. * ـــ كۆڭلىكىڭىز مەينەت، تىرنىقىڭىز ئۆسۈك، قوللىرىڭىز قاسماق بولسا، ئۇ ھالدا باشقىلار قانداقسىگمۇ سىزنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىدۇ؟ ـــ دېدى پاتىگۈل مۇئەللىم. ئەخمەتكە تەربىيە بېرىپ. * ـــ مېنى كۈندۈزى ئەڭ ئېغىر ۋە مەينەت ئىشلارغا سالاتتى، ئاخشىمى بىرنەچچە ئالىقاپ سوراق قىلاتتى، ـــ دەپ دەردىنى تۆكتى ئۇ ماڭا.

**مەيىنەت بولماق** ← **مەيىنەتلەشمەك**: بالىنىڭ كىيىملىرى بەكلا مەيىنەت بولۇپ كېتىپتۇ.

**مەيىنەت قىلماق** ← **مەيىنەتلەشتۈرمەك**: سادىق بېشىنى ئىككى تەرەپكە ئىرغىتىپ قويدى: — نېمە دېسەم بولار. بىر نەرسىنى ئېيتالايمەن، ئەجىرسىز دەۋران سۈرگۈچىلەر، خەلق جاپا تارتىپ تىككەن چاپاننى خالىغانچە يىرتىپ، لاي-توپىغا مىلەپ مەيىنەت قىلغۇچىلاردۇر.

**مەيىنەتچىلىك** ئى. مەيىنەت ھالەت؛ پاسكىنىچىلىق: — راست، دېمىسمۇ نېمىدېگەن مەيىنەتچىلىك بۇ، — دېدى يوغان ئادەم كالپۇكلىرىنى ھىمىرىپ. * — مەن سىزنى مەيىنەتچىلىكتىن بەكمۇ قورقامدىكىن دەپ ئويلىغۇدىم. بولۇپمۇ ئەخلەتتىن...، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ.

**مەيىنەتلەشتۈرمەك** «مەيىنەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھوي، بالام چاپىنىڭنى نېمانچە مەيىنەتلەشتۈرگەنسەن؟ — دېدى ئانا بالىسىنىڭ لايغا مىلەنگەن چاپىنىغا قاراپ.

**مەيىنەتلەشتۈرۈشمەك** «مەيىنەتلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مەيىنەتلەشمەك** پ. مەيىنەت، پاسكىنا ھالغا كەلمەك: ئۆجمە سايىسىدا سالقىن ھاۋادىن ھوزۇرلىنىپ، بىر ئەر كىشى ئۇخلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن ئورۇق پۇتلىرى مەيىنەتلىشىپ كەتكەن بولۇپ، داق يەردە خۇددى ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ ھوشىدىن كەتكەندەك ياتاتتى.

**مەيۇس** سۈپ (ئە) يىزت. روھى چۈشكۈن، روھسىز، ئۈمىدسىز، غەمكىن، پەرىشان: مەيۇس ئادەم. * مەن دادام بىلەن ئانامنىڭ مېنى ئەيىبلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەيۇس ھالدا ئۆيگە كېتىۋاتاتتىم. * ئۇ غەزەبلەنگەن، مەيۇس كۆزلىرىنى سەپداشلىرىدىن قاچۇرۇپ يەرگە قاردى. ‖ جالالىدىن جالاقلاپ تىترەپ، قۇتقۇزغۇچى ھىمات ئىزلىگەندەك تەلمۈرۈپ «نامازشام خىزىرى»غا مەيۇس قارىدى.

**مەيۇسانە** رەۋ (ئە+پ) مەيۇس قىياپەتتە، مەيۇس بولۇپ، مەيۇسلۇك بىلەن؛ غەمكىن: مەن ئۇنىڭغا كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە مەيۇسانە قاراپ قويۇپ، ۋايىت ئەپەندىنىڭ كەينىدىن مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. ‖ ئاخىر ئۇ مەيۇسانە بىر قىياپەتتە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى ۋە ئارقا-ئارقىدىن ئىككى تال تاماكا چەكتى. * بىر توپ كىشىلەر باشلىرىنى تۆۋەن سېلىشقان ھالدا مەيۇسانە قىياپەتتە ئۆيگە كىرىپ-چىقىپ يۈرۈشتى.

**مەيۇسلەندۈرمەك** «مەيۇسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئەھۋال مېنى مەيۇسلەندۈردى. * ناھايەت سەل-پەل جىرتاق كەلگەن كۆزىلا بىرئاز مەيۇسلەندۈرەتتى. * ئۇلارنىڭ بۇ گېپى بىزنى تولىمۇ مەيۇسلەندۈردى.

**مەيۇسلەنمەك** پ. مەيۇسلۇك ھېس قىلماق، مەيۇسلۇككە چۈشمەك، مەيۇس بولماق: — بىز ئەما، بۇنىڭغا نېمە ئامال! — دېدى شائىر مەيۇسلىنىپ. * ئۇ بۇ ئىشلارغا ھەيران بولغان ۋە مەيۇسلەنگەن ھالدا سۆيۈملۈك گىتارىنى قولتۇقلاپ يولغا چىقتى.

**مەيۇسلۇك** «مەيۇس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن بىر خىل مەيۇسلۇك چىقىپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەرگىزمۇ ئاپىسى ئاغرىپ قالغان ئادەمدەك مەيۇسلۇك سېزىلمەيتتى.

**مەيۇسلىنىشمەك** «مەيۇسلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار نېمىنى ئويلىشىدۇ ۋە نېمە توغرىسىدا مەيۇسلىنىشىدۇ، بۇ بولسا قىزلارنىڭ بىزگە نامەلۇم بولغان ئىچكى سىرلىرى.

**مەيۋازلىق** ئى. بىر-بىرى بىلەن بەسلىشىپ مەي ئىچىش، مەيگە ھەددىدىن تاشقىرى بېرىلىش: لىۋبېي بۇ يەردە ۋاقىتلىق قارارگاھ تىكتى. يەرلىك خەلق ئۇنىڭ لىۋبېي ئىكەنلىكىنى بىلىپ، قوي، شاراب تەقدىم قىلدى. ئۇلار سايىدا مەيۋازلىق قىلىشتى.

**مەيۋەن** ئى (خەن) تارس. ۋاڭغا ۋە ئائىلىسىگە لازىملىق نەرسىلەرنى بازاردىن سېتىۋالىدىغان كىشى.

**مەيىن** سۈپ ① پاختا، يىپەككە ئوخشاش يۇمشاق؛ قولغا يۇمشاق سىلىق تېگىدىغان: مەيىن چاچ * ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئالدى-كەينى ۋە نازۇك بويۇنلىرىدا باللارنىڭكىدەك مەيىن تۈكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * ئادەتتە ئاللىقاچان قار ئاستىدا قېلىپ، ئاق قۇنىڭ مەيىن پەيلىرىدەك پارقىراپ كېتىدىغان دالا-قىرلار تېخىچىلا زەپىراندەك سارغىيىپ ياتاتتى. ② يېنىك، لەرزان، يېقىملىق: مەيىن شامال. * سانسىز مەيىن دولقۇنلار بولسا ئۆزىنىڭ پاك قوللىرى بىلەن قىزنىڭ سۇغا چۈشكەن غۇۋا شولىسىنى ئاستا سىپاپ ئۆتەتتى. // دەريا ۋادىسى يەنە باشقىدىن گۈزەل تۈسكە كىردى: قوناق مايسىلىرى تېخىمۇ بوي تارتىپ، يېشىل دېڭىزدەك مەيىن تەۋرىنەتتى. * تال-سۆگەتلەرنىڭ ئەۋرىشىم شاخلىرى تەگرىتاغدىن ئۇرغۇپ كېلىۋاتقان باھار شامىلىنىڭ ئەركىلىتىشى بىلەن مەيىن يەلپۈنۈپ تۇراتتى. * ئۇنىڭدا جۇش ئۇرار ۋەتەن سۆيگۈسى، باھار گۈلدۈرماما ۋە باھار ھاۋاسى. بار دوستلۇق ئاپتىپى غايە گۈللىرى، يەلپۈندۇ تاڭنىڭ شوخ مەيىن ساباسى.

**مو** I مىق (خەن) يەرنىڭ يۈزىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. تەخمىنەن 666.7 كۋادرات مېترغا تەڭ. ئادەتتە ئۇ گېكتارنىڭ $\frac{1}{15}$ گە توغرا كېلىدۇ: « شىنجاڭنىڭ زېمىنى پايانسىز » دېگەن بىلەن، ئەمەلىيەتتە بەزى يېزىلاردىكى تېرىلغۇ يەر بىر جانغا يېرىم مودىنمۇ توغرا كەلمەيدۇ. شىنجاڭلىقلار ھازىر « يەر — ئالتۇن » دېگەن سۆزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشەنمەكتە.

**مو بېشى مەھسۇلاتى** ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مو يەرگە توغرا كېلىدىغان مەھسۇلات: ئۇنىڭغا: « ئىككى مو، مو بېشى مەھسۇلاتى 500 جىڭ. ھادىل » دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى.

**مو سالماق** يەر-مەيدان، قورۇقلارنى مونى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئۆلچىمەك، ئۆلچەپ چىقماق: دادام بىلەن ئىككىمىز پۈتۈن زېمىنىمىزنى مو سېلىپ ئۆلچەپ چىقتۇق، توپتوغرا بەش مو چىقتى.

**مو** II مىق (خەن) مەملىكىتىمىزنىڭ كونا پارچە پۇل بىرلىكى. ئۇ يۈەنىنىڭ ئوندىن بىرىگە يەنى ئون پۇڭغا توغرا كېلىدۇ: مەن يانچۇقلىرىمنى شۇنچە ئاختۇرۇپمۇ ئاپتوبۇسقا بېلەت ئالغۇدەك ئىككى مو پۇل تاپالماي، ھەيران بولۇۋاتاتتىم.

**مو** III مىق (ئىنگ) < فىز > توك ئۆتكۈزۈش بىرلىكى. ئۇنىڭ سانلىق قىممىتى ئۆتكۈزگۈچ قارشىلىقىنىڭ ئەكس سانىغا تەڭ. مەسىلەن، بىر دانە ئۆتكۈزگۈچنىڭ قارشىلىقى ئۈچ ئوم بولسا، ئۇنىڭ توك ئۆتكۈزۈش بىرلىكى $\frac{1}{3}$ مو بولىدۇ.

**موبى** ئى (خەن) قوي يۇڭى، قىل، ئاغمىخان تۈكى قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان، خەت يېزىش، رەسىم سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قەلەم؛ موي قەلەم.

**موتەر** ئى. دىئال. تۆگىلەرنى باشقۇرغۇچى (كونا مەنسەپ نامى).

**موتەك** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ كىچىككىنە

تومپىيىپ چىقىپ قالغان جايى ياكى كۆتەك يېرى: دەرەخنىڭ موتىكى. * – توختىڭا ئۇكا، – دېدى ئابدۇللا ئاكا خالىققا قولى بىلەن ئىما قىلىپ، – ئىلغۇچى موتىكى نېمە ئۈچۈن يىپ بىلەن باغلاپ قويۇلغان؟ ②كۆچمە. كىچىك باللارنى ئەركىلىتىپ ئېيتىلىدىغان «كىچىك ھەم يۇملاق، دىقماق» دېگەن مەنىدىكى سۆز.

**موتسكلت** ئى [ر] < قاتن > ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل كۈچى ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان، مىنىشكە ئەپلىك ۋە تېز سۈرئەتلىك قاتناش قورالى. ئادەتتە ئىككى چاقلىق، ئۈچ چاقلىق، ئېغىر تىپلىق ۋە يېنىك تىپلىق دېگەندەك تۈرلىرى بولىدۇ. بەزى تۈرلىرى ھەربىي ئىشلار ۋە تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**موتسكلت تەنھەرىكىتى** < تەن > دۆلەت مۇداپىئە تەنھەرىكەت تۈرى. ئومۇملاشتۇرۇش مەشىقى ۋە تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىن ئىبارەت ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. ئومۇملاشتۇرۇش مەشىقى قىسمىدا تۈزۈلۈشىنىڭ ئاساسىي قائىدىسى، ساقلاش ۋە رېمونت قىلىش، دەسلەپكى ھەيدەش تېخنىكىسى قاتارلىقلار بولىدۇ. مۇسابىقە: دالا مۇسابىقىسى، تاشيول مۇسابىقىسى، كۆپ كۈنلۈك مۇسابىقە، مەيداندا توسالغۇدىن ئۆتۈش مۇسابىقىسى، ئۇزۇنغا چىداملىقلىق مۇسابىقىسى قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. موتسكلت ئىككى چاقلىق ۋە ئۈچ چاقلىق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**موتىماق** پ. دىئال. چىمدىماق.

**موچەن** مق [خەن] ← **مو** II: ــ سەككىز موچەنلىك ياتاقتا ياتسا بولدى، سەپەر بولغاندىن كېيىن، ــ دېدى ئۇ،–ئۇنىڭ ئۈستىگە چوڭلار ئاشخانىدىن تاماق يېمەيدۇ.

**موچەنلىك** سۈپ. موچەن قىممىتىدىكى، موچەنگە يارايدىغان: ئۆزىنىڭ 12 موچەنلىك قەلىمىنى شۇنچە ئاياپ كەتكەن بۇ باشلىقنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ 100 مىڭ يۈەنلىك ماشىنىسىنى شۇنچە قالايمىقان ئىشلەتكىنىگە ھەيران قالدىم!

**موچىن** ئى [پ] بەدەندىكى ئەھمىيەتسىز دەپ قارالغان تۈكلەرنى يۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قىسقۇچ ئەسۋاب.

**موخازا** ئى [خەن] ① ئالتۇندىن گۈل چىقىرىپ ياسالغان، دوپپىغا قادايدىغان قاداق، زىننەت بۇيۇمى. ② ئومۇمەن باش كىيىمنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورنىتىلغان تۈرلۈك شەكىلدىكى سىمۋوللۇق بەلگىلەر.

**موخو** (توغرىسى: ماخاۋ) ← **ماخاۋ**.

**موخوركا** ئى [ر] كۆك تاماكىنىڭ يوپۇرماق ۋە ياغىچىنى قۇرۇتۇپ، ئۇۋۇپ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل تاماكا. ئۇنىڭ بەزىلىرى قورۇپ تەييارلانغان بولىدۇ: باقى تاماكا خالتىسىنى چىقىرىپ موخوركا يۆگەشكە باشلىدى.

**موخوركىچى** ئى. مەخسۇس موخوركا ياساپ ساتىدىغان كىشى: ئۇ مەخسۇت موخوركىچىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرنېمىلەرنى دەپ، ئازراق موخوركا ئالدى.

**موخورۆۋىچ** ئى. 1857-يىلدىن 1936-يىلغىچە ياشىغان ئاۋستىرىيىنىڭ سېيسمولوگىيە ئالىمى.

**موخورۆۋىچ چېگرىسى** < گېئول > يەر پوستى ئارا قەۋەت ئارىسىدىكى رايون. بۇنى ئاۋستىرىيە سېيسمولوگىيە ئالىمى موخورۆۋىچ (Andrija Mohorovičič) 1909-يىلى يەر تەۋرەش دولقۇنلىرىنىڭ ماتېرىياللىرىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئېنىقلىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**مودا** ئى [ر< فران] ① مەلۇم بىر دەۋردە

كىشلەرنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولۇپ دەۋر سۈرگەن، بازار تاپقان ھەم كەڭ تارقالغان تۇرلۇك ئادەت، كىيىم-كېچەك ۋە شۇ قاتارلىقلار: — بەلكى ئۇ ياخشى ئادەم بولغىيتتى، قانداق قىلسەن، مۇشۇنداق قارىسىغا ھۆكۈم قىلىش بىزدە ھازىر مودا بولۇپ قالدى. ② شەكىل، پاسون، ياڭزا: تولۇق چەت ئەل مودىسىدا كىيىنگەن ئۈچ ياش كەلدى. * سائادەت قىزىغا يېڭى مودىدا يوپكا تىكىپ بەرگەنىدى.

**مودا كىيىم** زامانغا لايىقلىشىپ، ھەممىسىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان دەۋر سۈرگەن كىيىم؛ ئېسىل كىيىم: ئايزۆھرەنىڭ كۆزلىرى ھەر خىل مودا كىيىملەرنى كىيىشۋېلىشقان قىز-ئوغۇللاردىلا ئىدى.

**مودەن** ئى (خەن) < بوت > ← مودەنگۈل.

**مودەنگۈل** ئى (مودەن+گۈل) < بوت > ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ساپاقلىق، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى چوڭ، يالغۇز ئۆسىدۇ، ئادەتتە توق قىزىل، ھال قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. داڭلىق مەنزىرە ئۆسۈملۈكىدۇر. يىلتىز پوستى دورا بولىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش، ھەيزنى تەڭشەش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**مودېرنىزم** ئى (ر< فران) < ئەد > 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا فرانسىيە بۇرژۇئا ئەدەبىياتىدا پەيدا بولغان ئېقىم، بۇ ئېقىم مەزمۇنسىز سەنئەتنى تەرغىپ قىلىدۇ.

**مودېل** ئى(ر< فران) ① بىرەر نەرسىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشىنى بەلگىلىك ماسشتاب بويىچە كىچىكلىتىش ئارقىلىق ياساپ چىقىلغان خۇددى شۇ نەرسىنىڭ ئۆزىدەك نەرسە، شەكىل: ئايروپىلان مودېلى. پاراخوت مودېلى. * قادىر ياغاچچى بىلەن چوڭ ئەترەتنىڭ باشلىقى داۋۇت «كۈمۈش تاغ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى» نىڭ پۈتۈن گەۋدىسىنى كۆرسىتىدىغان ئۈچ قەۋەتلىك چوڭ مودېلنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ② < گ سەن > رەسىم سىزىش، فوتو سۈرەت تارتىش ۋە ھەيكەلتاراشلىقتا شەكىل ئوبيېكتى قىلىنغان ھەيكەل، ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەر. ③ مودا كىيىم كۆرەكلىرىدە، كىيىم پاسونلىرىنى كىيىپ تۇرۇپ ئامما كۆرسىتىدىغان كىشىلەر.

**مودېل پاراخوت تەنھەرىكىتى** < تەن > دۆلەت مودا پېئە تەنھەرىكەت تۈرى. مودېل پاراخوت ھەر خىل كېمە، پاراخوت، دېڭىزدا يۈرۈش ئۈسكۈنىلىرىنى ۋە قۇرۇلمىلىرىنىڭ مودېلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تەنھەرىكەت مەشقى ۋە مۇسابىقە ئارقىلىق، مودېل لايىھىلەش، ياساش ۋە ھەر خىل مودېل پاراخوتلارنى باشقۇرۇش ئەمەلىيىتىگە قاتنىشىش ئومۇمەن «مودېل پاراخوت تەنھەرىكىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانغانلار ئۆزىنىڭ ئىشتىن سىرتقى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىپ سالامەتلىكىنى ئاشۇرۇپلا قالماستىن دېڭىزدا يۈرۈش جەھەتتىكى پەن-تېخنىكا بىلىمگىمۇ ئىگە بولالايدۇ.

**مودېللاشتۇرماق** «مودېللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مودېللاشتۇرۇلماق** «مودېللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مودېللاشماق** پ. مودېل ھالىتىگە كەلمەك، مودېلغا ئايلانماق.

**مودىلىق** سۈپ. مودا ھېسابلانغان، مودا بولۇپ قالغان: ئۆيدە زامانىمىزدىكى ئەڭ يېڭى مودىلىق جاھازلارنىڭ ھەممىسى بار ئىدى.

**مور** ئى (خەن) < بوت > ← **قېرىنقۇلاق**.

**مورا** ئى (پ) ① ئۆينى ئىسسىتىش ئۈچۈن تامغا ئويۇپ ياكى قوپۇرۇپ چىقارغان ئالدى ئوچۇق قۇرۇلما: بىركۈنى شامەخسۇت پۈجۈڭ ئاغچىنىڭ يېنىدا قونۇپ قالدى. ئاجايىپ چىرايلىق نەقىشلەنگەن موردا ئۆرۈك ئوتۇنى خۇش پۇراق چېچىپ كۆيۈپ تۇراتتى. ② تۈرخۇن: موردىن چىققاندەك بولۇپ كېتىپسەن.

**مورا بېشى** چىراغ، گۈڭگۈرت، سەرەڭگە قاتارلىقلارنى قويۇش ئۈچۈن ئوچاقنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان تەكچە: دادام قارا چىراغنى پەم بىلەن مورا بېشىغا قويۇپ، يېنىمغا كېلىپ بېشىمنى سىلاپ، مىشلداپ يىغلاپ كەتتى.

**مورا ئوچاق** مورا ئىچىگە چىقىرىلغان ئوچاق: مورا ئوچاقتىكى قازاندا توخۇ گۆشى شورپىسى پورۇقلاپ قايناۋاتاتتى، ئۇنىڭدىن ئۆرلىگەن مەززىلىك پۇراق كىشىنىڭ دىمىغىنى غىدىقلايتتى.

**موردىن تۈتۈن چىقارماق** ئاچ قالماي غورىگۈل ياشىماق، قەدىر ئەھۋال ياشىماق: — خۇداغا شۈكۈر، ئۇكام، ھەر ھالدا موردىن تۈتۈن چىقىرىۋاتىمىز، — دېدى بوۋاي ماڭا تەبەسسۇم بىلەن.

**مورفولوگىيە** ئى (ر< گرېك) ① < بىئول > ئورگانىزملارنىڭ سىرتقى ھالىتى، ئىچكى تۈزۈلۈشى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ② < تىل > تىلشۇناسلىقنىڭ سۆزلەرنىڭ گراماتىكىلىق تۈرلىرى (سۆز تۈركۈملىرى)، سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىش قائىدىلىرىنى ۋە سۆزلەرنىڭ ھەر خىل گراماتىكىلىق شەكىللىرى ھەم شۇلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گراماتىكىلىق مەنىلىرىنى، بۇلارنىڭ ھەر خىل قاتلام مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان قىسمى.

**مورفولوگىيىلىك** سۈپ. مورفولوگىيىگە ئائىت، مورفولوگىيىگە مۇناسىۋەتلىك: ئۇيغۇر تىلى مورفولوگىيىلىك شەكىللەرگە ئىنتايىن باي تىل. سۆزنىڭ مورفولوگىيىلىك شەكىللىرى سۆزگە سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلارنىڭ قوشۇلۇشى ياكى مەخسۇس ياردەمچى سۆزلەرنىڭ بىرىكىپ كېلىشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**مورفېما** ئى (ر< گرېك) < تىل > تىلدىكى مەنىلىك بۆلەكلەرگە ئاجراتقىلى بولمايدىغان مەنە ئىپادىلىگۈچى ئەڭ كىچىك بىرلىك، يەنى ئەڭ كىچىك مەنىلىك بۆلەك.

**مورفىن** ئى (ر< گرېك) < خىم > بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{17}H_{19}O_3N \cdot H_2O$. ئاق رەڭلىك كرىستاللىق ماددا، تەمى ئاچچىق زەھەرلىك، ئەپيۇندىن ياسىلىدۇ، دورىگەرلىكتە ئاغرىق پەسەيتكۈچى قىلىنىدۇ. داۋاملىق ئىشلەتكەندە ئۆگىنىلا خۇمار قىلىپ قويىدۇ.

**مورفىنىزم** ئى (ر) < تىب > فورفىننى ئۇزاق مۇددەت ئىستېمال قىلىش نەتىجىسىدە زەھەرلىنىشتىن بولىدىغان خۇمار، مورفىن خۇمارى.

**مورگان** ئى. ئامېرىكا بىئولوگىيە ئالىمى.

**مورگان بىرلىكى** < بىئول > خروموسوما ئۈستىدىكى ئىككى گېن ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بىرلىكى. بىر مورگان ( mo ) بىرلىكى 100% لىك ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە؛ بىر دېتسىمورگان ( dmo ) بىرلىكى 10% لىك ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە؛

بىر سانتىمورگان ( cmo ) 1 % لىك
ئالماشتۇرۇش قىممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**مورگانىزم** ئى(د) < بىئول > ئامېرىكا بىئولوگىيە
ئالىمى مورگان (Thomas Hunt Morgan)
ياراتقان بىر خىل ئىرسىيەت تەلىماتى.
مورگانىزم مېندېلىزمنىڭ ۋارىسى ۋە
راۋاجى بولۇپ، ئىرسىيەتنىڭ ماددىي
ئاساسى ھۆجەيرە خروموسومىسىدا
مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان گېندىن ئىبارەت؛
ئېرىشىلگەن خۇسۇسىيەتلەر ئىرسىيەت
بولۇپ قالمايدۇ دەپ قارايدۇ.

**مورلاتماق** « مورلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي
دەرىجىسى.

**مورلاشماق** « مورلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى: تۆت ئەخمەق چوڭ ئەخمەقلىقنى
تالىشىپ يەنە ئۇرۇشۇشقا باشلاپتۇ. ئۇرۇشقاندىمۇ
شۇنداق بەتتەر ئۇرۇشۇپتۇكى، كىيىملىرىنى
يىرتىشىپ، يۈز-كۆزلىرىنى مورلىشىپتۇ، يەنە
ئاجراتقىلى ئادەم يوق ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ
تۇرۇشۇپتۇ.

**مورلانماق** « مورلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل
دەرىجىسى: بىرچاغدا دەسسىلىپ-چەيلىنىپ،
تۆگمىلىرىم ئۈزۈلۈپ، يۈز-كۆزلىرىم مورلىنىپ
ئاران دېگەندە تالون يازدۇرۇپ، ئۇن
جىگلىتىدىغان ئۆيگە كىرەلىدىم. بۇ يەردىكى
غوۋغىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن.

**مورلىماق** پ. تاتىلىماق، تىرناقلىرى بىلەن
تاتىلاپ زېدە قىلماق: ئايىللا ئاچىسىنىڭ
قانغا مىلىنىپ ياتقان گەۋدىسىگە ئۆزىنى ئاتتى
ۋە ئۆزىنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى مورلاپ، چاچلىرىنى
يۇلۇشقا باشلىدى.

**مورۇشۇ** ئى. ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى،
مېۋىسى نىسبەتەن يوغان ھەم گۆشلۈك
بولۇپ، گۆلە قۇرۇتۇشقا ئىنتايىن باپ.

**مورېنا** ئى (د< فران) < گېئول > مۇزلۇق

يۆتكىلىپ دۆۋىلەنگەن تۇرلۇك ماددىلارنىڭ
ئورتاق نامى.

**مورىگول** ئى. تۆمۈرچىلەرنىڭ يوغانراق
تۆمۈرلەرنى قىسىدىغان قىسقۇچى.

**مورىلىق** سۈپ. مورىسى بار، مورا چىقىرىلغان،
مورا قويۇلغان: ئۆينىڭ غەرب تەرەپتىكى
تېمىغا يۆلەپ، مورىلىق ئوچاق سېلىنغانىدى.

**موزا** ئى < بوت > ① سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى
يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى
پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك
يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكىلدە،
گۈلى كىچىك، ئاق سېرىق رەڭدە.
ئۇچكىلىك مېۋە تۇتىدۇ. ئەفسىس پىتى
ئۇنىڭ يوپۇرمىقى ئۈستىدە ياشايدۇ. ②
شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى. تىبابەتچىلىكتە
دورا قىلىنىدۇ.

**موزا دەرىخى** < بوت > ← موزا.

**موزاي** ئى. ئىنەكنىڭ كىچىك بالىسى:
موزاينىڭ يۈگۈرۈشى سامانلىققىچە (ماقال).
* ئۆكۈزنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن موزاينىڭ
بېشىغىمۇ كېلىدۇ (ماقال). * شۇ يىلى بىزنىڭ
ئىككى موزىيىمىز بار ئىدى، ئۇلار بۇ ئىككى
موزاينىمۇ ئېلىپ كېتىشتى.

**موزايبېشى** ئى (موزاي+باش+ى) < زوئول > بىر
خىل ھاشارات. دۈمبىسى چاي رەڭگىدە،
قورسىقى سارغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. ئالدىنقى
پۇتى تەرەققىي قىلغان، ئوتىغۇچ
شەكىلدە، توپا كولاشقا ماسلاشقان.
قۇيرۇق قىلچىقلىرى بولىدۇ. لاي تۇپراقتا
ياشايدۇ، كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ.
دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ نوتىلىرىنى
يەيدۇ.

**موزايلاتماق** « موزايلىماق » پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**موزايلىق** سۈپ. موزىيى بار، موزاي

ئەگەشتۈرۈۋالغان؛ موزايغا ئىگە: ئۇ
ھېلقى موزايلىق ئىنىكنى يېتىلەپ كېلىۋاتاتتى.
* ئۇنىڭ ئىككى موزايلىق كالىسىمۇ بار ئىدى،
ئومۇمەن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى خېلىلا ئوبدان
بولۇپ قالغانىدى. * يازدا ئىنىكىمىز موزايلىدى،
شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ بىر موزايلىق بولۇپ
قالدۇق، سۈت ئىچەلەيدىغان بولدۇق.

**موزايلىماق** پ. موزاي تۇغماق (ئىنەك ھەققىدە): ئۇنىڭ ئىنىكى موزايلاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا، بورداۋاتقان ئىككى قويى ئارقا-ئارقىدىن ناھايىتى سىرلىق ھالدا ھارام بولۇپ قالدى.

**موزدۇز** ئى (پ) ئاياغ كىيىملىرىنى تىكىدىغان ھۈنەرۋەن، ئۇستا: مەلىكە تاشقىرى چىقىپتۇ. قارىسا موزدۇزمۇ كېلىۋاتقانىكەن. // مەن ئەمدىلا ماڭاي دەپ تۇرسام ھېلقى ئوتتۇرا ياشلىق موزدۇز ئۇستام كېلىپ قالدى.

**موزدۇزچىلىق** ئى → **موزدۇزلۇق**: ئۇنىڭ دادىسى موزدۇزچىلىق قىلىپ ھەر كۈنلۈك ئاش-نان، چاي-تۇزغا يەتكۈدەك پۇل تېپىپ تۇراتتى.

**موزدۇزخانا** ئى. موزدۇزلارنىڭ ئاياغ كىيىم تىكىدىغان ئۆيى، موزدۇزلار ھۈنەر قىلىدىغان ئۆي: مەن موزدۇزخانىغا يەنە بېرىپ، ھېلقى ئۆتۈكنى سۆيلەپ كەلدىم.

**موزدۇزلۇق** ئى. مەخسۇس ئاياغ كىيىملىرىنى تىكىش كەسپى، ھۈنىرى: — ئوغلۇم، موزدۇزلۇقنى ئۆگەندىڭمۇ؟ — دەپ سورايتتۇ دادىسى ئەپەندىمدىن. // بىز شەھەرنى ئايلىنىۋېتىپ، بىر موزدۇزلۇق كارخانىسى ئالدىغا كېلىپ قالدۇق.

**موزىچىلار** ئى <پەلس> دەسلەپكى چىن سۇلالىسى دەۋرىدىكى بىر خىل سىياسىي ئىدىيىۋى ئېقىم. ئاساسچىسى موزى (مودى). ئۇ كىشىلەرنىڭ باراۋەرلىكى، ئۆزئارا كۆيۈنۈشى ۋە قوشنا ئەللەرنىڭ ئۆزئارا تاجاۋۇز قىلىشماسلىقىنى تەشەببۇس قىلغان. موزىچىلار يەنە تەشكىللىك ھالدا ئۇيۇشۇپ ئۇرۇشتا ئاجىز كەلگەنلەرگە ياردەم بېرىپ، زوراۋانلارغا قارشى تۇرغان بولسىمۇ، روھنىڭ بارلىقى ۋە خۇدانىڭ ئىرادىسىگە ئىشەنگەن. كېيىن ئۇلار موزى (مودى) ئىدىيىسىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ساددا ماتېرىيالىزم ۋە قەدىمكى زامان لوگىكىسىنىڭ تەرەققىياتىغا بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

**موس** I تەق. بىرەر نەرسىنىڭ بوش، يۇمشاق بىرنەرسە ئۈستىگە چۈشۈشى، كىرىشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: — كاسامغا موسلا قىلىپ يىڭنە سانجىدى شۇ! — دېدى بالا ماڭا قاراپ شوخلۇق بىلەن.

**موس** II ئى <گېئول> 1773-يىلدىن 1839-يىلغىچە ياشىغان گېرمانىيىنىڭ مىنېرالوگىيە پروفېسسورى.

**موس قاتتىقلىق ئۆلچىگۈچ** <گېئول> قاتتىقلىقى جىجىش ئارقىلىق ئۆلچەپ بېكىتىلگەن، دائىم ئىشلىتىلىدىغان بىر يۈرۈش ئۆلچەملىك مىنېرال. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئون خىل مىنېرالدىن تەركىب تاپىدۇ، ئۇلارنىڭ قاتتىقلىقى مۇناسىپ ھالدا تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئون دەرىجىگە بۆلۈنىدۇ. قوللانغان چاغدا، ئۆلچەملىك مىنېرال بىلەن نامەلۇم قاتتىقلىقتىكى مىنېرال ئۆزئارا جىجىپ كۆرۈلىدۇ. موس قاتتىقلىق ئۆلچىگۈچىنى گېرمانىيىنىڭ مىنېرالوگىيە پروفېسسورى موس. فرېيدرىخ (1773 — 1839) كەشىپ قىلغاچقا ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**موسسىدە** رەۋ. «موس» قىلىپ، «موس»

قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، « موس » قىلغان
هالدا : موسسىدە كىرمەك.

**موس-موس** ① « موس I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② قاتتىق، چۇرۇك ئەمەس، يۇمشاق : موس-موس قوغۇن.

**موسۇلداتماق** « موسۇلدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**موسۇلدىماق** پ « موس-موس » قىلغان ئاۋازنى چىقارماق.

**مولك** تەق. بىرەر ئىشنىڭ ناھايىتى تېز، بىردىنلا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ھەرىكەت تەقلىدى.

**مولك چۈشمەك** ① بىراقلا، بىردىنلا يىقىلماق : ئۇنىڭ شۇ تاپتا ئىزىغىلا مولك چۈشۈپ ياتقۇسى كېلەتتى. * بىر پاي ئوق بىلەن ئۇ ئەبلەخ ئىزىغىلا مولك چۈشتى. ② تۇيۇقسىزلا ئۆيلىمىغان يەردىن : قولۇمغا مولك چۈشتى.

**مولك سالماق** ئىككىلەنمەستىن، بىردىنلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق؛ ئاغزىغا سالماق : — مېھىر ھەققىگە ھېسابلاپ بەرگەن بەش تۆگە بىلەن بىر مالايىمنۇ مولك سالدىڭ، توي كۈنىگە ئاز قالغاندا، ئەمدى ئاغزىڭغا توپا سۇۋامسەن، ۋاپاسىز !؟ — دېدى ھەنپە خېنىم ئېرىگە. * « كىمنىڭ بولۇشى بىلەن نېمە كارىم، بىرسى كۆرمىگەندىكىن ئېلىۋالايچۇ » دېدى-دە، يانچۇقىغا مولك سالدى.

**مولك سوقماق** ئىككىلەنمەستىن، تېز-تېز يېمەك؛ بىراقلا ئۆزىنىڭ قىلىۋالماق : — توۋا، توۋا! — دەيتتى گۈلسۇمخان ئاچا تاماقنى ئىلغىماي مولك سوقۇۋاتقان قاۋۇلجانغا مەسلىكى كېلىپ، — خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن ماۋۇ بالىنىڭ ئىشتىيى راستىنلا ئېچىلىپ، تۈگمىنى سازلىشىپ كەتتى-ھە!

**مولك يېتىپ مولك قوپماق** دۇم يېتىپ دۇم قوپماق، توغرا كەلگەن يەردە يېتىپ قوپماق : بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۆمرىنى ئاكۇپلاردا، گەملەردە مولك يېتىپ مولك قوپۇپ ئۆتكۈزۈۋاتقان ئىزامىدىن مۇشۇنداق ئازادە ئولتۇرۇشنى سېغىنغانىدى.

**موكا** ئى (پ) ① توقۇمىچىلىقتا رەختلەرنىڭ ئۆرۈشىگە ئارقاقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان نەرسە، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، ئوتتۇرىسى تومراق بولغان توقۇش سايمىنى : ئۇ دادىسىنىڭ دەستگاھى يېنىدا موكىغا يىپ تۇردى. * ئايلانماقتا موكىلار بىر خىل، سانسىز رەڭدار يىپلار ئىچىدە. ئوتلۇق كۆزلەر يۈگۈرەيدۇ چاپسان، رەڭدار گۈزەل ئەتلەس ئۈستىدە. ② تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاستىنقى يىپىنى ئۈستىگە چىقىرىپ بېرىش رولىنى ئوينايدىغان كىچىك غالتەككە ئوخشاش نەرسە.

**موكا بېلىق** < زوئول > بىر خىل بېلىق. تېنى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، باش تەرىپى قىسقا ھەم كەڭ، تەڭگىچىلىرى چوڭ كېلىدۇ. دۈمبىسى يېشىلغا مايىل كۆل رەڭ، قورسىقى ئاچ كۆل رەڭ، ئىككى تەرىپىدىكى تەڭگىچىلىرىدە قارا رەڭلىك تىك يوللىرى بولىدۇ. دېڭىزنىڭ تېيىز يەرلىرى، دەريالار ياكى تۇزلۇق سۇ بىلەن تاتلىق سۇ چېگرىلىنىدىغان جايلاردا ياشايدۇ. سۇ ئاستىدىكى پاتقاقلىقتا بولىدىغان ئورگانىك ماددىلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**موكا چىغى** موكا ئىچىدىكى ناچىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىنچىكە ئوق.

**موكا قانتى** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ موكىسى ئۈستىدىكى يىپ قىسىش سايمىنى.

**موككىدە** رەۋ « مولك » قىلىپ، مولك قىلغان هالدا : — ئازراق دەم ئالايلىچۇ، — دېدى-دە، موككىدە ياتتى.

**موكلىماق** پ. ئالدىماق، گوللىماق، ھىيلە ئىشلىتىپ باشقىلارنى پايدىدىن قۇرۇق قويۇپ، ئۆزى نەپ ئالماق: — ھە، — دېدى ئۇ قىيسىق كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — سەنزە مېنى راسا موكلاي دېگەنىكەنسەن-دە! ھۇ ئەخمەق!

**موك-موك** « موك » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ـــ ئالدىمىزغا كەلگەنىنىلا موك-موك سوقىمىز دېسەكمۇ بولماس، ـــ دېدى ئۇ سەل ئېھتىيات قىلغاندەك قىلىپ.

**موكدەك** رەۋ. توختىماستىن، تىنىمسىز ھالدا: ئېگىز، ھەيۋەت بىنالار قالار ئىدى ئارقىدا، ماشىنىلار موكدەك قاتنار ئىدى كوچىدا.

**موكسىمان** سۈپ ① شەكلى موكىغا ئوخشايدىغان: موكسىمان باكتېرىيە. ② موكىغا ئوخشاش، ئۇ تەرەپتىن بۇ تەرەپكە، بۇ تەرەپتىن ئۇ تەرەپكە توختىماي ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان: موكسىمان دىپلوماتىيە.

**موكسىمان باكتېرىيە** < بىئول > بىر ئۇچى ئۇچلۇق، يەنە بىر ئۇچى تومراق كېلىدىغان بىر خىل تاياقچە باكتېرىيە.

**موكسىمان دىپلوماتىيە** < ت ئىش > قارىمۇقارشى تەرەپلەرنى كېلىشتۈرۈش ئۈچۈن ئۈچىنچى بىر تەرەپ دىپلوماتىيە ئەمەلدارىنىڭ ئاشۇ ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مەلۇم بىر مەزگىل قاتراپ يۈرۈپ دىپلوماتىيە جەھەتتىن كېلىشتۈرۈش خىزمىتى ئىشلىشىنى كۆرسىتىدۇ: ئامېرىكا دۆلەت ئىشلىرى كاتىپى بېككىر ئەرەپ ئەللىرى بىلەن ئىسرائىلىيىگە قارىتا مۇكسىمان دىپلوماتىيىنى باشلىدى.

**موگۇ** ئى (خەن) < بىئول > بازىدىيىلىك زەمبۇرۇغلار كلاسى، قالپاقلىق زەمبۇرۇغلار ئائىلىسىدىكى ئوزۇق قىلىنىدىغان بىر خىل زەمبۇرۇغ. قاتلاقلىرى يۇمران ۋاقتىدا ئاچ بېغىر رەڭ بولۇپ، كېيىن قارىيىدۇ. سېپى ئۈستىدە ھالقىسى بولىدۇ. زەمبۇرۇغ يىپچىسىنىڭ ئۆسۈشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق تېمپېراتۇرا 22°C، سپورا خالتا تەنچىسىنىڭ بولسا 16°C ئەتراپىدا بولىدۇ. ئات، كالا تېزەكلىرى ياكى چوشقا قىغى، شال پاخىلى ياكى مەككەن بىلەن ئارىلاشتۇرۇلۇپ، دۆۋىلەپ چىرىتىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆستۈرگۈچىسى قىلىنىدۇ. ئادەتتە كۈز، قىش ۋە ئەتىيازدا ئۆستۈرۈش ئەڭ مۇۋاپىق. دۆلىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**موگۇ پايپىقى** < بوت > موگۇ سېپىنىڭ تۈۋىنى ئوراپ تۇرغۇچى پەردىگە ئوخشاش تۈزۈلۈش. موگۇ ياش ۋاقتىدا سىرتىنى بىر پەردە ئوراپ تۇرىدۇ، سېپى ئۇزىراپ ئۆسكەندە پەردە يېرىلىپ، ساپىنىڭ تۈۋىدە ئىز قالدۇرىدۇ، شۇ ئىز موگۇ پايپىقى دېيىلىدۇ.

**موگۇ پەردىسى** < بوت > قالپاقلىق زەمبۇرۇغلارنىڭ سپورا خالتا تەنچىسىنىڭ يۇمران ۋاقتىدا، موگۇ قالپىقىنىڭ گىرۋىكىدىن سېپىگىچە بولغان قىسمىنى ئوراپ تۇرىدىغان پەردە. پەردە يېرىلغاندا موگۇ سېپىدا بىر ئىز قالدۇرىدۇ، ئۇ موگۇ ھالقىسى دېيىلىدۇ.

**موگۇ سېپى** < بوت > قالپاقلىق زەمبۇرۇغلار (مەسىلەن، موگۇ) نىڭ سپورا خالتا تەنچىسىنىڭ سېپى. موگۇ قالپىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**موگۇ قالپىقى** < بوت > قالپاقلىق زەمبۇرۇغلارنىڭ سپورا خالتا تەنچىسىنىڭ ئۈچى تەرىپىدىكى قالپاققا ئوخشاش تۈزۈلۈش. ئۇنىڭدا سپورا ھاسىل قىلىدىغان تۈزۈلۈش ـــ سپورا خالتا قەۋىتى بولىدۇ.

**موگۇ هالقىسى** < بوت > موگۇ پەردىسى يېرىلغاندا موگۇ سېپىدا قالدۇرغان ئىز. هالقىغا ئوخشاش بولىدۇ.

**موڭغۇل** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمى** < تىل > ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تىل تۈركۈملىرىنىڭ بىرى. بۇ تۈركۈمگە كىرىدىغان خەلقلەر ئاساسەن جۇڭگو، موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، روسىيە ۋە ئافغانىستانغا تارالغان. ئۇنىڭغا موڭغۇل تىلى، داغۇر تىلى، تۇزۇ تىلى، دۇڭشياڭ تىلى، باۋئەن تىلى، بۇريات تىلى، قالماق تىلى قاتارلىقلار كىرىدۇ.

**موڭغۇل تىلى** < تىل > موڭغۇللار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ موڭغۇل تىللىرى تۈركۈمگە كىرىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئاساسەن ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى، لياۋنىڭ، جىلىن، شىنجاڭ، خېيلۇڭجياڭ، چىڭخەي، خېبېي، خېنەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلاردا؛ چەتئەللەردىن موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتى، روسىيە ۋە ئافغانىستاندىكى بىرقىسىم موڭغۇللار ئارىسىدا قوللىنىلىدۇ.

**موڭغۇل نىجىمى** < بوت > باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تار، يىپ شەكىللىك، گىرۋىكى كۆپىنچە پۈرلىشىۋالىدۇ.
... ان، گۈل رەڭتى شالاڭ. قۇرغاق
... غاق چۆللەردىكى
... ڭ بىرى، قۇمنى
كۈچلۈك.

موك ...
قويماق، ...
... رق > دۇنيادىكى
... ى. بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ

چىرايى سېرىق، چاچلىرى قارا ۋە تۈز، يۈزى ياپىلاق كېلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئاسىيانىڭ شەرقىي ۋە شەرقىي جەنۇبىغا تارقالغان.

**موڭغۇل يېزىقى** < تىل > موڭغۇللار قوللىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى. يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يېزىلىدۇ. موڭغۇللار ئۇزۇن مۇددەت ئىشلىتىش داۋامىدا ئۇنى قىسمەن ئىسلاھ قىلىپ، بەزى هەرپلەرنى قوشقان ۋە يېزىش قائىدىسىنىمۇ قىسمەن ئۆزگەرتكەن. هازىر جەمئىي 29 هەرپى بولۇپ، بەش سوزۇق تاۋۇش ۋە 24 ئۈزۈك تاۋۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. موڭغۇللارنىڭ 13 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلانغان بۇ يېزىقتىكى يادىكارلىقلىرى بار.

**موڭغۇلچە** ① سۈپ. موڭغۇللارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: موڭغۇلچە يېزىق. موڭغۇلچە كىيىم. موڭغۇلچە ئۇسسۇل. موڭغۇلچە ئادەت. ② ئى. موڭغۇل تىلى: ئۇ موڭغۇلچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. موڭغۇل تىلىنى ئىشلىتىپ، موڭغۇل تىلىدا: موڭغۇلچە سۆزلىمەك.

**موڭغۇلشۇناس** ئى. موڭغۇللارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**موڭغۇلشۇناسلىق** ئى. موڭغۇللارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**موڭغۇللار** ئى < ئىرق > موڭغۇل مىللىتى، موڭغۇل خەلقى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونى ۋە موڭغۇلىيە خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە

دۆلىتىمىزدە لياۋنىڭ، جىلىن، شىنجاڭ، خېيلۇڭجياڭ، چىڭخەي، خېبېي، خېنەن، گەنسۇ قاتارلىق جايلارغا ۋە چەت ئەللەردىن روسىيە ھەم ئافغانىستانغا تارقاق ئۇلتۇراقلاشقان.

**مول** I مىق (ئىنگ) < فىز > ماددا مىقدارىنىڭ بىرلىكى. بەلگىسى « mol ». ئۇ خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسىدىكى ئاساسىي بىرلىكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، مەلۇم بىر ماددا سىستېمىسى تەركىبىدىكى زەررىچىلەرنىڭ (مەسىلەن، مولېكۇلا، ئاتوم، ئىئون، ئېلېكترون ۋە باشقا زەررىچىلەرنىڭ) سانى، ماسسىسى 0.012 كىلوگرام كېلىدىغان كاربون — 12 ($^{12}C$) تەركىبىدىكى ئاتوملارنىڭ سانىغا تەڭ بولسا، بۇ ماددىنىڭ مىقدارى بىر مول بولىدۇ.

**مول ئاتوم** < فىز > ← **گرام ئاتوم.**

**مول گاز كونستانتى** < فىز > گازلارنىڭ خۇسۇسىيىتىنى خاراكتېرلەيدىغان ئۇنىۋېرسال كونستانت. بەلگىسى R. ئىدېئال گازلارنىڭ ھالەت تەڭلىمىسى ($PV=nRT$) گە ئاساسەن، ئۇ بىر مول خالىغان بىر ئىدېئال گازنىڭ بېسىمى (P) بىلەن ھەجمى (V) نىڭ كۆپەيتمىسى بىلەن مۇتلەق تېمپېراتۇرا (T) نىڭ نىسبىتىگە تەڭ. ئۇنىڭ تەجرىبىدە ئۆلچەنگەن قىممىتى: $R=8.3144J/(mol.k)$.

**مول مولېكۇلا** < فىز > ← **گرام مولېكۇلا.**

**مول مولېكۇلىلىق قويۇقلۇق** < فىز > ← **گرام مولېكۇلىلىق قويۇقلۇق.**

**مول** II سۈپ ① ناھايىتى كۆپ، جىق، نۇرغۇن: چىۋىن گۆشنى كۆرسە ئەگىپ كېتەلمىگىنىدەك، يۇرتىمىزدەك بايلىقى مول زېمىنغا ھەممە ئاچ كۆز جاھانگىرلار كۆز تىكىدۇ، ئەلۋەتتە. * ئالىم بىزگە مول تەتقىقات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مىراس قالدۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. * مەيلى قايسىبىر ئۇرۇش قىلغۇچى قوشۇن بولسۇن، ئەگەر ئۇ مەغلۇپ بولۇشنى خالىمايدىكەن، ئۇنىڭ مول تەجرىبىگە ئىگە قوماندانلىق شتابى بولماي مۇمكىن ئەمەس. ② يېتەرلىك دەرىجىدە كۆپ، (داستىخان ھەققىدە): — ناھايىتى مول داستىخان بولۇپتۇ، — دېدى ھوشۇر نان ئوشتۇۋېتىپ. ③ مەزمۇن، دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، خىلمۇخىل تېمىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان (گەپ-سۆز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇلارنىڭ سۆھبىتى ناھايىتى مول بولدى، دېيىشمىگەن گەپلىرى قالمىدى.

**مول سۇ يىلى** < سۇ > گىدرولوگىيىلىك يىللار ئىچىدىكى سۈيى مولراق بولغان يىللار.

**مول ھوسۇل** كۆپ ھوسۇل، نۇرغۇن مەھسۇلات: سىز ماڭا « مول ھوسۇل ئالغان يىلى توي قىلىمىز » دەپ ۋەدە بەرگەنىدىڭىز، شۇڭا ئەمدى توي قىلساق بولار دەيمىنا.

**مولاتماق** « مولىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مولاشماق** « مولىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مولانماق** « مولىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مولچال** (توغرىسى: مۆلچەر) ← **مۆلچەر.**

**مولچىلىق** ئى. ھەممە نەرسە مول بولۇپ، ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان ھالەت؛ پاراۋانلىق: — ۋاي-ۋۇي! نېمانچە مولچىلىق بۇ؟ بۈگۈن ئامىتىم بار ئىكەن - دە، — دېدىم مەن جامال ئاكامغا قاراپ.

**موللا** ئى (ئە) ① دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئىسلام دىنى بىلىملىرى ھەققىدە بەلگىلىك سەۋىيىگە يەتكەن كىشى، ئىسلام دىنى

ئەربابى: ئاللا بەرمىگەننى موللا بەرمەس (ماقال). * ئۇستا باردا قولۇڭنى تارت، موللا باردا تىلىڭنى تارت (ماقال). ② كىشلەرگە دىنىي تەلىم بەرگۈچى، ئىسلام دىنىي بىلىملىرىنى ئۆگەتكۈچى كىشى؛ ئۇستاز؛ ئوقۇتقۇچى: خوجا سەئىد قىزىنى موللىغا ئوقۇغىلى بەرگەنىكەن. * ئۇ بالا ئۆيىگە كېلىپ دادىسىغا ئۇ مەسىلىنى موللىسىدىن سورىغانلىقىنى، موللىسىنىڭ جاۋاب بېرەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

**موللا بولماق** ① دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇپ ئىسلام دىنى مەلۇماتلىرىدىن ساۋاق ئالماق، ئىسلام دىنى تەلىماتلىرىنى ئۆگىنىپ چىقماق: ئۇ دىن قائىدىلىرىنى ۋە ئىسلام پەلسەپىسىنى خېلى ئوبدان ئىگىلىگەن موللا بولۇپ قايتتى. ② كۆچمە. بەلگىلىك بىر ئىشنىڭ ئېپىنى بىلىپ تەجرىبىلىك بولۇپ قالماق، ئىشنىڭ يولىنى ئۇقۇپ قالماق: ئۇ نەچچە يىللىق خىزمەت جەريانىدا بۇنداق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا خېلى موللا بولۇپ قالغانىدى.

**موللا قىلماق** ① ئىسلام دىنى مەلۇماتلىرىنى ئۆگەتمەك، دىنىي ساۋاتقا ئىگە قىلىپ قويماق، دىنىي ساۋات بەرمەك: — مۇشۇ بالامنى موللا قىلىپ قويايمىكىن دەيمەن، — دېدى خەلىم ئاكا كىچىك ئوغلىنىڭ بېشىنى سىلاپ. ② كۆچمە. بەلگىلىك بىر ئىشنىڭ يولىنى بىلدۈرۈپ قويماق، شۇ جەھەتتە تەجرىبىگە ئىگە قىلىپ قويماق: مەن هازىر ئۆزۈمنى خېلى چوڭ بولۇپ قالغاندەك هېس قىلمەن. سەن مېنى خېلى بىرنېمىنى چۈشىنىدىغان موللا قىلىپ قويدۇڭ.

**موللاشتۇرماق** «موللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ شىپاخانا مىللىي دورا-دەرمەكلەرنى موللاشتۇرۇپ، خېرىدارلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى.

**موللاشتۇرۇلماق** «موللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مېهمانلارنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن داستىخان تېخىمۇ موللاشتۇرۇلدى.

**موللاشماق** پ. كۆپ، نۇرغۇن بولۇپ كەتمەك؛ مول هالەتكە كەلمەك: يېمەك-ئىچمەكلىمىز موللىشىپ كەتتى.

**موللاق** ئى (ئە) بېشى يەردە، پۇتى بوشلۇقتا تۇرۇش؛ پۇتىنى بوشلۇققا، بېشىنى يەرگە قىلىش هەرىكىتى: باللار يۇمشاق پاخالدا موللاق ئېتىشىپ تۆۋەنگە قاراپ قېچىپ كېتىشتى.

**موللاق ئاتماق** ① سەكرەپ بېشىنى يەرگە، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ پۇتىنى بېشىدىن هالقىتىپ يەنە پۇتى بىلەن يەرگە چۈشمەك: مەن بۇنى ئىمىر ئادىشىم بىلەن موللاق ئېتىپ ئوينىغان قۇمدىن تېپىۋالدىم. * ئۇ تېرەكتىن موللاق ئېتىپ چۈشۈپ، يانپىشىنى سۇندۇرۇۋالغان. ② كۆچمە. بېشى يەرگە، پۇتى ئاسمانغا بولۇپ يىقىلماق: ئۇ ئاتنىڭ چۇلۇۋۇرىغا مەهكەم يېپىشىۋالغانلىقتىن سۇغا موللاق ئېتىشتىن ساقلىنىپ قالدى. ③ كۆچمە. هوقۇقىدىن، مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قالماق؛ ئاغدۇرۇلماق: بىيجىڭ خانى ئاللىقاچان موللاق ئاتتى. مۇبادا شامەخسۇت «تۇرپاق يىغىلىقى» دىكىگە ئوخشاش يەنە چېرىكلەرنى چىللاپ كەلسە، ئۇنىمۇ كۆرەرمىز. * ئۇنداق قورقۇنچاق، مەيدانىنىڭ تايىنى يوق، بېلى بوش باشلىقلار موللاق ئېتىشى لازىم.

**موللاقچى** ئى ① موللاق ئېتىشقا ئۇستا كىشى ياكى نەرسە: كېيىن ئۇ موللاقچى چىققان ئېگىز يەرگە چىقىپ ئۆزىنى يەرگە بىر ئاتقانىكەن، بويىنى قايرىلىپ تىن تارتماي ئۆلۈپتۇ. // موللاقچى بالا. موللاقچى كەپتەر. ② كۆچمە. پاهىشە، بۇزۇق، ئەخلاق-ئىستىلى

ناچار ئايال.

**مولّلاقچی کەپتەر** هاۋادا ئۇچۇۋېتىپ مولّلاق ئاتالايدىغان، شۇنداق هەرىكەتنى ئورۇنلاشقا ماهىر كەپتەر: — هېلىقى مولّلاقچی كەپتىرى يۇتۇپ كەتكەندە بۇنىڭدىنمۇ كۆپ يىغلىغانىدى، — دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

**مولّلاقلىماق** پ ① مولّلاق ئاتماق: يەنە بىرنەچچە ئات يۈگۈرگەن پېتى مولّلاقلاپ چۈشۈپ يېتىپ قالدى. ② كۆچمە. ئاغدۇرۇلماق، غۇلىماق، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقماق: روزى مولّلاقلىدى، ئەمدى رەيھانەمگە كەلدى. كېيىن بېلى بوش، شىرشىم كۆتەك، ئاغمىچى سابىت مولّلاق ئېتىشى كېرەك.

**مولّلام** ئى «مولّلا» سۆزىنىڭ هۆرمەت شەكلى: — مولّلام كەلدى، ئالدىغا چىققىن، — دېدى زەينەپخان ئېرىنىڭ يېڭىنى تارتىپ.

**مولّلاۋى** ئى. ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى.

**مولّلىتاپقاق** ئى (مولّلا+تاپقاق) بىر ئىشلارنى ئاسانلا بىلىۋالىدىغان، بايقىۋالىدىغان كىشى؛ سەزگۈر كىشى: — ئۆزۈڭمۇ غۇ بەك مولّلىتاپقاق، چاقىرغاندەكلا كەلگىنىڭنى قارا، چىقە هارۋىغا، گۇڭۇر-مۇڭۇر پاراڭلىشىپ ماڭايلى، — دېدى ئۇ هەسەنگە.

**مولّلىتاپقاقلىق** ئى. بىر ئىشلارنى ئاسان بىلىۋېلىش، بايقىۋېلىش؛ سەزگۈرلۈك: — مولّلىتاپقاقلىقىڭنى قوي ئۇكا، ئەمدى يولىمىزغا ماڭايلى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

**مولّلىقوپقاق** ئى (مولّلا+قوپقاق) بىر خىل بالىلار ئويۇنچۇقى.

**مولّلىلىق** ئى. مولّلىغا خاس ئادەت، قىلىق، هەرىكەت: سىېنىڭ بۇ چىرايىڭدىن مولّلىلىق كۆرۈنمەيدۇ، مەكتەپتە ئوقۇغانمىدىڭ؟ * مەن قارىسام سىلەردە نە شەيخۇلئىسلامنىڭ هۆكمى يوق، نە مولّلىلىقنىڭ ۋەزنى يوق.

**مولّلىمۇشۇك** سۆپ (مولّلا+مۇشۇك) بەك ياۋاش، قورقۇنچاق، هېچبىر ئىشنى جۈرئەتلىك قىلالمايدىغان: ۋاي بىچارە، بەزىبىر ئىشلارغا كەلگەندە يۈرىكىڭ قاپتەك قىلغان بىلەن خوتۇنۇڭنىڭ ئالدىغا بارغاندا مولّلىمۇشۇك بولۇپ قالىدىكەنسەن-دە؟

**مولّلىمۇشۇك بولماق** ياۋاش، جۈرئەتسىز، قورقۇنچاق بولۇپ قالماق؛ توخۇ يۈرەك بولۇپ قالماق: ئۇ بىزگە هۆركىرىگەن بىلەن، باشلىقنى كورۇدىمۇ شۇئان مولّلىمۇشۇك بولۇپ قالىدۇ.

**مولّلىېر** ئى. گېرمانىيىنىڭ ئىنژېنېرى.

**مولّلىېر دىئاگراممىسى** < فز > ئېنتالپىيىنى ئوردىنات، ئېنتروپىيىنى ئابسىسسا قىلغان تەكشىلىكتىكى كوئوردىنات دىئاگراممىسى. ئىسسىقلىق تېخنىكىسى ۋە خىمىيە تېرمودىنامىكىسىدا بەزى مۇهىم ماددىلارنىڭ (مەسىلەن، سۇ پارى ۋە باشقا گازلارنىڭ) ئېنتالپىيىسى بىلەن ئېنتروپىيىسىنىڭ فۇنكسىيىلىك مۇناسىۋىتى ئىپادىلىنىدۇ. گېرمانىيىلىك ئىنژېنېر مولّلىېر (Richard Mollier) بۇ دىئاگراممىنى 1904-يىلى تۇنجى قېتىم سىزىپ چىققان. بۇ دىئاگرامما پار ماشىنىسى، پار تۇربىنىسى قاتارلىقلارنى لاهىيىلەشتە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مولۇق** I سۆپ. كۆلىمى موغا تەڭ كېلىدىغان، مو ئۆلچىمىدىكى: بۇ سەهرادا ناهايىتى پىخسىق، گەپلىرى سېسىق، كۆزلىرى قىيسىق، ئاچچىقى يامان بىر باي ئالتە مولۇق يەرگە خامان ياساپ ئۈنچە بېيىپ تۇرىدىكەن.

**مولۇق** II سۆپ. مو قىممىتىدىكى، «مو» دەپ ئاتىلىدىغان: بۇ پۇللارنىڭ ئەڭ چوڭى بىر مولۇق قەغەز پۇل، قالغانلىرى تەڭگە پۇللار ئىكەن.

**مولۇن** ئى < زوئول > سۈت ئەمگۈچىلەر كلاسسى مۇشۇك ئائىلىسىدىكى هايۋان. مۇشۈككە

ئوخشايدۇ. تېنى قوپال ھەم قىسقا، قۇلىقى قىسقا ھەم يۇمىلاق، ئىككى قۇلىقىنىڭ ئارىلىقى يىراقراق بولىدۇ. پۈتۈن تۈكى سېرىق، دۈمبىسى توق، قورسىقى سۇس، تۈۋىتى قېلىن ھەم زىچ بولىدۇ. دۈمبىسى ۋە قۇيرۇقىدا توغرىسىغا كەتكەن قارا يوللىرى بولىدۇ، چۆل ياكى ئوتلاقلىقلاردىكى قورام تاش يېرىقلىرى ياكى كامارلىرىدا ياشايدۇ. يالغۇز يۈرۈپ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. ئاساسەن چاشقان تىپىدىكى كىچىك ھايۋانلار ۋە قۇشلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، بەزىدە ئۆي قۇشلىرىنىمۇ تېگىپ قالىدۇ. ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا تارقالغان. مەملىكىتىمىزدە ئاساسەن غەربىي شىمال، غەربىي جەنۇب ۋە خۇابېي رايونلىرىدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. تېرىسى خېلى ئەتىۋارلىق بولۇپ، جۇۋا ياكى باش كىيىملىرىنى تىككىلى بولىدۇ.

**مولېكۇلا** ئى (ر < لات) < خىم > ماددىلارنىڭ ئەسلىدىكى بارلىق خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ساقلىغان ۋە مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدىغان ئەڭ كىچىك زەررىچە. ئاتومدىن تۈزۈلىدۇ.

**مولېكۇلا ئاكۇستىكىسى** < فىز > ئاكۇستىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئاۋاز دولقۇنلىرىنىڭ مۇھىت ئىچىدە تارقىلىش خاراكتېرىستىكىسى (مەسىلەن، ئاۋاز تېزلىكى، يۇتۇلۇش قاتارلىقلار) نىڭ مۇھىت مولېكۇلىلىرىنىڭ خاراكتېرىستىكىسى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**مولېكۇلا ئەلگىكى** < خىم > شۈمۈرۈشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك ماددا (ئالىيۇمىن سىلىكاتلارغا ئوخشاش) لاردىن پايدىلىنىپ ياسالغان قاتتىق ماددا. ھەر خىل شەكىللەردە بولىدۇ. مولېكۇلا ئەلگىكى دىئامېتىرى تەڭ، كىچىك تۆشۈكلەرگە ئىگە. ئۇرغۇنلىغان تۆشۈكلەردىن دىئامېتىرى كىچىك بولغان مەلۇم مولېكۇلىلارنى تاللاپ شۈمۈرىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇيۇقلۇق، گازلارنى قۇرۇتۇش، ئايرىش ۋە تازىلاشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**مولېكۇلا بىئولوگىيىسى** < بىئول > بىئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. جانلىقلارنىڭ ئاساسلىق فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك تۈزۈلۈشىنى بايان قىلىدۇ.

**مولېكۇلا توكى** < فىز > مولېكۇلا ياكى ئاتومدىكى ئېلېكترونلارنىڭ ھەرىكىتىدىن پەيدا بولىدىغان توك.

**مولېكۇلا تۈزۈلۈشى** < خىم > ئاتوملارنىڭ مولېكۇلىدىكى بىرىكىش شەكلى ۋە بوشلۇقتىكى جايلىشىشى. مولېكۇلا تۈزۈلۈشى ماددىلارنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

**مولېكۇلا سپېكترى** < فىز > مولېكۇلىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پەيدا بولىدىغان سپېكتر.

**مولېكۇلا فورمۇلىسى** < خىم > ئېلېمېنت بەلگىلىرىدىن پايدىلىنىپ مەلۇم ماددىنىڭ مولېكۇلا تەركىبىنى ئىپادىلەيدىغان فورمۇلا. مەسىلەن، $H_2O$ سۇنىڭ مولېكۇلىسىنى ئىپادىلەيدۇ، $O_2$ ئوكسىگېننىڭ مولېكۇلىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مولېكۇلا فىزىكىسى** < فىز > فىزىكىدىكى بىر تارماق پەن. ئاساسلىقى مولېكۇلىلارنىڭ خاراكتېرىستىكىسى ۋە قۇرۇلۇشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**مولېكۇلا قۇرۇلۇشى** < فىز > قاتتىق جىسىملىق توك يولى تېخنىكىسىنى قوللىنىپ، ئومۇمىي گەۋدىنىڭ تۈرلۈك فۇنكسىيىلىرى

ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تۈرلۈك دېتاللارنى ئەڭ كىچىك ھەجىمدە ئىشلەپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مولېكۇلا كرىستال كاتەكچىسى** < گېئول > كرىستال قۇرۇلمىسىدىكى ماددىي نۇقتىلارنىڭ بىرىكىشىدە مولېكۇلىلىق باغ يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان كرىستال كاتەكچىسى. مولېكۇلا كرىستال كاتەكچىسىدە ھەقىقىي مولېكۇلا مەۋجۇت بولىدۇ، مولېكۇلىلار مولېكۇلىلىق باغ ئارقىلىق بىرىكىدۇ، مولېكۇلىلار ئىچىدىكى ماددىي نۇقتىلار ئىئونلۇق باغ ياكى كوۋالېنتلىق باغ ئارقىلىق بىرىكىدۇ.

**مولېكۇلا كۈچى** < فىز > ← **مولېكۇلىلار ئارا كۈچ.**

**مولېكۇلا گېنېتىكىسى** < بىئول > ئىرسىيەت داۋامىدىكى خىمىيىلىك ۋە فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل تارماق پەن.

**مولېكۇلا لازېرى** < فىز > مولېكۇلىلارنىڭ تەۋرىنىمە ۋە ئايلانما ھەرىكەت دەرىجىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتۈشۈشتىن پايدىلىنىپ لازېر چىقىرىدىغان ئاپپارات.

**مولېكۇلا ماسسىسى** < كىم > مولېكۇلىدىكى ھەرقايسى ئاتوم ئېغىرلىقلىرىنىڭ يىغىندىسى. مەسىلەن، سۇ ( $H_2O$ ) نىڭ مولېكۇلا ماسسىسى تەخمىنەن 18 گە تەڭ، ھىدروگېن ( $H_2$ ) نىڭ مولېكۇلا ماسسىسى تەخمىنەن 2 گە تەڭ.

**مولېكۇلا نەزەرىيىسى** < خىم > بارلىق ماددىلار مەڭگۈ ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ ۋە بىر-بىرى بىلەن بەلگىلىك ئارىلىققا ئىگە مولېكۇلىلاردىن تۈزۈلگەن دەپ قارايدىغان نەزەرىيە.

**مولېكۇلا ئېۋولىيۇتسىيىسى** < بىئول > جانلىقلارنىڭ ئېۋولىيۇتسىيىسى جەريانىدا ئاقسىل ماددىسى ۋە يادرو كىسلاتاسى مولېكۇلىلىرى تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات.

**مولېكۇلا ئىسسىقلىقى** < فىز > 1 گرام مولېكۇلا كېلىدىغان مەلۇم ماددىنىڭ ئىسسىقلىق سىغىمى، يەنى 1 مول مۇشۇ خىلدىكى مولېكۇلىدىن تۈزۈلگەن سىستېمىنىڭ ئىسسىقلىق سىغىمى. مەلۇم ماددىنىڭ مول ئىسسىقلىق سىغىمى ئۇنىڭ مول سانى بىلەن سېلىشتۇرما ئىسسىقلىقىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ.

**مولېكۇلىلار ئارا كۈچ** < خىم > مولېكۇلا بىلەن مولېكۇلا ئىنتايىن يېقىنلاشقاندا ئۇلار ئارىسىدا پەيدا بولىدىغان تەسىر كۈچ. مولېكۇلىلار ئارىسىدىكى ئارىلىق قانچە كىچىك بولسا، ئۇ تېپىشىش كۈچى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ؛ ئارىلىق چوڭراق بولغاندا بولسا تارتىشىش كۈچى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئارىلىقنىڭ پەيدىنپەي چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ناھايىتى تېز كىچىكلەيدۇ. مولېكۇلىلار ئارا كۈچ ماددا مولېكۇلىلىرىنىڭ ئۇيۇشۇپ قاتتىق ماددا ياكى سۇيۇقلۇققا ئايلىنىشىنىڭ مۇھىم ئامىلى ھېسابلىنىدۇ.

**مولېكۇلىنىڭ تەۋرىنىشى** < فىز > مۇئەييەن تېمپېراتۇرىدا ماددا مولېكۇلىلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاتوملار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان نىسپىي تەۋرىنىش.

**مولېكۇلىنىڭ ئېلېكترون سپېكترى** < فىز > مولېكۇلا سپېكترىنىڭ بىر خىلى، يەنى ئېلېكترونىنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆزگىرىش بولغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە يەنە تەۋرىنىش ۋە ئايلىنىش ھالىتىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ ھاسىل بولىدىغان تۈزۈلۈشى

ئىنتايىن مۇرەككەپ بولغان سپېكتىر تىلىمچىسى.

**مولېكۇللىق** ① سۈپ. مولېكۇلىسى بار، مولېكۇلىغا ئىگە: مولېكۇللىق باغ. مولېكۇللىق ئېرىتمە. ② رەۋ. مولېكۇلا ئارقىلىق: مولېكۇللىق شالغۇتلاشتۇرۇش. مولېكۇللىق چېچىلىش.

**مولېكۇللىق باغ** < گېئول > گاز، سۇيۇقلۇق ياكى مولېكۇلا تىپلىق كرىستالدىكى مولېكۇلىلارنىڭ بىرىكىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

**مولېكۇللىق چېچىلىش** < فىز > سۈزۈك مۇھىت مولېكۇلىلىرىنىڭ زىچلىقىنىڭ فلۇكتۇئاتسىيىسى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئوپتىك تەكشىسىزلىكى سەۋەبلىك پەيدا بولىدىغان چېچىلىش. ئۇ رېلېي چېچىلىشىنىڭ بىر تۈرىدۇر. مەسىلەن، يۇقىرى بوشلۇقتىكى ئاتموسفېرا زىچلىقىنىڭ فلۇكتۇئاتسىيىسى ئاتموسفېرانىڭ ئوپتىك تەكشىسىزلىكىنى پەيدا قىلىپ، قۇياش نۇرىنىڭ كۈچلۈك چېچىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلىقى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

**مولېكۇللىق شالغۇتلاشتۇرۇش** < بىئول > كېلىش مەنبەسى ئوخشاش بولمىغان ھەمدە ئاساس گۇرۇپپىسىنى ئۆز ئارا تولدۇرۇش تەرتىپىگە ئىگە ئىككى دانە ئوكسىگېنسىز رىبو يادرو كىسلاتا يەككە زەنجىرىنى ياكى ئاساس گۇرۇپپىسىنى تولدۇرۇش تەرتىپىگە ئىگە بىر دانە ئوكسىگېنسىز رىبو يادرو كىسلاتا يەككە زەنجىرى بىلەن بىر دانە رىبو يادرو كىسلاتا يەككە زەنجىرىنى ئېرىتمىدە بىرگە تۇرغۇزۇپ، بەلگىلىك شارائىتتا تولدۇرغۇچى ئاساس گۇرۇپپىسىنى ھىدروگېنلىق باغ بىلەن بىرىكتۈرۈپ، ئىككى دانە يەككە زەنجىردىن قوش زەنجىرلىك قۇرۇلمىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانى.

**مولېكۇللىق ئېرىتمە** < خىم > ئېرىگۈچى مولېكۇلىلىرىنىڭ ئېرىتكۈچى مولېكۇلىلىرى ئارىسىغا تەكشى تارقىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئېرىتمە. مەسىلەن، شېكەر بىلەن تۇزنىڭ ئېرىتمىسى. ئۇ يەنە «ھەقىقىي ئېرىتمە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مولىبدېن** ئى [ر< گرېك] < خىم > مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Mo (molybdaenum). قاتتىق، كۈمۈش رەڭلىك كرىستال. ئالاھىدە پولات ئىشلەپچىقىرىشتا ھەم ئېلېكترلىك ئەسۋابلار سانائىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**مولىبدېن چېچىكى** < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $MoO_3$. يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى ئۇششاق، يىڭنىسىمان ياكى تاختىسىمان، قۇراشمىسى كۆپىنچە توپسىمان بولىدۇ. رەڭگى سارغۇچ يېشىل ياكى سۇس سېرىق. ئالماس پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 1 — 2، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.49 ~ 4.50. ئاساسلىقى جۇلالىق مولىبدېن رۇدىسى ئوكسىدلانغاندىن كېيىن ھاسىل بولىدىغان ئىككىلەمچى مىنېرالدۇر.

**مولىبدېنىت** ئى [ر< گرېك] < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $MoS_2$. تەركىبىدىكى مولىبدېن 60% بولىدۇ. كۆپىنچە رېنىي تەركىبلىك كېلىدۇ. ئۇ ئوخشاش بولمىغان كۆپ شەكىللىك تۈردە بولۇپ، ئايرىم-ئايرىم ئۈچ ياقلىق ۋە ئالتە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى كۆپىنچە ئالتە ياقلىق تاختىسىمان بولۇپ، قۇراشمىسى قاسىراقسىمان كېلىدۇ.

رەڭگى كۆل رەڭ، ئىز سىزىقى يېشىلغا مايىل قارامتۇل كۆل رەڭ بولىدۇ. مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 1، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.7 — 5.0. ياپراقچىلىرى ئېگىلىشچان، سىلىق بىلىنىدۇ.

**مولتىلماق** «مولاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مولىماق** پ. يەر كۆلىمىنى مونى ئاساسىي ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئۆلچىمەك، مو سالماق: — تېگى بىلەن مولاپ بەرمىگەن يەرنى مېنىڭ دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى ئىككىنچى بىر ئەزا يىراقلىشىۋاتقان كىچىكئاخۇنىنىڭ بەستىدىن كۆزىنى ئالماي.

**موم** ئى (پ) <خىم> ھايۋان، مىنېرال ياكى ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان مايسىمان يۇمشاق ماددا. ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، ئاسان سۇيۇقلىنىدۇ. سۇدا ئېرىمەيدۇ، كاربون سۇلفىد ۋە بېنزولدا ئېرىيدۇ. مەسىلەن، سېرىق موم، ئاق موم ۋە پاراتىن قاتارلىقلار. ئادەتتە ئۇ سۇدىن مۇداپىئەلىنىش ۋە شام ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**موم بولماق** يۇمشىماق، ئېرىمەك؛ يۇمشاپ ئەيۋەشكە كەلمەك، كۆنمەك: — ۋۇ ئىززىتىنى بىلمىگەن جاھىل، نى-نى جاھىللار مېنىڭ قولۇمدا موم بولغان. مەن سېنى نىكاھلاپ ئالغانمەن! — دېدى ئۇ ئانارخانغا يېقىنلاپ.

**موم بىلەن داۋالاش** <تىب> فىزىكىلىق داۋالاشنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، قاتتىق ھالەتتىكى پارافىن قىزدۇرۇلۇپ، كېسەل جايغا سۈركىلىدۇ. بۇنداق قىلغاندا قىسمەن ئورۇندىكى قاننىڭ ئايلىنىشىنى تېزلىتىپ، كېسەللىكنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى تورمۇزلىغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە بوغۇم ياللۇغى ۋە قايرىلىپ كېتىش قاتارلىقلارغا قارىتا داۋالاش ئۈنۈمى يۇقىرى.

**موم چىشلىۋالغاندەك** ← **ئاغزىغا چىشلىۋالغاندەك**: نېمە بولدۇڭ؟ موم چىشلىۋالغاندەك زۇۋان چىقارمايسەنغۇ؟

**موم مېۋە** <گ سەن> مومدىن ھەر خىل مېۋە-چېۋە ۋە كۆكتاتلار شەكلىدە ياسالغان ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى.

**موما** I ئى (خەن) ← **جىڭموما**: دېۋانە ئايال ئالىقىنىدىكى ئاق مومىنى ئىككىگە بۆلدى-دە، بىرىمىنى قىزغا بەردى.

**موما** II ئى. خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تىك قادالغان خادا، بادرا: ئۇ ماغدۇرسىزلىنىپ مومىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ قالدى، لېكىن ئارىسى قولىدىن ئاجرىمىغانىدى.

**موما قادىماق** موما ئورناتماق: بوۋاي خامانلىق يەرنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگە موما قاداپ قويدى.

**موما** III ئى ① ئاتا ياكى ئانىنىڭ ئانىسى (پەرزەنتلەرگە نىسبەتەن): مومىسى ئۇنىڭغا چوڭ دادىسىنىڭ ئۇچتۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىدىن ئىكەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەن. ② قېرى ئاياللارنى ھۆرمەتلەپ ئېيتىلىدۇ: — موما، سىلى ئولتۇرسىلا، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىدا تۇرغان قېرى ئايالغا.

**مومىسىنى كۆرسەتمەك** ← **ئانىسىنى كۆزىگە كۆرسەتمەك**: — ئەگەر ئۇ خەۋپكە ئۇچراپ قالسا، مەن ساڭا موماڭنى كۆرسىتىمەن! بىلدىڭمۇ؟ — ئۇ ئالمىغا قاراپ قوللىرىنى دېۋەيلىدى.

**موماي** ئى. قېرى ئايال، ياشانغان خوتۇن، كەمپىر: ئاپتوبۇسقا چىقالماي، سىلىق مۇزدا تېيىلىپ. سومكا تۇتقان بىر موماي، يەرگە چۈشتى يىقىلىپ.

**مومدىماق** پ ← **مولماق**: كېيىن يىپ ئېشىپ مومدايدىغان، غىپ-غىپ تارتىدىغان بولدى.

**مومسىق** سۈپ (ئە) پىخسىق، بېخىل، نامەرد: تەبىئەت شۇنچىلىك سېخىي ۋە شۇنچىلىك بېخىلكى – ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ. چۈنكى ئۇ بەزىلەرگە پۈتۈن گۈزەللىكنى ئاتا قىلىۋېتىدۇ، يەنە بەزىلەرگە بولسا ئۆتۈپ كەتكەن مومسىق-دە!

**مومسىقلىق** «مومسىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مومسىقلىق قىلماق.

**مومقا** ئى < گ سەن > نەقىشنىڭ تېگىنى تازىلايدىغان ئەسۋاب.

**موملاتماق** «مولماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شاگىرتىغا موملاتقان يىپ بىلەن مەسىنىڭ بېشىنى تىكىشكە باشلىدى.

**موملاشماق** «مولماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**موملانماق** «مولماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېىر موملانغان يىپ بىلەن ئۆتۈك قونچىنى تىكىۋاتاتتى.

**مولماق** پ. موم سۈركىمەك: موزدۇز ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن يىپنى موملاۋاتاتتى.

**مومېنت** ئى (ر) مەزگىل، پەيت، دەۋر: ھازىر مۇنداق بىر تارىخىي مومېنتقا كېلىپ قالدۇق، نەزەرىيە ئەمەلىيەتكە ئايلانماقتا، نەزەرىيە ئەمەلىيەت ئارقىلىق ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولماقتا، نەزەرىيە ئەمەلىيەت ئارقىلىق تۈزىتىلمەكتە، ئەمەلىيەت ئارقىلىق سىنالماقتا.

**مومېنتلىق** سۈپ. بەلگىلىك پەيت، ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلىنىدىغان: مومېنتلىق مۇزىكا.

**مومېنتلىق مۇزىكا** < مۇز > كىچىك تېپتىكى چالغۇ ئەسۋابلىرىدا ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكا.

**موناتسىت** ئى (ر < نېم < گرېك) < كېئول > بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيلىك تەركىبى $(Ce, La)[PO_4]$. تەركىبىدە كۆپىنچە تورىي، سىركونىي قاتارلىقلار بولىدۇ. تەركىبىدىكى $Ce_2O_3$ 25%~30%، $La_2O_3$ 20%~30%، $ThO_2$ 5%~12% بولىدۇ. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. رەڭگى ئاچ سېرىق ياكى قوڭۇر، سىمولا پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 5 — 5.5، سۇنۇق يۈزى قۇلۇلە قېپى ھالىتىدىن رەتسىز ھالەتكىچە بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5.1، ئادەتتە رادىئوئاكتىپلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**موناخ** ئى (ر< گرېك) < دىن > تەركىدۇنيا بولۇپ كاتولىك دىنى ياكى پراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ موناستىرلىرىدا ياشىغۇچى كىشى؛ راھىب.

**مونارخىزم** ئى (ر) < پەلس > پادىشاھلىق تۈزۈمنى دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق فورمىسى دەپ ھېسابلايدىغان رېئاكسىئون سىياسىي ئېقىم، يۆنىلىش.

**مونارخىست** ئى (ر) مونارخىزم تەرەپدارى.

**مونارخىيە** ئى (ر< گرېك) < پەلس > ← **پادىشاھلىق تۈزۈم**.

**مونارخىيىلىك** سۈپ. مۇنارخىيىگە، پادىشاھلىق تۈزۈمگە ئائىت.

**موناستىر** ئى (ر< گرېك) < دىن > كاتولىك دىنى ۋە پراۋۇسلاۋىيە دىنى راھىبلىرىنىڭ ئىبادەت قىلىدىغان، تۇرىدىغان جايى؛ چېركاۋ.

**مونەك I** ئى ① كاللەك، توپ: ئاتلارنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن قاڭقىپ چىققان ياللپاق-ياللپاق قار مونەكلىرى ئادەملەرنىڭ يۈز-كۆزلىرىگە ئۇرۇلاتتى. * قاسىم ئاكامنىڭ يانچۇقىمۇ مونەك-مونەك پۇللار بىلەن تومپىيىپ ئاستىغا ساڭگىلاپ قالدى. ② كۆچمە. مۇرەككەپ،

چىگىش، مالىماتاڭ: ئۇلار ھەممىنى
ئىلەشتۈرۈپ مونەك قىلىپ قالايمىقانلاشتۇرىۋەتتى.

**مونەك** II ئى. ئۇرۇقچىسى ئېلىنمىغان
شاپتۇل قېقى.

**مونەكچە** ئى. كىچىك مونەك: ئۇ چاشقان
مايقىدەك مونەكچىلەرنى چىلىمنىڭ ئوتخانىسىغا
ئېھتىيات بىلەن سېلىپ، ئوت تۇتاشتۇرغاندىن
كېيىن، تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ قومۇش نەيچىنى
شوراشقا باشلىدى.

**مونەكلەشتۈرمەك** «مونەكلەشمەك»
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مونەكلەشتۈرۈلمەك** «مونەكلەشتۈرمەك»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مونەكلەشمەك** پ. مونەك ھالەتكە
كەلمەك، مونەك بولماق: مونەكلىشىپ
كەتكەن لاي ئۆتۈكنىڭ ئىچىگە تولۇپ
كەتكەندى.

**مونەكلەنمەك** «مونەكلىمەك» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.

**مونەكلىمەك** پ. مونەك قىلماق، مونەك
ھالغا كەلتۈرۈلمەك.

**مونەك-مونەك** نۇرغۇن مونەك، بىرقانچە
مونەك؛ ناھايىتى كۆپ: تېخى ھايت-ھۇيت
دېگۈچە مونەك-مونەك پۇل ئالسىلەر
دېگىنچۇ؟!

**مونتاژ** ئى [ر< فران] ① < ئەد > بىر ياكى
بىرنەچچە بەدىئىي ئەسەردىن ئېلىنغان
ئايرىم ئېپىزوت ۋە كۆرۈنۈشلەردىن
تەشكىل تاپقان بەدىئىي ئەسەر. ②
< كىنو > كىنو، رادىئو-تېلېۋىزىيە سەنئىتى
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە ئايرىم
بەدىئىي ئەسەرلەر ياكى ئۇلارنىڭ
بۆلەكلىرىنى ئومۇمىي ماۋزۇ ھەم
سيۇژىتىغا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ بىر-بىرىگە
ئۇلاش.

**مونتاژلىق** سۈپ. مونتاژ پرىنسىپلىرىغا
ئاساسلانغان، مونتاژ قائىدىلىرىنى ئاساس
قىلغان، مونتاژغا دائىر، ئائىت: مونتاژلىق
كىرىشتۈرۈش ئۇسۇلى تېلېۋىزىيە تىياترىدىمۇ
قوللىنىلىدۇ.

**مونتموررىللونىت** ئى [ر< فران] < گېئول > بىر
خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى
$.(Na\ Ca)_{0.33}(AlMg)_2(Si_4O_{10})(OH)_2\cdot nH_2O$
تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئۆزگىرىشى
ناھايىتى زور. يەككە ياقلىق كرىستال
سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كۆپىنچە توپىسىمان،
كاللەك بولىدۇ. رەڭگى ئاق، بەزىدە
سۇس قىزىل، سۇس يېشىل، تۇتۇق.
قاتتىقلىقى 1، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى
تەخمىنەن 2. سۇ سۈمۈرۈشچانلىقى
ئىنتايىن كۈچلۈك. سۇنى سۈمۈرگەندىن
كېيىن ھەجمى بىرنەچچە ھەسسىدىن ئون
نەچچە ھەسسىگىچە كېڭىيىدۇ. ئۇ ئىنتايىن
كۈچلۈك سۈمۈرۈش كۈچى ۋە مۇسبەت
ئىئونلارنى ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە.

**مونتموررىللونىت سېغىز توپىسى** < گېئول >
ئاساسلىقى مونتموررىللونىت گۇرۇپپىسىدىكى
مىنېراللاردىن تەركىب تاپقان بىر خىل
سېغىز توپا. ئۇنىڭ تەركىبىدىمۇ سۇلۇق
چىرىمتال، سېئولىت، كۋارتس، دالا
شپاتى، كالتسىت، گىپس، بارىت،
ئورگانىك ماددا قاتارلىقلار بولىدۇ.

**مونچاق** ئى ① ئەينەك، پارقىراق تاش،
ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن
زىننەت بۇيۇمى ئۈچۈن ياسالغان، يىپقا
ئۆتكۈزۈپ بويۇنغا ئاسىدىغان دانە-دانە
يۇمىلاق بۇيۇم؛ مارجان: قىز قولىدىكى
قىممەت باھالىق گۆھەر مونچىقنى كەمبەغەل
يىگىتكە بېرىپتۇ. * قىزىم باقار تەلپۈنۈپ،
قىزىق كۆرۈپ ئاسمانغا. ھەيران قالار

تۈن-كېچە ، ئالتۇن مونچاق ئاسقاندا . ② كۆچمە. سۇ، سىماب قاتارلىق نەرسىلەردىن ھاسىل بولغان يۇملاق بۆلەك؛ تامچە : ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىدە تەر مونچاقلىرى پارقىرايتتى. * ئۇنىڭ نۇرسىز كۆزلىرىدىن ياش مونچاقلىرى تۆكۈلۈشكە باشلاپتۇ.

**مونچاق گۆش** < ئانات > شىللىق پەردە تەرەققىياتى غەيرىي نورمال بولۇشتىن ھاسىل بولىدىغان گۆشلۈك ئۆسمە. تولىراق بۇرۇن ۋە ئۈچەيدە پەيدا بولىدۇ.

**مونچاقتوراي** ئى (مونچاق+توراي) < بوت > پۇرچاق ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. قوشۇمچە يوپۇرمىقى پەردىلەشكەن، خورما رەڭ، گۈلى بىغىر رەڭ، قاسىراقلىق مېۋىسى ياپىلاق، تەسۋىسىمان، سىرتىدا تورسىمان سىزىقچىلىرى، گىرۋەكلىرىدە تار قاناتلىرى بولىدۇ. ئاساسەن ئالتاي، تىيانشان تاغلىرىدىن چىقىدۇ.

**مونچاقلىماق** پ. مونچاق ھالىتىگە كەلمەك، مونچاققا ئوخشىماق : بەگمەت قالپىقىنى ئېلىپ پېشانىسىدىكى مونچاقلاپ ئېقىۋاتقان تەرلىرىنى ئېرتتى.

**مونچاق-مونچاق** ناھايىتى نۇرغۇن مونچاق، كۆپ مونچاق : ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مونچاق-مونچاق بولۇپ، مەڭزىنى بويلاپ ئېقىپ چۈشمەكتە ئىدى.

**مونزونىت** ئى (ر) < گېئول > چوڭقۇرلۇقتىكى ئوتتۇرا جىنسنىڭ بىر خىلى. جىنس خۇسۇسىيىتى ئورتوكلاز بىلەن دىئورىتنىڭ ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئىشقارلىق دالا شپاتى بىلەن پلاگىئوكلاز ( An 40—50 ) نىڭ مىقدارى تەڭ دېيەرلىك. توق رەڭلىك مىنېرال تەركىبى تەخمىنەن 30% نى تەشكىل قىلىدۇ. ئامفىبولنى ئاساس قىلىدۇ. لېكىن مونزونىتتىكى پلاگىئوكلازنىڭ بەزىلىرى ئاساسلىق جىنسقا ئوخشاش بولسىمۇ، كۆپ قىسمى لابرادور، قالغىنى بىتوۋنىت ياكى ئاندېزىت. بۇ خىل مونزونىت گابىرو بىلەن ئورتوكلازنىڭ ئارىلىقىدىكى جىنس تۈرىگە كىرىدۇ.

**مونزونىتلىق** سۈپ. مونزونىت ياكى ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئىگە : مونزونىتلىق قۇرۇلما.

**مونزونىتلىق قۇرۇلما** < گېئول > چوڭقۇرلۇقتا ھاسىل بولغان جىنسلاردىكى پلاگىئوكلازنىڭ ئۆز شەكىللىك دەرىجىسى ئورتوكلازغا قارىغاندا كۆپ يۇقىرى بولغان دانىچىسىمان قۇرۇلما.

**مونوپول** سۈپ (ر< گرېك) ① مونوپولىيە پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان : مونوپول كاپىتال. مونوپول باھا. مونوپول پايدا. مونوپول يەر ئىجارىسى. ② مونوپولىيىگە ئائىت: مونوپول بۇرژۇئازىيە. مونوپول كاپىتالىزم.

**مونوپول باھا** < س ئىق > كاپىتالىستلار مەھسۇلاتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىش ۋە سېتىلىشىغا بولغان مونوپولىيىلىك ئورنىغا تايىنىپ، يۇقىرى پايدا ئېلىش ئۈچۈن بەلگىلىگەن بازار باھاسى.

**مونوپول بۇرژۇئازىيە** < پەلس > جاھانگىر دۆلەتلەردىكى چوڭ بۇرژۇئازىيە. ئۇلار دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي جان تومۇرىنى مونوپول قىلىۋېلىپ، دۆلەت ماشىنىسىنى بىۋاستە كونترول قىلىۋالغان بولىدۇ.

**مونوپول پايدا** < س ئىق > مونوپول كاپىتالىستلار ئىشلەپچىقىرىش ساھەسى ۋە ئوبوروت ساھەسىدىكى مونوپول ئورنىدىن پايدىلىنىپ ئېرىشكەن ئوتتۇرىچە پايدىدىن ئارتۇق يۇقىرى پايدا.

**مونوپول تەشكىلات** < س ئىق > كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە مونوپول ئورنىدا تۇرىدىغان

چوڭ كارخانىلار ياكى چوڭ كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللەنگەن ئىقتىسادىي بىرلەشمىلەر.

**مونوپول كاپىتال** <س ئق> مەلۇم تاۋار ياكى مەلۇم تارماقنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىنى، بازارنى مونوپول قىلىۋېلىپ، مونوپول باھا چىقىرىش بىلەن يۇقىرى مونوپول پايدىغا ئېرىشىدىغان كاپىتال.

**مونوپول كاپىتالىزم** <س ئق> كاپىتالىزمنىڭ ئەڭ يۇقىرى ۋە ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى، يەنى جاھانگىرلىك.

**مونوپول يەر ئىجارىسى** <س ئق> كاپىتالىستىك يەر ئىجارىسىنىڭ بىر خىل ئالاھىدە شەكلى، يەنى ئالاھىدە پايدىلىق يەردىن ئىشلەپچىقىرىلغان تاۋارنىڭ باھاسىدا قولغا كەلگەن قىممەتتىن ئېشىپ كەتكەن نورمىدىن ئوشۇق پايدا.

**مونوپولچىلىق** مونوپول قىلىش ئىش، ھەرىكىتى.

**مونوپوللۇق** سۈپ. بىرەر سودا ياكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلىۋالغان، مونوپول قىلىۋالغان: ئامېرىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ غەربىي ياۋروپادىكى دۆلەتلەرنىڭ سانائەتتىكى مونوپوللۇق ئورنى ئاجىزلاشتى.

**مونوپولىيە** ئى (ر< گرېك) <س ئق> ئاز ساندىكى چوڭ كاپىتالىستىك كارخانىلار ياكى ئىگىلىك تەشكىلاتلىرىنىڭ يۇقىرى پايدا ئېلىش مەقسىتىدە مەلۇم تاۋارلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى ۋە سېتىلىشىنى ئۆزگىچە ئىگىلىۋېلىشى، كونترول قىلىۋېلىشى.

**مۇنوپولىيىدىن- بۇرۇنقى كاپىتالىزم** <پەلس> كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئەركىن رىقابەت ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان باسقۇچ. 19-ئەسىرنىڭ 60 — 70-يىللىرىدا ئۇ ئۆز تەرەققىياتىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتى. 19-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە ئاساسلىق كاپىتالىستىك مەملىكەتلەردە مونوپولىيىدىن بۇرۇنقى كاپىتالىزمدىن مونوپول كاپىتالىزمغا ئۆتۈش ئورۇنلاندى. ئۇ يەنە «ئەركىن رىقابەت كاپىتالىزمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مونوپولىيىچى** ئى. بىرەر سودا ياكى ئىشلەپچىقىرىش ساھەسىنى ئومۇميۈزلۈك كونترول قىلىۋالغۇچى، مونوپولىيە قىلىۋالغۇچى.

**مونولوگ** ئى (ر< گرېك) ئەسەر تەركىبىدىكى پېرسوناژلارنىڭ ئۆزگە ياكى باشقا پېرسوناژلارغا ۋە ياكى تاماشىبىنلارغا قارىتىپ ئېيتقان سۆزى.

**موھتاج** ئى (ئە) بىرەر نەرسىگە بولغان ئېھتىياجلىق؛ ھاجەتمەن: مەن ئۆزۈمنىڭ سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە نەقەدەر موھتاج ئىكەنلىكىمنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرىشكە ئاجىزلىق قىلىمەن.

**موھتاج بولماق** باشقىلارغا ھاجەتمەن، ئېھتىياجلىق بولماق، باشقىلاردىن ياردەم تىلەشكە مەجبۇر بولماق: بىز بىر يىلچە خەققە موھتاج بولماي، ئاتا-ئانىمىزنىڭ چىرىغىنى ياندۇرۇپ بەختلىك ئۆتتۇق.

**موھتاجلىق** ئى. يوقسۇزلۇق، كەمبەغەللىك، بىچارىلىك، قول-ئىلكىدە يوقلۇق: مەن بۇ ئىشنى سىزنىڭ بۇيرۇقىڭىزغا خىلاپلىق قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن ئاچلىق ۋە موھتاجلىقتىن قىلدىم.

**مووۋت** ئى. ئوڭ تەرىپى سىلىق قىلىپ پۈتۈنلەي يۇڭدىن ياكى يۇڭ ئارىلاشتۇرۇلغان ماتېرىياللاردىن توقۇلغان بىر خىل رەخت: رەھبەرلىك ئىشخانىسىدا مووۋت قاپلانغان

سافالار قاتار تىزىۋېتىلگەنىدى.

**موي** ئى (پ) ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى تۈك، قىل: — بىر تال مويى بىر تال چەنزىدەك بولسا، ئۇنىڭ ئۆزى قانچىلىك ئىكەن؟ — سورىدى باي كۈلمەي تۇرۇپ.

**موي تارتماق** يۈز ياكى باشقا ئورۇنلاردا تۈك پەيدا بولماق (كۆپىنچە چوڭ بولغانغا ئىما قىلىپ ئېيتىلىدۇ): — ھە، ئېگەكلىرىڭمۇ موي تارتىپ قېلىپتۇ، — دېدى ئۇ ئالىمنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ.

**موي قەلەم** ← **موبى**.

**موينى تەۋرىتەلمەسلىك** ← **بىر تال موينى تەۋرىتەلمەسلىك**.

**مويەكچە** ئى. دىئال. چوتكا.

**مويچى** ئى. يۇڭ، قىل تۈرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ ساتقۇچى، شۇنداق سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى.

**مويچىلىق** ئى. يۇڭ، قىل تۈرىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىش سودىسى، كەسپى.

**مويسىپىت** سۈپ (پ) چاچ-ساقاللىرى ئاقارغان، ياشانغان، پېشقەدەم، چوڭ: — ماۋۇ پۇللىرىنى خەجلىگىلى نېسىپ قىلسۇنمۇ؟ — دېدى دادام گويا پەقەت ئېلىشاخۇن ئۇستامغا — ئۇنىڭ ئاشۇ ئاق ساقال، مويسىپىت ئادەملىكىگە يۈز كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈنلا سېتىۋەتكەندەك قىياپەتتە.

**مويسىپىتلىك** ئى. ياشانغان، پېشقەدەملەرگە خاس خۇسۇسىيەت، قىلىق: — مەنمۇ ئاددىي ئادەم، سەپەردە جىددىي ئىشلاردا مويسىپىتلىك قىلىشنىڭ نېمە كېرىكى بار؟ — دېدى ھاكىم ئۇلارنى توسۇپ.

**مويكا** ئى (ر) تۈرلۈك يۇڭ، قىل تۈرىدىكى خام ماتېرىياللارنى تۈرگە ئايرىپ، تازىلاپ ئۆتكۈزۈۋالىدىغان ياكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئورۇن: سىرتتىن كەلتۈرۈلگەن تاي-تاي يۇڭلار بۇ مويكىنىڭ شارقىراپ سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان تۆت چوڭ نورىغا تاشلىنىپ يۇيۇلۇپ چىقاتتى.

**مويلۇق** سۈپ. مويى بار، مويى ئۆسكەن؛ موي ئورنىتىلغان، موي بېكىتىلگەن: مويلۇق ئەدىيال. * ئوسمانمۇ يېنىدا تۇرغان ئۇزۇن مويلۇق چوتكىنى ئېلىپ ماشىنىنىڭ ئارىسىغا كىردى.

**موينا** ئى (پ) بەزىبىر ھايۋانلارنىڭ كىيىم-كېچەك ئۈچۈن ئىشلىتىشكە بولىدىغان يۇڭلۇق تېرىسى.

**موينىاق** (توغرىسى: بويناق) ← **بويناق**.

**موينەكەش** ئى. تېرە-موينى تارايدىغان كىچىك تۆمۈر ئارا.

**مۇئاپ** ئى (ئە) يېزت. بىرەر گۇناھ، سەۋەنلىك ياكى خاتا ئىش ئۈچۈن قىلىنغان كەچۈرۈم؛ ئەپۇ: مۇئاپ قىلماق. * — كەمىنە ھەقىقەتەن بىلمەپتىمەن، — دېدى ئامانقۇل قورققان، ئوڭايسىزلانغان بىر ھالەتكە چۈشۈپ، — يارىماس سۆزلەرنى قىلىپ تاشلاپتىمەن، مۇئاپ قىلۇرلەر، كەچۈرۈرلەر!

**مۇئاپ قىلماق** بىراۋنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلماق، گۇناھىدىن ئۆتمەك؛ ئەپۇ قىلماق، كەچۈرمەك: — ئەگەر بۇ ئادەمنى ئۆلتۈرۈۋەتسەك، ئەل بولغۇچىلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن، مۇشاۋىر، مۇئاپ قىلىشلىرىنى سورايمەن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى ئۇ.

**مۇئامىلە** ئى (ئە) ① كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىش، بىرەر ئىش، خىزمەتكە دائىر ئالاقە، مۇناسىۋەت: سىلىق مۇئامىلە. قوپال مۇئامىلە. مۇئامىلە قىلماق. * ئۇنىڭ مۇئامىلىسىدىن ھەيران بولغان ھالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويدۇم. * ئۇ مېنىڭچە ئادەتتىكى تونۇش

ئايال ئەمەس، چوقۇم بۇرۇن سىز بىلەن بىرەر مۇئامىلىدە بولغان دەيتتى. ② پۇل، سودا-سېتىق ۋە تىجارەت كەسپىدىكى مۇناسىۋەت؛ ئالاقە: پۇل مۇئامىلىسى. ئىقتىسادىي مۇئامىلە. * پۇل مۇئامىلە خادىملىرى ئۆزلىرىگە بېرىلگەن ۋەزىپىنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئاشۇرۇپ ئورۇنلاش ئۈچۈن خىزمەت ئىستىلى ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىنى يەنىمۇ ياخشىلىدى.

**مۇئامىلە جەريانى** <س ئىق> ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش جەريانى بولۇپ، ئۇ ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىش جەريانى ۋە ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مۇئامىلە خىراجىتى** <س ئىق> تاۋارنىڭ مۇئامىلە جەريانىدا سەرپ قىلىنغان خىراجىتى. ئۇ «ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىق مۇئامىلە خىراجىتى» ۋە «ساپ مۇئامىلە خىراجىتى» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**مۇئامىلە ساھەسى** <س ئىق> ئەمگەك مەھسۇلاتلىرىنى ئالماشتۇرۇش ۋە تەقسىم قىلىش ساھەسى. مەسىلەن، سودا ۋە ماددىي ۋاستىلەرنى يۆتكەش تارماقلىرى.

**مۇئامىلە فوندى** <س ئىق> سوتسىيالىستىك كارخانا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان، مۇئامىلە ساھەسىدە تۇرغان كۆچمە مەبلەغ. ئۇ تەييار مەھسۇلات مەبلىغى، پۇل مەبلىغى ۋە راسچوت قىلىش مەبلىغى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مۇئامىلە قىلماق** بىراۋ بىلەن ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە بولماق، ئالاقە قىلماق: مەن ئۇنىڭغا ئانامغا ياكى بۇ تېخى ياشراق بولغانلىقتىن ھەدەمگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلاتتىم. * بىلىمگە ئاشىقلىقتا ئوخشاش مۇئامىلە قىلىش كېرەك، ياشىشىمىز خۇددى تاماق يېيىش ئۈچۈنلا بولمىغىنىدەك بىلىش ئۈچۈنلا ئەمەس.

**مۇئامىلە كاپىتالى** <س ئىق> ئوبوروت ساھەسىدىكى پۇل كاپىتالى ۋە تاۋار كاپىتالى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالىنىڭ ئەكسى.

**مۇئامىلە مەبلىغى** <س ئىق> ← **مۇئامىلە فوندى.**

**مۇئامىلە ۋاستىسى** <س ئىق> پۇلنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، يەنى پۇلنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش ۋاستىسى بولۇشى.

**مۇئامىلە ۋاقتى** <س ئىق> كاپىتال ياكى مەبلەغنىڭ مۇئامىلە جەريانىدا تۇرغان ۋاقتى.

**مۇئامىلىلىك** سۈپ. (بىرەر ئېنىقلىغۇچى بىلەن ئىپادىلەنگەن) مۇئامىلىگە ئىگە: ياخشى مۇئامىلىلىك ئادەم. * سەئىدخاتىپ غوجام بولسا مىجەز شەرىپلىرى نەپىس ۋە خۇش خۇي، خۇش پېئىللىق، خۇش مۇئامىلىلىك كىشى ئىدى.

**مۇئاھىدە** ئى (ئە) تارس. توختام: سودا مۇئاھىدىسى.

**مۇئاۋىن** سۈپ (ئە) بىرەر باشلىق ياكى رەھبەرنىڭ ياردەمچىسى؛ ئورۇنباسار: مۇئاۋىن ھاكىم. مۇئاۋىن رەئىس. * يىغىندا ئورۇمچى شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى رېقىپ ئابباس سەپەرۋەرلىك سۆزى قىلدى. // پارتكوم مېنى گۇرۇپپا باشلىقى، سەمەتجاننى مۇئاۋىن قىلىپ بېكىتتى.

**مۇئاۋىن رېژىسسور** <تىيا> تىياتىر ياكى كىنوچىلىق ساھەلىرىدىكى رېژىسسوردىن بىر دەرىجە تۆۋەن تۇرىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن كىشى.

**مۇئاۋىنلىق** سۈپ. مۇئاۋىن دەپ تونۇلىدىغان،

مۇئاۋىن قىلىپ تەيىنلەنگەن: مۇئاۋىنلىق ۋەزىپە. مۇئاۋىنلىق دەرىجە. * ئۇ: — ئەگەر ساندۇقلىرىم تېپىلمايدىغان بولسا، يېڭى خىزمىتىمدىن — ئىچكى ئىشلار ئىدارىسىدىكى مۇئاۋىنلىق ۋەزىپەمدىن باش تارتىمەن، — دېدى.

**مۇئەتتەر** (ئە) ① سۈپ. يېزت. يېقىملىق ھىد چاچقۇچى؛ خۇش پۇراق، خۇش بۇي: چىمەن گۈلشەنلىرى خۇيمۇ مۇئەتتەر، مۇئەتتەر گۈللىرى گوياكى ئەختەر. خۇسۇسەن كۆل بويىدا گۈلى نەرگەس، بولۇر شەيدا گۈزەل ھۆسنىگە ھەركەس. ② ئى < خىم > بىرقانچە خىل پۇراقلىق ماتېرىيالنى تەڭشەش ئارقىلىق تەييارلانغان ئارىلاشما پۇراقلىق ماتېرىيال. گۈلنىڭ پۇرىقىغا تەقلىد قىلىپ تەييارلانغىنى «گۈل پۇراقلىق مۇئەتتەر»، مېۋىنىڭ پۇرىقىغا تەقلىد قىلىپ تەييارلانغىنى «مېۋە پۇراقلىق مۇئەتتەر» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ زىننەت بۇيۇملىرى، يېمەكلىك سانائىتى ۋە تاماكا ياساش قاتارلىقلاردا كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**مۇئەسسەسە** ئى (ئە) بىرەر ساھەنى باشقۇرىدىغان، بەلگىلىك شتات ۋە مەمۇرىيەتكە ئىگە بولغان تەشكىلات: دۆلەت مۇئەسسەسەلىرى. ئىجتىمائىي مۇئەسسەسەلەر. ئىلمىي مۇئەسسەسەلەر. سەھىيە مۇئەسسەسەلىرى.

**مۇئەككەل** ئى (ئە) يېزت. بىرەر ئورۇن ياكى شەخس تەرىپىدىن ۋاكالەتەن ئىش بېجىرىشكە مەسئۇل قىلىنغان كىشى؛ ۋەكىل: مۇئەككەل بولماق. * خەلپە ئالدى بىلەن كىيىم يەڭگۈشلەش ئۆيىگە كىردى، ئۇنىڭغا تەختە ئولتۇرۇپ ئوردا ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا كىيىدىغان كىيىم - چوڭ سەللە ئوراش ۋە كەڭ يەڭلىك تون قاتارلىقلارنى كىيدۈرۈشكە مەخسۇس ئادەملەر مۇئەككەل ئىدى. * سادىقنى بىزنىڭ بۇ يەردىكى كۆرمىگ دېھقان «ياخشىلىقنىڭ مۇئەككىلى، ئادەم سۆيەتلىك پەرىشتە» دەپ تەرىپلىشىدۇ، ئۇنى سېغىنىدۇ.

**مۇئەككەل بولماق** بىرەر كىشى ياكى ئورۇنغا ۋاكالەتەن ئىش بېجىرمەك، ۋەكىل بولماق: ھارۋىكەش ئورنىدا ئۇلارغا مۇئەككەل بولۇپ كېتىۋاتقان ئىككى نەپەر ئاتلىق چېرىك قولىدىكى قامچا بىلەن ئۇلارنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە تارسىلدىتىپ سالاتتى.

**مۇئەللەق** سۈپ (ئە) بىرەر نەرسىگە تەگمەي، بوشلۇقتا تىرەكسىز ئېسىلىپ تۇرغان: ئۇ قورغاننىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇئەللەق تۇرغان بىر ئالمىنى كۆردى. * پاناھىمىز قادىر ھەقتۇر، ئەجەل ئوقى مۇئەللەقتۇر. قايتىپ سىزنى كۆرمەك يوقتۇر، پىرىم قەمبەر خۇش قال ئەمدى.

**مۇئەللىپ** ئى (ئە) يېزت. يازغۇچى، ئاپتور: بۇ ئاددىيلا ئادەم مۇشۇ ۋەقەنىڭ كاتىپى، مۇشۇ كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئىدى. * سىزنى ئەسلەيدۇ قەشقەر مەڭگۈگە، ئوت يۈرەك شائىر مەرھۇم مۇتەللىپ. ئۆلمەس شېئىرىنى، ئوتلۇق مېھرىنى، ئەلنىڭ قەلبىگە يازغان مۇئەللىپ.

**مۇئەللىم** ئى (ئە) ئوقۇ- ئوقۇتۇش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ ئۇستاز، ئوقۇتقۇچى: مۇئەللىم بولماق. مەسئۇل مۇئەللىم. مۇزىكا مۇئەللىمى. * مەن بۇ يىل زاۋۇتىمىزدا ئېچىلغان ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا مەكتىپىدە دەرس ئۆتكەچكە، ئىشچىلار مېنى مۇئەللىم دەپ ئۆگىنىپ قالغاندى.

**مۇئەللىمچىلىك** ئى → **مۇئەللىملىك**: ئۇلار ھەرقەيەرگە كەتكەن بولسىمۇ، قىلىدىغان ئىشى ئوخشاش — مۇئەللىمچىلىك. بىز مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئۆز ئۆيىمىزدىن بىرمىڭ نەچچە

يۈز كىلومېتىر يىراق يەرلەرگە كېتىۋاتىمىز.

**مۇئەللىملىك** ئى. ئوقۇتقۇچىلىق ئىشى، كەسپى: مۇئەللىملىك قىلماق. * ئۇ ئەنگلىيىدە 18 يىل ئوقۇپ ۋە مۇئەللىملىك قىلىپ، 1919-يىلى ئامېرىكىغا قايتىپ كەتكەنىدى. * 1942-يىلى مەن باشلانغۇچ مەكتەپتە مۇئەللىملىك قىلىۋاتاتتىم.

**مۇئەممما** ئى (ئە) < ئەد > ئەدەبىياتتا شېئىرىي يول بىلەن يېزىلغان تېپىشماقلار: بۇ ئالەم كەڭ دېڭىز، ئىنسان بىر كېمە، ھاياتلىق ئىنسانغا سىرلىق مۇئەممما.

**مۇئەييەن** سۈپ (ئە) ھەممىگە مەلۇم بولغان، ئېنىق، ئاشكارا، بەلگىلىك: ئېسىل پەزىلەتنىڭ شەكىللىنىشى قەتئىي مەيدان، ئېتىقاد، پوزىتسىيە، ھېسسىيات ۋە مۇئەييەن ھەرىكەت ئادىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. * ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن مۇئەييەن شارائىت كېرەك.

**مۇئەييەنلەشتۈرمەك** «مۇئەييەنلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆزىنىڭ ھېس قىلغانلىرىنىڭ خاتا بولمىغانلىقىنى مانا ئەمدى مۇئەييەنلەشتۈردى.

**مۇئەييەنلەشتۈرۈشمەك** «مۇئەييەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇئەييەنلەشتۈرۈلمەك** «مۇئەييەنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ بەس-مۇنازىرە كۆپچىلىكنىمۇ ئۆز قوينىغا باشلاپ كىردى. ئۇ بىرنېمە دەپ، بۇ بىرنېمە دەپ ئاخىر قادىرنىڭ كۆز قارىشى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

**مۇئەييەنلەشمەك** پ. تايىن تاپماق، ئېنىق بولماق، ئاشكارىلانماق، جەزملەشمەك: بۇ خىل ئېتىقاد قارىشى رېئال، تارىخىي يوسۇندا پەيدا بولغان ۋە تارىخىي يوسۇندا مۇئەييەنلەشكەن.

**مۇئەييەنلىك** ① «مۇئەييەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② < پەلس > شەيئىنىڭ خۇسۇسىيىتى. ئۇ سۈپەت مۇئەييەنلىكى ۋە سان مۇئەييەنلىكى دەپ ئايرىلىدۇ. سۈپەت مۇئەييەنلىكى شەيئىنىڭ خاراكتېر جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىدۇر؛ سان مۇئەييەنلىكى شەيئىنىڭ مىقدار جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىدۇر. ھەرقانداق شەيئى سۈپەت مۇئەييەنلىكى بىلەن سان مۇئەييەنلىكىنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت.

**مۇبادا** باغل (پ) شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ «سا، سە» قاتارلىق شەرت پېئىل قوشۇمچىلىرى بىلدۈرگەن مەنىنى كۈچەيتىپ كېلىدۇ: مۇبادا كەڭ كۆلەملىك ئۇرۇش بولۇپ، جەڭ قىلىشقا توغرا كېلىپ قالسا، بۇنى قويۇپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولىمىز. * مۇبادا ئۇنىڭ ھېكايىلىرىنىڭ بىرەر بۆلىكىگە تېگىلسە، ئۇ چاغدا ھېكايىنىڭ پۈتۈن قىسمى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

**مۇبارەك** (ئە) ① سۈپ. مۇقەددەس، ئۇلۇغ، خاسىيەتلىك: مۇبارەك جاي. مۇبارەك زېمىن. مۇبارەك نام. * پۈتۈن ئوردا ئەھلى ھەم كىشىلەر يىگىتنىڭ ئالدىدا يۇرتىنىڭ مۇبارەك توپىسىنى سۆيۈپتۇ. * ئۇنىڭ مۇبارەك نامى ھەربىر سورۇن — مەشرەپلەردە نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققانلارنىڭ نامىغا ئوخشاش ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىنماقتا. ② ئى. تەبرىكلەش، قۇتلۇقلاش سۆزى: دوستۇم مۇبارەك بولسۇن، توي قىلىۋاپسەن، ئەمما ۋاقتىدا كېلەلمىدىم، ئەپۇ قىل. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇبارەك بولسۇن** بىراۋنى ياكى بىرەر ئىشنىڭ ناھايىتى كۆڭۈللۈك، ئوڭۇشلۇق، ياخشى بولغانلىقىغا ياكى شۇنداق بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن

قۇتلۇقلاپ ئېيتىلىدىغان تىلەك سۆزى: باي كىيسە، مۇبارەك بولسۇن! كەمبەغەل كىيسە، نەدىن ئالدىڭ؟ (ماقال). * — تۆۋەنگە چۈشۈش ساڭا يارىشىپتۇ ئۇكا، چىرايلىق خوتۇن ئېلىۋاپسەن، مۇبارەك بولسۇن! — دېدى ئۇ. * — بايرىمىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، ئالدىراشقۇسىز؟ — دېدى ياسىن دوختۇر.

**مۇبارەكلەشمەك** «مۇبارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تويغا كىرىپ-چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ھەممىسى كېيۈر ئاخۇن بىلەن خۇرشىدىخاننى مۇبارەكلەشتى. * ھەممەيلەن بىردەك «ئاسماندىن چۈشكەن ئاتلىرى بەختىيار بولسۇن، بەختىيار ئاتلىرىغا مۇبارەك بولسۇن، بەخت-سائادەت يار بولسۇن» دېيىشىپ، ئۈمىد بىلەن قويۇلغان بۇ مەنىلىك ئىسمنى مۇبارەكلىشىپتۇ.

**مۇبارەكلەنمەك** «مۇبارەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇبارەكلىمەك** پ. قۇتلۇق بولۇشنى تىلىمەك، تەبرىكلىمەك؛ قۇتلۇقلىماق: ھەممەيلەن خۇشاللىق بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈشتى ۋە كۆلۈشۈپ ئېلىكنى مۇبارەكلىدى.

**مۇبالىغە** ئى (ئە) ① ئاشۇرۇش، كۆپتۈرۈش؛ لاپ: مانا مۇشۇنداق كىشىلەرنىڭ كۆڭلى-كۆكسىنى ۋە مېھرىنى دېڭىزدەك چوڭقۇر دېسە ھەرگىز مۇبالىغە بولمايدۇ. ② < ئەد > ئوبيېكتىپ شەيئى ياكى ھادىسىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىدىن ئاشۇرۇپ ياكى كىچىكلىتىپ ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئىستىلىستىكىلىق ۋاستە: چېچەكلەر ھەرھالدا ئون مىڭ رەڭدە بولمايدۇ. لېكىن شائىر مۇبالىغە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چېچەكلەرنىڭ توللۇقىنى «تۈمەن رەڭدە چېچەكلەر ئېچىلدى» دەپ ئېيتقان.

**مۇبالىغە بولماق** بىرەر ئىش، گەپ-سۆز ئەسلىي ھالىتىدىن كۆپتۈرۈلۈپ چوڭكىيىپ كەتمەك: بىزنىڭ شىنجاڭدا ھەقىقەتكە چۈشەنگەن ئالىملىرىمىزدىن بىرى ئابدۇغوپۇر داموللاھاجىم جانابلىرىنى دېسەك مۇبالىغە بولمايدۇ.

**مۇبالىغە قىلماق** بىرەر ئىش، گەپ-سۆزنى ئەسلىي ھالىتىدىن كۆپتۈرۈپ چوڭايتماق، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتمەك: ئۇنىڭ بىرەر تەرىپىنى مۇبالىغە قىلىشمۇ كىچىكلىتىۋېتىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

**مۇبالىغىلەشتۈرمەك** «مۇبالىغىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پارتىيە خىزمىتىدىكى ئاشۇ سەلبىي تەرەپنى خالىغانچە مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، ئۇنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي ئېقىمى دەپ تونۇۋېلىش توغرا ئەمەس.

**مۇبالىغىلەشتۈرۈلمەك** «مۇبالىغىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بەزىلەر تەرىپىدىن مونتاژنىڭ رولى بىر تەرەپلىمە مۇبالىغىلەشتۈرۈلۈپ، «مونتاژ ھەممىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ قارالدى.

**مۇبالىغىلەشمەك** پ. بىرەر ئىش ياكى گەپ-سۆز ئەسلىي ھالىتىدىن كۆپتۈرۈلۈپ، چوڭكىيىپ كەتمەك، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىلمەك.

**مۇباھ** ئى (ئە) < دىن > شەرىئەتتىكى سەككىز ئەمەلنىڭ بىرى، يەنى قىلىسا-قىلمىسا گۇناھمۇ بولمايدىغان، ساۋابمۇ بولمايدىغان ئىشلار.

**مۇپەتتىش** ئى (ئە) بىرەر ئىش ياكى خىزمەتنىڭ قانداق كېتىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ تۇرغۇچى خادىم: مۇپەتتىش گۇرۇپپىسى. مۇپەتتىش ئىشخانىسى. * — بۇ ياق بىزنىڭ خىزمەتدىشىمىز زۆھرە خانىمنىڭ

ئېرى - مائارىپ مۇپەتتىشى تاھىر ئەپەندى بولىدۇ، - دېدى ئۇ.

**مۇپەتتىشلىك** ئى. مۇپەتتىش ئىشى، مۇپەتتىش كەسپى: ـ سىز مۇپەتتىشلىكىڭىزنى قىلماي، بۇ يەردە نېمە لاغايلاپ يۈرۈيسىز؟! ـ دېدى باشلىق.

**مۇپەسسەل** سۈپ (ئە) يېيىپدىن يىڭنىسىگىچە، پۈتۈن تەپسىلاتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باشتىن-ئاخىر، ئومۇمىيۈزلۈك؛ ئەترا پلىق، تەپسىلىي: مۇپەسسەل پىلان. مۇپەسسەل تەكشۈرۈش. * بۇ كىشى « جىگدە يىغلىقى » تارىخىنى مۇپەسسەل بىلىدۇ، - دېدى ئۇ. * ئۇ ئەخمەتجان قاسىمدەك بىر كاتتا رەھبەرنىڭ مۇنداق بىر ئاددىي ئوفىتسېرنى شۇنچە مۇپەسسەل بىلگىنىگە ھەيران قالماقتا ئىدى.

**مۇپەسسىر** ئى (ئە) <دىن> تەپسىر ئالىمى ۋە ئىسلام ئىلمىگە دائىر ئەسەر يازغۇچى كىشى.

**مۇپتى** ئى (ئە) <دىن> شەرىئەت قانۇنلىرىنى چۈشەندۈرۈپ، شەرىئەتكە ئاساسەن پەتىۋا (ھۆكۈم) چىقىرىدىغان، مەسىلىلەرگە يول تېپىپ بېرىدىغان دىنىي ئەرباب، ئۆلىما: قازى بىلەن قالامسەن، مۇپتى بىلەن كېتەمسەن (ماقال). * قەدىمكى بىرزامانلاردا، ئاتچى دېگەن داۋاندا، ھەبىبۇللا مۇپتى ھاجى ئىسىملىك بىر كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى.

**مۇپتىخانا** ئى (ئە+پ) تارىس. مۇپتىنىڭ ئىش بېجىرىش ئورنى، مەھكىمىسى: - مەن ئەرز قىلىپ، ھال ئېيتىپ بارمىغان ھاكىم-دوتەيمۇ، مۇپتىخانا، قازىخانىلارمۇ قالمىدى.

**مۇپتىلا** ئى (ئە) دۇچار، گىرىپتار، يولۇققۇچى: مۇپتىلا بولماق. مۇپتىلا قىلماق. * ئەلقىسسە، ئېيتىشكى: ئەي مەلىكەم، ئاتام چۈشىدە كۆرگەن بۇلبۇلگويانى ئىزدەپ چىقىپ سىنىڭ ئىشقىڭغا مۇپتىلا بولدۇم. * ئەنە، بۆشۈك تەۋرىتىپ ئولتۇرىدۇ بىر بالا، بولغان ئىكەن ئۇ بالا بىر ئازابقا مۇپتىلا.

**مۇپتىلا بولماق** دۇچار بولماق؛ گىرىپتار بولماق؛ يولۇقماق: كۈنلەردىن بىركۈنى پادىشاھ قاتتىق كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپتۇ. ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە داۋا بولماپتۇ. * سەن بالاغا مۇپتىلا بولماي دېسەڭ، يۇم كۆزۈڭنى قارىما پەرىگە سەن.

**مۇپتىلا قىلماق** دۇچار قىلماق، گىرىپتار قىلماق، يولۇقتۇرماق: « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » نىڭ بورىنى چىققىلى تۇرغان يېقىنقى ئىككى-ئۈچ ئايدىن بۇيانقى پىكىر ئىختىلاپلىرى تەۋرەپ قالغان مۇھەببەت بىناسىنى چاك-چېكىدىن بۆسۈلۈپ چۈشۈش خەۋپىگە مۇپتىلا قىلىۋاتىدۇ.

**مۇت** سۈپ. دىئال. پۇلسىز، ھەقسىز، بىكار.

**مۇتالىئە** ئى (ئە) مەزمۇنىنى چۈشەنگەن، ئۆزلەشتۈرگەن ئاساستا ئىنچىكە ئوقۇش، تەتقىق: مۇتالىئە قىلماق. مۇتالىئە يۈرگۈزمەك. * شۇنىڭ بىلەن ئولتۇرغانلار كەينى-كەينىدىن ئۆز مۇتالىئەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا باشلىدى.

**مۇتالىئە قىلماق** ئوقۇماق، ئۆگەنمەك، تەتقىق قىلماق: ـ مۇقاملاردا ئېيتىلىدىغىنى جامى، ناۋايى، فۇزۇلى، مەشرەپ، تەجەللىگە ئوخشاش ئۇلۇغ زاتلارنىڭ يالقۇنلۇق نەزمىلىرىدىندۇر، ئۇلارنى كىتابتىن كۆرۈپ بىمالال مۇتالىئە قىلالايدىغان بولساڭ، يەنە باشقىچە مۇۋەپپەقىيەت بىلەن قەدەم ئالىدىغان بولىسەن، ـ دېدى ئۇ.

**مۇتالىئە يۈرگۈزمەك** ئوقۇغان، ئۆگەنگەننى تەھلىل قىلماق، مۇلاھىزە قىلماق، تەتقىق قىلماق: ئۇ نامىنى ئوقۇپ مەزمۇنىغا مۇتالىئە يۈرگۈزدى.

**مۇتەئەسسىپ** (ئە) سۈپ. كونا ئەقىدە ۋە كونا نەرسىلەرگە يېپىشۋالىدىغان، كونىلىقنى ياقلىغۇچى: مۇتەئەسسىپ كۈچلەر ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىنى ئوركېستىرلاشتۇرۇشقا جان-جەھلى بىلەن قارشى چىقتى. *

يېڭىلىقلارغا چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدىغان مۇتەئەسسىپ قارا كۈچلەر ئۇ زاماندا بولۇپمۇ تۇرپاندا كۆپ ھەم كۈچلۈك ئىدى. || — مۇتەئەسسىپلەر ناھايىتى جاھىل كېلىدۇ،-ئۇلارغا يېڭىلىق ھەققىدە بىر نېمە دەپ چۈشەندۈرۈپ كاللىسىدىن ئۆتكۈزۈش تەس،-دېدى ھېلىقى كادىر.

**مۇتەئەسسىپلەشتۈرمەك** «مۇتەئەسسىپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇتەئەسسىپلەشمەك** پ. مۇتەئەسسىپ بولۇپ قالماق، كونا ئەقىدە ۋە كونا نەرسىلەرگە يېپىشۋالماق، كونىلىقنى ياقلىماق.

**مۇتەئەسسىپلىك** «مۇتەئەسسىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇتەئەسسىپلىك قىلماق. * ھەر دائىم ئىدىيە جەھەتتە توغرا بىلەن خاتا، ئالغا بېسىش بىلەن مۇتەئەسسىپلىك ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ.

**مۇتەپەككۇر** ئى (ئە) چوڭقۇر پەلسەپىۋى پىكىر قىلىش ئىستېداتىغا ئىگە بولغان كىشى، تەپەككۇر ئىگىسى: 11-ئەسىردىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، تىلشۇناسى مەھمۇت قەشقىرى، مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىگە خەلق چۆچەكلىرىنى كىرگۈزگەن. * بىرمۇنچە ئاتاقلىق ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار ۋە يازغۇچىلار ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىش ئارقىلىق يېتىشكەن.

**مۇتەخەسسىس** ئى (ئە) بىرەر ساھەدە مەخسۇس بىلىم ئىگىلەپ ھەم شۇ ساھەدە مول تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشى، ئىختىساس ئىگىسى: گېئولوگىيە مۇتەخەسسىسى. ئىقتىساد مۇتەخەسسىسى.* بۇ ماجۇڭيىڭنىڭ پولكوۋنىك دەرىجىلىك مۇشاۋۇرى – تۈركىيىلىك ھەربىي مۇتەخەسسىس كامال كازىم ئىدى.

**مۇتەخەسسىسلەشتۈرمەك** «مۇتەخەسسىسلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇتەخەسسىسلەشتۈرۈلمەك** «مۇتەخەسسىسلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇتەخەسسىسلەشمەك** پ. بىرەر ساھەدە مۇكەممەل بىلىم ئېلىپ، تاكامۇللىشىپ، مۇتەخەسسىس سەۋىيىسىگە يەتمەك؛ ئىختىساسلاشماق: بەزىلەر ئوقۇغۇچىلارنى ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا باشلاپ، شىيۇجىڭجۇيى مايىسلىرىنى يېتىشتۈرۈشكە ئۇرۇنماقتا. ئۇنىڭغا يول قويغىلى بولامدۇ؟

**مۇتەخەسسىسلىك** «مۇتەخەسسىس» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**مۇتەسسە** ئى (ئە) < ئەد > بىر كۇپلېتى توققۇز مىسرادىن تەشكىل تاپقان شېئىر، يەنى بىرىنچى كۇپلېتىنىڭ ھەممە مىسرالىرى قاپىيىداش، قالغان كۇپلېتلىرىنىڭ يەتتە ياكى سەككىز مىسراسى ئۆز ئارا بىر خىل قاپىيىداش، قالغان بىر ياكى ئىككى مىسراسى باشتىكى كۇپلېتقا قاپىيىداش بولۇپ يېزىلىدىغان شېئىر.

**مۇتەكەببۇر** سۈپ (ئە) ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىشىنى كۆزىگە ئىلمايدىغان ھالى چوڭ؛ ھاكاۋۇر، تەكەببۇر: مۇتەكەببۇر ئادەم. مۇتەكەببۇر ئەرباب. * ئۇ ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى تولۇق بىلىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن كاج مۇتەكەببۇر پېشقەدەم ئاسترونومنى بەش قولدەك ئوبدان بىلەتتى.

**مۇتەكەببۇرلۇق** «مۇتەكەببۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مۇتتەھەم** سۈپ (ئە) باشقىلارغا يولسىزلىق قىلىدىغان؛ ئورۇنسىز بوزەك قىلىشقا

ئۇرۇنىدىغان، ئۇششۇق: تووۋا، نېمانداق مۇتتەھەم ئادەم. بۇ * تازا مۇتتەھەم بىرنېمىگە ئۇچراپتىمىز - دە. // مەن ھازىر بېرىپ بەگكە ئېيتاي، مۇتتەھەملەرنى مۇشۇ كېچىدىن قالدۇرماي قولغا ئالىمىز، - دېدى قۇربېشى. * مەن ئۇ مۇتتەھەمنى نازارەت قىلىشنى بۇيرۇدۇم.

**مۇتتەھەملىك** ئى. مۇتتەھەملەردە بولىدىغان قىلىق، مۇتتەھەملەر قىلىدىغان ھەرىكەت: مۇتتەھەملىك قىلماق. * ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭ مۇتتەھەملىكىدىن غەزەپلىنىپ تۇشمۇتۇشتىن ۋارقىراشتى.

**مۇتتەھەملىك قىلماق** باشقىلارغا يولسىزلىق، يوغانلىق قىلماق، بوزەك قىلماق، قاقتى-سوقتى قىلماق: ـــ سىلەر نېمىشقا مۇتتەھەملىك قىلىپ، خەقنىڭ پۇلىنى ئېلىۋالىسىلەر؟ ـــ دېدى ھېمىت.

**مۇتكىپەن** سۈپ (مۇت+كېپەن) ئەمگەك قىلماي تەييارنى، بىكارنى يېيىشكە ئامراق، تەييارغا ئادەتلەنگەن؛ تەييارتاپ: نادان ئادەملەر سېنىڭ تاغ سۈپەت قامىتىڭنى بىھۇدە چەيلەيدۇ، نابۇت قىلىۋېتىدۇ-تېخى. مەن ئەنە شۇ مۇتكىپەنلەرگە لەنەت ئوقۇيمەن!

**مۇتكىپەنلىك** «مۇتكىپەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇتكىپەنلىك قىلماق.

**مۇتلەق** (ئە) ① سۈپ. مەڭگۈ بىر خىل تۇرىدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، ئۆزگەرمەس، مۇقىم؛ مەڭگۈلۈك: مۇتلەق ئەركىنلىك مەۋجۇت ئەمەس. * سوتسىيالىستىك قانۇنىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسقا مۇۋاپىق كېلىشمۇ مۇتلەق ئەمەس، ئۆزگەرمەس ھالەتتە تۇرۇۋەرمەيدۇ. ② سۈپ. پەقەت مەلۇم بىر خىل شارائىتقىلا ئاساسلانغان، باشقىلىرى نەزەردىن ساقىت قىلىنغان: مۇتلەق قىممەت. مۇتلەق تېمپېراتۇرا. مۇتلەق ھەقىقەت. * ئوقۇغۇچىلارنىڭ يۈكىنىڭ مىقدارى تاپشۇرۇقنىڭ مۇتلەق مىقدارىغا بىۋاستە باغلىق ئەمەس. * كىشى بېشىغا توغرا كەلگەن كىرىمنىڭ مۇتلەق قىممىتىمۇ چارۋىچىلارنىڭكىدىن يۇقىرى بولدى. ③ رەۋ. پۈتۈنلەي، تولۇق، تامامەن: ئۇلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ بۇرژۇئازىيە قانۇنلىرىغا مۇتلەق بوي سۇنۇشىنى تەلەپ قىلدى. * يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان «كوللېكتىپلىشىپ ئىشلەش سوتسىيالىسىزمنىڭ يېزىلاردىكى بىردىنبىر بەلگىسى» دېگەن گەپنى قانۇندەك سۆزلەپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن، ئۇنىڭمۇ مۇتلەق توغرا بولۇشى ناتايىن. ④ رەۋ. ھەرگىز؛ پەقەت: شۇ تاپتا، ئۇ ماشىنىدىن بىر خالتا ئوغۇتنىڭ چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلىسا، مۇتلەق ئىشەنمىگەن بولاتتى. * ئۇ ئۆزى تاللىغان «ھايات بەيگىسى» دە نىشانىدىن - باشقىلار ئۈچۈن ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش، راھەت يارىتىش نىشانىدىن مۇتلەق تايمايدۇ. ⑤ رەۋ. ئىنتايىن، ناھايىتى: شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، مۇتلەق كۆپ ساندىكى دىنىي زاتلار پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى ھېمايە قىلىدۇ ۋە قىزغىن سۆيىدۇ. * گەپ شۇندىكى، مۇتلەق ئۈستۈن سان بىلەن، كۆچمەن خەلق بېسىپ كەتكەن ئۇلارنى. ياشاش ئۈچۈن ھەرگىز ئىمكان بەرمىگەن، تارتىۋالغان يەرلەرنى ۋە سۇلارنى.

**مۇتلەق بوشلۇق** < فىز > نيۇتون ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ كلاسسىك مېخانىكا بەرپا بولغاندىن كېيىنكى بوشلۇق توغرىسىدىكى كۆزقارىشى. ئۇلار بوشلۇقنى بىر بوش «جازا»، ئۇ ماددىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشمۇ، يەنە ماددىدىن ئايرىلغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرالىشمۇ مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

**مۇتلەق بۇيرۇق** < پەلس > ← **مۇتلەق پەرمان.**

**مۇتلەق بېسىم** < فىز > ئاقار جىسىملارنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىدىكى ئەمەلىي بېسىمى، يەنى مۇتلەق نۆل نۇقتا ئاساسىي نۇقتا قىلىنىپ ئۆلچەپ چىقىلغان بېسىم. ئۇ ئۆلچەملىك بېسىم بىلەن ئاتموسفېرا بېسىمىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ. مەسىلەن، سىمابلىق بارومېتىر بىلەن ئۆلچەپ چىقىلغان گاز بېسىمى. مۇتلەق بېسىمغا تەڭ بولىدۇ.

**مۇتلەق بىرلىكلەر** < فىز > سانتىمېتىر. گرام. سېكۇنت سىستېمىسى ۋە مېتىر. كىلوگرام. سېكۇنت سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق، ماسسا ۋە ۋاقىت بىرلىكلىرى ھەمدە بۇ بىرلىكلەردىن كەلتۈرۈپ چىقىرىلغان بارلىق بىرلىكلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، دىنا، نيۇتونلار كۈچنىڭ مۇتلەق بىرلىكلىرى؛ ئېرگ، جوئۇللار، ئىش ۋە ئېنېرگىيىنىڭ مۇتلەق بىرلىكلىرى.

**مۇتلەق بىرلىكلەر سىستېمىسى** < فىز > ئۇزۇنلۇق، ماسسا ۋە ۋاقىتلارنىڭ بىرلىكلىرى ئاساسىي بىرلىك قىلىنغان بىرلىكلەر سىستېمىسى.

**مۇتلەق پەرمان** < پەلس > نېمىس پەيلاسوپى كانتنىڭ ئەخلاق توغرىسىدىكى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچىمى. كانت مۇتلەق پەرماننى ھەرقانداق زامان ۋە ھەرقانداق ماكاندا، ھەرقانداق شەخسىي غەرەزنى كۆزلىمەي، ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرماي، شەرتسىز ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ھەرىكەت پرىنسىپى دەپ جاكارلىغان. كانت بۇ ھەقتە: مۇتلەق پەرمان تۇغما، ئومۇمىي، مەڭگۈلۈك پەرماندۇر. بۇ پەرمان تەجرىبىدىن ھاسىل بولغان ئەمەس. شۇڭا ئۇ تەبىئەت قانۇنلىرىغا بېقىنمايدۇ، بەلكى ئىرادە ئەركىنلىكىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ؛ مۇتلەق پەرماننى بەجا كەلتۈرۈش ھەممە بەندىنىڭ پەرزى، خۇدانىڭ مەۋجۇتلۇقى بولسا، ئەخلاق تەرتىپلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئاخىرقى كاپالىتى دەپ قارايدۇ.

**مۇتلەق تەڭسىزلىك** < مات > ئەگەر تەڭسىزلىك نامەلۇمنىڭ ئالالايدىغان خالىغان قىممەتلىرىدە ھامان ئورۇنلۇق بولسا، مۇنداق تەڭسىزلىك مۇتلەق تەڭسىزلىك دېيىلىدۇ. مەسىلەن، $x^2+2x+1\geqslant 0$ ، $\sqrt{x^2+1}>0$ ، $\frac{1}{x^2}>0$ .

**مۇتلەق تېزلىك** < فىز > ① ماددىنىڭ «تۇراقلىق پايدىلىنىش سىستېمىسى» غا نىسبەتەن مۇتلەق ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى. ② نيۇتون قاتارلىق ئالىملار پەرەز قىلغان مۇتلەق تىنچ پايدىلىنىش سىستېمىسى (مۇتلەق بوشلۇق) غا نىسبەتەن ھەرىكەتنىڭ تېزلىكى.

**مۇتلەق تېزلىنىش** < فىز > جىسىملارنىڭ تۇراقلىق پايدىلىنىش سىستېمىسىغا نىسبەتەن ھەرىكەت قىلغان چاغدىكى تېزلىنىشى.

**مۇتلەق خاتالىق** < مات > ئېنىق سان A بىلەن تەخمىنىي سان $\alpha$ نىڭ ئايرىمىسىنىڭ مۇتلەق قىممىتى تەخمىنىي سان $\alpha$ نىڭ مۇتلەق خاتالىقى دەپ ئاتىلىدۇ ۋە «$\triangle$» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. يەنى: $\triangle = |A-\alpha|$ بولىدۇ.

**مۇتلەق دەۋر** < ئارخېئول > ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللارنىڭ تەتقىقات ئارقىلىق ئېنىقلانغان مۇئەييەن يىل دەۋرى.

**مۇتلەق روھ** < پەلس > نېمىس پەيلاسوپى گېگېل ئىشلەتكەن سۆز. ئۇنىڭ مەنىسى «ھەممە مەۋجۇداتنىڭ ئەڭ

ئىپتىدائىي سەۋەبلىرى ۋە ئىچكى ماھىيىتى تەبىئەت ۋە ئىنسانىيەت پەيدا بولۇشتىن بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن چىنلىقتۇر، دۇنيادىكى ھەممە نەرسە شۇنىڭ نامايەندىسىدۇر » دېگەننى بىلدۈرىدۇ. گېگېل بۇ توغرىدا: « مۇتلەق روھ ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەڭگۈلۈك روھىي زاتتۇر. ئۇ شۇنىڭ ئۈچۈن « مۇتلەق » كى، ئۇ شەخسنىڭ، ئىنساننىڭ روھى بولماستىن، بەلكى ئالەمدىكى ھەممە مەۋجۇداتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان روھتۇر » دەپ قارايدۇ. گېگىلچە، مۇتلەق روھ ماھىيەتتە پەلسەپە بىلەن پەردازلانغان ئىلاھ دېمەكتۇر.

**مۇتلەق سان** < س ئىق > شە يئىلەرنىڭ كۆلىمى ياكى سەۋىيىسىنى ئىپادىلەيدىغان كونكرېت سان. دۆلەت ئەھۋالى، دۆلەت قۇدرىتى، ھەرقايسى تارماق، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ئىگىلىك پائالىيەت جەريانى ۋە نەتىجىسگە مۇناسىۋەتلىك ئاساسىي كۆرسەتكۈچلەر ھەمىشە مۇتلەق سان بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**مۇتلەق قاتتىق جىسىم** < فىز > كۈچنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ پەقەتلا ھەرىكەتلىنىدىغان، لېكىن شەكلى ئۆزگەرمەيدىغان جىسىم.

**مۇتلەق قوشۇمچە قىممەت** < س ئىق > ئىش ۋاقتىنى زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىدىن تاشقىرى ئۇزارتىش ياكى قوشۇمچە ئەمگەك ۋاقتىنى ئىلگىرىكى ئاساسىدا داۋاملىق كۆپەيتىش ئارقىسىدا ھاسىل بولىدىغان قوشۇمچە قىممەت.

**مۇتلەق قىممەت** < مات > بىر ھەقىقىي ساننىڭ پىلۇس ۋە مىنۇس ئالامىتى ھېسابقا ئېلىنمىغان چاغدىكى قىممىتى شۇ ساننىڭ مۇتلەق قىممىتى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، 5+ بىلەن 5 ــ نىڭ قىممىتى 5، ئادەتتە |5| بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**مۇتلەق قىممەتلىك تەڭسىزلىك** < مات > مۇتلەق قىممەت بەلگىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەڭسىزلىك. مەسىلەن، $|x|>a$، $|x|<b$ ، $|x^2+c|>a$ قاتارلىقلار.

**مۇتلەق نەملىك** < فىز > ھاۋا تەركىبىدىكى پارنىڭ بېسىم كۈچىنىشى ياكى ھەر كۇب سانتىمېتىر ھاۋا تەركىبىدىكى پارنىڭ ماسسىسى.

**مۇتلەق نۆل گرادۇس** < فىز > مۇتلەق تېمپېراتۇرىنىڭ نۆل گرادۇسى، يەنى سېلسىيە نۆلدىن تۆۋەن °273.15.

**مۇتلەق ھەرىكەت** < فىز > بىر مېخانىكىلىق مەسىلىدە بىرلا ۋاقىتتا بىرقانچە پايدىلىنىش سىستېمىسىنى قوللانغاندا، جىسىمنىڭ قوزغالماس دەپ قارالغان « تۇراقلىق پايدىلىنىش سىستېمىسى » غا نىسبەتەن ھەرىكىتى.

**مۇتلەق ھەقىقەت** < پەلس > راۋاجلىنىپ بېرىۋاتقان سانسىز نىسپىي ھەقىقەتلەرنىڭ يىغىندىسى.

**مۇتلەق ۋاقىت** < فىز > نيۇتون ۋەكىللىكىدىكى بىر تۈركۈم تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ كلاسسىك مېخانىكىغا بەرپا بولغاندىن كېيىنكى ۋاقىت توغرىسىدىكى كۆزقارىشى. ئۇلار: « ماددىلارنىڭ ھەرىكەت جەريانى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ۋاقىت داۋاملىق تەكشى ھالدا ئۆتۈپ كېتىۋېرىدۇ » دەپ قارايدۇ.

**مۇتلەق ئېگىزلىك** < جۇغ > دېڭىز يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە يۇقىرىلىقى ئۆلچەم قىلىنغان ئېگىزلىك.

**مۇتلەق ئىدېئالىزم** < پەلس > ئوبيېكتىپ

ئىدېئالىزمنىڭ ئۆزگەرگەن تۈرى، يەنى مۇتلەق روھ ھەققىدىكى گېگىلچە پەلسەپە.

**مۇتلەق ئىدىيە** <پەلس> گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگىلنىڭ ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزملىق پەلسەپىسىدىكى بىر مۇھىم ئۇقۇم. گېگىل: «تەبىئەت دۇنياسى ۋە ئىنسانىيەت بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنلا مۇتلەق ئىدىيە دەپ ئاتىلىدىغان بىر روھىي، ئەمەلىي نەرسە (سۇبستانسىيە) مەۋجۇت ئىدى، ئۇ دۇنيادىكى ھەممە كائىناتنىڭ مەنبەسى، ئوبيېكتىپ دۇنيا ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان ياكى شۇنىڭدىن ئۆزگەرگەن» دەپ ھېسابلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، مۇتلەق ئىدىيە دېگەن ئىلاھ ياكى خۇدانىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز بولۇپ، ئۇ مۇتلەق روھ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مۇتلەق يەر ئىجارىسى** <س ئىق> يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى يەرگە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقىغا تايىنىپ، مونوپول قىلىش بىلەن ئېرىشكەن يەر ئىجارىسى.

**مۇتلەقچىلىك** ئى <پەلس> ① شەيئىلەرنى ۋە بىلىشنى مۇتلەقلەشتۈرىدىغان ئىدېئالىزملىق ۋە مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەر. ئۇ مۇتلەقلىق بىلەن نىسبىيلىكنى پۈتۈنلەي ئايرىۋېتىدۇ، مۇتلەقلىقنىلا ئېتىراپ قىلىپ، نىسبىيلىكنى ئېتىراپ قىلمايدۇ؛ ھەممە جەريانلارنىڭ باش-ئاخىرى بولىدىغانلىقى، بىر جەرياننىڭ مۇقەررەر ھالدا باشقا جەريانغا ئايلىنىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ ئۆزگەرمەس «مۇتلەق ھەقىقەت» دېگەننى بىردىنبىر ھەقىقەت دەپ كۆز-كۆز قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ نىسبىيلىكىنى، مۇتلەق ھەقىقەتنىڭ سانسىز نىسبىي ھەقىقەتلەرنىڭ جەمئىيسى بولىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ② گېگىلنىڭ مۇتلەق ئىدېئالىزمىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى.

**مۇتلەقلەشتۈرمەك** «مۇتلەقلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: فولكلور نۇقتىسىدا بۇ يەكۈننى پۈتۈنلەي مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۆرپ-ئادەت تارىخىلىقتا، ئەنئەنىۋىلىكتە ۋە مىللىيلىكتە ئىگە بولىدۇ.

**مۇتلەقلەشتۈرۈلمەك** «مۇتلەقلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئىلگىرى ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلغان «سول» چىل ئىدىيىنىڭ تەسىرىدە بەزى تەجرىبىلەر مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىلدى.

**مۇتلەقلەشمەك** پ. تۇراقلىق ھالەتكە كەلمەك، مۇقىملاشماق، جەزملەشمەك.

**مۇتلەقلىك** «مۇتلەق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مۇتىۋەللى** ئى (ئە) <دىن> مەسچىت، مەدرىسلەرنىڭ مالىيە، خوجىلىق ئىشلىرىغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى، باشقۇرغۇچى: ھەزرەتنىڭ شەيخلىرى ۋە مۇتىۋەللى، ئاخۇنلىرى خۇددى بۇ قايناۋاتقان قازانلارنىڭ ئىگىلىرىدەك ئەلپاز بىلەن ئەتراپنى ئايلىنىپ يۈرۈشەتتى. * — مۇبادا ئۇلارنى بالدۇرراق يوقاتمىساق، كېيىن يوغان بالانى تېرىيدۇ، — دېدى ئەرز شىكايەت مەھكىمىسىنىڭ مۇتىۋەللىسى ئالدىغا چىقىپ.

**مۇتىۋەللىلىك** ئى. مۇتىۋەللىگە يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: مۇتىۋەللىلىك قىلماق. * ئابدۇللا ئەخمەتجاننىڭ نامىنى ئەسلىگەن كەلتۈرۈشنىڭ ئاقىۋەتلىرىنى ئويلىمىغان يەردە ئەمەس، بۇ ئىشتا گەپ-سۆز كۆپىيىپ كەتسە شانىياز بىلەن توختى شاللاقنى ئالدىغا

چىقىرىشنى، ئاز-تولا تەكشۈرتۈپ ئاندىن ئۆزى مۇتىۋەللىلىك قىلىپ بېسىۋېتىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

**مۇجەسسەم** سۈپ (ئە) جەملەنگەن، يىغىلغان، توپلانغان: مۇجەسسەم بولماق. مۇجەسسەم قىلماق. * ئۇ ئۆز قايغۇسىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۇنتۇپ، ئالدىدىكى يەرگە سىڭىپقىنا ياتقان مۇجەسسەم ئىشقتىن كۆز ئۈزەلمەي قالغانىدى. * قايتماس ئىرادە ئاتەشىنىڭ ئۆزى، تاۋلىسۇن بىزنى قىلىپ مۇستەھكەم. مارشىمىز ياڭراق يۈرەكنىڭ سۆزى، كۈرەش بىلەن بىر بولسۇن مۇجەسسەم.

**مۇجەسسەملەشتۈرمەك** «مۇجەسسەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر ئىنساننىڭ تەبىئەتكە قارشى ئەڭ قەيسەر ئىرادىسىنى، مۇستەھكەم خاراكتېرىنى، چىدام-غەيرىتىنى ئۆز ۋۇجۇدىدا مۇجەسسەملەشتۈرۈشى لازىم بولىدۇ.

**مۇجەسسەملەشتۈرۈلمەك** «مۇجەسسەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماھىرە ئوبرازىدا ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ زېرەك، ئەقىللىق، ئۈمىدۋارلىق خۇسۇسىيەتلىرى مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەنىدى.

**مۇجەسسەملەشمەك** پ. مۇكەممەل، گەۋدىلىك تۈس ئالماق؛ يىغىلماق، توپلانماق: ئۇنىڭدا قېرىنداشلارنىڭ بۇ ئارزۇسى ئەكس ئەتكەن، گۈزەل، باي، مەدەنىيەتلىك كەلگۈسىگە بولغان غايىسى، ئىشەنچىسى مۇجەسسەملەشكەنىدى.

**مۇجەسسەملەنمەك** «مۇجەسسەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ئاجايىپ شېرىن ۋە ئۇچقۇر خىيالى قىزنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى- مۇجەسسەملەنگەن تۇم قارا قاشلىرى ئاستىدىكى تىنىق كۆزلىرىدە ئۇيۇپ قالدى.

**مۇجەسسەملىمەك** پ. بىر يەرگە يىغماق، توپلىماق، جەملىمەك، يىغىنچاقلىماق: ئىشچىلارنىڭ چەكسىز ھۆرمىتى ۋە قەلب ئارزۇسىنى پارتكوم شۇجىسى ئۆز سۆزىگە مۇجەسسەملىدى.

**مۇجۇتماق** «مۇجۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇجۇشماق** «مۇجۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇجۇق** I ئى. ئىشىك، دەرۋازا قاناتلىرىنىڭ ئېچىلىپ، يېپىلىشى ئۈچۈن كېشەكنىڭ ئوقى، سول تەرىپىنىڭ ئاستى-ئۈستىگە ئورنىتىلغان، گىرەلىك رول ئوينايدىغان، بىر خىل قۇرۇلما؛ ئۇلگۈجەك: مۇجۇق ئورناتماق. مۇجۇق بېشى. * ئۇ بۇ ئاھانەتلەرنى كۆتۈرەلمەي، شامە خۇشتىنىڭ بۈگۈن كېچە ئۆيدە بولمىغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، تاڭ ئاتمايلا، ئىشىكنىڭ مۇجۇقىنى بۇزۇپ، تامدىن ئارتىلىپ قېچىپ كېلىپتۇ.

**مۇجۇق بېشى** ئىشىك، دەرۋازىنى ئېچىپ، يېپىش ئۈچۈن قاناتنىڭ ئوقى، سول تەرىپىنىڭ ئاستى-ئۈستىگە ئوق شەكلىدە چىقىرىلغان ئۇچ.

**مۇجۇق تاپىنى** ئىشىك، دەرۋازىنى ئېچىپ، يېپىش ئۈچۈن ئوقى، سول تەرىپىنىڭ ئاستى-ئۈستىگە توغرىسىغا قويۇلىدىغان ياستۇق شەكىللىك قۇرۇلما.

**مۇجۇق** II (توغرىسى: مىجىق) → **مىجىق**.

**مۇجۇقلىماق** پ → **مۇجۇماق**: ئايتولۇن ئاچىسىنىڭ مەڭزىگە ياندۇرۇشلاپ سۆيۈپ، يۇمران كۆكسىنى مۇجۇقلاپ ئوينىغىلى تۇردى.

**مۇجۇلماق** «مۇجۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنىڭسىزمۇ قانداقتۇر بىر قورقۇنچ ئىچىدە يۈرەكلىرىم مۇجۇلۇپ ئارانلا تۇراتتىم.

* مەسۇملەرنىڭ نامراتلىقتىن مۇجۇلغان يۈرىكى ئاشۇ قىزى بىلەن شاد-خۇراملىقتا تولاتتى.

**مۇجۇماق** پ ① قول بىلەن بىرنەرسىنى مەھكەم قاماللىماق، سىقماق: ماقالە يېزىش ئورنىغا گۈزەلئاينىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيىنى سۈرتىمەن، سەي ئاقلايمەن، قاچا-قومۇچلارنى يۇيىمەن، چىلانغان كىرلارنى مۇجۇيمەن تېخى (بۇ كىرلەر ھەر كۈنى چىقىپ تۇرىدۇ). * بوۋاي ئوغۇلنىڭ بەدەنلىرىنى مۇجۇپ تۇتۇپ قويغاندىن كېيىن «ھەرگىز قورقما ئىنشائاللا مۇرادىڭغا يېتىسەن» دەپتۇ. ② كۆچمە. بىرەر كۆڭۈلسىزلىك، دەرد-ئەلەم، خاپىلىق كۆڭۈلگە تەسىر قىلماق، ئازابلىماق: ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر يوشۇرۇن بىرنەرسە مۇجۇپ ئازابلايتتى. * بۇ ئۆلگۈر ھامان ئۇنىڭ يانچۇقىدىن ئاستا سوزۇلۇپ چىققان غايىبانە بىر قولدەك يۈرىكىنى مۇجۇيتتى.

**مۇچ** ئى < بوت > كونا. لازا: ياشلىقنىڭ بەگباشراق ئۆتكەن بىر كۈنى، ئۇچراشتىم يار بىلەن يارنىڭ لېۋىدە، ئەسلىسەم ئېسىمنى يىغىپ بار ئىكەن، زەھەردەك مۇچلارمۇ يارنىڭ لېۋىدە.

**مۇخ** ئى (پ) < بوت > يوشۇرۇن گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. تۈرى ناھايىتى كۆپ، كۆپىنچە نەم ئورۇنلاردا ئۆسىدۇ. يالغان يىلتىزى بار.

**مۇخالىپ** سۈپ (ئە) يېزت. قارشى، زىت، خىلاپ: مۇخالىپ كەلمەك. * — يۇرتنىڭ چوڭىغا ھۆرمەت شۇ بولىدىغان بولسا، بۇنداق ئاتىكاچىدا ئېتىقاد بار دېگىلى بولامدۇ، ھاجىم، دېدىمغۇ پەرەزلىرى دانالىقتا مۇخالىپ، — دېدى ئۇ. * — جانابلىرىغا مەلۇملۇق، كەمىنلىرى ئۆز رايىمغا مۇخالىپ، ھۆكۈمەت رايىغا خىلاپ ھالدا بىتىم ۋەجى بىلەن ھاكىملىقتا سايلىنىپ قالدىم، — دېدى ئۇ ئۆزرە قىلىپ.

**مۇخالىپ كەلمەك** قارشى كەلمەك، زىت بولماق، خىلاپ كەلمەك: بۇ قارار گەرچە نۇرغۇن قىزىققان كىشىلەرنىڭ رايىغا مۇخالىپ كەلسىمۇ، لېكىن پەقەت مۇشۇ يوللا مېڭىش مۇمكىن بولغان بىردىنبىر يول بولۇپ تۇيۇلدى.

**مۇخالىپلىق** «مۇخالىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئېھ پادىشاھىم، بۈگۈنكى كۈندە جانابلىرى ئەنە شۇلاردىن ۋاز كېچىپ، يات ئىقلىمنىڭ كىيىمگە ھېرىس بولۇۋاتىدىلا، قەدىمي ئەقىدىلەرنى، قەدىمي تەرىقەتنى ئۆزگەرتىپ، ۋىجدانىغا مۇخالىپلىق قىلىۋاتىدىلا، — دېدى ۋەزىر.

**مۇخەممەس** ئى (ئە) < ئەد > ھەر كۇپلېتى بەش مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر شەكلى. مۇخەممەسنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىنىڭ بەشلا مىسراسى قاپىيىداش كېلىپ، كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ ئاخىرقى مىسراسىدا (يەنى 5-مىسراسىدا) بىرىنچى كۇپلېتىنكى قاپىيە ئىزچىللىشىدۇ. قالغان كۇپلېتلارنىڭ باشقا مىسرالىرى باشقا خىلدا قاپىيىداش بولۇپ كېلىدۇ. مۇخەممەس كۆپىنچە ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلىدۇ.

**مۇخبىر** ئى (ئە) گېزىت، ژۇرنال، رادىئو، تېلېۋىزىيە قاتارلىق مەتبۇئات ئورۇنلىرىغا خەۋەر، ماقالە، ئوبزور يېزىپ تۇرىدىغان كىشى: بىرىنچى دەرىجىلىك مۇخبىر. پراكتىكانت مۇخبىر. ئايال مۇخبىر. * بۇ مېنىڭ ئازادلىقتىن كېيىن شىنجاڭ داشۆنى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى سۈپىتىدە ئۆز يېزامغا تۇنجى قېتىم بېرىشىم. * كەلدى «باشلىق» ئالدىغا، مۇخبىر يازغان بۇ خەۋەر. كۆردى تاتىلاپ بېشىنى، خۇش ياقمىدى شۇ قەدەر.

**مۇخبىرچىلىك** ئى ← **مۇخبىرلىق**.

**مۇخبىرلىق** « مۇخبىر » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: مۇخبىرلىق قىلماق. * ــ سىلەر ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ يۇقىرى سىنىپىغا مۇئەللىم بولالايسىلەر. تەتقىقات، تەھرىرلىك، مۇخبىرلىق قاتارلىق مۇھىم ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايسىلەر، ــ دېدى مۇئەللىم. * ــ مەن مۇخبىرلىق خىزمىتى بىلەن ئايروپىلاندا غۇلجىغا كېتىۋاتىمەن، ــ دېدى ئۇ.

**مۇختارىيەت** ئى (ئە) تارس ← **ئاپتونومىيە**: خۇش مۇبارەك كېلىپسىز، مۇختارىيەت تويىمىز. ئامراقلىشىپ ئەمدى بىز بىر تۇغقاندەك بولىمىز.

**مۇختارىيەتچى** ئى. تارس. مۇختارىيەتنى ياقلىغۇچى، مۇختارىيەتنى ھىمايە قىلغۇچى، مۇختارىيەت تەرەپدارى.

**مۇختەسەر** (ئە) ① سۈپ. يېزت. قىسقا، ئىخچام: ساناقسىز ۋەقە ــ كەچمىشكە تولغان، مەزمۇنلۇق ئۆمرۈڭنىڭ ھەر بەت ــ ۋارىقى. مەن سۆزلەي شۇ ھەققە (قىلىپ مۇختەسەر) كەچمىشىڭ چوڭ چىنار، بۇ ــ بىر ياپرىقى! ② ئى. بىرەر ئەسەرنىڭ قىسقارتىلغان ۋارىيانتى: بۇ قىسمدا تىبابىتىمىزنىڭ ئەمەلىي داۋالاش ئاساسلىرى مۇختەسەر ھالدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈلدى.

**مۇخلار** ئى < بوت > مۇخنىڭ بىر كلاسسى. بۇ كلاسنىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ۋە يوپۇرماقلىرى كىچىك، ئۆسۈملۈك تېنى يېشىل، يىلتىزى بولمايدۇ، نەم، سايە ئورۇندا ئۆسىدۇ.

**مۇخلىس** ئى (ئە) ① بىرەر ئادەم ياكى نەرسىگە ئىخلاس، ئېتىقاد قىلغۇچى، ئىخلاسمەن، ئەگەشكۈچى: دىن مۇخلىسى. سادىق مۇخلىس. * ئۇ دەسلەپكى بىرنەچچە ئايغىچە شەھەرنىڭ كاتتا ئۆلىما ۋە يۈزلۈك داموللىلىرىنىڭ چاپىنىنى كۆتۈرۈپ، قولىغا سۇ قۇيۇپ، ئۇلارنىڭ سادىق مۇخلىسى بولۇۋالدى. * شائىرە، شائىرلىرىم جىق، مۇخلىسىم ئاندىن تولا. مەنمۇ بۇ ئىشقا ھەۋەسكار، گەپ تىزارىمغا قاراپ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۇداپىئە** ئى (ئە) دۈشمەن، تەبىئىي ئاپەت، بىرەر كىم ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇرۇش، ئۇنىڭدىن ساقلىنىش، قوغدىنىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرىكەت: مۇداپىئە ئىستىھكامى. مۇداپىئە قېشى. مۇداپىئە ئوكۇلى. مۇداپىئە ئورمىنى. دۈشمەن مۇداپىئەسىنى يېرىپ ئۆتمەك. دۆلەت مۇداپىئەسى. * بۇ چاغلاردا شېڭ شىسەي گوڭچۈڭ تەرەپتىن كېلىدىغان خەۋپكە قارشى مۇداپىئەدە ئىدى. * ــ بىز خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىدىن ئۆگىنىپ، ــ دېدى ئارقىدىنلا داداۋي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئوسمان، ــ ئازادلىق ئارمىيىنى ئۈلگە قىلىپ، ئارمىيە ــ خەلق بىرلەشمە مۇداپىئەسىنى يولغا قويۇپ، چېگرا رايوننى بىرلىكتە گۈللەندۈرىمىز ۋە قوغدايمىز. * ئۇمۇ ماڭا قارشى باشقا بىر سېپىر بىلەن مۇداپىئەگە ئۆتتى.

**مۇداپىئە قېشى** < سۆ > كەلكۈن ياكى سىرغىم سۈينىڭ بۇزغۇنچىلىقىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان قاش.

**مۇداپىئە قىلماق** ① دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلانماق، قوغدىماق: تۇيۇقسىز ھۇجۇم باشلانغاندىن كېيىن بۇلار مۇداپىئە قىلىشنىمۇ ۋە قېچىشنىمۇ بىلمەي قالدى. ② كۆچمە. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر پېشكەللىك، ئاپەتتىن ساقلانماق: زىرائەتنى ئۈششۈكتىن مۇداپىئە قىلماق.

**مۇداپىئە كۆرمەك** ① دۈشمەنىنىڭ ھۇجۇمىغا قارشى ھازىرلىق قىلماق، قوغدىنىش تەييارلىقىدا بولماق: چوڭ قوشۇن

يېتىپ كېلىپ، شەھەرنى مۇھاسىرە قىلدى. شەھەردىكىلەر سېپىلگە چىقىپ مۇداپىئە كۆردى. ② كۆچمە. يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان بىرەر ئاپەت، ھادىسىگە قارشى تەييارلىق قىلماق، چارە ئىزدىمەك: ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش پۇلى قايتۇرۇۋېلىنمايدۇ، ئاپەتتىن مۇداپىئە كۆرۈپ چارۋا ماللارنى ئاسراش ئوبوروت پۇلى قايتۇرۇۋېلىنىدۇ.

**مۇداپىئە لىنىيىسى** < ھەرب > مۇداپىئە ئاكوپلىرى تۇتىشىپ ھاسىل قىلغان لىنىيە.

**مۇداپىئە ئوكۇلى** < تىب > ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋان تېنىدە ئانتىتېلا ھاسىل قىلىپ، بەدەننىڭ بەزى يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئۇرۇلىدىغان ۋاكسىنا ياكى زەھەرگە قارشى قان زەردابى.

**مۇداپىئەچى** ئى < تەن > ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق توپ تۇرلىرىدىكى قارشى تەرەپنىڭ ھۇجۇمنى توسۇش ۋەزىپىسىنى ئاساسلىق ئۈستىگە ئالغان تەنھەرىكەتچى. ۋاسكېتبول تەنھەرىكىتىدىكى مۇداپىئەچى پۇتۇن كاماندىنىڭ غوللۇق ئەزاسى بولۇپ، ھۇجۇمنى تەشكىللەش رولىنى ئوينايدۇ.

**مۇداپىئەچى قىسىم** < ھەرب > قوشۇن يۈرۈش قىلغاندا، قوشۇننىڭ ئارقا تەرىپىگە ئەگىشىپ، قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدىغان قىسىم.

**مۇداپىئەلەنمەك** پ. مۇداپىئەدە بولماق، مۇداپىئە قىلماق، قوغدانماق: ئەكبەر مەنسۇرنى تاشلاپ ئۇلار بىلەن مۇشتلاشتى. بىراق، ئۇچەيلەنگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ چېكىنىپ تۇرۇپ مۇداپىئەلەندى. * سۇلايمان سوخەنچى شامالدىن مۇداپىئەلىنىپ، يۇمۇق كۆزلىرىنى قىسىپ ئولتۇرۇپ، مودەنگۈلنى، ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن گەپ-سۆزلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

**مۇداخىلە** ئى (ئە) ① باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىش: ئۇ ئاقساقال: — سىيىتھاجىنىڭ تىنچ مەئىشىتىگە مالالىق يەتكۈزۈپ، ئىككى مەملىكەت ئارىسىدا نىزا-خۇسۇمەت پەيدا قىلغان قوراللىق مۇداخىلە دەرھال توختىتىلسۇن! — دېدى. ② باشقىلارنىڭ زېمىنىنى بېسىۋېلىش ياكى ئۆزىگە قارام قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان قوراللىق ھۇجۇم، تاجاۋۇز: مۇداخىلە قىلماق. مۇداخىلە يۈرگۈزمەك.

**مۇداخىلە قىلماق** ← **مۇداخىلە يۈرگۈزمەك.**

**مۇداخىلە يۈرگۈزمەك** قورال كۈچى بىلەن باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشماق؛ قورال كۈچى بىلەن بېسىپ كەلمەك: — مۇبادا خاقانى چىن لەشكەرلىرى كارۋان يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە مۇداخىلە يۈرگۈزسە قوللىرىدا ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك ئادەم ۋە ياراغ بارمۇ؟ — دەپ سورىدى سىيىتھاجى ئابلىز قارىيىدىن.

**مۇداخىلىچى** ئى. باشقىلارنىڭ ئىشىغا قورال كۈچى بىلەن ئارىلاشقۇچى.

**مۇدەررىس** ئى (ئە) مەدرىسىلەردە دەرس بېرىدىغان كىشى، مەدرىسە ئوقۇتقۇچىسى: قومۇل شەھىرىنىڭ ئىچى ئادەمسىز چۆلگە ئايلىنىپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن يۈزلەپ مۇدەررىس ۋە تالىپلارنى يېتىشتۈرگەن بۇ مەدرىسمۇ خانىۋەيرانچىلىقتا ئۇچرىغانىدى. * مەكتەپ پۈتكەن كۈنى شاھى ئېھرام يەنە ئوردا ئۇستازلىقىغا تەكلىپ قىلىنغان كىشىنى مەكتەپكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىدى.

**مۇدەررىسلىك** «مۇدەررىس» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: نورۇز داموللىنىڭ «مەھكىمەئى

شەرئىيە » دە مۇقىم ۋەزىپىسى بولمىسمۇ، ئۇزۇن يىللىق مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا نۇرغۇن شاگىرت يېتىشتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئىلىم-ئەخلاقى بىلەن خەلق ئىچىدە يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشكەنلىكىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى.

**مۇددەت** ئى (ئە) ① ۋاقىتنىڭ ئېنىق بىرەر ئىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن بۆلىكى؛ قەرەل: ئۇزۇن مۇددەت. قىسقا مۇددەت. * مەن مۇددەتتىن بۇرۇن ئوقۇش تۈگەتكەنىدىم. * بۇ قېتىمقى قىشلىق تەتىلنىڭ مۇددىتى ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ تۆت ھەپتە، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ بەش ھەپتە بولدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ياكى ئورۇندىلىش پەيتى؛ مەزگىلى: — سىنىڭ ئۈچۈن كۆپ چوش بولغۇچە ئۇخلاش ھەممىدىن ياخشى ئىبادەتتۇر. چۈنكى، شۇ مۇددەت ئىچىدە خەلقئالەمنى رەنجىتىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالىسەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئابىت.

**مۇددەتسىز** سۈپ. مۇددىتى يوق، مۇددەت بەلگىلەنمىگەن، قەرەلسىز: مۇددەتسىز قاماق. * ھاشىمغا ئون يىللىق، ماڭا مۇددەتسىز قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلدى.

**مۇددەتسىز قاماق جازاسى** <قا> قاماق جازاسىنىڭ بىر خىلى، يەنى جىنايەتچىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە مەلۇم ئورۇنغا قاماپ، مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىشتىن ئىبارەت بىر خىل جازا. مەملىكىتىمىزدە مۇددەتسىز قاماق جازاسى تۈرمىدە ياكى باشقا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئەمگەك ئىقتىدارى بولغانلار ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىلىدۇ. قاماق جازاسى مەزگىلىدە ھەقىقەتەن ئۆزگىرىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولغانلارنىڭ جازا مۇددىتىنى قانۇن بويىچە قىسقارتىشقا ياكى ئۇلارنى شەرتلىك ھالدا بەلگىلىك مۇددەتتە قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ.

**مۇددەتلىك** سۈپ. مۇددىتى بار، مۇددەت بەلگىلەنگەن: مۇددەتلىك چەك. مۇددەتلىك قاماق جازاسى.

**مۇددەتلىك چەك** <سودا> تاۋار ۋە پۇلنى بەلگىلەنگەن مۇددەتتە بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەك.

**مۇددەتلىك قاماق جازاسى** <قا> قاماق جازاسىنىڭ بىر خىلى، يەنى جىنايەتچىنى بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە مەلۇم جايغا نەزەربەنت قىلىپ مەجبۇرىي ئەمگەككە سالىدىغان بىر خىل جازا. دۆلىتىمىزنىڭ جازا قانۇنىدا: « مۇددەتلىك قاماق جازاسىنىڭ مۇددىتى ئالتە ئايدىن يۇقىرى، 15 يىلدىن تۆۋەن بولىدۇ، ئەمما بىرنەچچە خىل جىنايەتنى قوشۇپ جازالىغاندا ياكى ئۆلۈم جازاسىنى مۇددەتلىك قاماق جازاسىغا ئۆزگەرتكەندە 20 يىلغا يەتكۈزۈشكە بولىدۇ » دەپ بەلگىلەنگەن. مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغان جىنايەتچىلەرنىڭ جازاسى تۈرمىدە ياكى باشقا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش ئورۇنلىرىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. ئومۇمەن ئەمگەك ئىقتىدارى بولغانلارغا ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش يولغا قويۇلىدۇ. جازا مەزگىلىدە ھەقىقەتەن توۋا قىلىش ياكى خىزمەت كۆرسىتىش ئىپادىسى بولسا، قانۇن بويىچە جازانى يېنىكلىتىشكە ياكى مۇددەتتىن بۇرۇن قويۇپ بېرىشكە بولىدۇ.

**مۇددىئا** ئى (ئە) كىشىنىڭ دىلىدىكى مەقسەت، نىيەت، مۇراد: ئازاد دادىسىنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشەنگەنىدى. * قۇدرەت ئاكا گويا ئوغلى بىلەن بولغان دەتالاشنى

ئۇنتۇپ قالغاندەك، ئۆزىنىڭ مۇددىئاسى ئۈستىدە ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

**مۇدھىش** سۈپ (ئە) كىشىنى دەھشەتكە، قورقۇنچقا، ۋەھىمىگە سالىدىغان، قورقۇنچلۇق، دەھشەتلىك: مۇدھىش بوران. مۇدھىش جەمئىيەت. * ئۇ بۇرۇلۇپ ئۆيگە كىردى، دەككە-دۈككىدە ئۇنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ ئۇراتتى. يۇقىرى جەمئىيەت ئىچىدە ئەڭ مۇدھىش ئاپەت مۇشۇ ئىدى. * تۇيۇقسىزلا بۇزۇلدى ھاۋا، مۇدھىش بوران قاپلىدى يەرنى. ئالۋاستىلار قىلىشىپ بەزمە، قۇمغا كۆمدى گۈھەرنى-زەرنى.

**مۇدھىشلىك** «مۇدھىش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قاراڭ، ئىككى جەمئىيەتتە ياشىغان ئىككى توختىنىڭ تەقدىرى نەقەدەر ئوخشىمايدۇ-ھە! بىر توختى ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا گۇناھسىز ھالدا مۇدھىشلىكنىڭ قۇربانى بولغانىدى.

**مۇدىر** ئى (ئە) بىرەر ئىدارە، تەشكىلات، مەكتەپ قاتارلىقلارغا مەسئۇل كىشى: مەكتەپ مۇدىرى. كومىتېت مۇدىرى. * ئېغىز دېگەننىڭ ساقچىسى يوق، دېسە دەۋېرىدۇ، بىزمۇ قىلىدىغاننى قىلىۋېرىمىز. سايىم مۇدىر ئۆز پىكرىدە قالدى. بىزمۇ ئۇنى زورلىمىدۇق.

**مۇدىرلىق** ئى. مۇدىرغا يۈكلەنگەن خىزمەت، ۋەزىپە: ئۇ ئازادلىقتىن كېيىن ۋىلايەتلىك سىفەن مەكتىپىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەشكە باشلىغانىدى. // مەن ئۇن يىل شۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى بېجىردىم.

**مۇدىرىيەت** ئى (ئە) مۇدىرلىك خىزمىتى.

**مۇراببا** ئى (ئە) مېۋە ھەم بەزى كۆكتاتلارنى شېكەر قىيامى ياكى ھەسەل قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سۈيۈق يېمەكلىك: ئالما مۇراببىسى. ئەنجۈر مۇراببىسى. سەۋزە مۇراببىسى. پەمىدۇر مۇراببىسى. * ئابدۇراخمان ئاق سىرلىق تومپۇچكىنى ئېچىپ، ئۇنىڭدىن تاشكەنتنىڭ مەشھۇر قۇلۇبىنىڭ مۇراببىسى، ئالمۇتىنىڭ چاقماق قېنى، قىرغىزستاننىڭ بېلىق كونسېرۋاسى ۋە كەڭسايىنىڭ ساپسېرىق ھەسىلىنى ئالدى.

**مۇراجىئەت** ئى (ئە) بىرەر ھاجەت يۈزىسىدىن بىراۋغا ئېيتىلىدىغان سۆز، ئۆتۈنۈش، ئىلتىماس: مۇراجىئەت قىلماق. ئاغزاكى مۇراجىئەت. * رەيھان ئۇلارغا قاراپ ئالىيدۇ. مەخمۇت قىزنىڭ ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالغانلىقىنى سېزىپ قىزغا ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن مۇراجىئەت قىلىدۇ. * ئاخۇنۇم ئەمدى ئايۋانغا بويۇنداپ، ئىككى يەڭگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېسەدەپ تۇرغان ئايخانغا مۇراجىئەت قىلدى.

**مۇراجىئەت قىلماق** ① بىرەر مۇددىئا، ھاجەت يۈزىسىدىن بىراۋغا يېلىنماق؛ يالۋۇرماق، ئۆتۈنمەك، ئىلتىماس قىلماق: ھېلىقى مويسىپىت قېرىلار ئۈستەڭ چېپىپ سۇ ئەكىلىشنى مۇراجىئەت قىلىپتۇ. * داموللامنىڭ «ئالسىلا-باقسىلا» دېگەن تەكەللۇپلىرى ئىچىدە غىزالانغان مېھمانلار تويۇپ قوللىرىنى سۈرتۈشكىنىدىن كېيىن، تەجەللى يەنە سازەندىلەرگە مۇراجىئەت قىلدى. ② بىلىۋېلىش، مەلۇمات ئېلىش ئۈچۈن كۆرمەك، ئوقۇماق: بۇ مەسىلىدە ئاخىرى ناۋايى ئەسەرلىرىگە مۇراجىئەت قىلىشقا توغرا كەلدى.

**مۇراجىئەتنامە** ئى (ئە+پ) بىرەر مۇددىئا، ھاجەت يۈزىسىدىن يېزىلغان خەت؛ ئىلتىماس: بىرىنچى قېتىمدا يوشۇرۇن رەۋىشتە تاشكەنت، ئەنجان، مەرغىلان ۋە باشقا شەھەرلەرنىڭ ئىشەنچلىك ئۆلىما ۋە بەگلىرىگە مۇسۇلمانلارنى ئىستىبداتتىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن مۇراجىئەتنامىلەر ئەۋەتىلدى.

**مۇراد** ئى (ئە) ① مەقسەت، مۇددىئا، ئارزۇ: مۇراد تاپماق. مۇرادىغا يەتمەك. *

سەۋر قىلغان مۇرادىغا يېتەر (ماقال). * ھاتەم شاھزادە مۇنىرە بىلەن خوشلىشىپ يولغا راۋان بولدى. ئۇ دەشت - سەھرالارنى كېزىپ، كىم ئۇچرىسا شۇنىڭ مۇرادىنى سوراپ ماڭاتتى. * ئۇزۇن مۇرادى ئالەمنىڭ، ئۆمرى يېتەمدۇ ئادەمنىڭ؟! ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۇراد تاپماق** ئارزۇ قىلغان، ئىزدىگەن نەرسىنى قولغا كەلتۈرمەك: مۇراد تېپىپ ئاشۇ ئىككى ياش، بولۇپتۇ مەڭگۈ ۋاپادار يولداش. * جۇپ قەدەھنى پەيتىدە ئۇزات ساقىي، مۇراد تاپسۇن ئاشىقلار ئىشتىياقى، بىراق، ساقىي ھاياتنىڭ داۋانى بار، ئەزەلدىنلا ياخشىنىڭ يامانى بار.

**مۇرادىغا يەتمەك** ئارزۇ قىلغان، ئىزدىگەن نەرسىسىگە ئېرىشمەك، مەقسىتىگە يەتمەك: ــ بارىكاللا ئوغلۇم! - دېدى ئابلەت ئاكا جۇرئەتنى ئۆزىگە تارتىپ، مەغزىدىن سۆيۈپ، - مۇرادىڭغا يەت. * يىللار ئۆتتى، ئەسىرلەر ئۆتتى، مۇدھىش زامان كەلمەسكە كەتتى. تاڭ نۇرىغا چۆمۈلۈپ خەلقىم، كۆتكەن ئارزۇ - مۇرادقا يەتتى.

**مۇراد-مەقسەت** مۇراد ۋە مەقسەت؛ ئارزۇ-تىلەك: ــ قولۇڭدىكى يارلىقنى پادىشاھقا تۇتۇپ بەرگىن، شۇ ئاندىلا مۇراد-مەقسىتىڭگە يېتىسەن، ــ دەپتۇ ئۇ. * كېيىن يۇرت باشلىقلىرى ئارىغا چۈشۈپ بۇلارنى كېلىشتۈرۈپ قويدى، ئۇلار مۇراد-مەقسىتىگە يەتتى.

**مۇراسىم** ئى (ئە) ① دىنىي، ئەنئەنىۋى ئۆرپ-ئادەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان مەرىكە، يىغىن: توي مۇراسىمى. * شاھى ئىبھرام چوڭ زىياپەتلەر بېرىپ بۇ ئىسىم قويۇش مۇراسىمنى ئاياغلاشتۇردى. * مۇراسىم قاتناشچىلىرى چېركاۋغا قايتىپ كەلدى. ② بىرەر ئىشنىڭ باشلانغانلىقىنى ياكى تاماملانغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن رەسمىي جاكارلاش يۈزىسىدىن ئۆتكۈزۈلىدىغان يىغىن: ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى. ئۈزىتىش مۇراسىمى. * گېزىتنىڭ 2-بېتىگە ئابدۇكېرىم ئاباسوپىنىڭ يېڭى جەڭچىلەرنى ئالدىنقى ئورۇش سېپىگە ئۈزىتىش مۇراسىمىدا ئەخمەتجان قاسىمدىن كېيىن سۆزلىگەن نۇتقى بېسىلغانىدى. * جۇمە ئاباسقا قاراپ: - كېلەر ھەپتىنىڭ ئاخىرى سۇ ئامبىرىنىڭ پۈتۈش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزسەك دېيىشىۋاتىمىز، - دېدى.

**مۇراسىملىق** سۈپ. مۇراسىمدا ئىشلىتىلىدىغان، مۇراسىمدا كېرەك قىلىدىغان: ئۇنىڭ ئېگىز كۆتۈرۈلگەن قولىدا مۇراسىملىق مەشئەل يېنىپ تۇراتتى. ئەل توپلىنىپ بولغان چاغدا ئۇ ئاخىر، ئەتراپىدا تۇرغانلارنى قوزغاتتى.

**مۇرەببە** ئى (ئە) ① < ئەد > تۆت مىسرادىن ئىبارەت شېئىر. ئۇنىڭ 1-،2-ۋە 4-ياكى 2-ۋە 4-مىسرالىرى قاپىيىداش كېلىدۇ. خەلق قوشاقلىرى تولىراق مۇشۇ شەكىلدە يېزىلىدۇ. ② كونا. كۋادرات.

**مۇرەببى** ئى (ئە) تەربىيىچى، غەمخور: مۇرەببىمىزدىن ئايرىلغان بولساقمۇ، ئاچتىن ئۆلمىدۇق. * مانا، كۆكسۈمدە زەپەر مېدالىم، پارتىيە ئاتام، دانا مۇرەببىم.

**مۇرەسسە** ئى (پ) ئىككى تەرەپ بىر-بىرى بىلەن سۆھبەتلىشىش يولى ئارقىلىق ئۆزئارا يارىشىش؛ كېلىشىش، سۈلھ: مۇرەسسە قىلماق. * ــ جانابىڭىز بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن بولدى، بۇرادەرچىلىكىمىزنى ياد ئېتىپ ئالاھىدە مۇڭداشقىلى كەلسەم، نېمىشقا مېنى مۇرەسسەگە كېلىپسىز دەپ گۇمان قىلىسىز؟ - دېدى ئۇ.

**مۇرەسسە قىلماق** ياراشتۇرماق، كېلىشتۈرمەك، سۈلھ قىلماق: بۇنى سىلى سەركەردىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇرەسسە قىلىپ بولمايدىغان ئىش.

**مۇرەسسەچى** ئى. مۇرەسسە قىلىدىغان ئادەم، ياراشتۇرغۇچى، كېلىشتۈرگۈچى، سۈلھچى: — مۇرەسسەچى كېلىپتۇ، — دېدى ۋە شۇئان پالۋانلارنىڭ قولىغا مۇنداق... قىلىشلار دەپ پىچىرلىدى، پالۋانلار بۇيرۇق بويىچە چىقىپ كېتىشتى.

**مۇرەسسەچىلىك** ئى. مۇرەسسە قىلىش ئىشى، پائالىيىتى: مەن روھانىيدىن ياردەم ئالمايمەن. بولدى شۇنچە مۇرەسسەچىلىك، يەدەر! مۇنداق مۇرەسسەلەردىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاقىۋەتلىرىدىن يېتەرلىك ئازاب تارتتىم.

**مۇرەسسەسىز** سۈپ. مۇرەسسە قىلمايدىغان: ئۇ ساقال-بۇرۇتنى ئۈچ كۈندىن ئاشۇرماي قىرىپ تۇراتتى، خىزمەتتە ئەستايىدىل، يولداشلار ئارا مۇئامىلىدە سىلىق، پرىنسىپلىق مەسىلىلەردە كەسكىن ۋە مۇرەسسەسىز ئىدى.

**مۇرەسسەسىزلىك** «مۇرەسسەسىز»

سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك، مۇرەسسەسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

**مۇرەسسەلەشتۈرمەك** «مۇرەسسەلەشمەك»

ىئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ پۈتۈنلەي

ۋاتقا ئۇيغۇن سادىدا چىنلىق

كتەپ پەلسەپىسىنىڭ

لەشتۈرۈش

**مۇدىر**

ۋەزى

سىفەت

باشلىغانىد

مۇدىرلىق ۋە

**مۇدىرىيەت** ئى

**مۇراببا** ئى (ئە) مېۋ

شېكەر قىيامى ياكى

بىلەن قوشۇپ قا

تەييارلىنىدىغان بىر خىل

ئالما مۇراببا سى. ئەنجۈر مۇراب

مۇراببا سى. پەمدۇر مۇراببا سى.

**مۇرەسسە-مادارا** مۇرەسسە ۋە مادارا: مۇرەسسە-مادارا قىلماق.

**مۇرەسسە-ماداراچىلىق** < پەلس > ① قەدىمكى جۇڭگودىكى كۇڭزىچىلارنىڭ ئېتىكا ئىدىيىسى. ئۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھېچقايسى تەرەپكە يان باسماسلىق، ئاشۇرۇۋەتمەسلىك ھەم كەم قىلىپ قويماسلىق پوزىتسىيىنى تۇتۇشنى ئەڭ يۇكسەك ئەخلاق ئۆلچىمى ھېسابلايدۇ. ② قەدىمكى يۇنانىدىكى ئارىستوتېلنىڭ ئىبارىسى. مەنىسى — ھېچقايسىغا يان باسماسلىق، ئىككى قۇتۇپنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇش دېمەكتۇر.

**مۇرەككەپ** سۈپ (ئە) ① يېشىلىشى، چۈشىنىلىشى، ھەل قىلىنىشى ياكى بېجىرىلىشى ئاسان بولمىغان؛ تەس، قىيىن، مۈشكۈل: مۇرەككەپ مەسىلە. مۇرەككەپ ئىش. * ئۇلار كۆپ باش قاتۇرۇشتى، ئەھۋال ئىلگىرىكى قېتىمدىكىدىن كۆپ مۇرەككەپ ئىدى. * ئاجايىپ ئىش — ھە، تېخى سەل بۇرۇن ئىككى جىددىي ۋە مۇرەككەپ ئوپېراتسىيىنى تۈگىتىپ ئۆز ئۆيىگە قايتقان ئەمەسمىدى، ئەمدى نېمىشكە ئۆزى كېسەلخانا كارىۋىتىدا ياتىدۇ. ② بىرنەچچە بۆلەكتىن، ئېلېمېنتتىن تەركىب تاپقان، كۆپ تەركىبلىك، ئاددىي

ىس: مۇرەككەپ سان. مۇرەككەپ تۇز.

كەپ يوپۇرماق. * ئاممونىيا ئۆسۈملۈك

ھايۋان ماددىلىرىنىڭ چىرىشىدىن پەيدا

مىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ گاز بولۇپ،

ۋ ھايۋانلار ئۈچۈن زىيانلىق، ئۆسۈملۈكلەر ئۈچۈن پايدىلىقتۇر. ئادەتتىكى ھاۋانىڭ تەركىبىدە ناھايىتى ئاز مىقداردا بولسا زىيانلىق ئەمەس.

**مۇرەككەپ ئاتالغۇلۇق سان** < مات > ئىككىدىن ئارتۇق بىرلىكنىڭ نامىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان سان. مەسىلەن، 5 پۈتۈن 8 مو، 3 جاڭ 5 چى 2 سۇڭ قاتارلىقلار.

**مۇرەككەپ ئاۋاز** <فىز> كۆپلىگەن ساپ ئاۋازلاردىن تەشكىل تاپقان ئاۋاز. مۇرەككەپ ئاۋازنىڭ چاستوتىسى بۇ مۇرەككەپ ئاۋازنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي ئاۋازنىڭ چاستوتىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئادەتتە چالغۇ ئەسۋابلىرى چىقارغان ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى مۇرەككەپ ئاۋاز بولىدۇ.

**مۇرەككەپ ئەمگەك** <س ئىق> مۇئەييەن دەرىجىدە تەربىيە ئالغان، بەلگىلىك تېخنىكىۋى ئارتۇقچىلىققا ئىگە ئادەملەرنىڭ شۇغۇللىنىدىغان ئەمگىكى.

**مۇرەككەپ تاناسىپ** <مات> ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئاددىي تاناسىپتىن تۈزۈلگەن تاناسىپ.

**مۇرەككەپ تۇز** <خىم> ئىككى خىل ياكى ئىككى خىلدىن ئارتۇق ھەر خىل تۇزلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تۇز. بۇ خىل تۇز ئېرىتمىدە ئەسلىدىكى تۇزنىڭ ئاددىي ئىئونلىرىغا پارچىلىنىدۇ. مەسىلەن، كالىي سۇلفات بىلەن ئاليۇمىن سۇلفات بىرىكىپ ئاليۇمىنلىق ئاچچىق تاشنى ھاسىل قىلىدۇ. $[KAl(SO_4)_2 \cdot 12H_2O]$.

**مۇرەككەپ جۈملە** <تىل> ← **قوشما جۈملە**.

**مۇرەككەپ خەۋەر** <تىل> جۈملىنىڭ پېئىل خاراكتېرلىق سۆز بىرىكمىسىدىن ھاسىل بولغان خەۋىرى.

**مۇرەككەپ دۆم پۈرمە** <گېئول> نۇرغۇن پۈرمىلەردىن تەشكىللەنگەن زور ھەجىمدىكى دۆم پۈرمە.

**مۇرەككەپ رەڭلىك يورۇقلۇق** <فىز> بىر نەچچە خىل يورۇقلۇقنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان يورۇقلۇق. مەسىلەن، كۈن نۇرى (يورۇقلۇقى). مۇرەككەپ رەڭلىك يورۇقلۇق پىرىزمىدىن ئۆتكەندە دىسپېرسىيە (رەڭنىڭ تارقىلىشى) ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

**مۇرەككەپ سان** <مات> تەبىئىي سانلار ئىچىدىكى 1 ۋە ئۆزىگە پۈتۈن بۆلۈنگەنلىدىن تاشقىرى، باشقا سانلارغىمۇ پۈتۈن بۆلۈنىدىغان سان. مەسىلەن، 6 (1 ۋە 6 گە پۈتۈن بۆلۈنىدۇ ھەم 2 بىلەن 3 كىمۇ پۈتۈن بۆلۈنىدۇ).

**مۇرەككەپ قالدۇق** <خىم> ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئېلېمېنت ئاتومىنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان رادىكال. مەسىلەن، ئاممونىي رادىكالى ($NH_4^+$).

**مۇرەككەپ كەسىر** <مات> سۈرىتى ياكى مەخرىجى كەسىر سان بولغان كەسىر، مەسىلەن:

$$\frac{\frac{3}{4}}{7},\quad \frac{5}{\frac{2}{3}},\quad \frac{\frac{5}{6}}{\frac{7}{8}}.$$

**مۇرەككەپ كەسىر ئىپادە** <مات> ئەگەر كەسىر ئىپادىنىڭ سۈرىتى ياكى مەخرىجىدە كەسىر ئىپادە بولسا، بۇنداق كەسىر ئىپادە مۇرەككەپ كەسىر ئىپادە دېيىلىدۇ. مەسىلەن،

$$\frac{a}{\frac{b}{c}},\quad \frac{1+\frac{2}{x}}{x+2},\quad \frac{\frac{2}{a}+\frac{1}{b}}{\frac{2}{a}-\frac{1}{b}}.$$

**مۇرەككەپ كۆز** <زوئول> ھاشارەتلەرنىڭ ئاساسلىق سېزىش ئورگىنى. نۇرغۇن ئالتە بۇرجەكلىك كىچىك كۆزلەردىن قۇرۇلغان. مەسىلەن، چۈمۈلىنىڭ بىر

مۇرەككەپ كۆزى 50 دانە كىچىك كۆزدىن قۇرۇلغان.

**مۇرەككەپ كۆنلۈكسىمان گۈل رېتى** < بوت > چەكسىز گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى. گۈل رېتى ئوقىنىڭ ئۇچى شاخلىنىدۇ، ھەربىر شېخىنىڭ ئۇچىدىن بىر كۆنلۈكسىمان گۈل رېتى ئۆسىدۇ. مەسىلەن، سەۋزە، ئارپېبەدىيانىنىڭ گۈل رېتى.

**مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسى** < بوت > قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. ئۇ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر ئائىلىسى ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئائىلە بولۇپ، ئۇنىڭغا كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر بىر ياكى كۆپ يىللىق، كۆپچىلىكى سامان غوللۇق كېلىدۇ. بەزى تۈرلىرىنىڭ شىرنىسى بولىدۇ، تەگ يوپۇرمىقى بولمايدۇ. گۈللىرى نەيچە ياكى تىل شەكلىدە بولۇپ، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. گۈل كاسا نەيچىسى بىلەن ئۇرۇقدىنى بىرلىشىپ ئۆسكەن بولىدۇ. ئۇرۇقدىنى بىر خانىلىق كېلىدۇ، تۆرەلمە تۈگۈنىمۇ بىر. مېۋىسى ئۇرۇق مېۋە. بۇ ئائىلىگە كىرىدىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرى 1900 خىلدىن ئاشىدۇ.

**مۇرەككەپ ماياتنىك** < فىز > قوزغالماس ئوقنى ئايلىنىپ تەۋرىنىدىغان ئېغىر جىسىم (ئوق سىزىقى ئېغىرلىق مەركىزىدىن ئۆتمەيدۇ). مەسىلەن، سائەت ماياتنىكى.

**مۇرەككەپ مەسىلە** ① چۈشىنىش، يېشىش ياكى ھەل قىلىش قىيىن، تەس بولغان مەسىلە. ② < مات > ئارىفمېتىكىدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يول بىلەن ھېسابلىنىدىغان مەسىلە.

**مۇرەككەپ مېۋە** < بوت > بىر گۈل رېتىدىكى ئورغۇنلىغان گۈللەرنىڭ ئۇرۇقدىن يېتىلىپ كەلگەن بىرلەشمە مېۋە.

مەسىلەن، ئۈجمە، ئەنجۈرلەرنىڭ مېۋىسى مۇرەككەپ مېۋىدۇر.

**مۇرەككەپ نىسبەت** < مات > ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق نىسبەتنىڭ ئالدىنقى ۋە كېيىنكى ئەزالىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئۆز ئارا كۆپەيتىشتىن ھاسىل بولغان نىسبەت. مەسىلەن، a:b , c:d , e:f لارنىڭ مۇرەككەپ نىسبىتى ace: bdf .

**مۇرەككەپ ھۆكۈم** < لوگ > باشقا بىرقانچە ھۆكۈمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھۆكۈم.

**مۇرەككەپ يوپۇرماق** < بوت > بىر يوپۇرماق سېپىدا ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق كىچىك يوپۇرماقلار ئۆسكەن يوپۇرماق. كىچىك يوپۇرماقلارنىڭ تىزىلىشى ۋە سانىغا قاراپ ئۈچقۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، ئالقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق ۋە پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق دەپ ئايرىلىدۇ.

**مۇرەككە پلە شتۈرمەك** «مۇرەككە پلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھازىر قەبىھ كۈچلەر بىلەن قالاق-مۇتەئەسسىپ كۈچلەرنىڭ بىرلىشىۋېلىپ، بىر-بىرىگە تەسىر كۆرسىتىشى تاقابىلىقى ئەھۋالنى بىرقەدەر مۇرەككە پلە شتۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ.

**مۇرەككە پلە شتۈرۈلمەك** «مۇرەككە پلە شتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇرەككە پلە شمەك** پ ① مۇرەككەپ ئەھۋالغا ئايلانماق؛ مۇرەككەپ ھالەتكە كەلمەك: بۈگۈنكى كۈندە ئاقسۇ ۋەزىيىتى مۇرەككە پلىشىپ كەتتى. ② قىيىنلاشماق، ئېغىرلاشماق: ئۇلار 2-يىللىق ئوقۇشنى باشلىغاندا دەرسلەر بارغانسېرى مۇرەككە پلىشىشكە باشلىدى.

**مۇرەككە پىلىك** « مۇرەككەپ » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ بۇ ئۇمىدكە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ تولىمۇ مۇرەككەپ ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. دەل مۇشۇ مۇرەككەپلىك ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى چىڭىتىپ باراتتى.

**مۇرتەت** ئى (ئە) <دىن> دىندىن، ئىسلام دىنىي ئېتىقادىدىن يانغان، خۇداغا شەك كەلتۈرگەن ئادەم: بەزىلەر، « بۇ قانداق گەپ؟ ئۇنى نېمىشقا ساقلايسىلەر؟ » دېسە، بەزىلەر « بۇ مۇرتەتنى تىرىك قويماقچىمۇسىلەر؟ » دەپ ۋارقىرايتتى.

**مۇرتەتلىك** ئى. دىندىن چىققانلىق، دىنسىزلىق؛ دەھرىيلىك: — سېنىڭ بۇ ئىشىڭ قىپقىزىل مۇرتەتلىك، — دېدى موللام ئۇنىڭغا.

**مۇرچۇبا** ئى (پ) < بوت > گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدىكى تۈگۈنەك يىلتىزى گۆشلەشكەن، غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكلىدە كېلىدۇ. گۈلى كىچىك بولۇپ، ئاق ياكى سەل-پەل سېرىق ئارىلاش كېلىدۇ. شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ، رەڭگى قىزىل. تۈگۈنەك يىلتىزىنى ئىستېمال قىلغىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. قىزىتمىنى ياندۇرۇش، يۆتەل توختىتىش، سۈيدۈك راۋان قىلىش روللىرىغا ئىگە.

**مۇردا** ئى (پ) ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتى؛ ئۆلۈك: كىيىۋاپتۇ « ئالىم » لىق قالپىقىنى بېشىغا، مۇردىسىغا تۈلكىنىڭ تاۋار يوپۇق ياپقاندەك. تىزىلىپتۇ ئالىملار، تو ۋا! ... ئۇنىڭ كەينىگە، نار تۆگىنى ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا چاتقاندەك.

**مۇردا بۇيۇملىرى** < ئارخېئول > ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتى بىلەن بىللە كۆمۈلىدىغان پۇل-پۇچەك، ئەسۋاب-ئۈسكۈنە قاتارلىق نەرسىلەر.

**مۇردا قۇربانلىقى** < ئارخېئول > قەدىمكى زاماندا بەزى مىللەتلەردە بولغان ئۆلگەن كىشىنىڭ جەسىتى بىلەن ئۇنىڭ ئاياللىرى، خىزمەتچىلىرى ۋە قۇللىرىنى بىللە كۆمىدىغان بىر خىل ئادەت.

**مۇردىخانا** ئى (پ) مۇردا (جەسەت) قويۇلىدىغان ئۆي.

**مۇرمەككى** ئى (پ) < بوت > ① مۇرمەككى دەرىخى. ② شۇ دەرەخنىڭ دېۋىرقىيى (يېلىمى). كاللەك ياكى دانچە ھالەتتە بولىدۇ. رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر ياكى سارغۇچ قوڭۇر. جۇڭيىدا دورا قىلىنىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش، ئۇيۇشۇشنى تارقىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**مۇرمەككى دەرىخى** < بوت > زەيتۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. شاخلىرىدا تىكىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى يۇمىلاق تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق، ئۇچكىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە، ئافرىقا ۋە ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن چىقىدۇ. ئۇنىڭدىن مۇرمەككى يېلىمى ئېلىنىدۇ.

**مۇرۇللۇغ** سۇپ. دىئال. ۋەدىلەشكەن، باغلىنىپ قالغان.

**مۇرۇۋۋەت** ئى (ئە) يېزت. ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن بىراۋغا قىلىنغان ياخشىلىق؛ ساخاۋەت، ھىممەت: مۇرۇۋۋەت قىلماق. * — ئىنسانلار ئارىسىدا مۇنداق مۇرۇۋۋەت ھاتەمدىن باشقىلاردا كەمرەك، بۇ قىلمىشىڭدىن بىلدىمكى، سەن چوقۇم ھاتەم، — دېدى ئۇ. * ھەرقاچان بىراۋغا قىلساڭ مۇرۇۋۋەت، قەلبىڭدە سىر قىلىپ ساقلا تائەبەت. گەر بىراۋ ئەيلىسە مۇرۇۋۋەت ساڭا، تەشەككۇر

ياغدۇرغىن ھەم قەدىرگە يەت.

**مۇرۇۋۋەتسىز** سۈپ. مۇرۇۋۋىتى يوق، مۇرۇۋۋەتنى بىلمەيدىغان، شەپقەتسىز، شاپائەتسىز: مۇرۇۋۋەتسىز ئادەم. * دېمەككى، بۇ مۇرۇۋۋەتسىز جاھاندىن، ئۇ شۇنداق دەرد بىلەن كۆز يۇمدى سەئىدىن. پۈتۈن سۆز رابىيە ئۈستىدە قالدى، سۆز ئەمدى سەئىدىن ئۈستىدىن ئۈزۈلدى.

**مۇرۇۋۋەتلىك** سۈپ. بىراۋغا مېھىر-شەپقەت قىلىدىغان، ساخاۋەتلىك، ھىممەتلىك: مۇرۇۋۋەتلىك ئادەم. * — مۇرۇۋۋەتلىك سىيىت ھاجىم ناھەق قان تۆكۈلۈشتىن ساقلىنىش تەرەپدارىدۇر، — دېدى ئۇ. * مۇرۇۋۋەتلىك، بىلىملىك مۇشۇ شائىر، سوراپ ئالغان ئۆلۈمدىن ئۇنى ئاخىر.

**مۇرىت** ئى (ئە) ① بىرەر روھانىي، ئۇستاز، پىر، ئىشان قاتارلىق تونۇلغان كىشىلەرگە قول بەرگەن، ئەگەشكەن كىشى ياكى ئۇنىڭ شاگىرتى، مۇخلىسى؛ تالىپى: پېشقەدەملەر بارات مەزىننى ياش ۋاقتىدا سوپى-ئىشانلارغا مۇرىت بولغان دېيىشىدۇ. * شەيخ پالۋاننىڭ ئىلكىگە سادىق مۇرىت بولۇپ باغلانغانلىقىنى ئاللىقاچان بىلگەنىدى. * بۇ خەلپە ناھايىتى موللا، تەقۋادار ھەم ئۆلىما ئادەم بولۇپ، ئۆزىمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەن، يەتتە ئىقلىم بويىچە مۇرىتى يەتتە مىڭغا يەتكەنىكەن. ② مەلۇم بىر دىن، مەسلەك، گۇرۇھ، ئېقىم قاتارلىقلارغا ئېتىقاد قىلغان، ئۇنىڭغا مەنسۇپ بولغان، ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشى: خرىستىئان مۇرىتى. بۇددا مۇرىتلىرى. * گەرچە خانلىقنى ئېلىشتا ئىسلام مۇرىتلىرى ئۇنىڭغا ھەمدەمدە بولغان بولسىمۇ، باشقىلارنى بۇ يات دىنغا كۆندۈرۈش ئاسانغا چۈشەرمۇ؟ * 18-ئەسىردىكى فرانسىيە ماتېرىيالىستلىرىنىڭ ۋە ئەڭ يېڭى پەيلاسوپ ئېنگىلسنىڭ ھەم ئۇنىڭ روسىيىدىكى مۇرىتى بېلىنوۋنىڭ نۇقتىئىنەزىرى ئاساسەن ئەنە شۇنداق. * بۇ «سىلىك» «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە شەخسىي سوراقخانا قۇرۇپ، نۇرغۇن بىگۇناھ كىشىلەرنى قىيناپ ئازابلىغانىدى. ھەتتا مۇرىتلىرىنى يېقىن ئەتراپتىكى يېزىلارغا باشلاپ بېرىپ، بۇلاڭ-تالاڭمۇ قىلغان.

**مۇرىت-مۇخلىس** مۇرىت ۋە مۇخلىس: ئۇ يەردە بىر شەيخنىڭ مۇرىت-مۇخلىسلىرى قاتار ھەلقە تۈزۈپ ئولتۇرغانىكەن.

**مۇز** ① ئى < فىز > سۇنىڭ سېلسىيە نۆل ياكى ئۇنىڭدىن تۆۋەن گرادۇستا سوۋۇپ قېتىششىدىن ھاسىل بولىدىغان قاتتىق جىسىم: مۇز پارچىسى. مۇز قاتماق. مۇز تۇتماق. مۇز دەۋرى. مۇز دانىچىسى. مۇز كرىستالى. مۇز چۆكۈندىسى. // مۇز ئوكيان. ② سۈپ. كۆچمە. سوغۇق، تولڭ، يېقىمسىز: مۇز چىراي. مۇز قاپاق.

**مۇز ئازگىلى** < گېئول > مۇزلۇقنىڭ تەسىر قىلىش دائىرىسىدە، مۇزلۇق ئىچى ياكى مۇزلۇق ئاستىدىكى تېز ئاققان مۇز سۈيى ئېقىتىپ كەلگەن تاش پارچىلىرىنىڭ تېز سۈرئەتتە دومىلاپ ئۇرۇلۇشى ئارقىسىدا ئاستىغا قاراپ چۈشكەن جىنس قاتلىمىدا پەيدا بولغان قايناممسمان چوڭقۇر ئازگال.

**مۇز پەسلى ئارىلىقى** < گېئول > ئىككى مۇزلۇق پەسىل ئارىلىقىدىكى ئىقلىمى ئىللىق بولغان ھەمدە مۇزلۇقلار ئېرىپ تارايغان ۋاقىت.

**مۇز پېشانە** ئىنتايىن تولڭ، قوپال: گايىتتەك تومبالقىلار، نادەمدەك مۇز پېشانىلارمۇ مېنىڭ قولۇمغا قارايدىغان بولىدۇ.

**مۇز تاغ** ① ئۈستىدىكى مۇزلار يىل بويى ئېرىمەيدىغان تاغ. ② < گېئول >

مۇزلۇقنىڭ ئاخىرقى قىسمى دېڭىز-ئوكيانلارغا ئېقىپ كىرگەندىن كېيىن، دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن غايەت زور مۇز پارچىسى. مۇز تاغنىڭ يېنى تىك دېگۈدەك بولۇپ، بەزىدە ئېگىزلىكى 200 مېتىر ئۆپچۆرىسىدە بولىدۇ.

**مۇز تەلەت** رەڭگىرويى يېقىمسىز، چىرايىدىن مۇز ياغىدىغان، چىرايى سۆرۈن؛ تونۇڭ، قوپال: ئامبالنىڭ بۇ تەرىقە قاتتىق سىياسەت قىلغىنى ۋە ئابلىز قارىنىڭ مۇز تەلەت چىرىكلەرگە ئۆزىنى ئۆزى تۇتۇپ بەرگەنلىكىدىن قورققان پۇقرالارنىڭ تېنىدىن دەرمان قاچتى.

**مۇز توپ** <تەن> ① بىر خىل مۇز ئۇستى تەنھەرىكىتى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى مۇز توپ پالىقى بىلەن توپنى قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئۇرۇپ كىرگۈزۈپ نومۇرغا ئېرىشىدۇ، ئېرىشكەن نومۇرى كۆپرەكلىرى غەلبە قىلغان بولىدۇ. ② مۇز توپ تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. ياپىلاق ھەم يۇمىلاق كېلىدۇ. ئادەتتە قارا رەڭلىك قاتتىق كاۋچۇكتىن ياسىلىدۇ.

**مۇز توپ كانكىسى** <تەن> مۇز توپ تەنھەرىكىتىدە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان كانكى. ئادەتتە قىسقا، بىسى كەڭ، تىرىگۈچىسى سەل ئېگىز كېلىدۇ.

**مۇز تۇتماق** مۇزغا ئايلانماق، مۇز قەۋىتى ھاسىل بولماق: دەل-دەرەخلەر ئاق كۈمۈشتىن لىباس كىيگەن بولۇپ، مۇز تۇتۇپ كەتكەن يوللار ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى.

**مۇز تېيىلىش** <تەن> بىر خىل مۇز ئۇستى تەنھەرىكەت تۈرى. بۇنىڭدا، پۇتىغا كانكى كىيگەن تەنھەرىكەتچى مەخسۇس ياسالغان. مۇز تېيىلىش مەيدانىدا ئىككى پۇتىنى نۆۋەت بىلەن ئىشقا سېلىپ تېيىلىپ ماڭىدۇ. مۇسابىقە ئادەتتە تېز مۇز تېيىلىش ۋە فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**مۇز تېيىلىش مەيدانى** <تەن> مەخسۇس ياسالغان مۇز تېيىلىش ئورنى. ئادەتتە يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىغا ياكى تۈزلەڭ يەرگە سۇ قۇيۇپ مۇز توڭلىتىپ ياسىلىدۇ. مۇز مەيدانىنىڭ تېيىلىش يولى يېنىك ئاتلېتىكا مەيدانىنىڭ يۈگۈرۈش يولىغا ئوخشايدۇ، ئەمما مۇسابىقىدا ئىچكى ۋە تاشقى ئىككىلا تېيىلىش يولى بولىدۇ.

**مۇز چۆكۈندىسى** <گېئول> مۇزلۇق يۆتكەلگەندە بىللە ئېلىپ كەلگەن ھەر خىل ئوخشىمىغان چوڭلۇقتىكى تاغ جىنىس ئۇۋاقلىرى. مەسىلەن، چوڭ قورامىلار، شېغىللار، دۈگىلەك شېغىللار، قۇملار ۋە سېغىزلار. ئۇلار مۇزلۇق ھەرىكىتى جەريانىدا ھەم مۇز ئېرىگەندە بىۋاسىتە دۆۋىلىنىپ پەيدا بولىدۇ.

**مۇز خالتىسى** <تىب> مۇز قاچىلىنىدىغان رېزىنكە خالتا. ئادەتتە ئۇنى كېسەل كىشى بەدىنىنىڭ مەلۇم قىسمىغا تەگكۈزۈش ئارقىلىق شۇ ئورۇننىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىتىلىدۇ.

**مۇز دانىچىسى** <مېتېئور> بۇلۇتتىن چۈشكەن قاتتىق ھەم سۈزۈك، ئۇششاق مۇز پارچىلىرى.

**مۇز دەۋرى** <گېئول> گېئولوگىيە تارىخىدا كەڭ كۆلەمدە مۇزلۇق پەيدا بولغان مەزگىل. پۈتكۈل يەر شارىنىڭ گېئولوگىيە تارىخىدا ئۈچ قېتىم زور مۇز دەۋرى بولۇپ ئۆتكەن. ئۇلار زېڭدەن

مۇز دەۋرى، كۆمۈر دەۋرى — ئىككىلەمچى مۇز دەۋرى ۋە 4-مۇز دەۋرىدىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزدە 4-مۇز دەۋرى ئەڭ تەپسىلىي تەتقىق قىلىنغان.

**مۇز دۇمبەل** < گېئول > مۇزلۇق يۆتكەپ دۆۋىلەنگەن تۇرلۇك ماددىلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**مۇزغا دەرەخگە ئاتقاندەك** قاملاشمىغان، جايىغا چۈشمىگەن، داڭقان پۈتى: لېكىن مۇزغا دەرەخگە ئاتقاندەك، قوپال يېقىمسىز ئاڭلىنىۋاتقان بۇ گەپلەر ھېيزىخاننىڭ سەۋر قاچىسىنى ئۇرۇپ چاقتى.

**مۇز كرىستاللىق جىنس** < گېئول > ← كرىئولىت.

**مۇز كرىستالى** < فىز > ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سېلسىيە نۆل گرادۇستىن تۆۋەن بولغاندا، ھاۋادىكى سۇ پارىنىڭ توڭلىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان كرىستال ھالىتىدىكى ئۇششاق دانىچىلار.

**مۇز كۆل** < گېئول > مۇزلۇقنىڭ كولاپ ئۇپرىتىشى ياكى مۇز دۇمبەلنىڭ مۇزلۇق ئوقۇرسىمان جىلغىنى توسۇۋېلىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن شەكىللەنگەن ئويۇلمىلارغا سۇ يىغىلىشتىن ھاسىل بولغان كۆللەر. ئالدىنقىسى «مۇز يالىغان كۆل» كېيىنكىسى «مۇز دۇمبەل كۆل» دەپ ئاتىلىدۇ.

**مۇز ئۈستى تەنھەرىكىتى** < تەن > قىش پەسىللىك تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ بىرى. تېز مۇز تېيىلىش، فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش، مۇز توپ قاتارلىق تۈرلەر بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. رەسمىي مۇسابىقىلەر مەخسۇس ياسالغان مۇز تېيىلىش مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**مۇز يىغىنچىسى** < مېتېئور > ھاۋادا لەيلەپ يۈرگەن ئۇششاق، ياپىلاق ياكى يىڭنىسىمان مۇز كرىستاللىرى.

**مۇزاكىرە** ئى (ئە) ① بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆز ئارا بايان قىلىنىدىغان ياكى قىلىنغان پىكىر، تالاش-تارتىش، مۇھاكىمە: مۇزاكىرە قىلماق. * — ناھىيىلىك پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەتلىرى يىغىنىدا يېڭىدىن ئۆستۈرۈلىدىغان كادىرلار ھەققىدە مۇزاكىرە بولدى. * ئادىتىمىز بويىچە بۈگۈن، يەنى پەيشەنبە مۇزاكىرە كۈنى. نېمىدىن باشلايمىز؟ مېنىڭچە، باياتىن سىلەر تالاشقان مەسىلىلەردىن باشلايلى. قېنى، كىم سۆزلەيدۇ؟ — دېدى بىلگە تېكىن. ② تەكرار، تەكرارلاش (ئوقۇغۇچىلار پائالىيىتى ھەققىدە): ھەربىر ئوقۇغۇچى ھەر كۈندىكى ئالتە سائەت دەرس، ئىككى سائەت مۇزاكىرىگە شەرتسىز قاتنىشىشى كېرەك.

**مۇزاكىرە قىلماق** ① بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئۆز ئارا پىكىر بېرىشمەك، تالاش-تارتىش قىلىشماق، مۇھاكىمە قىلماق. مۇزاكىرىلەشمەك: ئۇلار «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىنى چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇشنىڭ تەدبىرلىرى ۋە چارىلىرىنى مۇزاكىرە قىلدى. ② ئۆتكەن دەرسلەرنى تەكرارلىماق: — كۈندە ئەتىگەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ يۈز-كۆزۈمنى يۇيۇپلا بىر سائەت مۇزاكىرە قىلىمەن، — دېدى ئۇ.

**مۇزاكىرىسىز** رەۋ. مۇزاكىرە قىلىنماي، مۇزاكىرىگە قويۇلماي: ئۇ بىرنەچچە ئەمەلىي تەكلىپلەرنى بەردى، تەكلىپلەرنىڭ كۆپچىلىكى مۇزاكىرىسىزلا قوبۇل قىلىندى.

**مۇزاكىرىلەشمەك** پ. بىرەر مەسىلە ھەققىدە تالاش-تارتىش، مۇلاھىزە قىلىشماق، پىكىر يۈرگۈزۈشمەك، مۇزاكىرە ئېلىپ بارماق: بىر كۈنى، داۋۇت ئۆز ئەتىرىتىدىكىلەرنى

يىغىپ، ماتورلۇق كېمىنى باپلاش توغرىسىدا مۇزاكىرىلەشتى. * تۇنۇگۇن چۈشتىن كېيىن دوختۇرخانا رەھبەرلىكى بىلەن مۇزاكىرىلەشتۇق، ئۇلار پىكرىمنى ماقۇل كۆردى.

**مۇزەپپەر** [ئە] ① سۈپ. زەپەر قۇچقان، غەلىبە قازانغان، غالىب: قانچە ئاپەتلەرنى يەڭگەنلىك قەھرىگە بەرداش بېرىپ، پەم-پاراسىتىنىڭ مۇزەپپەر تەختىدە كۆردۇم سېنى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۇزخانا** ئى. يازدا مۇز ساقلايدىغان جاي، ئورا: سەلەي سوغۇقتىن كۆرە، قورقۇنچتىن بەكرەك تىترەپ مەشكە ئوت قالاشقا تۇتۇندى. ئەسلىدە، ئوت قالىغۇسى يوق ئىدى. ئەمما، مۇزخانىدىن پەرقى يوق بۇ چوڭ ئامباردا ئوت بولمىسا بەش مىنۇتمۇ تۇرغىلى بولمايتتى. * سەلەي ئاخۇن يازدا دۇغاپ ئېتىدىغان مۇزنى ئاللىقاچان مۇزخانىغا ئەكىرىپ بولغان ئىدى.

**مۇزدەك** سۈپ. سوغۇق: مۇزدەك سۇ. مۇزدەك گۆش. * ھۆسەيىنەم بىرپەس دېمىنى ئېلىپ ياتتى، پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىقىپ تۇراتتى. * ئۇ لامپىنى ئۆچۈرۈپ ئادىتى بويىچە تاڭ سەھەرنىڭ مۇزدەك ھاۋاسىغا چىقتى.

**مۇزلاتماق** ① «مۇزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شۇنداق كىرەرمۇ قاراڭغۇ قىشقا! ھاياتنى سوغۇقى بىلەن مۇزلىتىپ؟! ئىس-تۈتۈن ئۈستىگە ئاھ، يۈرەكلەرنى ئاسارمۇ سۇر قىلىپ، تىلىپ-تۇزلىتىپ؟! ② كۆچمە. ئىجرا قىلىش، بېجىرىشنى ۋاقىتلىق توختىتىپ قويماق، ۋاقىتلىق كۈچىدىن قالدۇرماق: ھازىر دۆلەت كارخانىلىرى مەھسۇلاتلىرى بىلەن كوللېكتىپ كارخانىلار مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىنى ئاز دېگەندە يېرىم يىل مۇزلىتىپ قويۇش كېرەك.

**مۇزلۇق** ① سۈپ. مۇزى بار، مۇز قاتقان: مۇزلۇق كۆل. مۇزلۇق دەريا. ② ئى < گېئول > قارنىڭ يىغىلىشىدىن شەكىللەنگەن ھەمدە كۆچىدىغان مۇز گەۋدىسى. ئۇ ئادەتتە دائىچىسىمان قار ئويمانلىقى مەنبەسى بىلەن ئېقىپ چىققان تىلسىمان مۇزلارغا ئايرىلىدۇ. مۇزلۇقتىكى مۇز مەلۇم ئېلاستىكلىققا ئىگە بولۇپ، ئېغىرلىق كۈچى ۋە بېسىم تەسىرىدە كۆچىدۇ.

**مۇزلۇق فاتسىيىسى** < گېئول > قۇرۇقلۇق فاتسىيىلىك چۆكۈندە تۈرلىرىنىڭ بىرى. يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى تۆۋەن بولىدىغان رايونلاردا شەكىللىنىدۇ. ئۇ يەر شارى تارىخىدا زور كۆلەمدىكى مۇزلۇق پەيدا بولغان مەزگىلگە مەسلەن، 4-دەۋرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇ مۇزلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان جىنس ئۇۋۇندىلىرىنى، مەسىلەن، قورام تاش، شېغىل، قۇم، سېغىز توپا قاتارلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ يۆتكىشى ۋە ئېرىشىدىن بىۋاسىتە دۆۋىلىنىپ ھاسىل بولىدۇ.

**مۇزلۇق گېئولوگىيىسى** < گېئول > قەدىمى مۇزلۇق ئىلمى، يەنى قەدىمكى مۇزلۇقلارنىڭ ئىزلىرىغا باھا بېرىش ئاساسىدا، مۇزلۇقلارنىڭ يېيىلىش قانۇنىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى، مۇز مەزگىلى ۋە مۇز مەزگىلى ئارىلىقىدىكى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ گېئولوگىيىلىك رولى ۋە تەسىرىنى چۈشەندۈرىدىغان پەن.

**مۇزلۇق گېئومورفولوگىيىسى** < گېئول > مۇزلۇقلارنىڭ يالىنىشى، دۆۋىلىنىشى سەۋەبىدىن شەكىللەنگەن يەر قىياپىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ تەتقىقات

مەزمۇنى ئادەتتە مۇز سۈيى دۆۋىلىگەن يەر قاتلىمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مۇزلۇق ئىزى** < گېئول > مۇزلۇق پەيدا بولۇش، كېڭىيىش ۋە يۆتكىلىش جەريانىدا بىۋاسىتە شەكىللەنگەن تۈرلۈك دۆۋىلەنمىلەر بىلەن يەر قىياپىتى مۇزلۇق ئىزى دېيىلىدۇ.

**مۇزلۇق يەر قىياپىتى** < گېئول > كۆچمە مۇزلارنىڭ يالىشى، دۆۋىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن يەر شەكلى.

**مۇزلىتىلماق** «مۇزلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مەلىكە ھەدە مۇزلىتىلغان قايناق سۈنى ئەكەلدى، ئالماس ئاكا دەرمانسىز قوللىرى بىلەن ئىستاكاننى چاڭگاللاپ قايناق سۇدىن بىر-ئىككى يۇتۇم ئوتلىدى-دە، بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى.

**مۇزلىماق** پ ① سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن مۇزلاپ قاتماق، مۇزغا ئايلانماق، توڭلىماق. ② توڭماق، سوۋۇماق: يازدا توڭلىغان قىشتا مۇزلايدۇ (ماقال). * ئۇنىڭ پۇتلىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە مويسىپىتلارنىڭ: «جان پۇتتىن باشلاپ چىقىدۇ، جان ئۇزۇۋاتقان ئادەمنىڭ ئاۋۋال پۇتى مۇزلايدۇ» دېگەن سۆزلىرى قايتا ئاڭلانغاندەك بولدى. * ـــ ئۇكاڭنى تولا گەپكە تۇتما، پەرىدەم، ئىشى مۇزلاپ كېتىدۇ، ـــ دېدى ئانىنەم.

**مۇزېي** ئى (ر< گرېك) تارىخىي ۋە ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان نەرسىلەرنى، سەنئەت، تېخنىكا، تەبىئەت نەمۇنىلىرىنى يىغىش، ساقلاش، تەتقىق قىلىش ۋە كۆرگەزمە قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مۇئەسسەسە: سەنئەت مۇزېيى. تارىخ مۇزېيى. * ۋىلايەت قارمىقىدا مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى ۋىزانتىيە ۋە بەش-ئالتە مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى فىرىكلار، ھېتتىلار مەدەنىيىتىنىڭ خاتىرىسى بولغان نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى بار. ھازىر ۋىلايەت مەركىزىدە 500 مىڭغا يېقىن ئاھالە ياشايدىكەن. بىرقانچە ئالىي مەكتىپى ۋە مۇزېيلىرى بار ئىكەن.

**مۇزىكا** ئى (ر< گرېك) ① تۇرمۇش ۋەقەلىكى ھەم كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى ئاۋۇشلۇق بەدىئىي ئوبراز، كۆي ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان بىر خىل سەنئەت تۈرى: سىمفونىيىلىك مۇزىكا. مۇزىكا ئەسۋابلىرى. مۇزىكا ئەسىرى. مۇزىكا نەزەرىيىسى. مۇزىكا تارىخى. مۇزىكىدىن تەلىم ئالماق. ② شۇ سەنئەتنىڭ چالغۇلار بىلەن ئىجرا قىلىنىدىغان ئەسىرى، كۆي: ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرى. بىتخوۋېن مۇزىكىلىرى.. * تاشۋاي ئۇزۇم بارىڭى ئاستىدا راۋابىنى تىرىڭلىتىپ، «سۇلۇن» مۇزىكىسى ئۇستىدە باش قاتۇرماقتا ئىدى. * ئۇ بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، باھار بايرىمىدا قويۇلىدىغان «ھېسسىيات» ۋە «دۈشمەن گازارمىسىدا ئۆتكەن 18 يىل» دېگەن تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىغا مۇزىكا ئىشلەش ۋە ئاكىسىنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقلىرى بىلەن بەند ئىدى. ③ چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ ئىجراسى، ئاۋازى: ئۇنىڭ كۆزلىرى ئاستا يۇمۇلۇپ، بېشى قايغاندەك بولدى. سىرتتىن يامغۇرنىڭ ئاۋازى ئەمەس، شوخ مۇزىكا ئاڭلانغاندەك بىلىندى. ④ كۆچمە. چالغۇ ئەسۋابى: مۇزىكا چالماق. مۇزىكا زاۋۇتى.

**مۇزىكا ئابزاسى** < مۇز > قىسقا ۋە ئىخچاملاشقان مۇكەممەل مۇزىكىلىق تۈزۈلمە. ئۇ مېلودىيە ئاساسى ئۇخشاش

بولغان ئىككى مۇزىكىلىق جۈملىنىڭ بىرىكمىسىدىن شەكىللىنىدۇ. لېكىن تاماملىنىشى ئوخشاش بولمايدۇ. 2-جۈملە (كېيىنكى جۈملە) تولۇق تاماملىنىشى بىلەن ئاخىرلاشتۇرۇلسا، 1- جۈملە (ئالدىنقى جۈملە) باشقىچە شەكىل بىلەن تاماملىنىدۇ (كۆپىنچە يېرىم تاماملىنىدۇ). ئەڭ تەكشى تەكچۈڭ بولغان مۇزىكا ئابزاسى ئۇزۇن-قىسقىلىقى ئوخشاش بولغان ئىككى مۇزىكا جۈملىسىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**مۇزىكا ئاھاڭى** < مۇز > تەركىبىي قىسىملىرى مەنە جەھەتتىن ئۆز ئارا باغلىنىپ بىرلىكنى ھاسىل قىلغان مۇزىكا، مۇزىكا ئەسىرى.

**مۇزىكا ئەترىتى** < مۇز > ئوخشاش بولمىغان چالغۇ-ئەسۋابلار بىلەن ئوخشاش بىر مۇزىكا ئەسىرىنى ئورۇنلىغۇچى سازەندىلەردىن تەشكىللەنگەن كوللېكتىپ.

**مۇزىكا بابى** < مۇز > يىرىك شەكىلدە يېزىلغان مۇزىكا ئەسىرىنىڭ بەلگىلىك تېمىغا ئىگە مۇستەقىل تەركىبىي قىسمى. بىر پۈتۈن سىمفونىيە ئادەتتە تۆت مۇزىكا بابىغا ئايرىلىدۇ.

**مۇزىكا جۈملىسى** < مۇز > ئاھاڭنىڭ ئەڭ كىچىك تەركىبىي قىسمى.

**مۇزىكا ئوركېستىرى** < مۇز > نۇرغۇن چالغۇ-ئەسۋابلاردىن تەركىب تاپقان سازەندىلەر مۇئەسسەسى، يەنى ئوخشاش بولمىغان بىرمۇنچە چالغۇ-ئەسۋابلار بىلەن ئوخشاش بىر مۇزىكا ئەسىرىنى ئورۇنلىغۇچى نۇرغۇن سازەندىلەردىن تەشكىللەنگەن تەشكىلات، ئۆمەك. ئوركېستىردا بىرقانچىسى بىر گۇرۇپپىغا تەشكىللىنىپ بىر تاۋۇش قىسمىنى ئورۇنلايدۇ. ئوركېستىرنىڭ تۈرى ئىشلەتكەن سازلارغا قاراپ پەرقلىنىدۇ. مەسىلەن، سىمفونىيە ئوركېستىرى، مىللىي مۇزىكا ئوركېستىرى، دۇخوۋۇي ئوركېستىرى دېگەنگە ئوخشاش.

**مۇزىكا يىغىنى** <مۇز> مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن مەخسۇس ئۇيۇشتۇرۇلغان كېچىلىك.

**مۇزىكانت** ئى (ر) < مۇز > ① مۇزىكا مۇتەخەسسىسى: بۇ «تاشۋاي» مۇزىكىسىنى ئۆزگەرتىپ ئىشلەپ ئاكورتلاشتۇرغۇچى پېشقەدەم مۇزىكانت ئىدى. ② سازەندە، چالغۇچى: — كەچ كىرىپ كەتتى، — دېدى مۇنىرىدىن، — ئەمدى بىز قايتايلى، ئەتە كەچتە ھۇجرامدا بولىمىز. يەكەندىن كەلگەن شاھابىدىن ناملىق مۇزىكانت مېھمىنىم بار. ئۇنىڭدىن ساز ئاڭلايسىلەر.

**مۇزىكىچى** ئى ① چالغۇ ئەسۋابى ياسايدىغان كىشى، مۇزىكا ئۇستىسى. ② مۇزىكا چالغۇچى، سازەندە، مۇزىكانت: تاڭ دەۋرىدە ئىچكى ئۆلكىلەردە ئوينالغان كۆپلىگەن شىنجاڭ ئۇسسۇللىرى مۇزىكا نەغمىلىرىنىڭ نامى بىلەن ياكى مۇزىكىچىلارنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**مۇزىكىچىلىق** ئى. مۇزىكا كەسپى: مانا بۇلار كوچا مۇزىكىسىنىڭ كۈيچىلىك سىستېمىسى بولۇپلا قالماي، ئومۇمىيلىق جەھەتتە پۈتۈن غەربىي رايون ۋە ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىنىڭ ئاساسىي كۈي ئۆلچىمى ئىدى.

**مۇزىكشۇناس** ئى (ر+پ) مۇزىكىنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇزىكا مۇتەخەسسىسى: سۈي سۇلالىسى قۇرۇلۇپ 2-يىلى (582-يىلى) ئېچىلغان مۇزىكا سۆھبەت يىغىنىدا پادىشاھ سۈي گاۋزۇنىڭ قوللىشى بىلەن مەشھۇر مۇزىكشۇناس جىڭ يى ئەينى زامانىدىكى

نىيۇخۇلۇڭ قاتارلىق بىرقىسىم ئەربابلارنىڭ تۇسقۇنلۇقىنى يېڭىپ سۇجىبىنىڭ 12 ئاھاڭ قانۇنى بويىچە مۇزىكىنى تەرتىپكە سېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**مۇزىكشۇناسلىق** ئى. مۇزىكا نەزەرىيىسى، تارىخى، قانۇنى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم: ئۇيغۇر مۇزىكشۇناسلىقى.

**مۇزىكىلىق** سۈپ. مۇزىكا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان؛ مۇزىكا بىلەن بىللە ئىجرا قىلىنىدىغان: مۇزىكىلىق ئاۋاز. مۇزىكىلىق دراما. مۇزىكىلىق دېكلاماتسىيە. * ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ مۇزىكىلىق تەپەككۇرىنىڭ جەۋھىرى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» مۇ يېتىپ ھاياتقا ئېرىشتى. * مۇزىكىلىق تىل، ئۇسسۇللۇق تىل ۋە ئۇنى ياراتقان خەلقنىڭ نوتۇق تىلى چەمبەرچاس باغلانغان.

**مۇزىكىلىق ئاۋاز** < مۇز > بەلگىلىك چاستوتىغا ئىگە ھەمدە قۇلاققا يېقىملىق ئاڭلىنىدىغان ئاۋاز. ئۇ ئاۋاز چىقارغۇچى جىسىمنىڭ قانۇنىيەتلىك تىترىشى ئارقىسىدا پەيدا بولىدۇ.

**مۇزىكىلىق تاۋۇش** < تىل > ← **مۇزىكىلىق ئاۋاز.**

**مۇزىكىلىق دراما** < تىيا > درامىنىڭ بىرخىلى، يەنى پېرسوناژلار خاراكتېرىنى ئېچىپ بېرىش، دراماتىك ۋەقەلىكنىڭ ھاياجانلىق كۆرۈنۈشلەرنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن مۇزىكا ۋە ناخشا، ئۇسسۇللۇق ھەرىكەتلەرنى قىستۇرىدىغان بىر خىل دراما.

**مۇزىكىلىق دېكلاماتسىيە** < ئەد > مۇزىكا تەڭكەش قىلىنغان دېكلاماتسىيە.

**مۇسابىقە** ئى (ئە) مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە باشقىلاردىن ئۆتۈپ كېتىش ۋە ئۈتۈۋېلىش ئۈچۈن بولغان بەسلىشىش، ئېلىشىش: مۇسابىقە قائىدىسى. مۇسابىقە قىلماق. * ئاردىن ئۇزۇن ئۆتمەي مەكتەپنىڭ تەنتەربىيە مۇسابىقىسى قىزىپ كەتتى. * ئۇلار توغرا يول بىلەن قەد كۆتۈرۈشتە ئىمىن ئاكىغا مۇسابىقە ئېلان قىلغاندا چاۋاكلار تېخىمۇ جاراڭلىق ياڭرىدى.

**مۇسابىقە سائىتى** < تەن > تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدا ئىشلىتىلىدىغان سائەت. ئادەتتە پەقەت مىنۇت ۋە سېكۇنت ستىرېلكىسىلا بولىدۇ. سائەتنى خالىغانچە بېسىپ توختىتىشقا ياكى ماڭغۇزۇشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدا $\frac{1}{5}$ سېكۇنت ياكى $\frac{1}{10}$ سېكۇنت ۋاقىتنىمۇ ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

**مۇسابىقە قائىدىسى** < تەن > مۇسابىقىنىڭ قانداق ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى رەسمىي كۆرسەتمە ياكى ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ.

**مۇسابىقە قولۋىقى** < تەن > كېمە ھەيدەش تەنھەرىكىتىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭدا ئىشلىتىلىدىغان قولۋاقنىڭ شەكلى رەخت توقۇيدىغان موكىغا ئوخشايدۇ، ئىچىگە ھەرىكەتچان ئورۇندۇق ئورنىتىلغان، پالاق تىرىكى قولۋاق تېشىغا چىقىرىلىپ، سۇ سىيرىغاندا ئۇزۇن پالاق تىرىگۈچكە قويۇلىدۇ. قولۋاقنىڭ ئەڭ ئۇزۇنى 19 مېتىر، كەڭلىكى 80 سانتىمېتىر بولىدۇ. مۇسابىقە يەككە كىشىلىك، ئىككى كىشىلىك، تۆت كىشىلىك، سەككىز كىشىلىك ياكى رولچىسى بار ۋە رولچىسىز قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. مۇسابىقە مۇساپىسى ئەرلەرنىڭ 2000 مېتىر، ئاياللارنىڭ 1000 مېتىر بولىدۇ. بەلگىلەنگەن مۇساپىدىكى ھەيدەش سۈرئىتى بويىچە نام تەرتىپى بەلگىلىنىدۇ.

**مۇسابىقە قىلماق** باشقىلاردىن ئۆتۈپ

كېتىش ۋە ئۆتتۈۋېلىش ئۈچۈن رىقابەتلەشمەك؛ بەسلەشمەك، ئېلىشماق: شۇنداق قىلىپ، يەنە بىر قېتىم مۇسابىقە قىلىدىغان بولدۇق.

**مۇسابىقە نىزامى** < تەن > تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ ئاساسىي ھۆججىتى. ئۇ مۇسابىقە ۋە رېپېرىلىق خىزمىتىنى تەشكىللەشتىكى كونكرېت ئاساس بولۇپ، مۇسابىقىنىڭ نامى، ۋەزىپىسى، ۋاقتى، ئورنى، ئاساسىي مۇسابىقە ئۆتكۈزگۈچى ئورۇن ياكى تەشكىلات، قاتناشقۇچى ئورۇنلار يەنى تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ شەرتى، ئۆتكۈزىدىغان مۇسابىقە تۈرلىرى، مۇسابىقە قائىدىسى ۋە نام تەرتىپىنى باھالاپ بېكىتىش ئۇسۇلى، مۇكاپاتلاش ئۇسۇلى، قاتنىشىش رەسمىيىتى ۋە يەنە باشقا بەلگىلىنىدىغان مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مۇسابىقە ۋېلسىپىتى** < تەن > ۋېلسىپىتنىڭ بىر خىلى، يەنى قۇرۇلمىسىدا قارشىلىق كۈچى مۇمكىنقەدەر ئاز بولۇشى تەلەپ قىلىنغان، مەخسۇس مۇسابىقىلەردىلا ئىشلىتىلىدىغان يېنىك ۋېلسىپىت. ۋېلسىپىتنىڭ قازان، رامكا قاتارلىق قىسمى يېنىك مېتالدىن ياسالغان. مىنگۈچىنىڭ ۋېلسىپىت مىنىپ ماڭغاندىكى كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرالىشى ئۈچۈن، ئىككى چاقنىڭ ئوق ئارىلىقى ئادەتتىكى ۋېلسىپىتتىن كىچىك قىلىنىپ، رولى ئالدىغا چىقىرىلغان. مۇسابىقە ۋېلسىپىتى ئوخشىمىغان تەلەپ بويىچە تاشيول مۇسابىقە ۋېلسىپىتى، يۈگۈرۈش يولى مۇسابىقە ۋېلسىپىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**مۇسابىقىداش** ئى. بىرگە مۇسابىقە قىلغۇچى، مۇسابىقىغە قاتناشقۇچى تەرەپلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): كەلىڭ، ئازادە مەيدانىنى بىر ئايلانغۇچە 12 يالشلار چامىسىدىكى قاراملۇلراق كەلگەن ئوغۇل بالا مۇسابىقىداشلىرىنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، ئالدىمىزدىن شامالدەك ئۆتۈپ كەتتى.

**مۇسابىقىلەشتۈرمەك** «مۇسابىقىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇسابىقىلەشتۈرۈلمەك** «مۇسابىقىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇسابىقىلەشمەك** پ. مەلۇم بىر ئىش ئۈستىدە، ئۆزئارا مۇسابىقە قىلىشماق، بەسلەشمەك: ئۇ بىردەمدىن كېيىنلا ئاپتوماتنى يېنىغا قويۇپ، تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چەككىنىچە «بۇ دورەم ئەنۋەر بىلەن مۇسابىقىلەشتىم، ئۇ يېڭى، مەن كونا، شۇنداق تۇرۇپ يېڭىلىپ قالسام يولداشلار ئالدىدا قانداقمۇ يۈرەلەيمەن؟!» دەپ ئويلاتتى.

**مۇساپە** ئى (ئە) ئىككى تەرەپ، ئىككى نۇقتا ئوتتۇرىسىدىكى بوشلۇق جاي، ئارىلىق: ئۇزۇن مۇساپە. قىسقا مۇساپە. * بۇ مۇساپە پىيادە يۈرۈشكە بەش كۈنلۈك يول ئىدى. * ئىلىم دېڭىزىدا كاراپ بولۇپ ئۈز، بىلگىنكى مۇساپەڭ ئۇزۇن ھەم چەكسىز. «يېڭنە بىلەن قۇدۇق قازغاندەك» روھتا ئۆگەنسەڭ — يېتىسەن ئۇ قاشقا شەكسىز.

**مۇساپىر** ئى (ئە) ① ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلغان، باشقا جايدا تۇرۇۋاتقان كىشى؛ كەلگۈندى: مۇساپىر بولماق. * مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى (ماقال). * خوجىنىياز دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە «يىراقتىن كەلگەن مۇساپىرمەن» دېدى. ② سەپەر ئۈستىدىكى كىشى؛ سەيياھ: ئۈچ يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى مۇساپىر قايتىپ كېلىپ يەنە سارايغا چۈشۈپتۇ. سارايۋەن بۇ قېتىممۇ ئۇنى توخۇ گۆشى ۋە تۇخۇم بىلەن كۈتۈۋاپتۇ.

**مۇساپىر بولماق** يۇرت، ماكانىدىن ئايرىلىپ، چەت جايلاردا يۈرمەك:

مۇساپىر بولمىغۇچە مۇسۇلمان بولماس (ماقال). * — ئانىغا بولغان مېھرىمىز بىر-بىرىمىزنىڭكىدىن كۈچلۈك، ئۇنداق بولمىسا مەن ئانامنى دەپ بۇ بىر جۈپ تاپانچىنى ئېسىپ، بۇ يەرلەردە مۇساپىر بولۇپ يۈرمەيتتىم-دە! — دېدى ئۇ.

**مۇساپىرپەرۋەر** سۈپ (ئە+پ) مۇساپىر-لارنى ئاسرايدىغان، ئۇلارغا شەپقەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان: مۇساپىرپەرۋەر ئادەم.

**مۇساپىرپەرۋەرلىك** «مۇساپىرپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پادىشاھ ئەمىر باتۇرنىڭ توغرىلىقى، مەردلىكى ھەم مۇساپىرپەرۋەرلىكىنى ئۇلۇغلاپ، ئۇنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىلىپتۇ.

**مۇساپىرچىلىق** ئى ← **مۇساپىرلىق**: — پېقىر يۇرتلىرىغا مۇساپىرمەن، مۇساپىرچىلىق دەردىدە ئاۋارىمەن، بۇگۈن نامازدىن كېيىنلا ئۆزلىرىنىڭ مۇبارەك قەدىمىگە تەلمۈردۈم، — دېدى سىيىت ھاجى.

**مۇساپىرخانا** ئى (ئە+پ) تارس. چەت، ياقا يۇرتلاردىن كەلگەن كىشلەر قونىدىغان جاي، مېھمانخانا: ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شەھەرگە كېلىپ قېلىپتۇ. كوچىلارنى ئايلىنىپ بىر مۇساپىرخانىنى تېپىپ چۈشۈپتۇ.

**مۇساپىرلىق** ئى. ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا جايلاردا تۇرۇش، ياشاش؛ مۇساپىرچىلىق: — مەن كىچىكىمدىن تارتىپ مۇساپىرلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقانمەن، — دېدى بوۋاي سۆز باشلاپ. * — بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، يا ئالدىغا ماڭالماي، يا كەينىگە يانالماي مۇساپىرلىق كوچىسىدا دومىلاپ يۈرىمىز، بۈگۈن زادى گەپنى ئۈزەيلى! — دېدى ئۇ.

**مۇساپىلىق** سۈپ. بەلگىلىك مۇساپە كېلىدىغان، مۇساپىدىن ئىبارەت: كىشلەر ئادەمنى ئۈزۈن مۇساپىلىق سەييارىلەر ئارا ئۇچۇش سەپىرىدە خېيىم-خەتەرسىز ئۈيقۇ ھالىتىگە كىرگۈزگىلى بولامدۇ — يوق؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئويلانماقتا.

**مۇسادىرە** ئى (ئە) بىراۋنىڭ ئىلكىدىكى پۇل، مال-مۈلۈك قاتارلىق تەئەللۇقاتلارنى ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋېلىش؛ ئومۇمنىڭ قىلىۋېتىش: مۇسادىرە قىلماق. * ھەيدەرنىڭ كاللىسىدا شۇ «مۇسادىرە» دىن باشقا ئىش يوق ئىدى. * جاندىن ئۆتتى شامانلارنىڭ لەنىتى، ھارام قىلدى تاپقان ھالال مېلىمنى. مۇسادىرە بولدى ئۇ كۈن ئامۇتۇم، سۇغۇرغاندەك بولدى گويا جېنىمنى.

**مۇسادىرە قىلماق** بىراۋنىڭ ئىلكىدىكى پۇل، مال-مۈلۈك، تەئەللۇقاتىنى ھۆكۈمەت ئىلكىگە ئۆتكۈزۈۋالماق، ئومۇمنىڭ قىلىۋەتمەك: بۇ ئەسلىدە ساۋۇر شاڭيونىڭ قورۇسى بولۇپ، يەر ئىسلاھاتىدا مۇسادىرە قىلىنىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت كۆچۈپ كىرگەنىدى.

**مۇسادىرە قىلىش** <قا> قانۇن-بەلگىلىملەرگە خىلاپلىق قىلغان، جىنايەت ئۆتكۈزگەن شەخس ياكى كوللېكتىپنىڭ مال-مۈلكىنى ياكى قانۇندا چەكلەنگەن بۇيۇملارنى ھۆكۈمەت ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈۋېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مۇساۋىيات** سۈپ (ئە) يېزت. ئىككى تەرىپى ئوخشاش، پەرقلەنمەيدىغان؛ تەڭ، باراۋەر.

**مۇسەببە** ئى (ئە) <ئەد> يەتتە مىسرالىق كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن شېئىر.

**مۇسەددەس** ئى (ئە) <ئەد> ئالتە مىسرالىق كۇپلېتتىن تۈزۈلگەن شېئىر. بۇ خىل شېئىرنىڭ بىرىنچى كۇپلېتىدىكى ئالتە مىسرا ئىزچىل قاپىيىداش بولىدۇ. كېيىنكى كۇپلېتلاردا ئالدىنقى تۆت مىسرا

باشقا قاپىيەدە بولۇپ، ئاخىرقى ئىككى مىسراسى بىرىنچى كۇپلېتتىكى قاپىيەدە ئىزچىللىشىدۇ، ياكى بولمىسا بىرىنچى كۇپلېتنىڭ ئاخىرقى ئىككى مىسراسى كېيىنكى كۇپلېتلاردا تەكرارلىنىدۇ.

**مۇسەللەس** I ئى (ئە) ئۈزۈمنى سىقىپ، سۈيىنى قاينىتىش يولى بىلەن يەرلىك ئۇسۇلدا ياسالغان ئىچىملىك: مۇسەللە س قايناتماق. * داستىخانغا ئۆرۈك، توقاچ، چىلگە، يوغان-يوغان كاكچا نانلار، قاتلىملار، سوغۇق سەي، سوۋۇتۇلغان گۆش، تۈرلۈك هاراق، پىۋا ۋە مۇسەللەسلەر تىزىلغانىدى.

**مۇسەللەس** II ئى (ئە) < ئەد > ئۈچ مىسرالىق كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان شېئىر شەكلى. بۇ شەكىل ئىككى خىل كېلىپ، كېيىنكى مىسرالاردا ئاۋۋالقى ئىككى مىسرا ئوخشاش قاپىيەدە، 3-مىسرا بىرىنچى كۇپلېتتىكى قاپىيەدە كېلىدۇ.

**مۇسەممەن** ئى (ئە) < ئەد > هەر بىر كۇپلېتى سەككىز مىسرادىن تەركىب تاپقان شېئىر شەكلى. بۇ شەكىل ئىككى خىل بولىدۇ. بىر خىلىنىڭ هەر كۇپلېتى بىر خىل قاپىيەدە تۈزۈلۈپ، قاپىيىلىرى كۆپىنچە مۇرەببەنىڭ قاپىيە تۈزۈلۈشىگە ئوخشايدۇ ياكى بىرىنچى كۇپلېتتىكى سەككىز مىسرانىڭ هەممىسى قاپىيداش بولۇپ، كېيىنكى كۇپلېتلارنىڭ ئاخىرقى 8-مىسراسىدا بىرىنچى كۇپلېتتىكى قاپىيە ئىزچىللىشىدۇ. يەنە بىر خىلىدا بولسا، هەر كۇپلېتنىڭ ئالتە مىسراسى چاپراس قاپىيىلىك (يەنى 1-، 3-، 5-مىسرالىرى بىر خىل قاپىيەدە، 2-، 4-، 6-مىسرالىرى بىر خىل قاپىيەدە)، ئاخىرقى ئىككى مىسراسى يەنە باشقىچە قاپىيداش كېلىدۇ. بۇ شەكىلنى بارماق ۋەزنىدە يازسىمۇ بولىدۇ، ئارۇز ۋەزنىدە يازسىمۇ بولىدۇ.

**مۇسەننىپ** ئى (ئە) تارس. ئەسەر يازغۇچى؛ ئاپتور.

**مۇسبەت** سۈپ (ئە) ① < مات > نۆلدىن چوڭ، نۆلدىن يۇقىرى: مۇسبەت سان. مۇسبەت ئەزا. ② < فىز > ماددىي قىسىملىرى پروتون ۋە نېيترونلاردىن ئىبارەت ئېلېكترگە ئائىت؛ ئېلېكترون يوقاتقان: مۇسبەت زەرەت. مۇسبەت قۇتۇپ. ③ ئىنكار قىلىنمىغان، رەت قىلىنمىغان: مۇسبەت ئىبادەت.

**مۇسبەت زەرەت** < فىز > جىسىمنىڭ ئېلېكترونلىرىدىن ئايرىلغان چاغدىكى زەرەتلىكلىكىنى ئىپادىلەش خۇسۇسىيىتى.

**مۇسبەت سان** < مات > نۆلدىن چوڭ بولغان سان.

**مۇسبەت قۇتۇپ** < فىز > ← **ئانود.**

**مۇسبەت ئېلېكتر** < فىز > ← **مۇسبەت زەرەت.**

**مۇسبەت ئېلېكترون** < فىز > ← **مۇسبەت زەرەت.**

**مۇسبەت ئىبادەت** < دىن > تۆتىمىزمدىكى ئىككىنچى گۇرۇپپىغا مەنسۇپ بولغان ئىبادەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭ بەزىلىرىدە ئۇرۇق ئەزالىرى مۇقەددەس هېسابلىنغان كىشىلەرنى كىيىپ، مەلۇم بىر رايوندا مۇقەددەس هېسابلىنغان هايۋانلارنى يەيدۇ ۋە شۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كېتىدۇ؛ بەزىلىرىدە كۆپىيىش ئارزۇ قىلىنغان هايۋانلارنىڭ بەدەن ئەھۋاللىرىغا مۇناسىۋەتلىك تەقلىدلەر قىلىنىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى تەمسىلىي خاتىرىلىگۈچى مۇراسىملار بولۇپ، ئۇرۇقنىڭ ئەجدادى دېيىلگەن ئاتىلار خاتىرىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن

باشقا يەنە بىرەر ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خاتىرىلەش ئۈچۈن قىلىنغان تۇۋا-ئىستىغپار مۇراسىملىرىمۇ بۇنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ.

**مۇستەبىت** ئى (ئە) زالىم ھۆكۈمران، ئىستىبدات: ئۇ كۈنلەردە بۇ يېڭى مۇستەبىتنىڭ بېشىدا خوجىنىياز ھاجى بىلەن ماجۇڭيىڭنىڭ قىلىچى ئويناپ تۇراتتى. * مۇستەبىت، زالىم، ناكەسلەردىن ئەجەب كۆردۇق جاپا، دۇنيادا پۈتكەنىمدۇ دەردكە تېۋىپ، دورا-شىپا، باغرىمىزنى ئەيلىدى ناكەسلەر قىلىپ يارا، رەھىمسىزلىكنى پەلەك بۇندىن زىيادە ئەيلىمە.

**مۇستەبىتچىلىك** ئى. مۇستەبىتلىك قىلمىش، مۇستەبىتلىك ھەرىكەت: «خاتىرە»گە سىڭدۈرۈلگەن ئىدىيە ماركسىزمغا، پەنگە، دېموكراتىيىگە قارشى بولغان فېئودال مەدەنىيەت مۇستەبىتچىلىكى ئىدىيىسىدۇر.

**مۇستەبىتلىك** ئى. مۇستەبىتلەرگە خاس ئىش، ھەرىكەت، قىلمىش: مۇستەبىتلىك قىلماق. * بىزدە كونا جۇڭگودىن قېپقالغان فېئوداللىق، مۇستەبىتلىك ئەنئەنىسى كۆپرەك، دېموكراتىك قانۇنچىلىق ئەنئەنىسى بەك ئاز.

**مۇستەھسەنا** سۈپ (ئە) ئومۇمىي قائىدىدىن، ئادەتتىكى تەرتىپتىن تاشقىرى، باشقىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ھەممىدىن خالىي، سىرتىدا: ئۇيغۇر تىبابىتى پەن بولغانىكەن، ئۇ ئۆزلۈكسىز راۋاجلىنىش، يېڭىلىنىش، ئىختىرا كەشىپ قىلىنىش، تاكامۇللىنىش قانۇنىيىتىدىن مۇستەسنا ئەمەس، شۇنىڭدەك كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەردىنمۇ خالىي بولالمايدۇ. * زىددىيەت، كۆرەشكە تولغان بۇ ئالەم، مۇستەسنا ئەمەستۇر پاشىدىن شاللىق، ياشايمەن، تۆھمەتلەر ئاستىمدا پايخان، يىگىت شۇ: مېھنىتى بولسا يارامىلىق.

**مۇستەسناسىز** ① سۈپ. مۇستەسنا ئەمەس، مۇستەسنا بولمىغان: خەلقمۇ ئاگلىق ھالدا قانۇنغا رىئايە قىلىشى كېرەك، بەلكى ھەممە كىشى قىلچە مۇستەسناسىز ھالدا رىئايە قىلىشى كېرەك. ② رەۋ. مۇستەسنا بولماستىن، مۇستەسنا قىلىنماي: بەزى دېھقانلاردا كونا جەمئىيەتتىن قېپقالغان ئىدىيە ۋە ئادەتلەر مۇستەسناسىز ساقلانماقتا.

**مۇستەسنالىق** «مۇستەسنا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ يەردە پەقەت كاپىتالىزم جەمئىيىتىدە كەم ئۇچرايدىغان مۇستەسنالىق ۋە جاھانگىرلىكتىن ئىلگىرىكى دەۋردە شىمالىي ئامېرىكىنىڭ ئەركىن كۆچمەنلەر كۆپ سانىنى ئىگىلىگەن جايلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مۇستەقىل** سۈپ (ئە) ① ئىختىيارى ئۆزىدە بولغان، بىراۋغا تەۋە ياكى ئۇنىڭ ئىلكىدە بولمىغان، ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولغان: مۇستەقىل دۆلەت، مۇستەقىل رايون. * — ئۇلارنى مۇستەقىل باتالىيون قىلىپ قويغانلىقلىرىغا بىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەربابلىرىمىز ئىچىدە پىكىر كۆپ، — دېدى مۇپەتتىش جىددىي قىياپەتتە. * ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئىنىسىنى بىر تاغىسى ئۆزىگە ئېلىپ قالدى، ئاسىم مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ② باشقىلارنىڭ ياردىمىسىز ياكى باشقۇرۇشىسىز ئۆز ئەقلى، خاھىشى بىلەن ئىش قىلالايدىغان: مۇستەقىل پىكىر، * تاپشۇرۇق ئىشلەش، سىنىپتا ئۆتكەن دەرسنى پىششىقلاش، سىلەرنىڭ مۇستەقىل پىكىر قىلىش، ئىشلەش قابىلىيىتىڭلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ھەركىم ئۆزى مېڭە قاتۇرۇپ ئىشلىگەندىلا ئاندىن ھەقىقىي بىلىم ئۆزلەشتۈرەلەيدۇ.

**مۇستەقىل سۆز** < تىل > تىلدا مۇستەقىل ھالدا لېكسىكىلىق مەنە ئاگلىتىدىغان ھەمدە مۇستەقىل ھالدا جۈملە بۆلىكى بولۇپ كېلىدىغان سۆز.

**مۇستەقىلچى** ئى. مۇستەقىللىقنى ياقلايدىغان، مۇستەقىللىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان كىشى، مۇستەقىللىق تەرەپدارى.

**مۇستەقىللىق** «مۇستەقىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىر تۇتاش پىلان ئاستىدا، جايلار ۋە كارخانىلاردا مەلۇم مۇستەقىللىق بولۇشقا يول قويۇش، كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشىدا ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولۇش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىش كېرەك.

**مۇستەقىللىق خىتابنامىسى** < تارىخ > 1776-يىلى 7-ئاينىڭ 4-كۈنى، ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكىلىرىنىڭ ۋەكىللىرى چوڭ قۇرۇلتاي يىغىنىدا ماقۇللىغان ۋە ئېلان قىلغان خىتابنامە. «خىتابنامە» دە ئەنگلىيىنىڭ شىمالىي ئامېرىكىدىكى مۇستەملىكە خەلقلىرىگە قاراتقان زالىملىقى ۋە بۇلاڭچىلىقلىرى قاتتىق سۆكۈلگەن؛ ئەنگلىيە بىلەن سىياسىي جەھەتتىكى بېقىندىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزۈلگەنلىكى ھەمدە مۇستەقىل بولغان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقى جاكارلانغان؛ خىتابنامىدە يەنە خەلق بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك تەبىئىي ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكى ئېنىراپ قىلىنغان بولۇپ، بۇرژۇئازىيىنىڭ دېموكراتىيە ھەم جۇمھۇرىيەت پرىنسىپلىرى سىياسىي پروگرامما شەكلىدە ئېلان قىلىنغان. خىتابنامىنىڭ ئېلان قىلىنىشى ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى.

**مۇستەكرە** سۈپ (ئە) < دىن > مەكرۇھ دەپ قارالغان، مەكرۇ سانالغان؛ شۈبھىلىك.

**مۇستەملىكە** ئى (ئە) < پەلس > كۈچلۈك دۆلەتلەر تەرىپىدىن بېسىۋېلىنىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي جەھەتتىكى مۇستەقىللىقىدىن مەھرۇم قىلىنغان، شۇلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنغان دۆلەت ياكى رايون.

**مۇستەملىكە بولماق** باشقا دۆلەت تەرىپىدىن بېسىۋېلىنماق، ئۆز خوجىلىقىدىن، ئىگىلىك ھوقۇقىدىن ئايرىلماق، باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتمەك.

**مۇستەملىكە قىلماق** باشقا بىرەر دۆلەتنى بېسىۋالماق، ئىگىلىك ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلماق، مۇستەملىكىگە ئايلاندۇرماق.

**مۇستەملىكىچى** ئى. مۇستەملىكە قىلغۇچى، مۇستەملىكە ئاستىدىكى خەلقلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى: مۇستەملىكىچى دۆلەت. * كېيىنكى ۋاقىتلاردا چەت ئەل مۇستەملىكىچى، جاھانگىر كۈچلىرى ئاساسلىقى كاتولىك دىنى ۋە خرىستىئان دىنىنىڭ دىنىي جەمئىيەتلىرىنى كونترول قىلىۋالغانىدى.

**مۇستەملىكىچىلىك** ئى < پەلس > كۈچلۈك دۆلەتلەرنىڭ كۈچى ئاجىز دۆلەتلەر ياكى رايونلارنى ئېزىش، ھۆكۈمرانلىق قىلىش، قۇل قىلىش ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش سىياسىتى. مۇستەملىكىچىلىك ئاساسلىقى، سىرتقا ئاھالە كۆچۈرۈش، قاراقچىلارچە بۇلاڭ-تالاڭ قىلىش، كاپىتال چىقىرىش، تاۋارلارنى سېتىش، خام ئەشيا تالان-تاراج قىلىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

**مۇستەملىكىلىك** ئى. مۇستەملىكە ھالەت: جۇڭگو سوتسىيالىزمدىن چەتلىسە، سۆزسىز يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكىلىككە قايتىدۇ. * ھىندىستان 1947-يىلى مۇستەملىكىلىكتىن قۇتۇلغان.

**مۇستەھەپ** ئى (ئە) ① < دىن > قىلىنسا ياخشى، قىلىنمىسا گۇناھ بولمايدىغان ئىش: كېرەكسىز مۇستەھەپ ئىشلار ئۈچۈن

جانىنى پىدا قىلدۇق، ۋە لېكىن ھەجگە باج ئالسا تورۇپ قاچقانىمىز باردۇر. ئىلىم-پەن ئىجتىھاتىغا كۆڭۈلنى قويمىدۇق بىزلەر، ئوقۇرمىز، ئوقۇتۇرمىز لېكىن سېغىز چاينىشمىز باردۇر. ② تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئەۋرەتلىرىنى يۇيۇش: مۇستەھەپ قىلماق.

**مۇستەھەپ قىلماق** < دىن > تاھارەت ئېلىش ئۈچۈن ئەۋرەتلىرىنى يۇيۇپ تازىلىماق: سارايۋەن بوۋاي ۋاقتىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىقىنى پەملىدى-دە، تۇماق، قارا چەكمەن تونىنى كىيدى. ئۆرنىنى كۆتۈرگىنىچە مۇستەھەپ قىلىش ئۈچۈن ماڭدى.

**مۇستەھەپخانا** ئى < دىن > مۇستەھەپ قىلىدىغان، تاھارەت ئالىدىغان، يۇيۇنۇپ، پاكىزلىنىدىغان ئۆي: بۇ ئۆي مەسچىت ئىمىغا تۇتاش قىلىپ سېلىنغان مۇستەھەپخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئىشىكى خېلىلا كونىراپ كەتكەن بولغاچقا، ئامانقۇل ئۇنىڭ پۇت-قولىنى يەنە باغلاپ تاشلىدى.

**مۇستەھزاد** ئى (ئە) < ئەد > بىر ئۆزۈن، بىر قىسقا مىسرادىن تەركىب تاپقان، ئۇزۇن مىسرالارمۇ ئۆز ئالدىغا، قىسقا مىسرالارمۇ ئۆز ئالدىغا قاپىيىلىنىدىغان؛ قىسقا مىسرالار ئۇزۇن مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ تولۇقلاپ، كۈچەيتىپ بېرىدىغان؛ ئۇزۇن مىسرالارنى قىسقا مىسرالاردىن ئايرىپ قارىغاندىمۇ مەسنەۋى ...ك، غەزەل شەكلىنى ئېلىپ ئۆز ئالدىغا ...الايدىغان شېئىر.

...بۇزۇلمايدىغان،

، چىدامىلىق،

...ت. مۇستەھكەم

، تەرىپى ئادەم

...رىستى خام كېسەك

...ستەھكەم قورغانغا

مۇ...

ياشاي...

يىگىت شر...

**مۇستەسناس...**

ئېلىنغانىدى. * بىرقانچە ئون تال چوڭ مىخ بولسا، ئاندىن ئۇنى مۇستەھكەم مىخلىغىلى بولىدۇ. ② كۈچمە. بۇزۇلمايدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، ئاينىمايدىغان؛ بەرقارار: مۇستەھكەم ئىرادە. مۇستەھكەم دوستلۇق. * مۇستەھكەم ئىرادە غەلىبە قازىنىشىمىز ئۈچۈن ئەڭ ھەل قىلغۇچ ئامىل، دېمەك، بۇ بىزدە ناھايىتى روشەنلىك بىلەن ئەكس ئېتىپ تۇرماقتا. * شۇ ۋاقىتقىچە قاتتىق ۋە مۇستەھكەم بولغان مۇناسىۋەتلەر بىردىنلا بۇزۇلۇپ كەتتى.

**مۇستەھكەم بولماق** بۇزۇلمايدىغان، ئايرىلمايدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، پۇختا، چىدامىلىق ھالغا كەلمەك، بەرقارار بولماق: پەدە باغلاشتا تەمبۇر ۋە دۇتار دەستىلىرىنىڭ يۇقىرىسى ئىنچىكە، تۆۋىنى تومراق بولغانلىقى ئۈچۈن پەدىنى مۇقىم پەدە ئورنىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىن باغلاپ تۆۋەنگە سىيرىپ مۇقىم پەدىگە چۈشۈرىمىز. بۇنىڭدا پەدىمىز مۇستەھكەم بولىدۇ. * ئوقۇغۇچىلارنىڭ زېھنىي پائالىيەتكە بولغان خۇشتارلىقى قانچىلىك مۇستەھكەم بولسا، ئۇلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتى شۇنچىلىك تەرەققىي قىلىدۇ.

**مۇستەھكەم قىلماق** بۇزۇلمايدىغان، ئايرىلمايدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، پۇختا، چىدامىلىق ھالغا كەلتۈرمەك: بۇ نۆۋەتتىكى سوقۇش غالىبىيىتى يالغۇزلا جۇنچىنىڭ دەرۋازىسىنى مۇستەھكەم قىلىپلا قالماستىن، بەلكى بىراق شەرق سوقۇشىنىڭ زور غالىبىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مۇستەھكەملەتمەك** «مۇستەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇستەھكەملەشمەك** «مۇستەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇستەھكەملەنمەك** «مۇستەھكەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ چاغدا،

تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ مۇستەھكەملەنگەن دامبا ئۈستىدە پۇت-قولنى داكا بىلەن تېڭىۋالغان قۇدرەت ئەزالار بىلەن خۇشال پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى.

**مۇستەھكەملىك** « مۇستەھكەم » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆنۈپ قېلىشىنىڭ باشقا ئامىللىرىغا، مەسىلەن، ماتېرىيالنىڭ خاراكتېرى، قېيىنلىقى، مىقدارى، مۇستەھكەملىك دەرىجىسى قاتارلىقلارغا قاراپ تەكرارلاشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

**مۇستەھكەملىمەك** پ ① مۇستەھكەم ھالغا كەلتۈرمەك، مۇكەممەللەشتۈرمەك: ئۇ يېڭىلىگەن لەشكەرلەرنى يىغىۋېلىپ، قارارگاھنى مۇستەھكەملەپ قاتتىق ساقلاشقا، چىقىپ جەڭ قىلماسلىققا بۇيرۇق بەردى. * سۇ ئامبىرى ياسىدۇق، مۇستەھكەملەپ قىشنى. كومپارتىيە سىلىدى، يوقسۇللارنىڭ بېشىنى. ② تەرتىپكە سالماق، كۈچەيتمەك: يېڭىدىن ئورنىتىلغان پرولېتارىيات دىكتاتۇرىمىزنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەكىتلەيتتى. ③ پۇختىلىماق، چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرمەك، پۇختا تەييارلىماق: دەرسنى مۇستەھكەملىمەك. * بىلىمنى مۇستەھكەملەش ۋە تەكشۈرۈشتىكى سۆھبەت ئۇسۇلى، بۇنىڭدا ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆگىنىپ ئۆتكەن دەرسلىك ماتېرىياللىرىغا ئاساسەن سوئال قويۇپ، ئوقۇغۇچىلاردىن جاۋاب ئالىدۇ.

**مۇسسون** ئى (ر< فران) < مېتېئور > ← **مۇسسون شاملى.**

**مۇسسون شاملى** < مېتېئور > ← **پەسىللىك شامال.**

**مۇسكۇل** ئى (ر< لات) < ئانات > ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ تېنىدىكى بىر خىل توقۇلما. ئۇ نۇرغۇنلىغان مۇسكۇل تالالىرىنىڭ غۇژمەكلىشىشىدىن تۈزۈلگەن. ئۇستۈنكى قىسمىدا نېرۋا تالالىلىرى بولۇپ، نېرۋىنىڭ تىترىشىدىن مۇسكۇل قىسقىراپ ئورگانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مۇسكۇل توغرا يوللۇق مۇسكۇل، سىلىق مۇسكۇل ۋە يۈرەك مۇسكۇلى دەپ ئۈچ خىل بولىدۇ.

**مۇسكۇل باسقۇچ** < ئانات > بەدەننىڭ بىر ياكى بىرنەچچە قىسمىنى بېسىپ قىسقارتىپ بېرىدىغان مۇسكۇل.

**مۇسكۇل تالاسى** < ئانات > مۇسكۇلنى تۈزىدىغان ئىنچىكە ئۇزۇن تالاسىمان ھۈجەيرە. نۇرغۇنلىغان مۇسكۇل تالاسى بىرلىشىپ، مۇسكۇل باغلىمىنى تەشكىل قىلىدۇ، نۇرغۇنلىغان مۇسكۇل باغلىمى بىرلىشىپ بىر پارچە مۇسكۇلنى تەشكىل قىلىدۇ.

**مۇسكۇل ئۆسمىسى** < تىب > تەركىبىدە مۇسكۇل توقۇلمىسى بولغان بىر خىل ئۆسمە.

**مۇسكۇللۇق** سۈپ. مۇسكۇللىرى يېتىلگەن، تەرەققىي قىلغان: تىلتۇالدى ئەسىرگە چۈشكەندىن بېرى ئاز سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان، مۇسكۇللۇق بەدىنى قاتاڭغۇر بولۇپ قالغانىدى.

**مۇسۇلمان** ئى (ئە) ئىسلام دىنىدىكى كىشى: مۇسۇلمان بولماق. * مۇساپىر بولمىغۇچە، مۇسۇلمان بولماس (ماقال). * بۇ يەردىن مۇسۇلمانلار مەملىكىتىگە بىر يىلدا پەقەت بىرلا كېمە ماڭىدۇ. ھازىر ئۇ يەرگە ماڭىدىغان كېمە كېتىپ بولدى.

**مۇسۇلمانچە** سۈپ. ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن، مۇسۇلمانلارغا خاس، مۇسۇلمان ئۇسلۇبىدا:

ــ مەن سىزگە ئۆز ئېتىڭىزدىن باشقا مۇسۇلمانچە بىر ئات قويۇپ بەرسەم خالامسىز؟

ــ دېدى ئەبۇ ناسىر سامانى.

**مۇسۇلمانچىلىق** ئى. ئىسلام دىنىغا، مۇسۇلمانلارغا خاس قانۇن، تەرتىپ، قائىدە-يوسۇنلار؛ مۇسۇلمانلىق: مۇسۇلمانچىلىق ئاستا-ئاستا (ماقال). * توي كۈنىمۇ ئالدىراپ تايىن قىلىنىپ بولدى. مۇسۇلمانچىلىقتا بەندىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بېرىش بىزنىڭ قولىمىزدىن كەلمەيدۇ.

**مۇسۇلمانلىق** «مۇسۇلمان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پېقىرنىڭ بۇ ئوغلىغا مۇسۇلمانلىقنىڭ قائىدىلىرىنى ئۆگىتىپ، ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ قويارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە سىلىنى ئىزدەپ، تاۋاپ قىلىپ كېلىشىم.

**مۇسىبەت** ئى (ئە) يۈز بەرگەن قايغۇلۇق ھادىسە، كۆڭۈل يېرىملىق، كۈلپەت، قارىلىق، ھازا: مۇسىبەتتە بولماق، مۇسىبەت يەتمەك. * ئۇ بېشىغا چۈشكەن بۇ ئېغىر مۇسىبەت سەۋەبىدىن نېمە قىلىشنى بىلمەي گاڭگىراپتى. * ئومۇمەن باش ئەتىيازدىكى بىلىك ئۈزۈلگەن چاغلار مېنىڭ يېزامدا زور پاجىئە، مۇسىبەتلەر بىلەن باشلىناتتى.

**مۇسىبەتتە بولماق** باشقا كىشىلەرنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكى ماتەم ئىشلىرىغا قاتناشماق.

**مۇسىبەت چۆكمەك** مۇسىبەت ئىچىدە قالماق، مۇسىبەت بىلەن بولماق: ئۇ قاپقارا كۆزلىرىنى مەندىن قاچۇرۇپ، خۇددى مۇسىبەتكە چۆككەن ئادەمدەك ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە: ـــ دادام ساۋۇر بەگنىڭ سۇ ھاشارىسىدا قازا بولۇپتىكەن، ـــ دېدى.

**مۇسىبەت يەتمەك** قايغۇلۇق ھادىسە يۈز بەرمەك، ھازىدار بولماق، كۆڭۈل يېرىملىق، كەلگۈلۈك كەلمەك: ئۇلارغا ئىچىم ئاغرىدى. شۇبھىسىزكى بۇ كىشىلەرگە مۇسىبەت يېتىپتۇ.

**مۇسىبەتلىك** سۈپ. بېشىغا مۇسىبەت يەتكەن، مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەن: مۇسىبەتلىك ئۆي. مۇسىبەتلىك ئادەم. * ئىشرەت چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، مۇسىبەتلىك سوپى دېھقان كىردى. سوپى دېھقان كۆز يېشى قىلىپ، بىگۇناھ ئۆلگەن ئوغلى ئۈچۈن ھەسرەتلەندى.

**مۇشاۋىر** ئى (ئە) كېڭەشكۈچى، مەسلىھەت بەرگۈچى، مەسلىھەتچى: خەمىت سىلىك ئۇلارنى كېرەك بولۇپ قالار دېگەن ئوي بىلەن مۇشاۋىرلارغا قوشۇپ بىللە ئېلىۋالغانىدى.

**مۇشاۋىرەك** ئى (ئە+پ) <مۇز> ← مۇشاۋىرەك مۇقامى.

**مۇشاۋىرەك مۇقامى** <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «12مۇقام» نىڭ ئۈچىنچىسى. ئۇ جەمئىي 31 نەغمە، 363 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمىگە 17نەغمە، 216 مىسرا؛ تۆت داستانغا سەككىز نەغمە، 84 مىسرا؛ ئالتە مەشرەپكە ئالتە نەغمە 63 مىسرا جايلاشقان.

**مۇشاۋىرلىق** ئى. مۇشاۋىرغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە: ئۇ سەمەتنى ھەربىي مۇشاۋىرلىققا تەكلىپ قىلىپ، ئۆز قوشۇنلىرىنىڭ ھەربىي تەلىم ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى.

**مۇشائىرە** ئى (ئە) بىرنەچچە شائىر بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر ماۋزۇدا، شۇ مەۋزۇدىكى پىكىرلەرنى راۋاجلاندۇرۇش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان شېئىر ئېيتىشىش مۇسابىقىسى: ئۇلار ئارىسىدا خۇددى شائىرلار مۇشائىرىسىدەك بىردەم سۆز ئويۇنى بولدى. * مۇشائىرە ئوقۇشتى خۇش قىلىپ بەزمە، مېۋىسىنى قىلار نەزىر ئاۋۋال ئۈجمە.

**مۇشائىرە يىغىنى** <ئەد> شائىرلارنىڭ ئۆزئارا شېئىر يېزىشىش ياكى ئېيتىشىش

مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇيۇشتۇرغان يىغىلىشى. بۇ ئارقىلىق شائىرلارنىڭ ھازىر جاۋابلىق ماھارىتى سىنىلىدۇ.

**مۇشەررەپ** سۈپ (ئە) يېزت. ① شەرەپلىك، شانلىق: «بەش يۇلتۇز» ئۈستىگە بېزەكلەر تاقىدى، جۇدېنىڭ مۇشەررەپ ئىزى — قەدىمى. ئەسلەيمىز ئۇ ھايات مەڭگۇ بىز بىلەن، قۇياشتەك نۇر چاچار، ئۆچمەس ئەبەدىي. ② شەرەپكە مۇيەسسەر بولغان، شەرەپ تاپقان: — ئاتا! ئۆزلىرىنىڭ ئېيتقانلىرىدىكىدەك كىشى بولۇش لاياقىتىگە مۇشەررەپ ئەمەسمەن! — دېدى ساۋۇت كۈلۈپ تۇرۇپ.

**مۇشەررەپ بولماق** شەرىپىگە مۇيەسسەر بولماق، شەرەپكە ئېرىشمەك: — مەن كۆپ مۇشەققەتلەر تارتقان بولسامۇ، ئەلھەمدۇلىللا شۈكرى، ھەر ھالدا ئىنتىزار بولغان ھۆسن — جامالىرىنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ بولدۇم، — دېدى ئۇ.

**مۇشەققەت** ئى (ئە) قاتتىق قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق، زەخمەت: مۇشەققەت تارتماق. مۇشەققەت چەكمەك. * ئۇ يول بويى مۇشۇ خىياللىرىنىڭ ئىلكىدە لەززەتلىنىپ، سەپەر مۇشەققىتىنى ئۇنتۇغان ھالدا يۇرتىغا كەلدى. * بىرىلمەستىن مۇشەققەتكە يۇرگەندە ئۇ، تۇن كېچىدە يولۇقۇپتۇ كىچىك بىر سۇ.

**مۇشەققەت چەكمەك** قىيىنچىلىق تارتماق، ئېغىرچىلىققا ئۇچرىماق، جاپا چەكمەك: بۇ نەرسىنى بىر تۇمۇرچى كۆپ مۇشەققەت چېكىپ مۇشۇ يەرگە ئورنىتىپ بەرگەنىدى. * بەش يىل بولدى بىر بايغا بولدۇم مالاي، شۇندىن بېرى مۇشەققەت چەكتىم تالاي.

**مۇشەققەتچىلىك** ئى. قاتتىق قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق، مۇشكۈللۈك: كېرەك يوق، يەتتە يىلنىڭ بۇياقى چىداپ كەلدىم. ھازىر كۈنلۈم خېلىلا ياخشى، ئانچىمۇ مۇشەققەتچىلىك سەزمەيمەن.

**مۇشەققەتسىز** سۈپ. مۇشەققىتى يوق، مۇشەققەت بىلىنمەيدىغان، تەس ئەمەس، ئوڭاي: مۇشەققەتسىز تۇرمۇش. * مۇشەققەتسىز ھۈنەر بولماس (ماقال). * ئۇيۇقتا ھال شەپەقتىن ھەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم، ئەمەس ھېچ نەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن، تاپالمايسەن ھەقىقەت گۆھىرىنى چەكمىسەڭ مېھنەت، قاچان چىققان مۇشەققەتسىز باھالىق لەئەللەر كاندىن.

**مۇشەققەتلىك** سۈپ. مۇشەققىتى بار، ئېغىر، قىيىن؛ جاپالىق: مۇشەققەتلىك تۇرمۇش. مۇشەققەتلىك كەچۈرمىش. * بۇ داۋالاش جەريانى خۇددى ئۇنىڭ ئۆگىنىش جەريانىغا ئوخشاش مۇشەققەتلىك، لېكىن تەسىرلىك بولدى. * بىز شەرەپ بىلەن بېسىپ ئۆتكەن مۇشەققەتلىك يوللارنى تارىخقا يازىمىز. كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز بىزدىن رازى بولسۇن!

**مۇشپىق** سۈپ (ئە) يېزت. شەپقەت قىلىدىغان، شەپقەتلىك: ئايا ساقىي قەدەھ كەلتۇر، بولۇپ مۇشپىقىي ماھۇتنىڭ، كېزىكتەك قىينىلار جىسمىم ھارارەت تەپتىدە ئوتنىڭ.

**مۇشت** ئى (پ) قول پەنجىلىرىنىڭ چىڭ تۈگۈلگەن ھالىتى: مۇشت ئاتماق. مۇشت كۆتۈرمەك. * ئاش بەرگەنگە، مۇشت بېرىپتۇ (ماقال). * ياخشىغا سۆز، يامانغا مۇشت (ماقال). * ئۇ چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ مەنسۇرنىڭ گەجگىسىدىن ئالدى ۋە ئۇنى سۆرەپ چېدىر ئىشىكىگە ئاپىرىپ ئېڭەكلىكىگە بىر مۇشت ئۇردى.

**مۇشت ئاتماق** ① مۇشت بىلەن ئۇرماق. ② كۆچمە. قىلىنغان ياخشىلىققا يامانلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرماق، ۋاپاسىزلىق

قىلماق: ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىلىك ئەۋلىياغا ئوخشايتتى. پالۋان ئىلىكنى ھەر قېتىم كۆرۈپ، ئۇنىڭ مېھرىبانلىقىنى ھېس قىلغاندا، بۇ «ئۇلۇغ ئادەم» گە مۇشت ئاتقانلىقىغا نومۇس قىلاتتى.

**مۇشت كۆتۈرمەك** . ① مۇشت بىلەن ئۇرۇشقا تەمشەلمەك. ② كۆچمە. قارشى تۇرماق، ئىسيان كۆتۈرمەك: — ئۇ ھۆكۈمەتكە مۇشت كۆتۈرگەنىدىكىن سىلىگمۇ مۇشت كۆتۈرگەن بولىدۇ-دە، ئەلۋەتتە، — دېدى مىركېرەم.

**مۇشتا** ئى <پ> دۇكاننىڭ كىرىچىگە ئۇرىدىغان، چىلان ياغىچىدىن ياسالغان توقماق.

**مۇشتاق** ئى (ئە) تەشنالىق، سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتكۈچى، تەقەززا، ئىنتىزار: بىرنەچچە كۈن چوڭ توي-تاماشا ئۆتكۈزۈلدى. ئىككى مۇشتاق ئاشىقلار بىر-بىرىدىن مۇرادلىرىنى ھاسىل قىلىپ ھاتەمگە كۆپلەپ دۇئا قىلىشتى. * دوستقا مۇشتاق، ياۋغا خەنجەر، ئىشتا چاققان پەھلىۋان، بەستى تاغدەك زەربىدارلار قەھرىنى ئاقسۇدا كۆر.

**مۇشتاق بولماق** تەشنا بولماق، سەۋرسىزلىك بىلەن كۈتمەك، تەقەززا بولماق، ئىنتىزار بولماق: بۇ ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يۈرەك باغرىدىن سېغىنىپ ۋىسال ئىشقىدا دىدارىغا مۇشتاق بولغان، ئەزالىرى ئەيىب-نۇقساندىن خالىي قەدىرلىك قىزى ئىدى.

**مۇشتاقلىق** «مۇشتاق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئوبۇل ھەسەن ئۆتكەدىن بۇ ئەھۋالنى سېزىپ، ئۇنىڭغا يېقىن بېرىپتۇ ۋە: «قەدىرلىك دوستۇم! بۇ كېچە بۇ يەردە ئويۇن-كۈلكە بىلەن ئازراق بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى ئاچ! مۇشتاقلىق يۈكلىگەن غەملىرىڭ تارقالسۇن!» دېگەنىكەن.

**مۇشتەرى** ئى (ئە) گېزىت، ژۇرنال، كىتاب قاتارلىق نەرسىلەرنى سېتىۋالغۇچى؛ خېرىدار، ئابونچى: مۇشتەرى بولماق. — * ئۇكىلىرىم مەن، ئۇلگۇرتەلمەيۋاتىمەن. ئىشنىڭ شۇنداق ئالدىراش ۋاقتىدا تۇرسۇن ياسىننى چاقىرىپ كەتتى. گېزىت ۋاقتىدا چىقمىسا بىز مۇشتەرىلەرگە نېمە دەيمىز، — دېدى نىمشېھىت.

**مۇشتەرى بولماق** گېزىت، ژۇرنال، كىتاب قاتارلىق نەشرىي بۇيۇملارنى سېتىۋېلىشقا ئالدىن تىزىملاتماق، خېرىدار بولماق: مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە ھۆددىگە بەرگەنىدىن كېيىن، ئۇ گېزىتكە باشقىچىلا ئىشتىياق باغلىدى، ھەتتاكى بۇ يىل تېخى «قەشقەر گېزىتى» گە مۇشتەرى بولدى.

**مۇشتەك** ئى (ر < نېم) تاماكىنى قاداپ چېكىدىغان بىر خىل سايمان؛ غاڭزا: — بۇ ۋەزىپىنى ئۆزلەگە تاپشۇرغان-دە! — دېدى تۈكچى ئەپيون مۇشتىكىنى قولىغا ئېلىپ تۇرۇپ.

**مۇشتەكلىمەك** پ. دىئال. دىسلىماق، چەيلىمەك، نىقتاپ پىشۇرماق (خېمىر ھەققىدە)

**مۇشتتەك** سۇپ. كىچىك، كىچىككىنە: ئۇ مۇشتتەك بالىنى كالا سۈتى بىلەن بېقىپ، كۆزىنى نەم قىلماي، ئايىغىنى يەرگە تەگكۈزمەي كۆتۈرۈپ يۈرۈپ چوڭ قىلدى. * — بىچارە رەيھان مۇشتتەك تۇرۇپ كىشلەرنىڭ بالىسىنى بېقىۋاتىدۇ. سەن بولساڭمۇ جان ئارام ئالىدىغان ئىشنى قىلغىن، — دېدى ئۇ.

**مۇشتتەك تۇرۇپ** كىچىككىنە تۇرۇپ، بالا تۇرۇپ: ئۇ مۇشتتەك تۇرۇپ، چوڭ ئادەملەردەك خورسىنىپ خىيال قىلاتتى.

**مۇشتلاش** «مۇشتلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: بىزنىڭ مۇشتلاشمىزنى

كۆرگەن بىرى چاقىرىپ قويغان بولسا كېرەك، دۈيجاڭ يەردىن ئۈنۈپ چىققاندەكلا پەيدا بولۇپ قالغانىدى. * مۇشتلاشنى ئۆگەنگەندۇق، بولۇشتۇق توقماقچى. ئاقچا دەپ تەپ تارتماي ھەم بولدۇق يانچۇقچى.

**مۇشتلاشتۇرماق** «مۇشتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇشتلاشچى** ئى. مۇشتلىشىشقا ئىپى بار، ئۇستا، مۇشتلىشىشتا داڭ چىقارغان، مۇشتلىشىش ماھىرى: ئۇ مەكتەپ بويىچە مۇشتلاشچى بولۇپ، ھەممە باللار ئۇنىڭدىن تەپ تارتتى.

**مۇشتلاشماق** ① «مۇشتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئوغرىنى تۇتۇۋېلىپ ھاردۇقى چىققۇدەك مۇشتلاشتى. ② بىر-بىرى بىلەن مۇشت ئېتىپ ئۇرۇشماق، ياقىلىشىپ سوقۇشماق: بۇلار بىر-بىرى بىلەن مۇشتلاشتى، توپىغا بېسىشتى، تۇمشۇقلىرى قان بولدى.

**مۇشتلانماق** «مۇشتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇشتلىماق** پ. مۇشت بىلەن ئۇرماق، مۇشت بىلەن زەربە بەرمەك: ئۇ ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەستىنلا تۆمۈرچىنىڭ سەندىلىگە بازغان ئۇرغاندەك مەنسۇر ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئادىمىنى مۇشتلىغىلى باشلىدى.

**مۇشتۇم** ئى (پ) مۇشت: ئۇ خوتۇنىنىڭ ئەدىبىنى كېلىشتۈرۈپ بېرىپ قويماقچى بولۇپ، مۇشتۇمىنى چىڭ تۈگكىنىچە، كارىۋاتقا يېقىنلاشتى.

**مۇشتۇمدەك** سۈپ ← **مۇشتتەك**: — ھۇ، شۇمتەك، مۇشتۇمدەك تۇرۇپ پۇل ئوغرىلىغۇدەك بولدۇڭمۇ؟ -دېدى ھېلىقى بالىغا مۇھەممەتجان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ. * ئۇ شاما چايناشنى مۇشتۇمدەك چېغىدىنلا باشلىغان.

**مۇشتۇمزور** ئى (پ) تارس. يوقسۇل، نامرات، كەمبەغەل دېھقانلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان مۈلۈكدار، زوراۋان: دۆلەت ئەركانى بۇزۇلۇپ، قانۇن ياساق ئىشتىن چىقماقتا، مۇشتۇمزورلار غۇلغۇلا كۆتۈرۈپ دۆلەتنى مالىمانچىلىققا سالماقتا، پېقىرنىڭ يۈرىكى مۇجۇلۇپ يانجىلماقتا.

**مۇشتۇمزورلۇق** «مۇشتۇمزور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمى تۇپەيلى قەلبىدە پەيدا بولغان ماتەم ۋە يات تائىپىلەرنىڭ مۇشتۇمزورلۇقى سەۋەبلىك تۇغۇلغان غازات ئارزۇسى مەدەت بولغان بولسا كېرەك.

**مۇشك** ئى (پ) بىر خىل كېيىكنىڭ جىنسىي بېزىدىن ئېلىنىدىغان قارامتۇل، خۇش بۇي ماددا؛ (ئەتتارلىق ۋە تىبابەتتە ئىشلىتىلىدۇ): ئەتىياز بۇلۇتى ئۆتتى ھۆڭگىرەپ، خوتەننىڭ مۇشكىدەك تۇس ئالدى جاھان. ئېيتساڭچۇ تۇتقۇنلۇق پەريادلىرىنى، يېشىڭدىن كۆكەرگەن سەرۋى، سۇۋادان.

**مۇشك-ئەنبەر** مۇشك ۋە ئەنبەر، خۇش بۇي ماددىلار: ئۇ «تۈرلۈك مۇشك-ئەنبەرلەر، ئۇدگۈلى، تۇمۇچۇق زەيتۇنى ۋە شۇنىڭدەك ئۇ مەملىكەتلەردە ئاز تېپىلىدىغان نەرسىلەرمۇ بار!» دەپتۇ.

**مۇشۇ** ئال ① سۆزلىگۈچىگە يېقىن، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى، ئۇنىڭ يېنىدىكى ياكى قولىدىكى نەرسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىدۇ: مۇشۇ ئولتۇرۇشتىن بىر سائەتچە كېيىن ئۆزبېك ئايىم ئۆيىنى خالىي قىلىپ، ھەسەن ئەلىنى ئۆز يېنىغا قىچقارتىپ كىردى. ② سۆز بولۇۋاتقان پەيتنى ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ۋاقىتنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: — باشقىلارنىڭ مۇشۇ كۈنلەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرگىنىدىن خەۋىرىڭىز يوقمۇ دەيمەن؟ — دېدى ئۇ. ③ ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغان ياكى ئاڭلىغۇچى يېقىن دەپ

ھېس قىلغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش ياكى ئۇلارغا ئىشارە قىلىشتا قوللىنىلىدۇ: ـ ئۇنىڭ مۇشۇ ئىتالىيانچە تەرجىمىسىنىڭ نەشر قىلىنىشى ياخشى خەۋەرچى، ئىتالىيە پرولېتارىياتى غەلىبىسىنىڭ خەۋەرچىسى بولۇپ قالسۇن، - دېدى ئۇ. * بۇ دەل مۇشۇ ئايشەم ھەدە ئىدى!

**مۇشۇ تاپ** سۆز بولۇۋاتقان پەيت، مۇشۇ ۋاقىت، مۇشۇ چاغ، ھازىر: مۇشۇ تاپنىڭ ئۆزىدە كەلگەن بولسا، ناھايىتى ياخشى بولاتتى ـ ھە؟

**مۇشۇ تاپتا** سۆز بولۇۋاتقان پەيتتە، مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ چاغدا، ھازىرنىڭ ئۆزىدە: بۇنىدىن بىر ئاي بۇرۇن ماشىنا بېكىتىدە بولۇپ ئۆتكەن ئىش ھايسخان چويۇنىنىڭ كۆز ئالدىدا گويا مۇشۇ تاپتا يۈز بېرىۋاتاتتى.

**مۇشۇ تۇرقىدا** مۇشۇ ھالەتتە، مۇشۇ پەيتتە، مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇشۇ چاغدا: ـ مۇشۇ تۇرقىدا ئاشۇ قاپاقتىكى مۇزدەك سوغ چاينى ئەكىلىپ بەرسە ئەجەب ئوبدان بولاتتى-ھە! ـ دېدى ئۇ لەۋلىرىنى تامشىپ.

**مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟** ← **مۇشۇ كۈن بولدىمۇ؟**: ـ نېمانداق ۋاقىتدا تۇغۇلۇپ قالغان بولغىيدۇق. مۇشۇمۇ كۈنمۇ؟ ـ دەيتتى ئۇ ھەسرەتلىنىپ.

**مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟** تۇرمۇشنىڭ ئېغىر، كۆڭۈلسىزلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: - قارىغىنا، مۇشۇمۇ كۈن بولدىمۇ؟ - دېدى بوۋاي.

**مۇشۇنچە** ئال. مۇشۇ مىقداردىكى، مۇشۇ دەرىجىدىكى: مۇشۇنچە نەرسىنى قانداق كۆتۈرۈپ كېتىسىز؟

**مۇشۇنچىلىك** ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن ياكى كۆرسىتىلگەن مىقداردا، شۇ دەرىجىدە: ـ رەھمەت ئۇكام، ئاۋۋال ئاللانىڭ رەھمىتى، ئاندىن قالسا دوختۇرلارنىڭ شەپقىتى بىلەن مۇشۇنچىلىك بولۇپ قالدىم، ـ دېدى ئۇ رازىمەنلىك بىلەن. ـ * سىز يوق چاغدا بىز مۇشۇنچىلىك بىرنېمە قىلدۇق. قالغىنىنى مەسلىھەتلىشىپ بىر تەرەپ قىلارمىز؟ ـ دېدى ئۇ.

**مۇشۇنچىۋالا** ئال. مۇشۇنچە كۆپ، شۇنچە نۇرغۇن: ـ بىزنىڭ بىللە ئوقۇۋاتقىنىمىزغا خېلى يىل بولدى. سىز دائىم مەندىن، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ ئۆگىنىسىز، دەپ سورايتتىڭىزغۇ؟ مەن جاۋاب بەرمەي كەلدىم، - دېدى ئۇ.

**مۇشۇنداق** ئال. ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغاندەك، كۆز ئالدىدىكىدەك، ئاشۇنداق: ـ مەن كەتمەيمەن، ئۆمرۈم بويى ئىككى بالىڭىزنى بېقىپ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەي، ـ دېدى ئۇ ئېرىگە. ـ * سىلە دائىم مۇشۇنداق خام خىيال بىلەن مېڭىمۇ، ئۆزۈڭلىنىمۇ ئالداپ يۈرۈسلەر، ـ دېدى ئۇ.

**مۇغەمبەر** سۈپ (ئە) بىلىپ تۇرۇپ ھېچنېمىنى ئۇقمىغان، سەزمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان، ئالدامچىلىق بىلەن ئىش كۆرىدىغان؛ ساختىپەز، قۇۋ، ھىيلىگەر، خۇپسەن: مۇغەمبەر ئادەم. * بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا، مەتسىيت پات-پات يەر ئاستىدىن ماڭا قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ ھىيلىگەر، مۇغەمبەر كۆزىدە نېمىدۇر يوشۇرۇنغاندەك قىلاتتى.

**مۇغەمبەرانە** رەۋ ← **مۇغەمبەرلەرچە**: ئۇ ئۇنىڭ قولىنى ئامبۇردەك قىسىپ، مۇغەمبەرانە نەزەر بىلەن قاراشلىرىدىنلا خوجايىنلاردا بولىدىغان تەكەببۇرلۇقنى ھېس قىلغانىدى.

**مۇغەمبەرلەرچە** رەۋ. مۇغەمبەرلەردەك،

مۇغەمبەرلەرگە ئوخشاش، ھىيلىگەرلىك، خۇپسەنلىك بىلەن: بىز كىتابخانىدىن چىققىنىمىزدا تالىپ مۇغەمبەرلەرچە ھىجىيىپ: « يۇرۇڭلار ئاشخانىغا كىرىپ بىرەر رومكىدىن كۆتۈرەيلى » دېدى.

**مۇغەمبەرلىك** « مۇغەمبەر » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كەمپىر مۇغەمبەرلىك قىلىپ، ئۇلاردىن مىننەتدار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپتۇ. *— ئۇ مېنى ھېچ نەرسىنى بىلمەيدۇ دەپ ئويلايدۇ، ئۇ ھىيلىگەرلىك ۋە مۇغەمبەرلىك بىلەن مېنى ئالداۋاتىدۇ، — دېدى ئالىم.

**مۇغەننى** ئى (ئە) ييزت. ساز چالغۇچى، سازاندە: مۇغەننىلەرنىڭ ساز ئاۋازىدىن گۈلزار ئىچىدە خىجىلدۇر بۇلبۇل. ئۇيغۇر قىزلىرى چۈشسە ئۇسسۇلغا، كۆرسەن ئۇنى گويا قىزىلگۈل.

**مۇفتا** ئى (ر< نېم) < ماشىن > ماشىنا ۋە مېخانىزملارنىڭ ئىككى ئۇقنى بىر-بىرىگە ئۇلايدىغان قىسمى.

**مۇقابىل** سۈپ (ئە) ييزت. قارشى، قارشى ھالدا، قارىمۇقارشى؛ زىت: مۇقابىل بولماق. مۇقابىل تۇرماق. * كۈنچىقىش لەشكەرلىرى يېتىپ كېلىش بىلەنلا، ئۇلارنىڭ قوشۇنى قارشى چىقتى، ئىككى قوشۇن بىر-بىرىگە مۇقابىل بولۇپ تۇرۇشتى. * بۇنىڭغا مۇقابىل مىللىي ئارمىيە باتالىيونىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە جامدىن كۆنشەھەر ۋە يېڭىشەھەرلەرگە بىرقانچە قېتىم ھەربىي رازۋېدكىچى ئەۋەتتى.

**مۇقابىل بولماق** بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ھالدا بولماق، قارىمۇقارشى ھالدا تەييار تۇرماق: ئۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ چىقىپ، ياۋ لەشكەرلىرىگە مۇقابىل بولدى.

**مۇقابىل تۇرماق** قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە تۇرماق: لەشكەرلەر شەھەردىن چىقىپ چېدىر-بارگاھلارنى تىكىپ تەييارلىققا كىرىشتى. ئۇشاد بۇلغارىمۇ مۇقابىل تۇرۇشقا يۈزلەندى.

**مۇقاتىل** ئى (ئە) < بوت > ← **مۇقاتىل دەرىخى.**

**مۇقاتىل دەرىخى** < بوت > سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تەتۇر تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك، ئۆتكۈر خۇش بۇي پۇرايدۇ، مېۋىسى بۆرەك شەكىللىك، ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. شاكىلىدىن ماي ئېلىنىدۇ. ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئامېرىكا، ھازىر گۇاڭدۇڭدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**مۇقام** ئى (ئە) < مۇز > ① ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى « 12 مۇقام » ۋە ئۇنىڭ ھەربىر قىسمى. ھەربىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ. 12 مۇقام جەمئىي 72 خىل نەغمە ۋە 170 تىن ئارتۇق ئاھاڭنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بۈگۈن ئۈچ دوست بىرلىكتە ساتىراشخانىغا كىرگەندە، مۇئىرىدىنىڭ يەكەنلىك سازەندە تونۇشى شاھابىدىن قولىغا دۇتار ئېلىپ، مۇقام پەدىلىرىگە ساز چېلىپ ئولتۇراتتى. ② مۇزىكىلىق ئاھاڭ، مۇزىكا ئاھاڭى، كۈي ۋە ئۇنىڭ تەرتىپى: چىۋ-چىۋ قىلىپ ئۆز مۇقامىغا تووۋلاپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈۋاتقان تورغاي ئاۋازى بەكمۇ يېقىملىق. * شۇ چاغ ئۆلكىمىز باشنى كۆتۈرۈپ، خۇشاللىقىدا ئويناپتتى داپنى. قەشقەر « كەڭتاشا تاپتۇق نىجات » دەپ، يېڭى مۇقامغا چالدى راۋابنى. ③ كۆچمە. تەرتىپ؛ ئۆلچەم، رىتىم: ئۇنىڭ بۇ خىل سۆزلىرى ئۆزگەرمەستىن بىر مۇقامدا ئېيتىلىپ تۇراتتى. * كونا يىل كارۋىنى قالدى ئارقىدا، يېڭى يىل تۇلپارى شوخ قانات

قاقتى. تاغ، ئورمان ياسىنىپ، ئەزىم دەريالار، يېڭى بىر مۇقامدا شارقىراپ ئاقتى. ④ كوچمە. ھەرىكەت، ئۇسۇل، يول: ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار (ماقال). * – بۇ دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى ئۆزۈڭىزنىڭ كونا مۇقامى، – دېدى شائىر. ⑤ نوپۇز، دەرىجە، مەرتىۋە: تۆمۈرخان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ: – راستىن ئەۋلىيالىق مۇقامغا يېتىشكەن كىشى ئىكەن! – دېدى ھەيران قېلىپ.

**مۇقام چالماق** ساز بىلەن مۇقامنى ئورۇندىماق: فارابى ھەم قىدىر، نەپىسى مۇزىكا دەرسىنى بەرسە، مۇقام چالسام بۇنىڭدەك يوق جاھاندا سۆھبىتى، خۇشتار.

**مۇقامدا يوق** قائىدە-يوسۇندا يوق، ئۆرپ-ئادەتتە بولمىغان، ئەمەلىيەتكە خىلاپ: كاتىپ ئۆزىنىڭ ئورۇنسىز، مۇقامدا يوق گەپ بىلەن ئۆز ئېغىزىدىن كەتكۈزۈپ قويغانلىقىنى بىلىپ ئۈن-تىنسىز جىمىپ كەتتى.

**مۇقامغا سىغماسلىق** ئەمەلىيەتكە، قائىدە-يوسۇنغا، ئەقىلگە ئۇيغۇن كەلمەسلىك: دائىم مۇقامغا سىغمايدىغان ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىر مۇشۇ كۈنگە قالدىڭ.

**مۇقامغا يەتمەك** بىرەر ئىشتا راسا پىشىپ يېتىلمەك، يۇقىرى پەللىگە چىقماق، ۋايىغا يەتمەك: بالا نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ، كۆپ بىلىم ئېلىپ، ئۆلىمالىق مۇقامغا يېتىپتۇ.

**مۇقامچى** ئى. مۇقام ئېيتقۇچى، مۇقام ماھىرى: مەتياقۇپ مۇقامچىنىڭ غەجەك چېلىشىدىن زوقلىنىپ ساقاللىرىنى لەپىلدىتىپ ماقۇللايتتى، ئۇنىڭ بېيىتلىرى يېڭى ۋە تەسىرلىك ئىدى.

**مۇقامچىلىق** ئى. مۇقام ئېيتىش، مۇقام بىلەن شۇغۇللىنىش: ئۇنىڭ چوڭ بوۋىسى ھاشىمئاخۇن (ھاشىم ساتار) ئەينى زامانىدىكى ئەڭ مەشھۇر خەلق مۇقامچىلىرىدىن بولۇپ، مۇزىكىچىلىق، مۇقامچىلىق، ساھەسىدە خېلى داڭقى بار كىشىلەردىن بولغان.

**مۇقامشۇناس** ئى. مۇقامنى تەتقىق قىلىدىغان كىشى، مۇقام مۇتەخەسسىسى: بۇ يىل، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەشھۇر سەنئەت ئەربابى، ئاتاقلىق مۇقامشۇناس تۇرداخۇن ئاكا تۇغۇلغانلىقىغا بىر ئەسىر بولۇپ ئاشتى.

**مۇقامشۇناسلىق** ئى. مۇقامنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، مۇقامنى تەتقىق قىلىش ئىشى: ئۇ 70 يىللىق ھاياتىنى ئۇيغۇر خەلق ئەنئەنىسى ۋە مۇقامشۇناسلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن.

**مۇقاۋا** ئى (ئە) <مەت> كىتاب-ژۇرنال، دەپتەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قەغەز، سۇلياۋ قاتارلىق نەرسىلەردىن قىلىنغان سىرتقى قىسمى؛ تاشلىق: قاتتىق مۇقاۋا. يۇمشاق مۇقاۋا. كىتابنىڭ مۇقاۋىسى.

**مۇقاۋىچى** ئى. كىتاب-ژۇرنال، دەپتەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى مۇقاۋىلايدىغان ئادەم.

**مۇقاۋىچىلىق** ئى <مەت> كىتاب ئىشلەش جەريانىدىكى مۇقاۋا لاھىيىلەش خىزمىتى. ئۇ مۇقاۋا نەقشى، تىتۇل ۋە قوشۇمچە بەتلەرنىڭ لايىھىلىنىشى، مۇقاۋا ماتېرىياللىرىنىڭ تاللىنىشى، تۈپلەش شەكلىنىڭ بەلگىلىنىشى قاتارلىق ئىش ھالقىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مۇقاۋىسىز** سۈپ. مۇقاۋىسى يوق، مۇقاۋىغا ئېلىنمىغان: مۇقاۋىسىز كىتاب بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

**مۇقاۋىلاتماق** «مۇقاۋىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇقاۋىلانماق** «مۇقاۋىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغاچ ياغىچىدىن ياسالغان نەقىشلىك شىرە ئۈستىدە شەيخ سەئىدىنىڭ قىزغۇچ كۆندىن كۆركەم مۇقاۋىلانغان «بوستان» ناملىق مەشھۇر كىتابى ئوچۇق تۇراتتى.

**مۇقاۋىلىق** سۈپ. مۇقاۋىسى بار، مۇقاۋىلانغان، تاشلانغان: ئۇ هازىر كۆزەينىكىنى تاقاپ، تىزىغا قويۇۋالغان قارا خۇرۇم مۇقاۋىلىق چوڭ بىر كىتابنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى.

**مۇقاۋىلىماق** پ. كىتاب، ژۇرناللارنىڭ سىرتىنى مۇقاۋا بىلەن ئورىماق، تاش قاپلىماق؛ تاشلىماق.

**مۇقەددەس** (ئە) ① سۈپ. ئەزىز، ئۇلۇغ، تەگداشسىز: مۇقەددەس جاي. مۇقەددەس كىتاب. * قۇددۇس شەھىرى — يەھۇدى دىنىدىكىلەرنىڭ نۇقتىئىنەزىرىدىن ناھايىتى مۇقەددەس سانايدىغان جايى. * بەش ئەسىر ئىلگىرىكى زامان كۆكىدىن، ئۇ پەسلەپ يېقىنلاپ كەلدى ئالدىمغا. مۇقەددەس ئەۋلىيا نوھنىڭ كېمىسى، ۋە ئۇلۇغ ھېكمەتلەر چۈشتى يادىمغا. ② سۈپ. ئالىيجاناب، سۆيۈملۈك، بىباھا، شەرەپلىك: ھازىر ھەممىزنىڭ ئەڭ مۇقەددەس ئانىسى، كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جانجان ۋەتىنىمىز دۈشمەنلەرنىڭ قامالى ئىچىدە تۇرماقتا. * تۇغۇلدۇم دۇنياغا ئۆلمىسەم دەيمەن، ئۆلسەمۇ ئارماندا كەتمىسەم دەيمەن. مۇقەددەس ئەل ئىشى بولسا كەڭ ئاسمان، كۆكسىدە يۇلتۇزدەك ئۆچمىسەم دەيمەن. * يانار دىلدا ئۇلۇغ ئىستەك، چېكىنمەيمەن كۈرەش جەڭدىن، جاھان قايىل مۇقەددەس بۇرج، ئەقىدە-ئېتىقادىمغا. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇقەددەس ئائىلە** < پەلس > پەيلاسوپ ئاكا-ئۇكا بۇئېرلارغا ۋە ئۇلارنىڭ مۇرىتلىرىغا قويۇلغان لەقەم. ئۇلار بارلىق رېئاللىقتىن، پارتىيىدىن ۋە سىياسىيدىن تاشقىرى تۇرىدىغان، بارلىق ئەمەلىي پائالىيەتلەرنى ئىنكار قىلىدىغان، ئەتراپتىكى دۇنيانى ۋە ئۇنىڭدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى پەقەت «تەنقىدىي ھالدا» جىمغىنا كۆزىتىدىغان بىر خىل تەنقىتنى تەرغىپ قىلغان. ماركس بىلەن ئېنگېلس بۇ بىمەنە ئىدىيىۋى ئېقىمغا قەتئىي قارشى تۇرغان.

**مۇقەددەس جاي** ① < تارىخ > دىن مۇخلىسلىرى ئۇلۇغلايدىغان ۋە دىن ئاساسچىلىرىنىڭ ھايات-پائالىيەتلىرىگە زور مۇناسىۋىتى بار جاي. مەسىلەن، خرىستىئان مۇرىتلىرى يېرۇسالېمنى، ئىسلام مۇرىتلىرى مەككىنى مۇقەددەس جاي دەپ ھېسابلايدۇ. ② ئالاھىدە زور تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە تەسىرگە ئىگە يەر. مەسىلەن، نىلقا شىنجاڭنىڭ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى تارىخىدىكى مۇقەددەس جايدۇر.

**مۇقەددەس خەزىنە تۈزۈمى** < تارىخ > تەيپىڭتيەنگو يولغا قويغان تۇرمۇش مۇلازىمەتلىرىنى تەڭ تەقسىم قىلىش تۈزۈمى. بۇنىڭدا، پۈتۈن كىيىم-كېچەك ۋە ئوزۇق-تۈلۈكنىڭ ھەممىسىگە مۇقەددەس خەزىنە خىراجەت چىقارغان. ھەممىدە تەڭ-باراۋەر بولۇش — بۇ تۈزۈمنىڭ باشلىنىشى بولغان.

**مۇقەددەس روھ** < دىن > خرىستىئان دىنىنىڭ ئاساسىي ئەقىدىسى بولغان «ئۈچلۈك گەۋدە» دىكى ئۈچىنچى تەركىپ. خرىستىئان دىنىدا ئاللاھ پەقەت بىر، ئەمما ئۇ مۇقەددەس ئاتا، مۇقەددەس بالا ۋە مۇقەددەس روھتىن ئىبارەت ئۈچ

تەركىبنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇ ئۈچى ئۈچ روھ ئەمەس، بىر روھ؛ بىر تەركىبمۇ ئەمەس. بۇ سىرنى ئەقىل-ئىدراك بىلەن ئەمەس، بەلكى ئېتىقاد ئارقىلىقلا قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**مۇقەددەس كىتابلار** < دىن > دىندا ئاللادىن پەيغەمبەرلەرگە چۈشۈرۈلگەن دەپ قارىلىپ ئۇلۇغلىنىدىغان ۋە ئېتىقاد قىلىنىدىغان كىتابلار. مەسىلەن، قۇرئان، ئىنجىل، تەۋرات، زەبۇر قاتارلىقلار.

**مۇقەددەسلەشتۈرمەك** پ ① مۇقەددەس نەرسىگە ئايلاندۇرماق. ② < پەلس > مەلۇم مۇددىئانى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا مەلۇم نەرسە، ئىدىيە قاتارلىقلارنى دىنىي ياكى باشقا يوللار ئارقىلىق مۇقەددەسلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مۇقەددەسلەشتۈرۈلمەك** « مۇقەددەسلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زەمزەم — مەككىنىڭ شەرقىگە، كەبىنىڭ جەنۇبىغا جايلاشقان ۋە ئىسلام دىنىدا مۇقەددەسلەشتۈرۈلگەن چوڭقۇر قۇدۇق.

**مۇقەددەم** رەۋ (ئە) بۇرۇن، ئىلگىرى، ئالدىن، ئاۋۋال: شۇنىڭ بىلەن بۇ خوتۇنلىرىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئىككى يىل مۇقەددەم يەنە بىر قىزغا ئۆيلىنىپتۇ. لېكىن هازىرغىچە بۇ خوتۇنىدىنمۇ پەرزەنتتىن سادا يوقمىش.

**مۇقەددىمە** ئى (ئە) ①ئىلمىي، ئەدەبىي، مۇزىكا، تىياتىر ئەسەرلىرى ۋە گەپ-سۆز، نۇتۇق قاتارلىقلارنىڭ كىرىش قىسمى، باشلىنىشى: كىتابنىڭ مۇقەددىمىسى. مۇزىكىنىڭ مۇقەددىمىسى. دىرامىنىڭ مۇقەددىمىسى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ بېشى، دەسلەپكى باسقۇچى: ئەتىكى تويىنىڭ مۇقەددىمىسى ھېسابىدىكى بۇ ئۇسسۇل سورۇنى كەچ كىرگەنچە قىزىشقا باشلىدى. * 70 يىلدىن بۇيانقى تارىخ شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شىنخەي ئىنقىلابى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە كېيىنكى بىر قاتار تارىخىي تەرەققىياتلار ئۈچۈن يول ئېچىپ بەردى.

**مۇقەررەر** سۈپ (ئە) ① ۋۇجۇدقا كېلىشى، يۈز بېرىشى، ئەمەلگە ئېشىشى ئېنىق بولغان؛ شۈبھىسىز، تۇرغان گەپ، چوقۇم: بىر ئەركىشى ئالداشقا باشلىسىلا، كەينى-كەينىدىن يالغان ئېيتىشى مۇقەررەر. * كىشىلەرنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدىغان ھەممە نەرسە مۇقەررەر يوسۇندا ئۇلارنىڭ كاللىسىدىن ئۆتۈشى كېرەك. // سىنىپلار مۇقەررەر پەيدا بولغاندەك، ئۇلار مۇقەررەر يوقىلىدۇ. سىنىپلارنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ دۆلەتمۇ مۇقەررەر يوقىلىدۇ. ② قارار تاپقان، تايىن؛ تۇرغۇن ھالەتكە كەلگەن: مۇقەررەر تەرتىپ.

**مۇقەررەر باغلىنىش** < لوگ > كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنماي يۈز بېرىدىغان باغلىنىش، يەنى قانۇنىيەتلىك باغلىنىش.

**مۇقەررەر ھۆكۈم** < لوگ > ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشلىق مۇقەررەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولغان ھۆكۈم. مەسىلەن، سوتسىيالىزم مۇقەررەر ھالدا كاپىتالىزم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ، دېگەندەك.

**مۇقەررەرلەشتۈرمەك** « مۇقەررەرلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇقەررەرلەشتۈرۈلمەك** « مۇقەررەرلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇقەررەرلەشمەك** پ. ئېنىق قارار تاپقان

ھالەتكە كەلمەك، مۇقىملاشماق، جەزمەنلەشمەك: شۇ كۈنلەردە ئاقسۇنىڭ ئىككىلا شەھىرىدە ئۇرۇشنىڭ مۇقەررەرلىشىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بەرگۈچى بەلگە-ئالامەتلەر سېزىلەرلىك دەرىجىدە ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى.

**مۇقەررەرلىك** ئى < پەلس > شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات ۋە ئۆزگىرىش جەريانىدا ساقلانغىلى بولمايدىغان مۇقەررەر يۈزلىنىشى. ئادەتتە ئۇ شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شەيئىلەرنىڭ مۇقەررەرلىكىنى بىلىش ئەمەلىيەتتە شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى بىلىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**مۇقەررەرلىك ئالەمى** < پەلس > كىشىلەرنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنى ئىگىلەشتىن بۇرۇنقى ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلەرنىڭ قوماندانلىقىغا قارىغۇلارچە بويسۇنىدىغان ھالىتى.

**مۇقۇلداشماق** پ. دىئال. تىل بىرىكتۈرمەك، گېپىنى بىر قىلماق؛ مەخپىي مەسلىھەتلەشمەك.

**مۇقىم** (ئە) ① سۈپ. بىر جايدا دائىم تۇرىدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان، تۇراقلىق: مۇقىم مۇلۈك. مۇقىم ئىشچى. گەپنى مۇقىم قىلماق. * ئۇ قانچە كەچ يېتىپ قالمىسۇن، ئەتىسى يەنە شۇ مۇقىم بىر ۋاقىت - تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىدىغان ئادىتى ئۆزگەرمىدى. ② دائىما بولۇپ تۇرىدىغان، ھەمىشە، دائىم: ــ شەھەردىن بىز تەرەپكە قاتنايدىغان مۇقىم ماشىنا يوق، ــ دېدى ئۇ.

**مۇقىم باھا** <س ئىق> پىلان، ستاتىستىكا خىزمەتلىرىدە ئوخشاش بولمىغان مەزگىللەردە قىممەت كۆرسەتكۈچلىرىنى ھېسابلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان مەلۇم بىر مۇقىم مەزگىلدىكى باھا كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مۇقىم بولماق** ئۆزگەرمەيدىغان، تۇراقلىق ھالەتكە كەلمەك: مانا بۇ خىل ۋاستىلىك قىزىقىش بىرقەدەر مۇقىم بولىدۇ، ئۇ دىققەتنى ھەرىكەت جەريانىدا باشتىن ئاخىر ساقلاپ تۇرىدۇ.

**مۇقىم دولقۇن** < فىز > مەلۇم دائىرە بىلەنلا چەكلىنىپ، سىرتقا تارالمايدىغان دولقۇن.

**مۇقىم غالتەك** < فىز > ئورنى تۇراقلىق غالتەك. ئىشلىتىلگەندە چاقى ئايلىنىدۇ، بىراق پۈتۈن غالتەكنىڭ ئورنى ئۆزگەرمەيدۇ. بۇنداق غالتەك پەقەتلا كۈچنىڭ نىشانىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ، لېكىن كۈچنى تېجەپ قالالمايدۇ.

**مۇقىم كۆلەك** < ئورم > كۆچەتلەرنىڭ چاچما يىلتىزلىرى ۋاقتىدا يېتىلىپ، يەرگە ئۆزلىشىپ، ئوزۇقلۇق يەتكۈزۈپ بېرەلىگەن ۋاقتىدا قايتا كۆكلىگەن ھالىتى.

**مۇقىم ئۆسۈم** <س ئىق> مەملىكىتىمىزدە، مىللىي كاپىتالىستىك سودا-سانائەتتە ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار كەسپلەر بويىچە شېرىكلەشكەندىن كېيىن، دۆلەتنىڭ ئەسلىي مىللىي كاپىتالىستلارغا تەئەللۇق ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى سېتىۋېلىشتا قوللانغان بىر خىل چارىسى.

**مۇقىم ئېقىم** < فىز > ئاقار جىسىمنىڭ خالىغان بىر نۇقتىدىكى ئېقىش تېزلىكى ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدىغان ئېقىم. ئەكسىچە بولغاندا مۇقىمسىز ئېقىم دېيىلىدۇ.

**مۇقىم ئىشلەپچىقىرىش فوندى** <س ئىق> مۇقىم فوند، يەنى كارخانىدىكى مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىش شەكلى.

**مۇقىمدىماق** پ ← **مۇقىملىماق**: قاۋۇل ئۆزىنى مۇھاسىرە قىلىپ ئولتۇرغان يوچۇن ھەمراھلارنىڭ كۆڭلىدە قانداق مۇددىئا بارلىقىنى تازا ئاڭقىرالمىغان بولسىمۇ، ئەمما « بۇلار چوقۇم ياخشى ئادەملەر ئەمەس! » دېگەنىنى قايتا-قايتا مۇقىمداپ كېلىۋاتاتتى.

**مۇقىمسىز** سۈپ. بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان؛ تۇراقسىز: ھازىر ئورۇش ۋاقتى، يېڭىشە ھەرنىڭ سېپىلى ئىچىدىكىگە قارىغاندا كونىشەھەر بازىرى مۇقىمسىز. قەمەرنىسانىڭ بۇ يەردە مىللىي ئارمىيىگە شەپقەت ھەمشىرىسى بولۇپ ئىشلىگەنلىكىنى بىلىدىغانلار كۆپ.

**مۇقىمسىزلىق** ئى. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان تۇراقسىز ھالەت؛ تۇراقسىزلىق، مەيدانسىزلىق: مۇشۇنداق ئادەتنى يېتىلدۈرگەندىنلا ئاندىن ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرنى تاسادىپىلىق، مۇقىمسىزلىقتىن مۇقىم، ئىزچىل ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ.

**مۇقىملاشتۇرماق** « مۇقىملاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۈچىنچى قېتىملىق ياندۇرۇپ تەكشۈرۈشتىن كېيىن، گۈلە ندەم دېئاگنوزىنى مۇقىملاشتۇردى. * ئۇ ئاخىرىدا يەر شارى مىقياسىدا ھېلىقىدەك مېۋىنىڭ يوقلۇقىنى ئاساسەن مۇقىملاشتۇردى.

**مۇقىملاشتۇرۇش** ① « مۇقىملاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② < بئول > توقۇلما، ئورگان ياكى ئورگانىزملارنى سۇيۇق كىسلاتا، ئىسپىرت ۋە باشقا قېتىشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ئېرىتمىلەرگە چىلاش ئارقىلىق ئۆلتۈرۈپ قاتۇرۇش ياكى ساقلاش.

**مۇقىملاشتۇرۇلماق** « مۇقىملاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر ھەپتىنىڭ 2-، 4-كۈنى چۈشتىن كېيىنكى يىغىن كۈن ئۆگىنىش ۋاقتى قىلىپ مۇقىملاشتۇرۇلدى.

**مۇقىملاشماق** پ. ئۆزگەرمەيدىغان، مۇقىم ھالەتكە كەلمەك؛ تۇراقلاشماق؛ جەزملەشمەك: ماتور سىناش جازىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ياسالغانلىقى مۇقىملاشتى. * ئاكامنىڭ شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىغا يۆتكىلىپ مۇقىملىشىپ قالغىنىغىمۇ 12 يىل بولاي دەپ قالغانىدى.

**مۇقىملانماق** پ. تۇراقلىق، مۇقىم ھالەتكە كەلمەك، مۇقىملاشماق: مۇقىملانغان ئاساسىي شاخ ئوتتۇرىسىدىن ياكى ئەھۋالغا قاراپ 20 – 30 سانتىمېتىر قالدۇرۇپ قىسقارتىلىدۇ. * ئەگەر يەرلەر بىرنەچچە يىللىق مۇقىملانسا دېھقانلار يەرگە جان كىرگۈزۈشتە پۇل بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

**مۇقىملىق** « مۇقىم » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قانۇن ھەم نىسپىي ھالدا مۇقىملىقتا ئىگە بولۇشى، ھەم سىياسىينىڭ، ئىقتىسادنىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ، ئۆزگىرىپ تۇرۇش ئېھتىياجىغا ئۆزلۈكسىز تۈردە مۇۋاپىقلىشىپ تۇرۇشى كېرەك.

**مۇقىملىماق** پ. تۇراقلىق، مۇقىم ھالەتكە كەلتۈرمەك، تۇراقلاشتۇرماق، جەزمەنلەشتۈرمەك: – بىز قان بېرىشكە ئۆزىنى تىزىملاتقان بىرنەچچە يۈز ئىشچىدىن سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈپ، مۇشۇ كىشىلەرنى مۇقىملىدۇق، – دېدى بارات قوپاللىق بىلەن.

**مۇكاپات** ئى (ئە) ئېرىشكەن نەتىجە، ياراتقان بىرەر تۆھپە، كۆرسەتكەن خىزمەتلەر ئۈچۈن بېرىلىدىغان ماددىي نەرسە؛ ئىنئام: مۇكاپات ئالماق. مۇكاپات بەرمەك. * مەشۇر مۇكاپات بۇغدىيىنى، قالدۇرۇق يېرىدىن چىققان پىيازنى ئېشەك ھارۋىسىغا باستى.

**مۇكاپات ئالماق** ياراتقان تۆھپە، كۆرسەتكەن خىزمىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن

ئىنئامغا ئېرىشمەك، مۇكاپاتلانماق: بەختىمگە يارىشا يىللىق ئىمتىھاندا ئەلاچى بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپات ئالدىم.

**مۇكاپات بەرمەك** ياراتقان تۆھپىسى، كۆرسەتكەن خىزمىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن ئىنئام بەرمەك، مۇكاپاتلىماق: زاۋۇت پارتكومى ئىلغار كومىتېتقا 500 يۈەن پۇل مۇكاپات بېرىدۇ.

**مۇكاپات پۇلى** ① بىرەر ئىش، ۋەزىپە، مۇسابىقە قاتارلىقلاردا نەتىجە قازانغانلىقى سەۋەبىدىن مۇكاپات تەرىقىسىدە بېرىلگەن پۇل. ② <س ئق> ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىغا ئاساسەن قوشۇمچە ئىش ھەققى سۈپىتىدە تارقىتىلىدىغان پۇل.

**مۇكاپاتلاشماق** «مۇكاپاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۇكاپاتلانماق** «مۇكاپاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن ناھايىتى قىزغىن ئېچىلدى. «ئۈچتە ياخشى» ئوقۇغۇچىلار مۇكاپاتلاندى.

**مۇكاپاتلىق** سۈپ. مۇكاپاتى بار، مۇكاپات بېرىلىدىغان: مۇكاپاتلىق پاي چېكى. مۇكاپاتلىق ئويۇن. * مەن «شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمىنىڭ مۇكاپاتلىق بىلىم سىناش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى خەۋىرىنى گېزىتتىن كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم.

**مۇكاپاتلىماق** پ. ياراتقان تۆھپىسى، كۆرسەتكەن خىزمىتى، نەتىجىسى ئۈچۈن ئىنئام، مۇكاپات بەرمەك: يېقىندا ناھىيىلىك كىنو فىلىم تارقىتىش شىركىتى ئىلغار كىنو قويۇش دۈيى ۋە ئىلغار كىنو قويغۇچىلارنى مۇكاپاتلىدى.

**مۇكاپاتنامە** ئى. مۇكاپاتلانغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ئىسپات قەغىزى.

**مۇكەممەل** سۈپ (ئە) ① ھەر جەھەتتىن تولۇق، كەم-كۈتىسىز، تەلتۆكۈس: مۇكەممەل قورۇلما. مۇكەممەل ئەسەر. * موللا تاھىر تاش موللام تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان بۇ نۇسخا ئىلگىرىكى نۇسخىلىرىدىن بىرقەدەر مۇكەممەل. * پۈتۈن ئەل «ھۆرىيەت!» دېسە، تېخى غەپلەتتە ئۇخلامسەن؟ ئۆلۈمدىن قورقمىغىن ھەرگىز مۇكەممەل بولسا ئىمانىڭ. ② تاكامۇللاشقان، كامالەتكە يەتكەن: ئاتام رەھمىتى ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىلگەندىن باشقا، يەنە خەنزۇ، مانجۇ، ئىنگلىز تىللىرىنىمۇ ياخشى بىلەتتى. * باللىرى ئارىدىن بىر يىلنى ئۆتكۈزۈپ، بىرىنىڭ ھۈنىرىنى بىرى ئۆگىنىپ، ھەربىرى ئۈچتىن ھۈنەرگە مۇكەممەل بولۇپتۇ.

**مۇكەممەلسىزلىك** ئى. مۇكەممەل ئەمەسلىك، مۇكەممەللەشمەسلىك: سوتسىيالىستىك تۈزۈمىمىزنىڭ بىرقەدەر مۇكەممەلسىزلىكتىن بىرقەدەر مۇكەممەللىككە يېتىشتە ئۇزاق بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتىدىغانلىقى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە.

**مۇكەممەللەشتۈرمەك** «مۇكەممەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ زېرەك مېڭىسى ۋە مول بىلىمى بۇ پىلاننىڭ ياخشى نەتىجىگە بولغان ئىشەنچىسىنى مۇكەممەللەشتۈرگەنىدى.

**مۇكەممەللەشتۈرۈلمەك** «مۇكەممەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قورۇلۇشقا ئىشلىگۈچى كارخانىلاردا ھەر خىل قائىدە-تۈزۈملەر تەدرىجىي ئورنىتىلدى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈلدى.

**مۇكەممەللەشمەك** پ ① ھەر جەھەتتىن تولۇقلانماق، كەم-كۈتىسىز ھالەتكە كەلمەك، تەلتۆكۈس بولماق: ئاپتونوم رايونىمىزدا خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى تەشكىلىي

جەھەتتە يەنمۇ مۇكەممەللەشتى. ② تاكامۇللاشماق، كامالەتكە يەتمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرىدا مۇكەممەللەشكەن گۈزەل قىز ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈپ ئالغان بولسا، ئەنە شۇ گۈزەل قامەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈشنى مەسلىھەت قىلىش بىلەن تولدۇرىمىز.

**مۇكەممەللىك** «مۇكەممەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ناخشا ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتسە، پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ۋە ۋەقە بىرلىكىنىڭ مۇكەممەللىكى بۇزۇلۇپ كېتىدۇ.

**مۈلۈك** ئى. غەم-قايغۇ، مەيۈسلۈك، كۆڭۈل يېرىملىق: مۈلۈك باسماق. مۈلۈك سالماق. * تاشۋاي راۋاب تارلىرىدىن ئېقىپ چىقىۋاتقان مۈلۈك ئارقىلىق، يىگىتلەرگە بارغانسېرى يۈرەك دەردىنى، ئارمىنىنى ئېچىپ سۆزلەيتتى. * بۇۋىخەلچەم سىڭلىسىنىڭ مۇڭلىرىنى ئاڭلاپ، ئىچ ئاغرىتىپ يىغلاپتۇ.

**مۈلۈك باسماق** غەمگە پاتماق، غەم-قايغۇغا، كۆڭۈل يېرىملىققا قالماق، مەيۈسلۈككە چۆممەك: ئويغاتتى لەيلىنىڭ ئەلەملىك دادى، مۈلۈك باسقان يېزىنى غەپلەت ئۇيقۇدىن. يىراقتىن كەلگەندە مۇڭلۇق پەريادى، يىغلاشتى ئۈچ گۆدەك دەھشەت قايغۇدىن.

**مۈلۈك سالماق** غەمگە پاتۇرماق، غەم-قايغۇغا، كۆڭۈل يېرىملىققا قويماق، مەيۈسلەندۈرمەك: توختىخان بوشقىنا قىلدى تەبەسسۇم، پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ چىقتى بوسۇقتىن. «رەھمەتتى بولسىدى...» ئۇنىڭ شۇ گېپى، دىللارغا مۈلۈك سېلىپ ئايرىلدى زوقتىن.

**مۇڭداش** ئى. غەم-قايغۇ، كۆڭۈل يېرىملىقتا ئورتاق بولغان، ئۆزئارا دەرد-ھەسرەتلىرىنى دېيىشىدىغان كىشى: مۇڭداش بولماق. * بىر سۆزلىشىپ مۇڭداش دېمە، بىللە مېڭىپ يولداش دېمە (ماقال). * — مۇنداق كۈنلەردە مۇڭلۇقغا مۇڭداش بولغان كىشى كۆزۈڭگە گۈل بولۇپ كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئۇ ئەكبەرگە.

**مۇڭداش بولماق** مۇڭلىرىنى، دەرد-ھەسرەتلىرىنى، قايغۇلىرىنى ئۆزئارا دېيىشىپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن بولماق: ئەنە ئۇنىڭ ئوغلى، قاراڭغۇ كېچىلەردە ئانىسىغا مۇڭداش بولۇپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن قاپاق تۈرۈپ ئولتۇرماقتا.

**مۇڭداشقاق** سۈپ. كىشىلەر بىلەن مۇڭدىشىشنى، سىردىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، مۇڭدىششقا ئامراق، پاراڭخۇمار: ئۇ يەنىلا ئۆزىنىڭ يېزا ھاياتىنى سېغىناتتى. سەھرالىقلار مۇڭداشقاق بولىدۇ. * ئۇ كاج، تەرسا بولغىنى بىلەن، بەكمۇ ئاق كۆڭۈل، تەدبىرلىك، مۇڭداشقاق ئادەم ئىدى.

**مۇڭداشماق** پ. ئۆزئارا مۇڭلىرىنى، دەرد-ھەسرەتلىرىنى، قايغۇلىرىنى ئېيتىشىپ پاراڭلاشماق، سىرداشماق: ئاخشام ئۇ ئۇخلاش ئالدىدا ھەمرا بىلەن ئۇزاققىچە مۇڭداشتى. * سادىق بۇ سادىدا، ئاق كۆڭۈل، سەممىي كىشىلەر بىلەن بىردەم مۇڭداشقاندىن كېيىن خوشلاشتى.

**مۈلۈك-زار** مۈلۈك ۋە زار: خەلقنىڭ مۈلۈك-زارىدىن توقۇلغان بۇ مىسرالار سورۇندىكىلەرنىڭ يۈرەك-باغىرلىرىنى ئېزىۋەتكەنىدى. * يۇرتداشلىرىم كۆزلىرىدىن ياش تۆككەن، مۈلۈك-زارغا تولغان ھالدا مۇنۇلارنى ئېيتىپ بەردى.

**مۇڭغايماق** پ. غېرىبسىنماق، مۇڭلانماق: نامازدىن كېيىن مۇڭغىيىپ بىردەم ئولتۇردۇم. ئۇخلاپ قېلىپتىمەن، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئۆيگە تىقىلىۋېلىپ مالىمان قىلىشىغا يول قويمايتتىم.

**مۇڭلانماق** پ. مۇڭلۇق، مەيۈس، غەمكىن ئەھۋالغا چۈشمەك؛ مەيۈسلەنمەك:

ئۇنىڭ بۇ ھالىتى ئۇزۇنغا بارمىدى، ئۇنىڭ كۈلكىسى ئاستا-ئاستا غايىب بولۇپ، كۆزلىرى يەنە مۇگلاندى. * مەي ئىچەر بەزىلەر دەردتە مۇگلىنىپ، بەزىلەر كىمدىندۇر رەنجىپ-خۇيلىنىپ، بەزىلەر پايدىسى خۇشاللىقىغا، بەزىلەر بىر ئىشتىن قاتتىق ئۇيلىنىپ.

**مۇگلۇق** سۈپ. مۇگغا تولغان، غەمكىن، مەيۇس: مۇگلۇق ناخشا. مۇگلۇق ئاۋاز.* زىلەيىنىڭ مۇگلۇق قىياپىتى ئېلىشاخۇن ئاكامغا تەسىر قىلدى ئەتىمالىم، دولىسىدىكى كەتمەننى يەرگە ئېلىپ يېنىغا باردى. * مەن ئايغا قارايمەن ھەر كۈنى ئاخشىمى، ياش تۆكۈپ ئېيتىمەن مۇگلۇق ناخشىنى. ئاي نېچۈن ئېرىمەس، چۈشمەس يېنىمغا ، تاپماقچى بولدىمۇ مەندىن ياخشىنى.

**مۇلازىم** ئى (ئە) ① تارىس. باي، ھاكىم، ئەمەلدارلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان كىشى: ئوردا مۇلازىمى. * «گۈلباغ» ئالىپلار قورشاۋ ئىچىدە قالغان چاغدا، دۈشمەن شاھى، مەسلىھەتچى، ئۇنىڭ بىرمۇنچە مۇلازىملىرى، دۈشمەن شاھىنىڭ قىزى ۋە خىزمەتكارلىرى ئەسىرلەرنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. ② خىزمەتچى، خادىم: دۇكان مۇلازىمى. مېھمانخانا مۇلازىمى. * شەھەرلەردىكى «مەدەنىيەتلىك بولۇشنىڭ ئاسانلا كۆزگە چېلىقىدىغان نامايەندە» لىرىنى نۇقتىلىق ھالدا ياخشى تۇتۇپ، تىجارەت خادىملىرى، مۇلازىملارنى خىزمەت قىلىش سۈپىتىنى ياخشىلاشقا سەپەرۋەر قىلىش لازىم.

**مۇلازىمەت** ئى (ئە) خىزمەت؛ كۈتۈش: مۇلازىمەت قىلماق. * — دېھقانلار بازار ھەققىدىكى ئۇچۇرغا، قەرز پۇلغا، تېخنىكا جەھەتتىكى يېتەكچىلىككە پىششىقلاپ ئىشلەش، ترانسپورت، سېتىش قاتارلىق مۇلازىمەتكە موھتاج، — دېدى ئابابەكرى.

**مۇلازىمەت قىلماق** خىزمەت قىلماق، كۈتمەك: ياخشى مۇلازىمەت قىلساق، خېرىدارلار رازى بولىدۇ.

**مۇلازىمەتچى** ئى. خىزمەتچى، كۈتكۈچى: مۇلازىمەتچى ئايال. مۇلازىمەتچى بولماق. * مالىيە سېپىدىكى ياشلار، مۇنەۋۋەر مۇلازىمەتچى بولۇش پائالىيىتىنى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك.

**مۇلازىمەتچىلىك** ئى ① باشقىلارنى بىرەر پەۋقۇلئاددە ئىستېمال قىممىتى بىلەن ھەر خىل شەكىلدە تەمىن ئېتىپ تۇرىدىغان غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى. مەسىلەن، ئەدەبىيات-سەنئەت، مائارىپ، سەھىيە، پۇل مۇئامىلىسى، سودا قاتارلىق ساھەلەردىكى خادىملارنىڭ ئەمگىكى شۇ جۈملىگە كىرىدۇ. ② ئومۇمەن، مۇلازىمەت ساھەسىدە يەنى سودا-تىجارەت، ئوزۇق-تۈلۈك كەسپى ۋە كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرى رېمونتچىلىقى قاتارلىق ساھەلەردە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئەمگىكىنى كۆرسىتىدۇ.

**مۇلازىملىق** ئى. خىزمەتچىلىك، كۈتكۈچىلىك: مۇلازىملىق قىلماق. مۇلازىملىق كەسپى. * سودا، مۇلازىملىق ۋە جامائەت، قاتناش تارماقلىرى «بەش بولۇش، تۆت گۈزەل» پائالىيىتىنى كارخانا باشقۇرۇشنىڭ ۋە ئەمگەك مۇسابىقىسىنىڭ مەزمۇنىغا كىرگۈزدى.

**مۇلازىملىق كەسپى** كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجىنى تەمىنلەش، كۈتۈۋېلىش ئىشى؛ كۈتكۈچىلىك: ئۇلار ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن پىششىقلاپ ئىشلەش، رېمونت قىلىش مۇلازىملىق كەسپلىرىنى يولغا قويدى.

**مۇلاقات** ئى (ئە) يېزت. ئۇچرىشىش، كۆرۈشۈش، يولۇقۇش: مۇلاقات بولماق. * ئۇلارنىڭ ئېيتىشى

« كېلىن » بىلەن قىز يېتىلەپ تېز چاپقىنىچە يول يۈرۈپ ھېلقى باغقا كېلىپتۇ، شاھزادە بىلەن شاھ قىزىغا مۇلاقات بولۇپتۇ. * ئەجەب خۇرسەن مېنىڭ كۆڭلۈم بۇگۈن سىزگە مۇلاقات مەن، ئۇلۇغ پارتىيە مېھرىدىن ۋىسالىڭ چاغىنى تاپتىم.

**مۇلاقات بولماق** ئۇچراشماق، كۆرۈشمەك، يولۇقماق: — چەت-ياقا، تاغ-دەشتلەردە، غېرىب-مىسكىنلىكتە ئۆتتۇق، بۈگۈن ئۆزلىرىنىڭ ھۆسن-جامالىرىغا مۇلاقات بولدۇق، بۇنى ئۆمرىمىزدىكى ئەڭ بەخت-سائادەت دەپ ھېسابلايمىز، — دېدى سۇلايمان.

**مۇلاھىزە** ئى (ئە) بىرەر مەسىلە ھەققىدە قىلىنغان ئوي-خىيال؛ پىكىر: مۇلاھىزە قىلماق. مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك. * مەن ئاپالىمنىڭ بۇ مۇلاھىزىسىگە قوشۇلدۇم. * سادىق نۇراخۇننىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ كۆڭلىدە مىننەتدار بولدى.

**مۇلاھىزە قىلماق** بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئويلانماق، پىكىر يۈرگۈزمەك، تەھلىل قىلماق: ياماقچى زېرەك پادىشاھنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىپ، ئۇنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپتۇ. * سادىقنىڭ دوكلاتى ناھىيە رەھبەرلىرىنىڭ قىزىقىشى ۋە دىققىتىنى تارتتى، مۇلاھىزە قىلىشتى.

**مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك** ← **مۇلاھىزە قىلماق:** شۇ زامان پادىشاھ ۋەزىر، ئۆلىما ۋە يېقىنلىرىنى چاقىرىپ، قىزنىڭ ھېلقى يىگىتكە تېگىشكە رازى بولۇپ، بەلگىسىنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ، بۇ ئىشقا ھەممەيلەن ھەيران بولۇپ، ھەر خىل مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپتۇ.

**مۇلاھىزىلىك** سۈپ. مۇلاھىزە قىلىنغان، مۇلاھىزە نەتىجىسىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن، ئويلاپ قىلىنغان: مۇلاھىزىلىك گەپ. مۇلاھىزىلىك ئىش. * — شۇنداق، — قۇۋۋەتلىدى ئاپابەكرى، — مۇلاھىزىلىك ئىش ئەلۋەتتە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ.

**مۇلاۋ** ئى ‹ ئىرق › مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**مۇلاۋ تىلى** ‹ تىل › مۇلاۋلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى جۇاڭزۇ-دۇڭزۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ دۇڭزۇ-شۈيزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونى لوچېڭ ناھىيىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**مۇلاۋلار** ئى ‹ ئىرق › مۇلاۋ مىللىتى، مۇلاۋ خەلقى. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لوچېڭ ناھىيىسىگە توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، ئاز بىر قىسمى ليۇچېڭ، يىشەن قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

**مۇلايىم** سۈپ (ئە) گەپ يەيدىغان، ياۋاش، كۆڭلى يۇمشاق؛ رايىش: مۇلايىم ئادەم. مۇلايىم بالا. * تۆمۈر خەلپە خوتۇنىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قارىدى. ئۇنىڭ مۇلايىم قوي كۆزلىرىدە ياش ئەگىپ تۇراتتى. * ئىشنىڭ ئالدىدا يولدىن هارۋىغا چىقۋالغان ھېلقى قىزلارنىڭ بىرى ئاجايىپ مۇلايىم ئىدى.

**مۇلايىم باكتېرىئوفاگ** ‹ بىئول › بىر خىل ئوكسىگېنسىزلانغان رىبونۇكلېئىن كىسلاتا باكتېرىئوفاگى. ئۇنىڭ ئوكسىگېنسىزلانغان رىبونۇكلېئىن كىسلاتا گېن گۇرۇپپىسى مەلۇم ئەھۋال ئاستىدا پارازىت ئىگە ھۈجەيرىسىنىڭ گېن گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىشەلەيدۇ.

**مۇلايىملاشتۇرماق** « مۇلايىملاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇلايىملاشماق** پ. مۇلايىم ھالەتكە

كەلمەك، رايىش بولماق؛ ياۋاشلاشماق: مەن « غىڭقىدە » بولۇپ قالدىم. شۇ تاپتا، تىلىمۇ، يۈزىمۇ تەگلا كۆيمەكتە ئىدى. ئۇ مېنىڭ بۇ ھالىمغا رەھمى كېلىپ قالدىمۇ، بىردىنلا مۇلايىملاشتى. * پىركازچىك ئايالنىڭ غەزەپلىك كۆزلىرى مېنى ھەيران قالدۇرۇپ بىردىنلا مۇلايىملاشتى-دە، سۆرۈن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈردى.

**مۇلايىملىق** « مۇلايىم » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ مۇلايىملىقى، ئىشچانلىقى بىلەن كىشىلەرگە تولىمۇ ئىسسىق كۆرۈنەتتى.

**مۇلتىپلىت** ئى (ر< لات) < فىز > ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بىر گۇرۇپپا كۋانت مېخانىكىلىق ھالىتى. بۇ گۇرۇپپا ھالەتتە ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بەزى كۋانتلىق سانلىرى ئوخشاش قىممەتكە ئىگە بولىدۇ، لېكىن باشقا كۋانتلىق سانلارنىڭ قىممىتى ئوخشاش بولمايدۇ.

**مۇلتىمېتىر** ئى (ر< لات) < فىز > ئېلېكتىر قارشىلىقى، تۇراقلىق ھەم ئۆزگىرىشچان توك ۋە ئېلېكتىر بېسىمى قاتارلىقلارنى ئۆلچەيدىغان ئۇنىۋېرسال ئىسچوتچىك.

**مۇلجالىماق** (توغرىسى: مۆلچەرلىمەك) ← **مۆلچەرلىمەك.**

**مۇلغۇي** ئى. موزدۇزنىڭ شىلىمى: « ئەتىكى قۇيرۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى » دەپ، بىر قازان ئۇماچ ئەتكۈزۈپ بەرگەن بولسا كىمنىڭ دەردى. ئۆيگە بارساق، خوتۇنلىرىمىزنىڭ تاپىسىنى دېمەمسىلەر تېخى! ساقلا، ساقلا، ئەتكەن ئاشلىرى مۇلغۇي بولۇپ كېتىپتۇ.

**مۇمكىن** سۈپ (ئە) ① ئىمكان، ئىمكانىيىتى بار، بولىدىغان، ئەمەلگە ئاشىدىغان: مۇمكىن دەپ قارالغان ئىشنى ئەلۋەتتە ئىشلەش كېرەك. ② « ئېھتىمالى بار، ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس » دېگەن مەنىلەردىكى پەرەزنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. * بارسىڭىز كۆرۈشۈشىڭىز مۇمكىن.

**مۇمكىن بولماق** ئەمەلگە ئاشماق، ۋۇجۇدقا چىقماق: بۇنداق ئۆزلەشتۈرۈش ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئەمەلىي شارائىتى ھازىرلانغان چاغدىلا مۇمكىن بولدى.

**مۇمكىنچىلىك** ئى ① < پەلس > ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە يوشۇرۇن بولىدىغان ئۇنداق ياكى مۇنداق تەرەققىي قىلىش يۈزلىنىشى؛ ئېھتىماللىق؛ مۇمكىنلىك: ئەگەر خاتالاشقانلار ئۆز خاتالىقلىرىدا چىڭ تۇرۇۋالىدىكەن ۋە ئۇنى چوڭايتىۋېرىدىكەن، بۇنداق زىددىيەتنىڭ راۋاجلىنىپ ئانتاگونىيىلىك نەرسىگە ئايلىنىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىمۇ مەۋجۇت. * قىز بۇ پەردە سەمەت بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشەلدى. ② ئىمكانىيەت، ئىمكان: يازنىڭ ئۇزۇن بولۇشى مۇنبەت يەرلەردىن يىلىغا ئىككى قېتىم ھوسۇل ئېلىش مۇمكىنچىلىكىنى بېرەتتى. * خىزمەت بەك ئالدىراش بولغانلىقتىن يۇرتۇمغا بېرىشقا مۇمكىنچىلىك بولمىدى.

**مۇمكىنسىز** سۈپ. مۇمكىنچىلىكى يوق: مۇمكىن بولمايدىغان: ئۇلارنىڭ سېتىقچىلاردىن قەسەم ئېلىپ، ئۆگىنىش، مەجلىسلەرگە ئۇيۇشتۇرۇشىمۇ مۇمكىنسىز ئىش بولۇپ قالغان.

**مۇمكىنقەدەر** رەۋ (مۇمكىن+قەدەر) ئىمكانىيەتنىڭ، ئامالنىڭ بارىچە، ئىلاجى بار؛ ئىمكانقەدەر: ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىدىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، لېكىن ئادىل تېخى ياش، مۇمكىنقەدەر ئۆزىمىز تەربىيە بېرىپ تۈزىتىۋالغىنىمىز ياخشى. * ئۇ ئادىل ئىش تۇتقانلىقى، باج ئىشلىرىدا مۇمكىنقەدەر دېھقانلار مەنپەئىتى تەرەپتە تۇرغانلىقى ئۈچۈن قۇمباش خەلقىنىڭ رازىلىقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ

**مۇمكىنلىك** « مۇمكىن » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىلىچ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇنىڭغا قارشى تەييارلىقى بارلىقىنى ئېيتىپ، سامانىيلار قانچىلىك كۈچ بىلەن كىرىشى مۇمكىنلىكىنى سورىدى.

**مۇميا** ئى (ئە < گرېك) < تىب > ① مىللىي تىبابەتچىلىكتە سۇنغان سۆڭەكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مۇمسىمان ئورگانىك ماددا. ② < ئارخېئول > قەدىمدە، كىشىلەر چىرىشتىن ساقلىنىدىغان دورا ماتېرىياللىرى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ كۆمگەن، چىرىمىگەن جەسەت ياكى يەر شارائىتى قۇرغاق بولغانلىقتىن چىرىمەي قۇرۇپ قالغان جەسەت.

**مۇناپىق** سۈپ (ئە) ① تىلى باشقا، دىلى باشقا، سۆز-ھەرىكىتى بىر-بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان، سەممىيەتسىز؛ ئىككى يۈزلىمە: مۇناپىق ئادەم. مىللىي مۇناپىق. * مۇناپىق ئۇنتۇيدۇ تارىخنى ھامان، باتۇرلار قەلبىدە تارىخىي بوران. تىيانشان، تارىخنىڭ ئازابلىق، لېكىن، ئۇنىڭدا پاك قانلار سالىدۇ ئوران. ② كۆچمە. « قارا يۈز »، « ۋىجدانسىز » دېگەن مەنىدىكى تىل-ھاقارەت سۆزى: تۆمۈر خەلپە كىشەن-زەنجىرلىرىنى شاراقلىتىپ ئورنىدىن تۇردى-دە، « تۇفى! مۇناپىق، دوزىخىي! سەندىن كەلگەن ۋاپا شۇمۇ؟ » دېدى.

**مۇناپىقلاشماق** پ. مۇناپىقلارچە ئىش-ھەرىكەتتە بولماق، مۇناپىققا ئايلانماق: ئۇ ياش ۋاقتىدا خېلى تۈزۈك بالىدەك قىلىۋىدى، بىراق كېيىن مۇناپىقلىشىپ كەتتى.

**مۇناپىقلىق** « مۇناپىق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇناپىقلىق قىلماق. * ئىرادىسىز كىشى قورقۇنچاق بولىدۇ، قورقۇنچاقلار ۋىجدانسىز بولىدۇ، ۋىجدانسىزلارنىڭ قولىدىن پەسكەشلىك، مۇناپىقلىقنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ.

**مۇناپىقلىق قىلماق** ئىككى يۈزلىمىلىك، سەممىيەتسىزلىك، قارا يۈزلۈك، ۋىجدانسىزلىق ئىش-ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللانماق: مۇناپىقلىق قىلغۇچىلار تەشكىلاتىمىزنىڭ پولات چاڭگىلىدىن ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ.

**مۇناجات** ئى (ئە) خۇدادىن ياردەم، مەدەت، نىجاتلىق تىلەپ قىلىنىدىغان دۇئا؛ خىتاب: مۇناجات ئەيلىمەك. مۇناجات قىلماق. * ھاتەم بېشىنى سەجدىگە قويۇپ ئاللاتائالاغا مۇناجات قىلىپ دېدىكى: « ئەي پەرۋەردىگارىم، پۈتۈن ئالەمنى ياراتقۇچى ۋە پەرۋىش قىلغۇچى ئۆزۈڭسەن. قانداق قىلساڭ قىلالايسەن، قادىرلىق سۈپىتىڭ بىلەن پېقىر-مۇساپىرىڭغا مۇشۇ دەريادىن بىر يول بەرسەڭ ».

**مۇناجات ئەيلىمەك** ← **مۇناجات قىلماق**: ئۇ كېچە-كۈندۈز ئاللادىن ئوغلى قەمەرشاھنىڭ ئامان-ئېسەنلىكىنى تىلەپ مۇناجات ئەيلىدى. * كۆزۈمدىن ياش تۆكۈپ باقتىم ساماغا، مۇناجات ئەيلىدىم قادىر خۇداغا.

**مۇناجات قىلماق** ئاللادىن ياردەم، مەدەت، نىجاتلىق تىلەپ دۇئا قىلماق؛ خىتاب قىلماق: شۇ چاغدا ئالاۋىدىن ئەبۇئەششەمات تەڭرىگە مۇناجات قىلىپ: « ئەي مۇبارەك زات، ئەي بارلىق كائىناتنىڭ ئىگىسى، قۇدرىتىڭگە سېغىندىم! » دېگەن ئىكەن، قىلىچ قاڭقىپ كېلىپ كارۋان بېشى كامالىدىننىڭ ئۆلۈكىگە تېگىپتۇ.

**مۇنار** ئى (ئە) بىرەر ئىمارەتكە قوشۇپ ياكى ئالاھىدە قۇرۇلغان تۇرخۇن شەكلىدىكى ئېگىز قۇرۇلۇش: مەسچىت مۇنارى. سۇ مۇنارى. خاتىرە مۇنارى. * مۇنارنى يىقىمىگە

يۈلتىك، جىنىنى مۇشۈككە تۆلتىك (ماقال). * ئەپەندىم تۇرپانغا بارغاندا كىشلەر: – ئەپەندىم، تۇرپانىنىڭ مۇنارىنى قانداق ياسىغاندۇ؟ – دەپ سوراپتۇ.

**مۇنار تىكلىمەك** خاتىرە، ئىز قالدۇرماق، خاتىرىلىمەك: ئەلا، سەنمۇ كەلگۈسىدە بىلىمدە تەڭدىشى يوق ئالىم بولۇپ، XXI ئەسىر ئۇيغۇرلىرى ئۈچۈن مۇنار تىكلەپ، ئۆلمەس ئادەمگە ئايلانىماقچىمۇ؟

**مۇناردىن پاراشۇت بىلەن سەكرەش** < تەن > تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، تەنھەرىكەتچى ئوچۇق ھالەتتىكى پاراشۇتقا باغلىنىپ، تارتىش قۇرۇلمىسى ئارقىلىق پاراشۇت مۇنارىغا چىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاجرىتىش يىپىنى تارتىۋېتىپ مۇناردىن ئايرىلىدۇ ۋە پاراشۇت بىلەن يەرگە تۆۋەنلەيدۇ.

**مۇنارسىمان** سۈپ. مۇنارغا ئوخشايدىغان، مۇنار شەكلىدىكى: مۇنارسىمان تېلېسكوپ. مۇنارسىمان چاق.

**مۇنارسىمان تېلېسكوپ** < ئاستر > تېلېسكوپنىڭ بىر خىلى. جازا قۇرۇلمىسى مۇنار شەكلىدە ياسالغان.

**مۇنارسىمان چاق** < ماشىن > دىئامېتىرى ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە چاقنى چوڭ-كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە بىر ئوق ئۈستىگە ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان تاسمىلىق ياكى چىشلىق چاق. شەكلى مۇنارغا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئاساسەن سۈرئەت ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**مۇنارسىمان كران** < ماشىن > مۇنار شەكلىدىكى بىر خىل كران. گەۋدىسى ئىنتايىن ئېگىز، شەكىللىك پولات ۋە پولات تۇرۇبىلاردىن ياسىلىدۇ، رېلىس ئۈستىدە ھەرىكەتلىنەلەيدۇ. ئېغىرلىق كۆتۈرۈش كۈچى خېلى يۇقىرى، ئاساسەن بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**مۇنارلىق** سۈپ. مۇنىرى بار، مۇنار چىقىرىلغان، مۇنار قىلىنغان: كۈز ئاخشاملىرىنىڭ بىرىدە، دېڭىز بويىدا شەرقىي شىمال تەرەپتىن كەلگەن شامال يالىڭاچ تىرەكلەرنى ئېگەتتى، تۆپىلىكتىكى ياغاچ مۇنارلىق كونا ئۆينىڭ راملىرىنى تىترىتەتتى.

**مۇنازىرە** ئى (ئە) بىرەر ئىلمىي، ئەدەبىي، سىياسىي، دىنىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تالاش-تارتىش: مۇنازىرە قىلماق. * بەزىبىر ئورۇنلاردىكى مۇنازىرىلەردە ھەممە كىشى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىپ، بەس-بەس بىلەن تەڭ سۆزلەش ئەھۋاللىرىمۇ بولۇپ تۇردى.

**مۇنازىرە قىلماق** بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىش ئېلىپ بارماق: ۋەتىنىمىزنىڭ ئىززەت-ئابرويى ئۈچۈن نيۇ-يورك بىنالىرىدا كەسكىن مۇنازىرە قىلىشۋاتقان دىپلوماتلىرىمىزمۇ ئۆز مەنتىقىسىنى مۇئەللىمىنىڭ دەرسى ئىچىدىن تاللاپ ئالماقتا.

**مۇنازىرىچى** ئى. بىرەر مەسىلە ئۈستىدە تالاش-تارتىش ئېلىپ بارغۇچى.

**مۇنازىرىسىز** رەۋ. مۇنازىرە ئېلىپ بارماي، تالاش-تارتىش قىلماي: مۇنداق مەسىلىلەر مۇنازىرىسىزلا ھەل بولۇپ كېتىۋېرەتتى.

**مۇنازىرىلەشتۈرمەك** « مۇنازىرىلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇنازىرىلەشتۈرۈلمەك** « مۇنازىرىلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇنازىرىلەشمەك** پ. ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ تالاش-تارتىش قىلماق، بەس-مۇنازىرە قىلماق: بۇ ئاجايىپ مۇنازىرىلىشىۋاتقان ئىككىيلەن ئالماس بىلەن شانىياز ئىدى. * ئىككى رەھبەر بۇ مەسىلە

توغرىسىدا خېلى مۇنازىرىلەشكەن بولسىمۇ، بىر پىكىرگە كېلەلمىدى.

**مۇنازىرىلىك** سۈپ. مۇنازىرە بولغان، مۇنازىرە قىلىنغان: بۇ تازا بىر مۇنازىرىلىك يىغىن بولدى.

**مۇناسىپ** سۈپ (ئە) ① توغرا كېلىدىغان، ماسلىشىدىغان، مۇۋاپىق، لايىق: مۇناسىپ ھەرىكەت. مۇناسىپ كەلمەك. مۇناسىپ كۆرمەك. * ئۇنىڭ كىيىنىش ۋە يۈرۈش-تۇرۇشلىرىمۇ شەھەر شارائىتىغا مۇناسىپ بولۇپ، گۈزەللىكىگە ھۆسن قوشۇپ تۇراتتى. * ئادەمنىڭ بېشىغا كۈن چۈشسە يۈزىمۇ مۇناسىپ يوسۇندا قېلىنلاپ قالىدىغان ئوخشايدۇ. ② ئەرزىيدىغان، ئەرزىگۈدەك: تىلغا ئېلىشقا مۇناسىپ ياردەم. * شاھزادە ئاتا-ئانىلىرىغا مۇناسىپ سوۋغىلارنى ئېلىپ تەييار بولدى.

**مۇناسىپ كەلمەك** توغرا، مۇۋاپىق، لايىق كەلمەك، كۆڭۈلگە ياقماق، ماسلاشماق: — موما، ماختىغان شۇ يىگىتڭنى مەن بىر كۆرەي، ئەگەر كۆڭلۈمگە مۇناسىپ كەلسە، ئەلۋەتتە رازىمەن. ئەگەر ماڭا ياقمىسا قوبۇل قىلمايمەن، — دەپتۇ مەلىكە. * بوستان ئەسەدنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ: — ئىسمىمۇ ئۆزۈڭگە مۇناسىپ كېلىدىكەن، — دېدى.

**مۇناسىپ كۆرمەك** توغرا، مۇۋاپىق تاپماق، لايىق دەپ ھېسابلىماق: پادىشاھ بىرنەچچە يىللاردىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. شەھەر خەلقى پادىشاھلىق تەختىنى رۇزىبەگكە مۇناسىپ كۆرۈپتۇ.

**مۇناسىپلىق** «مۇناسىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مۇناسىۋەت** ئى (ئە) ① كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە؛ مۇئامىلە: مۇناسىۋەت قىلماق. مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك. * ئەركىن بىلەن مۇناسىۋىتىنى ئۈزگەن ئايشەم سەھنىدە ئولتۇرغان ئەركىنگە بىرنەچچە رەت قارىدى. * ھەركىم ھەرنېمە دېگەن بىلەن، بۇ ئىككىسىنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتى توغرىسىدا ھېچ كىشى ھېچنېمىنى بىلمەيتتى. ② تەشكىلاتلار، دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى باردى-كەلدى، ئېلىم-بېرىم، مۇئامىلىلىرى، ماددىي ۋە مەنىۋى ھايات بىلەن باغلىق بولغان ئالاقە: دوستلۇق مۇناسىۋىتى. سودا مۇناسىۋىتى. * جۇڭگو بىلەن چاۋشەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلىش، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىش ئاساسىدىكى دوستلۇق ۋە قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە. ③ نەرسىلەر، كىشىلەر، ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش، ئالاقە: دۆلەت كارخانىلىرى بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار مۇناسىۋىتى. * چارچاشتىن پەيدا بولغان پسىخىكىلىق ئىنكاس ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئىنكاس ئوتتۇرىسىدا يەنە زىچ مۇناسىۋەت بولىدۇ.

**مۇناسىۋەتسىز** سۈپ. مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى تەسىرى يوق: مۇناسىۋەتسىز ئىش. مۇناسىۋەتسىز گەپ. * ئۇنىڭ زاۋۇتقا كەلگەن ئىككىلا قېتىمى مۇناسىۋەتسىز ئىشلار بىلەن بەنت بولۇپ ئۆتتى. * مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى ئاڭلاۋاتقان خېلىل ھەيران قالدى-دە، ئالدىراپ مۇددىئاسىنى ئىزاھلاشقا باشلىدى.

**مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى** سۈپ. مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان؛ مۇناسىۋەتنى بايان قىلىدىغان: مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى ھۆكۈم.

**مۇناسىۋەتلەشتۈرگۈچى ھۆكۈم** < لوگ > ئوبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بايان

قىلىنغان ئاددىي ھۆكۈم.

**مۇناسىۋەتلەشتۈرمەك** «مۇناسىۋەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا ھەمراھى — كىندىك بىلەن تۆرەلمىنى تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق تۆرەلمىنى ئانا تېنى بىلەن مۇناسىۋەتلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.

**مۇناسىۋەتلەشمەك** پ. ئالاقە، مۇناسىۋەت ئورناتماق؛ باردى-كەلدى، ئالغۇ-بەرگۈ قىلماق، ئالاقىلەشمەك: ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلەشكەنلا كىشى ئۇنىڭدىن رازى بولاتتى. * — ئەگەر سىز سەھنە، ئۇسسۇل بىلەن يەنە مۇناسىۋەتلىشىمەن دېسىڭىز، بۇنىڭغىمۇ يول بار، — دېدى سېكرېتار.

**مۇناسىۋەتلىك** سۈپ. مۇناسىۋىتى بار، مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئالاقىدار: ئۇ ئەتىسى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ئالاقە باغلاپ، بىر بۆلەك ھېلىلە، موزا، سانا يىغدۇردى. * — مەن سۆزلەپ بېرەي، ئۇنىڭ ماڭىمۇ مۇناسىۋەتلىك تەرەپلىرى بار، — دېدى ئوسمان. * پسىخولوگىيە نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەمنىڭ مىجەزىنىڭ يېتىلىشى ئۇنىڭ سەرگۈزەشتىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**مۇناسىۋەتلىك ئۆزگىرىش** < بىئول > جانلىقلارنىڭ ئوخشىمىغان قىسىملىرى ياكى ئوخشىمىغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزگىرىشى جەھەتتە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىك بولۇش ھادىسىسى. بۇنىڭ بەزىلىرى گېننىڭ كۆپ ئۈنۈمدارلىق رولىنىڭ نەتىجىسى بولۇشى؛ بەزىلىرى تەبىئىي تاللاشنىڭ نەتىجىسى بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئاق توشقان كۆزىنىڭ ھال رەڭدە بولۇشى ۋە سۇ كېچىپ ياشايدىغان قۇشلارنىڭ پۇتى ھەم بوينىنىڭ ئۇزۇن بولۇشى قاتارلىقلار.

**مۇناقى** ئى. ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى: ئۇ بىر شىڭگىل مۇناقى بىلەن ئازراق يېرىلىپ قالغان، بىر چېتىدىن سۈزۈك دانىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرغان ئانارنى ئاۋايلاپ ئېلىپ كەلدى. * بەشكېرەم ياشلىرى ئىززەتلەپ مېنى، باشلىدى جەننەتتەك گۈزەل بىر باغقا. كۆك ئۈزۈم، مۇناقى... بېدىنىتە، تالدا، مەيى باغلاپ پىشىپتۇ ئەنجۈرى شاختا.

**مۇنايىم** (توغرىسى: مۇلايىم) → **مۇلايىم**.

**مۇنەججىم** ئى (ئە) ① ئاسترونومىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، يۇلتۇزلارغا قاراپ پال سالىدىغان كىشى؛ ئاسترونوم: مۇنەججىملەر چوڭقۇر سۈكۈتكە چۆكتى. ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئۆز كۆڭلىدە ئويلىغان ئىسمىنىڭ شاھى ئېھرامغا ياراش-يارىماسلىقى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. * ئۇ زامانلاردا كىشىلەر باللىرىنىڭ ئىسمىنى قويۇشتا ئاۋۋال مۇنەججىملەرگە پال ئاچقۇزۇپ كۆرۈپ، ئاندىن كېيىن ئىسىم قويىدىكەن. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى ناھايىتى پۇختا ئويلاپ قىلىدىغان، نۇرغۇن نەرسىنى بىلىدىغان ئادەم: ئۇ بەك مۇنەججىم، بىرنەرسىدىن ئالدىراپ خۇلاسە چىقارمايدۇ.

**مۇنەججىملىك** «مۇنەججىم» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**مۇنەججىملىك قىلماق** ئاسترونومىيە بىلەن شۇغۇللانماق؛ پالچىلىق قىلماق: پال قەدىمدە ھېساب ئىلمى دەپمۇ ئاتىلاتتى. بۇنداق ئىلىم ئارقىلىق ياخشىلىق يامانلىق ھەققىدە مۇنەججىملىك قىلىناتتى.

**مۇنەۋۋەر** (ئە) ① سۈپ. ئەڭ ياخشى، ئەڭ ئېسىل، ئالدىنقى قاتاردىكى: مۇنەۋۋەر ئەسەر. مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى. * ئارىدىن ئۈچ يىل ئۆتكەندە، ئۇ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قايتىپ كەلدى. * ئاڭلىدىم، شائىرلار سۆھبەتلىرىنى، يىغىدىن ئۈزۈمنى باستىم مەن ئاران. سىلەردەك مۇنەۋۋەر — ئېسىل پەرزەنتنى،

ۋەتەنىنىڭ كۆرمىكى ئەمەستۇر ئاسان. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇنبەت** سۈپ (ئە) ئۈنۈملۈك، ھوسۇللۇق، ھوسۇل كۆپ چىقىدىغان: مۇنبەت يەر. مۇنبەت زېمىن. * ئاتا-بوۋىلىرىمىز قەدىمدىن تارتىپ بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنى مۇشۇ مۇنبەت زېمىنىمىزدا ئۆستۈرۈپ، ئۇنىڭ ياغىچىدىن ساتار، تەمبۇر، دۇتار، راۋاب، غىجەك قاتارلىقلارنى ياسىغان. * ئەي، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يۇرتۇم، ھۆسن-جامالدا جەننەتكە تەڭ سەن. تۇپرىقى مۇنبەت ئالتۇن دىيارىم، ئېتەكلىرىڭ زور شۇنچىلىك كەڭ سەن.

**مۇنبەت سۇ** <سۇ> تەركىبىدە كۆپ مىقداردا ئازوت كىسلاتاسى ھالىتىدىكى ئازوت بولغان تېز قاتلاملىق يوشۇرۇن سۇ. مۇنبەت سۇدىكى ئازوت مىقدارىنىڭ ئەڭ تۆۋەن چېگرىسىنى بەلگىلەشتە بىرلىككە كەلگەن بەلگىلىمە يوق. ئادەتتە 10—15mg/l بويىچە ئىپادىلىنىدۇ.

**مۇنبەت يەر** تەركىبىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىگە مۇۋاپىق بولغان ئوزۇقلۇق ماددىلىرى ۋە نەملىك بولغان يەر، ئېتىز.

**مۇنبەر** ئى (ئە) ① مەسچىت، دەرسخانا، زال قاتارلىق ئاممىۋى سورۇنلارنىڭ ۋەز ئېيتقۇچىلار، دەرس ياكى نۇتۇق سۆزلىگۈچىلەر ئۈچۈن ئالاھىدە لايىھىلىنىپ، يەردىن ئېگىز قىلىپ قۇرۇلغان جايى، سۇپىسى: مۇنبەرگە چىقماق. مۇنبەردە تۇرۇپ سۆزلىمەك. رەئىس مۇنبىرى. * ھەربىي پارات باشلاندى. باشلىقلار مۇنبەردە تۇرۇپ پارات قوبۇل قىلماقتا ئىدى. * مەردان يۈگۈرۈپ مۇنبەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. پادىشاھنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ، قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، تەزىم بەجا كەلتۈردى. ② كۆچمە. پائالىيەت سورۇنى، مەيدانى، سەھنە: ئەدەبىيات مۇنبىرى. سەنئەت مۇنبىرى. تارىخ مۇنبىرى. * تۈرمۈشتا بار بىرنى قورقماي ئۇن دەيدىغانلار، ئاشۇ لاپقا مىنىپ ھامان ئۆرلەيدىغانلار. چىقتى ھەتتا بەزى ئىلىم مۇنبەرلىرىگە، ئۆزگىلەرنىڭ جۇۋىسىدا تەرلەيدىغانلار.

**مۇنتەزىر** ئى (ئە) يېزىت. تەقەززا، تەشنا، ئىنتىزار: مۇنتەزىر بولماق. * ھالا 40 كۈن بولدى، قۇش يەرگە چۈشمىدى، ھېچكىمنىڭ بېشىغا قونمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خالايىقلار كېچە-كۈندۈز قۇشقا مۇنتەزىردۇر.

**مۇنتەزىر بولماق** تەلمۈرمەك، كۈتمەك؛ تەشنا، تەقەززا، ئىنتىزار بولماق: ئەلقىسسە، غېرىب شاھ سەنەم كەلگۈچە بىناقەتلىكتە يولغا قاراپ مۇنتەزىر بولدى. شۇ ئەسنادا شاھ سەنەم ئاغىچا ئانىسى بىلەن يېتىپ كەلدى. غېرىب ئۇلارنى كۆرۈپ بېيىت بىلەن قارشى ئالدى.

**مۇنتىزىم** سۈپ (ئە) ① تەرتىپلىك يوسۇندا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلىدىغان، بۇزۇلمايدىغان، ۋاقىتلىق ئەمەس: مۇنتىزىم پىلان. مۇنتىزىم تەربىيە. * بىلىمنى يالغۇز مۇنتىزىم داشۆدىلا ئالىمەن دېسەك، بۇنىڭغا ھازىر شارائىت يار بەرمەيدۇ. سىزمۇ بىرەر ئىشتىن سىرتقى داشۆدە ئوقۇڭ، بىز ئەلۋەتتە ئازۇيىمىزغا يېتەلمەيمىز. ② بەلگىلەنگەن تەرتىپتە، سىستېمىلىق ئىش ئېلىپ بارىدىغان، چۇۋالچاق ئەمەس: مۇنتىزىم قوشۇن. * مىڭلىغان ئاتلىق لەشكەرلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قورشىلىپ تۇرغانلار — ئۇ ئويلىغاندەك مۇنتىزىم قوراللانغان قوشۇن بولماستىن، قوللىرىغا تاياق-توقماق تۇتقان جامائەت ئىدى.

**مۇنتىزىم ئارمىيە** <ھەرب> بىرلىككە

كەلگەن شتات بويىچە تەشكىللەنگەن، بىرلىككە كەلگەن قوماندىغا، بىرلىككە كەلگەن تۈزۈمگە، بىرلىككە كەلگەن ئىنتىزامغا ئىگە ۋە بىرلىككە كەلگەن تەلىم-تەربىيە بويىچە تەربىيىلىنىدىغان ئارمىيە.

**مۇنتىزىم پرامىدا** < مات > ئەگەر پرامىدانىڭ ئاساس تەكشىلىكى مۇنتىزىم كۆپ تەرەپلىك بولسا ھەمدە چوققىسىدىن ئاساس تەكشىلىكىگە ئۆتكۈزۈلگەن تىكىنىڭ ئاساسى بۇ مۇنتىزىم كۆپ تەرەپلىكنىڭ مەركىزى بولسا، بۇ پرامىدا مۇنتىزىم پرامىدا دەپ ئاتىلىدۇ.

**مۇنتىزىم پرىزما** < مات > ئاساس تەكشىلىكى مۇنتىزىم كۆپ تەرەپلىك بولغان تىك پرىزما.

**مۇنتىزىم قوشۇن** < ھەرب > ← **مۇنتىزىم ئارمىيە**.

**مۇنتىزىم كۆپ تەرەپلىك** < مات > ھەرقايسى تەرەپلىرى ۋە ھەرقايسى بۇلۇڭلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان كۆپ تەرەپلىك. مەسىلەن، مۇنتىزىم تۆت تەرەپلىك، مۇنتىزىم بەش تەرەپلىك، مۇنتىزىم ئالتە تەرەپلىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مۇنتىزىم كۆپ ياقلىق** < مات > ھەرقايسى ياقلىرى تەڭ مۇنتىزىم كۆپ تەرەپلىك بولغان كۆپ ياقلىق.

**مۇنتىزىم ئۇرۇش** < ھەرب > مۇنتىزىم ئارمىيىنىڭ ھەرىكەتلىك ئۇرۇش ۋە ئىستىھكام ئۇرۇشى شەكلى بويىچە ئېلىپ بارىدىغان ئۇرۇشى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى مەركەزلەشكەن-بىرلىككە كەلگەن قوماندا، چىڭ ھەمكارلىشىش ھەرىكىتى، تەشكىللىك، پىلانلىق ئارقا سەپ تەمىناتى بولۇشتىن ئىبارەت.

**مۇنتىزىم ئۇچبۇلۇڭ** < مات > تەرەپلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئۇچبۇلۇڭ.

**مۇنتىزىملاشتۇرماق** « مۇنتىزىملاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەربىي ئىشلار كومىتېتى ئارمىيىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، مۇنتىزىملاشتۇرۇش دېگەندە ياشلاشتۇرۇشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

**مۇنتىزىملاشتۇرۇلماق** « مۇنتىزىملاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇنتىزىملاشماق** پ. تەرتىپلىك يوسۇندا ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماق، مۇنتىزىم ھالەتكە كەلمەك: بىز ئارمىيىمىزنى زامانىۋىلاشقان، مۇنتىزىملاشقان ئىنقىلابىي ئارمىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتۇق.

**مۇنتىزىملىق** « مۇنتىزىم » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاھاڭ شەكلىنىڭ مۇنتىزىملىقى مۇزىكا سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرى.

**مۇنچا** ئى. يۇيۇنۇش ئۆيى؛ ھاممام: مۇنچىدا يۇيۇنماق. مۇنچىغا چۈشمەك.

**مۇنچە** رەۋ ← **بۇنچە**: ئۇ يىغلىۋەتمەسلىك ئۈچۈن لېۋىنى چىشلىدى. ئانىسى ئۇنى تىللىغان، ۋارقىرىغان، نەلەردە يۈردۈڭ دەپ سوراق قىلغان بولسا، ئۆزىنى مۇنچە قىينالغان ھالدا ھېس قىلمىغان بولاتتى. * پاتەمخان ئۇنى قولىغا ئېلىپ ئاغزىنى چاكىلدىتىدۇ: چەينەكنىڭمۇ مۇنچە ئالىي دەرىجىلىكى بولىدىغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن.

**مۇنچىچى** ئى ← **مۇنچىكەش**.

**مۇنچىچىلىق** ئى. مۇنچا باشقۇرۇپ كىشىلەرنىڭ يۇيۇنۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان كەسىپ.

**مۇنچكەش** ئى مۇنچىغا قارايدىغان، مۇنچا باشقۇرىدىغان كىشى.

**مۇنچكەنشلك** ئى. مۇنچىغا قاراش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش كەسپى.

**مۇنچىلىك** رەۋ ← **بۇنچىلىك**: هوي نېمە دەيلا ئەمەت ئەپەندىم، ئۇن `كويلۇقتىن بىرپېچەت پۇل دېگەن ئاز گەپمۇ، چىشىم چىقىپ قولۇم مۇنچىلىك جىق پۇل كۆرمىگەنىدى.

**مۇنچىۋالا** ← **بۇنچىۋالا**: نىياز قۇربان، قاسىمنىڭ مۇنچىۋالا ئالاقزادە بولۇپ دۇدۇقلىشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەيتتى. * ئۇ ئۆزىنى مۇنچىۋالا بىچارە هالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان نەرسىنىڭ نامراتلىق ئىكەنلىكىنى تۇنجى قېتىم ئويلاپ يەتتى.

**مۇندا** رەۋ. جانت. بۇ جايدا: گەپ مۇندا ئەمەس. * ئۆزۈم مۇندا كۆڭلۈم سەندىدۇر دائىم، ساڭا مەلۇم ئەمەس، بۇ مېنىڭ هالىم. * بۇ يۇرتتا نېمىلەر بولمايدۇ سادىر، كى هاكىم مۇندا هەممە ئىشقا قادىر.

**مۇنداق** ئال ← **بۇنداق**: ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ (ماقال). * كىشىنىڭ يۇرتىغا كىشى كېلىدۇ، مۇنداق خاپا قىلسا كىم كېلىدۇ؟ (ماقال). * ئايزۆهرەدىن مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلايمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. * چىقمىغاندۇر بۇ يۇرتتىن مۇنداق كىشى، سۆيەر ئىدى ئەزەلدىن قېرى-يېشى.

**مۇنداق قارىغاندا** ئەهۋالدىن قارىغاندا، نەزەر سالغاندا، دىققەت قىلغاندا: گىلەم ئۈستىگە قوش-قوش بەقەسەم يېكەندازلار سېلىنغان. مۇنداق قارىغاندا، بۇ هەشەمەتلىك خاندان قانداقتۇر داغدۇغىلىق مەرىكىگە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

**مۇنداقتا** باغل. مۇنداق بولغاندا، مۇشۇ هالدا: بىز تېخى، ئاكامنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەيدۇ، ئاكامنىڭ بەختىگە كۆڭۈل بۆلمىدى، دەپ دادام بىلەن هازىرقى ئانامدىن ئاغرىنىپ يۈرۈپتىمىز. مۇنداقتا، بىز ئۇلاردىن بىكارلا ئاغرىنىپتىمىز-دە!

**مۇنداقچە** رەۋ. يۈزەكى، ئاددىي قىلىپ؛ بىر تەرەپلىمە: مۇنداقچە ئېيتقاندا.

**مۇندەرىجە** ئى (ئە) < مەت > كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىدا ئۇنىڭ سەهىپە نامىلىرىنى بەت نومۇرى بويىچە كۆرسىتىپ بېرىدىغان روبخەت: كىتابنىڭ مۇندەرىجىسى. تارىم ژۇرنىلىنىڭ مۇندەرىجىسى.

**مۇندۇلاق** ئى < بوت > گۈلساماق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈل شېخىدا بىرلا گۈل ئېچىلىدۇ، گۈلى ئاق ياكى سېرىق، يەر ئاستىدا يۇملاق تەڭگىچە غولى بولىدۇ. تەڭگىچە غولىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. دورا ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. قىزىتمىنى قايتۇرۇش، ئىسسىقنى ياندۇرۇش رولى بار.

**مۇنقەرز** ئى (ئە) باشقىلار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان، باشقىلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ياشايدىغان، مۇستەقىللىقىنى يوقاتقان، بېقىندى؛ يوقالغان، تۈگىگەن: مۇنقەرز بولماق. مۇنقەرز قىلماق. * هېلىقى ياش شائىر بېيجىڭ سەفەن داشۆسىدە سۆزلىگەندىن كېيىن، بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلار، ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولىدىغان بولسا، دۆلىتىمىز مۇنقەرز بولماي قالمايدۇ، دېگەن.

**مۇنقەرز بولماق** مۇستەقىللىقىنى يوقاتماق، باشقىلارنىڭ هۆكۈمرانلىقىدا ياشىماق؛ يوقالماق، تۈگىمەك: ئەگەر بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت هەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىدىغان، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالىدىغان، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان

بولسا، ئۇ ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ئۇنىڭ ھاياتى توختايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ.

**مۇنقەرز قىلماق** ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالماق، مەھكۇم قىلماق؛ يوقاتماق: بۇ بەگلىكنى يوقىتىپ، قايتىپ كېلىشىدە قالغان بەگلىكنىمۇ ھۇجۇم بىلەن مۇنقەرز قىلىپتۇ.

**مۇنقەرزلىك** «مۇنقەرز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ ۋاقىتتا، ئۇرغۇنلىغان ئىلغار كىشىلەر ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز دۆلىتىنىڭ تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىرىشىپ ھەقىقەت ئىزلىدى.

**مۇنكىر** سۈپ. (ئە) بېزت. ئىنكار قىلغۇچى، رەت قىلغۇچى؛ قارشىلىق قىلغۇچى: بىلىمدىن باتىنىڭ نۇرلانمىسا، كۆڭلۈڭ قاراڭغۇ تۈن، قۇياش نۇرىغا مۇنكىر شەپەرەڭلەرگە مەدەتكار يوق.

**مۇنكىر-نەكىر** ئى (ئە) < دىن > دىنىي چۈشەنچىدە مېيىت دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن ئۆلۈكنى سوراق قىلىدىغان ئىككى پەرىشتە: — بۇ قۇرئان بىز ئۆلۈپ قاراڭغۇ گۆر ئىچىگە كىرگەندە، بېشىمىزدا چىراغ بولۇپ يانىدۇ، مۇنكىر-نەكىر سوراق قىلغاندا، ئۇ بىز ئۈچۈن جاۋاب بېرىدۇ، — دېدى ئۇ ئوغلىغا چۈشەندۇرۇپ.

**مۇنۇ** ئال. جان ت ← **ماۋۇ.**

**مۇھاپىزەت** ئى (ئە) ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تاشقى تەسىرنىڭ زىيىنىدىن ساقلاش، قوغداش، ئاسراش؛ ھىمايە: مۇھاپىزەت قىلماق. * ئۇلار مېنى ئايرىم ھالدا بىرسىنىڭ مۇھاپىزىتىگە تاپشۇردى. * يەنە بىرى گۈڭشې ئاشلىق ئامبىرىنىڭ مۇھاپىزىتى ياخشى بولمىغاچقا، بىرمۇنچە ئاشلىقلارنىڭ بۇزۇلۇپ چاشقانغا يەم بولۇپ كەتكىنىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**مۇھاپىزەت بەلبېغى** < ئورم > پەرۋىش ئۈچۈن ئارىلاپ كېسىشتە ئورمانلىق ئەتراپىغا مۇقىملاپ قالدۇرغان، ئايرىپ تۇرۇش ۋە مۇھاپىزەت رولىنى ئوينايدىغان ئورمان بەلبېغى.

**مۇھاپىزەت قەۋىتى** < فىز > توك سوقۇۋېتىش، قىسقا تۇتىشىش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە ئۆتكۈزگۈچ سىمنىڭ سىرتىغا قاپلانغان نېپىز ئىزولياتور قەۋىتى. بەزىلىرى كاۋچۇك، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن؛ يەنە بەزىلىرى رەخت ياكى سىر قاتارلىقلاردىن قاپلىنىدۇ.

**مۇھاپىزەت قىلماق** ئادەم ۋە نەرسىلەرنى تاشقى تەسىرنىڭ زىيىنىدىن ساقلىماق، قوغدىماق، ئاسرىماق، ھىمايە قىلماق: ھازىر بار ئورمانلارنى قەتئىي، ياخشى مۇھاپىزەت قىلىش كېرەك. * تاغامنىڭ ئۆيىنى ئۆتكۈزۈۋالغان كىشى «ئامەت» كە خۇشتار بولغان بولسا كېرەك، ھەر ھالدا ھويلا-ئارام، باغنى كوللېكتىپنىڭ بېدىسىگە قارىغاندا يامان ئەمەس مۇھاپىزەت قىلغانىدى.

**مۇھاپىزەت ئورمىنى** < ئورم > ھاۋا كىلىماتىنى تەڭشەش، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ۋە قۇم-بوران قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ياكى ئۇلارنىڭ كۈچىنى ئازايتىش مەقسىتىدە بىنا قىلىنغان ئورمان بەلبېغى ياكى كەڭ دائىرىلىك ئورمانلىق.

**مۇھاپىزەتچى** ئى. مۇھاپىزەت قىلغۇچى، مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن كىشى: ئۇ نەچچە يىل باشلىقنىڭ مۇھاپىزەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. // مۇھاپىزەتچى قىسىم ئاللىقاچان يېتىپ كەلگەنىدى.

**مۇھاپىزەتچى قىسىم** < ھەرب > مۇھاپىزەت خىزمىتىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىم.

**مۇھاپىزەتچىلىك** ئى. مۇھاپىزەت قىلىش ئىشى: سۇ ۋە قۇرۇقلۇق لەشكەرلىرىگە

ھەمدەم بىرىشكە شاۋۇدۇن بىلەن ساۋۇر، باردى-كەلدى ئىشلىرىنىڭ مۇھاپىزەتچىلىكىگە ۋە ئۇرۇش نازارەتچىلىكىگە شۇكۇر ۋە جامالىلار تەيىنلەندى.

**مۇھاجىر** ئى (ئە) ئۆز ۋەتىنىدىن ئايرىلىپ باشقا دۆلەتتە ئولتۇراقلاشقان، باشقا ئەلدە ياشاۋاتقان كىشى؛ مۇساپىر: چەت ئەل مۇھاجىرى. مۇھاجىرلار بىرلەشمىسى. * ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات ئۇ مۇھاجىر بىلەن بىللە قىرغاققا چىقىپتۇ. ئۇ يەردىن كېمىگە چۈشۈپتۇ. مۇھاجىر كىشى كۆرسى قويۇپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىپتۇ.

**مۇھاجىرلار پىرىۋۇتى** < مال > ① مۇھاجىرلارنىڭ مەملىكەت ئىچىگە پىرىۋۇت قىلغان پۇللىرى. ② شۇ خىل پۇل ئۈچۈن بېرىلگەن چەك.

**مۇھاجىرلىق** « مۇھاجىر » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇنى مىسكىن مۇھاجىرلىق تەقدىرى، ئۇزاق ۋە يات ياۋروپاغا ئەكەلدى. سەرسان يىگىت بىلىم ئىزلەپ، نان ئىزلەپ، ئەلدىن ئەلگە، يۇرتتىن يۇرتقا يۆتكەلدى.

**مۇھاسىرە** ئى (ئە) قورشاۋ، قامال: مۇھاسىرە قىلماق. مۇھاسىرىسىگە ئالماق. * دۈشمەنلەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ مۇھاسىرىدە قالغانلىقلىرىنى بايقىغاندا، پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالغانلىقلىرىنى بىلىپ، قاتتىق ئالاقزادىلەشتى. * چۈشۈپتۇ ياۋ بۇ نۆۋەت، مۇھاسىرە - قورشاۋغا؛ لاغ-لاغ تىترەپ زارلاپتۇ، يول تاپالماي، قاچارغا.

**مۇھاسىرە قىلماق** قورشاۋغا ئالماق، قامال قىلماق: شۇ ئارىلىقتا پولك كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇروۋ يېڭىشەھەرگە تېخىچە سېپىلنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇرغان كۆكە باشلىقدىكى روتا جەڭچىلىرىگە قايتىشنى بۇيرۇپ ئادەم ئەۋەتتى.

**مۇھاسىرىگە ئالماق** < ھەرب > دۈشمەننى ئۇدۇل، يان ۋە ئارقا تەرەپتىن قورشىماق.

**مۇھاسىرىچى** ئى. مۇھاسىرە قىلىش ۋەزىپىسى يۈكلەنگەن كىشى: مۇشۇنداق بىر كۈننى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن كىشلەر چىراغ يورۇقىنى كۆرگەن پەرۋانىدەك ئېتىلىپ كېلىپ، مۇھاسىرىچىلەر قاتارىغا قېتىلدى. // مۇھاسىرىچى قىسىم.

**مۇھاسىرىلىمەك** پ. مۇھاسىرىگە ئالماق، قامال قىلماق.

**مۇھاكىمە** ئى (ئە) ① بىرەر خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلىشىش، ھەر تەرەپلىمە ئويلىشىش؛ مۇزاكىرە: مۇھاكىمە ئۇزاق ۋە قىزغىن بولدى. * شۇنداق قىلىپ، بۇ بىر توپ كىشلەر سەپەر پىلانىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن گۈلخان ئالدىغا توپلىنىشتى. ② پىكىر يۈرگۈزۈش، مۇلاھىزە؛ پىكىر: مۇھاكىمە يۈرگۈزمەك. * قوشۇماڭنى تۈرۈپسەن گۈلقىز، مۇھاكىمە قىلغاندا كەچتە. خۇشاللىقىڭ ئايان كۆزۈڭدە، نېمىلەر كەچتى شۇ دەم پىكرىڭدە. ③ < لوگ > ئەقلىي خۇلاسە.

**مۇھاكىمە تېمىسى** < لوگ > مۇھاكىمە-مۇنازىرىلەردە توغرا-خاتالىقى ئۈستىدە پىكىر كېتىۋاتقان ھۆكۈم.

**مۇھاكىمە قىلماق** ① بىرەر خۇلاسىگە كېلىش ئۈچۈن، كۆپچىلىك بىلەن پىكىرلەشمەك، ھەر تەرەپلىمە ئويلاشماق؛ مۇزاكىرە قىلماق: ـــ بىز پارتىيە ياچېيكىسىدا يەنە بىر مۇھاكىمە قىلىپ باقايلى، ـــ ئۇ سائىتىگە قارىندى-دە، ئېغىر تىنىپ قويۇپ، ـــ تاماق ۋاقتى بولۇپ قېلىپتۇ، ـــ دېدى. * بۇ داڭلىق پروفېسسور ئوخشاش بولمىغان پارتىيە-گۇرۇھ ۋەكىللىرىنى ھېچ بولمىغاندا مۇشۇ مەسىلىدە

تالاش-تارتىش قىلماي، بىرەر سائەت مۇھاكىمە قىلار دېگەن ئۈمىتتە مۇشۇ يىغىننى چاقىرغانىدى. ② پىكىر يۈرگۈزمەك، مۇلاھىزە قىلماق: خەتتە: «ئەگەر بۇگۈن قويۇۋەتسەك ئەجدىھا بولۇپ يامغۇرغا ئىگە بولۇۋالىدۇ-دە، ئاخىرىدا كۆلدىن ئۇچۇپ كېتىدۇ. جانابلىرىنىڭ ئوبدان مۇھاكىمە قىلىشلىرىنى سورايمەن» دەپ يېزىلغانىدى. ③ < لوگ > ئەقلىي خۇلاسە چىقارماق.

**مۇھاكىمىچى** ئى. مۇھاكىمە قىلغۇچى كىشى: مىشچان، چاكىنا پروفېسسورلار ۋە سىياسىي مۇھاكىمىچىلەر بولسا دۆلەت دەل سىنىپلارنى مۇرەسسە قىلىدۇ دەپ خۇلاسە چىقىرىدۇ.

**مۇھەببەت** ئى (ئە) ① بىرەر كىشىگە، بىرەر نەرسىگە ياكى ئىشقا بېرىلىش، مايىللىق تۇيغۇسى؛ سۆيگۈ، ئىشىق، مېھىر: مۇھەببەت باغلىماق. * مۇھەببەتنى سېتىۋالغىلى بولماس (ماقال). * ئۇ جاۋاب بېرىشكە ئالدىرىمىغان بولىسمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قەلبىدە زاھىرغا بولغان مۇھەببەتنىڭ دەسلەپكى ئۇچقۇنلىرىنى تاپقىلى بولاتتى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇھەببەت باغلىماق** مۇھەببەت ئىزھار قىلماق، جۈر تۇتماق، ياخشى كۆرمەك، سۆيمەك: ئامانۇللا بولسا مۇشۇ مەھەللىدىكى بىر داڭلىق تۆمۈرچىدىن ھۈنەر ئۆگەنگەچ، ئانارگۈل بىلەن مۇھەببەت باغلىغانىدى.

**مۇھەببەت قوشاقلىرى** < ئەد > ئىشقى-مۇھەببەت تېما قىلىنغان قوشاقلار.

**مۇھەببەت لىرىكىسى** < ئەد > مۇھەببەتنى تېما قىلىپ كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت توغرىسىدىكى قارىشى، ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى لىرىك شېئىر.

**مۇھەببەتداش** ئى. بىرگە مۇھەببەت باغلىغان، بىللە مۇھەببەتلەشكەن كىشى: مەلىكىنىڭ مۇھەببەتدىشى، — بۇ تازنىڭ چۈشىنى ئەجەب ئۆرۈگۈڭىز كەلمىدىغۇ مەلىكەم، بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — دەپ سوراپتۇ.

**مۇھەببەتسىز** سۈپ. مۇھەببىتى يوق، مۇھەببەتنى بىلمەيدىغان: مۇھەببەتسىز گۈلدىن ياخشىدۇر ياپراق، بىبەھرە گىياھتىن ياخشىدۇر تۇپراق، بىئەقىل يولداشتىن ياخشىدۇر تاياق، كور كىشىگە يۈرەر يولنى بىلدۈرۈر.

**مۇھەببەتلەشمەك** پ. مۇھەببەت باغلىماق، بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشمەك: بىزنىڭ نادىر چىلىك چىقىپتۇ ئەمەسمۇ، ھېلىقى دوختۇرخانىدىكى ئاسىيە مودا بىلەن يېقىندىن بېرى ئېيتىزدا مۇھەببەتلىشىپ يۈرگۈدەك.

**مۇھەببەتلىك** سۈپ. مۇھەببىتى بار؛ مۇھەببەتنى بىلىدىغان؛ مۇھەببەت ئىزھار قىلىنغان: مۇھەببەتلىك پارالىڭ. مۇھەببەتلىك تۇرمۇش. * ھېسابىدىن ھېساب بۇ تەكلىپكە قارشى چىققاندا، بوۋايغا بولغان مۇھەببەتلىك كۆكسىدىن كۈچلۈك بىر سادا ئۇرغۇپ چىقتى. * كۆڭۈلنىڭ رىشتى باغلاندى گۈزەل كۆكلەم-باھارىمغا، مۇھەببەتلىك قوشاق قاتتىم ئۇرۇپ زەخمەكنى تارىمغا.

**مۇھەببەتنامە** ئى (ئە+پ) مۇھەببەت ھەققىدە يېزىلغان، سۆيگۈ ئىزھار قىلىنغان خەت: رەيھانەم شىرەگە ھېلىقى ساختا مۇھەببەتنامىنىمۇ ئالدى، ئۇنىڭ كېلىپ قېلىش جەريانى توغرىسىدىكى پەرەزلىرىنى، ئادىل بىلەن بولغان مۇناسىۋەت جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

**مۇھەببەت-نەپرەت** مۇھەببەت ۋە نەپرەت: ئۇنىڭ يۈزىدىكى قورۇقلار ئارىسىدا غۇۋا پارقىراپ تۇرغان قارىچۇقىدا ئۆمۈرلۈك قايغۇ-ھەسرەت ۋە گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت-نەپرەت بىر يولىلا ئۇيۇپ قالغانىدى.

**مۇھەررەم** ئى (ئە) ① ھىجرىيىنىڭ 1-ئېيى، يەنى قەمەرىيە يىل ھېسابىدا 1-ئاي

ئۇ ھوشۇر (ئاشۇر) ئاي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ 30 كۈنلۈك ئاي: ھىجرىيىنىڭ 1284 - يىلى (مايمۇن يىلى) مۇھەررەمنىڭ ئىككىسى ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانىمىز ياقۇپ بەگ ئالىيلىرى شانۇشەۋكەت بىلەن ئاتلىنىپ مەنزىلمۇمەنزىل يول يۈرۈپ، مارالبېشىغا يېتىپ كېلىپ، چېدىر - بارگاھلىرىنى تىكىپ ئورۇنلاشتى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇھەررىر** ئى (ئە) < مەت > تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئەدەبىي مۇھەررىر. باش مۇھەررىر. مەسئۇل مۇھەررىر.

**مۇھەررىرلىك** « مۇھەررىر » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: مۇھەررىرلىك قىلماق.

**مۇھتەسىپ** ئى (ئە) ① تارس. جىڭ - تارازا ۋە باھانى نازارەت قىلغۇچى؛ ھېساب ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى. ② < دىن > دىن ۋە جامائەت ئىشلىرىدا شەرىئەت قانۇنى بويىچە ياخشى ئىشلارغا ھەيدەكچىلىك قىلىپ، يامان ئىشلاردىن توسىدىغان نازارەتچى: دەررە كۆتۈرگەن بىرقانچە مۇھتەسىپلەر بىر ئەر، ئىككى ئايالنى ھەيدەپ كىرىپ قازىلارغا تۇغرا قىلدى.

**مۇھتەمىلات** ئى (ئە) < ئەد > → **تۇيۇق** III : ئاپتور بۇ يەردە شەكىلداش سۆزنىڭ يېنىغا ئەل، لەھەل، تۈگەل دېگەن قاپىيەلەرنى كەلتۈرۈپ، قوش قاپىيىلىك رۇبائىي، قوش قاپىيىلىك مۇھتەمىلات ياراتقان.

**مۇھىت** ئى (ئە) ① ھايات، پائالىيەت داۋاملىشىۋاتقان تەبىئىي شارائىتلار؛ ئەتراپتىكى يەر - جايلار، ئەتراپ: مۇھىت تازىلىقى. تەبىئىي مۇھىت. * گېئوگرافىيىلىك مۇھىت. * غۇلجا شەھرىدە شۇكۈنى ھەر مىللەت ھەربىي، خەلقتىن 50 نەچچە مىڭ كىشى كوچىلارغا چىقىپ مۇھىت تازىلىدى. * شۇنداق قىلىپ، قوشنىلار بارا - بارا ئەمەت ئۇستىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ئالدىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىدىنمۇ كۆرە، ئۇنىڭ مىجەز - خۇلقى، غايە - ئىستەكلىرىدىكى ئۆزگىرىشكە ھەۋەس قىلىپ قالدى. ② ھۈنەر - كەسىپ، ئىش - پائالىيەت ۋە شۇ قاتارلىقلارغا نىسبەتەن بىر - بىرىگە باغلىق بولغان كىشىلەر دائىرىسى؛ ئەتراپتىكى ئەھۋال ياكى شۇ يەرنىڭ ئىجتىمائىي شارائىتى: سېپىسترالار مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شەھەرلىك بىرىنچى دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىنغان گۈلباھار يېڭى مۇھىتقا ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ كەتتى. * ئۇ بۇ ئىشلارنى، كىشىلەرنى كىشىلىك ئىززەت - ھۆرمىتىگە خېلى ئۆيغۇن كېلىدىغان مۇھىتتا ياشاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش، بولۇپمۇ ئۆسۈۋاتقان ئەۋلادلارغا بولغان تەربىيىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئارقىسىدىلا ئورۇنلىدى. ③ < فىز > بىر خىل ماددا يەنە بىر خىل ماددىنىڭ ئىچكى قىسمىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ مۇھىتى بولىدۇ. بەزى دولقۇنسىمان ھەرىكەتلەر (مەسىلەن، ئاۋاز دولقۇنى، يورۇقلۇق دولقۇنى قاتارلىقلار) تارقىلىدىغان ماددىمۇ مۇشۇ دولقۇنسىمان ھەرىكەتنىڭ مۇھىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

**مۇھىت ئاكۇستىكىسى** < فىز > ئاكۇستىكىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئاۋازنىڭ مۇھىتقا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**مۇھىت بىئولوگىيىسى** < بىئول > مۇھىت ئىلمى ئىچىدىكى مۇھىم بىر تارماق پەن. ئىنسانلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مۇھىتنىڭ فۇنكسىيىسى ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ، جانلىقلار تۈرى، جانلىقلار توپى ۋە ئېكولوگىيىلىك سىستېمىنىڭ تۈزۈلۈشى،

رولى ۋە ئۇلارنىڭ مۇھىت سۈپىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت ئەھۋاللىرىنى ئىگىلەش ئارقىلىق مېخانىزمنى تەكشۈرۈش بۇ پەننىڭ ئاساسىي مەزمۇنىدۇر.

**مۇھىت تەسۋىرى** < ئەد > ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى پېرسوناژلار ھەرىكەت قىلىدىغان كونكرېت مەيدان، شارائىت ۋە كۆرۈنۈشلەرگە قارىتا ئېلىپ بېرىلغان تەسۋىر.

**مۇھىت سىغىمچانلىقى** < بىئول > تەبىئىي مۇھىت ياكى مۇھىتنى تەشكىل قىلغۇچى ئامىللار (مەسىلەن، سۇ، ھاۋا، تۇپراق ۋە جانلىق قاتارلىقلار) نىڭ بۇلغىغۇچى ماددىلارغا بولغان بەرداشلىق بېرىش كۈچى ياكى سىغدۇرۇشچانلىقى.

**مۇھىت نەزەرىيىسى** < بىئول > يەككە تەن ياكى توپنىڭ يېتىلىشى ياكى تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغۇچى ئاساسلىق ئامىل ئىرسىيەت ئەمەس، بەلكى مۇھىت دەپ قارايدىغان بىر خىل نەزەرىيە.

**مۇھىتنىڭ تولۇق قارشىلىقى** < فىز > مۇھىتنىڭ ئۆزىدىن ئۆتكەن دولقۇنلارغا كۆرسىتىدىغان تولۇق قارشىلىق تەسىرىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. بەلگىسى Z.

**مۇھىت ئىلمى** < بىئول > ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشى ۋە ئۆزگەرتىشى داۋامىدىكى مۇھىت بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**مۇھىم** سۈپ (ئە) ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان، ئەھمىيەت جەھەتتىن بىرىنچى دەرىجىلىك: مۇھىم ئىش. مۇھىم مەسىلە. * ھازىر بۇ يەرنىڭ ئىشى مۇھىم بولۇپ قالدى. * ئەركىن قانداقتۇر ئۇنتۇغان مۇھىم بىرنەرسىنى يادىغا ئالغاندەك، يوپكىسىغا قولىنى سېلىپلا 10 كويلۇقتىن ئۈچ باغلام پۇلنى چىقاردى.

**مۇھىملىق** «مۇھىم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئالدى بىلەن بۇگۈنكى يىغىنىنىڭ مۇھىملىقى سۆزلەپ ئۆتۈلدى.

**مۇۋاپىق** سۈپ (ئە) ماس، توغرا كېلىدىغان، مۇناسىپ، لايىق: مۇۋاپىق كەلمەك. مۇۋاپىق كۆرمەك. * كۆۋرۈك، يول دېگەنلەرمۇ ئۆز جايىدا، تولۇق. شۇڭا بۇ پۇللارنى مۇۋاپىق بىر خىل ئۇسۇل بىلەن ئىشلەتكەن ياخشى دەپتۇ. * ئۇ ۋەدىسىگە مۇۋاپىق سارايۋەننى، پاششاپنى ئوبدان رازى قىلىپتۇ.

**مۇۋاپىق كەلمەك** مۇناسىپ، ماس، لايىق كەلمەك: ئۇ جوزا ئۈستىدىن ساپسېرىق چىش نۇسخىسىنى ئېلىپ ياقۇپجاننىڭ چىشىغا سېلىپ، — بەللى، دەل مۇۋاپىق كەلدى، — دېدى. * تۇرپاننىڭ ئوتتۇرىچە يىللىق تېمپېراتۇرىسى بۈگۈنكىدەك تۆۋەن ئەمەس ئىدى. ئۇجمە ئۆستۈرۈشكە تازا مۇۋاپىق كېلەتتى.

**مۇۋاپىق كۆرمەك** مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىماق، توغرا تاپماق: پادىشاھ بۇ پىكىرلەرنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، نۇرغۇن خىزمەتكارلار بىلەن ۋەزىرنى ئەۋەتىپتۇ. * پولك رەھبەرلىرى نۇرغۇن قېتىم تاسقاش، تەھلىل قىلىش ۋە قايتا-قايتا ئويلىنىشلاردىن كېيىن بۇلاردىن بىرىگە قادىرنى مۇۋاپىق كۆردى.

**مۇۋاپىق نەملىك** < سۇ > تۇپراقنىڭ زىرائەت تەلىپىگە ماس كەلگەن نەملىكى.

**مۇۋاپىقلاشتۇرماق** «مۇۋاپىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بەزى ئەينەك نەيچىلەرنى قىزدۇرۇپ ئېگىپ تەجرىبىگە مۇۋاپىقلاشتۇردى. * بۇ تۈزۈمنى ھەقىقىي

تۇردە ئەقىلگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ، چىكىنىپ چىققان پىششەدەم يولداشلارنى لايىقىدا ئورۇنلاشتۇرالايمىز.

**مۇۋاپىقلاشتۇرۇلماق** «مۇۋاپىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى كۈندىن-كۈنگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇلدى.

**مۇۋاپىقلاشماق** پ. مۇۋاپىق، مۇناسىپ، لايىق ھالەتكە كەلمەك، ماسلاشماق: بۇقرات مىلادىيەدىن بۇرۇن يونانىستاندا يېتىشىپ چىققان يۇقىرى ئىقتىدارلىق پەيلاسوپ، ھەكىم بولۇپ، ئۇنىجى قېتىم شۇ زاماندىكى تەبىئەت ئىلمىگە مۇۋاپىقلاشقان تىبابەت نەزەرىيە ئاساسلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**مۇۋاپىقىيەت** (توغرىسى: مۇۋەپپەقىيەت) ← **مۇۋەپپەقىيەت.**

**مۇۋازىنەت** ئى (ئە) ① جىسىملارنىڭ قارىمۇقارشى يۆنىلىگەن تەڭ كۈچلەر تەسىرىدىكى تىنچ، تۇرغۇن ھالىتى: مۇۋازىنىتىنى ساقلىماق. * سېلىم بورانغا دۈمبىسىنى قىلىپ، ئىككى پۇتىنى كېرىپ ئورنىدىن تۇرۇۋالدى-دە، ئىككى تەرەپكە تاسقىلىپ، مۇۋازىنىتىنى يوقاتقان ھالدا ئىرغىپ بېرىپ، تاشلىق سايدا يۇملاپ يۈرگەن قىزنى ئاران تۇتۇۋالدى. ② كوچمە. قارىمۇقارشى كۈچلەرنىڭ، ھادىسىلەرنىڭ تەڭلىششى، ئويغۇنلىششى تۈپەيلى سادىر بولغان نىسپىي تۇرغۇنلۇق: سىياسىي كۈچلەر مۇۋازىنىتى. مۇۋازىنەت سېزىمى. ③ <پەلس> تەڭپۇڭلۇق: مۇۋازىنەت نەزەرىيىسى.

**مۇۋازىنەت قىياسى** <گېئول> يەر پوستىنىڭ يۇقىرىقى قىسمىدىكى يېنىك كرېمنىي-ئالىيۇمىن قەۋىتى خۇددى لەيلىگەن مۇزدەك ئېغىر كرېمنىي-ماگنىي قەۋىتى ئۈستىدە تۇرىدۇ، يەنى ئارخىمېد قانۇنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرىدۇ دەپ قارايدىغان بىر خىل قىياس.

**مۇۋازىنە تىلىك** «مۇۋازىنەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى (بىردەكلىكى، ئوخشاشلىقى، مۇۋازىنە تىلىكى) شەرتلىك، بىردەملىك، ۋاقىتلىق، نىسبىي بولىدۇ. بىر-بىرىنى چەتكە قاقىدىغان قارىمۇقارشىلىقلارنىڭ كۈرىشى بولسا مۇتلەق بولىدۇ.

**مۇۋەببە لىسپىت** ئى (ئە+پ) <بوت> گۈلسىماساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يىپسىمان، توپلىشىپ ئۆسىدۇ. يازنىڭ بېشىدا چېچەكلەيدۇ، گۈلى كىچىك، سۆسۈن رەڭ، ئومۇم گۈل رېتىدە. مېۋىسى يېرىلىپ، ئۇرۇقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى ئازراق موكا شەكلىدە بولۇپ، دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ قۇۋۋەت دورىسى ھېسابلىنىدۇ ھەمدە يۆتەل پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**مۇۋەپپەق** ئى (ئە) ← **مۇۋەپپەق بولماق.**

**مۇۋەپپەق بولماق** مۇيەسسەر بولماق، مەقسەتكە يەتمەك، ئېرىشمەك: ئارىدىن يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. يەنە دەل باھار ۋاقتىدا خىزمەت بىلەن يېزىلارغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدۇم. * بۇ قېتىم ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، 9-چېسلا ئۇچىدىغان ئايروپىلاننىڭ بېلىتىدىن بىرىنى سېتىۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

**مۇۋەپپەقىيەت** ئى (ئە) بىرەر ئىشتىن قولغا كەلتۈرگەن، ئېرىشىلگەن نەتىجە؛ غەلىبە، ئۇتۇق: مۇۋەپپەقىيەت قازانماق. * بۇ مۇۋەپپەقىيەتلەر ئۈچۈن، ئۇنى سىنىپ مۇدىرى ۋە ساۋاقداشلار سەممىي قۇچاقلاپ

**مۇۋەپپەقىيەت قازانماق** ئوتۇق، نەتىجىگە ئېرىشمەك، غەلىبە قىلماق: ئۇ مۇنداق دېدى: ھەممە ئىشنى بىرلىكتە، ئىتتىپاق بىلەن، مەسلىھەت بىلەن ئويلاپ قىلساق، ئۇ ئىش چوقۇم مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدۇ.

**مۇۋەپپەقىيەتسىز** سۈپ. مۇۋەپپەقىيىتى يوق، نەتىجىسىز: مۇۋەپپەقىيەتسىز ئىش. * شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىشىمىزمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاخىرلاشتى.

**مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك** « مۇۋەپپەقىيەتسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىماق. * ئاخىر غۇلامجان ئىمجان ھالەتتە ئەكىلىۋېلىنغان بولسىمۇ، دەرۋازىغا ئوت قويۇش مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى.

**مۇۋەپپەقىيەتلىك** سۈپ. مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان؛ ئۇتۇقلۇق، نەتىجىلىك: بۇ قېتىم ۋەزىپىنى ئۇ خېلىلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنلىدى. * ئۇ 25 ياشلىق بىر يىگىتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوپېراتسىيە قىلدى.

**مۇۋەششەھ** ئى (ئە) < ئەد > شېئىرنىڭ بىر خىل شەكلى، يەنى ھەربىر بېيىتنىڭ بېشىدىكى ياكى ھەربىر مىسرانىڭ بېشىدىكى ھەرپلەرنى قوشۇشتۇرسا كىشى ئىسمى ياكى بىرەر مەنىلىك سۆز چىقىدىغان شېئىر شەكلى: لوتپۇللا مۇتەللىپ « دوستۇمغا مۇۋەششەھ » دېگەن شېئىرنى يازغان.

**مۇۋەققەت** سۈپ (ئە) دائىمىي بولمىغان، ۋاقىتلىق: مۇۋەققەت رەئىس. مۇۋەققەت ھۆكۈمەت. * ئېۋىرغول كۆمۈر كېنىنىڭ باشلىقى، مۇۋەققەت پارتكوم شۇجىسى، مۇئاۋىن كان باشلىقى مامۇت ۋە ماشىنا، تولۇق بۆلۈمىنىڭ پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى ھىمىتلار سەپەرۋەرلىك بېغىنى ئاچتى.

**مۇيەسسەر** ئى (ئە) ① ئېرىشىش، مۇمكىنلىك، يېتىشىش، سازاۋەر: مۇيەسسەر بولماق. مۇيەسسەر قىلماق. * بۈگۈن مەن سىزگە جۇشقۇنلۇق يۈرىكىمنىڭ داۋالغۇپ تاشقان قايناملىرىدىن خەت يېزىشقا مۇيەسسەر بولدۇم. * لەززەت بەردى جېنىمغا، باغ ھاۋاسى مۇئەتتەر. بولدۇم مۇشۇ لەززەتكە، مانا بۈگۈن مۇيەسسەر. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۇيەسسەر بولماق** مۇمكىن بولماق، سازاۋەر بولماق، ئېرىشمەك، ئىگە بولماق: بۇ سۆزنى كىچىك پېئىل، قەھرىمان سەركەردىسى ئالدىدا ھاياجان بىلەن ئېيتىشقا مۇيەسسەر بولدى. * شاھ كابۇل ئاتا-ئانىسىنىڭ دىدارىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغانلىقىغا بەكمۇ خۇشال بولۇپتۇ.

**مۇيەسسەر قىلماق** سازاۋەر قىلماق، ئېرىشتۈرمەك: ئاسايىشلىق زامان بىزنى مۇيەسسەر قىلدى شادلىققا، بولۇپ سوتچى، ھېساب ئالدۇق ئازازۇل، شوم كەمەكلەردىن.

**مۆ** تەق. كالا مۆرىگەندە چىقىدىغان سوزۇلما ئاۋاز: تالاغا قاراڭغۇ چۈشكەن، ھويلا جىمجىت، ئانىسىنى سېغىنغان باغلاقتىكى موزاي « مۆ » قىلىپ يەنە مۆرىدى.

**مۆتەزىلە** ئى (ئە) < دىن > 8-ئەسىردىن 12-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىسلام دىنىنىڭ بىر مەزھىپى. ئاساسلىق ۋەكىللىرى ۋاسىل بىننى ئاتا ۋە ئىبنى ئۇبەيد (Amr b . Ubaid 699—761). ئۇنىڭدا، ئادەم « ئىرادە ئەركىنلىكى » گە ئىگە؛ ئۇ ئاللا ئاتا قىلغان ئىقتىدارغا تايىنىپ، ئىدراك ئارقىلىق دىنىي ئەقىدىلەر ۋە ھەرىكەتتىكى يامانلىق بىلەن ياخشىلىقنى تەكشۈرسە ھەمدە بۇ ئارقىلىق

ئۆز ھەرىكىتىنى بەلگىلىسە بولىدۇ، دېگەنلەر تەكىتلىنىدۇ.

**مۆتىدىل** سۈپ (ئە) ① سوغۇقمۇ ئەمەس، ئۇتتۇرىچە: مۆتىدىل ئىسسىقمۇ ئەمەس، ئوتتۇرىچە: مۆتىدىل ھاۋا. مۆتىدىل بەلباغ. ② بىرەر تەرەپكە، بىرەر ئېقىمغا يان باسمايدىغان، ئوتتۇرىدىكى: كوممۇنىستىك پارتىيە گومىنداڭغا ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى فېئودال كۈچلەرگە قارىتا مۆتىدىل سىياسەت قوللاندى. * — ساۋۇت دېگەن ئۇ ئادەمغۇ مۆتىدىل بىر ئادەم، — دېدى قەيسەر ئالدىرىماي. ③ نورمال: تىببىي خادىملارنىڭ تەبىئىي مىزاجى مۆتىدىل بولۇشى لازىم.

**مۆتىدىل بەلباغ** < جۇغ > جەنۇبىي ۋە شىمالىي يېرىم شارلاردىكى قۇتۇپ چەمبىرى بىلەن تروپىك سىزىقى ئارىلىقىدىكى جايلار. كلىماتى ئىللىقراق كېلىدۇ.

**مۆتىدىل بەلباغ كلىماتى** < مېتېئور > ئوتتۇرا كەڭلىك كلىماتى، يەنى ئىسسىق بەلباغ كلىماتى بىلەن قۇتۇپ كلىماتى ئوتتۇرىسىدىكى كلىمات.

**مۆتىدىللەشمەك** پ. مۆتىدىل ھالەتكە كەلمەك، مۆتىدىل بولماق: قاتتىق سوغۇق بولىدىغان رايونلارنىڭ ھاۋا كلىماتى ھازىر مۆتىدىللەشمەكتە.

**مۆتىدىللىك** «مۆتىدىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆمۈرنىڭ ھەربىر باسقۇچىدا مىزاجنىڭ مۆتىدىللىككە ئۆزگىرىشى «مۆتىدىل مىزاج پەسلى» دېيىلىدۇ.

**مۆتىۋەر** سۈپ (ئە) خەلق ئىچىدە يۈز ئابرويى بار، ھۆرمەتكە ئىگە بولغان: ئۇ ئۆز زامانىسىنىڭ مۆتىۋەر ئادىمى ئىدى. * بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە چىقىپ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بىرقانچە مۆتىۋەر بايلار بىلەن ئۇچرىشىپ پىكىرلەشكەن ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئەنە شۇنداق ھېسسىياتقا كەلگەنىدى. // ئۆي ئىگىسى بۇ يۇرتنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى بولغان ھىزىمىتاخۇن دېگەن كىشى ئىدى.

**مۆتىۋەرلىك** «مۆتىۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھىزىمىتاخۇننىڭ قېلىن چار ساقىلى بىلەن گۆشلۈك قىزىل يۈزى ئۇنىڭغا مۆتىۋەرلىك سالاپەت بېرىپ تۇراتتى.

**مۆجىزات** ئى (ئە) يىزت. كىشىلەر تەسەۋۋۇر قىلمىغان، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھادىسىلەر، ئىشلار، مۆجىزىلەر: قايسى بىر مۆجىزات مۇئەللىمسىز ۋۇجۇدقا چىققان؟ * ئەگەر شائىرى مەجنۇنسەن، كۆرۈپ كەت بۇ مۆجىزاتنى. بۇ يەڭلىغ بىر بازار بولماس جاھاننىڭ ھېچ يېرى كەچتە.

**مۆجىزە** ئى (ئە) كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىش، ھادىسە، نەرسە: مۆجىزە ياراتماق. * كېچىدىكى بۇ جىمجىتلىقتا ئۇنىڭغا قانداق مۆجىزىلەرنىڭ كۆرۈنىدىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. * سوۋغىتىڭ ئالدىدا، ھەر باقسام سىڭلىم، كۆرگەندەك بولىمەن باسقان يولۇڭنى. ئاكىلىق مېھرىمدە سۆيگۈم كېلىدۇ، مۆجىزە ياراتقان چېۋەر قولۇڭنى.

**مۆجىزىكار** ئى (ئە+پ) مۆجىزە ياراتقۇچى، پەيدا قىلغۇچى: خۇشتار ئىدىم قۇياش، يۇلتۇز، ئايلارغا، شۇلار بىلەن ياشىراتتى گۈل بېغىم. سىڭگەندىمۇ مۆجىزىكار ئاسمانغا، قۇياش چېغىم، يۇلتۇز چېغىم، ئاي چېغىم.

**مۆجىزىلىك** سۈپ. كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان، كىشىلەر كۆرۈپ باقمىغان ئاجايىپ: ھەردائىم مۆجىزىلىك يېڭىلىقلارنى ئاڭلاپ تۇرىمەن. * — قايسىڭلار ئەڭ مۆجىزىلىك مال ئېلىپ كېلەلىسەڭلار پادىشاھ شۇنىڭغا قىزىنى بېرىدۇ، — دەپتۇ ۋەزىر يىغىنلەرگە

**مۆرەتمەك** «مۆرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كالىنى مۆرەتمەك.

**مۆرەشمەك** «مۆرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياندى ئۆيلەرگە پادا سۈرۈك-سۈرۈك، توختىماستىن مۆرىشىپ يولدىن ئۆتتۈپ.

**مۆرەن** ئى.دىئال. دەريا، كېچىك.

**مۆرۈخات** ئى <بوت> تال-تال ئۆسىدىغان، يوپۇرمىقى سوقچاق، مېۋىسى يومىلاق قىزىل، لىمون تەملىك، چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈك. تىبابەتچىلىكتە سوغۇقلۇق دورىسى قىلىنىدۇ.

**مۆرىت** ئى. بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىدىكى قولاي پەيت، ۋاقىت، پۇرسەت: – ساڭمۇ مۇشۇنداق بىر مۆرىتى كەلسۇنچۇ، ئۇ چاغدا سېنىڭ قانداق قىلىشىڭنى كۆرەرمىز.

**مۆرىتى كەلمەك** ۋاقتى، پەيتى، پۇرسىتى كەلمەك: ئۇ زامانغا، شارائىتقا قارىماي ئۆزى بىلگەن يوللار ئارقىلىق ئەپلەپ-سەپلەپ، مۆرىتى كەلسە بۇلاپ-تالاپ، مۇتتەھەملىك بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى. * سەن بىلىم ئۆگەنگەن بولساڭ، مەن دىپلوماتىيە ئۆگەنگەن، مۆرىتى كەلگەندە مېنىڭ تىلىم ھەيكەلنى كۆلدۈرەلەيدۇ ھەم يىغلىتالايدۇ.

**مۆرىمەس** سۈپ. ئادەتتە كۆپ گەپ قىلمايدىغان، جىمغۇر: – تازا بىر ئاداش ئىكەنسەن، – شوپۇر شۇ چاغدا تۇيۇقسىز ئېغىز ئېچىپ، – نېمە توڭمەيدىغان خىيال بۇ؟ سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش مۆرىمەسمۇيا؟

**مۆرىمەك** پ ① «مۆ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «مۆ» قىلماق: يېزا دېگەندە نەگىلا بارما، زاكوننىڭ شاقىرىشىدىن، موزايلارنىڭ مۆرىشىدىن بۆلەك ئاۋاز ئاڭلىمايسەن. ② كۆچمە. گەپ قىلماق، سۆزلىمەك، ئېيتماق: – ۋۇي ھۇسۇيۇن، – دېدى ئۇ يېنىمدا توختاپ، – بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئۆيۈمنى ئىجارىگە بېرىمەن ئاكا دەپ بالدۇرراق مۆرەپ قويسىڭىز بولماسمىدى.

**مۆسىن** ئى. ئۆسۈملۈكنىڭ غولى: كېچىسى قىچىنىڭ مۆسىنى پوشكالدەك يۇمشاپ قالىدۇ. ئۇرۇشقىمۇ ئاسان ھەم دانلىرى ئانچە چېچىلىپ كەتمەيدۇ.

**مۆكتۈرمە** ① سۈپ. مۆكتۈرۈلگەن، يوشۇرۇنغان، يوشۇرۇنۇپ قىلىنغان: مۆكتۈرمە جەڭ. ② ئى <ھەرب> مۆكتۈرۈپ قويۇلغان قوشۇن: – يولغا مۆكتۈرمە قويدۇڭلارمۇ؟ – سورىدى قوماندان.

**مۆكتۈرمە جەڭ** <ھەرب> مۆكتۈرۈپ قويۇلغان قوشۇن دۈشمەنگە تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش يولى بىلەن ئېلىپ بارغان جەڭ.

**مۆكتۈرمەك** «مۆكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى مۆكتۈرۈپ قويدۇم. * تۆمۈر خەلپە ئۆز يىگىتلىرىنى ئىككىگە بۆلۈپ، جىلغىنىڭ ئىككى قاسىنقىدىكى قارىغاي ۋە قورام تاشلارنىڭ كەينىگە مۆكتۈردى.

**مۆكتۈرۈلمەك** «مۆكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يول بويىغا مۆكتۈرۈلگەن يىگىتلەر ئەھۋالنى خوجىنىيازغا مەلۇم قىلدى.

**مۆكمەك** پ. ئۆزىنى دالدىغا ئالماق، يۇشۇرۇنماق: ئۇ دەرەخ كەينىگە مۆكتى. * بالىلار ئورمانلىققا مۆكۈۋالدى. * كەچ بولدى. پامىر ئارقىسىغا ئېگىلگەن قۇياش ئالا بۇلۇتلارنى قىزارتىپ قىزغۇچ شولىسىنى چاچماقتا ۋە ئاستا تاغ كەينىگە مۆكمەكتە.

**مۆكۈشمەك** I «مۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بالىلار كونا خاماندا مۆكۈشۈپ ئويناۋاتاتتى.

**مۆكۈشمەك** II ئى. بالىلار ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا بالىلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر تەرەپ مۆكسە، يەنە بىر تەرەپ ئىزلەپ تېپىپ ئوينايدۇ: مۆكۈشمەك ئوينىماق.

* ۋە بەزەنلەر دەيدىكەن: ئۇلار ھايات تاغلاردا. ئويناپدىكەن مۆكۈشمەك، قاش قارايغان چاغلاردا.

**مۆكۈشمەك ئويناماق** ئىككىگە بۆلۈنۈپ بىر تەرەپ مۆكسە، يەنە بىر تەرەپ تېپىپ ئويناماق: – بۇ نېمە دېگىنىڭىز، – دېدى سالى دورغا ئۆزىنى بېسىۋالالماي، – بىز جەڭ قىلماي مۆكۈشمەك ئويناۋاتىمىزمۇ؟

**مۆكۈندۈرمەك** «مۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ نەگە مۆكۈندۈرۈپ قويدۇڭ! ــ دەپ سورىدى ئاكام مەندىن.

**مۆكۈنمەك** «مۆكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ گەمىگە مۆكۈندى. * ئۇ ئۆيگە كىرىپ مۆكۈنۈۋېلىپ زادىلا چىققىلى ئۇنىمىدى.

**مۆكۈنۈشمەك** «مۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يازمۇ كەتتى شاپاشلاپ يەنە كەلدى زىمىستان، قەھرىتاندا ئۆيگە مۆكۈنۈشتى پۈتۈن جان.

**مۆكسۆكلەڭ** ئى ← **مۆكۈشمەك** II: ئۇ چاغدا بىر توپ باللار دەريا بويىدا مۆكسۆكلەڭ ئويناۋاتاتتى.

**مۆڭ** سۈپ. ياخشى-يامانىنى ئانچە پەرق ئېتىپ كېتەلمەيدىغان، كاللىسى تازا ياخشى ئىشلەپ كەتمەيدىغان، دۆت، كالۋا: – ئۇ راستىنلا مۆڭ ئادەممۇ؟ ياق بۇ بىر ئويۇن، – دېدى قاسىم ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ.

**مۆگدەرمەك** پ. ئۇشتۇمتۇت چۆچۈپ، شۈركىنىپ كەتمەك، ئەيدىكمەك: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرى ئۇشتۇمتۇت مۆگدەرەپ، قاتتىق ۋارقىراپ كېتىپتۇ.

**مۆكۈشلىمەك** پ. مۆككۈش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەتنى قىلماق: چېرىكلەر پاتپاراق بولۇپ قېچىشتى، ئاتلىرى ھەم بۇ زەربىدىن مۆككۈشلىدى.

**مۆككۈگەك** سۈپ. مۆككۈيدىغان، چېچاڭلايدىغان: مۆككۈگەك ئات. مۆككۈگەك ئېشەك.

**مۆككۈمەك** پ. ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تېپچەكلىمەك؛ چېچاڭلىماق (ئات-ئۇلاغ ھەققىدە): ئات مۆككۈدى. ئېشەك مۆككۈدى.

**مۆڭگەك** سۈپ. مۆككۈيدىغان: بىرنى دېدىڭىز تەپكەك، بىرنى دېدىڭىز مۆڭگەك، سۆيمەيسىز تېخى ئەمگەك، ۋاقتىڭىز ئۆتەر بىكار.

**مۆڭگەكلىمەك** پ ← **مۆككۈمەك**: ھېلىقى ئاتمۇ بىر كۆلكە چىقارغۇسى كەلگەندەك قامچا تېگەر-تەگمەستىن قۇيرۇقىنى دىڭگايتىپ، بىر-ئىككىنى مۆڭگەكلىگەندىن كېيىن ئاستا مېڭىپ كەتتى.

**مۆڭلۈك** «مۆڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مۆڭلۈك قىلماق.

**مۆڭمەك** پ ← **مۆككۈمەك**: توسۇن ئاتتەك، پات-پات مۆڭۈپ تۇرىدىغان پۇقرانى سۇدىن ئىبارەت بۇ مۇستەھكەم ئارغامچا بىلەن ھاكىمدارلىق قوزۇقىغا باغلاپ تۇرغىلى بولاتتى.

**مۆل** ئىم ① ياشنىڭ كۆزدىن ئارقا-ئارقىدىن ئۇزۇلۇپ ئېقىش ھالىتى. ② كۆزنى مۆلدۈرلىتىپ قاراش ھالىتى.

**مۆلە** ئى. ئېشەككە توقۇش ئۈچۈن كىگىز ۋە پالاسنى قەۋەتلەپ، شىرىپ تىكىلگەن توقۇم.

**مۆلچەللىمەك** (توغرىسى: مۆلچەرلىمەك) ← **مۆلچەرلىمەك**.

**مۆلچەر** ئى. مەلۇم ئەھۋال ۋە ئىشلارنىڭ خاراكتېرى، سانى، ئۆزگىرىشى قاتارلىقلاردىكى تەخمىنىي يەكۈن، پەرەز، قىياس: ئالدىن قىلىنغان مۆلچەرگە ئاساسلانغاندا، تۆردى ھۆسەيىنوپ، قادىر ئېلىلار بۈگۈن ئاقسۇغا قايتىپ كېلىشى كېرەك ئىدى.

**مۆلچەر سان** < تىل > شەيئىلەرنىڭ تەخمىن سانىنى بىلدۈرىدىغان سانلار. مەسىلەن، ئەللىكچە، يۈزدەك، ئون

نەچچە دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**مۆلچەرلەتمەك** «مۆلچەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۆلچەرلەشمەك** «مۆلچەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەنە نېمىلەرنى قىلىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئالدىنئالا مۆلچەرلەشكەنىدى.

**مۆلچەرلەنمەك** «مۆلچەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: كۇلۇبنىڭ ئويۇن-تاماشا كۆرۈشكە مۆلچەرلىنىپ سېلىنغان ئاساسىي زالى خېلى چوڭ ئىدى.

**مۆلچەرلىگۈسىز** سۈپ. مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان، مۆلچەرلەش تەس بولغان، قىياس قىلغىلى بولمايدىغان؛ ناھايىتى زور، بەكمۇ جىق: بۇ قېتىمقى زىيان مۆلچەرلىگۈسىز بولدى. * بۇ ئىشلار جەمئىيىتىمىزنى ئۆزگەرتىشتە، بولۇپمۇ ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەشتە مۆلچەرلىگۈسىز زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

**مۆلچەرلىمەك** پ ① بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئالدىنئالا قىياس قىلماق؛ تەخمىنەن نراق ھېسابلىماق، تەسەۋۋۇر قىلماق، ئويلىماق: خاتا مۆلچەرلىمەك. تولۇق مۆلچەرلىمەك. ئاقىۋىتىنى مۆلچەرلىمەك. * ئادىل زاۋۇتتىكى بۇ ئىككى باشلىقنىڭ چېرتىيوژغا ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن بولسىمۇ، بۇ قەدەر ئەستايىدىل بولىدىغانلىقىنى ئويلىمىغانىدى. ② كۆچمە. نىشانلىماق، قارىغا ئالماق: ئۇ ئوقتىن بىرنى ئېلىپ، تۇتىنىڭ دەل كۆكرىكىنى مۆلچەرلەپ ئاتقانىدى، ئوق تەگمىدى.

**مۆلدۈر** I ئى < مېتېئور > ھاۋا بوشلۇقىدىن ياغىدىغان ئۇششاق مۇز پارچىلىرى. كۆپىنچە ئەتىيازنىڭ ئاخىرى ۋە ياز مەۋسۇملىرىدىكى چۈشتىن كېيىنكى مەزگىللەردە ياغىدۇ. ئۇ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى ۋەيران قىلىپلا قالماي، يەنە ئادەم، چارۋا ھەم بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىغىمۇ ئېغىر دەرىجىدە زىيانلارنى كەلتۈرىدۇ.

**مۆلدۈر** II ئىم ① كۆزلىرىنى مۆل-مۆل قىلىپ جىممىدە تەلمۈرۈپ قاراش ھالىتى. ② ياشنىڭ كۆزدىن ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ چۈشۈش ھالىتى: ئۇنىڭ كۆزىدىن مۆلدۈر-مۆلدۈر ياش ئاقتى.

**مۆلدۈرلەتمەك** «مۆلدۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نېمە كۆزلىرىڭنى مۆلدۈرلىتىپ قاراپ تۇرىسەن؟

**مۆلدۈرلەشمەك** «مۆلدۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۆلدۈرلىمەك** پ. مۆلدۈر-مۆلدۈر قىلماق؛ كۆز ۋە كىرپىك چىمىلداپ تۇرماق: ئۇنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان يوغان-يوغان كۆزلىرىدىن كىشىنىڭ ئىچى سىيرىلغۇدەك دەرىجىدە مەيۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى. * ئانا كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ چۈشۈۋاتقان ياشلىرىنى تور ياغلىقنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى.

**مۆلدۈر-مۆلدۈر** «مۆلدۈر II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ كۆزىدىن مۆلدۈر-مۆلدۈر ياش تامچىلىرى قۇيۇلدى. * قوللىرىنى قاسماق بېسىپ كەتكەن بۇ بالا تاماق قاچىمىزغا مۆلدۈر-مۆلدۈر تىكىلىپ تۇراتتى.

**مۆللىدە** رەۋ «مۆل» قىلىپ، «مۆل» قىلغان ھالدا: ئۇزاقتىن قولى پۇل كۆرمىگەن ئادىل پۇلنى چىڭ سىقىملاپ تۇرۇپ كۆزىگە مۆللىدە ياش ئالدى.

**مۆل-مۆل** «مۆل» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بالا كۆزىنى مۆل-مۆل قىلىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. * ئۇ نۇرغۇن كېچىلەرنى مۆل-مۆل كۆز يېشى قىلىش بىلەن ئۆتكۈزدى. * غەيرەت بولۇۋاتقان

ئىشلاردىن ھېچ نەرسىنى چۈشىنەلمەي، ئەتراپقا مۆل-مۆل تىكىلەتتى.

**مۆلۈلدەتمەك** «مۆلۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۆلۈلدەشمەك** «مۆلۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۆلۈلدىمەك** پ. كۆزىنى «مۆل-مۆل» قىلماق، «چىم-چىم» قىلماق: قەربخان ئۇلارغا مۆلۈلدەپ قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىدى.

**مۆمىن** (ئە) ① ئى <دىن> خۇدانىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلغان، ئىمان ئېيتقان كىشى، مۇسۇلمان: — ئى خۇدايا، مۆمىنلىرىڭنىڭ دۇئاسىنى قوبۇل ئەت! —.دەپ شىۋىرلىدى ئۇ ساقلىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ. ② سۈپ كۆچمە. ئىشەنچلىك؛ ياۋاش، ئىتائەتمەن: — قولۇڭدىن كېلىشىچە تەييارلىق كۆرۈپ، قىزىڭنى ياخشى تەربىيىلىگەن، ئوبدان مۆمىن بىر كىشىگە نىكاھلاپ بەر، — دېدى ئانا. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مۆمىنلەرچە** رەۋ. ئىتائەتمەنلىك، ياۋاشلىق بىلەن: ئۇنىڭ سۆزلىرىنى مۆمىنلەرچە قۇلاق سېلىپ ئاڭلاۋاتاتتى.

**مۆمىنلىك** «مۆمىن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئەپچىللىكى، ئۇڭلۇقلۇقى، ئىشچانلىقى ھەم مۆمىنلىكى بىلەن كېلىنگە ياراپ قالغانىدى.

**مۆھتەرەم** (ئە) ① سۈپ. كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت، ئېھتىرامىغا سازاۋەر بولغان، ھۆرمەتلەشكە مۇناسىپ، ھۆرمەتلىك: مۆھتەرەم ئەپەندى. مۆھتەرەم جاناب. * — بۇ كىشى مۆھتەرەم قادىر ئەپەندى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى ئۇ ئاق سېرىق كىشىنى. // رابىيە خۇش بولۇپ قايتتى ھەرەمگە، ئۇقۇپ رەھمەتنى مىڭ، بۇ مۆھتەرەمگە. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مۆھلەت** ئى (ئە) بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان، بەلگىلەنگەن مۇددەت، ۋاقىت: مۆھلەت بەرمەك. مۆھلەت ئالماق. مۆھلەت سورىماق. * مەلىكە شاھنىڭ تەلىپىنى ئاڭلاپ، شاھتىن قىرىق كۈنلۈك مۆھلەت سوراپتۇ.

**مۆھلەت بەرمەك** مەلۇم بىر ئىشنى ئورۇنداش ئۈچۈن چەكلىك ۋاقىت، مۇددەت بەرمەك: قىز پادىشاھقا بىر ئايلىق مۆھلەت بېرىپتۇ.

**مۆھلەتسىز** سۈپ. مۆھلەت بەلگىلەنمىگەن، ۋاقىت تەيىنلەنمىگەن: مۆھلەتسىز ئىش.

**مۆھلەتلىك** سۈپ. مۆھلىتى بار، مۆھلەت بەلگىلەنگەن: مۆھلەتلىك ئىش.

**مۆھۈر** ئى (ئە) تامغا: مۆھۈر باسماق. * ياشلىقىدا ئۆگەنگەن تاشقا مۆھۈر باسقاندەك، قېرىغاندا ئۆگەنگەن قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك (ماقال). * ئۇنىڭ ئاياغ ئىزى يۇمشاق توپىدا خۇددى مۆھۈر باسقاندەك ئېنىق چىقىپ قالغانىدى.

**مۆھۈردار** (**مۆھۈردارى**) ئى (ئە+پ) پادىشاھ سارايلىرىدا مۆھۈر تۇتقۇچى ئەمەلدار: — ئەرزگە بارلىق مۆھۈردارلار، ئاقساقال، يۈز بېشلار مۆھۈر باسسۇن، — دەپتۇ پادىشاھ.

**مۆھۈردارلىق** ئى. مۆھۈر تۇتۇش، مۆھۈر بېسىش خىزمىتى، ئەمىلى: مېھرىبانۇ ئۇنى ئوردىغا كەلتۈرۈپ، بىرنەچچە ۋاقىت پەرۋىش قىلغاندىن كېيىن، چوڭ توي ئۆتكۈزۈپ، ئۇنى ئۆزىگە كۈيئوغۇل قىلىپ ئالغان ۋە ئوردىنىڭ مۆھۈردارلىقىنى بەرگەن.

**مۆھۈرلەتمەك** «مۆھۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ يەر خېتىنى مۆھۈرلىتىپ بولغاندىن كېيىن ساندۇقنىڭ چوڭقۇر يېرىگە سېلىپ ئاندىن خاتىرجەم بولدى.

**مۆھۈرلەشمەك** پ. خەت ئارقىلىق توختاملاشماق؛ ۋەدىلەشمەك: توي قىلماي تۇرۇپمۇ قىزنى ئېلىپ كېتەلەيمەن! قانداق ئىشنىمسەن؟ مۆھۈرلىشەيلىمۇ؟

**مۆھۈرلەنمەك** «مۆھۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۆھۈرلۈك** سۈپ. مۆھۈر بېسىلغان، مۆھۈرلەنگەن: مۆھۈرلۈك خەت. ✻ — مانا ئەمدى ئەقلىڭگە كەلدىڭ، — دېدى بەگ ئېغىر پۇشۇلداپ، — بۇ سەن بىلەن قىلىشقان مۆھۈرلۈك تىلخەت.

**مۆھۈرلىمەك** پ. مۆھۈر باسماق، مۆھۈر ئۇرماق: سودىگەر خۇشال بولۇپ، ھېلىقى توختام بويىچە بارلىق مال-مۈلكىنى مۆھۈرلەپ بالىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپتۇ.

**مۇجمەل** سۈپ (ئە) چۈشىنىپ بولمايدىغان، ئوچۇق، ئېنىق ئەمەس، نائېنىق: مۇجمەل گەپ. مۇجمەل ئىش. // سابىت ئالىمجان مۇئەللىمنىڭ سوئاللىرىغا مۇجمەل جاۋاب بەردى.

**مۇجمەلسىز** رەۋ. مۇجمەللەشتۈرمەي، ئېنىق: ئاپتور ھېچقانداق مۇجمەلسىزلا ئۆز كۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

**مۇجمەللەشتۈرمەك** «مۇجمەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «بۇ قانۇنىڭ سىنىپىيلىقىنى مۇجمەللەشتۈرگەنلىك بولىدۇ» دەپ تەكىتلەيدۇ ئۇ.

**مۇجمەللەشتۈرۈلمەك** «مۇجمەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇجمەللەشمەك** پ. ئېنىقسىز، چۈشىنىكسىز بولماق: بۇ كۈنى بوۋاي بىلەن موماي خۇشاللىقىدىن قىلغان سۆزلىرىمۇ مۇجمەللىشىپ كېتىپتۇ.

**مۇجمەللىك** «مۇجمەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇنىڭدا قىلچە مۇجمەللىك يوق، ئەلۋەتتە! مەن ياڭاقلىق يېزىسىدىكى ھەربىر ئۆيلۈك كىشى بىلەن سۆزلەشتىم.

**مۇچە** ئى ① < ئانات > ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ئەزاسى؛ قول ياكى پۇت: تۆت مۇچە. ② < تىل > جۈملە بۆلىكى، بۆلەك: جۈملىنىڭ ئەگەشمە مۇچىلىرى. جۈملىنىڭ باش مۇچىلىرى.

**مۇچەل** ئى ① ھەربىر يىل بىر ھايۋانىنىڭ يەنى چاشقان، ئۇي، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز نامى بىلەن ئاتالغان يىل ھېسابى. ئۇ 3-ئاينىڭ 22-كۈنىدىن يەنى نورۇز كۈنىدىن باشلىنىدۇ. ② كىشىنىڭ شۇ يىل ھېسابى بويىچە تۇغۇلغان يىلى: ئەپەندىمدىن بىر كىشى سوراپتۇ: — ئەپەندىم، مۇچىلىڭىز نېمە؟ — مۇچىلىم بېلىق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**مۇچەلنامە** ئى. ھەربىر مۇچەل يىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى تونۇشتۇرغان كىتابچە: قىزنىڭ ئاپىسى كۈيئوغۇلنىڭ مىجەز-خۇلقىنى مۇچەلنامىدىن ئاختۇرۇپ بىلدى.

**مۇدۇر** سۈپ. تەكشى ئەمەس، ئېگىز-پەس، ئويمان-چوڭقۇر (نەرسىلەرنىڭ يۈزى ھەققىدە).

**مۇدۇر-چوقۇر** مۇدۇر ۋە چوقۇر: مۇدۇر-چوقۇر يېزا يولىدا بىر ئېشەك ھارۋىسى ئاستا كېتىۋاتاتتى.

**مۇدۇرمەك** پ. پۇتلاشماق، سەنتۈرۈلمەك: بىر مۇدۇرگەن ئۇن مۇدۇرەر (ماقال). ✻ سىزگە يۈز كېلەلمەيمەن، لېكىن ياخشى ئاتىڭىمۇ مۇدۇرۇپ كېتىدىغان چاغلىرى بولىدۇغۇ، كەچۈرۈشىڭىزنى سورايمەن!

**مۇدۇر-مۇدۇر** «مۇدۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مۇدۇرۇپ-چوقۇرۇپ** سەنتۈرۈلۈپ، دەلدەڭشىپ؛ يىقىلىپ-قوپۇپ: مەسئۇت ئۇنىڭ پىرىگە قارشى تۇرالماي، ئۇنىڭ رايى بويىچە

قاراڭغۇدا مۆدۈرۈپ-چوقۇرۇپ مېڭىۋەردى.

**مۆدۆرۆشمەك** «مۆدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قاراڭغۇ كېچىدە مۆدۈرۈشۈپ يۈرۈپ مىڭ تەستە ياتىقىغا كېلىۋالدى.

**مۆدۈرۈلمەك** «مۆدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەتىگەندە مەكتەپكە باراي دەپ ئىشىككە چىقىشىمغا مۆدۈرۈلۈپ كەتتىم. * مۆدۈرۈلۈپ قوپۇپ، ئالغا ئاتلىغان، شەپكىسى قولىدا «ھۇررا» توۋلىغان، باتۇرلارغا بىزدىن سالام دە!

**مۆدۈك** سۆپ. دىئال. كىچىك، ئىخچام.

**مۆرە** ئى ① < ئانات > ئادەم بىلىكىنىڭ يۇقىرىسىدىكى بويۇنغا تۇتاشقان ئىككى تەكشى جاي، دولا: مۆرىگە ئالماق. مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ جەڭ قىلماق. مۆرىسىنى چىقارماق. * ئەركىن سومكىسىنى مۆرىسىگە ئېسىپ كەينىگە ماڭدى. * سېكرېتار ئادىلنى خىجىل بولمىسۇن دەپ مۆرىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويۇپ: ــ قانداق، ئۇسكۇنەڭنىڭ بىگىسىنى كۆرۈپ باقامدۇق؟ ــ دەپ سورىدى. ②< زوئول > ھايۋانلارنىڭ ئالدى پۇتىنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى گۆرجەك سۆڭەك بار قىسمى. ③ كىيىمنىڭ ياقىغا تۇتاش ئىككى ياندىكى قىسمى: بۇ كۆڭلەكنىڭ مۆرىسى سەل كەڭ بولۇپ قېلىپتۇ.

**مۆرە تاختا** ماتانى سىلىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئىككى بېشى ئېگىز، ئوتتۇرىسى پەس قىلىپ ياسالغان تاختا.

**مۆرە تاش** ماتانى سۈركەپ سىلىقلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سىلىق تاش.

**مۆرە چىقارماق ← دولا چىقارماق:** بىز سىلەرنى ياخشى بىلىمىز، ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن «پۇل يوق» دەپ مۆرە چىقىرىپ تۇرىسىلەر.

**مۆرە قاقماق** «ياراپسەن»، «ھەممە ئىشىڭ جايىدا» دېگەن ئىشارىنى بىلدۈرمەك: باشلىق مۆرەمگە قېقىپ «قالتىس يىگىتتە» دەپ ماختاپ قويدى.

**مۆرىسىگە ئاپتاپ چۈشمەك ← دۆمبىسى ئاپتاپ كۆرمەك:** — ئوغلۇم، مۆرىمىزگە ئاپتاپ چۈشكەننى سەزدۇق، — دېدى ئۇ، — يۇرتداشلارنىڭ رازىمەنلىكى بىكار ئەمەس، ھەممىيلەنگە ئۈمىد پەيدا بولدى.

**مۆرىسىنى قىسماق** «ئۇقمايمەن»، «بىلمەيمەن»، «يوق»، «تاڭ» دېگەن ئىشارىنى بىلدۈرمەك: — نېمە بىلەت؟ — ئۇ ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن قىياپەتتە قوللىرىنى يېيىپ، مۆرىسىنى قىستى.

**مۆرىنى شوتا قىلماق** باشقىلارنىڭ ئۆرلىشى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشى، شۆھرەت قازىنىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرمەك، ئۆزىنى ئاتىماق: قانداقتۇر بىر چەت ئەللىك سودىگەرگە سەرخىل ئاتلىرىڭنى بەر، مۆرەڭنى شوتا قىل، ئۇ دۇنياۋى بەيگىگە قاتناشتۇرسۇن، مۇنداقمۇ گەپ بولامدۇ.

**مۆرىنى مۆرىگە تىرىمەك** بىر نىيەتتە، بىر مەقسەتتە ھەمكارلاشماق: جۈمە ئۇنى «بىز بىلەن مۆرىنى مۆرىگە تىرەپ كۆرەش قىلغان سەپداش، كۆرەش سېپىدە قەد كۆتۈرگەن ئەزىمەت» دەپ ئاشكارا ماختايدىكەن.

**مۆرىدەشمەك** «مۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بىز بىركۈنى يېرىم كېچىدە رەيھانەم بىلەن ئادىلنىڭ مۆرىدىشىپ ساياھەت قىلىپ يۈرگىنىنى كۆرگەن، — دېدى نۇر ئەلاخان. * پەلەمپەيدە بىر-بىرىنى مۆرىدىشىپ، چامادان-سومكىلىرىنى كۆتۈرگەن ئادەملەر ئىچىدىن كۆزلىرىم گۈزەلئاينى ئىزلەيتتى.

**مۇرىدىمەك** پ. مۇرە بىلەن ئىتتىرمەك؛ مۇرىنى مۇرىگە تەگكۈزمەك: يىگىتلەر خوتقا سېلىپ قويغان تراكتورنى خۇددى تاغنى ئىتتەرگەندەك زورۇقۇپ مۇرىدەيتتى. * قىز بىلەن يىگىت بىر-بىرىنى مۇرىدەپ كېتىپ باراتتى.

**مۇشكۈل** سۈپ (ئە) ھەل قىلىنىشى قىيىن، ئېغىر، مۇرەككەپ، تەس: مۇشكۈل ئىش. مۇشكۈل ۋەزىپە. * — شاھىم، بۇ ھەقىقەتەنمۇ مۇشكۈل ئىش، لېكىن چارىسىمۇ ئاسان، — دەپتۇ ۋەزىر. * كۆلمەن بۇ جاھان نېمانچە قىزىق، ئۇ مېنى سۆيىدۇ، مەن بولسام بۇنى، مۇھەببەت نېمانچە قىيىن ۋە مۇشكۈل، ئىشق گۈلى گۈلىگە كەلگىنى قېنى؟ // ئانا ھەر قېتىملىق نامىزىدا «خۇدا بالامنىڭ مۇشكۈلىنى ئاسان قىلغايسەن» دەپ دۇئا قىلاتتى.

**مۇشكۈلات** ئى (ئە) قىيىنچىلىقلار، مۇشكۈللۈكلەر.

**مۇشكۈلچىلىك** ئى ← **مۇشكۈللۈك**: - ئەجەب مۇشكۈلچىلىككە قالدى كىشى، - دەيتتى ئۇ پات-پات ئۆز-ئۆزىگە.

**مۇشكۈللە شتۈرمەك** «مۇشكۈللە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مۇشكۈللە شتۈرۈلمەك** «مۇشكۈللە شتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مۇشكۈللە شمەك** پ. مۇشكۈل بولماق، قىيىنلاشماق، تەسلەشمەك، ئېغىرلاشماق: ھازىر ئىشلار تېخىمۇ مۇشكۈللىشىپ كەتتى.

**مۇشكۈللۈك** «مۇشكۈل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھاشا يولى ئۈچ كۈنلۈك، بىزگە چۈشكەن مۇشكۈللۈك. بايلار بارسا بىر كۈنلۈك، كەمبەغەلگە ئون كۈنلۈك.

**مۇشۇك** ئى < زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. يۈزى يۇملاق، گەۋدىسى ئۇزۇن، قۇلاق قالقىنى قىسقا ھەم كىچىك، كۆزى چوڭ، كۆز قارىچۇقى نۇرنىڭ ئاجىز-كۈچلۈكلۈكىگە قاراپ يوغىنايدۇ ياكى كىچىكلەيدۇ. تۆت ئايىغى سەل قىسقا، ئالىقانلىرىدا گۆش ياتمىسى بار. سەزگۈر، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ، چاشقان تۇتالايدۇ. تۈكلىرى يۇمشاق، قارا، ئاق، سېرىق قوڭۇر ۋە كۈل رەڭلىكلىرىمۇ بار.

**مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ** ھېچنېمىگە يارىمايدۇ، ھېچ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ: سېنىڭ 100 كوي دېگىنىڭگە بۇگۈن مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ.

**مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك** ھېچنېمە قىلمىغاندەك، ھېچ ئىش بولمىغاندەك: ئېلىشنى ئېلىۋېلىپ، مۇشۇك بالىسىنى يېگەندەك يۈرسەنغۇ؟

**مۇشۇك پىياز يېگەندەك** ئادەتتە قىلمايدىغان ئىش-ھەرىكەتنى قىلىپ قويغانلىقنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: ھوي، بۈگۈن مۇشۇك پىياز يېگەندەك، ئېلى تاماكا چېكىۋاتىدۇ.

**مۇشۇك كۆزى تاش** < كېئول > ← **خرىزوبېرىل.**

**مۇشۇكنى پەش دېيەلمەسلىك** ← **توخۇسىنى تاخ، مۇشۇكنى پەش دېيەلمەسلىك.**

**مۇشۇكئېيىق** ئى (مۇشۇك+ئېيىق) < زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 130 — 160 سانتىمېتىر، تەن شەكلى ئېيىققا ئوخشايدۇ. قۇيرۇقى قىسقا، بېشى، كۆكرىكى، قورسىقى، دۈمبىسى ۋە ساغرىسى ئاق؛ تۆت ئايىغى، ئىككى قۇلىقى ھەم كۆز چەمبىرىكى قارا قوڭۇر؛ تۈكلىرى توم ھەم قېلىن، سوغۇققا چىداملىق، دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي جەنۇب

رايونلىرىدىكى ئېگىز تاغلىقلاردا بامبۇك شاخلىرىنى يەپ ياشايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە ئەتىۋارلىق ھايۋىنى ھېسابلىنىدۇ.

**مۆشۈكياپىلاق** ئى (مۆشۈك+ياپىلاق) < زوئول > بىر خىل قۇش. تېنى ئاچ قوڭۇر رەڭلىك، خىلى كۆپ، قارا سەپكۈنلىرى بار، بېشىدا مۆڭگۈزسىمان پەي-تۈكلىرى بار. كۆزى چوڭ، لېكىن يۇملاق، كېچىدە ھەرىكەت قىلىدۇ. چاشقان، قۇشقاچ قاتارلىق كىچىك ھايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئىنسانلار ئۈچۈن پايدىلىق. دائىم كېچىلەردە قورقۇنچلۇق ئاۋاز چىقىرىپ سايرايدۇ. خۇراپاتلىققا ئىشىنىدىغانلار ئۇنى بىر خىل «شۇم قۇش» دەپ تونۇيدۇ. ئۇ يەنە «قارىغۇياپىلاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مۆكچەيتمەك** «مۆكچەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەلەي ھازىر، دەرھال قەددىنى تېخىمۇ مۆكچەيتىپ، چىرايىغا بىچارىلىق، كۆزلىرىگە ئامالسىزلىق، يىلىنىش ئىپادىلىرىنى بەردى.

**مۆكچەيمەك** پ. بەدەن ئالدىغا ئېگىلىپ تۈگۈلمەك: ئۇ يەلكىسىنى ئېغىر بىر تاش بېسىۋالغان كىشىدەك مۆكچىيىپ كېتىپ باراتتى.

**مۆكچىيىشمەك** «مۆكچەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مۆكۈرۈ** سۆپ. دىئال. ئاۋاق، جىۋەك، ۋىجىك.

**مۆكۈل-تېقىل** دىئال ① رەتسىز، تەرتىپسىز. ② قاتىلاڭلىق، ئالدىراشلىق.

**مۆگدەتمەك** «مۆگدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نۇتۇق سۆزلىگەندە، روھى ھالەتنىڭ كۆتۈرەڭگۈ بولۇشى ناھايىتىمۇ مۇھىم. چۈشكۈن روھى ھالەت ئاڭلىغۇچىلارنى مۆگدىتىپ قويىدۇ.

**مۆگدەشمەك** «مۆگدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يولۇچىلار لەرزان تەۋرىنىشتىن خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە جىمجىت مۆگدەشتى.

**مۆگدەك** ئى. ئويغاق بىلەن ئۇيقۇنىڭ ئارىلىقىدىكى ھالەت: كۆپ مىقداردىكى كۆچۈرۈپ يېزىش تاپشۇرۇقىنى ئىشلىگەندە بالىلارنىڭ قوللىرى تېلىپلا قالماستىن، بەزى بالىلارنى مۆگدەك باسىدۇ.

**مۆگدەك باسماق** مۆگدەپ قالماق، مۆگدىمەك: چوڭ يولغا چىققاندا تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىدى. مۆگدەك باسقان كۆزلىرىم ئېچىلىپ، ھارۋىنى تېخىمۇ ئىتتىك ھەيدەشكە باشلىدىم.

**مۆگدىمەك** پ. ئۇخلاشقا باشلىماق، ئۇيقۇ باسماق: — مەن تېخى، سىزنى مۆگدەپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپتىمەن. * لەيلىگۈل بۇ ئادەمگە ئىككىنچى قېتىم قارىغاندا، ئۇ ئادەم مۆگدەشكە باشلىغانىدى.

**مۆڭگۈز** ئى < زوئول > كالا، قوي، بۇغا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بېشى ئۈستىدىن ئۆسۈپ چىققان قاتتىق ماددا. ئادەتتە ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ئۇچ تەرىپى ئۇچلۇقراق كېلىدۇ: كالا مۆڭگۈزى. بۇغا مۆڭگۈزى. قوچقار مۆڭگۈزى. * ئاۋۋال چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۆڭگۈز ئېشىپ كېتەر (ماقال). * ئىت دېسەڭ قۇيرۇقى يوق، ئۆچكە دېسەڭ مۆڭگۈزى يوق (ماقال).

**مۆڭگۈز پەردە** < ئانات > كۆز قارىچۇقىنىڭ يۈزىدىكى پىر قەۋەت نېپىز، سۈزۈك پەردە. بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىدىن تۈزۈلگەن ھەمدە سىرتقا قاراپ سەل كۆپۈنكىلەشكەن. ئۇنىڭغا قان تومۇرلىرى تارقالمىغان، نۇرغۇنلىغان نېرۋا تالالىرى تارقالغان. ئۇنىڭ سەزگۈرلۈكى ئىنتايىن يۇقىرى كېلىدۇ. ئارقا تەرىپى كۆز ئېقى بىلەن تۇتاشقان.

**مۆڭگۈز پەيدا بولماق** → **مۆڭگۈز چىقماق**: — پۇقرانى مۆمىن، ياۋاش دېگەن

بىلەن، ئېلىلىق تاغ ئۇغرىلىرى توپىلاڭ كۆتۈرگەندىن بۇيان، بۇ يەردىمۇ خېلى كۆپ كىشىدە مۈڭگۈز پەيدا بولۇپ قالدى، — دېدى باي.

**مۈڭگۈز تاش** < گېئول > ئۇششاق دانىچىسىمان ئۆزگەرگەن كرىستاللىق قۇرۇلمىغا ۋە كاللەكسىمان تۈزۈلمىگە ئىگە ئوتتۇرا، يۇقىرى هارارەتتە ئىسسىق تېگىشىپ ئۆزگەرگەن جىنسلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**مۈڭگۈز چىقتىمۇ** «نېمە ياخشىلىق كۆردۈڭ؟»، «قانداق نەتىجىگە ئېرىشتىڭ؟» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: — قابىل يىگىتلەرنى ئۆلتۈرگۈزدىڭىز، سىزگە مۈڭگۈز چىقتىمۇ؟ — دېدى مەلىكە پادىشاهقا.

**مۈڭگۈز چىقماق** بۇرۇن قىلمىغان ئىشلارنى قىلماق، هەددىدىن ئاشماق: هېلىقى مالىمانچىلىق يىللاردا هەر ياۋاشلارغا مۈڭگۈز چىقىپ ئۈسكەك بولۇپ كەتكەن، مانا ئەمدى ئۇلارنىمۇ كۆردۇق.

**مۈڭگۈز قەۋەت** < زوئول > تاشقى تېرە قەۋىتىدىن ئاجراپ چىقىپ هاسىل بولىدىغان هۈجەيرىسىز قاتتىق پەردىسىمان ماددا. مەسىلەن، يىپسىمان قۇرتلار، هالقا شەكىلدىكى هايۋانلارنىڭ تېرىسى، بوغۇم پۇتلۇق هايۋانلارنىڭ تاشقى سۆڭىكى قاتارلىقلار.

**مۈڭگۈز ماددا** < بىئول > بەزى هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر تېنىنىڭ تاشقى پوستىدىكى بىر قەۋەت توقۇلما. قاتتىق بولۇپ، خىتىن ۋە هاك ماددىلىرىدىن تۈزۈلگەن. ئۇ ئىچكى توقۇلمىلارنى مۇهاپىزەت قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

**مۈڭگۈزى ئاشكارا بولماق** مەلۇم بولمىغان مىجەز-خۇلقى يېڭى قىلىقلىرى، ئايان بولماق، بىلىنمەك: ئۇ قايتىپ كېلىپ ئاينسا بىلەن سۆزلەشتى. مانا شۇ چاغدىلا ئاينسانىڭ مۈڭگۈزى ئاشكارا بولدى.

**مۈڭگۈزى ئىچىدە** ياۋاش ئەمەس، شوخ، چاتاقچى: ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى ئىچىدە (ماقال). * ياۋاشتەك قىلغىنى بىلەن مۈڭگۈزى ئىچىدە.

**مۈڭگۈزسىز** سۈپ. مۈڭگۈزى يوق، مۈڭگۈز چىقمىغان: مۈڭگۈزسىز هايۋانلار.

**مۈڭگۈزسىمان** سۈپ. مۈڭگۈزگە ئوخشايدىغان، مۈڭگۈز شەكىلدىكى: مۈڭگۈزسىمان مېۋە.

**مۈڭگۈزسىمان مېۋە** < بوت > قۇرۇق مېۋىنىڭ بىر خىلى. ئىككى پارچە ئانىلىق ياپراقچىسىدىن تۈزۈلىدۇ. پىشقاندا سىرتقى پوستى تۈۋىدىن ئۈستىگە قاراپ يېرىلىدۇ. مەسىلەن، قىچا، بەسەي ۋە چۆپۈرشاڭ قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش.

**مۈڭگۈزلەشمەك** پ ① مۈڭگۈز هالىتىگە كەلمەك، مۈڭگۈزگە ئايلانماق. ② تىكەنلەشمەك، يىرىكلەشمەك: بۇ كېسەللىك باشلانغان دەسلەپكى باسقۇچتا تېرە مۈڭگۈزلىشىپ، تېرە سىزىقچىلىرى روشەن كۆرۈنىدۇ.

**مۈڭگۈزلۈك** سۈپ. مۈڭگۈزى بار، مۈڭگۈزى بولغان: ئۇلار بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، مۈڭگۈزلۈك شاهزادىنىڭ يۇرتىغا يېقىنلىشىپتۇ، لېكىن قېچىشنىڭ پەيتىنى تاپالماپتۇ. * شۈكۈر، ئېشەك بولماپتىكەن مۈڭگۈزلۈك، بولسا ئىدى قويلار نە كۈن كۆرگۈلۈك؟ تاۋاردىن تون، زەردىن كۇلا كىيسىمۇ، ئۇنىڭ ئېتى يەنە ئېشەك — شۇ تۈكلۈك.

**مۈلكىي** سۈپ (ئە) دۆلەت ياكى هۆكۈمەتكە تەئەللۇق بولغان؛ مەمۇرىي: مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇغا يېتىپ كېلىشى بىلەن شەهەر دەرۋازىلىرى چىڭ تاقىلىپ، گومىنداڭنىڭ هەربىي — ساقچى، مۈلكىي ئەمەلدارلىرى سېپىل ئىچىگە قامىلىپ قالدى.

**مۆلۈك** ئى (ئە) بىراۋنىڭ ئۆزىگە تەۋە بولغان مال-دۇنيا، يەر-سۇ، ئۆي ئىمارەت قاتارلىق بايلىقلىرى: ياخشى مۆلۈك ھېكمىنىڭ، بۇزۇلغاندا ھېچكىمنىڭ. * قاراۋۇللۇقتا ھالال ئىشلەيدىغان، مۆلۈكلەرگە كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرىدىغان ئادەم كېرەك ئىدى.

**مۆلۈك ھوقۇقى** < قا > ماددىي بايلىق ئوبيېكتى قىلىنغان، ئىقتىسادىي مەنپەئەت بىلەن بىۋاستە باغلىنىشلىق بولغان ھەق تەلەپ ھوقۇقى. مەسىلەن، مۆلۈكچىلىك ھوقۇقى، ۋارىسلىق ھوقۇقى قاتارلىقلار.

**مۆلۈكچىلىك** ئى. مۆلۈككە بولغان ئىگىدارچىلىق: مۆلۈكچىلىك ھوقۇقى. مۆلۈكچىلىك تۈزۈمى. ئومۇمىي مۆلۈكچىلىك.

**مۆلۈكچىلىك تۈزۈمى** < س ئىق > ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىغا كىمنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىشى ھەققىدىكى تۈزۈم. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدىكى ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ خاراكتېرى ۋە مەھسۇلاتنىڭ تەقسىملىنىش، ئالماشتۇرۇلۇش شەكىللىرىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ئوخشاش بولمىغان خاراكتېردىكى مۆلۈكچىلىك تۈزۈملىرى بولىدۇ.

**مۆلۈكچىلىك ھوقۇقى** < س ئىق > دۆلەت، كوللېكتىپ ياكى شەخسلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ياكى تۇرمۇش ۋاسىتىلىرىغا بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقى. ئۇ مۆلۈكچىلىك تۈزۈمى شەكلى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىدىكى مۆلۈكچىلىك تۈزۈمىنىڭ قانۇن چىقىرىش جەھەتتىكى ئىپادىلىنىشىدۇر.

**مۆلۈكدار** ئى (ئە+پ) مۆلۈك ئىگىسى: ئۇنىڭ بىرى، مۆلۈكدارلارنىڭ ۋەكىلى، يەنە كېلىپ خەزىنىچى تېكىن ئاغىچى ئىدى.

**مۆلۈكسىز** سۈپ. مۆلۈكى يوق، مۆلۈككە ئىگە بولمىغان: شەھەر ئاھالىسى سىنىپى ئەڭ دەسلەپتىن باشلاپ مۆلۈكسىز، ھەممە ئېتىراپ قىلغان بىرەر تەبىقىگە مەنسۇپ بولمىغان شەھەر پېقىرلىرى.

**مۆلۈكلۈك** سۈپ. مۆلۈكى بار، مۆلۈككە ئىگە بولغان: ئوغرى كۆپ يەرلەرنى كېزىپ مۆلۈكلۈكرەك ئۆيلەردىن بىرەرسىنىمۇ تاپالماپتۇ.

**مۆنۈچ** ئىم. دىئال. ۋىيەي، پاخ (ئاياللار قوللىنىدۇ).

**مۆنۈرىمەك** پ. دىئال. سوغۇق ھاۋا ياكى سۇنىڭ تەسىرىدە پۇت-قوللارنىڭ ئاغرىش ھالىتى.

**مۆنۈكۈم** سۈپ. دىئال. ياۋاش؛ بىچارە.

**مېتابولىزم** ئى 〔ر < گرېك〕 < بىئول > ← **ماددا ئالمىشىش.**

**مېتابولىزمغا قارشى ماددىلار** < بىئول > مېتابولىزم ماددىلىرىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماددىلار. ئادەتتە ئاساسلىق مېتابولىزم ماددىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**مېتازوئا** ئى 〔ر < گرېك〕 < زوئول > ← **مېتازوئالار.**

**مېتازوئالار** ئى < زوئول > ئاددىي ھايۋانلاردىن باشقا بارلىق ھايۋانلارنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ ئاتىلىشى. تېنى كۆپ ھۈجەيرىلەردىن قۇرۇلغاچقا «كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مېتاساكوۋىيە** ئى 〔لات〕 < بوت > ← **مېتاساكوۋىيە دەرىخى.**

**مېتاساكوۋىيە دەرىخى** < بوت > شەمشاد ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چوڭ دەرەخ. ئېگىزلىكى 35 مېتىر، يوپۇرمىقى ياپىلاق، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى تاق

جىنسلىق. شار مېۋىسى سەل يۇمىلاق، ئۇرۇقى ياپىلاق. ئۇ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالغان ئەتىۋارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىرى بولۇپ، جەنۇبىي ئۆلكىلەردە ئۆسىدۇ.

**مېتافورا** ئى 〔ر < گرېك〕 < ئەد > ئوخشىتىش يولى بىلەن كۆچمە مەنىدە ئىشلىتىلگەن سۆز ياكى ئىبارە؛ ئىستىئارە، مەجاز.

**مېتافىزىك** 〔ر〕 ① ئى. مەسىلىلەرگە مېتافىزىكا نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدىغان، مېتافىزىكا قائىدىلىرىگە قاتتىق ئېتىقاد قىلغۇچى ۋە ئەمەل قىلغۇچى كىشى. ② سۈپ. مېتافىزىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان، مېتافىزىكا پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان.

**مېتافىزىكا** ئى 〔ر < گرېك〕 < پەلس > دىئالېكتىكىغا قارىمۇقارشى بولغان دۇنيا قاراش ياكى مېتودولوگىيە. ئۇ دۇنيادىكى ھەممە شەيئى بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا يەككە-يېگانە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ؛ ئۆزگىرىدۇ دېگەندىمۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىش پەقەت مىقدارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئازىيىشىدىن، ئورۇنىنىڭ يۆتكىلىشىدىن ئىبارەت بولىدۇ، ئۇنىڭغا تاشقى كۈچنىڭ تۈرتكىسىلا سەۋەب بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**مېتافىزىكىلىق** سۈپ. مېتافىزىكا قائىدىلىرىگە ئاساسلانغان، مېتافىزىكا پرىنسىپلىرىنى ئاساس قىلغان: ئۇلار قانۇنغا دائىر مەسىلىلەرنى مېتافىزىكىلىق ئۇسۇل بىلەن تەتقىق قىلىدۇ ۋە تەرىپلەيدۇ.

**مېتافىزىكىلىق دېتېرمىنىزم** < پەلس > ئالەمدىكى ھەممە نەرسىنى ئىلاھ مەلۇم مەقسەت بىلەن ئورۇنلاشتۇرغان دېگەننى ئىنكار قىلىسىمۇ، سەۋەبىيەت-تەقەززالىق ئىنكار قىلىنىدىكەن، تەبىئەت ۋە جەمئىيەتتىكى تاسادىپىيلىق ۋە ئادەمنىڭ سۇبيېكتىپ پائالىيەتچانلىق رولى ئىنكار قىلىنىشى كېرەك دەپ قارايدىغان بىر خىل نەزەرىيە. بۇ نەزەرىيە تەرەققىي قىلىپ چېكىگە يەتسە، مۇقەررەر ھالدا تەقدىرچىلىككە ئېلىپ بارىدۇ.

**مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم** < پەلس > تەبىئەت دۇنياسى ۋە بىلىش نەزەرىيىسىدىكى مەسىلىلەرنى مېتافىزىكىلىق نۇقتىئىنەزەر بىلەن چۈشەندۈرىدىغان ماتېرىيالىزملىق پەلسەپە. ئۇ دۇنيانىڭ ماددىيلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن دۇنياغا يەككە-يېگانىلىك، تۇرغۇنلۇق ۋە بىر تەرەپلىمىلىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن قارايدۇ. 17-، 18-ئەسىرلەردىكى غەربىي ياۋروپانىڭ مېخانىك ماتېرىيالىزمى ئۇنىڭ تىپىك شەكلىدۇر.

**مېتافىزىكىلىق مۇئەييەنلىك نەزەرىيىسى** < پەلس > ← **مېتافىزىكىلىق دېتېرمىنىزم.**

**مېتال** ئى 〔ر < گرېك〕 < خىم > پارقىراق، سوزۇلۇشچان، ئېلېكتر ۋە ئىسسىقلىقنى ياخشى ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە ماددىلار. سىمابتىن باشقا قالغانلىرىنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا قاتتىق كېلىدۇ. مەسىلەن، ئالتۇن، كۈمۈش، تۆمۈر، مانگان ۋە سىنىك قاتارلىقلار: رەڭلىك مېتال. قارا مېتال. مېتال قاچا.

**مېتال ئەمەس ئېلېمېنتلار** < خىم > ←**رادىئوئاكتىپ ئىزوتوپ.**

**مېتال پارقىراقلىقى** < كېئول > پارقىراقلىق دەرىجىلىرىدىن بىرى. خۇددى مېتالنىڭ پارقىرىتىلغان يۈزىنىڭ نۇر قايتۇرۇشىغا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، قوغۇشۇن رۇدىسىنىڭ پارقىراقلىقىغا ئوخشاش.

**مېتال پۇل** < مال > مېتالدىن ياسالغان پۇل.

**مېتالغا يات پارقىراقلىق** < گېئول > مېتال پارقىراقلىقى ۋە يېرىم مېتال پارقىراقلىقىدىن باشقا ھەر خىل پارقىراقلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**مېتال كرىستال كاتەكچىسى** < گېئول > كرىستال قۇرۇلمىسىدىكى ماددىي نۇقتىلارنىڭ بىرىكىشىدە مېتاللىق باغ يېتەكچى ئورۇندا تۇرىدىغان كرىستال كاتەكچىسى. مېتال كرىستال كاتەكچىسىنىڭ ماددىي نۇقتىلىرى ئېلېكترون بۇلۇتىغا چۆككەن مۇسبەت ئىئونلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە ئەڭ يۇقىرى (12) ياكى بىرقەدەر يۇقىرى كوئوردىنات سانىغا ئىگە بولىدۇ.

**مېتال مىنېرال** < گېئول > روشەن مېتاللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان، مەسىلەن، مېتال ياكى يېرىم مېتال پارقىراقلىقىدا كۆرۈنىدىغان، تۇرلۇك مېتال رەڭگى (قوغۇشۇننىڭ سۇر، تۆمۈرنىڭ قارا، ئالتۇننىڭ سېرىق رەڭگى) نى ئىپادىلەيدىغان، تۇتۇق، توك ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان مىنېراللار.

**مېتال نۇقسانىنى ئېنىقلاش** < ماشىن > دېفېكتوسكوپ ئارقىلىق مېتالدىن ئىشلەنگەن دېتاللارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى چولتىلىقنى تەكشۈرىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**مېتال ئېلېمېنت** < خىم > مېتاللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئېلېمېنت.

**مېتال ئىندىكاتورى** < گېئول > رەڭلىك ئورگانىك بىرىكمە. ئادەتتە ئۇ ئۆلچىنىدىغان مېتال ئىئونى بىلەن ئازىلىشىپ ئانچە تۇراقلىق بولمىغان كومپلېكس بىرىكمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا ئىندىكاتور ئۆز رەڭگىگە ئوخشىمايدىغان رەڭدە كۆرۈنىدۇ.

**مېتالچىلىق** ئى ← **مېتاللۇرگىيە.**

**مېتالسىز** سۈپ. مېتالدىن خالىي، مېتال يوق ياكى مېتال مىقدارى ئاز: مېتالسىز كان ياتمىسى.

**مېتالسىز كان ياتمىسى** < گېئول > سانائەت ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ۋە ئىشلىتىلىدىغان مىنېرال ئەمەس ئېلېمېنتلار، مىنېراللار ۋە مىنېرال قوراشماق كان ياتمىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، فوسفور، تاشپاختا كان ياتمىسى.

**مېتالشۇناس** ئى. مەخسۇس مېتاللارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**مېتالشۇناسلىق** ئى < گېئول > مېتاللارنىڭ تۈزۈلۈشى، خۇسۇسىيەتلىرى، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىش قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىش ئىشى ۋە ئىلمى.

**مېتاللوئىد** ئى (ر< گرېك) < خىم > ① سۈپ. مېتال ئەمەس، مېتالغا يات: مېتاللوئىد ئېلېمېنت. مېتاللوئىد مىنېرال. ② ئى. مېتال بولمىغان ئېلېمېنتلار، مەسىلەن، ئازوت، فوسفور، يود قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**مېتاللوئىد پارقىراقلىقى** < گېئول > ← **مېتالغا يات پارقىراقلىق.**

**مېتاللوئىد كان مەھسۇلاتى** < گېئول > سانائەتتە مەلۇم خىل مېتاللوئىد ئېلېمېنتلارنى ئېلىشقا بولىدىغان، مىنېرال ياكى مىنېرال قۇراشمىسىدىن بىۋاستە پايدىلىنىشقا بولىدىغان مەلۇم ھۈنەر-سەنئەت خۇسۇسىيىتىگە ئىگە كان بايلىقلىرى.

**مېتاللوئىد مىنېرال** < گېئول > مېتال ياكى يېرىم مېتال پارقىراقلىقى بولمىغان، رەڭسىز ياكى ئاچ رەڭلىك، 0.03 مىللىمېتىر قېلىنلىقتىكى ياپراقچە شارائىتتا سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك بولغان، توك ۋە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشى ناچار بولغان مىنېراللار. ئۇ مۇتلەق كۆپ قىسىم ئوكسىد تەركىبلىك تۇز مىنېرالى بىلەن قىسمەن

ئوكسىدلىق ۋە گالوگېنلىق مىنېراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مېتاللوئىد ئېلېمېنت** < خىم > مېتال بولمىغان ئېلېمېنت. مەسىلەن، ئازوت، فوسفور، يود قاتارلىق.

**مېتاللۇرگىيە** ئى (ر < گرېك) ① ئېغىر سانائەتنىڭ رۇدىدىن مېتال ئالىدىغان ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان بىر تارمىقى، مېتالچىلىق: مېتاللۇرگىيە سانائىتى. مېتاللۇرگىيە مۇتەخەسسىسى. ② سانائەت يولى بىلەن مېتال ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى پەن: مېتاللۇرگىيە كۇرسى. مېتاللۇرگىيەدىن ئىمتىھان بەرمەك.

**مېتاللىق** سۈپ. مېتالدا بولىدىغان، مېتالغا خاس: مېتاللىق خۇسۇسىيەت.

**مېتاللىق باغ** < گېئول > مېتال بىلەن قېتىشمىدىكى مېتال ئاتوملىرىنىڭ بىرىكىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ. مېتال ئاتومى ئۇلارنىڭ سىرتقى قەۋىتىدىكى ئېلېكترونلارنى ئاسانلا ئايرىۋېتىپ مۇسبەت ئىئوننى شەكىللەندۈرىدۇ. ئايرىپ تاشلانغان ئېلېكترون كرىستال كاتەكچىسى بوشلۇقىدا ئەركىن ھەرىكەت قىلىدۇ، بىردەم بۇ مۇسبەت ئىئوننى چۆرىدەپ ئايلانسا بىردەم يەنە بىر مۇسبەت ئىئوننى چۆرىدەپ ئايلىنىدۇ. بۇنداق ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدىغان ئەركىن ئېلېكترون مېتاللارنىڭ مۇسبەت ئىئونى ئارىسىدىكى بىرلىشىش كۈچىنى ئىپادىلەيدۇ.

**مېتامورفا** ئى (ر < گرېك) < گېئول > ← **مېتامورفىزم**.

**مېتامورفىزم** ئى (ر < گرېك) < گېئول > يەر پوستىدىكى ئاۋۋال پەيدا بولغان تاغ جىنسلىرىدىكى يېڭى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك شارائىتتا، مىنېرالنىڭ تەركىبى، قۇرۇلما ۋە تۈزۈلمىلىرىدە پەيدا بولىدىغان بىر قاتار ئۆزگىرىش تەسىرى ۋە جەريانى. ئاساسەن يەر شارىنىڭ ئىچكى كۈچى تەسىرىدە (تېمپېراتۇرا، بېسىم، خىمىيىلىك رېئاكسىيىلىگۈچىلەر، مەسىلەن، ماگمىدىن ئاجراپ چىققان گاز ۋە ئىسسىق ئېرىتمىلەرنىڭ تەسىرىدە) يۈز بېرىدۇ.

**مېتامورفىلىق** سۈپ. مېتامورفىزم نەتىجىسىدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ياكى كېلىدىغان: مېتامورفىلىق بەلباغ. مېتامورفىلىق تۈس. مېتامورفىلىق جىنس.

**مېتامورفىلىق بەلباغ** < گېئول > ئۆزگىرىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمىغان تاغ جىنسلىرىنىڭ بوشلۇقتا قانۇنىيەتلىك بەلباغسىمان جايلىشىش ھادىسىسى.

**مېتامورفىلىق تۈس** < گېئول > مەلۇم تېمپېراتۇرا ۋە بېسىم دائىرىسىدە شەكىللەنگەن ھەر خىل تۇراقلىق مىنېراللار بىرىكمىسى.

**مېتامورفىلىق جىنس** < گېئول > يەر پوستىدىكى بۇرۇن پەيدا بولغان ماگمىلىق جىنس ياكى چۆكمە جىنسلارنىڭ مېتامورفىزم نەتىجىسىدە ئۆزگىرىشى بىلەن پەيدا بولغان يېڭى تاغ جىنسى.

**مېتامورفىلىق كان ياتىقى** < گېئول > تېرمودىنامىكىلىق ۋە دىنامىكىلىق تەسىر، بولۇپمۇ رايونلۇق ئاينىش تەسىرىدە پەيدا بولغان كان ياتىقى. مېتامورفىلىق كان ياتىقىدىكى كان تۈرلىرىدىن ئاساسەن تۆمۈر، فوسفور، رومبىك ماگنىت تاش، تاش سىياھ ۋە ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللار، رادىئوئاكتىپ مېتاللار بار.

**مېتامورفىلىق مىنېرال** < گېئول > مېتامورفىزم جەريانىدا پەيدا بولغان مىنېراللار. مەسىلەن، زەڭگەرشپات ۋە ئانارتاش

قاتارلىقلار .

**مېتان** ئى 〔ر < گرېك〕 < خىم > ئەڭ ئاددىي ئورگانىك بىرىكمە . مولېكۇلا فورمۇلىسى $CH_4$ . رەڭسىز ، پۇراقسىز ، يانۇچان گاز . پاتقاق رايونلاردا ، نېفىت قۇدۇقلىرىدا ، كۆمۈر كان قاتارلىق جايلاردا ساقلىنىدۇ . تەبىئىي گازلارنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى . يېقىلغۇ ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ .

**مېترو** ئى 〔ر < فران〕 < قاتن > يەر ئاستىدا قۇرۇلغان شەھەرنىڭ ئېلېكتر تۆمۈر يولى : بېيجىڭ مېتروسى . مېترو قۇرماق .

**مېترونوم** ئى 〔ر < گرېك〕 < مۇز > كۆرسىتىلگەن توغرا بەلگىلەر بويىچە ئاھاڭنىڭ بېجىرىلىش تېمپىسى (سۈرئىتى) نى بەلگىلەپ چىقىدىغان بىر خىل ئەسۋاب .

**مېتود** ئى 〔ر < گرېك〕 ① جەمئىيەت ۋە تەبىئەت ھادىسىلىرىنى بىلىش ، تەكشۈرۈپ ئېنىقلاش ئۇسۇلى . ② بىرەر ئىشنى بېجىرىش ، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۇسۇلى ياكى شۇنداق ئۇسۇللار سىستېمىسى : سادىق دەرس مېتودىغا ئەھمىيەت بېرىدىغان ئوقۇتقۇچى ئىدى . * ئوقۇتۇش مېتودى بىلىش پائالىيىتىنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك .

**مېتودلۇق** سۈپ . بەلگىلىك مېتودى بار : ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۆزىنى توختاتقان ، بىلىمى چوڭقۇر ، مېتودلۇق ئوقۇتقۇچىغا ئوخشايتتى .

**مېتودولوگىيە** ئى 〔ر〕 < پەلس > دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى تۈپ ئۇسۇل . مېتودولوگىيە دۇنيا قاراش بىلەن بىرلىككە ئىگە . دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىشكە دۇنيا قاراشنى يېتەكچى قىلىش — مېتودولوگىيە بولىدۇ . ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا ، دۇنيا توغرىسىدىكى تۈپ قاراش قانداق بولسا ، دۇنيانى كۆزىتىش ، تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزگەرتىشتىكى تۈپ ئۇسۇلمۇ شۇنداق بولىدۇ .

**مېتودىكا** ئى 〔ر〕 ① < مائار > ئوقۇتۇش ئۇسۇللىرى ھەققىدىكى تەلىمات ، ئىلىم . ② بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ، بېجىرىش ياكى ئورۇنلاش ئۇسۇللىرى ، مېتودلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى ، جەمئىيسى .

**مېتونومىيە** ئى 〔ر < گرېك〕 < ئەد > بىرنەرسىنى ئۆز نامىدىن باشقا نام بىلەن ئېيتىش .

**مېتېئور** ئى 〔ر< گرېك〕 ① < ئاستر > ئاقار يۇلتۇز . ② < مېتېئور > ھاۋا رايى ، ھاۋا رايى ھادىسىلىرى .

**مېتېئورولوگ** ئى 〔ر〕 مېتېئورولوگىيە ئالىمى ، مېتېئورولوگىيە مۇتەخەسسىسى .

**مېتېئورولوگىيە** ئى 〔ر < گرېك〕 ① يەر ئاتموسفېراسى ، ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى ، خۇسۇسىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭدا بولىدىغان فىزىكىلىق جەريانلار ھەققىدىكى پەن . ② ھاۋا رايى ۋە ئۇنى ئالدىن بىلىش مېتودلىرى ھەققىدىكى پەن .

**مېتېئورولوگىيە پونكىتى** < مېتېئور > ھاۋا رايى ئەھۋالىنى كۆزىتىپ ۋە خاتىرىلەپ ، ئۇنىڭدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرىدىغان پونكىت .

**مېتېئورولوگىيە تېلېگراما شىفرى** < مېتېئور > ھاۋا رايى ئۈچۈن مەخسۇس قوللىنىلىدىغان ، ھاۋا رايى ئامىللىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئاب-ھاۋا ھادىسىلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان تېلېگراما شىفرى .

**مېتېئورولوگىيە رادارى** < مېتېئور > ئاتموسفېرانىڭ مەلۇم دائىرىسىدىكى بۇلۇت ، يامغۇر ، شامال ۋە ھاۋانىڭ جىددىي ئېقىمى قاتارلىق ھاۋا رايى

ئامىللىرىنى بايقايدىغان رادار. مەسىلەن، يامغۇر رادارى، شامال رادارى، دوپلېر رادارى قاتارلىقلار.

**مېتېئورولوگىيە ئېلېمېنتلىرى** < مېتېئور > بەلگىلىك جاي ۋە ئالاھىدە ۋاقىتتىكى ھاۋا رايى ئەھۋاللىرىنى ئىپادىلەيدىغان ئاتموسفېرانىڭ ئۆزگەرگۈچى مىقدارى ياكى ھادىسىلىرى. مەسىلەن: ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، ھاۋا بېسىمى، شامال، نەملىك، گۈلدۈرماما، تۇمان قاتارلىق.

**مېتېئورولوگىيىلىك** سۈپ. مېتېئورولوگىيىگە ئائىت، مېتېئورولوگىيىگە خاس ياكى شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك: مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش.

**مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش** < مېتېئور > ھاۋا رايى ئامىللىرى ۋە ئاتموسفېرا ھادىسىلىرىنى كۆزىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مېتېئورولوگىيىلىك كۆزىتىش ئادەتتە يەر يۈزى ھاۋا رايىنى كۆزىتىش ۋە يۇقىرى بوشلۇق ھاۋا رايىنى كۆزىتىش دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. يەر يۈزى ھاۋا رايىنى كۆزىتىش بۇلۇت، كۆرۈنۈش دەرىجىسى، ئاب-ھاۋا ھادىسىلىرى، ھاۋا نەملىكى، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، ھاۋا بېسىمى، شامال، يېغىن، پارغا ئايلىنىش، كۈن نۇرى چۈشۈش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقى ھاۋا رايىنى كۆزىتىش يۇقىرى بوشلۇق شامال يۆنىلىشى، شامال سۈرئىتى، ھاۋا بېسىمى، ھاۋا نەملىكى، ھاۋا تېمپېراتۇرىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مېتېئورىت** ئى < ر < گرېك > < ئاستر > چوڭ ئاقار يۇلتۇزلارنىڭ يەر شارى ھاۋا قاتلىمىدىن ئۆتكەندە كۆيۈپ بولماي يەر يۈزىگە چۈشكەن قىسمى. ئادەتتە ئۇ ساپ تۆمۈرلۈك، ساپ تاشلىق ۋە تۆمۈر بىلەن تاش ئارىلىشىپ كەلگەن ھالەتلەردە كېلىدۇ.

**مېتېئورىت ئازگىلى** < ئاستر > مېتېئورىت يەرگە چۈشكەندە پەيدا بولىدىغان ئازگال. دۈگىلەك شەكىللىك بولىدۇ. كانادانىڭ كۇيېبېك ئۆلكىسىدىكى سۇزۇك سۇلۇق كۆل ئورنى ھازىرچە ئېنىقلانغان دۇنيادىكى ئەڭ زور مېتېئورىت ئازگىلى بولۇپ، دىئامېتىرى 26 مىڭ مېتىر كېلىدۇ.

**مېتېئورىت يامغۇرى** < ئاستر > تاش مېتېئورىتلار يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا پارتلاپ، خۇددى بىر قېتىملىق يامغۇردەك يەر يۈزىگە چۈشىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**مېتىر** < ر < گرېك > ① مىق. 100 سانتىمېتىر ياكى ئۈچ چىغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ② ئى. سانتىمېتىرلارغا بۆلۈنگەن شۇ ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەش ئەسۋابى: مېتىر سالماق. مېتىر بىلەن ئۆلچىمەك.

**مېتىر دولقۇن** < فىز > ← **ئۇلترا قىسقا دولقۇن.**

**مېتىر سالماق** مېتىر بىلەن ئۆلچىمەك: — ئاۋۋال مېتىر سېلىپ، ئاندىن بىرنېمە دېيىشەيلى، — دېدى ئۇ ياغاچ پۈتى بىلەن ئىما قىلىپ.

**مېتىر سىستېمىسى** بىر خىل ئۆلچەم سىستېمىسى. فرانسىيىدە بارلىققا كەلگەن. 1875 - يىلى 17 دۆلەت ۋەكىللىرى فرانسىيىنىڭ پارىژ شەھىرىدە يىغىن ئېچىپ، ئۇنى خەلقئارادا بىر تۇتاش قوللىنىلىدىغان ئۆلچەم سىستېمىسى قىلىپ بېكىتكەن. بۇنىڭدا، ئۇزۇنلۇقنىڭ بىرلىكى مېتىر، بەلگىسى m قىلىپ ئېلىنغان. پارىژ خەلقئارا ئۆلچەم ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتقان

پىلاتىنا-ئىرىدىي قېتىشمىسىدىن ياسالغان خەلقئارالىق ئارخىپ مېتىرنىڭ 0°C ۋاقىتتىكى ئىككى شكالىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىق بىر مېتىر بولۇپ، بۇ تەخمىنەن پارىژدىن ئۆتكەن، شىمالىي قۇتۇپتىن ئېكۋاتورغىچە بولغان مېرىدىئان ئۇزۇنلۇقىنىڭ مىليوندىن بىرىگە تەڭ؛ ماسسا بىرلىكى: كىلوگرام، بەلگىسى kg قىلىپ ئېلىنغان. بۇ پارىژ خەلقئارا ئۆلچەم ئىدارىسىدە ساقلىنىۋاتقان پىلاتىنا-ئىرىدىي قېتىشمىسىدىن ياسالغان خەلقئارا ئارخىپ ئېتالوننىڭ ماسسىسىغا تەڭ؛ سىغىمنىڭ بىرلىكى: لىتىر، بەلگىسى l قىلىپ ئېلىنغان. بۇ ماسسىسى بىر كىلوگرام كېلىدىغان تازا سۇنىڭ نورمال ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدىكى زىچلىقى ئەڭ چوڭ بولغان ۋاقىتتىكى ھەجمىدۇر.

**مېتىرلاتماق** «مېتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مېتىرلاشماق** «مېتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مېتىرلانماق** «مېتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مېتىرلىق** سۈپ. مېتىرغا تەڭ كېلىدىغان، مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى: 400 مېتىرلىق قانال ئۈچۈن بىز نۇرغۇن بەدەل تۆلىدۇق.

**مېتىرلىماق** پ. مېتىر بىلەن ئۆلچىمەك، مېتىر سالماق: مۇدىر خامنى يەنە بىر مېتىرلاپ كۆرگەندىن كېيىن، ئىچىدە بىرنېمىلەرنى ھېسابلاپ پىچىرلاپ قويدى.

**مېتىس** (ر < ئىسپان) ① ئى. نەسلىنى ياخشىلاش مەقسىتىدە تۈرلۈك نەسلىدىكى ھايۋانلارنى ئۆزئارا چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن ھايۋانلار. ئومۇمەن شالغۇت ھايۋانلار. ② سۈپ. شالغۇتلاشتۇرۇلغان، ئەسلى ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل ھايۋاننىڭ چېتىشتۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان: مېتىس قوي.

**مېتىسلاشتۇرماق** پ. مېتىسقا ئايلاندۇرماق، بىرەر تۈردىكى ھايۋاننى باشقا بىر تۈردىكى ھايۋان بىلەن چېتىشتۇرۇپ، ئۇلاردىن تۇغۇلغان يېڭى نەسىللىك ھايۋاننى كېڭەيتمەك.

**مېتىل** ئى (ر < گرېك) <خىم> كۆپلىگەن ئورگانىك بىرىكمىلەر تەركىبىدە بولىدىغان، بىر ئاتوم كاربون ۋە ئۈچ ئاتوم ھىدروگېندىن ئىبارەت بولغان گۇرۇپپا.

**مېتىل بېنزول** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_5CH_3$. رەڭسىز سۇيۇقلۇق، تاش كۆمۈر مېيىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. پارتلىغۇچ دورا، بوياق، پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە ساخارىن قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**مېتىل فېنول** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CH_3C_6H_4OH$. ئالاھىدە پۇراققا ئىگە، دېزىنفېكسىيىلىگۈچى دورا ۋە سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**مېتىلېن** ئى (ر گرېك) <خىم> كۆپلىگەن ئورگانىك بىرىكمىلەر تەركىبىدە بولىدىغان، بىر ئاتوم كاربون ۋە ئىككى ئاتوم ھىدروگېندىن ئىبارەت بولغان گۇرۇپپا.

**مېتىن** ئى (ئە) تاشنى چوقۇش ۋە كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**مېخانىزم** ئى (ر < گرېك) ① تۈرلۈك ماشىنىلارنىڭ ئىچكى قىسىملىرى، ئىچكى تۈزۈلۈشى؛ سىستېما: فىزىئولوگىيىلىك مېخانىزم. سانائەت مېخانىزمى. دۆلەت مېخانىزمى. ② <ماشىن> تۈرلۈك ماشىنا-ئۈسكۈنىلەر: مېخانىزم زاپچاسلىرى.

**مېخانىك** ئى (ر) مېخانىكا مۇتەخەسسىسى، ئالىمى. سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ماشىنا-ئاپپاراتلارنى ئىشقا سالغۇچى ۋە ئۇنىڭغا قارىغۇچى كىشى، مۇتەخەسسىس: ئۇ سېخنىڭ مېخانىكى شەمشىدىنگە شاگىرت بولدى.

**مېخانىكا** ئى (ر < گرېك) < فىز > فىزىكىنىڭ جىسىملار ھەرىكىتى ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**مېخانىكىلاشماق** پ. مېخانىزمغا ئاساسلانماق؛ مېخانىزم ياردىمى بىلەن ئىشلەيدىغان بولماق: بۇنداق ئاقىۋەتلەر مېخانىكىلاشقان شەكىلۋازلىق تەسىرىدە كېلىپ چىقتى.

**مېخانىكىلىق** ① سۈپ. مېخانىزمغا ئاساسلانغان، مېخانىزمغا مۇناسىۋەتلىك، ئائىت: مېخانىكىلىق ھەرىكەت. مېخانىكىلىق ئۇنۇم. ② رەۋ. ئۆلۈك ھالدا، ئەينەن پېتى، چۈشەنمەسلىك بىلەن، قارىغۇلارچە: مېخانىكىلىق خاتىرىلەش. مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش.

**مېخانىكىلىق ئەستە قالدۇرۇش** < پسىخول > شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى مېخانىك ھالدا تەكرارلاش ئارقىلىق يادلاش جەريانى. ئۆزئارا مەنە باغلىنىشى بولمىغان شەيئىلەر (مەسىلەن، تېلېفون نومۇرلىرى، تارىخىي يىلنامىلار قاتارلىق سانلار) مۇشۇ ئۇسۇل ئارقىلىق ئەستە قالدۇرۇلىدۇ.

**مېخانىكىلىق پايدا** < فىز > مېخانىزم ھاسىل قىلغان سىرتقا قارىتا تەسىر كۈچ بىلەن سىرتقى مۇھىتنىڭ مېخانىزمغا چۈشۈرگەن كۈچىنىڭ نىسبىتى.

**مېخانىكىلىق تەۋرىنىش** < فىز > مېخانىكىلىق سىستېمىنىڭ بوشلۇقتىكى ئورنىنى بەلگىلەيدىغان مۇستەقىل پارامېتىرنىڭ تەكشۈكلۈق ئورنى ئەتراپىدىكى تەۋرىنىش.

**مېخانىكىلىق دولقۇن** < فىز > مېخانىكىلىق تەۋرىنىشنىڭ مۇھىتتىكى تارقىلىش جەريانى.

**مېخانىكىلىق كۈچىنىش** < فىز > جىسىملار كۈچ تەسىرىگە ئۇچراش ياكى تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشى قاتارلىق سىرتقى ئامىللار سەۋەبىدىن ياكى ئىچكى كەمتۈكلۈكى سەۋەبىدىن دېفورماتسىيىلەنگەندە، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خالىغان بىرلىك كەسمە يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە پەيدا بولىدىغان ئۆزئارا تەسىر كۈچ.

**مېخانىكىلىق ماتېرىيالىزم** < پەلس > مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم. ئۇ 17-، 18-ئەسىرلەردە، ياۋروپادا ئەۋج ئالغان. ئالاھىدىلىكى، ئۇ بارلىق ھادىسە ۋە جەريانلارنى مېخانىكىلىق قائىدىلەر بىلەن چۈشەندۈرىدۇ، دۇنيانى يەككىلىك، جىمجىتلىق، بىر تەرەپلىملىك قارىشى بىلەن كۆزىتىدۇ. تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتتىكى ئۆزگىرىش جەريانلىرىنى مىقدارنىڭ كۆپىيىشى ۋە ئازىيىشى، ئورۇننىڭ ئالمىشىشىدىنلا ئىبارەت دەپ، ھەرىكەتنى تاشقى كۈچنىڭ تۈرتكىسى دەپ قارايدۇ؛ شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ئىچكى سەۋەبىنى، سۈپەت ئۆزگىرىشىنى ۋە تەرەققىياتتىكى سەكرەشنى ئىنكار قىلىدۇ.

**مېخانىكىلىق ھەرىكەت** < فىز > ماددىلار ئارىسىدىكى ياكى ماددىنىڭ ھەرقايسى نۇقتىلىرى ئارىسىدىكى قارىمۇقارشى نۇقتىلارنىڭ ئۆزگىرىش ھەرىكىتى. مېخانىكىلىق ھەرىكەت ماددىلارنىڭ ئەڭ ئاددىي، ئەڭ تۈپكى ھەرىكەت

شەكلى. مەسىلەن، مېخانىكىلىق ئايلىنىش، ماشىنىنىڭ مېڭىشى قاتارلىقلار. مېخانىكىلىق ھەرىكەت تەكشى ھەرىكەت، ئايلانما ھەرىكەت، تۈز سىزىقلىق ھەرىكەت، ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت، تەكشى تېزلىنىشچان ھەرىكەت ۋە ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**مېخانىكىلىق ئۇم** <فىز> مېخانىكىلىق قارشىلىقنىڭ بىرلىكى. 1 نيۇتون كۈچ 1m/s لىق تېزلىك پەيدا قىلغاندىكى مېخانىكىلىق قارشىلىق 1 مېخانىكىلىق ئۇم بولىدۇ.

**مېخانىكىلىق ئۈنۈم** <فىز> مېخانىزم ئىشلىگەن پايدىلىق ئىش بىلەن سىرتقى مۇھىتتىن مېخانىزمغا كىرگەن ئومۇمىي ئىشنىڭ نىسبىتى. ئادەتتە پىرسەنت ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**مېخانىكىلىق ئېنېرگىيە** <فىز> مېخانىكىلىق ھەرىكەتنىڭ ئېنېرگىيىسى، يەنى ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى بىلەن پوتېنسىئال ئېنېرگىيىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**مېدال** ئى (ر < فران) بىرەر ساھەدە ئالاھىدە نەتىجە يارىتقان، مۇۋەپپەقىيەت قازانغانلارغا تەقدىم قىلىش ئۈچۈن، مېتالدىن مەخسۇس ئىشلەنگەن بىر خىل بۇيۇم: ئۇنىڭ كۆكرىكىدىكى باتۇرلۇق مېداللىرى پارقىراپ، كىشىنىڭ كۆزىنى چاقاتتى.

**مېدالىئون** ئى (ر < فران) ئىچىگە رەسىم ياكى باشقا نەرسىلەر سېلىنغان، يۇملاق ياكى قىرلىق شەكىلدە قاپچۇققا ئوخشاش ياسالغان، بويۇنغا ئېسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى: مېدالىئوننىڭ ئىچىدە يۆگەلگەن ئىنچىكە چاچ بار ئىكەن، ئېھتىمال، بۇ قىزلىرىنىڭ كىچىك چاغلىرىدا كېسىۋېلىنغان چاچلىرى بولسا كېرەك.

**مېدۇزا** ئى (ر < گرېك) <زوئول> كاۋاك ئىچلىك ھايۋان. تەن شەكلى كۈنلۈككە ئوخشايدۇ. ئېغىزى قالپىقىنىڭ ئاستى قىسمىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان بولۇپ، ئەتراپىدا ئاشقازان بوشلۇقىغا تۇتىشىدىغان تۆت دانە ئېغىز بارماقچىسى بولىدۇ. قالپىقىنىڭ ئەتراپىدا يەنە نۇرغۇنلىغان سەزگۈ پۆپۈكلىرى بولىدۇ. سەزگۈ پۆپۈكلىرىنىڭ ئۈستىدە يىپسىمان تىكەنلىرى بولۇپ، دۈشمىنىگە ھۇجۇم قىلىش، ئوزۇقلۇق تۇتۇش ۋە ئۆزىنى قوغداش قورالى ھېسابلىنىدۇ. مېدۇزىنىڭ يەنە قالپاقلىق مېدۇزا، كۈنلۈكسىمان مېدۇزا دېگەندەك كۆپ خىل تۈرلىرى بولىدۇ.

**مېدىئانا** ئى (ر < لات) <مات> ئۈچ بۇلۇڭنىڭ بىر چوققىسى بىلەن ئۇنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپنىڭ ئوتتۇرا نۇقتىسىنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق.

**مېدىتسىنا** ئى (ر < لات) كېسەللىكلەر، ئۇلارنى داۋالاش ۋە ئالدىنى ئېلىش ھەققىدىكى پەنلەر يىغىندىسى: جۇڭگو مېدىتسىناسى. مېدىتسىنا خىزمىتى. مېدىتسىنا ياردىمى. مېدىتسىنا پونكىتى.

**مېراج** ئى (ئە) ① <دىن> ئىسلام ئەنئەنىسىگە كۆرە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئاسمانغا چىقىپ روھىي ئالەم بىلەن تونۇشۇپ قايتقانلىقى. ② مۇسۇلمانلارنىڭ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ مېراجغا چىققانلىقىنى ھەر يىلى خاتىرىلەيدىغان ئېيى، رەجەب ئېيى.

**مېركۇروخروم** ئى (ر < لات) <تىب> بىر خىل دورا، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{20}H_8O_6Br_2Na_2Hg$. رەڭگى كۆكۈچ يېشىل ياكى قىزغۇچ قوڭۇر، يالتىراق

پوستى بولىدۇ ياكى دانىچە ھالىتىدە كېلىدۇ. سۇدىكى ئېرىتمىسى توق قىزىل ياكى قارامتۇلراق. ئادەتتە تېرە زەخملىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**مېركۇرىي** ئى ‹ر < لات› < ئاستر > قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن بىرىنچى پلانېتا. قۇياشنى ئومۇمىي ئايلىنىش دەۋرى 88 كۈن، ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش دەۋرى 58 كۈن 15 سائەت. ئۇنىڭ ھەجمى يەر شارى ھەجمىنىڭ % 5 گە توغرا كېلىدۇ.

**مېرگېل** ئى ‹ر< نېم < لات› < گېئول > كاربو- ناتلىق جىنس بىلەن سېغىز تۇپلىق جىنس ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى تىپلىق جىنس. سېغىز توپا ماددىي نۇقتىسى بىلەن كاربونات ماددىي نۇقتىلىرىدىن ( % 750 ) تەركىب تاپىدۇ. ئۇ مىكرو دانىچىلىق ياكى گىلسىمان قۇرۇلمىلىق بولىدۇ. دانىچە دىئامېترى ئادەتتە 0.01 مىللىمېتىردىن كىچىك بولىدۇ. كۆپىنچە ھاك جىنس بىلەن سېغىز توپلىق جىنسنىڭ ئۆتكۈنچى زونىسىغا جايلاشقان. نېپىز قاتلاملىق ھاك جىنس ياكى سېغىز توپلىق جىنسلار ئارىسىدا نېپىز قەۋەتلىك ياكى لىنزىسىمان پەيدا بولىدۇ.

**مېرىدىئان** ئى ‹ر < لات› < جۇغ > يەر شارىنىڭ قۇتۇپلىرى ئارقىلىق ئېكۋاتورنى تىك ھالەتتە كېسىپ ئۆتكەن پەرەزىي سىزىق.

**مېرىدىئان تەكشىلىكى** < فىز >' يەر يۈزىدىكى مەلۇم نۇقتىدىن ئۆتكەن، يەر شارىنىڭ ئايلىنىش ئوقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكشىلىك.

**مېرىدىئان سىزىقى** < جۇغ > ← مېرىدىئان.

**مېرىدىئان يۆنىلىشلىك ئايلانما ئېقىم** < مېتېئور > شامال سۈرئىتىنىڭ جەنۇب، شىمال يۆنىلىشلىرىدىكى تەركىبلىگۈچى مىقدارى ۋە ۋېرتىكال ھالەتتىكى تەركىبلىگۈچى مىقدارلىرى قوشۇلۇپ، مېرىدىئان يۈزىدە پەيدا قىلغان ئاتمۇسفېرا ئايلانما ئېقىمى.

**مېرىنوس** ئى ‹ر < ئىسپان› < زوئول > ← **مېرىنوس قويى**.

**مېرىنوس قويى** < زوئول > قوينىڭ نازۇك ۋە ئاق يۇڭلۇق بىر سورتى. بۇ قوينىڭ ئەسلىي ماكانى ئىسپانىيە بولۇپ، «مېرىنوس» سۆزى ئىسپانچىدە بۇجۇغۇر يۇڭ دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھازىرقى ھەرقايسى ئەللەردىكى ئىنچىكە يۇڭلۇق قويلارنىڭ ھەممىسى ئەنە شۇ مېرىنوس سىستېمىسىدىكى قويلاردىن ھېسابلىنىدۇ.

**مېزوزوئا** ئى ‹ر < گرېك› < زوئول > كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار ئىچىدىكى تەن قۇرۇلۇشى ئەڭ ئاددىي ھەم ئەزالىرى بولمىغان كىچىك ھايۋانلار.

**مېزون** ئى ‹ر < گرېك› < فىز > ماسسىسى يېنىك بولغان ئاساسىي زەررىچە (مەسىلەن، ئېلېكترون) بىلەن ماسسىسى ئېغىر بولغان ئاساسىي زەررىچە (مەسىلەن، نۇكلون) نىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئاساسىي زەررىچە. مېزوننىڭ تۈرى كۆپ، خۇسۇسىيىتى تۇراقسىز، بەزىلىرى مەنپىي زەرەتلىك، بەزىلىرى مۇسبەت زەرەتلىك، بەزىسى زەرەتسىز بولىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاتوم يادروسىغا زەربە بېرىپ، يادرو رېئاكسىيىسى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**مېسسوپوتامىيە** ئى < جۇغ > غەربىي ئاسىيادىكى تىگىر ھەم ئېفرات دەريالىرى ئارىلىقىدىكى تۈزلەڭلىك. ئۇنىڭ ئاساسىي قىسمى ئىراق تەۋەسىگە، ئاز بىر قىسمى سۇرىيىنىڭ شەرقى، ئىرانىنىڭ كارولىن دەريا بويلىرى ھەم كۇۋەيتنىڭ بىر قىسمىغا توغرا كېلىدۇ.

**مېسسوپوتامىيە دىنلىرى** < دىن > مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 30-ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 7-ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ مېسسوپوتامىيە رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان سۇمېرلار، ئاكادلار ۋە ئاسۇرىيلارنىڭ دىنلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ دىنلار ئاساسەن ئوخشاش بولۇپ، تۇتېمىزم ئاساسىدا بۇقا، ئارسلان، بۈركۈتلەرنى مۇقەددەس هايۋان ھېسابلىغان؛ قۇياش، ئاي ۋە ئىتلارنىمۇ مۇقەددەس نەرسىلەر دەپ قارىغان، تەڭرىلەشكەن روھلارنى قوبۇل قىلغان. ئۇلار ئائىلىق جامائە تۈزۈمىدە بولغاچقا، ئومۇمەن چىشى ئىلاھلارنى قوبۇل قىلىشقان. ئىشتار مۇھىم ئورۇندىكى تەڭرىچە بولۇپ، ئۇنى ئىلاھلارنىڭ ئانىسى، جىنسىيەتنىڭ ۋە ھاياتنىڭ باشلىنىشى دەپ قارىغان. بۇنىڭدىن باشقا تاغ ۋە ئېگىزلىكلەرگە چوقۇنۇش بۇلاردىمۇ داۋام قىلغان.

**مېسسباۇئېر** ئى. گېرمانىيىلىك فىزىكا ئالىمى.

**مېسسباۇئېر ئېففېكتى** < فىز > قاتتىق جىسىمغا باغلانغان ئاتوم يادرولىرىنىڭ گاڭگقىماي، ٪ نۇرى چىقىرىش ۋە رېزونانسلىق . ھادىسىسى. ئۇنى گېرمانىيىلىك ـالىمى مېسسباۇئېر ، [Rudolf L. Mobauer (195

1958-يىل تۇنجى قېتىم ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقتىن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**مېشچان** (ر) ① ئى. شەھەر بۇرژۇئازىيىسىگە مەنسۇپ كىچىك سودىگەر، ھۈنەرۋەن ۋە ئادەتتىكى خىزمەتچىلەر تەبىقىسىدىكى كىشى: شەھەر مېشچانلىرى. ② سۈپ. كۆچمە. ھۇرۇن، جاپا-مۇشەققەتكە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، راھەت ئىچىدە ئۆزىنى ياساپ يۈرۈشنىلا خالايدىغان، ئاقنانچى: مېشچان قىز. ‖ ئۇ ھەردائىم پارىژ مىشچانلىرىغا ئوخشاش شېرىن خىياللاردا بولاتتى.

**مېشچانلاشتۇرماق** « مېشچانلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مېشچانلاشتۇرۇلماق** « مېشچانلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مېشچانلاشماق** پ. مېشچانلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، ئادەت ۋە قىلىقلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرمەك، شۇلاردەك ئىش قىلماق.

**مېشچانلىق** ئى. مېشچانلارغا خاس قىلىق، ئادەت، خۇسۇسىيەت: ئاغىمچىلارنىڭ ھەممىسى مېشچانلىق ئىچىدە سېسىپ قالغان.

**مېغىز** I ئى (پ) ① ئۇرۇق، ياڭاق، ئاپتاپپەرەسكە ئوخشاش تۈرلۈك مېۋە-چېۋە ئۇرۇقچىلىرىنىڭ شاكال ئىچىدىكى ئىستېمال (ئوزۇقلۇق) قىممىتىگە ئىگە قىسمى: — بادامنىڭ مېغىزىنى چاقالماي قېلىپلا-دە، ھا-ھا-ھا... — يادىكار خېنىم قاقاھلاپ كۈلدى. * — مېغىزى يوق، پۇچەك گازىر ئىكەن، — دېدى ئۇ قولىدىكى گازىرنى قويغاچ. ② كۆچمە. ئەڭ تۈپ مەزمۇن، ئاساسىي ماھىيەت؛ جەۋھەر، ئەڭ مۇھىم تەركىبىي قىسىم، يادرو: بىلەمسەن، ساپ مۇھەببەت — ھايات گۈزەللىكىنىڭ مېغىزى.

* بولغىن يىراق رەڭلىك — پۇچەك قۇرلاردىن، ساددا سۆزلەپ مېغىز تۆككىن تىلىڭدىن. // قۇم يەر — شۇم يەر، سېغىز يەر — مېغىز يەر (ماقال).

**مېغىز چۆچۈرىسى** ياڭاق مېغىزىنى ئۇششاق (يۇمشاق) سوقۇپ پىياز بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ تۈگۈلگەن چۆچۈرە.

**مېغىز رەڭ** ئۆرۈك ياكى شاپتۇل مېغىزىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش، قوڭۇرغا يېقىنراق بىر خىل رەڭ: غوجىنىڭ گۆشلۈك مېغىز رەڭ يۈزلىرى لىپىلداپ كەتتى.

**مېغىزىنى چاقماق** پەيزىنى سۈرمەك، ئەڭ ئېسىل، جەۋھەرلىرىدىن بەھرە ئېلىپ ھۇزۇر قىلماق: — ھۆرمەتلىك ھاجىم، ئەمىسە ئۆزلىرى نېمەدەپ شۇ راھەت ئىچىدە مەئىشەتنىڭ مېغىزىنى چاقماي، بۇنداق قالاق يۇرتتا جاپا چېكىپ يۈرىدىلا؟ — دېدى سۇپۇرگىئاخۇن.

**مېغىز** II ئى. كۆرپىنىڭ تۈت تەرىپىگە قول بىلەن تۇتۇلغان رەخت. كۆرپىنچە قارا رەختتىن بولىدۇ.

**مېغىزلىق** سۈپ. ناھايىتى مەنىلىك، مەزمۇنلۇق، ئېسىل (گەپ-سۆز ھەققىدە): — ھە، سىز پاش قىلىڭ، — ھىممىت تېخىچە ئۆرە تۇرغان رۇسۇلغا رۇخسەت بەردى، — گېپىڭىز قىسقا، مېغىزلىق بولسۇن. * ئەقىللىق ئادەمنىڭ سۆزى ئاز بولۇر، مەنىسى — مېغىزلىق، روشەن، ساز بولۇر.

**مېغىزلىماق** پ. كۆرپىنىڭ تۆت چۆرىسىگە ئىككى ئىلىك كەڭلىكتە رەخت تۇتماق.

**مېكىجىن** ئى ① چىشى تۇڭگۇز: چېرىكلەر قومۇشلۇقتىن بىر ئۆلۈك توڭگۇزنى سۆرەپ چىقىشتى، ئۇ بۇ ياققا قاچقان مېكىجىن ئىكەن. ② كۆچمە. تىلھا. « سەت، ئاۋاق، جىن، پاسكىنا » دېگەندەك مەنىلەردىكى تىل-ھاقارەت سۆزى: — نېمەدەپ كاكىراۋاتىسەن ھەي مېكىجىن! بىلىپ قوي، ئۆلپەتلەرنىڭ لەۋزىنى يەردە قويىدىغان بۇنداق نامەردلىك مېنىڭ بىساتىمدا يوق! — دەپ ۋارقىرىدى سەيدىنقارى ئۆڭگەن ھالدا.

**مېكىيان** ئى (پ) چىشى توخۇ: چۈجىنىڭ شۇملۇقىدىن مېكىياننىڭ ئەمچىكى يوق (ماقال).

**مېگافون** ئى (ر گرېك) < فىز > ئۇنىۋېرسال مىكروفون، قۇۋۋەت كۈچەيتكۈچ (باتارىيە ۋە ۋىكلىيۇچاتېلىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە ھەشقىپچەك شەكىللىك كانايلار بىر گەۋدە قىلىنغان ئاۋاز كۈچەيتىش سىستېمىسى. ئۇ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك، يۆنىلىشنى خالىغانچە ئۆزگەرتكىلى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغانلىقتىن، ئادەم كۆپ ئورۇنلاردا قوماندانلىق قىلىشتا ئىشلىتىشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**مېگاگېرتس** مىق (ر < گرېك+نېم) < فىز > ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنىڭ چاستوتا بىرلىكى. ھەر سېكۇنتتىكى 1 مىليون دەۋرلىك چاستوتا 1 مېگاگېرتس دېيىلىدۇ.

**مېگائوم** مىق (ر) < فىز > ئېلېكتر قارشىلىق بىرلىكى. $10^6$ ئومغا تەڭ.

**مېگاۋات** مىق (ر) < فىز > قۇۋۋەت بىرلىكى. بىر مىليون ۋاتقا تەڭ.

**مېگاۋولت** مىق (ر) < فىز > بەزى يادرو فىزىكىسى تەجرىبىخانىلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېلېكتر پوتېنسىئالى ياكى ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچ كۈچ بىرلىكى. $10^6$ ۋولتقا تەڭ.

**مېگە** ئى ① < ئانات > ئادەم بەدىنىدىكى بارلىق سېزىم، ھەرىكەت، تەپەككۇر ۋە ئەستە قالدۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى باشقۇرىدىغان ئورگان. ئۇ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قىسمى بولۇپ، ئالدى مېگە، ئوتتۇرا مېگە ۋە ئارقا

مېڭىدىن تەركىب تاپىدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ مېڭىسى بولسا، پەقەت پۈتۈن بەدەندىكى سىزىم ۋە ھەرىكەتنى باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. ② شۇ ئورگان جايلاشقان ئورۇن، باشنىڭ قاق ئۈستى؛ باش، كاللا: مېڭىسگە ئۇرماق. مېڭىسنى يانجىماق. مېڭىسدە چاقماق چاقماق. ③ كۆچمە. پىكىر، تەپەككۇر قىلىش قابىلىيىتى؛ ئەقىل؛ ئاڭ: مېڭىسنى قويماق. مېڭىسى بىلەن ئىش قىلماق. * ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇنداق قىلسا مېڭىسى تېخمۇ ئېچىلغۇدەك. ④ تىككۈچىلىك ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە بويى ئۇزۇن كىرگۈزۈلۈپ، چوكا بىلەن چوڭ چوكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىغان دۈگىلەك سايمىنى.

**مېڭە پەردىسى** < ئانات > مېڭە بىلەن باش سۆڭىكى ئوتتۇرىسىدىكى پەردە. ئۇ قاتتىق پەردە، ئۆمۈچۈك تورى شەكىللىك پەردە ۋە يۇمشاق پەردە دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇ پەردىلەرنىڭ ئارىسىدا بوشلۇقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە سۇيۇقلۇق بولىدۇ، بولۇپمۇ ئۆمۈچۈك تورى شەكىللىك پەردىنىڭ ئاستىدىكى بوشلۇقتا مېڭە - يۇلۇن سۇيۇقلۇقى بولىدۇ.

**مېڭە پەردىسى ياللۇغى** < تىب > باكتېرىيە، ۋىرۇس ۋە زەمبۇرۇغلار تەرىپىدىن قوزغىتىلىدىغان، مېڭە پەردىسىنىڭ ياللۇغلىنىش خاراكتېرىدىكى كېسەللىكلىرى. كلىنىكىدا قىزىتىش، قاتتىق باش ئاغرىش، قۇسۇش ۋە بويۇن قېتىپ قېلىش قاتارلىق بەلگىلىرى بولىدۇ. ئېغىر بولغاندا تارتىشىش، ھوشسىزلىنىشلار كېلىپ چىقىدۇ.

**مېڭە چايقىلىش** < تىب > ← **مېڭە سىلكىنىش**.

**مېڭە چۇقۇقى** < تىب > مېڭە بېسىمى زىيادە ئېشىپ كېتىش تۈپەيلىدىن باشتىكى تەبىئىي ئاجىز يوچۇقلاردىن مېڭىنىڭ پولتىيىپ چىقىپ قېلىشى.

**مېڭە سىلكىنىش** < تىب > مېڭىنىڭ قاتتىق سىلكىنىشى بىلەن بولىدىغان مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ نورمالسىزلىقى.

**مېڭە غولى** < ئانات > مېڭىنىڭ ئوتتۇرا ئۇق قىسمى.

**مېڭە قان ئازلىقى** < تىب > مېڭە قان تومۇرلىرىدا قاننىڭ ئازلاپ كېتىشى. بۇنىڭدا، تاتىرىش، كۆڭۈل ئاينىش، كۆز قاراڭغۇلىشىش، باش ئاغرىش، قول-پۇت ماغدۇرسىزلىنىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ قان يوقىتىش ياكى ئوزۇقلىنىشنىڭ ناچارلىقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**مېڭە قان تومۇر كېسەللىكلىرى** < تىب > مېڭە قان تومۇرلىرىدا يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېسەللىك ئالامەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**مېڭە قويماق** ← **زېھىن قويماق**.

**مېڭە قېپى** < ئانات > باشنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى. سەككىز پارچە سۆڭەكتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى بوشلۇقتا مېڭە ۋە سەزگۈ ئەزالار ئورۇنلاشقان بولىدۇ.

**مېڭە قېتىقى** < ئانات > باش سۆڭىكى يېرىلغاندا ئېقىپ چىقىدىغان قېتىقسىمان سۇيۇقلۇق.

**مېڭە قېرىنچىسى** < ئانات > مېڭە ئىچىدىكى بوشلۇق. جەمئىي تۆت قېرىنچە بولۇپ، ئاستى ۋە ئۈستى تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئىچىدە مېڭە-يۇلۇن سۇيۇقلۇقى بولىدۇ.

**مېڭە كۆۋرۈكى** < ئانات > ئارقا مېڭىنىڭ بىر قىسمى. كىچىك مېڭە بىلەن تۇتىشىشتىن

تاشقىرى ئۇستى ئوتتۇرا مېگە بىلەن، ئاستى ئۇزۇنچاق مېگە بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇ ئۇزۇنچاق مېگە بىلەن بىللە سەزگۈ ئەزالىرىدىكى سېزىمنى چوڭ مېگە پوستلىقىغا يەتكۈزۈش ۋە چوڭ مېگە پوستلىقىدىكى قوزغىلىشنى يۆلۈندىن باشقا قىسىملارغا يەتكۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**مېگە نېرۋىسى** < ئانات > مېگىنىڭ تۆۋى قىسمىدىن يەنى ئۇزۇنچاق مېگە، كۆۋرۈك مېگە، ئوتتۇرا مېگە ۋە ئارىلىق مېگىدىن چىقىدىغان نېرۋىلار. جەمئىي 12 جۈپ بولىدۇ. بۇلار پۇراش، كۆرۈش، كۆزنى ھەرىكەتلەندۈرۈش، غالتەك، ئۈچلۈك، قاچۇرۇش، يۈز، ئاڭلاش، تىل-يۇتقۇنچاق، ئاداشقان قوشۇمچە ۋە تىل ئاستى نېرۋىلىرىدىن ئىبارەت.

**مېگە ھۆجەيرىسى** < ئانات > مېگىنى تۈزگۈچى ھۆجەيرە.

**مېگە ئۆسمىسى** < تب > باش ئىچىدە ئۆسىدىغان ئۆسمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**مېگە ئېلېكتر دولقۇنى** < فىز > مېگىنىڭ ھەرىكىتى ھاسىل قىلىدىغان ئېلېكتر ئېففېكتى. ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلار بىلەن چوڭايتىش ئارقىلىق قەغەز لېنتىغا دولقۇنسىمان ئىزلىرىنى چۈشۈرگىلى ياكى دولقۇن كۆرسەتكۈچ ئارقىلىق ئۇنى كۆرسەتكىلى بولىدۇ. مېگە ئېلېكتر دولقۇنىنى كۆزىتىشنىڭ مېگىدىكى كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ياكى ئالاقىدار تەپەككۇر پائالىيەتلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرىغا پايدىسى زور.

**مېگە ئىشلەتمەك ← كاللا ئىشلەتمەك:** ئۇلار بۇ ھەقتە كۆپ مېگە ئىشلىتىپ، بۇ چارىنى تېپىپ چىقتى.

**مېگە ياللۇغى** < تب > ۋىرۇسلار تەرىپىدىن قوزغىتىلىدىغان مېگىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكى. كۆپىنچە پاشا، سالجىلار ۋاستىسى بىلەن يۇقىدۇ.

**مېگە يۆلۈن سۇيۇقلۇقى** < ئانات > مېگە قېرىنچىلىرى ۋە مېگە يۆلۈنىنىڭ ئۆمۈچۈك تورى شەكىللىك پەردىسى ئاستى بوشلۇقىدىكى بىر خىل رەڭسىز، سۈزۈك سۇيۇقلۇق. ئۇ يان مېگە قېرىنچىلىرى، 3- ۋە 4-قېرىنچىلىرىدىكى تومۇرلۇق چىگىشلەردە ھاسىل بولۇپ، ئۆمۈچۈك تور پەردە دانچىلىرىدىن سىرغىپ ئۆتۈپ، مېگە كۆك تومۇر كاۋاكلىرىغا قۇيۇلىدۇ. ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى قان پلازمىسى بىلەن لىمفىغا ئوخشايدۇ، مىقدارى چوڭ كىشىلەردە 80—150ml گىچە بولىدۇ.

**مېگە يېرىكلىق ئىششىقى** < تب > كاللا بوشلۇقىنىڭ مەلۇم قىسمىدا دائىرىلىك يىرىڭ يىغىلىپ، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە قاپ شەكىللىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كېسەل قوزغاتقۇچىلىرى كۆپىنچە يېقىن ئەتراپتىكى توقۇلمىلاردىن (مەسىلەن، ئوتتۇرا قۇلاق، ئەمچەكسىمان ئۆسۈك، بۇرۇن كاۋاكلىرىدىكى يۇقۇملىنىشلاردىن) بىۋاسىتە يامراپ ئۆتىدۇ ياكى قان ئارقىلىق كېلىدۇ.

**مېگىدە قان قېيىش** < تب > مېگە قان تومۇرلىرىدىكى قانلار ئارتىپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك. قوزغالغاندا، يۈز قىزىرىش، كۆز تورلىشىش، قۇلاق غوڭۇلداش، باش ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ ئۇزاق ۋاقىت ھېرىپ-چارچاش، يۈرەك كېسەللىنىش، مېگە قان تومۇرلىرىدا كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بېرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن

كېلىپ چىقىدۇ.

**مېڭىسى بار ← كاللىسى بار:** — مېنىڭمۇ مېڭەم بار، ئەپەندىم، «مەن بىلىمىلىك» دەپ سۆزلەۋەرمەڭ — دېدى ھېلىقى كىشى تاقىتى تاق بولغان ھالدا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

**مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقارماق ← بېشىدىن تۈتۈن چىقارماق:** — قانداق قىلاتتىم ئۇ مەلئۇننى؟ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقاردىم - دە! — دېدى ئۇ پەخىرلەنگەن ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك ← بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتمەك:** بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھاكىمنىڭ مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى.

**مېڭىسى قىزىپ كەتمەك ← كاللىسى قىزىپ كەتمەك:** — ھە، ھە... شۇ چاغدا مېڭىمىز قىزىپ كېتىپ بىرمۇنچە ئادەملەرنى ئىشقا سىلىپتىكەنمىز، — دېدى ئۇ.

**مېڭىسىگە قۇيۇپ قويماق** بىرەر مەسلىنى تەپسىلىي، ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئۇقتۇرۇپ قىلىپ بىلدۈرمەك: ئۇ مۇئەللىم دەرسنى مېڭەڭگە قۇيۇپ قويىدۇ.

**مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان** ئەقلى يوق، ئەقىل-ھوشى جايىدا ئەمەس، دۆت: ۋاي مېڭىسىنى قاغا چوقۇۋالغان مەخەت تاز، مېنىڭ ئۆيۈمنى ئالغان پۇلغا بىر سوپەك ئېلىپ بەرسەڭ، بالاڭ ئويناپ يۈرۈپ ھەر ئايدا ھېچ بولمىغاندا 100 — 150 كوي تاپماسمىدى.

**مېڭىسىنى قوچۇماق ← كاللىسىنى قوچۇماق:** ئۇلارنىڭ ئۇززۇلمەي «باشلىق، باشلىق...» دېيىشلىرى ئابلىكىمنىڭ مېڭىسىنى قوچۇرۇپ دىئوردى.

**قېتىقىنى چىقارماق ← تۈتۈن چىقارماق:** ئۇلار بېسىۋالالماي قالدى - دە، ئۇ مەلئۇننىڭ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىۋەتتى.

**مېڭىسىنى ئوچاق قىلىۋەتمەك ← مېڭىسىنى ئۇماچ قىلىۋەتمەك:** مەن ئۇنى قىشلىق سوقۇم قىلىمەن دەپ بورداۋاتسام، ئۆيدىكىلەر ئۇنى ئاشۇ ئەسكى ئەينەككە تېگىشمىز دەپ، مېڭەمنى ئوچاق قىلىۋەتتى.

**مېڭىسىنى ئۇماچ قىلىۋەتمەك** پىكرىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتمەك، پىكىر خىياللىرىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەك: بۇ ئىككى ئىنكار سۇئال بىر-بىرى بىلەن پەقەت چىقىشالماي، مېڭەمنى ئۇماچ قىلىۋەتتى.

**مېڭىسىنى يېمەك** ئادەمنىڭ بېشىنى ھەددىدىن زىيادە ئاغرىتماق: سېنىڭ بالاڭغۇ تىجارەتكە ئارىلىشىپ پۇل تېپىپ يۈرىدۇ، بىزنىڭ ئابدۇكېرىم مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كېلىپ، «ھۆكۈمەتكە كىرىمەن» دەپ، مېڭەمنى يەپ بولدى.

**مېڭىسى يوق ← كاللىسى يوق:** ھەي، مېڭىسى يوق! — دېدى ئۇ ھاكىمغا قاراپ.

**مېڭىگە چىقماق** مېڭىگە تەسىر قىلماق؛ مېڭىگە تەسىر كۆرسەتمەك: بېنزىننىڭ سېسىق پۇرىقى مېڭەمگە چىقىپ كەتتى.

**مېڭىگە سۇ يىغىلىش** < تىب > باش ئىچىدە مېڭە يولۇن سۇيۇقلۇقى ھەددىدىن زىيادە كۆپ يىغىلىپ قېلىشتىن باش يوغىناپ كېتىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە مېڭە تەرەققىياتىنىڭ غەيرىي نورماللىقىدىن بولىدۇ، مېڭە پەردە ياللۇغىدىن كېيىن، جۈملىدىن مېڭە يولۇن سۇيۇقلۇقى ئۆتىدىغان يوللارنىڭ توسۇلۇپ قېلىشىدىنمۇ كېلىپ چىقىدۇ.

**مېڭىگە قان چۈشۈش** < تىب > مېڭە قان تومۇرلىرىدا كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بېرىپ، قان تومۇر دىۋارىدىن قان چىقىپ كېتىپ مېڭە فۇنكسىيىسىنى بوزغۇنچىلىققا

ئۇچرىتىدىغان بىر خىل كېسەللىك. قان تومۇرلارنىڭ قېتىشىلىشى، قان بېسىمىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆرلەپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. قوزغىلىش ئالدىدا باش قېيىش، باش ئاغرىش، ئۇيۇشۇش، تارتىشىپ قېلىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. قوزغالغاندا بولسا شۇ ھامان ھوشىدىن كېتىدىغان، ئېغىر بولغاندا شۇ پەيتتىلا ئۆلۈپ كېتىدىغان ئەھۋاللار بولۇپ تۇرىدۇ.

**مېڭگە قان يېتىشمەسلىك** < تىب > ← **مېڭە قان ئازلىقى.**

**مېڭىنى چۇلغىۋالماق** بىرەر مەسىلە ياكى ئەھۋال زادىلا خىيالدىن نېرى كەتمەي، چىقماي تۇرۇۋالماق: مانا بۇگۈن تاسادىپىي بۇ خىيال مېنىڭ مېڭەمنى چۇلغىۋالدى.

**مېڭىنى قورااللاندۇرماق** بىرەر ئىدىيە ياكى قاراشنى قاتتىق ئېتىقاد بىلەن قوبۇل قىلماق، تولۇق ئۆزلەشتۈرمەك: بىز ھەممىمىز يېڭى دەۋردە يېڭى ئىدىيە بىلەن مېڭىمىزنى قورااللاندۇرۇپ، قەيسەرلىك بىلەن ئالغا ئىنتىلىشىمىز كېرەك.

**مېڭىش-تۇرۇش** كۆندىلىك ھەرىكەت، پائالىيەت: ئۇ خالىدەمنىڭ مېڭىش-تۇرۇشىغا، كىچىككىنە كۆزلىرىگە، چىرايلىق ئۆرۈلگەن چاچلىرىغا سەپ سالدى.

**مېڭىشماق** « ماڭماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار تاماق يەپ بولۇپلا پوپكىلىرىنى ئېسىشىپ مەكتەپكە مېڭىشتى.

**مېڭىلماق** « ماڭماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار جازا مەيدانىغا ئېلىپ مېڭىلدى.

**مېل** مىق (ئىنگ) < فىز > ئاۋاز ئېگىزلىكىنىڭ بىرلىكى. چاستوتىسى 1000Hz ، ئاۋاز بېسىمى دەرىجىسى 40dB بولغان ساپ ئاۋازنىڭ ئاۋاز ئېگىزلىكى 1000 مېل بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ئەگەر ئاڭلىغۇچى ھەرقانداق بىر ئاۋازنىڭ ئېگىزلىكىنى 1 مېللىق ساپ ئاۋازنىڭ n ھەسسىسىگە تەڭ دەپ ھۆكۈم قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا بۇ ئاۋازنىڭ ئېگىزلىكى n مېل بولىدۇ.

**مېلودىيە** ئى (ر < گرېك) < مۇز > بەلگىلىك ئاۋاز ئېگىزلىكى، ۋاقىت سەرپىياتى ۋە ئاۋاز مىقدارىنى جانلىق بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق بېجىرىلگەن يەككە تاۋۇشلۇق ئاھاڭ. ئۇ ناخشا-مۇزىكا ئاھاڭلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ، مۇزىكا ئەمەلىيىتىدە ئەڭ مۇھىم ئىپادىلەش ۋاستىسى ھېسابلىنىدۇ.

**مېلودىيىسىز** سۈپ. مېلودىيىسى يوق، مېلودىيىسى بولمىغان، مېلودىيە بولماستىن: مېلودىيىسىز مۇزىكىلىق ئوبراز يارىتىش مۇمكىن ئەمەس.

**مېلودىيىلىك** سۈپ. مېلودىيە بار، مېلودىيە بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن: مېلودىيىلىك ئېنتېرۋال.

**مېلودىيىلىك ئېنتېرۋال** < مۇز > ئىككى خىل مۇزىكا ئاھاڭىنىڭ ئاۋاز ئېگىزلىكى جەھەتتىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك مۇناسىۋىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مېلىس** ئى. دىئال. مەشرەپنىڭ بىر خىلى.

**مېمار** ئى (ئە) بىناكار، قۇرۇلۇش ئىنژېنېرى: مېمارلارنىڭ سۇلتان پەرمانىنى رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**مېمارچىلىق** ئى. تۈرلۈك ئۆي-ئىمارەت، قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى لايىھىلەش، قۇرۇش، بېزەش ماھارىتى، سەنئىتى، شۇنداق كەسىپ.

**مېمورا ندۇم** ئى (ر < لات) < ت ئىش > بىر خىل دىپلوماتىك ھۆججەت. ئۇنىڭدا ئۆز دۆلىتىنىڭ مەلۇم مەسىلە ئۈستىدىكى مەيدانى بايان قىلىنىدۇ ياكى مەلۇم

ئىشلار ھەققىدىكى ئەھۋاللار قارشى تەرەپكە ئۇقتۇرۇلىدۇ.

**مېمورىئال** سۆپ 〔ر < لات〕 ① بىرەر شەخس ياكى ۋەقەنىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن ئىشلەنگەن، ئۇنى كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ئەسلەپ تۇرۇشىنى مەقسەت قىلىپ تەييارلانغان: مېمورىئال قۇرۇلۇش. ② دائىم ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان، ئايلىنىپ تۇرىدىغان، ئوبوروت: مېمورىئال چەك.

**مېمورىئال چەك** < مال > بانكىغا ئۆزىنىڭ ئامانەت پۇل ھېسابىدىن پۇل ئاغدۇرۇپ بېرىشنى خەۋەر قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان چەك. مەملىكىتىمىزدە ئاساسلىقى ھەرقايسى ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى تاۋار سودىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت ئىشلىرى بىلەن تەمىنلەش ۋە مەبلەغ يۆتكەش قاتارلىقلارنىڭ مېمورىئال راسخوتىغا ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭغا نەق پۇل ئېلىشقا بولمايدۇ.

**مېمورىئال دوكومېنت** < مال > پۇل مەبلىغىنىڭ كىرىم — چىقىمغا چېتىلمايدىغان ئىقتىسادىي كەسپلەرگە قارىتا، باشلانغۇچ دوكومېنت ياكى ئۇنىڭ يىغىندى جەدۋىلىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقىلغان ھېسابقا چۈشۈرۈش دوكومېنتى.

**مېمورىئال راسچوت** < مال > پۇلنى بانكا ئارقىلىق تۆلىگۈچى ئورۇننىڭ ھېسابىدىن تاپشۇرۇپ ئالغۇچى ئورۇننىڭ ھېسابىغا ئاغدۇرىدىغان ئېلىم-بېرىم مۇئامىلىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**مېنبا** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**مېنبا تىلى** < تىل > مېنبالار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسىنىڭ زاڭزۇ-بىرما تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**مېنبالار** ئى < ئىرق > مېنبا مىللىتى، مېنبا خەلقى. ئۇلار ئاساسەن شىزاڭ ئاپتونوم رايونىغا ئولتۇراقلاشقان.

**مېندېل** ئى. ئاۋستىرىيىلىك بىئولوگ (1822 — 1884)، يەنى گېنېتىكىنىڭ ئاساسچىسى.

**مېندېل فاكتورى** < بىئول > مېندېل ئوتتۇرىغا قويغان جانلىقلار تېنىنىڭ ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىرسىيەت فاكتورى.

**مېندېل قانۇنى** < بىئول > مېندېل تەرىپىدىن كەشپ قىلىنغان ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ ئىككى ئاساسىي قانۇنى. ئۇ ئايرىلىش قانۇنى ۋە ئەركىن بىرىكىش قانۇنىدىن ئىبارەت.

**مېندېلېيېۋىي** ئى 〔ر〕 < خىم > رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Md (mendelevium) . ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 1.5 سائەت. ئايلانما تېزلەتكۈچتە ر دانىچىلىرى ئارقىلىق ئېينىشتېينىينى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

**مېندېلىزم** ئى 〔ر〕 < بىئول > ئاۋستىرىيىلىك بىئولوگىيە ۋە گېنېتىكا ئالىمى مېندېل (Gregor johann Mendel) ياراتقان بىر خىل ئىرسىيەت تەلىماتى. ئۇنىڭدىكى ئاساسىي كۆز قاراش: جانلىقلار تېنىنىڭ ھۈجەيرىلىرىدىكى ئىرسىيەت فاكتورى ئىرسىيەتنىڭ ماددىي ئاساسى، ئۇ ئەركىن بىرىكىش ۋە ئايرىلىش قانۇنىيىتى بويىچە يەككە تەنىنىڭ تەرەققىياتىنى كونترول قىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت. بۇ تەلىمات كېيىن مورگانچىلار تەرىپىدىن ۋارىسلىق قىلىندى ۋە راۋاجلاندۇرۇلدى.

**مېنزۇركا** ئى ‹ر <لات › < فىز › سۇيۇقلۇقنىڭ ھەجمىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. شەكلى ئىستاكانغا ئوخشايدۇ. ئەينەكتىن ئىشلىنىدۇ، ئېغىزى تەگلىكىدىن چوڭ كېلىدۇ. سىرتىدا شكالىلىق نومۇرلار بولىدۇ.

**مېنىڭچە** رەۋ. مېنىڭ ئويۇمچە، قارىشىمچە، پىكرىمچە: مەن بۇ جاۋابتىن ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرۇپلا قالدىم. مېنىڭچە ئۇنىڭ جاۋابى تولىمۇ غەلىتە بولغانىدى.

**مېنىڭكى** سۈپ. ماڭا تەۋە، ماڭا تەئەللۇق، ماڭا تېگىشلىك: — ئۇنداق بولسا، — دەپتۇ تۈلكە، — بۇ يايلاق مېنىڭكى، بۇ يەردە يايلاشقا سىلەرگە كىم ئىجازەت بەردى؟

**مېنىنگىت** ئى ‹ر < گرېك› < تىب › ← **مېڭە پەردىسى ياللۇغى.**

**مېھر** ئى ‹ئە› تويلۇق: مېھر ھەققى.

**مېھر ھەققى** نىكاھ ۋاقتىدا ئوغۇل تەرەپتىن كېلىنگە تۆلىنىدىغان پۇل ياكى مال. ئۇ قىزنىڭ دائىمىي، شەخسىي مۈلكى دەپ قارىلىدۇ.

**مېھراب** ئى ‹ئە› ① مەسچىتنىڭ قىبلە تەرىپىدىكى تېمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا، يەنى ئىمام تۇرىدىغان ئورۇننىڭ ئۇدۇلىغا ئويۇپ چىقىرىلغان گۈمبەزسىمان قۇرۇلما. ② جۈمە ياكى مۇناسىۋەتلىك نامازلاردا ئىمامنىڭ خۇتبە ئوقۇشى ئۈچۈن تەييارلانغان، تەكشىلىكتىن ئېگىزرەك بولغان جاي.

**مېھرانە** ئى ‹ئە+پ› مېھر ھەققى: مەنكى، ئىشان داموللامدۇرمەن، خوتۇنۇم روزىخان بىلەن چىقىشالمىغاچقا، ئۇنى ئۈچ تالاقتا تايىن قىلدىم. ئۇنىڭ مېھرانىسىغا كۆچا ساي بويىدىكى ئىككى ئېغىز ئۆينى سەيناسى بىلەن قوشۇپ بەردىم.

**مېھرىبان** سۈپ ‹پ› باشقىلارغا شەپقەت قىلىدىغان، كۆيۈنىدىغان، كۆيۈمچان، غەمخور: مەن ئۇنىڭ مېھرىبان ئانىلاردەك بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ ماڭا بەرگەن ئاشۇ تەربىيىسىنى قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالالايمەن؟!

**مېھرىبانلارچە** رەۋ. كۆيۈمچانلىق، مېھرىبانلىق بىلەن: — چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كېتىپسەن، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇۋاتقانسەن؟ — دېدى ئۇ ماڭا مېھرىبانلارچە سەپسېلىپ.

**مېھرىبانلاشتۇرماق** «مېھرىبانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مېھرىبانلاشماق** پ. باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان خۇسۇسىيەتنى تۇرغۇزماق، مېھرىبان بولماق: ئۇمۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇردى. بىراق زاھىرنىڭ بىردىنلا بۇنداق مېھرىبانلىشىپ كەتكەنلىكىگە بىرئاز ھەيران بولدى.

**مېھرىبانلىق** «مېھرىبان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يولۋاسنى تۇتۇش ئۈچۈن ئاۋۋال مېھرىبانلىق كۆرسەتمەي بولمايدۇ.

**مېھرىگۈل** ئى ‹مېھر+گۈل› < بوت › ① مېھرىگۈل ئائىلىسىدىكى ئەۋرىشىم غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. ئالقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى چوڭ، كۆپىنچە قىزىل، سېرىق، شاپتۇل چېچىكى رەڭلىك كېلىدۇ. مېۋىسى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، رەڭگى سېرىق. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ئەسلىي ماكانى برازىلىيە، دۆلىتىمىزدىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**مېھرىگىياھ** ئى ‹پ› < بوت › موگونىڭ بىر خىلى، قالپىقى بۆرەك شەكلىدە، رەڭگى قوڭۇر، قالپاق يۈزىدە ھالقىسىمان سىزىقلار بولىدۇ، پارقىراق كېلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە قۇۋۋەت دورىسى قىلىنىدۇ.

**مېھر (مېھرى)** ئى (پ) كىشىنىڭ ئۆز يېقىنلىرى، ئومۇمەن. ئەتراپتىكى شەيئىلەرگە بولغان مۇھەببىتى، كۈچلۈك ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسى؛ كۆيۈم: ئانا مېھرى. مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك. مېھرىدىن كەچمەك. مېھرى چۈشمەك. * باغرىغا باستى شاھ شىراقنى شۇ دەم، باغرىغا باستى ھەم سەردارلار بىر-بىر. ئۇلارنىڭ ھاياجان ئوتى چاقنىغان — كۆزىدە نامايان ھۆرمەت ۋە مېھر.

**مېھرى چۈشمەك** يارىتىپ قالماق، ياخشى كۆرمەك، كۆڭلى چۈشمەك: بارا-بارا پادىشاھنىڭ بەختىيارغا مېھرى چۈشۈپ، ئۇنى ئات باقارلارغا باشلىق قىلىپتۇ.

**مېھرى چىگىلمەك** كۆڭلى چۈشمەك، ياخشى كۆرۈپ قالماق: ئامان شۇئان پەرىگە، تەزىم قىلىپتۇ ئېگىلىپ. ئاق نىيەتلىك بۇ قىزغا، قىلىپتۇ مېھرى چىگىلىپ.

**مېھرىدىن كەچمەك** ئايرىلىشقا، قولدىن چىقىرىشقا رازى بولماق: بولدى، ئەگەر مۇشۇ مەقستىمىزلا ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش بولسا، مەن ھەممە نەرسىنىڭ مېھرىدىن كېچىشكە رازىمەن!

**مېھرى سوغۇق** مېھر-مۇھەببىتى يوق؛ يېقىمسىز: ئۇنىڭغا بۇ ئايال ئۆزى پارقىراپ تۇرغان بىلەن ئىسسىقى تەگمەيدىغان ئايغا ئوخشاش مېھرى سوغۇق تۇيۇلاتتى.

**مېھرىگە تويماق** دىدارىغا قانماق، كۆرۈشكە بولغان خۇمارى بېسىلماق: سېنى كۆرۈپ ئانجان، تويۇۋالاي مېھرىڭگە، قانارمەنمۇ قارىسام، سېنىڭ ئايدەك چېھرىڭگە.

**مېھرىگە قانماق** ← **مېھرىگە تويماق.**

**مېھرىنى تۆكمەك** پۈتۈن مېھر-مۇھەببىتى بىلەن غەمخورلۇق قىلماق، كۆيۈنمەك، مېھرىبانلىق قىلماق.

**مېھرىنى ئۈزەلمەسلىك** قولدىن چىقىرىشقا، ئايرىلىشقا پېتىنالماسلىق، كۆزى قىيماسلىق، مېھرىدىن كېچەلمەسلىك: — بولدى قىل، ئوغلۇڭ ئۈچۈن ئىككى قويۇڭدىن مېھرىڭنى ئۈزەلمىسەڭ، باشقىلار سېنى نېمە دەيدۇ؟! — دېدى ئۇ ئايالىغا چۈشەندۈرۈپ.

**مېھرى ئىسسىق** يېقىملىق؛ كىشىدە مۇھەببەت، ھۆرمەت تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان: مېھرى ئىسسىق بالا. مېھرى ئىسسىق ئايال. * — خۇددى ئۆزلىدەكلا چىرايلىق، مېھرى ئىسسىق ئىكەن، — دېدى ئامانقۇل ئايقىزنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى سىلاپ.

**مېھرىسىز** سۈپ. كۆيۈمى يوق، مېھر-مۇھەببىتى كەم، شەپقەتسىز: — ئۇ ناھايىتى دىلى قاتتىق، مېھرىسىز ئادەم بولۇپ قالدى، — دېدى بوۋاي ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

**مېھرىسىزلىك** «مېھرىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سېنىڭ ئۇكاڭغا بولغان مېھرىسىزلىكىڭ ئۇنىڭ يامان يولغا كىرىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

**مېھر-شەپقەت** مېھر ۋە شەپقەت: ئۇ چەكسىز خورلاندى، ئازابلاندى. ئەنە شۇ چاغدا مېھر-شەپقەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلدى. دادىسىنى، ئانىسىنى، ئايالىنى، باللىرىنى تىلغا ئېلىپ بۇلدۇقلاپ يىغلىدى.

**مېھرلىك** سۈپ. باشقىلارغا كۆيۈنىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان، كۆيۈمچان: مېھرلىك ئاتا بىلەن ئانا ئۇلارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى كۈتكەنمىدى؟!

**مېھر-مۇھەببەت** مېھر ۋە مۇھەببەت، كۆيۈنۈش: تاھىرئاخۇن ئاكا ئۇلارنى ئاتىلىق قۇچىقىنى ئېچىپ چوڭقۇر مېھر-مۇھەببەت ۋە مىسلىسىز قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

**مېھمان** ئى (پ) توي، چاي، زىياپەت، يىغىلىش قاتارلىقلارغا چاقىرىلغان ياكى

مۇشۇنداق مۇناسىۋەت بىلەن كۈتۈۋېلىنىدىغان كىشى: — چولپانگۈل، مېھمانلىرىمنى كۈتۈۋال! — دېدى ئۇ غەرق مەس ھالەتتە تۇۋلاپ.

**مېھمان بولماق** باشقىلارنىڭ ئۆيى ياكى مۇۋاپىق ئورۇندا ئۇلار تەرىپىدىن كۈتۈلمەك؛ ئۇلارنىڭ تۇز-تائامىنى يېمەك: — بۈگۈن ماڭا مېھمان بولۇپ كېتىڭلار، — دېدى ئۇ چىن كۆڭلىدىن بىزنى قويۇۋەتمەي.

**مېھمان قىلماق** ئۆز ئۆيى ياكى مۇۋاپىق جايدا باشقىلارنى كۈتمەك، ئۇلارغا زىياپەت بەرمەك: گۈلسۈم ئاچا بىزنى ناھايىتى ئېسىل مېھمان قىلدى.

**مېھمان كوماندا** < تەن > تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىغا قاتنىشىشقا تەكلىپ قىلىنغان كوماندىلار.

**مېھمانخانا** ئى (پ) ① مېھمان كۈتۈۋالىدىغان ئۆي: ئۇنىڭ مېھمانخانىسى سەل كىچىك ئىكەن. ② يولۇچىلارنىڭ ۋاقىتلىق يېتىپ-قوپۇشلىرى ئۈچۈن تەييارلانغان، بىر قاتار مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرى بار بولغان مەخسۇس ئىمارەت ياكى ساراي.

**مېھمانخانىلىق** سۈپ. مېھمانخانىسى بار، ئايرىم مېھمانخانا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: بۇ يېڭى ئۆيمۇ ئەمەس، يەنە كېلىپ، شەخسىي سالغان ئۆيمىزمۇ ئەمەس، پەقەت ئىلگىرى ئىدارە باشلىقلىرىلا ئولتۇرۇپ كەلگەن ئۈچ ئېغىز ياتاق، بىر مېھمانخانىلىق، ھويلىسى خېلى چوڭ ئۆي ئىدى.

**مېھماندارچىلىق** ئى. مېھمان كۈتۈش ياكى مېھمان بولۇش پائالىيىتى، زىياپەت: ئۇزايدىن قارىغاندا، ئۇ بىرەر توي-تۆكۈن ياكى مېھماندارچىلىقتىن يانغاندەك كۆرۈنەتتى.

**مېھماندوست** سۈپ (پ) مېھماننى، مېھمان چاقىرىپ كۈتۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، كەلگەن-كەتكەنلەرنى ناھايىتى قىزغىن كۈتىدىغان، مېھرىبان: قەشقەر-نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى داستىخىنى كەڭ، مېھماندوست، مەرد، سېخىي ئۇيغۇر خەلقى ياشاپ كېلىۋاتقان، دۇنياغا مەشھۇر قەدىمى شەھەردۇر. * ئەجەبمۇ توقچىلىق بۇ يۇرت، باياشاتلىق بازارى بار، دېلى .ماپ شۇنچە مېھماندوست، سېخىدۇر ئىشچى-دېھقانى.

**مېھماندوستلۇق** « مېھماندوست » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىككى كىشىگە كۆرسىتىلگەن بۇنچە مېھماندوستلۇق باتۇرنى ھەيرانمۇ قالدۇرمىدى.

**مېھمانلىق** سۈپ. مېھمانلار ئۈچۈن تەييارلانغان؛ مېھمانغا بارغاندا كىيىش ئۈچۈن تىكتۈرۈلگەن: ئۇلار ئۆيگە كىرىپلا سول تەرەپتىكى مېھمانلىق ئورۇندا ئولتۇردى. * ئايزىم ئالدىراپ مېھمانلىق كىيىملىرىنى كىيىۋاتاتتى.

**مېھمانلىق كىيىم** مەخسۇس مېھماندارچىلىقتا كىيىش ئۈچۈن تەييارلانغان كىيىم-كېچەك: ئۇ قىز مېھمانلىق كىيىملىرىنى كىيىپ تەييار بولۇپ تۇرغانىكەن.

**مېھمانلىماق** پ. مېھمان بولماق؛ مېھمان قىلماق.

**مېھنەت** ئى (ئە) ① ئومۇمەن بەلگىلىك ئەقلىي ياكى جىسمانىي كۈچ سەرپ قىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت؛ ئەمگەك: ئادەمنىڭ سۆلتىگە قارىما، مېھنىتىگە قارا (ماقال). ② بىرەر مەقسەت، ئىش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن غەيرەت-شىجائەت، جاسارەت، تىرىشچانلىق، ئەجىر: ئادەمنىڭ تەبىئىي تالانتى گويا ئۇچقۇنغا ئوخشايدۇ، ئۇچقۇن ھەم ئۆچۈپ قېلىشى مۇمكىن ھەم يانغىنغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئۇنى يانغىنغا ئايلاندۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى بىرلا، يەنى مېھنەت قىلىش، يەنە مېھنەت قىلىش.

**مېھنەت سۆيەر** → **ئەمگەكسۆيەر:**

ئۇيغۇر خەلقى-مېھنەت سۆيەر خەلق. * قۇرۇلتاي ۋەكىلى ئۇ (ئەڭ ئالىي شەرەپتۇر بۇ)، باشلامچى زاۋۇتتىكى چىن مېھنەت سۆيەرلەرگە.

**مېھنەت سىڭدۇرمەك** ← **ئەمگەك سىڭدۇرمەك**: مەن ئۇنىڭ ساغلام ئۆسۈپ چوڭ بولۇشى ئۈچۈن كۆپ مېھنەت سىڭدۇرگەن بۇ ئانىغا قاراپ مىڭ مەرتىۋە رەھمەت بىلدۈردۈم.

**مېھنەت قىلماق** ← **ئەجىر قىلماق**: ئۇ بۇ باغقا كۆپ مېھنەت قىلىپ، ئاخىرى بۇ باغنى ناھايىتى ئېسىل باغقا ئايلاندۇرغانىدى.

**مېھنەتچان** سۈپ ← **ئەمگەكچان**: مېھنەت سۆيگەنلەر، بىزدە ھۆرمەتلىك، ئىشلە مېھنەتچان، بولۇپ غەيرەتلىك.

**مېھنەتچى** ئى. مېھنەت قىلىشنى، ئىشلەشنى، ئەمگەكنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى شۇنى ئۆزىگە ئادەت قىلغان كىشى، ئەمگەكچى.

**مېھنەتسىز** سۈپ. ھېچقانداق مېھنەت، ئەجرى سىڭمىگەن، مېھنەت قىلمىغان، ھېچبىر ئەمگەك سىڭدۇرمىگەن: ئۇ ھېچبىر مېھنەتسىزلا بۇنداق چوڭ نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن بېشى ئاسمانغا تاقاشقۇدەك خۇشاللىققا تولغانىدى. * كى بىلدىم ئۇشبۇ دۇنيادا ھايات بولمايدۇ مېھنەتسىز، ئىكەن خار. كىم ئەگەر بولسا ئىلىم، مېھنەتكە جۇرئەتسىز.

**مېھنەتكەش** سۈپ (ئە+پ) مېھنەت، ئەجىر قىلىپ كۈن كەچۈرىدىغان، مېھنەت سۆيەر: ياق، بۇ دۇنيانى «ۋاپاسىز» دېمە، دۇنيا ۋاپاسى ئىلكىڭدە — سەندە. ۋاپا ئاھىنى ئىستىمەس دېمە، ۋاپا خوجىسى مېھنەتكەش بەندە. // ئۇ پۈتۈن كارخانا، پۈتۈن يۇرتتىكى مېھنەتكەشلەرنىڭ ۋەكىلى.

**مېھنەتلىك** سۈپ. مېھنەت قىلىنغان، مېھنەت سىڭگەن: مېھنەتلىك ئىش.

**مېۋە** ئى (پ) ① < بوت > ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ بىر قىسمى. گۈل ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن، ئۇرۇقدان تەدرىجىي يوغىناپ مېۋىگە ئايلىنىدۇ. ② < بوت > ئادەتتە ئىستېمال قىلىش ئۈچۈن مەخسۇس يېتىشتۈرۈلگەن بەزى دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنىدىغان سۇلۇق يەل-يېمىشلەر: مېۋە كۆچىتى. مېۋە چۈشمەك. * ئۇ يەردە بىر ياندا بىر تۈپتىن نەچچە خىل مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەر، يەنە بىرياندا بىر خىل مېۋە بېرىدىغان دەرەخلەر كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرىدىكەن. * ئۇ گېزەك ئۈچۈن باققالدىن پىستە، بادام، ئۈزۈم، مېغىز ۋە باشقا قۇرۇق مېۋىلەردىن ئېلىپ ھامالغا بېرىپتۇ. ③ كۆچمە. بىرەر ئىش، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسى، ھوسۇلى: سەۋرنىڭ مېۋىسى ئالتۇن (ماقال). * «ئون ئىككى مۇقام» تېكىستلىرىنىڭ مەزمۇنىغا مۇئامىلە قىلغاندا، دىققەتنى جەلپ قىلىدىغان قىممەتلىك مېۋىلەرنىڭ يەنە بىرى — ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيىسىدۇر.

**مېۋە بەرمەك** نەتىجە ياراتماق، ئۈنۈم ھاسىل قىلماق: — مانا بۇنى دادىللىق بىلەن ئالغا بېسىش دەيمىز — مۇشۇنداق ئەمگەك ھەقىقى مېۋە بېرىدۇ، — دېدى لۇتپۇللا بۇنىڭدىن خۇشال بولۇپ.

**مېۋە تومۇزغىسى** < زوئول > تومۇزغىنىڭ بىر خىلى. تۇمشۇقى ئۇزۇن، تېنى قىسقا، يېشىل سېرىق بولۇپ، ئۈستىدە قارامتۇل سىزىقچىلىرى ۋە قانىتىدا چېپار داغلىرى بولىدۇ.

**مېۋە تۆكۈلۈش** < بوت > پىشمىغان مېۋىلەرنىڭ، پەرۋىش قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، ئوغۇت ۋە سۇنىڭ يېتىشمەسلىكى،

چاڭلىششىنىڭ ناچارلىقى ياكى يامغۇر يېغىش، بوران چىقىش قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ سەۋەبىدىن دەرەخ شاخلىرىدىن چۈشۈپ كېتىشى.

**مېۋە تۈگمەك** < بوت > مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ مېۋىلىك شاخلىرىدىكى گۈل-چېچەكلەر ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن مېۋە ھاسىل قىلىشقا باشلىماق.

**مېۋە تۈگۈنى** < بوت > مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىكى مېۋە ھاسىل بولۇشقا باشلىغان تۈگۈن.

**مېۋە چىۋىنى** < زوئول > چىۋىننىڭ بىر خىلى. چىرىگەن مېۋە ھەم يېمەكلىكلەر ئەتراپىدا كۆپرەك بولىدۇ. ئۆمرى قىسقا بولۇپ، پەقەت ئىككى ھەپتىلا ياشىيالايدۇ.

**مېۋە شۆپۈكى** < بوت > ئۆسۈملۈك مېۋىسىنىڭ پوستى. ئادەتتە ئۇ ئىچكى شۆپۈك، ئوتتۇرا قەۋەت شۆپۈك ۋە سىرتقى شۆپۈك دەپ ئۈچ قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە كۆزدە تۇتۇلىدىغىنى سىرتقى شۆپۈكتۇر.

**مېۋە كۆرسەتمەك** < بوت > مېۋىلىك دەرەخ ياكى ئۆسۈملۈكلەر مېۋە تۇتۇشقا باشلىماق، مېۋە تۈگمەك: ئۈزۈم تېلى بىرىنچى يىلى ياخشى پەرۋىش قىلىنسا، ئىككىنچى يىلى مېۋە كۆرسىتىشى مۇمكىن.

**مېۋە گۆشى** < بوت > مېۋىلەرنىڭ يېيىشكە بولىدىغان ئەت قىسمى. مەسىلەن، شاپتۇلنىڭ مېۋە گۆشى - ئۈچكىسى بىلەن سىرتقى نېپىز پوستىنىڭ ئارىلىقىدىكى قىسمىدۇر.

**مېۋىگە كىرمەك** < بوت > مېۋىلىك دەرەخ ياكى ئۆسۈملۈك مېۋە بەرمەك: بۇ باغدا يېقىندىن مېۋىگە كىرگەن ئۈرۈك كۆچەتلىرى بىلەن بىر قاتاردا 100 ياشتىن ئاشقان بىرنەچچە تۈپ قېرى ئۈرۈكمۇ كۆكىرىپ تۇراتتى.

**مېۋە-چېۋە** ئومۇمەن يېيىشكە بولىدىغان ئۆسۈملۈك مېۋىلىرى، تۈرلۈك يەل-يېمىشلەر: ئۇ خۇرجۇندىن لىق مېۋە-چېۋە قاچىلانغان بىر خالتىنى ئېلىپ، شىرەگە قويدى.

**مېۋىزار** سۈپ (پ) مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان، شۇنداق دەرەخلەر ياكى ئۆسۈملۈكلەر ئۆستۈرۈلگەن: سابىت داموللامنىڭ مېۋىزار بېغى بار ئىدى. // ئوردا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا چوڭ بىر مېۋىزار بولۇپ، بۇ يەردە ئالما، ئۈرۈك، نەشپۈت ۋە ئۈژمە دەرەخلىرى خېلىلا كۆپ ئىدى.

**مېۋىزارلىق** «مېۋىزار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن دائىم زوقلىنىپ ئايلىنىدىغان چەكسىز مېۋىزارلىققا يېتىپ كەلدىم، يېشىل قورغاندەك سوزۇلغان دەرەخلەر ئالدىمدا نامايان بولدى.

**مېۋىسىز** سۈپ. مېۋىسى يوق، مېۋە بەرمەيدىغان: مېۋىسىز دەرەخنى قاقما (ماقال). * بىلىمسىز ئادەم ــ مېۋىسىز دەرەخ (ماقال).

**مېۋىلەتمەك** «مېۋىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر تۈپ بولسىمۇ، ئەي بولدىمۇ، دېمەك يېڭى سورتنى تۇتقۇزۇپ مېۋىلەتتىشتىن ئۈمىد بار.

**مېۋىلىك** سۈپ. مېۋىسى بار، مېۋە بېرىدىغان مېۋىلەيدىغان: ئانام بىزنى يىراق-يېقىنلارغا ئەۋەتىپ ھەر خىل مېۋىلىك كۆچەتلەرنى ئەكەلدۈرۈپ، كىچىككىنە بېغىمىزنى مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولدۇرۇۋەتكەنىدى.

**مېۋىلىك باغ** پۈتۈنلەي مېۋىلىك دەرەخلەر بىلەن تولغان باغ: ئۆيىمىزنىڭ كەينىدە كىچىككىنە بىر مېۋىلىك بېغىمىز بار.

**مېۋىلىك دەرەخ** < بوت > مېۋىلىرى ئىستېمال قىلىنىدىغان دەرەخلەر. مەسىلەن، شاپتۇل دەرىخى، ئۈرۈك دەرىخى قاتارلىقلار.

**مېۋىلىك شاخ** < بوت > ① مېۋىلىك

دەرەخلەرنىڭ مېۋە بولىدىغان شاخلىرى.
② كېۋەزنىڭ غوزىلايدىغان شاخلىرى.

**مېۋىلىمەك** پ. ① تۇرلۇك مېۋىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بەرگىدە مېۋە پەيدا بولماق، مېۋە تۇتماق: بۇ يىل ئۆرۈكلەر خېلى ئوبدان مېۋىلەپ قالدى. ② كۆچمە. خۇشاللىنارلىق نەتىجە يارىتىلماق، نەتىجە ھاسىل بولماق: مۇھەببەت گۈللىرىنى داۋاملىق ھەقىقىي ھېسسىيات بىلەن سۇغىرىپ تۇرمىغاندا. ئۇ مېۋىلىمەيدۇ، شۇڭا ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ پەرۋىش قىلىش لازىم.

**مېيخۇا** ئى (خەن) < بوت > ← **چىللىگۈل.**

**مېيسنېر** ئى. گېرمانىيىلىك ئىنژېنېر (1883 – 1958).

**مېيسنېر ئېففېكتى** < فىز > سىرتقى ماگنىت مەيدانىنىڭ سۇپېر ئۆتكۈزگۈچ ئىچىگە كىرەلمەسلىك ئېففېكتى. سۇپېر ئۆتكۈزگۈچلەر تامامەن دىئاماگنىتلىق بولۇپ، ھەرقانداق ماگنىت كۈچ سىزىقى سۇپېر ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتەلمەيدۇ. بۇ ھادىسىنى مېيسنېر (W. Meissner) بىلەن ئوسېنفېلد (R . ochsenfeld) لار 1933-يىلى بىرلىكتە بايقىغان.

**مېيىپ** سۈپ (ئە) جىسمانىي جەھەتتە ناكار بولۇپ قالغان، مەلۇم بىر ئورگانىزمى كەم، مەجرۇھ: ئايۇپ شۇجى مېيىپ پۇتىنى ئاۋايلاپ يىغىپ ئۆرە بولۇپ ئولتۇردى-دە، سۇلايمانغا يېنىدىن جاي كۆرسەتتى. // ھەممە مېيىپلارنى ساناتورىيىگە ئېلىپ بېرىپ 3 ئاي داۋالىدى.

**مېيىپ بولماق** بىرەر يامان تەسىر تۈپەيلى جىسمانىي جەھەتتىن بىرەر ئەزاسى ناكار بولۇپ قالماق، مەجرۇھ بولماق: ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى پۇت-قولىدىن ئايرىلىپ مەڭگۈلۈك مېيىپ بولۇپ قالدى. * مېيىپ بولسا يىگىت جەڭدە قوشۇلغاي بەستىگە زىننەت، كى زىننەتتۇر ئۇنى ھەرگىز ياساپ بولماس كۈمۈش-زەردىن.

**مېيىپ قىلماق** بىراۋغا جىسمانىي جەھەتتىن زەربە بېرىپ، ئۇنى جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق، ناكار قىلماق، مەجرۇھ قىلماق: «داۋالاش ئىشلىرى قانۇنى» ماڭا «پۇتنى كېسىپ تاشلاپ، مەڭگۈ مېيىپ قىلىش» جازاسىنى بېرىدۇ، خالاس.

**مېيىپلەنمەك** پ. مېيىپ بولماق، جىسمانىي جەھەتتىن مېيىپ ھالەتكە كېلىپ قالماق، ناكار بولماق: ئۇ رەھمەتلىك دادىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە مېيىپلىنىپ ئازاب ئىچىدە ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان.

**مېيىپلىك** «مېيىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان كۈچلۈك غەيرەت-شىجائىتى باشقىلارغا ئۇنىڭ مېيىپلىكىنى قىلچىمۇ چاندۇرمايتتى.

**مېيىت** ئى (ئە) ئۆلۈك، جەسەت، ھاياتلىقى ئاخىرلاشقان تەن: پېشىن مەھەللىدە مېيىت ئېلىپ مېڭىلدى.

**مېيىت نامىزى** ئىسلام دىنى قائىدىسى بويىچە، ئۆلۈپ كەتكەنلەرنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، يەرلىككە قويۇشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ ئۇ دۇنيالىق ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى تىلەپ، ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ ئوقۇلىدىغان ناماز.

**مېيىت ئۇزاتماق** مېيىتنى يۇيۇپ، نامىزىنى ئوقۇپ يەرلىككە قويماق، يەرلىككە قويۇپ كۆممەك: مەن ئاشۇ جىددىيچىلىكلەر سەۋەبىدىن مېيىت ئۇزاتقىلىمۇ چىقالمايلا قايتىپ كەلدىم.

**مېيىتخانا** ئى. مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن قويۇپ تۇرىدىغان ئۆي، جەسەت ئۆيى.

**مت** ئس. ئادەمنىڭ بىرەر ئەزاسىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ھەرىكەت قىلىش، مىدىرلاش ھالىتى.

**مت قىلماسلىق** ① مىدىر - سىدىر قىلماسلىق، جىمجىت تۇرۇش: ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. ئانا كەم سۆز بولۇپ قالدى. بەزىدە بىر يەرگە تىكىلىپ قارىغىنىچە كۆز قارىچۇقىنى مت قىلماستىن بىرەر سائەت شۇك ئولتۇرۇپ قالاتتى. ② پىسەنت قىلماسلىق: — چىق! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئىشىكنى كۆرسىتىپ، لېكىن ئۇ مت قىلىپمۇ قويمىدى.

**متە** ئى < زوئول > بىر خىل ھاشارات. يېتىلگىنىنىڭ تېنى قىزغۇچ قوڭۇر، بېشىنىڭ شەكلى پىل تۇمشۇقىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قالقان قانىتىنىڭ ئۈستىدە تۆت تال قوڭۇر قىزىل رەڭلىك يۇملاق سەپكۈنى بولىدۇ. يېتىلگىنى بىلەن لىچىنكىسىنىڭ ھەممىسى شال، بۇغداي قاتارلىق زىرائەت دانلىرىنى يەيدۇ. ئۇ ئاشلىق ئامبارلىرىدىكى ئاساسىي زىيانداشنىڭ بىرىدۇر.

**متەۋىلەشمەك** پ. دىئال. زاكونلاشماق، گەپ تالاشماق، دېيىشمەك.

**متتىدە** رەۋ. «مت» قىلىپ، «مت» قىلغان ھالدا: ئەتراپ شۇنچە قاراڭغۇ ئىدىكى، پۇتنى متتىدە يۆتكىسە غۇلاپ كېتىدىغاندەك ئىدى.

**متكوت** ئى. پۇتنىڭ ئوشۇق سۆڭىكىنىڭ تاسادىپىي ئورنىدىن يۆتكىلىپ كېتىش ھالىتى.

**متكوت بولماق** ئوشۇق سۆڭىكى تاسادىپىي ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتمەك.

**متكوت كەتمەك** ← **متكوت بولماق:** كىچىكىدە سەكرەپ ئويناپ يۈرۈپ ئوشۇقى متكوت كېتىپتىكەن.

**متلوس** ئى (لات) < زوئول > يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. قېپى ناھايىتى قېلىن بولۇپ، ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە، رەڭگى توق قوڭۇر كېلىدۇ. تېيىز دېڭىزلاردىكى قورام تاشلار ئارىسىدا ياشايدۇ.

**متلوس قۇلۇلىسى** < زوئول > ← **متلوس.**

**مت-مت** «مت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خېتىرە خېنىم كۆزلىرىنى مت-مت قىلىپ كېلىنىگە تىكىلدى.

**متىپللا** ئى (لات) < زوئول > قاسىراقلىق ھايۋان. تېنىنىڭ شەكلى تاشپاقا پۇتىغا ئوخشايدۇ، كالتىسىلىق قاپچۇقى بولىدۇ، پۇتنى قاپچۇق ئېغىزىدىن چىقىرىپ ئوزۇق تۇتىدۇ. دېڭىز قىرغاقلىرىدىكى تاش ئاراچلىرىدا ياشايدۇ.

**متىق-متىق** كىچىك باللارنىڭ كىچىك-كىچىك قەدەم ئېلىپ ئىتتىك مېڭىش ھالىتى.

**متىلداتماق** «متىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گاھ لەۋلىرىنى بارمىقىنىڭ ھەرىكىتىگە تەڭكەش قىلىپ متىلدىتاتتى.

**متىلداشماق** «متىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**متىلدىماق** پ. بىلىنەر - بىلىنمەس، ئاستا ھەرىكەت قىلماق؛ مىدىرلىماق: تىكلىمە ئەينەكتە غەم-ئەندىشە، تەنە، ياۋۇزلۇق بىلەن سۇس سېرىق رەڭدە متىلداپ تۇرغان كۆپكۆك نۇرسىز بىر جۈپ كۆز ئۆزىگە قاراپ تۇراتتى.

**مجەز** ئى (ئە) ① ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان خاراكتېرى، خۇسۇسىيىتى، خۇلقى: ئاسىم ئۇنىڭ مجەزىنى بىلەتتى، ئۇلار ھەممىسلا كونا ئاكتىپلاردىن بولۇپ، تۇرسۇن ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تېز ئۆسكەنلىرىدىن بىرى. * تويدىن كېيىن بەزى مجەزلىرىم ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. ② ئادەم

ئورگانىزمنىڭ تەبىئىيتى: مىجەزى ئىسسىق. مىجەزى سوغۇق. ③ سالامەتلىك؛ كەيپىيات: مەن ئاغرىپ قالدىم، تازا مىجەزىم يوقتەك تۇرىدۇ.

**مىجەزى بوش** ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا خاهىشى يوق؛ تەييارلىقى ياخشى ئەمەس: — ئاي-هاي، قانداق يولۋاس مىجەز يىگىت، مىجەزىڭىز بەكلا بوشقۇ، — دېدى ئايخان. ② سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس، مىجەزى پەس.

**مىجەزى پەس** تەن-سالامەتلىكى، كەيپىياتى تازا ياخشى ئەمەس: — هوي قادىر بۈگۈن نېمە بولدىڭىز مىجەزىڭىز پەسقۇ؟ — دېدى ئالىم.

**مىجەزى پىتىر** كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، سولاش: — ئاخشام سەل جىق ئىچىپ قويۇپتىكەنمەن مىجەزىم پىتىر تۇرىدىغۇ بۈگۈن — دەپ كېرىلدى ئاسىم.

**مىجەزى تۈز** ئوچۇق، ئاشكارا، كۆڭلىدە نېمە بولسا، ئاشكارا دەيدىغان: ئۇ مىجەزى تۈز ئادەملەرنى ياخشى كۆرەتتى.

**مىجەزى چۈس** خۇيى يامان، تېرىككەك، جىلىخور: — پاھ نېمىدېگەن مىجەزى چۈس ئادەم بۇ.

**مىجەزى قوداڭشىماق** خاپا بولماق، غەزىپى كەلمەك، ئاچچىقلانماق: مىجەزى قوداڭشىپ تۇرغان ئەسكەر بېشى ئاخۇنۇمنى سىلكىۋېتىپتۇ. * بۇ ئىش ئېسىمگە كېلىش بىلەن مىجەزىم تېخىمۇ قوداڭشىپ كەتتى.

**مىجەزى ئوسال** خۇيى يامان، قىلىقى ئەسكى: مەن ساڭا ئېيتىپ قوياي، نەزەر شاهنىڭ مىجەزى ئوسال، دېگىنىنى قىلمىساڭ يامان ئاقىۋەتكە قالىسەن.

**مىجەزى ئىنتىك** ← **مىجەزى چۈس**: — راست، — دېدى دوستۇم گەپ ئارىلاپ، — سىنىڭ مىجەزىڭ ئىنتىك بولۇشىغا قارىماي قىزلار ساڭا يېپىشىۋالدى، چۈنكى سەن ئاق كۆڭۈل، ئوغۇل بالىدەك غۇرۇرۇڭ بار يىگىت.

**مىجەزى يوق** ساقىسىز، كېسەل: ئەپەندىمنىڭ مىجەزى يوق بولۇپ قېلىپ، تېۋىپقا بارسا، تېۋىپ غاز شورپىسى ئىچىشنى بۇيرۇپتۇ.

**مىجەزى يېنىك** ← **مىجەزى چۈس**: ئۇ مىجەزى يېنىك ئادەم، ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ يېنىكلىكى ئاخىرى بېشىغا چىقىدۇ.

**مىجەز-خۇلق** مىجەز ۋە خۇلق: مەن ئۇلاردىن خوتەنلىكلەرنىڭ مىجەز-خۇلقى توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم.

**مىجەزلىك** سۈپ. مىجەزى بار، مەلۇم بىر مىجەزدىكى: غەلىتە مىجەزلىك ئادەم. * ئۇ قەيسەر مىجەزلىك، بىرەر ئىشقا ئاسانلىقچە يول قويمايدىغان بولغاچقا، ئۆز قىزىنىڭ غەلىتە مىجەزىگە قاراپ ئىش قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى ئۆز كۆڭلىگە پۈكۈپتۇ.

**مىجىتماق** «مىجىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىجىشماق** «مىجىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆرۈكنىڭ پىشقىنىنى ئالىمىز دەپ بىر سېۋەت ئۆرۈكنىڭ ھەممىسىنى بارماقلىرى بىلەن مىجىشىپ بولدى.

**مىجىق** سۈپ. مىجىلغان، يانجىلغان، ماكچايغان: مىجىق چېلەك. مىجىق داس.

**مىجىقى چىقماق** مىجىلىپ كېرەكسىز بولماق، بۇزۇلماق: ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا مىجىقى چىقىپ كەتكەن بىر داس يۆلەكلىك تۇراتتى.

**مىجىقلاتماق** «مىجىقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىجىقلاشماق** «مىجىقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىجىقلانماق** «مىجىقلىماق» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: مەن مىجىقلىنىپ يىرتىپ تاشلانغان قەغەز پارچىلىرى ئارىسىدىن جەمىلەنىڭ بەختسىز خېتىنى تاپتىم.

**مىجىقلىماق** پ. مىجىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، سىقماق، مىجىماق: مەن قولۇمدىكى گۆشنى مىجىقلىغان پېتىم، ئاستا-ئاستا يىراقلاپ كېتىۋاتقان ئانىغا قاراپ تۇرۇپ قالدىم. * بوۋاي گويا توقماق يېگەندەك بېشىنى ياستۇققا تاشلىدى، خۇددى قىزلىرىنىڭ چېچىنى تۇتماقچى بولۇۋاتقاندەك يوتقانىنى كەلسە-كەلمەس مىجىقلىغىلى تۇردى.

**مىجىگەن** ئى. سىرتى ئاساسەن سىرىق، قارا يولى بار، تورلىشىپ پىشىدىغان، ئۇزۇن ساقلاشقا بولىدىغان ئېتى چۈرۈك قوغۇن.

**مىجىلماق** «مىجىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالماس يېنىپ باشقا گەپ قىلمىدى، قىزنىڭ مىجىلغان بېشى تېخىچىلا ئۇنىڭ قولىدا ئىدى. * ئۇنىڭ چاڭگىلىدىكى بۇ پۇللار پۈرلىشىپ مىجىلىپ، ئاللىقاچان پىتىدىن چۈشكەنىدى.

**مىجىماق** پ. سىقماق، ئەزمەك، يانجىماق ماكچايتماق: ئۇ قولىدىكى تاماكىنى مىجىپ ئۆچۈردى. * ئۇ داسنى بىرنى تېپىپ مىجىۋەتتى. * ئۇ قېيمىنى مىجىپ دورا-دەرماننى تەڭشىدى.

**مىچ** تەق. تەركىبىدە سۇ بىرقەدەر كۆپ بولغان نەرسىلەرنى دەسسىگەندە ياكى تۇتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**مىچچىدە** رەۋ. «مىچ» قىلىپ، «مىچ» قىلغان ھالدا: مىچچىدە دەسسىمەك. مىچچىدە ئېزىلمەك.

**مىچ-مىچ** «مىچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مىچۇرىن** ئى. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى (1855ــ1935). ئۇ ئىلمىي دارۋىنىزم بىئولوگىيىسىنى يېڭى باسقۇچقا كۆتۈرگەن.

**مىچۇرىن تەلىماتى** <بىئول> سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىئولوگىيە ئالىمى مىچۇرىن (Иван Владимирович Мичурин) ياراتقان بىر خىل ئىرسىيەت تەلىماتى. ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزىرى: جانلىقلار بىلەن تۇرمۇش شارائىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دىئالېكتىكلىق بىرلىكتۇر. تۇرمۇش شارائىتىنى ئۆزگەرتكەندىلا، ئاندىن جانلىقلارنىڭ ئىرسىي خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتكىلى، يېڭى تىپلارنى ياراتقىلى ۋە ئېرىشىلگەن خۇسۇسىيەتلەردىمۇ ئىرسىيەت قالدۇرغىلى بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ تەلىماتنىڭ كونكرېت مەزمۇنى سۇنئىي چېتىشتۇرۇش، جانلىقلارنى نىشانلىق يېتىشتۇرۇش ۋە سۇنئىي تاللاش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مىچىلداتماق** «مىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىچىلداشماق** «مىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىچىلدىماق** پ. مىچ قىلماق، مىچ قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: مىچىلداپ يىغلىماق.

**مىخ** ئى (پ) ئىككى نەرسىنى بىر-بىرىگە چېتىش، بىرىكتۈرۈش، چىڭىتىش ئۈچۈن قېقىلىدىغان بىر تەرىپى ئۇچلۇق يەنە بىر تەرىپى قالپاقلىق مېتال بۇيۇم: مىخ قاقماق. * ئۇ ھەدەپ بۇزۇلغان ئورۇندۇقنىڭ مىخلىرىنى سوغۇرۇۋاتاتتى.

**مىخ سەندەل** ← **دوكپايە.**

**مىخ قېلىپى** مىخنىڭ قالپىقىنى چىقىرىدىغان قېلىپ.

**مىخ مەتبەئە** <مەت> بېسىش

مەشغۇلاتى قوغۇشۇن ھەرپ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مەتبەئە. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن ھەرپ تىزىلىپ، ئىستېرىئوتىپقا ئېلىنغاندىن كېيىن، قايتا قوغۇشۇن بەت قۇيۇپ چىقىلىدۇ.

**مىخ يېزىق** <تىل> قەدىمكى سومېر خەلقى ئىجاد قىلغان بىر خىل يېزىق. ئۇ مىلادىيىدىن 3500 يىل بۇرۇنلا مەۋجۇت بولۇپ، ئېلىمىزدىكى چىغناق-تاغاق يېزىقىدىن 2000 يىل بۇرۇن پەيدا بولغان. بۇ يېزىق ياغاچ، تاش ۋە خىش تاملارغا ئويۇپ يېزىلغان، مىلادىيىدىن بۇرۇنلا ئوتتۇرا ئاسىياغا خېلى كەڭ تارقالغان، بابىلونلۇقلار ۋە بەزى پارس ئەللىرى ئۇنى قوللانغان. مىخ يېزىق ئەسلىدىكى تەقلىدىي يېزىق شەكلىدىن بارا-بارا بوغۇملۇق يېزىققا، ئاندىن تاۋۇشلۇق يېزىققا قاراپ تەرەققىي قىلغان. بىراق مىلادىيىدىن كېيىن بۇ يېزىقنى كىشىلەر ئانچە قوللانمايدىغان بولۇپ قالغان.

**مىختا** سۈپ. دىئال. پۇختا، چىڭ.

**مىختەك** سۈپ ① مىخقا ئوخشاش، مىخقا ئوخشايدىغان، مىخ شەكىللىك: مىختەك بىرنېمە. ② كۆچمە. چىڭ: مىختەك تۇرماق.

**مىختەك قادالماق** كۆزىنى ئۈزمەي قارىماق، تىكىلىپ قارىماق: قانچە ئونلىغان غەزەپلىك كۆزلەر ئۇنىڭغا مىختەك قادالغان ئىدى. * ئۇنىڭ كۆزلىرى گۈلچىمەنگە مىختەك قادىلىپ قالغانىدى.

**مىختەك ئولتۇرماق** زېھنىنى يىغىپ، قادىلىپ، ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرماق: تاماقتىن كېيىن مىختەك ئولتۇرۇپ كىتاب كۆرىمەن، يازىمەن.

**مىخقا ئۇسسۇۋالماق** توسقۇنلۇققا ئۇچرىماق، دەككىسىنى يېمەك: ئۇ بۇ ئىككى ئورۇندا مىخقا ئۇسسۇۋالغاندىن كېيىن، گاڭگىراپ قالغانىدى. * ئەگەر ئەقىل-پاراسىتىڭ كەم بولسا، نەگىلا بارما مىخقا ئۇسسۇۋالىسەن.

**مىخلاپ** «مىخلىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**مىخلاپ قويغاندەك** ھەرىكەت قىلماي، قىمىر-سىدىر قىلماي: تىللاخان تۇرغان جايىدا مىخلاپ قويغاندەك تۇراتتى.

**مىخلاتماق** «مىخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شا مەخسۇت ئوردا ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇپ، دەرۋازىنى ئىچىدىن مىخلىتىپ، ئورۇمچىدىن ياردەم كەلگۈچە ساقلاپ ياتماقچى بولۇپتۇ.

**مىخلاشماق** «مىخلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىخلاقلىق** سۈپ. مىخلانغان، مىخلاپ قويۇلغان: تامدا بىرنەچچە پارچە تېرە مىخلاقلىق تۇراتتى.

**مىخلانماق** «مىخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك-دېرىزىلەر مەھكەم مىخلانغان بولۇپ، ئۆيگە ئادەم تۇرماق بىر تال چىۋىنمۇ كىرەلمەيتتى.

**مىخلىق** سۈپ. مىخى بار، مىخ ئورنىتىلغان، مىخ قېقىلغان: مىخلىق ئاياغ.

**مىخلىق ئاياغ** <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان ئاياغ. ئادەتتە ئاياغنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىرنەچچە پولات مىخ ئورنىتىلىدۇ، سەكرەش تۈرلىرىنىڭ بولسا ئۆكچە تەرىپىگە يەنە ئىككى مىخ ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭ تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ يەرگە دەسسەپ كۈچىشى ۋە نەتىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە ياردىمى زور بولىدۇ.

**مىخلىماق** پ. مىخ بىلەن مەھكەملىمەك، چىڭىتماق؛ مىخ قاقماق: ساندۇق مىخلىماق.

* سىرچى قىزىل دۇردۇننىساندۇقنىڭ ئاغزىغا ياغاچ مىخ بىلەن چىڭ مىخلاپ، ئاندىن ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ياپتى ۋە ئۇنىڭ ئاراشلىرىغا گەج سۇرتۇشكە باشلىدى.

**مىدىر** تەق. بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىنغان ھەرىكەت، قىمىر: مىدىر قىلماسلىق.

**مىدىر قىلماق** مىدىرلىماق، قىمىرلىماق: قىز ناھايىتى جىددى، چۈنكى مىدىر قىلسىلا دۈشمەن سېزىپ قالاتتى. * ئۆينىڭ ئىچى ھەر تۈرلۈك ئاۋازلارغا تولۇپ، قۇلاقنى يارغۇدەك ئاۋۇشلار ئاڭلىنىپتۇ، ئەمما قىز پادىشاھ مىدىر قىلماپتۇ.

**مىدىر-سىدىر** مىدىر قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەر: مىدىر-سىدىر قىلماسلىق.

**مىدىر-سىدىر قىلماسلىق** پەقەتلا ھەرىكەت قىلماي جىمجىت تۇرماق، قىمىرلاپمۇ قويماسلىق: پارتىزانلار ئۆز ئورنىدا مىدىر-سىدىر قىلماستىن يېتىپ، دەريانىڭ نېرىقى تەرىپىگە جىددىي كۆز تىكمەكتە ئىدى.

**مىدىرلاتماق** «مىدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دەرەخنىڭ ئۇششاق شاخلىرىنى مىدىرلىتىپ قاراۋۇللۇققا يېڭىدىن ئالمىشىپ چىققان ئادەمنى كۆردى. * ئۇ گەۋدىسىنى سەل-پەل مىدىرلىتىپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.

**مىدىرلاشماق** «مىدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆگزە ئۈستىدە بىرنەچچە قارا كۆلەڭگە قۇرتتەك مىدىرلاشماقتا ئىدى.

**مىدىرلىتىلماق** «مىدىرلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆتەك مىدىرلىتىلدى.

**مىدىرلىماق** پ. ھەرىكەت قىلماق، قوزغالماق، سىلجىماق، تەۋرەنمەك، قىمىرلىماق: ئۇنىڭ لەۋلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس مىدىرلىدى. * ئانا ئازراق كۆتكەن بولسىمۇ، ئوغلى ئولتۇرغان جايىدىن مىدىرلاپمۇ قويمىدى.

**مىدىر-مىدىر** «مىدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىدىر-مىدىر قىلماق.

**مىدىرىماق** (توغرىسى: مىدىرلىماق) ← **مىدىرلىماق**.

**مىدىق** ئىم. كىچىك-كىچىك قەدەم ئېلىپ ئىغاڭلاپ، تېز-تېز مېڭىش ھالىتى (كۆپىنچە كىچىك باللارنىڭ).

**مىدىقلىماق** پ. كىچىك-كىچىك قەدەم ئېلىپ تېز-تېز ماڭماق، ئىغاڭلىماق: مىدىقلاپ ماڭماق.

**مىراب** ئى (ئە+پ) كونا جەمئىيەتتە سۇ باشقۇرىدىغان كىشى: قۇرۇق ئۈستەڭگە مىراب بولماق. * مەككىنىڭ مىرابىدەك، قاپقارادۇر قاشلىرىڭ. لەيلى-مەجنۇن تالىغا ئوخشاش، ئىككى زۇلپى چاچلىرىڭ.

**مىراب بېگى** كونا جەمئىيەتتە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مىرابلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بەلگىلىگەن مەنسەپدار: بۇ بىر توپ كىشىنىڭ ئىچىدە ۋاڭنىڭ دېھقانچىلىققا مەسئۇل تەيجىسى، شەھەر دورغىسى، مىراب بېگى، كۆكبېشى، خەتچىلەر بار ئىدى.

**مىرابلىق** ئى. مىراب قىلىدىغان ئىش، سۇ باشقۇرۇش ئىشى: توختى شۇجى سۇ پونكىتى قۇرۇپ مىرابلىق قىلمەن دەۋاتقىنى يوققۇ؟

**مىراخور** ئى (ئە+پ) كونا. خان، پادىشاھ ئوردىلىرىدىكى ئات باقارلار باشلىقى.

**مىراس** ئى (ئە) ① ئۆلگەنلەردىن قالغان مال-مۈلۈك: ئاتا كەسپى بالىغا مىراس (ماقال). * شۇندىن كېيىن بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن دادىسىدىن مىراس قالغان يېزىدىكى ھېلىقى بىر ئېغىز ئۆيى بار كىچىك بېغىنى كۆچۈپ چىققانىدى. ② ئۆتكەنلەردىن كېيىنكىلەرگە قالغان ئىلمىي، ئەدەبىي، مەدەنىي، كەسپىي ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئائىت

نەرسە، بايلىق: قەدىمىي ئەسەرلەرنى يىغىش، رەتلەش ئارقىلىق تارىخىي مىراسلىرىمىز يوقىلىش گىردابىدىن قۇتقۇزۇۋېلىندى.

**مىراس ئالماق** مىراسقا ئىگە بولماق: مەنمۇ سىلەر بىلەن بىللە مىراس ئالغانىدىم.

**مىراس بېجى** < قا > ① ۋەسىيەت قالدۇرمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش قانۇنىغا ئاساسەن، مىراسخور ياكى ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلىش ئىمتىيازىغا ئېرىشكەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىنىدىغان باج. باجنىڭ ئاز كۆپلۈكى مىراسخور قوبۇل قىلغان مال-مۈلۈكنىڭ قىممىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ ھەمدە مىراسخورنىڭ ئۆلگۈچى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى قانچە يىراق بولسا، ئېلىنىدىغان باج نىسبىتىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ② ئۆلگۈچىنىڭ مال-مۈلۈك، مىراسخورلۇق، ھوقۇقى قاتارلىقلارنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بەرگەنلىك مۇناسىۋىتى بىلەن ئېلىنىدىغان باج.

**مىراس قالماق** ئۆلگەنلەرنىڭ مال-مۈلۈك، بايلىقى بالا-چاقا تۇغقانلىرىغا قالماق، شۇلارنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتمەك: بەختىمىزگە يارىشا ئىككىمىزنىڭ ئاتا-ئانىسىدىن ھاجىتىمىزدىن چىققۇدەك مال-دۇنيا، ئۆي-بىسات مىراس قالغانىدى.

**مىراسخور** ئى (ئە+پ) مىراسقا ۋارىسلىق قىلغۇچى: ئۇنىڭ مىراسخورلىرى بولمىغاندىن كېيىن، سۇلتان ئۇنىڭ مال-مۈلكىنى خەزىنىگە ئېلىپتۇ.

**مىراسخورلۇق** «مىراسخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ دادىسىنىڭ ئىگىلىكىگە مىراسخورلۇق قىلىپلا قالماي، دادىسىنىڭ يۈز نەچچە پارچە كىتابىغىمۇ ۋارىسلىق قىلدى.

**مىراسنامە** ئى ← **ۋەسىيەتنامە**: باي مال-مۈلۈك، ئۆي-سەرەمجانلىرىنى ئىككىگە ئايرىپ، مىراسنامە يېزىپ، چوڭ ئىككى ئوغلىغا بېرىپتۇ.

**مىراسىي** سۈپ. مىراس بولۇپ قالغان: مىراسىي كېسەل.

**مىراسىي كېسەل** ئىرسىيەت خاراكتېرلىق كېسەل: روھىي كېسەللەر، بىرقىسىم مىراسىي كېسەللەر كۆپىنچە باشقىلار تەرىپىدىن سېزىلىدۇ.

**مىراقۇل** (توغرىسى: مىراخور) ← **مىراخور**.

**مىرت** تەق. سىلىق نەرسىلەرنىڭ قولدىن تېز چىقىپ كېتىشىدىن پەيدا بولغان ئاۋاز.

**مىرتتىدە** رەۋ «مىرت» قىلىپ، «مىرت» قىلغان ھالدا: ئۇ ھۆل قولى بىلەن سويۇننى تۇتقان ئىدى، قولىدىن مىرتتىدە چىقىپ كەتتى.

**مىرت-مىرت** «مىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**مىرزا** ئى (ئە+پ) ① كونا. پۈتۈكچى، كاتىپ: بىركۈنى ئۇ بالا مىرزىغا ئەگىشىپ ئوردىغا كىرىپتۇ، ئۇنى پادىشاھ كۆرۈپ ياخشى كۆرۈپ قېلىپتۇ. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**مىرزىخانا** ئى (ئە+پ) مىرزىلار ئىش قىلىدىغان ئۆي، كاتىبات ئىشخانىسى: ئۇنىڭ تەرەپتىكى شىرەلەرگە مىرزىخانىغا لازىملىق قەلەمدان، قەغەز، مىكە تاشلار قويۇلغان.

**مىرزىگۈل** ئى(مىرزا+گۈل) < بوت > ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ئۆسۈپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، تولۇق پەيسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ ھەم كۈزدە ئېچىلىدۇ، رەڭگى سېرىقتىن توخۇم

سېرىقىغىچە بولىدۇ. گۈلى چوڭ ھەم چىرايلىق بولۇپ، ئېچىلىش ۋاقتى ئۇزۇنراق بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**مىرشەپ** ئى (ئە+پ) كونا. بۇرۇنقى ۋاقىتلاردىكى كېچىلىك ئامانلىقنى ساقلىغۇچى كىشى: بىركۈنى كېچىسى ئەپەندىم بازاردا كېتىپ بارسا، ئۇنى مىرشەپ تۇتۇۋاپتۇ.

**مىرشەپ بېگى** مىرشەپلەرنى باشقۇرىدىغان كىشى، مىرشەپلەرنىڭ باشلىقى: يامۇل بېگىنىڭ ئەمرىنى ئاڭلىغان مىرشەپ بېگى بەش-ئالتە مىرشەپنى ئەگەشتۈرۈپ چارلاشقا چىقىپتۇ.

**مىرشەپلىك** ئى. كېچىلىك ئامانلىقنى ساقلاش ئىشى: بوۋاي ئەھۋالنى پادىشاھقا يەتكۈزگەنىكەن، پادىشاھ خۇرسەن بولۇپ، ۋەدىسى بويىچە بوۋايغا شەھەرنىڭ مىرشەپلىك ئەمەلىنى بېرىپتۇ.

**مىرغەزەپ** ئى (ئە) كونا. مەھبۇسلارنى ئۇرۇپ جازالايدىغان كىشى؛ زىندان نازارەتچىسى: ياساۋۇللار پادىشاھنىڭ ھۆكۈمىنى بەجا كەلتۈردى، غېرىپقا جاللات مىرغەزەپلەرنى قوشۇپ پالىماقچى بولدى.

**مىرغىزار** ئى (پ) يېزت. ئوتلاق، يايلاق، چىمەنزار: ئانامدەك مېھرىبان كوئىنلۇن تېغى، سېنى مەن قايتىلاپ يوقلاشقا كەلدىم. چاڭقىغان چۆللەردە مىرغىزار ياساپ، گۈل ئاچقان ئەجرىڭنى قۇتلاشقا كەلدىم.

**مىرغىزارلىق** سۈپ. ئوتلاق، يايلىقى بار: مىرغىزارلىق باغ-ئارامدا، بىر گۈلى رەنا ئىدىڭ. بۇ جاھاننىڭ سەھنىسىدە، گۆھىرى يەكتا ئىدىڭ.

**مىرقىراتماق** «مىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىرقىراشماق** «مىرقىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىرقىرىماق** پ. ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق (باللار ھەققىدە): — بۇ يەردە بىركىم ئۆلمىگەندىن كېيىن، تولا مىرقىرىمساڭچۇ، — دەپ زەردە بىلەن سىلكىشلىدى ئانا بالىسىنى.

**مىرۋەت** ئى ← **ئەرگۈل.**

**مىرىكا** ئى (ر <لات ) < بوت> ← **مىرىكا دەرىخى.**

**مىرىكا دەرىخى** < بوت > مىرىكا دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن، گۈلى بىغىر رەڭدە، ئاتىلىق ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ. مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ ياكى ئاق بولۇپ، يۈزىدە دانىچىسمان قاپارتقۇلىرى بولىدۇ، تەمى تاتلىق يېگىلى بولىدۇ.

**مىرىڭ** سۈپ. دىئال. يىغلاڭغۇ.

**مىزاج** ئى (ئە) ئادەمنىڭ تەبىئىتى، مىجەز: مۆتىدىل مىزاج. غەيرىي مىزاج.

**مىزان** ئى (ئە) ① تارازا، جىڭ: مىزانغا سېلىپ ئېغىرلىقىنى ئۆلچىمەك. * ئېشىڭنى ئۆلچەشكە نەدىكى ۋاقىت، ئېيتقىنا، خاتامۇ ئېيتقان سۆزىمىز، ھەر يىلى باھالاپ نەچچە خامانىنى، مىزانغا ئايلانغان بىزنىڭ كۆزىمىز. ② < ئاستر > مىزان بۇرجى. ③ شەمسىيە يىل ھېسابىدا 7-ئاينىڭ ئەرەبچە نامى. ④ كۆچمە. سۆز ھەرىكەت قاتارلىقلار ۋە ئۇلارنى باھالاشتا ئاساسلىنىدىغان پرىنسىپ ياكى ئۇلارنىڭ ئۆلچىمى، نورمىسى ياكى قېلىپى: ھەرىكەت مىزانى. ئەخلاق مىزانى. * مېھنەت — كىشى قەدىر-قىممىتىنىڭ مىزانىدۇر. * — سادىق، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى جۇمە ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، شىرە ئالدىدا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مېڭىشقا باشلىدى، — مېنىڭ مىزانىم — پارتىيىنىڭ

باشلىدى، ــ مېنىڭ مىزانىم ــ پارتىيىنىڭ ئىنتىزامى، ۋەزىپەم پارتىيىنىڭ سىياسىتىنى قەتئىي ئىجرا قىلىش.

**مىزان بۇرجى** < ئاستر > ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ يەتتىنچىسى. بەلگىسى ♎. ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى °180 تىن °210 قىچە. ئەسلىي ئورنى مىزان يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 9-ئاينىڭ 24-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم كۈزلۈك كۈن تەڭلىكى بولىدۇ.

**مىزان يۇلتۇز تۈركۈمى** < ئاستر > ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 15 سائەت 10 مىنۇت؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى °15-، يەنى سۇنبۇلە يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن ئەقرەب يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**مىزگان** ئى. ھەربىي ئىشلاردا ئاددىي سىگنال ئارقىلىق خەۋەرلىشىشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. ئۇنىڭدا بەلگىلەنگەن ئاھاڭلار بولۇپ، ئۇ بەلگىلىك مەزمۇننى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ ئاساسەن قىسقا بۇيرۇق، دوكلاتلارنى يەتكۈزۈش، دۈشمەن بىلەن ئۆزنى پەرقلەندۈرۈش ۋە سىگنال بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**مىزگانچى** ئى. مىزگان چالىدىغان كىشى.

**مىژ** ① تەق. نۇرغۇنلىغان ئادەم ۋە ئۇششاق نەرسىلەرنىڭ تەرتىپسىز ھەرىكەت قىلىش ھالىتى. ② سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى جىق، بەك تولا: ئۇ يەردە ئادەم دېگەن مىژ.

**مىژىدە** رەۋ. «مىژ» قىلىپ، «مىژ» قىلغان ھالدا: شاپاققا چىۋىن مىژىدە يىغىلدى.

**مىژگان** ئى (پ) يېزت. كىرپىك: ئاتتى مىژگان ئوقلىرىنى ئىككى قاراقچى كۆزلىرى، بولدى بۇ جىسمىم زەئىپ باغرىمە كار ئەيلىگەچ. * قاراپ قالدىم ئاجايىپ ئۇز سەنەمگە، گويا مىژگان ئوقى تەگدى سىنەمگە.

**مىژ-مىژ** «مىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بازاردا ئادەم مىژ-مىژ ئىدى.

**مىژىلداشماق** «مىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىژىلدىماق** پ «مىژ-مىژ» قىلماق: ئېگىزلىكتە ئاتلىق ۋە پىيادە ئەسكەرلەر خۇددى چۈمۈلىدەك مىژىلداشقا باشلىدى. * قەشقەرنىڭ تار كوچىلىرىدا ئادەم مىژىلداپ يۈرەتتى.

**مىس** I ئى (پ) < خىم > مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cu (Cuprum). قىزغۇچ قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، كۈچلۈك سوزۇلۇشچانلىققا، ئېلېكتر ئۆتكۈزۈشچانلىققا ھەم ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىققا ئىگە كېلىدۇ. ئۇنىڭ قېتىشمىسى ئېلېكتر سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى ۋە دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى قاتارلىقلارنىڭ ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**مىس ئەينەك** < ئارخېئول > قەدىمكى تۇرمۇش بۇيۇملىرىدىن بىرى. ئەينەك كەشپ قىلىنىشتىن بۇرۇن كىشىلەر ئۆز ئەكسىنى كۆرۈش ئۈچۈن مىستىن ئەينەك ياساپ ئىشلەتكەن.

**مىس باش** ① چېچى ساپسېرىق كىشى. ② جاراھەت ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بېشىغا چاچ ئۈنمىگەن، غىلتاڭ، تاقىر: باي زاغۇن يىغىنى قىزىتىپ مورىنىڭ قۇرۇمى بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بالىسىنىڭ بېشىغا سۈركەشكە كىرىشىپتۇ، بىر ئايدىن كېيىن بايۋەچچىنىڭ بېشى مىس باش بولۇپ ساقىيىپتۇ.

بۇلغىشى. مىس ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر ئېلېمېنت، بىراق مىسنىڭ مىقدارى ئېشىپ كەتسە، جانلىقلار ۋە ئادەم ھاياتىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. سۇدىكى مىس تەركىبى $3mg/1$ دىن ئېشىپ كەتسە، غەيرىي پۇراق پەيدا قىلىدۇ؛ مىسنىڭ تۇپراقتىكى يىغىلىشى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى بولۇپمۇ شال، بۇغداينىڭ ئۆسۈشىگە پايدىسىز بولۇپلا قالماي، ئاشلىقنىمۇ بۇلغايدۇ.

**مىس جاللا** < مۇز > قەدىمكى ئۇيغۇر چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى. مىستىن ياسالغان.

**مىس چالغۇلىرى** < مۇز > مىستىن ياسالغان دۇخوۋوي چالغۇ-ئەسۋابلىرى. (بەزىدە باشقا مېتاللاردىن ياسالغانلىرىمۇ بولىدۇ). كۆپىنچە سىمفونىيە ئورکېستىرلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۆز ئالدىغا مۇزىكا ئەترىتى قىلىپ تەشكىللەشكىمۇ بولىدۇ. بۇنىڭغا كىرىدىغانلاردىن تروۋبا، كورنېت، ۋالتورنا، ئالت، تېنور، بارىتون، trombone، تۇبا قاتارلىقلار بار.

**مىس دېتى** < خىم > مىسنىڭ سىرتىدا ھاسىل بولغان يېشىل دات. مۇھىم تەركىبى ئاساسلىق مىس كاربونات بولۇپ، پاراشوك ھالەتتە بولىدۇ، زەھەرلىك ھەم رەڭلىك. پوجاڭزا ۋە بوياق ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىس رەڭ** < گ سەن > مىسنىڭكىگە ئوخشاش قىزغۇچ بېغىر رەڭ.

**مىس سۇلفات** < خىم > ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CuSO_4$. ئېرىتمىسىدىن بەش مولېكۇلا سۇ تۇتۇپ كرىستاللىنىدۇ. كرىستالى كۆك رەڭلىك بولۇپ، $100°$ تىن يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا كرىستاللىزاتسىيە سۈيىنى يوقىتىشقا باشلايدۇ. بۇ چاغدا $CuSO_4 \cdot 4H_2O$، كېيىن $CuSO_4 \cdot 3H_2O$ ۋە $CuSO_4 \cdot H_2O$ گە ئايلىنىدۇ؛ $250°$ تا تامامەن سۇسىزلىنىدۇ؛ $653°$ تا $CuO$ بىلەن $SO_3$ غا ئايلىنىدۇ. بىر لىتىر سۇدا، $20°$ دا 1.3 مول ئېرىيدۇ. مىس سۇلفات مېتاللارنى مىس بىلەن قاپلاش، مىنېرال بوياق تەييارلاش، يېزا ئىگىلىكىدىكى زىيانداشلارنى يوقىتىش ھەم ئۇرۇق تاللاشتا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**مىس قورال** مىستىن ياسالغان تۈرلۈك قورال-جابدۇقلار.

**مىس قورال دەۋرى** < تارىخ > تاش قورال دەۋرىدىن كېيىنكى، تۆمۈر قورال دەۋرىدىن ئىلگىرىكى دەۋر. بۇ دەۋردە، ئىنسانىيەت مىستىن ياسالغان قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلگەن، دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىق غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مەملىكىتىمىزدە مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 2000-يىللار ئۆپچۆرىسىدىلا مىس قۇيما جابدۇقلارنى ئىشلىيەلىگەن.

**مىس كەپشەر** مىس بىلەن قىلىنغان كەپشەر.

**مىس ماشا** مىستىن ياسالغان ماشا، قىسقۇچ.

**مىس ئۇرانلىق چىرىمتال** < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Cu[UO_2]_2[PO_4]_2 \cdot 12H_2O$. تۆت ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى ناھايىتى ئۇششاق ۋە تۆت ياقلىق تاختا شەكىللىرىدە كېلىدۇ. قۇراشمىسى قاسىراقسىمان ياكى ياپراقسىمان بولىدۇ. رەڭگى يېشىل، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، چۈرۈك ۋە سۇزۇك كېلىدۇ. قاتتىقلىقى 2—2.5؛ سېلىشتۇرما

ئېغىرلىقى 3.2ــــ3.6 .

**مىس** II تەق. ھەرىكەتنىڭ بەك ئاستا قىلىنىش ھالىتى (ئادەمنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە) .

**مىسال** ئى (ئە) ① مەلۇم بىر مەسىلىنى، كۆزقاراشنى ياكى ھادىسىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلغان دەلىل، ئىسپات، نەمۇنە، ئۆرنەك، ئەندىزە: بۇ روماندا ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىغا دائىر نۇرغۇن مىساللار بار. * مۇھەببەتنىڭ بولار يامغۇرى، قارى. مۇھەببەت بىر گۈزەل شېئىر مىسالى. ② ئوقۇغۇچىلارغا ماتېماتىكا دەرسىدە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىشلىشى ئۈچۈن بېرىلگەن سانلىق (رەقەملىك) فورما: ئىمتىھاندا ماتېماتىكىدىن ئىككى مەسىلە، ئۈچ مىسال چۈشتى.

**مىسال قىلماق** نەمۇنە قىلماق، ئۈلگە قىلماق: پەرىدەم خىزمەتتە قابىل بولسىمۇ يەنىلا پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، تىرىشىپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا مىسال قىلىپ كۆرسەتتى.

**مىسالەن** رەۋ. جانىت ← **مەسىلەن**: مېنىڭچە ئۆزىمىزمۇ ئانچە-مۇنچە ھەرىكەت قىلساقمىكىن دەيمەن. مىسالەن دېسەم، ئۆزىمىزنىڭ قولىدىن كېلىدىغان ياغاچچىلىق، موزدۇزلۇق قاتارلىق ئىشلارنى ئۆزىمىز قىلساق.

**مىستىتسىزم** ئى(ر< گرېك)< پەلس > مىستىكىغا، تەسەۋۋۇپقا ئاساسلانغان ئىدېئالىستىك دىنىي دۇنيا قاراش؛ مىستىكىغا مايىللىق: مىستىتسىزم روھىدىكى ئەسەر.

**مىسترىيە** ئى (ر< گرېك) < ئەد > دەسلەپكى ۋاقىتلاردا چېركاۋلاردا، كېيىنكى ۋاقىتلاردا خەلق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى سۈپىتىدە فرانسىيە، ئەنگلىيە قاتارلىق مەملىكەتلەردە لاتىن تىلىدا ئوينالغان ئوتتۇرا ئەسىر دراممىسى. ئۇنىڭ مەزمۇنى بىرەر دىنىي ئەپسانىنى سەھنىلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**مىستىكا** ئى (ر< گرېك) < پەلس > بىر خىل دىنىي ئىدېئالىزملىق دۇنيا قاراش. ئۇ ئادەم بىلەن ئىلاھ ياكى تەبىئەتتىن تاشقىرى كۈچ ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ئالاقە بولىدۇ ھەمدە مۇشۇنداق ئالاقە ئارقىلىق ئالەمنىڭ «سىرى» بىلىنىدۇ دېگەننى تەرغىپ قىلىنىدۇ.

**مىسرا** ئى (ئە) < ئەد > شېئىرىي ئەسەرلەرنىڭ ھەربىر قۇرى: ئۇنىڭ ھۆسن-جامالىدىن خەۋەر تاپقان بىر شائىر ئۇنىڭغا ئاتاپ مۇنداق ئىككى مىسرا شېئىر ئوقۇپتۇ.

**مىسرالىق** سۈپ. مىسرالاردىن تۈزۈلگەن، مىسرالاردىن تەركىب تاپقان: تۆت مىسرالىق شېئىر. ئىككى مىسرالىق شېئىر.

**مىسران** I ئى (ئە) ئىككى شەھەر.

**مىسران قىلىچ** بۇ قىلىچ ئىراقتىكى بەسرە، كوفى دېگەن ئىككى شەھەردە سوقۇلغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان: چىن تۆمۈر باتۇر مىسران قىلىچنى ئېسىپ، ئارغىماق ئېتىغا مىنىپ، كاپكاپ كۈچۈكنى ئەگەشتۈرۈپ ئوۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

**مىسران** II ئى. جۇۋازچىلىقتا كۈنجۈرىنى قومۇرۇپ ئالىدىغان ئىسكىنە تۆمۈر.

**مىسسىدە** رەۋ «مىس» قىلىپ، «مىس» قىلغان ھالدا.

**مىسسىئونېر** ئى(ر< لات)< دىن > خرىستىئان دىنىي جەمئىيەتلىرى تەرىپىدىن دىن تارقىتىشقا ئەۋەتىلگەن كىشى، خرىستىئان دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىسى.

**مىسقال** مق (ئە) ئوندىن بىر سەرگە، يەنى 4.68 گىرامغا تەڭ بولغان ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى: سۇغا سالسام سۇ كۆتۈرمەس، مىسقال تۆمۈرنى. ئالتۇن بېرىپ ئېلىپ بولماس،

قالغان كۆڭۈلنى.

**مسقالچه** رەۋ. كىچىككىنە، ھېچقانچە، پەقەتلا: ئادىمى ئالماشتىيۇ، يولى، تۈزۈمى ئالماشمىدى، سابىت دېگەننىڭ ئىشلىرى مسقالچىمۇ قاملاشمىدى.

**مسقالداكا** ئى (مسقال+داكا) ماتانىڭ سىلىقراق بىر تۈرى.

**مسقاللاپ** رەۋ ① بىر مسقال، بىر مسقالدىن؛ مسقال بىلەن: ئالتۇن دېگەننى جىڭلاپ ئالىدىغان نەرسە ئەمەس، مسقاللاپ ئالىدىغان نەرسە. ② كۆچمە. ناھايىتى ئاستا، ئاز-ئازدىن: كېسەل پاتمانلاپ كىرەر، مسقاللاپ چىقار (ماقال).

**مسقاللاتماق** «مىسقاللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مسقاللاشماق** «مسقاللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. .

**مسقاللىق** سۈپ ① مسقالنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلغان، مسقاللاپ تارتىدىغان: مسقاللىق تارازا. مسقاللىق جىڭ. ② مەلۇم مسقال ئېغىرلىقتىكى؛ مەلۇم مسقال كېلىدىغان: يىگىرمە مسقاللىق بىلەزۈك.

**مسقاللىماق** پ. مسقالنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ ئۆلچىمەك: ئالتۇننى مسقاللىماق.

**مسكانتۇس** ئى (ر< لات) < بوت > ← **مسكانتۇس ئوتى**.

**مسكانتۇس ئوتى** < بوت > باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. شەكلى قومۇشقا ئوخشايدۇ. يەر ئاستى غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، گۈل باشقى بېغىر رەڭ كېلىدۇ، سۇ ياقىلىرىدا ئۆسىدۇ. غولىدىن سېۋەت قاتارلىقلارنى توقۇغىلى بولىدۇ.

**مسكەر** ئى (پ) مىستىن ھەرخىل بۇيۇملار ياسايدىغان ۋە ئۇنى رېمونت قىلىدىغان ھۈنەرۋەن: مسكەر ۋە ئۇنىڭ ئوغلى مىڭ مۇشەققەتتە ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئانىسى يوق تۇرغۇدەك.

**مسكەرچىلىك** ئى ← **مسكەرلىك**.

**مسكەرلىك** ئى. مىستىن ھەرخىل بۇيۇم ياساش ۋە رېمونت قىلىش كەسپى: كارخانا ئىچىدىن مسكەرلىك قىلىۋاتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**مسكىن** (ئە) ① سۈپ. يوقسۇزلۇق، غەم-ئەندىشە تۈپەيلىدىن روھىي ھالىتى چۈشكۈنلەشكەن، غەمكىن، سولغۇن: رۇستەم بىرئاز جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇ ئۆز يارىنىڭ مسكىن قىياپىتىنى مانا بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتاتتى. * ئۇ ناھايىتى خىيالچان ۋە مسكىن ئىدى. ② ئى. كەمبەغەللىك، يوقسۇزلۇقتىن ئېغىر ئەھۋالدا قالغان، بىچارە ئادەم: مسكىن ۋە يېتىم-يېسىرلارنى يۆلەش ئىنساندىكى گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلەتتۇر.

**مسكىنلەشمەك** پ. مسكىن ھالەتكە كەلمەك، مسكىن بولماق: ئۆمۈر بويى پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن بۇ ئىككى قېرى كۈندىن-كۈنگە مسكىنلىشىپ باراتتى. * يۇرتىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىن چىقا-چىقمايلا ئەجەب مسكىنلىشىپ كەتتىڭقۇ، ئۇنىدىن كۆرە كۆڭۈلدىكىدەك بىر تېمىدا سۆزلىشەيلى!

**مسكىنلىك** «مسكىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: رازىيەنىڭ مىيىقىدا كۈلۈپ تۇرغان چىرايىدا بولسا بىر خىل يوشۇرۇن مسكىنلىك ۋە كۆڭلى يېرىملىق سېزىلەتتى.

**مسلى** (ئە) ① يۈك. بولۇشسىز جۈملىدە «پەقەت»، «زادى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مسلى كۆرۈلمىگەن ئىش. ② تىر. ... گە ئوخشاش، كەبى، خۇددى: كوھى دارا خۇددى جام، سۈبھى

زىياسى مسلى مەي، تازا مەيدەك بەخش ئېتەر جانغا هۇزۇر ئەتراپتا نەي. * نە ئۈچۈندۇر ئاي جامالىڭدىن تۇرار غەم-دەرد يىغىپ، مسلى چولپان كۆزلىرىڭدىن نۇر ئەمەس ھەسرەت يىغىپ، رازىدىم ئۇشبۇ ھاياتىمدىن ئەگەر كۆرسەم سىنىڭ، كۆزلىرىڭدىن تۆرغىنى غەم ئەمەس نۇسرەت يىغىپ.

**مسلى كۆرۈلمگەن** ئىلگىرى بولۇپ باقمىغان، كۆرۈلۈپ باقمىغان: ئۇ شىنجاڭ تارىخىدىكى مسلى كۆرۈلمگەن ۋەقەدۇر.

**مسلىسز** سۈپ. مسلى كۆرۈلمگەن، ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان: مسلىسز ئىش. * بۇ ھال ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا مسلىسز ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى كەلتۈردى.

**مسلىمياڭ** ئى. دىئال. ئېزىلەڭگۈ، لەقۋا.

**مس-مس** ① «مس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② بىر ئىشنى ئالدىرىماي قىلىدىغان، ھەرىكىتى ئاستا: مس-مس ئادەم. ③ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بوشاڭ: مۇشۇنچىلىك ئىشنىمۇ قىلالمايدىغان تازىمۇ مس-مس ئەر ئىكەنسىزغۇ!

**مسۋاك** ئى (ئە) ئارچا، چۆچۈكبۇيا قاتارلىق خۇش پۇراق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدىغان چىش يۇغۇچ: ئۆيىنىڭ ئىشىك تەرەپتىكى تېمىدىكى قوزۇققا مسۋاك ئېسىلغانىدى.

**مسۋاكلىماق** پ. مسۋاك بىلەن چىشنى يۇماق: تاماقتىن كېيىن چىشنى مسۋاكلاپ يۇيۇش كېرەك. * كۈنىگە ئىككى قېتىم چىشنى مسۋاكلاش سالامەتلىككە پايدىلىق.

**مسىر** ئى <جۇغ> ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان دۆلەت. يېرىنىڭ 94% ى ئافرىقا قىتئەسىگە 6% ى ئاسىيادىكى سىناي يېرىم ئارىلىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 1 مىليون 2000 كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. پايتەختى قاھىرە. مسىرنىڭ 96% يېرىنى قۇملۇقلار ئىگىلەپ تۇرىدۇ.

**مسىر شاپتۇلى** <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى سەل ياپىلاق، ئەسلي رەڭگى ئاق، يېتىلگەندىن كېيىنكى رەڭگى ئاچ سېرىق كېلىدۇ، پوستى سويۇلىدۇ، ئېتى ئۇرۇقچىسىدىن ئاجرايدۇ، ئېتى يۇمشاق، تاتلىق ۋە ئوتتۇرا ھال دەرىجىدە سۇلۇق. 9-ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ.

**مسل** ئى. دىئال. ① پاخال؛ پاخالدىن ياسالغان كۆرپە. ② قىياق.

**مسلچە** ئى. ھالقا، ئۈزۈك، بىلەيزۈك قاتارلىقلارنى سوققاندا سۇغىرىدىغان مس چىنە.

**مسلداشماق** «مسلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مسلدىماق** پ. ناھايىتى ئاستا ھەرىكەت قىلماق: مسلداپ ئاران ماڭىدىغان بۇ بوۋاينىڭ ھەرىكىتى شۇنداق تېز بولدىكى، ئۆزۈمنى ئوڭلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدىم.

**مش** I تەق. بۇرنىنى تارتقان، ئۇنىسىز يىغلىغان چاغلاردا چىققان ئاۋاز.

**مش** II ئى. دىئال. مۈشۈك.

**مشە** ئى. تۆكى قىرقىلىپ ئاشلانغان تېرە.

**مشەك** ئى (پ) مىلتىق ئوقى ياكى زەمبىرەك ئوقىنىڭ دورا قاچىلايدىغان كانايسىمان قىسمى. ئۇ كۆپىنچە مېتالدىن ياسىلىدۇ.

**مشقرتماق** «مشقرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مشقرماق** پ. ئىككى بارماق بىلەن بۇرۇننى سىقىپ، بۇرۇن تۆشۈكىدىكى ماڭقىنى سىرتقا چىقارماق، ماڭقىسىنى تاشلىماق:

بالىلار بەزىدە كۆچەپ مىشقىرغاندا بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ بېسىمى ئېشىپ، قان تومۇرلار بېسىمغا بەرداشلىق بېرەلمەي يېرىلىپ، بۇرۇن قانايدۇ.

**مىشقىرىشماق** «مىشقىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىشكاپ** ئى. دىئال. تاغار.

**مىشمىرىق** سۈپ. دىئال. چىبدىماس، يىغلاڭغۇ.

**مىش-مىش** كىمنىڭ ئېيتقانلىقى، راست-يالغانلىقى ئېنىق بولمىغان (گەپ-سۆز ھەققىدە): مىش-مىش گەپ. مىش-مىش پاراڭ. ‖ بىراق بۇرناكۇن ئادىل توغرىلىق ئاڭلىغان مىش-مىشلار ۋە زەيتۇنەمنىڭ كۆزىگە چېلىققان بىمەنە كۆرۈنۈش گۈزەل ھاياتقا تەلپۈنگەن بۇ قىزنىڭ دىلىغا ھەسرەت تامغىسىنى خېلى چوڭقۇر باستى.

**مىش-مىش پاراڭ ← مىش-مىش گەپ:** بۇ توغرىدا باشقىراق مىش-مىش پاراڭلارمۇ بار.

**مىش-مىش سۆز ← مىش-مىش گەپ:** گۈزەلئاي توغرىسىدا مىش-مىش سۆزلەرمۇ چىقىشقا باشلىدى.

**مىش-مىش گەپ** ئەل ئارىسىغا تارالغان، راست-يالغانلىقى ئېنىقلانمىغان خەۋەر، گەپ: پىكاپنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتە-يىتمەيلا «مەخمۇت ۋىلايەتكە يۆتكەپ كېتىلگۈدەك» دېگەن مىش-مىش گەپ پۇر كەتتى.

**مىشىلداتماق** «مىشىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارزىگۈل بېشىنى كۆتۈرمەستىن كۆك كىگىزنىڭ تۈكىنى يۇلۇپ، بۇرنىنى مىشىلدىتىپ يىغلىغىلى تۇردى.

**مىشىلداشماق** «مىشىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆينىڭ تۆرىدە بىرقانچە ئايال مىشىلدىشىپ يىغلىشىۋاتاتتى.

**مىشىلدىماق** پ ① بۇرنىنى تارتىپ مىش قىلغان ئاۋازنى چىقارماق. ② باشقا گەپ قىلماي شۇنداق ئاۋاز چىقىرىپ يىغلىماق: ھېكايەم ئاخىرلاشقاندا، قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى، ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىن مىشىلدىغان ئاۋاز كەلدى، ئېنىقكى ئىنىم يىغلىغانىدى. * ئۇنىڭ خوتۇنى بىردەم مىشىلداپ يىتىپ ئۇخلاپ قالدى.

**مىغ** تەق. ناھايىتى كۆپ نەرسىلەرنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتىنى بىلدۈرىدۇ.

**مىغ-مىغ** «مىغ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خېلى چاغلاردىن بۇيان چۆلدەرەپ تۇرغان كونا جۇۋا مەيدانى پېشىن نامىزىدىن كېيىن مىغ-مىغ ئادەم بىلەن توشتى.

**مىغىلداشماق** «مىغىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بازار كۈنى بولغاچقا كوچا-رەستىلەردە ئادەملەر مىغىلدىشاتتى.

**مىغىلدىماق** پ. ناھايىتى نۇرغۇن جانلىق توختاۋسىز ھەرىكەت قىلماق: يەكشەنبە بولغاچقىمىكىن بازاردا كىشىلەر مىغىلداپتتى.

**مىفولوگىيە** ئى (ر< گرېك) ① ئەپسانىلەر ھەققىدىكى پەن. ② بىرەر خەلقنىڭ ئەپسانىلىرىنىڭ يىغىندىسى: گرېك مىفولوگىيىسى. شەرق مىفولوگىيىسى. * بۇنداق پەلسەپىۋى قاراشلار ھەرقايسى خەلقلەرنىڭ قەدىمكى زاماندىكى مىفولوگىيىلىرىدە، ئاجايىپ-غارايىپ ھېكايە-چۆچەكلىرىدە، تۇرمۇشتىن يەكۈنلەنگەن ماقال-تەمسىل ۋە شېئىر-قوشاقلىرىدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان.

**مىفولوگىيىلىك** سۈپ. مىفولوگىيىگە ئائىت؛ ئەپسانىۋى: ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەپسانىلىرى ئىچىدە ئاياللارنىڭ ھامىلدار بولۇشىنىڭ سىرىنى چۈشەندۈرىدىغان مىفولوگىيىلىك قاراشلار دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**مىفولوگىيىلىك ئوبراز** < ئەد > ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە مىفولوگىيە نېگىزىدە يارىتىلغان ئوبراز.

**مقدار** ئى (ئە) ① ئۆلچەش، ساناش مۇمكىن بولغان نەرسىلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى، سانى، چامىسى: ئىسسىقلىق مقدارى. كۆپ مقداردىكى سۇ. * شۇ چاغدا مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە زەيتۇن يېقىپ، كېمىنىڭ دورغىسىغا قاراپتۇ ۋە: — زەيتۇننىڭ مقدارى قانچىلىك؟ — دەپ سوراپتۇ. * ئەگەر ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئورمان بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى يۇقىرى، ئورمان بىرقەدەر كۆپ بولسا، ئۇ ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇرغاقچىلىق ئېغىر، بوران كۆپ، ھۆل-يېغىن مقدارى ئاز بولغان ئەھۋال ئۆزگىرىدۇ. ② ئۆلۈش، ھەسسە: بىر مقدار كىسلاتاغا ئۈچ مقدار سۇ قوشماق. ③ < پەلس > شەيئىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش كۆلىمى، يەنى شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت سۈرئىتى، تەرەققىيات دەرىجىسى قاتارلىق جەھەتلەردىكى مقدارى پەرقلىق بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان مۇئەييەنلىك. ④ < تىل > مقدار سۆز.

**مقدار ئالمىشى** < تىل > شەيئىلەرنىڭ مقدارىنى كۆرسىتىپ كەلگەن ئالماشلار. مەسىلەن، « بۇنچە، مۇنچە، مۇشۇنچىۋالا » دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش.

**مقدار ئانالىزى** < خىم > ئانالىز خىمىيىدە مەلۇم ماددا ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل تەركىبلەرنىڭ سانلىق مقدارىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى ئۆلچەش ئۇسۇلى.

**مقدار رەۋىش** < تىل > شەيئىلەرنىڭ مقدارىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن رەۋىشلەر.

**مقدار سۆز** < تىل > ئادەم، نەرسە ياكى ھەرىكەتنىڭ بىرلىك مقدارىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، چى، سۈلۈڭ، شىڭ، جىڭ، سەر، مىسقال، دانە، نەپەر، تال، پارچە، جۈپ، قۇر، قېتىم، نۆۋەت، كاپام، ئوچۇم، چىشلەم، چىمدىم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

مقدار سۆزلەر سانلار بىلەن بىللە كېلىدۇ.

**مقدار ھېسسىياتى** < گ سەن > گۈزەل سەنئەت ئەسەرلىرىدە رەڭ ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن، جىسىملارنىڭ ئېغىر-يېنىكلىكى، ئاز-كۆپلۈكى قاتارلىقلار ھەققىدىكى ھېسسىيات.

**مقدارىنى بېكىتىش** < خىم > ماددىلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر خىل تەركىبلەرنىڭ مقدارىنى ئۆلچەپ بېكىتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مقدارلىق** سۈپ. مقدار جەھەتتىكى: بۇ خىل ئىلمىي جىسىملارنىڭ مقدارلىق تۈزۈلۈشىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان سۈپەت ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن دەپ ئاتاش مۇمكىن.

**مققىدە** سۈپ. سېمىزلىكتىن بەدىنى تولغان، دىقماق: مققىدە سېمىز. * ئۇنىڭ كىيىمى مققىدە بەستىگە خويمۇ ياراشقانىدى.

**مقىرىماق** پ. دىئال. يىغلىماق.

**مقياس** ئى (ئە) كۆلەم، دائىرە: پۈتكۈل يۇرت مقياسىدا يېشىللىقتىن، دەل-دەرەختىن، ئۆي-ئىمارەتتىن ئەسەر قالماپتۇ.

**مكرو** سۈپ (ر < گېرك) ① كىچىك؛ كىچىك جەھەتتىكى: مكرو دۇنيا. مكرو ئىگىلىك. ② ماددىلارنىڭ ئاتوم، مولېكۇلا، ئېلېكترون قاتارلىق ئىچكى قۇرۇلمىلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئۇنىڭغا تەۋە ياكى ئالاقىدار بولغان.

**مكرو خىمىيە** < خىم > ناھايىتى ئاز مقداردىكى ماددىلار ئارقىلىق خىمىيۋى رېئاكسىيە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل تارماق پەن. بۇ خىل تەتقىقات ئادەتتە ئالاھىدە كىچىك قىلىپ ياسالغان ئەسۋابلار ئارقىلىق مكروسكوپ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**مكرو دولقۇن** < فىز > دولقۇن ئۇزۇنلۇقى

1 مىللىمېتىردىن 1 مېتىرغىچە بولغان ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى. مىكرو دولقۇننىڭ يۆنىلىشچانلىقى بەك كۈچلۈك. چاستوتىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئاساسەن پاراخوتلارغا يول باشلاش، رادار، سۈنئىي ھەمراھ ئارقىلىق ئالاقىلىشىش، ھاۋارايى، ئاسترونومىيە قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىنىلىدۇ.

**مىكرو دۇنيا** < پەلس > مولېكۇلا، ئاتوم، ئېلېكترون قاتارلىق ئىنتايىن ئۇششاق ماددىي زەررىچىلەر ساھەسىنى كۆرسىتىدۇ.

**مىكرو زەررىچە** < فىز > مولېكۇلا، ئاتوم ۋە ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**مىكرو زەررىچىلەر سىستېمىسى** < فىز > ئاتوم، ئاتوم يادروسى ۋە باشقا زەررىچىلەردىن ھاسىل بولغان سىستېما.

**مىكرو ئىقتىسادىي تەھلىل** < س ئىق > قىسمەن ئىقتىسادىي بىرلىكنى تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا، ئايرىم كارخانا، ئايرىم ئائىلە، ئايرىم ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىگە ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى ۋە ئايرىم ئىستېمالچىلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى ياكى ئايرىم كەسىپ، ئايرىم بازارلارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرى تەھلىل قىلىنىدۇ. تەھلىل قىلغاندا ئومۇمىي مىقدار ئۆزگەرمەس ھالەتتە دەپ قارىلىدۇ.

**مىكرو ئىگىلىك** < س ئىق > يەككە ئىقتىسادىي بىرلىك ياكى ئايرىم تۈردىكى تاۋار ئىگىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مىكروئامپېر** مىق (د) < فىز > توك كۈچى بىرلىكى. 1 ئامپېرنىڭ مىليوندىن بىرىگە تەڭ.

**مىكروب** ئى (ر< گرېك) < بىئول > مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرۈش مۇمكىن بولغان ناھايىتى كىچىك جانلىقلار ياكى ئۆسۈملۈك ئورگانىزمى: كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروبلار. مىكروب ئۆلتۈرۈش.

**مىكروب ئۆلتۈرۈش** < تىب > كېسەللىك مىكروبلىرىنى قۇياش نۇرى، يۇقىرى تېمپېراتۇرا، خلورگازى، فېنول، ئىسپىرت ۋە ئانتىبىئوتىكلار ياردىمىدە ئۆلتۈرۈشكە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىكروبسىز** سۈپ. مىكروبى يوق، مىكروبى بولمىغان: مىكروبسىز سۇ. // مىكروبسىز ئۆستۈرۈش.

**مىكروبسىز ئۆستۈرۈش** < بىئول > ساپ ھالەتتىكى جانلىقلار تۈرىنى باشقا ھەرقانداق تۈرنىڭ ھۈجەيرىلىرى ياكى تىرىك ئورگانىزمى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا ئۆستۈرۈش جەريانى.

**مىكروبسىزلاندۇرماق** « مىكروبسىزلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۈتنى قايناتماي قايتا-قايتا قىزىتىش ئارقىلىق مىكروبسىزلاندۇرۇش كېرەك.

**مىكروبسىزلاندۇرۇش** < تىب > ① « مىكروبسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② < تىب > دوختۇرلۇقتا، يارا ئېغىزى ياكى دوختۇرلۇق ئەسۋابلىرىنى دېزىنفېكسىيە قىلىش يوللىرى ئارقىلىق تازىلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مىكروبسىزلاندۇرۇلماق** « مىكروبسىزلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سۈت پاراشوكى يېڭى سۈتنى ھەم جايدا مىكروبسىزلاندۇرۇپ، قىزىتىپ، سۇسىزلاندۇرۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**مىكروبسىزلانماق** پ. مىكروبسىز ھالەتكە كەلمەك، تەركىبىگە ئارىلىشىپ قالغان مىكروب يوقالماق.

**مكروبلانماق** پ. تەركىبىگە مكروب كىرىپ قالماق؛ مكروب بىلەن يۇقۇملانماق: دوختۇر: — بۇ بالىنىڭ يارىسىنى تازىلاپ قايتىدىن تېڭىڭ، يارىلىرى مكروبلىنىپ قالمىسۇن، — دېدى.

**مكروبىئولوگ** ئى [ر] مكروبىئولوگىيە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى.

**مكروبىئولوگىيە** ئى (ر< گرېك) < بىئول > مكرو ئورگانىزملارنىڭ مورفولوگىيىسى، تۈزۈلۈشى، كلاسسىفىكاتسىيىسى، ئىرسىيەت ئۆزگىرىشچانلىقى، بىئوخىمىيلىك، فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى قاتارلىق ھايات پائالىيىتى قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**مكروسكوپ** ئى (ر< گرېك) ناھايىتى كىچىك جىسىملارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوپتىك ئەسۋاب. ئاساسەن بىر دانە مېتال نەيچە ۋە ئىككى گورۇپپا لىنزىدىن تۈزۈلىدۇ. دائىم ئىشلىتىلىدىغان مكروسكوپلار جىسىملارنى نەچچە يۈز ھەسسىدىن ئۈچ مىڭ ھەسسىگىچە چوڭايتىپ كۆرسىتەلەيدۇ.

**مكروسېكۇنت** مق (ر) < فىز > ۋاقىت بىرلىكى، $10^{-6}$ سېكۇنتقا تەڭ.

**مكروفارادا** مق (ر) < فىز > ئېلېكتر سىغىمچانلىق بىرلىكى. 1 فارادانىڭ مىليوندىن بىرىگە باراۋەر.

**مكروفوتوگرافىيە** ئى(ر) < گسەن > مكروسكوپ بىلەن فوتو ئاپپارات بىرلەشتۈرۈلگەن قۇرۇلما ئارقىلىق مكروسكوپتا كۆزىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىنى يورۇقلۇق سەزگۈچى فىليونكىدا سۈرەتكە ئېلىپ، فوتو سۈرەت ياكى كىنو لېنتىسى ئىشلەش ئۇسۇلى. بۇ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مكرو دۇنيانى نامايان قىلىدىغان ۋاسىتە بولۇپ، مكروبىئولوگىيە، مېدىتسىنا، خىمىيە سانائىتى، مېتاللۇرگىيە، ماشىنىسازلىق ساھەلىرىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**مكروفون** ئى (ر< گرېك) < فىز > ئاۋازنى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ئۈسكۈنە. ئاۋاز دولقۇنى مكروفوندىن ئۆتكەندە، مكروفون توكنى ئاۋاز دولقۇنىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ مۇناسىپ ھالدا ئۆزگەرتىدۇ. ئادەتتە ئۇ سىملىق ۋە سىمسىز رادىئو ئاڭلىتىشىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**مكروكرىستال** ئى (ر< گرېك) < گېئول > پەقەت مكروسكوپ ئاستىدىلا كۆرگىلى بولىدىغان، ئادەتتە قۇتۇپلانغان يورۇقلۇقتا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇششاق كرىستاللار.

**مكروكلىمات** ئى (ر< گرېك) < مېتېئور > ئورمان، دالا، سازلىق قاتارلىق كىچىك دائىرىدىكى جايلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئىقلىم خۇسۇسىيەتلىرى، ئاب-ھاۋا شارائىتى.

**مكروكيۇرىي** مق (ر< گرېك+لات) < فىز > رادىئوئاكتىپلىق بىرلىكى، بىر مكروكيۇرىي بىر مىليوندىن بىر كيۇرىيغا تەڭ.

**مكروگېنرى** مق (ر) < فىز > ئىندۇكتىپلىق بىرلىكى 1 گېنرىنىڭ مىليوندىن بىرىگە تەڭ.

**مكرومېتىر** (ر< گرېك) ① ئى < بىئول > ھۈجەيرە ۋە توقۇلمىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى مكروسكوپ ئاستىدا ئۆلچەيدىغان شكالىلىق ئۆلچىگۈچ. ② مق < مات > مكرون.

**مكرون** مىق (ر< گرېك) < مات > مېتىر سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. بىر مېتىرنىڭ مىليوندىن بىرىگە تەڭ.

**مكروئورگانىزم** ئى (ر) < بىئول > تېنى ئىنتايىن كىچىك، تۈزۈلۈشى ئاددىي، كۆپىيىشى تېز بىر خىل جانلىقلار. ئۇلار تەبىئەتكە كەڭ تارقالغان. مەسىلەن، باكتېرىيە، ۋىرۇس ۋە زەمبۇرۇغ قاتارلىقلار.

**مىكروئورگانىزملىق** ① سۈپ. مىكرو ئورگانىزمغا ئىگە. ② رەۋ. مىكرو ئورگانىزم بىلەن، مىكرو ئورگانىزم ئارقىلىق: مىكرو ئورگانىزملىق بۇلغىنىش.

**مىكروئورگانىزملىق بۇلغىنىش** < بىئول > ئېچىتىش كوزىلىرى ياكى تەجرىبىخانىلاردىكى ئۆستۈرگۈچى قاچىلاردا، تېگىشلىك بولمىغان ئارىلاشما باكتېرىيىلەرنىڭ پەيدا بولۇشى. بۇلار نەتىجىسىدە، ئېچىتىش سانائىتىدە مەھسۇلاتنىڭ كەملەپ كېتىشى ۋە تەجرىبە مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكلىرى قاتارلىق ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ.

**مىكروۋات** مىق (ر< گرېك+ئىنگ) < فىز > ئېلېكتىر قۇۋۋىتى بىرلىكى. بىر مىكروۋات بىر مىليوندىن بىر ۋاتقا تەڭ.

**مىكروۋولت** مىق (ر< گرېك+ئىتال) < فىز > توك بېسىمى بىرلىكى. بىر مىكروۋولت بىر مىليوندىن بىر ۋولتقا تەڭ.

**مىكروئېلېكترونىكا** ئى (ر) < فىز > ئېلېكترونىكىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ قاتتىق جىسىملارنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ مىكرو خاراكتېرىستىكىسىدىن ۋە ئالاھىدە تېخنولوگىيىلەردىن پايدىلىنىپ، قاتتىق جىسىمنىڭ ئىنتايىن كىچىك قىسمىغا بىر خىل ياكى بىرنەچچە خىل ئىقتىدارلىق مۇكەممەل توك يولى ياكى زاپچاسنى ياساپ چىقىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**مىكروئېلېمېنت** ئى (ر < گرېك+لات) < خىم > ئۆسۈملۈكلەر كالىي، فوسفور، ئازوت قاتارلىق ئېلېمېنتلارنى ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە كېرەك قىلغاندىن باشقا يەنە ئىنتايىن ئاز مىقداردا بور، ئارسىن، مانگان مىس، كوبالت ۋە مولىبدىن قاتارلىق ئېلېمېنتلارنىمۇ ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە شۈمۈرىدۇ، بۇ خىل ئىنتايىن ئاز مىقداردا كېرەك قىلىنىدىغان ئېلېمېنتلار «مىكروئېلېمېنتلار» دەپ ئاتىلىدۇ.

**مىكوپلازما** ئى (ئىنگ) < بىئول > بىر خىل مىكرو ئورگانىزم، باكتېرىيىدىن كىچىك بولۇپ، ھۈجەيرە دىۋارى بولمايدۇ. شەكلى شارسىمان ياكى يىپسىمان كېلىدۇ، مۇستەقىل ياشىيالايدۇ. ئادەتتە ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ نەپەس، سۈيدۈك ۋە جىنسىي يوللىرىدا پارازىت ياشاپ، ئۆپكە ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**مىكولوگىيە** ئى (ر< گرېك) < بىئول > بىئولوگىيىنىڭ زەمبۇرۇغلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**مىكىر** ئى (ئە) قۇۋلۇق-شۇملۇق، ھىيلە، نەيرەڭ: سىزنىڭ مېنى ئالداپ، بەرگەن ۋەدىلىرىڭىز، تۆككەن ياشلىرىڭىز، بەس، بۇ ھىيلىلەر، بۇ مىكرلەر سىزدىن باشقا كىمدىن تېپىلسۇن؟

**مىكى-مىكى** ئېنىق ئەمەس، ئىشەنچسىز، مۇجمەل گەپ: بەللى، بەللى! ... مانا ماۋۇ گېپىڭ تازا جايىدا بولدى! ئەمىسە مىكى-مىكىنى قويۇپ، گېپىمگە قۇلاق سال... ‖ مىكى-مىكى گەپ.

**مىكى-مىكى گەپ** ئېنىق بولمىغان، ئىشەنچسىز، مۇجمەل گەپ: سېنىڭ مىكى-مىكى گەپلىرىڭدىن ئەجەب زېرىكتىم.

**مىگماتىت** ئى (ر)< گېئول > ئارىلىشىپ جىنسلىشىشتىن شەكىللەنگەن خىلمۇخىل جىنسلار. ئۇلار ئەسلىدىكى ئۆزگەرگەن جىنسلارنىڭ قويۇلۇپ ئالمىشىشى، باشقىدىن ئېرىشى (سۇيۇقلىنىشى)دىن شەكىللەنگەن جىنسلاردۇر.

**مىڭ** ① سان. يۈزنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر سان: مىڭ يۈەن پۇل. ② رەۋ. كۆچمە. ناھايىتى كۆپ؛ بەك كۆپ: مىڭ ياخشى. مىڭ ئەلا.

**مىڭ ئارتۇق** كۆپ ئۈستۈن، ھەر جەھەتتىن ئۈستۈن: ئۆزلە دېگەن ئۇلاردىن مىڭ ئارتۇق، كېيىنچە مەنسەپلىرى تېخىمۇ ئۆستى.

**مىڭ ئەلا** كۆپ ياخشى، سېلىشتۇرغۇسىز دەرىجىدە ياخشى: كۆۋرۈك قانچە ئېسىل بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن مىڭ ئەلا ئازادلىق. ئازادلىق ئۇنى قايتا تىكلىدى، ئازادلىق ئەلگە بەردى ئاۋاتلىق.

**مىڭ بالادا** ناھايىتى كۆپ مۇشەققەتتە؛ ناھايىتى تەستە، ئاران دېگەندە: مىڭ بالادا ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇم.

**مىڭ بالالىقتا** ← **مىڭ بالادا**: مىڭ بالالىقتا ماڭا ئەندى ئۆتۈش نۆۋىتى كەلگەندى.
* زورەم ئۇنى ئۈچ كۈندىن كېيىن مىڭ بالالىقتا تېپىپ، يالۋۇرۇپ ئۆيگە ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ بالا يەنە قېچىپ كەتتى.

**مىڭ پاتمان** ناھايىتى ئېغىر: يانچۇقۇمدىكى تاغامنىڭ قىزىغا ئاتاپ ئېلىپ ماڭغان مەكتەپ پۈتتۈرۈش گۇۋاھنامىسى خۇددى مىڭ پاتمان تۆگمەن تېشىدەك تۆۋەنگە بېسىشقا باشلىدى.

**مىڭ پارە بولماق** ① پارە-پارە بولماق، پاچاقلىنىپ كەتمەك. ② كۆچمە. چەكسىز ئازابلانماق، ئازاب-ئوقۇبەتكە تولماق: تىل دېگەن بىر كۆۋرۈك، چىقتى بۇ سۆزلەر ئەلەمدىن مىڭ پارە بولغان دىلدىن.

**مىڭ پۇشايمان قىلماق** ئىنتايىن قاتتىق ئۆكۈنمەك: يىراق يەردىن كېلىپ ئوقۇغىنىمغا مىڭ پۇشايمان قىلدىم.

**مىڭ تەستە** جىق قىينىلىپ، كۆپ جاپا تارتىپ، ئاران دېگەندە: ئۇ، بۇنى مىڭ تەستە يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ۋاھاپ كاسكاسقا قاردى.

**مىڭ تەسلىكتە** ← **مىڭ تەستە**: مىڭ تەسلىكتە ئاتلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈشكە باشلىدى.

**مىڭ تووۋا** پەندىيات: پۇشايمان ۋە ھەسرەت ئەمدى مىڭ تووۋا، ئەي دوستۇم تووۋامغا سەن ئۆزۈڭ گۇۋاھ.

**مىڭ جاپادا** ناھايىتى تەستە: مۇلكى ئىدىم دۆلەتنىڭ، مىڭ جاپادا ياسالغان. ناكار بولۇپ قالدىمەن خورلۇق تارتىپ ئۇپراپ جان.

**مىڭ دان ئېغىرلىقى** مىڭ تال ئۇرۇقنىڭ ئېغىرلىقى. بۇ ئۇرۇقنىڭ توقلۇق دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدىغان بىرلىك بولۇپ، مىڭ تال داننىڭ ئېغىرلىقى كۆپ بولسا، داننىڭ چوڭ ھەم توق ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئادەتتە ئۇ زىرائەتلەرنىڭ سۈپىتىنى باھالاش ھەم مەھسۇلاتنى مۆلچەرلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**مىڭ رازى** ئارمان يوق، پۈتۈنلەي رازى: كەتسىمۇ مىڭ رازى بىز، ۋەتەن ئۈچۈن باش چېنىمىز.

**مىڭ رەھمەت** كۆپتىن كۆپ رەھمەت، تەشەككۇر: ئىشنى ئادىل قىلدىغان ئادەمنى تاللىغان ھۆكۈمەتكە مىڭ رەھمەت.

**مىڭ قەتلە شۈكۈر** كۆپتىن كۆپ شۈكۈر، ناھايىتى كۆپ شۈكۈر: خۇدانىڭ نېسىۋىسى مۇشۇ بولسا، بۇنىڭغىمۇ مىڭ قەتلە شۈكۈر.

**مىڭ قىلسىمۇ** ھەرقانچە قىلسىمۇ، ھەرنېمە دېگەنبىلەن: مىڭ قىلسىمۇ، سىلى بىلەن بىز ئۇرۇق-تۇغقان، ئىشنىڭ ئوڭ تەتۈرى ئايرىلىپ بولغۇچە، مېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىمنى زەينۇنقىز بىلەن ھامۇتاخۇن بىلمىسۇن.

**مىڭ قىلغان بىلەن** ھەرقانچە قىلغان

بىلەن: ئەگەر ئۇنى تېپىپ، كۆرەگە جۆنەتسىڭىز، مىڭ قىلغان بىلەنمۇ بىز چىنمۇدەننى ئالالمايسىز.

**مىڭلار خانىسى** <مات> پۈتۈن سانىنىڭ بىر خانىسى، يەنى بىرلەر خانىسىدىن باشلاپ سولغا قاراپ سانىغاندىكى ئۈچىنچى خانە.

**مىڭ لەنەت** چەكسىز لەنەت، قاتتىق لەنەت: ئۇنداق تېگى پەسلەرگە مىڭ لەنەت ئوقۇساڭمۇ ئۇلارنىڭ بىر تال تۈكى تەۋرىمەيدۇ.

**مىڭ مەرتە** → **مىڭ مەرتىۋە**: كېلىن قىزىمىز ساق بولغان بولسا، مىڭ مەرتە بارار ئىدى، — دېدى ھۆسنارخان. * ئوبدانلا ساقىيىپسەن، چىرايىڭمۇ ئاۋۇالقىدىن مىڭ مەرتە ياخشى.

**مىڭ مەرتىۋە** ① قايتا-قايتا، كۆپ قېتىم تەكرار-تەكرار: بۇ ئىشنى ئۇنىڭغا مىڭ مەرتىۋە ئېيتقان بولساممۇ زادىلا پەرۋا قىلمىدى. ② تولۇق، پۈتۈنلەي؛ كۆپ: — سېنىڭ گەپلىرىڭگىمۇ مىڭ مەرتىۋە ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ سەل دېلىغۇل بولغان ھالدا. * بىر قاراپلا قويساڭ، مىڭ مەرتىۋە رازى بولىمەن.

**مىڭ مۇشەققەتتە** ناھايىتى تەستە: موماي مىڭ مۇشەققەتتە جۇۋىنى كىيىپ نەۋرىسىنى ئوردى.

**مىڭنى تىللىماق** كۆپ ئاھانەت قىلماق: ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلار ئۇنىڭدىن بىزار بولۇشۇپ، ئىچىدە مىڭنى تىللايتتى.

**مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلمەك** جەبىر-جاپالار، دەرد-ئەلەملەر دەستىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق: ئالتۇنچىلارنىڭ ئامان قالغانلىرى مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلىپ يازغا ئاران ئۇلىشۇالدى.

**مىڭ ئۆلۈپ تىرىلمەك** → **مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلمەك**: ئەل-يۇرت ھەرنېمە دەيدۇ، بىر قارا كۆرۈنگەننى، ئەقلى بولسا بىلمەمدۇ، مىڭ ئۆلۈپ تىرىلگەننى.

**مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلمەك** → **مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلمەك**: سېنىڭ تارتىۋاتقان جاپا-مۇشەققىتىڭنى، كۆرۈۋاتقان كۈنلىرىڭنى ئويلىسام، مىڭ ئۆلۈپ، مىڭ تىرىلىمەن.

**مىڭ يەردىن** نۇرغۇن يەردىن، ھەر تەرەپتىن: پادىشاھنىڭ قىزىغا مىڭ يەردىن ئەلچى كېلىپتۇ. * ئۇ مىڭ يەردىن قەسەم ئىچىپ، ھېچقايسى گەپنى بويىنىغا ئالمىدى.

**مىڭئاياغ** ئى (مىڭ+ئاياغ) <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى يۇمىلاق، نۇرغۇنلىغان بوغۇمدىن تەشكىل تاپقان، 1-2-3-4-ۋە ئاخىرقى بوغۇملىرىدىن باشقا بوغۇملىرىدا ئىككى جۈپتىن پۇتى بولىدۇ. بېشىدا بىر جۈپ قىسقا سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى بار. دۈمبىسىدە سارغۇچ قارا رەڭلىك ھالقىسمان سىزىقى بار. تەسكەيدىكى نەم ئورۇندا ياشايدۇ. پۇراق بېزى بار. كېچىدە چىقىپ ئوت يىلتىزى ۋە چىرىندىلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**مىڭەر** ئى. دىئال. پۈتۈن بەدەن، ئۈگە-ئۈگىلەر.

**مىڭبېشى** ئى (مىڭ+باش+ى) تارس. مىڭ نەپەر ئەسكەرگە قوماندانلىق قىلىدىغان ھەربىي ئەمەلدار: بۇ ئەپرەس شاھنىڭ لەشكەر كاتتىلىرىدىن بىرى — مىڭبېشى ئىدى.

**مىڭبېگى** ئى (مىڭ+بەگ+ى) تارس. فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە يېزىلاردىكى مىڭ ئائىلىنى باشقۇرغۇچى يەرلىك ئەمەلدار: بىركۈنى ئەپەندىمنىڭ ھويلىسىغا مىڭبېگى كىرىپتىكەن، ئىت دەررۇ كاتەككە كىرىپ كېتىپتۇ.

**مىڭبىر** رەۋ (مىڭ+بىر) ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن كۆپ، نۇرغۇن: ئۇ تەگرىگە مىڭبىر

ناله-زار قىلىپ تەڭرىدىن كەچۈرۈم سورىدى. * ئۇنىڭ كۆڭلىدىن مڭبىر خىياللار كېچىپ كەتتى.

**مڭبىر بالادا** جىق مۇشەققەت تارتىپ، ئاران دېگەندە، ناھايىتى تەستە: تۆگەتتى «ياسىن» نى ئاخىرى قازى، تامىقى قىرىلىپ مڭبىر بالادا.

**مڭبىر بالالار بىلەن ← مڭبىر بالادا:** مڭبىر بالالار بىلەن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغان تۇرساق ئەمدى ئىشلىمگىنىڭ نېمىسى؟

**مڭبىر پۇشايمان قىلماق ← مىڭ پۇشايمان قىلماق:** قىلغان ئىشىغا مڭبىر پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنى مەلىكىنىڭ ئايىغىغا تاشلىدى.

**مڭبىر تەستە ← مىڭ تەستە:** مەن ئىككى سائەتتىن ئارتۇق كاشىلا بولۇپ، مڭبىر تەستە ئايالىنىڭ ئۆيىنى ئىزلەپ تاپتىم.

**مڭبىر تەسلىكتە ← مىڭ تەستە:** بىز مڭبىر تەسلىكتە ئۇنى ئورنىدىن تۇرغۇزدۇق.

**مڭبىر تىۋۋا ← مىڭ تىۋۋا:** تۆگمەنچىنىڭ خوتۇنى مڭبىر تىۋۋا ئوقۇپ سۇپىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇ.

**مڭبىر جاپادا ← مىڭ جاپادا:** شۇنداق قىلىپ مڭبىر جاپادا بۇ شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق.

**مڭبىر جاپا بىلەن** ناھايىتى جىق جاپا چېكىپ، مڭبىر جاپادا: بۇ ئىشلارنى مڭبىر جاپا بىلەن ئىشلەپ بولدى.

**مڭبىر مۇشەققەتتە ← مىڭ مۇشەققەتتە:** ئۇنى مڭبىر مۇشەققەتتە ئەمدىلا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ كۆڭلىمىز بىرئاز تىنىغاندەك بولغانىدى، ئەمدى بۇ ئىش بولۇپتۇ.

**مڭبىر ئۆلۈپ، مڭبىر تىرىلمەك ← مىڭ ئۆلۈپ، بىر تىرىلمەك:** ئۇنىڭ دەردى ئۆتتى، كۆندە مڭبىر ئۆلۈپ، مڭبىر تىرىلمەن.

**مڭپىلەك** ئى (مىڭ+پىلەك) < بوت > پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئەۋرىشىم غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، تۇتۇق سۆسۈن كېلىدۇ. مېۋىسى چوكا مېۋە، غولى دورا قىلىنىدۇ، تالاسىدىن قەغەز ياسىلىدۇ.

**مڭدىۋانە** ئى (مىڭ+دىۋانە) < بوت > چەيزە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى تۆگۈنچە شەكىللىك، قارا كۈل رەڭ بولىدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇن، ئېللىپىس شەكىلدە، غولى سۆسۈن سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى غوزا مېۋە، زەھەرلىك. ئۇرۇقى، يىلتىزى، غولى ۋە يوپۇرماقلىرى دورا قىلىنىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش، تىنچلاندۇرۇش رولىغا ئىگە.

**مڭقىتى** ئى (مىڭ+قات+ى) ← **توققۇز تونلۇق.**

**مڭگەن** ئى. دىئال. كورا.

**مڭلاپ** رەۋ. نەچچە مىڭغا يەتكەن، نەچچە-نەچچە مىڭ، ناھايىتى نۇرغۇن: بۇ ھەيۋەتلىك تاغقا مڭلاپ كۆزلەر تىكىلگەنىدى.

**مڭلاپ-مڭلاپ** «مڭلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مڭلاپ-مڭلاپ دانلار قېنى؟ ئۇجمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتى-دە.

**مڭلارچە** رەۋ. نەچچە مىڭغا يېتىدىغان، مڭلىغان، ناھايىتى نۇرغۇن: ماڭا بەرگەن ئىلھاملىرىغا مڭلارچە تەشەككۇر. * چۈنكى گۈلنىڭ ئىشقىدا مڭلارچە مەجنۇن دەردىنى، چەككىنىگە بىھساب شامۇ سەھەر بولغاي گۇۋاھ.

**مڭلىغان** سۈپ. نەچچە مىڭغا يېتىدىغان،

ناھايىتى نۇرغۇن: — ياق، سىنىڭ ئاۋازىڭ مىڭلىغان ئاۋازلار ئارىسىدىمۇ ئالاھىدە جاراڭلاپ تۇرىدۇ.

**مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن** نەچچە مىڭ، نەچچە تۈمەنگە يېتىدىغان، سان-ساناقسىز: بىزنىڭ مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن كادىرلىرىمىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

**مىڭلىغان-مىليونلىغان** ← **مىڭلىغان-تۈمەنلىگەن:** پېشقەدەم ئىنقىلابچىلىرىمىز ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى مىڭلىغان-مىليونلىغان خەلقنىڭ ئاشۇنداق بۈيۈك ئارزۇلىرى ئۈچۈن قان تۆكتى.

**مىڭلىغان-ئۈنمىڭلىغان** ← **مىڭلىغان تۈمەنلىگەن:** بۇ تەلەپ يالغۇز ئالمىنىڭلا بولۇپ قالماستىن، مىڭلىغان-ئۈنمىڭلىغان خەلقنىڭ ئارزۇ-تىلىكى ئىدى.

**مىڭلىق** سۈپ «مىڭ» سۆزى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن؛ «مىڭ» نى بىلدۈرىدىغان: مىڭلىق ئۆلۈشلەر خانىسى.

**مىڭلىق ئۆلۈشلەر خانىسى** < مات > ئونلۇق كەسىر خانىسى، يەنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۈچۈنچى خانە.

**مىڭئۆي** ئى ﴿مىڭ+ئۆي﴾ < ئارخېئول > قەدىمدە تاغ ياكى يارلىقلارنى تېشىپ ياسالغان بۇددا ئىبادەتخانىلىرى. ھىندىستاندىن باشلانغان بۇ خىل ئىبادەتخانا قۇرۇلۇشى تەكلىماكان قۇملۇقىدىكى تەگرى تېغىنىڭ جەنۇبىنى بويلاپ، غەربتە كۇچادىن باشلىنىپ، شەرقتە تۇرپان ئويمانلىقىغىچە بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كېڭىيىپ بارغان ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەي دۆڭخۇاڭغا يېتىپ كېلىپ، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. ھازىرغىچە كۇچا ئەتراپىدىكى مۇجات دەريا ۋادىسى، تۇرپاندىكى بېزەكلىك، بەشبالىق قەدىمكى شەھىرىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە دۇڭخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن ئۇنىڭ خارابىلىرى تېپىلدى. بۇنىڭ ئىچىدە كۇچا ئەتراپىدىكى مۇجات دەريا ۋادىسىدىن قېزىپ چىقىلغان قىزىل مىڭئۆي كۆلىمىنىڭ زورلۇقى ۋە تام رەسىملىرىنىڭ ئاجايىپلىقى بىلەن مەشھۇر. بۇ مىڭئۆي ئىبادەتخانىلىرىنى ئالاھىدە داڭ چىقارغۇزۇپ تۇرغان ئۇنىڭ نەپىس تام رەسىملىرىدۇر. بۇ تام رەسىملىرى بۇددا نوملىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە شەكىل يارىتىش سەنئىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

**مىڭيوپۇرماق** ئى ﴿مىڭ+يوپۇرماق﴾ < بوت > مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا قىرى بار، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسمان چوڭقۇر يېرىلىدۇ، گۈلى ئاق، مېۋىسى ئورۇق مېۋە، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبى دورا قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى ياخشىلاش رولى بار. غول، يوپۇرمىقىدىن پۇراقلىق ماتېرىيال ئېلىنىدۇ.

**مىل** I مىق ﴿ئىنگ < لات﴾ < فىز > ئېنگلىز سىستېمىسىدىكى ئۆلچەش سىمى (مەسىلەن، مېتال سىم) نىڭ دىئامېترىنىڭ بىرلىكى. بىر مىل 0.00254 سانتىمېترغا تەڭ.

**مىل** II مىق ﴿ئىنگ﴾ < مات > ئېنگلىز سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر مىل 1.609344 كىلومېترغا تەڭ.

**مىل** III مىق ﴿ئىنگ﴾ < قاتن > ← **دېڭىز مىلى.**

**مىلاد** ئى ﴿ئە﴾ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ

تۇغۇلغان كۈنى.

**مىلادى** (توغرىسى: مىلادىيە) ← مىلادىيە.

**مىلادىيە** ئى (ئە) < ئاستر > خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان كالېندار. ئۇ قەدىمكى مىسىر، يۇنان خەلقلىرى قوللانغان قۇياش كالېندارىغا تەقلىد قىلىپ تۈزۈلگەن بىر خىل ئۆلچەملىك كالېندار بولۇپ، ئۇنىڭدا بىر يىل 365 ياكى 366 كۈن بولىدۇ. بۇ يەر شارىنىڭ قۇياش ئەتراپىنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققان ۋاقتىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ كالېنداردا ئادەتتىكى يىل 365 كۈن، كەبىسە يىلى 366 كۈن؛ ھەر تۆت يىلنىڭ ئۈچ يىلى ئادەتتىكى يىل، تۆتىنچى يىلى كەبىسە يىلى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭدا يەنە بىر يىل 12 ئايغا بۆلۈنىدۇ. 1-، 3-، 5-، 7-، 8-، 10-، 12-ئايلار 31 كۈنلۈك بولۇپ، چوڭ ئايلار دېيىلىدۇ؛ 4-، 6-، 9-، 11-ئايلار 30 كۈنلۈك بولۇپ، ئادەتتىكى ئايلار دېيىلىدۇ. 2-ئاي بولسا ئۈچ يىل ئۇدا 28 كۈن، تۆتىنچى يىلى 29 كۈن بولۇپ، كىچىك ئاي دېيىلىدۇ.

**مىلەتمەك** «مىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىلەشتۈرمەك** «مىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىلەشمەك** «مىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىلەگزە** ئى (خەن) ئىشىك پەردىسى: ناتونۇش بىر كىشى مىلەگزىنى قايرىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**مىلەگزىلىك** سۈپ. مىلەگزىسى بار، مىلەگزە تارتىلغان: مەسچىت ئالدى كۆۋرۈك تۈۋىدىكى كۆك مىلەگزىلىك ئىشكى قىبلىگە قاراپ تۇرغان پالتاخۇن ئاشپەزنىڭ ئاشخانىسى ئىدى.

**مىلەنمەك** «مىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماتا كۆڭلەك قانغا مىلىنىپ كەتكەنىدى.

**مىلتىق** ئى. ئوق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ستۋوللۇق قورال: پىيادە ئەسكەرلەر مىلتىقى. ئوۋ مىلتىقى.

**مىلتىق دورىسى** < ھەرب > ئىسسىق ئۆتكەن ياكى سوقۇلغاندىن كېيىن دەرھال پارچىلىنىدىغان ھەمدە زور مىقداردا ئېنېرگىيە ۋە يۇقىرى ھارارەتلىك گاز ھاسىل قىلىدىغان ماددا.

**مىلتىقسىز** سۈپ. مىلتىقى يوق، مىلتىق ئاسمىغان: مىلتىقسىز يۈرگەندە، كېيىك ئۇچرايتۇ (ماقال).

**مىلتىقلىق** سۈپ. مىلتىقى بار، مىلتىق تۇتقان، مىلتىق ئاسقان: ھودۇقماڭلار، مىلتىقلىق ئەسكەرنىڭ ئالدىغا كالتەك-توقماق بىلەن بارغىلى بولمايدۇ.

**مىلجىك** ① سۈپ. بىرەر ئىشنى ئالدىرىماي قىلىدىغان، ئەزمە: مىلجىك ئادەم سۆز بۇزار، قىڭغىر ھارۋا يول بۇزار. (ماقال) ② ئى. بىرەر ئىشنى ئالدىرىماي قىلىدىغان ئادەم: مىلجىڭنى ئەزمە يېڭىدۇ، ئەزمىنى بەزمە يېڭىدۇ (ماقال). * مىجەزىڭ ئۆزگەرگىنى بىلەن مىلجىڭلىقىڭ ئۆزگەرمەيتۇ ئەلا.

**مىلجىڭلاشماق** «مىلجىڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**مىلجىڭلىق** ئى. ئەزمىلىك: ـــ ھەي، مىلجىڭلىق قىلماي تېزرەك ھەيدىسەڭچۇ!

**مىلجىڭلىماق** پ. بىرەر ئىشنى ئالدىرىماي قىلماق، ئەزمىلىك قىلماق: مىلجىڭلىق قىلماق.

**مىللەت** ئى (ئە) ئۇزاق مۇددەتلىك

تارىخىي تەرەققىياتلار ئارقىسىدا شەكىللەنگەن ئورتاق تىل، ئورتاق زېمىن، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ۋە ئورتاق مەدەنىيەتتە ئىپادىلىنىدىغان ئورتاق پىسخولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە كىشىلەر توپى.

**مىللەت قارىشى** < پەلس > كىشىلەرنىڭ مىللەت ۋە مىللىي مەسىلە جەھەتتىكى قارىشى، يەنى دۇنيا قاراشنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى ئىنكاسى. تۈرلۈك سىنىپلارنىڭ مىللەت قارىشى تۈرلۈكچە بولىدۇ، تۈرلۈك سىنىپىي مەنپەئەتلەرنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. مىللەتچىلىك ــ بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللەت قارىشى. ئۇنىڭ سىنىپىي ئاساسى ــ بۇرژۇئازىيىنىڭ سىنىپىي مەنپەئىتى. ئۇنىڭ تۈرلۈك مەملىكەت ۋە تۈرلۈك دەۋرلەردىكى رولى تۈرلۈكچە بولىدۇ. پرولېتارىياتنىڭ مىللىي مەسىلىدىكى دۇنيا قارىشى ئىنتېرناتسىئونالىزم. ئۇ مىللەتچىلىككە تۈپتىن قارىمۇقارشى.

**مىللەتپەرۋەر** سۈپ (ئە+پ) ئۆز مىللىتىگە مەغرۇرلۇق قىلىدىغان، ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان؛ ھەر دائىم ئۆز مىللىتى تەرىپىدە تۇرىدىغان، ئۆز مىللىتىنى سۆيىدىغان: مىللەتپەرۋەر ئادەم.

**مىللەتپەرۋەرلىك** «مىللەتپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**مىللەتچى** ئى. مىللەتچىلىك تەرەپدارى، مىللەتچىلىكنى تەرغىپ قىلغۇچى كىشى.

**مىللەتچىلىك** ئى < پەلس > بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللەتكە بولغان قارىشى ۋە مىللىي مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى پروگراممىسى ۋە سىياسىتى. بۇرژۇئازىيە ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئىتىنى باشقا مىللەتلەر مەنپەئىتى ئۈستىگە قويۇپ، باشقا مىللەتلەرنى كەمسىتىش، ئېزىش سىياسىتىنى يۈرگۈزىدۇ ھەمدە دائىم مىللىي ماجىرا پەيدا قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت ئەمگەكچى خەلقلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى بۇزىدۇ، سىنىپىي كۈرەشنى مىللىي كۈرەش بىلەن بېسىقتۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. لېكىن كاپىتالىزمنىڭ يۇقىرى ئۆرلەش دەۋرىدىكى مىللىي ھەرىكەتلەردە، مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەرنىڭ دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى ۋە مىللىي ئازادلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەشلىرىدە مىللەتچىلىك بەلگىلىك ئىلغارلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولىدۇ.

**مىللەتشۇناس** ئى. مىللەتشۇناسلىق ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، مىللەتشۇناسلىق ئىلمىنىڭ مۇتەخەسسىسى.

**مىللەتشۇناسلىق** ئى. ھازىرقى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە ئائىت قانۇنىيەتلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال خاراكتېرلىق ئىجتىمائىي پەن.

**مىللەتلىك** سۈپ. مىللەتكە ئىگە، مىللەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: دۆلىتىمىز كۆپ مىللەتلىك دۆلەت.

**مىللىئامپېر** مىق (ر < لات) < فىز > توكنىڭ كۈچ بىرلىكى. بىر مىللىئامپېر بىر ئامپېرنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىبار** مىق (ر < لات) < فىز > ئاتمۇسفېرانىڭ بېسىم بىرلىكى. بىر مىللىبار مىڭدىن بىر بارغا تەڭ.

**مىللىسېكۇنت** مىق (ر < لات) < فىز > ۋاقىت بىرلىكى. بىر مىللىسېكۇنت مىڭدىن بىر سېكۇنتقا تەڭ.

**مىللىگرام** مىق (ر < لات) < فىز > مېترىك سىستېمىسىدىكى ئېغىرلىق بىرلىكى. بىر

مىللىگرام بىر گرامنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىلىتر** مىق <ر <لات> <فىز> مېتىر سىستېمىسىدىكى سىغىم بىرلىكى. 1 مىللىلىتر 1 لىتىرنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىمېتىر** مىق <ر <لات+گرېك> <فىز> مېتىر سىستېمىسىدىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى. 1 مىللىمېتىر 1 مېتىرنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**مىللىمېتىر دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 10 مىللىمېتىردىن 1 مىللىمېتىرغىچە بولغان مىكرو دولقۇن.

**مىللىمېتىر سىماب تۈۋرۈكى** <فىز> بېسىمنىڭ بىر خىل بىرلىكى. بەلگىسى mmHg. بىر مىللىمېتىر سىماب تۈۋرۈكى بىر مىللىمېتىر ئېگىزلىكتىكى تۈۋرۈكىدىن ھاسىل بولغان بېسىمدۇر. ئۇ 133.3224 پاسكالغا، يەنى نورمال ئاتموسفېرا بېسىمنىڭ $\frac{1}{760}$ ىگە تەڭ.

**مىللىمىكرون** ئى <ر <لات+گرېك> <مات> ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر مىللىمىكرون بىر مىلياردتىن بىر مېتىرغا تەڭ.

**مىللىي** سۈپ <ئە> ① مەلۇم بىر مىللەتكە خاس بولغان: مىللىي ئەنئەنە. مىللىي خۇسۇسىيەت. مىللىي كۈي. ② يەرلىك مىللەتكە تەۋە، ئاز سانلىق مىللەت ھېسابلىنىدىغان: مىللىي كادىر. ‖ مىللىيلارغا كۆڭۈل بۆلۈش. ③ مەلۇم بىر دۆلەتكە، مەملىكەتكە تەۋە: مىللىي دارامەت. مىللىي مەجلىس.

**مىللىي ئاپتونومىيە** <قا> كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆزلىرى ئولتۇراقلاشقان مەلۇم دائىرىدە ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىنى ئۆزى باشقۇرۇشى.

**مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقى** <قا> ئېلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئۆز مىللىتىنىڭ ئىچكى-يەرلىك ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ھوقۇقى. « جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى » نىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى » دا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاساسىي قانۇندا ۋە ئاپتونومىيە قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغانلىقى، دۆلەتنىڭ قانۇن ۋە سىياسەتلىرىنى ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ ئىجرا قىلىدىغانلىقى بەلگىلەنگەن.

**مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي** <قا> دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىكى بەلگىلىمىلەر بويىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزى توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايوندا قۇرغان، بىر دەرىجىلىك دۆلەت مەمۇرىي بىرلىكى بولىدىغان ئاپتونومىيە بىرلىكى. مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ھەممىسى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئايرىلماس قىسمى، ئۇنىڭ مەمۇرىي ئورنى ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيىدىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ.

**مىللىي ئارمىيە** <ھەرب> بىرەر مىللەت ئۆز ئالدىغا تەشكىل قىلغان ئارمىيە: ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسى.

**مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى** <تارىخ> مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردىكى خەلقلەر ۋە بارلىق ئېزىلگۈچى مىللەتلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە ۋە

ئۇ بۇرژۇئا مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلابى خاراكتېرىگە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، «مىللىي دېموكراتىك ھەرىكەت» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە** < پەلس > بىر مىللەتنىڭ (ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ) مىللىي ئالاھىدىلىكىنى يوقىتىپ، باشقا مىللەتكە ئايلىنىپ كېتىشى. تارىختا ئىككى خىل مىللىي ئاسسىمىلياتسىيە بولغان: بىر خىلى، مەجبۇرىي ئاسسىمىلياتسىيە، يەنى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەرگە ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ، بىر قاتار مەجبۇرلاش ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنى مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلىشى. بۇ — ئەكسىيەتچىل سىياسەت بولۇپ، مىللىي زۇلۇمنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ، ئۇ مۇقەررەر ھالدا ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتنىڭ قارشىلىقىنى قوزغايدۇ. يەنە بىر خىلى، تەبىئىي ئاسسىمىلياتسىيە، يەنى ئۇزاق مۇددەتلىك ئىچ ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەريانىدا تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان مىللەتلەرنىڭ ئىلغارراق مىللەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن، ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى تەبىئىي ھالدا ئۆزگەرتىشى. بۇ ھادىسە تارىخ تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى بولۇپ، ئىلغارلىق ھېسابلىنىدۇ.

**مىللىي ئالاھىدىلىك** < پەلس > مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، تىل ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىكى. ئۇ تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ پەيدىنپەي شەكىللىنىدۇ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ماركسىزم ئەزەلدىن مىللىي ئالاھىدىلىككە ئېتىبار بېرىپ كەلدى، ئۇ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش جەريانىدا ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي ھەقىقىتىنى ھەرقايسى مىللەتنىڭ كونكرېت ئەھۋالى بىلەن توغرا بىرلەشتۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

**مىللىي ئەنئەنە** < پەلس > بىرەر مىللەتنىڭ كىشىلىك تۇرمۇش، ئۆرپ-ئادەت، ئەخلاق، ئىدىيە، ئىستىل، سەنئەت، تۈزۈم قاتارلىق جەھەتلەردە تارىختىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىسى.

**مىللىي باراۋەرلىك** < پەلس > مىللەتلەرنىڭ چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىلماي، باپباراۋەر بولۇشى. بۇ ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشتىكى بىر تۈپ پرىنسىپى.

**مىللىي بايلىق** < سئىق > جەمئىيەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان بارلىق ماددىي ئەشيالارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆتكەنكى بارلىق تەرەققىيات نەتىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئۇ بارلىق ئەمگەك مەھسۇلاتى (مەسىلەن، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى، خام ئەشيا، ئىستېمال بۇيۇملىرى) ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلگەن ياكى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىش مۇمكىنچىلىكى بولغان تەبىئىي بايلىق (مەسىلەن، يەر، كان بايلىقى، ئورمان، سۇ مەنبەلىرى) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مىللىي بۇرژۇئازىيە** < پەلس > مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىلەردىكى ۋە مىللىي مۇستەقىللىققا ئىگە بولغان مەملىكەتلەردىكى، جاھانگىرلىك بىلەن ئالاقىسى ئازراق بولغان بۇرژۇئازىيە.

**مىللىي بىرلىك سەپ** < پەلس > بىر دۆلەتتىكى بىرقانچە سىنىپ ياكى بىر

بولغان بۇرژۇئازىيە.

**مىللىي بىرلىك سەپ** < پەلس > بىر دۆلەتتىكى بىرقانچە سىنىپ ياكى بىر قانچە پارتىيىنىڭ مەلۇم سىياسىي مەقسەت ئۈچۈن تۈزگەن ئىتتىپاقى.

**مىللىي پەرق** < پەلس > مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تىل ۋە تۇرمۇش ئۇسۇلى قاتارلىق جەھەتلەردە ئىپادىلىنىدىغان پەرق. ئۇ تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن پەيدا بولغان، يەنە تارىخنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگەشكەن ھالدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**مىللىي پۇراق** سەنئەت ئەسەرلىرى ياكى ئۇنىڭ ئىجراسىدا ئۆزگىچە بىلىنىپ تۇرىدىغان، بىرەر مىللەتكە خاس ئالاھىدىلىك، خۇسۇسىيەت؛ بەلگە؛ ئۇسلۇب: ئۇ 1980-يىلى ئوقۇشنى تاماملاپ ئۈمەككە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سەنئەت ئۆمىكىدىكى پېشقەدەم ناخشىچىلاردىن كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىپ، مىللىي ناخشىلارنىڭ مىللىي پۇرىقى ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىكىنى قوغداشتۇرۇش يولىدا ئىزدەندى.

**مىللىي تاپاۋەت** < سئىق > بىر دۆلەتنىڭ مەلۇم مەزگىللىك (ئادەتتە بىر يىللىق) ئىشلەپچىقىرىشىدا ئېرىشكەن ساپ كىرىمىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى. ئۇ يالالنما ئەمگەكچىلەر ھەققى، پايدا، ئىجارە كىرىمى، باج تۆلىگەندىن كېيىنكى سودا پايدىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**مىللىي تۈس** < پەلس > بىرەر مىللەتكە خاس خىسلەت ياكى ئالاھىدىلىك.

**مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە** < پەلس > يولداش ماۋزېدۇڭ ۋە جۇڭگو كومپارتىيىسى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ مىللەت مەسىلىسى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسىنى ئېلىمىزنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تەتبىق قىلىپ تۈزۈپ چىققان تۈپ سىياسەت. بۇ سىياسەت بويىچە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزى ئولتۇراقلاشقان رايوننىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيە دەرىجىلىك ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنى قۇرۇپ، گوۋۇيۈەننىڭ بىر تۇتاش رەھبەرلىكىدە، ئادەتتىكى يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزگەندىن تاشقىرى، قانۇندا بەلگىلەنگەن ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدۇ.

**مىللىي تىل** < تىل > ئادەتتە بىرەر مىللەت ئورتاق قوللىنىدىغان تىل كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىدا، مەلۇم دىئالېكتنى ئاساس قىلىپ، شۇنىڭدەك باشقا دىئالېكتلاردىكى پايدىلىق تەركىبلەرنى قوبۇل قىلىپ شەكىللەنگەن بولىدۇ. ھەربىر مىللەتنىڭ ئادەتتە ئورتاق تىلى بولىدۇ، لېكىن بىر تىلدا سۆزلىشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىلا بىر مىللەت بولۇۋەرمەيدۇ. مىللىي تىل خېلى زور تۇراقلىقققا ئىگە بولىدۇ، لېكىن مەڭگۈلۈك بولمايدۇ.

**مىللىي چالغۇ** < مۇز > مەلۇم مىللەتنىڭ ئۆز ئىچىدە تارالغان چالغۇ-ئەسۋابلىرى. بۇنداق چالغۇ-ئەسۋابلارنى كەسپىي مۇزىكانتلارلا ئەمەس، بەلكى مۇزىكا ھەۋەسكارلىرىمۇ چالالايدۇ. مىللىي مۇزىكىلارنىمۇ كەسپىي مۇزىكانتلار ئىشلىتىدىغان چالغۇ-ئەسۋابلارغا ئوخشاش تارلىق، يەللىك ۋە ئۇرغۇلۇق (سوقما)

چالغۇ-ئەسۋابلىرىغا ئايرىش مۇمكىن.

**مىللىي خاراكتېر** < پەلس > بىرەر ئىرق ياكى مىللەتكە ئورتاق بولغان خاراكتېر ياكى ئۇنىڭ تىپى.

**مىللىي خۇسۇسىيەت** < پەلس > ← **مىللىي خاراكتېر.**

**مىللىي خىزمەت** < پەلس > مىللىي ئىشلار ياكى مىللىي مەسىلىگە ئالاقىدار خىزمەتلەر.

**مىللىي دارامەت** < سئىق > ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدىكى ئەمگەكچىلەرنىڭ بەلگىلىك مۇددەت (مەسىلەن، بىر يىل) ئىچىدە يېڭىدىن ياراتقان قىممىتى، يەنى بىر يىل ئىچىدە ياراتقان ئىجتىمائىي ئومۇمىي مەھسۇلاتتىن سەرپ قىلىنغان ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە باشقا خىراجەتلەرنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان قىسمى.

**مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب** < تارىخ > مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىككە ۋە فېئودالىزمغا قارشى ئىنقىلابى. ئۇنىڭ بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلىدىغىنىمۇ، پرولېتارىيات رەھبەرلىك قىلىدىغىنىمۇ بولىدۇ. مىللىي دېموكراتىك ئىنقىلاب پەقەت پرولېتارىياتنىڭ رەھبەرلىكى ئاستىدىلا ئاندىن ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە قازىنالايدۇ.

**مىللىي رايون** < پەلس > مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايون.

**مىللىي زۇلۇم** < پەلس > ھۆكۈمران مىللەت، ئېكسپىلاتاتسىيىچى سىنىپنىڭ ئۆز سىنىپىي مەنپەئىتىنى دەپ، باشقا مىللەتلەرنى ھەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلىرىدىن باستۇرۇش، تالان-تاراج قىلىش، نابۇت قىلىش ۋە كەمسىتىش قاتارلىق ئەكسىيەتچىل ھەرىكەتلىرى.

**مىللىي زىددىيەت** < پەلس > سىنىپىي ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمى شارائىتىدىكى بىر مەملىكەت ئىچىدىكى ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ياكى خەلقئارا جاھانگىرلىك بىلەن مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت.

**مىللىي سىياسەت** < پەلس > دۆلەتنىڭ مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى سىياسىتى.

**مىللىي شەكىل** < ئەد > ھەرقايسى مىللەتنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنى ئىپادىلەش جەريانىدا ئۆزىنىڭ تىل، يېزىق، مىللىي ئەنئەنە، كومپوزىتسىيە، ژانىر ۋە باشقا ھەر خىل بەدىئىي ئىپادىلەش ۋاستىلىرىنى قوللىنىپ تەدرىجىي ھالدا شەكىللەندۈرگەن، ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇستەقىل بەدىئىي شەكلى.

**مىللىي غۇرۇر** < پەلس > بىرەر مىللەتنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى بىلىش ياكى بىرەر نەرسىدىن پەخىرلىنىش تۇيغۇسى، ھېسسى.

**مىللىي قەھرىمان** ئۆز مىللىتىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئەركىنلىكى ۋە مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن چەت ئەل تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش يولىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن كىشى: سادىر پالۋان ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قەھرىمانىدۇر. * لۇشۈن مەدەنىيەت سېپىدە پۈتۈن مىللەتنىڭ زور كۆپچىلىكىگە ۋەكىللىك قىلىپ، دۈشمەن

ئىستېھكامىغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەن ئەڭ توغرا، ئەڭ باتۇر، ئەڭ قەتئىي، ئەڭ سادىق، ئەڭ يالقۇنلۇق، مىسلى كۆرۈلمىگەن مىللىي قەھرىمان.

**مىللىي كاپىتال** <پەلس> يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئوداللىق دۆلەتلەردىكى ئوتتۇرا ـ كىچىك كاپىتال، يەنى مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان كاپىتالى.

**مىللىي كاپىتالىستىك ئىگىلىك** <س،ئىق> يېرىم مۇستەملىكە ۋە يېرىم فېئودالللىق دۆلەتلەردىكى كاپىتالىستىك ئىگىلىكنىڭ بىر خىل شەكلى. ئۇ ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كاپىتالىستىك كارخانىلارغا تەۋە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: سانى كۆپ، دائىرىسى كىچىك، باشقۇرۇلۇشى تارقاق، تېخنىكىسى قالاق ۋە ئاساسەن يېنىك سانائەت بولىدۇ.

**مىللىي گىمناستىكا** <تەن> بىر مىللەتنىڭ ئۆزى ئىچىدە كەڭ ئومۇملاشقان، ئۆزىگە خاس گىمناستىكا تەنھەرىكىتى. مەسىلەن، چامباشچىلىق، تەيجى، يەل گۇمپىلىرى خەنزۇلارنىڭ مىللىي گىمناستىكىسى ھېسابلىنىدۇ.

**مىللىي مائارىپ** <مائار> بىر مىللەتنىڭ ئۆز تەۋەسى ۋە ئۆز كىشىلىرىگە قارىتا ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم ـ تەربىيە ئىشلىرى.

**مىللىي مەدەنىيەت** <پەلس> مىللەتلەر ئۇزاق مۇددەتلىك ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش داۋامىدا ياراتقان ھەم راۋاجلاندۇرغان، مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت. سىنىپىي جەمئىيەتتە ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىنىڭ ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى ئىنكاسى بولىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھەر بىر مىللىي مەدەنىيەتتە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپ مەدەنىيىتى ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنغۇچى سىنىپ مەدەنىيىتىدىن ئىبارەت ئىككى خىل مەدەنىيەت بولىدۇ. ئۇ قارىمۇقارشى ئىككى سىنىپنىڭ مەنپەئىتى ۋە ئىدىيىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مىللىي مەدەنىيەت سوتسىيالىستىك مەزمۇنغا ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە يېڭى مەدەنىيەت بولىدۇ. ئۇ تەرەققىي قىلىش جەريانىدا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرىنى تازىلاش يولىدا توختاۋسىز كۈرەش قىلىدۇ. پۈتۈن دۇنيادا كوممۇنىزم ئەمەلگە ئاشقاندا، مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى پەيدىنپەي قوشۇلۇپ، كوممۇنىزملىق ئورتاق مەدەنىيەتكە ئايلىنىدۇ.

**مىللىي مەسىلە** <پەلس> مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، مىللىي ئازادلىقنى قولغا كەلتۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى ۋە ئورتاق گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدىكى مەسىلە. تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەردە ئۇنىڭ خاراكتېرى ۋە مەزمۇنى تۈرلۈكچە بولىدۇ.

**مىللىي مەنپەئەت** <پەلس> بىرەر مىللەتكە ئورتاق بولغان، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى پايدىلىق ئامىللار.

**مىللىي مۇزىكا** <مۇز> ① بىرەر مىللەت خەلقى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، قويۇق مىللىي پۇراق ۋە ئۆزگىچە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغان ناخشا ـ قوشاق ئاھاڭلىرى. ② مىللىي چالغۇلار.

**مىللىي مۇستەقىللىق** <پەلس> مىللەتلەرنىڭ باشقا مىللەت ھۆكۈمران سىنىپى يۈرگۈزگەن ئېزىش ۋە قۇل قىلىش سىياسىتىنىڭ

ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇپ، ئۆز مۇستەقىللىقىنى ھەقىقىي تۈردە ئەمەلگە ئاشۇرۇشى.

**مىللىي ھەرىكەت** < پەلس > مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، مىللىي باراۋەرلىك ۋە مىللىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى كۈرەش.

**مىللىي ھېسسىيات** < پەلس > بىر مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئۆز مىللىتىنى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش جەھەتتىكى ئورتاق ھېسسىياتى.

**مىللىي ئورتاق تىل** < تىل > بىر مىللەت دائىرىسىدە بىردەك قوللىنىلىۋاتقان تىل. مەسىلەن، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مىللىي ئورتاق تىلى؛ خەنزۇ مىللىتىنىڭ مىللىي ئورتاق تىلى بولسا پۇتۇڭخۇا.

**مىللىي ئۇسلۇب** ← **مىللىي شەكىل:** بۇ سودا بازىرىنىڭ بىناسى قويۇق مىللىي ئۇسلۇبتا تولىمۇ كۆركەم سېلىنغان.

**مىللىي ئۆرپ-ئادەت** < پەلس > بىر مىللەت كىشىلىرىگە ئورتاق بولغان ھەمدە ئۇزۇندىن بېرى ئىزچىل داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى.

**مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى** < سئىق > بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان' دۆلەتلەردە ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان، ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ ئومۇمىي نەتىجىسىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان كۆرسەتكۈچ. ئۇ بىرەر مەملىكەتتە مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىلغان بارلىق ئاخىرقى مەھسۇلات ۋە قىلىنغان بارلىق مۇلازىمەت قىممىتىنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**مىللىي ئىمتىياز** < پەلس > سىنىپىي جەمئىيەتتە ھۆكۈمران مىللەتنىڭ ھۆكۈمران سىنىپى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتلەر ئۈستىدىن سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئىگە بولۇۋالغان تۈرلۈك ئالاھىدە ھوقۇقلار. بۇنداق ھوقۇقلار كۆپىنچە قانۇن ئارقىلىق بېكىتىلگەن بولىدۇ.

**مىللىي ئىنقىلاب** < تارىخ > مۇستەملىكە، يېرىم مۇستەملىكە ئەللەر خەلقلىرىنىڭ جاھانگىرلىكنىڭ زۇلمىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتى.

**مىللىي يېزا** ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا قۇرۇلىدىغان، يېزىغا باراۋەر بولغان ئاساسىي قاتلام مەمۇرىي رايون.

**مىللىيچە** سۈپ. مىللىيلارغا ئائىت، مىللىيلارغا خاس: مىللىيچە كىيىم. مىللىيچە ئۇسسۇل. مىللىيچە ئۆرپ-ئادەت.

**مىللىيلاشتۇرماق** پ. يەرلىكلەشتۈرمەك، مىللىي تۈسكە، مىللىي پۇراققا ئىگە قىلماق: مىللىيلاشتۇرۇش بىر مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ پىشىپ يېتىلگەنلىكىنىڭ بەلگىلىرىدىن بىرى.

**مىللىيلىك** «مىللىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تىل – مىللەتنىڭ خاراكتېرلىق بەلگىلىرىدىن بىرى بولغاچقا، مىللىيلىك ئەڭ ئالدى بىلەن تىلدا ئايرىلىپ تۇرىدۇ.

**مىلونىت** ئى (ر< گرېك) < گېئول > ← مىلونىت جىنس.

**مىلونىت جىنس** < گېئول > ئۇۋۇلۇپ قىر ھاسىل قىلغان دېترىتنىڭ قايتا بىرىكىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان تاغ جىنسى.

**مىلونىتلىق** سۈپ. تەركىبىدە مىلونىت بار، مىلونىتقا ئىگە: مىلونىتلىق قۇرۇلما.

**مىلونتلىق قۇرۇلما** < كېتول > دىنامىكىلىق ئۆزگەرگەن جىنسنىڭ بىر خىل قۇرۇلمىسى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: جىنسلار كۆچلۈك كۆچىنىش تەسىرىدە پۈتۈنلەي پارچىلىنىپ ئىنتايىن ئۇششاق مىنېرال ئۇۋۇندىسى ۋە تالقانغا ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭدا كۆپىنچە ئاز مىقداردا سېرىكىت، خلورىد قاتارلىق يېڭىدىن پەيدا بولغان مىنېراللار بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە ئېقىم يوللىرىغا ئوخشىشىپ كېتىدىغان لېنتىسىمان تۈزۈلمىگە ئىگە، بەزىدە ئاز مىقداردا چوڭراق لىنزىسىمان مىنېرال ئۇۋاقلىرى بولىدۇ.

**مىللەتارىزىم** ئى [ر< لات] < پەلس > تاجاۋۇزچىلىق مەقسىتىدە ھەربىي ھازىرلىقنى غالجىرلىق بىلەن كېڭەيتىپ، دۆلەتنى تامامەن ھەربىي كونتروللۇق ئاستىغا قويىدىغان ئۇرۇشخۇمارلىق ئىدىيىسى، سىياسىتى ياكى تۈزۈمى. ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھالىتى جاھانگىرلىك تارىخىي باسقۇچىدىكى فاشىزمدۇر.

**مىللەتارىست** ئى (ر) مىللەتارىزم تەرەپدارى، مىللەتارىزم سىياسىتىنى يۈرگۈزگۈچى.

**مىللەتارىستلىق** « مىللەتارىست » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**مىلىچ** تەق. پاتقاق قاتارلىق سۇ تەركىبى كۆپ نەرسىلەرنى دەسسىگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**مىلىچچىدە** رەۋ « مىلىچ » قىلىپ، « مىلىچ » قىلغان ھالدا: ئەتىيازلىقى، پۈتۈن كوچا-كويلار توڭلاپ ئېرىگەن تاۋۇزدەك مىلىچچىدە بولۇپ كېتىدۇ.

**مىلىچلىماق** پ « مىلىچ-مىلىچ » قىلماق، « مىلىچ-مىلىچ » بولۇپ كەتمەك: مىلىچلاپ كەتكەن يەر يۈزى ئەخلەت-چاۋار بىلەن قاپلانغانىدى.

**مىلىچمال** ئى (مىلىچ+مال) يىپ-يىڭنە، تارغاق، سۈزگۈچ، سوپۇن قاتارلىق ئۇششاق-چۈششەكماللار: مەسچىتنىڭ بىقىنىدىكى مىلىچمال دۇكىنىنىڭ ئىشىكى ئوچۇق ئىدى.

**مىلىچمالچى** ئى. مىلىچمال سودىگىرى، مىلىچمال ساتقۇچى.

**مىلىق** تەق. نەرسىلەرنىڭ سۈيى چىقىپ بوشاپ، يۇمشاپ كەتكەن ھالىتى.

**مىلىققىدە** رەۋ « مىلىق » قىلىپ، « مىلىق » قىلغان ھالدا: يۇمشاپ مىلىققىدە بولۇپ قالماق.

**مىلىقلىماق** پ. يۇمشاپ كەتمەك، بوشاپ كەتمەك.

**مىلىق-مىلىق** « مىلىق » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قازاندىكى گۆش پىشىپ، مىلىق-مىلىق بولۇپ كەتكەنىكەن.

**مىلىك** ئى (پ) چىش يىلتىزى ئورۇنلاشقان گۆش.

**مىلىمەك** پ. بىرەر نەرسىنى ئۇۋاق، بوتقىسىمان نەرسىلەرگە تەگكۈزمەك، تىقماق، سۈركىمەك: مىلەپ يېگەن مېھماندىن قورق (ماقال). * موللام مىس سىياھدانىدىكى قويۇق قارا سىياھىغا قومۇش قەلەمنى مىلەپ خەت يېزىۋاتاتتى.

**مىليارد** سان (ر< فران) يۈز مىليوننىڭ ئون قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان.

**مىليون** سان (ر< فران) يۈز مىڭنىڭ ئون قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان.

**مىليونلاپ** رەۋ. مىليونلارچە، مىليون-مىليون، نۇرغۇنلىغان، سان-ساناقسىز: مىليونلاپ ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن نەپەستىن توختىمىغۇچە ئىشلەش كېرەك.

**مىليونلىغان** سۈپ. نۇرغۇنلىغان، كۆپلىگەن: مىليونلىغان كىشىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقى

بولمسا، ئىنقىلاب ئىشلرىنىڭ غەلبە قازىنىشىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ.

**مىليونېر** ئى (ر< فران) مىليون بىلەن ھېسابلانغان بايلىقا ئىگە. كىشى.

**مىمىكا** ئى (ر< گرېك) < ئۇس > ① ھېس-تۇيغۇ، ئىچكى كەيپىيات قاتارلىقلارنى ئىپادىلىگۈچى يۈز مۇسكۇللىرى ھەرىكىتى: پىكرىنى مىمىكا ئارقىلىق ئىپادىلەش. ② ھېس-تۇيغۇ ۋە كەيپىياتلارنى يۈز مۇسكۇللىرى ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپادىلەش سەنئىتى: مىمىكىغا ئۇستا ئارتىس.

**مىنا** ئى (ر< فران) < ھەرب > بىر خىل پارتلىتىش قورالى. كۆپ چاغلاردا يەرگە كۆمۈلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئوت ئېلىش قۇرۇلمىسى ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**مىنا تازىلاش** < ھەرب > يەر ۋە سۇ ئاستىدىكى مىنالارنى تازىلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**مىنا تازىلىغۇچى پاراخوت** < ھەرب > سۇ مىناسىنى ئىزدەيدىغان ۋە تازىلايدىغان ھەربىي پاراخوت. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى توسالغۇ بولۇپ تۇرغان سۇ مىنالىرىنى تازىلاپ، مىنا ئورۇنلاشتۇرۇلغان رايوندىن يول ئېچىپ، پاراخوتلارنىڭ بىخەتەر يۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلىشتىن ئىبارەت.

**مىنا ئۇرۇشى** < ھەرب > مىنا ئارقىلىق دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىدىغان بىر خىل ئۇرۇش.

**مىنالاتماق** « مىنالىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىنالاشتۇرماق** « مىنالاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**مىنالاشتۇرۇلماق** « مىنالاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مىنالاشماق** ① « مىنالىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② مىنا كۆمۈلمەك، ياكى ئورۇنلاشتۇرۇلماق.

**مىنالىماق** پ. مىنا كۆممەك، مىنا ئورناتماق: ھەممە يەرنى مىنالاپ بولدۇق، تېز چېكىنەيلى.

**مىنامىيوت** ئى (ر) < ھەرب > زەمبىرەك ئوقى ئاغزىدىن قاچىلىنىدىغان، ئەگرى لىنىيە بويىچە ئېتىش ئاساس قىلىنىدىغان بىر خىل زەمبىرەك. ئۇ توسالغۇلارنىڭ كەينىدىكى نىشانلارنى ۋەيران قىلالايدۇ. ستۇولى قىسقا، ئېتىش مۇساپىسى بىرقەدەر يېقىن، ئۆزى يېنىك، چاققان، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**مىنامىيوتچى** ئى. مىنامىيوت ئاتىدىغان ئەسكەر.

**مىندۈرمەك** « مىنمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەنجى ئوغۇل ئانىسىنى مىندۈرگەن قېچىرنى باينىڭ خامىنىغا ھەيدەپ قويۇپتۇ.

**مىندۈرۈشمەك** « مىندۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قىزنى ئاتقا مىندۈرۈشتى.

**مىندۈرۈلمەك** « مىندۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۆگىگە ئىككى كىشى بىرى ئوڭ، بىرى تەتۈر مىندۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى تۆگىنىڭ تۆشى ئارقىلىق مەھكەم باغلانغانىدى.

**مىنگەشتۈرمەك** ① « مىنگەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەت ئاتنىڭ ئارقا-ئالدىغا ئىككى بالىنى مىنگەشتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ② ئارتىلدۇرماق، ئالماشتۇرماق (پۇت ھەققىدە): مەمەت ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ پۇتلىرىنى مىنگەشتۈردى.

**مىنگەشتۈرۈلمەك** « مىنگەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**مىنگەشمەك** پ. ئات-ئۇلاغ، ۋېلىسىپىت،

موتسىكلىت قاتارلىقلارغا ئىككىدىن ئارتۇق ئادەم مىنمەك؛ مىنگەن ياكى ئۇنىڭغا يېقىن ھالەتتە ئولتۇرماق: ئات كەينىگە مىنگەشمە، مىنگەشكەندىن كېيىن ئۈندىمە (ماقال). * ئەپەندىم ئوغلى بىلەن بىر ئېشەككە مىنگىشىپ بازارغا بېرىپتۇ.

**مىنگەن ئېتىغا قوْم ئارتىدىغان** ئۆزىنىڭ ئىشىغا ئۆزى توسقۇنلۇق قىلىدىغان: مۇنداق قىلسىڭىز مىنگەن ئېتىغا قوْم ئارتىدىغان ئادەملەرگە ئوخشاش ئۆزىڭىزگە ئۆزىڭىز بىرمۇنچە قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىسىز.

**مىنگو** ئى (خەن) < تارىخ > جۇڭخۇا مىنگو، يەنى مەملىكىتىمىزنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى 1912 - يىلدىن تارتىپ، 1949 - يىلغىچە بولغان مەلۇم دەۋرى. بۇ دەۋردىكى ھاكىمىيەت ئىلگىرى-كېيىن شىمالىي مىلىتارىستلار ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن تارتىۋېلىنغان.

**مىنمەك** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە (كۆپىنچە ئات-ئۇلاغ، ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت قاتارلىقلارغا) ئىككى پۇتىنى ئىككى ياققا ساڭگىلىتىپ ئولتۇرماق: ئاتقا مىنمەك. ۋېلىسىپىتكە مىنمەك. ② كۆچمە. ئېزىشمەك، چىقماق (ھوقۇق ھەققىدە): باي ناھايىتى مەنسەپپەرەس ئادەم ئىكەن، ئۇ بىرەر مەنسەپنىڭ چوققىسىغا مىنگۈسى كەلسىمۇ ھېچ يولىنى تاپالماپتۇ.

**مىننەت** ئى (ئە) قىلغان ياخشىلىقىنى كۆز-كۆز قىلىش، داملاش، يۈزىگە سېلىش ياكى باشقىلارغا دەپ يۈرۈش: مىننەت قىلماق. * مېھنەتتىن قاچما، مىننەتتىن قاچ (ماقال). * يېتىم ئۆز ئېشىنى يەيدۇ، كىشىنىڭ مىننىتىنى تارتىدۇ (ماقال).

**مىننەت قىلماق** قىلغان ياخشىلىقىنى داملىماق، يۈزىگە سالماق، ياكى باشقىلارغا دەپ يۈرمەك: ئاباق ئەتىگەن ئۇنىڭغا يېگۈزگەن بىر چىشلەم كەكلىك گۆشىنى مىننەت قىلىپ، ئاغزى بېسىلماي كاپىشىپ چىقتى.

**مىننەتخور** سۈپ (ئە+پ) قىلغان ئىشى ئۈچۈن مىننەت قىلىدىغان، مىننەت قىلىشقا ئامراق: ئۇ چىغرىقى غىچىرلاپ ئايلىنىۋاتقان قۇدۇق بېشىغا توپلىنىپ، مىننەتخور تەقسىماتچى بولۇپ بېرىۋاتقان سۇنى ئېلىۋاتقانلارغا قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇراتتى.

**مىننەتدار** ئى (ئە+پ) بىراۋنىڭ قىلغان ياخشىلىقى ۋە خىزمەتلىرىدىن رازى ۋە مەمنۇن: بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ ياغاچچىدىن ناھايىتى مىننەتدار بولۇپ كېتىپتۇ.

**مىننەتدار بولماق** باشقىلارنىڭ قىلغان خىزمىتى ۋە ياخشىلىقلىرىدىن رازى ۋە مەمنۇن بولماق: بوۋاي مىننەتدار بولۇپ رەھمەت ئېيتتۇردى، يىگىت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

**مىننەتدارچىلىق** ئى ← **مىننەتدارلىق**: شانىياز مومايىنىڭ بەرگەن ياردىمى ۋە قىلغان ياخشىلىقلىرى ئۈچۈن مىننەتدارچىلىق بىلدۈرۈپ كەتمەكچى بولۇپتۇ.

**مىننەتدارلىق** «مىننەتدار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئېلى مىننەتدارلىق بىلەن ئۇنىڭ قوللىرىنى سىقتى.

**مىننەتسىز** سۈپ. مىننىتى يوق، مىننەت قىلماي: مىننەتسىز ئىش. * ئۇ قەدىمى يەتكەنلىكى جاينىڭ ھەممىسىدە ھالال تەرىنى مىننەتسىز تۆككەنىدى.

**مىننەتلىك** سۈپ. مىننىتى بار، مىننەت قىلىنغان: ئىشلەپ يېگەن لەززەتلىك، تىلەپ يېگەن مىننەتلىك (ماقال). * مىننەتلىك ئېشىڭدىن قارنىمنىڭ ئېچى ياخشى (ماقال).

**مىنۇت** مىق (ر< لات) ① بىر سائەتنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى؛ دەقىقە: بەش مىنۇتتىن كېيىن ئايروپىلان يەرگە قوندى.

② <مات> بىر گرادۇسنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان ياي ياكى بۇلۇڭ ئۆلچەم بىرلىكى (ئادەتتە رەقەمنىڭ ئوڭ تەرىپىنىڭ ئۈستۈنكى بولۇڭىغا قويۇلىدۇ. بەلگىسى «′»): بۇ بۇلۇڭ ′30 °60 ئىكەن. ③ <جۇغ> بىر گرادۇسنىڭ ئاتمىشتىن بىر ئۈلۈشىگە تەڭ بولغان كەڭلىك ياكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى (بەلگىسى يۇقىرىقىغا ئوخشاش). ④ كۆچمە. قىسقا مۇددەت؛ بىردەم، بىرئاز: بىر منۇت ساقلاڭ. ※ ئۇ بىر منۇتمۇ تۇرمىدى.

**منۇت-سېكۇنت** ① منۇت ۋە سېكۇنت: ئۇ ئۆتكىنىشتە ئەلاچى بولۇپ منۇت-سېكۇنتنىمۇ قەدىرلەيتتى. ② كۆچمە. ئازغىنا، قىسقىغىنە: ئۇلارنىڭ ئىلىم-پەندىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنىڭ ھەممىسى منۇت-سېكۇنت ۋاقىتنىمۇ قەدىرلىگەنلىكىدە.

**منۇتلۇق** سۈپ ① مەلۇم منۇت كېتىدىغان، مەلۇم منۇتتا بولىدىغان: 15 منۇتلۇق ئىش. ② قىسقىغىنە ۋاقىتتا، بىردەمدە بولىدىغان: ۋۇي ئاكا، بۇ نەچچە منۇتلۇق ئىشقۇ، نېمانچە قىلىسىز ئەمدى؟

**منۇس** ئى (ر< لات) ① <مات> ئېلىش بەلگىسى (—) نىڭ نامى. ② مىقدارنىڭ مەنپىيلىكىنى ياكى تېمپېراتۇرىنىڭ نۆلدىن تۆۋەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سۆز: منۇس 20. منۇس 30.

**منۇس ئالامىتى** <مات> ئېلىش ئەملى ياكى مەنپىي ساننى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (—).

**منۇس بەلگىسى** <مات> → **منۇس ئالامىتى.**

**مىنېرال** (ر< فران) <گېئول> ① ئى. يەر پوستىدا ساقلانغان تەبىئىي بىرىكمىلەر ۋە ئاز ساندىكى تەبىئىي ئېلېمېنتلار. ئۇنىڭ كۆپ ساندىكىلىرى قاتتىق ماددىلار (مەسىلەن، تۆمۈر رۇدىسى، كۆمۈر قاتارلىقلار)، بەزىلىرى سۇيۇقلۇق (مەسىلەن، نېفىت قاتارلىقلار) ياكى گازلار (مەسىلەن، تەبىئىي گازلار) دۇر. ② سۈپ. تەبىئىي خىمىيىلىك بىرىكمە ياكى ئېلېمېنتلارغا ئائىت، شۇنداق ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەردىن ئىبارەت بولغان؛ تەركىبىدە شۇنداق ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەر بار: مىنېرال تۇز. مىنېرال سۇ. مىنېرال ئوغۇت.

**مىنېرال بۇلاق** <گېئول> سۈيىدە كۆپ مىقداردا مىنېرال ماددىلار ئېرىگەن بۇلاقلار. بۇنداق بۇلاقلارنىڭ ھەممىسى ئارىشاڭلاردۇر. مىنېرال بۇلاقلارنىڭ تۇزلۇق بۇلاق، تۆمۈرلۈك بۇلاق، گۈڭگۈرتلۈك بۇلاق قاتارلىق تۈرلىرى بار. بەزى مىنېرال بۇلاقلاردىن كېسەل داۋالاشتا پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**مىنېرال پاختا** <خىم> رۇدا ۋە كان داشقاللىرىدىن ئىشلەنگەن تالالىق ماتېرىيال. ئىسسىققا چىدامىلىق. سوغۇق، ئىسسىق ۋە ئاۋازنى توسۇش خۇسۇسىيىتى ياخشى بولغاچقا، سانائەت ۋە قۇرۇلۇشلاردا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**مىنېرال تۇز** <خىم> تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار مول بولغان تۇزلار.

**مىنېرال دەۋرى** <گېئول> ئوخشاش بىر گېئولوگىيىلىك تەسىرنىڭ ئوخشاش بولمىغان باسقۇچىدا شەكىللەنگەن ئوخشاش تۈردىكى مىنېراللار ئارىسىدىكى ئىلگىرى-كېيىنلىك مۇناسىۋىتى. ئەڭ بۇرۇن ھاسىل بولغىنى بىرىنچى دەۋر، ئۇنىڭدىن كېيىن تەرتىپ بويىچە ئىككىنچى دەۋر، ئۈچىنچى دەۋر دېيىلىدۇ.

**منېرال سۇ** < گېئول > تەركىبىدە بەزى ئالاھىدە تەركىبلەر، گاز ۋە باشقىلار بولغان، تېمپېراتۇرىسى بىرقەدەر يۇقىرى، داۋالاش روللىغا ئىگە يەر ئاستى سۈيى.

**منېرال شەكلى** < گېئول > منېرالنىڭ يەككە كرىستالى، رەتلىك، تۇتاش پەيدا بولغان كرىستال ۋە قۇراشمىسىنىڭ تاشقى شەكىل ئالاھىدىلىكى.

**منېرال قۇراشمىسى** < گېئول > ئۆز ئارا گىرەلىشىپ ئۆسكەن منېرال كرىستال دانىچىلىرى شەكىللەندۈرگەن ئارىلاشما گەۋدە. « يەككە منېرال قۇراشمىسى » ۋە « كۆپ منېرال قۇراشمىسى » دەپ بۆلۈنىدۇ. ئاۋۋالقىسى بىر خىل منېرال كرىستال دانىچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن (مەسىلەن، مەرمەر)، كېيىنكىسى بىرنەچچە ئوخشىمىغان منېراللاردىن تەشكىللەنگەن (مەسىلەن، گرانىت جىنس).

**منېرال كۆل** < گېئول > ئېرىشچان تۇز مىقدارى 35% تىن ئاشىدىغان كۆل. بۇنداق كۆل سۈيىنىڭ تەركىبىدە ئاش تۇزى، ناترىي سۇلفات، ماگنىي سۇلفات، سودا قاتارلىقلار بار. ئۇ ئاساسلىقى قۇرغاق رايونلارغا جايلاشقان. منېرال كۆلنىڭ قويۇلغان گالوگېنلىق سۈيىدىن بروم، يود، كالىي تۇزى، ماگنىي تۇزى قاتارلىق سانائەت خام ئەشيالىرىنى ئايرىۋېلىشقا بولىدۇ.

**منېرال ماددا** < گېئول > ← منېرال.

**منېرال ئوغۇت** < خىم > تەركىبىدە ئۆسۈملۈك ئۈچۈن زۆرۈر ھەمدە ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى ئېلېمېنتلار بولغان منېرال ماددىلار.

**منېراللانغان** « منېراللانماق » پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: منېراللانغان جىنس.

**منېراللانغان جىنس** < گېئول > تەركىبىدە مېتال ياكى باشقا منېراللار (مەسىلەن، مەرمەر، سېغىز تاختا تاش، نېفىت قاتارلىقلار) بولغان جىنسلار.

**منېراللانماق** پ. منېرال ماددىلارنى ئۆز تەركىبىگە قوشۇۋالماق.

**منېراللىق** سۈپ. تەركىبىدە منېرال ماددىلار بولغان: منېراللىق بۇلاق. منېراللىق كۆل.

**منېراللىنىش** « منېراللانماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: منېراللىنىش دەرىجىسى.

**منېراللىنىش دەرىجىسى** < گېئول > يەر ئاستى سۈيىدىكى ھەرخىل ئېلېمېنتلارنىڭ ئىئونلىرى، مولېكۇلىلىرى ۋە خىمىيىلىك بىرىكمىلىرىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى. ئادەتتە مەلۇم ھەجىمدىكى سۇنى 105°C – 110°C تېمپېراتۇرىدا پارلاندۇرغاندىن كېيىن قالغان دۇغ ئېغىرلىقىغا قاراپ ھۆكۈم قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى ئۆلچەم بىرلىكى g/l ياكى mg/l . منېراللىنىش دەرىجىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ يەر ئاستى سۇلىرى: تۇزسىز سۇ، سەل شورلۇق سۇ، شورلۇق سۇ، تۇزلۇق سۇ، شاكىراپ سۇ دەپ بەش تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**منېرالوگرافىيە** ئى (ر) < گېئول > رۇدىلارنى منېرالوگرافىيىلىك مىكروسكوپتا تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ تەتقىقات مەزمۇنى ئاساسلىقى: رۇدىنىڭ منېرال تەركىبى (تۇتۇق منېراللار ئاساس قىلىنىدۇ)، قۇرۇلمىسىنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكى ۋە رۇدىلارنىڭ زامان، ماكان جەھەتتىكى يېتىلىش قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش، كان ياتمىسىنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبىنى بېكىتىشكە ياردەم بېرىش،

گېئولوگىيىلىك چارلاشقا يېتەكچىلىك قىلىش ۋە رۇدىنى تېخنىكىلىق پىششىقلاپ ئىشلەشكە باها بېرىش قاتارلىقلار.

**منېرالوگىيە** ئى (ر) < گېئول > منېرالنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى، ئىچكى قۇرۇلمىسى، ھالىتى، خۇسۇسىيىتى، ھاسىل بولۇش سەۋەبى، يېتىش ھالىتى، ئورتاق ھاسىل بولۇپ بىرىكىشى، ئۆزگىرىش شارائىتى، ئىشلىتىلىشى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆزئارا باغلىنىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**منىبۇس** ئى (فران) كىچىك ئاپتوبۇس.

**منىستىر** ئى (ر< فران) منىستىرلىككە رەھبەرلىك قىلغۇچى ھۆكۈمەت خادىمى.

**منىستىرلىك** ئى ① مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ساھەلەر بويىچە بۆلۈنگەن ۋە منىستىر باشچىلىقىدىكى ئورگىنى. ② منىستىرنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ئىشى.

**منىشلىك** سۈپ. مەخسۇس منىدىغان، منىشكە ئەپلىك، منىسە ئادەم ھۇزۇرلىنىدىغان: منىشلىك ئات.

**منىشمەك** « منمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاڭ ئاتقاندىن كېيىن، ئىككىسى ئاتلىرىغا منىشىپ قەسىرگە كېتىپتۇ.

**منىمۇم** سۈپ (ر < لات) ئەڭ ئاز، ئەڭ كىچىك مىقدار: منىمۇم دەرىجە.

**منىمۇم قىممەت** < مات > فۇنكسىيىنىڭ مەلۇم بىر نۇقتىدىكى ھەمدە شۇ نۇقتا ئەتراپىدىكى ھەرقانداق بىر نۇقتىدىكى قىممىتىدىنمۇ كىچىك بولغان قىممىتى.

**منىمېتىر** ئى (ر < لات) < فىز > زىللىق دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان بىر خىل ئۆلچەش ئەسۋابى. سترېلكا ۋە سائەت تەخسىسىدىن تۈزۈلىدۇ. پىشاڭنىڭ پرىنسىپى بويىچە ئىشلەيدۇ. زىللىق دەرىجىسى 0.01 مىللىمېتىرغا يېتىدۇ.

**مىھلىيا** ئى (لات) < بوت > ← **مىھلىيا چاتقىلى.**

**مىھلىيا چاتقىلى** < بوت > ماگنولوگىيە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تېرىلەشكەن، سوقچاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك. گۈلى يالغۇز، تولۇق ئېچىلمايدۇ، رەڭگى سېرىق، سۆسۈن قىزىل، خۇش بۇي پۇراقلىق، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. ئۇنىڭدىن پۇراقلىق ماي ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ، ئادەتتە پەمىل چايغا ئارىلاشتۇرۇپ چاينىڭ پۇرىقىنى ياخشىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**مىياڭلاشماق** پ ← **مىياۋلاشماق.**

**مىياڭلىماق** پ ← **مىياۋلىماق:** شۇ زامان مۈشۈك مىياڭلىدى، ئارقىدىنلا ئۇنىڭ قاچقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**مىيانە** سۈپ. دىئال ① يامان. ② يېقىمسىز، كۆرۈمسىز.

**مىيانباز** ئى. تامدىن بۆرتۈپ چىققان تۈز تەكچە.

**مىياندۇك** ئى. تۇرۇمچاقنىڭ تۆمۈر يىككە ئورنىتىلغان كىچىك غالتىكى.

**مىيانسال** ئى. دىئال. سۇلۇق ھەم يوغان كۆك شاپتۇل.

**مىياۋ** تەق. مۈشۈك مىياۋلىغاندا چىققان ئاۋاز.

**مىياۋلاشماق** « مىياۋلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايۋىنىڭدا ئاسلانلار، مىياۋلىشىپ يىغلايدۇ.

**مىياۋلىماق** پ « مىياۋ » قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، مىياڭلىماق: ئاسلانمۇ خۇددى مېھرىبانىنى تاپقاندەك رەناغا ئەگىلەپ مىياۋلاشقا باشلىدى. * ئۆي خۇددى گۆردەك جىمجىت بولۇپ، پەقەت ئاچ قالغان مۈشۈكلا مىياۋلايتتى.

**مىيۇ** ئى (لات) < زوئول > ← **مىيۇ بىلىقى.**

**مىيۇ بىلىقى** < زوئول > بىر خىل بېلىق.

تېنى ئۇزۇن، سەل ياپىلاق، رەڭگى قوڭۇر، ئېغىزى چوڭ ھەم سەل يانتۇ، قۇيرۇق ئۈزگۈچىسى قوزۇق شەكلىدە كېلىدۇ. دېڭىزدا ياشايدۇ.

**ميۇئون** ئى (ئىنگ) <فىز> لېپتونلارنىڭ بىر خىلى. ئۇ مۇسبەت زەرەتلىك $\mu^+$ ۋە مەنپىي زەرەتلىك $\mu^-$ لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. زەرەت مىقدارى ئېلېكترونىڭكى بىلەن ئوخشاش، ماسسىسى ئېلېكترون ماسسىسىنىڭ 207 ھەسسىسىگە تەڭ.

**ميىق** ئى. ئېغىزنىڭ بۇرجىكى.

**ميىقىدا كۈلمەك** ئۈنىنى چىقارماي ئېغىزنىڭ بۇرجىكىدە كۈلمەك: ئالىم ميىقىدا كۈلۈپ، قولىدىكى قەلەمنى قەغەز ئۈستىگە قويۇپ گەۋدىسىنى كۆتۈردى. * شەۋكەت يەنە مەسخىرە ئارىلاش ميىقىدا كۈلۈپ، ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىشقا باشلىدى.

**مياۋزۇ** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**مياۋزۇ تىلى** <تىل> مياۋزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى مياۋزۇ-ياۋزۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ مياۋزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ گۇيجۇ، يۈننەن، خۇنەن، گۇاڭشى، سىچۈەن قاتارلىق ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلىرىدا قوللىنىلىدۇ. چەت ئەللەردىن يەنە ۋيېتنام، لائوسلاردىمۇ ئىشلىتىدىغانلار بار.

**مياۋزۇچە** ① سۈپ. مياۋزۇ خەلقىگە، ئۇنىڭ تىل-يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: مياۋزۇچە ئۇسسۇل. مياۋزۇچە ئادەت. ② ئى. مياۋزۇ تىلى: ئۇ مياۋزۇچىنى ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ. ③ رەۋ. مياۋزۇ تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، مياۋزۇ تىلىدا: مياۋزۇچە سۆزلىمەك.

**مياۋزۇلار** ئى <ئىرق> مياۋزۇ مىللىتى، مياۋزۇ خەلقى. ئۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ گۇيجۇ، خۇنەن، يۈننەن گۇاڭشى، سىچۈەن، گۇاڭدۇڭ، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكە-ئاپتونوم رايونلىرىغا تارقىلىپ ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردىن يەنە ۋيېتنام، لائوسلاردىمۇ بىرقىسىم مياۋزۇلار بار.

# ن

**ن** ①ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 23-ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە 23-نى كۆرسىتىدۇ.

**نائادىل** سۈپ. ئادىل بولمىغان، ئادىل ئەمەس، ئادالەتسىز: ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى سۆزلىمەك ئاسان، ئاسان ئەمەس سۆكۈش ئۆزىنى ئانچە. دۇنيادا بولمايتتى نائادىل كىشى، ئۆز پېشانىسىنى سىلىسا بارچە.

**نائەھلى** سۈپ (پ+ئە) پەس، ۋىجدانسىز، ئېپلاس: — ھۇ نائەھلى، ئىنساپسىز ئوغرىلار! كۈچۈككۈم-كۈچۈككۈم دېسە... ھەددىڭلاردىن ئېشىپ كېتىۋاتىسلەر! — دېدى ھېلىقى كىشى ئاچچىقىغا پايلىماي. // نائەھلىيلەر شۇ كەمدە، ئىچى ئاداپ ھالىمغا. تۆھمەت توقۇپ ئۈستۈمدىن، ئەرز قىلىپتۇ دارىنغا.

**نائەھلىلىك** ئى. پەسلىك، ئېپلاسلىق، ۋىجدانسىزلىق: «بالا كەلسە قوشلاپ كېلىدۇ، بىر-بىرىنى باشلاپ كېلىدۇ» دېگەندەك، مۇسىبەت ئۈستىدە تۇرغانلىرىدا مىركېرەم دېگەن ئۆلۈمتۈك قېرى نائەھلىلىك قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

**ناباپ** سۈپ (پ) ① باپ كەلمەيدىغان، مۇۋاپىق ئەمەس، نامۇۋاپىق، ماس ئەمەس: يېزىقچىلىقتا ماھارەت يېزىشتا ئەمەس، بەلكى ناباپ جايلارنى قىسقارتىۋېتىشتە. ② يۇرۇش-تۇرۇشى، قىلىقى يامان، يارىماس؛ بۇزۇق، ئەسكى: سىدىق ناباپ بالا بولدى. ئۆينى ئۇنىڭغا بەرگىنىمىز بىلەن ئاز ئۆتمەي ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. // ھەر ھالدا يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس، لايىقىڭ يەنە ناباپلاردىن بولۇپ قالمىسۇن!

**ناباتات** ئى (ئە) كونا. ئۆسۈملۈكلەر: تەلىم-تەربىيە ئالدۇق دەپ، ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىشىدۇ! ناباتات بىلەن ئىنسان ئوخشامدۇ؟ ئىنسان دېگەننىڭ جېنى بار، ناباتاتنىڭ جېنى يوق. كەلتۈرگەن مىسالىنى قارا.

**نابور** ئى (د) مەتبەئەچىلىكتە تېكىستكە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ تىزىلغان ھەرپ ۋە ھەرپ تىزىش ئىشى: نابور بۆلۈمى. نابور

سېخى. * ل. مۇتەللىپ ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ نىزامنامىسى بىلەن بۇ شېئىرنى نابوردا تىزىپ 300 نۇسخا بېسىپ چىقىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

**نابور بەت** < مەت > قوغۇشۇن ھەرپ، لېنىيكا، ئىشپون، رەسىملىك بەت قاتارلىق تۈرلۈك ماتېرىياللارنى بىرلىكتە تەشكىللەش ئارقىلىق ياسالغان بەت.

**نابورچىك** ئى (ر) باسمىخانىدا ھەرپ تىزىدىغان ئىشچى: ئاشۋاقتى بولۇپ قالغان چاغدا، نابورچىك تۇردى ھۆسىين «بىزنىڭ مەمەت» بېسىلغان «جەنۇب شاملى» گېزىتىدىن بىرمۇنچىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

**نابورچىكلىك** ئى. باسمىخانىلاردا ھەرپ تىزىش ئىشى: ئۇ مۇشۇ زاۋۇتتا ئون يىلدىن بېرى نابورچىكلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

**نابۇت** سۈپ (پ) يوقالغان، ھالاك بولغان، ۋەيران بولغان: نابۇت بولماق، نابۇت قىلماق.

**نابۇت بولماق** ۋەيران بولماق، ھالاك بولماق، ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچرىماق، يوقالماق: ئەگەر بىز يەنىلا ساۋاتسىز، قالاق ھالەتتە يۈرۈۋەرسەك مىللىتىمىز، خەلقىمىزنىڭ ئىستىقبالى نابۇت بولىدۇ.

**نابۇت قىلماق** ۋەيران قىلماق، ھالاك قىلماق، ئېغىر دەرىجىدە زىيانغا ئۇچراتماق، يوقاتماق: ئادىلنىڭ خاتىرىسىنى تەپسىلىي ئوقۇپ چىققان سىيت ئاكا ئادىلنىڭ ئورۇنسىز ھالدا ئۆزىنى نابۇت قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

**ناپاك** سۈپ (پ) ① پاسكىنا، مەينەت؛ بۇلغانغان، تەركىبى ساپ بولمىغان: ــ يىراق بول، كىيىملىرىڭ ناپاك بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ بالىسىنى چەتكە تارتىپ. * ئۇنداق نەرسىلەر چېلەكتىكى سۇغا چۈشۈپ كەتسە، سۇ ناپاك بولىدۇ. ② غۇسۇل قىلمىغان، يۇيۇنمىغان؛ بۇزۇق، شاللاق: ــ ناپاك ئايالنى سۆرەپ يۈرسەڭ قانداق بولۇر، ــ دېدى ئۇ. * «ئىككى مۆلچەر» كالتىكىنى ئوينىتىپ ئۇستۇمدە، ئۇ، چاپلىدى «ناپاك، سېسىق» دەپ قاپقارا تۆھمەت ماڭا. ③ كۆچمە. يامان ئىللىتى بار. چىرىك، بولمىغۇر: مەن ئامالسىز ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق ناپاك، ئوغرىلارچە تىل بىرىكتۈرۈشكە مەجبۇرمەن. * ئەي ئوغۇل، ئۆزۈڭنى ناپاك ئىشلاردىن تارتقىن.

**ناپاكلىق** «ناپاك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پاك بول، ناپاكلىق ئادەمنى خانىۋەيران قىلىدۇ.

**ناپور** ئى (ر) < سۇ > بىرلىك ئېغىرلىقتىكى ئېقىن سۇنىڭ مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىسى. بىرلىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى ياكى ئېگىزلىك ئۆلچىمى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ. سۇنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىنىڭ ئومۇمىي ناپورى $Hs=Z+\frac{p}{r}+\frac{v^2}{2g}$ بولۇپ، ئۇنىڭدىكى: Hs ئومۇمىي ناپور؛ Z مەلۇم بازىس يۈزىدىن شۇ نۇقتىغىچە بولغان ئېگىزلىك، بۇ ئادەتتە ئېگىزلىك ناپورى ياكى ئېتمىتكا ناپورى دېيىلىدۇ؛ p شۇ نۇقتىدىكى بىرلىك مەيدانغا چۈشكەن سۇيۇقلۇق بېسىمى؛ r سۇيۇقلۇقنىڭ چېقىشتۇرما ئېغىرلىقى؛ $\frac{p}{r}$ بېسىم ناپورى دېيىلىدۇ؛ v سۇيۇقلۇقنىڭ شۇ نۇقتىدىكى ئېقىش سۈرئىتى؛ g ئەركىن چۈشكەن جىسىمنىڭ تېزلىنىشى؛ $\frac{v^2}{2g}$ سۈرئەت ناپورى دېيىلىدۇ.

**ناپور خوراش** < سۇ > بىرلىك ئېغىرلىقتىكى ئاقار جىسىمنىڭ ئېقىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ ئىچكى سۈركىلىشى ۋە تاشقى توسقۇنلۇقلارنى يېڭىشكە سەرپ قىلىدىغان مېخانىك ئېنېرگىيىسى. بىرلىكى ئۇزۇنلۇق بىرلىكى بويىچە ئىپادىلىنىدۇ، ئېگىزلىك بويىچىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

**ناپور سىزىقى** < سۇ > ئېقىن سۇنىڭ

ھەرقايسى كېسىك يۈزلىرىنىڭ ناپورىغا ماس نۇقتىلار تۇتاشتۇرۇلغان سىزىق.

**ناپور قارشىلىقى** < فىز > جىسىم يېپىشقاق ئاقار جىسىمدا ھەرىكەت قىلغاندا يېپىشقاقلىق كۈچىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن ئاقار جىسىمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىدە ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ (يەنى قايىنام شەكىللىنىپ) جىسىمنىڭ ئالدى-كەينىدىكى ئاقار جىسىمنىڭ بېسىمىدا پەرق كېلىپ چىقىدۇ. مۇشۇ پەرقتىن پەيدا بولىدىغان قارشىلىق «ناپور قارشىلىقى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ناتايىن** سۈپ (پ+ئە) ئېنىقسىز، نامەلۇم، ئېنىق بىلگىلى بولمايدىغان: ــ مېنىڭ چۈشەنچەم ئۇنداق ئەمەس، ــ دېدى شائىر ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، ــ باشلىق بولغانلارنىڭ ھەممىسىگىلا خەلقنىڭ خىزمىتىنى جان-دىل بىلەن ئىشلىشى ناتايىن.

**ناترولىت** ئى (ر< لات+گرېك) < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Na_2[Al_2Si_3O_{10}]\ 2\cdot H_2O$. يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. قۇراشمىسى كۆپىنچە رادىئوئاكتىپ ياكى رادىئوئاكتىپلىق تالا شەكلىدە بولىدۇ. رەڭسىز، ئاق ياكى سۇس سېرىقتىن قىزىل رەڭگىچە كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. تالاسىمانلىرى يىپەك پارقىراقلىقىدا بولىدۇ. قاتتىقلىقى 5 ــ 5.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.20 ~ 2.26.

**ناترىي** ئى (ر< لات) < خىم > مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Na (natrium). كۈمۈش رەڭلىك، يۇمشاق، پارقىراقلىققا ئىگە، ھاۋادا ئوڭاي ئوكسىدلىنىدۇ. ناترىي ۋە ئۇنىڭ تۇزلىرى ــ ئاش تۇزى، ناترىي ئاساسى ۋە گلابىر تۇزى قاتارلىقلار سانائەتتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ناترىي يەنە ئادەم مۇسكۇلى ۋە نېرۋا توقۇلمىلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ناترىي بىكاربونات** < خىم > ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى $NaHC_3$. ئاق رەڭلىك كرىستال، ئىسسىقلىققا يولۇققاندا كاربون (IV) ئوكسىد ئاجرىلىپ چىقىدۇ. ئۇ ئوت ئۆچۈرۈشتە پايدىلىنىلىدۇ، دورىگەرلىكتە ئاشقازان كىسلاتاسىنى نېيتراللاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ناترىي تۇزى** < خىم > ناترىينىڭ بىرىكمە تۇزلىرىنىڭ ئورتاق نامى. مەسىلەن، ئاش تۇزى، ئاساس، شور قاتارلىقلار.

**ناترىي تىئوسۇلفات** < خىم > ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Na_2S_2O_3$. كرىستالدا بەش مولېكۇلا سۇ بولىدۇ ($Na_2S_2O_3\cdot 5H_2O$) كرىستالى رەڭسىز، سۈزۈك بولىدۇ، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ، ئېرىتمىسى ئاجىز ئاساسلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ناترىي تىئوسولفات نېيترال، ئاساسلىق ئېرىتمىدە ئىنتايىن تۇراقلىق؛ كىسلاتالىق ئېرىتمىدە دەرھال پارچىلىنىدۇ. ناترىي تىئوسۇلفات خىمىيە سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئوكسىدسىزلىغۇچى قىلىنىدۇ، پاختا توقۇلمىلار ئاقارتىلغاندىن كېيىن خلور ئاجراتقۇچى قىلىنىدۇ، سۈرەتچىلىك ھۈنەر كەسپىدە تەسۋىرنى مۇقىملاشتۇرغۇچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇندىن باشقا ئېلېكتر بىلەن ھەل بېرىش ۋە خۇرۇمچىلىقتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ناترىي خلورىد** < خىم > ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى NaCl. تۇزلۇق تەمگە ئىگە، سۇدا ياخشى ئېرىيدۇ. خىمىيىۋى خۇسۇسىيەت جەھەتتىن تۇراقلىق، خىمىيە سانائىتىنىڭ

مۇھىم خام ئەشيالىرىنىڭ بىرى. تاماققا تەم كىرگۈزۈش ۋە يېمەكلىكلەرنىڭ چىرىشىدىن ساقلىنىش قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدۇ.

**ناترىي خلورىد تۈزۈلۈشى** ‹فىز› ئىككى خىل ئىئون ئۆز ئالدىغا تۈزگەن يۈز مەركەزلىك كۇبلارنىڭ كۇب دىئاگونالىنىڭ يېرىمى بويىچە نىسپىي يۆتكىلىپ قاتلىنىشىدىن شەكىللەنگەن تۈزۈلۈش. ناترىي خلورىد ۋەكىللىكىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىككى ئاساسلىق بىرىكمىلەرنىڭ ئىئونلۇق كرىستاللىرى مۇشۇ خىل تۈزۈلۈشكە ئىگە.

**ناترىي سپېكترى** ‹فىز› ناترىي ئاتومىدىن چىقىدىغان يورۇقلۇق سپېكترى.

**ناترىي سۇلفات** ‹خىم› ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Na_2SO_4$. سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ئون مولېكۇلا سۇ بىلەن كرىستاللىنىدۇ ($Na_2SO_4 \cdot 10H_2O$). سۇسىز ناترىي سۇلفات سودا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئەينەك تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ناترىي سىلىكات** ‹خىم› ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Na_2SiO_3$. ئۇ شېشىسىمان ئامورپ ماددا بولۇپ، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.4، سۇيۇقلىنىش تېمپېراتۇرىسى 1088°، سۇدا ئېرىيدۇ، «ئېرىشچان ئەينەك» دەپمۇ ئاتىلىدۇ، تەركىبىدە 4، 6، 9 مولېكۇلا كرىستاللىزاتسىيە سۇيى بولىدۇ.

**ناترىي كاربونات** ‹خىم› ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى $Na_2CO_3$. رەڭسىز پاراشوك ياكى دانىچە، سۇدىكى ئېرىتمىسى كۈچلۈك ئاساسلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئەينەك، قەغەز، توغۇت، يۇغۇچ، توقۇمىچىلىق ۋە خۇرۇم قاتارلىقلارنىڭ مۇھىم خام ماتېرىيالى. قاتتىق سۇنى يۇمشىتىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ناترىي گىدروكسىد** ‹خىم› بىر خىل كۈچلۈك ئاساس. مولېكۇلا فورمۇلىسى NaOH. ئاق رەڭلىك قاتتىق ماددا، سۇدا ياخشى ئېرىيدۇ، سۇدىكى ئېرىتمىسى فېنولفتالىيننى قىزارتىدۇ، كىسلاتالار بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ تۇز ۋە سۇ ھاسىل قىلىدۇ. ئادەتتە سوپۇن، بوياق ماتېرىياللىرى، سۇنئىي يىپەك ۋە ئەينەك قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە، يەنە نېفىت ئايرىشتا قوللىنىلىدۇ. ناترىي گىدروكسىد «ئۆيۈغۇچى ناترىي» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ناترىي لامپا** ‹فىز› ناترىي پارى قاچىلانغان گازلىق زەرەتسىزلىنىش لامپىسى.

**ناترىي نىترات** ‹خىم› ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $NaNO_3$. رەڭسىز كرىستال، تىنىق، نەملىكتىن ئۆڭاي پارچىلىنىدۇ، سۇدا ئېرىيدۇ، ئوغۇتمۇ قىلىنىدۇ، يەنە نىترات كىسلاتاسى ئېلىشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. چىلىدا كۆپ مىقداردا تەبىئىي ناترىي نىترات زاپىسى بولۇپ، ئۇ چىلى سېلىتراسى دېيىلىدۇ.

**ناترىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە ناترىي بار بولغان، ناترىيغا ئىگە: ناترىيلىق ئەينەك. ناترىيلىق سېلىترا.

**ناترىيلىق ئەينەك** ‹خىم› تەركىبى تەخمىنەن $Na_2O \cdot CaO \cdot 6SiO_2$ بولغان ئەينەك.

**ناترىيلىق سېلىترا** ‹گېئول› بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Na[NO_3]$. تەركىبىدىكى $63.5\%Na_2O_5$، $36.5\%Na_2O_3$. ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. رەڭگى ئاق، سۇس سېرىق ياكى قوڭۇر، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 1.5 ~ 2.0، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى

2.24 ~ 2.9، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ، سەل تۇزلۇق.

**ناترىيلىق مىكروكلىن** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $(Na, K)[AlSi_3O_8]$. ئۇنىڭدا $K[AlSi_3O_8]$ نىڭ تەركىبى 37% تىن ئاز. ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كۆز بىلەن پەرقلەندۈرۈلىدىغان ئالاھىدىلىكى مىكروكلىنغا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ناترىيلىق ماگما جىنسىدا چىقىدۇ.

**ناتسىست** ئى (ر) ناتسىستىزم تەرەپدارى ياكى ناتسىستلار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى.

**ناتسىستىزم** ئى (ر< نېم) <پەلس> 2-دۇنيا ئۇرۇشىدىن بۇرۇنقى گېتلېر گېرمانىيىسىنىڭ دۆلەتلىك سوتسىيال ئىشچىلار پارتىيىسى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە يۈرگۈزگەن «دۆلەت سوتسىيالىزمى» دېگەن مەنىدىكى ئەكسىيەتچىل تەشەببۇس ھەم سىياسەت. ئەمەلىيەتتە ئۇ گېرمانىيە فاشىزمىدۇر.

**ناتوغرا** سۈپ. توغرا ئەمەس، خاتا: بىلىمسىزمۇ ناتوغرا چۈشىنىپسىز، چۈنكى بۇنىڭ سىرى سىز ئويلىغاندەك ئەمەس.

**ناتوغرا كەسىر** <مات> سۈرىتى مەخرىجىگە تەڭ ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ بولغان كەسىر. مەسىلەن، $\frac{6}{5}$، $\frac{4}{4}$ قاتارلىقلار. ناتوغرا كەسىرنىڭ قىممىتى 1 گە تەڭ ياكى 1 دىن چوڭ بولىدۇ.

**ناتوغرا كەسىر ئىپادە** <مات> سۈرەت مەخرەجلىرى كۆپ ئەزالىق بولۇپ، سۈرەتتىكى كۆپ ئەزالىقنىڭ دەرىجىسى مەخرەجدىكى كۆپ ئەزالىقنىڭكىدىن چوڭ بولغان كەسىر ئىپادە. مەسىلەن:

$$\frac{x^2y+x+1}{x}, \quad \frac{x^2-2x-3}{x^2+3x+2}.$$

**ناتونۇش** سۈپ. تونۇشمايدىغان، تونۇش ئەمەس، يات: ئۇ ئۆزىگە ناتونۇش بۇ ئادەمگە سوغۇق مۇئامىلە قىلدى.

**ناتۇرا** ئى (ر) <گسەن> رەسىمگە ئېلىش ياكى كىنوغا ئېلىش ئۈچۈن ئوبيېكت بولغان تەبىئىي مەنزىرە، نەرسە، ئادەم ۋە باشقىلار.

**ناتۇرا چىزىش** <گ سەن> بىۋاسىتە ئەمەلىي شەيئىنى ئوبيېكت قىلىپ تەسۋىرلەيدىغان سىزىش شەكلى، شۇنداقلا يېڭى ئۆگەنگۈچىلەر بىلەن رەسساملارنىڭ رەسساملىق ئىپادىلەش ماھارىتىنى چېنىقتۇرىدىغان ۋە ئىجادىيەت ماتېرىياللىرىنى توپلايدىغان ۋاسىتىلەرنىڭ بىرى.

**ناتۇرال** سۈپ (ر) ① مال، مەھسۇلات بىلەن ئېلىنىدىغان، بېرىلىدىغان، تۆلىنىدىغان: ناتۇرال ئىش ھەققى. ناتۇرال يەر ئىجارىسى. ② تەبىئىي ھالەتتىكى، ئەسلىي، تەبىئىي: ناتۇرال ئىگىلىك.

**ناتۇرال ئىش ھەققى** <س ئىق> ئىشلىگەن ئىشقا ماددىي نەرسە بېرىلىدىغان ئىش ھەققى.

**ناتۇرال ئىگىلىك** <س ئىق> ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭلا ياكى ئىگىلىك ئورۇنلىرىنىڭلا ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكى، شۇنداقلا ئۆز-ئۆزىنى تەمىنلەيدىغان ئىگىلىك.

**ناتۇرال يەر ئىجارىسى** <س ئىق> فېئوداللىق يەر ئىجارە شەكىللىرىدىن بىرى، يەنى مەھسۇلات بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى.

**ناتۇرالىزم** ئى (ر) <ئەد> ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدە تەبىئىي پەنلەردىكى

تەجرىبىچىلىك پوزىتسىيىسىنى قوللىنىپ تۇرمۇشقا مۇئامىلە قىلىش ۋە تۇرمۇشنى كۆزىتىش تەشەببۇس قىلىنغان بىر خىل يامان خاھىش. ئۇنىڭدا تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرۈش ۋاقتىدا «ساپ ئوبيېكتىپ» قىلىپ خاتىرىلەپ قويۇش، رېئال تۇرمۇشنىڭ ماھىيىتى بولمىغان ئايرىم كۆرۈنۈشلەرنى، كۆرگەن-بىلگەن ئۇششاق-چۈششەك تەپسىلاتلارنى نۇقتىلىق ھالدا تەسۋىرلەش تەشەببۇس قىلىنىدۇ، شەيئىلەردىكى تاشقى ھالەت قوغلىشىلىپ، تىپىكلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇلىدۇ، ھەتتا تۇرمۇش بۇرمىلىنىدۇ.

**ناتۇرىزم** ئى (ل) < دىن > قەدىمكى ئىپتىدائىي ئىنسانلاردا بولغان تەبىئەت كۈچلىرىگە ئېتىقاد قىلىدىغان بىر خىل دىن. ئۇنىڭدا، تەڭرى ئۇلۇغلۇقى تۈپەيلىدىن ئاسماندىكى مەۋجۇدىيەتلەرنىڭ سىمۋوللىرى بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ ئائىلە باشلىقلىرى مۇشۇ ئۇلۇغ مەۋجۇدىيەتلەر ئارىسىدىكى ۋاستە دەپ قارالغان. دۇئا قىلىش ۋە تۇنجى تۇغقان ھايۋاننى قۇربانلىق قىلىش ئۇنىڭدىكى ئاساسىي ئىبادەت شەكىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ناتىق** سۈپ (ئە) سۆزمەن، نۇتۇق سۆزلەش ئىقتىدارى يۇقىرى، گەپكە ئۇستا، گەپدان: ئۇ ناھايىتى پائالىيەتچان، ھارماس، ھەمدە ناھايىتى ناتىق ئادەم ئىدى، ئەمما بىلەن بىردەمدىلا ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كېتەتتى. // مەھمۇت خوجا ئۇستا ناتىقلارغا خاس تەلەپپۇز بىلەن سۆز باشلىدى.

**ناتىقلىق** «ناتىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ ناتىقلىقى لېكسىيە ئاڭلىغۇچىلارنى ھەيران قالدۇردى.

**ناتىنچ** سۈپ. تىنچ ئەمەس؛ تىنچلىقى، ئايىشى بۇزۇلغان؛ تاراق-تۇرۇق، ۋاراڭ-چۇرۇڭى كۆپ: ئۇ چاغدا بۇ يەرلەر ناھايىتى ناتىنچ ئىدى.

**ناتىۋان** سۈپ (پ) ئەھۋالى ناچار، زەئىپ، كۈچسىز، نىمجان؛ بىچارە، ئاجىز: «مەن نېمىدېگەن ناتىۋان ئادەم-ھە!» دېدى ئۇ ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ. * ئايخان خۇددى قەپەسكە سولانغان بۇلبۇلدەك ناتىۋان بولۇپ قالدى. * قىلدى ئالەمچە سەۋەب لوقمان ھېكىم، ناتىۋان جانىم بىلەن بىر جان بولۇپ.

**ناتىۋانلىق** «ناتىۋان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆزۈمنىڭ ناتىۋانلىقىمغا قارىماي، ئاشۇنداق گۈمبەز قۇرۇش نىيىتىدە بىرقانچە يىللار ئىزلەندىم، ئۆگەندىم، يىغدىم ۋە پېزىشقا كىرىشتىم.

**ناجىنس** سۈپ (پ+ئە) بۇزۇق، ئىپلاس، پەس، رەسۋا: — كىم بولاتتى، ھېلىقى جەننەت دېگەن ناجىنس، ناقىسچۇ، — مارىخان ئاچچىق بىلەن غودۇڭشىدى.

**ناچا** ئى (پ) ① تىكىش ماشىنىسىنىڭ ئاستىنقى يىپىنى ئورايدىغان كىچىك غالتەك ياكى غالتەككە ئوخشاش ئەسۋابى. ② موكىنىڭ يىپ تۈزگۈسى (توقۇمىچىلىقتا).

**ناچار** سۈپ (پ) ياخشى ئەمەس، ئەسكى؛ ئۆلچەمگە يەتمىگەن، نورمال چەكتىن تۆۋەن، لاياقەتسىز: ناچار كىتاب خۇددى ناچار ئادەمگە ئوخشاش ساڭا زىيان كەلتۈرىدۇ. * دەرستە ناچار باللارغا كۆپرەك ياردەم بېرىش كېرەك. * ھال-ئوقىتى ناچار، تۇرمۇشتا قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

**ناچار تۈپ** < بوت > ئۆسۈشى تىمەن بولمىغان تۈپ.

**ناچار سورت** < بىئول > ئۆي ھايۋانلىرى ياكى زىرائەتلەر ئىچىدە ئىقتىسادىي قىممىتى تۆۋەنرەك بولغان سورتلار.

**ناچار مەھسۇلات** سۈپىتى ئۆلچەملىك

مەھسۇلاتلارنىڭ نىسپىتىگە يەتمىگەن مەھسۇلات.

**ناچارلاشماق** پ. ناچار ھالەتكە كەلمەك، ناچار بولۇپ قالماق، ناچارلىماق، ئەسكىرىمەك: — ئەھۋال تېخىمۇ ناچارلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ بېشىنى چايقاپ. * بۇ يەردىكى يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ناچارلىشىپ كەتكەنىدى.

**ناچارلىق** «ناچار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ مېنىڭ مىجەز-خۇلقۇمدىكى ناچارلىقمۇ بىلەلمەيمەن، ئىشقىلىپ ئۇنداق قىلىشنى خالىمايمەن.

**ناچارلىماق** پ. ناچار ھالەتكە كەلمەك، ناچارلاشماق: ئۇنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى كۈندىن-كۈنگە ناچارلاپ كېتىۋاتىدۇ.

**ناخشا** ئى. بەلگىلىك ئاھاڭغا سېلىنىپ ئېيتىلىدىغان شېئىرىي ئەسەر، غەزەل: دەل شۇ چاغدا باياتىن نەي ئاۋازى كەلگەن تەرەپتىن يەنە يۈرەكنى ئەزگۈدەك مۇڭلۇق ناخشا ئاۋازى كەلدى. * ئانانىڭ سىنى ئۇيغۇرلارغا خاس، تۇغۇپتىكەن ناخشىغا ئامراق، تەبىئەتمۇ شۇ خىسلەتكە ماس بېرىپتۇ بىر ئاۋازنى ياڭراق.

**ناخشا-قوشاق** ناخشا ۋە قوشاق: ئۇزاق مۇددەت ئېزىلىپ كەلگەن بۇ خەلقنىڭ — ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-قوشاقلىرى ئىچىدە تارىخىي ناخشا-قوشاقلار خېلىلا كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

**ناخشا-كۈي** ناخشا ۋە كۈي: ھېيت ئارپىسىدا ھەر تەرەپتىن ناخشا-كۈي سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ناخشا-مۇزىكا** تۈرلۈك سورۇنلاردا ئېيتىلغان ناخشا ۋە ئورۇنلانغان مۇزىكا: مەخسۇت ئاكىنىڭ ناخشا-مۇزىكا ۋە ھېكايىلىرىنى ئاڭلىغۇچىلار ئىچىدە شەھەر زىيالىلىرىدىن باشقا، يىراق يېزىلاردىن كەلگەن دېھقانلارمۇ كۆپ ئىدى.

**ناخشا-ئۇسسۇل** ناخشا ۋە ئۇسسۇل: يالغۇز ئاجايىپ ناخشا-ئۇسسۇلىمىز ۋە ئۇنىڭغا ماھىرلىقىمىز بىلەن ماختىنىپ ئۆتۈشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ.

**ناخشا-ئۇسسۇلچىلىق** مەخسۇس ناخشا-ئۇسسۇل پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: ئۇيغۇرلارنىڭ ناخشا-ئۇسسۇلچىلىقى خېلىلا تەرەققىي قىلغان.

**ناخشا-ئۇسسۇللۇق** تەركىبىدە ناخشا-ئۇسسۇل بار ياكى ناخشا-ئۇسسۇل كۆرۈنۈشلىرى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلىگەن: ناخشا-ئۇسسۇللۇق دراما.

**ناخشا-ئۇسسۇللۇق دراما** < ئەد > ناخشا، ئۇسسۇل، مۇزىكىدىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپ بىرلىشىپ كەلگەن بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەھنە ئەسىرى شەكلى.

**ناخشىچى** ئى. ناخشا ئېيتىشقا ئۇستا، ناخشىنى ياخشى ئېيتىدىغان كىشى: ناخشىچى بىلەن مۇزىكا چالغۇچى ئوبدان ماسلاشقاندىلا، ئەڭ يۇقىرى ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. // ئۇ ھېلىقى ناخشىچى قىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى.

**ناخشىچىلىق** ئى. ناخشا ئېيتىشنى كەسىپ قىلىش، ناخشا ئېيتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: ئۇيغۇر ناخشىچىلىقى خېلى بۇرۇنلا دۇنياغا مەشھۇر ئىدى.

**ناخشىسىز** سۈپ. ناخشا يوق، ناخشا ئېيتىلمىغان: ناخشىسىز، مۇزىكىسىز تۇرمۇشنىڭ قانچىلىك مەززىسى بار؟

**ناخشىلىق** سۈپ. ناخشا ئېيتىلغان، ناخشا بىلەن ئورۇنلانغان، ناخشا بار: ناخشىلىق مۇزىكا.

**ناخشىلىق مۇزىكا** < مۇز >ئادەم ناخشا بىلەن ئورۇنلايدىغان مۇزىكا. چالغۇ-ئەسۋابلار بىلەن تەڭكەش قىلىشقا بولىدۇ (چالغۇ-ئەسۋابلاردا بېجىرىلىدىغان مۇزىكىدىن پەرقلىنىدۇ).

**ناخۇش** سۈپ (پ) خۇش ئەمەس، كۆڭۈلسىز، پەرىشان: — ئۇ قانداقمۇ دوكتۇر بولسۇن؟! — دېدى يىگىت ناخۇش هالدا. * — كەلسە-كەلمەس داۋراڭ سېلىۋەرمەڭ، — دېدى ئۇ ناخۇش بولۇپ.

**ناخۇل** (توغرىسى: ناخۇن) ← **ناخۇن**.

**ناخۇن** ئى (پ) تەمبۇر تارىنى چېكىپ چېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان بۇيۇم: چال-چال، ياڭراق، شوق تەمبۇرۇڭنى، تەڭكەش قىلىپ ئەلنىڭ بەختىگە. ناخۇن چەككەن ماهىر قولۇڭنى، ئوخشىتىمەن شائىر قەلبىگە.

**ناخۇنلىماق** پ. تەمبۇرنى ناخۇن بىلەن چالماق: مۇقاملار شەيداسى گۈزەل قىز، ناخۇنلاپ تەمبۇرنى چالسا گەر. قەقنۇس غۇنچىدەك قان يۇتار، هوشىنى يوقىتىپ شام-سەھەر.

**نادامەت** ئى (ئە) ئۆز قىلمىشى ئۈچۈن روهى جەهەتتىن پەيدا بولغان ئازاب، بىئاراملىق، پۇشايمان، ئۆكۈنچ، ئەپسۇس: ئابدۇراخمان ئەلەملىك بىر ئۇه تارتىۋەتكەندىن كېيىن، بۇگۈنكى قانلىق پاجىئەنى نادامەت بىلەن سۆزلەپ بەردى.

**نادامەت چەكمەك** پۇشايمان قىلماق، ئۆكۈنمەك، ئازابلانماق، ئەپسۇسلىنىپ ...ئا.ام بولماق: ئالۋاڭ كۆپتۇر ئالامەت،

...ككىنە بۇ يېزا،

مزنىڭ

قلىكى

.امەت

ىلماق،

ۇ بوۋاي

اياتىدىن

ى تىللاپ،

خاس

**ناتىقلىق** ...

شەكلى: ئۇلا...

ھەيران قالدۇر...

**ناتىنچ** سۈپ. تىنچ...

سايىشى بۇزۇلغا...

قارغايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**نادامەتلىك** سۈپ. پۇشايمانلىق، ئۆكۈنچلۈك، روهىي ئازاب، پۇشايمان سېزىلىپ تۇرغان: ئىرپان يېنىك قەدەم ئېلىپ، بالىخانا دېرىزىسىنىڭ ئاستىغا باردى-دە، يىغا ئارىلاش ئاڭلىنىۋاتقان نادامەتلىك ئۈنگە قۇلاق سالدى.

**نادان** سۈپ (پ) ① ئىلىم-پەندىن خەۋىرى يوق، ئاڭ-چۈشەنچىسى نىسبەتەن تۆۋەن، قالاق، تەربىيىلىنىشى تولۇق بولمىغان ياكى تەربىيە كۆرمىگەن: نادان ئادەملەرنى ئالداپ، ئۆزىڭىزنى ئۇلارغا شاھ سۈپەت كۆرسەتەلىگىنىڭىز بىلەن سىز شاھ بولۇپ كېتەلمەيسىز! ② زېھنىي ئىقتىدارى تۆۋەن، دۆت، گاللۋاڭ، كاللىسى ئىشلىمەيدىغان: — قانداق نادان بالا ماۋۇ، ئوهۇش، — دېدى هېلىقى خوتۇن پەرهاتنىڭ قوللىرىنى قاتتىق سىلكىپ، — ئاۋۇ چەتكە قويامسەن؟!

**نادانلارچە** رەۋ. نادانلارغا ئوخشاش، نادانلاردەك، نادانلىق بىلەن: — بولدى، بولدى، — دېدى سەمەتنى توسۇپ، — بۇنداق نادانلارچە ئىش قىلمايلى، بۇگۈن كېتىپ، ئەتە كەلسەك بولمامدۇ؟

**نادانلاشتۇرماق** «نادانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ناچار كىتاب خاتا ئۇقۇم بېرىپ قويىدۇ، نادانىنى تېخىمۇ نادانلاشتۇرىدۇ.

**نادانلاشماق** پ. نادان هالەتكە كەلمەك، بىلىمسىز، پەم-پاراسەتسىز بولۇپ قالماق، گاللۋاڭلاشماق: ئادەم گېزىت-ژۇرنال، كىتاب ئوقۇماي، كىنو-تىياتىر كۆرمەي، رادىئو ئاڭلىماي چەت-ياقا جايلاردا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتسىمۇ نادانلىشىپ قالىدىكەن.

**نادانلىق** ① «نادان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② نادان كىشىلەرگە خاس قىلىق-هەرىكەت، ئەخمەقلىك: — مەن

نادانلىق قىلىپتىمەن، كەچۈرسىلە! ــ دېدى ئۇ بەگنىڭ ئالدىغا تىزلىنىپ.

**نادىر** سۈپ (ئە) ① كەم تېپىلىدىغان، كەم ئۇچرايدىغان، ناھايىتى ئېسىل، ئەلا؛ بىباھا، قىممەتلىك: شائىر ئۆرغۈنلىغان نادىر ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. * بۇ ھەقىقەتەن كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان نادىر سۈرەت. * ئۇنىڭ تاغدىن باھاسىز نادىر ئالماس تېپىۋالغانلىقى ھەممىنىڭ ئېغىزىدا سۆز-چۆچەك بولۇپ يۈردى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نار** ئى. بىر ئۆركەشلىك ئەركەك تۆگە. ئۇ ئادەتتە ئىككى ئۆركەشلىك تۆگىلەردىن كۈچلۈك كېلىدۇ: ئېسىلساڭ نارغا ئېسىل، يىقىلساڭ ناردىن يىقىل (ماقال)

**نار تۆگە** ← **نار**: نار تۆگە مەملىكىتىمىزدە ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ، شۇڭا ئۇنى قاتتىق ئاسراش كېرەك.

**نارازى** سۈپ (پ+ئە) رازى بولمىغان، قوشۇلمىغان، قانائەتلەنمىگەن؛ قارشى؛ خۇشال، مەمنۇن بولمىغان، خۇرسەن ئەمەس:
ــ ئەمىسە پېشىندىن يېنىپ، ھەممىسى يىغىلغاي!
ــ دېدى شامەخسۇت سەل نارازى قىياپەتتە.
* توپ ئىچىدىن نارازى ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى:
ــ بىزگە قوقاق سالماڭ، ھېچكىم ھېچكىمنىڭ قىلتىقىغا چۈشكىنى يوق!

**نارازى بولماق** توغرا تاپماسلىق، قوشۇلماسلىق، نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەك، قارشى چىقماق: مەن قىزنىڭ بۇ قىلغىنىغا نارازى بولۇپ ئۇنىڭ چىرايىغا قارىدىم، ئۇ بىر قولىدا قايچا، بىر قولىدا تارغاق تۇتقان ھالدا تۇراتتى. * مەن كۆڭلۈمدە «5» نومۇرلۇق ئۇستامغا نارازى بولدۇم.

**نارازى قىلماق** خاپا قىلماق، نارازى ھالەتكە كەلتۈرمەك، قارشىلىقنى قوزغىماق: خاسىيەتنىڭ سۆزى ھەلىمخان ئانىنى نارازى قىلىپ قويغاچقا، ئانا قىزىنىڭ مېڭىشىغا زادىلا يول قويمىدى.

**نارازىلىق** «نارازى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شەھەر خەلقىنىڭ پەيلى يامان ئىدى، نارازىلىق كۈنسېرى كۈچىيىپ، بارغانسېرى خەۋپلىك تۈس ئېلىپ بېرىۋاتاتتى.

**نارازىلىق ئەرز خېتى** < قا > دەۋاگەر نارازىلىق ئەرز بېرىش مەزگىلىدە يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىدىن ئەسلىدىكى كېسىمنى ۋە ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئۆزگەرتىش توغرىسىدا تەلەپ قىلىپ ئۇتتۇرىغا قويغان دەۋا ھۆججىتى.

**نارازىلىق ئەرزى** < قا > دەۋاگەرنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم ۋە ھۆكۈملىرىگە قايىل بولماي، قانۇنىي تەرتىپ ۋە ۋاقىت چېكىگە ئاساسەن، يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتىدىن سوت قىلىشىنى تەلەپ قىلغان دەۋاسى.

**نارازىلىق ئەرزى بېرىلگەن سوت مەھكىمىسى** < قا > ① دەۋاگەر تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ كېسىم ۋە ھۆكۈملىرىگە قايىل بولماي، قانۇنىي تەرتىپ ۋە ۋاقىت چېكى بويىچە قايتىدىن سوت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ ئەرز سۇنغان، دەرىجىسى ئەسلىدىكى سوت مەھكىمىسىدىن يۇقىرى تۇرىدىغان سوت مەھكىمىسى. ② ئەنگلىيە، فرانسىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىككىنچى قېتىم سوت قىلىدىغان سوت مەھكىملىرى. ئەنگلىيىنىڭ نارازىلىق ئەرزى بېرىلگەن سوت مەھكىمىسى ئەنگلىيە ئالىي سوت مەھكىمىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمىدۇر.

**نارازىلىق بىلدۈرمەك** رازى ئەمەسلىكىنى، قانائەتلەنمىگەنلىكىنى ياكى قارشىلىقىنى ئىپادىلىمەك: ئەسلىدە، شامەخسۇت ئەسكەر ئېلىشقا كىرىشكەندىن تارتىپ، تاغ خەلقى قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ كەلگەنىدى.

**نارەسىدە** سۈپ (پ) بالاغەتكە يەتمىگەن، ۋايىغا يەتمىگەن: ئەمدى سىز يالغۇز مېنىلا ئەمەس، نارەسىدە قىزىڭىز ساداقەتىنىمۇ مەڭگۈ بەختسىز قىلدىڭىز. // خۇدادىن قورقماي، شۇنداقمۇ قىلغانىمدۇ، ئۇ نارەسىدىدە نېمە گۇناھ؟! ــ دېدى بوۋاينىڭ ھەمراھى ئاستا پىچىرلاپ.

**نارەنجى** (پ) ① ئى < گ سەن > قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلىشىدىن پەيدا بولغان، ئاپېلسىن ياكى كاۋا چېچىكىگە ئوخشايدىغان بىر خىل مۆرەككەپ رەڭ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 590 ــ 620 مىللىمىكرون بولىدۇ. ② سۈپ. شۇ خىل رەڭگە ئىگە: نارەنجى رەخت.

**نارزان** ئى (ر) < خىم > كاربونات ئانگىدرىدلىق مىنېرال سۇ.

**ناركوتىك** (ر) ① ئى. ناركوز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان دورىلار. مەسىلەن، ئېتىل، ئېفىر، خلوروفورم، كوكايىن، پروكائىن قاتارلىقلار. پۈتۈن بەدەننى ناركوز قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئېتىل، ئېفىر، خلوروفورم قاتارلىقلار؛ قىسمەن ئورۇننى ناركوز قىلىشقا توغرا كەلگەندە كوكائىن، پروكائىن قاتارلىقلار ئىشلىتىلىدۇ. ئۇلاردىن باشقا يەنە مورفىن، ئەپيۇن قاتارلىقلارنىمۇ ناركوتىكلار ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ② سۈپ. ناركوز قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ناركوتىك ماددىلار.

**ناركوز** ئى (ر< فران) < تىب > بىھوش، سەزمەس قىلىش.

**ناركوز قىلماق** < تىب > ناركوتىكلار ئارقىلىق پۈتۈن بەدەن ياكى بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىنىڭ سېزىمىنى ۋاقىتلىق يوقاتماق؛ بىھوش، سەزمەس قىلماق.

**ناركوز قىلىش** < تىب > تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىدە قوللىنىلىدىغان بىر خىل تەدبىر. بۇنىڭدا، ناركوتىكلار ياكى يىڭنىلار ياردىمىدە پۈتكۈل ئورگانىزم ياكى ئورگانىزمنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىنىڭ سېزىمى ۋاقىتىنچە يوقىتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ پۈتۈن بەدەننى ناركوز قىلىش، قىسمەن ئورۇننى ناركوز قىلىش ۋە يۇلۇننى ناركوز قىلىش دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**ناركوزلىماق** پ. ناركوز قىلماق، مەست قىلماق، ھوشسىزلاندۇرماق.

**نارودنىك** ئى (ر) < تارىخ > نارودنىكلىق تەرەپدارى.

**نارودنىكلار** ئى < پەلس > 19-ئەسىرنىڭ 60ــ70-يىللىرى روسىيىدە ئۇششاق بۇرژۇئازىيە زىيالىيلىرى ئارىسىدا پەيدا بولغان، ئىنقىلابتا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ رەھبەرلىك رولىنى ئىنكار قىلىدىغان ئىجتىمائىي سىياسىي گۇرۇھ. بۇ گۇرۇھ دېھقانلارنى ئىنقىلابنىڭ ئاساسىي كۈچى ھېسابلاپ، كاپىتالىزم روسىيىدە تەرەققىي قىلالمايدۇ، زىيالىيلار دېھقانلارغا رەھبەرلىك قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنى ئېلىپ بارالايدۇ، تېررورلۇق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىپمۇ ئىنقىلابىي مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ دەپ تونۇغان. كېيىن ئايلىنىپ باي دېھقانلار مەنپەئىتىنىڭ ۋەكىللىرىگە ئايلىنىپ، چار پادىشاھىنىڭ تۈزۈمىگە تەسلىم بولۇش بىلەن ماركسىزمنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن.

**نارودنىكلىق** ئى < پەلس > 19-ئەسىرنىڭ

60 — 70 يىللىرى روسىيىدە پەيدا بولغان، ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ ئاساسىي كۈچى، دېھقانلارنىڭ «يېزا جامائەلىرى» راۋاجلاندۇرۇلسا سوتسىيالىزمغا ئۆتكىلى بولىدۇ دەپ قارايدىغان ۋە سىياسىي كۈرەشنى ئىنكار قىلىپ، شەخسىي تېررورلۇق ۋاسىتىلىرىنى قوللىنىشنى تەشەببۇس قىلغان بىر خىل ئىدىيىۋى ئېقىمى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرى لاۋروپ قاتارلىقلار.

**نارىن** ئى ← **نېرىن**: — ھە، مەنمۇ نارىن سېغىنىپ تۇراتتىم. شۇنداق قىلمىز، ئەلۋەتتە، خاتىرجەم بولسىلا، — دەپتۇ قازى.

**نارىن چۆپ** ← **نېرىن چۆپ**: پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغان كۆڭلىدىكى تامىقى — نارىن چۆپ كەلتۈرۈلۈپتۇ.

**ناز** ئى [پ] ① بىراۋغا يېقىش، يېقىملىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن قىلىنغان قىلىق، يەڭگىل ھەرىكەت، كەرەشمە: ناز قىزغا يارىشار، غاز كۆلگە يارىشار (ماقال). * رەيھان ناز بىلەن ئەركىلەپ تۇرۇپ دېدى: — «بىر گېپىم بار» دېگەنىدىڭىزغۇ؟ ② ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش، ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئارتۇقچە ئەركىلىك. تارتىنچاقلىق كۆرۈنۈشنى ئالغان قىلىق-ھەرىكەت: قىزى بارنىڭ نازى بار (ماقال). * چىرايلىقنىڭ نازى يامان، سەتنىڭ ھالى يامان (ماقال). * زادى نېمە گەپ ئۆزى؟ تولا ناز قىلماي، دەيدىغان گېپىڭنى دېسەڭچۇ!

**ناز ئەيلىمەك** ← **ناز قىلماق**: قىلار خەندان كېچە بۇلبۇل، ساداقەتتىن بېرىپ بەلگە، قىزىلگۈل باغدا ناز ئەيلەر، قىزىل ئەگلىك يېقىپ لەۋگە.

**ناز قىلماق** ① بىراۋنىڭ ئىشقى-زوقىنى قوزغاش، ئامراقلىقىنى كەلتۈرۈش ئۈچۈن قەستەن نازلىق قىلىقلارنى قىلماق، نازلانماق: — سېنىڭ بۇ قىزىڭ ئەجەب چىرايلىق ناز قىلىدىكەن، ھە! — دېدى سەپەرقۇل مومايغا چاقچاق قىلىپ. * «قىزنىڭ تويىدىكى يىغىسى ئۇنىڭ نازىدۇر» دەپ ئاڭلىغانىدىم. روشەنگۈلمۇ ناز قىلىپ يىغلاۋاتسا كېرەك دەپ ئويلاپ ئۇنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدىم. ② ئۆزىنىڭ قەدرىنى ئاشۇرۇش، ئۆزىنى گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن قەستەن تارتىنغاندەك قىلىقلارنى قىلماق: ئۇ باشتا بىرئاز ناز قىلغان بولسىمۇ، ئارقىدىنلا يەنە سەپكە قاتنىشىپ كەتتى. * — ئۇمۇ شۇ تاپتا «يېمەيمەن» دەپ ناز قىلىۋاتىدىغاندۇر-ھە؟ — دەپ سورىدى سارە.

**نازارەت** ئى [ئە] ① ئادەم، نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ ئومۇمىي ياكى ئايرىم تەرەپلىرى ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلغان كۆزىتىش، تەكشۈرۈش: بولۇپتۇ، ئۇ ئاشۇ ئىشنى قىلىۋەرسۇن. ئەمما ئۇنىڭغا بولغان نازارەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىڭلار. ② باشقۇرۇش، ئۆز ئىلكىدە تۇتۇش: ئەكسىلئىنقىلابچى، بۇزۇق بولسىمۇ، ھەر ھالدا ئىشچىلار سىنىپىنىڭ نازارىتىدە بولغانلىقتىن-ئادىل دېگىنىڭ سەندىن ئاڭلىقراق ئوخشايدۇ — دېدى سىياسىي خىزمەت خادىمى قاتتىق غەزەپ بىلەن. ③ ئاپتونوم رايونلۇق، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە بىۋاستە قاراشلىق بولغان ئىدارە-ئورگان: قاتناش نازارىتى. مالىيە نازارىتى.

**نازارەت قىلماق** بىرەر ئادەم، بىرەر نەرسە ياكى ۋەقەنىڭ جەريانى، ئەھۋالىنى تەكشۈرمەك، كۆزەتمەك؛ ئۇنىڭغا قارىتا باشقۇرۇش، يېتەكلەش خىزمىتىنى ئىشلىمەك: ئۇ ئىككى قولچومىقىنى ئەتراپنى نازارەت قىلىپ تۇرۇشقا قالدۇرۇپ

قويۇپ، ئۆزى كېمىنىڭ كەينى تەرىپىگە بېرىپ قالغانلارنى ئاختۇرغىلى تۇردى. * ئۇ بىرنېمە بىزنى مۇشۇنداق نازارەت قىلامدىغاندۇ؟ ـــ دېدى بىرەيلەن كۇسۇرلاپ.

**نازارەتچى** ئى. نازارەت قىلغۇچى، تەكشۈرۈپ تۇرغۇچى، كۆزەتكۈچى كىشى: قۇل بازىرى نازارەتچىلىرىدىن بىرى كېلىپ، بۇ يەردە بولۇپ ئۆتكەن ئىشنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى. * ئىمتىھان مەيدانىدا قولتۇقىغا يوغان دەپتەرلەرنى قىستۇرۇۋالغان ئىمتىھان نازارەتچىلىرى ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى.

**نازارەتچىلىك** ئى. نازارەت قىلىش ئىشى. نازارەتچىلەرنىڭ ئىش-پائالىيىتى: ئۇلار بۇ ياشلارغا ئوبدان تەربىيە بېرىش ۋە ئۇلار ئۈستىدىن نازارەتچىلىك قىلىشى كېرەك.

**نازارەتچىلىك قىلماق** ئادەم، نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىغا قارىتا تەكشۈرۈش، كۆزىتىش ئېلىپ بارماق: ئۇ كېمىگە رۇستەم نازارەتچىلىك قىلاتتى.

**نازاكەت** ئى (ئە) ① كىشىنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش، قىلىق-ھەرىكەت ۋە مۇئامىلىسىدىكى نازۇكلۇق، لاتاپەت، ئەدەب: خوجا ئۇنىڭ ئەپچىل ھەرىكەتلىرىگە ـــ لەشمەننى ھەربىر سوزغاندا بەللىرىنى نازاكەت بىلەن ئېگىشىگە، ئالدىغا چۈشۈپ قالغان توم چېچىنى بويۇن سىلكىپ ئارقىغا تاشلىشىغا زوقلىنىپ قاراپ قالدى. * بەستى-بويى كېلىشكەن بىر جۇۋان يېقىملىق نازاكەت بىلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نازاكەتسىز** سۈپ. نازاكىتى يوق، يېقىمسىز، قوپال، بىئەدەب: ماڭا بۇ ئايالنىڭ سۆزلىرى قوپال، نازاكەتسىز بىلىندى.

**نازاكەتلىك** سۈپ. نازاكىتى بار، يېقىملىق؛ نازاكىتى بىلەن كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، زوقلاندۇرىدىغان: نازاكە

تلىك ئالمىخان. دوپپىڭىزغا گۈل بولاي. جان تەسەددۇق ئەيلىدىم، تا ئۆلگۈچە قۇل بولاي.

**نازغىتماق** «نازغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ ئالدىرىما ئاپا، قومۇش پۆپۈكلىرىنى مىلىك نازغىتىپ ئوينىغان بىلەن بەربىر بورا بولىدۇ، ـــ دېدى ئۇ.

**نازغىتىشماق** «نازغىتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نازغىماق** پ. ئويناقشىماق، تولغىنىپ نازلانماق، تولغانماق: ئۇنىڭ كىيىملىرى تولىمۇ تار ھەم قىسقا بولغاچقا، ئىش قىلغاندا كۆكسىلىرى لىغىلداپ، بەللىرى نازغىپ تولىمۇ قىزىقارلىق كۆرۈنەتتى. * گۈزەل غۇنچىلار نازغىپ ئوينىسا، ھەريان تولغىنىپ غىر-غىر سويلىسا، قۇرغۇيدەك ئۇچۇپ سەھنە بويلىسا، باغدا سەنەمدەك سەيلانىم ئۇسسۇل.

**ناز-كەرەشمە** ← **نازۇ كەرەشمە.**

**نازلانماق** «نازلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: شەرىپە نازلانغاندەك قىلىپ يەلكىسىنى ئابدۇشۈكۈرنىڭ قولىدىن بوشىتىۋالدى-دە، نېرىغا بېرىپ تارغاقنى ئالدى. * ئايخان سۇزۇك لەۋلىرىنى ھىمىرىپ، رۇستەمنىڭ تەلەپچان كۆزلىرىگە نازلىنىپ قارىدى.

**نازلىق** سۈپ. نازى بار، ناز ئارىلاش، خۇلقلۇق؛ يېقىملىق: ـــ شەپە بەرمىگەن بولسام قارىماي كېتەتتىڭىز ـــ ھە؟ ـــ دېدى ناۋاتخان نازلىق ئاۋاز بىلەن قىيىدىغاندەك. * قانداقمۇ چىدىسۇن بۇ ئەلەمگە ئۇ، بۇگۈن تۈن كەينىگە چۈشەر قوغلاپ ئىز. قىلماقتا شۇنچىلىك نازلىق تەبەسسۇم، خىياللار بېغىدا زادى كىمگە قىز؟

**نازلىماق** پ. ناز قىلماق، ئەركىلىمەك، ئويناقشىماق، خۇلق قىلماق: قىز بالىنىڭ يىغلىغىنى—نازلىغىنى. * ـ نېمانچە نازلايدىغانسەن، ـــ دېدى ئانا قىزىغا كايىپ، ـــ ئېغىزىمنى ئۇپراتماي تېزرەك بولغىنا!

**ناز-نېمەت** ← **نازۇنېمەت.**

**نازۇك** سۈپ (پ) ① ئىنچىكە، زىلۋا: مەن بىر قولۇم بىلەن ئۇنىڭ نازۇك بارماقلىرىنى تۇتتۇم. * مەرھابا قەشقەرىنىڭ نازۇك بەدەن قىزلىرىدىن ئىدى. ② يۇقىرى ماھارەت ھەم كۆپ ئەجىر بىلەن ئىشلەنگەن، ئىشلىنىشى نەپىس، ئېسىل؛ مۇرەككەپ، چىگىش: تىراكتورنىڭ نازۇك بىر سايمىنى ئىشتىن چىقىپ، تىراكتور ھەرىكەتتىن توختىغانىدى. * مۇنداق تېلېۋىزورلارنىڭ نازۇك ئۈسكۈنىلىرىنىڭ سۈپىتىنى ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. * ئۆپكە ئىنسانىنىڭ ئەڭ مۇھىم بىر ئەزاسى بولۇپ، تۈزۈلۈش جەھەتتىن ناھايىتى نازۇك. ③ ئۆزىگە خاس قىيىن تەرەپلىرى بولغان، ئالاھىدە ماھارەت، بىلىم تەلەپ قىلىدىغان؛ ئورۇنلاش، بېجىرىش ئەڭ قىيىن بولغان: ئۇ بۇ قېتىمقى نازۇك ئىلمىي تەجرىبىنى غەلىبىلىك تاماملىدى. * — توغرا ئويلاپسىز، بۇ نازۇك يېرى ئىكەن، — دېدى ھېكمەت ياسىنغا. * كەنجى سېيىرىلما ئۇسسۇلنىڭ ئەڭ نازۇك شەكىللىرىنىمۇ ئۆگىنىۋالغانىدى. ④ سۆيۈملۈك، يېقىملىق، ئوماق، كىشىنىڭ مەسىلىكىنى كەلتۈرىدىغان: ئۇنىڭ نازۇك بەدىنى كۆز ئالدىمغا كەلدى. * نازۇك، چېۋەر چاققان قىز، دىلغا ئوتنى ياققان قىز. كىرپىكنى ئويىنىتىپ، قىيا كۆزدە باققان قىز. ⑤ كۆچمە. ئالاھىدە ئېتىبار تەلەپ قىلىدىغان؛ تۇرلۇك تەسىرلەرگە بەرداشلىق بېرەلمەيدىغان، بىرەر تەسىرنى ئاسان قوبۇل قىلىدىغان، سۆز-ھەرىكەتكە قارىتا سەزگۈر، ئەمما گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان: « قاۋانلىق » نىڭھاۋاسى ساڭا ياقماپتۇ-دە! بۇرۇنلا نازۇك مىجەز ئىدىڭ، قارىغىنا سازلىقلار ئۆزگەردى، سېنىڭ مىجەزىڭ بولسا تېخىچىلا كونا پېتى! * — ۋاي تاۋى نازۇك، شۇنىڭغىمۇ يامانلاپ كەتتىڭىزمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ. * — كۆڭلى ئىنتايىن نازۇك بالا ئۇ! — دېدى بىرەيلەن گەپ قىستۇرۇپ. * ئۇ بارا-بارا قەلبىنىڭ ئەڭ نازۇك جايلىرىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان بىر خىل لەززەتلىك تۇيغۇنى ھېس قىلىپ قالدى. ⑥ سىلىق، يېقىملىق، نازاكەتلىك، ئەۋرىشىم: قىزمۇ قېرىلارغا نازۇك بىر ھەرىكەت بىلەن سالام بەردى. * قىزنىڭ قاراشلىرى شۇنداق نازۇك، شۇنداق يېقىملىق ئىدىكى، خۇددى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشايتتى. * مەيىن شامال گويا نىجاتنىڭ شۇ تاپتىكى شادلىقىغا ئورتاقلاشماقچى بولغاندەك، قۇلاقلىرى تۈۋىدە نازۇك شۇۋىرلاپ، مەڭزىلىرىگە سۆيمەكتە ئىدى. ⑦ كۆچمە. ئاجىز، بوش، زەئىپ، چىدامسىز: ئادەم گۈلدىن نازۇك، تاشتىن قاتتىق (ماقال). * ئۆزىنى ئارانلا كۆتۈرۈپ تۇرغان مېھرىبانىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدى نازۇك ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. * زەڭگەر كۆنلۈك ئاستىدا، بىر ئوغۇل ھەم قىز بالا. بىرى نازۇك چېچەكتۇر، بىرى ئاڭا مۇپتىلا. ⑧ سىرلىق، كىشىنى ھەم سۆيۈندۈرىدىغان ھەم ئەنسىرىتىدىغان: كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارا-بارا مەندە ئۇنىڭغا قارىتا بىر خىل نازۇك تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىغانىدى. * نېمە داستىخان، نېمە ئىجاد، نېمە تەپەككۇر، نېمە بۇ تۈگىمەس نازۇك تەسەۋۋۇر!؟ * ئۇ ئۆزىنىڭ نازۇك، سوغۇق ۋە چۈشەنگىلى بولمايدىغان تەبەسسۇمى بىلەن ماڭا قاراپ تۇراتتى. ⑨ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نازۇك تاش قورال دەۋرى** < ئارخېئول > كونا تاش قورال دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى. بۇ دەۋردە ئۇششاق تاش پارچىلىرىدىن سېپتا ھەم ئۇچ بۇرجەك ياكى باشقا گېئومېترىيىلىك شەكىللەردە ئىشلەنگەن تاش قوراللار ئىشلىتىلگەن.

**نازۇكەرەشمە** ناز ۋە كەرەشمە؛ ئومۇمەن ئويناقشىپ، ئەركىلەپ قىلىنغان قىلىق-ھەرىكەتلەر: ئۇ شۇنداق قارىۋىدى، ئۆزىگە نازۇكەرەشمە بىلەن ئىللىق كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇرغان پەرىزاتنى كۆردى.

**نازۇكلاشتۇرماق** «نازۇكلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نازۇكلاشماق** پ. نازۇك ھالغا كەلمەك، نازۇك بولۇپ كەتمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمدى پۈتۈنلەي باشقىچە ـ ئاۋۋالقىدەك يېنىك ۋە پاك ئىكەنلىكىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنىڭ يۇمشاپ، نازۇكلىشىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى.

**نازۇكلۇق** «نازۇك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ پۈتۈن گەۋدىسىدە ئاللىقانداق تۇر نازۇكلۇق بار ئىدى. * ئۇنىڭدىكى يېڭىلىقىنى، ئاجايىپ نازۇكلۇقىنى پەقەت قارىغۇ ئادەملا كۆرەلمەيتتى.

**نازۇنېمەت** ئى. تەبىئەت ئاتا قىلغان تۈرلۈك نېمەتلەر ۋە يەل-يېمىشلەر: ـــ سەن ئاۋۋال ھەر خىل نازۇنېمەت، ئاش-تاماق كەلتۈر! ـ دەپ بۇيرۇپتۇ خان. * يايدى ئالدىمغا ئاران كەڭ داستىخان، نازۇنېمەتلەر تىزىلدى يانمۇيان.

**نازىر** ئى (ئە) نازارەتنىڭ باشلىقى: مالىيە نازارىتىنىڭ نازىرى. سەھىيە نازارىتىنىڭ نازىرى.

**نازىركۇم** ئى < مۇز > ئۇيغۇر خەلق كۈيلىرىدىن بىرى ۋە شۇ كۈيگە ئوينىلىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل. ئۇ ئاساسەن تۇرپان ۋىلايىتىدە ئومۇملاشقان.

**نازىرلىق** ئى. نازىرغا يۈكلەنگەن ئەمەل، ۋەزىپە، ئىش: ئۇنىڭ نازىرلىق قىلىۋاتقىنىغا تۆت يىلدەك بولۇپ قالدى.

**نازىگۈل** ئى (ناز+ى+گۈل) < بۇت > ① قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك تېنىدە قىسقا يۇمشاق تۈكلىرى بار. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى يوق. 1 ــ 3 تال گۈلى غولىنىڭ ئۇچىدا، گۈلى تۆۋەنگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ. گۈلتاجىسى قوڭغۇراقسىمان. غوزا مېۋىسى تۆۋەندىن ئۇچكە يېرىلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ياۋروپانىڭ جەنۇبى، دۆلىتىمىزدىمۇ ئۆستۈرۈلمەكتە. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نازىل** سۈپ (ئە) چۈشكەن، ئەۋەتىلگەن.

**نازىل بولماق** چۈشمەك، يەتمەك: بىز ئىنسانلار بەخت-سائادىتىمىز ئۈچۈن بۇ ئۇلۇغ كىتاب نازىل بولدى.

**نازىل قىلماق** چۈشۈرمەك، ئەۋەتمەك: ـ بالىلىرىم قۇلاق سېلىپ ئاڭلاڭلار، ـ دېدى سېيتقارى ئۆز ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان 20 نەچچە گۆدەك تالىپقا قاراپ، ـ ئاللاتائالا بىز مۆمىن بەندىلىرىگە قۇرئانشەرىپنى نازىل قىلدى.

**نازىنىن** سۈپ (پ) چىراي-تۇرقى، قەددى-قامىتى كېلىشكەن، گۈزەل، ناھايىتى چىرايلىق (قىز-ئاياللار ھەققىدە): بارارغا يوللىرىڭ بولسۇن، قىزىلگۈل ھەمراھىڭ بولسۇن، سېنىڭدەك نازىنىن يارغا، مېنىڭدەك قۇللىرىڭ بولسۇن. // نازىنىنلار ئالىمىدە يوق ئۇنىڭدەك خۇش چىراي، ئۇل ئېرۇر گوياكى ئىنساندىن تۇغۇلغان يېڭى ئاي.

**ناس** ئى. كۆك تاماكا بىلەن چاكاندا كۈلىنى ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان بىر خىل چېكىملىك. ئادەتتە كۆپىنچە تىلىنىڭ كالپۇكىنىڭ ئاستىغا سېلىپ ياكى بۇرۇنغا تارتىپ چېكىلىدۇ: ئۇ باشتىكى ئېتىزنىڭ قىرىدا ئولتۇردى ـدە، ناس قاپىقىدىن كالپۇكىنىڭ ئاستىغا بىر سېلىم ناس ئېتىۋالدى.

**ناسارا** ئى (ئە) خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد

قىلغۇچى كىشى.

**ناسكى** ئى (ر) ئوشۇقنى بېسىپ تۇرىدىغان قىسقا پايپاق.

**ناسناس** سۈپ. قانداقلا نەرسە بولسا يەۋېرىدىغان، تاماق تاللىمايلا يەپ كېتىدىغان، ئاچكۆز: ناسناس ئادەم.

**ناسوس** ئى (ر) < ماشىن > سۇيۇقلۇق ياكى گازنى تارتىپ چىقىرىش ياكى بىرنەرسىنىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب: ۋېلسىپىت ناسوسى. هاۋا ناسوسى. ناسوس بىلەن سۇ چىقارماق.

**ناسۋال** ئى ← **ناس:** سادىق بوۋاي ئاچچىقنى بىر چىمدىم ناسۋال بىلەن بېسىپ، ناسىرنىڭ بىقىنىدىن ئورۇن ئالدى.

**ناسۋال قاپاق** ① < بوت > قاپاقنىڭ ئۆزگەرگەن بىر تۈرى. ئۇنىڭ قاپاقتىن پەرقى شۇكى، كۆپ مېۋىلەيدۇ، مېۋىلىرى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر چوڭلۇقتا بولىدۇ. ناس چېكىدىغانلار كۆپىنچە ناسنى مۇشۇ قاپاققا سالىدۇ. ② ناسۋال چېكىدىغانلار ناسۋال قويۇپ يېنىدا ساقلايدىغان كىچىك قاپاق: بەزى ئەزالارنىڭ هۆپۈپ قىچقارغان چاغدا يەيدىغان ئېشى توگەپ كېتىپ «ناسۋال قاپاققا نان بارمۇ؟» دەپ خۇرجۇن كۆتۈرۈپ چىققىلى تاس قالدى.

**ناسۋالچى** ئى. ناسۋال تەييارلىغۇچى ياكى ئۇنى ساتقۇچى كىشى.

**ناسۋالچىلىق** ئى. ناسۋال تەييارلاش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى.

**ناشاد** سۈپ (پ) شاد، خۇشال ئەمەس؛ غەم-قايغۇغا پاتقان، خاپا، مەيۈس: بولدى نىمجان سۇغا تەشنا بىلىقلىرىڭ، بولدى هەم غەرق ياشقا يەلكەن-قېيىقلىرىڭ، ئەلەم بىلەن ئۆتتۈڭ ئون يىل ناشاد بېغىم.

**ناشادلىق** «ناشاد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇندىمۇ يات ماڭا ئاداش ۋە هەسەت، قىزغىنىش، رەشكلەر ناشادلىق ياكى دالىدەك كەڭ بولۇپ كۆلۈپ ياشايمەن، قىرى يوق، چېكى يوق ئۆلگىچە تاكى.

**ناشايان** سۈپ (پ) نامۇناسىپ، نالايىق؛ بىمەنە، رەسۋا: هاجى ئىشان سىنىڭ ئايتۇرا بىلەن قىلغان ناشايان ئىشىڭنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىكەن.

**ناشتا** ئى (پ) ① سەھەردە ئورۇندىن تۇرۇپلا يېيىش ئۈچۈن تەييارلانغان نان-پان، چاي قاتارلىق يېمەكلىك؛ ئەتىگەنلىك تاماق: ئەتىگەن سائەت يەتتىدىن يەتتە يېرىمغىچە ناشتىسىغا بىر پىيالىدىن سۈت، بىر چاقماقتىن قەنت ۋە نان بىلەن تاماقلىنىدۇ. * ئۇ تراكتورنى قوشنا ئېتىزدا توختىتىپ قويۇپ، ئەتىگەنلىك ناشتىغا ئۆيگە كەلدى. ② ناشتا قىلغان ياكى قىلىدىغان ۋاقىت: ئەتىسى تاهىر ئاكا سەھەر تۇرۇپ ماللىرىغا بوغۇز بەردى. ناشتىدىن كېيىن دۇكانغا باردى.

**ناشتا قىلماق** سەھەردە ئازراق بىر نەرسە يەۋالماق، ئەتىگەنلىك تاماق يېمەك: ئايجامال ناشتا قىلىپ بولۇپلا خىزمەتكە چىقىپ كەتكەنىدى.

**ناشتا ۋاقتى** ئەتىگەنلىك تاماق يەيدىغان ۋاقىت، ناشتا قىلىدىغان ۋاقىت: هاتەم ئەتىسى ناشتا ۋاقتىدا ئۇ سارايدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

**ناشتا-ناها** ناشتىدا يەيدىغان نەرسىلەر: ئابلىكىم كېيىنكى كۈنلەردىكى ئادىتى بويىچە خامانىدىن ئەتىگەن قايتىپ كېلىشى ۋە بىرئاز ناشتا-ناها قىلىۋېلىپ، ئاندىن كاۋاتقا ئۆزىنى تاشلاپ ئۇخلىشى لازىم ئىدى.

**ناشتىسىز** سۈپ. ناشتا قىلمىغان، ناشتا قىلماي: ئۇ تورغاي چۇچۇلدىماستىنلا ئورنىدىن

تۇرۇپ، ناشتىسىز ھالدا قۇملۇقنىڭ ئەڭ چېتىگە جايلاشقان تۆمۈرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. // ئۇ بۈگۈن ئەتىگەن ناشتىسىزلا سىرتقا يۈرۈپ كەتتى.

**ناشتىلىق** ئى. ناشتا قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان يېمەكلىك، ئەتىگەنلىك تاماق: — تولا كاپشىما! — دەپتۇ بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، — ھازىرچە چىپار قوزا بىلەن قورسىقىمنى توقلاپ تۇراي، سەن ئەتە ئەتىگەنلىككە ناشتىلىققا ياراپ قالارسەن! // ئاپىسى، ناشتىلىق بىر نەرسەڭلار بولسا، تېزراق بولۇڭلار، بىز ناشتا قىلىپلا ماڭمىساق بولمايدۇ، — دېدى توختى ئاكام.

**ناشۈكۈر** سۈپ (پ+ئە) بارىغا شۈكۈر-قانائەت قىلمايدىغان، قانائەتسىز، ئاسان رازى بولمايدىغان: ناشۈكۈر ئىكەنسىز، ئوغلۇم، — دېدى ھېلىقى بوۋاي ئەختەمنى ئەيىبلەپ.

**ناشۈكۈرلۈك** ئى. شۈكۈر قىلماسلىق، رازى بولماسلىق، قانائەت ئىلە نمەسلىك: — ئۇنداق ناشۈكۈرلۈك قىلماڭ، — دېدى ئۇ تۇرسۇن ياماقچىغا.

**ناشپىكەر** ئى. قوغۇننىڭ بىر تۈرى، تەمى بەك تاتلىق: پىلىكىگە قاراپلا دەمدۇ خەمەكنى ناشپىكەر، يارغۇدەك تىلنى ئۇنىڭدا تەم ۋە لەززەت بولمىسا.

**ناشى** ئى ‹ئىرق› مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ناشى تىلى** ‹تىل› ناشىلار قوللىنىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭزۇ-بىرما تىللىرى تۈركۈمىنىڭ يىزۇ تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ، ۋېيشى، جۇڭدىيەن، يۇڭشېڭ قاتارلىق جايلىرىدا ھەم سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يەنيۈەن، يەنبيەن، مولى قاتارلىق جايلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ناشىچە** ① سۈپ. ناشىلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ناشىچە ئادەت. ناشىچە كىيىم. ناشىچە ئۇسسۇل. ② ئى. ناشى تىلى: ئۇ ناشىچىنى ياخشى بىلىدىكەن. ③ رەۋ. ناشى تىلىنى ئىشلىتىپ: ناشىچە سۆزلىمەك.

**ناشىلار** ئى ‹ئىرق› ناشى مىللىتى، ناشى خەلقى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ، ۋېيشى، جۇڭدىيەن يۇڭشېڭ قاتارلىق جايلىرىغا ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ يەنيۈەن، يەنبيەن، مولى قاتارلىق جايلىرىغا ئولتۇراقلاشقان.

**ناغرا** ئى (ئە) ‹مۇز› ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇرغۇلۇق (سوقما) چالغۇ ئەسۋابى. گەۋدىسى چويۈندىن قۇيۇلۇپ، ئۈستىگە تېرە تارتىلغان، ئېگىزلىكى 35 سانتىمېتىر، دىئامېتىرى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، ئۈستى چوڭ، ئاستى كىچىك، سىرتقى شەكلى لوڭقىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. بىر چوڭ، بىر كىچىك ياكى بىر چوڭ، بىرقانچە كىچىكى بىلەن تەشكىللىنىپ چېلىنىدۇ.

**ناغرا پەردە** ‹ئانات› ← **قۇلاق پەردىسى.**

**ناغرا چالماق** ئىككى تال چوكا بىلەن ناغرىنى رىتىملىك ئۇرۇپ، بىر خىل ئاھاڭ پەيدا قىلماق، ناغرىنى رىتىمگە كەلتۈرۈپ ئۇرماق: داق بىلەن قاق ناغرىنى ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن چېلىۋاتاتتى.

**ناغرىخانا** ئى ‹ئانات› قۇلاقنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ناغرا پەردە تۇرىدىغان بوشلۇق.

**ناغرا-دۇمباق** ناغرا ۋە دۇمباق: بىر كۈن ئاۋۋال ناغرا-دۇمباق ياڭرىتىپ ھەم سۇنايلارنى

« سەنەم » گە سايرىتىپ، ئەتىسى بايۋەچچىنىڭ
بولدى تويى، ئاڭنى ئەگىپ قىلدى جەۋلان
قۇرغۇيى.

**ناغرا-سۇناي** ناغرا ۋە سۇناي: بىردىنلا ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭ ئىشخانىسىنىڭ ئۆگزىسىدىن ناغرا-سۇناي ئاۋازى ئاڭلاندى.

**ناغرا-كاناي** ناغرا ۋە كاناي

**ناغرىچى** ئى. ناغرا چالىدىغان كىشى، ناغرا چېلىشقا ئۇستا ئادەم: ناغرىچىلار ئورۇنلاشتى
دۆڭلەرگە، ياڭراپ تۇردى مۇڭلۇق، گۈزەل
بىر ناۋا. داستىخانلار يېغىلغاندا، پۈتۈن ئەل
— شادۇ خۇرام قىلدى ئويۇن ۋە ساما.

**نافتالىن** ئى (ر < گرېك) < خىم > ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_8$ . رەڭسىز كرىستال بولۇپ، ئالاھىدە پۇرىقى بولىدۇ. كۆمۈر سمولىسىدىن چەككىلەپ ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن بوياق، سمولا، پۇراقلىق ماتېرىيال، تىببىي دورا قاتارلىقلارنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**نافتالىن كۇملىچى** < خىم > نافتالىندىن ئىشلەنگەن كۇملاچ. ئاق ۋە ئالاھىدە پۇراقلىق كېلىدۇ. كىيىم-كېچەكلەر ئارىسىغا سالغاندا كىيىمگە كۈيە چۈشۈشنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ « كۈيە دورىسى » دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ناقايىل** سۈپ. قايىل ئەمەس، رازىلىقى يوق، رازى ئەمەس: — مەن سۆزۈڭگە ناقايىل، — دېدى ھېلىقى ياش بالا ئەختەمگە پەرۋاسىز قاراپ قويۇپ.

**ناقايىللىق** « ناقايىل » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ناقولاي** سۈپ. قولاي ئەمەس، ئەپسىز، بىئەپ: يول ئۈستىدە كۆپ تۇرۇشمۇ ناقولاي، ئۆيگە كىرىش تېخى ئەپسىز ئىدى.

**ناقولايلىق** « ناقولاي » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يولنىڭ كېيىنكى بۆلىكىنىڭ ئات بىلەن مېڭىشقا ناقولايلىقى ئۇلارنى ئاتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى.

**ناكار** سۈپ (پ) بىرەر ئەزاسى ئەسلىي ھالىتىنى، ئىقتىدارىنى يوقاتقان؛ مېيىپ: — ۋۇي كۆزۈڭ ئېقىپ چۈشكۈر! — دېدى سونۇر راستتىنلا غەزەپلىنىپ، — ھېلىقى تىلىڭنىمۇ مۇنۇ پاختا كۆزۈڭدەك ناكار قىلىۋېتىمەن!

**ناكار بولماق** بىرەر ئەزاسى ئۆز ئىقتىدارىنى يوقاتماق، مېيىپ بولماق: مەن ئۇ كىشىنىڭ مەلۇم بىر ئورۇندىكى قۇرۇلۇش جازىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ، ئىككى پۇتى ناكار بولغان پېشقەدەم ئۇستا ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

**ناكار قىلماق** مېيىپ قىلىپ قويماق، مېيىپ ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇ قولىدىكى تەييار بەتلەكلىك بەشئاتارىدىن ئوق ئۈزۈپ ئۇنىڭ پۇتىنى ناكار قىلىپ تاشلىدى.

**ناكارلىق** ئى ← **مېيىپلىك**: ئۇ ناكارلىقىنىڭ ئازابىنى خېلى جىق تارتقان كونا ئەسكەر ئىدى.

**ناكەس** سۈپ (پ) ① ۋىجدانى، ئىنسابى يوق، يارىماس، قەبىھ، پەسكەش: تىلىڭنى يىغ ناكەس! — دېدى مەنسۇر غەزەپ بىلەن ئالدىغا مېڭىپ. ② باشقىلارغا ھېچقانداق مەنپەئەت بەرمەيدىغان، بېخىل، پىخسىق: ناكەسكە قەرزدار بولساڭ، يولدا قىستار ھەم گۆردە.

**ناكەسلىك** ئى. پەس قىلىق-ھەرىكەت، پەسلىك، رەزىللىك: ئۇنىڭ ناكەسلىكىدىن ئاشۇ تۇتۇلۇپ قالغانلارمۇ ئۆلگۈدەك خورلاندى.

**ناگان** I ئى (ر) تاپانچا: كېلەتتى ئۇ ياقتىنمۇ
بىر توپ ئەسكەر. مەردانە ئات چاپتۇرۇپ،
مەغرۇر ھامان. ئارقىغا بۇرۇلغاندا قالدى ھاڭ-تاڭ،
تۇراتتى قىز ئۇنىڭغا تەڭلەپ ناگان.

**ناگان** II رەۋ (پ) ① بەزەن، بەزى، گاھى: چىراي ئۇيغاتسمۇ سۆيگۈنى ناگان، چىن سۆيگۈ چىرايغا ھەرگىز قارىماس. پۈتكۈل مال-دۇنياسى بىلەنمۇ خاقان، بىر جانان كۆڭلىنى سېتىپ ئالالماس. ② كۈتۈلمىگەندە، تۇيۇقسىزدىن، ئۇشتۇمتۇت؛ ئەگەر: سېنىڭدەك بىناۋا ئالەمگە كەلمەس، ناگان كەلسە كېلۈركى، جاھانغا كەلمەس.

**ناگاندا** رەۋ. بەزىدە، گاھىدا؛ ئەگەردە: مەن ئۇنىڭ بىلەن ناگاندا ئۇقۇتۇش بىناسىنىڭ پەلەمپەيلىرىدە، ناگاندا تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۇچرىشىپ قالاتتىم. * سەن ناگاندا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالساڭ، مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى دەپ قوي.

**ناگان-ناگاندا** ئاندا-ساندا، بەزى-بەزىدە، گاھى-گاھىدا: بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدە گۈلبوستان ئاتلىق پەرىزاتتەك بىر قىز بار ئىدى، بىز ناگان-ناگاندا ئۇچرىشىپ قالاتتۇق.

**ناگاھ** رەۋ (پ) يېزت. كۈتۈلمىگەندە، تۇساتتىن، ئۇشتۇمتۇتتىن ئويلىمىغان يەردىن: ناگاھ بىر كېچىسى غايىبتىن بىر ئاۋاز كەلدى: «بۇ ئاھۇنالىدىن ساڭا پايدا يوق...».

**ناگۇلا** سۈپ. جانت. نارازى، خاپا؛ غەمكىن: يۇلتۇز ئايدىڭ بىلەن گۇللەيلىنى باشلاپ كىرىدى. ئايدىڭ ناگۇلا كۆرۈنەتتى. * — ۋاي-ۋۇي، بەك ئۇزاق ئىكەن، مېنىڭ ئانام يوق، ئۇ ۋاقتىقچە قىينىلىپ كېتىمەن، — ناگۇلا بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سالدى لالە.

**ناگۇلالىق** ئى. جانت. نارازىلىق، خاپىلىق؛ غەمكىنلىك: ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرسىمۇ قاشلىرى ئاستىدا بىلىنەر-بىلىنمەس ناگۇلالىق سېزىلىپ تۇراتتى.

**نال** ئى (ئە) ئاياغ كىيىمنىڭ پاشىنىسىغا ياكى چەمنىڭ ئۇچىغا قېقىلىدىغان، تۆمۈر بۇيۇم، كىچىك تاقا: ئۆتۈكنىڭ نالى. * ئۇ تۇپلىيىگە نال قاقتۇرۇپ كەلگەنىدى.

**نالايىق** سۈپ (پ+ئە) لايىق-مۇناسىپ ئەمەس، لايىق كەلمەيدىغان، مۇۋاپىق بولمىغان: ھازىر ئۆزلىرى بويىتاقلىقنىڭ دەردىنى ئوبدان تارتىۋاتىدىلا، بۇنداق يۇرۇۋېرىش ئەھلى مۇسۇلمانغا نالايىق ئىش. شۇڭا سىلىگە بۇ مەسلىھەتنى بېرىشىم.

**نالە** ئى (پ) ① غەم-ئەلەم، دەرد-ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان دەردلىك ئاۋاز؛ پەرياد، پىغان: ئىنەك ھۆركىرەپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ نالىسىگە تاقەت قىلالماي، ئىچىم ئاغرىپ قولۇمنى تارتتىم. ② يالۋۇرۇش، ئىلتىجا، ئۆتۈنۈش قاتارلىق تەلەپ تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مۇڭلۇق ئاۋاز، يېلىنىپ قىلىنغان ئىلتىجا ئاۋازى: ئىت ھۆركىرەپ يىغلاپ ئۆزىگە ئۆلۈم تىلەيتتى. ئۇنىڭ نالىسىگە چىدىماي، ياسىن بىلەن مۇشۇكمۇ يىغلايتتى.

**نالە قىلماق** دەردلىك، ھەسرەتلىك، ئېچىنىشلىق ئاۋاز چىقارماق، پەرياد قىلماق: ئۇ ئېچىنىشلىق نالە قىلىپ يۇمىلايتتى. مېھرىلىك كۆزلىرىدىن ئاققان ياش دەرد-ئەلەم، خورلىنىش بىلەن تولغان كۆكسىنى بوشىتىدىغاندەك تۇيۇلاتتى.

**نالە-پەرياد** نالە ۋە پەرياد، ئومۇمەن دەردلىك ئېچىنىشلىق ئاۋازلار: شۇ كۈنى دادامنىڭ ئېچىنىشلىق نالە-پەريادى بىزدەممۇ بېسىقمىدى.

**نالە-پىغان** نالە ۋە پىغان: مۇسنەبىتنىڭ تۈرمىلىرى توشۇپ كەتتى، ئېزىشلىرى بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. غەزەپ-نەپرەت دەريالىرى تېشىپ كەتتى، ھېچ يەتمىدى ئاللاغا بۇ نالە-پىغان.

**نالەت** (توغرىسى: لەنەت) ← **لەنەت**.

**ناله-زار** ناله ۋە زار: بۇرە بۇ سۆزلەرنى ناله-زار بىلەن تولغىنىپ تۇرۇپ تۈلكىگە يىلىنىپ ئېيتتى.

**ناله ش** ئى ① ھەسرەتلىك نالە، ئېچىنىشلىق نالە: يۇرت ئىچىنى يىغا-زارە، ئىش ئورنىنى ھەسرەت، پىغان، نالەش ئوتلىرى قاپلىدى. ② ئۇيغۇر خەلق كۈيلىرىدىن بىرىنىڭ نامى: ئۇ ئاخىرى نالەشكە چېلىپ ھەممەيلەننى بىر خىل مۇڭغا چۆمۈلدۈردى.

**نالىلىق** سۈپ. نالى بار، نال قېقىلغان، نال بېكىتىلگەن: نالىلىق ئۆتۈك.

**نالىلىق** سۈپ. نالە-پەريادى بار، نالە ئارىلاش: يىغلىۋال سىڭلىم! كۆزۈڭ يېشىدا يامغۇر ياغدۇرۇپ، كۆز يېشىڭ چۈشكەن زېمىن بولغاي چىمەن... تاڭ قالدۇرۇپ... قونغىنىدا نالىلىق سازىڭغا شادلىق بۇلبۇلى، مەي ئىچەرمىز ئولتۇرۇپ، نەزمى ئارا مەي ياغدۇرۇپ.

**نالىماق** پ. دەردلىك، ئېچىنىشلىق ئاۋاز چىقارماق، نالە قىلماق: ئەلنىڭ نېمە خاھىشى، دىلىنىڭ نېمە خالىشى، خۇشاللىق نېمىدىن، يا نېمىدىن نالىشى... * — جېنىم قىزىم... — دەپ نالىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**نام** ئى (پ) ① ئادەم ياكى نەرسىگە مەخسۇس قويۇلغان ئات، ئىسىم: — سەركەردە! كېمىنىڭ ئارقىسىدا بىرەيلەن سىلىنىڭناملىرىنى چاقىرىۋاتىدۇ! — دەپ مەلۇم قىلدى بىر ئەسكەر. * نام بېرىپ ھاسا دەرىخىگە شۇ دەم، ئاتىشىپتۇ «ئەزىمەت» دەپ ئۇنى ھەم. ② مەلۇم ساھە ياكى مەلۇم خىزمەتتە ئېرىشكەن نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ، ئۇتۇق-نەتىجىلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن مەخسۇس بەلگىلىمىلەر ئاساسىدا بېرىلگەن دەرىجە، ئۇنۋان، مەخسۇس ئاتاق: بۇ قاراۋۇلخانا بۇ نۆۋەت «قارا قۇرۇمدىكى پولات قاراۋۇلخانا» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. * ئۇ بۇ قېتىم «ئىلغار پارتىيە ئەزاسى» دېگەن نامغا ئېرىشتى. ③ كۆپچىلىك ئارىسىدىكى داڭق، شۆھرەت، شەرەپ: ئەل ئارىسىدا گۈلئايىم، چېۋەر قىز دەپ نامىڭ بار. ساڭا لايىق ئوت يۈرەك، مەندەك ئىشچان يارىڭ بار.

**نام ئالماق** نام-ئاتاقتا ئېرىشمەك، باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بەلگىلىك؛ بىر ئىش ئۈچۈن مۇئەييەن نامغا ئىگە بولماق، ئاتاق ئالماق: ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرىكى مەشھۇر خەلق شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆز ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ «مۇللازەيدىن» دەپ نام ئالغان. * ئۇ يېزىدا «بىغەرەز» دەپ نام ئالغاچقا، قايتقاندىكى كىشىلەرنىڭ تاپا-تەنىسىگە قالاتتى.

**نام بەرمەك** باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بەلگىلىك ئىش ئۈچۈن مۇئەييەن نام ئاتا قىلماق: — بالام، — دېدى بەختاخۇن ئوغلىغا، — يۇرتداشلار كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىش ئۈچۈن بولسىمۇ، ئېتىڭغا «دۈلدۈل» دەپ نام بېرىشتى. * ئۇنىڭغا «مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دەپ نام بېرىلدى.

**نام چىقارماق** قىلىنغان ئالاھىدە ئىش-ھەرىكەت بەدىلىگە بەلگىلىك نامغا ئېرىشمەك، نام-ئاتاق ئالماق: ئىپارگۈل «گۈلستان» دەپ نام چىقارغان شەھەردە دۇنياغا كەلدى.

**نامدا بار ھەممىدە يوق** ئاتاقتا بار، لېكىن ئەمەلىي ئىشتا يوق، ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇپلا ئىش قىلمايدىغان: بىزگە ئەمەلىي ئىشلەيدىغانلار زۆرۈر، نامدا بار ھەممىدە يوقلار كېرەك ئەمەس.

**نام كۆتۈرمەك** ← **ئات كۆتۈرمەك.**

**نامى چىقماق** ئەل ئارىسىدا نام-ئاتىقى

تارقالماق: سىگلىم ئېتى مېھرىخان، ئېگىچە ئېتى مايىمخان. يۇرت ئىچىگە ئىززەتلىك، نامى چىققان مايىمخان.

**نامغا داغ چۈشۈرمەك** ← **شەنىگە داغ چۈشۈرمەك.**

**نامغا داغ كەلتۈرمەك** ← **شەنىگە داغ كەلتۈرمەك.**

**نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك** خاتا ھالدا قارىلىنىپ جازالانغانلارنىڭ ئەسلىدىكى نام-ئەملىنى ئەسلىگە ئەكەلمەك، جىنايەتچى ئەمەسلىكىنى جاكارلىماق، ئاقلىماق: 80-يىللاردىن كېيىن نۇرغۇنلىغان زىيالىيلىرىمىزنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

**نامىنى بۇلغىماق** ← **شەنىنى بۇلغىماق:** ئۇلار بىز رۇسلارنىڭ نامىمىزنى بۇلغاپ بىر نېمىلەر قىلىۋەتتى، ئۇيات، شەرمەندىلىك!

**نامىنى ساتماق** باشقىلارنىڭ نام-ئەملىدىن پايدىلىنىپ بىرەر مەقسەت-مۇددىئاغا يېتىشكە تىرىشماق، باشقىلارنىڭ نامىدىن پايدىلانماق: پەرىزات زاۋۇت مەمۇرىيىتىنىڭ نامىنى سېتىپ سەنئەت ئۆمىكىگە، ئاشۇ قىزنىڭ ئۆيىگىمۇ بېرىپتۇ.

**نامى ئۇلۇغ، سۇپىرىسى قۇرۇق** ← **ئېتى ئۇلۇغ سۇپىرىسى قۇرۇق.**

**نام-ئابروي** نام ۋە ئابروي: دائىما ئويلاركەن بىر دوست تېپىشنى، نام-ئابروي قازىنىپ چوڭ يەپ-ئىچىشنى.

**نام-ئاتاق** نام ۋە ئاتاق: ئۆردەك خېنىم سۆزلۈگكە، چۈشەنمىدىم ۋاقاق-ۋاق. نېمە ئۈچۈن ئۆكۈزگە، مەنسۇپ دەيسەن نام-ئاتاق؟

**ناماتمان** ئى (پ) دىئال. كىگىز باسىدىغان ئۇستا، كىگىزچى.

**ناماز** ئى (پ) < دىن > مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاغا سېغىنىپ كۈندە بەش قېتىم بېجىرىشى زۆرۈر بولغان ئىبادىتىنىڭ نامى: ناماز ئۇقۇماق. ناماز ۋاقتى. * بۇ ئادەم ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازنى تەرك قىلماي ئوقۇيتتى.

**ناماز بامدات** < دىن > ← **بامدات:** ئۇ سەھەردە ناماز بامداتنى ئوقۇپ بولۇپلا، يەنە يولغا چۈشۈپتۇ. * بىر كۈنى ناماز بامدات بىلەن ئىشىك ئالدىغا چىقسام، ئۇلار ئاتلىق بىزنىڭ ئۆي تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ.

**ناماز پېشىن** < دىن > ← **پېشىن:** دادام ناماز پېشىننى ئوقۇش ئۈچۈن مەسچىتكە كىرىپ كەتكەنىدى. * ناماز پېشىندىن باشلاپ كەچكىچە مېھمانلارنىڭ ئالدىدىن داستىخان يىغىلمىدى.

**ناماز چۈشۈرمەك** < دىن > مېيىتنى دەپنە قىلىشتىن بۇرۇن مېيىت بىلەن خوشلىشىش ۋە ئۇنىڭغا ئاللادىن جەننەت ئاتا قىلىشنى تىلەپ ئوقۇيدىغان نامازنى ئۆتىمەك: نورۇل بوۋا: «كېلىنگلار، ئىسلام شەرىئىتى بۇ ئاخۇنۇملارنىڭ كۆڭلىدەك تار ئەمەس. جىنازا نامىزىنى چۈشۈرۈپ باقمىغان بولسامۇ، كۆپ قېتىم كۆرگەنمەن» دېدى-دە، ئۆزى ناماز چۈشۈردى.

**ناماز خۇپتەن** < دىن > ← **خۇپتەن:** ئۇلار ناماز خۇپتەننى ئۆتەپ بولۇپلا، ئورۇنلىرىنى راسلاپ ئۇيقۇغا باش قويۇشتى. * بىز ناماز خۇپتەنگىچە ئارام ئېلىپ، كېچىدە يەنە يولغا چىقتۇق.

**ناماز دىگەر** < دىن > ← **دىگەر:** ئۇلار ناماز دىگەرنى ئوقۇش ئۈچۈن جايناماز سالدى. * ناماز دىگەردىن باشلاپ، پۈتۈن يېزا بويىلاپ تىنتىش، تۇتقۇن قىلىش باشلاندى.

**ناماز شام** < دىن > ← **شام** I: ئەپەندىم ئۇلار بىلەن بىللە ناماز شامنى ئوقۇپتۇ. * ـ كەچتە، ناماز شامدا كەلگىن، ـ دېدى ئۇ سەمەتكە.

**ناماز شام قارغۇسى** ① < تىب > كېچىسى

يورۇقلۇق يېتەرسىز جايدا غۇۋا كۆرىدىغان ياكى پۈتۈنلەي كۆرەلمەيدىغان بىر خىل كېسەللىك. تولاراق ۋىتامىن A يېتىشمەسلىكتىن كۆرۈش تور پەردىسىدىكى كۆرۈش سۆسۈن ماددىسى ئازىيىپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ② شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان كىشى.

**ناماز ئوقۇماق** دۇئا ۋە ئايەتلەرنى ئوقۇپ، نامازدا بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىبادەتلەرنى ئورۇنلىماق: ناماز ئوقۇپ بولغانلار ئىمامغا ئەگىشىپ دۇئاغا قول كۆتۈرۈشتى.

**ناماز ئۆتىمەك** <دىن> ← **ناماز ئوقۇماق:** ھېسامىدىن داموللا بىلەن ياسىن غوجا نامىزىنى ئۆتەپ بولۇپ ئالدىراپ غىزالىنىشتى.

**نامازخان** ئى (پ) نامازنى تەرك ئەتمەي ئوقۇپ تۇرغۇچى كىشى: نامازخانلار شام نامىزىنى ئوقۇش ئۈچۈن خېلى بالدۇرلا مەسچىتلەرگە كېتىشكەنىدى. * مەسچىت قوۋمىدە باشقا ئۆزگىرىش يوق، يۈكۈنۈپ ئولتۇرغانلار يەنىلا شۇ دائىملىق نامازخانلار ئىدى.

**نامازسىز** سۈپ. ناماز ئۆتىمىگەن، ناماز ئوقۇمىغان، بىناماز: رەئىس ئەپەندىم مۇلازىملىرىغا دەررە كۆتۈرگۈزۈپ، نامازسىزلارنى تەكشۈرەتتى، پەرزنى بىلمىگەنلەرنى ئۇرغۇزاتتى.

**نامازشامگۈل** ئى (ناماز+شام+گۈل) ① نامازشامگۈل ئائىلىسىدىكى بىر ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ. گۈلى ۋارونكا شەكلىدە بولۇپ، قىزىل، ئاق، سېرىق ياكى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. مېۋىسى يۇملاق، پىشقاندا قارىيىدۇ. يىلتىزى ۋە ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نامازگاھ** ئى (پ) جامائەت يىغىلىپ ناماز ئوقۇيدىغان جاي، ئورۇن.

**ناماقۇل** (پ+ئە) ① سۈپ. ئەقىلگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، قوبۇل قىلغىلى، ماقۇل بولغىلى بولمايدىغان، خاتا، بىمەنە، دۇرۇس ئەمەس: سەندىن ماڭا ھېچقانداق ناماقۇل سۆز ۋە زىيان يەتمىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن ساڭا يەنە نېمە ئۈچۈن يامانلىق قىلغۇدەكمەن؟! * — ئەقىللىق كىشىلەرنىڭ ئوغۇللىرى ئۈستىدىن قىلغان ئىشلىرى، ئەلۋەتتە، ناماقۇل بولماس، — دېدى بوۋاي. ② ئى. بەزى جۈملىلەردە «كېچىرىم، ئەپۇ سوراش، سەۋەنلىكنى ئۈستىگە ئېلىش، ئۆزرە ئېيتىش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: — سەن بىكاردىن بىكارغا ئۆلۈپ بېرەمسەن؟ مەن ساڭا بىر ئەقىل كۆرسىتەي: «يانتاق يۇدۇپ ناماقۇلغا بار» — دېدى بىرەيلەن. * يار ھۇجرىسىدا ياتىپ، دېگەن سۆزىگە ماقۇل. يار مەندىن يامانلاپتۇ، مەن يارىمغا ناماقۇل.

**ناماقۇل بولماق** بىراۋنىڭ ئالدىدا قىلىپ سالغان ناتوغرا سۆز-ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئەپۇ، كەچۈرۈم سورىماق، ئۆزىنىڭ سەۋەنلىكىنى تونۇپ ئۈستىگە ئالماق: -بولدى، ئۇ گەپلەرنى قىلىپ مېنى خىجىل قىلمىسىلا. بۇ ئىشقا مەن ئۆزۈم ئىگە. سىلىگە ناماقۇل بولاي، كېيىن ناماقۇل بولۇپ چايمۇ تۇتارمەن ،-دېدى ئۇ كىچىك پېئىللىق بىلەن.

**ناماقۇللۇق** ئى. بىراۋغا قىلغان نامۇۋاپىق سۆز-ھەرىكىتى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراش، ئۆزرە ئېيتىش: تاپقىنى ناماقۇللۇقتىن ئاشماپتۇ (ماقال). * ئۇ كۆپ ھاللاردا ئاپالىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ ناماقۇللۇقىنى ئىزھار قىلىشقا مەجبۇر بولاتتى. // ئۇ ئەمدى ئايخانغا بىر خىل ناماقۇللۇق تەلەپپۇزى بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى.

**نامايان** رەۋ (پ) ئېنىق، ئوچۇق گەۋدىلەنگەن، روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان: ئۇنىڭ تۇرقىدىن كەمتەرلىك، بىچارىلىق ھەم تۈزلۈك ئاساسىغا قۇرۇلغان سەممىي بىر ئىلتىجا نامايان بولۇپ تۇراتتى.

**نامايان بولماق** ئوچۇق گەۋدىلەنمەك، پەيدا بولماق، روشەن كۆرۈنمەك: يىگىت ئالدىغا قارىسا بوۋاي ئېيتقاندەك بىر ئالتۇن ئىشىك نامايان بولۇپتۇ. يىگىت ئىشىكتىن قورقماي كىرىپ، ئالدىغا قاراپ مېڭىۋېرىپتۇ.

**نامايان قىلماق** گەۋدىلەندۈرمەك، ئوچۇق كۆرسەتمەك، بىلدۈرمەك، ئىپادىلىمەك: ئۇ يەنە قىزىلبۇلاق، جام، يارباشى قەبرىستانلىقىدىكى ئۇرۇشلاردىمۇ ئاجايىپ زور باتۇرلۇقنى نامايان قىلغانىدى.

**نامايەندە** ئى (پ) ① بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇھقا ياكى بىرەر ساھەگە، ئېقىمغا مەنسۇپ بولغان، ۋەكىل خاراكتېرلىق شەخس، ئۈلگىلىك شەخس، ۋەكىل: ئەبۇ ناسىر فارابى ئۇلۇغ ئۇيغۇر-قارلۇق ئالىمى، ئوتتۇرا ئەسىر ئارىستوتىلچىلىق ئىلمىي تەلىماتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ئىدى. ② ئوخشاش تۈردىكى نەرسىلەر ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ ئالىي ئورۇندا تۇرىدىغان نەرسە، ئۈلگە: ئەجدادلىرىمىز قۇرۇلۇش شاھەسىرىدىمۇ ئۆچمەس نامايەندىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەن، ئەنە شۇلاردىن بىرى — ھېيتگاھ جامەسىدۇر. * ئابدۇللا روزىنىڭ بۇ ئەسىرى خەلقىمىزنىڭ روھىي تۇيغۇسىنى ئەتراپلىق يەكۈنلىگەن چوڭقۇر مەنىلىك بىر نامايەندە.

**نامايىش** ئى (پ) ① ئەمەلدە كۆرسىتىش، نامايان قىلىش، ئىپادىلەش، گەۋدىلەندۈرۈش: خەلىچە ئانا سېلىم ئاكىنىڭ يىلىنىشى بىلەن ئۆز كۆڭلىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان نۇرلۇق كۆزلىرىگە قاراپ، كۆڭلى ئېرىگەندەك بولدى. * — سىلىچە قانچىگە ئالغاندىمەن؟ — قايتۇرۇپ سورىدى دادام ئۆزىنىڭ سودىغا پىششىق ئىكەنلىكىنى نامايىش قىلماقچى بولغان ئادەمدەك قىياپەتتە. ② كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بىرەر پائالىيەتنى تەبرىكلەش، خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى ياكى ئۆزلىرىنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى مەلۇم كۆز قاراشلىرىنى، نارازىلىقىنى ئىپادىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن توپ-توپ بولۇپ كوچىغا چىقىپ كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ مېڭىشى: ئەگەر ئەينى چاغدا ئۇرۇمچى خەلقىنىڭ غەزەپلىك نامايىشلىرى پارتلىمىغان بولسا، ئۇلار ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىقلارنى ھەرگىزمۇ تىرىك قويۇپ بەرمىگەن بولاتتى. * شۇ يىلى ئوقۇغۇچىلار يەنە نارازىلىق بىلدۈرۈپ نامايىش قىلدى.

**نامايىش قىلماق** ① ئەمەلدە كۆرسەتمەك، ئىپادىلىمەك، گەۋدىلەندۈرمەك، نامايان قىلماق: گۈلگىنە كەمسىتىش ئالامەتلىرىنى نامايىش قىلىپ تۇرغان چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، بېشىنى تولغىدى-دە، يولىغا ماڭدى. * ئۇلارنىڭ قەلب ئەينىكىدەك نۇرانە شاد كۆزلىرى ئەنە شۇ بەخت سېزىمىنى نامايىش قىلاتتى. ② نامايىش ئۆتكۈزمەك: مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ باستۇرۇش سىياسىتىدىن غەزەپلەنگەن ئوقۇغۇچىلار نامايىش قىلىپ كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ نارازىلىق بىلدۈردى.

**نامايىش ئۆتكۈزمەك** كىشىلەر توپ-توپ بولۇپ كوچىمۇكوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ، تەبرىكلەش ياكى سىياسىي جەھەتتىكى نارازىلىقنى بىلدۈرۈش پائالىيەتلىرىنى ئۆتكۈزمەك، كوچىغا چىقىپ نامايىش قىلماق: 37-يىلى 1-مايدا ئوقۇغۇچىلار مەكتەپتە نارازىلىق بىلدۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئارقىدىنلا يەنە كوچىلارغا چىقىپ «دېموكراتىيە ياشىسۇن!»، «ئەركىنلىك ياشىسۇن!» دەپ شوئار توۋلاپ نامايىش ئۆتكۈزدى.

**نامايىشچى** ئى. نامايىشقا قاتناشقۇچى كىشى، نامايىش قىلغۇچى شەخس: دېموكراتىك غەربتە بوزەك ئەمەس ئىشچىلار. خۇددى ئوقتەك پارتلىدى، دەردمەن نامايىشچىلار.

**نامايىشكارانە** رەۋ (پ) نامايىشتىن دېرەك بەرگەن، نامايىش يۈزىقى چىقىپ تۇرغان ھالدا: مۇشۇ ھەپتىدە ئاقسۇ ۋەزىيىتى ئۇششۇمتۇت جىددىيلىشىپ، ئەسكەرلەرنىڭ نامايىشكارانە يۆتكىلىشلىرى كۆپىيىپ قالدى. * بۇ بىچارە ئايال بىر ئاھ ئۇرۇپ خورسىنىپ، كىرپىكلىرىنى نامايىشكارانە پەسكە چۈشۈردى.

**نام-ئەمەل** شۇ كىشىنىڭ كىم ۋە قانداق ئادەملىكى ھەققىدىكى مەلۇمات، چۈشەنچە: ئۇلار ئېلانىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇدى، ئۇنىڭدا بېشى سازايى قىلىنغان ئادەمنىڭ ئىسمى ۋە باشقا نام-ئەمەللىرى ئېيتىلمىغانىدى.

**نامە** ئى (پ) ① بىرەر ئورۇن ياكى شەخسكە ئەۋەتىش ئۈچۈن يېزىلغان خەت، مەكتۇپ: «پەرىدۇن بەگنىڭ بالىسى بار» دېگەن گەپ يالغان، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار، مەن ئەتلا ئامبال مەھكىمىسىگە نامە ئەۋەتەي، — دېدى مىڭبېشى. * ھەيرانلىق شۇ مەھەل ئۆتتى ماڭمۇ، ئويلاتتىم، بۇ نامە قايدىن كەلدىكىن؟ باتۇرنى ھاياجان قوينىغا تارتقان، تىترەتكەن بۇ زادى قانداق خەت ئىكىن؟ ② تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ شۇ سۆز ئىپادىلىگەن مەزمۇن ھەققىدىكى خەت دېگەن مەنىدىكى سۆزلەرنى ياسايدۇ. مەسىلەن، بايانامە، خىتابنامە، ئىقرارنامە ... دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**نامەرد** سۈپ (پ) مەرد ئەمەس، بېخىل؛ ياخشىلىقنى بىلمەيدىغان؛ قولىدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغان؛ نائىنساپ، پەس: ئۆتمە نامەرد كۆۋرۈكىدىن، دەريا سېنى ئاقتۇرسىمۇ. يېمە نامەرد ئاش-نېنىنى، ئاچلىق سېنى ئۆلتۈرسىمۇ. * شۇ يىگىت گۈل بەردى دەپ سەن ئالدىراپ كۆلگە نىدىڭ، كۆلمىسۇن خەق، ئەمدى «نامەرد ئاتتى تاش» دەپ يىغلىما.

**نامەردلىك** «نامەرد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — نامەردلىكىڭىز چىقىپلا تۇرۇپتۇ. قورقۇپ قېلىپسىز-دە؟ — دېدى پاتەمخان غەزەپلىنىپ، — دوختۇرلار ھېچ گەپ يوق دەيدۇ. تونۇشتۇرۇشىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىڭ.

**نامەلۇم** (پ+ئە) ① سۈپ. كەملىكى، نېمىلىكى ئېنىق، مەلۇم بولمىغان، ئېنىقلانمىغان، ئېنىق ئەمەس: ھازىرچە نامەلۇم بولغان بۇ كىشىدە بىر قارىماققا دەررۇ كۆزگە چېلىققۇدەك ھېچنېمە يوق ئىدى. * قاچقۇن پۈتۈن كۈچىنى توپلاپ دولقۇنلار بىلەن ئېلىشىپ، نامەلۇم قىرغاققا قاراپ ئۈزۈۋىشكە باشلىدى. * ئۇنىڭ كېيىنكى ئەھۋاللىرى بىزگە نامەلۇم ئىدى. ② ئى <مات> نامەلۇم سان: نامەلۇمنى دەرىجىگە كۆتۈرمەك.

**نامەلۇم سان** <مات> ئالگېبرالىق ئىپادە ياكى تەڭلىمىدىكى سانلىق قىممىتى ھېسابلاشلار ئارقىلىق ئېنىقلىنىدىغان سان. مەسىلەن، $3x+6=27$ دىكى $x$ نامەلۇم ساندىن ئىبارەت.

**نامەلۇملۇق** سۈپ <مات> تەركىبىدە نامەلۇم بولغان: ئىككى نامەلۇملۇق تەڭلىمە.

**نامەھرەم** ئى (پ+ئە) ئىسلام دىنى شەرىئەت ھۆكۈمىدە يېقىن تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولمىغانلىقىدىن بىر-بىرىگە كۆرۈنۈش مەنئى قىلىنغان يات ئەر ياكى ئايال (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): — سىز ماڭا نامەھرەم، — دېدى ياسمەن پەرھاتنى ئىتتىرىپ، — يىراق تۇرۇڭ، ئۆز يولۇڭىزغا قويۇڭ. * — داد پادىشاھى ئالەم، — دەپتۇ ئۇ تىزلىنىپ، — مەلىكەم نامەھرەمگە قاراپتۇ. يىگىتنىڭ مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تىنىقىنى

پۇراپتۇ. * جاكارچى ئۇنى سازايى قىلىۋېتىپ: «ئېرى بار نامەھرەمگە ئېسىلغاننىڭ جازاسى شۇ» دەپ ۋارقىراپ مېڭىپتۇ.

**نامەھرەم بولماق** ئىسلام دىنى شەرىئىتى چەكلىگەن، ئەخلاققا زىت ئىش دەپ تونۇلماق: — سىزنىڭ يېنىڭىزدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئەركەكلەر ئىكەن. بۇلار بىلەن بىللە ماڭسام نامەھرەم بولىدۇ، — دەپتۇ مەلىكە.

**نامەھرەملىك** ئى. ئەر-ئاياللارنىڭ ئۇچۇق قويۇلمايدىغان جايلىرى: شۇ كۈنى سودىگەر مەلىكىنى ئېلىپ قاچتى، بىر چېدىرغا ئېلىپ كىرىپ نامەھرەملىككە قول سۇندى.

**نامچىلىق** ئى < پەلس > ئوتتۇرا ئەسىر مەدرىسە پەلسەپىسىدىكى بىر ئېقىم. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىردىكى چىنلىق نەزەرىيىسىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، شەيئىلەر ئومۇمىي ئۇقۇمدىن بۇرۇن مەۋجۇت دەپ قارايدۇ. ئۇ گەرچە ماتېرىيالىزم خاھىشلىرى بىلەن باغلىنىشلىق بولسىمۇ، ئومۇمىي ئۇقۇم بىلەن ئايرىم شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشنى چۈشەنمەيدۇ ھەممە ئۇقۇم پەقەت قۇرۇق نامدىنلا ئىبارەت بولۇپ، شەيئىلەرنىڭ خاسلىقى ۋە ماھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەيدۇ دەپ ھېسابلايدۇ.

**نامدار** سۈپ (پ) نامى بار، نامى چىققان، داڭلىق: — قېنى يۇقىرى چىقسىلا، مانا بۇ كىشى قەشقەرنىڭ نامدار تاۋاز سودىگىرى توختى تاۋار بولىدۇ، — دېدى ئۇ تونۇشتۇرۇپ. * ئۇنىڭمۇ نامدار شەھەرلەرگە بېرىپ سەيلە-تاماشا قىلغۇسى كېلەتتى.

**نامداش** ئى. نامى ئوخشاش، ئوخشاش ئىسىمدىكى كىشى ياكى نەرسە (بىر-بىرىگە نىسبەتەن).

**نامرات** سۈپ (پ) ① ئىقتىسادى ناچار، ئېشىنچا پۇل-مېلى يوق، ماددىي تۇرمۇشى تولۇق كاپالەتكە ئىگە بولمىغان؛ كەمبەغەل: باينىڭ خەزىنىسى — نامرات (ماقال). * موللازەيدىن بىر نامرات دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. * ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە بىر قىسىم نامرات ناھىيەلەرنىڭ تەرەققىياتى خېلىلا ئېزلەشتى. ② قىس، كەم، كەمبەغەل: تىلدا نامرات بولۇش — شائىرنىڭ ئەڭ زور مەغلۇبىيىتىدۇر.

**نامراتچىلىق** ئى → **نامراتلىق**: بۇرۇنقى زاماندا بىر بوۋاي بىلەن موماي ناھايىتى نامراتچىلىقتا كۈن ئۆتكۈزگەن ئىكەن.

**نامراتلاشتۇرماق** «نامراتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئە نە كۆردۇڭلارمۇ؟ — دېدى ئۇ بىزگە ئالىمنى كۆرسىتىپ، — ئۇنى نامراتلاشتۇرۇۋەتكەن ئاشۇ بۇزۇق ئاياللار.

**نامراتلاشتۇرۇشماق** «نامراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى

**نامراتلاشتۇرۇلماق** «نامراتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تۈرلۈك سېلىقلار كۆپەيتىلىپ، دېھقانلار تېخىمۇ نامراتلاشتۇرۇلدى.

**نامراتلاشماق** پ. نامرات ھالغا كەلمەك، نامرات بولماق: ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن قۇددۇسلارنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ئۆزگەردى، قىلىۋاتقان ئوقەتتى توختاپ، بارا-بارا نامراتلاشتى.

**نامراتلىق** «نامرات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: نامراتلىق — ئەيىب، ئۇنى ئۆزگەرتىشكە جۈرئەت قىلماسلىق تېخىمۇ چوڭ ئەيىب.

**نامزات** ئى (پ) سايلاش، تەيىنلەش ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن شەخس: نامزات كۆرسەتمەك. نامزاتلار تىزىملىكى. نامزاتلارنى تەستىقلىماق.

**نامزاتلىق** «نامزات» سۆزىنىڭ ئابستراكت

ئىسىم شەكلى: بۇ قېتىمقى ھاكىملىق نامزاتلىقىغا ئەخمەتمۇ كىردى. * زاۋۇت باشلىقى سايلاش يىغىنىدا ھاكىمۇ نامزاتلىققا كۆرسىتىلگەنىدى.

**نامسىز** سۈپ ① نامى، ئىسمى نامەلۇم؛ نام-ئىسىم قويۇلمىغان ياكى نامى- ئىسمى يېزىلمىغان: ھېلىقى نامسىز شوپۇر يىگىت كۆرۈنمەيتتى. * مەن سىز توغرۇلۇق ئۇ كىشىگە بىر پارچە نامسىز خەت يازدىم. ② كۆچمە. داڭقى، شۆھرىتى يوق، ئەل ئارىسىدا ئابرويى يوق ياكى تۆۋەن: ئۇ بۇ سۆزلەرنى ئۆز ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلارنىڭ ئىچىدە ئانداق-مۇنداق نامسىز ئادەملەردىن بىرىمۇ يوقلۇقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن قىلىۋاتاتتى. * شۇ مىنۇت ياشلىقىنىڭ يوقالمىشىدىن، ئۆز ئوغلۇڭ ئۇچۇنمۇ ئالسەن جاۋاب ۋە ياكى قورقسەن نامسىز كېتىشتىن ۋە ياكى ئۇچقۇندا بولسەن كاراپ.

**نامسىز بارماق** <ئانات> قولنىڭ ئوتتۇرا بارمىقى بىلەن چىمچىلىقى ئوتتۇرىسىدىكى بارمىقى.

**نامسىزلىق** «نامسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**نام-شەرەپ** نام ۋە شەرەپ، ئاتاق-ئابروي: — سىلىنىڭ نام-شەرىپىلىرىنى ئۇ كۆپ قېتىم ماڭا ئېيتىپ بەرگەنىدى، — دېدى ھېلىقى كىشى ماڭا.

**نام-شۆھرەت** نام ۋە شۆھرەت: سىز نام-شۆھرەت قوغلاشقانلارنى يامان كۆرىسىز، ئۆزىڭىز شۆھرەت ئۇچۇن جېنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالىسىز.

**نامىلىق** سۈپ. نامى بىلەن ئاتالغان، ئىسىملىك: «مەشھۇر مۇقام ئالىمى شائىرە ئامانىسا خېنىم» نامىلىق سۈرەتنى كۆرۈپ ناھايىتى زوقلاندىم. * مەن ل. مۇتەللىپنىڭ «يىللارغا جاۋاب» نامىلىق شېئىرىنى ئوقۇغاندىم. * بىزنىڭ مەھەللىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى مەھەللىدە گۈلبوستان نامىلىق پەرىزاتتەك بىر قىز بار ئىدى.

**نام-نەسەب** نام ۋە نەسەب: ئەخمەت كېيىن «ئۇ كىشى كىم بولغاي؟ خىزىرنى كۆردۈممۇ يا؟ ئەجەب بۇ كىشىنىڭ نام-نەسەبىنى سورىماپتىمەن» دەپ، كۆپ ئادامەتلەر چەكتى.

**نام-نىشان** نام ۋە نىشان، ئۇچۇر ھەم دېرەك: — دۇنيادا ساھىبجامال مەلىكىلەر تولا، بىرىنى تاللىۋېلىپ مۇرادىڭىزغا يەتىسىز بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، پىراق شىددىتى ۋە ھىجران مۇشەققىتى ئاستىدا نام-نىشانسىز يوقۇلۇپ كېتىسىز، — دېدى.

**نامۇس** (توغرىسى: نومۇس) ← **نومۇس.**

**نامۇناسىپ** سۈپ (پ+ئە) مۇناسىپ ئەمەس، ماس كەلمەيدىغان، نامۇۋاپىق، بولمىغۇر: شەرىئەت يولىغا نامۇناسىپ ئىشلارغا چارە كۆرۈش بىزنىڭ ھەققىمىز. ئۇ قارا يۈزنىڭ جاجىسىنى بەرمەي بولمايدۇ!

**نامۇنەسەب** ← **نام-نەسەب:** — ئۆزلىرىنىڭ نامۇنەسەبلىرىنى بىلسەكە بولامدىكىن؟ — كەمتەرانە سورىدى ئابدۇرېشىت خان.

**نامۇنىشان** ← **نام-نىشان:** گۆر ئوغلىدىن نامۇنىشان ياكى ئىنىسى شاھ مۇھەممەدتىخاندىن بىرەر خەۋەر بولمىدى.

**نامۇۋاپىق** سۈپ (پ+ئە) مۇۋاپىق ئەمەس، مۇۋاپىق بولمايدىغان، ماس كەلمەيدىغان: ئادەملەر ئارىسىدىكى قان تۆكۈشۈشلەرگە نامۇۋاپىق ئىجتىمائىي تۈزۈم جاۋابكار.

**نامۇۋاپىقلىق** ئى. نامۇۋاپىق ھالەت، نامۇۋاپىق ئەھۋال: — مېنىڭچە بۇ قېتىمقى ئۆي بۆلۈشۈشتە نامۇۋاپىقلىق باردەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ سەل نارازى بولغاندەك قىلىپ.

**نامئەمەل** ئى. نام ۋە هال-ئەھۋالى: نامئەمەلىنى سورىسىڭىز، ئىسمىم سادىر بۇ يۇرتتا مۇساپىرمەن.

**نامشەرىپ** ئى (نام+شەرىپ) مۇبارەك نام، مۇقەددەس ئىسىم؛ ئومۇمەن ئىسمى تىلغا ئېلىنغان كىشىنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئېيتىلىدۇ: ــ يىگىت، نامشەرىپىڭىز كىم بولىدۇ؟ ــ دېدى ھېلىقى بوۋاي ئۇنىڭدىن سوراپ.

**نامىي** سۈپ. نامدىكى، ناملىق: نامىي ئىش ھەققى.

**نامىي ئىش ھەققى** <س ئىق> ئەمەلىي ئىش ھەققىنىڭ ئەكسى، يەنى پۇل سانى بىلەن ئىپادىلەنگەن ئىش ھەققى.

**نان** ئى (پ) ① خېمىردىن تەييارلىنىدىغان، تونۇر، ئوچاق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە يېقىپ ياكى قازان، دۇخوپكا قاتارلىقلارغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان يېمەكلىك. شەكلى ئاساسەن يۇملاق بولىدۇ: نان يېمەك. نان ياقماق. * خۇداغا شۈكۈر، ئەمدى كېسىلىم خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. نان نانچە، ئاش ئاشچە تېتىۋاتىدۇ. ② كۆچمە. ئومۇمەن يەپ-ئىچىلىدىغان، ياشاش ئۈچۈن بولمىسا بولمايدىغان زۆرۈر نەرسىلەر؛ پايدا: ــ ئەمدىلا ئازراق نان تېپىۋىدىم، ــ دېدى ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ قويۇپ، ــ بۇ چاتاقنىڭ چىققىنىنى قارىماسەن.

**نان بەرگەن قولنى چىشلىمەك** ← **تۇزنى يەپ تۇزلۇقنى چاقماق**: ئۆزلىرى ئۈچۈن داستىخان هامان ئېچىقلىق، بىزلەرچۇ، نان بەرگەن قولنى قوشۇپ چىشلەيدىغانلاردىن ئەمەس. قېنى چايدىن ئوتلىسىلا، قەنتتىن كۆپرەك سالسىلا.

**نان تەگمەك** پايدا-مەنپەئەت كەلمەك: پۇل سۇنۇلدى، ئۇلار ئۆزئارا «نان تەگسۇن» دېيىشىپ، يەرگە سۈركەلگەن قوللىرى بىلەن يېڭىباشتىن قول ئېلىشىشتى.

**نان تېپىپ يېمەك** ① تۇرمۇشقا كېرەكلىك زۆرۈر نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆتكۈزمەك: «مۇشۇ پېتى ئوبدان ئوقۇسا، ئۆزى نان تېپىپ يەيلا قالماي، مېنىمۇ بېقىپ كەتسە ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلىدى بوۋاي. * بار، ئۆزۈڭ نان تېپىپ يە، مەن ساڭا بۇنىڭدىن ئارتۇق بىرنەرسە بېرەلمەيمەن. ② پايدا ئالماق، نەپ-مەنپەئەتكە ئېرىشمەك: ــ مەن سىلىگە 20 يۈەن ئەرزان بەردىم، سىلىمۇ نان تېپىپ يېسىلە، ــ دېدى ئۇ ھىيلىگەرلەرچە ھىجىيىپ.

**نان جىگدە** <بوت> ① جىگدىنىڭ بىر خىل سورتى، يەنى جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يېڭى نوتىلىرى كۈل رەڭ كېلىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولىدۇ. گۈلىنىڭ سىرتى كۈل رەڭ، ئىچى سېرىق كېلىدۇ، پۇرايدۇ. ئۇچكىلىك مېۋىسى سوقىچاق بولۇپ، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق كېلىدۇ، ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۇسسۇملۇقنىڭ مېۋىسى.

**نان دەرىخى** <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى ئون نەچچە مېتىر كېلىدۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يۇرەك شەكىلدە كېلىدۇ ۋە ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق-ئانىلىقى بىر تۈپتە بولىدۇ. شارسىمان ياكى ئېللىپس شەكىلدىكى مېۋىسىنىڭ سىرتقى يۈزىدە ئۆسمىسىمان ھۆررەكلىرى بولۇپ، پىشقاندا سېرىق رەڭگە كىرىدۇ. مېۋە گۆشى ئاق رەڭلىك بولۇپ، بولكىغا ئوخشايدۇ. يېيىشكە بولىدۇ.

**نان دەرىخى مېۋىسى** <بوت> نان دەرىخىنىڭ مېۋىسى. شەكلى بولكىغا ئوخشايدۇ، يېيىشكە بولىدۇ.

**نان دەسسەپ بەرمەك** قەسەم قىلماق،

قەسەم قىلىپ بەرمەك: — مەن ئالمىدىم، — دېدى ئۇ قىزىرىپ-تاتىرىپ، — ئىشەنمىسەڭ نان دەسسەپ بېرەيمۇ؟

**نانىمۇ ئۇگلاپ يېيەلمەيدىغان** قولىدىن ھېچبىر ئىش كەلمەيدىغان، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، دۆت، لەقۋا: — ئادەم تاپتىم دەپ، نانىمۇ ئۇگلاپ يېيەلمەيدىغان بىرنېمىنى ئېلىپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان؟ — دېدى ئۇ مەنسۇرغا ئاچچىقلاپ.

**نان ئۇرسۇن** «خۇدا ئۇرسۇن، شورى قۇرۇسۇن» دېگەن مەنىلەردىكى قەسەم سۆزى: — ئەزىبرايى خۇدا، راست غوجام، — دېدى قاڭشارلىق كەلگەن بۇرۇتلۇق چېرىك، — گېپىمىز يالغان بولسا، بىزنى نان ئۇرسۇن، قان قۇسۇپ ئۆلەيلى.

**نان ياپماق** ← **نان ياقماق.**

**نان ياقماق** خېمىردىن تەييارلانغانناننى قىزىتىلغان تونۇر ياكى ئوچاققا چاپلىماق؛ چاپلاپ پىشۇرماق: شۇ كۈن ئانام نان ياققاندا تونۇر بېشىدا، باي نېنى پۈتۈن خوتۇنى قاراپ تۇرار ئىكەن قېشىدا.

**نېنى پۈتۈن** تۇرمۇش ئەھۋالى ئوبدان، تىرىكچىلىكتە زۆرۈر بولغان نەرسىلىرى تولۇق، باياشات: — ئوبدان ئوقۇغىن، — دېدى ئۇ ھەببەنىڭ مۈرىسىنى سىلاپ تۇرۇپ، — خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە بەش-ئالتە يىلدا نېنىڭ پۈتۈن ئادەم بولسەن، ئاكىغچە ئۇكىلىرىڭمۇ كارغا يارىغۇدەك بولۇپ قالىدۇ.

**نېنى پۈتۈن بولماق** تۇرمۇش ئەھۋالى ئوبدان بولماق، ياشاش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلىرى تولۇق، باياشات بولماق: سارىخانۇ ساۋۇتۇم، بەك كۆڭۈللۈك ئەر-خوتۇن، ئىككىسىنىڭ كۆڭلى خۇش، ئەمدى بولغاچ نان پۈتۈن.

**نېنىنى يېمەك** پايدىسىنى كۆرمەك، نەپ-مەنپەئىتىدىن بەھرىلەنمەك، مەنپەئەتلەنمەك: كۆپلەر بۇ يەرلەرنى ئېچىشنى ئارمان قىلدى-يۇ، كۆچى يەتمىدى. بۇ يەرلەرنىڭ نېنىنى يېيىش بىرىپ-بىرىپ بىزگە نېسىپ بولغىنىنى قارىمامدىغان، بۇمۇ بىر ئامەت!

**نانپاراق** ئى (نان+پاراق) ← **نانقايناق.**

**نانتاختا** ئى (نان+تاختا) ← **پەشخۇن.**

**نان-توقاچ** نان ۋە توقاچ

**نان-تۇز** نان ۋە تۇز

**نانچۆپ** ئى (نان+چۆپ) ئاز-تولا گۆش، سەي قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، ئۈستىگە قېتىپ كەتكەن نان ۋە چۆپلەرنى سېلىپ ئېتىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**نانخور** سۈپ (پ) ناننى كۆپ يەيدىغان، نان يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان، نانغا ئامراق: نانخور ئادەم. نانخور بالا.* ئويۇن-كۈلكە تاماشىدا، كۈنى بىكار ئۆتەر ئىكەن. قورساق ئاچسا باشقىلاردىن ئوزۇق كۈتۈپ ياتار ئىكەن، يېسە تويماس نانخور ئىكەن، ئەمما يامان بەسخور ئىكەن.

**ناندىنا** ئى (ر< لات) < بوت > ← **ناندىنا چاتقىلى.**

**ناندىنا چاتقىلى** < بوت > زىرىق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. پەيسمان مۈرەككەپ يوپۇرماقلىق، كىچىك يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، گۈلى كىچىك، ئاق رەڭلىك، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى ئاق، سۈس قىزىل ياكى سۆسۈن. مېۋىسى، غولى ۋە يىلتىزلىرى دورا قىلىنىدۇ. يىلتىز، غوللىرىنىڭ ئىسسىقنى قايتۇرۇش، ھەيز ماڭدۇرۇش؛ مېۋىسىنىڭ يۆتەل توختىتىش، ھاسىراشنى پەسەيتىش رولى بار.

**نانسىز** رەۋ. نان يوق، نان ئالماي: بىر

پۈگىسز، بىر نانىسز چىقتىم سەپەرگە، شۇندىمۇ ئاچلىقتىن خالىي خىيالىم. ھەيرانمەن ئالدىمغا كۆتكۈچىي قىزچاق، ھەرۋاقىتلىق تاماقتا ئاش قويار دائىم.

**نانقايناق** ئى (نان+قايناق) سەي، گۆش قاتارلىقلارنى سۇدا قاينىتىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قېتىپ كەتكەن نان پارچىلىرىنى سېلىپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**نانقېپى** سۈپ (نان+قاپ+ئى) ئىش قىلماي قورساق باقىدىغان، تەييارنى يەيدىغان، بىكار تەلەپ، ھۇرۇن: ئۇ نانقېپى بىر نېمىلەرنى پۈتۈن خەلق بىلىدۇ. // ــ بۇ بىرنەچچە نانقېپى، بىكار تەلەپلەر ئەجەبمۇ بوزەك قىلىپ كەتتىغۇ؟ ــ دېدى بىركۈنى روزاخۇن رۇسۇلغا.

**نانكور** سۈپ (پ) بىراۋنىڭ بەرگەن ئاش-نېنىنىڭ قەدرىنى بىلمەيدىغان، ياخشىلىققا يامانلىق قىلىدىغان، تۇزكور: ــ ھەي نانكور، پادىشاھقا نېمە ئۈچۈن قەست قىلىسەن؟ خۇدادىن قورقامسەن؟ ــ دەپتۇ سوراقچى ۋارقىراپ.

**نانكورلۇق** « نانكور » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ــ ئىككى دۆيۈز شۇ قەدەر نانكورلۇق قىلىپتۇ-ھە! ــ دېدى دەرغەزەپ بولغان ئەكبەر.

**نانكورلۇق قىلماق** ئۆزىگە ئاش-نان بېرىپ، ياخشىلىق قىلغان كىشىگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، ئەسكىلىك قىلماق؛ ياخشىلىققا يامانلىق قىلماق، تۇزكورلۇق قىلماق.

**نانئۇشتا** ئى. ئەتىگەنلىك تاماقتىن بۇرۇن ئاز تولا قورساقنى ئەستەرلىۋېلىش ئۈچۈن يەپ-ئىچىلىدىغان نان، چاي، قاتارلىق نەرسىلەر: ــ ھوي، بالام بۇ ئەتىگەندە ئازراق نانئۇشتا قىلىۋالماي ئالدىراپ نەگە ماڭدىڭ؟ــ دېدى ئانام ئىشكتىن چىقىشىمغا.

**نانئۇشتا قىلماق** ئەتىگەندە ئاز-تولا نان-پان، چاي-پاي قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن ئوزۇقلانماق: ئۇلار سالى دورغىنىڭ مېھمانخانىسىدا نانئۇشتا قىلىۋېتىپ، شەھەردىن كېلىدىغان ئەلچىلەر توغرىسىدا پاراڭلاشقانىدى.

**ناھاتكى** يۈك « ناھايەتكى » سۆزىنىڭ قىسقارغان شەكلى بولۇپ، تەئەججۈپ، شۈبھە مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: دادا سىز نېمىشقا يانىسىز مۇندىن، كۆرسەتمەي چوڭ دادام قەبرىسىن ماڭا. شۇنچە چوڭ ۋەدىلەر قىلىپ ئۇزۇندىن، ناھاتكى ئۇنتۇغان بولسىڭىز يانا؟

**ناھار** ئى (ئە) يېزت. كۈندۈز، كۈندۈز ۋاقتى، يورۇق كۈن: كۆز كەينىدىن كەلگەندىمۇ قىش، سۆيگۈمىز ياشنار باھاردەك. كۆڭلىمىزدە بولماس گۇگۇم-كەچ، ئۆتەر مەڭگۈ نۇرلۇق ناھاردەك. * ھەمراھ بولۇپ نۆۋەتچىگە ئۇ، ئۇلاپ چىقار تۈننى ناھارغا. مۇشەققەتنى ھېس قىلدى شەرەپ، مەنە بېرىپ ياشلىق باھارغا. * چېچەكلىدى سېنىڭدە، مېنىڭ گۈلدەك باھارىم. قۇياش كەبى پارلىدى، مېنىڭ پارلاق ناھارىم.

**ناھايەت** (ئە) ① رەۋ. ئىنتايىن، بەك، ناھايىتى: بوۋام ئېيتقان ھېكايەت، شۇنچىلىكلا ناھايەت. ئۇزاق يىللار ئۆتۈپتۇ، ياش بوۋاقلار بوگۈنگە يېتىپتۇ. * كۆز سېلىپ ماڭدىم دېڭىزنى بويلاپ، كۆزلىگەن جايىم ناھايەت يىراق. ئاسماندا ئاي بار بىراق نۇرى سۇس، لېكىن قىرغاقتا كۆرۈنەر چىراغ. ② يۈك « ئاخىرى بېرىپ، ئاخىرى، ئاخىرىدا ياكى ئاقىۋەتتە » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ناھايەت مەجلىس تۈگەپ ھەممەيلەن تارقىلىشقا باشلىغاندا، ئۇ جىممىدە ئولتۇرغان ھېلىقى ياش خېنىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

**ناھايىتى** ① رەۋ. ئىنتايىن، بەك، ناھايەت: بۇ تەكلىپكە سەپەرقۇل بىلەن رەۋشخان موماي ناھايىتى خۇشال بولدى. *

بىز دېمەكچى بولغىنىڭىزنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەندۇق، ــ دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ. ② يۇك «پەقەتلا ھەممىسى بولۇپ، جىق بولسا، ئاخىرى بېرىپ، بار-يوقى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ــ ئىلى، ئالتاي يېقىنغۇ، ناھايىتى نەچچە كۈنلۈك يول. * ناھايىتى ھۆكۈمەت ئالمىشىدىكەنغۇ! * – بەلگىلىك مەنسەپلىرى قوللىرىدىن كېتۇر ناھايىتى، – دېدى ئۇ.

**ناھەق** سۈپ (پ+ئە) ناتوغرا، ھەق ئەمەس: كومپارتىيە رەھبەرلىك قىلىدىغان سوتسىيالىستىك مەملىكەتتىمۇ شۇنداق ناھەق ئىشلار بولىدىكەن-ھە؟ بۇ ئەمدى قانداق بولغىنى؟ // ــ ھەي، مېنىڭ ۋەزىرىم ناھەق ئۆلۈپتۇ، ــ دەپ غەزەپلىنىپتۇ پادىشاھ.

**ناھەق بولماق** خاتا، ناتوغرا بولماق.

**ناھەق قىلماق** خاتا قىلماق، ئادالەتسىز ئىش قىلماق.

**ناھەقچىلىق** ئى. ھەققانىيەتكە خىلاپ بولغان سۆز-ھەرىكەت ۋە شۇنداق قىلىق، ئىش: ــ بىز قۇتراتقۇلۇق قىلمايمىز، ــ دېدى ل. مۇتەللىپ، ــ قەيەردە ناھەقچىلىق بولسا شۇ يەردە ئۇنىڭغا قارشى ھەققەتنى سۆزلەيمىز.

**ناھەقلىق** ئى. ھەق، توغرا بولمىغان ئىش-ھەرىكەت، خاتا قىلىق: ھەقلىق ناھەقلىق ئۈستىدىن ھامان غەلىبە قىلىدۇ.

**ناھەقىقەت** سۈپ. ھەقىقەت ئەمەس، ناھەق: ناھەق ئىشلارنى تۈگىتىش كېرەك. // ئىرادىمىز مۇستەھكەم ھېچقاچاندا سۇنمايدۇ، ناھەقىقەت ئالدىدا ھەقىقەت يېڭىلمەيدۇ.

**ناھىيە** ئى (ئە) ۋىلايەت، ئاپتونوم ئوبلاست، قاتارلىقلارنىڭ باشقۇرۇشىدا تۇرىدىغان، يېزىدىن چوڭ بولغان مەمۇرىي رايون. ناھىيىنىڭ تەركىبىدە بىرقانچە يېزا بولىدۇ: كەلپىن ناھىيىسى. ئاراتۈرك ناھىيىسى. ئۈرۈمچى ناھىيىسى.

**ناھىيىلىك** سۈپ. ناھىيىگە تەۋە، ناھىيە دائىرىسىدىكى ياكى ناھىيە باشقۇرۇشىدىكى؛ ناھىيە دەرىجىلىك: ناھىيىلىك يېمەك-ئىچمەك زاۋۇتى. ناھىيىلىك باج ئىشلار ئىدارىسى. ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى.

**نائۇستا** سۈپ (پ) بىرەر ھۈنەر-كەسىپكە تازا ئۇستا ئەمەس، سەۋىيىسى تۆۋەن: ماشىنا تېخى ناھىيىدىن چىقمايلا، نائۇستا شاگىرتلارنىڭ كاساپىتىدىن ئۆرۈلۈپ كېتىپتۇ.

**نائۇستىلىق** «نائۇستا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ ياغاچچىلىقتا نائۇستىلىقىنى باھانە قىلىپ، بەگنىڭ تەلىپىنى رەت قىلىپتۇ.

**نائۇشنىك** ئى (ر) قۇلاققا تىقىپ ياكى يېقىن كەلتۈرۈپ ئاڭلايدىغان ئاۋاز پەتكۈزۈپ بەرگۈچى بىر خىل ئەسۋاب: قاسىم نائۇشنىكنى قۇلىقىغا سالدى-دە، رادىئونىڭ ئاۋازىنى پەسلىتىپ، ياستۇققا بۆلىنىپ ئاڭلاشقا باشلىدى.

**نائۇمىد** سۈپ (پ) ئۈمىدسىز، ئۈمىد يوق: ھاۋادا بۇلۇت كۆڭلۈم، ياردىن نائۇمىد كۆڭلۈم. يار باقمىغۇدەك ئەمدى، ئۇ يارنى ئۇنۇت كۆڭلۈم. // ئۇ ئاچتى بىرنەچچە ۋاراقنى ئەمما ئاق ئىزلار قاپلىدى بۇرنى، يۈزىنى. نائۇمىد قالدىمۇ تەھرىردىن ۋە يا... ژۇرنالدىن قاچۇردى ئاستا كۆزىنى.

**نائۇمىد شەيتان** «ئۈمىدلىك بول، ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى، ھەرگىز نائۇمىد بولما» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ــ ئاسان ئەمەسلىكى-ئاسان ئەمەس، ــ دېدى ئۇ، ــ نائۇمىد شەيتان. بىز بولساق ئادەم. پۇت-قولى ئازاد، ئۆز ئەقىل-پاراستىنىڭ خوجايىنى بولغان ئادەممىز، بىز بۇ گۈزەل، بەختلىك يېڭىچە ھايات ئۈچۈن

كۆرەش قىلمىز.

**نائۇمىدلىك** «نائۇمىد» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن كۆپىنچە ئۇنىڭ كۆڭلىنى نائۇمىدلىكتە پەرىشان قىلماي دەپ، كۈلكە-چاقچاق بىلەن گەپنى باشقا ياققا بۇرىۋېتەتتىم.

**ناۋا** I ئى (پ) < بىن > **قۇرۇلۇشتا** ياغاچ، خىش، لاي ياكى گەجدىن پېتىنقى قىلىپ ياسالغان شەكىل: بۇ سارايدىكى چىرايلىق ناۋالارنى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نەپىس نەقىشلەرنى كۆرگەندە، كىشلەر قادىر نەققاشنى ھۆرمەت بىلەن ئەسكە ئېلىشاتتى.

**ناۋا** II ئى (پ) ① كۈي، ئاھاڭ، مېلودىيە: ئۇتۇق قۇچۇپ ئۆتكۈزەر مەرد ئىشچىلار كېچىنى. شادلىق، ناۋا قاپلىغان يورۇق سېخنىڭ ئىچىنى... * ياندىشىپ يىگىتلەر سۆيگەن قىزىغا، ياڭرىتىپ كۈي-ناخشا ماڭار ئېتىزغا؛ رىشتىسى باغلانغان ئېشىل دېڭىزغا. ناۋالار يېزىدا قاينار تاڭ-سەھەر. ② ئومۇمەن كۈي-تۈسىنى ئالغان، شادلىق ياكى مۇڭ ئىپادىلەنگەن ئاۋاز، سادا: ھەممە يەرنى جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ئەمگەك ناۋاسى قاپلاپ كەتكەنىدى. * سايرىشار گۈلباغ ئارا خەندان ئۇرۇپ مىڭ ياڭزا قۇش، نە كېرەك ھەر جانىۋارنىڭ ئۆز ناۋاسى بولمىسا. ③ ئۇيغۇر ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بىرىنىڭ نامى: ناۋا مۇقامى.

**ناۋا ئەيلىمەك** ← **ناۋا قىلماق**.

**ناۋا قىلماق** ① كۈيلىمەك، ناخشا ئېيتماق: سازەندىلەر بولسا، كۆزلىرى قىزىغا بەند بولغان ھالدا، سازلىرىنى سايرىتىپ، جېنىنىڭ بارىچە ناخشا ئوقۇپ ناۋا قىلىشاتتى. * ئاتاڭدىن قالغىنى بىردىن تەۋەررۈك ئۇل ساتار بولدى، ناۋا قىلدىڭ ساتارىڭنى چېلىپ شامۇسەھەر، تۈندە. ② سايرىماق، ئۈنلىمەك، ئاۋاز چىقارماق: يېشىلگەن تال-تېرەكلەردە ناۋا قىلغاندا كاككۇكلار، زاغۇ ھۇقۇش كۆكسىدە دەردۇئەلەم پەيدا.

**ناۋا مۇقامى** < مۇز > ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئونىنچىسى. ئۇ 20 نەغمە، 209 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 10 نەغمە، 100 مىسرادىن؛ 3 داستان 6 نەغمە، 56 مىسرادىن؛ 2 مەشرەپ 2 نەغمە، 44 مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

**ناۋات** ئى (پ) شېكەرنى مەلۇم مىقداردىكى سۇ بىلەن قاينىتىپ قىيام قىلغاندىن كېيىن نۆكچە قىلىپ قاتۇرۇلغان. تاتلىق يېمەكلىك:
ــ ئىشىڭ بەك ئالدىراش بولسا كېرەك، بالام،
ــ دېدى ئۇ نىزامىنىڭ پىيالىسىگە ناۋات سېلىۋېتىپ.

**ناۋات رەڭ** ① < گ سەن > ناۋاتنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بىر خىل سۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە: ناۋات رەڭ كەھرىۋا.

**ناۋات رەڭ كەھرىۋا** < گېئول > بىر خىل مىنېرال، يەنى ئورگانىك بىرىكمە. خىمىيىلىك تەركىبى $C_{20}H_{32}O_2$. تەركىبىدىكى C، H، O لارنىڭ نىسبىتى تۇراقلىق ئەمەس. كرىستاللانمايدۇ. رەڭگى ناۋات رەڭدىن قىزغۇچ قوڭۇرغىچە، سىزىق ئىزى ئاق. ماي ياكى دېۋىرقاي پارقىراقلىققا ئىگە. ئۈزۈلۈش يۈزى سەدەپسىمان. قاتتىقلىقى 2.25، چۈرۈك؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 1. سۈركەلگەندە زەرەتلىنىدۇ. سۈپىتى ياخشىلىرى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ، سۈپىتى ناچارلىرىدىن كەھرىۋا كىسلاتاسى ياكى قارا سىر ئىشلىنىدۇ. ئۇنى يەنە تىببىي دورىگەرلىكتىمۇ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ناۋات ھالۋىسى** مايدا قورۇلغان بۇغداي ئۇنىغا، ناۋات سۈيى ئارىلاشتۇرۇپ ئەتكەن ھالۋا.

**ناۋاتتەك** سۈپ. تاتلىق، شېرىن، لەززەتلىك؛

يېقىملىق، ئېسىل، ياخشى: ــ يىگىت، ئەمدى ئاچچىقىڭ يېنىپ قالغاندۇ؟ ــ ئۇ ناۋاتتەك قوغۇندىن يەنە بىر تىلىمنى قولىغا ئېلىۋېتىپ يېنىدا ئولتۇرغان ئابلاغا قاراپ قويدى. * ــ شۇنداق قىلايلى، تازا ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭلا، ــ دېدى خەلىچە بۇۋى شازادىخاندىن رازى بولۇپ.

**ناۋاتچى** ئى. ناۋات ئېلىپ-سېتىش ياكى ناۋات تەييارلاپ سېتىش ئىشى بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشى: ــ ئايخان ناۋاتچىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ــ دەپ خەۋەر قىلىپتۇ كېنىزەك. // ئۇ قارىسا، ھېلىقى ناۋاتچى يىگىت يەنە كەلگەنمىش.

**ناۋاتچىلىق** «ناۋاتچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ بوۋاي تېخىچە ناۋاتچىلىقنى قىلىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتقانىكەن.

**ناۋادا** باغل. شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ، شەرت جۈملىدە ئىپادىلەنگەن مەنىنى تەكىتلەش، كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ــ ناۋادا بۈگۈن كەلمىگەن بولساڭ، ــ دېدى پەزىلەت مۇبارەكنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ــ بۈگۈنكى كۈنۈم ھارام بولاتتى. خويمۇ ۋاقتىدا كەلدىڭ.

**ناۋازىش** ئى (پ) يىزت. مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق بىلەن قىلىنغان مۇئامىلە، مۇلازىمەت، مەرھەمەت ياكى ئەركىلەش.

**ناۋازىش قىلماق** ① مېھرىبانلىق ياكى كۆيۈنۈش بىلەن مۇئامىلە، مۇلازىمەت قىلماق، مەرھەمەت قىلماق؛ ئەركىلىمەك. ② كۆيلىمەك، مەدھىيىلىمەك، ماختىماق: بەھرام سەيپۇرەنىڭ مۇنچە كۈچتۈڭگۈر ئىكەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتىپ، كۆپ ناۋازىشلارنى قىلدى.

**ناۋالىق** I سۈپ. ناۋاسى بار، ناۋا چىقىرىلغان؛ لەمپىلىك: ناۋالىق چوڭ ساراي. ناۋالىق پېشايۋان.

**ناۋالىق** II سۈپ. كۈي-ئاھاڭ بار، ناخشىلىق: ئاۋازلىق، ئاھاڭلىق: ئۇ يەرنىڭ سۇلىرى راۋان، دەل-دەرەخلىرى باراقسان، قۇشلىرى خۇش ناۋالىق ئىدى. * سايە-سالقىن ھاۋالىق، خۇش-يېقىملىق ناۋالىق، كەڭرى، تۈپتۈز، چىرايلىق، يېزىمىزنىڭ يوللىرى.

**ناۋاندا** (توغرىسى: ناگاندا) ← **ناگاندا.**

**ناۋاي** ئى (پ) نان ياققۇچى ياكى نان يېقىپ سېتىش بىلەن تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى: بەختىيار دەرھال بىر داستىخان ئېلىپ ناۋايخانىغا بېرىپتۇ-دە، ناۋايدىن 30 نان ئېلىپ «پۇلىنى كېيىن بېرىمەن» دەپ كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ.

**ناۋايچىلىق** ئى ← **ناۋايلىق:** ئۇ يەردە ھوشۇر ناۋاي كۆپ يىللاردىن بېرى ناۋايچىلىق قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

**ناۋايخانا** ئى (پ) نان ياقىدىغان ۋە نان يېقىپ ساتىدىغان ئۆي: ناۋايخانا ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان تاشۋاينىڭ كۆزى رېھىم بوۋاينىڭ نەقىشلىك راۋاقىغا چۈشتى.

**ناۋايلىق** ئى. مەخسۇس نان يېقىش ھەمدە نان يېقىپ سېتىش ئىشى ۋە شۇنداق كەسىپ: قاسىم ئاكام دەسلەپتە ماروژنى تەييارلاپ سېتىپ يۈردى، كېيىن بىر دۇكاننى ئىجارىگە ئېلىپ ناۋايلىق قىلدى.

**نائېنىق** سۈپ (پ+ئە) تازا ئېنىق ئەمەس، گۇمانلىق، شۈبھىلىك، ئىشەنچىسىز، مۇجمەل مەۋھۇم: ئۇ شەھەرگە كەلگىلى بىر ھەپتىدەك بولدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمە غەرەزدە كەلگەنلىكى بىزگە نائېنىق. * دەسلەپ بىزگە ئۇنىڭ ئۆلۈمى سىرلىق، سەۋەبى نائېنىق پېتى قالدىغاندەك تۇيۇلغانىدى.

**نائىب** ئى (ئە) ① ئورۇنباسار، ياردەمچى: شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسى غەيۇر شاھ قول ئاستىدىكى ئاھالىلەرنىڭ ھەممىسىگە توي-تاماشا قىلىپ بېرىش ھەققىدە ئۆزىنىڭ نائىبلىرىغا پەرمان

تارقىتىپتۇ. ② ۋاقىتلىق تۇرۇۋاتقان مەسچىتكە ناماز ئوقۇغىلى بارىدىغانلارنى دەررىلەش، شەرىئەت قىلىپ چىقانلارنى جازالاش ئىشىنى قىلىدىغان كىچىك ئەمەلدار. ئادەتتە بۇنداقلارنىڭ قولىدا ھامان دەررە بولىدۇ.

**نائىل** ئى (پ) ① ئېرىشىش، يېتىشىش، مۇيەسسەر بولۇش: ھۆرمەتلىك مەكتۇپ نائىل ئۇستازىم، سىزنى شۇنداق قايغۇ بىلەن ئەسلىدىم. مەيۈسلەندىم كۆز ياشلىرىم تۆكۈلدى. بىلەلمىدىم، قاي ۋاقىتتا پەسلىدىم. * شائىرنىڭ جۇشقۇن ھەم ياڭراق كۈيىنى، ئوقۇغان ھەر كىشى بولىدۇ قايىل، چاچتى ئۇ ئەل ئۈچۈن دۇردانىلەرنى، شۇڭلاشقا مەڭگۈلۈك ئىززەتكە نائىل. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نائىل بولماق** ئېرىشمەك، يېتىشمەك، مۇيەسسەر بولماق: شۇ كەمگىچە قىزلارنىڭ بۇنداق يېقىملىق مۇئامىلىسىگە نائىل بولۇپ باقمىغان ئەنۋەرنىڭ يۈت-قوللىرى بوشىشىپلا كەتتى.

**نائىل قىلماق** ئېرىشتۈرمەك، يېتىشتۈرمەك، مۇيەسسەر قىلماق، ئىگە قىلماق: ئۇنىڭ قوۋزىقىدىن خەلقىم ياساپ قەغەزنى دەسلەپتە، كى ئاشتى بىر ئىرا تارىخ يولىدا پەندە، سەنئەتتە، بۇ كەشپ يۇرتۇمنى نائىل قىلدى ئالەم ئىچرە ھۆرمەتكە.

**نائىلاج** رەۋ (پ+ئە) ← **ئىلاجسىز**: ئۇ نائىلاج ئارقىغا ياندى. * سادىق نائىلاج پەلەمپەيگە قەدەم قويدى ۋە قەددىنى تىك تۇتۇپ كارىدورنىڭ ئىچىگە كىرىپ يان ئۆيگە قارىدى.

**نائىلاجلىق** ئى ← **ئىلاجسىزلىق**: بىچارە بوۋاي نائىلاجلىق ئىچىدە بىرەر نىجاتلىق ئىزدىگەندەك قىلىپ ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراپ يېتىتى. * قىز يىغلاپ چاچلىرىنى چۇۋۇپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ، دادىسى نائىلاجلىقتىن ئاخىر ماقۇل بولۇپتۇ.

**نائىنساپ** سۈپ (پ+ئە) ← **ئىنساپسىز**: «نائىنساپ خوتۇن بولسا كېرەك» دەپ ئويلىدىم مەن، «بىزنى سېخىيكەن دەپ خۇپسەنلىك قىلىپ يەنە سورىماقچى، ئېھتىمال،...». * بېسىۋاپتۇ ۋەزىر ـ نائىنساپ، ئايتۇرسۇننى يەرگە چىلىك نىقتاپ.

**نائىنساپلىق** «نائىنساپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ساقىنىڭ ئاشۇ بىر تەڭگە ئۈچۈن زادى ئۇيقۇسى كەلمەپتۇ، باقمۇ نائىنساپلىق قىلىپ «بوگۈن»، «ئەتە» دەپ تەڭگىنى بەرمەي ئۈچ-تۆت يىلنىمۇ ئۆتكۈزۈپتۇ.

**نايەت** (توغرىسى: ناھايەت) ← **ناھايەت**.

**نايرا** ئى. نىگېرىيە پۇل بىرلىكى.

**نايمان** ئى. تۈرك خەلقىنىڭ ئېتنىك تەركىبىگە كىرىدىغان قەبىلىلەردىن بىرىنىڭ نامى.

**ناىناق** سۈپ. قىلىق چىقىرىپ گەپ قىلىدىغان، گەپ قىلغىنچە بەللىرىنى تولغايدىغان، غىلجىڭ؛ ھەددىدىن ئارتۇق ئەركە: ئۇ چاغدا باينىڭ ناىناق باللىرى مېنى مەجبۇرىي ھالدا ئېشەك قىلىپ مىنىپ ئوينايتتى. // ـ ما ناىناقنىڭ ئادەمنى تىللاۋاتقىنىنى قارا؟! ـ دەپ دېۋەيلەپ كەلدى ھېلىقى يوغان باش بالا.

**ناىناقشىماق** پ ← **ناىناقلىماق**.

**ناىناقلاشماق** «ناىناقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ يىراقتىنلا ئۆزىگە قاراپ ناىناقلىشىپ كېلىۋاتقان ئۈچ-تۆت قىزنى كۆرۈپلا غېپىدە ئارقىسىغا ياندى.

**ناىناقلىق** «ناىناق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ـ ناىناقلىقىڭنى قويغىنا، ـ دېدى ئۇ ئايشەمنى سەتلەپ، ـ ئىش دېگەننى ئىشتەك قىلىدىغان!

**ناياقلماق** پ. بەللىرىنى تولغىماق قىلىقسىز ھەرىكەتلەرنى قىلماق؛ غىلجىڭلىماق؛ ھەددىدىن ئارتۇق ئەركىلىمەك: دالان ئۆيدىن ناياقلاپ چىقىۋاتقان ئايتۇران ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەن ئالماسنى كۆرۈپ، نېمىدىندۇر ئەندىككەندەك غىپپىدە ئارقىسىغا ياندى.

**نايىب** (توغرىسى: نائىب) ـــ **نائىب.**

**نايىتى** ـــ **ناھايىتى:** سەن قانچىلىك ئىش قىلدىڭ؟ نايىتى، كۆپ بولسا ئۈچ-تۆت كەتمەن توپا تاشلىغانسەن. * ئۇ نايىتى ئىككى سائەتلا ئىشلىدى. * كۆزۈڭ ئازراق تورلاشقاندۇ، نايىتى، ئۇنداق ئىش دېگەن ئەتىياز ۋاقتى ھەممە ئادەمدە بولىدۇ.

**نه** I ئال ① يېزت. نېمە: نه چارە. * بۇندا مەن چىن يارنى تاپتىم، ئۆزگە جانان نه كېرەك. ② جانت. قەيەر: ـــ ئاغرىپ قالغىنىڭنىغۇ بىلدىم، ـــ دېدى دوختۇر كۈلۈپ قويۇپ، ـــ نەرىڭ ئاغرىيدۇ دەۋاتمەن. * شىنجاڭدا نه ئەڭ ئىسسىق؟

**نه چارە** نېمە ئىلاج، ئامال قانچە، نېمە ئامال: نه چارە، قىلىنغان خاتانى تۈزىتىشنىڭ ۋاقتى ئۆتتى.

**نه چاغ** خېلى ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى، ۋاقىتنىڭ خېلى بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: مەن كەلگىلى نه چاغ، سەن ئەمدى كەلدىڭمۇ؟

**نەدە بار** ھېچ يەردە يوق: تويلۇق ئالمايدىغان قىز نەدە باركىن-تاڭ؟

**نەدە چوڭ بولغان** شۇنچە ياشقا كىرىپمۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغانلارنى ئەيىبلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە: ئۇ نەدە چوڭ بولغان نېمىكەن؟ قىلغان گەپلىرىنى قارا.

**نەدە قالغان** نېمىشقا ۋاقتىدا كەلمىگەن: نەچچە ۋاقىتتىن نەدە قالغان، بىمەنە ۋاقىتتا ئادەمنى ئىزلەپ، ـــ دېدى تۈردى.

**نەدە ئىدىڭ** نەدە قالغان، نېمە ئىش قىلىپ يۈرەتتىڭ: ـــ بىز بۇ يەرگە كەلگەندە سەن نەدە ئىدىڭ؟

**نەدىن بىلسۇن** بىلىشى مۇمكىن ئەمەس، بىلمەيدۇ: سېپىت ھاجىنىڭ سۆزىنىڭ بۇنچىلىك ئىناۋەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئۇ نەدىن بىلسۇن.

**نەدىن سورايمىز** قەيەردىن كېلىۋاتىسىز؟ قەيەردىن كەلدىڭىز: «ئەسسالام بۇرادەرلەر، تاغلار، ھەربىرلىرىنى نەدىن سورايمىز، ـــ دېدى ئىرپان ئالدى بىلەن سۆز ئېچىپ.

**نەرىڭ ئادەم** ئادەم ئەمەسكەنسەن، ئادەمگەرچىلىكىڭ قېنى: سېنىڭ نەرىڭ ئادەم، نېمىشقا ئۆلۈۋالمايسەن؟

**نه زامان** ـــ **نه چاغ:** مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە نه زامان بولدى، سېنى ھېچ ئۇچرىتالمىدىم.

**نه قەدەر** نېمىدېگەن: نه قەدەر ئەھمىيەتلىك كۈنلەر ئىدى-ھە، ئۇ؟! * بۇ نه قەدەر ئېغىر تۈيۈلىدىغان گەپ-ھە؟

**نه كەم** ـــ **نه چاغ:** خەق ئورنىدىن تۇرغىلى نه كەم سەن ئەمدى تۇردۇڭمۇ؟

**نه ۋاق** ـــ **نه چاغ:** بىز سېنى ئىزدەپ يۈرگىلى نه ۋاق، سەن بۇ يەرگە كىرىۋالغانىكەنسەندە!

**نه** II باغل (پ) جۈملىدىكى تەڭداش بۆلەكلەرنى ياكى قوشما جۈملىلەرنى (ئاساسەن شېئىردا مىسرانىڭ بېشىدا كېلىپ شۇ مىسرا بىلەن باشتىكى مىسرانى) باغلاپ، ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: شىرمەتكە نه راۋاب، نه نەي چالىدىغان پۇرسەت شۇنىڭ بىلەن تۈگىدى. * ئاھ، ئەجەب تارتتىم ئۇزۇن يىل بىر پىراقنىڭ دەردىنى، نه پىراق، راست گەپكە بولغان ئىشتىياقنىڭ دەردىنى. دېسە گەر « ماي »

لايىنى ئەرباب دە «بۇ پاقلان قۇيرۇقى» تارتمىغىن ھەرگىز مېنىڭدەك سەنمۇ «ياق» نىڭ دەردىنى.

**نەبى** ئى (ئە) <دىن> يېزت ① خۇدانىڭ ئەلچىسى، پەيغەمبەر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نەپ** ئى (ئە) بىرەر ئىش ياكى نەرسىدىن ئالىدىغان نەتىجە؛ پايدا: ۋالاقتەككۇر گەپ بەرمەس، سۇنۇق كەپكۇر نەپ بەرمەس (ماقال). * قىز چوڭ بولسا گەپ تولا، ئوغۇل چوڭ بولسا نەپ تولا (ماقال). * ئۇ بۇ ئىشتىن قىلچە نەپ چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، دېمىنى ئىچىگە يۇتتى.

**نەپ ئالماق** بىراۋدىن، بىرەر ئىشتىن مەلۇم پايدىغا، نەتىجىگە ئېرىشمەك: — سېلىمۇ قۇرۇق ۋەدىنى بېرىپ ئادەمنى ئالداپ نەپ ئېلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئىكەنلا.

**نەپ بەرمەك** پايدا بەرمەك، مەنپەئەت يەتكۈزمەك: كىم ماڭا نەپ بەرسە كۆچۈكى بولۇپ، مىنىمەن دېسە، ئېشىكى بولۇپ، بارغانچە تەگداش شېرىكى بولۇپ، كېيىنچە ئۆزىنى مىنىۋالىمەن.

**نەپ تەگمەك** پايدىغا ئېرىشمەك: ئۇنىڭدىن ئاز-پاز بولسىمۇ نەپ تېگىدۇ.

**نەپ چىقماق** پايدا-مەنپەئەت كۆرۈلمەك: ئەگەر سەن ئارىغا كىرسەڭ، — دېدى ۋېلىخان بەگ بىرئاز نەپ چىقىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ.

**نەپ كۆرمەك** ← **نەپ ئالماق**: — مەن ئۆزۈم چار بازارچى ئادەم، — دېدى ئۇ، — شەھەردىن نەپ كۆرگىنىم يوق.

**نەپ يۇقماق** ← **نەپ تەگمەك**: ئەلگە نەپ يۇقماس ئۇنىڭدىن، يۈرسىمۇ چۇقان قىلىپ.

**نەپەر** مىق (ئە) ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ كىشىلەرنىڭ سانىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈت نەپەر ئادەم. ئىككى نەپەر دېھقان.

**نەپەس** ئى (ئە) ① ئۆپكىدىن چىققان ۋە ئۆپكە سىرتتىن قوبۇل قىلغان ھاۋا؛ دەم، تىنىق: نەپەس ئالماق. نەپسى توختىماق. * بوۋاق باشقا بىر ئانىنىڭ ئاپپاق سۈتىنى ئېمىپ، يېنىك نەپەس ئېلىپ ياتاتتى. ② «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «قىسقىغىنا، سەل ئازراق» دېگەن مەنىنى ئاڭلىتىدۇ: بىر نەپەس كۈتۈپ تۇرۇڭ. * تۇتىمغىن ئۆزۈڭنى ئۆزگىلەردىن پەس، ۋە لېكىن ماختانما ھەتتا بىر نەپەس. ③ «ھەر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «دائىم، قېتىم» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: گۈل سۆيەت ھۆسنۈڭگە باقسام ھەر نەپەس، زوق-ھاياجان ئىچرە خەندان بۇ يۈرەك.

**نەپەس تۆشۈكلىرى** <زوئول> ھاشارات قاتارلىق بوغۇم پۇتلۇق قۇرۇقلۇق ھايۋانلىرىنىڭ نەپەسلىنىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى. تېنىنىڭ يۈزىدە بولۇپ، ھاۋانىڭ كىرىپ-چىقىش ئېغىزى ھېسابلىنىدۇ.

**نەپەستىن توختىماق** جان چىقماق، ئۆلمەك: ئۇ ئۇھ دەپ بىر تىنىق تارتىپلا نەپەستىن توختاپ قالدى.

**نەپەستىن قالماق** ← **نەپەستىن توختىماق**: ئۇنىڭ ئاغزىدىن تاكى نەپەستىن قالغۇچە «يېمىگەنىنىڭ چىشىغا تاش» دېگەن گەپ كەتمەيتۇ.

**نەپەس خالتىسى** <زوئول> قۇشلارنىڭ نەپەس ئېلىش ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى. ئۇ نېپىز پەردىلەردىن تۈزۈلگەن ئۇششاق خالتىلار بولۇپ، بەدەن بوشلۇقى ئىچىدىكى ھەرقايسى ئەزالارنىڭ كاۋاكلىرىغا تارقالغان. بەزى نەپەس

خالتىلرى تېره ئاستى ياكى سۆڭەكنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدۇ. ئۇ ئۆپكە بىلەن تۇتاشقان بولۇپ، ئۆپكىنىڭ نەپەسلىنىشكە ياردەملىشىش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ۋە مۇسكۇللار ئوتتۇرىسىدىكى سۈركىلىشنى ئازايتىش قاتارلىق روللارنى ئوينايدۇ.

**نەپەس شاخچىسى** < زوئول > دېڭىز ئادەمگىياھى قاتارلىق تىكەن تېرىلىك ھايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىش ئورگىنى. شەكلى دەرەخ شېخىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**نەپەس ئۈزمەك** جان ئۈزمەك، ئۆلمەك: سابىرنىڭ ئانىسى نەپەس ئۈزۈش ئالدىدا خەلچىخان ئاچىغا: «مېنىڭ سىزدىن باشقا يېقىنىم يوق، سابىر بالام يېتىم قالىدىغان بولدى. بالىنى سىزگە تاپشۇردۇم» دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغانىدى. * كۆيلە يەمەن زوق بىلەن ناخشامدا سېنى، نەپسىم ئۈزۈلۈپ يۇمۇلغىچە كۆز.

**نەپەس يولى** < ئانات > ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىشتە ھاۋا ئۆتىدىغان يوللىرى. ئۇ بۇرۇن بوشلۇقى، يۇتقۇنچاق، بوغۇز، كاناي ۋە كانايچە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**نەپەسداش** سۈپ (ئە+پ) ھايات يولى، نىيەت-مەقسەتلىرى بىر بولغان، ھەمنەپەس: پارتىيەم باشلىغان شانلىق كۈرەشتە، نەمۇنەم-ئۈلگەم ئۇ، نەپەسداش پەقەت.

**نەپەسسىز** سۈپ ① نەپەس يوق، نەپەس ئالماي. ② < تىل > تەلەپپۇز قىلىنغاندا توسالغۇنى يېڭىپ چىققان ھاۋا ئېقىمى بىرقەدەر ئاجىز بولىدىغان (ئۈزۈك تاۋۇشلار ھەققىدە): نەپەسسىز تاۋۇش.

**نەپەسسىز تاۋۇش** < تىل > تەلەپپۇز قىلىنغاندا توسالغۇنى يېڭىپ چىققان ھاۋا ئېقىمى بىرقەدەر ئاجىز بولغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «د» جاراڭلىق، نەپەسسىز ئۈزۈك تاۋۇش؛ «ت» جاراڭسىز، نەپەسلىك ئۈزۈك تاۋۇش.

**نەپەسلەندۈرمەك** «نەپەسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆپىنچە ئۇنى باغ ئىچىدە يېنىك ھەرىكەتلەندۈرەتتۇق، ساپ ھاۋا بىلەن نەپەسلەندۈرەتتۇق.

**نەپەسلەندۈرۈشمەك** «نەپەسلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەپەسلەنمەك** پ. جانلىقلار تاشقى مۇھىت بىلەن ھاۋا ئالماشتۇرماق، نەپەس ئالماق: — شۇنداق، — دېدىم مەنمۇ دەرھاللا ئۇنى تەستىقلاپ، — لېكىن سىز بىلەن مەن گەرچە بىر تاغار تۇزنى بىللە يېيىشمىگەن بولساقمۇ بىر ئېرىقنىڭ سۈيىنى بىللە ئىچىپ، بىر ھاۋادىن نەپەسلىنىۋاتقىنىمىزغا نەچچە يىل بولدى؟

**نەپەسلىك** سۈپ < تىل > تەلەپپۇز قىلىنغاندا توسالغۇنى يېڭىپ چىققان ھاۋا ئېقىمى بىرقەدەر كۈچلۈك بولىدىغان (ئۈزۈك تاۋۇشلار ھەققىدە): نەپەسلىك تاۋۇش.

**نەپەسلىك تاۋۇش** < تىل > تەلەپپۇز قىلىنغاندا توسالغۇنى يېڭىپ چىققان ھاۋا ئېقىمى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان ئۈزۈك تاۋۇش. تىلىمىزدا جاراڭلىق پارتلىغۇچى تاۋۇشلار نەپەسسىز، جاراڭسىز پارتلىغۇچى تاۋۇشلار نەپەسلىك بولىدۇ. تاۋۇشنىڭ نەپەسلىك ياكى نەپەسسىز ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرۈش بەزى تىللاردا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**نەپەسلىنىش** ئى < فىزىئول > جانلىقلارنىڭ تاشقى مۇھىت بىلەن ھاۋا ئالماشتۇرۇشى.

ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ، تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار تېرىسىگە تايىنىپ نەپەسلىنىدۇ، ئۆسۈملۈكلەر تاشقى يۈزىدىكى توقۇلمىلىرى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ.

**نەپەسلىنىش سىستېمىسى** <ئانات> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى بۇرۇن، بوغۇز، يۇتقۇنچاق، كاناي، كانايچە، ئۆپكە قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقان سىستېما. ئۇ بەدەن ئىچى بىلەن تاشقى مۇھىت ئوتتۇرىسىدا ھاۋا ئالماشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**نەپسىنى راسلىماق** دەم ئېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق، دېمىنى راسلىماق.

**نەپسىنى ئىچىگە يۇتماق** ← **دېمىنى ئىچىگە يۇتماق.**

**نەپسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك** ← **دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك**: شۇ چاغدا ئېغىلدىكى سىيىر مۆرەپ قالدى. ئانام چۆچۈپ نەپسى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

**نەپرەت** ئى (ئە) قاتتىق غەزەپ ۋە يىرگىنىش تۇيغۇسى: دوستقا مۇھەببەت، دۈشمەنگە نەپرەت (ماقال). * — ئۇ ئۆزىگە-ئۆزى يۇلۋاس، بىزگە بولسا قەغەز يولۋاس، — دېدى سابىر ئاكا نەپرەت بىلەن.

**نەپرەت ئوقۇماق** نەپرەتلەنمەك، قاتتىق قارغىماق، ھاقارەتلىمەك؛ لەنەت ئوقۇماق: بىردەم ئولتۇرۇپ ئېچىنىدۇ ئۇ، ئالدىدا ياتقان بىھوش ئايالغا. بىردەم ئولتۇرۇپ نەپرەت ئوقۇيدۇ، دەردلەرگە سالغان ئېغىر بۇ ھالغا.

**نەپرەت ياغدۇرماق** ساناقسىز، نۇرغۇن نەپرەت ئوقۇماق: كۆپچىلىك ئۇنىڭغا نەپرەت ياغدۇرۇپ، تاشلىدى ئۇ «بەگ»نى ئاخىر ئاغدۇرۇپ.

**نەپرەتلەندۈرمەك** «نەپرەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نەپەسلەندۈرۈشمەك** «نەپەسلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەپرەتلەنمەك** پ. غەزەپ-نەپرىتىنى بىلدۈرمەك، نەپرەت ئوقۇماق: ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ بىردىنلا ئۆزىگە نەپرەتلەندى.

**نەپرەتلىك** سۈپ. نەپرەتكە تولغان، نەپرەتلەنگەن، نەپرەتلىنىدىغان: سىزنىڭ ھېلىقى نەپرەتلىك قارىشىڭىزنى ئويلىسام ھازىر كۈلگۈم كېلىدۇ.

**نەپس** ئى (ئە) ① كىشىلەردىكى يېيىش-ئىچىش؛ مال-دۇنياغا بولغان ھەۋەس، قىزىقىش: ئەگەر پۇشايمانغا دۇچار بولۇشتىن خاتىرجەم بولاي دېسەڭ، نەپسىڭگە ئەگىشىپ خىيالىڭغا كەلگەن ئىشنى قىلىشقا كىرىشمە. * نەپس ئەگەر سۈرەتكە كەلسە سۈرىنى ئىشان كېلۇر، قوللىرى ئارا مەسەللىك چىشلىرى تېشاڭ كېلۇر. ② شەھۋانىي ھەۋەس، تەلەپ: — قارىغاندا بۇ ئايالنىڭ نەپسى يامانىدەك قىلىدۇ. نەپسىڭنى يىغ، ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويما، يەنە، — دېدى ئۇ ماڭا مەنىلىك قىلىپ.

**نەپسى ئالدىراپ كەتمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىماق.

**نەپسى ئاۋارىسى** يېمەك-ئىچمەك ئىنىڭلا كويىدا يۈرىدىغان: نەپسى ئاۋارىسىدا قالغان كىشىلا يېسەك، ئىچسەكلا دەيدۇ.

**نەپسى بالا** ئاچكۆز، تويماس: ئاغزى كۆيمىسە، چوغنى يېۋېتىشتىن يانمايدۇ، بۇ نەپسى بالالار.

**نەپسى بالانى يەيدىغان** ← **نەپسگە بالا تەگكۈر.**

**نەپسى تاقىلدىماق** ① يېگۈسى، ئىچكۈسى كېلىپ كەتمەك: ئۇنىڭ سۆزى بىلەن تەڭ،

بىردىنلا ئاغزىمغا سىرىقسۇ كېلىپ نەپسىم تاقىلداپ كەتتى. ② بىرەر ئىشنى قىلىشقا بەك ئالدىراپ كەتمەك: شۇ تاپتا ئۇنىڭ ھاۋايى-ھەۋىسى قوزغىلىپ، قىزغا بولغان شەھۋانە نەپسى تاقىلداپ كەتتى. * ئۇلارنىڭ ئۇنى سىناپ كۆرۈشكە نەپسى تاقىلداپ كەتتى.

**نەپسدىن كەچمەك** ئۆز مەنپەئىتىدىن، مەنپەئەتكە ئېرىشىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمەك:– نەپسىڭدىن كەچ، ساۋاب ئىزلە، — دەپتۇ بوۋاي. * نەپسىڭدىن كەچمەي، ياخشىلىق كۆرمەيسەن.

**نەپسگە ئامراق** ① يېيىش-ئىچىشكە ئامراق، قورسىقىغا ئامراق. ② كۆچمە. پارا ئېلىش، قاقتى-سوقتى قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان: ئۇ ئادەم نەپسگە ئامراقراق، ئازراق بىرنەرسە قىلمىساڭ ئىشىڭنى ھەل قىلماسمىكىن.

**نەپسگە بالا تەگكۈر** ئۆز نەپسگە بېرىلىپ كەتكەن، نەپسگە ئامراق ئادەملەرگە ئىشلىتىدىغان قارغىش سۆزى: ھوي نەپسگە بالا تەگكۈر، تۇر ئورنۇڭدىن.

**نەپسگە ئوت كەتكۈر ← نەپسگە بالا تەگكۈر.**

**نەپسگە ئوت كەتمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا ياكى كۆرۈشكە بەك ئالدىراپ كەتمەك.

**نەپسنى قويۇۋەتمەك** نەپسگە بېرىلىپ كەتمەك، مەنپەئەتنى كۆرگەندە ئۆزىنى تۇتالماي قالماق: — قۇرباننى ياخشى بىلمەن، بىكار «قوماي» ئاتالمىغان نېمە ئۇ، دۈيجاڭ بولدۇم، دەپ نەپسنى قويۇۋەتتى، قەيەردىن بۇرنىغا بىرنېمە پۇرىسا، قومايدەك شۇ يەردە ئۈنىدۇ.

**نەپسىڭ كەينگە كىرمەك** مەنپەئەتنى دەپ بىرەر يامان ئىش-ھەرىكەتكە بېرىلىپ كەتمەك؛ مەنپەئەتنى دەپ بىرەر يامان ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ قالماق: بەزىلەر نەپسىنىڭ كەينگە كىرىپ، جىنايەت ئۆتكۈزىدۇ.

**نەپسنى يىغماق** نەپ-مەنپەئەتكە بېرىلىشتىن ئۆزىنى تۇتۇۋالماق: — نەپسىمىزنى يىغايلى ئاغىنىلەر، مالچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى بۇلاپ كۆرۈپ بولايلى -دۇمۇ.

**نەپسى يامان ← نەپسى بالا:** نەپسى يامان باقى باي، ئەمدى قالدىڭ چاتاقتا. ئەقلىڭ بولسا ۋارقىرىماي، كىرىۋالغىن پاتقاقتا.

**نەپسى يوغان ← نەپسى بالا:** — كارخانىنى يەنە بىر بۆلۈك نەپسى يوغانلار ئىگىلىۋېلىدىكەن-دە، — دېدى ئۇ.

**نەپسى يوغىنىماق** بىراۋدىن تەمەق قىلىدىغىنى ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتمەك، ئاچكۆزلۈك قىلماق.

**نەپسانىي** سۈپ (ئە) شەھۋانىي، شەھۋەتكە ئائىت: نەپسانىي ھەۋەس.

**نەپسانىيەت** ئى (ئە) نەپسگە، شەخسىي مەنپەئەتكە بېرىلىش: ئۇ بۇ ئىشتا ئۆز نەپسانىيىتىنىلا ئويلىدى. * رەيھانەمنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى، گەپ-سۆزلىرى، خۇسۇسىي نەپسانىيىتىدىن ھالقىپ كېتىپ سىياسىي تۈس ئېلىشقا باشلىدى.

**نەپسانىيەتچى** ئى. ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلايدىغان، ئۆز مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن تۇتىدىغان ئادەم: ھوقۇق تۇتقانلار نەپسانىيەتچى بولسا، يۇرت ۋەيرانە، خەلق بىچارە بولىدىكەن.

**نەپسانىيەتچىلىك** ئى. ئۆز مەنپەئىتىنىلا ئويلاش ئىشى، نەپسگە بېرىلىش ئادىتى؛ ئىنتايىن شەخسىيەتچىلىك: نەپسانىيەتچىلىك ئىنسان ئۈچۈن ئاخىرقى ھېسابتا ھالاكەت يولى.

**نە پسانىيە تلىك** ئى ← **نە پسانىيە تچىلىك**: نە پسانىيە تلىككە بېرىلىش ئىنسانىنىڭ ئۆز ماھىيىتىنى يوقاتقانلىقتۇر.

**نە پسىز** سۈپ. نېپى يوق، نەپ چىقمايدىغان: نە پسىز مال. نە پسىز ئادەم.

**نە پلىك** سۈپ. نېپى بار، نەپ چىقىدىغان: نە پلىك مال. نە پلىك ئىش.

**نە پىس** سۈپ (ئە) گۈزەل، چىرايلىق ۋە نازۇك: ياشلار ناخشىغا جۆر بولماقتا، قىز-يىگىتلەر نە پىس ھەرىكەتلەر بىلەن مەيداندا ئايلانماقتا ئىدى. * قاسىمنىڭ كۆزىگە ئۇ نە پىس سىزىلغان سۈرەتكە ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

**نە پىس سىزما** < گ سەن > جۇڭگوچە رەسىمنىڭ نە پىس، ئىنچىكە، پۇختا سىزىلىدىغان بىر تۈرى. « كۆڭلەن سىزما » بىلەن ئۆزئارا تەتۇر تاناسىپ كېلىدۇ.

**نە پىسلە شمەك** پ. نە پىس ھالەتكە كەلمەك، نە پىس، گۈزەل بولماق.

**نە پىسلىك** « نە پىس » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئاياللارغا خاس نىزاكەت ۋە نە پىسلىك بىلەن ماڭا سالام قىلدى.

**نە پىقە** ئى (ئە) ① يېشى چوڭايغان، ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان. كىشىلەرگە ياكى ئىگە-چاقىسىز يېتىم-يېسىرلەرگە ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئايمۇئاي بېرىپ تۇرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى: سارىخان ئانا ھۆكۈمەتتىن بېرىدىغان نە پىقە پۇلى بىلەن كۈن ئالاتتى. ② نىكاھدىن ئاجراشقاندا ئەرنىڭ ئايالغا ياكى بالىنىڭ ئەمگەك ئىقتىدارىدىن قالغان ئاتا-ئانىغا قانۇنىي يوسۇندا بېرىدىغان تۇرمۇش خىراجىتى.

**نە پىقە پۇلى** < قا > ئىش ئۇستىدە يارىلانغان، مەجرۇھلانغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ياكى ئىش ئۇستىدە ئۆلۈپ كەتكەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋە قۇربان بولغان، كېسەل بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن ئىنقىلابىي ھەربىيلەرنىڭ ئائىلە-تاۋاباتلىرىغا بېرىلىدىغان راسخوت.

**نە تىجە** ئى (ئە) ① ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن كېلىپ چىققان ئاقىۋەت: ئالىپ باشقىلارغا ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: — مانا بۇ دۈشمەنگە ئالدىنىشنىڭ نەتىجىسى، — دېدى. * بۇ خىل ئادەملەر بىلەن سودا-مۇئامىلە قىلىشسا، پۇشايماندىن باشقا نەتىجە كۆرۈلمەيدۇ. ② ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-ھادىسە تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنلىكىنى ئىپادىلىگۈچى كۆرسەتكۈچ: ئۆگىنىش نەتىجىسى. ئىمتىھان نەتىجىسى. * مەمتىلى دانى مەكتەپكە كەلگەن ئىككى يىلدىن بۇيان، ئۇنىڭ ھەرقايسى پەنلەردىكى نەتىجىسى 95 نومۇردىن چۈشمىدى. * گۇڭشې يەنە كادىرلارغا مەھسۇلات، مەھسۇلات قىممىتى ۋە كىرىم نەتىجىسىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەق ھىسابلاشتىن ئىبارەت مۇكاپاتلاش، جازالاش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورناتتى. ③ ئادەم ياكى شەيئىلەر ئۈستىدە چىقىرىلغان ئەڭ ئاخىرقى خۇلاسە ياكى پىكىر، مۇھاكىمىنىڭ مەنتىقىي يەكۈنى: نەتىجە چىقارماق. نەتىجىگە كەلمەك. * ئىشچىلار زاۋۇت ھويلىسىغا يىغىلىشىپ، مەمۇرىيەت بىلەن ئىش تاشلاش كومىتېتى ئوتتۇرىسىدا كېتىۋاتقان سۆھبەتنىڭ نەتىجىسىنى كۈتۈشۈپ تۇراتتى. * 12 يىل « پىكىر قىلىش » نىڭ نەتىجىسى بولغان « ئامىل » دېگەن سۆز توغرىسىدا بىز تۆۋەندە توختىلىمىز. ④ < مات > ئارىفمېتىكىلىق ھېسابلاش ئارقىلىق تېپىلغان سان. ⑤ مەلۇم ئىش، ھەرىكەت قاتارلىقلار

ياراتقان پايدا، نەپ، ئۇنۇم؛ مۇۋەپپەقىيەت، ئۇتۇق: نەتىجە ياراتماق. نەتىجە قازانماق. نەتىجىگە ئېرىشمەك. * ياخشىلىقىڭىزنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈشىڭىز ئېنىق. * ئۇ ئۇلارغا قىلچە پەرۋا قىلماي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: سىز ھازىر نەتىجە بىلەن قېلىپسىز، زاۋۇتنى خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئۆزى نەتىجە.

**نەتىجە باغلىغۇچى** <تىل> تارماق بېقىندى جۈملىنى شۇ تارماق بېقىندى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۈرگەن باش جۈملىگە باغلاپ كەلگەن باغلىغۇچى. مەسىلەن، «تۇرسۇن ياخشى ئۆگەنمىدى، شۇڭا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى» دېگەن جۈملىدىكى «شۇڭا» نەتىجە باغلىغۇچى بولىدۇ.

**نەتىجە بۆلەك** <لوگ> شەرتلىك ھۆكۈمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، يەنى شۇ ھۆكۈمدە كۆرسىتىلگەن شەرتتىن كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەت.

**نەتىجىدە** يۈك. ئاقىۋەتتە، شۇنداق قىلىپ، ئاخىرى: نەتىجىدە، ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپتى. * نەتىجىدە بۇ «خىتابنامە» ۋۇجۇدقا كەلدى.

**نەتىجىسىدە** تىر. ئارقىلىق؛ ئارقىسىدا، خۇلاسىسىدە: شۇنداق ئويلاش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئىشى پۈتۈنلەي قارارلىشىپ بولدى. * تۇپراقشۇناسلىقتىن ئانچە نەزەرىيىۋى ساۋادى بولمىغان ھاشىم ئاكىنىڭ ئەكبەر يازغان ھېلىقى كىتابنى بېرىلىپ ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ئاشۇ دورىلارنى ياساپ چىقىشنى كىم ئويلىغان؟

**نەتىجىسىز** سۈپ. نەتىجىسى يوق، نەتىجىسى بولمىغان: نەتىجىسىز ئىش. // شۇنداق قىلىپ، بىزنىڭ شۇنچە جاپا تارتىپ بىر ھەپتىدە قىلغان ئىشىمىز نەتىجىسىز ئاياغلاشتى.

**نەتىجىسىزلىك** «نەتىجىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**نەتىجىلەنمەك** پ. نەتىجىگە ئىگە بولماق، نەتىجىگە ئېرىشمەك، نەتىجە چىقماق: ساپ، ھەقىقىي مۇھەببەت نىكاھ بىلەن نەتىجىلىنىدۇ.

**نەتىجىلىك** سۈپ. نەتىجىسى بار، نەتىجىسى كۆرۈلگەن، نەتىجىسى چىققان: نەتىجىلىك ئىش. نەتىجىلىك خىزمەت. * بۇ يىللىق كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش نەتىجىلىك بولدى.

**نەچە** رەۋ. جان ت. قەيەرچە، قانداق: نەچە گەپ قىلىۋاتىسەن؟

**نەچچە** ① ئال. سان-مىقدار ھەققىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ، قانچە: سىلەرنىڭ ئىدارىدە نەچچە كادىر بار؟ * سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟ * ئۇلارنىڭ نەچچىسى كادىر؟ ② سۈپ. بىرمۇنچە، كۆپ، نۇرغۇن: مەن سىلەر بىلەن كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىپ نەچچە كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدۈم. ③ سۈپ. ئونلار خانىسىدىن يۇقىرى پۈتۈن سانلار بىلەن بىللە كېلىپ ئىسىمنى ئېنىقلىغاندا ئۇنىڭ تەخمىنىي سانىنى بىلدۈرىدۇ: كېيىملىرى يىرتىلغان زىۋۇرشانى ئون نەچچە ئادەم ئارىغا ئېلىپ كەلمەكتە. ④ سۈپ. ئا زراق، ئازغىنا: ياق-ياق، مەن نېمە قىلىۋاتىمەن-ھە؟ بار-يوقى نەچچە تەڭگىلا پۇل قالدى.

**نەچچە جېنىڭ بار** قانچىلىك بىڭىسىڭ بار، قانچىلىك كۈچ-قۇۋۋىتىڭ بار: بىزدىن پۇل تەلەپ قىلىشقا پېتىنىدىغان نەچچە جېنىڭ بار؟

**نەچچە قاپاق پىششىقى بار** ← **نەچچە ئۇچمە پىششىقى بار**: سىز تېخى مۇشتتەك

بالا ئىدىڭىز. تويىڭىز بولۇشقا نەچچە قاپاق پىششىقى بار ئىدى.

**نەچچە ئۈجمە پىششىقى بار** يەنە نۇرغۇن يىل بارلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: — سىلە ئاغىچا دەيدىغانغا نەچچە ئۈجمە پىششىقى باردۇ تېخى.

**نەچچە ـ نەچچە** ناھايىتى كۆپ، نۇرغۇن: شۇ سۆزدىن كېيىن شاھزادە قىز بىلەن خەيرلىشىپ يولغا راۋان بولۇپتۇ ۋە نەچچە ـ نەچچە كۈنلەر يول يۈرۈپ بىر تاغ تۈۋىگە يېتىپ كېلىپتۇ.

**نەچچەيلەن** ئال. نەچچە نەپەر ئادەم، نەچچە كىشى: ئۆيدە نەچچەيلەن بار؟

**نەچچىلەپ** سۈپ. نەچچىلىگەن، نۇرغۇن، تولا: شۇندىن ئېتىبارەن كۈندە دېگۈدەك نەچچىلەپ قوي قاشقىرنىڭ نامىغا ئۆچۈرۈلدى.

**نەچچىلىك** ئال. سانى، مىقدارى، ھەجمى، ئېغىرلىقى قاتارلىق جەھەتلەردە قانچە، نەچچە، قانچىلىك: شۇ ماڭغىنىمچە نەچچىلىك يول باسقانلىقىمنى بىلمەيمەن.

**نەچچىلىگەن** سۈپ. نەچچىلەپ، نۇرغۇن، تولا: بۇ چۆلدە نەچچىلىگەن پالۋانلار قۇربان بولغان.

**نەچچىنچى** ئال. شەيئىلەرنىڭ ئورۇن ـ تەرتىپى ھەققىدىكى سوئالنى بىلدۈرىدۇ: — بۇ نەچچىنچى بالىڭىز؟ — دەپ سورىدىم مەن بالىغا قىزىقىپ. * سىز ئۆرۈمچىگە نەچچىنچى يىلى كەلگەن.

**نەچچىنچىلىك** ئى. نەچچىنچى ئورۇن، نەچچىنچى دەرىجە: بۇ مۇسابىقىدە نەچچىنچىلىككە ئېرىشتىڭىز؟ * ئىككىڭلار بۇ قېتىمقى مۇسابىقىدە نەچچىنچىلىكنى تالىشىسلەر؟

**نەخكەش** ئى. ناچىدىكى مەشۇت يىپلارنى كۈدىغا تەكشى يۆگەشكە ياردەم بېرىدىغان ياغاچ سايمان.

**نەدە** ئال ① قەيەردە، قايسى ئورۇندا، قايسى جايدا: ئالمىنى نەدە كۆردۈڭ. ② قانداق: بۇ نەدىمۇ مېنىڭ خىيالىم بولسۇن. ③ بەزى پېئىللارنىڭ ئالدىدا كېلىپ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنى ئىنكار قىلىدۇ. نەدە يېقىلدىم. نەدە ئۇردۇم. نەدە دېدىم. ④ «يوقسۇ، ئۇنداق ئەمەس» دېگەن مەنىدىكى تەكەللۇپ سۆزى: رەقىبىنىڭ ماختاشلىرىدىن رازى بولغان شۇجى كەمتەرلىك بەلگىسىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قولىنى يېرىم كۆتۈرۈپ: — ھەي، نەدە، نەدە! — دېدى يۇقىرىدىن ئورۇن ئېلىۋېتىپ.

**نەدىن ئارا** ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز قاياقتىندۇر، ئاللىقەيەرلەردىن: بۇ نەدىن ئارا كەلدى، ئادەمنى ئېلىشتۇرۇپ.

**نەدىكى** سۈپ. ئاڭلاپ باقمىغان؛ كۆرمىگەن، بولمىغان؛ بولمىغۇر، قاملاشمىغان، ئورۇنسىز؛ ناچار، ئەسكى، يارامسىز: نەدىكى ئىش. نەدىكى گەپ. نەدىكى گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈيسەن ئاپا. * — بولدىلا ئاپا، — دېدى رەيھان، — سەنمۇ نەدىكى خوتۇنلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋېرىپ ئوشۇقچە ئەندىشە قىلىدىكەنسەن. * نەدىكى ئاتام كۆرمىگەن، ئانام كۆرمىگەن بىرنېمىلەرنى باشلاپ كېلىپ، ئۆينى قالايمىقان قىلساڭ بولامدۇ؟

**نەدىكىنى** يۈك. نەدىمۇ ئۇنداق بولسۇن: دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىنلا مەنزىلگە يەتكەن چېغىمىز دەپ ئويلاپتىمەن، نەدىكىنى، سېمونت يولدا خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئۆينىڭ ئالدىغا كەلدۇق.

**نه‌ره** ئى (پ) قورقۇنچلۇق، ۋەھىملىك قاتتىق ئاۋاز: نه‌ره تارتماق.

**نه‌ره تارتماق** قاتتىق ۋارقىرىماق، شاۋقۇن كۆتۈرمه‌ك: گۆھه‌رپۇرۇش بۇ سۆزنى ئاڭلاپ بىرنه‌ره تارتىپلا ھوشىدىن كېتىپتۇ.

**نه‌رخ** ئى (پ) نه‌رسىله‌رنىڭ، مالنىڭ پۇل بىله‌ن ئىپادىله‌نگه‌ن قىممىتى؛ باھا: ئاش نه‌رخى ئاسمان (ماقال). * نه‌رخى نه‌چچه پۇل؟

**نه‌رخ قويماق** نه‌رخىنى بېكىتمه‌ك، قىممىتىنىڭ نه‌چچه پۇل تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتماق: ــ ئالدى بىله‌ن مېلىڭىزغا ئۆزىڭىز نه‌رىخ قويمامسىز؟ ــ دېدى ياندىكىله‌ردىن بىرى.

**نه‌رخ-ھاۋا** نه‌رخ، باھا: بازارلار ئاۋات، تۇرمۇش پاراۋان، نه‌رخى-ھاۋا مۇقىم. * دېھقانىنىڭ قولىغا پۇل چۈشسه، خه‌جله‌شكه ئالدىرايدۇ، نه‌رخ-ھاۋا بىله‌ن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدۇ.

**نه‌رسه** ئى ① ھه‌ر تۈرلۈك ماددىي مه‌ۋجۇدات، ھه‌ر تۈرلۈك شه‌يئى: نه‌رسه بىزدىن تاشقىرىدا مه‌ۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ سه‌زگۈ ۋه ته‌سه‌ۋۋۇرلىرىمىز نه‌رسىنىڭ ئوبرازى. * بىلگىلى بولمايدىغان نه‌رسه يوق. ② ياشاش ئۈچۈن، ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان بۇيۇم، مه‌ھسۇلات: يېگۈده‌ك ھېچ نه‌رسه قالمىدى. * پۈتۈمغا كىيگۈده‌ك بىرنه‌رسه بولسا بولاتتى. ③ ئومۇمه‌ن ھه‌ر تۈرلۈك ھادىسه، ئىش (گه‌پ-سۆز، كۈلكه، ئىش، ۋه‌قه قاتارلىق ھه‌ققىده): ئۇ ئۆمرىده ئىككى نه‌رسىنى ياخشى كۆردى. بىرى گۈزه‌للىكنى، بىرى ناخشىنى. * ئۇ نېمىنىدۇر بىرنه‌رسه دېمه‌كچى بولغانده‌ك ماڭا قارىدى. ④ ئومۇمه‌ن جانلىقلارنىڭسۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزله‌ر بىله‌ن بىرىكىپ كېلىپ شۇ سۆز ئىپادىلىگه‌ن تۈرگه مه‌نسۇپ ئىكه‌نلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئىلگىرىكىن قۇۋ نه‌رسه-ده. * ئۇ بىه‌ك جاھىل بىرنه‌رسه.

**نه‌رسه ھوقۇقى** < قا > نه‌رسىنى بىۋاسىته باشقۇرۇش ۋه باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىنى ئىستىسنا قىلىش ھوقۇقى. ئاده‌تته ئۇ ئىگىدارچىلىق قىلىش ھوقۇقى، نه‌رسىدىن پايدىلىنىش ھوقۇقى، نه‌رسىنى ھۆددىگه ئېلىش ھوقۇقى دېگه‌نده‌ك تۈرله‌رگه ئايرىلىدۇ.

**نه‌رسه ئېتىقادچىلىقى** < په‌لس > ① ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ بىر خىل شه‌كلى. بۇنىڭدا به‌زى نه‌رسىله‌رگه ئىلاھ ئورنىدا ئېتىقاد قىلىنىغان. ئۇنىڭ به‌لگىلىك ته‌شكىلىي شه‌كلى بولمىغان. ② به‌زى شه‌يئىله‌رگه بولغان ئېتىقاد. مه‌سىله‌ن، تاۋار ئېتىقادچىلىقى، پۇل ئېتىقادچىلىقى دېگه‌نگه ئوخشاش.

**نه‌رسه ئىلاھ** < تارىخ > ئىپتىدائىي ئاده‌مله‌ر ته‌بىئه‌تتىن ھالقىغان سىرلىق كۈچ-قۇدره‌تكه ئىگه، بىزنى قوغدايدۇ ياكى بىزگه ياردەم بېره‌له‌يدۇ ده‌پ ئىشه‌نگه‌ن ھايۋان چىشلىرى ۋه ياغاچ ئويما قاتارلىقلارغا ئوخشىغان ته‌بىئىي ھه‌م سۈنئىي نه‌رسىله‌ر.

**نه‌رسىگه خىتاب** < ستى > رىتورىك خىتاب ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل شه‌كلى. بۇنىڭدا ئاپتور ئه‌سه‌رده بايان قىلىنىۋاتقان نه‌رسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىله‌ن سۆزلىشىدۇ ۋه ياكى ئه‌سه‌ردىكى بىر پېرسوناژ ئه‌سه‌رده بايان قىلىنىۋاتقان نه‌رسىنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ ئۇنىڭغا خىتاب قىلىدۇ ياكى ئۇنىڭ بىله‌ن سۆزلىشىدۇ.

**نەرسە-كېرەك** تۇرمۇشقا لازىم بولغان بۇيۇملار: ئۇ نەرسە-كېرەكلىرىنى يىغىپ يولغا راۋان بولدى.

**نەرسلە شتۇرۇش** < ستى > جانلاندۇرۇش ئۇسۇلىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا ئادەم نەرسە قىلىپ يېزىلىدۇ. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ھەجۋىي ئەسەرلەردە قوللىنىلىدۇ.

**نەرگىسگۈل** ئى (پ) < بوت > ① تاشىسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەڭگىچە غولى تۇخۇم شەكىللىك، يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك، گۈلى ئاق، ئوتتۇرىسى سېرىق ۋە كۈنلۈكسىمان گۈل رەتىدە، خۇش بۇي پۇرايدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. تەڭگىچە غولى ۋە گۈلى جۇڭيىدا دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نەزەر** ئى (ئە) ① قاراش، كۆرۈش: نە بولغاي بىر نەزەر سالساڭ، ماڭا رەھمىڭنى كەم قىلماي، بېسىپ تاشقا بۇ باغرىمنى يولۇڭدا ئىنتىزار بولدۇم. ② بىرەر ۋەقە، ھادىسە ياكى ئىش-ھەرىكەتتىن ھاسىل قىلغان سوبيېكتىپ چۈشەنچە، تونۇش، بىلىش: نەزەر دائىرىسى كەڭ ئادەم. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نەزەر ئاغدۇرماق** دىققىتىنى بۇرىماق، قارىماق: سابىر كۆپچىلىككە نەزەر ئاغدۇردى.

**نەزەر تاشلىماق** قارىماق، كۆز تاشلىماق: جۇماش ئۇنىڭغا بىر نەزەر تاشلاش بىلەنلا بىرپەس قېتىپ تۇرۇپ قالدى. * قىز يىگىتكە ئىسسىق مېھرى بىلەن نەزەر تاشلىدى.

**نەزەردە تۇتماق** ئېتىبارغا ئالماق، ھېسابقا ئالماق؛ كۆڭۈلگە پۈكمەك، ئويلىماق: — سەن نېمىنى نەزەردە تۇتۇپ، بۇ تۆگىچىگە كېپىل بولغان؟

**نەزەردىن ساقىت قىلماق** يوققا چىقارماق، يوق دەپ ھېسابلىماق: مېنىڭ ۋاقىت تەقەززاسى بىلەن يازغان ئەرزىمەس ماقالىلىرىمنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا تېگىشلىك.

**نەزەردىن يىراق** نەزەر-ئېتىباردىن، دىققەتتىن يىراق: بۇ ئىشلار ئۇنىڭ نەزىرىدىن يىراق ئىدى.

**نەزەر سالماق** قارىماق: مەن شۇ تەرىقىدە ئۆيگە بىر قۇر نەزەر سالدىم.

**نەزەر كۆزىنى سالماسلىق** قارىماسلىق، قويماسلىق: ئۇ يەردىكى ھەممىيانغا نەزەر كۆزىنىمۇ سالماي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى.

**نەزەرگە ئالماق** ← **نەزەردە تۇتماق**: سارىخان ئانىسىنىڭ بىر ئۆمۈر جاپا چەككەنلىكىنى نەزەرگە ئېلىپ ئۇلارغا يېڭى بىنادىن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي تەقسىم قىلدى. * يار مەندىن جۇدا بولغاچ، دىلدا تولا ئاھىم بار. نەزىرىڭگە ئالمىدىڭ، مېنىڭ نە گۇناھىم بار؟

**نەزەرگە سىغماسلىق** يارىماسلىق، مۇۋاپىق كەلمەسلىك: — ئۇنىڭ قېلىن ساقىلى بولسا، — مانا ئۇ ھەددىدىن تاشقىرى ھەيران بولغۇدەك ۋە نەزەرگە سىغمايدىغان بىر نەرسە ئىدى.

**نەزىرى چۈشمەك** ← **كۆزى چۈشمەك**: ئەلا گېزىتنى ئالدىراپ يايدى، تونۇش ماۋزۇغا نەزىرى چۈشتى. * قىزىمىزغا جۇمە باينىڭ نەزىرى چۈشۈپ قالدى.

**نەزىرىدىن چۈشمەك** ئىززەت-ھۆرمىتىدىن، دىققەت-ئېتىبارىدىن مەھرۇم بولماق: — ئۇكام، — دېدى نورۇل بوۋا، — خۇدايىم ھېچ بەندىسىنى ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈرمىسۇن. * ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈش، تىرىك ئۆلگەن بىلەن باراۋەر.

**نەزىرىدىن قالماق** ← **نەزىرىدىن**

چۈشمەك: نەزىرىڭدىن قالدىمغۇ، دەيمەن، - ھە؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

**نەزىرى سوغۇق** ئىللىق چىراي ئەمەس، تەلەتى سوغۇق: ھەممەيلەن شۇنچە شاد-خۇرام، شۇنچە تېتىك، شۇنچە جانلىق. بىراق مەنلا... ماڭا نىسبەتەن ھەممىنىڭ نەزىرى سوغۇقتەك ئىدى.

**نەزىرى ئۈستۈن** ئادەم ياراتمايدىغان، يۇقىرىنى ئارزۇ قىلىدىغان، ھالى چوڭ؛ تەكەببۇر، يوغانچى: نەزىرى ئۈستۈن، نەرخى پەس (ماقال). * ئۇ قىزنىڭ خېلى نەزىرى ئۈستۈنگە ئوخشايدۇ، ئويلىشىپراق ئىش قىلمىساڭ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ.

**نەزەربەند** ئى (ئە) < قا > تۇرمىگە قامىماي ھەرىكىتىنى چەكلەش، كۆز ئالدىدا تۇتۇپ تۇرۇش: مەنمۇ سىزگە ئوخشاشلا گۇمانلىق شەخس بولۇپ نەزەربەند قىلىندىم.

**نەزەربەند قىلماق** ھەرىكىتىنى چەكلىمەك، كۆز ئالدىدا تۇتۇپ تۇرماق: ئۇلار شۇ كۈنى مۇشۇ ئىش مەيدانىدىن سەككىزىمىزنى تۇتۇپ، نەزەربەند قىلدى.

**نەزەرسىز** رەۋ. نەزىرىنى سالماي، قارىماي: گەرچە بىر قۇرۇق شاخ مەن، سەمەرسىز بولاي ئەل چاكىرى، قويما نەزەرسىز.

**نەزەرىيە** ئى (ئە) ① < پەلس > ئەمەلىيەتتىن خۇلاسىلەپ چىقىلغان، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلىملىرى ھەققىدىكى سىستېمىلىق يەكۈن، سىستېمىغا چۈشۈرۈلگەن ئەقلىي بىلىش ياكى تەجرىبە ۋە ئىجتىمائىي ھايات ئەمەلىيىتىنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگۈچى لوگىكىلىق خۇلاسىسى: ماركسىزمچىلار: «ئەگەر ئەمەلىيەت ئۆلچىمى بىلىش نەزەرىيىسىنىڭ ئاساسى قىلىنىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىز مۇقەررەر ھالدا ماتېرىيالىزمغا ئىگە بولىمىز» دەيدۇ. ② ئىلىم-پەن، سەنئەت ۋە باشقا ساھەلەرنىڭ مەنتىقىي، ئابستراكت پىكىر قىلىش يولى بىلەن ئىشلەپ چىقىلغان ئاساسلىرى: ئۆگىنىشكە قاتناشقان دېھقانلار نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ مۇزاكىرە قىلىپ، بىرقەدەر ياخشى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. ③ پاكىت، ھادىسە ۋە شۇ ئاتارلىقلارنى چۈشىنىش، چۈشەندۈرۈشنىڭ ئومۇمىي پرىنسىپلىرىنى ئاساسلاپ بەرگۈچى ئىلمىي قانۇن-قائىدىلەر يىغىندىسى: ماركسىزم نەزەرىيىسى. دارۋىننىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات نەزەرىيىسى. * ئۆتكەندە قىممەت قانۇنى كاپىتالىزمغا خاس ئىقتىسادىي قانۇنىيەت دەيدىغان بىر خىل كۆز قاراش باز ئىدى. ئۇ خاتا. نېمە ئۈچۈن؟ نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، قىممەت قانۇنى — تاۋار ئىگىلىك قانۇنى، ئومۇمەن، تاۋار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن تاۋار ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بېرىلغان جايدا ئۇ مۇقەررەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ھەم رول ئوينايدۇ. ④ بىرەر پەن ساھەسىنى ياكى ئۇنىڭ بىرەر قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى قائىدىلەر ياكى بىرەر ساھەدە بىلىم، ماھارەت ئاشۇرۇش، ھۈنەر ئۆگىنىش، تەجرىبە ھاسىل قىلىش يولىدىكى بىلىم، قائىدىلەر يىغىندىسى: ماشىنا-مېخانىزملار نەزەرىيىسى. مۇزىكا نەزەرىيىسى. * ئۇ: — ئەمدى نەزەرىيە ئۆگىنىمەن دەپ نەدە يۈرەي، كۆپ ئوقۇمايلا ئىشچى بولۇپ كەتكەنمەن، كىتابنى تاشلىۋەتكىنىمىزگە ئون نەچچە يىل بولدى، — دېدى. ⑤ بىرەر نەرسىگە، مەسىلىگە بولغان قاراش، نۇقتىئىنەزەر ياكى ئۇلارنىڭ سىستېمىسى: ئۆزئارا بويان، دۆلەت كارخانىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مەھسۇلات ئالماشتۇرۇشتا، پەقەت تاۋارنىڭ

«پوستى» لا باز دەپ قارايدىغان ئەنئەنىۋى نەزەرىيە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى. * ئەخلاق بىلەن ئەخلاقىي پەزىلەتلەر چۈشەنچىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئىلمىي تەتقىقات ئوبيېكتىنى ئېنىقلاش، ھەرخىل خاتا نەزەرىيىلەر بىلەن گۇرۇھلارنىڭ ماھىيىتىنى تونۇۋېلىشىمىز ئۈچۈن ياردەم بېرىدۇ.

**نەزەرىيىچى** ئى. ئىلىم-پەنىنىڭ بىرەر ساھەسىدە نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ نەزەرىيە مۇتەخەسسىسى: لېنىن ئۇلۇغ نەزەرىيىچى. * — قالتىس نەزەرىيىچى بولۇپ كېتىپسەنغۇ؟ — دېدى ئۇ مېنى زاڭلىق قىلغان قىياپەتتە.

**نەزەرىيىسىز** سۈپ. نەزەرىيىسى يوق، نەزەرىيىگە ئاساسلانمىغان، نەزەرىيە سۆزلەنمىگەن: نەزەرىيىسىز بەزى پاكىتلارنى يېزىپ قويۇشنىڭ ئۆزىلا كۇپايە قىلمايدۇ.

**نەزەرىيىلىك** سۈپ. نەزەرىيىسى بار، نەزەرىيىگە ئاساسلانغان: نەزەرىيىلىك مەسىلىلەر.

**نەزەرىيىۋى** سۈپ. نەزەرىيىگە ئائىت، نەزەرىيە بىلىمگە باغلىق بولغان: ئۇ مەخسۇس يېزا ئىگىلىك تېمىسىدا بىر نەزەرىيىۋى ماقالە يېزىپ چىقتى.

**نەزەرىيىۋى فىزىكا** < فىز > فىزىكىنىڭ فىزىكىلىق ھادىسىلەرنى ماتېماتىكىلىق ئۇسۇلدا تەسۋىرلەپ بېرىدىغان بىر تارمىقى.

**نەزەرىيىۋى مېخانىكا** < فىز > جىسىملارنىڭ مېخانىكىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**نەزمە** ئى (ئە) < ئەد > شېئىر، شېئىرىيەت، پوئېزىيە: نەزمە تۈزمەك. * ئۇ مۇشۇ يېزىدا ئاياللار ئارىسىدىن چىققان ئوقۇمۇشلۇق، ھەتتا ھۆسنخەت ۋە نەزمە يازالايدىغان ئايال ئىدى.

**نەزمە تىياتىرى** < تىيا > تىياتىرنىڭ دىئالوگى شېئىر ئارقىلىق بولىدىغان بىر تۈرى.

**نەزمىسىز** سۈپ. نەزمىسى يوق، نەزمە قوشۇلمىغان: مەرغۇل مۇقام مۇزىكىلىرىدىكى بىر نەغمە شەكلىدىن ئىككىنچى نەغمە شەكلىگە ئۆتۈشتىكى مۇزىكا بولۇپ، نەزمىسىز بولىدۇ.

**نەزمىكەش** ئى. نەزمە ئېيتىدىغان، نەزمە ئوقۇيدىغان كىشى: جىنەستە لەۋلىك، شەھلا كۆز ئىدى، كۆلگۈنچەك، زىبا، شېرىن سۆز ئىدى. كىرپىكى بوستان، قاشلىرى كامان، ئىدى ئۈنچە چىش، سۇمبۇل چاچ جانان... نەزمىكەش... بۇ دەم سۆزلەيتتى قىسسە، تىڭشايتتىم ئۈنى، كۈيلەيتتى قىسسە.

**نەزملە شتۈرمەك** پ. نەزمە شەكلىگە، نەزمە ھالىتىگە كەلتۈرمەك: نەزملەشتۈردۇم ئاران بىرنەچچە بەتنى كېچىلەپ، سىزگە سۇندۇم ھەم ئۈنى، يوق قىلچە پەرداز، ساختا كىر.

**نەزملىك** سۈپ. نەزمىسى بار، نەزمە قوشۇلغان: مۇقام نەغمىلىرىنىڭ نەزملىك تېكىستلىرى ئۆزگىرىشچان تارىخنىڭ تاللاش تەسىرىگە، مۇھىتنىڭ تەقەززاسىغا، خەلقنىڭ قوبۇل قىلىش ئېھتىياجىغا قاراپ راۋاجلانغان.

**نەزىر** ئى (ئە) < دىن > ① ساۋاب تېپىش ئۈچۈن خۇدا يولىدا بېرىلگەن نەرسە: نەزىرگە قوي سويماق. * چۈشۈم بۇزۇلۇپ قوپۇپتىمەن، ئەتىسى ئۆزۈمنىڭ بىر چاپىنىنى، ئايالىمنىڭ بىر ئايغىنى كەمبەغەللەرگە نەزىر قىلىۋەتتىم. ② ئۆلگۈچىنىڭ روھىغا ئاتاپ ياغ پۇرىتىپ، جامائەتنىڭ ئالدىغا ئاش-تائام كەلتۈرۈپ خەتمىقۇرئان قىلىش

پائالىيىتى: ئاكامنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئاتا-ئانام يىغلاپ-قاقشاپ ئۇنىڭ نەزىرىنى بەردى.

**نەزىر بەرمەك** ← **نەزىر قىلماق**: سايىم چوڭ ئەتىسلا پۈتۈن مەھەللىگە ئوغلاق سويۇپ نەزىر بەردى.

**نەزىر قىلماق** ئۆلگەن كىشىنىڭ روھىغا ئاتاپ نەزىر ئۆتكۈزمەك: يىل نەزىرىنى قىلماق. قىرقى نەزىرىنى قىلماق.

**نەزىر ئۆتكۈزمەك** ← **نەزىر قىلماق**: يىل نەزىرىنى ئۆتكۈزمەك.

**نەزىرە** ئى (ئە) ① <ئەد> ئىلگىرى ئۆتكەن ياكى زامانداش شائىرنىڭ ئەسىرىگە ئوخشىتىپ يېزىلغان ياكى جاۋاب تەرىقىسىدە ئىجاد قىلىنغان يېڭى شېئىر. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نەزىر-چىراغ** خۇدا يولىدا ئۆتكۈزۈلگەن نەزىر ۋە ياكى شۇ خىلدىكى دىنىي مۇراسىملارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى؛ نەزىر: دادامنىڭ نەزىر-چىرىغىنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن بىر يولىغ ماڭاي دەپ قالدىم.

**نەزىر-چىراغ ئۇسسۇلى** <ئۇس> قەدىمكى زامانلاردىكى تۈرلۈك دىنىي مۇراسىملاردا خۇداغا دۇئا-تىلاۋەت قىلىش، ئەۋلىيالارنى مەدھىيلەش، مېيىت ئۇزىتىش ۋە جىنلارنى قوغلاش مەقسەتلىرىدە ئوينىلىدىغان قويۇق دىنىي پۇراقتا ئىگە ئۇسسۇللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ مۇزىكىسى پەس ھەم سۇرلۇك، ئاددىي ھەم تەسىرلىك؛ ھەرىكىتى ئىپتىدائىي ھەم مەزمۇندار كېلىدۇ. كۆپىنچە تۈز يەرلەردە پىرقىراش ياكى تەقلىدىي ھەرىكەتلەرنى قىلىش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ. بەزى تۈرلىرىنىڭ پۇت ۋە قول ھەرىكەتلىرىنىڭ بىر يۈرۈش قېلىپى بولىدۇ. كۆپىنچىسىدە ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ بەزى ئادەتلىرى ساقلىنىپ قالغان بولىدۇ.

**نەزىر-نىياز** ← **نەزىر-چىراغ**.

**نەس** سۈپ (ئە) ① يۈيۈنمىغان، پاسكىنا، ئىپلاس: نەس ئادەم. * ــ بۇرادەرلەر، ــ دەپتۇ قېرى ئادەملەرگە قاراپ، ــ بۇ نەس قاسساپ ھەركۈنى قوي گۆشى دەپ ئادەم گۆشى ساتىدۇ. ② ئىشى ئوڭدىن كەلمىگەن، دومىلە؛ نەس باسماق.

**نەس باسماق** دومىلە باسماق، ئوڭۇشسىزلىققا يولۇقماق، پېشكەللىككە ئۇچرىماق: ئىككىگە بۆلۈنگەن ئەلنى نەس باسىدۇ. * غەپلەتتە قالغان كىشىنى نەس باسىدۇ.

**نەسەب** ئى (ئە) كېلىپ چىقىش، ئۇرۇغ، نەسىل، جەمەت؛ ئەجداد: ئىككىمىز باشقا نەسەبتىن تۇرساق، مەن ساڭا قانداق راۋا بولاتتىم.

**نەسەبچىلىك** ئى. نەسەب سۈرۈشتۈرۈش: بۇ ئۈچ قىز نەسەبچىلىك ئادىتى بويىچە گەپ قىلاتتى.

**نەسەبسىز** سۈپ. نەسەبى نونۇلمىغان، ئەجدادى مەشھۇر ئەمەس: ــ ئۇغۇ شۇنداق، بىراق... نەسەبسىز ئائىلىدە! ــ دېدى ئۇ جىيەنىنى چېكىپ تۇرۇپ.

**نەسەبشۇناس** ئى. نەسەب تەتقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**نەسەبشۇناسلىق** ئى. نەسەبنى تەتقىق قىلىشنى ئۆزىنىڭ ئوبيېكتى قىلغان پەن: جەۋلانى ھەممىلا پەنگە قىزغىن ھەۋەس قىلاتتى، بولۇپمۇ تارىخشۇناسلىق ۋە نەسەبشۇناسلىققا بەكمۇ ئىشتىياق باغلايتتى.

**نەسەبلىك** سۈپ. نەسەبى ئابرويلۇق، ئەجدادى تونۇلغان، نەسەبى ئۇلۇغ: ئۇنىڭ سالاپىتى، يۈرۈش-تۇرۇشى، تەقى-تۇرقىدىن

نەسەبلىك ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**نەسەبنامە** ئى. بىرەر كىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى، نەسلى، ئۇرۇغ-ئەجدادى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرە: مەن ئائىلىمىزنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىپ قويۇي دەۋاتىمەن.

**نەسچىلىك** ئى ← **نەسلىك**: نەسچىلىك ئاشۇ نەرسىدىن باشلاندى.

**نەسىر** ئى ① (ئە) < ئەد > ۋەزىن، قاپىيىسىز، ئاددىي نۇتۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر. ② ئەركىن تۈزۈلگەن بەدىئىي ئەسەرلەر يىغىندىسى، پروزا.

**نەسرىي** سۈپ. نەسىر يولى بىلەن يېزىلغان، نەسىر شەكلىدىكى: نەسرىي ئەسەرلەر. نەسرىي يولدا بايان قىلماق.

**نەسرىي ئەسەر** < ئەد > نەسىر ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەر؛ پروزا.

**نەسرىي شەكىل** < ئەد > سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ رەتلىك، جۈپ كېلىشى تەلەپ قىلىنمايدىغان ئەدەبىي تۈر. ئۇ پروزا تۈرىگە مەنسۇپ.

**نەسرىي شېئىر** < ئەد > نەسرىي ئەسەر شەكلى بىلەن شېئىرىي تىل ئارقىلىق لىرىك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەم ھەرقانداق ئۆلچەم بىلەن چەكلەنمەيدىغان شېئىرىي ئەسەر.

**نەسلىك** «نەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىز ساتىراشنىڭ گەپنى مۇنداق سوزۇۋېرىشىدىن ئۇ يىگىتنى نەسلىككە ئۇچراتقانلىقىغا ئىشەندۇق.

**نەسلى-ۋەسلى** ئۇرۇق-ئەۋلاد: مۇبادا ئۆزۈڭنى بىلىشسەڭ، شۇ تاپتىلا نەسلى-ۋەسلىڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن.

**نەسىل** ئى (ئە) ① بىر ئەۋلاد، بىر ئەجدادقا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر ئۇرۇقى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، زاتى، نەسەبى، تېگى-تەكتى: نەسلىنى سۈرۈشتۈرمەك. نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتمەك. * يولۋاسنىڭ ئەسلى نەسلىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۇنى جېنەستىخانىنىڭ ئوغلى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇمۇ جېنەستىخانىنى «ئانام» دەپ چاكارلىغانىدى. * يىگىت قىزغا قاراپتۇ، ئاخىر مۇنداق سوراپتۇ: — كىم بولىدۇ ئەسلىڭىز؟ پەرىزاتمۇ نەسلىڭىز؟ ② كېيىنكى ئەۋلاد: نىشان ئەيلەپ كېلىچەكنى، نەسىللەر بەختىنى كۆزلەپ، يېمىش تىككەن گۈزەل باغقا، تۆكۈپ ساپ قان بىلەن تەرنى. ③ < زوئول > مەلۇم بەلگە، خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بىر تۈرگە مەنسۇپ ھايۋانلار گۇرۇپپىسى، ئۇرۇقى؛ سورتى: ئۇ بىرقانچە يىللار مابەينىدە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، «دون»، «ئورلوف» نەسىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلى ئېتىنىڭ يېڭى نەسلى «تىيانشان ئېتى»نى يېتىشتۈرگۈچە ھەقىقەتەنمۇ ئاز جان ئۇپراتمىدى.

**نەسىل قالدۇرماق** ئەۋلاد قالدۇرماق: ئىنسانلاردا جىنسىي ئالاقە نەسىل قالدۇرۇش مەسىلىسىلا بولماستىن ھەم شەھۋانىي لەززەتلىنىشتۇر.

**نەسىل قۇرۇماق** نەسلى تۈگەپ كەتمەك: ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى مەمۇرچىلىق كۈنلەر پاجىئە ۋە نەسلى قۇرۇپ كېتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**نەسىل كىرگۈزۈش** < بىئول > باشقا رايوندىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى ئۆز رايونىغا كىرگۈزۈپ، مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ كۆپەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش.

**نەسىل يارىتىشلىق مېتىسلاشتۇرۇش** < زوئول > چارۋا ماللارنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەسلىنى ھەر خىل

شەكىلدە چېتىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈش بىلەن ئۆز ئىچىدە كۆپەيتىپ يېڭى بىر نەسىل يارىتىش.

**نەسىلچىلىك** ئى <زوئول> تەبىئىي ۋە سۈنئىي يول بىلەن يېڭى نەسىل يېتىشتۈرۈش مەشغۇلاتى.

**نەسىلداش** سۈپ. بىر نەسىل، بىر ئۇرۇقتىن بولغان؛ نەسلى بىر، نەسلى ئوخشاش: ئېشكى دەم پۇشقۇرۇپ دەم ھاڭراپ، ئالدى تەرەپتە كۆرۈنگەن نەسىلداشلىرىغا تېزرەك يېتىشۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

**نەسىلداشلىق** ① «نەسىلداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② رەۋ. نەسىلداشلارنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق: نەسىلداشلىق كۆپەيتىش.

**نەسىلداشلىق كۆپەيتىش** <بىئول> ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆپەيتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، مەلۇم سورت ئىچىدىكى نەسىللىكماللار ئاساسىدا نەۋ ھەم نەسىلداشلار ھاسىل قىلىنىپ، بىرنەچچە نەسىلداشنىڭ قوشۇلمىسى ئارقىلىق كارغا يارايدىغان تېخىمۇ ياخشى سورتلار يېتىشتۈرۈلىدۇ.

**نەسىلسىز** سۈپ. نەسلى يوق، نەسىل قالدۇرماي: قايتا تۇغۇشىڭىز ئەمدى يوق گەپ، قېچىردەك نەسىلسىز ئۆتۈشتىن ئۆلگىنىمىز ياخشى.

**نەسىللەندۈرمەك** ① «نەسىللىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② <بىئول> ئەركەك ھايۋان بىلەن چىشى ھايۋانىنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا قوشۇش ئارقىلىق يېڭى بىر ئەۋلادنى ھاسىل قىلماق.

**نەسىللەندۈرۈشمەك** «نەسىللەن-دۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەسىللەنمەك** پ <بىئول> چىشى ھايۋانىنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىسى ئەركەك ھايۋانىنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، يېڭى بىر ئەۋلاد تۆرەلمىنى ھاسىل قىلماق، ئەۋلاد قالدۇرماق.

**نەسىللىك** سۈپ. نەسلى ياخشى، سورتلۇق: نەسىللىك كالا. نەسىللىك ئات.

**نەسىللىك ئات فېرمىسى** <زوئول> ئاتلارنىڭ ياخشى نەسىللىرىنى كۆپەيتىش ۋە يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان فېرما.

**نەسىللىك چارۋا خوجىلىقى** <زوئول> چارۋىلارنىڭ ساپ قانلىق، ياخشى نەسىللىرىنى كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىش ياكى يېڭى نەسىللەرنى يېتىشتۈرۈش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خوجىلىق.

**نەسىللىنىش** ① «نەسىللەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ھادىسىسى. بۇ جانلىقلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «جىنسلىق نەسىللىنىش» ۋە «جىنسسىز نەسىللىنىش» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**نەسىھەت** ئى (ئە) كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان گەپ؛ مەسلىھەت، تەلىم: نەسىھەت بەرمەك. نەسىھەت قىلماق. * مېھمانلار ئايالغا ۋە ئاتا-ئانىسىغا نەسىھەت قىلىپتۇ، ئايالغا كىيىم كىيدۈرۈپ بىللە ھېيتلىشىپتۇ.

**نەسىھەت قىلماق** بىرەر ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە سەمىمىيلىك بىلەن گەپ قىلماق، تەلىم بەرمەك، يول كۆرسەتمەك: ناۋاي ئۇستام ئۇنىڭغا ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى.

نەسەبلىك ئائىلىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**نەسەبنامە** ئى. بىرەر كىشىنىڭ كېلىپ چىقىشى، نەسلى، ئۇرۇغ-ئەجدادى ھەققىدە يېزىلغان خاتىرە: مەن ئائىلىمىزنىڭ نەسەبنامىسىنى يېزىپ قوياي دەۋاتىمەن.

**نەسىچىلىك** ئى → **نەسلىك**: نەسچىلىك ئاشۇ نەرسىدىن باشلاندى.

**نەسىر** ئى ① (ئە) < ئەد > ۋەزىن، قاپىيىسىز، ئاددىي نۇتۇق شەكلى بىلەن يېزىلغان بەدىئىي ئەسەر. ② ئەركىن تۈزۈلگەن بەدىئىي ئەسەرلەر يىغىندىسى، پروزا.

**نەسرىي** سۈپ. نەسر يولى بىلەن يېزىلغان، نەسر شەكلىدىكى: نەسرىي ئەسەرلەر. نەسرىي يولدا بايان قىلماق.

**نەسرىي ئەسەر** < ئەد > نەسر ئۇسۇلىدا يېزىلغان ئەسەر؛ پروزا.

**نەسرىي شەكىل** < ئەد > سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ رەتلىك، جۈپ كېلىشى تەلەپ قىلىنمايدىغان ئەدەبىي تۈر. ئۇ پروزا تۈرىگە مەنسۇپ.

**نەسرىي شېئىر** < ئەد > نەسرىي ئەسەر شەكلى بىلەن شېئىرىي تىل ئارقىلىق لىرىك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغان ھەم ھەرقانداق ئۆلچەم بىلەن چەكلەنمەيدىغان شېئىرىي ئەسەر.

**نەسلىك** «نەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىز ساتىراشنىڭ گەپنى مۇنداق سوزۇۋېرىشىدىن ئۇ يىگىتنى نەسلىككە ئۇچراتقانلىقىغا ئىشەندۇق.

**نەسلى-ۋەسلى** ئۇرۇق-ئەۋلاد: مۇبادا ئۆزۈڭنى بىلىشسەڭ، شۇ تاپتىلا نەسلى-ۋەسلىڭنى قۇرۇتۇۋېتىمەن.

**نەسىل** ئى (ئە) ① بىر ئەۋلاد، بىر ئەجدادقا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر ئۇرۇقى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىپ چىقىشى، زاتى، نەسەبى، تېگى-تەكتى: نەسلىنى سۈرۈشتۈرمەك. نەسلىدىن نەسلىگە ئۆتمەك. * يولۋاسنىڭ ئەسلى نەسلىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئۇنى جېنەستىخاننىڭ ئوغلى دەپ چۈشىنەتتى. ئۇمۇ جېنەستىخاننى «ئانام» دەپ جاكارلىغانىدى. * يىگىت قىزغا قاراپتۇ، ئاخىر مۇنداق سوراپتۇ: — كىم بولىدۇ ئەسلىڭىز؟ پەرىزاتمۇ نەسلىڭىز؟ ② كېيىنكى ئەۋلاد: نىشان ئەيلەپ كېلىچەكنى، نەسىللەر بەختىنى كۆزلەپ، يېمىش تىككەن گۈزەل باغقا، تۆكۈپ ساپ قان بىلەن تەرنى. ③ < زوئول > مەلۇم بەلگە، خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە، بىر تۈرگە مەنسۇپ ھايۋانلار گۇرۇپپىسى، ئۇرۇقى؛ سورتى: ئۇ بىرقانچە يىللار مابەينىدە يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، «دون»، «ئورلوف» نەسىللىرىنى ئۆزگەرتىپ، ئىلى ئېتىنىڭ يېڭى نەسلى «تىيانشان ئېتى» نى يېتىشتۈرگۈچە ھەققەتەنمۇ ئاز جان ئۇپراتمىدى.

**نەسىل قالدۇرماق** ئەۋلاد قالدۇرماق: ئىنسانلاردا جىنسىي ئالاقە نەسىل قالدۇرۇش مەسىلىسىلا بولماستىن ھەم شەھۋانىي لەززەتلىنىشتۇر.

**نەسىل قۇرۇماق** نەسلى تۈگەپ كەتمەك: ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى مەھرۇمچىلىق كۆڭۈلسىز پاجىئە ۋە نەسلى قۇرۇپ كېتىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**نەسىل كىرگۈزۈش** < بىئول > باشقا رايوندىكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەلا سورتلىرىنى ئۆز رايونىغا كىرگۈزۈپ، مۇۋاپىقلىرىنى تاللاپ كۆپەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش.

**نەسىل يارىتىشلىق مېتىسلاشتۇرۇش** < زوئول > چارۋا ماللارنىڭ ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەسلىنى ھەر خىل

شەكىلدە چېتىشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆز ئارا بىرلەشتۈرۈش بىلەن ئۆز ئىچىدە كۆپەيتىپ يېڭى بىر نەسىل يارىتىش.

**نەسىلچىلىك** ئى <زوئول> تەبىئىي ۋە سۈنئىي يول بىلەن يېڭى نەسىل يېتىشتۈرۈش مەشغۇلاتى.

**نەسىلداش** سۈپ. بىر نەسىل، بىر ئۇرۇقدىن بولغان؛ نەسلى بىر، نەسلى ئوخشاش: ئىككى دەم پۇشقۇرۇپ دەم ھاڭراپ، ئالدى تەرەپتە كۆرۈنگەن نەسىلداشلىرىغا تېزرەك يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرايتتى.

**نەسىلداشلىق** ① «نەسىلداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② رەۋ. نەسىلداشلارنى ھاسىل قىلىش ئارقىلىق: نەسىلداشلىق كۆپەيتىش.

**نەسىلداشلىق كۆپەيتىش** <بئول> ئۆي ھايۋانلىرىنى كۆپەيتىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، مەلۇم سورت ئىچىدىكى نەسىللىك ماللار ئاساسىدا نەۋ ھەم نەسىلداشلار ھاسىل قىلىنىپ، بىرنەچچە نەسىلداشنىڭ قوشۇلمىسى ئارقىلىق كارغا يارايدىغان تېخىمۇ ياخشى سورتلار يېتىشتۈرۈلىدۇ.

**نەسىلسىز** سۈپ. نەسلى يوق، نەسىل قالدۇرماي: قايتا تۇغۇشىڭىز ئەمدى يوق گەپ، قېچىردەك نەسىلسىز ئۆتۈشتىن ئۆلگىنىمىز ياخشى.

**نەسىللەندۈرمەك** ① «نەسىللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② <بئول> ئەركەك ھايۋان بىلەن چىشى ھايۋاننىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنى سۈنئىي ئۇسۇلدا قوشۇش ئارقىلىق يېڭى بىر ئەۋلادنى ھاسىل قىلماق.

**نەسىللەندۈرۈشمەك** «نەسىللەن- دۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نەسىللەنمەك** پ <بئول> چىشى ھايۋاننىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىسى ئەركەك ھايۋاننىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىسى بىلەن قوشۇلغاندىن كېيىن، يېڭى بىر ئەۋلاد تۆرەلمىنى ھاسىل قىلماق، ئەۋلاد قالدۇرماق.

**نەسىللىك** سۈپ. نەسلى ياخشى، سورتلۇق: نەسىللىك كالا. نەسىللىك ئات.

**نەسىللىك ئات فېرمىسى** <زوئول> ئاتلارنىڭ ياخشى نەسىللىرىنى كۆپەيتىش ۋە يېڭى نەسلىنى يېتىشتۈرۈش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان فېرما.

**نەسىللىك چارۋا خوجىلىقى** <زوئول> چارۋىلارنىڭ ساپ قانلىق، ياخشى نەسىللىرىنى كۆپەيتىش ۋە كېڭەيتىش ياكى يېڭى نەسىللەرنى يېتىشتۈرۈش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خوجىلىق.

**نەسىللىنىش** ① «نەسىللەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بئول> جانلىقلارنىڭ ئەۋلاد قالدۇرۇش ھادىسىسى. بۇ جانلىقلارنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «جىنسلىق نەسىللىنىش» ۋە «جىنسسىز نەسىللىنىش» دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**نەسىھەت** ئى (ئە) كىشىلەرنى ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە ئېيتىلغان گەپ؛ مەسلىھەت، تەلىم: نەسىھەت بەرمەك. نەسىھەت قىلماق. * مېھمانلار ئايالغا ۋە ئاتا-ئانىسىغا نەسىھەت قىلىپتۇ، ئايالغا كىيىم كىيدۈرۈپ بىللە ھېيتلىشىپتۇ.

**نەسىھەت قىلماق** بىرەر ياخشى يولغا باشلاش، تەلىم-تەربىيە بېرىش مەقسىتىدە سەمىمىيلىك بىلەن گەپ قىلماق، تەلىم بەرمەك، يول كۆرسەتمەك: ناۋاي ئۇستام ئۇنىڭغا ئائىلىسىگە قايتىپ كېتىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىپ ئاخىرىدا مۇنداق دېدى.

**نەسىھەتچى** ئى. كىشىلەرگە نەسىھەت قىلىدىغان ئادەم: ئادەم قېرىغاندا راستىنلا نەسىھەتچى بولۇپ قالىدىكەن.

**نەسىھەتچىلىك** ئى. نەسىھەت قىلىش ئىشى: ھازىر شېئىر ئىجادىيىتىدە، ئوبرازسىزلىقتىن تاشقىرى، يەنە نەسىھەتچىلىك خاھىشى كۆچىيىپ قېلىۋاتىدۇ.

**نەسىھەتگۆي** ئى (ئە+پ) پەند-نەسىھەتنى تولا قىلىدىغان، پەند-نەسىھەت قىلىشنى ئادەت قىلىۋالغان ياكى ئۇنىڭغا ئامراق ئادەم؛ نەسىھەتچى: يىراق يولدا ئۇچرىغان كىشى نەمكىن، تولىمۇ نەسىھەتگۆي ئىدى.

**نەسىھەتگۆيلۇق** ئى. نەسىھەت قىلىش ئىشى، نەسىھەتچىلىك: سىز ئۆزىڭىزنىڭ نەسىھەتگۆيلۇق ئادىتىڭىز بىلەن يۇقىرىدىن پەسكە قاراپسىز.

**نەسىھەتلىك** سۈپ. نەسىھەت بىلەن قىلىنغان، نەسىھەت بىلەن بېجىرىلگەن: نەسىھەتلىك ئىش بۇزۇلماس.

**نەسىھەتنامە** ئى (ئە+پ) ۋەز-نەسىھەت يېزىلغان خەت، كىتاب: ئۇنىڭ بالىسىدىن بالىسىغىچە ئاشۇنداق يەرلەرگە كىرىپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەش ھەققىدە ۋەسىيەت، نەسىھەتنامىلەرنى يازغۇسى كېلەتتى.

**نەشە** ئى (ئە) كەندىردىن ياسىلىدىغان زەھەرلىك چېكىملىك.

**نەشە رەڭ** ① نەشىگە ئوخشاپ كېتىدىغان ئاچ يېشىل رەڭ: نەشە رەڭ سېتىۋالماق. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە: نەشە رەڭ ياغلىق. نەشە رەڭ كۆڭلەك.

**نەشپۈت** ئى < بوت > ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى ئاق كېلىدۇ. مېۋىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ. سورتلىرى كۆپ. شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. كورلىنىڭ نەشپۈتى ئەڭ داڭلىق. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**نەشپۈت دۈملىمىسى** نەشپۈتنىڭ ئىچىنى ئويۇپ، ناۋات پارچىلىرىنى تولدۇرۇپ قاسقاندا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**نەشپۈت مۇراببasى** نەشپۈت مېۋىسىدىن ياسالغان مۇراببا.

**نەشپۈتلۈك** ئى. نەشپۈت ئۆستۈرۈلگەن جاي: نەشپۈتلۈككە بارماق. // ھېلىقى گۈلزارلىق، نەشپۈتلۈك باغ ئېسىڭىزدىمۇ؟

**نەشتەر** ئى (پ) ① يارىنى يېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۆتكۈر تىغ. ② زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ چاقىدىغان ئەزاسى.

**نەشتىرىنى تىقماق** كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە، زىتىغا تېگىدىغان گەپ-سۆز قىلماق.

**نەشتىرىنى سانجىماق** ← **نەشتىرىنى تىقماق.**

**نەشر** ئى (ئە) ئەسەرلەرنى مەتبەئە ئورۇنلىرىدا بېسىش، بېسىپ تارقىتىش: نەشر قىلماق. * ئۇ، كىتابىنىڭ بۇ نەشرىگە سۆز بېشى يازدى. * «ئويغانغان زېمىن» رومانىنىڭ 2-قىسمى يېقىندا نەشردىن چىقتى.

**نەشر قىلماق** < مەت > كىتاب، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىق بۇيۇملارنى مەتبەئە ئورۇنلىرىدا باسماق، بېسىپ تارقاتماق: ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى.

**نەشرگە بەرمەك** < مەت > ئەسەر ئورىگىنالىنى نەشرىياتقا سۇنماق، تاپشۇرماق.

**نەشر ھوقۇقى** < مەت > ئاپتور ياكى نەشر قىلغۇچىنىڭ ئەسەرنى نەشر قىلىش ياكى باشقىچە بىر تەرەپ قىلىش جەھەتلەردە بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقى.

**نەشرىيات** ئى (ئە) باسما ئەسەرلەرنى تەييارلايدىغان ۋە ئۇنى نەشر قىلىدىغان ئورۇن؛ مۇئەسسەسە: شىنجاڭ خەلق

نه شرىياتى. مىللەتلەر نەشرىياتى.
**نەشرىياتچىلىق** ئى. باسما ئەسەرلەرنى نەشر قىلىش ئىشى: نەشرىياتچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، نەشر قىلىنىدىغان ئەسەرلەرگە قويۇلىدىغان تەلەپمۇ ئۆسۈپ بارماقتا.
**نەشخور** سۈپ (ئە+پ) نەشە چېكىشكە ئادەتلەنگەن، نەشىنى كۆپ چېكىدىغان: نەشخور ئادەم. // ئۇ نەشخورنى كىم بىلمەيدۇ.
**نەشخورلۇق** ئى. نەشە چېكىش ئادىتى: ئۇ مەدرىسىدە ئوغرىلىقچە قىمارۋازلىق، نەشخورلۇقنى ئۆگەنگەن.
**نەشكەش** ئى (ئە+پ) نەشە چېكىشكە ئادەتلەنگەن، نەشىنى كۆپ چېكىدىغان ئادەم: بۇ پەس قىلىقنى شۇ نەشكەش، تەييارتاپ قەلەندەر قىلسۇن!
**نەغەز** ئى (پ)< بوت > ← **نەغەزگۈل**.
**نەغەزگۈل** ئى (نەغەز+گۈل)< بوت > ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى تار، ئۇزۇن بولۇپ توپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى چوڭ، قىزىل ياكى قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ، پۇرىمايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.
**نەغمە** ئى (ئە) چالغۇ ئەسۋابلىرى بىلەن ئىجرا قىلىنغان ئاھاڭ: ئۆي ئىچىدىن توختىماي نەغمە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.
**نەغمە قىلماق** ساز چالماق، ساز چېلىپ، ناخشا ئېيتماق: سۇپا ئۈستىدە بىر قېرى سازەندە ئولتۇرۇپ، ساتار بىلەن نەغمە قىلىۋاتاتتى.
**نەغمە-ناۋا** نەغمە ۋە ناۋا: ساراي ئىچىدىن نەغمە-ناۋا ۋە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىۋاتاتتى.
**نەغمىچى** ئى. نەغمە قىلىدىغان كىشى: نەغمىچىلەر قىز كۆچۈرۈش قوشىقىنى ئېيتتى.
**نەغمىچىلىك** ئى. نەغمە قىلىش ئىشى.
**نەغمىكەش** ئى (ئە+پ) نەغمە قىلىدىغان كىشى، نەغمىچى: زىياپەتتە ھەممە كىشى شاراب ئىچىپ، ئۇسسۇلچىلارنىڭ نەپىس ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ، نەغمىكەشلەرنىڭ يېقىملىق، شوخ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ، ھۇزۇر قىلىپ كۆڭۈل ئېچىپتۇ.
**نەغمىلىك** سۈپ. نەغمىگە خاس بولغان: ئون ئىككى مۇقام تەركىبىدىكى ناۋا، سىگاھ قاتارلىق مۇقاملار مۇزىكىلىق پۇرىقى ۋە نەغمىلىك خۇسۇسىيەتلىرى بويىچە ئوتتۇرا ئاسىيا «شەش مۇقامى» تەركىبىدىكى شۇ ناملىق مۇقاملارغا زادى ئوخشىمايدۇ.
**نەق** سۈپ (ئە) ① ھازىرلانغان، تەييارلانغان؛ شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئېلىنىدىغان ياكى بېرىلىدىغان؛ نېسى ئەمەس: نەق ئالماق، نەق ساتماق، نەق پۇل. * نەقتىن ھەسەل چىققتى، نېسىدىن كېسەل (ماقال). ② توغرا، دەل: نەق گەپ. نەق شۇنىڭ ئۆزى. * ئۇنىڭ سۆزى نەق جايىغا تەگدى. * نەق سائەت سەككىزدە بىزنىڭ ياتاقتا كۆرۈشەيلى.
**نەق باھا** < مال > مەھسۇلات قىممىتى، سېتىش سوممىسى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەرنى ھېسابلاش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان ئەينى ۋاقىتتىكى مەھسۇلات (تاۋار) نىڭ ئەمەلىي باھاسى.
**نەق پۇل** < مال > ئۆز ۋاقتىدا بەرگىلى بولىدىغان پۇل، تەييار پۇل: نەق پۇل تۆلىمەك. نەق پۇل ئالماق.
**نەق پۇل باشقۇرۇش** < مال > دۆلەتنىڭ كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ نەق پۇل ئىشلىتىش دائىرىسى ۋە سانىغا بولغان كونتروللۇقى.
**نەق پۇل چېكى** < مال > بانكىدىن نەق پۇل ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان چەك.

**نەق جىنايەتچى** < قا > قانۇندا جىنايەتكە تەييارلىنىۋاتقان، جىنايەت ئۆتكۈزۈۋاتقان ياكى جىنايەت ئۆتكۈزگەندىن كېيىن پاش بولغان جىنايەتچى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نەق گەپ** گەپنىڭ توغرىسى، پوسكاللىسى، بولىدىغان يېرى: ئۇ ئاخىرى نەق گەپنى قىلدى.

**نەق مال** < سودا > ئۆز ۋاقتىدىلا تاپشۇرۇپ بېرىشكە بولىدىغان ماللار.

**نەق مەيدان** ① < قا > ئەنزە، ۋەقە يۈز بەرگەن ئورۇن ياكى شۇ ئورۇندا ئەنزە، ۋەقە يۈز بېرىۋاتقان ھالەت: نەق مەيداننى تەكشۈرۈش. نەق مەيداننى قوغداش. ② بىۋاسىتە ئىشلەپچىقىرىش، خىزمەت ۋە تەجرىبە قاتارلىقلار ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئورۇن: نەق مەيدان مەشغۇلاتى. نەق مەيدان ئوقۇتۇشى. نەق مەيدان يىغىنى.

**نەق مەيدان خەرىتىسى** < قا > جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى جىنايەت سادىر بولغان نەق مەيداندا سىزىپ چىققان خەرىتە. ئۇ نەق مەيداننى تەكشۈرۈش خاتىرىسىنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**نەق مەيدان مەشغۇلاتى** < ھەرب > پەرەز قىلىنغان ئەھۋالغا ئاساسەن، ئەمەلىي يەر تۈزۈلۈشىدە تاكتىكىلىق پرىنسىپلارنى تەدبىقلاش ۋە جەڭنى تەشكىللەش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشىق قىلىش ئۇسۇلى.

**نەق مەيداننى قوغداش** < قا > جامائەت خەۋپسىزلىك خادىملىرىنىڭ جىنايەت سادىر بولغان مەيداندىكى ئىز، ماددىي ئىسپات قاتارلىقلارنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن قوللانغان قوغداش خاراكتېرىدىكى جىددىي تەدبىرى.

**نەق مەيدان ئوقۇتۇشى** < مائار > ئوقۇغۇچىلارنى زاۋۇت، يېزا ۋە باشقا ئورۇنلارغا باشلاپ بېرىپ، تۇرمۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق ئۆتۈلىدىغان دەرس شەكلى.

**نەق مەيدان يىغىنى** مەلۇم مەسىلىنى تولۇق ھەل قىلىش مەقسىتىدە شۇ مەسىلىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا بىۋاسىتە سەۋەب بولغان ئىش ياكى پائالىيەت سورۇنلىرىدا ئېچىلىدىغان يىغىن.

**نەقچوت** ئى (نەق+چوت) < مال > كارخانا، ئىدارە، كەسپىي ئورۇنلار ياكى باشقا ئىگىلىك تەشكىللىرىدە يىل ئاياغلاشقاندىن كېيىن بېجىرىلىدىغان ھېساب بوغۇش ۋە يىللىق بوغالتىرلىق مەلۇمات جەدۋىلى تۈزۈش قاتارلىق خىزمەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**نەقدانە** سۈپ (ئە+ پ) نەق، نەق بار: يىللىقچىلار قولىدا بار نەقدانە نەرسىلىرىنى بۇللۇق تۇتۇشتى.

**نەقرات** ئى (ئە) ناخشا ئاھاڭلىرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئورۇنداشتىن كېيىن تەكرارلىنىپ قايتا كەلگەن بۆلەك، قايتۇرما.

**نەققاش** ئى (ئە) نەققاشچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، نەقىش ئويىدىغان كىشى: سەلىم باي شەھەرگە كېلىپلا نەققاشنى قىچقىرىپ، ئۆيىنىڭ ئىچى-تېشىغا نەقىش ئويدۇرۇپتۇ.

**نەققاشچىلىق** ئى ← **نەققاشلىق.**

**نەققاشلىق** ئى. نەقىش ئويۇش ئىشى، كەسپى: ـــ نەققاشلىق قاتارلىق ھۈنەرلەردىن خەۋىرىم بار، ـــ دېدى رەسسام.

**نەقلەشتۇرمەك** «نەقلەشمەك» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنداقتا ئەتە بىز يەنە بارايلى، بەش مۇ يەر دېگەن ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئەگەر سىز تەشەببۇس قىلسىڭىز، بۇنى دەرھال نەقلەشتۈرىمىز.

**نەقلەشمەك** پ ① نەق بولماق؛ نېسى بولماسلىق: بۇ يىل تەقسىمات نەقلەشتى. ② ئۇدۇللاشماق: يىل ئاخىرىدا چىقىم قىلىنغان پۇل بىلەن تالون نەقلەشتى.

**نەقلىيات** ئى (ئە) ئادەم، يۈك قاتارلىقلارنى بىر جايدىن يەنە بىر جايغا يۆتكەش ئىشى؛ قاتناش: ھازىر ئوزۇق-تۈلۈك، يەم-خەشەك كەمچىل، نەقلىياتىمىز قىيىن.

**نەقمۇنەق** دەل، نەق، توپتوغرا: ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى ئاممىدىن چۈشكەن پىكىرلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن تېخى بۇنداق ئېنىق ھەم نەقمۇنەق پىكىر يوق دېيەرلىك ئىدى.

**نەقىش** ئى (ئە) < گ سەن > ① ئويۇپ ئىشلەنگەن گۈل، بېزەك: نەقىش ئويماق. نەقىش ئىشلىمەك. نەپىس نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن بىنا. ② ئاپتۇۋا جوغىسىنىڭ ئۈستىدىكى تاجسىمان گۈلى.

**نەقىش بويىقى** < گ سەن > ئۆسۈملۈك ياكى مىنېرال خاراكتېرىدىكى رەڭگە يېلىم سۇيۇقلۇقىنى قوشۇش ئارقىلىق ئىشلەنگەن، سۇزۇك بولمىغان گەج ماددىلىق بوياق. نەقىش بويىقى ئۆز ئارا ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ھەر خىل ئارا رەڭ، مۇرەككەپ رەڭلەر كېلىپ چىقىدۇ. كۆپىنچە ئۇ ھەر خىل نەقىش رەسىملىرى ۋە ئېلان رەسىملىرىنى سىزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**نەقىشچى** ئى. نەققاش.

**نەقىشدار** سۈپ (ئە+پ) نەقىش ئويۇلغان، نەقىش بىلەن بېزەلگەن؛ نەقىشلىك: گۈلخانىنىڭ يۈزلىرى نەقىشدار ئالمىدەك پارقىراپ تۇراتتى. * يەكەنىنىڭ نەقىشدار تەمبۇرى، بۇ قولدا پارلايدۇ خۇددى يۇلتۇزدەك.

**نەقىشلەتمەك** «نەقىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ دۇتتارىنى نەقىشلەتتى.

**نەقىشلەنمەك** «نەقىشلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قولىغا مىسىتىن نەقىشلەنگەن جامنى ئېلىپ چېلەككە سۇ ئالدى. * ئۇ تامدىكى چىرايلىق نەقىشلەنگەن تەمبۇرنى قولىغا ئېلىپ تىرىڭلىتىشقا باشلىدى.

**نەقىشلىك** سۈپ. نەقىش ئويۇلغان، نەقىش بىلەن بېزەلگەن، نەقىشدار: كوچىنىڭ بېشىدىكى نەقىشلىك دەرۋازىدىن كىرىۋېتىپ ئۆزەمنى خۇددى بىر باغچىغا كىرىپ قالغاندەك ھىس قىلدىم.

**نەقىشلىمەك** پ. نەقىش ئويماق، نەقىش ئويۇپ بېزىمەك: گويا ئاپتوبۇستا ئەمەس، ئاجايىپ گۈزەل نەقىشلەنگەن، چىرايلىق جاھازىلار، رەڭدار گىلەملەرگە تولغان شاھانە سارايدا كېتىۋاتىمەن.

**نەقىل** ئى (ئە) ① خەلق تەرىپىدىن توقۇلغان ۋە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى رىۋايەت ياكى بىرەر كىشى، نەرسە ياكى ئۇنىڭ تارىخى ھەققىدىكى گەپ-سۆز، ھېكايە: زامانە ئاۋۋالدا ئۆتكەنىكەن بېخىل، بېخىللىق قىلمىشى تىللاردا نەقىل. ② خەلق تەرىپىدىن يارىتىلغان ھېكمەتلىك سۆز؛ ماقال: شۇندىن بۇيان «پىلنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر» دېگەن بۇ نەقىل ھېكمەتلىك سۆز بولۇپ، تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئېلىپتۇ. * ئۈمىدۋار ئىنسان بىز، ئۈمىدسىز شەيتان، ئۈمىدنىڭ مەشئىلى سەن بەرگەن ئەقىل، كۆرۈنگەن تاغنى بىز يىراق دېمەيمىز، ئېسىڭدىن

چىقمىسۇن مۇشۇ بىر نەقىل. ③ بىرەر ئەسەر، تېكىست قاتارلىقلاردىن ئەينەن، سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ ئېلىنغان پارچە ياكى گەپ-سۆز؛ سىتاتا: نەقىل ئالماق. نەقىل كەلتۈرمەك. * پەرھات ئاينىسانىڭ بۇرۇنقى خېتىدىن ئاينۇر تەرىپىدىن «شوئارۋازلىق» دەپ نام بېرىلگەن نەقىلنى ئەسكە ئېلىپ، بىرئاز يېنىكلەپ قالدى.

**نەقىل قىلماق** ← **نەقىل كەلتۈرمەك**: ئۇنىڭدا شائىرنى قوزغىلاڭنىڭ مۇھىم تەشكىلاتچى ۋە تەشۋىقاتچىلىرىنىڭ بىرى دەپ، ئىسپات ئۈچۈن ئۇنىڭ خەلق ئىچىگە ناخشا بولۇپ تارقالغان «ئاچىل» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنىڭ تولۇق تېكىستى نەقىل قىلىنغانىدى.

**نەقىل كەلتۈرمەك** باشقىلار ئېيتقان گەپ-سۆز ياكى باشقىلار يازغان ئەسەر، ماقالە قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى ئۆز سۆزى ياكى ئەسىرىدە ئاساس، دەلىل ئورنىدا ئىشلەتمەك: يۇنۇس ئەئلەم «قۇرئان» ۋە «ھەدىس» تىن بىرمۇنچە سۆزلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، ئاخىر شامەخسۇتنى قايىل قىلدى. * مېنى مەغرۇرلىنىۋاتىدۇ، ماختىنىۋاتىدۇ دەپ قارىماڭ. مەن ئۇلارنىڭ ئەسلىي سۆزىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ، بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ماڭا بەرگەن ئىلھامى ۋە شان-شەرەپلىرىنى ئېيتىۋاتىمەن، خالاس.

**نەگە** سۈپ (پ) نەقىش چىقىرىدىغان.

**نەگە بولقا** بىر تەرىپى قىرلىق، بىر تەرىپى تەكشى يۈزلۈك بولقا؛ چاپما بولقا.

**نەلىك** سۈپ، جانت. قەيەردە تۇغۇلغان، قايسى يۇرتتىن: سىز نەلىك؟ * بۇ نەلىك ئادەم.

**نەلىن** ئى. تۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدىكى خارىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ياستۇق ياغاچ.

**نەم** (پ) ① ئى. بىرەر نەرسە تەركىبىدىكى ياكى ئۇنىڭغا سىڭگەن، سۈمۈرۈلگەن سۇ: نەم تارتماق. يەرنىڭ نېمى قاچماق. * ئابدۇكېرىم: — ۋاقتىنى ئۆتكۈزمەي ھال چۈشۈپ كەتمىگەن بۇغدايلارنى قوشۇمچە ئوغۇتلاپ، يەرنىڭ نېمىنى ئاشۇرۇپ تۇرۇش كېرەك، — دېدى. * سىە پەرنىڭ 4-كۈنى چىمەنگۈلنىڭ بەتىنكىسىنىڭ چەمى قار نېمى سەۋەبىدىن ئاجراپ كەتتى. ② ئى. ياش: بىرقانچە كۈنلەر ئۆتكەندە، ئۇلار بىر شەھەرگە يېقىن كېلىپتۇ. قارىسا بىر توپ خالايىق جىنازىنى كۆتۈرۈپ، چىرايىدا غەم، كۆزلىرىدە نەم، تۇپراق بېشىغا كېتىپ بارغۇدەك. * سېنىڭ داداڭ ياشايتتى بىللە، تەقدىردىشى يوقسۇللار بىلەن. چەكسىز كۈلپەت — ئەلەمنى كۆرگەچ، قۇرىمايتتى كۆزلىرىدە نەم. ③ سۈپ. سۇ سۈمۈرگەن، سۇ يۇققان؛ ھۆل: نەم ھاۋا. نەم تۇپراق. نەم توپا. نەم يەر. * تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن، كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن (ماقال). * سېۋەتتە پارما بىنەپشە گۈلى بولۇپ، ئازراق ئېزىلگەن ۋە تېخى نەم ئىدى. ④ ئى. ھۆل يەر ياكى ئورۇن: يارىم ياتىدۇ يالغۇز، گۈلنىڭ تۈۋىدە — نەمدە. مۇڭداشقىلى يارى يوق، ئۇخلاپ قالىدۇ غەمدە.

**نەم بولماق** نەمنى قوبۇل قىلىۋالماق، ھۆل بولماق: تېرىيدىغان يېرىڭ نەم بولسۇن، كىرىدىغان يېرىڭ كەڭ بولسۇن (ماقال).

**نەم تارتماق** نەم سۈمۈرۈۋالماق، نەم بولۇپ قالماق: ئازگال يەر سۇ ئىچكۈچە، دۆڭ يەر نەم تارتىدۇ (ماقال).

**نەم تويۇنغان پار** < فىز > سۇيۇقلۇق ۋە ئۇنىڭ بىلەن دىنامىك تەڭپۇڭ ھالەتتە تۇرغان تويۇنغان پارنىڭ ئومۇمىي نامى. ئۇنىڭ قۇرۇقلۇق دەرىجىسى 0

دىن 1 گىچە بولىدۇ.

**نەم تېپەك** ئېتىزغا سۇنى جىق قويۇۋەتمەي، بوش، شۇنچىكى سۇغىرىش: كۆزگى بۇغداينىڭ بىرىنچى سۈيى بىلەن قوغۇنغا نەم تېپەك قىلىش بىرلا ۋاقىتقا توغرا كېلىپ قالدى.

**نەم سۈركىلىش** < فىز > قاتتىق جىسىم سۇيۇق جىسىمغا ياكى گازغا نىسبەتەن ھەرىكەت قىلغاندا، تېگىشىش يۈزىنى بويلاپ نىسپىي سىيرىلىشكە قارشىلىق قىلىدىغان سۈركىلىش.

**نەم شار تېمپېراتۇرىسى** < مېتېئور > ھاۋانىڭ نەم شارلىق تېرمومېتىر بىلەن ئۆلچەنگەن تېمپېراتۇرىسى.

**نەمخۇش** سۈپ (پ) بىرئاز نەمى بار، نەمرەك، ھۆلرەك: مارت ئېيى كىرىش بىلەن ئەتىيازنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى پۈتۈن يېزىنى قاپلىدى.

**نەمدەپ** « نەمدىمەك » پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: نەمدەپ سۇغىرىش.

**نەمدەپ سۇغىرىش** < سۇ > ئېتىزغا كىرىۋاتقان سۇ بىلەن چىقىۋاتقان سۇنىڭ ئېقىم مىقدارىنى يەر يۈزىدە سۇ قەۋىتى ھاسىل بولماي، تۇپراقنى نەمدىيەلىگۈدەك دەرىجىدە تەڭشەپ تۇرۇپ سۇغىرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نەمدەتمەك** « نەمدىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نەمدەلمەك** « نەمدىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئانىنىڭ كۆز چاناقلىرى ئىختىيارسىز نەمدەلمەكتە ئىدى.

**نەمدىمەك** پ. نەم قىلماق، نەم ھالەتكە كەلتۈرمەك، ھۆلدىمەك: ئۇ قۇرىغان كالپۇكىنى تىلى بىلەن نەمدەپ قويۇپ، خەت ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى.

**نەمسىز** سۈپ. نەمى يوق، نەم تارتمىغان: نەمسىز يەر.

**نەملەشتۈرمەك** « نەملەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ تىلىدا لەۋلىرىنى نەملەشتۈرگۈدەكمۇ ھۆللۈك يوق ئىدى.

**نەملەشمەك** نەم بولماق، نەم ھالەتكە كەلمەك، نەملەنمەك: نەنجىننىڭ ھاۋاسى نەم، شۇڭا ئاپتاپقا سالمەن دەپ، ئۆي سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ ئاپتاپقا يېيىپ قويغان يوتقان-كۆرپىلەرمۇ نەملىشىپ قالدۇ. * ئابدەم گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي قالدى. كۆز چاناقلىرى نەملىشىپ، قانداقتۇر بىر نەرسە كېكىردىكىنى بوغماقتا ئىدى.

**نەملەنمەك** « نەملىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەنە شۇ چاغدىلا شەۋكەت ئېسىگە كەلدى ئۇنىڭ كىرپىكلىرى نەملەندى.

**نەملىشەڭگۈ** سۈپ. ئازراق نەملەشكەن، ئازراق نەمى بار، تەركىبىدە نەملىك ساقلانغان: تېرىكىز نەملىشەڭگۈ بولسا، ھەم يۇمران، ھەم سىلىق بولىدۇ.

**نەملىك** ① سۈپ. نەمى بار، نەمدەلگەن، نەم بولغان، نەم، ھۆل: ھە دېمەك، شادلىقتىن كۆزلىرىم نەملىك، تىپە نئەنمىن ئالدىدىن ئۆتتۈۋاتىمەن. قولۇمدا قىزىل گۈل كۆڭلۈمدە ئارزۇ، پايتەخت باغرىدا مەن كېتىۋاتىمەن. ② ئى. بىرەر نەرسە تەركىبىدىكى ياكى ئۇنىڭغا سۈمۈرۈلگەن، سىڭگەن سۇ: نەملىكى يوقلىش. نەملىكتىن پارچىلىنىش. نەملىك ساقلىماق. * — بۇرادەر، يولدا ھېرىپ كېتىپ بىر كۆلنىڭ بويىدا ئۇخلاپ نەم تارتىپ قېلىپتىمەن، ياخشىسى، بىر نان بەرسىڭىز، شۇ نەملىكنى سۈمۈرۈپ ئالاتتى، — دەپتۇ ئەپەندىم. * ئورمان ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدۇ. دەل-دەرەخلەر ئىسسىقلىقنى ئۆزىگە تارتىۋېلىپ، سايە چۈشۈرىدۇ، ھاۋاغا نەملىك چىقىرىپ، ھاۋانىڭ نىسپىي مۆتىدىللىكىنى

ئاشۇرىدۇ. شۇڭا، ئورمان جىق يەرنىڭ ھاۋاسى ئادەمگە ھۇزۇر بېرىدۇ. ③ ئى. نەم بولۇش ياكى تەركىبىدىكى سۇ مىقدارىنىڭ ئاز-كۆپلۈك دەرىجىسى: نەملىكى ياخشى يەر. * زۇنۇن سېختىن چىقىۋېتىپ تېرمومېترغا قارىدى. سېختىكى تېمپېراتورا ۋە نەملىك نورمال ئىدى. ④ ئى. نەم ھالەت: كىيىمنى نەملىكىدە دەزماللىماق. ⑤ ئى. نەم يەر ياكى ئورۇن: نەملىكتە ياتماق. نەملىكتە ئولتۇرماق.

**نەملىكتىن پارچىلىنىش** < خىم > بەزى قاتتىق ماددىلارنىڭ ھاۋادىكى سۇنى سۈمۈرۈۋېلىپ ئېرىشى. مەسىلەن، سودا كرىستالىنىڭ نەم ھاۋادا بوشاپ كېتىشىگە ئوخشاش.

**نەملىك دەرىجىسى** < فىز > ھاۋانىڭ قۇرۇق-نەملىكىنى خاراكتېرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. ئېنىقلىمىسىغا قاراپ مۇتلەق نەملىك، نىسپىي نەملىك، سېلىشتۇرما نەملىك ۋە ئارىلىشىش نىسبىتى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**نەملىك ساقلاش** زىرائەت مايسىلىرىنىڭ ئۈنۈپ چىقىشى ۋە ئۆسۈشىگە شارائىت يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە تۇپراقتا بەلگىلىك نەملىكنى ساقلاپ قېلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرى تىرنىلاش، باستۇرۇش ۋە چاغلاشتىن ئىبارەت.

**نەملىك مىقدارى** < سۇ > مەلۇم ماددا تەركىبىدىكى سۇنىڭ ئاز-كۆپلۈكى.

**نەملىمەك** پ. نەم قىلماق، نەم ھالەتكە كەلتۈرمەك، ھۆللىمەك، نەمدىمەك: قۇرۇق نەملىمەك. * قىزنىڭ ھەسرەتلىك كۆز ياشلىرى مەڭزىنى نەملىدى.

**نەمۇنە** ئى (پ) ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، ئۈلگە ئېلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل؛ ئۈلگە، تىپ: نەمۇنە بولماق. نەمۇنە ياراتماق. * شۇنداق قىلىپ، بۇ كىشىلەر ئاممىنىڭ نەمۇنىسى، ئاممىنىڭ يادروسى بولۇپ قالغانىدى. * چوڭى ئەمدى توققۇز ياش، كىچىكلىرى يەتتىدە. بۇ پىشانىر غۇنچىلار، نەمۇنىدۇر ھەممىدە. ② بىر تۈردىكى نەرسىلەرنىڭ تەتقىقات ئۈچۈن تاللىۋېلىنغان نۇسخىسى، ئەۋرىشكىسى: بۇ ئالىم ئىقتىسادىي، سىياسىي جەھەتتە ياخشى شارائىتقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ھەر خىل تەتقىقات نەمۇنىلىرىنى، يەنى ھەر خىل ھايۋانلار، ئۆسۈملۈكلەر، مەدەنلەرنى ئەكەلدۈرۈپ تەجرىبە قىلغان. ③ مىراس ياكى خاتىرە ئۈچۈن قالدۇرۇلغان يالداما، يادىكارلىق: قازان ئىگىسى خاپا بولماي، يالۋۇرۇپ تۇرۇپ: — جېنىم ئۇيېتام، بۇ قازان ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان بىر نەمۇنە ئىدى، شۇ قازاننىڭ ئىزى يوقاپ كەتمىسۇن، ھېچ بولمىغاندا، بىر بىگىز چىقار، — دەپتۇ. * ئەل ئۈچۈن نەمۇنە گۆھەرلەر قالدۇر، ئەتە يا ئۆگۈن دەپ يۈرۈشۈڭ نەدۇر؟! بۈگۈننى بىھۇدە ئۆتكۈزمە، پەملە، تامچە سۇ بولسا تال كۆكرەر بالدۇر!

**نەمۇنە بولماق** ئۈلگە بولماق: ئارمىيە-مىزنىڭ ھەربىر كوماندىر-جەڭچىلىرى ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقىنى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىشتە نەمۇنە بولۇشى كېرەك.

**نەمۇنە قىلماق** ئۈلگە قىلماق.

**نەمۇنىچى** ئى. بىرەر جەھەتتىن باشقىلارغا نەمۇنە بولىدىغان كىشى: — ھېيتاخۇن ئاكا بىزنىڭ بويىچە ئەمگەك نەمۇنىچىسى ئىدى.

**نەمۇنىلىك** سۈپ. نەمۇنە بولىدىغان، ئۈلگىلىك: بىز ئىتتىپاق ئەزالىرى جاپالىق جاينى تاللاشتا،

دۆلەتنىڭ تەقسىماتىغا بويسۇنۇشتا نەمۇنىلىك رول ئوينىشىمىز لازىم.

**نەنجىڭ** ئى < جۇغ > مەملىكىتىمىزدىكى قەدىمكى شەھەر، يەنى جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە قاتناش مەركىزى. ئۇ، بۇ ئۆلكىنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، چاڭجياڭ دەريا ساھىلىغا تۇتىشىدۇ. شىمالىغا نەنجىڭ چاڭجياڭ چوڭ كۆۋرۈكى سېلىنغان. ئازادلىقتىن بۇرۇن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بۇ شەھەرنى پايتەخت قىلغان.

**نەنجىڭ چوڭ قىرغىنچىلىقى** < تارىخ > 1937-يىلى 12-ئايدا، ياپونىيە تاجاۋۇزچى قوشۇنى نەنجىڭگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، ئالتە ھەپتە ئېلىپ بارغان، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان چوڭ قىرغىنچىلىق. يىراق شەرق خەلقئارالىق سوتىنىڭ تەكشۈرۈش دوكلاتىغا ئاساسلانغاندا، كوللېكتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ۋە تىرىك كۆمۈلگەنلەرنىڭ سانى 190 مىڭدىن؛ پارچە-پۇرات ئۆلتۈرۈلۈپ بايقالغانلارنىڭ جەسىتىلا 150 مىڭدىن ئاشىدىكەن.

**نەنجىڭ شەرتنامىسى** < تارىخ > 1842-يىلى 8-ئايدا ئەنگلىيە چىڭ ھۆكۈمىتىنى مەجبۇرلاپ نەنجىڭدا ئىمزالىغان تەڭ ھوقۇقسىز شەرتنامە. ئۇ جەمئىي 13 ماددىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئاساسلىق مەزمۇنى: جۇڭگو ئەنگلىيىگە 21 مىليون كۈمۈش تەڭگە تۆلەم تۆلەش؛ گۇاڭجۇ، فۇجۇ، شيامېن، نىڭبو، شاڭخەيلەرنى سودا ئېغىزى قىلىپ ئېچىپ بېرىش؛ شياڭگاڭنى بۆلۈپ بېرىش؛ ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىنىدىغانماللاردىن ئېلىنىدىغان باجنىڭ نىسبىتىنى خالىغانچە ئۆزگەرتمەسلىك قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**نەنجىڭ گۈلساامسىقى** < بوت > گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا تەڭگىچە غولى بولىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىلدە كېلىدۇ. گۈلى يازدا ئېچىلىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ سېرىق، ئۈستىدە قوڭۇر رەڭلىك داغلىرى، گۈلى تەركىبىدە خۇش پۇراق ماي بولۇپ، ئۇنى چەككىلەپ ئالغىلى ياكى مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. تەڭگىچە غولىنى ئىستېمال قىلغىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**نەنجىڭ ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى** < تارىخ > شىنخەي ئىنقىلابى مەزگىلىدە نەنجىڭدە قۇرۇلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت. سۇن جۇڭشەن بۇ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ زۇڭتۇڭلۇقىغا سايلانغان.

**نەنمۇ** ئى (خەن) < بوت > ← **نەنمۇ دەرىخى**.

**نەنمۇ دەرىخى** < بوت > كامفورا دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى ئۇزۇن تۆمۈنە شەكىللىك. ئىسرتقى يۈزى سىلىق، دۈمبە تەرىپى يۇمشاق تۈكلۈك بولىدۇ. گۈلى كىچىك، يېشىل رەڭلىك كېلىدۇ. مېۋىسى شىرنىلىك مېۋە، رەڭگى قارا كۆك. ياغىچى قىممەتلىك قۇرۇلۇش ماتېرىيالى بولۇپ، كېمە ياساش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. يۈننەن، سىچۈەن قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ.

**نەھۋى** ئى (ئە) ① كونا. سىنتاكسىس. ② گەپ، سۆز: تەلىيىم تارتىپ چىقاردى مېنى ئۇشبۇ سەھنىگە، قەلب ساداسى «ھېچ ئورۇن يوق» دەيدۇ ھىجران ۋەھىمىگە، شۇ نېسىپ بولسا نە ھاجەت يەنە سۆزگە-نەھۋىگە، پاك نىيەتلەر ئەيلىگەي زوق پاك مۇھەببەت ئەھلىگە، بەختىيارمەن

گەر مۇناسىپ بولسا بۇ ئۇنىۋان ماڭا.

**نەئۈزۈبىللا** (ئە) ① ئىم < دىن > كۆپۈر سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا ئېيتىلىدىغان «بىز ئاللادىن پاناھلىق تىلەيمىز» دېگەن مەنىدىكى سۆز: — نەئۈزۈبىللا! — دېدى سەدەنىسا ئاخۇنۇم شىيەنجاڭغا قارىماي تۇرۇپ. ② رەۋ. زادى، زادىلا: — شۇنى دېمەمسەن... شۇنچە گەپ قىلسام، نەئۈزۈبىللا يېقىن كەلگىلى ئۇنىمىدى.

**نەۋ** ئى (ئە) ① < بىئول > ئىرسىيەتچانلىقى بىرقەدەر مۇقىملاشقان، ئەجدادلىرى بىلەن ئورتاقلىققا ئىگە بولغان يەككە تەنلەر. نەۋلەر سېلىشتۇرۇپ باھالانغاندىن كېيىن، بۇنىڭ ئىچىدىكى ياخشىلىرى كېڭەيتىلىدۇ ۋە سورت بولالايدۇ. ② تۈر، خىل؛ سورت.

**نەۋباھار** ئى (پ) باش باھار: جان ئاتامنى كۆرەلمەي ئۆلۈپ كېتەر ئوخشايمەن. نەۋ باھارغا يېتەلمەي سولۇپ كېتەر ئوخشايمەن.

**نەۋجۇۋان** ئى (پ) ياش ئايال: كۆن چۈشۈپتۇر بۇ باشىمغە، زەھەر قوشۇپتۇر ئاشىمغە. تۇپراق تولۇپ كۆز ياشىمغە، نەۋجۇۋانلار ئاندا قالدى.

**نەۋرە** ئى (پ) بالىسىنىڭ بالىسى، يەنى ئۈچىنچى ئەۋلاد: نەۋرە كۆرمەك. نەۋرە قىزى.

**نەۋرە قېرىنداش** بىر تۇغقانىنىڭ بالىلىرى. ئادەتتە نەۋرە تۇغقانمۇ دېيىلىدۇ.

**نەۋرە كۆرمەك** نەۋرىلىك بولماق: مەن جاھاندىن نەۋرە كۆرمەي ئۆتەمدىمەن؟

**نەۋرىلەر ئارا نىكاھلىنىش** < قا > نەۋرە ئاكا-ئۇكىلار بىلەن نەۋرە ئاچا-سىڭىللارنىڭ ئۆزئارا ئەر-خوتۇنلۇق نىكاھى. دۆلىتىمىزنىڭ نىكاھ قانۇنىدا: «ئۈچ ئەۋلاد ئىچىدىكى شىرەم قان-قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا نىكاھلىنىشى، يەنى بىر ئاتا جەمەت بوۋا-مومىدىن بولغان ياكى بىر ئانا جەمەت بوۋا-مومىدىن بولغان بىر نەۋرە ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللارنىڭ نىكاھلىنىشى مەنئى قىلىنىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن.

**نەۋرە-چەۋرە** نەۋرە ۋە چەۋرە: ئۇلار يۇرتىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇپ، تەڭ قېرىپ، تەڭ ياشاپ، نۇرغۇن نەۋر-چەۋرە كۆرۈپتۇ.

**نەۋرىلىك** سۈپ. نەۋرىسى بار، نەۋرە يۈزىنى كۆرگەن: ئەگەر ئىككىسى ئەپلىشىپ قالسا، ئەتە-ئۆگۈن سىلىنى نەچچە نەۋرىلىك قىلىۋېتىدۇ.

**نەۋقىران** سۈپ (پ+ئە) كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان، ياشلىقى ئۇرغۇپ تۇرغان: ئۇ چاغدا بىز 19—20 گە كىرگەن نەۋقىران يىگىت ئىدۇق. * قىزىماس ئايەم خۇشال نەغمە-ناۋاسى بولمىسا، نەۋقىران ئەرلەرنى ئوينىتقان ساماسى بولمىسا.

**نەۋكەر** (توغرىسى: نۆكەر) ← **نۆكەر**.

**نەي** ئى (پ) ① < مۇز > توغرىسىغا تۇتۇپ، پۈۋلەپ چېلىنىدىغان بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ ئەسۋابى. قومۇشتىن ياسىلىدۇ. ئۈستىدە پۈۋلەش تۆشۈكى ۋە بىر رەت ئاۋاز تەڭشەش تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ. چالغاندا، ئېغىز پۈۋلەش تۆشۈكىدىن پۈۋلەپ بەرسە، قول بارماقلىرى ئاۋاز تۆشۈكچىلىرىنى ئېچىپ-يېپىش ئارقىلىق ئاھاڭنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى ئۆزگەرتىپ بېرىدۇ: كىمدۇر بىرى نەي چالار، چېكىپ يۈرەك تارىنى، ئىنتىزار بوپ يا يىگىت چىللامدىكىن يارىنى. * كۈيلىنىدۇ گۈزەللىك، پادىچىنىڭ نېيىدا، سۆزلىنىدۇ خىسلىتى، تاغ خەلقىنىڭ تىلىدا. ② ئىچى كاۋاك ھەم ئۇزۇن كەلگەن تۇرۇبا شەكىللىك نەرسە؛ نەيچە: ئەينەك نەي. نەيدە

ئوت پۈۋلمەك.

**نەي سەندەل** مسكەرلەرنىڭ ئىچىگە باشقا بىرنەرسىنى كىرگۈزۈشتە ئىشلىتىلىدىغان سەندىلى.

**نەيچە** ئى. نەي شەكلىدىكى ئىچى كاۋاك بولغان كىچىك نور.

**نەيچى** ئى. نەي چالىدىغان كىشى: ئاڭلى‐غانلار دەرمش كەلگەندۇ، نەيچى كىمنى ئىزلەپ بۇياققا؟

**نەيچسمان** سۈپ. نەيچە شەكلىدىكى، ئىچى كاۋاك نەيچە شەكلىدە ئورۇنلاشقان: نەيچسمان گۈل.

**نەيچسمان گۈل** < بوت > گۈل تاجى ياپراقچىلىرى ئۆزئارا تۇتىشىپ يۇملاق كانايسىمان هالەتكە كىرگەن گۈل. مەسىلەن، ئاپتاپپەرەسنىڭ باشسىمان گۈل رېتىنىڭ مەركىزىدىكى گۈللىرى.

**نەيرەڭ** ئى (پ) بىرەر مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قوللانغان ئۇسۇل، ۋاستە؛ قۇۋلۇق‐شۇملۇق، هىيلە: ۋەزىر بۇ نەيرەڭنىڭ قازى تەرىپىدىن سادىر بولغانلىقىنى ئۇقۇپتۇ. * ئىشقىلىپ، كىشىنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان خىلمۇخىل نەيرەڭلەرنىڭ يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى.

**نەيرەڭچى** ئى. هىيلە‐نەيرەڭ قىلىپ يۈرىدىغان كىشى، نەيرەڭۋاز.

**نەيرەڭۋاز** ئى (پ) كىشىلەرگە هىيلە‐مىكىر، نەيرەڭ قىلغۇچى كىشى، نەيرەڭچى.

**نەيرەڭۋازلىق** ئى. نەيرەڭ ئىشلىتىش ئىشى، هەرىكىتى؛ هىيلە‐مىكىر قىلىپ ئالداش: شۇ مىنۇتتا ئۇ بۇ ئالمچىنىڭ نەيرەڭۋازلىقىغا قول قويغانىكەن. * — ئەمىسە، بۇ سىياسىي نەيرەڭۋازلىقمۇ؟ ئۆزۈممۇ شۇنداقتۇر دەپ ئويلىۋىدىم.

**نەيرەڭۋازلىق قىلماق** ئالدىماق، كولدۇرلاتماق: ئۇلار كۈن بويى نەيرەڭۋازلىق قىلىپ، هىيلە‐مىكىر ئىشلىتىپ، ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرىدۇ.

**نەيزە** ئى (پ) ① < هەرب > قەدىمكى ئۇرۇش قورالى. هازىرمۇ ئىشلىتىلىدۇ. تۆمۈر ياكى باشقا مېتاللاردىن سوقۇلغان ئۇچىنى بىر تال ياغاچقا ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ: قولىغا مىس نەيزە تۇتقان بىر كىشى گۈمبەز ئۈستىدىكى سېرىق مىستىن ياسالغان ئات ئۈستىگە مىنىۋالغان. * مەن نادىرنىڭ نەيزىسىگە تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆرۈلۈپ كەتكەن پوتەيگە يەنە بىر قارىدىم. ② < هەرب > مىلتىقنىڭ ئۇچىغا ئورنىتىلىدىغان، ئۇچى ئۆتكۈر قىسمى: مىلتىق نەيزىسى. ③ < تەن > يېنىك ئاتلېتىكا تەنهەرىكىتىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئېتىش قورالى. ياغاچ ياكى باشقا مېتاللاردىن ياسىلىدۇ. ئوتتۇرىسى توم، ئىككى بېشى ئىنچىكە كېلىدۇ. بىر بېشىغا ئۇچلۇق كەلگەن بىر تال مېتال ئۇچ ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**نەيزە تۇمشۇقلۇق لاچىن** < زوئول > لاچىننىڭ بىر تۈرى. تۇمشۇقى ئۇزۇن هەم ئۇچلۇق كېلىدۇ.

**نەيزە ئېتىش** < تەن > بىر خىل يېنىك ئاتلېتىكا تەنهەرىكەت تۈرى. بۇنىڭدا، تەنهەرىكەتچى ياردەمچى يۈگۈرۈش هەرىكىتىنى ئورۇنلاپ بولغاندىن كېيىن، نەيزىنى ئېتىپ چىقىرىدۇ. مۇسابىقىدە ئېتىش مۇساپىسىنىڭ يىراق‐يېقىنلىقىغا قاراپ نام تەرتىپى بەلگىلىنىدۇ.

**نەيزىچى** ئى. نەيزە بىلەن ئۇرۇشىدىغان كىشى، نەيزىۋاز: نەيزىچىلەر، قىقاس‐چۇقانچىلارمۇ شۇنداق سادا بىلەن ئېگىزلىككە يۈگۈرۈشۈپ چىقماقتا ئىدى.

**نەيزىلەشمەك** ① «نەيزىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② نەيزىلىك ئېلىشماق: كېيىن، باتۇر تاغا ئاتلىق نەيزىلىشىشنى يەنە بىر قېتىم سۇتۇققا ئۆگەتتى.

**نەيزىلەنمەك** «نەيزىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ نامەلۇم بىر كىشى تەرىپىدىن نەيزىلەندى.

**نەيزىلىك** سۈپ. نەيزىسى بار، نەيزە تۇتقان: چېرىكلەر، ئامانقۇلدا قورال يوقلۇقىنى كۆرۈپ، نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى تەڭلىشىپ قورشاپ كېلىشتى.

**نەيزىلىمەك** پ. نەيزە تىقماق، نەيزە سانجىماق: ئاكىسىنى ئالتە چېرىك بۇلتۇر كۆز ئەنە ئاۋۇ يول ئۈستىدە نەيزىلەپ ئۆلتۈردى.

**نەيزىۋاز** ئى (پ) نەيزە تۇتۇپ ئېلىشىدىغان كىشى، نەيزە ئىشلەتكۈچى كىشى.

**نەيزىۋازلىق** ئى ① نەيزە سانجىش ئىشى: نەيزىۋازلىق قىلماق. ② < هەرب > نەيزە سانجىش ئارقىلىق قىلىنىدىغان جەڭ ياكى نەيزە بىلەن جەڭ قىلىش، نەيزە جېڭى: بۇ چاغدا كۆلۈپ ئالدىدا بىر توپ كىشىلەر ئارىسىدا نەيزىۋازلىق قىزىپ كەتكەنىدى، قىزغىن ئېلىشىشلاردىن كېيىن يىقىلغىنى يىقىلدى، يارىدار بولغانلىرى ئاستا ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ③ < تەن > ئەسۋابلىق چامباشچىلىق مەشقى ياكى ماھارىتى. ئۇنىڭدىكى نەيزە خىللىرى ئۇزۇن نەيزە، ئىلمەكلىك نەيزە، ئىككى ئۇچلۇق نەيزە ۋە قىسقا نەيزە قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى توسۇش، تۇتۇش ۋە سانجىش قاتارلىق تېخنىكىلىق ھەرىكەتلەر بولىدۇ.

**نەيلىك** سۈپ. نەي بىلەن ئورۇنلانغان، نەي تەڭكەش قىلىنغان: نەيلىك ئاھاڭ. * پەسلىمەيدۇ نەيلىك ناخشا نېمشقا؟ كىم لېۋىدىن ئىزلەيدۇ ئۇ جاۋابنى.

**نگۇلترۇم** ئى. بۇتاننىڭ پۇل بىرلىكى.

**نوبېل** ئى. شۋېدسىيە خىمىكى ھەم كەشپىياتچىسى. 1833 — 1896 - يىللىرى ياشىغان.

**نوبېل مۇكاپاتى** شۋېدسىيە خىمىكى ھەم كەشپىياتچىسى نوبېلنىڭ مىراسىغا ئاساسەن تەسىس قىلىنغان مۇكاپات. 1901 - يىلدىن باشلاپ يىلدا بىر قېتىم فىزىكا، خىمىيە، فىزىئولوگىيە ياكى مېدىتسىنا ۋە تىنچلىق ئىشلىرى بويىچە تارقىتىلىپ كەلگەن. 1968 - يىلى ئۇنىڭغا ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپات تۈرى قوشۇلغان. ھازىر بۇ ئالتە تۈر بويىچە تارقىتىلىۋاتىدۇ.

**نوبېلىي** ئى (ر< لات) < خىم > رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى No (Nobelium). كاربون ئىئونى ئارقىلىق كيۇرىينى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئەڭ ئۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 1.5 سائەت.

**نوپ** ئى. دىئال. ئىش.

**نوپۇز** ئى (ئە) ئىززەت-ئابروي، تەسىر: ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ نوپۇزىنى ئۆستۈرۈش لازىم. * ئۇلار ئۇنىڭ نوپۇزىنى ھۆرمەتلەيتتى.

**نوپۇز تىكلىمەك** ئابروي تىكلىمەك، تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتمەك: يۇرت ئىچىدە نوپۇز تىكلەۋاتقان بۇ ئائىلە كاتتا ئات چېپىپ قىلىپ بەردى.

**نوپۇزلۇق** سۈپ. نوپۇزى بار، ئابرويلۇق: چوڭراق دوختۇرخانىدىن نوپۇزلۇق تاشقى كېسەل دوختۇرى تەكلىپ قىلىپ، كېسەلنى كۆرسەتتەيلى.

**نوپۇس** ئى (ئە) ① كىشى، جان: سىلەرنىڭ ئائىلىدە نەچچە نوپۇس بار؟ ② مەلۇم مەملىكەتتە، شەھەرگە ۋە رايون قاتارلىقلارغا تەۋە بولغان كىشى ۋە ئۇنىڭ تەۋەلىك مۇناسىۋىتى: سىزنىڭ نوپۇسىڭىز نەدە؟ * ئۇ كىشىنىڭ يېزىدا بىر مودىن ئارتۇق باغ ھويلىسى بولۇپ، خوتۇن باللىرىنىڭ

نوپۇسمۇ شۇ يەردە ئىكەن.

**نوپۇس دەپتىرى** ئائىلە ئەزالىرىنىڭ ئىسمى، مىللىتى، يېشى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلار خاتىرىلەنگەن دەپتەر.

**نوپۇس ساقچىسى** جامائەت خەۋپسىزلىك ئورگانلىرىدىكى نوپۇس ئىشلىرىنى بېجىرىدىغان ساقچى.

**نوپۇس نەزەرىيىسى** نوپۇسنىڭ ئېشىشى ۋە ئۇنى كونترول قىلىش مەسىلىلىرى ھەققىدىكى نەزەرىيە.

**نوپۇسنىڭ تەبئىي كۆپىيىش نىسبىتى** <س ئىق> تۇغۇلغان ئادەم سانى بىلەن ئۆلگەن ئادەم سانىنى ئۆزئارا سېلىشتۇرغاندىن كېيىنكى نوپۇسنىڭ تەبئىي كۆپىيىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل كۆرسەتكۈچ، يەنى يىللىق ئوتتۇرىچە ساپ كۆپەيگەن ئادەم سانى بىلەن ئوخشاش مەزگىلدىكى ئوتتۇرىچە ئادەم سانىنىڭ سېلىشتۇرمىسى. ئادەتتە % بويىچە ئىپادىلىنىدۇ.

**نوپۇسشۇناس** ئى. نوپۇس ئىلمى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، نوپۇس مۇتەخەسسىسى.

**نوپۇسشۇناسلىق** ئى. نوپۇسنى ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلغان پەن.

**نوپۇق** سۈپ. دىئال. يوشۇرۇن، مەخپىي.

**نوتا** I ئى <بوت> دەل-دەرەخلەرنىڭ تۈپتىن يېڭى ئۈسۈپ چىققان يۇمران شېخى: ئالما نوتىسى. نەشپۈت نوتىسى. نوتا باستۇرۇش. * ئۇ بىر يىللىرى يوقاپ كېتىپ قايتىدىن نوتا چىقارغان توغراقنىڭ يوپۇرماقلىرىنى ئاۋايلاپ سىلاپ قويدى.

**نوتا باستۇرۇش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ (مەسىلەن، ئۈزۈمنىڭ) نوتىسىنىڭ بىر قىسمىنى يەرگە كۆمۈپ، ئۇچ تەرىپىنى سىرتقا چىقىرىپ قويۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت، ئۇ يىلتىز تارتقاندىن كېيىن، ئۇنى ئانا تۈپتىن ئايرىپ، مۇستەقىل بىر تۈپ قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش.

**نوتا سۈرمەك** يېڭى نوتىلار بىخ ئۇرماق، پەيدا بولماق: يېڭىباشتىن قاقشال تېرەك نوتا سۈرۈپ، ئاچسا چېچەك. دەپتىكەنمەن، يانماس ئېچەلەك، زامان ئاخىر بولماغۇنچە.

**نوتا** II ئى (ر< لات) <ت ئىش> بىر دۆلەتنىڭ ئىككىنچى بىر دۆلەتكە يازغان رەسمىي مۇراجىئەتنامىسى: نوتا تاپشۇرماق.

**نوتا تاپشۇرماق** <ت ئىش> بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى باشقا بىر دۆلەتكە ھەر ئىككى تەرەپكە ئالاقىدار مەلۇم ئىش ياكى ۋەقە توغرىسىدىكى پىكرىنى ئۇقتۇرماق ياكى مۇراجىئەت تەرىقىسىدە يوللىماق: ئىلى ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇشى بىلەنلا چار پادىشاھنىڭ ئىلىدىكى كونسۇلخانىسىغا نوتا تاپشۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشماسلىقنى تەلەپ قىلدى.

**نوتا** III ئى (ر< لات) <مۇز> ① ئاۋۇشنىڭ شەرتلىك يازما بەلگىسى: نوتىغا ئالماق. نوتىغا سالماق. * بۇ ئۆگىنىش بىرەر ئېغىزمۇ خەنزۇچە بىلمەيدىغان، نوتىدىنمۇ خەۋىرى يوق دۇيشەخان ئۈچۈن ئاسان چۈشمىدى. ② شۇنداق بەلگىلەر بىلەن يېزىلغان مۇزىكا ئەسىرىنىڭ تېكىستى، شۇنداق تېكىستلەر يېزىلغان دەپتەر، كىتاب ۋە شۇ قاتارلىقلار: مۇزىكا ۋاقىت خاراكتېرلىق سەنئەت بولغانلىقى، ۋاقىتنىڭ مىڭ يىللاپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكى تۈپەيلىدىن، ئەينى زامان مۇزىكا ئاھاڭلىرى ياكى نوتىلىرىنىڭ كۆپ قىسمى يوقالغان.

**نوتا ئاچقۇچ** <مۇز> بەش سىزىقلىق نوتىدىكى ئاۋاز ئېگىزلىكىنىڭ ئورنىنى

بەلگىلەيدىغان بەلگە.

**نوتىلىق** سۈپ. نوتىسى بار؛ نوتا بەلگىلىرىنى يېزىش ئۈچۈن تەييارلانغان: نوتىلىق ستان.

**نوتىلىق ستان** ‹مۇز› نوتا بەلگىلىرى يېزىلىدىغان پاراللېل ھالەتتىكى بەش توغرا سىزىق.

**نوچى** (پ) ① سۈپ. باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان ھەم باشقىلارنى بوزەك قىلمايدىغان؛ كۆچلۈك، گاڭگۈڭ، مەرد: بىزمۇ شەھەر-شەھەردە باش كۆتۈرۈپ، ئەسكى خۇرجۇندا تاش كۆتۈرۈپ، مەن-مەن دېگەن نوچىلارنىڭ زوۋانىنى دارغا تارتىپ كەلگەن بىز! * نوچى بولساڭ مەيدانغا بىردىن چىش. * مەن ساڭا ئېجىل-ئامراق، ئۆلتۈرەي سېنى قانداق؟ ئۆلتۈرمەي دېسەم، نوچى خانىنىڭ يارلىقى شۇنداق. ② سەرخىل، ئەڭ ياخشى: مال دېگەننىڭ نوچىسىنى تاللاپ ئېلىش كېرەك.

**نوچىلاشماق** پ. نوچىلىقنى ئىپادىلىمەك، نوچى بولماق: بۇرۇنقى ئەسكى-تۈسكىلەرگە يۆگىنىپ يۈرىدىغان دېھقانلار ھازىر نوچىلىشىپ كېتىپتۇ.

**نوچىلىق** «نوچى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: نوچىلىق قىلماق. * مەنسۇر نوچىلىق بىلەن كۆلۈپ قويدى.

**نوختا** ئى ① ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىقلارنىڭ بېشىغا سېلىپ، ئۇلارنى يېتىلەش، باشقۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان جابدۇق: ئاتنىڭ نوختىسى ئېشەككە توغرا كەلمەپتۇ (ماقال). ② كۆچمە. كونترول، چەكلىمە: ئېغىزنىڭ نوختىسى يوق، تىلنىڭ سۆڭىكى (ماقال).

**نوختا سالماق** ① نوختىلىماق: ئۇ ئاتقا نوختا سېلىپ مىنمەكچى بولدى. ② تىزگىنلىمەك، كونترول قىلماق: ئۇ بىر كۈنى قوناق ئارىسىغا كۆك پۇرچاق تېرىپ قوش مەھسۇلات ئالىمەن دەپ ماڭا نوختا سالغىلى كېلىپتۇ. * ھەربىر كىشى ئۆز ئىشىغا پۇختا بولدى، پۇلى بارلار كەمبەغەلگە نوختا سالدى.

**نوختىسىز** سۈپ. نوختىسى يوق، نوختا سېلىنمىغان: نوختىسىز ئات.

**نوختىلاتماق** «توختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نوختىلانماق** «نوختىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نوختىلانمىغان ئات يېتىلەككە ماڭامدۇ. * يەنە قەرز ئالىدىغان بولساق، قولىمىزدا قالغان بەش مۇ يەرمۇ نوختىلىنىپ قالىدۇ. * ئۇنىڭ ئەركە ئۆسكەن مىجەزىدىن نوختىلانمىغان قىزغىنلىقىنىڭ ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**نوختىلىق** سۈپ. نوختىسى بار، نوختا سالغان.

**نوختىلىماق** پ ① نوختا سالماق، نوختا بىلەن باغلىماق: ئاتنى نوختىلىماق. كالىنى نوختىلىماق. ② كۆچمە. مەلۇم تەرەپكە باغلاپ قويماق، چەكلىمەك، تىزگىنلىمەك: ھۆكۈمران سىنىپلار ئۇنى تۆۋەن قاتلام سىنىپلىرىنى نوختىلاپ قويىدىغان ھۆكۈمرانلىق ۋاستىسى قىلىۋالدى.

**نۇختىۋاغ** ئى (نۇختا+باغ) چۇلۋۇر.

**نوخلا** ئى ① ئات، ئېشەكلەرنىڭ بۇرنىدا بولىدىغان بىر خىل ئۆسمە: ئاتنىڭ نوخلىسىنى ئالماق. ② كۆچمە. كىبىر: نوخلىسى ئۆسۈپ قالماق.

**نوخلىسىنى ئالماق** ئەدەبلەپ قويماق، ھەيۋىسىنى سۇندۇرماق: ئۇ، بۈگۈن نەق مەيداندىلا ئىمىن كۆلانىڭ نوخلىسىنى ئالماقچى ئىدى. * خام خىيالدا بولۇشما، مەن

ھەممىگىنىڭ نوخلاگىنى ئالىمەن.

**نوخلسى ئۆسمەك** ھەددىدىن ئاشماق، كۆرەڭلەپ كەتمەك: — ھىم! ... — ، دەپ سوغاققىنە كۈلۈپ دىمىغىنى قاقتى، — ، جۇرئەتنىڭ نوخلىسىنىڭ ئۆسۈپ قالغانلىقىنى خېلى بۇرۇن بايقىغانمەن.

**نور** I (پ) ① ئى. تۇگمەن چۈشۈرگىسى، ئۆگزە قاتارلىق ئېگىزرەك جايلارغا ئورنىتىلىدىغان ھەمدە سۇ چۈشۈرۈش رولىنى ئۆتەيدىغان ئوقۇرسىمان قۇرۇلما: بىرنەچچە مەرتىۋە ياغايمۇ-ياغمايمۇ دەپ تۇرغان يامغۇر بىردىنلا شارقىراپ يېغىشقا، نورلاردىن شارىلداپ ئېقىشقا باشلىدى. * ئېگىز تۇگمەنگە نور قويدۇم، پەس تۇگمەنگە گۈلدۈرمە. قانچە دەرد-ئەلەم تارتساڭ، دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە. ② ئى. سۇ، ھاۋا ھەم باشقا نەرسىلەرنى بىر تەرەپتىن يەنە بىر تەرەپكە ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدىغان سىلىندىر شەكىللىك بۇيۇم ياكى قۇرۇلما: سېمونت نور. ساپال نور. * بۇ سۇنى كۆكتېرەك گۈگشې غول ئۆستىڭىنىڭ تېگىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان 30 مېترلىق سېمونت نوردىن ئۆتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى. ③ سۈپ. كاۋاك، بوش: ئۇ ئۇچقاندەك تۆمۈرچىلىك سېخىغا باردى ۋە بىردەمدىن كېيىن بىر بېشى كىچىكرەك، بىر بېشى چوڭ، ئىچى نور قەلەمچە سوقتۇرۇپ كېلىپ ئىشلىتىۋىدى، ئەپلىشىپ قالدى.

**نور** II ئى. دىئال. تامچە.

**نورلۇق** سۈپ. نور ئورنىتىلغان، نور بېكىتىلگەن: خىجالەتچىلىك ئىلكىگە چۆمگەن نامان ئاكىمۇ قوش نورلۇق ئۇۋ مىلتىقىنى سايراتتى.

**نورما** ئى (ر < لات) ① بىرەر نەرسىنىڭ، ئىشنىڭ ئېنىق بەلگىلىگەن ئۆلچىمى، مىقدارى: ھازىر ئۇنى ئەڭ قىينايدىغىنى ئاشلىق نورمىسىنىڭ يېتىشمەسلىكى ئىدى. * بۈگۈن بىز جەزمەن گۇرۇپپىنىڭ نورمىسىنى تولۇق ئورۇنلايمىز. ② رەسمىيلەشكەن قائىدە-مىزان؛ ئۆلچەم: ئەخلاق نورمىسى.

**نورما پەرقى** < مال > ئەمەلىي خىراجەتنىڭ نەق نورمىدىن چەتلىشىش پەرقى. ئۇ نەق نورمىنى ئىجرا قىلىش جەھەتتىكى خىزمەتلەرنىڭ سۈپىتىنى ئىپادىلەيدۇ، تەننەرخىنىڭ تېجەلگەن ياكى ئارتىپ كەتكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەمەلىي خىراجەت نورمىدىن كىچىك بولغاندىكى پەرق تېجەلگەنلىكنى، نورمىدىن چوڭ بولغاندىكى پەرق ئېشىپ كەتكەنلىكنى ئىپادىلەيدۇ.

**نورما جەدۋىلى** < مال > ماتېرىيال ئېلىش نورمىسى تولدۇرۇلغان نورمىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل جەدۋەل. ماتېرىيال ئېلىش تالونىغا بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىلگەندە، چەكلىك ماتېرىيال ئېلىش تالونى بىلەن ئوخشاش رول ئوينايدۇ.

**نورما قىممەت** < فىز > زاۋۇت ئېلېكتر ماشىنىلىرى، ئېلېكتر ئەسۋابلىرى ياكى مېخانىكىلىق ئۈسكۈنىلەرنىڭ بېكىتىلگەن خىزمەت شارائىتى ئاستىدىكى خىزمەت ئىقتىدارىنى بېكىتىش ئۈچۈن بەلگىلەنگەن ئېلېكتر مىقدارى ۋە مېخانىكىلىق مىقدار.

**نورما ئىش ھەققى** < س ئىق > ئىشچىلار ئورۇنلىغان لاياقەتلىك مەھسۇلات مىقدارى ۋە ئىش نورمىسىنىڭ بىرلىك باھاسى بويىچە ھېسابلىنىدىغان بىر خىل ئىش ھەققى شەكلى.

**نورمىدىن ئارتۇق پايدا** < س ئىق > ئوتتۇرىچە پايدىدىن ئېشىپ كەتكەن پايدا.

**نورمىدىن ئارتۇق قوشۇمچە قىممەت** < س ئىق > تاۋارنىڭ ئايرىم قىممىتىنى ئىجتىمائىي قىممىتىدىن تۆۋەنلىتىش ئارقىلىق

ئېرىشىدىغان قوشۇمچە قىممەت.

**نورمىدىن ئاشقان كۆچمە مەبلەغ** < سىئىق > كارخانا پەسىللىك ياكى ۋاقىتلىق ئېھتىياج تۈپەيلىدىن نورمىلىق كۆچمە مەبلەغدىن باشقا ئىشلىتىلىدىغان شۇ بىر قىسىم مەبلەغ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نورمال** سۈپ (ر) ① ئادەتتىكى قانۇنىيەت ۋە ئەھۋاللارغا ماس كېلىدىغان، ئادەتتىكى، ئادەتتىكىچە؛ ئۆلچەملىك، مۆتىدىل: نورمال ئەھۋال. نورمال ھادىسە. نورمال تېمپېراتۇرا. نورمال شارائىت. * شەھەر-يېزا بازارلىرىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك، يەككە ئەمگەكچىلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ نورمال تىجارىتى ۋە نورمال كەسپىي پائالىيىتىنى قوغداش لازىم. ② ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتلەردىن ساغلام؛ ساق: ساراڭلار دوختۇرخانىسىدا بولمىغان ياكى ئىدىئالىستىك پەيلاسوپلاردىن دەرس ئالمىغان ھەرقانداق نورمال ئادەم بۇ مەسىلىنى چۈشىنەلەيدۇ.

**نورمال ئاتموسفېرا بېسىمى** < فىز > بېسىم كۈچىنىڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان بىر خىل بىرلىكى، يەنى 45° لۇق كەڭلىكتىكى دېڭىز يۈزىدە، تېمپېراتۇرا 0°C بولغاندىكى ئاتموسفېرا بېسىمى. 760 مىللىمېتىر ئېگىزلىكتىكى سىماب تۈۋرۈكىنىڭ بېسىمىغا تەڭ بولىدۇ.

**نورمال بۇيۇم** < سودا > سۈپىتى بەلگىلەنگەن ئۆلچەمگە توشقان مەھسۇلات.

**نورمال تۇز** < خىم > كىسلاتادىكى ئىئونلىنىدىغان ھىدروگېننىڭ بارلىقى مېتال ئاتومى ياكى مېتال ئاتومىغا توغرا كېلىدىغان ئاتوملار گۇرۇپپىسى بىلەن ئالماشقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان تۇز. مەسىلەن، تۆمۈر (II) سۇلفات.

**نورمال سىزىق** ① < فىز > بىرەر ئەگرى سىزىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇنىڭ مەلۇم نۇقتىسىدا ئۇرۇنمىسى مەۋجۇت بولسا، ئۇ ھالدا ئەگرى سىزىقنىڭ شۇ نۇقتىسىدىن ئۆتكەن ھەمدە ئۇرۇنما تەكشىلىكىگە تىك بولغان تۈز سىزىق ئەگرى سىزىقنىڭ شۇ نۇقتىسىدىكى نورمال سىزىقى دېيىلىدۇ. ② < فىز > نۇر سۇنغان ياكى قايتقاندا، كىرىش نۇقتىسى ئارقىلىق بۇ ئىككى خىل مۇھىتنىڭ چېگرا يۈزىگە تىك چۈشكەن تۈز سىزىق.

**نورمال كوئوردىناتا** < فىز > N دانە ئەركىنلىك دەرىجىسى بولغان تەۋرىنىش سىستېمىسىنىڭ تەۋرىنىش ھالىتىنى تەسۋىرلىگىلى بولىدىغان N دانە مۇستەقىل پارامېتىر بولسا ھەمدە بۇ سىستېما تەۋرەنگەندە بۇ پارامېتىرلارمۇ مۇستەقىل ھالدا گارمونىك تەۋرەنسە، ئۇ چاغدا بۇ پارامېتىرلار مۇشۇ سىستېمىنىڭ نورمال كوئوردىناتى دېيىلىدۇ.

**نورمال كۆز** < تىب > فوكۇسى نورمال تەڭشىلىدىغان ئادەم كۆزى.

**نورمال يۆنىلىشلىك تېزلىنىش** < فىز > تېزلىنىش ۋېكتورى ھەرىكەت يۆنىلىشىگە تىك بولغان تەركىب. تېزلىك يۆنىلىشىنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش تېزلىكىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**نورمال يۆنىلىشلىك كۈچ** < فىز > ئەگرى سىزىقلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان جىسىمغا ئۇنىڭ نورمال سىزىقى يۆنىلىشىدە تەسىر قىلىدىغان كۈچ. بۇ كۈچ جىسىمنى نورمال يۆنىلىشتە تېزلىنىشكە ئىگە قىلىدۇ.

**نورمالسىز** سۈپ. نورمال ئەمەس، نورمال بولمىغان: يېقىندىن بېرى ئۇنىڭدا مۇنداق نورمالسىز ئەھۋال پات-پات كۆرۈلىدىغان بولۇپ

قالغانىدى.

**نورمالسز هالەت پسخولوگىيىسى** < پسخول > پسخولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئادەملەردىكى خىيالىي تۇيغۇ، گىپنوتىك هالەت، تۇن سەيلىسى كېسلى ۋە هەر خىل روھىي كېسەللىكلەرگە ئوخشاش نورمال بولمىغان پسخولوگىيىلىك هادىسىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

**نورمالسزلاشماق** پ. نورمالسز هالەتكە كەلمەك، نورمالسز بولۇپ قالماق: كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە نورمالسزلىشىپ كەتكەن ئىدى.

**نورمالسزلانماق** پ. نورمالسز بولماق، نورمالسزلاشماق.

**نورمالسزلىق** «نورمالسز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: جاللاتنىڭ ۋۇجۇدىدا بىر خىل چۈشىنىپ بولماس نورمالسزلىق سېزىم هاسىل بولدى.

**نورماللاشتۇرماق** «نورماللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: راھىلە بالىنى ئۆز ئاغزى بىلەن سۈتىنى نەپەس ئالدۇرۇپ، نەپەسلىنىشنى نورماللاشتۇرغاندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ قان بېسىمىنى تەكشۈردى.

**نورماللاشتۇرۇشماق** «نورماللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نورماللاشماق** پ. نورمال بولماق، نورمال هالەتكە كەلمەك: ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتى نورماللاشتى.

**نورماللىق** ئى. نورمال هالەت: ئۇ نورماللىقنى ساقلاشقا شۇنچە تىرىشسىمۇ ئاخىرى بەزى ئېگىز-پەس ئىشلارنىڭ پەيدا بولۇشىدىن ساقلىنالمىدى.

**نورمىسز** سۈپ. نورمىلىق ئەمەس، نورما بەلگىلەنمىگەن: ئاشلىق دېگەن هازىر نورمىسز.

**نورمىسز كۆچمە مەبلەغ** <س ئىق> نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ تاشايىنىدىكى بىر قىسىم كۆچمە مەبلەغ. مەسىلەن، سانائەت كارخانىلىرىنىڭ تارقىتىلغان تاۋار، كاسسىدىكى نەق پۇل، بانكىدىكى ئامانەت پۇلى، ئىشلەشقا تېگىشلىك مال پۇلى قاتارلىق جەھەتلەردىكى كۆچمە مەبلىغى، سودا كارخانىلىرىنىڭ راسچوت مەبلىغى قاتارلىقلار.

**نورمىلىق** سۈپ. نورما بېكىتىلگەن، نورما بىلەن تەمىنلىنىدىغان: نورمىلىق ئاشلىق.

**نورمىلىق باشقۇرۇش** <س ئىق> كارخا-نىلارنىڭ ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچ ۋە مالىيە كۈچىنى نورما بويىچە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك ئىشلىتىدىغان بىر خىل باشقۇرۇش تۈزۈمى.

**نورمىلىق كۆچمە مەبلەغ** <س ئىق> دائىملىق مىنىمۇم تەلەپ مىقدارى بەلگىلەپ قويۇلغان بىر قىسىم كۆچمە مەبلەغ، يەنى كارخانا ۋە باشقا ئىگىلىك تەشكىللىرىدىكى كۆچمە مەبلەغنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى.

**نورمىلىق كۆچمە مۈلۈك** <س ئىق> سوتسىيالىستىك كارخانىلاردىكى نورما بەلگىلەنگەن كۆچمە مۈلۈك.

**نورمىلىق ئىش ۋاقتى** <س ئىق> ئىش ۋاقتى نورمىسى بويىچە هېسابلاپ چىققان مەلۇم خىزمەتنى ئورۇنلاشقا كەتكەن ۋاقىت.

**نورۇز** ئى(پ) تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى بايرىمى. دېھقانلار كالېندارى بويىچە يىلنىڭ بېشى بولۇپ، مىلادىيە كالېندارىدا 3-ئاينىڭ 21-كۈنىگە توغرا كېلىدۇ: كەلدى نورۇز، كۈلدى غۇنچە، كۆكۈل يايرىدى، گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ بۇلبۇل سايرىدى. * كەلدى

نورۇز، كەلدى كۆكلەم، كەلدى كۆتكەن ئەتىياز، ماگدى قىش ھەم ئانچە بىلدۇرمەي باھارغا ئېتىراز.

**نورۇزگۈل** ئى (نورۇز+گۈل) < بوت > ① ئەترگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاق ياكى ھال رەڭ بولۇپ، ئومۇم گۈل رېتىدە ياكى ئۆگزىسمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ، سەل- پەل پۇرايدۇ. مېۋىسى شارسىمان ۋە قارا كېلىدۇ. ئەسلىي ماكانى ياپونىيە. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**نورۇزلۇق** سۈپ. نورۇز ئۈچۈن تەييارلانغان: نورۇزلۇق ئاش.

**نوسىلكا** ئى (ر) < تىب > دوختۇرخانا ياكى ھەربىي قىسىملاردا كېسەل ۋە يارىدارلارنى توشۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زەمبىل شەكىللىك ئەسۋاب. جاھازىسى ياغاچ ياكى بامبۇكتىن قىلىنىپ، ئوتتۇرىسىغا برېزېنت ياكى تانا تارتىلىدۇ: ھايال ئۆتمەي نوسىلكىغا ياتقۇزۇلغان كېسەل دېجورنى ئۆيىگە ئېلىپ كىرىلدى.

**نوغاي** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**نوغايلار** ئى < ئىرق > ① كونا. تاتارلار. ② شىمالىي كاپكازنىڭ شەرقىي رايونلىرىدا ياشىغۇچى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەردىن بىرى.

**نوغلا** ئى. دىئال. قوناق ئۇنىدىن خېمىر يۇغۇرۇپ تۆگكە بېرىش ئۈچۈن راسلانغان كۈملاچ، پوم.

**نوغۇچ** ئى. خېمىرنى يېيىش ئۈچۈن ياغاچتىن ياسالغان ئوتتۇرىسى توم، ئىككى ئۇچى ئىنچىكە، 70 — 80 سانتا ئۇزۇنلۇقتىكى تۆشۈك سايمىنى.

**نوغۇچ ئاياغ** دىئال. ئىنچىكە، ئۇزۇن پۇت، شادىپاچاق.

**نوغۇچ- تاختا** نوغۇچ ۋە تاختا.

**نوقانچى** ئى. خاماندىن ئاشلىق تىلىگۈچى، تىلەمچى: نوقانچىنىڭ كۆزى يامان، سۇخەنچىنىڭ سۆزى (ماقال).

**نوقانچىلىق** ئى. دىئال. ئالدىراشلىق، ئالدىراشچىلىق.

**نوقۇت** ئى (پ) < بوت > ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان، گۈلى ئاق ياكى سۇس بېغىر رەڭ، مېۋىسى چوكا مېۋە. ئۇرۇقى سەل شار شەكلىدە. يۇمران چوكا مېۋىسىنى ۋە ئۇرۇقىنى يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ چوكا مېۋىسى ۋە ئۇرۇقى.

**نوقۇت تۇمشۇق غاز** < زوئول > غازنىڭ بىر تۈرى. ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ. چىشىسى سەل كىچىكرەك بولىدۇ. باش، چوقىقا قىسىملىرى كۆل رەڭگە مايىل قوڭۇر؛ يەلكە دۈمبە تەرەپلىرى توق قوڭۇر؛ بەل ۋە قۇرۇق پەيلىرى قوڭۇرغا مايىل قارا؛ قورساق قىسمى سۇس كۆل رەڭ كېلىدۇ. دالا، كۆل، سازلىق ۋە دېڭىز بويلىرىدا ياشايدۇ. كۆپىنچە زىرائەت دانلىرى، ياۋا كۆكتاتلارنىڭ يىلتىزى قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**نوقۇت رەڭ** < گ سەن > ① نوقۇتنىڭكىدەك سۇس سېرىق بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە: نوقۇت رەڭ ياغلىق. نوقۇت رەڭ پوپايكا.

**نوقۇت كىگىز** قارا ۋە قىزىل يۇڭنى ئارىلاشتۇرۇپ باسقان كىگىز.

**نوقۇشتۇرماق** پ. ئوقۇش، ئىتتىرىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق؛ نوقۇشلىماق، ئىتتەرمەك.

**نوقۇشلىماق** پ. قول بىلەن نوقۇپ ئىتتەرمەك؛ نوقۇماق: ئۇلار ئىشىكتىن كىرىپلا مېنى نوقۇشلاپ كەتتى.

**نوقۇشماق** « نوقۇماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ــ كۆيئوغۇلنى كۆرۈش ئۈچۈن ئولتۇرغان مەلىكىنىڭ ئادەملىرى بىر-بىرىنى نوقۇشۇپ « تۆزۈك يىگىتكەن » ، ــ دېيىشتى ئۇلار.

**نوقۇل** سۈپ (ئە) ① يالغۇز، پەقەت: نوقۇل پۇللا بولسا ھەممە ئىش ھەل بولىدۇ دېيىش پۈتۈنلەي بىمەنە گەپ. ② تومتاق، بىر تەرەپلىمە: نوقۇل كۆز قاراش. * ئىقتىسادىي ئۈنۈمگە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، نوقۇل ھالدا مەھسۇلات قىممىتىنى، سۈرئەتنى قوغلىشىدىغان ئىشنى قىلماسلىق لازىم.

**نوقۇل تەجرىبە** < پەلس > تەجرىبە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسچىسى ئاۋېنارىئۇس ۋە پراگماتىست جامېس ئىشلەتكەن پەلسەپە ئاتالغۇسى. ئۇ ھېچقانداق ماددىي ئاساسى ۋە ئوبيېكتىپ مەزمۇنى بولمىغان نوقۇل سۇبيېكتىپ تەجرىبىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار « نوقۇل تەجرىبە » دۇنيادىكى ھەممە نەرسىنى تەشكىل قىلىدۇ دەپ قارايدۇ ۋە ئۇنى ھېسسىي نەرسىمۇ ئەمەس، ماددىي نەرسىمۇ ئەمەس، بەلكى ئۇ بىتەرەپ نەرسە دەپ يالغان ئېيتىدۇ.

**نوقۇماق** پ. قول (بولۇپمۇ جەينەك، بارماقلار) بىلەن تۈرتمەك، ئىتتەرمەك: بىز ھېلىقى كوچا دوقمۇشىغا كەلگەندە، تاغام تۇيۇقسىز مېنى نوقۇپ، قۇلىقىمغا پىچىرلىدى.

**نوك** ئى. دىئال. لوك.

**نوكەش** ① ئى. كەسمە يۈزى يېرىم چەمبەر ياكى ئېرىق شەكلىدە بولىدىغان نور؛ تۇرۇبا: نوكەش ئورناتماق. ② سۈپ. كەسمە يۈزى يېرىم چەمبەر ياكى ئېرىق شەكلىدە بولىدىغان، ئېرىق شەكلىدىكى: نوكەش پولات.

**نوكەش پولات** < ماشىن > كەسمە يۈزى ئېرىق شەكلىدىكى ئۇزۇن پولات.

**نوكەش ساپال** < ئارخېئول > قەدىمدە ئىمارەتلەرنىڭ سايىۋەنلىكىگە ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنىڭ بىر خىلى. بۇنداق نوكەش ساپالنىڭ بېشى ھەرخىل زىننەت نۇسخىلىرى بىلەن بېزەلگەن.

**نوكەش قىسقۇچ** توم تۆمۈرلەرنى قىسىدىغان قىسقۇچ.

**نوگاي** ئى. قاپاقنىڭ سېپى تۈز ھەم ئۇزۇن، بېشى كىچىكرەك بولغان بىر خىلى. ئادەتتە ئۇنىڭ بېشىدىن مەلۇم چوڭلۇقتا يۇملاق تۆشۈك ئېچىلىپ سۇ ئۇسىدىغان بۇيۇم قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ: ماخمۇت ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ كۆلدەك كۆلۈپ نوگايدا ئىككى قوللاپ سۇ ئېلىپ كېلىۋاتقان سارەنى كۆردى.

**نوگايلىماق** پ. نوگاي بىلەن سۇ ئۇسماق: بىر توپ قىزلار بۇلاقتىن چېلەكلىرىگە نوگايلاپ سۇ ئېلىۋاتاتتى.

**نوم** ئى < دىن > بۇددا دىنىنىڭ كلاسسىك كىتابى: بۇددا نومى.

**نومايەن** ئى. مېھراب شەكلىگە كەلتۈرۈپ چۈشۈرۈلگەن نەقىشلىك گۈل.

**نوموگرافىيە** ئى (ر< گرېك) < مات > ئالاھىدە ئىشلەنگەن سىزىقچىلار ئارقىلىق ھېسابلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدىكى ھېسابلاشلاردا، ئادەتتە ئەمەل بېجىرىلىدىغان تەڭلىمە ياكى تەجرىبىنىڭ نەتىجىلىرى

شكالىلىق بىرقانچە سىزىقچىدىن تۈزۈلگەن گرافىغا ئايلاندۇرۇلىدۇ. ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئاساسلانغاندا نۇرغۇن سىزىقچىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاندىن ئوخشاش تۆت بۇلۇڭلۇق شەكىل بويىچە جايلاشتۇرۇلغان بىر گرافىكقا ئايلاندۇرۇلىدۇ.

**نوموگراmma** ئى (ر< گرېك) < مات > شكالىلىق بىرقانچە تال سىزىقچىدىن تەشكىللەنگەن، ئەمەلىي ئېھتىياجغا ئىشلىتىلىدىغان گرافا. بۇ گرافا قۇرۇلۇش تېخنىكىسىدىكى ھېسابلاردا كەڭ كۆلەمدە قوللىنىلىدۇ.

**نومۇر** ئى (ر< لات) ① شەيئىلەرنىڭ رەت-تەرتىپىنى بىلدۈرگۈچى رەقەم: ئۆينىڭ نومۇرى. بىنا نومۇرى. تېلېفون نومۇرى. پوچتا نومۇرى. ② مەلۇم مەھسۇلاتنىڭ خاراكتېرىنى (كۆپىنچە فىزىكىلىق خاراكتېرىنى) ئىپادىلەيدىغان سان-سىفىر. مەسىلەن، سېمونتنىڭ بېسىمغا بولغان قارشىلىق كۈچى ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئادەتتە ئۇ 200، 300، 400، 500، 600 قاتارلىق نومۇرلار ئارقىلىق ئوخشاش بولمىغان تىپلارغا ئايرىلغان. ③ بىرەر ئىش يەنى ئىمتىھان، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىگە بېرىلگەن سانلىق باھا: ئابلىكىم ئىمتىھان قەغىزىنى تەكشۈرۈپ نومۇرلارنى قايتا قويۇپ چىققان بولسىمۇ، ھەرھالدا يەنە ئۇسمانجانغا بەردى. * — قول قولنى تونۇيدۇ، — دېدى يەنە بىر ئايال قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراپ، — بىز نومۇرنى دۇيجاڭغا ئۆتكۈزگەندىن كېيىن دۇيجاڭنى تۇتىمىز! ④ دوختۇرخانىلاردا، كېسەل كۆرسەتكۈچىلەرنىڭ رەت-تەرتىپىنى بەلگىلەش ھەم تەكشۈرۈشكە قولايلىق يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە ئالدىن تارقىتىلىدىغان رەقەملىك بېلەتچە: نومۇر ئالماق. * كېسەل كۆرۈش بۆلۈمىنىڭ ئالدىدا كېسەل كۆرسىتىش ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر پاراڭ سېلىشىپ تۇراتتى. مەن نومۇر تارقىتىۋاتقان ئايالنىڭ ئالدىغا بېرىپ: — تېرە كېسەللىكلىرى بۆلۈمىگە كۆرۈنمەكچى ئىدىم، — دېدىم. ⑤ كىيىم-كېچەك، ئاياغ كىيىمى ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى، ئۆلچىمىنى بىلدۈرگۈچى سان، رازمېر: مەن ئۈنىڭدىن ئىككى نومۇر چوڭ ئاياغ كىيىمەن. ⑥ كونسېرت، تىياتىر ياكى رادىئو، تېلېۋىزىيەلەردە بېرىلىدىغان ھەربىر كونكرېت مەزمۇن؛ پروگراmma: تېلېۋىزىيە نومۇرى. نومۇر تەييارلىماق. * ئۇلار ئوينىغان نومۇرلار خېلى جايىدا. * ئارتىسنى ئالساق، ئۇ كۆلۈپتىكى مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنىڭ تەييارلىغان نومۇرلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**نومۇر تۈزۈمى** < مائار > ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىكى بىر خىل تۈزۈمى. بۇنىڭدا ئوقۇش نومۇرى ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆگىنىش مىقدارىنى ئۆلچەيدىغان بىرلىك قىلىنىدۇ.

**نومۇر سېلىش ماشىنىسى** < ماشىن > نەرسىلەرگە نومۇر بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئۇ ئۆزىدىكى نومۇرلارنى تەرتىپ بويىچە ئاپتوماتىك ئۆزگەرتەلەيدۇ.

**نومۇر قويماق** ① بىرەر نەرسە يۈزىگە سان-سىفىر ياكى رەقەملىك بەلگىلەرنى چۈشۈرمەك: ئۇ ماقالىنىڭ ھەربىر بېتىگە نومۇر قويۇپ چىقتى. ② بىرەر ئىش يەنى ئەمگەك، ئۆگىنىش، ئىمتىھان، مۇسابىقە قاتارلىقلارنىڭ نەتىجىسىگە قارىتا مەلۇم سانلىق سىستېما بويىچە باھا بەرمەك،

باھالىماق: مۇئەللىم ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابىغا 100 نومۇر قويدى. * ئۆزئارا ئۆگىنىش، ئارزۇسى بىلەن بىرقانچە قەغەزنى كۆرۈپ باققانىدىم، مۆلچەرىمچە ئۇ ھەربىر قەغەزگە كەم دېگەندە بەشتىن ئونغىچە نومۇرنى ئوشۇق قويۇۋېتىپتۇ.

**نومۇرسىز** سۈپ. نومۇرى يوق، نومۇر قويۇلمىغان، نومۇر يېزىلمىغان: نومۇرسىز ئورۇندۇق. نومۇرسىز ۋېلسىپىت.

**نومۇرسىزلىق** «نومۇرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**نومۇرلۇق** سۈپ. نومۇرى بار، نومۇر يېزىلغان: 56-نومۇرلۇق ئۆي.

**نومۇس** ئى (ئە) ① كىشىلەرنىڭ ئۆز ئابرويىنى قەدىرلەش ۋە ساقلاش تۇيغۇسى؛ ۋىجدان: نومۇسنى ساقلىماق. * نومۇس كۈچى ئۇنى شۇنداق قاتتىق تەرلىتىۋەتكەن ئىدى. ② خىجالەت بولۇش ھېس تۇيغۇسى؛ ئۇيات، ئار، شەرم-ھايا: نومۇس قىلماق. * قىز بالا ئۈچۈن ئاتا-ئانا، ئەل-يۇرت ئالدىدا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق نومۇس بولارمۇ؟ ③ پاكلىق، ئىپپەت (ئاياللارغا نىسبەتەن): نومۇسىنى ساتماق. نومۇسىغا تەگمەك.

**نومۇس قىلماق** قاتتىق ئىزا تارتماق، خىجىل بولماق: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى نومۇس قىلىپ يېنىڭىزغا كېلەلمىدىم.

**نومۇس كۆچىدىن** ئىزا-ئاھانەت دەستىدىن: بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم تېخىمۇ ئېزىلدى، ئەگەر دادامنى دېمىسەم، نومۇس كۆچىدىن ئۆلۈۋېلىشقىمۇ تەييار ئىدىم.

**نومۇسىغا تەگمەك** باسقۇنچىلىق قىلماق، ئىپپىتىنى ئاياغ ئاستى قىلماق: بىر يېتىم قىزنىڭ نومۇسىغا تەگكەنلىكى ئۈچۈن كەم بولغاندا 10 يىللىق قاماق جازاسى بېرىلىدۇ.

**نومۇسىنى بۇلغىماق** ئاياغ ئاستى قىلماق: قىزىڭنى ئوبدان باشقۇرۇۋالغىن! ئەگەر بىركىم ئۇنىڭ نومۇسىنى بۇلغاپ قويسا، ئۇنى مەندىن كۆرمە...

**نومۇسىنى ساتماق** تېنىنى، ئىپپەت-نومۇسىنى ساتماق: باي باققانغۇ ئەۋلادىڭدىن ھالىغا يېتىپ، قىزىڭ بۈگۈن قاچماقچىمۇ نومۇسىنى سېتىپ،

**نومۇسىنى ساقلىماق** ئىپپەت-نومۇسىنى دەخلى-تەرۇزغا ئۇچراتماسلىق: ھەممە زۇلۇمغا بەرداشلىق بېرىپ چىدىدى، نومۇسىنى ساقلىدى.

**نومۇسچان** سۈپ. نومۇسنى ئەلا دەپ بىلىدىغان، يۈزى تۆۋەن: نومۇسچان قىز. * نومۇسچان گۈلەمبەر تاڭ يورۇغاندا ئەلدىن خىجىل بولۇپ ئۆيگە كېتىپتۇ. * ناسىرجان خويمۇ ياۋاش، نومۇسچان بالا ئىدى.

**نومۇسچانلىق** «نومۇسچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىزنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرى نادەمگە ھامان ھەۋەس، ھۆرمەت ۋە نومۇسچانلىق بىلەن تىكىلەتتى.

**نومۇسسىز** سۈپ. نومۇسى يوق، نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان، يۈزسىز، ۋىجدانسىز: نومۇسسىز ئادەم. * — ۋۇي نومۇسسىز، قانۇننى ئۆزۈڭ ياسايسەن، يەنە ئۆزۈڭ دەپسەندە قىلىسەن، سېنىڭدەك ئۆز قەدرىنى بىلمىگەن ھايۋاننى ئادەم دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ قاتتىق غەزەپ بىلەن.

**نومۇسسىزلارچە** رەۋ. نومۇسسىزلارغا ئوخشاش، نومۇسسىز ھالدا: قىز-چوكانلارغا نومۇسسىزلارچە چېقىلىپ، ئاياغ ئاستى قىلىۋاتسا، بۇمۇ ئادالەتمۇ؟

**نومۇسسىزلىق** «نومۇسسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: نومۇسسىزلىق قىلماق. * بۇنىڭدا قانداق نومۇسسىزلىق بولسۇن، گۇمانىمچە ئىسسىتمىڭىز قاتتىق تۇتقاندا بۇ تەلۋىلەرچە خېتىڭىزنى يازغان ئوخشايسىز.

**نومۇسلۇق** سۈپ ① نومۇس قىلىدىغان، ھايا، نومۇسنى بىلىدىغان: نومۇسلۇق ئىش. نومۇسلۇق ئايال. گويا بۇنىڭ بىلەن نومۇسلۇق ئادەم بولۇپ كۆرۈنمەكچى بولسىڭىز كېرەك. ② كىشىلەرگە كۆرسىتىشكە نومۇس قىلىدىغان، خىجىل بولىدىغان: مەن قايسى بۆلۈمدە ئىشلىمەي، ئەرلەرنىڭمۇ، ئاياللارنىڭمۇ كېسىلىنى داۋالىماي، ھەتتا نومۇسلۇق ئورگانلىرىنى كۆرمەي، ھېس قىلماي مۇمكىن ئەمەس.

**نومىنال** سۈپ (ر) بەلگىلەنگەن، يېزىپ كۆرسىتىلگەن (نەرخ، باھا، ئۆلچەم ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): نومىنال باھا. نومىنال ئۆلچەم. نومىنال ئىش ھەققى.

**نومىنال ئىش ھەققى** <س ئىق> ← **نامىي ئىش ھەققى.**

**نوۋېللا** ئى (ر< ئىتال) <ئەد> قىسقا، كىچىك ھېكايە.

**نويابىر** ئى (ر< لات) ① قەدىمكى رىم پادىشاھلىرىدىن (پاپالىرىدىن) بىرىنىڭ نامى. ئۇ مىلادىيە كالېندارىنى تۈزۈشكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن ئون بىرىنچى ئاينى شۇنىڭ نامىدا ئاتىغان. ② مىلادىيە كالېندارىدا ئون بىرىنچى ئاينىڭ نامى.

**نۇتۇق** ئى (ئە) ① مەلۇم شەيئى ياكى مەلۇم ئىلمىي مەسىلە ھەققىدە جامائەت ئالدىدا سۆزلەنگەن ئۇزۇن سۆز، ۋەز؛ لېكسىيە: ناتىقنىڭ نۇتقى. يازما نۇتۇق. ئاغزاكى نۇتۇق. * ئۇ بىرپەس توختىۋېلىپ، خۇددى تاڭ قالدۇرارلىق نۇتۇق سۆزلەيدىغان ناتىقتەك بۇ مەيداندىكى ھەممە كىشىگە بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. ② سۆزلىشىش جەريانىدىكى تىل: نۇتۇق مەدەنىيىتى.

**نۇجۇم** ئى (ئە) كونا. يۇلتۇزلار: ئىلمى نۇجۇم.

**نۇجىغاي** ئى <بوت> ← **غازتاپان.**

**نۇر** I ئى (ئە) ① يورۇقلۇق مەنبەسىدىن تارالغان ۋە ئىنچىكە تالا ھالىتىدە تەسەۋۋۇر قىلىنىدىغان ماددا: قۇياش نۇرى. ئاي نۇرى. ئېلېكتر نۇرى. * ئالماس ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۆي ئىچىدە چىراغ نۇرىنى كۆردى ۋە ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا كىردى. * نۇر چاچىدۇ قۇياشتەك قىزىل بايراق لەپىلدەپ. «ئىنقىلاب!» دەپ يۈرەكلەر سوقۇپ تۇرار گۈپۈلدەپ. ② يورۇقلۇق: مەن ئاي نۇرىدا ھېلىقى ئادەمنىڭ ماشىنىسىغا چىقىپ، قول پۇلاڭلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ③ <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى نىسبەتەن قىسقا بولغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى. ④ <فىز> ئېنېرگىيىسى چوڭ، تېزلىكى يۇقىرى بولغان زەررىچىلەر ئېقىمى: ئالفا نۇرى. بېتا نۇرى. كاتود نۇرى. ⑤ <مات> تۈز سىزىقنىڭ ئۆزىنىڭ ئۈستىدىكى بىر نۇقتىنىڭ بىر تەرىپىدە ياتقان بۆلىكى. ⑥ ھەقىقەت، بەخت-سائادەت، ئەركىنلىك ۋە مەرىپەت قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ: بىلىم نۇرى. ئۆكتەبىر نۇرى. ⑦ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نۇر بىلەن داۋالاش** <تىب> نۇر چۈشۈرۈش ئارقىلىق كېسەل داۋالاش. ئىنفىرا قىزىل نۇر، ئۇلترا بىنەپشە نۇر قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى بۇ خىل داۋالاشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**نۇر رادىئاتسىيىسى** <ھەرب> يادرو قوراللىرىنىڭ پارتلىغاندىن كېيىن چىقارغان كۈچلۈك نۇرى. بۇ نۇر ئەتراپتىكى ئاسان ئوت ئالىدىغان جىسىملارنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ، ئادەم بەدىنىنى كۆيدۈرىدۇ. ئۇ بىرقانچە سېكۇنتلا تاماملىنىدۇ. نۇرنى توسىيالايدىغان، ئاسان ئوت ئالمايدىغان جىسىملار ۋە ئاق سۇس رەڭدىكى نەرسىلەر نۇر رادىئاتسىيىسىنىڭ رولىنى ئاجىزلىتالايدۇ.

**نۇر سېزىش** <فىز> نېگاتىپ قاتارلىقلارنىڭ

نۇرنى قوبۇل قىلىش بىلەن تەڭ خىمىيىلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلىشى.

**نۇر سىزىمچانلىق** < فىز > نۇر سەزگۈچى ماتېرىياللارنىڭ نۇرغا بولغان سىزىمچانلىقىنىڭ تېز-ئاستا بولۇش قىممىتى.

**نۇر سىزىمچانلىقىنى ئۆلچەش** < كىنو > ئېكسپوزىتسىيە مىقدارى بىلەن زىچلىق دەرىجىسىنىڭ مۇناسىۋىتى ئاساسىدا، نۇر سەزگۈچى ماتېرىياللارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆلچەش ۋە فىلىمغا ئېلىش، يۇيۇپ بېسىش شارائىتىنى كونترول قىلىش ئۇسۇلى.

**نۇر گەردىشى** < فىز > يۇملاق ياكى كۆپ قىرلىق نۇر دەستىسى.

**نۇر لايىھىلەش** < كىنو > سەھنە ياكى كىنوغا ئېلىش زالىدىكى يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە يورۇقلۇقىنىڭ بىرلىشىدىكى تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى لايىھىلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نۇر لايىھىلىگۈچى** < كىنو > سەھنە ياكى كىنوغا ئېلىش زالىدىكى يورۇتۇش ئۈسكۈنىلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يورۇقلۇقىنىڭ بىرلىشىدىكى تېخنىكىلىق ئۇسۇللارنى لايىھىلەشكە مەسئۇل خادىم.

**نۇرنىڭ سۇنۇشى** < فىز > نۇرنىڭ بىر خىل مۇھىتتىن ئىككىنچى خىل مۇھىتقا كىرگەندە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش ھادىسىسى.

**نۇر** II ئى. بىر خىل بالىلار ئويۇنچۇقى. كۆپىنچە قاتتىق ياغاچ قاتارلىق ماتېرىياللاردىن قىرغۇدا قىرىپ ياسىلىدۇ. ئۈچ تەرىپى ئۇچلۇق، شەكلى ھەرخىل بولىدۇ. ئۇچىغا شارىك ياكى بېشى يۇملاق مىخ ئورنىتىلىدۇ. يەر يۈزىدە پىرقىرىتىش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ.

**نۇر ئويناش** < تەن > بىر خىل بالىلار ئويۇنى ياكى تەنتەربىيە مۇسابىقە تۈرى. ئادەتتە نۇر يەر يۈزىدە توختىماي قامچىلاپ پىرقىرىتىش ئارقىلىق ئوينىلىدۇ، مۇسابىقە نەتىجىسى نۇرنىڭ پىرقىرىغان ۋاقتىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ.

**نۇر** III ئى. دىئال. تەپكۈچ ئويۇنىنىڭ ئارقىچىلاپ پاشنا بىلەن تېپىپ ئوينايدىغان بىر تۈرى.

**نۇرانە** سۈپ. (ئە+پ) نۇرلۇق، نۇر يېغىپ تۇرىدىغان: ئەي لەنتىلەر، نېمە ئۈچۈن خۇدا بەرگەن نۇرانە كۆزلىرىڭلارنى يوشۇرۇپ، قارىغۇ قىلىپ، ئادەم ئالدايسىلەر.

**نۇرسىز** سۈپ ① نۇرى يوق، نۇر چىقارمايدىغان؛ خىرە: ــ مۇئەللىم مېنى تونۇمايۋاتىلا-ھە؟ ــ دەپ سورىدى بوۋاي چاناقلىرىغا پېتىپ كەتكەن نۇرسىز كۆزلىرىنى كۆزۈمگە تىكىپ. ② كۆچمە. قېنى قاچقان، خۇنۇك: جاراڭلار غالىب ناخشىلار مانا، نۇرسىز چىرايلار نۇرلارغا تولۇپ.

**نۇرسىزلاشماق** پ. نۇرسىز بولماق، نۇرسىز ھالەتكە كېلىپ قالماق: ئۇنىڭ كېسەل ئازابىدىن نۇرسىزلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن بىر خىل خىجىللىق ئەكس ئەتتى.

**نۇرسىزلانماق** پ. نۇرى يوقالماق، نۇرسىز ھالەتكە كەلمەك: ئۇنىڭ يالقۇنلۇق كۆزلىرى نۇرسىزلانغان، توقاچتەك مەڭزى تاتارغانىدى.

**نۇرسىزلىق** «نۇرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**نۇرغۇن** سۈپ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن كۆپ، جىق، تولا: بۇ ئىشلارنى نۇرغۇن كىشىلەر كۆردى، مەنمۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم.

**نۇرغۇن قازاندا قاينىغان** ھەر خىل، ھەر ياڭزا ئىشلارنى كۆرگەن، قىلغان: ئۇ ئۆمەك باشلىقى بىرچاغلاردا ئۆلپەت بولۇپ،

نۇرغۇن قازاندا قاينىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋەدىسىگە ئىشەنگەن.

**نۇرغۇنلۇق** « نۇرغۇن » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بۇنچە ئادەم نۇرغۇنلۇق قىلماسمۇ؟ — دەپ سورىدىم.

**نۇرغۇنلىغان** سۈپ. ناھايىتى كۆپ، بەك جىق، نۇرغۇن-نۇرغۇن: ئۇ تاغنىڭ تۈۋىدە نۇرغۇنلىغان پەرىلەر سەپ-سەپ بولۇپ سەيلە قىلىپ يۈرۈشۈپتۇ. * بۇ ئىشنى نۇرغۇنلىغان ئوقۇغۇچىلار بىلىپ كەتتى.

**نۇرغۇنلىماق** پ. كۆپەيمەك، جىقلىماق: تۆكۈلگەن قان يامغۇر بولدى ئورمانغا، قىساسچىلار پەيدا بولدى نۇرغۇنلاپ.

**نۇرغۇن-نۇرغۇن** « نۇرغۇن » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ نۇرغۇن-نۇرغۇن خىياللارنى قىلدى. * ئۇنىڭ نۇرغۇن-نۇرغۇن سۆزلىگۈسى كېلەتتى.

**نۇرلانە** ئى < بوت > ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، دۈمبىسى پارقىراق، گىرۋىكىدە ئۇششاق چىشلىرى بار. گۈل رېتى كونۇس شەكلىدە، گۈللىرى كىچىك، رەڭگى ئاق. نەشپۈتسىمان مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى قىزىل. مېۋىسىدىن ھاراق ئىشلىنىدۇ. يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، سۈيدۈك ھەيدەش، قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولى بار. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**نۇرلاندۇرماق** « نۇرلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاپقارا قومچاقتەك كۆزلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئادەمنىڭ مەستلىكى كەلگۈدەك كۈلۈپ بېرەتتى.

**نۇرلانماق** پ. نۇر پەيدا بولماق، نۇر چاچماق: ھېيتاخۇننىڭ يوغان كۆزلىرى نۇرلىنىپ، قوچقار ۋەقەسىدىن بېرى تۇنجى قېتىم كۈلۈمسىرىدى.

**نۇرلۇق** سۈپ. نۇر يېغىپ تۇرىدىغان، نۇر چاچىدىغان: — مەن، — دەپتۇ قىز چولپاندەك نۇرلۇق كۆزلىرىنى يىگىتكە تىكىپ.

**نۇرلىنىش** « نۇرلانماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: نۇرلىنىش دەرىجىسى.

**نۇرلىنىش دەرىجىسى** < ھەرب > بۇلغانغان رايوننىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە قويۇپ بەرگەن نۇرنىڭ كۈچلۈكلۈك دەرىجىسى.

**نۇرىت** ئى [ر] < گېئول > چوڭقۇرلۇقتىكى ئاساسلىق جىنسلارنىڭ بىر خىلى. تەركىبىدىكى $SiO_2$ مىقدارى % 45 — % 50 بولىدۇ. ئاساسلىق مىنېراللىرى رومبىلىق پىروكسېن ۋە ئاساسلىق پلاگىئوكلاز. رەڭگى قارا قوڭۇر، ئوتتۇرا دانىچىلىقتىن تارتىپ يىرىك دانىچىلىققىچە بولغان تۈزۈلمىگە ئىگە. ھەمىشە گابرو بىلەن بىرگە ئۇچرايدۇ. نىكېل سۇلفىدلىق كان ياتقۇلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**نۇرىستان** ئى (ئە+پ) نۇر چاقناپ تۇرىدىغان جاي، نۇرلۇق جاي: قاغا-قۇزغۇنغا گۈلىستان نە كېرەك! قارىغۇ ياپىلاققا نۇرىستان نە كېرەك! * كېتەر پەرۋانە بىئارمان مازار تېپىپ نۇرىستاندىن.

**نۇزۇ** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**نۇزۇ تىلى** < تىل > نۇزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭزۇ-بېرما تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى نۇجياڭ لىسۇ مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىجياڭ، فۇگوڭ، لەنپىڭ ناھىيىلىرىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**نۇزۇچە** ① سۈپ. نۇزۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: نۇزۇچە كىيىم. نۇزۇچە ئادەت. نۇزۇچە ئۇسسۇل. ② ئى. نۇزۇ تىلى: نۇزۇچىنى ياخشى بىلمەك. ③

رەۋ. نۇزۇ تىلى بىلەن، نۇزۇ تىلىنى ئىشلىتىپ: ئۇلار نۇزۇچە سۆزلەشتى.

**نۇزۇلار** ئى < ئىرق > نۇزۇ مىللىتى، نۇزۇ خەلقى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى نۇجياڭ لىسۇ مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىجياڭ، فۇگوڭ، گۇڭشەن، لەنپىڭ ناھىيىلىرىگە ئولتۇراقلاشقان.

**نۇسخا** ئى (ئە) ① بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نەمۇنە: مال نۇسخىسى. * ۋەزىپەم ھازىرقى دېھقانلار تۇرمۇشىنى چۈشىنىش ۋە تېپىك نۇسخا تاللاپ، سەھنە نومۇرلىرى يېزىش ئۈچۈن ئۇل ھازىرلاش ئىدى. ② بىر خىل قىلىپ ياساش، كۆچۈرۈش، بېسىش ئۈچۈن تەييارلانغان نەمۇنە، ئەندىزە: نۇسخىغا قاراپ كىيىم پىچماق. كوررېكتور نۇسخىسى. ③ گۈل، نەقىش ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تۈرى: دەستىگاھ ئالدىغا باردى شۇندا ئۇ، پەنجىگە تىكىلىپ باقتى بىرھازا. يېڭى گۈل نۇسخىسى رەڭدار چېچەكنى، گىلەمنىڭ بېتىدە چاقناتتى راسا. * ئاردىن ئۈچ ئايدەك ۋاقىت ئۆتتى. بىركۈنى خوتۇنۇم مۇسانىڭ خوتەندىن بىر پارچە بەش گەزلىك «كەلكۈن» نۇسخا گىلەم ئەكەلدۈرگەنلىكىنى ئېيتتى. * شۇ ماللار ئىچىدە ئاياللار ياخشى كۆرىدىغان ھەر خىل رەڭ، ھەر خىل نۇسخىدىكى نىلون چاپانلارمۇ بار ئىدى. ④ < بىئول > ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، مىنېرال ماددا قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي شەكلىنى ساقلاش، رەتلەش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش مەقسىتلىرى ئۈچۈن ئېلىنغان ئەۋرىشكىسى، ئۆلگىسى: بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى دائىرىنى ئاساس قىلىش، نۇقتا بىلەن دائىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش رايونىدىكى 20 ئورۇن، 85 لىيەندۈينى تەكشۈرۈپ، جەمئىي 1200 نەچچە خىل نۇسخا يىغدى. بۇنىڭ 833 خىلى ھاشارات نۇسخىسى. ⑤ باسما ياكى يازما ئەسەرنىڭ ھەربىر دانىسى؛ پارچە: ئىزاھلىق لۇغەت 7000 نۇسخا بېسىلدى. * ئۇلار مەنسۇرنىڭ ئۇستىدىن رەتلىنگەن ماتېرىيالنىڭ يەنە بىر نۇسخىسىنى ئېلىپ، ئىشكىنى ئىچىدىن ئىلىۋېتىپ ئوقۇشقا باشلىدى. ⑥ < مەت > ئوخشاش بىر خىل ئەسەر، كىتاب، ماقالە، ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمە، تەھرىرلىك، كۆچۈرۈپ يېزىش، تۈپلەش ۋە بەت شەكىللىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن پەرقلىنىدىغان تۈرلىرى: سوپى ئىشان ئېغىر پۇشۇلداپ تۇرۇپ: — ئۆزلىرى «قىسسەسۇل ئەنبىيا» نىڭ بۇخارا نۇسخىسىدىن ئىلگىرى، دېھلى نۇسخىسىدىن خەۋەر تاپقانمىدىلە، — دېدى. * «ئاشىق-مەشۇقلار ھەسرىتى» دېگەن كىتابنىڭ ئىملا خاتالىقلىرى ناھايىتى كۆپ بولغان تاش مەتبەئە نۇسخىسىلا مېنىڭ قولۇمدا بار ئىدى. ⑦ بىرەر نەرسىنىڭ ئەسلىسىگە ئوخشىتىپ ياسالغان ياكى سىزىۋېلىنغان كۆچۈرمىسى: تويي كۈنى قىز تويي كىيىمىنىڭ بىر نۇسخىسىنى باغقا ئەۋەتىپتۇ. * تاغلاردىكى يوشۇرۇنىدىغان جايلارنىڭ نۇسخىسىنى ئۇنىڭ ئۆزى سىزغانىدى. ⑧ رېتسېپ: سۈرگە دورىلار تەركىبىگە قوشۇلىدىغان دورىلار مىقدارىنى نۇسخا يېزىش قائىدىسىگە مۇۋاپىق بەلگىلەش لازىم. * داۋالىغۇچى كېسەللەرگە ئۆزى چۈشەنمىگەن نۇسخىلارنى ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىپ كۆرمىگەن دورىلارنى ھەرگىز يېزىپ بەرمەسلىكى لازىم.

**نۇسخا بەرمەك** شەكىل، ياڭزا چىقارماق: يېڭى شاھقا ياقاي دەپ، شۆھرەت گۈلى تاقاي دەپ. كۆرسەتمەك بوپ ئۆزىنى، يومۇۋېلىپ كۆزىنى، چېكىقلاركەن يالغاندىن، نۇسخا بېرىپ چالغاندىن.

**نۇسخا سالماق** < بن > قۇرۇلۇش سېلىش ۋاقتىدا، ئىشلەش ۋە ماتېرىيال تەييارلاشقا ئاسان بولسۇن ئۈچۈن، ئەگمە ئىشىك، دېرىزە، چېدىر، پەلەمپەي ۋە سەنئەت تەلىپى يۇقىرى بولغان بېزەش ئورۇنلىرى قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئۆلگىسىنى چېرتيوژغا ئاساسەن چوڭايتىپ ئالماق.

**نۇسخىئالغۇ** ئى (نۇسخا+ئال+غۇ) ماتېرىياللارنىڭ قول يازما ياكى باسما نۇسخىسىنى كۆپەيتىپ چىقىرىدىغان ماشىنا.

**نۇسخىلانماق** پ. نۇسخىسىنى كۆپەيتمەك.

**نۇسخىلىق** سۈپ. مەلۇم نۇسخىدىكى، مەلۇم نۇسخا چۈشۈرۈلگەن: تېمىغا ئېران نۇسخىلىق گىلەم تارتىلىپ ئاددىيلا جاھازلانغان ئۆيدە سالىخجان ئاكا تاشۋاي بىلەن چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى.

**نۇسخىلىنىش** ① «نۇسخىلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② < بىئول > ئەندىزىسىگە ئوخشاشلا تۈزۈلۈشنى ھاسىل قىلالايدىغان بىئولوگىيىلىك بىرىكتۈرۈش جەريانى.

**نۇسرەت** ئى (ئە) ① غەلىبە، زەپەر: نۇسرەت قازانماق. * ئىش ئۇلارنىڭ ئېيتقىنىدەك بولسا نۇسرەت چوقۇم بىزنىڭ بولغۇدەك. * ئەمدى گەپنى نىياز دورغىنىڭ نۇسرەت بىلەن ئاستانىگە لەشكەر تارتىپ كىرگەنلىكىدىن ئاڭلاڭ. ② مەدەت، ياردەم: تالاي شىرزادىغا نۇسرەت ئاتا قىلغان قەدىم يۇرتتا، ئۆنۈپ چىقتى شۇ كەچمىش جەڭ ئىزىدىن بەت ئېچىپ يۇلغۇن. ③ ئامەت، تەلەي، بەخت: نۇسرەت ياغماق. * پەلەكنىڭ يالغان ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ، جاھالەتنىڭ ھىمايىسى بىلەن قولۇڭغا كەلگەن بىر مەزگىللىك نۇسرەتنى كۆرۈپ، كۆرەڭلەپ كەتمە. ④ ئەر-ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**نۇسرەت قازانماق** غەلىبىگە ئېرىشمەك، غەلبە قازانماق: ئامبالنىڭ ئېيتىشىچە، تاغدىكى ئوغرىلار تەلتۆكۈس نۇسرەت قازىنىپتۇ. * ئەگەر نۇسرەت قازانغان بولسا، ئېھتىمال مېنى خۇشاللىقىدىن كەچۈرۈم قىلىشى مۇمكىن.

**نۇسرەت ياغماق** غەلىبىگە ئېرىشمەك؛ بەخت كەلمەك، ئامەت كەلمەك: نە ئۈچۈندۇر ئاي جامالىڭدىن تۇرار غەم-دەرد يېغىپ، مىسلى چولپان كۆزلىرىڭدىن نۇر ئەمەس ھەسرەت يېغىپ، رازىدىم ئۇشبۇ ھاياتىمدىن ئەگەر كۆرسەم سېنىڭ كۆزلىرىڭدىن نۇرغىنىنى غەم ئەمەس نۇسرەت يېغىپ. * ساڭا نۇسرەت ياغار ئۇنىدىن، كىتابىڭ چۈشمىسۇن قولدىن.

**نۇسرەتلىك** سۈپ. بەختلىك، ئامەتلىك، خاسىيەتلىك: ئۇ نۇسرەتلىك ئادەم، ئۇنىڭ مۇبارەك قەدىمى تەگكەنلا يەردىن قىزىل گۈل ئۈنۈپ چىقىدۇ. * ئاللاغا رەھمەت، بۈگۈن ماڭا نۇسرەتلىك كۈن بولۇپتۇ. ئۆزلىرىنىڭ دىدارىنى كۆرۈش مەن ئۈچۈن شەرەپ.

**نۇقتا** ئى (ئە) ① ئاسمان ياكى زېمىندىكى مەلۇم بىر ئورۇن؛ توچكا: قەمەرنىڭ ئازابىتىن چەكچەيگەن كۆزلىرى ھېلى ئۇ نۇقتىغا، ھېلى بۇ نۇقتىغا تىكىلەتتى. * خۇددى بايرام كۈنىدەك رەڭگارەڭ كىيىنىپ، باشلىرىغا قىزىل، سېرىق ۋە يېشىل ياغلىقلارنى ئورىۋالغان ئايال ئىشچىلار، چاچ-ساقاللىرىنى ياسىنىپ، شىملىرىنى قىرلاپ كىيگەن مىڭلىغان ئىشچىلار بىر نۇقتىغا تىكىلىپ باشلىقنىڭ خۇلاسە دوكلاتىنى ئاڭلاۋاتاتتى. ② < مات > ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە قېلىنلىقى بولمىغان، ئەمما پەقەت ئورنىلا بولغان گېئومېترىيىلىك شەكىل. ئىككى تۈز سىزىقنىڭ كېسىشىش ئورنى ياكى كېسىكنىڭ ئىككى ئۇچىمۇ نۇقتا بولىدۇ. ③ < فىز > ماددىلارنىڭ

بىر خىل ھالەتتىن ئىككىنچى خىل ھالەتكە ئۆتۈشىدىكى تېمپېراتۇرا چېگرىسى: قايناش نۇقتىسى. مۇزلاش نۇقتىسى. ئېرىش نۇقتىسى. ④ بىرەر ئورۇن، تەشكىلات، سىستېما ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم بىر تارمىقى، شۆبىسى ياكى پونكىتى: ئوقۇتۇش نۇقتىلىرى. * ۋاقىت ئۆتۈپ كۆرەش جىددىيلەشكەنچە، ياش ئۇچقۇنلار پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان نۇقتىلار كۈنسېرى تارايماقتا ئىدى. ⑤ بىرەر ئىش، ھەرىكەت، ۋەقە، ھادىسە ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات قاتارلىقلارنىڭ مۇئەييەن بىر پەيتى، ئورنى ياكى چېگرىسى: باشلىنىش نۇقتىسى. ئاخىرلىشىش نۇقتىسى. * يولداش ماۋزېدۇڭ مۇنداق دېگەنىدى: «سىياسەت ئىنقىلابىي پارتىيىنىڭ بارلىق ئەمەلىي ھەرىكىتىنىڭ چىقىش نۇقتىسى، شۇنداقلا ئۇ ھەرىكەتنىڭ جەريانىدا ۋە نەتىجىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ⑥ بىرەر ئىش، خىزمەت، مەسىلە، پىكىر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم تەركىبىي قىسمى؛ تەرەپ، جەھەت: ئوبيېكتىپ خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ كۆرسەتمىلىكىگە بولغان تەسىرىگە ئاساسەن ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك. * ئوقۇتۇشتا قىيىن نۇقتىلار بىر يەرگە يىغىلىپ قالماسلىقى لازىم. ⑦ ئەڭ مۇھىم، ئاساسلىق دەپ قارالغان ياكى بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا سىناق، تەجرىبە ئۈچۈن ئالدىن بەلگىلەنگەن جاي، ئورۇن: ماشىنىدىن چۈشكەن كىشى ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولۇپ، بۇ دادۇيدە نۇقتىدا تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنىدى. * سادىق «ئالتۇنبۇلاق» يېزىسىنى سىناق نۇقتىسى قىلىپ تاللاشقا رازى بولدى. ⑧ نىشان، مەقسەت: گەرچە يىغىننىڭ ئاساسىي نۇقتىسى بۇرىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن كامىل ئاڭلىغانلىرىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەكتە ئىدى.

**نۇقتا بەلگىلەش ئۇسۇلى** < مات > فۇنكسىيە گرافىكىنى سىزىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. ئەركىن ئۆزگەرگۈچى مىقدار X نىڭ قىممىتىنى ئابسىسسا، فۇنكسىيە Y نىڭ ماس قىممىتىنى ئوردىنات قىلىپ بىرقانچە مۇۋاپىق نۇقتا بەلگىلەنگەندىن كېيىن، بۇ نۇقتىلار ئەركىن ئۆزگەرگۈچى مىقدارنىڭ كىچىكىدىن چوڭىغا بولغان تەرتىپى بويىچە مۇۋاپىق ئەگرى سىزىق ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلسا، ئۇ فۇنكسىيىنىڭ گرافىكى بولىدۇ. فۇنكسىيىنىڭ گرافىكىنى سىزىشنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلى «نۇقتا بەلگىلەش ئۇسۇلى» دېيىلىدۇ.

**نۇقتا زەرەت** < فىز > زەرەتلەنگەن جىسىملارنىڭ ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلغاندا، ئەگەر زەرەتلەنگەن جىسىملارنىڭ چوڭلۇقى ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقتىن خېلىلا كىچىك بولسا، زەرەتلەنگەن جىسىمغا تەقسىملەنگەن زەرەتلەردىن بىر نۇقتىغا يىغىلغان دەپ قاراشقا بولىدۇ. مۇشۇنداق زەرەتلەنگەن جىسىم «نۇقتا زەرەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

**نۇقتا قىلماق** ئوبيېكت قىلماق؛ نىشانلىق باشقۇرماق، يېتەكلىمەك: ھەرقايسى دادۇي تېخنىكلىرى بىردىن ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنى نۇقتا قىلىپ تۇتۇپ، ئومۇمى دائىرىگە يېتەكچىلىك قىلدى.

**نۇقتىدا كەپشەرلەش** < فىز > بىر خىل كەپشەرلەش ئۇسۇلى. مېتال تاختىلارنى كەپشەرلەشتە قوللىنىلىدۇ. ئادەتتە كەپشەرلىنىدىغان نەرسە ئىككى ئېلېكتىر قۇتۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇلۇپ، تەڭلا ۋاقىتتا توك بېرىلىپ ۋە بېسىم كۈچەيتىلىپ،

مېتالنىڭ ئېلېكتر قارشىلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىش ئارقىلىق چاپلاشتۇرۇلىدۇ.

**نۇقتىلىق** ① سۈپ. نۇقتا قىلىنغان: نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپ. ② رەۋ. نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ، نۇقتا قىلغان ھالدا: ئۇ بۇ مەسىلىنى نۇقتىلىق مۇزاكىرە قىلدى.

**نۇقتىۋى** سۈپ (ئە) نۇقتا ھالىتىدىكى: نۇقتىۋى چەمبەر.

**نۇقتىۋى چەمبەر** < مات > رادىئۇسى نۆل بولغان چەمبەر.

**نۇقتىئىنەزەر** ئى (نۇقتا+ئى+نەزەر) < پەلس > ① شەيئىلەرنى كۆزىتىشتە تۇرىدىغان مەۋقە ۋە تۇتىدىغان پوزىتسىيە. ② سىياسىي كۆز قاراش يەنى شەيئىلەر ۋە مەسىلىلەرگە قاراشتا مۇئەييەن سىنىپنىڭ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىش.

**نۇقسان** ئى (ئە) كىشىلەرنىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتلىرىدە، ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەتلىرىدە كۆرۈلىدىغان كەمچىلىك، ئىللەت، قۇسۇر، ئەيىب: ۋىجدان ھەم پاكارلىقى ئۇنىڭ مەنسىپىگە نۇقسان ئىدى. * بىزنىڭ ھازىر يۈرگۈزۈۋاتقان ئىگىلىك باشقۇرۇش تۈزۈلمىمىزدە نۇقسان ناھايىتى كۆپ، ئۇنى پەيدىنپەي ئىسلاھ قىلماي بولمايدۇ. * ماختالسام ئۇچىمەن خۇددى پەي بولۇپ، نۇرلىنىپ كېتىمەن گويا ئاي بولۇپ، دەپ قالسا بىرلىرى نۇقسانلىرىمنى، يەۋەتكۈم كېلىدۇ غەزەپكە تولۇپ.

**نۇقسانسىز** سۈپ. كەمچىلىكى، ئەيىبى، ئىللىتى يوق: تەبىئەت تەرىپىدىن نۇقسانسىز يارالغان ئادەملەر ئۆزىنىڭ چىرايلىقلىقى بىلەن مەغرۇرلىنىپ ياشايدۇ.

**نۇقسانلىق** ① سۈپ. نۇقسىنى، ئىللىتى بار: نۇقسانلىق ئىش. ② ئى. كەمچىلىك، ئەيىب.

**نۇكلون** ئى (د) < فىز > ئاتوم يادروسىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچە، يەنى پروتون بىلەن نېيترونىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**نۇكلون رېئاكسىيىسى** < فىز > ئېغىر ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسىنىڭ پارچىلىنىش ياكى يېنىك ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتوم يادروسىنىڭ سىنتېزلىنىش (بىرىكىش) جەريانى. بۇ خىل رېئاكسىيە ناھايىتى زور ئېنېرگىيە ھاسىل قىلالايدۇ.

**نۆتۆرمەك** پ. دىئال. كالۋالاشماق.

**نۆشۇدۇر** ئى (پ) < خىم > تەبىئىي ئىشلەپچىقىرىلغان ئاممونىي خلور. دورا قىلىپ ئىشلىتىلگەندە، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش ۋە بەلغەم بوشىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**نۆشۇدۇر ئىسپىرتى** < خىم > ←**ئاممىياكلىق سۇ**.

**نۆكەر** ئى (پ) ① فېئودالىق تۈزۈمدە ئەسكەر، مۇھاپىزەتچى: تۇرشا تۇغبىگى: «قېنى، سىلەر!» دەپ تۇۋلاش بىلەن تەڭ تۆت نۆكەر كىرىپ، نىياز دورغىنى قولىرىدىن سۆرەپ ماڭدى. ② چاكار، مالاي، خىزمەتكار: چاپارمەن كېلىپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى نۆكەرلەرگە تۇتقۇزۇپ، نۇرغۇن ياساۋۇللارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈپ شاھ ئالدىغا ھازىر بولىدۇ.

**نۆكچە** ئى. ئۇچىغا پاختا يۆگەلگەن چوكىسمان ياغاچ: ئۇلار ياغ پۇراتتۇق دەپ سۈبھى ۋاقتىدا ئۇنى ئۇستەلگە تىزىپ، نۆكچە يېقىپ، بەخت خۇداسىنى ھۆرمەت بىلەن تەكلىپ قىلىدۇ.

**نۆكچە بوي** بويى زىلۋا، قەددى-قامىتى كېلىشكەن: گۈلقىزنى چاقىرغۇچى نۆكچە

بوي، قاڭشارلىق بىر چوكان ئىدى. * ئەپكەشكە ئېلىنغان ئاق چېلەكنى ئۇيىنتىپ كېلىۋاتقان نۆكچە بوي، سۇمبۇل چاچ قىز گۈلنسا ئىدى.

**نۆكچە پولات** پولات تاۋلاش سانائىتىنىڭ مەھسۇلاتى. پولات ئېرىتمىسىنى قېلىپقا سېلىپ، سوۋۇتۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ ھەر خىل پولات ماتېرىياللىرىنى پروكاتلاشنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**نۆل** ئى .ز(. لات) < مات > ① مىقدارنىڭ يوقلۇقىنى ئىپادىلىگۈچى « 0 » بەلگىسىنىڭ نامى. ② < مات > سانىنىڭ بوش خانىسى. ③ < فىز > ئىسسىقلىق ۋە سوغۇقلۇق تېمپېراتۇرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى شەرتلىك چېگرا: سۇ نۆل گرادۇستا مۇزغا ئايلىنىدۇ.

**نۆل بۇلۇڭ** < مات > بىر نۇرنىڭ ئەسلىدىكى ئورنىدا ئايلانماي تۇرۇشىنىمۇ بىر بۇلۇڭ دەپ قاراشقا بولىدۇ. بۇ بۇلۇڭ نۆل بۇلۇڭ دېيىلىدۇ.

**نۆل پوتېنسىئال** < فىز > ئېلېكتر ستاتىك مەيدانىدىكى مەلۇم بىر نۇقتىنىڭ پوتېنسىئالىنى بېكىتىش ئۈچۈن پوتېنسىئالى نۆل دەپ بەلگىلەنگەن پايدىلىنىش نۇقتىسى.

**نۆل دەرىجىلىك كۆپ ئەزالىق** < مات > نۆلگە تەڭ بولمىغان بىر تۇراقلىق سانمۇ بىر كۆپ ئەزالىق بولۇپ، ئۇنىڭ دەرىجىسى 0 گە تەڭ بولىدۇ. ئۇ نۆل دەرىجىلىك كۆپ ئەزالىق دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، –1، $\frac{1}{2}$، 3 قاتارلىقلار نۆل دەرىجىلىك كۆپ ئەزالىق بولىدۇ.

**نۆل شەكىل** < تىل > بىر خىل گراماتىكىلىق شەكىل. گراماتىكىدا سۆزگە مەلۇم بىر قوشۇمچىنىڭ قوشۇلۇشى بىر خىل تاشقى بەلگە (گراماتىكىلىق شەكىل) ھېسابلانسا، ئۇنىڭغا نىسپىي ھالدا شۇ بەلگىنىڭ قوشۇلماسلىقى (نۆل بەلگە) مۇ بىر خىل تاشقى بەلگە (گراماتىكىلىق شەكىل) ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، مەلۇم بىر سىستېما ئىچىدە سۆزلەرنىڭ مەلۇم گراماتىكىلىق شەكىل بىلەن نىسپىي تۈرلەنمىگەن شەكلى « نۆل شەكىل » دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىمنىڭ باش كېلىش شەكلىنىمۇ نۆل شەكىل دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

**نۆل كۆپ ئەزالىق** < مات > كۆپ ئەزالىقنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ كوئېففىتسېنتلىرى نۆلگە تەڭ بولغاندا، ئۇ نۆل كۆپ ئەزالىق دەپ ئاتىلىدۇ. نۆل كۆپ ئەزالىق نۆلگە تەپمۇتەڭ بولىدۇ. بىر كۆپ ئەزالىق ھەرپلەرنىڭ ئالالايدىغان بارلىق قىممەتلىرىدە نۆلگە تەڭ بولسا، ئۇ چوقۇم نۆل كۆپ ئەزالىق بولىدۇ.

**نۆل كۆرسەتكۈچ** < مات > دەرىجىنىڭ كۆرسەتكۈچى نۆل بولغاندا، بۇ كۆرسەتكۈچ نۆل كۆرسەتكۈچ دېيىلىدۇ.

**نۆل كۆرسەتكۈچلۈك دەرىجە** < مات > دەرىجە كۆرسەتكۈچلىرى نۆلگە تەڭ بولغان دەرىجە.

**نۆلگە باراۋەر** ← **نۆلگە تەڭ**: ئالدىمىزدا خۇشامەت بولدى نۆلگە باراۋەر.

**نۆلگە تەڭ** ھېچقانداق قىممىتى يوق، يوق بىلەن ئوخشاش: جازا ئۆرۈلسە كېچىدىن بېرى ھەممە قىلغان-ئەتكەنلەر نۆلگە تەڭ بولاتتى.

**نۆل ۋېكتور** < مات > مودۇلى نۆلگە تەڭ بولغان ۋېكتور. ئۇنىڭ ئېنىق يۆنىلىشى

بولمايدۇ. بارلىق نۆل ۋېكتورلار ئۆزئارا تەڭ؛ نۆل ۋېكتورلار ھەرقانداق نۆل بولمىغان ۋېكتورلارغا پاراللېل بولىدۇ؛ نۆل ۋېكتورلار ھەرقانداق نۆل بولمىغان ۋېكتورلارغا تىك بولىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن.

**نۆلىنچى** سان. تەرتىپى ياكى مىقدارى «0» بىلەن بەلگىلەنگەن: نۆلىنچى گۇرۇپپا.

**نۆلىنچى گۇرۇپپا** < خىم > گېلىي، نېئون، ئارگون، كرىپتون، كسېنون ۋە رادون قاتارلىق ئېلېمېنتلار مېندېلېيېۋ دەۋرىي جەدۋىلىدە بىر گۇرۇپپىغا جايلىشىدۇ. ئۆتمۈشتە بۇ گۇرۇپپا ئېلېمېنتلارنىڭ ۋالېنتى 0 گە تەڭ دەپ تونۇلغانىدى، شۇڭا «نۆلىنچى گۇرۇپپا» دەپ ئاتىلىدۇ.

**نۆللۈك** سۈپ. نۆلنى بىرلىك قىلغان، نۆلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

**نۆۋەت** ئى (ئە) ① شەيئىلەرنىڭ ماكان ياكى زاماندىكى ئورۇنلىشىشىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى؛ ئۆچىرەت: كۈن چاشكا بولغاندا تاشۋاي بىلەن باراتمۇ قازىلار ئالدىدا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان كىشىلەر ئارىسىدا پەيدا بولدى. * سۆز نۆۋىتى ئوقۇغۇچىلار ۋەكىلى مۇختارغا كەلگەنىدى. ② قېتىم: ئەرگە بىر نۆۋەت، يەرگە بىر نۆۋەت (ماقال). * — ھەي دادا، — دەپتۇ بايۋەچچە — ھەر نۆۋەت قىلىپ كەلگەن سودامنى ياراتمايسىز، ئەمدى ئالىدىغان نەرسىنى ئۆزىڭىز ئېيتىڭ. ③ پەيت، پۇرسەت: ئۇ ئىشنى نۆۋىتى كەلگەندە كۆرەرمىز.

**نۆۋىتى كەلگەندە** ۋاقتى كەلگەندە، پەيتى بولغاندا: نۆۋىتى كەلگەندە بىزمۇ ئۆزىمىزنى بىر كۆرسىتىپ قويارمىز.

**نۆۋەتتە** رەۋ. ھازىر، ھازىرقى پەيتتە، ھازىرقى چاغدا: كۆزگى بۇغداي تېرىش — نۆۋەتتە جىددىي ئىش.

**نۆۋەتتىكى** سۈپ. ھازىرقى، كۆز ئالدىمىزدىكى: نۆۋەتتىكى مۇھىم ئىش ئىشلەپچىقىرىشنى چىڭ تۇتۇش.

**نۆۋەتچى** ① ئى. دىجورنى: سىزمۇئاۋىن سېخ مۇدىرى تۇرۇقلۇق نېمىشقا سېختا نۆۋەتچى قالدۇرماي چىقىپ كېتىسلەر. ② سۈپ. نۆۋەتچىلىك قىلىدىغان؛ نۆۋەت بىلەن ماڭىدىغان: نۆۋەتچى خادىم. نۆۋەتچى ئەسكەر. نۆۋەتچى ماشىنا. نۆۋەتچى ئايروپىلان. نۆۋەتچى پاراخوت.

**نۆۋەتچى ئايروپىلان** < قاتن > مۇقىم قاتناش لىنىيىسىگە ئىگە ھەمدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۇچىدىغان ئايروپىلان.

**نۆۋەتچى پاراخوت** < قاتن > مۇقىم قاتناش لىنىيىسىگە ئىگە ھەمدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يولغا چىقىدىغان پاراخوت.

**نۆۋەتچى ماشىنا** < قاتن > مۇقىم قاتناش لىنىيىسىگە ئىگە ھەمدە بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا يولغا چىقىدىغان ماشىنا. كۆپىنچە ئىدارە، ئورگانلارلارنىڭ ئاپتوبۇسلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نۆۋەتچىلىك** ئى. نۆۋەتتە تۇرۇش ئىشى: بۈگۈن ئۇنىڭ بالىسىتا نۆۋەتچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، كەچتە ئۇنىڭ يېنىغا كىردىم.

**نۆۋەتسىز** رەۋ. نۆۋەت بويىچە ئەمەس، نۆۋەت كۈتمەي؛ ئۆچىرەتسىز: تەكشۈرۈپ بېكىتىش ئىشخانىسى ماشىنىڭىزنى نۆۋەتسىز رېمونت قىلىشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدىكىن.

**نۆۋەتلە شتۈرمەك** « نۆۋەتلە شمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتلاقتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىپ، نۆۋەتلە شتۈرۈپ چارۋا بېقىشنى يولغا قويۇش لازىم.

**نۆۋەتلە شتۈرۈپ** « نۆۋەتلە شتۈرمەك » پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: نۆۋەتلە شتۈرۈپ تېرىش.

**نۆۋەتلە شتۈرۈپ تېرىش** بىر ئېتىزغا بىرنەچچە خىل زىرائەتنى تەرتىپ بويىچە تېرىش. نۆۋەتلە شتۈرۈپ تېرىغاندا تۇپراقنىڭ ئۇنۇمدارلىقىنى ياخشىلاش بىلەن بىرگە تۇپراقتىكى مەلۇم خىل زىرائەتكە زىيانلىق بولغان كېسەل مىكروبلىرىنى تەدرىجىي يوقاتقىلى بولىدۇ.

**نۆۋەتلە شمە** سۈپ. نۆۋەتلىشىدىغان: نۆۋەتلە شمە قاتار.

**نۆۋەتلە شمە قاتار** < مات > ئەگەر قاتارنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرى مۇسبەت، مەنپىي ئارىلىشىپ كەلسە، بۇنداق قاتار نۆۋەتلە شمە قاتار دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ كۆرۈنۈشى $\alpha_1-\alpha_2+\alpha_3-\alpha_4+\ldots$ بولۇپ، بۇنىڭدىكى $\alpha_1$، $\alpha_2$، $\alpha_3$، $\alpha_4$ ... لار بىردەك مۇسبەت سانلاردۇر.

**نۆۋەتلە شمەك** پ. نۆۋەت بويىچە بېجىرمەك، نۆۋەت بىلەن قىلماق: بىز نۆۋەتلىشىپ ئىشلىدۇق. * نۆۋەتلىشىپ دەم ئالدۇق. بىر قىزغا نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىك قىلغان بۇ تۆت ئىپلاسقا ئۆلۈم جازاسى بەرسىمۇ ئېغىر كەتمەيدۇ.

**نۆۋەتلىشىپ** « نۆۋەتلە شمەك » پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: نۆۋەتلىشىپ سۇغىرىش.

**نۆۋەتلىشىپ باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى** < قا > بىر ئايالغا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئەرنىڭ نۆۋەت بىلەن باسقۇنچىلىق قىلىش جىنايىتى.

**نۆۋەتلىشىپ سۇغىرىش** < سۇ > بىر ئېرىق ياكى ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى بىرنەچچە ئورۇننىڭ نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىپ ئۆز ئېتىزلىرىنى سۇغىرىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن يوپۇرماق رېتى** < بوت > يوپۇرماق رېتىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا ھەربىر بوغۇمدا پەقەت بىر تاللا يوپۇرماق ئۆسىدۇ. ئۇنىڭغا قوشنا بولغان ئىككى يوپۇرماق نىسپىي ھالدا ئىككى يېنىدا بولىدۇ. مەسىلەن: تېرەك، شاپتۇل قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش.

**نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈش** < بوت > يوپۇرماقلارنىڭ غولنىڭ ھەربىر بوغۇمدا بىر تالدىن ئۆسۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نۆۋەتلىشىش** ① « نۆۋەتلە شمەك » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② < تىل > نۇتۇقتا بەزى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش ھادىسىسى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى « كەل » سۆزىگە يوقلۇق قوشۇمچىسى « مە » قوشۇلغاندا جانلىق تىلدا شۇ سۆزدىكى « ل » تاۋۇشى « م » غا نۆۋەتلىشىدۇ: ئۇ تېخى كەممىدى.

**نۆۋەتلىك** سۈپ. مەلۇم نۆۋەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان؛ قېتىملىق: جانابلىرى بىرقانچە نۆۋەتلىك سۆھبەتلىرىدە بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدىلە.

**نۆۋەر** سۈپ (پ) ياش، يېتىلگەن: — ئۆتمۈشتە پايتەختتىكى ۋاقىتلىرىدا نۆۋەر يىگىت ئىدىلە، ئەمدى ئوتتۇرا ياشلىق كىشى بولۇپ قېلىپتىلا! * ئوينالىڭ، ھەي قارا كۆز، نۆۋەر يىگىتلەر، بەختلىك ياشلىقنىڭ قەدرىنى چېقىپ.

**نې** « ن » ھەرپىنىڭ نامى.

**نېپتۇن** ئى [ر< لات] < ئاستر > قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشقا يېقىن 8-پلانېتا. قۇياشنى ئومۇمىي ئايلىنىش دەۋرى 164.8 يىل. يورۇقلۇقى بىرقەدەر ئاجىز، ئاددىي كۆزدە كۆرۈنمەيدۇ. يۈزىدىكى تېمپېراتۇرىسى 200°C- ، ئوراپ تۇرغان ھاۋا تەركىبى ئاساسەن ھىدروگېن ۋە مېتان (پاتقاق گازى)، ئىككى ھەمراھى بار.

**نېپتۇنىي** ئى [ر< لات] < خىم > رادىئوئاكتىپلىق ئېلېمېنت. بەلگىسى Np (neptunium). نېيترون ئارقىلىق ئۇرانىي بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، كۈمۈش رەڭلىك، ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن 220 مىليون يىل.

**نېپىر** ئى < فىز > ئېلېكتر ئىلمىدە ئىككى توك كۈچىنىڭ ياكى ئېلېكتر بېسىمىنىڭ نىسبىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىرلىك. ئاكۇستىكىدا ئىككى ماددىي نۇقتا تېزلىكىنىڭ ياكى ئىككى ئاۋاز بېسىمىنىڭ نىسبىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىرلىك. بۇ نام شوتلاندىيە ماتېماتىكا ئالىمى نېپىر [John Napier (1550—1617)] نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**نېپىز** سۈپ ① قېلىن ئەمەس، يۇپقا: نېپىز كىتاب. نېپىز قەغەز. * ئانىسى نانىنى نېپىز ياقىدۇ، بالىسى تويماي قوشلاپ يەيدۇ (ماقال). * ئۇنىڭ نېپىز لەۋلىرى قىسىلىپ كېلىۋاتقان كۈلكىدىن يۇمۇلۇپ پۇرۇشتى. ② كۆچمە. يۈزى تۆۋەن، تارتىنچاق: ۋۇي... قالتىس نېپىز خېنىم ئىكەنغۇ بۇ! مۇنداق نېپىزلىك قىلىسىلا، بۇ يەردە بىر كۈنمۇ جان باقالمايدىلا جۇمۇ!

**نېپىز دېتال** < ماشىن > قېلىنلىق دەرىجىسى نىسبەتەن تۆۋەن، نېپىزرەك بولغان دېتاللار.

**نېپىز سۇغىرىش** شالنى سۇغىرىش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، ھەر بىر قېتىملىق قويۇلغان سۇ قاتلىمىنىڭ قېلىنلىقى تەخمىنەن بىر سۇلۇق ئەتراپىدا بولۇپ، سۇ تەبىئىي ھالدا سىڭىشكەندىن كېيىن يەنە يېڭىدىن سۇغىرىلىدۇ.

**نېپىز لىنزا** < فىز > فوكۇس ئارىلىقىغا سېلىشتۇرغاندا مەركىزىي قىسمىنىڭ قېلىنلىقى ھېسابقا ئېلىنمىسىمۇ بولىدىغان لىنزا.

**نېپىزلەتمەك** « نېپىزلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىلان تېرىسى تېپىلمىغان ئەھۋال ئاستىدا قوي، موزايغا ئوخشاش ھايۋانلارنىڭ تېرىسىنى قۇم قەغەز بىلەن ياخشى تازىلاپ نېپىزلەتمىز.

**نېپىزلەشتۈرمەك** « نېپىزلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نېپىزلەشمەك** پ. نېپىز ھالەتكە كەلمەك، نېپىزلىمەك.

**نېپىزلەنمەك** « نېپىزلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نېپىزلىمەك** پ. نېپىز، يۇپقا ھالەتكە كەلمەك: كىتاب كونىراپ يىرتىلىپ نېپىزلاپ كېتىپتۇ.

**نېتەي** ئال. يېزت. قانداق قىلاي، نېمە چارە، نېمە ئامال: نېچۇن جاننى قۇتقۇزاي بۇ چۆلىستان ئىچىدە، نېتەي شۇنچە ئازغاشتىم، قالدى ئارمان ئىچىمدە.

**نېچۈك** ئال. يېزت ① قانداق: سىلەر شۇنچىلىك غەيرەت قىلىپ داۋالىمىغان بولساڭلار قىزىمنىڭ ھالى نېچۈك بولار ئىدى! * — ئەي مەلىكەم! مەن يۇرتۇمدىن چىققىنىمغا يېرىم يىل بولۇپ قالدى، ئەزىز ئاتام، مېھرىبان ئانامنىڭ ھالى نېچۈك، بىر كۆرۈپ كەلسەم، — دەپتۇ يىگىت. ② نېمە ئۈچۈن: جانان ناز ئۇيقۇدا يېتىپ

نېچۈك تولغانماس، ئاشىقى كۈتۈپ تۇرسا ئېچىپ يۇرۇق روجەكلەرنى. ③ ھەرقانداق: ھەممە ئادەمگە سەن ياخشى قىلىق قىل، تىلىڭنى خۇش، چىرايىڭنى ئىللىق قىل. نېچۈك سۆز بولسا سەن ياخشى ئىشىتكىن، قۇلاقىڭغا ھالقا قىلىپ ئېكىتكىن.

**نېچۈن** ئال. نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن، نېمىگە: نېچۈن تىلدا قولاشماس گەپ؟ نېچۈن دىلنى ئېزەر ھەسرەت؟ * مەن نېچۈن چېكمەن شۇنچىلا جاپا؟ ئەقلىنىڭ كانىدىن گۆھەرلەر قېزىپ؟

**نېرۋا** (ر < لات) ① ئى < ئانات > باش ۋە ئارقا مېڭىدىن بارچە ئەزالارغا تارالغان ھەممە ئۇلارنىڭ پائالىيىتىنى باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئىنچىكە تالاسمان توقۇلما سىستېمىسى ۋە شۇ توقۇلمىلارنىڭ ھەربىرى: كۆرۈش نېرۋىلىرى. ھەرىكەت نېرۋىلىرى. نېرۋا سىستېمىسى. ② ئى < ئانات > ئورگانىزم پائالىيىتى ۋە ئىنسان ھەرىكەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە شۇنداق سىستېمىلار يىغىندىسى. ③ سۈپ. كۆچمە. ئاسان تېرىكىدىغان، ئاچچىقلىنىدىغان، تېرىككەك: نېرۋا ئادەم.

**نېرۋا ئاجىزلىقى** < تب > نېرۋىنىڭ خىزمەت ئىقتىدارى بۇزۇلىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپىنچە ئالىي نېرۋا پائالىيىتى ئارتۇقچە جىددىيلىشىشتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى: باش ئاغرىش، قۇلاق غوڭۇلداش، ئۇنتۇغاقلىق، ئۇيقۇسىزلىق، ئوڭاي ھاياجانلىنىش ۋە ئوڭاي چارچاشلاردىن ئىبارەت.

**نېرۋا ئاغرىش** < تب > نېرۋىلارنىڭ ئاغرىشى. ئەڭ كۆپ ئۇچرايدىغىنى ئۈچ ئاچا نېرۋا ئاغرىش. ئۇ قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋىسى ئاغرىش ۋە ئولتۇرغۇچى سۆڭەك نېرۋىسى دەخلىگە ئۇچراش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى يەرلىك ئورۇن ئاغرىش، ھەرىكەت قىلغاندا ياكى باسقاندا قاتتىق ئاغرىشلاردىن ئىبارەت.

**نېرۋا بولماق** جىلىخور، تېرىككەك بولۇپ قالماق؛ ساراڭ بولۇپ قالماق: ئىشىنىڭ تولىلىقىدا نېرۋا بولۇپ قالىدىغان بولدۇم.

**نېرۋا تالالىرى** < ئانات > ئادەم ياكى ھايۋانلار تېنىدىكى غىدىقلىنىشلارنى يەتكۈزگۈچى تالاسمان توقۇلمىلار.

**نېرۋا تەلىماتى** < فىزئول > بىر پۈتۈن ئورگانىزمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ خىزمىتى پۈتۈنلەي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدا بولىدىغانلىقى، بەدەن قىسىملىرى خىزمىتىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تاشقى مۇھىت بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى نېرۋا سىستېمىسى، خۇسۇسەن مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ ئەڭ ئالىي قىسمى ـــ چوڭ مېڭە پوستلىقى تەرىپىدىن تەڭشەپ تۇرۇلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى تەلىمات.

**نېرۋا زىيادە سېزىمچانلىشىش** < تب > نېرۋا سىستېمىسىنىڭ سېزىم ئىقتىدارى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆتكۈرلىشىپ كېتىش ئالامىتى. نېرۋىسى ئاجىزلىغان كېسەللەردە كۆپرەك بولىدۇ.

**نېرۋا قىلماق** جىلە قىلماق، تېرىكتۈرمەك: مۇنداق قىلساڭ ئۇنى نېرۋا قىلىپ قويىسەن.

**نېرۋا كانىلى** < زوئول > ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تۆرەلمىسىنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنىڭ يېتىلىشىدىكى ئۆتكۈنچى قۇرۇلما، يەنى نېرۋا تاختىسىنىڭ ئىككى يېنىنىڭ مەركىزىي سىزىققا قاراپ تەدرىجىي يېقىنلىشىشىدىن شەكىللەنگەن نەيچىسىمان تۈزۈلمە.

**نېرۋا كېسىلى** < تب > نېرۋا سىستېمىسىنىڭ

توقۇلمىلىرىدا كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى يۈز بەرگەن ياكى نېرۋا فۇنكسىيىسى دەخلىگە ئۇچرىغاندىن كېلىپ چىققىدىغان كېسەللىكلەر. مەسىلەن، تۇتقاقلىق، نېرۋا ئاغرىش، مېڭىگە قان چۈشۈش ۋە مېڭە ئۆسمىسى قاتارلىقلار.

**نېرۋا گورمونى** < ئانات > نېرۋا پائالىيەتلىرىنى غىدىقلىغۇچى گورمونلار.

**نېرۋا مەركىزى** < ئانات > مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسىنىڭ بەزى قىسىملىرى مەلۇم ئەزالارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك فۇنكسىيىسىنى تەڭشەپ تۇرۇش رولىغا ئىگە بولىدۇ. ئەنە شۇ قىسىملار نېرۋا مەركىزى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئۇزۇنچاق مېڭىنىڭ نەپەسلىنىش پائالىيىتىنى باشقۇرىدىغان قىسمى نەپەسلىنىش مەركىزى؛ يۈرەك ھەرىكىتىنى باشقۇرىدىغان قىسمى يۈرەك سوقۇش مەركىزى دېيىلىدۇ.

**نېرۋا ياللۇغى** < تىب > ئەتراپ نېرۋىلىرىنىڭ ياللۇغلىنىشى ياكى ئۆزگىرىش خاراكتېرلىق زىيانغا ئۇچرىشى. كۆپىنچە ئۇزۇقلۇق يېتىشمەسلىك، يۇقۇملىنىش، زەخىملىنىش ۋە زەھەرلىنىش قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**نېرۋىسى بۇزۇلماق** ئالجىپ، ئېلىشىپ قالماق: ئۇنىڭ نېرۋىسى بۇزۇلغان بولۇشى كېرەك.

**نېرۋىسى جايىدا** ئەقلىدىن ئازمىغان، ئەس-ھوشىنى يوقاتمىغان، ئەقلى جايىدا: ئۇنىڭ ئىشتىھاسى ياخشى، نېرۋىسى جايىدا.

**نېرۋانا** ئى (سانس) < دىن > مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدىغان، ھېچقانداق بىر قۇدرەتكە بېقىنمايدىغان بىر خىل ھۆرىيەت دۇنياسى دېگەن مەنىدە. بۇددا: ئالڭ-سېزىمگە كىرىپ، ئەس-ھوشقا ئېرىشكىلى بولىدۇ؛ كىشىلەر بىلىمسىزلىك-قاراڭغۇلۇقتىن قۇتۇلغاندا، دۇنيانىڭ ھەقىقىي خاراكتېرى ئېچىلىدۇ؛ ھاياتلىقتىن، تەكرارلىنىشتىن يەنى سانسارادىن ئازاد بولۇپ، نېرۋاناغا يەتكىلى بولىدۇ، دەپ تەرغىپ قىلىدۇ.

**نېرۋىلىق** ① سۈپ. نېرۋىسى بار، نېرۋىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: نېرۋىلىق قەۋەت. ② رەۋ. نېرۋا ئارقىلىق، نېرۋا بىلەن: نېرۋىلىق تەڭشىلىش. نېرۋىلىق ئوزۇقلىنىش.

**نېرۋىلىق تەڭشىلىش** < فىزىئول > بەدەندىكى ئورگان ۋە توقۇلمىلار فونكسىيىسىنىڭ نېرۋىلار ئارقىلىق مەركىزىي نېرۋا سىستېمىسى تەرىپىدىن تەڭشىلىشى.

**نېرۋىلىق ئوزۇقلىنىش** < فىزىئول > نېرۋىنىڭ تەسىرىدە توقۇلمىلار ئوزۇقلىنىشىنىڭ تەڭشىلىشى ۋە داۋاملىشىشى.

**نېرى** ① رەۋ. سۆزلەۋاتقان كىشىدىن ياكى سۆز بولۇۋاتقان ئورۇن-جايدىن يىراق: ئۇ شۇ تاپتا ئۆزىدىن پەقەت بىر غېرىچلا نېرى ئولتۇرغان رەيھاننىڭ مۇرىلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى كۆردى. * ئون نەچچە قەدەم نېرىدا بىر ئاتلىق كۆرۈندى. ② ئى. قېلىپ قالغان قىسمى (III شەخس ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەندە): گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە نېرىسىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىدى.

**نېرى بولماق** نېرى تۇرماق، ئۆزىنى تارتماق: شۇنداق قىلىپ، كۈندۈزى بىر كۈن بولسىمۇ پەرھاتتىن نېرى بولدۇم.

**نېرى تۇر، بېرى تۇر دېمەك** ئورۇنسىز بۇيرۇق بەرمەك، ئۆزىنى بىلگەنچە يېتەكچىلىك قىلماق: ئۇنداق نېرى تۇر، بېرى تۇر دەۋەرسە، كىم چىدايدۇ؟

**نېرى-بېرى** ① بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبى،

تېگى-تەكتى، ئالدى-كەينى: ئايالىم بايىقى گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان بولسا كېرەك، نېرى-بېرىسى بىلەن كارى بولماي ماقۇل بولدى. * مەن ئىشنىڭ نېرى-بېرىسىنى بىلمىدىم. ② ئۇشۇق-تۆشۈك، ئېگىز-پەس گەپ: ئۇ بىرنەچچە قېتىم مۇشۇ ھەقتە ئادىل بىلەن نېرى-بېرى دېيىشىپ قالدى. * يىگىتمۇ نېرى-بېرى دېمەيلا قوينى يېتىلەپ مېڭىپ كەتتى. ③ مۇنداقلا، بىرقۇر، ئادەتتىكىچە: نۇردۇن ھاكىم ئۇلار بىلەن نېرى-بېرى سالاملىشىپلا ئۆزى ئۈچۈن تەييارلانغان ئورۇنغا ئولتۇردى. * ئۇ بۇدۇر چاچلىرىنى نېرى-بېرى تۈزەشتۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ④ ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن، تاغدىن-باغدىن: بىركۈنى ياتىقىڭغا بارسام يالغۇز ئىكەنسەن، نېرى-بېرى پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇق. ⑤ ئالدىراپ-تېنەپ، ھاپىلا-شاپىلا، چالا-بۇلا: ئالماس ئۇنىڭسىزمۇ ئالدىراپ تۇراتتى، داستىخاننى نېرى-بېرى يىغىشتۇردى-دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. * ئۇ نېرى-بېرى كىيىنىپ ئىشىكنى ئاچتى. * ئۇ ئېشىنى نېرى-بېرى يەپلا تاشقىرىغا چىقىپ كەتتى. ⑥ ئارتۇقچە، ئۇشۇق-تۆشۈك: — ئاكا، سىز ھازىر خېلى ياخشى تۇرۇۋاتسىز، نېرى-بېرى ئىشنى يادىڭىزغا كەلتۈرمەڭ.

**نېرى-بېرى بولماق** ئۇ ياق-بۇ ياق بولماق: بىرەر يېرىم سائەتنىڭ نېرى-بېرى بولۇپ كەتكىنگە جاھان ئۆرۈلۈپ كېتەمدۇ؟

**نېرى-بېرى دېيىشىپ قالماق** سەن-پەن دېيىشىپ قالماق: تۈنۈگۈن ئۇنىڭ بىلەن نېرى-بېرى دېيىشىپ قالدۇق.

**نېرى-بېرىسىغا قارىماي** ئالدى-كەينىنى ئويلىماي، قانداق بولۇشى بىلەن ھېسابلاشماي: سېنى نېرى-بېرىسىغا قارىماي تۆمۈرچىخانىغا ئېلىپ چىقىپ كەسىپى ئىشقا سالدىم.

**نېرى-بېرىسىنى سورىماق** بىرەر ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى، سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرمەك: بالا ئوغرىلىغان نەرسىنى ئانىسىغا ئەكىلىپ بېرىپتۇ. ئانا نېرى-بېرىسىنى سورىماي ئېلىۋېرىپتۇ.

**نېرى-بېرى قىلماق** بىر تەرەپ قىلماق: بۇ ئايال، ھەرقانداق ئىشنى ئۆز ئالدىغا تەكشۈرۈپ، ئۆزىلا بېكىتىپ، نېرى-بېرى قىلىۋېتىدىغان ئەلپازدا سۆزلىمەكتە ئىدى.

**نېرى-بېرى گەپ** ئۇشۇق-تۆشۈك، ئۇزۇن قىسقا گەپ.

**نېرىقى** سۈپ. نېرىدىكى، نېرى تەرەپتىكى؛ ئۇ تەرەپتىكى، ئۇ ياقتىكى: ئۇزۇن كەتكەن سالا ئېتىزنىڭ نېرىقى بۇرجىكىدە يالغۇز ئىشلەۋاتقان بىر قىزدىن باشقا بىرەر كىشىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

**نېرىقى دۇنياغا سەپەر قىلماق** باقىي ئالەمگە سەپەر قىلماق، ئۆلمەك.

**نېرىن** ئى. قىسقا كېسىلگەن ئۈگرىنى شورپىدا پىشۇرغاندىن كېيىن، ئۇششاق توغرالغان گۆش ياكى قېزا ۋە پىياز ئارىلاشتۇرۇلۇپ تاييارلىنىدىغان تاماق.

**نېرىن چۆپ** ← **نېرىن**.

**نېرىنچى** ئى. نېرىن ئېتىدىغان ئاشپەز: نېرىنچى بىر چىنە نېرىننى مېھماننىڭ ئالدىغا قويدى.

**نېزىقتاق** سۈپ. بەك نېزىقايدىغان: نېزىقغاق ئادەم.

**نېزىقماق** پ. بىرەر ئىشقا نارازى ئىكەنلىكىنى قىيداش ياكى نارازى بولۇش بىلەن ئىپادىلىمەك: قىز يىگىتنى كۆرۈپلا نېزىقاپ، بۇ نېمىدى، نى-نى يىگىتلەرنى كۆرگەنمەن دەپ ئويلاپتۇ. * كىچىكئاخۇننىڭ خىيالچان ئەپتىنى كۆرگەن گۈلنارخان سەل نېزىقاپ: — يەنە نېمىگە خۇيىڭىز تۇتتى، — دېدى.

**نېسى** (ئە) ① ئى. پۇلنى نەق بەرمەي كېيىن تۆلەش شەرتى بىلەن بولىدىغان بىر خىل سودا ئۇسۇلى: نېسىگە ئالماق. نېسىگە ساتماق. * مەن بۇ كالىنى ناھايىتى ئەرزان ھەم نېسى بەرمەكچى بولدۇم. * بىر كۈنى ئۇ نېسىلىرىنى يىغىش ئۈچۈن، غەرىبكە سەپەر قىلىپتۇ. ② سۈپ. پۇلى دەرھال، نەق بېرىلمەيدىغان: نېسى سودا. نېسى مال. * نېسى يېمەك گۆشىنى، يېرىپ چىقىدۇ تۆشىنى (ماقال). * نېسى سودا دېگەننى ئەسلىدە قىلمايدىغان نېمە.

**نېسىدىن تەلىيىم يوق** نېسى قىلمايمەن، نەق ساتىمەن: ئەزەلدىن نېسىدىن تەلىيىم يوق، 30 تەڭگىنى بىر-بىردىن ساناپ ئالىمەن.

**نېسى قىلماق** نېسىگە بەرمەك ياكى ساتماق: — بىر مىنۇتقىمۇ بولمايدۇ، — دېدى ئەكبەر كەسكىن ھالدا، — سىز دۇيلەرگە ۋە شەخسلەرگە قانچىلىك نېسى قىلدىڭىز، بۈگۈن كەچكىچە بۇ سانىنى ماڭا بېرىڭ.

**نېسىپ** ئى (ئە) تەقدىر تەرىپىدىن كىشىگە بۇيرۇلغان ھەسسە، ئۈلۈش؛ مۇمكىنچىلىك: — مەندە ئۇزۇندىن بۇيان بىر كۆرۈشسەم دەيدىغان ئارزۇ بار ئىدى، مانا بۈگۈن نېسىپ بولۇپتۇ.

**نېسىپ بولماق** مۇمكىن بولماق، مۇيەسسەر بولماق: — تېخى ئۆيلەنگىنىم يوق. نېسىپ بولسا، ئۇيغۇرلارغا كۈيئوغۇل بولماقچىمەن، — دېدى ھەيدەر ئەپەندى.

**نېسىپ قىلماق** مۇيەسسەر قىلماق، بۇيرۇماق: — ھە، سەنمۇ بار ئىكەنسەن ئاداش، خۇدا بىزنىمۇ كۆرۈشۈشكە نېسىپ قىلدىكەن، — دېدىم.

**نېسىۋە** ئى (ئە) كىشىنىڭ تەقدىرى بويىچە بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھەسسىسى، ئۈلۈشى، رىزقى: دېھقان ئۆزىنىڭ ھالال ئەمگىكىدىن كەلگەن نېسىۋىسىنى كۆرۈشتىن باشقا ھېچ نەرسىنى تەمە قىلمايدۇ. * ھەركىمگە ئۆز نېسىۋىسىنى بۆلۈپ بېرىپلا بولدى قىلىش كېرەك.

**نېفېلىن** ئى (ر < گرېك) < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Na_3K(AlSiO_4)_4$. ئالتە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستاللىرى قىسقا تۈۋرۈكسىمان، قۇراشمىسى كۆپىنچە دانىچە ياكى سىپتا كاللەكسىمان بولىدۇ. رەڭسىز ياكى ئاق، بەزىدە ئاچ سېرىق، ئاچ قوڭۇر بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. سۇنۇق يۈزى ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇلاردىن رەڭگى ئاچ، تۇتۇق، ماي پارقىراقلىقى كۆرۈنەرلىك بولغانلىرى ئەلېئولىت دېيىلىدۇ. قاتتىقلىقى 5 — 6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.6.

**نېفىت** ئى (پ) < گېئول > سۇيۇق مىنېرال، يەنى ھەر خىل ھىدروكاربون بىرىكمىلىرىنىڭ ئارىلاشمىسى. يانىدۇ، ئادەتتە قوڭۇر رەڭلىك، تۇتۇق يېشىل رەڭلىك ياكى قارا رەڭلىك بولىدۇ، تاش قاتلىمىدىكى بوشلۇقلارغا سىڭگەن بولىدۇ، دىستىللەش ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭدىن بېنزىن، كىرسىن، سالياركا، سىلىقلاتقۇچى ماي، موم ۋە ئاسفالت (قارىماي) قاتارلىقلار ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ.

**نېفىت پەيدا بولۇش تەلىماتى** < گېئول > نېفىتنىڭ پەيدا بولۇشى ھەققىدىكى تەلىمات. نېفىتنى شەكىللەندۈرگەن باشلانغۇچ ماددىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئورگانىك ئەمەس نېفىتنىڭ پەيدا بولۇش تەلىماتى ۋە ئورگانىك نېفىتنىڭ پەيدا بولۇش تەلىماتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقىسىدا ئورگانىك ئەمەس كۆمۈر

بىلەن ھىدروگېن خىمىيىلىك رېئاكسىيىلىشىپ شەكىللىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ؛ كېيىنكىسىدە بولسا نېفت ئورگانىزملار ئۆلگەندىن كېيىن پارچىلىنىش نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ دەپ قارىلىدۇ. كېيىنكى تەلىماتنى كۆپچىلىك كىشىلەر قوبۇل قىلىدۇ.

**نېفت تەركىبلەر** < گېئول > نېفىتنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەركىبلەرنىڭ ئوخشىمىغان ئېرىتكۈچتە ئېرىشىنىڭ قىيىن-ئاسانلىقىغا ئاساسەن تۈرگە ئايرىلىشى. ئۇنى ماي ماددىسى، يېلىملىق بېنزول ماددىسى، ئاسفالت ماددىسى دەپ ئايرىشقا بولىدۇ.

**نېفت ساقلىغۇچى قۇرۇلما** < گېئول > نېفت توپلىنىدىغان گېئولوگىيىلىك قۇرۇلما. بۇ ئاتالغۇ تۈزۈلمە تەسىرى بىلەن ئالاقىدار بولغان نېفت توپلىنىدىغان قورشالمىلار، مەسىلەن، دۈم پۈرمىلىك تۈزۈلمە، تۆپىلىك، تۇز ئېدىرلىرى، ئۈزۈك قاتلام قورشالمىسى قاتارلىقلاردا قوللىنىلىش بىلەنلا چەكلىنىدۇ.

**نېفت قاتلىمى** < گېئول > يەر پوستىدىكى نېفت بار قاتلام.

**نېفت قاتلىمى سۈيى** < گېئول > نېفت بار قاتلامدا ساقلانغان يەر ئاستى سۈيى. ئۇ نېفت قاتلىمىدىكى ئورنىغا ئاساسەن سىرتىدىكى سۇ ۋە تېگىدىكى سۇ دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**نېفت قۇدۇقى** < گېئول > نېفت ۋە تەبىئىي گازلارنى چارلاش ياكى ئۆزلە شتۈرۈش ئۈچۈن، بەلگىلىك قۇدۇق ئورۇنلاشتۇرۇش سىستېمىسى بويىچە قېزىلغان قۇدۇق.

**نېفت كان گېئولوگىيىسى** < گېئول > نېفتلىكنى چارلاش ۋە ئۆزلە شتۈرۈش باسقۇچىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر قاتار نېفتلىك گېئولوگىيە تەتقىقاتى.

**نېفت كۆلى** < گېئول > نېفىتنىڭ كۆيگەندىن كېيىنكى كۆلى. ئۇنىڭ مىقدارى ئوخشاش ئەمەس. مېكسىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا ۋە ئوتتۇرا شەرق تەبىئىي نېفىتنىڭ كۈل تەركىبى مىقدارى % 0.003 — % 0.78 .

ھازىرغا قەدەر نېفت كۆلى تەركىبىدىن بايقالغان ئېلېمېنت 30 خىلدىن ئاشىدۇ.

**نېفت گازى** < گېئول > قېزىۋېلىنغان نېفت ياكى نېفت ئايرىش زاۋۇتلىرىدا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا پەيدا بولىدىغان گازلار. مۇھىم تەركىبى ھىدرو كاربون بىرىكمىلىرى بىلەن ھىدروگېن. ئادەتتە ئۇ خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى ۋە يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

**نېفت گېئولوگىيىسى** < گېئول > ئىقتىسادىي گېئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى يەر پوستىدىكى نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ھاسىل بولۇش، تارقىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ گېئولوگىيە نەزەرىيىسىنى ئاساس قىلىپ، چۆكۈندىشۇناسلىق، تۈزۈلمە گېئولوگىيىسى ۋە نېفت ئورگانىك گېئوخىمىيىسى قاتارلىق پەنلەرنىڭ نەتىجىلىرىدىن پايدىلىنىپ، نېفت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ھاسىل بولۇش، يۆتكىلىش، يىغىلىش ۋە ساقلىنىش شارائىتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**نېفتلىك** ① سۈپ. تەركىبىدە نېفت بار، نېفتكە ئىگە: نېفتلىك قۇم. ② ئى < گېئول > نېفت ئېلىشقا بولىدىغان كەڭ مەيدانلىق نېفت قاتلىمى تارالغان بەلباغ: نېفتلىك سۈيى.

**نېفتلىك سۈيى** < گېئول > نېفت، گاز ئۇۋىسىدىكى سۇ.

**نېفتلىك قۇم** < گېئول > تەركىبىدە تەبىئىي

نېفت ياكى ئارىلاشما ھىدرو كاربونلار بولغان ھەرقانداق كاۋاك ھالەتتىكى يەر قاتلىمى، بولۇپمۇ قۇم جىنس، شېغىل جىنس ۋە بوش قۇم قاتلىمى. نېفتلىك قۇم ئادەتتە تۇتۇق قوڭۇردىن قارىغىچە بولۇپ، قولغا يۇقىدۇ. كۆپىنچە كۆچلۈك نېفت سېزىمىنى بېرىدۇ. يېڭى بۇرغىلىنىپ چىققان نېفتلىك قۇمدىن نېفت كۆپۈكى ياكى نېفتكە چىلىنىش قاتارلىق ھادىسىلەرنى كۆرۈشكە بولىدۇ.

**نېفتلىك گازى** < گېئول > نېفتلىكتىن چىقىدىغان ھىدرو كاربون بىرىكمە گازى. ئاساسەن گاز ھالەتتىكى ئالكانلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، مېتاننى ئاساس قىلىدۇ. تەركىبىدە ئاز مىقداردا ئېتان، پروپان، بوتان قاتارلىق ئېغىر ھىدرو كاربون گازلىرى بولىدۇ.

**نېكروز** ئى (ر< گرېك) < تىب > ئادەتتە ئايرىم ھۆجەيرە، بىر قىسىم ھۆجەيرىلەرنىڭ ياكى كىچىك بىرپارچە توقۇلمىنىڭ ئۆلۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نېكروزلانماق** پ. ئۆلمەك، كېرەكتىن چىقماق (ھۆجەيرە ياكى توقۇلمىلار ھەققىدە).

**نېگاتىپ** ئى (ر< لات) ① ئاق ئورنىغا قارا، قارا ئورنىغا ئاق بولۇپ چۈشكەن فوتو تەسۋىر ۋە شۇنداق تەسۋىر چۈشۈرۈلگەن پلاستىنكا ياكى پلېيونكا. ② تېخى ئىشلىتىلمىگەن فوتو سۈرەت لېنتىسى.

**نېگىر** ئى (ر< ئىسپان) < ئىرق > ← **نېگىرلار.**

**نېگىر-ئاۋستراليە ئىرقى** < ئىرق > دۇنيادىكى ئۈچ چوڭ ئىرقنىڭ بىرى. بۇ ئىرقتىكىلەرنىڭ تېرىسى قارا، كالپۇكى تومم، بۇرنى كەڭ ھەم ياپىلاق، چېچى بۇدۇر كېلىدۇ. ئۇلار ئاساسەن ئافرىقا، ئاۋستراليە ھەم جەنۇبىي سۇبتروپىك بەلباغ رايونلىرىغا تارقالغان.

**نېگىرلار** ئى < ئىرق > ئافرىقىنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى قارا تەنلىك خەلق؛ ھەبەش.

**نېگىز** ئى ① بىنانىڭ ئۈستۈنكى قەۋەتلىرىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ئاستىنكى قىسمى، ھۇلى: بىنانىڭ نېگىزى پۇختى، ئەندى ئۈستىگە ئىشلىسەكلا بولىدى. ② بىرەر نەرسىنى جۈملىدىن سۆز، پىكىر قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ مۇھىم ئامىل، ئاساس؛ تۈپ يىلتىز، ماھىيەت: — مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن نېگىزدىن مۇھاكىمە قىلىش لازىم. * پىكىرىڭىزنىڭ نېگىزى شۇمۇ، — دېدى ھېكىم كەسكىن ھالدا.

**نېگىزلىك** سۈپ. ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان، تۈپ، ئاساسلىق: نېگىزلىك زىددىيەت.

**نېلۇپەر** ئى (پ) < بوت > نىلۇپەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېيىز سۇلاردا ئۆسىدۇ، يەر ئاستى غولى يوغان ھەم ئۇزۇن، بوغۇمى بار، يوپۇرمىقى دۈگىلەك، گۈلى چوڭ، سۇس قىزىل ياكى ئاق رەڭلىك، خۇش بۇي پۇرىقى بار، يەر ئاستى غولىنى ۋە ئۇرۇقىنى يېيىشكە بولىدۇ.

**نېلۇپەر يەر ئاستى غولى** < بوت > نېلۇپەر گۈلىنىڭ يەر ئاستى غولى. ئۇزۇن، توم بوغۇملىرى بار، ئاق رەڭلىك، ئوتتۇرىسىدا نۇرغۇنلىغان نەيسىمان تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ، ئۇشتۇلغاندىن كېيىن يېپچىلىرىنى يېيىشكە بولىدۇ.

**نېمانچە** رەۋ (نېمە+ئانچە) نېمىشقا شۇنچە؛ نېمىدېگەن: — نېمانچە بەڭباش بالا بۇ، — دېدى ئۇ سەل خاپا بولغاندەك قىلىپ. * نېمانچە ئالدىرايدىغانسەن بالام، بىرەر

سائەت ئۆخلاپ ئاندىن ماڭساڭمۇ بولاتتى.

**نېمانداق** رەۋ (نېمە+ئانداق) نېمىشقا ئانداق، نېمانچە: — نېمانداق تۈگىمەيدىغان سەيسە بۇ، مەن سەيسىدىن هازىرلا كەلدىمغۇ، — دېدى هارۋىكەش.

**نېمە** ① ئال. مەلۇم شەيئى، ۋەقە-هادىسە قاتارلىقلار ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: نېمە گەپ؟ نېمە ئىش؟ * ئېشىمدا يوق پۇرچاق پوقۇمدا نېمە قىلار (ماقال). ② ئال. بەلگە، سۈپەت، خۇسۇسىيەت ۋە هالەت قاتارلىقلار ھەققىدىكى جۈملىلەردە «قانداق؟» دېگەن سوراق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ نېمە كىتاب؟ * مەن نېمە گۇناھ قىلدىم؟ ③ ئى. سوئال جۈملە تەركىبىدە قانداق ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋەتتە ئىكەنلىكىنى سوراش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ كىشى سىزنىڭ نېمىڭىز؟ ④ ئى. سوئال جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ سوئالنى تەكىتلەيدۇ: — نېمە؟ سىز ئوقۇماقچىمۇ؟ * نېمە؟ تاشۋاي-كېتىمەن دەمدۇ؟ ⑤ ئال. رىتورىك سوئاللىق جۈملىدە ئىنكار مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز ئەھلىرى تۇرغان يەردە ساڭا نېمە قويۇپتۇ؟ ⑥ ئال. ئىسىمنىڭ 3-شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسى «سى» بىلەن تۈرلىنىپ، جۈملىدە ئىسىم رولىدا كېلىپ ھەيرانلىقنى بىلدۈرىدۇ: ئەجەب ئىش-ھە، كېلىدىغىنىمنى بىلىپ تۇرۇپ تويغا كەتكىنى نېمىسى؟ ⑦ ئال. بەزى جۈملىلەردە ئىسىمغا ئالمىشىپ كېلىپ، كەمسىتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۈگۈن ۋالڭ دۇسا دېگەن بۇ نېمە، بىزنىڭ ئارقىمىزغا كىرىۋالدى. ⑧ يۈك. «مۇ» يۈكلىمىسى ئۇلىنىپ كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، شۇ جۈملىدە ئاڭلىنىلغان گۇماننى، قىياسنى كۈچەيتىدۇ: مەن پەرىدەنى ئاتتىن يىقىلىپ بىرنەرسە بولۇپ قالدىمۇ — نېمە دەپ دەرهال ئات بىلەن ئۇنى ئىزلەپ يولغا چىقتىم.

**نېمە بولدى** نېمە هادىسگە يولۇقتۇڭ، قانداق ئىش يۈز بەردى: — هوي ئاق باغلىۋاپسىز، نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

**نېمە دەيسەن** قانداق قىلماقچى؟: — ھە نېمە دەيسەن، — دېدى ئۇ كۆكەملىك بىلەن.

**نېمە دېگۈلۈك** بىرنېمە دېمەك تەس، بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ؛ نېمە چارە، نېمە ئامال: بولار ئىش بولدى، ئەمدى نېمە دېگۈلۈك.

**نېمە قىلاي** ① قانداق قىلىپ بەرسەم بولىدۇ، قانداق قىلاي: ئەمدى بۇندىن باشقا نېمە قىلاي ساڭا. ② كېرەك ئەمەس، هاجەتسىز، لازىمى يوق: — بۇ نەرسىدىن ئازراق ئېلىۋېلىڭ، — نېمە قىلاي ئۆيدە كۆپ ئۇ.

**نېمە قىلىپ** نېمىدەپ، نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن: نېمە قىلىپ ئۇنىڭ كەينىگە كىرگەندىمەن.

**نېمە كارىم** نېمە ئىشىم، چاتىقىم نېمە: ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم، ئۆزۈمنى بىلسەم بولدى.

**نېمە گەپ** نېمە ئىش، نېمە ۋەقە: — نېمە گەپ بۇ، — دېدى ئۇ سەل ئاچچىقلىنىپ.

**نېمە ئۈچۈن** نېمە سەۋەبتىن، نېمىشقا: ئۇ ئەسلىدە ياخشى ئوقۇغۇچى ئىدى، نېمە ئۈچۈن يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق بولۇپ قالدى؟

**نېمە ئۈچۈندۇر** نېمە ئىشكىن تاڭ، نېمە سەۋەبتىنكىن: ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئايالغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

**نېمە ئۈچۈنكى** نېمە سەۋەبتىنكى، نېمە

ئۈچۈندۈر: نېمە ئۈچۈنكى ئۇلار ئىككىنچىلەپ بىز تەرەپكە ئۆتمىدى.

**نېمىسنى دەيسەن** دېگۈچىلىكى يوق، ئېيتقۇچىلىكى يوق، تىلغا ئالغۇسىز: ۋاي-ۋۇي، نېمىسنى دەيسەن، يەنىلا شۇ كونا گەپ.

**نېمىسنى ئېيتسەن** ← **نېمىسنى دەيسەن**.

**نېمەت** ئى (ئە) ① يېمەك-ئىچمەك، ئوزۇق-تۈلۈك: ناماز دېگەر ۋاقتىدا، تۆگىچىنىڭ ئۆيىگە بىر هارۋىدا ئاشلىق، قوي، توخۇ، قوغۇن، تاۋۇز، ئۈزۈم قاتارلىق نېمەتلەر كەلدى. ② ياخشى ئىش، ياخشىلىق: — نېمەتلىرىگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت، — دېدىم مېڭىشقا تەمشىلىپ.

**نېمە تىلەك** سۆپ. نېمىتى بار، نېمە تىكە تولغان: نېمە تىلەك داستىخان.

**نېمىدەپ** ئال (نېمە+دە+پ) ① نېمە سەۋەبتىن، نېمە ئۈچۈن، نېمىگە ئاساسەن، قانداق مەقسەت بىلەن: بۇ كىتابنى نېمىدەپ ساڭا بەرگۈدەكمەن؟ * بۇ يەرگە نېمىدەپ كەلدىڭ؟ ② قانداق سۆزلەر بىلەن، قانداق سۆزلەرنى قىلىپ: مەن ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرىشىمنى بىلمەي تۇرۇپلا قالدىم. * — بىز نېمىدەپ ۋەدىلەشكەن، ئېسىڭدىن چىقتىمۇ؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**نېمىدۇر** ئال. نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىلى بولمايدىغان، نامەلۇم: گۈلشاتنىڭ نېمىدۇر بىرنەرسىسىنى بىللە ئېلىپ كەتكەنىدى.

**نېمىدېگەن** رەۋ (نېمە+دە+گەن) سۈپەت ياكى پېئىللارنىڭ ئالدىدا ئۈندەشلىك كۈچەيتمە رولىدا كېلىپ «ئاجايىپ، نېمانداق، نەقەدەر» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: سىز نېمىدېگەن بەختلىك ئادەم-ھە! * ئۇ هازىر نېمىدېگەن ئۆزگىرىپ كەتكەن-ھە؟!

**نېمىس** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**نېمىس تىلى** < تىل > نېمىسلارنىڭ تىلى، شۇنىڭدەك غەرب دۇنياسىنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت تىلى. هىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ گېرمان تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. تەخمىنەن 100 مىليون كىشى مۇشۇ تىلدا سۆزلىشىدۇ. ئۇ گېرمانىيە ۋە ئاۋستىرىيىنىڭ دۆلەت تىلى، شۇنىڭدەك شۋېيتسارىيىنىڭ هۆكۈمەت تىللىرىنىڭ بىرىدۇر. ئۇ يەنە فرانسىيىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئېلزاس-لوررېن رايونى، ئىتالىيىنىڭ شىمالىدىكى يۇقىرى ئادىجى رايونى، بېلگىيىنىڭ شەرقىي قىسمى، ليۇكسېمبۇرگ ۋە لىختېنشتېيىن كىنەزلىكىدىمۇ قوللىنىلىدۇ. ئامېرىكا ۋە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئايرىم-ئايرىم هالدا 6 مىليون ۋە 1 مىليون 500 مىڭ كىشى مۇشۇ تىلدا سۆزلىشىدۇ؛ كانادا، ئارگېنتىنا، برازىلىيە ۋە چىلىلاردىمۇ خېلى كۆپ ساندىكى كۆچمەنلەر نېمىس تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

**نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسى** < پەلس > 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە گېرمانىيىدە داۋام قىلغان بۇرژۇئا پەلسەپىسى. ئۇنىڭ ئاساسچىسى كانت، ئۇنى كامالەتكە يەتكۈزگۈچى گېگېل، ئۇنىڭ ئاخىرقى نامايەندىسى فېيېرباخ. ئۇ كانت، فىشت، شېللىڭ ۋە گېگېللارنىڭ ئىدېئالىستىك پەلسەپىسىنى ۋە فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىستىك پەلسەپىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**نېمىس ئىدېئولوگىيىسى** < پەلس > ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ دەسلەپكى مەزگىللەردىكى پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا ياش گېگېلچىلارنىڭ ئىدېئالىزمى ۋە

فېيېرباخنىڭ ماتېرىيالىزمىنىڭ چەكلىملىكى تەنقىد قىلىنغان. بۇ ئەسەردە، ماركس بىلەن ئېنگېلس ئۆزلىرىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللەنگەن دۇنيا قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ئۆزلىرىنىڭ ماتېرىيالىستىك تارىخىي قارىشىنى تۇنجى قېتىم تەپسىلىي بايان قىلغان.

**نېمىسچە** ① سۈپ. گېرمانىيىگە، نېمىس خەلقىگە، ئۇنىڭ تىل-يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: نېمىسچە يېزىق. نېمىسچە ئادەت. ② ئى. نېمىس تىلى: ئۇ نېمىسچىنى سۇدەك سۆزلەيدۇ. ③ رەۋ. نېمىس تىلىنى ئىشلىتىپ، نېمىس تىلى بىلەن: ئۇلار نېمىسچە ئەھۋال سوراشتى.

**نېمىسلار** ئى < ئىرق > نېمىس مىللىتى، نېمىس خەلقى. ئۇلار گېرمانىيىنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق بولۇپ، يەنە بىر قىسمى ئامېرىكا، ياۋروپا، ئوكيانىيە، ئافرىقا ۋە ئاسىيادىكى بىر قىسىم دۆلەت ۋە رايونلارغا ئولتۇراقلاشقان.

**نېمىشقا** ئال (نېمە+ئىش+قا) نېمە ئۈچۈن؟ نېمە سەۋەبتىن؟: ئۇ بۇ يەرگە نېمىشقا كېلىپتۇ؟ * ــ شەھەرگە نېمىشقا كىردىڭ؟

**نېمىشقا دېسەڭ** نېمە ئۈچۈنلىكىنى، سەۋەبىنى بىلمەكچى بولساڭ: نېمىشقا دېسەڭ، بىزمۇ يېقىندا مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كېلىمىز.

**نېمىشقىدۇر** يۈك (نېمە+ئىش+قا+دۇر) جۈملىدە ئىپادىلىنىۋاتقان مەقسەتنىڭ سەۋەبىگە بولغان گۇمانىنى ئىپادىلەيدۇ: تۆمۈر خەلپە دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر يىگىتلەرگە بىر قارىۋالغۇسى كەلدى-دە، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. * ئۇ ئىتتىك كېلىۋېتىپ، نېمىشقىدۇر بىردىنلا توختاپ قالدى.

**نېمكى** ئال ① ھەرقانداق نەرسە، قانداقلىكى نەرسە: باھارخان نېمكى تاپسا، ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆزى چەتتە قاراپ تۇراتتى. ② ھەرقانداق، قانداقلىكى: بۇ ساندۇقنى ئۆگەي ئاچاڭ بار يەردە ئاچمايلى، نېمكى دۇنيا چىقسا ئۆزىمىزنىڭ بولسۇن.

**نېمكىدۇر** ئال. نېمىشقىدۇر: ئۇ نېمكىدۇر بۈگۈن كېلەلمىدى.

**نېمىنىدۇر** ئال. جۈملىدە ئېيتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ ئېنىق ئەمەس، نامەلۇملۇقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ، قاراڭغۇدا نېمىنىدۇر بىر نەرسىنى قولغا ئالدى.

**نېئودىمىي** ئى (ر< گرېك) < خىم > مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Nd (neodymium). سەل سېرىق رەڭلىك، ھاۋادا ئوڭايلا ئوكسىدلىنىدۇ، سۇنى پارچىلايدۇ. قېتىشما ئىشلەشتە پايدىلىنىلىدۇ.

**نېئورگانىك** سۈپ (ر) < خىم > ① ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات ئالىمىگە مەنسۇپ بولمىغان. ② تەركىبىدە كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى ۋە كاربون ئوكسىدلىرىدىن باشقا ھېچقانداق كاربون ئاتوملىرى بولمىغان؛ كاربوننى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان، ئانئورگانىك: نېئورگانىك بىرىكمە. نېئورگانىك خىمىيە. نېئورگانىك ئوغۇتلار.

**نېئورگانىك بىرىكمە** < خىم > كاربون ئېلېمېنتىدىن باشقا ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكمىسى. مەسىلەن، سۇ، ئاش تۇزى، سۇلفات كىسلاتاسى، ھاك قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**نېئورگانىك خىمىيە** < خىم > خىمىيىنىڭ بىر تارمىقى. كاربوندىن باشقا ئېلېمېنتلار ۋە ئۇلارنىڭ بىرىكمىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، خاراكتېرى، ئۆزگىرىشى، تەييارلىنىشى ۋە ئىشلىتىلىشى قاتارلىقلارنى ھەمدە كاربوننىڭ ئاددىي بىرىكمىلىرىنى (يەنى كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى ھەم كاربون ئوكسىدلىرىنى) تەتقىق قىلىدۇ.

**نېئورگانىك ئوغۇتلار** < خىم > تەركىبىدە

ئورگانىنىڭ ماددىلار بولمىغان ئوغۇت. مەسىلەن، ئاممونىي سۇلفات، كالتسىي سوفېر فوسفات، هاك قاتارلىقلار.

**نېئون** ئى [ر< گرېك] < خىم > گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى Ne (neonum) . رەڭسىز هەم پۇراقسىز. هاۋادىكى مىقدارى ئىنتايىن ئاز، ئېلېكترودلار نېئون گازىدا زەرەت قويۇپ بەرگەندە قىزىل رەڭلىك نۇر تارقىلىدۇ، نېئون چىرىغى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ ئادەتتە « نېئون گازى » دەپ ئاتىلىدۇ.

**نېئونلۇق** سۈپ. نېئون گازى بار، نېئون گازى تولدۇرۇلغان: نېئونلۇق لامپا.

**نېئونلۇق لامپا** < فىز > ۋاكۇئوم نەيچىنىڭ ئىچىگە نېئون گازى قاچىلىنىپ ياسالغان لامپا. توك ئۆتكەندە قىزىل رەڭلىك يورۇقلۇق چىقىرىدۇ. يورۇقلۇق دەرىجىسى توك بېسىمىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ، نۇرى تۇماننى يېرىپ ئۆتەلەيدۇ، كۆپرەك بەلگە چىرىغىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**نېۋرىن** ئى [ئىنگ] < بىئول > بىر خىل ئۆتكۈر زەهەرلىك، شىرنىسىمان سۇيۇقلۇق. سۇ ياكى ئىسپىرتتا ئېرىيدۇ. مېڭە توقۇلمىسى، ئۆت سۇيۇقلۇقى ۋە جەسەتتىكى خولېنلارنىڭ چىرىشىدىن هاسىل بولىدۇ.

**نېيترال** سۈپ [ر< لات] < خىم > هەم كىسلاتالىق، هەم ئاساسلىق خۇسۇسىيەت كۆرسەتمەيدىغان: نېيترال تۇز.

**نېيترال تەڭپۇڭلۇق** < فىز > مېخانىكىدىكى بىر خىل تەڭپۇڭ هالەت.

**نېيترال تۇز** < خىم > ئىئونلىنىدىغان هىدروگېن ياكى هىدروئوكسىد رادىكالىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان تۇزلار. مەسىلەن، ناترىي سۇلفات ( $Na_2SO_4$ ) ، كالتسىي خلورىد ( $CaCl_2$ ) قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**نېيترال سىم** < فىز > يۇلتۇز شەكلىدە ئۇلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق نېيترال نۇقتىدىن چىقىرىلغان بىر تال سىم. ئۇنىڭ ئېلېكتر پوتېنسىئالى نۆلگە تەڭ بولىدۇ. ئادەتتە ئۈچ سىملارغا قارىغاندا ئىنچىكىرەك بولۇپ، يەرگە ئۇلىغاندا بىخەتەرلىك سىمى ئۇلانمايدۇ.

**نېيتراللاشتۇرماق** « نېيتراللاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نېيتراللاشماق** پ. نېيترال هالەتكە كەلمەك، نېيترال بولماق.

**نېيتراللانماق** پ ① < خىم > ئوخشاش ئېكۋىۋالېنتلىق كىسلاتا بىلەن ئاساس تەسىرلىشىپ تۇز بىلەن سۇ هاسىل قىلىش ئارقىلىق كىسلاتالىق ۋە ئاساسلىق خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماق. ② < خىم > توكسىن ئانتىتوكسىن ياكى زەهەرگە قارشى قان زەردابى بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىپ باشقا ماددىلارنى هاسىل قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ زەهەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتماق. ③ < فىز > جىسىملارنىڭ مۇسبەت قۇتۇپىدىكى زەرەت مىقدارى بىلەن مەنپىي قۇتۇپىدىكى زەرەت مىقدارى تەڭلىشىپ، زەرەتسىز هالەتنى ئىپادىلىمەك.

**نېيترون** ئى [ر< لات] < فىز > ئاتوم يادروسىنى هاسىل قىلغۇچى ئاساسىي زەررىچىلەرنىڭ بىرى. ماسسىسى تەخمىنەن پروتوننىڭكى بىلەن تەڭ. نېيترون زەرەتسىز بولىدۇ، شۇڭا ئاتوم يادروسىدىن پارچىلىنىپ چىققان نېيترون ئاتوم يادروسىغا ئوڭايلا كىرەلەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئاتوم يادروسىغا زەربە بېرىپ يادرو رېئاكسىيىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ.

**نېيترون هالىتى** < فىز > ماددىلارنىڭ

مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر خىل ھالىتى. بۇ خىل ھالەتتە، جىسمنىڭ زىچلىقى ئىنتايىن يۇقىرى بولۇپ، ئېلېكترون بىلەن پروتون كۆپلەپ بىرلىشىپ نېيترون ھاسىل قىلىدۇ.

**نېيترون يۇلتۇز** < ئاستر > ئۆچكەن نېيترونلاردىن تەركىب تاپقان تۇرغۇن يۇلتۇز. ئۇنىڭ زىچلىقى ئاتوم يادروسىنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. رادىئۇسىنىڭ تىپىك قىممىتى تەخمىنەن 10 كىلوگرام. ئۇ ئادەتتىكى يۇلتۇزلارنىڭ ئۆزگىرىشىدىن شەكىللەنگەن.

**نېيترونلاشماق** پ. نېيترون ھالىتىگە كەلمەك، نېيترون بولماق.

**نېيترىنو** ئى (ر< ئىتال) < فىز > ئاساسىي زەررىچىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە V بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. زەرەتسىز، تۇراقلىق، نەزەرىيە بويىچە ئېيتقاندا، تىنچ ھالەتتىكى ماسسىسى O بولۇشى كېرەك.

**نى** ئى. نۇرغۇن، كۆپ، ئاجايىب ئاجايىپ: شىڭ شىسەي دېگەن جاللات شىنجاڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان 11 يىل جەريانىدا نى ياخشى ئادەملەرنى، نى بىلىملىك زىيالىيلارنى يەپكەتتى. * جاپانى كىم تولا تارتسا، گۆھەرنى شۇ ئالۇر تاشتىن. گۆھەرنى ئالغۇچە تاشتىن، نى ئىشلا ئۆتەر باشتىن. * ۋەتەندىن ياخشى يار يوقتۇر بار ئاشنانىڭ ئالدىدا، نى گۆزەللەر نە كېرەك شۇ بىر زىبانىڭ ئالدىدا.

**نى ئات، نى نومۇس** باش كۆتۈرگۈسىز، ئېغىر دەرىجىدىكى نومۇس: ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە بۇ ئىش بۇزۇلسا، زورىخانىغا نى ئات، نى نومۇس.

**نىپاق** ئى (ئە) يېزت. ئىتتىپاقسىزلىق، بۆلگۈنچىلىك: شاخلىسۇن، يىلتىزلىسۇن، خەلقىمدە بىرلىك، ئىتتىپاق، ھەممە ئادەم كۆڭلىدە ۋەتەنگە بولسۇن ئىشتىياق، كىرمىسۇن دۈشمەن ئاراغا، بولمىسۇن دىلدا نىپاق.

**نىترات** ئى (ر< گرېك) < خىم > → **نىتراتلار.**

**نىترات باكتېرىيىسى** < بىئول > نىترات باكتېرىيىسى ئائىلىسىدىكى نىتراتلاش رولىنى ئېلىپ بارالايدىغان باكتېرىيە. ئۇ ئازوتلۇق خىمىيۋى بىرىكمىلەرنى نىترات كىسلاتا تۇزىغا ئايلاندۇرىدۇ.

**نىترات تۇزلىرى** < خىم > → **نىتراتلار.**

**نىترات كىسلاتا** < خىم > كۈچلۈك كىسلاتالارنىڭ بىر خىلى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $HNO_3$. رەڭسىز سۇيۇقلۇق، ئادەتتە سېرىق رەڭلىك بولىدۇ، قوزغاتقۇچى پۇراقىغا ئىگە، چىرىتىش خۇسۇسىيىتى بەك كۈچلۈك. پورۇخ، ئوغۇت، بوياق ۋە سۈنئىي يىپەك قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**نىترات كىسلاتا تۇزلىرى** < خىم > → **نىتراتلار.**

**نىتراتلار** ئى < خىم > نىترات كىسلاتاسىنىڭ مېتاللار بىلەن ھاسىل قىلغان تۇزلىرى. نىتراتلارنىڭ كۆپچىلىكى سۇدا ياخشى ئېرىيدۇ، كۆپىنچە ئوغۇت قىلىنىدۇ، پارتلىغۇچى ماددىلارنى ئىشلەشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**نىتراتلاش** « نىتراتلىماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: نىتراتلاش رولى.

**نىتراتلاش رولى** < خىم > مىكروئورگانىزملارنىڭ ئامىياك تەركىبىدىكى ئازوتنى ئوكسىدلاپ، نىترات كىسلاتا تۇزى بىلەن نىترات كىسلاتاسىغا ياكى نىترات كىسلاتا تۇزىغا ئايلاندۇرۇش جەريانى ياكى بەزى باكتېرىيىلەرنىڭ ئاممونىي تۇزلىرىنى ئوكسىدلاپ، نىترات كىسلاتا تۇزىغا شۇنىڭدەك نىترات كىسلاتا تۇزىنى ئوكسىدلاپ، نىترات كىسلاتا تۇزىغا ئايلاندۇرۇش جەريانى.

**نتراتلماق** پ < خىم > مكرو ئورگانىزملارنىڭ ئامياك تەركىبىدىكى ئازوتنى ئوكسىدلاپ، نىترات كىسلاتا تۇزى بىلەن نىترات كىسلاتاسىغا ياكى نىترات كىسلاتا تۇزىغا ئايلاندۇرماق؛ نىترات ھاسىل قىلماق.

**نترو** ئى [ر< گرېك] < خىم > نىترات كىسلاتا مولېكۇلىسى بىر گىدروكسىل ( OH - ) گۇرۇپپىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن ئېشىپ قالغان رادىكال.

**نتروسېللىيۇلوزا** ئى [ر< گرېك+لات] < خىم > سېرىق رەڭلىك شەكىلسىز قاتتىق ماددا. پاختا ياكى ياغاچ بۇتقىسى قاتارلىقلارنى قويۇق نىترات كىسلاتاسى ۋە قويۇق سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن ئۆزئارا تەسىرلەندۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. تۈتۈنسىز پوروخ، سۇلياۋ قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**نتروگلتسېرىن** ئى [ر< گرېك] < خىم > ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_3H_5(NO_3)_3$. ئاق رەڭلىك ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق. زەھەرلىك، كۈچلۈك پارتلاش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. پارتلىغۇچى دورا ئىشلەشتە قوللىنىدۇ ۋە تاجىسىمان ئارتېرىيىنى كېڭەيتكۈچى دورا قىلىنىدۇ.

**نتروگېن** ئى [ر< گرېك] < خىم > ← **ئازوت**.

**نترولاشماق** پ < خىم > نىترات كىسلاتاسى ياكى نىترات كىسلاتاسى بىلەن سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ ئارىلاشمىسى مەلۇم ئورگانىك بىرىكمە بىلەن ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشىپ، تەركىبىدە نىترو گۇرۇپپا ( $NO_2$ - ) بولغان بىرىكمە ھاسىل قىلماق. مەسىلەن، مېتىل بېنزولنىڭ نىترولىشىپ ئۈچ نىترو مېتىل بېنزول ھاسىل قىلغىنىغا ئوخشاش.

**نترولماق** پ < خىم > نىترات كىسلاتاسى ياكى نىترات كىسلاتاسى بىلەن سۇلفات كىسلاتاسىنىڭ ئارىلاشما سۇيۇقلۇقىنى مەلۇم ئورگانىك بىرىكمىلەر بىلەن ئۆزئارا تەسىرلەشتۇرۇش ئارقىلىق تەركىبىدە نىترو ( $NO_2$ - ) رادىكالى بولغان بىرىكمە ھاسىل قىلماق.

**نجات** ئى [ئە] ① خالاس بولۇش، قۇتۇلۇش: ئۇلارنىڭ ئورنىغا ياخشى ئادەملەرنى ئولتۇرغۇزۇش نىجاتىمىزنىڭ يولىدۇر. * شاھ ھۇسەننى بۇ ئازابتىن قىل نىجات. دەرگاھىغا ئېيتار بولدۇم مۇناجات. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نجاتچى** ئى ← **نجاتكار**: قىز بولسا، ئۆزىنىڭ نىجاتچىسى بولغان بۇ يىگىتكە ئاستىرتتىن قاراپ، نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى. * بۇ دۇنيادا سىزدىن باشقا نىجاتچىم، شەپقەتچىم يوق.

**نجاتكار** ئى [ئە+پ] قۇتقۇزغۇچى، ئازاد قىلغۇچى، خالاس قىلغۇچى غەمگۇزار: يېتىملەرنىڭ نىجاتكارى بولۇپ قال، كۆزى نۇرلۇق تۇن يۇلتۇزى جەملە.

**نجاتلق** « نجات » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئاباقتىن نىجاتلىق تىلىدى. * ئۇلار ھاتەمگە كۆپتىن كۆپ دۇئالار قىلىپ نىجاتلىق تىلىدى.

**نجاتلق تاپماق** قۇتۇلماق: ئۇ نىجاتلىق تېپىشىنىڭ باشقا يوللىرى ئۈستىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىشكە باشلىدى.

**نجاسەت** ئى [ئە] تېزەك، پوق، گەندە، پاسكىنا، ئىپلاس، ھارام نەرسە: تېۋىپلار خۇددى بىر نىجاسەت ھىدى بۇرنىغا پۇرىغاندەك چىرايلىرىنى تۇرۇپ، ئاپئاق ساقاللىرىنى سىلاپ، نەجمىدىنگە ئېغىر نەزەرلىرى بىلەن تىكىلدى. * ئۇلارنىڭ پۇت-قوللىرى نىجاسەتتىنمۇ پاسكىنا.

**نجس** سۈپ [ئە] ئىپلاس، رەزىل؛ ۋەھشىي:

بۇ ئۇرۇش نىجىس ئەبلەخلەرنىڭ جاجىسىنى بېرىدىغان ئۇرۇشلا بولىدىكەن، مەن ئۇنىڭدىن قورقمايمەن. ‖ ــ قولۇڭنى تارت نىجىس! ئانامنى ئۇرغۇچى بولما. * يۈزمۇ يۈز قىلماس تەئەررۇز كۆپ كۆڭۈلچاندۇر ئۇلار ــ كۆرمىسەم چاينار نىجىس گوياكى دىل ئازارىمەن.

**نجىم** ئى (ئە) < بوت > باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك، گىرۋەكلىرى ئادەتتە ئىچىگە ئېگىلگەن بولىدۇ. گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە. قورغاق ئوتلاقلاردا ئۆسىدۇ. سۈپەتلىك چارۋىچىلىق ئوت-چۆپى ۋە سۇ، تۇپراقنى ساقلىغۇچى ئۆسۈملۈك ھېسابلىنىدۇ.

**نىخ** ئى (پ) ئىنچىكە، ئۇزۇن نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قېتى، تېلى (چاچ، يىپ، ئارغامچا قاتارلىقلار ھەققىدە) : يىپنىڭ بىر نىخى. نىخ قاتماق.

**نىخلىق** سۈپ. نىخى بار، نىخى بولغان: ئۈچ نىخلىق يىپ. ئىككى نىخلىق ئارغامچا.

**نىدا** ئى (ئە) ① مەلۇم ھېس-تۇيغۇنى بىلدۈرىدىغان ئاۋاز، ساۋۇش: بىردەمنىڭ ئىچىدە خەلق توپى كۆپىيىپ، غەزەپلىك نىدالار ياڭراشقا باشلىدى. * سۇ ئىچىدىن راھىلەمنىڭ ئاخىرقى نىداسى ياڭرىدى.

**نىدا قىلماق** ۋارقىرىماق، زارلانماق: ــ ھەركىم مېنى بۇ بەندىن قۇتۇلدۇرسا، ــ دەيتتى ھاتەم نىدا قىلىپ، ــ ئۇنىڭغا سام جادۇگەرنىڭ پايتەختىنى ۋە ئەھمەر تاغنى بېرىمەن. * ــ مەن ئاجىزمەن، ئاجىز قۇلۇڭمەن ئاللا! ــ دەپ نىدا قىلدى.

**نىزا** ئى (ئە) كېلىشەلمەسلىك، دۈشمەنلىشىش؛ ئاداۋەت، نارازىلىق: ئىدىقۇت بىز بىلەن ھەمكارلىقتا بىللە ئۆتۈشكە، ئۆزئارا نىزا قىلىشماسلىققا سۆز بەردى. * ــ بۇ ھەمشىرىسىنى ماڭا بەرسە ئارىمىزدىكى نىزا كۆتۈرۈلىدۇ، ــ دېدى يىگىت.

**نىزا تېرىماق** ← **نىزا سالماق**: ئۇلار پۇقرالار ئارىسىغا نىزا تېرىپ، ئەل ئۈملۈكىنى ئىچكى جەھەتتىن پارچىلاشقا باشلىدى.

**نىزا سالماق** ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت، يىرىكچىلىك پەيدا قىلماق: يولۋاس شۇ كۈندىن باشلاپ، تېخىمۇ كۆرەڭلەپ ھايۋانلار ئارىسىغا نىزا سېلىپ ئۇلارنى پارچىلاشقا باشلاپتۇ.

**نىزالاشتۇرماق** « نىزالاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىزالاشماق** پ. ئۆچلەشمەك، ئاداۋەتلەشمەك، دۈشمەنلەشمەك؛ جاڭجاللاشماق: ئۇلارنىڭ نىزالىشىپ يۈرگىنىگە ئۇزۇن بولدى.

**نىزام** ئى (ئە) ① مەلۇم مەسىلىلەر ھەققىدىكى قائىدە-تۈزۈم، تەرتىپ: ئوقۇغۇچىلار نىزامىدا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ هاراق ئىچىشى مەنئى قىلىنغان. * ئۇ قوغداش نىزامىغا خىلاپلىق قىلىپ، ھەمىشە تەجرىبىخانىغا ئۆزى يالغۇز كېلىپ-كېتىپ تۇردى. ② قانۇن: بۇ مەملىكەتنىڭ نىزامىدا، پادىشاھ ئۆلسە ئورنىغا ئوغلى پادىشاھ بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن ئىكەن. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نىزامچى** ئى. قائىدە-نىزام تۈزگۈچى: ئېنگېلس ئاساسىي نىزامچىلارنى « يېقىنقى زاماندىكى تۇنجى ئىشچىلار پارتىيىسى » دەپ ئاتىغانىدى.

**نىزامچىلىق** ئى. نىزام تۈزۈش ئىشى: ئاساسىي نىزامچىلىق ھەرىكىتىدە ئۈچ قېتىم دولقۇن كۆتۈرۈلدى.

**نىزامسىز** سۈپ. قائىدە-نىزامنى بىلمەيدىغان؛ قائىدە نىزامغا چۈشمەيدىغان: قائىدە-

نىزامسىز ئىش قىلسا ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدۇ.

**نىزامسىزلىق** «نىزامسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**نىزاملىق** سۈپ. نىزامى بار، نىزام بېكىتكەن: بۇ ئىشلار قائىدىلىك، نىزاملىق ئىشلار.

**نىزامنامە** ئى (ئە+پ) بىرەر ساھە ياكى بىرەر مەسىلە بويىچە بېجىرىش ۋە رىئايە قىلىش لازىم بولغان قائىدە-تۈزۈم، بەلگىلىمە: ئوقۇغۇچىلار نىزامنامىسى، ئىشچىلار نىزامنامىسى.

**نىسبەت** ئى (ئە) ① نەرسىلەرنىڭ بىر-بىرىگە نىسبەتەن چوڭ-كىچىكلىكى، ئاز-كۆپلۈكى ۋە شۇ قاتارلىقلار: قارىمۇقارشى كۈچلەر نىسبىتى. ② < مات > ئوخشاش تۈردىكى ئىككى مىقدارنى سېلىشتۇرۇشتىكى ھەسسىلىك مۇناسىۋەت. بۇنىڭدا بىر سان ئىككىنچى بىر ساننىڭ بىرقانچە ھەسسىسى ياكى بىرنەچچە ئۈلۈشىگە باراۋەر بولىدۇ.

**نىسبەت قىممىتى** < مات > ئىككى ساننىڭ نىسبىتىدىن ھاسىل بولغان قىممەت. مەسىلەن، 4 :8 نىڭ نىسبەت قىممىتى 2.

**نىسبەت نەزەرىيىسى** < فىز > ← **نىسبىيلىك نەزەرىيىسى.**

**نىسبەتنىڭ بۇزۇلۇشى** < س ئىق > خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىككى چوڭ تۈركۈمى ئوتتۇرىسىدىكى، ھەرقايسى تارماقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى، ھەرقايسى ھالقىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى نىسبەت مۇناسىۋىتىنىڭ بۇزۇلۇپ تەڭپۇڭسىز بولۇپ قېلىشى.

**نىسبەتەن** تىر (ئە) يۆنىلىش كېلىش بىلەن كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «قارىتا، قارىغاندا، سېلىشتۇرغاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ــ ھېكىم نۇرغا نىسبەتەن ھازىرچە بىز، سەگەك پوزىتسىيىدە بولۇشىمىز لازىم. * ئۆچكە گۆشى، قوي گۆشىگە نىسبەتەن ئانچە ئوبدان ئەمەس. * ئەخمەتكە نىسبەتەن تۇرسۇن تېخىمۇ مۇۋاپىق.

**نىسبەتلەشتۈرمەك** «نىسبەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەۋكەت قوغۇشۇن ئېرىتىش ــ چەككىلەش تېخنىكىسىنى تولۇق ئىگىلەپلا قالماستىن، قوغۇشۇن، بابىت، قاتارلىقلارنى نىسبەتلەشتۈرۈپ تەڭشەش تېخنىكىسىنىمۇ ئىگىلىۋالدى.

**نىسبەتلەشمەك** پ. بىرنەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسىگە نىسبەتەن چوڭ-كىچىك ياكى ئاز كۆپلۈكى سېلىشتۇرۇلماق.

**نىسبەتلىك** سۈپ. نىسبىتى بار، نىسبىتى بولغان: دارامەتكە قاراپ ئېشىپ بارىدىغان يۇقىرى نىسبەتلىك باجنى يولغا قويۇش لازىم. // خەلق ئىگىلىكىنى پىلانلىق، نىسبەتلىك راۋاجلاندۇرۇش لازىم.

**نىسبەتلىك باج** < مال > باج ئېلىنىدىغان ئوبيېكت ساننىڭ ئاز-كۆپلۈكىدىن قەتئىينەزەر، بىرلىككە كەلگەن نىسبەتلىك باج نورمىسى بويىچە ھېسابلاپ ئېلىنىدىغان باج.

**نىسبەتلىك پەسىيىش** < سۇ > ئىككى نۇقتا ئېگىزلىك پەرقىنىڭ شۇ ئىككى نۇقتىنىڭ گورىزونتال ئارىلىقىغا بولغان نىسبىتى.

**نىسبىي** سۈپ (ئە) ① باشقىلىرىغا قىياسەن ئېلىنغان ياكى ئېلىنىدىغان، بەلگىلىنىدىغان، قىياسەن، سېلىشتۇرما: نىسبىي نەملىك. نىسبىي ئېگىزلىك. نىسبىي قوشۇمچە قىممەت. ② < پەلس > بەلگىلىك شارائىت، مۇھىتقا تايىنىش ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئۇلارغا باغلىق رەۋىشتە

ئۆزگىرىدىغان؛ شەرتلىك: نىسبىي ھەقىقەت. نىسبىي چۈشەنچە. ③ < تىل > بەلگىلىك مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەيدىغان: نىسبىي سۈپەت.

**نىسبىي تېزلىك** < فىز > ماددىنىڭ ھەرىكەتچان پايدىلىنىش سىستېمىسىغا نىسبەتەن ھەرىكىتىنىڭ تېزلىكى. بەزىدە ئۇ بىر جىسىمنىڭ باشقا بىر جىسىمغا نىسبەتەن تېزلىكىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**نىسبىي خاتالىق** < مات > بىر تەخمىنىي ساننىڭ مۇتلەق خاتالىقى △ نىڭ ئۇنىڭ ئېنىق سانى A غا بولغان نىسبىتى (ئادەتتە پىرسەنت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ) بۇ تەخمىنىي ساننىڭ نىسبىي خاتالىقى دېيىلىدۇ. ئۇنى δ بىلەن ئىپادىلىسەك $δ= \frac{△}{A} \times 100\%$ بولىدۇ.

**نىسبىي خاتالىق چېكى** < مات > تەخمىنىي سان $A'$ نىڭ مۇتلەق خاتالىق چېكى β بىلەن $A'$ نىڭ نىسبىتى بۇ تەخمىنىي سان $A'$ نىڭ نىسبىي خاتالىق چېكى بولىدۇ. ئۇ $δ= \frac{β}{A'} \times 100\%$ قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.

**نىسبىي دەۋر** < ئارخېئول > ئارخېئولوگىيىدە تارىخىي پاكىتلارنى خاتىرىلەشتە ئۇنىڭ مۇتلەق يىل دەۋرىنى بېكىتىش قىيىن تۇرۇۋاتقان ئەھۋالدا، ئۇنىڭ دەۋر تەرتىپى بويىچە كۆرسىتىلگەن يىل دەۋرى.

**نىسبىي دېفورماتسىيە** < فىز > سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن، جىسىمنىڭ بىرلىك ھەجىمدە يۈز بەرگەن ئۇزۇنلۇق ۋە ئارا بۇلۇڭ جەھەتلەردىكى ئۆزگىرىش.

**نىسبىي سان** < س ئىق > شەيئىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان سان، يەنى مۇناسىۋەتلىك ئىككى قىممەتنىڭ سېلىشتۇرمىسى. ئۇنىڭ ئىپادىلىنىش ئۇسۇلى سېلىشتۇرۇلىدىغان ئىككى قىممەتنىڭ ئۆزئارا پەرقى چوڭ بولمىغاندا، كۆپىنچە پىرسەنت ۋە ئۇلۇش ئىشلىتىلىدۇ؛ پەرقى چوڭ بولغاندا، كۆپىنچە ھەسسە ئىشلىتىلىدۇ. نىسبىي سان ئادەتتە قۇرۇلما نىسبىي سانى، ھالەت نىسبىي سانى، سېلىشتۇرما نىسبىي سان، سىجىل نىسبىي سان ۋە پىلاننىڭ ئورۇنلىنىش نىسبىي سانى دەپ بەش خىل بولىدۇ.

**نىسبىي سۈپەت** < تىل > شەيئىلەر بەلگىسىنىڭ ھەر خىل مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكلىرىنى بىلدۈرۈپ كېلىدىغان سۈپەتلەر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى «قەدىمكى، زامانىۋى، مەنىۋى، ئىچكى» دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**نىسبىي قوشۇمچە قىممەت** < س ئىق > خىزمەت كۈنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئۆزگەرمىگەن شەرت ئاستىدا، زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنى قىسقارتىش بىلەن قوشۇمچە ئەمگەك ۋاقتىنى مۇناسىپ ھالدا ئۇزارتىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان قوشۇمچە قىممەت.

**نىسبىي قىممەت شەكلى** < س ئىق > ئۆز قىممىتىنى باشقا تاۋارلارنىڭ ئىستېمال قىممىتى ئارقىلىق ئىپادىلەيدىغان تاۋارلار ئىگە بولغان قىممەت شەكلى.

**نىسبىي نەملىك** ① < فىز > ھاۋادىكى ئەمەلىي سۇ ھورىنىڭ بېسىمى بىلەن ئوخشاش تېمپېراتۇرىدىكى تويۇنغان سۇ ھورى بېسىمىنىڭ پىرسەنتى. ② < سۇ > ئوخشاش بولمىغان شەرت ئاستىدا ئۆلچەنگەن نەملىكلەرنىڭ ئۆزئارا نىسبىتى.

**نىسبىي ھەقىقەت** < پەلس > ھەقىقەتنىڭ

نىسبىيلىكى، يەنى ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈش دەرىجىسىنىڭ ھامان تارىخىي شارائىت چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغانلىقى نۇقتىسىدىن ئىپادىلەنگەن نىسبىي مەنىسى.

**نىسبىي ئۇشۇق ئاھالە** <س ئق> كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە، كاپىتال ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىپ، ئىشسىز، يېرىم ئىشسىز ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئاھالە كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نىسبىيچىلىك** ئى <پەلس.> بىر خىل ئىدېئالىزملىق تەلىمات. ئۇ پەقەت ئىنسانلار بىلىشىنىڭ نىسبىيلىكىنىلا ئېتىراپ قىلىپ، نىسبىي بىلىشنىڭ مۇتلەق تەركىبلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ. نەتىجىدە ئوبيېكتىپ ھەقىقەتنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. بۇ بىلىشنىڭ ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكا تەشەببۇس قىلىدىغان نىسبىي ھەقىقەت ئارقىلىق تەدرىجىي ھالدا مۇتلەق ھەقىقەتكە يېقىنلىشىدىغان نىسبىيلىكى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ.

**نىسبىيلىك** ① «نىسبىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پەلس> دىئالېكتىكىدىكى بىر كاتېگورىيە، يەنى شەيئى خاراكتېرىنىڭ شەرتلىك، چەكلىك ۋە ئۆزگەرگۈچى تەرىپى.

**نىسبىيلىك پرىنسىپى** <فىز> فىزىكىلىق قانۇنلارنىڭ ھەر خىل ئىنېرتسىيىلىك پايدىلىنىش سىستېمىلىرىدىكى شەكىللىرىنىڭ ئوخشاش بولىدىغانلىقى توغرىسىدىكى پرىنسىپ.

**نىسبىيلىك مېخانىكىسى** <فىز> نىسبىيلىك نەزەرىيىسى بىلەن بىردەك بولغان ھەرقانداق بىر مېخانىكىلىق شەكىل.

**نىسبىيلىك نەزەرىيىسى** <فىز> ھازىرقى زامان فىزىكىسىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسلىرىدىن بىرى، يەنى زامان بىلەن ماكاننىڭ نىسبىي مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان فىزىكىلىق تەلىمات. ئاساسچىسى ئېينىشتېيىن (Albert Einstein). ئۇ «تار مەنىلىك نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» ۋە «كەڭ مەنىلىك نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ.

**نىسپ** ئى (ئە) يېرىم: تۈن نىسپى.

**نىسپىي** سۈپ (ئە) يېرىم: نىسپىي شەپ.

**نىسپىي شەپ** يېزت. يېرىم كېچە، تۈن نىسپى: نىسپىي شەپ بولغان چاغدا ئائىنەم ھىدايەتنى باشلاپ گۈچۈكدا جەڭ قىلىپ تۇرغان تۇرپان-قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى قىسىملىرىغا قاتناشتىم.

**نىشاپ** ئى (پ) <بن> ئۆگزىدە يامغۇر سۈيى توختاپ قالماسلىقى ئۈچۈن قىلىنغان يانتۇلۇق.

**نىشالا** ئى. تۇخۇمنىڭ ئېقىنى شېكەر قىيامىغا ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلايدىغان يېمەكلىك.

**نىشالىچى** ئى. نىشالا ئەتكۈچى كىشى.

**نىشان** ئى (پ) ① تەبىئىي ياكى مەقسەتلىك قويۇلغان بەلگە؛ ئالامەت؛ قارا: نىشان قويماق. نىشان قىلماق. * ئۇ: — ئانداق بولسا توختىسىلا، بازار دېگەندە ئادەم جىق، يەڭگۈش بولۇپ كەتمىسىلە، سىلىگە بىر نىشان قىلىپ قوياي، — دەپ بوينۇمغا يوغان جۇۋاز قاپقىنى ئېسىپ قويدى. * دەل شۇ چاغدا مەلۇم قىلغۇچى ئەنۋەرنىڭ ئاتقان توققۇز تال ئوقىنىڭ ھەممىسى نىشانغا تەگكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ② بىرەر نەرسىدىن قالغان ئىز، بەلگە؛ دېرەك؛ سىمۋول: ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن ھېچقانداق نىشان قالمىدى. * ئۇ ھېچقانداق نىشان قالدۇرماي، ئىز-دېرەكسىز يوق بولۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى دالىدا

ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولۇپتۇ. * خەت-خالتا — تىرىكلىكنىڭ نىشانىدۇر. * ئۇ ئۇرۇق-تۇغقان دوستلىرى تارقالغاندىن كېيىن ئۆيدىكىلەردىن: — يوقالغان نەرسىلەردىن بىرەر نىشان بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ③ كۆچمە. بىرەر ئىش، ھەرىكەت قارىتىلغان نۇقتا ياكى يەتمەكچى بولغان مەقسەت، مەنزىل؛ غايە؛ يۆنىلىش: نىشان كۆرسەتمەك. نىشاندىن ئاداشماق. * بىز شانلىق 1982-يىلنى كۈتۈۋېلىۋاتقاندا پارتىيە ۋە دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا زور قەدەملەر بىلەن ئالغا باسايلى. * يۈزى نۇرلانغان جانانىغا يەتتىم، سەھەردە تۇرۇپ چولپانىغا يەتتىم، كۆزلىگەن ئارمان-نىشانىغا يەتتىم، پارلاق بۇ نىشان، ياشا ياشلىقىم. ④ ئەزلەرنىڭ ئىسمى.

**نىشان ئەزا** < ئانات > مەلۇم ماددىنى ئاساسىي نىشان قىلىپ تەسىر كۆرسىتىدىغان ئەزالار. مەسىلەن، جىنسىي گورمونلار جىنسىي ئەزالارنى، ئانتىگېنلار لىمفا ئەزالىرىنى نىشانلاپ تەسىر كۆرسەتكەچكە، ئۇلار شۇ ماددىلارنىڭ نىشان ئەزالىرى بولىدۇ.

**نىشان قىلماق** ← **نىشانلىماق**: ئۇ ئەسلىدە ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆز-يۇرتىغا بېرىپ ئوقۇتقۇچىلىق قىلىشنى نىشان قىلغانىدى.

**نىشانغا ئالماق** قارىغا ئالماق، چەللىمەك: جەڭچىلەر كوچا-مەھەللە مەسچىتلىرىنىڭ پەشتاقلىرىدا تۇرۇپ، ھەر ۋاقىت گومىنداڭچىلارنى نىشانغا ئېلىپ تۇراتتى.

**نىشان ھۆججىرە** < بىئول > قاندا، بولۇپمۇ قىزىل قان ئاقسىلىدا قالايمىقانچىلىق يۈز بەرگەندە كېلىپ چىقىدىغان غەيرىي شەكىللىك ۋە مەركىزىي رايونى بويىلىدىغان غەيرىي نورمال نىپىز ھۆججىرە.

**نىشانە** ئى (پ) بەلگە، ئالامەت، شەپە: بۇ ئۇنىڭ كۆلچەككە سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن خىجىل بولغانلىقىنىڭ نىشانىسىمۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. * ئۆزەڭ كەلمىسەڭمۇ گۈل ئەۋەتىپسەن، چىن مۇھەببەتتىن قىلىپ نىشانە.

**نىشانداش** سۈپ. بىر نىشاندىكى، نىشانى ئوخشاش بولغان: پەس ھەۋەس-ئالىيجانابلىق ئوت بىلەن سۇدۇر گويا، بولمىغانغا بۇ ئىككىيلەن بىر نىشانداش، يىغلىما.

**نىشانسىز** سۈپ. نىشانى يوق، نىشانى بولمىغان: ئۇ، كۆز شامىلى ئۇچۇرۇپ يۈرگەن قۇرۇق يوپۇرماقتەك نىشانسىز كېتىۋاتاتتى. * ئۇنىڭ مۇھەببىتى ھەدېدىدىن تاشقىرىمۇ ئەمەس، نىشانسىزمۇ ئەمەس.

**نىشانلانماق** «نىشانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاڭ ئاتقۇچە نىشانلانغان ئورۇنلار ئېلىنىپ بولۇشى كېرەك.

**نىشانلىق** رەۋ. نىشان قىلغان ھالدا، نىشان قىلىپ تۇرۇپ: نىشانلىق ئوق ئاتماق. نىشانلىق تەربىيەلەش. نىشانلىق تاللاش.

**نىشانلىق تاللاش** < بىئول > تەبىئىي تاللىنىش جەريانىدىكى بىر خىل ھادىسە ياكى تەسىر. ئۇ بىر خىل جانلىقنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى داۋامىدىكى ماسلىشىش خاھىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شۇ ئارقىلىق ئۇنىڭ نىشانلىق ھاسىل بولۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**نىشانلىق تەربىيەلەش** < مائار > ئالدىن بەلگىلەنگەن كەسىپ، ساھە، ئورۇن ئۈچۈن خادىملارنى يېتىشتۈرۈش.

**نىشانلىماق** پ. نىشانغا ئالماق؛ نىشان قىلماق: قارىنى نىشانلاپ ئاتماق. * ئۆينى نىشانلاپ ماڭماق. * رەھبەرلىك ئۇنى باشقارما باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈشنى نىشانلىسا كېرەك.

**نقاب** ئى ‹ئە› ① ئۆزىنى تونۇتماسلىق ياكى هىمايە قىلىش ئۈچۈن يۈزگە تۇتۇلىدىغان، كىيىلىدىغان نەرسە، رەخت ۋە شۇ قاتارلىقلار: تاشۋاي ئاستا جۇمەنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە يۈزىدىكى نقابنى چۆرۈپ تاشلىدى. ② كۆچمە. ھەقىقەتنى، ھەقىقىي هال-ئەھۋال، قىياپەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنى پەردازلىغۇچى، يوشۇرغۇچى نەرسە، ۋاسىتە: شۇ يىلى گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ يۇقىرى ئورگىنىدىن چارۋىچىلار قولىدىكى ئوۋ قوراللىرىنى يىغىۋېلىش نقابى ئاستىدا تىكەسكە ئەۋەتىلگەن تىنتىش گۇرۇپپىسى كۆكەنىڭ ئاتا تەرەپ چوڭ تاغىسىنى مىلتىق تاپشۇرۇشقا قارشىلىق كۆرسەتتى دېگەن باھانە بىلەن ئېتىپ تاشلىغانىدى. * تونۇلغان «ئىلغار» لىق نقابىغا ئورىنىۋالغانلار بۇگۈن نقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، جاللاتلار قاتارىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

**نقابسىز** سۈپ. نقابى يوق، نقابلانمىغان، نقاب تارتمىغان: نقابلانغان دۈشمەنىنىڭ نقابسىز ئاشكارا دۈشمەندىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى هەرقاچان ئەس-يادىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك.

**نقابلاتماق** «نقابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نقابلاشماق** «نقابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نقابلانماق** «نقابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۆيگە نقابلانغان ئۈچ ئادەم باستۇرۇپ كىردى.

**نقابلىق** سۈپ. نقابى بار، نقابلانغان، نقاب تارتىۋالغان: ئۇ: «مەنمۇ تازا بىلەلمىدىم، نقابلىق كىشىلەر شۇنداق قىلدى، ئۇلارنى تونۇيالمىدىم» دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**نقابلىق تانسا** <ئۇس> يۈزىگە نقاب تاقاپ ئوينايدىغان تانسا. ياۋروپادا ئومۇملاشقان.

**نقابلىق تىياتىر** <تىيا> 16-، 17-ئەسىرلەردە ياۋروپا ئوردىلىرىدا كەڭ ئومۇملاشقان بىر خىل قىسقا تىياتىر شەكلى. بۇنىڭدا ئارتىسلار يۈزىگە نقاب تارتىۋالىدۇ. ئادەتتە ئۇلار ئوردا ئەزالىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. بۇ خىل تىياتىر يەنە گاچا تىياتىر شەكلىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭدا مۇزىكا، ئۇسسۇل بەزىدە شېئىرمۇ بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرى كەڭ تاماشىبىنلار قاتناشقان مۇراسىم شەكلىدىكى تانسا بىلەن تاماملىنىدۇ.

**نقابلىق كومېدىيە** <تىيا> كومېدىيىنىڭ بىر خىلى. 16-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىتالىيىدە مەيدانغا كېلىپ، كېيىن ياۋروپاغا تارقالغان. بۇ خىل كومېدىيىنىڭ مۇقىم سەھنە كىتابى يوق، ئارتىسلار ۋەقەلىكنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىغا ئاساسەن، سەھنىدە تۇرۇپ ئۆزى سۆز توقۇيدۇ. ئۇنىڭدا پېرسوناژلار سانى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسمى مۇقىم بەلگىلەنگەن بولىدۇ ھەمدە ياش ئەر-ئايال باش رولچىلاردىن باشقىلىرىنىڭ هەممىسى ئۆز ئالدىغا ئوخشىمىغان نقابلارنى تاقىۋېلىپ، رولىنى ئويناۋېرىدۇ.

**نقابلىق ئۇسسۇل** <ئۇس> ئوينىغاندا يۈزىگە ئالاهىدە ئىشلەنگەن نقاب تاقاپ مەلۇم بىر ئوبرازنى يارىتىدىغان ياكى مەلۇم كىشىلەرنىڭ رولىنى ئويناپ چىقىدىغان بىر خىل ئۇسسۇل شەكلى.

**نقابلىماق** پ. نقاب بىلەن تونۇغىلى بولمايدىغان هالغا كەلتۈرمەك؛ يوشۇرماق: سەن ئۆزۈڭنى نقابلاپ گۈلچى موماىغا بالا بولساڭ، سەنەمنىڭ يۈزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولىسەن.

**نىقتالماق** « نىقتىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇدرەت بىردەمدە گېلىغىچە قورام تاشلار ئارىسىدا نىقتىلىپ قالدى.

**نىقتىماق** پ ① بىرەر نەرسىنى مەلۇم نەرسىنىڭ ئىچىگە كۈچ بىلەن بېسىپ كىرگۈزمەك، چىڭ تىقماق: تاغارغا سامانىنى نىقتاپ قاچىلا. * ئۇ تام تۆشۈكلىرىنى قەغەز بىلەن نىقتاپ ئەتتى. ② بىر نەرسىنى يەنە بىر نەرسىگە تىرەپ تۇرۇپ قاتتىق ئىتتەرمەك. نوقۇماق: ئۇ ياقىسىدىن تۇتۇپ تامغا نىقتاپ-نىقتاپ قويدى.

**نىقسىماق** پ. سېسىپ، ئېچىشقا باشلىماق؛ سېسىشقا، ئېچىشقا باشلاپ بەتبۇي پۇراق چىقارماق؛ بىقسىماق: خېمىر نىقسىپ قېلىپتۇ. * ھاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن بولسا كېرەك، جەسەت نىقسىپ، ئۇنىڭدىن بىر خىل پۇراق تارقىلىۋاتاتتى.

**نىكاھ** ئى (ئە) ① ئەر-خوتۇنلۇقنى شەرىئەت يولى بىلەن رەسمىيلەشتۈرۈش ۋە شۇ رەسمىيلەشتۈرۈش ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبە: نىكاھ ئوقۇماق. ② ئەر ۋە ئايالنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى: نىكاھ ئەركىنلىكى. نىكاھ قانۇنى.

**نىكاھ ئەركىنلىكى** < قا > سوتسىيالىستىك نىكاھ تۈزۈمىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىدىن بىرى. ئۇ توي قىلىش ئەركىنلىكى ۋە نىكاھتىن ئاجرىشىش ئەركىنلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**نىكاھ توختىمى** < قا > ئەر-ئايال ئىككى تەرەپنىڭ توي قىلىش مەقسىتىدە ئالدىنئالا كېلىشىپ قويۇشى.

**نىكاھ تۈزۈمى** < قا > مۇئەييەن ئىجتىمائىي تۈزۈمدە شەكىللەنگەن نىكاھ مۇناسىۋىتى. ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈمى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

**نىكاھ سودىسى** < قا > قىزنى تاۋارغا ئوخشاش سېتىپ، توي قىلىشتىن پايدىلىنىپ مال-مۈلۈك ئۈندۈرۈۋالىدىغان بىر خىل نىكاھ شەكلى.

**نىكاھ غايىب** « ئەر-ئاياللارنىڭ تۇرمۇش قۇرۇشى كۆپ ھاللاردا تاسادىپىي بولۇپ قالىدۇ » دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: « ھەرنېمە بولسا، باي ئۆتكەن ئادەمنىڭ قىزىكەنغۇ، نىكاھ غايىب دېگەن شۇ » دەپ ئوبۇل ھېلىقى جۇۋاننى ئېلىپتۇ.

**نىكاھ قانۇنى** < قا > نىكاھ مۇناسىۋىتى ۋە ئاتا-ئانا، پەرزەنتلەر مۇناسىۋىتىنى بەلگىلەنگەن قانۇن.

**نىكاھ قىلماق** شەرىئەت يولى بىلەن ئەر-ئاياللىق رەسمىيىتىنى ئادا قىلماق، نىكاھلىماق: ـــ ئەمدى مەن سىلەرنى نىكاھ قىلىپ قويىمەن، ـــ دېدى شانىياز كۈلۈپ.

**نىكاھ ئوقۇماق** نىكاھ ۋاقتىدا ئوقۇلىدىغان خۇتبىنى ئوقۇپ نىكاھ رەسمىيىتىنى ئادا قىلماق؛ نىكاھ قىلماق: ھەسەن شاھنىڭ ئوردىسىدا يەنە قىرىق كېچە-كۈندۈز توي مەرىكىسى ئۆتكۈزۈپ، شاھزادە تۇغلۇق بىلەن مەلىكىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپتۇ.

**نىكاھقا ئالماق** ئەمرىگە ئالماق، خوتۇنلۇققا ئالماق: ئۆز ۋاقتىدا: « بىر كۈنلا نىكاھقا ئالغان ئايالدىن تۇغۇلغان بالا » ، دەپ سەل قارىدۇق.

**نىكاھقا چۈشمەك** بىراۋنىڭ ئەمرىدە بولماق، بىراۋغا خوتۇن بولماق: بۈگۈن ئىرادە بولۇپ ئۆزلىرىنىڭ نىكاھلىرىغا چۈشتۈم.

**نىكاھسىز** سۈپ. نىكاھ قىلىنمىغان، نىكاھ رەسمىيىتىنى ئۆتىمىگەن: ئۇ نىكاھسىز تۇغۇلغان بىر ئايالنىڭ بالىسى بولۇپ، ئۇنىڭ ئائىلىسى ئىنتايىن نامرات ئىدى.

**نىكاھسىز بىرگە تۇرۇش** < قا > ئەر-ئايال ئىككى تەرەپتىن بىرىنىڭ ياكى ئىككىلىسىنىڭ

جورىسى بار تۇرۇقلۇق ئۈچىنچى بىرەيلەن بىلەن بىرگە تۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**نىكاھسىز تۇغۇلغان بالا** < قا > ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بولمىغان ئەر-ئاياللاردىن تۆرەلگەن بالا.

**نىكاھلاتماق** « نىكاھلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىكاھلاشماق** « نىكاھلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**نىكاھلاندۇرماق** « نىكاھلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مومايىنىڭ ئوغلىغا شاھنىڭ قىزىنى نىكاھلاندۇرۇپ قويدى.

**نىكاھلانماق** پ. ئۆيلەنمەك (ئەرگە نىسبەتەن)، تۇرمۇشقا چىقماق (ئاياللارغا نىسبەتەن)، نىكاھلىق بولماق: ئانىسىنىڭ رايى ۋە تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بىلەن نىكاھلانغان خوتۇنى قەمەرخان ئايلا ئىدى. * كېيىن دادامدىن يوشۇرۇپ ئوغرىلىقچە نىكاھلاندىم.

**نىكاھلىق** سۈپ. نىكاھلانغان: رۇقىيەم مەردانىنىڭ ئىلگىرى ئىككى نىكاھلىق بولغانلىقىدىن ئاللىبۇرۇن خەۋەر تاپقانىدى.

**نىكاھلىق بولماق** نىكاھلانماق، توي قىلماق: ئۇ تېخى قىز، ئابدۇللا بولسا ئىككى نىكاھلىق بولغان ئادەم.

**نىكاھلىق تۇغۇلغان بالا** < قا > ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى بولغان ئەر-ئاياللاردىن تۆرەلگەن بالا.

**نىكاھلىماق** پ. شەرىئەت يولى بىلەن نىكاھ رەسمىيىتىنى ئۆتىمەك؛ نىكاھ ئوقۇماق: بەختىيار ئالقىش ۋەزىرنىڭ قىزى بىلەن سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆز ئىختىيارىنى ئېلىپتۇ-دە، باغۋەن يىگىتكە نىكاھلاپ، ئۇزۇندىن بۇيان مۇرادىغا يېتەلمىگەنلەرنى مۇرادىغا يەتكۈزۈپتۇ.

**نىكوتىن** ئى (ر) < خىم > ئورگانىك بىرىكمە، يەنى كۆك تاماكىدىكى بىئولوگىيىلىك ئاساس. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{14}N_2$. رەڭسىز ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق. ھاۋادا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ، تەسىر قىلغۇچى پۇراققا ئىگە، ئىنتايىن زەھەرلىك، نېرۋا سىستېمىسىنى ئاۋۋال قوزغىتىدۇ، كېيىن تورمۇزلايدۇ. يېزا ئىگىلىكىدە قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورا قىلىنىدۇ.

**نىكول** ئى < فىز > ئەنگلىيىلىك فىزىكا ئالىمى ۋە بىئولوگىيە ئالىمى. 1768-يىلى تۇغۇلۇپ، 1851-يىلى ۋاپات بولغان.

**نىكول پرىزمىسى** < فىز > سىنىقلىق قۇتۇپلانغان نۇرلارنى ھاسىل قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئەنگلىيىلىك فىزىكا ئالىمى نىكول [William Nicol (1768—1851)] كەشىپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان.

**نىكېل** ئى (ر < نېم) < خىم > مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ni (niccolum). كۈمۈش رەڭلىك، بەك قاتتىق، ئىنتايىن پارقىراق، سوزۇلۇشچانلىقى يۇقىرى، سەل-پەل ماگنىتلىققا ئىگە، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن رېئاكسىيىلەشمەيدۇ، كۆپىرەك ئالاھىدە پولات ۋە قېتىشما ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ، كاتالىزاتورمۇ قىلىنىدۇ. يەنە باشقا مېتاللارنىڭ سىرتىنى قاپلاشتا قوللىنىلىدۇ.

**نىكېللاتماق** « نىكېللىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**نىكېللانماق** « نىكېللىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**نىكېللىماق** پ. ئۈستىنى نىكېل بىلەن قاپلىماق، ئۈستىگە نىكېل بەرمەك.

**نىگار** ئى (پ) ① يېزت. سۆيۈملۈك، گۈزەل يار، مەشۇق: ئاسماندىكى ئايمەن،

كۆڭلۈمدىكى يارىمسەن . سۆزلىرى ئەجەب شىرىن ، گۈل يۈزلۈك نىگارىمسەن . ② ئەر-ئاياللار ئىسمى .

**نىل** ئى (پ) < خىم > قىنىق كۆك رەڭلىك ئورگانىك بوياق . مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{16} H_{10} N_2 O_2$ . ئىندىگوفېرا ئۆسۈملۈكىنىڭ يوپۇرمىقىنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ . سۈنئىي سىنتېز قىلىنغانلىرىمۇ بار . رەختلەرنى بوياشتا ئىشلىتىلىدۇ ، بۇنىڭ بىلەن بويالغان رەختنىڭ رەڭگى ئۇزاققىچە ئۆڭمەيدۇ .

**نىل رەڭ** ① < خىم > نىل . ② < گ سەن > سۇغۇققا مايىل قىنىق قارا كۆك كېلىدىغان بىر خىل رەڭ : ‖ نىل رەڭ ئىشتان . نىل رەڭ يوپكا .

**نىلقا** سۆپ . دىئال . بوۋاق ، نارسىدە .

**نىلون** ئى (ئىنگ) < خىم > ① مولېكۇلىسى تەركىبىدە ئاتسىد ئامىد بېغى بولغان سىمولا . ② شۇ خىل سىمولىدىن ئىشلەنگەن سۇلياۋ . ئۇنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ ، سۈركىلىشكە ، مايغا چىدامىلىق كېلىدۇ ھەمدە ئوڭايلىقچە سۇ سۈمۈرمەيدۇ . ئۇنىڭدىن قازان ، چىشلىق چاق ، غالتەك ، ماي نەيچىسى قاتارلىق دېتاللارنى ۋە چوتكا قاتارلىق تۈرمۇش بۇيۇملىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ . ③ شۇ خىل سىمولىدىن ئىشلەنگەن تالا ياكى شۇ تالانى ئىگىرىش ئارقىلىق توقۇلغان رەخت ؛ كاپرون : نىلون رەخت . نىلون پايپاق . نىلون مايكا .

**نىم** سۆپ (پ) يېرىم . يېرىم : نىم پەدە . * ئەھۋالى بەك خاراب ، بەكمۇ پەرىشان ، بولغانلىقى شۇ تاپتا نىم ئۆلۈك ، نىم جان .

**نىم پاشنا** ئېگىز بولمىغان ئارا پاشنا .

**نىمام** ئى < بوت > كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك . پۈتۈن تېنىدە ئۇششاق تۈكلىرى بار ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ ، گۈلى ئاق ، مېۋىسى قاتتىق مېۋە . كېۋەز كۆك پىتىگە ئوخشاش زىيانلىق ھاشاراتلار مۇشۇ ئۆسۈملۈكتە پارازىت ياشاپ قىشلايدۇ .

**نىمپەدە** ئى (نىم+پەدە) < مۇز > ئۇيغۇر خەلق مۇزىكىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى .

**نىمتە** سۆپ (پ) سويۇلغان مالنىڭ بويىغا بۆلۈنگەن يېرىمى ؛ يارتا : بىر نىمتە گۆش .

**نىمتىلەنمەك** « نىمتىلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى : نىمتىلەنگەن قوي .

**نىمتىلىمەك** پ . سويۇلغان مالنى بويىغا ئوتتۇرىسىدىن تەڭ ئىككىگە بۆلمەك ، نىمتە ھالەتكە كەلتۈرمەك .

**نىمجان** سۆپ (پ) يېرىمجان ، چالا ئۆلۈك : ئاباق بىلەن مۇھەممەتمۇ لاچىن سوققان نىمجان توشقاندەك جان قايغۇسىدا قالدى .
* ئۆچىنچىسىمۇ نىمجان ھالەتتە ياتاتتى .

**نىمجانلىق** « نىمجان » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى .

**نىمچارەك** مىق ( نىم+چارەك ) ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى . ئادەتتە نىمچارەك بەش كىلوگرامغا ، بەزى جايلاردا تۆت كىلوگرامغا تەڭ كېلىدۇ .

**نىمچە** ئى . ئاياللارنىڭ كۆڭلەكىنىڭ ئۈستىگە ، پىلاتىنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان يەڭسىز ، ياقىسىز كىيىمى : بىر پەستىن كېيىن سارغۇچ گۈللۈك تاۋاردا نىمچە كىيگەن گۈل خېنىم دالانغا چىقتى .

**نىمچىلىك** سۆپ ① نىمچىسى بار ، نىمچە كىيگەن : ھويلىدا بەلبېغىغا قىلىچ ئېسىۋالغان ، قىنىقا نىمچىلىك ، ئېگىز بويلۇق بىر ئايال تۇراتتى . ② نىمچە تىكىشكە يارايدىغان ، نىمچە بولىدىغان : بىر نىمچىلىك رەخت .

**نىمكار** ئى (پ) ① شاگىرت، بالا ئىشچى:— ئاكامنى نىمكار قىلىپ ئىشلەتسەك نومۇس ئەمەسمۇ؟ — دەپ كايىدى بالا. ② ئىشلەمچى، مەدىكار: ئون نىمكار بىلەن ئۆينى بىر كۈندىلا قوپۇرۇپ تەييار قىلدۇق.

**نىمكەش** سۈپ. بىرئاز، كېيىلگەن، ياكى ئىشلىتىلگەن يېتىدىن چۈشكەن: نىمكەش ئاياغ. نىمكەش كىيىم. نىمكەش گىلەم.

**نىمئىششەك** مىق (نىم+ئىششەك) ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. نىمچارەكنىڭ يېرىمىغا باراۋەر بولۇپ، تەخمىنەن 250 گرامغا تەڭ: قاسساپ، تۆت سەر كەم بار دەپ ئۆلەر، جۇۋىدار، نىمئىششەك كەم، دەپ ئۆلەر (ماقال).

**نى-نى** نۇرغۇن-نۇرغۇن؛ ئاجايىپ؛ مەن-مەن دېگەن: مەلىكە بەرنانىڭ ئالدىغا نى-نى بەگزادە، شاھزادىلەر، دۆلەتمەن بايۋەتچىلەر كېلىشتى. * ئاز ئىدۇق مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلىنىپ چىققاندا بىز، ئەمدى چوڭ كارۋان ئاتالدۇق، قالدۇرۇپ چۆللەردە ئىز. قالدى ئىز چۆللەر ئارا، گاھى داۋانلاردا يەنە، قالدى نى-نى ئارسلانلار دەشت-چۆلدە قەبرىسىز.

**نىھايەت** (توغرىسى: ناھايەت) ← **ناھايەت**.

**نىئوبىت** ئى (د) < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $(Fe, Mn)Nb_2O_6$. رومبىلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى تارىشسىمان ياكى قىسقا تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. رەڭگى قارا ياكى قوڭۇر، يول ئىزلىرى قىزغۇچ قوڭۇردىن قارا قوڭۇرغىچە، يېرىم مېتال پارقىراقلىقىدا كېلىدۇ. قاتتىقلىقى 6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5.2 — 6.25.

**نىئوبىي** ئى (ر< لات) < خىم > مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Nb (niobium). ئاق كۈل رەڭلىك كرىستال ماددا، سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە. قېتىشمىغا ئىنتايىن ئاز مىقداردا نىئوبىي ئارىلاشتۇرۇلسا قېتىشمىنىڭ قاتتىقلىقى، چىرىتىشكە چىدامىلىقلىقى ۋە ئىسسىقلىقتا چىدامىلىقلىقى ئارتىدۇ. نىئوبىي گاز سۈمۈرىدۇ. ئۇ گاز چىقىرىپ تاشلىغۇچى قىلىنىشتىن باشقا يەنە ياخشى بىر خىل ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچ ھېسابلىنىدۇ.

**نۆۋېلىر** ئى (ر< فران) < سۆ > گورىزونتال قاراش سىزىقى ۋاستىسى بىلەن يەر يۈزىدىكى ئىككى نۇقتىنىڭ ئېگىز-پەسلىك پەرقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ئاساسەن تېلېسكوپ (دۇربۇن) بىلەن ۋاتېرپاس (تەڭشەك) تىن تەركىب تاپىدۇ.

**نۆۋېلىرلىمەك** پ < سۆ > نۆۋېلىر بىلەن يەر ئۈستىدىكى كېرەكلىك نۇقتىلارنىڭ ئېتمېتكىسىنى ئۆلچىمەك.

**نىياز** ئى (پ) يېزت ① ئاتاش؛ نەزىر، سەدىقە، خەير-ساخاۋەت: ئى، دەرۋىشلەر، 40 كۈنلۈك پادىشاھلىقىمنى خۇدانىڭ يولىدا نىياز قىلدىم، — دەپ ئىككى پەرزەنتى بىلەن مەلىكىنى ئېلىپ شەھەر سىرتىغا چىقتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**نىياز چاچ** خۇراپاتلىقتا ئاتا-ئانىلار كىچىك، ئارزۇلۇق بالىلىرىغا «تىل تەگمىسۇن، بالا-قازادىن ساقلىسۇن» دېگەن مەقسەتتە بالىلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرگەندە ئازراق قالدۇرۇپ قويغان چېچى.

**نىياز قىلماق** ئاتىماق، نەزىر قىلماق، سەدىقە-ئېھسان بەرمەك: تۆمۈر خەلپىنىڭ ئانىسى «بۇ بالىنى خۇدا يولىدا نىياز قىلىۋەتسەك، تۇرۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ، قىرىقى چېچى چۈشۈرۈلىدىغان چاغدا،

ئوڭ دوقسىدىن ئالمدەك يەرنى قالدۇرۇپ قويدى.

**نىيەت** ئى (پ) كۆڭۈلدىكى ئارزۇ-ئىستەك مەقسەت؛ ئوي-خىيال: ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇپ قويسام سادىق دېگەندەك زىيىنى يوق، شۇڭا بارسام باراي، دېگەن نىيەتتە سادىق بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقتىم. * مەن ئۇنىڭ تېخى مۇنداق نىيىتى بارلىقىنى بىلمەيتىمەن.

**نىيەت باغلىماق** كۆڭلىگە پۈكمەك، مەقسەت قىلماق، ئويلىماق، نىيەت قىلماق.

**نىيەت قىلماق** ① كۆڭلىگە پۈكمەك، ئويلىماق: ئۇ ئەسلىدە بۇ ئىشنى ئۇلارغا ئوقتۇرماسلىقنى نىيەت قىلغانىدى. * مەن ئۆمۈرۋايەت مۇشۇ كەنتتىن، مۇشۇ مەكتەپتىن ئايرىلماسلىققا نىيەت قىلغانمەن. ② روزا تۇتماق: يوقسۇ، مەن كېچە نىيەت قىلىۋىدىم، ئۈچ كۈندىن كېيىن ئېغىز ئاچىمەن.

**نىيىتى بۇزۇق** كۆڭلى قارا، مەقستى يامان: نىيىتى بۇزۇق ئادەم. // ئۇنى ئاز دەپ نىيىتى بۇزۇقلار چاۋاك چېلىشىۋاتىدۇ.

**نىيىتى بۇزۇلماق** يامان ئوي-خىياللاردا بولماق: شۇ كۈندىن باشلاپ، نائەھلى ۋەزىرنىڭ نىيىتى بۇزۇلۇشقا باشلاپتۇ.

**نىيىتى بىر** كۆڭلى تۈز، مەقستى، ئوي-پىكرى ئوخشاش: ھەممىزنىڭ نىيىتى بىر.

**نىيىتىدىن يانماق** قىلماقچى بولغان ئوي-خىيالىدىن، مەقسىتىدىن ۋاز كەچمەك: شەپەرەڭ ھەييار شۇ خىيال بىلەن نىيىتىدىنياندى.

**نىيىتى قارا** خەققە يامانلىقنى ئويلايدىغان، قارانىيەت، ۋاپاسىز، يۈزسىز: باقىش بىلەن دانىش نىيىتى قارا، ھەسەتخور، قورقۇنچاق ئىكەن.

**نىيىتى يامان** ← **نىيىتى بۇزۇق**: نىيىتى يامانىنىڭ قازىنى تۆشۈك (ماقال). * ئۇ نىيىتى يامان ئادەم، ئېھتىيات قىلىش كېرەك.

**نيۇتون** ① ئى. ئەنگلىيىنىڭ فىزىكا، ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ئالىمى. 1642-يىلى تۇغۇلۇپ 1727-يىلى ۋاپات بولغان. ② مىق < فىز > خەلقئارا بىرلىكلەر سىستېمىسى ۋە مېتىر، كىلوگرام، سېكۇنت سىستېمىسىدىكى كۈچنىڭ بىرلىكى. بەلگىسى N. بىر نيۇتون ــ ماسسىسى بىر كىلوگرام بولغان جىسىمدا $1m/s^2$ لىق تېزلىنىش پەيدا قىلالايدىغان كۈچكە تەڭ، يەنى $1N=10^5dyn$. بۇ يەردىكى « dyn » دىنانىڭ قىسقارتىلما بەلگىسىدۇر.

**نيۇتون فورمۇلىسى** < فىز > پاراكسىئال ئوپتىكىدىكى ئوقداش سفېرىك سىستېما بىلەن تەسۋىر ئورنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ھېسابلاشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان فورمۇلا.

**نيۇتون قانۇنى** < فىز > نيۇتون كەشىپ قىلغان ئالەملىك تارتىشىش قانۇنى؛ ئىنېرتسىيە قانۇنى، سوۋۇش قانۇنى، ھەرىكەت قانۇنى، تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر قانۇنى، يېپىشقاقلىق قانۇنى قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**نيۇتوننىڭ بىرىنچى ھەرىكەت قانۇنى** < فىز > نيۇتون كەشىپ قىلغان ئىنېرتسىيە قانۇنى. ئۇنىڭ تەبىرى: ھەرقانداق جىسىم (زەررىچىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىمىسا ئۆزىنىڭ تىنچ ھالىتىنى ياكى تۈز سىزىقلىق تەكشى ھەرىكەت ھالىتىنى ساقلاپ قالىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

**نيۇتوننىڭ سوۋۇش قانۇنى** < فىز > تېمپېراتۇرىسى ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن يۇقىرى بولغان جىسىم تەدرىجىي سوۋۇغان چاغدا بويسۇنىدىغان قانۇنىيەت. ئۇنىڭ تەبىرى: جىسىمنىڭ

سىرتقى يۈزى بىلەن ئەتراپتىكى مۇھىت ئوتتۇرىسىدا تېمپېراتۇرا پەرقى مەۋجۇت چاغدا بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە بۇ جىسمنىڭ بىرلىك يۈزىدىن تارقىلىدىغان ئىسسىقلىق مىقدارى بۇ تېمپېراتۇرا پەرقىگە ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

**نيۇتوننىڭ ئۈچىنچى ھەرىكەت قانۇنى** <فىز> نيۇتوننىڭ تەسىر كۈچ ۋە ئەكس تەسىر كۈچ قانۇنى. ئۇنىڭ تەبىرى: تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچىنىڭ چامىسى ئۆز ئارا تەڭ، يۆنىلىشى قارىمۇقارشى بولۇپ، ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ياتقان ئىككى جىسىمغا تەسىر قىلىدۇ، بىر ۋاقىتتا مەۋجۇت بولۇپ، بىر ۋاقىتتا يوقىلىدۇ. بەزىدە تەسىر كۈچ بىلەن ئەكس تەسىر كۈچىنىڭ بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە ياتقان-ياتمىغانلىقىغا ئاساسەن، ئۇلار كۈچلۈك ئۆز ئارا تەسىر كۈچ ۋە ئاجىز ئۆز ئارا تەسىر كۈچ دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە يېتىش شەرتىگە تامامەن مۇۋاپىق كېلىدىغىنى «كۈچلۈك ئۆز ئارا تەسىر كۈچ»؛ ئەكسىچە بولغىنى «ئاجىز ئۆز ئارا تەسىر كۈچ» دەپ ئاتىلىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

**نيۇتوننىڭ ئىككىنچى ھەرىكەت قانۇنى** <فىز> جىسىملارنىڭ مېخانىكىلىق ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى مىقدارلىق ھالدا بايان قىلىدىغان قانۇن. ئۇنىڭ تەبىرى: جىسىمنىڭ سىرتقى كۈچ تەسىرىگە ئۇچرىغاندىكى تېزلىنىشى سىرتقى كۈچلەرنىڭ يىغىندىسىغا ئوڭ تاناسىپ، جىسىمنىڭ ماسسىسىغا تەتۈر تاناسىپ بولىدۇ. تېزلىنىشىنىڭ يۆنىلىشى يىغىندا سىرتقى كۈچنىڭ يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

**نيۇتوننىڭ يېپىشقاقلىق قانۇنى** <فىز> يېپىشقاقلىق ھادىسىسىدە سۇيۇقلۇقلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يېپىشىش كۈچىنى ئېنىقلايدىغان قانۇن. ئۇنىڭ تەبىرى: ئاقار جىسىم قەۋىتىنىڭ بىرلىك چېگرا يۈزىدىكى ئۇرۇنما يېپىشىش كۈچى تېزلىك گرادىيېنتىغا ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ دېگەندىن ئىبارەت.

**نيۇتون ھالقىسى** <فىز> مەركەزداش ھالقىلاردىن تەشكىل تاپقان تەڭ قېلىنلىقتىكى ئىنتېرفېرېنسىيە تىلىمچىلىرىنى ھاسىل قىلىدىغان ئاپپارات. دەسلەپ نيۇتون كەشپ قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**نىيەتداش** سۈپ. يېزت. نىيىتى ئوخشاش، بىر نىيەتتىكى: ئۇشبۇ كۈن قىلدىم ۋەتەن ساقلاش ئۈچۈن جەڭگە نىيەت، نىيىتىمگە بول نىيەتداش، سۆيگۈمىز بولسۇن ئەبەد.

**نىيەتلەنمەك** پ. نىيەت قىلماق: رەھمەت، دېگەن سۆزدىن كېيىنلا سەۋر قاچىسى يېرىلىپ، كىرىشكە نىيەتلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ «بىر شەرتىم بار» دېگەن سۆزىدىن نېمىنىدۇر ئۈمىد قىلىپ، بىرپەس ئۆزىنى باسقان ئىدى.

**نىيەتلىك** سۈپ. نىيىتى بار، مەلۇم نىيەتنى كۆڭلىگە پۈككەن: ياخشى نىيەتلىك ئادەم. * بۇ ئەسلىدە شۇم نىيەتلىك، ياۋۇز موماي ئىكەن.

**نىيەت-ئىقبال** نىيەت ۋە ئىقبال: ئوخشايدىكەن دەرد-ھالىمىز، بىز جۈپ قىلغاي نىيەت-ئىقبالىمىز.

# ھ

**ھ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 23-ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە يىگىرمە ئۈچىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**ھا** تەق. خۇشال بولۇپ ياكى قارشى تەرەپنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ئەخمەت «ھا-ھا-ھا!» دەپ قاقاھلاپ كۈلگەندە، ئۇنىڭ دوپدوغىلاق يۈزى ئاناردەك قىزىرىپ، يوغان كۆزلىرى قىسىلىپ كەتتى.

**ھابىا** بال س ← **ھابىا قىلماق.**

**ھابىا قىلماق** سۆيۈپ قويماق: — بالام ئاچاشنى ھابىا قىلىپ قويۇڭا، — دېدى ئۇ قىزىغا ئارزۇگۈلنى كۆرسىتىپ.

**ھاپ** تەق. ئېغىزنىڭ يوغان ھەم تېز ئېچىلىپ-يېپىلىشىدىن ياكى ئېغىزنى يوغان ئېچىپ بىرەر نەرسىنى تېز ئېغىزغا سېلىپ ئېغىزنى يۇمۇشتىن چىققان ئاۋاز: ھاپ ئەتمەك. ھاپ قىلماق. * يەنە ئىككى ئالىم ئۇنىڭغا قارشى چىقىپتۇ ۋە ئۇ تەييارلىغان مىكروبنى «ھاپ» ئېتىپ يەپتۇ، بۇ مىكروب ئۇنىڭغا تەسىر قىلماپتۇ.

**ھاپ ئەتمەك** بىرەر نەرسىنى ئېغىزغا ئېتىك ھەم بىراقلا سالماق: ئۇ تەخسىدىكى ئۇۋاق ناننى قولىغا سىيرىدى-دە، ھاپ ئەتتى. * ئۇ چېرىكلەر ھالال بىلەن ھارامنى ئايرىپ ئولتۇرمايلا ھەممىنى ھاپ ئېتىپ تۈگىتەتتى.

**ھاپ تۈگىلەڭ** كىچىك بالىنى بويىنىغا مىندۈرۈش: دىلەيساخاننىڭ ئانىسى تومۇزدا يومىشچىكىنىڭ نېنىنى ياقاتتى، «چاچلىق قىز» — دىلەيساخان باينىڭ ئەركە، خام سېمىز قىزنى كۆتۈرۈپ «ھاپ تۆگىلەڭ» قىلىپ ئوينىتاتتى.

**ھاپ قىلماق ← ھاپ ئەتمەك:** بەختكە پادىشا مەخمۇت خوجا نېرىننى «ھاپ» قىلىپ بىر نۆۋەتتىلا يۇتۇپ، غەلىبە قىلدى.

**ھاپ ئۇرماق** دىئال. لاپ ئۇرماق، پو ئاتماق، يالغان ئېيتماق.

**ھاپاش** ئى. ئادەمنى دۈمبىسىگە مىندۈرۈپ كۆتۈرۈش، يۈدۈش: ھاپاش ئەتمەك. ھاپىش

قىلماق. * مەككىگە ئاپارسام قەرزى تۆگمەس، مەن ئۇنى بىر ئەمەس، مىڭ هاپاش ئېتىپ!؟ تۆگمەس كۆيلىسەم مېھىر-شەپقىتى، بىر ئۆمۈر ئۇلتۇرۇپ ناخشا-كۈي قېتىپ.

**هاپاش ئەتمەك ← هاپاشلىماق**: مالىك ئازگالدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئىگراپ ياتقان ئىسھاقنى يەنە هاپاش ئەتتى.

**هاپاش بولماق** ① دۈمبىسىگە چىقماق، دۈمبىسىگە مىنمەك: — بۇ يەردە ئۇزۇن تۇرۇشقا بولمايدۇ. ئۇلار سىزنىڭ يوقلۇقىڭىزنى بىلسە، دەرھال ئەتراپنى ئاختۇرۇشقا باشلايدۇ. كاجلىق قىلماي دەرھال هاپاش بۇلۇڭ، — دېدى ئەزىز جىددىيلىشىپ. ② كۆچمە. تايانماق، يۆلىنىۋالماق؛ ئارتىلماق: — ئۇلار قاچانغىچە هاپاش بولىدىكەن بىزگە، ئۆزۈم بارىمەن، ياقىسىغا ئېسىلىمەن، چاشقان قۇيرۇقىدەك بۇرۇتىدا ئىلەڭگۈچ ئۇچىمەن، — دېدى ئايال يولدىشىغا ۋارقىراپ.

**هاپاش قىلماق ← هاپاشلىماق**: ھەممە باللار كەتكەندىن كېيىن، دوستۇم غوپۇر مېنى هاپاش قىلىپ ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويدى.

**هاپاش ياقا** بىر خىل پاسوندىكى ياقا. ئۇنىڭ يۇقىرى قىسمى ياكى ھەممە قىسمى يۇقىرىغا ئۆرۈلگەن، ئېغىزى ئېچىلغان ھالەتتە بولىدۇ.

**هاپاشلاتماق** «هاپاشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**هاپاشلىماق** پ. ئادەمنى دۈمبىسىگە مىندۈرمەك، دۈمبىسىگە ئېلىپ كۆتۈرمەك، يۈدۈمەك: ئۇلارنى تۆت يولنىڭ تۇگۈنىدىكى سەينادەك كەڭ سورۇنغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ يەرگە توپلانغانلار ئارىسىدا باللىرىنى باغرىغا باسقان، هاپاشلىغان ئاياللارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. * شۇ ئەسنادا ئەپكەش كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلگەن دىلشاد مېنى هاپاشلىغىنىچە يېزا دوختۇرخانىسىغا

ئېلىپ ماڭدى.

**هاپپا** ئى. دىئال. شاپىلاق، «هاببا» شەكلىدىمۇ ئىپتىلىدۇ.

**هاپىتى-شاپىتى ← هاپىتىغا شاپىتى.**

**هاپىتىغا شاپىتى** خىل-خىلغا؛ ئەسكىگە ئەسكى؛ ياخشىغا ياخشى: هاپىتىغا شاپىتى، توغرىلىققا مەرەزدا (ماقال).

**هاپىز** ئى (ئە) ① ھۆكمەت ۋە دىنىي قوشاقلارنى ئاھاڭلىق ئوقۇيدىغان كىشى: هاپىزلار باغنىڭ ئىچىنى يېرىۋەتكۈدەك ناخشا ئېيتىپ قىزىتقان پەيتتە، زەيتۇنخان ئۇسسۇلغا چۈشتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**هاپىزلىق** «هاپىز» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: هاپىزلىق قىلماق. * بۇ شېئىرلار شۇ چاغدا باش كۆتۈرگەن هاپىزلىق نەزمىلىرىگە نىسبەتەن بىر يېڭىلىق ئىدى.

**هاپىلا-شاپىلا** ئالدىراپ-تېنەپ، ياخشىراق ئويلانماستىن: نەزەرمۇ هاپىلا-شاپىلا بوۋاينىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ۋە يانچۇقىدىن بىر دانە بەش يۈەنلىك پۇلنى چىقىرىپ، غەيرەتكە تەگلىدى. * دادام شۇنداق دېدى-يۇ، هاپىلا-شاپىلا ئالدىمدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئېڭىكمدىن ئەركىلىتىشكە باشلىدى.

**هاتەم** ئى (ئە) ① سېخىي، ساخاۋەتلىك، ئالىيجاناب: بۇ چۆچەك داستاندۇر، ئەپسانە ئەمەس، ئارمانىدا ئۇنى بىر ئىشتىمگەن ئادەم. بۇ چۆچەك گۈلباغدۇر، ۋەيرانە ئەمەس، دەرمانىدا، سەيلىگە كەلمىگەن هاتەم. ② رىۋايەتلەردە سېخىيلىك مەردلىك، قولى ئوچۇقلۇق بىلەن داڭ چىقارغان ئەپسانىۋى شەخس.

**هاتتار** ئى. دىئال. دورىپۇرۇش.

**هاجەت** ئى (ئە) ① كېرەكلىك، زۆرۈرلۈك، زۆرۈرىيەت، ئېھتىياج: هاجىتى يوق. هاجەت ئەمەس. * بېخىلغا هاجىتىڭ چۈشسە يوق

دەيدۇ، سېخىيغا هاجىتىڭ چۈشسە خوپ دەيدۇ (ماقال). * ئورمانلاردا شىرلارنىڭ، باغچىلاردا يىلانلارنىڭ بولۇشىدىن ئەجەبلىنىشنىڭ هاجىتى يوق. * ئۆز تۇرمۇشى، باللىرى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ھەسرەت تۆكۈپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشنىڭ نېمە هاجىتى؟ ② موهتاجلىق؛ تەلەپ: مېنىڭ قايغۇ-ھەسرىتىمنى، دەرد-ئازابىمنى، هاجەت-تىلىكىمنى ئۇلار ئەزەلدىن قىلچە بىلگەن ئەمەس، ھەتتا مېنىڭ ئۆلۈپ كەتمىگەنلىكىمنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ. * ــ هاجىتىمىزغۇ كۆپ... هازىرچە مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، ــ دېدى ئايال ئىنىتىك سىرتقا قاراپ قويۇپ قازىغا. ③ كۆچمە. چوڭ-كىچىك تەرەت: هاجەتكە چىقماق. هاجەتكە بارماق. * مەلۇم بولدىكى، قارىكۆز ئايلا بۇگۈن تاڭ سەھەردە هاجەتكە چىققان يېرىدىن غايىب بولغانمىش. * ئۇ ماشىنا كەلگۈچە ئازلىقتا قېيىن ئانىسىنى يۆلەشتۈرۈپ ئولتۇردى. ئارىدا بىر قېتىم يۆدۈپ هاجەتكە ئاپاردى.

**هاجەت بولماق** ① زۆرۈر بولماق، زۆرۈرىيىتى بولماق: ئۇستا هاجىتى بولمىسىمۇ ئارقا-ئارقىدىن باش ئىشارىسى قىلاتتى. * ئۇلار دىلشادنىڭ تېز چوڭ بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ ئوينىشىنى، هاجەت بولغاندا هاسا تايىقىنى ياكى كالاچ مەسلىرىنى ئالدىلىرىغا تەق قىلىپ بېرىدىغان بىر ئوغۇل بولۇپ يېتىلىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى. ② موهتاج بولماق: ئۇ قاچانلا بولسۇن مەندىن ئۇستۈن تۇرمەنلا دەيدۇ، ماڭا زادىلا ياخشىلىق تىلىمەيدۇ. ئۇنىڭغا نى-نى ياردەملەرنى قىلدىم، ئۇ پۇلغا هاجەت بولغاندا، دائىم پۇل جايلاپ بەردىم.

**هاجەت قەغىزى** هاجەت قىلغاندا ئىشلىتىلىدىغان قەغەز.

**هاجەت قىلماق** چوڭ-كىچىك تەرەت قىلماق: ئۇلار بىر ئارالغا كېلىپ ۋەيران بولغان بىنانىڭ ئىزىغا يېقىنلاشقاندا، قىز هاجەت قىلىش ئۈچۈن چۈشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ.

**هاجىتى چۈشمەك** ئېھتىياجلىق بولماق، ياردەم تەلەپ قىلماق: بىرەر ئىشقا هاجىتى چۈشكەن كىشىلەر بەش سوم تۇرماق، ئون سومغىمۇ تەييار-دە. * شىرمەھەممەت شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ خەقنىڭ هاجىتى چۈشۈۋاتقان ئادەمگە ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلدى.

**هاجىتىدىن چىقماق** هاجىتىنى، ئېھتىياجىنى قاندۇرماق، تەلىپىنى ئورۇندىماق: ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭىنىڭ هاجىتىدىن چىقىش يۈرەككە قانچىلىك شادلىق بېغىشلايدۇ-ھە؟ * شۇ كۈنى مەن تۇنجى قېتىم ئىدارىدىكى ئاددىي بىر كادىرنىڭ هاجىتىدىن چىقتىم.

**هاجىتى قىستاپ كەتمەك** تەرەت قىلغۇسى كېلىپ كەتمەك: ئۇنىڭ هاجىتى قىستاپ كەتكەنلىكىدىن ئالدىراپ هاجەتخانىغا ماڭدى.

**هاجىتى نېمە؟** نېمە هاجىتى بار، نېمە زۆرۈرىيىتى بار: ــ توختاڭ، ئالدىراشنىڭ هاجىتى نېمە؟ ــ دېدى تۇرغۇن گۈلقىزغا خاتىرجەم هالدا كۈلۈپ قويۇپ.

**هاجىتىنى راۋا قىلماق** هاجىتىنى، تەلەپ ئېھتىياجىنى قاندۇرماق: راست، ئەركىنىنىڭ مۇشۇ مەكتەپتە ــ مەن باشقۇرغان تولۇق سىنىپتا ئۈچ يىل ئوقۇغانلىقى راست بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ هاجىتىنى راۋا قىلمىسام بولامدۇ؟

**هاجىتى يوق** زۆرۈرىيىتى، ئەھمىيىتى يوق، مۇھىم ئەمەس: بۇ ئىشقا ئۇنىڭ ئۆزىمۇ هاجىتى يوق دەپ قارايدىكەن.

**هاجەتخانا** ئى (ئە+پ) تەرەتخانا، خالا: شىرمەھەممەت ئىشكتىن چىقىپلا هاجەتخانا تەرەپكە ماڭدى.

**هاجەتسىز** سۈپ. هاجىتى، كېرىكى يوق؛

ئوشۇقچە: جۇيجاڭ ئالدىدا ئولتۇرغان رەھمەتكە قاتتىق تىكىلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدا بولۇۋاتقان ئۆزگىرىشتىن نەق جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى سەزدى-دە، ئوشۇقچە سوراق قىلىشنى هاجەتسىز بىلىپ، ئۆزىنى ئاقلاپ سۆزلەۋاتقان رەھمەتنى سۆزدىن توختاتتى. * زىياپەت باشلاندى. هاراق ۋە سەيلەرنىڭ مول ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئولتۇرۇش هاجەتسىز.

**هاجەتمەن** ئى (ئە+پ) بىرەر نەرسىگە ئېھتىياجى بولغان، هاجىتى چۈشكەن، بىرەر تەلىپى ياكى ئىلتىماسى بار ئادەم: شۇنىڭدىن كېيىن لۇقمان ھەرقانداق هاجەتمەن كەلسە، خالىغانچە قەرز بېرىدىغان بولۇپتۇ. * ئۇ هاجەتمەننىڭ دەردىگە يېتىپ، بۇرنى كۆپكەننىڭ بېزىنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم.

**هاجەتمەنلىك** «هاجەتمەن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: هاجەتمەنلىك بەزىدە كىشىنى قانچىلىك سارغايتىدۇ-ھە؟! زەپەرجان ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، ئېغىر قەدەملەر بىلەن قوشنا بۆلۈمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئىشىكنى ئاچتى.

**هاجى** ئى (ئە) ① مەككە-مەدىنىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلگەن ئادەم: هاجى مىڭگەن ئېشەكمۇ ھەرەمگە بېرىپتۇ (ماقال). * ئاقارغان ساقىلى كۆكرىكىگە چۈشكەن هاجى قازىدىن هال-ئەھۋال سورىدى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**هاجىپ** ئى (ئە) تارس ① ئىشىك باققۇچى، دەرۋازىۋەن. ② ئوردىنىڭ كاتىپى: ئىلىك هاجىپ بۇ مەسلىھەتنى سۇتۇق بۇغراخانغا يەتكۈزۈپ، ئۇنىڭ پىكرىنى ئالماقچى بولدى.

**هاجىلىق** «هاجى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: هاجىلىق مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن ئادەم. * يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك، هاجىلىققا ھەرەم (ماقال).

**هادىرۇسكۇن** رەۋ. قالايمىقان، پاتىپاراق: هادىرۇسكۇن قىلماق.

**هادىرۇسكۇن بولماق** پاتىپاراق بولماق: قالايمىقان، ئۇنىڭ ئادەملىرى هادىرۇسكۇن بولۇپ كەتتى.

**هادىرۇسكۇن قىلماق** پاتىپاراق قىلماق: بىردەمدىن كېيىن ئۆزىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە شەھەرنىڭ ئۈستىگە پەسلەپ، پوقرالارنى هادىرۇسكۇن قىلىشقا باشلىدى.

**هادىرۇسكۇنچىلىق** ئى. قالايمىقانچىلىق، پاتىپاراقچىلىق: ئوتتۇنچىنىڭ قۇرۇق هارۋىنى ئېلىپ قاچقان ئىككى ئېتى ئاشۇنچە هادىرۇسكۇنچىلىكنى باشلاپ ئۆستەڭ بويى تەرەپتىن ھېيتگاھقا كىرىپ كەلمەكتە ئىدى.

**هادىس** سۈپ (ئە) ئاجايىپ، ناھايىتى، ئىنتايىن: ئۇ ناھىيە بازىرىدا توساتتىن ئۇچراپ قالغان مانا شۇ هارۋىغا ئولتۇرۇپلا يولغا چىققانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا هادىس بىر گۈزەللىك پەيدا بولغانىدى. * — نېمانداق جىگدە گۈلى پۇرايدىكىن دېسەم ئۆزلىرى بۇ يەردە ئىكەنلا... هادىس ئوبدان ئىش بولدى، — دېدى قادىر ئايشەمگە چاقچاق قىلىپ.

**هادىسە** ئى ① تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا يۈز بېرىدىغان ئۆزگىرىش: تەبىئىي هادىسە، ئىجتىمائىي هادىسە. * تۈن قوينىغا پات-پات نۇر تۆكۈپ تۇرغان بۇ غەلىتە ئاسمان هادىسىسىگە ئۇ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھەيرەت بىلەن تىكىلىپ قارىدى. * كۆچۈرۈش بىر خىل مۇرەككەپ پسىخىكىلىق هادىسە بولۇپ، پسىخىكىلىق تەتقىقات جەريانىدا ئەزەلدىن نۇرغۇن چوڭ تالاش-تارتىشلار ساقلانماقتا. ② تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا، تۇرمۇشتا يۈز بېرىدىغان سەلبىي ۋەقە، كېلىشمەسلىك: هادىسىگە ئۇچرىماق. قاتناش هادىسىسى.

ماشىنا ھادىسىسى. * قاراماي نېفتلىكى نېفت ئايرىش زاۋۇتى قىشتا ئوت كېتىش، پارتلاش قاتارلىق ھادىسىلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۆتكەن يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك بىر قېتىم چولڭ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. * بىر جىپ، ئىككى موتسىكلىت ھادىسە چىققان يەرگە كېلىپ، جىددىي تورمۇز قىلدى، ساقچىلار نەق مەيداننى رەسىمگە ئالدى. ③ < پەلس > پەلسەپىدىكى بىر كاتېگورىيە. ئۇ شەيئىلەرنىڭ تاشقى باغلىنىشى بولۇپ، ماھىيەتنى ئىپادىلەيدۇ، كىشىلەر شەيئىلەرنىڭ ماھىيىتىنى، ھادىسىنى تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئاندىن بىلەلەيدۇ: ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاققا باھا بېرىش سەۋىيىسىنى ھادىسىدىن ماھىيەتكە، ئۆزگىدىن ئۆزگە، بىر تەرەپلىملىكتىن ئەتراپلىق بولۇشقا قاراپ تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم.

**ھادىسە بولماق** ① تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزگىرىش يۈز بەرمەك، ئۆزگىرىش بولماق: كۆچۈرۈشمۇ بىر خىل مۇرەككەپ پىسخىكىلىق ھادىسە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ② تەبىئەتتە، ئىجتىمائىي ھاياتتا، تۇرمۇشتا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بەرمەك، بىرەر ۋەقەگە يولۇقماق: ناۋادا بىرەر ھادىسە بولۇپ ئامبار يار ئېلىپ كەتسە، ساي ئىچىدە ئولتۇرۇشلۇق پۈتۈن ئاھالە ۋەيران بولىدۇ.

**ھادىسىگە ئۇچرىماق** بىرەر ئەھۋالغا ياكى خېيىم-خەتەرگە يولۇقماق: كامىل ھادىسىگە ئۇچراپ قازا تاپقان كۈندىن باشلاپ، زاكىرجان ئۆزىنى گۇناھكار دەپ ھېس قىلماقتا ئىدى. * ئۇقتۇرۇشتا: «ئاقسۇ 5-ئاتلىقلار پولكىنىڭ مۇئاۋىن كوماندىرى مايور كېرىم كۆتۈلمىگەن ھادىسىگە ئۇچراپ، بەختكە قارشى قازا تاپتى» دېيىلگەن ئىدى.

**ھادىسىلەر مۇناسىۋىتى** < مات > ھادىسىلەر بىلەن ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئەمەللەر مۇناسىۋىتى. بۇ خىل مۇناسىۋەت ئادەتتە ھادىسىلەرنىڭ ئۆز ئىچىگە ئېلىش مۇناسىۋىتى، ھادىسىلەرنىڭ تەڭ كۈچلۈكلۈك مۇناسىۋىتى، ھادىسىلەرنىڭ يىغىندى مۇناسىۋىتى، ھادىسىلەرنىڭ كۆپەيتمە مۇناسىۋىتى، ھادىسىلەرنىڭ بىرلىكتە يۈز بەرمەسلىك مۇناسىۋىتى، ھادىسىلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىق مۇناسىۋىتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**ھادىسشۇناسلىق** ئى < پەلس > ① گېگېل پەلسەپىسىدىكى ئىنسانلار ئېڭىنىڭ بىۋاستە ھېسسىي سەزگۈدىن «مۇتلەق بىلىم» گىچە بولغان تارىخىي تەرەققىياتى توغرىسىدىكى ئىدېئالىستىك تۈردە بۇرمىلانغان چۈشەنچە. ② نېمىس پەيلاسوپى ھوسسەر (1859 ــ 1938) تەرىپىدىن بەرپا قىلىنغان ھەمدە جاھانگىرلىك دەۋرىدە بۇرژۇئا پەلسەپىسىدە كەڭ تارقالغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل سۇبيېكتىپ ئىدېئالىستىك نەزەرىيە.

**ھار** ئى. ئۇيات، نومۇس: ھار ئالماق.

**ھار ئالماق** ئۇيات، نومۇس دەپ بىلمەك؛ ئېغىر كەلمەك. ئازابلىق تۇيۇلماق: ئۇ سېنىڭ گېپىڭنى بەك ھار ئالدى.

**ھار كەلمەك** ئۇيات، نومۇس بىلىنمەك؛ ئېغىر كەلمەك، ئازابلانماق: ئۇكىسىنىڭ قىلىقلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ ھار كەلگەن ئىدى.

**ھارارەت** ئى (ئە) ① كۈچلۈك دەرىجىدىكى ئىسسىقلىق، تەپت: ئوتنىڭ ھارارىتى. قۇياشنىڭ ھارارىتى. * بۇ چاغدا ئىككى دانە پەرۋانە يۇمشاق ئۇچۇپ، ئۆزلىرىنى چوغدەك قىزىپ كەتكەن شىشىگە تىنماي ئۇراتتى-دە، ھارارەتتىن راھەتلىنىپ لامپا تۈۋىگە چۈشەتتى، بىردەمدىن كېيىن يەنە ئۇچۇپ، شىشە ئەتراپىدا ئايلىنىشنى داۋام قىلدۇراتتى. ② بىرەر جىسمنىڭ، ماددىنىڭ

قىزىش ياكى ئىسسىتىلىش دەرىجىسى؛ تېمپېراتۇرىسى: ئۆيىنىڭ هارارىتى 38° تىن ئاشماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قىمىرلىماستىن كاڭدا ئولتۇرۇپ، تامدىكى تېرمومېتىرغا قاراپ قوياتتى. ③ كۆچمە. هېسسىي تەپت؛ لەززەت؛ ئىللىقلىق: قىزنىڭ پاك يۈرىكىدە بىر خىل ئوتلۇق هارارەت پەيدا بولۇپ، قىزنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەسىر قىلىپ ئۇنىڭ پۈتۈن تومۇرلىرىدا ئاقاتتى. * بۇ كىچىككىنە جان ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئۆزىدىن نەچچە يۈز هەسسە چوڭ خۇشاللىق، ئاۋاتلىق ۋە هارارەت ئېلىپ كەلدى.

**هاراەتسز** سۈپ ① هارارىتى، قىزىقى، ئىسسىقى، تەپتى يوق؛ سوغۇق: بۈگۈن هاۋا تۇتۇق بولۇپ قۇياش يۈلتۈزغا ئوخشاش هاراەتسز ئىدى. ② كۆچمە. يېقىمسىز؛ سوغۇق: ئۇنىڭ مىجەزىدىكى بەزى ئالامەتلەر كىشلەرگە بىر خىل هاراەتسز تۇيغۇ بېغىشلايتتى.

**هاراەتلك** سۈپ ① هارارىتى، تەپتى بار؛ ئىسسىق، قىزىق: ئەنە شۇ شەپەقنىڭ ئەكسىدە، ئەتە يەنە قايتىپ كەلمەكچى بولغان هاراەتلىك قۇياشنىڭ ئەكسىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ② كۆچمە. ئىسسىق، ئىللىق، يېقىملىق: تومۇرلىرىدا ياشلىقنىڭ ئوتتەك قىزىق قېنى قايناپ تۇرغان هاراەتلىك ئىككى قول بىر-بىرىگە چۈپلەشتى. * ئابدۇراخماننىڭ ئويچان كۆزى تومپۇچكا تۆپىسىدە تۇرغان گۈللۈك كونۋېرتقا چۈشتى-دە، گۈللۈك كونۋېرتتىن تەكلىپنامىنى ئېلىپ، سۇلتانىۋانىڭ هېلىقى بىر كۈپلېت هاراەتلىك مىسرالىرىنى يەنە بىر نۆۋەت ئىخلاس بىلەن ئوقۇدى.

**هاراق** I ئى (ئە) ئاشلىق، يەل-يېمىش قاتارلىقلارنى ئېچىتىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان، كەيپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە يۇقىرى گرادۇسلۇق ئىچىملىك: — ئۇستام، سىلىگە نېمە بولدى؟ هاراق، تاماكا دېگەننى ئېغىزلىرىغا ئالمايدىغانغۇ؟ — دېدى مۇتەللىپ هەيران بولغان هالدا ئەمەت ئۇستىغا قاراپ.

**هاراق** II ئى (ئە) < بن > جەڭگىنىڭ تېگىگە تام بويلاپ قويۇلىدىغان ياغاچ.

**هاراقخور** ئى (ئە+پ) ← **هاراقكەش**: — بۇ هاراقخورنى ئىككىنچى ئۆيگە دەسسەتمەيمەن، — دېدى ئۇ جالاقىدە ئىشىكنى يېپىپ. * تىببىي ۋە مەمۇرىي خادىملار ئويۇن-تاماشاپەرەس، هاراقخور بولماسلىقى كېرەك.

**هاراقخورلۇق** ئى ← **هاراقكەشلىك**: هاراقخورلۇق قىلماق. * هازىر نۇرغۇن دۆلەتلەردە هاراق بالاسىدىن ساقلىنىش تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، هاراقخورلۇققا قارشى تەشۋىقىي-تەربىيەلەر ئېلىپ بېرىلماقتا.

**هاراق-شاراب** هاراق ۋە شاراب، هاراق تىپىدىكى مەس قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە ئىچىملىكلەر: هاراق-شاراب ئىچمەك. هاراق-شارابقا بېرىلمەك. * ئەي ئوغۇل، ئەگەر هېچقاچان هاراق-شاراب ئىچمىسەڭ، ئاللاتائالا سەندىن رازى بولىدۇ هەم خەلق ئىچىدە ئىسمىڭ ئۇلۇغ، گۈزەل ئەخلاق ۋە ئىشەنچكە سازاۋەر بولىسەن.

**هاراقكەش** ئى (ئە+پ) هاراق ئىچىشنى ئادەت قىلغان، دائىم هاراق ئىچىدىغان، هاراق ئىچمىسە تۇرالمايدىغان، هاراق خۇمار ئادەم: — بۇ هاراقكەشنى نەدىن تېپىۋالدىڭ، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى ئانىسى.

**هاراقكەشلىك** ئى. هاراققا بېرىلىش ئادىتى، هاراق ئىچمىسە تۇرالماسلىق: بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىز ناهايىتى ئىلگىرىكى زامانلاردىلا هاراقكەشلىكنىڭ زىيىنىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنى قاتتىق چەكلىگەن.

**هارام** سۈپ (ئە) ① < دىن > شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق كەلمەيدىغان، شەرىئەتتە يېيىش-ئىچىش چەكلەنگەن؛ هالال ئەمەس: غالجىر خۇدانى بىلمەس،

ئىت هارامنى (ماقال). * ــ هارام گۆشنى يەۋېرىپ سەمرىپ كېتىپتۇ، ــ دېدى قاسىم ئۇ كەتكەندىن كېيىن. * شەرىئەتتە ئايال مۇردىنىڭ كېپىنىنى ئېچىشقا يول يوق، ئېچىش هارام. ② هېيلىگەرلىك، مەككارلىق چىقىپ تۇرىدىغان: مەخموت ئارزىگۇل چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يۈزىنى بۇ ياققا ئۆرۈپ هارام كۈلكە ئارىلاش قاقاهلاپ كۈلۈپ كەتتى. ③ نورمال، ئېھتىياجلىق بولمىغان، زۆرۈرىيىتى، كېرىكى يوق: هارام شاخ. هارام پۇتاق. * ئۇلار شۇڭلارنى خۇددى قىزلار چاچ تارىغاندەك رەتلىك، جاي-جايىغا تارايتى، ئۈزۈم مەھسۇلاتىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان هارام شىۋاق ۋە قارا يوپۇرماقلارنى پۇتاپ ۋاقتىدا ئېلىۋېتەتتى. * هارام ئوتتىن قۇتۇلغان، مايسا كۆلۈپ قارايدۇ. كۆمۈش سۇدا يۈز يۇيۇپ چاچلىرىنى تارايدۇ. ④ كۆچمە. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ «نىكاھسىز، قانۇنسىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: خىيال بىلەن كېتىۋاتاتتىم. شەھەردىكى ھېلىقى هارامدىن تۇغۇلغانلار نەدىن كەلدى بىلمىدىم، كۆزۈمگە قۇمنى «شارت» قىلىپ چاچتى-يۇ، تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ يوقلىشتى. ⑤ كۆچمە. باشقىلارنى ئالداش ئارقىلىق قولغا كىرگۈزۈلگەن، مېھنەت سىڭدۈرۈلمىگەن: هارام مال. هارام پۇل. هارام ئوقەت. * هارام هارامغا كېتەر، هالالنى زايە ئېتەر (ماقال). * ــ مەن ئوغرى ئەمەس، هارام نەرسە ماڭا سىڭمەيدۇ، مەن بۈگۈن كىچە ئوتۇن ئەكەلدىم، ئەكەلگەن ئوتۇن هويلامدا تۇرۇپتۇ، ــ دېدى تۇرسۇن ئۇنىڭغا. * ئىش يوق دېگەنمۇ گەپمۇ، ياش ئادەم ئىش يوق بولسا سوراپ تېپىپ قىلىدىغان، هۆكۈمەتنىڭ پۇلىنى هارام ئالغان بىلەن بولمايدۇ.

**هارام بولماق** ① يېگىلى، ئىچكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالماق، هارام قاتارىغا ئۆتمەك: قوي هارام بولدى. * بايلار ئاش هارام بولدى دېيىشىپ نېرى كېتىشتى. ② بىكارغا كەتمەك، يوققا چىقماق، نېسىپ بولماسلىق: بۇ كېچە تەلئەتكە ئۇيقۇ هارام بولدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن دىلبەرنىڭ قىزلىق تەبەسسۇمغا تولغان چىرايى ھېچ كەتمەيتتى. * شۇنداق قىلىپ، بىزگە ئۈچ كۈن ھېيت هارام بولدى. ③ يىرگىنچلىك، ئازابلىق تۇيۇلماق: ــ ئاكىلار! مۇشۇ هالغا چۈشۈپ قېلىپسىلەر، بۇ شەھەر ئەمدى بىزگە هارام بولۇپتۇ، بۇ يەرنى تاشلاپ باشقا يەرگە كېتەيلى، ــ دەپتۇ كەنجى ئوغۇل. * سەنسىز بولماس ياخشى كۈنلەر، چاڭ سالدى دەرد-ئەلەم ماڭا. ئاقتى چۈلگە كۆز گۆھرىم، هارام بولدى ئالەم ماڭا.

**هارام تاش** <گېئول> رۇدىدىكى پايدىلىق ماددىلارغا ئەگەشكەن پايدىسىز ماددىلار. ئۇلار رۇدا تاللاشتا چىقىرىۋېتىلىدۇ. رۇدىلاردا بۇنداق هارام تاشلار قانچە ئاز بولسا، ئۇنىڭ سۈپىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

**هارامدىن بولغان** ← **هارىمى**: هۇ ئاناڭنى، هارامدىن بولغان! نېمە ئۇڭدا يېتىپ سۈيدۈكۈڭنى ماڭا چاچرىتىسەن!

**هارامدىن تاپماق** ① نىكاھسىز تۇغماق: ئۇنىڭ هارامدىن تاپقان بالىسى هازىر 13ــ14 ياشلارغا كىرىپ قالغاندۇ؟ ② مېھنەت سىڭدۈرمەستىن باشقىلارنى ئالداش بىلەن قانۇنسىز مال-دۇنياغا ئىگە بولماق: بوۋاينىڭ «ئىتنىڭ ئازابىنى تارتتۇرىۋېتىپسەن» دېگىنى مىڭ مەرتىۋە توغرا! هارامدىن تاپقان پۇلنىڭ بەرىكىتى بولامتىمۇ؟ خۇددى شامالدا ئۇچقان توزغاقتەك توزۇپ تۈگەيتتى.

**هارام شاخ** <بوت> مېۋىلىك دەرەخ، كېۋەز قاتارلىقلاردىكى مېۋە بولمايدىغان شاخ.

**هارام قىلماق** ① يېگىلى، ئىچكىلى

بولمايدىغان قىلىپ قويماق: ــ بوغۇزلاپ قويايلى دېسەم ئۇنماي كالىنى هارام قىلدىڭ، ــ دېدى ئاكام دادامغا. ② ئىسراپ قىلماق، يوق قىلماق، بىكار قىلماق: ئۇ بۇ كۈننى هارام قىلىشتىن قورقىدۇ ۋە ئۇنى كۆڭۈللۈك بايرام دەپ بىلىدۇ. ③ يىرگىنچلىك، ئازابلىق نەرسىگە ئايلاندۇرماق: ــ سەن بۇ ئىشلىرىڭ بىلەن بۇ شەھەرنى ماڭا هارام قىلدىڭ، بۈگۈنلا كۆچۈپ كېتىمەن.

**هارام كەتمەك** ① ئىسراپ بولۇپ كەتمەك، بىكار كەتمەك، زايە بولماق: بۇنى ئاڭلىغان ئىككى ئاكىسى: ــ سەن نېمدېگەن ئەخمەق! خۇدايىم بەرگەن قويلارنى سويۇپ يەۋالماي ئىگىسىگە بېرىۋەتكىنىڭ نېمىسى! ساڭا بەرگەن تاماقمۇ هارام كېتىپتۇ، ــ دەپ ئۇكىسىنى تازا ئۇرۇپتۇ. ② ناهەق، بىئەجەل ئۆلۈپ كەتمەك: ــ يا ئاللا، ئۇنىڭغا بىرەر يېرىم پاي ئوق تېگىپ كەتسە قانداقمۇ قىلارمەن. هارام كەتمەمدۇ بالام، ــ دەپ يىغلاشقا باشلىدى ئۇ. * 17 ياشلىق بىر بالا ئەزرائىل بىلەن جان تالىشىپ قالغانىدى، ياقۇپجان بارمىسا هارام كېتىپ قالاتتى.

**هارام نىيەت** باشقىلارغا يامانلىق ئويلايدىغان؛ قارا نىيەت: بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىگە هەيران بولدۇق. هارام نىيەت گومىنداڭچىلار بۇ يەردىمۇ بىز ئوغرۇلۇق تۆرلۈك تەتۈر تەشۋىقلارنى تارقىتىپ، تېنچ ئاهالىنى تەشۋىشكە سالغانىكەن. * مەلىكىدە ئۇنىڭ هارام نىيىتىگە قارىتا زادىلا قارشىلىق، هوشيارلىق ۋە تەييارلىق بولماپتۇ.

**هارام ئۆي ←هارام نىيەن:** ئۇنىڭ بۇنداق هارام ئۆيى پادىشاھنىڭ زەردىسىنى قايىنتىپتۇ-دە، ئورنىدىن قوغلىنىپتۇ.

**هارام ئۆلمەك** ناهەق، بىئەجەل ئۆلمەك: بۇ خەققە جىم تۇرۇپ بەرسەك مۇشۇنداق ئازاب سېلىپ هارام ئۆلگۈدەكمىز. * زىندانغا چۈشۈپ قالدۇق، «گۇناھ» قىلغان ئوخشايمىز، قىلغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق، هارام ئۆلەر ئوخشايمىز.

**هارام ئۆي ← هارام نىيەت:** ئۇنىڭ بۇنداق هارام ئۆيى پادىشاھنىڭ زەردىسىنى قايىنتىپتۇ-دە، ئورنىدىن قوغلىنىپتۇ.

**هارام ياراشماق** مېهنەت قىلماي، ئەجىرسىز، بىكارغا كەلگەن نەرسە هېچقانداق دەرد-ئەسىرى يوقلا سىڭىپ كەتمەك: ــ ياق، ئالمايمەن، ماڭا هارام يارىشمايدۇ. ئۆزۈڭلار قانداق قىلساڭلار شۇنداق قىلىڭلار، مېنى بۇ ئىشقا چاتماڭلار، ــ دېدى ئۇ رەنجىپ.

**هارامتاماق** سۈپ (هارام+تاماق) ئىشلىمەي، تەر تۆكمەي، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى هېسابىغا ياشايدىغان؛ تىرىكتاپ، تەييارتاپ: هارام-تاماق ئادەم. * مەن شۇ چاغقىچە بۇنداق هارامتاماق، مەككار ئوقەتچىنى ئۇچرىتىپ باقمىغانىدىم. * كىشلەر ئاتلىقلارنىڭ ئارقىلىرىدىن قاراپ: «ئاپەتلەر، كاساپەتلەر، پاقا ئالالماس ئاقسالار، هارامتاماق لەقۋالار» دەپ تىللايتتى. ‖ هەممىلا جايدا چىرىكلىشىپ چۆشكۈنلەشكەنلەرنى كۆرىسەن. جەمئىيەتتە هارامتاماقلار تولا. * نەچچە ۋاقىتتىن بېرى هالال ئەمگەكچى بىلەن هارامتاماقنىڭ پەرقى يوق ئىدى، مانا ئەمدى «كەتمەن چاپقان گىرde يەيدۇ، سايدا ياتقان جىگدە» دېگەندەك بولۇۋاتىدۇ.

**هارامتاماقلىق** ئى. ئەمگەكسىز، ئەجىرسىز، بىكارنى يەپ يېتىش، باشقىلارنىڭ ئەمگىكى بەدىلىگە ياشاش ئادىتى: سەن جەمئىيىتىمىزدە هەممە كىشى بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك هەممە نەرسىدىن بەھرىمەن بولدۇڭ! لېكىن، سەن هالال ئەمگەك قىلىشتىن كۆرە هارامتاماقلىقنى ياخشى كۆردۇڭ. * بىز هازىرقى كۈندە «داش قازاننىڭ تامىقىنى يېيىش» نى، «توپىلاڭدىن توقاچ ئوغرىلايدىغان» هارامتاماقلىقنى تۈگەتتۇق.

**هارامخور** سۈپ (ئە+پ) ← **هارامتاماق:** هارامخور ئادەم. * پۇلنى تۆلەپ خوشلاشتىم مەنمۇ، جوزىدا قالدى شۇ پىتى ئېشى. شۇنداق هارامخور بولسا ئاشپۇزۇل، يىرگەنمەس ئۇندىن قايسىبىر كىشى.

**هارامخورلۇق** ئى ← **هاراماتاماقلىق:** هارامخورلۇق بىلەن ياشاش ئادەمگە مۇناسىپ ئىش ئەمەس.

**هارامزادە** (ئە+پ) ① ئى. ئۆز ئارا نىكاھ قىلىنمىغان ئەر ۋە ئايالدىن تۇغۇلغان بالا: مەيمۇنە جىن قىز شەمۇرەش ئوغلى دەهنەش دىۋىگە قاراپ: «پەس هارامزادىلەرنىڭ ئىپلاس نەسلى!» دەپ تىل سىلىپتۇ. * ئەي ئەھلى يۇرتى يوق هارامزادە، مەن بولسام ئارزۇلۇق بەگزادە، كىيىم-سەرپايلىرىم ئازادە، ــ بەخت دۆلەتتە يىتىشەلمەيدۇ ماڭا ھەرقانچە شاهزادە. ② سۈپ. كۆچمە. قۇۋ، هىيلىگەر، مەككار، ئالدامچى: بىز ئىككىمىز دەسلەپتە بىر چايخانىنىڭ سازەندىلىكىنى قىلدۇق. خوجايىنىمىز ئۆتۈپ كەتكەن مۇتتەھەم، هارامزادە ئادەم ئىكەن. * هارامزادە توز قاچتى بەك يىراققا، خوراز قالدى پۇتمەس دەردكە ــ پىراققا. // بۇ بىر هارامزادە ئوخشايدۇ.

**هارامزادىلەشمەك** پ. هارامزادىگە ئايلانماق، قۇۋ، هىيلىگەر بولماق: قەدىمكى زاماندىكى كىشىلەر سەممىي ۋە ئاق كۆڭۈل ئىدى، بۈگۈنكى كۈندە بولسا، هارامزادىلىشىپ كەتتى. * سەل سۈيىدە كۆكەرگەن ئوت-چۆپلەر بىلەن تويۇپ، هارامزادىلىشىپ قالغان ئۆشكىلەر قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىپ، جاهاننى بېشىغا كىيىپ ھاڭرىشاتتى.

**هارامزادىلىك** ئى. هارامزادىلەرگە خاس قىلىق: هارامزادىلىك قىلماق. * بىدىك هارامزادىلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى. * يىللار ئۆتۈپتۇ، تۇردىقارى موللىدا ئوقۇپ يۈرۈپ بەك ئەخلاقلىق، مېهرـشەپقەتلىك بالا بولۇپتۇ؛ ئۇ زادىلا هارامزادىلىكنى بىلمەيدىكەن، ئىلاجى بولسا، كىشىلەرگە ياخشىلىق ئىزلەيدىكەن.

**هارامزادىلىك قىلماق** هىيلىگەر، مەككارلىق، قۇۋلۇق قىلماق: «هارامزادىلىك قىلىۋاتىدۇ!» دەپ ئويلىدى ئۇزاققا سوزۇلغان ئىلمىي سۆھبەتتىن ناهايىتى چارچىغان ئادىل.

**هارامسۈيدۈك** سۈپ (هارام+سۈيدۈك) «نىكاھسىز تۇغۇلغان، هارامدىن بولغان» دېگەن مەنىدىكى هاقارەت سۆزى: ــ سەندەك هارامسۈيدۈك مەندەك ئاكاڭ قارىغايىنى تونۇمايدىغان ئوخشىمامسەن! ــ دەپ توۋلىدى ئالتۇن چىش مەيدىسىگە ئۇرۇپ.

**هاراملىق** سۈپ. هارىمى، هارامدىن بولغان: شۇنىڭدىن كېيىن بالىنى باقى نازىرلار بېقىۋالغان. ئۇ چاغدا باقى نازىر دېگىنىڭ ئەمەستى، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ هاراملىق دىلىڭنى رەنجىتكىدەك بولۇپتۇ-دە.

**هاراملىقتا يوق** پەقەت يوق، زادى يوق.

**هارپا** ئى (ئە) ① < دىن > رامىزان ياكى هېيتنىڭ ئالدىنقى كۈنى: هېيت هارپىسى. بىرەر ھەپتە، ھەتتا بىرەر ئاي بۇرۇن باشلىنىدىغان هېيت هازىرلىقى هارپا ئاخشىمى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقاتتى. ② بايرام ياكى بىرەر تەنتەنىلىك كۈندىن ئالدىنقى كۈن: بايرام هارپىسى. يېڭى يىل هارپىسى. * مەلۇم بولغىنىدەك، تويىنىڭ هارپا كۈنلىرى گۈلچىمەن پۈتۈن جاهاندىن تويۇپ، ئۆزىگە جۇمەنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈشتىن كۆرە، ئۆلۈمنى راۋا كۆرۈۋاتقان كۈنلەردە، بىردىن مىرئەلى يازغان خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. ③ كۆچمە. بىرەر ۋەقەدىن ئالدىنقى ۋاقىت: ئۇ شىنجاڭ ئازاد بولۇش هارپىسىدا شىنجاڭغا كەلگەن بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ياخشى جاي ئىكەنلىكىنى، شىنجاڭدا ياشىغۇچى

ھەر مىللەت خەلقىنىڭ باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل-پاراسەتلىك خەلق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى. * ئۇ يۈزىنىڭ ياشلىق باھارىنىڭ كۈز غازاڭلىرىدەك تۆكۈلۈش ھارپىسىدا تۇرغانلىقىنى ئويلاپ ئىچىنىش ئىلكىدە ئازابلاندى.

**ھاردۇرماق** «ھارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ھاردۇرۇشماق** «ھاردۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھاردۇق** ئى ① مېھنەت قىلىپ چارچىغانلىق، تالغانلىق، ھارغىنلىق؛ ھېرىش: ئۇ گۈلئايشەمنىڭ رازىمەنلىكىگە ئاشۇ ھاردۇق ئۇيقۇسى بىلەن ئېرىشكەن. * ئىسسىق سۇ بىلەن يۇيۇنۇش ھاردۇقنى كەتكۈزىدۇ. ② ئىشتىن توختاپ ئارام ئېلىش، دەم ئېلىش: ھاردۇق چىقارماق. ھاردۇق ئالماق. * ئۇ ئەمگەكتىن كېيىن توپا-چاڭ باسقان باش-كۆزىنى يۇيۇشى، بىردەم سوزۇلۇپ يېتىپ بېلىكى ۋە ئېغىر ئاياغلىرىنىڭ ھاردۇقىنى چىقىرىشى، كېيىن ئوبدان كىيىنىپ چەت ئەللىكلەرنى ئۇزىتىش زىياپىتىگە بېرىشى كېرەك.

**ھاردۇق ئالماق** ئارام ئالماق، دەم ئالماق، ھاردۇق چىقارماق: جەڭچىلەر قارا بۇلاققا يېتىپ كەلگەندە، چۈش ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. بۇ يەردە باتالىيوننىڭ ئالدىنقى روتىسى توختىتىلىپ، ئارقىدىكىلىرى يېتىپ كېلىپ، ھەممىسى تولۇق جەم بولۇش بىلەن، غىزا يەۋېلىش ۋە ھاردۇق ئېلىۋېلىش جاكارلاندى.

**ھاردۇق چېيى** توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغقا ئوخشاش ھەشەمەتلىك چىقىراق بىرەر ئىش ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە دوست-يار، بۇرادەرلىرى ياكى قولۇم-قوشنىلار تەرىپىدىن بېرىلىدىغان، مۇشۇنداق ئىشلارغا قاراشقانلارغا ئۆي ئىگىسى تەرىپىدىن بېرىلىدىغان چاي، زىياپەت: ھاردۇق چېيى بەرمەك.

**ھاردۇق چىقارماق** ھارغىنلىقتىن كېيىن ئارام ئالماق، دەم ئالماق: ئەلقىسسە، تاھىر بىلەن زۆھرە چارباغدا ھاردۇق چىقىرىپ، نەغمە-ناۋا قىلىۋاتسا، ھېلىقى قېرى دەللە چارباغقا كىرىپ كەلدى. * ھاجى پاشا كىشىلەر ئېقىمىغا ئەگىشىپ، شەھەر چېتىدىكى ئوتتۇن بازىرىدىن تارتىپ تىلەمچىلەر ھاردۇق چىقىرىدىغان دەريا بويىدىكى بوستانلىققىچە باردى.

**ھاردۇق سورىماق** سەپەردىن كەلگەن ياكى ئېغىر ئىشلارنى قىلغانلاردىن ئەھۋال سورىماق: شۇ ئارىدا، شامەخسۇت نامىدىن ھاشىر تەيجى بىلەن قېزىبەگ غوجا لى شۇفۇدىن ھاردۇق سوراپ ئامبال يامۇلىغا كېلىشتى. * ئۇ ئىتتىك كېلىپ بىزدىن ھاردۇق سورىدى.

**ھاردۇق ئېشى** سەپەردىن كەلگەن ياكى ئەمگەك قىلىپ چارچىغانلاردىن ھال-ئەھۋال سوراپ ئېتىلىدىغان ئاش: لۇتپۇللا يۈز-كۆزىنى يۇغاندىن كېيىن، ئارمىيە داموللا ئۇلارنى ئۆز ئۆيىگە باشلاپ كىرىپ، ھاردۇق ئېشى بىلەن مېھمان قىلدى. * ــ ئۇ مېھمان تامىقى ئەمەس، ئورمىچىلارنىڭ ھاردۇق ئېشىغۇ! ــ دېدى چىمەنگۈل تاشپولاتقا قاراپ.

**ھاردۇققا چىقماق** ① دەم ئېلىشقا، تەنەپپۇسقا چىقماق: ھەر سائەتلىك دەرس تۈگەپ، ئەركىن چىقار ھاردۇققا. ساپ ھاۋادا توپ ئويناپ، قۇۋۋەت يىغار قول-پۇتقا. ② كۆچمە. پېنسىيىگە، ئارامغا چىقماق: بۈگۈن بىرنەچچە ياشانغان كادىرلار ھاردۇققا چىقتى.

**ھاردۇقى چىقماق** ① ھارغىنلىقى، چارچىغانلىقى تۈگىمەك، يوقىماق: جەڭ ھاردۇقى چىققان كۆڭۈللەرنىڭ بېرىدە، بەھرام

سەيپۇرە بىلەن دەستۇر ۋەزىرنى ئالدىغا چاقىرىپ ئۆز هالىنى ئۇلارغا بايان قىلدى. * بەدەندە ياكى مېڭىدە چارچاش كۆرۈلسە، ئۇخلاش، هاردۇق چىققاندىن كېيىن ئويغىنىش كېرەك، ئەمما هۇرۇنلۇق قىلىپ ئارتۇقچە ئۇخلاش زىيانلىق. ② كۆچمە. بىرەر تەشۋىشلىك ئىشتىن قۇتۇلۇپ يەڭگىللەپ قالماق، كۆڭلى جايىغا چۈشمەك، خاتىرجەم بولماق: بوۋاي ئۆزىنىڭ بۇ باش-ئايىغى يوق قۇملۇقتىن ساق-سالامەت چىقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئېغىر قايغۇغا چۆككەندە، يىراقتىن ياپيېشىل توغراقلىق كۆرۈنۈپتۇ، بوۋاينىڭ بىردىنلا هاردۇقى چىققاندەك خۇشال بولۇپ كېتىپ، تېخمۇ تېز مېڭىپتۇ. * شەهەرنىڭ كەچلىك هايات قايىنمى نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك-هە! ئەر-ئاياللار ئوماق پەرزەنتلىرىنى يېتىلىشىپ، نەلەرگىدۇر كېتىشىۋاتقان، رادىئو كانىيىدىن خۇش ناخشا ياڭراۋاتقان... شۇ تاپتا هەسەننىڭ يېزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ هاردۇقى چىققاندەك بولدى.

**هاردۇق يەتمەك** هارغىنلىقنى، چارچىغانلىقنى هېس قىلماق: هاردۇق يەتكەن، ئەتىگەندىن بېرى ئاغرىق قاتتىق قىينىغان باست، جۇۋىنىڭ ئىسسىقىدا ئارام ئېلىپ يېتىپ قالدى. * ئەتىگەندىن بېرى هاردۇق يەتكەن ئورۇق ئات بېشىنى سىلكىپ، كىشنەپ قويۇپ، دەرمانسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكىدى.

**هارغۇزماق** «هارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ئابدەم، بۇ لېپەكسىز سېنى هارغۇزۇپ قويمىسۇن، بىر قولىنى مەن تۇتۇۋالاي، ــ دېدى بۇغراجان.

**هارغۇزۇشماق** «هارغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هارغىن** سۈپ. هارغان، چارچىغان، تالغان: قادىراخۇن يوغان هارغىن كۆزلىرىنى رىشتكە تىكىپ، ساقاللىرىنى سىلىغىنىچە سۆزلىدى. * رەهمەت سوجاڭنىڭ چىرايى بەكمۇ جىددىي ۋە هارغىن ئىدى.

**هارغىنلىق** ئى. هارغىن هالەت، هارغان كەيپىيات: كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر كەمبەغەل ئېتىغا مىنىپ، سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. كۈن قايرىلغاندا، ئۇ هارغىنلىق بىلەن ئاچلىقتىن توختاپ، ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ، كەچلىك غىزاغا ئولتۇرۇپتۇ. * ئۇ ئۇزۇن سۆزلەپ بىرئاز هارغىنلىق هېس قىلدى بولغاي، قورۇپ كەتكەن لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

**هارغىنلىق يەتمەك** هارغىنلىق، چارچىغانلىق هېس قىلماق؛ هارماق، چارچىماق: بەختىگۈل خەتنى ئوقۇپ بولۇپلا لاسسىدە بوشاپ كەتتى. ئۇنىڭغا باشقىدىنلا هارغىنلىق يەتتى. * موماي قەتئىي ئىدى. كەينىگە يانىدىغاندەكمۇ، هارغىنلىق يەتكەندەكمۇ ئەمەس.

**هارماس** سۈپ. هارمايدىغان، چارچىمايدىغان؛ كۈچ-قۇۋۋىتى كۆپ، غەيرەتلىك: هارماس يىگىت. هارماس ئايال. * ئۇنىڭ قەلبىدە بولسا، «ئارتۇر هالاك بولدى! ئۇنى مەن ئۆلتۈردۈم!» دېگەن هارماس بىر سادا ياڭراپ تۇراتتى. * قاينام بول، ئۆركەش بول، هارماس كاراپ بول، شائىرنىڭ ئارمىنىنى ئاشۇر ئەمەلگە. ئوغلى بول، ۋارىسى، سۈنماس قانات بول، ئۇ بىزنى ئاتىغان ئاخىرقى جەڭگە.

**هارماس شاخسانغۇچ** < زوئول > قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. ئۇلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى قۇشقاچچىلىك كېلىدۇ، چىرايلىق سايرايدۇ.

**هارماق** پ. ئەمگەك قىلىپ ياكى يول يۈرۈپ چارچىماق، هارغىنلىق يەتمەك: يول يۈرگەندە ئېتىڭ هارمىسۇن، قېرىغاندا ئايالىڭ ئۆلمىسۇن (ماقال). * ئېتىڭ هارسا دۆڭگە چاپ (ماقال). * ئەلقىسسە، هاتەم يەنە

ئۆز سەپىرىنى داۋام قىلدى. بىرنەچچە ۋاقىت يول مېڭىپ ھېرىپ ئۇسسۇزلۇق يەتتى.

**هارماي-تالماي** هاردىم-تالدىم دېمەي، هارغانلىقىنى، چارچىغانلىقىنى ئۇنتۇغان هالدا، غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشۇپ: مەن يىلتىزنىڭ روھىغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن. مەن يىلتىز روھى بىلەن ھەرقايسى سەپلەردە يىلتىز تارتىپ، كېچە-كۈندۈز هارماي-تالماي خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىلەرگە تېخىمۇ ئاپىرىن ئوقۇيمەن. * ئاشۇ ئىشچان باغۋەنلەر يۈرەك قېنىنى، كۆز نۇرىنى سەرپ قىلىپ، هارماي-تالماي بىلىم بەرگەچكە، بىز مانا هازىر خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇدەك بىلىم-سەۋىيىگە ئىگە بولدۇق.

**هاروت** ئى. ئەپسانىلەردىكى بارلىق تېخنىكىنى بىلىدىغان پەرىشتە: بولۇپ هاروت بىلەن ماروت، قۇرۇلدى خىلمۇخىل زاۋۇت، توققۇلغاچ رەڭمۇ رەڭ بەرقۇت، كىيىپ ئەل ئويىنشار بولدى.

**هارۋا** ئى (ئە) ئىككى، ئۈچ ياكى تۆت چاق ئورنىتىلغان ئۆي هايۋانلىرى قېتىلىدىغان ۋە ياكى ئادەم سۆرەيدىغان ئاددىي قاتناش ۋاسىتىسى: ئۇ بۇ يىل ئەتىيازدا قىزىغا بىر هارۋا ئوتۇن چۈشۈرۈپ بەرگەچ، بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ كەتكەنىدى.

**هارۋىدا توشقان ئوۋلىماق** سەۋر قىلىپ تۇرۇپ، هىيلە-مىكىر بىلەن قولغا چۈشۈرمەك: نىجاتنىڭ ئۇتۇپ چىقىشىغا كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن هىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىپ، هارۋىدا توشقان ئوۋلىغىلى چىقتى.

**هارۋىكەش** ئى (ئە+پ) هارۋا هەيدىگۈچى ياكى سورىغۇچى كىشى: هارۋىكەش دېگەننىڭ يۈرمەيدىغان يولى، بارمايدىغان يېرى بولمايدۇ. بىز تولىراق قورغاس تەرەپلەرگە سودىگەرلەرنىڭ يۈكىنى بېسىپ ماڭاتتۇق. * هارۋىكەش باللار سابىرنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىپ، قىزغىن هال-ئەھۋال سوراشتى.

**هارۋىكەش يۇلتۇز تۈركۈمى** < ئاستر > شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 6 سائەت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 42°، يەنى يېرىسېي يۇلتۇز تۈركۈمى، سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە جەۋزا يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**هارۋىكەشلىك** «هارۋىكەش» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: سودىگەرچىلىك قىلغاندا هارۋىكەشلىك قىلىش هالال ئىش. * ئامال يوق، مەن 14 يېشىمدا دادامنىڭ هارۋىكەشلىك قامچىسىنى قولۇمغا ئالدىم.

**هارۋىلىق** ① سۈپ. هارۋىسى بار، هارۋىغا ئىگە: تۇرسۇننىڭ بۇندىن بىرنەچچە يىل بۇرۇن تۇزۇكرەك تاغىرىمۇ يوق ئىدى. مانا هازىر ئۇ ئىككى هارۋىلىق بولۇپ قالدى. ② رەۋ. هارۋىغا چىقىپ، هارۋىدا ئولتۇرۇپ، هارۋا بىلەن: ئەمما خامىندا قىزىل چەشلەر دۆۋىلىنىپ ھەممە نەرسە تەييار بولغاندا، شايى-دۇخاۋىلاردىن كىيىم كىيگەن بىر توپ كىشىلەر ئاتلىق، هارۋىلىق ۋە بەزىدە قوراللىق كېلىپ خاماننى پاك-پاكىز قۇرۇقداپ كېتەتتى. * شۇڭا ئۇ كېيىنچە ناھىيىلىك پوچتىخانىدىن خەت-خالتىلارنى ئېلىشقا ياۋىداق ئات بىلەن ئەمەس، ئاتايىن هارۋىلىق كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**هارۋىنى قۇرۇق ئېلىپ قاچماق** قولىدىن كەلمىسىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلدىم دەپ لاپ ئۇرماق؛ ئاغزىدا شەھەر ئالماق: — جېنىم، — دېدى كۆكۈيۈن بىرئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن، — سەن شۇنداق هارۋىنى قۇرۇق ئېلىپ قېچىۋېرىسەن.

**هارسىي** سۈپ (ئە+پ) نىكاھسىز تۇغۇلغان، دادىسى نامەلۇم، هارامدىن بولغان: — هوي غولام دېگەن هارسىي، قېنى سەن؟ بۇ زادى نېمە ئىش؟ — دەپ سوراپتۇ باي.

**هازا** I ئى (ئە) ① ئۆلۈپ كەتكەن يېقىن ئادەم ئۈچۈن قىلىنغان يىغا؛ يىغا-زار: هازا ئاچماق. * ئۆپكىدەپ يىغلىغان ئاۋازلار، دەمدەر ئۇنلىگەندەك تىلىقىپ قىلىشلار ماتەم سىمفونىيىسىگە ئايلىنىپ، هازا كەيپىياتىنى هەسسىلەپ ئاشۇردى. * داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان توي سەلىمەگە خۇددى هازىدەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. ② ماتەم، تەزىيە: هازا تۇتماق.

**هازا ئاچماق** بىرەر كىشىنىڭ ئۆلۈمىگە قايغۇرۇپ، ئېچىنىپ يىغلىماق؛ كۆز يېشى قىلماق: شەرىخان موماي تاغدا قىزىنىڭ يەتتە نەزىرىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن قايتىپ كەلدى ۋە هازا ئېچىپ توختى بوۋايغا ئەھۋالنى ئاشكارىلىدى.

**هازا تۇتماق** ئۆلۈپ كەتكۈچى ئۈچۈن مەلۇم مەزگىل قايغۇرۇش، ماتەم بىلدۈرۈش هالىتىدە تۇرماق هەم شۇنداق پائالىيەتكە قاتناشماق: توشقان ئۆلسە، تۈلكە هازا تۇتۇپتۇ (ماقال). * 40-كۈنى ئاخشامدا قىزنىڭ قېشىدا ساپمۇساق قالغان يىگىت 41-كۈنى سەھەردە يەرلىكدە يېتىپتۇ. پۈتۈن شەهەر خەلقى يىگىتنىڭ هازىسىنى تۇتۇپ، كۈننى هەپتىگە، هەپتىنى ئايغا ئۇلاپتۇ.

**هازا سالماق** ← **هازا قىلماق**: پۇشايمان قىلىپ، هازىنى سېلىپ. قەبرىستانلىققا قاراپ يول ئېلىپتۇ.

**هازا قىلماق** بىرەر يېقىن كىشىسىنىڭ ۋاپاتىغا ئېچىنىپ، قاتتىق هەسرەت بىلەن ئۈن سېلىپ يىغلىماق: ئۇ ئەكبەرنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ يەرلىكنى ئۆز قولى بىلەن كولىغان غېرىب يوپىقى ئېچىدىكى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ مېڭىپ هازا قىلغان يالغۇز قالغان ئەكبەرگە بولسا قېرىنداشىدەك كۆيۈپ-پىشىپ، بېشىنى سىلىغان ئادەم ئىدى.

**هازا ئېشى** باشقىلار مۇسىبەتتە بولغۇچىلارنى چاقىرىپ بېرىدىغان ياكى هازا بولغان ئائىلىگە ئېلىپ بارىدىغان غىزا.

**هازا** II ئى (ئە) مەلۇم ۋاقىت، پەيت، مەزگىل (ئاساسەن «بىر» سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ بىرىككەن سۆز ياسايدۇ): تۇرشا تۇغېيگى ئۆرىتۆپە بولۇپ تۇرغان ئەرلەرنىڭ ئارىسىدىن ئۇنى تاپالمىغاچ، ئايالللارغا قارىدى-دە، بىرهازادىن كېيىن، نىياز دورغىنى هېلىقى هالەتتە كۆرۈپ هاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. * يالماۋۇز خوتۇن تەرىنى پۈرلەشتۈرگەن هالدا، سىنچى كۆزلىرى بىلەن بىرهازاغىچە قاراپ تۇرۇپتۇ.

**هازازۇل** (توغرىسى: ئازازۇل) ← **ئازازۇل**.

**هازىچى** سۈپ. ئۆلۈم بولغان ئۆيدە هازا ئاچقۇچى، هازا قىلغۇچى: هازىچى خوتۇنلار يىغىسى توختاپ، هەممە ياق بىر ئېغىر جىملىققا چۆككەن. هېكىمخان ئۆيدە ۋەهشىي ئۈچ جاللات ئولتۇرار. يوقسۇللار قېنىنى تۆككەن.

**هازىدار** ئى (ئە+پ) يېقىن ئادىمىنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان، ئۇنىڭغا هازا تۇتۇۋاتقان، قارىسىنى ئۈشتۈمىغان ئادەم: هازىدار بولماق. * ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋلار باش هازىدارلار سۈپىتىدە بەللىرىگە ئاق خەسىدىن ماتەم پوتىسى چىگدى. // بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن هازىدار خوتۇنلار چاپىنىنىڭ ياقىسىنى تۇتۇشۇپ، تېڭىرقىغان هالدا كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ شەمشەرىخان ئاچىغا تېكىشتى.

**هازىدار بولماق** ئۆلۈپ كەتكەن ئادەم ئۈچۈن هازا تۇتماق: ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە قولۇم-قوشنىلىرى مەرھۇمنىڭ بالا-چاقىلىرىنىڭ يېنىدىن ئايرىلماي هازىدار بولىدۇ، بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى.

**هازىدارلىق** «هازىدار» سۆزىنىڭ

ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئاخىرى ئانا پولك شتابىدىن كۆكەنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ئېنىق جاۋاب ئېلىپ، چىكىرتىگە كەلگەن ۋاقتىدىكى خۇشاللىقنىڭ ئەكسىچە ئۇ يەردىن ئۆز ئاۋۇلىغا ئېغىر ھازىدارلىق بىلەن قايتىپ كەلدى.

**ھازىر** رەۋ (ئە) ① بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىشكە تەييار: — مانا، مەن ھازىر! — ئەبدۇنىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا، گۈلەن داۋالاش سومكىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۆيگە ماڭدى. ② پەيدا، مەۋجۇت، بار: شاھنىڭ پەرمانىنى ئىشتىشكە ئۆزىنى راۋۇرۇس تۈزەپ، شاھانە كىيىملەرنى كىيىپ، ئوردىغا ھازىر بولدى. * — شۇ كۈنى قارلىغاچ ۋىچىرلىغاندا ئوردىدا مەنمۇ ھازىر ئىدىم. ③ نۇتۇق سۆزلىنىپ تۇرغان پەيتنىڭ ئۆزىدە، شۇ ئان، شۇ مەزگىل: ئۇ ھەر كۈنى بىر قېتىم كېلىدۇ. ھازىر كېلىدىغان ۋاقتى بولدى. جان لازىم بولسا دەرھال قاچ. * ئۇ ھازىرلا قوشچىلارنىڭ قېشىغا بېرىشى كېرەك ئىدى. ④ نۇتۇق سۆزلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتىن سەل بۇرۇن، ئالدىن؛ يېقىندا: بۇ ئىشنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ھازىر بىر يىل بولدى. * — دادا، كەلدىڭمۇ؟ مەنمۇ مەكتەپتىن ھازىرلا كەلدىم، — دېدى قىز قىسمەت چورۇقىنىڭ ئالدىغا كېلىپ. ⑤ نۇتۇق سۆزلىنىپ تۇرغان ۋاقىتتىن سەل كېيىن: — سەن ھازىر ياتاققا قايت، ئەتىدىن تارتىپ ئەزالارغا قېتىلىپ ئېتىزدا ئىشلەۋەر، باشقا گەپلەرنى كېيىنرەك قىلىمىز يۈگۈر! — دېدى مۇدىر، ماڭا. * — مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، قىزىم، — دېدى ئامىنە ئېرىنىڭ پالشوپكىسىنى كىيىپ، قايرىمىسىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ. ⑥ مۇشۇ كۈنلەردە، مۇشۇ ۋاقىتلاردا: ھازىر جاھاننىڭ ئۇلۇغ-تەتۈرنى بىلگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتىپتۇ * ھازىر ئىشىمىز بەك كەينىدە قالدى، مۇشۇ پەيدىدە مېڭىۋەرسەك كۈزلۈككە دەرۋەقە غازاڭ يىغىمىز.

**ھازىر بولماق** ① بىرەر ئىشنى بېجىرىشكە تەييارلانماق؛ تەخ بولماق: جەڭچىلەر دەرھال تارقاپ، ئاتلىرىغا مىنىپ ھازىر بولدى. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ، بۇ ئىشلار ئەنە شۇنداق رەت-رېتى بىلەن ئورۇنلىنىپ، بولغاندىن كېيىنلا خاتىرجەم بولۇپ، گېزىتخانىدىكى خىزمىتىدە ھازىر بولۇش ئۈچۈن ئىشخانىسى تەرەپكە كەتتى. ② پەيدا، مەۋجۇت، بار بولماق: تۆك تېخى تولۇق كۆيۈپ بولمايلا چاشقانلار پادىشاھى ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولۇپتۇ. * بۇ چاغدا سەمەرجاننىڭ ئانىسى بىلەن دادىسى ۋە باشقا قوشنىلارمۇ كۆل بېشىغا ھازىر بولغان بولۇپ، ھەممەيلەن قۇددۇسقا ئاپىرىن ئوقۇشتى.

**ھازىر قىلماق** ← **ھازىرلىماق**: كاھلار ۋېلىخان بەگ بىلەن مەتىم دورغىنى ئوتتۇرىغا ھازىر قىلدى. * — باشقا ئىش تۇرۇپ تۇرسىمۇ مەيلى. مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ مۇشۇ نەرسىلەرنى يەنە ئىككى-ئۈچ سائەتتىكىچە ھازىر قىلىڭ. قېنى، مەرھەمەت! — دېدى يىزا باشلىقى مەمەتئاخۇنغا قاراپمۇ قويماستىن.

**ھازىرەن** رەۋ (ئە) ھازىر.

**ھازىرەنلىك** رەۋ ← **ھازىرەنلىككە**: دېمەك، بۇ خەت ئىچىدە غەيرىي سىر بار، بولۇر باپ ئاخىرىدا بىزگە ئاشكارا... كۆچەيلى ھازىرەنلىك باشقا گەپكە، نەزەرباغدىن ئۇدۇل يارباغ تەرەپكە.

**ھازىرەنلىككە** رەۋ. ھازىرچە، ۋاقىتىنچە: شۇنىڭ ئۈچۈن، ھازىرەنلىككە تۆمۈرنىڭ بىرقىسىم مەتلۇبلىرىنى قاندۇرۇپ، يولۋاسنى يۇمشاق گەپلەر بىلەن قەپەسكە سولاپ ئېلىشىمغا مەدەتكار بولۇشلىرىنى ئۆتۈنۈپ سورايمەن.

**هازىرجاۋاب** سۈپ ( هازىر+جاۋاب ) قويۇلغان سوئالغا كۆپ ئويلانماستىن دەررۇ جاۋاب بېرەلەيدىغان، كېرەكلىك گەپ-سۆزنى تېز تاپالايدىغان، تەپەككۇر قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغان: هازىرجاۋاب ئادەم. * كېيىنكى كۈنلەردە ئۇلار ئۇنى-بۇنى دەپ پاراڭ سېلىشىدىغان بولۇشتى. لېكىن، بۇ پاراڭ قىسقا، هازىرجاۋاب ۋە قۇرۇق ئىدى.

**هازىرجاۋابلىق** « هازىرجاۋاب » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — پۈتتى، ئەتە ياكى ئۆگۈن بېسىش ئۈچۈن مەتبەئەگە بەرمەكچىمەن. نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى دوستلىرىمىز ئەلۋەتتە بىلىپ باقسۇن، دەپ ئويلايمەن، — دېدى شائىر هازىرجاۋابلىق بىلەن.

**هازىرچە** رەۋ. بىرئاز ۋاقىت، مەلۇم ۋاقىتقا قەدەر؛ ۋاقىتىنچە: ساقچىلار شائىرنىڭ خەلق ئىچىدىكى ئىنتايىن زور ئىززەت-ئىناۋىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ياققا هازىرچە زورلۇق بىلەن باستۇرۇپ كىرىشكە پېتىنالمىغانىدى. * كىشىلەر هازىرچە بىلمىگىنى بىلەن ئەزىزىخان ئۆزى تارىخىنىڭ قىسمەن پارچىلىرىنى هەركۈنى ناخشا غىڭشىغاچ بىرنەچچە قېتىم ئەسلەيتتى.

**هازىرقى** سۈپ. سۆز بولۇۋاتقان ۋاقىتقا ئائىت، مۇشۇ ۋاقىتتىكى، مۇشۇ زامان، مۇشۇ كۈنلەردىكى: مەتىنىياز مۇنداق سۆز ئويۇنلىرىغا جاۋاب بېرىشكە خېلى ئۇستا بولسىمۇ هازىرقىدەك ئەهۋالدا، بولۇپمۇ ئىززەتخاننىڭ يېنىدا چاقچاق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. * ئەكبەر گەپنى بىرىنچى دۈينىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى مىسالغا ئېلىپ سېلىشتۇرۇشقا ئۆتتى. * خىزمەت ئەترىتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تىل-يېزىقىنىڭ هازىرقى ئەهۋالىنى تەكشۈرۈش ئىشىنى مۇشۇ ئايدا ئاياغلاشتۇردى.

**هازىرقى زامان** ① هازىر بىز باشتىن كەچۈرۈۋاتقان دەۋر. دۆلىتىمىزنىڭ تارىخىنى دەۋرلەرگە بۆلۈشتە، كۆپىنچە 4-ماي هەرىكىتىدىن تا هازىرغىچە بولغان دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② < تىل > پېئىللاردا ئىپادىلىنىدىغان زامان شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش-هەرىكەتنىڭ سۆزلەنگەن ۋاقىتتا ئورۇندىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**هازىرقى زامان ئۇسلۇبى** < ئۇس > ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدا 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلغان بىر خىل ئۇسلۇب تۈرى. ئامېرىكا ۋە گېرمانىيىدىن تارقالغان. ئۇ ئۇسلۇب، شەكىل جەهەتتىن ئەركىن ۋە تۈرى كۆپ بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**هازىرلاتماق** « هازىرلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەبرىكلەش يىغىنىدىن كېيىن قۇبلەيخان زىياپەت هازىرلىتىپ يۇقىرى-تۆۋەن دەرىجە بويىچە رېتى بىلەن ئولتۇرغۇزدى.

**هازىرلاشماق** « هازىرلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار سوۋغات ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى هازىرلاشتى.

**هازىرلانماق** ① « هازىرلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەقىللىق ئات ئۇنىڭ نەگىدۇر ئالدىراۋاتقانلىقىنى سەزگەندەك كىشنەپ قويۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتتى ۋە ئېغىز دۇرۇقىنى كاراسلىتىپ ئۇچۇشقا هازىرلاندى. * مەن تەسىرلىك بىر مەنزىرىنىڭ گۇۋاهچىسى بولۇشقا هازىرلاندىم. ② « هازىرلىماق » پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: قىزلار بوغالتىرنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزلىرىگە هازىرلانغان ياتاققا كىرىشتى. * ئۇلار پىگۇلۇ ئۇستىگە هازىرلانغان ئورۇنغا ئوسمانىنى ئاۋايلاپ ياتقۇزۇشتى.

**هازىرلىق** ئى ← **تەييارلىق**: بىركۈنى لوقمان

ئوغلىنى چاقىرىپ، بىر كىشىدىن پۇلنى ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. لوقماننىڭ ئوغلى يول هازىرلىقنى قىلىپ بولۇپ، ئاتىسىنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. * ــ بالىغا ئاتاپ قىلغان بىزە هازىرلىقىمىز بار. بارىغا قىز ھەقدار، يوقىغا بىز قەرزدار. كېيىن ئوبدان توي قىلىپ بەرمەيمىزمۇ، ــ دېدى رەۋىخان موماي.

**هازىرلىق قىلماق** مەلۇم بىر ئىشنىڭ ئالدىنقى تەييارلىقلىرىنى ئورۇنداش تەدبىرلىرىنى تەخ، تەييار قىلماق؛ هازىرلىماق: ــ سەن هازىرلا ئۈچ ئاتنى ئېلىپ بېرىپ، مومايىنىڭ ئۆيىگە باغلاپ قوي ھەم تويغا هازىرلىق قىل. مومايىنىڭ ئۆيىندە قوش توي ئۆتكۈزىمىز! ــ دېدى نۇرۇللا، بەشكېرەملىك دوستىغا.

**هازىرلىق كۆرمەك** تەييار هالەتكە كەلتۈرۈش ياكى تەييارلىنىشقا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلماق: ئۇ، ئاخىرى مەھەللىدىكى چوڭلارنىڭ مەسلىھىتى بويىچە ئوغلىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىغا هازىرلىق كۆرۈپ قويدى.

**هازىرلىقسىز** سۈپ ← **تەييارلىقسىز**: ئەگەر ئۇلار بىزنىڭ هازىرلىقسىز پەيتىمىزدىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلسا، قانداق تاقابىل تۇرالايمىز؟ ــ دېدى باش سەركەردە. // دۈشمەن گەرچە سۆلھىگە ماقۇل بولغان بولسىمۇ، مەككارلارنىڭ خىيالىنى بىلىپ بولمايدۇ، ئەگەر هازىرلىقسىز تۇرۇپ قالساق، ئۇنىڭ ھىيلىسىگە ئۇچراپ قالىمىز.

**هازىرلىققا** رەۋ. هازىرچە، دەرمەھەللىككە: هازىرلىققا يېتەر، كېيىن نېمە بولىدۇ، بىر نەرسە دېيىش قىيىن.

**هازىرلىماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىشكە شارائىت، مۇھىت ياراتماق، تەييارلىماق: چىمەنگۈل ئالدىراشلىق بىلەن بىزگە چاي هازىرلىدى. * مىللىي ئارمىيە

پولكى گومىنداڭ بىلەن باشلىنىدىغان تىنچلىق سۆھبىتىگە يول هازىرلاشنىڭ ئالدىنقى بىشارەتلىك تەييارلىقى سۈپىتىدە ئاقسۇ فرونتىدىكى ئۇرۇشنى توختىتىپ قايتقانىدى.

**هازىرلىنىشماق** «هازىرلانماق» پېئىلى ① نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بېشىغا تۈلكە قۇلاقچا، ئۇچىسىغا كورەك جۇۋا، تېرە شالۋۇر كىيگەن ئادەملەر پەيدائىي بولۇپ شەھەرگە يۈرۈشكە هازىرلىنىشقانىدى.

**هازىلىق** سۈپ ① هازا تۇتقاندا كىيىلىدىغان، هازا بىلدۈرىدىغان: هازىلىق كىيىم كىيگەن مومايىنىڭ قاياقتىن پەيدا بولغىنىنى ئىملا ئاكا تۇيمايلا قالغانىدى. شۇڭا بىر سىكۇنتچە تېڭىرقاپ قالدى. ② هازا تۇتقان: هازىلىق ئادەم. * بىردەمدىن كېيىن ھېلىقى هازىلىق ئايال خۇددى ساراڭلاردەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

**هاسا** ئى (ئە) قولدا تۇتۇپ يەرگە تىرەپ، تايىنىپ مېڭىش ئۈچۈن ياسالغان بىر خىل ئۇزۇن سايمان: هاسىغا چۆشمەك. * قارىغۇ هاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتار (ماقال). * ئارىدىن بىر ئىككى يىل ئۆتۈپلا، ئۇنىڭ چاچ-ساقىلى پۈتۈنلەي ئاقىرىپ قولىغا هاسا چىقتى.

**هاسا تاياق** هاسا ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تاياق؛ هاسا: شەھەر كوچىسىدا ئايلىنىپ يۈرگەندە ئۇنىڭغا يېشى توختىغان، ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن، قولىغا تۆمۈر دەستىلىك هاسا تاياق تۇتقان، ئۇستىگە قىممەتلىك تونلار كىيگەن، بېشىغا ناھايىتى چوڭ قىزىل سەللە ئورىغان بىر كىشى يولۇقۇپتۇ.

**هاسىغا چۆشمەك** قېرىپ، هاسا تۇتۇپ ماڭىدىغان هالغا كېلىپ قالماق: ئۇ، ئۇزاق ئۆتمەي هاسىغا چۆشۈپ قالدى.

**هاسىراپ-هۆمۇدەپ** هاسىراپ ۋە هۆمۇدەپ، ئالدىراپ-تېنەپ: ئەنە شۇ چاغدا توپ

ئىچىدىن «توختاڭلار» دېگەن قۇلاقنى
يارغۇدەك ئاۋاز جاراڭلاپ، شاھزادە تۇغلۇق
ھاسراپ-ھۆمۈدەپ مەيدانغا كىرىپ كېلىپتۇ.

**ھاسراتماق** «ھاسرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن سىزنى ھاسرىتىپ قويدۇم-ھە، — دېدىم تاغامغا قاراپ ئەپۇ سورىغاندەك تەلەپپۇزدا.

**ھاسراشماق** «ھاسرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈستى بورا بىلەن يېپىلغان ئۇزۇنچاق قۇما ئىچىدىكى ئاق-قارا، قىزىل-چار توخۇلار ئىسسىقتىن ھاسرىشىپ چەتتىكى بۇلۇڭغا يىغىلىۋالغانىدى.

**ھاسرىماق** پ. ئېغىر ئەمگەك ياكى چارچاشتىن كېيىن، نەپەس تېزلىشىپ كەتمەك: ئوۋچىلار ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلگەندە، ئۆلۈك بۈركۈتنىڭ كېرىلگەن قانىتى ئاستىدىن بىر بالا ھاسراپ ئورنىدىن تۇرۇۋاتاتتى. * ئۇ ئازراق ئېسىگە كېلىپ، قوشتىن چىقارغان كالىدەك ئۆزۈلۈنچە ھاسرىدى.

**ھاسىل** رەۋ (ئە) پەيدا، مەۋجۇت: ھاسىل بولماق. ھاسىل قىلماق. * جېنىم ئاپا، ئەمدىلىكتە ۋاپاسىز ئوغلۇڭنىڭ سېغىنىشتىن ھاسىل بولغان يۈرىكىڭنى مۇجۇغۇچى ئازابقا قانداقمۇ چىداۋاتقانسەن؟ * ئەمدى ئەنجانباينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، لەگزىدە ھەقىقەتەن دۈشمەنلەرنىڭ يوقلۇقىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلدى.

**ھاسىل بولماق** ① پەيدا بولماق، بارلىققا كەلمەك، يارىتىلماق: ئۇزۇنغا قالماي ئۇ يەر-بۇ يەردە قالايمىقان چېچىلىپ ياتقان ياتاقلاردىن يوغان ئىككى دۆۋە ھاسىل بولدى. * مەن ئۇنىڭغا شۇنچە ياخشى گەپ قىلسامۇ ئۇ، ئۆزىنىڭلا گېپىنى راست دەپ تۇرۇۋالغاچقا، بۇ قېتىمقى سۆھبىتىمىزدىن نەتىجە ھاسىل بولمىدى ② ئەمەلگە ئاشماق، قانماق:
شۇنداق قىلىپ، ھاتەم ئاي پەرىنى ئالدى. ئىككىسىنىڭ مۇراد-مەقسىتى ھاسىل بولدى.

**ھاسىل قىلغۇچى قەۋەت** ‹بوت› قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېنىدىكى بىر خىل بۆلۈنگۈچى توقۇلما. غول، يىلتىزنىڭ ئەۋرىشىملىك قىسمى بىلەن ياغاچلىق قىسمى ئارىسىغا جايلاشقان. ھۈجەيرىلىرىنىڭ تىزىلىشى زىچ بولىدۇ. بۆلۈنۈش ئىقتىدارى بولىدۇ. ئۈزلۈكسىز بۆلۈنۈش نەتىجىسىدە يېڭى ئەۋرىشىملىك قىسىم ۋە يېڭى ياغاچلىق قىسمىنى ھاسىل قىلىپ، غول يىلتىزنى توم قىلىپ ئۆستۈرىدۇ.

**ھاسىل قىلماق** ① پەيدا قىلماق، بارلىققا كەلتۈرمەك، كەلتۈرۈپ چىقارماق: بۇ ناخشىغا يەنە بۇلبۇللارنىڭ يىراقتىن ئاڭلانغان ئاۋازى قوشۇلۇپ بىر تەبىئىي يېقىملىق كۈينى ھاسىل قىلاتتى. * ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ قاماقخانا ئىچىدىكى ئوت توچكىلىرى تەرەپتىن ئوق ئۈزۈپ، كۈچلۈك مۇھاسىرە ھاسىل قىلدى. ② بىرەر نەرسىنى تاپماق، ئۆزلەشتۈرمەك، ئىگىلىمەك، ئېرىشمەك: ئەلقىسە، پەرزەنتلەر بۆشۈكتىن ئايرىلدى، يەتتە ياشقا كىردى، مەكتەپكە باردى، ئوقۇپ ئىلىم ھاسىل قىلدى. * ئۇ كۆزەتكە نىسبەتەن ئەسكەرلەرنىڭ روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلاتتى.

**ھاسىلات** ئى (ئە) ھاسىل بولغان، پەيدا بولغان نەرسە، مۆجىزە، نەتىجە: ھايات قايىنىمىدىكى ساقلانغۇسىز مۇشەققەت ئاۋارىچىلىكتىن بىريولىلا قۇتۇلۇش كويىدا ئۆلۈمگە ئۆزىنى ئۇرۇشنىڭ ھاسىلاتى باتۇرلۇقنىڭ بەلگىسىمۇ ياكى ئاجىزلىقنىڭمۇ؟ * بىراق، پەلەكنىڭ گەردىشى رەھىمسىز بولدى. نەتىجە-ھاسىلات زالىم ھۆكۈمەتنىڭ نامەردلىك بىلەن باستۇرۇشى، دېھقانلارنىڭ قايتا

تالان-تاراج، سەرسان ۋە قۇل قىلىنىشى بىلەن يەكۈنلىنىپ قالدى.

**هاسىلە** ئى (ئە) ① < مات > فۇنكسىيىنىڭ ئۆزگىرىش تېزلىكىنى ئىپادىلىگۈچى ئاساسىي چۈشەنچە. ② < خىم > ئاددىيراق بىرىكمىلەردىكى ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى باشقا ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئالماشقاندىن كېيىن هاسىل بولغان نىسبەتەن مۇرەككەپ بىرىكمە.

**هاسىلە سپېكتروسكوپىيىسى** < فىز > قاتتىق جىسىملارنى تېمپېراتۇرا، بېسىم دولقۇن، ئۇزۇنلۇقى ۋە ئېلېكتر مەيدانى جەھەتلەردىن مودۇلياتسىيىلەش ئارقىلىق، سپېكتر سىزىقلىرىنى ئۈچلۇقلاشتۇرۇش ۋە تېخىمۇ كۆپ ئىنچىكە قۇرۇلمىغا ئىگە قىلىش تېخنىكىسى. بۇ ئۈچلۇق سپېكتر سىزىقلىرى ئەمەلىيەتتە ئادەتتىكى سپېكتر سىزىقلىرىنىڭ هاسىلىسىدۇر.

**هاسىلكالام** ئى (ئە) گەپنىڭ، سۆزنىڭ قىسقىسى، خۇلاسىسى، يەكۈنى: كاتتا جايلاردا ئوقۇغان، باشقا يوغان سەللە قونغان، ئاخۇنلۇق دەرىجە قوشۇلغان، هاسىلكالام، بىرەر ھەقىقەت سۆزلەش ئۈچۈن يارىمىغان ئوقۇش بىلەن يوغان دەستۇرنىڭ نېمە خاسىيىتى؟

**هاسىلىق** سۈپ. هاسا تۇتقان، هاسا تايانغان: هاسىلىق ئادەم. // هاسىلىق كەلگەنلەر ئىگىرىغان خەستە، كېسەلنىڭ دەستىدىن چەككەنلەر پەريات؛ ساقىيىپ قايتىدۇ ئۆيىگە خۇشال، گوياكى شىۋاقلار بولغاندەك شەمشاد.

**هاسىللەر** ئى < خىم > → **هاسىلە**.

**هاسىلىي** سۈپ (ئە) بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى نەرسىدىن هاسىل بولغان، هاسىل قىلىنغان، ۋۇجۇدقا چىققان: ماددا بىرلەمچى، چۈنكى ئۇ تۈپكى، تەسەۋۋۇر ۋە ئاڭنىڭ مەنبەسى؛ ئاڭ ئىككىلەمچى هاسىلىي نەرسە، چۈنكى ئۇ ماددىنىڭ ئىنكاسى، مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى.

**هاسىلىي دارامەت** < سىئىق > غەيرىي ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدىكى خادىملارنىڭ مىللىي دارامەتنىڭ قايتا تەقسىملىنىشى ئارقىسىدا ئېرىشكەن دارامىتى.

**هاشار** ئى (ئە) ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدىغان مەجبۇرىي ئەمگەك: هاشارغا بارماق. هاشار سالماق. * ۋاڭ ئوردىسىغا يېقىن مەسچىتكە يىغىلغان كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى ياش يىگىتلەر ۋە ئوتتۇرا ياشلىق دېھقانلار بولۇپ، ئېلىياز خوجىنىڭ هاشارىدىن يانغانلار ئىدى.

**هاشار بىلەن تۆلىنىدىغان يەر ئىجارىسى** < س ئىق > فېئوداللىق يەر ئىجارىسىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى ئارقىلىق پومېشچىكلار ئىگىلىكىدىكى يەرلەرگە ھەقسىز ئىشلەپ بېرىدۇ. بۇ خىل ئىجارە شەكلى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە تازا ئەۋج ئالغان.

**هاشارات** ئى (ئە) < زوئول > بوغۇم پۇتلۇق هايۋانلارنىڭ بىر كلاسى. ئۇلارنىڭ تېنى باش، كۆكرەك ۋە قورساقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. كۆكرەك قىسمىدا ئۈچ جۈپ پۇتى، ئىككى ياكى بىر جۈپ قانىتى بولىدۇ. بەزىلىرىنىڭ قانىتى بولمايدۇ؛ قورساق قىسمىدا بوغۇملىرى، ئىككى يېنىدا هاۋا تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ. بۇ نەپەسلىنىش ئورگىنى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ ساندىكى هاشاراتلار تۇخۇم، لېچىنكا،

قورچاق ۋە يېتىلگەن تەندىن ئىبارەت تۆت باسقۇچنى بېسىپ ئۆتىدۇ. مەسىلەن، ھەسەل ھەرىسى، پاشا، چىۋىن، بۆرگە، چېكەتكە ۋە كۆكپېت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**هاشارات زىبىنى** < بوت > بەزى هاشارات ياكى ئۆمۈچۈكسىمانلار كلاسسىدىكى هايۋانلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆسۈملۈك تېنىنى بۇزۇش ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئوخشاش زىيانلار.

**هاشارات كۆكرىك زەمبۇرۇغى** < زوئول > يۇسۇنسىمان زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى چىۋىن، چېكەتكە قاتارلىق هاشاراتلاردا پارازىت ياشايدىغان زەمبۇرۇغ. زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى هاشارات تېنىگە پارازىت بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئېنزىم ئاجرىتىپ چىقىرىپ، هاشارات توقۇلمىسىنى پارچىلىۋېتىدۇ. هاشارات ئۆلگەندىن كېيىن، زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى سىرتقا ئۆسۈپ چىقىپ، بۆلۈنگۈچى سپورىلارنى هاسىل قىلىدۇ ۋە سپورىلار ئارقىلىق تېز تارىلىدۇ. پىلە قۇرتىدا ياشايدىغانلىرى پىلە قۇرتىنى ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىتىدۇ.

**هاشارات ئۇۋا تۈگۈنچىسى** < بوت > ئۆسۈملۈك تېنى زىيانلىق هاشارات ياكى زەمبۇرۇغنىڭ تەسىر قىلىشىغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، بىر قىسىم توقۇلمىسى غەيرىي ئۆسۈپ يېتىلىپ، ئۆسمىسىمان تۈزۈلۈش هاسىل قىلىدۇ. مانا بۇ هاشارات ئۇۋا تۈگۈنچىسىدۇر. مەسىلەن، مۇزدىكى مۇزا كۆك پىتى شەكىللەندۈرگەن هاشارات ئۇۋا تۈگۈنچىسىگە ئوخشاش.

**هاشارات ياردىمى بىلەن چاڭلىشىدىغان گۈللەر** < بوت > هاشاراتلارنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن چاڭلىشىدىغان گۈللەر. مەسىلەن، ئۆرۈك، شاپتۇل، ئاپتاپپەرەسنىڭ گۈلى قاتارلىقلار.

**هاشارات ياردىمى بىلەن چاڭلىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەر** < بۆت > گۈلى هاشاراتنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن چاڭلىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، كېۋەز، ئۆرۈك، قىچا، مامكاپ قاتارلىقلار.

**هاشاراتخور** سۈپ. هاشارات يەيدىغان، هاشارات يېيىشكە ئادەتلەنگەن: هاشاراتخور ئۆسۈملۈكلەر.

**هاشاراتخور ئۆسۈملۈكلەر** < بوت > هاشارات ۋە باشقا كىچىك هايۋانلارنى تۇتۇپ يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر. كۆپىنچە ئازوت كەم بولغان سازلىقلاردا ياشايدۇ. هاشاراتلارنى تۇتۇشقا ۋە هەزىم قىلىشقا ماسلاشقان يوپۇرماقلىرى بولىدۇ. قۇندۇزلېشى، قەپەزئوت، چىۋىنئوتى قاتارلىقلار مەشهۇر هاشاراتخور ئۆسۈملۈكلەردۇر.

**هاشاراتخورلۇق** «هاشاراتخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**هاشاراتشۇناس** ئى (ئە) هاشارات تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس.

**هاشاراتشۇناسلىق** «هاشاراتشۇناس» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئاساسىي خىزمەت ۋاقتى دەرس تەييارلاش، ئېكولوگىيە، هاشاراتشۇناسلىق ۋە باشقا پەن تەتقىقاتى خىزمەتلىرى بويىچە پىلان تۈزىلىدۇ.

**هاشارچى** ئى. ئۈستىگە هاشار مەجبۇرىيىتى چۈشكەن، هاشارغا قاتناشقۇچى كىشى: گومىنداڭچىلار يەنە تۈزئاۋات، قوغان، بوزدۆڭلەرگىمۇ هاشارچىلارنى ئاپىرىپ چوڭ-چوڭ پوتەيلەرنى ياساتقۇزدى. * قۇرۇق تاغار

ئۆرە تۇرمىغاندەك، ئاغرىق-سىلاق ۋە ئاچلىق ئازابىدىن دەرماندىن كېتىپ قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان ھاشارچىلار پاتلا ھالسىزلىنىشقا باشلىدى.

**هاشىيە** ئى (ئە) < مەت > كىتاب، دەپتەر ۋاراقلىرىنىڭ تۆت ئەتراپىدىكى خەت يېزىلمىغان ئاق جايلار: قەدىمكى زاماندا كىتابلار هاشىيەسىگە ناھايىتى مۇھىم تەكىتلەش، پىكىر-مۇلاھىزىلەر، ئىزاھلار ھەتتا پۈتۈن ئەسەر يېزىلاتتى. مەسىلەن، فۇزۇلىنىڭ «لەيلى ۋە مەجنۇن» داستانى شائىر دىۋانىنىڭ هاشىيەسىگە يېزىلغان.

**هاقارەت** ئى (ئە) ① قوپال گەپ-سۆزلەر بىلەن باشقىلارنىڭ ئابرويىغا، ئىززەت-ھۆرمىتىگە تېگىش، سۆكۈش: قىز ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇنداق هاقارەت چىقىشىنى زادىلا كۈتمىگەچكە ئۆز ئېغىرلىقىنى يوقىتىپ، يىقىلاي-يىقىلاي دەپ قالدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىغان هاقارەت ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپ بىردىنلا جاسارەتلىك ئانىغا ئايلاندۇردى. ② باشقىلارنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە تېگىدىغان، كەمسىتىدىغان، كۆڭلىنى رەنجىتىدىغان قوپال ۋە ئورۇنسىز گەپ؛ ئاھانەت: هاقارەت قىلماق. هاقارەت كەلتۈرمەك. * ئايىزىمخان كۈتۈلمىگەن بۇ هاقارەتتىن چۆچۈپ، ئىتتىك بېشىنى كۆتۈرگەندە، كېتىۋاتقان كىشىنى كەينىدىنلا كۆرۈپ قالدى. * ئەنۋەر هاقارەت ئازابىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، سۆھبەت يەنە داۋاملىشىپ قالدى-دە، ئاخىرىغىچە تىڭشاشقا مەجبۇر بولدى.

**هاقارەت تىلى** < تىل > هاقارەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىگە قارىتىلىدۇ. بۇنداق سۆزلەر هاقارەت ئۈچۈن قوللىنىلغاندا ئەسلىدىكى سۆزلۈك مەنە دائىرىسىدىن ھالقىپ كېتىدۇ.

ئۇيغۇر تىلىدىكى «كالا» سۆزىنى «دۆت، كالۋا، ھۇرۇن» دېگەن تىل ئورنىدا؛ «تۈلكە» سۆزىنى «قۇۋ، مەككار» دېگەن مەنىدە قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ھالدا، بۇ سۆزلەر ئىسىم تۈركۈمىگە ئەمەس، سۈپەت تۈركۈمىگە تەئەللۇق بولۇپ قالىدۇ ۋە ئاشۇرۇش رەۋىشلىرى ئارقىلىق ئېنىقلىنىپ كېلەلەيدۇ. مەسىلەن، «تازا تۈلكە بىرنېمە ئىكەنسەن» دېگەندەك.

**هاقارەتلەش** «هاقارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى.

**هاقارەتلەش جىنايىتى** < قا > دۆلىتىمىزنىڭ جىنايى ئىشلار قانۇنىدا بەلگىلەنگەن جىنايەت ناملىرىدىن بىرى. زوراۋانلىق ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن باشقىلارنىڭ كىشىلىك غۇرۇرىغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان، باشقىلارنىڭ ئابرويىنى تۆكىدىغان قىلمىشلار بۇنىڭغا كىرىدۇ.

**هاقارەتلەشمەك** «هاقارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاۋۇتنى شۇنداق سەت هاقارەتلەشتىكى، ئەگەر ئاۋۇتتىن باشقا ئادەم بولغان بولسا ئاللىقاچان قولىغا پىچاق ئالغان بولاتتى.

**هاقارەتلەنمەك** «هاقارەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پادىشاھ بۇ ئەسكىرىي كۈچنى ئېلىپ پېگىشەھەرنىڭ پادىشاھىغا تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ، ئۆزىنىڭ هاقارەتلەنگەن ئىززەت-ئابرويىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى بولۇپتۇ. * بەختسىز قىز بۇ پاسكىنىچىلىقلارغا پېتىپ، ھەممە تەرەپتىن هاقارەتلىنىشكە باشلىدى.

**هاقارەتلىك** سۈپ. هاقارەت تۈسىنى ئالغان، خورلاش، كەمسىتىش چىقىپ تۇرغان: هاقارەتلىك تۇرمۇشتىن ساداقەتلىك ئۆلۈم ياخشى (ماقال). * ناسىرنىڭ باياتىن

بىرى قىلغان هاقارەتلىك گەپلىرى هاشىم شۇجىنىڭ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتكەنىدى. * ئۇنىڭغا بۇنداق هەرىكەتلەر، بايىقى قوشاقلار سەنئەت ئەمەس، بىر خىل هاقارەتلىك ئىشتەك بىلىنەتتى.

**هاقارەتلىمەك** پ ① يامان، قوپال، سەت گەپ-سۆزلەر بىلەن تىللىماق، ئاهانەت قىلماق، سۆكمەك: ئۇنىڭ ئاكىسى ئايالىنىڭ ئورۇنسىز گەپلىرىگە ئىشىنىپ، ئايىم بۈۋىنى قاتتىق هاقارەتلىگەن ۋە ئۇنى ئۆيدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغانىدى. * شۇنچە قاتتىق هاقارەتلىسىمۇ هېچنېمە دېمەي تۇرغىنىنى قارىمامدىغان. ② ئەيىبلىمەك، كەمستىمەك، خورلىماق: بېشىر ۋاڭنىڭ مۇقامچىلارنى هاقارەتلەپ جازالىغانلىقى شۇ دەۋرگە ئائىت رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان. * مەن ساڭا تېگى-تەكتىدىن دۈشمەن ئىدىمغۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سەن مېنى قۇلدەك هاقارەتلىگەن!

**هاقارەتنامە** ئى. هاقارەتلەپ يېزىلغان خەت: فېئوداللىق سوتسىيالىزم ئەنە شۇنداق كېلىپ چىقتى، ئۇنىڭ يېرىمى ماتەم كۈيى، يېرىمى هاقارەتنامە ئىدى.

**هاك** ئى (پ) < خىم > نېئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CaO$. ئاق رەڭلىك، شەكىلسىز قاتتىق ماددا، هاك تاش ($CaCO_3$) نى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. سۇغا يولۇقسا پارچىلىنىپ كېتىدۇ ۋە كالتسىي گىدروكسىدقا ئۆزگىرىدۇ هەم كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ قۇرۇلۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، يېزا ئىگىلىكى ۋە تازىلىق ئىشلىرىدا قۇرت، مىكروبلارنى ئۆلتۈرگۈچى قىلىنىدۇ.

**هاك بېتون** < بىن > هاك، قۇم ۋە سېغىز توپىنىڭ مەلۇم نىسبەتتىكى ئارىلاشمىسى. ئۇنى سۇ بىلەن نەمدەش ئارقىلىق يول ئۈلى ۋە قۇرۇلۇشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**هاك تاش** < گېئول > چوكۇندى جىنسلارنىڭ بىر خىلى. مۇهىم تەركىبى كالتسىي كاربونات ($CaCO_3$). تازا هاك تاش ئاق رەڭلىك بولىدۇ، بىراق تەركىبىدە هەر خىل ئارىلاشمىلار بولغانلىقى ئۈچۈن هەر خىل رەڭدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كۈل رەڭلىك، قارا رەڭلىك. سەل قوڭۇر رەڭلىك، قارا كۆك رەڭلىك، سۇس يېشىل رەڭلىك، سۇس قىزىل رەڭلىك ۋە باشقىلار. هاك تاش كۆپ مىقداردىكى كالتسىيلىق ماددىلار ياكى قۇلۇلە، مارجان قاتارلىق بىئولوگىيىلىك تەن قالدۇقلىرىنىڭ دېڭىز ئاستى ياكى كۆل ئاستىغا چۆكۈشىدىن هاسىل بولغان، ئادەتتە ئۇ مېتاللۇرگىيە سانائىتىدە، خىمىيە سانائىتىدە ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**هاك چېچەكى** < گېئول > خىمىيىلىك چۆكۈندى جىنسلارنىڭ بىرى، يەنى كالتسىي كاربوناتنىڭ ($CaCO_3$) يوشۇرۇن كرىستاللىق قۇراشمىسى. كۆپرەك بوش، كۆپ كاۋاكلىق بولىدۇ. هاكلىق سوغۇق مىنېرال بۇلاق سۇلىرى ياكى ئىسسىق مىنېرال بۇلاق سۇلىرىنىڭ يەر ئۈستىگە ئېتىلىپ چىققاندىن كېيىن پارلىنىشى نەتىجىسىدە چۆكۈپ پەيدا بولىدۇ ياكى هاكلىق دەريا سۇلىرىنىڭ يۇسۇنلۇك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىشى نەتىجىسىدە چۆكۈپ پەيدا بولىدۇ.

**هاك لاي** < بىن > هاكنى سۇدا ئېرىتىپ، مەلۇم نەرسىگە قۇيۇپ سۈيىنى سىڭدۈرۈۋەتكەندە ئۇيۇپ قالغان قىسمى.

**هاك ماددىسى** < خىم > مۇهىم تەركىبى كالتسىي كاربونات بولغان ماددىلار.

ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ سۆڭەكلىرىدە كۆپ مىقداردا هاك ماددىسى بولىدۇ.

**هاكاۋۇر** سۈپ (ئە) باشقىلارنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، دىمىغى ئۈستۈن؛ مەنمەنچى. تەكەببۇر: ئۇ ئېتىز بېشىغا بارغاندا بارات مەزىن بېشىنى ساڭگىلاتقىنىچە قىر ئۈستىدە مۆكچىيىپ ئولتۇرغانىكەن. نازىم ئەمدى ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى بۇرتقا سىغماي كەلگەن غالىبانە هاكاۋۇر گەۋدىنى كۆرەلمىدى. // بۇ، پاتمە بىلەن دېمەتلىك، هېيزەم ئىسملىك قىز بولۇپ، باشقىلار ئۇنى هاكاۋۇر دەيتتى. // ئېلى پاششاپ ھەربىي-ساقچى ئەمەلدار كىيىمدە هاكاۋۇر كىرىپ كېلىدۇ.

**هاكاۋۇرانە** رەۋ (ئە+پ) هاكاۋۇرلۇق بىلەن، كىبىر بىلەن، گىدىيىپ: مىرزا ئېلى تاشقىرىدىن هاكاۋۇرانە كىرىدۇ ۋە كېلىپ يۆلەنگۈچ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ، چاۋاك چالىدۇ، خىزمەتچىسى ئەلنەغمىچىلەر ۋە قىزلارنى باشلاپ كىرىدۇ.

**هاكاۋۇرلارچە** رەۋ. هاكاۋۇرلارغا ئوخشاش، هاكاۋۇرلارنىڭ قىلىقىنى قىلىپ، هاكاۋۇرلاردەك: ئۇلار، سالامدى

هاقار... بولۇپ تەم... قالدى-دە، ئاخىر...
هاقارەت قىلى...
ئىشلىتىلىدىغان سۆز ۋە...
قارىتىلىدۇ. بۇنداق سۆز...
ئۇچۇن قوللىنىلغاندا ئەسلىدى...
مەنە دائىرىسىدىن هالقىپ كې...

هاكاۋۇرلىشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

**هاكاۋۇرلۇق** ئى. هاكاۋۇرلارچە قىلىق، مىجەز، كىبىر: هاكاۋۇرلۇق قىلماق. * باجگىر هاكاۋۇرلۇق بىلەن قوللىرىنى شىلتىپ ۋارقىراشقا باشلىدى. * ئۇنىڭ ئالدىدا قوچقاردەك قاڭشار بۇرۇن بىر ھەربىي هاكاۋۇرلۇق بىلەن گىدىيىپ تۇراتتى.

**هاكاۋۇرلۇق قىلماق** ئۆزىنى باشقىلاردىن چوڭ تۇتماق، باشقىلارنى كۆزگە ئىلماسلىق: ئۇنىڭ كىچىك ئاتا ۋە كىچىك ئاپىلىرى بولسا، «ئوغلىمىز يېقىندىن بۇيان بىزگە بەك هاكاۋۇرلۇق قىلىدىغان بولۇپ كەتتى، كىچىك بوغۇنلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەدەبلەرنىمۇ چۆرۈۋەتتى، دەپ ئادىلنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى ئەيىبلىشەتتى.

**هاكچى** ئى. هاك پىشۇرۇپ ساتقۇچى كىشى: ئۇنچى هاكچىنى كۆرەلمەپتۇ (ماقال).

**هاكچىلىق** ئى. هاك پىشۇرۇش ھەم سېتىش كەسپى، ئىشى: ــ ئىش تاپالماي هاكچىلىق قىلىۋاتامسەن. ساتتار ئاكا؟ ــ دېدى هاكىم قاقاھلاپ كۈلۈپ.

**هاكلاتماق** «هاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا بويىچە تۇنجى قېتىم ئۆيىنى هاۋا رەڭ سېنكا بىلەن هاكلاتقان ئادەم پەقەت ئادىللا ئىدى.

**هاكلاشماق** «هاكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيلىرىنى هاكلىشىپ هېيتلىق تەييارلىقىنى قىلىشىۋاتاتتى.

**هاكلانماق** «هاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئايۋان بىلەن پېشايۋاننىڭ تاملىرى هاكلىنىپ، دېرىزىلەر ئارىلىقىغا گەج بىلەن مېهراب شەكىللىك نەقىش ئويدۇرۇلغانىدى.

**هاكلىق** سۈپ. تەركىبىدە هاك بولغان، ئارىلاشتۇرۇلغان؛ هاكتىن ياسالغان: هاكلىق سۇ. هاكلىق توپا.

**هاكلق توپا** <بن> تەركىبىدە هاك بولغان توپا. بىناكارلىقتا پىشۇرۇلغان هاك ئۇۋۇندىسى بىلەن سېغىز توپىنى ئۈچ بىلەن يەتتە ئۇلۇش نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، قەۋەتلەپ چىڭدىغاندا مەلۇم دەرىجىدىكى كۆتۈرۈش كۈچىگە ئىگە بولىدۇ. ھەمدە سۇنى ئاسان ئۆتكۈزمەيدۇ. شۇڭا ئۇ ئادەتتىكى ئۆيلەرنىڭ فوندامېنتىغا ۋە يول ئۇلىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**هاكلق دولۇمت جىنس** <گېئول> تەركىبىدە هاك ماددىسى بولغان دولۇمىت جىنس.

**هاكلق قۇم لاي** <بن> ئېرىتىلگەن هاك بىلەن ئېتىلگەن قۇم لاي.

**هاكلىماق** پ <بن> ئېرىتىلگەن هاكنى چوتكا بىلەن سۈرتۈپ ياكى ناسوس ئارقىلىق پۈركۈپ، ئۆينىڭ تام-تورۇسلىرىنى ئاقارتماق.

**هاكىم** ئى (ئە) ① <تارىخ> ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئۆتكەن ھەمدە مەلۇم شەھەر ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يېزىلاردا تۇرۇپ، خان ئەمرىنى ئىجرا قىلىدىغان ئەمەلدار. ② ناھىيە باشلىقى: — بۇ كىشى ناھىيىمىزنىڭ هاكىمى بولىدۇ، — دەپ تونۇشتۇردى بىزگە ئۇنى. بىز بۈگۈن هاكىم، مۇئاۋىن هاكىم، ساقچى ئىدارىسىنىڭ باشلىقىنى سايلاپ چىقىمىز، — دېدى قاسىمجان قەمبىرى جاراڭلىق ئاۋازدا كۆپچىلىككە قاراپ. ③ هۆكۈمران: باشقا ئىشلاردا ئۇ بۇ يەرگە هاكىم بولسىمۇ، لېكىن هازىر شۇ مەيداندا نازارەتچى ئۇنىڭغا هاكىم ئىدى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**هاكىمبەگ** ئى (هاكىم+بەگ) تارىس ① بەگلەرنىڭ ئۈستىدىن نازارەت قىلغۇچى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**هاكىملىق** «هاكىم» سۆزى ① ② ③ لارنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: يېشى 30 دىن سەل هالقىغان قامەتلىك بۇ يىگىت يېزا ئىگىلىك ئىدارىسىگە باشلىق بولۇپ، بىر يىل ئۆتمەيلا هاكىملىققا ئۆستۈرۈلگەنىدى. * بۇرادەر، مەن سېنى بىلمەن، سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭنى ئەرلىك غۇرۇرى ئىگىلىگەن، سەن ھەممىگە هاكىملىق نەزەرى بىلەن قارايسەن.

**هاكىممۇتلەق** ئى (ئە) مۇستەبىت، ئىستىبدات: قىساس ئوتى ئىنقىلابقا بولۇپ هامىلدار. پرولېتار يېڭىباشتىن كۈرەش باشلىدى. ئىنقىلابىنىڭ يالقۇنى ھەر يانىنى قاپلاپ، هاكىممۇتلەق تەختىنى ئۆرتەپ تاشلىدى.

**هاكىممۇتلەق قىلىك** ئى. مۇستەبىتلىك، ئىستىبداتلىق: هاكىممۇتلەق قىلىك قىلماق. هاكىممۇتلەق قىلىك يۈرگۈزمەك. * بۇ ئادەم تۆمۈر خەلپە قاتارلىق نەچچە ئونلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قېنىنى ئىچىپ، ئابدۇقادىر داموللىدەك ئىلىم-ئىرپان يۇلتۇزلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولغان ۋە 20-ئەسىر شارائىتىدا ئوتتۇرا ئەسىر جاھالىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ هاكىممۇتلەق قىلىك تەختىدە 17 يىل دەۋران سۈرگەن.

**هاكىمىيەت** ئى (ئە) دۆلەت ۋە ئۇنىڭ ئورگانلىرى؛ هۆكۈمەت؛ سىياسىي هۆكۈمرانلىق: هاكىمىيەت تىكلىمەك. هاكىمىيەت قۇرماق. * بۇ كىتابتا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ئارقا كۆرۈنۈش قىلىنىپ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گومىنداڭنىڭ ئەكسىيەتچىل هاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش يولىدىكى ئىنقىلابىي كۈرىشى تەسۋىرلەنگەن. * باي ناھىيىسىنىڭ ئازاد قىلىنىشى بىلەن، مىللىي ئارمىيە باتالىيونىنىڭ ئالدىدا ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرىنچى ۋەزىپە، بۇ يەردە كونا گومىنداڭ هاكىمىيىتىنىڭ ئۇزۇل-كېسىل پاچاقلىنىپ تاشلانغانلىقىنى تەنتەنە بىلەن جاكارلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا يېڭى هاكىمىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت بولۇپ قالغانىدى.

**هاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە** بىر دۆلەت

ماھىيىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ھوقۇقىنى تۇتۇپ تۇرغان، ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇۋاتقان پارتىيە: دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەل كوممۇنىستىك پارتىيىلىرى باپباراۋەردۇر. ئۇلار ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە بولسۇن ياكى ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرمىغان پارتىيە بولسۇن، ئەزىز-خار ۋە يۇقىرى-تۆۋەن دەپ ئايرىلمايدۇ.

**هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى** < پەلس > دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ تەشكىلىي شەكلى. بۇنىڭدا ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دۈشمەنگە قارشى تۇرۇش ۋە ئۆزىنى قوغداشتا ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنى قانداق شەكىلدە تەشكىل قىلىدىغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى دۆلەت تۈزۈلمىسىگە ئۇيغۇن بولىدۇ. تارىخىي شارائىت ۋە سىنىپىي كۈچلەر سېلىشتۇرمىسىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن، دۆلەت تۈزۈلمىسى ئوخشاش دۆلەتلەر ئوخشاش بولمىغان ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسىنى قوللىنىشى مۇمكىن، لېكىن بۇ شەكىللەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم سىنىپنىڭ دىكتاتۇرىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈلمىسى ـــ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدۇر، ئۇ ماھىيەتتە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى.

**هاكىمىيەت شەكلى** < پەلس > ← **هاكىمىيەت تۈزۈلمىسى.**

**هاكىمىيەت ئورگانلىرى** < پەلس > ← **دۆلەت ئورگانلىرى.**

**هاكىمىيەتلىك** سۈپ. ھاكىمىيەتتىن ئىبارەت بولغان، ھۆكۈمرانلارغا خاس: ھەر خىل مەسئۇلىيەت تۈزۈملىرى يولغا قويۇلغان، بولۇپمۇ مەھسۇلاتنى ۋە ھەممىنى ئائىلىلەرگىچە ھۆددىگە بېرىش يولغا قويۇلغان جايلاردا يېزا ۋە كەنتلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام ھاكىمىيەتلىك رولىنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

**هالڭ** I ئى ① تۆت تەرىپى تىك، بەك تېرەن، چوڭقۇرلۇق: شۇنچە چوڭ تاغنى ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن ھاڭنىڭ كەڭلىكى ئۈچ مېتىردىن ئېشىپ چۈشەتتى. چوڭقۇرلۇقىغا كۆز يەتمەيتتى. * ياش ئىشچى رەھىم بىر قولىنى بېلىگە تىرەپ، ئېھتىيات بىلەن ھاڭغا قاراپ «ياپىر» دېگىنىچە كەينىگە داجىدى. ② كۆچمە. ئۆتۈش قىيىن بولغان توسالغۇ، توسۇق: ئۇ ئىككىسىنىڭ مەنىۋى بىرىكىشى بۇرۇنقى ئىش، ھازىر ئوتتۇرىدا ھاڭ بار. قانداق چۈشەنگەن بىلەنمۇ ھاڭ بار. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا غايەت زور ھاڭ ھاسىل بولغان بولۇپ، ئەمدى ھاڭنى تۈزلىگۈدەك قۇدرەتنىڭ يوقلۇقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

**هالڭ** II رەۋ ← **هالڭ قاتماق.**

**هالڭ قاتماق** قاتتىق ھەيران قالماق، ئىنتايىن، تەئەججۈپلەنمەك، تاڭ قالماق: لەيلىگۈل كۆزىنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ھادىسىدىن چۆچۈپ ھاڭ قېتىپ قالدى ۋە شۇ زامان ئالماس بىلەن مەشرەپنى تونۇپ يىغلىۋەتتى. * خەلچەم تېخىچە ئاغزىنى ئاچقىنىچە ئۇ كىشىگە ھاڭ قېتىپ قاراپ تۇراتتى. * بىر كۆرۈپ ھۆسنۈڭنى ھەممە ھاڭ قېتىپ قالدى شۇ ئان، توستى ئاي جامالىنى، چولپان خىجىل بولدى راۋان.

**هالڭ قالماق** ← **هالڭ قاتماق.**

**هالڭ-تالڭ** ← **هالڭ-تالڭ بولماق**: سەلىمە ئىشنىڭ ماھىيىتىنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى.

**هالڭ-تالڭ بولماق** بىرەر ئىشقا ئەجەبلىنىپ ھەيران قالماق، ھاڭ قېتىپ قالماق: شۇ ئىشلار ئۆتۈپ ھەپتىدىن كېيىن، بىركۈنى ئەتىگەنلىك گىمناستىكا ۋاقتىدا پۈتۈن ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار مۇنۇ مەنزىرىنى ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا كۆرۈشتى. * بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ

رەيھان دەسلەپ هاڭ-تاڭ بولدى، كېيىن ئاجىز گەۋدىسى تىترەپ، بۇقۇلداپ ئۇزاق يىغلىدى.

**هاڭ-تاڭ قالماق** ← **هاڭ-تاڭ بولماق**: مايمۇن ئاچچىق ئەلەم ئىچىدە قولىنى بىر شىلتىۋىدى، تۇلۇمچاشقان هاڭ-تاڭ قالغان هالدا ئارقىغا داجىدى.

**هاڭ-تاڭ قىلماق** هەيران قالدۇرماق، هەيران قىلماق؛ ئەجەبلەندۈرمەك، تەئەججۈپلەندۈرمەك: ئۇنىڭ بۇ ئىشى هەممەيلەننى هاڭ-تاڭ قىلدى.

**هاڭ-تاڭلىق** هەيرانلىق، تەئەججۈپلۈك: ئېلىپ ئۇنى قولىغا، قالدى بىردىن جىم بولۇپ. هاڭ-تاڭلىقتىن شاد كۆڭلى كەتتى ئويلارغا تولۇپ.

**هاڭراتماق** «هاڭرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـــ شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەردىن قېچىپ كەلگەن بولۇپ، ئېشەكنى هاڭرىتىپ ساۋەنگە بارىدۇ. بىز توغرۇلۇق ئاللا-چوقان سالىدۇ، ـــ دېدى ئۇ بىزگە.

**هاڭراشماق** «هاڭرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەل سۈيىدە كۆكەرگەن ئوت-چۆپلەر بىلەن تويۇپ، هارامزادىلىشىپ قالغان ئېشەكلەر قۇيرۇقلىرىنى خادا قىلىشىپ جاهاننى بېشىغا كىيىپ هاڭرىشاتتى.

**هاڭرىماق** پ «هاڭ-هاڭ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «هاڭ-هاڭ» قىلماق (ئېشەك هەققىدە): بىركۈنى ئەپەندىم ئېشەككە مىنىپ كېتىپ بارغىنىدا، ئالدىدىن ئاتقا مىنگەن شەهەر قازىسى بىرقانچە هەمراهلىرى بىلەن چىقىپ قېلىپتۇ؛ ئەپەندىم سالام بېرىشكە ئۈلگۈرمەيلا، ئېشىكى هاڭراپ كېتىپتۇ.

**هاڭغۇت** ئى. جۇۋازنىڭ ئۇلاغ قوشىدىغان جاينىڭ يالاڭ تەرىپى.

**هاڭغۇق** ئى. دىئال. ئۆكۈزنى قوشقا قاتقاندا بوينىغا سېلىنىدىغان بويۇنتۇرۇق.

**هاڭغىرقاي** سۈپ. ئېچىلىپ قالغان، بەك ئوچۇق: تىلماچ ئارقىمۇئارقا ئىككى مەرتەم ۋارقىرىغان بولسىمۇ، هاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن هېچكىم چىقمىدى.

**هاڭقايماق** پ. دىئال. هاڭ قېتىپ تۇرۇپ قالماق، هەيران بولۇپ قالماق، تەئەججۈپلەنمەك.

**هاڭگا** < زوئول > ① سۈپ. ئەركەك (ئېشەك هەققىدە): هاڭگا ئېشەك. ② ئى. ئەركەك ئېشەك: ئۇ بازاردىن بۇ يىل ئەمدى تۆت چىشلىق بولغان بىر هاڭگى سېتىۋالغانىدى.

**هاڭگا ئاياق** هاڭگا تېرەكنىڭ ياغىچىدىن ئويۇپ ياسالغان ئاياق.

**هاڭگا تېرەك** < بوت > تېرەكنىڭ بىر خىلى. يوپۇرمىقى تۆمۈنە ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق؛ ياغىچى ئاچ سېرىق هەم قاتتىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئويمىچىلىقتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**هاڭگەت** ئى < زوئول > بىر خىل قۇش. پەي تۈكلىرى بېغىر رەڭ، قورساق قىسمى ئاق، تۇمشۇقى ياپىلاق، پۇتلىرى قىسقا كېلىدۇ، بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ. زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقى، بېلىق ۋە هاشارات قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، سۇ بويلىرىدا توپلىشىپ ياشايدۇ، ئۇچقاندا رەتلىك سەپ هاسىل قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ پەسىل قۇشى هېسابلىنىدۇ.

**هاڭگىز** ئى. دىئال. ئېگىز.

**هاڭۋاقتى** ئى (هاڭ+باقتى) دائىم هاڭۋېقىپ تۇرىدىغان بىپەرۋا ئادەم: ئۇ بىرەر هەپتىگىچە ئاغرىپ ياتتى، ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىنمۇ، خېلى زامان هاڭۋاقتىغا ئوخشاپ يۈردى. * يۈز ئۇلاق قورۇق بوتۇنى

ئۇنىدۇرۇش ئۈچۈن بىر-ئىككى هاكۋاقتىنىڭ كېلىشتۈرۈپ ئەدىبىنى بېرىپ قويغان تۈزۈك!

**هاكۋاقتىلىق** « هاكۋاقتى » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىركۈنى كىچىك ئاغىچا قاشلىرىغا ئوسما قويۇۋېتىپ، ئۆزىگە ئەينەك تۇتۇپ بېرىۋاتقان جاپپارنىڭ ئەينەكتە ئۆزىنى ياخشى كۆرسەتمىگىنى، هاكۋاقتىلىق قىلغىنى ئۈچۈن، تەستىكگە « چاڭ » قىلىپ بىرنى سالغانىدى.

**هاكۋاقماق** پ (هاڭ+باقماق) هېچنېمىنى سەزمەي، هېس قىلماي تۇرۇپ قالماق؛ بىپەرۋالىق بىلەن تۇرماق؛ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالماق: قاراڭغۇ دەپ هاكۋاقما، يورۇقلۇقنى ئىزلەپ تاپ (ماقال). * ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي تام تۆپىسىدە قوللىرىنى كېرىپ هاكۋېقىپ تۇراتتى. * ئۇ قايان مېڭىشنى بىلمەي بىرپەس هاكۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، دەرۋازىدىن چىقىپ يان تەرەپتە هارۋا تۇتۇپ تۇرغان بىر كىراكەشنىڭ ئالدىغا باردى.

**هال** I سۈپ. ئاچ قىزىل، قىزغۇچ؛ شاپتۇل چېچىكى رەڭ: هال ئانار تاش. هال پروكسېنت. هال كۋارتس.

**هال ئانار تاش** < گېئول > گروسسولبار گۆھىرى. قارامتۇل بامبۇك رەڭگىدە، ئاساسەن مېكسىكىدىن چىقىدۇ.

**هال پىروكسېنت** < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى (Mn, Ca) $SiO_3$ . ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى تاختىسىمان ۋە زىچ كاللەك قۇراشما هالىتىدە كېلىدۇ. رەڭگى سۇس قىزىل، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 5 — 5.6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.4 — 3.75. ئادەتتە ئويمىچىلىقتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**هال رەڭ** < گ سەن > ① ئاچ قىزىل بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە: هال رەڭ ياغلىق. هال رەڭ كۆڭلەك.

**هال رەڭ شاۋقۇن** < فىز > $20 \sim 20 \times 10^3 Hz$ دائىرىسىدىكى تەڭ يۈز بۆلەكلىك تىلىمچە كەڭلىكىدىكى چاستوتا بۆلەكلىرى ئىچىدىكى تەڭ ئېنېرگىيىلىك شاۋقۇنلار.

**هال رەڭلىك قارىغوجا** < زوئول > قارىغوجىنىڭ هال رەڭ بولىغان بىر خىلى.

**هال كۋارتس** < گېئول > سۇس قىزىل ياكى سۇس ئەتىرگۈل رەڭلىك كۋارتس. 575°C قىچە قىزدۇرۇلغاندا قىزىل رەڭگى يوقايدۇ. ئۇزۇن ۋاقىت ئاپتاپقا قاقلىنىپ تۇرسا، قىزىل رەڭگى سۇنسلىشىدۇ.

**هال** II ئى → **دات كېسىلى.**

**هال چۈشمەك** ئۆسۈملۈك ياكى زىرائەتلەردە هال كېسىلى پەيدا بولماق: ۋە لېكىن تۈنۈگۈن قاراپ ئەينەككە، كەلدى-دە، « بۇ مەنمۇ؟ » دېگەن بىر ئويلاش. تۇراتتى ياڭىقىم ئۈستىدە سىزىق... هال چۈشكەن بۇغدايدەك بىر ئالاڭغۇ باش.

**هال كېسىلى** → **دات كېسىلى.**

**هال** III ئى (ئە) ① مەۋجۇت بولغان ياكى يۈز بەرگەن هالەت، ئەهۋال: بار بارى بىلەن، يوقى هالى بىلەن (ماقال). * ئۆيدە قايتىدىن كۆڭۈللۈك هال هۆكۈم سۈرۈشكە باشلىدى. * هاتەم ئۇ يەردە يەنە ئۈچ-تۆت كۈن تۇرۇپ دەم ئېلىپ، خەلق بىلەن خوشلىشىپ يەنە ئۆز يولىغا راۋان بولدى-دە، هېلىقى كېسەك باشلار بار يەرگە يەتتى. قارىسا نە كۆل، نە دەرەخ ۋە نە ئۇ باشلار كۆرۈنمەيتتى. هاتەم بۇ هالدىن هەيران بولدى. ② تۇرق كۆرۈنۈش: ئۇنىڭ سىرى

ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە مەلۇم بولمىغانلىقتىن، ئارىدا ئۇنىڭ ھالىغا كۆلىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھېساب ئالىدىغان بىرسىمۇ يوق، پەقەت ئۇ ھەممە ھېسابنى ئۆز يۈرىكىدىن ئېلىپ، ئۆز يۈرىكىگە بېرەتتى. ③ ئىنساننىڭ جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۆزىنى سېزىشى؛ جىسمانىي ۋە روھىي ھالەت؛ سالامەتلىك، كەيپىيات: ئېغىر ئەمگەك ئۇنىڭ ھالىنى قويمايتتى. * مەن شۇ پەللىدە ئۆزۈمدە ئاجايىپ بىر ھالنى سەزدىم، ھەمىشە قىزلارنى كۆرگۈنۈمدە قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئىللىق بىر تارتىش كۈچىنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلاتتىم. ④ كۆچمە. كىبىر: ھالى ئۈستۈن. ھال پەيدا بولماق. * ئەتىگەندە ئويغانسام، چاي قايناپدۇ چەينەكتە. ھالى چوڭ يار ئۆزىنى كۆرۈپ قويسۇن ئەينەكتە.

**هال پەيدا بولماق** كىبىرى ئۆسمەك، ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، ئۆزىگە تەمەننا قويىدىغان ئادەت شەكىللىنىپ قالماق: ئىشىك ئالدى گۈل-چىمەن، شال پەيدا بولۇپ قاپتۇ. خىل كۆرگەن مىجەزىڭدە، ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

**هال پېئىل** <تىل> ← **رەۋىشداش.**

**هال تاپماق** ھاللانماق، بېيىماق: ــ بۇنى سورىمىسلىمۇ ئېيتىپ بېرەتتىم موللام. ئاتام رەھمەتلىك، ئەسلىي شەھەردە ئۆز زامانىسىدا ئوبدانلا ھال تاپقان ئادەم ئىدى. ئاتام قايسى يىلى ئىكەن، ئېسىمدە يوق، تۇيۇقسىز ئۆلۈپ كەتتى، ــ دېدى قادىر.

**هال تارتماق** نازلانماق، نېزىقماق: ھالىڭغا بېقىپ ھال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن تارت (ماقال). * ئۇنىڭ بايلىقى، ھال تارتقۇلىقى، بۇ چوڭ توي-تۆكۈنگە كەلگەن نى-نى باي، ھال تارتقۇ خېنىملارنىڭ ئالدىدا نە-نەلەردە قېلىپتۇ.

**هال تۆكمەك** ئۆز ئەھۋالىنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرمەك: بۇ ئۇنى بىزنىڭ ئەيىبلىشىمىز ۋە ھالىمىزنى تۆككىنىمىزگە قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك ئازابلايدۇ. ئىنسان ھاياتىدا بەزى ھاللاردا ھەممە نەرسە شۇنداق ئاچچىق بولىدىكەن.

**هال سورىماق** ئامان-ئېسەنلىكىنى، ھال-كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى سوراپ كۆڭۈل ئېيتماق: ئابدۇكېرىم ئاباسوپ بۇ ياش يىگىتنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقىنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن بىرى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئالايىتەن كېلىپ ئۇنىڭدىن ھال سوراپ قايتقانىدى. * ئۇلار بۇگۈن ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن دوست-بۇرادەرلىرىنى يوقلىماقچى، شۇ جۈملىدىن بىرقانچە ئىنقىلابىي قۇربانلار ئائىلىسىدىن ھال سورىماقچى ئىدى.

**هال ئېيتماق** ① ئۆزىدىن يۇقىرى ئورۇنغا بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئەرز ئېيتماق: مەن ئىشخانا بىناسىنىڭ ئالدىدا ھال ئېيتىپ كەلگەنلەرنىڭ دەردىنى ئاڭلاۋاتاتتىم. ماڭا تونۇش پىكاپ غۇيۇلداپ كېلىپ «ۋىش» قىلىپ توختىدى. * ئۇنىڭ خاپىلىقىنى كۆپ تارتىشقا توغرا كېلەتتى. ھەر ھەپتىدە تازىلىق تەكشۈرۈشتىن كېيىن سىنىپ تازىلىق ھەيئىتى يەنە ماڭا روزىنىڭ ئۈستىدىن ھال ئېيتىپ كىرەتتى. ② بىركىم بىلەن سىردىشىپ، ئۇنىڭغا كۆڭلىدىكىنى سۆزلەپ بەرمەك؛ دەرد تۆكمەك: دۈشمىنىڭگە ھال ئېيتما، كۈلگىسى كېلىدۇ؛ دوستۇڭدىن سىر ئايما، بىلگۈسى كېلىدۇ (ماقال). * قادىرنىڭ ئانىسى تاماقمۇ يېمەي ئولتۇرغان ئوغلىغا قاراپ ھال ئېيتتى. * شاتۇتى ئۆي ئىگىسىنىڭ بۇ ئىشىدىن ناھايىتى خاپا بولۇپتۇ. شۇ ئارىدا بىر بۇلبۇل شاتۇتىنى

كۆرۈپ باقماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەنىكەن، شاتۇتى ئۇنىڭغا هال ئېيتىشقا باشلاپتۇ.

**هالى بار** كېبرى بار، هالى چوڭ: خېلى هالى بار قېرى ئىكەن-دە، سۆيۈنۈشىنى ياراتمىدى. پولۇ بولسا يەرمىكىن؟!

**هالى تەڭ** ئەھۋالى ئېغىر، قىينالغان؛ هالى خارابلاشقان: ــ رەھىم قىلسىلا بېگىم، ئاتىسىنىڭ هالى تەڭ، ئەتە-ئۆگۈنگىچە تۈزۈلۈپ قالسا يەنە خىزمەتلىرىدە بولار، ــ دېدى تاجىخان يىغلامسىراپ. * بىركۈنى تاڭ كېچە قايتىشىم كۆرەشتىن، تەنلىرىم جاراھەت، هالىم تەڭ ئىدى. توساتتىن ئىشىكنى قاققاندا بىراۋ، هەدەڭمۇ قورقۇپراق ئاستا «كىم» دېدى.

**هالى چوڭ** كېبرى ئۈستۈن، ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، تەكەببۇر، هاكاۋۇر؛ كىبىرلىك: كاتەكتەك ئىككى ئېغىز ئۆينىڭ نەرىگە سىغارمىز؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ خوتۇنىنىڭ هالىنىڭ چوڭلۇقىغا گەپ توغرا كەلمەيدۇ.

**هالى خاراب** هاياتى، تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالدا قالغان، ئەھۋالى ناچار: ــ بۇنىڭمۇ هالى خاراب، رەڭگى سارغىيىپ قېلىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تىترەۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ، ــ دېدى دورىپۇرۇش توپلانغانلارغا قىزنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ. * مالىك ھەسەن قارىسا كېيىكلەرنىڭ هالى بىر-بىرىدىن خاراب ئىكەن.

**هالىدىن خەۋەر ئالماق** كېسەل، مېيىپ، ئاجىز ۋە ياكى قېرى بىرەر كىشىنى كۈتمەك، باقماق، قارىماق؛ تۇرمۇشىدىن خەۋەر ئالماق: بۇ مېھرىبان كىشى ئۇنىڭغا هەم ئاتا، هەم ئانا ئىدى. هازىر ئۇنىڭ هالىدىن كىملەر خەۋەر ئېلىۋاتقاندۇ؟ * دادام پات-پات مەن بىلەن قېرىشقاندەك قەيسەرنى داڭلاپ قوياتتى، ئاپامغا ئايشەمخان ئاچىنىڭ هالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشنى تاپىلاۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ئاچچىقىم كېلەتتى.

**هالىدىن كەتمەك** ماغدۇرسىزلانماق، كۈچىنى يوقاتماق: مۇشۇ تونۇش سادانىڭ تەسىرىدىنمۇ ياكى ئۆزى ھېرىپ هالىدىن كېتىپ قالدىمۇ، نادىر بىردىن جىم بولۇپ قالدى. * ئارىلىقتىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ ئادەم قېرىپ هالىدىن كېتىپتۇ ۋە ئېغىر كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپتۇ.

**هالىغا باقماق** ئۆزىنىڭ هال-ئەھۋالىغا، كۈچ-قۇۋۋىتىگە قارىماق: هالىڭغا بېقىپ هال تارت، خالتاڭغا بېقىپ ئۇن (ماقال). * پاكار موللام هالىغا باقماي باشقا مەكتەپ موللىلىرى بىلەن ئۈستۈنلۈك تالىشاتتى.

**هالىغا خادا بويلىمايدىغان** ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، باشقىلارنى كۆزىگە ئىلمايدىغان، هالى چوڭ، جازىسى ئۈستۈن؛ هاكاۋۇر، تەكەببۇر: «ئۇياقتىن كېلىپلا بۇياقتىن ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلغىلى تۇردى، ۋايىيەي، هالىغا خادا بويلىماي كەتتى»، ــ دەيتتى ئۇ دىمىغىدا پىنە سۇرۇپ.

**هالىغا كەلمەك** ياخشىلانماق، ساقايماق، ئەسلىگە كەلمەك: ئۇلار ئوبدانراق هالىغا كېلىۋېلىش مەقسىتى بىلەن تاغ تۈۋىدىن قايتىپ بىر كېچىسى هامىتنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېلىدۇ. * سىز ئۇنى ئۆز سارىيىڭىزدا ساقلىسىڭىز، قىز ئەلۋەتتە هالىغا كېلەر.

**هالىغا ۋاي** «ئەھۋالى خاراب، ئىشى چاتاق» دېگەن مەنىلەردە ئېچىنىشنى بىلدۈرىدىغان بىرىكمە: ــ ھېلىمۇ بۇ نەرسىلىرىڭىز ماڭا ئۇچراشتى. ئەگەر بۆلەك بىرىنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتسە ئۇ چاغدا هالىڭىزغا ۋاي! ــ دېدى ئەخمىدى. * ــ

گۈگشي تارالغۇدەك دېيىشىدىغۇ! تارالسا بىزدەك ئات-ئۇلغى يوقلارنىڭ هالىغا ۋاي، ــ دېدى بىرى گەپ قىستۇرۇپ.

**هالغا يەتمەك** بىراۋنىڭ دەردىگە دەرمان بولماق، قىيىنچىلىقىغا ياردەم قىلماق: ياخشى كېلىپ دەردىڭگە يېتەر، يامان كېلىپ ئۇتۇڭنى «پۇۋ» دەر (ماقال). * ئۇ ۋەزىرنىڭ هالىغا يېتىپ، كۆڭۈل ساندۇقىنى ئېچىپتۇ. * مەن سېنى قورقۇتمەن، دەپ يىنىڭغا كىرمىدىم، ساڭا هەمراھ بولاي، هالىڭغا يېتەي دەپ يىنىڭغا كىردىم.

**هالى قالماسلىق** ① خۇشاللىقتىن نېمە قىلىشىنى بىلمەي پايپېتەك بولۇپ كەتمەك؛ ئاۋارە بولۇپ كەتمەك: بىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭ هالى قالمىدى. ② ماغدۇرىدىن، كۈچىدىن كەتمەك: هېرىپ بىر قەدەم يۈرۈشكىمۇ هالى قالمىغان هاتەم دەرەخنىڭ تۈۋىگە باردى-دە، يېقىلدى.

**هالىڭ شۇ** قولۇڭدىن كېلىدىغىنى شۇنچىلىك، ئەهۋالىڭ چاغلىق: شۇ چاغدا پەررۇخ بەختى يېتىپ كېلىپتۇ. «بىزنىڭ سۆزىمىزگە كىرمەي هالىڭ شۇ بولدىمۇ؟» دېيىشىپتۇ ئۇلار.

**هالىنى ئات تارتالماسلىق** ← **سۆلىتىنى ئات تارتالماسلىق**: قارىساڭ هالىنى ئات تارتالمايدۇ. بىر موچەنلىك بىلەتكە چىقنالماي قىزىل كۆزلۈك قىلىدۇ تېخى... ئۆلسىچۇ شۇ سۆلىتى بىلەن! ــ دېدى چاچلىرىنى پاخپايتۇۋالغان ياشقىنا بىر چوكان.

**هالىنى هارۋا تارتالماسلىق** ← **سۆلىتىنى ئات تارتالماسلىق**: هالىنى هارۋا تارتالمايدۇ، ئەمما بىر موچەنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ.

**هالى ئۈستۈن** ← **هالى چوڭ**: ــ ئۇلارنىڭ هالى ئۈستۈن، ئۆزىنى باي بىز دەپ هېچكىمنى كۆزىگە ئىلىشمايدۇ، ــ دېدى ئۇستام پىيالىنى قولىغا ئالغاچ.

**هالى يامان** تۇرمۇش شارائىتى، هال-ئەهۋالى، كۈنى ناچار، ياخشى ئەمەس؛ ئېغىر: كېزىپ دەشتى-باياۋان، ئاشتىم تاغ-داۋان، نەگە بارسام پۇقرانىڭ هالى بەك يامان.

**هالى يوغان** ← **هالى چوڭ**.

**هالى يوق** ① كېسىرى، چوڭچىلىقى يوق، هاكاۋۇر، تەكەببۇر ئەمەس: ئامانگۈل هالى يوق، ئاق كۆڭۈل بىر قىز ئىدى. ② ماغدۇرى، ماجالى يوق؛ كۈچىدىن قالغان؛ كۈچسىز: هازىر دېگەن پۇتىمىزنىڭ ماغدۇرى قالمىدى. بۇرۇنقىدەك ئۇنداق سىرتلاردا چېپىپ يۈرىدىغان هالىمىز يوق. * راۋابنى ئالاي دەيمەن، چالاي دېسەم تارى يوق. يارنى ئويلاپ شۇ تاپتا، يۈرىكىمنىڭ هالى يوق.

**هالا** يۈك (ئە) ئورۇن ياكى ۋاقىت چېكىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىش ۋە رەۋىشداشلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ، چەك ئۇقۇمىنى كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: قوشنىمىز ئابدىقادىر بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا ئەهۋالى بىزدىن چوڭ پەرق قىلمايتتى. هالا بۇ كۈنلەردە، بىز نەدە، ئۇلار نەدە؟ * ــ سىدىق كىچىكىدىن يامان ئۆگىنىپ قالغاچقا هالا بۈگۈنگىچە بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتماي، لاغايلاپ، يۈرىدۇ، ــ دېدى تاغام ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ.

**هالاقەت** ئى (ئە) تەسىر، كاشىلا؛ توسقۇن، دەخلى: هالاقەت بەرمەك. هالاقەت يەتكۈزمەك. * ئۆز ئەيىبىنى بىلىش ۋە شۇ ئەيىبىنى بىلەن باشقىلارغا هالاقەت بەرمەسلىككە تىرىشىش ــ نېمدېگەن ئېسىل پەزىلەت-هە!

**هالاقەت بەرمەك** تەسىر يەتكۈزمەك، كاشىلا، توسقۇنلۇق قىلماق، دەخلى بەرمەك: مەن ئۇلارنىڭ مۇڭدىشىشلىرىغا

هالاقەت بەرمەسلىك ئۈچۈن ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ، ئۆزۈمنى دېۋانغا تاشلىدىم.

**هالاقەت يەتكۈزمەك** ← **هالاقەت بەرمەك**: مېنىڭ يېنىمدىلا جاي تۇتقان پىشقەدەم ئاشپەز بىلەن ھېلىقى ياش گېئولوگ باشقىلارنىڭ دەم ئېلىشىغا هالاقەت يەتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئاستا پاراڭ قىلىشىپ ياتاتتى. * تۇرسۇن لاپچى ھەمراھىنىڭ تولا ۋالاقلاپ ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، سەپىرىگە هالاقەت يەتكۈزۈشىدىن قورقتىمۇ، ئۇنىڭ بېقىنىغا بىرنى نۇقۇپ قويدى.

**هالاك** ئى (ئە) ئۆلۈش، يوقىلىش.

**هالاك بولماق** ئۆلمەك، يوقالماق، تۈگەشمەك: 1943-يىلى سېنتەبىردە، چىن تيەنچۇ قاتارلىق ئىنقىلابىي قۇربانلار جاللات شىڭ شىسەينىڭ قانلىق چاڭگىلىدا هالاك بولدى. * ۋاڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم ياردەمگە ئەۋەتكەن ئەسكەرلىرى باتۇرنىڭ پالۋانلىرى تەرىپىدىن زەربىگە ئۇچراپ هالاك بولدى.

**هالاك قىلغۇچى گېن** < بىئول > يەككە تەننى ياكى ھۇجەيرىنى هالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان توساتتىن ئۆزگەرگەن گېن. بەلگىلىك شارائىتتا هالاك قىلغۇچى گېنگە ئىگە يەككە تەننىڭ نورمال ئۆسۈشىمۇ مۇمكىن. مەسىلەن، ئادەملەردىكى گالاكتوزا قان كېسەللىنى هالاك قىلغۇچى گېن كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ كېسەلگە گىرىپتار بولغان بوۋاقلارنى تەركىبىدە لاكتوزا بولمىغان سۈتلۈك يېمەكلىكلەر بىلەن باققاندا نورمال ئۆسۈشى مۇمكىن، ئەگەر ئادەتتىكى سۈت بىلەن بېقىلسا ئۆلۈپ كېتىدۇ.

**هالاك قىلماق** ئۆلتۈرمەك، يوقاتماق، تۈگەتمەك: كىمكى زالىمغا مەدەت بەرسە، ئۆزى شۇ زالىمنىڭ قولى بىلەن هالاك بولىدۇ.

* تەبىئەتنىڭ رەھىمسىز ۋەھشىي قولى بۇ كىچىككىنە بىچارە قوزىچاقنىڭ ئانىسىنى هالاك قىلىپ تاشلىغانىدى.

**هالاكەت** ئى (ئە) ئۆلۈم، قىرىلىش، يوقىلىش، مەغلۇب بولۇش؛ ۋەيران بولۇش: هالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالماق. * هالاكەتكە مەھكۇم بولغان ھەييارلار ئوغرىلاپ قاچقان گۆھەرلەرنى تاشلاپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. * بەختىخانىنىڭ خۇشاللىقى چەكسىز ئىدى. ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي پىلىلەرنى هالاكەتتىن قۇتقۇزۇش يولىدىكى نازۇك، پەم-پاراسەتلىك كۈرەشنى ھېكايە قىلاتتى. * مەن هازىر ئۆزئارا ئىشەنچە بولمىغاندا ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ ئورۇنسىز هالاكەتكە ئۇچرايدىغانلىقىنى چۈشەندىم.

**هالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالماق** يوقىلىش، هالاك بولۇشقا ئاز قالماق؛ خاراب بولۇش ئالدىدا تۇرماق، زاۋاللىققا يۈز تۇتماق: دۈشمەن قوشۇنلىرى ئۇزۇق-تۈلۈكتىن ئايرىلىپ هالاكەت گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى.

**هالاكەتلىك** سۈپ. هالاكەتكە، ۋەيران بولۇش، يوقىلىشقا ئېلىپ بارىدىغان؛ هالاك بولغان، ۋەيران بولغان، يوقالغان: ھەسەتخورنىڭ هالاكەتلىك ئاقىۋىتى تارىختا هازىرغىچە چوڭ-كىچىك ئىشلاردا يېڭى-يېڭى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ كەلمەكتە. * بۇ شەھەر هالاكەتلىك ۋە دەھشەتلىك بىر كۈننىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئىدى.

**هالال** سۈپ (ئە) ① < دىن > شەرىئەت ھۆكمىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان، ئېگىلى، ئىچكىلى، پايدىلانغىلى بولىدىغان؛ هارام ئەمەس: ئىشەكنىڭ ئۆزى هارام، كۆچى هالال (ماقال). * هارامغا ئۆگەنگەن ئېغىزغا هالال تېتىماپتۇ (ماقال). * — ئۇنى ئاتلاپ ئۆتۈپ باشلىققا تەستىقلاتقان ھېلىقى ئىشنىڭ

ئاقۋىتى قانداق بولدى؟ ئېخىچە يا هالال، يا هارام بولماي سۆرۈلۈپ كېلىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاغام مەندىن. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان، ئۆز ئەمگىكى، ئۆز تەرى بىلەن جۇغلىغان: هالال مال. هالال پۇل. * كىشى پەقەت هالال ئەمگەك ئارقىلىقلا بەختلىك بولىدۇ. * ئۇلار نان، كىيىم، هالال ئەمگىكى ئۈچۈن هەق تەلەپ قىلاتتى. ③ كۆچمە. قىڭغىر يولدا ماڭمايدىغان، باشقىلارنى ئالدىمايدىغان؛ پاك، ساپ دىل، توغرا: ئىنسابلىق، هالال ئادەملەر ئۆز ئائىلە چىرىقىنى ئۆچۈرمەيدۇ، ئەگۈشتىرىنى تاشلىمايدۇ. * هالال نىيەتلىك ئادەمنىڭ كۆڭلى گۈلزارلىق باغقا ئوخشايدۇ. // هالال ئىشلىمەك، هالال ياشىماق. ④ كۆچمە. هەق، توغرا، مۇۋاپىق؛ تېگىشلىك، جايىدا: — سىلەر ئىشنىڭ هەقىقىتىنى كۆرمىدىڭلار، — دېدى رەيھان يەنە ئارىغا چۈشۈپ، — ئۇ لۈكچەككە مۇشت هالال تەگدى. * — پاھ پەرۋەردىگار، بىزگە دوزاخ هالال بولدى، — دېدى ئۇ زارلاپ. * — دادا، ئادەمنىڭ لەۋزى هالال بولمىقى كېرەك. شاهلار تېخىمۇ شۇنداق قىلمىقى لازىم. بۇ يىگىت مېنى كېسەلدىن ساقايتتى. شۇڭا ۋەدىڭىزدە تۇرۇڭ، — دەپتۇ قىز دادىسىغا. ⑤ نىكاهلاپ ئېلىنغان، قانۇنىي (خوتۇن هەققىدە): سايىم بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ، قىز بىلەن بىر ئۆيدە بولۇشقا چىن كۆڭلىدىن رازى بولۇپتۇ ۋە بۇ هالال جۈپ بىلەن مەڭگۈ بەختلىك بولۇپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. * سەمەت مەڭگۈلۈك هالال جۈپتى قەمبەرنىسانى كونىشەهەردىن يېڭىشەهەرگە ئاچىققاندىن بۇيانقى ئىككى-ئۈچ كۈن داۋامىدا پەقەت بىرىنچى قېتىم ئەنە شۇ جازا مەيدانىدا كۆرۈۋاتاتتى.

**هالال بولماق** شەرىئەت بويىچە يېيىشكە، ئىچىشكە، پايدىلىنىشقا بولىدۇ، دەپ قارالماق، هالالغا ئۆزگەرمەك: ئانىڭىزنىڭ بەرگەن سۈتى هالال بولسۇن، هاياتلىقىنىڭ خەزىنىسى جامغا تولسۇن. * — سېنىڭ مۇرۇۋۋىتىڭ ئۈچۈن، بۇ 100 سەر ئالتۇننى ساڭا بەردىم، ساڭا هالال بولسۇن، — دەپتۇ باي ئوغرىغا.

**هالال قىلماق** يېگىلى، ئىچكىلى، پايدىلانغىلى بولىدىغان هالغا كەلتۈرمەك: ئۇ دەرهال يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ بوغۇلۇپ قالغىلى ئاز قالغان قوينى بوغۇزلاپ هالال قىلىۋالدى.

**هالاللىق** ئى. ۋىجدان ۋە ئىنساب بىلەن ئىش تۇتۇش؛ توغرىلىق، سابىلىق: ياغاچچى قۇرۇلۇش ئۈچۈن هالاللىق بىلەن كۈچىنى سەرپ قىلىپتۇ. * كىچىك ئوغۇل دادىسىنىڭ كەسپىگە ۋارىس، هۈنەرگە-هالاللىققا ھېرىس ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا دادىسى بۇ بالىغا بەكمۇ ئامراق ئىكەن.

**هالاللىماق** پ <دىن> يېيىشە-ئىچىشە، پايدىلانىسا توغرا بولىدىغان هالەتكە كەلتۈرمەك، هالال قىلماق: تەر — قىلغان-ئەتكەننى هالاللايدۇ (ماقال). * بازار دېگەندە پۇل سودەك يۈرۈپ تۇرىدۇ. مېنىڭ مەقسىتىم — قانداق قىلىپ ئاشۇ تەر تۆككەن ئادەملەرنىڭ يانچۇقىدىكى پۇلنى هالاللاپ قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. * — كىرىپ كەتسىلە ئاچا! — دېدى سەمەت تىترەپ، — ئۇنداق قىلمىسىلا، نامەهرەم بولىدۇ، خوجايىنىنىڭ تۇزىنى هالاللاپ يېگىلى قويسىلا!

**هالاۋەت** ئى (ئە) لەززەت، زوق؛ راهەت-پاراغەت: هالاۋەت كۆرمەك. * جاپا چەكمىگۈچە هالاۋەت يوق (ماقال). * ئەمدى ئۇ بۇ گۈلزارلىقنى كۆزدىن كەچۈرۈپ ئىجادىي مېھنىتىنىڭ هالاۋەتلىرىدىن هۇزۇرلىنىۋاتاتتى.

**هالاۋەت كۆرمەك** لەززەت ئالماق، راھەت كۆرمەك، ھۇزۇرلانماق: بەزەن چاغلاردا ئۇنىڭ قولىغا خېلى پۇل كىرىپ، هالاۋەتمۇ كۆردى. * ئۇ 30 يىلدىن ئارتۇق تارتقان جاپا-مۇشەققەت، قىلغان هالال ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن ياخشى تۇرمۇشنىڭ ئەمدى هالاۋىتىنى كۆرەي دېگەندە تەقدىر ئۇنى بۇنىڭدىنمۇ ئايرىدى.

**هالاۋەت ۋاستىلىرى** < سئىق > كىشىلەرنىڭ هالاۋەت ئېھتىياجىنى قاندۇرىدىغان تۇرمۇش ۋاستىلىرى. مەسىلەن، ئېسىل تاماققا بولغان ئىشتىھانى قاندۇرىدىغان نازۇ-نېمەتلەر، ئىستېتىك ھەۋەس ۋە شۇ قاتاردىكى ھەۋەسلەرنى قاندۇرىدىغان ئېسىل كىيىم-كېچەك، زىبۇ زىننەت ۋە ئەتىۋارلىق بۇيۇملار. ئالىي ئوزۇقلۇق ماددا، كاتتا، ھەشەمەتلىك ئۆيلەر، ساياھەت ماتېرىياللىرى، قىمار ۋاستىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرمۇ مۇشۇ خىلغا كىرىدۇ.

**هالاۋەتلىك** سۈپ. هالاۋىتى بار، هالاۋەت بېغىشلايدىغان، راھەتلىك: كۆنلەر ئۆتمەكتە، لېكىن لەنگەر خەلقى بۇ كۆنلەرنىڭ بويىنغا مەرۋايىتتىن، ياقۇتتىن تىزغا ئېسىپ، ئۆز تۇرمۇشىنى خاسىيەتلىك هالاۋەتلىك ئۆتكۈزمەكتە.

**هالەت** ئى (ئە) ① هال، ئەھۋال؛ ۋەزىيەت: باشلانغۇچ هالەت. ھەربىي هالەت. روھىي هالەت. قىيىن هالەت. * قىز ئۇنىڭ بۇ هالىتىدىن چۆچۈپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. * شۇ تاپتا گويا دەرد-ئەلەم تاشلىرى رەھىم سالدۇرغۇچىنى ئەمەس، رەھىمچىنىڭ ئۆزىنى باسقاندەك بىر خىل هالەت نامايان بولدى. ② < تىل > جۈملىدە پېئىل ۋە سۈپەتنىڭ ئالدىدا كېلىپ، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەت ياكى خۇسۇسىيەتنىڭ ھەر خىل هالىتىنى ئىپادىلەيدىغان جۈملە بۆلىكى. مەسىلەن، «ئۇ تۇيۇقسىز كۈلۈپ كەتتى»، «بۇ گۈل ئىنتايىن خۇش پۇراق» دېگەن جۈملىلەردىكى «تۇيۇقسىز»، «ئىنتايىن» دېگەن سۆزلەرگە ئوخشاش.

**هالەت بېقىندى جۈملە** < تىل > رەۋىشلىك رول ئوينايدىغان، باش جۈملىنى ياكى باشقا جۈملىنى سۈپەتلەش رولىدا كېلىدىغان بېقىندى جۈملە. مەسىلەن، «قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندا، چوپان پادىنى كەنتكە قاراپ ھەيدىدى» دېگەن قوشما جۈملىدىكى «قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى» دېگەن جۈملە كېيىنكى باش جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ باشلىنىش ۋاقتىنى ئىپادىلەپ، باش جۈملىگە بېقىنىپ كەلگەن. شۇڭا ئۇ هالەت بېقىندى جۈملە ھېسابلىنىدۇ.

**هالەت پارامېتىرلىرى** < فىز > سىستېما هالىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان فىزىكىلىق مىقدار. مەسىلەن، تېمپېراتۇرا، بېسىم، ھەجىم، ئىچكى ئېنېرگىيە، ئېنتروپىيە، ئېنتالپىيە قاتارلىقلار.

**هالەت پېئىللىرى** < تىل > پېئىللارنىڭ مەنە جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئايرىلغان بىر تۈرى، يەنى مەلۇم ھەرىكەتنىڭ ئىزچىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان هالىتىنى ئىپادىلەيدىغان پېئىللار. مەسىلەن، «تۇرسۇن ياتاقتا ئولتۇرىدۇ» دېسەك، بۇ يەردە تۇرسۇننىڭ ياتاقتا ئولتۇرغان ئىزچىل هالىتىنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكى ئىپادىلىنىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدا «ئولتۇرماق، ياتماق، تۇرماق، ماڭماق، ئۇخلىماق، يۈگۈرمەك» قاتارلىق پېئىللار

ھالەت پېئىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ھالەت تەڭلىمىسى** <فىز> تېرمودىنامىكىلىق مۇۋازىنەت ھالىتىدە تۇرغان تەكشى سىستېمىنىڭ ھالەت پارامېتىرلىرى ئوتتۇرىسىدىكى فۇنكسىيىلىك مۇناسىۋەت.

**ھالەت رەۋىشلىرى** <تىل> شەيئىلەر ھەرىكىتىنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن رەۋىشلەر. مەسىلەن، باتۇرلارچە، ۋەھشىيلەرچە، قەستەن، شەكلەن، پائال... قاتارلىقلار.

**ھالەت زىچلىقى** <فىز> قاتتىق جىسىملار فىزىكىسىدىكى بىرلىك ئېنېرگىيىلەر ئارىسىدىكى ئېلېكترونلۇق ھالەت سانى ياكى بىرلىك چاستوتىلار ئارىسىدىكى فوتونلۇق ھالەت سانىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ھالەت سېلىشتۇرما تەڭلىمىسى** <فىز> ماددىلارنىڭ سېلىشتۇرما بېسىم، سېلىشتۇرما ھەجىم ۋە سېلىشتۇرما تېمپېراتۇرا قاتارلىق سېلىشتۇرما پارامېتىرلار ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن ھالەت تەڭلىمىسى.

**ھالەت ئۆزگەرتىش رېئاكسىيىسى** <بىئول> جانلىقلار داۋاملىق ياكى ئارىلاپ بەزى باكتېرىيە، زەھەر، غەيرىي خاراكتېرلىق ئاقسىل قاتارلىق ماددىلارغا يولۇققاندا يۈز بېرىدىغان نورمال بولمىغان رېئاكسىيە. بۇ خىل رېئاكسىيە باكتېرىيە زەھىرىگە نىسبەتەن ئىممونىتېتچانلىق ۋە بەزى ماددىلارغا نىسبەتەن ئارتۇقچە سېزىمچانلىقتىن ئىبارەت ئىككى جەھەتتىن ئىپادىلىنىدۇ.

**ھال-ئەھۋال** ئادەمنىڭ روھىي ۋە جىسمانىي ھالىتى؛ سالامەتلىكى؛ تۇرمۇش شارائىتى، ھال-كۈنى: ھال-ئەھۋال سورىماق. * بەزىدە، كىشىلەرنىڭ دەرۋازىسىغا قاراپمۇ، ئۇنىڭ ھال-ئەھۋالىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. * مېھمانلار ئولتۇرۇپ، ھال-ئەھۋال سوراشقاندىن كېيىن شوپۇرلاردىن بىرى كەچكى بازاردىن سامسا، كاۋاپ قاتارلىق يېمەكلىكلەرنى ئەكىلىش مەقسىتىدە ياتاقتىن چىقتى.

**ھال-ئەھۋال سورىماق** بىركىمنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ، ھال-كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى، ئامان-ئېسەنلىكىنى سورىماق: كۆپ ئۆتمەي سۇلتان مىرغەزەب بىلەن قازى ئېلىپ كېلىندى. باتۇر مىرغەزەبنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ھال-ئەھۋال سورىماقچى بولدى. * شەھەرگە كىرگەن چاغلىرىمدا ئايزۆھرەنىڭ ئۆيىدىكىلىرىدىن ھال-ئەھۋال سوراپ، ئايزۆھرەنىڭ ئاپىسى بەرگەن كىيىم-كېچەك ۋە باشقا نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا ئالغاچ چىقىدىغان بولدۇم.

**ھال-ئەھۋاللاشماق** ← **ئەھۋاللاشماق**: ئەگەر ئۇ شائىرغا دۇچ كېلىپ قالسا، ئۇنىڭ يۈزىگە قانداق قاراپ، قايسى يول بىلەن ھال-ئەھۋاللىشىشىدىن غەم-ئەندىشە قىلاتتى. * يەمەن پادىشاھى ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، نەچچە كۈنلۈك يەرگىچە ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشۈپ، ئامان-ئېسەنلىك سوراپ، ھال-ئەھۋاللىشىپ، شەھەرگە باشلاپ كىردى.

**ھال-ئەھۋال ئېيتماق** بىرەر كىشىگە ئۆزىنىڭ ھال-ئەھۋالىنى چۈشەندۈرمەك، ئۇقتۇرماق: كېيىنكى كۈنلەردە بىرقانچە قېتىم دادۇيگە بېرىپ يىغلاپ تۇرۇپ ھال-ئەھۋال ئېيتقان بولسامۇ ھېلىقى دادۇيجاڭ ئاممىنىڭ باھالىشىدىن ئۆتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، بىرەر جىڭمۇ ئاشلىق قەرز بېرىشكە ئۇنىمىدى.

**ھالبۇكى** باغل «ئەھۋال شۇنداقكى، ئەمەلىيەت شۇكى» دېگەن مەنىلەردىكى قارمۇ قارشى باغلىغۇچى بولۇپ، رولى «ئەمما، بىراق، لېكىن» باغلىغۇچىلىرىغا يېقىن كېلىدۇ: ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىن

تارتىپ مۇشۇ يەرلەرگىچە بولغان نۇرغۇنلىغان جەڭلەر داۋامىدا ئۇ پەقەت يېڭىشكىلا ئادەتلىنىپ قالغانىدى. باشقىچە بولۇشنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلمەيتتى. هالبۇكى، كۆپ ئۆتمەي ئۇ جەڭ مەيدانىغا جىددىيلىشىپ قاراپ قالدى. * هالبۇكى، راستىنى ئېيتقاندا، بۇ مەخپىيە تىلكىتە ئاجايىپ قورقۇنچلۇق ۋەقەلىكلەر يوق، ئىز بېسىپ قوغلاشلار يوق، سۇيىقەست، هىيلە-مىكرلەر يوق، خەتەرلىك توسالغۇلارمۇ يوق.

**هالپۇ** سۇپ. دىئال. كىچىك ئىشنى يوغان قىلىپ كۆرسىتىدىغان لاپخور، پوچى.

**هالدا** ① «هال III» سۆزىنىڭ ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى «-دا» بىلەن تۈرلەنگەن شەكلى. ② رەۋ. هالەتتە، تەرىقىدە، رەۋىشتە: بۇلار شام بىلەن يوپيورۇق يورۇتۇۋېتىلگەن چوڭ مېھمانخانىغا چىقىشىغا سۇتۇقنىڭ ئانىسى ئىككى قولتۇقىدىن ئايدىڭ بىلەن گۈللەيلى يۆلىگەن هالدا تۆت قىز بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. * چېكىلىۋاتقان نەشە تۆت بەگنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايلىنىپ چىقتى. بۇ چاغدا بەگلەر ئەمدى قانداق رەڭدىكى پو ئېتىشنى ئويلىشىۋاتقاندەك، بېشىنى بىر يەرگە ئېڭىشتۈرگەن هالدا دۈمچەيگىنىچە يۆكۈنۈپ ئولتۇراتتى.

**هالسىراتماق** «هالسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇشۇ ۋەھىملىك ۋەقە ئۇنىڭ يۈرىكىنى هالسىرىتىپ قويدى.

**هالسىراشماق** «هالسىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ قېتىمقى تۈيۈقسىز هۇجۇمدىن كېيىن دۈشمەنلەر خېلىلا هالسىرىشىپ قېلىشتى.

**هالسىرىماق** پ. هالىدىن كەتمەك، هالسىزلانماق: دۈشمەننىڭ ئالدىنقى قىسمى خېلىلا هاسىراپ قالدى. * ئۈچ كۈندىن بېرى يول مېڭىپ هالسىرىغان ئاتلارنىڭ ئېغىزلىرىدىن هور ئارىلاش كۆپۈك چىقاتتى.

**هالسىز** سۈپ. هالى، كۈچ-قۇۋۋىتى يوق؛ هالىدىن كەتكەن، مادارى قالمىغان؛ دەرمانسىز؛ زەئىپ: سەھەرنىڭ ئىللىق نۇرى چېدىرنىڭ يوچۇقلىرىدىن ئۆتۈپ، پەردە هالسىز ياتقان ئەكبەرنىڭ يۈزىگە چۈشتى. * مەھبۇس شۇنچىلىك ئورۇق ۋە هالسىز ئىدىكى، ئۇنىڭ نېمىدىن ــ ئاچلىق ياكى تاياق زەربىدىن ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

**هالسىزلاتماق** «هالسىزلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇزۇنغا سوزۇلغان تىركىشىش ــ دۈشمەننى خېلىلا هالسىزلىتىپ قويغانىدى.

**هالسىزلاندۇرماق** «هالسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرچاغدىن كېيىن سودىگەر ئويغىنىپ قارىسا ئوغلىنى يىلان چېقىپ هالسىزلاندۇرۇپتۇ.

**هالسىزلاندۇرۇشماق** «هالسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هالسىزلاندۇرۇلماق** «هالسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**هالسىزلانماق** پ. كۈچىدىن، ماغدۇرىدىن كەتمەك، ماغدۇرسىزلانماق؛ ئاجىزلاشماق: ئوق زەربىسىدىن هالسىزلانغان مۇسا بوۋاي لېۋىنى چىشلەپ، ئەڭ ئاخىرقى كۈچىنى يىغىپ، پۇتىدىكى ئېغىر كىشەننى سۆرەپ، ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى-دە، ئۇنى مەھكەم قۇچاقلىدى. * قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرمىغاندەك، ئاغرىق-سىلاق ۋە ئاچلىق ئازابىدىن دەرمانىدىن كېتىپ، قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالغان هاشارچىلار پاتلا هالسىزلىنىشقا باشلىدى.

**هالسىزلىق** ئى. ئاجىز، كۈچسىز هالەت، ماغدۇرسىزلىق: ئۇنىڭ زەپىراندەك سارغايغان چىرايى، هالسىزلىقتىن نۇرى قاچقان كۆزلىرى

هەرقانداق كىشىنى ئەندىشىگە سالاتتى. * پۈچۈك خېنىمنىڭ تەختىراۋانىنى كۆتۈرگەن خوتۇنلارنىڭ پۇتلىرى تېنىلىپ ماڭغۇدەك هالى قالمىدى. هالسىزلىقتىن ئۇلارنىڭ بىرنەچچىسى يىقىلىپ چۈشتى.

**هالسىزلىنىشماق** «هالسىزلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هالقا** ئى (ئە) ① مېتالنى ئېگىپ، ئىككى ئۇچىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇش ئارقىلىق ياسالغان چەمبەر شەكىلدىكى بۇيۇم: تۆمۈر هالقا. زەنجىر هالقىسى. ئىشىك هالقىسى. كىشەن هالقىسى. * ئىشىكنىڭ هالقىسىدا قۇلۇپ يوق، دېمەك ئۇ بار، ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ② قۇلاققا ئېسىلىدىغان زىننەت بۇيۇمى. كۆپىنچە ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللاردىن هەر خىل شەكىلدە ياسىلىدۇ. بەزىلىرىگە ياقۇت قاتارلىق قىممەت باهالىق تاشلاردىن كۆز قويۇلىدۇ. بەزىلىرى كۆزسىز بولىدۇ: ــ مۇنداق قىلايلى، ــ رۇقىيەم چاڭىلداپ سۆزلەپ كەتتى، ــ قولۇمدىكى سائەت بىلەن قۇلىقىمدىكى هالقىنى ساتايلى، كەم دېگەندە 300 كويغا بارايدۇ. * سۆزلەيتتىنىڭ ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، هالقا، زەر ياغلىق، كۆركەم مودا يوپكىلاردىن. سۆزلەيتتىم پەننىڭ ئالتۇن قۇرلىرىغا، قويۇلغان يېڭى ئۇندەش، توچكىلاردىن. ③ چەمبەر، دائىرە شەكىلدىكى نەرسە، گەردىش: جۇمە بوينىنى سوزۇپ، مەيدىسىنى ئالدىغا چىقىرىپ كېرىلدى، قوۋۇزىنى تولدۇرغان موخوركا ئىسىنى هالقا قىلىپ ئاسمانغا پۈركىدى. * خان ئارسلانبەگنى باشلاپ هالقا بولۇپ تۇرغان مېهمانلار ئالدىدىن ئايلاندى. ④ كۆچمە. بىر-بىرىگە ئۆزئارا باغلانغان ۋە بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەردىن بىرى: ئاجىز هالقا. ئىش هالقىلىرى. * كۆزلۈك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ هەرقايسى هالقىلىرى بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ، بىرى ئىككىنچىسىگە تۇرتكە بولۇپ، ئاجرالماس هالدا گىرەلىشىپ كەتكەندى. * هەممە هالقىلاردا كۆتۈرە بېرىش تۈزۈمى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى؛ ئىش ئېغىر هالقىلاردا ئىشلەيدىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە قوشۇمچە ياردەم پۇلى بېرىلدى. ⑤ كۆچمە. شەيئىلەرنىڭ ئەڭ مۇهىم ۋە هەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان بۆلىكى: باشقا جەهەتتىكى مەسىلىلەرمۇ ئاساسەن مۇشۇنداق مەركىزىي هالقىنى تۇتۇپ، باشقا ئىشلارنى يېتەكلەش ئۇسۇلى بىلەن هەل قىلىندى. * يىللىق تەقسىمات خىزمىتى ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىش پرىنسىپىنى هەقىقىي تۇردە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ياكى ئەمەلىيلەشتۈرەلمەسلىكتە مۇهىم هالقا. ⑥ كۆچمە. قورشاۋ، مۇهاسىرە: ئەمىر، بەگلەر ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ چېدىر-بارگاهلىرىنى تىكىپ، كەستىهام شەهىرىنى هالقىغا ئالدى. * ئۇ ياغى ئاتلىقلىرىنىڭ هالقىسىنى بۆسۈپ، قاردىن چېرىكلەرنى قۇتقۇزدى ۋە قوشۇن بىلەن جەڭ قاينىمىغا كىرىپ كەتتى.

**هالقا بوغۇم** < زوئول > سازاڭ، سەكسەنپۇت قاتارلىق تۆۋەن دەرىجىلىك هايۋانلارنىڭ تېنى چوڭ-كىچىكلىكى ئاساسەن ئوخشاش بولغان كۆپلىگەن هالقا شەكىللىك تۈزۈلمەر ئارقىلىق بىر-بىرىگە تۇتىشىدۇ ۋە ئۇ ئارقىلىق ئۈزىراپ-قىسقىرايدۇ. بۇ خىل تۈزۈلمە ئادەتتە «هالقا بوغۇم» دەپ ئاتىلىدۇ.

**هالقا سالماق** قۇلاققا هالقا ئاسماق.

**هالقا كەش** پاشنىسى ئېگىز، تۇمشۇقى چاسا، كۆپ هاللاردا قىزىل كۆندىن تىكىلىدىغان بىر خىل كەش.

**هالقا كۆمۈرچەك** < ئانات > ئادەملەرنىڭ

بوغۇزى ئاستىدىكى كۆمۈرچەك. هالقا شەكىلدە بولۇپ، ئۈستى قالقانسىمان كۆمۈرچەك بىلەن، ئاستى كاناي بىلەن تۇتىشىدۇ.

**هالقتماق** «هالقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گەۋدىسىنى يېرىم-يارتا كۆتۈرۈپ قەمبەرنىسانىڭ ئالدىدا تىزلاندى-دە، تەسلىم بولغان ئەسكەرلەر قىياپىتىدە ئىككى قولىنى بېشىدىن هالقتىپ تۇرۇپ، شەپقەت ھەمشىرىگە يېنىش-يېنىش يالۋۇردى.

**هالقىسىمان** سۈپ (ئە) هالقىغا ئوخشايدىغان، هالقا شەكىلدىكى، هالقىدەك: ئۇلار ئەزرائىل سۈپەت بازار بېگىنىڭ ۋاقىتسىز پەيدا بولۇشىدىن كىمگىدۇر كېلىشمەسلىك كېلىدىغىنىنى جەزملەشتۈرگەندەك، تېزلىكتە هالقىسىمان دائىرە تۈزۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشتى. * ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى توختام سۇغا تاش تاشلىغاندا هالقىسىمان دولقۇن پەيدا قىلغاندەك تەسىر قوزغىۋەتتى.

**هالقىسىمان تاغ** < ئاستر > ئاي شارى، مارس قاتارلىقلارنىڭ يۈزىدىكى بۆرتۈپ چىققاندەك كۆرۈنىدىغان بىر خىل تۈزۈلمە. هالقا شەكىلدە بولۇپ، تۆت ئەتراپى ئېگىز، ئوتتۇرىسى تۈز ۋە ئۇنىڭدا كىچىك تاغلار بولىدۇ. كۆپىنچە مېتېئورىتلارنىڭ سوقۇلۇشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدۇ.

**هالقىسىمان تەنچە** < بىئول > جانلىقلار تېنىدىكى ئۆزئارا تۇتاشقان تەنچە.

**هالقىسىمان جىسىم** < مات > بوشلۇقنىڭ هالقىسىما سىرت ئارقىلىق قورشالغان

ت < مات > تەكشىلىكتىكى مبەر بىلەن كېسىشمەيدىغان ئايلاندۇرۇشتىن هاسىل سىرت.

**هالقــسىمان ئورۇنلاشتۇرۇش** < مات > ئوخشاش بولمىغان n دانە ئېلېمېنتتىن ھەر قېتىمدا m دانە ئېلېمېنتنى ئېلىپ، ئېلېمېنتلارنىڭ نىسبىي ئورنىغا قاراپ، ئۇلارنىڭ باش-ئاخىرىغا قارىماي ئايلاندۇرۇپ تىزىش ئارقىلىق هاسىل قىلىنغان ئورۇنلاشتۇرۇش.

**هالقشماق** «هالقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هالقىلىق** سۈپ ① هالقىسى بار، هالقا ئورنىتىلغان، هالقا ئاسقان: هالقىلىق دەرۋازا. هالقىلىق قىز. ② هالقا ياساشقا بولىدىغان، هالقا ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان، هالقىغا تۇشلۇق: هالقىلىق تۆمۈر. ③ كۆچمە. ھەل قىلغۇچ، مۇھىم، جىددىي: هالقىلىق پەيت. هالقىلىق مەسىلە. هالقىلىق ۋاقىت. * شۇندىن كېيىن جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدا بۇ زور هالقىلىق جەڭ ئوپېراتسىيىسىنىڭ بىر قاتار تەييارلىقلىرى جىددىيلىك بىلەن ئارقىمۇئارقا ۋە قولمۇقول باشلىنىپ كەتتى.

**هالقىلىق ئات** < تەن > ① گىمناستىكا ئەسۋابى، يەنى ياغاچ ئاتنىڭ بىر خىلى. كۆرۈنۈشى ئات شەكلىگە ئوخشايدۇ. ئۈستىگە ئىككى دانە يېرىم هالقا ئورنىتىلغان. ② گىمناستىكا مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچىلەر هالقىلىق ئات ئۈستىدە هالقىنى تۇتۇپ ياكى ئاتنىڭ دۈمبىسىگە تايىنىپ ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇنلايدۇ.

**هالقىلىق جۆجەي** ئېغىزدۇرۇق هالقىسى ئۇزۇن-قىسقا يان تاسمىلار بىلەن بىۋاستە ئۇلىنىدىغان جۆجەي.

**هالقىلىق جۆدەر** هالقىغا بېكىتىلگەن جۆدەر.

**هالقىلىق قارا** <تەن> ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق توچكا، چۆرىسىگە نەچچە قات چەمبەرەك سىزىلغان نىشان، قارا.

**هالقىلىق كاربون گىدرىد** <خىم> كاربون ئاتوملىرىنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق هالقىسمان تۈزۈلمىنى هاسىل قىلىدىغان كاربون گىدرىد.

**هالقىماق** پ ① ئاتلىماق، ئاشماق: ئېرىقتىن هالقىماق. تامدىن هالقىماق. * ياخشى گەپ بوسۇغىدىن چىققۇچە، يامان گەپ يەتتە تاغدىن هالقىپتۇ (ماقال). * مۆڭگۈزى كۆرۈنۈپ تۇرغان كېيىك بېشىنى يۇقىرى كۆتۈردى-دە، كېيىن چىغلاردىن هالقىپ، سەكرەپ قېچىپ كەتتى. * نازىم خېلىلا يېنىكلەپ قالغان تراكتورنى ئاستا-ئاستا ئورنىدىن قوزغاپ، پەم بىلەن داۋاندىن هالقىدى. ② بىرەر چەك ياكى دائىرىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتمەك؛ ئېشىپ كەتمەك: رەيهان يېشى ئەللىكتىن هالقىپ قالغان ئۆزىنىڭ 30 يىلغا يېقىن ئۆمرىنى ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىشىغا بېغىشلىغان تەجرىبىلىك ئوقۇتقۇچى ئىدى. * گەرچە ئەدەبىي ئەسەرلەردە مۇۋاپىق كۆپتۈرۈپ-مۇبالىغە قىلىنىشقا يول قويۇلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىل مۇبالىغە يەنىلا هەقىقىي تۇرمۇش رېئاللىقىدىن هالقىپ كەتمەسلىكى كېرەك. ③ كۆچمە. بىرەر ساهە ياكى ئىشتا باشقىلاردىن ئۆتۈپ كەتمەك؛ ئۈستۈن تۇرماق: فېيېرباختىن هالقىپ ئۆتۈپ، فېيېرباخ نۇقتىئىنەزەرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا راۋاجلاندۇرۇش خىزمىتىنى ماركس 1845-يىلى «مۇقەددەس ئائىلە» دېگەن ئەسىرىدە باشلىدى.

**هال-كۈن** ← **هال-ئەهۋال**: ئۇنىڭ كوماندىر چېغىدا ئاشىق بولۇپ تەككەن ئامراق خوتۇنى بېشىغا كۈن كەلگەندە يۈز ئۆرۈپ، تۆت بالىسىنى يېتىم قىلىپ خېتىنى ئېلىپ، هال-كۈنى ئوبدان بىر قېرى سودىگەرگە تېگىۋالغانىكەن، ئاھ، لەنىتى تۇرمۇش.

**هاللازلىماق** پ. دىئال. هاڭگا ئېشەك هاڭراپ يۈگۈرمەك.

**هاللاشماق** پ. ئەهۋاللاشماق، مۇڭداشماق، سۆزلەشمەك، پىكىرلەشمەك: ئۇلارنىڭ هاللىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىمۇ سوراپ قالدى.

**هاللاڭ** سۆپ. دىئال. ← **هاڭغىرقاي**.

**هاللانماق** پ ① هال-كۈنى، تۇرمۇشى ياخشىلانماق: نېسپىسىز بېلىقچى باغداد دەرياسىدىمۇ بېلىق تۇتالماس، ئەجەلسىز بېلىق قۇرۇقلۇقتىمۇ ئۆلمەس دېگەندەك، تۆمۈر ئائىلىسى قورايغا كەلگەندىن بېرى بىرئاز هاللىنىپ قالدى. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ ياغاچچىلىقى ئوبدان ئەسقاتتى. ② كۈچ-قۇۋۋەت، ماغدۇر پەيدا بولماق، ماغدۇرلانماق: ــ ۋاقتىمۇ خېلى بار ئىكەن. رەھىم ئاتام، يېڭىلا كېسەلدىن قوپتى. سەل هاللىنىۋالسۇن، ئۇنىڭ بىلەن بار مەسلىھەت ئىش قىلايلى، ــ دېدى كۆپچىلىككە قاراپ.

**هاللە سە** ئى. دىئال. بار نەرسىنى تەڭ كۆرۈپ پايدىلىنىش.

**هاللىق** سۆپ. هال-ئەهۋالى، كۈنى يامان ئەمەس، ئۆزىنى ئۆزى قامداپ كېتەلەيدىغان: هاللىق دېهقان. هاللىق چارۋىچى. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خېلى هاللىقلارمۇ، ئۆز تىرىكچىلىكىدىن ئېشىنالمايدىغانلارمۇ، بۈگۈننى تاپسا ئەتىلىكى ئۈچۈن قايغۇرىدىغانلارمۇ بار ئىدى.

**هاللىق سەۋىيە** <س ئىق> ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ بىرقەدەر باياشاتلىقى، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈش ئەهۋالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بىر دۆلەتكە نىسبەتەن

ئېيتقاندا، ئاساسلىقى شۇ دۆلەتنىڭ مىللىي دارامىتىنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە مىقدارى ۋە خەلقنىڭ ماددىي، مەنىۋى تۇرمۇشىنىڭ دۇنيانىڭ ئوتتۇرا ھال سەۋىيىسىگە يەتكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ھاللىق ئوتتۇرا دېھقان** <پەلس> ئىقتىسادىي ئورنى نىسبەتەن يۇقىرى، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى بىرقەدەر كۆپ ئىگىلىگەن ۋە باشقىلارنى يەڭگىلرەك ئېكسپلاتاتسىيە قىلىدىغان ئوتتۇرا دېھقان.

**ھال-مۇڭ** ھال ۋە مۇڭ؛ ھال-ئەھۋال، دەرد؛ ئىچ پۇشۇق: شەھەرنى تاشلاپ ئەلانىڭ يېنىغا كۆچۈپ چىققان قەدىرلىك كېچىك ئانىسى بىلەن بۇ يىل تۆت ياشقا كىرگەن ئوماق قىزى ئۇنىڭ ھال-مۇڭىغا ئورتاق.

**ھال-مۇڭ بولماق** ئەھۋاللاشماق، مۇڭداشماق، ئۆزئارا ئىچىدىكى سۆزلىرىنى دېيىشمەك: قاراقۇرۇم تاغلىرىدا ئۆزئارا ھال-مۇڭ بولۇپ يۈرۈش ئارقىلىق لۇتپۇللا شەمشىدىن ئائىلىسىنىڭ ئالتۇن تراگېدىيىسىنى ئاڭلىغان، شۇڭا ئىرپاننىڭ ئىش ھەققىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ چىقارغانىدى.

**ھال-مۇڭ ئېيتىشماق** ← **ھال-مۇڭ بولماق:** ئىككىسى بىرھازا ھال-مۇڭ ئېيتىشقاندىن كېيىن مەلىكە ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ ھەر خىل مەزەلەرنى كەلتۈرۈپتۇ، مىرزا گالۋاڭ ئاچكۆزلۈك بىلەن يېيىشكە باشلاپتىكى، مەلىكە ھەيران قېلىپتۇ. * شۇندىن كېيىن كىشىلەرمۇ ماڭا ئاستا-ئاستا يېقىنلىششقا باشلىدى. ئۇلار مەن بىلەن ئوچۇق چىراي پاراڭلىشاتتى، ھال-مۇڭ ئېيتىشاتتى.

**ھال-ئوقەت** ھال ۋە ئوقەت، ھال-كۈن، ھال-ئەھۋال؛ تىرىكچىلىك، مەئىشەت: بالا ئانىسىنى ئەكەلدۈرۈپتۇ. خىزمەتكارلار بۇ يېڭى خوجايىننى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بالىلارنىڭ ھال-ئوقىتى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ.

**ھال-ئوقىتى بار** تىرىكچىلىكى، تۇرمۇشى ياخشى، ھال-ئوقەتلىك: — ھەي بالام، سىلەرگە ئوخشاش ھال-ئوقىتى بار كىشىلەر يەرنى جىق تۇتمىسا، بىز كەمبەغەللەر جىق يەرنى نېمە قىلىمىز! — دەپتۇ بوۋاي كۈلۈپ قويۇپ.

**ھال-ئوقەتلىك** ھال-ئوقىتى بار، تۇرمۇشى، مەئىشىتى، تىرىكچىلىكى ياخشى: بوتىلاقلار تۆگە بولۇپ يېتىشىپ، مانا ئەمدى توشۇماقتا يۈكۈمنى. ئۇلار مەندە يىلدىن-يىلغا كۆپىيىپ، ھال-ئوقەتلىك قىلىپ قويدى كۈنۈمنى.

**ھالۇ** ئى. دىئال. ھويلا.

**ھالۋا** ئى (ئە) قوي مېيىدا قورۇلغان ئۇن بىلەن شېكەر سۇيىنى ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل شېرىن يېمەكلىك.

**ھالۋىچى** ئى. ھالۋا ئېتىپ ساتقۇچى ئادەم: بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزنى چاپاق بېسىپتۇ (ماقال). * كوچا بازارلاردىكى ئاشپەز، ناۋاي، باققال، كاۋاپچى، ھالۋىچى ۋە باشقىلارنىڭ تازىلىقى ھازىر جىق ياخشىلىنىپ كېتىپتۇ. ناچار تاماقلىرىنى يېمەسلىك لازىم.

**ھام** تەق. ئېغىزنى چوڭ ئېچىپ بىراقلا يۇمۇش ھالىتى: ھام ئەتمەك. ھام قىلماق.

**ھام ئەتمەك** ← **ھام قىلماق:** ئۇنىڭ كەتمىگەنلىكىنى بىلگەن شىر پاقلاننىڭ ئەتراپىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپتۇ-دە، بىر ھام ئېتىپلا پاقلاننى يەۋېتىپتۇ.

**ھام قىلماق** ئېغىزنى چوڭ ئېچىپ بىرنەرسىنى بىراقلا ئاغزىغا سالماق؛ يەۋەتمەك: — مەن ئوردىغا لايىق ئەمەس، چۈنكى مەن دېگەن بەزى ئىشلارنى خەققە

قارىغاندا كەم قىلمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆپ ئىشلارنى خام قىلمەن، قوتان سالسام قوناق شېخىدا تام قىلمەن، نان يەڭ دېسە بىر قېتىمدا بەش ناننى هام قىلمەن، ــ دېدى موللازەيدىن ۋاڭغا.

**هاماقەت** سۈپ (ئە) ئەقىلسىز، ئەخمەق، نادان، دۆت: هاماقەت ئادەم. هاماقەت بالا. * هاماقەتنى هارماڭ دېمە، هارغاندا ئۆزى توختايدۇ (ماقال). * بۇرۇنقى زاماندا، بىر هاماقەت ئادەم بار ئىكەن. ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرى، قىلىقلىرى كۈلكىلىك ئىكەن. هاماقەت كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئوتۇن ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن جاڭگالغا مېڭىپتۇ. * مەن هاماقەت ئىشنى بۇزۇپ، شۇ دەرىجىگە ئەكىلىپ قويدۇممۇ، ئاخىر؟!

**هاماقەتلەرچە** رەۋ. هاماقەتلەرگە ئوخشاش، هاماقەتلەردەك: «مەن يەنىلا هاماقەتلەرچە كۆن ئۆتكۈزۈۋەرسەم بولمايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

**هاماقەتلەشمەك** پ. هاماقەتكە ئايلانماق: ــ ئون نەچچە يىل مەكتەپتە ئوقۇغان ئادەم تۇرۇپ، شۇ دەرىجىدە هاماقەتلىشىپ كەتكىنىڭگە ئەقلىم هەيران، ــ دېدى سۇلتان ئوغلىغا.

**هاماقەتلىك** «هاماقەت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بوۋاي بىلەن موماي ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ، بىر جۈپ قۇزغۇنىڭ ۋەھىمىسى ۋە پادىشاھنىڭ هاماقەتلىكىدىن شىكايەت قىلىپتۇ. بۇ شىكايەت پەرىلەرنى ئىنتايىن هاياجانلاندۇرۇپتۇ.

**هاماقەتلىك قىلماق** ئەخمەق، دۆت، نادان ئادەملەرگە ئوخشاش هەرىكەتتە بولماق: بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان كىشىلەر: «تۇرسۇن تازىمۇ هاماقەتلىك قىلىپتۇ، شاپىلاقنى ئۆزىگە تىلەپ يەپتۇ» دېيىشتى.

**هامان** رەۋ (پ) . ① داۋاملىق، توختىماي، دائىم، هازىرغىچە، هېلىھەم: لېكىن ئۇ ماڭا پۇرسەت بەرمەي، هامان قىستاپ كېلىۋەردى. * ئادەمگە ئەقىل هامان هادىسە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ، دېگەن گەپ توغرىمۇ؟ ② بىرەر ۋەقە ياكى هادىسە يۈز بەرگەن پەيتنىڭ ئۆزىدە، ئاشۇ زامان، شۇ ئاندا: ئىسكرىپكا چاي ئۈستىلىگە قويۇلۇشى هامان قەدىردىن ئۇنى ئېلىپلا باغرىغا باستى. * بەزىلەر لەقىمى تىلغا ئېلىنغان هامان چىچاڭلاپ كېتىدىكەن، لېكىن مەن ئۆز ھەۋەسىمگە جىپسىلاشتۇرۇپ قويۇلغان بۇ لەقىمىم بىلەن پەخىرلىنىمەن. ③ ھەرقانچە قىلغان بىلەن، قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرقى هېسابتا، چوقۇم، بەرىبىر: هايات هامان مۇھەببەتكە موھتاج، مۇھەببەت مېھىر-شەپقەتكە. * پادىشاھمۇ قىز بالا ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ هامان باشقىلارغا مەنسۇپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ماقۇل بولۇپتۇ. * مەن ئاتىغىنىمنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ياخشى كۈنلەرنىڭ هامان كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەسەللى بەردىم.

**هامان توغرا ئىپادە** < مات > بىر لوگىكىلىق ئىپادە قىممىتىنىڭ هامان AUB(A+B) توغرا بولۇشى، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى لوگىكىلىق ئۆزگەرگۈچى مىقدار قىممەتلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىغا باغلىق بولمايدىغان لوگىكىلىق ئىپادە.

**هامان خاتا ئىپادە** < مات > بىر لوگىكىلىق ئىپادە قىممىتىنىڭ هامان خاتا بولۇشى ئۇنىڭ ئىچىدىكى ھەرقايسى لوگىكىلىق ئۆزگەرگۈچى مىقدار قىممەتلىرىنىڭ توغرا ياكى خاتا بولۇشىغا باغلىق بولمايدىغان لوگىكىلىق ئىپادە.

**هامانە** رەۋ (پ) ھەرقانچە قىلغان بىلەن،

ئاخىرقى ھېسابتا، بەربىر، چوقۇم: ئىنساننىڭ دۇنياغا كەلمىكى باردۇر، بىركۈنى ھامانە ئۆلمىكى باردۇر. ۋىجدانىم بۇيرۇقى ــ ئۆلەرمەن بۇگۈن، قارا يەر ئاستىغا كىرەرمەن بۈگۈن.

**ھامانەم** رەۋ ← **ھامانە**: مۇھەببەتنىڭ بولۇپمۇ پۇقرالارغا ئاللاقىدار خىلمۇخىل مۇھەببەتنىڭ سىرلىرىنى ھامانەم ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ.

**ھاما** ئى (ئە) ① بالىلارغا نىسبەتەن ئاتا ياكى ئانىسىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرى: تاغامدىن تاغار ياخشى، ھامامدىن بادالڭ (ماقال). * ئالماس بولسا كۈتۈلگەن ئادەم يېتىپ كەلگۈچە، ئېلىقۇلنىڭ ھامىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئېلىشانى يوقلاپ كېلىشنى قارار قىلدى. ② ئۆزىدىن چوڭلارغا مۇاجىئەت قىلىش، ھۆرمەت بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سۆز: قېرى ھاما مېھرىبان-كۆيۈمچان ئايال ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى كۈچ-مادارىنى يىغىپ، رەيھاننى ئوقۇتۇشنى، ئۇنى مۇدىرنىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلىيالايدىغان قىلىشنى ئۆزىگە ۋىجدانىي بۇرۇچ قىلدى.

**ھاما ئاچا** ← **ھاما**: نۇرنىسا ئىشىكنى چەكتى، بىرپەستىن كېيىن ئىشىك ئېچىلىپ ھاما ئاچىسىنىڭ تونۇش چىرايى كۆرۈندى.

**ھامال** ئى (ئە) يۈك قاچىلاپ، يۈك چۈشۈرگۈچى، يۈك توشۇغۇچى ئىشچى؛ يۈكچى: تاشۋاي خىلمۇخىل نەرسىلەرنى يۈدۈپ توشۇۋاتقان ھامماللار بازىرىدا پەيدا بولۇپ، ئېسىل كىيىنىۋالغان كىشىلەرگە ئىش سوراپ ئىلتىجا قىلدى.

**ھامالچىلىق** «ھامال» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ھامالچىلىقنىڭ نەرگە شۇنداق خۇشتار بولۇپ قالدىڭىزكىن تاڭ، بىلەلمىدىم.

**ھامماللىق** «ھامال» سۆزىنىڭ ئابستراكىت ئىسىم شەكلى: ــ مەن ھازىر ھامماللىق قىلىۋاتىمەن، سەمەن تەرەپتە بىر ئاغىنەمنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىدە تۇرۇۋاتىمەن، ــ دېدى بازات دوستى تاشۋايغا.

**ھامماللىق قىلماق** ھامماللىق بىلەن شۇغۇللانماق: مەمەت بىر-ئىككى كۈنلۈك ئىش بولسا قىلاتتى، ياكى بەزىدە شەھەرگە كىرىپ ھامماللىق قىلاتتى، قولىغا پۇل چۈشتىمۇ، بولدى، ئۇدۇل بېرىپ ئاق ئۆستەڭ بويىدىكى قىرغىز موماينىڭ ياخشى ئىشلەنگەن بوزىسىدىن ئىچىۋالاتتى، ھېچكىمگە ئارىلاشمايتتى.

**ھاممام** ئى (ئە) يۇيۇنۇش، چۆمۈلۈش ئۈچۈن ئىسسىق ۋە سوغۇق سۇلىرى دائىم بار بولغان مەخسۇس ئۆي؛ مۇنچا: ھاممامغا كىرمەك. * قازى ئابدۇلنى ھاممامغا ئەۋەتىپ يۇيۇندۇرۇپتۇ. چاچلىرىنى ئالدۇرۇپ، بۇرۇتلىرىنى ياساتتىپتۇ. * ھېلىلا ھاممامدىن چىققاندەك تەرلەپ، قىزىرىپ كەتكەن مېھمانلار نەشكەش خورەك تارتقاندەك كېكىرىشىپ تامغا يۆلىنىشتى.

**ھاممامچى** ئى. ھاممامغا قارىغۇچى، ھاممامنى باشقۇرغۇچى ئادەم: پادىشاھ خاپا بولۇپ، ھاممامچى بىلەن دەرۋازىۋەننى زىندانغا تاشلاپتۇ.

**ھاملە** ئى (ئە) < بىئول > ئادەم ياكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئانىلىق تېنىدە پەيدا بولغان يۇمران تەن؛ تۆرەلمە.

**ھاملىدار** سۈپ (ئە+پ) ① قورسىقىدا ھاملىسى بار؛ ئىككىقات، ئېغىرئاياغ: ھاملىدار بولماق. ھاملىدار ئايال. * زامانقۇل بۇ سۆزلەرنى خۇددى ھاملىدار ئايال بىرنېمىگە سېزىلىك بولغاندەك، ئىشتىياق بىلەن ئاڭلايتتى. ② كۆچمە. ئاساس، سەۋەبچى: ھەش-پەش دېگۈچە يېرىم ئاي ئۆتۈپ كەتتى، خۇشاللىق ياكى دىل ئازابىغا ھاملىدار مىنۇتلار يېتىپ كەلدى. * بۇ ئەۋجى سادىقنىڭ نەزىرىدە،

يامغۇرنىڭ ئەمدى پەسىيىشكە قاراپ يۈزلىنىشىنىڭ ئالامىتى بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، شۇ تاپتا يەنە مىسلىسىز پاجىئەلىك ئاقىۋەتكىمۇ هاملىدار ئىدى.

**هاملىدار بولماق** < فىزىئول > ئاياللارنىڭ قورسىقىدا هامىلە پەيدا بولماق؛ ئىككىقات بولماق.

**هاملىدارلىق** ئى ① هاملىدار هالەت: ئۇ خېلىغىچە ئۆزىنىڭ هاملىدارلىقىنى بىلدۈرمەسلىككە تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن «كېسەلنى يوشۇرساڭ، ئۆلۈم ئاشكارا» دېگەندەك ئاخىرى ئاشكارا بولۇپ قالدى. ② < فىزىئول > ئاياللارنىڭ تېنىدە هامىلىنىڭ پەيدا بولۇپ يېتىلىش جەريانى.

**هاملىدارلىق تۇتقاقلىقى** < تىب > هاملىدار ياكى تۇغۇتلۇق ئاياللاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، باش ئاغرىش، سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇش، قان بېسىمى ئۆرلەپ كېتىش، كۆرۈش قۇۋۋىتى توسالغۇغا ئۇچراش، كىچىك تەرەت ئازىيىپ كېتىش، تۇيۇقسىز تارتىشىپ قېلىش ۋە هوشىدىن كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**هاملىدارلىق مەزگىلى** < تىب > ئاياللار هاملىدار بولغاندىن تارتىپ تۇغقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى مەزگىل. ئادەتتە 266 كۈن بولۇپ، ئاخىرقى هەيزنىڭ 1-كۈنىدىن هېسابلىغاندا 280 كۈن بولىدۇ.

**هامىنى** رەۋ. ئاخىرقى هېسابتا، هامانە، بەربىر: – ئۆزلىرى ئۆي سالماقچى بولسىلا ئېھتىيات ئۈچۈن قالدۇرۇپ قويغان ياخشى يەردىن ئازىراق بار، هامىنى سالغاندىكىن ئىككى ئېغىز سالىمەن دېمەي تۆت ــ بەش ئېغىزلىق سالسىلا، ــ دېدى هاكىمغا يېزا باشلىقى تۇرسۇن.

**هامىي** ئى (ئە) يۆلەنگۈچى، ئاسرىغۇچى، هىمايىچى، قوللىغۇچى، يۆلەك؛ تەرەپدار: هامىي بولماق. * يىراقلاردا خۇددى ئەزىم دەريادەك ئۆركەشلەۋاتقان ئېزىنتقۇدىن، ئالىقانچىلىك بولۇت بولمىغان كۆك ئاسماندىن ئۆزگە، كارامەتكە هامىي بولغۇچى هېچقانداق ئالامەت كۆرۈنمىدى. * ــ مانا، فېئودالىزمنىڭ جاهىل هامىيسى تېپىلدى! ــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

**هامىي بولماق** يۆلىمەك، ئاسرىماق، قوللىماق، ياقلىماق؛ تەرەپدارى بولماق: پاناهسىز قالغان ئايتۇلۇنغا مەكتەپ مۇدىرى بىلەن نوپۇس ساقچىسى هامىي بولدى.

**هامىيلىق** «هامىي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ مىللىي ئارمىيە سېپىگىمۇ ئۆلۈم پاجىئەسىگە ئۇچرىماي، ساق-سالامەت يېرىۋېلىشىدا يەنە شۇ سەمەت بىۋاستە هامىيلىق رولىنى ئوينىدى.

**هامىيلىق قىلماق** هىمايىچى بولماق، تەرەپدار بولماق، ياقلىماق، قوللىماق، يۆلەكچى بولماق: ئۇنىڭ دائىملىق هەمراهى بولغان قۇم بارخانلىرى ئۇنىڭغا هامىيلىق قىلىپ، ئۇنى مەزمۇت ئورىدى، نەتىجىدە چۆل گۈلىنىڭ غول، ياپراقلىرى بىلەن گىرەلەشكەن قۇمدىن تەبىئىي ۋە مەزمۇت پىرامىدا هاسىل بولدى.

**هامىيلىق قىلىش** < قا > سالاهىيىتى يوق كىشىلەر ۋە سالاهىيىتى چەكلىمىگە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ كىشىلىك هوقۇقى، مۈلۈك هوقۇقى ۋە باشقا بارلىق قانۇنىي هوقۇق-مەنپەئەتلىرىگە قارىتا بولىدىغان نازارەتچىلىك ۋە قوغداش.

**هامىيلىقتىكى دۆلەت** < ت ئىش > مەجبۇرىي هالدا تەڭسىز شەرتنامە تۈزۈلگەنلىكى بىلەن قىسمەن ئىگىلىك هوقۇقى (مەسىلەن، دىپلوماتىيە ئىگىلىك هوقۇقى) باشقا دۆلەتكە تاپشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ «هامىي» لىقىدا بولۇپ قالغان دۆلەت. بۇ ــ مۇستەملىكىنىڭ بىر خىل شەكلى.

**ھاندۇۋا** (توغرىسى: ئەندۇۋا) ← ئەندۇۋا.

**ھانىنات** سۈپ (پ) رەھىمسىز، شەپقەتسىز؛ ئۇششۇق: ھۆكۈم سۈردى سىنىڭدە يالڭ زىڭشىڭ دېگەن ھانىنات، قانلار ئىچتى شارابتەك جىك شۇرىن دېگەن جاللات.

**ھاھ** تەق. قاتتىق كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**ھاھ-ھاھ** «ھاھ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ــ ھە مۇنداق دە، تېخى، ھاھ-ھاھ-ھا... مېرۇل قېرى بېگىمنىڭ سەندىن باشقا ئات تاقىلىنىشقا ئەۋەتىدىغان ئادىمى يوقمىكەن؟! ــ دەپ ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ، سول كۆزىنى قىسقان ھالدا مەسخىرە قىلدى ئۇچېبىگى.

**ھاھ-ھۇھ** «ھاھ» قىلغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: ھەممىمىز «ھاھ-ھۇھ» دېيىشىپ ئۆستەڭ بويىنى بېشىمىزغا كىيدۇق.

**ھاۋ** تەق. ئىتنىڭ قاۋىغان چاغدىكى چىقىدىغان ئۈزۈك ئاۋازى: ئىتنىڭ تۇيۇقسىز «ھاۋ» قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم.

**ھاۋا** ئى (ئە) ① <مېتېئور> يەر شارى ئەتراپىدىكى ئاتموسفېرا قەۋىتىنى ھاسىل قىلغان گاز جىسىم. رەڭسىز، پۇراقسىز بولۇپ، ئاساسلىق تەركىبى ئازوت بىلەن ئوكسىگېن. ئۇنىڭغا يەنە ناھايىتى ئاز مىقداردا گېلىي، ئارگون، نېئون، كرىپتون، كسېنون قاتارلىق ئىنېرتلىق ئېلېمېنتلار ۋە سۇ پارى، كاربون (IV) ئوكسىد، مىكروئورگانىزملار ھەم باشقا ئارىلاشما ماددىلارمۇ ئارىلاشقان بولىدۇ: ساپ ھاۋا. ھاۋادىن نەپەس ئالماق. شارنى ھاۋا بىلەن تولدۇرماق. ئۆينىڭ ھاۋاسىنى يەڭگۈشلىمەك. ھاۋا ئالماشتۇرماق. ② يەر ئۈستىدىكى ئاتموسفېرا بوشلۇقى؛ بوشلۇق: سادىرنىڭ قولىدىكى بايراق ھاۋادا لەيلەپ قالدى. * ــ گۈگۈشىدىن قومۇش ساتقان پۇللار دۆلەرگە بېرىلمىسۇن دەپ بانكىغا بۇيرۇق بېرىپتۇ، كېۋىر! ــ دېدى روزاخۇن بوۋاي تۆمۈر ئارىسىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ. ③ ئاسمان، كۆك: ئەلقىسسە، سام جادۇگەر ھاتەمگە تەڭ كېلەلمىگەندىن كېيىن، قالغان لەشكەرلىرى بىلەن ھاۋاغا ئۇچۇپ چىقىپ غايىب بولدى. ④ ئاتموسفېرانىڭ ئەھۋالى؛ ئاب-ھاۋا: ئوچۇق ھاۋا. بۇلۇتلۇق ھاۋا. كۈز ھاۋاسى. ھاۋا ئۆزگەرمەك. ھاۋا تۇتۇلماق. * ھازىر ھاۋا سوغۇق، ئۇنىڭ ئۈستىگە گۈگۈشىدىمۇ ئىشلار ئالدىراش، ئەزالارنىڭ بازارغا كېلىشى ئازىيىپ كەتتى. ⑤ بىرەر جاينىڭ ئاب-ھاۋا شارائىتى؛ ئىقلىمى: تاغ ھاۋاسى. * بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ماڭا ياقىدۇ. ⑥ كۆچمە. كەيپىيات؛ ۋەزىيەت: ئۇ يەردە سىياسىي ھاۋا ناھايىتى يامان. * تىللاخان كېلىن بولۇپ كىرىش بىلەنلا، ئۆينىڭ ھاۋاسى يېڭىلىنىپ باشقىچە تۈسكە كىرگەنىدى.

**ھاۋا ئارمىيىسى** <ھەرب> ھاۋادا ئۇرۇش قىلىدىغان ئارمىيە. ئادەتتە تۆرلۈك ئاۋىئاتسىيە قىسىملىرى ۋە ئۇنىڭ يەر ئۈستىدە جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرىدىن تەركىب تاپقان بولىدۇ.

**ھاۋا ئالماشتۇرماق** ساپ ھاۋانى كىرگۈزۈش ئارقىلىق ھاۋانى يەڭگۈشلىمەك.

**ھاۋا ئالماشتۇرۇش ماشىنىسى** <بىن> ھاۋا بېسىمىنى كۆچەيتىش ئارقىلىق سېخ، كان ۋە ئاممىۋى ئورۇنلارنىڭ ھاۋاسىنى ئالماشتۇرغۇچى ئۈسكۈنە.

**ھاۋا باتارېيىسى** <فىز> خىمىيىلىك باتارېينىڭ بىر خىلى. تۈزۈلۈش پرىنسىپى قۇرغاق باتارېيە بىلەن ئوخشاش.

ئوخشىمايدىغان يېرى، پەقەتلا ئۇنىڭ قۇتۇپسىزلاندۇرغۇچىسى هاۋادىكى ئوكسىگېندىن ئېلىنىدۇ.

**هاۋا بەرمەك** ① دوپپىچىلىقتا قوندۇرۇلغان دوپپىغا شېكەر سۈيى پۈركۈمەك. ② جۇۋا-تۇماقچىلىقتا تېرىنىڭ ئۈستىگە سۇ پۈركۈمەك.

**هاۋا بوشلۇقى** ① ئاتموسفېرا قەۋىتى. ② < ئاستر > قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار جايلاشقان كەڭ بوشلۇق، كائىنات.

**هاۋا بېسىمى** < مېتېئور > ئاتموسفېرانىڭ جىسىم يۈزىگە چۈشۈرىدىغان بېسىمى. بۇ خىل بېسىم دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىگەنسېرى، شۇنچە ئاجىزلايدۇ. مەسىلەن، يۇقىرى بوشلۇق ياكى ئېگىز تاغلاردىكى هاۋا بېسىمى تۈز يەرنىڭكىدىن ئاجىز بولىدۇ.

**هاۋا بېسىمى تېندېنسىيىسى** < مېتېئور > هاۋا بېسىمىنىڭ مۇئەييەن ئورۇن ۋە ۋاقىتتىكى ئۆرلەش، تۆۋەنلەش ئەهۋالى ۋە تېندېنسىيىسى. بۇنى ئاپتوماتىك خاتىرە ئەگرى سىزىقىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. بۇ، هەمىشە ئاب-هاۋا ئۆزگىرىشى توغرىسىدا هۆكۈم چىقىرىشنىڭ بىر ئاساسى بولىدۇ.

**هاۋا بېسىمى سىستېمىسى** < مېتېئور > هاۋا بېسىمى يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنىڭ هاۋا بېسىمى سىزىقى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان رايونى. ئادەتتە تۆۋەن هاۋا بېسىمى، يۇقىرى هاۋا بېسىمى، تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى، يۇقىرى بېسىم ئومۇرتقىسى دەپ ئاتىلىدۇ. هاۋا بېسىمى سىستېمىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، يوقىلىشى، كۆچۈشى، ئاجىزلىشىشى ۋە هەرىكىتى قاتارلىقلارنى توغرا تەهلىل قىلىش هاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇهىم هالقىسى هېسابلىنىدۇ.

**هاۋا بېسىمى گرادىئېنتى** < مېتېئور > هاۋا بېسىمى تۆۋەنلىگەن يۆنىلىشتە بىرلىك ئارىلىقتىكى هاۋا بېسىمىنىڭ كېمەيگەن قىممىتى. ئاب-هاۋا خەرىتىسىدىكى هاۋا بېسىمى سىزىقى زىچ بولغانسېرى هاۋا بېسىمى گرادىئېنتى چوڭ بولىدۇ، شامال سۈرئىتىمۇ تېز بولىدۇ.

**هاۋا بېسىمى مەيدانى** < مېتېئور > هاۋا بېسىمىنىڭ تارقىلىش دائىرىسى. تەكشىلىك خەرىتىسىدە ئادەتتە تەڭ بېسىم سىزىقى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**هاۋا تاپان** ئوگدىسىغا يېتىپ، ئىككى پۇتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ تۇرۇش هالىتى: هاۋا تاپان قىلماق. * ئادىل يىقىلىپ كېتىپ هاۋا تاپان بولۇپ قالدى.

**هاۋا تاپان قىلماق** ئوگدىسىغا ياتقۇزۇپ ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرتۈپ، تاپىنىنى ئاسمانغا قارىتىپ قويماق: بوغۇچتىن تومراق بىر كالتەكنىڭ ئىككى تەرىپىگە بىردىن تۆشۈك ئېچىلىپ، ئۇنىڭغا تاسما ئۆتكۈزۈلىدۇ. قاۋۇل ئىككى ئوقۇغۇچى ئەيىبكار بالىنى ئوگدا ياتقۇزۇپ، ئىككى پۇتىنى ئاشۇ تاسمىغا ئۆتكۈزىدۇ، ئاندىن ئۇنىڭ پۇتلىرىنى هاۋا تاپان قىلىپ موللامنىڭ ئۇدۇلىغا توغرىلايدۇ.

**هاۋا تارتقۇچ** < ماشىن > هاۋا سۈمۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما.

**هاۋا تەگشەش ئۆسكۈنىسى** < بىن > ئۆي ئىچىدىكى هاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى ۋە نەملىكىنى تەگشەپ تۇرىدىغان ئۆسكۈنە.

**هاۋا تەۋەلىكى** < ت ئىش > بىر دۆلەتنىڭ قۇرۇقلۇقى، سۇ تەۋەلىكى ۋە دېڭىز تەۋەلىكى ئۈستىدىكى پۈتكۈل بوشلۇق. ئۇ شۇ دۆلەت تېررىتورىيىسىنىڭ بىر

تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**هاۋا تۆشۈكچىسى** < بوت > ئۆسۈملۈك تېنىنىڭ سىرتقى قوۋزاق ھۈجەيرىلىرى ئارىسىدىكى كىچىك تۆشۈك. ئاغزىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزلۈكىدىن تەڭشىلىدۇ. ئۇ ئۆسۈملۈك تېنى بىلەن سىرتقى مۇھىتنىڭ ھاۋا ئالماشتۇرۇشىدىكى كىرىش-چىقىش تۆشۈكى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسەن يوپۇرماقنىڭ ئارقا تەرىپىگە تارقالغان. مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرۈشكە بولىدۇ.

**هاۋا تېمپېراتۇرىسى** < مېتېئور > ھاۋانىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇق دەرىجىسى.

**هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تىك تۆۋەنلىشى** < مېتېئور > ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تىك يۆنىلىشتە ئېگىزلىكنىڭ ئېشىشىغا ئەگىشىپ تۆۋەنلەش نىسبىتى. قارىمۇقارشى قاتلامدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ھەر يۈز مېتىر يۇقىرىدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن تەخمىنەن 0.6 گرادۇس تۆۋەنلەيدۇ. ئاتموسفېرادىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ تىك تۆۋەنلىشى ئەمەلىيەتتە دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە مەنپىي-مۇسبەتلىكىگە قاراپ، ھاۋادا ئادۋېكسىيىلىك ھەرىكەت ئاسان پەيدا بولىدىغان-بولمايدىغانلىقىغا ھۆكۈم قىلغىلى بولىدۇ.

**هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ سوتكىلىق ئۆزگىرىشى** < مېتېئور > ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى دەۋرلىك ئۆزگىرىشى. بۇ خىل ئۆزگىرىش يەر يۈزىگە يېقىن جايدا روشەن بولىدۇ. قۇرۇقلۇقتا ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسى تاڭ ۋاقتىدا پەيدا بولىدۇ، ئەڭ يۇقىرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سائەت 14 ئۆپچۆرىسىدە پەيدا بولىدۇ. بىر كۈن ئىچىدىكى دەۋرلىك ئۆزگىرىشنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، كەڭلىكنىڭ ئېگىز-پەسلىكى، يەر يۈزى ئەھۋالى ۋە پەسىل ئۆزگىرىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**هاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى** < مېتېئور > ھاۋا تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى دەۋرلىك ئۆزگىرىشى. ئادەتتە شىمالىي يېرىم شاردا ئوتتۇرا كەڭلىكتىكى قۇرۇقلۇقتا 7-ئايدا ھاۋا ئەڭ ئىسسىق، 1-ئايدا ھاۋا ئەڭ سوغۇق بولىدۇ؛ دېڭىزدا 8-ئايدا ھاۋا ئەڭ ئىسسىق، 2-ئايدا ھاۋا ئەڭ سوغۇق بولىدۇ. ئادەتتە دېڭىزغا يېقىن بارغانسېرى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ يىللىق ئۆزگىرىشى شۇنچە كىچىك بولىدۇ.

**هاۋا خالتىسى** < زوئول > بېلىقنىڭ چۆكۈش، لەيلىشىگە ياردەم قىلىدىغان خالتا. ئۇ «پۇرسىلاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**هاۋادىن چۈشۈش قىسمى** < ھەرب > ھاۋادىن چۈشۈپ جەڭ قىلىدىغان قىسىم. ئۇ ھاۋادىن دۈشمەن پوزىتسىيىسى ياكى دۈشمەن ئارقا سېپىگە چۈشۈپ جەڭ قىلالايدۇ.

**هاۋا رايى** < مېتېئور > بەلگىلىك رايون ياكى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئاتموسفېرادا يۈز بەرگەن تۈرلۈك مېتېئورولوگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر. مەسىلەن، تېمپېراتۇرا، نەملىك، ھاۋا بېسىمى، يېغىن، شامال، بۇلۇت قاتارلىقلار.

**هاۋا رايى بەلگىلىرى** < مېتېئور > ئاب-ھاۋا ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى كۆرسىتىدىغان بەلگىلەر. مەسىلەن: «•» يامغۇر،

« * » قار، « ≡ » تۇمان ۋە باشقىلار. هاۋا رايى ئىستانسىلىرى جايلارنىڭ هاۋا رايى ئاخباراتىدىكى هاۋا رايى سىمۋوللىرىنى بەلگىلىگەن هاۋا رايى بەلگىلىرىگە تەرجىمە قىلىپ، مۇئەييەن شەكىل بويىچە خەرىتىگە تولدۇرۇپ، ئاب-هاۋانى تەھلىل قىلىش خەرىتىسىدە پايدىلىنىدۇ.

**هاۋا رايى خەرىتىسى** < مېتېئور > مەلۇم رايون ياكى پۈتكۈل يەر شارىنىڭ هاۋا رايى ۋەزىيىتىنى ئىپادىلەيدىغان خەرىتە. ئۇنىڭدا ھەرقايسى جايلارنىڭ هاۋا رايى ئەھۋاللىرى رەقەم ياكى بەلگىلەنگەن شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ « يۇقىرى بوشلۇق هاۋا رايى خەرىتىسى » ۋە « يەر يۈزى هاۋا رايى خەرىتىسى » دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. هاۋا رايى تارماقلىرى هاۋا رايىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋاللىرىنى كۆزىتىشتە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ.

**هاۋا رايى ساندۇقى** < مېتېئور > سىرتقا قويۇپ قويۇلىدىغان ۋە هاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسى ياكى نەملىكىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋابلار ئىچىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئاق ياغاچ ساندۇق. تۆت تەرىپىگە ئىچىدىكى ئەسۋابلارنى رادىئاتسىيەدىن، هۆل-يېغىن ۋە كۈچلۈك شامالدىن ساقلاش، هاۋانىڭ ئەركىن ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىلىرى ئۈچۈن كۆپلىگەن ياغاچ بالداقچىلار ئورنىتىلغان بولىدۇ.

**هاۋا رايى سىستېمىسى** < مېتېئور > ئاتموسفېرادىكى ئابهاۋانىڭ تارقىلىشى ۋە ئۆزگىرىشىدە مۇئەييەن ئالاھىدىلىككە ئىگە مۇستەقىل سىستېما. مەسىلەن، سوغۇق فرونت، ئىسسىق فرونت، سىكلون، ئانتىسىكلون، تۆۋەن بېسىم ئوقۇرى، تۆۋەن هاۋا قاينىمى، كۈچلۈك بوران سىزىقى ۋە تەيفېڭ بورىنى قاتارلىقلار.

**هاۋا رايىغا سۈنئىي تەسىر كۆرسىتىش** < مېتېئور > ئاب-هاۋا ۋە ئۇنىڭ جەريانىغا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تەسىر كۆرسىتىش تەدبىرى. مەسىلەن، تەيفېڭ بورىنىغا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تەسىر كۆرسىتىش، چاقماققا سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تەسىر كۆرسىتىش، مۆلدۈردىن سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن مۇداپىئە كۆرۈش، سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن يېغىن ياغدۇرۇش، سۈنئىي ئۇسۇل بىلەن تۇماننى يوقىتىش قاتارلىقلار.

**هاۋا رايى مەلۇمات خەرىتىسى** < مېتېئور > هاۋا رايى ئامىللىرىنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىشى ۋە تارقىلىش ئەھۋاللىرى خاتىرىلەنگەن خەرىتە. ئادەتتە هاۋا رايىنى ئانالىز قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**هاۋا رايى مەلۇماتى** < مېتېئور > كۆلگۈسى بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدىكى هاۋا رايى ئۆزگىرىشلىرىدىن ئالاقىدار ئورۇنلارغا بېرىلىدىغان مەلۇمات.

**هاۋا رايى ئۆزگىرىش جەريانى** < مېتېئور > هاۋا رايى ۋە هاۋا رايى سىستېمىلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش جەريانى. ئۇنىڭ جەريانىنى توغرا تەھلىل قىلىش هاۋا رايىدىن مەلۇمات بېرىشنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇھىم باسقۇچى هېسابلىنىدۇ.

**هاۋا رايى ۋەزىيىتى** < مېتېئور > هاۋا رايى سىستېمىسىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى. ئۇ ئاب-هاۋانىڭ كەلگۈسى مۇئەييەن

ۋاقىتتىكى ئۆزگىرىش يۆزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇ يەنە ھەر دەرىجىلىك ھاۋا رايى ئىستانسىلىرى، پونكىتلىرىنىڭ ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىشتىكى ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

**هاۋا رايى ئىستانسىسى** < مېتېئور > ئاتموسفېرا ئۈستىدە تەكشۈرۈش ھەم تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان ئىلمىي ئورگان.

**هاۋا رايى ئىلمى** ← **مېتېئورولوگىيە.**

**هاۋا رەڭ** < گ سەن > ① ئوچۇق سۇس كۆك بولىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ② مۇشۇ خىل رەڭگە ئىگە: ھاۋا رەڭ سارجا. ھاۋا رەڭ ياغلىق. * ئۇنىڭ بېشىدىكى يەتتە ئورام قىلىپ يۆگەلگەن سۇس ھاۋا رەڭ سەللىسى سۆلتىنىنى ھەسسىلەپ ئاشۇراتتى.

**هاۋا شارى** كاۋچۇك ياللىتىلغان رەخت، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسالغان بىر خىل توشۇش قورالى. ئىچىگە ھاۋادىن يەڭگىل بولغان گازلار قاچىلانسا، يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، مېتېئورولوگىيە ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئۇنىڭ بىلەن ھەر خىل ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ئېلىپ يۈرۈپ، يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغىلى ۋە رازۋېدكا قىلغىلى بولىدۇ.

**هاۋا قايىنىمى** < مېتېئور > ھاۋانىڭ دىئامېتىرى نەچچە يۈز كىلومېتىرغا يېتىدىغان زور قايىنىمى. ئۇنىڭ مەركىزى تۆۋەن ھاۋا بېسىمى رايونى بولۇپ، شامال تۆت ئەتراپتىن مەركەزگە قاراپ ئۇرۇلىدۇ. شىمالىي يېرىم شاردا ھاۋا قايىنىمى سائەت ستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشىگە قارىمۇقارشى يۆنىلىشتە ئايلىنىدۇ؛ جەنۇبىي يېرىم شاردا بولسا سائەت ستىرېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئايلىنىدۇ. ھاۋا قايىنىمى چېگرىدىن ئۆتكەندە ھەمىشە ئۆزلۈكسىز يامغۇر ياكى قار ياغىدۇ.

**هاۋا كىلىماتى** < مېتېئور > ← **كىلىمات.**

**هاۋا ماسسىسى** < مېتېئور > گورىزونتال يۆنىلىشتىكى فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى (يەنى تېمپېراتۇرىسى، نەملىك گرادۇسى قاتارلىقلار) بىرقەدەر تەكشى بولغان ھاۋا توپلىمى. ئۇنىڭ ئىگىلىگەن بوشلۇقى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېگىزلىكى نەچچە كىلومېتىرغا، كەڭلىكى نەچچە مىڭ كىلومېتىرغا يېتىدۇ. ئۇنى يەرنىڭ مۇناسىپ تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىسسىق ھاۋا ماسسىسى ۋە سوغۇق ھاۋا ماسسىسى، دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولىدۇ. خۇسۇسىيىتى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل ھاۋا ماسسىسى ئۇچراشقان جايلاردا ھەمىشە روشەن ھاۋا رايى ئۆزگىرىشلىرى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ.

**هاۋا مۇداپىئەسى** < ھەرب > دۈشمەنىڭ ھاۋادىن قىلغان ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن قوللىنىلغان تۈرلۈك تەدبىرلەر.

**هاۋا مۇداپىئە ئۆڭكۈرى** < ھەرب > ھاۋا ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش، چېقىم، زىياننى ئازايتىش ئۈچۈن كولانغان ئۆڭكۈر.

**هاۋا ھۇجۇمى** < ھەرب > ئايروپىلان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ئارقىلىق دۈشمەن تەرەپنىڭ نىشانىغا ئۇشتۇمتۇت قىلىنغان ھۇجۇم.

**هاۋا ئېقىمى** ① < مېتېئور > ئېقىۋاتقان ھاۋا. ② < تىل > ھاۋانىڭ نەپەس ئېلىش-چىقىرىش ئارقىلىق پەيدا بولغان

ئېقىمى. ئۇ تاۋۇش چىقىرىشتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ ھېسابلىنىدۇ.

**هاۋا ئېقىمى ئاكۇستىكىسى** < فىز > ئاكۇستىكىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ئاۋازنىڭ هاۋا ئېقىمى ئىچىدە پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى، قوبۇل قىلىنىشى ۋە قوللىنىلىشىنى مۇھاكىمە قىلىدىغان پەن.

**هاۋا ئېقىمىنىڭ تارقىلىشى** < مېتېئور > مەلۇم بىر رايوندىكى هاۋانىڭ كىرىش ئېقىمىنىڭ چىقىش ئېقىمىدىن ئاز بولۇش ھادىسىسى.

**هاۋا ئېقىمىنىڭ يىغىلىشى** < مېتېئور > مەلۇم بىر رايوندىكى هاۋانىڭ كىرىش ئېقىمىنىڭ چىقىش ئېقىمىدىن كۆپ بولۇش ھادىسىسى.

**هاۋا يولى** < قاتن > هاۋادىكى قاتناش-ترانسپورت لىنىيىسى.

**هاۋا يېمەك** ساپ هاۋادىن نەپەس ئالماق، هاۋالانماق: مەن ئەتىگەنلىك هاۋا يېيىش باهانىسى بىلەن ئۇنىڭ ئەتراپىنى خېلى ۋاقىت ئايلىنىپ يۈردۈم-دە، بىر خىل سۆيۈنۈش ھېسسىياتى بىلەن ئاشخانىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتىم.

**هاۋا يىلتىزى** < بوت > ئۆسۈملۈكنىڭ غول ياكى يوپۇرماق قىسىملىرىدىن ئۆسۈپ چىققان يىلتىز. بىرقىسمى ياكى ھەممە يېرى يەر ئۈستىگە چىقىپ تۇرىدۇ. ئاتموسفېرا ۋە سۇدىكى ئوزۇقلۇقلارنى شۈمۈرەلەيدۇ. كۆممىقوناق ۋە كىچىك مېۋىلىك ئەنجۈر قاتارلىقلارنىڭ هاۋا يىلتىزى بولىدۇ.

**هاۋائانا** ئى (هاۋا+ئانا) دىنىي چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، يەر يۈزىدە بىرىنچى بولۇپ يارىتىلغان ئايال كىشى، ئادەمئاتىنىڭ جۈپتى.

**هاۋا-جاھان** جاھاننىڭ، ئەتراپنىڭ هاۋاسى: قۇربان ھېيتنىڭ ئاخىرقى كۈنى چۈشتىن ئەمدىلا قايرىلغان مەزگىل. ئوكتەبىر ئېيى كىرىپ كېلىۋاتقىنىغا قارىماي، هاۋا-جاھان يەنىلا ياز ئايلىرىدەك ئىسسىق ئىدى.

**هاۋادان** ئى (ئە+پ) ئۆي تېمىنىڭ تورۇسقا يېقىن يېرىدىن قويۇلغان هاۋا تۆشۈكى: سەيخانىنىڭ ئىچى سوغۇق ۋە قاراڭغۇ ئىدى. تۆگلۈكلىرى ئېتىۋېتىلگەن بولۇپ، پەقەت بىرلا هاۋادانىدىن بىلىنەر-بىلىنمەس بىر يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى.

**هاۋاسىز** ① سۈپ. هاۋاسى يوق، هاۋاسى شالاڭ. ② رەۋ. هاۋادىن خالىي، هاۋادىن ئايرىلغان هالدا، هاۋا بولمىغان شارائىت ئاستىدا، هاۋادىن نەپەسلەنمەي: جانلىقلارنىڭ هاۋاسىز ياشىشى مۇمكىنمۇ؟

**هاۋاسىزلاندۇرماق** «هاۋاسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېتاللچىلىق مىنىستىرلىكى ئۆز تەتقىقاتىدا ئېلېكترونلۇق ۋاكۇم سايمانلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان هاۋاسىزلاندۇرۇش دورىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەپ چىقتى.

**هاۋاسىزلاندۇرۇلماق** «هاۋاسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ لامپۇچكىسى هاۋاسىزلاندۇرۇلغان ياكى ئىنېرت گازى تولدۇرۇلغان ئەينەك لامپۇچكا بولۇپ، ئىچىدە ۋولفرام سىمى بولىدۇ. توك ئۆتكەندە ۋولفرام سىمى ئاقىرىپ، نۇر چىقىرىدۇ.

**هاۋاسىزلانماق** پ. هاۋاسىز هالەتكە كەلمەك، هاۋاسى چىقىپ كەتمەك: هاۋاسىزلانغان لامپۇچكا.

**هاۋالاندۇرماق** «هاۋالانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرقانچە كۈنلەردىن كېيىن ئۇنى ئوچۇق هاۋاغا ئېلىپ چىقىپ،

هاۋالاندۇرماقچى بولدۇق. چۈنكى كىچىككىنە بىر گەمىدە، ئۇنىڭ تولگولۇپ يىتىۋىرىشى سالامەتلىكىنىڭ تېزرەك ئەسلىگە كېلىشىگە ئەكس تەسىر كەلتۈرەتتى.

**هاۋالاندۇرۇلماق** «هاۋالاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**هاۋالانماق** پ. ساپ هاۋادىن نەپەس ئالماق، هاۋا يېمەك: ئۇلار شۇ تەرىقىدە بىر ئاي سەپەر قىلىپ، ئەتراپى بوستانلىق بىر بۇلاق بېشىغا يېتىپ كېلىپتۇ، سۇنى كۆرۈپ تېنى يايراپ، يۈرەكلىرى ئويناپ كەتكەن ئابدۇل بىر كېچە قونۇپ پۇت-قولنى سۇنۇپ، هاۋالىنىپ هاردۇقنى چىقارماق بولۇپتۇ.

**هاۋالە** ئى (ئە) بىر ئىشنى باشقا بىراۋنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ قويۇشىغا، بېجىرىشىگە تاپشۇرۇش: هاۋالە قىلماق. * ئايال قازىنىڭ هاۋالىسىنى ئېلىپ، بوخچىسىنى تېڭىپ، يولغا چىقاي دەۋاتقاندا، جۇۋازچى ئىككى چاۋا ياغنى يۈدۈپ هويلىدا پەيدا بولۇپتۇ.

**هاۋالە شىركىتى** < س ئىق > مەخسۇس ئىقتىسادىي جەھەتتىكى هاۋالە قىلىش كەسىپلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىناۋەتلىك ئاپپارات. ئاساسەن، مال-مۈلۈكلەرنى ۋەكالىتەن باشقۇرۇش، ۋەسىيەتلەرنى ئىجرا قىلىش، پاي چېكى ۋە شىركەتلەرنىڭ زايومىلىرىنى ۋەكالىتەن تارقىتىش قاتارلىق هاۋالە قىلىش كەسىپلىرىنى بېجىرىدۇ. بەزىلىرى قوشۇمچە ئامانەت قوبۇل قىلىش ۋە قەرز بېرىش قاتارلىق بانكا كەسىپلىرىنىمۇ باشقۇرىدۇ.

**هاۋالە قىلماق** بىر ئىشنى باشقا بىراۋنىڭ ۋاكالىتەن باشقۇرۇپ قويۇشىغا، بېجىرىشىگە تاپشۇرماق: ئەيىندىن بىلەن شاهابىدىننى ئۈزىتىپ قويۇشنى مۇنىرىدىنگە هاۋالە قىلىپ قويۇپ، دىلبەرنىڭ تەكلىپى بويىچە شائىر ئۇدۇل دوختۇرخانىغا باردى. * ئاخىرى يىغىن مۇۋاپىق قارار چىقىرىشنى دۈينىڭ باشقۇرۇش هەيئىتىگە هاۋالە قىلىشتى.

**هاۋالە قىلىش** < قا > ئالاقىدار بىر تەرەپنىڭ يەنە بىر تەرەپنى ۋەكالەت قىلغۇچىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە هەمدە ۋەكالەت قىلغۇچىنىڭ نامى (ياكى ۋەكالەت قوبۇل قىلغۇچىنىڭ ئۆز نامى) ۋە راسخوتى بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا تەكلىپ قىلىدىغان قانۇنىي هەرىكىتى.

**هاۋالىسىز** سۈپ. هاۋالىسى يوق، هاۋالە قىلىنمىغان: هاۋالىسىز ئىش. // هاۋالىسىز باشقۇرۇش.

**هاۋالىسىز باشقۇرۇش** < قا > هاۋالە قىلىنمىغان هەم مەجبۇرىيىتى بولمىغان ئەھۋالدا باشقا ئادەم ئۈچۈن ئىش باشقۇرۇش.

**هاۋالىق** سۈپ ① هاۋاسى بار، هاۋاغا ئىگە بولغان: كۆپۈكچە هاۋالىق بولىدۇ. ② هاۋاسى ياخشى، خۇش هاۋا: ئۇنىڭ هويلىسى ياخشى، خۇش هاۋا ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات كوچىسىدىن نېرىراقتىكى ئۆستەڭ بويىغا جايلاشقان بولۇپ، مەنزىرىسى گۈزەل، هاۋالىق، كەڭ-كۇشادە ئىدى. * ئۇلارنىڭ خىلمۇخىل كىيىنىشلىرى، خىلمۇخىل تىللاردا ناخشا ئېيتىشلىرىمۇ، مەكتەپنىڭ گۈزەل ۋە ئازادە بىنالار بىلەن تولغان قوينىمۇ، تاغ قاپتىلىدىكى مېۋىلىك باغلىرى، هاۋالىق شىپاڭلىرى، سۈزۈك تاغ ۋە كۆللىرى، هەشەمەتلىك كۇلۇب، كىتابخانىلىرىمۇ، قىسقىسى، هەممىلا نېمىسى ماڭا ياقىدۇ.

**هاۋالىلىك** سۈپ. هاۋالىسى بار، هاۋالە قىلىنغان: هاۋالىلىك ئىش. // هاۋالىلىك سېتىش. هاۋالىلىك سېتىۋېلىش.

**هاۋاللىك سېتىش** < سودا > سودا كارخانىلىرىنىڭ ۋەكالىتەن تاۋار سېتىشنى باشقا ئورۇنلارغا هاۋالە قىلىش كەسپى. مەسىلەن، ۋەكالىتەن سېتىش دۇكانلىرىغا ياكى باشقا سودا كارخانىلىرىغا تاۋارلارنى ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىشنى، يېڭى مەھسۇلاتلارنى سىناپ سېتىشنى ۋە كاسات، ناباپ تاۋارلارنى تۆكمە قىلىپ سېتىپ بېرىشنى هاۋالە قىلىش قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**هاۋاللىك سېتىۋېلىش** < سودا > مال سېتىۋالغۇچى ئورۇنلارنىڭ ۋەكالىتەن تاۋار سېتىۋېلىشنى باشقا ئورۇنلارغا هاۋالە قىلىش كەسپى. مەسىلەن، بىرقىسىم يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە كەسىپ مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىشنى ناھىيىلىك كەسپىي شىركەتلەرنىڭ ئاساسىي قاتلام تەمىنلەش كوپىراتىپلىرىغا، ئاساسىي قاتلام تەمىنلەش كوپىراتىپلىرىنىڭ يېزىدىكى ۋەكالىتەن سېتىۋېلىش-سېتىش دۇكانلىرىغا هاۋالە قىلغىنىغا ئوخشاش.

**هاۋانچا** ئى (پ) تۆمۈر، چويۈن، تاش، ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسىلىدىغان، دورا-دەرمەك ھەم شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يانجىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆي سايمىنى: ئۇنىڭ يۈرىكى خۇددى هاۋانچا ئىچىدەك گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى.

**هاۋايى-ھەۋەس** شەھۋانىيلىق، ئەيش-ئىشرەت، كەيپ-ساپا: هاۋايى-ھەۋەس ئۇنىڭ چىرايىنى ئىنتايىن بۇزۇۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ تىرىلىرىدە كەتمىگەن ئاقلىق ۋە سىلىقلىقتىن گۈزەللىكنىڭ ئازدۇر-كۆپتۇر ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * تۇردىخان دەللىنىڭ چۈشەنچىسىدە بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر-بىرىدىن قېلىشماس پاھىشە مەستانىلىرى، هاۋايى-ھەۋەس ئاچكۆزلىرى ئىدى.

**هاۋشتماق** «هاۋشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئىتنى هاۋشىتىپ ئويناشقا باشلىدى.

**هاۋششماق** «هاۋشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يېرىم كېچە بولغاندا تۇيۇقسىز ئىتلار هاۋشىشىپ كېتىشتى-دە، ئارقىدىنلا «ئوغرىنى تۇتۇڭلار!» دېگەن ئېچىنىشلىق ئاۋاز ئاڭلاندى.

**هاۋشىماق** پ «هاۋ-هاۋ» قىلماق، «هاۋ-هاۋ» قىلىپ قاۋىماق: ئوت كۆرۈنگەن يەرگە بارما، ئىت هاۋشىغان يەرگە بار (ماقال). * هارۋىمىز داۋاندىن چۈشۈپ مەھەللە ئېغىزىغا كىرىشى بىلەنلا، ئىتلار ئادىتى بويىچە بىزنى قارشى ئېلىپ هاۋشىپ ئالدىمىزغا چىقىشتى.

**هاۋىداتماق** «هاۋىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۈزۈملەرنى تالادىكى سۇ تېغى قاتماستا ئېلىشقا توغرا كەلسە، ئېلىنىدىغان ئۈزۈملەرگە ئاخشىمى سۇ پۈركۈپ، هاۋىدىتىپ، ئەتىسى ئۈزۈم سايىقى يۇمشىغاندا ئاندىن ئېلىش كېرەك.

**هاۋىدىماق** پ. هاۋا ئۆتمەك، هاۋا يېمەك، هاۋالانماق: پەنجىرىلەر ئېتىلگەندىن كېيىن، ئۈزۈملەرنىڭ سايىقى هاۋىداپ بىرئاز يۇمشايدۇ ۋە ئېلىشقا مۇۋاپىقلىشىدۇ.

**هاۋ-هاۋ** «هاۋ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىتلار هاۋ-هاۋ قىلىپ قاۋىشىپ، ئەتراپىمىزغا قاپساپ كېلىشتى.

**هاۋۇز** (توغرىسى: ھەۋز) ← ھەۋز.

**هاي** ئىم ① ھەي: سائادەت ئىشكنى ئاچتى-دە: ــ ھە؟... قۇددۇس؟ ــ دېگىنچە ھاڭۋېقىپ تۇرۇپلا قالدى ۋە بىردىنلا ئۆي تەرەپكە قاراپ، ــ نېلۇپەر، ھاي نېلۇپەر، ــ دەپ توۋلىدى. ② كىشىلەرنىڭ بىرەر يامان ھەرىكىتىنى توسۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھاي، ئانداق قىلمايلى، شۇنچە ياخشى كۆكلەۋاتقان كۆچەتنى يۇلۇۋەتسەك خۇدا ئالدىدىمۇ، بەندە ئالدىدىمۇ گۇناھ ئەمەسمۇ؟ * يۇمران-يۇمشاق مايسا داڭلىدا، دەسسىلىشتىن بولارمۇ خالىي؟ ھاي!... دېمىسەك يولدىن ئۆتكەننى. خەۋپ ئاستىدا مايسىنىڭ ھالى.

**هاي بەرمەك** ① ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، يامان ئىشنى قىلىش نىيىتىدىن يانماق، يامان غەرەزدىن ۋاز كەچمەك: شەيتىنىغا ھاي بەرمەك. ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك. * ئۇ، ئۆيدىكىلىرى يوق چاغدا كىرىپ ماڭا دەرد تۆكۈپ، ئانىسىنىڭ ئۆز ئىستىقبالىنى بۇلغىغانلىقىنى، ئۆلۈۋالماقچى بولۇپ يەنە ئۆزىگە ھاي بەرگەنلىكىنى، ھازىر ئۆزى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ نېمە قىلارىنى بىلمەيۋاتقانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ② بىرەر ئىش ھەرىكەتنى قىلىش نىيىتىدىن ياندۇرماق، توسماق: ھېسسىياتىمنىڭ ھاكىمى ساڭا ئۆلۈم جاكارلايدۇ، لېكىن ئەقلىمنىڭ دانىشمىنى بولسا، ئۇنىڭغا ھاي بېرىدۇ. * گۈلشەن ئاشخانىغا چىقسا ئاشخانىغا، كىچىك ئۆيگە چىقسا، كىچىك ئۆيگە چىقىۋېلىپ بىسەرەمجان قىلدى، مەن ھاي بەرمىگەن بولسام، روشەن ئەكرەمنى تاياق بىلەن ئۇراتتى.

**هاي دېمەك** توسماق، تورىماق، توختاتماق؛ نەسىھەت قىلماق: ئۇ بالىسىنىڭ شۇنچە ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرۇپمۇ ھاي دېمەي قاراپ ئولتۇراتتى.

**هاي ئېيتماق** تەسەللى بەرمەك: ھىسامىدىن ھەلىمخاننى ھاي ئېيتقىنىچە باشلاپ كىردى.

**هايا** ئى (ئە) نومۇسلۇق ئىش ۋە ھەرىكەتلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش، ئىزا تارتىش ھېسسى؛ نومۇس، شەرم، ئار، ئۇيېلىش: ھايا قىلماق. ھايا كەتمەك. * كىشىدىن ھايا كەتسە ئورنىغا بالا كېلەر (ماقال). * ھايا يوق يەردە ئىمان يوق (ماقال). * تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزلىرىمگە ئامىنەم گويا نۇر يېغىپ تۇرغان بىر ئىلاھىي سىما بولۇپ كۆرۈندى. ئامىنەم كۆزلىرىنى ئەدەب ۋە ھايا بىلەن مەندىن ئالدى-دە، گۈلنى دېمىغا تۇتۇپ پۇرىدى.

**هايا قىلماق** نومۇس قىلماق، ئىزا تارتماق، ئۇيالماق: ئۇلارنىڭ كۆڭلىدە بىر-بىرىگە دەيدىغان گېپى بارلىقىنى، لېكىن ئاتا-ئانىلار ئالدىدا ھايا قىلىپ سۆزلىشەلمەيۋاتقانلىقىنى ھېس قىلغان نۇرىمانخان سىرتقا چىقىپ كەتتى. * سىزدىن ئەيمىنىپ، ئۇنىڭغا چىقالمىدىم. سىزدىن ھايا قىلىپ، ئۇ قىزنىڭ يېڭى ئېچىلغان غۇنچىدەك چىرايلىق ۋە ئوماق ئاغزىنىمۇ سۆيمىدىم.

**هايا كەتمەك** نومۇس، ئىنساپ يوقالماق، ھايا كۆتۈرۈلمەك: كىشىدىن ھايا كەتسە، ئورنىغا بالا كېلەر (ماقال). * شۇ كۈنلەردە ئەلدىن ھايا كەتتى.

**هايات** (ئە) ① ئى. ئادەم ۋە جانلىقلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك مەۋجۇتلۇقى، ياشىشى؛ ياشاش: ئىنسانلارنىڭ ھاياتى. جانلىقلارنىڭ ھاياتى. ئۆسۈملۈكلەر ھاياتى. ② ئى.

جانلىقلارنىڭ ياشاش، ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى؛ جېنى: ھاياتى بىلەن ئويناشماق. ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالماق. ھاياتىنى تەقدىم قىلماق. ھاياتىنى ساقلاپ قالماق. * يۈرەك، مېڭە، جىگەر، بۆرەكلەر ئادەملەر ھاياتى ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم بولغان ۋە ئۇلارسىز ھايات كەچۈرۈش مۇمكىن بولمايدىغان ئەزالار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار «باشقۇرغۇچى» ئەزالار دەپ ئاتىلىدۇ. ③ ئى. ياشاۋاتقان ياكى ياشاش، ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بارلىق جانلىق مەۋجۇداتلار: ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىنىڭ بىرى، ھاۋا ئىنتايىن ئوچۇق بولۇپ، باياشات كۈز كۈنلىرىنىڭ ئاپتىپى بارچە ھاياتقا كۈلۈپ قارايتتى. ④ سۈپ. ياشاۋاتقان، ئۆلمىگەن، تىرىك: سادىق بىر ئىشتىن، يەنى ئۆزىنىڭ شۇ كەمگىچە ئۆلمىگەنلىكى، ھايات ئىكەنلىكىدىن ھەيران بولاتتى، ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. * ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەن، ئۇ ھايات چاغدىكىدەكلا ئىدى. ⑤ ئى. تىرىك مەۋجۇداتلارنىڭ پەيدا بولغان، تۇغۇلغان ۋاقتىدىن تا ئۆلگەن ۋاقتىغا قەدەر ئۆتىدىغان ياشاش مۇددىتى، ئۆمرى: ئۇزۇن ھايات. قىسقا ھايات. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا ۋە باشقا ئونلىغان ياش ئۇچقۇنلارنىڭ جەڭگىۋار ھاياتى بۇنىڭدىن ئىلگىرىرەك، 9-ئاينىڭ 18-كۈنى يېڭىشەھەر سېپىلى تېخى مۇھاسىرىدە تۇرغان چاغدىلا پاجىئە بىلەن ئاياغلاشقانىدى. * ئەگەر بىرەر ھاجىتىڭ بولسا ئېيت! مەن ئۇنى ئورۇندايمەن. چۈنكى، سېنىڭ ھاياتىڭ ناھايىتى ئازلا قالدى. ⑥ ئى. ئادەم، جەمئىيەتنىڭ پائالىيەت ۋە ياشاش يوسۇنى؛ تۇرمۇش، تىرىكچىلىك: ئىجتىمائىي ھايات. ئائىلىۋى ھايات. ماددىي ھايات. مەنىۋى ھايات. بەختلىك ھايات. ھايات يولى. يېڭى ھايات. * شەھەرنىڭ شاۋقۇنلۇق قاينام-تاشقىنلىق، تىنىمسىز ھاياتىغا كۆنۈپ قالغان مەردان ئۈچۈن ئۆزى چوڭ بولغان يېزىنىڭ تىنچ بىر خىلدىكى ھاياتى زېرىكىشلىك تۇيۇلغانىدى. * شۇنداق قىلىپ، ئىنستىتۇت ھاياتى باشلاندى. دەسلەپكى ئايلار ساۋاقداشلار ئۆزئارا تونۇشۇش بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ⑦ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**هايات تارىخى** < بىئول > ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھاياتىدا بېسىپ ئۆتىدىغان، يېتىلىش ۋە كۆپىيىش باسقۇچلىرىنىڭ پۈتۈن جەريانى. مەسىلەن، چىۋىن تۇخۇمىنىڭ لىچىنكا ۋە قۇرچاقتىن يېتىلگەن قۇرتقا ئايلىنىپ، يېتىلگەن قۇرتنىڭ تۇخۇم سېلىپ كۆپىيىشى قاتارلىقلار.

**هايات دەۋرلىكى** < بىئول > ئۇرۇقلانغان تۇخۇمنىڭ تەرەققىي قىلىپ، پىشىپ يېتىلگەن يەككە تەنگە ئايلىنىشى ياكى يەككە تەنىڭ يېڭى يەككە تەنلەرنى ھاسىل قىلىشىدا بېسىپ ئۆتىدىغان ھەربىر باسقۇچلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.

**هايات قالماق** ئۆلۈمدىن ئامان، تىرىك، ساق قالماق، قۇتۇلماق: ھايات قالغانلار ئانا تۇپراقنى قوغداش يولىدا قۇربان بولغانلار ئۈچۈن چوقۇم قىساس ئېلىشى كېرەك. * ــ خەپ! ھارامزادە، بۇ قېتىم ئۇنىڭ جېنى ھايات قالدى-دە، ــ دېدى ئۇ.

**هايات كەچۈرمەك** ئۆمۈر سۈرمەك، ياشىماق: 30 يىل چامىسىدا بىز بىللە ھايات كەچۈردۇق. * بىر ئايغىچە شۇنداق خۇشال-خۇرام ھايات كەچۈردۇق.

**هايات كۈچ نەزەرىيىسى** < پەلس > بىئولوگىيىدىكى ئىدېئالىستىك مەزھەپ. ئۇ جانلىق مەۋجۇداتلار ئورگانىزمىدا بىر خىل ئالاھىدە « هايات كۈچ » مەۋجۇت دېگەن سۆز ئارقىلىق هاياتلىق جەريانىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**هايات كۈچى** < بىئول > جانلىقلارنىڭ مۇئەييەن تاشقى مۇھىتنىڭ تەسىرى ئاستىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئىقتىدارى، يەنى يەككە تەننىڭ ئىرسىيەت تىپى بىلەن مۇھىتنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشىنىڭ نەتىجىسى. هايات كۈچى جانلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش-تۇرالماسلىقىدىن تاشقىرى يەنە، ماددا ئالماشتۇرۇش ئىقتىدارى، ئۆسۈشچانلىقى، قارشىلىشىش خاراكتېرى ۋە ماسلىششچانلىقى قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

**هايات ۋاستىلىرى** < س ئىق > كىشىلەرنىڭ هاياتىنى ساقلاش ۋە داۋاملاشتۇرۇشتىكى ئاساسىي تۇرمۇش ۋاستىلىرى. يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، تۇرار جاي، قاتناش قورالى قاتارلىق ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلار ئەڭ ئاساسلىق هايات ۋاستىلىرىدۇر.

**هاياتبەخش** سۈپ (ئە+پ) هايات ئاتا قىلىدىغان؛ جانلىقنىڭ ياشىشى ئۈچۈن شەرت-شارائىت هازىرلاپ بېرىدىغان، كۈچ-قۇۋۋەت، تېتىكلىك ۋە زوق-شوق بېغىشلايدىغان: هاياتبەخش ئەتىمەك. * قۇياش كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزىنىڭ هاياتبەخش نۇرلىرىنى ئەتراپقا سېخىيلىق بىلەن سېپىشكە باشلىدى. * مەنسەپ جاندىن ئەلا مەنسەپخور ئۈچۈن، جېنىنى تىكىدۇ مەنسەپ، تۆر ئۈچۈن. مەنسەپ بەرگۈچىنى هاياتبەخش ساناپ، جېنىنى تىكىدۇ. تەشەككۈر ئۈچۈن.

**هاياتبەخش ئەتىمەك** هايات ئاتا قىلماق، كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىماق: ئالتۇن « نۇتۇق » گويا قۇياش-نۇر، ماڭا هاياتبەخش ئېتىدۇ. ئىجادىمنى گۈلدەك ياشنىتىپ، ھەر يۈرەككە نەقىش ئېتىدۇ.

**هاياتسىز** سۈپ. هايات ئەمەس، جېنى يوق، ئۆلۈك: ئۇۋۇچىلار ياققان گۈلخان تۇندە يانسا، قوشۇلۇپ ئۇۋۇچى بىلەن تاغدا ئۆچكەن. چۆلدىكى يۇلغۇنلارنىڭ ئىرغاڭلىشى، هاياتسىز تىلسىماتقا مۇڭ تاراتقان.

**هاياتلىق** « هايات » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: هاياتلىق بېغىشلىماق. هاياتلىق ئاتا قىلماق. * هاياتلىق بولمىسا ئۆلۈم بولمايدۇ. ئۆلۈم بولمىسا هاياتلىقمۇ بولمايدۇ. * دېڭىزدا پاراخوت رولچىغا تايىنىپ ماڭار، هاياتلىق قۇياشقا تايىنىپ ياشار. * شۇ تاپتا هاياتلىق ئۈچۈن كۈرەشكۈچى بۇ قەيسەر يىگىتنىڭ قەلبى چاي بىلەن ئەمەس، مەرھابانىڭ پاك سۆيگۈ شارابى بىلەن قانماقتا ئىدى. * ئۆزىڭىزنى قىيناپ نېمە قىلىسىز؟ هاياتلىق، بولۇپمۇ ياشلىق قايتىپ كەلمەيدۇ. ئۇنى قەدىرلەش كېرەك.

**هاياتلىق ماددىسى** < بىئول > هاياتلىقنىڭ ئەڭ ئاساسىي ماددىسى. ئاساسەن ئاقسىلدىن تەشكىل تاپقان. ئۇ هۆجەيرە تۈزۈلۈشىگە ئىگە ۋە هۆجەيرە تۈزۈلۈشىگە ئىگە ئەمەس، دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**هاياتلىقلار** ئى < بىئول > ← **جانلىقلار.**

**هايات-مامات** هايات ۋە مامات: هايات-مامات جېڭى. هايات-مامات كۈرىشى. * چۈنكى هازىر كىم يېڭىش، كىم يېڭىلىش مەسىلىسى راستىنلا هايات-مامات مەسىلىسى بولۇپ، قاش بىلەن

كىرىپ ئارىلىقىغا كىلىپ قالغانىدى. * ئۇ ئۆزىنىڭ هايات-ماماتى بىلەن قىلچە هېسابلاشماي، قەيسەرلىك بىلەن جەڭ قىلدى.

**هايات-ماماتلىق** هايات ۋە ماماتقا مۇناسىۋەتلىك، هايات-مامات ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان: هازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدا هايات-ماماتلىق سىنىقى تۇرۇۋېتىپتۇ. * سەپداشلار شائىرنىڭ بۇ شېئىرىدا ئىلى ۋادىسىدا بولۇۋاتقان كەسكىن بۇرۇلۇش، قوراللىق كۈرەشكە ئوخشاش هايات-ماماتلىق ئېلىشىشنىڭ شائىر ياشاۋاتقان زېمىن ــ ئاقسۇدىمۇ بولۇش تەلەپ قىلىنغان، دېگەن پىكىرگە كەلدى ۋە شائىرنى تەبرىكلەشتى.

**هاياتىي** سۈپ (ئە) هاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەڭ جۇشقۇن، جانلىق: ئۇنىڭ كىچىككىنە سەبىي قەلبىدە بىر خىل هاياتىي كۈچ تاشقىنلاپ تۇراتتى. * بۇ يېڭى تارىخنىڭ بايانلىرىنى، ئالتۇن قەلەم بىلەن يازىدۇ شۇلار. بۇ يوللار ئۈستىدە چاقنايدۇ پارلاق، قۇياشتەك ئەبەدىي، هاياتىي نۇرلار.

**هاياجان** ئى (ئە) بىرەر پەۋقۇلئاددە هالەتتىن، ۋەقە ياكى خەۋەردىن پەيدا بولغان ئىچكى دولقۇنلىنىش، جىددىيلىك: هاياجانغا تولماق. هاياجانغا كەلمەك. هاياجىنىنى باسماق. * بۇ خەۋەر هەممىنى هاياجانغا سالدى.

**هاياجانلاندۇرماق** «هاياجانلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خىياللار تەكرارلانماقتا، شۇنىڭدەك بۇ خىياللارغا يېڭى-يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلۇپ ئۇنى تېخىمۇ هاياجانلاندۇرماقتا ئىدى. * بوۋاينىڭ سۆزلىرى ئۇنى هاياجانلاندۇرغانىدى.

**هاياجانلانماق** پ. هاياجانغا چۆممەك، هاياجانغا كەلمەك: ئۇ پەقەت قىزىنىڭ هاياجانلىنىۋاتقىنىنىلا كۆرەلىدى. * لەيلىگۈل ئۇلارنى كۆرۈش بىلەنلا قەلبى هاياجانلىنىپ، ئالدىراپ ۋېلسىپىتىنى شىرمەمەتنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى-دە، دۆڭدىن-دۆڭگە سەكرەپ، كېمە تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

**هاياجانلىق** سۈپ ① هاياجانلانغان، هاياجان ئەكس ئېتىپ تۇرغان: هاياجانلىق كەيپىيات. هاياجانلىق ئاۋاز. * يىغىن مەيدانىنى بىرپەس هاياجانلىق غۇلغۇلا قاپلىدى. ② كىشىلەرنى هاياجانغا سالىدىغان، هاياجانلاندۇرىدىغان، تەسىرلىك: ئۆي ئىچىدە ئولتۇرۇشقانلار ئۆزئارا پۈتۈشۈۋالغاندەك بىردىنلا چاۋاك چېلىشتى. بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ تەبىئىي هاياجانلىق كۆرۈنۈش ئىدى. * ئاسىمنىڭ قەلبى بەزىدە چوڭقۇر شائىرانە هېسسىياتلار بىلەن تولۇپ، ئارىلاپ بەزى هاياجانلىق شېئىرلارنىمۇ يازاتتى.

**هاياجانلىق نۇتۇق** < ئەد > شائىرنىڭ شېئىرىدا ئىپادىلەنگەن روهىي هالىتى ۋە كەچۈرمىشلىرىگە كىتابخانلارنىمۇ مەلۇم دەرىجىدە تەڭ شېرىك بولۇشقا مەجبۇر قىلغۇچى نۇتۇق. هاياجانلىق نۇتۇق ئىنۋېرسىيە، تەكرارلاش، رېتورىك سوراق ۋە رېتورىك مۇراجىئەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**هاياجانلىنىشماق** «هاياجانلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تىببىي قۇتقۇزۇش ماشىنىسىدىكى كىشىلەر تۇراخۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ هاياجانلىنىشتى، بەزىلەر كۆزىگە ياش ئالدى.

**هاياسىز** سۈپ. هاياسى يوق، هايانى، نومۇسنى بىلمەيدىغان، ئۇيالمايدىغان؛

ئۇياتسز، قىلىن: هاياسز ئادەم. * شۇ پەيتتە بۇ تەرەپتىن مەھەللە جامائەتلىرىدىن بىرقانچىسى پەيدا بولۇپ، هاياسزلارنى تۇتماقچى بولدى. * ئۇ جاهاندىكى ئەڭ پەسكەش كىشلەرنىڭ رەزىللىككە تولغان هاياسز قاراشلىرى بىلەن ئادىلغا قاراۋىرىپ كۆڭلى باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالدى.

**هاياسزلىق** «هاياسز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گۈلباهار بېشىنى غەزەپ بىلەن بۇراپ هاياسزلىق بىلەن هجىيىپ تۇرغان بۇ قەلبى زەئىبلەرگە شۇنچىلىك قاتتىق هومايدىكى ئۇلارنىڭ رەڭسىز يۈزلىرىگە تۆكۈلۈپ تاشلاشتىن ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋالدى.

**هايال** ئى. كېچىكىش، كېيىن قىلىش: هايال بولماق. هايال قالماق. * قانات-قۇيرۇق يۇلۇنغان، ۋاقت يەتسە هايال يوق. تەقدىرىڭنى شۇنداق دەپ، تۇرغىنىڭنى ئۇنۇتما!

**هايال بولماق** كېچىكىپ قالماق، كېيىن قالماق؛ ۋاقت ئۆتكۈزمەك: ئايال ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ، ئانچە هايال بولمايلا بىر قولىغا يېرىم گەز چوڭلۇقتىكى تەقدىر قەغىزى بىلەن رەسىم سىپلىنغان بىر جازىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. * ئۇلار كۆپ هايال بولماي، ئۆيدىن ئۇزاپ چىقتى.

**هايال قالماق** هايال بولماق، كېچىكىپ قالماق: ــ يولداش شۇجى، مۇنداق مېڭىش بىلەن بەك هايال قالىمىز، مېنىڭ تېخى تۈزەيدىغان دوكلاتلىرىم بار ئىدى، ــ دېدى ئۇ.

**هايال قىلماي** ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، كېچىكمەي، ئارقىغا سوزماي: يىگىت يېنىدىكى يىلاننىڭ بېشىنى داسقا تاشلىغانىكەن، هايال قىلماي، قىزنىڭ ئىچىدىن يوغان بىر يىلان چىقىپ داسقا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ. * ئۇلار بىر سائەت چامىسى يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ جىرا باغرىدىكى بىر ياغاچ ئۆيگە ئەكىردى. قولىنى يېشىپ، كۆزىگە تېڭىلغان لاتىنى ئېلىپ تاشلىدى ۋە هايال قىلماي سوراق قىلىشقا باشلىدى.

**هايال ئۆتمەي** ئانچە ۋاقت ئۆتمەي، تېزلا: هايال ئۆتمەي نېرىقى ئۆيدىن زەينەپ چىقىپ كەلدى. * ئۇ كېتىپ هايال ئۆتمەي ئاكىسى ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

**هايالسز** سۈپ. هايال ئۆتمەي، دەرهال، تېز، كېچىكتۈرمەي: ئۇلار زىننەتنىڭ تۇيۇقسز ئۆسۈپ كىرىشىدىن دەسلەپتە ئاز-تولا هودۇقتى. لېكىن هايالسزلا چىرايىنى كۈلكىگە زورلىشىپ قىزغىنلىق بىلەن ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. * رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۆز ئىشخانىسىدىن بىر بوغجۇما نەرسىنى هايالسز ئەكىردى.

**هايالىماق** پ. هايال بولماق، هايال قالماق؛ كېچىكمەك: ــ تاڭ ئېتىپ قالاي دېدى. مەن قايتاي، ئەمدى هايالىسام ئۇلار تۇيۇپ قالدۇ، ــ دېدى هاشىم بوۋاي ئورنىدىن تۇرۇپ.

**هايالىق** سۈپ. هاياسى بار، هايا قىلىشنى بىلىدىغان، ئۇياتچان، نومۇسچان: هايالىق بالا. هايالىق چوكان. * ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى، مايسەم ئالاهىدە هۆرمەت بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ناهايىتى هايالىق ئىدى. * نامرات مۇهتتا هايالىق بولۇپ ئۆسكەن بۇ قىز ئاتىسىنىڭ هۈنىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا تۇتۇش قىلىپ، ئۆيدە دۇكان قۇرۇشقا تەرەددۇت قىلدى.

**هايان** ئى ① سودىدىن كەلگەن پايدا، نەپ: هايان ئالماق. هايان كۆرمەك. هايان

تاپماق. ‖ هايىنىغا قالغان جان. ② <مال> كاپىتالىستىك كارخانا بوغالتىرلىقىدا كەلگۈ قوللىنىلىدىغان ئاتالغۇ. ئۇ كاپىتالىستىك پاي شىركەتلىرىنىڭ مۈلۈك ئومۇمىي سوممىسى قەرز بىلەن پاينىڭ يىغىندىسىدىن ئارتىپ كەتكەندىكى قالدۇقنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ «تىجارەت هايىنى» بىلەن «كاپىتال هايىنى» نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**هايان ئالماق** نەپكە ئېرىشمەك، پايدا ئالماق: هايانىنى سەن ئالدىڭ، سەن هازىر بۇ ئازاب دېڭىزىدىن قۇتۇلۇش ئالدىدا تۇرىسەن.

**هايان تاپماق** ← **هايان ئالماق:** باش كۆتۈردى شۇم نىيەتلەر پەيلى ئاچ ۋەھشىي قاۋان، بولدى زۇلمەتنىڭ تىغىدا قان تۆكۈپ تاپماق هايان.

**هايىنىغا قالماق** ① پايدىسىغا قالماق: ـــ كۆكىنىڭ باهاسى 1500 تەڭگە، ـــ دېدى بېدىك يىگىتنىڭ قۇۋۋەتلىك يالىڭاچ مۈرىسىگە پاقىشتىپ ئۇرۇپ قويۇپ، ـــ سىلى بۇنى سېتىۋېلىش بىلەن يوقىتىدىغانلىرى 1500 تەڭگە، لېكىن كۆك بۇنىچىلىك بايلىقنى نېرىسى بىر يىل، بېرىسى 8 ـــ 9 ئايدا تولۇق يارىتىپ بېرەلەيدۇ. ئاندىن پۈتۈن ئۆمرى هايىنىغا قالىدۇ. ② تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ ئۆلۈمدىن، يوقىلىشتىن ئامان قالماق، ساق قالماق، قۇتۇلماق: ـــ مەن كېتىمەن، هايىنىغا قالغان جان بارمۇ، مۇنداق يىگىنە بىلەن قۇدۇق قازغاننىڭ نېمە پايدىسىنى كۆردۇق، ـــ دەپ ۋارقىرىدى هېلىقى يىگىت. * ـــ خەپ! هارامزادە، بۇ قېتىم ئۇنىڭ جېنى هايىنىغا قالدى-دە! ـــ دېدى ئۇ ئاچچىقىنى باسالمىغان هالدا.

**هايانكەش** ئى. دائىم پايدا، نەپ ئېلىش كويىدا بولىدىغان، ئەرزان ئېلىپ، قىممەت ساتىدىغان ئادەم: بۇ يەرگە جايلاردىن كەلگەن هايانكەشلەر، كومپرادور دەللاللار، ئەپيۇن سودىگەرلىرى ۋە يەنە ئەتكەسچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىدىغان مەككارلار مەخپىي كىرىپ چىقىپ، خەلقنىڭ يىلىكىنى شوراش ئۈچۈن تۈرلۈك شۇملۇقلارنى قىلىشاتتى. * ـــ دېمەك سەن يېزىدىن ئەرزان ئېلىپ، شەھەردە قىممەت ساتىدىغان هايانكەش ئىكەنسەن-دە، ـــ دېدى ئۇ بوۋايغا قاراپ.

**هايانكەشلىك** ئى. دائىم پايدا، نەپ ئېلىش كويىدا بولۇش هەرىكىتى، ئەرزان ئېلىپ، قىممەت سېتىش ئىشى: هايانكەشلىك قىلماق. * ئەخلاقى ناچار ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش، هايانكەشلىك قاتارلىق كېسەللەرنى يۇقتۇرۇۋالغان.

**هايانكەشلىك جىنايىتى** <قا> جىنايەت شەكىللىرىدىن بىرى، يەنى دۆلەتنىڭ پۇل مۇئامىلە، تاشقى پېرېۋوت، ئالتۇن-كۈمۈش، ماددىي ئەشيا ۋە سودا-سانائەتنى باشقۇرۇش قانۇن-قائىدىلىرىگە خىلاپلىق قىلىش، قانۇنسىز سودا-سانائەت پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش، هەددى-هېسابسىز پايدا ئېلىپ سوتسىيالىستىك ئىقتىساد تەرتىپلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش قىلمىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق سادىر قىلىغان جىنايەت.

**هايانكەشلىك قىلماق** هايانكەشلىك بىلەن شۇغۇللانماق: هازىر بەزى ياشلار، بەزى كادىرلارنىڭ پەرزەنتلىرى هەتتا بەزى كادىرلارنىڭ ئۆزى ئەتكەسچىلىك، پارىخورلۇق، هايانكەشلىك قىلىۋاتىدۇ، كىشىلىك نومۇسىنى،

دۆلەتنىڭ نومۇسىنى، مىللەتنىڭ غۇرۇرىنى يوقىتىشتىن يانمايۋاتىدۇ، بۇ ئىنتايىن نومۇسسىز ئىش.

**هايت** ئىم. چاقىرىش، تووۋلاش ئىماسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز: ــ بۈگۈندىن باشلاپ ياغاچ-تاشلىرىڭىزنى تەييارلاۋېرىڭ، قاچان «هايت» دېسىڭىز، بىز شۇ هامان تەييار، ــ دېدى ئابدۇراخمان.

**هايت دەپ قويماق** خەۋەرلەندۈرۈپ قويماق، ئۇقتۇرۇپ قويماق: ــ سىز بولسىڭىز دۈيجاڭ، يېتىشەلمەي قالساڭ «هايت» دەپ قوي دەپ ئاغزى يۇمشاقلىق قىلىڭ، ــ دېدى ئايزىمخان يولدىشىغا.

**هايتاق** سۈپ. شەپشەك، تەنتەك، بەڭباش، شاش؛ شاللاق: ــ مەن ساڭا دەپ بەرمەكچى بولغان گەپ بۇ ئەمەس. ئۆزۈم هايتاق، سالاغا بوش بولغاندىكىن نېمە قىلاي؟ ــ دېدى شىرمەمەت. * ــ تازىمۇ ئېگىسىز جاهان بولدى-دە، بۇ! نەدىكى تاغار قېقىندىسى هايتاقلار جاهان سورايدىغان ئىش بولسا! ...ــ دېدى ئۇ زەردە بىلەن.

**هايتاق ئاتماق** ئارقا ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ سەكرەپ، ئۇ تەرەپ-بۇ تەرەپكە يۈگۈرمەك (ئات، ئۇلاغ هەققىدە): تولۇمدەك سەمرىگەن ياش تايلار يايلاقتا هايتاق ئېتىشىپ يۈرەتتى.

**هايت-هۇيت** هايت ۋە هۇيت: بۇ بىر يېڭى ئۆيۈن بولغاچقا باللار قىزىقىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ پومزەك ئويناش باشلىنىپ كەتتى. ئويۇنغا قاتنىشالمىغانلارمۇ ئەتراپتا «هايت-هۇيت» دەپ ئاۋاز قوشۇپ تۇرۇشتى.

**هايت-هۇيت دېگۈچە** ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە؛ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، هەش-پەش دېگۈچە، بىردەمنىڭ ئىچىدىلا: مانا هايت-هۇيت دېگۈچە ئىككى يىل ئۆتۈپ كەتتى. * ئۇلار لۈكچۈن شەهرىگە كىرىپ، ئىككىنچى كۈنى تاڭ بىلەن تەڭ زەمبىرەكلەر گۈمبۈرلەپ، هايت-هۇيت دېگۈچە لۈكچۈن شەهرى مۇهاسىرىگە چۈشۈپ قالدى.

**هايقىرتماق** «هايقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ قېنى، كەتتۇق! ــ بۇيرۇدى جىبىك، يات «مېهمان» نى سىلىپ ئالدىغا. قويلىرىنى سۈرۈپ ــ هايقىرتىپ، يۈرۈپ كەتتى تاغنىڭ باغرىغا.

**هايهات** ئىم. زوقلىنىش، ياقتۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: كۆزلەر بىر-بىرى بىلەن ئۇچراشتى. هايهات! ... يىگىتنىڭ كۆزىدىن بىر ئۇچقۇن چاچراپ چىقىپ قەمبەرنىسانىڭ يۈرىكىگە مۇهەببەت ئوتىنى ياقتى. * ئورمان ئىچىدىن گۈمبۈرلەپ بىر توپىنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا، بىر پالۋان سەكرەپ ئوتتۇرىغا چىقتى. بۇ پالۋان شۇنداق بىر پالۋان ئىدىكى، هايهات!

**هاي-هاي** ① باشقىلارنى بىرەر يامان قىلمىشتىن توسۇش، رايىنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: ــ هاي-هاي، ئۇرۇشماڭلار! ــ دەپ ۋارقىراپ ئوردۇ قارۇغۇچىلىرىنىڭ يۈزبېشى شەهەر تەرەپتىن ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى. * ــ هاي-هاي، ئۇنداق بىمەنە گەپنى قىلما! ــ دېدى پادىشاھ ساتىراشقا قاراپ. ② زوقلىنىش، ياقتۇرۇش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ هاي-هاي، ئالاهىدە زىننەتلەنگەن بىر ساراي ئىكەن-دە بۇ، ــ دېدى خانىش هەيران بولۇپ. * هاي-هاي ئۆلەن، هاي ئۆلەن، گۈل قايدا بار، يارى-بار،

بىر ياخشىغا بىر يامان ھەر جايدا بار، يارى-يار.

**هاي-هايلماق** پ. توسماق، توختاتماق، نەسىھەت قىلماق: بۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرى بولغان كىرەم بويتاق ۋار-ۋۇر ئاۋازلارنى ئاڭلاپ، هاي-هايلىغىلى كىرگەن قولۇم-قوشنىلار بىلەن بىرلىكتە ئۇلارغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

**هاي-هۇي** هاي ۋە هۇي: 2-گۇرۇپپىنىڭ ئەزالىرى بولسا، ئۆزىنىڭ غەيرىتىنى مەتايىم ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىغا ئەتەي كۆز-كۆز قىلىۋاتقاندەك بار ئاۋازى بىلەن هاي-هۇي قىلىشماقتا ئىدى.

**هاي-هۇي دىگۈچە** ← **هايت-هۇيت دىگۈچە**: بىردىنلا سۇ توختاپ ھېلقى مەنزىرە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولدى-دە، هاي-هۇي دىگۈچە يەنە ئەسلىگە كەلدى.

**هايۋان** ئى (ئە) ① ھەرىكەت قىلىش ۋە سېزىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، ئىنساندىن باشقا ھەربىر مەۋجۇدات؛ جانۋار: — بۇرادەر، ئۇچىدىغان نەرسىنىڭ ھەممىسلا قۇش بولۇۋەرمەيدۇ، دۇنيادا ئۇچىدىغان هايۋانلار كۆپ. ھەتتا ئۇچىدىغان بېلىقلارمۇ بار! — دېدى بۇركۇت شەپەرەڭگە قاراپ كۇلۇپ تۇرۇپ. ② كۆچمە. قوپال، مەدەنىيەتسىز، شەپقەتسىز، قەبىھ ئادەملەرگە قارىتا ئېيتىلغان ھاقارەت سۆزى: غەزەپلەنگەن خەلق ئىنسان قىياپىتىگە كىرىۋالغان بۇ هايۋانلارغا نەپرەت ياغدۇرۇشقا باشلىدى. * — يوقال هايۋانلار، — دەپ ۋارقىرىدىم مەن ئۇ ئىپلاسلارغا ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولۇشى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي.

**هايۋان پارازىت كېسەللىكى** < بىئول > نورمال ئەھۋال ئاستىدا تۆۋەن دەرىجىلىك هايۋانلارغا ماسلاشقان، ئەمما قىسمەن چاغلاردا ئادەملەردىمۇ ئۇچرايدىغان پارازىت كېسەللىك.

**هايۋان پارازىتى** < بىئول > هايۋانلاردا پارازىتلىق قىلىدىغان ياكى هايۋانلار بىلەن بىرلىكتە هايات كەچۈرىدىغان پارازىتلار.

**هايۋان ۋىرۇسى** < بىئول > پەقەت تىرىك هايۋان ھۇجەيرىسىدىلا كۆپىيەلەيدىغان بىر خىل ناهايىتى كىچىك، تارقىلىشچان ماددىلار.

**هايۋانات** ئى (ئە) هايۋانلار: هايۋانات دۇنياسى. هايۋانات باغچىسى. * ئۇ مىكرو ئورگانىزم تەجرىبىخانىسىدىن چىقىپ، بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەن يەرگە باردى. ئۇ يەردىكى بىنالار بۇرۇنقىدەك ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن، ئۆتمۈشتىكى هايۋانات ماكانىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى.

**هايۋانات باغچىسى** ← **ئاجايىپخانا**: هايۋانات باغچىسىغا بارماق.

**هايۋانات پسىخولوگىيىسى** < پسىخول > پسىخولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. هايۋانلارنىڭ پسىخىك ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇنىڭدا تۆۋەن دەرىجىلىك جانۋارلار بىلەن ئالىي دەرىجىلىك هايۋانلارنىڭ پسىخىك ھەرىكىتىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىش ئارقىلىق هايۋانلارنىڭ پسىخىك تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتىنى ئۆگىنىش، بولۇپمۇ ئىنسان ئېڭىنىڭ تەبىئي ئاساسىنى ئېچىپ بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**هايۋانات تاكسونومىيىسى** < زوئول > زوئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. هايۋانلارنىڭ

خىللىرى، ئۆزئارا تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى، هايۋانلارنىڭ تەبىئەت سىستېمىسىدىكى ئورنى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ ۋە شەرھلەيدۇ. تەتقىقات ئوبيېكتلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن، ئومۇر تقىسىز هايۋانلار تاكسونومىيىسى ۋە ئومۇرتقىلىق هايۋانلار تاكسونومىيىسىگە بۆلۈنىدۇ.

**هايۋانات جۇغراپىيىسى** < جۇغ > هايۋانلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىنى، قەدىمكى ۋە هازىرقى هايۋانلارنىڭ تارقىلىشىنى بەلگىلىگەن ئامىللار ۋە قانۇنىيەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونلىرىنى قۇرۇش، هايۋانلارنى كۆندۇرۇش، پايدىلىنىش، هايۋانات رايونلىرىنى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئەمەلىي مەسىلىلەردە يېتەكچىلىك رول ئوينايدۇ.

**هايۋانات فىزىئولوگىيىسى** < فىزىئول > هايۋانلار تېنىدىكى هۈجەيرە، توقۇلما، ئورگان ۋە ئورگان سىستېمىلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى ھەمدە ئوخشىمىغان مۇهىتقا نىسبەتەن بىر گەۋدە خاراكتېرلىق رېئاكسىيە قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**هايۋانات ئېكولوگىيىسى** < زوئول > هايۋانلارنىڭ پائالىيىتى، تۇرمۇش ئادىتى، كۆپىيىشى، هاياتىنى ساقلاپ قېلىشى، سان ئۆزگىرىشى ۋە تارقىلىشى ھەمدە سىرتقى مۇهىت بىلەن بولغان ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. بۇ پەننىڭ زىيانداش هاشاراتلارنىڭ زىيانداشلىقىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىش، بىلىقچىلىق تەبىئىي مۇهاپىزەت رايونى قۇرۇش قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمەلىيىتىگە نىسبەتەن يېتەكچىلىك رولى بار.

**هايۋانات ئىمبرىئولوگىيىسى** < زوئول > هايۋانلارنىڭ تۇخۇمى ئۇرۇقلىنىپ، بالىسى شەكىللىنىپ يېتىلگۈچە بولغان جەريانىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. تۇخۇمنىڭ پىشىپ يېتىلىشى، ئۇرۇقلىنىشى، ئورگانلارنىڭ هاسىل بولۇشى، ئاجرىلىشى قاتارلىق تەرەققىيات جەريانىنىڭ سەۋەبلىرىنى تەجرىبە ئۇسۇلى ئارقىلىق ئانالىز قىلىدۇ.

**هايۋاناتشۇناس** ئى [ئە+پ] < زوئول > ← **زوئولوگ.**

**هايۋاناتشۇناسلىق** ئى < زوئول > ← **زوئولوگىيە.**

**هايۋانلارچە** رەۋ. هايۋانلارغا خاس، هايۋانلاردەك، هايۋانلارغا ئوخشاش، قوپاللىق بىلەن: هايۋانلارچە ئۇسۇپ كىرمەك.

**هايۋانلىق** «هايۋان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: قىلمىشى هايۋانلىق، ئوخشمايدۇ ئىنسانغا. ئاچلىق گادايلىق، ئوردىسى ئىدى بىزنىڭ يېزا.

**هايۋانىي** سۈپ. هايۋانغا ئوخشاش، هايۋانغا خاس؛ شەهۋانىي: چاچلىرى چۇۋۇلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان سادەت هايۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۇرۇنۇۋاتقان ساۋۇتنىڭ بىلىدىكى تاپانچىنى سۇغۇرۇۋالدى.

**هايۋانىي قىلىق** هايۋانلارغا ئوخشاش، هايۋانلارغا خاس ئىش-هەرىكەت: زەڭگى گەرچە ئۆزىنىڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يۇقىرىقىدەك هايۋانىي قىلىقلارنى قىلىشقا مەجبۇر ئىدى.

**هه** I يۈك ① سوئال جۈمللەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قارىتىش رولىنى ئوينايدۇ: هه، نەدىن كېلىۋاتىسەن؟ * ــ هه «بۇزغۇنچى» ئاپاڭنى قاقشاتماي، ئوبدان ئويناپ كەلدىڭمۇ؟ ــ دەپ ئەسئەتنى ئەركىلەتتى سېلىم ئاكا. ② بايان مەيلىدىكى جۈمللەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تەلەپ ھاسىل بولغانلىقنى ياكى ئىشنىڭ مۇۋاپىق تېپىلغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: هه، ئەمدى قورساق تويدى. * هه، بۇ ئىشىڭ يارايدۇ. * هه، مەيلى ناھايىتى ئوبدان، يەنە كىملەرنى ئالساق بولىدۇ دەپ ئويلايسەن؟ ③ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى جۈمللەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، شۇ ئىشقا نۆۋەت كەلگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: هه، ئەمدى ماڭايلى. * هه، ئەمدى سۆزلە. * ــ هه، ئەمدى كېلىڭلار، ــ دېدى باتۇر تاغا بالىلارغا قاراپ. ④ بايان مەيلىدىكى جۈمللەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۈشەنگەنلىك، ئېسىگە ئالغانلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: هه... ئېسىمگە كەلدى. * هه...سىز ئىكەنسىز-دە! * ــ هه... ئۇ كەلگەنىكەن -دە، راست، مەن چىقاي، ــ دېدى زۆھرە. ⑤ بايان مەيلىدىكى جۈمللەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، چۆچۈگەنلىك ياكى ئېنىق ئاڭلىمىغانلىقنى بىلدۈرىدۇ: هه؟ كەلمىدى؟ ــ هه؟! ــ ئۆمەرباي ئورنىدىن سەكرەپ تۇردى. * ــ هه، بىللە بارامدۇق؟ ــ دېدى ئېلى ياسىنغا. ⑥ بىرەر ئىشقا زورلاش، ئۈندەش رولىنى ئوينايدۇ: هه، قەغەز ئال، ياز: «پۇلغا ساتمايمىز». يازدىڭمۇ؟

**هه** II ئىم ① جۈملىنىڭ ئىككىنچى شەخس بايان مەيلىدىكى خەۋىرىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ نېمە گەپ-هه؟ * ــ بۇنى خانقىز دەمدۇ تاغا؟ ئۇنىڭ ئىسمىمۇ چىرايلىق ئىكەن-هه؟ ــ دېدى دىلشاد يۈگۈرۈپ كېلىپ. ② يېڭى چۈشەنگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: هه... شۇ ئىشقا خاپا بولغان ئىكەنسەن-دە! * هه... توختاپ تۇرسۇن كۆرىمىز. * هه، شۇنداقمۇ! ③ ئەسلەۋاتقانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ھەزرەتلىرى ئۈچ ئىشنى ياخشى كۆرىدىلا: بىرىنچى پۇل، ئىككىنچىسى پادىشاھنى، ئۈچىنچىسى؛ هه... خېنىمنى. * ئەنۋەر بىلەن رەيھانىنىڭ كۆزلىرى نادەمدە... هه، ۋارىسجانىڭمۇ كۆزى نادەمدە ئىدى. ④ يېڭى ئەسكە ئالغانلىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: هه، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى. * هه، توغرا، قەبرىستانلىقتا ئوت كۆرۈنۈشىنىڭ سەۋەبى ــ ئادەم تېنىنىڭ تەركىبىدە ھەر خىل ماددىلارنىڭ بولغىنىدىن سىرت يەنە مەلۇم مىقداردا ئازوت، فوسفور قاتارلىقلارنىڭ بولغانلىقىدا ئىكەن-دە * هه توغرا، سىز ھېلىقى مېنى «كۆك لازا» دەپ تىللىغان بالىغۇ، راستمۇ. ⑤ «هەئە» نىڭ رولىدا ئىلىك ئېلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ نېمىشقا چاقىرسام هه دېمەيسىز؟ ــ سورىدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ. * ــ قاسىمنى كۆردۈڭمۇ؟ ــ هه، كۆردۈم. * ــ بازارغا بارامسەن؟ ــ هه. ⑥ بايان مەيلىدىكى جۈمللەرنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ، سۆزلىگۈچىنىڭ شۇ جۈملىدە ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتكە بولغان ھېس-تۇيغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ: بۇ دەريا نېمىدېگەن تېز ئاقىدۇ-هه!

**هه دەپ** تېز-تېز، قايتا-قايتا، توختىماستىن: ئەنە شۇ ئۇجملەردىن بىرىنىڭ ئۈستىدە ئېتىكىگە قارلىغاچ سۈرىتى كەشتىلەنگەن شايى كۆڭلىكنى بېلىگە تۇزۇۋالغان ياش ئايال هه دەپ غازاڭ سىيرىماقتا. * چىيەن دارىن ئېتىنىڭ يالىغا يېپىشىۋېلىپ، هه دەپ قامچا ئۇراتتى.

**هه دەپ قويماق** يالغاندىن قوشۇلماق،

رازىلىق بىلدۈرمەك: تۇرسۇن شىجاڭ «كۆپچىلىك دېگەن ھەرنېمە دەيدۇ. هه دەپ قويسىڭىزلا بولدۇغۇ!» دېگەندەك سۆزلەرنى كۆتەتتى. لېكىن ئەكبەر ئۇنداق گەپلەرنى قىلمايتتى.

**هه دېسه ← هه دېگەندە:** نۇراخۇن بۇ ئىككى-ئۈچ ئايدىن بۇيان تۇرسۇننىڭ ئۆزىنى تىنچىتمىغانلىقىنى، هه دېسه يېزىغا چاقىرتىپ، سادىقنىڭ سۆز-ھەرىكىتىنى سۈرۈشتە قىلغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. * — سىز هه دېسه تۇغقان، تۇغقانچىلىق دەۋەرمەڭ، مەن بۇ گەپلىرىڭىزدىن تولىمۇ زېرىكىپ كەتتىم، — دېدى زەيتۇنەم يولدىشىغا.

**هه دېسه هۇ دېمەك** ئۆز ئارا ماسلاشماق، ئۆز ئارا دوست تارتىشماق: ئۇ ئۆزىدىن، ئۆزىنىڭ ئىشلىرىدىن خاتىرجەم ئىدى. مۇبادا رەيھانەمنى نېرى-بېرى قىلىۋېتىپ، پەرىزاتنى زاۋۇتنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلەشكە ئېرىشەلىسە، سانائەت-قاتناش سىستېمىسىدا هه دېسه هۇ دەيدىغان بىر بازىغا ئىگە بولغان بولاتتى.

**هه دېسلا** ① هه دېگەندە: ــ ئېشەككە كۈچلۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمنى دەپ، هه دېسلا شېرىنگۈلگە ۋارقىرايدىكەنلا، — دېدى ئۇ ئۇنلۇك قىلىپ. * يېقىندىن بۇيان ئۇنىڭ هه دېسلا «مەكتەپتىن قويۇپ بەرگەندىن كېيىن توپ ئوينىدۇق». دەپ ئۆيگە كەچ قايتىدىغان بولۇۋېلىشى مومايىنى زادىلا خاتىرجەم قىلمايۋاتاتتى. ② دائىم، ھەمىشە: لېكىن ئۇ هه دېسلا مەسچىت ــ مەدرىسلەرنى چۆگىلەيدىغان بولۇپ قالدى.

**هه دېگەندە باشتىلا، باشلىنىشتىلا:** ئۇلار هه دېگەندە بۇگۈنكى مۇراسىمنىڭ ئۇيۇشتۇرۇلۇش ئەھۋالى توغرىسىدا قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتىشكەنىدى. * 6-ئوتتۇرا مەكتەپ كوماندىسىدىكىلەر قارشى تەرەپتىكىلەرگە ئۆتكەن قېتىم ئۇتقۇزۇپ قويغانلىقىنىمىكىن، هه دېگەندە جىددىيلىشىپ قالدى ۋە خېلىغىچە ماسلىشىپ ئوينىيالمىدى.

**هه دېگەندىلا ← هه دېگەندە:** هه دېگەندىلا گەپتىن چۈشۈپ كەتكەن بەگ باللىرى قىزىرىپ، تاتىرىپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئولتۇرۇپ قېلىشتى.

**هه دېمەك** ماقۇل كۆرمەك، ماقۇل بولماق، ئۇنىماق، بولىدۇ دېمەك: — سابىت ئاخۇنلار قىزىنى بىزنىڭ ئوغلىمىزغا بەرسە، قۇدا بولۇشۇپ قالساق، دەپ ئۆيگە ئەلچى كىرگۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز، ئەگەر هه دېسلا، توينى كېچىكتۈرمەي ئەتىلا قىلىۋېتىمىز، — دېدى ھەلىمخان ئاچا. * — ئۇلارنىڭكىگە ئەلچى كىرگۈزۈپ باقايلى، قىزىنى ئوغلىمىزغا بېرىشكە ھەدەپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدىم مەن ئاچامغا.

**هه دېمەي** ئارىدىن كۆپ ۋاقىت ئۆتمەي، تېز ئارىدا: ئۇ هه دېمەي ئاپىسىنى چاقىرىپ چىقتى.

**هه ئه** ئىم. بولۇشلۇق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ ئىشتىن چۈشتىڭىزمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ئايالىم: مەن: ــ هه ئه، ــ دەپ جاۋاب بەردىم. * ــ غولام ئىبراھىم سىز بولامسىز؟ ــ هه ئه، ــ غولام ئاكا كادىرغا تىكىلىپ قارىدى.

**هه به ش** ئى (ئه) < ئىرق > ← **هه به شله ر.**

**هه به شله ر** ئى < ئىرق > نېگىرلار (قارا تەنلىكلەر) نىڭ ئەرەب تىلىدا ئاتىلىشى.

**هه ببه** ئىم. ھەيران قېلىش، تولۇق قانائەتلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**هه ببه للى** ئىم. ئىنتايىن مۇۋاپىق كۆرگەنلىك ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ هه ببه للى، بەك ياخشى، ــ دېدى شەيخ پالۋانغا بېشىنى

خەۋەر قىلمەن. * ــ هەببەللى، ــ دېدى ئىمام خۇشامەت بىلەن كۈلۈپ، ــ مەنمۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەك سوقايلىمكىن دېۋىدىم.

**هە-پە** ← **هە-پە دېيىشمەك.**

**هە-پە دېيىشمەك:** ياردەملەشمەك، هەمكارلاشماق، قىلىشىپ بەرمەك: دوستۇم، ئىلاجى بولسا كەل، بىر-ئىككى كۈن هە-پە دېيىشىپ بەرسەڭ تۈگەيدۇ، ئاندىن ئارامخۇدا سەن دېگەندەك قىلىمىز.

**هە-پە قىلىشماق** ← **هە-پە دېيىشمەك:** ــ قولۇمدىن كېلىشىچە هە-پە قىلىشىمەن، خالىس ئىش، هەقمۇ تەلەپ قىلمايمەن، ــ دېدى قىسمەت چورۇق.

**هەپەش** ئى. دىئال. پىتىر خېمىرنى جىلىتە .ئېچىپ ئىچىگە قىيما ئېلىپ، قازاننىڭ چۆرىسىگە يېقىپ هوردا پىشۇرۇلىدىغان مانتا.

**هەپەشخان** ئى «قىلىقسىز، نومۇسى يوق» دېگەن مەنىدىكى تىل-هاقارەت سۆزى (ئاياللار هەققىدە): ئەركە-نايناق سەتەڭلەر، غىلجىڭ هەپەشخانلار بىلەن ئولتۇرۇش، مەشرەپ، ئويۇن-تاماشا... ساپلا بەتقىلىق ئىش!

**هەپتە** ئى (پ) ① < ئاستر > دۈشەنبىدىن يەكشەنبىگىچە (ئىلگىرى شەنبىدىن جۈمەگىچە) بولغان يەتتە كېچە-كۈندۈزنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى: هەپتىنىڭ بىرىنچى كۈنى. ئۆتكەن هەپتە. هەپتە بېشى. هەپتە ئاخىرى. * بۈگۈن ئاقسۇ يېڭىشەهەرنىڭ قەدىمكى ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە هەپتىسىگە بىر قېتىم بولۇپ تۇرىدىغان بازىرى ئىدى. * تەسىس مەجلىسنى ئېچىش كۈنىنى بەلگىلەش مۇزاكىرىنىڭ سوزۇلۇپ كېتىشىگە سەۋەب بولمىدى. ئۇنى ئەتىدىكى پەيشەنبە بازار ئۆتسە، يەنە بىر هەپتىنىڭ بازار كۈنى ئۆتكۈزۈش ماقۇل تېپىلدى. ② ئومۇمەن بىرەر كۈندىن باشلاپ هېسابلىنىدىغان يەتتە كېچە-كۈندۈزدىن ئىبارەت ۋاقىت: بىر هەپتە تۇرماق. ئىككى هەپتىدە كەلمەك. * قېرىنى قاپتا ساقلا، ئۆلۈكنى هەپتە (ماقال). * تۈگمەنگە ئاپىرىپ قويغان بۇغداي ئۇن بولغىلى بىر هەپتىدىن ئاشتى. * ئىشىكىڭدىن ئۆتسەم مەن، كۆيۈپ قالدى دېدىڭمۇ؟ هەپتە ئون كۈن كەلمىسەم، ئۆزلۈپ قالدى دېدىڭمۇ؟

**هەپتە-هەپتىلەپ** بىرنەچچە هەپتە، ئۇدا نەچچە هەپتە، هەپتىلەر داۋامىدا: ئۇ ئوغلىنى هەپتە-هەپتىلەپ كۆرمەيتتى، ئوغلى توغرىسىدىكى غەمخورلۇقنىڭ هەممىسىنى ئايالىغا هاۋالە قىلاتتى.

**هەپتىرەڭ** سۈپ. دىئال. ئالىجۇقا، تۇتۇرۇقسىز.

**هەپتىسى** ئى. مېيىت چىققان ئۆيدە يەتتە كۈندىن كېيىن بېرىلىدىغان نەزىر. ئۇ ئادەتتە «يەتتىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**هەپتىلەپ** رەۋ. هەپتە بويى، هەپتە ۋە هەپتىلەر داۋامىدا؛ بىرنەچچە هەپتە: بەزى يولداشلار ئىش كېيىمنى هەپتىلەپ يۇمايدىكەن، قانداق رەختتىن تىكىلگەنلىكىنىمۇ بىلگىلى بولمايدۇ.

**هەپتىلەپ-ئايلاپ** هەپتىلەپ ۋە ئايلاپ؛ هەپتە ۋە ئايلار داۋامىدا، خېلى بىرمەزگىل: مەن هەپتىلەپ-ئايلاپ چېپىپ يۈرۈپ هەل قىلالمىغان چوڭ-چوڭ ئىشلارنى ئۇ، بىر كۈندە، ھەتتا بىرەر سائەتتىلا ئۇ يان-بۇ يان قىلىۋېتەتتى.

**هەپتىلەپ-هەپتىلەپ** «هەپتىلەپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىش يولى بىلەن كۈچەيتىلىشى: مەن بالىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان، بالا هەپتىلەپ-هەپتىلەپ ئۆيگە كەلمەيدىكەن، كىچىككىنە جېنى بىلەن چوڭ ئادەمنىڭ ئىشىنى

قىلىدىكەن، بالىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇ بىلمىسە مەن نەدىن بىلەي.

**ھەپتىلىك** سۈپ. ھەپتە داۋام قىلىدىغان، ھەپتىگە مۆلچەرلەنگەن؛ ھەپتە ئىچىدە ئىناۋەتكە ئۆتىدىغان: ھەپتىلىك خىزمەت. ھەپتىلىك دەم ئېلىش. ھەپتىلىك ژۇرنال. * بۇ بىر ھەپتىلىك ئىش ۋاقتىنىڭ يېرىمى يىغىنلارغا كەتتى، دېگەن سۆز، بۇ ۋاقىت ئىچىدە بىز ھېچنەرسە ئىشلەپچىقارمىدۇق، قېنى ئېيتقىنا، بۇنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ * يولغا چىقسام چىققان كەبى قۇشقاچ قەپەستىن، تېنىم يايرار، يول ئازابى زادى بىلىنمەس، جەنۇب، شىمال يولى ماڭا پەقەت ھەپتىلىك، شۇنچە يوللار بىر كۈنلۈكتەك كۆزگە كۆرۈنمەس.

**ھەپتىيەك** ئى (پ) < دىن > قۇرئان سۈرىلىرىدىن تاللانغان، قۇرئاننىڭ يەتتىدىن بىر قىسمىغا تەڭ ھەجىمدىكى كىچىك كىتاب.

**ھەپسە** ئى (ئە) قاماق، تۈرمە، سولاق: ئۇلار مەسلىھەت قىلىشىۋالغاندەك مېنى جەدىت نامى بىلەن ئەيىبلەشتى. مەن ھېچنېمىسىنى بىلمەيلا بىرقانچە قېتىملاپ ھەپسىگە بەندمۇ قىلىندىم.

**ھەپسىگە چۈشمەك** تۈرمىگە، سولاققا كىرىپ قالماق؛ قاماققا ئېلىنماق: ئۇلار ھەرە بولۇپ چېقىپ ماڭا ئۇلاشتى، ھېچنېمىسىنى بىلمەيلا بىرقانچە قېتىملاپ ھەپسىگە چۈشۈپمۇ قالدىم.

**ھەپسىگە كىرمەك** ← **ھەپسىگە چۈشمەك**: مەن خوشلاشتىم گۈندىپاي بىلەن، شۇم جاللاتلار كىردى ھەپسىگە. داۋالاندىم ئۈچ يىل، تەلتۆكۈس، ساغلاملىقىم كەلدى ئەسلىگە.

**ھەپسەر** سۈپ. دىئال. قارنى، نەپسى يامان؛ تويماس.

**ھەپسخانا** ئى (ئە+پ) تۈرمە، سولاقخانا: ئۇلار بىر بېسىپ ئىككى بېسىپ ھەپسخانا ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالدى.

**ھەپسىلە** ئى. خاتىرجەملىك، تىنچلىق، ئارامبەخشلىك، كەيپ: تۇرسۇن ھەپسىلىسىنى يوقاتقان ئادەمدەك، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ چوڭقۇر خىيالغا پاتقان ھالدا ئولتۇراتتى.

**ھەپسىلىسى پىر بولماق** خاتىرجەم، مەسىلىسىز بولماق؛ ئارامى بۇزۇلماق، كەيپسىزلەنمەك: تۈنۈگۈندىن بېرى بولۇۋاتقان مۇئامىلىلەردىن ھەپسىلىسى پىر بولغان يولۋاس كۆڭلىدىكى ئۈمىد قۇتىسىنى ئاچمايلا كېتىپ قېلىش قارارىغا كەلگەنىدى. * باياتىندىن بېرى خۇشاللىقتا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالغان ئاباققا مەمەت ئىمىنىنىڭ ئاخىرقى جاۋابى چاقچاقتەك تۇيۇلۇپ، ھەپسىلىسى پىر بولدى

**ھەپسىلىسى قاچماق** كەيپى بۇزۇلماق، ئارامسىزلانماق، خاتىرجەمسىزلەنمەك: ئەتىسى رەيھان ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەندە، كاتىپ گويا كېچىدىن ئۆيىگە ئوت كېتىپ قۇرۇق قول تالادا قالغان بىچارىدەك، ھەپسىلىسى قاچقان ھالدا قاپاقلىرىنى سېلىپ ئولتۇراتتى.

**ھەپسىلىسى يوق** كەيپى يوق، مىجەزى بوش، كۆڭلى تارتمىغان: ئادىلنىڭ سۆھبەتلىشىپ تۇرۇشقا ھەپسىلىسى يوق ئىدى. * — پولۇنى پات-پات ئېتەلمەيمىز، نېمىشقا ھەپسىلىلىرى يوق، چوڭ-چوڭ ئالسىلا، مەن شىرمەمەتكە ئېلىپ قويدۇم، — دېدى خېنىم.

**ھەپشىمەك** پ ① ئەسنىمەك. ② چۈشكۈرمەك.

**ھەپىرەڭ** ئى (پ) < بوت > ← **نامازشامگۈل**.

**ھەپىلەشمەك** پ ① ۋاقىتنى بىرەر ئىش بىلەن ئۆتكۈزمەك؛ بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللانماق، مەشغۇل بولماق: باياتىندىن بېرى تۆگىلەرگە يۈك ئارتىش بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان تۆگىچىلەر تەر باسقان يۈزلىرىنى يەڭلىرى بىلەن سۈرتكەچ ماڭا قارىدى. *

يول ئۈستىدە بادام دوپپا كىيىۋالغان 30 ياشلار چامىسىدىكى بۇرۇتلۇق يىگىت تراكتور كوزۇپىنىڭ كەينى قانىتى بىلەن ھەپىلىشىۋاتاتتى. ② ئېيتىشماق، قېرىشماق: سالى غەيرەتنى يېنىغا ئېلىۋېتىپ، ئۇنىڭ بىلەن ھەپىلە شىكىنى-ھەپىلە شىكەن، ئۇنى ئەركىلە تكىنى-ئەركىلە تكەندى. * نامەتلەر شۇ كۈنى كۆن بويى مۆمىن ئاكا بىلەن ھەپىلە شتى. لېكىن توغرا ۋە ئىرادىلىك مۆمىن ئاكىنى ئۇلار بويسۇندۇرالمىدى.

**هەپىلەك** سۈپ ① ھىيلىگەر، ئالدامچى، قۇۋ. ② ياپىلاڭ، يېنىك ۋە ئىچىگە جىق نەرسە سىغمايدىغان (چىنە ھەققىدە): ھەپىلەك چىنە.

**هەتتا** (ئە) ① باغل. سۆزلىگۈچى نەزىرىدە مەلۇم ئىش-ھەرىكەتنىڭ يە نە بىر ئىش-ھەرىكەتتىن ئاشۇرۇپ كۆرسىتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: كەلگۈسىدە جىگەر، بۆرەك، يۈرەك قاتارلىق ئورگانىزملارنى ھەتتا تىرىك ئادەملەرنى توڭلىتىپ ساقلىغىلى بولىدۇ. * شۇندىن تارتىپ بۇ ئۈچەيلەن مۇشۇ سىنىپتا يېرىم كېچىگىچە دەرس تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇلار ھەتتا بەزىدە تاڭنى شۇ سىنىپتا ئاتقۇزۇۋېتەتتى. ② يۈك. جۈملىنىڭ نۇقتا قىلىنغان بۆلىكىنىڭ ئالدىغا قوشۇلۇپ، شۇ بۆلەكنىڭ ئىلگىرىلەپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ۋە كۆپىنچە شۇ مەنىدىكى «-مۇ» يۈكلىمىسى بىلەن ماسلىشىپ كېلىدۇ: ئۇلار خەلقنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن ھەتتا جېنىنىمۇ ئايىمىدى. * ئۇ ئىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ھەتتا تاماق يېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

**هەتتار** (توغرىسى: ئەتتار) ← **ئەتتار.**

**هەتتاكى** باغل «ھەتتا» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلگەن شەكلى: ئادەملەر، ھايۋانلار، ھەتتاكى ئۆسۈملۈكلەرمۇ، بۇ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن ئاچلىق ۋە ئاچسىز ھالدا ياشاش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. * بىلسەڭ ئىدىڭ قەدرىنى ئەگەر ۋاقىتنىڭ، جىددىيلىك ئالاتتى زارلاش ئورنىنى. ھەتتاكى بىر ئەسىر قىلىدۇ ئازلىق، مەنىلىك ئۆتكۈزسە كىشى ئۆمرىنى.

**هەتتەك** (توغرىسى: ئەتتەك) ← **ئەتتەك.**

**هەتتەگەي** (توغرىسى: ئەتتەگەي) ← **ئەتتەگەي.**

**هەتتەم** سۈپ. دىئال. ھاكاۋۇر، تەكەببۇر، پوچى؛ داۋراڭچى.

**هەتتەمشا** سۈپ. دىئال. پوچى، تەكەببۇر، ھاكاۋۇر.

**هەج** ئى (ئە) <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ مەككە شەھىرىگە بېرىپ، زۇلھەججە ئېيىدا بەلگىلەنگەن قائىدە ۋە ئادەتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا كەبىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلىشى: ھەج قىلماق. ھەجگە بارماق. ھەج سەپىرى. * — ئاخىرى ئاللاتائالا ھەج تاۋاپ قىلىشنىمۇ نېسىپ قىلدى، ھەج زىيارىتىنى ئادا قىلدىم، — دېدى ئۇ.

**هەج قىلماق** <دىن> مۇسۇلمانلار مەككە شەھىرىگە بېرىپ، زۇلھەججە ئېيىدا بەلگىلەنگەن قائىدە ۋە ئادەتلەرگە ئەمەل قىلغان ھالدا كەبىنى تاۋاپ ۋە زىيارەت قىلماق: باھاۋۇدۇن تاغا ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، توختى باينىڭ مەككىگە ھەج قىلغىلى كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئائىلىسىدە ئارام-خۇدا تۇرۇپ قېلىپتۇ.

**هەجەب** (توغرىسى: ئەجەب) ← **ئەجەب.**

**هەجەڭگە** ئى. دىئال. ئىلەڭگۈچ.

**هەجدىها** (توغرىسى: ئەجدىها) ← **ئەجدىها.**

**هەجۋە** ئى (ئە) <ئەد> ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ياكى كىشىلەردىكى كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەرنى زاڭلىق قىلىپ، مەسخىرىلەپ، كۈلكىلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ

پىيزىلغان بەدىئىي ئەسەر؛ ساتىرا: ھەجۋە قىلماق.

**ھەجۋە قىلماق** تۇرمۇشتىكى ناچار ھادىسىلەرنى، كەمچىلىك ۋە نۇقسانلارنى ساتىرىك تىل بىلەن قاتتىق مەسخىرە قىلماق.

**ھەجۋىي** سۈپ (ئە) ھەجۋە يولى بىلەن تەسۋىرلەنگەن، ھەجۋە قىلىپ يېزىلغان ياكى سىزىلغان: ھەجۋىي تىياتىر. ھەجۋىي شېئىر. ھەجۋىي رەسىم.

**ھەجۋىي ئەسەر** < ئەد > ← **ساتىرىك ئەسەر.**

**ھەجۋىي تىياتىر** < تىيا > ئېقىم مەسىلىلىرى توغرىسىدىكى يېڭى خەۋەرلەرنى تېزدىن ئىنكاس قىلىپ بېرىدىغان تىياتىر. ئۇ جانلىق شەكىل ۋە جەڭگىۋار مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، كۇلۇبلار ياكى كوچىلاردا ئوينىلىدۇ.

**ھەجۋىي رەسىم** < گ سەن > مەسخىرىچانلىقى ۋە يۇمۇرلۇقلۇقى كۈچلۈك بولغان بىر خىل رەسىم. ئۇ سىياسىي ۋەقەلەر ۋە تۇرمۇش ھادىسىلىرى ئىچىدىن ماتېرىيال تۇپلاپ مۇبالىغە قىلىش، ئوخشىتىش، سىمۋوللاشتۇرۇش، ئاللېگورىيىلەشتۇرۇشتەك ئۇسۇللار ئارقىلىق يۇمۇرلۇق، قىزىقارلىق قىلىپ سىزىپ چىقىلىپ، مەلۇم ئادەم ۋە ئىشلار مەسخىرە قىلىنىدۇ. بۇ خىل رەسىم سىياسىي كۈرەش ۋە ئىدىيىۋى كۈرەشنىڭ بىر خىل قورالىدۇر.

**ھەجۋىي سۈرەت** < گ سەن > ← **ھەجۋىي رەسىم:** ئۇمۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ سىزغانلىرىغا ئوخشىتىپ، خەنزۇ تىلىدىكى ۋەرەقلەرگە ھەربىي ھوقۇقدار بىلەن ساقچى ھوقۇقدارىنىڭ ھەجۋىي سۈرەتلىرىنى سىزىپ چىقتى.

**ھەجۋىي شېئىر** < ئەد > جەمئىيەتتىكى (رېئال تۇرمۇشتىكى) سەلبىي ئىش-ھەرىكەت ۋە شەيئىلەرنى پاش قىلىش، مەسخىرە قىلىش ئاساسىدا يېزىلغان شېئىر.

**ھەجۋىيچى** ئى. ھەجۋىي ئەسەرلەر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، ساتىرىچى: تالانتلىق يازغۇچى، ھەجۋىيچى ئابدۇللا قادىرى ئۆزبېك خەلقىنىڭ ئۆتمۈشتىكى ھاياتىنى نۇرغۇن جەھەتتىن ھەققىي تەسۋىرلەپ بەرگەن يازغۇچىلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ھەجۋىيلەشتۈرمەك** « ھەجۋىيلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىم رەسىمنى تولىمۇ ھەجۋىيلەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**ھەجۋىيلەشتۈرۈشمەك** « ھەجۋىيلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەجۋىيلەشتۈرۈلمەك** « ھەجۋىيلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رەسىم تولىمۇ ھەجۋىيلەشتۈرۈلۈپ سىزىلغانىدى.

**ھەجۋىيلەشمەك** پ. ھەجۋىي تۈس ئالماق، ھەجۋىي تۈسكە كىرمەك: ھېكايىدىكى ۋەقەلىك تولىمۇ ھەجۋىيلىشىپ كەتكەنىدى.

**ھەجۋىيلىك** « ھەجۋىي ». سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەجۋىيلىكى كۈچلۈك ئەسەرلەرنى يارىتايلى!

**ھەجىلەتمەك** « ھەجىلمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ھەجىلەشمەك** « ھەجىلمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئوقۇغۇچىلار تېكىستنى ھەجىلىشىپ ئوقۇشقا باشلىدى.

**ھەجىلمەك** پ ① سۆزنى بوغۇملارغا ياكى ئايرىم قىسىملارغا بۆلۈپ بىرمۇبىر تەلەپپۇز قىلماق: ئۇ سۆزنىڭ ھەربىر بوغۇمىنى ئايرىم-ئايرىم ھەجىلەپ ئوقۇدى. ② راۋان ئوقۇيالماسلىق: ھەجىلەپ ئوقۇماق. *

ئىپارگۇلنىڭ كۆندىن-كۈنگە كۆزى ئېچىلىشقا باشلىدى، يېڭى-يېڭى ئىشلارنى بىلدى، خەتنى تونۇپ، ھاجىپ ئېيتىپ بەرگەن جۈملىلەرنى ئاستا يازالايدىغان ۋە ھەجىلەپ ئوقۇيالايدىغان بولدى. * «ياشا شائىر» بىلىپ قاپسەن يېرىم پارسچە يىغلاشنى، ئەرەبچە ھەجىلەپ خۇددى گاچا قىزدەك دۇدۇقلاشنى.

**ھەجىم** ئى (ئە) ① بىرەر جىسىمنىڭ بوي، ئەن ۋە ئېگىزلىك جەھەتتىكى چوڭ-كىچىكلىكى؛ بوشلۇقتا ئىگىلەپ تۇرغان ئورنى. ئادەتتە كۇب ئارقىلىق ئۆلچىنىدۇ: بىنانىڭ ھەجمى. ياغاچنىڭ ھەجمى. سۇنىڭ ھەجمى. توپىنىڭ ھەجمى. * بۇ ھەجىم جەھەتتىن شىنجاڭ بويىچە بىردىنبىر چوڭ جامە ھېسابلىنىدۇ. * ئاسماندىكى يۇلتۇزنىڭ ئېنىق سانى بارمىدۇ؟ ھەجمى چوڭمۇ، كىچىكمۇ، كەڭمۇ ياكى تارمىدۇ؟ ② بىرەر ئىدىش ياكى بوشلۇقنىڭ قانچىلىك نەرسە سىغدۇرالايدىغانلىقى، سىغىمى، ئىچىنىڭ چوڭلۇق دەرىجىسى: قاچىنىڭ ھەجمى. قۇدۇقنىڭ ھەجمى. ③ كۆچمە. ئومۇمەن نەرسىنىڭ كۆپ-ئازلىق دەرىجىسى، مىقدارى: ئىشنىڭ ھەجمى. ماقالىنىڭ ھەجمى. * تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرا مەزگىللىرىدە شىنجاڭنىڭ ئادەتتىكى ئۇسسۇل ۋە مۇزىكا كونسېرتلىرىدىن تاشقىرى يەنە بىر قىسىم چوڭراق ھەجىمدىكى مەشرەپ-سەنئەت ئەلنەغمىلىرىمۇ چاڭئەنگە كىرىشكە باشلىدى. * يېنىك سانائەت ۋە توقۇمىچىلىق سانائىتى مەھسۇلاتلىرى زور ھەجىمدە ئاشتى.

**ھەجىم تېزلىك نىسبىتى ئۇسۇلى** < گېئول > بايلىق مىقدارىنى مۆلچەرلەشنىڭ رېگرېسسىيىلىك ئۇسۇلى. ھەجىم تېزلىك نىسبىتى چۆكۈندى دۆۋىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ھەجىم تېزلىك نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇنىڭ بىرلىكى — مىليون يىل / مىڭ كۇب كىلومېتىر.

**ھەجىم قانۇنى** < گېئول > ئاينىش تەسىرى جەريانىدا، ستاتىك بېسىمنىڭ ئېشىشى بىلەن ھەجىمنىڭ كىچىكلىشىگە مۇناسىۋەتلىك رېئاكسىيە يۈز بېرىپ، نەتىجىدە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى يۇقىرى مىنېراللارنىڭ پەيدا بولۇشى.

**ھەجىم كوئېففىتسېنتى** < گېئول > تەبىئىي نېفىتنىڭ ھەجىم كوئېففىتسېنتى ياكى قاتلامدىكى ھەجىم فاكتورى، يەنى يەر ئاستى (نېفىت قاتلىمى ھالىتى) ياكى مۇئەييەن ھەجىمدىكى تەبىئىي نېفىت بىلەن يەر ئۈستى ئۆلچەملىك ھالىتىدە گازسىزلانغان ۋە بېسىمى، تېمپېراتۇرىسى ئۆزگەرگەندىن كېيىنكى نېفىت ھەجمىنىڭ نىسبىتىنى كۆرسىتىدۇ. ئېرىگەن گاز مىقدارى ئادەتتە بىرقەدەر كۆپ بولغانلىقتىن، ئۇ ھەجمنى ئەڭ كۆپ دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى پەيدا قىلغان ھەجمىنىڭ ئېشىشى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بېسىمنىڭ ئېشىشىدىن ھەجمىنىڭ كىچىكلىشى ناھايىتى ئاز بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نېفىتنىڭ ھەجىم كوئېففىتسېنتى بىردىن چوڭ بولىدۇ.

**ھەجىم ئۇسۇلى** < گېئول > بايلىق مىقدارىنى مۆلچەرلەشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. فورمۇلىسى Q=aV. فورمۇلىدىكى Q — چۆكۈندە ئويمانلىقىدىكى ئومۇمىي گېئولوگىيىلىك نېفىت، گاز زاپىسى (توننا)؛ V — ئويمانلىقتىكى چۆكۈندى جىنسىنىڭ ئومۇمىي ھەجمى ($Km^3$)؛ a — زاپاسنىڭ زىچلىق پارامېترى، يەنى ھەر كۇب كىلومېتىر چۆكۈندى جىنستىكى نېفىت گاز

زاپىسى (t/Km³). بايلىق مىقدارىنى مۆلچەرلەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى a ــ قىممىتىنى بېكىتىش. بۇ قىممەت ئىستاتىستىكا قىلىش ئارقىلىق تېپىلىدۇ، ئەمما ھەربىكتىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىپ چىقارغان نەتىجىسىدە پەرق چوڭ بولغاچقا، ئىشلەتكەندە پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ.

**ھەجىملىك** سۈپ. بەلگىلىك ھەجىمدىكى، ھەجىمگە ئىگە بولغان: «ئون ئىككى مۇقام» چوڭ ھەجىملىك كلاسسىك مۇزىكا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. * چوڭ ھەجىملىك ئەلنەغمە بولغان مۇقاملارنىڭ چۈشەنچىلىرى ھەرقايسى دەۋرلەردە بىر-بىرىدىن پەرق قىلىپ كونكرېت ئۇقۇمغا ئىگە بولغان.

**ھەجىملىك دولقۇن** < كېئول > يەر تەۋرىگەندە، تەۋرەش مەنبەسىدىن چىقىپ يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىن ھەرقايسى تەرەپلەرگە تارقالغان ئېلاستىك دولقۇن. ئۇ يەر تەۋرەش بوي دولقۇنى بىلەن تىوغرا دولقۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ھەد (ھەددى)** ئى (ئە) ① بىرەر بەلگە ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئادەتتە يۈز بېرىدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى، نۇقتىسى، چېكى: ھەددىدىن ئاشماق. ھەددىدىن تاشقىرى. ھەددىدىن ئارتۇق. ② كۆچمە. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش ھەققى، ھوقۇقى: ــ ياق، ئۇنداق ئەمەس، بۇ تەرەپتىن غېمىم يوق. جۇيجاڭ جانابلىرى ئۇنى ماڭا ئېلىپ بېرىمەن دەۋاتقان يەردە، ئايتىللانىڭ مېنىڭ بىلەن توي قىلمايمەن دەپ تۇرۇۋېلىشقا ھەددىمىدى؟ ــ دېدى ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي. * ــ بۇ ئۆزلىرىنىڭ ئەمرى، ئۆزلىرى بۇيرۇغان ئىشنى قىلماسلىققا مېنىڭ نېمە ھەددىم بار دەيلا؟ ــ دېدى غولام بايغا.

**ھەددى ئەمەس** ھەققى، ھوقۇقى يوق: ئاخۇنۇم مۇنداق دېگەن يەردە باشقىلارنىڭ قوشۇلماسلىققا ھەددى ئەمەس ئىدى. * ــ ھەددىڭىز ئەمەس! ــ چورتلا كېسىپ ئېيتتى ياسىن زىيا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ.

**ھەددىدىن ئارتۇق** تېگىشلىك دەرىجىسىدىن، مۆلچەردىكىدىن ئارتۇق، ھەددىدىن تاشقىرى، زىيادە؛ ناھايىتى، ئىنتايىن: بۇ ئىككى ئەر-خوتۇن ياش ۋاقتىدىن تارتىپ بىر-بىرىگە كۆڭۈل بېرىشكەن بولۇپ، بىر-بىرىنى ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرىدىكەن. * ئويۇن-تاماشا، كۆڭۈل ئېچىشلار لايىقىدا بولغىنى تۈزۈك، ئويۇنغا ھەددىدىن ئارتۇق بېرىلىپ كېتىشمۇ ئادەمنى يامان يولغا باشلايدۇ. * ئۇنىڭدا ھەددىدىن ئارتۇق مال-مۈلۈك، دەپىنە-دۇنيا بار ئىدى.

**ھەددىدىن ئاشماق** چېكىدىن ئاشماق؛ بەك كۆرەڭلەپ كەتمەك؛ ئارتۇقچە ھاكاۋۇرلاشماق: ئۇچتۇرپاندا ئارتۇق ئابباس، سېيىت ئابباس دېگەن نېمىلەر غۇلجىدىكى ئاكىسى ئابدۇكېرىم ئابباسوپنى دوراپ ھەددىدىن ئېشىۋاپتۇدەك. * ــ بۇ يالاڭتۆشلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى، ــ دېدى ئامبال ئۆز-ئۆزىگە سۆزلەپ.

**ھەددىدىن تاشقىرى ← ھەددىدىن ئارتۇق**: ئۇ ھەددىدىن تاشقىرى ھاياجانلىنىپ، دەسلەپ ئىشقى-مۇھەببەتكە بېرىلگەن ئادەمدەكلا ھۆركىرەپ يىغلىدى. * ئۇ، مەشھۇر شاھلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا تۆرلۈك مال ۋە قورال-ياراغ، ھەر خىل نەرسىلەر ھەددىدىن تاشقىرى كۆپ ئىكەن.

**ھەددىدىن زىيادە ← ھەددىدىن ئارتۇق**: ئۇ، شېرىن خىيالى بىلەن بەند بولۇپ كەتتى-دە، تۈنىنىڭ قولتۇقىنى ھەددىدىن زىيادە ئويۇپ تاشلىغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

**ھەددىدىن كۆپ** ← **ھەددىدىن ئارتۇق**: شاھ ھەددىدىن كۆپ بىسات، مال-كالا ئېلىپ، شەھەرنىڭ ئارقىسىدىكى تاغقا باردى.

**ھەددىدىن ئوشۇق** ← **ھەددىدىن ئارتۇق**: بىز ئۇلاغ-سايمانلارنىڭ نومۇرىنى ھەددىدىن ئوشۇق قىلماستىن، لايىق دەرىجىدە بۇرۇنقىدىن كەمرەك قىلساق، ئۇلاغ-سايمىنى يوقلارنىڭ ئەھۋالى بىلەن ھېسابلاشقان بولىمىز ھەم كۆپچىلىكنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتقان بولىمىز.

**ھەددى يوق** ھەقلىق ئەمەس، ھوقۇقى يوق: — بۇيرۇقلىرىنى مەن ئۆزۈم يەتكۈزەي، پەرمانىنى ئىجرا قىلماي يۈقرانىڭ ھەددى يوق، — دېدى ھاجى ئېگىلىپ تۇرۇپ بەگكە.

**ھەدە** ئى ← **ئاچا I**: ئايشەم ھەدىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. * — بولۇپتۇ تاغا، ھەدىمىز كەلسە سەن بىلەن بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرسۇن. مەن تاكسى تېپىپ كېلەي، — دەپ شەھەر مەركىزىگە يۈرۈپ كەتتىم.

**ھەددى-ھېساب** ھېسابى، سان-سانىقى: بۇرۇنقى زاماندا جاھان كېزىپ سودا-سېتىق قىلىدىغان ناھايىتى مەككار سودىگەر ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ كىشىلەرنى قاقتى-سوقتى قىلىپ تاپقان ۋەجىنىڭ ھەددى-ھېسابىنى بىلگىلى بولمايدىكەن.

**ھەددى-ھېسابى يوق** ناھايىتى كۆپ، سان-ساناقسىز؛ چېكى يوق: بۇ يەردە ئىچىلگەن ئىچىملىكلەرنىڭ ۋە يېيىلىۋاتقان تاماقلارنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق ئىدى.

**ھەددى-ھېسابسىز** سان-سانىقى يوق، سان-ساناقسىز، چەكسىز: بۈگۈن كېچە سېپىلنىڭ سىرتىدىكى ئاتلىق ئەسكەرلەر مەشىق مەيدانىغا توپلانغان ھارۋىلار ھەددى-ھېسابسىز ئىدى. * ئۇنى قوغلاۋاتقان ئادىلنىڭ قەلبىدە ھەددى-ھېسابسىز ئۆچلۈك، قىساس يىغىلغانىدى.

**ھەدىس** ئى (ئە) < دىن > مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ سۆز-ھەرىكىتى، پائالىيىتى ۋە كۆرسەتمىلىرى توپلىمى: ئۇ ئىسلام دىنىغا دائىر سۆزلا قىلىدىكەن ھەدىستىن مىسال كەلتۈرمەي قالمايتتى.

**ھەدىلىك** سۈپ. ھەدىسى بار، ھەدىگە ئىگە: — ئەنە، دەرەخنىڭ شېخىنى ئەپكېلىپ تىككۈدەك قانداق ياخشى باغۇ بوستانلىق بولۇپ قالدۇق. ئەمدى ھەدىلىك بولۇپ قالساق، نېمە بولاتتى؟ — دەپتۇ سىڭلىسى ئۇنىڭغا.

**ھەدىيە** ئى (ئە) ھۆرمىتىنى ئىپادىلەش، كۆڭلىنى ئېلىش، تەبرىكلەش قاتارلىق تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن تەقدىم قىلىنغان نەرسە، سوۋغا، تارتۇق: ئىنىكئانا مەلىكىگە ۋاكالىتەن سۈرەتچىگە يەنە كۆپ يول خىراجىتى بېرىپ، ھەر خىل ھەدىيىلەر بىلەن ئۇزاتتى.

**ھەدىيە قىلماق** يادىكار سۈپىتىدە بەرمەك، سوۋغا قىلماق، نەرسە تەقدىم قىلماق: مۇبادا مەن بۇ ئويۇنچۇقلىرىمنى ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلسام، ئۇنىڭ مەندىن بۇنىڭدىنمۇ ئېسىل سوۋغا تەمە قىلماسلىقى تەبىئىي ئىدى. * پۈتۈن شەھەردىكى ئاياللار ئۇنىڭغا كەشتە تىكىلگەن ياستۇق قاپلىرىنى، تاماكا خالتىلىرىنى، يەرلىك مەھسۇلاتلارنى ۋە ئويلاپ يەتمىگەن ياغزىمۇ ياغزا نەرسىلەرنى ھەدىيە قىلاتتى.

**ھەدىيىلىك** ئى. ھەدىيە قىلىنىدىغان نەرسە: ھەدىيىلىك ئالماق. ھەدىيىلىك ئەكەلمەك.

**ھەر** (پ) ① ئال. كۆزدە تۇتۇلغان بىر خىل نەرسىلەرنى ۋە ئادەملەرنى بىر-بىردىن تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ھەر كىشى. ھەر باھار. * ھەر گۈلنىڭ يۇرتى باشقا (ماقال). * «ھەر كاللىدا مىڭ خىيال» دېگەندەك، كۆپچىلىك ئەزالارنىڭ خۇشاللىقىنى بىر خىل، ئىسمائىل سوپۇمنىڭ خۇشاللىقىنى

يەنە بىر خىل دەپ ئىككىگە ئايرىشقا بولاتتى. * مۇھەببەت هەر دىلغا سالار ئۆچمەس ئىز، بىشىدىن كەچۈرەر هەر يىگىت، هەر قىز. ② ئال «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ هەربىرىنى ياكى بىردىن يۇقىرى سانلار بىلەن بىرىكىپ، مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ شۇ سان ئىچىدىكى بىرلىكلىرىنىڭ هەربىرىنى بىلدۈرىدۇ: هەربىر ئوقۇغۇچى بىر پارچىدىن ماقالە يازدى. * بۇ دورىنى هەر تۆت سائەتتە بىر قېتىم ئىچىسىز. * هەر سەككىز كۈندە بىر نۆۋەت بارىمەن. ③ سۈپ. كۆپىنچە كۆپلۈكتىكى ئىسىم ئالدىغا كېلىپ، ئاشۇ ئىسىمدىن ئىپادىلەنگەن ئادەم ياكى نەرسىنى ماختاپ، ئاشۇرۇپ ئىپادىلەش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: ئۇنىڭ ئۆيىدە هەر كىتابلار بار. * پىلەكلەرگە هەر يوغان تاۋۇزلار چۈشكىلى تۇردى. ④ رەۋ. ۋاقىت-سائەت ۋە جاي، تەرەپ مەنىسىدىكى سۆزلەر بىلەن كېلىپ، پەيت ۋە ئورۇننى بىلدۈرگۈچى قوشما رەۋىشلەرنى ياسايدۇ: هەر مەهەل. هەر يان. هەر سەپەر. * مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئىزىنى بېسىپ يېتىشىپ چىقىۋاتقان يېڭى ئەۋلاد ماشىنىلاشتۇرۇش تو غرىسدا جىددىي، هەر تەرەپلىمە ئىزلەنمەكتە. * — هە، مۇنداق دەڭ ئۇكام، هەرقايسىڭلار هەر يەر — هەر يەردىن ئىكەنسىلەر-دە؟ مەن ئىلگىرى غۇلجىدا بولغان، ئۇ يەرنى پۇختا بىلمەن، غۇلجا ياخشى يۇرت! — دەپ سۆز قىستۇردى چار ساقال. ⑤ رەۋ. بەزى ئىسىم ۋە سۈپەتلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ شۇ ئىسىم ياكى سۈپەت بىلدۈرگەن نەرسىنىڭ باشقا بىر تۈرىنى بىلدۈرىدۇ: هەر خىل ئۆيلەر. هەر ساھە كىشىلىرى. هەر ياڭزا گۈللەر.

**هەر باب بىلەن** هەر تۈرلۈك، هەر خىل ئۇسۇل، ئامال-چارە بىلەن؛ ئەپلىك پەيتىنى قولدىن بەرمەي، ئەپلىك پەيتنى كۈتۈپ تۇرۇپ: ئوينىشاڭ ئەرباب بىلەن، جايلايدۇ هەر باب بىلەن (ماقال).

**هەر تەرەپ** تەرەپ-تەرەپ، كۆپ تەرەپ: — ئەپەندىم، كىشىلەر بىر تەرەپكە ماڭماي، نېمىشقا هەر تەرەپكە ماڭىدۇ؟ — دەپ سورىشىپتۇ كىشىلەر ئەپەندىمدىن.

**هەر تەرەپلىمە** كۆپ جەھەتلەردىن، ئەتراپلىق: شەھرىيار ئۇكىسى بىلەن هەر تەرەپلىمە سۆھبەت قىلىپ، ئاخىرىدا دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئائىلە ئەھۋالىنى سوراپتۇ. * بىز ئاسىيا، ئافرىقا، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن ئۆزئارا ھېسداشلىق قىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، هەر تەرەپلىمە ھەمكارلىقىمىزنى راۋاجلاندۇردۇق.

**هەر تەرەپلىملىك** نۇرغۇن تەرەپلەرگە مۇناسىۋەتلىك، ئالاقىدار: هەر تەرەپلىملىك پىكىر. هەر تەرەپلىملىك ئىزدىنىش.

**هەر توغرىدا** تۈرلۈك مەسىلىلەر ھەققىدە، هەر خىل مەسىلىلەر توغرىسىدا: ئۇ هەر توغرىدا سۆزلەپ بەردى.

**هەر تۈرلۈك** هەر خىل، تۈرلۈك-تۈرلۈك، خىلمۇخىل، ياڭزىمۇياڭزا: پادىشاھ ئېلىپ كەلگەن هەر تۈرلۈك يەل-يېمىشلەرنى ۋە سۇرلەنگەن گۆشلەرنى كۆرگەن خوتۇنلىرى ھەيران بولۇپتۇ.

**هەر خىل** هەر تۈلۈك، هەر ياڭزا، تۈرلۈك-تۈرلۈك: هەر خىل پىكىر. هەر خىل قاراش. * بۇ ئەتراپتىكى نۇرغۇن يېزىلاردا هەر خىل نامدا ئاتىلىدىغان باسمىچىلار پەيدا بولدى. * ئابلا خۇرجۇنىدىن هەر خىل ئۆرۈك قاچىلانغان كىچىك سېۋەتنى ئالدى-دە، ئاۋايلاپقىنا يەرگە قويدى.

**ھەر خىل ئاتالغۇلۇق سان** <مات> بىرلىكلىرىنىڭ نامى ئوخشاش بولمىغان ئاتالغۇلۇق سانلار. مەسىلەن، بەش مېتىر بىلەن تۆت كىلوگىرامغا ئوخشاش.

**ھەر دائىم** ھەممە ۋاقىت، ھەمىشە: بۇ ئەلدە ساخاۋەت دېگەن ئاق نىيەت، ساپدىل، ئادىل بىر كىشى بار ئىكەن. ھەر دائىم ئەل ئارىسىدا يۈرىدىكەن. قولىدىن كېلىشىچە كىشىلەرگە ياردەم قىلىپ ئۆتىدىكەن. * ئادەم بالىسىنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشلىرى، ھەر دائىم ئويلىغاندەك بولۇۋەرمەيدۇ.

**ھەر دەرىجە** ھوقۇق-دائىرىسى بويىچە دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس، دەرىجىسى ھەر خىل: ھەر دەرىجە ئورگانلار. ھەر دەرىجە تەشكىلاتلار.

**ھەر دەرىجىلىك** ھوقۇق دائىرىسى بويىچە ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدىكى: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا ئاپتونوم رايوننىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى يەنىمۇ مۇقىملاشتى.

**ھەر دەم** ھەر دائىم، ھەر ۋاقىت، ھەمىشە: سۇغا سالسام ئېرىمەيدۇ قەن-ناۋات، يەتتە ئاشىق بىرىسى ئىرۇر ئول پەرھات. قىزىلگۈلۈم بىلسەڭ ھىجران دەشتىدە، ئىشقىڭ بىلەن ھەر دەم چېكەرمەن پەرياد.

**ھەر دەم خىيال** خام خىيالنى تولا قىلىدىغان، خىيالپەرەس: — قارا كۆپكىنى سېغىزخان، مېنىڭ بۇ كالالام خېلى نېمىگە ئىشلەيدۇ، ساڭا ئوخشاش ھەر دەم خىيال ئەمەس، گەپنى ئاز قىل، — دېدى ئابابەكرى ئايالىغا.

**ھەر رەڭ** خىلمۇخىل، رەڭمۇرەڭ، رەڭگارەڭ: ئۇنىڭ توخۇلىرى ئىچىدە خىنەن توخۇسى دەمدۇ، خۇنەن توخۇسى دەمدۇ، تۇرپان توخۇسى دەمدۇ، چەت ئەل توخۇسى دەمدۇ، ئەيتاۋۇر، جاھاندىكى ھەر رەڭ ياخشى توخۇلارنىڭ ھەممىسى بار.

**ھەر رەڭ-سەر رەڭ** ئاجايىپ-غارايىپ؛ كەلسە-كەلمەس، قاملاشمىغان؛ ياڭزا-ياڭزا: ھەر رەڭ-سەر رەڭ چۈش كۆرمەك. ھەر رەڭ-سەر رەڭ ئىش قىلماق. * شۇنداق، سەن ئۇنداق زېھنىنى قويۇپ ياخشى ئوقۇماي، ھەر رەڭ-سەر رەڭ كىيىنىپ، سەنەمدە يوق ئىشلارنى قىلىپ يۈرىدىغان بالا ئەمەس.

**ھەر ساھە** خىلمۇخىل ساھە: يىغىنغا ھەر ساھە ۋەكىللىرى قاتناشتى.

**ھەر قىسما** ھەر خىل، تۈرلۈك-تۈرلۈك، خىلمۇخىل ھەم غەلىتە، قىسما-قىسما: ھەر قىسما خىيال قىلماق. * ئىنساننىڭ بېشىدىن ھەر قىسما ئىشلار ئۆتىدىكەن. * پالچى بوۋاي يېرىم سائەتكە قالماي ئون نەچچە كىشىگە پال ئېچىپ بېرىپ، ھەر قىسما سۆزلەر بىلەن يولغا سالدى.

**ھەر قىماپ بىلەن** ← **ھەر باپ بىلەن**: سەن ئۆزۈڭنى مەزمۇت تۇتۇپ، زامانقۇلغا تاقابىل تۇر. چۈنكى، ئۇ ھەر قىماپ بىلەن ساڭا زەھەرلىك قولىنى سوزۇشتىن يانمايدۇ.

**ھەر كويىغا سالماق** ھەر خىل ئوي-خىيال ۋە نىيەتلەرگە ئېلىپ بارماق، باشلىماق: كۈننىڭ سېھرىقىنى بىر كۈن بولسىمۇ كۆپرەك كۆرۈش ئارزۇسى كىشىنى ھەر كويىغا سالىدۇ. * جەبىرجاپالار، خېيىم-خەتەرلەر، دۇچ كېلىپ تۇرىدۇ ئۇنىڭغا ھامان. بەزىدە ئوڭ كېلىپ، بەزىدە تەتۈر، كىشىنى ھەر كويىغا سالىدۇ زامان.

**ھەر نەرسە** ھەرقانداق نەرسە: ھەر نەرسىنىڭ ئۆز ئالاھىدىلىكى بولىدۇ.

**ھەر ھالدا** قانداقلا قىلىپ بولمىسۇن،

نېمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر؛ ئىش قىلىپ: ئادەملەر هەر هالدا خۇشال ئىدى، ئۆزلىرىنىڭ جىمجىت، خىلۋەت تىرىكچىلىكىدە قانداقلا بولمىسۇن بىرەر ئۆزگىرىش-يېڭىلىق بولىدىغاندەك هېسسىياتتا ئىدى. * هەر هالدا بۇ قېتىمقى هەرىكەت مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى.

**هەر ۋاقىت** هەر دائىم، هەمىشە: هەر ۋاقىت ئەستىن چىقارماق. هەر ۋاقىت پەيدا بولماق. * هازىر مەن چەت ئەلدە بولسامۇ، ۋەتەننى سېغىنماقتىمەن، چۈنكى مەن هەر ۋاقىت ئۆزۈمنىڭ جۇڭگو خەلقىنىڭ بىر ئاددىي پەرزەنتى ئىكەنلىكىمنى ئويلايمەن.

**هەر ئېهتىمالغا قارشى** يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ئىش-هەرىكەتنىڭ ئالدىنى ئېلىپ؛ قانداقلا بولمىسۇن: ــ هەر ئېهتىمالغا قارشى، سىرىمىز ئېچىلىپ قالغۇچە ئۇلارنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك، ــ دەپ ئويلىدى ئۇ. * ــ هەر ئېهتىمالغا قارشى ئۇن كىشىلىك زىياپەت تەييارلايلى، ــ دېدى پەرىزات هىمىتقا.

**هەر ياڭزا** هەر تۈرلۈك؛ ياڭزىمۇياڭزا: هەر ياڭزا گەپ. هەر ياڭزا ئىش. * توغرا نەرسە هامان توغرا بولىدۇ. كىشىلەر هەر ياڭزا دوزاخلارنى، هەر ياڭزا ئىبلىس شەيتانلارنى ئويىغا كەلتۈرەلەيدۇ ۋە «تەسەۋۋۇر» قىلالايدۇ. * يالپاق بۇرۇن مادارىن هەر ياڭزا كۈلۈپ قاپتۇ. ئاي-يىللار ئۆتۈپ مەزگىل، بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ.

**هەرە** I ئى <زوئول> هاشارەتلارنىڭ بىر خىلى. تۈرلىرى كۆپ بولىدۇ. زەهەرلىك نەشتىرى بولۇپ، ئادەملەرنى چاقىدۇ. ئادەتتە توپلىشىپ ياشايدۇ: هەسەل هەرىسى. قاپاق هەرە. سېرىق هەرە. تۈكلۈك هەرە. قىزىل هەرە. * يامان هەرىدە بال بولماس، سۇسىز يەردە مال بولماس (ماقال). * هەرىنىڭ زەهىرىگە چىدىغان هەسەل يەر (ماقال).

**هەرە كۆنەك توقۇلما ياللۇغى** <تىب> تېرە ئاستىدىكى ياكى داس سۆڭەك ئىچىدىكى هەرە كۆنەك توقۇلمىسىنىڭ كېڭىيىپ كېتىش كېسەللىكى.

**هەرە كۆنىكى** <زوئول> ← **كۆنەك.**

**هەرە** II ئى ① ياغاچ كېسىش ئۈچۈن پولاتتىن ياسالغان چىشلىق سايمان: يالماۋۇز بىرىنچى چىشىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، هەرە قىلىپتۇ-دە، تېرەكنى كېسىشكە باشلاپتۇ. ② بېلىقنىڭ سىرت قانىتى.

**هەرە چىشلىق چاق** <ماشىن> بىر خىل چاق شەكىللىك دېتال. هەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولۇپ، بىر تەرەپكە قارايدۇ. ئۇ تىرىگۈچى تىل ۋە شاتون ئارقىلىق دەممۇدەم هەرىكەت ئېلىپ بارىدۇ.

**هەرە چىشى** <ماشىن> هەرە تىغىغا چىقىرىلغان چىش.

**هەرە ستانوك** <ماشىن> مېتال ماتېرىياللارنى هەرىلەپ كېسىدىغان ستانوك. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى يايسىمان هەرە ستانوك ۋە تەخسە هەرە ستانوك قاتارلىق ئىككى خىل. يايسىمان هەرە ستانوكىنىڭ هەرىسى ئۇزۇنچاق، تەخسە هەرە ستانوكىنىڭ هەرىسى تەخسىسىمان بولىدۇ.

**هەرە كېپىكى** <بىن> هەر خىل ياغاچلارنى تىلغاندا ياكى كەسكەندە پەيدا بولغان ياغاچ ئۇۋۇندىسى. ئۇنى قايتا پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق قۇرۇلۇشقا ماتېرىيال قىلغىلى بولىدۇ.

**هەرەج** ئى (ئە) جاپا، مۇشەققەت، ئازاب: هەرەج تارتماق. * — قايسى كۈنى تاغقا بارىمەن دەپ بەللىرىڭىزنى ئاغرىتىۋالدىڭىز، هازىرغىچە ساقايماپتىدۇ، بۈگۈن دوكلات بېرىمەن دەپ شۇنچە هەرەج تارتتىڭىز، — دېدى ئايشەم يولدىشىغا ئېسەدەپ تۇرۇپ.

**هەرەج تارتماق** جاپا تارتماق، قىينالماق، ئازابلانماق: ئۇنىڭ ئۆتكۈندىغىنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا مۇشۇنداق هەرەج تارتىپ، باشقىلارغا يۈك بولۇپ قېلىشلا ئىدى. * ئۇنىڭ قىزى شۇ سەۋەبتىن بىرمۇنچە هەرەج تارتىپ قالدى.

**هەرەم** ئى (ئە) ① مۇسۇلمانلار هەج قىلغاندا مۇقەددەس بىلىپ تاۋاپ قىلىدىغان مەككىدىكى كەبە هەم مەدىنىدىكى مۇهەممەد پەيغەمبەرنىڭ مەقبەرىسى: هەرەمگە بارماق. هەرەمدىن كەلمەك. * سودىگەر بىركۈنى هەرەمگە بارماقچى بولۇپ ئوغلىنى ئۆزىگە هەمراه قىلىۋاپتۇ. ② < تارىخ > خان-پادىشاه، يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارلار خانىدانلىرىدىكى ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان ئۆيلەر، هۇجرىلار: مەن شۇندىن بېرى بۇ يەرگە كېلىپ شۇ خىزمەتنى قىلىۋاتىمەن. ئەگەر ئىلتىپات بولسا، مەن هەرەمگە كىرىپ مەلىكەمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم يوق ئىدى.

**هەرەمئاغىسى** ئى (هەرەم+ئاغا+سى) خان-پادىشاه سارايلىرىدا خوتۇن-قىزلارنى كۆزىتىشكە مەسئۇل ئەمەلدار: بۇلارنى سارايدىكى هەرەمئاغىسىنىڭ ياردىمى بىلەن قىلدىم.

**هەرەمباغ** ئى (هەرەم+باغ) خان-پادىشاهلارنىڭ سەيلى-تاماشاسى ئۈچۈن بەرپا قىلىنغان خىلمۇخىل مېۋىلىك دەرەخ ۋە ياگزىمۇياگزا گۈل-گىياهلار ئۆستۈرۈلگەن باغ: خىيالىي جەننەتتىنمۇ يۈز هەسسىلەپ ئارتۇق زىننەتلەنگەن بۇ هەرەمباغنى كۆرۈپ، پادىشاه هاڭ-تاڭ بولۇپ قېتىپ قالدى. * بۇ باغ پادىشاهلارنىڭ هويلىلىق قەسىر، هەرەمباغلىرىدىنمۇ ئالىي بولۇپ پۈتتى.

**هەرەمخانا** ئى (ئە+پ) خان-پادىشاهلارنىڭ ۋە بەزى ئالاهىدە هوقۇقلۇق يۇقىرى مەنسەپدارلارنىڭ خوتۇن-قىزلىرى ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان جاي: پادىشاهنىڭ شادلىقى تېخىمۇ ئۇلغىيىپ، ۋۇجۇدى هاياجان ئىلكىدە يايرىدى-دە، شاهزادىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، هەرەمخانىغا باشلاپ كىردى. * بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئوردا هەرەمخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ كېلىۋاتقان بۇ قېرى دەللە، شاهمەخسۇت ۋاڭ بىلەن يۈجۈگدىن تارتىپ، هەممە هەرەم ئەهلىنىڭ خۇلقى-مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى.

**هەرەمگاه** ئى (ئە+پ) خان-پادىشاهلار دەم ئالىدىغان، راهەتلىنىدىغان جاي: هەرەمگاهىم ئەمەستۇر كۈلبە ئىبراهىم ۋە يا قۇددۇس، كارامەت كۆرستەلمەس ئەهلى ئەمگەكتەك ۋەلى، راهىب.

**هەربىر** مۇپ (هەر+بىر) مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ مۇئەييەن بىرى: هەربىر ئادەم. هەربىر كەنت. * «ئاخبارات» نىڭ روهىنى هەربىر ئۆي، هەربىر ئادەمگىچە يەتكۈزۈش لازىم. * ئۇلار مىجىت بىلەن سۇپتاينىڭ هەربىر سۆزىگە ئىشىنىدۇ. * ئانام ناهايىتى ئازابلاندى. ئۆيدە پەقەت چوڭ سىڭلىم بىلەن ئىككىمىزلا ئانامغا تەسەللى بېرەتتۇق. دادامدىن هەربىر خەت كەلگەندە ئانام بىر-ئىككى كۈن يىغلايتتى.

**هەربىرلىرى** ئال (هەر+بىر+لار+ى) باشقىلارنى هۆرمەتلەپ ئىپتىلىدىغان مۇراجىئەت فورمىسى: — بۇ مەسىلىگە هەربىرلىرىنىڭ كۆز قاراشلىرى قانداقكىن؟ — دەپ سوراپتۇ

نۇسرەت يىغىلغانلاردىن. * — خۇدايىم بۇيرۇسا، بۇ قېتىم قەشقەردە ئۇزۇنراق تۇرۇپ، ھەربىرلىرىدىن ناھايىتى جىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىپ كېتىش نىيىتىم بار، — دېدى ئابلەت ئۇلارغا قاراپ.

**ھەربي** (ئە) ① سۈپ. ئۇرۇشقا ئالاقىدار؛ ئۇرۇش، جەڭ ئىشلىرى بىلەن باغلانغان: ھەربي ئەسىر. ھەربي سىر. ھەربي مەخپىيەتلىك. ھەربي ھالەت. ھەربي ئىستىھكام. * — كەچۈرسىلە، جانابلىرى، — دېدى شىڭ شىسەي بۇرۇتىنى سىلاپ، — بۇ ھازىرچە ھەربي سىر. بۇ يەردە ئېيتىشقا بولمايدۇ. ② سۈپ. ئۇرۇشقا لازىملىق، ئۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان؛ ئارمىيىگە ئائىت: ھەربي زاۋۇت. ھەربي كېمە. ھەربي ئايروپىلان. ھەربي ۋراچ. ھەربي ئىنتىزام. ھەربي ئىشلار. ھەربي قىسىم. ھەربي مەشىق. * بىركۈنى ئۇستازىم كېلىپ ئاتامغا: — بۇ ئوغۇلغا ھەربي تەربىيىدىن ھەممە پەننى ئۆگەتتىم، — دېدى. ③ ئى. ئارمىيىدىكى كىشى، ئارمىيە خىزمەتچىسى: — دوختۇرخانىدا نېمە قىلىپ يۈرىسىز؟ — دېدى ئۇ ھەربي، — بىرەرسى ئاغرىپ قالغانمىدى؟ * — ئەجەب كۆكۈللۈك ئىدى-ھە!؟ — دېدى ئۇ، — ھېكايىگە، بولۇپمۇ ئۇرۇش ھېكايىلىرىگە بەكلا ئامراق ئىدىك، شۇنىڭغا قاراپ سېنى ھەربي بولارمىكىن دەيتتىم.

**ھەربي ئەمەلدار** < ھەرب > ① ئوفىتسىر. ② تاشقى ئىشلار خادىمىنىڭ بىر خىلى، يەنى ئۆز دۆلىتىدىكى ھەربي ئىشلار ئورگىنىنىڭ چەت ئەلدە تۇرۇشقا ئەۋەتكەن ۋەكىلى، شۇنداقلا تاشقى ئىشلار ۋەكىلىنىڭ ھەربي ئىشلار جەھەتتىكى مەسلىھەتچىسى.

**ھەربي بايراق** < ھەرب > ئارمىيىنىڭ بايرىقى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ ھەربي بايرىقى قىزىل رەڭدە بولۇپ، سول تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىگە سېرىق رەڭلىك بەش بۇرجەك ۋە « ٨ — » (1-ئاۋغۇست) خېتى چۈشۈرۈلگەن.

**ھەربي بەلگە** < ھەرب > ئارمىيىنىڭ بەلگىسى. جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ بەلگىسى تېگى قىزىل، چۆرىسى سېرىق ۋە ئوتتۇرىسىغا سېرىق رەڭلىك « ٨ — » (1-ئاۋغۇست) خېتى چۈشۈرۈلگەن بەش بۇرجەكتىن ئىبارەت.

**ھەربي پارات** < ھەرب > قوشۇنلارنىڭ ھەرىكەت تەييارلىقلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش مەقسىتىدە ئۆتكۈزۈلگەن تەنتەنىلىك كۆرەك.

**ھەربي پاراخوت** < ھەرب > قورال-جابدۇقلار بىلەن قوراللىنىپ، جەڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلالايدىغان پاراخوتلارنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، چوڭ ھەربي كېمە، ئوكيان چارلاش پاراخوتى، قوغلىغۇچى پاراخوت، ئاۋىئاماتكا، سۇ ئاستى پاراخوتى، يۈلىپي پاراخوتى قاتارلىقلار.

**ھەربي پورت** < ھەرب > مەخسۇس ھەربي پاراخوتلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پورت. ئادەتتە ئۇنىڭغا تۈرلۈك مۇداپىئە ئەسلىھەلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**ھەربي پونكىت** < ھەرب > ئارمىيىنىڭ ئارقا سەپ قاتناش لىنىيىسىدە قۇرغان تەمىنلەش ئورنى. ئۇ ئاساسەن ماددىي ئەشيالارنى تولۇقلاش، ياردارلارنى قوبۇل قىلىش، كېلىپ-كەتكەن قىسىملارنى كۈتۈۋېلىش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

**ھەربي تەلىم-تەربىيە** < ھەرب > قىسىم، مەكتەپ ۋە باشقا ئورۇنلارغا ھەربي ساۋات بويىچە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەلىم-تەربىيە.

**هەربىي تەنتەربىيە** < تەن > هەربىي ساۋات ۋە تېخنىكا ئىقتىدارىغا ئائىت تەنتەربىيە ھەرىكىتى. مەسىلەن، پاراشۇت بىلەن سەكرەش تەنھەرىكىتى، ئاۋىئاتسىيە مودېلى تەنھەرىكىتى، موتسىكلىت تەنھەرىكىتى قاتارلىقلار.

**هەربىي دوختۇرخانا** < تىب > ھەربىيلەر ئاچقان دوختۇرخانا. ئادەتتە ئۇ قۇرۇقلۇق ئارمىيە دوختۇرخانىسى، ھاۋا ئارمىيە دوختۇرخانىسى دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**هەربىي رايون** < ھەرب > ھەربىي ستراتېگىيە ئېھتىياجىغا ئاساسەن بۆلۈنگەن رايون. ئۇنىڭدا رەھبەرلىك ئاپپاراتى تەسىس قىلىنغان بولۇپ، ئۇ مەزكۇر رايون ئىچىدىكى ئارمىيىنىڭ ئۇرۇش قىلىش، تەلىم-تەربىيە، سىياسىي، ئارقا سەپ ئىشلىرى، مۇھاپىزەت ئىشلىرى، ھەربىي خىزمەت ۋە مىنبىك خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلىرىگە بىر تۇتاش رەھبەرلىك قىلىدۇ.

**هەربىي سەپ** < ھەرب > ھەربىي قىسىم؛ ئارمىيە: ھەربىي سەپتىن قايتىش. * بۇ تالاش-تارتىشلارغا تولىراق قوشماق ئاكىنىڭ ئۆزى، ئوغلى قاسىم، ئايالى تۇخان، قاسىمنىڭ ھەربىي سەپكە كەتكەن ئاكىسى ئۆمەرنىڭ يولدىشى رەيھانگۈللەر قاتنىشاتتى.

**هەربىي سەپتىن قايتىش** < ھەرب > ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەش ۋاقتى توشۇش سەۋەبى ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن ئارمىيىدىن چېكىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**هەربىي سوت** < ھەرب > ئارمىيە سىستېمىسىدىكى مەخسۇس سوت ياكى ھەربىي ئورگان ۋاقىتلىق تەشكىللىگەن سوت قىلىش ئورنى.

**هەربىي فورما** < ھەرب > ← **ھەربىي كىيىم.**

**هەربىي قوراللار** < ھەرب > تۈرلۈك قورال، زەمبىرەك، ئوق-دورا ۋە باشقا ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**هەربىي كوممۇنىزم** < پەلس > ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، 1918-يىلدىن 1920-يىلغىچە چەت ئەل قوراللىق مۇداخىلىسى ۋە گراژدانلار ئۇرۇشى ۋاقتىدا روسىيىدە يولغا قويۇلغان ئىقتىسادىي سىياسەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ سىياسەت ئىقتىساد ئېغىر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان شۇ شارائىتتا، دۆلەتتىكى پۈتۈن بايلىقنى ئىشقا سېلىپ، ئالدىنقى سەپنىڭ ئېھتىياجىنى قامداشنى، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تۇرمۇشىنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ كونتروللۇقى ئاستىغا ئېلىپ، ئۇنى سوۋېت ھاكىمىيىتىنى قوغداش ئېھتىياجىغا بويسۇندۇرۇشنى مەقسەت قىلغان.

**هەربىي كېمە** < ھەرب > ← **ھەربىي پاراخوت.**

**هەربىي كىيىم** < ھەرب > مەخسۇس ھەربىيلەر ئۈچۈن لايىھىلەپ تىكىلگەن كىيىم.

**هەربىي مەشىق** < ھەرب > قورال ئىشلىتىش ۋە ئۇرۇش قىلىش ماھارىتىنى يېتىلدۈرۈش جەھەتتە قىلىنىدىغان مەشىق.

**هەربىي مۇزىكا** < ھەرب > دۇخوۋوي چالغۇ ئەسۋابلىرى ۋە ئۇرغۇلۇق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئارقىلىق ئورۇنلىنىدىغان مۇزىكا. ئارمىيە ئىچىدە دائىم ئاشۇنداق چالغۇ ئەسۋابلىرى ئىشلىتىلىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق نام ئالغان.

**هەربىي هالەت** < ھەرب > دۆلەتتە ئۇرۇش

ياكى پەۋقۇلئاددە ئەھۋال يۈز بەرگەندە، پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ياكى مەلۇم بىر رايوندا قوللىنىلىدىغان جىددىي تەدبىر. مەسىلەن، قاراۋۇللارنى كۆپەيتىپ ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاختۇرۇش ئېلىپ بېرىش، قاتناشنى چەكلەش ۋەھاكازالار.

**هەربىي ئۇنۋان** <هەرب> هەربىيلەرنىڭ دەرىجىسىنى پەرقلەندۈرىدىغان نام. مەسىلەن، مارشال، ئالىي دەرىجىلىك ئوفىتسېر ۋەھاكالار.

**هەربىي ئۆزگىرىش** <هەرب> ئارمىيىنىڭ توپىلاڭ كۆتۈرۈشى.

**هەربىي ئىشلار** <هەرب> ئارمىيە ياكى ئۇرۇش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلار.

**هەربىي ئىشلار تەزكىرىسى** <هەرب> هەربىي ئىشلار ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ، مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ هەربىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە يەر تۈزۈلۈشى، هاۋارايى، گىدرولوگىيە قاتارلىق رېئال ۋە تارىخىي ئەھۋاللىرى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق رەتلەنگەن ماتېرىيال.

**هەربىي ئىلىم** <هەرب> ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىشنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**هەربىي يۈرۈش** <هەرب> ئۇرۇش قىلىش داۋامىدىكى يۈرۈش: چىڭگىزخاننىڭ كەلكۈلەملىك هەربىي يۈرۈشلىرى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر زىيالىيلىرىدا هەر تەرەپكە چېچىلىش هادىسىلىرى يۈز بەردى.

**هەربىيچە** رەۋ. هەربىيلەرگە خاس، هەربىيلەرگە ئوخشاش، هەربىيدەك: شۇ كۈنلەردە هەر يىلى بىر قېتىم شەهەردىن ئۇرغۇن هەربىيلەر چىقىپ دادامنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تىزىلىپ تۇرۇپ، هەربىيچە سالام بېرەتتى. * — ئۇ ئادەتتە هەربىيچە كىيىنىپ يۈرىدۇ، — دەپ چۈشەندۈردى كاستيوملۇق كىشى ماڭا.

**هەربىيچە شاهمات** <تەن> شاهمات ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. جەمئىي 50 تال ئۇرۇقى بولۇپ، هەربىي ئۇنۋان ۋە هەربىي قوراللار بويىچە ئايرىم-ئايرىم نام بېرىلگەن. ئىككى ئادەم ئوينىغاندا يەنە بىر ئادەم گۇۋاهچى بولىدۇ. ئوينىغاندا ئىككى تەرەپ ئۇرۇقلىرىنى ئۆزگە قارىتىپ تۇرغۇزۇپ، قائىدە بويىچە مېڭىپ ئۇرۇق يېيىشىدۇ، ئۇرۇق يېيىلگەندە، گۇۋاهچى ئۇرۇقنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئاساسەن، ئۇرۇقنى ئېلىۋېتىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ هەربىي بايرىقىنى ئېلىۋالغۇچى غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

**هەربىيسىز** سۈپ. هەربىي يوق، هەربىي بولمىغان: هەربىيسىز ئۇرۇش، ئاش-ئوزۇقسىز هايات دېگەنگە ئوخشاش گەپ بولۇپ قالىدۇ.

**هەربىيسىزلەشتۈرمەك** 《هەربىيسىزلەشمەك》 پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇگۈن ئىككى پارتىيە رەهبەرلىرى كېلىشىم هاسىل قىلىپ، چېگرىنى هەربىيسىزلەشتۈرۈش هەققىدە قوشما بايانات ئېلان قىلىشتى.

**هەربىيسىزلەشتۈرۈلمەك** 《هەربىيسىزلەشتۈرمەك》 پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: كۇۋەيت بىلەن ئىراقنىڭ ساقچى چارلاش ئەترەتلىرى مۇشۇ ئاينىڭ 14-كۈنى كۇۋەيت - ئىراق چېگرىسىدىكى هەربىيسىزلەشتۈرۈلگەن رايوندا توقۇنۇشۇپ قالدى.

**هەربىيسىزلەشمەك** پ. هەربىي يوق، هەربىي بولمىغان هالەتكە كەلمەك: ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئون يىلدىن كېيىن، ئاندىن

بۇ رايون هەققىي تۇردە هەربىيسىزلەشكەن يەرگە ئايلاندى.

**هەربىيلە شتۇرمەك** «هەربىيلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەمئىيەتنى هەربىيلە شتۇرۇش مۇمكىن بولغىنى بىلەن تۇرمۇشنى، بولۇپمۇ مۇهەببەتنى هەربىيلە شتۇرۇشكە قەتئىي بولمايدۇ.

**هەربىيلە شتۇرۇلمەك** «هەربىيلە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ يېزا هەربىيلە شتۇرۇلگەندىن كېيىن، خەلق هەققىي تۇردە خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ، باندىتلارنىڭ تۇيۇقسىز هۇجۇمىدىن خالىي بولدى.

**هەربىيلە شمەك** پ. هەربىيگە ئايلانماق، هەربىيلەر قاتارىغا ئۆتمەك؛ هەربىيلەر ئورۇنلاشماق: بۇ تۇزۇمدە ئىقتىساد ۋە سانائەت، هەربىي ئىشقا قارىتىلىدۇ پۈتۈنلەي، هەربىيلىشەر تېزدىن پۈتۈن مەملىكەت، ۋە كەلگۈنگە ئايلىنىدۇ بىلىنمەي.

**هەربىيلىك** «هەربىي» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ــ پاھ-پاھ، هەربىيلىك نېمىدېگەن ياراشقان سىلەرگە-هە، ــ دېدى باي زوقلانغان قىياپەت بىلەن.

**هەرپ** ئى (ئە) < تىل > ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ ئەڭ كىچىك يازما بىرلىكى. هەرپ تاۋۇشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇ تاۋۇشنىڭ يازما شەكلى، تاۋۇش هەرپ ئىپادىلەيدىغان مەزمۇندۇر: باسما هەرپ. باش هەرپ. كىچىك هەرپ. هەرپ تىزماق.

**هەرپ تىزماق** < مەت > بىرەر ئەسەر، ماقالە قاتارلىقلارنى بېسىشتىن ئاۋۋال، ئۇنىڭ يازما ئورىگىنالىغا ئاساسەن قوغۇشۇن هەرپ، سۈرەت، شەكىل قاتارلىقلارنى تىزىش ئارقىلىق نابور بېتىنى ياساپ چىقماق.

**هەرپلىك** سۈپ. هەرپى بار، هەرپ هېسابلىنىدىغان: مەنا پەرق قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان تاۋۇشلارغىلا هەرپلىك بەلگىلەرنى بەلگىلەش كېرەك.

**هەرپلىك تەڭلىمە** < مات > هەرپ بىلەن ئىپادىلەنگەن تەڭلىمە.

**هەرپمۇهەرپ** بىر هەرپ-بىر هەرپتىن؛ بىر هەرپىنىمۇ قالدۇرماي: ئايگۈل خەتنى هەرپمۇهەرپ يېزىشقا كىرىشتى.

**هەرراس** ئى (ئە) دىئال. دېهقان.

**هەرقاچان** ئال (هەر+قاچان) ① «هەرقانداق ۋاقىتتا»، «هەرقانداق چاغدا»، «هەر دائىم»، «هەمىشە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: هەرقاچان تەييار تۇرماق. هەرقاچان ئەستە تۇتماق. * ئۇنىڭ مەيلىگە شەرتسىز بويسۇنغان ئاياغلىرى ئۇنى هەرقاچان نادەمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قوياتتى. * قولۇمدىن كېلىدىغان ئىشلار بولسا، هەرقاچان، هەر جايدا هالال ئەجرىمنى ئايىمايمەن. ② كۆچمە «بەلكى»، «ئېهتىمال» دېگەن مەنىلەردە يۈكلىمە رولىدا كېلىدۇ: ــ قارىسام باشقا دۆلەتلەر تالاپ كېتىۋاتىدۇ، سىلەرنىڭ دۆي كەمبەغەل، هەرقاچان نەق پۇلى يوقتۇ دەپ نېسىگە بولسىمۇ مۇشۇنى ئاپىرىپ قويدۇم، ــ دېدى هېكمەت ئەكبەرگە قاراپ خۇشامەت قىلىپ.

**هەرقانچە** ئال (هەر+قانچە) شۇنچە، هەددىدىن تاشقىرى، بار ئامال بىلەن: شەۋكەت هەرقانچە خىيال قىلىپمۇ زادىلا ئەسلىيەلمىدى. * دەرۋەقە، بىز كۆرۈشمىگىلى ئۇزۇن يىللار بولۇپ كەتتى. ئادەمغۇ ئۆزگىرىدۇ، ئەمما هەرقانچە ئۆزگىرىپ كەتكەندىمۇ بىرەر يېرى بولسىمۇ ئوخشار ئىدىغۇ؟

**هەرقانچە قىلسىمۇ** كۆپ چارە-تەدبىرلەرنى قوللانسىمۇ؛ ئۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتسىمۇ: مەن هەرقانچە قىلسامۇ

ھېلىقى تاش بىلەن يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئىمكان بولمىدى-دە، ئورنۇمدىن سەكرەپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىنى توستۇم. * بىراق هەرقانچە قىلسىمۇ ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش چىقمىدى.

**هەرقانچە قىلىپمۇ** ← **هەرقانچە قىلسىمۇ:** نەسىردىن هەرقانچە قىلىپمۇ ئەنجانباينىڭ سېپىگە يېقىنلىشالمىدى. * چوڭ ئوغلى سېۋەتنى كۆتۈرۈپ ئېرىق بويىغا چىقىپتۇ. لېكىن هەرقانچە قىلىپمۇ سېۋەتتە سۇ توختىتالماي، بېشىنى ساڭگىلاتقان هالدا ئۆيگە قايتىپ كىرىپتۇ.

**هەرقانداق** ئال (هەر+قانداق) خىلمۇخىل ئىش-هەرىكەت ياكى بەلگىلەرنىڭ خالىغان بىرىنى كۆرسىتىدۇ: هەرقانداق گۈل خالىغان بۇلبۇلنى ئۆزىگە قوندۇرالمايدۇ. * دۇنيادا تاسادىپىيلىقلار نۇرغۇن، لېكىن هەرقانداق تاسادىپىيلىقنىڭمۇ تەبىئىيلىكى بار. * ئۆزلىرى ئولتۇرغان تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقان هەرقانداق كىشى ئۇنىڭغا گويا بىرەرنى تانىسىغا تارتىش ئۈچۈن كېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى.

**هەرقانداق بولسا** نېمىلا بولمىسۇن، نېمىلا بولغان بىلەن، نېمىلا دېگەنبىلەن؛ هەر هالدا: ــ ئۇستام، مەن پۇشايمان قىلمايمەن، هەرقانداق بولسا مەن قوبۇل قىلدىم، هەرنېمە دېسىڭىزمۇ مانا ئالدىڭىزدا تۇرۇۋېتىمەن، ــ دېدى قازى ئۇستىسىغا. * ــ هەرقانداق بولسا مەنمۇ ئانىڭىز، چېچىڭىزنى يۇيۇپ تاراپ قوياي، ــ دەپتۇ ئۆگەي ئانا قىزغا.

**هەرقانداق بولمىسۇن** قانچىلىك مۇشكۈل ياكى تەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر؛ هەرقانچە قىيىن بولسىمۇ، بىر ئامال قىلىپ: هەرقانداق بولمىسۇن بۇ ئىشنى ئەتە كەچكىچە چوقۇم تۈگىتىشىمىز كېرەك.

**هەرقانداق قىلغان بىلەن** هەرقانداق چارە-ئامال قىلىپ باقسىمۇ، هەرقانچە كۈچىسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، بەرىبىر: ئۇ ئۆزىمۇ هەرقانداق قىلغىنى بىلەن هامان هالاكەت كۈتۈپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، يالۋۇرۇش، تىز پۈكۈش بىلەن ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ يەتكەنىدى.

**هەرقانداق قىلىپ** هەرقانداق يول، هەرقانداق ئۇسۇل بىلەن، هەرقانداق يوسۇندا: ئۇنى هەرقانداق قىلىپ قولغا كەلتۈرۈش مۇمكىن بولىدۇ.

**هەرقانداق گەپ** هەرقانداق مەسىلە، هەرقانداق ئىش: ــ كېيىن هەرقانداق گەپ بولسا ئۆزۈم مەسئۇل، هازىر مېنىڭ دېگىنىمدەك قىلىڭلار! ــ دېدى مۇئاۋىن هاكىم قەتئىيلىك بىلەن كۆپچىلىككە.

**هەرقايسى** ئال (هەر+قايسى) مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ هەربىرى: هەرقايسى تاغلاردىن ئونلاپ-يىگىرمىلەپ ئادەملەر كېلىپ توپلىنىشقا باشلىدى. * بۇنىڭدىن بىر ئاي بۇرۇن ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن بۇ قېتىمقى ئىمتىهانغا تەييارلىق قىلىش ئۈچۈن 100 سوئال چىقىرىپ، هەرقايسى جايلارغا تارقىتىپ بەرگەنىدى.

**هەرقەدەمدە** رەۋ (هەر+قەدەم+دە) هەربىر قەدەمدە، ماڭدامدا؛ ناهايىتى قىسقا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە، پات-پاتلا: مۇنداق ئىشلار بىزگە هەرقەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ.

**هەرقەيەر** ئال (هەر+قەيەر) هەرقايسى يەر، هەرقايسى ئورۇن، هەرقايسى جاي: يىغىندا هەرقەيەردىن كەلگەنلەر بار ئىدى.

**هەركىم** ئال (هەر+كىم) مەلۇم كۆپ سانلىق كىشىلەرنىڭ هەرقانداق بىرى، هەربىر كىشى: هەركىم بارغا باتۇر (ماقال). * بۇ يەردە هەركىم قانغۇچە ئىچىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭنىڭ سۈيى يوق ئىدى. * بىر قېتىم دادام مېنى ئالدىغا چاقىرىپ: «سەنمۇ بىر يىگىت ئەمەسمۇ، كىشىلەر چايناپ بەرگەن

نانىنىڭ نېمە تەمى بولسۇن، ھەركىم ئۆزىنىڭ تۇرمۇش يولىنى ئۆزى تاللىشى كېرەك» دەپ تەنقىد قىلغانىدى.

**ھەرگىز** رەۋ. پەقەت، زادى، ئەسلا؛ قەتئىي: مېنىڭ ئۈمىدسىزلىكىم ھەرگىز پادىشاھلىق ئورنۇمنى يوقىتىپ قويغانلىقىمدىن ئەمەس، بەلكى ئادەملەردىن رەزىللىك بىلەن ۋاپاسىزلىقنى كۆرگەنلىكىمدىن بولۇۋاتىدۇ. * ئۇ ئەمدى ئۆزىنى ھەرقانچە ئەيىبلىگەن بىلەنمۇ بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەرگىز ئەسلىگە كەلمەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**ھەرنېمە** ئال (ھەر+نېمە) ھەرقانداق نېمە، ھەرقانداق نەرسە: بولسا ھەرنېمە ئوخشايدۇ (ماقال). * بېشىمغا ھەرنېمە كەلسە چىدايمەن. ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەنمەن.

**ھەرنېمە بولسا** ھەرقانداق شارائىتتىمۇ، ھەرقانداق ئىش بولسىمۇ، ئىش قىلىپ، ھەرھالدا: — ھەرنېمە بولسا ياراتقان ئىگەم مېنى سىلىگە ئۇچراشتۇرۇپتۇ، ئۆزلىرىگە كۆپ رەھمەت، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ كۆزلىرىدىن دەريادەك ياش ئاققۇزغان ھالدا.

**ھەرنېمە دېمەك** خالىغانچە سۆزلىمەك، ئاغزىغا نېمە كەلسە شۇنى دېمەك: ئۇنىڭسىزمۇ ئالتە بالا بولغاندا ئېرىدىن ئاجراشسا خەقلەر ھەرنېملەرنى دېيىشى مۇمكىن ئىدى. * ھاراق ئىچىدۇ دەيدۇ، تاماكا چېكىدۇ دەيدۇ. ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ، دەرد كەلمەيدۇ بىلمەيدۇ.

**ھەرنېمە قىلىپ** بارلىق چارە-ئۇسۇللارنى ئىشقا سېلىپ، تەدبىر قوللىنىپ: ئاشلىق يىغىلىپ بولسىلا قولىمىزدا ھۆكۈم بولغانىدىن كېيىن ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ھوسۇلنى تولۇقى بىلەن يىغىۋېلىپ ئۇلۇغلىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا جىنىمىز پىدا.

**ھەر-ھەر** كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، شۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئادەم ياكى ئىش-ھەرىكەتنى ماختاش، ئاشۇرۇش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ: ھەر-ھەر ئىشلارنى قىلماق. * ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ئۆتكۈررەك، ھەر-ھەر سۆزلەرنى بىخىرامان، بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە قارىشىپ تۇرۇپ دېيىشىدىغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. * ئادەتتە كەم سۆز، ئۇن ئېغىز گەپكە بىر ئېغىز جاۋاب قايتۇرىدىغان، ھەر-ھەر ئىشلارنى ئىچىگە سىڭدۈرۈپ يۈرىدىغان باقى قويچى دەردنى ئىچىگە يۇتۇپ ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى-دە، كېتىشكە تەمشەلدى.

**ھەرىچاق** ئى. كىچىك ھەرە: ھەي ھەرىچاق، ھەرىچاق، ياساپ قويدۇم مەن باغچاق. كەتتى گۈللەر ئېچىلىپ، خۇش بۇي ھىدى چېچىلىپ.

**ھەرىدەتمەك** «ھەرىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچنى ھەرىدەتمەك، ئوتۇننى ھەرىدەتمەك.

**ھەرىدەشمەك** «ھەرىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەرىدەلمەك** «ھەرىدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شال ھەرىدەلدى.

**ھەرىدىمەك** پ. ھەرە بىلەن كەسمەك، ھەرىلىمەك: ياغاچنى ھەرىدىمەك.

**ھەرىكەت** ئى (ئە) ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ياكى ئۇلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنىڭ ئەسلىدىكى تىنچ ھالەتتىن ئۆزگىرىشى؛ قىمىرلىشى: قول-پۇت ھەرىكىتى. كۆز ھەرىكىتى. ھەرىكىتى چاققان. ھەرىكىتى سۇس. ھەرىكەتتىن توختىماق. * كۈنلەر ئۆتكەنسېرى، قەمەر راستىنلا «قېلىن»-لىشىپ قالدى. ئەمدى ئۇنىڭ قولى تىنەرەش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە ماشىنىدەك چاققان، خاتاسىز ھەرىكەت قىلاتتى. * — ئۇن دېگەننىچۇ، قاراپ قويغانغا بەرمەيدىكەن،

شاراقلاپ تۇرىدىغان قىزىل قەغەزنى ساناپ
ئۆتكۈزسە بېرىدىكەن، — دېدى خۇماقىز
قولىغا تۇكۇرۇپ پۇل سانىغانداك هەرىكەت
قىلىپ. ② < فىز > جىسىملارنىڭ ئورنىنى
ئۆزگەرتىش هادىسىسى. ئادەتتە بىر
جىسىم بىلەن باشقا جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى
نىسبىي ئورۇن يۆتكىلىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.
مەلۇم جىسىمنىڭ هەرىكىتى باشقا بىر
جىسىمغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ: ئايلانما
هەرىكەت. يەر شارىنىڭ هەرىكىتى. ئاينىڭ
هەرىكىتى. پويىزنىڭ هەرىكىتى. ماشىنىنىڭ
هەرىكىتى. ③ بىرەر ئىشقا كىرىشىش، بىرەر
نەرسە قىلىشقا ئۇرۇنۇش؛ ئىنتىلىش،
تىرىشىش؛ تەرەددۇت: قېچىشقا هەرىكەت
قىلماق. * مەن ئىلاندەك تولغىنىپ، ئۇنىڭ
چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇشقا هەرىكەت قىلاتتىم. *
مىرغەزەپ: — نەۋرىڭىز باتۇرنى ۋاڭ جانابلىرىغا
ساياهەتتىن قايتقاندىن كېيىن، ئوردىدىن
چىقىرىپ بېرىشكە هەرىكەت قىلىمەن، —
دېدى. ④ ئىدىيىنىڭ تاشقى جەهەتتىك
ى، ئەمەلىي ئىپادىلىرى؛ ئەمەلىيەت؛
قىلىق؛ يۈرۈش-تۇرۇش: سۆزى بىلەن هە
رىكىتى بىردەك بولۇش. قانۇنسىز هەرىكەت.
نامۇۋاپىق هەرىكەت. * — «نامازشام
خىزىرى» نىڭ هەرىكىتى توغرىسىدا نېمە
خەۋەر بار؟ — سورىدى ئۇ. ⑤ < پەلس >
تەبىئەتتە شۇنداقلا پۈتكۈل ئالەمدە يۈز
بېرىدىغان بارلىق ئۆزگىرىش ۋە جەريانلار.
ئاددىي ئورۇن ئۆزگىرىشلىرىدىن تارتىپ
تاكى مۇرەككەپ بولغان ئىنسان
تەپەككۇرىغىچە بولغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ
هەممىسى ماددا هەرىكىتىنىڭ ئىپادىلىرىدۇر:
دۇنيادا هەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان ماددىدىن
باشقا هېچنەرسە يوق، ماددىنىڭ هەرىكىتى
بولسا چوقۇم مۇئەييەن بىر شەكىل ئالىدۇ.

⑥ كۆچمە. سىياسىي، مەدەنىيەت،
ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق جەهەتلەردىكى
تەشكىللىك، مەقسەتلىك ئېلىپ بېرىلىدىغان
هەمدە تەسىرى چوڭراق بولغان ئاممۇي،
ئىجتىمائىي پائالىيەت؛ ئىنقىلاب: 4-ماي
هەرىكىتى. مىللىي ئازادلىق هەرىكىتى. ئىشچىلار
هەرىكىتى. دېهقانلار هەرىكىتى. تېخنىكا يېڭىلاش
هەرىكىتى. ئىنقىلابىي هەرىكەت. ئەكسىلئىنقىلابىي
هەرىكەت. * بەزى يولداشلار ئەدەبىي
تەنقىد ۋە ئۆزئۆزىنى تەنقىد قىلىش قانات
يايدۇرۇلسا، هەرىكەت ئېلىپ بېرىلىپ، كالتەكلىنىش
كېلىپ چىقامدىكىن دەپ ئەنسىرەيدۇ. ⑦ كۆچمە.
سەپەرۋەرلىك: هەرىكەتكە كەلمەك.
هەرىكەتكە كەلتۈرمەك. * دۆلىتىمىز بويىچە
بارلىق خەلق هەرىكەتكە كېلىپ، يېڭى،
ئەركىن، باي هايات ئۈچۈن، يېڭى جۇڭگو
قۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىي كۈرەشكە ئاتلاندى.
⑧ كۆچمە. تەدبىر، ئامال-چارە: ئەگەر
پارتكوم بۇ قېتىم دادىل هەرىكەت قوللانمايدىغان
بولسا، ناهىيىنىڭ پۈتۈن ئىشىغا ياخشى رەهبەرلىك
قىلالمايدۇ.

**هەرىكەت ئەزاسى** < زوئول > هايۋانلار
گەۋدىسىدە ئۆسكەن هەرىكەتلىنىش ۋە
باشقا رولى بولغان ئورگان. مەسىلەن،
كۆكرەك پالاقچە، ئالدى ئاياغ، كەينى
ئاياغ، بوغۇم پۈتلۈق هايۋانلارنىڭ هەرخىل
پۈتلىرى قاتارلىق.

**هەرىكەت پسخولوگىيسى** < پسخول >
پسخولوگىينىڭ بىر تارمىقى. ئادەمنىڭ
تەنتەربىيە هەرىكىتى جەريانىدا ۋە
هەرىكەتتىن كېيىن پەيدا بولغان
پسخىكىلىق جەريان هەم ئىپادىسىنى
ۋە بۇ خىل پسخىكىلىق جەريانىنىڭ
سەۋەبى، نەتىجىسىنى تەتقىق قىلىدۇ.
تەنتەربىيە هەرىكىتىدىكى پسخىكىلىق

هادىسلەر ۋە تەنھەرىكەتچىنىڭ مۇھتقا ماسلىششى، ئۇنىڭ مەقستى، ھەرىكتى، پوزىتسىيىسى بىلەن تونۇشۇش، شۇنىڭ بىلەن تەنتەربىيۋى ئوقۇتۇش، تەربىيلەش ئۇسۇلىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئىلمىي ئاساس يارىتىپ بېرىش، شۇنداقلا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ مۇسابىقىدە ئەڭ ياخشى ھەرىكەت ھالىتىدە تۇرۇشقا ياردەم بېرىش مەقسەت قىلىنىدۇ.

**هەرىكەت تەسۋىرى** < ئەد > پېرسوناژلارنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى ئىپادىلىنىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. ھەرىكەت بولسا پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، يەنى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇش، ۋەقەلەر جەريانىدا قىلغان-ئەتكەنلىرى بولغاچقا، ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى ۋە خاراكتېرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ھەرىكەت تەسۋىرىنى بېرىش ئىنتايىن مۇھىم.

**هەرىكەتتىكى يانار تاغ** < گېئول > دائىم ياكى دەۋرىي ھالدا ئېتىلىپ تۇرىدىغان يانار تاغ.

**هەرىكەت خاتىرىسى** < پسخول > قىلىنغان ھەرىكەتنىڭ شەكلى مەزمۇن قىلىنغان خاتىرە. ئۇ، نۇتۇق، ئەمگەك، ھەرىكەت، مۇزىكا، ئۇسسۇل قاتارلىق ماھارەتلەرنى پىششىقلاشنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

**هەرىكەت قىلماق** ① پائالىيەت ئېلىپ بارماق، ھەرىكەتلەنمەك: مەن ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، ئاخىرى، قەتئىي ھەرىكەت قىلىش قارارىغا كەلدىم. * مانا شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلابچىلارنىڭ نىلقا تاغلىرىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ قالدىم. ② تىرىشماق، كىرىشمەك: دۈرنەم پەرھادنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ باقتى. * تۆمۈر خەلپىنىڭ ھەمراھلىرى ئۇنىڭ ئۇرۇمچىگە بېرىشىغا قوشۇلماي، ئۇنى گەپ-سۆز بىلەن توسۇشقا ھەرىكەت قىلاتتى.

**هەرىكەتكە كەلمەك** ھەرىكەت باشلىماق، قوزغالماق، كىرىشمەك: ھەممىمىز تېزدىن ھەرىكەتكە كېلىپ، زەھەرلىك چېكىملىك ئەتكەسچىلىرىگە قاتتىق زەربە بېرەيلى. * نىزامىدىن ئېتىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كېمىگە چىقتى. كەينىدىن ئاتلارنى يېتىلەپ ئاقلبەك چىقتى، كېمىنىڭ زەنجىر تاقىسى يېشىلدى، پالاق ھەرىكەتكە كەلدى.

**هەرىكەت مىقدارى** < فىز > ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىمنىڭ ھەرىكەت ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بىر خىل فىزىكىلىق مىقدار. ھەرىكەت مىقدارى بىر ۋېكتور بولۇپ، ئۇنىڭ يۆنىلىشى جىسىمنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشى بىلەن ئوخشاش. ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىمنىڭ ماسسىسى بىلەن تېزلىكىنىڭ كۆپەيتمىسىگە تەڭ.

**هەرىكەت نامى** < تىل > ← **ئىسمداش.**

**هەرىكەت نەزەرىيىسى** < پەلس > كائىناتنىڭ ئاپرىئورىلىق چۈشەنچىدىن خۇلاسىلەپ چىققان ھەرىكەت ھەققىدىكى نەزەرىيىسى.

**هەرىكەت نېرۋىلىرى** < ئانات > پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن دېگۈدەك ھەرىكەت تالالىرىدىن تۈزۈلگەن نېرۋىلار.

**هەرىكەت نىسبىتى** < ماشىن > مېخانىزملارنىڭ ھەرىكەت ئۈزاتقۇچى قۇرۇلمىلىرىدىكى ئىككى بۆلەك ھەرىكەت ئۈزاتقۇچى دېتالنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتىنىڭ نىسبىتى.

**هەرىكەت ئۈزاتقۇچ چاق** < ماشىن > مېخانىزملاردىكى ھەرىكەت ئۈزىتىپ

بېرىدىغان چولڭ چاق.

**ھەرىكەت ئۈزاتقۇچ سىستېما** < ماشىن > ئاپتوموبىل دۋىگاتېلى بىلەن پروپېللېر ياكى ھەرىكەتچان ئوق ئارىسىدىكى ۋاستىچى مېخانىزملار.

**ھەرىكەت ئۈزىتىش** < ماشىن > بىر مېخانىزىمدىكى ھەرىكەتنى يەنە بىر مېخانىزمغا ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى. ھەرىكەت ئۆتكەندە چاق، قۇراشتۇرۇلما، سىستېما ۋە مېخانىزملار ئارقىلىق ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**ھەرىكەت ئېنېرگىيىسى** < فىز > جىسىم ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق ئىگە بولغان ئېنېرگىيە. ئۇنىڭ چولڭ-كىچىكلىكى ھەرىكەتلىنىۋاتقان جىسىمنىڭ ماسسىسى بىلەن تېزلىكىنىڭ كۋادراتلىرىنىڭ كۆپەيتمىسىنىڭ يېرىمىغا تەڭ.

**ھەرىكەتچان** سۈپ ① ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدىغان؛ تېز ھەرىكەتلىنىدىغان: ھەرىكەتچان ھۆجەيرە. ھەرىكەتچان ئوق. * ئۇ تامدىكى كونۇپكىنى بېسىۋىدى، دېرىزە يېنىدىكى تام يانغا سىرىلىپ بىر بوشلۇق پەيدا بولدى، ئۇلارنى ھەرىكەتچان پول قەدەم تاشلاتقۇزمايلا ئېلىپ كەتتى. ② كۆچمە. غەيرەتلىك، ئىشچان، پائالىيەتچان: ئۇ تولىمۇ ھەرىكەتچان ئادەم بولغانلىقتىن يالغۇز ئۆزى ئىشلەپ شۇنچە ئادەمنى بېقىپ كەلگەنىدى.

**ھەرىكەتچان غالتەك** < فىز > ئورنى تۇراقسىز بولغان غالتەك. ئىشلىتىلگەندە پۈتۈن غالتەك ئورنىدىن قوزغىلىدۇ. بۇ خىل غالتەكنى ئىشلەتكەندە، كۈچنى تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**ھەرىكەتچان كۆۋرۈك** < بىن > پاراخوتلار كەلگەندە ئېچىلىپ يول بېرىدىغان كۆۋرۈك.

**ھەرىكەتچان نۇقتا** < مات > گېئومېترىيىدە ئورنى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نۇقتا.

**ھەرىكەتچانلىق** «ھەرىكەتچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇنداق سەكرەتمىلىك تەسۋىر، ھېكايە سيۇژىتىنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا ئىگە ئەھمىيەتلىك ۋەقەلەردىن تۈزۈلگەنلىكى ئوبرازنى تېخىمۇ كۈچلۈكلۈك، جانلىقلىق ۋە ھەرىكەتچانلىققا ئىگە قىلغان.

**ھەرىكەتسىز** سۈپ. ھەرىكىتى يوق، ھەرىكەت قىلمىغان، جىم: ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ھەرىكەتسىز كۆزلىرىدىن ھېچقانداق ئىپادىنى بىلگىلى بولمايتتى. ‖ — مۇشۇنداق ھەرىكەتسىز ياتىۋەرسەك، ئۈزۈنغا قالماي ئوزۇق-ئوقەتىمۇ تۈگەيدۇ، — دېدىم مەن تۇەنجاڭغا ئۇنىڭ نىيىتىنى بىلمەكچى بولۇپ.

**ھەرىكەتسىزلىك** «ھەرىكەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كوچىلاردا خۇشاللىق كۆرۈنمەيتتى، ئۇنىڭدا سۈس ھەرىكەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرەتتى.

**ھەرىكەتلەندۈرگۈچ** سۈپ. ھەرىكەتلەندۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، ھەرىكەتلەندۈرىدىغان: ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. * — دەل گەپ، راست ئېيتتىڭ، پارتىيە 11-قۇرۇلتىيى قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بولدى، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ جەڭ دۇمبىقى چېلىندى، — دېدى قۇدرەت زەرەپشانىنىڭ تېخى تېزگىنلەنمىگەن قىرغاقلىرىغا نەزەر تاشلاپ.

**ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ** ① < ماشىن > مېخانىزمنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە تەسىر كۆرسىتىدىغان تۈرلۈك كۈچلەر. مەسىلەن، سۇ كۈچى، شامال كۈچى، ئېلېكتر كۈچى، ئۇلاغ كۈچى قاتارلىق. ② كۆچمە. خىزمەت، ئىش قاتارلىقلارنى ئالغا سىلجىتىدىغان، ئۇلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىدىغان كۈچ: خەلق پەقەت خەلقلا دۇنيا تارىخىنى

يارىتىقۇچى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچتۇر. * كوللېكتىپنىڭ شان-شەرەپ تۇيغۇسى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن يۇقىرى ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلەرنىڭ بىرى.

**ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئوق** < ماشىن > پاراۋۇزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈش قۇرۇلمىلىرىنى بىۋاستە ئىشقا سالىدىغان چاق ئوقى.

**ھەرىكەتلەندۈرمەك** « ھەرىكەتلەنمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا ئاردەك ئورۇق، ئۇزۇن بارماقلىرىنى توختىماي ھەرىكەتلەندۈرۈپ يالپۇزلارنى سىلاپ قويدى. * سېستىرا قىز چاقماق تېزلىكىدە ھەرىكەت قىلىپ، كېسەل بالىغا يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئوكۇل ئۇردى. * بىز ئاممىنى تولۇق ھەرىكەتلەندۈرىدىغانلار بولساق، بۇ ئىشنى چوقۇم ياخشى ئىشلىيەلەيمىز.

**ھەرىكەتلەندۈرۈشمەك** « ھەرىكەتلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ھەدىگىز بۇ يېزىنىڭ ئۆي-جوڭقۇرىنى ئوبدان بىلىدۇ، سىز شۇنى تاپسىڭىز، ئاممىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشۈپ بېرىدۇ، — دېدىم ئۇنىڭغا.

**ھەرىكەتلەندۈرۈلمەك** « ھەرىكەتلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ماشىنىنىڭ چاقى ھەرىكەتلەندۈرۈلدى. * ئۇنىڭ يارىدىمىدە ئاما ھەرىكەتلەندۈرۈلۈپ، ئەنزىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان يىپ ئۇچىغا تېزلا ئىگە بولدۇق.

**ھەرىكەتلەنمەك** پ ① ھەرىكەتكە كەلمەك ھەرىكەت قىلماق، قوزغالماق: تىراكتورنىڭ ماتورى ھەرىكەتلەندى. * شۇ كۈنى ئەتىگەن ئۇ ئۆيدىن چىقىپ قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلگەندە، كامىلنىڭ قەبرىسى ئەتراپىدا بىر گەۋدىنىڭ ھەرىكەتلىنىپ يۈرگىنىنى كۆردى. ② بىرەر ھەرىكەت ئېلىپ بارماق، بىرەر پائالىيەتنى قىلماق، ئىشقا كىرىشتۈرمەك، سەپەرۋەرلىككە كەلمەك: ئامما تولۇق ھەرىكەتلەندى. * يولداشلار، ھەرىكەتلىنەيلى. * سېپىل سىرتىدىن بولۇۋاتقان ھوجۇمنىڭ بارغانچە كۈچىيىۋاتقانلىقىدىن ئەنسىزلىنىۋاتقان جامالىدىن جازا ئەترىتىدىكىلەرنىڭ تېز ھەرىكەتلەنمەيۋاتقانلىقىدىن خاپا بولۇپ، ئۇلارغا نېمىدۇر بىرنېمە دەپ چالۋاقىغىلى تۇردى. ③ < پەلس > شەيئىلەرنىڭ تاشقى كۈچنىڭ تەسىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى ھەرىكەتكە كېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ھەرىكەتلىك** سۈپ. ھەرىكەت قىلىدىغان.

**ھەرىكەتلىك بىرىكىش** < ماشىن > بىرىكىشنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا بىرىكىدىغان دېتاللار ئارىلىقىدا بەلگىلىك ئارىلىق قالىدۇ.

**ھەرىكەتلىك مال-مۈلۈك** < س ئىق > ھەرىكەتلىك مەبلەغنىڭ ماددىي ھالىتى.

**ھەرىكەتلىك ئۇرۇش** < ھەرب > مۇنتىزىم بىكىتۋەننىڭ ئۇزۇن ئۇرۇش سەپلىرى ۋە كەڭ ئۇرۇش رايونلىرىدىكى ئوپېراتسىيە ھەم جەڭ قىلغۇچى تاشقى سەپلەردە بولىدىغان تېز ھەل قىلغۇچ ھوجۇم ئۇرۇشىنىڭ بىر خىل شەكلى.

**ھەرىلەتمەك** « ھەرىلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچ ھەرىلەتمەك.

**ھەرىلەشمەك** « ھەرىلىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەدىسىلا گۈلدۈرلەپ كېلىپ، ئۇ قۇرۇلۇشقا، بۇ باشلىققا دەپ كوللېكتىپنىڭ ئورمانلىرىغا قالايمىقان پالتا ئۇرۇشاتتى، ھەرىلىشەتتى.

**ھەرىلەنمەك** « ھەرىلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دوڭغاق جىگدە سۆز تاشلاپتۇ بىركۈنى، ھەرىلىنىپ يىقىلغان بىر تېرەككە.

**ھەرىلىمەك** پ. ھەرە سالماق، ھەرە بىلەن

كەسمەك: ياغاچ ھەرىلىمەك. * ئەڭ ئاخىرى، مەسلىھەت بويىچە، سۇپتاينىڭ پۇتى ھەرىلەپ كېسىلدى. * ئۇ بۇ يەردە يەنە قېچىش ھەرىكىتىدە بولۇپ، دېرىزىنى ئالتە ھەپتىگىچە ھەرىلەش بىلەن ئاۋارە بولدى.

**ھەزەر** ئى (ئە) بىرەر قورقۇنچلۇق، شۈبھىلىك، زەرەرلىك، نەرسە ياكى ھادىسىدىن ئۆزىنى تارتىش، ساقلىنىش؛ ئېھتىيات: ھەزەر ئەيلىمەك. ھەزەر قىلماق. * گىلدىڭلىتىپ تۆلكىدەك قۇيرۇقىنى، كۆتەر ئىدى تۆرەمنىڭ بۇيرۇقىنى. لېكىن تۆرەم بەرمەيتتى ئىچى سىرىنى، ھەزەر بىلەن تاشلايتتى كۆز قىرىنى.

**ھەزەر ئەيلىمەك** ← **ھەزەر قىلماق**: ئۇ ئۆزى ھۆكۈمەتنىڭ ئادىمى، يېزىنىڭ چوڭ باشلىقى بولغاچقا، باشقىلارنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ھەزەر ئەيلەپ، ئۆز ئورنىدا ھېلىقى يىقىن كىشىسىنى ئەۋەتكەنىدى.

**ھەزەر قىلماق** ئۆزىنى تارتماق، پەخەس بولماق، ساقلانماق، ئېھتىيات قىلماق: دۈشمەندىن ھەزەر قىلغىن، ھۇرۇندىن بىزار بولغىن (ماقال). * بىر دۆۋە قۇرۇق قەغەزنى تۇتۇپ قېلىپ، ۋەيران بولىدىغان ئاقىۋەتتىن ھەزەر قىلمىسمۇ بولمايدۇ. * مەنسەپ ۋە پۇل-دۇنياغا تايىنىپ، ئۆزىنى قالتىس چاغلاپ، ۋىجدان ئەھلىنىڭ ئېشىغا توپا چاچماقچى بولغان ئەي زالىم، ئۆزۈڭگە ئېھتىيات قىل، ئاشىقلارنىڭ غەزىپىگە دۇچار بولۇشتىن ھەزەر قىل، ئىشىق ئوتى بىر ماگمىدۇر.

**ھەزرەت** ئى (ئە) ① كۆپىنچە «ھەزرەتلىرى» شەكلىدە ئۇلۇغلاش، ھۆرمەتلەش مەنىسىدە كېلىدۇ: پادىشاھ ھەزرەتلىرىگە بۇ كۈنلەردە خىزمەتچى لازىم بولغانىكەن، يۇرت چوڭلىرىغا ئىشىنىپ، يۇرت ئىچىدىكى پۇقرالاردىن خىزمەتكە كىشى بېرىشنى سوراپتۇ. * — ئى پادىشاھى ئالەم، پېقىرنىڭ ھەزرەتلىرى بىلەن شىكارغا چىقىشى تۈنجى قېتىم، — دەپتۇ يىگىت. ② ھۆرمەت يۈزىسىدىن بەزى شەخسلەرنىڭ ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ تەخەللۇسى ئورنىدا قوللىنىلىدۇ: ئېلى ھەزرەت. ئىسمائىل ھەزرەت. ③ قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى ئاپئاق خوجا مازىرى جايلاشقان يېزىنىڭ نامى.

**ھەزرىتى** سۈپ. شەخسلەرنى ھۆرمەتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: بۇ بېشىمغا چۈشتى سەۋدا، مەدەت قىل ھەزرىتى مۇسا، ئاشىقلار پىرى يۇسۇپ-زىلەيخا، غېرىبنى ساڭا تاپشۇردۇم.

**ھەزرىتى ئالىيلىرى** كۆزدە تۇتۇلغان كىشىنىڭ نامىنى تېخىمۇ ئۇلۇغلاپ ئېيتىلىدىغان ھۆرمەت ئىبارىسى: — ھەزرىتى ئالىيلىرىغا ئېيتىدىغان مۇھىم خەۋەر بار ئىدى، — دېدى خەۋەرچى بېشىنى ئېگىپ.

**ھەزىل** ئى (ئە) كىشىلەرنى كۈلدۈرۈش، كۆڭلىنى ئېچىش مەقسىتىدە قىزىقچىلىق قىلىپ ئېيتىلىدىغان ساتىرىك گەپ سۆز ياكى كومېدىيىلىك ئىش-ھەرىكەت، چاقچاق: تۆمۈرچى چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىپ، ئازابلاۋاتقان بېلىنى رۇسلىۋېلىپ، ھەزىلگە ھەزىل بىلەن جاۋاب بەردى.

**ھەزىل قىلماق** كۈلكىلىك گەپ-سۆزلەرنى ئېيتماق، كومېدىيىلىك ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلماق، چاقچاق قىلماق، چېقىشماق: كىشىگە ھەزىل قىلىشنى زادىلا بىلمەيدىغان ئاق كۆڭۈل ھاشىم بوۋاي بۇ نۆۋەت پاسارنىڭ ناخشىسىغا بېرىلگەن باھانى ئويلاپ ئۆزىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

**ھەزىلەك** (پ) ① ئى. ئاياللارغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئەر، ھېجىقىز، كۆت، بەچچە: — ھىم، ئۇنىمۇ ئەر دېگىلى بولامدۇ؟ ئۇ ئۇسسۇلچى ھەزىلەككۇ! — دېدى زەمزەم قارى. * كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن

زەمزەم قارى. * كىشىلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن «ھەزىلەك بايۋەچچە» دەپمۇ تىللىشاتتى.
② سۆپ. كۆچمە. ئۆز سۆزى، ۋەدىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، بىرەر ئىشنى بېجىرىش قولىدىن كەلمەيدىغان؛ نامەرد: ــ تازىمۇ بىر ھەزىلەك ئىكەنسەن، مەن سېنى يىگىت دەپ قاراپ گېپىڭگە ئىشىنىپتىمەن، ــ دېدى سەمەت ئۇنىڭغا.

**ھەزىلەكىلىك** «ھەزىلەك» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ــ ناۋادا بىرەر كېلىشمەسلىك يۈز بېرىپ قالسا، ھەزىلەكىلىك قىلىپ ئۆز دوستۇڭنى پاش قىلىپ قويماسسەنمۇ ــ دېدى سەمەت مەمەت باقىغا.

**ھەزىلكەش** ئى (ئە+پ) ھەزىل قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەزىل قىلىشقا ئامراق، ھەزىل قىلىشقا ئۇستا كىشى؛ چاقچاقچى: بايرام نامايىشىغا قاتناشقان ئامما كۈلۈشەتتى، بىر-بىرىنى ئىتتىرىپ قىستىلىشاتتى، سېرىك ئۆمىكىدىكى ھەزىلكەشلەر بىلەن ئۆزئارا قىزىقچىلىق قىلىشىپ چاقچاقلىشاتتى، ئۇلارغا قەغەز لېنتىلارنى ئېتىشاتتى.

**ھەزىلكەشلىك** «ھەزىلكەش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دەرۋازا ئېچىپ بېرىلدى. ئىشپىيون ھېكىم نۇر ياتاققا كىرىپ كۆپچىلىككە بىر خىل ئوچۇق چىراي ۋە ھەزىلكەشلىك بىلەن سالام بەردى.

**ھەزىللەشمەك** پ. ھەزىل قىلىشماق؛ قىزىق، كۈلكىلىك گەپلەرنى قىلىشىپ، ئويناشماق، چاقچاقلاشماق: ــ قىزچاق دەيمۇ، رەيھان دەيمۇ ئەمدى سىزنى؟ ــ ھەزىللەشمەڭ، ئاگرانوم قىز دەيسىز ئەمدى.

**ھەزىم** ئى (ئە) يېمەكلىكنىڭ ئاشقازاندا سىڭىشى، ئورگانىزمدا ئۆزلىشىشى: ھەزىم بولماق. ھەزىم قىلماق. * ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىنى ساقلاپ كېسەل بولماسلىقنى ۋە ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشنى خالايدىغانلار، ئەلۋەتتە، ھەزىم ئەزالىرىنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراشقا دىققەت قىلىشلىرى لازىم.

**ھەزىم بولماق** < فىزىئول > يېمەكلىكلەر ئادەم ياكى ھايۋانلار تېنىدە فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك روللار ئارقىلىق سۇدا ئاسان ئېرىيدىغان، شۇنىڭدەك ئورگانىزم شۈمۈرەلەيدىغان ئوزۇقلۇقلارغا ئايلانماق.

**ھەزىم قىلالماسلىق** < تىب > جۇڭگو تىبابەتچىلىكىدىكى تاماققا چەك قويماسلىق سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشىدىن ئىبارەت بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا كۆكرەك، قورساق چىڭقىلىش، سېرىق سۇ ياندۇرۇش، ئىچى قېتىش ياكى ئىچى سۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ھەزىم قىلماق** ① < فىزىئول > ئادەم ياكى ھايۋانلار ئۆز تېنىدە ئوزۇقلۇقلارنى فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك روللار ئارقىلىق سۇدا ئاسان ئېرىيدىغان، شۇنىڭدەك ئورگانىزم شۈمۈرەلەيدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك. ② كۆچمە. ئۆزلەشتۈرمەك، چوڭقۇر ھەم پىششىق بىلىۋالماق، ئورناشتۇرماق، ياخشى بىلمەك: ئەڭ ياخشىسى بىر قېتىمدا بىر دەرسنى ئۆتكەن ياخشى، ئەگەر بىر قېتىمدا دەرس كۆپ ئۆتۈلۈپ كەتسە ھەزىم قىلغىلى بولمايدۇ. ③ كۆچمە. چۈشەنمەك، تېگىگە يەتمەك: ئۇ دېگەن بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىمۇ ئوقۇمىغان خوتۇن، شۇڭا بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا دېگەن بىلەن ھەزىم قىلالمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى دېمىگەن تۈزۈك.

**ھەزىم قىلىش سىستېمىسى** < ئانات > ئادەم ۋە ھايۋانلار تېنىدىكى ئېغىز بوشلۇقى، قىزىل ئۆڭگەچ، ئاشقازان، كىچىك ئۈچەي، چوڭ ئۈچەي قاتارلىقلاردىن

تەشكىل تاپقان سىستېما. ئادەتتە ئۇ يېمەكلىكلەرنى ھەزىم قىلىش ۋە ئوزۇقلۇقنى شۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**ھەزىم قىلىش ئېنزىمى** < بىئول > ئوزۇق-لۇقنىڭ تەركىبىدىكى كراخمال، ماي، ئاقسىل قاتارلىق ماددىلارنى ھەزىم قىلىش رولى بار بولغان ئېنزىم. مەسىلەن، شۆلگەيدىكى ئېنزىم دەسلەپ تەبىئىي كراخمالنى ئېرىيدىغان كراخمالغا ئايلاندۇرۇپ، ئاندىن كۆپ قەنتلىك ماددىلارغا ئايلاندۇرىدۇ، ئاخىرىدا مالتوزىغا پارچىلايدۇ.

**ھەس** ئى. ھەيران، ھاڭ-تاڭ: ھەيرانۇ ھەس قالماق. ھەيرانۇ ھەس بولماق.

**ھەسەت** ئى (ئە) باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى، ئۈستۈنلۈكىنى كۆرەلمەسلىك تۇيغۇسى؛ كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق: ھەسەت قىلماق. * ئۇنىڭ يۈزلىرىدە ئۆز تۇرمۇشى ئۈچۈن كۈتۈلمىگەن بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلگەن بۇنداق ماختاشلارغا نىسبەتەن قاتتىق ھەسەت قوزغالغاندەك بولدى. * تەشكىل ئۇنى ھادى ھەيدەۋاتقان تراكتورغا شاگىرتلىققا بەلگىلىدى، لېكىن ھادى بۇ يىگىت شاگىرتىغا ھەسەت بىلەن قارىدى.

**ھەسەت قىلماق** كۆرەلمەسلىك، ئىچى تارلىق قىلماق: ئۇنىڭ ناسىر ئاكىنىڭ يېڭى تۇرمۇشىغا ھەسەت قىلىۋاتقان ئاشۇ كۈنلىرىدە، ئارىغا يەنە بىر يېڭى زىددىيەت چۈشۈپ قالدى. * بۇ بىر توپ كىشىلەر ماڭا دۈشمەن، ئۇلار ماڭا ھەسەت قىلىشىدۇ.

**ھەسەتخور** سۈپ (پ) باشقىلارغا ھەسەت قىلىدىغان، ھەسەتخورلۇقنى ئادەت قىلىۋالغان، كۆرەلمەس، ئىچى تار؛ چىدىماس: ھەسەتخور ۋەزىر. * قورقۇنچاق ھەسەتخور بولار، نامەرد قەسەمخور بولار (ماقال). * مەن بۇ خەتنى ئوقۇپ، خەتنى يازغۇچىنىڭ ئاتالمىش ئىسيانچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئىچى تار، مەنسەپپەرەس، ھەسەتخور ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدىم. * پادىشاھنىڭ ھەسەتخور ۋەزىرلىرىدىن بىرى بەختىنىڭ كەمبەغەللىكىنى باھانە قىلىپ، ۋەدىسىدىن قايتۇرماقچى بولغانىكەن، شاھ ئارىسالدى بولۇپ قېلىپتۇ.

**ھەسەتخورلۇق** «ھەسەتخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەسەتخورلۇق قىلماق. * ئىنسان روھىدىكى ھەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك ئاشكارا ئۆزىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. * قاسىم سابىرلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئاتقا مىنگىشىپ كېتىۋاتقان زەيتۇنەمگە ئۇزاققىچە ھەسەتخورلۇق بىلەن قارىدى.

**ھەسەتخورلۇق قىلماق** ھەسەت قىلماق، كۆزى قىزارماق، چىدىيالماي قالماق: ئۇنىڭ بۇ خىل يېڭىلىق يارىتىش روھىغا، نېمە ئۈچۈندۇر غۇلامجان ھەسەتخورلۇق قىلاتتى. * نىجاتقا ھەسەتخورلۇق قىلىدىغان بىر-ئىككى ئوقۇغۇچى پاتلا ھامۇتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئۇنىڭ ياراملىق ياردەمچىلىرىگە ئايلاندى.

**ھەسەل** ئى (ئە) ① ھەسەل ھەرىلىرى بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل شىرنىلىرىنى يىغىش ئارقىلىق تەييارلىغان قويۇق، تاتلىق ۋە سېرىق رەڭلىك سۇيۇقلۇق. ئاساسلىق تەركىبى گلۇكوزا بىلەن فرۇكتوزا، ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ ياكى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② كۆچمە. شېرىن، تاتلىق: تىلى ھەسەل، دىلى زەھەر. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھەسەل بېزى** < بوت > بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈللىرىدىكى قەنتلىك شىرنە ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەزلىرى. بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ

هەسەل بېزى ئاتىلىق ياكى ئانىلىقنىڭ تۆۋىدە بولىدۇ (مەسىلەن، بەسەي)؛ بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ هەسەل بېزى گۈل تاجىسىدا بولىدۇ (مەسىلەن، تۆرۈپ).

**هەسەل هەرىسى** < زوئول > بىر خىل هاشارات. تېنىنىڭ يۈزىدە ناهايىتى زىچ تىۋىت تۈكچىلەر بولىدۇ. ئالدىنقى قانىتى ئارقا قانىتىدىن چوڭ، ئەركىكىنىڭ سەزگۈ مۈڭگۈزچىسى سەل ئۇزۇنراق، ئانا هەرە ۋە ئىشچى هەرىنىڭ زەهەرلىك نەشتىرى بولىدۇ. ئادەمنى چاقىدۇ ۋە توپلىشىپ ياشايدۇ. ئىشچى هەرە گۈل شىرنىسىنى يىغىپ هەسەل ئىشلەيدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۆسۈملۈكلەرنى چاڭلاشتۇرىدۇ. هەسەل، موم، پادىشاھ هەرە سۈيۇقلۇقىنىڭ زور ئىقتىسادىي قىممىتى بار.

**هەسەلچى** ئى. هەسەل ئېلىپ-ساتقۇچى ياكى هەسەل هەرىسى بېقىپ، هەسەل ئىشلەپچىقارغۇچى كىشى: ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، بۇرادەر، هەسەلچىمەن دەڭ، ياخشى گەپ، مېهمان بولىدىكەنمىز-دە؟ ــ دېدى مەنسۇر.

**هەسەلچىلىك** «هەسەلچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: هەسەلچىلىك فېرمىسى.

**هەسەلدان** ئى (ئە+پ) ① < زوئول > هەسەل هەرىسىنىڭ قىزىلئۆڭگىچى ئاخىرىدىكى گۈل شىرنىسىنى ساقلايدىغان پوكىنى. ② هەسەل ساقلايدىغان ياكى هەسەل ئالىدىغان كىچىك قاچا.

**هەسەن-ھۈسەن** < مېتېئور > ئاتموسفېرادىكى بىر خىل نۇر هادىسىسى، يەنى قۇياش نۇرىنىڭ هاۋا بوشلۇقىدىكى ئۇششاق سۇ تامچىلىرى ئارىسىدىن ئۆتكەندە سۇنۇشى ۋە قايتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان رەڭلىك ياي. سىرتىدىن ئىچىگە قاراپ قىزىل، ئاپېلسىن رەڭ، سېرىق، يېشىل، كۆك، قارا كۆك ۋە بىنەپشە رەڭدە كۆرۈنىدۇ، ئادەتتە قۇياشقا ئۇدۇل يۆنىلىشتە پەيدا بولىدۇ.

**هەسەن-ھۈسەن هەمراهى** < مېتېئور > ئاتموسفېرادا بەزىدە هەسەن-ھۈسەن بىلەن بىرلا ۋاقىتتا شەكىللىنىدىغان بىر خىل نۇر هادىسىسى. شەكىللىنىش سەۋەبى: هەسەن-ھۈسەننىڭكى بىلەن ئوخشاش. پەقەت نۇرنىڭ سۇ تامچىلىرىدىن ئۆتكەندىكى قايتىشى هەسەن-ھۈسەن پەيدا بولغاندىكىگە قارىغاندا بىر قېتىم كۆپ بولىدۇ. رەڭلەرنىڭ تەرتىپمۇ هەسەن-ھۈسەننىڭكىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ، يەنى قىزىل رەڭ ئىچىگە، بىنەپشە رەڭ سىرتىغا جايلىشىدۇ. رەڭگى هەسەن-ھۈسەننىڭكىدىن سەل-سۇسراق بولىدۇ.

**هەسرەت** ئى (ئە) روهىي ئازاب، غەم-قايغۇ، دەرد-ئەلەم: هەسرەت چەكمەك. * ئىمىن ئاكىنىڭ چىرايىدىن چىقىپ تۇرغان ئەلەم ۋە هەسرەتتىن قوزىلارنىڭ تېپىلمىغانلىقىنى بىلدىم. * خەت يېزىشقا نەشتەر سانچىلغاندەك تۇيۇلدى-دە، هەسرەت ۋە ئازاب ئىچىدە لېۋىمنى چىشلىدىم.

**هەسرەت چەكمەك** روهىي جەهەتتىن ئازابلانماق، دەرد-ئەلەم تارتماق: سودىگەر مال-مۈلۈكلىرىدىن ئايرىلىپ، هەسرەت چېكىپ، يېتىم بالا بىلەن كارى بولماپتۇ. * شوپۇر دەريانىڭ قىرغىقىغا بېرىپ، كېچىدىن بېرى قۇم قاپلاپ يېرىم قىسمى سۇ ئاستىغا چۆكۈپ كەتكەن ماشىنىسىغا قاراپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ هەسرەت چېكەتتى.

**هەسرەت قىلماق** ① بىرەر كىشىگە ئۆز غېمى، قايغۇسى هەققىدە سۆزلەپ،

قورسقىنى بوشاتماق، دەرد تۆكمەك:
— ياخشى ئوقۇۋاتقىنىڭ نىسىز قىزىم، بىزنىڭ
تەلەيسىز قىزىمىزنىلا ھېچنىمىدىن ئېيتىمغانىكەن
خۇدايىم، — دەپ ھەسرەت قىلدى ئانارخان
ئاپنۇرغا. ② بىرەر كىشى ياكى نەرسىدىن
نارازى بولۇپ شىكايەت قىلماق: ئۆزىنىڭ
بەختسىزلىكىدىن، تاپقىنىنى روزغاردىن
ئارتتۇرالماي، مۇشۇ كۈنگىچە ئۆيلىنەلمەي
كېلىشىدىن ھەسرەت قىلىپ كەتتى.

**هەسرەتتە قالماق** مەقسەتكە يېتەلمەي
پۇشايماندا، دەرد-ئارماندا قالماق: —
نېمە تېگەتتى، جانابلىرى چاپىناپ يۇتالماي
هەسرەتتە قالغان بىر تال سۆڭەك دېرىزىدىن
ئۇچۇپ چىقىپ پاچىقىمغا تەگدى، — دېدى
ئۇ ھەزىل ئارىلاش.

**هەسرەتكە سالماق** ھەسرەت چەكتۈرمەك:
— پەرزەنتسىزلىك مېنى ھەسرەتكە سالدى،
يۈرەك باغرىمنى كاۋاپ قىلدى، — دەپتۇ
پادىشاھ ۋەزىرگە.

**هەسرەتداش** ئى ① باشقىلارنىڭ ھەسرىتىگە
تەڭ ھەمسرەتلەنگۈچى، غېمىنى يېگۈچى
كىشى، دەرددىاش: بەزى يالغۇز قالغىنىمدا
سەن بولۇپ سۆھبەتدىشىم، غەمگە چۆكسەم،
مەي تۇتۇپ بولدۇڭ يېقىن ئۈلپەتدىشىم،
يىغلىسام، كۈلسەممۇ بولدۇڭ ھەمدېمىم،
هەسرەتدىشىم، شۇڭا دەيمەن سېنى:
«جانلىق ھەم يېقىن خىزمەتدىشىم». ②
بىركىم بىلەن ھەسرەتنى تەڭ چەككەن،
ئۇنىڭ بىلەن ھەسرىتى ئوخشاش كىشى:
بىچارە قىز ھەسرىتىنى كۈيلەشەتتى قايغۇ-دەرد
دەرياسىغا- ئاھۇزار كېمىسىنى-سېلىپ ئۇنىڭ
هەسرەتداشلىرى.

**هەسرەتسىز** سۈپ. ھەسرىتى يوق، ھەسرىتى
قالمىغان: داۋاسىز دەرد بولماس، ھەسرەتسىز
قېرى (ماقال). * دۇنيادا كەمچىلىكسىز ئادەم
بولمىغىنىدەك ھەسرەتسىز ئادەممۇ بولمايدۇ.

**هەسرەتلەشمەك** پ. بىرەر قىيىنچىلىق،
غەم، تەشۋىش دەرد-ئەلەم قاتارلىقلار
ھەققىدە ئۆزئارا پاراڭلاشماق، دەردلەشمەك:
شۇ ئارىدا بىز موماي بىلەن ھەسرەتلىشىپ
تۇراتتۇق، ئۇ كېلىپ سۆزنى بۆلدى.

**هەسرەتلەندۈرمەك** «ھەسرەتلەن-
مەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى:
تەزىيە يىغىنىدىكى ھېسسىياتلىق سۆزلەر پەقەت
ئۇرۇق-تۇغقانلارنى ھەسرەتلەندۈرىدۇكى،
ئۇلارغا ھېچقانداق تەسەللى بولالمايدۇ. *
ئۇنى دادىسىنىڭ سۆزى ۋە كېلىش مەنبەئەسى
ئېنىق بولمىغان ھېلىقى تېلېگراممىا ئەمەس،
بەلكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىلگىرى ئۆزى ئاڭلىغان
بەزى گەپ-سۆزلەر بىلەن بىر يەردىن
چىققانلىقى قاتتىق ھەسرەتلەندۈردى.

**هەسرەتلەندۈرۈشمەك** «ھەسرەتلەن-
مەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هەسرەتلەنمەك** پ. بىرەر كىشى ياكى
نەرسە ھەققىدە ئەپسۇسلىنىپ، زارلىنىپ
سۆزلىمەك؛ شىكايەت قىلماق؛ ئۆكۈنمەك:
قىزى گۈلسۇمخان، نەۋرىسى باتۇرنىڭ قايغۇسىنى
قىلىپ ھەسرەتلىنىپ ئولتۇرغاندا، كۈيئوغلىنىڭ
كىرىپ كېلىشى توختى بوۋاي بىلەن شەرىخان
مومايىنى بەك خۇشال قىلىۋەتتى. * بېشىمغا
ھەر خىل دەرد-ئەلەملەر چۈشۈپ، ھەرقانچە
هەسرەتلەنسەممۇ، سىرىم پىنھاندۇر.

**هەسرەتلىك** سۈپ. ھەسرەت بىلەن تولغان،
ھەسرەتنى ئىپادىلەيدىغان؛ قايغۇلۇق:
بوۋاي ئاپئاق ساقاللىرى تىترىگەن ھالدا
ياقىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ
هەسرەتلىك كۆز ياشلىرى توپىغا مىلىنىپ ياتقان
گۆشىنىڭ ئۈستىگە تامچىلاشقا باشلىدى.

**هەسرەت-نادامەت** ھەسرەت ۋە نادامەت،
روھىي ئازاب، غەم-ئەلەم، قايغۇ: ئاقسۇغا

.كەلگەندىن بۇيان قىزنىڭ مۇتەللىپنى كۆرمىگەن كۈنى بولمىغانىدى. ئەگەر شۇنداق كۈن بولۇپ قالسا، ئۆزىنى بەختسىزلىكتە ئەيىبلەپ، ئاش-تاماق يېمەي، پۈتۈن تۈن ھەسرەت-نادامەت ئىچىدە ئۇخلىماي ئازابلىنىپ چىقاتتى.

**هەسسە** ئى (ئە) ① بىرەر نەرسىنىڭ ئايرىم بىر قىسمى؛ بۆلەك، ئۈلۈش: ھوسۇلنىڭ ئۈچتىن ئۈچ ھەسسىسى. ② < مات > بىر سانىنى ئىككىنچى بىر سانغا بۆلگەندە كېلىپ چىققان بۆلۈنمە. مەسىلەن، $a \div b = c$ ئىپادىسىدىكى a نى b نىڭ c ھەسسىسگە باراۋەر دېيمىز. c بولسا ھەسسە سانى بولىدۇ. ③ يېرىم: سادىر خوشلىشىپ ئۇدۇل ئىشخانىغا كىردى. ئۇ شۇ ئولتۇرغىنىچە تۈن ھەسسىدىن ئاشقاندا لايىھىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ چىقتى. * ھەر كۈنى تۈن ھەسسە بولماستىن تېخى، قولۇمغا قاڭالتىر كاناي ئالاتتىم. ماخودا ئەزانى چاقىرىپ ئىشقا، ۋارقىراپ بەزىدە دۇمباق چالاتتىم. ④ مەرتە، باراۋەر: ئۆتكەن يىلى دېھقانلارغا تەقسىم قىلىنغان پۇل 30 مىڭ يۈەنگە يېتىپ، 1980-يىلدىكىدىن ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى. * ئۈچ ئاي جەريانىدا بۇ قەرز ئۈچ قاتلىنىپ، ئەسلىدىكىسىدىن ئالتە ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ⑤ بىرەر كىشىنىڭ ئومۇمىي ئىشقا قوشقان، قوشىدىغان ياكى شۇ ئومۇمىي ئىشتىن ئۆز ئەمگىكى ھېسابىغا ئالىدىغان ئۈلۈشى: ئانا ۋەتىنىمىز ـــ جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ پەرزەنتى بولغان ھەربىر ياشنىڭ تىرىشىپ ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنى ئىختىساس ئىگىلىرىدىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش مەسئۇلىيىتى بار، ئەلۋەتتە. * قاراخانىيلار دەۋرىدە قەشقەردە يېتىشىپ چىققان جامالىدىن قەشقەرى قاتارلىق ئۇلۇغ ئالىملارنىڭمۇ تىبابەتكە قوشقان ھەسسىسى زور. * بۇ يىلقى مۇكاپاتتا ئانىڭ بىلەن ئىككىڭلارنىڭ بىر كىشىلىكتىن ھەسسىسى بار. ⑥ بىرەر تەشكىلات ياكى گۇرۇھقا قوشۇلۇش، شېرىك بولۇش ياكى ئەزا بولۇش ئۈچۈن كىرىش ھەققى سۈپىتىدە تۆلىنىدىغان ھەق، پاي.

**هەسسە قوشماق** بىرەر ئىشقا تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشماق، كۈچ چىقارماق: مۇھەممەد ئەزەمخان ـــ ئىسلام تىبابىتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ۋە ئۇيغۇر تىبابىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ھەسسە قوشقان ھىندىستانلىق مەشھۇر ھۆكۈمالاردىن بىرىدۇر.

**هەسسدار** ئى (ئە+پ)< س ئىق >← **پايچىك.**

**هەسسدارلىق** « ھەسسدار » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھەسسدارلىق شىركىتى.

**هەسسدارلىق شىركىتى** < س ئىق > پاي چەكلىرىنى تارقىتىش ۋە سېتىش ئارقىلىق كاپىتال توپلاپ بىرلىشىپ ئاچقان كارخانىلار.

**هەسسلەپ** رەۋ. بىرقانچە ھەسسە: بوۋامدىن ئۆچمە دەرىخنىڭ ئاجايىپ خاسىيىتى ھەققىدىكى ھېكايىنى ئاڭلاپ، سېخىي، چىدامىلىق ۋە يارامىلىق بۇ دەرەخكە بولغان مۇھەببىتىم، ھۆرمىتىم ھەسسلەپ ئاشتى.

**هەسسلىك** سۈپ. ھەسسلەنگەن؛ ھەسسە كېلىدىغان: ھەسسلىك سان.

**هەسسلىك سان** < مات > بىر سان ئىككىنچى بىر سانغا پۈتۈن بۆلۈنسە، بۇ سان ئىككىنچى بىر ساننىڭ ھەسسلىك سانى بولىدۇ. مەسىلەن، 15 بولسا 3 نىڭ ھەسسلىك سانى، شۇنداقلا 5 نىڭمۇ ھەسسلىك سانى بولىدۇ.

**هەسسنەي** ئىم. بىرەر ئىشقا ئەپسۇسلىنىش

ئىماسىنى بىلدۈردى: — ۋاي خۇدايىم، ئۇ بالىنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنمىدۇ؟ ھەسسەنەي، سىمىز قوي گۆشىنى بولۇشىچە بىسىپ ئۇخشىتىپ پولۇ ئەتسەك بولۇپتىكەن، — دەپ غۇدۇڭشىدى ئاپالىم. * «ھەسسەنەي» دەيتتىم ئىچىمدە ئاشۇ چاغ، بىركۈنى بولارمىدى ساي قوينى باغ.

**ھەش-پەش** → **ھەش-پەش دېگۈچە**: باغۇەن ھەش-پەش دېگۈچە قوينى چۈشەپ تەكبىر بىلەن بوغۇزلاشقا تەييارلاندى.

**ھەش-پەش دېگۈچە** ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە، بىردەمدىلا: ئۇ ھەش-پەش دېگۈچە بىر كومزەك بوزا كۆتۈرۈپ كىردى. * ھەش-پەش دېگۈچە، نەيزە تۇتقان، شەپكە-قۇلاقچىلىرىنى قىڭغىر-قىيسىق كىيگەن تۆت سولتەك ماھارىتىنى نامايىش قىلىۋاتقاندەك، تاغامنى چەمبەرچاس باغلىۋەتتى.

**ھەشەم** ئى (ئە) ① سۆلەت، داغدۇغا: يىگىتلىككە ھەشەم كېرەك، ھاجىلىققا ھەرەم (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدىكى ئاۋارىگەرچىلىك؛ بەجانىدىللىق؛ سەرپ قىلىنغان كۈچ: ھەشەم قىلماق. * ئۇ گويا شۇ كۈنى ئۆيىگە خىزىر كېلىدىغاندەك ھەشەم بىلەن تەييارلىق قىلدى. * «چوڭ نەغمە» ئاتالغۇسى مۇقام ئاتالغۇسى ئىچىدىكى ئاتالغۇلاردىن بولۇپ خېلى ماھارەت ۋە ھەشەم تەلەپ قىلىدىغان ناخشا-ئۇسسۇلنى كۆرسىتەتتى. * ئۇلارنىڭ مۇھەببىتى نىكاھ كۈنىدىلا مۇشۇنداق يۇقىرىقىدەك خىلمۇخىل ھەشەملەر بىلەن ئاخىرى ئادا قىلىندى.

**ھەشەم قىلماق** ئاۋارە بولماق، بەجانىدىل ئىشلىمەك: مۇزەپپەرنىڭ توققۇز يۇرتنى قوزغاپ، تاغ سۈيىنى ئەكىلمەن دەپ ھەشەم قىلىشىدىن ھېچنېمە چىقمىدى.

**ھەشەمەت** ئى (ئە) كاتتا ھەشەم، سۆلەت، داغدۇغا، دەبدەبە؛ ھەيۋەت: ئۇلار ئەتىسى سەيلە قىلماقچى بولۇپ، تاشقىرىغا چىقىپ سەيلە قىلىپ يۈرگەنىكەن، تۇيۇقسىزدىن بىر ياقتىن ھەشەمەت بىلەن بىر پادىشاھ كېلىپ قېلىپتۇ. * زامانىسىدا ئىلچى شەھىرى بويىچە كۆزگە چېلىققۇدەك ھەشەمىتى بار بۇ قورۇنىڭ دەرۋازىسى كۈنچىقىشقا قارايتتى.

**ھەشەمەتچى** ئى. ھەشەمەتنى ياخشى كۆرىدىغان سۆلەتۋاز ئادەم: شەھەر ئەتراپى ۋە يىراق يېزىلاردىكى ئابرويپەرەس ھەشەمەتچى بەگلەرگە ئوخشاش، مەخسۇت بەگمۇ شەھەرگە كىرگەندە ساراي ھۇجرىلارغا چۈشكەندىن ياخشىراق دەپ، بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل ئىلگىرى كونىشەھەردىن بىر قورۇ-جاي سېتىۋالغانىدى.

**ھەشەمەتچىلىك** ئى. بىرەر ئىشنى ھەشەمەت بىلەن قىلىش؛ سۆلەتۋازلىق: ھەشەمەتچىلىك قىلماق. * ئۆي ئىچى يورۇق ھەم ئازادە ئىدى. قويۇلغان جاھازلارمۇ ئاددىيغىنا، ئارتۇقچە ھەشەمەتچىلىك چېلىقمايدۇ.

**ھەشەمەتخور** سۈپ (ئە+پ) ھەشەمەت قىلىشقا ئامراق؛ ھەشەمەت قىلىشنى ياخشى كۆرىدىغان: ئۇ بارغانسېرى بەتخەج، ھەشەمەتخور ئادەمگە ئايلىنىپ قالغىلى تۇردى.

**ھەشەمەتخورلۇق** «ھەشەمەتخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەشەمەتخورلۇق قىلماق. * — سەن ئۇنداق چېچىلماي، گېپىمگە سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سالغىن. رازىيەنىڭ تۇغۇتىغا بىرەر 100 يۈەنلىك بىرنېمە ئېلىپ كىرمەن دېگىنىڭ، چېكىدىن ئاشقان ھەشەمەتخورلۇق، — دېدى ئابلىكىم ئاپالىغا.

**ھەشەمەتخورلۇق قىلماق** سۆلەتۋازلىق، ئابرويپەرەسلىك، داغۋازلىق قىلماق: توي ئىشىدا يوتقانغا قاراپ پۇت ئۇزاتماي،

هەددىدىن ئېشىپ هەشەمەتخورلۇق قىلىش
ئورۇنسىز ئىش.

**هەشەمەتسىز** سۈپ. هەشەمىتى يوق، داغدۇغا قىلىنمىغان؛ ئاددىي: جىنازا مەھەللىدىن ناھايىتى هەشەمەتسىز، يېنىك ھەرىكەتلەر بىلەن ئۇزىتىلدى. * بۇنداق ياشانغان كىشىلەرنىڭ تويى-مەرىكىسى هەشەمەتسىز بولغاچقا، ئادەتتە مېھمانلارمۇ ئاز كېلەتتى.

**هەشەمەتلىك** سۈپ. خېلى هەشەمىتى بار، داغدۇغىسى كۈچلۈك، دەبدەبىلىك، سۆلەتلىك؛ كۆركەم، ھەيۋەتلىك: قەدىمكى زاماندا، يىراق ماكاندا، هەشەمەتلىك بىر شەھەر بولۇپ، بۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئۆز شەھىرىدىكى پۇقرالارنىڭ شاراب ئىچىشنى قاتتىق مەنئىي قىلىدىكەن.

**هەشەمخور** سۈپ (ئە+پ) هەشەم قىلىشقا ئامراق؛ سۆلەتۋاز: «بۈگۈن بالىلارنىڭ ھېلىقى ئۈنئالغۇ غەلۋىسىنى بىر مۇرادىغا يەتكۈزۈۋېتەي، بولۇپمۇ ئاشۇ هەشەمخور ئوتتۇرانچىمىزنىڭ بىر كۆڭلى ئۆسۈپ قالسۇن، مۇشەققەتنىمۇ تازا تارتتى» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە.

**هەشەمخورلۇق** «هەشەمخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: هەشەمخورلۇق قىلماق. * ياشاشنى ئىزدىسەڭ دائىم تىرىشچانلىقنى يار تۇتقىن، ئىسراپ قىلما خەزىنەڭنى، هەشەمخورلۇقنى ئار تۇتقىن.

**هەشەمخورلۇق قىلماق** ئۇشۇق ئاۋارىگەرچىلىك، سۆلەتۋازلىق قىلماق: هەشەمخورلۇق قىلىش ئىنسان ئۈچۈن ياخشى پەزىلەت ئەمەس.

**هەشەم-دەرەم** بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش جەريانىدا بولىدىغان ئاۋارىچىلىك ۋە چىقىم: رابىخانىغا يولۇققان ئادەم ياغ پۇرىتىۋەتمىسە بولمايدۇ، ئۇ ئايالنىڭ بىرمۇنچە هەشەم-دەرەم بىلەن بولغان تەييارلىقنى بىكار قىلىۋەتكىنىنى قاراڭ!

**هەشەم-دەرەم قىلماق** بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ماددىي چىقىم ۋە جىسمانىي ئاۋارىچىلىق تارتماق: — بەك ئارتۇقچە ئىش بولۇپتۇ. بۇ قەدەر هەشەم-دەرەم قىلغۇلۇق ئەمەستى، خەير بولۇپتۇ. قېنى داستىخانغا كېلەيلى، — دېدى باشلىق كۆزىنى نازۇنېمەتتىن ئۈزمەي قاراپ.

**هەشەم-دەرەمسىز** هەشەم-دەرىمى يوق، هەشەم-دەرەم قىلماي، ئاۋارىچىلىق ۋە چىقىم تارتماي: قاسىمئاخۇن بولسا، ھېچقانداق هەشەم-دەرەمسىز توي قىلىۋالغىنىغا، بولۇپمۇ، قىز تاپالماي يۈرگەن بۆرە كۆز، تەلۋە چىراي، دېۋەڭ ئوغلى شاۋازغا سەدەپ قېپىدىن يېڭىلا چىققان مەرۋايىتتەك بىر قىزنى ئېلىپ بەرگىنىگە خۇشال ئىدى.

**هەشەمسىز** سۈپ. هەشىمى يوق، هەشەم قىلماي: سادىرغا «ئۇھ» دېگۈدەك ئاراميچىلىق ئاخىر نېسىپ بولدى. ئۇنىڭ ھېچبىر داغدۇغا، هەشەمسىز ئۆتكۈزگەن ئاخىرقى سىنىقى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**هەشەملىك** سۈپ. سۆلەتلىك، ھەيۋەتلىك: هەشەملىك كىمگە چۈشكەن ئەجنەبىي، سەسكىنىپ ئۆتەتتى بۇرۇن بۇ يەردىن. قاراڭ ئەمدى سالام بېرىپ چۈشىدۇ، كەلگەندە نەپ ئېلىپ ھەربىر سەپەردىن.

**هەشتار** ئى (پ) < مۇز > سەككىز تارلىق بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

**هەشتەرخان** ئى < بوت > ← **هەشتەرخان تېرەك**.

**هەشتەرخان تېرەك** < بوت > تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى 30 مېتىر ئەتراپىدا

ئۆسىدىغان ئېگىز دەرەخ. شاخلىرى زىچ ئۆسۈپ تۈۋرۈكسىمان دەرەخ باراقسىنىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يوپۇرمىقى ئۈچ بۆلۈكلۈك، تۇۋى شىنا شەكىللىك. قوۋزىقى كۆل رەڭ ئاق. يول بويىغا ئۆستۈرۈلىدىغان دەرەخلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ياغىچى چۈرۈك كېلىدۇ.

**هەشتپەك** ئى (پ) ۋاپات بولغان ئەر كىشىنىڭ قالغان تەئەللۇقاتىنىڭ سەككىزدىن بىرى (شەرئەت قانۇنى بويىچە بۇنى ئۆلگۈچىنىڭ ئايالى ئالىدۇ) : ئۇنىڭ ئۆگەي ئاپىسى بىرەر يىلدىن كېيىن هەشتپەك ئېلىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن، ئاتىسىنىڭ جىسالىق قىلغان دەۋرىدە توپلىغان مال-مۈلۈكلىرى بىلەن قېرلىغان تاملىرى روزى موللىغا ئۆتكچە قالدى.

**هەشقاللا** ئى «رەھمەت» مەنىسىدىكى مىننەتدارلىقنى بىلدۈرىدىغان سۆز : هەشقاللا ئېيتماق. * بۇ تەنتەنە شۇ تەرىقىدە بىرئاز داۋام قىلغاندىن كېيىن، بۇ ئىشقا مەسئۇل بولغان ئايال هەربىر مېھمان ئېلىپ كەلگەن سوۋغىلارنى «هەشقاللا» دەپ تۇرۇپ بىر-بىرلەپ يىغىۋالدى. * ئۇ ئاتا-ئانىلار بىلەن كۆپچىلىكنىڭ رەھمەت، هەشقاللا... سادالىرى ئىچىدە لېۋىنى چىشلەپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسىگىنىچە سارايغا كىرىپ كەتتى.

**هەشقاللا ئېيتماق** بىركىمگە بولغان رەھمەت ۋە مىننەتدارلىقنى بىلدۈرمەك، رازىمەنلىكىنى ئىپادىلىمەك : خۇشاللىقىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغان ئابلىز قارىي سىيىت هاجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ هەشقاللا ئېيتتى-دە، پەتنۇسلارنى ئىككى قوللاپ ئېلىپ، ئاشقا تەلپۈنگەن ئاچتەك تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان ئوغلى خاتىپقا تۇتقۇزدى.

**هەشقىپچەك** ئى (ئە+پ) < بوت > يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياماشقۇچى غول (يۆگىمەچ غول). يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، ئادەتتە ئۇچكە يېرىلىدۇ. ئۇزۇن ساپىقى بار، گۈل تاجىسى ۋارۇنكا شەكىللىك. ئادەتتە سۈس قىزىل، توق قىزىل، سۆسۈن كۆك، تۇۋى قىسمى ئاق رەڭدە بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى هېسابلىنىدۇ. مېۋىسى غوزا مېۋە، ئۇرۇقى قارا، سۈرگە دورىسى قىلىشقا بولىدۇ.

**هەغدا** (توغرىسى: هەقدار) ← **هەقدار**.

**هەق** (**هەققى**) (ئە) ① سۈپ. توغرا، چىن، راست، هەققانىي: هاجىم جانابلىرىنىڭ جەبىر-زۇلۇم چەككەن پۇقراغا باش بولۇپ، جىنگ شۇرىن هۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ قىلىشى هەق ئىش ئىدى. * ياڭ زېڭشىن خالايىققا چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ: — سىلەرگە ئۇۋال بولۇپتۇ، تەلەپڭلار هەق ئىكەن. كېلىڭلار، هەرقانداق ئىش بولسا، گەپ بىلەن تۈگىتەيلى، — دېدى. * ئىشچى مۇشتۇمىنى تۈگۈپ قولىنى چىشلىدى. دېھقانىنىڭ ئېيتقىنى هەق ئىدى. ② ئى. هەقىقەت؛ ئادالەت: هەقنى كۆزلەر، هەقنى سۆزلەر، هەق ئۈچۈن جاندىن كېچەر، باشىغا يۈز مىڭ بالالار كەلسىمۇ ئادىل كىشى. * ئەلنى دەپ هەم هەقنى دەپ ئۆلسەم شەرەپ-شاندۇر ماڭا، بۇ شەرەپكە يەتمىكىم ئارزۇ-ئارماندۇر ماڭا. ③ ئى. بىرەر ئىش-هەرىكەتنى قىلىش ئۈچۈن قانۇن بويىچە بەلگىلەنگەن، جەمئىيەت تەرتىپىگە توغرا كېلىدىغان ئەركىنلىك ياكى ئىمكانىيەت؛ هوقۇق؛ هەددى: ئۇنىڭ ئەيىبلەشكە هېچقانداق هەققى يوق. * بىرەر جايغا مېھماندارچىلىق ئۈچۈن بارىدىغان بولسا، خۇشرۇي هەممىدىن ئىلگىرى ئېلان

قىلاتتى: «مەنمۇ بارىمەن!» ئەلۋەتتە ھېچكىمنىڭ ئۇنى قالدۇرۇپ كېتىشكە ھەققى يوق. ④ ئى. ھوقۇق يۈزىسىدىن بىرەر كىم ياكى نەرسىگە تېگىشلىك ھەسسە؛ رىزىق: «توغرا، باشقىلارنىڭ ھەققىنى ئۆزىگە تاپشۇرۇش — بىر پېشۋانىڭ ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچى»، ئەركىن شۇنداق ئويلىدى-دە، يېنىك نەپەس ئېلىپ، ئالمىچى بوۋاي تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. * كۈنلەرنىڭ بىرىدە مۇسا بىلەن ئەيسا كىشىنىڭ ھەققى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ قېلىپتۇ. مۇسا ئەيسادىن: — ئاداش، كىشىنىڭ ھەققى زادى كىشىدە قالامدۇ-قالمامدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. ⑤ ئى. كىشىنىڭ قىلغان ئىشى، مېھنىتى بەدىلىگە ئېلىنىدىغان پۇل، تۆلەم: ئىش ھەققى. قەلەم ھەققى. * بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مەدىكارلار بايدىن ھەق تەلەپ قىلىشىپتۇ. * دەللال خوجايىندىن ھەققىنى ئېلىپ ئۆز يولىغا كەتتى. ⑥ ئى. بىرەر نەرسىدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇل، تۆلەم، كىرا: سۇ ھەققى. تۆگمەن ھەققى. يول ھەققى. ماشىنا ھەققى. * گورىيو بوۋاينىڭ ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغان ئاياللاردەك باي قىزلىرى بولىدىغان بولسا، ئۇ ھەرگىز ئېيىغا 45 فرانك ھەق ئېلىنىدىغان 4-قەۋەتتە تۇرمايتتى. ⑦ ئى <دىن> خۇدا، ئاللاھ، تەڭرى، پەرۋەردىگار (خۇدانىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرى): بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى خۇدا يولىغا ئاتاپ قىلىنغان بولۇپ، ھەقنىڭ بەندىلىرىگە خىزمەت قىلىدۇ. خۇدا يولىدا خەير-ئېھسان قىلىشقا ھەرقاچان دەرۋازام ئوچۇق. * يارىتىشنى ھەق ياراتتى، يارىلىش ئۆزگەردىدۇر؛ بايقىماي غاپىل يۈرۈپ، قاپقانغا باسماقلىق خاتا. ⑧ تەۋەلىك III شەخس ۋە بىرلىك كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، سۆز، ماختاش، ئالقىش ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ بىرەر كىمنىڭ شەنىگە قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — خۇدا ھەققى قۇدام، — دېدى موماي، — بۇ قېتىم گېپىمنى ئاڭلاپ قويسىلا، قالغان گەپنى كېيىن دېيىشەيلى، خوش مەن كېتەي. * ئالدى قىز كۆڭلەكنى ھەمراھ قولىدىن: — ھەققىمگە بىر شېئىر ئوقۇپ بېرىڭ! — دەپ، — ۋە ياكى شۇ ئەزىم دەرياغا قاراپ، ھەمراكا، بىر شېئىر توقۇپ بېرىڭ! — دەپ.

**ھەق ئالماق** قىلغان ئىشى، سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە مېھنىتىگە ئاساسەن پۇل ياكى باشقا ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە بولماق، ئېرىشمەك: سەمەت ئۆزىنىڭ ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ كېتىلىشى، ئېتىنىڭمۇ ھەربىيلەر تەرەپتىن بولاڭچىلىققا ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كېيىنكى كۈنلەردە ھەق ئالماستىن خالىسانە پوچتىكەش بولۇۋالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئەنسىرەشتىن خالىي بولالمىدى.

**ھەق بەرمەك** قىلغان ئىشى، سىڭدۈرگەن ئەجرى ۋە مېھنىتىگە ئاساسەن پۇل ياكى باشقا ماددىي مەنپەئەتكە ئىگە قىلماق، ئېرىشتۈرمەك: — ئىشتىن سىرتقى چاغدا ئىشلىسەك ئىشلەيلى، لېكىن ئىشلىگەن ۋاقىتقا ھېسابلاپ ھەق بېرىشنى، ھېچ بولمىسا ئاز-تولا مۇكاپات بېرىشنى ئويلىشىپ باقساق... — دەپ تەكلىپ بەردى ئارىدىن بىرەيلەن.

**ھەق تەلەپ ئەنزىلىرى** <قا> ئەدلىيە ئورگانلىرى قوبۇل قىلغان ھەق تەلەپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئەنزىلەر. ئۇ ئاساسەن مال-مۈلۈك ھوقۇقىغا ئائىت ئەنزىلەرنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداقلا يەنە نىكاھ، ئائىلە مۇناسىۋىتىگە ئائىت ئەنزىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى** <قا> دۆلەت

بەلگىلىگەن، هەق تەلەپ ئەنزىلىرى تەرتىپىنى بېجىرىش توغرىسىدىكى قانۇن.

**هەق تەلەپ سوتى** <قا> ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئادەتتىكى سوت مەھكىمىلىرىدە ئەنزىنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن تەسىس قىلىنغان سوتلارنىڭ بىرى.

**هەق تەلەپ قانۇنى** <قا> پۇقرالار بىلەن قانۇنىي شەخسلەرنىڭ مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتى (مەسىلەن، تۆلىتىۋېلىش هوقۇقى، ۋارىسلىق قىلىش هوقۇقى) شۇنداقلا ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كىشىلىك غەيرىي مال-مۈلۈك هوقۇقى (مەسىلەن، ئەمگەك، نىكاھ، ئائىلە قاتارلىقلار) بەلگىلەنگەن ھەر خىل قانۇن.

**هەق تەلەپ كېسىمى** <قا> ھەق تەلەپ ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك تالاش-تارتىشلار ئۈستىدىكى كېسىم.

**هەق تەلەپ ماجىراسى** <قا> ھەق تەلەپ ھوقۇقى ۋە ھەق تەلەپ مەجبۇرىيىتىگە ئالاقىدار تالاش-تارتىشلار.

**هەق تەلەپ هوقۇقى** <قا> ھەق تەلەپ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇقلار.

**هەق تەلەپ ئىشلىرى** <قا> ھەق تەلەپ قانۇنىغا ئائىت ئىشلار. مەسىلەن، ھەق تەلەپ ھوقۇقى، ھەق تەلەپ دەۋاسى قاتارلىقلار.

**هەق تەلەپ ئىشلىرى هۆكۈمى** <قا> سوت مەھكىمىسىنىڭ ھەق تەلەپ ماجىرالىرىنى بىر تەرەپ قىلىشتا چىقارغان قارارى.

**هەق تۆلىمەك** ← **هەق بەرمەك**: بۇ قېتىمدا سۇغا ئايرىمچە ھەق تۆلەش شەرتى بىلەن ئۇلارنىڭ زىرائىتىنى سۇغىرىپ بېرىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**هەق جايىغا قارار تاپماق** تېگىشلىك جايىدىن ئورۇن ئالماق، جايىغا ئورۇنلاشماق، جايىغا تەگمەك: — ئوھۇ! ... ئۇنداقتا بۇ كالا ھەق جايىغا تازا قارار تاپقان ئىكەنغۇ! — دېدى كىمدۇر بىرەيلەن قىزىقىپ.

**هەق جايىنى تاپماق** ← **هەق جايىغا قارار تاپماق**: — ئۇكا، ھېلىقى روزى دېگەن مۇناپىق قىلغان گۇناھىغا يارىشا ئۆزىنىڭ ھەق جايىنى تاپقاندىن كېيىنلا، يۈرىكىم جايىغا چۈشتى، — دېدى سەمەت ئاچچىق تاماكىنى شوراپ بولۇپ.

**هەق دادىغا يەتمەك** تازا كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىلمەك، قائىدە-قانۇن، رەسىم-يۇسۇنغا مۇۋاپىق بولماق: ئەمدى ئۆزى ئۇچۇن ھاقارەتلىك بولغان گۇمانخورلۇق توغرىسىدا ھەق دادىغا يەتكۈچە قەتئىيرەك سۆزلىشىشنى قارار قىلدى. * كۈلكە-چاقچاقلار قەيسەرگە تەسىرمۇ قىلمىدى، ئەگەر بىرنەچچە كۈن بۇرۇن بولىدىغان بولسا، ئۇمۇ بۇنداق چاقچاقلارغا ھەق دادىغا يەتكۈزۈپ جاۋاب بەرگەن بولاتتى، لېكىن ھازىر ئۇنىڭدا بۇنچىلىك ھەۋەس يوق.

**هەق دوست** دىۋانىلار باشقىلاردىن بىرنەرسە تىلىگەندە ئېيتىدىغان «ئاللانىڭ يېقىن بەندىسى»، «ئاللانىڭ دوستى» دېگەن مەنىدىكى سۆز بىرىكمىسى: شۇ چاغ جۇندەك سۇنۇپ جام، دەپتۇ: «ھەق دوست، ئەي غوجام، خەير تىلەي سىلىدىن...» دەپلا، قېلىپتۇ تىلىدىن.

**هەق سۆز** ← **هەق گەپ**: — ھەق سۆزنى ئېيتىش ئاغىنە، گۇندىپايلارغا ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئېيتىش كېرەك. بىزدىن نېمە بەدەل ئالسا ئالسۇن، لېكىن تاشۋايىنى ئارىمىزغا بەرسۇن، — دېدى بۇرۇتلۇق، 35 ياشلار

چامسىدىكى ئۇق ئىشكەلگە بەنت قىلىنغان بىر يىگىت.

**هەققە بويسۇنماق** هەققانىيەتكە، توغرىغا باش ئەگمەك، ئىتائەت قىلماق؛ رېئاللىققا تەن بەرمەك: بۇ ۋاقىتتا ئۇلار ئۈچۈن هەققە بويسۇنماقتىن باشقا ئامال يوق ئىدى.

**هەققى بار** ① مەلۇم ئۈلۈش، تېگىشلىكى بار: مېنىڭ ئۇنىڭدا هەققىم بار. ② هوقۇقى بار، هوقۇقلۇق: مېنىڭ قىلغان ئەسكىلىكلىرىم ئۈچۈن باشقىلارنىڭ مەندىن نەپرەتلىنىشكە، مېنى ئەيىبلەشكە هەققى بار.

**هەققى يوق** ① ئۈلۈشى، ئېلىشى يوق. ② هوقۇقتا ئىگە ئەمەس؛ سالاهىيىتى، هوقۇقى يوق؛ هوقۇقسىز: — سىزنىڭ كادىر بولۇشىڭىز خوتۇنىڭىزنى كەمسىتىشىڭىزگە هوقۇق بەرمەيدۇ، ئۇنداق قىلىشقا هەققىڭىز يوق، — دېدى ئۇ ماڭا نەسىهەت قىلىپ. * ئەسلىدىن ئۇنىڭ مېنى ئەيىبلىشىگە هەققى يوق ئىدى.

**هەق گەپ** توغرا، چىن، هەققانىي گەپ: نىياز قۇربان بېشىنى تۆۋەن سالدى. ئەلۋەتتە، سابىرنىڭ دېگەنلىرى توغرا ئىدى، هەممىسى هەق گەپلەر. ئەمما لېكىن، كاساپەت سۇ مەسىلىسىچۇ؟

**هەق يول** توغرا، هەققانىي يول: — يۈرىكىم دولقۇنلىدى هاياجاندا، قولۇمنى تۇتقىنىدا ئىسسىق جۈپ قول: — ئۆلمەيسەن، — دېدى، — ئوغلۇم ماڭا ئوخشاش، ماڭغىنىڭ بولسا ئىرپان يولى-هەق يول.

**هەق-ئادالەت** هەق ۋە ئادالەت: — سىز دەۋاتقان هەق گەپ بىلەن مېنىڭ ئىشىم يوق، پەقەت مېنىڭ دېگىنىملا هەق-ئادالەت دەپ سۆزلەشكە ئادەتلىنىڭ! — دېدى بەگ چەكچىيىپ.

**هەقەمسايە** ئى (پ) ① قوشنا: ئۇلار ئۇرۇق-تۇغقان ۋە هەقەمسايىلەر بولۇپ، ئەرلەر چوڭ سۇپىدا، ئاياللار بىلەن باللار كىچىك سۇپا، پەگاھلاردا ئولتۇرۇشقانىدى. ② دوست-بۇرادەر، ئاغىنە: مېهمان ئۆزىنى بۇ مۇتتەهەم بۇلاڭچى شەيخكە تونۇشتۇرغان شەهەردىكى هەقەمسايىسىنى مىڭنى تىللىدى-دە، ئىلاجسىز هالدا تىترەپ تۇرۇپ پۇلنى قولىغا ئالدى. * بۇغا هەقەمسايىلىرىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ تۇرغانىكەن. بۆرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، هەممە شۇملۇق تۈلكىدىن كەلگەنلىكىنى پەملەپ قورسىقىدا غەزەپلىنىپتۇ.

**هەقتائاللا** ئى [ئە] يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئاللا.

**هەقتە** تىر. كۆپىنچە ئالماشلاردىن كېيىن كېلىپ سۆهبەت، مۇلاهىزە، پىكىر قاتارلىقلارنىڭ ئوبيېكتىنى كۆرسىتىدۇ: ئابدۇرازاق ئاكا نىجات بىلەن يەنە بىرهازا مۇشۇ هەقتە مەسلىهەتلىشىپ چىقىپ كەتتى. * ئۇلار يەنە ئىككى-ئۈچ رومكىدىن ئىچىشتى. سىيىت ئاكا ئادىلنىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن هېلى ئۇ هەقتە، هېلى بۇ هەقتە سۆزلەيتتى، هەتتا بەزىبىر قىزىق لەتىپىلەرنىمۇ ئېيتىپ بېرەتتى.

**هەقدار** ئى (ئە+پ) ① مال-مۈلۈككە ۋارىسلىق قىلغۇچى؛ مال-مۈلۈك ئىگىسى: يەنە بىر قىسمى بولسا مۇشۇ قەبرىستانلىقنىڭ هەقدارلىرى بولۇپ، هەرقايسىسى ئۆزىگە تەۋە قەبرىلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇشاتتى. * ئۇ چاغدا يالغاندىن ياسالغان «ئالتۇن قەغەز» پەتىۋاسىنى چوقۇم بىكار قىلىۋېتىشى، هەقدارنىڭ ئۆي-ماكانىنى قايتۇرۇپ بېرىشى شەرت. ② قەرز بەرگۈچى: سوتقا قەرزدار بىلەن هەقدار بىرگە كەلگەنىدى. ③ بىرەر ئىشقا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك شەخس، گۇۋاهچى، شاهىت: بۇ مۇخبىر ئاقسۇدا يۈز بەرگەن ئۇرۇش ۋە لۇتپۇللانىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدەك پاجىئەلىك تىراگېدىيىدىن قانداق ئەسەر يېزىپ، نېمە خۇلاسە چىقارغانلىقىنى بىز هازىرغىچە بىلەلمەيمىز.

بىراق، بىز بۇ قانلىق پاجىئەنىڭ دەۋاگەرى، ھەقدارى ۋە كۆزەتكۈچىسى سالاھىتىمىز بىلەن ئۆز خۇلاسىمىزنى يېزىشقا ھەقلىقمىز.

**ھەقدارلىق** ئى < قا > قەرزداردىن پۇل-مالنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدىكى قانۇنىي تەلەپ ۋە مەلۇم ھەرىكەتنى يۈرگۈزۈش ھەققىدىكى ھوقۇق.

**ھەقسىز** سۈپ. ھەق ئېلىنمايدىغان ياكى ھەق تۆلەنمەيدىغان؛ پۇلسىز: ھەقسىز ئوقۇتۇش. ھەقسىز ئەمگەك.

**ھەقسىز ئەمگەك** < س ئىق > ئەمگەكچىلەرنىڭ ھەق ئالماي قىلىدىغان خالىسانە ئەمگىكى.

**ھەقسىز ئوقۇتۇش** < مائار > ئوقۇش پۇلى ئېلىنمايدىغان مائارىپ تۈزۈمى.

**ھەقسىزلىق** «ھەقسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەققەت پارقىرايدۇ، ھەقسىزلىق گۇم بولىدۇ.

**ھەققانىي** سۈپ (ئە) ھەقىقەتكە توغرا كېلىدىغان؛ توغرا، راست؛ ئادىللانە: ھەققانىي ئىش. ھەققانىي ئۇرۇش. ھەققانىي گەپ.

**ھەققانىي ئۇرۇش** < پەلس > خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن بولغان بارلىق ئۇرۇشلار. مەسىلەن، ئازادلىق ئۇرۇشى، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى ئۇرۇشلار.

**ھەققانىيەت** ئى (ئە) ئادىللىق، توغرىلىق، ھەقىقەت: ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرماق، ھەققانىيەتنى قوغدىماق. * ھايات سەھنىسى قانچە پەردىلىك تىياتىر قويۇشقا راسلانغىنىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ بېشىمى گۈزەللىك، ئالىيجانابلىق، مەردلىك بىلەن ئاخىرلىشىپ، ھەققانىيەت غەلىبە قىلغان بولۇپ تاماملىنىدۇ. مانا بۇ ھاياتنىڭ ماھىيىتى.

**ھەققانىيەتپەرۋەر** سۈپ (ئە+پ) ھەققانىيەت تەرەپدارى، ھەققانىيەتنى ياقلايدىغان، ھەققانىيەت ئۈچۈن كۈرەشىدىغان: شۇ كۈنى گومىنداڭ دائىرىلىرى ھەرقانداق مۇرەسسەلىشىش ۋە سايلام-پايلام دېگەن نىقابلىرىنى يىرتىپ تاشلاپ، دەھشەتلىك ھەرىبىي ھەرىكەت قوزغاپ، مىڭلىغان-ئون مىڭلىغان ھەققانىيەتپەرۋەر، خەلقچىللىقنى سۆيىدىغان كىشىلەرنى يىرتقۇچلۇق ئەلپازى بىلەن تويۇقسىز قولغا ئالدى.

**ھەققانىيەتچى** ئى. ئادىللىقنى، ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى كىشى: ل. مۇتەللىپ ھازىرمۇ نىلقىدىكى ئەنە شۇ لۇتۇنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئەمما ئۇ بۈگۈنكى كۈندە كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايدىغان ئاجايىپ ئۆتكۈر شېئىرلار ئاپتورى، ناھەقچىلىكلەرگە قارشى ئوت بولۇپ يانىدىغان ھەققانىيەتچى، جەڭگىۋار سىياسەتچى، ئۆتكۈر زېھىن ئىگىسى ئىدى.

**ھەققانىيەتچىل** سۈپ. ھەققانىيەتتە چىڭ تۇرىدىغان، ھەققانىي ئىش قىلىدىغان، ئادالەتپەرۋەر: ھەيدەرنىڭ دادىسى ھېزىم ئاكام شۇنداق ھەققانىيەتچىل، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىدى. * موللازەيدىن ئوبرازىنىڭ كىتابخانىنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىشىدىكى سەۋەب ئۇنىڭ ئوبرازى باشتىن ئاخىر توغرا، ئېنىق كۆز قاراشقا ئىگە بولغانلىقى، چىنلىق ئاساسىدا خەلقپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر، ھەققانىيەتچىل روھ گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىدە.

**ھەققانىيەتچىللىك** «ھەققانىيەتچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يېڭى دەۋردىكى جۇڭگو ياشلىرىنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ھەققانىيەتچىللىكى تەرەققىيات يۈنىلىشى نۇقتىسىدىن ئىپادىلەپ بېرىلمىگەن. كەڭ ياشلار ئۇنى كۆرۈپ ئويلىسا، «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەيدۇ.

**ھەققانىيەتسىز** سۈپ. ھەقىقەتكە توغرا كەلمەيدىغان، ئادىل بولمىغان، نائادىل،

توغرا ئەمەس: ئۇنىڭ ھەققانىيەتسىز ھۆكۈمى مېنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى.

**ھەققانىيەتسىزلىك** «ھەققانىيەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەققانىيەتسىزلىك قىلماق. * رەشىت ئەپەندى مېنى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن قوبۇل قىلدى. فرانسۇزچە سۆزلىشىمنى ياقتۇرغانلىقىنى، لېكىن خىزمەتداشلىرىنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھەققانىيەتسىزلىك قىلغىنىغا تاقابىل تۇرالمىغانلىقىنى ئېيتتى.

**ھەققانىيەتلىك** سۈپ. ھەققانىيەت ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان؛ ئاساسلانغان؛ ئادىل، ھەقىقي: لېنىن ئۆگەتكەن ئېزىلگەنلەرگە، ھەققانىيەتلىك ئۇلۇغ چېلىشنى، ئازادلىق ئۈچۈن قىلىپ جەڭ-كۈرەش، غالىبىيەتنى قولغا ئېلىشنى.

**ھەققانىيلىق** «ھەققانىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەققانىيلىق بىلەن باھالىغاندا، مەۋجۇت پاتەم ئالدىنقى پاتەمنىڭ سەۋەبى بىلەنلا ئۆرلىيەلىدى.

**ھەققىدە** تىر. توغرىسىدا، توغرۇلۇق، ئۈستىدە: بۇ قوشاق تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ئەنە شۇ باياندايى ئۇرۇشى ھەققىدە توقۇلغان. * شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ باشلىقى غۇپۇرجان ئامانلىقنى كۈچەيتىش ھەققىدە ئۆتكۈزۈلگەن مۇھاكىمە يىغىنىدىن كەچ سائەت 12دىن ئاشقاندا قايتىپ كەلدى.

**ھەقلىق** سۈپ ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، ھوقۇقلۇق؛ ھەققى بار: سەن ئادەمسەن، ئۆزۈڭنى پەرىشتەدەك سىرلىق قىلىۋېلىشقا ھەقلىق ئەمەسسەن، بىلىم، خىزمەت، تۆھپە، يەنە تۇرمۇش، مۇھەببەت ئىنسان ئۈچۈن ھاۋادەك زۆرۈر. ھەممىلا ئىنسان مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ياشايدۇ. * ئەكسىيەتچىلەر تەسلىم بولمايدىكەن، ئامما زۆرۈر تاپقان ھەرقانداق چارىنى قوللىنىشقا ھەقلىق. ② يوللۇق، ئورۇنلۇق؛ توغرا، مۇۋاپىق: خەمتوپ چوكانىنىڭ ئەھۋالىنى ۋە ئادرېسىنى ئېنىق يېزىۋالدى. ئۇنىڭغا تەسەللىلەر بېرىپ جامائەتنىڭ خاتىرجەم بولۇشلىرى ھەققىدە ھەقلىق گەپلەرنى ئېيتتى. * مەن ئىشىنىمەن، بۇ خەت سىزنى ئادىل پىكىر قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. سىز دوستلىرىڭىزنى ھەقلىق يوسۇندا ئەيىبلىيەلەيسىز!

**ھەق-ناھەق** < پەلس > توغرىلىق بىلەن ناتوغرىلىق، توغرا بىلەن سەپسەتە: ئەلۋەتتە، دۈشمەن بىلەن ئۆز ئوتتۇرىسىدىكى مەسىلمۇ بىر خىل ھەق-ناھەق مەسىلىسى. لېكىن بۇ — خەلق ئىچىدىكى مەسىلىلەردىن خاراكتېر جەھەتتىن پەرقلىنىدىغان باشقا بىر خىل ھەق-ناھەق مەسىلىسى.

**ھەققۇۋۇ** ئى. دىئال. ۋەج، بىسات، مال-دۇنيا.

**ھەقىر** سۈپ (ئە) ھېچكىم ئىززىتىنى قىلمايدىغان؛ خارلانغان، قەدىرسىز، مىسكىن، بىچارە: ھەقىردىن زەردارغىچە ھەممىنىڭ يۈرىكىگە ۋەھشەت سېلىپ كەلگەن شەڭگەن يامۇلى بۇ قېتىمقى زەربىدىن سەكراتقا چۈشكەن بولۇۋاستەك سۇرىنى يوقاتقاندى.

**ھەقىر كۆرمەك** پەس كۆرمەك، تۆۋەن سانىماق، خارلىماق: ھۆكۈمالار «دۈشمەننى ھەقىر كۆرمەك ياخشى ئەمەستۇر» دېيىشكەن.

**ھەقىقەت** ئى (ئە) < پەلس > ئوبيېكتىپ رېئاللىق ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى توغرا ئىنكاسى؛ توغرىلىق، چىنلىق؛ ھەقىقي ئەھۋال: ھەقىقەتنى ئېيتماق. ھەقىقەتنى سۆزلىمەك.

**ھەقىقەت قارىشى** < پەلس > كىشىلەرنىڭ ھەقىقەت توغرىسىدىكى قارىشى. تارىختا تۈرلۈك ھەقىقەت قاراشلىرى بولغان. مېتافىزىكىلىق ماتېرىيالىزم ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، لېكىن

ھەقىقەتنىڭ مۇتلەقلىقىدىن ئىبارەت بىر تەرەپىنى مۇبالىغە قىلىدۇ، ھەقىقەتنىڭ نىسبىيلىك تەرىپىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا بىلىشنى قاتماللاشتۇرۇپ قويىدۇ-دە، ھەقىقەتنى ئىزدەش يولىدا ئالغا باسماي توختاپ قالىدۇ. ئىدېئالىزملىق نىسبىيچىلىك ھەقىقەتنىڭ ئوبيېكتىپلىقى ۋە مۇتلەقلىقىنى ئىنكار قىلىپ، ھەقىقەت پەقەت سۇبيېكتىپ ۋە نىسبىي بولىدۇ دەپ قارايدۇ، نەتىجىدە ھەق بىلەن ناھەقنىڭ، ئىنقىلابىيلىق بىلەن ئەكسىيەتچىلىكنىڭ، پەن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ چېگرىسىنى يوققا چىقىرىدۇ. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم: ھەقىقەت — ئوبيېكتىپتۇر، ئۇ ھەم مۇتلەق، ھەم نىسبىي بولىدۇ دەپ قارايدۇ. مانا بۇ بىردىنبىر توغرا ھەقىقەت قارىشىدۇر.

**ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش** < پەلس > ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ئەمەلىي ئەھۋالنى ئاساس قىلىپ، ماتېرىياللارنى تەپسىلىي ئىگىلەپ، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئىلمىي تەھلىل ۋە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، رېئال شەيئىلەردىن سۇبيېكتىپ ھالدا ئويدۇرۇپ چىقىلغاننى ئەمەس، بەلكى ئۇلاردا ئەسلىدىن بار بولغان قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ، كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتىگە يېتەكچى قىلىش.

**ھەقىقەتەن** رەۋ (ئە) ھەقىقىي رەۋىشتە، راستتىنلا: ئاردىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ، بوۋاينىڭ ئارزۇسى ھەقىقەتەن ئەمەلگە ئاشتى. * ئۇلار ھويلىغا كىرىپ كۆردى، ئۇ ھەقىقەتەن ئورمان ئىشچىسى ئېلىپ كەتكەن ئېقىندىنىڭ ئۆزى ئىدى.

**ھەقىقەتچى** ئى. ھەقىقەتتە چىڭ تۇرغۇچى، ھەقىقەتنى ياقلىغۇچى، ھەققانىيەتچى: ھەقىقەتچى، ئادىل، خەلققە مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى چىن ئىنسانىي بۇرچى دەپ بىلىدىغانلار ھامان كۆپ سانلىق، ئۇلار ھەممىلا يەردە بار. ئۇلار جۇددى نۇرلۇق چولپانلارغا ئوخشايدۇ. * ھەقىقەتچى بولسا ھەركىم، يا-زىيالىي، كېچە-كۈندۈز مەندىن قورقۇش بولدى ھالى.

**ھەقىقەتچىلىك** « ھەقىقەتچى » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ھەقىقەتسىز** سۈپ. ھەقىقەت ئەمەس، ئادىل بولمىغان: ھەقىقەتسىز سوراق.

**ھەقىقەتسىزلىك** « ھەقىقەتسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەقىقەتسىزلىك قىلماق. * شۇ پەيتتە مەن قاماقتىكى ھەقىقەتسىزلىك توغرىسىدا ئويلىدىم. لېكىن كۆپرەك خىيالىم يەنىلا سەن توغرۇلۇق بولدى.

**ھەقىقەتكە قايتىش** < ھەرب > دۈشمەننىڭ سەممىيلىك بىلەن ئەل بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ھەقىقەتلەنمەك** « ھەقىقەتلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەسىلە ئاخىرى ھەقىقەتلىنىپ چىقتى.

**ھەقىقەتلىمەك** پ. ھەقىقەتنى تاپماق، ئېسپاتلىماق؛ ئېنىقلىماق: مۇشۇ كۈنلەردە بەزى مەخلۇقلار قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىدىغان، كىشىلەرنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ ئۆگزىگە چىقىدىغان بولۇپ قالدى، گەپ قىلدىڭلا بالاڭنىڭ تاشقىنى شۇ، بېگىڭنىڭ ئالدىغا بارغۇچە بېلىڭنى ئۇشتاي، دېگەندەك، بۇ تۆھمەتلەرنى ھەقىقەتلەپ بولغۇچە بىر پۈتۈك گۆرگە ساڭگىلايدۇ.

**ھەقىقىي** (ئە) ① سۈپ. راستتىنلا بار، ئەمەلىي مەۋجۇت بولغان؛ راست، چىن، توغرا: ھەقىقىي ئەھۋال. ھەقىقىي

ۋەقە. ھەقىقىي بەخت. ھەقىقىي دوختۇر. * — مانا بۇ ھەقىقىي تۇرمۇش، — دېدى ئۇ قايتىپ كېلىۋېتىپ. * ئەستە قالدۇرۇۋېلىش يولى بىلەن ئەمەس، ئاكتىپ پىكىر قىلىش يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈلگەن بىلىم ھەقىقىي بىلىم ھېسابلىنىدۇ. * ئۇ نىجاتنى ھەقىقىي ئۇستاز سۈپىتىدە ياخشى كۆرۈپ قالدى. ② سۈپ. پاك، ساپ، سەممىي: ھەقىقىي نىيەت. ھەقىقىي كۆڭۈل. * ھەقىقىي مۇھەببەت دېگەن مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. * يېتىلدۈق زۇڭلىنىڭ تەلىمى بىلەن، ئۇ بىزنى تەربىيلەپ ئۆستۈردى ساغلام. ۋەتەننى گۈللەرگە پۈركەيمىز چوقۇم، زۇڭلىغا ھەقىقىي سادىق بوپ ھامان. ③ رەۋ. راست ھالدا، چىنلىق بىلەن: ئەمگەكچىگە قاراپ ھەق ئېلىش ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتى، ئەزالارنىڭ ئاكتىپلىقى مىسلىسىز ئۆرگۈدى.

**ھەقىقىي بوشلۇق** <فىز> ھاۋا بولمىغان ياكى ئىنتايىن ئاز ھاۋا بولغان بوشلۇق.

**ھەقىقىي تەسۋىر** <فىز> نۇرنىڭ پېتىنقى ئەينەكتىن قايتىشى ياكى كۆپۈنكى لىنزىدىن ئۆتۈپ سۇنۇشىدىن كېيىنكى بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان تەسۋىرى. ئېكرانىدا كۆرسىتىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ھەقىقىي تەسۋىر دەپ ئاتىلىدۇ. نۇر مەنبەسى باش فوكۇستىن باشقا جايدا بولغاندا، ئاندىن ھەقىقىي تەسۋىر ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**ھەقىقىي تېرە** <ئانات> ئادەم ياكى ھايۋانلار ئېپىدېرمىسىنىڭ ئاستىدىكى بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما. ئېپىدېرمىدىن سەل قېلىن بولۇپ، تەركىبىدە نۇرغۇنلىغان ئېلاستىك توقۇلمىلار بولىدۇ.

**ھەقىقىي سان** <مات> راتسىئونال سان بىلەن ئىرراتسىئونال ساننىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ھەقىقىي مېۋە** <بوت> مېۋىلەرنىڭ بىر خىلى. بۇ خىل مېۋىلەرنىڭ مېۋە گۆشى ئۇرۇقدان دىۋارىنىڭ يېتىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. مەسىلەن، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ھەقىقىي ھۆكۈم** <لوگ> ئەمەلىيەتكە ماس ھۆكۈم.

**ھەقىقىي يادرو** <بىئول> يۇقىرى دەرىجىلىك جانلىقلاردا ئالاھىدە بولىدىغان، يۇقىرى دەرىجىدىكى تەشكىلىي تۈزۈلۈشكە ئىگە يادرو. ئۇنىڭ روشەن يادرو پەردىسى بولىدۇ.

**ھەقىقىي يادرولۇق جانلىقلار** <بىئول> دائىرىسى ئېنىق يادرو پەردىسى ۋە خروموسومىسى بولغان، شۇنىڭدەك يىپلىق بۆلۈنۈش ئېلىپ بارالايدىغان ئېپتىدائىي تاق ھۈجەيرىلىك جانلىقلار.

**ھەقىقىيلەشتۈرمەك** «ھەقىقىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ھەقىقىيلەشتۈرۈلمەك** «ھەقىقىيلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھەقىقىيلەشمەك** پ. راستقا ئايلانماق، ھەقىقەتكە چىقماق، توغرىلانماق: ئايلار ئۆتۈپ، يىللار ئۆتۈپ ئەھۋال ھەقىقىيلەشتى.

**ھەقىقىيلىق** «ھەقىقىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ تراگېدىيە ئويلاپ چىقىرىلغانمۇ ئەمەس، ھېكايىمۇ ئەمەس، بۇنىڭ بارلىقى ھەقىقىي ۋەقە، بۇنىڭ ھەقىقىيلىقى شۇنچىلىككى، ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى ياكى قەلبىدىن بۇ ھېكايىنىڭ ئىچىدىكى ئامىللارنى تاپالايدۇ. * ئۇستامنىڭ يۈرىكىدىن چىققان بۇ ئاددىي سۆزلەردىكى ھەقىقىيلىك مەمەتنىڭ بېشىنى تېخىمۇ ساڭگىلىتىپ، يۈزىگە قىزىللىق يۈگۈرتتى.

**ھەل I** ئى (ئە) < خىم > ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ ياكى قوغۇشۇن، ئاليۇمىن قېتىشمىسىنىڭ ئۈۋۈندىسىدىن ياسالغان بوياق: ھەل بەرمەك.

**ھەل بەرمەك** ① ھەل سۈرتمەك، ھەل بىلەن بويىماق: ھەل بېرىلگەن ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى. ② < مەت > مەتبەئە بۇيۇملىرى قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە ھەل ئارقىلىق خەت ياكى سۈرەت چۈشۈرمەك.

**ھەل II** سۈپ (ئە) بىر تەرەپ بولۇنغان، بىر تەرەپ قىلىنغان: ھەل بولماق. ھەل قىلماق.

**ھەل بولماق** بىر تەرەپ بولماق، بىر ياقلىق قىلىنماق: ئۇنىڭ ھاياتتا يەنە قانداق ھەل بولمىغان ئارمىنى، ئىشقا ئاشمىغان ئارزۇسى باردۇ؟ * ۋەقە ھەل بولغاندىن كېيىنكى ئۈچ ئاي ئىچىدە، ھەربىر ناھىيە خەلقى ناھىيىلىك كېڭەش ئەزالىرىنى سايلاپ، ناھىيىلىك كېڭەش ھەيئەتلىرىنى تەشكىل قىلىپ چىقىدۇ.

**ھەل قىلغۇچ** ھەل قىلىش رولىنى ئوينايدىغان، ئەڭ مۇھىم، نېگىزلىك: ھەل قىلغۇچ باسقۇچ. ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە. * تۇغرۇلبەگنىڭ ئاچقۇچلۇق پەيتتە سۇتۇق تەرەپتە قاتتىق تۇرۇشى تەركىن بېگىم بىلەن بىللە ئوردۇ ئىچىدە تۇرۇپ سۇتۇققا ماسلىشىپ بېرىشى، ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى.

**ھەل قىلغۇچ جەڭ** < ھەرب > قارشىلاشقان ئىككى تەرەپ ئېلىپ بارغان يېڭىش-يېڭىلىشنى ھەل قىلىدىغان جەنىبى ياكى جەڭ.

**ھەل قىلغۇچ مۇسابىقە** < تەن > تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدىكى نام تەرتىپىنى بەلگىلەيدىغان ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق ياكى بىر ئايلانما مۇسابىقە.

**ھەل قىلماق** بىر ياقلىق قىلماق، بىر باشقا ئېلىپ چىقماق: ئۇ جىددىي ئىش ئۈستىدە بولسىمۇ، كىشلەرنىڭ پىكرىنى ئىخلاس بىلەن ئاڭلايتتى-دە، ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارىسىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى.

**ھەلەپ** ئى (ئە) ئۇلاغقا بېرىش ئۈچۈن سامانىنى يۇيۇپ، كېپەك ياكى قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان ئوزۇقلۇق: ھەلەپ ئەتمەك. ھەلەپ بەرمەك. * ئەتىسى تاڭ سەھەر داۋۇت ئاكام ئۇيلارغا قوناق ئۇنىدا ھەلەپ يىغۇرۇۋېتىپ، ھويلىغا چىقىپ تۇرۇشىغا، دەرۋازىنى بىرى قاتتىق ئىتتەرگەندەك قىلدى.

**ھەلەپ ئەتمەك** ھەلەپ تەييارلىماق: تۈنۈگۈن كەچقۇرۇن خالىدەم قويغا ھەلەپ ئېتىدىغان سامانىنى ئۆستەڭدە يۇيۇپ يېنىشىغا، خالمۇرات ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى ۋە دەرھال بويىندىن پوپكىسىنى ئېلىپ خالىدەمگە تەڭلىدى.

**ھەلەپلىك** سۈپ. ھەلەپ قىلىشقا لازىملىق، ھەلەپ ئېتىشكە كېتىدىغان: ھەلەپلىك ئۇن. ھەلەپلىك سامان.

**ھەلەك** سۈپ (ئە) بىرەر ئىش-ھەرىكەت بىلەن بەند، مەشغۇل، شۇ ئىشقا ئارتۇقچە ئۇرۇنغان؛ سەرسان، ئاۋارە: ھەلەك بولماق. * مەن بارالماي ھەلەك، ئۇ بارمايمەن دەپ ھەلەك (ماقال). * ئۇنىڭ سىنچى كۆزلىرى، سەزگۈر مېڭىسى بۇ ئائىلىدىمۇ چويلىدا توختىغۇدەك بىرەر ئەيىب بار-يوقلۇقىنى ئاختۇرۇش بىلەن ھەلەك ئىدى. * ئۇلار ئادىل ئىشلەيدىغان بۆلۈمگە كىرگەندە، سىمپىنىدىكىلەر ئۇشتۇمتۇت يۈز بەرگەن كاشىلىنى ئوڭلاش بىلەن ھەلەك ئىدى.

**ھەلەك بولماق** بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت بىلەن بەند، مەشغۇل بولماق: ئۆزىنى كايىتماق؛ ئاۋارە بولماق: بىز سىرتتا بولۇۋاتقان بۇ پاتىپاراقچىلىق بىلەن ھەلەك بولۇپ كېتىپ، بۇ قەۋەتلىك بىنانىڭ ئىچىدە

بولۇۋاتقان ئۈرۈنتۆپچىلىكتىن خەۋەرسىز قالغىلى تاس قېلىپتىمىز.

**ھەلەكچىلىك** ئى. ئاۋارىچىلىك: بىرچاغدا بۆرىنىڭ كۆزى دەرەخ دالدىسىدا ئۇخلاپ ياتقان ئۇزۇن قۇيرۇقلۇق تۈلكىگە چۈشۈپتۇ ۋە ئۇنى تۇتۇپ يەپ قارنىنى تويغۇزۇش ھەلەكچىلىكىدە ئاۋايلاپ دەسسەپ تۈلكە بار جايغا يېقىنلىشىپتۇ. * ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان قوشنىسىمۇ يىغىم-تېرىمنىڭ ھەلەكچىلىكى بىلەن ئۇنىڭغا قاراشقا ۋاقىت چىقىرالمىدى.

**ھەلەكچىلىك تارتماق** بىرەر ئىشقا ئارتۇقچە ئۇرۇنماق، ئاۋارىچىلىك تارتماق؛ ئۆزىنى كايىتماق: مەن ئالمىنى باغۋەندىن 80 پۇڭدىن ئالايۇ، شۇنچە ھەلەكچىلىك تارتىپ بۇ يەرگە ئەكىلىپ، ئۇنىڭغا يەنە 80 پۇڭدىن بېرەمدىم؟

**ھەلەلەڭ** سۆپ. دىئال. ئەخمەق، گول.

**ھەلەلەڭ قىلماق** دىئال. ئەخمەق قىلماق، گوللىماق، كولدۇرلاتماق.

**ھەلەم** رەۋ. جان ت. ئانچە ئاز ئەمەس، خېلى؛ خېلى كۆپ: ــ ھەممىڭلار بىلىسىلەر، چىمبۇلاق بىلەن رايوننىڭ ئارىلىقى ھەلەم يول، ــ دېدى دانىياز تاماكا ئوراۋېتىپ. * ــ ياق، تۇرسۇن شۇجىنى بىلىسىلەرغۇ، ئاچچىقى ھەلەم بار، ئاسانلا تېرىكىپ قالىدۇ، ــ دېدى ئالاقىچى كېسىپلا.

**ھەلچى** ئى. ھەر خىل جاھاز ۋە سايمانلارغا ھەل بەرگۈچى ئۇستا: بار ئىكەن، يوق ئىكەن، قەدىمكى زاماندا بىر پادىشاھنىڭ بىر ياغاچچىسى بىلەن بىر ھەلچىسى بار ئىكەن.

**ھەلچىلىك** «ھەلچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ھەلچىلىك ھۈنىرى. ھەلچىلىك سېخى.

**ھەلقە** ئى (ئە) <دىن> سوپىلارنىڭ ھالقىسىمان ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتىش ئىشى: ھەلقە قىلماق.

**ھەلقە قىلماق** ھالقىسىمان ئولتۇرۇپ تەكبىر ئېيتماق: ــ سىلىمخان ئاچا، بۈگۈن بىزنى ئۆيلىرىگە خەتمە ئوقۇپ ھەلقە قىلغىلى چاقىردىلىغۇ دەيمەن، ــ دېدى داۋۇت سوپى ئۆيگە كىرىۋېتىپ.

**ھەلقۇم** ئى (ئە) ئوزۇقلىنىش يولىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ كېكىردەك، كاناي، بوغۇز: جان ھەلقۇمغا كەلمەك. * ئونلاپ يىللاپ ئۆمۈر سۈرگەن بۇ قېرى قاغا شورلىشىپ كېپەك ئۆرلەپ كەتكەن تۇمشۇقىنى كېرىپ ھەلقۇمىنى لىكىلدىتىپ تۇراتتى.

**ھەلقۇمغا كەلمەك** → **جان ھەلقۇمغا كەلمەك**: ھەلقۇمغا كەلدى مەخلۇقنىڭ جېنى، دېدى: «خەپ چوپان ئۆلتۈردۈڭ مېنى. بولمىغىن خۇشال ئانچە ئالدىراپ، قوياي ھەممىڭنىڭ يولىنى توراپ».

**ھەللەتمەك** «ھەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئىشكىلەرنى ھەللىتىپ بولۇپ ئاندىن تاماققا ئولتۇردۇم.

**ھەللەشمەك** «ھەللىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا-ئۇكا ئىككىيلەن ئىشكاپلارنى ھەللىشىپ بولۇپ ئاندىن كىنوغا مېڭىشتى.

**ھەللەنمەك** «ھەللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زالنىڭ تۆرىدە ھەللەنگەن بىر كىچىك ئىشىك بېيندا، ئەتلەس كۆرپە ئۈستىدە قىزىل دۇخاۋىدىن كىيىم كىيگەن 15 ياشلار چامىسىدىكى، چىرايلىق بىر ئوغۇل پولۇ يەۋاتاتتى.

**ھەللىتىشمەك** «ھەللەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەللىتىلمەك** «ھەللەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەنۋەر ئالتۇن رەڭدە ھەللىتىلگەن ساندۇقنى هارۋىغا بېسىپ ئۆيگە يول ئالدى.

**ھەللىك** سۈپ. ھەل بېرىلگەن، ھەللەنگەن: ھەللىك ئىشكاپ. ھەللىك ساندۇق.

**ھەللىمەك** پ. ھەل بەرمەك، ھەل سۈرتمەك: ئۇ پۇتلىشىپ يىقىلىپ كېتىپ ئورنىدىن قوپقاندا، قولىدىكى قاچىدىن تۆكۈلگەن ھەل كىيىملىرىنى ھەللىۋەتكەنىدى.

**ھەلىيە** ئى. تۆگىگە سېلىنىدىغان نوختا زەنجىرىنىڭ ئۇچىغا بېكىتىلىدىغان بىر غېرىچ يىپ.

**ھەم** (پ) ① باغل. قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى تەڭداش ئاددىي جۈملىلەرنى ۋە جۈملە تەركىبىدىكى تەڭداش سۆز، سۆز بىرىكمىلىرىنى بىر-بىرىگە باغلايدۇ: مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن كىتاب كۆردۈم ھەم خاتىرە يازدىم. * ياسىن ئالدىرىغان ھەم سەل تارتىنغان ھالدا ئارىسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدى. * بۇ كۈنلەردە تۆمۈر بوۋا ھەم جىددىي، ھەم خۇشال ئىدى. * خەلق ئەسكەرلىرى ئاجايىپ چاققانلىق بىلەن بەللىرىدىكى تاسمىلىرىنى يېشىپ، سورۇندىكىلەرنى ھەم ئۇرۇپ، ھەم تىللاپ تارقىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. ② يۈك. جۈملىدە بىرەر بۆلەكتىن كېيىن كېلىپ، ئۇنى ئىنتوناتسىيە جەھەتتىن تەكىتلەش ياكى مەنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، بۇنداق چاغدا «-مۇ» يۈكلىمىسىنىڭ رولىنى ئوينايدۇ: زىۋىرشانىڭ نەگە ساتقىنىنى كىم ...ھارۋىسىنى

دە! * —

تونۇغاندەك

داستىخان

ر، ئۆزۈملەر،

مۇرا بباسى،

رۇلدى.

بىر

ھەل

باشقا ئېلى...

ئۈستىدە بولسىمۇ،

**ھەمەك نان** نېپىزلىتىپ، يۇپقىلىتىپ ياققان نان: غوپۇر ئالدىراپ زاغرىنى ئوغلىغا تۇتقۇزۇپ، تىترىگەن قوللىرى بىلەن ھەمەك ناننى ئايالى ئۈچۈن ئوشتۇدى.

**ھەمەل I** ئى (ئە) < تىب > ← **كىلىزما.**

**ھەمەل قىلماق** < تىب > ئۈچەي يوللىرىنى چايقاش، كېسەللىكلەرنى داۋالاش ياكى ئوزۇقلۇق بېرىش مەقسىتىدە سۇ، سۇيۇق دورا ياكى ئوزۇقلۇقلارنى ئارقا يولدىن (پۈرۈكتىن) ئۈچەيگە كىرگۈزمەك.

**ھەمەل II** ئى (ئە) < ئاستر > ← **ھەمەل بۇرجى.**

**ھەمەل بۇرجى** < ئاستر > ئېكلىپتىكىدىكى 12-بۇرجىنىڭ بىرىنچىسى. بەلگىسى ♈. ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 0° تىن 30° قىچە. ئەسلىي ئورنى ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھوت يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 3-ئاينىڭ 21-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى بولىدۇ. شۇڭلاشقا ئەتىيازلىق كۈن تەڭلىكى نۇقتىسى «ھەمەل بۇرچىنىڭ بىرىنچى نۇقتىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ھەمەل يۇلتۇز تۈركۈمى** < ئاستر > ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 2سائەت 40 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 21°، يەنى ھوت يۇلتۇز تۈركۈمى بىلەن سەۋر يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**ھەمەلچە** ئى ① < تىب > ھەمەل، كىلىزما قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان رېزىنكە نەيچە. ② كىچىك باللارنىڭ مەقئەت ئېغىزىنى

تازىلاش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدىغان پەلكۈچ.

**ھەمپىكىر** ئى (پ+ئە) پىكرى، چۈشەنچىسى ئوخشاش كىشى، پىكىرداش، مەسلەكداش: مۇنىرىدىن خوجا، شائىر بىلال ئەزىزى قاتارلىق ھەمپىكىر ئاقسۇ ياشلىرى بىلەن گومىنداڭغا قارشى يوشۇرۇن سەپ ئۇيۇشتۇرۇپ ئەركىنلىككە تەشنا خەلقلەرنى زۇلۇم ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش يولىدا باتۇرلارچە چېلىشىپ كەلدى.

**ھەمپىكىرلىك** «ھەمپىكىر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ، مەن ئېيتقان گەپنى تولۇق ئاڭلىغان بۇ يېڭى سۆھبەتدىشىمنىڭ مەن بىلەن ھەمپىكىرلىكى مېنى ئىلھاملاندۇردى.

**ھەمتاۋاق** ئى (پ+ئە) ① ئۆزى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ بىر داستىخاندا تاماق يېگەن كىشى، ھەمداستىخان: ئۇنىڭ بىلەن ھەمتاۋاق بولۇپ چاي ئىچىۋاتقان شاپاق دوپپىلىق، شاپ بۇرۇت كىشىنىڭ ئىسمى قادىر ئىدى. * قىلغىلى كەلدىم تاۋاپ، ئەي يانبۇلاق، مەقسىتىم-سادىر ئىزىڭنى يوقلىماق. سۇ ئىچىپ سەزدىم ئۆزۈمنى بۇندا مەن، خۇددى بولغاندەك بوۋامغا ھەمتاۋاق. ② كۆچمە. ئۆزى بىلەن بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتتە ھەمكارلىشىپ بىرگە ئىشلەيدىغان، بىرەر نەرسىنىڭ پايدا-مەنپەئىتىدىن تەڭ بەھرىمەن بولىدىغان كىشى؛ شېرىك: شۇنىڭ بىلەن ئۇ خان جەمەتىنىڭ ئۆزىگە سادىق بىر قىسمىنى، ئوردا ئىچىدىكى ھەمتاۋاق تۆرىلەرنى ۋە ئۆزىگە ئەگەشكەن چېرىكلەرنى ئېلىپ بالاساغۇندىن ئوردىكەنت قەشقەرگە كۆچتى. * بۇرۇن ئۇ ھەمتاۋاقلىرى بىلەن ماگىزىن ئالدىدىن كەتمەي يېڭى مال چىققان ھامان ئۆيىگە بېسىۋېلىپ، قىممەت سېتىپ جان بېقىپ كەلگەنىدى.

**ھەمتاۋاقلىق** «ھەمتاۋاق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىر قېتىمقى ھەمتاۋاقلىق ئۇلارنى خېلى يېقىنلاشتۇرۇپ قويغانىدى.

**ھەمجەمەت** ئى. ئىتتىپاق، ھەمكارلىشىش؛ ھەمكارلىق: ھەمجەمەت بولماق. * بۇ ئېقىملار ئەينى زاماندا ئىلغار دېموكراتىيە ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك خاراكتېرىگە ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە فېئوداللىزم، خەلىپىلىك ۋە ئىسلامىيەتكە قارشى خەلقئارا ھەمجەمەتكىمۇ ئىگە ئىدى.

**ھەمجەمەتلىك** «ھەمجەمەت» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: فارابى «ئارىستوتىل بىلەن پلاتوننىڭ كۆز قاراشلىرىدىكى ھەمجەمەتلىك توغرىسىدا» دېگەن بىر ئەسەرنىمۇ يازغانىدى.

**ھەمجور** سۈپ. بىر-بىرىگە ماس، بىر-بىرىگە جور: ھەمجور بولماق.

**ھەمجور بولماق** ① بىر-بىرىگە ماس، ئۇيغۇن، لايىق كەلمەك: تۇرسۇن لاي چەيلەۋاتقاندەك ھە دەپ ئالدى-كەينىگە ماڭاتتى. ئۇنىڭغا ھەمجور بولۇپ ئوتتۇرىغا چۈشكۈدەك ھېچكىم بولمىدى. ② ئۆزئارا ماس، ئۇيغۇن ئاۋاز بىلەن تەڭكەش بولماق؛ ئورتاق كۈيلىمەك: ئەتراپتا بۇلبۇللار ئىسكىرىپكا ئاۋازىغا ھەمجور بولۇپ سايرىماقتا. * ئون نەچچە ئوغۇل-قىز شوخلۇق بىلەن ناخشا ئېيتىپ، سازغا ھەمجور بولدى.

**ھەمجىنس** ئى (پ+ئە) بىر جىنسقا ئائىت، بىر جىنستىكى؛ جىنسداش: ھەمجىنس ئادەم. ھەمجىنس بالا.

**ھەمد** ئى (ئە) <دىن> خۇدا شەنىگە ئېيتىلغان مەدھىيە، ماختاش.

**ھەمداستىخان** ئى. ئۆزى بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ غىزالانغۇچى كىشى:

هەمداستخان بولماق. * كۆرۈپ كەت بىر كېلىپ يۈرتنى، ۋەتەنداشلارغا مېھمان بول! قېرى-ياشلارغا هەمداستخان، تۈزۈپ سۆھبەتنى داستان بول!

**هەمداستخان بولماق** بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ بىللە غىزالانماق: ئاكا-ئۇكا بۈگۈن ناشتىدا هەمداستخان بولۇپ قالدى. * بۇ چاغدا ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپاخۇن ساۋۇرۇۋلار بىر توپ جەڭچىلەر بىلەن هەمداستخان بولۇپ ئولتۇراتتى.

**هەمدە** باغل. جۈملىدە تەڭداش ئىككى بۆلەكنى ياكى ئىككى ئاددىي جۈملىنى، بىر-بىرىگە باغلايدۇ، رولى «هەم»، «ۋە» لەر بىلەن ئوخشاش: هۆكۈمران سىنىپلارنىڭ ئەخلاقىمۇ قانۇنغا ئوخشاش، ئۇمۇ ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ هەمدە جەمئىيەتتە هۆكۈمرانلىق ئورۇنىنى تۇتىدۇ.

**هەمدەرد** ئى (پ) باشقىلارنىڭ دەردىگە، غەم-قايغۇسىغا يېتىپ، ئۇنىڭ غېمىنى يېگۈچى؛ دەرداش: هەمدەرد بولماق. * ئاتىسىنىڭ يېقىنلىرى بۇ خەۋەرنى ئۆزلىرىنىڭ هەمدەردلىرىگە يەتكۈزدى. * سادىقنىڭ ماڭغان يولى توغرا. بىر ئادەمنىڭ ئۆزى مەنسۇپ بولغان خەلق بىلەن هەمدەرد، تەقدىرداش بولۇشىدىن ئارتۇق شەرىپى، مەجبۇرىيىتى يوق. // ئىگەڭدىن يۈز ئۆرۈگەن، بەختباش ئېتىم قايدىسەن؟ كۆزلىرىمنى نەملىگەن، هەمدەرد ئېتىم قايدىسەن؟

**هەمدەرد بولماق** باشقىلارنىڭ دەردىگە، غەم-قايغۇسىغا يەتمەك، غېمىنى يېمەك: ئانىنىڭ قوشاقلىق يىغىسى ئەتراپقا ئاڭلاندى. قولۇم-قوشنىلار، ئۇرۇق-تۇغقانلار ئادەت بويىچە نوغۇچ تۇتۇپ، ئانىغا هەمدەرد بولۇپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۆگىلەپ يىغا-زارە قىلىشتى.

* بىرىنچى قېتىم، دادىسى توختاخۇن بىلەن پادىچى توختى دەرياغا تاشلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، دەردلىك پىراق ۋە هىجران قايغۇسى غەزەپلىك ئىسيانغا ئايلىنىپ، ئاكىسىنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى ئېتىپ هەمدەرد بولۇش ئۈچۈن بارغانىدى.

**هەمدەردلىك** «هەمدەرد» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دېھقان باشتا نېمە قىلىشنى بىلمەي، سەل تېڭىرقاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ كۆزلىرىدىكى هەمدەردلىك ئىپادىسىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يول قويدى.

**هەمدەم** ئى (پ) باشقىلار بىلەن كۆپىنچە بىللە بولىدىغان، سۆھبەتلىشىدىغان، يار-يۆلەك بولىدىغان ئادەم؛ ئۈلپەت: هەمدەم بولماق. * خاسىيەت خېنىم مىس چەينەكتە چاي دەملەپ، قولى بوشىغاندىن كېيىن، ئۇستامغا يېقىن ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقا هەمدەم بولاتتى. * مۇراد بىرۋاقىتلاردا ئۆزىنىڭ هەربىر ئاددىي ئەمگىكىگە گۈلشادنىڭ هەمدەم بولۇشىنى قانچىلىك ئارزۇ قىلغانىدى-ھە؟

**هەمدەم بولماق** بىرەر كىشى بىلەن هەمسۆھبەت بولماق، ئۇنىڭغا يار-يۆلەك بولماق؛ ئۈلپەتلەشمەك، هەمكارلاشماق: مەن خۇرشىدەنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، كۆرۈشمەستىنلا سۆھبەتكە هەمدەم بولدۇم. * بىچارە مەريەم ئابدۇللاغا تەسەللى بەردى، دەردىگە هەمدەم بولدى. * ئۇ ئۆزىگە هەمدەم بولىدىغان كىشىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، باشلىق بولۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلدى.

**هەمدەم خيال** خام-خىيالنى تولا قىلىدىغان، خىيالپەرەس: «ئۇنىڭدا ۋاپا يوق، ئالمادىس كېيىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، بۇ هەمدەم خيال قورقۇنچاق بىزنى ئاۋارە قىلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ.

**ھەمدەمدە بولماق** ← **ھەمدەم بولماق:** ئاتلىقلار چېرىك چىقىرىپ ھەمدەمدە بولۇشنى تىلەپ، يېقىن ناھىيە-ئايماقلارغا ماڭدى.

**ھەمدەملە شتۈرمەك** « ھەمدەملە شـ-مەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاھ، گۈزەل كىچە! لەرزان شامال، دەرەخ تاللىرىنى بۇ ئىككى ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ ياخشى ئارزۇسىغا ھەمدەملە شتۈرمەكچى بولغاندەك، تەزىم قىلدۇرۇپ ئېگەتتى.

**ھەمدەملە شتۈرۈشمەك** « ھەمدەملە شـ-تۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ھەمدەملە شتۈرۈلمەك** « ھەمدەملە شـ-تۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ھەمدەملە شمەك** پ. ئۆزئارا ھەمدەمدە بولماق، ھەمكارلاشماق، ياردەملە شمەك: ئادىل ئورمان بوۋاي بىلەن پۈتۈن ئائىلە ھەمدەملىشىپ، ۋەيران بولغان ئورمانلىقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ رەتلىدى. * « جاھان ئۆگىشلىپ قەد كۆتۈرۈشكە پۇرسەت كەلگەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۆيۈمدە ئوبدان ھەمدەملىشىدىغان بەلەن بىر جۈپتۈم بولسا-ھە » دەپ ئويلىدى ئۇ.

**ھەمدەملىك** « ھەمدەم » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۇ چاغدا پەرىزاتلاردىن شەماس ئون مىڭ پەرىزات لەشكەرنى باشلاپ سەيپۇرەگە ھەمدەملىككە ئۆتتى. * بۇ قاراشتىن ياش يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىغا ئوتتەك بىر ھارارەت تارقىدى ۋە ئۇ ھارارەتتە ياشلىق، مۇھەببەت، تىلەكداشلىق ھەم ئىپتىخارنىڭ تەڭداشسىز ھەمدەملىكىنى ھېس قىلدى.

**ھەمدۇسانا** ئى (ئە) < دىن > تەڭرى، پەيغەمبەرلەر ياكى باشقا ئىجاتچىلار شەنىگە ئېيتىلىدىغان مەدھىيە، ئالقىش سۆزلىرى، رەھمەت، تەشەككۈر.
ھەمدۇسانا ئوقۇماق. ھەمدۇسانا ئېيتماق.

**ھەمدۇسانا قىلماق** ← **ھەمدۇسانا ئېيتماق:** — خۇداغا ھەركۈنى مىڭلارچە! ھەمدۇسانا قىلىپ تۇرۇشلۇق كېرەك، — دېدى ئاخۇنۇم.

**ھەمدۇسانا ئوقۇماق** ← **ھەمدۇسانا ئېيتماق:** ھاتەم سەجدىگە باش قويۇپ، ئاللاغا شۈكرىلەر ئېيتىپ ھەمدۇسانالار ئوقۇدى.

**ھەمدۇسانا ئېيتماق** تەڭرى، پەيغەمبەرلەر ۋە باشقا ئىجاتچىلار شەنىگە مەدھىيە، ئالقىش ياڭراتماق، رەھمەت، تەشەككۈر ئېيتماق: ئۇ كىشى سۆزىنى شۇ يەردە توختىتىپ، خۇداغا ھەمدۇسانا ئېيتىپ دۇئا قىلدى. * بۇگۈن ئۇلار ئىچ-ئىچىدىن قايناپ، ئۆتمۈشكە نەپرەت، يېڭى دەۋرنىڭ قانۇنى يارىتىپ بەرگەن ئىمكانىيەتكە ھەمدۇسانا ئېيتىشماقتا ئىدى.

**ھەمراھ** (پ) ① ئى. بىرگە سەپەر قىلىدىغان، خىزمەت ئىشلەيدىغان ياكى بىرگە ياشايدىغان كىشى؛ ھەمسەپەر؛ يولداش: ھەمراھ بولماق. ھەمراھ قىلماق. * 50 — 60 سوقا-تۈگمەنچى قاتارىدا سەيدىن ئاكام، 17 ياشلىق تۇرسۇن بار ئىدى. ئۇلار ھەمراھلىرى بىلەن تېزلا تونۇش قىلىپ، تۈگمەندىن بىرنى تەييارلىدى. * 1964-يىلنىڭ ئوتتۇرىلىرى، قىزىم بىر ياشقا تولدى، ئۇ ھازىر ماڭالايدۇ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە بىرنەچچە ئېغىز سۆزلىيەلەيدۇ. ئۇ مېنىڭ ھەمراھىم، سىردىشىم. ② ئى < ئاستر > پلانېتىنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان ئاسمان جىسمى. ئۆزى نۇر تارقاتمايدۇ. مەسىلەن، ئاي يەر شارىنىڭ ھەمراھى بولغىنىغا ئوخشاش. ③ سۈپ. يولى ياكى يۆنىلىشى بىر تەرەپكە قارىتىلغان، يولى بىر: ھەمراھ شامال. ھەمراھ دەرەخ. ھەمراھ ئايروپىلان. ④ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھەمراھ ئايروپىلان** < ھەرب > سەپ تۈزۈلۈشى بويىچە ئۇچقاندا يېتەكچى ئايروپىلانغا ئەگىشىپ ئۇچىدىغان ئايروپىلان.

**ھەمراھ بولماق** ① يولدا بىرگە ماڭماق، ھەمسەپەر، يولداش بولماق: خوجازاھىدى بىلەن بىرنەچچە كىشى ھاتەمگە بىر-ئىككى مەنزىل ھەمراھ بولدى. ② قوغداش ياكى ياردەملىشىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن باشقا بىرىنىڭ يېنىدا مەلۇم مەزگىل بىللە تۇرماق: مانا شۇنىڭ بىلەن لەئەل شاھ توي ئۈستىگە توي بولۇپ شاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ئىككى گۈل مەلىكە ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ مۇراد-مەقسەتلىرىگە يەتتى.

**ھەمراھ دەرەخ** < ئورم > دەرەخلەرنىڭ ئوبدان ۋە تېز ئۆسۈشى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىللە تىكىلگەن باشقا دەرەخلەر. مەسىلەن، كاۋچۇك دەرىخىنىڭ ئەڭ ياخشى ھەمراھى كىلون دەرىخى ياكى زەرەڭ دەرىخىدۇر.

**ھەمراھ قىلماق** سەپەردە ئۆزىگە بىللە ئېلىۋالماق، يېنىدا تۇتماق: جەپەر ۋەزىر ئېلى نۇرىدىننى يېنىغا ھەمراھ قىلىپ ئېلىپ، باغدادقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

**ھەمراھ ھۈجەيرە** < بىئول > يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئەۋرىشىم قىسمىدىكى بىر خىل نېپىز پوستلۇق ھۈجەيرە. غەلۋىرسىمان نەيچە مولېكۇلىلىرى بىلەن بىرگە بىر ئانا ھۈجەيرىدىن كېلىپ چىققان.

**ھەمراھدارچىلىق** ئى. ھەمراھ بولۇش، يولداشلىق: بۇ قاتنىق بوراندا يۈسۈپ ئېشەكچى بىلەن يەنە بىر ياسىن ئىسىملىك ئېشەكچى يولدا ئىدى. ئۇلار پىچاندا تونۇشقاندىن كېيىن يولدا ھەمراھدارچىلىق قىلىپ بىللە مېڭىشقانىدى.

**ھەمراھسىز** سۈپ. ھەمراھى، يولدىشى يوق، يەككە، يالغۇز: ھەمراھسىز سەپەرگە چىقماق. * — شۇ ۋاقىتلاردا ھەمراھسىز ئۇخلىغىنىم راست، چۈنكى بىراۋدىن پۈتۈنلەي ئۈمىدىم كېسىلگەن، ھەمراھىم ماڭا ھەمىشە ئۈمىدسىزلىكنىلا بېرەتتى، — دېدى ئۇ.

**ھەمراھلاشماق** پ. ھەمراھ بولماق: ھاشىم ئاكامنىڭ شادلىق ياشلىرى ساقىلىنى بويلاپ ئوغلىنىڭ يېڭىگە تامچىدى. يول بويى ھەمراھلىشىپ كەلگەن بىر يولۇچى چاقىرغاندىلا ئاندىن ئېسىنى يىغىپ، خۇرجۇننى ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن سۇنۇۋالدى.

**ھەمراھلىق** ئى. ھەمراھ بولۇش، يولداشلىق: ئوردىبېشى بىلەن سۇباشىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئوغۇلچاق بۇغراخان ئولتۇرغان تۆت ئاتلىق ھەيۋەتلىك ھارۋا بىلەن ئوردىغا خاس جابدۇنغان ئىككى ھارۋا شەھەردىكى چوڭ بۇتخانىنىڭ قاپقىسى ئالدىدىكى كىچىككىنە مەيداندا توختىدى. * ئۇنىڭغا ھەمراھلىق قىلغۇچى جەڭچىلەر ئابدۇلغا ئات ئەكەلگەندە، شەپقەت ھەمشىرىسىنىڭ مىنىۋېلىشى ئۈچۈنمۇ ئايرىم ئات ئەكەلگەنىدى.

**ھەمزە** ئى (ئە) ئەرەب ئېلىپبەسىدە بوغۇز تاۋۇشىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (ء).

**ھەمسات** رەۋ. دىئال. بىردەم، دەرھال، شۇ ئان، شۇ دەم.

**ھەمسەپەر** ئى (پ+ئە) بىللە سەپەر قىلغان ئادەم، سەپەرداش: ھەمسەپەر بولماق. * ئۇ ھەمسەپەرلەرنىڭ گەپ-سۆزلىرىگە ئانچە-مۇنچە قوشۇق سېلىپمۇ قوياتتى. * ھەمسەپەرلىرىم باغلارنى ئارىلاپ چىققاندىن كېيىن، ھويلىدىن ئۈزاپ چىقىشتى.

**ھەمسەپەر بولماق** بىللە سەپەر قىلماق، سەپەرداش بولماق: شۇنداق قىلىپ،

دېھقان ئۈچ سودىگەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ يولغا چىققاندى. * بۇرۇنقى زاماندا، بىر ئادەم يىراق بىر شەھەردىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋېتىپ تونۇشمايدىغان بىر سودىگەر بىلەن ھەمسەپەر بولۇپ قېلىپتۇ.

**ھەمسورۇن** ئى. ئۆزى بىلەن بىر سورۇندا، بىر داستىخاندا بىللە بولغان كىشى: ھەمسورۇن بولماق. * مۇقامچىلار ئىچىدە قەشقەرلىك ئاكا-ئۇكا ھېلىم ئاخۇن، سېلىم ئاخۇن، يەكەنلىك سىيتۋالدى قاتارلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار مۇشۇ تەۋەككۇل ئاخۇننىڭ ھەمسورۇنلىرى، يەنە بىر تەرەپتىن شاگىرتلىرى ئىدى.

**ھەمسورۇن بولماق** بىر سورۇندا، بىر داستىخاندا بىللە بولماق، ئولتۇرماق: ئۇلار كۆپ ھاللاردا ھەمسورۇن بولۇپ قالاتتى.

**ھەمسۆھبەت** ئى (پ+ئە) بىرەر سورۇندا بىللە سۆھبەتلەشكەن، سۆھبەتتە بىللە بولغان كىشى؛ سۆھبەتداش: ھەمسۆھبەت بولماق. * ئۇ مەقسۇتئاخۇن ئۇستىنىڭ ئازادە دۇكىنىدا چاچ-ساقال ئالدۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ۋە بۇ دۇكاندا پىكىرداش، ھەمسۆھبەتلىرى بىلەن نۇرغۇن قېتىم ئۇچرىشىپ قېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇپ كەلگەنىدى. // قارىغاندا ئۇ كەگرى ئۆيدە يالغۇز، بىكار ئولتۇرۇۋېرىشتىن زېرىكىپ، بىرەر ھەمسۆھبەت دوستلىرىنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى.

**ھەمسۆھبەت بولماق** سۆھبەتتە بىللە بولماق، ئۆزئارا سۆھبەتلەشمەك: ئەگەر سۆھبەتلەشسەڭ، بىلىملىك، ياخشى كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلەش، چۈنكى، بىلىملىك، ياخشى كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولساڭ، ھەر جەھەتتە ساڭا پايدىسى بار.

**ھەمشېرىك** ئى. ئۆزى بىلەن بىرەر ئىشتا شېرىكلەشكەن ياكى شېرىكلىشىدىغان كىشى: ھەمشېرىك بولماق. * خۇرشىدىخان ئېگىرقىغان ھالدا مەنسۇرنىڭ ھەمشېرىكلىرىگە قارىدى. * پەخىردىن بىرقانچە ھەمشېرىكلىرىنى باشلاپ كىرىپ، ئۆينى ئۇگىتەي-توگىتەي قىلىۋەتكەن بولسىمۇ ھېچنېمە تاپالمىدى.

**ھەمشېرىك بولماق** بىرەر ئىشتا باشقىلار بىلەن شېرىكلەشمەك: ئۇ ئىشىك تۈۋىدە توختاپ ئۆزىنىڭ چوڭ بولۇش جەريانىغا ھەمشېرىك بولغان تاملارغا، قورانىڭ ئېگىز تاملىرىدىكى كەپتەرلىرىنى تور بىلەن ئۇركۈتۈپ ئۇچۇرىدىغان ئۆگزىلەرگە دىققەت بىلەن سەپسالدى.

**ھەمشىرە** ئى (پ) ① قىز قېرىنداش: — بۇ قىز مېنىڭ ھەمشىرەم بولىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا ئۇ قىزنى تونۇشتۇرۇپ. * گۇل سەلىمنىڭ ئىككى ھەمشىرىسى بار ئىكەن. ② كۆچمە. دوختۇرخانىلاردا، بولۇپمۇ ئۇرۇش مەزگىللىرىدە يارىدارلارغا قارايدىغان، ئۇلارنىڭ يارىلىرىنى تېڭىش، ئوكۇل قىلىش قاتارلىق ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان ئايال خادىم: شەپقەت ھەمشىرىسى. * ئۇ ئوكۇلخانا ئالدىدا ھېلىقى ناتونۇش ھەمشىرە قىز بىلەن نېمىلەرنى دېيىشكەنلىرىنى ھاشىم ئاكىغا تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

**ھەمشىرىلىك** «ھەمشىرە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلار باي بازىرىدىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ، شەپقەت ھەمشىرىلىككە يېزىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

**ھەمشۋا** ئى < بوت > تۆگمگۈل ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى بۆرەك شەكلىدە ياكى يۇملاق. گۈلى كىچىك، سۇس قىزىل رەڭلىك. يۇمران ئۇچلىرى ۋە يۇمران يوپۇرماقلىرىنى

كۆكتات قىلىشقا بولىدۇ.

**هەمقەدەم** ئى (پ+ئە) تەڭ بېسىلغان قەدەم؛ تەڭ ئىلگىرىلەش، تەڭ راۋاجلىنىش: بىر مىللەتنىڭ نامى شۇ مىللەتنىڭ ۋۇجۇدى بىلەن ھەمقەدەمدۇر.

**هەمكار** ئى (پ) بىرەر ئىشنى باشقىلار بىلەن بىرگە بېجىرگۈچى، ياردەملەشكۈچى: پاراغەت ئىزلىسەڭ ئەسلا بىلمىدىن ئۆزگە يار تۇتما، سىنىڭ قەدرىڭنى ساقلاشتا بىلمىدەك ياخشى ھەمكار يوق.

**هەمكار بولماق** ← **هەمكارلاشماق**: — سىز بىلەن ھەمكار بولغان كىشىلەرنىڭ شەخسىي ئىشلىرىنى ھەممە ۋاقىت بايقاپ يۈرەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ بىردەمدىن كېيىن.

**هەمكارلاشتۇرماق** «ھەمكارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەستە قالدۇرۇشتا كۆز، قۇلاق، ئېغىزنى ھەمكارلاشتۇرۇش لازىم، بۇنىڭ ئۈنۈمى نوقۇل ئاڭلىغان ياكى كۆرگەنگە قارىغاندا يۇقىرى بولىدۇ.

**هەمكارلاشتۇرۇشماق** «ھەمكارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هەمكارلاشتۇرۇلماق** «ھەمكارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**هەمكارلاشماق** پ. ياردەمدە بولماق، ئۆزئارا ياردەملەشمەك: ئۇلارنىڭ قەيسەرلىكى، ھەمكارلىشىپ جەڭ قىلىشى، دەممۇدەم ھۇجۇم قوزغاپ، قارشى تەرەپنىڭ قاپقىسى ئالدىدا خەتەرلىك ۋەزىيەت شەكىللەندۈرۈشى پۈتكۈل مەيداندىكى تاماشابىنلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانىدى. * مەن دادامغا ھەمكارلاشقاچ ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىنى كۈتتۈم.

**هەمكارلىششماق** «ھەمكارلاشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هەمكارلىق** ئى. بىرەر ئىش، ۋەزىپە، خىزمەت قاتارلىقلارنى بىرقانچە ئادەم ياكى بىرقانچە ئورۇن ئۆزئارا ماسلىشىپ ئىشلەش، ئورۇنلاش: ئىقتىسادىي ھەمكارلىق. ھەمكارلىق كاسسىسى. * خىزمەتتە ئۆزئارا ھەمكارلىقنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

**هەمكەسىپ** ئى ← **كەسىپداش**: — ئەي خاقانىم، بۇ ھادىسىگە ئۇچرىغۇچە، ئەتتىگەندە ھەمكەسىپ بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە زىياپەتتە بولدۇم، — دەپ سۆز باشلىدى ماشىنچى.

**هەمكەسىپلىك** ئى ← **كەسىپداشلىق**: باشلىق ئۆزىنىڭمۇ ھەمكەسىپلىكنى سەمەتكە ئەسلىتىپ، ئۇنىڭمۇ بېرىشىنىڭ لازىملىقىنى ئۇقتۇرۇپتۇ.

**هەملە** ئى (ئە) بېزت. ئادەم ياكى نەرسە ئۈستىگە تاشلىنىش؛ ھۇجۇم: ھەملە ئەيلىمەك. ھەملە قىلماق. * ناھايەت تېز چېقىندەك ھەملە ئەيلەپ، قارا قۇشنىڭ بېشىنى ئۈزدى چىشلەپ.

**هەملە قىلماق** ئۈستىگە تاشلانماق، ھۇجۇم قىلماق: خەلق خۇددى ياردار شىر ئۆز بەدىنىدىكى قانلىرىنى يالاپ بولۇپ يەنە ھەملە قىلغاندەك باشقىدىن توپلىنىپ، جەڭگە كىرمەكچى بولدى.

**هەممە** ئال (پ) ① مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ تولۇق سان-مىقدارى ئورنىدا كېلىپ «بارلىق، پۈتۈن، پۈتكۈل، جىمى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — مەكتەپتە ھەرگىز ئۆزۈڭنى «مەن شاھزادە» دەپ قارىمىغىن، ھەممە بالىلار بىلەن ئوخشاش ئوقۇغۇچىسەن، ئۇستازىڭنى ھۆرمەت قىل، — دېدى نەسىھەت قىلىپ خانئايىم ئوغلىغا. * يىغىنغا ئىدارىمىزدىكى ھەممە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قاتناشتى. * ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىدە كىچىك تراكتور، ۋەلسىپىت، ھارۋا، ئۈنئالغۇ... ئىشقىلىپ،

ھەممە نەرسە بار. ② « خىلمۇخىل » ياكى « ھەرقانداق » دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: ھازىر بازاردا ھەممە مال بار. * بۇنچىلىك ئىشنى ھەممە ئادەم قىلالايدۇ.

**ھەممە قازاندا قاينىماق** تۇرمۇشنىڭ ھەممە ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىماق، ھەممە ياخشى-يامان يوللاردا ماڭماق: ئۇ ياش چېغىدىلا ھەممە قازاندا قايناپ چىققاندى، شۇنداق بولغاچقىمۇ بەزى قىيىنچىلىق ئالدىدا ئانچە ۋاي دەپ كەتمەيتتى.

**ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىمەك** ھەممىگە بىر خىل پوزىتسىيە تۇتماق، ھەممىگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلماق: سىياسەت بويىچە ئىش قىلىش كېرەك، ئەمدى ئىلگىرىكىدەك ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدەشكە بولمايدۇ، ھەركىم ئۆز زىممىسىدىكى يۈكنى كۆتۈرۈشى لازىم.

**ھەممىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ** ھەممە ئادەم شۇنداق دەۋاتىدۇ، ھەممە ئادەم شۇنى سۆزلەۋاتىدۇ: — سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ھازىر ھەممىنىڭ ئاغزىدا شۇ گەپ، بىزنىڭ نېمە ئامالىمىز، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**ھەممىيلەن** ئال. ھەممە كىشى، ھەممە ئادەم: ھەممىيلەن بارماق. ھەممىيلەن كەلمەك. * بۇ مەسلىھەت شاھ باشلىق ھەممىيلەنگە ناھايىتى خۇش كېلىپتۇ. * ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، كەنجى باتۇر ھەممىيلەن بىلەن خوشلىشىپ ئۆز يولىنى داۋام قىپتۇ.

**ھەممەنپەس** سۈپ (پ+ئە) نىيىتى، مەقسىتى، ھەرىكىتى بىر، يېقىن ئۈلپەت، يېقىن دوست؛ بىر-بىرىگە يار-يۆلەك: ھەممەن-پەس بولماق. * ئۇ « ئىنقىلاب » يىللىرىدا ئۆتكۈزگەن شاھانە تۇرمۇش، ھەممەنپەس يارەنلىرى، « جەڭگىۋار سەبداش » لىرىنى بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى.

**ھەممەنپەس بولماق** نىيىتى، مەقسىتى بىر بولماق، بىر-بىرىگە يار-يۆلەك، ياردەمدە بولماق، ئۈلپەت تىلەشمەك، دوستلاشماق: ئۇلار كېيىنكى ئىككى يىللىق ئوقۇش ھاياتىنى بىر-بىرىگە ھەممەنپەس بولۇپ، ئۆگىنىش، تۇرمۇشتا قىزغىن ياردەم بېرىشىپ ئۆتكۈزۈشتى.

**ھەممەنپەسلىك** « ھەممەنپەس » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىز قەلبىنىڭ ياشلىق تىلەكلىرىگە ھېسداشلىق، ھەممەنپەسلىك سادالىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان بۇ خەت ھاياتقا قىز بىلەن ئوخشاش قارايدىغان بىر قەلب ئىگىسىنىڭ تىلەكلىرىنى بايان قىلغانىدى.

**ھەممەزەك** ئى. تېگى كۆك، گۈللۈك ماتا: ھېيىزىخان بولسا ھەممەزەك كۆرپىگە يۆگەلگەن بالىسىنى قۇچاقلاپ، غەمكىن قەدەملىرىنى ئالدىرىماي دەسسەپ، ئېرىندىن يىگىرمە-ئوتتۇز چامدام كەينىدىرەك باراتتى.

**ھەمىشە** رەۋ (پ) ھەرقانداق ۋاقىت، ھەممە ۋاقىت، ھەر چاغ، دائىم: ئۇ ئادەملەر بىلەن مۇئامىلە قىلغاندا، ھەمىشە سەممىي ۋە قىزغىن ئىدى. * شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا ھەمىشە سەيدۇللانى يوقلاپ تۇرىدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن تۇرغۇن ھېكمەتلىك سۆز، ماقال-تەمسىللەرنى ئاڭلايتتى ھەم ئۇنى دەپتىرىگە خاتىرىلىۋالاتتى.

**ھەمىشەم** (توغرىسى: ھەمىشە) ← **ھەمىشە**.

**ھەمياستۇق** ئى. بىر ياستۇققا باش قويغۇچى، بىر ياستۇقتا ياتقۇچى: ھەمياستۇق بولماق.

**ھەمياستۇق بولماق** بىر ياستۇققا باش قويماق، بىرگە تۇرمۇش كەچۈرمەك:

ئۇ ئۇتتۇرا مەكتەپتىن ئايرىلىدىغان ئاخىرقى يىلى كىتابتىن باش كۆتۈرمەي دېگۈدەك ئوتكۈزدى. ئۇ بىر نەۋرە ئاكىلىرىغا ھەمياستۇق بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغانمىدى؟

**ھەميان** ئى (پ) پۇل سېلىپ يېنىدا، يانچۇقىدا ئېلىپ يۈرىدىغان قاپچۇق؛ پورتمان: جامائەت يانچۇق ۋە ھەميانلىرىنى ئاختۇرۇپ، مەيدانغا ئارقا-ئارقىدىن ياماق ۋە داچەنلەرنى ياغدۇردى.

**ھەنەفىيلەر** ئى <دىن> ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرى. ئاساسچىسى ئەبۇ ھەنەفىي. بۇ مەزھەپ شاپىئىيلەر، مالىكىلار ۋە ھەنبەلىيلەر بىلەن بىرگە سۈننىيلارنىڭ تۆت چوڭ مەزھىپىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ھەنبەلىيلەر** ئى <دىن> ئىسلام مەزھەپلىرىدىن بىرى، يەنى سۈننىيلارنىڭ تۆت چوڭ مەزھىپىنىڭ بىرى. ئاساسچىسى ئىمام ئەھمەد بىننى مۇھەممەد بىننى ھەنبەلىيدۇر.

**ھەننۋا** سۆپ. جان ت. ھەممە، بارلىق، جىمى: مەن بەزى ئىشلارنىڭ تېگىنى بىلمەيدىكەنمەن، پات-يېقىندا ھەننۋا سىر ئېچىلىدۇ. * مەككىگە بارغانلىقى جاننىڭ ھەننۋاسى «ھاجى» بولۇۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا بۇ ئادەمنىمۇ «ھاجى» دېيىشكە ئەلۋەتتە بولاتتى.

**ھە-ھۇ** «ھە» ۋە «ھۇ» غا ئوخشاش ئاۋاز: تال-تال قىلىپ ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى ۋە رەڭمۇرەڭ كۆڭلەك، ياغلىقلىرىنى يەلپۈلدىتىپ، ئاسماننىڭ قەھرىدە ئۇچۇۋاتقان قىزلارنىڭ ئەندىشىلىك قىيقاس-سۈرەنلىرى چاقپەلەك چۆرگۈچى يىگىتلەرنىڭ ھە-ھۇلىرى بىلەن قوشۇلۇپ خۇشاللىق تاشقىندەك گۈرۈلدەيتتى.

**ھە-ھۇ بىلەن** قولمۇقول؛ ھەممە بىلەن ھەرىكەت قىلىپ؛ سالا-سۆلھ بىلەن: ئايخان ئايلامنىڭ سىڭلىسى كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يېتىم قالغان بەش ياشلىق تۇرسۇنگۈل ئىسىملىك قىزىنى ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇملار ھە-ھۇ بىلەن ئۆلارنىڭ بېقىۋېلىشىغا بەردى. * لەشكەرلىرىمىز دېمىنى ئېلىپ ماغدۇرىغا كېلىۋالسۇن، ئاندىن كېيىن بىرلا ھە-ھۇ بىلەن ئۇلارنى يوق قىلىۋېتەلەيمىز.

**ھە-ھۇ دېگۈچە** تېز ئارىدا، بىردەمدە، بىرپەستە، ھەش-پەش دېگۈچە: ئۇ ھە-ھۇ دېگۈچە 15 دۈشمەننى يەر چىشلەتتى.

**ھە-ھۇ دېمەك** ياردەمدە بولماق، ھەمكارلاشماق، ماسلاشماق: — قانداق چارە بولسا ئىجرا قىلىشقا مەن تەييار، ئۈچىنى چىقىرىپ قويسىڭىزلا چوقۇم ئورۇنلايمەن. سىز بىلەن ھە-ھۇ دەيدىغانلا بولسا ئوتقىمۇ كىرىمەن، — دېدى سەلەي پەرىزاتقا. * — ئۇنىڭ پايدىسىغا قىقاس-چۇقان كۆتۈرۈشكە ئادەم كېرەككۇ، مانا بۇ ئىشتا سەنمۇ ھە-ھۇ دېگىن، — دېدى زىۋىرشا ئاستا پىچىرلاپ.

**ھە-ھۇ دېيىشمەك** بىللە قىلىشىپ بەرمەك، ياردەملەشمەك، بولۇشماق: لىتىپ ئاكا دۇتارنى تەڭكەش قىلىپ بىر-ئىككى پەدىگە ھە-ھۇ دېيىشكەندىن كېيىن، دۇتارنى چەتكە قويۇپ، باللىرىنىڭ پەيزىنى كۆرۈشكە باشلىدى. * — ۋاقتى كەلگەندە ھە-ھۇ دېيىشمەيمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپ.

**ھە-ھۇ قىلىشماق ← ھە-ھۇ دېيىشمەك:** كونا يىللىقچى ئاغىنىلىرى كېلىپ ھە-ھۇ قىلىشىپ، كۆلكە چاقچاقلار بىلەن بىرمۇنچە كېسەك قويۇلۇپ كەتكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ سەزمەي قېلىشاتتى.

**هە-هۇچىلار** <تەن> تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىدە، بىر ياقتىن تۇرۇپ تەنھەرىكەتچىلەرگە مەدەت بەرگۈچى كىشىلەر.

**هەۋەس** ئى (ئە) بىرەر نەرسىگە بولغان قىزىقىش؛ ئىنتىلىش؛ ئارزۇ، ئىستەك: ئىش باشقا، هەۋەس باشقا. * مەن كىچىك مۇخبىر ئابلەتنىڭ ئەستايىدىللىقى ۋە ئىرادىسىگە قايىل بولۇپ هەۋەس بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدىم. * بىردىنلا ئۈستەلگە بويىدىكى مەجنۇن تالغا قونغان تۇمۇچۇقنىڭ هەۋەس بىلەن سايرىشى گۈلباهارنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.

**هەۋەس قىلماق** بىرەر نەرسىگە قىزىقىش، ئىنتىلىش پەيدا بولماق، هەۋەسلەنمەك: قاراخان بىلەن ئاقخان شىكار قىلماققا هەۋەس قىلدى. * ئەگەر ئۇ تانسا ئويناۋاتقان ئەر-خوتۇنلارغا قارايدىغان بولسا، بەلكى ئۇلار بىزگە هەۋەس قىلىۋاتىدۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

**هەۋەسكار** ئى (ئە+پ) بىرەر نەرسىگە قىزىقىدىغان، ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئىنتىلىدىغان ئادەم: پادىشاھنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى بولۇپ، ئوۋ قىلىشقا بەكمۇ هەۋەسكار ئىكەن. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ هەۋەسكار رەسسام بولۇپ، رەسىملەرنى خېلى ئەپچىل سىزىشنى بىلەتتى.

**هەۋەسكارلىق** «هەۋەسكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئىبنى رۇشدىي ئۆزىنىڭ تەبىئىي تالانتى، ئىلىم-پەنگە بولغان هەۋەسكارلىقى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلىكى ۋە ئەستە تۇتۇش كۈچىنىڭ يۇقىرىلىقى قاتارلىق ئىقتىدارلىرى بىلەن ئۆز زامانىسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك تەلىم-تەربىيە ۋە ئۆگىنىش شارائىتىغا ئىگە بولغان.

**هەۋەسلەندۈرمەك** «هەۋەسلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قۇندۇز تۆكىدەك قاپقارا قاش-كىرپىك، توم ئۆرۈلگەن ئىككى تال ئۇزۇن چاچ، سۈرەتتەك كۆرۈنىدىغان قەددى-قامەت... دائىم شەرىپخاننىڭ ئۆزىنى هەۋەسلەندۈرەتتى.

**هەۋەسلەندۈرۈشمەك** «هەۋەسلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هەۋەسلەندۈرۈلمەك** «هەۋەسلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**هەۋەسلەنمەك** پ. بىرەر نەرسىگە ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلماق، هەۋەس قىلماق، ئىنتىلمەك، قىزىقماق: ئۇلار بەلكىم باهار بىلەن تەڭ هۆسنىگە تولغان شۇنداق چىرايلىق بىر قىزنىڭ ئۆگەن بويىلىرىدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ياشاۋاتقانلىقىدىن هەۋەسلىنىۋاتامدىكىن؟

**هەۋەسلىك** سۈپ. هەۋىسى بار، هەۋەس قىلىدىغان: ئۇ دولان مەشرەپلىرىنىڭ هەۋەسلىك تىڭشىغۇچىسى، ئەلنەغمىلىرىنىڭ قىزىققۇچىسى ئىدى.

**هەۋەسلىنىشمەك** «هەۋەسلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هەۋەسمەن** سۈپ (ئە+پ) بىرەر نەرسىگە هەۋەس قىلىدىغان، قىزىقىدىغان ۋە ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان، ياكى ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان: بىرەر كەسپكە هەۋەسمەن كىشى شۇ كەسپنىڭ نامدار ئەھلىنى ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭدا هاياجانلىق قىزىقىش ۋە سەممىي هۆرمەت تۇيغۇسى قوزغىلىدىغانلىقى تەبىئىي. * ئاكام مۇزىكا ئۆگىنىشكە تولىمۇ هەۋەسمەن كىشى ئىدى.

**هەۋەسمەنلىك** «هەۋەسمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىرپەستىن كېيىن قىرائەتخانىغا 50 ياشلاردىكى، كۆرۈنۈشىدىن غەمسىز ۋە هەۋەسمەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان تىپىك دېھقان

سىياقىدىكى بىركىشى كىرىپ كەلدى-دە، جازىدىكى كىتابلارغا سەپسېلىشقا باشلىدى.

**هەۋزىكەۋسەر** ئى (ئە) < دىن > جەننەتتىكى سۈلىرى تىنىق ۋە شېرىن دەپ تەرىپلىنىدىغان كەۋسەر ناملىق بۇلاق: ئاھكىم زالىم پەلەك قىلماقچىمۇ سەندىن جۇدا، هەۋزىكەۋسەردەك سۆيۈگىدە لايىقى مېھمان ئىدىم.

**هەي** ئىم ① بىركىمنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش، چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — دىلبەر، هەي دىلبەر! — يىراقتىن بىرەيلەننىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ كەلدى. ② پۇشايمان قىلىش، ئەپسۇسلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: بەزىلەر سەن نېمىنى بىلسەن دەيدۇ، مەن نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن، شۇنچە ۋاقىت بىللە ئىشلىگەن تۇرسام، هەي، ئادەمنىڭ دوستىدىن تولا دۈشمىنى بولىدىكەن. ③ زوقلىنىش، رازى بولۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — بوش كەلمىدىڭىز، هەي يامان قىز، هەي... — دېدى شائىر، رەئىسنىڭ كۆلكىسىنىڭ پەسىيىشىگە ئۈلگۈرتۈپلا زۇلپىيەگە قاراپ. ④ ئېچىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — ئۇكام كەنجىتاي، دادام، مېھرىبان ئانام بىچارىلەر، هەي... بۇ كۈنلەرنى كۆرەلمىدى، خەپ! . ⑤ تەقەززالىق ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: هەي... كېچىكىپ قالىدىغان بولدۇق-تە! ⑥ يىرگىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: هەي... نېمىدېگەن سەت مەخلۇق بۇ!

**هەيئەت** ئى (ئە) ① بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرىشكە بەلگىلەنگەن، ئاجرىتىلغان ياكى سايلانغان كىشىلەر گۇرۇپپىسى: ئىمتىھان ئېلىش هەيئىتى، تەكشۈرۈش هەيئىتى. * ئىمتىھان ئېلىش — سىناپ كۆرۈش هەيئىتى يۈرۈپ كەتتى. * نۇرئەلاخان تەرىپىدىن «زاۋۇت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ هەيئەت ئەزاسى، سېخ مۇدىرى» دەپ تونۇشتۇرۇلغان پەرىزات ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇنىۋانى ئەڭ يۇقىرى باشلىق ئىدى. ② شۇ خىل گۇرۇپپا، تەشكىلاتنىڭ ئەزاسى: ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقان كىشىلەر ئىشككە يېپىشتۇرۇلغان قەغەزلەردىكى يېزىقلارنى ئوقۇۋېتىپ، ئۆيدىن-ئۆيگە يۈگۈرۈپ يۈرگەن، ئاۋازلىرى بوغۇلۇپ، خىرىلداپ قالغان هەيئەتلەرگە قارىشاتتى.

**هەيئەت رىياستى** يىغىننى باشقۇرغۇچى كىشىلەر گۇرۇپپىسى: قۇرۇلتاي يېپىق مەزگىلدە قۇرۇلتاينىڭ خىزمەت هوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان، قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنىڭ ئىزچىللىشىشىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا نازارەت قىلىدىغان هەيئەت رىياستى سايلاپ چىقىلدى.

**هەيئەتلىك** ئى. هەيئەتكە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، هەيئەت ئۆتەشكە تېگىشلىك خىزمەت: — ئۇنى ياچېيكا هەيئەتلىكىدىنمۇ قالدۇرىمىز، هەتتا پارتىيىدىن قالدۇرۇشىمىزمۇ مۇمكىن، — دېدى ئەكبەر.

**هەيتاڭ** ئىم (هەي+تاڭ) جۈملىدە «پەقەتلا بىلمەيمەن»، «زادىلا خەۋىرىم يوق» دېگەندەك ئېنىقسىزلىق جاۋاب ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: — هەيتاڭ بىز ئىزدەپ يۈرگەن مېھمان شۇمىكىنا، ئاجايىپ ئىش، نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ-هە؟ — دەپ پىچىرلىدى قىسمەت چورۇق ئۆزىگە.

**هەيتاڭگەي** ئىم (هەي+تاڭ+هەي) «هەي-تاڭ» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلىپ ئېيتىلىشى: — هەيتاڭگەي، هەرقانچە بولسىمۇ ئۆز ۋەجىنى بىلمەي قالامدۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا.

**هەيتوۋا** ئىم (هەي+توۋا) ① بىرەر نەرسىدىن هەيران بولۇش، ئەجەبلىنىش ئىماسىنى

بىلدۈرىدۇ: — هەيتوۋا، شۇنچە قىلسامۇ قاراپ قويمايدىغۇ ئۇ جونداق، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە. ② مەلۇم كېلىشمە سىلىكىنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇش، ئەنسىرەش ئىماسىنى ئىپادىلەيدۇ: — هەيتوۋا، — دېگىنىچە ياقىسىنى تۇتتى ئۇ بالىغا بىر قاراپلا.

**هەيدەتمەك** «هەيدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىغىندا يېڭىدىن سېتىۋالغان ماشىنىنى كىمگە هەيدىتىش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىندى. * گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ بىرى توپلۇق يېزىسىدىن بىر پادا قويىنى نامان ئىسىملىك 26 ياشلار چامىسىدىكى بىر دېهقان يىگىتكە هەيدىتىپ كېلىپ سېپىل ئىچىگە ئەكىردى.

**هەيدەشتۈرمەك** پ. هەيدەش، ئىتتىرىش ۋە شۇ خىلدىكى هەرىكەتلەرنى قىلماق، هەيدىمەك: ئۇلار مېنى هەيدەشتۈرۈپ سەهنىگە ئېلىپ چىقىشتى.

**هەيدەشمەك** «هەيدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: «قاۋانلىققىغۇ چوڭ-كىچىك هەممىنى هەيدەشكەنسەن، ئېتىز ئىشىنى، 8-دۇينىڭ ئۆيسىز قالغان ئادەملىرىنى قانداق قىلىشتىڭكىن» دەپ پىچىرلىدى تۇرسۇن ئۆزىگە. * ئەسلى دىلىمىز بىر ئىدى بىزنىڭ، بىراق يات سىنىپ ئايرىغان چەكلەپ. يالغۇز يالغۇز ... دەپ، سۇنۇشقاندا قول، ئۇلار يول بەرمەي هەيدەشكەن يەكلەپ.

**هەيدەكچى** ئى ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا هەيدىگەن، شۇ ئىشنىڭ قىلىنىشىنى سۆيلەيدىغان ئادەم: هەيدەكچىنىڭ يوغان باش، يالپاق بۇرۇن، چېقىر كۆز بىرى ئوتتۇرا ئىشكنى غىچچىدە ئېچىپ ئىچكىرىگە كىرىپ كەتتى. ② بىرەر ئىش-هەرىكەتنىڭ باشلىنىش، يۈز بېرىش ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب بولغان نەرسە؛ تۈرتكە، مەدەت، ئىلهام: هەيدەكچى بولماق. * هاۋا رايىنىڭ بىردىنلا ئۆزگىرىشى ئورۇق سېلىشنى تېزرەك تۈگىتىشىمىزگە هەيدەكچى بولدى.

**هەيدەكچى بولماق** بىرەر ئىش-هەرىكەتنىڭ باشلىنىشى، يۈز بېرىشى ۋە ئەمەلگە ئېشىشىغا سەۋەب، ۋاسىتە، تۈرتكە، مەدەت ۋە ئىلهام بولماق: 21 يىللىق سېغىنىش تەشنالىقى بۇ خەتنى ئالدىن يېزىشقا هەيدەكچى بولدى. * تۇغۇلغاندىن باشلاپ بوۋىسىدىن بىرقەدەممۇ ئايرىلىپ باقمىغان گۆدەكلەرنىڭ كۈندىن-كۈنگە جىمغۇر، غەمكىن بولۇپ كېتىۋاتقانلىقى چىنار ئايىمنى قەتئىي قارارغا كېلىپ، ئۇلارنى بوۋىسى بىلەن كۆرۈشتۈرۈشكە هەيدەكچى بولدى.

**هەيدەكچىلىك** «هەيدەكچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: هەيدەكچىلىك قىلماق. * خۇرما رەڭ چاپانلىق يىگىت ئاشۇنداق خىلمۇخىل خىياللارنىڭ هەيدەكچىلىكىدە هېيتكارغا قانداق كېلىپ يەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى. * مەتنىيازنىڭ ئەسلىي كەسپى ساتىراش، ئۇ هۈنەرنى شەهەردە دادىسىدىن ئۆگەنگەن ۋە دادىسىنىڭ هەيدەكچىلىكى بىلەن ئون نەچچە يىل داۋام قىلدۇرغان.

**هەيدەلمەك** «هەيدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: جاللاتلار تۆت كوچا ئاغزىدىن تېخى تارقىشىپ بولمىغانىدى. ۋالىي مەهكىمىسىنىڭ ئۇدۇلىدىكى كوچىدىن بۇ يەرگە هەيدىلىپ كېلىۋاتقان بىر توپ كىشىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈپ ياقۇپ توغرالغان جازا مەيدانىغا يېقىنلاپ كەلدى. * خەلىچە ئانا هويلىغا كىرىش بىلەن، ئۆزلىرىگە تەئەللۇق بولغان تۆت پۇلى يەرنىڭ هەيدىلىپ، تېرىلىپ، سۆرەمدىن چىقىپ بولغانلىقىنى ئاڭلىدى.

**ھەيدىمەك** پ ① بىرەر تەرەپكە، بىرەر جايغا قاراپ مېڭىشقا قىستىماق، بېرىشقا مەجبۇر قىلماق؛ قوغلىماق: ئىشقا ھەيدىمەك. تاغقا ھەيدىمەك. * تۇتقۇنلارنى ئېلىپ ماڭىدىغان كۈنى چىڭ لەشكەرلىرى پۈتۈن شەھەر خەلقىنى «يارۋاغ دەرۋازىسى» ئالدىغا ھەيدەپ چىقتى. * بۇلارنى كېچىچە ئويلاپ چىققان تۇردىئاخۇن تاڭ ئېتىشى بىلەنلا ئايالىنى، مەمەت ئېلىنى، ئۇن ياشلىق گۈلنارنىمۇ ئېتىزغا ھەيدىدى. * كېرىم ئاخىرى مەنسۇرنى ئۆيدىن ھەيدەپ چىقاردى. ② ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرماق (ئوي-پىكىر، خىيال، ھېس-تۇيغۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇ كىرپىكلىرىنى ئالدىغا سۈردى-دە، خاپا بولغان ھالدا مۇزىكا ئويغاتقان ئىسسىق، نازۇك ھېس-لارنى ئۆزىدىن ھەيدەپ، بوغۇق ئاۋاز بىلەن قاتتىق-قاتتىق سۆزلەشكە باشلىدى. * لېكىن مۇنۇ زەي ئۇنىڭ شېرىن خىيالىنىمۇ، كۆزى يېتىپ تۇرغان پىلانلىرىنىمۇ نېرى ھەيدىۋەتتى. ③ ماتورلۇق ياكى ماتورسىز قاتناش ۋاسىتىلىرىنى باشقۇرۇپ ماڭدۇرماق: قېيىق ھەيدىمەك. تراكتور ھەيدىمەك. * ھېلىقى كۈنى كېسەل يولۇچىنى ئازابلاپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاپتوموبىلنى سۇ يۈزىدە كېمە ھەيدىگەندەك سىلىق ھەيدەپ، يەنە بىر بازارغا يېتىپ كەلدىم. * لۇتپۇللانى ئېلىپ كەلگەن ھارۋىكەش يېڭى ھايات مەھەللىسىگە كەلگەندە ئۇنى چۈشۈرۈپ قويۇپ، ھارۋىسىنى كېپەكيۈزى مەھەللىسى تەرەپكە ھەيدەپ كەتتى. ④ بوشاتماق، ئېلىپ تاشلىماق (ئىش، خىزمەت قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىشتىن ھەيدىمەك. * زىرىپ راستتىنلا يامان بالىمۇ؟ ئەجەبا ئوقۇغۇچىلار يامان بولسىلا مەكتەپتىن ھەيدىۋېتىش كېرەكمۇ؟» دەپ ئويلىدى ياسىن. * ئۇقۇشۇپ كۆرسەك، ئەسلىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان دوختۇرلار ھەيدەپ چىقىرىلىپ، تۈزۈك كەسپىي بىلىمى يوق كۆرەڭلەر «دوختۇر» بولۇۋالغانىكەن. ⑤ مەخسۇس ئەسۋاب بىلەن يۇمشاتماق، ئاغدۇرماق، تېرىماق: (دېھقانچىلىق ئېتىزلىرى ھەققىدە): تولۇق ھەيدىمەك. * يەر ھەيدىسەڭ كۈز ھەيدە، كۈز ھەيدىمىسەڭ يۈز ھەيدە (ماقال). * ئۇنىڭ بۇ ياخشى كۈنلىرى ئۇزاققا بارمىدى، 13 ياشقا كىرگەندە، دادىسى قوش ھەيدەۋاتقان يەردە يىقىلىپ چۈشۈپ جان ئۈزدى. * ئۇلار ئاشخانىغا ماڭغاندا، تراكتور چىراغلىرى بىلەن ئەتراپنى يورۇتۇپ گۈركىرەپ يەر ھەيدىمەكتە ئىدى.

**ھەيران I** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. سىرتقى شەكلى قارلىغاچ ئائىلىسىدىكى قۇشلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قۇيرۇقى ئۇزۇن بولۇپ، جىسىم تۇرغاندا قانىتى قۇيرۇقىدىن ئېشىپ تۇرىدۇ. ئۇچۇش سۈرئىتى تېز ۋە كۈچى كۈچلۈك كېلىدۇ. ئېگىز ئىمارەت لەمپىلىرى ياكى دەرەخ ئارىسىغا چاڭگا ياسايدۇ. ئۇچقاندا ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. دېھقانچىلىق ۋە ئورمانچىلىققا پايدىلىق قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**ھەيران II** ئى (ئە) بىرەر كۈتۈلمىگەن، ئاجايىپ، غەيرىي-تەبىئىي نەرسە ياكى ھادىسە تۈپەيلىدىن ئادەمدە پەيدا بولغان ھاڭ-تاڭلىق؛ تەئەججۈپلىنىش، گاڭگىراش: ھەيران بولماق. ھەيران قالماق. * تۆھمەتكە تۆھمەت قىلاي، تۆھمىتىڭ ھەيران قالسۇن (ماقال). * ياسار ھەر كېچىدە مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىدىغان بولۇپ قالغىنىدىن ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى. * مەمەتئېلىنىڭ دوست-بۇرادەر، مەھەللە-ھەقەمسايىلىرى مەرھابانىڭ بۇ ئىشلىرىدىن ھەيران ئىدى.

**هەيران بولماق** تەئەججۈپلەنمەك، هاڭ-تاڭ بولماق، نېمە قىلارىنى بىلمەي ئېسەنگىرىمەك: باللاردەك مەغرۇر بۇ قىزنىڭ بۇ مەنىسىز ئۆيگە تۈيدۇرماستىن، ئاددىي يوسۇندا كىرىپ كەلگىنىگە ئۆزىمۇ هەيران بولاتتى. * كۆۋرۈك بېشىدا ئولتۇرغانلار بۇ كۈتۈلمىگەن ئاجايىپ ئىشتىن هەيران بولۇشۇپ، قاقاهلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

**هەيران قالماق ← هەيران بولماق:** جامال ئاكا شۇڭلارنى قايرىپ ساڭگىلىشىپ تۇرغان ئۇزۇم ساپاقلىرىنىڭ بولۇقلۇقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى.

**هەيران قىلماق** تەئەججۈپلەندۈرمەك، هاڭ-تاڭ قالدۇرماق، ئېسەنگىرەتمەك، ئويغا سالماق: بىلمىدىم، دوستۇم، بۈگۈن نە ئىشنى قىلدىڭلا، بىتۈيۇق نامە ئەۋەتىپ مېنى هەيران قىلدىڭلا.

**هەيرانە** سۈپ (ئە) هەيران قالغان، هەيران بولغان: قويىنى لالە-رەيهانە، بۇلبۇل، كاككۇك مەستانە، كۆرسە هەركىم هەيرانە، گۈزەل ئىلى باغلىرى.

**هەيرانچىلىق** ئى. هەيران بولۇش تۇيغۇسى، هەيران قېلىش، هەيرانلىق: بۇ سۆز مېنىڭ بايىقى هەيرانچىلىقىمنى كۆڭلۈمدىن كۆتۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى بىر سوئال ئىگىلىگەندى.

**هەيرانلىق** «هەيران» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: هەيرانلىقتا قالماق. هەيرانلىققا چۆممەك. * قىز شەۋكەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە هەيرانلىق ئىچىدە سورىدى. * نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىگەن مېهمانلار پادىشاهقا هەيرانلىق بىلەن تىكىلىپتۇ.

**هەيران-هەس** قاتتىق هەيران قېلىش، ناهايىتى تەئەججۈپلىنىش: هەيران-هەس بولماق. هەيران-هەس قالماق.

**هەيران-هەس بولماق** قاتتىق هەيران قالماق، ناهايىتى تەئەججۈپلەنمەك: بۇ ئەهۋالدىن ئاشپۇزۇل خوجايىنى هەيران-هەس بولۇپتۇ. * راست! ئۇ بىرچاغلاردا ئاجايىپ بىر يىگىت بولىدىغان، دادىسى بىلەن بىللە توقۇغان گىلەمگە ئەل-جامائەت هەيران-هەس بولۇپ، ئاغزىنى ئېچىپ قېلىشقان ئەمەسمىدى!؟

**هەيران-هەس قالماق ← هەيران-هەس بولماق:** تېپىشماقتەك تۇيۇلغان جىنازا نامىزىنىڭ تەكتىگە يېتەلمەي ئەقلى لال بولغان بىر بۆلۈك جامائەت ئابدۇللانىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ هەيران-هەس قالدى.

**هەيران-هەس قىلماق** قاتتىق هەيران قالدۇرماق، ناهايىتى تەئەججۈپلەندۈرمەك: دېمەك مېنى بۈنچىلىك هەيران-هەس قىلغان بايىقى نۇر-شولا قانداقتۇر گۆھەرنىڭ چاقنىشى بولماستىن بەلكى تاشلارنىڭ ئارىسىنى ماكان قىلغان ئەرزىمەس، لېكىن مۇشۇنداق مۇھتاج ئازغىنا بولسىمۇ يورۇقلۇق بەخش ئېتەۋاتقان كىچىككىنە بىر جاننىڭ كارامىتى ئىكەن.

**هەيرەت** ئى (ئە) كۈتۈلمىگەن نەرسە، ۋەقە، هادىسە قاتارلىقلارغا ئۇچرىغاندا سېزىلىدىغان هەيران بولۇش هېسسىياتى، هەيران بولۇش تەئەججۈپتە قېلىش، ئەجەبلىنىش؛ تەئەججۈپ: مېهرىبانۇ هەيرەت ۋە غەزەپ بىلەن ئالتوپىلاڭ كۆتۈرۈپ، بۇ سۈيىقەستىنىڭ سىرىنى ئېچىشقا نەمتۇللانى بۇيرۇيدۇ.

**هەيرەتتە قالماق** كۈتۈلمىگەن نەرسە، ۋەقە، هادىسە قاتارلىقلارغا ئۇچراپ هەيرانلىق هېس قىلماق، ئەجەبلەنمەك، تەئەججۈپلەنمەك: مەن كېسەل يوقلاش مۇناسىۋىتى بىلەن شەهەرلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ، بىر غەلىتە ئىشقا يولۇقۇپ، بەكمۇ هەيرەتتە قالدىم. * ئۇ ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرنى سۆزلەپ، ئەتراپىغا ئولىشىپ گەپ ئاڭلاۋاتقانلارنى

هەيرەتتە قالدۇرۇپ، ھۇزۇرلاناتتى ئىدى.

**هەيز** ئى (ئە) <فىزىئول> ① جىنسىي ھۈجەيرىسى پىشىپ-يېتىلگەن ئاياللارنىڭ ھەر 28 كۈندە بىر قېتىم دەۋرىي يوسۇندا بالىياتقۇدىن قان كېلىش ھادىسىسى، ۋاقتى ئادەتتە ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بولىدۇ: ھەيز مەزگىلى. ② شۇ مەزگىلدە كېلىدىغان قان: ھەيز كەلمەك.

**هەيز دەۋرى** <فىزىئول> ياش قۇرامىغا يەتكەن ئاياللار بالىياتقۇ ئىچكى پەردىسىنىڭ سويۇلۇشى، قانىشى ۋە ئەسلىگە كېلىشىدىن ئىبارەت دەۋرىلىك ئۆزگىرىش. ئاياللارنىڭ ھەيز دەۋرى ئادەتتە 28 كۈن بولىدۇ.

**هەيز كېسىلىش** <فىزىئول> ھامىلىدار بولمىغان ۋە بالا ئېمىتمىگەن چاغلاردا ھەيزنىڭ بىرقانچە ئايلاپ توختاپ قېلىشى.

**هەيز مەزگىلى** <فىزىئول> ئاياللاردا ھەيز كېلىدىغان مەزگىل. ئادەتتە ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە بولىدۇ.

**هەيكەل** ئى (ئە) ① <گ سەن> ئادەم ياكى ھايۋان گەۋدىسىنىڭ گىپس، تاش، مېتال، ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق قاتتىق ماتېرىياللاردىن ياسالغان تەسۋىرى: لېنىن ھەيكىلى. قەھرىمانلار ھەيكىلى. ② كۆچمە. نامىدا بار، ئەمما قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، ئەمەلىي ھوقۇقى يوق ئەمەلدار: ئۇنى «ۋاي باشلىق» دەپ ئاغزىڭنىڭ شۆلگەيلىرى ئېقىپ كېتىدىكەن، ئەمەلىيەتتە ئۇ بىر ھەيكەلغۇ؟!

**هەيكەلتىراش** ئى (ئە+پ) <گ سەن> يونۇش، ئويۇش، قۇيۇش يولى بىلەن تاش، مىس، ياغاچ، گىپس قاتارلىقلاردىن ھەيكەل ياسىغۇچى سەنئەتكار.

**هەيكەلتىراشلىق** ئى <گ سەن> «شەكىل يارىتىش سەنئىتى» نىڭ بىرى، يەنى چېكىش، ئويۇش، ياساشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئىشلەش ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بۇنىڭدا ياسىغىلى بولىدىغان (سېغىزلاي) ياكى چەككىلى، ئويغىلى بولىدىغان (مەسىلەن، مېتال، تاش، ياغاچ قاتارلىق) ماتېرىياللار ئارقىلىق، ئەمەلىي ھەجمى بولغان ئوبرازلار ياساپ چىقىلىدۇ.

**هەيكەلچىلىك** ئى <گ سەن> ← **هەيكەلتىراشلىق**: ناخشا، مۇزىكا، ئۇسسۇل، سىزما سۈرەتچىلىك، ھەيكەلچىلىك ۋە ساپال قوچاقلىرى سەنئىتى بىلەن بەدىئىي تىل كۆچا خەلقنىڭ بەدىئىي تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەشتىكى ۋاسىتىلىرى ئىدى.

**هەيهات** ئىم (ئە) ھەيران قېلىش، زوقلىنىش ئىماسىنى ئىپادىلەيدۇ: — مەنزىلگە ئاز قالدۇق! — دېدى باش گېئولوگ خۇشال ھالدا، ھەممىمىز خىيالدىن ئويغىنىپ يىراققا كۆز تىكتۇق. ھەيهات! كۆز ئالدىمىزدا خۇددى مىسىرنىڭ پىرامىدىلىرىدەك كۆرۈنۈشلەر نامايان بولۇشقا باشلىدى. * — ھاجىم بىز ئاجىزلارغا ئىنئام قىلغان مۇنۇ گۇۋاھنامىڭىز قانچىلىك كۈچى بار ئىكەن دېمەمسىلەر؟ ھەيهات! ئاقپاشا پۇقراسى دېگەندىن بۇ چېرىكلەر شۇنچىلىك قورقىدىكەنكى، «ئەيۇ، ئەيۇ» دېيىشىپلا كەتتىغۇ تاڭ، — دېدى ھېمت قاشقا.

**هەي-هەي** «ھەي» سۆزىنىڭ تەكرار ئىپتىلىشى: ھەي-ھەي بالا، ماڭغان يولۇڭغا قارا (ماقال). * ئۇنىڭ كۆڭلى ماڭا ئايان، قانداقمۇ سەۋر قىلىپ تۇرالسۇن؟ ھىم... ياخشى گەپ، ھەي-ھەي! ناۋادا ئورمان بوۋاي يېڭىلىشقان بولسىچۇ؟

**هەيۋە** ئى (ئە) تەھدىت، قورقۇتۇش، پوپۇزا: ھەيۋە قىلماق. ھەيۋە كۆرسەتمەك. *

شۇ ئارىدا گايىت پاششاپ بىر بېشى قىزىل، بىر بېشى قارا بويالغان پالاقلارنى كۆتۈرگەن سەككىز-ئون نۆكەر بىلەن كېلىپ، خالايىقنى ھەيۋە بىلەن تارقىتىۋەتمەكچى بولدى. * پەرىزات باياتىدىن بېرى ھىمىتنىڭ ھەيۋىسىنىڭ رولى بولمىغىنىنى سېزىپ، ھىمىتنى قوللاش قارارىغا كەلگەنىدى.

**ھەيۋە قىلماق** تەھدىت سالماق، پوپۇزا قىلماق، قورقۇتماق: ئەيسانىڭ تاپانچا تەڭلەپ ھەيۋە قىلىشى بىلەن ئۇلار يەنە مىلتىقلىرىنى تەڭلەپ كېلىشتى. * ئۇنىڭ ئۆزىنى قەستەن سالاپەتلىك تۇتۇشى، مەنسىتمىگەندەك مىيىقىدا كۈلۈشى، ئاخىرىدا ھەيۋە قىلىشى ئابلىزغا ھاقارەت بولۇپ تۇيۇلدى ۋە خورلۇق ھېس قىلدى.

**ھەيۋىسى سۇنماق** كۆرەڭلىكى، نوچىلىقى تۈگىمەك؛ تەھدىت، پوپۇزىسى كېرەككە كەلمەي قالماق: بەگنىڭ ھەيۋىسى ئاللىقاچان سۇنغان، چىرايى تاتىرىپ نەچچە تال چاشقان بۇرۇتى تىترىمەكتە ئىدى. * ئوسمان قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭمۇ يېلى چىقىپ كەتتى. پەيجاڭلىقى ئېلىپ تاشلانغاندىن بېرى ھەيۋىسى سۇنۇپ كەتتى.

**ھەيۋىسنى يەرگە ئۇرماق** كۆرەڭلىك، نوچىلىق، تەھدىت، تۆھمەت، پوپوزىلىرىنى بېسىقتۇرماق، يوقاتماق: خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋاڭنىڭ زەڭگىسىنى يىقىتىپ، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسنى يەرگە ئۇرۇش ئىدى.

**ھەيۋەت** ئى (ئە) كىشىدە قورقۇش ئارىلاش ئېھتىرام ۋە ئەجەبلىنىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدىغان ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈش؛ قىياپەت؛ داغدۇغا: غىلاجىدىن شۇجىنىڭ كۆپىنچە قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، كۈلكىدىن ئەسەرمۇ بولمىغان چىرايى نېمىدېگەن سۇرلۇك ۋە ھەيۋەت! * ئىشىكتىن ھەيۋەت بىلەن كىرگەن سۇتۇق، توغرۇلبەگ ۋە ئىلىكلەرنى كۆرگەن خان، سۇباشى، ئوردىبېشى چاچراپ ئورۇنلىرىدىن قوپتى.

**ھەيۋەتلەشمەك** پ. ھەيۋەتلىك تۈسكە كىرمەك: قايتا رېمونت قىلىنغاندىن كېيىن بۇ بىنا تېخىمۇ ھەيۋەتلىشىپ كېتىپتۇ.

**ھەيۋەتلىك** سۈپ ① كاتتا، زور، كۆركەم: ھەيۋەتلىك بىنا. ھەيۋەتلىك شەھەر. ھەيۋەتلىك باغ. * ھەرقانچە ھەيۋەتلىك ئادەم بولساڭ، ئۆزۈڭدىن ئۇلۇغ ئادەملەر بىلەن بەسلەشمە - مۇنازىرىلەشمە ۋە دەۋالاشما. سېنىڭ ھۆرمەت، ھەيۋىتىڭگە زىيان يەتمىسۇن. * ھەيۋەتلىك قارلىق چوققىلار ئېتىكىدە شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا ئۈستىدىكى تۇمانلار بارا-بارا تارقىدى. * ھەرەمباغ ھەربىي گازارمىسىنىڭ ئالدىدا پوستتا تۇرغان ئىككى جەڭچى ھەيۋەتلىك يوغان دەرۋازىدىن كىرىپ بېرىۋاتقان ياش كوماندىرغا ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى. ② ھەيۋىتى قالتىس، بەھەيۋەت، ۋەھىملىك؛ داغدۇغىلىق: ھەيۋەتلىك بوران. ھەيۋەتلىك دولقۇن. ھەيۋەتلىك ئاۋاز. * بۇ ساقچىلار ئېيىقبايىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپتۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق يەتمىش خىل رەڭدە پارقىرايدىغان ھەيۋەتلىك مەخلۇقنى زادى كۆرمىگەنىكەن. * ئۇلار دەرھال قوزغىلىپ ھەرىكەتلىنىپ ھەيۋەتلىك شوئارلارنى توۋلاپ، رەيھانەمنى بىر ئېغىزدىن تىللاپ يوق قىلىۋەتمەكچى بولۇشتى.

**ھەيۋىلىك** سۈپ. ھەيۋىسى بار: شۇنداق ھەيۋىلىك كەلدىكى، ھەيھات.

**ھەييار** سۈپ (ئە) ① ھىيلە-نەيرەڭگى تولا، باشقىلارنى ئالداشقا ئۇستا؛ ھىيلىگەر، مەككار، مۇغەمبەر، قۇۋ: ھەييار ئادەم.

هەييار قىز. * ئون تازنىڭ توققۇزى هەييار (ماقال). * ئۇنىڭ كۇلۇمسىرەپ قىسلغان، هاراقنى تولا ئىچىپ خالتىلاشقان قاپاقلىرىنىڭ ئارىسىدىكى هەييار كۆزلىرىدە، بۇگۈن نىمىشقىدۇر يىرتقۇچلارنىڭكىدەك بىر ۋەھىملىك ئوت چاقنايتتى. * بۇرۇنقى زاماندا، ئىراق پادىشاهىنىڭ تەۋەسىدە كەمەك دېگەن بىر هەييار ئۆتكەنىكەن. ② باشقىلارنىڭكىگە، تەييارغا ئىگە بولۇۋالىدىغان: تەييارغا هەييار بولماق. * تەييارغا سەن دائىم هەييار زەر قونداقتا، يازدا ئايۋان بولسا جايىڭ، قىش قازناقتا.

**هەييارلارچە** رەۋ. هەييارلارغا ئوخشاش، هەييارلاردەك: قاۋۇل نېمدۇر بىرنەرسە ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ توختاپ قالدى ۋە يوغان كۆزلىرىنى هەييارلارچە ئوينىتىپ تۇرۇپ مومىسىدىن سورىدى. * — ئەخمەق! — دېدى غەيرەت كۆزلىرىنى هەييارلارچە ئوينىتىپ تۇرۇپ.

**هەييارلاشتۇرماق** « هەييارلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەمئىيەتنىڭ مۇرەككەپلىكمۇ ئادەملەرنى هەييارلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

**هەييارلاشماق** پ. هەييار هالەتكە كەلمەك؛ قۇۋلاشماق، هىيلىگەرلەشمەك: ئۇ قىز بالا بولغىنى بىلەن، تۇرمۇشنىڭ هەممە قازىنىدا قايناپ هەييارلىشىپ كەتكەن بىرنېمە ئىكەن.

**هەييارلىق** ① « هەييار » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ قىيسىق كۆزلىرىدىن هەييارلىق چىقىپ تۇراتتى. * ياش ۋاقتىدىكى هەييارلىقلىرىنى تېخى تاشلىمىغان قاهار، كاۋاپنى يەلپۈپ، قاش-كۆزىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ تۇۋلايتتى. ② ئى. هەييار ئادەملەرگە خاس ئىش-هەرىكەت؛ مەككارلىق، هىيلىگەرلىك، قۇۋلۇق: هەييارلىق قىلماق. * تاراق-تۇرۇق ئاۋازدىن نۇزۇگۇمنىڭ شېرىن چۈشى بۇزۇلدى. قارىغۇدەك بولسا، دۇۋاڭ باشچىلىقىدا بىر توپ دىۋە سۈپەتلىك مەلئۇنلار ئاچ بۆرىلەردەك لەۋلىرىنى يالىشىپ، هەييارلىق بىلەن قارىشىپ، نوزۇگۇمنى ئۆزئارا تالىشىپ تۇراتتى. * كەمپىر پادىشاهنىڭ هەرەمخانىسىغا كىرگەندىن كېيىن، بىر ئايغىچە هېچقانداق سىر بەرمەستىن ناهايىتى هەييارلىق بىلەن ئۇستىلىق ئىشلىتىپتۇ.

**هەييارلىق قىلماق** هەييار، هىيلىگەر كىشىلەرگە خاس ۋە شۇلار قىلىدىغان ئىش-هەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق؛ قۇۋلۇق، مەككارلىق، مۇغەمبەرلىك قىلماق: ئەمگەك قىلغان ئادەم ئۇنىڭ هۇزۇر-هالاۋىتىنى كۆرمىسە، ئەمگەك قىلمىغانلار هەييارلىق قىلسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە بۇلاڭ-تالاڭ قىلسا، بۇ قانداق تەقدىر؟ * — هەييارلىق قىلماي تۇت ئۇكا، — دېدى يۇسۇپ دۈيجاڭ ئارغامچىنى ئۇنىڭغا ئۇزىتىپ.

**هوپ** ئى. دىئال. ياتقان ئۇلاغنى قوپۇرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**هوت** ئى (ئە) < ئاستر > ← **هوت بۇرجى**.

**هوت بۇرچى** < ئاستر > ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجىنىڭ بىرى. بەلگىسى ♓. ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى 330° تىن 360° قىچە. ئەسلىي ئورنى هوت يۇلتۇز تۇركۇمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن دەلۋە يۇلتۇز تۇركۇمىگە يۆتكەلگەن. هەر يىلى 2-ئاينىڭ 19-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ، بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم ئەگىز سۇيى بولىدۇ.

**هوت يۇلتۇز تۇركۇمى** < ئاستر > ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۇركۇمىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 0

سائەت 40 مىنۇت؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى 10°، يەنى ئاندرومېدا، ھەمەل، كىت ۋە پېگاس يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**هودكىن** ئى (ئىنگ) < تىب > 1798 — 1866-يىللىرى ياشىغان ئەنگلىيە دوختۇرىنىڭ نامى.

**هودكىن كېسەللىكى** < تىب > لىمفا ئۆسمىسىنىڭ بىر خىلى. ئەنگلىيە دوختۇرى هودكىن ( Thomas Hodgkin ) دەسلەپ تەسۋىرلەپ بەرگەچكە، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**هودۇد** ئى (ئە) ① بىرەر جاينىڭ چېكى، ئاخىرقى نۇقتىسى، ياقىسى، چېتى: مانا باشلامچى قىشمۇ يېتىپ كەلدى. مەخمۇت بۇ چاغدا چېگرا هودۇدى كۆرۈنمەيدىغان «ئاقساي» ئىنقىلابىي ئۆستىڭىنىڭ ئەمگىكىدە ئىدى. ② سانى، مىقدارى: هودۇدى يوق. بۈگۈن بازارغا يىغىلغان ئادەمنىڭ هودۇدى يوق ئىدى.

**هودۇقتۇرماق** «هودۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يىغىننىڭ مۇددەتتىن بىر كۈن بۇرۇن ئېچىلماقچى بولغانلىقى كامىلنى هودۇقتۇرۇپ قويىدۇ. * ئىككى خىل گەپنىڭ ئىككى ئېغىزدىن تەڭلا چىقىشى قىزلارنىڭ ئۆزلىرىنى هودۇقتۇرۇپ قويدى.

**هودۇققاق** سۈپ. ئاسان ۋە تېز هودۇقۇپ قالىدىغان: هودۇققاق ئادەم.

**هودۇققاقلىق** ئى. تولا هودۇقىدىغان مىجەز-خاراكتېر، قىلىق-ھەرىكەت: ياڭ شۇنگۇەن ئىلگىرى جاڭ دۇسا يۈتنى قانداق جۇپلەپ، قانداق چاس بەرگەن بولسا هودۇققاقلىق بىلەن شۇنداق چاس بېرىپ تۇردى.

**هودۇقماق** پ. نېمە قىلىشنى بىلمەي ساراسىمىگە چۈشمەك؛ تەمتىرىمەك، گاڭگىرىماق: ئۇۋچىلارنىڭ ھالقىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ بارماقتا. كېيىكلەر بولسا ئايلىنىپ، هودۇقۇپ، ئاندىن قاياققا يۈگۈرۈشنى بىلمەي، پاتىپاراق بولۇپ كەتتى. * ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىدىن بىرقەدەملا نېرىدا كۈلۈمسىرەپ تۇرغان رەھمەت مۇئەللىمنى كۆرگەندە، نېمە ئۈچۈندۇر هودۇقۇپ كەتتى.

**هودۇقۇشماق** «هودۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چاپارمەنلەر هودۇقۇشۇپ قالدى ۋە ئىشىنىڭ چاتاق ئىكەنلىكىنى پەملەپ، مېرول قېزىنىڭ ئۆزۈن چاپىنىنىڭ پېشىدىن تارتىپ قويدى.

**هور** ئى. سۇيۇق جىسىملارنىڭ قىزىتىلغاندىكى گاز ھالىتى، پار: هور تۇربىنىسى. هور ماشىنىسى. هورغا ئايلىنىش.

**هور تۇربىنىسى** < ماشىن > يۇقىرى بېسىملىق هورنىڭ پالاقلىق چاقنى ئىتتىرىشى ئارقىلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلىدىغان دۋىگاتېل. ئۇ ئايلىنىشى تېز، ئىش ئۈنۈمى يۇقىرى ۋە تېجەشلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ، ھازىر كۆپ ھاللاردا توك ھاسىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە.

**هور ماشىنىسى** < ماشىن > سۇ هورىدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ ھاسىل قىلىدىغان دۋىگاتېل. ئۇ هور بىلەن تەمىنلەش قۇرۇلمىسى، سىلىندىر ۋە ھەرىكەت ئۆزاتقۇچى مېخانىزم قاتارلىقلاردىن قۇرۇلغان بولۇپ، كۆپىنچە پاراۋۇزنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈش دۋىگاتېلى قىلىنىدۇ.

**هورى بېسقماق** ← **هورى بېسىلماق**: ئانىدىن ئۇلۇغ نام يوق دۇنيادا، ئانا ھەرجاننىڭ پەخرى - غۇرۇرى. ئانا سۈتىنى

ئاقلمغاننىڭ، بېسقماي قالماس ھەر جايدا
هورى.

**هورى بېسلماق** مەلۇم پائالىيەت ۋە ھەرىكەتتىن توختىماق، پەسكويغا چۈشمەك، تىنچىماق، جىمىقماق.

**هورى تۈگەپ، شورى قالماق** ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قۇرۇق قول قالماق: ئۆيۈڭنى بېشڭغا كيي، هورى تۈگەپ، شورى قالغان ئۆيۈڭگە خۇشتار ئەمەسمەن.

**هورى چىقماق** مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەتتىنىڭ سىرى، مەخپىيەتلىكى ئېچىلىپ كەتمەك، ئاشكارىلىنىپ قالماق: ــ بۇ گەپنىڭ زادى هورى چىقىپ كەتمىسۇن، ــ دېدى ئۇ.

**هورىنى چىقارماسلىق** ← **بۇسىنى چىقارماسلىق**.

**هورداتماق** «هوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېنىدا بار ئۇنىڭكى بىر كىچىك قىز، سوغۇقتىن ئۇ قولنى هوردىتىپ تېز.

**هورداشماق** «هوردىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هوردالماق** «هوردىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گۈل دۈكىنىنىڭ هوردالغان دېرىزىسى ئارقىسىدا بىللۇر ۋازىغا سېلىنغان ۋە سۇ تامچىلىرى شەبنەمدەك يالتىرىغان بىردەستە قىزىلگۈل تۇراتتى.

**هوردىماق** پ. قول ياكى باشقا بىرەر نەرسىنى هورغا يېقىن تۇتماق، هور ئۆتكۈزمەك: بالا قوللىرىنى ئاغزىغا تۇتۇپ هورداشقا باشلىدى. * ساقال-بۇرۇتلىرىنى ئاپئاق قىراۋ باغلاپ كەتكەن يولۇچىلار، «چاي-تۇز» قىلىش ئۈچۈن ئوتۇن ئېلىپ كەلگەن دېھقانلار قولىنى هورداپ ئىسسىتىپ، ئېشەكلىرىنى دۈشكەلەشەتتى، ئۇلارنىڭ كىرپىكلىرىنى قېلىن قىراۋ باسقانلىقتىن ئەتراپقىمۇ تۈزۈك قارالمايتتى.

**هورلاشماق** پ. ئۈستىنى ياكى ئەتراپىنى هور قاپلىماق: ئادىل بىلەن هېلىقى قىزنىڭ مۆڭدىشىپ ئولتۇرغىنى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ، هورلاشقان ئەينەكتىن سىرتقا قارىدى.

**هورلىنىش** «هورلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: هورلىنىش ئىسسىقلىقى.

**هورلىنىش ئىسسىقلىقى** < فز > ھەربىر بىرلىك ماسسىلىق سۇيۇق جىسىمنىڭ گازغا ئايلىنىشىدا قوبۇل قىلىنىدىغان ئىسسىقلىق شۇ سۇيۇق جىسىمنىڭ هورلىنىش ئىسسىقلىقى دېيىلىدۇ. بىرلىكى گرام / كالورىيە.

**هورنان** ئى (هور+نان) قاسقانغا سېلىپ، هورداپ پىشۇرۇلىدىغان نان، جىڭموما، موما: هورنان سالماق. هورنان ئالماق.

**هوسۇل** ئى (ئە) تېرىلغان زىرائەت ياكى باغۋەنچىلىكتىن ئېلىنىدىغان مەھسۇلات، ئۈنۈم: هوسۇل ئالماق. هوسۇل بەرمەك. * ئۆتكەن يىلقى كونا بۇغدايدىنمۇ تېخى بار. بۇ يىل يەنە ياخشى هوسۇل ئالدۇق.

**هوسۇل ئالماق** تېرىلغان زىرائەت ياكى باغۋەنچىلىكتىن مەھسۇلات ئالماق، ئۈنۈمگە ئېرىشمەك: شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە قوزغالساق، ئۇ چاغدا ۋاقتىدا تېرىلغان زىرائەتتىن ئوبدان هوسۇل ئالغىلى بولغاندەك، قىلغان ئىشىمىزدىنمۇ نەتىجە ئالغىلى بولىدۇ. * ياخشىلىق ئەيلىسەڭ هوسۇل ئالارسەن، ئۈمىدسىز بولمساڭ سەنمۇ كۈلەرسەن.

**هوسۇل بەرمەك** مەھسۇلات چىقماق، ئۈنۈم بەرمەك: توختا، ئەي تۇرنىلار! قارا تۈۋەنگە: ئالتۇندەك تاۋلىنار سۆيگەن دىيارىم. بېرىدۇ مول-هوسۇل تۆت پەسىل ئارا، كۆز كۆنى ئۇلغىيىپ مېنىڭ ئىجادىم.

**هوسۇلچى** ئى. هوسۇل ئالىدىغان كىشى:

ۋەدىسى چىڭ يارىمنىڭ مول هوسۇلچى بول، دەيدۇ. نەمۇنىچى بولغاندا، شۇندا بېرەي قول، دەيدۇ. * بىز مېھنەتتىن سۆيىمىز، مول هوسۇلچى بولىمىز. ئۇرغا تولغان، قاراڭلار، بىزنىڭ ماڭغان يولىمىز.

**هوسۇلدار** سۈپ (ئە+پ) كۆپ هوسۇل بېرىدىغان، ئۈنۈمدار: هوسۇلدار يەر. * ئۇ بۇ كۆز يەتكۈسىز هوسۇلدار ئېتىزلارغا ئاجايىپ زوقمەنلىك بىلەن قاراپ ئېشىكنى مېڭىشقا قويۇۋەتتى.

**هوسۇلسىز** سۈپ. هوسۇلى يوق ياكى ئاز، هوسۇل بەرمەيدىغان، ئۈنۈمسىز: هوسۇلسىز يەر. هوسۇلسىز زىرائەت.

**هوسۇللۇق** سۈپ. هوسۇلى بار ياكى كۆپ، هوسۇل بېرىدىغان، ئۈنۈملۈك: هوسۇللۇق يەر. هوسۇللۇق زىرائەت. * ياشلىق — ئىنسان هاياتىدىكى ئاجايىپ گۈزەل چاغ. ئۇ گويا بىپايان ۋادىلارنى چىمەنلىككە ئايلاندۇرۇپ، تەبىئەت هۆسنىگە هۆسن قوشۇپ، هوسۇللۇق ئايلارغا ئۇل سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەن باهارغا ئوخشايدۇ. * تۈنۈگۈن ھەيدەلگەن «مول هوسۇللۇق ئېتىز» دا بىر سىيالكا ئۇرۇق سېلىۋاتاتتى.

**هوش** I ئىم. كالىنى قايتۇرۇش، توسۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**هوش** II ئى (پ) < فىزئول > ① كىشىنىڭ بىرەر تەسىر ياكى هادىسىنى سېزىش، پىكىر قىلىش، ئاڭلاش قابىلىيىتى: هوشىدىن كەتمەك. ② ئاڭ؛ ئەقىل، ئىدراك: هوشى جايىدا. هوشىنى يىغماق.

**هوشى بار** ① ئەس-هوشىنى يوقاتمىغان: يارىلانغان جەڭچىنىڭ هوشى بار ئىدى. ② ئەقلى بار. كاللىسى جايىدا: ئۇ خېلى هوشى بار ئادەم، بۇنچىلىك ئىشنى قىلالايدۇ.

**هوشى جايىدا** ئەقلى-هوشىنى يوقاتمىغان، ئېسى بار.

**هوشىدىن كەتمەك** ئاڭلاش، پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتماق؛ هېچنەرسىنى سەزمەس بولۇپ قالماق، هوشسىزلانماق: قىزنىڭ يۈزى كۆكەرگەن، ئاغزى چىڭ يۇمۇلغان بولۇپ، هوشىدىن كەتكەنىكەن. * شەمسۇنناهار قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاپ يەنە هوشىدىن كېتىپ يىقىلدى.

**هوشىدىن كېتىش** < تىب > چوڭ مېڭە فۇنكسىيىسىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلىشىپ كېتىشى بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت سەزگۈسىنى يوقىتىدىغان بىر خىل كېسەل ئالامىتى. كۆپىنچە ئېغىر زەخىملىنىش، مېڭىگە قان چۈشۈش، مېڭە پەردە ياللۇغى قاتارلىقلار سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**هوشىغا كەلمەك** ھەممىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، سېزەلەيدىغان، ئاڭلىيالايدىغان هالغا قايتماق: ئۇ ئىشىق ئوتىدا يۈرەكلىرى كۆيۈپتۇ. بىرهازادىن كېيىن هوشىغا كېلىپ، قىزنىڭ سۈرىتىنى ئېلىپ ئۆيدىن قايتىپ چىقىپتۇ.

**هوشىنى بىلمەك** ئەس-هوشى، ئەقىل ۋە زېھنى بىلەن ئىش قىلماق: — ساڭا ئوخشاش كوچا لالمىسى ئەمەس مەن، كۆرگەنلا قىزغا لۆكچەكلىك قىلغىلى! هوشۇڭنى بىلىپ گەپ قىل! — دېدى ئۇ پاكارنى ئۇرۇۋېتىشتىن ئۆزىنى تەستە تۇتۇپ.

**هوشىنى تاپماق** ← **ئەقلىنى تاپماق**: — پەمىچە خېلى ئەقىللىق قىزدەك تۇراتتىڭىز، ئاخىر يەنە هوشىڭىزنى تېپىپ، ئەقلىڭىزگە كېلىۋاتىسىز، — دېدى دادىسى قىزىغا قاراپ. * جاهان تىنچلانغىلى نەۋاق، قېنى كىم ئۇلارنى هوشۇڭنى تاپ دېيەلىدى؟

**هوشىنى يوقاتماق** ← **ئەس-هوشىنى يوقاتماق**: بۇ ئەهۋالنى كۆرۈپ، هوشۇمنى يوقاتتىم. گۈمبەز ئۈستىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ ئىچكىرىگە كىردىم.

**هوشنى يىغماق ← ئېسىنى يىغماق:** مەن تۇرغان ئورنۇمدا تۇرۇپلا قالدىم. هوشۇمنى يىغىپ ناۋايخانىغا كىرگىنىمدە، ئۇ سۇنى ئاللىقاچان جايلاپ بولۇپ، تونۇرغا ئوتۇن سېلىۋاتقانىكەن. * هاتەم بۇ نەسىھەتلەرنى ئاڭلاپ، هوشنى يىغىپ، شۈكۈر قىلدى.

**هوشسىز** سۈپ. ئاڭلاش، پىكىر قىلىش، سېزىش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ھېچنېمىنى سەزمەس بولۇپ قالغان: هوشسىز ئادەم. هوشسىز بالا.* ئۇ مەڭزىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياش تامچىلىرىنى تۇيماي هوشسىز كىشىدەك قېتىپ قالغانىدى. // كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ھومايىنىڭ باش كۆزىمۇ قانغا بويالدى. ئۇ ئۆز جۈپتىنىڭ ئۈستىدە هوشسىز ياتاتتى.

**هوشسىزلاندۇرماق** «هوشسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇنىڭغا خالىغان جاۋابىڭىزنى بېرىپ ئۆزىڭىزنى ئازاد قىلىڭ! مەن ئۇنىڭغا نەشە بېرىپ هوشسىزلاندۇردۇم، — دەپتۇ ئۇ.

**هوشسىزلاندۇرۇلماق** «هوشسىزلاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاشۋايمۇ ئاخشام ئېغىر تاياق زەربىسى بىلەن هوشسىزلاندۇرۇلۇپ، ئارقا ھويلىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىدىكى بىر گۈندىخانىغا تاشلىۋېتىلگەنىدى.

**هوشسىزلانماق** پ. هوشىدىن كەتمەك، خۇدىنى يوقاتماق، ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالماق: ۋەلى ئازابتىن هوشسىزلاندى. باي بولسا ئۇرۇشنى يەنە داۋام قىلاتتى.

**هوشسىزلىق** ئى. هوشسىز ھالەت: — ھە، ئەسلىدە ئابايام ئۇنىڭ بىئارام بولغىنى هوشسىزلىق، خامۇشلۇقتىن پەيدا بولغان ئالامەتلەر ئىكەن-دە، — دېدى ئۇ.

**هوششەرە** ئىم. بىرەر سۆز، بىرەر ئىش ھەرىكىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك قىلىنغانلىقىغا، بېجىرىلگەنلىكىگە ئېيتىلىدىغان تەشەككۈر، رازىمەنلىك؛ بارىكاللا: بۇ كۈتۈلمىگەن ئىش ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. بىر-ئىككى سېكۇنتتەك جىمجىتلىقتىن كېيىن، «هوششەرە»، «ئەجەب ئوبدان ئىش بولدى»، «يولۋاس بېگىمنىڭ ھىممىتىگە بارىكاللا»، «ئاقىل كىشى شۇنداق بولىدۇ» دېگەن گەپلەر ياڭراپ كەتتى.

**هوش-كاللا** هوش ۋە كاللا: بىرىنچىدىن ھەر ئىككىمىز هوش-كاللىسى بار ئادەم. ئىككىنچىدىن، جاھان ئۆزگىرىۋاتىدۇ، ھەر ئىككىلىمىز كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايمىز.

**هوش-كاللىسى جايىدا** ئاق-قارا، ياخشى-يامانىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، ئەقىللىق: — ھە، بىرئاز قولۇڭ كېلىپ قالدى. ئۇنداق دېگەن بىلەن خېلى هوش-كاللىسى جايىدا بالا بولدۇڭ جۇمۇ! — دەپ قويىدۇ دادام ئېگىكىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

**هوش-كاللىسىنى يوقاتماق ← ئەس-هوشىنى يوقاتماق:** زەينەپ نەسىبىنىڭ گۈزەل ھۆسنىنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى. ئاندىن تەبىئەت ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بۇ كارامەت ئەسەرنى كۆرۈپ، هوش-كاللىسىنى يوقىتىپ قويغان سابىرغا قاراپ قويدى.

**هوشۇقچە** ئى. دىئال. دوپپا شاپىقىغا پاراللېل ھەم قايچىلاش قىلىپ تىكىلگەن ئۇزۇن سىزىقچىلار ئارىسىغا بالداق شەكىللىك تىكىلگەن گۈل.

**هوشيار** سۈپ (پ) بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنى تېز سېزەلەيدىغان، سەزگۈر، چېچەن، زېرەك؛ سەگەك: هوشيار ئادەم. هوشيار تۇرماق. * بۈگۈنكى مەجلىستە سەپداشلارغا هوشيار بولۇش جەھەتتىن سۆزلەپ قويمساق بولمىغۇدەك.

**هوشيار بولماق** هوشيار ھالەتتە كەلمەك، هوشيارلاشماق: ئۇ دەرۋازىۋەنلەرگە:

ــ هوشيار بولۇڭلار، ئۇخلاپ قالماڭلار، ــ دەپ جېكىلەپ، ئالدىراش يۈرۈپ كېتىدۇ.

**هوشيارلاشماق** پ. هوشيار هالەتكە كەلمەك، هوشيار بولماق: بىر قېتىم ئۇ ۋەزىپە ئۆتەۋېتىپ، بىرنەچچە كىشىنىڭ ھەرىكىتىنىڭ باشقىچە بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ هوشيارلىشىدۇ.

**هوشيارلىق** « هوشيار » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ كىشىگە گوياكى بۇ ئۆيىنىڭ ساقچىسىدەك هوشيارلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى.

**هوقۇق** ئى (ئە) ① دۆلەت ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان ۋە قوغدىلىدىغان، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى تەرتىپكە سالىدىغان قانۇن-قائىدىلەر، نورمىلار يىغىندىسى: گراژدانلىق هوقۇقى. كىشىلىك هوقۇقى. ② بىرەر كىشىگە بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن بېرىلگەن، دۆلەت قانۇنلىرى ياكى باشقا خىل قانۇن-قارارلار بىلەن مۇستەھكەملەنگەن، كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان ئىمكانىيەت، ئەرك، ئىختىيار: سايلاش هوقۇقى. سايلىنىش هوقۇقى. دەم ئېلىش هوقۇقى. سىياسىي هوقۇق. ئىشلەش هوقۇقى. مەتبۇئات هوقۇقى. پايدىلىنىش هوقۇقى.

**هوقۇقخۇمار** سۈپ (هوقۇق+خۇمار) هوقۇقنى ياخشى كۆرىدىغان، هوقۇق ئۈچۈن جان بېرىدىغان: هوقۇقخۇمار سۈيىقەستچىلەر ئېتىلدى، غالجىرلاشقان ۋە ئاچ قالغان ئىت ئوخشاش. قارماپ تۇتۇپ ئۇنىڭ ئاپئاق چېچىدىن، پىپەن قىلدى، قىلدى گويا خام تالاش.

**هوقۇقدار** ئى (ئە+پ) هوقۇق ئىگىسى، قولىدا هوقۇقى بار كىشى: كۆپچىلىكمۇ كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان هوقۇقدارلارنىڭ زادى قانداق نىمە ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئوبدان بىلىۋالدى.

**هوقۇقسىز** سۈپ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىش هوقۇقىغا ئېرىشەلمىگەن، هوقۇقىدىن مەھرۇم بولغان: بۇ ساڭنىڭ ھەر ياغاچ، ھەر كېسەكىدە هوقۇقسىز دېھقانىنىڭ تەر ۋە قېنى بار! بۇ ساڭنىڭ ئىچىدە زار-زار قاقشاپ، دەرمانى قۇرۇغان يوقسۇل جېنى بار!

**هوقۇقسىزلىق** « هوقۇقسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خورلۇق ئۈستىگە خورلۇق، تۈگىمەس زۇلۇم-زورلۇق. جانلارغا خەتەر سالدى، يوقسۇللۇق، هوقۇقسىزلىق.

**هوقۇقشۇناس** ئى (ئە+پ) هوقۇق ساھەسىدە ئەمەلىي ياكى ئىلمىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغۇچى مۇتەخەسسىس.

**هوقۇقشۇناسلىق** ئى < قا > ھەق-هوقۇق ھەققىدىكى پەنلەر يىغىندىسى.

**هوقۇقلۇق** سۈپ. هوقۇقى بار، بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىش هوقۇقىغا ئىگە: شامەخسۇت ۋاڭ يەرلىك خەلقنى خالىغىنىچە قاماش، پالاش، مال-مۈلكىنى مۇسادىرە قىلىش، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا هوقۇقلۇق ئىدى.

**هوگا** ئى. دىئال. سۇرەن، چۇقان.

**هوگازا** ئى. دىئال. ئويۇق، ئويۇقچە، تەكچە.

**هوگۇنا** ئى. دىئال. جەرەننىڭ تېكىسى.

**هوڭ** ئى. دىئال. تاش ياكى كېسەك بىلەن قوپۇرۇلغان ئېگىزلىك.

**هولا** ئى. دىئال. يالقۇن، گۈلخان.

**هولولوپ** سۈپ. بىرەر ئىشنى قارىسىغىلا ئىشلەيدىغان، ئالدىراڭغۇ: ئالدىراڭغۇ، هولولوپتىن مەڭگۈ يىراق بول، سەۋر قىلساڭ سەن ئۈچۈن ئوچۇقتۇر كەڭ يول.

**هولولوپلۇق** « هولولوپ » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**هولۇقتۇرماق** « هولۇقماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**هولۇققاق** سۈپ. ھەر ۋاقىت هولۇقۇپ يۈرىدىغان، ئالدىراڭغۇ، تەنتەك:

هولۇقاق ئادەم. هولۇقاق بالا.

**هولۇقاقلىق** ئى. ئالدىراڭغۇلۇق، تەنتەكلىك: — بوگو جۈيجاڭ! — ئىشىك تېشىدىن دۇسانىڭ هولۇقاقلىق بىلەن توۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**هولۇقماق** پ. ئالاقزادە بولماق، ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق، تەمتىرىمەك: يولۋاسقا يولۇقما، يولۇقساڭمۇ هولۇقما (ماقال). * مەن يا «شۇنداق» ياكى «ئەمەس» دېيىشنى بىلەلمەي هولۇقۇپ قالدىم.

**هولۇقۇشماق** «هولۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هومايماق** پ. چەكچەيمەك؛ ئالايماق، گۆلەيمەك: بەگ ئەلەم قىلغاندەك ياپما قاپاقلىرى بىلەن ئېلىقۇلغا دەهشەتلىك بىر هومايدى-دە، ئۆتۈپ كەتتى. * ئۇنىڭ كۆرمىگىنى ياخشى بولدى. ئەگەر كۆرۈپ قالغان بولسا، يامان كۆزى بىلەن ئاچچىق هومايغان بولاتتى.

**هومىيىشماق** «هومايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ، مۇشتلىرىنى تۈگۈپ، توسما بېشىدىكى نائىنسابلارغا قاراپ هومىيىشتى.

**هون** ئى <ئىرق> ← **هونلار**.

**هون ئىمپېرىيىسى** <تارىخ> مىلادىيە 4-، 5-ئەسىرلەردە، هونلار ياۋروپادا قۇرغان ئىمپېرىيە. مىلادىيە 1-ئەسىردە شەرقىي خەنىنىڭ زەربىسىدە شىمالىي هونلار غەربكە كۆچۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ، 4-ئەسىرگە كەلگەندە شەرقىي ياۋروپاغا يېتىپ باردى. ئۇلار شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى مەغلۇپ قىلىپ ۋە ئوتتۇرا ياۋروپاغا تاجاۋۇز قىلىپ، پاننونىيەنى چۆرىدەپ ھەرىكەت قىلدى. ئاتىلا هۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئۇنىڭ چېگرىسى شەرقتە كاسپىي دېڭىزدىن غەربتە رېيىن دەرياسىغىچە ئىدى. مىلادىيە 451-يىلى سارلۇن ئۇرۇشى مەغلۇپ بولۇپ، 453-يىلى ئاتىلا ۋاپات بولۇشى بىلەن تەڭلا ئىمپېرىيىمۇ مەغلۇپ بولدى.

**هوناغ** ئى. بىرەر نەرسە توغرىسىدا قىلىنغان مۆلچەر، پەرەز، ئوي: بەزىدە مەنمۇ ئەلگە نەپ يەتكۈزسەم، بىرەر قېتىم ساۋابقا ئەرزىگۈدەك ئىش قىلسام دەپ تىلەپ كېتىمەن. لېكىن هوناغ هوناغقا يەتمەي مۇشۇ كۈنگە كەلدىم.

**هونىغا كەلمەك** تازا ئەپلەشمەك، جاي-جايىدا بولماق.

**هونلار** ئى <ئىرق> جەنگو دەۋرىدە يەن، جاۋ، چىن پادىشاھلىقلىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان، مەملىكىتىمىزدە ياشىغان قەدىمكى خەلق. شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە، شىمالىي هونلار ۋە جەنۇبىي هونلار دەپ ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. شىمالىي هونلار بىرىنچى ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى خەن سۇلالىسى تەرىپىدىن تارمار قىلىنىپ، غەربكە كۆچكەن. جەنۇبىي هونلار بولسا، خەن سۇلالىسىغا قوشۇلۇپ، شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىگە كەلگەندە، ئىلگىرى-كېيىن خەن ۋە دەسلەپكى جاۋ پادىشاھلىقلىرىنى قۇرغان.

**هوناق** ① ئى. گالغا چىقىدىغان بىر خىل يامان سۈپەتلىك يارا، قىزىلئۆڭگەچ راكى. ② سۈپ. كۆچمە. قۇۋ، هىيلىگەر، مەككار، كۆيدۈرگە، ئىچى تار.

**هونۇز** رەۋ (پ) يېزت. هازىرغىچە، هېلىغىچە؛ هامان: ئۇسسۇغانغا ئۇسسۇلۇق بولغاي هونۇز، ۋاقتىدا قوغۇن بولۇپ خەمەكلىرى.

**هوي** ئىم ① ئادەملەرنى چاقىرىش ئۈچۈن

قوللىنىلىدۇ: ھوي بالام، ئەخمەتمۇسەن، بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتىسلەر؟ * — ھوي قىز، ئاۋۇ رەختنى ئېلىڭا! — زىننەت سەل نېرىدا باش كۆتۈرمەي چوت سوقۇپ، تالۇن جەملەۋاتقان پىرىكازچىكقا ۋارقىرىدى. ② بىرەر ئىش، نەرسىگە ھەيران قېلىش، ئەجەبلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: — ھوي، بۇ ماجۇگىيىڭ دېگەن بەكلا ياش بىرنېمە ئىكەنغۇ، مېنىڭ كىچىك ئىنىم بىلەن تەڭمۇ نېمە؟ — دەپ پىچىرلىدى مېرول مەرگەن يېنىدا تۇرغان ھوشۇركانتۇغا.

**ھويلا** ئى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى ئۆي تېمىغا تۇتاشتۇرۇپ تام چۆرۈپ، دەرۋازا بېكىتىلگەن بوش جاي؛ سەينا: ھويلا تېمى. تاشقىرىقى ھويلا. ئىچكىرىكى ھويلا. باراڭلىق ھويلا. * ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمدىلا ئۇيقۇغا كېتىۋىدى ھويلىدا غازلار غاقىلدىشىپ كەتتى. * مەن ئەگىشىتتىم باي ئۆيىنى پەرۋانە بولۇپ، كىرەلمەيتتىم ھويلىسىغا تاياقتىن قورقۇپ.

**ھويلا تېمى** < بىن > ھويلىنى ئايلاندۇرۇپ قوپۇرۇلغان تام.

**ھويلا چۆرۈمەك** ئۆينىڭ ئەتراپىنى تام بىلەن قورشىماق: ئۇ مانا تۆت يىلدىلا مۇشۇ پېشايۋانلىق ئۆيلەرنى سېلىپ، ھويلا چۆرۈپ، ئات، كالا، قويغا تولغان ئېغىل ۋە ھەر خىل مېۋىلىك ئەپچىلگىنە باغمۇ قىلىۋالدى.

**ھويلا-ئارام** ھويلا ۋە ھويلا ئەتراپىدىكى بەلگىلىك دائىرە: ھويلا-ئارامنى سۈپۈرۈپ يۈرگەن شەرىخاننىڭ تىترەپ چىققان ئاۋازى بوۋاينىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى.

**ھويلىلىق** سۈپ. ھويلىسى بار، ھويلا قىلىنغان: ھويلىلىق ئىمارەت. * بۇ سۈرەتنىڭ بىر تۇچكىسى ئۆگەن دەريا بويىدا يالغۇز قەبرىدەكلا چوقچىيىپ تۇرغان باغ ھويلىلىق بىر قورۇنىڭ ئالدىغا قويۇلدى.

**ھۇ** I ئىم. قارغاش، سۆكۈش، غەزەپلىنىش ئىپادىلىرىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن بىللە كېلىپ شۇ سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ: — ھۇ ئىتنىڭ كۈچۈكى! — دېگىنچە ئېتىلىپ كېلىپ غەيرەتنى قاتتىق بىرنى تەپتى ۋە كەينى-كەينىدىن دەسسەشكە باشلىدى. *— ھۇ ئاناڭنى، — دەپ مۇشتىنى دېۋەيلەپ كەلدى.

**ھۇ** II تەق. سوپىلارنىڭ سىاما سالغاندىكى ئاۋازى: ھاپىزلار سۆھبەتتىن كېيىن زىكرى ئوقۇش قىزىپ، سوپىلار «ھۇ» تارتىشىپ، دۈگىلەك ھاسىل قىلىشىپ سىاما سالاتتى.

**ھۇ** III تەق. بەزى قۇشلار سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**ھۇجرا** ئى (ئە) يېتىپ-قوپۇش ئۈچۈن ئاجرىتىلغان كىچىكرەك ئۆي، ياتاق ئۆي، كىچىك ئۆي: ھۇجرا ياسىماق. * ھېكىمنىڭ سۆزىدىن كېيىن، شائىر ئورنىدىن تۇردى-دە، ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ قالدى. * گۈللەر ئېچىلدى، باغچا ئىچىدە، يارىم ئولتۇرار ھۇجرا ئىچىدە.

**ھۇجرىداش** ئى. ئۆزى بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرىدىغان كىشى: ئۇ قېرى ئەسلى سودىگەر بولۇپ، ئۈرۈمچى سودا سارايلىرىنىڭ بالىخانىلىق بىرىدە بىر سودىگەر بىلەن ھۇجرىداش ئىدى.

**ھۇجرىلىق** سۈپ. ھۇجرىسى بار: تۈنۈگۈن پۇلكا تۇتقان ئادەم مېھمان قوبۇل قىلىدىغان كۆپ ھۇجرىلىق بىر سارايىنىڭ ئىچىگە كىردى.

**ھۇجۇم** ئى (ئە) ① ھەرىكەت بىلەن ئادەم ياكى نەرسىگە تاشلىنىش؛ ھەملە: قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمى. بۆرىنىڭ ھۇجۇمى. * قاراڭ، ئۇ ماڭا ئوخشاش ھۇجۇمدا ئوينايدۇ، توپ كىرمىسە مېنىڭدىن كۆرەمدۇ؟ سەۋەب ئېنىق، ئۇ مېنى كۆرەلمەيدۇ. ② < ھەرب > بىرەر تېررىتورىيىنى قولغا كىرگۈزۈش

ئۇچۇن ئۇنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ياكى دەسلەپ ھەملە قىلغان دۈشمەن ئۈستىگە زور ھەربىي كۈچ بىلەن تاشلىنىش: يېقىنقى بىر-ئىككى ئايدىن بۇيان چىلىك قوشۇنلىرىنىڭ ھۇجۇمى تېخىمۇ كۈچىيىپ، ھەر خىل چارىلەر بىلەن شەھەرگە بۆسۈپ كىرىشكە ئۇرۇنغانىدى. * شوپۇر چىشىنى ئەلەم بىلەن قاتتىق چىشلىدى. كۆز ئالدىدىن شۇ تاپتا باتۇر مىللىي ئارمىيە يىگىتلىرىنىڭ يەر-جاھاننى زىلزىلىگە سالغۇدەك ھەيۋەت بىلەن ھۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ، ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتقان كۆرۈنۈشى غىل-پال ئۆتكەندەك بولدى. ③ كۆچمە. تەنبىھ، ھاقارەت قىلىش، سۆكۈش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرەر كىشىگە بېرىلگەن زەربە: چاقچاق بىلەن قىلىنغان ھۇجۇم. دەسلەپ نەسىھەت قىلىپ كېيىن ھۇجۇمغا ئۆتمەك. * قىلماق بولساڭ كەسكىن ئىنقىلاب، كۆيدۈر، ئۇر، چاق، ئىسيانكار ئوغلان! قەلەم بىلەن ئۆتكىن ھۇجۇمغا، ئەلەم بىلەن كۆرەش قىل-قوغدان! ④ كۆچمە. بىرەر چوڭ ئىش ياكى تەدبىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قارىتىلغان ئومۇمىي خەلق ھەرىكىتى: يېڭى بىر يىلدا، ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ كۆلىمىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئاساسىي ھۇجۇمنى بىرلىك مەھسۇلاتقا قارىتىپ، ئومۇمىي مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. * مۇنۇ بىر ئىشنى ئېسىڭىزدە چىڭ تۇتۇڭ: ۋەزىپىمىزنىڭ ئورۇنلىنىش-ئورۇنلانماسلىقى، ئەتىكى ئومۇمىي ھۇجۇمىمىزنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇش-بولماسلىقى سىزگە قاراشلىق.

**هۇجۇم قىلماق** ① ھەرىكەت بىلەن ئادەم ياكى نەرسە ئۈستىگە تاشلانماق؛ ھەملە قىلماق: بۇ چاغدا باشقا لۈكچەكلەر تاشۋايغا شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ يېقىتىپ، ئۈستىدىن دەسسەشكە باشلايدۇ. * دېۋە قىزغا ھۇجۇم قىلدى. ② < ھەرب > بىرەر تېررىتورىيىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئۇنى مۇداپىئە قىلىپ تۇرغان ياكى ئالدىن ھەملە قىلغان دۈشمەن ئۈستىگە زور ھەربىي كۈچ بىلەن تاشلانماق: ئۇلار شۇ يەردە قارا شەھەردىن كېلىدىغان قوشۇننى كۈتۈپ تۇرماقچى ۋە ئۇلار كەلگەندە، ئاندىن بىرلىشىپ تۇرۇپ پىچانغا ھۇجۇم قىلماقچى ئىدى. * دېمىسىمۇ بۇ شەھەرگە كۈندۈزى ھۇجۇم قىلىش ئانچە ئوڭاي ۋە ئەرزان چۈشمەيتتى. ③ كۆچمە. تەنبىھ، ھاقارەت قىلىش، سۆكۈش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن بىرەر كىشىگە ئىدىيىگە زەربە بەرمەك: نەق مەيداندا مېھرىبان بىلەن باتۇردىن باشقا يەنە ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچى ۋە بىر مۇئەللىممۇ بار بولۇپ، ئۇلار ئاما ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ئالىمنىڭ «قەلبىگە ھۇجۇم قىلىش» ى كېرەك ئىدى. * بۇ ئەسەرلەر مەۋجۇت جەمئىيەتنىڭ ھەممە ئاساسلىرىغا ھۇجۇم قىلدى. ④ كۆچمە. بىرەر چوڭ ئىش ياكى تەدبىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىيۈزلۈك ھەرىكەت قىلماق: — قاۋانلىقنى ئېچىشقا تراكتور بولمىسا بولماس، — دېدى روزىمەتزىنۇر شادىن گەپ ئېلىش ئۈچۈن، — بۇلارنىڭ قومۇش ئورۇشقا شۇنچە تۇتۇش قىلىشتىكى مەقسىتى قاۋانلىقنى ئېچىش ئۈچۈن تراكتور ئېلىش، كۆپچىلىكنى دەسلىپىدىلا قاۋانلىققا ھۇجۇم قىلىشقا كۆندۈرۈۋېلىش. * بۇندىن ئۈچ يىل ئىلگىرى، ھۇجۇم قىلدۇق شۇ چۆلگە. كۆچەت تىكىپ باغ قىلىپ، ھەسسە قوشماق بوپ ئەلگە.

**هۇجۇمچى** ئى ① دۈشمەن ئۈستىگە باستۇرۇپ

بارغۇچى؛ هۇجۇم قىلغۇچى: جەڭ ئاشۇ تەقلىددە خېلى داۋام قىلدى. ئەمما باندىتلارنى قوغلاپ كېلىۋاتقان بىزنىڭ هۇجۇمچىلارنىڭ تېخى خېلى يىراقتا ئىكەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. || نەسىردىن بىلەن جۇمە باينىڭ هۇجۇمچى يىگىتلىرى دۈشمەن ئاكوپلىرىغا ئاساسەن يېقىنلىشىپ بولغانىدى. ② < تەن > ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق توپ تۇرلىرىدە تەنهەرىكەتچىلەرنىڭ قايسى ئورۇندا تۇرۇپ ئوينايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. هۇجۇمچىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى قارشى تەرەپنىڭ مۇداپىئە لىنىيىسىنى بۆسۈپ هۇجۇم قىلىپ نومۇر ئېلىشقا تىرىشىش ۋە مۇداپىئەگە هەمكارلىشىشتىن ئىبارەت. ئوخشاشمىغان توپ تۇرلىرىدە هۇجۇمچىلارنىڭ ۋەزىپىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. مەسىلەن، پۇتبولدا ئوتتۇرا هۇجۇمچى، ئوڭ، سول، ئىچ هۇجۇمچى، ئوڭ، سول، يان هۇجۇمچىلار؛ ۋاسكېتبولدا ئوتتۇرا هۇجۇمچى، ئوڭ-سول هۇجۇمچىلار بولىدۇ.

**هۇررا** ئى. ئۈنس. هۇجۇم قىلىۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار نىداسى: هۇررا توۋلىماق. * قىمقاس-چۇقانلار هۇررا سادالىرى دېڭىز دولقۇنىدەك بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ، يەر كۆكنى لەرزىگە سالدى.

**هۇرۇن** سۈپ. ئەمگەك قىلىشنى، ئىشلەشنى خالىمايدىغان، ئىش خۇش ياقمايدىغان؛ يالقاۋ، ئېرىنچەك: هۇرۇن بالا. هۇرۇن ئايال. * هۇرۇن ئېشەك يۈكنى ئېغىر كۆتۈرەر (ماقال). * باتۇر جەڭدە، هۇرۇن كاڭدا (ماقال). * ئۇ دېهقان بولغاندىمۇ، باغقا بۇيرۇسا تاغقا، تاغقا بۇيرۇسا باغقا چاپىدىغان، ئىش خۇش ياقماس هۇرۇن ئىدى.

**هۇرۇنلاشتۇرماق** «هۇرۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**هۇرۇنلاشماق** پ. هۇرۇن، ئېرىنچەك بولۇپ قالماق؛ پاسسىپ هالەتكە چۈشۈپ قالماق، قىزغىنلىقىنى يوقاتماق: ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئوردىدا بىكار يېتىپ يەپ هۇرۇنلىشىپ كەتكەن ۋەزىر-ۋۇزرالارنىڭ بېشىغا غەم چۈشۈپتۇ.

**هۇرۇنلۇق** «هۇرۇن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سۇ يوق دېگەن هۇرۇنلۇق (ماقال). * ئىش ئاشقا تارتىدۇ، هۇرۇنلۇق باشقا تارتىدۇ (ماقال). * كۆزەتچى هۇرۇنلۇق بىلەن مېڭىپ، دەرۋازىنىڭ سىرتىغا چىقتى.

**هۇزۇر** I ئى (ئە) راهەت، پاراغەت، ئارام، لەززەت، تىنچلىق، خاتىرجەملىك: هۇزۇر ئالماق. هۇزۇر قىلماق. * پۇلۇڭ قانچە كۆپ بولسا شۇنچە هۇزۇر (ماقال). * — قاراڭ، نېمە دېگەن چىرايلىق كۆز ئايلىرى، هەممە يەر باياشاتلىققا تولغان، مۇشۇ ئايلاردا توي قىلسا نېمە دېگەن هۇزۇر، — دېدى ئۇ.

**هۇزۇر** II ئى (ئە) بىرەر كىشىنىڭ قېشىدا، يېنىدا، كۆز ئالدىدا بولۇش؛ قاتنىشىش، تەشرىپ: هۇزۇرىدا بولماق. هۇزۇرغا بارماق. * ئېمىلئانا مەلىكىنىڭ يىگىتكە بولغان رازىلىق بەلگىسىنى پادىشاهنىڭ هۇزۇرىغا يوللاپتۇ.

**هۇزۇرىدا بولماق** قېشىدا، يېنىدا بولماق، تۇرماق: ئۇلار ئۇ كۈنى پۈتۈن بىر كۈن قاسىمبەگنىڭ هۇزۇرىدا بولغانىدى.

**هۇزۇرىغا بارماق** ئالدىغا بارماق، قېشىغا كىرمەك، كۆز ئالدىدا هازىر بولماق: ۋەزىر يۈكلىرىنى بىر يەرگە جايلاپ قويۇپ، شاھ هۇزۇرىغا بىرىپتۇ.

**هۇزۇرلاندۇرماق** «هۇزۇرلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئويۇن ئادىلجاننى بەكمۇ هۇزۇرلاندۇردى. * ئۇنىڭ پۇرىقى

تەبىئي مەززىلىك، خۇش بۇي بولۇپ، كىشلەرنى بەكمۇ هۇزۇرلاندۇرىدۇ.

**هۇزۇرلانماق** پ. هۇزۇرلۇق هېس قىلماق، هۇزۇر ئالماق، مەززە قىلماق، لەززەتلەنمەك، راهەتلەنمەك: ئۇلار هال-ئەهۋال سورىشىپ سالاملىشىپتۇ، گۈلزارلىقنى ئايلىنىپ هۇزۇرلىنىپتۇ. * ئۇ ئانىسىنىڭ ئىسسىق قۇچىقىدا هۇزۇرلىنىپ يېتىپ، مۇڭلۇق چۆچەكلەرنى بېرىلىپ ئاڭلىغانلىقىنى ئەسلا بىلمەيدۇ.

**هۇزۇرلۇق** سۈپ. هۇزۇرى بار، هۇزۇر بېغىشلايدىغان: شاهزادە كەشنى مەيدىسىگە بېسىپ قېتىپ قىلىپتۇ. تاتلىق چۈشلەرگە ئوخشاش هۇزۇرلۇق خىياللارغا پېتىپ قىلىپتۇ. * مۇنچىنىڭ ئۆزى هۇزۇرلىنىدىغان ياخشى ئورۇن.

**هۇزۇرلىنارلىق** سۈپ. راهەتلىنىشكە، لەززەتلىنىشكە ئەرزىيدىغان، هۇزۇرلانغۇدەك: ئاخشاملىرى داۋان ئۈستىدە تۇرۇپ بۇ كىچىككىنە شەهەرنىڭ كېچىلىك جامالىنى كۆرۈش تولىمۇ هۇزۇرلىنارلىق ئىش ئىدى.

**هۇزۇرلىنىشماق** «هۇزۇرلانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ باغدا يەپ-ئىچىپ، ئويۇن-تاماشا قىلىپ راسا هۇزۇرلىنىشتى.

**هۇزۇر-هالاۋەت** هۇزۇر ۋە هالاۋەت: ـــ بىز ئىككىمىز بالا چېغىمىزدىن تارتىپ هۇزۇر-هاۋالاۋەت، جاپا-مۇشەققەتنى تەڭ تارتىپ كەلگەن ئاغىنىلەر بىز. ئەمدى مۇشۇ ياشقا كەلگەندە سېنى يالغۇز يولغا سېلىپ قويۇشقا زادىلا كۆڭلۇم قىيمايدۇ، ـــ دېدى بارات.

**هۇشتەك** (توغرىسى: پۈشتەك I) ← **پۈشتەك I.**

**هۇشقۇرتماق** (توغرىسى: ئۇشقىرتماق) ← **ئۇشقىرتماق.**

**هۇقۇش** ئى. < زوئول > ← **مۇشۇكياپىلاق:** هۇقۇش بەختنى ئىزلەيدۇ باياۋان، تۈن قۇچاقىدىن، كۆلەركەن بىر قونۇپ ئالسا بولۇپ خۇش پۇر كۆتەكلەرگە. * هوقۇشنىڭ خىسلىتىنى سۆزلىمەيلى، ئەزەلدىن باخشى بىلۇر خەلق ئۇنى.

**هۇل** (توغرىسى: ئۇل) ← **ئۇل.**

**هۇما** ئى (ئە) كىشىنىڭ بېشىغا قونسا شۇ كىشى ئەڭ بەختلىك بولىدۇ دەپ قارىلىدىغان بىر خىل ئەپسانىۋى قۇش؛ بەخت قۇشى: بىر هۇمادەك سايە سالدىڭ بەختسىز باشىغا، بارلىقى چەكسىز سۆيۈندى، سايە سالغانىڭ كۆرۈپ. * بوۋىلار قىلغاندەك رىۋايەت، بېشىغا هۇما قۇش قوندىمۇ؟! يا ئاڭا پۈتۈلگەن قاناتنا، لاچىنچە هاۋادا ئۇچتىمۇ؟!

**هۇۋلاتماق** «هۇۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىتنى هۇۋلاتماق.

**هۇۋلاشماق** «هۇۋلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قۇملۇق دۆڭلۈكلەر تىنۇشسىز ئىكەن، يوللار خەتەرلىك ئوڭۇشسىز ئىكەن. يىرتقۇچلار چۆلدە توۋلىشىدىكەن، ئۇلار دەهشەتلىك هۇۋلىشىدىكەن.

**هۇۋلىماق** پ «هۇۋ-هۇۋ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، توۋلىماق (ئىت، بۆرە هەققىدە): سەهەر هۇۋلىغان ئىتتىن قورق (ماقال). * بۆرە بالىسى تاغقا قاراپ هۇۋلار (ماقال). * ئۇ بىر يەرگە كەلسە، بەش چىلبۆرە هۇۋلاپ يۈرگۈدەك، شانىياز مىلتىقنى ئېلىپ ئۈچ قېتىم ئاتقان ئىكەن، بۆرىلەردىن ئۆلگىنى ئۆلۈپ قالغىنى قېچىپ كېتىپتۇ.

**هۇۋۇلدىماق** پ. قۇرۇقدىلىپ قالماق، بوشاپ شامال ئۇچۇرۇپ تۇرىدىغان هالەتكە كېلىپ قالماق: ئۇ كۆكوۋيۈن غايىب بولغان دۇنيانىڭ ئۆزى ئۇچۇنمۇ قۇرۇق هۇۋۇلداپ قالغانلىقىنى سەزدى.

**هۆ** تەق. كۆڭۈل ئاينىپ قۇسۇش ئالدىدا ياكى قۇسقان ۋاقتىدا چىقىدىغان ئاۋاز: بەزىلىرى كۆلۈپ ۋارقىراشسا، گاھىلىرى ۋاي «بولدى، توختات!» دەپ تولغىناتتى. گاھىلىرى بولسا يۇقىرىدىن «هۆ...!» دەپ قۇساتتى.

**هۆ بولماق** كۆڭلى ئېلىشماق، ئاينىماق، قۇسقۇسى كەلمەك: ئابلانىڭ تۇيۇقسىز هۆ بولۇپ، مەيدىسى لازا قۇيغاندەك ئېچىشىپ كەتتى.

**هۆ قىلماق** قۇسماق، قەي قىلماق: خېلى كۈنلەردىن بۇيان قىزنىڭ غەلىتە بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان خەلچىخان، ئېتىۋاتقان تامىقىنى قويۇپ ئىچكىرىكى ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە كېلىشىگە شەرىپەنىڭ قۇرسىقىنى تۇتۇپ تۇرۇپ هۆ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**هۆپۈپ** ئى < زوئول > بىر خىل قۇش. پەيلىرىنىڭ رەڭگى قوڭۇر، تاجىسى بار. تۇمشۇقى ئىنچىكە ۋە سەل ئەگمەچ كېلىدۇ. هاشارەتلەرنى تۇتۇپ يەيدۇ. دېھقانچىلىقتا پايدىلىق قۇش هېسابلىنىدۇ.

**هۆپىگەر** ئى (ئە+پ) هۈنەرۋەن، كاسىپ، ئۇششاق ئېلىپ ساتار: ئۇ تونۇش-بىلىش ئوقەتچى هۆپىگەرلەرنىڭ غالتىكى، تەنزىسى ئالدىغا كەلگەندە، ئۇ يەردە سائەتلەپ-سائەتلەپ تۇرۇپ كېتەتتى. * ئۇ ئەلنەغمىلەرنىڭلا ئەمەس، شەھەرنىڭ نامرات هۈنەرۋەن-كاسىپ، هۆپىگەرلىرىنىڭمۇ دىلكەش دوستى، كۆڭلىدىكى ئادىمىگە ئايلىنىپ قالدى.

**هۆپىگەرلىك** «هۆپىگەر» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قارىمامسەن، هەربىر باغنى ئېمسقىلاپ يۈرگىنىنى، ئۇنىڭ هۆپىگەرلىكى ئېشىپ كېتىۋاتىدىغۇ تاڭ.

**هۆپىگەن** ئى. دىئال. چاشقان تىپىدىكى بىر خىل هايۋان.

**هۆتمىتۆشۈك** (توغرىسى: ئۆتمىتۆشۈك) ← ئۆتمىتۆشۈك.

**هۆتۈت-پۆتۈت** ← هۆتۈت-پۆتۈت دېمەك.

**هۆتۈت-پۆتۈت دېمەك** سەلب. يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنى-بۇنى دەپ تۇرۇپ نارازىلىق بىلدۈرمەك، قارشى گەپ قىلماق: بۇ شەھەرلىك پارتكومنىڭ قارارى! بۇنىڭغا هېچكىمنىڭ هۆتۈت-پۆتۈت دېيىشىگە هەققى يوق!

**هۆججەت** ئى (ئە) ① سىياسەت، سىياسىي نەزەرىيە، ئېقىم مەسىلىلىرى، ئىلمىي تەتقىقات قاتارلىقلار هەققىدىكى هۆكۈمەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن چىقىرىلغان ماقالىلار: 4-ئومۇمىي يىغىن هۆججىتى. هۆججەت يەتكۈزمەك. * مەركەزنىڭ نۇرغۇن مىنىستىرلىق، كومىتېتلىرى ۋە ئۆلكىلىك، شەھەرلىك، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوملار، هۆكۈمەتلەر ئارقا-ئارقىدىن هۆججەت تارقىتىپ، يىغىنلار ئېچىپ، بۇ ئىشقا سەپەرۋەرلىك قىلدى * ئىشكىگە «مەيدان باشلىقى ئىشخانىسى» دېگەن قەغەز چاپلانغان ئازادە ئىشخانىدا ئېگىز بويلۇق، قارامتۇل كىشى ئالدىدىكى هۆججەتلەرگە خۇش ياقمىغان هالدا كۆز يۈگۈرتمەكتە ئىدى. ② بىرەر كىشىنىڭ كىملىكىنى، مەشغۇلاتىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياكى بىرەر نەرسىگە هەققى بارلىقىنى، هوقۇقىنى تەستىقلايدىغان يازما پاكىت؛ ئىسپات: هەيدەرخان غوجا قولىدا بوز دۆڭنى «خانلىق يەر» دەيدىغان هۆججەت زادى يوق ئىدى. ③ سېتىش-سېتىۋېلىش، رەنگە قويۇش، تاپشۇرۇۋېلىش، ئارىيەتكە ئېلىش، توختاملىشىش، ئىجارىگە ئېلىش قاتارلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئىسپاتلايدىغان يازما ئىسپات؛ تالون، باغاقچە قاتارلىقلار: هۆججەت بەرمەك. هۆججەت ئالماق. هۆججەت يېزىپ بەرمەك. * — مانا، — دېدى موللاخۇن

تويا بىسىپ كەتكەن بىر دەپتەرنى ئېچىپ، — بەرگەن هۆججەتلىرىڭ تۇرۇپتۇ، يا بۇلارنى سەن بەرمىگەنمىدىڭ؟ * ئۇ بوغالتىرنىڭ ئايمۇئاي بوغۇپ ماڭغان هۆججەت، تالونلىرىنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ: — مەن هېساب ئالغىلى تۇرسام، ئۆزۈڭ قاينامدىن، هېسابىڭ سايرامدىن چىقىدۇ، — دېدى. ④ < ئارخېئول > ئىلمىي، ئىجتىمائىي ياكى تارىخىي ئەهمىيەتكە ئىگە بولغان يېزىق، سۈرەت، ئەسەر قاتارلىق يازما ماتېرىياللار.

**هۆججەتشۇناس** ئى (ئە+پ) هۆججەت ئىلمى، كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مۇتەخەسسىس: ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭ تارىخى بويىچە ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە مۇهىم تەتقىقاتچى، تەرجىمان، هۆججەتشۇناسلار ئەنگلىيىدە ئاز ئەمەس. ئۇلاردىن تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ ئۆتۈش كۇپايە.

**هۆججەتشۇناسلىق** ئى. يەنىڭ هۆججەت ئىلمىگە ۋە كەسپىگە دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدىغان تارمىقى.

**هۆججەتلەشمەك** پ. بىرەر ئىش، نەرسە ياكى ئادەم توغرۇلۇق پۈتۈشكەن پىكىرنى يېزىپ هۆججەت هالىتىگە كەلتۈرمەك، رەسمىيلەشتۈرمەك: ئۆيىنىڭ باهاسىنى توختىتىپ، شۇ ئان هۆججەتلەشكەنىدۇق.

**هۆججەتلىك** سۈپ. هۆججىتى بار: هۆججەتلىك قەرز. هۆججەتلىك فىلىم.

**هۆججەتلىك فوتوگرافىيە** < گ سەن > سۈرەت تارتىش، يۇيۇش تېخنىكا-ماهارىتىنى ئىشلىتىش ئارقىلىق ئاخباراتچىلىق قىلىدىغان تەشۋىقات شەكلى، يەنى فوتوگرافىيە سەنئىتىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى پاكىتلارنى دەرهال ۋاقتىدا سۈرەتكە ئېلىپ، ئىنتايىن كۈچلۈك بولغان چىنلىق ۋە نەق مەيدان كەيپىياتى ئارقىلىق تۇرمۇشنىڭ ئاساسىي ئېقىمى ۋە ماهىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، پېرسوناژلارنىڭ روهىي قىياپىتىنى ئىپادىلەش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**هۆججەتلىك فىلىم** < كىنو > مەلۇم بىر سىياسىي، ئىقتىسادىي، ھەربىي، مەدەنىيەت، تۇرمۇش ياكى تارىخىي خاراكتېرلىق ۋەقەلەرنى خەۋەر قىلىدىغان كىنو فىلىمى.

**هۆددەيچى** ئى. تارىس. تارىختا خان، پادىشاھ، ۋالىي قاتارلىق ئەمەلدارلارنىڭ هۇزۇرىغا بىرەر هاجەت بىلەن ياكى ئەرز ئېيتىپ كەلگەنلەرنى خان، پادىشاھ، ۋاڭلارغا خەۋەر قىلىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ جاۋابىنى هاجەتمەنگە يەتكۈزىدىغان ئەمەلدار.

**هۆددە** ئى (ئە) پايدا-زىيانغا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت؛ كۆتۈرە: هۆددە ئالماق، هۆددە بەرمەك. هۆددە قىلماق. * بىزنىڭ مارالبېشى سىرىقبۇيىدىمۇ مەسئۇلىيەت تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. ھەممە ئىش هۆددە بولغاندىن كېيىن ئەمگەكچى بىلەن هۆرۈننى ناهايىتى ياخشى ئايرىدىكەن ئەمەسمۇ.

**هۆددە قىلماق** پايدا-زىيانغا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماق: قادىر بىلەن مەخمۇتمۇ ماتور سىناش جازىسىنىڭ تامامەن پۈتكەنلىكىگە هۆددە قىلالايتتى.

**هۆددىسىدىن چىقماق** بىرەر ئىشنى تولۇق ئورۇندىماق، ئەمەلگە ئاشۇرماق؛ ئەهدىسىدىن چىقماق: بىز چوقۇم بۇ ئىشنىڭ هۆددىسىدىن چىقىشىمىز كېرەك. * ئۇ «بىر ئوغۇل بالىنى باشقۇرالمىسىڭىز، قانداق قىلىپ

ئوقۇتقۇچىلىقىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامسىز؟» دېگەندەك سۆزلەر بىلەن بىسىم ئىشلەتتى.

**ھۆددىگە ئالماق** ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىمى بويىچە، بىر تەرەپ مەلۇم بىر ئىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالماق؛ قۇرۇلۇشنى ھۆددىگە ئالماق. يەرنى ھۆددىگە ئالماق. ھۆددىگە ئېلىش تۈزۈمى. * ئانارگۈل ھۆددىگە ئالغان 400 مو شالغۇت قوناق ئۇرۇقلۇقىنىڭ مو بېشى مەھسۇلاتى 225 كىلوگرامدىن ئېشىپ كەتتى.

**ھۆددىگە بەرمەك** پايدا-زىيانغا، ئىشنىڭ ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئارتماق؛ كۆتۈرەگە بەرمەك: بۇغداي ئورنىغا تېرىلىدىغان ئۈچ ئايلىق كەنجى قوناق سىناق تەرىقىسىدە «مەسئۇلىيەت ئېتىزى» قىلىپ ئەزالارغا ھۆددىگە بېرىلدى.

**ھۆددەس** رەۋ. دىئال. پەقەت، ئەسلا، زادىلا.

**ھۆددىگەر** ئى. ھۆددە ئالغۇچى، كۆتۈرىچى، كاپالەت قىلغۇچى: قوغۇنچى توختى ئاكام ھەش-پەش دېگۈچە، كۆكچىنى پىلەكتىن كەلتۈردى ئۈزۈپ، شۇ ھامان دۈيجاڭنىڭ كۆڭلى بولدى غەش، «ھۆددىگەر» ئالدىدا بۇ ھالنى كۆرۈپ.

**ھۆددىگەرلىك** ئى. ھۆددىگە ئېلىش، ھۆددىگە بېرىش: ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى. * ناھىيىدىن كادىر چىقىپتۇ، كەسپىي ئائىلە قۇرۇپ ھۆددىگەرلىكنى يولغا قويىدىكەن، دېگەن خەۋەر خۇددى ئىپار پۇرىقى تارالغاندەك شۇ سائەتتىلا پۈتۈن يېزىغا پۇر كەتتى.

**ھۆددىگەرلىك تۈزۈمى** ھۆددىگە ئېلىش، ھۆددىگە بېرىش ئىش تەرتىپى، قائىدىسى.

**ھۆددىلەشمەك** «ھۆددىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ دېگەن قەغەزدىكى گەپ. يەرنى قولىمىزغا بەرگەندىن كېيىن قانداق تېرىساق ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى. ھۆددىلەشكەن ئاشلىقنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلالايمىز.

**ھۆددىلىمەك** پ. بىر ئىشنىڭ پايدا-زىيىنىغا، ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولماق، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماق، كۆتۈرە قىلماق: كەپشەرلەش، كېسىش، ھەرىلەش قاتارلىق ئىشلارنى ئادىل بىلەن زايىت ھۆددىلەپ كېتەلىدى.

**ھۆر I** سۈپ (ئە) باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغان، ئەركىنلىكى ئۆزىدە بولغان؛ ئازاد، ئەركىن: ھۆر ئادەم. ھۆر زامان. * كەيدى ۋەتەن يېشىل تون، باراقسانلىق گۈل بولدى. بەختى كۈلگەن خەلقىمىز نىجات تاپتى، ھۆر بولدى. * گۈللەندى يىپەك يۇرتى، نۇر چاچقاچ قۇياش پارلاق، توي بولدى ئەجەب قايناق، ھۆر تاغدا مۇقام ياڭراق.

**ھۆر II** ئى (ئە) مۇسۇلمانلارنىڭ ئېتىقادى بويىچە جەننەتتە ياشايدىغان گۈزەل قىز؛ پەرى: ئۇ ئۆزىنى خۇددى جەننەتتىكى ھۆرلەر ئارىسىدا يۈرگەندەك ھېس قىلىپتۇ. * پالۋان ئوغلۇم تۇر ئورنۇڭدىن، غەمكىنلىكتىن بولغىن ئازاد، مۇشكۈل يېڭىپ داۋان ئاشقىن، كۈتەر سېنى ھۆر-پەرىزات.

**ھۆر-ئازاد** ھۆر ۋە ئازاد: يەلپۈنەر باغرىڭدا قىپقىزىل تۇغلار، ئەي مېنىڭ ھۆر-ئازاد، ئالتۇن تۇپرىقىم. باتۇرلار ۋەتىنى، غالىبلار ئېلى، سەن ئۈمىد يۇلتۇزۇم، مەشئەل-چىرىغىم!

**ھۆر-پەرى** ھۆر ۋە پەرى: ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن ئاخشام بۇ كاساپەت خوتۇن كۆزۈمگە قىپقىزىل بىر پارچە ئوت، خۇددى ھۆر-پەرىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. * شاھ سارىيى ئالتۇندىن، ياسالغانىكەن ھەيۋەتلىك. ياشايدىكەن شۇ پەردە، بىر ھۆر-پەرى سۈرەتلىك.

**هۆر-غىلمان** هۆر ۋە غىلمان: جەننەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل باغلىرىنى ئارىلاپ، هۆر-غىلمانلار ئىچىدە سەيلى-تاماشا قىلىپ، بىر پېشايۋاننىڭ قېشىغا بارسام، كۆزۈمگە تونۇش بىر زات كۆرۈندى. * كەمتەر، باتۇر، تەمكىن ئۆزى، زېهنى دېڭىز، شېرىن سۆزى، مېهرى قۇياش، نۇرلۇق يۈزى، هۆرى-غىلمان قەشقەر قىزى.

**هۆركىرەتمەك** «هۆركىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كالىنى هۆركىرەتمەك. * قورقىدىغان ھېچنېمە يوق، جۈمەنى هۆركىرەتكەن «تۆت سولتەك» نىڭ ئەمدى قۇيرۇقى بىر تۇتام بولغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋېتىمەن.

**هۆركىرەشمەك** «هۆركىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قوتاندىكى بىر توپ كالىلار هۆركىرەشتى.

**هۆركىرىمەك** پ ① ئۈنلۈك ئاۋاز چىقارماق: بۇقا هۆركىرەيدۇ، قۇيرۇقى تىترەيدۇ. ② كۆچمە. بىرەر ئىش تۈپەيلىدىن بىراۋغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىرىماق: مەنسۇر ئىچكىرىدىكى ۋە تاشقىرىقى ئۆيلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ بولۇپ، خۇرشىدىخانغا زەردە بىلەن هۆركىرىدى. ③ كۆچمە. گەپنى يوغان قىلىپ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلماق: هۆركىرەپ ئۆتتۈم ئەمەلنىڭ بارىدا يولۋاس بولۇپ، قايسى كۈن چۈشتۈم شۇ ئان ئۆچتى ئۈنۈم تىمتاس بولۇپ، يا يۈرەكتىن ئالدى دەرد دوختۇرغا سۆرەشتى دەرىخ! يا ئۇدۇل مەسچىتكە كىردىم ئەل ئارا چىقماس بولۇپ.

**هۆرلەر** ئى <تارىخ> قۇلدارلىق جەمئىيەتتىكى قۇلدىن باشقا ئاھالىنىڭ ئومۇمى ئاتىلىشى. بۇ قۇلدارلار، سودىگەرلەر، جازانىخورلار ۋە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلار (مۇستەقىل ئىگىلىك باشقۇرغان دېھقانلار ۋە قول هۈنەرۋەنلەر) نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئوخشاش بولمىغان پۇقرالىق هوقۇقى ۋە مال-مۈلۈك هوقۇقىدىن بەهرىمەن بولىدۇ.

**هۆرلۈك** «هۆر I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يېقىن ئىدى سەهرا ئۈنىڭ قەلبىگە، بىلىنەتتى ئاۋات يۇرتنەك، چۆل ئەمەس چۈنكى ئۇندا كەڭ هۆرلۈكنى هېس قىلغان، هاۋاسىدىن ئالغان قېنىپ ئۇ نەپەس.

**هۆرمەت** ئى ① ئادەم ۋە نەرسىنىڭ قىممىتىنى چۈشىنىپ ئۇنى قەدىرلەش، ئۇلۇغلاش، ئەزىزلەش تۇيغۇسى؛ ئىززەت، ئىهتىرام: ۋەتەنگە هۆرمەت. ئۆز كەسپىگە بولغان هۆرمەت. * بۇلبۇل گۈل بار يەردە، هۆرمەت دوست بار يەردە (ماقال). * بۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرغان ئالتە-يەتتە يىلەندىن يېشى ئەڭ چوڭى بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى هۆرمەت بىلەن «زېرىپ تاغا» دەپ ئاتايتتى. ② ئامما ئارىسىدا قازانغان ئىناۋەت؛ ئابروي، ئېتىبار: هۆرمەت قىلماق. هۆرمەت تاپماق. * كىشىنىڭ هۆرمىتى ئۆز قولىدا (ماقال). * ۋايىتنىڭ جاۋابىدىن تولۇق قانائەتلەنگەن مەلىكە بەرنا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ۋايىتقا هۆرمەت بىلدۈرۈپتۇ. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**هۆرمەت بىلدۈرمەك** بىراۋغا بولغان هۆرمىتىنى، ئىهتىرامى، ئەقىدىسىنى، ئىخلاسىنى ھەرىكىتى بىلەن ئىپادىلىمەك، ئەكس ئەتتۈرمەك: هارىس شاھ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ هۆرمەت بىلدۈردى ۋە زىياپەت قىلىپ كۈتۈۋالدى.

**هۆرمەت قاراۋۇلى** <ھەرب> ئارمىيە تەرىپىدىن چىقىرىلغان مەلۇم قائىدە-يوسۇنلارنى ئۆتەش ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىدىغان كىچىك قىسىم.

**هۆرمەتچان** سۈپ. باشقىلارنى هۆرمەتلەيدىغان، هۆرمەتنى قەدىرلەيدىغان، ياخشى كۆرىدىغان: ئەسلىدە ئالىمجاننىڭ چىرايى

دىگەندەك كېلشكەن بولمسمۇ، گەپ-سۆزى جايىدا، ئەدەبلىك، هۆرمەتچان يىگىت ئىدى.

**هۆرمەتسز** سۈپ. هۆرمتى يوق، هۆرمەتكە سازاۋەر بولالمىغان، يۈز-ئابروي، هۆرمەت، ئېتىبارغا ئېرىشەلمىگەن، ئەل ئىچىدە يۈز-ئابرويى، ئېتىبارى يوق: هۆرمەتسز ئادەم.

**هۆرمەتسزلىك** «هۆرمەتسز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مېهماننى ئالدىغا چاقىرتىپ ۋاقتنى گەپ-سۆزسز بىهۇدە ئۆتكۈزۈشىنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا نىسبەتەن هۆرمەتسزلىك بولىدىغانلىقىنى هېس قىلدىم-دە، جىم ئولتۇرۇشنى ئەپسىز كۆرۈپ ئاخىرى گەپ باشلىدىم.

**هۆرمەتلەشمەك** «هۆرمەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇلار ئاتا-ئانىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئىناق ياشاپ، بىر-بىرىگە يار-يۆلەكتە بولۇپتۇ ۋە بىر-بىرىنى هۆرمەتلىشىپتۇ، هېچقانداق نەرسىدىن قىزغىنىشماپتۇ.

**هۆرمەتلەنمەك** «هۆرمەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئەزەلدىن بىز جاهان ئەهلى ئارا هۆرمەتلىنىپ كەلگەن، ئوغۇز سۈتتەكلا بولغاچقا غۇبارسىز قەلبىمىز مەڭگۈ.

**هۆرمەتلىك** سۈپ. هۆرمتى بار، هۆرمەتكە سازاۋەر بولغان، ئابرويلۇق: ــ ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى راست گەپنى دېسەم پەقەت سىېنىڭ داداڭ هۆرمەتلىك ئورمان بوۋامغىلا سېلىشتۇرۇشقا بولىدۇ، ــ دېدى ئۇ.

**هۆرمەتلىمەك** پ. هۆرمتىنى، ئىززىتىنى قىلماق؛ قەدىرلىمەك، چوڭ كۆرمەك: ئاتا-ئانىنى هۆرمەتلىمەك. چوڭلارنى هۆرمەتلىمەك. * بۇ لەقەم ئۇنىڭغا تېزلا سىڭىپ، ئۆزىمۇ كۆنۈپ كەتتى. لېكىن مەسچىت قوۋمى يەنىلا ئۇنى هۆرمەتلەپ «سىيىتقارىم» دەيتتى.

**هۆرمەت-ئېهتىرام** هۆرمەت ۋە ئېهتىرام: شۇڭلاشقا ئازادلىق بولۇش بىلەن تەڭ، بېشىدا كۆتۈردى ۋەتىنىم، خەلقىم. هەر يەردە كۆرسەتتى هۆرمەت-ئېهتىرام، ئۈستى ئەل ئىچىدە قىممىتىم-قەدرىم.

**هۆر-هۆر** ← **هۆر-هۆر يىغلىماق.**

**هۆر-هۆر يىغلىماق** ئۆزىنى توختىتالماي قاتتىق يىغلىماق: يۇرت شۇ سۆزنى ئاڭلاپتۇ، يۈرەك باغرىن داغلاپتۇ، كۆكزەك كېرىپ سىيىنئاخۇن، ئالغا ماڭغان چاغلاردا، هەممە هۆر-هۆر يىغلاپتۇ.

**هۆرۈ-پۆرۈ** ← **هۆرۈ-پۆرۈ دېمەك.**

**هۆرۈ-پۆرۈ دېمەك** ئورۇنسىز يوقىلاڭ گەپ-سۆزلەر بىلەن كىشىگە هەيۋە قىلماق، قاتتىق گەپلەر بىلەن كىشى ئالدىدا يوغانچىلىق قىلماق: سەن تېخى ئۆزۈڭنى چاغلىماي، نېمە مېنىڭ ئالدىمدا هۆرۈ-پۆرۈ دەيسەن! * تاشاخۇنۇم ماقۇل كۆرمەيدىكەن، هېچكىم بۇ يۇرتتا هۆرۈ-پۆرۈ دېيەلمەيدۇ، هۆرۈ-پۆرۈ دەيدىكەنسەن، يەيدىغان نېنىڭدىن، ئىچىدىغان سۈيۈڭدىن ئايرىلىپ قالىسەن، دېگەن سۆز، دېيىشەتتى ئۇلار.

**هۆرىستان** ئى (ئە) يېزت. هۆرلۈك، ئازادلىق دەۋر سۈرگەن جاي؛ ئازاد، ئەركىن ماكان: بارىمىز ئۆرلەش بىلەن توسقۇننى مەردلەرچە بۆسۈپ، باشچى بولغاچ پارتىيە بىزگە هۆرىستان ئالدىدا.

**هۆرنگۆل** ئى (هۆر+ى+گۆل) ① < نوت > كاكتۇس ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. ئاساسىي غولى يۇملاق تۇۋرۇك شەكىللىك. تارماق شاخلىرى ياپىلاق، يوپۇرماق شەكلىدە بولىدۇ، رەڭگى يېشىل، يوپۇرمىقى بولمايدۇ. گۈلى چوڭ، ئاق رەڭلىك، تارماق شاخلارنىڭ گىرۋىكىدە

ئۆسىدۇ، تولىراق كېچىسى ئېچىلىدۇ. چېچەكلەش ۋاقتى ناھايىتى قىسقا. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ئەسلى ماكانى مېكسىكا. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**هۆرىيەت** ئى (ئە) ئازادلىق، ئەركىنلىك: ئاز كۈن ئۆتمەي ئۈچ ۋىلايەتنى، قىلدى ئازاد ياش قەھرىمانلار. سۇندى زۇلمەت، بولدى هۆرىيەت، راھەتلەندى قىينالغان جانلار.

**هۆرىيەتپەرۋەر** سۈپ (ئە+پ) هۆرىيەتنى، ئازادلىقنى خالايدىغان، هۆرىيەت ئۈچۈن، ئازادلىق ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ۋە ئۇنى سۆيىدىغان، ھىمايە قىلىدىغان، قوغدايدىغان: هۆرىيەتپەرۋەر ئادەم. * هۆرىيەتپەرۋەر شائىرنىڭ ئۆلمەس مىسرالىرى ئۆزىدىن 100 يىللار كېيىن ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ ئازادلىق فرونتلىرىدا ئاكوپلار ئارىلاپ يۈرۈپ، يېڭى بىر مۇھاكىمىنىڭ جەڭگىۋار ماۋزۇسى بولماقتا ئىدى.

**هۆرىيەتپەرۋەرلىك** «هۆرىيەتپەرۋەر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**هۆرىيەتچى** ئى. كىشىلەرنى زۇلۇمدىن، ئېزىلىشتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئازاد قىلىش يولىدا كۈرەشكۈچى: ئۇ هۆرىيەتچى بولۇپ، روۋدېستۋو بايرىمىدا ئۇنىڭ خوتۇنى بەيگە ئاتلىرىنى ئىجارىگە بېرىدىغان كىشى بىلەن قېچىپ كەتكەنىدى.

**هۆزۈر** (توغرىسى: ئۆزرە) ← **ئۆزرە.**

**هۆزۈرخالىق** (توغرىسى: ئۆزرىخاھلىق) ← **ئۆزرىخاھلىق.**

**هۆسن** (ئە) ① ئى. چىراي، جامال، كۆرك، گۈزەللىك: خۇرشىدەم 11 ياشلاردا بولۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىكەن. ئۇنىڭ هۆسنى ھېچقانداق گىرىمسىز سەھنىگە چىقسىمۇ پۈتۈن زالنى نۇرلاندۇرۇۋەتكۈدەك ئىدى. ② سۈپ. چىرايلىق قىلىپ يېزىلىدىغان، نەپىس، كۆركەم، گۈزەل: هۆسن خەت.

**هۆسن خەت** چىرايلىق، گۈزەل، كۆركەم قىلىپ يېزىلىدىغان خەت؛ خۇش خەت: ئوقۇغۇچىلار يەنە بىر قېتىم چاۋاك چېلىپ تەنتەنە قىلىشتى، ئاندىن لېنىپ ئەپەندى ئالدىرىماستىن هۆسن خەت بىلەن يېزىشقا كىرىشتى.

**هۆسنىگە هۆسن قوشماق** گۈزەللىك ئۈستىگە گۈزەللىك قوشۇلماق، تېخىمۇ چىرايلىقلاشماق: بۇ چاغدا ئۇنىڭ كەكلىك قاشلىرى ئاستىدىكى رەڭلىك بادام قاپاقلىرى تولۇق ئېچىلىپ، بىر هۆسنىگە ئون هۆسن قوشۇلغانىدى.

**هۆسن-جامال** هۆسن ۋە جامال: سامۇق، ئۇنىڭ هۆسن-جامالىنى قانغۇدەكلا كۆرەلمىگىنى، كۆز خۇمارىدىن چىقمىغىنى ئۈچۈن پايپېتەك بولۇشقا باشلىدى.

**هۆسۈت** ئى. دىئال. ھەسەت، قىزغىنىش.

**هۆسلە** ئى. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە كىشىلەر بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ئىپادىلىنىدىغان پوزىتسىيە، تەكەللۇپ، يېقىملىق قىلىق.

**هۆسلە قىلماق** كىشىلەرگە ھۆرمەت، ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلماق؛ تەكەللۇپ قىلماق: روشەن ئۇياتچان قىز ئىدى، مېھمان كەلگەندە كىتابىنى ئېلىپ باغقا چىقىپ كېتەتتى، مېھمانغا هۆسلە قىلىپ كىتىشنى خالىمايتتى.

**هۆسلە-سۆلكەت** هۆسلە ۋە سۆلكەت، قىزغىنلىق، خۇش خۇيلۇق: ئۇ بىزنى تولىمۇ ئىسسىق چىراي، مۇلايىم هۆسلە سۆلكەت، شېرىن سۆزلەر بىلەن قارشى ئالدى.

**هۆكمەت** ئى (ئە) داستان، شېئىر، غەزەل: ئۇلار بۆك-باراقسانلىق كۆجۈم مەھەللىگە يېتىپ كەلگەندىلا، «ئىشان» يول بويى دىمىغىدا غىڭشىپ ئېيتىپ كېلىۋاتقان «هۆكمەت» نى

ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ ئوقۇشقا باشلىدى.

**هۆكمەتچى** ئى. تارىخىي داستان، شېئىرلارنى ئاھاڭغا سېلىپ ئوقۇيدىغان كىشى؛ ھاپىز: هۆكمەتچى قۇلىقىنى تۇتۇپ:ــ مەن قەلەندەر شاھىمەن، ئالەم ماڭا ۋەيرانىدۇر، ــ دەپ هۆكمەت ئوقۇدى.

**هۆكۈم** ئى (ئە) ① بىرەر مەسىلە ھەققىدىكى ئېنىق پىكىر، خۇلاسە: جۇڭگو كوممۇنىستلىرى بۇ توغرا هۆكۈمنى ستالىننىڭ نەزەرىيىسىگە ئاساسەن ئوتتۇرىغا قويغان. * كېسىلىم ساقىيىپ، دوختۇرنىڭ هۆكۈمى بىلەن ياتاقتىن چىقىپ كېتىدىغان كۈنۈممۇ كەلدى. ② كۆچمە. بۇيرۇق، ئەمر، پەرمان: هۆكۈمنىڭ قاتتىقلىقىدىن يېكەن قوزۇق يەرگە كىرىپتۇ (ماقال). * جاللاتلار پادىشاھنىڭ هۆكۈمى بويىچە بۇ ئوغۇلنى دارغا ئاسماق بولۇشۇپتۇ. * ھاكىمنىڭ هۆكۈمى بىلەن چوڭ ئەينەك تەييار قىلىندى. ③ < قا > سوتنىڭ قاراپ چىقىشنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان دېلولار ئۈستىدە چىقارغان قارارى: هۆكۈم خېتى. هۆكۈم ئېلان قىلماق. هۆكۈمنى ئۆزگەرتىش. * هۆكۈم دەرھال ئىجرا قىلىندى. * قانۇننىڭ بەلگىلىمىرىگە خىلاپلىق قىلغان كىشى قانۇن بويىچە جازاغا تارتىلىدۇ ياكى ئۇنىڭغا جازا هۆكۈم قىلىنىدۇ. ④ < لوگ > شەيئىلەرنىڭ ئەھۋالى ئۈستىدە كېسىم قىلغۇچى تەپەككۇر شەكلى. ئۇ جۈملە ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. هۆكۈملەر ئاددىي هۆكۈم ۋە قوشما هۆكۈم دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**هۆكۈم چىقارماق** ① بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ئېنىق پىكىرگە كەلمەك، خۇلاسە قىلماق: دوختۇرلار پۈتۈمنى قېتىرقىنىپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈپ، ئاخىرىدا ئىلمىي مۇلاھىزە ئارقىلىق «ئوپېراتسىيە قىلىنسا تولۇق ساقىيىدۇ» دەپ ئېنىق هۆكۈم چىقىرىشتى. * تۆرەم قىزنىڭ ئالىقىنىدىكى ئىمىر-چىمىر سىزىقلارغا بىرھازا قارىغاندىن كېيىن، گويا ئۇستا پالچىدەك، ئالدىرىماي هۆكۈم چىقىرىشقا باشلىدى. ② < قا > سوت مەھكىمىسى قاراپ چىقىشنى ئاخىرلاشتۇرىدىغان ئەنزىلەر ئۈستىدە قارار چىقارماق: 5-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىينىڭ 2-يىغىنى ماقۇللىغان خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنىدا ئېنىق قىلىپ: «ئۆلۈم جازاسى ئەنزىلىرى ئۈستىدە ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى هۆكۈم چىقىرىدۇ ياكى ئۇنى تەكشۈرۈپ تەستىقلايدۇ...» دەپ بەلگىلەنگەن. ③ < لوگ > ئوبيېكتقا قارىتا بىر نېمىنى تەستىقلاش ياكى ئىنكار قىلىش.

**هۆكۈم سۈرمەك** ① ئۆز هۆكمىنى ئۆتكۈزمەك، هۆكۈمرانلىق قىلماق، دەۋر سۈرمەك: تۇرپاندىكى ئىدىقۇت خانلىقى بۇندىن 1133 يىل ئىلگىرى قۇرۇلۇپ، 400 يىل هۆكۈم سۈرگەن. * بۇ ۋاڭلىقنىڭ ھەممىدىن ئۇزۇن هۆكۈم سۈرگەن، ھەممىدىن قاتتىق قول ۋەكىلى شامەخسۇتنى تەختىدىن ئۆرۈۋەتمەكچى. بۇ ئاسان گەپ ئەمەس! ② كۆچمە. بولۇۋاتقان ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز، سۆھبەت ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتمەي، تەرتىپى، يۆنىلىشى بويىچە داۋاملاشماق: سۆھبىتىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئارىمىزدا خېلى ئۇزۇنغىچە ئېغىر سۈكۈت هۆكۈم سۈردى. * بۇلۇڭ-بۇلۇڭدىن ئوق چىقىپ كېتىدىغاندەك ياكى كىملەردۇر بۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلىنىدىغاندەك بىر سۈرلۈك ھالەت هۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى.

**هۆكۈم قىلماق** ① بىرەر ئىش، نەرسىگە باھا بەرمەك، جەزملەشتۈرمەك: ئۇ تىمىر يازغىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش جەريانىدىلا بۇ كىشىگە هۆكۈم قىلغان. * ئېتىلغان تاش

ئەسقەرنىڭ كۆزىگە تەگكەن بولۇپ، ئەھۋالى تولىمۇ ئېغىر ئىكەن، ساقىيىش-ساقايماسلىقىنى تېخى دوختۇرلار ھۆكۈم قىلالماپتۇ. ② قانۇنىي جەھەتتە جىنايەتچىلەرگە جازا بۇيرۇماق، كېسىم قىلماق: ھەسەننىڭ پېيىنى كېسىشنى شەنگەن ئۆزى ئالدىراپلا ھۆكۈم قىلغان.

**ھۆكۈمنىڭ چىن-ساختىلىقى** < لوگ > ھۆكۈم مەزمۇنىنىڭ ئەمەلىيەتكە ماس كېلىش-كەلمەسلىك مەسىلىسى.

**ھۆكۈمنىڭ سۈپىتى** < لوگ > ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىشنىڭ ئەڭ تۈپ خاراكتېرى. بۇ باغلىنىشنىڭ ئەڭ تۈپ خاراكتېرى يا تەستىقىي، يا ئىنكار بولىدۇ.

**ھۆكۈمنىڭ مىقدارى** < لوگ > ھۆكۈمنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى ئوتتۇرىسىدىكى ھەجىم جەھەتتىكى باغلىنىش، يەنى ھۆكۈملىگۈچىنىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسىنىڭ قانچىلىك ھەجىمگە قارىتىلغانلىق مەسىلىسى.

**ھۆكۈم ئېلان قىلىش** < قا > سوت مەھكىمىسىنىڭ دەۋالاشقۇچىلارغا دېلو توغرىسىدىكى ھۆكۈمنى ئېلان قىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ھۆكۈما** ئى (ئە) ① تېۋىپ، دوختۇر: مۇھەممەت بېشىر ۋاڭ زامانىسىدا خوتەن، يەكەن، قەشقەر تەرەپلەردىن ھۆكۈمارلار تەكلىپ قىلىنىپ، قۇمۇلدا تىبابەتچىلىك راۋاج تاپقان. ② دانىشمەن، ئالىم، پەيلاسوپ، ئالدىدىن ھۆكۈم قىلغۇچى: ئەلقىسسە، پادىشاھ ھۆكۈمالارنى يەنە بىر قېتىم يىغىپ ئوغلىنىڭ بەخت-تەلىيىنى سورىغانىدى. * شاھى ئاباسخان بۇنىڭغا ئىشەنچ قىلماي جىمىكى ھۆكۈما، قۇرئەندازلىرىنى چاقىرىپ قۇرئە سالدۇردى.

**ھۆكۈمەت** ئى (ئە) ① دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنىنىڭ ئىجرائىيە ئورگانلىرى، يەنى دۆلەتنىڭ مەمۇرىي ئورگانلىرى. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدىكى گوۋۇيۈەن (مەركىزىي خەلق ھۆكۈمىتى) بىلەن يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىگە ئوخشاش: ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر داۋاملىق تۈردە كۆچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىشى كېرەك. * ھازىرقى كۈندە قۇمۇلدىكى ھۆكۈمەت ئەسكەرلىرىنىڭ سانى كەم دېگەندىمۇ 5000 — 6000 غا يېتىدىكەن. ② دۆلەت، ھاكىمىيەت: ئۆز ئالدىغا ھۆكۈمەت قۇرماق. ھۆكۈمەت تەشكىللىمەك. ③ كۆچمە. (شەخسىيلەرگە نىسبەتەن) دۆلەت، كوللېكتىپ، ئىدارە-جەمئىيەت، ئورگان، كارخانا، تەشكىلات: ھۆكۈمەتنىڭ مۈلكى. * — ئۇنداق دېمىسىلە، خاتا بولىدۇ، ھۆكۈمەتنىڭ ماشىنىسى ئەمەسمۇ، — دېدى ئۇ.

**ھۆكۈمەت بىلەن خۇسۇسىيلار شېرىكچىلىكى** < س ئىق > جۇڭگودىكى كاپىتالىستىك سودا-سانائەتنى سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش داۋامىدا بارلىققا كەلگەن دۆلەت كاپىتالىزمىنىڭ يۇقىرى شەكلى.

**ھۆكۈمەت دائىرىلىرى** ھۆكۈمەت تەرەپ (كۆپىنچە كاپىتالىستىك دۆلەتلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ).

**ھۆكۈمەتچىلىك** ئى. ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇش، ئىدارە قىلىش ئىشى: — شەمەيگە بارماستىن ئىلگىرى ئۆز ھۆكۈمەتچىلىكىمىزنى كۆرۈپ، باشقىلارمۇ مۇشۇنداقتۇ، دەپ ئويلايتتىم! — دېدى ئاتابېك.

**ھۆكۈمەتسىز** سۈپ. ھۆكۈمىتى يوق، ھۆكۈمىتى

بولمىغان، هۆكۈمەتنىڭ مەھرۇم: ئۇلار يۇقىرى پايدىنى قوغلىشىپ، ئۆزئارا رىقابەتلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى هۆكۈمەتسىز هالەتتە تۇرىدۇ.

**هۆكۈمەتسىزلارچە** رەۋ. هۆكۈمەتسىزلەرگە ئوخشاش؛ هۆكۈمەت يوق دەپ قارىغۇچىلارغا ئوخشاش: ئۇلار مەلۇم بىر خىل ئومۇمىي ئىش تاشلاشنىلا يەنى هۆكۈمەتسىزلەر پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي كۈرىشى ئورنىغا دەسسىتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويغان هۆكۈمەتسىزلارچە ئىقتىسادىي ئومۇمىي ئىش تاشلاشنىلا تەنقىد قىلغانىدى.

**هۆكۈمەتسىزلىك** ئى < پەلس > ① پرۇدون ۋە باكۇنىن ۋەكىللىكىدىكى ئۇششاق بۇرژۇئازىيىنىڭ بىر خىل ئەكسىيەتچىل، سىياسىي ئىدىيۋى ئېقىمى. ئۇ ھەرقانداق بىر تارىخىي شارائىتتىكى بارلىق دۆلەت هاكىمىيىتىنى ئىنكار قىلىپ، ھەرقانداق تەشكىلات، ئىنتىزام ۋە نوپۇزغا قارشى تۇرىدۇ. ② ئىنقىلابىي قوشۇندىكى تەشكىلىي ئىنتىزامغا بويسۇنماسلىق ئىدىيىلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**هۆكۈمچى** ئى. بىرەر ئىش، مەسىلە ھەققىدە هۆكۈم چىقارغۇچى، باھا بەرگۈچى: ئۆز ۋىجدانىم ئالدىدا تىلىم تۇتۇلۇپ قالدىغانلا ئىش قىلمىسام باشقىلارنىڭ تۆھمەت، هاقارەتلىرىدىن قورقمايمەن، چۈنكى هاياتنىڭ ئۆزى ئادىل هۆكۈمچى.

**هۆكۈمدار** ئى (ئە+پ) ئالىي هوقۇق ئىگىسى، هۆكۈمرانلىق قىلغۇچى: بۇ گەپنىڭ قانچىلىك راستلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭدا هۆكۈمدارلاردىكى مىجەز-خۇلقنىڭ بىر تەرىپى ئەكس ئېتىلگەن.

**هۆكۈمدارلىق** « هۆكۈمدار » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: قاراخانىيلارنىڭ خانلىق تۈزۈمىدە « قاراخان » ئاتىلىشلا ئەڭ ئالىي هۆكۈمدارلىق مەنسىگە ئىگە ئىدى.

**هۆكۈمران** ئى (ئە+پ) هۆكۈم يۈرگۈزگۈچى؛ ئالىي هوقۇق ۋە هاكىمىيەت ئىگىسى: ئەمدى بىز ئاراللار ۋە يەتتە سارايىنىڭ هۆكۈمرانى غەيۇر شاھ ۋە ئۇنىڭ گۈزەل قىزى مەلىكە بۇدۇرغا كېلەيلى. * بۇ يېزىنىڭ بىردىنبىر هۆكۈمرانى خىزىر دېگەن زومىگەر بولۇپ، پۈتۈن كەمبەغەللەر ئاشۇ زومىگەر ئۈچۈن ئىشلەيتتى.

**هۆكۈمران سىنىپ** < پەلس > دۆلەت هاكىمىيىتىنى ئىگىلىگەن سىنىپ. بەزىدە هۆكۈمرانلىق ئورنىنى ئىگىلىگەن ئېكسپلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**هۆكۈمرانلىق** « هۆكۈمران » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن شۇنى هېس قىلدىم: ئىجتىمائىي تۈزۈمى بىرنەچچىگە ئوخشىمىغان بۇ يەردە پۇلنىڭ هۆكۈمرانلىقى خۇدانىڭ ئىرادىسىدىنمۇ كۈچلۈك ئىكەن. * بىرىنچى كۈنى مەلىكە بۇدۇرنىڭ ئوغلى ئەنجەد هۆكۈمرانلىق تەختىگە چىقىپ، دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ، بۇيرۇقلار بېرىپتۇ.

**هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ** < پەلس > ئىقتىسادىي، سىياسىي، ئىدىيۋى جەھەتلەردە هۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى ئورۇندا تۇرغۇچى سىنىپ.

**هۆكۈملەنگۈچى** ئى < لوگ > هۆكۈمنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى، يەنى هۆكۈمدە پىكىر ئوبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى ئۇقۇم. مەسىلەن، « شېكەر تاتلىق نەرسە » دېگەن هۆكۈمدە « شېكەر » دېگەن ئۇقۇم هۆكۈملەنگۈچى بولىدۇ.

**هۆكۈملۈك** سۈپ. هۆكۈمگە ئىگە.

**هۆكۈملىگۈچى** ئى < لوگ > هۆكۈمنىڭ ئۈچ

تەركىبي قىسمىنىڭ بىرى. پىكىر ئوبيېكتىنىڭ بەلگىسى ۋە باشقا ئەھۋالىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، « مېتال-توك ئۆتكۈزگۈچى جىسىم » دېگەن بۇ ھۆكۈمدە « توك ئۆتكۈزگۈچى جىسىم » دېگەن ئۇقۇم ھۆكۈملىگۈچى بولىدۇ.

**هۆكۈمنامە** ئى (ئە+پ) < قا > سوت مەھكىمىسىنىڭ ئەنزىگە قاراپ چىقىش نەتىجىسىدە چىقارغان يازما ھۆججىتى: شۇ كۈنى بۇ ھۆكۈمنامىنى كۆرۈش ئۈچۈن ئادەملەر ياغۇل تەرەپكە كەينى-كەينىدىن كېتىپ باراتتى.

**هۆكۈنەك** ئى. دىئال. ھەرە كۆنىكى.

**هۆڭ** تەق. قاتتىق يىغلىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**هۆڭرەتمەك** « ھۆڭرىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆڭرىتىپ يىغلاتماق.

**هۆڭرەشمەك** « ھۆڭرىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايخان ئاچا بىلەن ئاينۇر مېنى كۆرۈش بىلەن ھۆڭرىشىپ يىغلاپ كەتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي داڭ قېتىپ تۇرۇپلا قالدىم.

**هۆڭرىمەك** پ. ھۆڭ-ھۆڭ قىلماق، قاتتىق ئاۋاز چىقارماق، ئەزۋەيلەپ تۇرۇپ ھۆڭگۈرەكلىمەك (يىغا ھەققىدە): ئۇ ئەمدى ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ ھۆڭرەپ يىغلىۋەتتى. * ئۇلار بىرى دادام دەپ تۇۋلىسا، يەنە بىرى ئانام دەپ زارلايتتى؛ بىرى بالام دەپ يىغلىسا، بىرى ئاكام دەپ ھۆڭرەيتتى.

**هۆڭگۈرەك** ئى ← **هۆڭگۈرەك ئاتماق.**

**هۆڭگۈرەك ئاتماق** ھەر تەرەپكە دۈيلۈپ سەكرىمەك: ئايتۇراخان « مۆھتەرەم قارى » نىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن، غەلىتە بىر ھېسسىيات بىلەن خۇددى ئەس-ھوشىنى يوقاتقان ئادەمدەك تۇيۇقسىز ھۆڭگۈرەك ئېتىپ يىغا سالدى، « دادامۇ، سەنمۇ كەتسەڭ، مەن كىم بىلەن قالىمەن » دەپ ۋارقىراپ يىغلىدى.

**هۆڭگۈرەكلىمەك** پ. ھۆڭگۈرەك ئاتماق.

**هۆڭگۈل** ← **هۆڭگىل چىش.**

**هۆڭگۈل چىش** ← **هىڭگاڭ چىش:** ـــ ئۇ چوقۇر يۈزلۈك، ئالىغاي كۆزلۈك، پاناق بۇرۇن، دورداي كالپۇك، ھۆڭگۈل چىش، خامۇت ئاياغ، قازاننىڭ كۈيىسىدەك قاپقارا بەتبەشىرە بىر قىز ئىكەن. ئۇقتۇڭمۇ؟ ـــ دېدى سادىقجان.

**هۆڭىدە** رەۋ. بىردىنلا ئۈن سېلىپ، تۇساتتىن قاتتىق ئاۋاز بىلەن: ئۇ ھۆڭگىدە يىغلىۋەتتى.

**هۆڭ-هۆڭ** « ھۆڭ » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ ئېرىنى ھۆڭ-ھۆڭ يىغلاپ تىترىگىنىچە قۇچاقلىدى، ھەتتا يەنە ئاجرىتىپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك قورقاتتى.

**هۆل** سۈپ ① سۇ يۇققان، سۇ ئىچىۋالغان، نەم: ھۆل كىيىم. ھۆل بولماق. ② يېڭى ئۈزۈلگەن ياكى يېڭى ئورۇلغان، سۈيى ياكى شىرىسى قاچمىغان، قۇرۇمىغان: ھۆل مېۋە. ھۆل نوتا. ھۆل دەرەخ. ھۆل بېدە.

**هۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك** پەقەت جايىغا چۈشمىگەن، لايىقىدا بولمىغان، قاملاشمىغان؛ داڭقان پۈتى (گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت ھەققىدە): ھۆل تامغا ئېشەك تەپكەندەك ئاڭلانغان بۇ پەرمان تاقەتسىزلىنىپ تۇرغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېھىرلىگەندەك قاتۇرۇپ قويدى.

**هۆل تەمرەتكە** < تىب > بىر خىل تېرە كېسىلى. كۆپىنچە يۈز، ئۇرۇقدان خالتىسى ياكى تۆت مۈچىنىڭ ئېگىلىدىغان قىسمىدا پەيدا بولىدۇ. كۆپرەك نېرۋا سىستېمىسىنىڭ فۇنكسىيىسى تۇسالغۇغا ئۇچراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، تېرە قىزىرىش، قىچىشىش، دۆڭچە ئەسۋىلەر ياكى سۇلۇق قاپارتقۇلار پەيدا بولۇش قاتارلىق

ئالامەتلەر كۆرۈلدۇ. ساقايغاندىن كېيىنمۇ يەنە ئاسانلا قايتا پەيدا بولىدۇ.

**هۆل چاغلاق** دېھقانچىلىقتا كېۋەز، قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنى سۇغىرىپ، تاۋلاشقاندىن كېيىنلا تېگىنى يۇمشىتىش زۆرۈر بولغان بىر خىل ئېتىز پەرۋىشى.

**هۆل خىش** بىراۋنى ئالداش، ساختىنا قىلىش، ماختاپ ئۇچۇرۇش ھىيلىسى: ئەمدى ئىشەنسىڭىز زىيان تارتمايسىز ئۆمەرئاخۇن ئاكا، بايىقى توختام هۆل خىش ئەمەس، ئالتۇن خىش، راستتىنلا ئالتۇن خىش، ئۇ سىلەرنىڭ قازىنىڭلارنىمۇ، چۆمۈچۈڭلارنىمۇ ماي قىلىدۇ.

**هۆل خىشقا دەسسەتمەك** ئالدامغا چۈشۈرمەك، ساختىنا قىلماق، قىلتاققا چۈشۈرمەك: بۇنىڭ چارىسى: گەپ تارقىتىش، ئارقىسىدىن كۈلۈش، خىزمەتنى ئاقسىتىش، ھەتتا قول شىلتىپ توقۇمنى قارىنغا ئېلىش، سايلامدا ئاۋاز بەرمەسلىك، ۋاقتى كەلگەندە زورمۇزور ئۇلتۇرۇشلارغا سۆرەپ كىرىپ هۆل خىشقا دەسسىتىپ، قىلتاققا ئېلىش ئىدى.

**هۆل خىش قويماق** ← **هۆل خىشقا دەسسەتمەك**: بۇ گەپ نۇراخۇن ئاكىغا بەكمۇ غەلىتە تۇيۇلدى: ــ قاسىم بورانىنىڭ پۇلى ئوچاقنىڭ كۈلى ئىكەن-دە، ئاباق ساڭا هۆل خىش قويدىمۇ، يە؟

**هۆل دەرەخ** < ئورم > ئورمان بۆلەكلىرىدىكى كېسىلمىگەن دەرەخلەر.

**هۆل مېۋە** < بوت > يېڭىدىن ئۈزۈلگەن مېۋە.

**هۆل يەرگە دەسسىمەك** زىيان تارتماق؛ قىلتاققا چۈشمەك، ئالدانماق: ئۇلار بۇنىڭچى بوۋاينى شۇنچىلىك چوڭ بىلىشەتتىكى، ئالدى-ساتتىدا ھەرگىزمۇ هۆل يەرگە دەسسىمەيدىغان ئەگ بىلەرمەن تىجارەتچىلەرمۇ ئۆز دۇكانلىرىغا قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە، كۆكتات چۈشۈرمەكچى بولۇشسا، ئاشۇ بوۋاينىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشاتتى.

**هۆلتەن** ئى. دىئال. تىرىك جان.

**هۆلچىلىك** ئى. هۆل-يېغىن، نەملىك بىلەن تولغان، هۆل بولۇپ كەتكەن ھالەت: ئاڭلىشىمچە، بۇ ئىش ئۇ يەردىمۇ بار ئىكەن. ئۇ يەرلەردىمۇ هۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق بولۇپ تۇرىدىكەن.

**هۆلچىلىك ئاپىتى** هۆلچىلىك تۈپەيلىدىن مەھسۇلات زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىشتەك ئاپەت.

**هۆل-قۇرۇق** هۆل ۋە قۇرۇق: ئوچىقىمنىڭ چىشى يوق، هۆل-قۇرۇق بىلەن ئىشى يوق (ماقال). * گۆشلۈك سەي، كاۋاپ، ھەر خىل هۆل-قۇرۇق مېۋە-چېۋە، ھالۋا، مۇراببا، نان، سامسا قاتارلىق نازۇنېمەتلەر ئارقا-ئارقىدىن كەلتۈرۈلۈپ، داستىخان ئۈستى بىردەمدىلا توشقۇزۇۋېتىلدى.

**هۆللەنمەك** «هۆللىمەك» نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تىرىكلا ئايرىلىش قانچىلىك ئېغىر، ياش ئانا يېشىدا يەرنى هۆللەتتى. گويا ئۇ، ساپسېرىق ھىجران دەشتىنى: زارى يۇلغۇنىدا شۇ دەم گۈللەتتى.

**هۆللەشمەك** «هۆللىمەك» نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاخىرقى بىرقانچە يۇتۇم سۇ بىلەن گاللىرىنى هۆللىشىپ، يەنە ئالدىغا قاراپ ئېغىر-ئېغىر قەدەم ئېلىشقا باشلىدى.

**هۆللەنمەك** «هۆللىمەك» نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ بەدىنى خۇددى ھەرە كۆنىكىدەك تېشىلگەنىدى. ئۇلار لازا سۈيىدە هۆللەنگەن داكا بىلەن كەنجىنىڭ قان چاچراپ تۇرۇۋاتقان ئۆتمۈتۆشۈك تېنىنى تاڭدى.

**هۆللۈك** « هۆل » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەكبەر يامغۇرلۇقنى سېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلدى. ھاشىم ئاكا ئۇنىڭ هۆللۈكتىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى. * يامغۇر يېغىپ هۆللۈك كۆپەيسە، راۋاب يۈزلۈكى بىرئاز بوشايدۇ، ئاۋازغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**هۆللىمەك** پ. هۆل قىلماق، نەم قىلماق: هارۋىكەش يەرگە چۈشۈپ كېيىنكى هارۋىلاردىن سۇ ئېلىپ تامىقنى هۆللىگەندىن كېيىن ئاندىن يېتىشىپ كېلىپ هارۋىغا چىقتى.

**هۆل-يېغىن** هۆل ۋە يېغىن، قار، يامغۇر قاتارلىقلار؛ يامغۇر-يېشىن: قۇرغاقچىلىق ئېغىر، بوران كۆپ، هۆل-يېغىن مىقدارىنىڭ ئاز بولۇشى ئورمانلارنىڭ ئاز بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**هۆمۈدەشمەك** « هۆمۈدىمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**هۆمۈدىمەك** پ. نەپىسى قىسىلماق، دېمى سىقىلماق، هاسىرىماق: ئۇلار هەر ئىككىسى هاسىراپتتى، هۆمۈدەيتتى، ئۆز مەقسىتىگە يېتىش يولىدا ئاخىرىغىچە بەرداشلىق بېرىشكە تەييار ئىدى.

**هۇ** تەق. ئاياللارنىڭ ئاۋاز چىقىرىپ ئۈزۈلدۈرمەي يىغلىغان چاغدا چىققان ئاۋاز: هۇ تارتىپ يىغلىماق.

**هۇپ** ئى. شامالسىز ۋە نەپەسنى قىينىلاشتۇرىدىغان دەرىجىدىكى دىمىق ھەم ئىسسىق هاۋادىن يۈز بېرىدىغان هالەت: هۇپ ئۆتمەك.

**هۇپ ئۆتمەك** ئىسسىق ئۇرۇپ كەتمەك، ئىسسىق ئۆتمەك، ئاپتاپ ئۆتمەك: ــ ئاچ قورساق، ئىسسىقتا ئىشلىسە هۇپ ئۆتۈپ قالمسۇن، دەپ غەم قىلىۋاتىمەن، ــ دېدى ئانا ئوغلىغا كۆيۈنۈپ.

**هۇپپىدە** رەۋ « هۇپ » قىلغان هالدا، « هۇپ » قىلىپ: كىچىككىنا خۇن. بولسا، بۇ هەرىكەت ۋە كۆلكىدىن يېرىم شادلىنىپ، يېرىم ئېسەنگىرەپ، دەسلەپ هۇپپىدە قىزاردى، خۇماخانىنىڭ كۆلكىسى توختىمىغانسېرى بوينىغىچە قىزىرىپ كەتتى. * بىز دوقمۇشقا كېلىپ، رەڭمۇرەڭ گۈللەر هۇپپىدە ئېچىلغان كىچىككىنە گۈللۈكنىڭ چېتىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇق.

**هۇپلەتمەك** « هۇپلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۈزۈمنى هۇپلىتىپ قويماق، بۇغدايلارنى هۇپلىتىپ قويماق.

**هۇپلىمەك** پ ① زىرائەتلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قېلىن، زىچ بولۇپ كېتىپ، ئاپتاپ كۆرمەي، شامال تەگمەي، تىنىق ئىسسىقتا دىمىقىپ قالماق، ئىسسىق ئۇرۇپ كەتمەك: ئۈزۈم هۇپلەپ قېلىپتۇ. * بۇ يىل ئىسسىق قاتتىق بولغانلىقتىن، بۇغدايلار هۇپلەپ يېتىپ كەتتى. ② قىزىق ۋە تىنجىق ئاپتاپ تەسىرىدىن نەملىكى قېچىپ سولماق. ③ قىزىق، تىنجىق ئاپتاپتا ئۇزۇن تۇرۇش سەۋەبىدىن كېسەل بولماق، ئاپتاپ ئۆتمەك، ئىسسىق ئۆتمەك.

**هۇپ-هۇپ** « هۇپ » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چىڭقى چۈشتىكى كېۋەزلىكنىڭ هۇپ-هۇپ ئىسسىقىدا زادىلا چىدىغىلى بولمىدى.

**هۈجەيرە** ئى (ئە) < بئول > جانلىقلارنىڭ تېنىنى هاسىل قىلغۇچى ۋە فۇنكسىيە ئېلىپ بارغۇچى ئاساسىي بىرلىكى. ئۇ ناهايىتى كىچىك بولۇپ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. شەكلى هەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ هۈجەيرە يادروسى، ستوپلازما ۋە هۈجەيرە پەردىسى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۆسۈملۈك هۈجەيرىسىدە يەنە هۈجەيرە پوستى بولىدۇ. هۈجەيرىدە هەرىكەت قىلىش،

ئۇزۇۋقلىنىش ۋە كۆپىيىش قابىلىيىتى بولىدۇ.

**هۇجەيرە ئاپپاراتى** < بىئول > هۇجەيرە ئىچىدىكى ستوپلازمىسىغا جايلاشقان بەلگىلىك تۈزۈلۈش ۋە فۇنكسىيىگە ئىگە كىچىك ئەزالار. مەسىلەن، مەركىزىي تەنچە، خوندرىئوسوم، گولگى تەنچىسى ۋە پلازمېت قاتارلىقلار.

**هۇجەيرە ئارىلىق بوشلۇقى** < بىئول > هۇجەيرە بىلەن هۇجەيرە ئارىلىقىدىكى بوشلۇق.

**هۇجەيرە ئارىلىق يىپچىلىرى** < بىئول > ئىككى قوشنا هۇجەيرىنى ئۆز ئارا تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان، هۇجەيرە پوستىنى تېشىپ ئۆتىدىغان پروتوپلازما ئىنچىكە يىپچىلىرى. هۇجەيرىلەر ئارىسىدا هۇجەيرە ئارىلىق يىپچىلىرى بولغاچقا، ئۇلار فىزىئولوگىيە جەھەتتىن بىر پۈتۈنلۈككە ئىگە بولىدۇ.

**هۇجەيرە پەردىسى** < بىئول > هۇجەيرىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى، يەنى ستوپلازمىنىڭ سىرتقى تەرىپىگە مەھكەم يېپىشىپ تۇرغان نېپىز پەردە. ئۇنىڭدا ماددىلارنىڭ هۇجەيرىنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقىشىنى تىزگىنلەش رولى بولىدۇ. هايۋانات هۇجەيرىسى ۋە ئۆسۈملۈك هۇجەيرىسىدە ئوخشاشلا هۇجەيرە پەردىسى بولىدۇ.

**هۇجەيرە پوستى** < بوت > ئۆسۈملۈك هۇجەيرىسىنىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇرغۇچى بىر قەۋەت قېلىن پوست. ئۇ هۇجەيرە پەردىسىنىڭ سىرتىدا تۇرىدۇ، سىللىيۇلوزىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**هۇجەيرە پىگمېنتى** < بىئول > هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەر هۇجەيرىسى خوندرىئوسومىسىدا بولىدىغان هەرقانداق بىر بىرىكمە ئاقسىللىق نەپەسلىنىش پىگمېنتى. ئۇ بىئولوگىيىلىك ئوكسىدلىنىش جەريانىدا ئېلېكترون توشۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**هۇجەيرە تاشقى ئېنزىمى** < بىئول > هۇجەيرىنىڭ تاشقى يۈزىدە بولىدىغان بىر خىل ئېنزىم.

**هۇجەيرە تاكسونومىيىسى** < بىئول > هۇجەيرە ئىرسىيەت ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ستولوگىيىلىك ۋە تاكسونومىيىلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق هايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەبىئىي بۆلۈنۈشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**هۇجەيرە دەۋرلىكى** < بىئول > هۇجەيرىنىڭ يېڭىلىق بۆلۈنۈشى ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن ۋاقىت دەۋرىيلىكى.

**هۇجەيرە زەھىرى** < بىئول > ئالاھىدە هۇجەيرىلەرگە نىسبەتەن ئالاھىدە بۇزغۇنچىلىق رولى بولغان بىر خىل زەھەر.

**هۇجەيرە سۇيۇقلۇقى** < بىئول > ئۆسۈملۈك هۇجەيرىسىدىكى ئىچىگە سۇيۇقلۇق توشقان بوشلۇق «ۋاكوئۇلا» دېيىلىدۇ. ۋاكوئۇلىنىڭ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق هۇجەيرە سۇيۇقلۇقى دېيىلىدۇ. هۇجەيرە سۇيۇقلۇقىنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇ ئورگانىك كىسلاتا، قەنت، ئالكالوئىد، ئاقسىل، تۇزلار ۋە پىگمېنتلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**هۇجەيرە گېنېتىكىسى** < بىئول > هۇجەيرىلەر ئارىسىدىكى ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىش شەكىللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**هۇجەيرە ئىچكى ئېنزىمى** < بىئول > هۇجەيرە ئىچىدە هاسىل بولىدىغان ھەم رول ئوينايدىغان ئېنزىم.

**هۇجەيرە ئىلمى** < بىئول > ← **ستولوگىيە.**

**هۇجەيرە ئىممۇنىتېتى** < بىئول > كۆكرەك

بېزىگه تايىنىدىغان لىمفا هۆجه يرىلىرىنىڭ ئىممۇنىتېتلىق هادىسسى. ئۇ يات ماددىلارنى چه كلەش هەم سەزگۈرچانلىق رېئاكسىيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ھەمدە ۋىرۇس ۋە بەزى باكتېرىيلەرنىڭ يۇقۇملاندۇرۇشىدىن مۇداپىئەلىنىش رولىنى ئوينايدۇ.

**هۆجه يره يادروسى** < بىئول > هۆجه يرد-نىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. هۆجه يرىنىڭ مەركىزىگە جايلىشىدۇ، كۆپىنچە يۇملاق ياكى ئېللىپس شەكىللىك بولىدۇ ۋە يادرو كىسلاتاسى هەم يادرو ئاقسىلىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**هۆجه يرىنىڭ بۆلۈنۈشى** < بىئول > هۆجه يرىنىڭ بۆلۈنۈپ كۆپىيىش ئارقىلىق بالا هۆجه يرىنى هاسىل قىلىش جەريانى. ئۇ يىپلىق بۆلۈنۈش ۋە يىپسىز بۆلۈنۈش دەپ ئىككى خىل بولىدۇ.

**هۆجه يرىنىڭ كېلىپ چىقىشى** < بىئول > هاياتلىقنىڭ كېلىپ چىقىشى. هاياتسىز ماددىلار ئەمدىلا هاياتلىققا ئېرىشىشتە گەرچە دەسلەپكى قەدەمدە مېتابولىزم، كۆپىيىش قاتارلىق ئىقتىدارلار بولسىمۇ، ئىنتايىن ئاددىي بولغان بۇ ئۇزۇن ۋاقىتلىق ئۆزگىرىشنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈش بىلەن تۈزۈلۈش جەھەتتىن مۇرەككەپلىشىپ، تەرەققىي قىلىپ مۇرەككەپ تۈزۈلۈشكە ئىگە هۆجه يره بىرلىكىگە ئايلانغان. بۇ خىل هۆجه يره ئىپتىدائىي يادرولۇق، هەقىقىي يادرولۇق دەپ ئىككىگە بۆلۈنگەن. ئاددىي هاياتلىق تەنىسى تەرەققىي قىلىپ ئىرسىيەت ماددىسى نىسبەتەن مەركەزلەشكەن، ئەمما تېخىچە يادرولۇق تۈزۈلۈشى يوق ئىپتىدائىي يادرولۇق هۆجه يره تىپىدىكى قۇرۇلۇشقا، بۇ خىل قۇرۇلۇشتىن تەرەققىي قىلىپ تىپىك هۆجه يره يادروسى بولغان هەقىقىي يادرولۇق هۆجه يرىگە ئۆزگەرگەن، بۇلارنىڭ هەممىسى هۆجه يرىنىڭ كېلىپ چىقىش كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ.

**هۆجه يرىنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقى** < بىئول > ماددىلارنىڭ هۆجه يرىگە كىرىپ-چىقىشى هۆجه يره ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ ئىپادىسىدۇر. تىرىك هۆجه يره ئۆز ئەتراپىدىكى مۇھىت بىلەن داۋاملىق ماددا ئالماشتۇرۇش ئېلىپ بارىدۇ. مەسىلەن، ئوزۇقلۇقلارنىڭ كىرىشى، كېرەكسىز ماددىلارنىڭ چىقىرىلىشىغا ئوخشاش. هۆجه يرىنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقى، هۆجه يره پەردىسىنىڭ ئالاھىدىلىكى، فۇنكسىئال هالىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى هۆجه يره ياكى ئوخشاش تىپتىكى ئەمما ئوخشاشمىغان فىزىئولوگىيىلىك هالەتتىكى هۆجه يرىنىڭ هەر خىل ماددىلارنى ئۆتكۈزۈشىمۇ ئوخشاشمايدۇ.

**هۆرپه يتمه ك** « هۆرپه يمه ك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆي ئىچىدە تېخىچه ئەنسىز تېپىرلاپ يۈرگەن خوتۇنى بىلەن تېخىچه ئالاقزادىلىكى بېسىلمىغان سىڭلىسىغا تىكەندەك يىرىك قاشلىرىنى هۆرپه يتىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن هومىيىپ تىكىلدى. * توزىغان غازاڭلار بېسىلماي تۇرۇپلا، جەرەن قوغلاپ كەلگەن قاپقارا ئىككى ئانا بۆره چاتقاللىق ئارىسىدىن ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۈكلىرىنى هۆرپه يتكەن پېتى ئېتىلىپ چىقتى.

**هۆرپه يمه ك** پ. بىرەر ئىش، بىرەر نەرسە تۈپەيلى كەيپىياتىنى بۇزماق، تەرىنى تۈرمەك: دەردىنى بىزاقلا تۆكۈۋېتىشكە ئورۇن تاپالمىغان زەيتۇنە بويىنىنى شاپتۇل قېقىپ

قىزلارغا هۆرپەيدى. * ئانا ئوغلىنىڭ هۆرپەيگەن ئەلپازىغا قاراپ ئېغىر ئۇھ تارتتى.

**هۆرپىيشمەك** «هۆرپەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سورۇن بۇزۇلدى، بۇ گەپ ساۋۇتۇمغىلا ئەمەس، باشقىلارغىمۇ ئېغىر كەلدى. ئولتۇرۇشتىكىلەر ياش يىگىتكە هۆرپىيىشتى.

**هۆررەك** ئى. قاتتىق ئۈرۈلۈشى ياكى باشقا سەۋەبتىن ئادەم بەدىنىنىڭ بىرەر جايىغا چىقىدىغان نەرسە، گادا: ئۇ مەيۈسلەنگەن هالدا لاسىسدە ئولتۇرۇپ قالدى، تاشنى چۆرۈپ تاشلىۋېتىپ، پېشانىسىدىكى مۇشتۇمدەك هۆررەكنى سىلىغىنىچە قىڭغىيىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

**هۆررەكلەشمەك** پ. هۆررەك هالەتكە كەلمەك، گادا پەيدا بولماق، تومپىيىپ چىقماق: يىللار ئۆتكەنسېرى تېرەك يوغىناپ، بىزنىڭ «ئادىل، دىلشاد» دېگەن ئىسىملىرىمىز ئۆگە تاپىندەك يېرىلىپ هۆررەكلىشىپ، يىراقتىنلا كۆزگە ئوچۇق تاشلىنىپ تۇرىدىغان بولغانىدى.

**هۆررەك-هۆررەك** «هۆررەك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۆتكەن يازدا ئاكام بىلەن دەريا بويىغا كالا باققىلى بارسام، پاشا دېگەن كاساپەت چېقىپ بەدىنىمنى هۆررەك-هۆررەك قاپارتىۋەتكەنىدى.

**هۆرمەك** پ ① كونا ئادەت بويىچە دۇئا، دۇرۇت ئوقۇپ سۈپ دېمەك، سۈپكۈچلىمەك، دەم سالماق: ئانا قورققىنىدىن ياقىسىنى تۇتۇپ بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ ئوقۇپ هۆرگىلى تۇردى. * هاتەم دەرهال ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇپ ئۇنىڭغا قارىتىپ هۆرىۋىدى، ئۇ غارقىراپ كېلىپ جادۇگەرنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ② كۆچمە. خىرقىرىماق، خىرىس قىلماق، قاۋىماق: ئىت هۆرەر، كارۋان يۈرەر (ماقال). * ئات هاڭگىنى يېتىلەپ، تاڭ بىلەن تەڭ ئەرتىلەپ، ئىگىسىنى تاپماققا، ياساۋۇللار يۈرۈپتۇ، ئىتلار هاۋشىپ هۆرۈپتۇ.

**هۆكەر** (توغرىسى: ئۆكەر) ← **ئۆكەر**.

**هۆمەلچاي** ئى (هۆمەل+چاي) ئۇنىنى ياغدا قورۇپ، ئۇنىڭغا شېكەر، سۈ ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان چاي.

**هۆممە** ئى. بال س. ئۇسسۇزلۇق، ئىچىملىك، سۇ: يېنىمدا ئولتۇرغان ئايالنىڭ كىچىك بالىسى پات-پات «هۆممە، هۆممە» دەپ يىغلاپ، مېنىڭ تەپەككۇر قۇشلىرىمنى ئۇچۇرۇۋەتتى.

**هۆنەر** ئى (ئە) ① كىشىلەر تۇرمۇش كەچۈرۈشتە مۇئەييەن ئىگىلەش جەريانى ۋە ماهارەت تەلەپ قىلىدىغان تىرىكچىلىكنىڭ ئاساسى مەنبەسى هېسابلانغان مەشغۇلات، كەسىپ: هۆنەر قىلماق. قول هۆنەر. * هۆنىرى بار قول ئۆلمەس (ماقال). * ئالاهىدىن ئون ياشقا كىرگەندە، دادىسى «بالامۇ ماڭا ئوخشاش ماشىنچى بولسۇن» دەپ ئويلاپتۇ-دە، ئالاهىدىنغا كىيىم تىكىشنى ئۆگىتىشكە باشلاپتۇ. لېكىن ئالاهىدىنىنىڭ بۇ هۆنەرنى ئۆگەنگۈسى كەلمەپتۇ. ② ئۇستىلىق، سەنئەت، ماهارەت: هۆنەرنىڭ ئالدى ياخشى سۆز (ماقال). * ئۆمەر ئۇستامدىن ئۆگىنىپ ئېلىپتۇ، سائەت، رادىئو ياساشنى ئۆزى. ئېيتسام تۈگىمەس هۆنىرى ئۇنىڭ، قىسقىسى، ياسار كۆرگەننى كۆزى. ③ چارە-تەدبىر، هىيلە-مىكىر، هەييارلىق: هۆنەر ئىشلەتمەك، هۆنەر كۆرسەتمەك. * تېخى مەن جىمىكى هۆنەرلىرىمنى ئىشلىتىپ بولمىدىم، بار ئۈمىد، چارە! شۇندىمۇ كەلمىسە زۇۋانغا سادىق، بولمايمىز ئۇ چاغدا ئارتۇق ئاۋارە.

**هۆنەر چىقارماق** هەر خىل قىلىق چىقارماق، خۇي كۆرسەتمەك: ــ ئۇ يېقىندىن بۇيان خېلى هۆنەر چىقىرىپ قالدى، ــ دېدى بوۋاي.

**هۆنەر قىلماق** هۆنەر-كەسىپ، ماهارەت

بىلەن شۇغۇللانماق: كۆنلەردىن بىركۈنى شۇ ئەلدە ياشاۋاتقان بىر كىشى باشقا هۆنەر قىلماق بولۇپ، بىر پارچە يېرىنى دېھقان قوشنىسىغا سېتىپتۇ. * دادام رەھمىتى ئۇستا موزدۇز ئىدى، ئىلىجاندەك ۋاقتىمدا مەنمۇ ئۇنىڭ يېنىدا هۆنەر قىلاتتىم.

**هۆنەر كۆرسەتمەك** ① بىرەر ئىشقا بولغان قابىلىيىتىنى، ماھارىتىنى كۆرسەتمەك، نامايان قىلماق. ② كۆچمە. ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلەتمەك: — ھە، بىزگە نېمە هۆنەر كۆرسەتمەكچىسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

**هۆنەر ئىشلەتمەك ← هۆنەر كۆرسەتمەك:** سەن تولا هۆنەر ئىشلەتمەي، سەممىيراق بول.

**هۆنەر-سەنئەت** <گ سەن> شەكىل يارىتىش سەنئىتىنىڭ بىرى. ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ. بىرى كۈندىلىك بۇيۇملار هۆنەر-سەنئىتى، يەنى زىننەتلەپ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن تۇرمۇش بۇيۇملىرى مەسىلەن، بوياقچىلىق، فار-فۇرچىلىق، ئۆي سايمانلىرى هۆنەر-سەنئىتى؛ يەنە بىرى زىننەت هۆنەر-سەنئىتى، يەنى مەخسۇس تاماشا قىلىپ هۇزۇرلىنىدىغان زىننەت بۇيۇملار. مەسىلەن، پىل چىشى ئويمىچىلىقى، قاشتېشى ئويمىچىلىقى، زىننەتلىك رەسىم قاتارلىقلار. هۆنەر-سەنئەتنىڭ ھەممىسى خەلق بىۋاستە ئىجاد قىلغان بولۇپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**هۆنەر-سەنئەت پېترولوگىيىسى** <گېئول> پېترولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى سۈنئىي تاغ جىنسلىرىنىڭ تەركىبى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى تەتقىق قىلىش.

**هۆنەرسىز** سۈپ. هۆنىرى يوق، هۆنەر ئۆگەنمىگەن: هۆنەرلىرىم دەستىدىن مەن قىلمەن پەرياد، ھەربىر هۆنىرىم بىر نەپەس قىلدۇ ناشاد. ئىراق مۈلكىدە هۆنەرۋەنلىك ئەيىبدۇر، كىمكى هۆنەرسىزدۇر بۇ يەردە ئازاد.

**هۆنەرلىك** سۈپ. هۆنىرى بار، هۆنەر-كەسىپ ئۆگەنگەن؛ ئۇستا: گۆھەرلىك بولۇشتىن هۆنەرلىك بولۇش ئارتۇق (ماقال). * — ۋاي ئۇستام، مۇشۇ بالامنى بىر هۆنەرلىك قىلىپ قويسىلا، — دەپ تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ ئۇ.

**هۆنەرۋەن** ئى (پ) بىرەر هۆنەرنى ئىگىلىگەن ئۇستا؛ كاسىپ: بۇ يىگىت سودىگەر ئەمەس، هۆنەرۋەندەك قىلىدۇ، ئەپكېتىپ هۆنەر قىلدۇرساق، بىزمۇ ئاچ-توق قالماس ئىدۇق. || شۇنداق قىلىپ، پادىشاھنىڭ بۇ گۈزەل قىزى ئاشۇ هۆنەرۋەن يىگىتنىڭ بولۇپتۇ.

**هۆنەرۋەنچىلىك** «هۆنەرۋەن» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: كۆنلەردىن بىركۈنى بۇ ئادەم ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ: — باللىرىم، يېشىم بىر يەرگە يەتتى، ئۆمرۈم هۆنەرۋەنچىلىك بىلەن ئۆتتى، — دەپتۇ. * ئۇ: — ئاندىن كېيىن يەنە دېھقانچىلىق بىلەن هۆنەرۋەنچىلىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتى بارلىققا كەلدى، — دېدى.

**هۆنەرۋەنلىك** ئى. هۆنەرۋەن، كاسىپلار قىلىدىغان ئىش؛ كەسىپ: بۇ يىگىتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋات دېگەن شەھەردىكى ھېكىماخۇن دېگەن هۆنەرۋەننىڭ ئوغۇللىرى ئىكەنلىكىنى، ئۈچىلىسىنىڭ هۆنەرۋەنلىكتە كامالەتكە يەتكەنلىكىنى، پادىشاھنىڭ قىزىنى سۈرىتىدىن كۆرۈپ بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**ھېجىر** ئى. سېغىز توپىدىن ياسىلىپ، خۇمدانىدا پىشۇرۇلغان ساپال چىنە؛ غېدىر: بىر ھېجىر قېتىق. * ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ ئاچامنىڭ بىر ھېجىرغا زاغرىنى چىلاپ يۇمشىتىپ قويغىنىنى، دادامنىڭ بولسا ئېشكىنى توقۇپ تەييار بولغانلىقىنى كۆرەتتىم. * قىزغىن مۇھەببەتلىك پاراڭ ئىچىدە سارىخان ئانا ئوتتۇرىغا داستىخان سالدى. ھېجىر تاۋاقلاردا ھورى كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چۆچۈرە كۆتۈرۈپ كىردى ۋە بۇنى «ھاردۇق ئېشى» دەپ ئاتىدى.

**ھېجىقىز** ئى. ئەرلىك خۇسۇسىيىتىنى يوقاتقان، ئاياللارغا ئوخشاش خۇسۇسىيەتكە ئۆزگىنىپ قالغان ئەر؛ بەچچە، كۆت، قوڭچى: ئۇ: — قويە ئۇنداق ھېجىقىزنى، — دەپلا قولىنى سىلكىپ كېتىپ قالدى.

**ھېچ** ئال (پ) ① پەقەت بولۇشسىز جۈملىلەردىلا كېلىپ، «ئەسلا، زادى، پەقەت» مەنىسىدە مەلۇم كۆپ سانلىق شەيئىنىڭ ياكى ھەر خىل بەلگە، سان، مىقدارى ۋاقىتلارنىڭ ھەرقاندىقىنى بىلدۈرىدۇ: كۆپنى بىلمىگەن ئازنى ھېچ بىلمەس (ماقال). * سېنى تاشلاپ كېتىۋاتقىنىمغا ھېچ خاتىرجەم بولالمايۋاتقىنىمنى سەن ھەقىقەتەن چۈشەنمەيسەن. * ھايات يۈرەر بەزىلەر، ئەلگە تەگمەس پايدىسى. پەرقى نېمە مۇردىدىن، بولمىسا ھېچ تۆھپىسى. * يار بىلەن ئويناپلى دەپ، سۇندى مېنىڭ نازۇك قولۇم. ئاڭمسام يار ياغلىقىدا، ھېچ ساقايمايدۇ قولۇم. ② بەزى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ بىرىككەن سۆز (بىرىككەن ئالماش) ياسايدۇ: ھېچكىم. ھېچنېمە. ھېچقانداق. ھېچقايسى. ھېچقاچان.

**ھېچ بولمىسا** ← **ھېچ بولمىغاندا**: توختىماس كارۋان يولىدىن گەرچە ئاتلار بەك ئورۇق، تاپقۇسى ھېچ بولمىسا، بۇ ئىزنى بىر كۈن نەۋرىمىز، يا ئەۋرىمىز.

**ھېچ بولمىغاندا** بولمىدى دېگەندە، ئاز دېگەندە؛ ئىلاج بولمىغان تەقدىردە: — پادىشاھى ئالەم، توخۇ بېقىشنى بىلمەيدىكەنسىز، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھېچ بولمىغاندا، 40 مېكىيانغا بىر خوراز بولمىسا بولامدۇ؟!

**ھېچ قەيەر** ھەرقانداق بىر يەر: ئۇ ئۆزى ياش ئىكەن، تۈزىلىپ قالسا، سېنىڭ قىلغان ياخشىلىقڭنى بۇمۇ ئۇنتۇپ قالماس. ياخشىلىقنى ھېچكىم ھېچ قەيەردە ئۇنتۇمايدۇ ۋە ياخشىلىق يەردە قالمايدۇ.

**ھېچ كىشى** ھەرقانداق بىر كىشى، ھېچكىم: يوقسۇل بولساڭ بايلار بىلەن دوست بولما، كەمبەغەل بىلەن ھېچ كىشى دوست بولمايدۇ.

**ھېچ گەپ ئەمەس** ① ئوڭاي، ئاسان، قىيىن ئەمەس: — ئۆتكەندە ساڭا چۆجە ئۆلتۈرۈپ بېرىشكىمۇ قادىر بولالمىغان ئىدۇق، مانا ئەمدى بىرەر قوي ھېچ گەپ ئەمەس، — دېدى بوۋاي سادىقلا. * بىر ئادەمنى كۆتۈرۈپ ئۇرۇش ئۇلارغا ھېچ گەپ ئەمەس. ② ئەجەب ئەمەس، ئەجەبلىنىشكە بولمايدۇ: قېنى كېيىن پاراڭلىشارمىز. ئاڭغىچە كۆڭلۈڭ ئېرىپ قالسا، ھېچ گەپ ئەمەس. * قېنى بېرىپ باقايلى، ئەپلىشىپ قالسا، ھېچ گەپ ئەمەس.

**ھېچ گەپنىڭ تايىنى يوق** ھېچبىر ئىش بولمايلا، گەپ-سۆز ئۆتتۈلمەيلا: ھېچ گەپنىڭ تايىنى يوق، ئۇنى تاشلىۋەتمەكچىمۇ؟ پەرىدەنىڭ ئۇنىڭدىن نەرى كەم.

**ھېچ گەپ يوق** ھېچ ئىش بولمايدۇ، ئەيىب ئەمەس: ئۆچكىنىڭ دائىم ئوچۇق تۇرسا ھېچ گەپ يوق، قوينىڭ بىر قېتىم ئېچىلىپ قالسا، ھۇيت-ھۇيت (ماقال). * چاقچاق قىلىپ

ئالغان بولساڭمۇ، راست ئالغان بولساڭمۇ ياندۇرۇپ بەرسەڭلار هېچ گەپ يوق.

**هېچ نەرسە** هەرقانداق بىرنەرسە، هېچنېمە: ئۇ قۇلاق بىلەن ئاڭلىغانلىرىنى هېسابقا ئالمىغاندا يېگىشەھەر بازىرى توغرىسىدا هېچ نەرسە بىلمەيتتى. * — بالام، قورقماس ئادەمدىن هېچ نەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، — دەپتۇ.

**هېچ نەرسە ئەمەس** مۇھىم ئەمەس، تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئۇ بىز ئۈچۈن هېچ نەرسە ئەمەس.

**هېچ ۋاقىت** ← **هېچقاچان**: ئەي ئوغۇل، بىلىشىڭ كېرەككى، ئادەمنىڭ ئىككى هالىتى بار، هېچ ۋاقىت ئۇنىڭدىن خالىي بولمايدۇ.

**هېچ ۋەقەسى يوق** زەرەرى يوق، هېچ نەرسە بولمايدۇ، كارايىتى چاغلىق: — مەن توغرىسىنى سۆزلەۋاتىمەن، هەممىز دېھقان-دە، شۇمۇ ئاسان ئەمەس! كەمچىلىكمۇ بولدى. بۇنىڭ هېچ ۋەقەسى يوق.

**هېچ ئىش كۆرمىگەن** بېشىغا كۈن چۈشمىگەن، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتمىگەن، تۇرمۇش تەجرىبىسى يوق: ئۇكام، بۇ بالا هېچ ئىش كۆرمىگەن، «بارماڭ» دېسەڭ ئۇنىمىدى، بىر خۇداغا، ئاندىن قالسا ئۆزىڭىزگە تاپشۇردۇق، باش-كۆزىنى سىلاپ قويارسىز.

**هېچ ئىش يوق** چاتاق يوق، مەسىلە يوق: ئەنسىرىمەڭ، ئۆيدىن چىقمايلا ئولتۇرسىڭىز هېچ ئىش يوق.

**هېچ ياق** ← **هېچنە**: قانداقلا بولمىسۇن، بۇ كۈچتىن بۆلەك باشقا كۈچ يوق ئىدى، بەلكى ئۇنىڭغا هېچ ياقتىن ئېرىشكىلىمۇ بولمايتتى.

**هېچ يەر** ← **هېچنە**: ئەنجانباي غەزەپلىك ۋارقىراپ ئالدى-كەينىگە قارىۋىدى، يول باشلىغۇچى هېچ يەردە كۆرۈنمىدى، ئېشەك بولسا 30 مېتىرچە يىراقلىقتا تېزەك پۈراپ تۇراتتى.

**هېچبىر** ئال (هېچ+بىر) ① هەرقانداق بىر: ئۆمرۈمدە هېچبىر خوتۇن بىلەن شۇ خىل مۇئامىلە قىلغان ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە هېچبىر خوتۇنغا ئۇنىڭغا بولغان هېسسىياتلىرىم توغرىسىدا يالغان گەپ ئېيتقان ئەمەسمەن: ئىشەنگىن، راستىنى ئېيتىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ. ② پەقەت، زادى: تۇرسۇن هېچبىر ئىككىلەنمەيلا «بارمايمەن» دېدى.

**هېچقاچان** ئال (هېچ+قاچان) هەرقانداق ۋاقىتتا؛ پەقەت، زادى، ئەسلا، مۇتلەق: كاۋا هېچقاچان قوغۇن بولماس (ماقال). * شۇ هامان گۈلباھارنىڭ بەدىنىگە ئۇ هېچقاچان هېس قىلىپ باقمىغان تولىمۇ يېقىملىق بىر جۇغۇلداش تاراپ كەتتى. قىزنىڭ يۈرىكى تېپچەكلەپ، ئۇنىڭ تولۇپ كېلىۋاتقان ياش كۆكسى تىترەپ كەتتى.

**هېچقانچە** ئال (هېچ+قانچە) ئازغىنە، ئاز مىقداردا؛ كۆپ ئەمەس: داۋۇتئاخۇن ئىنىسىنىڭ قولتۇقىدىن خالتىنى ئېلىپ كۆرۈپ باقتى ۋە: «خالتاڭ كىچىككەن، هېچقانچە بىرنېمە سىغمايدۇ» دېدى-دە، ئۆيگە كىرىپ بىر تاغار بۇغداي قاچىلاپ ئېلىپ چىقتى. * مەيگە چۈشكەن بىلەن هېچنەلەر كۆرۈنمەيدۇ، يار بىلەن ئۆتكەن كۈنلەر هېچقانچە بىلىنمەيدۇ.

**هېچقانداق** ئال (هېچ+قانداق) هەرقانداق بىر خىلدىكى: هېچقانداق ئادەم. هېچقانداق ئىش. هېچقانداق ۋاقىت. // ئەمدى ئۇلارنى توساپ قېلىشقا هېچقانداق ئامال يوق ئىدى. * تۇرسۇنئاي هېچقانداق تارتىنمايلا «ئانىلار» دېگەن ناخشىسىنى باشلىۋەتتى.

**هېچقايسى** ئال (هېچ+قايسى) هەرقانداق بىر، هېچبىر: هېچقايسى ئۆي. هېچقايسى دەرس. هېچقايسى ئوقۇتقۇچى. * دەللاللار بازارغا

كەلگەن كېنىزەكلەرنى ۋەزىرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ياقماپتۇ.

**ھېچقىسى** ئال ← **ھېچقىسى يوق.**

**ھېچقىسى يوق** ھېچ ۋەقەسى يوق، كارى چاغلىق: — ھېچقىسى يوق، بىزمۇ ئادەم بالىسى ئەمەسمۇ، بولۇۋېرىدۇ، — دەپتۇ تاز گەدىنىنى قاشلاپ.

**ھېچكىم** ئال (ھېچ+كىم) ھېچقانداق ئادەم، ھېچ كىشى، ھېچبىر ئادەم: بالىغانچىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرسىمۇ ھېچكىم ئىشەنمەس (ماقال). * ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا كولىغان ئورىغا كۆچەتنى سېلىپ تۇتۇپ تۇرغان گۈلبىرادىن باشقا ھېچكىم قالمىغانىدى. * مېھنەتسىز يەتمەس، ھېچكىم تىلەككە. چۆللەر گۈل بولۇر، پەقەت مېھنەتتە.

**ھېچنە** ئال. جان ت. ھەرقانداق يەر، ھېچقاياق، ھېچقە يەر: بۇگۈن ھېچنەگە بارمىدىم.

**ھېچنېمە** ئال (ھېچ+نېمە) ھەرقانداق بىرنەرسە، ھىچ نەرسە: ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ ھېچنېمە تاپالمىدۇق. * سىز خاتا ئويلايسىز، تاغا. ئەلنىڭ پاراۋانلىقى ۋە ئامانلىقى بولسىلا، ماڭا باشقا ھېچنېمە كېرەك ئەمەس.

**ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق** بىرەر ئاساسى، سەۋەبى بولمىغان ھالدا، بىكاردىن بىكارغا: ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، مۇنداق قىلىشساق، باشلىغان ئىشىمىزنى قانداق قىلىپ باشقا ئېلىپ چىققىلى بولىدۇ؟

**ھېرىپ-تېلىپ** ھېرىپ ۋە تېلىپ: بۇ چاغ لېتىپ ئۇزاق يولدىن ھېرىپ-تېلىپ، ئولتۇراتتى ياتىقىغا يېڭى كېلىپ.

**ھېرىپ-چارچاپ** ھېرىپ ۋە چارچاپ: ئاخىر گۈگۈم چۈشكەندە قۇش ئۇچۇپ بېرىپ بىر دەرەخكە قونۇپتۇ. قەمەرۇززامانمۇ ئاچلىقتىن، سۇسىزلىقتىن ھېرىپ-چارچاپ، دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ قاراپ تۇرۇپتۇ.

**ھېرىپ-ئېچىپ** ھېرىپ ۋە ئېچىپ، ھېرىپ-چارچاپ، ھېرىپ مىلىك تەسلىكتە، ئاران-ئاران، سولۇشۇپ: ئۇ بۇ يەرگە بەشئېرىق يېزىسىدىن تاڭ سەھەر بىلەن پىيادە ماڭغانچە ھېرىپ-ئېچىپ يۈرۈپ، چۈش-پېشىنلەردە ئاران يېتىپ كەلگەنىدى.

**ھېرىس** سۈپ (ئە) بىرنەرسىگە ئىشتىياق باغلىغان، كۆڭۈل قويغان، ئىشقىۋاز، ئامراق: مۆمىن ئاكىنىڭ ھويلىسىغا كىرگەن كىشىنىڭ قايتىپ چىققۇسى كەلمەيتتى. ئۇ باغۋەنچىلىككە ھېرىس ۋە گۈل خۇمار ئادەم ئىدى.

**ھېرىس بولماق** بىرنەرسىگە ئىشتىياق باغلىماق، كۆڭۈل قويماق، ئامراق بولماق: ناۋايخانىنىڭ ئىگىسى ئۆمۈر بويى ناۋابقا ئىشتىياق باغلاپ، ناۋاب چېلىشنى ئۆگىنىشكە شۇنچىلىك ھېرىس بولۇپ يۈرگەن رەھمەتخۇن ئاتلىق كىشى ئىدى.

**ھېرىسلىق** ئى. بىرنەرسىگە ئىشتىياق بىلەن بېرىلىش، ئىنتىلىش، قىزىقىش؛ ئامراقلىق: بوۋاي ئۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ كىشىگە سىنچىلاپ كۆز سالدى، يول ياقىلىرىدىكى كىشىلەر ناتونۇش يولۇچىغا ھېرىسلىق بىلەن ئۇزاق تىكىلىپ قاراشتى.

**ھېرىسمەن** سۈپ. بىرەر ئىشقا ياكى بىرەر نەرسىگە ئادەتتىن تاشقىرى بېرىلىدىغان، قىزىقىدىغان، ئىنتىلىدىغان؛ مەستانە، ئامراق: ناخشىغا ھېرىسمەن كىتابقا ھېرىسمەن. * ئۇ ئەزەلدىن كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرنال ئوقۇشقا ھېرىسمەن بولۇپ، شەرەپنى ئەقىل بىلەن ھۈنەردىن، ئۇلۇغلۇقنى ئىلىم بىلەن پاراسەتتىن تېپىشقا تىرىشاتتى.

**ھېرىسمەنلىك** « ھېرىسمەن » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ بىر خىل ھېرىسمەنلىك: گۈلباھار تومۇچۇقنىڭ كۆڭۈللۈك سايرىشىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قۇلاق سالدى. * چايچى ئايال چايخانىدىن يىراقلىشىپ

كېتىۋاتقان ئىككى قىزنىڭ ئارقىسىدىن ھېرىسمەنلىك بىلەن قارىغىنىچە بىرھازا تۇرۇپ قالدى.

**ھېرىقماق** پ. دىئال. ھارماق، چارچىماق،

**ھېزى** رەۋ (ئە) ھوشيار، دىققەت، پەخەس، ئاگاھ: ھېزى بولماق.

**ھېزى بولماق** ئېھتىيات قىلماق، پەخەس بولماق، ساقلانماق: — شۇنداق بولسىمۇ، ھېزى بولۇپ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان قىزىمنى ھۇجرىسىدا سولاپ بېقىۋاتىمەن، — دېدى ئۆمەرباي.

**ھېس (ھېسسى)** ئى (ئە) < پسىخول > ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئايرىم خۇسۇسىيىتىنىڭ كىشى مېڭىسىدىكى ئىنكاسى. مەسىلەن، ئالما بىزنىڭ سېزىش ئەزالىرىمىزغا تەسىر قىلغاندا، كۆرۈپ سېزىش ئارقىلىق ئۇنىڭ رەڭگىنى ئەكس ئەتتۈرىمىز؛ تېتىپ سېزىش ئارقىلىق تەمىنى ئەكس ئەتتۈرىمىز؛ پۇراپ سېزىش ئارقىلىق پۇرىقىنى ئەكس ئەتتۈرىمىز... ھېس ئەڭ ئاددىي پسىخىك جەريان بولۇپ، ئۇ مۇرەككەپ پسىخىك جەرياننىڭ ئاساسى: دوستلۇق ھېسسى. شاتلىق ھېسسى. ھېس قىلماق.

**ھېس قىلماق** < پسىخول > دەسلەپكى تونۇشقا كەلمەك؛ سەزمەك، تۇيماق: ئاسمىئاخۇن ئاكا ھەر قېتىم يولغا ئىشلەۋاتقاندا، خەلقنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ، سوتسىيالىزمنىڭ داغدام يولىنى ياساۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆزىدە چەكسىز كۈچ-قۇۋۋەت ھېس قىلاتتى. * ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقىنى ھېس قىلغاندەك ئەتراپقا قارىدى.

**ھېساب** (ئە) ① ئى. نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى ساناپ ئېنىقلاش، ساناش: ئاغزاكى ھېساب. ھېسابدىن ئاداشماق. * پۇلنى ھېساب قىلدۇق، ئالتە مىڭ تىللا چىقتى. ② ئى (تەۋەللىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ) تەخمىن، چاما، مۆلچەر: مېنىڭ ھېسابىمغا قارىغاندا، ئۇنىڭ ھېسابىچە. * ئۆيدىكى ھېساب تالاغا توغرا كەلمەيتۇ (ماقال). ③ ئى. سان، ئىدەت؛ مىقدار، سان: ئوتتۇرا ھېسابتا. ھېسابى يوق. * بۇ تاغلاردىكى دەل-دەرەخلەرنىڭ ھېسابى دەپتەرلەردە بارغۇ دەيمەن. * ئۇ ھەر يىلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئىككى تونىدىن كۆپرەك ماي ئىقتىساد قىلدى. ④ ئى. تىزىم؛ تىزىملىك: ياچېيكا ھېسابىدا 13 پارتىيە ئەزاسى بار. ⑤ ئى (تەۋەللىك ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ) 1) بىرەر كىم ياكى تەشكىلات ئىگىلىكىدىكى ماددىي بايلىق، ئوزۇق-تۈلۈك، پۇل: ئۇلار كىمنىڭ ھېسابىغا ياشايدۇ؟ * ئەگەر بىز دۆلەت ھېسابىغا سۇ قۇرۇلۇش قىلساق، بۇنى قانداقمۇ داجەيدىن ئۆگىنىش دېگىلى بولسۇن؟ 2) بىرەر كىم ياكى نەرسە ئۈچۈن، بىرەر كىم ياكى نەرسىنىڭ پايدىسىغا، ئورنىغا: قاسىم بۇ يىل 10-ئايدىلا بىر يىللىق ۋەزىپىسىنى تاماملاپ، قالغان ئىككى ئايدا بولسا كېلەر يىل ھېسابىغا ئىشلىدى. 3) بىرەر كىم ياكى نەرسە تۈپەيلى، بىرەر كىم ياكى نەرسىدىن پايدىلانغانلىق ئۈچۈن: ئۇ، بۇ بىر-ئىككى يىلدىن بېرى، شىركەتنىڭ مەبلىغى ھېسابىغا بېيىدى. 4) بىرەر كىم ياكى نەرسىنىڭ بەدىلىگە، ئورنىغا: ئۇ كىشىلەرنىڭ ئوتتۇنلىرىنى يېرىپ بېرىش، سۇلىرىنى توشۇپ بېرىش ۋە مال-ۋارانلىرىنى بېقىپ بېرىش ھېسابىغا تىرىكچىلىك قىلاتتى. ⑥ ئى (ئورۇن كېلىش بىلەن كېلىپ) نەزەر-ئېتىبارغا ئېلىنىدىغان، ھۆرمەت قىلىنىدىغان، قەدىرلىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسىلەر قاتارى: ئۇلار ئەينى چاغدا ئاتاقلىق بار، ھېسابدا بوق كىشىلەر ئىدى. ⑦ سۈپ (يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن ئىسىم ياكى ئالماشلارنىڭ ئالدىدا كېلىپ) مەنسۇپ، تەۋە: — بولدى، ماڭا

ھېساب، ــ دېدى-دە، يىگىت بۇرۇلۇپ سېلىم ئاكىغا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، ــ بولدى، سىز كېتىڭ، قالغان ئىشنى مەن سۆزلىشىمەن. ⑧ سۆپ. كۆچكە ئىگە؛ باراۋەر؛ توغرا؛ قېرىنداشلار: ــ دۇرۇس، ئالماسنىڭ دېگىنى ھېساب، گەپ يوق، ئالماسقا ئىشىنىمىز، ــ دېيىشتى. * ــ سەن دېگەندىكىن ھېساب ئوغلۇم، ــ دېدى ئانا. * ــ تېخى كۆرىمىز! ــ دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن غودۇڭشىپ، ــ شەھەرلىك ھۆكۈمەت كىمنى تەستىقلىسا شۇ ھېساب! ⑨ ئى. ھېسابات؛ ھېساب-كىتاب: بۇ ھېساب تۈگىدى، قايتا تىلغا ئېلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق. * شۇ ۋەقەدىن كېيىن، يۇرتداشلار ئۇنى ئۆز قېتىغا ئېلىپ، قۇربان ئاقساقال بىلەن بولغان كونا-يېڭى ھېسابنى بىرلا قىلىپ، قۇربان ئاقساقال ھىيلە-مىكىر بىلەن تارتىۋالغان ئۆي-ھويلىسىنى شىرمۇھەممەتنىڭ قولىغا ئېلىپ بەرگەن. ⑩ ئى <مات> ئارىفمېتىكا: كىرىم ھېسابىدىن ئالغان نومۇرغا قاراپ رەڭگى تاتارغان ھالدا تۇرۇپ قالدى. * ئۇ ھېسابقا ئۇستا ئىدى. ⑪ ئى. كۆچمە. ئىلاج، تەدبىر؛ ئىمكانىيەت: پۇل تاپقۇچە ھېساب تاپ (ماقال). ⑫ ئى. كۆچمە. نەتىجە: ئاخىرقى ھېسابتا.

**ھېساب ئالماق** جاۋابكارلىققا تارتماق: سادىقنىڭ سىلەرنى بۇ يەردە تۇتۇپ قېلىپ ئىنقىلاپ قىلغۇزمىغان جىنايىتى ئۈچۈن تېخى ھېساب ئالىمىز.

**ھېساب ئەمەس** ① ئىناۋەتسىز: ــ مۇندىن كېيىن بىللە ئىشلىمىز، بەلەن ئاچا-سىڭىل بولىمىز، ئېلىقۇلنىڭ دېگىنى ھېساب ئەمەس، مەن سىزنى ھەرگىزمۇ «قاراقۇمچاق» دەپ ئاتىمايمەن، ــ دەپ پىچىرلىدى. * بىز ناھىيىمىزدىكى بېيىۋاتقان كەسپىي ئائىلە، كەسپىي مەھەللە، كەسپىي كەنتلەرگە مۇسابىقە ئېلان قىلىمىز! بەش يىلدىن كېيىن ھەممىسىنى بېسىپ چۈشمىسەك ھېساب ئەمەس. ② كۇپايە قىلمايدۇ: ــ قىزىم، پۇل تېپىشتا ھۈنەر قىلىشنىلا بىلگەن بىلەن ھېساب ئەمەس، ــ دېدى ئانا.

**ھېساب بەرمەك** جاۋاب بەرمەك، جاۋابكارلىققا تارتىلماق: دادام ئايىنىسا ئېيتقاندەك، سەھنىدە قويۇلغان بىر دىرامىسى ۋە گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان بىر قىسىم شېئىر ماقالىلىرى ئۈستىدىن ھېساب بېرىۋاتاتتى.

**ھېساب بولماق** سانغا، رەتكە ئۆتمەك؛ ئىناۋەتكە، ئېتىبارغا ئېلىنماق: ئەپۇ قىل، بىشىر، بىخەستەلىك قىلدىم، زىيان ماڭا ھېساب بولسۇن، مېنىڭ بۇغدايلىقىمنىڭ يېرىمىنى ئال، يەنە ساڭا قۇتقۇزۇش پۇلى بېرىشنى بېكىتتۇق. * كۆپچىلىكنىڭ دېگىنىلا ھېساب بولىدىغان ئىش يوق.

**ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق** نام، ئاتاقتا بار، ئەمەلىي ئىشتا يوق: تۇغقان، تۇغقان دەيدىكەنسىلەر، ئۇنداق ھېسابتا بار، ھەمدەمدە يوق تۇغقاندىن يات ياخشى.

**ھېساب تۈرى** <مال> ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي مۇئامىلىلەرنى تۈرلەرگە ئايرىپ بوغالتىرلىق ھېساباتى قىلىنىدىغان ھېساب تۈرى.

**ھېسابتىن كۆتۈرۈۋېتىش** <مال> ھېسابتىن بىر يولىلا يوقىتىۋېتىشكە قارىتىلىدۇ.

**ھېساب خاتىرىلىگۈچى** <مال> بوغالتىرلىق ئىشلىرىنى ھېسابقا خاتىرىلىگۈچى كىشى.

**ھېساب دەپتەر** ① <مال> پۇل ۋە ماللارنىڭ كىرىم-چىقىملىرى خاتىرىلىنىدىغان دەپتەر. ② <مائار> ھېساب ئىشلەيدىغان ياكى ھېساب دەرسىنىڭ مەزمۇنى خاتىرىلىنىدىغان دەپتەر؛ كونسپېك.

**ھېسابقا ئالماق** ئىناۋەتكە، ئېتىبارغا ئالماق، كۆڭۈل بۆلمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ تۇتۇلۇپ قېلىشىنى ھېسابقا ئالغانىدى. * يېتىپ كېلىپ

شتابقا، خەۋەر قىلدى باشلىققا. ئېلىپ بۇنى هېسابقا، ئېتىنى يازدى كىتابقا.

**هېسابنى بوغماق** كىرىم-چىقىم هېسابىنى خۇلاسىلىماق، هېسابنى ئۈزمەك: قىسقىسى كۈزلۈك هېسابنى بوغقاندا بىر گۆشگىغا ئۈچ كويدىن ئارتۇق چۈشسە چۈشىدۇكى، كەم چۈشمەيدۇ.

**هېسابنى ئالماق** مەسئۇلىيىتىنى، جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرمەك: مەن تۇرمىدە تارتقان ئازابىنىڭ هېسابىنى ئېلىپ بولامدۇ. ئۇغۇ مەيلى، بىراق زەھەرلىك تۆھمىتىگە چىداپ بولامدۇ؟! * مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئىشنىڭ بەرىبىر هېسابىنى ئالىمەن.

**هېسابى يوق** ناھايىتى جىق، نۇرغۇن، سانسىز: گىلەمچىلىك كارخانىمىز ئىشقا كىرىشىپ كەتسە، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدىنىڭ هېسابى يوق.

**هېسابات** ئى (ئە) ① هېسابلاش ئىشلىرى؛ هېساب: ھەي... سىز بىر ئۆمۈر هېسابات بىلەن شۇغۇللانغان ئادەمغۇ! هازىر ئۇلاغنىڭ ھەم سېمىز، ھەم تازا ئەرزان ۋاقتى ئەمەسمۇ. ② < سودا > پۇل، مال، يۈك قاتارلىقلارنىڭ كىرىم-چىقىم خاتىرىسى: هېسابات دەپتىرى. هېسابات تالونى. هېسابات جەدۋىلى. * غوجىدار: ــ نادان بولمىسىلا گۇلەمخان، قىزلىرىنى بەرمەي ئات قەرزىدىن تانالمايلا، بۇ مېنىڭ دەپتىرىمگە كىرگەن هېسابات، ــ دېدى. ③ كۆچمە. ئۆز ئىشلىرى، بىرەر تاپشۇرۇق قاتارلىقلارنىڭ بېجىرىلىشى ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە رەھبەرلىك، تەشكىلات ياكى جامائەتچىلىك ئالدىدا ئاغزاكى ياكى يازما رەۋىشتە بېرىلىدىغان رەسمىي ئاخبارات؛ دوكلات: يىللىق ئىشلار هېساباتى. * قادىرخان بۇ هېساباتنى ئاڭلاپ پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى-دە، ھەيران بولۇپ:

ــ دۇكاندا ئولتۇرۇپ كۈنىگە بەش مىسقال پايدا تاپساڭ، تۈمقىمىزنى ئاسمانغا ئاتىدىكەنمىز، ــ دېدى. * مەلىكىخان: ــ نېمە دەۋاتقانلىقىمنى تېخى بىلمەيۋاتامسەن؟ ئۆز ۋاقتىدا داداڭ بىلەن بىرلىشىپ يېزىمىزدا نېمىلەرنى قىلمىدىڭ، بىلىپ قوي، بىزنىڭ سەندىن ئالىدىغان هېساباتىمىز تېخى بۇرۇنقىدەك ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، ــ دېدى.

**هېسابات دەرىخى** < ئورم > ئورمانلىقلارنى ئۆلچەش ياكى تەجرىبە ئۆتكۈزۈشتە، مىسالى ۋە ماتېرىيال ھەجمى قاتارلىقلارنى تەھلىل قىلىشتا، پۈتۈن ئورمانلىقنىڭ ئەھۋالىنى پەرەز قىلىش ئۈچۈن مېخانىكىلىق چەك تاشلاش ئۇسۇلى بويىچە كېسىلگەن ئاز سانلىق دەرەخلەر. ئادەتتە ھەر بەش-ئون توپ ئارىلىقىدا بىرى كېسىلىدۇ.

**هېسابات قىلماق** هېسابات ئىشلىرىنى بېجىرمەك.

**هېسابدان** ئى (ئە+پ) بىرەر ئىشنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە هېسابلايدىغان ئادەم: ــ ئۇنى ئۆزۈڭلىنىڭ هېسابدانلىقىدىن كۆرۈڭلار، ــ دېدى ئۇ.

**هېسابسىز** سۈپ. ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان، ناھايىتى نۇرغۇن، سانسىز، بىهېساب: هېسابسىز مال. هېسابسىز پۇل. * بۇ يەردىكى هېسابسىز ئۈجمىلەر مەي بولۇپ، باغلاردىكى ئۈرۈكلەرمۇ ئالتۇندەك سارغىيىپ تۇراتتى.

**هېساب-كىتاب** هېسابلاش، هېسابلاش ئىشلىرى: هېساب-كىتاب قىلماق. * رابىخان ئەنە شۇ هېساب-كىتابلار بىلەن بولۇپ كېتىپ، يىگىتنىڭ قانداق ئۇسۇل بىلەن يىڭى كۆكتاتنى بالدۇر پىشۇرغانلىق توغرىسىدىكى چۈشەندۈرۈشلىرىنى ئاڭلىمايلا قالدى.

**هېساب-كىتاب قىلماق** هېسابلاش ئىشلىرىنى

ئېلىپ بارماق، ھېسابلىماق: — سېنىڭ ئالدىڭدا شۇ قەدەر ئەتىۋارىم قالمىدىمۇ؟! كىمنىڭ پۇلىنى كىم يەۋالدى؟! ئالدىرىما، قىلىنى قىرىق يېرىپ ھېساب-كىتاب قىلىمەن، — دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

**ھېسابلاتماق** «ھېسابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ھېسابلاش** ① «ھېسابلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② < مات > بېرىلگەن سانلارغا ئاساسەن ماتېماتىكىلىق ئۇسۇل ئارقىلىق نامەلۇم ساننى تېپىش.

**ھېسابلاش ماشىنىسى** < فىز > ماتېماتىكىلىق ھېسابلاش ئېلىپ بارالايدىغان ماشىنا. بۇنىڭ بەزىلىرى مېخانىزملارنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ياسىلىدۇ، مەسىلەن، قول بىلەن ئايلاندۇرۇلىدىغان ھېسابلاش ماشىنىسى؛ بەزىلىرى ئېلېكترونلۇق ئېلېمېنتلاردىن ياسىلىدۇ، مەسىلەن، ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ماشىنىسى.

**ھېسابلاش ئىپادىسى** < مات > «+»، «−»، «×»، «÷» قاتارلىق بەلگىلەر بىلەن تۇتاشتۇرۇلغان رەقەملەردىن ھاسىل بولغان توغرىسىغا تىزىلغان ئىپادە. مەسىلەن، $(3+5)\times 8 = 8\times 8 = 64$.

**ھېسابلاشماق** «ھېسابلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۈگۈن كەچقۇرۇن شائىيۇ بىلەن ھېسابلىشىپ، ئەتە ئىككىمىز ئۆزىمىزنىڭ يېغىغا كېتىمىز. * ھېسابلاشساق ئىش ھەققىم، ئاشار ماڭا ئاز-تولا. ئاشقىنىنى بەرسىڭىز، خوتۇن ئالسام نېمە بولار.

**ھېسابلانماق** «ھېسابلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، باشقىلارغا قارىغاندا بىلىملىك ھېسابلىناتتى. * سىز بىلىسىز، تومىنىڭ ئاستىنقى سۇ چىقىرىش يولى مۇقىم سۇ چىقىرىش يولى ھېسابلىنىدۇ.

**ھېسابلىغۇچ** ئى < فىز > كىچىك تىپتىكى ھېسابلاش ئەسۋابلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ھازىر كۆپرەك ئېلېكترونلۇق ھېسابلاش ئەسۋابلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ھېسابلىق** سۈپ ① ئۆز ئارا ھېسابلاشقان، ھېساب-كىتاب قىلىنغان، ئېلىم-بېرىمدە ئېنىق بولغان: — ھېسابلىق دوست ئايرىلماس، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى تەكرارلىدى ھاشىم ئۇنىڭغا قاراپ. ② ئانچە كۆپ ئەمەس، چەكلىك مىقداردا، ساناقلىق: ئۇ شاخنى سىلكىپ چۈشۈرەي دېسە، ھېسابلىق قالدۇرغان باشقا خام غورىلارنىڭمۇ چۈشۈپ كېتىشىدىن قورقاتتى. * ھېيتقىمۇ ھېسابلىق كۈن قالدى.

**ھېسابلىماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ مىقدارىنى ئېنىقلىماق، ئېيتىنى ئالماق، سانىماق: پۇلنى ھېسابلىماق. قول بىلەن ھېسابلىماق. ۋاقىتنى ھېسابلىماق. * مەن ياساتماقچى بولغان ئىشكاپنىڭ شەكلىنى، كرېسلونىڭ قانداق بولۇشىنى، قانچىلىك ياغاچ ياغىچى كېتىدىغانلىقىنى كۆڭلۈمدە ھېسابلاپ بولغىچە 2-دادۇيگىمۇ كېلىپ قالدىم. ② < مات > نامەلۇم بىر مىقدارنى ھېسابلاش يولى بىلەن ئېنىقلىماق، ھېسابلاپ تاپماق: — بىر ھېسابتا قوشۇش ياكى ئېلىش بىلەن كۆپەيتىش ياكى بۆلۈش بىرگە كەلسە، ئالدى بىلەن كۆپەيتىش ياكى بۆلۈشنى ھېسابلاپ، ئاندىن قوشۇش ياكى ئېلىشنى ھېسابلايمىز، قېنى دوسكىغا قاراڭلار، — دېدى مۇئەللىم. ③ كۆچمە. باھالىماق، پەرەز قىلماق، مۆلچەرلىمەك، ئويلىماق... دەپ قارىماق: ئامانقۇل بىلەن قاسىم قىزىق ئاۋۋال تۇرپان تەرەپكە بېرىش دېگەن پىكىرگە قوشۇلسىمۇ، بىرنەچچىگە بۆلۈنۈپ كېتىشنى خەتەرلىك دەپ ھېسابلىدى. * مەن ئۇنى سىلەر دېگەندەك ئەخمەق ئادەم ئەمەس،

دەپ ھېسابلايمەن.

**ھېس-تۇيغۇ** ھېس ۋە تۇيغۇ؛ ھېسسىيات: ئۇ، ئويناق، جۇشقۇنلۇق ۋە سەنئەتلىك ئىلى ناخشىلىرىنى ھەربىر ئاڭلىغىنىدا يۈرەك-باغرى ھېس-تۇيغۇلارغا تولاتتى. * كەلمەكتە ئىككىسى ئۈن-تىنسىز، جىمجىت، شىلدىرلاپ سۇ ئاققان ئېرىقنى بويلاپ. ھېس-تۇيغۇ، ھاياجان ئىلكىدە ئۇلار، كېلىدۇ ئەڭ گۈزەل مەنزىلنى ئويلاپ.

**ھېسداش** ئى. ھەممە شاد-خۇراملىق، غەم-قايغۇسىغا ئورتاقلاشقۇچى كىشى؛ تىلەكداش: — نامازخانلارنىڭ كۆپچىلىكى بەلەن. ئۇلار سەن بىلەن ماڭا ھېسداش، — دېدى ئۇ. * بولۇر ھېسداش گاھى ئەل سەن بىناۋاغا، ئاغرىتىپ ئىچ سەن ناتىۋان بىداۋاغا.

**ھېسداشلىق** «ھېسداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھېسداشلىق قىلماق. ھېسداشلىق بىلدۈرمەك. * نۇرۇم سەل چۆچۈپ، بىر خىل تېڭىرقاش ئىچىدە غىياسنىڭ كۆزىگە قارىدى. بالا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن قانداقتۇر ھېسداشلىقنى كۆرگەندەك بولدى.

**ھېسداشلىق بىلدۈرمەك** ھەممە شاد-خۇراملىقىغا، غەم-قايغۇسىغا ئورتاقلاشماق، تىلەكداش بولماق: مەن ئۇلارغا كۆڭلۈمگە كەچكەنلەرنى، بېشىم قاتقانلىقنى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرىمنى يوشۇرماي ئېيتىپ بەردىم. ئۇلار ماڭا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ، نېمىنى بىلگەن بولسا، شۇنى ئېيتىپ بەردى.

**ھېسداشلىق قىلماق** ← **ھېسداشلىق بىلدۈرمەك**: سەلمە ھېلىقى قىپقىزىل گاز ياغلىقنى ئېلىپ، ئاكىسى سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارغا ھېسداشلىق قىلىپ ياش تۆكىدۇ. * مىڭلىغان ئادەملەر كۆڭلىدە بۇ يىگىتكە ھېسداشلىق قىلىپتۇ ۋە «خۇدا، مۇنداق ئەقىللىق، باتۇر، مېھرىبان، مەرد يىگىتلەرنى ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دەپ دۇئا ئوقۇپتۇ.

**ھېسسىز** سۈپ. بىرەر نەرسىنى سېزىش، ھېس قىلىش قابىلىيىتىدىن مەھرۇم بولغان؛ ھېسسىياتسىز: شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ يېڭىدىن شۇجى بولۇپ كەلگەن كىشىگە ئادەم كېرەكتە. دەسلەپدە تارتىدۇ، ئۇلنى چىڭدىۋالغاندىن كېيىن تاشلايدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز گويا ھېسسىز كۆتەكقۇ؟

**ھېسسىي** سۈپ (ئە) ھېس-تۇيغۇغا، ھېسسىياتقا ئائىت: ھېسسىي بىلىش. ھېسسىي تۇيغۇ. ھېسسىي ئوبراز.

**ھېسسىي بىلىش** <لوگ> ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئايرىم جەھەتى، ھادىسە جەھەتى ۋە تاشقى باغلىنىشى توغرىسىدا سەزگۈ ئەزالىرىمىز ئارقىلىق ئىشقا ئاشقان بىۋاسىتە بىلىش. ھېس، ئىدراك ۋە تەسەۋۋۇرلار ھېسسىي بىلىش شەكىللىرىدۇر. ھېسسىي بىلىش — بىلىش جەريانىنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدۇر. شەيئىنىڭ ئومۇمىيىتى، ماھىيىتى ۋە ئىچكى باغلىنىشىنى بىلىش ئۈچۈن، ھېسسىي بىلىشنى ئەقلىي بىلىش باسقۇچىغا كۆتۈرۈش كېرەك.

**ھېسسىي بىلىم** <پەلس> ھېسسىي بىلىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان، شەيئىنىڭ تاشقى جەھەتى ۋە تاشقى باغلىنىشى ھەققىدىكى يۈزەكى بىلىم: ئوقۇغۇچىلار كۆندىلىك تۇرمۇشتا مول ھېسسىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى مۇمكىن، لېكىن زامانىۋى پەن-تېخنىكىنى ئىگىلەش ئېھتىياجىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرغان بولىدۇ.

**ھېسسىي سەزگۈ** <پسخول> سەزگۈ ئەزالىرى ئارقىلىق ھېس قىلىنغان سەزگۈ.

**ھېسسىي ئوبراز** <پەلس> ئىدراك قىلىنغان ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ مېڭىدە

زاھىر بولغان ئوبرازى.

**ھېسسىيات** ئى (ئە) < پسىخول > تاشقى تەسىرگە بولغان بىرقەدەر كۈچلۈك پسىخىك ئىنكاس: ھېسسىياتى قوزغالماق. ھېسسىياتى ئىپادىلەنمەك. ھېسسىياتقا بېرىلمەك. * دەل شۇ پەيتتە، ئادىل دادىسىنىڭ ھېسسىياتىنى، قىينىلىپ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

**ھېسسىياتچان** سۈپ. بىرنەرسىدىن تېز ھەم چوڭقۇر تەسىرلىنىدىغان: ھېسسىياتچان بالا. ھېسسىياتچان قىز. * ياش ۋە ھېسسىياتچان قىز ئۈچۈن يىگىت توغرىسىدا خىيال قىلىش ھەم كۆڭۈللۈك ھەم ئازابلىق.

**ھېسسىياتچانلىق** « ھېسسىياتچان » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: باھار گۈزەللىكىگە پۈركەلگەن تەبىئەت ھۆسنىگە قىزىقىشى، ھېسسىياتچانلىقى بىلەن ئۇلار باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

**ھېسسىياتسىز** سۈپ. توغرا تېز ۋە چوڭقۇر ھېس قىلالمايدىغان، ھېسسىياتى يوق؛ تەسىر قىلارلىق ھېسسىيات ئىپادىلىمىگەن: ئادەتتە، ئادەمنىڭ سېمىزى ھېسسىياتسىز كېلىدۇ دېيىشىدۇ، مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس. * ھېسسىياتسىز سۆزلەنگەن بىرلا ئاھاڭدىكى سۆزلەر ئوقۇغۇچىلارنى جەلب قىلالمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دىققىتىنى داۋاملاشتۇرالمايدۇ.

**ھېسسىياتلىق** سۈپ. ھېسسىياتى بار؛ ھېسسىيات ئىپادىلىنىپ تۇرغان، باشقىلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان: ئەمدىلا 17 ــ 18 ياشقا كىرگەن ئەلانۇرنىڭ نۇرغۇن كىتاب ئوقۇغان، ھېسسىياتلىق ۋە پەزىلەتلىك قىز ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. // ئۇ شېئىرنى ناھايىتى ھېسسىياتلىق ئوقۇدى.

**ھېسسىيلىق** « ھېسسىي » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: فېيېرباخ ھەربىر بەتتە ھېسسىيلىقنى تەشۋىق قىلىدۇ.

**ھېسىپ** ئى. قوي ئۈچەيىنىڭ ئىچىگە سۇغا ئارىلاشتۇرۇلغان جىگەر، گۈرۈچ، قوينىڭ ئىچ مېيى قاتارلىقلارنى قۇيۇپ پىشۇرۇلغان بىر خىل يېمەكلىك: ھېسىپ قويماق. ھېسىپ پىشۇرماق. * ياندا ھېسىپ بولسا يېگىلى ياراپتۇ (ماقال). * قىز چەت ئەلچە ياسانغان بولۇپ، ئايىغى كەڭ، تىزلىرى ھېسىپتەك چىڭ كەپلەشكەن ئىشتان، كۆك يوللۇق ئاق پوپايكا كىيىۋالغانىدى.

**ھېشىق** سۈپ. دىئال. قېلىن، گەپ ئۆتمەيدىغان.

**ھېق** ئى < تىب > كېرىگەت مۇسكۇللىرىنىڭ تەسادىپىي قىسقىرىشى بىلەن سۈمۈرۈلگەن ھاۋانىڭ بوغۇزدا قىسىلىش ھالىتى.

**ھېق تۇتماق** « ھېق-ھېق » قىلغان ئاۋاز چىقارماق، ھېقىقىلىماق: بىردىن مېنىڭمۇ ئاياغلىرىمدا جان ئەۋلادى قالماي، گاللىرىم قۇرۇشقا باشلىدى، ھېق تۇتۇشقا باشلىدىم.

**ھېقىقىدە** رەۋ « ھېق » قىلغان ھالدا، « ھېق » قىلىپ.

**ھېقىق** ئى (ئە) < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $SiO_2$. ئۇ كرېمنىي كىسلاتالىق كوللوئىدنىڭ قېتىشمىسىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە بىر خىل رەڭدە بولىدۇ، لېكىن تېخىمۇ كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ھەر خىل ئوخشىمىغان رەڭدىكى قەۋەتسىمان، لېنتىسىمان، سىزىقسىمان، سىزىقلىق گۈلسىمان بولىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ رەڭدارلىقى ۋە كۆركەملىكى بىلەن ياقۇت ياكى ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمى قىلىنىدۇ. ئادەتتە ھېقىقتىن ئوق قازان، ھاۋانچا قاتارلىق سانائەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**ھېقىقىلىماق** پ « ھېق-ھىق » قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، « ھېق-ھېق » قىلماق: ئۇنىڭ يارىسى يامان، ھوشسىز ھالدا ھېقىقىلاپ يېتىپتۇ، قارىنىنى تىكتۈرمەكچى بولۇۋىدىم، جەرراھ بولمايدۇ دېدى.

**ھېكايە** ئى (ئە) ① بىرەر كىم، نەرسە،

ۋەقە ياكى ھادىسە ھەققىدە ئاغزاكى بېرىلىدىغان ئاخبارات ياكى مەلۇمات؛ بىرەر نەرسىنىڭ ئاغزاكى بايانى، تەپسىلاتى: مەردان گۈلباھارغا بۇ قىز تېخى كۆرۈپ باقمىغان شەھەرلەر ھەققىدە، شوپۇرلارنىڭ سىرتتىكى ھاياتى ھەققىدە ھېكايە قىلىپ بېرەتتى. * ئۇ مەلىكە بەرنا بىلەن ئەقىللىق ئوتۇنچى يىگىت ۋاھىت توغرىسىدا ھېكايە باشلىدى. ② < ئەد > نەسرىي يول بىلەن يېزىلغان كىچىكرەك بەدىئىي ئەسەر: « شىنجاڭ گېزىتى » نىڭ 1981-يىل 12-ئىيۇل سانىنىڭ ئەدەبىيات بېتىگە بېسىلغان يولداش مۇھەممەت لېتىپنىڭ « ھايات بەيگىسىدە » ناملىق ھېكايىسىنى بىرنەچچە قېتىم قىزىقىپ ئوقۇپ چىقتىم.

**ھېكايە فىلىم** < كىنو > ئارتىسلارنىڭ رول ئېلىشى بىلەن مەلۇم ۋەقەلىكنى بايان قىلىش مەزمۇن قىلىنىپ ئىشلەنگەن كىنو فىلىمى.

**ھېكايە قىلماق** ھېكايە تۈسىدە سۆزلىمەك، بايان قىلماق؛ ھېكايە تۈسىگە كىرگۈزمەك: ئېلى پالگان يەنە، ئەلچىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا « قىسماق ئىشان » نىڭ تاشقا ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغانلىقىنى ھېكايە قىلىپ بەردى. * سىلەر دىققەت قىلىپ ئاڭلاڭلار، مەن بىر قېتىم ئوقۇپ، ھېكايە قىلىپ بېرەي. * مەن شۇ قېتىم كۆرگەنلىرىمنى قىسقا بىر ھېكايە قىلدىم.

**ھېكايەت** ئى (ئە) < ئەد > ھېكايە، ھېكايىلەر: خىلمۇ خىل ۋەقەلەردىن رىۋايەت قىلغۇچىلار، تۈرلۈك-تۈمەن ئەھۋاللاردىن ھېكايەت قىلغۇچىلار، شېرىن سۆزلەر بىلەن تۈزۈلگەن داستىخان بابلىرىدىن خامان ياساپ شۇنداق ھېكايەت قىلىشىدۇ.

**ھېكايىچى** ئى ① ھېكايە ئېيتىدىغان، ھېكايە سۆزلەيدىغان كىشى: ئېسىڭدىدۇر... بىر كۈن كەچقۇرۇن، كەلدۈق يەنە بۇلاق بېشىغا. يىگىت-قىزلار ئالغانتى ئورۇن، ھېكايىچى موماي قېشىدا. ② مەخسۇس ھېكايە يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ يازغۇچى.

**ھېكايىچىلىق** ئى. ھېكايە يېزىش ئىشى، كەسپى.

**ھېكماچ** ئى. دىئال. بىر كالا تارتىدىغان قوش، ساپان.

**ھېكمەت** ئى (ئە) ① ھەددىدىن زىيادە دانالىق، دانىشمەنلىك، ئەقىل-ئىدراك: ۋەتەن ئىشقى بولۇپ دەرمان ئىلىم-پەندىن گۆھەر تاپتىم، دىلىمغا سالدى ئۇستازىم ئۆمۈر مەناسى ھېكمەتنى. ② بىلىش، چۈشىنىش قىيىن بولغان يوشۇرۇن، چوڭقۇر مەنە، يوشۇرۇن سىر؛ مۆجىزە: ئۇرۇش سەنئىتى توغرىسىدىكى كىتابلاردا، بىزى جەڭ، توققۇزى رەڭ دېگەن ھېكمەت بار. شۇ ھېكمەت بويىچە ئىش قىلىمىز. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھېكمەتلىك** سۈپ. دانالىق بىلەن ئېيتىلغان، چوڭقۇر مەنىلىك، مۆجىزىلىك، سىرلىق: ھېكمەتلىك سۆز. ھېكمەتلىك ئۈزۈك. * قۇربانىڭ ھېكمەتلىك چۆگۈنى ھەققىدىكى خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، مامۇت ئۇنى قولغا چۈشۈرۈشنى قەستلەپ، قۇربانىڭ ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ. * باشقا ھامماللار: « قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ » دەپ ئۇنىماپتۇ. ئەپەندىم « پۇل دېگەن تېپىلىدۇ، ئەقىل تېپىلمايدۇ، ھېكمەتلىك گەپنى ئاڭلاپ، ئەقىلنى ئاشۇراي » دەپ ئويلاپ ماقۇل بولۇپتۇ.

**ھېكمەتلىك سۆز** < تىل > ئەمەلىيەت جەريانىدىكى تەجرىبە-ساۋاقلارغا ئاساسەن، خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن

يەكۈنلەنگەن چوڭقۇر مەنىلىك سۆز-ئىبارىلەر، جۈملىلەر.

**ھېكىم** ئى (ئە) ① ئۇستا تېۋىپ، دوختۇر: ھېكىم تەكلىپ قىلماق. * تۇرىدۇ بىر ياقتا شىپاخانىلار، ھەر تېۋىپ مىسالى بىر ھېكىم لوقمان. بۇ يۇرتنىڭ ئىپارى، بېھى، كىشمىشى، بىمارغا قايىندىن بەخش ئېتەرجان. ② دانىشمەن، پەيلاسوپ: مەزەمزات ھېكىم خىزمەتكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئاتىنىڭ ئۇستىدە ئورىدىغا قاراپ كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھېلى** رەۋ. ① بۇندىن بىرئاز ئىلگىرى ياكى بىرئاز كېيىن، يېقىندىلا، ھازىر: بۇ يەرگە ھېلى كەلدىم. * — ئەخمەق بولما، ئېتىڭ چارچاپ بىر يەرگە باردى،، بەرىبىر بارالمايسەن. بۈگۈن مۇشۇ يەردە يېتىپ قال. ھېلى گۆش پىشۇرىمىز، — دېدى ئۇ. * ئۆزۈم ئىككى ئېغىزلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈۋالدىم، ھېلى كۆرسەن، خېلى يامان ئەمەس. ② ھازىرقى پەيتتە، ھازىرچە: تاماق ۋاقتىغا ھېلى بالدۇر. * نادەمنىڭ كۆز يېشى توختىمىدى. ئۇنىڭ يېشى ھېلى توختار ئەمەس ئىدى. ③ جۈملىدە ئايرىغۇچى، ياغلىغۇچى ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «گاھى، بىردەم»، «بىر بولسا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ ئالدىدىكى ھۆججەتلەرنى ھېلى ئۇ ياققا، ھېلى بۇ ياققا ئالاتتى. * ئۇ ئادەم خۇددى ئېسىنى يوقاتقاندەك ھېلى ئۇنى دېسە، ھېلى بۇنى دەپ قوياتتى. * باۋۇدۇن سوزغان قولىنى شاققىدە يىغىۋېلىپ، ھەيرانلىق ئىلكىدە تىكىلدى، — ھېلى ئۇنداق، ھېلى مۇنداق دەيسەن قايسى گېپىڭ راست سېنىڭ؟!

**ھېلى بىكار** ھەيۋە قىلىشنى، غەزەپلىنىشنى بىلدۈرىدۇ: — غەلىتە گەپ قىلسىنا، ھېلى بىكار زۇۋانىڭنى دارغا تارتىپ قويىمەن! — دېدى باجگىر ئاچچىقى كېلىپ.

**ھېلىتىن** رەۋ. تېخى ۋاقتى يېتىپ كەلمەستە، تېخى ئىش باشلانماستىن؛ ھازىردىن باشلاپ: — كۆرۈۋاتىسەن، ھېلىتىن كۆچۈۋاتقانلارمۇ، ياغاچ-تېشىنى كېسىۋاتقانلارمۇ، باشقا مەھەللىلەردىن ئۆي-جاي ئۇقۇشۇۋاتقانلارمۇ بار، ئەزالاردىن ئاغرىنىشقا ھەققىمىز يوق، — دېدى ئۇ. * بۇ قىز ھېلىتىن مۇنچە قىلىدۇ، ئەگەر نىكاھىڭغا ئۆتسە، سېنى بۇلجۇتمايدىغانغا ئوخشىمامدۇ؟

**ھېلىدىن-ھېلى** ← **ھېلىدىن-ھېلىغا**: ئۇ ھېلىدىن-ھېلى قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ يۈرۈپ مېھمانلارغا چاي قويماقچى بولاتتى. * ئۇ خېرىدارلارغا ھېلىدىن-ھېلى تاماكا كەلەپ ۋە جىڭلاپ بېرەتتى ۋە بەزى ياشلار بىلەن ئۇزاق-ئۇزاق مۇڭدىشىپمۇ كېتەتتى.

**ھېلىدىن-ھېلىغا** بىردەم-بىردەم: مەھەممەت ئىمىنمۇ تېرىسىگە پاتماي ۋاتقاندەك ھېلىدىن-ھېلىغا كېرىلەتتى، ئەسنەيتتى پۇتلىرىنى ئۇ يان-بۇ يان سوزاتتى. * ئۇ ھېلىدىن-ھېلىغا تۈكسىز يوغان بېشىنى قول ياغلىقى بىلەن ئېرتىپ تۇراتتى.

**ھېلىغىچە** رەۋ. ھازىرغا قەدەر، تا بۈگۈنگىچە: «ئەي ئۇلۇغ شاھ» ھېكىم ھېلىغىچە ھېچكىمگە يامانلىق قىلغىنى يوق.

**ھېلىقى** ئال. بايىقى، ئابايىقى: ئامانقۇللار ھارۋىدىكى ئوقلار بىلەن چېرىكلەرنىڭ ملتىقلىرىنى ئاتلارغا ئاتتى ۋە ھېلىقى ياش چېرىكنى بىر ئاتقا مىندۈرۈپ، تاغ تەرەپكە راۋان بولدى. * ھەر قېتىم قولىنى يانچۇقىغا سالغاندا ئۇرۇنۇپ تۇرغان ھېلىقى كونۋېرت ئۇنى ئېغىر خىياللارغا باشلايتتى.

**ھېلىلە** ئى (پ) < بوت > چاھار بۇرجەك ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان

دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى سوقىچاق، گۈلى باشاقسىمان گۈل رېتىدە، گۈل تاجىسى يوق، گۈل كاسىسىنىڭ رەڭگى ئاق، مېۋىسى ئۈچكىلىق مېۋە، شەكلى تۇخۇمسىمان، قۇرۇغاندا بەش قىرلىق بولىدۇ. مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، يۆتەل توختىتىش رولى بار، دۆلىتىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرى ھەمدە ھىندىستان، بىرما، مالايشىيا قاتارلىق دۆلەتلەردىن چىقىدۇ.

**ھېلىلە قورۇق** يۈزى ھېلىلىدەك پۈرلەشكەن، قورۇق باسقان؛ كۆرۈمسىز؛ نەسەت: — ھېلىقى ھېلىلە قورۇق كۆززۈمگە «ئاي» كۆرۈنۈپ، نېمىشقا كەينىمگە كىرىۋالدىڭىنە، — دېدى ئۇ قىز، خۇددى مېنى ئۇنىڭغا ئېتىپ قويدىغاندەك.

**ھېلىمۇ** رەۋ. ① ھېلىھەم، ھازىرمۇ. ھازىرغىچە: مەن سىزدىن ھېلىمۇ ئۈمىد قىلىمەن: بىز زامانغا لايىق ئادەم بولايلى. * ئۇنىڭ كۆزى روشەن، ئېرۋىسى ھېلىمۇ ساز ئىشلەپ تۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. بەختىگە يارىشا؛ ھەرنېمە بولسا: ھېلىمۇ ياخشى سەن بار ئىكەنسەن، بولمىسا ئىشىم چاتاق ئىدى. * ھېلىمۇ ئۇزاق چىدىدىڭ، بولدى، ئەمدى بىرمەزگىل ئارام ئال.

**ھېلىھەم** رەۋ. ھازىر بولسىمۇ؛ ھېلىمۇ: — ئىككىگە بۆلۈنگەن ئەلنى نەس باسىدۇ، ھېلىھەم قىلچىنى بىلەپ، نەيزىنى تەييار قىلىپ قويساق، لەشكەرنىڭ سانىغا قاراپ يول تۇتساق ئوبدان ئىمكىن؟ — دېدى بوۋاي كۆپچىلىككە. * — ھەي خوجاۋاپا! ئۇ چاغلاردا ئۇنىمىدىڭىز، ھېلىھەم بولسىمۇ مەن بىلەن كۆڭلىڭىزنى خۇش قىلىۋېلىڭ، — دەپتۇ مېھرى.

**ھېيت** ئى (ئە) ① ھىجرىيە ھېساپىدا ھەر يىلى شەۋۋال (10-ئاي) نىڭ 1-كۈنى، زۇلھەججە (12-ئاي) نىڭ 10-كۈنى ئىككى قېتىم كېلىدىغان مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي بايرىمى: روزى ھېيت، قۇربان ھېيت. ھېيت قىلماق. * ئوتتۇز كۈن روزىنىڭ بىر كۈن ھېيتى بار (ماقال). * ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ھېيتنى قانداق ئۆتكۈزۈش توغرىسىدا غەم قىلىپ، بىرەر كېچىمۇ خاتىرجەم ئۇخلىيالمىدى. ② كۆچمە. ئومۇمەن بىرەر مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبە مۇناسىۋىتى بىلەن بولىدىغان خۇشاللىق كۈن، بايرام.

**ھېيت بولماق** ① ھېيت ئۆتكۈزمەك: لېكىن ئۇ، بىلمەيدۇ كۆڭلۈم باغلىرى. گۈل بىلەن ئاپتاپقا تولغانلىقىنى! قانچىلىك شادلىنار بىلىپ ئۇ، ھازىر، چوغلۇققا ئاخشام ھېيت بولغانلىقىنى! ② كۆچمە. شادلانماق، خۇشاللىققا چۆممەك: يېتىم ئاق كۆڭلەك كىيگەندە ھېيت بولار (ماقال).

**ھېيت قىلماق** ① ھېيت ئۆتكۈزمەك، ھېيت ئوينىماق. ② كۆچمە. خۇشال بولماق، تەنتەنە قىلماق.

**ھېيت نامىزى** <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ روزا ھېيت ۋە قۇربان ھېيتلىرىدا ئوقۇيدىغان نامىزى.

**ھېيت-ئايەم** ھېيت ۋە ئايەم، ئومۇمەن شاد-خۇراملىق كۈنلەر: — بۈگۈن دەرەخلەرنىڭ تۈۋىگە سۇ قويما! چۈنكى بۈگۈنكىدەك ھېيت-ئايەم كۈنلىرى مۇسۇلمانلار بىر-بىرىنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاشقا ۋە تىنچ ئامانلىق سوراشقا بارىدۇ، — دېدى ئۇ.

**ھېيت-ئايەملىك** ھېيت-ئايەم ئۈچۈن تەييارلانغان، ھېيت-ئايەم ئۈچۈن ئاتالغان: ھېيت-ئايەملىك گۆش-ياغ، قىشلىق ئوتياش، ئوتۇن-كۆمۈر بىلەن تەمىنلەشتەك

ئاۋارىگەرچىلىكتىن قۇتۇلۇش — نېمىدېگەن چوڭ راھەت-ھە! رەھمەت يىگىت! ئەقلىڭگە ئاپىرىن!

**ھېيت-بايرام** ھېيت ۋە بايرام: ئۇلار ھېيت-بايرام، يەكشەنبىلەردە سائەتلىرىنى تاقاپ، بەتىنكىلىرىنى پارقىرىتىپ، كۆزىمىزنى قىزارتىپ يۈرۈۋاتىدۇ. ئۇلارغا قاراپ بەزىدە ئاتا-ئانامۇ ماڭا ئاشۇنداق نەرسىلەرنى ئەۋەتكەن بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى-ھە! دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

**ھېيتلاتماق** «ھېيتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنى بۇلارنى ئاكامنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ ھېيتلىتىپ كېلەي.

**ھېيتلاشماق** «ھېيتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كەچكىچە ھېيتلاشتى. چۈشتىن قايرىلغاندىن كېيىن، خۇشال ۋە ھارغان ھېيتچىلارنى بىر دوستى تۇتۇپ قالدى.

**ھېيتلىق** ① سۈپ. ھېيت ئۈچۈن تەييارلانغان، ھېيت ئۈچۈن ئاتالغان: ھەممە ئادەم ھېيتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. * — ئاچا مانا بۇ ئاپام سېتىۋالغان ھېيتلىق كىيىملىرىمىز. ماۋۇ سېنىڭ، ماۋۇ مېنىڭ، — دېدى خۇشاللىقنى يوشۇرالمىغان ھالدا. ② ئى. ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن بىراۋغا بېرىلىدىغان سوۋغا: ئۇنىڭ تەلىيىگە قۇربان ھېيت كېلىپ قالدى، ھېيتلاپ كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلار ئۇنىڭغا ھېيتلىق بېرىشكە باشلىدى.

**ھېيتلىق بەرمەك** باللارغا ھېيتلىق پۇل بەرمەك.

**ھېيتلىماق** پ. ھېيت كۈنلىرى كىشىلەر بىر-بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ پەتە قىلماق: — بۈگۈن ماڭمۇ ھېيت بولۇپتۇ، — دەپ پىچىرلاپ تۇراتتى، بىرنەچچە كىشى ھېيتلاپ كىرىپ قالدى.

**ھېيقتۇرماق** «ھېيقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ قىزلاردىلا بولىدىغان تەمكىنلىكلىكى، چوڭ سۈپەتلىكلىكى، ئەقىللىقلىقى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى بىلەن ھەرقانداق قارام تەلۋىنى ھېيقتۇراتتى.

**ھېيقماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز قىلىشتىن تارتىنماق، خىجىل بولماق، قورۇنماق، ئۇيالماق: ئۇ خېلى بىرھازاغىچە بىر قارارغا كېلەلمەي ئۇنىسىز تۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، ھېيقىپراق بېرىپ تۇگۈنچىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى يەشتى. * باستىنىڭ ئايىغانغا تىكىلگەن كۆزلىرى بىردىنلا يوغىناپ، كىشى ھېيقىقدەك پارقىراپ كەتتى.

**ھېيقىشماق** «ھېيقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرى بىلەن مۇنداقلا سالاملىشىپ، گەپ-سۆزسىز ئۆتۈشۈپ كېتىشەتتى. ئارامى خۇدا گەپلىشىشتىن ھېيقىشاتتى.

**ھىتىت** ئى < جۇغ > كىچىك ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمى، قارا دېڭىزنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىدىكى قەدىمىي دۆلەت.

**ھىتىت قانۇنى** < تارىخ > كىچىك ئاسىيادىكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەت — ھىتىتنىڭ قانۇنى. 12-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھىتىتنىڭ قەدىمكى پايتەختى ھاتساستىن تېپىلغان. بۇ قانۇن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 15-ئەسىردە قەدىمكى ھىتىتنىڭ گۈللەنگەن مەزگىلىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئەكس ئەتتۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ھىتىتنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇھىم ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ھىتىرقىماق** (توغرىسى: يىتىرقىماق) ← **يىتىرقىماق**.

**ھىجارىماق** پ. دىئال. ھىجايماق.

**ھىجاق** سۈپ. دىئال. ھىجىيىپ يۈرىدىغان ئادەم.

**ھىجايتماق** «ھىجايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەنە قاراڭ، تامنى ئاتلاپ سىزنىڭ ئالدىڭىزغا كېلىۋاتقان، تۈكلىرى سالۋاراپ كەتكەن يوغان بىرئالا ئىت قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈپ، چىشلىرىنى ھىجايتىپ، كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ، سىزگە قاراپ تۇرىدۇ، كۆردىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

**ھىجايغاق** سۈپ. تولا ھىجىيىدىغان، ھىجىيىپلا يۈرىدىغان: ھىجايغاق بالا. ھىجايغاق خوتۇن. * چىشقاق بالىغا ئىت ئەگىشەر، ھىجايغاق قىزغا يىگىت ئەگىشەر (ماقال).

**ھىجايماق** پ. چىرايىدا بىر خىل يېقىمسىز كۈلكە ئىپادىسى پەيدا بولماق، كۈلۈمسىرىمەك: ئارىدىن يېرىم سائەتچە ئۆتكەندە خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتكۈدەك ھىجايغان مىرزا ئەخمەت بوسۇغىدا پەيدا بولدى. * ئۇ ھېيتەكنىڭ ئىشىكىدىن ئۆتكەندە ھويلىسىدا پوسۇرلاپ يۈرگەن ھېيتەك دىلەيسخاننى كۆرۈپ ھىجايدى.

**ھىجران** ئى (ئە) جۇدالىق، ئايرىلىش، پىراق: ھىجران ئوتىدا كۆيمەك. * ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ دىلكەش ئاتا-ئانىنىڭ ھىجران ئازابىنى پەقەت بىردىنبىر گۈلنارلا بېسىپ كېلىۋاتقانىدى. * قەدىناس دوست كۆرۈشتۇق بۈگۈن قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتۇق بۈگۈن. تۈگىتىپ بىز ھىجران دېگىنى، باغلار ئارا يۈرۈشتۇق بۈگۈن.

**ھىجرانلىق** «ھىجران» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ھىجرانلىق كۈن ھىجرانلىق ئەلەم. * شۇ ئارىدا ھىجرانلىق دەردى بىلەن ئازابلانغان غەنىمنىڭ قۇلىقىغا قۇتۇلقۇلۇپنىڭ ئاۋازى كىرىپتۇ. * ئارا ئېچىلماي چىقتى شۇندا بىر سەپەر، سالدى ھىجرانلىق ئاراغا بۇ خەۋەر.

**ھىجرەت** ئى (ئە) ① ئۆز يۇرت-ماكانىدىن كېتىش: ھىجرەت قىلماق. ② < دىن > مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ مىلادىيە 622-يىلىدىكى مەككىدىن مەدىنىگە كۆچۈشى. ھىجرەت يەنە ئىسلام كالېندارىنىڭ باشلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ھىجرىيە** ئى (ئە) < ئاستر > ئىسلام دىنىنىڭ تارىخىي يىلنامىسى. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ مەككىدىن مەدىنىگە كۆچكەن ۋاقتى يىلنامىنىڭ باشلىنىشى قىلىنغان، بۇ - مىلادىيەنىڭ 622-يىل 16-ئىيۇلغا توغرا كېلىدۇ. ھىجرىيىدە بىر يىل 354 ياكى 355 كۈن، يېڭى ئاي كۆرۈنگەن كۈن ئاي بېشى بولىدۇ. تاق ئايلار 30 كۈن، جۈپ ئايلار 29 كۈن، بىر يىل 12ئاي ھېسابلىنىدۇ. مىلادىيىگە سېلىشتۇرغاندا ھەر يىلى 10 ياكى 11 كۈن پەرق قىلىدۇ. ھىجرىيىدە كەبىسە يىل، كەبىسە ئاي قوشۇلماي ھېسابلىنىدۇ.

**ھىجىيىشماق** «ھىجايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىگە جاپالاشقان قېرىلىق، يالغۇزلۇق ۋە مىسكىنلىكنى ئۇنتۇپ، ئۆزۈل-كېسىل ئەندىشىدىن خالىي بولغاندەك بىر-بىرىگە بېقىشىپ، خۇرسەنلىك بىلەن ھىجىيىشتى.

**ھىد** ئى ① ماددىلارنىڭ كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىغا تەسىر كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى؛ پۇراق، بۇي: كاۋاپنىڭ ھىدى. * گۈلەمبەر ئۆز ئاشقىنىڭ ھىدى پۇراپ تۇرغان بۇ يەردىن كېتىشكە كۆزى قىيماي، زار-زار يىغلاپ ئاھ ئۇرۇپتۇ. * ناۋايخانا يول ئۈستىدە ئىكەن، شەربەت نانىنىڭ مەززىلىك ھىدىدىن زوقلانغان پادىشاھ پەشخۇن ئالدىغا كېلىپ، نانىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆرۈپتۇ. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە، ھادىسە ياكى ھالەتنىڭ

بەلگىسى؛ شەپە: ئۆلۈمنىڭ ھىدى. * شىرمەتنىڭ كاكزىنى باسقان قوللىرى، تترەيتتى دەرمانى قۇرۇپ كەتكەندەك، كاكىرار تەلەتى شۇنچە سەت لوزۇك، بۇرنىغا ئەجەلنىڭ ھىدى تەگكەندەك.

**ھىدنى چىقارماسلىق** بىرەر ئىش، نەرسىنى سىر ساقلاپ، ئۈچچۇرنى، خەۋىرنى بىلدۈرمەسلىك، شەپىنى چىقارماسلىق.

**ھىدايەت** ئى (ئە) ① پايدىلىق يۆنىلىش، توغرا يول تۇتۇش: ھىدايەت تاپماق. ھىدايەت قىلماق. * ھەر ئىشنى مەسلىھەت قىلماق ھىدايەت، بۇ خىسلەت توغرىغا باشلار داۋامەت، ئۆزۈمچىل بولغاندا مۇشت بۇرنىغا، يېتىملىك دەشتىدە چېكەر نادامەت. ② ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ھىدروكاربون** ئى (لات) <خىم> ھىدروگېن ۋە كاربون: ھىدروكاربون بىرىكمىلىرى.

**ھىدروكاربون بىرىكمىلىرى** <خىم> تەركىبىدە كاربون بىلەن ھىدروگېن ئاتوملىرى بولغان ئورگانىك بىرىكمە. ئۇنىڭ ئەڭ ئاددىيلىرى مېتان قاتارلىقلار.

**ھىدروگېن** ئى (ر< گرېك) <خىم> گاز ئېلېمېنت، بەلگىسى H (hydrogenium). ئېلېمېنتلارنىڭ ئەڭ يەڭگىلى، رەڭسىز، پۇراقسىز، ئەڭ كۆچلۈك ئوكسىدسىزلىغۇچى. ھىدروگېننىڭ ئۈچ خىل ئىزوتوپى — پروتىيى، دېتىرىي ۋە ترىتىيدىن ئىبارەت. ھىدروگېننىڭ ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئالاھىدە كۈچلۈك. گېنېرا تورلارنى سوۋۇتۇشتا قوللىنىلىدۇ، خىمىيە سانائىتىدە قوللىنىلىشى ئىنتايىن كەڭ.

**ھىدروگېن پېروكسىد** <خىم> ئوكسىدلانغان 3% لىك ھىدروگېننىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى. رەڭسىز، سەل كىسلاتالىق تەمگە ئىگە. دېزىنفېكسىيىلىگۈچى ۋە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى دورا قىلىنىدۇ.

**ھىدروگېن خلورىد** <خىم> نېئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى HCl. رەڭسىز، ئۆتكۈر پۇراقلىق ئىگە گاز. سۇدا ئىنتايىن ياخشى ئېرىيدۇ، سۇدىكى ئېرىتمىسى «تۇز كىسلاتاسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ھىدروگېن سۇلفىد** <خىم> نېئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $H_2S$. رەڭسىز، سېسىق پۇراقلىق ئىگە گاز، يانىدۇ، زەھەرلىك، خىمىيۋى رېئاكتىپ ۋە بوياقچىلىق ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ھىدروگېن فتورىد** <خىم> نېئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى HF. سۇلفات كىسلاتاسى بىلەن كالتسىي فتورىدنى تەسىرلەشتۈرۈپ ئېلىنىدۇ، ھىدروگېن فتورىد رەڭسىز، زەھەرلىك گاز، سۇدا ئېرىپ فتورىد كىسلاتاسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**ھىدروگېن لامپىسى** <فىز> ھىدوروگېن گازى توشقۇزۇلغان گازلىق زەرەتسىزلىنىش لامپىسى.

**ھىدروگېنلىق** سۈپ. تەركىبىدە ھىدروگېن بولغان، ھىدروگېنغا ئىگە: ھىدروگېنلىق باغ.

**ھىدروگېنلىق باغ** <خىم> بىر قىسىم ھىدرىدلىق قاتتىق جىسىمدىكى ھىدروگېن ئاتومىنىڭ ئېلېكترونغا مايىللىق ئېنېرگىيىسى چوڭ، ئەمما رادىئۇسى كىچىكرەك بولغان ئىككى دانە ئاتوم بىلەن تەڭلا بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن باغ.

**ھىدسىز** سۈپ. ھىدى يوق، پۇرىمايدىغان: ھىدسىز نەرسە. ھىدسىز يېمەكلىك.

**ھىدلاشماق** «ھىدلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: چاقماق مۆڭگۈزلۈك بىر كىچىك

قوچقار سىرتتىن كىرىپ، پادىشاھنىڭ بۇقىسىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئىككىسى ھىدلاشتى.

**ھىدلىق** سۈپ. ھىدى بار، ھىدى كېلىپ تۇرىدىغان: چىمەنزار ماي ئايلىرى سۈزۈك ئاخشام، ئاي تۆكەر يېزىمىزغا يورۇقنى. شوق شامال ئېلىپ كېلەر دىماغلارغا، جىگدىنىڭ شېرىن ھىدلىق پۇرىقىنى.

**ھىدلىماق** پ. ھىدىنى دىماغقا تارتماق، پۇرىماق: ھامىدنىڭ خىيالى پەقەت گۈلنىلا ھىدلايتتى. گۈل سەيلىسىگىلا ئالدىرايتتى.

**ھىراۋۇل** ئى. تارس. ۋالىي، تۇتۇق.

**ھىرىلگۇدۇڭ** سۈپ. دىئال. گۇمۇش، كالۋا، دەلدۈش، ھاڭۋاقتى.

**ھىسار** ئى (ئە) تارس. قورغان.

**ھىسار بېگى** شەھەر باشلىقى.

**ھىستېرىيە** ئى (ئىنگ) <تىب> بىر خىل روھىي كېسەللىك. كۆپىنچە روھىي جەھەتتىكى قاتتىق غىدىقلىنىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. قوزغالغاندا، بىمار ۋارقىراپ-جارقىرايدۇ، ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە كۈلىدۇ ياكى يىغلايدۇ، قالايمىقان سۆزلەيدۇ. بەزىدە يەنە سىپازىملىنىش، تارتىشىپ قېلىش، قارىغۇ بولۇپ قېلىش، گەپتىن قېلىش قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىدۇ.

**ھىڭ** ئى <بوت> كۆنلۈكسىمان گۈللەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50—200 سانتىمېتىر. سېسىق پۇرىقى بار، ئوق يىلتىزى توم، قارامتۇل رەڭدە. تۆۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى ئۇزۇن، غولىدىكى يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى مۇرەككەپ كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، سېرىق، ئۇششاق بولىدۇ. مېۋىسى قوش ئاسماق مېۋە، شەكلى ياپىلاق، سوقىچاق بولىدۇ.

غولىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سۈتلۈك شىرنىسى دورا قىلىنىدۇ، تۇسالغۇلارنى ئېچىش، مەددە چۈشۈرۈش، زەھەر قايتۇرۇش روللىرىغا ئىگە.

**ھىڭگاڭ** سۈپ. بۆرتۈپ چىققان؛ تۇڭكاي (چىش ھەققىدە): ھىڭگاڭ چىش.

**ھىڭگاڭ چىش** ھەر تەرەپكە، بۆرتۈپ ئوڭغۇل-دوڭغۇل چىققان چىش: باي ھىڭگاڭ چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، چېقىر كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ: — نانىنى ئوشتۇماستىن يېگىلى بولامدىكەن؟! — دەپتۇ.

**ھىڭگان** ئى. چىشى تۆگە، قايمال.

**ھىڭگايتماق** «ھىڭگايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوي بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىسا، قېشىدا ئاچلىقتىن قورساقلىرى ئۆتۈشۈپ كەتكەن بىر بۆرە چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ تۇرغۇدەك. * چاقنايدىكەن تولۇپ كۆزى لىق قانغا، چىش ھىڭگايتىپ قارايدىكەن ھەر يانغا. يېقىن يەردە كۆرۈپ يېتىم قوزىنى، باشقىلارغا تونۇتۇش ئۈچۈن ئۆزىنى.

**ھىڭگايماق** پ. يېقىمسىز ھالدا ئوچۇق كۆرۈنمەك: ھەيۋەتلىك مۇز تاغ باغرىغا يېتىپ كەلدۇق. ئەزىز بەگنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. گەپ قىلمىسىمۇ ئۇنىڭ سەت چىشلىرى ھىڭگىيىپ تۇراتتى.

**ھىلال** ئى (ئە) ① يېزت. يېڭى چىققان ئاي، ئۈچ كۈنلۈك ئاي: گاھ بولۇت دېڭىزىدا ئاقار ھىلال، گاھ رۇجەكتىن مۇڭ ئىلكىدە باقار ھىلال. پەيتى ۋاقت تۈن يېرىمىدىن كەتكەن ئۆتۈپ، ئەھلى يېزا ئېغىر ئۇيقۇ ئىچرە چۆككۈك. * بويۇڭ غۇنچە، چىشىڭ ئۈنچە، قېشىڭ ھىلال، كۆزۈڭ ئاھۇ، مېنى قىلغان ئەزەل مەپتۇن كۆڭۈل ئارزۇسى جانانىم. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ھىلال ئاي** <ئاستر> يېڭى چىققان ئاي،

يەنى يېڭى كۆرۈنگەن ئىككى-ئۈچ كۈنلۈك ئاي.

**هىلبۇۋا** ئى < بوت > ← **هىلبۇۋا ئوتى**.

**هىلبۇۋا ئوتى** < بوت > زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا توم يىلتىزسىمان غولى بار. غولى تىك، ئېگىزلىك 1 — 2 مېتىر. گۈلى ئاق، خۇش بۇي پۇراقلىق، مېۋىسى غوزا مېۋە، مېۋىسى ئۇزۇن يۇمىلاق، ئۇرۇقى كۆپ قىرلىق، مېغىزى هىلبۇۋا دەپ ئاتىلىدۇ. مېغىزىنىڭ ئالاھىدە خۇش بۇي پۇرىقى بار. مېغىزى دورا قىلىنىدۇ. مەيدە ئېغىرلىشىش، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈش، ئىشتەي تۇتۇلۇش قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى، پوستى ۋە گۈلىمۇ دورا قىلىنىدۇ، لېكىن ئۈنۈمى تۆۋەنرەك، گۈلىكشى، يۇننەن ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ.

**هىلپىرلىماق** پ. دىئال. يالتىرىماق، پارقىرىماق.

**هىل-هىل** سۈپ (پ) يۇمشاق، شېرىن: هىل-هىل پىشماق. * ئاشنىڭ ئۈستىگە قوندۇرۇلغان هىل-هىل گۆشلەر ئىشتىهايىمنى ئېچىپلىۋەتتى.

**هىلهىلە** سۈپ (ئە) يۇپقا نەپىس توقۇلغان: هىلهىلە ياغلىق.

**هىلهىلە ياغلىق** يۇپقا، نەپىس، نېپىز توقۇلغان باش ياغلىقى: ۋارىس ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن ئىختىيارسىز هالدا دىلدارغا قارىدى، ئۇ سۈت رەڭ ياتاق كىيىمى كىيگەن، مۈرىسىگە ئاق هىلهىلە ياغلىق ئارتىۋالغان، ئۇنىڭ ئەۋرىشىم، زىلۋا بويى، تولۇقى تولىمۇ كېلىشكەنىدى.

**هىليۇن** ئى (ئە) < بوت > گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستى تۈگۈنەك يىلتىزى گۆشلۈك، غولى ئۇزۇن، ئىنچىكە، يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكىلدە، گۈلى كىچىك، ئاق ياكى سېرىق ئارىلاش، مېۋىسى شىرنىلىك مېۋە، رەڭگى قىزىل. تۈگۈنەك غولىنى يېيىشكە بولىدۇ، دورىغا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، يۆتەل پەسەيتىش، سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە.

**هىم I** ئىم. تەئەججۈپ، شۈبهە، گۇمانسىراش، ئىشەنمەسلىك قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — هىم، — دېدى ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئويلانغان هالدا ۋە توساتتىن سوراپ قالدى، — ئەنۋەر ئاكا هازىر ئۆيدە بارمىكىن؟

**هىم II** سۈپ ① مەھكەم، چىڭ: هىم ياپماق، هىم ئەتمەك. * ئۇ ئىلغۇچنى ئىلگەك تۆشۈكىگە توغرىلاپ قويۇپ تالاغا چىقتى-دە، ئىشىكنى هىم يېپىپ، يېپنى كۈچەپ تارتتى. * ئۇنىڭ لەۋلىرى هىم يۇمۇلغان، يېنىك نەپەستىن كۆكسى ئاستا، خۇددى سوپۇن كۆپۈكىدەك نازۇك تىترەيدۇ. ② كۆچمە. دەل، ماس، خوپ: ئۇ قىش كۈنلىرى كۆپىنچە ئۈستىخىنىغا هىم كەلگەن قارا دۇخاۋا پەلتوسىنى، ئارا ئۆكچىلىك مېغىز رەڭ ئۆتۈكىنى كىيىپ، تاج رەڭ گەرىس ياغلىقنى ئارقىسىدىن بىرلا چىگىپ قويۇپ يۈرەتتى.

**هىمات** ئى (ئە) پاناھ بولغۇچى، ئارقا تىرەك، هىمايە قىلغۇچى، قوغدىغۇچى، يۆلەك، يۆلەنچۈك: هىمات بولماق. هىماتى كۈچلۈك. * « بازاردا ئادەم بولمىسا، ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدىكېرىم » بولغىنىدەك، ئېسىل ئوغۇللىرىدىن ئايرىلغان ئەلگە ئوسمان قولىدىكى قورالنىڭ هىماتى بىلەن « باشچى » بولۇۋالدۇ.

**هىمات قىلماق** پاناھ، ئارقا تىرەك، يۆلەنچۈك قىلماق: ئۇنىڭ چوڭ-كىچىك باشلىقلىرى خېلىل ئاكىنى هىمات قىلىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىپ، پاهىشىۋازلىق، قىمارۋازلىق قىلىپ يۈردى.

**ھاماتچى** ئى. باشپاناھ، ئارقا تىرەك بولىدىغان كىشى؛ يۆلەك، يۆلەنچۈك؛ ھىمايىچى: ــ ئەي خاقانلارنىڭ خاقانى، جىمى ئالەمنىڭ ھۇماتچىسى، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دانا ئاتىسى ئۇلۇغ خاقان! مەرتىۋەڭ يۇقىرى بولغاي، چىققان دۆۋەڭ تېخىمۇ ئېگىز بولغاي، دۆلەت قۇشى بېشىڭدىن كەتمىگەي، ــ دېدى ئۇ.

**ھاماتسىز** سۈپ. باشپاناھى، ئارقا تىرىكى، يۆلەنچۈكى، پاناھى يوق: ھۇماتسىز ئادەم. ھۇماتسىز ئائىلە. * يازنىڭ تېزىكى قىشقا دورا دېگەندەك، كىچىك قىز جەمىلەمنىڭ تەرگەن تېزەكلىرى ئەمدى قىش قىيىنچىلىقىدا قالغان ئائىلىگە بىردىنبىر يېقىلغۇ بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ھۇماتسىز بۇ ئائىلىگە ئەمدى يۆلەك چارە يوق ئىدى.

**ھىمالايا** ئى (سانس) < جۇغ > ← **ھىمالايا تېغى.**

**ھىمالايا تېغى** < جۇغ > ئاسىيا قىتئەسىنىڭ جەنۇبىدىكى غەربتىن شەرققە سوزۇلغان تاغ. ئۇ غەربتە پامىر ئېگىزلىكىدىن باشلىنىپ شەرققە قاراپ جۇڭگو-بىرما چېگرىسىغا قەدەر 2500 كىلومېتىر سوزۇلىدۇ. ئۇ جۇڭگو-شىزاڭ رايونىنىڭ جەنۇبىنى، پاكىستان، ھىندىستاننىڭ شىمالىنى، نېپال، بۇتان، سىككىملەرنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاغ شىمالدا يالۇزاڭبۇ دەريا ۋادىسىدىن باشلىنىپ جەنۇبىي ھىندىستان چېگرىسىغا قەدەر 200 ــ 300 كىلومېتىر كەڭلىكتە سوزۇلىدۇ. ئۇنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 6000 مېتىر بولۇپ، دۇنيادا ئەڭ ئېگىز تاغ ھېسابلىنىدۇ.

**ھىمالايا سۇغۇرى** < زوئول > سۇغۇرنىڭ ھىمالايا تېغىدا ياشايدىغان بىر خىلى.

**ھىمالايا قارىغىيى** < بوت > قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ، شاخلىرى ئايلانما بولۇپ، توغرىسىغا يېيىلىپ ئۆسىدۇ. كىچىك شاخلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلايدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن شېخىدا تارقاق، قىسقا شاخلىرىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يىڭنە شەكىللىك، ئۈچى ئۇچلۇق كېلىدۇ. شىزاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھىمالايا تېغىدىن چىقىدۇ. مەشھۇر مەنزىرە دەرىخى. شەھەرلەردىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ.

**ھىمالايا ھەرىكىتى** < گېئول > يېڭى ھايات ئېراسىدا پەيدا بولغان يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ھەرىكەت ئارقىلىق يېڭى ھايات ئېراسى ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يەر قاتلاملىرىدا پۈرۈلۈش، ئاينىش ۋە ئۈزۈلۈش يۈز بەرگەن.

**ھىمايە** ئى (ئە) ① بىرەر ئىشتا ياردەم بېرىش، ھامىيلىق؛ مەدەت: ھىمايە قىلماق. * ئۇ «مېنىڭمۇ ساۋادىم بولغان بولسا شائىر بولۇپ، ئوتتۇن توشۇماي شېئىر يېزىپ پادىشاھنىڭ ھىمايىسىگە ئىگە بولۇپ ياخشى كۈن كەچۈرگەن بولاتتىم» دەپ ئۆزىنىڭ ئوقۇيالمىغانلىقىدىن چەكسىز ھەسرەتلىنىپتۇ. ② خەۋپ-خەتەر ياكى ھۇجۇمدىن ساقلىنىش، قوغداش، مۇھاپىزەت، مۇداپىئە: مەنمۇ ئەمدى جىم يۈرۈۋەرمەيمەن، ئۆزۈمنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن... » سىيىت ئاكا ئەجەبلەنگەن ھالدا ئەنۋەرگە قارىدى.

**ھىمايە قىلماق** ① بىرەر ئىشتا باشقىلارغا ياردەم، مەدەت بەرمەك؛ ھامىي بولماق؛ قوللىماق: شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى كەمبەغەللەر ياخشى كۆرەتتى، ھىمايە قىلاتتى. ② خەۋپ-خەتەر ياكى ھۇجۇمدىن ساقلىماق، قوغدىماق، مۇھاپىزەت، مۇداپىئە قىلماق: شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئاددىي ئادەملەر ئۆزلىرىنى قۇتقۇزغۇچى دەپ قاراپ، ئۇنى ھىمايە قىلىدۇ.

**ھىمايىچى** ئى. بىرەر ئىشتا قوللاپ-قۇۋۋەتلىگۈچى،

ياردەم بەرگۈچى، قوغدىغۇچى؛ ھامىي: ئاخىرى ئۇ دىنىي ساھەدىكى ھىمايىچىسى نىياز ئەلەمنىڭ ئۆيىگە بېرىشنى قارار قىلدى. * باقى ئاكامنىڭ ئۆز ئالدىغا بىر تۈركۈم ھىمايىچىسى بار ئىدى.

**ھىمايىسىز** سۈپ. ھىمايە قىلىدىغان بىرەر ئادىمى، قوغدىغۇچىسى بولمىغان، ھىمايىگە، قوغدىغۇچىغا ئىگە ئەمەس: ئايىمخان مۇشۇ «خان كۆۋرۈكى» دىن ئۆتۈش سەپىرىنى باشلىغاندىن بۇيان، تۇنجى قېتىم ئۆزىنى ئاجىز ۋە ھىمايىسىز ھېس قىلىپ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولدى.

**ھىمزىرھىم** سۈپ. بىر-بىرىگە چىپىسلاشقان؛ ناھايىتى دەل، ماس كەلگەن؛ يوچۇق قالمىغان: ھىمزىرھىم كەلمەك. ھىمزىرھىم چۈشمەك.

**ھىملەشتۈرمەك** «ھىملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئەۋرىشكىنى يېڭىدىن لايىھىلىنىپ ياسالغان ھىملەشتۈرۈپ ئەۋرىشكە ئېلىش تۇرۇبىسى ئارقىلىق ئېلىشقا توغرا كېلەتتى.

**ھىملەشمەك** پ. ھىم ھالەتكە كەلمەك، ھىم بولماق: شۇ چاغ ئىككى لەۋ ئۆز-ئۆزىدىن بىر-بىرىگە ھىملەشتى... كىچىك نازۇك قوللار مۇرىنىڭ ئۈستىگە، كۆچلۈك قوللار قولتۇق ئاستىغا چاپلاشتى.

**ھىملەنمەك** «ھىملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېمە تەكتىدە بىر-بىرىدىن ئايرىۋېتىلگەن، ھىملەنگەن ئون نەچچە بۆلمە بولۇپ، بۇ بۆلمىلەرنىڭ بىرقانچىسى تاسادىپىي خادا تاشقا سوقۇلۇپ كېتىپ تېشىلسىمۇ، كېمە چۆكۈپ كەتمەيتتى.

**ھىملىمەك** پ. بىر-بىرىگە جۈپلىمەك، يايپىسىرىغا كەلتۈرمەك، يوچۇق قالدۇرماي ئەتمەك، چىپىسلىماق: مەدىكارلار قولمۇ قول تۇتۇش قىلىپ، تۇرۇبىنىڭ ئاغزىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ ھىملەپ قويۇپتۇ.

**ھىممەت** ئى (ئە) باشقىلارغا قىلىنىدىغان ياخشىلىق؛ ياردەم، مەرھەمەت، غەمخورلۇق، ساخاۋەت: ھىممەت كۆرسەتمەك. ھىممەت قىلماق. * كەردان شاھ بۇ ئوغۇلنىڭ مەرد، دانىشمەنلىكىگە تەھسىن-ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ھىممىتىگە كۆپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى. * يامغۇردىن كېيىنلا گۈزەللىشەر كۆك، ھەسەن-ھۈسەننىڭ زىننىتى بىلەن، بېرىدۇ زېمىنغا كۆكلەم گۈزەللىك، رەڭمۇرەڭ نۇرلىرى ھىممىتى بىلەن.

**ھىممەت قىلماق** باشقىلارغا ياخشىلىق، غەمخورلۇق قىلماق، ياردەم بەرمەك: ئۇ ھەتتا ھىممەت قىلىپ ئۇنى ئىقرار بولۇشقا مەجبۇر قىلمايتتى. * تاغلارنى كېسىدۇ ھىممەت شەمشىرى، ھىممەت قىل، ھىممەتتە مۇراد كەۋسىرى، نەسىبىڭنىڭ ھىممىتى بىلەنلا ئېتىخارلانما، سەنمۇ ياز نەسلىڭگە ھىممەت تەزكىرى.

**ھىممەت-ساخاۋەت** ھىممەت ۋە ساخاۋەت: مېنىڭ بۇ ئازغىنە كۆرسەتكەن ھىممەت-ساخاۋىتىمگە كاتتا باھا بەرگەن كىشىلەر ماڭا تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇغاندىن تاشقىرى بەدىرىدىن مەخسۇمغا ئۆز شەپقەتلىرىنى كۆرسەتمەكچى بولۇشتى.

**ھىممەتسىز** سۈپ. بىراۋغا ياخشىلىق، ياردەم قىلمايدىغان، مەرھەمەتسىز، ساخاۋەتسىز: كۆز پەسلى يېقىنلاپ كەلمەكتە مانا، مول ھوسۇل ئىشەنچى دىللاردا تولۇق. بىلىدۇ ئۇلارمۇ سىڭدۈرگەن ئەجىر، مېھنىتى قويمايدۇ ھىممەتسىز-قۇرۇق.

**ھىممەتسىزلىك** «ھىممەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەركىم ئىلىم، ھۈنەر پەزىلەت ئۆگىنىشتىن ئۆزىنى تارتسا (ئۆگەنمىسە)، ئاجىزلىق، بىچارىلىققا رازى بولغانلىقتۇر، مۇنداق قىلىش-غەيرەتسىزلىك ۋە ھىممەتسىزلىكنىڭ ئالامىتىدۇر.

**ھەممەت-شاپائەت** ھەممەت ۋە شاپائەت: سەيدىن قارى «گۆھەر» تېپىشنىڭ يوللىرى ھەققىدە ئۇزاق سۆزلىدى، ھاپىز موللا ئېگەك قېقىپ تەستىقلايتتى ھەم ئۇنىڭ ھەممەت-شاپائىتىگە بارىكاللا ئېيتىپ ئولتۇراتتى.

**ھەممە تىلىك** سۆپ. باشقىلاردىن ياردەمنى ئايىمايدىغان، مەرھەمەتلىك، ساخاۋەتلىك ئالىيجاناب: ــ ئاتام ناھايىتى ھەممە تىلىك مەرد پادىشاھ، سىزنى ھېچ ۋاقىتتا قۇرۇق قايتۇرمايدۇ، ــ دېدى ئۇ. * ھەممە تىلىك كىشىلەر تاپىدۇ ھۆرمەت، مېھمانلارنى كۈت، قولىغا سۇ بەر! گېزى كەلگەندە ئاچ قالساڭمۇ گەر، نەرسەڭنى مېھمانلارغا بەر!

**ھەمىرلاش** ئى. دىئال. كىشىلەر بىلەن بولغان ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق.

**ھەمىرمەك** (توغرىسى: يىمىرمەك) ← **يىمىرمەك**.

**ھەمىق** سۆپ. دىئال. چىڭ؛ ھىم.

**ھىنايانا** ئى (سانس) <دىن> بۇددا دىنىنىڭ ئىلگىرىكى كونا مەزھىپى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «كىچىك كۆلۈڭگۈ» (kiqig kөlünggü) دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەزھەپ شەخسنىڭ ئازادلىقىنىلا كۆزلىگەچكە، گويا كى بىر چوڭ دەريادىن ئۆتمەكچى بولغان كىچىك بىر ھارۋىغا ئوخشىتىلىدىكەن. بۇ ماھايانا مەزھىپىدىكىلەرنىڭ باشلانغۇچ بۇددىزم بىلەن بۇددىزم مەزھەپلىرى ۋە گۇرۇھلىرىغا بەرگەن نامى بولۇپ، كىتابى ئاگاماسۇترا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**ھىندى** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ھىندى بۆلجۈرگىنى** <بوت> ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۇزۇن يەر بېغىرلىغۇچى غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئۈچ قولاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى سېرىق، گۈل تېگى شار شەكىللىك، مېۋىسى ئۇرۇق مېۋە، رەڭگى توق قىزىل. مېۋىسىدىن ھاراق ياساشقا بولىدۇ. غول ۋە يوپۇرمىقىنى زەھەرلىك قۇرت چاققاندا، يىلان چاققاندا جاراھەت ئېغىزىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**ھىندى پەرەڭگۈلى** <بوت> ① تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىلدە، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ، گۈلى قوڭغۇراق شەكىللىك، يالغۇز ئۆسىدۇ، ئادەتتە ئاق، قىزىل، سۆسۈن قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. غولىنىڭ ئەۋرىشىم قىسمىدىن تالا چىقىرىشقا بولىدۇ. بۇ قەغەز ياساش خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. گۈل ۋە ئۇرۇقلىرى ئىسسىقنى ياندۇرغۇچى دورا ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ھىندى تىلى** <تىل> ھىندىستاننىڭ ئورتاق تىلى. ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئاساسەن ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي شىمال قىسىملىرىدا قوللىنىلىدۇ.

**ھىندى خېسى** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، تىك ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تاق ھالەتتە بولۇپ، ئېگىزلىكى بىر مېتىرغا يېتىدۇ، ئۈستى قىسمى كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تەتۈر تۇخۇم ياكى تەتۈر تۆمۈنە شەكىلدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ؛ تولۇق گىرۋەكلىك ياكى گىرۋىكىدە سەل-پەل ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. كۈز پەسلىدە گۈلى ئېچىلىدۇ. گۈلى ئاچ سېرىق ياكى ئاق رەڭدە بولىدۇ. تاغ باغرى، يول ياقىلىرى ۋە ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىي

شىمالى، ھىندىستان، ياپونىيە ۋە فىلىپپىن قاتارلىق جايلارغا تارالغان. غول ۋە يوپۇرماقلىرى خەشەك قىلىنىدۇ.

**ھىندى دىنى** < دىن > ئىسلاھ قىلىنغان براخما دىنى. ھىندىستان، نېپال قاتارلىق دۆلەتلەرگە تارقالغان.

**ھىندى كارپۇس** < بوت > ماخاۋ دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سېرىق ۋە خۇش بۇي؛ ئۇرۇقى تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ. ئۇرۇقىدىن ئېلىنغان مايىنى ماخاۋ كېسىلىنى داۋالاشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**ھىندى كەندىرى** < بوت > پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى ئىككى مېتىر، غولىدا ئېرىقچىلىرى، تۈكلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق، چوكا مېۋىسى يۇمىلاق تۈۋرۈك شەكىللىك، قويۇق تۈكلىرى بار. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبى، ۋېيتنام، بىرما، ھىندىستان، مالايشىيا، ئوكيانىيە قاتارلىق جايلاردا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. غولىنىڭ قوۋزىقىدىن تالا ئېلىنىپ توقۇمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنى يەنە يەم-خەشەك، يېشىل ئوغۇت قىلىنىشقىمۇ بولىدۇ.

**ھىندى گۈلىيە سىمىنى** < بوت > ① غالچەك ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ. غولىنىڭ قوۋزىقى پارقىراق، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكىللىك، ئۇدۇل ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى جىگەر رەڭ ياكى ئاق رەڭدە بولىدۇ. غوزا مېۋىسى شارسىمان. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ھىندى نىلۇفىرى** < بوت > جىنتىيانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇدا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى دۈگىلەك، سۇدا لەيلەپ ئۆسىدۇ. يىلتىزى سۇ ئاستىدا ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، غوزا مېۋىسى سوقىچاق. پۈتۈن ئۆسۈملۈكنى دورا قىلىنىدۇ. سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئىسسىقنى قايتۇرۇش رولى بار.

**ھىندى ئوكيان** < جۇغ > يەر شارىدىكى تۆت چوڭ ئوكياننىڭ بىرى. ئاسىيا، جەنۇبىي قۇتۇپ، ئافرىقا ۋە ئوكيانىيەلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان. كۆلىمى 74 مىليون 910 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. كۆپ قىسمى جەنۇبىي يېرىم شاردا. ئوتتۇرىچە چوڭقۇرلۇقى 3897 مېتىر.

**ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى** < تىل > تىللارنى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى جەھەتتىن كلاسسىفىكاتسىيە قىلىش ئۇسۇلى بويىچە ئايرىلغان بىر خىل تىللار سىستېمىسى. ئۇنىڭغا كىرىدىغان تىللار ئاساسەن ياۋروپا، ئاسىيا ۋە ئامېرىكا قاتارلىق قىتئەلەردە ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تىل سىستېمىسى تۆۋەندىكى تىل تۈركۈملىرىگە بۆلۈنىدۇ: (1) ھىندى تىلى تۈركۈمى، يەنى سانسكرىت تىلى، بارى تىلى، ھىندى تىلى قاتارلىقلار؛ (2) ئىران تىلى تۈركۈمى، يەنى پارس تىلى، ئافغان تىلى، ئېلىمىزدىكى تاجىك تىلى قاتارلىقلار؛ (3) سلاۋيان تىلى تۈركۈمى، يەنى رۇس تىلى، پولەك تىلى، بۇلغار تىلى قاتارلىقلار؛ (4) كارايىپ تىلى تۈركۈمى، يەنى لىتوۋ تىلى، لاتۋىيە تىلى قاتارلىقلار؛ (5) گېرمان تىلى تۈركۈمى، يەنى ئىنگلىز تىلى، نېمىس تىلى، دان تىلى قاتارلىقلار؛ (6) رىم تىلى تۈركۈمى، يەنى فرانسۇز تىلى،

ئىتالىيان تىلى، ئىسپان تىلى، پورتىگال تىلى، لاتىن تىلى، رۇمىن تىلى قاتارلىقلار؛ (7) كېلت تىلى تۈركۈمى، يەنى ئىرلاند تىلى قاتارلىقلار؛ (8) گرېك تىلى تۈركۈمى؛ (9) ئالبان تىلى تۈركۈمى؛ (10) ئەرمەن تىلى تۈركۈمى؛ (11) خىتت تىلى تۈركۈمى؛ (12) توخرى تىلى تۈركۈمى.

**هندى يۇلتۇز گۈلى** < بوت > مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. تۆمۈنە شەكىللىك، گىرۋەكلىرىدە يىرىك ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى سۆسۈن، شەكلى جۇخار بىلەن ئوخشاش.

**هندىچە** ① سۈپ. هىندىلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ياكى مەدەنىيىتىگە ئائىت: هندىچە كىيىم. هندىچە ئۇسسۇل. هندىچە ناخشا. ② ئى. هندى تىلى: ئۇ هندىچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. هندى تىلىنى ئىشلىتىپ، هندى تىلىدا: هندىچە سۆزلەشمەك.

**هندىچىنى** ئى < جۇغ > ← **هندىچىنى يېرىم ئارىلى.**

**هندىچىنى ھەرىكىتى** < گېئول > تىرىياس (ئۇچلە نگەن) دەۋرىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن يەر پوستى ھەرىكىتى. ۋيېتنام بەلباغلىرىدىكى قەدىمىي ھايات ساھەسى ھەم تىرىياس سىستېمىسى يەر قاتلاملىرىدا شىددەتلىك پۈرمىلىنىش پەيدا قىلغان.

**هىندىچىنى يېرىم ئارىلى** < جۇغ > ئاسىيانىڭ شەرقىي جەنۇبىغا، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان ئارىلىقىغا جايلاشقان يېرىم ئارال. مەمۇرىي جەھەتتىن ۋيېتنام، لائوس، كامبودژا، بىرما، تايلاند، سىنگاپور ھەم مالايشىيالارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەر مەيدانى 2 مىليون 70 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 180 مىليوندىن ئاشىدۇ (1984). ئۇ يەنە «جۇڭگونىڭ جەنۇبىدىكى يېرىم ئارال» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**هندىستان** < جۇغ > جەنۇبىي ئاسىياغا جايلاشقان ئەڭ چوڭ قەدىمىي دۆلەت. يەر مەيدانى 2 مىليون 974 مىڭ كۋادرات كىلومېتىردىن ئاشىدۇ.

**هندىستان تاپىرى** < زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. قۇيرۇقى قىسقا، تۇمشۇقى ئۇزۇن بولۇپ، ئۈزىراپ-قىسقىرالايدۇ، تېرىسى قېلىن، تۈكلىرى ئاز كېلىدۇ، ئالدى پۇتلىرى تۆت بارماقلىق، كەينى پۇتلىرى ئۈچ بارماقلىق كېلىدۇ. ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا ياشايدۇ.

**هندىستان سەندىلى** < بوت > ① يۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۈرەككەپ يوپۇرماق. كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى سېرىق، مېۋىسى چوكا مېۋە، ياغىچى قاتتىق، قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. قىممەتلىك ئۆي جاھازلىرىنى ياكى گۈزەل-سەنئەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ياغىچى.

**هندىستان كاۋچۇك دەرىخى** < بوت > ئەنجۈر ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، قېلىن ھەم سىلىق، پارقىرايدۇ. تەگ يوپۇرمىقى سۆس قىزىل، مېۋىسى ئۇزۇن سوقىچاق. ئەسلى ماكانى ھىندىستان. تېنىدە ئاق سۈتى بولۇپ كاۋچۇك ئېلىنىدۇ. دۆلىتىمىزدە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ.

**هندىغالچەك** ئى (هندى+غالچەك) < بوت > ① غالچەك ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان

كىچىك دەرەخ. قوۋزىقى پارقىراق كېلىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى بىنەپشە ياكى ئاق رەڭدە، غوزا مېۋىسى شار شەكلىدە بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ھىندىلار** ئى < ئىرق > ھىندى مىللىتى، ھىندى خەلقى. ئۇلار ھىندىستاننىڭ توپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ھىيلە** ئى (ئە) ئالداش، ساختا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئۇسۇل، ساختىلىق، نەيرەڭ: ھىيلە قىلماق. ھىيلە ئىشلەتمەك. * خوتۇن كىشىنىڭ ھىيلىسى قىرىق ئېشەككە يۈك (ماقال). * ھىيلىدىن ھالۋا ياسايتۇ (ماقال). * بۇ ھىيلە ئۇزۇنغا بارمايلا ئاشكارا بولۇپ قالدى.

**ھىيلە قىلماق** ئالداش، ساختا قىلىش ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتمەك، نەيرەڭۋازلىق قىلماق، ھىيلە ئىشلەتمەك: كېيىن ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ھىيلە قىلىپ، بار-يوقىنى ئېلىشىپ، بۇلارنى يەنە تاشلاپ كېتىپ قېلىشتى.

**ھىيلە ئىشلەتمەك** ھىيلە قىلماق: خەلپە ئېلى نۇرىدىنغا قاراپ: «ئۇ ساڭا ھىيلە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ!» دەپتۇ. * — سەن ھىيلە ئىشلىتىپ بىزنى يولغا سېلىپسەن. سېنىڭ مېنى يولغا سېلىشتىكى غەرىزىڭ ماڭا بۈگۈن ئاخشام ئايدىڭ بولدى، — دېدى ئوسمان ئۇنىڭغا.

**ھىيلە-مىكىر** ھىيلە ۋە مىكىر، ساختىلىق: تۇرسۇن ئۇنىڭ مىڭ خىل ھىيلە-مىكىر ئويناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. * بۇ يولدا شەيتان قولىدىن كېلىدىغان چارە-تەدبىر، ھىيلە-مىكىرلەرنىڭ ھەممىسنى ئىشقا سېلىپتۇ.

**ھىيلە-مىكىرچى** ھىيلە-مىكىر ئىشلەتكۈچى كىشى؛ ئالدامچى: — ئىشچىلار ئاممىسىنى بوياقچى، بىكار تەلەپ، ھىيلە-مىكىرچى دەپ تىللىغان ئەبلەخنى تارتىپ چىقىرايلى! — دەپ توۋلاشتى بىر بۆلۈك كىشىلەر ئۇ تەرەپ-بۇ تەرەپتىن.

**ھىيلە-مىكىرلىك** ھىيلە-مىكىر بار، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىلگەن: — سەن بۇ ئەھۋالنى دەرھال سابىرغا دوكلات قىلغىن، ۋاقىتنى ئۆتكۈزمە، يۈگۈرگىن. بۇ يەردە چوقۇم ھىيلە-مىكىرلىك بىر ئىش بار. مەن سۇلايمان بىلەن نامانىنى كۆزۈمدىن يوقاتمايمەن، — دېدى ئۇ ئاباكرىگە.

**ھىيلە-نەيرەڭ** ھىيلە ۋە نەيرەڭ: ۋەزىرنىڭ قىزى بۇ ۋەقەلەرنى كۆرۈپ ۋە ئاڭلاپ ئۆزىنىڭ قىلغان ھىيلە-مىكىرىسىدىن خۇش بولۇپ «قازىغا ئەجەب ياخشى ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلەتتىم» دەپ كۈلۈۋېرىپتۇ.

**ھىيلىگەر** ئى (ئە+پ) ھىيلە-مىكىر، ئالدامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، ساختىپەز، مەككار ئادەم: ھىيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ، ئىچىدىن سېرىقى چىقماس (ماقال). * — ئەي شاتۇتىم، ئېيتقا، مەن قانداق قىلاي، جاھاندىكى ئايال جىنسلىقلار راستتىن ھىيلىگەر، ئېرىنى ئالدايدىغان، بىۋاپامۇ؟ — دەپ خىتاب قىلىپتۇ ئۇ. ‖ ئۇنىڭ ھىيلىگەر ئادەملىكىنى مەن خېلى بۇرۇنلا سەزگەن.

**ھىيلىگەرلىك** ئى. ھىيلىگەرلەرگە خاس قىلىق: پالۋانلار چېرىكلەرنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى سېزىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن چىقماقچى بولدى. * بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئاتۇشلۇق بىر تاۋاقچى ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتكەن، ئۇ قېرى يەنە بىر ھىيلىگەرلىك قىلغان ئوخشايدۇ.

**ھىيلىلىك** سۈپ. ھىيلىسى بار، ھىيلە ئىشلىتىلگەن: ھىيلىلىك ئىشتا خەير يوق (ماقال). * شۇندىقتىمۇ ئۇ يانماي پەيلىدىن، يۈردى كۆپ زامان شۇ ئىش كەينىدىن، ۋۇجۇدقا چىقماي ھىيلىلىك ئىشى، قېتىپ بېشىنىڭ ئىچى ھەم تېشى.

# ئو

**ئو** ① ئۇيغۇر تىلى ئېلىپبەسىنىڭ 24-ھەرپى ۋە شۇ ھەرپنىڭ نامى. ② رەت تەرتىپى بويىچە 24-نى كۆرسىتىدۇ.

**ئوبدان** ① سۈپ. ياخشى، ئېسىل، بەلەن: قوغۇننىڭ ئوبدىنى ئۈزۈن پىلەكتە، چىشنىڭ ئوبدىنى تۆۋەن ئېگەكتە (ماقال). * ئوبدىنى كالا، يامىنى توڭگۇز (ماقال). * بۇ ماقالىدە بىرمۇنچە ئوبدان گەپلەر بار ئىكەن. // ئۇ سازنى ئوبدان چالاتتى. ② رەۋ. راسا، دەل ۋاقتىدا، تازا، خوپ: بايۋەچچە بېشىنىڭ كۆيۈۋاتقانلىقىغا چىدىماي يىغلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن كاللا-پاقالچاقچى: — ئەمدى سىزنىڭ بېشىڭىز ئوبدان پىشتى، — دەپ ئۇنى قويۇپ بېرىپتۇ. * بۇنى تېخى بىرەرىگە سۆزلەپ بەرگىم كېلىپ ئولتۇراتتىم، ئوبدان كېلىپسىز. // — كېلىڭ، سىڭلىم، تازىمۇ ئوبدان ۋاقتىتا كېلىپسىز، — دېدى ئۇ سانىيەنى قىزغىن كۈتۈپ. ③ ئىم «بولىدۇ»، «ماقۇل»، «خوپ» دېگەن مەنىلەردە رازىلىقنى بىلدۈرىدۇ: — ئوبدان، شۇنداق قىلسۇن، — دېدى ھاپىزئاخۇن كۈلۈمسىرەپ. * — ئوبدان، — دېدى ھاجى ئىشان، — ئۆيدە يەنە ئۆزلىرىنى ئابدۇللا داموللام ھەزرەتلىرى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

**ئوبدانچاق** ئى → **ياخشىچاق**.

**ئوبدانچاقلىق** ئى → **ياخشىچاقلىق**: — قۇرۇپ كەتسۇن ئۇنداق ئوبدانچاقلىق! — دېدى قۇۋانخان ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەستىن ۋارقىراپ.

**ئوبدانچىلىق** ئى. ئوبدان، ياخشى ئەھۋال، ھەممە ئىشلار كۆڭۈللۈك بولغان ھالەت: كۆرسىلە بۇ ئوبدانچىلىقنى! خۇدا «ئال قۇلۇم» دېۋەتسە، بەندىگە ئامەت ئالدىنى قىلىدىكەن. * پادىشاھنىڭ ئۆلۈمى، توي بولۇپتۇ خەلق ئۈچۈن، ئوبدانچىلىق بولۇپتۇ، كەمبەغەل-يوقسۇل ئۈچۈن.

**ئوبدانلاشماق** پ ① ئوبدان ھالەتكە كەلمەك، ئوبدان، ياخشى بولماق: — بۇ بالىنىڭ كەيپىزلىكى تۈگەپ، ئوبدانلىشىپ قېلىپتۇ، ئەمدى، — دېدى ئەيسا ئاكام

خەيرىنساخانىغا. ② يارا شىماق، يارىشىپ قالماق: ئۇلار «ئىككى بالىدا گۇناھ يوق، ئوبدانلىشىپ قالسۇن» دەپ تالاي قېتىم ئادەم ئەۋەتتى.

**ئوبدانلىق** ئى. ئېسىللىك، بەلەنلىك، ياخشىلىق: ئۆزلىرىنىڭ بويلىرى يېكەن-قومۇشتەك، خۇيلىرىنىڭ ئوبدانلىقى، ئالتۇن-كۆمۈشتەك.

**ئوبدانلىماق** پ. ئوبدان ھالەتكە كەلمەك، ئوبدان بولۇپ قالماق: ئۇنىڭ ئەھۋالى خېلى ئوبدانلاپ قالدى.

**ئوبراز** ئى (ر) ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئادەم مېڭىسىدىكى كۆپييسى: ئوبراز ئارقىلىق تەپەككۇر قىلماق. ئوبرازىغا شەك كەلتۈرمەك. ② < ئەد > يازغۇچىنىڭ كۆزىتىش، تاللاش، پىششىقلاش ۋە يۇغۇرۇشىدىن كېلىپ چىققان تۇرمۇش مەنزىرىسى.

**ئوبراز خاتىرىسى** < پسخول > ئىدراك قىلىنغان شەيئىنىڭ مېڭىدە قايتا ئەكس ئەتكەن ئوبرازىنى مەزمۇن قىلغان خاتىرە. مەسىلەن، بىرەر كىشىنى سېغىنغاندا ئۇنىڭ چىراي-تۇرقى كۆز ئالدىڭىزدا ئايان بولۇشى مۇمكىن، بۇنى كۆرۈش سېزىمىنىڭ ئوبراز خاتىرىسى دەيمىز؛ ياكى ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى قۇلىقىڭىزغا ئاڭلانغاندەك بولۇشى مۇمكىن، بۇنى ئاڭلاش سېزىمىنىڭ ئوبراز خاتىرىسى دەيمىز. ئادەتتە ئوبراز خاتىرىسى ئومۇمەن ئاڭلاش خاراكتېردا بولىدۇ.

**ئوبراز يارىتىش** < ئەد > تىل ياكى باشقا بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق كىشلەرنىڭ ئوبرازىنى شەكىللەندۈرۈش جەريانى.

**ئوبرازچانلىق** ئى < ئەد > ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن رېئال تۇرمۇشنىڭ جانلىق، كونكرېت ۋە كىشلەرنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنى قوزغاش، كىشلەرنى ھاياجانلاندۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇشى.

**ئوبرازلاشتۇرماق** «ئوبرازلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر پېداگوگ ئوقۇتۇشتا بىلىمنى مۇستەھكەملەشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ھادىسىلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇپ بىر مەس ئادەمنىڭ مىلچىمال قاچىلانغان ھارۋىنى سۆرەپ ماڭغىنىغا ئوخشىتىدۇ.

**ئوبرازلاشتۇرۇش** ئى < ئەد > ئەدەبىيات-سەنئەت ئەسەرلىرىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە يارىتىلغان بەدىئىي ئوبرازنىڭ ئېنىقلىق، جانلىقلىق ۋە كونكرېتلىقتا يەتكۈزۈلۈش جەريانى.

**ئوبرازلاشتۇرۇلماق** «ئوبرازلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوبرازلاشماق** پ. تىپىك، چۈشىنىشلىك ھالەتكە كەلمەك، ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلەنمەك، تىپىكلەشمەك، ئېنىق ھەم روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماق: ئۇزۇنراق ئۆمۈر سۈرىدىغان تىل بىرەر شەيئىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان، ئوبرازلاشقان تىلدۇر، يەنى شېئىرىي تىلدۇر.

**ئوبرازلىق** سۈپ. مەلۇم ئوبرازلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان ياكى بېرىلىدىغان، ئوبرازلاشقان: ئوبرازلىق تەپەككۇر. ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر. ئوبرازلىق پىكىر. ئوبرازلىق تىل. * ئىپتىدائىي ئەمگەك بىلەن ئىپتىدائىي ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ئىپتىدائىي سەنئەتنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. * مەن ئاددىي بىر قىزنىڭ ئوبرازلىق تىل ئىشلىتىشىدىن ھوزۇرلىنىپ زوق بىلەن كۈلدۈم. * بۇ رومانىدا سۇتۇق بۇغراخان قاراخانىيلارنىڭ ئوبرازلىق ۋەكىلى سۈپىتىدە بايان قىلىندى.

**ئوبرازلىق تەپەككۇر** < پەلس > ئىنسانلارنىڭ

جانلىق، كونكرېت ئوبرازلار ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغان بەدىئىي (سەنئەت) تەپەككۇر ياكى ئېستېتىكىلىق تەپەككۇر پائالىيىتى. مۇزىكا، ئۇسسۇل، رەسساملىق، كىنو، دراما، ھەيكەلتاراشلىق، سۆز (تىل) سەنئەتكارلىقى قاتارلىق ھەر خىل سەنئەت ئىجادىيەتلىرى ئەنە شۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى. ئۇلار ئوبراز يارىتىشتا ئىشلەتكەن ئاھاڭ، ھەرىكەت، بوياق، گۈزەل تىل، مەنزىرە... قاتارلىق ۋاستىلەرگە قاراپ پەرقلەندۈرۈلىدۇ. ئوبرازلىق تەپەككۇر بىلەن لوگىكىلىق تەپەككۇر گەرچە بىر-بىرىدىن پەرقلىق ئىككى نەرسە بولسىمۇ، ئۇلار بىر-بىرىگە باغلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ ھەرئىككىلىسى ئەقلىي تەپەككۇر پائالىيىتى ھېسابلىنىدۇ، بۇ ئىككى خىل تەپەككۇر شەكلى بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، تولۇقلايدۇ، كۈچەيتىدۇ.

**ئوبرازلىقلىق** «ئوبرازلىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىز بۇ ئاملىلارنىڭ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى كۆرسىتىدىغان ئەھۋال ئىكەنلىكىنى 3-لېكسىيىمىزدە سۆزلەپ ئۆتكەنىدۇق.

**ئوبزور** ئى (ر) < ئەد > مەلۇم مەسىلە ياكى ۋەقە توغرىسىدىكى باھا ئاساسلىق بايان قىلىنىدىغان بىر خىل ئەسەر.

**ئوبزورچى** ئى. گېزىت، ژۇرناللارغا ئوبزور يېزىپ تۇرىدىغان كىشى، يازغۇچى: ماقالە ياخشى يېزىلسۇنكى، ناچار بولۇپ قالمىسۇن، ئەدەبىيات-سەنئەت ئوبزورچىلىرىمىز ئەقىل-پاراستىنى ئەڭ زور دەرىجىدە جارى قىلدۇرسۇن.

**ئوبزورچىلىق** ئى. ئوبزور يېزىپ تۇرۇش ئىشى، كەسپى: مەن ئوبزورچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ئىككى بۇرادىرىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بەكلا خۇشال بولدۇم.

**ئوبكوم** ئى «ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى» نىڭ قىسقارتىلمىسى.

**ئوبلاست** ئى (ر) ① بىرقانچە رايون ياكى ناھىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەمۇرىي بىرلىك. ② ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ مەركىزى: ئىدارە باشلىقى ئوبلاستقا مەجلىسكە كەتكەن كۈنى ئۇلار كېلىپ قالدى.

**ئوبلاستلىق** سۈپ ① ئوبلاست دەرىجىلىك، ئوبلاستقا ۋەكىللىك قىلىدىغان؛ ئوبلاست خاراكتېرىدىكى: ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتى. * ئۇ بۇ قېتىم ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى. ② ئوبلاستقا قارايدىغان، ئوبلاستنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ئوبلاستقا تەۋە: ئوبلاستلىق ئاياللار بىرلەشمىسى. ئوبلاستلىق تېرە-يۇڭ شىركىتى.

**ئوبوروت** ئى (ر) <س ئق> تاۋارنى پۇلنىڭ ۋاستىسى بىلەن قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن پۇلنى قولدىن قولغا ئۆتكۈزۈش ھەرىكىتى. ئۇ تاۋار ئوبوروتى بىلەن پۇل ئوبوروتىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوبوروت بولماق** <س ئق> پۇل ياكى تاۋار قولدىن-قولغا ئۆتمەك، ئايلانماق.

**ئوبوروت خىراجىتى** <س ئق> تاۋار ئوبوروتى جەريانىدا سەرپ قىلىنىدىغان خىراجەت.

**ئوبوروت قىلماق** <س ئق> پۇل ياكى تاۋارنى قولدىن-قولغا ئۆتكۈزمەك، ئايلاندۇرماق.

**ئوبوروت كاپىتالى** <س ئق> ئايلىنىش، ئوبوروت جەريانىدا تۇرۇۋاتقان كاپىتال.

**ئوبوروت ۋاستىسى** < س ئىق > پۇلنىڭ تاۋار ئالماشتۇرۇش جەريانىدىكى ۋاستىچىلىك رولى.

**ئوبوروت ۋاقتى** < س ئىق > كاپىتال ياكى مەبلەغنىڭ ئوبوروت جەريانىدا تۇرۇۋاتقان ۋاقتى.

**ئوبۇ** ئى < مۇز > ياغاچتىن ياسالغان يەللىك چالغۇ ئەسۋابى. ئۇ پى-پى، گەۋدە ۋە كاناي ئاغزىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسمدىن تەركىب تاپىدۇ. پۈۋلەيدىغان يېرىدە قومۇش شۆپۈكىدىن ياسالغان ئىككى ياپراقلىق پى-پىسى بولىدۇ.

**ئوبسىدىئان** ئى (ر< لات) < گېئول > ئەينەكلىك بىر خىل ئېتىلما جىنس. پۈتۈنلەي دېگۈدەك يانار تاغ ئەينىكىدىن تەشكىللەنگەن. ئادەتتە قارا كۆل رەڭ بولۇپ، ئۇچۇق ئەينەك پارقىراقلىقىغا ۋە سەدەپسىمان ئۈزۈلۈش يۈزىگە ئىگە. ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ۋە بېزەك بۇيۇملىرىنىڭ خام ئەشياسى بولالايدۇ.

**ئوبيوم** ئى (ر) سىغىم؛ ھەجىم.

**ئوبيېكت** ئى (ر< لات) ① < پەلس > بىزدىن تاشقىرى ۋە ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان بارلىق، ماددىي دۇنيا، مەۋجۇدىيەت. سۇبيېكتنىڭ ئەكسى. ② كىشىنىڭ پائالىيىتى، دىققەت-ئېتىبارى قارىتىلغان ھادىسە، نەرسە ياكى ئادەم: ئۇلار ئەسەرنى قولىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسى، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىسى، يېزىۋاتقان ئوبيېكتىنىڭ قانداقلىقىدىن قەتئىينەزەر، ئۆزىنىڭ «قېلىپى» غا چۈشۈرىدۇ. * ئۇرۇش، چېقىش، بۇلاشتا داڭ چىقارغان بۇ سىلىك «ئىككىگە زەربە بېرىش، بىرنى پىپەن قىلىش» ھەرىكىتىنىڭ ئوبيېكتى ئىدى. ③كۆچمە.

مۇھەببە تلىشىۋاتقان ئىككى تەرەپتىن بىرى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): مەن دەسلەپ سەل ئويلىنىۋالدىم. ئەھۋالنى ئانامغا تەپسىلىي چۈشەندۈرمىسەم بولمايتتى، ھالبۇكى تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلىمەكچى بولغان ساۋاقدىشىمنىڭ بىر قىز ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ دەل مېنىڭ ئوبيېكتىم ئىكەنلىكىنى ئوچۇق ئېيتسامۇ ئەپلەشمەيتتى.

**ئوبيېكتىپ** سۈپ (ز)< پەلس > ① ئاڭدىن تاشقىرى بولغان ۋە ئاڭغا، كىشلەرنىڭ سۇبيېكتىپ قارىشىغا بېقىنمىغان، باغلىق بولمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، «سۇبيېكتىپ» نىڭ ئەكسى: ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. ئوبيېكتىپ شارائىت. ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت. ئوبيېكتىپ رېئاللىق. ② نەرسە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئەسلىي قىياپىتى بويىچە تەھلىل قىلىپ چىقىرىلغان، شەخسىي ھېسسىيات ئارىلاشتۇرۇلمىغان، بىر تەرەپلىمىكتىن خالىي، دۇرۇس، ھەقىقىي: ئوبيېكتىپ باھا. ئوبيېكتىپ خۇلاسە.

**ئوبيېكتىپ چىنلىق** < پەلس > ئادەمنىڭ ئېڭىدىن مۇستەقىل بولغان، ئادەمنىڭ ئېڭىدا ئەكس ئېتىدىغان ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت، يەنى ماددا.

**ئوبيېكتىپ دۇنيا** < پەلس > ئېڭىمىزغا باغلىق بولمىغان ھالدا ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان رېئال دۇنيا.

**ئوبيېكتىپ دىئالېكتىكا** < پەلس > سۇبيېكتىپ دىئالېكتىكىنىڭ قارىمۇقارشىسى. ئۇ تەبىئەت دۇنياسى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۆزىدىكى دىئالېكتىك ھەرىكەت قانۇنىيىتىدۇر. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى، سان بىلەن سۈپەتنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىش قانۇنىيىتى، ئىنكارنى ئىنكار قىلىش قانۇنىيىتىدۇر.

ئوبيېكتىپ دۇنيانىڭ دىئالېكتىك ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى ئىنسانلار تەپەككۇرىدە ئەكس ئەتكەندە سۇبيېكتىپ دىئالېكتىكا بولىدۇ.

**ئوبيېكتىپ ھاۋا رايى مەلۇماتى** < مېتېئور > ئوبيېكتىپ ئابھاۋانى تەھلىل قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئىشلەنگەن ئابھاۋا مەلۇماتى. مەسىلەن، بېرىلگەن ھاۋا رايى شارائىتىغا ئاساسلىنىپ، قىممەتلەرنى ھېسابلاش ياكى گرافىكىلاردىن تېپىپ ھېسابلاش جەريانى ئارقىلىق مۇئەييەن خۇلاسە چىقىرىلىدىغان ئالدىن مەلۇمات بېرىش ئۇسۇلى.

**ئوبيېكتىپ ھەقىقەت** < پەلس > ئادەمنىڭ بىلىشى توغرا ئەكس ئەتتۈرگەن، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ مەزمۇن. دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم؛ ماددىي دۇنيا ــ كىشىلەرنىڭ بىلىشىنىڭ بىردىنبىر مەنبەسى، ھەقىقەت ــ ئوبيېكتىپ شەيئى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيىتىنىڭ توغرا ئىنكاسىدۇر؛ شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەقىقەت ئوبيېكتىپ بولىدۇ، يەنى ئۇ ھەرقانداق ئادەم، گۇرۇھ ۋە سىنىپنىڭ سۇبيېكتىپ ئارزۇسىغا باغلىق بولمىغان ئوبيېكتىپ مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ سىنىپىي مەيدانى، نۇقتىئىنەزىرى ۋە ئۇسۇلى ئوخشاش بولماسلىقتىن، ئەينى بىر شەيئىنى كۆزىتىشتىن باشقا-باشقا، ھەتتا پۈتۈنلەي ئەكسىچە يەكۈن چىقىرىشلىرىدىن قەتئىينەزەر، ئەينى بىر شەيئى توغرىسىدىكى ئوبيېكتىپ ھەقىقەت پەقەت بىرلا بولىدۇ دەپ قارايدۇ.

**ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم** < پەلس > ئىدېيالىزمنىڭ بىر مەزھىپى. ئۇ ئادەمنىڭ ئېڭىغا بېقىنمىغان ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان «روھ ياكى ئەقىل بار» دېگەننى تەشەببۇس قىلىدۇ، ماددىي دۇنيانى ئەنە شۇ «روھ» ياكى «ئەقىل» نىڭ ئىپادىلىنىشى ياكى مەھسۇلى دەپ ھېسابلايدۇ.

**ئوبيېكتىپچىلىق** ئى < پەلس > ① ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى «سىنىپتىن ھالقىغان»، «پارتىيە-گۇرۇھتىن ھالقىغان» ھالدا تەھلىل-تەتقىق قىلىش دېگەننى كۆز-كۆز قىلىدىغان بىر خىل بۇرژۇئا نۇقتىئىنەزەر، بۇرژۇئازىيە مەيدانى ۋە پارتىيۋىلىكىنىڭ بىر خىل ئىپادىسى. ئۇ ساختا «ساپ ئوبيېكتىپ بولۇش» ياكى تارىخنى تەتقىق قىلىشتا سۇبيېكتىپ قاراشنى «ئارىلاشتۇرماسلىق» دېگەندەك چۈمپەردىلەرگە ئورىنىۋېلىش، تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن بۇرژۇئا مەنپەئىتىنى ئومۇمىي خەلق مەنپەئىتى دەۋېلىش ئارقىلىق ئەمگەكچى خەلقنى بىخۇدلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىئىنەزىرى بىلەن ھېچبىر ئورتاقلىقى يوق. ② ماركسىزم كلاسسىكلىرى بەزىدە بۇ ئۇقۇمنى ماتېرىيالىزملىق مەنىدە، يەنى سۇبيېكتىپ ئاڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىش نۇقتىئىنەزىرىدىن ئىشلىتىدۇ.

**ئوبيېكتىپلىق** «ئوبيېكتىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ماركسىزم ھەرقانداق ھەقىقەتنىڭ مۇتلەق ئوبيېكتىپلىقىنى ئىنكار قىلىدۇ، ھەرقانداق مەڭگۈلۈك ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىدۇ.

**ئوپال** ئى < گېئول > بىر خىل مىنېرال، يەنى تەبىئىي سىلىتسىي ئوكسىد قېتىشمىسى. خىمىيىلىك تەركىبى $SiO_2 \cdot nH_2O$. تەركىبى تۇراقسىز، ئەڭ يۇقىرى بولغاندا

34% كە يېتىدۇ. ئادەتتە كرىستالسىز ماددا دەپ قارىلىدۇ. كۆپىنچە زىچ كاللەك، بەزىدە قوڭغۇراقسىمان ھالەتتە بولىدۇ. رەڭگى ئوخشاش ئەمەس، كۆپ ھاللاردا تۇخۇم ئېقى رەڭگىدە بولىدۇ. تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغاندا ھەر خىل رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. كۆپ تۆشۈكلۈك كاللەكلىرى موم پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 5 — 5.5. سۇنۇق يۈزى قۇلۇلە قېپى ھالىتىدە بولىدۇ.

**ئوپپورتۇنىزم** ئى (ر< لات) < پەلس > ئىشچىلار ھەرىكىتى داۋامىدا پرولېتارىيات سىنىپىنىڭ مەنپەئىتىنى بۇرژۇئازىيە مەنپەئىتىگە بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان، بۇرژۇئازىيە بىلەن كېلىشىم، ھەمكارلىق تۈزۈشكە، سىنىپىي كۈرەش، سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب ۋە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن ۋاز كېچىشكە دەۋەت قىلىدىغان سىياسىي ئېقىم.

**ئوپپورتۇنىست** ئى (ر) < پەلس > ئوپپورتۇنىزم تەرەپدارى، ئوپپورتۇنىزم سىياسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى شەخس.

**ئوپتىكا** ئى (ر< گرېك) < فىز > فىزىكىنىڭ بىر تارمىقى. يورۇقلۇقنىڭ پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ھەمدە يورۇقلۇقنىڭ ھەر خىل ماددىلار بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئوپتىكىلىق** سۈپ < فىز > ئوپتىكا ھادىسىلىرىگە ئائىت؛ ئوپتىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: ئوپتىكىلىق ئەينەك. ئوپتىكىلىق زىچ مۇھىت. ئوپتىكىلىق شالاڭ مۇھىت.

**ئوپتىكىلىق ئەينەك** < فىز > ئوپتىكىلىق ئەسۋابلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان ئالىي دەرىجىلىك ئەينەك. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئوپتىكىلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. فوتو ئاپپارات، تېلېسكوپ، دۇربۇن قاتارلىقلارنىڭ كامېرى ئوپتىكىلىق ئەينەكتىن ياسىلىدۇ.

**ئوپتىكىلىق پائالىيەتچانلىق** < فىز > ماددىلارنىڭ پولياردىزاتسىيىلەنگەن نۇر ئۆتكەندە يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىش خۇسۇسىيىتى. ئوپتىكىلىق پائالىيەتچانلىق ماددىلارنىڭ مولېكۇلا ۋە ئاتوملىرىنىڭ تىزىلىشىنىڭ سىممېترىك بولماسلىقىدىن شەكىللىنىدۇ.

**ئوپتىكىلىق زىچ مۇھىت** < فىز > ئىككى خىل مۇھىت سېلىشتۇرۇلغاندا، يورۇقلۇقنىڭ ئۆتۈشى ئاستىراق بولغان مۇھىت ئوپتىكىلىق زىچ مۇھىت دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ھاۋا بىلەن سۇنى سېلىشتۇرساق، سۇ ئوپتىكىلىق زىچ مۇھىت بولىدۇ.

**ئوپتىكىلىق شالاڭ مۇھىت** < فىز > ئىككى خىل مۇھىت سېلىشتۇرۇلغاندا، يورۇقلۇق تېزرەك ئۆتكەن مۇھىت ئوپتىكىلىق شالاڭ مۇھىت دېيىلىدۇ. مەسىلەن، ھاۋا بىلەن سۇنى سېلىشتۇرساق، ھاۋا ئوپتىكىلىق شالاڭ مۇھىت بولىدۇ. نۇر ئوپتىكىلىق شالاڭ مۇھىتقا كىرگەندە سۇنۇش بۇلۇڭى چۈشۈش بۇلۇڭىدىن چوڭ بولىدۇ.

**ئوپتىكىلىق ئوق** < كېئول > كرىستاللاردىكى نۇرغا نىسبەتەن قوش سۇنۇش پەيدا بولمايدىغان ئالاھىدە يۆنىلىش. يەككە ئوقلۇق كرىستالنىڭ بىر ئوپتىكىلىق ئوق يۆنىلىشى، قوش ئوقلۇق كرىستالنىڭ ئىككى ئوپتىكىلىق ئوق يۆنىلىشى بولىدۇ.

**ئوپتىمېتىر** ئى (ر< لات) < فىز > ئوپتىكىلىق قائىدىلەردىن پايدىلىنىپ ياسالغان، كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش، ئۆلچەش قاتارلىق خىزمەتلەرگە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئۇپتىمىزم** ئى (ر< لات) < پەلس> كېلەچەككە، ئومۇمەن ھەربىر ئىشقا ئىشەنچ بىلەن قاراش؛ ھەربىر نەرسىنىڭ ياخشى ۋە پارلاق تەرەپلىرىنى كۆرۈشكە مايىللىق.

**ئۇپتىمىست** ئى (ر) < پەلس> ئۇپتىمىزم روھى بىلەن سۇغىرىلغان، ھەر نەرسىگە، ھاياتقا تولۇق ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان، ئۇنىڭدىن زوقلىنىدىغان كىشى.

**ئۇپقان** سۈپ. يەپ تويمايدىغان، ئالدىغا كەلگەننىڭ ھەممىسىنى يەپ كېتىدىغان؛ ئاچكۆز: ئۇپقان ئادەم. // مەن ساڭا ئوچۇقىنى ئېيتسام، بۇ يەر ھازىر ئادەم يۇتىدىغان ئۇپقانغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئۇپقانلىق** «ئۇپقان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئۇپمۇئوخشاش** ← **ئۇپئۇخشاش**: بۇ چاغدا جاراڭ-جۇرۇڭ قىلىپ، بىر-بىرىگە ئۇپمۇئوخشاش 40 مەپە يېتىپ كېلىپتۇ.

**ئۇپئوچۇق** سۈپ. ناھايىتى ئوچۇق؛ ئاپئاشكارا، ناھايىتى ئېنىق: ئۇنىڭدىن قىپقىزىل يالقۇن چىپچىپ كۆتۈرۈلگەن يانغىن ئۇپئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * ۋەتەن، خەلق بەختىنى كۈيلەش، مېنىڭچە زور شەرەپلىك ئىش، مۇرادىم ئۇپئوچۇق تۇرسا، ماڭا قانداق گۇناھ كەلسۇن؟

**ئۇپئوخشاش** سۈپ. بەكمۇ ئوخشاش، پۈتۈنلەي بىردەك، ئاسان پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان: ئىككىمىزنىڭ كىيىمى، بەلگىسى ئۇپئوخشاش. * سىلەرنىڭ ئاغزىڭلاردىن چىقىۋاتقان گەپلەر ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى بىلەن ئۇپئوخشاش.

**ئۇپئوڭاي** سۈپ. ناھايىتى ئوڭاي، بەكلا ئاسان، ھېچقانچە كۈچ ياكى قابىلىيەت تەلەپ قىلمايدىغان: — شۇنداق ئۇپئوڭاي بىر ئىشنى قاملاشتۇرالماي يۈرگىنىنى قارىمامدىغان؟ — دېدى ئۇ ئاسىيەگە سوئال نەزىرى بىلەن.

**ئۇپۇر** ئى. دىئال ① ئويمان، ئازگال. ② چاناق.

**ئۇپۇر-توپۇر** ① بىرقانچە ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ جىددىي ھەم ئالدىراشلىق بىلەن قىلغان قالايمىقان ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان ئاۋازلار ۋە شۇنداق ھالەت: ئەمدىلا كۆزىنى يۇمغان رەپىق ئاكىمۇ تويۇقسىز چىققان بۇ ئۇپۇر-توپۇردىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. * ئابدۇللا روزى سىرتتىكى ئۇپۇر-توپۇرلارغا دىققەت قىلىپ ئولتۇراتتى. * كېچە بويىدا ئۇپۇر-توپۇر ۋە ئالاقزادىلىك باشلىنىپ كەتتى. // كوچىمۇ تىپتىنچ، ئۇپۇر-توپۇر ئەھۋاللارمۇ يوق ئىدى. ② ئالدىراپ-سالدىراپ، جىددىي ھالدا، تويۇقسىز، ئۇشتۇمتۇتلا: ئۇلار ھاسىراپ-ھۆمۈدىشىپ، ئۇپۇر-توپۇر يېتىپ كېلىشتى-دە، ئۆيگە ئۇچقاندەك كىرىپ كېتىشتى. * ئاتلىقلار ئۇپۇر-توپۇر باستۇرۇپ كەلدى، قىلىچ تۇتقان قوللار «مانا مەن» دەپ كۆزگە چۈشتى. * بىز ھەممىمىز ئۇپۇر-توپۇر باستۇرۇپ بارىدىغان بولساق، ئۇلار قورقۇپ قېچىپ كېتىشىدۇ.

**ئۇپۇر-توپۇر بولماق** جىددىي، قالايمىقان، تەرتىپسىز ھالەت پەيدا بولماق: تۆمۈر دەرۋازا ئالدى ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. * ئۇ كىشىلەرنىڭ ئۇپۇر-توپۇر بولۇشۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ قالدى. * دوختۇرخانا شۇنچىلىك ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتىكى، دوختۇر ۋە سېستىرالار قورقىنىدىن ھەتتا ئەركىن نەپەسمۇ ئالالماي قېلىشتى.

**ئۇپۇر-توپۇر قىلماق** ئۇپۇر-توپۇر قىلغان ياكى شۇنداق ھالەتنى پەيدا قىلماق: يىراقتىن نۇرغۇن ئاتلارنىڭ ئۇپۇر-توپۇر قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى. * ئۇ قارىسا، سوغۇقتىن مۇزلاپ كۆكىرىپ كەتكەن بالىلار مەش ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئۇپۇر-توپۇر قىلىشىۋاتقانىكەن.

**ئوپۇرۇلماق** « ئوپۇرماق » پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوپۇل-توپۇل** ئالدىراپ-تېنەپ، ھاپىلا-شاپىلا؛ ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز، بىردىنلا: مەلىكىلەر خەلىپىنىڭ بۇ كەڭچىلىكىگە ھەيران بولۇشۇپ، خۇشاللىقىدا ھېچنېمىنى ئويلىماي، ئوپۇل-توپۇل ياسىنىپتۇ. * ـــ ياق، ئۇنداق ئەمەس، ـــ مەن ئوپۇل-توپۇل رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتىم-دە، ئاسىيەگە ئىلتىماس قىلدىم، ـــ ئاسىيە! بولدى قىلايلى، هاراقنى ئېلىۋەتكىن.

**ئوپېرا** ئى (ر< لات) < ئەد > شېئىرىي خۇسۇسىيەت بىلەن دراماتىك ۋەزىپە ئورگانىك ھالدا بىرىكىپ يېزىلغان دراما.

**ئوپېرا ئۆمىكى** < تىيا > ئوپېرا ئىجادىيىتى ۋە ئۇنى ئورۇنلاشنى ئاساس قىلغان چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال تەشكىلات.

**ئوپېراتسىيە** ئى (ر< لات) ① < تىب > بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەقسىتىدە كېسەللەنگەن جاينى خىرۇرگىيە يولى بىلەن يېرىش، كېسىش، تىكىش: ئوپېراتسىيە قىلماق. ئوپېراتسىيە ئۆيى. * ئايخان ئوپېراتسىيىدىن چىقىپ، تەخمىنەن بىر سائەت ئۆتكەندىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى ۋە: ـــ مېنى ئوپېراتسىيە قىلىپ بولدۇڭلارمۇ؟ ـــ دېدى. ② < ھەرب > بىرەر مەقسەتنى كۆزلەپ ياكى بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان جەڭ ھەرىكەتلىرىنىڭ يىغىندىسى: قىسقىسى، قورغاندا غەلىبىلىك جەڭ قىلىش سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ باتالىيونى ئۈچۈن قىير ئۇرۇشىدىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك ئىش بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ كېيىنكى ھەربىي ئوپېراتسىيىلەرنى ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈشىگە داغدام يول ئېچىۋاتقانلىقى بىلەن باراۋەر ئىش بولاتتى.

**ئوپېراتسىيە قىلماق** < تىب > بەزى كېسەللىكلەرنى داۋالاش مەقسىتىدە كېسەللەنگەن جاينى خىرۇرگىيە يولى بىلەن يارماق، كەسمەك ۋە تىكمەك: بالىنىستىنىڭ مۇشۇ ياتقىدا ياتقىنىمغا ئاز كەم 20 كۈن بولۇپ قالدى. بۇ جەرياندا كۆزەينەكلىك ۋراچ قىز قورسىقىمنى ئوپېراتسىيە قىلىپ، ئۈچەيىمنىڭ زەھەرلەنگەن قىسمىنى كېسىپ تاشلاپ، يېڭىدىن ئۇلىدى.

**ئوپېراتور** ئى (ر< لات) كىنو-فىلىملەرنى سۈرەتكە ئالغۇچى كىشى.

**ئوپېراتورلۇق** « ئوپېراتور » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**ئوپېرالاشتۇرماق** پ. ئوپېراغا ئايلاندۇرماق، ئوپېرا شەكلىدە قايتا يېزىپ چىقماق، ئوپېراغا ئۆزگەرتمەك: جوزىنىڭ بىر چېتىدە شائىر ئۆزى ئوپېرالاشتۇرغان « لەيلى-مەجنۇن » ۋە « پەرھات-شېرىن » كىتابلىرى يېيىقلىق تۇراتتى.

**ئوپېرالاشتۇرۇلماق** « ئوپېرالاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوت** I ئى. ئومۇمەن غولى ياغاچلاشمايدىغان، ئوتخور ھايۋانلار يەيدىغان ئۆسۈملۈكلەر؛ گىياھ، چۆپ: ئوتقا كەلگەن خوتۇننىڭ ئوتتۇز ئېغىز گېپى بار (ماقال). * ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى يوق، سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق (ماقال). * بەدىيان تاغنىڭ ئوتى، يۇمغاقسۈت باغنىڭ ئوتى. ئۆلتۈرۈپ تىرىلدۈرەر، يىراقتىكى يارنىڭ ئوتى.

**ئوت ئالماق** چارۋا-ماللارنى بېقىش، سەمرىتىش ئۈچۈن ئۇلارغا بەرگىلى ئېتىز-قىرلاردىن ئوت-چۆپ يىغماق: سارىخان قوناقلىقتىن بىر تاغار ئوت ئېلىپ كەلدى-دە، قوي، كالىلارنى راسا تويغۇزدى. * ـــ سىزگە ئوت ئېلىشىپ بېرەي دەپ كەلدىم، ـــ دېدى ئۇ ھەۋەسىنىساغا.

**ئوت چالدۇرماق** سەپەردىكى ئۇلاغلارنى

بىردەم دەم ئالدۇرۇپ ئۇلارغا ئازراق ئوت بەرمەك، ئازراق ئوت يېگۈزمەك: مەن سالام يازدىم ساڭا ئىشقىمنى خەتكە تولدۇرۇپ، توقۇدۇم ئارمان ئېتىمنى مەنمۇ راسا ئوت چالدۇرۇپ، ئەي، قوبۇل ئالغىن سالام ۋەسلى نىجات كۈتكەن خوتەن.

**ئوت سالماق** مال-چارۋىلارغا ئوت بەرمەك: بەزىدە تېخى ئاتلاردىن خەۋەر ئالغاچ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي، ئىككى ئۈچ قېتىم ئوت سالاتتىم.

**ئوتقا قويماق** مال-چارۋىلارنى ئوت يېيىش ئۈچۈن يايلاققا قويۇۋەتمەك، ماللارغا ئوت بەرمەك: ئۇ باغلاقلىق ئاتلارنىڭ كۆكسىنى سىلاپ، بەزىلىرىنىڭ نەپەس ئېلىشىنى تىڭشاپ كۆرۈپ، بەزىلىرىنى ئوتقا قويدى، بەزىلىرىنى قاڭتۇردى. * بىز ئۇلاغلىرىمىزنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، گەمىدە ئارام ئالدۇق.

**ئوت II** ئى ① ياغاچ، گاز، ماي قاتارلىق كۆيىدىغان نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئىسسىقلىق ۋە يورۇقلۇق چىقىرىپ كۆيۈش جەريانى، يالقۇن، ئاتەش: كۆپ ياققان ئوت كۆككە يېتەر (ماقال). * بىر قولۇڭغا ئوت ئېلىپ يۈر، بىر قولۇڭغا سۇ (ماقال). * جان ئوت، جان ئەر (ماقال). ② < هەرب > شىددەت بىلەن ياندۇرۇلغان، ئۈزلۈكسىز هالدا كۆپلەپ ئېتىلغان ئوقلار: پوتەيلەر، ئاكوپلاردىكى ئەسكەرلەر توختاۋسىز ئوت ئاچماقتا ئىدى. ③ كۆچمە. تەشنالىق بىلەن سېغىنىش، ياد ئېتىش، تەقەززا بولۇش، كۈچلۈك ئىشتىياق؛ هەددىدىن تاشقىرى قىزىقىش، مايىل بولۇش، ئامراق بولۇش، مۇهەببەت: يامانىڭ ئوتى يامان (ماقال). * چىرايلىقنىڭ ئوتى يامان، سەتنىڭ هالى (ماقال). * ئۇلار «ئانا يۇرتنىڭ ئوتى باشقىچە بولىدىكەن، سىلەر كېلىپ، بۇ ئوتنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتىڭلار» دەپ ئۇلۇغ كىچىك تىنىشتى. * مۇهەببەت باغىدا جانان، بويۇڭ سەرۋە، يۈزۈڭ بىر گۈل. ئوتۇڭدا سايرىدىم كۈن-تۈن، بولۇپ مەن ئاشىقى بۇلبۇل. ④ كۆچمە. ئېغىر بالايىئاپەت؛ قاتتىق روهىي ئازاب، دەرد-هەسرەت، ئاچچىق ئەلەم، ئېغىر قايغۇ-هەسرەت: ــ مېنى بىر ئوتنىڭ ئىچىگە تىقىپ قويۇپتىكەنسىز، ــ دېدى سەلەي خېلىلا يۇمشاپ. * ئۇ يەنە هېلىقى بىچارىنى ئوتقا ئىتتەردى. * ئۇلارنىڭ بىرى «پادىشاه ئۇ ئىككى بىچارىنى يەنە بىر ئوتقا سالدى» دېدى. * ئاتىسىدىن ئايرىلدى، ئانىسىدىن ئايرىلدى، جۇدالىق ئوتىدا سۆزلەپ، ياش جېنىدىن ئايرىلدى.

**ئوت ئاچماق** < هەرب > قارشى تەرەپكە قارىتىپ مىلتىق، زەمبىرەكلەرنى ئاتماق، هۇجۇم ياكى جەڭ باشلىماق: ــ ياق! ــ نىزامىدىن بېشىنى قاتتىق سىلكىدى، ــ يوشۇرۇنغان جەڭچىلىرىمىز دۈشمەننى ئالدى تەرەپتىن توسۇپ ئوت ئاچسۇن! * بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ بۇ زالىم تاجاۋۇزچىلارغا ئوت ئېچىش بىزنىڭ چىقىش يولىمىز.

**ئوت ئالدۇرغۇچ پىلىك** < هەرب > پارتلايدىغان نەرسىلەرنى پارتلىتىدىغان پىلىك.

**ئوت ئالماق** ① ئوت تۇتاشماق، ئوت يانماق، كۆيمەك: بالا رولغا ئولتۇردى-دە، قۇلۇپنى ئېچىپ، قول ئىستاتورنى باستى. ماتور گۈرۈلدەپ ئوت ئالدى. * تام تۆپىسىمۇ ئوت ئېلىپ، پاخال ئۆگزىنى ئىس-تۈتەك بېسىشقا باشلىدى. * دەل شۇ چاغدا سەككىز توننىلىق ماي قازانىنىڭ بىرى ئوت ئېلىپ كەتتى. ② كۆچمە. ئوتتەك قىزارماق: يۈزلىرى ئوت ئېلىپ، ئاناردەك قىزىرىپ كەتكەنىدى.

**ئوت بولماق** ① ئوت تۇتاشماق، يانماق: ــ ئوت بولدىمۇ، ــ دېدى سارىخان ئوچاق

تۈۋىدە ئوتنى پۈۋلەۋاتقان قىزى پاتمەگە. ② بەك قىزىماق، ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىمەك: — بەدىنىم ئوت بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ھالسىز ئاۋازدا.

**ئوت بىلەن سۇدەك** قەتئىي چىقىشالمايدىغان، بىر-بىرىنى قاتتىق يامان كۆرىدىغان، ئۆچ-ئاداۋىتى بار كىشىلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدىغان ئىبارە: — ئەمەت بىلەن قاسىمنى دەمسىلەر، ئۇ ئىككىسى ئوت بىلەن سۇدەك تۇرسا، — دېدى بىرەيلەن گەپ قوشۇپ.

**ئوت بىلەن ئويناشماق** ناھايىتى خەتەرلىك، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىشقا تۇتۇش قىلماق: سىلەر ئوت بىلەن ئوينىشىۋاتىسىلەر، مەن، نامان ئاكا، سىلەردىن خۇش بولاي، مېنى ئۆزۈڭلارغا چاتماڭلار. * ھەي، بۇ... بۇ... باشلىقنىڭ ئۇستىدىن... ئوت بىلەن ئويناشما، دېگەن گەپ بار.

**ئوت پۈركىگۈچ** < ماشىن > ئوت پۈركەيدىغان سايمان. كۆپىنچە قىزدۇرۇش، كەپشەرلەشلەردە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا كىرسىن، كۆمۈر گازى، ئىسپىرت قاتارلىقلار يېقىلغۇ قىلىنىدۇ.

**ئوت تەگرى** < دىن > ← **كۆك تەگرى.**

**ئوت توچكىسى** < ھەرب > پىنىك، ئېغىر پىلىموت، بىۋاستە قارىغا ئالىدىغان زەمبىرەك قاتارلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ۋە ئاتىدىغان ئورۇن.

**ئوت تورى** < ھەرب > ئوق يوللىرى گىرەلىشىپ كەتكەن زىچ ئوت كۈچى.

**ئوت توسقۇچ تام** < بىن > ئىككى ئىمارەت ئارىسىغا ياكى بىر ئىمارەتنىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ ئارىسىغا قېلىن ھەم ئېگىز قىلىپ قوپۇرۇلغان تام. بۇ تام ئوتنىڭ ئەتراپقا تۇتىشىپ كېتىشىدىن ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئوت تۇتاشماق** ① كۆيۈشكە باشلىماق، ئوت ئېلىپ ئىسسىقلىق ياكى يورۇقلۇق چىقىرىشقا باشلىماق، يالقۇنلىماق، كۆيمەك: سۇلايمان پىلىككە ئوت تۇتاشتۇردى. * ئەمەت مىلىك بىر جاپادا مەشكە ئوت تۇتاشتۇردى. ② كۆچمە. كۈچلۈك ئىشتىياق، ھەۋەس، قىزىقىش پەيدا بولماق، مۇھەببەت پەيدا بولماق: مېنىڭ بەدىنىمگە ئوت تۇتاشتى. بارلىق غەزىپىم خۇددى ئوتقا چۈشكەن نېپىز قوغۇشۇندەك شورۇلدە ئېرىپ كەتتى. * بۇنىڭدىن ئۆتكۈرنىڭ يۈرىكىگە ئوت تۇتاشقاندەك بولدى-دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا رۇقىيەگە يېقىنلاشتى.

**ئوت چاچار** < ھەرب > ئوت چاچىدىغان ۋە يېقىن ئارىلىقتىكى جەڭدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قورال. ئادەتتە دۈشمەننى يوقىتىش ۋە دۈشمەننىڭ قورال-جابدۇقلىرىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوت چۈشمەك** مۇھەببەت، ئىشتىياق پەيدا بولماق؛ ياخشى كۆرۈپ قالماق: ئۇنى بىر كۆرۈپلا يۈرىكىمگە ئوت چۈشتى. * شۇ كۈندىن باشلاپ، ئۇنىڭغا گۈلەندەمنىڭ ئوتى چۈشتى.

**ئوت چىقىپ كەتمەك** ھەددىدىن تاشقىرى قىزىپ كەتمەك، ئەۋجىگە چىقماق: — ئاڭلاۋاتامسىز، — دېدى ئۇ خۇشال ھالدا، — شۇ تاپتا گەمە-چېدىرلاردا مەشرەپتىن ئوت چىقىپ كەتكەن ئوخشامدۇ؟ يۈرۈڭ، بىزمۇ ئىشلەش بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرەيلى.

**ئوت دەزمىلى** ئوت بىلەن قىزىيدىغان دەزمال.

**ئوت دەسسىۋالغاندەك** ئىزىدا تۇرالماي، تىتىلداپ كەتكەنلىككە ئىشارە: ئۇ ئوت دەسسىۋالغاندەك سىلكىنىپ ئۆزىنى تالاغا ئالدى.

**ئوت سالماق** قىزىقىش، ئىشتىياق پەيدا قىلماق، قىزىقتۇرماق: سەن تېرىق تېرىمساڭ، قۇشقاچ كېلىپ قونارمىدى؟ سەن كۈلۈپ ئوت سالمىساڭ، بۇ يۈرەك يانارمىدى؟

**ئوتقا چىداملىق خىش** < بىن > ئوتقا چىداملىق توپا ۋە باشقا ئوتقا چىداملىق ماتېرىياللاردىن ئىشلەنگەن خىش. ئۇ 1580°C ~ 1770°C ئىسسىقلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ. مېتال ئېرىتىش پېچى قاتارلىق ئوچاقلارنى قوپۇرۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوتقا چىداملىق سېغىز توپا** < بىن > سۇيۇقلىنىش نۇقتىسى ئادەتتە 1850°C دىن يۇقىرى بولغان سېغىز توپا. ئاساسلىق تەركىبى كىرېمنىي، ئاليۇمىن ئوكسىدلىرى، زىچ، ئاق، كۈل رەڭ قوڭۇر، سېرىق ياكى قىزىل رەڭلەردە بولىدۇ. ئوتقا چىداملىق خىش ھەم ئوچاقنىڭ ئىچكى دىۋارىغا ئىشلىتىلىدۇ، مېتاللۇرگىيە سانائىتىدىمۇ كەم بولسا بولمايدىغان ماتېرىيال، فارفور سانائىتىدىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**ئوتقا چىداملىق ماتېرىيال** < بىن > يۇقىرى تېمپېراتۇرا تەسىر قىلغاندا ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خۇسۇسىيەتلىرىنى يوقاتمايدىغان ماتېرىياللار. تېخنىكىدا بۇنداق ماتېرىياللار يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئورۇنلاردا ئىشلىنىدۇ.

**ئوتقا كىرسىن چاچماق ← ئوتقا ياغ چاچماق.**

**ئوتقا ياغ چاچماق** بىرەر يامان ئەھۋالغا قارىتا قۇتراتقۇلۇق قىلىپ، يامان ئەھۋالنى تېخىمۇ يامان قىلىۋەتمەك: كۆپچىلىك پەرەز قىلىشقاندەك، بۇ ئېلان ئوتقا ياغ چاچتى، سەۋر-تاقەتنى تۈگىتىۋەتتى.

**ئوتقا ياغ سەپمەك ← ئوتقا ياغ چاچماق.**

**ئوت قويماق** ① ئوت بىلەن ئۆرتىمەك، ئوت يېقىپ كۆيدۈرمەك، كۆيدۈرۈپ يوقاتماق: ئۇ كەپىگە ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. * — مەنمۇ ئاشۇ ئۆردىغا ئوت قويۇۋەتسەك دەيمەن، — دېدى ھېلىقى قۇلمۇ ئاۋاز قوشۇپ. ② كۆچمە. تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتمەك، تېخىمۇ ئەۋج ئالدۇرماق، تېخىمۇ يامان قىلىۋەتمەك: ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى مېنىڭ غەزىپىمگە تېخىمۇ ئوت قويۇۋەتتى. ③ كۆچمە. قىزىقىش، ئىشتىياق ياكى تەقەززالىق پەيدا قىلماق: — يۈرىكىمگە ئوت قويغان كىمسەن بالام؟! — دەپ زار-زار يىغلاپتۇ ئانا.

**ئوت كەتمەك** ① ئوت تۇتىشىپ كۆيۈپ كەتمەك: نۇرغۇن ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى تاقاقلىق بولۇپ، پەقەت بىر ئوت كەتكەن ئۆينىڭ ئىشىكلا ئوچۇق تۇراتتى. ② كۆچمە. تېمپېراتۇرا بەك ئۆرلەپ ئىسسىق بولۇپ كەتمەك، ھاۋا بەك قىزىپ كەتمەك: — ھاۋا نېمىدېگەن ئىسسىق، ئوت كېتىپتۇ زادى، — دېدى ئەكبەر. ③ كۆچمە. بىرەر مالنىڭ بەك بازىرى چىقىپ كەتمەك، خېرىدارلار بەس-بەستە تالىشىپ سېتىۋالماق: — مەن ئەكەلگەن قوغۇنلارغا ئوت كەتتى، دەڭا، كىرىپ يېرىم سائەتكە قالماي ھەممىنى سېتىپ بولدۇم، — دېدى ئۇ كېرىلىپ كۈلۈپ. ④ كۆچمە. نەرخ-ھاۋا بىردىنلا ئۆرلەپ كەتمەك: يارەببىم، بۈگۈن بازارغا ئوت كېتىپتىغۇ، ئۆسۈپ كەتمىگەن ھېچنېمە قالماپتۇ. ⑤ كۆچمە. ئىشق-مۇھەببەت تەشنالىقى ئۆرلىمەك، ھەددىدىن ئارتۇق تەقەززا بولماق، ئىشتىياق قاتتىق ئۆرلىمەك: كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، ياپېپشىل تېرەكلەرگە، يارىمنى خىيال قىلسام، ئوت كەتتى يۈرەكلەرگە.

**ئوت كۆرۈنمەك ← كۆزىگە ئوت كۆرۈنمەك:** ياندىكى ھېسپىنىڭ قەدرى يوق، بۇ نېمىلەرگە شۇلارلا ئوت كۆرۈنىدۇ.

**ئوت كۈچى** < ھەرب > ئوق-دورا، بومبا،

گراناتلارنىڭ ئېتىلغان ياكى تاشلانغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان قىرغىنچىلىقتا ئۇچرىتىش ئىقتىدارى ۋە بۇزغۇنچىلىقتا ئۇچرىتىش كۈچى.

**ئوت ئۆچۈرگۈچ** <ماشىن> ئوت ئۆچۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. يۇمىلاق تۇڭ شەكلىدە بولۇپ، ئىچىگە ئوت ئۆچۈرگۈچى گاز ۋە كۆپۈك ھالىتىدىكى خىمىيۋى ماددىلار قاچىلىنىدۇ. ئىشلەتكەندە بۇ نەرسىلەر يالقۇن ئۈستىگە پۈركىلىدۇ.

**ئوت ئۆچۈرۈش ناسوسى** <ماشىن> ئوت ئۆچۈرۈشتە مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان تۇرۇبا ناسوسى.

**ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماق** ← **ئوتقا ياغ چاچماق**: ئۇ بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئوت ئۈستىگە ياغ چاچماقچى ۋە مۇشۇ ئارقىلىق جاۋابكارلىقتىن پۈتۈنلەي قۇتۇلۇپ كەتمەكچى بولدى.

**ئوت ئېتىقادچىلىقى** <پەلس> قەدىمكى زاماندا ئىران ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تەرەپلەردە تارقالغان بىر خىل دىن. ھازىر ئىراننىڭ قىسمەن رايونلىرى ۋە ھىندىستاندىكى بومبايدا ئۇنىڭ ئاز ساندىكى مۇرىتلىرى بار. بۇ دىن «دۇنيانىڭ بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى مەنبەسى بار، ئۇلار كۈرەش قىلىپ تۇرىدۇ: بىر مەنبە — ياخشىلىق، ئۇنىڭ سىمۋولى يورۇقلۇق ئىلاھى خۇرۇمازدا، يەنە بىر مەنبە — يامانلىق، ئۇنىڭ سىمۋولى جاھالەت ئىلاھى ئاگرومايىنوس؛ ئوت ياخشىلىق ۋە يورۇقلۇقتا ۋەكىللىك قىلىدۇ» دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇ «مۇقەددەس ئوت» قا چوقۇنۇشنى ئاساسىي مۇراسىم قىلىدۇ.

**ئوتى بار** يېقىملىق، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان، ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان: گۈلەندەم خېلىلا ئوتى بار قىز ئىدى.

**ئوتى بېسىلماق** دەرد-ئەلىمى پەسكويغا چۈشمەك؛ سېغىنىشى پەسەيمەك: — بالىنىڭ ئوتى بېسىلغاندا ئۆگشىلىپ قالىدۇ، تۇردىخان، خاپا بولۇپ كەتمە، — دېدى ئۇ تەسەللى بېرىپ.

**ئوتى تۇتماق** ئاچ كىرمەك: — سىزنى ئىچى چىققۇدەك بىر يەۋالسۇن دەپ يېمەي ئولتۇرىمەن، — دېدى باتۇرمۇ چاقچاقتا يۆلەپ، — ئاتايىتەن ئەتكۈزگەن تامىقىڭىزغا شېرىك بولۇۋالسام قانداق بولىدۇ؟ خاتىرجەم يەۋېرىڭ، ئوتۇم تۇتۇپ قالمايدۇ.

**ئوت ئىچىدە پاختىنى ساقلىماق** ئىنتايىن ئېغىر خەۋپ-خەتەردىن ئامان ساقلاپ قالماق: — ئوت ئىچىدە پاختىنى ساقلىغان خۇدايىم بۇ بالا-قازالاردىن ساقلار، — دېدى موماي ئۈمىد بىلەن. * شۇ ئىشتىن ساق قۇتۇلۇش، ئوت ئىچىدە پاختا ساقلىغان بىلەن باراۋەر.

**ئوتىدا كۆيمەك** بىراۋنىڭ ئىشقى-مۇھەببىتىدە ئازابلانماق، ئىشق-مۇھەببەت دەردىنى تارتماق: سەن ئۇنىڭ ئوتىدا كۆيسەن، ئۇ بولسا باشقىنىڭ. * قۇرغۇيۇم سەككىز تاللا، تۆتى ئالا، تۆتى قارا. ئالتە ئاي ئوتۇڭدا كۆيسەم، بىلمىگەن قاشى قارا.

**ئوتىدا ئۆرتەنمەك** ← **ئوتىدا كۆيمەك**: ئۇ پەقەت ئالىمنىڭ ئوتىدا ئۆرتىنەتتى.

**ئوتىدا يانماق** ← **ئوتىدا كۆيمەك**: ھەي سەتەڭ بالىخان، سەنمۇ سەن جانان، كىمدۇر بىلەمسەن، ئوتۇڭدا يانغان.

**ئوتى يامان** «بەك كۆيدۈرىدۇ، مېھىر-مۇھەببىتى ئادەمنى ئۆزىگە بەكلا رام قىلىۋالىدۇ» دېگەن مەنىدىكى

ئىباره: يارنى كەلسۇن دېگەنلەر بىزنى كەلسۇن دەپتۇمۇ. يارىمنىڭ ئوتى يامان، كۆيۈپ ئۆلسۇن دەپتۇمۇ. * ئوتۇڭ يامان قەمبەرنىسا، ئەيلەي بايان، بولسۇن ئايان. كەچمىشلىرىڭ باغرىم بالام، ئېچىلمىغان غۇنچە ئىدىڭ.

**ئوتى يوق** مېھىر-مۇھەببىتى يوق، يېقىمسىز؛ باشقىلارنىڭ ئامراقلىقىنى قوزغىيالمايدىغان: يولدا ياتقان چار يىلاننىڭ بوينىغا زەنجىر سالاي. ئوتى يوق بىھوش يىگىتنىڭ ئېچىگە ئوتلار سالاي.

**ئوت ياقار** < ماشىن > ← **كوچېگار**.

**ئوت ياقماق** ① ئوتنى تۇتاشتۇرماق، ئوت قالىماق: ئەكبەر ئىشخانىنى تازىلاپ، مەشكە ئوت ياقتى. ② كۆچمە. تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتمەك، ئۇلغايتىۋەتمەك، ئەۋج ئالدۇرماق: ئالماسنىڭ سۆزى پارتىزانلارنىڭ غەزىپىگە ئوت ياقتى. * بۇ سۈرەت بىچارە ئانىنىڭ ئوغلىغا بولغان تەشنالىقىغا ئوت يېقىپ، ئانىنى ھالىدىن كەتكۈزدى.

**ئوت يۈرەك** ئىنتايىن قىزغىن؛ قەھرىمان، باتۇر: بىزنىڭ ئوت يۈرەك ياشلىرىمىز ناھايىتى غايىلىك چوڭ بولۇۋاتىدۇ. ئاشۇلار مۇشۇ زېمىننىڭ ئۈمىدى، كەلگۈسىدىكى خوجايىنلىرىدۇر. * ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت بۇ تالانتلىق شائىر ۋە ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەرنى «خائىن» دەپ ئېلان قىلدى.

**ئوتاتماق** «ئوتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوتاچى** ئى. تارس. تېۋىپ، دوختۇر: مەخسۇس داۋالاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان ئەمچى، ئوتاچىلار تاكى ھازىرغا قەدەر خەلق ئارىسىدا ھۆرمەتلىنىپ كەلمەكتە.

**ئوتاشماق** «ئوتىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا سوزۇلغان شال ئېتىزلىرىدا خۇددى تۇرنىلارغا ئوخشاش سەپ-سەپ بولۇشۇپ ئوت ئوتىشىۋاتاتتى.

**ئوتاق I** ئى. زىرائەت ئارىسىغا ئۈنگەن تۈرلۈك ئوت-چۆپلەرنى ئوتاش، يۇلۇپ تاشلاش: ئۇلار ئەتىگەندىلا ئېتىزلىقتا ئوتاققا چىقىپ كەتكەنىدى.

**ئوتاق ماشىنىسى** زىرائەت ئارىسىدىكى ئوت-چۆپلەرنى يۇلۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ماشىنا.

**ئوتاق ۋاقتى** زىرائەتلەردىكى ئوت-چۆپلەرنى ئوتايدىغان ۋاقىت، مەزگىل، چاغ.

**ئوتاق II** ئى. چارۋىچىلار ياكى كۆچمەنلەرنىڭ ۋاقىتلىق تۇرۇشى ئۈچۈن ياسالغان تۇرالغۇ، ۋاقىتلىق ئۆي: ئايدا ئوتاق بولماپتۇ، يىلدا قوشنا (ماقال). * قاسىم خوراز ئۆزىدىن باشقا يەنە قاۋۇل ئۈچ يىگىت بىلەن يايلاقتا ئوتاق تىكىپ ياتتى.

**ئوتاقچى** ئى. زىرائەتلەردىكى ئوت-چۆپلەرنى ئوتايدىغان ئادەم: چۈشكە يېقىن ئوت ئوتاۋاتقان ئوتاقچىلارمۇ قايتىپ كەلدى. // پاختىزاردا ئىشلەيدۇ تىنماي، ئىشتا چېۋەر ئوتاقچى قىزلار؛ شوخ ناخشىنى ياڭرىتار كۆكتە، ئىشنى كۈيلەپ قوشاقچى قىزلار.

**ئوتالغۇ** ئى ← **ئوتاق II**.

**ئوتالماق** «ئوتىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوت-بوغۇز** ئوت ۋە بوغۇز، ئومۇمەن چارۋا-ماللار يەيدىغان تۈرلۈك يېمەكلىكلەر: 18 ھارۋىدا ئوت-بوغۇز، ئون ھارۋىدا يېمەك-ئىچمەك بار ئىدى.

**ئوتپەرەس** ئى. ئوتقا چوقۇنغۇچى.

**ئوت-پىراق** ئوت ۋە پىراق، ئومۇمەن ئىشق-مۇھەببەت دەردى: مەن ۋەزىرمەن. سىزنىڭ ئوت-پىراقىڭىزدا كۆيۈپ يۈرگىنىمگە ئۈچ يىلدىن ئاشتى.

**ئوتتاش** ئى (ئوت+تاش) < خىم > كۆيدۈرۈلگەن هاك بىلەن كوكسنى توك ئوچىقىغا سېلىپ قىزدۇرۇش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان كۈل رەڭ، كاللەك هالەتتىكى ماددا. خىمىيۋى تەركىبى كالتسىي كاربىد ( $CaC_2$ ) ، سانائەتتە ئاتسېتىلىن ئېلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوتتەك** ① سۈپ. ناهايىتى قىزغىن، يالقۇنلۇق: ئۇ دۇرنەمگە تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى-دە، ئوتتەك كۆزلىرىنى تىكتى. ② رەۋ. بەك، تازا، هەددىدىن ئارتۇق، ناهايىتى، ئاجايىپ يۇقىرى دەرىجىدە: ئۇ ئۆنى-بۇنى ئۆگىنىۋېلىشقا ئوتتەك قىزىقاتتى. * — ئوتتەك ئالغۇم بار، — سۇنۇر راست گەپنى ئېيتتى.

**ئوتتۇرا** ① ئى. مەلۇم بىر دائىرىنىڭ دەل مەركىزىي نۇقتىسى، مەركەز: قەسىر ئوتتۇرىسىدا بىر كۆل تۇرغۇدەك. * ئۇنىڭ هويلىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ قاپاق تېرەك بار ئىدى. ② سۈپ. ئىسىملارنى ئېنىقلاپ «مەركىزىي، مەركىزىي قىسىمدىكى، مەركىزگە جايلاشقان، ئارىسىدىكى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئوتتۇرا ئاسىيا. ئوتتۇرا جۇڭگو. ئوتتۇرا ئافرىقا. ئوتتۇرا قول. ئوتتۇرا ئىشىك. ③ ئى. بەلگىلىك ئۇزۇنلۇققا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئىككى چېتى ياكى ئۇچىدىن تەڭ ئارىلىقتا بولغان نۇقتىسى، بەل: ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە قادىرنى سۇغا ئىتتىرىۋەتتى-دە، ئۆزى ئېتىنى يېتىلەپ يۈرۈپ كەتتى. * يىراقتا كوچىنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئەسكەرلەر توسۇۋېلىپ، مىلتىقلىرىغا تايىنىپ تۇرۇشاتتى. ④ ئى. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق نەرسىلەرنىڭ ئارىلىق قىسمى: ئۇ مايمۇنە قىزنىڭ ئالدىدا مەشۇقى مەلىكە بۇدۇرنىڭ ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىرنى سۈيۈپتۇ. ⑤ ئى. مەلۇم بىر جايدىكى كىشىلەر ياكى نەرسىلەرنىڭ ئارىسى، قورشاۋ: تىزىملىكتە ئەزىزنىڭ ئىسمى ئوتتۇرىدىراق بولغىنى ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىسمى كېيىنرەك ئوقۇلاتتى. * ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار دەررۇ ئاسىمنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ، ئۇنىڭغا نېمىندۇر دېيىشمەكچى بولۇشتىيۇ، دېمىدى. ⑥ ئى. باشلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىشى تەخمىنەن تەڭ ئۇزاتلىقتىكى ۋاقىت، پەيت: بىرىيلى قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىبراھىم ئاكا تۇرسۇن بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدى. ⑦ سۈپ. هەممە كىشى ياكى بىرنەچچە كىشى تەڭ پايدىلىنىدىغان، تەڭ شېرىك: بىرنەچچە ئىش هايۋانلىرى، ئىككى دانە سوقا، بىردانە ئورما ماشىنىسى ۋە بىرمۇنچە ئۇششاق جابدۇقلار بىردىنلا كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىدىكى مۈلكى بولۇپ قالدى. ⑧ ئى «ئۇ، بۇ، شۇ...» قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن بىللە كېلىپ «ئەتراپ، كۆرسىتىلگەن جايغا يېقىن يەر، ئۆپچۆرە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بۇ ئوتتۇرىدا ئۇنداق ئېسىل بىنا يوق. ⑨ سۈپ. مەلۇم بىر پائالىيەت، تۇر ياكى هال-ئەهۋالغا نىسبەتەن دەرىجە جەهەتتىن يۇقىرىمۇ ئەمەس، تۆۋەنمۇ ئەمەس بولغان، ئارىلىقتىراق تۇرىدىغان: ئوتتۇرا مەكتەپ. * — سېنىڭ يېتىپ كەلگىنىڭ ئاسماندىن پەرىشتە چۈشكەندەك بىر ئىش بولدى، — دېدى ئوتتۇرا ياشلىق بىرەيلەن سادىققا. * ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. ⑩ ئى. ئىككى ياكى بىرنەچچە كىشى ئارىسى، ئارا: نادىر بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرامدا هېچقانداق يامان ئىش ئۆتۈلگىنى يوق. * ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش هايات-ماماتلىق كۈرەشدۇر. ⑪ ئى. مەلۇم بىر ۋەقە ياكى هادىسە پەيدا بولىدىغان ياكى بولغان پەيت، مەزگىل: ئوتتۇرىدىن

15 كۈن ئۆتۈپ كەتتى. ⑫ ئى. مەيدان، سەھنە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇن: قادىر ئورنىدىن تۇرۇپ سالماق قەدەم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. * دوستلىرى تەكلىپ قىلسا ئەگەردە، ئوتتۇرىدا چۈشۈپ ئويناپدۇ ئۇسسۇل.

**ئوتتۇرا ئاتالغۇ** < لوگ > كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ چوڭ ئاساسى بىلەن كىچىك ئاساسىدا كۆرۈلۈپ، يەكۈندە كۆرۈلمەيدىغان ئاتالغۇ.

**ئوتتۇرا ئارىلىقتا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** < تەن > ئوتتۇرا مۇساپىلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. بۇنىڭدا ئەر-ئاياللارنىڭ 800 مېتىر، 1500 مېتىر قاتارلىق تۈرلىرى بولىدۇ. 800 مېتىردىن يۇقىرى مۇسابىقىلەردە يول ئايرىماي، قائىدىنىڭ يول قويۇش شەرتى ئاستىدا ئىچكى ئايلانمىنى تالىشىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۆرە قىياپەتتە پەللىدىن چىقىدۇ.

**ئوتتۇرا ئاسىيا** < جۇغ > ئادەتتە بۇ ئۇقۇم كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تار مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كەڭ مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئاسىيا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى بولۇپ، جۇڭگودىكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى، شىزاڭ، ئىچكى موڭغۇل ۋە تاشقى موڭغۇلىيە ھەمدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. تار مەنىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بولسا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى بولۇپ، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستاندىن ئىبارەت تۆت جۇمھۇرىيەتنىڭ ھەممىسىنى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ جەنۇبىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوتتۇرا ئاغ** شىمىنىڭ ئىككى پاچقىنىڭ تىز بىلەن پاراللېل كېلىدىغان يېرى.

**ئوتتۇرا ئافرىقا** < جۇغ > ئافرىقا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى. ئادەتتە ئۇ چاد، ئوتتۇرا ئافرىقا جۇمھۇرىيىتى، كامېرون، ئېكۋاتور گۋىنېيىسى، گابون، كونگو، زايىر ۋە سانتو-پىرىنسىپىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىدە يەنە زامبىيە، مالاۋى ۋە زىمبابۋېلارمۇ ئوتتۇرا ئافرىقىنىڭ بىر قىسمى دەپ قارىلىدۇ.

**ئوتتۇرا ئامېرىكا** < جۇغ > مېكسىكىنىڭ جەنۇبى، كولۇمبىيەنىڭ شىمالىدىكى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئوتتۇرا ئاۋاز** < مۇز > ① چوڭ-كىچىك كۈيلەرنىڭ كۈي شەكلى سىستېمىسىدا، تونىكا بىلەن يۇقىرى بېقىندى ئاۋاز ياكى تونىكا بىلەن تۆۋەن بېقىندى ئاۋازلار ئوتتۇرىسىدىكى ئاۋاز دەرىجىلىرىگە قارىتىلىدۇ. ② ناخشا ئېيتقۇچى ياكى ساز قوراللىرىنىڭ ئوتتۇرا ھال ئاۋاز بېرىدىغانلىرىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**ئوتتۇرا ئەترەت** < ھەرب > ① ئارمىيىنىڭ ئىشتات بىرلىكى. بىرقانچە كىچىك ئەترەتتىن تەركىب تاپقان، ئادەتتە ئۇ چوڭ ئەترەتنىڭ باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ② ئارمىيە ئىچىدىكى لېيەنگە تەڭ دەرىجىلىك تەشكىلات.

**ئوتتۇرا ئەسىر** < تارىخ > مىلادىيە 476-يىلى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ئاغدۇرۇلغاندىن تارتىپ 1640-يىلدىكى ئەنگلىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىغىچە بولغان

دەۋر ياۋروپادا «ئوتتۇرا ئەسىر» دەپ ئاتىلىدۇ. دۆلىتىمىز تارىخىدىكى دەۋر بۆلۈنۈشىدە ۋېي-جىن، جەنۇبىي ۋە شىمالىي سۇلالە، سۈي-تاڭ دەۋرلىرى ئوتتۇرا ئەسىر دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئوتتۇرا بارماق** بەش بارماقنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىكىسى، يەنى ئۈچىنچى بارماق.

**ئوتتۇرا بارىيېر** < تەن > ئەرلەرنىڭ بارىيېر ئاتلاپ يۈگۈرۈش تۈرى. بەلگىلەنگەن مۇساپىسى 400 مېتىر، بارىيېر ئېگىزلىكى 91.7 سانتىمېتىر بولىدۇ.

**ئوتتۇرا بوي** بويى پاكارمۇ ئەمەس، بەك ئېگىزمۇ ئەمەس، ئارا بوي: ھايال بولمايلا ئوتتۇرا بوي، ئورۇق بىر ئايال ئالدىمىزغا داستىخان سالدى، چىنىلەردە يۈزى ۋىلىلداپ تۇرغان شورپا كەلتۈرۈلدى.

**ئوتتۇرا بېك** < تەن > ← **ئوتتۇرا مۇداپىئەچى.**

**ئوتتۇرا تاش قورال دەۋرى** < ئارخېئول > ئارخېئولوگىيىدىكى كونا تاش قورال دەۋرى بىلەن يېڭى تاش قورال دەۋرىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر باسقۇچ.

**ئوتتۇرا تۆرەلمە قەۋىتى** < ئانات > ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تۆرەلمە قەۋىتىنىڭ بىر قىسمى، يەنى سىرتقى تۆرەلمە قەۋىتى بىلەن ئىچكى تۆرەلمە قەۋىتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى.

**ئوتتۇرا جىنس** < گېئول > ماگما جىنسىنىڭ چوڭ بىر تۈرى. تەركىبىدىكى سىلىتسىي ئوكسىدىنىڭ مىقدارى 52% ــ 65% بولىدۇ. ئاساسلىق مىنېرال تەركىبى ئامفىبول بىلەن ئوتتۇرا پلاگىئوكلاز، ئاز مىقداردا كۋارتسمۇ بولىدۇ. رەڭگى قېنىق كۈل رەڭ.

**ئوتتۇرا چەمبەر** < تەن > توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىدە، توپ مەيدانى ئوتتۇرىسىغا سىزىلغان يۇملاق دائىرە.

**ئوتتۇرا چېتىق** ماشىنىچىلىقتا جازىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرىدىغان چېتىق.

**ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ** < مائار > باشلانغۇچ تەلىم-تەربىيە ئاساسىدا، ئوقۇغۇچىلارنى يەنە ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيىلەش ياكى مەلۇم كەسپىي بىلىملەرگە ئىگە قىلىش تەلىم-تەربىيىسى. ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپ (تېخنىكوم) لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوتتۇرا دولقۇن** < فىز > دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 200 دىن 3000 مېتىرغىچە بولغان رادىئو دولقۇنى. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى يەر يۈزىدە بىۋاسىتە تارقىلالايدۇ، يەرنىڭ تارتىشىغا ئۇچرايدۇ، ئىئونلۇق قەۋەتنىڭ تەسىرىگە ئىنتايىن ئاز ئۇچرايدۇ، قىسقا دولقۇندەك يىراققا تارقىلالمايدۇ، قوبۇل قىلغاندا نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ. بۇ دائىرىدىكى دولقۇن مەخسۇس رادىئو ئاڭلىتىشىدا ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا ئۇ رادىئو دولقۇنى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئوتتۇرا دېڭىز** < جۇغ > قۇرۇقلۇقلار ئارىسىدىكى ياكى قۇرۇقلۇققا سوزۇلۇپ كىرگەن دېڭىز. مەيدانى ۋە چوڭقۇرلۇقى بىرقەدەر زور. دېڭىز بوغۇزى بىلەن دېڭىز رايونى ياكى ئوكيانغا تۇتىشىدۇ.

**ئوتتۇرا دېھقان** ئىقتىسادىي ئورنى باي دېھقاندىن تۆۋەن، كەمبەغەل دېھقاندىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان، مەلۇم كۆلەمدە يەر-زېمىنى، ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بولغان، ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ قامدايدىغان، باشقىلارنى ئېكسپلاتاتسىيىمۇ قىلمايدىغان ھەم ئۆز

كۆچىنىمۇ ساتمايدىغان دېھقان: — كۆردۈڭمۇ، — دېدى ئۇ ماڭا تاملاردىكى شۇئارلارنى كۆرسىتىپ — سەن بىلەن مەندەك ئوتتۇرا دېھقانلارمۇ كاپىتالىزم كۆچلىرى بولۇپ قېلىپتىمىز.

**ئوتتۇرا شەرق** < جۇغ > ئاسىيانىڭ غەربىي جەنۇبى ۋە ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە ئۇ يېقىن شەرق، ئىران ۋە ئافغانىستاننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوتتۇرا قول ← ئوتتۇرا بارماق.**

**ئوتتۇرا قولدەك** قاۋۇل، ياراملىق، راۋۇرۇس، ئېسىل: ئاڭلىساق، مۇشۇ قومباشتىنلا ئوتتۇرا قولدەك يىگىتلەردىن ئونىنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. * ئوتتۇرا قولدەك 30 يىگىتنى ئاجرىتىپ، يەر تۆزلەشكە سالدۇق.

**ئوتتۇرا قىسقا دولقۇن** < فىز > دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 50 دىن 200 مېتىرغىچە بولغان رادىئو دولقۇنى. تارقىلىش ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرا دولقۇن بىلەن قىسقا دولقۇن ئوتتۇرىسىدا بولىدۇ.

**ئوتتۇرا كۆرۈنۈش** < كىنو > كىشىلەرنىڭ تىزىدىن يۇقىرىقى قىسمىنى سۈرەتكە ئېلىش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان كۆرۈنۈش.

**ئوتتۇرا مەكتەپ** ياش ئۆسمۈرلەرگە ئوتتۇرا دەرىجىلىك مائارىپ تەربىيىسى ئېلىپ بارىدىغان مەكتەپ. ئادەتتە ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپ بىلەن ئالىي مەكتەپ ئارىلىقىدىكى بىر باسقۇچ.

**ئوتتۇرا مۇداپىئەچى** < تەن > پۇتبول، قول توپ قاتارلىق توپ تۈرلىرى مۇسابىقىلىرىدىكى ئارقا مۇداپىئەچىلەرنىڭ بىرى. ئورنى ئوتتۇرىدا بولىدۇ.

**ئوتتۇرا مۇساپىلىق باشقۇرۇلىدىغان بومبا** < ھەرب > ئېتىلىش مۇساپىسى 1000 — 3000 كىلومېتىر بولىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

**ئوتتۇرا مېۋە شۆپۈكى** < بوت > مېۋە شۆپۈكىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى. مەسىلەن، شاپتۇل، قارىئۆرۈك قاتارلىقلارنىڭ يېگىلى بولىدىغان قىسمى ئوتتۇرا مېۋە شۆپۈكىدۇر.

**ئوتتۇرا ھال** ئوتتۇرا دەرىجىدە، ئوتتۇرا سەۋىيىدە تۇرىدىغان، بەك ئالدىدىمۇ ئەمەس، ئارقىدىمۇ ئەمەس: ئاپتوموبىل ئوتتۇرا ھال تېزلىكتە كېتىپ باراتتى.

**ئوتتۇرا ھال سۇ يىلى** < سۇ > گىدرولوگىيىلىك يىللار ئىچىدىكى سۈيى ئوتتۇرا ھالراق بولغان يىللار.

**ئوتتۇرا ھال يامغۇر** < مېتېئور > يېغىن مىقدارى 24 سائەت ئىچىدە 10 — 25 مىللىمېتىرغا يەتكەن يامغۇر.

**ئوتتۇرا ھايات ئېرا تېمى** < گېئول > ئوتتۇرا ھايات ئېراسىدا شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**ئوتتۇرا ھايات ئېراسى** < گېئول > گېئولوگىيىلىك يىلنامىنىڭ تۆتىنچى ئېراسى. تەخمىنەن 230 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 67 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان. ئوتتۇرا ھايات ئېراسى: ئۈچلەنگەن دەۋر (ترىئاس دەۋرى)، يورا دەۋرى ۋە بور دەۋرى دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ. بۇ دەۋردە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار بەك تەرەققىي قىلغان، بولۇپمۇ ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار سۇدا، قۇرۇقلۇقتا ۋە ھاۋادا تارالغان. قۇشلار، خالتىلىق ۋە ئەشلىك (بالا ھەمراھلىق)، سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردىن ۋۇلۇلىتاش ۋە ئوقياقۇرتلار ئەڭ تەرەققىي قىلغان. ئۆسۈملۈكلەردىن يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر، ئاق مېۋە، تۆمۈر دەرىخى قاتارلىقلار ئاساسلىق

ئورۇننى ئىگىلىگەن. بۇ ۋاقىتتا دۆلىتىمىز ئاساسەن قۇرۇقلۇق شارائىتىدا بولۇپ، شەرقىي جەنۇبىي دېڭىز بويىدىكى بىرقانچە ئۆلكىلەردە يانار تاغ ھەرىكىتى بولغان. شەرتلىك بەلگىسى Mz .

**ئوتتۇرا ھۇجۇمچى** < تەن > ۋاسكېتبول، پۇتبول قاتارلىق توپ تۈرلىرى مۇسابىقىلىرىدىكى ھۇجۇمچىلارنىڭ بىرى. ئورنى ئوتتۇرىدا بولىدۇ.

**ئوتتۇرا ھېساب بىلەن** سان بىلەن ھېسابلىنىدىغان بىرەر نەرسىنى بىرقانچە ئادەم ياكى تارماقلارغا تەڭمۇتەڭ بۆلۈپ ھېسابلىغاندا: ھەربىر ئىشچى-خىزمەتچىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 148 يۈەن مۇكاپات پۇلى تەگدى.

**ئوتتۇرا ھېسابتا ← ئوتتۇرا ھېساب بىلەن.**

**ئوتتۇرا ئۇق** < بوت > يىلتىز ۋە غولنىڭ ئوتتۇرا ئۇق قىسمى. ئاساسەن ياغاچلىق قىسىم بىلەن ئەۋرىشىملىك قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە توشۇش رولىنى ئۆتەيدۇ ھەمدە ئۆسۈملۈك تېنىنى تىرەپ تۇرىدىغان ئىسكىلىت جازا ھېسابلىنىدۇ.

**ئوتتۇرا ئېقىم** < سۇ > دەريالارنىڭ يۇقىرى ئېقىم بىلەن تۆۋەنكى ئېقىم ئوتتۇرىسىدىكى بۆلىكى.

**ئوتتۇرا ياش** ياش جەھەتتىن بەك كىچىكمۇ، بەك چوڭمۇ ئەمەس، 40 ياشلار ئەتراپىدىكى: ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئازدۇر-كۆپتۇر ھەربىي تەجرىبىگە ئىگە تىلۇۋالدىغا ئوخشاش ئوتتۇرا ياش چەكچىلەرمۇ بار ئىدى.

**ئوتتۇرا يەڭ** كىيىمنىڭ جەينەكتىن سەل ئاشقان ياكى ئۇنىڭغا يېقىن كېلىدىغان يېڭى.

**ئوتتۇرا يولدا** يېرىمىدا، تولۇق ئاخىرلاشماستىنلا، باشلىنىپ ئايىغى

چىقمايلا: بۇ ئىش ئۇنچىلىك مۇھىم ئەمەس، شۇڭا ئوتتۇرا يولدا توختىتىپ قويدۇم. * ھېلىقى دورا ياساش ئىشىڭىزمۇ ئوتتۇرا يولدا توختاپ قالمىدىمۇ؟!

**ئوتتۇرا يىللىق سىنىپ** < مائار > پۈتۈن ئوقۇش مۇددىتىنىڭ ئوتتۇرا يىللىرى ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئۆتۈلىۋاتقان سىنىپلار.

**ئوتتۇرىدا بار گەپ** ھەممە بىلىپ بولغان، ئاشكارا بولۇپ بولغان گەپ، ۋەقە-ھادىسە.

**ئوتتۇرىغا ئالماق ← ئارىغا ئالماق:** چېرىكلەر باشقىلارنى چەتلەشتۈرۈپ، تاشۋاينى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. * — سەن بۇنداق بىغەملىك قىلساڭ، ئۇلار سېنى ئوتتۇرىغا ئالمايدۇ، — دېدى ئۇ زەينەپ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

**ئوتتۇرىغا تاشلىماق ← ئوتتۇرىغا قويماق:** — قېنى بىرنېمە دەڭلار، — دېدى قاۋۇل مۇدىر، — قانداق قىلىمىز؟ ئويلىغىنىڭلارنى ئوتتۇرىغا تاشلىماسىلەر؟

**ئوتتۇرىغا چۈشمەك** ① مۇنازىرە، تالاش-تارتىش، ئۇرۇش-جېدەل ۋە تۈرلۈك ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن شۇ ئىشقا ئارىلاشماق: بۇ ئىش ئاخىرى ئالماخۇننىڭ ئوتتۇرىغا چۈشۈشى بىلەن تىنجىپ قالدى. ② ئوتتۇرىغا چىقماق، ئاشكارا بولماق، باشقىلارغا مەلۇم بولماق: بۇ قېتىمقى پائالىيەتتىن كېيىن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا چۈشتى.

**ئوتتۇرىغا چىقماق** ① مەيدانغا چىقماق، ئۆزىنى نامايان قىلماق، ئۆزىنى كۆرسەتمەك: 1947-يىلدىن كېيىن ئۇ ئاساسەن ئۇرۇمچىدە «ئەرك» گېزىتىدە «بۈگۈنكى دۇنيا ۋە ئەتىكى ۋەھىمە»

دېگەن ماقالىسى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، جامائەتكە قورقۇنچلۇق كوممۇنىزم خەۋپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەرگەن. ② سادىر بولماق، كۆرۈلمەك: ھازىر باشقا بىر ئىش، سىز دېگەن ئۇ ئىشتىنمۇ جىددىيرەك بىر ئىش، ئوتتۇرىغا چىقتى.

**ئوتتۇرىغا سالماق ← ئوتتۇرىغا قويماق:** ــ ئەترەت ئىشلىرىنى ئەزالار قارار قىلىدۇ. ئاتلارنى تارقىتىۋېتىشنى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىغا سال، قارار قىلسۇن! ــ دېدى ئۇ مەسۇمگە.

**ئوتتۇرىغا قويماق** كۆپچىلىكنىڭ مۇھاكىمە قىلىشى ئۈچۈن سۇنماق، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا سۆزلەپ ئۆتمەك: ئۇ جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ھەققىدە ئۆز پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. * قېنى، پىكىرىڭلار بولسا ئوتتۇرىغا قويۇڭلار، مۇزاكىرە قىلىمىز.

**ئوتتۇرانچى** سۈپ. ئۈچ بالىنىڭ ئىككىنچىسى، يەنى چوڭىدىن كىچىكى ياكى كىچىكىدىن چوڭى: «مېنىڭ سۆزۈم راست» دەپتۇ چوڭ شاھزادە. مەلىكە ئوتتۇرانچى شاھزادىدىن سوراپتۇ: «سەن نېمە دەيسەن، يىگىت؟» * ــ ئوتتۇرانچى ئوغلۇم داشۆدە ئوقۇۋاتىدۇ، ــ دېدى بوۋاي ئۆز ئۆزىدىن پەخىرلەنگەندەك قىلىپ.

**ئوتتۇرانچى يىلىك** < ئانات > جەينەكتىن مۈرىگىچە بولغان سۆڭەكتىكى يىلىك.

**ئوتتۇرىچە** سۈپ ① ھەجىم، مىقدار، سۈپەت، دەرىجە قاتارلىقلاردا ئوتتۇرا ھال ئورۇندا تۇرىدىغان؛ ياخشىدىن تۆۋەن، ياماندىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان: پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز مىقياسىدىن ئېيتقاندا، ئېنېرگىيە سەرپىياتى مەملىكەت بويىچە ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن يەنىلا يۇقىرى. ② ئوتتۇرا ھېساب بىلەن، ئوتتۇرا ھېسابتا: پوستلاقنىڭ ئوتتۇرىچە قېلىنلىقى 5.2 م م كېلىدۇ. * ئۇنىڭ ئوتتۇرىچە نەتىجىسى 82 ئىدى.

**ئوتتۇرىچە باھا** < سودا > تاۋار ئوتتۇرىچە قىممىتىنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشى.

**ئوتتۇرىچە پايدا** < س ئىق > كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ئوخشاش بولمىغان ھەرقايسى تارماقلارغا سېلىنغان ئوخشاش مىقداردىكى كاپىتاللار ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتى بويىچە ئېرىشىدىغان ئوخشاش مىقداردىكى پايدا. ئۇ كاپىتالنىڭ ئورگانىك قۇرۇلمىسى ۋە ئايلىنىش سۈرئىتى ئوخشاش بولمىغان تارماقلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان رىقابەتنىڭ پايدا نىسبىتىنى ئوتتۇرىچە ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانلىقىنىڭ نەتىجىسىدۇر.

**ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتى** < س ئىق > ئىشچىلار ياراتقان ئومۇمىي قوشۇمچە قىممەت مىقدارىنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي كاپىتالدا تۇتقان نىسبىتى.

**ئوتتۇرىچە پايدا نىسبىتى قانۇنىيىتى** < س ئىق > كاپىتالىستىك جەمئىيەتتە ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىدىكى ئوخشاش بولمىغان پايدا نىسبىتىنىڭ تارماقلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان رىقابەتلەر تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىچە ھالەتكە كېلىپ قېلىشىنىڭ مۇقەررەرلىكى.

**ئوتتۇرىچە سان** < مات > ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سانلارنىڭ يىغىندىسىنى شۇ سانلارنىڭ سانىغا بۆلگەندە كېلىپ چىققان بۆلۈنمە ئوتتۇرىچە سان دېيىلىدۇ. مەسىلەن، $5 = 3 \div (7+5+3)$ دېسەك، بۇنىڭدىكى 5 بولسا 3، 5 ۋە 7 لەرنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بولىدۇ.

**ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى** < مېتېئور > شامال سۈرئىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى. مەقسەت ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوتتۇرىچە قىممەت ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل

ئۇسۇللار بىلەن چىقىرىلىدۇ. يەر يۈزى ھاۋا رايىنى بايقاشتا، كۆز بىلەن بايقالغان شامال سۈرئىتى ئۈچۈن ئىككى مىنۇتلۇق ئوتتۇرىچە قىممەت ئېلىنىدۇ. ئاپتوماتىك ئەسۋاب بىلەن بايقالغان شامال سۈرئىتى ئۈچۈن، ئون مىنۇتلۇق ئوتتۇرىچە قىممىتى ئېلىنىدۇ. ھەرقايسى قەرەللىك بايقاشتىكى شامال سۈرئىتىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى «كۈنلۈك ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى» دەپ ئاتىلىدۇ. كۈنلۈك ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتىنىڭ ئايلىق (يىللىق) ئوتتۇرىچە قىممىتى ئايلىق (يىللىق) ئوتتۇرىچە شامال سۈرئىتى بولىدۇ.

**ئوتتۇرىچە قىممەت** <س ئىق> ئىجتىمائىي ئوتتۇرىچە ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىدا ئىشلەپچىقىرىلغان بىرلىك تاۋارنىڭ قىممىتى.

**ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى** <مېتېئور> ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى. مەقسەت ئوخشاش بولمىغاچقا، ئوتتۇرىچە قىممەت ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن چىقىرىلىدۇ. يەر يۈزى ھاۋا رايىنى بايقاشتا، ئادەتتە بىر كۈن ئىچىدىكى ھەرقايسى قەرەللىك بايقاشتا بايقالغان ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى، كۈنلۈك ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بولىدۇ؛ بەش كۈنلۈك، ئون كۈنلۈك، ئايلىق ۋە يىللىق ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىچە قىممىتى ئايرىم-ئايرىم ھالدا بەش كۈنلۈك، ئون كۈنلۈك، ئايلىق ۋە يىللىق ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى بولىدۇ.

**ئوتتۇرىلاشماق** پ. يېرىملاشماق، ئوتتۇرا بولماق (سىغىم، ھەجىم ياكى مەزگىل ھەققىدە).

**ئوتتۇرىلىق** ئى ← **ئارىلىق I**: بۇ ئوتتۇرىلىقتا كەڭ كەتكەن بىر سايلىق بار ئىدى. * ئوتتۇرىلىقتا بىرەر ئاش پىشىمۇ ۋاقىت ئۆتمىدى، مۇز پۈتۈنلەي چېقىلىپ، كېمە مۇزدىن ئاجرىدى.

**ئوتتۇز** سان. ئوننىڭ ئۈچ قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان، 29 دىن چوڭ، 31 دىن كىچىك بولغان پۈتۈن سان: 30 تال ئالما.

**ئوتتۇز ئوغۇل** كۆپچىلىك، يىگىتلەر: ئوتتۇز ئوغۇل توي بوسۇغىسىنى كۆتۈرۈپ، ساز چېلىشىپ «ھاي ھاي ئۆلەن، ھاي ئۆلەن» دېگەن ناخشىنى ئۈنلۈك ئېيتىپ، توي سورۇنىغا كىرگەندە ئايسخان دەسلەپ چىدىماي قالدى. * ھۇجۇم دېگەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ مەشرىپى ئەمەس-تە، ئۇ ھايات-مامات چېلىشىشى. سەن ئاشۇ كىشىلىرىڭنى قايتا كۆرەلەمسەن-يوق، بۇ ساڭا قاراڭغۇ.

**ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىدا** ئەل-جامائەتنىڭ ئىچىدە، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا: مەن ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ ئالدىدا ۋەدە بەرگەنمەن، دېگىنىمنى قىلماي قويمايمەن.

**ئوتتۇز ئىككى چىشىنى ئالقىنىغا ساناپ بەرمەك** ← **ئوتتۇز ئىككى چىشىنى سۇندۇرۇپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماق**: مەن دېگەن 8-ئەترەتنىڭ ئامبارچىسى سۇلايمان گۇر-گۇر! قېنى كىم ماڭا چېقىلىدىكەن، ئوتتۇز ئىككى چىشىنى ئالقىنىغا ساناپ بېرىمەن.

**ئوتتۇز ئىككى چىشىنى سۇندۇرۇپ، قولىغا تۇتقۇزۇپ قويماق** ئۇرۇپ ئاغزى بۇرنىنى قان قىلىۋەتمەك، قاتتىق ئۇرۇپ ئەدىبىنى بەرمەك: — ھېلى ئوتتۇز ئىككى چىشىڭنى سۇندۇرۇپ، قولۇڭغا تۇتقۇزۇپ قويماي يەنە، — دېدى سايىم مۇشتىنى دېۋەيلەپ.

**ئوتتۇز بېشى** ئى. تارىس [ئوتتۇز+بېشى] تارىختىكى ھەربىي ئەمەل نامى، ئوتتۇز ئەسكەردىن

تەركىب تاپقان ھەربىي ئەترەتنىڭ باشلىقى: ۋەتەننى دەپ جان بېرەر، بۇ كەتكەن توققۇز كىشى. توغرا-راست يولنى كۆرەر، قەھرىمان ئوتتۇزبېشى.

**ئوتتۇزىنچى** سان. سان ياكى دەرىجە جەھەتتە 29-دىن كېيىن، 31-دىن بۇرۇن تۇرىدىغان؛ سان تەرتىپى «30» رەقىمى بىلەن ئىپادىلەنگەن؛ ئوتتۇزىنچى نومۇرلۇق.

**ئوتتۇزىنچى ماي ھەرىكىتى** < تارىخ > جۇڭگو خەلقىنىڭ كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان جاھانگىرلىككە قارشى ھەرىكىتى. 1925-يىلى 5-ئاينىڭ 30-كۈنى شاڭخەيدىكى ئامما نامايىش ئۆتكۈزۈپ، ياپونىيە يىپ ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئىش تاشلاشقا قوماندانلىق قىلغان كومپارتىيە ئەزاسى گۇ جېڭخوڭنى ئېتىپ ئۆلتۈرگەنلىكىگە قارىتا نارازىلىق بىلدۈردى. نامايىشچىلار ئاممىۋى كونسېسسىيىگە بارغاندا، ئەنگلىيە ساقچىلىرىنىڭ ئوققا تۇتۇشىغا ئۇچرايدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن كومپارتىيە شاڭخەيدىكى ھەر ساھە ئاممىسىنى ئىش، دەرس ۋە بازار تاشلاشقا سەپەرۋەر قىلىدۇ. بۇنىڭغا ھەرقايسى جايلار قىزغىن ئاۋاز قوشىدۇ. نەتىجىدە بۇ ھەرىكەت پۈتۈن مەملىكەت بويىچە يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلىدۇ.

**ئوتتېلىيە** ئى (لات) < بوت > ← **ئوتتېلىيە ئوتى**.

**ئوتتېلىيە ئوتى** < بوت > يارلىقئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆل ۋە سۇلۇق ئېتىزلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى نېپىز ھەم يۇمشاق، تۇخۇم شەكىللىك بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ، رەڭگى قىزغۇچ يېشىل كېلىدۇ. گۈلى ئاچ بېغىر رەڭدە بولىدۇ. مېۋىسى قاناتلىق كېلىدۇ.

**ئوت-چۆپ** ئوت ۋە چۆپ، ئومۇمەن چارۋا يەيدىغان خىلمۇخىل ئوتلار: بىز ئاغىنە، ئاغىنىدارچىلىقتىن مەقسەت كىشلەرنىڭ چارۋىلاردىن كۈتكەن ئۈمىدىدەك ھازىر ئوت-چۆپ بېرىپ، كەلگۈسىدە گۆش-ياغ شىلىۋېلىش ئەمەس.

**ئوت-چۆپ تېرمومېتىرى** < مېتېئور > ئوت-چۆپ يۈزىگە يېقىن جايدىكى ئەڭ تۆۋەن ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى بايقايدىغان تېرمومېتىر.

**ئوت-چۆپ تېمپېراتۇرىسى** < مېتېئور > تېرمومېتىرنىڭ شار قىسمىنى پاكار ئوتلۇق يەردىكى ئوتنىڭ ياپرىقى ئۈستىگە قويۇپ بايقالغان تېمپېراتۇرا.

**ئوت-چۆپ يوقىتىش دورىسى** < خىم > ئېتىزلاردىكى ئوت-چۆپلەرنى يوقىتىدىغان دورىلار. مەسىلەن، نىتروفىن، پرومېترون، پروپانىل قاتارلىقلار.

**ئوتخانا I** ئى. ئائىلىلەردە مەخسۇس ئوت-چۆپ ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆي؛ سامانلىق.

**ئوتخانا II** ئى < ماشىن > ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېل، پويىز، راكېتا قاتارلىقلاردىكى يېقىلغۇلار يانىدىغان ئورۇن، بۆلەك.

**ئوت-خەس** ئومۇمەن ئوت-چۆپ قاتارىدىكى نەرسىلەر: بىكار قالسام ئىچىم پۇشۇپ، ئۆزۈم غەمدە يۈرىمەن. شۇڭا مەن خوتۇن بىلەن ئوغۇت، ئوت-خەس يىغىمەن.

**ئوتخور** سۈپ. ئوت-چۆپ يەيدىغان، ئوت-چۆپ بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان: ئوتخور ھايۋانلار.

**ئوتخور بېلىق** < زوئول > بېلىقنىڭ بىر خىلى. تېنى كاناي شەكلىدە، ئازراق يېشىللىقى بار، تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، سۇ ئىچىدىكى چۆپلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم بېلىقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇتخور قارا بېلىق** < زوئول > ← **پاللاس بېلىق.**

**ئۇتخور هايۋانلار** < زوئول > مەخسۇس ئۆسۈملۈك (ئوت-چۆپ) بىلەن ئوزۇقلىنىدىغان هايۋانلار.

**ئۇتخورلۇق** ئى < زوئول > هايۋانلارنىڭ ئۆسۈملۈكلەر بىلەنلا ئوزۇقلىنىش ئادىتى.

**ئوت-سامان** ئوت ۋە سامان، ئومۇمەن ئات-ئۇلاغلار يەيدىغان ئوت-چۆپ، سامان قاتارلىق نەرسىلەر: ـــ ئوت-ساماننى ئوبدانراق يىغىۋالمساق، قىشتا ئۇلاغلارنى باقالماي قالىمىز، ـــ دېدى ئۇ ماڭا چۈشەندۈرۈپ.

**ئوت-سۇ** ئوت ۋە سۇ.

**ئۇتسىندۇرماق** «ئۇتسىنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇتسىنماق** پ. ئوتقا قاقلىنىپ ئىسسىنماق: ئۇ تونۇر بېشىدا ئوتسىنىپ ئولتۇرغان هاشىمنىڭ يېنىغا كەلدى.

**ئۇتسىنىشماق** «ئوتسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار گۈلخان ئەتراپىدا ئوتسىنىشقاچ هەر خىل ئىشلار ئۈستىدە پاراڭلاشماقتا ئىدى.

**ئوتقات** (توغرىسى: ئوتئوغات) ← **ئوتئوغات.**

**ئوتقاش** ئى. قاراڭغۇ كېچىدە يول يۈرگەندە يولنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ ياكى تۆمۈر كالتەكنىڭ ئۇچىغا مايغا چىلانغان پاختىنى ئوراپ ياسالغان ئاسان ياندىغان نەرسە. ئوت كالتەك، مەشئەل: ئۇ ئاسما كۆۋرۈكتىكى ئوتقاشلار ئارىسىدا تۇرغان ئابلىزنى كۆردى. * ئوتتا كۆيمەس ئوتقاشقىمەن، ئوتقا كىرسەم سېنىڭ ئۈچۈن. نېمە ئارمان جان ۋەتىنىم، جاننى بەرسەم سېنىڭ ئۈچۈن.

**ئوتقاشتەك** سۈپ. قىزىل، قىپقىزىل.

**ئوتقاشچى** ئى. ئوتقاش كۆتۈرۈپ ماڭغۇچى كىشى: ئۇلار ئەمدىلا تاغ باغرىغا بېرىشقا سول تەرەپتىن قىزىل كىيىم كىيگەن، قورallلىق 500 ئوتقاشچى چېرىك ئېتىلىپ چىقتى.

**ئوتقاشسىمان** سۈپ. ئوتقاشقا ئوخشاش: قىز چىرايلىق-ئۇز سانالماس، مەگزىدە مەڭ بولمىسا، بولسا مەڭ، ئوتقاشسىمان پارلاق جۇلا-رەڭ بولمىسا.

**ئوتقۇيرۇق** سۈپ (ئوت+قۇيرۇق) بالا-قازا تېرىيدىغان، قۇترىتقۇلۇق قىلىدىغان، جېدەل پەيدا قىلىدىغان: ئۇ خەلقنى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە ئاپئاشكارا دەۋەت قىلىدىغان ئوتقۇيرۇق ئادەم، ئۇنى كۆزدىن يوقىتىش كېرەك. // بىز هەرگىزمۇ خەلقنى ئازدۇرغۇچى ئوتقۇيرۇقلارغا يول قويماسلىقىمىز لازىم.

**ئوتقۇيرۇقلۇق** ئى. قۇتراتقۇلۇق قىلىش، بالا-قازا پەيدا قىلىش هەرىكىتى، پائالىيىتى: ـــ هە، بۇ يەردە ئەسلى سەن ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىۋېتىپسەن-دە! ـــ دېدى ئۇ هومىيىپ.

**ئوتقۇيرۇقلۇق قىلماق** قۇتراتقۇلۇق قىلماق، جېدەل-غوۋغا پەيدا قىلىدىغان ئىش-هەرىكەت، گەپ-سۆزلەرنى قىلماق: ئۇ ئاستىرتتىن ئۈستىلىق بىلەن ئوتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، ئوت ئۈستىگە ياغ سەپتى.

**ئوت-كاۋاپ** ئوت ۋە كاۋاپ، ئومۇمەن ئىنتايىن قىزىغان، كۆيگەن، ئۆرتەنگەن هالەت.

**ئوت-كاۋاپ بولماق** قاتتىق كۆيمەك، ئۆرتەنمەك: هۆرنىساخان قىزنى ئەنۋەر بىلەن ئۇچراشتۇردى، ئەنۋەرنىڭ قانداقلىقى هۆرنىساخانغا نامەلۇم، لېكىن قىز ئوت-كاۋاپ بولۇپ كۆيۈپ يۈرەتتى.

**ئوتلاتماق** I «ئوتلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: هارۋىكەش بوۋاي قارا ئۆكۈزنى ئوتلاتقىلى ئېلىپ ماڭدى. * داللاردا ئوينىدىم، چۆجىلەرنى ئوتلىتىپ، هەم ئۇنىڭكى دۈشمىنى سار، قۇزغۇننى يوقىتىپ.

**ئوتلاتماق** II « ئوتلىماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ماڭىمۇ بىر يۇتۇم ئوتلىتىپ قويۇڭا، — دېدى يەنە بىر بالا خەلچەم ئانىغا يېلىنىپ.

**ئوتلاشماق** I « ئوتلىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆمۈر يول بويىدا بىر توپ قوي-قوزا يۈرەتتى ئوتلىشىپ، ئويناقلاپ-يايراپ.

**ئوتلاشماق** II « ئوتلىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بىر-ئىككى رومكا ئوتلىشىپ بېرەرسەن؟ — دېدى ئۇ ئاباققا قاراپ ھىجىيىپ.

**ئوتلاق** ئى. ئوت-چۆپلەر كۆپ ئۆسكەن، ئوت-چۆپ بىلەن پۈركەنگەن جاي؛ يايلاق، چۆپلۈك: ئۇ ئوتلاققا كېلىپلا، بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. * ئۇ ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ يۇمشاق ئوتلاقتا ياتقانلىقىنى سەزدى.

**ئوتلاق سالىمىسى** < زوئول > سۆرەلگۈچىلەر كلاسسى، كەسلەنچۈك ئائىلىسىدىكى ھايۋان. تەن ئۇزۇنلۇقى 25 سانتىمېتىر، قۇيرۇقى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، دۈمبىسى يېشىل قوڭۇر، قورسىقى ئاقۇچ كۈل رەڭ، تېنىنىڭ يان تەرەپلىرى يېشىل، دۈمبىسىدە ئالتە قاتار چوڭ تەڭگىچە قاسىرقى بار، ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياشاپ، ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىغا تارقالغان، شىنجاڭدىمۇ بار.

**ئوتلاق قانۇنى** < قا > دۆلەتنىڭ ئوتلاقلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە ئۇنى باشقۇرۇش ئىشلىرىنى تەرتىپكە سېلىش يۈزىسىدىن تۈزگەن قانۇنى.

**ئوتلاق قىلىيورغىسى** < زوئول > قىلىيورغىنىڭ بىر خىلى. بېلى ئاق كېلىدۇ، ئوتلاقتا ياشايدۇ.

**ئوتلاق كىلىماتى** < مېتېئور > تۇپراق نەملىكى ئوت-چۆپلەرنىڭ ۋە قۇرغاقچىلىققا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنىلا تەمىنلەيدىغان يېرىم قۇرغاق رايونلارنىڭ كىلىماتى. ئۇ قۇرۇقلۇق كىلىماتى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ كىلىمات كۆپىنچە چۆللۈكلەر بويلىرىدا بولىدۇ.

**ئوتلاقچىلىق** ئى. ئوتلاق، يايلاق بەرپا قىلىش، باشقۇرۇش ئىشى، ئومۇمەن ئوتلاق بىلەن مەشغۇل بولۇش پائالىيىتى: ھازىر مەملىكىتىمىزدە ئوتلاقچىلىقنىڭ خەلق ئىگىلىكىدىكى ئورنى بارغانسېرى مۇھىم بولماقتا.

**ئوتلام** مق. ئېغىزغا بىر ئالغۇدەك مىقدارنى بىلدۈرىدۇ، كۆپىنچە ئىچىملىكلەر ھەققىدە ئېيتىلىپ « يۇتۇم » بىلەن باراۋەر ئىشلىتىلىدۇ: جان دېگەن ئىنسانغا ئامانەت نەرسە، بىر كۈنلەردە ئاغرىپ ياتارمەن... بەلكى بىر ئوتلام سۇغا موھتاج بولۇرمەن، ئەگەر ئەجەل يېتىپ بىر بۇلۇڭدا يېتىپ قالسام... كىشى چۆچۈيدۇ-دە.

**ئوتلانماق** « ئوتلىماق II » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارىدا بىر-ئىككى ئوتلام چايمۇ ئوتلاندى، بىرەر پارچىدىن نانمۇ يېيىلدى.

**ئوتلۇق** I سۈپ. ئوتى بار، ئوت-چۆپلەر كۆپ ئۆسكەن، ئوت بىلەن قاپلانغان: ئۇلار تەگرى تېغىنىڭ تۆۋەن ئېتىكىدىكى سۈزۈك سۇلۇق، يۇمران ئوتلۇق گۈزەل يايلاقتا بىر كېچە تۈنىدى.

**ئوتلۇق** II سۈپ ① ئوتى بار، كۆيىدۇرۇش، كۆچىگە ئىگە: قان-ياش ئاققان كۆزلەردە، چاققاي بۇگۈن چاقماقلار! چۇشۇپ ئوتلۇق چېقىلغان، كۆيسۇن ئەمدى چاققاقلار! ② قىزىق، ئىسسىق، ھارارەتلىك؛ كىشىگە ئىللىقلىق، خۇشاللىق بېغىشلايدىغان: ئىككى سەپداشنىڭ ئوتلۇق مەگزى بىر-بىرىگە چىڭ چاپلاشتى. * ئالىمنىڭ ئوتلۇق نەپسنى ئۆز

مەگزىدە سەزگەن مېھرىبان ئالىمنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويدى. * ھەي ئوتلۇق شاماللار، ئوتلۇق شاماللار، ئېيتىڭلار ئاي يۈزلۈك يارىمغا بېرىپ: ئېرىڭىز ئاقلىدى پاك ئىشقىڭىزنى، ئالەمگە رەڭمۇرەڭ گۈل قىلىپ تېرىپ. ③ نۇرلۇق، نۇر چېچىپ تۇرغان، چاقناپ تۇرغان: — ھە... — ئۇ شۇنداق دېدى-دە، گويا قىزنىڭ ئوتلۇق كۆزلىرىنىڭ ئۆزىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىشىدىن قورققاندەك، يەرگە قارىۋالدى. ④ كۆچمە. بالا-قازا، جېدەل-ماجىراغا يېقىن، خەتەرلىك، جېدەل پەيدا قىلىدىغان: خوتۇن خەقنىڭ پېشى ئوتلۇق دەپ، ئوت تۇتىشىپ بالا-قازا ياماشقىلى ئارانلا تۇرىدۇ. ⑤ كۆچمە. شىجائەتلىك، غەيرەتلىك، قايناق؛ جۇشقۇن، قىزغىن: ئۇنىڭ ئوتلۇق ياش يۈرىكى دائىم خەلق ئۈچۈن سوقۇپ تۇراتتى. * ئوتلۇق مۇھەببەتكە ئىنتىزار بولغان ياش قىزنىڭ كۆزىنىڭ ھۇجۇمى مېنى گاڭگىرىتىپ قويدى. * جام ئېلىپ دىلدار قولىدىن يۇتمىغايمەن قەترە مەي، «ئەل ئۈچۈن جان بەر» دېگەن ئوتلۇق خىتابى بولمىسا. ⑥ كۆچمە. كۆچلۈك روھىي ئازاب كەلتۈرىدىغان، ئەلەملىك، دەردلىك: مېنىڭ بۇ خېتىم، بەلكى سىزنىڭ كامىل ئۈچۈن ھەسرەتلىك ياشلار تۆككەن، ئوتلۇق ئاھلار تارتقان چېغىڭلاردا يېتىپ بارار-دە، ئۆتنۈلغان، كونىرىغان بىر يۈرەكنىڭ ئەرزىنى تىڭشىيالماسسىز ۋە يېنىپ تۇرغان يۈرەك ئوتىڭىز بىلەن كۆيدۈرەرسىز.

**ئوتلۇق** III ئى. دىئال. تونۇرنىڭ كۆلىنى چىقىرىدىغان تۆشۈكى، داپخون.

**ئوتلىنىشماق** «ئوتلاتماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوتلىماق** I پ. مال-چارۋىلار ئوت-چۆپ يېمەك، ئوت بىلەن ئوزۇقلانماق: دەريا بويىغا يېتىپ كەلسەم، كالىلار بىخرامان ئوتلاپ يۈرۈپتۇ. * ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتنى ئوتلاشقا قويۇۋەتتى.

**ئوتلىماق** II پ. قىزىق ئىچىملىكلەرنى ئاز-ئازدىن يۇتماق؛ ئومۇمەن سۇيۇق نەرسىلەرنى ئاز-ئازدىن ئىچمەك: چىمەن قولىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، ئىستاكاننى جوزىغا قويدى ۋە ھېكايىسىنى داۋام قىلدى. * موماي چاينى ئىككى ئوتلاپ، نېرى ئىتتىرىپ قويۇپتۇ.

**ئوتلىماق** III پ < تب > ئوت بىلەن ئۇچۇقلىماق: يېزىدا بەزى دېھقانلارنىڭ كېسەلنى ئوتلاپ «ساقايتىش» ئادىتى بار. * خەلق ئارىسىدىكى «ئوتلاپ قېقىش»، «پېرە ئويناتىش» قاتارلىق خۇراپىي ئۇسۇللار ئۇزاق ئۆتمۈشتىكى ئوتقا چوقۇنۇشتىن قېلىپ قالغان ئادەتلەردۇر.

**ئوتھارۋا** ئى (ئوت+ھارۋا) كونا. پويىز: ئىتتىپاقداش دۆلەتلەرنىڭ باشقا ئايروپىلانلىرى بېرلىننىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى ئايرودروملارنى، ئوتھارۋا ۋاگونلىرىنى ۋەيران قىلدى. * ھەربىر يەردە زاۋۇت-كانلار ۋارقىراپ تۇرسا، تۆمۈر-يوللار، ئوتھارۋىلار جارقىراپ تۇرسا، بۇ مېنىڭ ياش غۇنچە گۈلۈم ئېچىلاتتى.

**ئوتۇغات** ئى. تارس. ① ئەمەلدارلارنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان مەنسەپ بەلگىسى. ② دوپپىنىڭ ئالدىغا تاقىلىدىغان زەر پۆپۈك: ئوتۇغات تاقىماق.

**ئوتۇغات مونچاق** ۋاكلىق تۈزۈمدە گۈڭ، بەيزە، تەيجىلەر كىيىدىغان تاج.

**ئوتوفون** ئى [ر< گرېك] < تب > قۇلىقى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئاۋازلارنى ئاڭلىشىغا ياردەم بېرىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ئۇنىڭ بەزىلىرى ئاكۇستىكىلىق پرىنسىپ بويىچە ئاۋاز دولقۇنىنى توپلاپ قۇلاققا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؛ يەنە بەزىلىرى ئېلېكتر ئىلمى پرىنسىپلىرى بويىچە ئاۋاز قوبۇللىغۇچ ياكى

مىكروفون قوبۇل قىلغان ئاۋاز دولقۇنىنى چوڭايتىپ قۇلاققا يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**ئوتۇقماق** پ. قوزا-ئوغلاق قاتارلىق چارۋىلارنىڭ باللىرى سۈتتىن ئايرىلىپ ئوت يېگۈدەك بولماق، ئوتقا كىرىشمەك: ـــ ئالا قوينىڭ قوزىسىمۇ ئوتۇقۇپ قالدى، ـــ دېدى ئۇ بوۋايىنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن.

**ئوتۇن** ئى. كېسىپ، يېرىپ ئوت قالاش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ، شاخ-شۇمبا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر، ئومۇمەن ئوت قالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك ياغاچلار: ئوتۇن ئوبدان ـــ خوتۇن ئوبدان (ماقال). * ئوت بار يەردە تۈتۈن بار، سۇ بار يەردە ئوتۇن بار (ماقال).

**ئوتۇننى يۇيۇپ قالايدىغان** تازىلىق قىلدىم دەپ، بەك ئاشۇرۇۋېتىدىغان: بۇ تازا ئوتۇننى يۇيۇپ قالايدىغان بىرنېمە بولىدىغاندەك قىلىدۇ.

**ئوتۇن-پۇتۇن** ئوتۇن ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: ـــ بىرەر يېرىم باغ ئوتۇن-پۇتۇن دېۋىدىڭ، كىم سېنى بۇنچە لىقشىتىپ ئارتسۇن دەپتۇ! ـــ دېدى ئۇ هارۋىنى قويۇۋەتمەي.

**ئوتۇن-چاۋار** ئوتۇن ۋە چاۋار: ـــ مانا قاراڭلار، مۇشۇمۇ ئوتۇن-چاۋار بولامدۇ، بىرىنچى سورتلۇق قومۇش ئەمەسمۇ!ـــبىر يىگىت بىر تۇتام قومۇشنى ئېگىز كۆتۈرۈۋېلىپ ۋارقىرىدى.

**ئوتۇنچى** ئى ① جاڭگال ۋە تاغۇتاشلاردىن ئوتۇن ئەكىلىپ، ئۇنى سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى: بۇرۇۇنىنىڭ بۇرۇۇنىسىدا بىر ئوتۇنچى ئۆتكەنىكەن، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئىككى ئوغلى بار ئىكەن. ② بايلارغا مەخسۇس ئوتۇن توشۇپ بېرىدىغان مالاي: ئۆتمۈشتە باينىڭ ئوتۇنچىسى ئىدىم، بۈگۈن دۆلەتنىڭ ئورمان ئىشچىسى بولدۇم.

**ئوتۇنچىلىق** ئى. مەخسۇس ئوتۇن ئەكىلىپ سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈش: «ئوتۇنچىلىق تولىمۇ ئېغىر، ئادەم ئىلگىرى باسمايدىغان بىر ئىش ئىكەن. ئۇنىڭدىن كۆرە بېلىقچىلىق قىلمايمەنمۇ» دەپ ئويلاپتۇ هېلىقى ئوتۇنچى.

**ئوتۇنخانا** ئى. ئوتۇن قويىدىغان ئۆي: بۇ چوڭ ئوتۇنخانىدا قاتتىق-قۇرۇق ئوتۇنلار ئېگىز-ئېگىز دۆۋىلىنىپ كەتكەنىدى.

**ئوتۇندەك** سۈپ. چىڭ، راۋۇرۇس، مەزمۇت؛ كەم-كۈتىسىز: سەن دېگەن بويىچە هېسابلىساقمۇ، سېنىڭ بوينۇڭغا ئوتۇندەك تۆت توپ چىتنىڭ پۇلى ـــ بىر مىليون سەككىز يۈز مىڭ دوللار ئۆتۈپ بولۇپتۇ.

**ئوتۇنلۇق** ئى. ئوتۇن بار، ئوتون كۆپ يەر: ئۇ ئوتۇنچىدىن نېمە ئۈچۈن ئوتۇنلۇقتىن ئېشەكنى قۇرۇق هەيدەپ كېتىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.

**ئوتۇنىت** ئى (ر< فران) < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Ca[UO_2]_2[PO_4]_2 \cdot 8H_2O$. تۆت ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا، كرىستاللىرى نېپىز تاختىسىمان، يېسسى تارشىسىمان، تۆت ياقلىق ياكى سەككىز تەرەپلىك شەكلىدە بولۇپ، قۇراشمىسى قاسىراقسىمان، شارسىمان، تالقانسىمان بولىدۇ. رەڭگى يېشىلغا مايىل سېرىق، ئاچ يېشىل. سېرىق ۋە سارغۇچ يېشىل، سۈزۈكتىن يېرىم سۈزۈككىچە، ئەينەك پارقىراقلىقىدا، قاتتىقلىقى 2 ـــ 2.5، چۈرۈك؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.50 ـــ 3.19. ئاجراشچانلىقى ئىنتايىن تولۇق. بىرلەمچى ئۇران كان ياتقىلىرىنىڭ ئوكسىدلىنىش بەلبېغىدا ئۇچرايدۇ.

**ئوتۇن-ياغاچ** ئوتۇن ۋە ياغاچ: هازىر 43

ئائىلىنىڭ ئوتۇن-ياغىچى، چاي-تۇزى يوق، بالىلىرى يالىڭاچ!

**ئوتنغۇچ** ئى. توپىنى بوشىتىش ۋە ئوت ئوتاشتا ئىشلىتىلىدىغان دېھقانچىلىق سايمىنى.

**ئوتىماق** پ. زىرائەت ئىچىدىن ئوت-چۆپلەرنى يۇلۇپ ئالماق، زىرائەتنى ئوتتىن خالىي قىلماق: — بولۇپتۇ قىزىم، — دېدى موماي ئاغرىنىپ ۋە ئاستا باغدىكى كۆكتاتلارنى ئوتىغىلى چىقىپ كەتتى.

**ئوتياش** ئى (ئوت+ياش) سەي-كۆكتات: سارىخان ئاچا قولىدىكى ئوتياشنى كۆپنىڭ تۈۋىگە قويۇۋېتىپ سورىدى، — باللار خاپا قىلغان ئوخشىمامدۇ، قىزىم؟

**ئوتياشچى** ئى. سەي-كۆكتات تېرىپ ساتقۇچى كىشى، سەيچى.

**ئوتياشچىلىق** ئى. مەخسۇس سەي-كۆكتات تېرىپ ئۆستۈرۈش ۋە ئۇنى سېتىش ئىشى.

**ئوتياشلىق** ئى. ئوتياش ئۆستۈرۈلگەن، ئوتياش تېرىلغان يەر: بوۋاي قوغۇنلۇق بىلەن ئوتياشلىق ئوتتۇرىسىدىكى ساتما ئىچىگە كىردى.

**ئوت-يالقۇن** ئوت ۋە يالقۇن: ئىككىسى ئالدىراپ ماڭدى يامۇلغا، گويا جۈپ يولۋاستەك تاشلىنىپ قەدەم. قەلبىدە پىلدىرلار ئۈمىد ئۇچقۇنى، ئىككى جۈپ كۆزگە ئوت-يالقۇنمۇ ھەمدەم.

**ئوچ** مىق. جان ت ← **ئوچۇم**.

**ئوچاق** ئى ① ئۈچ تەرىپى تۇتاش ئېتىك ئالدى تەرىپىگە ئېغىز ئېچىپ ياسالغان، ئۈستىگە قازان ئېسىلىپ، ئىچىگە ئوت يېقىلىدىغان قۇرۇلما: باينىڭ پۇلى — ئوچاقنىڭ كۈلى (ماقال). * ئوغلۇم بولسا ئوچاقتەك، قىزلار كېلەر قورچاقتەك (ماقال). * تۇخۇم كۆمدۇم ئوچاققا، ئېتىلغاندۇر بۇ چاغقا، يىراقتىكى شۇ يارلار، سېغىنغاندۇر بۇ چاغقا. ② كۆچمە. بىرەر نەرسە پەيدا بولىدىغان، تارقىلىدىغان ياكى ئەمەلگە ئاشىدىغان جاي؛ مەنبە: «بۇ زۇلمەت ئوچىقىدىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەرمۇ كېلەر... ئەقىللىق چوڭ بولغىن» دەيتتى ئۇ دائىم بېشىمنى سىلاپ. * كۇچانىڭ سۇجۇپ مۇزىكا سىستېمىسىنىڭ ئوچىقى بولۇشى تاسادىپىي ۋە ياكى يەككە-يېگانە ھادىسە ئەمەس، ئەلۋەتتە.

**ئوچاق بېشى** ئوچاق بار جاي، ئوچاقنىڭ ئەتراپى، يېنى؛ ئوچاقنىڭ ئۈستى تەرىپى: ئۇ بۇرۇن باينىڭ ئۆيىدە ئوچاق بېشى بىلەن داس ئالدىدىن نېرىغا بارالمايدىغان چاكار ئىدى. * تىللاخان ئوچاقتىن قازاننى چۈشۈرۈپ، ئوچاق بېشىدىكى لېگەنگە پولۇنى ئۇسسۇشقا باشلىدى. ھويلىنى مەززىلىك پولۇنىڭ پۇرىقى قاپلىدى.

**ئوچىقىدىن پوچىقىغىچە ← يېپىدىن يىڭنىسىگىچە**: ئوچىقىدىن پوچىقىغىچە سورىماق.

**ئوچاقلىق** سۈپ. ئوچاق بار، ئوچاق سېلىنغان: ئۇ دەسلەپ بىر ئېغىزلىق ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەنىدى، كېيىن ئەپلەپ-سەپلەپ، ئۈچ ئوچاقلىق بىر ئاشخانا، كىچىكرەك بىر قازناق سېلىۋالدى.

**ئوچاقنەيزە** ئى (ئوچاق+نەيزە) ئىككى تەرىپىدىن شامال ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان تۆمۈرچىلىك ئەسۋابى.

**ئوچۇق** ① سۈپ. تەرەپلىرى ھېچ نەرسە بىلەن توسۇلمىغان: ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئوچۇق يەرگە ھەر خىل گۈللەر تېرىلغانىدى. ② سۈپ. ئۈستى يېپىلمىغان ياكى كۆپ قىسمى يېپىلماي قالغان: ئالماس ئوچۇق سەيناغا چىققاندا، ئۇلار ئالماسنىڭ ئارقىسىدا ئىدى. * ئۇ ئەخمەتنىڭ ئوچۇق دالاندىن يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆردى. ③ سۈپ. يېپىلمىغان، ئېتىلمىگەن ياكى تاقالمىغان، قۇلۇپلانمىغان، قاناتلىرى ئېچىۋېتىلگەن: داشانىڭ ئۇدۇلىدىكى دېرىزە

ئوچۇق ئىدى. * ئايروپىلانىنىڭ ئىشكى تېخى ئوچۇق تۇراتتى. // دەم ئېلىپتۇ قاراۋۇللىرى، ئوچۇق قېلىپتۇ ئۆي-ھۇجرىلىرى. ④ سۈپ. يالىڭاچ، ئەت-تېرىلىرى كۆرۈنۈپ قالغان: ئوچۇق بەدەن. * ئۇ ئوچۇق كۆكرىكىنى تۇمقى بىلەن بىرنەچچە قېتىم يەلپۈپ قويۇپ، يەنە بېشىغا كەيدى. ⑤ سۈپ. تۈز، راۋان توسالغۇسىز: دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق؛ ئەل سۆيگەنىنىڭ يولى ئوچۇق (ماقال). * دېھقانغا جەننەتنىڭ ئىشكى ئوچۇق (ماقال). * سىلەرگە مەكتىپىمىزنىڭ ئىشكى ھەرقاچان ئوچۇق. ⑥ سۈپ. يۇمۇلمىغان، يېپىلمىغان (كۆز، ئېغىز قاتارلىقلار ھەققىدە): ئوچۇق ئېغىز ئاچ ئۆلمەس (ماقال). // ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىچە ئوچۇق تۇراتتى. ⑦ سۈپ. سۈزۈك، بۇلۇتسىز، بۇلۇت ياكى چاڭ-توزانلاردىن خالىي: 11-ئاينىڭ 15-كۈنى، ھاۋا ئوچۇق، سەل شامال چىقىپ تۇراتتى. * تاشۋاي ئوچۇق ئاسمانغا زوق بىلەن تىكىلگىنىچە ئەركىن بىر نەپەس ئالدى. ⑧ سۈپ. زىل، ساز، جاراڭلىق: تەمبۇر، دۇتارلار ئۈچۈن مېۋىلىك ئاق ئۈجمە ياغىچىدىن خەرەك ياساپ ئىشلەتسە، ئوچۇق ئاۋاز بېرىدۇ. * مۇشۇنداق قىلغاندا ئاھاڭلار ئوچۇق، پاكىز چىقىدۇ. ⑨سۈپ. بۇلغانمىغان، ساپ، سۈزۈك، راۋان: — ئاخشامقى كىشمىش ئۆرۈكتىن، — دېدى ئومان، — تومۇرىڭىزنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئازراق يەپ باقامسىز؟ ⑩ سۈپ. تۈز، پاك، ھىيلە-مىكىردىن خالىي؛ خۇش خۇي، خۇش چاقچاق، مۇلايىم، چىقىشقاق: ئۇ تولىمۇ خۇش چاقچاق، ئوچۇق يىگىت ئىكەن. * گۈلسۈمخاننىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈكى قوشنىلىرىغا يېقىپ قالغانىدى. * — ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى موللازەيدىن ئوچۇق پېئىللىك بىلەن. ⑪ رەۋ. ئېنىق، روشەن، ئاسانلا بىلگىلى، سەزگىلى بولىدىغان ھالەتتە، گەۋدىلىك: بۇ يەردە پەسىللەرنىڭ ئالمىشىشى ئوچۇق ۋە مۇقىم بولىدۇ. ⑫ سۈپ. ھەقىقىي، راست، توغرا؛ ئاشكارا، ئېنىق: ئۇ بۇ قېتىم ئوچۇق گېپىنى قىلدى. // مەن ئۆز پىكرىمنى ئوچۇق ئېيتتىم. * ئۇنىڭ نارازىلىقى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * — خوش، — دېدى ئابباس ئەپەندى، — ئوچۇق سۆزلىشەيلى. ⑬ سۈپ. قېنىق، تۇتۇقنىڭ ئەكسى (رەڭ ھەققىدە): — قارالڭ، — دېدى ئۇ ماڭا تېخىمۇ چۈشەندۈرۈپ، — رەڭگىمۇ شۇنداق ئوچۇق، ئايالىڭىزغا ئالغاچ بارسىڭىز خوش بولماي قالمايدۇ. ⑭ سۈپ. ھەممەكىشى ئۆز ئىختىيارى بويىچە قاتناشسا بولىۋېرىدىغان، خالىغانلار قاتناشسا بولىدىغان، ئادەم چەكلەنمەيدىغان: ئوچۇق يىغىن. ئوچۇق سوت. ⑮ سۈپ. ھېچكىمدىن يوشۇرۇلمىغان، ئوچۇق-ئاشكارا بولغان: ئوچۇق قارشىلىق. ئوچۇق ھەرىكەت. ئوچۇق مۇناسىۋەت.

**ئوچۇق باھا** < سودا > مالنىڭ ئوچۇق كۆرسىتىلگەن باھاسى.

**ئوچۇق بوغۇم** < تىل > سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بوغۇم.

**ئوچۇق پۆرە** پۆرىنىڭ بىر خىلى. قىيمىسى گۆش بىلەن پىيازدىن تەييارلىنىپ ئۈستى ئوچۇق قىلىپ تۈگۈلىدۇ. ئادەتتە تاۋىغا قويۇلۇپ، ئوچۇق يېرىگە ماي تېمىتىش ئارقىلىق پىشۇرۇلىدۇ.

**ئوچۇق چىراي** خۇش خۇي، خۇش چاقچاق: لۇتپۇللا ئوچۇق چىراي بۇ يىگىت بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

**ئوچۇق خەت** بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتا يېزىلغان، ئەمما خەتنى يازغۇچى «كۆپچىلىككە ئۇقتۇرۇش زۆرۈر» دەپ، ئوچۇق-ئاشكارا ئېلان قىلغان

خەت: — بىز بۇ ھەقتە ھۆكۈمەتكە ئۇچۇق خەت يازماقچىمىز، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ.

**ئۇچۇق دەرس** < مائار > ئۆز ئارا تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئوقۇتۇش مېتودىنى تەتقىق قىلىشنى مەقسەت قىلغان دەرس شەكلى. مۇناسىۋەتلىك ئوقۇتقۇچىلار ۋە باشقا مائارىپ خادىملىرى تەشكىللىك ھالدا ئۇنى ئاڭلاشقا قاتناشتۇرۇلىدۇ.

**ئۇچۇق دېڭىز** < جۇغ > خالىغان دۆلەت ئىشلىتەلەيدىغان، ھەرقانداق بىر دۆلەتنىڭ ئىختىيارىدا بولمىغان دېڭىز تەۋەلىكى.

**ئۇچۇق سوت** < قا > مەملىكىتىمىز خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ دېلولارنى ئوچۇق-ئاشكارا سوت قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، كەڭ ئاممىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ئىجتىمائىي ئەھمىيىتى زور بولغان دېلولار قاراپ چىقىلىدۇ.

**ئۇچۇق سۆز** دېمەكچى بولغان سۆزنى ھېچقانداق يوشۇرماستىن، ئېنىق، توغرا، ئاشكارا ئېيتىدىغان: شەيخ ئىبراھىم ئېلى نۇرىدىنىنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈپ: «سېنىڭدەك ئۇچۇق سۆز ئادەمنى مەن تۇغۇلغاندىن بېرى كۆرگىنىم يوق» دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئورۇنلاپتۇ.

**ئۇچۇق شەھەر** چەت ئەللىك ساياھەتچى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ساياھەت ھەم سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشى ئۈچۈن ئېچىۋېتىلگەن شەھەر.

**ئۇچۇق كرىستاللىق جىنس** < گېئول > ئۇچۇق كرىستاللىق قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان جىنس. مەسىلەن، گرانىت، جۇلالىق شىپات قاتارلىق.

**ئۇچۇق كرىستاللىق قۇرۇلما** < گېئول > كۆز بىلەن ئايرىغىلى بولىدىغان ماگما جىنسلاردىكى مىنېرال كرىستال دانىچىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى.

**ئۇچۇق كۆڭۈل ← كۆڭلى ئۇچۇق:** ھەمرا مەتنىيازنىڭ ئۇچۇق كۆڭۈللۈكىنى ياخشى كۆرەتتى.

**ئۇچۇق ھايات ئالمى** < گېئول > ئۇچۇق ھايات جاھانىدا شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**ئۇچۇق ھايات جاھانى** < گېئول > گېئو-لوگىيىلىك يىلنامە نامى. ئۇ كېمبرىيدىن بۇرۇنقى يوشۇرۇن ھايات جاھانىغا نىسبەتەن ئېيتىلغان بولۇپ، كېمبرىي دەۋرىدىن باشلاپ كۆپ مىقداردىكى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانىزملىرى كۆرۈلۈشكە باشلىغان باسقۇچ كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە قەدىمكى ھايات ئېراسى، ئوتتۇرا ھايات ئېراسى، يېڭى ھايات ئېراسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئۇچۇق ئېلېكتر يولى** < فىز > رادىئو تارقاتقۇچ ياكى قوبۇللىغۇچلارنىڭ ئانتېننىسى بىلەن يەر سىمىنىڭ ھاۋادا ئېلېكتر ماگنىت مەيدانى ئارقىلىق ھاسىل قىلغان قايتىش زەنجىرى. رادىئو دولقۇنى تارقىتىلغاندا، ئانتېننا بىلەن يەر سىمى ئۇچۇق ئېلېكتر يولىنىڭ ئىككى قۇتۇپى بولىدۇ.

**ئۇچۇق ئىمتىھان** < مائار > ئىمتىھان ئېلىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئىمتىھانغا قاتناشقۇچىلارنىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللاردىن ئەركىن پايدىلىنىشىغا رۇخسەت قىلىنىدۇ.

**ئۇچۇق-ئاشكارا** ئوچۇق ۋە ئاشكارا: ئابدۇراخمان بىلەن رەيھان بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت ھەققىدە ئۇچۇق-ئاشكارا بىرەر ئېغىز سۆز قىلىشمىغانىدى.

**ئوچۇق-ئاشكارا بولماق** كۆڭۈلدىكى گەپ-سۆز، مەقسەت-مۇددىئانى يوشۇرمايدىغان، ئوچۇق كۆڭۈل بولماق: ئادەم دېگەن ئوچۇق-ئاشكارا بولۇشى كېرەك.

**ئوچۇقتىن-ئوچۇق** ئاشكارا هالدا، يوشۇرماستىن: ئۇ ئوچۇقتىن-ئوچۇق قوۋۇلۇق قىلىۋاتاتتى.

**ئوچۇقچىلىق** ئى. هېچقانداق نەرسە بىلەن توسۇلمىغان، ئىچىدە هېچ نەرسە يوق يەر، جاي: يېرىم سائەتلەردىن كېيىن ئۇلار چوڭ بىر ئوچۇقچىلىققا چىقىپ قېلىشتى. * — تۆت ئەتراپىمىز ئوچۇقچىلىق، — دېدى ئۇ بىزگە ئەتراپنى كۆرسىتىپ.

**ئوچۇقلاشتۇرماق** «ئوچۇقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى بىزگە مەسىلىنى يەنىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ بەردى.

**ئوچۇقلاشتۇرۇلماق** «ئوچۇقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئوچۇقلاشماق** پ. ئوچۇق ئېنىق، ئاشكارا بولماق، ئايدىڭلاشماق: تۈنۈگۈن باشلانغان يىغىن ئۇچى بىلەن تەهلىل قىلىش ئارقىلىق، بۇ چىگىش مەسىلە ئوچۇقلاشتى.

**ئوچۇقلۇق** «ئوچۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — هەي، ئارقامدىن ئېيتىپ قويىمامسىلەر؟ — ئوچۇقلۇق بىلەن سورىدى هادى. * دوستۇڭنى قەدىرلە، كۆرسەت ساداقەت، بۇ يولدا قىلچىمۇ بولما هاماقەت. توغرىلىق، ئوچۇقلۇق بولسۇن ئادىتىڭ، ئۇنىڭسىز باسىدۇ سېنى پالاكەت.

**ئوچۇق-يورۇق** خۇش خۇي، خۇش چاقچاق، سەممىي: ئابدۇل كېيىنكى قېتىم كەلگەندە، قاسىم ئاكام ئۇنى ئوچۇق-يورۇق كۈتۈۋېلىپ، پاراڭغا سېلىشقا باشلىدى.

**ئوچۇم** ① ئى. ئىككى ئالقاننى بىرلەشتۈرۈپ، بارماقلارنى ئۈستىگە قارىتىپ سەل يىغقاندا هاسىل بولغان بوشلۇق: ئۇ ئەسئەتنىڭ ئىككى بىلىكىنى سىلكىپ، ئوچۇمدىكى تاش ۋە قاتتىق لاي پارچىلىرىنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ «سىغىمى ئوچۇم كېلىدىغان»، «ئوچۇمغا باراۋەر»، «ئوچۇمغا تەڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ يۈرىكىنى سەگىتىدىغان مۇزدەك سۇدىن بىرنەچچە ئوچۇم ئېلىپ ئىچتى. * ئۇ ئالدىراپ-تېنەپ يانچۇقىدىن بىر ئوچۇم كەمپۈت ئالدى-دە، بالىلارغا قارىتىپ چاچتى. ③ كۆچمە «بىر» سۆزى بىلەن بىرىكىپ، «بەزى، قىسمەن، ئاز ساندىكى» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئوچۇم ئۇنسۇرلار بۇ قېتىم قەستەن چاتاق چىقاردى.

**ئوچۇملاتماق** «ئوچۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوچۇملاشماق** «ئوچۇملىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەريا سۈيىنى ئوچۇملىشىپ ئىچىشكە باشلىدى.

**ئوچۇملانماق** «ئوچۇملىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئوچۇملىماق** پ. ئوچۇمغا ئالماق: ئۇ مۇزدەك بۇلاق سۈيىنى ئوچۇملاپ ئىچىشكە باشلىدى. * بۆرە گەپ سۆز قىلماستىنلا يەردىكى ئۇجمىلەرنى ئوچۇملاپ ئاغزىغا سېلىشقا باشلىدى.

**ئوچېرىك** ئى (ر) < ئەد > ئېپىك ژانىرلارنىڭ بىرى. ئۇ ۋەقە، هادىسىلەرنى، تۇرمۇش پاكىتلىرىنى ۋە كونكرېت كىشىلەر پائالىيىتىنى ئەينەن تەسۋىرلەش بىلەن باشقا ئېپىك ژانىرلار (مەسىلەن، پوۋېست، هېكايە)دىن پەرقلىنىدۇ.

**ئوخرەك** ئى. ئىتنىڭ ئېغىز چىشى بىلەن ئۈتتۈر چىشى ئوتتۇرىسىدىكى تۆت دانە

ئۇزۇن چىشى. ئۇنىڭ ئىككىسى ئۈستىدە ئىككىسى ئاستىدا بولىدۇ.

**ئوخشاتماق** «ئوخشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇنى ئوتلۇق قۇياشنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىغا ئوخشىتىمەن. * — پۇل بولسا، نېمىنى ئوخشاتقىلى بولمايدۇ دەيسىز؟ — دېدى ئۇ ماڭا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ. * — كەچتە ئوخشىتىپ بىر پولۇ قىلغىنا، — دېدى ئۇ ئايالىغا.

**ئوخشاش** سۈپ ① بىرەر كىشى ياكى نەرسىنى ئەسلىتىدىغان، شۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان: ئۆتۈپ كەتسە ئالدىمدىن قىز، رابىمۇ دەپ قارايمىنا. خۇددى كىچىك بالا ئوخشاش، مارايمىنا، مارايمىنا. * ئۇ تىنارمىش ئۆكۈزگە ئوخشاش، غۇچۇرلىتىپ چىشىنى چايناپ. ② باراۋەر، تەڭ، پەرقسىز: ئۇ گەپلىرىنى مۇشۇ يەردە دەۋەرسىلىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ * تەڭ بولمايچۇ، ئىككىمىز بۇ يىل ئوخشاشلا 11 ياشقا كىردۇق.

**ئوخشاش شەكىللەر** < مات > ماس بۇلۇڭلىرى ئۆزئارا تەڭ ھەمدە ماس تەرەپلىرى تاناسىپ تۈزىدىغان ئىككى كۆپ تەرەپلىك «ئوخشاش شەكىللەر» دېيىلىدۇ مەسىلەن، ئوخشاش ئۈچ بۇلۇڭلار.

**ئوخشاش كۆپ تەرەپلىكلەر** < مات > ئەگەر ئىككى كۆپ تەرەپلىكنىڭ بۇلۇڭلىرى ماس ھالدا ئۆزئارا تەڭ بولسا ھەمدە ماس تەرەپلىرى تاناسىپ تۈزسە، بۇ ئىككى كۆپ تەرەپلىك «ئوخشاش كۆپ تەرەپلىكلەر» دېيىلىدۇ.

**ئوخشاش ئۈچ بۇلۇڭ** < مات > ماس بۇلۇڭلىرى ئۆزئارا تەڭ، ماس تەرەپلىرى تاناسىپ تۈزىدىغان ئۈچ بۇلۇڭلار.

**ئوخشاشلىق** «ئوخشاش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ ئوخشاشلىق تەرىپى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنى شۇنداق لەقەملەر بىلەن پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كەلگەندى.

**ئوخشاشلىق نىسبىتى** < مات > ئىككى ئوخشاش كۆپ تەرەپلىكنىڭ ماس تەرەپلىرىنىڭ نىسبىتى بۇ ئىككى كۆپ تەرەپلىكنىڭ ئوخشاشلىق نىسبىتى دېيىلىدۇ.

**ئوخشاشماق** پ. مەلۇم بىر ئالاھىدىلىك، خاراكتېر ياكى شۇ قاتارلىق سۈپەتلىرى جەھەتتىن ئىككىنچى بىر نەرسىگە ئوخشاپ كەتمەك، ئوخشاپ قالماق: ماۋۇ چېرىك قالپىقلار بىلەن قوينىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغان ئۆچكە بىلەن ئوخشىشىپ قاپسىلەر، بۇنى ئېلىۋېتىڭلار. * ھەر ئىككىمىز ئالقىنىمىزغا يېزىپ باقايلى، قېنى ئوخشىشامدۇ؟

**ئوخشالماق** «ئوخشىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خىزىردەك مويسىپىت يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئالىمنىڭ ئىشىنى تەڭ قىلدى تاغقا. ناۋايى، لۇتپىنىڭ تەرىپلىرىدە، ئوخشالدى تۆھپىسى باراقسان باغقا.

**ئوخشىتىش** ① «ئوخشاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② < ئەد > ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلەردىن بىرى. بۇنىڭدا، بىر-بىرى بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىقى بولغان ئىككى نەرسىنىڭ بىرى ئارقىلىق يەنە بىرى چۈشەندۈرۈلۈپ ئوبراز يارىتىلىدۇ ياكى چوڭقۇر داۋللار شەرھلىنىدۇ. ئوخشىتىش ئادەتتە ئېنىق ئوخشىتىش، يوشۇرۇن ئوخشىتىش ۋە ۋەكىللىك ئوخشىتىش دەپ ئۈچكە بۆلۈنىدۇ.

**ئوخشىتىشماق** «ئوخشاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — بابا سىلنى بۇ چەت ئەللىك دوستلار كىمگە ئوخشىتىشتى، بىلدىلىمۇ؟ — دېدى سەمەت ئاقساقالغا قاراپ. * ئۇلار نىساخان پورنىڭ مىجەزىنى تاغ ھاۋاسىغا ئوخشىتىشاتتى.

**ئوخشىتىلماق** « ئوخشاتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئۇيغۇرلاردا ئەڭ چىرايلىق قىز نېمىگە ئوخشىتىلاتتى؟ ھىم... ھە... — ئۇ دۇدۇقلاپ كەتتى.

**ئوخشىماق** پ ① باشقا بىرەر ئادەم ياكى نەرسىدە بار بولغان خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولماق، بىرەر بەلگىسى، ئالاھىدىلىكى ياكى شۇنداق سۈپەتلىرى بىلەن شۇ سۈپەتلەرگە ئىگە بولغان باشقا بىرەر نەرسە ياكى كىشىنى ئەسلەتمەك: ئوغۇل تاغقا ئوخشار، قىز باغقا (ماقال). * ئايدىن چىرايلىق يۈزلىرى، چولپانغا ئوخشار كۆزلىرى. ئۈزلىرىگە ئوخشمايدۇ، پۈتۈن يۇرتنىڭ قىزلىرى. ② « ئوخشايدۇ » شەكلىدە، بىر قىسىم ئىسىم، سۈپەت، سۈپەتداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، بىرەر ئىش-ھەرىكەت، ھالەت ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە تەخمىني مۆلچەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن دەسلەپ « يازغۇچىلىق دېگەن خەقنىڭ كەيىندىن پىتنە-پاسات تېرىپ يۈرىدىغان ئىش ئوخشايدۇ » دەپ ئويلىغانىدىم. * كاككۇكلار كېلىپ قاپتۇ، باھار بولغان ئوخشايدۇ. كۆڭلۈم خۇش بولۇپ قاپتۇ، يارىم كەلگەن ئوخشايدۇ. ③ ناھايىتى ياخشى بولماق، كۆڭۈلدىكىدەك بولماق، ئادەتتىكىگە نىسبەتەن ناھايىتى ئېسىل بولماق: — ئۇكام بۇنداق قىلساڭ، ئىش ئوخشمايدۇ، — دېدى ئۇ ھېلىقى بالىنى توسۇپ. * — ئېلىۋاتىمەن، — دەپتۇ ئۇ خىجىل بولغان ھالدا، — تامىقىڭىز ناھايىتى ئوخشاپتۇ. * بۇ يىل پاختا بەك ئوخشىدى.

**ئوخوت** ئى < جۇغ > ئوخوت دېڭىزى ياقىسىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىغا تەۋە پورتنىڭ نامى.

**ئوخوت دېڭىزى** < جۇغ > تىنچ ئوكيانىنىڭ غەربىي شىمالىي قىسمىدىكى ياقا دېڭىز.

**ئودونتولوگىيە** ئى [ر< گرېك] < تىب > چىش، چىشنىڭ تۈزۈلۈشى، يېتىلىشى ۋە ئۇنىڭدىكى كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئودىكام** ئى. باللار ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى. بۇنىڭدا يەرگە قاتار-قاتار ئورەك كولىنىپ، يۇمزەكنى دومىلىتىپ ئورەككە چۈشۈرۈپ ئوينىلىدۇ.

**ئودىكام ئوينىماق** ① ئودىكام ئويۇنىنى ئوينىماق. ② كۆچمە. ھەر تەرەپكە قالايمىقان يۈگۈرۈشۈپ يۈرمەك، ئىشنى قالايمىقان قىلىۋەتمەك، قالايمىقانلاشتۇرماق: مۇنداق بۇلۇتلۇق، جىمجىت ؟ دىمىق كېچىدە پاشىلار ئودىكام ئوينايدۇ-دە! * دادامنى يەپ بۆرىلەر گۆشلىرىنى قويمىغان، ئېشەكنىمۇ يېيىشىپ راست ئودىكام ئوينىغان.

**ئورا** ئى ① بىرەر نەرسىنى كۆمۈش ئۈچۈن يەردىن كولانغان چوڭقۇرلۇق، ئازگال: ئورىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئادەم بويى بولغانىدىن كېيىن، ساندۇقنى ئورىغا چۈشۈرۈپ، ئۈستىگە توپا تاشلاپتۇ. ② كۆچمە. ھالاكەت، بالا-قازا، خەۋپ-خەتەر: — سەن مېنى ئورىغا ئىتتىرىۋاتىسەن! — دېدى ئۇ غەزەپتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

**ئورا كولىماق** ① نەرسىلەرنى كۆمۈش ئۈچۈن ئورا قازماق: مەن ئاشلىقلارنى كۆمۈش ئۈچۈن ئۆيىنىڭ ئىچىگە بىر ئورا كولىدىم. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ مەنپەئەت، ئىستىقبالىنى زىيانغا ئۇچرىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، تۇزاق قۇرماق، گۆر كولىماق: ئۇ ھېچبىر يۆلەنچۈكى قالمىغان بۇ قىزنىڭ ئىستىقبالىغا ئورا كولاش يولىغا قەدەم قويدى. * ئۇ پۈتۈن ھاياتىدا كىشىلەرگە ئورا كولاش بىلەن كۈن كەچۈرگەن.

**ئورا كۆز** چاناقلىرى چوڭقۇر، ئىچكىرى

بولغان كۆز: ئۇ ئالاقزادە بولغان هالدا ئۇرا كۆزلىرىنى يېڭى كەلگەن مېهمانغا تىكتى.

**ئۇراتماق** «ئۇرىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇراتورىيە** ئى (ر< ئىتال) < مۇز > خور ئەترىتى، ئورکېستىر ۋە يالغۇز ناخشىچىلارنى كۆزدە تۇتۇپ ئىشلەنگەن چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ئەسىرى. پارچىلىغاندا بىرقانچە ئاهاڭلارغا بۆلۈنۈشى مۇمكىن. بۇنىڭ ئىچىدە خور مۇزىكىسى ئاساسىي ئورۇننى ئىگىلەيدۇ.

**ئۇراشماق** «ئۇرىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاياللار باشلىرىغا رومالرىنى ئۇراشتى.

**ئۇراق** سۈپ. ئۇرالغان هالەتتىكى، ئۇرالغان: ئۇراق يوپۇرماقلىق شەبنەم ئوتى.

**ئۇراق يوپۇرماقلىق شەبنەم ئوتى** < بوت > شەبنەم ئوتى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى تۈۋىدىن ئۆسىدۇ، كاللەكبەسەي شەكىللىك، يوپۇرمىقى يۇمىلاقراق بولۇپ، قىزغۇچ سۆسۈن رەڭلىك نۇرغۇنلىغان بەز تۈكچىلىرى بولىدۇ. ئۇلار يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ئىشلەپ چىقىرىپ هاشاراتلارنى تۇتۇپ ئوزۇق قىلىدۇ. گۈلى ئاق، ئومۇم گۈل رېتىدە. ئاسىيا، ياۋروپا، ئامېرىكىلاردىن چىقىدۇ، مەملىكىتىمىزدىمۇ بار. ئۇ داڭلىق هاشاراتخور ئۆسۈملۈكتۇر.

**ئۇراقسىز** سۈپ. ئۇرالمىغان، ئۇرالماي قالغان: ئۇراقسىز بويۇم.

**ئۇراقلىق** سۈپ. ئۇرالغان، ئۇراپ قويۇلغان: ئۇ گېزىتكە ئۇراقلىق نەرسىنى ئېچىپ كۆرۈۋىدى، خورما ئىكەن.

**ئۇرالما** سۈپ. ئۇرالغان ياكى ئورىلىدىغان: ئۇرالما جىسىم.

**ئۇرالما جىسىم** < گېئول > مىنېرال يېتىلىش جەريانىدا كرىستال ئىچىگە ئۇرالغان سىرتتىن كەلگەن ماددا. ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ۋە شەكلى بىردەك ئەمەس. ئۇنىڭ قاتتىق، سۇيۇق ۋە گاز هالەتلىرى بولىدۇ. گاز، سۇيۇق هالەتتىكى ئۇرالما جىسىم مىنېراللارنىڭ شەكىللەنگەن چاغدىكى فىزىكىلىق، خىمىيىلىك شارائىتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇهىم ئەهمىيەتكە ئىگە.

**ئۇرالماق I** «ئورىماق I» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قولىدا گۈللۈك داستىخانغا ئۇرالغان ئىككى نان بار ئىدى. * پوتەينىڭ ئەتراپى ئىككى قۇر تىكەنلىك سىم بىلەن ئۇرالغانىدى.

**ئۇرالماق II** «ئورنىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇرام I** ① ئى. يۆگەلگەن، ئۇرالغان نەرسە ۋە شۇنداق نەرسىنىڭ هەربىرى: ئىشنى سىم ئۇراملىرىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاش كېرەك. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ ئۇرالغان ياكى ئورىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۇرام قەغەز. ئىككى ئۇرام تاماكا. * ئۆيىڭىزگە بىر ئۇرام قەغەز ئېلىپ كەتتى. * ئۇ مۇئەللىمگە بىر ئۇرام گۈل سۇندى.

**ئۇرام II** ئى. دىئال. ئورما.

**ئۇرانگۇتان** ئى (ر< مالايچە) < زوئول > سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تېنى مايمۇندىن چوڭ، ئىككى قولى ئۇزۇن، پۈتۈن تېنىدە قىزغۇچ بېغىر رەڭ تۈكلىرى بار، ساغرا قاداقچىسى يوق، مېۋە يەيدۇ. جەنۇبىي ئوكيان تاقىم ئاراللىرىدا ياشايدۇ.

**ئۇرانماق** «ئورىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: مېنىڭ قىزىتمام ئۆرلەپ يوتقانغا ئورىنىپ ياتقانىدىم، تۇيۇقسىزلا تۆت كىشى

ياتاقتا كىرىپ كەلدى.

**ئورەك** ئى. كىچىك ئورا: شامەخسۇت ئۇنىڭدىن قاچىمەن دەپ، ئورەككە كىرىپ يىقىلىپ چۈشتى. * هارۋا كىچىككىنە لاي ئورىكىگە پېتىپ قىلىپ چىقالمايۋاتاتتى.

**ئوربىتا** ئى [ر< لات] ① <ئاستر> ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئالەم بوشلۇقىدىكى باشقا بىر جىسىمنىڭ تارتىش كۈچى تەسىرىدە قىلىدىغان هەرىكەت يولى. مەسىلەن، يەرنىڭ قۇياش ئەتراپىدىكى يولى يەر ئوربىتىسى دېيىلىدۇ. ② <فىز> جىسىملارنىڭ بەلگىلىك قانۇنىيەت بويىچە قىلىدىغان هەرىكەت يولى. مەسىلەن، ئاتومدىكى ئېلېكترون ۋە سۈنئىي هەمراهنىڭ هەرىكىتى بەلگىلىك ئوربىتا بويىچە بولىدۇ.

**ئوربىتا قىيسىق بۇلۇڭى** <ئاستر> ① ئوربىتا تەكشىلىكى بىلەن ئېكلىپتىكا تەكشىلىكى ئارىسىدىكى كېسىشىش بۇلۇڭى. ② سۈنئىي هەمراهنىڭ ئوربىتا تەكشىلىكى بىلەن ئېكۋاتور تەكشىلىكى ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭ.

**ئوربىتا كېسىشىش بۇلۇڭى** <ئاستر> ئوربىتا تەكشىلىكى بىلەن ئېكلىپتىكا تەكشىلىكى ئارىسىدىكى كېسىشىش بۇلۇڭى.

**ئوربىتىلىق** ① سۈپ. ئوربىتىسى بار، ئوربىتىغا ئىگە. ② رەۋ. ئوربىتا ئارقىلىق، ئوربىتا بىلەن: ئوربىتىلىق ئايلىنىش.

**ئوربىتىلىق ئايلىنىش** <ئاستر> بىر ئاسمان جىسىمنىڭ يەنە بىر ئاسمان جىسىمنى ئايلىنىشى. قۇياش سىستېمىسىدىكى سەييارىلەرنىڭ قۇياشنى ئايلىنىشى ۋە هەربىر سەييارە هەمراهلىرىنىڭ سەييارىنى ئايلىنىشى ئوربىتىلىق ئايلىنىش بولىدۇ. يەر شارىنىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىش ۋاقتى 365 كۈن 6 سائەت 9 مىنۇت 10 سېكۇنت؛ ئاينىڭ يەرنى بىر ئايلىنىش ۋاقتى 27 كۈن 7 سائەت 43 مىنۇت 11.5 سېكۇنت بولىدۇ.

**ئورتا** (توغرىسى: ئوتتۇرا) ← **ئوتتۇرا**.

**ئورتاق** ① ئى. بىر ۋاقىتتا تۇغۇلۇپ بىللە چوڭ بولغان، بىللە ئۆسكەن؛ دوست، تەڭتۇش: بىلەلمىدىم بەختىم نېچۇك قارادۇر، زەمبىل كەبى جانۇ جىسمىم يارادۇر. كۆزۈم يۇمۇپ، جانىم چىقىپ بارادۇر، ئورتاقلىرىم مېنى يۆلەپ، يۈرۈڭلار. ② سۈپ. كۆپچىلىككە تەۋە، هەممىگە باراۋەر، كۆپچىلىككە تەئەللۇق بولغان؛ كۆپچىلىكنىڭ هەممىسىدە بار بولغان، هەممە ئىگە بولغان: بۆرە تاپسا، تەڭ ئورتاق، قاغا تاپسا دەرەخ ئۈچىدا (ماقال). * قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئەينى چاغدا تۈركىي خەلقلەر ئۈچۈن ئورتاق يېزىق ئىدى، هازىرقى موڭغۇل يېزىقىمۇ شۇ يېزىق ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن. * ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك هازىرقى خەلقىمىزدىكى ئورتاق ئەيىب بولۇپ قالدى. ③ سۈپ. ئوخشاش، بىردەك؛ تەڭ، پەرقسىز: هازىر بىزدە ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئورتاق غايىگە ئىگە ياشلار كۈندىن-كۈنگە كۆپەيمەكتە. * ئومۇمەن ئۆلارنىڭ خۇشاللىقىمۇ، قايغۇسىمۇ ئورتاق ئىدى. * ئېيتىشاتتۇق بىللە مۇڭلۇق ناخشىنى، شوخ، خۇشال كۈيلەرگىمۇ ئورتاق ئىدۇق. ④ رەۋ. بىرلىكتە، باراۋەر: يېزىنىڭ ئىشلىرىغا هەممەيلەن ئورتاق مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم. * مىللەتنى ئاقارتىش ۋەزىپىسىنى مەيلى چوڭ بولسۇن، كىچىك بولسۇن ياكى باشلىق بولسۇن، پۇقرا بولسۇن، هەممەيلەن ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. * هازىرقى جۇڭگو مەدەنىيىتى جۇڭگودىكى هەرقايسى مىللەت خەلقلىرى ئورتاق ياراتقان مەدەنىيەت. ⑤ ئى. دېھقانچىلىقتىكى

بىرەيلەن ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرىنى، بىرەيلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى چىقىرىش يولى بىلەن قىلىنغان شېرىك دېھقانچىلىق: بۇلتۇر مۇنۇ ئارقىدىكى قوشنىمىز ساقى هاشىم باينىڭ يېرىگە ئورتاق قوغۇن تېرىغانىدى.

**ئورتاق ئالاقە تىلى** < تىل > كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەردىكى ھەرقايسى مىللەتلەر، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىدە قوللىنىلىدىغان تىل. مەسىلەن، ئېلىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر تەرجىمە ئارقىلىق ئۆزئارا ئالاقە قىلغاندىن باشقا، خەنزۇ تىلىنى ئورتاق ئالاقە تىلى سۈپىتىدە قوللىنىدۇ.

**ئورتاق بازار** < سودا > بىرنەچچە دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ ئورتاق سىياسىي، ئىقتىسادىي مەنپەئەتىنى چىقىش قىلىپ ئاچقان ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى بىرلىككە كەلگەن بازار.

**ئورتاق بولماق** ① ھەممىگە ئوخشاشلا تەئەللۇق بولماق، ھەممىدە ئوخشاشلا بار بولماق: ئۇلارغا ئورتاق بولغان ئېغىر قىسمەت ئۇلارنى بىر-بىرىگە چېتىپ قويغانىدى. * ئائىلىمىزدىكى ئىككىمىزگە ئورتاق بولغان ئۆي جابدۇقلىرى گۈزەلئاينىڭ ئىختىيارىچە ھەل بولسۇن، تويدا ئالغان قەرز پۇللارنى ئۆزۈم تۆلەيمەن. ② شېرىك بولماق، ھەمدەم بولماق؛ ئورتاقلاشماق: مەدىكارلار ئۇنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، ئۇنىڭ دەرد-ھەسرىتىگە ئورتاق بولدى. * مەن ئايلىنىپ ئۇنىڭ بويىنى، ھاياجىنىم بولدى بىر بۇلاق، ماڭدىم تاغام ئۆيى-يېزىغا، سۆھبىتىگە بولۇشقا ئورتاق.

**ئورتاق تىك** < مات > ئىككى تۈز سىزىق بىلەن تىك ھالەتتە كېسىشكەن يەنە بىر تۈز سىزىق.

**ئورتاق تىل** < تىل > ← **ئورتاق ئالاقە تىلى**.

**ئورتاق دەۋا** < قا > دەۋالاشقۇچى بىر تەرەپ ئىككى كىشىدىن ئارتۇق بولغان ياكى دەۋالاشقۇچى ئىككىلا تەرەپ ئىككى كىشىدىن ئارتۇق بولغان دەۋا. بۇ ياكى ئەرز سۇنۇلغان ۋاقىتتا يۈز بېرىدۇ، ياكى دەۋا جەريانىدا شەكىللىنىدۇ.

**ئورتاق ئوقلۇق كابېل** < فىز > بىر دانە ئوتتۇرىسى كاۋاك ئۆتكۈزگۈچنى يەنە بىر ئۆتكۈزگۈچكە كىيگۈزۈپ ھاسىل قىلىنغان كابېل. ئىچكى ئۆتكۈزگۈچ ئوتتۇرىسى كاۋاك ئوتكۈزگۈچنىڭ ئوقى بولىدۇ. ئىچكى ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئورنىنىڭ ئۆزگەرمەسلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن، ئىككى ئۆتكۈزگۈچنىڭ ئارىسىغا ئىزولياتسىيىلىگۈچى ماتېرىيال قاچىلىنىدۇ. ئورتاق ئوقلۇق كابېل رادىئو، تېلېۋىزىيە، يىراقتىن باشقۇرۇش ۋە يۇقىرى چاستوتىلىق خەۋەرلىشىش قاتارلىقلاردا قوللىنىلىدۇ.

**ئورتاقچى** ئى. دېھقانچىلىقتا بىرى بىلەن ھەمكارلاشقۇچى، ھەمكارلىشىپ، شېرىكلىشىپ تېرىقچىلىق قىلغۇچى. ئادەتتە كۆپرەك ئۆزىنىڭ يېرى، دېنى يوق، بەلگىلىك ھوسۇل توختامى بىلەن باشقىلارنىڭ يېرى، دېنىنى ئېلىپ، ئۆزى ئادەم كۈچى چىقىرىپ تېرىكچىلىك قىلىدىغان بېقىنما دېھقانلارنى كۆرسىتىدۇ: شۇ يىلى يېزىدا يەر ئىگىلىرى بىلەن ئورتاقچىلار ئوتتۇرىسىدا يېڭى توختام تۈزۈش ئىشى باشلاندى. * — مۇنۇ يەرنىڭ يېرىمى ئورتاقچىنىڭ، يېرىمى مېنىڭ، ئېيتىپ بېقىڭا، قېنى، ئاشلىق قايسىمىزنىڭ يېرىدە ئوخشار؟ — دەپ سورىدى ئۇ. // ئۇ ئورتاقچى دېھقانلار بىلەن پاراڭلاشقاچ، باينىڭ ئۆيى تەرەپكە ماڭدى.

**ئورتاقچىلىق** ئى. ئورتاقتا يەر تېرىش، ئورتاق يەر تېرىش: باللارنىڭ دادىسى يەر ئىگىسى خوجايىن بىلەن ئورتاقچىلىق قىلاتتى، مەن بايلارنىڭ يېرىنى ياقاتتىم. * مەھەللىمىزدە يېرىنى تېرالماي قالغانلار بىلەن ئورتاقچىلىق قىلىدىغان «قاسىم» ئاتلىق بىر كىشى بار ئىدى.

**ئورتاقلاشتۇرماق** «ئورتاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گومىنداڭچىلار خەلق ئارىسىدا: «كوممۇنىستلار يالماۋۇزغا ئوخشايدۇ، مال-مۈلۈكنى، خوتۇنلارنى ئورتاقلاشتۇرىدۇ، ئوت قويىدۇ...» دېگەندەك يالغان تەشۋىقاتلارنى تارقاتماقتا ئىدى.

**ئورتاقلاشتۇرۇلماق** «ئورتاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئورتاقلاشماق** پ ① ھەمدەم بولماق، شېرىك بولماق، تەڭ كۆرمەك؛ ھەمكارلاشماق، ماسلاشماق: ئەدەم «سىزگە يەتكەن ئازاب بىلەن ئورتاقلاشسام بولامدۇ» دەپ سورىدى. * ئۇلار مۇئەييەن شەكىلدە بىرلىشىپ ئورتاق پائالىيەت ئېلىپ بارمىسا ۋە ئۆز پائالىيەتلىرىدە ئۆزئارا ئورتاقلاشمىسا، ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارالمايدۇ. * ئۇمۇ ئاشۇ كۈلكىلەرگە ئورتاقلىشۋاتاتتى! ② بىردەك تونۇشقا كەلمەك، ئوخشاش قاراشقا ئىگە بولماق، باشقىلارغا بىلدۈرمەك: بىز مۆمىن ئاكىنىڭ تاجىئاخۇن تۇۋىپ توغرىسىدىكى ئويلىرىغا ئورتاقلىشىمىز. * مەن بۇ جەھەتتىكى كۆز قاراش ۋە مۇلاھىزىلىرىمنى كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

**ئورتاقلىق** ئى. مەلۇم شەكىل، مەلۇم بىر ئالاھىدىلىك، خاراكتېر ياكى ئوي-پىكىر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق، بىردەكلىك: ئۇلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرىدا ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق ئىدى. * زىددىيەتنىڭ ئورتاقلىقى شۇكى، ئۇ ھەممە جەرياندا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ھەممە جەرياننىڭ بېشىدىن-ئاخىرىغىچە سىڭگەن بولىدۇ.

**ئورتودوكس** ئى [ر< گرېك] < پەلس > بىر تەلىماتقا بېرىلىپ، ئۇنىڭغا ئەستايىدىل سادىق بولغان ئادەم.

**ئورتودوكسال** سۈپ [ر] بىر تەلىماتقا ئەستايىدىل بېرىلگەن ۋە ئۇنىڭدىن قايتمايدىغان.

**ئورتىت** ئى [ر< گرېك] < گېئول > بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $(Ce, Ca)_2(Fe, Al)_2[Si_2O_7][SiO_4]O(OH)$. $Ce_2O_3$ تەركىبى 11%. بەزىدە تەركىبىدە ئىتترىي، تورىي، بېرىللىي قاتارلىقلار بولىدۇ. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى قېلىن تاختىسىمان، ئادەتتە بويالغان دانىچىسىمان بولىدۇ. كۆپىنچە ئۆزگەرگەن غەيرىي كرىستال ماددىلىق، رەڭگى قوڭۇردىن ئاسفالت قارىسىغىچە بولىدۇ. سىمولا پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 5.5 — 6. سۇنۇق يۈزى رەتسىز ھالەتتىن قۇلۇلە قېپى ھالىتىگىچە بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.2 — 4.2، رادىئوئاكتىپلىققا ئىگە.

**ئورخۇن** ئى < جۇغ > ← **ئورخۇن دەرياسى**.

**ئورخۇن دەرياسى** < جۇغ > موڭغۇلىيىنىڭ شىمالىدىكى سېلېنگا دەرياسىنىڭ ئەڭ چوڭ تارمىقى. خانگاي تاغلىرىنىڭ شىمالىي ئېتەكلىرىدىن باشلىنىپ، شەرقىي شىمالغا قاراپ ئېقىپ، دۆلەت چېگرىسىغا يېقىن جايدا سېلېنگا دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ، بايقال كۆلىگە قۇيۇلىدۇ. ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1124 كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

**ئورخۇن مەڭگۈ تاشلىرى** < تارىخ > تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورخۇن-يەنسەي

دەرياسى بويىدىن تېپىلغان ئەڭ قەدىمكى (مىلادىيە 712 ـ 759 ـ يىللار) تارىخىي يازما يادىكارلىقلىرى. بۇلارنىڭ بىر قىسمى قىسقا تارىخىي خاتىرىلەر بولۇپ، يەنە بىر قىسمى خېلى مۇكەممەل ئەدەبىي تۈس ۋە داستان خاراكتېرىنى ئالغان قەبرە ياكى خاتىرە تاشلىرىدۇر. ئۇنىڭدا بىرلەشكەن، مۇستەھكەم فېئودال دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق ئىچكى نىزا ۋە تۈزئارا ئۇرۇشلارغا خاتىمە بېرىپ، خەلقنى باي-پاراۋان قىلىش يولىدىكى ئىستەك ۋە ئىنتىلىشلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھەمدە مۇشۇنداق ئىستەك ئۈچۈن كۆرىستىلگەن قەھرىمانلىقلار مەدھىيە ئوقۇلغان، تارىخىي شەخسلەرنىڭ نامى بىلەن باغلىق كونكرېت تارىخىي ۋەقەلەرمۇ بايان قىلىنغان.

**ئوردا** ئى. تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىدىكى خان، شاھ-پادىشاھلارنىڭ تۇرىدىغان جايى، تۇرالغۇسى: بالاڭنى چوڭ قىلىپ موللىغا بەر، موللىدىن ئېلىپ ئوردىغا بەر (ماقال). * شاھ باشقىلارنى ئوردىدىن چىقىپ تۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ.

**ئوردا بېگى** شاھ ئوردىسىنىڭ مالىيە-ئىقتىساد ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى ئەمەلدارى.

**ئوردا خېنىم سەيلىسى** ← **ئوردام سەيلىسى.**

**ئوردا شائىرى** < تارىخ > قەدىمكى زامانلاردا ئوردىدا تۇرۇپ مەخسۇس پادىشاھ، خانلار ئۈچۈن مەدھىيە شېئىرلىرىنى يېزىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان شائىرلار.

**ئوردا-ساراي** ئوردا ۋە ساراي: پادىشاھ ۋە بايلار بولسا، ئۆزىنىڭ ئوردا-سارىيىدا گۈزەل خېنىملىرى بىلەن شامپان ئىچىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ھۇزۇر قىلىۋېرىدۇ.

**ئوردام** ئى ← **ئوردام سەيلىسى.**

**ئوردام سەيلىسى** مىلادىيىنىڭ 998-يىلى (ھىجرىيە 389-يىلى) ئارسلانخان تېكىن ئىسلام دىنىنى تەرغىب قىلىش ئۇرۇشىدا شېھىت بولغان. ئۇ كىشى قەشقەر يېڭىشەھەر ناھىيىسى بىلەن يېڭىسار ناھىيىسى ئارىسىدىكى ئوردام قۇملۇقىغا قويۇلغان، شۇڭا ھەر يىلى مۇھەررەم ئېيىدا ھەرقايسى يۇرتتىن نەچچە ئون مىڭ كىشى ئارسلان تېكىننى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن شۇ يەرگە يىغىلىپ «ئوردام مازىرى» نى تاۋاپ قىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇرلاردىكى ئىسلام تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك كۆلىمى چوڭ بىر مۇراسىم ھېسابلىنىدۇ.

**ئوردان** ئى < بوت > رويان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىدا تەتۈر ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ، يىلتىزى سارغۇچ قىزىل بولۇپ، كونۇس شەكلىدە، يوپۇرمىقى يۇرەك ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ، ئايلىنىپ ئۆسىدۇ. گۈل تاجى سېرىق، مېۋىسى شارسىمان، رەڭگى قىزىل ياكى قارا كېلىدۇ. يىلتىزىنى قىزىل بوياقلا ماتېرىيال قىلىشقا ياكى دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش ۋە توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئوردوۋىك** ئى < ئىرق > ئەنگلىيىدە ياشىغان بىر قەدىمىي مىللەتنىڭ نامى.

**ئوردوۋىك دەۋرى** < گېئول > قەدىمىي ھايات ئېراسىنىڭ ئىككىنچى دەۋرى. تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقىرى دەپ ئۈچ ئەسىرگە بۆلۈنىدۇ. 500 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 450 مىليون يىل بۇرۇن

ئاياغلاشقان. ھايۋاناتلاردىن ئۈچ بوغۇملۇق قۇرت، قەلەم قۇرت، بېغىش پۇتلۇقلار، تىكەن تېرىلىكلەر، بېغ مارجانلار تەرەققىي قىلغان. ئۇسۇملۇكلەردىن يوسۇنلەر تەرەققىي قىلغان. بۇ مەزگىلدە دۆلىتىمىزنىڭ كۆپلىگەن ئۆلكىلىرى سۇ ئاستىدا بولغان بولۇپ، ھاڭتاش، دولومىت جىنىس، تارىشا جىنىسلار تەرەققىي قىلغان. شەرتلىك بەلگىسى: O.

**ئوردوۋنك سىستېمىسى** <گېئول> ئوردوۋنك دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**ئوردۇ** ئى → **ئوردۇ تىلى.**

**ئوردۇ تىلى** <تىل> پاكىستاننىڭ ھۆكۈمەت تىلى. ھىندىستاندىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ھىندى تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭدا ئەرەپ، پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. يېزىقى ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقتۇر.

**ئوردېر** ئى [ر< نېم < فران] <مال> پۇل ۋە ماللارنىڭ كىرىم-چىقىملىرى خاتىرىلىنىدىغان تىزىملىك.

**ئوردېن** ئى [ر< لات] دۆلەتكە تۆھپە قوشقان كىشىلەرگە بېرىلىدىغان بىر خىل شەرەپ مېدالى، نىشان: ئوردېن بىلەن مۇكاپاتلىماق.

**ئوردىلىق** سۈپ. ئوردىغا تەۋە، ئوردىغا تەئەللۇق، پادىشاھلىق: مەن بۇ يېرىمنى ئوردىلىق باغچىنى كېڭەيتىشكە سوۋغا قىلىۋەتتىم.

**ئوردىنات** ئى [ر< لات] <مات> تەكشىلىكتىكى خالىغان بىر نۇقتىدىن ئابسىسسا ئوقىغىچە بولغان ئارىلىق بۇ نۇقتىنىڭ ئوردىناتى دېيىلىدۇ.

**ئورغاق** ئى ① دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى، ئوت-چۆپ قاتارلىقلارنى ئورۇش ئۈچۈن مېتالدىن ھىلال ئاي شەكلىدە تىغ چىقىرىپ ياسالغان، دەستىلىك ئەسۋاب: پارقىرايدۇ قولۇمدا ئەپچىلگىنە ئورغىقىم، ئورغانچە مەن بۇغدايىنى، تاشار غەيرەت بولىقىم. ② كۆنچىلىكتە تېرىنى ئەيلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**ئورغاق تەگمەك** ئاز-پاز ئورۇلماق، ئورۇلۇشقا باشلىماق: مەتنىيازنىڭ قىچىسى مانا شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى، خەير، قانداقلا بولمىسۇن، بۈگۈن قىچىغا ئورغاق تېگىپتۇ. * بۇغدايغا ئورغاق تەگكەن ھامان مېنى خامانغا ئاجرىتاتتى.

**ئورغاقچى** ئى. ئورغاق ياسايدىغان ئۇستا.

**ئورغاقسىمان** سۈپ. شەكلى ئورغاققا ئوخشايدىغان، ئورغاق شەكىللىك: ئۇلار دۈشمەنلەرنىڭ ئارقا سېپىدە ئورغاقسىمان توساق ھاسىل قىلدى.

**ئورغۇزماق** «ئورماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئورفوگرافىيە** ئى [ر< گرېك] كونا → **ئىملا قائىدىسى.**

**ئوركېستر** ئى [ر< فران] <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىنى بىرلىكتە ئىجرا قىلىدىغان چالغۇ ئەسۋابلىرى يىغىندىسى ۋە شۇ ئەسۋابلارنى چالىدىغان مۇزىكىچىلار كوللېكتىپى: دۇخوۋۋي ئوركېستىر. تارلىق چالغۇلار ئوركېستىرى. مىللىي چالغۇ ئەسۋابلار ئوركېستىرى.

**ئوركېسترلاشتۇرماق** «ئوركېسترلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوركېسترلاشتۇرۇش** «ئوركېسترلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئوركېسترلاشتۇرۇش قائىدىسى.

**ئورکېستىرلاشتۇرۇش قائىدىسى** < مۇز > ھەر خىل ئورکېستىرلىك چالغۇلارنى ئىشلىتىش ۋە بىرلەشتۇرۇش، ئاھاڭ ئاكوستىكىلىرىنى چالغۇ ئەسۋابلارغا بۆلۈپ بېرىش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئورکېستىرلاشتۇرۇلماق** «ئورکېستىرلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئورکېستىرلاشماق** پ. ئورکېستىر ھالىتىگە كەلمەك؛ ئورکېستىر بولۇپ ئۇيۇشماق، تەشكىللەنمەك.

**ئورکېستىرلىق** سۈپ ① ئورکېستىرى بار، ئورکېستىرگە ئىگە: ئورکېستىرلىق مۇزىكا ئۆمىكى. ② ئوكېستىرگە ئائىت، ئورکېستىرگە ئالاقىدار بولغان: ئورکېستىرلىق چالغۇ.

**ئورگان I** ئى (ر< گرېك) ① < بىئول > ئادەم، ھايۋان، ئۆسۈملۈك ۋە ئومۇمەن جانلىق ئورگانىزملارنىڭ مەلۇم بىر فۇنكسىيىنى بېجىرىدىغان قىسمى؛ ئەزا: سېزىش ئورگىنى. ئاڭلاش ئورگىنى. * مېڭە پسىخىكا ئورگىنى. پسىخىكا مېڭىنىڭ فۇنكسىيىسى. ② بىرەر باشقۇرۇش سىستېمىسى سوستاۋىغا كىرىدىغان مۇئەسسەسە، تەشكىلات؛ ئىش بېجىرگۈچى تارماق؛ ئىدارە: مەمۇرىي ئورگان. ھەربىي ئىشلار ئورگىنى. ئورگان خىزمىتى. ئورگان گېزىتى.

**ئورگان II** ئى (ر< گرېك) < مۇز > تىللىق چالغۇ ئەسۋابى. شەكلى ئۇزۇن تۆت چاساساندۇققا ئوخشايدۇ، ئىچىدە مىستىن ياسالغان تىللىرى بار، ئۈستى تەرىپىگە بېسىش كۇنۇپكىلىرى ئورنىتىلغان بولۇپ، شۇ كۇنۇپكىلار بېسىلسا تىللار ھەرىكەتكە كېلىدۇ. ئاياغ تەرەپتە تەپكۈچ بولۇپ، ئاياغ بىلەن تېپىلگەندە شامال ساندۇقىدا يەل پەيدا بولۇپ مىس تىللارنى تەۋرىتىپ ئاۋاز پەيدا قىلىدۇ.

**ئورگانىزم** ئى (ر< لات) < بىئول > ① ھاياتلىقى بولغان يەككە تەنلەرنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئادەتتە ئۇ ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن، ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئىپتىدائىي تاق ھۈجەيرىلىك ھاياتلىقلاردىن تارتىپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئادەملەرگىچە ھەممىسى ئورگانىزم بولىدۇ. ② ئورگان: ھەرىكەت ئورگانىزمى.

**ئورگانىزم پسىخولوگىيىسى** < پسىخول > كۆڭۈل ئوخشىمىغان ئىقتىدارلارغا ئىگە دەپ قارايدىغان ۋە ھەر خىل پسىخىك ھادىسىلەرنى شۇ ئارقىلىق چۈشەندۈرىدىغان بىر خىل پسىخولوگىيە. بۇ خىل نەزەرىيە قەدىمكى گرېتسىيىدىكى روھنىڭ خىزمىتىنى تەقسىملەشتىن باشلانغان. مەسىلەن، پلاتوننىڭ كۆز قارىشىچە، روھ ئەقىل، ئىرادە ۋە نەپس قاتارلىق ئۈچ تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئورگانىزم سەزگۈسى** < پسىخول > بەدەننىڭ ئىچكى ھالىتىنى پەرق ئەتتۈرىدىغان ھەر خىل سېزىملار. مەسىلەن، قورساق ئېچىش، ئۇسساش ھەم شۇنداقلا نەپەس ۋە قان ئايلىنىش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان سېزىملار.

**ئورگانىك** سۈپ (ر) ① ئورگانىزمغا، جانلىق مەۋجۇداتقا ئائىت، تىرىك مەۋجۇداتلار بىلەن باغلىق بولغان؛ تىرىك، جانلىق: ئورگانىك دۇنيا. * ئۇ ئەمەت بىلەن بىر ئاخشام ئولتۇرۇپ، ئورگانىك ھايات توغرىسىدا مۇلاھىزە يۈرگۈزدى. ② ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ چىرىشىدىن ھاسىل بولغان؛ تىرىك ئورگانىزملار مەھسۇلىدىن ئېلىنغان: ئورگانىك ماددا. ئورگانىك ئوغۇت.

③ كاربون بىرىكمىلىرىگە ئالاقىدار بولغان: ئورگانىك خىمىيە. ئورگانىك ئەينەك. ئورگانىك بوياق. ④ بىرەر كىم ياكى نەرسىنىڭ ئاجرالماس بىر قىسمى ھېسابلىنىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان؛ ئەڭ يېقىن: ئەسەر ۋەقەلىكلىرى، پېرسوناژلار ئوبرازى، ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە تەبىئەت تەسۋىرلىرى بىلەن ئورگانىك بىرلىككە ئىگە بولۇش لازىم. * يۇقىرىقىلار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر مۇزىكىلىق تىل خەزىنىسى بولغان «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ 16-ئەسىردە «چوڭ نەغمە»، «داستان»، «مەشرەپ» تىن ئىبارەت ئۈچ قىسمى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ھازىرقى ھالەتكە كەلگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

**ئورگانىك ئەينەك** < خىم > سۇلياۋنىڭ بىر خىلى. ئادەتتىكى ئەينەكتىن يېنىك، نۇر ئۆتكۈزۈشى ياخشى، ئاسان سۇنمايدۇ. تېمپېراتۇرىنىڭ ئېشىشى بىلەن يۇمشايدىغان خۇسۇسىيىتى بار. تېخنىكىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئورگانىك بوياق** < خىم > بوياق قىلىپ پايدىلىنىدىغان ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. ئورگانىك بوياق تەبىئىي ۋە سۈنئىي دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ئورگانىك بىرىكمە** < خىم > كاربون بىرىكمىلىرى، ھىدرو-كاربون بىرىكمىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھاسىلىلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئورگانىك خىمىيە** < خىم > خىمىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ تۈزۈلۈشى، خاراكتېرى، ئۆزگىرىشى، ئىشلىتىلىشى ۋە ئۇلارنى تەييارلاش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**ئورگانىك سىنتېز** < خىم > خىمىيىلىك سىنتېز ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ ئانئورگانىك ماددىلار ياكى ئاددىي ئورگانىك ماددىلارنى ئىشلەپچىقىرىش جەريانى. مەسىلەن، كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز قاتارلىقلاردىن سىنتېتىك تالا، سىنتېتىك كاۋچۇك، سىنتېتىك بوياق قاتارلىقلارنى ئىشلىگەنگە ئوخشاش.

**ئورگانىك ماددا** < خىم > ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ قالدۇق جەسەتلىرى، گەندە قاتارلىقلارنىڭ چىرىپ ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان ماددا. تەركىبىدە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن ئېھتىياجلىق ھەر خىل ئوزۇقلۇق ماددىلار بولىدۇ. مۇنبەت توپىلاردا بۇ خىل ئورگانىك ماددىلارنىڭ نىسبىتى يۇقىرى بولىدۇ. ئورگانىك ماددىلار مىكرو ئورگانىزملارنىڭ رولى بىلەن ئۆزگىرىپ چىرىندىلەرگە ئايلىنىدۇ.

**ئورگانىك مىنېرال** < گېئول > تەبىئىي پەيدا بولغان ئورگانىك ماددىلاردىن تەشكىللەنگەن مىنېراللار. ئاساسەن كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېنلارنىڭ مۇرەككەپ بىرىكمىلىرى (مەسىلەن، كەھرىۋا $C_{20}H_{32}O_2$) كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئورگانىك ئوغۇت** < خىز > تەركىبىدە ئورگانىك ماددىلار بار بولغان ئوغۇت. مەسىلەن، قوتان قىغى، چىرىندى ئوغۇت، يېشىل ئوغۇت قاتارلىقلار.

**ئورگىنىيە** ئى (لات) < بوت > ← **ئورگىنىيە ئوتى.**

**ئورگىنىيە ئوتى** < بوت > گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تەركىبىدە يېپىشقاقلىق شىرىنسى بولىدۇ. يەر ئاستى تەگچىچە غولى ناھايىتى چوڭ. يوپۇرمىقى كەڭ ھەم تۆمۈنە شەكىلدە بولۇپ، توپلىشىپ

ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، كىچىك بولۇپ ئومۇم گۈل رېتىدە بولىدۇ، ياز ۋە كۈزدە ئېچىلىدۇ. تەگىچە غولى ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئوتتۇرا يەر دېڭىزنىڭ قىرغاقلىرى بولۇپ، مەملىكىتىمىزدىمۇ دورا ئۆسۈملۈكى ئورنىدا ئۆستۈرۈلمەكتە. تەگىچە غولىنىڭ يۈرەكنى قۇۋۋەتلەش رولى بار.

**ئورلوۋ** ئى. 1737 — 1807-يىللىرى ياشىغان روسىيىلىك ئوفىتسېر. ھەربىي سەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن ئۇ ئات بېقىش بىلەن شۇغۇللانغان. دۇنياغا مەشھۇر بولغان «ئورلوۋ ئېتى» ئۇ يېتىشتۈرگەن ئەلا سورتلۇق ئاتتۇر.

**ئورلوۋ ئېتى** < زوئول > ئاتلارنىڭ يەڭگىل تېپتىكى سورتلىرىدىن بىرى. روسىيىلىك ئوفىتسېر ئورلوۋ (1737 — 1807) ئەرەب ئاتلىرى بىلەن باشقا سورتلارنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈپ چىققان. بۇ خىل ئاتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېگىزلىكى 160 سانتىمېتىر، ئېغىرلىقى 470 — 480 كىلوگرام بولۇپ، ئىرسىيەتچانلىقى كۈچلۈك، چېپىش سۈرئىتى تېز ۋە چىداملىق كېلىدۇ.

**ئورما** ئى. پىشىپ تەييار بولغان زىرائەتلەرنى ئورۇش، يىغىش ئىشى، پائالىيىتى: — بۇ يىل ئورمىدىن كېيىن، — دېدى ئەكبەر دەرھال جاۋاب بېرىپ. * بۇغدايمۇ پىشتى، ئورما باشلاندى.

**ئورماق** پ ئورغاق، چالغا، كومبايىن قاتارلىقلار بىلەن زىرائەت ۋە ئوت-چۆپ قاتارلىقلارنى غولىدىن، تۈۋىدىن كەسمەك، ئۈزمەك: دېھقانلار يېقىن ئەتراپتىكى بۇغدايلارنى جىددىي ئورۇۋاتاتتى.

**ئورمان** ئى ① ئومۇمەن دەل-دەرەخ، يېشىللىق: ئۇلار قۇملۇققا نۇرغۇن ئورمان قويۇپ، يېشىل كارىدور بەرپا قىلدى. ② دەل-دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان چوڭ مەيدان، دەرەخلىك: يېپەك سەللىك يوچۇن ئادەم ئورمان ئىچىگە سالمىدەك شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەنچە، ئىككىنچى قېتىم كۆزگە كۆرۈنمىدى.

**ئورمان بەلبېغى** بوراندىن، قۇمدىن مۇداپىئە كۆرۈش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلگەن، ئۇزۇن بەلباغسىمان كەتكەن دەل-دەرەخلەر.

**ئورمان بۇلغۇنى** < زوئول > بۇلغۇننىڭ بىر خىلى. تېنى مۇشۇكنىڭكىدىن سەل كىچىك، قۇلىقى ئۈچ بۇرجەك شەكلىدە، تۈكى قوڭۇر كېلىدۇ. دەرەخكە چىقالايدۇ. ياۋا توشقان، دالا چاشقىنى ياكى قۇشلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. بەزىدە ياۋا ئوت، ياۋا مېۋە ھەم بېلىقلارنىمۇ يەيدۇ. تېرىسى ئەتىۋارلىق.

**ئورمان بۆلىكى** دەل-دەرەخلەر تۈزۈلمىسى، ئورمان قاتلىمى ياكى كۆرۈنۈشى، زىچلىقى، يېشى، كېلىپ چىقىشى، ئورنى قاتارلىق ئاساسلىق تەكشۈرۈلىدىغان ئامىللار بويىچە ئوخشاشلىقى بولغان، ئەمما ئەتراپتىكى ئورمانلار بىلەن روشەن پەرقلىنىدىغان ئورمانلىق.

**ئورمان تاجىسى** ئورمانلىقتا ئۆز-ئارا تۇتىشىپ كەتكەن دەرەخ تاجىسىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ئورمان تورى** ئاساسلىق ئورمان بەلبېغى بىلەن قوشۇمچە ئورمان بەلبېغىنى بەلگىلىك ئارىلىق بويىچە كاتەكچە ياكى سالا قىلىپ ھاسىل قىلغان تور.

**ئورمان تىپى** ئورمانلارنىڭ كۆپ تەرەپلىك تەبىئىي ئالاھىدىلىكلىرى بويىچە ئايرىلغان كلاسسىفىكاتسىيە بىرلىكى،

مەسىلەن، كاككۇكگۈل ئورمىنى تىپى ۋە مۇخ ئورمىنى تىپى دېگەنگە ئوخشاش.

**ئورمان چىلى** < زوئول > قۇشلار كلاسى، كەرىقۇر ئائىلىسىدىكى قۇش. ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر، پەي-تۈكلىرىنىڭ رەڭگى چىپار، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا قارا ئالىسى بار. چىشىسىنىڭ رەڭگى سەل بېغىر رەڭلىك، گېلىنىڭ رەڭگى قوڭۇر، كۆچمەيدىغان ئورمان قۇشى ھېسابلىنىدۇ، ئۇچۇشقا ئانچە ماھىر ئەمەس، مېڭىشقا ماھىر. يازدا ئۆسۈملۈك، ھاشارات بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمالىدا، شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدا بار.

**ئورمان خىلى** ئورماننىڭ ئىشلەپچىقىرىش مەقسىتى بويىچە ئايرىلغان خىللىرى. مەسىلەن، ماتېرىيال ئورمىنى، ئالاھىدە ئىختىسادىي ئورمان، يېقىلغۇ ئورمىنى، ئىھاتە ئورمىنى قاتارلىقلار.

**ئورمان داڭگۈيى** < بوت > كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ ئارقا تەرىپى ئاقۇچ، غولى سۆسۈن، گۈلى سېرىق ياكى ئاق كېلىدۇ. يىلتىزىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش، تەرلىتىش، سۈيدۈكنى ماڭدۇرۇش رولىغا ئىگە.

**ئورمان قانۇنى** دۆلەتنىڭ ئورمان بايلىقىنى قوغداش، ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، ئورمانچىلىق تەرەققىياتىنى تېزلىتىش مەقسىتىلىرىدە تۈزگەن قانۇنى. ئۇ ئومۇمەن ئورمانلارنى باشقۇرۇش، قوغداش، كېسىش، مۇكاپاتلاش، جازالاش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئورمان قەۋىتى** ئورمانلىقلاردىكى دەرەخلەرنىڭ بوشلۇقتا ئىگىلىگەن ئورنى بويىچە بۆلۈنگەن قاتلىمى. زاپاس ماتېرىيال مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئىقتىسادىي قىممىتى ئەڭ مول بولغان ئورمان قەۋىتى، ئاساسلىق ئورمان قەۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئورمان كەكلىكى** < زوئول > بىر خىل قۇش. دۈمبە بىلەن قورساق قىسىملىرى ئاق، قارا ئىككى خىل ئارىلاش رەڭلىك، بېشىنىڭ چوققىسى قوڭۇر، پۇتى سېرىق. ھاشارات، سازاڭ ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئورمان كىرىشى** < بوت > كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ ئارقىسى ئاقۇچ، غولى سۆسۈن، گۈلى سېرىق ياكى ئاق كېلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئاغرىق پەسەيتىش، تەرلىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش روللىرىغا ئىگە.

**ئورمان مەھسۇلاتى** ئورمانلىقتىن چىقىدىغان ياغاچ ماتېرىياللىرى، ئورمان ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ يىلتىزلىرى، غوللىرى، يوپۇرماقلىرى، قوۋزاقلىرى، مېۋىلىرى، ئۇرۇقلىرى، دەرەخ سىمولىسى، تۈرلۈك زەمبۇرۇغلار ۋە ئورمانلىقتىكى ھايۋانات قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئورمان مۇھاپىزەتچىسى** دۆلەتنىڭ ئورمانلارنى قوغداش سىياسىتىنى 1-سەپتە تۇرۇپ تەشۋىق قىلىدىغان ۋە ئىجرا قىلىدىغان خادىم.

**ئورمان مۈشۈكى** < زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. مۈشۈككە ئوخشايدۇ. بېشىدا ئۇزۇن قارا يوللىرى، گەۋدىسىدە قارا چېكىتلىرى، قۇيرۇقىدا توغرىسىغا كەتكەن يوللىرى بولىدۇ. ناھايىتى

ۋەھشىي بولۇپ، قۇش، چاشقان، يىلان ۋە پاقا قاتارلىق كىچىك ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كۆپىنچە ئورمانلىقلاردا ياشايدۇ. تېرىسىدىن كىيىم تىككىلى بولىدۇ.

**ئورمان هوقۇشى** <زوئول> بىر خىل قۇش. پەي-تۈكلىرى قوڭۇر رەڭلىك، توغرىسىغا جايلاشقان سەپكۈنلىرى بار. قۇيرۇقى قارا قوڭۇر، پۇتلىرى ئاقۇچ، سىرتقى شەكلى مۈشۈكياپىلاققا ئوخشايدۇ، لېكىن بېشىدا مۆڭگۈز شەكىللىك پەي-تۈكلىرى بولمايدۇ. چاشقان، توشقان قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. يېزا ئىگىلىكىگە پايدىلىق.

**ئورمان ئىزى** ئورمانلىقتىكى دەرەخلىرى كېسىۋېتىلىپ، قايتىدىن تېخى كۆچەت تىكىلمىگەن يەر.

**ئورمان ئىگىدارچىلىقى** ئورمان بايلىقىغا بولغان ئىگىدارچىلىق هوقۇقى. هازىر مەملىكىتىمىزدە ئۈچ تۈرلۈك ئورمانغا ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى مەۋجۇت. بۇ ئورمانلارنىڭ بىرى ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورمان؛ يەنە بىرى كوللېكتىپ ئىگىدارچىلىقىدىكى يەنى يېزا-كەنت ئىگىدارچىلىقىدىكى ئورمان؛ يەنە بىرى شەخسلەر ئىگىدارچىلىقىدىكى دەل-دەرەخلەر.

**ئورمان يېشى** <ئورم> دەل-دەرەخلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى ئورمان بۆلەكلىرىنىڭ يېشىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**ئورمانچى** ئى. دەل-دەرەخ، ئورمانلارنى ئۆستۈرۈش، ئاسراش جەھەتتە بەلگىلىك تەجرىبىگە ئىگە ھەم مەخسۇس ئورمان پەرۋىش قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، دەل-دەرەخلەرنى مۇھاپىزەت قىلغۇچى: ئادىل ئاتا كەسپىگە ۋارسلىق قىلىۋاتقان تەدبىرلىك ئورمانچى ئىدى.

**ئورمانچىلىق** ئى. ئورمانلارنى ئۆستۈرۈش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش، ياغاچ ماتېرىيالى ۋە باشقا ئورمان مەھسۇلاتلىرىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلغان ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرى.

**ئورمانچىلىق مەيدانى** ئورمان ئۆستۈرۈش، پەرۋىش-قىلىش، دەرەخ كېسىش قاتارلىق خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن، مەيدان.

**ئورمانزار** ئى ← **ئورمانلىق.**

**ئورمانزارلىق** ئى ← **ئورمانلىق:** كۆز ئاخشىمى مەھەللىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ئورمانزارلىق شەپەق شولىسىدا ھەر خىل رەڭلەر بىلەن تاۋلىنىپ كۆز چاقنىتاتتى.

**ئورمانشۇناس** ئى. ئورمانچىلىق تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى تەتقىقاتچى.

**ئورمانشۇناسلىق** ئى. ئورمانلارنى يېتىشتۈرۈش نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە قىسمى: ئورمان بىلەن مۇھىتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى، ئورماننى يېڭىلاش، دەل-دەرەخلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، ئورمانلارنىڭ دەۋر قىلىشى، ئورماننىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ۋە ئورمان تىپلىرى ھەققىدىكى تەلىمات قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئورمان يېتىشتۈرۈش ئەمەلىيىتى قىسمى: ئورمانلارنى ئاساسلىق كېسىپ يېڭىلاش، ئورمانلارنى پەرۋىش قىلىش، ئورمان بۆلەكلىرىنى ئۆزگەرتىش، ئورمانچىلىق قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىدىن پايدىلىنىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەزىدە ئورمان توغرىلىق كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ.

**ئورمانلاشتۇرماق** «ئورمانلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئورمانلاشتۇرۇلماق** «ئورمانلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئورمانلاشماق** پ. ئورمان بىلەن قاپلانماق، ئورمانلىققا ئايلانماق.

**ئورمانلىق** ئى. دەل-دەرەخ كۆپلەپ ئۆستۈرۈلگەن، ئورمان بىلەن قاپلانغان جاي: بىز يەنە ئورمانلىقنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ ماڭدۇق.

**ئورمىچى** ئى. ئورما ئورغۇچى، ئورما ئورىدىغان كىشى: بىز ئورمىچىلارنى يىراقتىن كۆرۈپلا تەزىم قىلىپ قارشى ئالدۇق.

**ئورمىلىق** ئى. ئورمان ئورۇلىدىغان ياكى ئورۇلۇۋاتقان جاي: ئاتام سەھەردىلا ئورمىلىققا چىقىپ كەتكەنىدى.

**ئورناتماق** ① «ئورنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زوراۋان هۆكۈمەت ساقچىلىرى تاملارنىڭ ئۈستىگە پىلىموتلارنى ئورنىتىپ خەلققە پوپوزا قىلىپ تۇراتتى. * ئۇلار ئىنقىلاب جەريانىدا بىر-بىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتقانىدى. ② كۆچمە. تىزىمغا ئالماق، تىزىمغا كىرگۈزمەك: — نوپۇسلارنى تېخى ئورنىتىپ بولمىدىم، — دېدى ئۇ قوپاللا.

**ئورناشتۇرماق** «ئورناشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئورناشتۇرۇشماق** «ئورناشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئورناشتۇرۇلماق** «ئورناشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**ئورناشماق** پ ① مۇئەييەن بىر جايدىن ئورۇن ئالماق، جايلاشماق: تۇگمەنگە يېقىن ئىككى سۇ ئارىسىغا ئورناشقان ئاشۇ پۈتەي ئەڭ خەتەرلىك هېسابلىناتتى. * پامىردىكى ئىسسىق بۇلاقنىڭ داستان ئىكەن تىللاردا نامى. ئورنىشىپتۇ تاغنىڭ باغرىغا، تەبىئەتنىڭ مەي تولغان جامى. ② چاپلاشماق، يېپىشماق: — يۈزلىرىنى ئەجەب يۇيۇپ كەتتىلە، — دېدى ئۇ ئالدىرىغاندەك قىلىپ، — يۈزلىرىگە سىپىسىق پۇراقلار ئورنىشىپ قالمىغاندۇ؟ ③ ئېسىدە قالماق، ساقلانماق: ھەلىمە مۇئەللىمنىڭ سۆزلىرى ئەخمەتنىڭ كۆڭلىگە مەهكەم ئورناشماقتا ئىدى. * بوۋاينىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى قەلبىمىزگە چىڭ ئورناشتى.

**ئورنىتىلماق** «ئورناتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مۇنبەرگە بىرنەچچە چاسا جوزا ئورنىتىلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئورۇندۇقلار قويۇلدى. * يوقىتىلدى جاهالەت، ئورنىتىلدى ئادالەت. نۇرغا چۆمدى بۇ ئالەم، قۇچاق ئاچتى سائادەت.

**ئورنىدا** رەۋ ① ئەسلىي تۇرغان جايىدا، ئۆز يېرىدە: ئۇ ئورنىدا قىمىر قىلماي تۇرىۋەردى. ② ۋاكالىتەن، هېسابىدا؛ قاتارىدا، ئوخشاش، كەبى: — تاماق يېمىدى، — ئۇنىڭ ئورنىدا ئانىسى جاۋاب بەردى. * ئۇ باينىڭ ئۆيىدە ئات-كالا ئورنىدا ئىشلەۋەردى. * ساتساڭ مېنى مالنىڭ ئورنىدا، ماڭا ئېغىر كەلمەسمۇ ئانا. ③ جايىدا، ئورۇنلۇق، مۇۋاپىق هالدا: ئورنىدا بولسا ئوت ئۆنىدۇ (ماقال). * — گەپ دېگەننى ئورنىدىراق قىلىڭ! — دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ.

**ئورنىماق** پ ① مەلۇم بىر جايدىن ئورۇن ئالماق، ئورناشماق: دىلىمىزغا ئورنىدى، ئەخمەتجاننىڭ سۆزلىرى. ئۈمىد-ئىشەنچە نۇرىنى چاقنىتاتتى كۆزلىرى. ② بارلىققا كەلمەك، پەيدا بولماق؛ تىكلەنمەك: ئىنقىلاب جەريانىدا ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇستەهكەم دوستلۇق ئورنىغانىدى. * ئەخمەتجاننىڭ سۆزلىرى قەلبىمىزگە تاشقا تامغا باسقاندەك ئورناپ قالغانىدى.

**ئورۇس** (توغرىسى: رۇس II) ← **رۇس II**.

**ئورۇسگۈل** ئى 〔ئورۇس+گۈل〕 < بوت > ① ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقىنىڭ ئۇزۇن ساپىقى بار، شەكلى بەش بۇرجەك كېلىدۇ. گۈلى چوڭ بولۇپ، ياز پەسلىدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. گۈلى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئورۇشماق** «ئورماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئورۇق** I سۈپ ① ئەت قونمىغان، سەمرىمىگەن، سېمىز ئەمەس: غېنىنىڭ ئىنىسى قوناق شېخىدەك ئورۇق ۋە ئاجىزلىقىغا قارىماي، تولىمۇ كۆچەپ ئىشلىدى. * ئىككى دېھقان بىر ئورۇق ئېشەكنى ھەيدەپ باجگىرنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ② يېتىلمىگەن: ئورۇق دان.

**ئورۇق ئات** كەمبەغەل، نامرات، ئارانلا تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقان: ئاز كۆرمەي ئىلتىپات قىلىشسىلا، ئورۇق ئات ئادەممەن، ئۇششاق بالىلىرىم تولا. * — نېمانچە ھاكاۋۇرلۇق قىلىسەن، تۇرقۇڭغا قارىسام بىر ئورۇق ئات يېتىم ئوخشايسەن، — دېدى ئۇ قوللىرىنى شىلتىپ.

**ئورۇق مېۋە** < بوت > قۇرۇق مېۋىنىڭ بىر تۈرى، بىرقەدەر كىچىك كېلىدۇ. ئىچىدە بىر تال ئورۇق بولىدۇ. ئورۇقى بىرەر يېرى ئارقىلىقلا مېۋە شۆپۈكىگە تۇتۇشىدۇ. مەسىلەن، ئاپتاپپەرەس، ئاقباش ئوت، قىرلىق قارا بۇغداينىڭ مېۋىسى.

**ئورۇق** II ئى. ئورۇش ئىشى. ئورۇش.

**ئورۇقسىز** سۈپ. ئورۇلمىغان، ئورۇلماي قالغان: ھازىرغىچە ئورۇقسىز قالغان بۇ بۇغدايلار كىمنىڭدۇر؟

**ئورۇقلاتماق** «ئورۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئېرىم سىزنى ئىشلىتىپ ئورۇقلاتقانىكەن، مەن ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن سىزنى ئوبدان مېھمان قىلىۋالاي، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا كۈلگىنىچە ئاشخانا ئۆيگە چىقىپ كەتتى.

**ئورۇقلۇق** I «ئورۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئات ئورۇقلۇقتا بوزۇلار، خوتۇن غېرىبلىقتا بوزۇلار (ماقال).

**ئورۇقلۇق** II سۈپ. ئورۇلغان، ئورۇپ قويۇلغان، ئورۇپ بولۇنغان: ئورۇقلۇق بۇغداي.

**ئورۇقلىتىلماق** «ئورۇقلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئورۇقلىماق** پ. ئورۇق ھالەتكە كەلمەك: ئۇ پۇلنى ئالغاندىن كېيىن، ئورۇقلاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بىر ئايالنىڭ قولىدىن كونا چىبەرقۇت چاپانغا ئورالغان بوۋاقنى ئېلىپ دوختۇرخانىنىڭ بالىلار بۆلۈمىگە كىرىپ كەتتى. * شاھزادىنىڭ ئېتى كۈندىن-كۈنگە ئورۇقلاپ كېتىپتۇ.

**ئورۇلماق** «ئورماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەمەل قىلدى ئىش-ھەرىكىتىدە، زەربىدارلار قىلغان گېپىگە، نەچچە ئون مو بۇغداي ئورۇلدى، شۇ ئاخشام — شۇ ئايدىڭ كېچىدە.

**ئورۇلۇق** ئى. دىئال ← **خامپا**.

**ئورۇم** مىق. زىرائەت ياكى ئوت-چۆپنىڭ ئورغاق بىلەن بىرلا قېتىمدا ئورۇشقا بولىدىغان بىر قىسمى: بىر ئورۇم بۇغداي.

**ئورۇن** ئى ① بىرەر ئادەم، نەرسە ئىگىلەپ تۇرغان ياكى ئىگىلىشى مۇمكىن بولغان يەر، جاي، مەيدان ياكى بوشلۇق،

تەكشىلىك: ئۇنىڭ كىيىملىرى، سەللىسى ئۆزى قويغان ئورۇندا تۇراتتى. * كېچىسى ھەم كۈندۈزى بىرلا جايدا ئورنىمىز. كۆرۈنۈشكە كۈندۈزدە يەتمەس بىراق نۇرنىمىز. ② ئادەم ياكى نەرسە ئۈچۈن تەييارلانغان ياكى بەلگىلەنگەن مەخسۇس جاي: ئۇ كارىۋاتنى يەنە ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇردى. * دوختۇرخانىدا بوش ئورۇن بولمىغاچقا، ئوغۇلخانىنى بەش كۈندىن بېرى ياتاققا ئالمىغانىدى. ③ ئۇخلاش، يېتىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن راسلانغان يوتقان-كۆرپە، ياستۇق قاتارلىقلار: — ئورۇن سېلىپ قويدۇم، ئەمدى ئۇخلا بالام، — دېدى ئانىسى. * ئۇ ئالدىرىماستىن يېشىنىپ، كىيىملىرىنى ئورۇندۇققا قويۇپ، سائىتىنى بۇرىدى-دە، يېنىككىنە بىر ئۇھ تارتىۋېلىپ، كۆن قاپلانغان سافاغا سېلىنغان ئورۇنغا كىرىپ ياتتى. ④ ياشاش ئۈچۈن باشپاناھ، تۇرار جاي، ماكان: كىندىك قېنىمىز تۆكۈلگەن بۇ شەھەردىن بىرەر كىشىلىك ئورۇن تېپىلىپ قالار. ⑤ بىرەر نەرسىنىڭ مەلۇم بىر جايى، قىسمى، بۆلىكى: قەدىمكى تىبابەت كىتابلىرىدا ئومۇمي كېسەللىكلەرنى بىر-ئىككى مىڭ خىلدىن ئارتۇق ئايرىسىمۇ، لېكىن بەزى ئورۇنلاردا مەلۇم كېسەللىك ئالامەتلىرىنىمۇ مۇستەقىل كېسەللىك دەپ كۆرسىتىپ قويغان. ⑥ ئىدارە جەمئىيەت، ئورگان، تەشكىلات: شۇ كۈنكى تازىلىققا 68 نازارەت، ئىدارە ۋە ئورۇنلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك باشلامچى بولدى ياكى ئەمگەككە قاتناشتى. ⑦ بىرەر كەسىپ، ئىش، تىجارەت تۈرلىرى بويىچە پائالىيەت داۋاملىشىدىغان جاي، يەر: تەتقىقات ئورنى، داۋالاش ئورنى. مۇلازىمەت ئورنى. ئىش ئورنى. خىزمەت ئورنى. * ئائىلە تەربىيىسى بىر ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئالىدىغان تەربىيىنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى، ئائىلە بولسا ئوقۇغۇچىنىڭ تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش قىلىشتىكى ئاساسىي پائالىيەت ئورنى. * بىر سائەتچە يول ماڭغاندىن كېيىن، بىز يەنە بىر تارىخىي ئورۇنغا كەلدۇق. ئۇ يەردە بىر دەم توختاپ سائەت 11 دىن 30 مىنۇت ئۆتكەندە ئىككىنچى بىر تارىخىي ئورۇنغا كەلدۇق. ⑧ بىرەر ئىش، ھەرىكەت قىلىشتىكى زۆرۈرىيەت، ھاجەت؛ ئېھتىياج ياكى شەرت-شارائىت: قەسەم ئىچكەنلىكىم ئۈچۈن، قارشىلىق قىلىشقا ئورۇن قالمىغانىدى. * ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە، ئايىمخاننىڭ ئەمدى بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇۋېرىشىنىڭ ئورنى قالمىغانىدى. ⑨ ئىش، خىزمەت؛ ۋەزىپە: ئورنىنى ئىگىلىمەك. ئورنىنى بىكار قىلماق. ئورنىغا ئادەم قويماق. ئورنىنى باسماق. * ئەڭ ئېغىر يېرى شۇكى، يېقىندا 90 مىڭ يۈەنگە سېتىلىدىغان قومۇشنى ئەكبەر ئۆزىنىڭ ئورنىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ھەربىيلەرگە ئەرزان سېتىۋەتتى. ⑩ بىرەر كىشى ياكى نەرسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى نوپۇزى: ئۇ پارتىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك كۈرەشلەردە بارلىققا كەلگەن ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدىن ئىبارەت ئىلمىي ھەقىقەتنى ۋە يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ تارىخىي ئورنىنى قەتئىي قوغدىدى. * — كۆرۈۋاتىسەنغۇ، — دېدى جۇمە، — ھازىر ھەر ئىككىمىز ناھىيە دەرىجىلىك ئىدارىدا ئىشلەيمىز. ئورنىمىز، مائاشىمىز، ھەتتا نام-ئابرويىمىزمۇ ئوخشاش. ⑪ مەلۇم ساھەدە ئېرىشكەن دەرىجە، نام: ئۇ تىياتىر بويىچە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان داڭلىق ئارتىس ئىدى. * ئۇ زاۋۇت بويىچە ئېچىلغان بىر قېتىملىق يىغىندا مەيدىسىگە گۈل تاقاپ، باشقا ئالتە نەپەر ئىلغار تېخنىك ئىشچىلار قاتارىدىن

ئورۇن ئالدى. ⑫ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىدىكى قولاي پۇرسەت، پەيت، مۇرەت: سۆزنى ئورنىدا ئىشلەتمەك. * ئورنى كەلسە ئاتاڭنىمۇ ئايىما (ماقال). ⑬ تەۋەللىك III شەخس قوشۇمچىسى ۋە يۆنىلىش، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ: 1) «ئەسلى»، «بۇرۇنقى ھالىتى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: كۆڭلى ئورنىغا چۈشمەك. ئورنىغا كەلمەسلىك. 2) «ئورنىدا، ئىزىدا، بەدىلىگە؛ ۋاكالەت» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇلار بىكاردىن-بىكار قاتتىق قوللۇق قىلىپ، خەلقنى تىنجىتىش ئورنىغا غەزەپلەندۈرۈۋەتتى. * ئۇنى دادىسىنىڭ ئورنىدا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى. * — قاراقچى بولغان بولسام قىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، مال-مۈلۈكلەرنى ئولجىغا ئالاتتىم، تۆگىچى ئورنىدا بولغان بولسام، ۋەزىرنىڭ ئۆلۈشى بىلەن كارىم بولماي كېتىپ كەلمەيتتىم، — دېدى زەرگەرنىڭ ئوغلى.

**ئورۇن ئالماشتۇرغان كان ياتمىسى** < گېئول > ئاۋۋال پەيدا بولغان تاغ جىنس ياكى كان ياتمىسى ئارىسىدا گازلانغان ئىسسىق ئېرىتمە تەسىرىدە چوقۇم خىمىيىلىك تەكشۈرۈق پەيدا بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئادەتتە ماددىلارنىڭ كىرىشى ياكى چىقىشى يۈز بېرىدۇ. يەنى بىر قاتار كونا ماددىلار يېڭى ماددىلار تەرىپىدىن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ. مۇشۇنداق تەسىردە پەيدا بولغان كان ياتمىسى ئورۇن ئالماشتۇرغان كان ياتمىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئورۇن ئالماق** ① مەلۇم بىر جايغا ئورۇنلاشماق، ئولتۇرماق، جايلاشماق: مەن كىرگەندە ئۇ بىر بۇرجەكتىن ئورۇن ئېلىپ بولغانىكەن. * قەلەمدار، ئەلەمدار بەگ-سىپاھلار ئۆز رەتلىرى بويىچە ئورۇن ئالدى. ② مەلۇم بىر نام ياكى ۋەزىپىگە ئېرىشمەك، ئىگە بولماق: 1964-يىلى سوتسىيالىستىك تەلىم-تەربىيە ھەرىكىتىدە سابىر ئاكتىپلار قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. * بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن سەيپىدىنمۇ مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ئورۇن ئالدى. ③ چىقىش كېلىشتە كەلگەن «قەلب، كۆڭۈل» قاتارلىق سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «ئورنىماق»، «ئورناشماق» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بېرىدۇ: ئۇنىڭ سۆزلىرى دېھقانلار قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. * ئۇ چىراغ يورۇقىدا سىنچىلاپ قارىدى، بۇ تۇرغان قەغەز، تامغىلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدىن مەھكەم ئورۇن ئالدى.

**ئورۇن بەرمەك** ① تۇرغان، ئىگىلىگەن ئورنىنى، جايىنى بىراۋغا بەرمەك، ئورنىنى باشقىلارغا بوشىتىپ بەرمەك. ② بەلگىلىك ئورۇن بىلەن تەمىن ئەتمەك؛ ئېتىبار، ئەھمىيەت بەرمەك، مۇھىم دەپ قارىماق: ھازىر ھەر خىل تىببىي كەسىپىي ۋۇرناللارغا يېتەرلىك ئورۇن بېرىلمەكتە.

**ئورۇن تۇتماق** بەلگىلىك ئورۇن ئىگىلىمەك، تەشكىل قىلماق: — قوي سادىر ئاكا، سەن دېگەن ئۇ زاتلار مانجۇ تەختىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن بولسىمۇ ئورۇن تۇتۇپ تۇرۇۋېتىۇ، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ بىز بىلەن بىللە بولارمۇ؟ — دېدى ياش شىزبىازدان. * دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى شىنجاڭ ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

**ئورۇن تۇتۇپ ياتماق** كېسەل بولۇپ يېتىپ قالماق: زۆرەمنىڭ ئانىسى «توقال» سۆزىنى ئاڭلاپلا ھوشىدىن كېتىپ شۇ پېتى ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قېلىپتۇ.

**ئورۇن رەۋىشلىرى** < تىل > شەيئىلەرنىڭ

ئورنىنى، شەيئى ھەرىكىتىنىڭ ئورنىنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەر. مەسىلەن، نېرى، بېرى، ئاندا، ساندا، ئىلگىرى، كېيىن، تاشقىرى، يۇقىرى، تۆۋەن دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**ئورۇن سالماق** كەچتە يېتىش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئورۇن-كۆرپىلەرنى مۇۋاپىق ھالەتتە تەييارلىماق، ئۇخلاش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئورۇن راسلىماق: ئۇ ئايال ئورۇننى سېلىپ يېتىشقا تەييارلىنىپتۇ.

**ئورۇن قالدۇرماق** پۇرسەت، ئىمكانىيەت قالدۇرماق، پۇرسەت بەرمەك، ئىمكان بەرمەك: بۇ يەردە ئاپتور ئوقۇرمەنلەرنىڭ پىكىر قىلىشىغا كەڭ ئورۇن قالدۇرغان. * — سىزگىمۇ ئورۇن قالدۇردۇق، ئولتۇرۇپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ چىقىپ كېتىۋېتىپ. * ئىنقىلابىي قوشۇندا لىبېرالىزمغا ئورۇن قالدۇرماسلىق كېرەك.

**ئورۇن قالماسلىق** شارائىت، پۇرسەت، ئىمكانىيەت قالماسلىق، پۇرسەت قالماسلىق: ئۇنى يەنە تەكلىپ قىلىشقا ئورۇن قالمىغانلىقى ئۈچۈن ۋاقتىدا جاۋاب يازمىغانىدىم. * ئەمدى قانداق قىلاي، «ياق» دېيىشكە ياكى باشقا باھانە-سەۋەب كۆرسىتىشكە ئورۇن قالمىدى. ئۇ ھەممە جەھەتتىن ئالدىغا ئۆتۈۋالدى.

**ئورۇن كېلىش** <تىل> ئىسىملار ياكى تۈرغۇن سۆزلەرنىڭ بەلگىلىك گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئىنى بىلدۈرگەن ھەرىكەتنىڭ ۋاقتى، ئورنى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەپ كېلىدىغان شەكلى. ئۇيغۇر تىلىدا ئىسىملارنىڭ ئورۇن كېلىش شەكلى شۇ ئىسىمغا «-دا ||، -تا ||، -دە ||، -تە» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**ئورۇن ھازىرلىماق** ← **زېمىن ھازىرلىماق:**

مۇشۇنداق بولىدىغان بولسا، شۇجى ئۈچۈن قانچىلىك سىياسىي ئورۇن ھازىرلىنىدۇ، سىز بۇنى ئويلىسىڭىز بولىدۇ!

**ئورۇن يۆتكىگۈچى فاكتور** < بېئول > خروموسوما گۇرۇپپىسى ئىچىدە ياكى خروموسوما گۇرۇپپىسى ئارىلىقىدا، بىر ئورۇندىن باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىدىغان خروموسوما فاكتورى.

**ئورنى بار** ① يولى بار، داۋلىسى بار، يوللۇق، ئورۇنلۇق: — بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ ئورنى بار، قورقما، ساڭا ھېچ خەۋپ يوق، — دېدى ئۇ تەسەللى بېرىپ. ② ئىزى بار؛ كېلىش مەنبەسى، جايى بار: ئۇنىڭ قولىدا پۇل قالمىغانىدى، بىراق ئۇمۇ ھەممىنى بۇزۇۋەتمىدى، 2000 يۈەننىڭ ئورنى بار، پەقەت 200 يۈەنلا ئورۇنسىز تۈگەپ كەتكەنىدى.

**ئورنى بولماسلىق** يولى بولماسلىق، مۇۋاپىق ئەپى كەلمەسلىك، پۇرسەت، شارائىت يارىتىلماسلىق: ئۇ ھاكىمنى بىر كۆرۈپ ئىنساپىغا دۇئا قىلاي دېسەم، ئورنى بولمايۋاتىدۇ، بىز دېگەن پېشىق قوغۇن، بىر تېنىقتىن قالساقلا ئۇ دۇنيانىڭ ئادىمى.

**ئورنىدىن چۈشمەك** ئەمەل، مەرتىۋىسىدىن ئايرىلماق، ئەملىدىن چۈشۈپ، ھوقۇقىدىن قالماق: ھارۋىكەشلەر بىردەك: — ئورنىدىن چۈشكەن شەنگەننىڭ، — دەپ جاۋاب بېرىشىپتۇ.

**ئورنىغا چۈشمەك** ئىزىغا چۈشمەك، ئەسلىي ھالىتىگە كەلمەك، نورمال ھالىتىگە قايتماق: ئوغلىنىڭ سالامەتلىكىنى كۆرگەن ھۆرنىساخاننىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

**ئورنىغا دەسسەتمەك** ئورنىدا دەپ ھېسابلىماق، ئورنىغا قويماق: بۇنداق خاتا سۆز-ھەرىكەتنى سىياسەتنىڭ ئورنىغا

دەسسىتشكە بولمايدۇ.

**ئورنىغا كەلمەسلىك** بۇرۇنقى ھالىتىگە، ئەسلىگە قايتماسلىق: ھەي، ئەمدى ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ!

**ئورنى قالماسلىق** يولى قالماسلىق؛ زۆرۈرىيىتى، ھاجىتى قالماسلىق؛ ئىمكانىيىتى، پۇرسىتى قالماسلىق: — ئەمدى بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرۇشىمىزنىڭ ئورنى قالمىدى، — دېدى ئۇ جىددىي ھالدا.

**ئورنىنى باسماق** باشقا كىشى ياكى نەرسىنىڭ خىزمىتىنى بېجىرمەك، ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەك، ئورنىدا ئولتۇرماق: — بەلكى، — دېدى ئۇ، — بۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۇنىڭ ئورنىنى باسىدىغان بىرەرى چىقىپ قالار.

**ئورنىنى قىلماق** ئامالىنى قىلماق، ئېپىنى، چارىسىنى قىلماق، بىرەر ئىمكانىيەت، شارائىت تېپىپ قولغا كەلتۈرمەك: — ئاتلارنىڭ ئورنىنى قىلىپ كەچتە ئېلىپ كېتىمىز. غۇنچەم، سىز ئۆيگە كىرىپ كېتىڭ، بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمىزنى ھېچكىم سەزمىسۇن، — دېدى تۇرغان. * 500 يۇەننىڭ ئورنىنى قىلسام، شۇ ھامان بىر رەڭلىك تېلېۋىزور ئالاتتىم.

**ئورنىنى كۆتۈرمەك** ئەمەل-مەرتىۋىسىنى ئۆستۈرمەك: — ئۇلار بۇنىڭ بىلەن سېنىڭ ئورنۇڭنى قانچىلىك كۆتۈردى؟ — دېدى غەزەپلىنىپ.

**ئورنى ئىسسىماق** مەلۇم بىرەر جاي ياكى ئەمەل-مەنسەپتە مۇستەھكەم تۇرۇپ قالماق: ئىككى ئايدىلا ئۇنىڭ ئورنى بىر ئوبدان ئىسسىپ قالدى.

**ئورنى يوق** ① ھاجەتسىز، زۆرۈر ئەمەس، ھاجىتى، زۆرۈرىيىتى يوق، ئورۇنسىز: ئۇ سابىرنىڭ قىلىقىغا رەنجىشىنىڭ زادىلا ئورنى يوق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ② ئىزى يوق، قاندىلىق تۈگىگەنلىكى، نېمىگە خەجلەنگەنلىكى نامەلۇم، ئورۇنسىز (پۇل ھەققىدە): بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈشتە ئۇنىڭ ھېسابىدىن 500 يۇەننىڭ ئورنى يوق چىقتى.

**ئورۇنا** ئى. دىئال. چارۋىچىلارنىڭ دائىملىق قوش تىكىدىغان ئورنى.

**ئورۇنباسار** ئى (ئورۇن+باسار) ① بىرەر كىشىنىڭ ئىش-پائالىيىتىنى داۋاملاشتۇرغۇچى كىشى، ئىزباسار، ۋارىس، ئەڭ مۇۋاپىق شاگىرت. ② مۇئاۋىن: ئۆلكىلىك ئورگانغا خىزمەتكە بېرىڭ، ئۆلكە باشلىقىنىڭ ئورۇنباسارى بىزنىڭ ئۆز ئادىمىمىز. * قۇندۇز ئورۇنباسار تۇمەنباشى بولۇپ جەڭگە چىقتى.

**ئورۇن-تەرەپ** ئورۇن ۋە تەرەپ: ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى.

**ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى** <تىل> ئىسىملارنىڭ بىر تۈرى. ئورۇن ياكى تەرەپنى بىلدۈرىدۇ؛ يۇقىرى، تۆۋەن، ئالدى، ئارقا، ئوڭ، سول، شەرق، غەرب، جەنۇب، شىمال، ئىچ، تاش دېگەنلەر يەككە ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى؛ ئوڭ تەرەپ، سول يان، تۆۋەن ياق دېگەنلەر بىرىككەن ئورۇن-تەرەپ ئىسىملىرى.

**ئورۇن-تۆشەك** ئورۇن ۋە تۆشەك ئومۇمەن يېتىپ قوپىدىغان جاي ۋە شۇنىڭغا لازىملىق يوتقان-كۆرپە.

**ئورۇنداتماق** «ئورۇندىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئورۇنداش** سۈپ. ئورنى بىر ياكى ئوخشاش؛ بىر، تەڭ ئورۇنلۇق: ئورۇنداش شەكىللەر.

**ئورۇنداش شەكىللەر** <مات> ئەگەر ئىككى ئوخشاش كۆپ تەرەپلىكنىڭ ماس تەرەپلىرى پاراللېل بولۇپ، ماس چوققىلىرىنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىقلار بىر

نۇقتىدا كېسىشسە، بۇنداق ئىككى كۆپ تەرەپلىك ئورۇنداش شەكىللەر دېيىلىدۇ.

**ئورۇنداشماق** «ئورۇندىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئورۇندالماق** «ئورۇندىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئۇنداق قىلمىدىكەن! سىڭلىڭىز ئىشىڭ ئورۇندالسا، تاشقىرىدىكى ئىشتىن غەم قىلما! — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

**ئورۇندۇق** ئى. ئولتۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ، مېتال قاتارلىقلاردىن ياسالغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: بازارچى ئايال تەختىنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپتۇ.

**ئورۇندۇقلۇق** سۈپ. ئورۇندۇق بار، ئورۇندۇق قويۇلغان؛ ئورۇندۇق ئورۇنتىلغان: ئۇ ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا تۇرغان ئورۇندۇقلۇق غالتەكنى ئېلىپ كېلىپ، ئادىلنى شۇنىڭغا يۆلەپ چىقاردى.

**ئورۇندىماق** پ ① ئىش-ھەرىكەت، خىزمەت قاتارلىقلارنى بېجىرمەك، ئادا قىلماق، ئىجرا قىلماق، ئەمەلدە كۆرسەتمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ بولۇپ قايتقاندى. * مەن ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى ھېچبىر تەخىرسىزلا ئورۇنداپ پۈتتۈردۈم. ② شېئىر، ناخشا قاتارلىقلارنى ئوقۇماق، ئېيتماق، ئىجرا قىلماق: ئۇلار يول بويى قىزىل ئارمىيىنىڭ ھەربىي شېئىرىنى ئورۇنداپ ماڭدى.

**ئورۇنسىز** سۈپ ① ئورنى يوق: ئورۇنسىز قالماق. ② كۆچمە. بىھۇدە، ئارتۇقچە، ئاساسسىز، ئەھمىيەتسىز: ئىنقىلاب قىلىشتا ئورۇنسىز قۇربان بېرىشتىن ساقلىنىش كېرەك. * سەن ئۇنىڭدىن ئورۇنسىز ئەنسىرەپ يۈرمە. ③ كۆچمە. شۇ پەيتنىڭ ئۆزىدە بولۇۋاتقان ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆزگە مۇناسىۋەتسىز، باغلىنىشى يوق؛ ئەھمىيەتسىز: بىرەرى ئورۇنسىز چاقچاقچى بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويدىمۇ-يا؟.. * مەن ئورۇنسىز سۆز قىلمايدىغان ئادەملىكىمنى ئۇلارغىمۇ كۆرسەتمەكچى بولدۇم. ④ كۆچمە. ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق، پايدىسىز، ناتوغرا، نامۇۋاپىق، ئەھمىيەتسىز: — ئورۇنسىز ئىشلارغا پۇل خەجلىمە! — دېدى ئۇ ئوغلىغا تەنبىھ بېرىپ. // ئادەم بولساڭ، ھامان بىر كۈنى ئورۇنسىز ئۆتكۈزگەن كۈنلەرنىڭ ئىچ ئاغرىقىنى تارتىسەن.

**ئورۇنسىزلىق** «ئورۇنسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئورۇنسىزلىق قىلماق.

**ئورۇن-كۆرپە** ئورۇن ۋە كۆرپە، ئومۇمەن يېتىپ-قوپىدىغان جاي ۋە شۇنىڭغا لازىملىق يوتقان-كۆرپە: بىر ھەپتىدىن بۇيان مېھرىبانىمۇ ئورۇن-كۆرپىسىنى ئېلىپ مۇشۇ يەردە يېتىپ ئىشلەشكە باشلىدى.

**ئورۇنلانماق** «ئورۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئورۇنلاش** ① «ئورۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى. ② < تىيا > تىياتىر، ئۇسسۇل، سىرىك قاتارلىق ئورۇنلاش سەنئەتلىرىنىڭ ئارتىس تەرىپىدىن سەھنىدە ئوينىلىشى.

**ئورۇنلاش سەنئىتى** سەنئەتنىڭ ئورۇنلاش ۋاسىتىسى ئارقىلىق مەقسەت ئىشقا ئاشۇرۇلىدىغان بىر خىل تۈرى. مەسىلەن، تىياتىر، كىنو، مۇزىكا، ئۇسسۇل، سىرىك قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئورۇنلاش ماھارىتى** < تىيا > ئارتىسلارنىڭ ھەر خىل تېخنىكا ۋە ئۇسۇللارنى قوللىنىپ ئوبراز يارىتىش قابىلىيىتى.

**ئورۇنلاش ئۇسلۇبى** < تىيا > ئارتىسنىڭ رول ئېلىش جەھەتتىكى ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى ياكى ئۇسۇلى.

**ئورۇنلاشتۇرماق** «ئورۇنلاشماق II»

پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار زەيىنەپنى ئارخىپ باشقۇرغۇچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى.

**ئورۇنلاشتۇرۇش** ① «ئورۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② < مات > m دانە نەرسىدىن ھەر قېتىمدا n دانىدىن ئېلىپ، ئۇنى بەلگىلىك تەرتىپ بويىچە تىزىش m دىن ھەر قېتىم n نى ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇش دېيىلىدۇ. مەسىلەن، a، b، c دىن ئىبارەت ئۈچ ساندىن ھەر قېتىم ئىككى سانني ئېلىپ ئورۇنلاشتۇرساق، ab، ac، ba، bc، ca، cb غا ئوخشاش ئالتە خىل ئورۇنلاشتۇرۇشقا بولىدۇ. ئۇ تۆۋەندىكى فورمۇلا بىلەن ئىپادىلىنىدۇ:
$A_m^n=m(m-1)(m-2)\cdots(m-n+1)$.

**ئورۇنلاشتۇرۇشماق** «ئورۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئورۇنلاشتۇرۇلماق** «ئورۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ 22 كىشى سەپنىڭ ئەڭ ئاساسلىق يەرلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**ئورۇنلاشماق I** «ئورۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئورۇنلاشماق II** پ ① بىرەر جايغا ماكانلاشماق، شۇ جاينى ئىگىلىمەك: * بىز دەريا بويىغا چۈشۈپ ئورۇنلاشتۇق-دە، يوغان-يوغان تاشلارنى تىزىپ ئوچاق ياساپ قازان ئاستۇق. * ئۇ 50-يىللاردىلا مۇشۇ يېزىغا كېلىپ ئورۇنلاشقانىدى. ② ئومۇمەن ۋاقىتلىق تۇرالغۇ، قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن چۈشمەك، قونالغۇ قىلماق: ئۇلار ئاتۇش مەھەللىسىدىكى جامال گاينىڭ سارىيىغا ئورۇنلاشتى. * بۇلار شۇ ئاخشىمى قوي ساتقۇچى دېھقاننىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتى. ③ جايلاشماق، بىنا قىلىنماق، سېلىنماق: ئۇلار مەخپىي قاماقخانا ئورۇنلاشقان جاينىمۇ بىلەتتى. * بۇ يېزا چەت بىر جاڭگاللىقتا ئورۇنلاشقانىدى. ④ خىزمەتكە، ئىشقا ياكى ئوقۇشقا كىرمەك، مەلۇم بىر ساھەدە مۇلازىمەت قىلىشقا كىرىشمەك: مېنىڭ باغاق ساتماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ، ھېلىقى زاۋۇتنىكى ئىشقا ئورۇنلىشىپ بولغان باللارنىڭ ھەممىسى كۈلدى. * ئۇ ئىككى كۈن «يول» مېڭىپلا ناھىيىلىك رادىئو ئۇزېلىغا ئورۇنلاشتى.

**ئورۇنلانماق** «ئورۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: «قوم يىغىلسا تاغ بولىدۇ، ئەل يىغىلسا باغ» دېگەندەك، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ھەپتە-ئون كۈنگە قالماي ئورۇنلىنىپ بولدى.

**ئورۇنلۇق** سۈپ. ئورنى بار، يوللۇق، داۋىللىق؛ پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك؛ جايىدا، توغرا، مۇۋاپىق: ئورۇنلۇق ئىش. ئورۇنلۇق گەپ. ئورۇنلۇق خىراجەت. * ئۇنىڭ دېگەنلىرى ئورۇنلۇق ئىدى. يىغىن ئەھلى بىردىن — ئىككىدىن ئارقىغا يېنىپ ئورۇندۇقلىرىنى تېپىشتى.

**ئورۇنلىماق** پ → **ئورۇندىماق**: ئۇ مەتباقىنىڭ بۇيرۇقىنى يۇۋاشلىق بىلەن ئورۇنلىدى.

**ئورىدىماق** پ. دىئال. چوڭقۇرلاپ كەتمەك، ئولتۇرۇشۇپ ئورىدەك بولۇپ كەتمەك، چوڭقۇرلىماق.

**ئورىغۇچى** سۈپ. ئورايدىغان، ئوراش رولىنى ئوينايدىغان: ئورىغۇچى تەنچە. ئورىغۇچى يوپۇرماق. ئورىغۇچى يىپچە.

**ئورىغۇچى تەنچە** < بئول > ۋىرۇسلارنىڭ يوقۇملاندۇرۇشىغا ئۇچرايدىغان ھۈجەيرىنىڭ پلازمىسىدا ياكى ھۈجەيرە يادروسىدا ھاسىل بولغان، مۇئەييەن شەكىلدىكى

كېسەللىك ئۆزگىرىشكە ئىگە تۈزۈلمە.

**ئورىغۇچى يوپۇرماق** < بوت > بىخ، گۈل ياكى گۈل رېتىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرىدىغان ياكى ئاستىغا جايلاشقان شەكلى ئۆزگەرتكەن يوپۇرماق. بەزىلىرى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ، بەزىلىرى تەڭگىسىمان بولىدۇ.

**ئورىغۇچى يېپىچە** < بوت > بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باشقا جىسىملارغا يامىشىش ياكى چاپلىشىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەزاسى. ئورىغۇچى يېپىچىلارنىڭ بەزىلىرى غولنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ (مەسىلەن، ئۈزۈمنىڭ)؛ يەنە بەزىلىرى يوپۇرماقنىڭ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولىدۇ (مەسىلەن، كۆك پۇرچاقنىڭ).

**ئورىگىنال** ئى (ر < لات) ① بىرەر ئەسەرنىڭ ئاپتور تەرىپىدىن بىۋاستە يېزىلغان نۇسخىسى، ئەسلى نۇسخىسى، كۆپىيىسى: كىتابنىڭ ئورىگىنالى. ماقالىنىڭ ئورىگىنالى. ② بىرەر نەرسە، ماقالە قاتارلىقلارنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قەغەز؛ ئىش قەغىزى.

**ئورىماق I** پ ① بىرەر نەرسە بىلەن ھەممە تەرىپىنى يېپىپ يىغماق، بەلگىلىك شەكىلدە يۆگىمەك: قوربان ئاخۇن ئۇنى پاكىز ئاق لاتىغا ئوراپ ئىشىك بېشىغا ئېلىپ قويغانىدى. * ئۇ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن چىشىنى ئېلىپ ھېلىقى لاتىغا ئوراپ يانچۇقىغا سالدى. * ئوقۇشتا-ئىشتا، يارىتىپ ئۆلگە، ئۇلۇغ ۋەتەننى ئورايمىز گۈلگە. * ياغلىقىڭنىڭ گۈلىدەك، گۈلگە ئورا يېزىنى. مەنمۇ دىلدىن سۆيىمەن، سەندەك دېھقان قىزىنى. ② قاپلىماق، قورشىماق، تۈت ئەتراپىنى توسماق: گۈگۈم بارا-بارا قارا پەردىسى بىلەن زېمىننى ئورىدى. * ئۇنىڭ سۇرمىلىك كىرپىكلىرى ئوراپ تۇرغان كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. * ئەتراپىنى ئوراپ تۇرار باغلىرى، تەييار ئىكەن ئۈزۈم، خورما، ئالمىلار. ③ ئەتراپىغا جۇغلاشماق، ئارىغا، ئوتتۇرىغا ئېلىۋالماق: قىزلار ۋاھاپنى ئورىۋېلىپ چۇرقىراشتى. * ئۆيدىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى ۋە ئۇنى ئورىۋېلىپ غىلاپلىرى يىرتىلىپ كەتكەن كونا قىلىچىنى كۆرۈشتى. ④ مەلۇم نەرسىنى يەنە بىر نەرسە ئۈستىگە يۆگىمەك، ئايلاندۇرۇپ قاتمۇقات ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرماق: ئۇ قامچىنىڭ دەستىسىگە تاسما ئورىدى. * — بولمايدۇ! — ئۇ كېسىپلا ئېيتتى، — سىمغا يىپ ئوراش ئەڭ نازۇك تېخنىكا. * ئۇ بېشىغا نىپىز ھاۋا رەڭ ياغلىق ئورىۋالغان بولۇپ، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى. * ئۇ كىشى بېشىغا ئىخچام قىلىپ سېرىق سەللە ئورىۋالغانىكەن. ⑤ ياپماق، توسماق: ئۇ ئېغىز-بۇرنىنى ئورىۋالغان يۇڭ شارپىسى بىلەن خۇددى ھەجۋىي رەسىمگە ئوخشاپ قالغانىدى.

**ئورىماق II** پ. توقۇلمىلارنىڭ يىپ تالالىرىنى چۇۋۇماق، بۇزماق، تاراتماق: پايپىقىمنى سىم ئىلىۋېلىپ ئورىۋەتتى.

**ئورىئون** ئى (ر < گرېك) < ئاستر > → **ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى.**

**ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمى** < ئاستر > ئېكۋاتور بەلبېغىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 5 سائەت 30 مىنۇت؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى 5°؛ يەنى سەۋر، جەۋزا، كىچىك ئىت، چوڭ ئىت يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا توغرا كېلىدۇ. شىمالىي قىسمى سامانيولى سىستېمىسى ئىچىدە.

**ئوزا I** سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن كۈن ياكى يىلنىڭ ئالدىدىكى: ئوزا كۈن. ئوزا يىل.
**ئوزا كۈن** تۈنۈگۈننىڭ ئالدىدىكى كۈن، بۈرناكۈن.

**ئوزا II** (**ئوزايى**) ئى (ئە) ① ئەلپاز، تاشقى قىياپەت، تۇرق، سىرتقى كۆرۈنۈش، رەڭگىروي: ئۇ ئوزايىدىن جەنۇبلۇق ئىكەنلىكى چىقىپ تۇرغان ئىككى دېھقاننىڭ ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان پارىڭىغا قۇلاق سالدى. * — ئوزايىڭىزدىن قارىغاندا، بىر قىيىن ئىشقا دۇچ كەلگەندەك قىلىسەنغۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. ② كەيپىيات، روھ: قىزنىڭ ۋۇجۇدى يىنىككىنە تىترەپ كەتتى، ئوزايىدىن ئۇنىڭ يىگىتنى ئاللىقاچان كۆرگەنلىكى ۋە ئاتايىن كۆرمەسكە سېلىپ ئولتۇرغانلىقى سېزىلىپ تۇراتتى.

**ئوزاقى** سۈپ ← **ئوزا** I .
**ئوزاقى يىل** ئۆتكەن يىلنىڭ ئالدىدىكى يىل: ئوزاقى يىلى ئەتىيازدا مامۇت پازىلنىڭ ئۆيىنى سۇ بېسىپ كەتكەنىدى.

**ئوزدۇرماق** « ئوزماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوزدۇرۇلماق** « ئوزدۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوزماق** پ. ئومۇمەن ئىجابىي ئىشلاردا، نەتىجە يارىتىشتا باشقىلاردىن ياكى ئۆز قاتارىدىكىلەردىن ئېشىپ كەتمەك، ھەممىدىن ئېشىپ چۈشمەك، ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەك: زەر، جاۋاھىر كانى مەكتەپ سىز ئۈچۈن ئەي قىز-ئوغۇل، ياشلىقنىڭ قەدرىگە يېتىپ بىلىم ئالغان ئوزار.

**ئوزوكېرىت** ئى (ر< گرېك) < گېئول > قىممەتلىك ھەم كەمدىن-كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل ئورگانىك مىنېرال، يەنى رەڭگى سارغۇچ، كۆكۈچ، قوڭۇر بولغان، قاتتىق ۋە يېرىم قاتتىق ھالەتتىكى ماددا. تاشقى كۆرۈنۈشى سېرىق مومغا ئوخشايدۇ، زىچلىقى 1 دىن كىچىك بولىدۇ. تەركىبىدە نۇرغۇنلىغان تاش موم ۋە يىگنىسمان موم كرىستاللىرى، ئاز مىقداردا سۇيۇق ھالەتتىكى ھىدروكاربون بىرىكمىلىرى بولىدۇ. ئېلېمېنتلار تەركىبى ئالكانلار تۈرىدىكى نېفتنىڭكىگە يېقىنلىشىدۇ. ئاساسلىقى كاتەكچىسمان ئىزوئالكانلاردىن تەركىب تاپىدۇ. ئېلىمىزنىڭ چەيدام ئويمانلىقى لىڭخۇ رايونىدىن چىقىدۇ.

**ئوزون** ئى (ر< گرېك) < خىم > ئوكسىگېننىڭ ئاللوتروپىك شەكىل ئۆزگىرىشى، يەنى رەڭسىز، ئالاھىدە پۇراقى ئىگە گاز. سۇدا ئېرىيدۇ. توك ئۆتكەندە ياكى قۇياش ئۇلترا بىنەپشە نۇرىنىڭ تەسىرىدە ھاۋادىكى ئوكسىگېن ئوزونغا ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە ئوكسىدلىغۇچى ۋە مىكروب ئۆلتۈرگۈچى قىلىنىدۇ.

**ئوزون قاتلىمى** < مېتېئور > يۇقىرى قاتلام ئاتموسفېرانىڭ بىر قاتلىمى. بۇ قاتلامدا ئوزون خېلى قويۇق بولىدۇ. شۇنىڭدەك ئوزون ئاتموسفېرا رادىئاتسىيىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. مەسىلەن، ئۇ، ئۇلترا بىنەپشە نۇرنى سۈمۈرىدۇ. بۇ قاتلام تەخمىنەن 10 — 50 كىلومېتىر ئېگىزلىك ئارىلىقىدا بولىدۇ. ئوزون 20 — 25 كىلومېتىر ئېگىزلىكتە ئەڭ قويۇق بولىدۇ.

**ئوزۇق** ئى ① ئومۇمەن يېيىشكە بولىدىغان نۇرلۇك مەھسۇلاتلار، يېمەك-ئىچمەك، ئاش-تاماق: دوختۇر ئۇنىڭغا « بالىغا قۇۋۋەتلىك ئوزۇق كېرەك، ئەڭ ياخشىسى، كۈندە پىششىق تۇخۇم يەپ تۇرسۇن » دەپ تاپىلىدى. ② ئۆسۈملۈك قاتارلىقلارنىڭ

ئۆسۈشى، سانائەت قاتارلىق ئىشلەپچىقىرىش
ھەرىكەتلىرىنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشى
ئۈچۈن زۆرۈر بولغان نەرسىلەر، زۆرۈرىي
بۇيۇملار: يەر ئۇلۇغ، چۈنكى ئۆسۈملۈكتىن
تارتىپ ئادەملەرگىچە جىمى جانلىقلار يەردىن
ئوزۇق ئېلىپ ھايات كەچۈرىدۇ. * كۆمۈر
سانائەتنىڭ ئوزۇقى. ③ كۆچمە. كۈچ، ئىلھام،
مەدەت، غەيرەت: مەنىۋى ئوزۇق. روھىي
ئوزۇق. * مەكتەپ بىزنىڭ بېغىمىز، چوڭقۇر
ئاڭا مېھرىمىز. ئوزۇق ئېلىپ دىلىمىز، ئاشار
ئەقىل-زېھنىمىز.

**ئوزۇق-تۈلۈك** ئومۇمەن ئوزۇق قىلىشقا
بولىدىغان نەرسىلەر، يېمەك-ئىچمەكلەر:
بىرنەچچە كۈندىن بېرى دەريادىن ئۆتەلمەي
ئامالسىز تۇرۇپ قېلىۋاتىمىز، ئوزۇق-تۈلۈكلەر
تۈگەۋاتىدۇ.

**ئوزۇقسىز** سۈپ. ئوزۇققا ئىگە بولمىغان، ئوزۇق
يوق ھالەتتە قالغان، ئوزۇقى يوق: —
ئوزۇقسىز بەش كۈن قانداق ھايات ياشىغىلى
بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ ھەيران بولۇپ. *
ئۆگىنىش — ئىنساننىڭ روھىي ئوزۇقى، ئوزۇقسىز
ئەقلمۇ ياشاشتىن يىراق. مەنبەسى يوق
گۈلنىڭ تۈگەيدۇ سۈيى، يەر ئاستى سۈيىسىز
قۇرۇيدۇ بۇلاق.

**ئوزۇقشۇناس** ئى. ئوزۇقشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**ئوزۇقشۇناسلىق** ئى. تۈرلۈك يېمەك-ئىچمەك،
يەل-يېمىشلەرنىڭ ئوزۇقلۇق تەركىبى،
قىممىتى، ئالاھىدىلىكى، سالامەتلىككە
بولغان تەسىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق
قىلىدىغان ئىلىم ياكى شۇنداق كەسىپ:
ھازىر تەرەققىي تاپقان ئەللەردىمۇ ئوزۇقشۇناسلىق
تىبابەتنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى شەكلىدە
راۋاجلانماقتا.

**ئوزۇقلاندۇرماق** «ئوزۇقلانماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ھەر دائىم تاماق
ۋاقتىدا ئەڭ ئاۋۋال ئاشۇ سېرىق ئاسلىننى
ئوزۇقلاندۇراتتى.

**ئوزۇقلاندۇرۇشماق** «ئوزۇقلاندۇرماق»
پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوزۇقلاندۇرۇلماق** «ئوزۇقلاندۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتلار ئوبدان
ئوزۇقلاندۇرۇلۇپ، سەپەرگە تەخ قىلىپ
قويۇلغانىدى.

**ئوزۇقلانماق** پ ① تاماق يېمەك، قورساق
تويغۇزماق: بايلار خورجۇنلىرىدىن قەنت-گېزەك،
مايلىق توقاچلىرىنى ئېلىپ ئوزۇقلىنىپ بولۇپ،
دېھقاننى گەپكە سېلىپتۇ. * مېھمانلار ھېرىپ
كەتكەندۇ، ئوبدان ئوزۇقلىنىپ ئارام ئالسۇن.
② ئۆسۈملۈك ۋە شۇ قاتارلىقلار ئۆسۈشى،
يېتىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان
نەرسىلەرگە ئىگە بولماق، زۆرۈر
ھاياتلىق مەنبەلىرىگە ئېرىشمەك: —
ئەنە قارا، — دېدى ئۇ تېخىمۇ روھلانغاندەك
قىياپەتتە، — بۇ سۇدىن ئوزۇقلانغان قاپاق
تېرەكلەرمۇ ئاسمان پەلەك ئۆسۈپ كەتتى.
③ ئىلھاملانماق، كۈچلەنمەك، غەيرەتلەنمەك،
كۈچ-قۇۋۋەت ئالماق: بىز مىليونلىغان خەلقنىڭ
قەلبىگە شۇڭغۇپ كىرىپ ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىپ،
يېڭى-يېڭى تېمىلاردا ھەم كۆپ، ھەم ئېسىل
ئەسەرلەرنى يارىتايلى!

**ئوزۇقلۇق** ① سۈپ. ئوزۇقى بار، ئوزۇققا ئىگە،
ئوزۇق بىلەن تەمىنلىگەن: ئوزۇقلۇق
ئات ھارماس (ماقال). ② سۈپ. ئوزۇق
بولۇش قىممىتىگە ئىگە، ئوزۇق بولىدىغان:
ئوزۇقلۇق ماتېرىياللىرىنىڭ بار بولۇشى بىلەنلا،
ئىنسانلارنىڭ ئوزۇقلىنىش مەسىلىسى ھەل بولۇپ
كەتمەيدۇ. ③ سۈپ. مەخسۇس ئوزۇق
قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان، يېيىش-ئىچىشكە
ئاتالغان: سېلىم تاڭ ئېتىشتىن ئىلگىرى
ئوزۇقلۇق ئاشلىقنى كۆتەلەك ھارۋىغا بېسىپ

مەھەللىدىن چىقىپ كەتتى. ④ سۈپ. كۆچمە. مەخسۇس ئوزۇق بولىدىغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تېرىلىدىغان: ئاممىنىڭ رايىدىن قارىغاندا، ئوزۇقلۇق ئېتىزى بېرىش ئۇلارنىڭ ئومۇمىي تەلىپىگە ئايلانغاندەك قىلاتتى. * — ئاڭلىسام، ئەزالار ئوزۇقلۇق يەر بىلەن قالدۇرۇق يەردىن باشقا يەرلەرگە ئىشلىگىلى ئۇنىمايۋېتىپتۇ؟ — دېدى ئۇ ئەخمەتكە سوئال نەزىرى بىلەن. ⑤ ئى. ئوزۇق بولىدىغان، يېگىلى بولىدىغان نەرسە، ئومۇمەن يېيىش، ئىچىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر: ئۇ بوز توقۇيدىغان ئۈچ تال موكىسىنى خورجۇنغا سېلىپ، ئازراق ئوزۇقلۇق ئېلىپ، جاڭگالغا قاراپ مېڭىپتۇ.

**ئوزۇقلۇق قىممىتى** < خىم > ماددىلار ئۆز ئىچىگە ئالغان ئورگانىزمغا پايدىلىق تەركىبلەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكى ياكى قۇۋۋىتى.

**ئوزۇقلۇق ماددا** < خىم > يېمەكلىكلەردىكى ئوزۇق بولىدىغان ماددىلار. ئادەتتە ئۇ ئاقسىل، ماي، قەنت، ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددا دېگەندەك تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**ئوزۇقلۇق ئېلېمېنتلار** < خىم > زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىدە كەم بولسا بولمايدىغان ئېلېمېنتلار. ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى ئازوت، فوسفور ۋە كالىي بولۇپ، ئۇلاردىن قالسا كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، كالتسىي، ماگنىي، گۈڭگۈرت، سىلتسىي، قوغۇشۇن، مىس، مانگان، سىنىك، بور، مولىبدىن قاتارلىقلاردۇر.

**ئوزۇقلۇقى كەمچىل تىپ** < بىئول > ئاساسىي ئوزۇقلۇق ماددىسىنىڭ ئىچىگە بەزى ئۆسۈش ئامىللىرىنى قوشقاندىلا ئۆسىدىغان مىكرو ئورگانىزملارنىڭ بىر خىل توساتتىن ئۆزگەرگەن تىپى. ياۋايى تىپىدىكىسىگە يۇقىرىقىدەك ئۆسۈش ئامىلىنى قوشمىسىمۇ ئۆسەلەيدۇ. يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلاردىمۇ بۇ خىل توساتتىن ئۆزگەرگەن تىپلار بولىدۇ.

**ئوزۇقلۇقسىز** سۈپ. ئوزۇقلۇقتا ئىگە بولمىغان، ئوزۇق-تۈلۈكى يوق، ئوزۇقسىز: قەيەردە تويغۇدەك ئۇماچ، قەيەردە سۈت، شېكەر، قايماق؟ ھاۋا، سۇ، نۇر — ئوزۇقلۇقسىز، ئۆسەلەيدۇ كۆچەت قانداق؟

**ئوزۇقلىنىپ** «ئوزۇقلانماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: ئوزۇقلىنىپ ئۆسۈش.

**ئوزۇقلىنىپ ئۆسۈش** < بىئول > جىنسلىق كۆپىيىش ئېلىپ بارماستىن ئوزۇقلىنىش ياكى ئۆسۈش شەكلى.

**ئوزۇقلىنىش** «ئوزۇقلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئوزۇقلىنىش ئەزالىرى.

**ئوزۇقلىنىش ئەزالىرى** < بوت > مىكرو نەيچىلىك ئۆسۈملۈكلەر (پاپورتنىكلار ۋە ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر) نىڭ يىلتىزى، غولى ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئوزۇقلىنىش زەنجىرى** < زوئول > جانلىقلارنىڭ (ھايۋانات، ئۆسۈملۈكلەر) ئوزۇقلۇق تۈپەيلىدىن ئۆزئارا باغلىغان مۇناسىۋىتى. مەسىلەن، بۈركۈت تاغ قۇشقىچىنى يەيدۇ. تاغ قۇشقىچى خانقىزنى يەيدۇ، خانقىز كۆك پىتنى يەيدۇ، كۆك پىت بۇغداي يەيدۇ، ئۇلار ئارىسىدا مۇشۇنداق بىر ئوزۇقلىنىش زەنجىرى شەكىللىنىدۇ.

**ئوزۇق-ئوقەت** ئومۇمەن يەپ-ئىچىدىغان نەرسىلەر، يېمەكلىكلەر: مەن يۈكسەلدىم قەدەم ئېلىپ تاغلارغا، ئايغىمدا قالدى مېنىڭ ئاق قارلار. ئوتلاقلاردا قالغىنىمدا ئاچۇزار، ئوزۇق-ئوقەت تاشلاپ بەردى شۇڭقارلار.

**ئۇسا** ئى ① تېرىلغۇ يەرلەرنى تېرىشتىن بۇرۇنقى سۇغىرىش، سۇ قويۇش: ئۇسا

قىلماق. ② تېرىشتىن بۇرۇن سۇ قويۇلغان ياكى سۇ قويۇلدىغان يەر: ــ كۆزلۈك ئۇسىغا سۇ باشلاندىمۇ، بۇلاقلارنىڭ سۈيى بىرئاز كۆپەيدىمۇ؟ ــ دەپ سورىدى ھاشىم. * ــ ئېتىزغا يەنە بىر كۈن قوش چىقمىسا بۇرۇن قىلىنغان ئۇسا ئاقىرىپ قالىدۇ. شۇڭا ئەتىلا ئىشنى باشلاش كېرەك، ــ دېدى ئەترەت باشلىقى.

**ئۇسا بولماق** تېرىلىدىغان يەرلەرگە سۇ قويۇلماق: 1-ئەترەتنىڭ 50 مو يېرى ئۇسا بولدى، قالغان يەرنى كېيىنكى قېتىم ئۇسا قىلىمىز.

**ئۇسا تاۋلاشماق** سۇ قويۇلغان تېرىلغۇ يەرلەردىكى سۇلار سىڭىپ، تېرىغۇدەك ھالەتكە كەلمەك: سۇ تالىشىشنىڭ ئاقىۋىتى ئىشىمىزغا زىيان ئۇرۇۋاتىدۇ. مانا كۆرۈپ باق. ئۇسا تاۋلاشماي تۇرۇپ ئۇرۇق چۆكۈرۈشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمىز.

**ئۇسا قىلماق** تېرىلىدىغان يەرگە سۇ قويماق: ھازىر بوزلۇقنىڭ ھەممە يېرىدە دېگۈدەك ئەزالار جىددىي يەر ئۇسا قىلىشىۋاتاتتى.

**ئۇسسى كەلمەك** تاۋلاشماق، تېرىشقا مۇۋاپىق ھالەتكە كەلمەك: ئۇسسى كەلگەن يەرنى ھەيدەپ قويۇپ، ئاخىرى بىرمۇنچە يەرنىڭ بۇغدىيى ئالا چىقتى.

**ئۇسسى كېلىشمەك** تاۋلاشماق، ئۇسسى كەلمەك: ــ رەنجىمىسىلە، تەخسىر، ــ دەپتۇ ئەپەندىم، ــ قوشنىمىز بىلەن ئورتاق بۇغداي تېرىماقچى ئىدۇق، يەرنىڭ ئۇسسى كېلىشىپ قېلىپتىكەن، ئۇرۇقلۇق بۇغداينى قورۇپ بېرىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم.

**ئۇسسى ئۆتۈپ كەتمەك** يەر تاۋلىشىپ تېرىش مەزگىلىدىن ئۆتۈپ كەتمەك؛ قۇرۇشۇپ قالماق: ئۇ ئىككىلىنىپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن ئۇسسى ئۆتۈپ كەتكەن ئېتىزنىڭ قىرىنى بويلاپ قوش سالدى.

**ئۇسال** سۈپ. يامان، ئەسكى، ناچار؛ بۇزۇق: ئۆيىمىزدىكى ھېلىقى شەققە بەك ئۇسال بىرنەرسە چىقىپ قالدى. * ئۇ شەھەرگە كېتىپ بارغاندا ئۇسال ئىنقىلابچىلار ئۇنىڭ چېچىنى قىرقىۋەتتى. * ــ چىرايىڭ نېمانچە ئۇسال، خۇددى جىنايەتچىدەك، ــ دېدى ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ. * پەرھات ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قىزىرىپ كەتتى ۋە ساۋاقدىشىغا غەزەپ بىلەن ھومىيىپ قويدى.

**ئۇسال بولماق** قىيىن، مۈشكۈل ئەھۋالدا قالماق، شەرمەندە بولماق، كۈلكىگە، ئۇياتقا قالماق: ئۇسال بولغان بەگ بېشىنى سالغىنىچە ھويلىدىن ئاستا چىقىپ كەتتى. * ياخشىلىقچە كۆزۈمدىن يوقال، كاجلىق قىلساڭ بولسەن ئۇسال!

**ئۇسال قىلماق** قىيىن، مۈشكۈل ئەھۋالدا قالدۇرماق؛ شەرمەندە قىلماق، مات قىلماق: ــ توختا، ــ دېدى ئۇ يەنە پىچىرلاپ، ــ خەتنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا مېنى ئۇسال قىلىش ئۈچۈن يازمىغاندەك تۇرىدۇ. * «بەش كوي ئۈچۈن بىر چوكاننى ئېرىنىڭ ئالدىدا ئۇسال قىلىشمۇ ياخشى ئىش ئەمەس» دەپ ئويلىدى ئابلىكىم.

**ئۇسالىلاشتۇرماق** «ئۇسالىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇسالىلاشتۇرۇشماق** «ئۇسالىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇسالىلاشماق** پ ① ئۇسال بولماق، ئۇسال، يامان ھالەتكە كەلمەك، يامانلاشماق: ئۇنىڭ روھى-ھالىتى، مىجەزى رەھىمجاندىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ئۇسالىلىشىپ كېتىۋاتاتتى. * ــ نېمانچە ئۇسالىلىشىپ كەتتىڭ، ــ دېدى ئۇ توختىغا ھومىيىپ. ② مات بولماق،

شەرمەندە بولماق، ئوياتقا قالماق: ئۆزلىرىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتمىسىلا، بىكار ئوساللىشىپ قايتىپ كېتىدىلا. ئۆزىنى سورىغان شەھەر سوراپتۇ، دەيدۇ.

**ئوساللىق** «ئوسال» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن ئۇنىڭ بۇنداق ياخشى بالا ئىكەنلىكىنى بىلمەي، ئۇنىڭغا بەك ئوساللىق قىلىپتىمەن. * ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئوساللىقىنى تىلغا ئېلىشى تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. * ئۆز ئاتىسىنىڭ ئۆلۈكىنى تاشلاپ كېتىدىغان ئادەملەرمىدۇق بىز، مۇنداق ئوساللىقنى مەن ئۆز ئىختىيارىم بىلەن قىلدىممۇ؟

**ئوساللىق قىلماق** ئەسكىلىك، يامانلىق قىلماق: ئۇ دائىم گېپىنىڭ ئاخىرىدا «پالانچى ناۋاي ئۇنداق ئوساللىق قىلغۇدى، مەن مۇنداق قىلدىم، ئاخىرىدا چىدىيالماي لېۋىنى چىشلەپ قالدى» دېگەنلەرنى قوشۇمچە قىلاتتى.

**ئوساللىماق** پ ← **ئوساللاشماق**: «لەۋزىدە تۇرمىدى» دەپ باشقىلارنى، ئەيىبلەپ ئۆرۈۋەتتۇق، جازالىدۇق. ئالقىشقا ئېرىشمىدى تىكلەنگىنى، ئىش ئاقماي، يىلدىن يىلغا ئوساللىدۇق.

**ئوسسىلاتورىيە** ئى (لات) < بوت > ← **ئوسسىلاتورىيە يۇسۇنى**.

**ئوسسىلاتورىيە يۇسۇنى** < بوت > كۆك يۇسۇنلەرنىڭ بىر تۈرى. سۇدا ياشايدۇ، پاتقاقتىمۇ ئۇچرايدۇ. رەڭگى كۆك يېشىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ بىر قاتار تىزىلغان ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان يىپسىمان ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۆسۈملۈك تېنى ئالدى-كەينىگە، ئوڭ-سولغا تەۋرىنىپ، ئورنىدىن يۆتكىلەلەيدۇ، ئۇچى قىسمىنى قۇيرۇقتەك مىدىرلىتالايدۇ.

**ئوسما** ئى < بوت > ① كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى ئۇزۇن، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تۈۋىدىكىلىرىنىڭ ساپىقى بار، شەكلى سوقىچاق، غولدا ئۆسكەنلىرى تۆمۈنە شەكىلدە بولىدۇ. گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، كىچىك ۋە سېرىق رەڭلىك. مېۋىسى مۈڭگۈزسىمان مېۋە، يوپۇرمىقى بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ. يوپۇرمىقىدىن چىققان سۇيۇقلۇقتا قىزلار قېشىنى بويايدۇ. يىلتىز ۋە يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ. قىزىتمىنى قايتۇرۇش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش روللىرىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يوپۇرمىقى.

**ئوسما قويماق** ئوسما سۈيىنى قاشقا مۇۋاپىق ھالەتتە سۈرمەك: يارىم چىقتى كۆل بېشىغا، ئوسما قويۇپتۇ قېشىغا، چۆگۈنگە سۇ ئۇسماي، تولغۇزۇپتۇ كۆز يېشىغا.

**ئوسماقچىلىماق** (توغرىسى: ئاسماقچىلىماق) ← **ئاسماقچىلىماق**.

**ئوسمان** ئى. ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئوسمان ئىمپېرىيىسى** < تارىخ > ئوسمان تۈركلىرى قۇرغان ھەربىي فېئودال ئىمپېرىيە. 1290-يىلى قۇرۇلغان بولۇپ، قۇرغۇچىسى ئوسمان I نىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئىسلام دىنىغا ئىشىنىدۇ. 1922-يىلىغا كەلگەندە بۇ ئىمپېرىيە ئاغدۇرۇلۇپ، 1923-يىلى تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى رەسمىي قۇرۇلدۇ.

**ئوسموس** ئى (ر < گرېك) < فىز > سۇيۇقلۇقنىڭ جىسمىنىڭ سىرتقى يۈزىدىن ئاستا-ئاستا ئىچىگە سىڭىپ كىرىش جەريانى.

**ئوسموسلۇق** سۈپ. سۇيۇقلۇقنىڭ سىڭىشچانلىقىغا ئائىت: ئوسموسلۇق بېسىم، ئوسموسلۇق كۈچ.

**ئوسموسلۇق بېسىم** < فىز > ← **سىڭىش بېسىمى.**

**ئوسموسلۇق كۈچ** < سىۋ > سىڭىشچان جىسىم كۆپ كاۋاكلىق سىڭدۈرۈشچان جىسىمنىڭ كاۋاكلىرىدىن سىڭىپ ئۆتۈۋاتقاندا كاۋاكچىلار تېمىغا تەسىر قىلىدىغان بېسىم كۈچى.

**ئوسمىي** ئى (ر < گرېك) < خىم > مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Os (osmium). سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 22.48. مېتاللار ئىچىدە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئەڭ چوڭ، رەڭگى كۆك كۈل رەڭ، پارقىراق، قاتتىق لېكىن چۈرۈك. ئوسمىي بىلەن ئىرىدىينىڭ قېتىشمىسى سائەت، ئەسۋابلارنىڭ ئوقى ۋە قەلەم ئۇچىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوسۇرتماق** «ئوسۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوسۇرغاق** سۈپ. تولا ئوسۇرىدىغان، ئوسۇرۇپلا تۇرىدىغان: ئوتتۇز ئوغلۇم بولغۇچە، ئوسۇرغاق ئېرىم بولسىچۇ (ماقال). // قورۇق توۋرا ئاتنى ئوسۇرغاق قىلار (ماقال). // ئوسۇرغاققا ئارپا نېنى باھانە (ماقال). * تاۋۇز سىيگەكنىڭ، قارا كاۋا ئوسۇرغاقنىڭ (ماقال).

**ئوسۇرماق** پ. مەقئەتتىن يەل چىقارماق: چېرىكلەردىن بىرى قورقۇپ كەتكەنمۇ قانداق، تۇيۇقسىزلا يوقىرى ئاۋازدا ئوسۇرۇۋەتتى.

**ئوسۇرۇشماق** «ئوسۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوسۇرۇق** ئى ① مەقئەتتىن چىققان يەل. ② كۆچمە «ئەرزىمەيدۇ، ئەھمىيەتسىز» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ گېپى ئوسۇرۇققا تەڭ.

**ئوسۇرۇقىغا ئالماسلىق** قىلچە پەرۋا قىلماسلىق، زادىلا كۆزگە ئىلماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق؛ پەس كۆرۈش، قىممىتى يوق دەپ قاراش: خوتۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئوسۇرۇقىغا ئالمايدۇ.

**ئوسۇرۇقىغا تەڭ قىلماسلىق** ← **ئوسۇرۇقىغا ئالماسلىق.**

**ئوسۇڭ** ئى (خەن) < بوت > ① مۆرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە، رەڭگى سېرىق. غولى ۋە يوپۇرمىقى ئادەتتىكى كۆكتات ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈك غولى.

**ئوسۇڭلۇق** ئى. ئوسۇڭ تېرىلغان ئېتىز، يەر.

**ئوسېتر** ئى (ر) < زوئول > بېلىقلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. چوڭلىرىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى بەش مېتىر كېلىدۇ. تېنىدە بەش قاتار قاتتىق تەڭگىچىلىرى بار، ئېغىزى ئالدىغا ئۆسۈپ چىققان، بېرىم ئاي شەكلىدە، ئىككى تەرەپتە يالپاق بۇرۇتچىلىرى بار. ياز پەسىللىرىدە دەريا سۇلىرىغا تۇخۇم سالىدۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، دېڭىزغا قايتىپ ھايات كەچۈرىدۇ.

**ئوش** ئىم ① كالىلارنى توسۇش، ھەيدەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ: «ئوش، ئوش...» دەپ كالىلىرىنى توسۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ② ياقتۇرماسلىق، بىزار بولۇش، نارازىلىق، ئاچچىقلىنىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ، ئادەتتە سوزۇپراق ئېيتىلىدۇ: — ئوش، يوللىرىغا ماڭسىلا، — دېدى ھېلىقى چوكان ئەختىنى سىلكىشلەپ.

**ئوشاتماق** (توغرىسى: ئوشتۇماق) ← **ئوشتۇماق.**

**ئوشە** ئى. توشقان تۇتىدىغان تور.

**ئوشتۇتماق** «ئوشتۇماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوشتۇشماق** «ئوشتۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوشتۇلماق** ① «ئوشتۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بېگىگە يەتكۈچە بىلىك ئوشتۇلار (ماقال). * تاغدىن پارتىزانلار كېلىپ قوشۇلدى. دۈشمەن بەللىرى تامام ئوشتۇلدى. ② «ئوشتۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: چىرىگەن دەرەخ شاخلىرى بەزى چاغلاردا تۇيۇقسىزلا ئوشتۇلۇپ چۈشەتتى.

**ئوشتۇماق** پ. پارچە-پارچە قىلماق، پارچىلىماق؛ سۇندۇرماق: يامانىنىڭ سۆيىنى ئىچكۈچە، قاپىقىنى ئوشتۇۋەت (ماقال). * — چاقچاق قىلماڭلار! — دېدى تۇرسۇن نان ئوشتۇۋېتىپ. * زىيا ئاكا تويبېكنىڭ سالغان داستىخىنىنى تۈزىتىپ، توقاچلارنى ئوشتودى. * ئۇ سۆگەتتىن بىر تال چىۋىق ئوشتۇۋالدى.

**ئوششاق** ئى (ئە) <مۇز> ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ سەككىزىنچىسىنىڭ نامى: ئوششاق مۇقامى.

**ئوششاق مۇقامى** <مۇز> «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ سەككىزىنچىسى. بۇ مۇقام ئاساسەن 23 نەغمە بولۇپ، چوڭ نەغمىگە 14 نەغمە، 90 مىسرا؛ 3 داستانغا 6 نەغمە، 50 مىسرا؛ 3 مەشرەپتە 3 نەغمە 46 مىسرا جايلاشقان.

**ئوشۇق** I سۈپ ① بەلگىلىك مىقدار، سانىدىن كۆپ، زىيادە، ئارتۇق: بازاردا شۇنچە تۇرۇپ باقتىم، پىيمنى زادى يەتتە كويدىن ئوشۇق سورىمىدى. * ئۇ كېرىيىدە ئالتە يىلدىن ئوشۇقراق تۇردى. ② ئېھتىياجدىن، نورمىدىن ئاشقان؛ ئارتۇقچە، بىھۇدە، ئېشىپ كەتكەن: توختاڭ ئانا، جان ئاتا، دۆلەت زاۋۇت قۇرماقچى. شۇڭا ئوشۇق ئاشلىقنى بىزدىن يىغىپ ئالماقچى. * مەنىسىز ئادەم ئۇ، چىن ئادەم ئەمەس، جاھانغا پايدىسىز ئوشۇق بىر مەخلۇق. // پاتەم ئوڭايسىزلىنىشقا، ئۆزىنى ئوشۇق ھېس قىلىشقا باشلىدى.

**ئوشۇق چىقىم** بىكاردىن بىكار، ئەھمىيەتسىزلا بولغان چىقىم، ئارتۇقچە، بىھۇدە چىقىم: — ئوشۇق چىقىم قىلىپ نېمە قىلىمىز؟ — دېدى يەنە بىرەيلەن ئىلھامنىڭ سۆزىگە نارازى بولۇپ.

**ئوشۇق كەتمەك** ← **ئارتۇق كەتمەك.**

**ئوشۇق گەپ** بىھۇدە، ئەھمىيەتسىز گەپ؛ ئارتۇقچە گەپ: — قويە بۇنداق ئوشۇق گېپىڭنى! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ئالىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا.

**ئوشۇق** II ئى ① پۇتنىڭ پاقالچاق سۆڭىكى بىلەن تۆۋەنكى قىسمىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغان، ئوڭ-سول ئىككى تەرەپكە بۆرتۈپ چىققان سۆڭەك: شۇ قېتىمقى جەڭدە يەر بېغىرلاپ كەلگەن بىر پاي ئوق ئۇنىڭ ئوشۇقىنى چېقىۋەتكەنىدى. ② قوي، ئۆچكە قاتارلىقلارنىڭ پاچىقى بىلەن سانىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان كىچىك سۆڭەك. ئادەتتە ئۇ قىمارۋازلارنىڭ قىمار قورالىمۇ قىلىنىدۇ.

**ئوشۇق ئوينىماق** ئوشۇق ئېتىش يولى بىلەن، ئوشۇقنى قورال قىلىپ قىمار ئوينىماق: — ئوشۇق ئوينامدۇق-يە، — دېدى ھېلىقى بوۋاي ئەخمەتكە چاقچاق قىلىپ، — قېنى قايسىمىز ئۇتتۇۋالىمىز.

**ئوشۇقى ئالچۇ چۈشمەك** تەلىيى، ئامىتى ئوڭدىن كەلمەك، ئىشلىرى يۈرۈشۈپ كەتمەك، تىلىگەن تىلىكىگە يەتمەك: تاغىسىنىڭ قايتىپ كېلىشى نادىرنىڭ ئوشۇقىنى ئالچۇ چۈشۈردى. * — ئوشۇقۇڭ ئالچۇ

چۈشتى-ھە، ئالدىرىما، ئۇزۇن جاھان بۇ، تېخى كۆرىمىز، — دەپ چىقىپ كەتتى ئۇ.

**ئوشۇقى ئالچۇ قوپماق** → **ئوشۇقى ئالچۇ چۈشمەك**: خەلقنى مەڭگۈ باش كۆتۈرەلمەس قىلىۋەتسەكلا، ئالچۇ قوپقان ئوشۇقىمىزنى ھېچكىم ئۆرۈۋېتەلمەيدۇ.

**ئوشۇق-تۆشۈك** ئېھتىياجدىن كۆپ، زىيادە، ئارتۇق.

**ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوق** قالايمىقان، كەلسە-كەلمەس گەپ قىلمايدىغان، ياۋاش، تىنچ: سادىق بۇ ئائىلىدىكى ئۈچ جان ئادەمنىڭ ئىززەت-ئىكرام بىلەن ئىناق ئۆتىدىغانلىقىنى، ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوقلۇقى بىلەتتى. * ئۇ ئىشقا پۇختا، ئوشۇق-تۆشۈك گېپى يوق بالا ئىدى.

**ئوشۇقتىن-ئوشۇق** بىكاردىن-بىكار، ئەھمىيەتسىزلا، ئورۇنسىزلا: مەن ئوشۇقتىن-ئوشۇق بىر مۇنچە نەرسىلەرنى ئويلاپ يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟

**ئوشۇقچە** ① رەۋ. بىكاردىن-بىكار، ئارتۇقچە، ھەددىدىن كۆپ، ئەھمىيەتسىزلا: ئوشۇقچە ئاۋارە بولماق. * ئۇ ئۆزىنىڭ سۆيگۈ-مۇھەببىتىنى ئوشۇقچە بىلدۈرۈۋەتكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، پۇشايمان قىلدى. ② سۈپ. لازىمى يوق، بىھۇدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان، ئەھمىيەتسىز، قىممەتسىز: مەن بۇ ئۆيدە ئوشۇقچە ئادەمدەك، خۇددى ئۇزۇن تۇرۇپ قالغان مېھماندەك قىسىلىشقا باشلىدىم. * بۇ يەردە ئاق قەغەزگە بىرنېمىلەرنى سىزىپ ئولتۇرۇش ئوشۇقچە ئىش-تە! ③ سۈپ. نورمىدىن ئارتۇق، ئېشىپ قالغان، ئارتۇق: — بۇ سوۋغا ئوشۇقچە، — دېدى ئۇ سەل رەنجىگەندەك قىلىپ. * ئوشۇقچە كۈچىنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە سەرپ قىلىندى.

**ئوشۇقچىلىق** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجدىن ئېشىپ قېلىشى، ھەددىدىن ئارتۇق كۆپ بولۇپ كېتىشى: ماشىنىلارنىڭ ياخشىلىنىشى ئادەم ئەمگىكىنىڭ ئوشۇقچىلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. * مەدەنىي دەۋردە نامراتچىلىقنى ئوشۇقچىلىقنىڭ ئۆزى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئوشۇقلۇق** «ئوشۇق I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بۇ سۇ ئوشۇقلۇق قىلمايدۇ، ئىچمۇۋېتىمەن، — دېدى ئۇ، ھەممە يلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى.

**ئوشۇقلۇق قىلماق** ئەمەلىي ئېھتىياجدىن، تەلەپتىن ئېشىپ كەتمەك: ھازىر مەملىكىتىمىزنىڭ يېزىلىرىدا ئەمگەك كۈچى ئوشۇقلۇق قىلىۋاتىدۇ.

**ئوغا** ئى ① زەھەر: ئوغۇل بالا ئوغا يەپ سىڭدۈرەر (ماقال). * ئوغىدىن شىپا ئىزلىمە، ئوغرىدىن ۋاپا ئىزلىمە (ماقال). * «بىر چىمدىم ئوغا بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىۋېتەيمۇ-يە!» دېدى پۇچۇق ئاغىچا ئەسەبىلىك بىلەن پىچىرلاپ. ② كۆچمە. ئاچچىق، غەزەپ: ئوغىسى قاينىماق. ئوغىسى ئۆرلىمەك.

**ئوغا ئوت** بىر خىل زەھەرلىك ئوت. ئادەتتە ئۇلاغلار يېمەيدۇ، ناۋادا يەپ سالسا ئۆلىدۇ.

**ئوغىسى قاينىماق** قاتتىق ئاچچىقى كەلمەك، غەزەپ-نەپرىتى ئۆرلىمەك، ئاچچىقلانماق، غەزەپلەنمەك: يەزىلەتنىڭ قاتتىقلىقىنى كۆرۈپ، زامانۇلنىڭ ئوغىسى قايناپ، كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

**ئوغىسى ئۆرلىمەك** → **ئوغىسى قاينىماق**: شەيخنىڭ ئاچكۆز، ھىيلىگەرلىكىدىن ئوغىسى ئۆرلىگەن مېھمانلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئاچچىق نۇرلار چېچىلدى.

**ئوغان** ئى ‹ئىرق› → **ئوغانلار**.

**ئوغانلار** ئى < ئرق > مەملىكىتىمىزدە ياشىغان ۋە كۆچمەن چارۋىچىلىق ھەم ئوۋچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان قەدىمكى خەلق. بۇ خەلق توڭغۇسلارنىڭ بىر تائىپىسى بولۇپ، توڭغۇسلار چىن خاندانلىقىنىڭ ئاخىرلىرىدا ھونلاردىن زەربە يەپ، بىر بۆلىكى ۋۇخۇەنشەن (ئوغان) تېغى بويلىرىغا كۆچكەن، شۇڭا شۇ تاغنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان. مىلادىيىنىڭ 207-يىللىرى خەنزۇ ۋە باشقا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

**ئوغرى** ئى. باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئوغرىلاپ ئالىدىغان نومۇسسىز ئادەم: ئوغرى گۇمانخور كېلىدۇ (ماقال). * ئوغرىنى ئوغرى تاپار (ماقال). // شۇ چاغدا ئۇ ئادەملەرگە قاراپ: «بۇ ئوغرى قېرىنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى كۆرۈڭلار» دەپتۇ.

**ئوغرى باغ تاسما** قۇشقۇننى ئۇلاش ئۈچۈن ئېگەرنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېكىتىلگەن تاسما.

**ئوغرى بوي** كۆرۈنۈشتە پاكاردەك كۆرۈنىدىغان، ئەمەلىيەتتە ئېگىز بولغان: ئۇ ئوغرى بوي ئادەم ئىكەن، پاكاردەك قىلىۋىدى، بىراق ئېگىزلىكىنى ئۆلچىگەندە مەندىن توپتوغرا ئىككى سانتىمېتىر ئېگىز چىقتى.

**ئوغرى تۇتماق** بىرەر نەرسىنى ئوغرىلىۋالدى دەپ گۇمان قىلماق: — كىمنى ئوغرى تۇتۇۋاتىسەن؟! — دەپ ۋارقىرىدى ھېلىقى ياش قوپاللىق بىلەن. * — سىزمۇ بىزنى ئوغرى تۇتۇۋاتامسىز؟ — دېيىشتى ھېلىقى باللار.

**ئوغرى چىش** ياندىن چىقىپ قالغان ئوشۇق چىش.

**ئوغرى مۈشۈك** تالا-تۈزدە قاتراپ يۈرۈپ باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىقچە يەپ قاچىدىغان مۈشۈك، ئېگىسىز مۈشۈك.

**ئوغرى يانچۇق** شىمنىڭ ئالدى بەل تەرىپىگە ياكى باشقىلار ئاسان بىلمەيدىغان، كۆرەلمەيدىغان يەرلەرگە ئورنىتىلغان، پۇل سېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك يانچۇق.

**ئوغرى يول** كۆپ كىشىلەر بىلمەيدىغان، كىشىلەرگە تازا تونۇشلۇق بولمىغان كىچىك چىغىر يول: — ئۇلار داۋۇتنىڭ ئايىغىدىكى ئازغانلىق ئوغرى يول بىلەن قېچىپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى ئۇ.

**ئوغرىتىكەن** ئى (ئوغرى + تىكەن) < بوت > ئوغرىتىكەن ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان، كىچىك يوپۇرمىقى سوقىچاق، گۈلى كىچىك ۋە سېرىق. مېۋىسىدە قاتتىق تىكەنلەر بار. تىكەنلىك مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ، جىگەرنى ياشارتىش، يەلنى تارقىتىش، كۆزنى روشەنلەشتۈرۈش، قاننى ماڭدۇرۇش، قىچىشىشنى بېسىش رولى بار.

**ئوغرىتىكەن ئائىلىسى** < بوت > سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، چاتقال ياكى دەرەخ تىپىدىكىلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. ئۇلارنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، يوپۇرمىقى پەيسىمان، مۇرەككەپ يوپۇرماق ياكى ئىككى قايتىلانغان كىچىك يوپۇرماق. تەگ يوپۇرمىقى بولىدۇ. گۈلى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ.

**ئوغرى-قاراقچى** ئوغرى ۋە قاراقچى: «بۈگۈن سېنى شۇنداق ئۆلتۈرەيلى، بارلىق ئوغرى-قاراقچىلار سەندىن ئىبرەت ئالسۇن!» دەپتۇ شاھ.

**ئوغرىلاتماق** «ئوغرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز ئويغاق،

ئوغرىلاتمايمىز. بەختىمىزنى، ھېچ ئۇنۇتمايمىز، ئۇنۇتمايمىز قۇربانلىرىمىزنى.

**ئوغرىلاشماق** «ئوغرىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كىشىلەرنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلىشىپ، ئارقىدىنلا باشقىلارنى ئوغرى تۇتۇشقا ئادەتلىنىپ قالغان.

**ئوغرىلانماق** «ئوغرىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ نەرسىلەر باشقا بىر يەردىن ئوغرىلانغان بولۇشى مۇمكىن.

**ئوغرىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئوغرىلىۋالىدىغان قىلىق، شۇنداق پەس ئىش-ھەرىكەت: شاھ ئۇنىڭ ئوغرىلىق ۋە ئالدامچىلىقىغا قارىتا تېگىشلىك جازا بېرىپتۇ.

**ئوغرىلىق قىلماق** باشقىلارنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئوغرىلىماق: — ئۇ ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قېلىپتۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ھېلىقى بالا.

**ئوغرىلىقچە** رەۋ. يوشۇرۇنچە، سەزدۇرمەي، باشقىلارغا بىلىندۇرمەي: بەزى ھاشارچىلار ئوغرىلىقچە قاچقاندا، دۈشمەنلەر ئېتىپ تاشلىدى.

**ئوغرىلىماق** پ ① باشقىلارنىڭ نەرسىلىرىنى يوشۇرۇنچە ئېلىۋالماق: — ئەمدى بۇ موماينىڭ يىپىنى ھېچكىم ئوغرىلىمايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھېلىقى دىۋانە سۈپەت كىشى. * تۈنۈگۈن يەنە بالا ئوغرىلىغان ئۈچ ئوغرى تۇتۇلدى. ② كۆچمە. چاچماق، بۆلمەك، قالايمىقانلاشتۇرماق (ئەقىل، پىكىرگە ئوخشاش روھىي دۇنيا بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر ھەققىدە): «ئوينايمىز» دېگەن بۇ سۆز مېنىڭ ئەقلىمنى ئوغرىلاپ، تىلىمنى كېسىپ، مەيلىمنى بەنت قىلماقتا ئىدى.

**ئوغرى-يالغان** ئوغرى ياكى ئوغرىغا ئوخشاشلار، ئومۇمەن ئوغرىلىق قىلىدىغانلار: — نەرسىلىرىڭگە مەھكەم بول ئوغرى-يالغان ئېلىۋالمىسۇن، — دېدى مومايمۇ نەسىھەت قىلىپ.

**ئوغرى-يانچۇقچى** ئوغرى ۋە يانچۇقچى: دادام ماڭا: «چوڭ شەھەردە ئوغرى-يانچۇقچى كۆپ، سەن دائىم ئۇلاردىن پەخەس بولمساڭ بولمايدۇ» دەپ ئاگاھلاندۇرغانىدى.

**ئوغلاق** ئى < زوئول > ئۆچكىنىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالىسى.

**ئوغلاق تارتىشىش** ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خەلقلەرنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بىر خىل كۆڭۈل ئېچىش ئويۇنى. بۇنىڭدا بوغۇزلانغان ئوغلاق ئوتتۇرىغا سېلىنىپ، نەچچە ئونلىغان ئاتلىق ماھىرلار ئۇنى تالىشىدۇ. كىم ئۇنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا ئېلىپ بېرىپ تاشلىسا، ئۇتقان بولىدۇ.

**ئوغلاقچى** ئى. ئوغلاق تارتىشىش ئويۇنىغا قاتناشقان ھەم ئۇنىڭغا ماھىر كىشى: — ئابدۇۋېلىنىڭ ئاكىسى مەسۇم ئاكا ياش ۋاقتىدا خېلى داڭ چىقارغان ئوغلاقچىلاردىن ئىدى. * ئوغلاقچىلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تاقىرلىغان ئاۋازلىرى يىراقتا ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**ئوغلاقلىق** سۈپ. ئوغلىقى بار، ئوغلاق تۇغقان: ئۆيدىن ئۆيگە كۆچسەك، ئوغلاقلىق ئۆچكىگە زىيان (ماقال).

**ئوغلان** ئى ① ئەر، ئوغۇل؛ ئوغۇل پەرزەنت: نەسىھەت بۇ، ئوغلانلىرىم، ئاڭلا سۆزۈم، ئۆتمۈشتە كۆپ ئىشلارنى كۆرگەن ئۆزۈم. ② باتۇر، قورقماس، مەرد يىگىت: ۋەتىنىگە مېھرى سوغلار ئوغلان بولالماس، دۈشمىنىگە قەھرى يوقلار پالۋان بولالماس.

**ئوغلانلىق** سۈپ. مەرد ئوغۇلغا خاس، ئوغۇل بالىدا بولۇشقا تېگىشلىك ياكى ئوغۇل بالا ئۈستىگە ئالىدىغان: ئوغلانلىق بۇرچۇڭ ئاقلىنار ھامان، ئۆمۈر يولىدا شان-شەرەپ قۇچساڭ.

**ئوغۇ** ئى. ياغاچتىن ئويۇپ ياسالغان ھاۋانچا.

**ئوغۇت** ئى. تېرىلغۇ يەرلەرنىڭ قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەرلەرگە چېچىلىدىغان

مال-ۋارانلارنىڭ قىغى ۋە خىمىيىلىك ئۇسۇلدا ياسالغان شۇنداق رولغا ئىگە نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: ئوغۇت توپلىماق. ئوغۇت توشۇماق.

**ئوغۇتسىز** سۈپ. ئوغۇت يوق، ئوغۇت بېرىلمىگەن، ئوغۇتلانمىغان، ئوغۇت چېچىلمىغان: يەرنى ھەر يىلى ئوغۇتسىز تېرىۋەرسە، يەر ئاجىزلاپ كېتىپ ھوسۇل بەرمەيدىغان بولۇپ قالىدۇ.

**ئوغۇتلاتماق** «ئوغۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوغۇتلاشماق** «ئوغۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوغۇتلانماق** «ئوغۇتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 90 مىڭ مو يەردىكى بۇغداينىڭ 40 مىڭ مودىن كۆپرەكى قوشۇمچە ئوغۇتلاندى.

**ئوغۇتلۇق** سۈپ ① ئوغۇت تۆكۈلگەن، ئوغۇت چېچىلغان، ئوغۇتلانغان. ② ئوغۇت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئوغۇت قىلىشقا بولىدىغان، ئوغۇت بولىدىغان: ئۇلار بۇ يىل ئاق قالغان يەرلەرگە ئوغۇتلۇق ئۆسۈملۈك تېرىشتى.

**ئوغۇتلىماق** پ. تېرىلغۇ يەرلەر ياكى زىرائەتلەرگە ئوغۇت چاچماق: ئۇلار بۇغداي يېرىنى نەچچە ھارۋا بىلەن بىر كۈندىلا ئوغۇتلاپ بولدى.

**ئوغۇز I** ئى. تۈركىي خەلقلىرىنىڭ قەدىمكى قەبىلىرىدىن بىرىنىڭ نامى.

**ئوغۇز II** ئى. يېڭى تۇغقان ئاياللار ۋە ھايۋانلارنىڭ دەسلەپكى، يەنى تۇغۇپ بىرقانچە كۈن جەريانىدىكى سۈتى: پۈت-قولۇمدا ماغدۇر يوق، ئەللەي بالام، ئەللەي، ئوغۇزغا سەن تويمىدىڭ. ئەللەي بالام، ئەللەي.

**ئوغۇز چىش** بالىلار ۋە ھايۋان بالىلىرىغا ئەڭ دەسلەپ چىققان چىش، سۈت چىشى.

**ئوغۇز سۈتى** ← ئوغۇز II.

**ئوغۇل (ئوغلى)** ئى ① ئەر جىنسقا تەۋە بولغان بالا، ئەر جىنسقا تەۋە پەرزەنت (ئاتا-ئانىلارغا نىسبەتەن): ئۇنىڭ ئامەت ئىسمىلىك بىر ئوغلى بار ئىكەن. ② بىرىنچى شەخس، ئىگىلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ پەرزەنتى بىلەن تەڭ دېمەتلىك كىشىلەرگە قارىتا قىلىنغان مۇراجىئەتنى بىلدۈرىدۇ: — ئوغلۇم، ئۇنداق قىلماڭ، ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، — دېدى بوۋاي يىلىنىپ.

**ئوغۇل بالا** ① ئوغۇل: بالا دېگەن ئوغۇل بالا بولۇشى كېرەك-تە، قىز بالىدەك ئۆيدە ئولتۇرامتىڭ، شەھەر كۆرىمىز، شەھەر. ② مەرد، قەھرىمان، غەيرەتلىك، قورقماس، باتۇر، ئالىيجاناب كىشى: — قاسىم ئاكا، ئوغۇل بالا ئىكەنسىز، ئەجەب جايىلدىڭىز ئۇ خۇمپەرنى، بىزنىڭمۇ دەردىمىز چىقتى، — دېدى ھېلىقى بالىلاردىن بىرى. ③ «يارايسەن، ياخشى قىلدىڭ، سەن نوچى، مەرد ئىكەنسەن» دېگەن مەنىلەردىكى ئاپىرىن ئوقۇش سۆزى: — ئوغۇل بالا، — دېدى ئۇ ۋارقىراپ چۇقان سېلىپ، — تازا سال بۇ تازنى، سەن ئوغۇل بالا ئىكەنسەن!

**ئوغۇل بالىچىلىق** ← ئوغۇل بالىلىق: — ئوغۇل بالىچىلىق قىلدىڭ! — دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ.

**ئوغۇل بالىلىق** مەردلىك، سېخىيلىق، باتۇرلۇق: ئوغۇل بالىلىق قىلماق.

**ئوغۇل نەۋرە** < قا > ئوغلى ياكى قىزىنىڭ ئوغلى.

**ئوغۇلچاق** ئى. كىچىك ئوغۇل بالىلارنى ئەركىلىتىش پورمىسى: — مۇشۇ كۈنلەردە ئوغۇلچاقلارنىڭ يېشى يېتىپ، سۈننىتىنى ئورۇنلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى، — دېدى موللا ھامىد گەپنى بۇراپ.

**ئوغۇلچە** سۈپ. ئوغۇللارغا خاس، ئوغۇللارغا ئوخشاش، ئوغۇللار مۇۋاپىق كېلىدىغان: ئۇلار ھەتتا تۇغۇلغۇسى پەرزەنتى ئوغۇل بولسا ئوغۇلچە، قىز بولسا قىزچە ئىسىملارنىمۇ تەييارلاپ قويۇشقانىدى. ‖ «نېمىگە ئوغۇلچە ياسىنىۋالدىڭلا» دېدى ئۇ قىزىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تۇرۇپ.

**ئوغۇلچىلاپ** رەۋ ① ئوغۇلچە، ئوغۇلغا ئوخشاش: ئوغۇلچىلاپ ماڭماق. ② ئوغۇل پېتى، ئوغۇل بولۇپ: ئوغۇلچىلاپ كىرمەك.

**ئوغۇلچىلاپ كىرمەك** يىگىتلەر ئۆزى توي قىلغان قىزنىڭ ئۆيىگە بالا بولۇپ كىرمەك.

**ئوغۇلسىز** سۈپ. ئوغلى يوق، ئوغۇل پەرزەنت كۆرمىگەن ياكى ئوغۇللۇق بولمىغان: كەچتىم سېنىڭدەك مېنىڭ ئوغلۇم يوق، سەندەك ئوغۇلسىز، مېنىڭ كۆڭلۈم توق. // ئۇنىڭ بىرلا ئوغلى بار ئىدى، ئەمدى ئۇ ئوغلى قازا قىلىپ كېتىپ ئوغۇلسىز قالدى.

**ئوغۇل-قىز** ئوغۇل ۋە قىز: بەش مىڭ مېتىرغا يۈگۈرۈپتۇ تېز، قاپتۇ ئارقىدا بارچە ئوغۇل-قىز.

**ئوغۇللۇق** سۈپ ① ئوغلى بار، ئوغۇلغا ئىگە، ئوغۇل پەرزەنت كۆرگەن: ــ سىزمۇ ئۈچ ئوغۇللۇق بولغان ئادەم، بۇ ئىشلارنى بىلىشىڭىز كېرەك، ــ دېدى ئۇ. ② ئوغۇلغا خاس، ئوغۇلغا لايىق؛ ئوغۇللاردا بولۇشقا تېگىشلىك، ئوغۇل بالىدا بولۇش كېرەك بولغان: ئۇ دادىسىغا ئوغۇللۇق مېھرى بىلەن قارىدى، ئوبدان كۈتتى. * مۇنداق ئوغۇللۇق ساڭا ئەمەس خاس. قورقۇش-تىترەش، ھەرگىز ياراشماس.

**ئوفىتسېر** ئى (ر< لات) < ھەرب > ئارمىيىدىكى كوماندىرلار سوستاۋىغا مەنسەپ ھەربىي خىزمەتچى، ھەربىي باشلىق.

**ئوفىتسېرلىك** «ئوفىتسېر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئوفىئولىت** ئى (ر) < گېئول > ئاساسەن ئۇلترا نېگىزلىك جىنس ھەم نېگىزلىك جىنسلاردىن شەكىللەنگەن تېپىز ئاينىغان بىر يۈرۈش جىنسلار بىرىكمىلىرى.

**ئوق I** ئى ① يايغا قويۇپ ئېتىلىدىغان، ئۇچى نەيزە شەكىللىك، ئۇزۇن، ئىنچىكە تاياقچە: ساداقتىكى ئوق. * يادىن قاڭقىپ چىققان ئوق نىشانىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىغا تەگدى. ② < ھەرب > مىلتىق، تاپانچا، پىلىمۇت، زەمبىرەك قاتارلىقلارغا جايلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان، ئېتىلغاندىن كېيىن ئۇچۇپ بېرىپ نىشانغا تېگىدىغان ۋەيران قىلىش، ئۆلتۈرۈش كۈچىگە ئىگە نەرسە: ئوق ئاتماق. ئوق ئۈزمەك. ئوققا تۇتماق. * يەنە ئاتاي دېسەم مىلتىقىمدا بىرلا ئوق قالدى. * ئوق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاقلىبەكمۇ كەينىگە ياندى.

**ئوق چىقارماق** ئوق ئاتماق، مىلتىق ئاتماق: توپ ئىچىدىن ئامان-ئېسەن چىقىۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن ۋاڭ دوسا ئاسمانغا قارىتىپ ئوق چىقاردى.

**ئوققا تۇتماق** مىلتىق-ياراغ بىلەن ئوق ئاتماق، ئوققا دۇچار قىلماق: تاڭ بىلەن تەڭ دۈشمەن بايقاپ ساي-ساينى، ماكان قىلدى ھۇجۇم ئۈچۈن ئەپ جاينى. ھە دېگەندە تانكىلارنى ئىشقا سېلىپ بىردىنلا، قالايمىقان ئوققا تۇتتى ئەتراپنى.

**ئوققا تۇتۇش** < ھەرب > مەلۇم نىشانغا پىلىموت، ئاپتومات قاتارلىق قوراللار بىلەن سىلجىتىپ ئۈزمەي ئېتىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئوق مۇساپىسى** < ھەرب > ئوقنىڭ ئېتىلىپ چىققاندىن كېيىن يېتىپ بارىدىغان ئارىلىقى.

**ئوق ئۈزمەك** ئوق ئاتماق، ئوق چىقارماق: يىگىت ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئېيىققا ئوق ئۈزدى.

**ئوق يولى** < ھەرب > ئوق ئېتىلغاندىن كېيىن بېسىپ ئۆتكەن يول. ھاۋانىڭ قارشىلىقى

ۋە يەر مەركىزىنىڭ نارتىش كۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراش سەۋەبىدىن سىممېترىك بولمىغان ياي شەكىل ھاسىل قىلىدۇ.

**ئوق يېمەك** ئوق تەگمەك: چېرىكلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپى ئوق يەپ ئۆلدى، قالغانلىرى ئەسىرگە چۈشتى.

**ئوق II** ① ئى <ماشىن> تۈۋرۈك شەكىللىك دېتال. چاق ياكى باشقا ئايلىنىدىغان بۆلەكلەر ئۇنى بويلاپ ياكى ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئايلانما ھەرىكەت قىلىدۇ: ھارۋا ئوقى. چاقنىڭ ئوقى. ② ئى <مات> تەكشىلىك ياكى گېئومېترىيىلىك شەكىلنى سىممېترىيىلىك بۆلەكلەرگە بۆلىدىغان تۈز سىزىق. ③ ئى. بىرەر جىسىمنىڭ مەركىزىدىن ئۆتىدۇ دەپ پەرەز قىلىنغان تۈز سىزىق: يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش سۈرئىتى سېكۇنتىغا 29.8 كىلومېتىر. ④ سۆپ. كۆچمە. توغرا يۆنەلگەن، ئاساسىي؛ تىك: ئوق ئېرىق. ئوق يىلتىز.

**ئوق پىشالى** تاش تۈگمەننىڭ تۆپە تېشىنى ئورنىدىن قوزغاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان لوم تۆمۈر ياكى ئۈچى ياپىلاق يوغان كالتەك.

**ئوق سىزىقى** <بىن> بۆلەك ياكى دېتالنىڭ گېئومېترىيىلىك مەركىزىنى تۇتاشتۇرغان تۈز سىزىق.

**ئوق سىممېترىيىسى** <بىن> مەلۇم بىر شەكىل بىر ئوق سىزىقى ئارقىلىق سىممېترىك ئىككى قىسمغا بۆلۈنسە، ئوق سىممېترىيىسى بولىدۇ.

**ئوققا نىسبەتەن سىممېترىيە** <مات> بىر تۈز سىزىق بىر شەكىلنى سىممېترىك بولغان ئىككى قىسمغا بۆلسە، بۇ خىل سىممېترىيە ئوققا نىسبەتەن سىممېترىيە دېيىلىدۇ.

**ئوق ئېرىق** <سۇ> تارماق ئۆستەڭ سۈيىنى كىچىك ئېرىقچىلار ياكى سۇغىرىش رايونىغا باشلايدىغان ئېرىق.

**ئوق يىلان** <زوئول> يىلاننىڭ بىر تۈرى. تېنى ئادەتتىكى يىلاندىن قىسقىراق بولۇپ، ئوقتەك تېز ئېتىلىدۇ.

**ئوق يىلتىز** <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ ئەڭ باشتا ئۆسۈپ چىققان يىلتىزى. تۆرەلمە يىلتىز ئۇرۇق پوستىنى يېرىپ چىقىپ ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە يەرگە تىك بولۇپ ئۆسىدۇ ھەمدە نۇرغۇنلىغان يان يىلتىزلارنى چىقىرىپ يىلتىز سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**ئوق III** ئى. ئۆلۈش، تەڭ بۆلەك: ئۈچ ئوق بولۇپ ئۆلۈشمەك. * — مەنمۇ بىر ئوق، مېنى ئۇنتۇپ قېلىشمىسىلا، — دېدى شازادىغان مىراس بۆلۈشنى مەسلىھەتلىشىۋاتقانلارغا.

**ئوقەت** ئى (ئە) ① تىرىكچىلىك، ھاياتلىق ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي نەرسىلەر: خىراجەتتىن غەم قىلىۋاتامسەن، قوزام؟ خۇداغا شۈكۈر، ئوقتىمىز ياخشى، ئەل-يۇرتقا بىر كۈن ئەمەس، بىرنەچچە كۈنمۇ نەزىر بېرەلەيمىز. * ئۇلارنىڭ ھال ئوقتى خېلىلا ياخشى ئىدى. ② تىرىكچىلىككە زۆرۈر بولغان ماددىي نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قىلىنغان ئىش، پائالىيەت؛ تىجارەت: بېگىم ئۈچۈن خىزمەت، ئۆزۈم ئۈچۈن ئوقەت (ماقال). * مەن بۈگۈنكى ئوقتىمدىن خېلىلا مەمنۇن بولدۇم.

**ئوقەت قىلماق** تىجارەت قىلماق: ئوقەت قىلغان ئەيىب ئەمەس (ماقال). * جىق ئەمەس، بەش، ئالتە تەڭگىچىلىكلا ئوقەت قىلاي دېۋىدىم.

**ئوقەتچى** ئى. تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، تىجارەتچى: ھازىر شەھەردىمۇ ھۆنەرۋەن، ئوقەتچى دېگەنلەر كۆپىيىپ كەتتى.

**ئوقەتچىلىك** « ئوقەتچى » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شۇ چاغدا قوشنىمىزنىڭ مەكتەپتىن چىقىۋېلىپ ئوقەتچىلىككە سالغان بالىسى كىرىپ كەلدى.

**ئوقتا** (توغرىسى: ئوختا) ← **ئوختا.**

**ئوقتەك** رەۋ. ناھايىتى تېز؛ شارتتىدە: ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئۆگزىگە چۆرۈۋەتتى-دە، ئوتياشلىق تەرەپكە قاراپ ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى. * جۇمەنىڭ قاتتىق ئۆسسۇشى بىلەن تەڭ سادىقنىڭ بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى.

**ئوقچۇتماق** « ئوقچۇماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوقچۇماق** پ ① كۆۋەجىمەك، بولدۇقلاپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلمەك، تاشماق (ھەرىكەتلىنىۋاتقان سۇيۇقلۇقلار ھەققىدە): مۇزلار ھەربىر پارچىلانغاندا سىمابتەك سۇ تامچىلىرى مۇز ئۈستىگە ئوقچۇپ چىقىپ، ئەتراپقا يېيىلاتتى. * بەكمۇ شېرىن ئىكەن قىمىز، ھەسەل بىلەن چايقىغاندەك، بولدى گويا ھەر قەترىسى تومۇرلاردا ئوقچۇغاندەك. ② كۆچمە. سەكرىمەك، ئاتلاپ ئۆتمەك: بىرچاغدا ئىت قانداقتۇر بىر كۆچىنىڭ ياردىمى بىلەن بىرلا ئوقچۇپ ياسىنىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ. * سەيدىن ئاكام جاننى ئالقىنىغا ئېلىپ قويۇپ، بىرلا ئوقچۇپ تۇرسۇننىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالدى.

**ئوقدان** ئى ① ساداق. ② ئىچىگە ئوق سېلىپ، بەلگە ئېسىۋالىدىغان بەلباغ. كۆن قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ: مالمانچىلىق كۆنسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى. ئىسيانچىلارنىڭ قوللىرىدىكى نەيزە، كالتەكلەر ھەش-پەش دېگۈچە مىلتىق، ئاپتوماتلارغا ئالماشتى، پولات قالپاقلارنى كىيىپ، بەللىرىگە ئوقدانلارنى باغلاپ ئېسىۋالغان ناتونۇش كىشىلەر مەكتەپتە پەيدا بولۇپ، ئوق ئاۋازلىرى كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىشكە باشلىدى. ③ مىلتىق، زەمبىرەك قاتارلىقلارنىڭ ئوق تۇرىدىغان قىسمى، بۆلىكى: مىلتىقنىڭ ئوقدانى قۇرۇپ قالغانىدى.

**ئوق-دورا** ① ئوق ۋە دورا. ② < ھەرب > مىلتىق ئوقى، زەمبىرەك ئوقى، گرانات، بومبا، مىنا قاتارلىق تالاپەتكە ئۇچرىتىش ئىقتىدارىغا ئىگە ياكى باشقا ئالاھىدە رولى بار پارتلايدىغان بۇيۇملارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئوقرا** (توغرىسى: ئوقۇرۇق) ← **ئوقۇرۇق.**

**ئوق-ساداق** ئوق ۋە ساداق: ئۇلار ئەينى يىللاردا ئۇچمە ياغىچىدىن ئوق-ساداق ياساپ دۈشمەنلەرنىڭ جاجىسىنى بەرگەنىدى.

**ئوقسىمان** سۈپ. ئوققا ئوخشاش، شەكلى ئوققا ئوخشايدىغان.

**ئوقلاتماق** « ئوقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوقلاشماق** « ئوقلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوقلاقلىق** سۈپ. ئوق سېلىقلىق: ئوقلاقلىق مىلتىق.

**ئوقلانماق** « ئوقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق تېزلا بىلەن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن بېسىپ تۇرۇپ، قولىدىكى ئوقلانغان تاپانچىسىنى تارتىۋالدى.

**ئوقلۇق** سۈپ ① ئوق بار، ئوق سېلىنغان، ئوق قاچىلانغان. ② ئوق سىغىدىغان، ئوق قاچىلاشقا بولىدىغان، ئوق سالسا پاتىدىغان: ئۇ يەتتە ئوقلۇق تاپانچىسىنى ئەختەمنىڭ مەيدىسىگە تىرىدى.

**ئوقلىماق** پ ① مىلتىق، تاپانچا، ئاپتومات، ئوقيا قاتارلىق ئېتىش قوراللىرىغا ئوق سېلىپ ئاتقۇدەك قىلماق: ئۇ تۆپىلىككە يامىشىپ چىقىپ كېتىۋېتىپ ئاپتوماتنى ئوقلىدى. * ئۇ سول قولى بىلەن ئوقيا كامانىنى تارتىپ، ئوڭ قولى بىلەن ئوقلاپ، زېڭتوغا ئاتتى. * بىرى دېدى: ياخشىلىقچە تاشلا پىچاقنى،

بىرلىرى تەييارلاندى ئوقلاپ ساداقنى. ② هاۋا، ۋېلسىپىت قاتارلىق ئوق بېكىتىلىدىغان قاتناش قوراللىرىغا ئوق بېكىتمەك، ئوق ئورۇنلاشتۇرماق: بىز ئۈچ كۈن ئاۋارە بولۇپ هارۋىنى ئوقلىغاندىن كېيىن يەنە يولغا چۈشتۇق.

**ئوقۇبەت** ئى (ئە) روهىي ياكى جىسمانىي ئازاب، جاپا-مۇشەققەت؛ ئېغىر قىيىنچىلىق: ئوقۇبەت بىرلە ئۆتكۈزدۈم قارا كۈننى يۈسۈپ ئوخشاش، زۇلەيخادەك ۋاپا ئەيلەپ مېنى بول كۈن ئېتىڭ باخ-باخ!

**ئوقۇبەتسىز** سۈپ. ئازاب-ئوقۇبەتنى يوق: ئوقۇبەتسىز تۇرمۇش.

**ئوقۇبەتلىك** سۈپ. ئازابلىق، ئىنتايىن قىيىن، مۇشكۈل: ئوقۇبەتلىك تۇرمۇش.

**ئوقۇتقۇچى** ئى. مەكتەپلەردە ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىدىغان، ئىلىم ئۆگىتىدىغان كىشى، مۇئەللىم: مەكتەپتە نىجاتقا ئوخشاش سىرتتىن كەلگەن بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلا قالغانىدى.

**ئوقۇتقۇچىلىق** «ئوقۇتقۇچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: شۇنداق، خانىم، ئۇ هازىر شەهەردىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتىدۇ.

**ئوقۇتماق** «ئوقۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: هاشىر ماڭا يازما بېغىشلىملارنى ئوقۇتاتتى، هېلىدىن-هېلىغا ئۇنى-بۇنى سورايتتى.

**ئوقۇتۇش** ① «ئوقۇتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② < مائار > مەكتەپ ياكى ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بىلىم، ماهارەت ئۆگىتىش جەريانى: ئوقۇتۇش پراكتىكىسى. ئوقۇتۇش مەشغۇلاتى.

**ئوقۇتۇش تەتقىقاتى** < مائار > ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي پائالىيەت. دەرس مەزمۇنى، دەرسلىكنىڭ تۈزۈلۈشى، دەرس ئۆتۈش مېتودى، ئوقۇتقۇچىلارنى تەشكىللەش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزلەشتۈرۈش ئەهۋالىنى تەكشۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوقۇتۇش سائىتى** < مائار > ئوقۇتقۇچىنىڭ مەلۇم مەزمۇننى ئوقۇغۇچىلارغا يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان دەرس ۋاقتى. دەرس سۆزلەش ئۈچۈن ئەمەلىي كەتكەن دەرس سائىتى ۋاقىت بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

**ئوقۇتۇش فىلمى** < مائار > ① دەرس مەزمۇنىغا مۇناسىپلاشتۇرۇلغان پەن-تېخنىكا فىلمى. ② دەرسلىك ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلەنگەن (ياكى تاللىۋېلىنغان) فىلىم.

**ئوقۇتۇش قانۇنىيىتى** < مائار > ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىش جەريانىدىكى تەربىيىلەنگۈچى ئوبيېكت، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئۇسۇل قاتارلىقلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىچكى باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. ئوقۇتۇش ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق، ئۈنۈملۈك ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى توغرا ئىگىلەش، يەنى تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاهىدىلىكىگە ئاساسەن توغرا مەزمۇن، ئۇسۇل تاللاش كېرەك.

**ئوقۇتۇش هالقىسى** < مائار > پۈتۈن ئوقۇتۇش جەريانىنىڭ ئۆز ئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان باسقۇچلىرى.

**ئوقۇتۇلماق** «ئوقۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇ مەكتەپتە هېساب، هۆسن خەت، ئەخلاق دەرسىمۇ، هەممىسى تەكشى ئوقۇتۇلۇپتۇ.

**ئوقۇر** ئى (پ) هايۋانلارغا يەم-خەشەك بېرىش ئۈچۈن، هايۋانلارنىڭ بويى يەتكۈدەك ئېگىزلىكتە تەكچى شەكلىدە سېلىنغان، چۆرىسىدە كىچىك توساق-تېمى بولغان

قۇرۇلما: ئالمىغان ئاتقا ئوقۇر سىلىپتۇ (ماقال).

* ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار (ماقال).

**ئوقۇر پالاس** كاناپتىن ئوقۇر شەكلىدە ئوتتۇرىسى پەس، تۆت ئەتراپى ئېگىزرەك قىلىپ تىكىلگەن پالاس. ئادەتتە يولۇچىلار توختاپ دەم ئالغان جايلاردا هارۋا ئۈستىگە يېيىپ ئۇلاغلارغا ئوت-بوغۇز بېرىدۇ.

**ئوقۇرى ئېگىز** تەكەببۇر، هالى چوڭ، هاكاۋۇر: ئۇ ئەتىدىن كەچكىچە پۇشۇلداپ ئولتۇرۇپ يەپ-ئىچىشنىلا بىلىدىغان، كىشىنىڭ هالىغا يەتمەيدىغان ئوقۇرى ئېگىز ئادەم.

**ئوقۇرەك** ئى < ئانات > ① يەلكىنىڭ ئۈستىدىكى ئويمان قىسمى. ② ئوقۇرەك سۆڭەك: ئوقۇرەك ئۈستى ئويمىنى.

**ئوقۇرەك سۆڭەك** < ئانات > كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ ئالدىنقى يۇقىرى تەرىپىدىكى «ى» شەكىللىك ئىككى تال سۆڭەك.

**ئوقۇرسىمان** سۈپ. شەكلى ئوقۇرغا ئوخشاش، ئوقۇر شەكىللىك.

**ئوقۇرلۇق** سۈپ. ئوقۇرى بار؛ ئوقۇر چىقىرىلغان ياكى ئوقۇر هالىتىدىكى، ئوقۇرسىمان: ئوقۇرلۇق بېتون تاختا.

**ئوقۇرۇق** ئى < زوئول > ← **سايغاق** I.

**ئوقۇرۇق كېسىلى** < زوئول > ئوقۇرۇق چىۋىنلىرىنىڭ كالىلارنىڭ دۈمبە تېرە ئاستى توقۇلمىلىرىدا پارازىت ياشىشىدىن بولىدىغان زىيىنى ئېغىر سوزۇلما خاراكتېرلىق بىر خىل كېسەللىك.

**ئوقۇرۇقلىماق** پ. تېپچەكلىمەك، بىئارام بولماق (بۇ هادىسە ئوقۇرۇق قۇرتى كالا تېرىسىنى تېشىپ چىقىۋاتقاندا يۈز بېرىدۇ): كالا ئوقۇرۇقلىدى.

**ئوقۇش** ① «ئوقۇماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② ئوقۇغۇچىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۈرلۈك بىلىم ۋە ماهارەت ئىگىلەش جەريانى.

**ئوقۇش پۇلى** < مائار > ① مەكتەپتە ئوقۇش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان پۇل. ② ئوقۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان راسخوت.

**ئوقۇش تارىخى** < مائار > بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ قايسى مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەن، قايسى مەكتەپلەردە ئوقۇغانلىقى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئوقۇش تۈزۈمى** < مائار > دۆلەتنىڭ هەر خىل، هەر دەرىجىلىك مەكتەپلەرنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسى ۋە دەرس، ئوقۇش يىلى قاتارلىقلار توغرىسىدىكى بەلگىلىمىلىرى.

**ئوقۇش كىتابى** < مائار > ← **ئوقۇشلۇق**.

**ئوقۇش مەۋسۇمى** < مائار > بىر ئوقۇش يىلىنىڭ يېرىمى. بىر يىل ئادەتتە ئىككى ئوقۇش مەۋسۇمىگە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمى كۈزدە باشلىنىپ قىشلىق تەتىلگىچە؛ ئىككىنچى ئوقۇش مەۋسۇمى ئەتىيازدىن باشلىنىپ يازلىق تەتىلگىچە بولىدۇ.

**ئوقۇش ياردەم پۇلى** < مائار > هۆكۈمەت تەرىپىدىن ئوقۇغۇچىغا ياردەم سۈپىتىدە بېرىلگەن پۇل.

**ئوقۇش يېشى** بالىلارنىڭ مەكتەپكە كىرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان ياش قۇرامى، ئادەتتە يەتتە ياش مەزگىلى ئوقۇش يېشى دەپ قارىلىدۇ: بالا ئوقۇش يېشىغىمۇ توشتى، بىراق ئوقۇيدىغان مەكتەپ تېپىلمىدى، ئاتا-ئانىنىڭ بېشى تازىمۇ قاتتى.

**ئوقۇش يىلى** < مائار > مەكتەپلەردە ئوقۇتۇش ئېلىپ بېرىلىدىغان يىل هېسابى. ئادەتتە كۈزدە دەرس باشلىنىپ، كېلەر يىلى يازلىق تەتىلگىچە بىر ئوقۇش يىلى هېسابلىنىدۇ.

**ئوقۇشسىز** رەۋ. ئوقۇيالماي، مەكتەپكە كىرەلمەي ياكى ساۋاتلىق بولالماي:

ئوقۇشسىز قالماق.

**ئوقۇشسىز قالماق** مەكتەپكە كىرەلمەي تەربىيىسىز، ساۋاتسىز قالماق، خەت تونۇمايدىغان ھالەتتە قالماق، تۇرۇك قالماق: ــ ئۇمىد نىمىدىگەن ئوماق بالا-ھە! شۇنچە ئوبدان بالىلار ئوقۇشسىز قېلىۋاتسا... ھەي... ــ دېدى ئۇ ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

**ئوقۇشلۇق** ئى ① < ماثار > مەخسۇس دەرسلىك سۈپىتىدە پايدىلىنىدىغان كىتاب ياكى كونسپېك: تىل-ئەدەبىيات ئوقۇشلۇقى. ماتېماتىكا ئوقۇشلۇقى. ② كىشىلەرنىڭ ياش چەكلىمىسى، كەسپى قاتارلىق ئايرىمىلىقلىرى بويىچە نەشر قىلىنغان كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلار: ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى. ياشانغانلار ئوقۇشلۇقى.

**ئوقۇشماق** « ئوقۇماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پىئونېرلار ياڭراق ئاۋازدا ئەترەت مارشىنى ئوقۇشتى.

**ئوقۇغۇچى** ئى ① ھەر خىل مەكتەپلەردە ئوقۇيدىغان، ئىلىم تەھسىل قىلىدىغان كىشى، ئۆگەنگۈچى: بۇ فاكۇلتېتتا 3 سىنىپ، 99 نەپەر ئوقۇغۇچى بار. ② مەلۇم بىر مەتبۇئات ياكى مەلۇم بىر ژانىرغا ئائىت كىتابلارنى دائىم كۆرۈپ تۇرىدىغان كىشى، ئوقۇرمەن، كىتابخان: ــ مەن گېزىتىڭلارنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ بەرسەممۇ بېنەر، ــ دېدى ئۇ كەمتەرلىك بىلەن.

**ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى** < ماثار > ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاممىۋى تەشكىلاتى.

**ئوقۇغۇچىلىق** ئى. مەكتەپلەردە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىلىم تەھسىل قىلىش ئورۇنلىرىدا ئوقۇش، ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولۇش جەريانى: نىجاتنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى باشلاندى. * كىشىنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدىكى ھاياتى ھەقىقەتەنمۇ كۆڭۈللۈك ۋە بەختلىك دەۋر-دە!

**ئوقۇغۇچىلىق كېنىشكىسى** < ماثار > مەكتەپ تەرىپىدىن بېرىلگەن ئوقۇغۇچىلىق سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى.

**ئوقۇل** ئى. تارس. بىلىم يۇرتى، مەكتەپ: ئىلگىرىكى ئوغۇل-قىزلار ئوقۇيدىغان ئوقۇل كېيىنكى كۈنلەردە ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئىككىگە ئايرىۋېتىلدى.

**ئوقۇلداش** ئى. تارس. مەكتەپداش، ساۋاقداش: ئاڭلاڭلار ئوقۇلداشلار، ئەل ئەدەبىياتى، قوشاق، بېيىت، ماقال-تەمسىللەر بىزگە ئەل تىلىكىنى، ئەل نەسىھىتىنى سۆزلەيدۇ.

**ئوقۇلماق** « ئوقۇماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ــ ئاخۇنۇم. ئالدىرىمىسىلا! ئۇ قىزنىڭ نىكاھى ئوقۇلۇپ بولغان، ئۇ ھازىر ئامانقۇلنىڭ ھالال جۈپتى، سەپەرقۇلنىڭ ئۆز كېلىنى، ــ دېدى ئۇ.

**ئوقۇلۇش** ① « ئوقۇلماق » سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② < تىل > يېزىلغان سۆز-ئىبارە ياكى خەتلەرنىڭ ئېغىزدا ئېيتىلىشى.

**ئوقۇماق** پ ① يېزىلغان نەرسە ياكى يازما تېكىستلارنى قەغەز يۈزىدىكى ھەرپلەر ئاساسىدا ئەينەن ئېيتىپ بەرمەك: ئۇ خەتنى ئاچتى-دە، بىر-بىرلەپ ئوقۇشقا باشلىدى. * ئۇ بۇ گېزىتنى ئەتىگەندىن بېرى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىققانىدى. ② ئوقۇش-يېزىشنى ئۆگەنمەك، ساۋاتلىق بولماق؛ ئوقۇش يۇرتى، مەكتەپ قاتارلىقلاردا بىلىم ئالماق، ئىلىم تەھسىل قىلماق، ئۆگەنمەك: ئوقۇماي موللا بولغان، چوقۇماي قاغا بولغان (ماقال). * ئۇنىڭ تۆت ئۆگەي بالىسى بار، بىرسىمۇ ئوقۇمىغان. * ــ شۇنداق، سىز مېنىڭ خەنزۇچە ئوقۇغانلىقىمنى

نەدىن بىلدىڭىز؟ — دېدى ئۇ قىزىقسىنغان هالدا. * ئۇ بۇ يىل باشلانغۇچنىڭ 4-يىللىقىدا ئوقۇيدۇ. ③ بىرەر تېكىست ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى يادقا ئېيتىپ، تىڭشۇغۇچىلارغا ئاڭلاتماق: سۆيۈمقان بىر چىنە بوزا كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئاۋۋال قوشاق ئوقۇدى. * داپ، راۋاب، دۇتار چېلىپ، ئوقۇپ غەزەل ئويناپ-كۈلۈپ، بەزمە قۇرسا دوستلىرىمغا، ياخشىلارنىڭ بارىغا ④ ئېلان قىلماق، جاكارلىماق، هۆكۈم قىلماق، ئېيتماق: مەتكېرەم سۆزگە چىقىدىغانلارنىڭ ئىسمىنى ئوقۇدى، لېكىن هېچكىم چىقمىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ هەممىسى ئاغرىپ قالغانمىش. * ئۇلار ئوچۇق سوت ئاخىرىدا هۆكۈمنى ئوقۇدى. ⑤ مۇناسىۋەتلىك دىنىي پائالىيەتلەرنى بەجا كەلتۈرمەك، ئۆتىمەك، تۈگەتمەك: — ئەتە روزا هېيت نامىزىنى ئوقۇيمىز، — دەپتۇ هېلىقى كىشى. * سەلىمە گەرچە كۈندە ناماز ئوقۇپ بۇۋىلەردەك يۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئەكبەر بار ئىدى. ⑥ يېڭى توي قىلىدىغان قىز-يىگىتنىڭ بىر-بىرىگە مەڭگۈلۈك هالال جۈپ بولۇشقانلىقىنى خاس قائىدىلەر ئاساسىدا دەلىللىمەك، ئېلان قىلماق، جاكارلىماق: — غەم يېمە ئاكا، — دېدى تۆمۈر خەلپە، — نىكاهىنى ئۆزۈم ئوقۇيمەن. قالغان ئىشلارمۇ ئۆز يولىدا بولۇپ كېتىدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ! ⑦ ئىزهار قىلماق، بىلدۈرمەك، دېمەك، ئېيتماق: كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئوقۇدى. * قايناپتۇ ئۆز-ئۆزىگە، نالە ئوقۇپ كۈنىگە. * قولغا ئېلىپ قەلەمنى، ناخشا-قوشاق توقۇيمەن. مۇئەللىمگە يۈرەكتىن ئالقىش، رەهمەت ئوقۇيمەن.

**ئوقۇمۇشلۇق** سۈپ. ياخشى-يامانىنى، ئاق-قارىنى پەرقلەندۈرەلەيدىغان؛ ساۋاتلىق، مەلۇماتلىق، بەلگىلىك بىلىم-مەلۇماتقا ئىگە: شاھئەخمەتباي قومۇلدا بەرلىشىپ قالغان تۈرك، تاتار سودىگەرلىرىدىن بولۇپ، خېلىلا ئوقۇمۇشلۇق كىشى ئىدى. * مەلىكە بەرنا ئوقۇمۇشلۇق، ئەقىللىق، زېرەك قىز ئىدى.

**ئوقيا** ئى (ئوق+ياي) قاتتىق ياغاچنىڭ ئىككى ئۇچىدىن يىپ تارتىپ ئېگىپ، يېرىم چەمبەر شەكلىدە ياسالغان، كىچىك نەيزىگە ئوخشاش ئوق ياساپ، شۇ ئوقنى سېلىپ ئاتىدىغان قەدىمكى ئۇرۇش قورالى: بۇرۇنقى زاماندا تاغلىق يېزىدا بىر پادىچى بالا بولۇپ، هەر كۈنى پادىسىنى ئوتلاققا قويۇپ بېرىپ، ئۆزى ئوقيا ئېتىشنى مەشىق قىلىدىكەن.

**ئوقيا ئېتىش تەنهەرىكىتى** < تەن > مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى تەنهەرىكەت تۈرى. هازىرقى زامان ئوقيا ئېتىش مۇسابىقىسىنىڭ ئېتىش مۇساپىسى ئەرلەرنىڭ 90، 70، 50، 30 مېتىر بولىدۇ، ئاياللارنىڭ 70، 60، 50، 30 مېتىر بولىدۇ. ئالدىدا يىراق نىشانغا ئېتىش، ئاندىن يېقىن نىشانغا ئېتىش بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مۇسابىقە يەككە ئايلىنىشلىق ئېتىش بىلەن جۈپ ئايلىنىشلىق ئېتىشقا ئايرىلىدۇ. نىشانغا تەگكۈزگەن هالقا سانى بويىچە نومۇر هېسابلىنىپ، ئومۇمىي نومۇر سانى بويىچە نام تەرتىپى بەلگىلىنىدۇ.

**ئوق-ياراغ** ئوق ۋە ياراغ، ئومۇمەن ئوق ۋە تۈرلۈك قوراللار: ئۇنچە-ئەڭلىك، ئۈنچە-مارجان، نە كېرەك ئالتۇن ئۈزۈك؟! ئوق-ياراغ، پولات ساداق، چويۇن دۇبۇلغا زىنىنتىم.

**ئوكتاۋا** ئى (ر< لات) < مۇز > ئارىلىقى سەككىز ئاۋاز دەرىجىسىگە تەڭ ئىنتېرۋال.
**ئوكرى** ئى < تارىخ > قەدىمكى شەھەر. بۇ شەھەر ھازىرقى بۇگۇر ناھىيىسىنىڭ يېنىدا بولۇپ، غەربىي ۋە شەرقىي خەن سۇلالىلىرى زامانىدا غەربىي رايوننىڭ مەركىزى بولغان، يەنى غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇل مەھكىمىسى مەزكۇر شەھەردە تەسىس قىلىنغان. تاڭ سۇلالىسى زامانىدا بۇ شەھەردە يەنە ئايماق تەسىس قىلىنغان.
**ئوكسالات** ئى (ر< گرېك) < خىم > چۆپ كىسلاتاسىنىڭ تۇزلىرى.
**ئوكسالات كىسلاتا** < خىم > ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى COOH • COOH • $2H_2O$. رەڭسىز كرىستال، زەھەرلىك، بوياقچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ.
**ئوكسىد** ئى (ر< گرېك) < خىم > ← **ئوكسىدلار.**
**ئوكسىدسىزلىغۇچى** < خىم > ① سۈپ. ئوكسىدسىزلاش رولىنى ئوينايدىغان، ئوكسىدسىزلايدىغان: ئوكسىدسىزلىغۇچى ئېنزىم. ② ئى. خىمىيىۋى رېئاكسىيىدە ئېلېكترون يوقىتىدىغان ماددا.
**ئوكسىدسىزلىغۇچى ئېنزىم** < خىم > ئورگانىك خىمىيىۋى بىرىكمىلەرنى ئوكسىدسىزلىيالايدىغان ئېنزىم.
**ئوكسىدسىزلىنىش** ئى < خىم > ماددا ئاتومىنىڭ ئېلېكترون بىرىكتۈرۈپ ئېلىش خىمىيىۋى رېئاكسىيىسى، يەنى ماددىنىڭ ھىدروگېن بىلەن قوشۇلۇشى ياكى ئوكسىگېن ئاتومىنى يوقىتىش جەريانى. مەسىلەن، تۆمۈر ئوكسىدى تاۋلانغاندا ئوكسىگېن يوقىتىپ تۆمۈرگە ئايلىنىدۇ. خىمىيىۋى رېئاكسىيىدە ئېلېكترون يوقىتىدىغان ماددا ئوكسىدسىزلىغۇچى بولىدۇ. مەسىلەن، كاربون. ئوكسىدسىزلىنىش بىلەن ئوكسىدلىنىش بىللە سادىر بولىدۇ.
**ئوكسىدلار** ئى < خىم > خىمىيىۋى ئېلېمېنتلارنىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ماددا. ئۇ ئاساسلىق ۋە كىسلاتالىق ئوكسىد دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.
**ئوكسىدلاشتۇرماق** « ئوكسىدلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.
**ئوكسىدلاشماق** پ ← **ئوكسىدلانماق.**
**ئوكسىدلاندۇرماق** « ئوكسىدلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.
**ئوكسىدلاندۇرۇلماق** « ئوكسىدلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.
**ئوكسىدلانماق** پ < خىم > بىرەر ئېلېمېنت ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىپ شۇ ماددىنىڭ ئوكسىدىنى ھاسىل قىلماق.
**ئوكسىدلىغۇچى** سۈپ < خىم > ئوكسىد ھاسىل قىلغۇچى: ئوكسىدلىغۇچى ئېنزىم.
**ئوكسىدلىغۇچى ئېنزىم** < خىم > مولېكۇلىلىق ئوكسىگېننى ئېلېكترون قوبۇل قىلغۇچى تەنە قىلىدىغان ئوكسىدلىنىش رېئاكسىيىسىگە كاتالىزاتورلۇق قىلىدىغان ئېنزىم.
**ئوكسىدلىماق** پ < خىم > بىرەر ئېلېمېنتنى ئوكسىگېن بىلەن بىرىكتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئوكسىدىنى ھاسىل قىلماق.
**ئوكسىدلىنىش** ئى < خىم > ماددا ئاتومى ئېلېكترون يوقىتىدىغان خىمىيىۋى رېئاكسىيە، يەنى ماددىنىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرىكىش جەريانى. مەسىلەن، مېتاللارنىڭ داتلىشىشى، كۆمۈرنىڭ يېنىشى قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى ئوكسىدلىنىش بولىدۇ. خىمىيىۋى رېئاكسىيىدە ئېلېكترون قوبۇل قىلىدىغان ماددا ئوكسىدلىغۇچى دەپ ئاتىلىدۇ. ئوكسىدلىنىش بىلەن ئوكسىدسىزلىنىش

بىر ۋاقىتتا سادىر بولىدۇ.

**ئوكسىدلىنىش ۋە فوسفاتلىنىش** < خىم > ماددىلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ئوكسىدلىنىش جەريانىدا ئېنېرگىيە ئاجرىتىش بىلەن ATP قاتارلىق يۇقىرى ئېنېرگىيىلىك فوسفات بېغىغا ئىگە خىمىيۋى بىرىكمىلەرنى بىرىكتۈرۈش جەريانى. ئۇ جانلىقلار تېنىدىكى ئېنېرگىيە ئالمىشىشنىڭ ئاساسىي شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

**ئوكسىگېن** ئى (ز< گرېك) < خىم > گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى O (oxygenium). رەڭسىز، پۇراقسىز گاز، يېنىشقا ياردەم بېرىدۇ. خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى بەك ئاكتىپ بولۇپ، كۆپلىگەن ئېلېمېنتلار بىلەن بىۋاسىتە بىرىكىدۇ. بىئولوگىيىلىك تەنلەر ۋە كۆپ سانلىق مىنېراللاردا ئوكسىگېن بولىدۇ. ئوكسىگېن مېتاللۇرگىيە سانائىتى، خىمىيە سانائىتىدە كەڭ قوللىنىلىشقا ئىگە. ئادەم، ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ نەپەس ئېلىشىدا مۇھىم گاز ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە ئوكسىگېن گازى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئوكسىگېن-ئاتسېتىلېن گىرېلكىسى** < خىم > ئوكسىگېن بىلەن ئاتسېتىلېننى يېقىلغۇ قىلغان پۈۋلەش تۇرۇپكىسى. ھاسىل بولغان يالقۇننىڭ تېمپېراتۇرىسى 3500°C قا يېتىپ بارىدۇ، سانائەتتە كەپشەرلەش ۋە مېتاللارنى كېسىش ئىشىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوكسىگېنلىك** ① سۈپ. تەركىبىدە ئوكسىگېنى بار، ئوكسىگېنگە ئىگە: ئوكسىگېنلىك بىرىكمىلەر. ② رەۋ. ئوكسىگېن بىلەن، ئوكسىگېن ئارقىلىق: ئوكسىگېنلىك نەپەسلىنىش.

**ئوكسىگېنلىك نەپەسلىنىش** < بىئول > كۆپ ساندىكى ھايۋان، ئۆسۈملۈكلەردە مەۋجۇت بولىدىغان بىر خىل ئىچكى نەپەسلىنىش شەكلى. بۇ خىل نەپەسلىنىشتىكى ئاساسىي ماددا پۈتۈنلەي سۇ ۋە كاربون (IV) ئوكسىدقا پارچىلىنىدۇ ھەمدە ئوكسىگېنگە ئېھتىياجلىق بولۇپ خېلىلا كۆپ مىقداردا ئېنېرگىيە ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، گلۇكوزا ئاساسىي ماددا بولغاندا ئۇنىڭ ئۈچ ئاساسىي باسقۇچى بولىدۇ. ئۇلار قەنتنىڭ ئېچىپ پارچىلىنىشى، ئوكسىدلىنىپ كاربوكسىل ئاجرىتىش ۋە ئوكسىدلىنىش-فوسفاتلىنىشتىن ئىبارەت. كېيىنكى ئىككى باسقۇچ خوندرىئوسومىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئوكۇل** ئى (ر) ① بەدەنگە، تېرە ئاستىغا شپىرىس ۋاسىتىسى بىلەن سۇيۇق دورا ماڭدۇرۇش، كىرگۈزۈش: ئۇ دوختۇرخانىغا بېرىپ ئۆزىگە ئوكۇل قىلدۇرۇپ كېلىپتۇ. ② ئومۇمەن شپىرىس ۋاسىتىسى بىلەن بەدەنگە، تېرە ئاستىغا كىرگۈزۈلىدىغان دورا: بۇ كېسەلنىڭ دورىسى «تەنقىد» ئىسملىك بىر ئوكۇل، شۇ ئوكۇل كەم بولسا گەر يوقىمايدۇ بۇ كېسەل. * ئوكۇل تۈگەپتۇ. دوختۇرخانىدىن دەرھال ئوكۇل ئېلىپ كېلىش كېرەك.

**ئوكۇل سالماق** شپىرىس ۋاسىتىسى بىلەن بەدەنگە سۇيۇق دورا كىرگۈزمەك، ماڭدۇرماق: — ئوكۇل سالدىمۇ؟ — سورىدى ئايزىمخان.

**ئوكۇل قىلماق** ← **ئوكۇل سالماق.**

**ئوكۇل ئۇرماق** ← **ئوكۇل سالماق:** — ئوكۇل ئۇرىدىغان ئادەم قېنىكىنە؟ — پەس ئاۋازدا پىچىرلىدىم مەن.

**ئوكۇلخانا** ئى. دوختۇرخانىلاردا مەخسۇس كېسەللەرگە ئوكۇل سالىدىغان ئۆي: ئۇ ئوكۇلخانا ئالدىدا ھېلىقى ناتونۇش ھەمشىرە قىز بىلەن يەنە بىر نېمىلەرنى دېيىشكىلى تۇردى.

**ئوكۇليار** ئى (ر< لات) < فىز > مىكروسكوپ، دۇربۇن قاتارلىق ئوپتىك ئەسۋابلاردىكى قارايدىغان تەرەپكە ئورنىتىلغان لىنزا.

**ئوكۇن** ئى (د) < زوئول > بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ ئۈستۈنكى قىسىملىرى كۆكۈچ كۈل رەڭ، ئاستى ئاقۇچ كۈل رەڭ، تېنىنىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى دۈمبە پالاقچىسىدا قارا سەپكۈنلىرى بولىدۇ. يېقىن دېڭىزلاردا ياشايدۇ. كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا دەريا ئېغىزلىرىغا بېرىپ تۇخۇم سالىدۇ.

**ئوكۇن بېلىق** < زوئول > بېلىقلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تېنى سەل ياپىلاق، قىزىل رەڭلىك ياكى كۈل رەڭ، قارا سىزىقلىرى بولىدۇ. ئېغىزى چوڭ، چىشلىرى ئۇششاق ۋە ئۇچلۇق كېلىدۇ. ئەڭ كۆپ تۈرلىرى دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ.

**ئوكيان** ئى (ر< گرېك) < جۇغ > يەر شارى يۈزىنىڭ سۇ بىلەن يېپىلغان كەڭ ئورۇنلىرى بولۇپ، يەر شارىنىڭ $\frac{7}{10}$ قىسمىنى ئىگىلەيدۇ. يەر شارىدا تىنچ ئوكيان، ئاتلانتىك ئوكيان، ھىندى ئوكيان ۋە شىمالىي مۇز ئوكيانىدىن ئىبارەت تۆت ئوكيان بار.

**ئوكيان چارلاش پاراخوتى** < ھەرب > ئاساسەن يىراق ئوكياندا پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان، بىرقەدەر چوڭ كالىبىرلىق زەمبىرەك ۋە بىرقەدەر قېلىن بىرونېۋىك بىلەن جابدۇنغان بىر خىل چوڭ تىپتىكى ھەربىي پاراخوت. ئادەتتە قاتناشنى قوغداش، دۈشمەن قاتناش پاراخوتىنى ۋە قىرغاقتىكى نىشانلىرىنى توپقا تۇتۇشتا، قورۇقلۇققا چىققۇچى قىسىملارغا ياردەم بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئوكيان گېئولوگىيىسى** < گېئول > گېئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى دېڭىزلار بىلەن يېپىلغان يەر پوستىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئوكيان ئويمانلىقى** < جۇغ > چوڭقۇرلۇقى 2440 — 6000 مېتىر ئارىلىقىدىكى دېڭىز ئاستى ئويمانلىقى. كۆپىنچە دېڭىز ئاستى تاغ تىزمىسى ۋە چوڭقۇر پېتىنقى دېڭىز جىرالىرىدىن باشقا قىسمىنىڭ تەكتى تۈز كېلىدۇ. يانتۇلۇقى ′20 — ′40 ئەتراپىدا. ئادەتتە ئۇ ئوكيانلارنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ مەيدانى ئوكيانلارنىڭ ئومۇمىي مەيدانىنىڭ 78% نى ئىگىلەيدۇ.

**ئوكيان ئېقىمى** < جۇغ > دېڭىز-ئوكيانلاردىكى بەلگىلىك يۆنىلىشتە ئاققان سۇ.

**ئوكيانشۇناس** ئى (ر< گرېك) < جۇغ > ئوكيان ۋە دېڭىزلارنى تەكشۈرگۈچى ئالىم، ئوكيانشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**ئوكيانشۇناسلىق** ئى < جۇغ > دېڭىز سۇلىرىنىڭ فىزىكىلىق، خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى، دېڭىز دولقۇنى، دېڭىزنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە چۈشۈشى قاتارلىق ھادىسىلەرنى، شۇنداقلا دېڭىز سۈيى بىلەن دېڭىزلاردىكى ئورگانىزملارنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئوكيانىيە** ئى (ر< گرېك) < جۇغ > تىنچ ئوكياندىكى كۆپ ساندىكى ئاراللار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەت بويىچە ئۇ ئاۋستىرالىيە ھەم يېڭى زېلاندىيە، مىكرونېزىيە، پولىنېزىيە ۋە مېلانېزىيەدىن ئىبارەت تۆت قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئوڭ** ① سۈپ. گەۋدىنى پېشانە، قاڭشارىدىن تارتىپ چاتراقىچە تەڭ ئىككىگە بۆلگەندە، ئۆپكە جايلاشقان تەرەپتىكى، شۇ تەرەپكە جايلاشقان: ئوڭ كۆز. ئوڭ قولاق.

ئوڭ كۆكسى. ئوڭ پۇت. * ئوڭ قولۇم، سول قولۇم، ئىككىلىسى ئۆز قولۇم (ماقال). // مەن ئوڭ ھەم سولغا قارىدىم، ئەمما ئۇ كۆرۈنمىدى. * داڭقىڭىز كەتتى يۇرتنىڭ ئوڭ ۋە سولىغا، ياشىماقتا سىز كەبى باغۋەن تېرىدىن بېغىمىز. ② ئى. ئەقىل-ھوشى جايىدا، ئويغاق، ساق تۇرغان، ھوش كاللىسى نورمال: باشلىق يوقاپ كەتتى، ئابدۇللا بۇلارنىڭ يا چۈشى يا ئوڭى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىدى. * ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ پىكىر قىلدىم، ئەسلىگىنىم چۈش ئەمەس، ئوڭۇم ئىدى. ③ ئى. رەخت، كىگىز-پالاس ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش يەرگە سېلىنىدىغان، كىيىلىدىغان ياكى بىرەر جايغا قويۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ رەڭگى ئوچۇق، قېنىق تەرىپى، ئالدى تەرىپى: رەختنىڭ ئوڭى. داستىخاننىڭ ئوڭى. كىيىمنىڭ ئوڭى. ④ سۈپ. توغرا، مۇۋاپىق، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن، ئەقىلگە سىغىدىغان، ئورۇنلۇق، چاتاق، كاشىلىدىن خالىي: پۇلى بارنىڭ گېپى ئوڭ، پۇلى يوقنىڭ گېپى توڭ (ماقال). * ئادەتتە مېنىڭ دېگەنلىرىم ئوڭ بولۇپ قالسا، تېخىمۇ ئەردەپ كېتەتتىم. * سۇندۇر دېسە چوڭىنى، بىلمەي ئىشنىڭ ئوڭىنى، خېلى ئۇزۇن ئېيتىشىپ، يارا قىپتۇ قولىنى. ⑤ سۈپ. ئەقىل-ھوشى جايىدا، ئەقىللىق، زېرەك، ئىشنىڭ يولىنى، ئېپىنى بىلىدىغان، تىل ئۇقىدىغان؛ كاج، جاھىل ئەمەس: ساراڭنىڭ ئوڭى يوق، پاشىنىڭ قوڭى (ماقال). ⑥ سۈپ. پارلاق، كۆڭۈلدىكىدەك ئوبدان، ياخشى: — مەن دېمىدىمۇ... — دەپ يايراپلا كەتتى ئۇ، — بىچارە قىزىمنىڭ تەلىيى ئوڭ ئىكەن.

**ئوڭ بايان** <ئەد> ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ۋەقەلىك ۋە ۋەقەلىكلەر تەرەققىياتىنىڭ ئالدى-كەينىلىك تەرتىپى، يەنى ۋاقىت تەرتىپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان بىر خىل ئىپادىلەش ئۇسۇلى.

**ئوڭ تاناسىپ** <مات> ئىككى مىقدار ( a بىلەن b ) نىڭ بىرسى ( a ) بىرقانچە ھەسسە چوڭايسا (ياكى كىچىكلىسە) ئىككىنچى بىر مىقدار ( b ) مۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئوخشاش ھەسسە چوڭايسا (ياكى كىچىكلىسە)، بۇ ئىككى مىقدارنىڭ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتى ئوڭ تاناسىپ دېيىلىدۇ ۋە $a \propto b$ قىلىپ يېزىلىدۇ. بەزىدە قىسقىچە ئوڭ نىسبەتمۇ دېيىلىدۇ.

**ئوڭ چېتىشتۇرۇش** <بىئول> ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى شالغۇتلاشتۇرۇشنىڭ بىرخىل شەكلى. A ۋە B دىن ئىبارەت ئىرسىيەت ئالاھىدىلىكى ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئەجدادنى شالغۇتلاشتۇرغاندا، A ئاتىلىق، B ئانىلىق ئورنىدا قارىلىپ شالغۇتلاشتۇرۇلسا، بۇ ئوڭ چېتىشتۇرۇش دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەكسىچە بولسا تەتۈر چېتىشتۇرۇش ھېسابلىنىدۇ. بۇلار بىر-بىرىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان.

**ئوڭدىن كەلمەك** ← **ئوڭ كەلمەك**: ئىش ئوڭدىن كەلسە، ھەممىسى جايىدا بولۇۋېرىدىكەن، ھازىر پۇلۇڭغا نۆۋەت يوق، سوۋۇپ قالسىمۇ مەيلى، ئۇ شىرە ئۈستىدە تۇرۇپ تۇرغاي.

**ئوڭغا تارتماق** ئوڭۇشلۇق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنمەك، كۆڭۈلدىكىدەك ئوبدان بولىدىغان ھالەتكە ئۆتمەك، ئوڭۇشلۇق بولۇشقا قاراپ يۈزلەنمەك، ياخشى بولماق: ھەيدەر ئۆز تەجرىبىسىدە كۆپچىلىكنىڭ زېتىغا قىلىنغان ئىشنىڭ ئوڭغا تارتمايدىغانلىقىنى كۆرگەن.

**ئوڭ قانات** ① ئۇچار قۇشلار ۋە ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلغان

ئوڭ تەرەپ . ② كۆچمە. ئەڭ كۈچلۈك ياردەمچى، ئىشەنچلىك كىشىسى، ئاساسلىق ھىمايىچىسى: شاھ ئۇلاردىن سۆيۈنۈپ، نېمە دېسە «ماقۇل» دەپ، تەلىپىنى «قوبۇل» دەپ، كۆتۈرەركەن بېشىدا، «ئوڭ قانىتىم ئوغۇل» دەپ. ③ كۆچمە. سىياسىي پارتىيە، سىنىپ ياكى گۇرۇھ تەركىبىدىكى كونىلىققا مايىل كىشىلەر، مۇتەئەسسىپلىككە مايىل، ئىسلاھاتقا، يېڭىلىققا تازا قىزىقمايدىغانلار ئوڭ قانات كۈچلەر. ئوڭ قانات ئۇنسۇرلار. ④ كوچمە <ھەرب> ئۇرۇش سەپلىرىدە ئاساسىي قىسمىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە تۇرۇپ جەڭ قىلغۇچى قىسىم.

**ئوڭ قول** ① بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىگە، ئۆپكە جايلاشقان تەرىپىگە ئورۇنلاشقان قول. ② كۆچمە. باش، ئاساسلىق، بىرىنچى ئورۇندىكى، ئورۇنباسار: ئوڭ قول سەردار. ئوڭ قول ۋەزىر.

**ئوڭ قىلماق** ① ئوڭۇشلۇق قىلماق، ئاسان، ئوڭاي، راۋان قىلماق: بالام، ئوبدان ئوقۇ. موللا بولساڭ، خۇدا سېنى يېقىن كۆرۈپ ئىشلىرىڭنى ئوڭ قىلىدۇ. ② ئادەم قىلماق: تۇغدى ئاناڭ، سېنى چوڭ قىلدى، تەربىيىلىدى ئوڭ قىلدى. لېكىن سەن يەنە كىرىش ئوبدان ئادەم بول، ئۇنىڭ ئۈچۈن، مەرىپەت ئانىسىدىن يەنە قايتا تۇغۇل.

**ئوڭ كەلمەك** كۆڭۈلدىكىدەك ئوبدان بولماق، ياخشى نەتىجە بەرمەك: — ئىشىڭ ھەقىقەتەن ئوڭ كېلىپتۇ، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بولۇپ. * دېدى ئاخىر: «ئەجەب ئوڭ كېلىپتۇ تەلەي، خۇداغا يۈز تۈمەن شۈكۈرلەر دەي» .

**ئوڭ كۆزدە باقماق ← ئوڭ كۆزدە قارىماق:** ئۇ چاغدا بەخت-تەلەيمۇ ئوڭ كۆزدە باققاندى، ئەمدى ھەممە نەرسە تەتۈر كۆز بىلەن قاراۋاتىدۇ.

**ئوڭ كۆزدە قارىماق** توغرا، ئادىل مۇئامىلىدە بولماق؛ مېھرىبانلارچە ياخشى مۇناسىۋەتتە بولماق؛ ياخشىلىق قىلماق: — مەندەك بىچارە مىسكىنگە ئوڭ كۆزلىرىدە قارىغانلىرىغا مىڭ مەرتىۋە رەھمەت! — دېدى ئۇ ئاجىز پۇتلىرى بىلەن يەرنى سىجاپ. * دېمىسىمۇ، ئاشۇ تاش يۈرەك تەقدىر بۇ مۆمىن دېھقان ئائىلىسىگە ئوڭ كۆزىدە قارىمىغان.

**ئوڭ نىسبەت** <مات> $\alpha$ سانىنىڭ $b$ سانىغا بولغان نىسبىتى ئوڭ نىسبەت دېيىلىدۇ.

**ئوڭ ئۈزۈلمە** <گېئول> ئۈزۈلمىسىنىڭ ئۈستۈنكى بۆلىكى ئۈزۈلۈش يۈزىنى بويلاپ نىسبەتەن تۆۋەنگە چۈشكەن بىر خىل ئۈزۈلمە.

**ئوڭ ۋالېنت** <خىم> ئېلېمېنتنىڭ بىر ئاتومى يوقاتقان ئېلېكترون سانى ياكى سىلجىغان ئېلېكترون جۈپى سانى.

**ئوڭدىن چىقماق ← ئوڭ كەلمەك.**

**ئوڭدىن كەلمەك ← ئوڭ كەلمەك:** — ئىش ئوڭدىن كەلدى، — دېدى ئۇ نەسرەمنى قويۇپ، — پۇل تاپتىم.

**ئوڭ يۈرەك دالانچىسى** <ئانات> يۈرەكنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئۈستۈنكى ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇق.

**ئوڭ يۈرەك قېرىنچىسى** <ئانات> يۈرەكنىڭ ئىچكى قىسمىنىڭ ئاستىنقى ئوڭ تەرىپىدىكى بوشلۇق.

**ئوڭ يۈز** بورىچىلىقتا بورىنىڭ قومۇشىنىڭ سىرتى (سىلىق تەرىپى) كەلتۈرۈلگەن يۈزى.

**ئوڭاي** سۈپ. قىيىن، مۈشكۈل ئەمەس؛ ئاسان: ئوڭاي ئىش. ئوڭاي مەسىلە. * —

غەيرەت قىلساقلا ھەممە ئىش ئوڭاي، - دېدى مەنسۇر قوشۇمچە قىلىپ. // ئوتتۇرىغا قويۇلۇۋاتقان مەسىلىلەر ئوڭاي يېشىلىپ، ئېنىق ھەل بولاتتى.

**ئوڭايسىز** سۈپ. ئوڭاي بولمىغان، نامۇۋاپىق، خىجالەتلىك، بىئەپ؛ قىيىن، تەس، مۇشكۇل: ئەمدى مېنىڭ ئۇزاق تۇرۇشۇمغا ئورۇن يوق ئىدى، چۈنكى ئەر كىشى يوق ئۆيدە بىر ئايال بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈش بەكمۇ ئوڭايسىز ئىش ئىدى. * پەرھات ئوڭايسىز ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئايىنساغا گەپمۇ قىلماي، ئارقىسىغا يېنىپ چىقىپ كەتتى.

**ئوڭايسىز بولماق** ← **ئوڭايسىزلانماق**: ساقچىلار ئۇنىڭغا دەرھال جاۋاب بېرىشكە ئوڭايسىز بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى.

**ئوڭايسىزلاندۇرماق** «ئوڭايسىزلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سائادە تىنىڭ نازۇك قەلبى ئويىنىشىدىغان قەلب ئەمەس ئىدى. ئۇ قىزىرىپ كەتتى، بۇ خىلۋەتتىكى بۇ چوغلۇق مېنىمۇ ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى.

**ئوڭايسىزلاندۇرۇشماق** «ئوڭايسىزلاندۇر- ماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوڭايسىزلانماق** پ. بىرەر ئىش ياكى ئەھۋالغا قارىتا ئوڭايسىزلىق، مۇشكۇللۇك، بىئەپلىك ھېس قىلماق، تەسچىلىكتە قالماق، قىيىن ھېس قىلماق: سەن مېنىڭ گېپىمگە شۇنداق كۈلدۈڭكى، مەن ئوڭاسىزلىنىپ تۇرۇپ قالدىم.

**ئوڭايسىزلىق** «ئوڭاسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: - مىلتىقلارنىڭ كەمچىللىكى بىزگە كۆپ ئوڭايسىزلىق كەلتۈرۈۋاتىدۇ، - دېدى ئىسلام. * ماھىرە ھاكىمنىڭ چىرايىدىكى ئوڭايسىزلىقنى كۆرۈپ قاھقاھلاپ كۈلۈشتىن توختىدى.

**ئوڭايلاشتۇرماق** «ئوڭايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئېلىپ كەلگەن ماشىنا بىزنىڭ ئۇرغۇنلىغان مۇشكۇل ئىشلىرىمىزنى ئوڭايلاشتۇردى.

**ئوڭايلاشتۇرۇشماق** «ئوڭايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئوڭايلاشتۇرۇلماق** «ئوڭايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوڭايلاشماق** پ. مۇشكۇل، تەس، قىيىن ھالەتتىن ئاسان، ئوڭاي ھالەتكە كەلمەك، ئوڭاي بولماق: ھازىر كىشىلەر كوچىلاردا خاتىرجەم ماڭالايدىغان بولدى، سىرتقا چىقىپ ئىش بېجىرىش ئوڭايلاشتى.

**ئوڭايلىق** «ئوڭاي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تەشكىل يەنە ئىككىمىزنى ناھىيە بازىرىغا يۆتكەپ كېلىپ تېخىمۇ ئوڭايلىق يارىتىپ بەردى.

**ئوڭايلىقچە** رەۋ. ئوڭايلا، ئوڭايلىق بىلەن، ئاسانلا: ئاكىسى ئەدھەمنىڭ مىجەزى چۇس، دېگەن گېپىدىن ئوڭايلىقچو يانمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئەكبەر ئوبدان بىلەتتى.

**ئولۈك-تەتۈر** ئولۈك ۋە تەتۈر؛ كەلسە-كەلمەس، قالايمىقان: زىۋىرشا ئولۈك-تەتۈر ۋارقىراشقا باشلىدى. * - مەن گەپىنىڭ ئولۈك-تەتۈرنى ئۇقتۇراي دەپ كىردىم، - دېدى ئۇ سېۋىتىنى يەرگە قويۇپ.

**ئولۈك-تەتۈر سۆزلىمەك** مەنتىقىي باغلىنىشى يوق، قالايمىقان گەپلەرنى قىلماق: نېمە بولدۇڭ، يەنە ئولۈك-تەتۈر سۆزلىگىلى تۇردۇڭغۇ؟

**ئولۈك-تەتۈرنى بىلمەك** ئاق-قارىنى پەرق ئەتمەك، ياخشى-يامانىنى ئايرىماق: ئىشنىڭ ئولۈك-تەتۈرنى بىلمەي تۇرۇپ قانداقمۇ ھۆكۈم قىلغىلى بولسۇن.

**ئولۈك-تەتۈرنىڭ تايىنى يوق** ئولۈك دېسە ئولۈك ئەمەس، تەتۈر دېسە بەك تەتۈر ئەمەس، سارالڭ قېتىش؛ دۆت: ئولۈك-تە تۈرنىڭ تايىنى يوق بىرنېمىغۇ بۇ؟

**ئوڭتە ي- توڭتە ي** قايلايمقان، رەتسز، بسە رەمجان، ئاستىن- ئۈستۈن: ئۇ دەرھال ئۆينىڭ ھەممە بۇلۇڭ- پۇچقاقلرىنى تەپسلىي تەكشۈرۈپ، كارىۋات ئاستىدىكى ئوڭتە ي- توڭتە ي ياتقان نەرسلەر ئارىسىدىن ئۈستىگە «خەپ» دېگەن غەلىتە خەت ئويۇلغان بىر قەلەمنى تاپتى.

**ئوڭتە ي- توڭتە ي بولماق** قالايمىقان، ئاستىن- ئۈستۈن بولماق، قالايمقانلاشماق: ئۆينىڭ ئىچى ئوڭتە ي- توڭتە ي بولۇپ كەتكەندى.

**ئوڭتە ي- توڭتە ي قىلماق** قالايمقانلاشتۇرماق، ئاستىن- ئۈستۈن قىلماق: ئۇ ئىچى ئوڭتە ي- توڭتە ي قىلىپ تاشلانغان دۇكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. * تۈنۈگۈنكى بوران خامانغا يېيىلغان ئۆنچىلەرنى ئۇچۇرۇپ، ئوڭتە ي- توڭتە ي قىلىۋەتكەندى.

**ئوڭچە** رەۋ. باشقىلارنى شېرىك قىلماي، ئارىلاشتۇرماي؛ ئۆز ئالدىغا، ئۆزى خالىغان تەرىزدە، ئايرىم ھالدا: – ئاپامنىڭ تۆت كۆنلۈكى قالدى، ئوڭچە ئوي تۇتىسىز، – دېدى ئۇ ھەنپىگە يېلىنىپ. * قېنى، ماڭا بىرنى قۇي! ئۆزۈم ئوڭچىلا بىرنى ئىچەي! * بولدى بەس، كېتەيلى باغنىڭ يېنىدىن، ئىككىسى خالىدا ئوڭچە سۆزلەشكەي، سەممىي يالقۇنلۇق مۇھەببىتىنى بۇ بىر جۈپ قوشماقلار خۇشال كۈيلەشكەي.

**ئوڭچە قالماق** ① (بىرەر بىسات ياكى نەرسە- كېرەك) بىراۋنىڭ ئىختىيارىدا، ئۆزى قانداق قىلسا شۇنداق بولىدىغان دەرىجىدە ئۆز باشقۇرۇشىدا قالماق، ئۆزىگە يالغۇز قالماق: ئەمدى ئۆي قاسىمغا ئوڭچە قالغانىدى. * شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي ئەخمەتكە ئوڭچە قالدى. ② باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشىدىن خالىي، ئۆزى يالغۇز ھالەتتە قالماق، ئايرىم قالماق، دەخلى- تەرۇز قىلىدىغان كىشىلەردىن قۇتۇلۇپ، ئەركىن قالماق: تاماقخانىدا ئوڭچە قالغان رەيھان بىلەن قاسىم روبىرو ئولتۇرۇشتى. * دادام چايدىن كېيىن بىز ئىككىمىزنى ئوڭچە قالدۇرۇپ، ئۆزى تېرىلغۇ يەرگە چىقىپ كەتتى.

**ئوڭچى** ئى ① سىياسىي پارتىيە، تەشكىلات ياكى گۇرۇھلاردىكى سىياسىي جەھەتتە كونسېرۋاتىپ بولغان ئەكسىچە تېچىل ئېقىمغا تەۋە كىشى. ② مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ھاكىمىيىتىگە نىسبەتەن سوتسىيالىزمغا قارشى بۇزۇق ئۇنسۇرلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ: – ھازىر ئۇنداق سۆزلەر «ئوڭچىلارنىڭ پارتىيىگە قارشى سۆزى» بولۇپ قېلىۋاتامدۇ؟ – دېدى شۈكۈر قوللىرىنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ.

**ئوڭچىسىغا** رەۋ ← **ئوڭچە**: «ئەمدى ئون ئىككى تاغ ماڭا ئوڭچىسىغا قالىدىغان بولدى» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە كۈلۈپ.

**ئوڭچىل** سۈپ. ئوڭچىلارغا خاس، ئوڭچىلارغا مايىل، ئوڭچىلارنى ياقلايدىغان: مەن ئۇنىڭدا ئوڭچىل خاھىش بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

**ئوڭچىللىق** «ئوڭچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كېيىن ئۇ ئوڭچىللىققا قارشى تۇرۇش ۋاقتىدا يېزىغا ھەيدەلگەنىكەن.

**ئوڭخاي** سۈپ ① ئوڭ، بەدەننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئەزالارغا مۇۋاپىق كېلىدىغان (كىيىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە): ئوڭخاي ئاياغ. ② قول بىلەن قىلىنىدىغان ئىش- ھەرىكەتلەردە ئوڭ قولىنى كۆپرەك ئىشلىتىشكە ئادەتلەنگەن، شۇنداق ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسىنى ئوڭ قولى بىلەن قىلىدىغان: ئوڭخاي بالا.

**ئوڭدا** رەۋ. يۈزى، ئالدى تەرىپى يۇقىرىغا قاراپ تۇرغان، دۈمبىسى، ئارقا، كەينى

تەرىپى يەرگە ياكى يەر بىلەن پاراللېل تەكشىلىكتە تېگىپ تۇرغان ھالەتتە: ئۇ ئۆرۈلۈپ ئۇگدا بولۇپ، ئاسمانغا قاراپ خىيالغا پاتتى. * – قازاننى ئۇگدا قىل، – دېدى ئۇ بالىسىغا قاراپ ئاچچىق بىلەن.

**ئۇگدا بولماق** ئۇگدا ھالەتتە كەلمەك، يۈزى يۇقىرىغا، كەينى تەرىپى يەرگە قاراپ تۇرغان ھالەتتە كەلمەك.

**ئۇگدا پۈرمە** <گېئول> پۈرمىلىك تۈزۈلمىلەرنىڭ تاغ جىنىس قاتلاملىرى تۆۋەنگە قاراپ ئېگىلگەن قىسمى.

**ئۇگدا چۈشمەك** مەغلۇپ بولماق، يېڭىلمەك؛ خاراب بولماق، ۋەيران بولماق: – ئەپلەپ ئىش تۇت، بولمىسا ھېلىقى ھېكىم دېگىنى يامان نېمە، ئۇگدا چۈشمە يەنە، – دېدى ئۇ ئەخمەتكە نەسىھەت قىلىپ.

**ئۇگدا قالماق** ← **ئۇگدا چۈشمەك**: كارخانىنىڭ ئۇگدا قېلىشى بىزگىمۇ ناھايىتى كۆپ زەربە بولدى.

**ئۇگدا قويماق** زىيانغا ئۇچراتماق؛ مەقسەت-مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا يول قويماسلىق، مەقسەت-مۇددىئاسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا توسقۇنلۇق قىلماق، زەربە بەرمەك: ئۇنىڭ مەقستى دېھقاننى تويدۇرۇش ئەمەس، ئۆزىنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى قاندۇرۇش ئىكەن، لېكىن ئايخان ئۇنى قاتتىق بىر ئۇگدا قويدى.

**ئۇگدا قىلماق** ئۇگدا ھالەتكە، يۈزى يۇقىرىغا قاراپ تۇرغان، كەينى ياكى غولى يەرگە تېگىپ ياكى قاراپ تۇرغان ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇلار كەلگەندە ئەيسا پاششاپ دۈم ياتاتتى، ئاسىم ئۇنىڭ مۈرىسىدىن تارتىپ ئۇگدا قىلدى.

**ئۇگدا ياتماق** ئىش-ئۇقەت قىلمايلا بىكار يۈرمەك: ئۇگدا ياتقان گىردە يەپتۇ، كەتمەن چاپقان جىگدە (يەپتۇ) (ماقال).

**ئۇگدا-دۈمدە** ئاستىن-ئۈستۈن، ئۇگدا ھەم دۈمدە: ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، ئۆيى ئۇگدا-دۈمدە بولۇپ چۆگىلەۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

**ئۇگدىسىچە** رەۋ. ئۇگدىسىچە، ئۇگدا، ئالدى تەرىپىنى يۇقىرىغا قاراتقان ھالەتتە: ئۇگدىسىچە ئۈزۈش.

**ئۇگدىسىچە ئۈزۈش** <تەن> سۇ ئۈزۈش تۈرلىرىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچى سۇدا ئۇگدىسىچە بولۇپ، ئىككى بىلىكىنى بوشلۇق ئارقىلىق ئالدىغا يۆتكەپ، مۈرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە سۇغا سېلىپ، ئاندىن بەدەن يېنى ئارقىلىق ئارقىغا سۇنى سىيرىپ، ئىككى پۇتىنى بىر ۋاقىتتا تۈز سوزۇپ، نۆۋەت بىلەن سۇنى بىر ئۈستىگە تېپىپ، بىر تۆۋەنگە باسىدۇ. مۇسابىقە تۈرى 100 مېتىر ۋە 200 مېتىر بويىچە بولىدۇ.

**ئۇگدىسىغا** رەۋ. ئۇگدا، ئۇگدىسىچە؛ ئالدى تەرىپى يۇقىرىغا قاراپ تۇرغان، دۈمبىسى، ئارقا تەرىپى يەرگە قارىغان ھالەتتە: ئۇگدىسىغا چۈشمەك. * «نېمە ئاۋاز بۇ؟» ئۇ ئۇگدىسىغا ئۆرۈلۈپ خىيالغا چۆكتى.

**ئۇگدىسىغا چۈشمەك** ← **ئۇگدا چۈشمەك**: – شۇنچە دېسەم ئۇنىمىدى، ئەمدى كارىم يوق، چېتى يېرىلىپ ئۇگدىسىغا چۈشكەندە ئاندىن بىلەر... – دېدى ئۇ ئېغىر ئۇھ تارتىپ.

**ئۇلگ-سول** ئۇلگ ۋە سول: – قاراڭغۇدا ئۇلگ-سولنى قانداق بىلىمەن، ئاۋۋال شامنى يېقىڭ، – دېدى ئۇ دادىسىغا.

**ئۇگشاتماق** «ئۇگشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي

دەرىجىسى: — ماتورنىڭ ماي تۈرۈپكىلىرىنى ئۇگشتىمەن، دەپ، — شوپۇر ئادىللارغا قاراپ قويدى، — ئۆزۈمۇ كەچرەك كېلىپ قاپتىمەن.

**ئۇگشاشماق** «ئۇگشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوۋاينىڭ ئۇنىمغىنىغا قارىماي بىللە بىرىپ، هارۋىسىنى ئۇگششىپ بەردۇق.

**ئۇگشالماق** ① «ئۇگشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ ماشىنىسى يېرىم سائەتتە ئاران ئۇگشالدى. * هازىر زامان ئۇگشالدى، باللارنىڭ ھەۋەسلىرىمۇ هال-ئەھۋالىمىزغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ-دە. ② «ئۇگشماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — خېلى ئۇگشلىپ قالدىلىمۇ؟ — دېدى ئۇ ھېلىقى كېسەلدىن ئەھۋال سوراپ.

**ئۇگشماق** پ ① بۇزۇلغان نەرسىلەرنى رېمونت قىلىپ تۈزىمەك، ساق، نورمال ھالىتىگە كەلتۈرمەك: ئادىل ئوتۇن ياراتتى، بۇزۇلغان نەرسە-كېرەكلەر بولسا ئۇگشايتتى. * ھېلىقى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن يەرنى ئۇگشاپ بولغانىدۇق. ئەمدى يەنە بىر يەر گۆمۈرۈلىدىغاندەك تۇرىدۇ. ② رەتسىز، قالايمىقان نەرسە ياكى ھالەتنى رەتلىك، رۇس ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ ياخشىلىماق: بىرنەچچە كۈنلۈك جاپالىق كۈرەشتىن كېيىن قالايمىقانچىلىق ئاساسىي جەھەتتىن ئۇگشالدى. * يولداشلىق مېھرىدە ئەپچىل قول بىلەن ياتاقنى ئۇگشىدى، ئاقلاپ بەردى ئۇ. ③ ئىش-ھەرىكەت ياكى گەپ-سۆزدىكى ناتوغرىنى توغرىلىماق، تۈزەتمەك مۇۋاپىقلاشتۇرماق: ئۇ بۇ ھېكايىنى بىرنەچچە قېتىم ئۇگشاپ ئاندىن بىر گېزىتكە ئەۋەتتى. * ئۇ قىزنىڭ رايىنى ياندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن دەرھاللا تەلەپپۇزىنى ئۇگشىۋالدى. * توغرا دېدىڭ، سەۋەنلىكلىرىمىزنى ئۇگشۈۋېلىش ئۇنچە تەس ئەمەس، ئادەم ھەممىنى قىلالايدۇ. ④ كۆچمە. ناچار، يامان ھالەتنى ياخشىلىماق، غەم، قايغۇدىن خالاس قىلماق: تاپقان پۇلۇگلار بىزنىڭ ھالىمىزنى ئۇگشيالمىدى، تۇنۇگۇن سىلەر يوق، ئامانگۇل مەكتەپتىن يىغلاپ كەلدى. * ئۇنىڭغا ئازراق ياردەم قىلايلى ئۆزىنى ئۇگشىۋالسۇن. * مىنى يارىتقۇچىنىڭ ئۆزى ھىمايىسىگە ئېلىپ، بېشىمىزنى ئۇگشىدى. ⑤ تىنچلاندۇرماق، ياخشىلىماق، يامان پايدىسىز تەرەپكە مېڭىشتىن توسماق، ياخشى تەرەپكە بۇرىماق: بىز ۋەزىيەتنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۇگشاپ، زور ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئالدۇق.

**ئۇگغۇل-دوگغۇل** ئاستىن-ئۈستۈن، ئېگىز-پەس، تەكشى ئەمەس، ئوي-دوگغۇل: كەلگۈن سۈيى يولنى يالاپ، ئۇگغۇل-دوگغۇل قىلىۋەتكەنىدى. * لۇتپۇللا كەتمەن بىلەن لاي چېلىكىنى ئالدى، ئۇلار چىقىپ ئۆي تېمىنىڭ ئۇگغۇل-دوگغۇل يەرلىرىنى تۈزەشتۈردى.

**ئۇگلاتماق** «ئۇگلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇگلاشماق** «ئۇگلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇگلاشتۇرماق** پ. ئۇگلاش، تۈزەش قاتارلىق ئىشلارنى قىلماق: سادىق ئوغۇت خالتىلىرىنى ئۇگلاشتۇرۇپ بولۇپ، كوزوپتىن يەرگە قايتىپ چۈشتى.

**ئۇگلانماق** ① «ئۇگلماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: سىز بازارنى بىر ئايلىنىپ كېلىڭ، كاجنى بازار ئۇگلايدۇ دېگەن گەپ بار، ئۇگلىنىپ كېلەرسىز ئاڭغىچە مەن قاراپ تۇراي. ② «ئۇگلماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ خېلى ئۇزاق تىركىشىشى نەتىجىسىدە ۋېلسىپت ئاخىر ئۇگلاندى.

**ئۇگلۈق** سۈپ. ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان، توغرا ئىش قىلىدىغان، ھەم خۇش خۇي،

ئەقىللىق، گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكىتى بىلەن كىشىنى مايىل قىلىدىغان: بۇ تېۋىپ ھەقىقەتەنمۇ پەم-پاراسەتلىك ۋە بەكمۇ ئوڭلۇق بىر كىشى ئىدى.

**ئوڭلماق** پ ← **ئوڭشىماق**: ئاخۇن بەگ ئۇنىڭ ئالدىغا ئون سەر كۈمۈش تەڭگە قويۇپ «چىڭگالڭ خوجامغا ئۆزلىرى بىرنېمە دەپ، بۇ ئىشنى ئوڭلاپ قويۇڭلا» دېدى.

**ئوڭماق** پ. جانت. ئوڭۇشلۇق بولماق؛ ياخشىلانماق، راۋاجلانماق، ئوڭلانماق، كۆڭۈلدىكىدەك بولماق: تۇغان بېشىدا دەرەخ ئوڭماس، باينىڭ قېشىدا گاداي ئوڭماس (ماقال). * ئەتىگەن ئوڭمىغان كەچ ئوڭماس (ماقال).

**ئوڭۇش** ئى. مۇۋەپپەقىيات، نەتىجە؛ روناق؛ يول، ئەپ: ئوڭۇش تاپماق.

**ئوڭۇش تاپماق** مۇۋەپپەقىيەت، نەتىجە قازىنىشنىڭ يولىغا كىرمەك، روناق تېپىشنىڭ ئېپىگە چۈشۈۋالماق، يول تاپماق، روناق تاپماق: ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى ئەمەلىيەتتە خېلى ئوڭۇش تېپىپ قالدى.

**ئوڭۇشسىز** سۈپ. ئوڭۇش تاپمىغان، ئوڭۇشلۇق، مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىغان ياكى بولمايدىغان، نەتىجىسىز، پايدىسىز؛ نامۇۋاپىق: — بىز ئەمدى ئۇرۇشنىڭ ئوڭۇشلۇق تەرىپىدىنلا ئەمەس، ئوڭۇشسىز تەرىپىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ باقايلى، — دېدى ئۇ سەل توختىۋېلىپ.

**ئوڭۇشسىزلىق** «ئوڭۇشسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىساڭ، بىر ئەقىل تاپىسەن (ماقال).

**ئوڭۇشلۇق** سۈپ. مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان، مۇۋەپپەقىيەتلىك، نەتىجىلىك؛ كۆڭۈلدىكىدەك، جايىدا؛ ياخشى؛ پايدىلىق: — ئىشلىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولغاندۇ؟ — سورۇدۇم مەن ئۇنىڭدىن. * ئۇ قىسمىنى نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنىڭ ئوڭۇشلۇق

ئىمكانىيەتلىرى بىلەن تەمىن ئەتتى. ‖ ئۇ ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ خۇدادىن ئۆز سودىسىنى ئوڭۇشلۇق قىلىشنى تىلەيتتى.

**ئول** ئال. يېزت. ئۇ: ئول قۇش ئۇچۇپ كەلگەن پېتى شاھ ئادىلنىڭ بېشىغا قوندى. * ئەلقىسسە، ئول كۈنى قاراقچى شاھ پەررۇخنى ئېلىپ قاچتى.

**ئولاشتۇرماق** «ئولاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئۇلاغ ئوتۇن قېشىغا مىڭ كىشىنى ئولاشتۇرۇپ، ئۆرلىتىپ نەرخىنى ھەم ماجىراغا قويدۇرغان سوغۇق.

**ئولاشتۇرۇلماق** «ئولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئولاش-چولاش** ھەممە يىلەن بىرلىكتە، كوللېكتىپ ھالدا، توپلاشقان پېتى: قىمارۋازلار ئولاش-چولاش كېلىپ بىرەر پارچىدىن گۆش يەپ، بىر چىنىدىن شورپا ئىچىپ، بىردەم پاراڭ سېلىشقاندىن كېيىن تارقاپ كېتىشتى.

**ئولاشماق** پ ① يىغىلماق، توپلاشماق: كۆپچىلىك كۈلۈشۈپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. * ئاياللار يىگىتنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ يۈزلىرىدىن چۈمپەردىلىرىنى ئېلىشىپتۇ. ② پەيدا بولماق، يېپىشماق: خەتنى ئوقۇغانسېرى ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولىشىپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. * ھارۋىنىڭ ئىرغىتىشى، ناخشىنىڭ ئەللەيلىشى بىلەن توختى شۇجىنىڭ ھارغىن كۆزىگە ئاستا-ئاستا ئۇيقۇ ئولاشتى. * داد-پەرياد، شۇم پەلەكنىڭ دەستىدىن، دەردۇ ھىجران يۈرىكىمگە تۇتاشتى، قان يىغلىدىم جۇدالىقنىڭ زۇلمىدىن، بۇگۈن ماڭا سانسىز بالا ئولاشتى.

**ئولاق** ئى ① ياغاچتىن ئىچى ئويۇپ ياسالغان كېمە. ② ھايۋانلارغا يەم-خەشەك بېرىش، تېرە ئاشلاش قاتارلىقلاردا

ئىشلىتىش ئۈچۈن ياغاچتىن ئىچىنى ئويۇپ ياسىغان ئوقۇر شەكىللىك سايمان: ئولاقتا مال سۇغارماق.

**ئولپاق** ئى. كىچىك بالىلارنىڭ قۇلاقچىسى، تۇماق.

**ئولپاڭ** ئى ① ئاغزى كىچىك، تېگى يوغان ھەم چوڭقۇر ئازگال. ② كونىراپ ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، ئادەم ئولتۇرمايدىغان خارابىلىك: ئولپاڭ توپىسى.

**ئولپان** ئى. دېھقانلاردىن ئېلىنىدىغان تۈرلۈك باج-سېلىق: ئولپان تاپشۇرماق.

**ئولتۇراق** سۈپ. ئادەملەرنىڭ دائىملىق ئولتۇرۇشى، ماكان قىلىشى ئۈچۈن تەييارلانغان: ئىدارىمىزدە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئولتۇراق ئۆيى سېلىنىۋاتىدۇ.

**ئولتۇراقلاشتۇرماق** «ئولتۇراقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئولتۇراقلاشتۇرۇلماق** «ئولتۇراقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئولتۇراقلاشماق** پ. مەلۇم بىر يەرنى مۇقىم تۇتۇپ، شۇ يەرگە يەرلىشىپ، ئۆي-جاي سېلىپ، شۇ يەردە ياشىماق: ئۇلار سىزنىڭ مەھەللىگە ئولتۇراقلاشتى.

**ئولتۇراقلىق** سۈپ. ماكان تۇتۇپ ئولتۇرغان، جايلىشىپ قالغان: ئۇ شاياڭ دېگەن يەردە ئولتۇراقلىق بولۇپ قالغان.

**ئولتۇرسا-قوپسا** ھەمىشە، ھەر دائىم، ھەر ۋاقىت: ئۇ ئولتۇرسا-قوپسا ھېلىقى بالىنىڭ غېمىنى يەپ يۈردى.

**ئولتۇرغۇچ** سۈپ. ئادەم ئولتۇرغاندا پۈتۈن بەدەننى تىرەپ تۇرىدىغان ۋە ياكى بۇ خىل ھەرىكەتلەرنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان: ئولتۇرغۇچ سۆڭەك. ئولتۇرغۇچ نېرۋا.

**ئولتۇرغۇچ سۆڭەك** ‹ئانات› ئادەم ئولتۇرغاندا بەدەننىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ ئېغىرلىقىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان سۆڭەك. ئوڭ ۋە سولدا بىردىن بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ دوۋسۇن سۆڭىكى بىلەن قوشۇلۇپ يانپاش سۆڭىكىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ئولتۇرغۇچ سۆڭەك نېرۋىسى** ‹ئانات› ئادەم بەدىنىدىكى ئەڭ توم ۋە ئەڭ ئۇزۇن نېرۋا، يەنى يۇلۇن نېرۋىلىرىنىڭ تۆۋەنكى مۇچىگە تارقالغان بىر ئۇچى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى تۆۋەنكى مۇچىدىكى ئېگىلمە ھەرىكەتلەرنى ئىدارە قىلىشتىن ئىبارەت.

**ئولتۇرغۇزماق** ① «ئولتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. ② توي كۈنى قىزنى ئورۇق-تۇغقان ياكى يېقىن قوشنىلىرى كۆچۈرۈپ كەتكۈچە بولغان ئارىلىقتا، مەلۇم جايدا دوستلىرى بىلەن كۈتمەك: يۇلتۇز ئۇنى دوستلىرى بىلەن ئۆيدە ئولتۇرغۇزدى.

**ئولتۇرغۇزۇشماق** «ئولتۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشچىلار ئۇنى كارىۋاتقا ئەكىلىپ ئولتۇرغۇزۇشتى.

**ئولتۇرغۇزۇلماق** «ئولتۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جاللات تىزلىنىپ ئولتۇرغۇزۇلغان تۇرسۇن ئاتىنىڭ بويىنىغا چەنلەپ تۇرۇپ قىلىچ ئۇردى.

**ئولتۇر-قوپ** ئولتۇرغان ھەم ئۆرە تۇرغاننىڭ ھەممىسى، شۇ يەردىكى ھەممە كىشىلەر: يولداش سادىقنىڭ باشلامچىلىقىدا ئولتۇر-قوپ ھەممىسى جاسارەت بىلەن كۈرەش قىلمىغان بولسا بۇ بۇغدايلار بولمىغان بولاتتى.

**ئولتۇرماق** پ ① ئۆرە تۇرماي يەر، ئورۇندۇق ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش بىرەر جاي ياكى نەرسىگە ساغرىسىنى چاپلاپ جايلاشماق، ئورۇنلاشماق: پەرھات بېشىنى ساڭگىلاتقان

ھالدا ئورنىغا بېرىپ ئولتۇردى. * ئۇلار ئېگىز ھەم بۈك-باراقسان بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ② كۆچمە. ھېچ ئىش قىلماي ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزمەك، بىكار تۇرماق: — بۇنداق ئولتۇرغۇچە، بىرەر ئىش قىلغاچ تۇرساڭ ياخشى بولارمىكىن!؟ — دېدى ئۇ ئالىمغا ئاچچىقلانغاندەك قىلىپ. * قاسىم ئۆيگە كىرگەندە خوتۇنى ئىشتىن كېلىپ كىنوغا ئالدىرىغاچقا، تاماقمۇ ئەتمەي ئولتۇرغانىدى. ③ كۆچمە. بىرەر جايغا بېرىپ ياكى يىغىلىپ مۇڭدىشىدىغان، پاراڭلىشىدىغان، ساز چېلىپ، زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇپ كۆڭۈل ئاچىدىغان ئىشنى قىلماق، شۇنداق پائالىيەتكە قاتناشماق: يېڭى يىل مۇناسىۋىتى بىلەن ھەممەيلەن يىغىلىپ تۇرسۇننىڭ ئۆيىدە ئولتۇردۇق. * — بىزنىڭ ئۆيدە ئولتۇرايلى، — دېدى ئۇ بىزنى تەكلىپ قىلىپ. * — ۋاقتىڭىز يەتسە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىڭ جۇمۇ، — دېدى ھەسەنەم ئۇنى ئۇزاتقىلى چىقىپ. ④ كۆچمە. بىرەر ئورۇننى ماكان تۇتۇپ ئورۇنلاشماق، جايلاشماق، ھايات كەچۈرمەك، ياشىماق: — سىلە قەيەردە ئولتۇرىلا؟ — دەپ سورىدى ئالىم. * قۇتلۇق ھاجىم دېگىنىمىز نو بېشى كوچىسىدا ئولتۇرىدىغان، كىشى ئالدىدىن ئۆتۈشكە ئەيمىنىدىغان ھۆرمەتلىك ئادەم. * ئۇ ئىككى ئوغلى بىلەن بىر ئېغىز ئۆيدە قىسىلىپ ئولتۇراتتى. ⑤ تۈرلۈك قاتناش قوراللىرىغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئورۇنلاشماق، چىقماق: ئەتىسى لەيلىگۈل ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە كەلدى. * بىز پويىزغا ئولتۇرۇپ بېيجىڭغا باردۇق. ⑥ تاغ ياكى ئېگىزلىكنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ كۆرۈنمەي قالماق، پاتماق (ئاي، كۈن قاتارلىقلار ھەققىدە): ئولتۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى بۇ كەڭ قۇملۇقنى رەڭدار ئەتلەستەك قىزغۇچ رەڭ بىلەن بويىغانىدى. ⑦ كۆچمە (ھوقۇق-ئەمەل ياكى تەخت قاتارلىقلارغا) چىقماق، بەلگىلەنمەك، تەيىنلەنمەك: ئۇ چوقۇم سوت باشلىقلىقىدىنمۇ يۇقىرىراق مەنسەپكە ئولتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇۋال بوپتۇ. ⑧ ئومۇمەن ئىزىدا جىمراق تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە تۇتۇش قىلماق، شۇنداق پائالىيەتنى باشلىماق: ئۇلار تاغدىن چۈشتى، ھەممىمىز بىرلىكتە تاماققا ئولتۇردۇق. ⑨ كۆچمە. قونماق: بىر جۈپ تۇمۇچۇق كېلىپ بۇلۇڭدىكى ئانارنىڭ شېخىغا ئولتۇردى. ⑩ كۆتمەك، ساقلىماق؛ ياتلىق بولماي تۇرماق (ئاياللار ھەققىدە): ئەقىدە ئۈچ ئون تۆت يىل ئولتۇرۇش قىز بالا ئۈچۈن ئوڭايمۇ؟ ⑪ تۇس ياردەمچىسى رولىدا پېئىلنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن بىرىكىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن مەنىنى تەكىتلەش، تېخىمۇ كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: ئۇ بالا ھەدەپ ئويۇنچۇقنى ئويناپ ئولتۇراتتى. * ئۇ قىزىل بۇرۇننى ئەمدى ئاياپ ئولتۇرمىدى. * — ئاڭلىغان بولساڭ، بىز يەنە گەپ قىلىپ ئولتۇراتتۇقمۇ، — دېدى ھېلىقى ئىشچى. * ئانداق بولسا يەنە نېمىشقا سۆزلەپ ئولتۇرىسەن؟

**ئولتۇرالماي قالماق** ئومۇمەن ئۆزىنىڭ نورمال روھىي ھالىتىنى يوقىتىپ ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلەشمەك: مەن ھاياجانلىنىپ ئولتۇرالماي قالدىم. * ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى ئولتۇرالماي قالدى.

**ئولتۇرۇپ قالماق** يېشى چوڭىيىپ كەتسىمۇ ئېيىدە لايىق چىقماي تۇرۇپ قالماق (قىزلار ھەققىدە): ئۇنىڭ يۇتى توكور بولغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياكى باشقا سەۋەبلىرى بارمۇ، ئىشقىلىپ، ھازىرغىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

**ئولتۇرۇش** ① «ئولتۇرماق» سۆزىنىڭ

يەنە بىر خىل ئىسىم شەكلى. ② بىرنەچچە يىلەن بىرلىكتە ئولتۇرۇپ كۆڭۈل ئېچىش ياكى ئويۇن-تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەت، چاي: ئۇلار بۇنىڭدىن بىر يىل بۇرۇن بىر دوستىنىڭ ياتىقىدىكى ئولتۇرۇشتا تونۇشۇپ قالغانىدى.

**ئولتۇرۇشاڭغۇ** سۈپ. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئولتۇرۇشۇپ قالغاندەك كۆرۈنىدىغان: ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرى قىزارغان بۇ كىشى دەل بىز ئىزلەۋاتقان كىشىنىڭ ئۆزى ئىكەن.

**ئولتۇرۇشلۇق** سۈپ. ئولتۇرىدىغان ماكان تۇتۇپ ياشاپ كېلىۋاتقان، ھايات كەچۈرىۋاتقان: ئۇ تاشۋاينى ئارىيار مەھەللىسىدە ئولتۇرۇشلۇق قىزىقچى - شىرمەھەممەتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى.

**ئولتۇرۇشماق** ① «ئولتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② ئەسلى ئورنىدىن چۆكۈپ، تۆۋەنلەپ، پەسلەپ كەتمەك، ئۆزلۈكىدىن پەسلىمەك؛ ئىچىگە كىرىپ كەتمەك: — بۇ قەبرە بەك ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتۇ. يېڭىلاپ قويساق بولغۇدەك، — دېدى ئابباسوۋ بوۋايغا قاراپ. * ھاشىماخۇن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ، تاتىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى چىشلىدى.

**ئولجا** ئى ① ئۇرۇش-جەڭلەردە قارشى تەرەپتىن تارتىۋېلىنغان، غەنىيمەت ئېلىنغان بۇيۇم، نەرسە: بىز شتابقا كېلىپلا دۈشمەندىن ئولجا ئالغان قوراللارنى ئىشلىتىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدۇق. * ئۇلار كوچا-كوچىلارغا: «ھەرقانداق ئادەم قۇمۇلغا بېرىپ ئۇرۇشقا قاتناشسا، ئالغان ئولجىسى ئۆزىنىڭ بولىدۇ» دەپ ئېلان چاپلىدى. ② شىكار، ئوۋغا چىققاندا ئوۋلىغان نەرسە، ئوۋ: بىز يۈرىمىز ئولجا ئىزلەپ، ئوۋ ئوۋلاپ، قىلىن قاردا قالار ئېنىق ئىزىمىز. كېيىك قوغلاپ يامىشىمىز تاغلارغا، كېيىك كەبى چاققان بولۇپ ئۆزىمىز.

**ئولجا ئالماق** ئۇرۇش-جەڭلەردە قارشى تەرەپتىن تۈرلۈك نەرسىلەرنى تارتىۋالماق، ئېلىۋالماق: ئۇلار ئون ئىككى تال مىلتىق، تۆت يەشىك ئوق، بىرقانچە توياق ئات ئولجا ئالدى.

**ئولچى** ئى. تارىس. قەدىمكى ئۇيغۇر خاندانلىقلىرىدىكى بىر خىل ئەمەل نامى: — بۇ كىشى قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ چېرىكلەر ئولچىسى قېرىندىشىمىز ئارسلانبەگ، — دېدى ئۇ يېڭى مېھماننى تونۇشتۇرۇپ.

**ئولغام** ئى. تۆگمەنچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان، چىمچىلاق قولدەك ياغاچقا چىگىلگەن، يەمنى ئازايتىش ياكى كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدىغان تانا يىپ.

**ئولىگارخىيە** ئى [ر< گرېك] < پەلس > ئاز ساندىكى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلار ھەممىنى كونترول قىلىدىغان بىر خىل سىياسىي تۈزۈم.

**ئولىمپىك** سۈپ [د] ← **ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى.**

**ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى** < تەن > خەلقئارالىق تۆت يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقە يىغىنى. قەدىمكى گرېتسىيىنىڭ ئولىمپىيە كەنتىدىكى ماھارەت مۇسابىقىلىشىشتىن كېلىپ چىققان. ھازىرقى زامان 1-نۆۋەتلىك ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى 1896-يىلى گرېتسىيەدىكى ئافىنادا ئۆتكۈزۈلۈپ، شۇنىڭدىن كېيىن ھەر تۆت يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈلۈپ كېلىپ، ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئۈچ نۆۋەت ئۆزۈلۈپ قالغان. قىشلىق تەنھەرىكەت تۈرلىرىنىڭ مۇسابىقىسى ئايرىم ھالدا

قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئوم** مىق (ر< نېم) < فىز > ئېلېكتر قارشىلىق بىرلىكى. ئۆتكۈزگۈچتىكى ئېلېكتر بېسىمى 1 ۋولت، ئۇنىڭدىن ئۆتكەن توك 1 ئامپېر بولغاندا، ئۆتكۈزگۈچنىڭ قارشىلىقى 1 ئوم بولىدۇ. بۇ بىرلىك گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى ئوم (Georg Simon Ohm) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**ئوما** (توغرىسى: ئورما) ← **ئورما**.

**ئومارتا** ئى. ھەسەل ھەرىسى باقىدىغانساندۇق.

**ئوماق** سۈپ. چىرايلىق ھەم يېقىملىق، كىشىنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان، كىشىنى جەلپ قىلىدىغان: ئاھ، شىراق، كۆڭلىڭىز تاشمىدۇر سىزنىڭ، قالامدىم بىر ئۆمۈر كۆزۈمنى ياشلاپ؟ كېتەمسىز شۇ ئوماق ئوغلىڭىز بىلەن سۆيگەن يارىڭىزنى قايغۇغا تاشلاپ.

**ئوماقلاشتۇرماق** «ئوماقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوماقلاشماق** پ. ئوماق، چىرايلىق ھالەتكە كەلمەك، چىرايلىقلاشماق: يىغىدىن كۆزلىرى قىزارغان لەيلىگۈل تولىمۇ ئوماقلىشىپ كەتكەنىدى.

**ئوماقلىق** «ئوماق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇق، يوغان كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، جۇدەڭگۈ چىرايى ئاپئاق ئىدى. لېكىن ئۇنىڭدىن بىر خىل نازۇكلۇق ۋە ئوماقلىق چىقىپ تۇراتتى.

**ئومبا-دومبا** دىئال. تومپاي.

**ئومۇت** ئى (ئە) تارس. قەدىمكى بىر خىل جەڭ قورالى. ئادەتتە سېپى، تاۋۇزغا ئوخشاش يۇملاق بېشى ھەم بېشىدا ئۇچلۇق مىخلىرى بولىدۇ.

**ئومۇرتقا** ئى < ئانات > ئادەم ۋە ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار دۈمبە قىسمىنىڭ ئاساسىي تىرىكى. ئادەمدە 33 تال ئومۇرتقا سۆڭىكى بولۇپ، خۇددى تۈۋرۈككە ئوخشاش تۇرىدۇ. ئارقا تەرىپىنىڭ مەركىزى ۋە ئوتتۇرىسىدا بىر نەيچىسى بولۇپ، ئومۇرتقا كانىلىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە يۇلۇن تۇرىدۇ.

**ئومۇرتقا تۈۋرۈكى** < ئانات > ← **ئومۇرتقا**.

**ئومۇرتقا سۆڭىكى** < ئانات > ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنى تەشكىل قىلغۇچى قىسقا سۆڭەك. تۇرغان ئورنىغا قاراپ بويۇن ئومۇرتقىسى، كۆكرەك ئومۇرتقىسى، بەل ئومۇرتقىسى، توققۇزكۆز ئومۇرتقىسى ۋە قۇيرۇق ئومۇرتقىسى دەپ بەشكە بۆلۈنىدۇ. بىرىنچى ۋە ئىككىنچى بويۇن ئومۇرتقىسىدىن باشقا ھەر ئىككى ئومۇرتقا سوڭىكىنىڭ ئارىلىقىدا ئومۇرتقا ئارىلىق تەخسىسى بولىدۇ. ئادەمنىڭ ئومۇرتقا سۆڭىكى جەمئىي 33 پارچە، يەنى بويۇن ئومۇرتقىسى يەتتە؛ كۆكرەك ئومۇرتقىسى 12؛ بەل ئومۇرتقىسى بەش؛ توققۇز كۆز ئومۇرتقىسى بەش؛ قۇيرۇق ئومۇرتقىسى تۆت پارچە بولىدۇ.

**ئومۇرتقىسىز** سۈپ. ئومۇرتقىسى يوق، ئومۇرتقىغا ئىگە ئەمەس: ئومۇرۇتقىسىز ھايۋانلار.

**ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار** < زوئول > تېنىدە ئومۇرتقا سۆڭىكى يوق بولغان ھايۋانلار. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، پروتوزوئا، دېڭىز بۇلۇتى، تىپىدىكىلەر، كاۋاك ئىچلىكلەر، سازاڭسىمانلار، يۇمشاق تەنلىكلەر، بوغۇم ئاياغلىقلار ۋە تىكەن تېرىلىكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئومۇرتقىلىق** سۈپ. ئومۇرتقىسى بار، ئومۇرتقىغا ئىگە: ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار.

**ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار** < زوئول > تېنىدە ئومۇرتقا سۆڭىكى بولغان ھايۋانلار.

مەسىلەن، بېلىقلار، قوش ماكانلىقلار، سۆرەلگۈچىلەر، قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈچىلەر قاتارلىق.

**ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار زوئولوگىيىسى** < زوئول > زوئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى ھەربىر تۈركۈمدىكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ مورفولوگىيىسى، ئاناتومىيىسى، كلاسسىفىكاتسىيىسى، فىزىئولوگىيىسى، ئېكولوگىيىسى، تەدرىجىي تەرەققىياتى ۋە ئىنسانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئومۇم** ئى (ئە) كۆپچىلىك، كوللېكتىپ؛ ھەممە: ئۇلارنىڭ زور كۆپچىلىكى، تەبىئىيكى، ئىشچىلار ياكى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئومۇم ئېتىراپ قىلغان ۋەكىللىرى.

**ئومۇم گۈل رېتى** < بوت > گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ گۈل ئوقى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئورۇنلاشقان ساپاقلىق گۈللەر بولىدۇ. مەسىلەن، شەرق نەرگىسگۈلى ۋە كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ ساندىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل رېتىگە ئوخشاش.

**ئومۇمەن** رەۋ (ئە) ئاساسىي جەھەتتىن، ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا: ئوكۇل ئومۇمەن بالىغا زىيانلىق ئەمەس ئىدى، ئايال ماڭا رەھمەت ئېيتىپ، بالىنى يۆگەپ قايتىپ كەتتى.

**ئومۇملاشتۇرماق** ① «ئومۇملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بۇ يېڭى ئۇرۇقلۇقنى يېزا بويىچە ئومۇملاشتۇرۇشنى قارار قىلغانىدى. ② < لوگ > شەيئىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنى بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىماق.

**ئومۇملاشتۇرۇشماق** «ئومۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئومۇملاشتۇرۇلماق** «ئومۇملاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ خىل سۈپەتلىك شال سورتى بىر يىل تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق پۈتۈن يېزىدا ئومۇملاشتۇرۇلدى.

**ئومۇملاشماق** پ. خەلق ئارىسىغا، ئومۇمنىڭ ئىچىگە كەڭ تارقالماق؛ ئومۇمنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىپ قوللىنىشىغا، دائىملىق ھەرىكەتلىرىگە تەدبىقلىنىشىغا ئېرىشمەك: بۇ مەدەنىيەت ھەرىكىتى ئۇ چاغدا تېخى ئىشچى-دېھقانلار ئاممىسى ئارىسىغا ئومۇملىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

**ئومۇملۇق** «ئومۇم» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن ئۇنىڭ بۇ خىل كەمتەر، ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتۇش روھىدىن يەنە بىر قېتىم تەربىيە ئالدىم.

**ئومۇمىي** سۈپ (ئە) ① پۈتكۈل خەلققە، ئومۇمغا ئورتاق بولغان، كۆپچىلىكنى، ئومۇمنى ياكى شۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ئۆزىگە ئوبيېكت قىلغان: ئومۇمىي يىغىن. * ئۇرۇشتىن بۇرۇن ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي دۈشمىنى بولغان ئادەملەردىن بىرقانچىنى كۆرسىتىپ بېرىپ ئابروي تاپقان. ② جەمئىي؛ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، يىغىندا: بۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىر يۈز ئەللىككە يەتكۈزۈلدى. * — بۇ يىلقى ئومۇمىي كىرىمىڭىز قانچىگە يەتكەندۇ؟ — دېدى ئۇ ساقىدىن سوراپ. ③ ئومۇمىيۈزلۈك: ئەمەت ئومۇمىي مۇداپىئەگە مەسئۇل بولدى. * يېقىندىن بېرى باج تاپشۇرماسلىق خېلى ئومۇمىي ئەھۋال بولۇپ قالدى.

**ئومۇمىي ئايرىما** < مات > تەڭ ئايرىملىق پروگرېسسىيىنىڭ خالىغان بىر ئەزاسىنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بىر ئەزا بىلەن بولغان ئايرىمىسى دائىم ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ، بۇ ئايرىما ئومۇمىي ئايرىما دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تەڭ ئايرىملىق

پروگرېسسىيە ...+14+11+5+2 نىڭ ئومۇمىي ئايرىمىسى 3.

**ئومۇمىي ئەخلاق** < پەلس > پۈتۈن جەمئىيەت، پۈتكۈل ئىجتىمائىي ھاياتتىكى ھەممىگە ئورتاق بولغان ئەخلاق.

**ئومۇمىي بايان** ئومۇملاشتۇرۇپ قىلىنغان بايان: تىلشۇناسلىقتىن ئومۇمىي بايان. جۇڭگو ئەدەبىياتىدىن ئومۇمىي بايان.

**ئومۇمىي بۇيرۇق** < قا > دۆلەت ئورگانلىرى ئۆزىگە قاراشلىق ھەرقايسى ئورۇنلارغا ياكى مۇناسىۋەتلىك خادىملارغا چۈشۈرىدىغان ئومۇمىيۈزلۈك بۇيرۇقى.

**ئومۇمىي بۆلگۈچى** < مات > بىرنەچچە سان بىر ۋاقىتتا بىر سانغا پۈتۈن بۆلۈنسە، بۇ سان ئاشۇ بىرنەچچە ساننىڭ ئومۇمىي بۆلگۈچىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن 9، 12، 15، 18 لەرنىڭ ئومۇمىي بۆلگۈچىسى 3.

**ئومۇمىي بۆلۈنگۈچى** < مات > بىر سان بىرقانچە سانغا پۈتۈن بۆلۈنسە، بۇ سان ئاشۇ بىرقانچە ساننىڭ ئومۇمىي بۆلۈنگۈچىسى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، 2، 3، 6، 9 لارنىڭ ئومۇمىي بۆلۈنگۈچىسى 18.

**ئومۇمىي پايدا** < س ئىق > كارخانىنىڭ ئومۇمىي كىرىمىدىن پەقەت تەننەرخلا چىقىرىۋېتىلىپ، باشقا خىراجەتلەر چىقىرىۋېتىلمىگەن چاغدىكى پايدا.

**ئومۇمىي پەرق** < ماشىن > ماشىنىسازلىق ئىشلەپچىقىرىشدا، دېتاللارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىپ بولغاندىن كېيىنكى ئەمەلىي رازمېرلىرى بىلەن لايىھە تەلەپ قىلغان نەزەرىيىۋى رازمېرلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمايدۇ. دېتاللارنىڭ ئۆزئارا ئالماشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈزىسىدىن، ئوخشاشمىغان نازۇكلۇق ۋە بىرىكىش تەلىپىگە ئاساسەن، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ كىچىك چەك رازمېر بەلگىلەنگەن، مانا مۇشۇ ئىككىسىنىڭ پەرق قىممىتى شۇ دېتالنىڭ ئومۇمىي پەرقى دېيىلىدۇ.

**ئومۇمىي پرىنسىپ** قانۇن، قائىدە-نىزام قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە ماددا.

**ئومۇمىي پسىخولوگىيە** < پسىخول > ئومۇمىي پسىخىك قانۇنىيەتلەرنى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلغان پەن. پسىخىكىلىق جەريان ۋە خۇسۇسىي پسىخىك ئالاھىدىلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇنىڭدا نورمال ئادەملەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىنىڭ قانۇنىيەتلىرى تەتقىق قىلىنىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئادەتتە، ئۇ پسىخولوگىيە مەخسۇس تارماقلىرىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىلىرىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئومۇمىي تەستىقىي ھۆكۈم** < لوگ > مىقدارى ئومۇمىي، سۈپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم.

**ئومۇمىي خەلق** < پەلس > بىر دۆلەت ئىچىدىكى بارلىق خەلق.

**ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى** < س ئىق > ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ۋە مەھسۇلات ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان بىر خىل تۈزۈم. ئۇ سوتسىيالىستىك مۈلۈكچىلىكنىڭ ئەڭ ئالىي شەكلىدۇر.

**ئومۇمىي خور** < مۇز > يالغۇز كىشىلىك ناخشا، قارىمۇقارشى ئېيتىشىش، جۆر بولۇپ ئېيتىش، كوللېكتىپ تەكشى ئېيتىش ۋە خور قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كوللېكتىپ ناخشا. گاھىدا شېئىر

دىكلاماتسىيىسى ۋە ئويۇنلارمۇ ئازىلىشىپ كېلىدۇ. كۆپ چاغلاردا دۇخوۋۇي ئوركېستىرى تەڭكەش قىلىپ بېرىدۇ.

**ئومۇمىي سايلام** < قا > بىر خىل سايلام ئۇسۇلى. ئۇنىڭدا سايلاش ھوقۇقىغا ئىگە پۇقرالارنىڭ ھەممىسى دۆلەت ھاكىمىيەت ئورگىنى ۋەكىللىرىنى سايلاشقا ئومۇمىيۈزلۈك قاتنىشىدۇ.

**ئومۇمىي قانۇنىيەت** < پەلس > تۈرلۈك شەيئىلەر ئۈچۈن ئومۇمىي بولغان ئورتاق قانۇنىيەتلەر. مەسىلەن، پەلسەپە تەتقىق قىلىدىغان قانۇنىيەتلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئومۇمىي قائىدە** ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا بىرقەدەر ئومۇملاشقان، ھەممىگە ئورتاق بولغان قائىدە-پرىنسىپلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئومۇمىي كەچۈرۈم** < قا > دۆلەتنىڭ ئالىي رەھبىرى ياكى دۆلەتنىڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگىنى ئالاھىدە جىنايەتنى ياكى ئادەتتىكى جىنايەتنى ئالدىن كەچۈرۈم قىلىش.

**ئومۇمىي كۆپەيتكۈچى** < مات > ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق كۆپ ئەزالىقلا ئورتاق بولغان كۆپەيتكۈچى ئىپادە.

**ئومۇمىي مەخرەج** < مات > ھەر خىل مەخرەجلىك بىرقانچە كەسىرنىڭ مەخرەجلىرىنىڭ ئەڭ كىچىك ئومۇمىي بۆلۈنگۈچىسى بۇ بىرقانچە كەسىرنىڭ ئومۇمىي مەخرىجى دېيىلىدۇ. مەسىلەن، $\frac{5}{6}$، $\frac{4}{7}$، $\frac{3}{14}$ لەرنىڭ ئومۇمىي مەخرىجى 42.

**ئومۇمىي مەخرەجگە كەلتۈرۈش** < مات > مەخرىجى ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە كەسىرنى مەخرىجى ئوخشاش بولغان كەسىرگە ئايلاندۇرۇش. مەسىلەن، $\frac{1}{2}$ بىلەن $\frac{1}{3}$ نى ئومۇمىي مەخرەجگە كەلتۈرگەندىن كېيىن $\frac{3}{6}$ بىلەن $\frac{2}{6}$ بولىدۇ.

**ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى** < س ئىق > قىممەت شەكلى بويىچە ھېسابلانغان، ماددىي ئەشيا ئىشلەپچىقىرىدىغان تارماقلاردىكى ئەمگەكچىلەر مۇئەييەن مەزگىل ئىچىدە ئىشلەپچىقارغان ھەرخىل مەھسۇلاتلارنىڭ ئومۇمىي مىقدارى.

**ئومۇمىي مۈلۈك** < س ئىق > ئومۇمىي خەلق ئىگىدارچىلىقىدىكى مۈلۈك.

**ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك** < س ئىق > ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى ئومۇم تەرىپىدىن ئىگىدارچىلىق قىلىنىدىغان بىر خىل تۈزۈم. ھازىر مەملىكىتىمىزدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى سوتسىيالىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىكى بىلەن سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈزۈمدۇر.

**ئومۇمىي نىسبەت** < مات > تەڭ نىسبەتلىك پروگرېسسىيىنىڭ ئۆزئارا قوشنا ئىككى ئەزاسىنىڭ كېيىنكىسىنىڭ ئالدىنقىسىغا بولغان نىسبىتى دائىم ئۆزئارا تەڭ بولىدۇ، بۇ نىسبەت ئومۇمىي نىسبەت دېيىلىدۇ. مەسىلەن، تەڭ نىسبەتلىك پروگرېسسىيە $1+\frac{1}{2}+\frac{1}{4}+\frac{1}{8}+\cdots$ نىڭ ئومۇمىي نىسبىتى $\frac{1}{2}$.

**ئومۇمىي ھەقىقەت** < پەلس > ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ توغرا ئىنكاسى، شۇنداقلا تۈرلۈك شەيئىلەر ياكى مەلۇم بىر تۈردىكى شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەشتە كەم

بولسا بولمايدىغان ھەرىكەت قىلىنىماسىدۇر. ئومۇمىي ھەقىقەت شۇ ۋاقىت، شۇ جاينىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرگەندە ئاندىن كۈچ-قۇدرىتىنى جارى قىلالايدۇ، ماركسىزم ئومۇمىي ھەقىقىتى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىدۇ.

**ئومۇمىي ھۆكۈم** < لوگ > ھۆكۈملىگۈچىسى ھۆكۈملەنگۈچىسىنىڭ بارلىق ھەجىمگە قارىتىلغان ھۆكۈم.

**ئومۇمىي ئۇرىغۇچى يوپۇرماق** < بوت > گۈل رېتىمىنىڭ تۆۋىدىكى ئۇرىغۇچى يوپۇرماقلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ئومۇمىي ئۇرۇنما** < مات > ئىككى چەمبەر بىلەن ئۇرۇنغان تۈز سىزىق بۇ ئىككى چەمبەرنىڭ ئومۇمىي ئۇرۇنمىسى دېيىلىدۇ. ئەگەر ئىككى چەمبەر ئومۇمىي ئۇرۇنمىنىڭ بىر تەرىپىدە ياتسا، بۇ ئومۇمىي ئۇرۇنما تاشقى ئومۇمىي ئۇرۇنما دېيىلىدۇ؛ ئەگەر ئىككى چەمبەر ئومۇمىي ئۇرۇنمىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ياتسا بۇ ئومۇمىي ئۇرۇنما ئىچكى ئومۇمىي ئۇرۇنما دېيىلىدۇ.

**ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش** < قا > دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئەھۋال ياكى مۇكاپاتلاش، جازالاش توغرىلىق مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا ياكى خادىملارغا ئومۇمىيۈزلۈك ئۇقتۇرۇش قىلىش يۈزىسىدىن چىقارغان ھۆججىتى.

**ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەمگەك** <س ئىق> ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىشتا، ھەربىر ئىشلەپچىقارغۇچىنىڭ جەمئىيەت ئېھتىياجلىق بولغان، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۈرلۈك مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلغان ئەمگىكىنىڭ يىغىندىسى. ۋاقىت جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇ ئومۇمىي ئىجتىمائىي ئەمگەك ۋاقتى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

**ئومۇمىي ئىجتىمائىي مەھسۇلات** <س ئىق> مۇئەييەن مەزگىل (ئادەتتە بىر يىل) ئىچىدە ئىشلەپچىقارغان ماددىي ئەشيالارنىڭ يىغىندىسى. تاۋار ئىگىلىكى شارائىتىدە، ئۇ ناتۇرال شەكلى ۋە قىممەت شەكلى بولۇپ ئىپادىلىنىدۇ.

**ئومۇمىي ئىسىم** < تىل > شەيئى ۋە ئۇقۇملارنىڭ ئومۇمىي تىپ بىرلىكىنى، ئابستراكت چۈشەنچىنى ئىپادىلەيدىغان ئىسىملار. مەسىلەن، «تاغ» دېگەن ئىسىم ھەممە تاغلار ئۈچۈن؛ «ئادەم» دېگەن ئىسىم ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن ئورتاق، «سىياسەت»، «نەزەرىيە»، «تىل» قاتارلىق ئىسىملارنىڭ ھەر بىرى بىر خىل ئابستراكت چۈشەنچىنى بىلدۈرىدۇ. مانا مۇشۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ ھەممىسى ئومۇمىي ئىسىم دائىرىسىگە كىرىدۇ.

**ئومۇمىي ئىگىلىك** <س ئىق> پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى دائىرىسى ئىچىدىكى ئومۇمىي قىممەتكە ئىگە ئىقتىسادىي ھەرىكەت ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئومۇمىي ئىنكار ھۆكۈم** < لوگ > مىقدارى ئومۇمىي، سۈپىتى تەستىقىي بولغان ھۆكۈم.

**ئومۇمىيەت** ئى (ئە) ← **ئومۇملۇق**: بىز ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ خەلقىمىز ئومۇمىيەتنى ھېسابقا ئالىدىغان، ئىنتىزامچان خەلق.

**ئومۇمىيە تچىل** سۈپ. ئومۇمنى نەزەردە تۇتىدىغان، ئومۇمغا مايىل بولغان، كۆپچىلىك تەرەپتە تۇرىدىغان: — خەلق بىزنىڭ ئومۇمىيە تچىل بولۇشىمىزنى تەلەپ

قىلىدۇ، — دېدى باشلىق سادىقنىڭ قولىنى سىقىپ.

**ئومۇمىيلىق** «ئومۇمىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار ئومۇمىيلىقنى ئاساس قىلىپ، دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىپ، تۇرلۇك زىرائەتلەرنىڭ تېرىلغۇ پىلانىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردى.

**ئومۇمىيۈزلۈك** سۈپ (ئومۇم+يۈزلۈك) ھەممىنى، بارلىقنى نەزەرگە ياكى ئۆز ئىچىگە ئالغان؛ بارلىق، پۈتۈنلەي: ئومۇمىيۈزلۈك تەربىيە. // ئۇ ھەرقانچە ئۇرۇنۇپ كۆرگەن بولسىمۇ، بۇنى ئومۇمىيۈزلۈك ئادەتكە ئايلاندۇرالمىغاچقا، كېيىن ئۆزىمۇ زېرىكىپ تاشلىۋەتكەنىدى.

**ئومۇمىيۈزلۈكلۈك** «ئومۇمىيۈزلۈك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىدىيە-مەدەنىيەت تەركىبلىرىنى داۋاملىق يېڭىلاپ ۋە تولۇقلاپ، ئۇنىڭ ئىلغارلىقىنى، ئومۇمىيۈزلۈكلۈكىنى، پۈتۈن مىللەت تەركىبىدىكى جەلپ قىلىش ھەم ئۇيۇشتۇرۇش قۇدرىتىنى ھەمىشە ساقلىيالايدىغان بولۇشى زۆرۈر.

**ئومۇندۇرماق** «ئومۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېلىدۇ يىراقلاردىن شوخ ناخشىلار، قانچىلاپ غۇنچىلارنى ئومۇندۇرۇپ.

**ئومۇنماق** پ. ئارزۇ قىلماق، تەمە قىلماق، ئۈمىد قىلماق: — بالام، ئومۇنۇپ قالما، ئۇ يەردىن ھېچنېمە ئېلىپ كېلەلمىدىم، — دېدى ئاپىسى بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

**ئومۇنۇشماق** «ئومۇنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئون** سان < مات > توققۇزدىن كېيىن، ئونبىردىن بۇرۇن كەلگەن پۈتۈن سان ۋە بۇ ساننى ئىپادىلىگەن «10» رەقىمى؛ توققۇزغا بىرنى قوشقاندا ھاسىل بولغان مىقدار: ئون ئىتتىن بىر بۆرە ياخشى (ماقال).

**ئون بېشى بولسىمۇ ← ئون جېنى بولسىمۇ**: ئون بېشىڭ بولسىمۇ، سەندىن قورقۇپ قېچىپ قالمايمەن.

**ئون تۈرلۈك تەنھەرىكەت** < تەن > يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدىكى ئەرلەرنىڭ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش تۈرى. مۇسابىقە تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە ئىككى كۈنگە بۆلۈنۈپ ئۆتكۈزۈلىدۇ: بىرىنچى كۈنى 100 مېتىرغا يۈگۈرۈش، يىراققا سەكرەش، چويۈن توپ ئېتىش، ئېگىزگە سەكرەش ۋە 400 مېتىرغا يۈگۈرۈش؛ ئىككىنچى كۈنى 110 مېتىرغا بارىيېر ئاتلاپ يۈگۈرۈش، دىسكا ئېتىش، خادا تايىنىپ ئېگىزگە سەكرەش، نەيزە ئېتىش ۋە 1500 مېتىرغا يۈگۈرۈش.

**ئون جېنى بولسىمۇ** ھەرقانچە كۈچلۈك بولسىمۇ، كۈچى ناھايىتى زور بولسىمۇ: قېنى، بۇزۇپ باقە، ئەگەر بۇزىدىغان بولساڭ، ئون جېنىڭ بولسىمۇ، بۇ يەردىن ساق چىقىپ كېتەلمەيسەن.

**ئون جېنىنىڭ بىرى قالماق** بەك ماغدۇرسىزلىنىپ چارچاپ كەتمەك، ھالىدىن كەتمەك، ئارانلا جېنى قالماق: — ئۇنى بىر دېمىسلە، — دېدى خۇرشىدىخان قوللىرىنى بېلىگە تىرەپ، — ئون جېنىمنىڭ بىرسى قالدى.

**ئون سەككىز مىڭ ئالەم** پۈتۈن دۇنيا، جىمى ئىقلىم، پۈتۈن ئالەم: ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە داڭلىق، زېمىن ئۈستىدىكى جەننەت پەرىسى، ھۆسنىمۇ، كۆڭلىمۇ ئوخشاش چىرايلىق. * — ھەممىدىن كۆڭۈل ئىتتىك، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئون سەككىزمىڭ ئالەمنى ئايلىنىپ چىقالايدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قىز.

**ئون گۈلنىڭ بىرى ئېچىلمىغان** ياپياش؛ بېشىدىن ھېچقانداق ئىش ئۆتمىگەن،

ھاياتقا ئەمدىلا كۆز ئاچقان: ـــ ئادەم دېگەندە ئارزۇ-ھەۋەس بولىدۇ ئەمەسمۇ، مەن تېخى ياش، ئون گۈلۈمنىڭ بىرى ئېچىلمىدى، ـــ دېدى ئۇ نارازىلىق بىلدۈرۈپ.

**ئون نەچچە** سانى ئوندىن ئارتۇق، سان جەھەتتە ئوندىن كۆپ: ئون نەچچە ئادەم، ئون نەچچە كۈن.

**ئون ئۈچ نامە** < تارىخ > قانۇنچىلارنىڭ 13 پارچە دەستۇرى. ئۇ خەن سۇلالىسىدىن باشلانغان شېئىرنامە، پالنامە، نەسەبنامە، ئەدەبنامە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئون ئىككى بارماق ئۈچەي** < ئانات > ئىنچىكە ئۈچەينىڭ بىرىنچى قىسمى. نىسبەتەن تومراق بولۇپ، تەخمىنەن ئون ئىككى بارماقنى تىزغانچىلىك ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. ئادەتتە «C» شەكلىدە كېلىدۇ. ئۆيقۇلۇق بىلەن ئۆت نەيچىسىنىڭ ئاغزى ئۇنىڭغا ئېچىلىدۇ. ئۇ تاماق ھەزىم قىلىشقا قاتنىشىدۇ.

**ئون ئىككى بارماق ئۈچەي يارىسى** < تىب > ئون ئىككى بارماق ئۈچەيدە بولىدىغان يارا. ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىشىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئون ئىككى تەڭلىمە** < مۇز > بىر ئوكتاۋا (8گرادۇس) لۇق ئىنتېرۋالنى ئوخشاش كەلگەن 12 يېرىم ئاۋازغا ئايرىيدىغان مۇزىكىلىق قائىدە. ئۇنىڭدا بىر-بىرىگە ئوخشاش كەلگەن ئىككى قوشنا ئاۋازنىڭ تىترەك سان نىسبىتى تامامەن ئوخشاش كېلىدۇ.

**ئون ئىككى مۇقام** < مۇز > ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرۇشلەشتۇرۇلگەن چوڭ تىپتىكى ئەنئەنىۋى مۇزىكىسى. جەمئىي ئون ئىككى بولۇپ، ھەربىر مۇقام چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**ئون ئىككى مۇچەل** < ئاستر > ھەر ئون ئىككى يىل بىر قېتىم دەۋر قىلىدىغان ۋە ھەربىر يىل بىر ھايۋاننىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدىغان يىل ھېسابلاش ئۇسۇلى. ئادەتتە بۇ ئون ئىككى يىل چاشقان، ئۇي، يولۋاس، توشقان، بېلىق، يىلان، ئات، قوي، مايمۇن، توخۇ، ئىت، توڭگۇز دېگەن تەرتىپ بويىچە كېلىدۇ.

**ئوناق** (توغرىسى: ھوناق) ← **ھوناق**.

**ئونەيلەن** سان. ئون كىشى، ئون ئادەم: ئۇلار بەشى باغ سەيلىسىگە كەتتى، قالغان ئونەيلەن شۇ يەردە ئولتۇردۇق.

**ئونبېشى** ئى. تارىس (ئون+بېشى) ① فېئوداللىق كونا جەمئىيەتتە ئون ئائىلىنى باشقۇرغۇچى مەھەللە ئەمەلدارى: ئۆگەي ئانا مەھەللىدىكى ئونبېشى، يۈز بېشىلەرنى چاقىرىپ: «مانا دادىسىدىن قالغان ئۆي. جىمى ئوقەتنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى. مەن بۇ ئۆيدە تۇرمايمەن...» دەپ چىقىپ كېتىپتۇ. ② فېئوداللىق ھەربىي تۈزۈمدە ھەر ئون چېرىككە باش بولغان، ئون چېرىكنى باشقۇرىدىغان كىچىك ھەربىي ئەمەلدار.

**ئونتولوگىيە** ئى (ر< گرېك) < پەلس > پەلسەپىنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى ياكى تەبىئىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى. بۇ ئاتالغۇ دەسلەپتە گېرمانىيىلىك پەيلاسوپ گوكلېنىئۇس (1547 ـــ 1628)، گلاۋبېرگ (1622 ـــ 1665) لارنىڭ ۋە فرانسىيە پەيلاسوپى دۇخامېل (1627 ـــ 1706) نىڭ ئەسەرلىرىدە ئىشلىتىلگەن، كېيىن بۇنى گېرمانىيىنىڭ 18-ئەسىردىكى ئىدېئالىست پەيلاسوپى ۋولف قوللانغان، ئۇ بۇگۈنگە قەدەر بۇرژۇئا پەلسەپىسى ساھەسىدە

ئېقىپ يۇرمەكتە.

**ئونلاپ** رەۋ. بىرنەچچە ئوندىن ئىبارەت، ئونلارچە: قانچە ئۇستەلىك-ئىرىقتىن ئۆتتى ئاتلاپ مەردانە. ئوتقا ئۇردى ئۆزىنى نەچچە ئونلاپ مەردانە.

**ئونلار** ئى < مات > ← **ئونلارخانىسى.**

**ئونلار خانىسى** < مات > پۈتۈن ساننىڭ خانىسى، يەنى بىرلەر خانىسىدىن باشلاپ سولغا قاراپ سانىغاندا ئىككىنچى خانە.

**ئونلۇق** سۈپ. ئون بىرلىك، ئاساس ياكى ئۆلچەم قىلىنغان؛ ئونغا ئىگە: ئونلۇق ساناق سىستېمىسى. ئونلۇق لوگارىفما.

**ئونلۇق ساناق سىستېمىسى** < مات > سانلارنى يېزىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا سان ئونغا توشقاندا سولدىكى خانىگە بىر قوشۇلىدۇ. مەسىلەن، 9 غا 1 نى قوشساق 10 بولىدۇ، 90 غا 10 نى قوشساق 100 بولىدۇ، 900 گە 100 نى قوشساق 1000 بولىدۇ.

**ئونلۇق كەسىر** < مات > ئونلۇق ئاددىي كەسىرنىڭ بىر خىل ئالاھىدە ئىپادىلىنىش شەكلى. مەسىلەن، $\frac{23}{100}$ نى 0.23 قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ، يەنى $\frac{2357}{1000}$ نى 2.357 قىلىپ يېزىشقا بولىدۇ، ئوتتۇرىدىكى «.» بەلگە ئونلۇق كەسىر چېكىتى دېيىلىدۇ، ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى سان ئونلۇق كەسىر بولىدۇ.

**ئونلۇق كەسىر چېكىتى** < مات > ئونلۇق كەسىر قىسمىنىڭ باشلانغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە «.».

**ئونلۇق لوگارىفما** < مات > 10 نى ئاساس قىلغان لوگارىفما.

**ئونلۇق ئۆلۈشلەر خانىسى** < مات > سانلارنىڭ ئونلۇق كەسىرخانىسى، يەنى ئونلۇق كەسىر چېكىتىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى بىرىنچى خانە.

**ئونلىغان** سۈپ. نەچچە ئون، ئونلارچە؛ ئەمەلىي ئەھۋالغا نىسبەتەن كۆپ، نۇرغۇن: مۇستەبىت ھاكىمىيەت نەچچە ئونلىغان زىندانلارنى قۇرغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر يىگىتلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

**ئونمىڭ** سان. مىڭنى ئونغا كۆپەيتكەندە ھاسىل بولغان سان، يەنى ئون يەردىكى مىڭنىڭ يىغىندىسى؛ 10000 رەقىمى؛ تۈمەن: ئونمىڭ يۈەن پۇل. ئونمىڭ دانە تېرە.

**ئونمىڭلاپ** رەۋ. كۆپلەپ، ناھايىتى نۇرغۇن ساندا.

**ئونمىڭلاپ-يۈزمىڭلاپ** ئىنتايىن كۆپ ساندا، سان جەھەتتىن ھەددى-ھېسابسىز ھالدا، كۆپلەپ.

**ئونمىڭلار** ئى < مات > ← **ئونمىڭلار خانىسى.**

**ئونمىڭلارخانىسى** < مات > كۆپ خانىلىق سانلارنىڭ ئاخىرقى بەشىنچى خانىدىكى رەقەم نامى ۋە شۇ رەقەم ئورنى.

**ئونمىڭلىغان** سۈپ. نەچچە ئون مىڭ، ناھايىتى كۆپ، ھەددى-ھېسابسىز: مۇستەبىت ھاكىمىيەت ھەرقانچە قىلسىمۇ نەچچە ئونمىڭلىغان خەلقنىڭ ئازادلىققا بولغان ئارزۇسىنى، مۇشۇ يولدا كۆرەش ئىرادىسىنى ھەرگىز يوقىتالمايدۇ.

**ئونىماق** (توغرىسى: ھونىماق) ← **ھونىماق.**

**ئونىنچى** سان. تەرتىپى «10» رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، تەرتىپ جەھەتتە توققۇزىنچىدىن كېيىن، ئون بىرىنچىدىن بۇرۇن تۇرىدىغان؛ 10-نومۇرلۇق: ئۇنىڭ نەتىجىسى سىنىپ بويىچە ئونىنچى ئورۇندا بولۇپ، ئەلاچى ھېسابلانمىسىمۇ، ياخشىلار قاتارىدا ئىدى.

**ئوهۇ** ئىم ① كۆتۈلمىگەن خۇشاللىق ئىماسىنى

بىلدۈردۇ : ـ ئوهۇ... تاۋقىش، مېنىڭ كىچىك يول باشلىغۇچۇم! ـ دېدى باسىت ئىككى قولىنى بالىغا سۇنۇپ. ② ھەيران قېلىش، تەئەججۇپلىنىش ياكى زوقلىنىش ئىماسىنى بىلدۈردۇ : ـ ئوهۇ، مۇنداقمۇ گەپ بار دەڭ تېخى، مەن نەدىمۇ شۇنچە كۆپ پۇل تاپالايمەن! ـ دېدى ئۇ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ.

**ئوهۇي** ئىم ← **ئوهۇ** : ـ ئوهۇي، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، بەئەينى ماگىزىنىنىڭ ئۆزىغۇ، ـ دېدى قۇربان شۇجى دەرۋازىدىن پۇتىنى ئېلىپلا، ـ سىزنى روسۇل ماگىزىنچى دېسە بولغۇدەك.

**ئوۋ** ئى ① ياۋايى ھايۋانلار، بېلىق، تۇرلۇك قۇش قاتارلىقلارنى تۇتۇش ئىشى، قولغا چۈشۈرۈش، ئولجا ئېلىش پائالىيىتى: باي ئوۋدىن قايتىپ كېلىپ قارىسا، مال-مۈلكى يوق، چاكىرىمۇ يوق تۇرغۇدەك. ② تۇرلۇك يوللار بىلەن تۇتۇلغان، قولغا چۈشۈرۈلگەن ياكى تۇتۇش، قولغا چۈشۈرۈش ئوبيېكتى قىلىنغان تۇرلۇك ياۋايى ھايۋانلار، بېلىق ياكى قۇش قاتارلىقلار: ساتتار ئاكا ئوۋ ئىزلەپ، ئېگىز تاغلارغا نەزەر سېلىپ كەلمەكتە ئىدى. * ئۇ شاھزادىگە « ئەنە ئوۋ » دەپ يىراقنى كۆرسىتىپتۇ. ③ كۆچمە. ئالدانغان، تۇزاققا چۈشۈرۈلگەن كىشى: تالڭ ئېتىشى بىلەنلا بۇ لەنتى بۇۋى يەنە كوچىغا چىقىپ، چىرايلىق بىر يىگىتنى ئوۋغا ئايلاندۇرۇپ، ئۆيىگە ئەكىردى.

**ئوۋغا چىقماق** ياۋايى ھايۋان، بېلىق ياكى قۇش قاتارلىقلارنى تۇتۇش، قولغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن، شۇلار كۆپرەك جايلاشقان يەرلەرگە بارماق، شۇنداق پائالىيەتكە ئاتلانماق: كۈنلەرنىڭ بىرىدە يولۋاس، بۆرە، تۈلكە ئۈچى ئوۋغا چىقىپ، بىر توشقان، بىر قىرغاۋۇل، بىر كېيىكنى تۇتۇپتۇ.

**ئوۋ قىلماق** ← **ئوۋ ئوۋلىماق** : ـ ئېتىم ئارسلان، ئوۋ قىلىپ يۈرۈيمەن، ـ دېدى ئوۋچى يىگىت.

**ئوۋ مىلتىقى** ئوۋ ئوۋلاشتا ئىشلىتىلىدىغان مىلتىق: ئۇ ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، كەنتنىڭ ئايىغىدىكى سازلىققا ئۆردەك ئاتقىلى كەتكەنىدى.

**ئوۋ ھايۋانلىرى** كىشىلەر ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان ياۋايى ھايۋان، بېلىق، قۇش قاتارلىق جانلىقلارنىڭ ھەممىسى: قامزا بىزگە ئۇ يەردە ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ناھايىتى كۆپلۈكىنى سۆزلەپ بەردى.

**ئوۋ ئوۋلىماق** ياۋايى ھايۋان، ئۇچار-قاناتلارنى تۇرلۇك چارە-تەدبىرلەر بىلەن ئوۋلىماق، تۇتماق، قولغا چۈشۈرمەك: بىركۈنى پادىشاھ ئوۋ ئوۋلاپ شۇ تاغقا بېرىپ قېلىپتۇ.

**ئوۋ ئىتى** ئوۋچىلار تەرىپىدىن تەربىيىلەنگەن، ئوۋ ياكى ئوۋغا ياردەملىشىدىغان ئىت: ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن موزاي چوڭلۇقىدىكى ئىككى ئوۋ ئىتىمۇ ئۇنىڭ رايى بويىچە ئوينىپ، يۈگۈرۈپلا يۈرەتتى.

**ئوۋچى** ئى. ئوۋ ئوۋلاشنى ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا ماھىر، دائىم ئوۋ ئوۋلاپ تۇرىدىغان كىشى: ئۇستا ئوۋچى شىر ئاتار، قاۋۇل دېھقان بوز ئاچار (ماقال). * كېيىنكى يىللاردا بەزى ئوۋچىلار، پادىچىلار ئۇنى غىل-پال ئۇچرىتىپمۇ قېلىپتۇ.

**ئوۋچىلىق** ئى. ئوۋ ئوۋلاش ئىشى، ئوۋ ئوۋلاش پائالىيىتى، ھەرىكىتى: ـ مەن ئوۋچىلىقنى ياخشى كۆرىمەن، لېكىن كېيىك بوغۇزلىغاننى يامان كۆرىمەن، ـ جاۋاب بەردى ئايدىڭ.

**ئوۋلاتماق** « ئوۋلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئوۋلاشماق** « ئوۋلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۈۋلانماق** «ئۈۋلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۈۋلىماق** پ ① ياۋايى ھايۋان، ياۋا قۇش ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ملتىق، قاپقان، قىلتاق، باسماق قاتارلىقلارنى ئىشلىتىش ياكى تەربىيىلەنگەن ئىت، بۈركۈت، لاچىن، قارچىغا قاتارلىقلارغا ئالدۇرۇش ئارقىلىق تۇتماق، قولغا چۈشۈرمەك: كېيىك ئۈۋلاپ تاغقا چىق، يارنى ئىزدەپ باغقا چىق (ماقال). * ئۇ بىرەر نەرسە ئۈۋلاپ كەلمەكچى بولۇپ ملتىقنى قوزۇقتىن ئالدى-دە، چىقىپ كەتتى. ② كۆچمە. مايىل قىلماق: بىزنىڭ كونا كىتابلىرىمىزدا «ئەل كۆڭلىنى ئۈۋلىغانلار مەقسەتكە يېتىدۇ، ئەلنى ئاغرىتقانلار ھەسرەت چېكىدۇ» دېگەن گەپ بار. ③ كۆچمە. ئالدىماق، ئالداپ تۇزاققا چۈشۈرمەك: ئۈۋلىيالمايتتى ئۇنىڭ ھوشيار، غۇبارسىز قەلبىنى، ناز-خۇشامەت، ھىيلە-نەيرەڭ ماھىرى، مەستانىسى.

**ئۈي** I سۈپ. مەلۇم بىر تەكشىلىككە نىسبەتەن چوڭقۇر، ئازگال، «دۆڭ» نىڭ ئەكسى: ئۈي يەر. * بۇ دۈشمەن ئوقىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۈيراق بىر جاينى تاللاپ يېتىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى.

**ئۈي** II ئى ① بىرەر كىشى ياكى نەرسە ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈش جەريانى؛ ئۆز كۆڭلىدە، ئىچىدە قىلىنغان پىكىر، مۇلاھىزە: بايغا كۈندە بايرام، كۈندە توي، كەمبەغەلگە كۈندە قايغۇ، كۈندە ئۈي (ماقال). * ئۈي ئۈيلايسەن، ئۈي ئۈيلايسەن، ئۈيچىمدىڭسەن، تاغ باغرىدا يېتىۋاپسەن قويچىمدىڭسەن. ② بىرەر نەرسىنى ئەسكە چۈشۈرۈش، ئېسىدە، خاتىرىسىدە ساقلاش قابىلىيىتى؛ ئەس، ئەقىل: ئۇنىڭ ئۈيىغا دەرھاللا ھېلىقى موللا كىشى كەلدى. ③ كىشى ياكى نەرسە ھەققىدىكى تەسەۋۋۇر، پەرەز: ئۇنىڭ ئۈيىچە بولغاندا، قارىم چوقۇم ئۆزى كېلىشى كېرەك ئىدى. ④ مەقسەت، نىيەت، مۇددىئا: سەن خاتا ئۈيدىن قايتىپ، توغرا يولغا چۈشمىگىچە ئاجرىششقا ھەققىڭ يوق!. * — مېنىڭ ئۇنى بىر كۆرۈش ئۈيۈم بار، — دېدى ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ.

**ئۈي سۈرمەك ← ئۈيلانماق:** ئۈي سۈرەر ۋە لېكىن يېتەلمەس شۇ دەم. خىيالى تېگىگە دانىيار پەقەت. شۇ نەرسە ئېنىقكى: ھەيدەرخان خوجا، قىلمايدۇ ھېچقاچان رەھىم ۋە شەپقەت.

**ئۈيغا پاتماق** ئۇزاق ئۈيلىنىپ كەتمەك، چوڭقۇر ئۈيلىنىپ قالماق، قاتتىق خىيال سۈرمەك: نۇرۇللا ھېرىپ قالدىمۇ ياكى قۇدىلارنىڭ سۆزىدىن تەسىرلەندىمۇ قانداق، ئەيناۋۇر ئۈيغا پېتىپ، بوراندەك كەلگەن ئاچچىقى بېسىلىپ شۈك بولۇپ قالدى.

**ئۈيغا چۆكمەك ← ئۈيغا پاتماق:** كۆپچىلىك چوڭقۇر ئۈيغا چۆككەندى.

**ئۈيغا چۆممەك ← ئۈيغا پاتماق:** بۆدۈنە بىرئاز ئۈيغا چۆمۈپ كېتىپ، يەنە سۆز باشلاپتۇ: — ئۈيۈمغا بىر ئىش كېلىپ قالدى...

**ئۈيغا سالماق** ئۈيلاندۇرماق، ئۈيلاشقا، پىكىر، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە مەجبۇر قىلماق: تۇراخۇننىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ھەممە كىشنى چوڭقۇر ئۈيغا سالدى.

**ئۈيغا كەتمەك ← ئۈيغا پاتماق:** — ھىم... — ۋاڭ يەنە كۆزىنى يۇمۇپ ئۈيغا كەتتى.

**ئۈيپاڭ** سۈپ. مەلۇم بىر تەكشىلىككە نىسبەتەن چوڭقۇر، پەس، ئورنى تۆۋەنرەك بولغان، ئويمان: ئۈيپاڭ يەر.

**ئۈيپاڭلىق** ئى. ئۈيۈلغان، ئۈيپاڭلار بار يەر:

ئويياگلىقتىن توپا توشۇماق.

**ئوي-پىكىر** ئوي ۋە پىكىر: ھاكىم قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. ئۇنىڭ كاللىسىدا ھەر خىل ئوي-پىكىرلەر چۆرگىلەيتتى.

**ئويچان** سۈپ. ئويغا پاتقان، خىيال سۈرگەن، خىيالچان؛ تولا ئويلايدىغان: — ھە، — دېدى خان ئويچان ھالدا، — ئۇلارنى چەكلەش كېرەك. * ئېلىشا مەخسۇت بەگنىڭ ئاتا مىراس يىللىقچىسى بولۇپ، زېرەك، ئويچان، ۋىجدانلىق يىگىت ئىدى.

**ئويچانلىق** «ئويچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خېلىل ئاپئاق قار باسقان دالاغا ئويچانلىق بىلەن تىكىلگىنىچە تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

**ئوي-چوڭقۇر** ئوي ھەم چوڭقۇر: مەن ئاتنى يولنىڭ ئوي-چوڭقۇرىنى ئايرىماي بولۇشىغا چاپتۇردۇم.

**ئويچى** ئى. ئويغا، خىيالغا قاتتىق بېرىلگەن ياكى كۆپ ئويلايدىغان كىشى؛ خىيالپەرەس: ئوي ئويلايسەن، ئوي ئويلايسەن، ئويچىمىدىڭ سەن. تاغ باغرىدا يېتىۋاپسەن، قويچىمىدىڭ سەن.

**ئوي-خىيال** ئوي ۋە خىيال: بىر يەكشەنبە كۈنى ئايىمگۈل زاۋۇتتىن يېنىپ ئوي-خىيال بىلەن بەند بولغان ھالدا كېتىۋاتاتتى.

**ئوي-دوڭغۇل** ئېگىز-پەس، ئاستىن-ئۈستۈن، ئوڭغۇل-دوڭغۇل: كىچىك ماشىنا ئوي-دوڭغۇل يېزا يولىدا سىلكىنىپ كېتىۋاتاتتى.

**ئويدۇرما** ئى. قەستەن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان يالغان گەپ-سۆز، بەتنام، بوھتان؛ ئاساسى يوق يالغان سۆز: «پارتىيىگە قارشى گۇرۇھ» توغرىسىدىكى ئۈستۈمگە يۈكلىگەن ئويدۇرمىلار يەلكەمنى بىر يوغان قورام تاش بولۇپ باستى.

**ئويدۇرماق** ① «ئويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار جىنايەتچىلەرگە ئازگال ئويدۇردى. ② يالغاندىن گەپ تاپماق، بوھتان توقۇماق، پىتنە-پاسات تېرىماق؛ تۆھمەت چاپلىماق: باشلىقنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن بەزىدە خېلى چوڭ گەپلەرنىمۇ ئويدۇرۇپ چىقىمىز. * ئۇلار ئۆزلىرى ئويدۇرۇپ چىققان «جىنايەت» لەر بىلەن ئۇنى ئەيىبلەپ قولغا ئالماقچى بولۇشتى.

**ئويدۇرمىچى** ئى ← تۆھمەتچى: رەزىل ئويدۇرمىچىلار ئويدۇرۇپ چىقارغان ئىغۋا دەستىدىن تۈپتوغرا 15 يىل ئازاب چەكتىم.

**ئويدۇرمىچىلىق** ئى. يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ چىقىپ باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشى: ئۇنىڭ ئويدۇرمىچىلىقى دەستىدىن بىرقانچە ئادەم خانىۋەيران بولۇپ كەتتى.

**ئويدۇرۇشماق** «ئويدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئويدۇرۇلما** ئى ← ئويدۇرما.

**ئويدۇرۇلماق** «ئويدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئوي-دۆڭ** ئېگىز-پەس، ئوڭغۇل-دوڭغۇل؛ رەتسىز، ئاستىن-ئۈستۈن: مەخسۇت ئۇ يەرنىڭ ئوي-دۆڭىنى ياخشى بىلەتتى. * ئۇ ئوي-دۆڭنى دەسسەپ يېرىم ئاي مېڭىپ ئاندىن پەلەمپەي ئېتىزغا كېلىپتۇ.

**ئويرات** ئى < ئىرق > مىڭ سۇلالىسى زامانىدا مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي قىسمىدا ياشىغان موڭغۇل قەبىلىلىرى. چىڭ سۇلالىسى زامانىدا ئويرات ياكى ئېلۇت دەپ ئاتالغان. ئۇلار بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىي ۋە غەربىي قىسمى ھەمدە بۈگۈنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ غەربىي، ھازىرقى موڭغۇل خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ غەربىي قىسمىنى ئۆز

ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلاردا ئولتۇراقلاشقان. 15-ئەسىردە، بۇ موڭغۇل قەبىلىلىرى بىرمەھەل بىرلەشكەن.

**ئويغاتقۇچى** سۈپ. ئويغىتىدىغان، ئويغىتىش رولىنى ئوينايدىغان؛ ئىلھاملاندۇرىدىغان، روھلاندۇرىدىغان: ئۇلار كىشىنى ئويغاتقۇچى ئاشۇنداق قىزىق، يالقۇنلۇق سۆزلەر تەسىرىدىن ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەيتتى.

**ئويغاتقۇزماق** «ئويغاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئويغاتماق** پ ① ئۇيقۇلۇق كىشىلەرنى ئۇيقۇدىن تۇرغۇزماق، ئويغاق ھالەتكە كەلتۈرمەك: مەنسۇرنىڭ ئانىسى چۇقان كۆتۈرۈپ قوشنىلىرىنى ئويغاتماقچى ئىدى. * ئۇ كەتمەننى يەرگە قويدى-دە، ئوغلى خالمۇراتنى توۋلاپ ئويغاتتى. ② كۆچمە. زۇلۇمغا ئادالەتسىزلىككە قارشى تۇرۇپ، ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان جۇشقۇن چۈشەنچە ۋە روھنى پەيدا قىلماق ھەم ئۇنى كۈچلەندۈرمەك: بىزگە ھىممەتقارىدەك ئادەملەر كېرەك، مۇنداق ئادەملەر خەلقنى ئويغىتالايدۇ ھەم ئالغا باشلايدۇ. * كۈن-تۈن ھەم ئۇيقۇ يوق ۋىجدان ئازابى تېخىمۇ، ئەلنى ئويغاتماق تىلەك ھەرتاڭدا بىر چۇقان بىلەن. ③ جانلاندۇرماق، جانلىق، جۇشقۇن ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ جىمجىت، سۈكۈت ئىچىدىكى ھالەتنى جانلىق، جۇشقۇن ھالەتكە كەلتۈرمەك: شەرقى تاغ ئۈستىدىن كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغان قۇياش پۈتۈن يايلاقنى ئويغاتماقتا ئىدى. * ئويغىتىدۇ گۈدۈك ئۇنى سەھەرنى، داۋام قىلار ھايات يېڭى سەپەرنى. ④ پەيدا قىلماق، بار قىلماق ياكى كۈچەيتمەك، ئۆرلەتمەك؛ راۋاجلاندۇرماق، ئاچماق: باللارنىڭ سۈرەن-چۇقانلىرى كىشىدە يېزا ھاياتىغا خاس بىر خىل شېرىن تۇيغۇلارنى ئويغىتاتتى. * ئۇ يەرنىڭ مەنزىرىسى گۈزەل، ھاۋاسى ساپ، شۇنداق ياخشىكى، يۈرەكنى ياشارتىدۇ! چىرايلىق گۈللىرى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى ئويغىتىدۇ! ⑤ ئازاد قىلماق، خالىي قىلماق، بىكار قىلماق (ئوي-خىيال ھەققىدە): — بىزنى ئاپىرىپ قويامسىز ئاكا؟ — ھېلىقى بالا مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. * ئەكبەرنىڭ سۆزى ھاشىم ئاكىنى ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتى.

**ئويغاق** سۈپ ① ئۇخلىمىغان، ئۇيقۇدىن خالىي: ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسى قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، ئۇ تېخىچىلا ئويغاق ئىدى. // مەلىكىمۇ بارلىق خىزمەتچىلىرى بىلەن كېچىچە ئويغاق ئولتۇردى. ② كۆچمە. ھوشيار، جانلىق، يۈرەكلىك، سەزگۈر: زەپ كۆيۈمچان ئانامسەن مېنىڭ، سادىق، ئويغاق بالاڭمەن سېنىڭ.

**ئويغاقلىق** «ئويغاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆگدەك دېگىنىمىز پۈتۈنلەي ئۇخلاپ قېلىش بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇيقۇ باسقان ھالەتنى كۆرسىتىدۇ.

**ئويغانماق** پ ① ئۇيقۇدىن خالاس بولماق، ئويغاق ھالەتكە كەلمەك، ئۇيقۇدىن تۇرماق: ياسىن شۇۋىرغاننىڭ ئەنسىز ئاۋازىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. * ئويغانسام كازىم ئادىتى بويىچە ھېلىقى كۆك دەپتەردىن بىرنېمىنى ئوقۇۋېتىپتىكەن. ② كۆچمە. ھەرىكەتكە كەلمەك، قوزغالماق، جانلانماق: ئويغاندى ئالەم قۇچىقى، قاينايدۇ ئەمگەك ئۇچقى، بولغاچقا ئەمگەك ئەھلىگە-بېگىچە غەمخور ئۆزگىچە. * چۆل ئويغاندى... قىزىپ كەتتى جەڭ، مۇشكۇللەرگە كۆكرەكنى كەردۇق. كوئېنلۇندىن ئېلىپ تاش ئۆستەڭ، ئابىھايات باشلاپ ئەكەلدۇق. ③ كۆچمە. پەيدا

بولماق، ھاسىل بولماق، قوزغالماق، بارلىققا كەلمەك (تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇلار ھەققىدە): راۋابقا قۇلاق سېلىپ ياتقان تاشۋاينىڭ قەلبىدە بارا-بارا شېرىن ۋە غەمكىن بىر ھەۋەس ئويغاندى. * ئۇ زادى قانداق ئادەم؟ ئۇ نېمىشقا ماڭا شۇنچە مېھرىبانلىق كۆرسىتىدۇ؟... مېنىڭ قەلبىمدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھارارەتلىك بىر تۇيغۇ ئويغىنىشقا باشلىدى. ④ كۆچمە. ئاڭ، سەۋىيىسى ئۆسۈپ، ئۆزلىرىنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى، ئەركىنلىكىنى، ئازادلىقىنى ياكى ئابروي ئىناۋىتىنى قولغا كەلتۈرۈش، تىكلەش ئۈچۈن ئاتلانماق، كۆرەش قىلماق، قوزغالماق: ئۇلارنىڭ خەۋەرلىرىگە قارىغاندا، قومۇلدا بولغان قوزغىلاڭ بىلەن تەڭ ئون ئىككى تاغدىكى خەلقمۇ ئويغانغان، ئۇلارمۇ زالىملارغا قارشى ھەرىكەتلىنىشكە باشلىغان. * چىن ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلمىغا چىدىمىغان خەلق ئاخىرى ئويغاندى... ⑤ كۆچمە. غەپلەت باسقان، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلەشكەن ياكى ئازغان ھالەتتىن قۇتۇلۇپ نورمال ھالەتكە ئۆتمەك، ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق، رۇسلىۋالماق: مەن سىزنىڭ تېزرەك ئويغىنىۋېلىشىڭىز ئۈچۈن مەنسۇر بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىڭىزغا يول قويىمەن! * كادىرلارمۇ ئويغاندى، ئەزالارمۇ ئويغاندى. غەيرەت بىلەن ئىشلەشكە، بېلىمىز چىڭ باغلاندى.

**ئويغىتىشماق** «ئويغاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بېگىمنى ئويغىتىشتى، ئۆيدىكىلەرنىڭ جىمىسى ئويغاندى.

**ئويغىتىلماق** «ئويغاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەندى، شوپۇرمۇ ئويغىتىلدى.

**ئويغىنىشماق** «ئويغانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆۋەنكى قەۋەتنىڭ بىر قىسمىدا تۇرىدىغان خىزمەتكارلار ئاللىقاچان ئويغىنىشقانىدى.

**ئوي-كوي** ئوي ۋە كوي؛ مەقسەت ۋە نىيەت: شول قاراقچى ئوغرىلارنى مەن بۈگۈن باغلاپ تۇتۇپ، كۆرسىتەي باتۇرلۇقۇمنى دەيدىغان ئوي-كويدىمەن.

**ئويلاتماق** «ئويلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ بۇ سوئالى گۈلچەھرىنى بىرئاز ئويلىتىپ قويدى.

**ئويلاشماق** ① «ئويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ھازىرنى كۆرۈپ، كەلگۈسىنى ئويلىشىمىز كېرەك. * بىز ھەممىمىز سېنى ئويلاشتۇق. ② پىكىر قىلماق، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك، ئويلىماق: — ئاۋۋال ئۆيگە بېرىپ ئەمەلىي ئەھۋالنى كۆرىمەن، ئاندىن بۇ ھەقتە ئويلىشىپ باقىمەن، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

**ئويلاندۇرماق** «ئويلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باش-ئۇچى يوق بۇ گەپلەر مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

**ئويلانماق** «ئويلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆلگە تىكىلگىنىچە ئويلىنىپتۇ، ئەمما بىرەر ئامال تاپالماپتۇ.

**ئويلۇق** سۈپ. ئوي بار، ئوي-مەقسەت پۈكۈلگەن، ئويغا بېرىلگەن: ياق، ياق... مۇنداق يامان ئويلۇق كاللىنى، قىلىپ قويۇش كېرەك پىكىر قىلالماس، مۇنداق كاللا قالسۇن تۇپراق تېگىدە، قويالمىسۇن يەنە پاكىت ۋە ئاساس.

**ئويلىشىلماق** «ئويلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — مەسىلىنىڭ يامان تەرىپى سەل كەمرەك ئويلىشىلدىمۇ قانداق؟... — دېدى ئۇ تەرىنى تۈرۈپ.

**ئويلىماق** پ. بىرەر نەرسىنى ئەسكە ئېلىپ، شۇ نەرسە ھەققىدە پىكىر قىلماق، مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك؛ ياد ئەتمەك، ئەسلىمەك: — ئويلىدىڭمۇ؟ — دېدى جاللات

ۋارقىراپ، — ئەڭ ئاخىرقى سۆز، ئۆلەمسەن ياكى هايات قالامسەن؟ ئۆزۈڭ سۆزلە! * مەن دائىم سىلەرنى، ئاشۇ قەدىرلىك، ئۇلۇق مەھەللىمىزنى ئويلاپ تۇرىمەن!

**ئويلىغىنى بار كۆڭلىگە پۈككەن** چارە-تەدبىر، مۇراد-مەقسىتى بار، نىيەت-ئارزۇسى بار: بولدى، ئۆز مەيلىگە قويۇپ بەر، ئۇنىڭمۇ ئويلىغىنى باردۇر.

**ئويلىمىغان يەردىن چىقماق ← كۈتمىگەن يەردىن چىقماق:** ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ ئېتىشىش ھەر ئىككى قورۇدىكى گومىنداڭ قوشۇنلىرىنى ھەيران قالدۇردى، ئەنسىزلىك ۋە قورقۇنچقا سالدى.

**ئويلىنىلماق** «ئويلانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئويما** ① سۈپ. ئويۇلغان، ئويۇپ ياسالغان ياكى ئويۇلغان ھالەتتىكى: ئويما رەسىم، ئويما مەتبەئە. ئويما نەقىش. ② ئى. ئويما رەسىم: ياغاچ ئويما. تاش ئويما.

**ئويما رەسىم** < مەت > پىچاق ياكى خىمىيۋى دورا قاتارلىقلار ئارقىلىق مىس، سىنك، ياغاچ، تاش قاتارلىقلار يۈزىگە چىقىرىلغان رەسىملەر.

**ئويما مەتبەئە** < مەت > يۈزىگە يېزىق ياكى رەسىملەر ئويۇلغان ياغاچ بەت ئارقىلىق بېسىش مەشغۇلاتى ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل مەتبەئە.

**ئويما نەقىش** < گ سەن > ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر ئۈستىگە ئويۇپ ئىشلەنگەن نەقىش.

**ئويمات** ئى. دىئال. ئون مودىن تارتىپ يۈز موغىچە كېلىدىغان تېرىلغۇ يەر، تېرىلغۇ مەيدانى.

**ئويماتلاشماق** پ. دىئال. بۆلەك-بۆلەك تېرىلغۇ يەرلەر ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلۇپ بىر تۇتاش، بىر گەۋدە ھالىتىگە كەلمەك، بىرلەشتۈرۈلمەك، كۆلىمى چوڭايتىلماق، مەيدانلاشتۇرۇلماق.

**ئويماق** I ئى. خۇرۇم ياكى مېتالدىن ياسالغان، بارماققا كىيىپ يىڭنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئىتتىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇم: ئورغاق تۇتۇپ ئاتاڭ قالغۇچە، ئويماق تۇتۇپ ئاناڭ قالسۇن (ماقال). * ئۇ ئويمىقنى يوقىتىپ قويۇپ بىر سائەتچە ئىزدىدى.

**ئويماق** II پ ① بىرەر نەرسە بىلەن كولاپ چوڭقۇر ھاسىل قىلماق، ئويمان ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۇلار ئۈستەڭ قىرغىقىنى ئويۇپ ياسىغان پەلەمپەي بىلەن بىر-بىرلەپ يۇقىرىغا چىقىشتى. * ئۇلارنىڭ ئۆيى ئالتۇنلۇقتىكى يارلىققا ئويۇپ ياسالغان گەملەرنىڭ بىرىدە ئىدى. ② كۆچمە. كولاش، يونۇش ياكى كېسىش يولى بىلەن بىرەر نەرسىنىڭ يۈزىگە بىرەر ئىز ياكى شەكىل چىقارماق: تامغا ئويماق. نەقىش ئويماق. * ئۇ تۈرمە تاملىرىغا «ياشىسۇن ئەركىنلىك!» دېگەن خەتنى ئويۇپ قويۇپتۇ.

**ئويماقتەك** سۈپ. كىچىك ھەم چىرايلىق، كىشىنى مەھلىيا قىلىدىغان (ئېغىز ھەققىدە): ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتكەن، ئويماقتەك ئاغزى مەھكەم يۇمۇلغانىدى.

**ئويماقسىز** سۈپ. ئويمىقى يوق، ئويماق تۇتمىغان، ئىشلەتمىگەن: ئويماقسىز خوتۇن بولماس، تىغسىز ئەر بولماس (ماقال).

**ئويماقلىق** سۈپ. ئويمىقى بار، ئويماق سالغان: ئۇ ئويماقلىق قولىنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى.

**ئويمان** سۈپ. ئەتراپتىكى تەكشىلىككە نىسبەتەن پەس، چوڭقۇر؛ «دۆڭ» نىڭ ئەكسى: قاراقچىلار ئالدىغا سىلىپ كەتكەن ئادەملەرنى ئويمان يولغا ھەيدەپ چۈشتى. * قويلىرىنى

ھەيدىۋەتتى ئويمان بولاقتا. گۈلەمخاننى تۇتۇپ بەردى ئەڭگە چولاقتا...

**ئويمان-چوڭقۇر** ئويمان ھەم چوڭقۇر: كېچىدە يولنىڭ ئويمان-چوڭقۇرنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى.

**ئويمان-دۆڭ** ئويمان ۋە دۆڭ: ئۇ، بۇ يەرنىڭ ئويمان-دۆڭىنى ئوبدان بىلىدۇ، بۇرۇن بۇ يەردە خېلى ئۇزۇن تۇرغان.

**ئويمانلىق** ئى < جۇغ > تاغ ياكى ئېگىزلىكلەر بىلەن قورشالغان تۈز يەر، تۈزلەڭلىك: تارىم ئويمانلىقى. تۇرپان ئويمانلىقى. جۇڭغار ئويمانلىقى.

**ئويمىچى** ئى. تاش، ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرگە تۈرلۈك گۈل، نەقىش ياكى تېكىستلارنى ئويىدىغان ئۇستا: مامۇت ئويمىچى كېرەم بويىتاقنىڭ ئۆزىگە غەزەپ بىلەن قاراپ تۇرغانلىقنى كۆرۈپ، گېپىنى ئىزاھلاشقا ئۆتتى.

**ئويمىچىلىق** « ئويمىچى » سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**ئويمىكار** ئى ← **ئويمىچى**: ئاتىسى ئىدى تاشچى ھەم ئويمىكار، كېلەتتى يىللار داۋام تاشتىن قاتتىق. ھەسرەتنىڭ قايىنمىدا ئۆزگەن ئاتا، كۆرمىدى ئۆمرىدە ھېچ خوپلۇق-شادلىق.

**ئويمىكەش** ئى ← **ئويمىچى**: — بۇ توغرۇلۇق شەھەردىكى ئويمىكەشلەردىن بىر-بىرلەپ سوراشتۇرۇپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، — دېدى ئۇ سەل توختاپ.

**ئويمىكەشلىك** ئى ← **ئويمىچىلىق**.

**ئويمىلىق** سۈپ. تۈرلۈك نۇسخىدىكى نەقىشلەر ياكى تېكىستلەر ئويۇلغان، ئويۇپ چىقىرىلغان: ئەجىرىدىن بۇ ئۇستىنىڭ مۇز تاغقا كەلدى يېڭىلىق، تام، ياغاچ ئۆيلەر قۇرۇلدى گۈل نەقىشلىك، ئويمىلىق.

**ئويناتماق** « ئوينىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ مامۇت، روزىلارنى تۇرپاندا ئىككى كۈن ئويناتتى. * ئولتۇرسەن گۈلئايىم، قاش-كۆزۈڭنى ئويىنىتىپ. كۆيدۇرسەن نېمانچە، يۈرىكىمگە ئوت يېقىپ.

**ئويناش** ① « ئوينىماق » سۆزىنىڭ يەنە بىر ئىسمىدىشى. ② ئى. ئاشنا: ئۇ ئوينىشى سادىقنى تاپتى-دە، قايتىدىن كۆچكە ئىگە بولغانلىدەك ئۆزى ئۇرۇشۇپ قالغان ھېلىقى باققال يىگىتنى ئىزلەپ يۈگۈردى.

**ئويناشماق** ① « ئوينىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كوچىدا بىرمۇنچە ئۇششاق بالىلار ئوينىشىپ يۈرەتتى. * بىز دوستلار بىلەن بىرەر سائەتتەك خۇشال-خۇرام ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئويناشتۇق. ② چاقچاق قىلماق: بەختىيارنىڭ ئويناشقانىدەك ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنىڭ كۆلكەمنى قىستايتتى. * « ياخشى سۆز تاشنى يارۇر » كەن، يامان سۆز باشنى يارۇر، بېگىم بىلەن ئويناشمىڭىز، ئويناشسىڭىز، يۈگەپ سالۇر.

**ئويناق** سۈپ. كىشىگە شادلىق بېغىشلايدىغان، جۇشقۇن، يەڭگىل، شوخ (تۈرلۈك نەرسىلەرنىڭ ھەرىكىتى ھەققىدە): زەيتۇنەمنىڭ كۆزلىرى يەنە شۇ بۇرۇنقىدەكلا شوخ، ئويناق ئىدى. * بىلىمەن، سېنىڭ ئويناق شاۋقۇنلىرىڭ بەختىيار چوپانلارنىڭ بەزمىسىدۇر. جۇشقۇنلاپ قاينام ياساپ ئېقىشلىرىڭ سەپەرلەردە قۇچقان غەلىبە نەزمىسىدۇر.

**ئويناقلاتماق** « ئويناقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شانىياز ئېتىنى ئويناقلىتىپ يىراقلاپ كېتىۋاتقان يېزا باشلىقى دانىيازغا كەينىدىن خېلىغىچە قاراپ تۇردى.

**ئويناقلاشماق** « ئويناقلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شەربەت سۇلار ئويناقلىشىپ، ئۈنچە-مارجان چېچىپ كەلدى،

قىرغاقلارغا ئوغۇل-قىزلار... ئۇسسۇل ئويناپ، ئېتىشىپ كەلدى.

**ئويناقلىق** «ئويناق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ كۆزلىرى ئەمدى چاقناپ تۇرىدىغان ئويناقلىقىدىن قالغانىدى.

**ئويناقلىماق** پ. يەڭگىل، شوخ ھەرىكەت قىلماق، ئەركىلىمەك: بۇ قوچقار ھېيتاخۇن ئىشقا ماڭغاندا كەينىدىن كىچىك بالىدەك ئەگىشىپ ماڭاتتى، تېخى باللاردەك قېيغىتىپ ئويناقلاپمۇ قوياتتى. * ئۇچقىن، ئۇچقىن كەپتىرىم، كۆك قەھرىدە پەرۋاز قىل، موللاق ئېتىپ ئويناقلاپ، كۆڭۈللەرنى خۇشال قىل.

**ئوينالماق** «ئوينىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەلقىنىڭ قاتتىق تەلەپ قىلىشى ئارقىسىدا بۇ دراما يەنە ئون مەيدان ئوينالدى.

**ئوينىغۇچ** I ئى. قوغۇنىنىڭ بىر تۈرى. چوڭلۇقى مۇشتتەك بولۇپ، يوغىنمايدۇ، ناھايىتى چىرايلىق، باللار ئۇنى يېيىشتىن كۆرە ئويناشنى ياخشى كۆرىدۇ؛ چىلگە: — دادا، ماڭا بىر ئوينىغۇچ ئۈزۈپ بېرە، — دەپ غەلۋە قىلغىلى تۇردى ھېلىقى كىچىك بالا. // ئۇ دېھقانغا قاراپ: «ئەي ئەرەب ئوغلى! مېۋە شۇنچىلىك قىس بولغان بۈگۈنكى كۈندە، سەن بۇ ئوينىغۇچ قوغۇننى ماڭا سوۋغا قىلدىڭ، ئەمدى سەن بۇنىڭ بەدىلىگە مەندىن نېمە سورايسەن؟» دەپتۇ.

**ئوينىغۇچ** II ئى. ئەتلەس توقۇشتا گولا تاياقچىلىرىنى يۇقىرى-تۆۋەن ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان غالتەك؛ موللاقچى.

**ئوينىغۇچ يىپى** ئەتلەس توقۇشتا ئوينىغۇچلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان يىپ.

**ئوينىماق** پ ① ئارام ئېلىش خاراكتېرىدىكى پائالىيەتلەر بىلەن مەلىكە بولۇپ ۋاقىتنى ئويۇن-كۈلكە بىلەن ئۆتكۈزمەك؛ ئەركىن ھالدا ئۆزى خالىغان ئىشنى قىلىپ كۆڭۈل ئاچماق: قازىنىڭنىڭ قايىنىشىغا باق، بالاڭنىڭ ئوينىشىغا باق (ماقال). * كۆڭۈلۈك رەنجىسە، كۈلۈپ ئوينا (ماقال). * ئۇ تاغسىنىڭ ئۆيىگە ئويناپ چىققانىدى. * ئۇنىڭ بالىسى ئويۇنغا ناھايىتى ئامراق بولۇپ، دائىم ئۆزى يالغۇز يىراق يەرلەرگە بېرىپ ئويناپ يۈرىدىكەن. ② ئۇسسۇل، تانسا، ھەر خىل تەنھەرىكەت تۈرلىرى قاتارلىقلارنى ئورۇندىماق، بېجىرمەك: تۆگە ئۇسسۇل ئوينىسا، يەتتە تاختا زەدەكىنى بۇزار (ماقال). * — ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئۇ، — [illegible] گۈزەل پېسى ئوينىغان نومۇرلارنىڭ ئادەتتىكى مەشىرەپلەردىن پەرقى بولمىسا بولمايدۇ. * — سىز تانسىنى ناھايىتى ياخشى ئوينايدىكەنسىز، — دېدى ئەلى ھاياجانلىنىپ. * ئۇلار ئۆيگە كىرىۋېلىپ ماجاڭ ئويناۋاتاتتى. * مەن كىچىكىمدە مۇشۇ مەھەللىدە مۆكۈ-مۆكۈلەڭ ئويناپ چوڭ بولغان بولساممۇ، ئەمما بۇ يەرلەرنى كۆرمىگەنىكەنمەن. * سەن تەنھەرىكەت ئوينايسەن، مەنچۇ، دەرستە ئۇخلايمەن، سەن يۈگۈرسەڭ ئۇزاققا، مەن بەك ئامراق قورساققا. ③ سەھنە ئەسەرلىرى ياكى ئالدىن بەلگىلەنگەن بىرەر ئىش-ھەرىكەتتە مەلۇم بىر پېرسوناژنىڭ رولىنى ئالماق، شۇنىڭ رولىدا چىقماق: ئۇ بۇ درامىدا قازىنىڭ رولىنى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئوينىدى. * ئۇ بۇ قېتىمقى مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھەرىكەتتە بىر قەھرىماننىڭ رولىنى ئويناپ، كۆپ كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشۋالغان بولسىمۇ، ئۇزىمايلا كىشىلەر ئۇنىڭ ھەقىقى خاراكتېرىنى بىلىۋالدى. ④ شوخ، يېقىملىق ھەرىكەتلەنمەك؛ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك قىلىق-ھەرىكەتلەرنى قىلماق: تاشۋاينىڭ بارماقلىرى راۋاب پەدىلىرى ئۈستىدە ئوينايتتى. * بېلىق ئوينار

ئۆستەڭدە، بۇلبۇل سايرار گۈلشەندە. شاد ياشايمىز ھەرقاچان گۈزەل ئانا ۋەتەندە. ⑤ بىرەر نەرسىنى قول ياكى مۇناسىۋەتلىك ئەزالار بىلەن تۈرلۈك شەكىلدە ھەرىكەتلەندۈرمەك، مىدىرلاتماق: ئۇ گەپ قىلماستىن چىچىنىڭ ئۇچىنى ئويناپ يەرگە قاراپ تۇراتتى. * ئۇ بۇرۇتىنىڭ ئۇچىنى كالپۇكى بىلەن ئويناپ، قوشۇمىسىنى تۈرۈپ قاسمىغا قارىدى. ⑥ ھېيت-بايرام ياكى بىرەر مەرىكىنى ئۆتكۈزمەك، كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە ئۆتكۈزۈلىدىغان بىرەر خۇشاللىق پائالىيەتنى ئۆتكۈزمەك: روزىنى مەن تۇتسام، ھېيتنى باشقىسى ئوينىدى (ماقال). * — ئەمما، — دېدى تۆمۈر خەلپە غەمكىن قىياپەتتە، — توي ئويناشتىن بۇرۇن بارلىق شېھىتلەرنىڭ روھىغا ئاتاپ بىر چوڭ نەزىر ئۆتكۈزۈۋەتسەك كېمكىن دەيمەن. * زىبەيدەنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا ئويناپ كەتتى. * ئۇنىڭ يۈرىكى شادلىقتىن ئويناپ كەتتى. ⑧كۆچمە. ئۇرغۇماق، مەۋج ئۇرماق، كۆۋەجمەك: گۈلباھارنىڭ زوقى شادلىقى، تومۇرلاردا ئويناپ ئاقىدۇ. خۇشال كۈلكە، جاراڭلىق ناخشا، ھەر يۈرەككە ئوتلار ياقىدۇ. * ۋۇجۇدىمىز گاڭ پولات، غەيرەت دېگەن يۈرەكتە. غەيرەت بولغاچ يۈرەكتە، كۈچ ئوينايدۇ بىلەكتە. ⑨ كۆچمە. ئەكس ئەتمەك، جىلۋە قىلماق، ئىپادىلەنمەك: ئەنۋەر بىردىنلا جانلىنىپ لەۋلىرىدە كۈلكە ئوينىدى. * ھە ئەنە تەلئەتنىڭ يۈزىدە كۈلكە، سادىقنىڭ كۆزىدە ئوينار تەبەسسۇم، ئوغلىنىڭ پېيىدا مۇزەپپەر كاڭجاڭ، كۈلكىدىن كۆرۈنەر لەيلىمۇ مەسۇم. * مەن ئېيتسام ئۇنىڭغا، كۈلۈپ كەتتى ۋىلىقلاپ. شادلىق ئويناپ يۈزىدە، بۇلاق كۆزى جىمىرلاپ. ⑩ كۆچمە. يات جىنىستىكىلەر بىلەن خۇپىيانە ھالدا بىللە

بولماق، يوشۇرۇن ئۇچرىشىپ كۆڭۈل ئاچماق، شەھۋانىي قىلىق-ھەرىكەتلەرنى قىلماق: ئۇ بىر دېدەكنى ئويناپ قويۇپ، دېدەكنىڭ بويىدا قالغاندىن كېيىن ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىۋالغان. * — مەن نېمە ئىش قىپتىمەن؟ قىمار ئوينىمىدىم، چوكان ئوينىمىدىم، بىر-ئىككى رومكا هاراق ئىچكەنگە نېمە بولۇپتۇ؟ — دېدى ئۇ ۋارقىراپ. * مەن كەلدىم ئەلەم بىلەن، ئوينايمەن سېنىڭ بىلەن. ئاشنا بولغىن ئۆلگۈچە، ئامرىقىم مېنىڭ بىلەن.

**ئويۇق** ئى ① تۈرلۈك نەرسە-كېرەكلەرنى قويۇش ئۈچۈن ئۆي ۋە ھويلا تاملىرىنى ئويۇش ياكى ئۆي تاملىرىغا يۆلەپ مەلۇم ئېگىزلىكتە تام قوپۇرۇش يولى بىلەن چىقىرىلغان جاي، تەكچە: ئويۇقتا ئورۇن-كۆرپە نامى بىلەن بىر قۇچاق ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەر تىزىپ قويۇلغانىدى. * ئۇ ھېلىقى ئەسكەرنىڭ ياردىمى بىلەن كونا ئېغىر ساندۇقنى ئويۇقتىن ئېلىپ يەرگە تاشلىدى. * غارنىڭ ئىچىگە ھۇجرىغا ئوخشىتىپ ئۆيلەر سېلىنغان بولۇپ، ھۇجرىلارنىڭ تاملىرىغا ئويۇقلار ئويۇلغانىكەن. * ئۇ خەتنى تام مەشنىڭ ئويۇقىغا ئېلىپ قويدى. ② قاشتېشىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئەتراپىنى كولاپ بوشىتىلغان بوشلۇق.

**ئويۇقچە** ئى. كىچىك ئويۇق: ئۇ كىتابنى ئېھتىيات بىلەن ئويۇقچىدىن ئالدى ھەمدە ئاستا قوينىغا سېلىپ ئۆيدىن چىقتى.

**ئويۇلماق** «ئويماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆپىنىڭ كۈچى كۆپ ئىكەن، ئۆستەڭ قۇرۇلۇشى باشلىنىپ ھايت-ھۇيت دېگۈچىلا 20 مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئېرىق ئويۇلۇپ بولدى. * بوز ئېچىپ ئۆستەڭ چېپىپ، ئاشلىق تېرىلدى دەشتىگە. ئۆي سېلىپ، زاۋۇت

قۇرۇپ، نەقىش ئويۇلدى بەستىگە.

**ئويۇم** مىق. مەلۇم بىرنەرسە بىلەن بىرەر تەكشىلىك يۈزىنى بىرلا قېتىم ئويۇپ ئالغاندا چىققان نەرسىنىڭ مىقدارىغا تەڭ بولغان مىقدار: بىر ئويۇم توپا.

**ئويۇن** ئى ① كۆڭۈل ئېچىش، ئارام ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەركىن مەشغۇلات، ھەرىكەت: ئويۇننىڭ ئېزى ياخشى (ماقال). * — سىلەرنىڭزە، — دېدى سادىر ئاغىنىلىرىگە قاراپ، — خىياللىرىڭلارغا ئويۇندىن باشقا نەرسە كىرىپ باقامدۇ؟! ② ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىش، بەسلىشىش يۈزىسىدىن ئېلىپ بېرىلىدىغان، بەلگىلىك قائىدە-تەرتىپلەر ئاساسىدا بولىدىغان تۈرلۈك مەشغۇلات، پائالىيەت: ئۇنىڭ دوستلىرى دائىم دېگۈدەك «تاش تەرمە»، «توپ چاكىم» دېگەندەك ئويۇنلارنى ئوينايتتى. ③ كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن زوق بېرىدىغان، توپلانغان تاماشىبىنلار ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ناخشا-ئۇسسۇل، چېلىششقا ئوخشاش كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى: ئويۇن ئاخىرلاشقاندا لۇتپۇللا بىلەن مۇنىرىدىن كەپتەرنى ئېلىپ بىرلىكتە يېڭى شەھەرگە قايتىپ چىقتى. * ئويۇن كۆرۈۋاتقان تاماشىبىنلار ئۇلارنى كۆرۈپلا دۇررىدە ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. ④ كۆڭۈل ياساپ ياكى قىزىقچىلىق قىلىپ قىلىنغان گەپ-سۆز ياكى ھەرىكەت، چاقچاق، ھەزىل: ئويۇن قىلماق. * — بۇ ئويۇن ئەمەس! راست شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ رەنجىگەندەك قىلىپ. // — كىتاب سۆزى ئويۇن گەپ ئەمەس، — دېدى يەنە بىر يۈزبېشى. ⑤ كۆچمە. ئاسان، ناھايىتى ئوڭاي ئىش، تاماشا، كۆڭۈل ئېچىش ئورنىدىكى ھەرىكەت-پائالىيەت: مۈشۈككە ئويۇن، چاشقانغا قىيىن (ماقال). * ئاڭلىدىم، ئۆمرۈڭ ئىكەن سېنىڭ ئۇزۇن، (بىر يېرىم ئەسىر ياشاش ئەمەس ئويۇن!) ⑥ كۆچمە. مەلۇم بىر تەرەپكە قارشى بەلگىلىك دەرىجىدە مەخپىي ئېلىپ بېرىلغان يوشۇرۇن پائالىيەت، قەستەن باشقا مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەت، ھىيلە-مىكىر، نەيرەڭ، سۇيىقەست: ھەقىقەتتە بولسا تاغدىن مەرگەن توپلاپ ئەۋەتىش تۆمۈر خەلپىنىڭ ئويۇنى ئىدى. * — بۇ يەردە بىر ئويۇن بار، سەل دىققەتتە يۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ ئەختەمگە ئاگاھ بېرىپ.

**ئويۇن چىقارماق** قەستەن غەيرىي ھالەت پەيدا قىلماق، ھىيلە-مىكىر ياكى قىزىقچىلىق قىلماق: ناۋادا سەن «ياق» دەپ سالساڭ نەپسگە ھار كېلىشتىن ھەم باشقىلار بىلىپ قالسا گەپ چىقىپ قېلىشتىن قورقۇپ شۇنداق ئويۇننى چىقارغان چېغى، ئەمدى قانداق قىلماقچىسەن؟

**ئويۇندىن چىڭغا چىقماق** دەسلەپ چاقچاق قىلىشىپ، كېيىن جېدەللىشىپ قالماق.

**ئويۇن قويماق** كىشىلەرگە سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتمەك: ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكى بۇ ناھىيىگە چىقىپ ئون نەچچە مەيدان ئويۇن قويدى.

**ئويۇن قىلماق** چاقچاق قىلماق، ئويناشماق: موماي ئېيتتىكى: «مېنىڭ دېگىنىم راست، ماڭا ئويۇن قىلغۇچە، ئۆز تەگتۇشلىرىڭىزغا ئويۇن قىلسىڭىز بولمامدۇ؟»

**ئويۇن كۆرسەتمەك** ① كىشىلەرگە خۇشاللىق، زوق ئاتا قىلىدىغان تۈرلۈك سەنئەت خاراكتېرىدىكى ئويۇن-نومۇرلىرىنى

كۆرسەتمەك؛ ئورۇنلىماق. ② كۆچمە. قۇۋلۇق-شۇملۇق قىلماق، سۇيىقەست قىلماق، ھىيلە ئىشلەتمەك: بولدى، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ شۇنچىلىك ئويۇن كۆرسەتكەنلىرىمۇ يېتەر!

**ئويۇن كۆرسىتىش مۇسابىقىسى** < تەن > تەنتەربىيە ھەرىكىتىنى تەشۋىق قىلىپ، تەسىرىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە. قانات يايدۇرماقچى بولغان تۈرلەرنى ئۈلگە سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇش ۋە چوڭراق مۇسابىقىلەرگە قاتناشقاندىن كېيىنكى ئويۇن كۆرسىتىشلەرنىڭ ھەممىسى بۇنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ. ئويۇن كۆرسىتىش مۇسابىقىسىدا تېخنىكا ۋە تاكتىكىلارنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش نۇقتا قىلىنىپ، ئادەتتە نام تەرتىپى ھېسابلانمايدۇ. بەزى ئويۇن كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرى ئاساسەن ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**ئويۇنپەرەس** سۈپ. ئويۇنغا ئامراق، دائىم ئويۇن-تاماشا قىلغۇسى كېلىدىغان، ئويۇن قېپى: — ماچىلدىما، ئويۇنپەرەس ئەخمەق، — دېدى دادام قولۇمنى سىلكىپ.

**ئويۇن-تاماشا** ئويۇن ۋە تاماشا: ئۇلار مەشرەپ ئويناشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ ئويۇن-تاماشىغا بېرىلگەندە، ئەخمەت ئۇلارنى جامائەت سورۇنلىرىدا سۆكتى.

**ئويۇنچا** ئى. (كىيىم تىكىشتە) ئويۇلغان قىسمى، ئويۇلغان جاي: يەڭ ئويۇنچىسى. ياقا ئويۇنچىسى.

**ئويۇن-چاقچاق** ئويۇن ۋە چاقچاق، ئومۇمەن چاقچاق، ئويۇن تۈسىنى ئالغان ھەر خىل گەپ-سۆز ۋە ھەرىكەتلەر: ئۇلار خۇددى توي-مەرىكىسىگە كېتىۋاتقان كىشىلەردەك ئويۇن-چاقچاق بىلەن ئىلگىرىلەيتتى.

**ئويۇنچۇق** ئى. ① بالىلارنىڭ ئوينىشى ئۈچۈن ياسالغان ھەر خىل شەكىلدىكى نەرسە، بۇيۇم: بۇ قىزچاق مومىسىنىڭ ئازابلىرىدىن خەۋەرسىز، ئۆزىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ ئولتۇراتتى. * سەن بولساڭ بۇ پاجىئەدە يانجىلىپ كېتىۋاتقان كىچىككىنە بىر ئويۇنچۇقتىنلا ئىبارەت، خالاس. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ئارزۇسىنى سۆزسىز ئىجرا قىلىدىغان، نېمە قىل دېسە شۇنى قىلىدىغان كىشى، قورچاق: سىز ئاللىقاچان باشلىقىڭىزنىڭ ئويۇنچۇقىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىڭىزنى بىلەمسىز؟

**ئويۇنچى** ① ئى. ئومۇمەن ھەر خىل سەنئەت نومۇرلىرى ۋە سپورت ئويۇنلىرىنى تاماشىبىنلار ئالدىدا ئويناپ كۆرسەتكۈچى ئارتىس: بىزنىڭ يېزىغا تۇرپان سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنچىلىرى كېلىپ ئۈچ مەيدان ئويۇن قويدى. * بىزنىڭ ناھىيىگە ئاپتونوم رايوندىن ئويۇنچىلار كېلىپ ئويۇن قويدى. ② سۈپ. ئويۇن-تاماشىغا بەك ئامراق، ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان؛ ئويۇنقېپى: ئويۇنچى بالا. // ئەخمەت تولىمۇ ئويۇنچى بولۇپ كەتتى. * بىزنىڭ ئىچىمىزدە بەختى ھەممىدىن بەك ئويۇنچى ئىدى.

**ئويۇنخانا** ئى. ئومۇمەن تۈرلۈك ئويۇنلار ئوينىلىدىغان ياكى كۆرسىتىلىدىغان جاي، ئۆي، زال.

**ئويۇنقېپى** ئويۇن-تاماشىغا ھەددىدىن بەك بېرىلىپ كەتكەن، ئويۇن-تاماشا بىلەنلا مەشغۇل بولىدىغان، بىكار تەلەپ: زاكىر بولسا ئويۇنقېپى ئىكەن، شۇڭا مەكتەپتىمۇ ئوقۇيالماپتۇ.

**ئويۇن-كۆلكە** ئويۇن ۋە كۆلكە؛ تاماشا: ئۇلار ئويۇن-كۆلكىلەردىن چارچاپ سالقىنلاش ئۈچۈن چىققانىدى.

# ئۆ

**ئۆ** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە ئالتىنچى ھەرپى. ② شۇ ھەرپنىڭ نامى. ③ رەت تەرتىپى جەھەتتە يىگىرمە ئالتىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۆ** II ئال III ① شەخس ئالمىشىنىڭ بىرلىكى بولۇپ، ئۆستىدە سۆز بولۇۋاتقۇچىنىڭ ئادەم ياكى نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئۇ قىز ئۇخلاۋاتقان ۋاقىتتا ئۇنىڭ قولىدىكى بۇ ئۈزۈكنى ئېلىپ، ئۆزۈمنىڭ قولۇمغا سالغانىدىم. * بارات تاشۋاينىڭ قولىدىكى راۋابنى ئالدۇ، مۆمىن ئاكا ئۇنى ھاپاش قىلدۇ. * ئېگىز-ئېگىز تاغ بېشىدا، قۇرغۇي ئەگىيدۇ، يارۇ. ئۇ ئەگىگەن قۇرغۇي ئەمەس، يارلار ئەگىيدۇ، يارۇ. ② سۆزلىگۈچىگە بىرئاز يىراق بولغان ياكى سۆزلىگۈچى يىراق ھېسابلىغان ئادەم، نەرسە، ۋەقە، ھادىسە قاتارلىقلارنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: — بۇ بۈگۈنكى گېزىتمۇ؟ — ياق، ئۇ كونا گېزىت. * — بۇ كىتاب سېنىڭمۇ؟ — ياق، ئۇ كىتاب مېنىڭ ئەمەس. * ئۇ گېزىتنى سىز ئوقۇغانسىز؟ * ھېلىقى لۇغەتتىن يەنە بىرنى ئالدىم. ئۇنى ئۇكامغا بېرىمەن. * ئەپەندىم بىر يېزىغا بارغانىكەن، ئۇ يېزىنىڭ ئادەملىرى ئەپەندىمگە ماختىنىشقا باشلاپتۇ. * ئېيتە نېمە خۇش خەۋەر ئۇ؟ ③ ۋاقىت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كېلىپ، نىسبەتەن بىرئاز ئىلگىرىكى كونكرېت ۋەقەلىكنى كۆرسىتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۇ چاغلاردا شىنجاڭدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار تارىم ۋادىلىرىنى ئېچىپ، بوستانلىقلارغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن بولغاچقا، ئۇ يەرلەردە ئارپا، بۇغداي، قوناقنىڭ نۇرغۇنلۇقىدىن، ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايتتى. * ئۇ كۈنى مەن ئۇنىڭ يېرىم كېچىدە مۇشۇ باغقا كەلگىنىنى سېزىپ قالدىم.

**ئۆ ئالەم ← ئۆ دۇنيا:** كىشىگە زەررىچە بولسىمۇ نەپ بېرىدىغان كۈچ ۋە ئەقىل-ئىدراكنى ئۇ ئالەمگە ئېلىپ كېتىشنىڭ ئەھمىيىتى نېمە؟

**ئۇ ئالەم-بۇ ئالەم ← ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا:** چوقۇم تۆلەپ بېرىڭلار، ماڭا ئوخشاش بىر تۇل خوتۇنغا زىيان ئۇرساڭلار خۇدايىم ئۇ ئالەم-بۇ ئالەم كەچۈرمەيدۇ.

**ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلماق ← ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلماق:** مانا ئارىدىن 20 نەچچە يىل ئۆتتى. دادام مەن ۋە بۇ دۇنيا بىلەن ئەبەدىي خەيرلىشىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلىپ كەتتى. مەن ھازىر بەخت ئىچىدە ياشاپ، ئىلىم-پەن ساھەسىدە ئىشلەۋاتىمەن.

**ئۇ ئالەمگە كەتمەك ← ئۇ دۇنياغا كەتمەك:** بىز يۈرۈشنى داۋاملاشتۇردۇق. پەيت دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ، ئەمدى ئېغىز ئاچمىسام، ئۇ ئالەمگە كەتكۈچە پۇرسەت كەلمەس. * ئۆيگە كەلسەم جان ئانام، ئۇ ئالەمگە كېتىپتۇ. قاراڭغۇدا دادامۇ، ئاھلار ئۇرۇپ يېتىپتۇ.

**ئۇ ئالەمگە ئۇزاتماق** ئۆلتۈرمەك، يوق قىلماق: زەر ئالمايمەن، قان ئالىمەن، قان! زەر مانا مېنىڭ قولۇمدىكى ئۇستىرا، بۇ سېنى مۇشۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇ ئالەمگە ئۇزىتىدۇ. * ياك زىڭشىنى ئۇ ئالەمگە ئۇزاتسىملا ھەممە ئىش پۈتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك.

**ئۇ چەت-بۇ چەت ← ئۇ ياق-بۇ ياق:** مۇرات سۆزىنى داۋام قىلدى: — سىنىپىمىزغا تولۇپلانغانلار گەرچە ئېلىمىزنىڭ ئۇ چەت-بۇ چېتىدىن كەلگەن، 19 مىللەتتىن تەركىب تاپقان بولساقمۇ، ئەمەلىيەتتە ھەممىمىز بىر ئائىلە كىشىلىرى، شۇنداققۇ دەيمەن؟

**ئۇ دۇنيا** <دىن> دىنىي چۈشەنچىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئۆلگەندىن كېيىن روھ ياشايدىغان جاي؛ باقىي دۇنيا، قىيامەت: — سېنىڭ نېمانچە بېشىڭ قاتىدۇ، ئىككىسى ئۆلگىلى تۇرغان ئىككى يىگىتنى ئالغاچ كېتىپ ئۇ دۇنيادا توي قىلسا بولمامدۇ؟ — دېدى يەنە بىر قىز، — قىزلار پاراقلاپ كۈلۈشتى. * — ئۇ دۇنيانى بىر كۆرەي دەپ، شۇ ياققا بېرىۋىدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

**ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا** ① ھەر ئىككى دۇنيا، ھازىرقى ياشاۋاتقان دۇنيا ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇنيا: بىر ياخشىلىق قىلىپ، ئەترەت باشلىقىغا ئېيتىپ، مېنى بەنلىرىگە يۆتكىۋالغان بولسىلا، سىلىدىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا خۇش بولۇپ كېتەتتىم. * — مەن خۇدادىن تىلەي، — دېدى زورىخان ئۆكسۈپ تۇرۇپ، — ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا بىر تال قىزلىرىنىڭ بەختىنى غازاڭ قىلمىسىلا، شەمەر مۇدىرغا ناماقۇل بولايلى، سىلىدىن ئۆتكەن سەۋەنلىك بولسا كۆڭلىگە ئالمىسۇن، سىلى سۆزلەشمىسىلە، مەن سۆزلىشەي. ② كۆچمە. ئەسلا، ھەرگىز، مەڭگۈ: — سەن قىلىۋالدىم دەپ ئويلاپ قالما، بۇ ئىشلار ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا ئېسىمدىن چىقمايدۇ، كۆڭلەرنىڭ بىرى سەندىن جاۋاب ئالماي قويمايمەن، — دېدى ئۇ غەزەب بىلەن.

**ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا بولۇپ كەتمەك** ياخشىلىشالمايدىغان دەرىجىدە قاتتىق ئازارلاشماق، مۇناسىۋىتى پۈتۈنلەي ئۈزۈلمەك: بۇ ئىككىسى گەپ تالىشىپلا ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا بولۇپ كېتىشتى، ھازىرچە بۇلارنى ياراشتۇرماق تەس.

**ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى** پۈتۈنلەي، تامامەن رازى: — مەن سەندىن ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى، — ئۇ كۆزلىرىگە ياش ئالدى ۋە بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك تەسلىكتە گېپىنى داۋاملاشتۇردى. * مەرھابا، مەن ھەممىنى ئۇقتۇم. شۇڭا سەن زىلۋا ياشلىقىڭنى چوڭ-كىچىك تەرەتكە بولغاپ، كېسەل بېقىش بىلەن بىھۇدە ئۆتكۈزۈۋەتمەي، تۇرمۇش يولۇڭنى تاپقىن، مەن سەندىن ئۇ

دۇنيا-بۇ دۇنيا رازى.

**ئۇ دۇنياغا راۋان بولماق** ← **ئۇ دۇنياغا كەتمەك.**

**ئۇ دۇنياغا راۋان قىلماق** ← **ئۇ دۇنياغا ئۇزاتماق:** ئۆيۈمگە پالاكەت كەلگەندىن بۇيان بەش كۈن ئىچىدە يەتكۈدەك زىيان تارتتىم، سىلەرگە دېگەندەك مەن ئۇ قاقباشنى ئۇ دۇنياغا راۋان قىلىش ئۈچۈن ھەرقانچە پۇل بولسا چىقىرىشقا رازىمەن.

**ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلماق** ← **ئۇ دۇنياغا كەتمەك:** — ئاھ بالام، كۆز نۇرۇم، باغرىم، گۆھەردەك بالام. جان ئاناڭ سېنى يەنە بىر كۆرەلمەي ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىدىغان بولدى، — دېدى بوۋاي. * — مانا، شۇنداقلا سۇرسەم، — دېدى ئوغرى، — ئىشىڭىز تامام، ئۇدۇل ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلىسىز.

**ئۇ دۇنياغا كەتمەك** ۋاپات بولماق، قازا تاپماق، ئۆلمەك: — ۋاي جېنىم ئايىمخان ئاچا، مۇشۇ ھالىم بىلەن خۇمداندا ئىشلىيەلەمدىم؟ مېنى تېزراق ئۇ دۇنياغا كەتسۇن، دەملا نېمە؟ — دېدى ساۋۇت. * — پېقىر تىجارەت بىلەن يىراق سەپەردىن يېقىندىلا كەلسەم، قەدىناس خوتۇنۇم قازا قىلىپ، ئۇ دۇنياغا كېتىپتۇ، — دېدى نەسىردىن سۆز باشلاپ.

**ئۇ دۇنياغا ئۇزاتماق** جېنىدىن جۇدا قىلماق، ئۆلتۈرمەك: — بىر چىمدىم ئوغا بىلەن ئۇ دۇنياغا ئۆزىتىۋېتەيمۇ يا؟ — دېدى پۇچۇك ئاغىچا. * — بۇ چېرىكنىمۇ ئۇ دۇنياغا ئۇزىتىپ تاشلاي، — دېدى قارا بوسۇق، «قىسماق ئىشان» نى گەجگىسىدىن سۆرەپ.

**ئۇ دۇنياغا يولغا سالماق** ← **ئۇ دۇنياغا ئۇزاتماق.**

**ئۇ دۇنيالىق** ئۇ دۇنياغا، ئاخىرەتكە مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋە ئۇنىڭدا قىلىشقا، ئورۇنداشقا تېگىشلىك بولغان: — نېمىشقا بۇ ساندۇقنى كۆتۈرۈپلا يۈرىدىلا؟ — دەپ سوراپتۇ كىشىلەر. — بۇ ساندۇقتا ھەم ئۇ دۇنيالىق ھەم بۇ دۇنيالىق راھىتىم بار، شۇڭا دائىم كۆتۈرۈپ يۈرىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوۋاي. * — ئەپەندىم، كۆڭلىڭىزنى ئانچە يېرىم قىلماڭ، بۇ دېگەن تۆت كۈنلۈك ئالەم، ئۆتۈپ كېتىدۇ. خۇدايىم ئۇ دۇنيالىق گۆرىڭىزنى كەڭ قىلسۇن! — دەپتۇ. // ساڭا بېرىلىپ گېپىڭگە كىرگەن كىشى ئۇ دۇنيالىقنى يوقىتىدۇ، ئۇ دۇنيالىقنى ئىزدىگەن كىشى سېنىڭدىن كېچىدۇ.

**ئۇ دېدى-بۇ دېدى** ← **ئۇنى دېدى-بۇنى دېدى:** قاسىم دۈيجاڭ بەشىمزىگە يېرىم كۈنچە ئۇ دېدى-بۇ دېدى ئاخىرى ئۆستەڭگە ھەممىمىزنى ماڭدۇردى.

**ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونماق** ← **شاختىن شاخقا قونماق:** مەن راستىنلا چالىقۇشتەك يەنىلا ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونۇپ يۈرىمەنمۇ؟

**ئۇ قەدەر** ئۇنىڭغا تەڭ كېلىدىغان؛ ئۇنچىلىك؛ ئۇ دەرىجىدە: توقسان كوي دەمسىز؟ ئۇ قەدەر پۇل مەندە يوق. كېيىن ئالاي. * مەن ئۇ كىشىنىڭ ئۇ قەدەر ياخشى پەزىلىتىنىڭ بارلىقنى پەقەت ئاڭلىمىغانىكەنمەن.

**ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ، بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كەتمەك** ئاڭلىغىنىنى پەقەت ئەستە تۇتالماسلىق، ئاڭلاپ قويۇپ ئۆزىنىڭ بىلگىنىنى قىلماق: لېكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرى ئۇ قۇلىقىمدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىمدىن چىقىپ كەتكەندەك پەرۋايىم پەلەك ئىدى.

**ئۇ قىلىپ-بۇ قىلىپ** ھەر خىل چارە-ئاماللارنى قوللىنىپ: دېھقانلار ئاخىرى ئۇ قىلىپ-بۇ قىلىپ توغاننى ئېتىپ سۇنى ئېتىزغا باشلىدى.

**ئۇ كەم** سۆز بولۇۋاتقاندىن ئىلگىرىكى

پەيت، مەزگىل: ئۇ كەمدە ئالىي مەلۇمات ئېلىش نەدە تۇرۇپتۇ، ئارىمىزدا بىر چەتتىن يەر ئىسلاھاتىغا قاتنىشىپ، يەنە بىر چەتتىن ساۋادىنى چىقارغانلارمۇ بار. * ئۇ كەملەردە قىسىم رەھبەرلىكى ئاز بولغاننىڭ سىرتىدا، قىسىمدا قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ناھايىتى كۆپ، قىسىملار تارقاق ئىدى.

**ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق** ھەممىسى ھازىر ئەمەس، ھەممىسى يوق: باللارنىڭ بىرى مەكتەپكە ماڭىدۇ، يەنە بىرى ئىشقا ماڭىدۇ، شۇنداق قىلىپ، ئۇمۇ يوق، بۇمۇ يوق، ئۇلار قايتقۇچە ئۆيدە يالغۇز قالىدىكەنمەن.

**ئۇنى بىر دېمە** راست دېدىڭ؛ دېمىسىمۇ شۇنداق، ئېنىق گەپ: ۋاي-ۋۇي، ئۇنى بىر دېمە، ھەرقانداق ئىشنى بىردەمدىلا تۈگىتىۋاتىدۇ. * ئۇنى بىر دېمە، ئۇ دائىم شۇنداق ئىچىۋالىدۇ.

**ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ** ھەر خىل گەپلەرنى قىلىپ، تۈرلۈك سۆزلەرنى سۆزلەپ: ھېلىم باينىڭ بۇ باغقا كۆزى چۈشۈپ، ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ يۈرۈپ، ئاخىر بېغىمنى تارتىۋالدى.

**ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۈرمەك** بىرىنىڭ ئىشىنى باشقا بىرىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىپ گوللىماق، بىرۋاقتىنىڭ ئىچىدە بىرقانچە ئادەمنى ئالدىماق: خۇشامەت، ياغلىما سۆزلەرگە ئۇستا نامان تۈلكە ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۈرۈپ، ئارىدىن نەپ ئېلىشقا ماھىر ئىدى.

**ئۇنىڭدىن باشقا** ئېيتىپ ئۆتۈلگەن، كۆزدە تۇتۇلغانلاردىن سىرت.

**ئۇنىڭدىن تاشقىرى** ← **ئۇنىڭدىن باشقا**: قاسىم بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ دېيىشكىنى بار-يوقى ئاشۇ ئىككى ئېغىزلا گەپ، ئۇنىڭدىن تاشقىرى بىرەر ئىش بولغىنى يوق.

**ئۇنىڭدىن سىرت** ← **ئۇنىڭدىن باشقا**: ئۇنىڭدىن سىرت يەنە نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟

**ئۇنىڭدىن كۆرە** يۇقىرىدا دېيىلگەندەك قىلغاننىڭ ئورنىدا: — ئۇچىمىز پايتەختكە قايسى يۈزىمىز بىلەن قايتىمىز، ئۇنىڭدىن كۆرە بالدۇرراق ئۆلگىنىمىز تۈزۈك، — دېدى گۇەن شېڭ. * — ئەل بولغان بىلەنمۇ بىكار، ئۇنىڭدىن كۆرە ئاستا ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ يولىغا ماڭساق بولغۇدەك، — دېدى ليۇ جېشىن.

**ئۇنىڭ سىرتىدا** يۇقىرىدىكىلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا: خۇرجۇندا بار-يوق بەش زاغرا، بىر لۆڭگە بار ئىكەن، ئۇنىڭ سىرتىدا بىرنەرسە چىقمىدى.

**ئۇ ھالدا** يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك بولغاندا، ئۇنداقتا: گەپ قىلمىسام، ئۇ ھالدا قىينىمايدۇ دەپ ئويلامسىز؟ * ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى مەۋجۇت دەپ «تەسەۋۋۇر» قىلساق، ئۇ ھالدا، بىزنىڭ شۇ يەردە بولغىنىمىز خىيالىي، يەر شارىنىڭ نىشان پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرىكى مەۋجۇتلۇقى بولسا ھەقىقىي بولىدۇ.

**ئۇ ھەقتە** يۇقىرىدا ئېيتىلغان ياكى كۆزدە تۇتۇلغان ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە: ئۇ ھەقتە ھېچكىم ماڭا بىرنەرسە دېمىدى.

**ئۇ ياق** ① سۆزلىگۈچىدىن يىراققا ئورۇنلاشقان، ئۇ ئىشارە قىلغان ياكى كۆرسەتكەن تەرەپ: مەۋلۇدە ئۇ ياققا قاراپمۇ، بۇ ياققا قاراپمۇ ئىشقا كېلىۋاتقان ئادەملەرنى ئۇچرىتالمىدى. * — سىلەرنى بۇلاڭچىلىق قىلىشقا ئۇ ياققا كىم ئەۋەتكەن؟ — دەپ سورىغانىدى ئەمىر. ② ئۇ كىشى، ئۇ ئادەم: ئۇ ياقنى تونۇمايدىغانسىز؟ ئۇنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئۇ مېنىڭ ساۋاقدىشىم تۇرسۇن مەتتوختى.

**ئۇ ياق-بۇ ياق** ① ئوڭ ۋە سول ياندىكى جاي، ئۇ تەرەپ ۋە بۇ تەرەپ، ئۇ يان-بۇ يان؛ ئەتراپ: ئون كۈندىن كېيىن

ئۇ شەھەرگە كېلىپتۇ. ئۇ ياق-بۇ ياققا قارىماي ئۇتتۇر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۆزىنىڭ مەقسىتىنى ئېيتىپتۇ. * سابىر دامبا ئۇستىدە ئويلانغان ھالدا ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرەتتى. * ئۇ دەسلەپكى ياز كۈنلىرىنىڭ بىر كېچىسى ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالماي ياتقان چاغدا، ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. ② ئەتراپتا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار (ئىگىلىك كېلىش ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەندە): ئۇ كىشى ئۇ ياق-بۇ ياقتىن پاراڭ قىلىپ، ئاخىرى ئۆزىنى تونۇتۇپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاكا-ئۇكا ئىككىسى بىر-بىرىنى قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپتۇ، مۇڭدىشىپتۇ. * ئۆيدە يالغۇز قالغان ئەر-خوتۇن ئۇ ياق-بۇ ياقنىڭ پارىڭىنى قىلىپ ئاخىرى قىزى مايسەم ئۇستىدە توختالدى.

**ئۇ ياق-بۇ ياق قىلماق** بىر تەرەپ قىلماق، ھەل قىلماق: — بىزمۇ بۇ شىركەتكە ئاز ئەجىر سىڭدۈرمىدۇق، ئەمدى قېرىغاندا بۇنچىلىك ئىشلارنى ئۇ ياق-بۇ ياق قىلالمساق، — ئۇ بىردىن گېپىدىن توختاپ قالدى. * — قىزىق، سىنىپ مۇدىرى بولغان كىشىمۇ شۇنچىۋالا چوڭ ھوقۇقلۇق بولۇپ، بىر نەچچە ئادەمنىڭ ئىستىقبالىنى ئۇ ياق-بۇ يان قىلىۋېتەلەيدىكىنە؟!

**ئۇ ياقتا تۇرسۇن** «...بىلا ئەمەس»، «... تۇگۇل» دېگەن مەنىدە ئالدىدىكى ئۇقۇمنى ئىنكار قىلىشنى بىلدۈرىدۇ: لېكىن بەزىلەر ھېلىمۇ ئىنسانىيەتكە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، بەلكى دېھقانلار جاپا تارتىپ ئاران تېرىغان زىرائەتلەرنى، باغلاردىكى مېۋە-چېۋىلەرنى يەپ، پارازىتلىق بىلەن جان باقماقتا. * — بىراق، سەن يىلتىزىم ئاستىدىكى يەرگە سەپ سالدىڭمۇ؟ ئۇ بولمىسا، مېنىڭ ئېچىلىشىم ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ھايات كەچۈرۈشۈممۇ مۇمكىن بولمايدۇ.

**ئۇ ياققا تارت-بۇ ياققا تارت** ھەممىسى ئۆزىنىڭ دېگىنىدە چىڭ تۇرۇش، تالاش-تارتىش: ئىككى كۈن بولدى، ئۇ ياققا تارت-بۇ ياققا تارت بىلەن بىر ۋەكىلنى سايلىيالمايۋاتىمىز.

**ئۇ يان** ① سۆزلىگۈچى ئىشارە قىلغان كۆزدە تۇتقان ئوڭ ياكى سول تەرەپ، ئۇ ياق: خىيال يىپلىرىم ئۇ يان ئايلىنىپ، بۇ يان ئايلىنىپ ئاخىر ئادىل ئاكىنى بىرىنچى قېتىم كۆرگەن چاغدىكى تەسىراتلار بىلەن باغلىنىپ كەتتى. * دوزاخ يۈزلۈك دۈشمىنىڭدىن، ئۇ يانمۇ قاچ، بۇ يانمۇ قاچ. ئەلىمگە پايلىمساڭ يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇلارنى چاچ. ② ئۇنىڭ ئۈستىگە، يەنە بىر تەرەپتىن، يەنە كېلىپ: ۋاقىت ئاز قالدى، ئۇيان خەمىت تېخى يېتىپ كېلەلمەيۋاتىدۇ.

**ئۇ يان-بۇ يان** ← **ئۇ ياق-بۇ ياق**: يۆك-تاقلىرىنى كۆتۈرۈشۈۋالغان يولۇچىلار ئۆزلىرى چۈشىدىغان ماشىنىلارنى ئىزدىشىپ، بېكەت ئىچىدە ئۇ يان-بۇ يان يۈگۈرۈشەتتى، بىر-بىرىنى چاقىرىشاتتى. * ئۇ ئاخشىمى زادىلا ئۇخلىيالمىدى. كارىۋىتىنى غىچىرلىتىپ ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈلەتتى. * تېيىپجان رابىيەمنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇنلاپ كىرگۈچە ئۇلار ئۇ يان-بۇ ياندىن سۆزلىشىپ ئولتۇردى.

**ئۇ يان-بۇ يان بولماق** ① ئۇ يان ياكى بۇ يانغا قوزغالماق، ئايرىلماق: شاھزادە ئۇلارغا قاراپ سويلىنى شۇنداقلا بىر كۆتۈرۈپ قويغان ئىكەن، بىرەرمۇ ئۇ يان-بۇ يان بولماي، ئالدىغا چۈشۈپ توپتوغرا شاھنىڭ ئاتخانىسىغا كىرىپ بېرىپتۇ. ② بىر تەرەپ بولماق، ھەل بولماق: ئالدىرىما، ئۇزىماي ئۇ يان-بۇ يان بولىدۇ.

**ئۇ يان-بۇ يان قىلماق** ① ئۇ ياق ياكى بۇ ياققا ئۆرۈمەك، يۆتكىمەك: موللازەيدىن

بەلكىم ئاشلىق تاغارلىرىنى ئۇ يان-بۇ يان قىلدىغان ئوخشايمەن دەپ ئويلاپ تۇراتتى. ② ھەل قىلماق، بىر تەرەپ قىلماق: بىر گەپنى ئاڭلاپ قالدىڭمۇ، بولدى. شۇ ھامان ئۇ يان-بۇ يان قىلىۋېتىدىغاندەك چىچاڭشىيسەن.

**ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ** ھەر خىل ئويلارنى قىلىپ، ھەممىنى بىر-بىرلەپ ئويلاپ: بېشىمنىڭ ئىچىمۇ-تېشىمۇ قىتىپ، ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ ئاخىرى ئامالسىزلىقتىن قول سائىتىمنى سېتىش قارارىغا كەلدىم. * زۆھرە ئۇ يان ئويلاپمۇ بۇ يان ئويلاپمۇ شاھزادىنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلىشنىڭ يولىنى تاپالمىغاندىن كېيىن، ئائىلاج تەكلىپنى قوبۇل قىلدى. * ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ، ئاخىرى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭدى.

**ئۇ يەر** كۆرسىتىلگەن ياكى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن جاي: مويسىپىتتەك بىر دېھقان ئالدىراپ باراڭغا كىرىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردىن يېڭى تۇغۇلغان قوزىدەك بىر چارچۇرۇك قوغۇنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

**ئۇ يەر-بۇ يەر** ئۇ يەر ھەم بۇ يەر؛ بىرقانچە يەر، ئورۇن، بۆلەك: سولايمان تۆلكە جىنايەت ئىزىنى يوشۇرۇپ، نىشانىنى بۇرىۋېتىش ئۈچۈن، بۇ خالتىنى ھېلىقى قالپىقى ئېلىپ تاشلانغان باي دېھقانغا دارىتىپ دۆڭگەپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە گەپ تارىتىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. * بۇجۇك ئۆز ئادىتى بويىچە، بەزى ئەتىگەنلىرى ئاتا-ئانىسىنىڭ روھىغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇسا، بەزى كۈنلىرى چىرايلىق مۇقاۋىلانغان قېلىن بىر كىتابنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى ئوقۇپ قوياتتى.

**ئۇ يېرىنى ياپسا، بۇ يېرى ئېچىلماق** قىلمىشلىرىنىڭ بىرىنى يوشۇرسا، يەنە بىرى چۇۋۇلۇپ چىقماق: ئەختەم نەپسىنى ئەنە شۇنداق قىرىۋۇەتكەچكە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلگەندە يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يېرىنى ياپسا، بۇ يېرى ئېچىلىپ قىلغان ئەتكەنلىرى ھەممىگە ئاشكارىلاندى.

**ئۇ-بۇ** ئۇ ھەم بۇ؛ مەلۇم بىرقانچە كىشى: ئۇ شۇنداق ئۇرغان بولسىمۇ گەپ قىلماي تۇردۇم، يولدىن ئۆتكەن ئۇ-بۇ كېلىپ ئۇنى ئۇتتۇۋالدى.

**ئۇپ** ئى. دىئال. يازنىڭ قىزىق، تىنجىق، ئاپتىپى.

**ئۇپ ئۆتمەك** دىئال. يازنىڭ قىزىق ئاپتىپىنىڭ ھارارىتى بەدەنگە ئۆتۈپ كېسەل پەيدا قىلماق.

**ئۇپا** ئى. پەرداز قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان خۇش بۇي، ناھايىتى يۇمشاق تالقان: ئۇپا سۈرتمەك. ئۇپا قۇتىسى.

**ئۇپا سۈرمەك** ئۇپىنى يۇقتۇرماق، ئۇپا بىلەن پەردازلىماق، ئۇپىلىماق: قىز چېچىنى يۇيۇپ يۈزىگە ئۇپا سۈركەشكە باشلىدى.

**ئۇپا-ئەڭلىك** يۈز-قول قاتارلىقلارنى پەرداز قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۇپا، ئەڭلىك، سۈرمە، يۈز مېيى قاتارلىق زىننەت بۇيۇملىرى: ئۇ ئەتىر ۋە ئۇپا-ئەڭلىك پۇرىقى بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرغان چىرايلىق قىزنى ماڭا تونۇشتۇردى. * خۇلاڭزىچى ساندۇقلارنى چاققانلىق بىلەن ئېچىپ، ماللىرىنى يايدى. ئۇنىڭ ماللىرى تاغاق-سوزگۈچ، ئۇستىرا-پىچاق، يىپ-يىڭنە، ئەينەك، تۈگمە، مەشۇت يىپ، چىلتەك، ئۇپا-ئەڭلىك، چاي، سەرەڭگە، شام-كۈجە قاتارلىق نەرسىلەر ئىدى.

**ئۇپراتماق** «ئۇپرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تولا پىيادە مېڭىپ ئايىغىمنىڭ پاشنىسىنى ئۇپرىتىۋەتتىم. * —

بۇنى قاچانمۇ 20 سانتىمىللىمېتىر ئۇپرىتىپ بولغىلى بولار، — دېدى ئۇ يەنە. * سەن ئۇنىڭغا ئاغزىڭنى تولا ئۇپراتما.

**ئۇپراش** ① «ئۇپرىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمىدىشى. ② ئامورتىزاتسىيە.

**ئۇپراش ھەققى** <س ئىق> مۇقىم مۈلۈكلەرنىڭ خورىغان قىسمى ئۈچۈن ئېلىنىدىغان ھەق.

**ئۇپراشماق** «ئۇپرىماق» پېئىلى ②نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇلار خەقنىڭ ئىشىغا نېمانچە ئۇپرىشىدىغاندۇ؟

**ئۇپرىتىلماق** «ئۇپراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇپرىماق** پ ① ئەسۋاب، ئۈسكۈنە قاتارلىقلار سۈركىلىش ياكى كۆپ ئىشلىتىش سەۋەبىدىن ھەجمى، مىقدارى ئازىيىپ، كىچىكلەپ بارماق: چولاق كەتمەنلەرنى، ئۇپراپ بۇقىنىڭ ماڭلىيىدەك بولۇپ قالغان جوتۇلارنى كۆتۈرگەن كىشلەر ھايال ئۆتمەي بۇ يەردە پەيدا بولۇشتى. * ئامرىقىڭدەك ئوبدان ئوغۇلغا، نان چايناشتىن ئۇپرىغان چىش. ئاشۇ «ماكماك» ئاقباش ئانىنىڭ، شەرىپىڭدۇر ئەمدى ئالقىشى. ② كۆچمە. بىكار ئاۋارە بولۇپ ئارتۇقچە جاپا چەكمەك، قىينالماق، ئۆزىنى ئالدۇرماق: — ئولتۇر بالام، ئولتۇر، سەن بىلەن بىزنىڭ ئۇپرىغىنىمىزدىن ئۇنىڭ پەرۋايى پەلەك، گەپ قىلساڭ يەرگە قاراپ تۇرغىنى تۇرغان. * ئىلى يولىدا تاللار، ھەر تاللاردا مارجانلار. خەقنىڭ شەھرىدە ئىشلەپ، ئۇپراپ كەتتى بۇ جانلار.

**ئۇپقۇن** (توغرىسى: ئوپقان)→ **ئوپقان.**

**ئۇپۇق** ئى (ئە) ئاسمان بىلەن يەر ياكى سۇ يۈزىنىڭ كۆز يەتكۈدەك يىراقلىقتا تۇتاشقاندەك كۆرۈنىدىغان قىسمى: شىمال تەرەپتە تاغ تىزمىلىرى بارغانچە بىر تال يىپ بولۇپ ئاخىرى ئۇپۇققا چۆكۈپ كېتەتتى. * ھەر تەرەپكە سوزۇلغان كەڭ يوللىرىڭ، چېتى يىراق ئۇپۇقلارغا تۇتىشار. سۇ بويىدىن قىنىپ قايتقان يىلقىدەك، نېفىت ئېچىپ گاڭ بۇرغىلار چېپىشار.

**ئۇپۇق سىزىقى** <جۇغ> گورىزونتال يۆنىلىشتە قارىغاندا، ئاسمان بىلەن يەر چېگرىلىنىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان سىزىق.

**ئۇپىسمان** سۆپ. ئۇپىغا ئوخشاش ئاپئاق ۋە يۇمشاق: بوۋاي قىغدىكى ئاقۇچ ئۇپىسمان چېچەكنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: — بۇنى «شور» دەيمىز، پارتلىتىش دورىسىغا پەقەت مۇشۇلا ئىشلەيدۇ، بەك ياخشى گاز پەيدا قىلىدۇ.

**ئۇپىلاتماق** «ئۇپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇپىلاشماق** «ئۇپىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇپىلانماق** «ئۇپىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاقنىڭ بويۇن ۋە تېقىملىرىدىكى ئاقتىن قارىغاندا ئۇنىڭ ھازىرلا يۇيۇلۇپ ئۇپىلانغانلىقى مەلۇم ئىدى.

**ئۇپىلىماق** پ. ئۇپا سۈركىمەك، ئۇپا بىلەن پەرداز قىلماق: سەلىمە يۈزلىرىنى ئۇپىلاپ ئەينەك ئالدىغا كەلدى.

**ئۇتتۇر** ① سۆپ. مەلۇم بىر نەرسىنىڭ ئۇدۇلى، ئالدىغا جايلاشقان، ئۇدۇل: ئۇتتۇر چىش. // مەكتەپنىڭ ئۇتتۇرىدا بىر كىچىك دۇكان بار. ② رەۋ. ھېچپەرگە بۇرالماي، توپتوغرا، ئۇدۇل: ھويلا بۇككىدە دەرەخلىك، گۈلزارلىق بولۇپ، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كەڭ تاشلار ياتقۇزۇلغان بىر يول تاكى چوڭ كۆلگىچە ئۇتتۇر باراتتى. * ناھىيە ھاكىمى ھەسەن ئېغىر گەۋدىسىنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ، دەسسىگەن

يېرىدىن خۇددى سوقما تاش ئۇرۇلغاندەك، تىترەڭگۈ ئاۋاز چىقىرىپ، مۇدىر ئىشخانىسىغا ئۇتتۇر كىرىپ كەلدى. ③ رەۋ. ئېھتىياجغا تۇشلۇق، ئۇدۇللۇق: شەھەر قىممەتچىلىك، مەن ئۇتتۇر تېپىپ، ئۇتتۇر خەجلەپ ئۆگىنىپ قېلىپ، پۇل توپلىيالماي قالغان ئادەم.

**ئۇتتۇر چىش** < ئانات > ئاستى-ئۈستى جاغنىڭ مەركىزىي قىسمىدىكى چىش. ئادەملەرنىڭ ئاستى-ئۈستى جاغدا تۆت تالدىن بولىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ئىسكىنىگە ئوخشاش بولۇپ، نەرسىلەرنى كېسىشكە ماسلاشقان.

**ئۇتتۇر كەلگەن** دۇچ كەلگەن، ئۇچرىغان: غەنى ئۇنىڭ ئورنىدىن تۇرۇۋېلىشقا يول قويماي، ئۇتتۇر كەلگەن يېرىگە تېپىشكە، دەسسەشكە باشلىدى. * دادام مېنى ئوقۇشنىمۇ قويۇپ ئۆزىنىڭ يېنىدا تۇرۇشقا، مۇشۇ يەردە ئۇتتۇر كەلگەن بىرەر خىزمەتنى قىلىپ، ئۆكىلىرىمغا قاراشقا نەسىھەت قىلدى.

**ئۇتتۇر كەلگىنىچە** قانداق توغرا كەلسە شۇنداق، بولۇشىچە: — ئۇنداقتا، ئېرىشىشتە لەززەت يوق دەپ ھېچ نەرسىگە ئىنتىلمەسلىك كېرەكمۇ؟ بولۇشىغا ئۇتتۇر كەلگىنىچە ياشاش كېرەكمۇ؟

**ئۇتتۇر مىجەز** دىئال. كۆڭلىدىكىنى يوشۇرماي دەپ تۇرىدىغان.

**ئۇتتۇر ئوقەت** ← **ئۇدۇل ئوقەت**: مۇشۇنداق ئۇتتۇر ئوقەت بىلەن ئۆتتۈۋاتقان بۇ ئۆيگە بىركۈنى كەچ تەرەپتە ئۆمەر باينىڭ كارۋان بېشى ۋە شەمشىدىنىنىڭ كىچىك ۋاقتىدىكى يارەنلىرىدىن بىرى بولغان نەسىردىن كىرىپ كەلدى. ئۇلار ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

**ئۇتتۇرلاپ** رەۋ. ھېچ يەرگە بۇرۇلماي، ئۇدۇل، توپتوغرا: مەن كالىچىمنى ساپتىم، ئۇتتۇرلاپ بۇ ياققا ماڭدىم.

**ئۇتتۇرلۇق** رەۋ ← **ئۇدۇللۇق**: قاۋۇل دەسلەپدە مۇداپىئەدە تۇرۇپ قايسى يېقىنلاشسا شۇنى ئۇتتۇرلۇق ئەدەبلىگەچ، بۇ ئىككىسىنىڭ قانچىلىك كۈمپىسى بارلىقىنى بايقاپ چىقتى. * بىز بۇ كىتابنى بىر ئامال بىلەن ئۆزىمىز ئۇتتۇرلۇق تەرجىمە قىلىپ، ئەزالارنى مەخسۇس ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇردۇق.

**ئۇتتۇرماق** پ ← **ئۇتقۇزماق**: مەن بۇ قېتىمقى قىماردا ئۇنىڭغا ئۇتتۇرۇپ قويدۇم.

**ئۇتقۇزماق** پ. ئېرىشىشكە تېگىشلىك مۇۋەپپەقىيەت ۋە نەتىجىنى قولدىن بېرىپ قويماق، يېڭىلمەك: ئون ئىككى مىڭ! بۇنچىلىك پۇلنى ئۇ دۆۋە-دۆۋە ئالتۇننى ئۇتقۇزغان ياكى ئۇتقان جايدىن تاپالايدۇ. * خەلقىمىز قىلغاچ ئىشەنچ چىن قەلبىدىن، قويدۇ ساڭا مۆھۆرنى تۇتقۇزۇپ. ئەمدى بايقا، بۇ جامائەت ئىشىدۇر، قويما مەھبۇبەڭگە پەيتنى ئۇتقۇزۇپ.

**ئۇتقۇزۇپ قويغان قىمارۋازدەك** ناھايىتى غەمكىن، مەيۇس، پەرىشان: ھوشۇر ئىمام ئۇتقۇزۇپ قويغان قىمارۋازدەك كىگىزنى تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى.

**ئۇتقۇزۇشماق** «ئۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكا-ئۇكا ئىككىسى ئىككى يىللىق ئەمگىكى بەدىلىگە كەلگەن پۇللىرىنى بىر قىمارۋازغا ئۇتقۇزۇشۇپ، ئۆيگە قايتىشتىن خىجىلچىلىقتا چەت يۇرتلارغا مېڭىشقا تەمشەلدى.

**ئۇتقۇزۇلماق** «ئۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇتماق** پ ① كۈچ سىنىشىش، مۇسابىقە، ئويۇن قاتارلىقلاردا بەسلەشكۈچى قارشى تەرەپتىن ئۈستۈن كەلمەك؛ يەڭمەك: شۇ كۈنى مەن بار كۈچۈم بىلەن غەيرەت قىلىپ ئىلىچاقتىن ئون نەچچە قەدەم بۇرۇن

پەللىگە يېتىپ بېرىپ ئون سامسا ئۇتۇۋالدىم. * مۇسابىقە بولغاندا، ئۇتۇپ چىقار ھەمىشە، ئۆزى چېۋەر پۇتبولچى بولدى مەكتەپ بويىچە. ② ئۆزىگە قارىتىۋالماق: گويا ئۇ بۇ سۆزلىرى بىلەن شائىرنىڭ كەيپىنى ئۇتۇپ كەچلىك ئولتۇرۇشقا پەيزى تاپماقچى بولغانىدى. * كەپتىرىم كۆرۈنمەيدۇ، كەپتەرۋاز ئۇتۇۋالدى. غۇنچە بويلۇق قارا كۆز كۆڭلۈمنى ئۇتۇۋالدى. ③ كۆچمە. تېجەپ قالماق، ئىقتىساد قىلماق: شۇ بويىچە رېمونت قىلىنسا، 10 — 15 كۈنلۈك ئىشنى ئىككى-ئۈچ كۈندە تۈگەتكىلى بولىدۇ. ۋاقىتتىنمۇ، كۈچتىنمۇ ئۇتىمىز.

**ئۇتۇشماق** «ئۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇتۇق** ئى ① ئېرىشكەن نەتىجە، مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبە: مەن بۇ جاۋابىنى بۇ قېتىمقى زىيارىتىمنىڭ مۇھىم بىر ئۇتۇقى دەپ، ئىنتايىن خۇش بولدۇم. * مول ھوسۇللۇق ئۇرۇقنى چۆل باغرىغا چاچتۇق بىز. ئىشلەپ ئىلمىي ئۇسۇلدا يېڭى ئۇتۇق تاپتۇق بىز. ② خىزمەت، ئىش قاتارلىقلارنى يەكۈنلەش داۋامىدىكى ئىجابىي تەرەپلەر؛ نەتىجە: بىر ئادەمنىڭ خىزمىتىدە ئۇتۇق يەتتە ئۈلۈش كەمچىلىك ئۈچ ئۈلۈش بولسا ئۇنىڭ خىزمىتى ئاساسىي جەھەتتىن ياخشى بولغان بولىدۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۇتۇقسىز** سۈپ. ئۇتۇقى، نەتىجىسى يوق؛ ئۇتۇق قازىنىلمىغان: بۇ ئۇتۇقسىز ئەمگەكتىن كۆڭلى غەش بولۇپ، ئولتۇرۇشتى ئۇلار بىردەم تاشتا زوڭزىيىپ. ھېلى كۈندۈز ئاسمىنىدەك غازىنىڭ چېھرى، تۇمانلاشتى شوخ كۈلكىلەر بىردىن يوقىلىپ.

**ئۇتۇقلۇق** سۈپ. ئۇتۇقى، نەتىجىسى بار؛ ئۇتۇق قازىنىلغان: — دادا، بۇلارنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا گۇمان بىلەن قارىماڭ، كۆپچىلىك مەسلىھەت بىلەن ئۆز تەجرىبىلىرىنى قوشۇپ قىلغاندىن كېيىن، ئىش ئۇتۇقلۇق چىقىدۇ، — دېدى بالا. * كەلدى بىزگە يورۇق كۈن، ھەر ئىشىمىز ئۇتۇقلۇق، يەڭنى تۈرۈپ ئىشلەيمىز، بىزدە يوقتۇر ھورۇنلۇق.

**ئۇتۇلماق** «ئۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ نۆۋەت مەلىكە قەستەن يولنى خاتا مېڭىپ ئۇتۇلۇپتۇ. * شۇڭا بۇ جەڭدە ئايقىز ئۇتۇلدى، ياۋۇز مەخلۇققا يەنە ئۇتۇلدى. مەخلۇق كۆرەڭلەپ شاد بولدى ھالى، سەكرەپ كەتتى ئۇ بۈرگە مىسالى.

**ئۇجماق** ئى. تارس. جەننەت: — ئەل ئامانلىقى يولىدا جان بەرگەن چېرىك ساغىنىڭ ئورنى ئۇجماقتا بولسۇن! — بۇ ئورا بىردەمدىلا توپا بىلەن تولدۇرۇلدى، ئېگىزلەندى. * مەردكە مەشرەپ يارىشار شەكسىز، زەپەر بىلەن توي ھامان قوشماق. چۈنكى غەيرەت-شىجائىتىڭدە، يارالماقتا يۇرتۇڭدا ئۇجماق.

**ئۇجۇر-بۇجۇر** كېلىپ چىقىش، ئىچكى ئەھۋالغا مۇناسىۋەتلىك ئۇششاق-چۈششەك ھەممە تەرەپلەر، ھەممە ياق، ھەممە: بىز كۈندە بىرنەچچە خىل ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز، بۇ جەمئىيەتنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى تازا چۈشەندۇق. * مېنىڭ ھېچقانداق ئالاھىدە ئىقتىدارىم يوق، مەن مەسىلىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە ئامراق، خالاس.

**ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە** بىرەر ئىشقا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ۋە ئۇششاق-چۈششەك ھەممە تەرەپلىرىگىچە، يىپىدىن-يىڭنىسىگىچە تەپسىلىي: ئېلى نۇرىدىن ئەسىل-نەسلىنى ۋە تارىخىنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە سۆزلەپ بېرىپتۇ. * 20 يىلدىن بېرى بۇ خىزمەتنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە ئىگىلەپ، ئۆز يولى بويىچە باشقۇرۇپ كەلگەن مەتىمىن بوغالتىرغا قايىل بولدۇم.

**ئۈجۈر-بۈجۈرىنى بىلمەك** تەپسىلىي، ئىنچىكە ئۇقماق، بىلمەك: — مەن ئېنىق سوراپ ئۈجۈر-بۈجۈرىنى بىلىۋالغاندىن كېيىن قول سالدىم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ۋەلى.

**ئۈجۈر-بۈجۈرىنى قويماي** ھېچنېمىنى قالدۇرماي، ھەممىنى: سورىغاندىمۇ ئۈجۈر-بۈجۈرىنى قويماي سوراپتتى-دە، ئاندىن قايتا-قايتا مەشىق قىلاتتى.

**ئۈجۈز** سۈپ. دىئال. ئاجىز، خار، پەس؛ ئەرزان.

**ئۈجۈزلىماق** پ. دىئال. خارلىماق، پەس كۆرمەك.

**ئۈجۈقتۇرماق** «ئۈجۈقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئەگەر سىلەر بولمىغان بولساڭلار، — دەپتۇ ۋەزىر، — بۇ ھارامزادىنى شۇ يەردىلا ئۈجۈقتۇرۇۋېتەتتىم. * بۈگۈن ئۆزلىرى تەڭداشسىز جاسارەت بىلەن ئۇنى ئۈجۈقتۇردىلا، مەن قەھرىمانلىقلىرىغا ئىچ-ئىچىمدىن قايىل بولدۇم.

**ئۈجۈقتۇرۇشماق** «ئۈجۈقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەمەت جەڭگىنىڭ قوراللىق ئادەملىرى تۆرىنى ئۈجۈقتۇرۇشتى ۋە ئولجىنى ئېلىپ كېلىشتى.

**ئۈجۈقتۇرۇلماق** «ئۈجۈقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شامەخسۇت يى شىڭخۇغا: «تورپاق يېغىلىقمۇ سىزنىڭ قولىڭىز بىلەن ئۈجۈقتۇرۇلغاندى. ئەمدى بۇ ئوغرىلارنىمۇ سىزلا ئۈجۈقتۇرالايسىز، كۆرسەتكەن خىزمىتىڭىز ئۈچۈن پۈتۈن خەزىنەمنى ئېچىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە بېرىپتۇ.

**ئۈجۈقماق** پ ① يوقالماق، ئۆلمەك، تۈنجۇقماق: ياسىن تامغا ئېسىلغان پالاقنى قولىغا ئېلىپ «ۋاققىدە» بىرنى سالغانىدى، چۈشىن دەرھال ئۈجۈقتى. * قارا بۇلۇتلار ئۈجۈقتى كۆكتىن، قۇياش نۇرى چاچقاچ شەرقتىن. بەھرىمەن بولۇپ بۇ نۇردىن خەلقىم، دۇنياغا كەلدى گويا باشقىدىن. ② كۆچمە. گەپ قىلالماي قالماق، جىمىپ كەتمەك: مەن ئۈجۈقۇپ كەتتىم، چۈنكى مەن ئۆزۈمنى ئەيىبلىك ھېس قىلغانىدىم. * تاشۋاي بېشىنى سىلىپ ئۈجۈقۇپلا كەتتى.

**ئۈجۈقۇشماق** «ئۈجۈقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قورققىنىدىن ئۈجۈقۇشۇپلا كەتتى.

**ئۈجۈل** ئى. يىكەن غولىنىڭ باش قىسمى ئىچىدە بولىدىغان بىر خىل سېرىق نوسمان ماددا، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**ئۈچ I** ئى ① نەرسىلەرنىڭ ئىنچىكىلەشكەن، ئۆتكۈر تەرىپى: يىڭنىنىڭ ئۈچى. بىگىزنىڭ ئۈچى. نەيزىنىڭ ئۈچى. ② يىپ، سىم، تاياق قاتارلىقلار تەرەپلىرىنىڭ بىر بېشى: ئارغامچىنىڭ ئۈچى. تاياقنىڭ ئۈچى. * مېخانىكنىڭ سۆزىگە ھېچكىم قۇلاق سالمىدى، ئۇ يىپ ئۈچىدىكى ھالقىنى تۆۋەنگە تارتتى. * شۇمۇ گەپمىكەن! چوكىنىڭ ئۈچىدىمۇ سىنىپىي كۈرەش بار دېگىنى نېمىسى؟ چوكىنىڭ ئۈچىدا سىنىپىي كۈرەش بولسا، چۆمۈچتە بالا-قازالىق ئېلىشىش، ئالتوپىلاڭ بولىدىكەن-دە! ③ قول، پۇت، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالارنىڭ ئاخىرقى قىسمى: بارماقنىڭ ئۈچى. ساقالنىڭ ئۈچىنى قىرقىماق. * كىچىك ئوغۇلنىڭ توققۇز ئېگىرى بازاردىن ئېشىپ قالماپتۇ، ئەمما چوڭ ئوغۇللارنىڭ قول ئۈچىدىلا ياسىغان بىر ئېگىرنى ھېچكىم ئالماپتۇ. * قىز دېرىزىدىن سەل نېرىراق چېكىنىپ، پۇتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ كۆتۈرۈلۈپ، سىنىپ ئىچىگە قارىدى. ④ بۇرجەكلىك بۇيۇملارنىڭ بۇرجىكى: ياغلىقنىڭ ئۈچى. گالستۇكنىڭ چوڭ ئۈچى. * سايىم بەش سامسىنى قول ياغلىقىغا سېلىپ، ياغلىقنىڭ تۆت ئۈچىنى چىگدى. ⑤ تىلك

ھالەتتىكى نەرسىلەرنىڭ يۇقىرى قىسمى، چوققىسى: تام تۈۋىدىن، دەرەخ ئۇچىدىن، ئادەم ئىچىدىن قېرىيدۇ (ماقال). * — يۇقىرىراق دەۋېرىپ، ياغاچىنىڭ ئۇچىغا چىقىرىۋېتىمىزمۇ بۇنى؟ — دېدى سادىق. ⑥ كۆچمە. باشلىنىش قىسمى، بېشى: ئەمدى كۆرسىتىدىغان باھانە — سەۋەبلىرىم تۈگىگەچكە، مەقسىتىمنىڭ ئۇچىنى بوۋامغا ئېيتتىم. * ئۇ بىرئاز ياقتۇرماسلىق، كەمسىتىش تەلەپپۇزى بىلەن گەپنىڭ ئۇچىنى چىقاردى. ⑦ گاگبى قاتارلىقلارنىڭ خەت يازىدىغان، پۈلاتتىن ياسالغان قىسمى. ⑧ تۇخۇمنىڭ توم، يوغان بولمىغان تەرىپى: سىيت، مەشرەپكە كۆرەگلەپ: مۇشۇنداق توخۇمدىن ئىككى يۈزنىڭ ئۇچ-پايىنكىنى ئۇرۇۋالىمەن، دېمىسمۇ قورقماي چېكىشىۋېرىمەن، — دېدى. ⑨ مىلتىق، ئاپتومات قاتارلىقلارنىڭ قولدا تۇتىدىغان قىسمىغا قارىمۇقارشى تەرىپى: مىلتىقنىڭ ئۇچىنى تەگلىمەك. * ئاسىم ئۇنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ بىردىن، مەخسۇت بەگنىڭ تاپانچىسىنىڭ ئۇچى ئالماسقا قارىتىلغانلىقىنى كۆرۈپ قالدى.

**ئۇچ تارتماق** بوي تارتىپ ئۆسمەك، ئېگىزلىمەك، سوزۇلماق.

**ئۇچتىن زەرەت قويۇپ بېرىش** <فنز> زەرەتلەنگەن جىسىمنىڭ ئۇچ تەرىپىنىڭ ئوگايلا زەرەت توپلىۋېلىپ، ئۇنى يەنە قويۇپ بېرىش ھادىسىسى. چاقماق قايتۇرغۇچ ئادەتتە ئۇچلۇق بولۇپ، بۇ خىل پرىنسىپ بويىچە زەرەت قويۇپ بېرىدۇ.

**ئۇچ قورۇلى** مىلتىقنىڭ ئۇچىدىكى قارىغا ئېلىش تەگشىكى.

**ئۇچىغا چىققان** ئۆتۈپ كەتكەن؛ ئەڭ ئالدىنقى؛ ناھايىتى ئۇستا: زىياۋۇدۇننىڭ خىيالىنى كىم بىلىپتۇ دەيسىز. ئۆزى ئەسلىدىمۇ ئۇچىغا چىققان لۈكچەك، گەدەنكەش بىرنېمە ئىدى. * بۇ بەگنىڭ يېنىدا ئۇچىغا چىققان بىر يامان ئوغرى بار. * بەش-ئالتە يىل ئەسكەر بولۇپ، راسا ئۇچىغا چىققان قىمارۋاز بولۇپ چىقتى.

**ئۇچىغا چىقماق** ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتمەك، چېكىگە يەتمەك: بەخت-سائادەتنىڭ جايى زىندان بولدى. تەقىپ قىلىش، چېقىمچىلىق، مۇتتەھەملىك، خىيانەت، تۆھمەت، ئوغرىلىقلار ئۇچىغا چىقتى. * بۇ باشلىقتىن بىزار بولغانلار، يالغۇز مەندەك بىر كىشى ئەمەس. ساختىلىقتا چىقتى ئۇچىغا، ئەيىبىنى ئاچسام تۈگىمەس.

**ئۇچىنى ئۈزمەك** كېۋەز، تەك قاتارلىقلارنىڭ بەك ئۆسۈپ كېتىپ مېۋىلىشىگە ئوزۇق يېتىشمەي قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇچىنى قىرقىۋەتمەك.

**ئۇچىنى ياندۇرماق** ئۇچىنى ئۈزمەك: بىز ئەتە بىر كۈن پاختىنىڭ ئۇچىنى ياندۇرىمىز.

**ئۇچ** II ئى. ئېگىرىش ئۈچۈن ئېتىلغان پاختىدىن تەييارلانغان پىلتە: ئۇچ ئېگىرمەك.

**ئۇچا** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ بەل ئومۇرتقا ئەتراپى: ئۇچىسى قىچىشقان ئېشەك تۈگمەنگە بارار (ماقال). * خوتۇن ئالدىڭ-ئۇچاڭغا ئوتۇن ئالدىڭ (ماقال). * مېنىڭ كۆرگەن كۈنلىرىم بەك ئېغىر ئۇكام، گۇۋاھ، مانا ئۆلمەس ھۆججەت، يېغىر ئۇچام. ② ئۇستىباش، ئۇست: ئۇ بېشىغا كەمچەت تۇماق، ئۇچىسىغا سۆسەر ياقىلىق ئېسىل جۇۋا كىيىۋالغان، قولىدا تەسۋى سىيرىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ ئېگەردە ئولتۇراتتى. * — شۇنداق، مەن ئۆيىمىزنىڭ ئىشىغا كۆپ قارىيالمىدىم، لېكىن بۇ كەمگىچە ئۇچىمىز يالىڭاچ، قورسىقىمىز ئاچ قالغىنى يوقتۇ؟ * يارىشىپتۇ ئەجەبمۇ، ئەتلەس كۆڭلەك ئۇچاڭغا. قاچانغىچە كېلىمەن، دىۋانىدەك كوچاڭغا.

**ئۇچىسى ئاپتاپ كۆرمەك** → دۈمبىسى ئاپتاپ كۆرمەك: ئۇچ-تۆت يىل بولدى،

ئـەھۋال ئۆزگەردى دېھقانلارنىڭ ئۇچسىمۇ ئاپتاپ كۆردى.

**ئۇچسى ئاپتاپ كۆرمگەن** جاپا تارتمىغان؛ چېنىقمىغان: بۇگۈن ئۇچسى ئاپتاپ كۆرمگەن يىگىتلەرنىڭ خامان سورۇشتىكى غەيرىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرىدىغان بىر كۈن كېلىپتۇ.

**ئۇچسى قىچىشسا، گەدىنىنى قاشلايدىغان ← دۇمبىسى قىچىشسا، گەدىنىنى تاتىلايدىغان:** نەدىكىنى ئۇچسى قىچىشسا گەدىنىنى تاتىلايدىغان نېمىلەرنى ئەۋەتكىنى نېمىسى.

**ئۇچسى قىچىشماق ← دۇمبىسى قىچىشماق:** ئۇچاڭ قىچىشقان بولسا ئاشۇ تاياقچى قىمارۋاز ئېرىڭنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كۆندە تايىقىنى يەپ ئۆلتۈر، بولمىسا ئاناڭنىڭ يېنىدىن نېرى بارما! * ئۇچاڭ قىچىشىپ تۇرامدۇ؟ كەل بولمىسا ئوتۇن توشۇ.

**ئۇچىنى قورۇماق** توگدۇرماق: ئۇچىنى قورۇيدىغان سوغۇقتا يولغا چىققان يولۇچىلار قونالغۇغا كېلىپ گۈلخان سالدى.

**ئۇچار** ① «ئۇچماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئۇچار گىلەم. تىك ئۇچار ئايروپىلان. * ھازىر لىتسىنىڭ بىرىكمىلىرى ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرىلىدىغان ئۇچار جىسىملارنىڭ ئەڭ ياخشى ماتېرىيالى بولۇپ قالدى. ② كۆچمە. ناھايىتى تېز يۈرىدىغان: ئۇچار ئات. * خالايىق، بەكمۇ تېز دەيدۇ ئۇچار تۇلپارنى، شۇڭقارنى، ئۇلارنى ئارقىدا تاشلاپ جەسۇر-مەردانە ماڭغان قىز.

**ئۇچار بومبا** < ھەرب > ئاپتوماتىك ئۇچۇرۇش ئەسۋابى ئورنىتىلغان بومبا. مەسىلەن، باشقۇرۇلىدىغان بومبا.

**ئۇچار بېلىق** < زوئول > بېلىقنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ تېنى كاناي شەكىللىك، كۆكرەك پالاقچىسى ئالاھىدە تەرەققىي قىلغان بولۇپ، خۇددى قاناتقا ئوخشايدۇ، سۇدىن ئايرىلىپ ھاۋادا سىيرىلىپ ئۇچالايدۇ. مۆتىدىل ۋە سۇبتروپىك بەلباغلاردىكى دېڭىزدا ياشايدو. دۆلىتىمىزنىڭ سېرىق دېڭىز، شەرقىي دېڭىز ۋە جەنۇبىي دېڭىزلىرىنىڭ ھەممىسدە بار.

**ئۇچار پاقا** < زوئول > قوش ماكانلىق ھايۋان. شەكلى يېشىل پاقىغا ئوخشايدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن سەل كىچىك، تېرىسىنىڭ رەڭگى توق سېرىق، ئاچ سېرىق، توق كۆل رەڭ، ئاچ كۆل رەڭ ۋە يېشىل بولىدۇ. كۆزىنىڭ چۆرىسى ئالتۇن رەڭگىدە، بارماق ئۇچىدا شورىغۇچى تەخسىسى بولۇپ، دەرەخقە يامىشىشتا ئىشلىتىدۇ. دەرەخ، بامبۇك ۋە بانان دەرىخى قاتارلىقلاردا ياشايدۇ.

**ئۇچار تەخسە** < ئاستر > تېخى ئىسپاتلانمىغان، ئەمما ھاۋا بوشلۇقىدا كۆرۈنگەنلىكى دوكلات قىلىنغان تەخسە شەكىللىك ئۇچار جىسىملارنىڭ خالىغان بىرى.

**ئۇچار تىيىن** < زوئول > سۈت ئەمگۈچىلەر كلاسى، ئۇچار تىيىن ئائىلىسىدىكى ھايۋان. ئالدى پۇتى بىلەن ئارقا پۇتى ئارىلىقىدا كەڭ ھەم تۈكلۈك ئۇچۇش پەردىسى بولىدۇ. دەرەخ ياردىمى بىلەن ئۇچىدۇ. قۇيرۇقى ئۇزۇن بولىدۇ. كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. شەرقىي ئاسىيا سۇبتروپىك بەلباغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ. ئادەتتە ئۆسۈملۈك مېۋىلىرى، ھاشارات قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**ئۇچار جىسىم** < ئاستر > ← **ئۇچار تەخسە.**

**ئۇچار چاشقان** < زوئول > سۈت ئەمگۈچىلەر كلاسى، ئۇچار تىيىن ئائىلىسىدىكى ھايۋان. تەن شەكلى تىيىنغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

تېنىدىن پەرقلىنىدىغان يېرى شۇكى، ئالدى-كەينى پۇتلىرى ئارىسىدا كەڭ ۋە تۈكلۈك ئۇچۇش پەردىسى بولىدۇ. تەن ئۇزۇنلۇقى ئادەتتە 16 ــ 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ، قۇيرۇقى تەخمىنەن 10 ــ 18 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا بولىدۇ. تۈكىنىڭ رەڭگى تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەر خىل بولىدۇ. كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ ئۆسۈملۈك مېۋىلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاساسەن شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىدىكى ئورمانلىقلاردىن چىقىدۇ. تېرىسىدىن پەلەي، قۇلاقچا قاتارلىقلارنى تىككىلى بولىدۇ.

**ئۇچار چېكەتكە** < زوئول > يىراق ئارىلىققا ئۇچالايدىغان چېكەتكە. تېنىنىڭ رەڭگى مۇھىتنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىدۇ. كۆپىنچىسى قوڭۇر كۆل رەڭ، سارغۇچ قوڭۇر ياكى يېشىل رەڭلىك. سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يەيدۇ. كۆپلەپ پەيدا بولغاندا، ئېغىر ئاپەت كەلتۈرىدۇ.

**ئۇچار قانات** ئۇچىدىغان قۇشلار: ئۇ يەردە تۈرلۈك-تۈمەن ئۇچار قاناتلار، جان-جانىۋارلار جىق بولۇپلا قالماستىن، يىرتقۇچ ھايۋانلارمۇ بار ئىكەن. * سادىر ياتقان كامارغا، ئۇچار قانات كىرمەيدۇ. مەن بۇ يەردە يۈرىمەن، بالىلىرىم نېمە يەيدۇ؟

**ئۇچار قۇش ← ئۇچار قانات:** ئۇچار قۇشلارمۇ سايرايدۇ خۇشال، غېجەككە تەڭكەش ئۇنىڭ ئاۋازى. قىزلار ئۇسسۇلغا چۈشتى مەيداندا، بۇ غالىب ئەلنىڭ تويى-پەرۋازى.

**ئۇچار كەسلەنچۈك** < زوئول > سۆرەلگۈچىلەر كلاسسى، ئىگۇنلار ئائىلىسىدىكى ھايۋان. ئۇزۇنلۇقى 20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، رەڭگى كۆل رەڭ ياكى يېشىل ئارىلاش كېلىدۇ. يۈزىدە قارا داغلىرى، گال قىسمىدا ئۈچ دانە مونىكى بولىدۇ. يان تەرىپىدە سېرىق رەڭلىك ئۇچۇش پەردىسى بولۇپ، بەش تال ئۇزۇن ياردەمچى سۆڭەك تىرەپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئۇچۇشقا ياردەم بېرىدۇ، قورسىقى قارا، ئۈستىدە قارا داغلىرى بولىدۇ، دەرەخ ئۈستىدە ياشايدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن، گۇاڭشى، شىزاڭ ۋە خەينەنداۋ قاتارلىق جايلىرىدىن چىقىدۇ.

**ئۇچار گىلەم** رىۋايەتلەردىكى ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خالىغان يەرگە ئۇچۇپ قونغىلى بولىدىغان گىلەم: ھاياجاندا سۆزلەر ئازادەم، قەلبى يۈكسەك ھېسلارغا تولۇپ، ئۇ ئولتۇرۇپ «ئۇچار گىلەم» دە، كۆكتە پەرۋاز قىلغاندەك بولۇپ.

**ئۇچارلىق** ئى. ئاسماندا ئۇچۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان قۇش قاتارلىقلار.

**ئۇچارلىق-تىنارلىق** ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە ماڭىدىغان بارلىق جانلىقلار.

**ئۇچاستكا** ئى [ر] ① بىرەر ئىش، پائالىيەت ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان يەر بۆلىكى، مەيدان: سايلام ئۇچاستكىسى. ئۇرۇق-يېتىشتۈرۈش ئۇچاستكىسى. مول ھوسۇللۇق پاختا ئۇچاستكىسى. * ئۈمىد بار، تېرىلغۇ باشلانغاندا كەڭرەك تەجرىبە ئۇچاستكىسىدا ئۆستۈرمەكچىمىز. ② ئىش-ھەرىكەتنىڭ دائىرىسى، تارماق، ساھە: 20 نەچچە يىل يېتىشتۈرۈش ئارقىلىق ھازىر زاۋۇت بويىچە سىياسىي ۋە كەسپىي باشقۇرۇش كادىرى، تېخنىك كادىرلار 103 كە يەتتى. ھەربىر سېخ، ئۇچاستكا، پەن-گۇرۇپپىدا مىللىي كادىرلار بار بولدى. * ۋاقىتنى تېجەش ئۈچۈن ھازىرلا بىر كىشى

ناھىيە، ۋىلايەتتىن زاپچاس ئىزلىسۇن، قوشنا ئۈچاستكىلاردىكى رېمونت گۇرۇپپىلىرىنى تراكتورنى چۇۋۇشقا تەكلىپ قىلايلى. ③ تۆمۈريول، تاشيول، لېنىنىسىدىكى يول ئاسرىغۇچى ئىشچىلار تەشكىلاتى ۋە ئۇلار ئورۇنلاشقان جاي: بۇ سومكا تۆمۈر يول تارماق ئۈچاستكىسى ئاشخانىسىنىڭ زاپخوزى يوقتىپ قويغان سومكا بولۇشى مۇمكىن. * بۇ ئۈچاستكىغا 70-يىللاردىن بۇيان 300 دىن ئارتۇق ياش ئىشچى قوشۇلۇپ پۈتۈن ئۈچاستكىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ يېرىمىنى ئىگىلىدى.

**ئۈچبېگى** ئى. تارىخ. تارىختا ئوتلاق، دېھقانچىلىق بېجى قاتارلىقلارنى ئالىدىغان ئەمەلدار: قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىدا ئامانقۇل بىلەن نىياز پالۋان قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. سايىم ئۈچبېگى قېچىپ كېتىۋېتىپ نىياز پالۋاننى ئېتىپ قويدى.

**ئۈچتۇرپان** ئى < جۇغ > شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيە.

**ئۈچتۇرپان قوزغىلىڭى** < تارىخ > 1765-يىلى شىنجاڭ ئۈچتۇرپاندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ فېئوداللىق ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىغان قوراللىق قوزغىلىڭى.

**ئۈچراتماق** ① «ئۈچرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زىيانغا ئۈچراتماق. * يەنە بىر خىلى، مېنىڭ مۇلاھىزىلىرىمنى يېزىپ يۈرگەنلىكىم ئۈچۈن، مېنى ئالاھىدە ئاشكارىلاپ بېرىپ، بالا-قازاغا ئۈچراتماقچى. ② ئىلگىرى كۆرمىگەن، يولۇقمىغان ئادەم، ئەھۋال ياكى ئىشنى كۆرمەك، يولۇقتۇرماق: ...نان 10 نەچچە ناھىيىنىڭ ئىچىدە ...ەڭ قىزنى ئۈچراتمىغانىدۇق. * ...تتى چىمەنگۇل كۆرۈپ بىردىن ...جى قېتىم ئۆمرىدە ئۈچراتتى بۇ

ئەھۋالنى.

**ئۈچراشتۇرماق** «ئۈچراشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قايسى كۈنى كېچىسى ئۇ، ئابلەق بىلەن سەلەينى ئۈچراشتۇرۇپ قويۇپ ئۆزى كەتكەنىدى. * — ئەمىسە، ئەتىلا بىزنى ئارمانبېك بىلەن ئۈچراشتۇرۇڭ، — دېدى ئاباسوپ قىزغىنلىق بىلەن.

**ئۈچراشتۇرۇلماق** «ئۈچراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى ھايات شاماللىرى تەرىپىدىن تولىمۇ تاسادىپىي ۋە خۇشال ھالدا ئۈچراشتۇرۇلدى.

**ئۈچراشما** سۈپ. قارىمۇقارشى تەرەپ دەلمۇدەل ياكى يۈز تۇرانە ئېلىپ بارىدىغان: ئۈچراشما جەڭ.

**ئۈچراشما جەڭ** < ھەرب > قارىمۇقارشى ئىككى تەرەپنىڭ ھەرىكەت داۋامىدا ئۈچرىشىپ قىلىپ ئېلىپ بارغان جېڭى.

**ئۈچراشماس** سۈپ. ئۈچراشمايدىغان: ئۈچراشماس تۈز سىزىقلار.

**ئۈچراشماس تۈز سىزىقلار** < مات > بىر تەكشىلىكتە ياتمىغان ئىككى تۈز سىزىق ئۈچراشماس تۈز سىزىقلار دېيىلىدۇ.

**ئۈچراشماق** ① «ئۈچرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئانا-بالا يول ئۈستىدە ئۈچراشتى. * ئۇلار بەش يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن يەنە شۇ ئىشخانىدا تويۇقسىز ئۈچراشتى. ② روبىرو كەلمەك، ئۇدۇللاشماق: دەل شۇ دەقىقىدە بەختىگۈلمۇ ئارقىغا قارىغانىدى، ئىككىسىنىڭ كۆزى ئۈچراشتى. * ئىككى جۈپ كۆز ئۈچرىشىپ چاقماق ۋە ئوتلار چاقنىدى، ئىككى ئاشىق يۈرىكى سوقتى، قىنىغا پاتمىدى.

**ئۈچرىشىش** ① «ئۈچراشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمىدىشى: ئابدىقادىر ۋە رىزۋان بىلەن ئۈچرىشىش ئالماس بىلەن لەيلىگۈلدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. ② ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ

ۋەدىلەشكەن جايدا تېپىششى: ئاھ، ئايدىڭ ئاخشاملاردىكى ئاجايىپ ئۈچرىششلار، يەكشەنبىلەردىكى سەيلىلەر مەڭگۈ ئەستىن چىقمايدۇ. ③ مەلۇم ساھەدىكىلەرنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى: بۈگۈن كەچتە ناھىيەدە ئېچىلىدىغان ھەر ساھە ئىلغارلار ئۈچرىشش يىغىنىغا قاتنىشش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالدىم.

**ئۈچرىماق** پ ① ئۇدۇلىدىن، قارشىسىدىن چىقماق، روبىروسىغا كېلىپ قالماق: قارىغۇ مۈشۈككە ئۆلۈك چاشقان ئۈچراپتۇ (ماقال). * بىركۈنى ئەپەندىم شەھەرگە كىرىپ قايتىپ كېتىپ بارسا، يولدا بىر كىشى ئۈچراپتۇ. * ئۇلارغا يولدا چوڭ بىر تۆگمەن تېشى ئۈچراپتۇ. ② تېپىلماق، بولماق: قەدىمكى رۇم تىببىي ئالىمى جالىنۇسنىڭ نامى دۇنيادىكى ھەرقايسى مىللەت تىبابىتىدە ۋە تىبابەت كىتابلىرىدا كۆپ ئۈچرايدۇ. * ئارىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەرسىلىرىنى ئوغرىلاپ ئالىدىغانلارمۇ ئۈچرايتتى. ③ نامايان بولماق، كۆرۈلمەك: يازنىڭ ھاۋاسى قۇرۇق ئىسسىق بولۇپ، سەيرادىن بولغان كېسەللىكلەر كۆپرەك ئۈچرايدۇ. * لېكىن ئۇ قانچە يىللاردىن بۇيان ھەر كۈنى شۇنچە ئاربلاپ يۈرسىمۇ قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە ئۈچراپ باقمىدى. ④ نېسىپ بولماق، يولۇقماق: تاللاپ-تاللاپ تازغا ئۈچراپتۇ (ماقال). * لېكىن شۇنچە يىل ئوقەت قىلغان بولسىمۇ بۈگۈنكىدەك سودا ئۇنىڭغا كەم ئۈچرىغان. * ئۈچراپتىمەن دېدى ئۇ، بىر ئىسراپخور «نوچىغا». قىيناپ مېنى ئۇ «نوچى»، تىقتى پۈرلاپ پوخچىغا. ⑤ دۇچار بولماق، دۇچ كەلمەك، يولۇقماق: پالاكەتكە ئۈچرىماق. زىيانغا ئۈچرىماق. كاشىلىغا ئۈچرىماق. غەزەپكە ئۈچرىماق. قەستكە ئۈچرىماق. تەھدىتكە ئۈچرىماق. بەختسىزلىككە ئۈچرىماق. * كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئورمانلار ۋەيرانچىلىققا ئۈچرىدى. * ئەگەر بۇ يەردىن تېزلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتمىگەندە، ئاتلار خەتەرگە ئۈچرايتتى. * غۇلجا شەھىرى ئۈچۈن بولغان جەڭنىڭ بىرىنچى كۈنى بىر تەرەپ ئېغىر چىقىملارغا ئۈچرىدى.

**ئۈچىسىز** سۈپ. ئۈچى يوق، ئۈچ چىقىرىلمىغان: ئۈچىسىز قەلەم.

**ئۈچقاق** سۈپ. ئاسانلا پارغا ئايلىنىپ ئۈچۈپ كېتىدىغان، ئۈچۈشچان: بېنزىن ئۈچقاق كېلىدۇ.

**ئۈچقاندەك** رەۋ. ناھايىتى تېز، چاپسان: ئەركىن ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپ باردى-دە، ئادەملەر ئارىسىغا قىستالدى. * نۆزۈكۈمنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى ئەتراپقا ئۈچقاندەك تارقالدى.

**ئۈچقۇ** ئى. ئايروپىلان: كۆكسىرى ئۈچقاندا ئۈچقۇلىككىدە، كۆز يېشىم تولدى چاناقتا لىققىدە.

**ئۈچقۇچى** ئى < قاتن > ئايروپىلان، راكېتا قاتارلىقلارنى ھەيدەيدىغان كىشى.

**ئۈچقۇچىسىز** سۈپ. ئۈچقۇچىسى يوق، ئۈچقۇچى باشقۇرمايدىغان: ئۈچقۇچىسىز ئايروپىلان.

**ئۈچقۇچىلىق** «ئۈچقۇچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ھازىر ئۇيغۇر، چاۋشەنزۇ، قازاق قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت ئۈچقۇچىلىرى يۇقىرى سۈرئەتلىك قىرغۇچى ئايروپىلان، زەربىدار ئايروپىلان ۋە ترانسپورت ئايروپىلانلىرىنى ھەيدەيدۇ. بۇلارنىڭ تولىسى بەلگىلەنگەن ئۈچقۇچىلىق دەرىجىسىگە يەتتى.

**ئۈچقۇر** سۈپ ① ئۈچىدىغان، تېز ئۈچىدىغان: ئۈچقۇر پاقا. ② ئۈچقاندەك يۈرىدىغان، ناھايىتى تېز: بۇ ئات شامەخسۇتنىڭ ئوردىسىدىكى ئەڭ ئۈچقۇر ئاتلارنىڭ بىرى بولۇپ، چىيەن دارىن تاغقا يۈرۈش باشلىغان كۈنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىنغانىدى. * ئويلىسام، باھارنىڭ ئۈچقۇر شامىلى، ئۆتەركەن

باغلارنى-تاغلارنى قۇچۇپ. مۇبادا باھارنىڭ شامىلى بولسام، باراتتىم بۇ خەتنىڭ ئورنىدا ئۈچۈپ. ③ كۆچمە. ئەسكە ئېلىنىشى تېز بولغان، تەسەۋۋۇردا دەرھال ئەكس ئېتىدىغان: ئۇنىڭ ئۈچقۇر خىيالىي بېيجىڭنىڭ ئاجايىپ گۈزەل گۈل-چىمەنلىكلىرىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى. * ئانا شۇلارنى ئويلاۋېتىپ جان-جىگەر ئوغلىنىڭ بالىلىق چاغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى-دە، ھېلىلا توختاپ قالغان ئۈچقۇر خىيالىنى قوغلاپ يەتتى.

**ئۈچقۇرلۇق** ئى. تېز ئۇچىدىغان ئىقتىدار: شۇھرەتتە لاچىنىنىڭ ئۈچقۇرلۇقى بار، چوققىلار ئۈستىدە ئۇنىڭ پەرۋازى. يالت قىلىپ ئۆتىدۇ. قۇياش ئاستىدىن، قۇلاقتا قالىدۇ پەقەت ساداسى.

**ئۇچقۇن** ئى ① كۆيۈۋاتقان ئوتتىن چاچراپ يەكى نەرسىلەرنى سۈركەشتىن چىققان ئوت پارچىسى: تاماكا ئورۇدۇم، ئەمما ئىچكە قۇم-توپا توشۇپ كەتكەن چاقمىقمدىن بىرەر تال ئۇچقۇنمۇ چىقمىدى. * مەن كېلىمەن ئاتىنىڭ ئۈستىدە، بەلكى كۆڭلۈم كۆكنىڭ ئۈستىدە. تۇياقلاردىن چاچرايدۇ ئۇچقۇن، داۋانلارمۇ قالدى بوكسىدە. ② نەرسىلەرنىڭ چاچرىغان، توزىغان ئۇششاق پارچىلىرى، زەررىچىلىرى: كۆزنىڭ سالامەتلىكىنى ئاسراش ئۈچۈن توپا-چاڭ، تۈتۈن، ئاچچىق بۇس، بولۇپمۇ تاش پارچىلىرى، تاش كۆمۈر ئۇچقۇنلىرىنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىش لازىم. * قاش قارايغان چاغ، ئەتراپ جىمجىت، ھاۋا سوغۇق، ئۇششاق قار ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. ③ كۆچمە. سەزگۈ، ھېسسىيات، روھىي ھالەت قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەن كىشى سىياقىدىكى مەلۇم ئالامەت، بەلگە: رەخمەتجان تېخىمۇ دىققەت بىلەن كۆزىتىشكە باشلىدى. بىردىن، يۈرىكى ئىختىيارسىز دولقۇنلاپ، كۆزلىرىدە ئۈمىد، ئىشەنچ ئۇچقۇنى چاقنىدى. * مەستۇرەنىڭ كۆزلىرىدە كۈلۈمسىرەش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ كەتتى.

**ئۇچقۇن پاقا** < زوئول > قوش ماكانلىقلار كلاسسى، پاقىلار ئائىلىسىدىكى ھايۋان. تەن ئۇزۇنلۇقى ئالتە-يەتتە سانتىمېتىر. چوڭلىرى توققۇز سانتىمېتىر كېلىدۇ. دۈمبىسى توپا رەڭ، سېرىق ۋە قىزىل سەپكۈنلىرى بار. تۆت ئايىغىدىمۇ توغرىسىغا جايلاشقان قارامتۇل ئالىسى بار. قورساق قىسمى سۈت رەڭگىدە، ئەركەكلىرىنىڭ ئىچكى ئاۋاز خالتىسى بولىدۇ. 1-بارمىقىدىكى قاداقچىسى تەرەققىي قىلغان، بارماق ئارىلىقىدا پەنجىسى بار. تاغ باغرىدىكى تەسكەي، نەم ئورۇنلاردا ياشايدۇ. قىش پەسلىدە توپلىشىپ سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى تاش ئاستىدا قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورىغا كىرگۈزۈلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسى قاتارلىق ئورۇنلىرىغا تارقالغان، شىنجاڭدىمۇ بار.

**ئۇچقۇندى** ① ئى. يالقۇنلاپ كۆيگەن ئوتتىن چاچراپ چىققان پارچە، ئۇچقۇن: ئوت ئۇچقۇندىسى. ② سۈپ. شامالدا ئۇچۇپ چۈشكەن، شامالدا ئۇچۇرۇشتىن ھاسىل بولغان: ئۇچقۇندى سامان.

**ئۇچقۇندى سامان** خامان سورىغاندا يىراققا ئۇچقان يۇمشاق سامان.

**ئۇچقۇندىماق** پ ← **ئۇچقۇنلىماق**: قىش يېتىپ كېلىپ، ئۇچقۇنداپ قار يېغىشقا باشلىدى. * ئۇنىڭ كۆزلىرىدە بىر خىل ئەلەملىك ئوت ئۇچقۇنداپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ قېنىق كىرپىكلىك قوي كۆزلىرىدە رازىمەنلىك ئىپادىسى ئۇچقۇندايتتى.

**ئۇچقۇنلاتقۇچ** ئى < ماشىن > ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېلنىڭ ئوت ئالدۇرۇش قۇرۇلمىسى. شەكلى پۇرۇپكىغا ئوخشاش بولۇپ،

سىلىندىرنىڭ ئاغزىغا ئورنىتىلىدۇ. يۇقىرى بېسىملىق توك ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە ئۇچقۇنلىنىپ، سىلىندىر ئىچىدىكى يېقىلغۇنى پارتىلىتىدۇ.

**ئۇچقۇنلاتماق** «ئۇچقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈن نۇرى ئاپئاق قارنى خۇددى كۈمۈش پارچىلىرىدەك ئۇچقۇنلاتقاچقا كۆز قاماشاتتى.

**ئۇچقۇنلاندۇرماق** «ئۇچقۇنلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىردى ئوت يۈرەكلىك باتۇر بارگاھقا، قاپقارا كۆزىنى ئۇچقۇنلاندۇرۇپ. قەيسەرلىك ۋە ھەممە مۇھەببىتىنى، كېلىشكەن قەددىدە جۇشقۇنلاندۇرۇپ.

**ئۇچقۇنلانماق** «ئۇچقۇنلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: تاغدىكى قۇياش مىسالى ھەر تەرەپنى يورۇتۇپ، دەشت-باياۋانلار ئارا ئۇچقۇنلىنىپ گۈلخان كېلەر.

**ئۇچقۇنلىماق** پ ① كۆيۈپ ئۇچقۇن چىقارماق، ئۇچقۇن چاچراتماق: ئوت ئۇچقۇنلاپ كۆيدى. ② كۆچمە. ئۇچقۇن ئېلىپ يېنىشقا، پەيدا بولۇشقا باشلىماق: ئۇچقۇنلاپ تۇرغان ئىنقىلاب يالقۇنى ھاسىل قىلدى. ③ ناھايىتى ئۇششاق زەررىچە ھالىتىدە ياغماق: راست دېگەندەك پۈتۈن ئەتراپنى قارا بۇلۇت قاپلاپ، قار ئۇچقۇنلاشقا باشلىدى. ④ كۆچمە. پەيدا بولماق، ئىپادىلەنمەك (سەزگۈ، ھېسسىيات، روھىي ھالەت قاتارلىقلارنىڭ بەلگىسى ھەققىدە): نۇرنىسا ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى نەپرەت بىلەن كۆزىتىپ بىر چەتتە جىم تۇراتتى. كۆزلىرىدە ئەمدى ياش ئەمەس، غەزەپ ئۇچقۇنلايتتى. * ئېلىنىڭ ئېغىر كېسەل دادىسى، ئىدرىس ئەپەندىدىن بۇ ئىشنى ئاڭلاپ ئورۇق قوللىرى بىلەن ساقىلىنى سىيپىدى، ئۇنىڭ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدە شادلىق ئۇچقۇنلىدى.

**ئۇچلاتماق** «ئۇچلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قېرىنداشنى ئۇچلاتماق.

**ئۇچلاشماق** «ئۇچلىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېتىز ئۈستىگە كەلگەنلەر بىردىن قوزۇق ئۇچلىشىپ ئۆزىگە ئايرىلغان قىرلارغا قېقىشقا باشلىدى.

**ئۇچلانماق** «ئۇچلىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دېمىسمۇ ئۇنىڭ قېرىندىشى ئۇچلىنىۋېرىپ كىچىككىنە قالغانىدى.

**ئۇچلايماق** پ. دىئال. گەۋدىلەنمەك، كۆتۈرۈلۈپ چىقماق، چوقچىيىپ چىقماق.

**ئۇچلۇق** سۈپ. ئۇچى بار، بىر تەرىپى ئىنچىكە، ئۇچلانغان: ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ، يۇمىلاق ئۇچلۇق تار ئېڭىكىدىكى ئۆچكە ساقىلى تىترەپ كەتتى. * ئۇ كىشى كۆز ئەينىكىنى بىگىز دەك ئۇچلۇق بۇرنىنىڭ ئۇستىدىن سەل-پەل يۇقىرى كۆتۈرۈپ قويۇپ يەر ئاستىدىن بىزگە بىر قۇر كۆز يۈگۈرتتى. * ئۇلارنىڭ قوللىرىدا ئۇزۇن ياغاچلار، ئۇچلىرىغا ئۇچلۇق تۆمۈرلەر بېكىتىپ ياسىۋالغان نەيزىلەر بار ئىدى.

**ئۇچلۇق باش** دىئال. باشقىلارنىڭ سېپىگە ئارىسىغا سىغدىلىپ، شۇڭغۇپ، يوشۇرۇنچە كىرىۋالغان ئادەم.

**ئۇچلۇق باش چېكەتكە** < زوئول > چېكەتكىنىڭ بىر خىلى. تېنى يېشىل ياكى سېرىق قوڭۇر، بېشى ئۇچلۇق، ئۇچقاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئۆسۈملۈك يوپۇرمىقىنى يەيدۇ.

**ئۇچلۇق تۇمشۇق** باشقىلاردىن ئاسان رەنجىيدىغان، باتىنغاق.

**ئۇچلۇق تىرەك** < ماشىن > مېتال قىرغۇچى ئىستانوكلاردا دېتاللارنى قىرغاندا ئىككىنچى بىر ئۇچىنى تىرەپ قويۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سايمان. ئادەتتە ئۇ ھەرىكەتلىك ئۇچلۇق

تىرەك ۋە ھەرىكەتسىز ئۇچلۇق تىرەك دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**ئۇچلىغۇچ** ئى. قېرىنداش قاتارلىقلارنى قىرىپ ئۇچلايدىغان تىغلىق ئەسۋاب: ئاڭلاپ قالدىم بايا بىر، ئۇچلىغۇچنىڭ زارىنى. سۆزلەپ بېرەي سىزلەرگە بولغان گەپنىڭ بارىنى.

**ئۇچلىماق I** پ ① بىر تەرىپىنى يونۇپ، قىرىپ ئىنچىكە، ئۆتكۈر قىلماق، ئۇچ چىقارماق: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر، لېتىپ ئەپەندىلەر بالىلارنى قانداق قىلغاندا ياخشى ئوقۇتۇش، قانداق قىلغاندا ساۋادىنى تېز چىقىرىش جەھەتلەردە جان كۆيدۈرەتتى، بالىلارغا دەپتەر تىكىش، قەلەم ئۇچلاشقا قەدەر كۆرسەتتى. * چاققان قول ئابدۇللا روزى ياغاچ ئۇچلاپ، چوڭ خەت ئۇچۇن بىر تال ئەپچىل قەلەم تەييارلىدى. ② سوزماق، ئۇزارتماق: قىز يىگىتنى تونۇغاندەك بولۇپ، تۇمشۇقىنى ئۇچلاپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى. * ـــ قىزىقكەنسەن، ـــ دېدى كىرپىجان جىغاننىڭ بېشىدىن-ئايىغىچە قاراپ چىققاندىن كېيىن ئاغزىنى ئۇچلاپ، ـــ ھەر ئىككىمىزنىڭ ئۇستىبېشى غۇچچىدە تىكەن تۇرسا، قانداقمۇ بىر-بىرىمىزگە يېقىنلىشالايمىز. ③ ئۇچ چىقارماق، ئۇلىماق: چاپاننىڭ يېڭىنى ئۇچلىماق. * چاپىنىمنىڭ يېڭىنى، شاتاۋادا ئۇچلىغان، ئەرگە تەگمەيمەن دېسەم، باشلىرىمغا مۇشتلىغان.

**ئۇچلىماق II** پ. ئۇچ ھالىتىگە كەلتۈرمەك، ئۇچ قىلماق: پاختىنى ئۇچلىماق.

**ئۇچلىماق III** پ. جان ت. ئۇچۇملىماق، سىقىمدىماق؛ چىڭ تۇتماق: ـــ سەنچۇ، دۇنيادا تېپىلمايدىغان بىر ئەخمەق! ـــ دېدى ياشانغان بىر دېھقان ئېچىنغان ھالدا ئېگىكىنى ئۇچلاپ، ـــ بولۇپتۇ، گۆلۈڭ-پۇلۇڭ بىلەنمۇ كارىڭ بولمىسۇن، قورسىقىڭ بىلەنمۇ كارىڭ يوقمۇ؟ * بايا ھېلىقى شاپ بۇرۇت خورىزنى قاراڭغۇ ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ كەتكەندە، ئۇنىڭ كۆكرىكىنى ئۇچلاپ قويغانىكەن. * سىياسەتنى چىڭ ئۇچلاپ، يامان ئىشلارنى تاشلاپ، يېڭىلىقنى بىز باشلاپ، گۈللىتەيلى ۋەتەننى.

**ئۇچلىماق IV** پ. دىئال. تاسقىماق (ئۇننى).

**ئۇچلىنىش** ① «ئۇچلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② < گېئول > يەر قاتلاملىرى ياكى كان گەۋدىسى قېلىنلىقىنىڭ تەدرىجىي نېپىزلاپ، ئاخىرى يوقاپ كېتىش ھادىسىسى.

**ئۇچما** سۈپ. تىك، قىيا: ئۇچما تاغ. * باندىت باشلىقى كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ، ئۇچما چوققىلىق تاغلارغا تىكتى.

**ئۇچماق** پ ① قانات ياكى باشقا ۋاسىتە بىلەن كۆككە ئۆرلىمەك، ھاۋادا ھەرىكەت قىلماق: توخۇ ئۇچسا تامغا قونار، لاچىن ئۇچسا تاغقا قونار (ماقال). * بىركۈنى خوتۇنى بىلەن ھويلىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرسا، ئاسماندىن ئۇچ غاز ئۇچۇپ ئۆتۈپتۇ. * ـــ ئايروپىلان يېرىم سائەتتىن كېيىنلا ئۇچىدىكەن، ـــ دېدى ئۇ ئالدىراپ سۆزلەپ، ـــ ئازراق تاماق يەۋالسىڭىز بولاتتى. * گىلەم ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ بالا كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ② ناھايىتى تېز يۈرمەك، چاپماق: مەن قاتتىق ھودۇقۇش ئىچىدە تورمۇزنى قويۇۋېتىپ، ماينى قاتتىق باستىم. ماشىنام ئاتتقان ئوقتەك ئۇچتى. * داللار قوينىدا پىرقىرايدۇ چاڭ، ئۇچماقتا چەۋەنداز، ئۇچار ئارغىماق. تولغىنار گۈل رەڭلىك گۈگۈمدا جانان، ياشلىقنىڭ كۆيىنى تىڭشايدۇ بۇلاق. ③ شامال قاتارلىق بىرەر كۈچنىڭ تەسىرىدە ھاۋادا ھەرىكەتلەنمەك، توزۇماق: ئۆمۈرنى پۇشايمانسىز ئۆتكۈزۈش ئۇچۇن، ھەربىر زەررىچىنى يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس. ھەقىقەت يولىدا

گەر كەتسە بېشىڭ، بۆكۈم ئۇ، شامالدا ئۇچتى دېگىن، بەس. * پاراسەتلىك قىزىلار، شوخ شامالغا چەش باسار؛ سامان ئۇچار بىر يانغا، سەردان دانلار تاغ ياسار. ④ ھاۋادا ئېتىلىپ كەلمەك: ئوق ئادەملەرنىڭ بېشىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇۋاتاتتى. * كېچە قاراڭغۇلۇقىدا كونا مەپە بازىرىدىن ئارقمۇئارقا ئۇچۇپ كەلگەن ئىككى دانە مىنامىيوت ئوقى ۋۇشۇڭگىنىڭ ھەشەمەتلىك ئىشخانا ئۆگزىسىدە پارتلاپ تورۇسنى تېشىپ تاشلىدى. ⑤ سۇنۇپ، چېقىلىپ مەلۇم بىر قىسمى ئاجرىماق: چىنىنىڭ گىرۋىكى ئۇچۇپ كەتتى. ⑥ ئېگىزدىن يىقىلماق، يىقىلىپ چۈشمەك: ئەگەر گۈلچەرىخان بىلەن پاتەملەر ئۇنى قولتۇقلاپ تۇرمىسا، ئۇ ھازىرلا ئارقىسىغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك تۇراتتى. * ئېگىز تاغقا چىقماڭ يارىم ئۇچۇپ ئۆلەرسىز. چىرايلىققا كۆڭۈل بەرمەڭ كۆيۈپ ئۆلەرسىز. ⑦ كۆچمە. ئىختىيارسىز بېزىلىپ، تەسىرلىنىپ مەغرۇرلانماق: سىزمۇ ماختاپ قويسا ئۇچۇپ كېتىدىغان ئادەم ئىكەنسىز. * ماختالسام ئۇچىمەن خۇددى پەي بولۇپ، نۇرلىنىپ كېتىمەن گويا ئاي بولۇپ، دەپ قالسا بىرى گەر نۇقسانلىرىمنى، يەۋەتكۈم كېلىدۇ غەزەپكە تولۇپ. ⑧ كۆچمە. ئۆزگەرمەك؛ بۇزۇلماق، يوقالماق (روھىي ھالەت، كەيپىيات قاتارلىقلار ھەققىدە): بەگنىڭ كەيپى ئۇچتى ۋە ئۆز ئېتىنىڭ ئۆلۈكىنى ئولجا قىلىپ قايتىشتىن باشقا چارە بولمىدى. * خوتۇنىدىن جاۋاب ئالالمىغان سوپىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئاۋازىنىڭ بېرىنچە ۋارقىرىدى. * — ئىككى چىنە بۇزنىغا ئېغىز تەگمىسە، — دېدى گايىت كۈلۈپ، — بۇنىڭ پەيزى ئۇچۇپ كېتىدۇ-دە.

**ئۇچۇپ يۈرمەك** ھەممە يەردە ئېيتىلماق، كۆپ تارقىلىپ يۈرمەك: ئادالەت، ئادىمگەرچىلىك، ھەققانىيەت دېگەنگە ئوخشاش گەپلەر ھەممە يەردە ئۇچۇپ يۈرمەكتە. * بۇنداق پىتنە-ئىغۋا ئۇچۇپ يۈرىدۇ.

**ئۇچمۇئۇچ** ئى. دىئال ① باراۋەر، تەڭ. ② دەلمۇدەل، ئۇدۇل. ③ بۇلۇڭ-پۇچقاق، ھەر جاي.

**ئۇچۇچان** سۈپ. ئادەتتىكى تېمپېراتۇرىدا ئاسانلا گاز ھالىتىگە ئايلىنىدىغان: بۇ كىتابتا دورىلارنى پىششىقلاپ ئىشلەش جەريانىدا، ئۇنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيىتىنى كەتكۈزۈۋېتىدىغان ۋە ئۇچۇچان، پۇراقلىق ماددىلىرىنى يوقىتىپ قويىدىغان ئىشلاردىن ساقلىنىش تەكىتلەنگەن.

**ئۇچۇر** ئى ① ئادەم ياكى شەيئىلەرنىڭ ئەھۋالى توغرىسىدىكى مەلۇمات، خەۋەر؛ دېرەك: ئۇچۇر ئالماق. ئۇچۇر بەرمەك. * يەنە ئىككى كۈن ئىزدىگەن بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ھېچقانداق ئۇچۇر بولمىدى. * مۆھتەرەم قارى ئاخىرىدا: — شۇنداق قىلىپ، مەخسۇت بېگىمدىن ئۇچۇر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى. ② جاۋاب؛ جاۋاب خەت: — ماقۇل، بۈگۈن ئوبدانراق ئويلاپ باقاي، ئەتە سىزگە ئۇچۇرىنى بېرىمەن، — دېدى خالمىرزا غۇۋان پېشانىسىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ. * ئالماس ئېلىقۇلنىڭ خېتى توغرىسىدا گەپ ئېچىپ: — ئېلىقۇل ئۈرۈمچىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلىرى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتىدۇ. خەتتە ئالتە ئايدا ئوقۇشۇم تۈگەيدۇ، قايتىمەن. ئۈرۈمچىدە ئوقۇۋاتقان بولساممۇ، پىكىر-خىيالىم مەخسۇت بەگدە قالدى، بۇ مۇناپىق زادى تىرىكمۇ-ئۆلۈك، ئۇچۇرىنى يازغىن دەپتۇ، — دېدى. ③ < فز > ئىنفورماتسىيىدىكى شەرتلىك بەلگىلەر ئارقىلىق يەتكۈزۈلىدىغان مەلۇمات.

**ئۇچۇر ئالماق** ئۇچۇرغا ئىگە بولماق، خەۋەردار بولماق: بۈگۈن بىز ناھىيىدىن بۇ يەرگە ئەتە ھۆكۈمەت ئادىمى ئەۋەتىلىدىغانلىقى

توغرىسىدا ئۇچۇر ئالدۇق. * سەن بۇ ئەرزىمىزنى بىيجىڭ خانىغا ئاپىرىپ كۆرسىتىپ، ئۇچۇر ئېلىپ كېلىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

**ئۇچۇر بەرمەك** ئۇچۇر، خەۋەر يەتكۈزمەك، ئۇقتۇرماق: ــ پۇلدىنمۇ غېمىمىز يوق، ــ دېدى مەسئۇمكام، ــ ئوغلاق مەشرىپىمۇ، توي مەشرىپىمۇ ئۆتكۈزۈشكە قۇربىمىز يېتىدۇ. شۇغىنىسى بىزنىڭ ئەخمەق تېخىچە كېلىن بالىدىن ئۇچۇر بەرمەي يۈرۈۋاتامدۇ؟ * بۇ جىلغىدا بۇرۇن ئادەم بولغانلىقىدىن ئۇچۇر بېرىدىغان ھېچنېمە قالمىغانىدى.

**ئۇچۇر قىلماق ← ئۇچۇر بەرمەك:** بىزنىڭ ئوغۇل بىرەر قىز توغرىسىدا ئۇچۇر قىلسۇنا قېنى، شۇ ھامان توينى باشلىۋېتىمىز.

**ئۇچۇر ئىلمى** ئۇچۇرلارنىڭ سانلىق مىقدارى، تارقىتىلىشى، يەتكۈزۈلۈشى ۋە ئۇنى قوبۇل قىلىش قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ماتېماتىكىلىق ھېسابلاشلار ئارقىلىق ئۇچۇرنىڭ يەتكۈزۈش ئىقتىدارى ۋە ئۈنۈمىنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ. ئادەتتە خەۋەرلىشىش، فىزىئولوگىيە، فىزىكا قاتارلىق پەنلەردە كەڭ تۈردە قوللىنىلىدۇ.

**ئۇچۇرچى** ئى. ئۇچۇر ئېلىپ كەلگۈچى، ئۇچۇر يەتكۈزگۈچى كىشى: سەركەردە شەھەردىن ئەۋەتىلگەن ئۇچۇرچىدىن ئەھۋالنى ئۇقتى.

**ئۇچۇرما** I سۈپ ① ئەمدىلا ئۇچۇشقا باشلىغان، ئۇچۇش دەرىجىسىگە يەتكەن، ئۇچۇش ئىقتىدارى يېتىلگەن (ئۇچار قۇش ھەققىدە): تېنىمگە جان، كۆزۈمگە نۇر، قولۇمغا شام-چىراغ بەردىڭ، ئۇچۇرما قۇش ئىدىم، سەندىن قاناتىم ئالدى قۇۋۋەتنى. ② كۆچمە. ياتلىق بولۇش يېشىغا يەتكەن (قىزلار ھەققىدە): ــ ئۇچۇرما بولغان قىزلار خېلى كۆپ.ــ دېدى ئۇ ئارىدىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، ــ ئۇلارنىڭ ئىچىدە قايسىسى ھېزىمگە باپ كېلەركىن تاڭ؟ ③ كۆچمە. ئەتراپقا تارالغان: بۇ ئۇچۇرما گەپلەر پەرھادقا يېقىپ، كۆڭلىدە راھەتلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئاغزىدا تۇزۇت قىلدى.

**ئۇچۇرما بولماق** ① قانات-قۇيرۇق چىقىرىپ ئۇچۇش دەرىجىسىگە يەتمەك، ئۇچۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولماق: بىز ئۇچۇرما بولغان قۇش باللىرىدەك، نە-نەلەرگە ئۇچۇپ كېتىپ ئۆز بېغىمىزغا ئون يىلدىن كېيىن قايتىپ كەلدۇق. * دەل شۇئاندا ئۇچۇرما بولغان بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن تۆمۈر تۇمشۇق ئېرىق بويىدىكى نان جىگدە شېخىغا قونۇپتۇ. ② توي قىلىش، ياتلىق بولۇش يېشىغا يەتمەك: ئۇنىڭ ئىككى ئاكىسى ۋە بىر ئاچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇچۇرما بولۇپ چىقىپ كېتىشكەن.

**ئۇچۇرما قانات** قۇش باچكىلىرىنىڭ ئۇچۇرما بولۇش ئالدىدا قانات-قۇيرۇقلىرىغا چىققان ئۇزۇن پەي ۋە مۇشۇنداق يېتىلگەن ھالەت: كەپتەرنىڭ باچكىسى ئۇچۇرما قانات بولۇپتۇ.

**ئۇچۇرما قىلماق** بالىسىنى ئۆستۈرۈپ ئۇچالايدىغان ھالەتكە يەتكۈزمەك: قۇشقاچ باللىرىنى ئۇچۇرما قىلىپتۇ.

**ئۇچۇرما** II سۈپ. تىك ۋە چوڭقۇر: ئۇچۇرما يەر.

**ئۇچۇرما ھاڭ** چوڭقۇر، تېگى يوق ھاڭ: قاچقانلار ئۇچۇرما ھاڭغا چۈشۈپ ئۆلۈپتۇ.

**ئۇچۇرما نان** دىئال. تونۇرنىڭ ھارارىتىنى سىناپ كۆرۈش ئۈچۈن تۇنجى قېتىم ياققان نان.

**ئۇچۇرماق** ① «ئۇچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نېرىراقتىكى دۆڭدە بىر توپ باللار لەگلەك ئۇچۇرۇۋاتاتتى. ②

ئويناتماق: لەيلىگۈل قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ ئۇنىڭغا بىر قارىدى-دە، قوشۇمىسىنى چىلك تۈرۈپ كېتىۋەردى. ③ كۆچمە. ماختاپ كۆككە كۆتۈرمەك: ئاخشام ئاۋۇ ئاغزى يۇمشاق بىرى مېنى ئۈچۈرۈپ بەك مېھمان قىلىپ مەستمۇ قىلىپ قويدى.

**ئۈچۈرۈم** (توغرىسى: ئۈچۈرما I) → **ئۈچۈرما I**.

**ئۈچۈرۈشماق** «ئۈچۈرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېگىزگە چىقىۋالغان ئۈچ-تۆت بالا غۇر-غۇر شامالدا لەگلەك ئۈچۈرۈشۇۋاتقانىدى.

**ئۈچۈرۈلماق** «ئۈچۈرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىككى مەرگەننىڭ تەييارلىقى پۈتكەندە كەپتەرلەر ئۈچۈرۈلۈپتۇ.

**ئۈچۈش** «ئۈچماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**ئۈچۈشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەسلىك** ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، ئالدىراپ ئىش قىلماق، نەتىجە قازىنىشنىلا ئويلاپ، مەغلۇپ بولۇشنى ئويلىماي ئىش قىلىش: لېكىن بۇ قاسىم، ئوقۇدۇم، كادىر بولدۇم دەپ ئۈچۈشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمىدى. * ئۇ ئۈچۈشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمىگىنى ئۈچۈن شۇ كۈنگە قالدى.

**ئۈچۈشماق** «ئۈچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: پېشايۋان لىمىدا بۇقۇلدىشىۋاتقان كەپتەرلەر ئۆگزە ئۈستىدە پىرقىراپ ئۈچۈشتى.

**ئۈچۈق I** ئى. شامالداش، شامال تېگىش ۋە باشقا سەۋەبلەر نەتىجىسىدە لەۋلەردە پەيدا بولغان ئۇششاق ئەسۋە: سايىم چوڭنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويغىنى خوتۇنىنىڭ ئاغزى-بۇرنىغا چىققان ئۈچۈق ئىدى.

**ئۈچۈق تەگمەك** ① شامالداشتىن لەۋلىرىدە يارا پەيدا بولماق: ئۇ ئايال ئۈچۈق تېگىپ يېتىپ قالدى. ② كۆچمە. قورقۇپ كەيپى ئۈچماق، قورقۇنچلۇق ئەھۋالدا قالماق: بۇ دۆرەم ئىش چاتاق، چوقۇم ئۈچۈق تەگدى. ئەستاغپۇرۇللا! بۇ خوتۇنىنىڭ كەلمىگىنىنى! مۇشۇنداق چاغدا جانغا ئەسقاتمىغان خوتۇنىنى خوتۇن دېگىلى بولامدۇ!

**ئۈچۈق چىقماق** شامالداش سەۋەبلەردىن لەۋلىرىدە ئۈچۈق پەيدا بولماق.

**ئۈچۈق II** سۈپ. مەلۇم بىر قىسمى ئۈچۈپ كەتكەن: ئۈچۈق چىنە.

**ئۈچۈقدىماق** پ → **ئۈچۈقلىماق**: ئۇ ئادىلنى ئۈچۈقداپ قويۇش قارارىغا كەلدى.

**ئۈچۈقلاتماق** «ئۈچۈقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا قىزىنى تۇيۇق غوجامغا ۋە چوڭ ئارىشاڭلارغا ھەر يىلى ئاپىرىپ يۇيۇندۇراتتى، نەزىر قىلاتتى، چىراغلارغا ياغ قۇياتتى، شەيخلەرگە ئۈچۈقلىناتتى.

**ئۈچۈقلاشماق** «ئۈچۈقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۈچۈقلانماق** «ئۈچۈقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەۋكەت بۇ ئىشى ئۈچۈن ئۈستىسى تەرىپىدىن ئەپچىللا ئۈچۈقلاندى. * يۇرتىمىزغا كەلسە نەۋ باھار، باغدا گۈللەر ئېچىلار ئىدى. ئۈچۈقلانغان، سولغۇن كۆڭۈلگە، خۇش پۇراقلار چېچىلار ئىدى.

**ئۈچۈقلىماق** پ ① شامالداش نەتىجىسىدە ئۈچۈق تېگىپ دەرمانسىزلانماق: ئانا-بالا قاتتىق ئۈچۈقلاپتۇ، ئوغلاق تېرىسىگە ئالايمىكىن دەپ ئويلىۋىدىم. ② كونا ئادەت بويىچە ئۈچۈق تەگكەن كىشىنى تۆت كوچا دوقمۇشىدا، كوچىدىن تېرىلگەن تەرمەچ ۋە پاخال بىلەن ئىسرىقلىماق. ③ كۆچمە. ئەدەبلىمەك، قورقۇتۇپ ئەدىبىنى بەرمەك: ئېلىقۇل، كۆپچىلىكتىن قالغىنىم ئۈچۈن ئاسىم ھەرقاچان يەنە ئازراق ئۈچۈقلايدۇ، دەپ

ئويلىغانىدى. * ئىسىڭدە بولسۇنكى، بىز ئۇنى ئۆز قولىمىز بىلەن ئەمەس، ۋاڭ جوڭتاۋ قاتارلىق قارا قورساقلارنىڭ قولى بىلەن ئۇچۇقلايمىز.

**ئۇچۇندۇرماق** «ئۇچۇنماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇچۇنماق** پ. شامالداپ بىتاپ بولۇپ قالماق: ئۇچۇنۇپ قالدىم.

**ئۇچئۇن** ئى (ئۇچ+ئۇن) دىئال. بىرىنچى دەرىجىلىك ئاق ئۇن.

**ئۇچلۇق** ئى. ئۇلاغلارنىڭ ئۇچىسىغا توقۇلىدىغان قات-قات كىگىزدىن تىكىلگەن جابدۇق، توقۇم: ئىمىللا ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. سارايدىن ئېشىكنى ئەپچىقىپ ئۇچلۇق ئۇستىگە قوندى. * بوۋاينىڭ ئۇچلۇقنى يېشىۋاتقان قوللىرى تىترەيتتى.

**ئۇختا** ئى. ئىشنىڭ دەل پەيتى؛ دەل جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقىشى: ئۇختاسىغا كەلمەك.

**ئۇختاسىغا كەلمەك** بىرەر ئىشنىڭ دەل جايىدا، كۆڭۈلدىكىدەك بولۇش شارائىتى ھازىرلانماق، دەل پەيتى بولماق؛ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇپ چىقماق: چۈشۈم ئۇختاسىغا كەلدى. * — روزىمەت! — دېدى موماي ھېجىيىپ، — ئۇ بىر مۇنەججىم، ئۇنىڭ دېگىنى ئۇختاسىغا كەلمەي قالمايدۇ!

**ئۇخلاتماق** «ئۇخلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىپارگۈل ئىلىكنىڭ مېڭىسىدە بەك ئېغىر يۈك بارلىقىنى بىلەتتى، سوراۋېرىپ قىيناشنى خالىمايتتى، ئۇنى جۇۋۇتۇپ ئۇخلاتاتتى. * مەن دەپتەرلىرىمنى جىلتىگە سېلىپ قوزۇققا ئېسىپ قويدۇم-دە، سەھەر تۇرۇش ئۈچۈن بالدۇرلا يېتىۋالدىم. ئەمما، قەلبىمدە ئۇرغۇۋاتقان خۇشاللىق ۋە ھاياجان مېنى زادى ئۇخلاتمايتتى.

**ئۇخلىتىپ داۋالاش** <تب> ئۇدا ئۇخلىتىشتىن پايدىلىنىپ بەزى كېسەللەرنى داۋالايدىغان ئۇسۇل. بۇنىڭدا ئادەتتە دورا بېرىپ، ئۇخلاشقا لايىق شەرت-شارائىت يارىتىش ياكى ئاجىز ئېلېكتر ئېقىمى بىلەن غىدىقلاش ئارقىلىق كېسەل كىشى ئۇزاق ۋاقىت ئۇخلىتىلىدۇ.

**ئۇخلاش** «ئۇخلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر ئىسمدىشى: ئۇخلاش كىيىمى.

**ئۇخلاش كىيىمى** ئۇخلىغاندا كىيىدىغان مەخسۇس كىيىم.

**ئۇخلاشماق** «ئۇخلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەچ بولغاندا ئىككىسى ئايرىم-ئايرىم ئۇخلىشىپتۇ. كۈندۈزى بولسا بىر-بىرىنى كۆتۈشۈپتۇ. ئارىدىن بىر ئاي ئەنە شۇنداق ئۆتۈپتۇ. * ياش تەلەپلەر ئۇخلاشما، يار يولىدا پۇتلاشما. يارىم ئۈچۈن جان پىدا، ھەر قەدىمىڭگە مىڭ تىللا.

**ئۇخلىماق** پ ① ئۇيقۇ ھالىتىدە بولماق، ئۇيقۇغا كىرمەك: ھۇرۇن ئولتۇرۇپ ئۇخلايدۇ، يېتىپ ئىشلەيدۇ (ماقال). * مۈشۈك ئۇخلىسا، چۈشىدە چاشقان كۆرەر (ماقال). * بىركۈنى ئەپەندىم ئۇخلاپ ياتسا، ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. * ئۇخلا قوزام-ئامرىقىم، ئەللەي بالام، ئەللەي. مېنىڭ بىر تال يالغۇزۇم، ئەللەي بالام، ئەللەي. ② كۆچمە. قىشتا ھەرىكەتسىز ھالەتكە چۈشمەك (دەل-دەرەخ ھەققىدە): ئۆسۈملۈكلەرمۇ ھايۋانلارغا ئوخشاش قىشلىرى ئۇخلايدۇ. ③ كۆچمە. تىنچ ھالەتتە بولماق: نەچچە يىلدىن بېرى ئۇخلاپ جىمجىتلىقتا چۆككەن بۇ ۋادىغا جان كىردى. ④ كۆچمە. خەۋەرسىز قالماق، غاپىل بولماق: يېنىمىزدا مۇشۇنداق

مۇھىم ئىشلار بولۇۋاتقان تۇرۇقلۇق، بىز ئۇخلاپ يۈرۈپتىمىز.

**ئۇخلاپ چۈش كۆرگەندەك** ئويلىماي، خىيالىي: رەيھانەم ناۋا-ناۋادا، ئۇخلاپ چۈش كۆرگەندەك بىر گەپلەرنى قىلىپ قويغىنىنى بىلەن، ئىغۋا، تۆھمەت، بېسمىلاردىن قورقمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلغانىدى.

**ئۇخلاپ چۈشى** خام خىيال: ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ: «ئىقلىمنىڭ بېشىمىزغا چىقمەن دېيىشى-ئۇخلاپ چۈشى» دېيىشىپ خېلى جانلىنىپ قېلىشتى.

**ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن** ئويلاپمۇ باقمىغان، خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن: ئۇ ئۆز ھاياتىدا زور بۇرۇلۇش بولىدىغانلىقىنى ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ كۆرمىگەنىدى.

**ئۇخلاپ چۈشىدىمۇ يوق** زادىلا ئويلاپ باقمىغان، خىيالىدىمۇ يوق: بۇ يەرلەرگە كېلىش ئۇخلاپ چۈشۈمدىمۇ يوق ئىدى.

**ئۇخلاپ چۈشىگە كىرمىگەن ← ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن**: — مەنمۇ ھەيرانە-ھەس، بۇ تولىمۇ كۈتۈلمىگەن تاسادىپىيلىق، ئۇخلاپ چۈشۈمگىمۇ كىرمىگەن ئىش، — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئالىم ئاكا.

**ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان ← ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرمىگەن**: قىز بالىنىڭ ئۇرۇمچى دېگەن يەرگە بېرىپ ئوقۇشى ئۇخلىسا چۈشىگە كىرمەيدىغان ئىش.

**ئۇخلىماي چۈش كۆرمەك** خام خىيال قىلماق، قۇرۇق خىيال قىلماق: شۇنىڭدىنمۇ ئەندىشە قىلامدىلا، ئۆلۈپ بەزىسە ئۆزىنىڭ ئىشى، ئۆلتۈرىمەن دېگىنى — ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشى! قالايمىقان يىللار ئۆتۈپ كەتتى ئەمدى. * «شاھلىق تاجى مېنىڭ» دەپ، ئۇخلىماي چۈش كۆرۈپتۇ. خەلق بۆلەك ئويلاپتۇ، ھەر خىل پىكىر قايناپتۇ.

**ئۇد** I ئى (ئە) < مۇز > كۆپ تارلىق، شەكلى ئۈچ بۇرجەك ۋە تىرناق ياكى ناخۇل بىلەن چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى.

**ئۇد** II ئى (ئە) < بوت > مازارئۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئېگىز دەرەخ. يوپۇرمىقى قېلىن، پارقىراق، گۈلى ئاق. ياغىچى قاتتىق ھەم ئېغىر، رەڭگى سېرىق، خۇش بۇي پۇرىقى بار. ئىسرىق سېلىشقا ئەڭ ياخشى ماتېرىيال بولىدۇ. ياغىچى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، ئاشقازاننى ياخشىلاش رولى بار. ياغىچىمۇ ئۇد دېيىلىدۇ. تروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ.

**ئۇدا** رەۋ (ئە) قايتا-قايتا، تەكرار؛ ئۈزۈلدۈرمەي: «تاشۋاي» مۇزىكىسى يارىتىلغاندىن كېيىن، تاشۋاي ئۇدا بىرنەچچە كۈن جاپالىق ئەجىر سىڭدۈرۈپ، بۇ مۇزىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە پىششىقلاپ ئىشلەپ چىقتى. * شۇنىڭدىن كېيىن ئەخمەت ئۇدا ئۈچ يەكشەنبە كۈنى زور ئۈمىد بىلەن تاغىسىنىڭ ئۆيىگە باردى.

**ئۇدا بۆلۈش** < لوگ > بىر جىنس ئۇقۇم بۆلۈنگەندىن كېيىن كېلىپ چىققان تۈر ئۇقۇملارنى ياكى ئۇلارنىڭ بىرەرنى يەنە بۆلۈش ياكى مەقسەتكە يەتكۈچە بۆلۈش.

**ئۇدا تېرىش** < دېھ > بىر ئېتىزغا داۋاملىق تۈردە بىر خىللا زىرائەتنى تېرىش. بەزى زىرائەتلەرنى ئۇدا تېرىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، شال؛ بەزىلىرى بولمايدۇ. مەسىلەن، دادۇر، كەندىر قاتارلىقلار.

**ئۇدا قاپپيە** < ئەد > شېئىر كۇپلېتلىرىدىكى قاپپىيلىنىش تەرتىپىنىڭ ئۇدا ئوخشاش شەكىلدە بولۇشى. شېئىرىيىتىمىزدە

قاپىينىڭ بۇ خىل شەكلى ئاساسەن ئۈچ خىل ھالەتتە ئۇچرايدۇ.

**ئۇدا ئۇچۇش ئىقتىدارى** < قاتن > ئايروپىلاننىڭ بىر قېتىم يېقىلغۇ قاچىلىغاندىن كېيىن قايتا قاچىلىماي ئۇچقان ئەڭ زور مۇساپىسى.

**ئۇدار** مق (د) < مۇز > مۇزىكىلىق تاۋۇشنىڭ داۋاملىشىش ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىنى ھېسابلاشتا قوللىنىلىدىغان بىرلىك.

**ئۇدارسىز** سۈپ. ئۇدارلىرى ئېنىق ئىپادىلەنمەيدىغان، ئۇدارغا ئىگە ئەمەس.

**ئۇدارلىق** سۈپ. ئۇدارلىرى ئېنىق ئىپادىلىنىدىغان، ئۇدارغا ئىگە: تەمبۇر چېلىشتا تۆت بارمىقىمىزنى تولۇق ھەرىكەتكە كەلتۈرىمىز. ئۇنداق قىلمىغاندا بىرىكمە ئۇدارلىق ئاھاڭلارنى تولۇق چالالماي ئاھاڭ سۈپىتى ناچارلىشىدۇ.

**ئۇدمۇرت** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئۇدھىندى** ئى (ئۇد+ھىندى) < بوت > پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. ئاز ساندا تىكەنلىرى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئىككى قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى سېرىق، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. چوكا مېۋىسى ياغاچلىشىدۇ، يېرىلمايدۇ. ياغىچىنىڭ ئوتتۇرىسى قىزىل، قايىنتىش ئارقىلىق قىزىل بوياق ئېلىنىدۇ. يىلتىزىدىن سېرىق بوياق ئېلىنىدۇ. قىزىل بويىقى دورا بولىدۇ، ھەيز كەلمەسلىك، سۇنۇق قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇدۇق-بۇدۇق** ئۆز كەيپىياتىنى يوشۇرالماي تەمتىرىگەن ھالەت: مەتروزى: «سەن ئاشپەز تۇرساڭ قانداقمۇ قەھرىمان بولارسەن؟» دېيىشىدى، پولات ئۇدۇق-بۇدۇق قىلىپ قالدى.

**ئۇدۇل** ① سۈپ. مەلۇم نەرسىنىڭ ئۇتتۇرى، ئالدىغا جايلاشقان، ئۇتتۇر: ئۇدۇل چىش. * ئالمىخاننىڭ ئۆيلىرى ئىچكىرىدىن-ئىچكىرى. ئالمىخانغا سەپسېلىشكەلار، ئۇدۇل چىشى تاشقىرى. ② سۈپ. ئەگرى ئەمەس، تۈز؛ تىك: ھويلىنىڭ بىر تەرىپى مەشىق ھەرىكەتلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان چوڭ بىر مەيداندىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇدۇل تەرىپىدىكى تەكشى تۈزلەنگەن بوشلۇقتا ئېگىز-پەس بىرنەچچە تورنىڭ ۋە ۋاسكېتبول جازىسى قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. * توۋا دەيمەن، ئاشۇ ئون يىلغا بۇگۈن، كۆپكۈندۈز ھەممىنى باستى قارا. ئاچىمىز جەننەتكە ئۇدۇل يولنى دەپ، تاسلا قالدۇق كەتكىلى دوزاخ ئارا. ③ رەۋ. مەلۇم نىشانغا قاراپ، بۇرۇلماي، ئۇتتۇر: ئۇ شۇندىن كېيىن ھەر قېتىم بازارغا ئاتىغان ئوتتۇنلىرىنى ئۇدۇل مۇشۇ ئاشخانىغا ئېلىپ كېلىدىغان بولدى. * ئۆزلىرى ئۇقتىلا، ئىشرەت ئوغرىنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، ۋاڭ غوجامنىڭ پەنجىرىسىگە ئۇدۇل ئېسىپ قويغىنى قانداق ئىشتۇ؟ ④ رەۋ. كۆچمە. تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن؛ ئۇتتۇرلا: ــ بىز قاچانغىچە جىم ياتىمىز؟ ــ دېدى ھېلىقى كىشى گەپنى ئەگىتمەستىن ئۇدۇل سۆزلەپ. * ــ بۇ گەپچە ئۆزلىرى باخشى ئوخشىمامدىلا؟ ــ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى رەپىق ئاكا ئۇدۇللا.

**ئۇدۇل تەرجىمە** < تىل > ئەسلىي تېكىستنى سۆزمۇسۆز، خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىش ئاساسىي ئورۇندا تۇرغان تەرجىمە («مەنەن تەرجىمە» گە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ).

**ئۇدۇل كەلگەن** ئالدىغا ئۇچرىغان، توغرا كەلگەن: شۇنىڭدىن كېيىن باشقا چېرىكلەر

رەيھاننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئۇرۇپ ئۇنى يىقىتتى ھەم دەسسەپ كېتىشتى. * كەچتە چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىپ ئۇدۇل كەلگەننى ئۇراتتى.

**ئۇدۇل كەلمەك** ① باراۋەر كەلمەك، تەڭ كەلمەك: شۇ كۈنلەردە بىر چارەك قوناق قىممەت جەھەتتە بىر جىڭ گۆشكە ئۇدۇل كېلەتتى. ② ماس، مۇۋاپىق، توغرا بولۇپ چىقماق: ئەمدى بولسا بۇ قىزنىڭ مېنىڭ چېچىمنى ئالغىنىغا ھەيرانمەن. ئىش دېگەن بۇنداقمۇ ئۇدۇل كېلىپ قالغان بارمۇ؟

**ئۇدۇل كۆزىتىش** < پسخول > سەزگۈ ئورگانلىرى ئارقىلىق بىۋاستە كۆزىتىش.

**ئۇدۇل ئۇقەت** تاپقىنى يېيىشكىلا يېتىدىغان: ھەسەن باي موزدۇزچىلىق قىلغىنى بىلەن بەش يىل ئۇدۇل ئۇقەت ئۆتتى.

**ئۇدۇل ئۆسۈش** < بوت > يوپۇرماق رېتىنىڭ ئۆسۈش شەكىللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا غولنىڭ ھەربىر بوغۇمىدا ئىككى يوپۇرماق ئۆسىدۇ ۋە بىر-بىرىگە ئۇدۇل بولىدۇ. مەسىلەن، زەرەڭ، سىرىنگۈل قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسكەن يوپۇرماقلاردۇر.

**ئۇدۇللاپ** « ئۇدۇللىماق » پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: ئۇدۇللاپ كەپشەرلەش ماشىنىسى.

**ئۇدۇللاپ كەپشەرلەش ماشىنىسى** < بىن > پولات چىۋىقلارنىڭ ئۇچىنى ئۇچىغا كەلتۈرۈپ كەپشەرلەيدىغان ماشىنا.

**ئۇدۇللانماق** ① « ئۇدۇللىماق » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: خەلق ھويلىدا بولۇۋاتقان گەپ سۆز ھەرىكەتلەرنى كۆرۈش ئۈچۈن دەرۋازىغا ئۇدۇللىنىپ، ئۆز-ئۆزىدىن كارىدور تەرەپكە يېقىنلاپ كەلدى. ② « ئۇدۇللىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چەك-چېكى يوق پايانسىز ئالەم، كۈننىڭ كۆزى ئۇدۇللانغان يەر. بەلكى مۇندىن ئېزىپ-تېزىپ ھەم، قۇشلار ئۆتسە قانىتى كۆيەر.

**ئۇدۇللۇق** ① ئى. تۈز، ئۇدۇل، توغرا ھالەت، ئۇتتۇرلۇق: بىزنىڭ بەلگىلەنگەن جايغا ۋاقتىدا بارالىشىمىز تېز ماڭغانلىقىمىز ۋە يولنىڭ ئۇدۇللۇقىدىن بولدى. ② رەۋ. لازىم بولغۇچە، تاپقىنىچە؛ بىر تەرەپتىن: ئۇدۇللۇق ئېلىپ، ئۇدۇللۇق يېمەك. ئۇدۇللۇق تۇرمۇش كەچۈرمەك. ئۇدۇللۇق تەرجىمە قىلماق. * ئارىدىن بىرى: ــ بۇنچىۋالا مالنى شەھەردە كۆتۈرۈپ يۈرسەك تۇتۇلۇپ قالىمىز، مۇشۇ دەرەخ تۈۋىگە كۆمۈپ قويۇپ، ئۇدۇللۇق ئېلىپ خەجلىمىسەك بولمىغۇدەك، ــ دەپتۇ.

**ئۇدۇللىماق** پ. مەلۇم بىر نىشانغا ياكى نەرسىگە توغرىلىماق، روبىرو ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە ئۇدۇللاپ ئېسىلغان لامپۇچكا نىجاتلىق نۇرىدىن كۈچ-قۇۋۋەت ياغدۇرۇپ، مەرىپەت مېۋىلىرىنى ئۆستۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. * قاداقچى گۈلقىزنىڭ بېشىغا ئالىقىنىنى قويۇپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى خۇددى تېۋىپلاردەك تەكشۈرۈپ كۆردى. گۈلقىزنىڭ كۆزىنى كۈنگە ئۇدۇللاپ تۇرۇپ گەپ سوراشقا باشلىدى. * « ئات » دېدى سېپىت گاڭگۇڭ، ھارۋىدىن تۆۋەن سەكرەپ: ئات جاللات! ئۇدۇللاپ ئات! يۈرەككە ئۇدۇل چەنلەپ.

**ئۇدۇلمۇئۇدۇل** بىرى يەنە بىرىگە ئۇدۇل بولۇپ، ئۆزئارا ئۇدۇل ھالدا: ئالىم ئىككىمىز ئۈچ يىلدىن بۇيان ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ خىزمەت قىلىمىز. * ھەر ئەللىك مېتىر ئارىلىقتا نەيزىلىك مىلتىقلارنى تۇتقان ئەسكەرلەر بىر-بىرىگە ئۇدۇلمۇئۇدۇل ھالدا ھەيۋەت بىلەن ھەيكەلدەك تۇرۇشاتتى.

**ئۇدۇم** ئى (ئە) ① ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ، ئادەت، رەسىم؛ ئەنئەنە: بالىنى بۆشۈككە سېلىش تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۇدۇمىدا بىر خىل ئادەت قارشىنى شەكىللەندۈرگەن. * ــ ئادەمزاتنىڭ جۈپ

بولۇپ ئۆتۈشى ئادەم ئەلەيھسالام بىلەن ھاۋا ئانامدىن قالغان ئۇدۇم، ــ دېدى سىيىت ھاجى بازار بېگىگە. ② ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزىگە خاس ئادىتى، ئىرسىيىتى؛ مەشغۇلاتى، كەسپى: قېنى، ئۇ بۇگۈنكى كۈندە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئېلىپتىمۇ-يوق، بىر كۆرۈپ باقايلى. * بۇ ئۇدۇم، بۇ كەسىپ ئۇنىڭغا سىڭگەن، يالىڭاچ يۈرەركى، يۈرمەس ئۆسەكىسىز. قىزىل تىل سۆڭەكىسىز يارالغان بىلەن، ھەقىقەت ئەمەستۇر ھەرگىز سۆڭەكىسىز. ③ < تىب > مەخپىي رېتسىپ: ئاتا-بوۋىسىدىن قالغان ئۇدۇم.

**ئۇدۇم ئالماق** بىر خىل ئۇدۇمنى ئۆز ئادىتىگە سىڭدۈرمەك، ئۇدۇمغا ئىگە بولماق: قېنى ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۇدۇمىنى ئېلىپتۇمۇ-يوق، بىر كۆرۈپ باقايلى. * يېتىپسەن ئۆلسەڭمۇ تىرىك پېتىڭچە، ئالغاچقا بۇ ئۆلمەس تۇپراقتىن ئۇدۇم. تىنىقلىق كەم پەقەت، قايتسا تىنىقلىق، قايتا تىغ تارتىسەن ئويغىنىپ چوقۇم.

**ئۇدۇم بولماق** ئەجدادلارنىڭ ئۇدۇمى ئۆز ئادىتىگە ئايلانماق: ئاقارسىمۇ چاچ، ساقاللىرىڭ، ئۆتۈپ قانچە باھار، يازۇ قىش؛ ئۇدۇم بولۇپ كەلدى شۇڭغىچە، تاغام ئۈچۈن قارچىغا بېقىش.

**ئۇدۇم قىلماق** مەلۇم ئادەت، ئەنئەنە، خۇسۇسىيەتلەرنى ئۆز ئادىتىگە ئايلاندۇرماق: ھاپىز ئاخۇن چىش ئاغرىقىنى داۋالاشنى ئاتا-بوۋىسىدىن ئۇدۇم قىلىپ كەلدى.

**ئۇدۇملۇق** سۈپ. ئۇدۇمى بار، ئۇدۇم بولۇپ قالغان، ئۇدۇمغا ئايلانغان: خەلق ئارىسىدىكى داخان، باخشى، پېرىخۇن، پالچى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئۇدۇملۇق سېھىرگەرلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئاتالمىش جىنكەشلىك سېھرى ھەرىكىتى ناھايىتى سىرلىق ۋە مۇرەككەپ بولغاچقا، ئىلىم-پەن تەرەققىي تاپمىغان ئۆتمۈش زامانلاردا خېلى بازار تاپقان. * قىلدى جەۋلان قوللىرىڭدىن مۆجىزە، بوپتۇ ئادەت بۇ ئۇدۇملۇق پەن ساڭا.

**ئۇران** I ئى [ر< گرېك] < خىم > رادىيوئاكتىپ مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى U (Uranium). قارامتۇل كۈل رەڭ پارقىراق ھالەتتىكى ماددا ياكى كۈمۈش رەڭلىك كرىستال، $\alpha$، $\beta$ ۋە $\gamma$ نۇرلىرىنى تارقىتىدۇ، ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى 4 مىليارد 500 مىليون يىل. ئۇراننىڭ تەبىئەتتە تارقىلىشى ئىنتايىن ئاز، ئاتوم ئېنېرگىيىسى ھاسىل قىلىشتا قوللىنىلىدۇ.

**ئۇراندىن كېيىنكى ئېلېمېنتلار** < خىم > ئېلېمېنتلار دەۋرىي جەدۋىلىدىكى ئۇراندىن كېيىن تۇرىدىغان ۋە سۈنئىي ياسالغان ئېلېمېنتلار. مەسىلەن، ئاتوم نومۇرى 93 بولغان نېپتۇنىي، ئاتوم نومۇرى 94 بولغان پلوتونىي... قاتارلىقلار.

**ئۇران سىمولىسى** < گېئول > بىر خىل مىنېرال. ئاساسىي تەركىبى $UO_2$. لېكىن ئۇنىڭغا يەنە $UO_3$، ئاز ئۇچرايدىغان يەر مېتاللىرى، قوغۇشۇن، گېلىي قاتارلىق ئېلېمېنتلارمۇ ئارىلىشىدۇ. تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا. كۆپىنچە بۆرەكسىمان، نۆكچىسىمان زىچ كاللەك ھالىتىدە بولىدۇ. قاراماي رەڭگىدە، مايلىق ياكى يېرىم مېتال پارقىراقلىقىدا، قاتتىقلىقى 3 ــ 5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 6.5 ــ 8.5، يېمىرىلگەندىن كېيىن قاتتىقلىقى ۋە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى كۆرۈنەرلىك تۆۋەنلەيدۇ. كۈچلۈك رادىيوئاكتىپلىق خۇسۇسىيىتى بار. ئاساسەن ئىسسىق ئېرىتمىلىق كان ياتقۇلىرىدا ۋە چۆكمە كان ياتقۇلىرىدا

ئۇچرايدۇ، ئۇران تاۋلايدىغان ئاساسىي مىنېراللىق خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇران II** ئى. بولۇۋاتقان گەپ-سۆز تەلەپپۇزى ۋە سۆزلىگۈچىنىڭ كەيپىياتىغا ئاساسەن قىياس قىلىنغان مەنە: ئۇ، گېپىمنىڭ ئۇرانىدىن كۆڭلۈمدىكىنى چۈشەنگەن بولسا كېرەك. * مەنمۇ كوچىلاپ سوراشنى لايىق كۆرمىدىم. ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئۇرانىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ قارىشىمۇ سىزنىڭكى بىلەن ئوخشاشتەك قىلىدۇ.

**ئۇران III** ئى [ر< گرېك] < ئاستىر > قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز چوڭ پلانېتىنىڭ بىرى. قۇياش بىلەن بولغان ئارىلىقىنىڭ يىراق-يېقىنلىق تەرتىپى بويىچە سانىغاندا 7-پلانېتا ھېسابلىنىدۇ. قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىپ چىقىش دەۋرى تەخمىنەن 84 يىل، يورۇقلۇق دەرىجىسى ئاجىزراق كېلىدۇ. ئۇنى پەقەت تېلېسكوپ ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدۇ. يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى -200°C. سىرتىدىكى ئاتموسفېرا قەۋىتىنىڭ تەركىبى ئاساسەن ھىدروگېن بىلەن مېتاندىن ئىبارەت. ئۇنىڭ يەنە سەككىز نۇر ھالقىسى ۋە بەش دانە ھەمراھى بار.

**ئۇران IV** ئى. دىئال. سۈرەن، چۇقان؛ شوئار، چاقىرىق.

**ئۇران توۋلىماق** دىئال. شوئار توۋلىماق.

**ئۇران قىچقارماق** دىئال ① چۇقان سالماق. ② كونا ئادەت بويىچە قورقۇپ كەتكەن كىچىك بالىلارنىڭ كەيپىياتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆي سىرتىدىكى بەلگىلىك ئارىلىقتا ئادەتلەنگەن چاقىرىق سۆزلىرىنى ئۈنلۈك ۋارقىرىماق.

**ئۇران-جۇرات** دىئال. ئۇرۇق-جەمەت.

**ئۇرانىنىت** ئى [ر < گرېك] < گېئول > بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $UO_2$. كۆپىنچە تورىي، رادىي، ئاز ئۇچرايدىغان يەر مېتاللىرى ئارىلىشىدۇ. تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىدا. قارىماي ياكى تۆمۈر قارا رەڭلىك، سۈزۈك ئەمەس، ماي پارقىراقلىقىدا. قاتتىقلىقى 5 ـــ 6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى ئادەتتە 10 ئەتراپىدا، لېكىن رادىئوئاكتىپلىق يېمىرىلىشى كۈچەيسە سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى تۆۋەنلەپ 8 گە چۈشىدۇ. ئۈزۈلۈش يۈزى سەدەپسىمان، كۈچلۈك رادىئوئاكتىپلىقى بار. ئاساسەن زور كرىستاللىق جىنسلاردا، يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئىسسىق ئېرىتمە كان ياتقۇلىرىدا ئۇچرايدۇ. ئۇران تاۋلايدىغان مىنېراللىق خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇرتوقاي** رەۋ [ئۇر+توقاي] ← **ئۇركالتەك**: ئۇرتوقاي قىلماق.

**ئۇرتوقاي قىلماق** ← **ئۇركالتەك قىلماق.**

**ئۇرتوقاي-سۇرتوقاي** ← **ئۇرتوقاي-سۇرتوقاي قىلماق.**

**ئۇرتوقاي-سۇرتوقاي قىلماق** ئۇرۇپ، قوغلاپ، سۇرۇپ ئەدىپىنى بەرمەك: قورااللانغان ئون ئاتلىق بۇ كەنتكە باستۇرۇپ كېلىپ، خەلقنى ئۇرتوقاي-سۇرتوقاي قىلىپ، ماللىرىنى بۇلاپ ماڭدى.

**ئۇر-چاپ** ئالدىغا ئۇچرىغان كۆرگەنلا كىشىنى ئۇرۇپ، چېپىپ قىرغىن قىلىش: كوچا-رەستە ۋە ئاللىقايەرلەردە ئۇر-چاپ، تۇتقۇن قىلىشلار قايناپ كېتەتتى ۋە كېچىچە ئۇ يەر-بۇ يەردە تاراسلاپ ئېتىلغان تاپانچا، مىلتىق ئاۋازلىرى ئۈزۈلمەيتتى.

**ئۇر-چاپ قىلماق** ھەممە يەردە ئۇرۇپ-چېپىپ قىرغىن قىلماق: ئەنە شۇ كۈنلەردە ئۇر-چاپ قىلىپ جاھانغا ۋەھىمە

سالغان نوچىلار بوگۈنكى كۈندە قايسى بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغا قاچقاندۇ؟!

**ئۇرچۇق** ئى ① يىپ: تالادا بىرى سېرىق مىس چۆگۈننى ئوچاقتىن ئېلىپ قويۇپ، ئۆزىنى تېزەك ئوتىنىڭ تۈتۈنىدىن قاچۇرغاندەك كېلىپ كىگىز ئۆينىڭ سايىسىدا ئۇرچۇقنى ئويىنىتىپ يىپ ئېگىرىۋاتاتتى. * مەن ئۇ يەردىن پەقەت بىر چاق، بىر ئۇرچۇق ۋە بىر كىتابنىلا تاپتىم. ② ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ مۇھىم دېتالى. ئۇ پىلتىدىن سوزۇلغان تالانى ئېگىرىپ پىششىقلاپ ناچىغا بەلگىلىك شەكىلدە يۆتكەيدۇ. ئادەتتە ئۇرچۇقلارنىڭ سانى ئېگىرىش فابرىكىسىنىڭ چوڭ كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ: مەن كۆردۈم، فابرىكا ئىچىدە قىزلار، ستانوك ئالدىدا ئىشلەيتتى ھارماي. يۈلتۇزدەك چاقنايتتى قارا كۆزلىرى، مىڭلىغان ئۇرچۇقنى باشقۇرۇپ تىنماي.

**ئۇرچۇقسىمان** سۈپ. ئۇرچۇق شەكىلدىكى، ئۇرچۇققا ئوخشاش: ئۇرچۇقسىمان تەنچە.

**ئۇرچۇقسىمان تەنچە** < بىئول > ھۈجەيرىنىڭ يىپلىق بۆلۈنۈش مەزگىلىدە كېلىپ چىققىدىغان، ئۇرغۇنلىغان ئىنچىكە تالاسىمان ماددىلاردىن تۈزۈلگەن ئۇرچۇقسىمان تۈزۈلۈش. ئېلېكترونلۇق مىكروسكوپ ئارقىلىق ئېنىقلىنىشىچە ئۇ، ئۇرچۇق تالالىرى ئاقسىلدىن تەركىب تاپقان ئىنچىكە يىپچىلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ دىئامېتىرى 240A° كېلىدىكەن.

**ئۇرچۇقلۇق** سۈپ. ئۇرچۇقى بار، ئۇرچۇق ئورنىتىلغان: 200 مىڭ ئۇرچۇقلۇق ئېگىرىش فابرىكىسى.

**ئۇردۇرماق** (توغرىسى: ئۇرغۇزماق) ← **ئۇرغۇزماق.**

**ئۇررا** ئىم. ھۇجۇمغا ئۆتۈۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ جەڭگىۋار نىداسى: ئويمانلىقتىكىلەر «ئۇررا» توۋلىشىپ، بوراندەك يوپۇرۇلۇپ كەلدى. * پۈتۈن جەڭچىلەر ئۇررا سادالىرىنى ياڭرىتىپ ھۇجۇمغا ئۆتتى.

**ئۇر-سۇر** ← **ئۇر-سۇر قىلماق.**

**ئۇر-سۇر قىلماق** ئۇرۇپ، قوغلاپ سۈرۈپ توقاي قىلماق: كېيىن ئۆزىنىڭ ھەربىي قىسمىدا ئۆگەنگەن بىر قاتار ھۇجۇم-مۇداپىئە تاكتىكىسىنى ئىشقا سېلىپ ئۇلارنى ئۇر-سۇر قىلىۋەتتى.

**ئۇرغاچى** ئى. كونا. چىشى: بېلىقچىنىڭ ئەركەك ياكى ئۇرغاچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن سېنى چاقىرتقۇزغانىدىم.

**ئۇرغۇ** ئى < تىل > سۆزلەردىكى بەزى تاۋۇش ياكى بوغۇملارنىڭ ئەڭ كۈچلۈك ئېيتىلىشى.

**ئۇرغۇتماق** «ئۇرغۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ناخشىسى چوڭقۇر مەنىگە ئىگە بولۇپ ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتاتتى. * نۇر جامالىڭ بەردى قۇۋۋەت كۆزلىرىمگە ھەسسىلەپ، ئۇرغۇتۇپ دىلدا شىجائەت، تەندە دەرمان، باشقىچە.

**ئۇرغۇزماق** «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: راھەتنىڭ بىر كاچىتى ئۈچۈن يالقۇن ئەسەتنى قوپالمىغۇدەك قىلىپ قاتتىق ئۇرغۇزدى.

**ئۇرغۇزۇشماق** «ئۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سەنلەر ماللىرىمنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتىڭ، مېنى ۋە باللىرىمنى يالاقچىلىرىڭغا ئۇرغۇزۇشتۇڭ، ئەمدى نېمە قىلماقچى بولۇشۇۋاتىسەن؟

**ئۇرغۇزۇلماق** «ئۇرغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېلى نۇردۇن ۋەزىرنىڭ قۇللىرى تەرىپىدىن ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇرغۇزۇلۇپتۇ.

**ئۇرغۇسىز** سۈپ. ئۇرغۇسى يوق، ئۇرغۇ چۈشمىگەن: ئۇرغۇسىز بوغۇم.

**ئۇرغۇسىز بوغۇم** < تىل > سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا كۈچلۈك ۋە ئەڭ ئېنىق ئېيتىلمايدىغان بوغۇم. مەسىلەن، «يولداش» دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز قىلغاندا «يول-» دېگەن بوغۇم «-داش» دېگەن بوغۇمغا قارىغاندا كۈچسىزرەك بولىدۇ.

**ئۇرغۇشۇناس** ئى < تىل > ئۇرغۇشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**ئۇرغۇشۇناسلىق** ئى < تىل > تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى، يەنى سۆز، سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىنىڭ ئۇرغۇسىغا دائىر مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلغۇچى ئىلىم.

**ئۇرغۇلۇق** سۈپ. ئۇرغۇغا ئىگە، ئۇرغۇ چۈشكەن؛ ئۇرغۇ بىلەن ئېيتىلىدىغان: ئۇرغۇلۇق بوغۇم. ‖ ئابدۇخالىق ئۇيغۇر بۇ شېئىرلارنى ئۇرغۇلۇق ئوقۇشقا باشلىدى.

**ئۇرغۇلۇق بوغۇم** < تىل > سۆزلەرنى تەلەپپۇز قىلغاندا كۈچلۈكرەك ۋە ئەڭ ئېنىق ئېيتىلىدىغان بوغۇم. مەسىلەن، «يولداش» دېگەن سۆزنى تەلەپپۇز قىلغاندا «-داش» دېگەن بوغۇم «يول-» بوغۇمىغا قارىغاندا كۈچلۈكرەك، ئېنىقراق ئېيتىلىدۇ.

**ئۇرغۇلۇق چالغۇ** < مۇز > چالغۇ-ئەسۋابلارنىڭ چوڭ بىر تۈرى. بۇ خىل ئەسۋابلارنىڭ ئۈستىگە تېرە تارتىلغان ياكى مىس، ياغاچلاردىن ياسالغان بولىدۇ. چوكا-تاياقلار بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ مۇقىم ئاۋاز ئېگىزلىكى بار ۋە مۇقىم ئاۋاز ئېگىزلىكى يوق دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئۇرغۇلۇق ئوقۇش** < تىل > بىر سۆز، سۆز بىرىكمىسى ياكى جۈملىنىڭ مەلۇم بوغۇمىنى ياكى مەلۇم سۆزىنى قاتتىقراق، كۈچلۈكرەك ئوقۇش.

**ئۇرغۇماق** پ ① بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ تۇرماق: ئۇلار دەرەخنىڭ تېگىدىن ئۇرغۇپ چىققان بۇلاقتىن قېنىپ سۇ ئىچىشىپتۇ. * بىلەمسىز سەۋەبىنى بۇ ھېكمەتنىڭ، بۇلاقنىڭ تومۇرىدا نېمە كۈچ بار؟ يۈرىكى تۇتاشقاندۇر يەر تەكتىگە، ئۆكسىمەي سۈيى شۇڭا ئۇرغۇپ تۇرار. ② دولقۇنلىماق، جۇش ئۇرماق: يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇڭلۇق قوشاقلار ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان، ۋۇجۇدىغا غەيرەت بېغىشلايتتى. * يۈگۈرگەندە ئۇرغۇيدۇ تومۇرلاردا ئاققان قان. ئۆپكىڭىزمۇ كېڭىيىپ، نەپەس بولار بەك راۋان. ③ كۆچمە. ئۆزلۈكسىز ئېشىپ بارماق، ئۆرلىمەك، تاشماق: ئۇلاردىكى غەم-ئەندىشە كۆتۈرۈلۈپ، كۈرەشكە بولغان ئىشەنچ كۈچەيدى، ھەممەيلەندە غەيرەت ۋە باتۇرلۇق ئۇرغۇدى. * كۈيلىدىم دەۋرىمنى، ئۇرغۇپ ئىلھامىم، ھەر غەلىبە ئاتىدى ماڭا زور شادلىق. ۋەتىنىم ئۆسمەكتە — مەن ئۆسمەكتىمەن، ئۆتەتتى ھاياتىم ناۋاتتىن تاتلىق.

**ئۇركالتەك** ئى (ئۇر+كالتەك) ئۇرۇپ، كالتەكلەپ بېرىلگەن زەربە: ئۇركالتەك قىلماق.

**ئۇركالتەك قىلماق** ئۇرۇپ، كالتەكلەپ ئەدىبىنى بەرمەك، جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق زەربە بەرمەك: ئۇلار تۇتۇۋالغان ھېلىقى ئىككى كىشىدىن گەپ سورىمايلا باغلاپ، ئۇركالتەك قىلىشقا باشلىدى.

**ئۇرماق** پ ① قول ياكى بىرەر نەرسە بىلەن زەربە بەرمەك: بىر كاچات ئۇرماق. * ئېشەكنى ئۇرغانغا ئات بولماس (ماقال). * بۇ گەپكە سودىگەرلەرنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، ئەپەندىمنى تازا ئۇرۇپتۇ. * — ياق، ياق، بەرمەيمەن، — دەپ ئاتىنىڭ بېقىنىغا بىرنى ئۇرۇپ ھارۋىنى ھەيدەپ كەتتىم.

② بىرەر نەرسىگە قاتتىق تەگكۈزمەك، مۇشتلىماق، سوقماق: مەيدىسىگە ئۇرماق، پالاق ئۇرماق. پۇتنى يەرگە ئۇرماق. * شۇ كۈنى كەچقۇرۇن يېزا باشلىقى بىر ئەزادىن دادۇيدىكى ھەممە ئەھۋاللارنى ئاڭلىدى. پاتمەنىڭ ئەزىزخان بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ ئىككى يانپىشىغا ئۇردى. * ئۇ چەكسىز ھاياجانغا چۆمۈلگەن ھالدا قانلىرى قايناپ، زەخمەكنى ئۈزلۈكسىز ئۇرىدۇ. ③ تىغلىق قوراللار بىلەن كەسمەك، چاپماق؛ تىقماق، سانجىماق: دۈشمەنگە نەيزە ئۇرماق. قىلىچ ئۇرماق. * يىگىت چاققانلىق بىلەن يانداپ كەلدى-دە، قولاقتىن ئېلىپ، كۆكرىكىگە بىر ئىككى پىچاق ئۇرۇۋەتتى. * ئاستا كېلىپ قىزنى ئويغىتىپ، ئەپچىقىپتۇ تاينىڭ قېشىغا. ئاندىن كىرىپ ئۇرۇپتۇ قىلىچ، يالماۋۇزنىڭ يەتتە بېشىغا. ④ شىددەت بىلەن تەگمەك، ئۇرۇلماق: ئابرال تېغىدىن بولسا ئاچچىق، ئەمما ساپ ھاۋالىق تاغ شامىلى ئۇرۇپ تۇراتتى. * شۇنچە ئاستا يۈرەر ئاپتوموبىل، شوپۇر تېنى گوياكى كاۋاپ. چۆشۈرۈلگەن يانىنىڭ ئەينىكى، ئۇرۇپ تۇرار سۇ، بوران شاپ-شاپ. ⑤ ئەتراپقا يېيىلماق، تارالماق: ئۇ كىشى سۆزلەۋېتىپ ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇپ تۇرغان ھاراقنىڭ پۇرىقىدىن سەسكەنگەن بولسا كېرەك، بىردىنلا ئۇلاردىن ئۆزىنى تارتىپ، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ يەرگە تۈكۈردى. ⑥ سوقماق، سالماق: بۇ چاغدا خۇشاللىقتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئاتىكەمنىڭ يۈرىكى ھەم تېز، ھەم قاتتىق ئۇرغىلى تۇردى. * باغ بار ئىكەن، سۇيۇق ئىكەن، سارغىيىپ قاپتۇ تېرەك. بىۋاپانىڭ دەردىدە، سىلكىنىپ ئۇرار يۈرەك. ⑦ سانجىپ، تىقىپ كىرگۈزمەك، سالماق: ئوكۇل ئۇرماق. ۋاكسىنا ئۇرماق. * بالىنى ئەتىسى دوختۇرغا ئېلىپ بارسام قاتتىق سوغۇق تەگكەن، ئۆپكە ياللۇغى بولغان دەپ ئوكۇل ئۇرۇپ، دورىلارنى بەردى. ⑧ سىگنال، شەپە بېرىش ئۈچۈن بىرەر نەرسىنى تەگكۈزۈپ ئاۋاز چىقارماق: داڭ ئۇرماق. * ھەسەن بىلەن قەمەر تاماقلىرىنى يەپ قوللىرىنى يۇيۇۋاتقاندا، بىرى دەرۋازىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ. ⑨ بەرمەك، سوقماق: ۋارىس سەن ئالدىمىزدىكى تاش يول ئۈچاستكىلىرىغا تېزدىن تېلېفون ئۇرۇۋەت. ⑩ چالماق: بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، بىر ئادەمنىڭ مارىلاپ كېلىۋاتقان كۆلەڭگىسى كۆرۈندى ۋە ئۇ ئۈچ قېتىم چاۋاك ئۇردى. * ئاڭلاپ بولۇپ قوشاقنى، دۈيجاڭ تۇتتى ئازادنى. قۇچاقلىدى، كۆتۈردى، ئۇردى ھەممە چاۋاكنى. ⑪ بېسىپ ئىزنى چۈشۈرمەك، باسماق: بەش كوينى بەرسىڭىز نىمە ئۈچۈن بۇ قەغەزگە تامغا ئۇرمىدىم؟ ⑫ كۆچمە. ساتماق: ھېلىقى دېھقان سېتىۋالغان ئۆكۈز ۋە بۇغدىينى تاشقورغانغا ئاپىرىپ سېتىپ ئۇنىڭ پۇلىغا قوتاز ئەكىلىپ قاسساپقا ئۇرىمەن دەيدۇ. ⑬ كۆچمە. جازاسىنى بەرمەك، جازالىماق: خۇدا ئۇرغاننى يۆلىگىلى بولماس (ماقال). * خۇدا ئۇرىمەن دېسە ئاۋۋال ئەقلىدىن ئۇرىدۇ (ماقال). * راست، يالغان سۆزلىگەن بولسام خۇدا ئۇرسۇن! ⑭ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ، ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: ئاھ ئۇرماق. بەرق ئۇرماق. مەۋج ئۇرماق. داد-پەرياد ئۇرماق. جۇش ئۇرماق. * ئۇنىڭ ئابروينى ساقلايمەن دەپ كوللېكتىپقا زىيان ئۇرسام، بۇ قانداق بولغىنى؟!

**ئۇرۇپ-سوقۇپ** قول ئۇچىدىلا، بولۇشىغا، ئەپلەپ-سەپلەپ: ئىشنى ئۇرۇپ-سوقۇپ پۈتكۈزمەك.

**ئۇرۇچ** ئى. دىئال. ئۇچ.

**ئۇر-ئۇر** ھەممىلا ئادەم ئۇرۇش ياكى

ھەممىلا ئادەم تەرىپىدىن ئۇرۇلۇش: ئۇر-ئۇر قىلماق. ئۇر-ئۇرغا قالماق.

**ئۇر-ئۇرغا قالماق** ھەممىلا ئادەمنىڭ ئۇرۇشىغا ئۇچرىماق، تاييىقىنى يېمەك: شۇڭا ئۇ بۇ قېتىم پالچى بۈۋۈمنى «كۆچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قالغان» دەك ئەھۋالغا كەلتۈرمىگۈچە توختىمايدىغانلىقى ھەققىدە ئۆز-ئۆزىگە ۋەدە بەردى.

**ئۇر-ئۇر قىلماق** كىم كۆرسە، نەدە كۆرسە قوغلاپ ئۇرماق: تاشلارغا تەگكەندە تۈلپار تۇيىقى، ئۈستىدە ئاتنىڭ ئۇ ئويناتقان قىلىچ، خانتەڭرى كۆكىدە پارلىغۇچە نۇر، باسمىچى ياۋلارنى ئۇ قىلىپ ئۇر-ئۇر، كەمەرنى يەشمەستىن قىلغان جەڭ چېلىش.

**ئۇرۇش** ① «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: ئۇرۇشقا تەمشەلمەك. ئۇرۇشنى بۇيرۇماق. ② ئى. قەبىلىلەر، دۆلەتلەر ياكى ئىجتىمائىي سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق كۆرەش، توقۇنۇش، جەڭ: ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى. ئۇرۇش تەييارلىقى.

**ئۇرۇش ئاپتوموبىلى** < ھەرب > ئۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىللار.

**ئۇرۇش بولماق** جەڭ، ئۇرۇش يۈز بەرمەك، توغۇلماق، پارتلىماق: بۇ ۋەقەدىن كېيىن بىرنەچچە ھەپتىلەرگىچە ئۇرۇش بولماي تىنچ ئۆتتى.

**ئۇرۇش پاراخوتى** < ھەرب > ئۇرۇش قىلىدىغان پاراخوتلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**ئۇرۇش جىنايەتچىسى** < قا > ئادالەتسىز ئۇرۇش قوزغىغان ياكى ئۇرۇشتا ئېغىر جىنايەت ئۆتكۈزگەن كىشى.

**ئۇرۇش جىنايىتى** < قا > خەلقئە، دېموكراتىيىگە قارشى ئۇرۇشنى پىلانلاش، ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش ۋە ئۇنى قوزغاش قىلمىشلىرى ياكى دۆلەت بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشتا سادىر قىلغان تىنچلىققا بۇزغۇنچىلىق قىلىش جىنايەتلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۇرۇش رايونى** < ھەرب > ئۇرۇشتا ستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن ئايرىلغان رايون.

**ئۇرۇش قىلماق** ئۇرۇشقا، جەڭگە قاتناشماق، ئۇرۇش ئېلىپ بارماق، ئۇرۇشماق: ئىلگىرى تاغلىرىغا يېغىلغان پارتىزانلار بىرنەچچە چوڭ ئەترەتلەرگە بۆلۈنۈپ بىرنەچچە ئورۇندا ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى.

**ئۇرۇشپەرەس** سۈپ. ئۇرۇشنى ھەدەپ تەرغىپ قىلىدىغان، ئۇرۇش قىلىشقا ئامراق، ئۇرۇشخۇمار.

**ئۇرۇشپەرەسلىك** «ئۇرۇشپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئۇرۇش-تالاش** بىرەر نەرسىنى تالىشىپ جېدەل قىلىش ۋە ئۇرۇشۇش: — بالىلىرىم، ساندۇقۇمدىكى دۇنيانى ئۇرۇش-تالاش قىلماي ئۈچۈڭلار تەڭ بۆلۈشۈڭلار، — دەپ نەسىھەت قىلىپتۇ بوۋاي. * بىزدە يوقتۇر كىچىككىش، ئۇرۇش-تالاش ئەھۋاللار. بولغاچ دوستلۇق، ئىرىشىش، خۇشال بىزنىڭ باللار.

**ئۇرۇشتۇرماق** ① «ئۇرۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② بىرنەرسىنى يەنە بىرنەرسىگە ئۇرماق: ئەركىن ئەمدى باشقا سەۋەب كۆرسىتىشكە پېتىنالمىدى، رەھمەتنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن قەدەھنى قولىغا ئالدى ۋە نائىلاج رەھمەت بىلەن رومكا ئۇرۇشتۇردى. ③ كۆچمە. ئۇچراشتۇرماق: توختىئاخۇن بىلەن ئالماسنىڭ شۇنداق بىر خۇسۇسىيىتى بار ئىدىكى، ئاتا-بالا بىرنەچچە ئېغىز قىسقا گەپ ۋە بىر-ئىككى قېتىم كۆز ئۇرۇشتۇرۇش بىلەنلا بىر-بىرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى

چۆشىنىشەتتى.

**ئۇرۇشتۇرۇشماق** «ئۇرۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇرۇشتۇرۇلماق** «ئۇرۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئالتە قول كۆتۈرۈلدى، ئالتە پىيالە بىر-بىرىگە ئۇرۇشتۇرۇلدى.

**ئۇرۇشخۇمار** ئى (ئۇرۇش+خۇمار) ← **ئۇرۇشپەرەس.**

**ئۇرۇشخۇمارلىق** «ئۇرۇشخۇمار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئۇرۇشقاق** سۈپ. ئاسان ۋە تېز ئۇرۇشۇپ قالىدىغان، سوقۇشقاق، جېدەلخور: يەر بۇزۇلسا بۇدۇشقاق بولار، خوتۇن بۇزۇلسا ئۇرۇشقاق بولار (ماقال). * يۈسۈپ چوڭ 20 ياشلارغا كىرگەندە، ھەققەتەن ياڭاقلىق يېزىسىدا چېلىشچى ياشلارنىڭ پالۋىنى، ئوغلاق تارتىش مەيدانلىرىنىڭ غالىبى بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە بىرئاز ئۇرۇشقاق ئىدى.

**ئۇرۇشقاقلىق** ئى. تولا ئۇرۇشىدىغان، ئۇرۇشۇشتىن يانمايدىغان مىجەز، قىلىق، ئادەت: ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي «جودا» نىڭ ئوغلىمۇ مەھەللىدىكى باللار ئىچىدە ئۇرۇشقاقلىقتا نام چىقىرىشقا باشلىدى. * ئۇنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ھەممە يەردە ئۆزىگە رەقىب تاپتى.

**ئۇرۇشماق** ① «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئىككىسى قوللىرىنى جوزىغا ئۇرۇشۇپ ۋارقىرىششقا باشلىدى. * ئۇلار پاشنىلىرىنى يەرگە ئۇرۇشۇپ يىگىتچىسىگە ئوينايتتى. ئاياللار بولسا، خۇددى سۇدا ئۈزگەندەك قىلىپ ئۇسۇلدا ماسلىشاتتى. ② جەڭ، ئۇرۇشقا قاتناشماق، ئۇرۇش قىلماق، سوقۇشماق: — بۇ قېتىم ياخشى ئۇرۇشتۇق، — دېدى ئەنجانباي چوقچىيىپ تۇرغان تاشقا دۈمبىسىنى تاقاپ ئولتۇرۇپ نەسىردىنگە، — يىگىتلىرىمىز جانپىدالىق قىلدى. ③ ئۇرۇش-تالاش قىلماق، جېدەللەشمەك، ماجىرالاشماق: ياخشى ئۇرۇشسا بەرگىلى نەرسە تاپالماس، يامان ئۇرۇشسا ئالغىلى نەرسە تاپالماس (ماقال). * يېزىمىزدا نىكاھ ماجىرالىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، بەزىلەر خوتۇنى بىلەن ئۇرۇشۇپ قالسا، ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي «تالاق» قىلدىم دەيدۇ.

**ئۇرۇق** ئى ① < بوت > ئوچۇق گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەردە بولىدىغان كۆپىيىش ئورگىنىنىڭ بىرى. ئۇرۇقلىنىش جەريانىنى تاماملىغان تۆرەلمە تۈگۈنىنىڭ يېتىلىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە ئۇرۇق پوستى، تۆرەلمە ۋە تۆرەلمە سۈتى قاتارلىق ئۈچ قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇرۇق بەلگىلىك شارائىت ئاستىدا بىخلىنىپ يېڭى ئۆسۈملۈك تېنىگە ئايلىنالايدۇ. ② زىرائەتلەرنىڭ دېنى، مېۋىسى: ئۇرۇق سالماق. ئۇرۇق چاچماق. ئۇرۇق تاللىماق. ③ < بىئول > جانلىقلارنىڭ ئەرلىك جىنسىي بېزى ئىشلەپچىقىرىدىغان، جىنسىي ھۈجەيرىلەردىن ئىبارەت سۇيۇقلۇق؛ سپېرما، مەنىي. ④ بىر ئاتا-بوۋىدىن، بىر ئەجدادتىن كېلىپ چىققان كىشىلەر؛ ئەۋلاد، قېرىنداش: — مەن ۋاڭ ئۇرۇقىدىن بولمەن، — دېدى ئۇ كىشى. * ئابدۇلمۇلۈك بىننى مەرۋان ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ، سىڭلىسىغا: — كۇفەنىڭ ھاكىمى ھەججاز ماڭا ئۆز ئۇرۇقلىرىدىن بىر گۈزەل قىزنى ھەدىيە قىلىپ كېنىزەكلىككە ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ ئەۋەتكەن كېنىزىكى ئون مىڭ تىللارغا ئەرزىيدۇ! — دەپ ماختىنىپتۇ. ⑤ < تارىخ > ئىپتىدائىي جامائە تۈزۈمىدىكى ئۆزئارا قان-قېرىنداش بولغان كىشىلەردىن ئىبارەت دەسلەپكى ئاساسىي تەشكىلات، ئۇيۇشما، جامائە:

قەدىمكى ئۈرۈقداشلىق جەمئىيىتىدە ھەربىر ئۈرۈقنىڭ ئۆزىگە خاس نامى بولغان. ئۈرۈقنىڭ نامى كۆپىنچە شۇ ئۈرۈق ئاقساقىلىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. * ئۇيغۇرلار ئۆز تارىخىدا قەدەممۇقەدەم ئۆسۈش، بىرلىشىش جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەن، يەنى ئۈرۈقلار بىرلىشىپ قەبىلىگە، قەبىلىلەر بىرلىشىپ ئۇلۇسقا، ئۇلۇسلار بىرلىشىپ تېخىمۇ چوڭراق خەلقلەر تۈركۈمىگە تەرەققىي قىلغان. ⑥ بىر پۈتۈن قۇرۇلمىنى تەشكىل قىلغۇچى ئوخشاش چوڭلۇقتىكى قاتتىق نەرسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرى: تەسۋىي ئۈرۈقى. شاھمات ئۈرۈقى. دامكا ئۈرۈقى. چوتىنىڭ ئۈرۈقى. * كىشىلەر شاھمات-قاتار ئويناۋاتقان يەرلەردە ئۈرۈقلارنى بۇزۇۋېتىپ، بىر ئۈرۈقنى نېرى-بېرى قىلماي ئەسلىدىكىدەك تىزىپ قويارمىش.

**ئۈرۈق بەزلىرى** <ئانات> ئەر كىشى ياكى ئەركەك ھايۋانلار تېنىدىكى ئۈرۈق ئىشلەپچىقىرىدىغان بەزلەر.

**ئۈرۈق تىلى** <تىل> ئۈرۈق كوللېكتىپى قوللانغان تىل. ئۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئىنتايىن تار بولۇپ، ئىچكى قىسمىدا ئورتاق تىل ۋە دىئالېكت دېگەن پەرقلىرى بولمايدۇ.

**ئۈرۈق چاچماق** ① زىرائەت ئۈرۈقىنى تەكشى تارىتىپ تېرىماق: ھوشۇر ئاكا قوناق ئارىسىغا قاشقا بېدە ئۈرۈقىنى چېچىپ يېشىل ئوغۇت قىلىشقا تەييارلىدى. ② كۆچمە. پەيدا قىلماق، ئۇلغايتماق، تېرىماق: قاسىم سورۇنغا كېلىپلا جېدەل ئۈرۈقىنى چاچتى. * مەرىپەتتىن يەر يۈزىگە ئۈرۈق چاچقان، ئەجرىمىزدىن مەڭگۈ ئۆچمەس مۆھۈر باسقان، بوۋام مەھمۇت نامىڭ بىلەن پەخىرلىك بىز، ئۇلۇغ شۆھرەت شانىڭ بىلەن قەدىرلىك بىز.

**ئۈرۈق چىلاش** <بوت> ئۈرۈقىنى تېزرەك بىخلاندۇرۇش ئۈچۈن تېرىشتىن ئاۋۋال ئىسسىق سۇ ياكى سوغۇق سۇغا مەلۇم ۋاقىت چىلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بەلگىلىك ئىسسىقلىقتىكى سۇغا ئۈرۈقىنى چىلاش بەزى كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنىمۇ ئوينايدۇ.

**ئۈرۈق دورىلاش** <بوت> ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتىكى بىر خىل ئۇسۇل. بۇنىڭدا مىكروب ئۆلتۈرگۈچ دورىلار بىلەن ئۈرۈق دورىلىنىدۇ. مەسىلەن، سېرىزان بىلەن بۇغداي ئۈرۈقىنى دورىلىغاندا قارا كۈيە كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ.

**ئۈرۈق سالماق** ئېچىلغان تاپ ياكى تۈپ ئورنىغا مۇناسىپ مىقداردىكى ئۈرۈقنى چۈشۈرمەك، تاشلىماق: ئۇ چاغدا دادام بوقۇسا تۇتسا ئانام ئارقىسىدىن ئۈرۈق سالاتتى، مەن ئۇكام بىلەن تېپەتتىم. * قارىسام ياسىن كەتمەن بىلەن كاتەك ئېچىپتۇ، ئاينىسا بىر تەرەپتىن ئۈرۈق سېلىۋېتىپتۇ. * تېرەك پوتلا بولغاندا، يەرنى تۈزلە. دۆشنى ئال! ئۈجمە تۇغدى دېگەندە، كېۋەزلەرگە ئۈرۈق سال!

**ئۈرۈق سەللىسى موتىكى** <بوت> سىرتقى ئۈرۈق پوستىنىڭ ئۆزۈرىشىدىن ھاسىل بولغان دومباق ئورۇن. ئۈرۈق كىندىكىنىڭ يېنىدا بولىدۇ. ئابدىمىلىك ئۈرۈقنىڭ ئۈرۈق سەللىسى ناھايىتى ئېنىق بولىدۇ.

**ئۈرۈقىمۇ تېپىلمايدۇ** ← **ئۈرۈقلۇقىمۇ يوق.**

**ئۈرۈقلۇقىمۇ يوق** ناھايىتى كەم، تېپىش ئىنتايىن قىيىن: ئۇكام، سەن تۇخۇمنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەن، تۇخۇم دېگەن بىر ئايدىن بۇيان ئۆيىمىزدە ئۈرۈقلۇقىمۇ يوق.

**ئۈرۈق كىندىكى** <بوت> ئۈرۈق پىشىپ ساپىقىدىن ئايرىلغان ياكى تۆرەلمە

تەختىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئۈرۈق پوستىدا قېلىپ قالغان ئىز.

**ئۈرۈق نەيچىسى** < ئانات > ئەر كىشى ياكى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ نەسىللىنىش ئەزاسىنىڭ بىر قىسمى. ئادەتتە ئۇ سپېرمىنى ئۈرۈقدانىدىن ئۈرۈق خالتىسىغا يەتكۈزۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئۈرۈقنى دانىلاپ تاللاش** تېرىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۈرۈقلارنىڭ يوغان، توق، قۇرۇت يېمىگەنلىرىنى دان بويىچە بىر-بىرلەپ تاللاپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئۈرۈقلۇق قىلىنىدىغان دانلىرى يوغان زىرائەتلەر (مەسىلەن، دادۇر، كۆممىقوناق، كېۋەز قاتارلىقلار)غا ماس كېلىدۇ.

**ئۈرۈقنى قۇرۇتماق ← تۇخۇمنى قۇرۇتماق:** غالچىلار تېۋوللا ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بېسىپ بېرىپ، قىرغىن قىلىپ ئۈرۈقنى قۇرۇتماقچى بولۇشتى.

**ئۈرۈق-ئايماق** ئۈرۈق ۋە ئايماق؛ قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بولغان ۋە بىر جايدا ياشايدىغان كىشىلەر: پەيدا بولىدى ئىپتىدائىي زېمىندە، يېزا-قىشلاق، ئېكىنزار ۋە يايلاقلار. ۋاقىت بىلەن مىللەت بولۇپ يېتىشتى، ئورمانلاردا يۈرگەن ئۈرۈق-ئايماقلار.

**ئۈرۈق-ئەجداد** ئۈرۈق ۋە ئەجداد؛ بىر ئاتا-بوۋىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر: بىزگە بۇ ئۈرۈق-ئەجدادىمىزدىن قالغان بىر ئىرسىيەت.

**ئۈرۈق-ئەۋلاد** ئۈرۈق ۋە ئەۋلاد؛ بىر ئاتا-بوۋىدىن كېلىپ چىققان كىشىلەر: ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ زاتنىڭ ئۈرۈق-ئەۋلادى يوق ئىكەن. * ئەي قەيسەر بۈركۈت، ئېيتقىنا زادى، نەدە ئالىمنىڭ ئۈرۈق-ئەۋلادى؟

**ئۈرۈق-پۇشت ← ئۈرۈق-ئەۋلاد:** ئۆزىنى غوجىنىڭ ئۈرۈق-پۇشتى دەپ، ئاتىغان بۇ مەخلۇق، ئىسمى جاھانشاھ، ئاتىسى-ئانىسى كىملىكى ئۇنىڭ، نامەلۇم، ئۆستۈرگەن ئۇنى شۇ دەرگاھ.

**ئۈرۈق-تۇغقان** ئۆز ئائىلىسىنىڭ نىكاھ مۇناسىۋىتىگە چېتىشلىق بولغان باشقا ئائىلىلەر ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى: ئۈرۈق-تۇغقاننىڭ يىرىقى ياخشى، ئوتۇن-ياغاچنىڭ يېقىنى ياخشى (ماقال). * قىزنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان بىر ئاغۋات بار ئىكەن، ئۇ قۇلنىڭ بىرمۇ ئۈرۈق-تۇغقىنى يوق ئىكەن. * لاشمانلىققا ماڭغاندا، كەينىمىزگە قايرىلدۇق، ئۈرۈق-تۇغقان قېرىنداشتىن، ئۆلمەي تۇرۇپ ئايرىلدۇق.

**ئۈرۈق-تۇغقانچىلىق** ئۈرۈق-تۇغقانلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت، قېرىنداشلىق: ياسىن بىلەن بىزنىڭ ئۈرۈق-تۇغقانچىلىقىمىز بار.

**ئۈرۈق-تۇغقانلىق ← ئۈرۈق-تۇغقانچىلىق:** ئۇنىڭ ئۈرۈق-تۇغقانلىقىنى پەش قىلىپ بىر بۇزۇقنى قانات ئاستىغا ئالغىنى نېمىسى.

**ئۈرۈق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى** < بىئول > ئادەم ياكى جانلىقلارنىڭ قانداشلىق، ئۈرۈقداشلىق ۋە ئىرسىيەت جەھەتتىكى يىراق-يېقىنلىق مۇناسىۋىتى.

**ئۈرۈق-جەمەت** ئۈرۈق ۋە جەمەت؛ بالا-چاقا ۋە قېرىنداشلار: — رەھمەت باللىرىم، بۈگۈن ئۈرۈق-جەمەت، دوست-يارانلار دەرقەمدە بولدۇق، ئۇلۇغ ئايەم كۈنى ياخشى بولدى، — دېدى ئانا.

**ئۈرۈقچا** ئى. مېۋە گۆشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مېغىزىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قاتتىق قىسمى: شاپتۇل ئۈرۈقچىسى. ئۈرۈقچا چاقماق.

**ئۈرۈقچى** ئى ① سورتلۇق ئۈرۈقلارنى يېتىشتۈرۈش، تاللاش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ھاشىم ئاكام بۇ كەنتنىڭ ئۈرۈقلۇق

ئېتىزنى باشقۇراتتى ۋە كەنتكە شال ئۆرۈۈقنى يېتىشتۈرۈپ بېرىدىغان پىشقەدەم ئۆرۈۈقچىمىز ئىدى. ② ئۆرۈۋق سالغۇچى: ئانىسى ئۆرۈۈقچى، قىزلىرى سۆرەمدە ئائىلە ئىشتا، ھەربىر ئايال داڭدار مېھنەت ئارتىستكىسى.

**ئۆرۈۈقچىلىق** ئى ① سورتلۇق ئۆرۈۈقلارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تاللاش ئىشى، كەسپى: ھازىر بۇ ناھىيىدە كەسپىي ئۆرۈۈقچىلىق ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدىن 44 بار. * گۇڭشې مۇشۇ ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ دېھقانلارغا ئۆرۈۈقچىلىق بىلىملىرىدىن دەرس ئۆتۈشنى پىلانلىدى. ② ئۆرۈۈقداشلىق: ئاقساقاللارنىڭ كېڭىشى گەرچە ئۇزاقتىن بېرى كېلىۋاتقان ئۆرۈۈقچىلىق ئەنئەنىسىگە بىنائەن بىرەر يېڭى باشلىقنى كۆرسىتىپ، تەستىقلىسىمۇ، ئەگەر تەڭرىقۇت ئۇنى خالىمىسا، ئاقساقاللار كېڭىشىنىڭ قارارى ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى.

**ئۆرۈۈقچىلىق پونكىتى** سورتلۇق ئۆرۈۈقلارنى تاللاش، يېتىشتۈرۈش، كېڭەيتىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پونكىت.

**ئۆرۈۈقداش** ① سۈپ. ئۆرۈۈقى بىر، بىر ئۆرۈۈقتىن بولغان؛ بىر جەمەت. ② ئى < بىئول > بىر ئائىلىدىكى جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشلىق دەرىجىسى بويىچە ئايرىلغان گۇرۇپپىسى. مەسىلەن، مۈشۈك ئائىلىسىنىڭ مۈشۈك ئۆرۈۈقدىشى ۋە يولۋاس ئۆرۈۈقدىشىغا؛ باشاقلىقلار ئائىلىسىنىڭ شال ئۆرۈۈقدىشى، بۇغداي ئۆرۈۈقدىشى ۋە سۇلۇ ئۆرۈۈقدىشى قاتارلىقلارغا بۆلۈنگىنىگە ئوخشاش.

**ئۆرۈۈقداشلىق** ① « ئۆرۈۈقداش » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى < تارىخ > ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى قانداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە بىرلەشكەن كىشىلەر كوللېكتىپى. ئۇنىڭدا ئۆزئارا نىكاھلىنىش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ئومۇمنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولۇپ، مەھسۇلات كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىلىپ، كوللېكتىپ ئىستېمال قىلىنغان.

**ئۆرۈۈقدان** ئى < بىئول > ① ئەر كىشى ياكى ئەركەك ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئورگىنىنىڭ بىرقىسمى. ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۆرۈۈقدىنى ئۆرۈۈقدان خالتىسىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، يۇملاق كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئۆرۈۋق ئىشلەپچىقىرىش رولىنى ئوينايدۇ. ② ئانىلىقنىڭ ئاستىنقى كۆپكەن قىسمى. ئۆرۈۈقدان تەرەققىي قىلىپ مېۋە ھاسىل قىلىدۇ، تۆرەلمە تۇگۈنى تەرەققىي قىلىپ ئۆرۈۈققا ئايلىنىدۇ.

**ئۆرۈۈقدان خالتىسى** < بىئول > ئۆرۈۈقداننى ئوراپ تۇرىدىغان خالتىسىمان تۈزۈلمە. قورساقنىڭ ئاستى، ئىككى يوتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان.

**ئۆرۈۈقدان ھەمراھى** < ئانات > ئەر كىشى ياكى ئەركەك سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى. ئۆرۈۈقداننىڭ ئاخىرقى يۇقىرى چېتىدە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئەگرى، ئۇششاق نەيچىلەردىن تۈزۈلگەن. ئادەتتە ئۇ سپېرمىنى زاپاس ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئۆرۈۋق - قاياش** ← **ئۆرۈۋق - تۇغقان**: ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ۋە ئۆرۈۋق-قاياشلىرى ھاتەمنىڭ قەبرىسىنىڭ بېشىغا تاشتىن بىر كۆل ياسىشىپتۇ.

**ئۆرۈۈقلاتماق** پ. نەسىللەندۈرمەك.

**ئۆرۈۈقلاندۇرماق** « ئۆرۈۈقلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ سۈنئىي ئۇسۇلدا ئۆرۈۈقلاندۇرۇش بىلەن بۇقا، قوچقار تاللاپ نەسىللەندۈرۈشنى بىرلەشتۈرۈپ تۇتۇپ ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**ئۆرۈۈقلاندۇرۇلماق** « ئۆرۈۈقلاندۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆزدە

ئۇرۇقلاندۇرۇلغان ماللارنىڭ تۆللىرى تولۇق قاتارغا قوشۇلدى.

**ئۇرۇقلانماق** پ. ئۇرۇق قوبۇل قىلماق؛ نەسىللەنمەك.

**ئۇرۇقلۇق** ① سۈپ. ئۇرۇقى بار، ئۇرۇققا ئىگە: قارا ئۇرۇقلۇق تاۋۇز. ② سۈپ. ئۇرۇق قىلىشقا تەييارلانغان: ئۇ دېھقانلار بىلەن ئۇرۇقلۇق قوناق يېتىشتۈرۈش بويىچە ھۆددە توختامى تۈزدى. ③ ئى. تېرىش ئۈچۈن تەييارلانغان دان: بىركۈنى باي بوۋاينىڭ ئىشلىگەن ھەققى ئۈچۈن كىچىككىنە يەر ۋە ئۇرۇقلۇق بېرىپتۇ. * كۆزلۈك بۇغداي تېرىشتا، تاللاپ ئالساڭ ئۇرۇقلۇق، كۆپلەپ ئالساڭ ھوسۇلنى، ئۆزۈڭگىمۇ ئۇتۇقلۇق.

**ئۇرۇقلۇق ئېتىز** ئۇرۇقلۇق ئۈچۈن زىرائەت يېتىشتۈرۈشكە قالدۇرۇلغان ئېتىز.

**ئۇرۇقلىنىش** ① «ئۇرۇقلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② < زوئول > ئادەم ياكى ھايۋانلارنىڭ ئەركەك جىنسىي ھۇجەيرىسى بىلەن چىشى جىنسىي ھۇجەيرىسىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشى. بۇ خىل جەريان بېلىق تىپىدىكى جانلىقلاردا تەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىشتىن سىرت، باشقا جانلىقلاردا بولسا ئانا تېنىنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ③ < بوت > ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جىنسلىق نەسىللىنىشىدىكى سپېرما بىلەن تۇخۇمنىڭ قوشۇلۇشى.

**ئۇرۇقلىنىش پەردىسى** < بىئول > تۇخۇمدانغا ئۇرۇق كىرگەندىن كېيىن، كۆپ ئۇرۇقلىنىشنى توسۇش ئۈچۈن، ئۇرغۇنلىغان تۇخۇملار ئۆز يۈزىدە ھاسىل قىلغان بىر قەۋەت توسقۇچى پەردە.

**ئۇرۇۋۇقاي** سۈپ. دىئال. ياسانچۇق، مىشچان.

**ئۇرۇلماق** ① «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توساتتىن ھۇجرا ئىشىكى ئۇرۇلدى. * بىزنىڭ سىنىپ قىشتىمۇ، ئوخشار گۈزەل گۈلباغقا. كىرسەڭ خۇش بۇي پۇراقلار، ئۇرۇلىدۇ دىماغقا. ② «ئۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئابلىز ۋېلسىپتكە ئۇرۇلۇپ يىقىلىپ چۈشتى. * يۈگۈرۈپ كېلىپ مۆكۈۋالماقچى بولغان رەنا كۈتۈلمىگەن ھالدا ئۇدۇل كېلىپ ياسىننىڭ قۇچىقىغا ئۇرۇلدى.

**ئۇرۇنما** ① سۈپ. ئۇرۇنغان ياكى ئۇرۇنىدىغان: ئۇرۇنما تەكشىلىك. ② ئى < مات > چەمبەر بىلەن بىر نۇقتىدا كېسىشىدىغان تۈز سىزىق.

**ئۇرۇنما تەكشىلىك** < مات > شار بىلەن پەقەت بىرلا كېسىشىش نۇقتىسى بولغان تەكشىلىك شارنىڭ ئۇرۇنما تەكشىلىكى دېيىلىدۇ. سىلىندىر، كونۇسلارنىڭ بىر ياسىغۇچىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەكشىلىك سىلىندىر ياكى كونۇسنىڭ ئۇرۇنما تەكشىلىكى دېيىلىدۇ.

**ئۇرۇنماق** پ ① بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىغا تېگىش ئارقىلىق شۇ نەرسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى بىلىنمەك: ئۇ بۈگۈن پۇل لازىم بولۇپ، يوتقان-كۆرپە ئارىسىغا قول سالغانىدى، قولىغا قاتتىق بىرنەرسە ئۇرۇندى-دە، ئۇنى ئالدى. * گاھىدا ئاپتوبۇس بەزلەيتتى مېنى، گاھىدا كۆز قىرىم تالادا-سىرتتا، ئاخىرى بىقارار ئاچتىم سومكىنى، ئۇرۇندى قولۇمغا تەۋرەرۈك قۇتا. ② ئۇرۇلماق، تەگمەك: ئۇ چاشقان مۈشۈكنىڭ ئالدىدىن بىر-ئىككى قېتىم يان ۋە ئارقا تەرەپلىرىدىن ئىككى-ئۈچ قېتىم مۈشۈككە ئۇرۇنۇپ ئۆتۈپتۇ. * مەن كىسەلنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىپ كىسەلگە ئۇرۇنۇپ كەتتىم. ③ مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا كىرىشمەك، تۇتۇنماق؛ بىرەر ئامال-چارە بىلەن ئىلاج قىلماق، تىرىشماق: ئاخىر ئىشخانا مۇدىرى

يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، يىغىن ۋەزىيىتىنى ئۆزگەرتىشكە ئۈرۈندى. * لېكىن دۈشمەن ھەرقانچە ئۈرۈنغان بىلەنمۇ ئالدى تەرەپتىن يول ئاچالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. * مەن ھەرقانچە ئۈرۈنۈپ باققان بولسامۇ، سىزنى بۇ قىسمەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدىم.

**ئۈرۈنۈش** «ئۈرۈنماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى.

**ئۈرۈنۈش نۇقتىسى** <مات> تۈز سىزىق بىلەن چەمبەر، چەمبەر بىلەن چەمبەر، تەكشىلىك بىلەن شار ياكى شار بىلەن شارنىڭ پەقەت بىرلا كېسىشىش نۇقتىسى بولسا، بۇ كېسىشىش نۇقتىسى ئۈرۈنۈش نۇقتىسى دېيىلىدۇ.

**ئۈرۈنۈشماق** «ئۈرۈنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۈرىيە** ئى (ر) <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CO(NH_2)_2$. رەڭسىز كرىستال، سۇدا ئېرىيدۇ، ئادەم سۈيدۈكىدە تەخمىنەن 2 % بولىدۇ، سىنتېز ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئوغۇت، يەم-خەشەك قىلىنىدۇ. پارتلىغۇچى دورا، سۇلياۋ ياساشتىمۇ قوللىنىلىدۇ.

**ئۈرىيە كىسلاتاسى** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_5H_4O_3N_4$. ئاق رەڭلىك كرىستال، ئاجىز كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار، ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلارنىڭ سۈيدۈكى ۋە بەزى قۇشلارنىڭ تەرىتىدە ئۈرىيە كىسلاتاسى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن دورا ماتېرىياللىرى ۋە خىمىيۋى رېئاكتىپلار ياسىلىدۇ.

**ئۈر-يىقىت** ئۈرۈش ۋە يىقىتىش: ئۈر-يىقىت قىلماق.

**ئۈر-يىقىت قىلماق** ئۈرۈپ، دۈمبالاپ، يىقىتىپ ئەدىبىنى بەرمەك: شۇندىن بېرى ئۇلار بۇ كەنتكە كېلىپ ئۈر-يىقىت قىلالمايدىغان بولدى.

**ئۈز** سۈپ ① چىرايلىق، گۈزەل: ئۆزىنىڭ بالىسى ئۈز، كىشىنىڭ بالىسى تۈز (ماقال). * چىرايلىق كىيىنگەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغان ئۈز قىزلار، قاۋۇل يىگىتلەر خۇددى بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك شۇنداق چاققان ئوينايتتىكى، ئۇلار ھەممىنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى. * سۈزۈك سۇنى لاي قىلغان، تاختا كۆۋرۈك توپىسى. روزىلەمنى ئۈز قىلغان بېشىدىكى دوپپىسى. ② ماھىر، چېۋەر: بۇ قىزنىڭ ئۆي ئىشىدا قولى ئۈز ئىكەن. // ئاز قىل، ئۈز قىل (ماقال).

**ئۈزاتقۇچى** سۈپ ئۈزىتىدىغان، بىر-بىرىگە ئۇلايدىغان: ئۈزاتقۇچى تاسما.

**ئۈزاتقۇچى تاسما** <ماشىن> مېخانىزمىلاردىكى ھەرىكەت ئۈزاتقۇچى ھالقا شەكىللىك تاسما. ئىككى چاققا كىيدۈرۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆن ياكى رېزىنكىدىن ياسىلىدۇ.

**ئۈزاتقۇزماق** «ئۈزاتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھاراقنى بەكمۇ تېتىپ باققۇسى كەلدى. ىىراق ماتروس ئۇنى خالىغانچە قول ئۈزاتقۇزمىدى.

**ئۈزاتماق** پ ① قولىدىكى نەرسىنى باشقا بىرىگە قولىنى سوزۇپ تۇتقۇزماق، سۇنماق: باشلىق قول يازمىنى ماڭا ئۈزاتتى-دە، كەسكىن ھالدا گەپ تاپىلىدى. * ئۈزات ساقىي، ماڭا لىق تولدۇرۇپ جام، تاپاي مەيدىن شۇ دەم كۆڭلۈمگە ئارام. نىتەيكىم، غەم بىلەن غەمخانەدۇرمەن، زامانە پەيلىدىن ھەيرانەدۇرمەن. ② بىرەر تەرەپكە قارىتىپ سوزماق، تەڭلىمەك (قول، پۇت ھەققىدە): مېۋىسىز دەرەخقە كىم باقىدۇ،

مېۋىلىك دەرەخقە ھەركىم قول ئۇزىتىدۇ (ماقال). * ھۇشۇر ئاكام ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن قول ئۇزاتتى. ③ بىرەر جايغىچە ھەمراھ بولۇپ يولغا سېلىپ قويماق: مەن قايتقاندا، رىزۋان مېنى چوڭ دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. * يىگىتلەر قىزنى ئاشۇنداق قىلىپ ھۇجرىسىغا ئۇزىتىپ كېلىشتى. ④ يولغا سالماق، ماڭدۇرۇماق: ئىشخانىدىكىلەر ئابباس بىلەن سادىققا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، قىزغىن كەيپىيات ئىچىدە ئۇلارنى ئۇزاتتى. * كېتەرىڭنى بىلەر بولسام، ئۇزاتماسمىدىم، كەتمەن ئېلىپ يوللىرىڭنى تۇزەتمەسمىدىم. ⑤ تۇرمۇشقا چىقارماق، ئەرگە بەرمەك: قىز ئۇزاتماق. ⑥ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى پۈتكۈزۈپ دەپنە قىلماق: شاھزادە ئۆزىگە قىلىنغان ھىيلە-مىكىرلەرنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىپ چۈشىنىپتۇ ۋە بىلمەسكە سېلىپ، دادىسىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ نەزىر-چىراغلىرىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. * ئەمدىغۇ كۆزۈمنىڭ كارايىتىنى، بىلگەنسەن دىلبىرىم قەيسەر سىردىشىم. قۇربانىنى ئۇزاتتۇق، ئەمدى يۇر باغقا، گۈللەرنى يۇسۇن پاك، خۇشاللىق يېشىم. ⑦ كۆچمە. مېھمان قىلماق: مېھمان ئۇزاتماق. * ــ ھېلىقى گىلەم ئالىمىز دەپ يىغىپ يۈرگەن 200 يۈەن پۇلنى بۈگۈنلا بانكىدىن ئېلىپ كېلىڭ، شۇ پۇل بىلەن مېھمانلارنى ئۇزىتىۋالارمىز، ــ دېدى ئايالىم.

**ئۇزارتماق** «ئۇزارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىتابخانا خادىملىرى چۈشتىمۇ كۇتۇپخانىنى ئاچتى، خىزمەت قىلىش ۋاقتىنى ئۇزارتتى. * قۇرۇپ كەتتى كۆڭگە يايغان تېرىدەك، ئۆلۈپ قالدى بىر كۈن ئاخىرى ئۇھ تارتىپ. ماڭا نېمە؟ ياتتىم ئۇندا خاتىرجەم، ئۈمىد بىلەن ياش ئۆمرۈمنى ئۇزارتىپ.

**ئۇزارتقۇزماق** «ئۇزارماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشىم چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى بىرئاز ئۇزارتقۇزۇپ، ئۆستەڭگە مېڭىش تەييارلىقىنى قىلدى.

**ئۇزارتىشماق** «ئۇزارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاغىنىلەر، گەپنى ئۇزارتىشماي دەرھال ئىشىمىزغا چۈشەيلى.

**ئۇزارتىلماق** «ئۇزارتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يىغىن يېرىم كۈن ئۇزارتىلدى.

**ئۇزارماق** پ ① ئۇزۇنلۇقى، بويى، ئارىلىقى ئېشىپ ئۇزۇن ھالەتكە كەلمەك، سوزۇلماق: بىرئازدىن كېيىن ئىككى ئادەمنىڭ سايىسى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، بارغانچە ئۇزىراشقا باشلىدى. * شائىرلار قېنىدا يۇيۇلدى شۇ يول، ئالىملار بېشىدا ئۇزاردى شۇ يول. ئۇپۇققا تۇتاشقان سەنزىللەر ئارا، ئۇلارنىڭ ئارزۇ ۋە جىسمى سالدى ئۇل. ② داۋام قىلىش ۋاقتى كۆپەيمەك، ئۇزۇن ۋاقىت داۋام قىلماق، ئاشماق: ۋاقىت ئۇزارغانسېرى بۇ خىل خىياللارمۇ ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرمەيدىغان بولدى. * ياشانغاندا ياشارماقتىمەن، ئۇزارماقتا ئۆمرۈم ھەسسىلەپ، ۋەتىنىمنىڭ چىمەنزارىدا، گۈل تىزىمەن دەستە-دەستىلەپ. ③ كۆچمە. ھەجمى، دائىرىسى كېڭەيمەك، كۆپەيمەك: گەپ ئۇزارماق. * مېنىڭ يەنە دەيدىغان گەپلىرىم كۆپ ئىدى. بىراق خەتنىڭ بەك ئۇزىراپ كەتكىنىنى ۋە سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ھېسابقا ئېلىپ، مۇشۇ يەردە توختاتماقچىمەن.

**ئۇزاشماق** «ئۇزىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شائىر دوستلار قۇچاقلىشىپ ئۇزاشتى، بۈگۈن سەندە ــ ئۇخرىد كۆلى بويىدا. جەم بولارمىز شىخو ياكى تيەنچىدە، جۇڭگولۇقنىڭ شېئىرىيەت تويىدا.

**ئۇزاق** ① سۈپ. ئارىلىقى ئۇزۇن، يىراق: ئالماس ئاتلارنىڭ ئۇزاق يەردىن توختىماي چېپىپ كەلگەنلىكىنى بىر قاراپلا بايقىدى. * ئاينىڭ كۈمۈچ شولىسىدا سىلەر بار، تاغنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىدا سىلەر بار. پەرىزاتلار ئۇچقان چاغدا ئوت بولۇپ، ئۇزاق ئاسمان يوللىرىدا سىلەر بار. // قوشۇنلار سىپپى ئىككى قانات بولۇپ ئۇزاق سوزۇلغانىدى. ② ئى. ئارىلىقى، مۇساپىسى يىراق بولغان جاي: ماشىنا قوزغىلىپ خېلى ئۇزاقلارغا كەلگۈچە ئانام قول پۇلاڭلىتىپ ئۇزىتىپ قالدى. * يارىم كەتتى ئۇزاققا، مېنى تاشلاپ دوزاخقا. يارىم كەلسۇن، ئۇزاقتىن، تارتىۋالسۇن دوزاختىن. ③ سۈپ. ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان، كۆپ ۋاقىت ئالىدىغان، ۋاقتى ئۇزۇن: ئۇزاق مۇددەت. * ـــ ناھايىتى توغرا، ئانامۇ مېنىڭ بەختلىك بولۇشۇمنى ئويلىغان، لېكىن مەن ئۆتمۈشتە بەختسىز بولۇپ قالدىم، مەنمۇ بالامنىڭ دۇنيادا ئۇزاق ئۆمۈر سۈرۈشىنى ئويلاپ ئېتىنى تۇردى قويغان. * ـــ مۇشۇ كەتتىنىڭ ئۆزىدە كۆردۈم، ـــ دېدى مۇئەللىم، ـــ ئانچە ئۇزاق بولمىدى، بۇنىڭدىن بىر يىل ئىلگىرى بىر قېتىم، ئىككى ئايچە ئىلگىرى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم. * ئۇزاق تۈنلەر مېنىڭ جانىۇ تېنىمنى قوينىغا ئالدى، سېنىڭ ئىشقى-ئەقىدەڭنىڭ ئۇلۇغۋار گۈلخىنى، رەنا. // بىز زاھىدە توغرىسىدا ئۇزاق پاراڭلاشتۇق.

**ئۇزاققا بارماي** ئۇزۇن ئۆتمەي، تېز پۇرسەتتە: ـــ سەۋر قىلايلى، ئۇزاققا بارمايلا، بۇ ئەبلەخلەر ئەدىبىنى يەيدۇ. * ـــ بۇ كۈنلەر ئۇزاققا بارماس، ياراتقان ئىگىسى ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، ـــ دەيتتى نۇرخان ئېرىنىڭ كۆڭلىگە يارىشا گەپ قىلىشقا تىرىشىپ.

**ئۇزاققا سوزماق** ① بىرەر ئىشنىڭ بېجىرىلىشىنى كېچىكتۈرمەك، كەينىگە سۆرىمەك: ـــ تويىنى ئۇزاققا سوزغانىنىڭ پايدىسى يوق، ۋاقتىدا قىلغان ياخشى، ـــ دېدى ئەلچىلەر. ② ئۇزۇن داۋاملاشتۇرماق: ئۇزاققا سوزۇلغان ئۇرۇش.

**ئۇزاق قەدىمكى زامان** < گېئول > كەم دېگەندە بىر مىليارد يىل داۋام قىلغان گېئولوگىيىلىك تارىخنىڭ تۇنجى دەۋرى. بۇ دەۋردە يەر شارىنىڭ يۈزى بەكمۇ تۇراقسىز، يەر پوستىنىڭ ئۆزگىرىشى ئىنتايىن شىددەتلىك بولۇپ، ئەڭ قەدىمكى قۇرۇقلۇق ئاساسى شەكىللەنگەن، تاغ جىنسلىرى ئاساسەن تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولغان گىنېيىستىن ئىبارەت بولغان. چۆكمە جىنسلار ئىچىدە تاشقا ئايلانغان ئورگانىزملار بولمىغان، بۇ دەۋردىكى يەر قاتلىمى ئۇزاق قەدىمكى دۇنيا دەپ ئاتالغان. مەملىكىتىمىزنىڭ خۋابېي ئۆلكىسىدە مۇشۇ دەۋرگە خاس يەر قاتلىمى بار.

**ئۇزاقنى كۆرمەك ← يىراقنى كۆرمەك:** كېلىچەك كۈنىمىزمۇ ئۇزاقنىكى كۆڭۈمتۈل تاغ چوققىسىدەك يورۇق بولىدۇ دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن كىشىلەر، ھەتتا ئەقىللىق ۋە ئۇزاقنى كۆرىدىغان كىشىلەرمۇ كەلگۈسى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

**ئۇزاقنى كۆزلىمەك ← يىراقنى كۆزلىمەك:** بىزنىڭ دوستىمىز ئۇزاقنى كۆزلەپ ئىش قىلىدىغان پىلانلىق كىشى.

**ئۇزاقتىن** رەۋ. ئۇزۇن ۋاقىتلاردىن، ئۇزۇندىن: بۇ گەپ ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

**ئۇزاقتىن-ئۇزاق** ① ناھايىتى ئۇزاق، بەك يىراق: مەن سېنى ئۇزاقتىن ئۇزاققا ئىزلەپ كەزمىگەن چۆل-جەزىرە، چىقمىغان تاغ-داۋان، كىرمىگەن سازلىق قالمىدى. ② ناھايىتى ئۇزۇن ۋاقىت، خېلى ئۇزۇن: بۇ يەرگە

كۆپرەك قىرىلار تۇپلىشىپ، ئاڭلىغان - بىلگەنلىرى ھەققىدە ئۇزاقتىن - ئۇزاق مۇڭدىشىدۇ. * خەير خوش، سىڭلىم دەپ كەتتى ئۇ ئاخىر، قارىدىم كەينىدىن ئۇزاقتىن ئۇزاق، ئالغىنى بىر ئالما، قالغىنى لاۋا، سالغىنى ئالەمچە ماڭا ئىشتىياق.

**ئۇزاقىچە** رەۋ. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەنگە قەدەر، خېلى چاغقىچە: سەپداشلارنى دەرۋازىغىچە ئۇزىتىپ چىققان ل. مۇتەللىپ ئۇلارنىڭ يولدا ساقچىلارغا ئۇچراپ، چاتاققا يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، كەينىدىن ئۇزاقىچە قاراپ تۇردى. * شۇ كېچىدە رەيھان ئۇزاقىچە ئۇخلىيالمىدى.

**ئۇزاقلاشتۇرماق** «ئۇزاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سىزنىڭ دوستىڭىز بولۇپ قېلىشمنى ۋە سىزنى بۇ ئوي - خىياللاردىن ئۇزاقلاشتۇرۇشۇمنى ئىلتىماس قىلىمەن.

**ئۇزاقلاشتۇرۇلماق** «ئۇزاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇزاقلاشماق** پ ① ئارىلىقى، مۇساپىسى بارغانسېرى ئۇزارماق، يىراقلاشماق: بىلالىدىنىنىڭ كەينىنىڭ شاقىلدىغان ئاۋازى بارغانسېرى ئۇزاقلىشىپ، ئاخىرى ئاڭلانماي قالغاندا ئۇستاز بىلەن شاگىرت تەڭلا كۈلۈۋەتتى. * بۇ يەتتە يىلنىڭ ھەربىرى يانچۇقىغا سېلىۋالغان تاپانچىنى بىر قولى بىلەن تۇتۇپ، شۇ يېقىن ئەتراپتىكى ئاتلاردىن ئۇزاقلاشماي تۇراتتى. ② كۆچمە. ئالاقىسى سۇسلاشماق، باردى - كەلدىسى ئازايماق: گاھىلىرى پارتىيىدىن ئۇزاقلىشىپ، پۈتۈن پىكىر - زىكرى بىلەن ئائىلىسىنىڭ غېمىنى يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى.

**ئۇزاقلىق** «ئۇزاق» ② ③ لارنىڭ ئىسىم شەكلى: يولنىڭ ئۇزاقلىقى ھەممىزگە ئېغىر كەلدى. * قاراخانىيلار خاندانلىقى ئۇيغۇرلار تارىخىدا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ تەرەققىياتى، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى، ۋاقتىنىڭ ئۇزاقلىقى جەھەتلەردە چوڭ، قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇزاقلىماق** پ. مەلۇم جايدىن يىراقلاپ بارماق، ئۇزاقلاشماق: بۆگۈن سەپەردىمەن. لېكىن ئۇچۇپ ئەمەس، پولات دۇلدۇلغا مىنىپ، ئەزىزانە قەشقەر، قەدىمىي ھېيتگاھ بىلەن خوشلىشىپ شىمالغا قاراپ ئۇزاقلاپ كېتىۋاتىمەن. * كەتتى ئۇ، چىغىر يول بويلاپ يىراققا، كەتتى، ئۇ ئۇزاقلاپ كەينىدىن مانا. بىلەلمەي كىملىكىنى ئايال يىراقتا، خىياللار ئىلكىدە قالدى بىر ھازا.

**ئۇزاق - ئۇزاق** ① ئارىلىقى ناھايىتى ئۇزاق، بەك يىراق، كۆز يەتكۈسىز: مۇتەللىپ كۆز تىكتى ئۇزاق - ئۇزاققا، يالقۇنلۇق ھېسسىياتقا قەلبى تولغاندەك. كۆرۈندى ئۇ ماڭا، قايناپ ئىلھامى، يېڭى بىر شېئىر ئويلاپ تاپقاندەك. * ياڭراق خامان ناخشىسى، ياڭرار ئۇزاق - ئۇزاققا؛ ئېتىز كۈيى نەغمىسى، خۇش كېلىدۇ قۇلاققا. ② خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىت، خېلى ئۇزۇن: ئۇ مېنىڭ 12 يىل ئالدىدىكى ئەلاچى ئوقۇغۇچىم قۇدرەت سىدىق ئىدى. ئۇنىڭ تاللىق ھويلىسىدا، بېدىش ئاستىدا ئولتۇرۇپ، رەھمەتلىك سىدىقئاخۇن ئاكام بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق مۇڭداشقانىدىم. * ئۇنىڭ ھەر دائىم بائىمەنى كۆرگۈسى، قىز بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق سۆزلەشكۈسى كېلەتتى.

**ئۇزلاشتۇرماق** «ئۇزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يۇرتنىڭ قىزلىرىنى شۇنچىلىك ئۇزلاشتۇرغان نېمىدۇ؟

**ئۇزلاشتۇرۇلماق** «ئۇزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇزلاشماق** پ. بارغانسېرى ئۇز، چىرايلىق ھالەتكە كەلمەك؛ چىرايلىقلاشماق:

زەيتۇنەم بوي تارتىپ، ئۇزلىشىپ كەتكەندى.

**ئۇزلۇق** «ئۇز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ـــ ۋاي ئانىكام، ـــ دېدى ئايپاشا روزىمەتنىڭ مۇرىسىدە تۇرغان چويلىلارغا قاراپ، ـــ بۇ چويلىلارنىڭ ئۇزلۇقىنى، ھەممىسنى ساتقىلى بولارمۇ؟ * ئۇزلۇقىيۇ ئۇزلۇقى، شۇ خېنىمنىڭ ئۇزلۇقى. چىرايىنى ھەش قىلىپتۇ، قىلىقىنىڭ مۇزلۇقى.

**ئۇزھال** ئى (ئۇز+ھال) < مۇز > ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسى «ئون ئىككى مۇقام» نىڭ ئالتىنچىسىنىڭ نامى: ئۇزھال مۇقامى. * دۇتارىم پەنجگاھ مەرغۇلىغا مۇڭلۇق پىغان چەككەي، ئۇزھالنى تەزەسى بىرلەن خالايىققا بايان ئەيلەي.

**ئۇزھال موقامى** < مۇز > «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكىسىنىڭ ئالتىنچى مۇقامى. بۇ مۇقام 29 نەغمە 248 مىسرا بولۇپ، چوڭ نەغمە 6 نەغمە 154 مىسرادىن؛ داستان 6 نەغمە، 44 مىسرادىن؛ 7 مەشرەپ 7 نەغمە 50 مىسرادىن قۇرۇلغان.

**ئۇزۇت** سۈپ. دىئال. ئۇزۇن.

**ئۇزۇن** سۈپ ① بويىغا ئالدىغا قاراپ سوزۇلغان؛ ئارىلىقى، مۇساپىسى يىراق: ئۇزۇن يول. ئۇزۇن چاچ. ئۇزۇن مىخ. ئۇزۇن كۆڭلەك. * پادىشاھ ئۆز كۆڭلىدە: «شۇنچە ئۇزۇن ساقال ئۆلىمالارنىڭ ئەقلى يەتمىگەن ئىشنى كىچىككىنە بىر بالا ئورۇنلىيالامدۇ؟» دەپ گۇمانلىنىپتۇ. * بۇ قاراڭغۇ زۇلمەتتىن قۇتۇلۇپ، يورۇقلۇق يۈزىنى كۆرۈش ئۈچۈن، بەك ئۇزۇن مەنزىللەرنى بېسىپ ئاسمان-پەلەك داۋانلاردىن ئېشىشقا توغرا كېلەتتى. * ياش ئىدۇق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىپ ماڭغاندا بىز، ئەمدى ئاتقا مىنگۈدەك بوپ قالدى ئەنە نەۋرىمىز. || ئۇزۇننى قويۇپ قىسقىنى كەس (ماقال). || ئۇزۇننىڭ ئارىسدا قىسقا بار، قىسقىنىڭ ئارىسدا ئۇزۇن بار (ماقال). * ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس (ماقال). ② ئۇزاق داۋام قىلىنىدىغان، كۆپ ۋاقىت كېتىدىغان، ئۇزاق؛ مەزمۇنى، دائىرىسى كەڭ: ئۇزۇن ماقالە، ئۇزۇن گەپ. * ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، ئۇ ئايال يەنە كەلدى. * ـــ مېنى ئۆلتۈرسەڭ ئۆزۈڭمۇ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەيسەن، ـــ دەپ ئېيتتىم. * ئەسسالام، كەلدىم، ئورۇمچى، ئاي جامالىڭنى كۆرەي، تەلمۈرۈپ ئۆتتۈم ئۇزۇن يىللار ۋىسالىڭنى كۆرەي.

**ئۇزۇن ئالەم** داۋاملىشىشى ئۇزۇن جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋاقىت: بۇ ئالەم-ئۇزۇن ئالەم (ماقال). * ـــ بۇ ئاتا-بوۋىمىزدىن بولۇپ كېلىۋاتقان ئادەت، ئۇزۇن ئالەمدىن بىرى ئىش مۇشۇنداق بولۇۋاتىدۇ. بۈگۈن قويۇپ ئاياللارنىڭ چېچىنى كېسىمىز دېگىنى نېمىسى؟ ـــ دېدى بىرنەچچەيلەن غودۇڭشۇپ.

**ئۇزۇن بۇرۇتلۇق كىت** < زوئول > كىتنىڭ بىر خىلى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 25 مېتىرغا يېتىدۇ. چىشى بولمايدۇ. ئۈستۈنكى جاغدا مۈڭگۈز ماددىسىدىن قۇرۇلغان ئۇرغۇنلىغان نېپىز ياپراقچىلىرى بولۇپ، كىت بۇرۇتى دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇدا لەيلەپ يۈرگەن جانلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مېيىدىن شام ياسىلىدۇ.

**ئۇزۇن پۇتلۇق ئۆمۈچۈك** < زوئول > ئۆمۈچۈكلەرنىڭ بىر خىلى. تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قېنىق كۈل رەڭ، پۇتى ئىنتايىن ئۇزۇن، دائىم ئۆيلەرنىڭ تام-تورۇسلىرىدا تور توقۇپ ياشايدۇ.

**ئۇزۇن تالالىق پاختا** < بوت > پاختىنىڭ بىر خىل سورتى. تالاسى ئادەتتىكى

پاختىنىڭكىدىن ئۇزۇن بولىدۇ.

**ئۇزۇن تۇمشۇق يەرقازار** < زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تەن شەكلى چاشقانغا ئوخشايدۇ. لېكىن تۇمشۇقى ئىنچىكە ھەم ئۇچلۇق، بېشى بىلەن دۈمبىسى قوڭۇر بېغىر رەڭ، قورسىقى كۈل رەڭ قوڭۇر ياكى ئاقۇچ كۈل رەڭ. تاغ ئورمانلىرىدا ھاشارات، ئۇزۇم قۇلۇلىسى، سازاڭ قاتارلىق كىچىك ھايۋانلار ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىلەن ئاشلىق دانلىرىنى يەپ ھايات كەچۈرىدۇ.

**ئۇزۇن جاھان ← ئۇزۇن ئالەم:** ــ ئاھ باللىرىم، مەن ئادەملەرنى كۆرمىگىنىمگە ئۇزۇن جاھانلار بولۇپ كەتكەنىدى، ئىسمىڭلار نېمە، ــ دەپتۇ موماي ئىككەيلەنىنىڭ قولىنى تۇتۇپ.

**ئۇزۇن دولقۇن** < فىز > دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 3 مىڭ مېتىردىن 30 مىڭ مېتىرغىچە بولغان رادىئو دولقۇنى. يەر يۈزىنى بويلاپ تارقىتىلغاندا، يەر يۈزىنىڭ ۋە ئىئونلۇق قەۋەتنىڭ تەسىرىگە بەك ئاز ئۇچرايدۇ. نىسبەتەن تۇراقلىق بولىدۇ. سۇ ۋە ھاۋا قاتنىشىدا يول باشلاش، قۇتقۇزۇشنى تەلەپ قىلىش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇزۇن زىراۋەندە** < بوت > زىراۋەندە ئائىلىسىدىكى ئەلا گۈل ( uristolochia debilis ) نىڭ قۇرۇتۇلغان يىلتىزى. جۇڭيى دورىسى قىلىنىدۇ. يەلنى ھەيدەش، ئاغرىق توختىتىش، ئىششىق ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش رولى بار.

**ئۇزۇن سەپەر** < تارىخ > جۇڭگو ئىشچى-دېھقان قىزىل ئارمىيىسى 1934-يىلىدىن 1935-يىلىغا قەدەر جياڭشىدىن شىمالىي سەنشىگە يۆتكىلىپ قىلغان 25 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۇزۇن سۆڭەك** < ئانات > ئۇزۇن كانايسىمان سۆڭەك. مەسىلەن، يوتا سۆڭىكى، يۇقىرى بىلەك سۆڭىكى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۇزۇن شاخ** < بوت > بىر بوغۇم بىلەن ئىككىنچى بوغۇمنىڭ ئارىلىقى بىرقەدەر ئۇزۇن بولىدىغان غول. ئۇزۇن شاختا يوپۇرماقلار بىرقەدەر شالاڭ ئۆسىدۇ.

**ئۇزۇن قول ← قولى ئۇزۇن:** ئىست، بىزمۇ دادامنىڭ ئۇزۇن قول، مەردانە كۈنلىرىدە تۇغۇلغان بولساقچۇ، بەخت قاچقان بۇ كۈنلەردە ئۇنىسۇرنىڭ كۈچۈكى بولۇپ بارمىغان ئۆستەڭ، تۇرمىغان بوز يەر قالمىدى.

**ئۇزۇن قوللۇق** ھال-كۈنى ياخشىلىق: كىم ئۇزۇن قوللۇق شۇنىڭكى توغرا دەپ، قىسقا قوللۇقنى ھەمىشە ئوغرى دەپ، خۇش پۇراقلىق گۈلنى بەتبۇي كەكرى دەپ، سەرۋىنى سۇمباتى قىڭغىر-ئەگرى دەپ.

**ئۇزۇن قۇلاق ← قۇلىقى ئۇزۇن:** ئىشكتىن ئەمدى چىقتىم، بىر ئۇزۇن قۇلاق ئالا قاغىنىڭ ئېيتىشىچە، ئالتۇن قوزۇقنى زەپەرگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، لاتا-ماتاغا تۇرۇپسىلەر، ئاڭلىغانلىرىم راستمۇ؟ * بۇ خەۋەر قايسىبىر ئۇزۇن قۇلاقنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق مۇددەتتىن بۇرۇن ئارخىپ ئىشكاپىدىن چىقىپ كەتتىكىن؟

**ئۇزۇن قۇلاق ھوقۇش** < زوئول > ھوقۇشنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن بولىدىغان بىر خىل تۈرى.

**ئۇزۇن قۇلاقلىق** خەۋەر-ئۇچۇرلارنى تېز ئاڭلىۋالىدىغان ئالاھىدىلىك: شۇ كۈنلەردە مەن قىزلارغا خاس ئۇزۇن قۇلاقلىقىم بىلەن، ئائىلىدىكىلەرنىڭ مېنى تۇرمۇشقا چىقىرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدىم.

**ئـۇزۇن قـۇيـرۇق سـۇغـۇر** < زوئول > سۇغۇرنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن بولىدىغان بىر خىل تۈرى.

**ئۇزۇن كۈنلۈك زىرائەتلەر** نىسبەتەن ئۇزاقراق ۋاقىت يورۇقلۇقتا ئىگە بولغاندا چېچەكلىيەلەيدىغان زىرائەتلەر. ئادەتتە ئۇ ھەر كۈنلۈك يورۇقلۇق ۋاقتىنىڭ 12 سائەتتىن كۆپرەك بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، ئارپا، پۇرچاق، قىچا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۇزۇن كىشمىش** كىشمىشنىڭ بىر تۈرى. رەڭگى يېشىل، ئۇزۇنچاق كېلىدۇ.

**ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى** گەپنىڭ بولار يېرى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: ــ ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، مېنىڭ ئالدى-ئارقامدا يا ئوغۇل، يا قىزدىن يەنە بىرى يوق، ــ دەپتۇ جۇۋازچىنىڭ قىزى. * ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى نەچچە قازناقتا ئېشى، نەچچە كاجۇۋدا گۈلە-قاق يېمىشى بار ئىكەنۇ، ئۆزىدىن تارتىپ باللىرىغىچە، يىلقىچىلىرىدىن تارتىپ ماللىرىغىچە بىر قېتىم تويۇپ تاماق يېيەلمەيدىكەن.

**ئۇزۇن مۇددەتلىك ھاۋارايى مەلۇماتى** < مېتېئور > كەلگۈسى 10 كۈن ياكى 15 كۈندىن يۇقىرى ئابھاۋا ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى مەلۇماتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ ۋاقىت ئۇنۇمىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى توغرىسىدا مۇئەييەن ئۆلچەم بولمايدۇ.

**ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون** < فىز > سىم لىنىيىسى ناھايىتى ئۇزۇن بولغان تېلېفون؛ ئادەتتە ئۇ شەھەر ھالقىغان بولىدۇ.

**ئۇزۇنتۇرا** سۈپ (ئۇزۇن+تۇرا) قەددى-قامىتى ئېگىز، ئېگىز بويلۇق: شۇ چاغدا مەھەللە تەرەپتىن ئاڭلانغان ئېشەكنىڭ سەت ھاڭرىشى بىلەن تەڭ، قەبرىستانلىقتا يېقىنلا كېلىپ قالغان ئىشاننىڭ يېكەندەك ئىنچىكە، ئۇزۇنتۇرا گەۋدىسى كۆرۈندى. * ئۇزۇنتۇرا، ئېگىز بۇرۇن، ئۇچىسىغا كاستيۇم، تار پۇچقاق بۇرۇلكا كىيگەن بۇ ئادەمنىڭ تىلىنى چۈشىنىپ بولمايتتى.

**ئۇزۇنچاق** سۈپ. ئېنىگە قارىغاندا بويى بىرئاز ئۇزۇن: يولنىڭ نېرىقى چېتىدە ئۇزۇنچاق ئورۇندۇقتا يولغا ئارقىسىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ گەۋدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * بۇ ئۇزۇنچاق، پاكار ئىشخانىدا بار-يوقى ئۈچلا ئايال ئاشپەز باردەك قىلىدۇ. * مەن ھويلىدىن ئۈچكە چاقىدىغان ئۇزۇنچاق تاشنى دادامغا ئەكىرىپ بەردىم. * ھەربىر ئۇزۇنچاق نەرسە قوغۇن، ھەربىر قىزىل نەرسە گۆش ياكى ئانارمۇ بولمايدۇ.

**ئۇزۇنچاق مېڭە** < ئانات > ئارقا مېڭىنىڭ بىر قىسمى. يۇقىرىدا مېڭە كۆۋرۈكى بىلەن، تۆۋەندە يۇلۇن بىلەن تۇتىشىدۇ. تىل-يۇتقۇنچاق نېرۋىسى، ئاداشقان نېرۋا، تىل ئاستى نېرۋىلىرى ئۇزۇنچاق مېڭىدىن چىقىدۇ. ئۇزۇنچاق مېڭىدە نەپەسلىنىش، قان ئايلىنىش مەركەزلىرى بولۇپ، نەپەسلىنىش، قان ئايلىنىش، شۆلگەي ئاجرىتىپ چىقىرىشلارنى ئىدارە قىلىدۇ.

**ئۇزۇنچاقلىق** «ئۇزۇنچاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۇزۇنچاقلىقىدىن ئورۇقتەك كۆرۈنىدىغان يۈزىنى سۆھبەتداشلىرىدىن يوشۇرۇپ تۇرغاندەك ئىدى.

**ئۇزۇندا** رەۋ. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەندە، ئۇزۇنغىچە: ئۇ ئاخشىمى ئۇ بەكمۇ ئۇزۇندا ــ تاڭ ئانارغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

**ئۇزۇندىن-ئۇزۇن** ① بويىغا قاراپ بەك سوزۇلغان، ناھايىتى ئۇزۇن: چاۋارمەندۇلنىڭ سۆزىدىن كېيىن، ئۇستىدە قىزىل بايراق

لەپىلدەپ تۇرغان هارۋىلار، كەتمەن، گۈرجەك،
جوتۇ-بازغانلارنى كۆتۈرگەن چوڭ قوشۇن
ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سەپ تارتىپ، قارلىق تاغقا
قاراپ راۋان بولدى. * ئۇلار ئىككىسى بىر
يان كوچىدىن چوڭ كوچىغا چىققان ئىدى.
ئالدىدىن ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ۋە تېخى
ئاخىرى قوزغالمىغان هارۋىلار كارۋانغا يولۇقتى.
② ئۇزۇن داۋام قىلىدىغان، خېلى ۋاقىت:
موماي يەنە ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ
ئۇزۇندىن-ئۇزۇن دۇئا قىلدى. * مەھمۇت
مۇھىتى بىلەن قاسىم ئەپەندىلەر ماجۇگىيىگنىڭ
قانداق نىيەتتە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىمۇ،
ئومۇمىي ۋەزىيەتنى نەزەرگە ئېلىپ، هازىرقى
پەيتتە ئۇنىڭغا يول قويمىسا بولمايدىغانلىقى،
ئۇنداق قىلمىغاندا يامان ئاقىۋەتلەرنىڭ تۇغۇلۇپ
قېلىشى چوقۇملۇقى ھەققىدە ئۇزۇندىن-ئۇزۇن
سۆزلەپ هاجىنى مىڭ تەستە قايىل قىلدى.

**ئۇزۇنغا چىق** تىلھا. كۆزدىن يوقال،
كەت: — بولۇپتۇ، ئۇزۇنغا چىق، سەن
بولمىساڭمۇ ئويناۋېرىمىز، — دېدى-دە، كەينىگە
بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى يۇنۇس. * بەگ
يامانلىسا، ئۇزۇنغا چىقسۇن، بىر ئاۋاق ئېشىم
قازىنىمدا قالىدۇ.

**ئۇزۇنغا سوزماق ← ئۇزاققا سوزماق:** —
ياۋ كۆپ، بىز ئاز، ئىشنى ئۇزۇنغا سوزۇش
مۇۋاپىق بولماس، نېمىشقا ئوت بىلەن تېگىش
قىلمايمىز؟ — دېدى خانىش.

**ئۇزۇنغا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** < تەن >
ئارىلىقى بىرقەدەر ئۇزۇن يۈگۈرۈش
مۇسابىقىلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. ئۇنىڭدا
ئەر-ئاياللارنىڭ 3000 مېتىردىن يۇقىرى
يۈگۈرۈش تۈرلىرى بولىدۇ.

**ئۇزۇنغىچە** رەۋ. خېلى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتكەنگە
قەدەر، خېلى چاغقىچە: دۇرنەم بەزى
ئاخشاملىرى ئانىسىغا دورىنى ئىچكۈزۈپ بولغاندىن
كېيىن، ئانىسى بىلەن ئۇزۇنغىچە مۇڭدىشىپ
ئولتۇراتتى. * كۆرۈشمىگىنىگە 18 يىل بولغان
بۇ دوستلار ئۇزۇنغىچە هال-ئەھۋال سوراشتى.

**ئۇزۇن-قىسقا** خىلمۇخىل ئۇزۇنلۇقتىكى، ئۇزۇنلۇقى
ھەر خىل ئۇزۇن ھەم قىسقا: قۇتىنىڭ
ئىچىدە ئۇزۇن-قىسقا ھەر خىل مىخلار بار ئىدى.

**ئۇزۇن-قىسقا دەسسىمەك** تەكشى قەدەم
ئالالماي، دەلدەڭشىپ ماڭماق: شۆھرەت
ۋە ھېلىقى بىرنەچچەيلەن هاراق بۇتۇلكىسى
بىلەن رۇمكىلارنى كۆتۈرگەن هالدا ئۇزۇن-قىسقا
دەسسەپ كېلىشمەكتە.

**ئۇزۇن-قىسقا گەپ** ھېچبىر ئەھمىيىتى
يوق، قۇرۇق گەپ: بىز ئۇ كىشىنىڭ
ئۇزۇن-قىسقا گەپلىرىنى ھەر كۈنى ئاڭلاۋېرىشتىن
جاق تويدۇق.

**ئۇزۇنلۇق** ① « ئۇزۇن » سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: بۇ ئىشتان ئۇنىڭغا ئۇزۇنلۇق قىلدى.
② نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئۇزۇن ئىككى
نۇقتىسى ئوتتۇرىسىدىكى ئارىلىقى،
ئۇزۇن-قىسقىلىق دەرىجىسى؛ بويى:
دەريانىڭ ئۇزۇنلۇقى. چاچنىڭ ئۇزۇنلۇقى.
جوزىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئۆلچىمەك. * ئۇلار 50
مېتىر ئۇزۇنلۇقتا ئېرىق چېپىپ 2000 تۈپ كۆچەت
تىكتى. ③ ئۇزۇن كەتكەن يەر، بوشلۇق:
بۇ يول ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن باشلىنىپ چەكسىز
ئۇزۇنلۇققا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ④ < جۇغ >
يەر شارى يۈزىدىكى غەرب بىلەن
شەرق ئوتتۇرىسىدىكى مۇساپىنىڭ گرادۇس
سانى. باشلانغۇچ مېرىدىئان 0° قىلىپ
بەلگىلەنگەن. ئۇنىڭ شەرق تەرىپى
شەرقىي ئۇزۇنلۇق، غەرب تەرىپى
غەربىي ئۇزۇنلۇق دېيىلىدۇ. شەرقىي
ئۇزۇنلۇق بىلەن غەربىي ئۇزۇنلۇقنىڭ
ھەر ئىككىلىسىلا 180° بولىدۇ. مەلۇم
ئورۇندىن ئۆتكەن مېرىدىئان سىزىقى

بىلەن دەسلەپكى مېرىدىئان سىزىقى ئارىسىدىكى گرادۇس شۇ نۇقتىنىڭ ئۈزۈنلۈق گرادۇسى بولىدۇ.

**ئۈزۈنلۈق بىرلىكى** <مات> جىسىمنىڭ ئۈزۈن-قىسقىلىقىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان بىرلىك.

**ئۈزۈنىغا** رەۋ. بويى، ئۈزۈن تەرىپىگە قاراپ، ئۈزۈن تەرىپىنى بويلاپ: ئايىمخان ھېلىقى ئاق رەختنى ئۈزۈنىغا يىرتىپ ئىككى قىلدى-دە، ئۇلارنىڭ بېلىگە باغلىدى. * مەن بۇ ھېسابنى توغرىسىغىمۇ، ئۈزۈنىغىمۇ ئىنچىكە ھېساب-چوت قىلىپ كۆردۈم.

**ئۈزۈنيان** ئى (ئۈزۈن+يان) يۈگەننىڭ ئېغىزدۇرۇقتىن تەڭ يۇقىرىغا چىقىپ سول ئېگەك بىلەن قۇلاق تۈۋىدىن ئاشۇرۇپ ئورىلىدىغان قىسمى.

**ئۈزىل** ئى (د) بىرەر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، رولى ۋە ۋەزىپىسى جەھەتتىن بىر-بىرىگە باغلىنىشلىق ماشىنا، ئاپپارات، مېخانىزملارنىڭ يىغىندىسىدىن تەشكىل تاپقان قۇرۇلما: يېقىندا يېزىمىزنىڭ سىملىق رادىئو ئۈزىلىغا بىر دىكتور ئالماقچى. كۆڭلۈمگە سىزنى يۆكۈپ قويدۇم.

**ئۈزىتىشماق** «ئۈزاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەدېگەندىلا قوللىرىنى پولۇغا ئۈزىتىشتى. * ئەنۋەر سىرتقا ماڭدى، ئۇلار ئەر-خوتۇن ئۈزىتىشىپ چىقىشتى.

**ئۈزىتىلماق** «ئۈزاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلار پەتنۇستا ئۈزىتىلغان پىيالىلەرگە قول سۇندى. * تاختايلار قولدىن قولغا ئاستا-ئاستا ئۈزىتىلدى.

**ئۈزىماق** پ ① بىرەر جايدىن يىراقلىشىپ ماڭماق، يىراقلاشماق: ئاسىم بىلەن ئالماس ئىز بېسىپ شىددەتلىك قوغلاپ يۈرۈپ ئۆز يىگىتلىرىدىن خېلى بەك ئۈزاپ كەتتى. * ئاشما ھەددىڭدىن ئۈزاپ ئەلدىن يىراققا كەتمىگىن، كىمكى ھەمراھىدىن ئۈزاققا چۈشسە كۆرگەي شۇ بالا. ② بىرەر سورۇن، پائالىيەتتىن قايتماق، يانماق؛ يولغا سېلىنماق: كۈن خېلى ئېگىلىپ، توي ئاياغلىشاي دەپ قېلىپتۇ. قىز ھەممىدىن ئىلگىرى ئۈزاپتۇ. * ئولتۇرۇش سائەت 12 گە يېقىن ئاياغلىشىپ مېھمانلار ئۈزاپ چىقىشتى. ③ ئاياغلاشماق، تارىماق: توي داغدۇغا بىلەن خۇشال-خۇرام چىرايلىق ئۈزىدى.

**ئۇستا** (پ) ① ئى. بىرەر كەسىپ، ھۈنەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى مەلىكىلىك كىشى: ئىش ئۇستىسىدىن قورقار. (ماقال). * ھەي ھۆرمەتلىك زەرگەر ئۇستام! مەن ئۆز بېشىمدىن قايغۇرىمەن. * — ئۇستام، — دەپتۇ پادىشاھ تۆمۈرچىنىڭ قولى بوشىغاندىن كېيىن، — سىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭىزگە قانچە يىل بولدى؟ ② ئى. مەلۇم كەسىپ، ھۈنەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ يېتىشتۈرگۈچى كىشى؛ ئۇستاز: ئۇستا كۆرمىگەن شاگىرت ھەر مۇقامدا يورغىلار (ماقال). * ئاكام تۆت يىل شاگىرت بولۇپ ئىشلىگەندىن كېيىن ئۇستىسى دۇكان ئايرىپ بەردى. ③ سۈپ. بىرەر ئىشنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، ماھىر: ئاپام ئۇستا لەگمەنچى ئىدى. * ھۆر قىز، ماڭا ناخشا ئېيتىپ بەرسىڭىز قانداق، مەن سىزنىڭ ئۇستا ناخشىچى ئىكەنلىكىڭىزنى ئاڭلاپ قالدىم. ④ ئى. كىشى ئىسىملىرىدىن كېيىن كېلىپ، شۇ كىشىنىڭ بىرەر ھۈنەر-كەسىپتە مۇتەخەسسىس ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بىركۈنى مۇتەللىپ ئەتىگەنلىك چېنىقىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، دەرۋازا ئالدىدا ئالدىراپ ئىشقا ماڭغان ئەمەت ئۇستا بىلەن

ئۈچرىشىپ قالدى. * سابىر ئۇستا چوڭ رېمونت گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى ئىدى.

**ئۇستا كۆرگەن** بىرەر ئۇستازنىڭ قولىدا سىستېمىلىق ئۆگەنگەن، تەربىيە كۆرگەن: خاموش ماڭغا خەت بىلگەندىمۇ مۇنچىلىك چىرايلىق يازالىشى ناتايىن. قاراڭلار، بۇ خېلى ئۇزاق زامان ئۇستاز كۆرگەن ئادەمنىڭ قەلىمىدەك قىلىدۇ. بۇنى كىم يازغاندۇ؟

**ئۇستات** (پ) ① ئى. يېزت. ئۇستاز: بۇ مىسرالاردا بولغان ئىشقى مەزمۇن، ئۇستاتلىرىنىڭ بارىنى قىلدى مەمنۇن. * ئۆگىنۇر مەجنۇن بىلەن پەرھادمۇ سەندىن ئىشقنى، ئىشقى ۋادىسىدا كۆڭۈل سەن ئاڭا ئۇستات بول! ② سۈپ. بىرەر ئىشتا ئۆزىنى ماھىر، ئۇستا قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان ياكى ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىدىغان: ئۇستات ئادەم. ئۇستات ئايال. * ماۋۇ كۈندە كىشىلەر بىر-بىرىدىن ئۇستات بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

**ئۇستاتلىق** ئى ① بىرەر ئىشتا ئۆزىنى ماھىر، ئۇستا قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنىدىغان مۇغەمبەر مىجەز؛ ئۇستىلىق، مۇغەمبەرلىك: — قارىڭا ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى! تېخى چاپىنى بىلەن سومكىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ بىزنى ئالدىماقچى بولۇپتۇ — دېدى-دە، يۈگۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ سومكىسىنىڭ ئىچىگە قارىدى. * ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولامدىغان؟ كۆك كەپتەرنى كىم تۇتالمايدۇ؟ ② ئۇستىلىق، ماھىرلىق: ھېلىقى چاشقان ئۆزىنىڭ زىرەكلىكى ۋە تەدبىر-چارىلەرگە ئۇستاتلىقى بىلەن دۈشمەنلىرىدىن جېنىنى ئاسراپ، بىر جاڭگالدا ئۇزۇن يىللار تىنچ ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ.

**ئۇستاتلىق قىلماق ← ئۇستىلىق قىلماق:** تولا ئۇستاتلىق قىلماي، ئۇنى ئوبدان قاتلاپ ساندۇققا سېلىپ قوي.

**ئۇستاز** ئى (ئە < پ) ① كەسىپ، ھۈنەر، ئىلىم قاتارلىقلارنى ئۆگەتكۈچى؛ مۇئەللىم: سىز ھەرقايسى پارتىزان ئەترەتلىرىنىڭ باشلىقلىرى، ئىلغار ياشلارغا ئايرىم-ئايرىم سىياسىي ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئۇستاز بولىسىز. * مەن ساۋاق ئالغان ۋاپادىن بۇ مۇھەببەت بابىدا، بىۋاپالىق رەسمىنى ئۇقتۇرمىغان ئۇستاز ماڭا. ② يول-يورۇق كۆرسەتكۈچى، تەربىيىلىگۈچى، يېتەكچى: قىلدىم بۇ يەردە كۆرەش مۇنبىرى، «ئاقسۇ گېزىتى» مەخسۇس بېتىنى. «قاينام ئۇركىشى» دولقۇن ياسىدى، ئاڭلاپ نىمشېھىت ئۇستاز ئېتىنى.

**ئۇستاز تۇتماق** ئۇستازى ئورنىدا كۆرمەك، ئۇستاز دەپ ھېسابلاپ ئۆگەنمەك: — ئىشقىلىپ، ئويناۋېرىڭ، — دېدى سەلىمە، — يولداش سابىرنى ئۇستاز تۇتۇپ، تارتىنماي ئويناۋەرسىڭىزلا، بىركۈنى بولمىسا بىركۈنى ئۆگىنىۋالىسىز. * دېدىم: — دىلبەر بولسىڭىزمۇ ساۋاقداش، ئۇستاز تۇتاي ماڭا بۇ دەم بولۇڭ باش.

**ئۇستاز قىلماق** بىرەر كەسىپ، ساھەدە يېتەكچى، ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ پېشىنى تۇتماق: كېيىن ۋاقتىم بولغاندا مەن سىزنى ئۇستاز قىلىپ، سىزنىڭ بۇ ھۈنىرىڭىزنى ئۆگىنىمەن.

**ئۇستازلىق** «ئۇستاز» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەكتەپ پۈتكەن كۈنى شاھى ئىرەم يەنە ئوردا ئۇستازلىققا ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان كىشىنى مەكتەپكە مۇدەررىس قىلىپ تەيىنلىدى. * ئۇستازلىق ھۆرمىتىنىڭ شۇ قەدەر ئۇلۇغ، بىر سەن ئىنسانغا ئەقىل-پاراسەت. تۆمۈرگە جان بېرىپ ئاسماندا، يەردە، ئويناتقان سەندىكى يۈكسەك ماھارەت.

**ئۇستام** ئى. بىرەر ھۈنەر-كەسىپنىڭ ماھىرى بولغان ھۈرمەتكە سازاۋەر كىشىلەرنى چاقىرىش، ئاتاش فورمىسى: قېنى ئېيتىپ باقىسىلا ئۇستام، بالىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولدى؟

**ئۇستىخان** ئى (پ) ① بەدەن ئىسكىلىتىنىڭ ھەربىر قىسمى، سۆڭەك: ئۇستىخانلىرى ئاغرىق. * سۈت بوۋاق باللار ئۇستىخىنىنىڭ ئۆسۈپ تەرەققىي قىلىشقا پايدىلىق. ② سويۇلغان مالنىڭ گۆشى شىلىۋېلىنغاندىن كېيىنكى قىسمى: ئۇستىخان قايناتماق. ئۇستىخان غاجىلىماق.

**ئۇستىخان سۈرمەك** بەستى، ئۇستىخىنى يوغىنىماق، چوڭايماق: ــ ھە، بەكرىمۇ سەن؟ ئەھۋالىڭ قانداق؟ تازىمۇ ئۇستىخان سۈرۈپسەن، سەمرىپ كەتكىنىڭنى قارا!

**ئۇستىخان سۈرۈشتۈرمەك** نەسەب ۋە ئەجدادلىرىنىڭ قانداقلىقىنى ئېنىقلىماق: شاھزادە غوجام ئۆزلەگە بەك ئامراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە، ئۆزلە دېگەن ۋاڭ جەمەتى. شاھزادە غوجام ئۇستىخان سۈرۈشتۈرۈپ، ئۆزلەنى باش تەيجىلىككە مۇناسىپ كۆرۈپ قالسا، ئەجەب ئەمەس.

**ئۇستىخىنى پاك** يامان، ناشايان ئىشلارغا بېرىلمىگەن، دىيانەتلىك: ھەنىپخان تۇل بولغىنى بىلەن ئۇستىخىنى پاك تەقۋادار ئايال ئىدى.

**ئۇستىخىنى تازا ← ئۇستىخىنى پاك.**

**ئۇستىخىنى چۆشۈپ قالماق** بىر يەرگە كۆنۈپ، ماسلىشىپ قالماق؛ يەرلەشمەك: ــ قانداق تاغا، 2-دۈيگە ئۇستىخىنىڭ چۆشۈپ قالدىمۇ؟ ــ سورىدى توختى شۇجى سالامدىن كېيىن. * ھەي نوچى سىيىت گاڭگۇڭ، يۇرسەڭ ئوردىغا بارساڭ، ئۇستىخىنىڭ چۆشۈپ قالسا، بۇ يۇرتتا تۇرۇپ قالساڭ.

**ئۇستىخىنى قاتقان** بىرەر ئىش بىلەن كۆپ شۇغۇللىنىپ چېنىققان، پىششىقان: دۈيجاڭ كەتمەن بىلەن ئۇستىخىنى قاتقان، باقاندەك بەش يىگىتنى توغاننى ساقلاشقا قويدى.

**ئۇستىخىنى قاتمىغان** يېتىلمىگەن، ياش، گۆدەك: سەندەك ئۇستىخىنى قاتمىغان بالىغا بىر ھارۋىنى بېرىپ، ئۇتتۇنغا ئەۋەتكىلى بولامدۇ؟

**ئۇستىخانا** ئى (پ) توقۇش، بىرەر نەرسە ياساش ياكى رېمونت قىلىشقا كېرەكلىك سايمانلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان مەشغۇلات ئۆيى: مەتۋاقى قولۇپنى بۇزۇپ، ئۇستىخانىنىڭ ئىچىگە كىرگەنىدى. * ــ بۇگۈنكى زىياپەتتە نۇرغۇن ئىشلارنى يۈرگۈزىمىز، دېدۇق ئەمەسمۇ؟ قۇرۇلۇش قىلدىڭىزمۇ، ئالتۇن كېنى ئاچتىڭىزمۇ، شايى-ئەتلەس، گىلەم ئۇستىخانىلىرىنى يۈرگۈزدىڭىزمۇ ئۇلارنىڭ قولى كېرەك، ــ دېدى سىيىت ھاجى ھاپىز مەخسۇمغا چۈشەندۈرۈپ.

**ئۇستىخانلىق** سۈپ ① ئۇستىخىنى بار، ئۇستىخىنىدىن ئاجرىتىلمىغان: ئۇستىخانلىق گۆش. ② ئۇستىخىنى چوڭ، ئۇستىخان سۈرگەن: بوۋاي ئۇستىخانلىق ئېگىز بوي ئادەم بولۇشىغا قارىماي، ئورۇق ئىدى.

**ئۇستىخان-ئۇستىخىنى** پۈتۈن بەدىنى، ھەممە ئەزايى: ئۇستىخان-ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك.

**ئۇستىخان-ئۇستىخىنىغا سىڭمەك** كىچىكىدىن ئۆگىنىپ، ئادەتلىنىپ تاشلىمايدىغان دەرىجىگە يەتمەك: ئەھمەتنىڭ جېدەلخورلۇقى ئۇنىڭ ئۇستىخان-ئۇستىخىنىغا سىڭىپ كەتكەچكە، مەكتەپكە بارغاندىن كېيىنمۇ ھە دېسىلا جاڭجاللىشىپ ياتاقتىكىلەر بىلەن ئىناقسىزلىق

پەيدا قىلاتتى.

**ئۇستىخان-ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك** ← **جان-جېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەك:** بۇ ئىنتىقام ئۇستىخان-ئۇستىخىنىدىن ئۆتۈپ كەتتى، بۇنى ئالمىغۇچە ئۇ تاقىتى قايتمايدۇ.

**ئۇستىرا** ئى (پ) چاچ، ساقالنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۆتكۈر پولات تىغلىق ئەسۋاب: ئۇنىڭ يانچۇقىدا ھەرنىڭ تىغىدىن ياسىۋالغان بىر ئۇستىرىسى بار ئىدى.

**ئۇستىرا قانات** كەپتەر قاتارلىق قۇشلارنىڭ باچكىلىرى ئۇچۇش ئالدىدا قانات پەيلىرىنىڭ ئۇستىرا تىغىدەك چوڭايغان ھالىتى: ئۇستىرا قانات بولماق.

**ئۇستىرلاپ** ئى (ئە < گرېك) يېزت. ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئېگىزلىكىنى ئۆلچەشتە قوللىنىلىدىغان ئەسۋاب، پالچىلار پال ئېچىشتىمۇ قوللىنىدۇ: ئۇ ئۇستىرىنى يەرگە قويۇپ، ئۇستىرلاپنى قولىغا ئالدى. ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بېرىپ، كۈننىڭ نۇرىغا توغرىلىدى. بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ: «ناماز جۈمەگە ئانداق-مۇنداقمۇ ئەمەس، توپتوغرا ئۈچ سائەت ۋاقىت قېلىپتۇ» دېدى. * پالاستا ئولتۇرۇپ، شامدەك، قويۇپ ئالدىدا ئۇستىرلاپ، ساڭا ئۇ ئېيتىدۇ يالغان، قاپاق پالچىغا ئالدانما!

**ئۇستىرىتسا** ئى (ر < لات) < زوئول > يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. ئىككى قېپى بار. بىرى كىچىك، تەكشى؛ يەنە بىرى چوڭ ۋە كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. قاپچۇقىنىڭ يۈزى ئويمان ھەم چوڭقۇر. گۆشىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. گۆش، قاپچۇق، مايلىرى دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇستىكار** (پ) ① ئى. مەلۇم ھۈنەر-كەسىپكە يېتەكچىلىك قىلىپ، باشقۇرغۇچى باش ئۇستا: ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشخانىلىرىدا ئۇستىكار، ئىمكار ۋە شاگىرتلىق پەرقلىرى مەيدانغا كەلدى. ② سۈپ. مەلۇم ھۈنەر-كەسىپتە داڭلىق، ماھىر: پەرھات بولۇپ سۆزدى ئوغۇل، دەريادىن قاشتاش. زۇمرەت تاشقا چەكتى شوخ گۈل، ئۇستىكار نەققاش.

**ئۇستىكارلىق** ئى ① ئۇستىلىق، ماھىرلىق: ھەمرانىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئويۇشتۇرۇلغان قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش گۇرۇپپىسى مەتنىيازنىڭ ئۇستىكارلىقى بىلەن، بوش ۋاقىتلاردىن پايدىلىنىپ، بوغا، جاۋاڭ، كەندىر ئاغامچا، زەمبىل، سېۋەتكە ئوخشاش نەرسىلەردىن خېلى نۇرغۇن ئىشلەپ چىقاردى. ② ئۇستىكارلارغا خاس بولغان ئىش، ھۈنەر: ئۇستىكارلىق دۇكىنىغا كېلىش بىلەن ھاجى ھېلىقى گاچىنىڭ يىپىدىن چىققان بەش سەر كۈمۈش تەڭگە بىلەن ئىككى تىللانى روزى ئۇستىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى.

**ئۇستىكارلىق قىلماق** ئۆزىنى ناھايىتى ئۇستا چاغلاپ مۇغەمبەرلىك قىلماق: — نېمە، ماڭا ئۇستىكارلىق قىلىۋاتامسىز؟ — دېدى ئۇ تېخىمۇ قوپاللىق بىلەن.

**ئۇستىلىق** ① «ئۇستا» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: شاگىرتلىقتىن ئۇستىلىققا ئۆسكىنىمگە ئالتە ئايچە بولدى. ② ماھىرلىق، ماھارەت: ماشىنىچى ئۆزىنىڭ ئۇستىلىقىنى كۆرسەتمەكچى بولۇپ، بىرقۇر كىيىم تىكىپ، ياغاچ قىزغا كەيدۈرۈپ قويۇپتۇ. * زۇنۇن قادىرنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئۇنىڭ ئىلى خەلق چاقچاقلىرىدىن قانچىلىك ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز.

**ئۇستىلىق قىلماق** ① تەدبىر ئىشلەتمەك، پەم-پاراسەت بىلەن ئىش كۆرمەك: — جانابلىرى سۆزدە ئۇستىلىق قىلمىغان بولسىلا، مېنىڭ چەككەن ئازابىم بوشقا كەتكەن

بولاتتى، ــ دېدى ھەيدەر. * ــ گۈلچېمەن، سىزنىڭ ئەقلىڭىزگە قايىل بولدۇم، ــ دېدى ھوشۇر ئەلەس خۇشال بولۇپ، ــ بەك ئۇستىلىق قىلىپسىز جۇمۇڭ! ② كۆچمە. ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلەتمەك: جالالىدىن ئۇستىلىق قىلىپ ئۆزىنىڭ قورالىنى ئىبراھىمغا تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئىبراھىمنىڭ مىلتىقىنى يەڭگۈشلىۋالدى.

**ئۇستىلىق ئىشلەتمەك** ← **ئۇستىلىق قىلماق:** ــ بۇ يەردە ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ئۇ قىزنىڭ جەستى زاۋۇتىمىزنىڭ ئىچىدىن چىقىپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان، بەلكىم سىرتتىكى بىرەرى ئۇستىلىق ئىشلەتتىمىكىن... ــ دېدى رۇستەم. * بىر سائەتلىك يولنى ئۈچ سائەتتە بېسىش، قارىماققا ئەخمەقلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، قاتىللار ناھايىتى چوڭ ئۇستىلىق ئىشلەتكەن.

**ئۇسساتماق** «ئۇسسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۈگۈن چۈشتە يېگەن لەگمەن بەك ئۇسساتتىۋاتتى.

**ئۇسساشماق** «ئۇسسىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ــ قېنى مېھمانلار، ئۇسساشقانلا، تاۋۇزغا ئېغىز تەگكۈزۈشسىلە.

**ئۇسسۇرى** ئى (لات) < بوت > ← **ئۇسسۇرى ئامۇتى.**

**ئۇسسۇرى ئامۇتى** < بوت > ① ئازغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى يۇملاقراق ياكى تۇخۇم شەكىللىك، گىرۋىكىدە يىڭنىسىمان چىشلىرى بار. گۈلى ئاق، مېۋىسى شار شەكىللىك ياكى ياپىلاق، رەڭگى سارغۇچ يېشىل، سايپىقى قىسقا بولىدۇ. سوغۇققا چىدايدۇ. مېۋىسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل دەرەخنىڭ مېۋىسى.

**ئۇسسۇز** سۈپ. سۇسىز، سۇغىرىلمىغان؛ ئۇسسىغان: قادىر ئېلى قولغا ئېلىنىپ بەش كۈن داۋامىدا نۇرغۇن قېتىم سوراققا تارتىلدى، ئۇرۇلدى، سوقۇلدى، قاتتىق ئازابلاندى. ئاچ ۋە ئۇسسۇز قويۇلدى. * ئۇلار: ــ سەت ئەمەسمۇ سۇغا كېلىپ ئۇسسۇز قايتامدۇق، يەنە كۈتۈپ باقايلى، ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار! ــ دېيىشىپ ئۆزئارا تەسەللى بېرىشتى. * ئالدى بىلەن ئۇسسۇز زىرائەتلەرنى سۇغىرايلى.

**ئۇسسۇزلۇق I** «ئۇسسۇز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇسسۇزلۇقتا ئاغزىمىز قۇرۇپ، تىللىرىمىز بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كەتتى. * ــ راست، تۆگىنىڭ سۇ ئىچىشى غەيرى ئىكەن، ــ دەپ كۈلكىنىڭ بىلىگە تەپتى ياش گېئولوگ، ــ ئۇ ئۇسسۇزلۇققا 40 كۈن چىدايدىكەن.

**ئۇسسۇزلۇق II** (توغرىسى: ئۇسسۇلۇق) ← **ئۇسسۇلۇق.**

**ئۇسسۇل** ئى (ئە) <ئۇس> رىتىملىق ھەرىكەتلەر ئاساسىي ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلىنىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. ئۇنىڭ بىلەن كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى، ئىدىيىسى ۋە ھېسسىياتىنى ئىپادىلەشكە بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا مۇزىكا تەڭكەش قىلىنىدۇ: ئۇسسۇل ئويناماق. ئۇسسۇلغا چۈشمەك. خەلق ئۇسسۇلى. داپ ئۇسسۇلى.

**ئۇسسۇلغا تارتماق** ئۇسسۇلغا چۈشۈشكە تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالماق: بىرەيلەن سۈپىيەنى ئۇسسۇلغا تارتتى. سۈپىيە شۆھرەتكە قارايدۇ.

**ئۇسسۇلغا چۈشمەك** ئۇسسۇل ئوينىلىۋاتقان سورۇندا ئۇسسۇلغا كىرىشمەك: ھەر كۈنى كەچلىكى بىزنىڭ ئىشىكىمىزدىن كىشىلەر ئۈزۈلمەيدۇ، بەزى كىشىلەر بىز بىلەن بىللە ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كېتىدۇ.

**ئۇسسۇلغا سالماق** ① ئۇسسۇلغا چۈشۈرمەك، ئۇسسۇل ئوينا تماق: بىر پۇل بېرىپ ئۇسسۇلغا سالسا، ئون پۇل بېرىپ توختاتقىلى بولماس (ماقال). ② كۆچمە. كۆلكىلىك ئەھۋالغا دۇچار قىلماق، كىشلەرنىڭ مەسخىرىسىگە قالدۇرماق؛ ئالدىماق: ئۆز مەيلىچە بولسا، ئەتىگەندىن بېرى مېنى ئالداپ ئۇسسۇلغا سالغان بۇ ئالۋاستىنىڭ ئاغزى-بۇرنىغا سىلىۋېتەر ئىدىم. * ۋاي، ھېلىگەر، شۇنداق قىلىپ، ئۇنىمۇ ئۇسسۇلغا سىلىپتۇ-دە؟

**ئۇسسۇل ھەرىكىتى** < ئۇس > ئورۇنلاش سەنئىتىدىكى ئوبيېكتىپ مۇھىتنىڭ چەكلىمىسى ئاستىدا بەلگىلەنگەن ۋەزىپىنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بەدەن ھەرىكىتى ۋە روھىي ھالەت كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۇسسۇل ئوينىماق** مۇزىكا ياكى رىتىمغا تەڭكەش قىلىپ پۇت-قول ۋە بەدەننى ھەرىكەتلەندۈرمەك: سىز كىمنىڭ دېيىغا ئۇسسۇل ئويناۋاتقانلىقىڭىزنى تېخىچە بىلمەمسىز؟

**ئۇسسۇلچى** ئى. ئۇسسۇل سەنئىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: پاتەم بولسا ئالىلقاچان سەنئەت ئەھلىگە، ئۇسسۇلچىغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

**ئۇسسۇلچىلىق** ئى. دائىم ئۇسسۇل بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى، كەسپى: شىنجاڭ ئۇسسۇلچىلىقى ئىدىيىۋى تونۇش جەھەتتە گاڭگىراشتىن قۇتۇلۇپ، جاپالىق ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆز يېتەرسىزلىكلىرىنى تونۇشقا باشلىدى.

**ئۇسسۇللۇق** سۈپ. ئۇسسۇلنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇسسۇل بىلەن ئورۇنلىنىدىغان: ئۇسسۇللۇق ناخشا. ئۇسسۇللۇق تىياتىر. * ئالدىنقى ئوركېستىر ئالتە قىسىم ئۇسسۇللۇق مۇزىكىنى، كېيىنكىسى سەككىز قىسىم ئۇسسۇللۇق مۇزىكىنى ئورۇنلايتتى.

**ئۇسسۇلۇق** ئى. ئۇسسۇزلۇقنى باسىدىغان ئىچىملىك: — يول ئۇزۇن، كۆن پېشىندىن قايرىلىپ قېلىپتۇ، — دېدى ئابدۇراخمان كۆنگە كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ قويۇپ، — بىر پىيالىدىن ئۇسسۇلۇق ئىچىۋېلىپ ماڭايلى. * نېمە بولۇر جېنىم خېنىم، يېنىمغا كەلسەڭ. چاڭقاپ تۇرغان يۈرىكىمگە ئۇسسۇلۇق بەرسەڭ.

**ئۇسساماق** پ. سۇغا بولغان تەشنالىقى ئاشماق، چاڭقىماق: — ئۇسساپ قالغانسىز، چاي ئىچىڭ، ئۇكام! — مۇدىر چايدانىدىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئالدىمغا ئەكىلىپ قويدى. * ئۇسسىغاندا سۇ ئىچتىم، يىراقتىكى بۇلاقتىن، ئۇمىدىمنى ئۈزمىدىم، شېرىن سۆزلۈك شۇ ياردىن.

**ئۇسقاق** ئى. دىئال. چۆمۈچ، ساپلىق.

**ئۇسلۇب** ئى (ئە) ① بىرەر دەۋر، مىللەت، ئېقىم ياكى بىرەر شەخسنىڭ بەدىئىي ئەسەردە ئىپادىلەنگەن ئاساسلىق ئىدىيىۋى ئالاھىدىلىكى ۋە سەنئەت ئالاھىدىلىكى؛ ئىستىلى: مىللىي ئۇسلۇب. ئەرەب ئۇسلۇبىدا سېلىنغان قۇرۇلۇشلار. * بۇ مۇقام نەغمە شەكلى، تۈزۈلۈش جەھەتتىن ئالاھىدە ئۇسلۇبقا ئىگە بولغانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ② < ئەد > يازغۇچىنىڭ تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىشتىكى ئۆزىگە خاس يولى، ئۇسۇلى: بەزى مۇھەررىرلەر ئەسەرنى قىزىل قەلىمى بىلەن باشتىن ئاخىر ئۆزگەرتىپ چىقىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۇسلۇبىغا ھۆرمەت قىلمايدۇ.

**ئۇسماق** پ ① سۇ، تاماق قاتارلىق نەرسىلەرنى چۆمۈچ قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق بىر قاچىدىن ئېلىپ يەنە بىر قاچىغا سالماق، بۆلمەك: قەمبەرخان ئانا دەرھال بىر چىنە ئاشنى ئۇسۇپ ئېلىپ

كەلدى. * ئاشپەز گەپ-سۆز قىلماي قازاندىن بىر قاچا ئىسسىق مەنتاڭ ئۇسۇپ كېلىپ ئوتتۇنچىنىڭ ئالدىغا قويدى.② ئاشلىق، توپا ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تاغار، خالتا، سېۋەت، هارۋا ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە ئالماق، سالماق، ئورۇنلاشتۇرماق: تاغارغا قىغ ئۇسماق. * ئۇ گۆرجەك بىلەن ئات هارۋىسىغا ئەخلەت ئۇسماقتا. * بۇ خىل ماشىنا چېچىلىپ كەتكەن ماتېرىياللارنى ئۇسۇش، قاچىلاشقا ئىشلىتىلىدۇ. * بىز خامانلىرىمىزنى ئۇسۇپ بولغاندىن كېيىن، كىرىشكە شەرتى توشقانلارنى ئەلۋەتتە قوبۇل قىلىمىز.

**ئۇسۇتماق** «ئۇسۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىز هارۋىلارغا قىغ ئۇسۇتۇپ بولۇپ قوغۇنلۇققا ماڭدۇق.

**ئۇسۇشماق** «ئۇسۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سۇغا كەلگەنلەر ئۆستەڭدىن چېلەكلىرىگە سۇ ئۇسۇشۇۋاتقاندا، بىرى تېيىلىپ سۇغا چۈشۈپ كەتتى، بۇنىڭغا هەممەيلەن قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

**ئۇسۇل** ئى (ئە) ① بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، مەسىلىنى هەل قىلىشنىڭ يولى، تەرتىپى، تەرىزى؛ چارە، ئامال: پىكىر قىلىش ئۇسۇلى. ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى. ئۇسۇل تاپماق. * — ۋاي خۇدايىمەي، بۇ ئۇسۇل نېمىشقا بالدۇرراق بىزنىڭ كاللىمىزغا كىرمىگەندۇ؟ — دەپ پايپېتەك بولدى ئاسىمە. * هازىر هەرقايسى مەملىكەتلەردە ئادەملەرنى بىر خىل قىياپەتكە كەلتۈرۈش ئۈچۈن هەر خىل ئۇسۇل ۋە چارىلەرنى قوللىنىۋاتىدۇ. ② پائالىيەت ۋە ئىش جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزىگە خاس ئادەت: ئاددىيراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلى قانداق بولسا ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلىمۇ شۇنداق بولىدۇ.

**ئۇسۇل-چارە** ئۇسۇل ۋە چارە: ماھىرە يەنە ئايشەمنىڭ رەسىم سىزىش ماھارىتىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بىرەر مۇۋاپىق ئۇسۇل-چارە تېپىش ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزدى.

**ئۇسۇلماق** «ئۇسماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئېتىزدىكىلەر قايتىدى. ئاياقلارغا ئۇسۇلغان ئۇماچلار قويۇلۇپ ئۈيۈپ قالغانىدى.

**ئۇش** سۆپ. دىئال. ئاتاقلىق، داڭلىق.

**ئۇشبۇ** ئال. مانا شۇ، مەزكۇر: ئۇشبۇ خەت كېرىيە ناھىيىسىنىڭ قالۇق ئۆستەڭ بويىدىكى ئىمىن قادىرگە تېگىدۇ. * ئۇشبۇ قىزىل غۇنچىنى ئېلىڭ، ئىزلەپ مېنى كۆرگىلى بېرىڭ.

**ئۇشت** ئىم. قوي، ئۆچكىلەرنى هەيدەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۇشت-ئۇشت** «ئۇشت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: هەيدىگىنىڭ ئالتە ئۆچكە، ئۇشت-ئۇشتنىڭ ئالەمنى ئالدى (ماقال).

**ئۇشتۇمتۇت** رەۋ. كۈتۈلمىگەندە، تۇساتتىن، تاسادىپىي، بىردىنلا: نەق شۇ چاغدا، ئۇشتۇمتۇت، تاڭ-تۇڭ قىلىپ مىلتىق ئېتىلدى هەممە ئادەم ساراسىمگە چۈشتى. * گۈلشەن هەدە سۆزدىن ئۇشتۇمتۇت توختاپ ماڭا قارىدى. * هەيرانلىق قاپلىدى دىللارنى شۇ ئان، يۈزلەردىن تەبەسسۇم ئۆچتى ئۇشتۇمتۇت. بەزىلەر خىيالچان تىكىلسە يەرگە، بەزىلەر كۆزىدىن چاقناپ كەتتى ئوت.

**ئۇشتۇمتۇت هۇجۇم** <هەرب> كۈتۈلمىگەن يەردىن چىقىپ تۇيۇقسىز قىلىنغان هۇجۇم.

**ئۇشتۇمتۇتلۇق** «ئۇشتۇمتۇت» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەتقۇۋانىباي سەل ئۇشتۇمتۇتلۇق هېس قىلىپ: — شىرمەهەممەتنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەملا؟ — دەپ سورىدى. * هادىسىلەر ئۇلارنىڭ جەبىر-جاپاسىنى ئاز كۆرگەندەك ئۆزىنىڭ ئۇشتۇمتۇتلۇقى بىلەن

بالا-قازا تەرىقىسىدە پەيدا بولۇپ ئۇلارنىڭ جاپاسىنى كۆپەيتتى.

**ئۆششاق** سۈپ ① ھەربىر بۆلىكى، پارچىسى، دانىسى ناھايىتى كىچىك: ئوتۇن ئۇششىقى بىلەن كۆيەر (ماقال). * سادىق بىر قاراپلا ئۇششاق خالتىلاردىكى نەرسە ئۇرۇقلۇق بولسا كېرەك، دەپ پەرەز قىلدى. * تالىپ بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ھەتتا بۇرنىنىڭ ئۇچىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولدى. ② ياش جەھەتتىن تۆۋەن، كىچىك: ئۇنىڭ كۆزى بۇ سەپنى تۈزگەن ياش يىگىتلەر، ئاپئاق ساقال بوۋايلار، ئاياللار، مومايلار، ئۇششاق باللارغا تىكىلدى. * ئۇ بارنىڭ قېرى ئاتا-ئانىسى، ئۇششاق ئۇكىلىرىنى قىينالماي بېقىشى ئۈچۈن قولىدىن كېلىدىغان ياخشىلىقنى ئايىمىدى. // ھەر باھاردا بولسىمۇ پەيدا، ھەر پەدىگە چېكىپ بىر زەخمەك. گاھى چاڭىلداپ، گاھى چۇرۇقلاپ، ئۇششاقلارنى ئېتسەن ئەرمەك. ③ كىچىك ئېسىلغان، قىسقا: ساماۋارچى ئۇششاق قەدەملەر بىلەن يورغىلاپ مېڭىپ ئالدىدا يول باشلىدى. // بالا نېمىشكىدۇ ئەيمەنگەندەك، قەدەملىرىنى ئۇششاق بېسىپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگەشتى. ④ كۆچمە. ئانچە ئەھمىيىتى، زۆرۈرىيىتى بولمىغان؛ ئاددىي: سېخلار ئۆزى بىر تەرەپ قىلالايدىغان ئۇششاق ئىشلار كۆپ بويىچە ياچېيكا يىغىنىدا سۆزلىنىپ تۇراتتى.

**ئۆششاق بۇرژۇئازىيە** <پەلس> ئاز مىقداردىكى ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىسى ۋە مال-مۈلۈكلەرنى ئىگىلىگەن، ئاساسەن ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ ياشايدىغان، ئومۇمەن باشقىلارنى ئېكسپلاتاتسىيە قىلمايدىغان سىنىپ. ئادەتتە ئۇ ئوتتۇرا دېھقان، قول ھۈنەرۋەن، كىچىك سودىگەر ۋە ئەركىن كەسىپتىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئۆششاق پۇل ← پارچە پۇل:** پۇرتمان ئىچىدە خېلى كۆپ پۇل تۇراتتى. ئۇ ئالتۇنگۈل ئالدىدىلا ساناپ كۆرۈۋىدى، ئازراق ئۇششاق پۇلنى ھېسابقا ئالمىغاندا بەش يۈەنلىكتىن 18 ئىكەنلىكىنى كۆردى.

**ئۆششاق تاۋار ئىگىلىكى** <س ئىق> دېھقانلار ۋە قول ھۈنەرۋەنلەر ئۆزلىرىنىڭ يەككە ئەمگىكى ئارقىلىق تاۋار ئىشلەپچىقىرىدىغان ئىگىلىك. بۇنىڭدا، ئىشلەپچىقارغۇچىلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇلار ئەمگىكىگە تايىنىپ ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ ھەمدە تاۋارنى ئۆزلىرىگە ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي بۇيۇملارغا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ساتىدۇ.

**ئۆششاق تولغاق** تۇغۇشقا بىرنەچچە كۈن قالغاندا تېز-تېز تۇتۇپ، تېز-تېز قويۇپ بېرىدىغان تولغاق.

**ئۆششاق تىجارەتچى** كوچا رەستىلەردە كۈندىلىك تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق ئۇششاق تاۋارلارنى سېتىش بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگۈچى: بىراق روزىنىڭ بۇ قىلمىشىنى خاراكتېر جەھەتتىن شەھەردىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ يەككە سودا-سېتىقىغا ئوخشاتقىلى بولماسمىكىن.

**ئۆششاق تىللىرى چىقماق ← كىچىك تىلى چىقماق:** ھېيىزىخان ئۈرۈمچىگە بىر قېتىم بېرىپلا ئۇششاق تىللىرى چىقىپ، تۇرماي كىيىم-كېچەكنى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئۆششاق تىلىنى بىلمەك ← كىچىك تىلىنى بىلمەك:** قاسىمجان بۇ سوپەكنىڭ ئۇششاق تىلىنى بىلىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئۆزى رېھمەت قىلىپ، ئۆزى ھەيدەپ كېلىۋاتامدۇ؟

**ئۆششاق خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە

بولغان يەككە مۇلۇكچىلىك.

**ئۇششاق سۆز** ① غەيۋەت-شىكايەت، پىتنە: «بىز ئاياللار، ئەجەب ئۇششاق سۆز، ئەجەبمۇ ئىچى تار كېلىدىكەنمىز» دەپ ئويلىدى ئادىلە. ② غەيۋەت-شىكايەتچى، پىتنىخور: مېنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ، مەن ئۆزۈممۇ سىزگە نەپرەتلىك قارايمەن، چۈنكى سىز پەس، ئۇششاق سۆز، يىرگىنىشلىك ئادەمسىز.

**ئۇششاق سۆز قىلماق** غەيۋەت-شىكايەت قىلماق، پىتنە-پاسات تېرىماق: ئۇششاق سۆز قىلىپ نېمە پايدا تاپىسىلەر؟

**ئۇششاق سۆزلۈك** بولار-بولماس گەپنى كۆپ قىلىدىغان؛ غەيۋەت-شىكايەتچى: سەمەت ئۇششاق سۆزلۈك قوشناچىنىڭ ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن دىخمارلاپ، ھەتتا بەزىدە قاتتىق-قاتتىق چېمدىۋېلىشلىرىغىمۇ چىداپ يۈردى.

**ئۇششاق قول** قولنىڭ ھەربىر پەنجىسى، بارماق.

**ئۇششاق كرىستاللىق تۈزۈلمە** <گېئول> ئۇششاق كرىستاللىق جىنسلاردىكى مىنېراللاردىكىدەك بىرلا ۋاقىتتا كرىستاللىشىپ، تامامەن يات شەكىللىك كرىستاللاردىن شەكىللەنگەن قۇرۇلما.

**ئۇششاق كرىستاللىق جىنس** <گېئول> ئاچ رەڭدىكى كىسلاتالىق بىر خىل تۇمۇر جىنس. كۆپىنچە تۇمۇرسىمان بولىدۇ. ئاساسلىق مىنېرال تەركىبى ئىشقارلىق دالاشپاتى بىلەن كۋارتس بولۇپ، تەركىبىدە توق رەڭلىك مىنېراللار يوق دېيەرلىك. ئادەتتە كۈل رەڭ ئاق، ئاچ سېرىق ياكى گۆش رەڭدە بولىدۇ. ئۇششاق يات دانچىلىق قۇرۇلما (ئۇششاق كرىستاللىق قۇرۇلما) غا ئىگە. كۆپ قىسمى

چوڭقۇرلۇقتىكى جىنس گەۋدىسىنىڭ دەزلىرى ۋە يېقىن ئەتراپىدىكى قورشالما جىنستا ھاسىل بولىدۇ. بەزىدە بۆسمە جىنسنىڭ گىرۋەك ياقىلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ، تەڭدىن تولىسى ماگمىلىق ئايرىلاشما جىنس گەۋدىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلدىكى ھاسىلاتىدۇر.

**ئۇششاق گەپ** بولمىغۇر گەپ-سۆز، پىتنە-پاسات: مەن ئۇنىڭغا ياخشى نىيەت بىلەن بەرگەن مەسلىھەتلىرىمنى تەتۈر سىگە ئۆرۈپ، ئوغا-زەھەر قىلىپ ئۆزۈمگە قايتۇرمىغىيدى، دەپ ئەنسىرەيمەن. بۇ يەردە ئۇششاق گەپ ناھايىتى تولا ئىكەن.

**ئۇششاق گەپ قىلماق** بولمىغۇر گەپ-سۆزلەرنى، پىتنە-پاساتلارنى تارقاتماق، پارچە گەپ قىلماق: ئەگەر ئېشىكىڭىز مەن دېگەن ۋاقىتتا، مەن دېگەن يەردىن تېپىلمىسا، بەرگەن پۇلىڭىز قىيامەتتە بويىنۇمغا قەرز بولۇپ چۈشسۇن. تولا ئۇششاق گەپنى قىلماي، كەم دېگەندە بەش تەڭگە چىقىرىڭە!

**ئۇششاق مال** قوي، ئۆچكە قاتارلىق گەۋدىسى كىچىك چارۋا: ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئۇششاق ماللىرى يىلمۇيىل كۆپەيدى.

**ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچى** <س ئىق> ئاددىي ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى بار، ئۆزىنىڭ كىچىككىنە يېرى ياكى كارخانىسىدا كىچىك كۆلەملىك تاۋار ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى. مەسىلەن، يەككە دېھقان ۋە ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنلەرگە ئوخشاش.

**ئۇششاق ئىشلەپچىقىرىش** <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىغا بولغان يەككە مۇلۇكچىلىك ۋە يەككە ئەمگەك ئاساسىدىكى ئىشلەپچىقىرىش. ئاساسەن

يەككە يېزا ئىگىلىكى ۋە يەككە قول سانائەت ئىشلەپچىقىرىشنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇششاق يېزا ئىگىلىكى** <س ئق> دېھقانلارنىڭ يەككە ئىگىلىكى. بۇنىڭدا، ھەربىر ئائىلە بىر ئىشلەپچىقىرىش بىرلىكى قىلىنغان بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن بولىدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋال ئاستىدا ئۇنىڭدا پەقەت ئاددىي يوسۇندىكى تەكرار ئىشلەپچىقىرىشلا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**ئۇششاق-چۈششەك** ① پارچە-پۇرات: بىر كۈن ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن ئۆتتى. ② كۆچمە. مۇھىم ئەمەس، ئاساسلىق بولمىغان: يەكشەنبە كۈنى، ئاسىيە مەھەللىلەرنى ئارىلاپ دېھقانلارنىڭ ئۇششاق-چۈششەك كېسەللىرىنى كۆرۈپ، چۈشكە يېقىن يەنە تەجرىبە مەيدانىغا كەلدى. * ئۇلار مەندىن گۇمانلىنىپ ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنىلا تەكشۈرگىلى تۇردى. * بۇلار يەنە بىرمۇنچە ئۇششاق-چۈششەك سۆزلەرنى قىلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا غۇلامنى ئۆيلەندۈرۈش توغرىسىدا ئەھۋاللاشتى.

**ئۇششاق-چىپە** دىئال ① ئۇششاق-چۈششەك. ② ئۇششاق باللار.

**ئۇششاقلاتماق** «ئۇششاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نەۋرىلەرگە ھېيتلىق بېرىش ئۈچۈن پۇللارنىمۇ ئۇششاقلىتىپ قويغانىدىم.

**ئۇششاقلاشماق** «ئۇششاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ چوڭلىرى ئوتۇننى، كىچىكلىرى كۆمۈرنى ئۇششاقلىتىشىپ كەچنىڭ تەييارلىقىنى قىلاتتى.

**ئۇششاقلانماق** «ئۇششاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇششاقلىق I** «ئۇششاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: خەتنىڭ ئەگرى-بۈگرىلىكى، ئۇششاقلىقى كۆزنى ئاسانلا تالدۇراتتى.

**ئۇششاقلىق II** ئى. ئائىلە ئۈچۈن كېرەكلىك ئوتياش تېرىيدىغان كىچىك يەر، كۆكتاتلىق: باغنىڭ ئىچىگە ئۇششاقلىق قىلىپ قويغانىدىم. خېلى جانغا ئەسقاتتى.

**ئۇششاقلىماق** پ ① ئۇششاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، پارچە قىلماق: كۆمۈرنى ئۇششاقلاپ قالىماق. ئوتۇننى ئۇششاقلىماق. ② كىچىكلىمەك: ئەگەر تۇپراقتا ئازوت كەم بولسا، دەرەخنىڭ ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ، يوپۇرماقلىرى ئاقىرىپ تۆكۈلۈشكە باشلايدۇ، مېۋىسى ئۇششاقلايدۇ.

**ئۇششۇق** سۆپ. ئۆكتەم، جېدەلخور، كۆكەرمە: ئۇششۇق ئادەم ئالۋاستىدىن يامان (ماقال). // ــ ئۇ ئۇششۇقلار بىلەن نېمە بولۇپ تۇتۇشۇپ قالغانتىلە؟ ــ دەپ سورىدىم مەن مەخسۇمدىن.

**ئۇششۇقلۇق** «ئۇششۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تۇرسۇنگۈل ئوغلىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا قىلغان ئۇششۇقلۇق ۋە ۋاپاسىزلىقلىرىنى ئاڭلاپ ھاڭ-تاڭ قالدى. * مۇھەممەت ياۋاش، سەممىي ئىدى، ئۇششۇقلۇق بىلەن جان بېقىشنى نومۇس كۆرەتتى.

**ئۇششۇقلۇق قىلماق** ئۆكتەملىك، كۆكەرمىلىك قىلماق: ئەگەر ۋاقىت يەنە بىرئاز سوزۇلغان بولسا، پەرىزات بىلەن روسۇل ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرىنىڭ نەتىجىسى چوقۇم پەرىزاتنىڭ ئۇششۇقلۇق قىلىپ روسۇلنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىشى بىلەن تاماملىنىشى مۇمكىن ئىدى.

**ئۇشقۇيتماق** (توغرىسى: ئۇشقىرتماق) ← **ئۇشقىرتماق.**

**ئۇشقىتماق** (توغرىسى: ئۇشقىرتماق) ← **ئۇشقىرتماق.**

**ئۇشلىماق** پ. دىئال. تۇتماق.

**ئۇغۇنۇتتە** رەۋ. دىئال. ئۇ يەردە.

**ئۇف** ئىم. راھەت ھېس قىلىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇف، ئەجەب سالقىن شامال چىقتى!

**ئۇقا** ئى. بېزەك ئۈچۈن كىيىم-كېچەك، گەزلىمە بۇيۇملار چېتىگە تىكىلگەن جىيەك: ئۇقا تۇتقان چاپان.

**ئۇقار** ئى < زوئول > قاقىرا نىڭ بىر خىلى، پەيلىرى ئاق، پۇتى ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، سۇدا تۇرۇپ بېلىق، راك قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. ئۇ يەنە «ئاققۇ ئات» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئۇقاسىز** سۈپ. دىئال. ئەھمىيەتسىز، تايىنى يوق، مەزىسىز.

**ئۇقاق** ئى ← **ئۇقاق تارتماق.**

**ئۇقاق تارتماق ← پاناھ تارتماق:** ئۇنىڭغا ئۆيلەنمەكچى بولغىنىمدا، مېنى ئۇقاق ئارتىپ يېڭىساردىن چىققان، دادام يول قويمىغان.

**ئۇقالىق** سۈپ. ئۇقاسى بار، ئۇقا تۇتۇلغان: ئۇقالىق چاپان.

**ئۇقتا** (توغرىسى: ئۇختا) ← **ئۇختا.**

**ئۇقتۇرماق** «ئۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى كۈن ئۆتۈپلا مائارىپ نازارىتىدىن بىر كىشى چىقىپ بۇ يىل تاشكەنتكە ئوقۇغۇچى چىقىرىلمايدىغانلىقىنى، بىزنىڭ ئۆرۈمچىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپ ۋە سىفەنلەرگە كىرىپ ئوقۇشىمىزنى ئۇقتۇردى.

**ئۇقتۇرۇش** ① «ئۇقتۇرماق» سۆزىنىڭ يەنە بىر ئىسمىدىشى: بۇ خەۋەرنى ئاممىغا ئۇقتۇرۇش لازىم. ② ئى. مەلۇم بىر ئىش ئالدىن خەۋەرلەندۈرۈلگەن يازما ياكى ئاغزاكى يولىيورۇق، يەتكۈزمە: ئۇ گۆڭشېنىڭ بۇگۈن يامغۇر ياغىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئۇقتۇرۇشىنى ئاڭلىتىۋاتاتتى. * ئوقۇلدى ئۇقتۇرۇش تىترەك بىلەن، يۈرەكلەر سوقۇشى تېزلەشتى شۇ ئان. تەبرىكلەر ساداسى ئۆرلىدى بىردىن، دىللاردا جۇش ئۇرۇپ ئاقتى ھاياجان.

**ئۇقتۇرۇش چىقارماق** مەلۇم بىر ئىش توغرىسىدىكى ئالدىن بېرىلىدىغان خەۋەر، ياكى ئورۇنلاشتۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش ئېلان قىلماق، تارقاتماق: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى يېقىندا كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش ھەرىكىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش چىقاردى.

**ئۇقتۇرۇش قىلماق** ئۇقتۇرۇشنى يازما ياكى ئاغزاكى رەۋىشتە يەتكۈزمەك، ئۇقتۇرماق: ـــ ھەرقايسى دادۈيلەرنىڭ شۇجى، دۈيجاڭلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىۋەت، ـــ دېدى شۇجى ماگا. * ـــ ئۇنداق بولسا، ئاۋۋال تەشكىل سىزگە رەسمىي ئۇقتۇرۇش قىلسۇن، شۇ چاغدا يەنە مەسلىھەتلىشىپ كۆرمەمدۇق؟ ـــ دېدى ئانار شەۋكەتنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

**ئۇقتۇرۇشماق** «ئۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: يىغىن باشلانغۇچە، يىغىنغا قاتناشقۇچىلار پىچىرلىشىپ يىغىندا نېمە دېيىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇشۇۋاتقاندەك كەيپىيات شەكىللەندى.

**ئۇقتۇرۇلماق** «ئۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كەچقۇرۇن ئىدارىدە بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر يىغىنى ئېچىلىدىغانلىقى ئۇقتۇرۇلدى.

**ئۇقماق** پ ① مەزمۇنىنى، ماھىيىتىنى چۈشەنمەك، ئاڭقارماق: قائىدە ئۇقىدىغان ئادەم. * دادىسى، بۇ ئىش بولمىدى، ئۆزلە گېپىنى خېلى ئوبدان ئۇقىدىغان بولغاندىكىن، سوراپ باقمامدىلا، نېمە دەردى

بولسا ئىلاجىنى قىلمايمىزمۇ؟ ② ھېس قىلماق، سەزمەك، بىلمەك؛ خەۋەردار بولماق: مېرۇل مەرگەن ھېلىقى ئىگىز بويلۇق چېرىكتىن گەپ سوراپ ئەھۋالنى ئۇقتى. * ئانداق بولسا، مەن بۇ بىچارىنى سەن ئۇقمايدىغان بىر تامنىڭ تۈۋىگە ياتقۇزۇپ قويىمەن. * ئۈزۈملەر پىشىپ قاپتۇ، شاتۇتلارمۇ پىشقاندۇ. مېھرىبان يار قەدرىنى، نادان باللا ئۇققاندۇ.

**ئۇقماسقا سالماق** ئۇقمايدىغان، بىلمەيدىغان بولۇۋالماق: ئۇ بۇ ئىشنى ئۇقماسقا سالدى.

**ئۇقمىغانغا سالماق** ← **ئۇقماسقا سالماق**: بىلىپ تۇرۇپ لاۋازىمات باشلىقى بۇنى، ئۇقمىغانغا سېلىپ كەلگەن داۋاملىق ئۇنى.

**ئۇقۇشسىز** سۈپ. ئۇقۇقسىلى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان؛ چۈشىنىكسىز: مۇزىكا توختىدى، ئويۇن باشقۇرغۇچى ۋاڭ-چۇڭ ئىچىدە ئۇقۇشسىز بىرنېمە دەپ ئېلان قىلدى.

**ئۇقۇشلۇق** سۈپ. ئۇقۇقىلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان؛ چۈشىنىشلىك: لۇتپۇللا مۇتەللىپ نىزامنامە لاھىيىسىنى ئەنە شۇنداق قىسقا ۋە ئۇقۇشلۇق قىلىپ تۈزۈپ چىققانىدى. * ئۇ پارسچە، رۇسچە شېئىرلارنى ئۆز تىلى بىلەن ئوقۇپ، شۇنچىلىك ئۇقۇشلۇق تەرجىمە قىلىپ بېرەتتى.

**ئۇقۇشماسچىلىق** (توغرىسى: ئۇقۇشماسلىق) ← **ئۇقۇشماسلىق.**

**ئۇقۇشماسلىق** ئى. ئۆزئارا ياكى قارشى تەرەپكە نىسبەتەن كېلىپ چىققان ناتوغرا، خاتا چۈشەنچە، تونۇش: — بىز تېخى سەندىن يامانلاپ يۈرۈپتۇق، ئۇقۇشماسلىق بولۇپتۇ، كۆڭلۈڭگە ئالما، ئاڭلىساق قالتىس ئىش قىلىپسەن! * ئالتۇنگۈل ئەمدى ئارىدىكى ئۇقۇشماسلىقنى ئايدىڭلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىلاجىسىز ھالدا ئەھۋالنى ئۆز ئەينى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى.

**ئۇقۇشماق** پ ① «ئۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىشنى ھەممىلىرى ئۇقۇشتىلا، بۇ ھەقتىكى گەپ-سۆز ئەمدى مۇشۇ يەردە تۈگىسۇن. ② سوراپ، ھەر تەرەپلىمە ئۇقۇپ خەۋەردار بولماق، بىلمەك: ئۇلار خەلق ساقچىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن رەخمەتنىڭ قوشنىسىنى ۋە ئۇنىڭ بالىسىنى پەيچۇسوغا چاقىرىپ ئەھۋال ئۇقۇشتى. * ئۇقۇشماسلىقتىن لۇتپۇللانىڭ ئېيتقان ئىككى سۆزى شەمشىدىنگە تېخىمۇ باشقىچە تۇيۇلدى. ③ ئىزدەپ، ئالاقىلىشىپ تاپماق، ھەل قىلماق: ئاندىن دەڭ دەرۋازا تەرەپكە بېرىپ، خۇنخاي مازار تەرەپكە ماڭىدىغان ھارۋا ئۇقۇشتۇم. * يەنە ئىككى ياغاچچىمۇ ئۇقۇشۇپ قويدۇم.

**ئۇقۇشۇلماسلىق** ئى ← **ئۇقۇشماسلىق**: ئەسلىي مەسلىھەت بويىچە شىرئەلى باغنىڭ كۈن چىقىش تەرىپىدە گۈلچىمەننى كۆتمەكچى ۋە گۈلچىمەننى باشلاپ ئالدىن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا كەتمەكچى بولغانىدى، ئەپسۇسكى چوڭ ئۇقۇشۇلماسلىق يۈز بەردى. * مەن سىلەرگە مۇشۇ مېنىڭكىدەك ئۇقۇشۇلماسلىق سەۋەبىدىن يۈز بەرگەن ئاجايىپ ئېچىنىشلىق بىر پارچىنى ئېيتىپ بېرەي.

**ئۇقۇشۇلماق** «ئۇقۇشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەسەن ئەلىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى زىيا ئاكىغا ئۇقۇشۇلغان بولسىمۇ، ئۇ يەنە سورىدى.

**ئۇقۇلماق** «ئۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كېيىچە بولغان ئىشلار خەۋەرچىلەر ئارقىلىق ئۇقۇلدى.

**ئۇقۇم** ئى < لوگ > تەپەككۇرنىڭ ئاساسىي شەكىللىرىدىن بىرى. ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ

ئومۇمىي، ماھىيەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىنسانلار بىلىش جەريانىدا ئۆزى ھېس قىلغان شەيئىلەرنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى ئايرىۋېلىپ، ئۇلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئۇقۇم ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئاق قار»، «ئاق قەغەز»، «ئاق چېچەك»، «ئاق پاختا» دېگەنگە ئوخشاش شەيئىلەردىن بىر ئومۇمىي خۇسۇسىيەتنى يەنى «ئاق» نى ئايرىۋېلىپ، «ئاق» دېگەن ئۇقۇمنى ھاسىل قىلىدۇ.

**ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت** <لوگ> ئاساسەن ھەجىم جەھەتتىكى مۇناسىۋەت. ئۇ تولۇق ماس مۇناسىۋەت، قىسمەن ماس مۇناسىۋەت، بېقىندىلىق مۇناسىۋەت (جىنس-تۈر مۇناسىۋىتى) قارىمۇ قارشى مۇناسىۋەت، زىت مۇناسىۋەت ۋە تەڭداشلىق مۇناسىۋەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئۇقۇمنى بۆلۈش** < لوگ > بىر جىنس ئۇقۇمنى مەلۇم بىر بەلگىسى بويىچە شۇ جىنس ئۇقۇم تەركىبىدىكى بىرقانچە تۈر ئۇقۇمغا ئايرىپ چىقىش. ئۇقۇمنى بۆلۈش بۆلۈنگۈچى (ئۇقۇم)، بۆلۈنمە ۋە بۆلۈشنىڭ ئاساسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

**ئۇقۇمنىڭ تۈرى** < لوگ > ئۇقۇمنىڭ ھەجىمگە ياكى مېغىزىغا ئاساسەن بۆلۈنگەن تۈرلىرى.

**ئۇقۇمنىڭ مېغىزى** < لوگ > ئۇقۇمدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئوبيېكتنىڭ ئورتاق ماھىيەتلىك بەلگىلىرىنىڭ يىغىندىسى.

**ئۇقۇمنىڭ ھەجمى** < لوگ > لوگىكا ئىلمىدا بىر ئۇقۇم قارىتىلغان ئوبيېكتنىڭ ئومۇمىي دائىرىسى ئۇقۇمنىڭ ھەجمى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «ئادەم» دېگەن ئۇقۇمنىڭ ھەجمى قەدىمدىن ھازىرغىچە جاھاندىكى بارلىق ئادەمنىڭ ئومۇمىي دائىرىسىدۇر.

**ئۇقۇمچان** سۈپ. ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇمنى ئاسان بىلگىلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان؛ ئۇقۇملۇق.

**ئۇقۇمچانلىق** «ئۇقۇمچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇندىن باشقا، «لەقەم» ئۆزىنىڭ ئاممىۋى ئاساسىنىڭ كەڭ، ئۇقۇمچانلىقنىڭ كونكرېت ۋە جانلىق بولۇشى بىلەنمۇ «تەخەللۇس» نىن پەرقلىنىدۇ.

**ئۇقۇمداش** سۈپ. ئوخشاش بىر ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان، بىلدۈرگەن ئۇقۇمى بىر، ئۇقۇمى ئوخشاش بولغان: كىشىلەر «غازاڭ» بىلەن «يوپۇرماق» سۆزى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلسە بولىدۇ دېيىشىدۇ، مېنىڭچە، «غازاڭ» بىلەن «يوپۇرماق» ئۇقۇمداش سۆز ئەمەس.

**ئۇقۇمسىز** سۈپ. بەلگىلىك ئۇقۇم يوق، ئاسان چۈشەنگىلى بولمايدىغان: — بۇنداق ئۇقۇمسىز گەپلەر بىلەن ئۆزىمىزنى ئاۋارە قىلمايلى، كېتەيلى.

**ئۇقۇمسىزلىق** «ئۇقۇمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ سۆز-نۇتۇق ئۇقۇمسىزلىقى بىلەن ھەممىنى بىزار قىلدى.

**ئۇقۇملاشتۇرۇش** ئى < ئەد > ئەدەبىيات-سەنئەت ئىجادىيىتىدىكى كونكرېت تەسۋىر ھەم تىپىك ئوبرازنى يارىتىش كەم بولغاندا، ئابستراكت ئۇقۇمنى شەخسنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئورنىغا دەسسىتىدىغان بىر خىل ناچار خاھىش.

**ئۇقۇملۇق** سۈپ. ئاسانلا ئۇقىلى، چۈشەنگىلى بولىدىغان؛ ئىپادىلەيدىغان ئۇقۇمى ئېنىق: ل. مۇتەللىپ ئۆزىنىڭ ئارزۇ-ئۈمىدلىرىنى لىرىك شېئىرىي مىسرالار ئارقىلىقلا ئەمەس، بەلكى،

قىسقا، كۈچلۈك نۇتۇق جۈملىلىرى بىلەنمۇ ئىنتايىن ئۇقۇملۇق ئىپادىلەشنى بىلەتتى. * ئەنجەد ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن سەرگۈزەشتىلىرىنى قىسقا، ئۇقۇملۇق قىلىپ باشتىن ئاياغ ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**ئۇقۇمۇشلۇق** سۈپ. ئوقۇپ، ئاڭلاپ، كۆرۈپ كۆپ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان، كۆپ ئىشتىن خەۋەردار، بىلىملىك: ئۇ ئازادلىقتىن بۇرۇن يېزا باشلانغۇچ مەكتىپنى تۈگەتكەن بولۇپ، يېزىمىزغا نىسبەتەن خېلى ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم ھېسابلىناتتى. * ساقاخۇن بوۋاي ئۇقۇمۇشلۇق سودىگەر بولسىمۇ، ھال-ئوقىتى ئانچە ياخشى ئەمەس ئىدى.

**ئۇكا** ئى ① كىچىك ئوغۇل (ئاكىلىرىغا نىسبەتەن): ـــ ئاپا، زۆرۈر بولغان تويلۇق نەرسىلەرنى ياسىنىڭ ئۆيىدىكىلەر تەييارلاپ بېرىدۇ. ئاكام بىلەن ئۇكامنىڭ ئىشنى كېيىنچە بامەسلىھەت بىر ئىش قىلارمىز، ـــ دېدى رەنا. * ئۇكام ئۇنىڭ نېمە قىلىدىغانلىقىنى بىلمەي ئارقىسىدىن مېڭىۋېرىپتۇ. ② ئۆزىدىن كىچىك كىشىگە بولغان مۇراجىئەتتە ياكى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ: ـــ ئالدىرىما ئۇكا، ـــ دېگىنىچە ئاۋۇت ئاكام ئۆز يولىغا كېتىۋەردى. * سەن ئۇكام، ھەربىيدىن يېڭى كەلدىڭ ئەھۋالنى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمىزنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدىڭ.

**ئۇكا-سىڭىل** كىچىك ياشتىكى ئوغۇل-قىزلار: شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭ ئۆز ئۆيىگە كىرىپ ئاتا-ئانا ۋە ئۇكا-سىڭىللىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈۋالغۇسى كەلدى.

**ئۇكرائىن** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئۇكرائىن تىلى** < تىل > ئۇكرائىنلار ئىشلىتىلىدىغان تىل. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسى سلاۋيان تىللىرى تۈركۈمىنىڭ شەرقىي سلاۋيان تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئۇ ئۇكرائىندا قوللىنىلىدۇ.

**ئۇكرائىنچە** ① سۈپ. ئۇكرائىن خەلقىگە، ئۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ ئۇكرائىنلارغا خاس: ئۇكرائىنچە ناخشا. ئۇكرائىنچە كىيىم. ② ئى. ئۇكرائىن تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ ئۇكرائىنچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ئۇكرائىن تىلىنى ئىشلىتىپ، ئۇقرائىن تىلىدا: ئۇكرائىنچە سۆزلەشمەك.

**ئۇكرائىنلار** ئى < ئىرق > ئۇكرائىن مىللىتى. ئۇكرائىن خەلقى. ئۇلار ئۇكرائىنىنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ئۇكىلىق** ئى. ئۇكىدا بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇكىغا لايىق: سەن ئۆزۈڭنىڭ بۇ ئىشتا ئۇكىلىق ئورنۇڭدىكى مەجبۇرىيىتىڭنى ئۇنۇتما.

**ئۇگا** (توغرىسى: ئۇۋا) ← **ئۇۋا**.

**ئۇگلېرود** ئى [ر] < خىم > ← **كاربون**.

**ئۇگىلانماق** پ. دىئال. ئىچ ئاغرىتماق، ئىچى سىيرىلماق.

**ئۇگىلىماق** پ. دىئال. ئازراق سۇ قۇيۇلغان كاتەكچە تاشقا بەزى قاتتىق دورىلارنى سۈرۈپ، دورا ئارىلاشقان سۇنى بىمارنىڭ چېكە ۋە ئاغرىق جايلىرىغا چاپلىماق.

**ئۇگىيا** ئى. ماۋرىتانىيە پۇل بىرلىكى.

**ئۇل** ئى ① < بىن > بىنا، تام، دامبا قاتارلىقلارنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى تۇتۇپ، كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان، يەر بىلەن تۇتىشىپ تۇرىدىغان تەكت قىسمى: ھەربىر ئىشنىڭ يولى بار، ھەممە تامنىڭ ئۇلى بار (ماقال). * ئابلىز مۇئەللىمنىڭ كۆزى يولنىڭ چېتىدە قىزىل چىراغ يېقىپ قويۇپ، چوڭ بىر قورۇلۇشنىڭ ئۇلىغا تاش قويۇۋاتقان قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىغا

چۈشتى. * جۈمەنىڭ لايىھەسىدە ئامبارنىڭ سۇ چىقىرىش تومىنى دامبا ئۆلىدىن ئون نەچچە مېتىر ئېگىز قىلىپ لايىھەلەندى. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئاستى قىسمى (نان ھەققىدە): ئانا ئورنىدىن تۇرۇپ تاختا بېشىدىن پىچاق ئالدى. پىچاقنىڭ ئۇچىنى پەم بىلەن ناننىڭ ئۆلىغا تىقتى. ③ كۆچمە. كېلىش مەنبەسى، تايانچ، ئاساس: ــ ئەگەر مېنىڭ ئاساسىي بىر ئۆلۈم بولغان بولسا، ئەلدىكى بۇ چاكىنىلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن ئەندىشەم يوق ئىدى، ــ دەپ تاشلىدى لىتىپ. * يېڭى ھاكىم ئىشقا كىرىشكەندىن باشلاپلا مائارىپ-مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تۇتۇپ ئىشلىگەچكە، مەكتەپلەر كۆپىيىپ سانايىنەپىسكە ئۆل ھازىرلىنىشقا باشلىغانىدى. * ئېيتچۇ قېنى شۇ چېلىش-زەپەر، ئەتىمىزنىڭ ئۆلى ئەمەسمۇ؟ بەختنى بىزگە كەلتۈرگەن، سوتسىيالىزم يولى ئەمەسمۇ؟

**ئۆل تەكتى** < گېئول > پلاتفورمىنىڭ بىر ئاساسىي تۈزۈلمە قەۋىتى. يېپىنچا قاتلام ئاستىغا جايلاشقان. پلاتفورما شەكىللەنمەستىن بۇرۇن ئۇ گېئوسىنكلىنال رايونىغا مەنسۇپ بولۇپ، ئۇزۇن مۇددەتلىك تەرەققىياتنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ھەرىكەتچانلىقى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاجىزلاپ ئاندىن شەكىللەنگەن.

**ئۆل تېشى** سېلىنغان بىنا ۋە باشقا ئىنشائاتلارنىڭ يەر يۈزىدىن تۆۋەنكى قىسمىغا بېسىلىدىغان، سېمونت بىلەن قاتۇرۇلىدىغان تاش، بېتون قاتارلىقلار.

**ئۆل سالماق ← ئاساس سالماق**: بولماي دېسەڭ تەبىئەتكە قۇل، ئىلىم-پەندىن سالغىن پۇختا ئۆل. قىلغىن ھامان پىكىر-تەپەككۇر، مەرىپەتتىن كۈچ-ئەقىلگە تول. * ئىشچان ئاتا-بوۋامدىن مىراس قالغان كەتمىنىم، بىر ئۆمۈرلۈك بەختىمگە چىڭ ئۆل سالغان كەتمىنىم.

**ئۆل شېغىل تېشى** < گېئول > ماس ئەمەسلىك ياكى ساختا ماس ئەمەسلىك يالىڭىش يۈزىدىن يۇقىرى بولغان يېڭى تاغ جىنس قاتلاملىرىنىڭ تەكتى قىسمىدىكى قىرلىق قورام تاش ياكى قورام تاش.

**ئۆل قويماق ← ئاساس سالماق**: تۆتلىدشىشىنىڭ بايرىقىنى تىك كۆتۈرۈپ، چىقتى ۋەتەن مانا جاھان سەيناسىغا. ئەجدادلارنىڭ ئارزۇسىغا بولۇپ ۋارىس، ئۆل قويماقتا كېلىچەكنىڭ بىناسىغا.

**ئۆل گودىكى** < بىن > فوندامېنت قۇرۇش ياكى يەر ئاستى قۇرۇلۇشىنى سېلىش ئۈچۈن كولانغان يەر.

**ئۆلى بوش** ① ئۆلى پۇختا ئەمەس، ئۆلى ئاجىز: ماگا قارا، مانا بۇ يەر پوك-پوك قىلىۋاتىدۇ. قارىغاندا تامنىڭ ئۆلى بوش. مۇشۇ يەرنى كولاپ كۆرمەمدۇق. ② كۆچمە. ئاساسى چىڭ، پۇختا ئەمەس، ئاساسى ئاجىز (ئىلىم-پەن، ھۈنەر-سەنئەت ۋە باشقا جەھەتلەردە): بۇ ئىنىمىز باشلانغۇچ مەكتەپتە ياخشى ئوقىمىغان، ئۆلى بوش، بۇ خىزمەتنى قىلىپ كېتىشكە قىينىلىدۇ، شۇڭا ھەرقايسىلىرىنىڭ كۆپرەك ياردەم قىلىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئۆلى چىڭ** ① ئۆلى مۇستەھكەم، پۇختا سېلىنغان: بۇ يەر قۇرغاق، ئۆيلەرنىڭ ئۆلى چىڭ، شۇڭا خېلى ئۇزۇن بەرداشلىق بەرگەن. ② كۆچمە. ئاساسى پۇختا (ئىلىم-پەن، ھۈنەر-سەنئەت ۋە باشقا جەھەتلەردە): ياسىن كىچىكىدىن ئەلاچىلىقنى قولدىن بەرمىگەن، شۇڭا ئۇنىڭ بىلىمدە ئۆلى چىڭ.

**ئۆلنى چىڭدىماق** ئۆزىنىڭ ئورنىنى مۇستەھكەملىمەك: ــ شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟

يېگىدىن شۇجى بولۇپ كەلگەن كىشىگە ئادەم كېرەكتە. دەسلىپىدە تارتىندۇ، ئۆلنى چىگىدىۋالغاندىن كېيىن تاشلايدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز گويا بىر ھېسسىز كۆتەككقۇ؟

**ئۆلنى قۇرماق** ئاساسىنى سالماق، ئىمكانىيەت پەيدا قىلىپ، شارائىت ياراتماق: بىز كەسىپ ۋە تۇرمۇشنىڭ مۇستەھكەم ئۆلنى قۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئۆلنى كولىماق** يىلتىزىنى قىرقماق، زىيان يەتكۈزمەك: — نېمە غوۋغا؟ — دېدى باشلىق ۋارقىراپ، — جەمئىيەت ئەمدىلا تىنچلىنىۋاتسا، يەنە تەشكىلنىڭ ئۆلنى كولاشمۇ؟ ئىسيان كۆتۈرىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتتى! * ئۆزئارا بىر-بىرىنىڭ ئۆلنى كولاش نەتىجىسىدە جايلار، كارخانىلار ئازتولا پايدا ئالسىمۇ، دۆلەت زور زىيانغا ئۇچرايدۇ.

**ئۆل يەر** < بىن > ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئېغىرلىقى چۈشىدىغان يەر قاتلىمى. بۇ قاتلام بوش بولۇپ قالسا قوزۇق قېقىلىدۇ ياكى چىگداپ (قاگداپ) تەييارلىنىدۇ.

**ئۆلاپ** ① «ئۆلىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى. ② تىر (يۆنىلىش كېلىشىكى سۆزلەردىن كېيىن كەلگەندە) قوشۇمچە قىلىپ، داۋاملاشتۇرۇپ: — يالغۇز قوغۇنلا ئەمەس، — دېدى مۇدىر ئۇنىڭ سۆزىگە ئۆلاپ، ئارقىدىنلا: — كېۋەز بىلەن ئۈزۈمنىمۇ ئاشلىققا ئوخشاش چىڭ تۇتۇش كېرەك.

**ئۆلاتماق** «ئۆلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دادىمىز ئۆلتىپ قويغان مېۋىلەرگە ئېغىز تەگكۈزگەن جامائەت ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ دۇئا قىلىشتى.

**ئۆلار** ئى < زوئول > قىرغاۋۇل ئائىلىسىگە مەنسۇپ بولغان چوگراق تاغ قۇشى. ئۇ گۆشلۈك ۋە گۆشى مەززىلىك ھەمدە

كېسەلگە شىپا بولىدۇ.

**ئۆلاشتۇرما** بىر-بىرىگە ئۆلاشتۇرۇلۇپ ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئۆلاشتۇرۇلغان: ئۆلاشتۇرما مەشغۇلات.

**ئۆلاشتۇرما مەشغۇلات** ئىشلەپچىقىرىشتىكى بىر تۈرلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش، يەنى بىر پۈتۈن ئىشنى پۈتكۈزۈشتە ئۇنىڭغا ئۇيۇشتۇرۇلغان ئادەم ۋە ماشىنىلارنىڭ ھەر ۋاقىت بوش قالماسلىقى ئۈچۈن، ئىشنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆلاشتۇرماق** «ئۆلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ قاتتىق كۈنلەرنىڭ قارا كېچىلىرىنى مەن كىرپىك قاقماي تاڭغا ئۆلاشتۇردۇم.

**ئۆلاشتۇرۇلماق** «ئۆلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يېزىدىكى كەنتلەرگە بارىدىغان يوللارمۇ بىر-بىرىگە ئۆلاشتۇرۇلۇپ، قاتناش راۋانلاشتۇرۇلدى.

**ئۆلاشما** سۈپ. بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن، ئۆلاشقان، ئۆلىما: يەنە بىرى بولسا بۇغداي ئۆڭ، ئۆلاشما قاش، قارا كۆز، دوغلاققىنە كەلگەن، سېمىز يىگىت ئىزامىدىن ئىدى.

**ئۆلاشماق** ① «ئۆلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بېلىقچىلار تورنىڭ ئۈزۈلگەن يىپلىرىنى ئۆلىشىپ، يەنە بىر قېتىم سېلىشقا تەييارلاندى. ② بىرىنىڭ ئاخىرىغا بىرى تۇتاشقان، ئۆلانغان، باغلانغان ھالەتتە بولماق: پەسىل كەينىدىن پەسىل، ئىش كەينىدىن ئىش بىر-بىرىگە ئۆلىشىپ كېلىۋەردى. * سۆزىنىڭ باش-ئايىغى ئۆلاشمىدى. * كۈنلەر ئۆتەر ئۆلىشىپ بىر-بىرىدىن مەزمۇندار، بىزنىڭ ھايات يۈكسەك ھايات، يىلدا ئەسىر قاتلىغان. ③ يېقىنلاشماق، تەگلەشمەك:

قادىرنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتى مىڭ جىڭغا ئۆلاشتى. * ئوتتۇز ياشقا ئۆلاشتىڭ، مۇبارەك تويۇڭ ۋەتەن. چاقنىسۇن گۈزەل، كۆركەم، گۆھەردەك بويۇڭ ۋەتەن. ④ يېتىپ كەلمەك، يەتمەك: بۇلار چۈشكە يېقىن بىر يولغا ئۆلىشىپتۇ. * شۇنداق قىلىپ يەتتە كېچە-كۈندۈز چۆل-باياۋان ئىچىدە تېنەپ ئاخىرى بىر چوڭ تاغقا ئۆلىشىپتۇ. ⑤ كۆچمە. ئېرىشمەك، ئىگە بولماق: نەچچە يىلدىن بېرى ئاتىمۇ، ئانىمۇ يىراق-يېقىن دېمەي ھەر تەرەپكە كىشى قويغان بولسىمۇ، دىتىغا ياققۇدەك كېلىنگە ئۆلشالمىدى. * ھەربىي ھوقۇقدار ياردەمگە ئۆلشالمىغانلىقتىن غەزەپكە تولۇپ، بۇ تېلېگراممىنى ئەمدى ئۇرۇمچىگە كېچىكتۈرمەي بېرىۋەتتى. ⑥ كۆچمە. پەيدا بولماق: ئەزىزنىڭ چىرايىغا كۈلكە ئۆلاشتى. * گۈلنۇر خەتنى يېزىۋاتقاندا قوللىرىغا تىترەك ئۆلاشتى.

**ئۆلاغ** ① ئى. يەر ھەيدەش، يۈك توشۇش، مىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ئىشلىتىلىدىغان ئات، قېچىر، ئېشەك، تۆگە، ئۆكۈز قاتارلىق ئائىلە ھايۋىنى: — بولدۇ، — ئەجەبلەنگەن قۇدرەتئاخۇن شەرتنى دەرھال قوبۇل قىلدى، — ئۆلاغنى يېرىم كۈن ئەمەس، بىر كۈن ئىشلەتسەڭمۇ بېرەي، لېكىن نېمىگە ئىشلىتىدىغىنىڭنى بىر دەپباقە؟ * يەكەننىڭ بازارىغا، كىرگەندۇ ئۆلاغ، سامان. ئاڭلاڭلار بۇرادەرلەر، بىزنى كۆيدۈرگەن زامان. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ شۇنچىلىك ئۆلاغقا ئارتىقلى بولىدىغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۆلاغ سامان. ئىككى ئۆلاغ يۇلغۇن. * شۇ كۈنى كۆز باغلانغۇچە يۇرتداشلار قانچە قىلغان بىلەن يۈز ئۆلاغ قۇرۇق ئوتۇننى تەييار قىلالمىدى.

**ئۆلاغ بازىرى** ئات، ئېشەك، كالا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئېلىپ-سېتىش سودىسى بولىدىغان ئورۇن: شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئۆز قېچىرىغا مىنىپ، ئۆلاغ بازىرىغا قاراپ مېڭىشىپتۇ.

**ئۆلاغ ترانسپورتى** ئات، ئېشەك، تۆگە قاتارلىق مىنىدىغان ۋە يۈك كۆتۈرىدىغان ھايۋانلار ۋە هارۋا ئارقىلىق يۈك ۋە يولۇچىلارنى توشۇش ئىشى: ئەمگەك كۈچى كۆپ، ئۆلاغ ترانسپورت ئىمكانىيىتى بار ئائىلىلەر ئوتتۇن، تۇز توشۇپ سېتىپ كىرىمنى كۆپەيتكەن.

**ئۆلاغسىز** ① سۈپ. ئۆلىغى يوق، ئۆلاغقا ئىگە ئەمەس: چارۋىسىز ۋە ئۆلاغسىز قالغان دېھقانلار نەدىمۇ يىراقتىن ئوغۇت يۆتكەشنىڭ ئامالىنى قىلالىسۇن؟ ② رەۋ. ئۆلاغ مىنمەي، پىيادە: ئۆلاغسىز كەلمەك.

**ئۆلاغ-قارا** ئۆلاغ ۋە چوڭ ماللار: مەن قېرىپ ئاجىزلاپ قالدىم، يەرلىرىمنى كۆزدە ئۆلاغ-قارام بولمىغاندىكىن ئاغدۇرالمىدىم.

**ئۆلاغلىق** ① سۈپ. ئۆلىغى بار، ئۆلاغ مىنگەن: قاسىم ئاكاملارمۇ بىر يىلدىلا ئۆلاغلىق بولدى. * ئۆلاغلىق كىشىلەر ئالدى بىلەن كۆۋرۈكتىن ئۆتتى. ② رەۋ. ئۆلاغ مىنىپ، ئۆلاغ بىلەن: ئات باققۇچىلار ئۆلاغلىق ۋە پىيادە سەپ تارتىپ ماڭاتتى.

**ئۆلاق** ① سۈپ. باغلاش، چىگىش، يەملەش، كەپشەرلەش، تىكىش قاتارلىقلار ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان، ئۆلانغان: ئۆلاق بىنپ. ئۆلاق سىم. ئۆلاق تامبال. * كىتىپ بارغان چوكاننىڭ، چېچى ئۆلاق ئوخشايدۇ. شەرەت قىلسام بىلمەيدۇ. ياغاچ قولاق ئوخشايدۇ. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۆلانغان جايى: ئارغامچىنىڭ ئۆلىقى. * سېھىرگەر كەشمىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى، ھەممەيلەن كەشمىنىڭ بوغقۇچىدىكى ئىككى ئۆلاقنى كۆرۈپ قالدى. * ئوقۇغۇچى

شۇ زەنجىر بىلەن، باغلايدۇ شىر، يولۋاسنى بىر چاغ، قالسا ئەگەر سائەتلىك دەرستىن، چۈشىدۇ ئۇ زەنجىرگە ئۇلاق! ③ ئى ‹ ئورم › يېتىشتۈرۈلىدىغان سورتلۇق تۈپنىڭ بىخ ياكى نوتىلىرىنى يەنە بىر تۈپكە ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشى: بوۋاي ئۇلاق ئۇلاشتا، موماي گۈل ئۆستۈرۈشتە تەڭدىشى يوق ماھىرلاردىن ئىكەن. * باغنىڭ ئىچى پۈركەنگەن، رەڭمۇرەڭ گۈل-چېچەككە. بوۋام ئۇلاق سالىدۇ، ئامۇت، شاپتۇل، ئۆرۈككە.

**ئۇلاق تېگى** ‹ ئورم › ئۆسۈملۈكلەرنى ئۇلاشتا ئۇلانغۇچى تۈپ ئۇلاق تېگى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، ئامۇتقا نەشپۈت ئۇلانسا، نەشپۈت قىيچا، ئامۇت ئۇلاق تېگى بولىدۇ.

**ئۇلاقتۇرماق** پ. بىر تەرەپكە ئاغدۇرماق، يىقىتماق: زاكىر ئۇنىڭ دۈمبىسىگە بىر پالتا ئۇرۇپ يەرگە ئۇلاقتۇرۇپ تاشلىدى. * گاھى تەدبىر ئۇنى كۆككە ئۇلاشتۇرغان، گاھى تەقدىر غەم چۆلىگە ئۇلاقتۇرغان.

**ئۇلاقچى** ئى. كۆچەتلەرنى ئۇلاش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئۇستا، تەجرىبىلىك ئۇلاقچىلار ئادەتتە كۈن قىزىغاندا ئۇلاق ئۇلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى، كۈن قىزىغاندا غولىدىكى شىرە ھەرىكىتى تېزلىشىدۇ، ئۇلانغان بىختا شىرە تېز تەسىر كۆرسىتىپ، كۆزنى غولغا چاپسان ئۆزلەشتۈرىدۇ.

**ئۇلاقچىلىق** ئى. ئۇلاق ئۇلاش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: باغۋەنچىلىك ئىشى ئۇرۇق تېرىش بىلەن باشلىنىپ، ئۇلاقچىلىق بىلەن راۋاجلىنىدۇ.

**ئۇلاقسىز** سۈپ. ئۇلىقى يوق، ئۇلاق ئۇلانمىغان: يوقالدى، قالدى ئۆي شام ۋە چىراغسىز، كۆچەتمۇ قالدى سۇسىز، ئۇلاقسىز.

**ئۇلاق-قۇراق** ھەر خىل لاتىلاردىن ئۇلاپ قۇراشتۇرۇلغان: ئۇلاق-قۇراق لاتىلار.

**ئۇلاقلىق** سۈپ. بىر-بىرىگە ئۇلاپ تۇتاشتۇرۇلغان: ئۇلاقلىق يىپ.

**ئۇلالڭ** ئى. ئېگەرنى توقۇغاندا تۆشتىن، قورساقتىن تارتىپ چىگىلىدىغان تاسما: تۆش ئۇلالڭ. * ھەممە ئادەم ئاتلىرىنى توقۇپ، تۆش ئۇلاڭنى تارتىپ، تەييار بولدى دېسەكمۇ بولىدۇ.

**ئۇلانما** سۈپ. بىرىنىڭ ئاخىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان، ئۇلانغان ھالەتتىكى: ئۇلانما يەڭ كىيىم. * ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ئالدىنئالا سائەت-مىنۇتلاپ پىلانلاپ، ۋاقىتلاردىكى ئۇلانما مەشغۇلاتقا ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇش-بۇ ئەرزىگۈدەك ئىشمۇ؟

**ئۇلانماق** « ئۇلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر خىل ئېلېكترونلۇق ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەر توك مەنبەسىگە ئۇلاندى. * شۇنداق قىلىپ، ئىككى چىراي بىر-بىرى بىلەن سوغۇققىنا ئۇچرىشىپ ئالدىنقى كۆڭۈلسىزلىكنىڭ داۋامى بىر-بىرىگە ئۇلاندى.

**ئۇلاي** I ئى. جان ت ← **ئۇلار**.

**ئۇلاي** II ئى. دىئال. پار، ھور، بۇس.

**ئۇلتاڭ** ئى ① ئاياغ كىيىمنىڭ يەرگە تېگىپ تۇرىدىغان قىسمى، دەسسىلىدىغان يېرى؛ تاپان، چەم: ئۇلتاڭ سالماق. ② ھارۋا چاقىنىڭ گەردىشى: چاقىنىڭ ئۇلتىڭى. ③ قېپىق، قولۋاق قاتارلىقلارنىڭ تېگى.

**ئۇلتاڭسىز** سۈپ. ئۇلتىڭى يوق، ئۇلتاڭ سېلىنمىغان.

**ئۇلتاڭلىق** سۈپ. ئۇلتىڭى بار، ئۇلتاڭ سېلىنغان: ئوڭغۇل-دوڭغۇل تاشيولنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا بىر تۆمۈر ئۇلتاڭلىق ئەسكى ھارۋا ئالدىرىماي كېتىپ باراتتى.

**ئۇلترا** سۈپ (ر‹ لات) دەرىجىدىن، ئادەتتىن تاشقىرى؛ زىيادە: ئۇلترا ئاساسلىق جىنس، ئۇلترا قىسقا دولقۇن.

**ئۇلترا ئاساسلىق جىنس** <گېئول> ماگما جىنسىنىڭ چوڭ بىر تۈرى. خىمىيۋى تەركىبىدە $SiO_2$ نىڭ مىقدارى 45% تىن ئاز بولغان، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا FeO, MgO قاتارلىق ئاساسلىق تەركىبلەر مىقدارى كۆپ بولغان ماگما جىنسىنى كۆرسىتىدۇ. ئاساسلىق مىنېرال تەركىبى زەيتۇن تاش، پىروكسىن ياكى ئۇلارنىڭ يېمىرىلىپ ئۆزگەرگەن تۈرلىرىدىن ھاسىل بولىدۇ. رەڭگى قېنىق، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى يۇقىرى. ئۇلار كۆپىنچە ئاساسلىق جىنس بىلەن بۆلۈنگەن ئارىلاشما جىنس گەۋدىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى** <فىز> ئادەم ئاڭلىيالايدىغان ئەڭ يۇقىرى چاستوتا (20 مىڭ گېرتس) دىن ئېشىپ كېتىدىغان ئاۋاز دولقۇنى. ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنى تۈز سىزىق بويلاپ تارقىلىدۇ، نىشانلىق بولىدۇ ھەمدە قايتىپ كېلەلەيدۇ، جىسىملارغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۇ تۈرلۈك تېخنىكا تارماقلىرىدا مەسىلەن، مېتاللاردىكى دەز نى تەكشۈرۈش، دېڭىز چارلىشى ھەمدە تىببىي دىئاگنوز قويۇش، داۋالاش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**ئۇلترا بىنەپشە نۇر** <فىز> ← **رېنتگىن نۇرى.**

**ئۇلترا بىنەپشە نۇر رادىئاتسىيىسى** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇق دائىرىسى 4 ~ 400 مىكرو مىللىمېتىر بولىدىغان ئېلېكتىر ماگنىت رادىئاتسىيىسى.

**ئۇلترا بىنەپشە نۇر مىكروسكوپى** <فىز> ئۇلترا بىنەپشە نۇردىن پايدىلىنىپ نەرسىلەرنىڭ تەسۋىرىنى چوڭايتىدىغان مىكروسكوپ.

**ئۇلترا توك ئۆتكۈزۈشچانلىق** <فىز> بەزىبىر مېتال ئۆتكۈزگۈچلەر تېمپېراتۇرا تۆۋەنلەپ مۇتلەق تېمپېراتۇرا 0°(-273.15°C) گە يېقىنلاشقاندا، ئېلېكتىر قارشىلىقى پۈتۈنلەي دېگۈدەك يوقايدۇ، بۇ خىل خۇسۇسىيەت «ئۇلترا توك ئۆتكۈزۈشچانلىق» دېيىلىدۇ. بۇ خىل ھادىسە «ئۇلترا ھادىسە» دېيىلىدۇ.

**ئۇلترا تۆۋەن تېمپېراتۇرا** <فىز> تۆۋەن تېمپېراتۇرىدىنمۇ تۆۋەن بولغان تېمپېراتۇرا. فىزىكىدا ئۇ -263°C دىن تۆۋەن بولغان سۇيۇق ھالەتتىكى ھاۋانىڭ تېمپېراتۇرىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇلترا رېئالىزم** <گ سەن> سەنئەت ياكى ئەدەبىياتتىكى تەبىئىي بولمىغان ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە بىرىكتۈرۈشلەردىن پايدىلىنىپ، غەلىتە فانتازىيە ياكى بىر-بىرىگە زىت كېلىدىغان ئوبرازلارنى پەيدا قىلىدىغان پرىنسىپ، غايە ۋە ئەمەلىيەت قاتارلىقلار.

**ئۇلترا قىسقا دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن 1 مېتىرغىچە (چاستوتىسى 30 مېگاگېرتستىن 300 مېگاگېرتسقىچە) بولغان رادىئو دولقۇنى. ئادەتتە ئىئونلۇق قەۋەتنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ ھەم قايتمايدۇ. ئاساسەن تېلېۋىزىيە ئاڭلىتىشى، خەۋەرلىشىش، رادار قاتارلىق جەھەتلەردە قوللىنىلىدۇ.

**ئۇلترا كىسلاتالىق جىنس** <گېئول> ئادەتتە تەركىبىدىكى سىلىتسىي ئوكسىدىنىڭ مىقدارى 75% تىن ئاشىدىغان جىنسلارنى كۆرسىتىدۇ. ئالياسكىت ۋە بەزى ئاق چىرىمتاللىق گرانىت قاتارلىقلار ۋەكىللىك جىنس بولىدۇ. ئۇنىڭ تەركىبىدە توق رەڭلىك مىنېراللار يوق دېيەرلىك. ئاچ رەڭلىك مىنېراللار ئاساسلىقى كىسلاتالىق دالا شپاتى بىلەن كۋارتستىن ئىبارەت.

**ئۇلترا مارىن** <گېئول> توق كۆك رەڭلىك ئانئورگانىك بىرىكمە. سېغىز توپا، گۈڭگۈرت، ساپ كۆمۈر، كۋارتس قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ. ئادەتتە رەختلەرنى بوياش ياكى سىر، مەتبەئە مېيى قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇلترا مېتامورفىزم** <گېئول> تاغ پەيدا بولۇش بەلبېغىنىڭ چوڭقۇر قىسمىدىكى رايونلۇق ئاينىش تەسىرى ئاساسىدا گرانىتلىق تۆمۈرلەرنىڭ رايونلۇق ئاينىغان جىنسلارغا بۆسۈپ كىرىپ، ھەر خىل ئارىلاشما جىنسلارنى شەكىللەندۈرۈش ھادىسىسى.

**ئۇلترا مىكروسكوپ** <فىز> چوڭايتىش ھەسسە سانى ئادەتتىكى مىكروسكوپلاردىن نەچچە ئون ياكى نەچچە يۈز ھەسسە چوڭ بولغان مىكروسكوپ.

**ئۇلترا ئۆتكۈزگۈچ** <فىز> ئۇلترا توك ئۆتكۈزۈشچانلىقنى ئىپادىلەيدىغان جىسىم.

**ئۇلترا يۇقىرى بېسىم** <فىز> ① 100 مىڭ ئاتموسفېرا بېسىمدىن ئېشىپ كېتىدىغان بېسىم. ② 220 مىڭ ۋولتتىن يۇقىرى توك بېسىمى. ئۇلترا يۇقىرى بېسىم ئادەتتە يىراق جاپلارغا توك يەتكۈزۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇلتىماتۇم** ئى (ر<لات) <ت ئىش> بىر دۆلەت باشقا دۆلەتنىڭ قوبۇل قىلىشى زۆرۈر دەپ قارىغان تەلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قوبۇل قىلمىسا قورallıq كۈچ ئىشلىتىلىدىغانلىقى ياكى باشقا مەجبۇرلاش تەدبىرلىرى قوللىنىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان دىپلوماتىك ھۆججەت. بۇنداق ھۆججەتتە مەلۇم مۇددەت ئىچىدە جاۋاب بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

**ئۇلداتماق** «ئۇلدىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تامنى ئۇلداتماق.

**ئۇلداشماق** «ئۇلدىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇلدانماق** «ئۇلدىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇلدىماق I** پ ① ئۇلىنىڭ چۈشۈپ كەتكەن، بۇزۇلغان يەرلىرىنى كېسەك، لايلار بىلەن پۈتۈنلىمەك؛ مۇستەھكەملىمەك، چىڭىتماق: تامنى ئۇلدىماق. ② قوغۇن، تاۋۇز، كاۋا، قاپاق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ تۈۋىنى كۆلاپ، قىغ، بويا قاتارلىقلارنى كۆمۈپ ئوغۇتلىماق: قوغۇن ئۇلدىماق. تاۋۇز ئۇلدىماق.

**ئۇلدىماق II** پ. دىئال. تاشلىق يولدا تاقسىز ھايۋانلارنىڭ تۇيىقى ئۇپرىماق.

**ئۇلغايتماق** «ئۇلغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەمەت ئۇستام گەپ سورىغاچ ئوتقا كۆمۈر تاشلاپ ئۇلغايتتى. * — گەپنى مۇنچىۋالا ئۇلغايتىپ كەتمىسەكمۇ بولىدىغۇ دەيمەن، — دېدى گۈلشاد كۈلۈمسىرەپ.

**ئۇلغايتىشماق** «ئۇلغايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇلغايتىلماق** «ئۇلغايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇلغايماق** پ ① مىقدارى، ھەجىمى كۆپەيمەك، ئاشماق، زورايماق: كۈن چۈشكە يېقىنلاشقاندا، سۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، گەزمال ۋە قەنتلەر سۇغا چىلىشىپ نابۇت بولۇش خەۋپى تۇغۇلدى. * باھار كېلىپ، ياز كېلىپ، ئۇلغايدى تاغ سۇلىرى. ئېچىلماقتا يۇرتۇمدا، ئىنتىپاقلىق گۈللىرى. * بۇ چاغدا ماشىنىدىكى ئوت تېخىمۇ ئۇلغىيىپ كېچە ئاسمىنى ۋە پۈتۈن ئەتراپنى قىزارتىۋەتكەنىدى. * تاغ تەرەپكە

يېقىنلاشقانسېرى يېنىك چىققان شامال ئۆلغايغىلى تۇردى. * بۈگۈن تۈن يەنە ئۇ، بارار بەزمىگە، كۆتىدۇ كۆلۈبىنىڭ ئالدىدا ھېزىم. بۇ شېرىن خىيالدىن ئويناپ يۈرىكى، قەلبىدە ئۆلغايدى ئۆتلۈق بىر سېزىم. ② جىقلىماق، ئاۋۇماق، كۆپەيمەك: ئىش قىلىپ، ئىمىن كۆلانىڭ نەزىرىدە، سايىم 5-دادۇيدە يۈز بەرگەن ماجىرانىڭ ئۆلغىيىشىنى، چوڭىيىشىنى كۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. * يېقىنلاپ كەلمەكتە چۈش مەزگىلمۇ، كۆرۈنمەس ۋەكىللەر دىدارى تېخى. غۇلغۇلا ئۆلغايدى شۇدەم. مەيدانىدا، بورانغا ئايلىنىپ سەۋرى-تاقىتى. ③ تەرەققىي قىلماق، كېڭەيمەك: بىزنىڭ قوشۇنىمىز بارغانچە ئۆلغىيىپ بارىدۇ. * قىقاس-چۇقان پۈتۈن ئەتراپنى قاپلاپ، خەلق توپى بارغانسېرى ئۆلغايدى. ④ چوڭايماق، يوغىنىماق، ئۆسمەك: يېشى ئۆلغايغانسېرى، قىز-چوكانلار يوشۇرۇن كۆز سالىدىغان بولدى. * ئەي ۋەتەن سەندە تۇغۇلدۇم، سەندە ئۆستۈم ئۆلغىيىپ، سەندە ياشناپ، سەندە ئۆلسەم يوقتۇر ئارمانىم مېنىڭ.

**ئۆللۈق** سۈپ. ئۆلى بار، ئۆل قويۇلغان: — يېڭى دېھقان يالغۇز ئۆز غېمىدىلا بولمايدۇ، — دېدى تاغام خۇشاللىق بىلەن، ئارقا تېمىڭ ئۆللۈق بولسا، مۇشتۇمۇڭ بازغان، دېگەن ماقال بار.

**ئۆللۈق ماددا** < گېئول > بىرقەدەر چوڭ ئۆۋىنىدىلار ئارىسىنى تولدۇرىدىغان بەزى ئۇششاق دانچىسىمان ماددىلارنى، مەسىلەن، قۇم تاش ئارىسىدىكى ئۇششاق ئەشمە قۇم ۋە سېغىز توپىلىق ماددىلارنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇلۇس** ئى. مىللەت؛ خەلق: بىر ئۇلۇس ئۆزىنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى بولغىنى ئۈچۈنلا، ئۆز ئۆزىگە خاس بىر ئۇلۇس بولىدۇ. * كۆيدى ھەتتا ئار ۋە نومۇس، كۆيدى ھەق ۋە كۆيدى دۇرۇس: كۆيدى جۇڭخۇا پۈتكۈل ئۇلۇس، كۆيدى، كۆيۈپ گۇم بولغۇنچە.

**ئۇلۇغ** ① سۈپ. ھەجمى، ئورنى غايەت چوڭ، كاتتا: بۇ تاغنىڭ باغرىدا ئۈچ يۈز ئاتمىش دارا بولۇپ، ھەربىر دارادا بىردىن بۇلاق بار ئىدى. بۇ بۇلاقلار قوشۇلۇپ، ئۇلۇغ بىر دەريا بولۇپ ئاقاتتى. * ياق! كۈننى توسالمايدۇ قارا بۇلۇت، ئارسلان ياتالمايدۇ. تۇتقۇندا جىم. پارتىيە قوغلاپ قۇچنى باھار، لاتقىنى يۇيۇپ كەتتى ئۇلۇغ ئېقىن. // ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئۇلۇغ ئېچىۋېتىلگەنىدى. * مېھمان ئۇلۇغ ئوچۇق ئىشىكتىن پات-پاتلا سىرتقا قاراپ قوياتتى. ② سۈپ. بارغانسېرى ئۆلغايغان، شىددەتلىك، كۈچلۈك: يىگىت قاچتى ئارقىسىدا ئۇلۇغ ئوت، ۋە ئالدىدا بۇلۇت باسقان ئۈپۈقلار. ئايان بولدى. خۇددى كېسەل كىشىدەك، ئازاب بىلەن ئىڭراپ ياتقان كەڭ يۇرتلار // ئاداش، ئوت ناھايىتى ئۇلۇغ كۆيۈۋاتىدۇ. ③ سۈپ. ھەر جەھەتتىن يۇقىرى، قۇدرەتلىك: ئۇلۇغ ۋەتەن. ئۇلۇغ خەلق. * مۇنداق ئۇلۇغ ئەلدە تېپىلمايدىغان نېمىلەر بار؟ * شۇ زامانغا ئېلىپ كەلدى بىزنى ئۇلۇغ پارتىيە. باشلاپ ماڭدى. چوڭ نىشانغا، تەڭدىشى يوق پارتىيە. ④ سۈپ. ناھايىتى ئەھمىيەتلىك، مۇھىم، بۈيۈك: پاتمە بىلەن سونۇر بولسا كەلگۈسىدىكى ئۇلۇغ ئارمانلار ھەققىدە سىردىشىپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ بىللە مېڭىشتى. * دېمەك، ئاۋۋال غايە بولۇش ئاندىن ئۇلۇغ غايە يولىدا كۈرەش قىلىش كېرەك. ⑤ سۈپ. ھۆرمەتكە سازاۋەر، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئالىيجاناب: — ئۇلۇغ پادىشاھىم، ئۇستىلار ئاسماندا تۇرسا، قانداق يەتكۈزگىلى بولىدۇ، بۇ ئىش ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىكەن، — دەپتۇ سول قول ۋەزىر. *

بىزنىڭكىگە كېلىدىغان مېھمان ناھايىتى ئۇلۇغ مېھمان، ئۇ خەلقنىڭ ئىچىدىكى بىباھا گۆھەر، سەنئەت خەزىنىمىزنىڭ ساقچىسى، تالڭ سەھەرنىڭ يورۇق يۇلتۇزى، مېنىڭ قەدىردان كەسىپدىشىم. ⑥ سۈپ. غايەت ئىقتىدارلىق، تالانتلىق؛ قىلغان خىزمىتى بىلەن خەلققە تونۇلغان، مەشھۇر: ئۇلۇغ شائىر. ئۇلۇغ يازغۇچى. ئۇلۇغ داھىي. * ئۇلۇغ فىزىك ئېينشتېين: «مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش دېگىنىمىز جاپالىق ئەمگەك قىلىشقا مۇۋاپىق ئۇسۇلنىڭ قوشۇلۇشى، ئۇنىڭغا يەنە قۇرۇق گەپلەرنى ئاز سۆزلەشنى قوشۇش دېمەكتۇر» دېگەنىدى. ⑦ ئى (شەخس ياكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى بىلەن) مەنسەپدار، باشلىق: پادىشاھ خاس ئۇلۇغلىرى بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى خاس جايغا چۈشۈردى. * قەلەندەرلەر شەھەر ئۇلۇغلىرىغا قاراپ: — سىزلەر نېمە دەيسىزلەر؟ — دېدى. * — ھۆرمەتلىك تەقسىرلىرىم، كەچۈرۈشسىلە، ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ بىئارام بولىدىغانلىقىنى بىلمەپتىمىز، — دېدى مۆمىن. ⑧ سۈپ. ياشتا ۋە ھۆرمەتتە چوڭ: ئۇلۇغ بوۋا. ئۇلۇغ ئاغچا خېنىم. ⑨ سۈپ. ناھايىتى تەنتەنىلىك، بەختكە تولغان، ئۇلۇغۋار: ئۇلۇغ ھېيت كۈنلىرى. ئۇلۇغ بايرام. * نەئىمدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى كۆرگەن كەمپىر خۇش بولۇپ: «بۈگۈن بەك ئۇلۇغ ۋە مۇبارەك كۈن ئىكەن-ھە، قىزىم!» — دەپتۇ. * بۈگۈن ئۇلۇغ جۈمە كۈنى، بالام، ماڭا بولدى قاراتۇن، بالام. يېشىم ئاقتى يۈزۈمگە، بالام، زۇلمەت پاتتى كۆزۈمگە، بالام. ئاھ بالام ئابدۇراخمان ئاخۇنۇم نادىرخان غوجام. ⑩ ئەر ۋە ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**ئۇلۇغ بەھەك** دىئال. پىلە قۇرۇتىنىڭ تۆتىنچى قېتىم ئۇخلاش ۋاقتى.

**ئۇلۇغ بوۋا** بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ دادىسى.

**ئۇلۇغ تىنماق** چوڭ نەپەس ئالماق: ئۇ قوشۇمىسى تۈرۈلگەن ھالدا چوڭقۇر سۈكۈت ئىچىدە ئۇلۇغ بىر تىندى-دە، بۇ يەردىن ئايرىلىشقا سەۋەب بولغان شۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى ۋە كېيىنكى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەرنى ئەسلەشكە باشلىدى.

**ئۇلۇغ دىداكتىكا** ‹مائار› چېخوسلوۋا-كىيىلىك A. J كومېنيۇس تەرىپىدىن يېزىلغان كىتاب نامى. 1632-يىلى نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭدا ئاساسەن فېئوداللىق مائارىپقا قارشى تۇرۇلۇپ، يېڭى بۇرژۇئازىيىنىڭ مائارىپ نۇقتىئىنەزەرى بايان قىلىنىدۇ. ئۇ يېقىنقى زامانىدىكى ئەڭ دەسلەپكى سىستېمىلىق پېداگوگىكا ئەسىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئۇلۇغ موما** بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ ئانىسى.

**ئۇلۇغزادە** ئى. يۇقىرى مەرتىۋىلىك ئۇلۇغ كىشىنىڭ پەرزەنتى: جاھاندا ھېچ كىشى يەتمەس مۇرادقا، مەيلى شاھ ياكى بولسۇن ئۇلۇغزادە.

**ئۇلۇغ-كىچىك** ← **چوڭ-كىچىك**: ئۇلۇغ-كىچىك تىنماق.

**ئۇلۇغ-كىچىك تىنماق** ئېغىر نەپەس ئېلىپ خورسىنماق: ئۇ ئىختىيارسىز «دادا!» دېدى-دە، تولغىنىپ تۇرۇپ بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىندى. * كېرىم راسا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىندى-دە، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. * — ئاھ خۇدا! كارامىتىڭدىن ئۆرگىلەي! — دەيتتى ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، سەن بەرگەن كېسەلنىڭ ياخشى-يامىنى يوق، ھەممىسى بەندەڭنىڭ ساداقىتىگە، شۈكۈرگە

قىلىنغان بىر سىناق!

**ئۇلۇغلاتماق** «ئۇلۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېيىنكى چاغلاردا كېلىپ ئۇلتۇراقلاشقان بىرقانچە تاجىك يولداشلار بىلەن ھېلىقى بۇلاقنىڭ ئاغزىنى كېڭەيتىپ ئېچىپ سۇيىنى خېلى ئۇلۇغلاتتۇق.

**ئۇلۇغلاشماق** «ئۇلۇغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇلۇغلانماق** «ئۇلۇغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنداقلار ھەمىشە ۋە ئەبەدىي ئۇلۇغلىنىپ قېلىشقا، ھۆرمەتلىنىشكە تېگىشلىك. * كۆيلىنەر ئۇنىڭدا مۇھەببەت، ھىجران، ۋىساللىق كېچىلەر ئۇلۇغلىنىپ ھەم. كېلىدۇ شۇ مۇقام، ناخشىلار بىلەن، باتۇرلار داستانى تولۇقلىنىپ ھەم.

**ئۇلۇغلۇق** «ئۇلۇغ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: غەيرەتسىز، ھىممەتسىز كىشى ھېچقاچان ئۇلۇغلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ. * مەن كۆرەرمەن قامىتىڭنى پەھلىۋاندەك تىك، غۇرۇر، ماڭلىيىدا بىر ئۇلۇغلۇق مەڭگۈ يولداشىڭ سېنىڭ.

**ئۇلۇغلىماق** پ. ھۆرمەتلىك كىشىلەر قاتارىدا كۆرۈپ مۇئامىلە قىلماق، ھۆرمەتلىمەك، ئەزىزلىمەك: كىشىلەر بۇ شەھەرنى خوجانەسىردىن بىرمەزگىل ياشىغان يۇرت، دەپمۇ ئۇلۇغلايدىكەن. * ئانا تۇپراق بولغاچقا، بېغىم، ئۈستۈم ئەركىن يېلىنىزلاپ، شاخلاپ. شۇ سەۋەبتىن سۆيىمەن ئۇنى، يۈرىكىمدىن بەكمۇ ئۇلۇغلاپ.

**ئۇلۇغ-ئۇششاق** چوڭ-كىچىك، قېرى-ياش: پۈتۈن ئۈرۈمچى-ئەھلى ئەر-ئايال، ئۇلۇغ-ئۇششاق سەلدەك تەۋرىنىپ، شىمالىي كوچىلارنى بويلاپ، غۇلجا يولىغا قاراپ ئاقماقتا ئىدى. * ساماۋارنىڭ چۆرىسى، ئادەم بىلەن لىق تولغان، ئۇلۇغ-ئۇششاق قەشقەرلىق، ئەتراپىغا جەم بولغان.

**ئۇلۇغۋار** سۈپ ① سالاپەتلىك، ئۇلۇغلاردا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت چىقىپ تۇرغان: ئۇنىڭ چىراغ نۇرىدا پارقىراپ تۇرغان بەستلىك قىياپىتى شۇنچە مەزمۇت، شۇنچە ئۇلۇغۋار كۆرۈنەتتى. * بۇ كېنىزەك ئۇلۇغۋار قەدەم تاشلاپ جىلۋە بىلەن كىرىپ تەختكە چىقىپتۇ. ② ناھايىتى مۇھىم، ئۇلۇغ مەقسەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، بۈيۈك: مۇشۇنداق قىلغاندا بۇ ئۇلۇغۋار ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققىلى بولىدۇ. * — خاتىرجەم بولۇڭ! — دېدى قادىر، — ئۇلۇغۋار پىلانغا ئايلانغان بۇ يۈكسەك ئارزۇ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدۇ. ③ ھەرمەتلەشكە سازاۋەر، يۇقىرى مەرتىۋىلىك، ئۇلۇغ: ئۇ ماڭا بىچارە ئەمەس، بەلكى ئۇلۇغۋار، سۆيۈملۈك بىر كىشى بولۇپ كۆرۈندى. * بۈگۈن چوڭ پەخىرلەنگەيمەن ئۇلۇغۋار شۇ ئېلىم بىرلە، ۋەتەنىنىڭ شۆھرىتى ھەر چاغ مېنىڭكى ئەڭ شەرەپ شانىم!

**ئۇلۇغۋارلىق** «ئۇلۇغۋار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەن ئۇنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە قارا! ئۇنىڭدىن بىر ئۇلۇغۋارلىق، شاھلىق سىياقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. * بۇ چىرايلىق يۈزلەردە ئاللىقانداق ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ئىزى بار.

**ئۇلىماق** پ ① يىپ، سىم، ئارقان، قاتارلىقلارنىڭ ئۇچلىرىنى باغلاپ، چىگىپ بىرلەشتۈرمەك: يىپنى ئۇلىماق. سىمنى ئۇلىماق. * بىخەتەرلىك سىمنى پەم بىلەن مۇستەھكەم ئۇلىدى. ② بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرماق، تۇتاش ھالەتكە كەلتۈرمەك: ۋەي، تېلېفوننى مۇدىر ئىشخانىسىغا ئۇلاپ بېرىڭە! * قوتازمۇ چىقالمىغان چوققىلاردىن، ئۆتمەكتە كارۋىنىمىز كۆلكە بىلەن. تېگىدىن يول ئېلىپ بىز تۆمۈر يولنى، ئۇلىدۇق بۇ يىراق يۇرت-ئۆلكە بىلەن. ③ يېتىشتۈرۈلىدىغان سورتلۇق تۆپىنىڭ بىخى

ئورۇنلاشتۇرماق: مەنمۇ بېنىپ مەكتەپتىن بوۋام بىلەن ئىشلەيمەن. ئۇلاق ئۇلاپ بوۋامدەك، پېتىشمەكنى كۆزلەيمەن. ④ كۆچمە. بىرىدىن كېيىن باشقىنى قوشۇپ داۋاملاشتۇرماق: ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇمۇ ماڭا ئوخشاشلا كىرپىك قاقماي تۈنىنى تاڭغا ئۇلىغان ئوخشايدۇ. * شۇ كۈنلا ئۇ بۇ ئىشقا ئۆزى ماڭماقچى بولۇپ، ئەل ياتقاندا ھېلقى ناخشىسى تۈگەپ قالسا، يەنە ئۇلاپ، توۋلىغان پېتى ئازنىخاتىنىڭكىگە يۈرۈپ كەتتى. ⑤ كۆچمە. قوشماق، باغلىماق (كۆڭۈل، يۈرەك ھەققىدە): نە قىلاي، نىمە قىلاي، غېرىپ كۆڭلىنى ئۇلىماي. ئەر بولسام كەتمەسمىدىم، ئىچىمگە دەردىنى سولىماي. * بىر يۈرەك قېنىدىن چىققان مېھرىنى، ساداقەت ئۇلايدۇ باشقا يۈرەككە. ۋاپاغا ۋاپادار بولمىغان ئىنسان، نەپرەتنىڭ ئوتىدا كۆيەر ئەبەتكە. ⑥ قوشماق؛ ئۇزارتماق: نىمجان بالىسىغا ئۆمۈر ئۇلىغان، ئانىدەك مېھرىنى بېرىپ ئۆتكەنتى. بىر تالمۇ باشاقنى قالدۇرماي ئالا، تەپتەكشى دورىلار سېپىپ ئۆتكەنتى.

**ئۇماچ** ئى (پ) قوناق ياكى تېرىق ئۇنىنى گۆش ۋە چامغۇر قاتارلىقلار سېلىپ قاينىغان سۇغا چېلىپ تەييارلىنىدىغان سۇيۇق تاماق: ئۇمىچى يوق مازاردىن شەيخ زېرىكىپتۇ (ماقال). * باي، زالىملار ئۆتمۈشتە، يەيتى كۈندە ئاق توقاچ. ئىچەلمەيتتى كەمبەغەل، بىر ۋاخلىقمۇ توق ئۇماچ.

**ئۇماچ قورساق** قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، بىلىمسىز، نادان: نەدىكى ئۇماچ قورساقلار بۇگۈن ئۇنى قىل، بۇنى قىل دەۋاتىدىغۇ؟

**ئۇماچخانا** ئى. جامائەت ئۈچۈن ئۇماچ ئېتىلىدىغان چوڭ قازان ئېسىلغان ئۆي: ئەلۋەتتە، بىكارغا مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ دېگەن گەپ بار، بۇ تېخى مۇھىم تەرەپ، بۇندىن باشقا بىز «جامائەت ئاشخانىسى» دەپ ئاتالغان ئىلگىرىكى ئۇماچخانىنى تۈزەشتۈرۈپ ياشلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆيى قىلدۇق.

**ئۇماي** ئى. دىئال. ئوغۇل بالىنىڭ ئورۇقدىنى؛ ئەش، ھەمراھ.

**ئۇمتاق** ئى. دىئال. چايغا چىلاپ يۇمشىتىپ ئۇماچ ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن نان.

**ئۇمۇناق** پ. دىئال. ئالدىنىپ قالماق، ئۇمىدى يوققا چىقماق.

**ئۇمۋالنىك** ئى (د) يۈز-قولنى يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلانغان جۈمەكلىك قۇرۇلما.

**ئۇن** ئى ① ئاشلىق دانلىرىنى تۈگمەندە تارتىش يولى بىلەن ھاسىل بولىدىغان توزان ھالەتتىكى تالقانسىمان ئۇزۇقلۇق: بۇغداي ئۇنى. قوناق ئۇنى. تۈگمەن ئۇنى. زاۋۇت ئۇنى. * بۇغداينى تۈگمەنگە ئېلىپ بېرىپ ئۇن قىلسەن، ئۇننى خېمىر يۇغۇرۇپ نان يېقىپ قۇرۇتسەن. ② كۇكۇم-تالقان ھالەتكە كەلتۈرۈلگەن مەھسۇلات: قۇرۇتۇلغان سامساق ئۇنى.

**ئۇن تارتماق** ئاشلىقنى تۈگمەندە ياكى زاۋۇتتا يۇمشىتىپ ئۇنغا ئايلاندۇرماق: بۇلتۇر قىشتا، مۇھەممەت باي ئاكا ئۇلارغا ئىككى قېتىم ئۇن تارتىپ ئەكىلىپ بەردى.

**ئۇناتماق** «ئۇنىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ــ ئۇنايدۇ، ئۇنىتىمىز، ھازىر ئۇنىمىسا، ئاستا-ئاستا ئۇنىتىۋالىمىز، ــ دېدى مۇتەللىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى توپا-چاڭنى قېقىپ تۇرۇپ. * خورازجاننى ئۇچرىتىپ، دېرىزىنىڭ تۈۋىدە. ئۇنى ئاران ئۇنىتىپ، بولدۇم بىر پەس سۆھبەتتە.

**ئۇناشتۇرماق** «ئۇناشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تويدىن ئىلگىرى

ئالدى بىلەن قىز ياكى يىگىتكە لايىق تېپىپ، ئۇلار ئۇناشتۇرۇپ قويۇلىدۇ-دە، ئۇلارنىڭ بېشى باغلىنىدۇ.

**ئۇناشماق** «ئۇنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاكام ئۇزۇق-تۈلۈك ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن كەنتكە قايتىشنى تەكلىپ قىلغاندا بەزىلەر ئۇناشمىدى.

**ئۇنتۇشماق** «ئۇنتۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈچەيلەن نىشانىنى بايقاپلا ۋۇجۇدىدىكى ئاچلىق، هارغىنلىقنى ئۇنتۇشتى.

**ئۇنتۇغاق** سۈپ. ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدىغان، ئەستە ياخشى ساقلىيالمايدىغان: — ئۇنتۇغاق بولدۇڭ — دېدى باشلىق، نېماندا ئۇنتۇغاق يىل! — دېدى باشلىق، نېمانداق ئۇنتۇغاق نېمسەن؟ باهار بايرىمىنىڭ ئالدىنقى كۈنىمۇ دەرۋازىنى ۋاقتىدا ئاچمىدىڭ، مەن سېنىڭ يۈزۈڭگە سالماي كېتىپ قالدىمغۇ؟

**ئۇنتۇغاقلىق** ئى. ئۇنتۇپ قېلىش ئادىتى: ئۇنتۇغاقلىقىمدىن كىتاب ئۆيدە قېلىپتۇ. * ئەمدى ئۇنتۇغاقلىقىڭ قوشۇلۇپ جىنايەت ئىككى بولدى.

**ئۇنتۇق** سۈپ. دىئال. ئۇندەك، تالقان هالەتتىكى.

**ئۇنتۇلدۇرماق** «ئۇنتۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايلار، يىللار ئۆتتى. تۈرلۈك-تۈمەن يېڭىلىقلار، دەرسلىكلەرنىڭ جىددىي تەلەپلىرى بۇ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى ئاستا-ئاستا ئۇنتۇلدۇردى.

**ئۇنتۇلغۇسىز** سۈپ. ئۇنتۇلمايدىغان، هەرگىز ئەستىن چىقمايدىغان؛ دائىم ئەستە ساقلىنىدىغان: ئۇ، ئۆزىنىڭ قايتىپ كەلمەس ياشلىقىنى، ياشلىقتا ئۆتكەن ئۇنتۇلغۇسىز ئىشلارنى قايتا-قايتا ئەسلەپ، كوچىدا خېلى ئۇزاق ماڭدى. * تېخى يېقىندىلا يۈز بەرگەن، مەڭگۈ ئۇنتۇلغۇسىز قانلىق پاجىئەلەر ھەققىدىكى بۇ سوئال ھەر ئىككى يىگىتنىڭ يۈرىكىگە قاتتىق تەگدى.

**ئۇنتۇلماس** ① «ئۇنتۇلماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق (ماقال). ② ھەرگىز ئۇنتۇلمايدىغان، كىشىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغان: ئىككى ئايلىق ئېكسكۇرسىيە ساياھەت لەيلىگۈلدە ئۇنتۇلماس چوڭقۇر تەسىراتلار قالدۇردى. * شۇ تاپتا كۆز ئالدىمدىن 30 نەچچە يىل بۇرۇنقى ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر بىر-بىرلەپ ئۆتۈۋاتاتتى.

**ئۇنتۇلماق** «ئۇنتۇماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مانا بۇ پاجىئە بىزنىڭ ئازابلىق تارىخىدا ئۇنتۇلمايدىغان يەنە بىر بەت بولۇپ قالدى. * ئۇنتۇلسۇنمۇ؟ هېچقاچان، ئۇنتۇلمايدۇ رىزۋانگۈل. ئۇ بىر تۇزىماي ئېچىلىپ، تۇرغان ئەسلى قىزىل گۈل.

**ئۇنتۇماق** پ. ئېسىدىن چىقىپ كەتمەك، ئەسلىيەلمەي قالماق: ئاشنى كۆرۈپ ئىشنى ئۇنتۇما (ماقال). * كۆرگەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە چورۇقۇڭنى قۇرۇتما (ماقال). * سۇغا بېرىپ چېلەكنى ئۇنتۇپتۇ (ماقال). * چولپان، سەن كىمنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقانلىقىڭنى ئۇنتۇپ قالما! * كۈندۈزى كۈنگە قارايمەن، ئاخشىمى ئايغا. ئۇنتۇدۇڭمۇ سەن مېنى يار، كەلمىدىڭ سايغا.

**ئۇنچە** رەۋ ① بەزى سۈپەتلەرگە باغلىنىپ كېلىپ «ئۇ قەدەر، دېيەرلىك» دېگەن مەنىدە سۈپەت بىلدۈرگەن خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىكنىڭ ئاز ۋە كۈچسىزلىكىنى بىلدۈرىدۇ: بۇ مۇناسىۋەتنىڭ تەپسىلاتى ساۋۇتقا خېلى ئايان بولسىمۇ، ئادىل ئۇنچە ئۇچۇق چۈشەنمەيتتى. * كارۋان شەھەرگە يېتىپ كېلىپ ئۇنچە چوڭ بولمىغان بىر سارايغا چۈشتى. ② بەزى پېئىللار بىلەن كېلىپ «ئۇ قەدەر، بىرئاز» دېگەن مەنىدە پېئىل بىلدۈرگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۈچسىز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ:

«شۇنداق» دېدىم مەن ۋە بۇ سۆزگە ئۈنچە ئېتىۋارمۇ قىلمىدىم. * نىسەكرەپ كەتمەك ئۈنچە مەلىكەم، مەن كۆيگىلى بۇ ئوتتا نەكەم.

**ئۈنچە-مۈنچە** ئاز مىقداردا، بىرئاز؛ ئاز-تولا، ئانچە-مۇنچە: ئاپام بازاردىن ئۈنچە-مۈنچە نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلگەندى. * سەن ئۈنچە-مۈنچە گەپكىمۇ ئاچچىقلىنىپ قالىدىغان ئادەم ئەمەسقۇ؟

**ئۈنچىلا** رەۋ. ئۇ قەدەر، ئۈنچىلىك دەرىجىدە: — ئۇلارنىڭ نەرقى بەك ئەرزان دەيدىغۇ؟ — سولايمان ئالدىغا ئېتىنى دېۋىتتى، — ئۇلار بىر بېغىنى ئون بەش پۇڭدىن ئالدىكەنغۇ، ئۈنچىۋالا ئەرزان ساتقۇچە بورا توقۇيلى بولمىسا. * مەتقۇربانباينىڭ دېيىشىچە، دېدى ئېلىقۇل — «سەھىھۇل بۇخارى» ئۈنچىلا تېپىلمايدىغان كىتابمۇ ئەمەس.

**ئۈنچىلىك** ① سۈپ. ئۈنىڭدەك، بۇنچىلىك، ئازغىنە: — بولسا بولغاندۇ، جىنايىتىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن سېنى ئۈنچىلىك ئىشنى قىلمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ * — مەن ئۆزۈممۇ ئۈنچىلىك گەپنى بىلمەن، — دېدى مەخسۇت بەگ. ② رەۋ. ئۈنچە، ئۇ قەدەر، ئۇ دەرىجىدە: بىرلا ۋاقىتتا ھەم دېھقانچىلىق فاكۇلتېتىدا، ھەم سۇچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇش ئۈنچىلىك ئاسان چۈشمىدى. * — ئۇكام ئەكبەر، بۇ دېگەن يېزا، بۇ يەردە ئۈنچىلىك قورقۇنچلۇق دۈشمەن يوق. * سەن ئاشۇ ئىتنىڭ غېمىنى يېسەڭ يەيسەنكى، مېنىڭ غېمىمنى ئۈنچىلىك يېمەيسەن.

**ئۈنچىۋالا** ① سۈپ. بۇنچىلىك كۆپ، شۇنچە نۇرغۇن: — قالغىنى بەك كۆپ ئىكەن، ئۈنچىۋالا قوناقنى نېمە قىلارمەن، — دېدى كىچىككىناخۇن ئاران ئاڭلانغۇدەك ئاۋازدا. * كېرەك يوق، ئابابەكرى ئاتا، ھازىرچە باللار بىزنىڭ ئۆيدە ئوقۇۋسىمۇ بولىدۇ، ئۆزۈم يالغۇز، ماڭا ئۈنچىۋالا ئۆينىڭ نېمە كېرىكى. ② رەۋ. ئۇ دەرىجىدە، ئۇ قەدەر، ئۈنچىلىك: بۇ مۇنچىۋالا كۆپ تالاش-تارتىش قىلمىسىمۇ بولىدىغان مەسىلە ئىدى. * — خوتۇن، — دېدى ھاپىز تەئەددى بىلەن، — ماڭا ئۈنچىۋالا چۈشەندۈرۈپ كەتمىسەڭمۇ بولىدۇ.

**ئۈندا** ئال. ئۇ يەردە، ئۈنىڭدا: دەۋرىمىز خىسلەتكە باي، بىر قەھرىمانلىق مۇنبىرى، ئېچىلار ئۈندا تۇمەن قار لەيلى، مېيخۇا، ئەنبىرى. * جىسمىڭىز ئاچقاي تۇمەندە گۈل-چېچەك، سەيلەتەر ئۈندا ئوغۇل-قىز كېلەچەك.

**ئۈندا-بۇندا** ① ئۇ يەر-بۇ يەردە ئاندا-ساندا: ئۈنىڭ بېشىدا ئۈندا-بۇندا ئاقلار پەيدا بولۇپتۇ. ② بىرە-بىرە، گاھ-گاھ: قارىساق شۇنچە بۇك-باراقسان ئورمانلار كېسىلىپ ئۈندا-بۇندا بىرنەچچە تۈپلا قېلىپتۇ.

**ئۈنداق** ① ئال. ئۈنىڭغا ئوخشاش، ئاشۇنداق: — ئاڭلىدىم! — سونۇر بىردىنلا چىلىك ۋارقىرىۋەتتى، — بىر دۈشمەننىڭ تاپقان گېپى، ئەكبەر ئۈنداق يىگىت ئەمەس! * — ئۈنداق نەرسىلەرنى ئارزۇ قىلما، سىڭلىم، — دەپتۇ ئاكىسى. ② رەۋ. ئۇ كەبى، شۇنداق: — ھەي ئۈنداق دېگىنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەكبەر مۇشۇ دۇيدىن كەتمەيۋاتىدۇ. * زۇمۇرىخان قەدىمىنى ئاستىلىتىپ: قىزىم، ئۈنداق قىلما! ئاناڭنىڭ سۆزىنى ئاڭلا! — دەيدۇ يالۋۇرۇپ.

**ئۈنداق دەپ-بۇنداق دەپ ← ئۈنى دەپ، بۇنى دەپ:** مۇدىرىمىز ئۈنداق دەپ، مۇنداق دەپ ئىشنىڭ ھەل بولۇشىنى بەش كۈن كېچىكتۈردى.

**ئۈنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ** «سەن

ئۇنداق ئۇسۇل قوللانساڭ، مەن مۇنداق ئۇسۇل قوللىنىمەن؛ سەن ئۇنداق قىلساڭ، مەن مۇنداق قىلىمەن» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: بەس، يەتكۈچە ئالداندۇق. ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ، راست گەپ بىلەن جان بېقىش تەس بولۇپ قالدى، قىزىم. * ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىش كېرەك. بۈگۈن كېچە لەشكەرلەرنى قارارگاھ تېشىغا پىستۇرما قىلىپ، قارارگاھقا قۇرۇق ئەلەملەر قاداپ قويايلى.

**ئۇنداق قىلىپ-مۇنداق قىلىپ** → **ئۇ قىلىپ-بۇ قىلىپ**: كەچ كىردى، شوپۇر ئۇنداق قىلىپ-مۇنداق قىلىپ باقتىيۇ يەنە بۇزۇلغان جايىنى تاپالمىدى.

**ئۇنداق گەپ يوق** سۆزلەپ ئۆتۈلگەن، ئېيتىلغان ئىش-ھەرىكەت بولمىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — توختى يامان ئېمىكەن-دە، ئۇنداق گەپ يوق دەيدۇ.

**ئۇنداق ئىدى-مۇنداق ئىدى دېمەك** ھەر خىل گەپ-سۆزلەرنى قىلىپ باھانە-سەۋەب كەلتۈرمەك: سىلەر مەغرۇر باشلار ھازىرغىچە چېرىكلەرنىڭ ئوقلىرى ئاستىدا تۇرغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئۇنداق ئىدى-مۇنداق ئىدى دېسەڭلارمۇ، كېيىن ئۇچراشقان ۋاقىتلاردا بىز بېچارىلەرگە قول بېرىشكىمۇ نومۇس قىلىسىلەر.

**ئۇنداقتا** ① باغل «ئۇنداق بولسا، ئۇنداق بولغاندا» دېگەن مەنىدە ئالدىنقى جۈملە بىلەن كېيىنكى جۈملىنى شەرت-نەتىجە مۇناسىۋىتىدە باغلاپ كېلىدۇ: سىلەر ئاشلىقڭلارنى ئۆڭكۈردە ساقلايدىكەنسىلەر، ئۇرۇش بولۇپ قالغاندا، ئادەم ۋە ھايۋانلىرىڭلارنى ئېلىپ قۇملۇققا قېچىپ كىرىۋالىدىكەنسىلەر، ئۇنداقتا، باشقا كىشىلەر ئاشلىقڭلارنى ۋە ئادەمڭلارنى تېپىۋالامدۇ؟ ② ئىم. خوش، ئەمىسە: — سىز بۇ كىشىنى دەرھال ئۇرۇمچىدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىڭ، تېز قۇتقۇزۇۋالمىساق بولمايدۇ! — ئۇنداقتا سىزچۇ؟

**ئۇنداقچە** رەۋ. ئاشۇنىڭغا ئوخشاش تەرزدە، ئۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ: ھەقىقەتنى ئېتىراپ قىلىشنىڭ ئۆزىمۇ مۇتلەق ھەقىقەتنى ئۇنداقچە ياكى مۇنداقچە ئېتىراپ قىلغانلىق بولىدۇ.

**ئۇنداقچى-مۇنداقچى** سۆزلىگۈچى ئېيتىشنى ئەپ كۆرمىگەن، ھەر خىل يامان گەپ سۆزلەرنى ئاڭلىغۇچىغا ئېيتىشتا قوللىنىدۇ: خۇلاسە چىقارماي تۇرۇپ نېمىشقا خاسىيەتكە ئۇنداقچى-مۇنداقچى دەيدۇ؟

**ئۇنداق-مۇنداق** ① ھەر خىل؛ بەزى: تېخنىكىلىق سىناقلاردا ئۇنداق-مۇنداق ئىشلار، مەغلۇبىيەت، غەلىبىلەر بولۇپ تۇرىدۇ. * داموللامۇ بالا چوڭ قىلغان ئادەم، ئىنسان بالىسى دېگەندە ئۇنداق-مۇنداق ئەيىبلەر بولىدۇ. ② ئادەتتىكى: ھەنىپە خېنىم ئۇنداق-مۇنداق ئادەمنىڭ قىزى ئەمەس ئىدى. خالىغان ۋاقىتتا تالاق قىلىۋېتىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى. * قاراپلا، ھەقىقەتەن بۇنىڭ ئۇنداق-مۇنداق توخۇلاردىن ئەمەسلىكىنى بىلدىم.

**ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ** ھەر خىل چارە-ئاماللار بىلەن، بىر ئىلاج قىلىپ: تۆرىخان يەرنىڭ ئىككى قېتىملىق چېپىقىنى كوپىراتىپقا كۆتۈرە بەردى، قالغان ئىشلىرىنى بولسا بالىسى ۋە بازاردىن ياللاپ چىققان مەدىكارلار بىلەن ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ، ئۇرۇقنى يەرگە چۆكۈرۈۋالدى. * دەرۋازىدا ئاياغ تىۋىشى پەيدا بولدى ۋە ئۇنداق-مۇنداق قىلىپ بولغۇچە «كىم سىلەر» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

**ئۇنسۇر** ئى (ئە) ① ئېلېمېنت: سۇدىن نۇرغۇنلىغان

مىكرو ئېلېمېنتلار، تۇپراقتىن ئالتۇن، كۈمۈش، تۇچ، مىس، سىماب، كالتسىي، كالىي، ناترىي، فوسفور، مانگان قاتارلىق 60 نەچچە ئۇنسۇر كەشىپ قىلىندى. ② مەلۇم ئىجتىمائىي گۇرۇھ ۋەكىلى، كىشى: زىيالىي ئۇنسۇر. ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر. * دۈشمەن ئۇنسۇرىنىڭ بالىسىنى داۋالىماسلىق دېگەن بەلگىلىمە يوقتۇ! ③ تارس. دۈشمەن: — سەن ئۇنسۇرنىڭ بۇ ئاشلىقتا ھەققىڭ يوق! — دېدى ئامبارچى خالتىنى ئۇنىڭ بېشىغا ئېتىپ، — ئاۋۋال قەرزىڭنى تۆلە!

**ئۇنسۇرلۇق** «ئۇنسۇر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بەزى ئىشچىلار ئادىلغا: «ئۇ ئۇنسۇرلۇق قالپىقى بار ئادەم، يالىسى تېگىپ قالمىسۇن، دىققەت قىل» دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ يېقىنراق مۇناسىۋەت باغلىغۇسى بار ئىدى.

**ئۇنسىيە** مىق (ر< لات) ئەنگلىيە - ئامېرىكا سىستېمىسىدىكى ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى. بىر قاداقنىڭ $\frac{1}{16}$ ىگە تەڭ.

**ئۇنغىچە** ئال. ئاشۇ ۋاقىت ئارىلىقىدا، ئاشۇ ۋاقىتقىچە: ئەخمەت كەلسە يىغىننى باشلاپ تۇرۇڭلار، ئۇنغىچە ئۆزۈممۇ قايتىپ كېلىشىم مۇمكىن.

**ئۇنغىچىلىك** ئال. ئاشۇ ۋاقىتقا قەدەر، ئۇنغىچە: ئۇنغىچىلىك ئۇچەيلەن، ئالدى ئۇنى قورشاۋغا. ئابدۇل تۆلكە كەلدى دۈچ، نۇرغۇن قاتتىق سوئالغا.

**ئۇنۇتقاق** (توغرىسى: ئۇنتۇغاق) ← ئۇنتۇغاق.

**ئۇنۇتماق** (توغرىسى: ئۇنتۇماق) ← ئۇنتۇماق.

**ئۇنۋان** ئى (ئە) ① ئىلمىي، كەسپىي ساھەدە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىدىكى ئىختىساسلىق دەرىجىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان نام: پروفېسسورلۇق ئۇنۋانى. * باش ۋراچ ئۇنۋانى. ئىلگىرىكى باتالىيون كوماندىرى سوپاخۇن سوۋۇرۇپنى پولكنىڭىزلارغا كوماندىر قىلىپ تەيىنلىدۇق. بۇنىڭغا مۇناسىپ، ئۇنىڭغا پولكوۋنىكلىق ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىمىز. ② بىرەر شەخس ياكى كوللېكتىپنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن بېرىلگەن شەرەپلىك نام: نەمۇنىچى دېگەن ئۇنۋانىڭ بېغىشلىدى ماڭا كۈچ-دەرمان، ۋەتەن ئوغلى بولۇپ چېگرىدا، خىزمەت قىلاي ئەمدى بىئارمان.

**ئۇنۋانسىز** سۈپ. ئۇنۋانى يوق، ئۇنۋانغا ئېرىشمىگەن: تۆۋەنىنىڭ خىزمىتىگە ياردەمگە بارىسىز دېگەن گەپ بىلەن مەنمۇ ئۇنۋانسىز قالدىم.

**ئۇنۋانلىق** سۈپ. ئۇنۋانى بار، ئۇنۋانغا ئېرىشكەن: ئۇنىڭ خىزمەت ئورنىمۇ ۋىرۇس ئىلمىي لېكتورىدىن بارا-بارا تەجرىبىخانىنىڭ دوتسېنت ئۇنۋانلىق مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا كۆتۈرۈلگەنىدى.

**ئۇنى-بۇنى** بىر تۈردىكى نەرسىنىڭ ئۇنداق ياكى مۇندىقىنى، ھەر خىل نەرسىلەرنى: خېرىدار ئون نەچچە قوينىڭ ئارىسىدا يۈرۈپ ئۇنى-بۇنى تۇتۇپ كۆردى. * قۇرۇلتاي بولۇۋاتقان چوڭ سورۇندا ۋەكىللەر ئىنتىزامغا بەكمۇ رىئايە قىلىدۇ، ئۇنى-بۇنى يەپ ئولتۇرمايدۇ، مېنىڭ گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ. بەش زاغرا، بىر لۆڭگە بار ئىكەن، ئۇنىڭ سىرتىدا بىرنەرسە چىقمىدى.

**ئۇنىماق** پ. بىرەر ئىش، تەلەپ، ئىلتىماس قاتارلىقلارغا رازى بولماق، ماقۇل بولماق، قوشۇلماق: — ماقۇل، لېكىن سەنمۇ مېنىڭ بىر شەرتىمگە ئۇنىشىڭ كېرەك، — دېدى رۇقىيە. * ئاۋۋال خاتىرىڭىزگە ئىسمىنى

يېزىلىك، ئاندىن ئانام ئۇنايدۇ. * كۈندە-كۈندە كېلىمەن، ئاخىرى مەجنۇن بولىمەن. يوق دېگەنگە ئۇنىماي، سەۋر-تاقەت قىلىمەن.

**ئۇنىغانىغا يۇنىغاندەك** ① بىرەر ئىشقا ماقۇل كەلتۈرۈۋېلىپ، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىغانىغا يۇنىغاندەك، بىرىنى چاقىرسا ئونى كېلىدۇ. ② قېرىشقاندەك: ئۇنىغانىغا يۇنىغاندەك، شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىردىن بىر يۆلەكچىسى، غەمگۇزارى بولغان دادىسى ھاياتتىن كۆز يۇمدى.

**ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي** قوشۇلماسلىقىدىن قەتئىينەزەر، چىڭ تۇرۇۋېپ: بۇ ۋاقىتتا ئۇنىمىغانىغا ئۇنىماي كېۋىر ئاكىنى تراكتورنىڭ كابىنكىسىغا چىقىرىپ قويدى.

**ئۇنىۋېرسال** سۈپ (د) ① ئومۇمىي تۈر، ئومۇمىي خاراكتېردىكى نەرسىلەردىن تەركىب تاپقان، كۆپ ياكى ھەممە نەرسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ھەر تەرەپلىمە: ئۇلارنىڭ ئۆيىنى بىر ئۇنىۋېرسال ماگىزىن دېيىشكە بولاتتى. * ئوقۇتۇش-مۇرەككەپ بىر جەريان، ئۇ بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت. ② بىر نەچچە ئىشنى قىلالايدىغان؛ ھەممىدىن خەۋىرى بار: ئۇنىۋېرسال ماشىنا. * مەكتەپ ئىچىدە ئۇنى ئۇنىۋېرسال ئوقۇتقۇچى دېيىشەتتى.

**ئۇنىۋېرسىتېت** ئى (ر< لات) → **داشۆ.**

**ئۇھ** ئىم ① چارچاش، ھېرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇھ، ھېرىپ كەتتىما. * — ئۇھ! — دەپ ئورنىدىن قوپتى ھەيدەر. * بۇ ئارىلىق نېمانچە ئۇزۇن-ھە؟ ئۇھ، ئەجەب مۇ تەقەززا بولدۇم! ② قاتتىق روھىي ئازابلىنىش ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئۇنىڭ ئوچۇق چىرايىغا كۈلۈمسىرىشكە قانچىلىك تەشنا ئىدىم-ھە! مانا ئەمدى، يۈرىكىم بۇ تەشنالىققا قاندى، ئۇھ، نېمىدېگەن ئەقىللىق كۈلۈمسىرەش-بۇ!

**ئۇھ تارتماق** قاتتىق خورسىنماق، قاتتىق ھەسرەتلەنمەك: — سېنى ئوقۇتىدىغانغا نەدە پۇل، جېنىم بالام، — دېدى ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ. * ھاجىكام ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى-دە، ئاتىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن: — ئاتاڭ رەھمەتلىك ناخشىنى بۇلبۇلدەك ئېيتاتتى، — دېدى.

**ئۇھ دېمەك** ① ھارغىنلىق، چارچىغانلىقنى «ئۇھ» بىلەن ئىپادىلىمەك: تۇردى قارىي مۇشۇ يەردە كىچىككىنە دەم ئېلىۋالاي دېگەن ئوي بىلەن بېدىلىكنىڭ يېنىدىكى بىر قارىياغاچنىڭ سايىسىگە كېلىپتۇ، چاپىنىنى بېشىغا قويۇپ، «ئۇھ» دەپ يېتىشىغا يېنىدا بىر ئۆلۈك يىلان پەيدا بولۇپتۇ. ② ھاردۇقنى چىقارماق، دەم ئالماق: 3-ئومۇمىي يىغىنغا بارىكاللا! ئۇ ئېلىمىزنىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىغا داغدام يول ئېچىپ بەردى. جۇڭگولۇق يەنە بىر قېتىم «ئۇھ» دېدى. * — چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدىن پايدىلانسام، خىزمەتتىنىڭ قاتىلاڭچىلىقىدىن «ئۇھ» دېيىشكىمۇ ۋاقىت يوق، — دېدى ئابدىراخمان.

**ئۇھسىنماق** پ. ئۇھ دېمەك.

**ئۇھلىماق** پ. ھېرىش، چارچاش ھالىتىنى «ئۇھ» دېيىش ئارقىلىق ئىپادىلىمەك: نېمانچە ئۇھلايسەن، دادا، بۈگۈن دەم ئالغان بولساڭ بولاتتى، بۇنچىلىك سامانىنى بىز توشۇۋېتەتتۇق.

**ئۇۋا** ئى ① بەزى ياۋايى ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ھاشاراتلارنىڭ ياشاش ۋە كۆپىيىشىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ ياسالغان جاي، ئىن: قۇشقاچ ئۇۋىسى. چاشقان ئۇۋىسى. چۈمۈلە ئۇۋىسى. ئۇۋىسىنى بۇزماق. * يولۋاس بالىسىنى تۇتىمەن دېسەڭ، يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىر (ماقال). * تېرەكنىڭ ئۇچىدا قارا قۇشقاچ ئۇۋىسى قىلىپ ئېسىلغان بىر قاپاق تۇراتتى. ② تۇرار جاي:

مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن تېزلىكتە گومىنداڭچىلارنىڭ ئۇۋىسى بولغان ئاقسۇ شەھىرىنى قورشىۋالدى. * — ئانا، سىلەر شۇنداق قىلىپ، 20 يىل باققىنىمىزمۇ يېتەر، ئەمدى ئۆزۈڭگە ئۇۋا تاپ دېمەكچىمۇ؟ — دېدى زەينۇنەم.

**ئۇۋا ئىزلىگەن توخۇدەك** بىزەر جىددىي ئەھۋالغا، قىيىنچىلىققا دۇچ كېلىپ، ئامال تاپالماي جىددىيلەشكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: شۇ ئارىدا ئايپاشا، مەن تەرەتكە چىقىپ كىرەي، — دەپ يانپىشنى سىلاپ، ئۇۋا ئىزلىگەن توخۇدەك يورغىلاپ تالاغا ماڭدى.

**ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك** تىرىپىرەن بولۇپ، پېتىراپ: شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلار ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك ئۇ ياق-بۇ ياققا تارقىلىپ كەتتى.

**ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك ← ئۇۋىسى بۇزۇلغان چۈمۈلىدەك:** شۇنىڭدىن كېيىن ئالتاي ئاھالىسى ئۇۋىسى چۇۋۇلغان ھەرىدەك پېتىراپ، سار سۈمبىنى تاشلاپ ھەر يان قېچىپ كېتىشكە باشلىدى.

**ئۇۋاتماق** «ئۇۋىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: رەھىمجان ئۆيگە كىرىپ، ئىشكنى ياپتى-دە، چىراغنى ياقتى. ئادەتتىكىدەك، قاتتىق ناننىڭ پارچىلىرىنى ئۇۋىتىپ، قالغاچنىڭ ئۇگىسى يېنىدىكى تۆشۈككە قويۇپ قويدى.

**ئۇۋاشماق** «ئۇۋىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئايااللار خامانىنىڭ بىر تەرىپىدە قوناقنىڭ ئۇرۇقلۇق باشلىرىنى ئۇۋاشماقتا ئىدى.

**ئۇۋاق** سۈپ. ئۇۋالغان، ئۇششاق پارچىلانغان: ئۇۋاق كۆمۈر. * — ھوي، بولساڭچۇ، سۈتتۈگنى قاينات، قارىمۇچ بىلەن ئۇۋاق لازاڭدىن بەر! // ئۇ يانچۇقلىرىنى كولىۋىدى، بىرنەچچە تال نان ئۇۋىقى چىقتى.

**ئۇۋاق جىنس** < گېئول > ئانا جىنسنىڭ مېخانىكىلىق يېمىرىلىشىدىن ھاسىل بولغان مىنېرال بىلەن جىنس ئۇۋاقلىرىنىڭ يۆتكىلىشى، چۆكۈشى، چىڭدىلىشى ۋە چاپلىشىپ قېتىشىدىن ھاسىل بولغان جىنس. ئۇنىڭ قۇرۇلما تەركىبىدە ئاساسلىق ئۇۋاق دانىچىلاردىن باشقا ئۇللۇق ماددا ۋە كوللوئىدلار بولىدۇ، ئۇنى ئۇۋاق دانىچىلارنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ يەنە شېغىل تاش، قىرلىق شېغىل تاش، قۇم تاش، ئەشمە تاش قاتارلىقلارغا بۆلۈشكە بولىدۇ.

**ئۇۋاقلاتماق** «ئۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇۋاقلاشماق** «ئۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇۋاقلانماق** «ئۇۋاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇۋاقلىماق** پ. ئۇششاق، ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئۇۋىماق: سادىر شۇ زاۋۇتنىڭ تاش ئۇۋاقلاش سېخىنىڭ باش تېخنىكى ئىدى.

**ئۇۋال** ئى (ئە) ① تېگىشلىك بولمىغان جازا، ئازاب، ئۇقۇبەت، ناھەق ئەيىبلەش: رەنجىمەيمەن ھېچ سېنىڭدىن قوغلىغانىنىڭ دەپ مېنى، ئۆزگىدە تۇرسا ئۇۋالىم، نېمە دەپ سەندىن كۆرەي. * كىردىلە شەرىنىڭ يولىغا، ھېچقايان باقمادىلا، سالدىلا دوزاخ ئوتىغا، ئۇۋالىدىن قورقمادىلا. ② ئورۇنسىز، مۇشكۇلات، قىيىنچىلىق، جاپا: — ئەپەندىم، ئېشەككە خۇرجۇننى ئارتقاننى ئاز دەپ، ئۈستىگە ئۆزىڭىز مىنىۋاپسىز، ھايۋانغا ئۇۋال ئەمەسمۇ! — دېيىشىپتۇ يولدا ئۇچرىغانلار. * تراكتورچىلارمۇ ئۆز كەسپىدىن پايدىلىنىپ دېھقانلارغا زىيان سالسا، بىچارە دېھقانلارغا نېمىدېگەن ئۇۋال.

**ئۇۋال ئەتمەك ← ئۇۋال قىلماق:**

ھەقىقەتتە بۇ تەقلىدلەر ساڭا نۇقسان بولۇپ چۈشكەي، سېنى ئۇ ماختىدىم دەپ، ھۆسنۈڭگە چەكسىز ئۇۋال ئەتتى.

**ئۇۋال بولماق** ① تېگىشلىك بولمىغان ئازاب، ئوقۇبەتكە قالماق، ناھەق جازاغا ئۇچرىماق: بېگىمدىن گۇمان بولدى، ماڭا ئۇۋال بولدى (ماقال). * يا ئەلگە ئاشكارا قىلغىلى بولمايدىغان، ياكى ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغىلى بولمايدىغان ئىش ئىكەن-دە، بۇ. ياسىن ئاكامغا تازا ئۇۋال بولۇپتۇ. * بىراق بۇنچىۋالا مەسىلىلەرگە يالغۇز مەنلا جاۋاب بەرسەم ئۇۋال بولىدۇ. ② ئورۇنسىز قىيىنچىلىق، جاپاغا قالماق: ئەمەلىيەتتە بولسا، تازىلىق ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى سەمەت بىلەن ئىككىمىزگىلا قالاتتى. بەزى چاغلاردا خىزمەت بىلەن سىرتقا چىقىپ كېتىپ قالسام، بىچارە سەمەتكە ئۇۋال بولىدۇ. * — ھە، ھە، تۆمۈر كەلدىڭمۇ، ئاللا كېرىم دىلىمغا سېلىۋاتىدۇ، ئەلگە ياخشىلىق قىلماق كېرەك، قورغاقچىلىق يۇرتنىڭ بېلىنى مۈكچەيتتى. يېتىم-يېسىرلەرگە ئۇۋال بولىدۇ.

**ئۇۋال قىلماق** ناھەق ئەيىبلىمەك؛ ئورۇنسىز ئازاب، ئوقۇبەتكە دۇچار قىلماق: يول ئازابىدىن چارچاپ بۇ شەھەرنىڭ بىر دالدا يېرىدە ئۇخلاپ قېلىپتىمەن. ئويغىنىپ قارىسام قوينۇمدىكى پۇل يوق. تۇۋا! مەندەك بىر مۇساپىرغا ئۇۋال قىلغاننىڭ جازاسىنى خۇدايىم بېرەر. * — مېنىڭ نېمىگە كۆلگىنىمنى بىلمەي تۇرۇپلا زاڭلىق قىلدىڭ دېسەڭ، قاراپ تۇرۇپ كىشىگە ئۇۋال قىلغىنىڭ ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئابدۇللا.

**ئۇۋالى تۇتماق** ← **ئۇۋالىغا قالماق**: رومالىڭ ھاۋا رەڭدە، چىرايىڭ تولۇن ئايىم. مەندىن ئايرىلىپ كەتسەڭ، ئۇۋالىم تۇتار دائىم.

**ئۇۋالىغا قالماق** باشقىلارنىڭ قارغىش، نەپرىتىگە ئۇچرايدىغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئەيىبدارى بولماق، جازاسىنى تارتماق: — ئىشنىڭ باش-ئايىغىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەي، كۆرگەنىنىلا جازالاۋەرسەڭ، پۇقرالارنىڭ ئۇۋالىغا قالىسىز، — دېدى مىرغەزەب.

**ئۇۋالى ئۆزىگە** يامان ئاقىۋىتىگە ئۆزى جاۋابكار، تېگىشلىك جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ: — نەگىلا بارساڭ، ياخشى بولساڭ ئېشىڭنى يەيسەن، يامان بولساڭ بېشىڭنى، ياخشىلىقىمىزنى بىلمىسەڭ ئۇۋالى ئۆزۈڭگە، — دېدى ياشانغان ناۋاي. * راست بىلمەن. بەش ئايدىن بېرى، شۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرسام، نېمىشقا بىلمەيمەن؟ يالغان ئېيتسام ئۆز ئۇۋالىم ئۆزۈمگە.

**ئۇۋالچىلىق** ئى. ئۇۋال بولغان، ئورۇنسىز باشقىلارنىڭ جازاسىنى تارتىشقا گىرىپتار بولغان ھالەت، ناھەق جازالىنىش، ناھەق دەرد تارتىش: قېنىڭلار قارا سايدا تۆكۈلسە، بالا چاقاڭلار يېتىم قالسا، بۇ ئۇۋالچىلىقنى كىم تارتىدۇ؟ * ھەي، بۇ ھەرىكىتىڭنى بىز دېھقانلار چۈشىنەلمىدۇق. ئەمما داداڭنى بەش قولدەك بىلىمىز، ئەگەر بۇ ھەرىكەت داداڭدەك ئادەمنى يوقىتىمەن دەيدىكەن ئۇۋالچىلىقتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ.

**ئۇۋاللىق** «ئۇۋال» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئوسمان ئاكا كېيىنكى يىللاردا ئۇۋاللىققا ئۇچراپ، بۇ يەردىن ئايرىلىپ كەتكەن، تېخى ئىككى يىل ئىلگىرىلا خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنىدى. * ئېنىقلىنىپ ئۇزۇن يىللىق ئۇۋاللىق، مەكتىپىگە يېنىپ كەلدى مۇئەللىم. قەد تىكلىدى يەنە دوسكا ئالدىدا، ئۆسمۈرلەرگە بەردى ساۋات ۋە تەلىم.

**ئۇۋالماق** «ئۇۋۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايلار، يىللار ئەسىرلەر ئۆتەر، تاغلار ئۇۋۇلىپ يۇلتۇزلار كۆچەر، ئىجاد

ئەجرىگەدىن چاقنىسا چولپان، ئەۋلادلار سېنى مەڭگۈ ياد ئېتەر.

**ئۇۋۇلاتماق** «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بەللىرىنى ئۆزى ئۇۋۇلاپ باقتى، لېكىن يەنىلا ئىزىغا كەلمىدى. باشقىلارغا ئۇۋۇلىتىپ باقتى، ئۇمۇ بولمىدى.

**ئۇۋۇلاشماق** «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇشىغا بىز يېتىپ كەلدۇق.

**ئۇۋۇلانماق** «ئۇۋۇلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى. ② كۆچمە. بەك ئىچى ئاغرىماق؛ قاتتىق ئازابلانماق: شۇنچە پۇلنىڭ بىكارلا ئۇچۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ئۇۋۇلىنىپ كەتتىم. * بىچارە، دادىسىنىڭ ناھەق جازالانغانلىقىغا چىدىماي ئۇۋۇلىنىپ كەتتى.

**ئۇۋۇلىماق** پ ① بەدەننى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى قول بىلەن بېسىپ سىلىماق، مۇجىماق، ئىششىلىماق: مېھرىبان ئاۋۋال بالىنىڭ يانپىشىنى بارماقلىرى بىلەن خېلىغىچە يۇمشاق ئۇۋۇلىدى. * مەن خېلىدىن كېيىنلا ھوشۇمغا كەلدىم. كۆزلىرىمنىمۇ ئۇۋۇلاپ ماشىنامغا چىقتىم. ② <تب> قول بىلەن بەدەننى بېسىپ، سىلاپ، مۇجۇپ ياكى سىلكىپ قان ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرماق، تېرە ۋە نىرۋىلارنىڭ سەزگۈرلۈك ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرمەك. ③ قول ئالىقانلىرى بىلەن قاتتىق بېسىپ سۈركەپ ئېزىپ دانىمۇ دانە قىلماق، ئۇۋىماق، ئەزمەك: بۇ يىل باھارنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەچقۇرۇن تۇرسۇنئاخۇن ئائىلىسىدىكىلىرى بىلەن ئۇرۇقلۇق قۇناقنى ئۇۋۇلاۋاتاتتى. * سادىق ئېتىزنىڭ توپىسىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ ئۇۋىلاپ كۆردى، تۇپراقتىن چىمدىپ ئېلىپ تىلى بىلەن تېتىپ باقتى. * سىلەرنىڭ بۇ قىلغىنىڭلار بىر بۇرگىنى ئۇۋۇلاپ ئۆلتۈرگەنلىك بولدى خالاس!

**ئۇۋۇلاپ داۋالاش** <تب> كېسەللىكنىڭ نېرۋىنىڭ نورمال فۇنكسىيىسىنى يوقاتقانلىقى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققانلىقى ھەققىدىكى تەلىماتقا ئاساسەن، ئىلمىي بولغان ئۇۋۇلاش ئۇسۇلى ۋە بەدەن تۈزۈلمىسىنى ئالاھىدە يوسۇندا تەگشەش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان سىستېمىلىق داۋالاش. زۆرۈر تېپىلغاندا يەنە فىزىكىلىق داۋالاش ئۇسۇلىمۇ بىرگە قوللىنىلىدۇ.

**ئۇۋىتىشماق** «ئۇۋاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇۋىلاتماق** «ئۇۋىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇۋىلاشماق** «ئۇۋىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇۋىلىتىشماق** «ئۇۋىلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇۋىلىق** ئى. توخۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۇۋىسىغا يەنە شۇ يەرگە تۇغۇش ئۈچۈن قويۇپ قويۇلىدىغان تۇخۇم: بۇ ئايالنىڭ بالىسى كېيىنكى قېتىمدا قوشنىسىنىڭ ئۇۋىلىق ئۈچۈن كاتەككە سېلىپ قويغان تۇخۇمىنى ئوغرىلاپتۇ.

**ئۇۋىلىماق** پ ① ئۇۋا ياساپ، ماكان تۇتۇپ ياشىماق، كۆپەيمەك (قۇشلار، يىرتقۇچلار ھەققىدە): ئۇۋىلىدى ھۇقۇش، نالىۋاستى، چۆلسىرىگەن نامرات يېزىدا، باھارنى جۇت، ئەلنى غەم باستى، قايتتى ئىشلار كونا ئىزىغا. ② بىر جايدا ھەددىدىن ئارتۇق كۆپىيىپ كەتمەك: ئۇنىڭ چاچىدا پىت ئۇۋىلىغانىدى.

**ئۇۋىماق** پ. يانجىپ، بېسىپ ئۇۋاق ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئۇۋاقىلماق؛ دانە-دانە ھالەتكە كەلتۈرمەك: قوناق ئۇۋىماق.

**ئۇۋىندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇۋىلىپ، ئۇششاقلىنىپ قالغان قالدۇقلىرى: قىزىلىق قورام تاشنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇۋىندىلار ئادەتتە يۆتكەلمىگەن ياكى ناھايىتى قىسقا ئارىلىققا يۆتكەلگەن بولىدۇ.

**ئۇي** ئى. پىچىۋېتىلگەن كالا؛ ئۆكۈز: ئۇي ئېلىك، توپاق ئېلىك ساپانۇ سۆرەم تارتقۇدەك، ئات ئېلىك، دۇلدۇل ئېلىك قوشلاپ تاغارنى ئارتقۇدەك.

**ئۇينىڭ قۇلىقىغا ساتار چالماق** ئوبيېكتقا، ئاڭلىغۇچىنىڭ ئېتىبار قىلىش قىلماسلىقىغا قارىماي سۆزلىمەك: — نادان بىلەن سۆھبەت قۇرۇش ئۇينىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغاندەكلا بىر ئىش، زەلىلى دېگەن تەخەللۇسى، شائىر دېگەن غەزەل توقۇيدىغان ئادەم دېگەن گەپ، ئۇقتىلىمۇ؟ — دېدى سېيىت ھاجى ھاپىزغا.

**ئۇيات** ئى ① مۇۋاپىقسىز سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ئۆكۈنۈش، خىجىل بولۇش، ئىزا تارتىش؛ نومۇس، خىجىللىق: ئۇيقۇدا ئۇيات يوق (ماقال). * بىزدەك ئاددىي ئادەملەر ئۆزىمىزنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى خاتىرىلەپ يۈرسەك، ئۇيات ئەمەسمۇ؟! * بۇ ۋاقىتتا قىز پادىشاھ كۆزىنى ئېچىپ، ئورنىدىن قوپۇپ: — خاتالاشتىڭىز، ئايال كىشىنىڭ ئۇنداق سورىشى مۇمكىن ئەمەس، ھەم باشقىلار ئاڭلاپ قالسا ئۇيات، — دەپتۇ. ② كىشىنى خىجالەتتە، قىيىن ئەھۋالدا قالدۇرىدىغان ھالەت: ئۇ، ئابىت بىلەن خوشلىشىپ چىقتى، لېكىن خوشلاشقان چاغدا ئۇنىڭ «ئەر كىشى ئۆز ئايالىنىڭ قولىدا قورچاق بولۇپ قېلىشى بەكمۇ ئۇيات. ئۇنى كىشىلەر سىرتىدىن كۆڭۈل دەپتىرىگە يېزىپ ماڭىدۇ» دېگەننى يەنە بىر كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. * بۇ تەقلىد ئادەمنىڭ ھەرقانداقىنى شائىر دەپ ئاتاشنىڭ ئۆزىمۇ ئۇيات، شائىرلار ئىنسانغا روھىي ئىنژېنېر، ئۇلارغا خەزىنە-جەۋھەر ھايات.

**ئۇيات بولماق** سەت بولماق: — نىياز بەكمۇ سىز يە؟ بۇنداق قىلماڭ، ئۇيات بولىدۇ، — دېدى ئايال دەرۋازا يوچۇقىغا يۈزىنى يېقىپ.

**ئۇياتقا قالماق** باشقىلارنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالماق؛ مەسخىرىگە يولۇقماق، شەرمەندە بولماق: — ئاۋۋال سىلەر كەلگۈچە بېرىپ كېلەرمەن دەپ بىر گۇناھ قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن مېھمانخانىدىن قوزغالماي ئىككىنچى ئۇياتقا قالدىم. * سۇ بېشىدا ئولتۇرۇپ، سۇنى لېيىتقان قازى بەگ. بولماس ئىشنى قىلىپ قويۇپ، ئۇياتقا قالغان قازى بەگ.

**ئۇيات لېۋى** جىنسىي لەۋ (خوتۇن-قىزلارنىڭ).

**ئۇياتچان** سۈپ. ئۇيېلىش، ئار-نومۇس قىلىشنى بىلىدىغان، يۈزى نېپىز، تارتىنچاق: ئۇنىڭ تەقى-تۇرقىدىن يېڭىلا يېزىدىن كەلگەنلىكى، قارىداپ قالغان يۈزى بىلەن ئۇياتچان كۆزلىرىدىن ناھايىتى تارتىنىپ، قورۇنۇپ تۇرغانلىقى چىقىپ تۇراتتى. * قىز بالا دېگەن ئۇياتچان، نازۇك كېلىدۇ.

**ئۇياتچانلىق** «ئۇياتچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: رەنا ئۇياتچانلىق بىلەن يەرگە قارىۋالدى. * گۈلباھارمۇ قىزلارغا خاس ئۇياتچانلىق ھېسلىرىنى ئۇنتۇپ، كىرپىك ئۇقىيالىرىنى يىگىتنىڭ كۆز قارچۇقىغا سانجىپ تەبەسسۇم قىلاتتى.

**ئۇياتچانئوت** ئى [ئۇياتچان+ئوت] < بوت > پورچاق ئائىلىسىدىكى سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تىكەنلىرى ۋە تۈكلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى قايتىلانغان پەيسىمان مۈرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، سىزىمچانلىقى كۈچلۈك. بىرنەرسە تېگىپ كەتكەن ھامان يوپۇرماقلىرى يۇمۇلۇپ، تۆۋەنگە ساڭگىلىۋالىدۇ. گۈلى سۇس قىزىل، باشسىمان گۈل رېتىدە. چوكا مېۋىسى پىشقاندىن كېيىن، بوغۇم-بوغۇم بولۇپ تۆكۈلىدۇ. ئەسلىي ماكانى تروپىك بەلباغ. ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە

جايلىرىدا ئۆستۈرۈلمەكتە . مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ .

**ئۇياتسىز** سۈپ. ئۇيېلىشنى، ئار-نومۇس قىلىشنى بىلمەيدىغان، تارتىنمايدىغان، نومۇسسىز : ئۇياتسىز خوتۇن ــ تۈزلىمىغان ئاش (ماقال) . * ئۇياتسىز مۈشۈككە قازناقنىڭ ئىشكى ئوچۇق (ماقال) . * باشقىلار ئىشتىن چۈشۈپ كېتىدىغان چۈش، كەچلىك پەيتلەردە بۇ ئۇياتسىز قىلىقنى سادىر قىلىشنىڭ پۈتۈن ئىمكانىيىتى بار . // ئۇ ئۇياتسىز ئەسلى بۇزۇق خوتۇن ئىكەن .

**ئۇياتسىزلىق** « ئۇياتسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى : بۇ يەردە نومۇس دېگەن يوق، بۇ يەردە ئادەملەر ئوچۇقتىن ئوچۇق ئۇياتسىزلىق قىلىدۇ .

**ئۇياتسىزلارچە** رەۋ. ئۇياتسىزلارغا ئوخشاش، ئۇياتسىزلىق بىلەن : بۇلارنىڭ بۇ ئۇياتسىزلارچە قىلغان سۆز-ھەرىكەتلىرىگە ھەرگىز چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ .

**ئۇياتقۇزماق** « ئۇياتماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى .

**ئۇياتقۇزۇشماق** « ئۇياتقۇزماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .

**ئۇياتلىق** سۈپ ① كىشىنى ئۇيالدۇرىدىغان، خىجالەتتە قالدۇرىدىغان، ھاياسىز، شەرمەندە ؛ خىجالەتلىك : ئۇياتلىق گەپ . ئۇياتلىق قىلىق . * كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە بولۇپ ئۆتكەن بۇ ئۇياتلىق ئىشتىن ئەس-ھوشىنى يوقاتقان قىز قاۋۇل بىلەكلەر ئىسكەنجىسىدە تېپىرلايتتى . * ئۇلار ئۇچۇن نېلۇپەر ئۇمۇر بويى كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئۇياتلىق ئىش قىلىپ قويغاندەك ئىدى . // قاچار ئىمىش ئۇ ئىككىسى تاغلارنى ئاتلاپ، قالمايلى بىز ئۇياتلىقتا گەدەننى قاشلاپ . ② ئەدەب، ئىززەت-ئىكرام بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تېگىشلىك، ناھايىتى ھۆرمەتلىك : ئۇياتلى‍ق مېھمان كەلگەندە نان تۆگەپتۇ (ماقال) .

**ئۇياتلىق يەر** جىنسىي ئەزانىڭ سىلىقلاشتۇرۇپ ئاتىلىشى : ــ توۋا ... ھەنىپەكنىڭ ئېرى قاسمۇۋ دېگەن سېنىڭدىنمۇ سەت، بىر قۇر ئىشتان-چاپاننى يىرتىلسا ياماپ، ھەتتا ئۇياتلىق يەرلىرى ئېچىلىپ قالغۇچە كىيىدىغان بىرنېمە .

**ئۇياتماق** پ ← **ئۇيالماق** : مەن ئۇياتقىنىمدىن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ تۇردۇم . * بىلمەن يات ئەلگە كېتىپ بارىسەن، بۇ ئەلۋەك دىيارنى تاشلاپ، ئۇياتماي . سەن كەلگەن ئىدىڭغۇ گۈزەل باھاردا، سېغىنىپ باغلارنى يات يۇرت قۇتاتماي .

**ئۇيالدۇرماق** « ئۇيالماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى : بەرمىگەننى بېرىپ ئۇيالدۇرار (ماقال) . * روشەن تالىپنى مەسخىرە قىلىپ، قاتتىق ئۇيالدۇرغان بولسىمۇ، ئۇ، روشەننى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىدى .

**ئۇيالدۇرۇشماق** « ئۇيالدۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى .

**ئۇيالماق** پ. بەدىنىنىڭ بىرەر يېرى ئېچىلىپ قېلىش، بىرەر نامۇۋاپىق ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆز قىلىپ قويغانلىقتىن كىشىلەر ئالدىدا قىيىن ئەھۋالدا قالماق ؛ خىجىل بولماق، ئىزا تارتماق : ئېغىز يېسە، يۈز ئۇيىلار (ماقال) . * سورىغان بىلىم ئالار، ئۇيالغان كېيىن قالار (ماقال) . * ــ ئەپەندىم، ئاپئاق ساقىلىڭىز بىلەن يالغان ئېيتىشتىن ئۇيالماسىز ! ــ دەپتۇ ھېلىقى كىشى . * ئۇ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن ئۇيىلىپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى .

**ئۇيسۇن** ئى < ئىرق > ← **ئۇيسۇنلار** .

**ئۇيسۇنلار** ئى < ئىرق > مەملىكىتىمىزدە ياشىغان قەدىمكى مىللەت . بۇ مىللەت ئەينى زاماندا چىلىيەنشەن تېغى بىلەن دۇڭخۇاڭ ئارىلىقىدا ياشىغان . مىلادىيىدىن ئىلگىرى

161-يىللىرى ئەتراپىدا غەربكە كۆچۈپ، هازىرقى ئىلى دەرياسى ۋادىسى بىلەن ئىسسىق كۆل ئەتراپلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىنچە غەربىي رايون تۇتۇق ھىراۋۇلىغا قارىغان، شىمالىي ۋە جەنۇبىي خانلىقلار زامانىدا كۆكئارتنىڭ شىمالىغا كۆچكەن. كېيىن بارا-بارا قوشنا مىللەتلەرگە قوشۇلۇپ كەتكەن.

**ئۇيغۇر** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئۇيغۇر تىلى** <تىل> مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئاساسىي مىللەت ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى. ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇيغۇر تىلى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى** <ئەد> ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قەدىمكى ۋە يېقىنقى زامانىدىكى داڭلىق، تاللانغان يازما ئەدەبىيات ئەسەرلىرى. بۇلار ئاساسەن «كۆكتۈرك خاندانلىقى» دەۋرىدىن تاكى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئىچىدىكى ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى يوقاتمايدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى** <تارىخ> 1930-يىللاردا شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىنى يەنى خەلق باشقۇرغان مەكتەپ، كىنو-تىياتىر، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىقلارنى باشقۇرۇش ۋە قانات يايدۇرۇش مەقسىتىدە تەشكىللىگەن ئاممىۋى تەشكىلات.

**ئۇيغۇر يېزىقى** <تىل> ئۇيغۇر مىللىتى قوللانغان يېزىق. ھازىر قوللىنىۋاتقىنى ئەرەپ ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئىسلاھ قىلىنغان ئۇيغۇر يېزىقىدۇر.

**ئۇيغۇرچە** ① سۈپ. ئۇيغۇرلارغا، ئۇيغۇر خەلقىگە، ئۇيغۇر تىل-يېزىقى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت، ئۇيغۇر خەلقىگە خاس بولغان: ئۇيغۇرچە كىيىم. ئۇيغۇرچە ئۇسسۇل. ئۇيغۇرچە ناخشا. * بىز ئۇيغۇر دېھقانلىرىنى كۆزدە تۇتۇپ يېزا ئىگىلىكىگە دائىر ئۇيغۇرچە كىتابلاردىن كۆپرەك چىقىرىپ بەرسەڭلار قانداق؟ * ــ دوختۇر، سىز ئۇيغۇرچە گەپنى بىر ئوبدان قىلىدىكەنسىز، بەلكىم شىنجاڭدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسىڭىز كېرەك، ــ دېدى قاۋۇل ئاكا ياشتا چوڭراق دوختۇرغا قاراپ. ② ئى. ئۇيغۇر تىلى، يېزىقى: گەنسۇ دېگەن سۆز، ئۇيغۇرچە «كەڭسۇ» دېگەن سۆزدىن ئۆزگەرگەن دېدىڭما؟! شۇنىڭغا قارىغاندا، ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا كىرىپ ئۆزلىشىپ قالغان سۆزلەرمۇ بارئىكەندە؟! ③ رەۋ. ئۇيغۇر تىلى، يېزىقىنى ئىشلىتىپ، ئۇيغۇر تىلى، يېزىقى ۋاسىتىسى بىلەن: ئۇيغۇرچە سۆزلىمەك. * مەن تاشقا ئولتۇردۇمدە، مۇنۇ سۆزنى ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە قىلىپ يازدىم:

**ئۇيغۇرچىلاپ** رەۋ. ئۇيغۇرچە سۆزلەپ، ئۇيغۇر تىلىدا: مۇنداق چاغدا ئۇمۇ كۈلۈپ، ساپ ئۇيغۇرچىلاپ: «ھە نېمە دەيسەن» دەپ جاۋاب بېرەتتى.

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرماق** پ. ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا ئىپادىلىمەك، ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلماق: ئۇ بۇ ھېكايىنى ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇردى.

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇلماق** «ئۇيغۇرچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇيغۇرشۇناس** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى

ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

**ئۇيغۇرشۇناسلىق** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، تىل-يېزىقى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىش ئىلمى: ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، تىل-يېزىقى، ئەدەبىياتى، سەنئىتى، مەدەنىيىتى، ئېتنوگرافىيىسى، ئانتروپولوگىيىسى ۋە باشقىلار ھەرقايسى ئەللەردىكى ئۇيغۇرشۇناسلىق تەتقىقاتى ئۈچۈن ئورتاق تەتقىقات ئوبيېكتى ئىدى.

**ئۇيغۇرلار** ئى <ئىرق> ئۇيغۇر مىللىتى، ئۇيغۇر خەلقى. ئۇلار شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ياشايدۇ.

**ئۇيغۇن** تىر. مەلۇم قاراش، تەلەپ، ھېسسىياتقا ماس كېلىدىغان، مۇۋاپىق؛ مەلۇم مىقدار، شەكىل، ئۆلچەمگە مۇناسىپ، باپ: سىناپ كۆرۈشتىن قارىغاندا، مەھسۇلات سۈپىتى دۆلەتنىڭ ئېكسپورت ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولۇپ چىقتى. * بۇ پىلان مەھەللىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئۇيغۇن ئەمەس.

**ئۇيغۇن كەلمەك** مۇۋاپىق، ماس، لايىق كەلمەك؛ باپ كەلمەك: ياش-ئۆسمۈرلەرگە نىسبەتەن، ئۇلگە غايەت زور تەسىرلەندۈرۈش ۋە قايىل قىلىش كۈچىگە ئىگە، چۈنكى ئۇ ياش ئۆسمۈرلەرنىڭ ياش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**ئۇيغۇن مىقدار** <فىز> پەن-تېخنىكىدىكى مەلۇم مىزانلىق سانلىق مىقدارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان مەلۇم بىر سانلىق مىقدار. مەسىلەن، خىمىيىلىك ئۇيغۇن مىقدار، ئىسسىقلىقنىڭ مېخانىكىلىق ئۇيغۇن مىقدارى دېگەندەك.

**ئۇيغۇنلاشتۇرماق** «ئۇيغۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوبيېكتتا ئۆزگىرىش بولغان ئىكەن، بىزنىڭ ئۆزگەرتىش-باشقۇرۇش خىزمىتىمىزدىكى سىياسەت ۋە ئۇسۇلىمىزدىمۇ ئۆزگىرىش بولۇشى كېرەك ۋە ئۇنى مۇشۇنداق يېڭى ۋەزىيەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشىمىز كېرەك.

**ئۇيغۇنلاشتۇرۇلماق** «ئۇيغۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: «غېرىب-سەنەم» فىلمى ھېكايە فىلىم تەلپىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلۇپ، مۇۋاپىق دەرىجىدە يېڭىلانغان.

**ئۇيغۇنلاشماق** پ. ئۇيغۇن، ماس ھالەتكە كەلمەك، ئۇيغۇن بولماق، مۇۋاپىقلاشماق: دېمەك، تۈپ ئاساسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئۇيغۇنلاشتى. * سىزنىڭ مۆلچەرىڭىز ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇنلاشمايۋاتىدۇ.

**ئۇيغۇنلۇق** «ئۇيغۇن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: فىلىمدىكى ۋەقە-ھادىسىلەر فىلىمدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن دەۋرنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ئۇيغۇن بولۇپ، ئۇيغۇنلۇق ئەشۇ ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە مۇھىت بىلەن پېرسوناژلار خاراكتېرىنىڭ ماسلىقىدا، تۇرمۇش پۇرىقىنىڭ قويۇقلۇقىدا ۋە مىللىي خۇسۇسىيەتنىڭ روشەنلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

**ئۇيقۇ** ئى ① تورمۇزلىنىش جەريانى چوڭ مېڭە پوستلىقىغا تارىلىپ، چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ تۆۋەندىكى قىسىملىرىغىچە يېتىپ بارىدىغان فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە. ئۇ جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئىقتىدارنى ئەسلىگە كەلتۈرەلەيدۇ: ئۇيقۇنىڭ سۈپىتىگە قاراپ ئۇنى ياخشى ئۇيقۇ ۋە يامان ئۇيقۇ دەپ ئىككىگە ئايرىش مۇمكىن. * تاماكىنى چېكىۋالاي چوغلارنى قويۇپ، يارىم بىلەن ئۇينىۋالاي

ئۆيقۇمنى قويۇپ. ② بەزى ھاشارات ۋە ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخلەرنىڭ قىشلىق ئۇچەك ھالىتى: قىشلىق ئۆيقۇ. ③ كۆچمە. ھەرىكەت ۋە شاۋقۇن-سۈرەن بولمىغان جىمجىت ھالەت: بۇ چاغدا شەھەر ئۆيقۇدا ئىدى. * سوغ كېچە، شىۋىرغان، ئۇچقۇندا يىدۇ قار، چوڭ يولدىن غىچىرلاپ كېلىدۇ ھارۋا. ئاي بۇلۇت قوينىغا مۈككەن بىغۇبار، تەبىئەت ئۆيقۇدا ياتىدۇ تەنھا.

**ئۆيقۇ بەرمەسلىك** ئۆيقۇسىنى قاچۇرماق، ئۇخلاتماسلىق: بۇ ئاچچىق-چۈچۈك شېرىن خىياللار ئۆيقۇ بەرمەيتتى.

**ئۆيقۇدىكى بىخ** < بوت > ئۆسۈش پەسلى يېتىپ كەلگەندىمۇ بىخلانماستىن ۋاقىتلىق ئۆيقا ھالىتىدە تۇرىدىغان بىخ.

**ئۆيقۇسى بۇزۇلماق** ئۆيقۇسىغا دەخلى يەتمەك: ئىشكىنىڭ قاتتىق ئېچىلىشى بالىنىڭ ئۆيقۇسىنى بۇزدى.

**ئۆيقۇسى سەگەك** ھەرقانداق شەپىنى تۇيۇپ ياتىدىغان، بىرەر شەپە بولسىلا تېز ئويغىنىدىغان: نەۋرىمىز ئۆيقۇسى سەگەك بالا بولدى.

**ئۆيقۇسى قاتتىق** ← **ئۆيقۇسى ئېغىر**: ياسىن ئۆيقۇسى قاتتىق بالا ئىكەن. ئىشكىنى مۇشتلاپمۇ ئويغاتقىلى بولمىدى.

**ئۆيقۇسى قاچماق** ئۇخلىغۇسى كەلمەسلىك: جېنىمنى ئويلىسام ئۆيقۇم قاچىدۇ (ماقال). * بىلمەيمەن، ماڭا يول ئۈستىدىكى ئۆگدەك ھېساب بولۇپ قالدىمۇ، ئۆيقۇم قېچىپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم.

**ئۆيقۇسى ھارام بولماق** ← **ئۆيقۇسى بۇزۇلماق**: ئۇ: ـــ ئۆيقۇمنى ھارام قىلدى-دە، ـــ دېگىنىچە دەسلەپ جەينىكىگە، كېيىن تىزىغا تايىنىپ ئورنىدىن تۇردى.

**ئۆيقۇسى ئېچىلماق** ① ئۆيقۇدىن ئويغانماق: ئۇنىڭ ئۆيقۇسى ئېچىلدى. ② كۆچمە. ھوشيار بولماق، سەگەكلەشمەك: تۇنجى يىلدىكى بۇ خۇشاللىق بىزنىڭ ئۆيقۇمىزنى ئېچىپلا قويدى. * ئۆيقۇمىزنى ئېچىپ بىزگە ئەقىل ئۆگىتىپ قويغان سېغىزخانىغا رەھمەت.

**ئۆيقۇغا كەتمەك** ئۇخلاپ قالماق: ئۇلاردىن ئىككىسى ئۆيقۇغا كەتكەن بولۇپ، بىرى تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. * بىركۈنى كېچىسى تۈمۈر سەندەلگە، باش قويۇپ ئۆيقۇغا كېتىپتۇ ئۇزغۇن. ئاقساقال بىر بوۋاي كىرىپ چۈشىگە، دەپتۇ كۆزلىرىدىن چاچرىتىپ ئۇچقۇن.

**ئۆيقۇسى ئېغىر** ئۇخلىسا ئاسان ئويغىنالمايدىغان، قاتتىق ئۇخلايدىغان: بۇنداق ئۆيقۇسى ئېغىر، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆتۈپ كەتكەن خورەكچى ئادەمدىن پاناھ بەرسۇن خۇدايىم. كېچىسى مۇتلەق ئارام بولمايدىكەن.

**ئۆيقۇ كەلمەك** ئۆيقۇ باسماق، ئۆيقۇسىرىماق: ـــ يېرىم كېچە بولۇپ قالدى، گەپ-سۆزنى قويۇپ ئۇخلايلى، ئۆيقۇ كېلىپ كۆزلىرىم يۇمۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. * مەستۇن ھەيران بولۇپتىمەن، شۇ بۇ كۈنلەردە. ياتسام كېچە كەلمەس ئۆيقۇ، قارا تۈنلەردە.

**ئۆيقۇچان** سۈپ ① ئۇخلاشقا ئامراق، كۆپ ئۇخلايدىغان: مەن يىقىندىن بۇيان بەك ئۆيقۇچان بولۇپ كەتتىم. ② ئۆيقۇلۇق، ئۆيقۇ باسقان: ئايشەمگۈلنىڭ ئانىسى بوسۇغىدا ئۆيقۇچان كۆزلىرى بىلەن قىزىغا ئەجەبلىنىپ قاراپ تۇراتتى.

**ئۆيقۇچى** سۈپ. كۆپ ئۇخلايدىغان: مىجىت قارى ناھايىتى ئۆيقۇچى ئادەم ئىدى. ئولتۇرسىمۇ كۆزى ئۆيقۇغا كېتەتتى.

**ئۆيقۇسىراتماق** « ئۆيقۇسىرىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆيقۇسىراشماق** « ئۆيقۇسىرىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇيقۇسىرىماق** پ. ئۇخلىغۇچىسى، ئۇيقۇسى كەلمەك، ئۇيقۇ باسماق: مۇتەللىپمۇ شۇ چاغدا خېلى ئۇيقۇسىراپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. * سىيت قارى ئۇيقۇسىرىغان كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ يەنە مۇراتقا قارىدى.

**ئۇيقۇسىز** سۈپ. ئۇخلىمىغان، ئۇخلىماي، ئۇخلىماستىن: ھاۋا ئىسسىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئېزىلىپ، ئۇيقۇسىز كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ كەلمەكتە ئىدى. * ئۇ كەچلىك تاماق ئۈستىدە بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋالنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بۈگۈنمۇ ئۇيقۇسىز كېچە باشلىنىدىغانلىقىنى بىلدى. // ئۇ بۇ بىرنەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى.

**ئۇيقۇسىزلىق** «ئۇيقۇسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنىڭ قولىدا كەتمەن، كۆزلىرىدىن ئۇيقۇسىزلىق چىقىپ تۇراتتى. * ئۇيقۇسىزلىق، ئاچلىق ئۇنىڭ يۈرەك-باغرىنى ئېزىۋەتتى.

**ئۇيقۇلۇق I** ① سۈپ. ئۇيقۇ باسقان، ئۇيقۇسىرىغان. ئۇيقۇدىكى، ئۇيقۇ ئارىلاش: — نەگە يوقاپ كەتتىڭىز؟ — دېدى ئايىمخان ئۇيقۇلۇق ئاۋاز بىلەن. * نېمىشقىدۇر تامچىلاپ چۈشكەن ئىككى تامچە ياش گۈلشەننىڭ مەڭزىگە تامغاندىلا، ئاندىن ئۇ ئۇيقۇلۇق كۆزلىرىنى غۇۋا ئېچىپ ئانىسىنى كۆردى. // ئانىلار تەۋرىتىپ بۆشۈكنى، ئۇقۇسا غەزەلنى ئۇيقۇلۇق. ئىشكىنىڭ قېشىدا ئېرىنمەي، ئاڭلارمىش تامامەن، قايغۇلۇق. ② سۈپ. ئۇخلاۋاتقان، ئۇيقۇ ھالىتىدىكى: ئۇيقۇلۇق ئادەمنى نېمە دەپ ۋارقىراپ ئويغىتىسەن. ③ ئى. ئۇخلىغان ۋاقىتتىكى ھالەت، ئۇيقۇ: ئۇ قول بالا مېنىڭ پەرزەنتىم ئىدى، ئۆلۈپ كەتتى ئەمدى. ئۇيقۇلۇقتا ئېتىپ تاشلاپتىمەن.

**ئۇيقۇلۇق II** ئى < ئانات > ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىگە جايلاشقان، كالا تىلى شەكلىدىكى بىر خىل بەز. ئۇ ھەزىم قىلىشقا ياردەملىشىدىغان ئۇيقۇلۇق سۇيۇقلۇقى شۇنىڭدەك قەنتنىڭ ئالمىشىشىنى تەڭشەيدىغان ئىنسۇلىننى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ.

**ئۇيقۇلۇق ئاقسىل ئېنزىمى** < بىئول > ئاقسىلنى ئامىنو كىسلاتاسىغا پارچىلايدىغان، ئۇيقۇلۇق سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى بىر خىل ھەزىم قىلىش ئېنزىمى.

**ئۇيقۇلۇق سۇيۇقلۇقى** < بىئول > ئۇيقۇلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بىر خىل ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى. رەڭسىز ھەم سۈزۈك بولۇپ، ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. تەركىبىدە ناترىي ھىدروكاربونات، ئۇيقۇلۇق ئاقسىل ئېنزىمى، ئۇيقۇلۇق ماي ئېنزىمى، ئۇيقۇلۇق كراخمال ئېنزىمى قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۇ ئۇيقۇلۇق تەرىپىدىن ئاجرىتىپ چىقىرىلغاندىن كېيىن، ئىنچىكە ئۈچەيگە ئېقىپ كىرىپ، ئىنچىكە ئۈچەيدە ھەزىم قىلىشقا ياردەم بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئۇيقۇلۇق كراخمال ئېنزىمى** < بىئول > كراخمالنى مالتوزىغا ئايلاندۇرىدىغان، ئۇيقۇلۇق سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى بىر خىل ھەزىم قىلىش ئېنزىمى.

**ئۇيقۇلۇق ماي ئېنزىمى** < بىئول > ماينى گلىتسېرىن ۋە ماي كىسلاتاسىغا پارچىلايدىغان، ئۇيقۇلۇق سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى بىر خىل ھەزىم قىلىش ئېنزىمى.

**ئۇيقۇلۇق ئېنزىمى** < بىئول > چوشقىنىڭ يېڭى ئۇيقۇلۇقىدىن ئېلىنغان، سېرىق ماي رەڭگىدىكى تۇراقسىز پاراشوك. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئۇيقۇلۇق كراخمال ئېنزىمى، ئۇيقۇلۇق ماي ئېنزىمى، ئۇيقۇلۇق ئاقسىل ئېنزىمى ۋە باشقىلار بولىدۇ.

**ئۇيۇتقۇزماق** « ئۇيۇماق » پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇيۇتما** سۈپ. ئۇيۇتۇپ تەييارلانغان، ئۇيۇتۇلغان: ئاخىر ئۇلار تەۋەككۇلگە باش ئۇردى-دە، گومىنداڭ 5-ئاتلىقلار پولكىغا ئاتاپ ئەكەلگەن ياردەم بۇيۇملىرىنى، ئۇرغۇن ساندىكى ئوق-دورا، ئونلىغان ئاپتومات ۋە ياردارلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇيۇتما قان ۋە باشقا تىببىي ياردەم بۇيۇملىرىنى نىشانسىز تاشلاشقا مەجبۇر بولدى. ‖ ئادەملەر خۇددى بىر يىرتقۇچ ھايۋاننى مەڭگۈ تۇرالماسقا ياتقۇزماقچى بولۇشقاندەك، قىلىپلار ئۈستىگە ئېغىر پولات ئۇيۇتمىلارنى قۇيۇشىدۇ.

**ئۇيۇتماق** « ئۇيۇماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار خېلى ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، ئەپەندىم قېتىق ئۇيۇتىدىغان تەڭنىسىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، پادىشاھنىڭ ئارقىسىدىن ۋارقىراپتۇ.

**ئۇيۇتۇشماق** « ئۇيۇتماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇيۇتۇلماق** « ئۇيۇتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇيۇشتۇرماق** ① « ئۇيۇشماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوقۇتقۇچىلار بوش ۋاقىتلاردا ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپنىڭ مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ئۇيۇشتۇردى. * گۇڭشې رەھبەرلىكى گۇڭشې، دادۈي كادىرلىرى، .مال دوختۇر تېخنىكلىرى ۋە دېھقان-چارۋىچىلاردىن 400 نەچچە كىشىنى بىرىنچى سەپكە ياردەم بېرىشكە ئۇيۇشتۇردى. ② تەشكىل قىلماق، تەشكىللىمەك: مۇئەللىم تەنتەربىيە دەرس سائىتىدە ئوقۇغۇچىلارنى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىگە ئۇيۇشتۇردى. * كان ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى يېڭى يىلنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىكى ئۇيۇشتۇردى. ③ يىغماق، توپلىماق: ماقالە ئۇيۇشتۇرماق.

**ئۇيۇشتۇرۇشماق** « ئۇيۇشتۇرماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشقان يىغىن-يىغىنلىرىمۇ قانچىلىك بولاركىن تاڭ!

**ئۇيۇشتۇرۇلماق** « ئۇيۇشتۇرماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زاۋۇتلارغا توپلانغان ئىشچىلار ئامىسى ئەسكەرلەرگە ئوخشاش ئۇيۇشتۇرۇلدى. * ئۇلار شەھەرگە تەنتەنە بىلەن قايتقاندىن كېيىن، غالىپلار شەرىپىگە نەچچە كۈن كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇرۇلدى.

**ئۇيۇشقاق** سۈپ ① بىرەر مەقسەتتە تېز ھەرىكەتكە كېلىدىغان، دەرھال ئۇيۇشالايدىغان، ئىتتىپاق: بۇ زاۋۇتنىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ھەقىقەتەن جەڭگىۋار، ئاڭلىق ئۇيۇشقاق ياخشى كوللېكتىپ ئىكەن. ② بىر-بىرىگە ئاسانلا چىپىسلىشىۋالىدىغان: ئۇيۇشقاق جىسىملار.

**ئۇيۇشقاقلىق** « ئۇيۇشقاق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىتتىپاقلىقنىڭ مېغىزى ئۇيۇشقاقلىقتۇر. تارىخىي پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيۇشقاقلىقى كۈچىيىپ بارغان مىللەت روناق تاپىدۇ.

**ئۇيۇشما** ئى. بىرەر مەقسەتتە بىرلەشكەن، ئۇيۇشقان كىشىلەر ياكى تەشكىلاتلار بىرلەشمىسى؛ ئىتتىپاق، تەشكىلات: ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى. ئوقۇغۇچىلار ئۇيۇشمىسى. * دېھقانلار ئۇيۇشمىسىدىن نەچچە يۈز ئادەم ناھىيىگە بېرىپ ئەرز قىلدى.

**ئۇيۇشماق I** پ. ئۆزئارا بىرلىشىپ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن توپلانماق، بىرلەشمەك، جەم بولماق، تەشكىللەنمەك: بىز ئىلگىرى چېچىلاڭغۇ ھەرىكەت ئېلىپ بارغان بولساق، ئەمدى ئۈچقۇنلار ئىتتىپاقىغا ئۇيۇشتۇق. *

خەلق گۇڭشېسى بولۇپ ئۇيۇشقاندىن تارتىپ پۈتۈن ئىشقىنى كوللېكتىپقا بېرىۋەتكەن بۇ ئادەم، گەرچە ئادەتتىكى ئەزا بولسىمۇ، كوللېكتىۋىزملىق غۇرۇرى خېلىلا ئۈستۈن ئىدى. * ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق ئىشچىلاردىن ئۇيۇشقان ئىشتىن سىرتقى تېخنىكا نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش سىنىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى تېخى دەرستىن قايتمىغانىدى.

**ئۇيۇشماق II** پ. سوغۇق ياكى قان يۈرۈشمەسلىك قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەدەننىڭ مەلۇم جايى سەزمەس بولۇپ قالماق، ھەرىكەتلەندۈرسە قىم-قىم قىلىپ ئاغرىماق: ئانا تېخىچىلا جايىنامازدىن تۇرمىدى. پۇتلىرى ئۇيۇشۇپ كەتتى. * جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇقتا قار ئۈستىدە يېتىپ ئۆملىگەچكە، ھە دېمەي بەدەنلىرىم، مۇزلاشقا باشلىدى، قوللىرىم تولاپ، ئۇيۇشۇپ بارغانچە سەزمەس بولۇپ قالدى.

**ئۇيۇل** سۈپ. ئۇيۇغان، ئۇيۇپ بىر پۈتۈن قاتقان ھالەتكە كەلگەن، مۇنەك: ئۇيۇل چويۇن. * كۈننىڭ نۇرى تەگمەي ھېلىغىچە ئېرىپ بولالمىغان دەرەخ تۈۋىدىكى ئۇيۇل مۇزلۇقتا قاتتىق ئۇرۇلۇپ، ئىنچىكە قوۋۇرغىسى ئېگىلىپ كەتكەن يانتاقۇپ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى. * ئەسلىتەر ئۇيۇل تاغنى ئۇ، مىختەك چىڭ تىرەلگەن يەرگە ئايىغى. زەربە بىلەن ئۇرسىمۇ قۇترىغان بوران، يەنىلا مەردانە قەددى-قامىتى.

**ئۇيۇل ئالتۇن** ئېرىتىلىپ كاللەك ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن ئالتۇن: ـــ خاتىرجەم ئىشلەۋەر، ئۇستاڭنىڭ تۇتقان يولى توغرا. مۇشۇنداق ئۆگەتسە، ئىچى كاۋاك دەرەخ بولماي، ئۇيۇل ئالتۇن بولسەن، ـــ دېدى رامىزان ئاكا.

**ئۇيۇل تاش** چىڭ، پۇختا، يوغان تاش؛ قورام: تىك ئۆسكەن تېرەكنىڭ كۆلەڭگىسى، ئۇيۇل تاشتىن ئۇيۇلۇپ ياسالغان ئورۇندۇق ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى. * ئۇ يەردىكى كۆلمۇ مەرمەر تاشتىن ياسالغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا بىرنەچچە ئۇيۇل تاش قويۇلغان.

**ئۇيۇل توپ** < تەن > تەنتەربىيە قوشۇمچە ئەسۋابى. ئۇنىڭ تېشى خۇرۇم، رېزىنكە قاتارلىق ماتېرىيال بولۇپ، ئىچىگە پارچە-پۇرات نەرسىلەر تىقىلىپ ياسالغان. ئېغىرلىقى ھەر خىل بولۇپ، تاشلاپ تۇتۇش، ئېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداشقا بولىدۇ.

**ئۇيۇل خىش** < بىن > ئىچى كاۋاك بولمىغان خىش.

**ئۇيۇل-ئۇيۇل** «ئۇيۇل» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئورۇندۇقلارنىڭ پۇتلىرى، شىرەنىڭ ئاستى قەغەز، قالدۇق-يېمەكلىكلەردىن تاشقىرى ئۇيۇل-ئۇيۇل قۇسۇقلار بىلەن بۇلغانغانىدى.

**ئۇيۇلغۇ** ئى. دىئال. جاندارلارنى ئوتقا باغلاپ قويۇش.

**ئۇيۇم** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇيۇپ قاتقان ھالىتى: قارىسام ئۇنىڭ ئوڭ مەڭزى ئىششىغان، ئاغزى-بۇرنىدىن قېپقىزىل قان ئۇيۇملىرى قېتىپ قېلىپتۇ.

**ئۇيۇماق** پ. قويۇقلىشىپ قاتقان ھالەتكە كەلمەك، قاتماق، قاتتىقلاشماق: قېتىق ئۇيۇدى. * ئۇنىڭ ئاپئاق ساقىلىغا ئۇيۇپ قالغان قان داغلىرى تۈنجى قۇياشنىڭ نۇرىدا ئانار دانلىرىدەك پارقىراپ تۇراتتى. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇر تېخىچە يېزىۋاتاتتى. پەنجىرە تۈۋىگە توختىتىلغان چوڭ شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لامپا چىراغ سۈت يۈزىگە ئۇيۇغان قايماق رەڭگىدە سارغۇچ نۇر چېچىپ، شائىرنىڭ

مەشغۇلاتىغا ياردەم بېرەتتى.

**ئۇيۇندى** ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇيۇپ قېتىپ قالغان قالدۇق قىسمى: ئۇ مەھبۇسنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ، ئۇنىڭ پۈتۈن ئەت-بەدەنلىرىنى قاپلاپ تۇرغان يارا ئىزلىرىنى، قېتىشىپ قالغان قان ئۇيۇندىلىرىنى كۆردى.

**ئۇيىتىشماق** «ئۇياتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قىلىپ قويغان ئىشلىرىغا قاتتىق ئۇيىتىشتى.

**ئۇيىلىشماق** «ئۇيالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خىجىللىقتىن ئۇيىلىشىپ تۇرغان قىزلار يۈزلىرىنى تۇتۇشۇپ يەرگە قارىشىۋالدى.

# ئۆ

**ئۆ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە يىگىرمە يەتتىنچىنى كۆرسىتىدۇ. ③ شۇ ھەرپىنىڭ نامى.

**ئۆپتۆرمەك** «ئۆپمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆپچۆرە** ئى ① بىرەر نەرسە ياكى دائىرىنىڭ يېقىن ئەتراپى، چۆرىسى؛ ئەتراپ: بىنانىڭ ئۆپچۆرىسى. مەكتەپنىڭ ئۆپچۆرىسى. * ناتونۇش كىشى سارايىنى ئايلىنىپ ئۆپچۆرىسىنى ئوبدان كۆرۈپ چىقىپتۇ. * كىچىككىناخۇن ئۆپچۆرىسىگە بىر قارىۋېلىپ سېكرېتارىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. * — ماڭا خەۋەر قىلىنغان يەر مۇشۇ ئۆپچۆرىدە بولۇشى مۇمكىن، — دەپ ئويلىدى ھېكىم نۇر. ② كۆپىنچە ئورۇن كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۇرلىنىپ جۈملىدە ئېيتىلغان سان-مىقدارنىڭ ئۆزىنىڭ سۈيىيېكتىپ پەرىزىگە، مۆلچەرىگە يېقىن، دەل ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ، زىيادە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ماشىنىدىكى كۆمۈر 6 تونىنا ئۆپچۆرىسىدە ئىدى. * قىز قارا سوكىنىدا ئۇزۇن پەلتو كىيىپ، بويىنىغا ئاپئاق قاردەك شارپا ئورىۋالغان بولۇپ، 20 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە ئىدى. * تۇردى 30 ياش ئۆپچۆرىسىدىكى ئاق يۈزلۈك، غوللۇق كەلگەن يىگىت ئىدى. * 3-ئاينىڭ 10-كۈنى ئۆپچۆرىسىدە تاڭ يورۇشتىن ئىلگىرىكى ۋاقىت مېركۇرىينى كۆزىتىشتە ئەڭ مۇۋاپىق ۋاقىت ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆپكە** ئى ① < ئانات > ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىش ئورگىنى. ئادەملەرنىڭ ئۆپكىسى كۆكرەك بوشلۇقىدا ئوڭ-سولدا بىردىن بولۇپ، كانايچە بىلەن تۇتىشىدۇ. يۈرەكتىن چىققان كاربون (IV) ئوكسىدقا ئىگە قان سۈيۇقلۇقى ئۆپكە ئارتېرىيىسى ئارقىلىق ئۆپكە پۇۋەكچىسى ئىچىگە كىرىپ گاز ئالماشتۇرۇپ، ئوكسىگېنلىق قان سۈيۇقلۇقىغا ئايلىنىدۇ ھەمدە ئۆپكە

ۋېناسى ئارقىلىق يۈرەككە قايتىدۇ. ② ھايۋانلارنىڭ ئىستېمال قىلىشقا ئىشلىتىلىدىغان شۇ خىل ئەزاسى: ئۆپكە قورىماق. * ئەتىكى قورۇقتىن بۈگۈنكى ئۆپكە ياخشى (ماقال).

**ئۆپكە ئارتېرىيىسى** < ئانات > يۈرەكتىن ئۆپكىگە قان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تومۇر. قىسقا ھەم توم بولۇپ، جەمئىي ئىككى تال بولىدۇ. ئوڭ يۈرەك قېرىنچىسىدىن باشلىنىپ، ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئوڭ ۋە سول قانات ئۆپكىگە كىرىدۇ ۋە شاخلىنىپ ئۆپكە پۇۋەكچىسىنى ئورىۋالىدۇ. ئۆپكە ئارتېرىيىسىدىكى قان تەركىبىدە كاربون (IV) ئوكسىدى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى قارامتۇل قىزىل كېلىدۇ.

**ئۆپكە ئاغزى** < زوئول > كۆشە يېدىغان ھايۋانلار ئاشقازىنىنىڭ 2-قىسمى. ئىچكى دىۋارىدا ھەرە كۆنىكىگە ئوخشاش توزۇلۇش بار.

**ئۆپكە پۇۋەكچىسى** < ئانات > ئۆپكىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. ئورنى ئەڭ كىچىك كانايچىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا بولۇپ، سەل-پەل يېرىم شار شەكلىدە كېلىدۇ. ئەتراپىنى سان-ساناقسىز قىل قان تومۇرلار ئوراپ تۇرىدۇ. قان سۇيۇقلۇقى ئۆپكە پۇۋەكچىسى ئىچىدە گاز ئالماشتۇرىدۇ.

**ئۆپكە تۈبېركۇليوزى** < تىب > سوزۇلما خاراكتېرلىك يۇقۇملۇق كېسەللىك. سىل تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدا يەڭگىل قىزىتىش، كېچىلىرى ئىختىيارسىز تەرلەش، يۆتىلىش، بەلغەم كۆپىيىش، ياداش، بەزىدە قان تۈكۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئۆپكە راكى** < تىب > راك ھۈجەيرىلىرى ئۆپكىدە كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**ئۆپكە سۇلۇق ئىششىقى** < تىب > يۈرەكنىڭ كۈچى ئاجىزلاش، نەپەس ئالغاندا زىيانلىق گازلار ئۆپكىگە كىرىپ كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا قاتتىق يۆتىلىش، قارىداش، تۈكۈرۈكتە قان ئارىلىشىپ كېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئۆپكە سىغىمچانلىقى** < فىزىئول > چوڭقۇر نەپەس ئېلىپ، كۈچەپ نەپەس چىقارغان چاغدىكى ھاۋا مىقدارى. ئوتتۇرا ياشلىق ئەرلەرنىڭ نورمال قىممىتى 3.5 — 4 لىتىر، ئاياللارنىڭ 3 لىتىر كېلىدۇ.

**ئۆپكە سىغىمچانلىقى ئۆلچىگۈچى** < تىب > ئۆپكىگە كىرىپ-چىققان ھاۋا مىقدارىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مېخانىزم.

**ئۆپكە شورىغۇچى قۇرتى** < زوئول > بىر خىل پارازىت قۇرت. يېتىلگىنى سېرىق پۇرچاقنىڭ يېرىمچىلىك كېلىدۇ. رەڭگى قىزغۇچ قوڭۇر بولۇپ، ئادەمنىڭ ئۆپكىسىدە پارازىت ياشايدۇ. تۇخۇمى كېسەلنىڭ خەپرۇكلىرى ۋە چوڭ تەرىتى بىلەن سىرتقا چىقىرىلىدۇ. لىچىنكىسى تاش قىسقۇچپاقىسىنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ. ئادەم ئۇلارنى يېگەندە ئۆپكە شورىغۇچى قۇرت كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ. بۇنىڭدا يۆتىلىش، مەيدە ئاغرىش، قان تۈكۈرۈش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. بەزىدە تۇتقاقلىق كېسىلىمۇ كۆرۈلىدۇ.

**ئۆپكە قاقماق** دىئال. ئاچچىق قىلماق، ئاچچىقلانماق، تېرىكىپ نارازىلىق بىلدۈرمەك.

**ئۆپكە قان ئايلىنىش كېسەللىكلىرى** < تىب > ئۆپكە قان ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدىغان

كېسەللىكلەر.

**ئۆپكە قان ئايلىنىشى** < فىزىئول > يۈرەك قىسقارغان ۋاقىتتا، ئوڭ يۈرەك قېرىنچىسىدىكى كاربون (IV) ئوكسىدىغا ئىگە بولغان قان سۈيۇقلۇقى ئۆپكە ئارتېرىيىسى ئارقىلىق ئۆپكىگە كىرىپ، يېڭى ئوكسىگېننى سۈمۈرۈش ۋە ئارتۇقچە كاربون (IV) ئوكسىدنى چىقىرىپ تاشلاش ئارقىلىق گاز ئالماشتۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆپكە ۋېناسى ئارقىلىق يۈرەك دالانچىسىغا كىرىپ، قايتا سول يۈرەك قېرىنچىسىغا ئېقىپ كىرىدۇ. قان سۈيۇقلۇقىنىڭ بۇ خىل ئايلىنىشى ئۆپكە قان ئايلىنىشى ياكى كىچىك قان ئايلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئۆپكە قانتى** < ئانات > ئۆپكىنىڭ يۈزىدىكى چوڭقۇر ھەم ئۇزۇن كەلگەن ئېرىقچىلار ئۆپكىنى بەش بۆلەككە بۆلىدۇ. بۇ ھەربىر بۆلەك بىر ئۆپكە قانتى بولىدۇ. ئۆپكە قانتى سول ئۆپكىدە ئىككى، ئوڭ ئۆپكىدە ئۈچ پارچىدىن بولىدۇ.

**ئۆپكە كېسىلى** < تب > ئۆپكىدە پەيدا بولغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر. ئادەتتە ئۆپكە تۇبېركۇليوزى كۆپرەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆپكەڭنى بېسىۋال** «ھولۇقما، چالۋاقىما، ئېغىر بول، ئالدىرىما» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: — ئۆپكەڭنى بېسىۋال، چالۋاقاپ كەتمە، — دېدى قاسىم.

**ئۆپكە ۋېناسى** < ئانات > ئۆپكىدىن يۈرەككە قان يەتكۈزۈپ بېرىدىغان تومۇر. ئوڭ-سول ئۆپكىدە ئىككى تالدىن باشلانغان بولۇپ، سول يۈرەك دالانچىسىغا كىرىدۇ. ئۆپكە ۋېناسىدىكى قان سۈيۇقلۇقى تەركىبىدە كاربون گازى بولۇپ، ئۇنىڭ رەڭگى قىپقىزىل كېلىدۇ.

**ئۆپكە ئېچىلماسلىق** < تب > كۆپكەن ئۆپكىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كېتىشى. بەزىدە تۇغۇلغان چاغدىكى ئۆپكە كۆپۈشىنىڭ يېتەرسىزلىكمۇ كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆپكە ياللۇغى** < تب > بىر خىل كۆپ كۆرۈلىدىغان نەپەسلىنىش سىستېمىسى كېسەللىكى، شۇنىڭدەك باكتېرىيە، ۋىرۇس قاتارلىقلار كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئۆپكە كېسىلى. كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەن ئورۇن ۋە كېسەللىك سەۋەبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ خېلى كۆپ تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ. ئادەتتە قاتتىق قىزىتىش، يۆتىلىش، مەيدە ئاغرىش، نەپەس قىيىنلىشىش، بەزىدە دات رەڭگىدە تۈكۈرۈش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئۆپكە يەل ئىششىقى** < تب > سوزۇلما خاراكتېرلىق بىر خىل كېسەللىك. ئۆپكە توقۇلمىلىرىنىڭ ھەددىدىن زىيادە كېڭىيىپ كېتىشى ۋە تولغان ھاۋانىڭ ئۇنىڭ ئېلاستىكلىقىنى بۇزۇشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. بەزىلىرى سوزۇلما خاراكتېرلىك كانايچە ياللۇغى ۋە كانايچىنىڭ جىددىيلىشىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن بولىدۇ. بۇنىڭدا، نەپەس قىيىنلىشىش، لەۋلەر قارىداش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئۆپكە يىرىڭلىق ئىششىقى** < تب > بىر خىل كېسەللىك، يەنى ئۆپكىدە پەيدا بولغان يىرىڭلىق ياللۇغ شەكىللەندۈرىدىغان بىر خىل ئىششىق. بۇنىڭدا، بىمارنىڭ قىزىتمىسى يۇقىرى ئۆرلەش، تەرلەش، پۈتۈن بەدىنى ماغدۇرسىزلىنىش ۋە مەيدىسى ئاغرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلماق** ① نەپەسى بوغۇلماق، نەپەسى قىيىنلاشماق: يۈگۈرەۋېرىپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالاي

دېگەن قوددۇس ئۆيى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ② ھولۇقماق، ھودۇقماق: ئامانقۇل ئايقىزنى بىر قاراپلا تونۇدى-دە، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، گەپ قىلالماي قالدى.

**ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالماق** ← **ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلماق:** نېمە ئىش بولدىكىن-تاڭ، گۈلچېھرە قوي پادىلىرىنى توپلاپ كەلگىنىدە، شالاڭ ھاۋانىڭ تەسىرىدىنمۇ نېمە يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالاي دېگەنىدى.

**ئۆپكىسى تۈگەپ، كانىيى قالماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ كۆپ، ئاساسىي قىسمى تۈگەپ، ئازلا بىر قىسمى قېلىپ قالماق: سەن بۇ ئىشنىڭ ئۆپكىسى تۈگەپ، كانىيى قالغاندا كەپسەن، بولۇپتۇ، ئەمدى قالغىنىنى سەن قىلىۋەت.

**ئۆپكىسى قۇرۇپ كەتمەك** قاتتىق تەشنا بولماق، قاتتىق ئۇسسىماق: — ئۇنىڭ ئۆپكىسى قۇرۇپ كېتىپتۇ، ئۇسسۇلۇق بەر، — دېدى ئايشىخان.

**ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالماق** كارامىتى ئاشكارا بولۇپ قالماق: شۇ ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالغان كۆتۈرەلمە چېغىدا قار-يامغۇر ياغدۇرۇپ قارىغانلىرىمغا مەت قىلىپ قويماپتۇ. * ئۇلار خەلقنىڭ كۆزىنى بوياپ، ئۆزىنى ھەرقانچە پەردازلىغىنى بىلەن، ئۆپكىسى كۆرۈنۈپ قالدى، خالاس.

**ئۆپكىسىنى بېسىۋالماق** ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئۆزىنى تەمكىن، سالماق تۇتماق، تىنچلانماق: يۈرسىلە، گەپلىرى بولسا ئۆيگە كىرىپ، بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچىپ، ئۆپكىلىرىنى بېسىۋېلىپ دېسىلە. * قاسىمئاخۇن ئاشۇلارنى ئويلاپ ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ، بەكرىگە داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ، قايتىدىن سېلىشنى ئېيتتى.

**ئۆپكىسىنى ئىچىدىن قاقماق** سەزدۇر-مەي، ئەدىبىنى بەرمەك، بىلىندۇرمەي زەربە بەرمەك، زېيان سالماق: ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن زىئۇرشا غودۇڭشىدى: «ۋۇي ناكەس ساراڭ، نەدىكى نومۇرى ئاۋۇمايدىغان ئىشلارغا مېنى ئەۋەتىپ ئۆپكەمنى ئىچىمدىن قېقىۋاتسەنغۇ!» * ئىسىنىڭ ئاچچىقىنى مورا بىلىدۇ، راست، ئۇ ئادەمنىڭ گېپى ئۆتكەندەك قىلغىنى بىلەن نىيىتى ھارام ئىكەن ئۆزى، زىئۇرشا ئىككىمىزنىڭ ئۆپكىمىزنى ئىچىمىزدىن قېقىپ بولدى جۇمۇ ئۇكام!

**ئۆپكىسى ئۆرۈلمەك** كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلىغۇسى كەلمەك، يىغا تۇتماق، كۆڭلى بۇزۇلماق: خۇرشىدىخان سۆزىنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرالمىدى. ئۇنىڭ راستىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلگەنىدى. * مەن كۆزۈمگە ياش ئالالىغۇدەك ئۆز-ئۆزۈمگە ۋەدە قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ يىغلىغۇم كەلگەن بولسىمۇ، ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم. * مەن ئۇلارنى كۆرگىنىمدە نېمىشقىدۇر ئۆپكەم ئۆرۈلگەندەك بولدى.

**ئۆپكىسى يوق** ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەيدىغان، تولىمۇ يەڭگىل، ئالدىراڭغۇ، شاتىراق، شاللاق: — سادىقنى دادۇيدىكى ئۆپكىسى يوق سەنناسلار كۆرمىسۇن، ئۇدۇل مەشەگە باشلاپ كەلگىن، — دېدى توختى ھارۋىكەش. * قانداق ئۆپكىسى يوق ئادەش بۇ، سەۋر قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ؟

**ئۆپكە-باغىر** → **ئۆپكە-بېغىر**: ئۆپكە-باغرىنى قاقماق.

**ئۆپكە-باغرىنى قاقماق** كۆيۈنمەك، مېھرىبانلىق قىلماق.

**ئۆپكە-بېغىر** ئۆپكە ۋە بېغىر.

**ئۆپكە-زاسۇي** قوي، ئۆچكە، كالا قاتارلىقلارنىڭ ئىچ يۈرۈشى: قوينىڭ ئۆپكە-زاسۇيىنى پىچاق تەگكۈزمەي ساق ئېلىڭ، ئەتىكى مېھمانغا ئىشلىتىمىز.

**ئۆپكە-ھېسسپ** ئۆپكە ۋە ھېسسپ: ئۆپكە-ھېسسپ تەييارلىماق. * ئەتىسى ئۆپكە-ھېسسپ قۇيۇپ يېمەكچى بولۇپ قاسساپتىن ئۆپكە ۋە ئۈچەي ئېلىپ كېلىپ، پېشايۋان تۈۋرۈكىگە ئېلىپ قويغىنىدا، ئۇنى پەس ئۇچۇپ يۈرگەن بىر سار ئېلىپ قېچىپتۇ.

**ئۆپكىدىمەك** پ → **ئۆپكىلىمەك**: بالا ئۆپكىدەپ تۇرۇپ مەتتوختىنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. * ئۇ: — ئىش تۈگىدى! — دېدى. قورقۇپ كەتكەن ئايالى «پاكىنىدە» ئېيتىلىپ ئۆپكىدەپ كەتتى.

**ئۆپكىلە تمەك** «ئۆپكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆپكىلە شمەك** «ئۆپكىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆپكىلىك** سۈپ. ئۆپكىسى بار، ئۆپكىگە ئىگە: ئۆپكىلىك بېلىق.

**ئۆپكىلىك بېلىق** < زوئول > بېلىقنىڭ بىر خىلى. تەن شەكلى لايخور بېلىققا ئوخشاپ كېتىدۇ، پۈتۈن تېنىدە تەڭگىچىلىرى بار، سۇدا ساقىنى بىلەن نەپەسلىنىدۇ، قۇرغاق ۋاقىتلاردا پۇۋەكچىسى بىلەن نەپەسلىنىدۇ. يېشىل پاقا، كىچىك بېلىق ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە ۋە ئافرىقا قىتئەلىرىدە ئۇچرايدۇ.

**ئۆپكىلىمەك** پ ① خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق: — خەلق، خەلقلا دەيدىكەنسىز، ئۆيىڭىزدە جىم تۇرۇپ باللىرىڭىزنى بېقىپ چوڭ قىلسىڭىزمۇ خەلق بولىدۇ، — دېدى ئايمخان ئۆپكىلەپ. * — قەندىل بالام! نېمشقا تاماكا چەكمەستىن ئاۋۋال ئېيتمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ ئۆپكىلەپ. ② كۆڭلى بۇزۇلماق، كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلىماق: ئۆپكىلەپ يىغلىماق.

**ئۆپلەن** ئى. دىئال. چاشقان تىپىگە كىرىدىغان بىر خىل جانىۋار.

**ئۆپمەك** پ. ئاغزى بىلەن سۆيمەك، لېۋىنى تەگكۈزۈپ سۆيمەك: ئۇچرىغان ئەل-يۇرتنىڭ سالاملىرىدىن، قىسقاردى قونالغۇ-پەللىمز شۇنچە. مەڭزىمىز ئۆپكەندە ساي شامالىرى، زەرەپشان چاچراتتى سۆيگۈدىن شۇنچە. * قوشاقلىرىم لېۋىدە بەختىنى تۆمەن ئۆپتى. ئىلھامىغا گۈزەللىك ئالتۇنىدىن قانات پۈتتى. * ئۆپتى مەڭزىمدىن شامال مەيىن كېلىپ، گۈل-چېچەكلەر تۆكتى خۇش بۇي باش ئېگىپ.

**ئۆپۈپ-تېتىپ** دىئال. تاماقتا كۆڭۈلشىمەيلا ئاغزىنى تەگكۈزۈپ قويۇپ،

**ئۆپۈشمەك** «ئۆپمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئارچىلار ئۆپۈشۈپ جىلۋىلەنگەندە، ۋۇجۇدۇم سىماپتەك ئاقىدۇ شۇ ئان.

**ئۆپۈلمەك** «ئۆپمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆپۈم** مىق. دىئال. يۇتۇم، ئوتلام: بىر ئۆپۈم چاي.

**ئۆت** ئى < ئانات > ئۆت سۇيۇقلۇقى ساقلىنىدىغان خالتىسىمان ئورگان. ئۇ جىگەرنىڭ ئوڭ ياپراقچىسى ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، ئۆت يولى ئارقىلىق جىگەرگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ.

**ئۆت پىگمېنتى** < بىئول > ئۆت سۇيۇقلۇقى تەركىبىدىكى پىگمېنت، يەنى گېماتىن پارچىلانغاندىن كېيىنكى ھاسىلات. ئادەتتە بىلىرۇبىن ۋە بىلىۋېردىن دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**ئۆت تېشى** < تىب > ئۆت خالتىسى ئىچىدە شەكىللىنىدىغان تاش. ئادەتتە ئۇ خولېستېرىن، ئۆت پىگمېنتى ۋە كالتسىي تۇزى قاتارلىقلاردىن تۈزۈلگەن شارسىمان ماددا بولۇپ، خۇددى تاشقا ئوخشاش قاتتىق كېلىدۇ.

**ئۆت تېشى كېسلى** < تىب > ئۆت خالتىسى

ئىچىدە تاش پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا قورساق قاتتىق ئاغرىيدۇ. بەزىدە يەرقانىمۇ كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئۆت خالتىسى** < ئانات > ← **ئۆت.**

**ئۆت خالتىسى ياللۇغى** < تىب > باكتېرىيىلەر بىلەن يۇقۇملىنىش ياكى خىمىيۋى غىدىقلىنىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان ئۆت خالتىسى ياللۇغلىنىش كېسىلى. دائىم ئۆت تېشى كېسىلى بىلەن بىللە يۈز بېرىدۇ. بۇنىڭدا ئۆتكۈر ئۆت خالتىسى ياللۇغى تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ، ئۆت تېشى كېسىلىگە ئوخشاش ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. سوزۇلمىسىدا ئۇزاق مۇددەتكىچە ھەزىم قىلىش ناچارلىشىش ئالامەتلىرى يۈز بېرىدۇ.

**ئۆت سۇيۇقلۇقى** < بىئول > جىگەردە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ھەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى. تەمى ئاچچىق، رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر ياكى يېشىل بولۇپ، ئۆت خالتىسىدا ساقلىنىدۇ. ھەزىم قىلىش ۋاقتىدا ئۇ ئۆت نەيچىسى ئارقىلىق ئون ئىككى بارماق ئۈچەيگە تۆكۈلۈپ، ياغلارنىڭ پارچىلىنىپ سوپۇنلىششى ۋە سۈمۈرۈلۈشىنى تېزلىتىدۇ ھەمدە ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەپ ھەرىكەتلىنىشىنى ئىلداملاشتۇرىدۇ.

**ئۆت كىسلاتاسى** < خىم > ھايۋانلارنىڭ ئۆت سۇيۇقلۇقى ئىچىدىكى ئورگانىك خىمىيۋى ماددا. ئۇ مايلارنى ھەزىم قىلىشتا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ئۆت نەيچىسى** < ئانات > جىگەردىن چىققۇچى نەيچە. جىگەرنىڭ ئىچكى قىسمىدىكىسى جىگەر ئىچى ئۆت نەيچىسى بولۇپ، جىگەر تېشىدا ئۆتنىڭ ئومۇمىي نەيچىسى توپلانغان بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئون ئىككى بارماق ئۈچەي بىلەن تۇتىشىدۇ. جىگەر ئىچىدە ھاسىل بولغان ئۆت سۇيۇقلۇقى ئۇ ئارقىلىق ئون ئىككى بارماق ئۈچەيگە قۇيۇلىدۇ.

**ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولماق** قاتتىق ئاچچىقلانماق، ئاچچىقى پەۋقۇلئاددە قاتتىق كەلمەك: چاققان ئۆيىڭىزگە كېلىڭ، ئىرىڭىزنىڭ ئۆتى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولۇپ كېتىپتۇ.

**ئۆت يولى** < ئانات > ئۆت نەيچىسى ۋە ئۆت خالتىسىنىڭ قوشۇلمىسى.

**ئۆتە** ① «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ «ئە» لىك رەۋىشدىشى. ② رەۋ. كۆچمە. چېكىدىن ئاشقان، ئۆتۈپ كەتكەن، ھەددىدىن ئارتۇق، ناھايىتى، ئىنتايىن: ئۆتە زالىم. ئۆتە ھەييار. ئۆتە ساراڭ. ـــ ※ بىر پۇل خەجلە دېسەڭ بىر پۇل خەجلەيدۇ، ھەرگىز ئىككى پۇل خەجلىمەيدۇ. ئۆزى ئۆتە ئەخمەق. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئادەمنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ـــ دېگىنىچە باي ئورنىدىن تۇرۇپ دۇكاندىن چىقماقچى بولدى.

**ئۆتەتمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋەزىپە ئۆتەتمەك. خىزمەت ئۆتەتمەك.

**ئۆتەر** سۈپ. ئۆتىدىغان، ماڭىدىغان: ئۆتەر يول.

**ئۆتەشمە** (توغرىسى: ئۆتۈشمە) ← **ئۆتۈشمە.**

**ئۆتەشمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ۋەزىپە ئۆتەشمەك. رەسمىيەت ئۆتەشمەك. ناماز ئۆتەشمەك.

**ئۆتەك** ئى. تاغلاردا مالچىلار بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچكەندە قونۇپ ئۆتىدىغان، قوي قوتانلىرى ۋە ئادەم ئولتۇرىدىغان ئۆيلىرى بار ئۆتەڭ: قارا

تاغدا قوي كۆپ ئىدى. تۆت-بەش توقاي ماڭسىلا قوي ئۆتەكلىرى ئۇچراپ تۇراتتى. مېھمانلار ئويناپ ماڭغان بولغاچقا، قويدىن-قويغا كۆچۈپ مېھمان بولاتتى. * ئۇلار قايسىلا ئۆتەككە چۈشكۈن قىلغان بولسا، مالچىلار قوي سويۇپ قىزغىن مېھمان قىلاتتى.

**ئۆتەگ** ئى. دىئال. ئىچ ئۆتۈپ قېلىش، ئىچى سۈرۈش.

**ئۆتەڭ** ئى. يولۇچىلار مەنزىل ئارىلىقىدا چۈشۈپ، قونۇپ ئۆتىدىغان دەڭ، سارايلىرى بار جاي: — سالامەت كەلگىنىمىز ئۈزۈم بىلەن سەكسەن يەتتە. ئېغىر ياربدارلارنى ئۆتەڭلەردە تاشلاپ كەلدۇق، — دېدى روزىمەت بەگ. * ئۇلار ئۆتەڭگە چۈشۈپ، ھەممىسى بىر ئۆيدە يېتىشتى. يول ئازابى بىلەن سوغۇقنىڭ دەردىنى تارتقان يولۇچىلار بىردەمدىن كېيىن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى.

**ئۆتەل** ئى. ئۆتۈنۈش، ئۆتۈنۈپ بېرىش: ئۆتەل قىلماق.

**ئۆتەل قىلماق** ئۆتۈنمەك، ئۆتۈنۈپ بەرمەك: مەنكى زۇنۇنئاخۇن يۇقىرىدىكى باھا بويىچە مىڭ سەر كۈمۈشنى نەق تاپشۇرۇۋېلىپ، بەدرىدىن مەخسۇمنى نوروز بېگىمگە ئۆتەل قىلىپ بەردىم. سۆزۈمنىڭ راستلىقى ئۈچۈن قولۇم قويدۇم.

**ئۆتەلمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆتكەل** ئى ① ئۆتىدىغان جاي، مۇھىم ئېغىز، مۇھىم يول؛ تۈگۈن: ئۇلار ئاقچۇق سېپىغا تۇتاشقان ئېدىرلىققا كىرگەندە، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئۆتكەلدە تۇرغان ئىككى قاراۋۇلى جۇۋىغا يۆگىنىپ خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. * مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتىدىغان يولى ئېگىز-پەس داۋانلىق ھەتتا مۇز داۋانغا ئوخشاش قارلىق چوققا ۋە خەتەرلىك ئۆتكەللەردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ يوللاردا بەك پەخەس بولمىسا ماڭغىلى بولماي قالاتتى. ② كۆچمە. ھالقىلىق پەيت، مۇھىم پەيت، ھالقىلىق پۇرسەت: ئۆتكەلدىن ئۆتمەك. * — ھازىر يامان ۋاق، ئۆتكەلنى قولدىن بېرىشكە بولمايدۇ، بۇنداق چاغدا داۋالىنىمەن دەپ كەتسەم كۆڭلۈم قانداق چىدايدۇ؟ — دېدى ئۇ ئەتىيازلىق تېرىلغۇنىڭ شۇنچە ئالدىراشلىقىنى تەكىتلەپ. ③ كۆچمە. بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان جەريان؛ ئىشنىڭ ھالقىسى؛ باسقۇچ: ماشىنا ماتورلىرى ئادەتتە ئوتتۇرا ۋە چوڭ رېمونتقا چۈشكەندە بىرمۇنچە تېخنىكىۋى ئۆتكەللەردىن ئۆتىدۇ. * تەشكىللىنىپ، ئىلىم-پەندىكى تېخمۇ كۆپ قىيىن ئۆتكەللەرنى بۆسۈپ ئۆتۈش بىزنىڭ ھازىرقى كۈچلۈك ئارزۇيىمىز. ④ نىشانلانغان، مۆلچەرلەنگەن ئەڭ يۇقىرى پەللە: — ئاشلىقتا ئۆتكەلدىن ئۆتۈش — بىزنىڭ نۆۋەتتىكى بىرىنچى ۋەزىپىمىز، — دېدى ئۇ جىددىي تۇردە. * مانا بۇ ئۇيغۇر مۇزىكىچىلىقىدىكى خوردا ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر خىل ئەڭ قىيىن تېخنىكىۋى ئۆتكەلدۇر. * ئۇ ئەمدى كىچىك-كىچىكلەپ ئولتۇرۇپ فىزىكىدىن ئىبارەت بۇ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلدى. * چىقىسەن رەستە تامان، ئەجرىڭ-تېرىڭنى تۆككىلى. سۇنىدۇ ئالدىڭدا بوي، مۇشكۈل-جاپانىڭ ئۆتكىلى.

**ئۆتكەلدىن ئۆتمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ چەك-دائىرىسىدىن ئۆتكەنلەر قاتارىدا قارالماق، سىناقتىن ئۆتمەك: ئۇ، بۇ قېتىممۇ ئۆزىنى ئاندا-مۇندا تەكشۈرۈپ ئۆتكەلدىن ئۆتتۈۋالدى. * مۇھىم نۇقتا ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەرنى گەۋدىلەندۈرۈش، ھەممە تەرەپكە تەڭ ئېسىلىۋالماسلىق، ھەممە كىشىنى ئۆتكەلدىن ئۆتكۈزۈۋەرمەسلىك لازىم.

**ئۆتكەل قىلماق** ئۆلچەم قىلماق، سىناق تېشى قىلماق؛ تەكشۈرۈش ئوبيېكتى قىلماق: ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم رەھبىرى كادىرلارنىڭ ئۆز ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ، شەخسىي ئۆي سېلىۋېلىش مەسىلىسىنى جىددىي بىر تەرەپ قىلىشنى پارتىيە ئىستىلىنى توغرىلاشتا بىر ئۆتكەل قىلىپ، ئۇنى ئەستايىدىل ياخشى تۇتتى.

**ئۆتكەمە** ئى. بۇغداي، قوناق قاتارلىق نەرسىلەرنى تاسقايدىغان يۇملاق قاسقانلىق، كىرىش ياكى سىم تورلۇق سايمان: ئۆتكەمىدىن ئۆتتۈپ، غەلۋىردە توختاپتۇ (ماقال). * بۇ يەردىكى مۇھىم ئىش سورۇلۇپ بولغاندىن كېيىنكى بۇغداينىڭ قۇيرۇقىنى ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزۈش ئىدى.

**ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزمەك ← ئەلگەكتىن ئۆتكۈزمەك**: ئارقىدا ئولتۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم سۆز قىستۇردى: بۇ نۆۋەت تارىنى راسا بىر تاسقاپ، ئۆتكەمىدىن ئۆتكۈزىدىكەنلا-دە.

**ئۆتكەمچى** ئى. ئۆتكەمە ياسايدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى.

**ئۆتكەن** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ پۈتكەن سۈپەتدىشى: ئۆتكەن ئاي، ئۆتكەن يىل، ئۆتكەن ھەپتە.

**ئۆتكەن زامان** <تىل> پېئىلدا ئىپادىلىنىدىغان زامانىنىڭ بىر خىلى. ئۇ شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ سۆزلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن ئورۇندالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن، «يازغۇچى يەنە بىر رومان يازدى» دېگەن جۈملىدىكى «يازدى» سۆزى رومانىنىڭ سۆزلەنگەن ۋاقىتتىن بۇرۇن يېزىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

**ئۆتكەن كۈن** ئۆتۈپ كەتكەن ئاي-كۈنلەر، ئۆتۈپ كەتكەن چاغ، زامان: ئۆتكەن كۈنۈڭنى ئۇنتۇما، شىرە-چورۇقۇڭنى قۇرۇتما (ماقال). * مەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىگىنىمدە سايىمئاخۇن ئاكام كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇ بۇۋاي بارمىدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم.

**ئۆتكەنگە سالاۋات ← ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات**: ـــ دورغا راست ئېيتىدۇ بالام، ـــ دېدى مويسىپت كىشى، ـــ ئۆتكەنگە سالاۋات. ھەممىمىزگە تىنچ بولغىنى ئوبدان! * ـــ ئەمدى ئۆتكەنگە سالاۋات، قورالنى بىزگە تاپشۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن، ھەرقانداق تەلەپ قويۇشسىلا، ئۇنى ئورۇنداپ بېرىشكە بىز تەييار، ـــ دېدى شامەخسۇت.

**ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات** ئۆتكەن ئىش-ھەرىكەت ئۆتۈپ كەتكەن بولسۇن؛ ئۆتكەن ئىشلارنى قايتا تىلغا ئالماسلىق، تەگىمەسلىك، سۈرۈشتە قىلماسلىق كېرەك: ئەر كىشىنىڭ كۆز يېشى قىز بالىنى ئۇڭايلا ئىشەندۈرۈپ قويىدىكەن، ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات، خاپىلىقىم كۆز يېشىم بىلەن تۆككەن ئوخشايدۇ.

**ئۆتكەن ئىش ئۆتتى ← ئۆتكەن ئىشقا سالاۋات**: ـــ ئۇنداق قىلما ئۇكام، ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ئۇنىڭغا ئۇۋال بولمىسۇن. ـــ دېدى كەنت باشلىقى.

**ئۆتكەن يىل** مۇشۇ ئۆتتۇۋاتقان يىلنىڭ ئالدىدىكى يىل: مەن مۇشۇ ناھىيە ئىچىدىن بولمەن، ئىسمىم تالىپئاخۇن، خوتۇنۇم ئۆتكەن يىل ئۆلۈپ كەتتى. * ئۆتكەن يىلى ۋىلايەت بويىچە يېشىل ئوغۇتلۇق ئۆسۈملۈك تېرىلغان يەر 306 مىڭ 900 موغا يەتتى.

**ئۆتكەندە** رەۋ. بۇندىن بۇرۇن، بۇنىڭدىن بۇرۇنقى چاغدا، نەچچە ۋاقىتنىڭ ئالدىدا: سالام قەدىرلىك دادا، سالامەتمۇسىز؟ سىز ئۆتكەندە ئەۋەتكەن كىتابلارنى بىرنەچچە قېتىم ئوقۇپ چىقتىم. * زاپخوز ئۆتكەندە تاغدىن چۈشكەن قېرى ئۇۋچىنىڭ سېمىز

كېيىكنى ئاشپەز بىلەن بىرلىشىپ بىكارغا يەۋالدى.

**ئۆتكەن-كەچكەن** ① ئۆتۈپ كېتىۋاتقان، ئۆتۈۋاتقان: ئۆتكەن-كەچكەن يولۇچىلار. * ئۇلار بۇ يەردە ئۆتكەن-كەچكەن خەلققە ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن بىر قىسىم گۇناھكارلارنى بوينىغا قوۋۇق، پۇتىغا دۈگگە سېلىپ، بىرنەچچە كۈنلەرگىچە سازايى قىلدى. ② ئۆتۈۋاتقان ئادەم ياكى نەرسە (كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لەر» بىلەن كەلگەندە): مەيداندىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر بىردەم دەرۋازىغا ئېسقلىق قانلىق قەپەسلەرگە، بىردەم هارۋىنىڭ ئۈستىدىكى ياغاچ قەپەس ئىچىدە تۇرغان زورىخان ئايلا بىلەن قىزچاقلارغا قارايتتى. * ئۇلار قوللىرىدا زىلچا، ئالتۇن ۋە تىللالارنى جىرىڭلىتىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە كۆز-كۆز قىلىشتى. ③ بۇرۇن ئۆتكەن، سادىر بولغان؛ بۇرۇنقى، ئۆتكەنكى: ئۆتكەن-كەچكەن گەپلەر. * غۇپۇر كارىۋاتتا يېتىپ ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلارنى بىر قۇر تەپسىلىي ئەسلەپ چىقتى. * بۇ بىر قاتار ئۆتكەن-كەچكەن ئىشلار ناھايىتى تېزلىكتە يېقىن ئەتراپتىكى بازارغا ۋە يېزا-قىشلاقلارغا تارقىلىپ كەتتى. ④ بۇرۇن ئۆتكەن، سادىر بولغان ئىش-ھەرىكەت؛ بولۇپ ئۆتكەن ئىش؛ سادىر بولغان مەسىلە (كۆپلۈك قوشۇمچىسى «-لەر» بىلەن كەلگەندە): شۇ كۈنى ئۇلار ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى ئەسلىشىپ، تۈن تەڭ بولغانلىقىنى سەزمەي قېلىشتى. * قېرىلار ياشلىقىدا بەزمە قۇرۇپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرنى ئەسلىشىپ، نەغمە-ناۋا قىلىشىپ، گويا بىر يىلنىڭ هاردۇقىنى شۇنىڭ بىلەن چىقىرىۋالغاندەك، بەكمۇ تېتىكلىشىپ كېتەتتى.

**ئۆتكەنكى** سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن، بۇندىن بۇرۇنقى، بۇرۇنقى چاغلاردىكى: ئۆتكەنكى ئېغىر كۈنلەر. * بىردىنلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا ئۆتكەنكى بىرمۇنچە ئىشلار كەلدى. * ئۇلار ئۆتكەنكى ئادەملەرگە ئوخشىمايتتى.

**ئۆتكۈر** ① سۈپ. ياخشى كېسىدىغان، تېز كېسىدىغان، ئۆتىدىغان، ئىتتىك: ئۆتكۈر پىچاق. ئۆتكۈر قىلىچ. ئۆتكۈر پالتا. * قىلىچتەك ئۆتكۈر بولما، تاياقتەك قوپال بولما. (ماقال). * جۇمە ئۆتكۈر ئۇستىرا بىلەن ساقال-بۇرۇتلىرىنى شۇنچىلىك پاكىز قىردۇرغانىدى. ② سۈپ. ئۇچى ئىنچىكە ئۇچلۇق: ئۆتكۈر بىگىز. ئۆتكۈر نەيزە. ئۆتكۈر تاش. * سىلەر بۆرىلەرنىڭ ئۆتكۈر چىشلىرىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇنىڭ چىشىغا ئۇچراپ قالساق دۇنيادا ساق قالامدۇق. * يىگىتنىڭ ئاتقان ئۆتكۈر ئوقياسى دۈشمەننىڭ زەھەرلىك يۈرىكىگە قادىلىپتۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. ياخشى كۆرەلەيدىغان، كۆرۈش كۈچى، ئىقتىدارى كۈچلۈك؛ سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتەلەيدىغان: ئۆتكۈر كۆز. * كۆزۈڭ نېمىدېگەن ئۆتكۈر، ئۇنى قانداق كۆرۈۋالدىڭ؟ * — راست، مەنمۇ كۆردۈم، — دېدى سۇتۇق، — قىزلارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ-دە، يۈرۈڭلار. // بۈركۈتنىڭ كۆزى باشقا قۇشلارنىڭ كۆزىگە قارىغاندا ئۆتكۈر كېلىدۇ. ④ سۈپ. كۆچمە. سېزىش، بىلىش ئىقتىدارى، پىكىر قىلىش قابىلىيىتى يۇقىرى ۋە كۈچلۈك؛ زېرەك، زېھنلىك: ئۆتكۈر ئوقۇغۇچى. ئۆتكۈر ئادەم. * ئادىل زېھنى ئۆتكۈر، جىگەرلىك بالا ئىدى. * هازىر بىرمۇنچە مۇسابىقىلەردە ئۆتكۈر بالىلارنى تاللاش مەقسەت قىلىنغانلىقتىن سوئاللارنىڭمۇ تەسلىرى تاللاپ چىقىرىلدى. * بۇنىڭ بىلەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ چاققان ھەم ئۆتكۈر قەلەملىرى قەغەز يۈزىدە راۋان ئۈزۈپ كەتتى. ⑤ سۈپ. كىشىگە چوڭقۇر تەسىر قىلىدىغان، تەسىر قىلىش كۈچى كۈچلۈك، تەسىرلىك: ئۆتكۈر تىل.

ئۆتكۈر شېئىر. * ئۆتكۈر سۆز ئاتقان ئوق (ماقال). * نادىم قىزنىڭ ئېيتقان بۇ ئۆتكۈر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز هالدا مۇنداق دەۋەتتى. ⑥ سۆپ. جىددىي، كەسكىن: ئۆتكۈر زىددىيەت. * ئۇ ئانا-بالا ئىككىيلەن ئوتتۇرىسىدا ئۆتكۈر ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى. * جان پىدالىق بىلەن ئادا قىلىنىدىغان بۇ ئۆتكۈر جەڭ ۋەزىيىتى ئاخىر كۆكەگە تاپشۇرۇلدى. // يەنە شۇ جىنس مەسىلىسى، ئەمما بۇ يەردە بۇ مەسىلە ئۆتكۈر قويۇلغان. ⑦ سۆپ. كۈچلۈك؛ هارارەتلىك: بۇ سۆزلەر گويا گۈلدۈرمامىدەك هەيۋەت بىلەن گۈلدۈرلەپ، ئۆتكۈر چاقماقلارنى چېقىپ، قەلبىم قاراڭغۇلۇقىنى يورۇتقاندەك بولدى. * چاۋار ئويغىنىپ كۆزىنى ئاچتى، دېرىزىدىن چۈشكەن قۇياشنىڭ ئۆتكۈر نۇرلىرى ئۇنىڭ كۆزىگە سانجىلدى. ⑧ سۆپ. تېز تەسىر قىلىدىغان، تەسىر قىلىشى كۈچلۈك: ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. * قىزىلئۆڭگەچ راكىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا، ئۆتكۈر هاراقلارنى ئىلاجى بار ئاز ئىچىش لازىم. * بۇ يەرگە كېلىدىغان كىشىلەر كېكىرگۈدەك يېيىشىدۇ، بۇژۇلداپ تۇرىدىغان ئۆتكۈر پىۋىلارنى ئىچىشىدۇ. ⑨ سۆپ. تېز ئاقىدىغان، جۇشقۇن: ئالماس كېمىنى قەستەن سۇنىڭ دولقۇنلىنىپ تۇرغان ئۆتكۈر ئېقىمىغا تارتتى. ⑩ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۆتكۈر باكتېرىئوفاگ** < بىئول > پارازىت ئىگىسىنىڭ هۈجەيرىسىنى يۇقۇملاندۇرغاندىن كېيىنمۇ قايتا نۇسخىلىنالايدىغان ۋە كۆپىيەلەيدىغان، ئەڭ ئاخىرىدا هۈجەيرىنىڭ پارچىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان باكتېرىئوفاگ.

**ئۆتكۈر بۇلۇڭ** < مات > ← **تار بۇلۇڭ.**

**ئۆتكۈر قورساق ئاغرىقلىرى** < تىب > جىددىي خاراكتېرلىق قورساق ئاغرىش كېسەللىكلىرى. كۆپىنچە سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى، ئۈچەي توسۇلۇش، قورساق ئىچىدىن كۆپ قان كېتىش قاتارلىق سەۋەبلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئۆتكۈرلەشتۈرمەك** « ئۆتكۈرلەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قارا ئۆرۈكنىڭ ئاچچىق-چۈچۈك تەمى ئاشقازىنىمىزنىڭ پائالىيىتىنى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈپ، زېھنىمىزنى ئۆتكۈرلەشتۈرمەكتە ئىدى. * بۇ مەسىلە هۆكۈمەت بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى تېخىمۇ ئۆتكۈرلەشتۈرىدۇ.

**ئۆتكۈرلەشتۈرۈشمەك** « ئۆتكۈرلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆتكۈرلەشتۈرۈلمەك** « ئۆتكۈرلەشتۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆتكۈرلەشمەك** پ. ئۆتكۈر بولماق، ئۆتكۈر هالەتكە كەلمەك: ئۇ يەرنىڭ جەڭ ۋەزىيىتى بارغانسېرى ئۆتكۈرلەشتى. * شاهنىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ، كۆزلىرى ئۆتكۈرلىشىدۇ، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ سۆزلەيدۇ.

**ئۆتكۈرلۈك** « ئۆتكۈر » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ يىگىت مەكتەپتىكى چاغدىلا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى، ئۆتكۈرلۈكى بىلەن باشقىلارنى هەيران قالدۇرغانىدى.

**ئۆتكۈزگۈچ** ① سۆپ. ئۆتكۈزۈش، توشۇش رولىنى ئوينايدىغان، ئۆتكۈزىدىغان: ئۆتكۈزگۈچ جىسىم. ئۆتكۈزگۈچ نەيچە. ② ئى < فىز > ئۆتكۈزگۈچ سىم ياكى ئۆتكۈزگۈچ جىسىم: يېرىم ئۆتكۈزگۈچ.

**ئۆتكۈزگۈچ تۇرۇبا** < بىن > فارفور، ساپالدىن ياسالغان ۋە تام ئارىسىدىن توك سىملىرىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئىزولياتسىيىلىك تۇرۇبا.

**ئۆتكۈزگۈچ جىسىم** < فىز > كۆپ مىقداردىكى ئەركىن زەرەتلەرگە ئىگە هەمدە ئېلېكتر

ئېقىمى ئاسانلا ئۆتەلەيدىغان ماددىلار. بۇ خىل ماددىلار ئىسسىقلىقنىمۇ ئاسان ئۆتكۈزىدۇ. ئادەتتە مېتاللارنىڭ ھەممىسى ئۆتكۈزگۈچ جىسىم ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆتكۈزگۈچ سىم** < فىز > توك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مېتال سىم. كۆپرەك مىس ياكى ئاليۇمىندىن ياسىلىدۇ.

**ئۆتكۈزگۈچ نەيچە** < بىئول > ھايۋانلار تېنىدىكى سۈيۇقلۇقلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ياغاچلىق قىسمىدىكى سۇ ۋە ئانئورگانىك تۇزلارنى ئۆتكۈزىدىغان نەيچە.

**ئۆتكۈزمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆتكۈزۈپ بېرىش** ① < قا > A دۆلەت B دۆلەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن B دۆلەتتىن A دۆلەتكە قاچقان جىنايەتچىنى تۇتۇپ B دۆلەتكە قايتۇرۇپ بېرىشكە قارىتىلىدۇ. ② < بىئول > باكتېرىيە يۇتقۇچى تەنچىلەرنىڭ ۋاسىتىسى ئارقىلىق، باكتېرىيە ھۈجەيرىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىرسىيەت ماددىلىرىنىڭ ئالمىشىشى.

**ئۆتكۈزۈپ قويغانمۇ** بىرەر نەرسە بېرىپ قويۇپ، تىلىمنى قىسقارتقانمىدىڭ: — ئۆتكۈزۈپ قويغانمۇ، نېمە ۋارقىرايسەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا جاۋابەن.

**ئۆتكۈزۈش** ① «ئۆتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② < فىز > جىسىملارنىڭ ئىسسىقلىق ياكى ئېلېكتر ئېقىمىنى ئۆزىنىڭ بىر قىسمىدىن يەنە بىر قىسمىغا يەتكۈزۈشى. ③ < فىزئول > نېرۋا تالالىرىنىڭ سىرتقى مۇھىتتىكى تەسىرلىنىشلەرنى چوڭ مېڭە پوستلىقىغا يەتكۈزۈش ياكى چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ پائالىيىتىنى ئەتراپ نېرۋىلىرىغا يەتكۈزۈش جەريانى.

**ئۆتكۈزۈشچان** سۈپ < فىز > ئۆزىدىن ئىسسىقلىق، تەۋرىنىش، ئېلېكتر توكى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ياخشى ئۆتكۈزىدىغان ۋە چىقىرىدىغان؛ ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: ئۆتكۈزۈشچان جىسىملار.

**ئۆتكۈزۈشچانلىق** «ئۆتكۈزۈشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مىسنىڭ ئۆتكۈزۈشچانلىقى ئاليۇمىنىڭكىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

**ئۆتكۈزۈشمەك** «ئۆتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇلار قالغان ئۆمرىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈشكەنمىش. * بىرنەچچە كۈندىن كېيىن مېنى ئىمتىھاندىن ۋە دوختۇرنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتەلمەي قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بوش ئورنىغا ئۆتكۈزۈشتى.

**ئۆتكۈزۈلمەك** «ئۆتكۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: زىياپەت ئەنە شۇ باغقا تۇتاشقان چوڭ زالدا ئۆتكۈزۈلدى. * بۇ قېتىمقى مۇسابىقە ناھىيىلىك تەنتەربىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلدى.

**ئۆتكۈن** ① ئى. ئۆتۈش ئۈچۈن ھازىرلانغان جاي، ئارىلىق: بۇ ئۆي ھەقىقەتەنمۇ ئارىدىكى ئۆتكۈن ئىدى. ② ئى. جىن-ئەرۋاھ، ئالۋاستى. ③ سۈپ. شوخ؛ يامان، ئەسكى: — ئەي ئوغۇل، بەك ياۋاش بولما ۋە بەك ئۆتكۈن بولما، ئارتۇقچە ياۋاش بولساڭ، خەلق سېنى باسىدۇ، زىيادە ئۆتكۈن بولساڭ، خەلق سەندىن قاچىدۇ.

**ئۆتكۈن ئۆتمەك** خۇراپىي چۈشەنچىلەر بويىچە بەزى كېچىلىرى جىن-ئەرۋاھلار يىغىلىشىپ، نەغمە-ناۋا بىلەن ئۇسسۇل ئويناپ كوچىلاردىن ئۆتمەك: — مەن نەچچە قېتىم بۇ يەردە جىن-شاياتۇنلارنىڭ چاڭ چېلىپ نەغمە قىلغانلىقىنى، ئۆتكۈن ئۆتكەنلىكىنى كۆرگەن، — دېدى باخشى.

**ئۆتكۈنچى** ① ئى. بىرەر جايدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشى: سادىقنىڭ خەرىتىسىنى يىراق-يېقىندىن بازارغا كەلگەن دېھقانلار، ياشلار، كادىرلار، ئۆتكۈنچىلەر دائىم كۆرۈپ تۇراتتى. * لېكىن بۇ چاغدا ئەكبەر يولدىكى ئۆتكۈنچىلەر ئارىسىدا ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. // تارچۇق كوچىدا ئۆتكۈنچى ئادەملەر تاھايىتى شالاڭ بولۇشقا قارىماي، ھەممىسلا ئايالار ۋە ئۇششاق باللار بولغاچقا، بۇلارغا تەلگ كەلگۈدەك تۈزۈكرەك بىرەر ئەر كىشىمۇ كۆرۈنمەيتتى. * بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى ئۆتكۈنچى سودىگەر بىر شەھەردىكى ئېسىل ماللار بىلەن لىق تولغان دۇكان ئالدىغا كېلىپ دۇكانداردىن بىر كىيىملىك كىمخاپ سېتىۋاپتۇ. ② سۈپ. ئۆتۈپ كېتىدىغان؛ ۋاقىتلىق؛ بىر مەزگىللىك: ئۆتكۈنچى دەۋر. ئۆتكۈنچى باسقۇچ. ئۆتكۈنچى جەريان. * ئۆسمۈرلۈك مەزگىلى ئۆتكۈنچى مەزگىل، ئۆتكۈنچى مەزگىلنىڭ ئۆزى ئۇلارنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۆتكۈنچى بىرىكىش** < ماشىن > ھەرىكەتلىك بىرىكىش بىلەن تىنچ بىرىكىش ئارىلىقىدىكى بىر خىل بىرىكىش.

**ئۆتكۈنچى دەۋر** بىر دەۋردىن تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ يەنە بىر دەۋرگە كىرىدىغان دەۋر. مەسىلەن، سوتسىيالىزم جەمئىيەت تەرەققىيات تارىخىدىكى ئۆتكۈنچى دەۋردۇر.

**ئۆتكۈنچى شامال** < مېتېئور > سۈرئىتى تۇيۇقسىز تېزلىشىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا توختاپ قالىدىغان شامال.

**ئۆتكۈنچى فاتسىيلىك چۆكۈندى** < گېئول > قۇرۇقلۇق بىلەن دېڭىز ئارىلىقىدىكى ئۆتكۈنچى بەلباغلاردا چۆككەن چۆكۈندىلەر. مەسىلەن، سۇرگە كۆل چۆكۈندىلىرى، دۆش چۆكمىلىرى، قۇم تۇمشۇق چۆكمىلىرى، قۇم توغان چۆكمىلىرى قاتارلىقلار.

**ئۆتكۈنچى يامغۇر** < مېتېئور > يېغىش ۋاقتى نىسبەتەن قىسقا، كۈچىنىش ئۆزگىرىشى ناھايىتى چوڭ، باشلىنىشى ۋە توختىشى تۇيۇقسىز بولىدىغان بىر خىل يامغۇر. بەزىدە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاقماق چېقىلىدۇ ۋە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەيدۇ. كۆپىنچە ئۇ ياز كۈنلىرى ياغىدۇ.

**ئۆتمە** ① سۈپ. ئۆتكەن ياكى ئۆتىدىغان. ② ئى < فىز > ئۆتكۈزگۈچتىن ئۆتكەن توك ياكى ئىسسىقلىق قاتارلىقلار.

**ئۆتمەك** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىدىن، ئارىسىدىن، ئۈستىدىن ياكى يېنىدىن يۈرۈپ، ئۆچۈپ يەنە بىر تەرىپىگە يەتمەك: سۇدىن ئۆتمەك. ئېرىقتىن ئۆتمەك. دەريادىن ئۆتمەك. ئېگىزدىن ئۆتمەك. * ئېشىكىم كۆۋرۈكتىن ئۆتكۈچە قازىنىم نەزىر (ماقال). * ئۇلار ئاسما كۆۋرۈكتىن ئۆتكەندىن كېيىن بىرئاز دەم ئېلىشماقچى بولدى. * بوۋاي مىللىي ئارمىيىنىڭ قارلىق تاغلاردىن ئۆتكەنلىكى توغرىسىدا ھېكايە سۆزلەپ بەردى. * يولدا بازارغا ئېلىپ چىققان قويلار، ئۆچكىلەر، كالىلار، ئېشەكلەر چاڭ توزۇتۇپ ئۆتۈپ تۇراتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئارتۇق تەرىپى، ئارتۇقچىلىقى، ئۈستۈنلۈكى بىلەن باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇرماق: — خوتەن بويىچە ئۇنىڭدىن ئۆتىدىغان باي يوق، — دېدى ئۇ. * ئۇنىڭ بۇ ئىككى خوتۇندىنمۇ ئۆتۈپ كەتكۈسى بار ئىدى، بىراق ئېھتىياتچان ئېرى ئۇنىڭ مۇنداق ئىشتىھاسىنى بېسىپ قويدى. * بىز بۇ ئىشتا قېرىلاردىن ئۆتۈپ كېتىشىمىز لازىم. ③ بىرەر نەرسىنىڭ باشقا تەرىپىگە سىزىپ ياكى تېشىپ چىقماق: سۇ كاناپتىن ئۆتتى. * سىياھ قەغەزدىن

ئۆتتى. * يامغۇر ئۆينىڭ تورۇسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. * ئىشىك ئالدى بۆك تېرەكلىك، بۇلبۇل ئۆتەلمەس. يېشىل-يېشىل يوپۇرماقتىن يامغۇر ئۆتەلمەس. ④ نەرسىنىڭ يەنە بىر تەرىپىگە تېشىپ چىقماق: مىخ ئۆتمەك. بېخىلنىڭ تېكىگە بىگىز ئۆتمەس (ماقال. سىنىڭ بۇ ئالمىغا چىشىڭ قانداق ئۆتىدۇ؟ * پولات مىخ شالدىن ئۆتتى. * ئۇلارغا ئوق ئۆتمەمدۇ نېمە؟ ياق-ياق، ئوق ئۆتسە كېرەك. يولۋاسقىمۇ ئوق ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ! ئەمما ئۇلارنىڭ يۈرىكىدە قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان بىر كۈچ بارمىكىن دەپ ئويلاپ قالدىم. ⑤ كېسىش، كىرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولماق؛ كەسمەك: لايغا ئۆتمىگەن پىچاق قولغا ئۆتەر (ماقال). * بۇ قايچا چىرايلىق بولغىنى بىلەن تىرناققا ئۆتمەيدىكەن. ⑥ كۆچمە. ئىناۋەتكە ئېلىنماق، ئاقماق: بۇ پۇل بۇ يەردە ئۆتىدۇ. ⑦ كۆچمە. تەسىر قىلماق؛ ئاقماق: يالغۇزنىڭ سۆزى ئۆتمەس (ماقال). * ئۇ ئادەمگە سۆزىڭىز ئۆتەمدۇ؟ * ئۇنىڭ ماڭا گېپى ئۆتمەيدۇ. * چوشقىلارنى سۇغا قويۇۋەتمەسلىك ھەققىدە پىكىر قىلدۇق، ئۆتمىدى. يەنە پىكىر قىلدۇق، ئۆتمىدى. * تاياق ماڭا خېلىلا ئۆتكەن ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا يالۋۇرۇشقا باشلىدىم. * قىشچە قېلىن قار ئاستىدا ياتقان ئېدىرلىقلار ئەمدى ئانچە-مۇنچە كۆكىرىشكە باشلىغان بولسىمۇ، «قىشنىڭ سوغۇقى ياندىن ئۆتەر، ئەتىيازنىڭ سوغۇقى جاندىن» دېگەندەك، تاغنىڭ سوغ شامىلى دۇمبىلەرنى خېلىلا قورۇپ تۇراتتى. ⑧ كۆچمە. باشقا بىر تەرەپكە قوشۇلماق، باشقىلار تەرەپدارى بولماق؛ ئاغماق، مايىل بولماق: دېھقانلار بىز تەرەپكە ئۆتتى. * — يەنە ئەسكەر ئالامسىلەر؟ — ياق، ياق، بۇ قۇمۇللۇقلارغا ئىشەنگىلى بولامدۇ! ئۇلارنىڭ بۇرۇنقىدەكلا

تۆمۈر تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىشى تورغان گەپ، — دەپ ساقلىنى يۇلاتتى شامەخسۇت. * — ئۇنداق قىلما! سىلەر بىز تەرەپكە ئۆتۈڭلار، بىز ئەمدى ئاكا-ئۇكا. بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ياپون مىللىتارىستلىرى، — دېدى ئۇ. ⑨ بىرەر نەرسىگە تەسىر قىلماق، يۇقماق (كېسەللىك قاتارلىقلار ھەققىدە): قوقاق ئۆتمەك. * ئۇنىڭدىكى كېسەل ئەمدى ماڭا ئۆتتى. ⑩ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا كىرىشمەك: مۇداپىئەگە ئۆتمەك. ھۇجۇمغا ئۆتمەك. ھەرىكەتكە ئۆتمەك. * زىۋىرشا بىلەن سۇلايمان ئىككىسى ئەكبەر بىلەن گەپ تالىشىپ نەپ ئالالمايدىغانلىقىنى بىلىشەتتى، ئۇلار ئەمدى ئۆكتەملىك قىلىشقا ئۆتتى. * بۇ ئىش ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ھالدا ئايگۈل بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئويلاشقا ئۆتتى. ⑪ تەلىم بەرمەك، ئۆگەتمەك: دەرس ئۆتمەك. * — سەن بۈگۈن قايسى دەرسنى ئۆتتۈڭ؟ — دەپ سورىدى ماڭا يېقىنراق ئولتۇرغان بىرى يەنە بىرسىدىن. ⑫ قوبۇل قىلىنماق، كىرمەك: پارتىيىگە ئۆتمەك. ئىتتىپاققا ئۆتمەك. ھەربىيلىككە ئۆتمەك. داشۆگە ئۆتمەك. ⑬ ۋاقىت، پەيتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاشلىشلغان ۋاقىت بىرلىكىنىڭ داۋام قىلىپ تۈگىشىنى بىلدۈرىدۇ: ۋاقتى ئۆتمەك. * ئون كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەنۋەر شەھەرگە كىرىپ چىقماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى. * شۇنىڭ بىلەن كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلارمۇ ئۆتۈپتۇ. * ھازىر سائەت سەككىزدىن 10 مىنۇت ئۆتتى. * تاشخان شەھەردە، ساۋۇتخان يېزىدا قېلىۋەردى. ئارىدىن 8 يىل ئۆتتى. * — ھەرگىز قورقما، — دېدى ھوشۇر ئاكام سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — ئەمدى قورقىدىغان

چاغلار ئۆتۈپ كەتتى.⑭ ياشاپ، مەلۇم بىر ياشقا كىرىپ، ئۇنىڭدىن ھالقىماق، ئاشماق: ئۇ ھازىر 50 تىن ئۆتتى. * دادامنىڭ يېشى 70 دىن ئۆتكەن بولسىمۇ، ئەمما تېنى ساغلام.⑮ كۆچمە. تۇرمۇش كەچۈرمەك، ياشىماق: ئۇ بوۋاي بالىلىرى يوق، يالغۇز ئۆتىدۇ. * ئۇ مەن بىلەن ياخشى ئۆتىدۇ. * بىز ئەر-خوتۇنلار ناھايىتى ئىناق ئۆتىمىز. * بۇرۇنقى زاماندا، سېخىلىقتا مەشھۇر بولغان ھاتەم ئىسىملىك بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. * پىچاندا موللىزەيدىن دېگەن بىر ئادەم ئۆتكەنىكەن. ⑯ ئۆلمەك، ۋاپات بولماق: ئالەمدىن ئۆتمەك. * ھۆسەيىن ئاكىنىڭ ئايالى بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى دۇنيادىن ئۆتكەنىدى. ⑰ تۈگىمەك، تامام بولماق، ئاخىرلاشماق: ياز ئۆتمەك. قىش ئۆتمەك. ئىش ئۆتۈپ كەتمەك. * ـ تىلىۋالدى بىدىكنىڭ بېرىم ئۆمرى ئۇلاق بازىرىدا ئۆتكەن، ـ دېدى پاتەمخان ئاچا. * ئېتىڭ بەكمۇ چىرايلىق ئابدۇقادىر ئەمەسمۇ؟ خەلقىمىزگە يول باشلاپ، ئۆمرۈڭ ئۆتكەن ئەمەسمۇ؟ ⑱ چىقىۋالماق؛ جېنىنى جان ئەتمەك: قىشتىن ئۆتمەك. * ـ شۇ قاتتىق كۈنلەردىن قانداق ئۆتتۇڭلار، ـ دەپ سورىدىم مەن ئاپامدىن. ⑲ ئۆتكۈزمەك، كەچمەك: مۇشۇ ياشقا كىرگۈچە مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار ئاز ئەمەس. ⑳ كۆز ئالدىدا پەيدا بولماق، گەۋدىلەنمەك؛ كەچمەك؛ كەزمەك: خىيالدىن ئۆتمەك. * دادام ئېيتىپ بەرگەن بىرۋەقە كۆز ئالدىمدىن مارجاندەك تىزىلىپ ئۆتۈشكە باشلىدى. * ئۆتمۈشتە تارتقان جاپا-مۇشەققەتلەر بىر-بىرلەپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتتى. ㉑ رازى بولماق، ئۇنىماق؛ تەستىقلانماق، ماقۇللىماق: ئىدىيىسىدىن ئۆتمەك. كۆڭلىدىن ئۆتمەك. ماقۇللاشتىن ئۆتمەك.㉒ بىرەر خاتاغا يول قويماق؛ خاتا قىلماق؛ سادىر بولماق، يۈز بەرمەك، ئۆتۈلمەك: ئۆزۈمدىن ئۆتكەن، قولۇمدىن كەتكەن (ماقال). * ئامبارنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىدە ئۆزۈمدىن بىخەستەلىك ئۆتتى. * گۇناھ مەندىن ئۆتتى. * سەۋەنلىك بىزدىن ئۆتتى، كەچۈرسىلە. ㉓ كۆچمە. كەچۈرمەك، ئەپۇ قىلماق: بىر قوشۇق قېنىدىن ئۆتمەك. * قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم. * سودىگەر ساندۇقنى ئېچىپ ئالتۇنلارنى كۆرگەندىن كېيىن ئېلاخۇننىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈپتۇ. * بىزدەكلەرنىڭ گېپىنى ئاڭلايدىغان ئادەممۇ بار ئىكەن، ئەمدى مۇرادىمغا يەتتىم، دەۋايىمدىن مىڭ مەررە ئۆتتۈم! بولدى، ماڭا ئەمدى پۇل ۋە باشقا نەرسىلەرنىڭ كېرىكى يوق! ㉔ بىرەر دەرىجىگە، تەلەپكە، ئۆلچەمگە توشماق؛ دەرىجىگە توشۇپ سېتىلماق: بۇ ماللار بازارغا ئۆتمەيدۇ. ㉕ بىركىمگە، بىرەر تەرەپكە تەۋە بولماق؛ بىركىمگە تەئەللۇق بولماق، مۈلكىگە ئايلانماق: يەر ئەمدى بىزگە ئۆتتى. * مەلىكە ئېرىدىن ئەگكۈشتەرنى سوراپتۇ، شاھ ئۇنى مەلىكىگە بېرىپتۇ، ئاخىرى ئەگكۈشتەر مەلىكىنىڭ قولىغا ئۆتۈپتۇ. ㉖ يېزىلماق؛ ئېلىنماق؛ ھېسابلانماق: بىز ئەمدى يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا ئۆتمەكچى بولۇۋاتىمىز. * ئۇلار تېخى يېقىندىلا شەھەر نوپۇسىغا ئۆتتى.㉗ ھېس قىلىنماق، سېزىلمەك، كۆرۈلمەك: قەدرى ئۆتمەك. ㉘ شاھىت بولماق، ئىسپات بولۇپ بەرمەك: ئانام يالغان گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈشنى رەت قىلغان ۋە شۇ ئازابلار تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتكەن. ㉙ كۈتۈلگەن بىرەر تەلەپ ياكى چەكتىن ئاشماق، ھالقىلىق پەيتتە سىنالماق: ئۆتكەلدىن ئۆتمەك. تەكشۈرۈشتىن

ئۆتمەك. ئىمتىهاندىن ئۆتمەك. سىناقتىن ئۆتمەك. * خەلقنىڭ زۇلۇمدىن قۇتۇلدىغان كۈنلىرى ئاز قالدى، بۇ قېتىمقى « تۆمۈر چارۋا » سانىقىدىن ئامان-ئېسەن ئۆتۈۋالساق، يەنە بىر ساناق كەلگۈچە شامەخسۇت ۋاڭنىڭ ئۆزىمۇ جەھەننەمگە كېتەر! ⑩ چېنىلما رەۋىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلەنگەن پېئىللارغا ياندىشىپ كېلىپ، شۇ پېئىل ئىپادىلىگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ تاماملانغانلىق تۈسىنى بىلدۈرىدۇ: بولۇپ ئۆتمەك، تونۇشتۇرۇپ ئۆتمەك. سۆزلەپ ئۆتمەك. چۈشەندۈرۈپ ئۆتمەك. ئوقۇپ ئۆتمەك. ئېيتىپ ئۆتمەك. * باشلىق تاش بۇ مەسىلىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەنىدى. * ئۇلار بۇ ۋەقەنى ناھايىتى جانلىق، قىزىقارلىق قىلىپ تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتتى.

**ئۆتۈپ بار ← ئۆتۈپ تۇر**: ــ ئۆتۈپ بار، مېنىڭ كېلىشىممۇ يوق، ئوغلۇممۇ يوق، ــ دېدى شەمسىيە خانىم.

**ئۆتۈپ تۇر** ئېرى تۇر، ئارىلاشما: سىلى، سىلى دەۋرەمەي ئۆتۈپ تۇرسىلا خېنىم.

**ئۆتۈپ كەتكەن** چېكىدىن ئاشقان، ھەددىدىن ئاشقان، تولىمۇ، بەكمۇ، ناھايىتى: ئۆتۈپ كەتكەن ھورۇن. ئۆتۈپ كەتكەن دۆت. ئۆتۈپ كەتكەن كاززاپ. * ئۇ بالا ھېچبىر ئىش كۆرمىگەن تازا ئۆتۈپ كەتكەن ساددا بالا ئوخشايدۇ. * ئۇنىڭ كاللىسىدا « ھېلىقى جاپپار دېگەنچۇ، ئۆتۈپ كەتكەن نەپسى بالا بىرنەرسە » دېگەن سۆزلەر ئۈچۈپ يۈرەتتى.

**ئۆتمۈش** ئى ① ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت، دەۋر، زامان: ئۆتمۈش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن ئازابلىق ئىدى. * ھەئە، ئۆتمۈش بىلەن بۈگۈننى سېلىشتۇرۇپ ئولتۇرۇپتىمەن. ئۆتمۈشتىمۇ قۇياش شەرقتىن چىقىپ، غەربتە ئولتۇراتتى. * يالىت قىلىپلا ئېسىمگە چۈشتى ئۆتمۈش سۈرىتى. مومام ماڭا سۆزلەيتتى كەلگەن چاغدا مۆرىتى. ② تارىخ؛ ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار، ھادىسىلەر ياكى ۋەقەلەر؛ بۇرۇنقى چاغلاردا بولۇپ ئۆتكەن ئەھۋاللار، يۈز بەرگەن ئىشلار: شۇنداق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆتمۈش، چۈنكى ئۇ چاغلاردا، دۇنيا بەكمۇ قاراڭغۇ ئىدى. * تاڭ نۇرى كۆتۈرۈلۈش بىلەن كېچە زۇلمىتى ئاستا-ئاستا كۆزدىن غايىب بولغاندەك ئۇ ئۆتمۈشمۇ كۆزدىن يوقالدى. ③ كىشى ھاياتىنىڭ ئۆتۈپ كەتكەن قىسمى: ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ئىنتايىن ئېچىنىشلىق. * ئايخان مومايىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە كېيىنكى يېڭى ھاياتى خۇددى زەرەپشانىنىڭ ئۆتمۈشى ۋە ھازىرىغا ئوخشاش يېنىپ تۇرغان ئېلېكتر چىراغلىرىدەك ئايدىڭ ئىدى.

**ئۆتمىتۆشۈك** سۈپ (ئۆتمە+تۆشۈك) ئۇ تەرەپتىن قارىسا بۇ تەرەپ كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە تېشىلگەن، شۇ خىلدىكى نۇرغۇن تۆشۈكلەر ئېچىلغان: ئۇنىڭ گۈمبەز تاملىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى، بورانىنىڭ يالىشى بىلەن ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. * كامىر ئىشكى ئالدىدا يۈز بەرگەن بۇ قانلىق جەڭدە ئوق تېگىپ كامىر ئىشكى ئۆتمىتۆشۈك بولۇپ كەتكەنىدى. * قارىماسىز تام-تورۇسلىرىمىز ساپلا ئۆتمىتۆشۈك.

**ئۆتنە** ئى. بىركىمدىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن ئېلىنىدىغان نەرسە: ــ بىرئاز ئاشلىق ئۆتنە ئالاي دەپ... ــ كىچىكئاخۇن سۆزىنىڭ ئاخىرىنى قانداق چۈشۈرۈشنى بىلەلمەي توختاپ قالدى. * مەن قوشنىلاردىن 15 كوي ئۆتنە ئالدىم، ھېلى ئازراق ئۇن سېتىۋېلىپ كەلسەم نەچچە ھەپتە يەيمىز.

**ئۆتنە ئالەم** « بىرىگە كەلگەن كۈن يەنە بىرىگىمۇ كېلىدۇ » دېگەن مەنىدىكى بىرىكمە: شۇنداق، تىلسەڭ تاپسەن دېگەن

راست ئىكەن. ھېلىقى يەجۈج-مەجۈجلەر ھەممىنى يالماپ يۇرگەن كۈنلەردىمۇ «ئۆتنە ئالەم بۇ، بىزگىمۇ نۆۋەت كېلۇر» دەپ تىلىگەن ئىدىم. * قېرى جاڭجۇنمۇ ئۆزى ئىشلەتكەن تىوزاقا چۈشۈپ ئۆلدى، ئۆتنە ئالەم دېگەن شۇ.

**ئۆتنە ئالماق** باشقىلاردىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن بىرنەرسىنى ۋاقىتلىق ئېلىپ تۇرماق.

**ئۆتنە بەرمەك** بىرەر نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىش شەرتى بىلەن باشقىلارغا بېرىپ تۇرماق: مەن سىزگە 100 يۈەن ئۆتنە بېرەي، كېيىن بېرەرسىز.

**ئۆتنە جاھان ← ئۆتنە ئالەم**: — بۇ ئۆتنە جاھان، ھېسابلىق ئالەم، ئاق كۆڭۈل كىشلەرنىڭ ساپ قېنى بىكار ئېقىۋەرمەيدۇ، — دېدى شائىر.

**ئۆتنە ئېلىش** < مات > ئېلىش ئەمەلدە كېمەيگۈچىنىڭ بىر خانىسىدىن سان ئېلىشقا يەتمىگەندە، ئالدىنقى بىر خانىدىن بىر ئۆتنە ئېلىنىپ شۇ خانىدىكى سانغا ئايلاندۇرۇلۇپ، ئاندىن ئېلىنىدۇ. بۇ خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى ئۆتنە ئېلىش دېيىلىدۇ.

**ئۆتنە ئېلىنىدىغان ئېلىش** < مات > ئېلىشنى ھېسابلاش ۋاقتىدا، ئۆز خانىسىدىكى سان ئېلىشقا يەتمىگەندە، يۇقىرى خانىدىن بىرنى ئۆتنە ئېلىپ ھېسابلاش ئۇسۇلى ئۆتنە ئېلىنىدىغان ئېلىش دېيىلىدۇ.

**ئۆتنە-لاپقۇت** ئۆتنە ۋە لاپقۇت: ئۆتنە-لاپقۇت قىلىشماق.

**ئۆتنە-ياغام** دىئال ← **ئۆتنە-يېرىم**.

**ئۆتنە-يېرىم** كىشىلەر ئۆزئارا بىر-بىرى بىلەن قىلىشقان ئۆتنە ئېلىش ۋە ئۆتنە بېرىشتەك ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت، ئېلىم-بېرىم: ئۆتنە-يېرىم قىلماق. * ئۇ ئەمدى مېنىڭ گەجگەمگە مىندى، ئۇچاقىنىڭ كۈلى، ئۆينىڭ يۇندىسى، ئېلىم-بېرىم، ئۆتنە-يېرىم دېگەندەك ئىشلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئۈستۈمدە. * «ئەدەبتىن ئەمرى ئۇلۇغ» دېيىشىدۇ. كادىرلار ئۆتنە-يېرىم قىلىڭلار، لاپقۇتلىشىڭلار دېگەندىكىن قاراپ تۇرغۇم كەلمىدى.

**ئۆتنە-يېرىم قىلماق** ئۆتنە ئېلىش، ئۆتنە بېرىشتەك مۇناسىۋەتتە بولماق، ئېلىم-بېرىم قىلماق: ئەل نەرقى كېلىشمىز، قولۇمدىن كېلىشچە ئۆتنە-يېرىم قىلمەن. * — نەزىر-چىراغىنمۇ قولۇم-قوشنىلاردىن ئۆتنە-يېرىم قىلىپ ئۆتكۈزۈۋالدى ئۇلار، — دېدىم مەن ئىچىمدە.

**ئۆتۈپ-تېشىپ** باشقىسى تېپىلماي؛ يېڭىلىشىپ، ئۇقۇشماي، خاتا ھالدا؛ يەنە كېلىپ: راستىنى ئېيتقاندا، پەرىزاتىنىڭ ئۆتۈپ-تېشىپ مۇشۇ ئابلەقتەك بىر ئادەمنى «سەيگۈەن» لىككە تارتقانلىقىغا بەكمۇ ئەپسۇسلاندى. چۈنكى، بۇ ئۇنىڭغا ناھايىتى تونۇشلۇق بىر ئالدامچى بولۇپ، پەرىزات ئويلىغان ئۇنداق رولنى ئوينىيالىشىدىن گۇمانلىناتتى.

**ئۆتۈشتۈرمەك** «ئۆتۈشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆتۈشتۈرۈلمەك** «ئۆتۈشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆتۈشلۈك** سۈپ. ئۆتۈپ تۇرىدىغان، ئۆتىدىغان: بوران ئاقسۇ بازىرىنىڭ بەزى بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىنى توپىغا تولدۇرۇپ، ئايرىم شامال ئۆتۈشلۈك يەرلەرنى پاكىز سۈپۈرۈۋەتكەندەك تازىلاپ قاتراڭ قىلىپ قويدى.

**ئۆتۈشمە** ① سۈپ. ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان، بىر-بىرىنىڭ ئاستى ياكى ئۈستىدىن ئۆتىدىغان؛ قايچىلاشما: ئۆتۈشمە شامال. ئۆتۈشمە يول. ئۆتۈشمە كۆۋرۈك. ② ئى.

كېيىمنىڭ تۈگمىسى ئېتىلگەندىن كېيىنكى پەش گىرۋەكلىرىنىڭ ئۆز ئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان قىسمى.

**ئۆتۈشمە شامال** <بىن> ئۆي ئىچىدىن ئۇدۇل ئۆتۈشكەن شامال.

**ئۆتۈشمە قۇدا** دىئال. قايچىقۇدا.

**ئۆتۈشمە قىلماق** ئۆتۈشتۇرمەك، ئۆتۈشكەن هالەتكە كەلتۈرمەك.

**ئۆتۈشمە كۆۋرۈك** <قاتن> يوللارنىڭ ستېرېئولۇق كېسىشىدىغان جايلىرىغا سېلىنغان كۆۋرۈك. ئۇنىڭدىن ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشلەردىكى ئاپتوموبىللار بىرلا ۋاقىتتا ئۆتەلەيدۇ.

**ئۆتۈشمە يول** <قاتن> ئۆتۈشمە كۆۋرۈك ئارقىلىق بىر-بىرىدىن ئۆتۈشتۈرۈلگەن يول.

**ئۆتۈشمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئاسفالتلىق يوللاردا چوڭ-كىچىك ماشىنىلار ۋە ئاپتوموبىللار ئۇ يان-بۇ يان ئۆتۈشمەكتە. * ئۇلار رەيهانەم بىلەن باش ئىشارىسى ئارقىلىق سالاملىشىپ، ئۆز ئارا گەپلىشىپ ئۆتۈشەتتى.

**ئۆتۈك I** ئى. قونچى پۇتنىڭ بولجۇڭ گۆشىگىچە بارىدىغان، پاشنىلىق ئاياغ كىيىم: ئۆتۈك كىيمەك. * ئانا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا پۇتىغا قارىدى. ئۇنىڭ پۇتىدا يەنىلا شۇ قىزىل ئۆتۈك بار ئىدى.

**ئۆتۈك II** ئى. دىئال. كېچىك، دەريانىڭ كېچىكى، دەريانىڭ ئۆتىدىغان يېرى.

**ئۆتۈكچان** سۈپ. ئۆتۈك كىيگەن، پۇتىدا ئۆتۈكى بار: ئۆتۈكچان ئادەم.

**ئۆتۈكچى I** ئى. ئۆتۈك تىكىدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى: كونا زاكازچىلار بۇ يەرگە كەلمەيتتى. يېڭىلىرىنى بولسا چاپسانلا تېپىپ بولمايتتى. هالال ئۆتۈكچى دېگەن نامغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن يىللار كېرەك ئىدى.

**ئۆتۈكچى II** ئى <زوئۇل> بىر خىل هاشارات. پىتىلگىنى قىزغۇچ سېرىق رەڭلىك، قاتتىق قېپى بار. لىچىنكىسى ئاقۇچ سېرىق، تېنىدە ئىنچىكە تۈكچىلىرى بولىدۇ. قوغۇن-تاۋۇزنىڭ ئاساسىي زىيانداشى، مېۋە دەرەخلىرى ۋە يۇرچاق تىپىدىكى ئۇسۇملۇكلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى يەيدۇ.

**ئۆتۈلمەك** «ئۆتمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئەقىللىقنىڭ قەدرى ئەخمەقنىڭ يېنىدا ئۆتۈلەر (ماقال). * ئالىي مەكتەپلەردە دەرسلەر ئېهتىياجغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۆتۈلەتتى. * مانا شۇ چاغدا، هەقىقىي هالدا دادامنىڭ قەدرى ئۆتۈلگەنىدى. * قاسىمجان قەمبىرىنىڭ مۇشۇ يىغلىشقا ئاتاپ، قوشماق ئىمزا بىلەن يېزىپ ئەۋەتكەن تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

**ئۆتۈمسىز** سۈپ <تىل> مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان هەرىكەتنى بىلدۈرمەيدىغان؛ تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلمايدىغان: ئۆتۈمسىز پېئىللار.

**ئۆتۈمسىز پېئىل** <تىل> مەلۇم شەيئىگە ئۆتىدىغان هەرىكەتنى بىلدۈرمەيدىغان؛ تولدۇرغۇچى تەلەپ قىلمايدىغان پېئىللار. مەسىلەن، «ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلىنىش ئۆگىنىشنىڭ دۈشمىنى» دېگەندىكى «قانائەتلىنىش»، «ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈش» دېگەندىكى «چۆكۈش»، «گۈل ئىشقىدا خەندان ئۇرۇپ سايرىدى بۇلبۇل» دېگەندىكى «سايرىدى» سۆزلىرىگە ئوخشاش.

**ئۆتۈملۈك** سۈپ <تىل> هەر دائىم ئىسىم ياكى ئىسىم رولىدىكى سۆزلەرنىڭ چۈشۈم كېلىش شەكلىدە ياكى چۈشۈم كېلىش خاراكتېرىدە ئۆزىگە تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان، يەنى چۈشۈم كېلىشتە تۇرغان سۆزلەرنى ئۆزىگە

تولدۇرغۇچى بولۇپ كېلىشنى تەلەپ قىلىدىغان: ئۆتۈملۈك پېئىل.

**ئۆتۈملۈك پېئىل** < تىل > شەيئىنى بىۋاستە ئوبيېكت قىلغان پېئىللار. ئۆتۈملۈك پېئىل ئۆز ئوبيېكتىنى بىلدۈرگۈچى سۆزنىڭ چۈشۈم كېلىشتە كېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەسىلەن، «ئىنتىزام تەربىيىسىنى كۈچەيتىش» دېگەندىكى «كۈچەيتىش»، «ۋەتەننى سۆيۈش» دېگەندىكى «سۆيۈش» سۆزلىرىگە ئوخشاش.

**ئۆتۈنچ** ئى. ئىلتىماس، ئۆتۈنۈش: — سىلىگە ئۇستام بىر ئۆتۈنچىم بار، ئۇستام، ئۆيۈم مانا مۇشۇ يەردىلا، كۆپ ھايال قىلمايمەن، بېرىپ بىر پىيالە چېيىمنى ئىچىپ كەتسىلە، — دەپتۇ بالا.

**ئۆتۈنمەك** پ ① يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئىلتىماس قىلماق، سەمىمي تەلەپ قىلماق، تۆۋەنچىلىك بىلەن سورىماق: مېنىڭ ئىشىمنى تېزراق ھەل قىلىپ بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن. * مەن شۇ كۈنى ئۆلچەم بىلەن چاپانىنىڭ رەسىمىنى ئۇستامغا كۆرسىتىپ رەختىنى كېسىپ بېرىشنى ئۆتۈندۈم. * بۇلارنىڭ جاۋابىدىن رازى بولغان شاھ بۇلارنى ئۆز ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ زىياپەت بېرىپ، ئوردىدا خىزمەت قىلىپ قېلىشلىرىنى ئۆتۈنۈپتۇ. * سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ماڭا راست گېپىڭنى دېگىن. ② تەقدىم قىلماق، ھەقسىز ئۆتكۈزۈپ بەرمەك: مەن بۇ كىتابنى سىزگە ئۆتۈندۈم. * پادىشاھ قېرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن ئوغلىغا ئۆز تەختىنى ئۆتۈنۈپتۇ. * — مەن ساڭا مۇشۇ تەختىمنى ئۆتۈنۈپ بېرەي، سەن پادىشاھ بول، مەن سېنىڭ گەمەڭگە بېرىپ خاتىرجەم تۇراي، بۇنىڭغا نېمە دەيسەن، — دەپتۇ پادىشاھ.

**ئۆتۈنۈشمەك** «ئۆتۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆتمەك** پ. ئادا قىلماق، ئورۇنلىماق، بېجىرمەك، ئىشلىمەك: ۋەزىپە ئۆتمەك. مەجبۇرىيەت ئۆتمەك. * كىشىنىڭ تاھارىتىدە ناماز ئۆتەپتۇ (ماقال). * — قېنى كاتىپ يولداش، بۇلارنىڭ نىكاھ رەسمىيىتىنى ئۆتەپ بەرسىڭىز، — دېدىم مەن كاتىپقا. * ئۇيغۇر تىبابىتىدىكى بىر تۈركۈم ئاتاقلىق تېۋىپلار شىنجاڭنىڭ سەھىيە ئىشلىرى ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك خىزمەتلەرنى ئۆتەپ كەلمەكتە.

**ئۆچ** ① ئى. قىساس، ئىنتىقام، ئۆچمەنلىك: ئۆچ ئالماق. ئۆچىنى چىقارماق. * ئۇنىڭ مەندە ئۆچى بار. * مەن ئۈن-تىنسىز، لېكىن ئاچچىقلانغان ئەلپازىمنى نامايىش قىلىپ، ئۆچۈمنى يەردىن ئالغاندەك گۈرس-گۈرس دەسسەپ، بۆلۈمگە كىرىپ كەتتىم. ② سۈپ. يامان كۆرىدىغان، ياقتۇرمايدىغان، بىزار، ئامراق ئەمەس: مەن تاتلىق يېمەكلىكلەرگە ئۆچ. * مەن ئۇنىڭغا ئەزەلدىن ئۆچ. * شۇ چاغدىن باشلاپ ئىت مۈشۈككە ئۆچ بولۇپ قېلىپتۇ. * بىركۈنى ئەپەندىمدىن سودىگەر تونۇشى سوراپتۇ: — ئەپەندىم، سىز پۇلغا ئامراقمۇ، ئۆچمۇ؟ // مەن ئۇنى بەك ئۆچ كۆرەتتىم، چۈنكى ئۇ دائىم مېنى بوزەك قىلاتتى.

**ئۆچ ئالماق** ئىنتىقام ئالماق، قىلغان يامانلىقلىرى ئۈچۈن جازالىماق، ئۆچىنى چىقارماق: — يىگىت، بېشىم ئامانلا بولسا، ئۆچ ئالماي قويمايمەن، — دەپ سۆزىنى ئاياغلاشتۇردى راجى، ئۇنىڭ بىردىنلا يوغان ئېچىلغان كۆزلىرى كەچكى شەپەق نۇرىدا قىپقىزىل چوغدەك چاقناپ كەتتى. * — بىر كۈن كېلۇر، ماڭمۇ يول ئېچىلۇر. قۇمۇلغا بېرىۋالسام، تۆمۈر ئاكاملارنىڭ ئۆچىنى ئالماي قويمايمەن، — دېدى غوجىنىياز ھاجى.

**ئۆچ بولماق** يامان كۆرمەك، يىرگەنمەك،

نەپرەتلەنمەك: تاسادىپىي بىر ئىش تۈپەيلىدىن مەن ئۇنىڭغا ئىختىيارسىز ئۆچ بولۇپ قالدىم.

**ئۆچ كۆرمەك** يامان، ئەسكى دەپ ھېسابلىماق؛ ياقتۇرماسلىق؛ يامان كۆرمەك: ـــ مانا ئەمدى ھەممىسى ئۆچ كۆرىدىغان بالا بولۇپ قالدىڭ، ـــ دېدى ئالىمجان مېنىڭ قۇلىقىمغا پىچىرلاپ. * چىرىكلەرنى ئۆچ كۆردۈم، تەلەمەتتە چۈش كۆردۈم. كېچە يېتىپ ئۇيقۇدا باللىرىمنى بەش كۆردۈم.

**ئۆچ-ئاداۋەت** ئۆچ ۋە ئاداۋەت، ئۆچ ئېلىش ۋە دۈشمەنلىك ھېسسى: ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدە قانداقتۇر ئۆچ-ئاداۋەت ۋە ئىنسيان ئوتلىرىنىڭ لاۋۇلداپ تۇرغانلىقىنى كۆردۇق. * يىگىتنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر ئۆچ-ئاداۋەتكە ئوخشاش غەيرىي تەبىئىي بىر سېزىم پەيدا بولدى-دە، قوشۇملىرىنى تۈرگىنىچە كېتىپ قالدى.

**ئۆچەر** سۈپ. ئۆچىدىغان، تەدرىجىي ئۆچۈپ بارىدىغان: ئۆچەر تەۋرىنىش.

**ئۆچەر تەۋرىنىش** < فىز > تەۋرىنىۋاتقان جىسىم ياكى تەۋرەنگۈچى ئېلېكتىر زەنجىرىدە، قۇۋۋەت تەدرىجىي ئازلاپ بارسا، تەۋرىنىش ئامپلىتۇدىسىمۇ مۇناسىپ ھالدا كىچىكلەيدۇ. بۇ خىل ھادىسە ئۆچۈش دېيىلىدۇ؛ تەۋرىنىش ئامپلىتۇدىسى تەدرىجىي كىچىكلەپ بارغان تەۋرىنىش ئۆچەر تەۋرىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئۆچەكە شىتۇرمەك** « ئۆچەكەشمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار تۇرلۇك يوللار بىلەن ئەسكەرلەرنى ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئۆچەكەشتۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا تاقابىل تۇرماقچى بولغان.

**ئۆچەكەشمەك** پ. بىركىمنىڭ مەنپەئىتىگە، شەخسىيىتىگە تېگىش ئۈچۈن ئاتايىن ياكى مەقسەتلىك ھالدا ئۇنىڭغا زىت ئىش تۇتماق؛ زىتلاشماق، ئۆچلەشمەك: بىزنىڭ سىنىپتا نىجات دەيدىغان بىرنېمە بار، مەن بىلەنلا ئۆچەكىشىدۇ. * يەر ئىسلاھاتىدا بىرنەچچە ھاللىق ئادەملەر ھەيدەر بىلەن ئۆچەكىشىپ، ئۇنى باي دېھقان قىلىشقا شۇنچىلىك تىركىشىپ باقتى، لېكىن ئىشقا ئاشمىدى.

**ئۆچكە** ئى < زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. مۈڭگۈزىنىڭ تۈۋى قىسمى ئۈچ بۇرجەك، ئۇچى ئارقىغا قايرىلغان بولىدۇ. پۇتلىرى كۈچلۈك بولۇپ، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. تۈكلىرى تۈز بولىدۇ. ئەركىكى ساقاللىق كېلىدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى قارا، كۈل رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى ۋە كىيىم تىككىلى بولىدۇ. سۈتى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئۆچكە ساقال** ئۇزۇنراق ، ئاستى قىسمى سەل تار بولغان ساقال: دەرۋازا قاراۋۇلخانىسى يېنىدا ئەپچىل بىر ساتىراشخانا بار ئىدى. بۇ يەردە ئۆچكە ساقال، ياداڭغۇ، سەل دۇمچەكرەك، يېشى ئەللىكلەردە بار بىر كىشى ساتىراشلىق قىلاتتى.

**ئۆچكە ياغلىرى ئېرىپ كەتمەك** كىشى بىلەن بولغان مۇئامىلىدە ناھايىتى ئاسان يۇمشاپ مېھرىبانلىقى تۇتماق: ئەخمەتجاننىڭ خىيالىدىن ئابدۇللانىڭ باللىق چاغلىرى، ناھايىتى تەسلىكتە ئوقۇغانلىقى ئۆتتى، ئەخمەتجان ئۆزىمۇ باللىق كۈنلىرىدىن تارتىپ يوقسۇزلۇق ئازابىنى كۆپ تارتقان، شۇڭا باشقىلارنى قىيىن ئەھۋالدا كۆرسە ئىچى كۆيۈپ، ئۆچكە ياغلىرى ئېرىپ كېتىدىغان ئادەم ئىدى.

**ئۆچكە يۇلغۇن** رەڭگى سارغۇچ، ئۇششاق تۈككە ئوخشاش تىكەنلىكرەك بولىدىغان،

چۈرۈك، سۇندۇرسا چورتلا سۇنىدىغان، سېرىق چېچەكلەيدىغان يۇلغۇن.

**ئۆچكە يېغىدەك** كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەتتە، مۇئامىلىدە ناھايىتى ئاسان يۇمشايدىغان، ئېرىيدىغان ۋە ناھايىتى ئاسان قاتىدىغان: ئۆچكە يېغىدەك ئادەم.

**ئۆچكەن** «ئۆچمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: پۈتكەن ئۆچكەن يانار تاغ.

**ئۆچكەن يانار تاغ** < گېئول > ئىنسانلارنىڭ يازما خاتىرىلىرىدە ئېتىلغانلىقى خاتىرىلەنمىگەن يانار تاغ.

**ئۆچكىئېمەر** ئى (ئۆچكە+ئېمەر) < زوئول > سۆرەلگۈچىلەر سىنىپى، كېلەر ئائىلىسىدىكى ھايۋان. ئۇزۇنلۇقى 3 مېتىر كېلىدۇ. دۈمبىسى قارامتۇل زەيتۇن رەڭلىك، ئاچ سېرىق سەپكۈنلىرى بار. قورساق تەرىپى سېرىق، قۇيرۇقى سەل ياپىلاق، سۇغا يېقىن جايلاردا ياشايدۇ. سۇ ئۈزەلەيدۇ، پاقا، يىلان، كىچىك قۇش قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبلىرىدا ياشايدۇ.

**ئۆچلەشمەك** پ. ئۆچ بولۇپ قېلىشماق، زىتلاشماق، دۈشمەنلەشمەك: قۇچۇك ئۆلگەندىن كېيىن ئىلىياز ئىنىسى شامەخسۇت بىلەن ئۆچلىشىشكە باشلاپتۇ. * ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىر-بىرىگە خۇددى دۈشمەندەك ئۆچلىشىپ كەتتى.

**ئۆچلۈك** «ئۆچ» سۆزى ② نىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆچلۈك قىلماق. * ئۇنىڭ كۆڭلىگە غەشلىك سالىدىغان قىياپىتىنى كۆرۈپ مېنىڭ ئۆچلۈكۈم كەلگەندەك بولدى. * ئۆمەر خېلى بىرھازا غىچە خاسىيەتكە مەنسىتمەسلىك، ئۆچلۈك ۋە ھەسەت بىلەن نەزەر سېلىپ ئۇنچىقمىدى.

**ئۆچلۈك قىلماق** يامان كۆرۈش ھېس-تۇيغۇسى قوزغالماق، نەپرەتلەنمەك، بىزار بولماق: ئۇ مەسىلەني چاقىقانغا ئۆچلۈك قىلاتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن ئايرىلالمايتتى.

**ئۆچلۈكى كەلمەك** ئۆچلۈكى تۇتماق، ئۆچلۈكى قوزغالماق: ئېمىستىقندۇر ھېلىقى ئۇزۇن چار ساقاللىق ئېشانخۇن ئۇستامغا ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالدى.

**ئۆچمەس** ① «ئۆچمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى. ② كۆچمە. مەڭگۈ يوقالمايدىغان، مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان، ئۇنتۇلماس: ئۆچمەس ئىز. * سېنىڭ قوينۇڭدا ئازادلىق-ئەرك ئۈچۈن ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان قەھرىمانلارنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن. * ئۇ بۇنىڭ بىلەن يىراقتىكى يارغا بولغان ئۆچمەس مۇھەببىتىنى ئىپادىلەيتتى. * قانلىق داغلار خاتىرىسىنى كۆڭۈل كىتابىنىڭ ئۆچمەس بەتلىرىگە ئورناتقان ئابدۇراخمان ئاتنى ئارقىسغا ئايلاندۇرۇپ سارسۇمبە كوچىسىغا كىرىپ كەتتى.

**ئۆچمەك** پ ① يېنىشتىن، يالقۇنجاشتىن، كۆيۈشتىن توختىماق: چىراغ ئۆچمەك. ئوت ئۆچمەك. * ئۈچ ئوغۇل شاد كۈلۈشۈپ، كۆرگىنىنى سۆزلىشىپ، مۆكىدىشىپتۇ كەچكىچە، قانچە شاملار ئۆچكىچە. ② يوقالماق، غايىب بولماق، يوق بولماق: ئاۋاز ئۆچمەك. * شۇ زامان ئۇنىڭ چىرايىدىكى كۈلۈمسىرەش ئۆچتى. * ئۇ بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىدىمۇ لەۋلىرىدىن كۈلكە ئۆچمىدى. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئۇنىڭ بۇرۇنقى مۇھەببىتى ئۆچكەنىدى. ③ كۆچمە. ئۇنتۇلماق، ئۇنتۇلۇپ كەتمەك؛ ئەستىن، كۆڭۈلدىن كۆتۈرۈلمەك؛ يوقىماق: يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن، قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن (ماقال). * يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنىڭ «خالۋاپ» دېگەن بىر چىرايلىق يازىشملىق

نامىۇ ئۆچتى. * مانا شۇ كۈندىن باشلاپ، سىيىت قارىنىڭ نامىۇ، جىسمىۇ كىشىلەر قەلبىدىن ئاستا-ئاستا ئۆچتى. ④ بىرەر نەرسە يۈزىگە چىقىرىلغان بەلگە، خەت قاتارلىقلار چىقىپ كەتمەك، يوقاپ كەتمەك: خەت ئۆچمەك. ئىزى ئۆچمەك. * شۇنىڭ بىلەن قەغەزگە بېسىلغان تامغىمۇ ئۆچكەنىدى. * مانا ئەمدى ساڭا بېسىلغان ئۇ تامغىمۇ ئۆچتى. ⑤ كۆچمە. خىرەلەشمەك، ئۆڭمەك، ئۆزگەرمەك، باشقىچە ھالەتكە كىرمەك: ئايىمگۈلنىڭ رەڭگى ئۆچتى. بېشىدا باشقىچە پىكىرلەر پەيدا بولۇپ، ئەندىشىگە چۈشتى. ⑥ سەپتىن ياكى تىزىملىكتىن، ھېسابتىن چىقماق: رويخەتتىن ئۆچمەك.

**ئۆچمەن** سۈپ. ئۆچ، ئامراق ئەمەس: زىمىستان قۇزغۇنى دائىم باھارغا كۆڭلىدىن ئۆچمەن، تىرىلمەك قەستىدە قۇتراپ تىنىم تاپماس ياۋۇز دۈشمەن. * ئاما كۆڭلى بەك سۇنۇق، دەردمەن ئىدى. شۇڭا مۇڭلۇق سازغا بەك زوقمەن ئىدى. ئاتىسىنى ئوغرى ئۆلتۈرگەنىدى. شۇڭا بەكمۇ ئوغرىغا ئۆچمەن ئىدى. // ياز كۈنى بىر ئاخشىمى، كەپتۇ يەنە دۈشمەنلەر؛ قان تۆكمەكنى خۇماداپ، تېنچ ھاياتقا ئۆچمەنلەر. * كۆرەلمىدى شۇم دۈشمەنلەر، قىزىل تاڭغا بەك ئۆچمەنلەر.

**ئۆچمەنلىك** ئى. باشقىلارنىڭ قىلغان يامانلىقى، يەتكۈزگەن زىيىنى، زەرەرى قاتارلىقلار تۈپەيلى كۆڭلىدە پەيدا بولغان ئۆچلۈك ھېس-تۇيغۇسى؛ ئۆچلۈك، ئاداۋەت، غۇم: ئۆچمەنلىك قىلماق. * ئۇنداقلارنىڭ كۆڭلىدە بىزگە ئۆچمەنلىك ساقلانغان، بۇنى ھەرقاچان ئەستە تۇتۇش لازىم. * بۇ ئىش ساۋۇتجانغا قاتتىق ئەلەم قىلدى، ئۇنىڭدا قېيۇم ئۇستىغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولدى.

**ئۆچمەنلىك قىلماق** كۆڭلىدە يامانلىق، ئۆچلۈك قىلىش پوزىتسىيىسىدە بولماق، ئۆچلۈكنى كۆڭلىگە پۈكمەك: — ئۇردىدا ماڭا ئۆچمەنلىك قىلىپ يۈرگەن بىرەر ئادەم بارمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ. * مەن سىزنى مېنىڭ ئەدىبىمنى بېرىۋاتىدۇ دەپ، سىزگە ئۆچمەنلىك قىلاتتىم. ھازىر مەن سىزنىڭ ھەققەتەن ماڭا ياردەم بېرىۋاتقانلىقىڭىزنى چۈشەندىم.

**ئۆچۈرتمەك** «ئۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شۇ يەردىلا بوغالتىرنى چاقىرىپ بۇرۇنقى ئەمگەك نومۇرىدىن 20 كۈنىنى ئۆچۈرتتى.

**ئۆچۈرتۈشمەك** «ئۆچۈرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆچۈرتۈلمەك** «ئۆچۈرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆچۈرگۈچ** ئى ① قېرىنداش ۋە ياكى شۇ خىلدىكى قەلەملەر بىلەن يېزىلغان خەتلەرنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ياسالغان بۇيۇم: — ماڭا ئۆچۈرگۈچتىن ئۇننى بەرسىلە، — دېدىم دۇكانچىغا. ② بور بىلەن يېزىلغان خەتلەرنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن، كىچىك تاختايغا كىگىز ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەرنى مىخلاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بۇيۇم ياكى شۇنىڭ رولىنى ئۆتەيدىغان باشقا نەرسە: ئۆچۈرگۈچ بىلەن دوسكىنى ئۆچۈرمەك.

**ئۆچۈرمەك** «ئۆچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتنى ئۆچۈرمەك. * كېتىمەن دەپ ئوتۇڭنى ئۆچۈرمە (ماقال). * تۆرەم دەرھال چىراغنى ئۆچۈرۈپ كۆزىنى يۇمۇۋالدى. * مەن ئۆيگە كەلدىم-دە، رادىئودا بېرىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازىنى ئۆچۈرۈپ، ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلىدىم. * قادىر قولىغا ئۆچۈرگۈچنى ئالدى-دە، دوسكىنى پاك-پاكىز ئۆچۈردى.

**ئۆچۈرۈشمەك** «ئۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆچۈرۈلمەك** «ئۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايال يىنىك ھەرىكەت بىلەن ئۆيدىن چىقتى-دە، چىراغ ئۆچۈرۈلدى. * ئۇلار چىراغ ئۆچۈرۈلۈپ بېشى ياستۇققا قويۇلغاندا شۇلارنى كۆپ ئويلايتتى.

**ئۆچىرەت** ئى (ر) ① ئادەملەرنىڭ تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان رەت، قاتار: ئۆچىرەتتە تۇرماق. ئۆچىرەت بىلەن ئالماق. * ئۇ كىشىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى بىر-بىرىنى ئىتتىرىشكەنلىرىچە ئۆچىرەتتە تۇرۇپتۇ، ئاز قىسمى جوزا-ئورۇندۇق ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ② نۆۋەت: ئۆچىرىتى كەلمەك.

**ئۆچىرەتسىز** سۈپ. ئۆچىرىتى يوق، ئۆچىرەتتە تۇرمىغان، قالايمىقان، رەتسىز.

**ئۆرە I** ① سۈپ. باشقا جايغا نىسبەتەن ئېگىز، يۇقىرى: بۇ يەر بەك ئۆرە ئىكەن. * — پولكوۋنىكنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، — دېدى شوپۇرلارنىڭ بىرى، — بىز سەككىز ماشىنىنى ئۆرىگە چىققاندا چىرىغىنى ياندۇرۇپ، پەسكە چۈشكەندە ئۆچۈرۈپ، بىر دۆڭلۈكنى ئايلىنىشۇردۇق. ② سۈپ. تىك، يېتىۋالمىغان: ئۆرە ياقا. ئۆرە ياقىلىق چاپان. ③ رەۋ. تىك ھالەتتە، تىكلەنگەن قىياپەتتە: ئۆرە تۇرماق. ئۆرە ئولتۇرماق. ئۆرە مېڭىپ يۈرمەك. ④ سۈپ. كۆچمە. باھاسى، قىممىتى جەھەتتىن يۇقىرى، ئۈستۈن؛ قىممەت: ئۆرە باھا. * — ئېلىپ قويسىلا، 180 كويمۇ ئۇنچىۋالا ئۆرە ئەمەس، — دېدى سالاگەرلەردىن بىرى. // ئۆرە باھالىماق. * — نېمە، مۇشۇنىمۇ ئۆرە كۆرۈۋاتامىلا؟ ئۆرە ئەمەس، ئەگەر سىلى بۇنى مۇشۇ تاپتا سويسىلىمۇ تېرە-زاسىۋى قوشۇلۇپ، يۈز كويلۇق مال چىقمىسا ھېساب ئەمەس، — دېدى مۇنۇپ بېدىكمۇ چىڭ-چىڭ سۆزلەپ.

**ئۆرە بولماق** ① ئۆرە، تىك ھالەتكە كەلمەك؛ تىكلەنمەك؛ قوپماق: گۈلچىمەن نازۇك بىلەكلىرى بىلەن تايىنىپ ئۆرە بولدى ۋە قولىغا دۇتارنى ئالدى. * ئەزىز بەگ بىرھازادىن كېيىن ئاستا كۆزىنى ئاچتى، لىككىدە ئۆرە بولدى، ئەتراپقا چەكچىيىپ قارىدى. ② كۆچمە. روناق تاپماق، قەددى رۇسلانماق: بىز مۇشۇ قېتىمقى قوي تېرىسى بىلەن ئۆرە بولدۇق. ③ كۆچمە. كېسەلدىن ساقايماق، تۈزەلمەك، ياخشى بولماق: — ئاپام شۇ يىللىرى كېسەلدىن ئۆرە بولالماي قازا قىلىپ كەتكەن، — دېدى ئۇ. * ئۆزىنىڭ بۇ ئاغرىقتىن ئۆرە بولالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن بوۋاي بىركۈنى ئۈچ ئوغلىنى ئالدىغا چاقىرىپ مۇنداق دەپتۇ. ④ قىممەتلەشمەك: — ۋاھ، بۇ بەك ئۆرە بولۇپ كەتتى، سېتىۋالالمىغۇدەكمەن، — دېدى ئۇ.

**ئۆرە بۆك** دۇخاۋىدىن تىكىلگەن، تۆپىسى ۋە كېزىكىگە زەر بېسىلغان ئۈستى چوڭ بولىدىغان ئايالچە بۆك.

**ئۆرە تۇرماق** ① ساق، جانلىق بولماق: — ئادەم ئاش بىلەن ئۆرە تۇرىدۇ، ئاش يەۋال، — دېدى ئانا. ② كۆچمە. يۈرۈشمەك، روناق تاپماق؛ تەرەققىي قىلماق، گۈللەنمەك: ھازىرقى دۇنيا ئىلىم-پەن بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ. زامان يەنە تەرەققىي قىلىشى كېرەك. ياش-ئۆسمۈرلەر بىزنىڭ كېلىچەكىمىز، بالىلىرىمىز ئەلۋەتتە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشى كېرەك.

**ئۆرە چۆچەك** <ئارخېئول> قەدىمدە سۇيۇق ئىچىملىك قاچىلىنىدىغان ئىستاكان شەكىللىك ساپال ۋە ياغاچتىن قىلىنغان تۇرمۇش جابدۇقلىرىنىڭ بىر خىلى.

**ئۆرە قىلماق** ① ئۆرە، تىك ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ تىكلىمەك: ئاسىم بېشىنى سەل ئۆرە قىلىپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى.

* بۇ چاغدا تاشۋاي بىرىپ جۇمەنىڭ ياقىسىدىن ئالدى ۋە ئۇنى سىلكىپ ئۆرە قىلدى. ② بەرپا قىلماق، بىنا قىلماق، ۋۇجۇتقا چىقارماق: ـــ قىبىن ئاتامنىڭ ئىچ ئاغرىتىپ ئاز-تولا پۇل چاپلاپ بېرىشى بىلەن ئۆرە قىلغان ئىشەك ھارۋىمىزنى تارتىپ كەلدىڭلار، ـــ دېدىم مەن ھېلىقى مۇتتەھەمگە. ③ كېسەلدىن ساقايتماق: مىڭ تەستە ئەمدى ئۆرە قىلدىم. يەنە ئىشلىسە، ئۆزۈلۈپ قالىدۇ.

**ئۆرە كېزىك** < تىب > ئۇچەي يوللىرىدا بولىدىغان بىر خىل ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئۆرە كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇنىڭ كېسەل ئالامەتلىرى كېزىكنىڭكىدىن سەل يېنىك، كېسەل بولۇش ۋاقتى كېزىكنىڭكىدىن سەل قىسقا بولىدۇ.

**ئۆرە مەش** < ماشىن > سىلىندىر شەكلىدىكى تۆمۈر ئېرىتىش مېشى. ماشىنسازلىقتا، قۇيما دېتاللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن، مېتاللۇرگىيە سانائىتىدە پولات ئېرىتكۈچى ئايلانما مەشكە ماسلاشتۇرۇپ پولات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆرە ياقىلىق پوپايكا** ياقىسى ئۆرە ياكى قاتلانغان ھالەتتە كىيىلىدىغان بىر خىل پوپايكا.

**ئۆرە يۈرمەك** سالامەت ھەرىكەت قىلماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك: مەن مۇشۇ ئوكۇل بىلەن ئۆرە يۈرۈۋاتىمەن.

**ئۆرە II** يۈك. دېئال. خۇددى، بەئەينى: بۇ بالا ئۆرە دادىسىغا ئوخشايدىكەن.

**ئۆرەسكەل** سۈپ. دېئال. ئاجايىپ، غەلىتە، قاملاشمىغان، ئەپلەشمىگەن.

**ئۆرەنلەشمەك** «ئۆرەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆرەنلىمەك** پ. ئالدى پۇتلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۆرە بولماق (ئات-ئېشەكلەر ھەققىدە): قامچىسىنىڭ تېگىشىنى كۈتمىگەن ئات ئۆرەنلەپ سەكرەپ كەتتى. * توساتتىن ئېتىم كىشنەپ، تىزگىنىنى تارتقىنىمغا ئۇنىماي چاپچىپ ئۆرەنلىدى.

**ئۆرپ-ئادەت** ئومۇمەن بىرەر خەلق ياكى مىللەتكە بىرقەدەر ئورتاق بولغان ۋە شۇ خەلق، مىللەت ئىچىدە ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى يوسۇن، ئادەت؛ قائىدە-يوسۇن: ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتى. * ـــ بىزنىڭ دىن-شەرىئىتىمىزنى، ئاتا-بوۋىمىزدىن قالغان ئۆرپ-ئادەتلىرىمىزنى جاڭ جىساغا ئوبدانراق چۈشەندۈرسىلە بولمامدۇ؟ ـــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا. * ـــ ئەپەندىم، بۇ يەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە قىزنىڭ يۈزىدىكى ياغلىقنى ئېچىشقا بولامدۇ؟ ـــ دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

**ئۆرپ-ئادەت رەسمى** < گسەن > ئىجتىمائىي ھايات ئۆرپ-ئادەتلىرى تېما قىلىنغان پېرسوناژلىق رەسىم. جۇڭگودا خەن دەۋرىدىلا بۇ خىل رەسىملەر بارلىققا كەلگەن. ياۋروپادا 17-ئەسىردىكى گوللاندىيە ئېقىمدىكىلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەت رەسىملىرى ئەڭ گەۋدىلىك.

**ئۆرتەپ** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: ئۆرتەپ تېرىش.

**ئۆرتەپ تېرىش** بىر خىل ئېپتىدائىي تېرىقچىلىق ئۇسۇلى. بۇنىڭدا يەردىكى ئوت-چۆپلەر كۆيدۈرۈلۈپ، كۈلى ئوغۇت قىلىنىدۇ. يەر كولانغاندىن كېيىن، ئاندىن ئۇرۇق سېلىنىدۇ.

**ئۆرتەشمەك** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆرتەلمەك** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چوڭقۇر ساۋاقدا شلىق مېھرىگە تولغان بۇ سەممىي سۆزلەردىن مەنسۇرنىڭ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۆرتىلىۋاتقان قەلبى ئاستا-ئاستا تەسەللى تاپتى. * ۋەتەندىن جۇت، زۇلۇم ئەرۋاھلىرى قوغلاندى، ئۆرتەلدى، يىنىپ كەلمەس بىلى سۇنغان رەقىبلەرگە مادار كۈنلەر.

**ئۆرتەنمەك** «ئۆرتىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ كۆز-ياشلىرى بېغى ئۈزۈلگەن مارجانىدەك تۆكۈلگەن پېتى كارىۋىتقا بىرىپ ياتتى، ئۇنىڭ قەلبى دەرد-ئەلەم بىلەن ئۆرتەنمەكتە ئىدى. * شۇ تاپتا ئۇ پۇشايمان، خىجىللىق ۋە ئىچىنىش ئىلكىدە ئۆرتىنىۋاتاتتى.

**ئۆرتىمەك** پ ① كۆيدۈرمەك: يەر خېتى بەرمىگەن ھەربىر دېھقاننى ئۇردى نەس چىرىكلەر ئاستىغا بىسىپ. ئوت قويۇپ ئۇرتىدى كەپىلىرىنى، قىينىدى زالىملار جانلارنى قىسىپ. * بولدى ياۋۇز ئەجدىھا، قىزنى يۇتۇپ كەتمەكچى! ئۇنىڭ يۇمران تېنىنى ئۆرتەپ كاۋاپ ئەتمەكچى! ② كۆپمە. دەرد-ئەلەم بىلەن قىينىماق، ئازابلىماق: يۈرىكىنى ئۆرتىمەك. * ئۇنىڭ قەلبىنى ئۆزى ھېس قىلالمايدىغان قانداقتۇر بىر يالقۇن ئۆرتىمەكتە ئىدى. * قورۇنۇش، قورقۇشنى پاكىز ئۇنتۇدۇم، يار يېنىپ قېشىمغا كەلگەچكە بۈگۈن. باشتىكى كۆيۈك ئوتى يامان ئىكەن، ئىچ-تېشىمنى ئۆرتىدى قويماي پۈتۈن.

**ئۆردەك** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تۇمشۇقى ياپىلاق، پۇتى قىسقا، بارماق ئارىلىقىدا پەنجىسى بار، سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. ئۆي ئۆردىكى ۋە ياۋا ئۆردەك دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. گۆشىنى يېيىشكە، پەيلىرىدىن ياستۇق، يوتقان قىلىشقا بولىدۇ. ئادەتتە ئۆي ئۆردىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك** خاتالىق-كەمچىلىك، ئەيىب-نۇقسان قاتارلىقلارنى قىلچە بويىنىغا ئالمىغانلىقنى، تەنقىد، تەنبىھلەرنىڭ تەسىر قىلمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: قادىر خۇددى قومدىن سۈزۈپ ئېلىنغان ئالتۇنغا ئوخشايدۇ. بۇ گەپ-سۆزلەر قادىرغا قىلىنغان بىر تۆھمەت بولۇپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ئۇنىڭغىمۇ يۇقمايدۇ. * ئۇ مىلىك يەردىن قەسەم ئىچىپ، ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك، ھېچقايسى گەپنى بويىنىغا ئالمىدى. * — قانداق ئادەمسىز؟ بۇ ھۆكۈمەتنىڭ سانائەت ئورۇنلىرىغا ئىشلىتىدىغان مۇھىم نەرسىسى تۇرسا، خالىغانچە ئوغرىلىسىڭىز بولامدۇ؟ — دەپ سوراققا تارتتى. لېكىن ياسىن سوپىۇم ئۆردەككە سۇ يۇقمىغاندەك ھىجىيىپلا تۇرۇۋەردى.

**ئۆردەكنى قونداققا زورلىماق** زادى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا قىستىماق: مۇنداق ئۆردەكنى قونداققا زورلايدىغان ئەخمەقلىقنى ئەمدى قىلما.

**ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان ئايرىماق** → **ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلماق**: باشلىق دېگەن ھامىنى باشلىق، ئۇلارنىڭ بىلىدىغىنى، ئاڭلايدىغىنى، كۆرگىنى كۆپ بولىدۇ. مانا ئەمدى قىلغان ئىشىمىزنىڭمۇ ئۆردىكى ئۇ يان، غېزى بۇ يان ئايرىلىدىغان بولدى.

**ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلماق** بىرەر ئىشنى ئۇزۇل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىۋەتمەك؛ ھەقنى ھەق، ناھەقنى ناھەق، ياخشىسىنى ياخشى، يامىنىنى يامان قىلىپ ئايرىماق: ئۇ بازار بېگى بايىقىدەك ھۆرپەيسىلا، ئارىدىكى ئىشنىڭ ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلىپ

تاشلايتتى. * قاچانغىچە ياقسام تۇتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ ئىككىلىنىپ ئولتۇرىسىز. قولىڭىزدا ھوقۇق بولغاندىن كېيىن ۋاقتىدا ئۆردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلىۋەتمەمسىز.

**ئۆردىكنى ئۆردەك، غېزىنى غاز قىلماق ← ئوردىكنى ئۇ يان، غېزىنى بۇ يان قىلماق:** — ئۆردىكنى ئۆردەك، غېزىنى غاز قىلىۋەتمىسەك ياخشى بولمايدۇ، — دەپتۇ بوۋاي. * لېكىن ئۇ قانچە ئالدىرىسىمۇ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قەتئىي قىلىش، ئېنىقلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قەتئىي ئېنىقلاش، دادۇينىڭ ئىشلىرىنىڭ ئۆردىكنى ئۆردەك، غېزىنى غاز قىلىپ بىر ياقلىق قىلىشى زۆرۈرلۈكىنى بىلەتتى.

**ئۆردەكتۇمشۇق** ئى [ئۆردەك+تۇمشۇق] < زوئول > سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى سېمىز، لېكىن ياپىلاق، قۇيرۇقى قىسقا ھەم كەڭ. تۇمشۇقى ئۆردەكنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ. تۇكلىرى ئىنچىكە ھەم زىچ، قېنىق قوڭۇر، تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ، چىشىسىنىڭ ئەمچەك تۇپچىسى بولمايدۇ.

**ئۆركەش** ئى ① دەريا، دېڭىز سۇلىرىنىڭ بوران تەسىرىدە داۋالغۇپ ھاسىل بولغان دولقۇنىنىڭ يۇقىرىغا تىك كۆتۈرۈلگەن قىسمى؛ سۇنىڭ داۋالغۇپ ئېگىز كۆتۈرۈلۈشى؛ دولقۇن: ئۇ لايىلاتمىدىن كۆزىنى ئۈزۈپ، تۆۋەندە ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ھەيۋەتلىك ئېقىمىغا بىرپەس قاراپ، ئاندىن توختى شۇجىغا يۈزلەندى. * ئېخ، شۇندا داۋالغۇپ ئۆركەشلەر ياساپ، ئاقتىڭ شاد ئەلگە جور شاۋقۇنىڭ بىلەن. شۇندىلا ھاياتقا بەردىڭ كۈچ-قۇۋۋەت، جۇشقۇنلۇق ئاشۇ زور ئېقىنىڭ بىلەن. ② تۆگىنىڭ دۈمبىسىدە بىر ياكى ئىككىلا بولىدىغان، قېلىن ۋە يوغان ياغ قاتلىمىدىن ئىبارەت چوقچىيىپ تۇرىدىغان ئۆسمە؛ لوككا: تۆگىنىڭ ئۆركىشى. ③

ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۆركەش تاغ** < گېئول > خاراكتېرى ئوخشاش بولغان ئىككى خىل تۈزۈلمىنىڭ ئارىسىدىكى كۆتۈرۈلگەن قىسمى.

**ئۆركەشلەتمەك** « ئۆركەشلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق بوران دېڭىز سۇلىرىنى ئۆركەشلەتتى. * چۈنكى، ئۇن-تىنسىز رەسىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇ خەلق ئىنقىلابىنى ئۆركەشلىتەلەيدۇ. * بۇنىڭدىن بىر ھەپتىچە بۇرۇن تاشۋاينىڭ قەلبىنى ئۆركەشلىتىپ، ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالغان بىر ئىش بولۇپ ئۆتتى.

**ئۆركەشلەنمەك** « ئۆركەشلىمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قورغاق ۋە ئادەمسىز بۇ چۆلنىڭ قاق كۆكسىدە بىر تال يېشىل لېنتىدەك سوزۇلغان تاش ئۆستەڭدە ئۆركەشلىنىپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. * بارىدۇ قەلبىم خۇشال بويلاپ تۆمەن، بىللىلا ئۆركەشلىنىپ ئويناپ بەلەن.

**ئۆركەشلىك** سۈپ ① ئۆركەشلىنىپ ئاققان، ئۆركەشلەنگەن، دولقۇنلانغان: شۇنداق قىلىپ، سال سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى چۈشكە يېقىن ئۆركەشلىك، تېز ئاقىدىغان ئىلى دەرياسىغا چىقتى. ② ئۆركىشى بار: بىر ئۆركەشلىك تۆگە. ئىككى ئۆركەشلىك تۆگە.

**ئۆركەشلىك كالا** < زوئول > كالىنىڭ بىر خىلى. شەكلى ئادەتتىكى كالىغا ئوخشايدۇ. گەجگىسىدە ئۆركەشكە ئوخشاش ئۆسۈكچىسى بار، كۈچى زور. ئادەتتە تېرىقچىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. گۆشى ۋە سۈتى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**ئۆركەشلىمەك** پ ① ئۆركەش پەيدا قىلماق، ئۆركەش ياسىماق، دولقۇن ھاسىل قىلماق، دولقۇنلىماق: مەن دەريادا تولۇپ ئېقىۋاتقان سۇغا قارىدىم، سۇ شىددەت بىلەن

ئۆركەشلەيتتى. * بۇ يىلقى تاغ سەيلىسى ئۈچۈن كەلگەن كىشىلەر شوخ قاش دەرياسىنىڭ ئۆركەشلەپ ئېقىشىغا، تەبىئەتنىڭ بۇ كۆركەم كۆرۈنۈشلىرىگە قاراپ ھۇزۇر قىلىشاتتى. ② جۇشقۇنلانماق، جۇش ئۇرماق، جانلانماق: سادىقنىڭ تومۇرلىرىدىكى قان ۋاشىلداپ ئۆركەشلىمەكتە. نەپىسى قىسىلماقتا، پىكىر قىلىش ئەزالىرى شىددەت بىلەن ئىشلىمەكتە ئىدى. * ئىككى ئالىقىنىنى بېشىغا قويۇپ تورۇسقا قاراپ ياتماقتىمەن، كاللامدا خىياللار ئۆركەشلەيتتى.

**ئۆركمەك** پ. دىئال. كۆكرەكنى كۆكرەككە ياكى باشقا نەرسىگە ياقماق، سۈركىمەك.

**ئۆرگۈزمەك** «ئۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چېچىنى قېتىقلاپ ۋە سوپۇنلاپ يۇغاندىن كېيىن ئانىسىغا ئىككى تال قىلىپ ئۆرگۈزدى.

**ئۆرگۈلەي** ① «ئۆرگۈلمەك» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىنىڭ I شەخس بىرلىكى. ② «ئايلىناي» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ: چالغان راۋابىڭدىن، ئېيتقان ناخشاڭدىن ئۆرگۈلەي يىگىت. * چىن سۆيگۈنى ئىشتا تاپقان، قەلبى باھار، يار-يار، ئۆرگۈلەي گۈل بويلىرىڭدىن مەڭزى ئانار، يار-يار. * تېخنىك يىگىت، ئىشچان قىز، جىك ئالتۇنغا ياقۇت كۆز. لايىق ئىكەن، ئۆرگۈلەي، بىر-بىرىنى سۆيۈشكە.

**ئۆرگۈنەك** ئى <بوت> ← **ئەنجبار.**

**ئۆرلەتمەك** «ئۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇنى ئۆرلەتمەك. چاينى ئۆرلەتمەك. دەرىجىسىنى پەللىمۇ پەللە ئۆرلەتمەك. ئېگىزگە ئۆرلەتمەك. غەزىپىنى ئۆرلەتمەك. توپنى ئاسمانغا ئۆرلەتمەك. * دەرد سۆزلىتەر، ئەلەم ئۆرلىتەر (ماقال). * ئۇلار خەلقنىڭ زار قاقشىشىغا قارىماي مالنىڭ

باھاسىنى ئۆرلەتتى.

**ئۆرلەش** سۆپ. دىئال. توق (قورساق ھەققىدە).

**ئۆرلەشمەك** «ئۆرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆرلىتىش** «ئۆرلەتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئۆرلىتىش كۈچى.

**ئۆرلىتىش كۈچى** <فىز> جىسىم بىلەن ھاۋا قارىمۇ قارشى ھەرىكەت قىلغاندا، ھاۋانىڭ جىسىمغا تەسىر كۆرسەتكەن كۈچىنىڭ دەخلىگە ئۇچرىمىغان ھاۋا ئېقىمىغا تىك يۆنىلىشتىكى تارماق كۈچى. مەسىلەن، ئايروپىلاننىڭ ئۆرلىتىش كۈچى ئايروپىلاننىڭ قانات، گەۋدە ۋە قۇيرۇق قانىتى ئۆرلىتىش كۈچلىرىنىڭ يىغىندىسىدىن ئىبارەت.

**ئۆرلىمەك** پ ① ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلمەك: توپ ئۆرلىمەك. كەپتەر ئاسمانغا ئۆرلىدى. * سۇبھى كۆتۈرۈلۈپ قۇياشمۇ ئۆرلىدى. * شوتا پۈتۈش بىلەن سىپىلغا ئۆرلەش مەشىقى باشلىنىپ كەتتى. ② بىرەر يۇقىرى تەرەپكە ياكى جايغا، دۆڭلۈك، تۆپىلىككە قاراپ يۇرمەك، چىقماق: بىز تاغ باغرىغا ئۆرلەپ ماڭدۇق. * ئۇلار سۇنىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ ئۆرلەپ كەتتى. * نىزامدىن ئاتتىن چۈشتى-دە، ئاقىلبەگكە: — سەن ئۆرلەپ مېڭىۋەر! — دېدى. ③ كۆتۈرۈلمەك، ئاشماق: قىزىتمىسى ئۆرلىمەك. سەپراسى ئۆرلىمەك. غەزىپى ئۆرلىمەك. * بۇنى ئاڭلاپ غەزىپى ئۆرلىگەن سوپى سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغرىنىڭ يۈزىگە تۈكۈردى. ④ قىممەتلىمەك، ئۆسمەك: مال باھاسى ئۆرلىمەك. بېلەت باھاسى ئۆرلىمەك. ⑤ قايناتماق: چۆگۈندىكى چاي ئۆرلىدى. ⑥ كۆپمەك، ئېچىماق: خېمىر ئۆرلىمەك. ⑦ كۆچمە. يۈكسەلمەك، راۋاجلانماق، راۋاج تاپماق: ئۇلار بۇ جەھەتتە ياخشى

نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن، يەنىلا توختاپ قالماي، داۋاملىق تىرىشىپ يۇقىرى ئۆرلىدى. * ئەلا ئوقۇپ تىرىشىپ، كۈندىن-كۈنگە ئۆرلەيمىز. دىلغا پۈكۈپ ۋەتەننى، يەر شارىنى كۆزلەيمىز. * دوستۇم بۈگەن كەمتەردىن شۇڭا، كەمتەر بولسالڭ ئۆرلەيسەن ھامان. ئالما شېخى قانچە ئېگىلسە، تىرەك قويۇپ يۆلەيدۇ ئىنسان.

**ئۆرمە** ① سۈپ. ئۆرۈلگەن، توقۇلغان ياكى ئۆرۈپ تەييارلانغان: ئۆرمە چاچ. ئۆرمە قامچا. ② ئى «باش-كۆزىدىن سەدىقە بولار» دېگەن مەقسەتتە كىشى بېشىدىن ئۆرىيدىغان پۇل ۋە ياكى شۇنىڭ ئورنىدىكى نەرسە: ئۆرمە قىلماق. * — غۇلامجان، ماۋۇ پۇلنى ئۆرمە قىلىۋەتكىنە، — دېدى ئۇ غۇلامغا. غۇلام پەتنۇسقا تاشلانغان 50 كويىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ مەيداننى بىر ئايلاندى-دە، ياش بىر چوكاننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.

**ئۆرمە يۆگەن** ئىنچىكە تاسمىدىن ئۆرۈپ ئىشلەنگەن يۆگەن.

**ئۆرمەك** پ ① تال-تال نەرسىلەرنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش يولى بىلەن بىرىگە توقۇماق: قامچا ئۆرمەك. * — ھە، بەكمۇ خۇشالغۇ سىلەر، يول قاياققا؟ — دېدى چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرگەن ئون ئالتە ياشلاردىكى بىر قىز كۈلۈپ. * سىنىپتىن شەھلا كۆزلۈك غۇنچە بوي، بۇلۇتتەك كۆپۈپ تۇرغان بوستان چاچلىرىنى توم ئىككى ئۆرۈم قىلىپ ئۆرۈۋالغان بىر مۇئەللىم چىقىپ كەلدى. ② پۇل ياكى باشقا بىرەر نەرسىنى بىرەر مەقسەتتە كىشى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ نىشان قىلغان ئادەمگە بەرمەك: پۇل ئۆرمەك. * ئۇ داستىخاندىن بىر ناننى ئالدى-دە، بالىلارنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ بېشىدىن

ئۆرۈپ ماڭا بەردى. * مەريەمنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بۇغداي، قوناق، كېۋەز، پاختا ئېلىپ چىقىپ قىزىنىڭ بېشىدىن ئۆردى-دە، ئۇلارنى سازچىنىڭ ئالدىغا قويدى.

**ئۆرنەك** ئى ① باشقىلارنىڭ تەقلىد قىلىپ ياسىشىغا، قىلىشىغا، ئىشلىشىگە ئەرزىيدىغان نەرسىلەرنىڭ ئۈلگىسى ۋە شۇنداق ئۈلگە بولىدىغان نەرسە: — بۇ ھەقتە پات خەت ياز، ساڭا تېز ئارىدا ئوبدان، چىرايلىق كۆڭلەك لازىم بولسا، دەرھال تىكىپ تەييار قىلىمىز؛ بىز بىلمەيدىغان پارىژنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن بولۇپمۇ كۆڭلەكنىڭ يېڭىنىڭ ئۆرنەكلىرىدىن ئەۋەتسۇن، — دەپ يېزىپتۇ ئۇ خېتىدە. ② باشقىلار ئەگەشسە، ئۆگەنسە، ئەرزىيدىغان ئىش ياكى ھەرىكەت نەمۇنىسى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىغان ئىلغارلىق نەمۇنىسى؛ ئۈلگە: ئۆرنەك ئالماق. * تاشۋاي پەدە بېسىشتىن زەخمەك ئۇرۇشقىچە زېرىكمەي-تېرىكمەي ئۆگەتتى، ئۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان مۇزىكا ئاھاڭلىرىنى چېلىپ ئۆرنەك كۆرسەتتى.

**ئۆرنەك ئالماق** ① ئۈلگە ئالماق: مەن ئاشۇ گۈلدىن ئۆرنەك ئېلىپ بۇ گۈلنى چەكتىم. ② نەمۇنە قىلماق، ئۆگەنمەك: — جاھىللىق قىلىشنىڭ پايدىسى يوق ئاداش، تولۇق تاپشۇرساقلا چىقىش يولىغا ئېرىشەلەيمىز، مانا مەن ھازىر تامامەن ئەزكىنلىكتە يۈرۈۋاتىمەن، ھەتتا ئىشقىمۇ ئورۇنلاشتىم، سەنمۇ مەندىن ئۆرنەك ئال...، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

**ئۆرنەك بولماق** ئۆرنەكلىك رول ئوينىماق، ئۈلگە بولماق: ئەرەستۇ بىر سوتكىدا تۆت سائەتلا ئۇخلايتتى. ئۇنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرى بۈگۈنكى پەن-تېخنىكا كەشپىياتى ئۈچۈن چوڭ ئۆرنەك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. * لېۋى گوياكى

قىزارغان گىلاس، تۆكلەر ئۇندىن پىكىر شەربىتى. جاھان قىزلىرىغا بولاتتى ئۆرنەك، ئۇ قىزنىڭ ئېسىل خۇلق-پەزىلىتى.

**ئۆرنەك قىلماق** ئۈلگە قىلىپ تىكلىمەك، ئۈلگە قىلماق، ئۈلگە دەپ بىلمەك، ئۆگىنىش نىشانى قىلماق: مەن ئۇنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە باش ئەگمەيدىغان، قەيسەر روھىنى ۋە مۇقامچىلىققا بېغىشلىغان مۇھەببىتىنى ئۆرنەك قىلىپ، ئۇنىڭ تۈگىتەلمىگەن ئىشلىرىنى قەتئىي داۋاملاشتۇردۇم.

**ئۆرنەكلىك** سۈپ. ئۆرنەك بولىدىغان، ئۆرنەك قىلارلىق، ئۈلگىلىك: ماياكوۋىسكىنىڭ ئىنقىلابىي شېئىرى ئۇسلۇبى ئۇنىڭغا ئۆرنەكلىك رول ئوينىدى.

**ئۆرۈپ-چۆرۈپ** ئۆرۈپ ھەم چۆرۈپ، ئۇ يان ئۆرۈپ، بۇ يان ئۆرۈپ: ئىبراھىم ئاكا ئۆزىنى يەنە دىۋانغا تاشلاپ باياتىن ئالدى-ئارقىسىنى ئۆرۈپ-چۆرۈپ نەچچە رەت ئوقۇپ بولغان گېزىتنى يەنە قولىغا ئالدى. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇر كىتابنى ئېلىپ ئېچىپ كۆردى. ئەمما ھېچ نەرسىنى چۈشەنگىلى بولمايتتى. نىيازقارىمۇ قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ كۆرگەندىن كېيىن: ــ ئالتۇن كىتاب دېگىنىڭ شۇمۇ؟ ــ دەپ كۈلۈمسىرىدى.

**ئۆرۈتمەك** «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تامنى ئۆرۈتمەك. * ئۇ چۈشىنى ئۆرۈتمەك بولۇپ مۇشاۋىرنى چاقىرىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

**ئۆرۈش** ① «ئۆرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: قارا سۇمبۇل چاچلىرى تاپىنىغا چۈشىدۇ؛ ساناپ باقسام قىرىق ئۆرۈش، ھەر ئۆرۈشى بىر بوستان. ② ئۆرۈش يىپ: گىلەمنىڭ ئۆرۈشى. ئەتلەسنىڭ ئۆرۈشى.

**ئۆرۈش يىپ** بايكارلىق ۋە گىلەمچىلىك دۇكانلىرىدا توقۇلغان توقۇلمىنىڭ بويىغا تارتىلغان يىپى.

**ئۆرۈشتۈرمەك** پ. ئۆرۈش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، ئۆرۈمەك: مەن ئۆيىنى يىغىنە ئاختۇرغاندەك ئاختۇردۇم، ھەتتا يوتقان-كۆرپە، كىگىز-پالاسلارنىمۇ ئۆرۈشتۈرۈپ مالىماتاڭ قىلىۋەتتىم. ئەمما ھېچنېمە تاپالمىدىم.

**ئۆرۈشمەك I** «ئۆرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار چاچلىرىنى ئۆرۈشتى.

**ئۆرۈشمەك II** «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كونا ئۆيلەرنى ئۆرۈشمەك. دەرەخلەرنى ئۆرۈشمەك.

**ئۆرۈك** ئى <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى يالغۇز ئۆسىدۇ، ئاق ياكى شاپتۇل چېچەكى رەڭلىك. ئۈچكىلىك مېۋىسى دۈگىلەك، پىشقاندا سارغىيىدۇ، تەمى تاتلىق. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئۆرۈكچىلىك** ئى. ئۆرۈك يېتىشتۈرۈش ئىشى، پائالىيىتى: ئۆرۈكچىلىك ــ باغۋەنچىلىكنىڭ بىر تارمىقى.

**ئۆرۈكلۈك** ① سۈپ. ئۆرۈك دەرىخى بار، ئۆرۈك دەرىخى كۆپ تىكىپ ئۆستۈرۈلگەن، ئۆرۈك تىكىلگەن: كۆتۈرە بېرىش يولىغا قويۇلغان تۇنجى يىلى كۆتۈرە ئالغان ئۆرۈكلۈك باغنىڭ كىرىمىدىن بىزگە كەلگەن پۇل بىلەن كونا قەرزنى تۆلەپ تۈگەتتۇق. ② ئى. ئۆرۈك كۆپ تىكىلگەن يەر، ئۆرۈك كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، ئۆرۈك ئاساس قىلىنغان باغ: ئۆرۈكلۈككە كىرمەك. ئۆرۈكلۈككە بارماق.

**ئۆرۈلمەك I** «ئۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چاچ ئۆرۈلمەك. * قامچا ئۆرۈلمەك. * گۆھەر بۇۋى ئىككى ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چېچى بەستىگە ياراشقان،

تازا جۇۋانلىق قۇرامىغا يەتكەن ئايال. * ئۇ تال-تال ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى مۇرىسى تەرىپىدىن يىغىپ، بىر تال قىزىل يىپ بىلەن چىگىپ قويغانىدى.

**ئۆرۈلمەك II** ① «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تام ئۆرۈلمەك. هارۋا ئۆرۈلمەك. كارىز ئۆرۈلمەك. ئۆي ئۆرۈلمەك. * بورانىنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن دەرەخ ئۆرۈلۈپ كەتتى. ② «ئۆرۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ يەنە نېمىلەرنىدۇر غودۇڭشىغاندەك لەۋلىرىنى قىمىرلاتقىنىچە ئارقىسىغا ئۆرۈلدى. * ئۇنىڭ چېقىر كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، ساقىلىنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، خام سېمىز چىرايى توپا رەڭگىگە كىرىپ قېلىپتۇ. ③ ئاغدۇرۇلماق، بىرقىسما بولۇپ قالماق: پەرىدەنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى چاقناپ كەتتى، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، سۆزلىيەلمەي قالدى. * غەزەپلەنگەنلىكىدىن پاششاپ بېگىنىڭ كۆزلىرى ئۆرۈلۈپ، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. ④ باشلانماق (يىل ھەققىدە): مانا يەنە يىل ئۆرۈلدى، قارلار ئېرىپ، مەجنۇن تاللار باھاردىن دېرەك بېرىپ نوتا سۈردى. ⑤ ئايلانماق، ئۆزگەرمەك: گۈلەمخاننىڭ قوش پۆپۈكى يەرگە سۆرەلدى. يۇرەكتىكى سېرىق سۇلار، قانغا ئۆرۈلدى. * بۇ ئىش ئاخىرى يامىنىغا ئۆرۈلدى.

**ئۆرۈلۈپ-چۆرۈلۈپ** ئۆرۈلۈپ ھەم چۆرۈلۈپ، بۇ تەرەپ ئۆرۈلۈپ، ئۇ تەرەپ ئۆرۈلۈپ؛ ئۇ ياق، بۇ ياقلارنى ئايلىنىپ: ئۇ يەنە بىر قېتىم ئەينەك ئالدىدا قەددىنى رۇسلاپ قايتىدىن ئۆرۈلۈپ-چۆرۈلۈپ باشتىن-ئاياغ ئۆزىگە سەپسالدى. * ئۆرۈلەرسىز، چۆرۈلەرسىز توقۇناق بېشى بىزدە... دېگەندەك، ئۆرۈلۈپ-چۆرۈلۈپ يەنە كەلدىم.

**ئۆرۈم I** ① ئى. تېلىنى، تالاسىنى ياكى بىرنەچچە تۇتامنى بىرگە قوشۇپ ئۆرۈلگەن ھەربىر بۆلىكى؛ ئۆرۈپ تەييارلانغان نەرسە ۋە شۇ نەرسىنىڭ ئۆرۈلگەن ھالىتى: قىزنىڭ چاچلىرى ئۇزۇن، ئۆرۈملىرى يوغانىدى. ② مىق. ئۆرۈلگەن، ئۆرۈپ توقۇلغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۇرىدۇ: بىر ئۆرۈم سامساق. ③ ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە، توي-تۆكۈن مەشرەپلەردە ئۇسسۇل ئوينىغان كىشىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ سازەندىلەرگە ياكى چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان، كۆڭلىگە بىرەر ۋەھىمە كەلگەندە ئۆزىنىڭ، بالا-چاقىلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ كەمبەغەل، ئاجىز-ئورۇقلارغا بېرىدىغان نەرسە: — قىزنىڭ بېشىدىن ئوبدانراق بىرنېمىنى ئۆرۈم قىلىپ سەدىقە قىلىۋېتەيلى، — دېدى ئۇ ئايال.

**ئۆرۈم قىلماق ← ئۆرۈم ئۆرمەك:** لەيلىگۈل يەنە بىر قېتىم كەلگەندە قىزنىڭ بېشىدىن ئوبدانراق بىرنېمىنى ئۆرۈم قىلىپ سەدىقە قىلىۋېتەي دەپ كۆڭلىگە پۈكۈپمۇ قويدى.

**ئۆرۈمگە كەلمەك** ئۆرسە بولغۇدەك دەرىجىدە ئۆسمەك، ئۆرگۈدەك بولماق: قىزنىڭ چېچى ئۆرۈمگە كەلدى.

**ئۆرۈم ئۆرمەك** ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە توي-تۆكۈن، مەشرەپ قاتارلىق سورۇنلاردا ئۇسسۇل ئوينىغان كىشىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ سازەندىلەرگە ياكى چۈشى بۇزۇلۇپ قالغان، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرىغان چاغلاردا ئۆزىنىڭ بېشىدىن، يا بولمىسا بالا-چاقىلىرىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ پۇل ياكى شۇ پۇل قىممىتىدىكى نەرسىلەرنى كەمبەغەل، ئاجىز-ئورۇقلارغا بەرمەك: مەشرەپتە ئۆرۈم ئۆرۈيدىغانلار خېلى كۆپ بولدى.

**ئۆرۈمە** (توغرىسى: ئۆرمە) ← **ئۆرمە**.

**ئۆرۈمەك** پ ① ئۆرە، تىك ھالەتتىكى نەرسىنى يىقىتماق، غۇلاتماق: تامنى ئۆرۈمەك. ئۆينى ئۆرۈمەك. دەرەخنى ئۆرۈمەك. * ئۇ ئۆزىنى تۇتالماي شىرە ئۈستىدىكى ھاراقنى ئۆرۈۋەتتى. * قىبلىدىن شامال چىقىپ ئۆرۈۋەتتى باراڭنى، توختاتقىلى بولمايدۇ كۆڭۈل دېگەن ساراڭنى. ② كۆچمە. بىرەر گۇرۇھ ياكى ھاكىمىيەتنى ھالاك قىلماق، تەختىدىن چۈشۈرمەك، ئاغدۇرماق: كونا ھاكىمىيەتنى ئۆرۈمەك. * ئۇنىڭ مەقستى مانجۇ خانلىقىنى ئۆرۈپ تاشلاپ، «مىنگو» قۇرۇش ۋە يەرگە ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى تەڭشەش ئىكەن. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئاستى تەرىپىنى ئۈستىگە، ئۈستى تەرىپىنى ئاستىغا توغرىلاپ قويماق: يەرنى ئۆرۈمەك. * — ئالدىرىما، مايىنىڭ تەگدىن تولىسى مانا بۇ ياقتا، — دەپ چىنىنى ئۆرۈپتىكەن، چىنىنىڭ كەينىدىكى مايمۇ تۆكۈلۈپ كېتىپتۇ. ④ بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىنى تېشىغا، ئوڭىنى تەتۈرىگە ياكى تەتۈرنى ئوڭغا، ئارقىسىنى ئالدىغا، ئالدىنى كەينىگە قىلماق: خالتىنى ئۆرۈمەك. يوتقاننىڭ كىرلىكىنى ئۆرۈمەك. چاپاننىڭ ئىچىنى ئۆرۈمەك. * سابىر خالتىنىڭ ئالدى-ئارقىسىنى ئۆرۈپ ئۇزاق قارىدى، ئەستىرىنى ئۆرۈپ كۆردى. ⑤ كۆچمە. تەرجىمە قىلماق، ئاغدۇرماق: خەنزۇچىنى ئۇيغۇرچىغا ئۆرۈمەك. * سالى دورغىنىڭ گېپى تۈگمەيلا، ئابدۇنىياز مىراب تۈگچىغا قاراپ: — بۇ گەپلەرنى سەل يۇمشىتىپراق ئۆرۈسلە، — دېدى. * تۈگچى بۇ گەپلەرنى ئۆرۈپ بولغۇچە، سوپى مەرگەن خوجىنىياز ھاجىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ⑥ كۆچمە. تەبىر بەرمەك، مەنە بەرمەك، چۈشەندۈرمەك: ئىشنى يامىنىغا ئۆرۈمەك. * رابى ۋىت-ۋىت كېچە كۆرگەن چۈشىنى ئۇنىڭغا ئۆرۈپ بەردى. * تەبىرچىلەر شامەخسۇت ۋاڭنىڭ بۇ چۈشىنى «ئەگەر ئۇردىنىڭ كونا قۇللىرىدىن بىرىنى ئازاد قىلسا، گاڭ غوجامنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۆسكەي» دەپ ئۆرىدى.

**ئۆرۈملۈك** ئى. ئۆرۈم قىلىش ئۈچۈن ئاتالغان نەرسە: — ئۆرۈملۈككە بىرنەرسەڭ بارمۇ؟ — دەپ ئاستا سورىدى ئۇ ئايالدىن.

**ئۆرىتۆپە** سۈپ (ئۆرە+تۆپە) (بىرەر جىددىيچىلىك تۈپەيلى) بەزىلەر ئۆرە تۇرۇپ كەتكەن ۋە بەزىلەر ئۇ يان-بۇ يان مېڭىپ يۈرگەن؛ رەتسىز، قالايمىقان: ئۇ گەپ قىلماستىن ئۆرىتۆپە ئادەملەر ئارىسىدا بىر دەم قاراپ تۇردى. // ھويلىدا ئۆرىتۆپە يۈرگەن دېھقانلار ئۆيدىن چىققان بوۋاينى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئالدىغا توپلاندى.

**ئۆرىتۆپە بولماق** بىرەر جىددىيلىك تۈپەيلى بەزىلىرى ئولتۇرسا، بەزىلىرى ئۆرە تۇرغان ۋە بەزىلىرى مېڭىپ يۈرگەن ھالەت شەكىللەنمەك؛ قالايمىقانلاشماق: تاشۋاي، بارات، مىرئەلىلەرنىڭ ئۆيگە كىرىشى بىلەن يىگىتلەر ئۆرىتۆپە بولۇشتى. * مەسچىتنىڭ ئىچىنى ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلىدى. ئىككىنچى سەپتىن باشلاپ، ھەممە كىشى ئۆرىتۆپە بولۇپ كەتتى.

**ئۆرىتۆپە قىلماق** ئۆرىتۆپىلىكنى پەيدا قىلماق؛ قالايمىقانلاشتۇرماق: سەن كېلىپلا ھەممە ئادەمنى ئۆرىتۆپە قىلىۋەتتىڭغۇ؟

**ئۆرىتۆپىلىك** ئى. ئۆرىتۆپە ھالەت، قالايمىقانچىلىق.

**ئۆرىدەشمەك** «ئۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىتنىڭ ئىككى ئالدى پۇتى ھەيدەرنىڭ مۈرىسىدە، ھەيدەرنىڭ ئىككى قولى ئىتنىڭ ئىككى قولىقىدا، ئىت بىلەن ھەيدەر ئۆرىدەشكەن پېتى تۇراتتى.

**ئۆرىدەلمەك** «ئۆرىدىمەك» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆرىدىمەك** پ ① بىرەر يۇقىرى تەرەپكە ياكى جايغا، تۆپىلىككە قاراپ يول ئالماق، يۇرمەك، بىرەر يۇقىرى تەرەپكە يۆنەلمەك: ئات ئۆرىدەپ ماڭدى. ② بىرنەرسىنى ئۆرە قىلماق؛ ئۆرە، تىك ياكى دۈۋىلەنگەن ھالەتكە كەلتۈرمەك: تاغارنى ئۆرىدىمەك. چەشنى ئۆرىدىمەك. قۇمنى ئۆرىدىمەك. پاختىلارنى ئۆرىدىمەك. * ئەتراپقا قارىسام بىرنەچچە ياشانغان ئەر-ئايال قۇرۇغان كېسەكلەرنى ئۆرىدەپ تىزىۋېتىپتۇ. * ئۇلار خاماندىكى باغلارنى قولمۇقول ئۆرىدىدى. ③ ئىككى ئالدى قولىنى ئېگىز كۆتۈرمەك، ئۆرە قىلماق: بىر توپ دۈشمەن ئاتلىقلىرى ئەنجانباينى قوغلاپ كېلىۋەردى. كۆن نۇرىدا ئىشتىكلەر پارقىرايتتى، ئاتلار چاپچىپ ئۆرىدەيتتى.

**ئۆرىلەشمەك** پ. دىئال. ھەپىلەشمەك، شۇغۇللانماق.

**ئۆرىمە** (توغرىسى: ئۆرمە) ← **ئۆرمە**.

**ئۆز** ئال ① تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، ئىش-ھەرىكەت شۇ قوشۇمچە بىلدۈرگەن شەخس تەرىپىدىن باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى بولمىغان ئەھۋالدا بېجىرىلگەنلىكىنى ياكى بېجىرىلىشىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئەرنىڭ سۆزى ئۆلگۈچە، ئۆزى ئۆلسۇن (ماقال). * بۇ ماقالىنى ئۆزۈم يازدىم. * بۇ لۇغەتنى ئۆزۈم تۈزدۈم. * ھېلىقى كىشىنىڭ قايتا چۈشەندۈرۈشىچە، مىنگو دېگەن پۇقرالار ئۆزى قۇرىدىغان دۆلەت دېگەن بولارمىش، دۆلەت باشلىقىنى پۇقرالارنىڭ ئۆزى سايلارمىش. ② تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭدىن ئاڭلىشىلغان شەيئى ياكى نەرسىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۆزىنىڭ ئۆزىگە، توپىسى كۆزىگە (ماقال). * ــ ئەمدى ھېكايىنىڭ ئۆزىگە كېلەيلى، ــ دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ. * ــ بۇ خەتنى مۇئەللىمنىڭ ئۆزىگە بېرىڭ، ــ دېدى ئۇ خەتنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ. * زېۋىرشا مانا مۇشۇ ئۆزىگە پايدىسىز قارارلارنى ئاڭلىدى. ③ تەۋەلىك قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن ئىسىمنىڭ ئالدىدا كېلىپ، بىركىم ياكى نەرسىنىڭ تۈرلەنگەن تەۋەلىك قوشۇمچە ئاڭلاتقان شەخسكە قاراشلىق، ئۇنىڭغا خاس ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئۆز ئۆيۈم. ئۆز ئانىسى. ئۆز ۋەتىنى. ئۆز دوستۇم. * ــ يۈرۈڭ، ئەمدى ئۆز ئىشىمىزغا بارايلى، ــ دېدى ئۇ قولۇمدىن تارتىپ. * بىزدە كىشىلەر كۆپ ۋاقىتلاردا ئۆز بېشىغا قاراپ ئىش قىلىدۇ، دېگەن گەپ بار. ④ ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئىختىيارسىز سادىر بولغانلىقىنى، ئۇنى قىلىشنا، بېجىرىشتە، ئورۇنداشتا باشقىلار قاتناشمىغانلىقىنى تەكىتلەش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: سادىق ئۆزى يىقىلىپ چۈشتى. * تراكتور ئۆزى مېڭىپ كەتتى. * تېلېۋىزور ئۆزى ئۆچۈپ قالدى. ⑤ يېقىن، بىلىدىغان، تونۇشلۇق: بۇ يەردە يات ئادەم يوق، ھەممىمىز ئۆز. * ــ شۇنداق، كۆنۈپ قالدىم. شۇنداق ياخشى كۆرىمەن، ھەممىمىز ئۆز بولۇپ قالدۇق، ــ دەپ جاۋاب بەردىم. * بىزمۇ ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆز بولۇپ قالدۇق.

**ئۆز ئادەم** يېقىن، ئىشەنچلىك كىشى: ــ بۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئادەم، ــ دېدى لۇتپۇللا ھېلىقى كىشىگە.

**ئۆز ئالدىغا** ① ئۆزىگە خاس؛ مۇستەقىل، مۇستەقىل ھالدا: بۇلار ئۆز ئالدىغا ئايرىم قورۇ سېتىۋېلىپتۇ. تۇرمۇشى كۈندىن-كۈنگە ياخشىلىنىپتۇ. * ئۇنىڭمۇ ئۆز ئالدىغا ئادىتى

بولغاندەك، مېنىڭمۇ ئۆز ئالدىمغا ئادىتىم بار. * ئۇلار ئۆز ئالدىغا مۇزىكىچىلىق ۋە مۇقامچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كۆپلىگەن شاگىرتلارنى يېتىشتۈرۈپ، خەلق ئىچىدە ئالاھىدە ئابرويغا ئېرىشكەن. ② ئۆزىچىلا، ھېچكىمنىڭ سورىقىنى ئالماي، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن: — ھەرقانداق ئادەمنىڭ بىزنى ئۆز ئالدىغا ئىشتىن توختىتىشقا ھەققى يوق، — دېدى ھېلىقى ئىشچى.

**ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماق** ئۆزى باشقۇرماق، ئۆز ئىلكىدە تۇتماق: ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالماسلىقى، شۇنداقلا ھەممە ئىشنى ئۆز ئالدىغا تارتىۋالماسلىقى كېرەك.

**ئۆز ئايىغى بىلەن كەلمەك** ئۆزلۈكىدىن كېلىپ قالماق، ئۆزى خالاپ كەلمەك: ئۇلار ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن قۇتلۇق كېلىنىنىڭ مەرىكىسىنى قاچان ۋە قانداق ئۆتكۈزۈشنىڭ غېمىگە چۈشكەنىدى.

**ئۆز ئايىغىدىن ئۆركۈمەك** ئۆز-ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ قورقۇپ يۈرمەك: ئۆز ئايىغىدىن ئۆركۈيدىغان قورقۇنچاق ئادەم ئۇ.

**ئۆز بېشىدىن قورقماق** ئۆزىگە بىرەر جاۋابكارلىق كېلىپ جېنىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىمەك: مانا ئەمدى خېنىم، بېگىم قايتىپ كەلگەندە ئاگلاپ قالمىسۇن دەپ ئۆز بېشىدىن قورقۇپ، قىزىنى زىندانغا سالغاندەك ئۆيگە قاماپ ساقلاشقا باشلىدى. * — ئۆز بېشىمىزدىن قورقتۇق، تەقسىر، تۇتۇپ كېلىپ، ئاندىن خەۋەر قىلايلى، — دېدۇق بىز ئۇنىڭغا.

**ئۆز بىلمەك** ئۆز دەپ ھېسابلىماق، ئۆزىگە يېقىن تۇتماق، ئۆز كۆرمەك: مەن سېنى ئۆز بىلىپ كەلدىم. * نېمىشقا دېسىڭىز، بۇ يۇرت، بۇ خەلق، ئۆز بىلىپ باغرىدا ئۆستۈردى مېنى، شادلىقنى تەڭ كۆردۇق، قوغدىدى ھەتتا، خەۋپكە دۇچ كەلگەن چاغدىمۇ جېنى.

**ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپماق** ئۆزىنى ئۆزى ھالاكەتكە تۇتۇپ بەرمەك، ئۆزى ئۆزىگە زەرەر يەتكۈزمەك: سەن مۇشۇنداق كۆنچىلىك بىلەن جىق ئادەملەرگە ئاھانەت-ھاقارەت قىلىپ كەتتىڭ. مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولساڭ، بىركۈنى ئۆز پۇتۇڭغا ئۆزۈڭ پالتا چاپىسەن.

**ئۆز تۈگمىنىگە سۇ قويماق** ئۆزىنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىش قىلماق، ئۆز پايدىسىغا ئىش قىلماق، ئۆزىنىڭ ئىشىنى راۋاج تاپقۇزۇش يولىدا كۆرۈشمەك.

**ئۆز تېنىدە كۆپىيىش** < بىئول > جانلىقلارنىڭ ئۆز تېنىدىكى مېتابولىزم رولى ئارقىلىق ئەسلىدە بار بولغان تۈزۈلمە نۇسخىسى بويىچە ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئوخشاش بولغان تۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرۈش رولى يۈز بېرىش جەريانى.

**ئۆز تېنىدە ئۇرۇقلىنىش** < بىئول > ساپلىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل ئۆز-ئۆزىدىن ئۇرۇقلىنىش جەريانى. بۇ كۆپىنچە بەزى ئوچۇق گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر، زەمبۇرۇغلار ۋە ئىپتىدائىي ھايۋانلاردا ئۇچرايدۇ.

**ئۆز خايان** دىئال ← **ئۆز مەيلىچە**.

**ئۆز رەڭگى** < گېئول > مىنېرال رەڭگىنىڭ بىر خىلى، يەنى مىنېرالنىڭ ئۆزىنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرى كەلتۈرۈپ چىقارغان رەڭ. ئۇ مىنېرالنىڭ ئۆزىدىكى خىمىيۋى تەركىب ۋە تۈزۈلۈشكە باغلىق بولىدۇ.

**ئۆز سانىماق** ← **ئۆز كۆرمەك**: — مېنى ئۆز سانىساڭلار، بۇندىن كېيىن كۆرپە سالماڭلار، — دېدى مېھمان ئۆي ئىگىسىگە.

**ئۆز سەنىمگە دەسسىمەك** ئۆزىنىڭ خاھىشى، مەيلى، ئىختىيارى بويىچە ئىش قىلماق، ئۆزى بىلگەن يولغا ماڭماق: ھەركىم ئۆز سەنىمگە دەسسەۋەرسە ئىشلار

نېمە بولۇپ كېتىدۇ؟

**ئۆز سەنئىتىگە ئۇسسۇل ئويناتماق** ← **ئۆزى بىلگەن سەنئەتكە دەسسىمەك.**

**ئۆز سۆزلۈك** كىشىنىڭ پىكرىنى ئالماي، شەخسىي پىكرىدە چىڭ تۇرۇۋالىدىغان: شۇڭا كېلىنلىرىدە بۇ مېھرىبان، ئەمما ئۆز سۆزلۈك مومايغا ھۆرمەت ۋە ئەيمىنىش تۇيغۇسى مەھكەم تىكلەندى.

**ئۆز شەكلى** <گېئول> جىنسلاردىكى مىنېرال كرىستاللىرىنىڭ مۇكەممەل ئۆزىگە خاس شەكلى.

**ئۆز شورىدىن كۆرمەك** ئۆزىنىڭ تەلەيسىزلىكىدىن كۆرمەك: — مەن نېمىشقا دەيتتىم، — دېدى يىگىت دۇدۇقلاپ، — ئىمكان بولسا، قۇتقۇزۇپ قېلىڭ. مۇبادا كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەر روي بېرىپ قالسا، مەن... ئۆز شورۇمدىن كۆرىمەن.

**ئۆز قازىنىنى ئۆزى قايناتماق** ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزى قامدىماق؛ ئۆزىنىڭ كۈنىنى كۆن ئەتمەك.

**ئۆز قولى بىلەن** ئۆزى، ئۆز ئەمگىكىنى سەرپ قىلىپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن؛ بىۋاسىتە: — قاۋۇل ئاكا، — دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — بىز سىزنى باغنى يەنە ئۆز قولى بىلەن ئەسلىگە كەلتۈرسۇن، باغنىڭ جاراھىتىنى ئوڭشاپلا قالماستىن، كۆڭۈل جاراھىتىنىمۇ ئوڭشاپ، تېخىمۇ بېيىسۇن، دەۋاتىمىز. * كاتىپ ئۆز قولى بىلەن بىرقانچە يېرىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى. * بۇ خەتنى سىلەر ئۆز قولۇڭلار بىلەن پاپاڭنىڭ ئۆزىگە تاپشۇرۇڭلار.

**ئۆز قولىدا** ئۆز ئىگىدارچىلىقىدا، ئۆزىنىڭ باشقۇرۇشىدا: نادەم «مېنىڭ ئاپامغا قانچىلىك قارىغانلىرىنى بىلمەيمەن، نېمە كۈن كۆرسەتكەنلىرىنىمۇ بىلمەيمەن، ئەمدى بىز سىلەرگە موھتاج ئەمەس، تەقدىرىمىز ئۆز قولىمىزدا» دېمەكچى ئىدى.

**ئۆز قولىغا ئالماق** ئۆز ئىلكىدە تۇتماق، ئۆزى باشقۇرماق، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلماق: ھاكىمىيەتنى ئۆز قولىغا ئالماق. ئىشخانىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالماق. ئىدارىنىڭ كاتىپلىقىنى ئۆز قولىغا ئالماق.

**ئۆز قوينىغا ئالماق** يات كۆرمەي ئۆز كىشىلىرى قاتارىدا كۆرمەك، مېھرىبانلىق قىلماق: ئېشەك تەرەپتىن ئولتۇرغان بىرنەچچە ئايال خەلچە ئانىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە ئۇنى ئۆز قوينىغا ئېلىپ ئورۇن كۆرسەتتى.

**ئۆز قۇلىقى بىلەن** بىۋاسىتە، بىۋاسىتە ھالدا: مەن ئۇنىڭ گېپىنى ئۆز قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىدىم.

**ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەسلىك** راست ياكى يالغان ئىكەنلىكىگە دەرھال جەزىم قىلالماسلىق، دەرھال ئاڭقىرالماي ئارىسالدى بولماق: — گۇگشى شۇجىمۇ؟ — زەپىق ئاكا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي، كۆزىنى يوغان ئېچىپ سورىدى.

**ئۆز كۆرمەك** ئۆز ئادەم دەپ ھېسابلىماق، ئۆزىگە يېقىن تۇتماق: — مېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرگىنىم، — دېدى جالالىدىن، — سىلىنى ئۆز كۆرگىنىم. * — قانداقلا بولمىسۇن، بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ، مېھمان بولۇپ كەت جۇمۇ. ئايشەمخان ئاپاڭنىلا ئۆز كۆرۈپ، بىزنى يات كۆرسەڭ بولمايدۇ، ئاڭلىدىڭمۇ؟ — دېدى داۋۇتجان جىيەن قىزىغا.

**ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەسلىك** قاتتىق ھەيران قالماق: ئۇلار بوۋايغا دەرھال پۇلنى تۆلەپتۇ-دە، گۈلنى ئېلىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرىپ كېتىپتۇ. پادىشاھ گۈلنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قېلىپتۇ. * ئۇ يېقىن كېلىپ سېۋەتلەرگە قاچىلانغان قىپقىزىل پارقىراپ تۇرغان پەمىدۇر، كۆك لازا، تەرخەمەك،

پەتىنگانلارنى كۆرۈپ ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمىدى.

**ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتماق** شەخسەن ئۆز مەنپەئىتىنىلا كۆزلىمەك، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىمەك: ئۆز كۆمچىگىلا چوغ تارتىش — بىز پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىسلىتى ئەمەس. * خەلق بەرگەن ھوقۇقنى جەزمەن خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئىشلىتىشىمىز لازىم. ئۆز كۆمچىگە چوغ تارتىدىغان، كۆڭۈل ئىزلەپ، پرىنسىپ ئۈستىدە سودىلىشىدىغان بولساق خەلقنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى قانداقمۇ ئاقلىيالايمىز؟!

**ئۆز كۈننى ئۆزى ئالماق ← جېنىنى جان ئەتمەك:** — ئەر بولۇپ قالدىڭ، ئۆز كۈنۈڭنى ئۆزۈڭ ئالارسەن... سېنى ياخشى باقالمىدىم، ياخشى كىيدۈرەلمىدىم، مېنىڭدىن رازى بول بالام، — دېدى ئاتام ماڭا كۆز يۇمۇش ئالدىدا. * ئۇنىڭ تىلسىز بىر قىزى بار، ئۇ قىز ئۆز كۈننى ئۆزى ئالالمايدۇ.

**ئۆز گۇناھى ئۆزىگە** گۇناھ، سەۋەنلىك ئۆزىدىن ئۆتتى، شۇڭا دەردىنى ئۆزى تارتسۇن: بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلىپسەن، ئەمدى ئۆز گۇناھىڭ ئۆزۈڭگە.

**ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولماق** دەرد-ئەلەمنى كىشىگە ئېيتالماي، قاتتىق ئازابلانماق: شامەخسۇت قالغان سانىنى توشقۇزالماي، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ، كېچىلىرىمۇ ئۇخلىيالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

**ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇماق ← ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇماق:** — ئەنسىرىمەڭ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان، ئۆزىنىڭ يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇيدىغان ئۇسۇللارمۇ بار. سىز ئۈچۈن ھەممىنى قىلىشقا تەييارمەن، — دېدى ئۇ خۇددى ۋەزىپە تاپشۇرۇپ ئالغاندەك قىلىپ.

**ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېمەك** دەردىنى، ئەلەمنى كىشىگە ئېيتالماي ئىچ-ئىچىدىن قاتتىق ئازابلانماق، دەردىنى ئىچىدە يېمەك: مۇشۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان قازىنىڭ بېشى قېتىپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يەپ يۈرەتتى.

**ئۆز گۆشىنى يېمەك ← ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېمەك:** ئوغرى ئۆز گۆشىنى يەيدۇ (ماقال).

**ئۆز گېپىگە كەلمەك** قىلىشۋاتقان ياكى قىلىشماقچى بولغان سۆزنىڭ ئۆزىگە قايتماق: — ئابدۇللا ئاكا، ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، — دېدى ئەخمەت.

**ئۆز مەيلىچە** خالىغانچە، ئىختىيار قىلغىنىچە: ئۆز مەيلىچە يۈرمەك. ئۆز مەيلىچە ئىشلىمەك. * زۆرۈر بولغان مەخپىيەتلىكنى ساقلاش تەدبىرلىرىنى قوللىنىشى كېرەك، ئېكسكۇرسىيە دائىرىسىنى ئۆز مەيلىچە كېڭەيتىۋەتمەسلىك كېرەك.

**ئۆز نەملىكى** يەرنىڭ تېرىلىشتىن بۇرۇنقى نەملىكى.

**ئۆز نۆۋىتىدە** ۋاقتى كەلگەندە، پەيتى كەلگەندە: شۇنى ئۆز نۆۋىتىدە ئېيتىپ قويۇشقا بولىدۇكى، كەنجى سەنئەت نەزەرىيىلىرىنىمۇ خېلى ئۆگەنگەن.

**ئۆز نېنىنى ئۆزى تېپىپ يېمەك** ئۆزى ئىشلەپ جان باقماق، ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەن ياشىماق: مۇئەللىم بولۇپ ئۆز نېنىڭنى ئۆزۈڭ تېپىپ يەيدىغان بولدۇڭ، بۇمۇ سېنىڭ پېشانەڭ.

**ئۆز ھالىغا قويماق** مەيلىگە، ئىختىيارىغا قويماق: سارىخان ئانا توختاخۇننى ئۆز ھالىغا قويۇپ بېرىپ، ئالماس بىلەن ئۆزى سۆزلەشمەكچى بولدى. * خۇدا ھەققى، مېنى ئۆز ھالىمغا

قويۇڭلار، نېمدېگەن گەپ بۇ؟

**ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش** < ئاستر > ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئۆز ئوق مەركىزى ئەتراپىدا ئايلىنىشى. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش ۋاقتى 23 سائەت 56 مىنۇت 4 سېكۇنت. ئاينىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىش ۋاقتى ئۇنىڭ يەر شارىنى ئومۇمىي ئايلىنىپ چىقىش ۋاقتى بىلەن تەڭ، يەنى 27 كۈن 7 سائەت 43 مىنۇت 11.5 سېكۇنتقا باراۋەر بولىدۇ.

**ئۆز ئوقىدا ئايلىنىش قۇتۇبى** < ئاستر > ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئايلىنىش ئوقىنىڭ ئىككى ئۇچى.

**ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ** خاتالىقنىڭ تۆپە يلى ھەر ئىككىمىز ئوخشاشلا زىيان تارتتۇق: خەير، ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ، بۇنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتارسەنكىن.

**ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي** «ئۆز ئىشىڭنى قىل، باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشما» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي، نېمىشقا خەقنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىپ يۈرىسەن. * ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي دەيدىغان بۇ ۋاپاسىز ۋە ئادالەتسىز زاماندا، جاھاننى بېشىغا كىيگەن مۇناپىقلاردىن «دىققەت» تەلەپ قىلىش مۇمكىنمىدى.

**ئۆزۈڭنى نەدە قويسەن** قانداق قىلسەن: بۇلارنى تۈگەتسەڭ، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنى نەدە قويسەن؟

**ئۆز ۋاقتىدا** ① دەل ۋاقتىدا، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، كېچىكتۈرمەي: ئىشقا ئۆز ۋاقتىدا كېلىڭ. ② كۆچمە. بۇرۇنقى چاغدا، ئەينى چاغدا، ئەينى زاماندا: ئۆز ۋاقتىدا تام تەشمەپتىكەنمەن، ئەمدى تېشەمدىمەن؟ * مۇزىكىشۇناس، مۇقامشۇناس سەنئەتكارلارنىڭ پېشۋاسى بولغان تەۋەككۈل ئاخۇن ئۆز ۋاقتىدا تەڭدىشى يوق بىر مەشھۇر سەنئەت ئەربابى ئىدى. * ئەتە سېخ بويىچە چوڭ يىغىن ئېچىپ پارتكومنىڭ قارارىنى ئاممىغا يەتكۈزمەكچىمىز، بۇنى ماشىنا رېمونت دۈيىگە ئۆز ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ قويارسىز.

**ئۆز ئېگىزىغا تېرىش** بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە زىرائەتلەرنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، شۇ ئېگىزغا يەنە تېرىش.

**ئۆزى ئاقار قۇدۇق** < سۇ > سۇ ئۆزلۈكىدىن ئېتىلىپ چىقىدىغان قۇدۇق.

**ئۆزى بەگ، ئۆزى خان** نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان، ھېچكىمگە بويسۇنمايدىغان؛ ھېچقانداق تەسىرگە، چەكلىمىگە ئۇچرىمايدىغان؛ بەك ئەركىن: ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالماق. * سىلەر ئۆزۈڭلار بەگ، ئۆزۈڭلار خان ئىشلەۋېرىسىلەر.

**ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋالماق** نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلماق، كىشىنىڭ باشقۇرۇشىغا، تەسىرىگە ئۇچرىمىغان ھالەتتە ياشىماق؛ ئەركىن-ئازادە بولۇۋالماق؛ خالىغىنىنى قىلماق، بەك ئەركىن بولۇۋالماق: پارتىيە ئەزالىرى كىچىككىنە ئۆيگە كىرىۋېلىپ پوچىلىق قىلىشقا، ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىشقا زادى بولمايدۇ. * — ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى تۆتۈش كېرەك! نەدىمۇ مۇشۇنداق ئۆزى بەگ، ئۆزى خان بولۇۋېلىپ، ئىشلەپچىقىرىشقا تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىش بولسۇن؟ — رەيھان خۇددى نىجاد مۇشۇ يەردە باردەك ئاچچىقى بىلەن داۋام قىلدى.

**ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەمەك** خالىغىنىنى قىلماق، نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلماق، كۆڭلىدىن كەچكىنىنى قىلماق: ئۇ ئېرىدىن خەت-خەۋەر ئالالمىغاندىن كېيىن ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ

يۈردى. * ئاز ساندىكى ياغاچ قۇلاقلار بولسا، ئۆزى بىلگەن سەنەمگە دەسسەپ يۈرەتتى.

**ئۆزى بىلگەنچە** خالىغانچە، ئۆز ئالدىغا، ئۆز مەيلىچە: بىر كىشىلا سۆزلەيدىغان ياكى ھەركىم ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان ئەھۋاللارغا ئەمدى يول قويۇلمايدىغان بولدى.

**ئۆزى تاغدا، كۆڭلى باغدا** پىكىر-خىيالى بىر يەردە ئەمەس، خىيالى بىر مەسىلىگە، ئىشقا مەركەزلەشمىگەن؛ ئۆزى بۇ يەردە بولغىنى بىلەن خىيالى پۈتۈنلەي باشقا بىر ئىشتا، ئۆزى بۇ يەردە ئەمما كۆڭلى باشقا بىر ئىشتا.

**ئۆز ئىچىگە ئالماق** دائىرىسىگە كىرگۈزمەك، تەركىبىدە بولماق: 11 بەتمىنىڭ قالغان 2-، 7-، 8-ماددىلىرى دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى، باج-خىراج، سودا-تىجارەت مەزمۇنلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. * بۇ ئاقساقاللارنىڭ بارىگىنىڭ ئىپمىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگە ئائىت تۈرلۈك خەۋەر، تەجرىبە-ساۋاق ۋە ھېسسىي چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**ئۆزىدىكى سىنىپ** < پەلس > ئىستىخىيىلىك كۆرەش باسقۇچىدىكى پرولېتارىيات. بۇ چاغدا پرولېتارىياتنىڭ كۆرۈنەرلىك سىنىپىي ئېڭى ۋە ئۆز پارتىيىسى بولمايدۇ.

**ئۆزىدىكى نەرسە** < پەلس > نېمىس پەيلاسوپى كانتنىڭ سۆزى. ئۇ ئاڭغا بېقىنمايدىغان مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، ئەمما بىلگىلى بولمايدىغان ئەسلىي زات دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆزىدىن چاڭلىنىش** < بوت > بىر گۈلدىكى ئاتىلىقنىڭ چاڭدىنىدىن ھاسىل بولغان گۈل چېچەكى شۇ گۈلدىكى ئانىلىقنىڭ ئانىلىق ئاغزىغا قونۇشى بىلەن ئىشقا ئاشىدىغان چاڭلىنىش ئۇسۇلى. مەسىلەن، بۇغداي، ئارپا، كۆك پۇرچاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىدىن چاڭلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەردۇر.

**ئۆزىدىن كەتمەك** ① ھوشىدىن كەتمەك، ھوشىنى يوقاتماق: قورقۇنچتا ئۆزۈمدىن كېتىپ قاپتىمەن، بىرھازادىن كېيىن ھوشۇمغا كەلدىم. ② ئۆزىدىن ئۆتۈلمەك، ئۆزى سەۋەبچى بولماق: بۇ ئىش ئۇنىڭ ئۆزىدىن كەتتى.

**ئۆزىدىن ئوزۇقلىنىدىغان جانلىقلار** < بىئول > كاربون (IV) ئوكسىد ۋە ئانئورگانىك ئازوتتىن ئىبارەت ئاددىي ئانئورگانىك ماددىلاردىن ئورگانىك ئوزۇقلۇقلارنى بىرىكتۈرىدىغان جانلىقلار.

**ئۆزىدىن ئوزۇقلىنىدىغان ئۆسۈملۈكلەر** < بوت > يورۇقلۇق ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ئانئورگانىك ماددىلارنى ئورگانىك ماددىلارغا ئايلاندۇرۇپ ئوزۇقلۇققا ئېرىشىدىغان ئۆسۈملۈكلەر.

**ئۆزىدىن ئۆتمەك** سەۋەنلىكنى ئۆزى ئۆتكۈزمەك: ئۆزىدىن ئۆتكەن قولىدىن كەتكەن (ماقال). * ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئۆتتى، بولمىسا ئۇ قىز ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.

**ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشمەك** بىراۋغا زىيانكەشلىك قىلىشنى ئويلاپ، ئاخىرى ئۆزى زىيان تارتماق: ئۇلار ئۆمەر ئۇستازغا قەست قىلىمەن دەپ، ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشتى. * لېكىن ئەھۋال ئۆزگىرىپ، تاپتى بۇگۈن ھالاكەتنى، ئەلگە ئورا كولىغان، ئۆزى چۈشتى ئاخىرەت.

**ئۆزىگە ئالماق** ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتسىز ياكى ئۆزى قىلمىغان بىرەر ئىشنى باشقىلار مېنى قىلدى دەپ چۈشىنىۋالىدۇ دەپ قارىماق: — سەن بۇنى ئۆزۈڭگە ئالما، بۇنىڭ سەن بىلەن ھېچقانداق ئالاقىسى يوق.

— دېدىم مەن ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ.

**ئۆزىگە پۇختا بولماق** ھوشيار بولماق، ئۆز ئىشلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن بىر تەرەپ قىلماق: خوش غوجام، ئۇنىمۇ قىلارمىز، ئەمما ئۆزىمىزگە پۇختا بولساقمىكىن دەيمەن.

**ئۆزىگە تارتماق** ئۆز تەرىپىگە ئۆتكۈزمەك؛ ئۆزىگە جەلپ قىلماق، ئۆزىگە قاراتماق: ئۇنى ئۆزىگە تارتىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى بىرەر گۈزەل قىزنى ئۇنىڭغا سوۋغات قىلىش ئىدى. * ئەختەرنىڭ دىققىتىنى شىرەنىڭ بىر چېتىدە ئوچۇق تۇرغان خاتىرە دەپتەر ئۆزىگە تارتتى.

**ئۆزىگە تەڭ قىلماسلىق** باشقىلارنى ئۆزىدىن تۆۋەن دەپ ھېسابلىماق، تۆۋەن كۆرمەك ياكى ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماق: ئوسمان ئىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ياۋاش ئادەمدەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلدە بولسا، ئۇنداق ئەمەس، ئۇ ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايدۇ.

**ئۆزىگە توپا قوندۇرماسلىق** كەمچىلىك، خاتالىق قاتارلىقلارنى بىرئازمۇ ئۆز بويىنىغا ئالماسلىق: ئۇ ناھايىتى سۆزمەن، زاكۇنچى ئادەم، قاراپ تۇرۇڭ، بۇ سوتتا ئۇ ئۆزىگە توپا قوندۇرماي چىقىپ كېتىدۇ.

**ئۆزىگە تۇشلۇق ← ئۆزىگە يارىشا:** قەلەندەرنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق لەززىتى، خۇشاللىقى، بەختى بولغىنىدەك، ئاشۇ ئازابلىق تۇرمۇشنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق لەززىتى، شادلىقى بار ئىكەن.

**ئۆزىگە زور بەرمەك** ئۆزى ئۆزىنى مەجبۇرلىماق، ئۆزى ئۆزىنى زورلىماق: ئۆزىگە زور بېرىپ ئىشنى قولىغا ئالدى دېگەنىدىمۇ، بىردەم ئىشلەـ ئىشلىمەيلا، ئاشۇ قايناپ تاشقان كۆكچۆللۈك مەكتەپ ھاياتى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئىختىيارسىز قولى ئىشتىن توختاپ قالاتتى.

**ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرماسلىق** ئۆزىدە بىرەر ئىللەت، نۇقسان قاتارلىقلار بار بولسىمۇ ئۇنى قىلچىمۇ ئېتىراپ قىلمىغانلىقنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرماق، ئۆزىدە بولغانلىقىغا قىلچىمۇ تەن ئالماسلىق، ئۆزىنى يېقىنمۇ كەلتۈرمەسلىك: — ئۇ ۋېلسىپىتنى سەن ئوغرىلىماي كىم ئوغرىلىدى، سەن تېخى ئۆزۈڭ ئوغرىلىغانلىقىڭ ئېنىق تۇرۇقلۇق، ئوغرىلىغىنىمنى ھېچ كىم كۆرمىدى دەپ، ئۆزۈڭگە سۇ يۇقتۇرمايۋاتىسەن-ھە، — دەپ ۋارقىرىدى سوراقچى ھېلىقى ۋېلسىپىت ئوغرىسىغا قاراپ.

**ئۆزىگە قاراتماق** ① ئۆز قارمىقىغا، ئىلكىگە ئالماق، تەۋە قىلىۋالماق: ئەلنى ئۆزىگە قاراتماق. * ھونلار شۇ چاغلاردا جەنۇبتا ئوتتۇرا رايونلارغا شىپقاپ كىرىپ، خەن خانلىقى تەۋەسىدىكى ئولتۇراقلىشىپ دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان نۇرغۇن خەلقلەرنى ئۆزىگە قاراتقانىدى. * ئۇلار باشقىلارنىڭ دۆلىتىنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىش ئۈچۈن، ئار-نومۇسنى، ۋىجدانىنىمۇساتىدۇ. ② مەھلىيا قىلماق، جەلپ قىلماق، مايىللىقىنى قولغا كەلتۈرمەك؛ ئۆگە تمەك، مەپتۇن قىلماق: يىگىتنى ئۆزىگە قاراتماق. * شۇ كۈنى نەزمە بىر ئامال قىلىپ ياش ئوفىتسېرنى ئۆزىگە قارىتىۋاپتۇ. * ئۇ ئېگىچە-سىڭىللار ھەرقايسىسى يىگىتنى ئۆزىگە قارىتىۋالماقچى بولۇپتۇ.

**ئۆزىگە قويماق** ئۆز ئىختىيارىغا، مەيلىگە قويماق، ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا قالدۇرماق: بولدى، ئۆزىگە قويايلى، قانداق قىلسا، شۇنداق قىلسۇن.

**ئۆزىگە قىلماق** «كىشىگە يامانلىق قىلسا ئاخىرى ئۆزىگە يانىدۇ، كىشىگە يامانلىق سانىسا جازاسىنى ئۆزى تارتىدۇ» دېگەن مەنىلەردىكى بىرىكمە: ھەركىم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ (ماقال). * ئېرىقىڭدىن قۇم

ئالدىم، تار كوچاڭدىن نەم توپا، ماڭا قىلدىم دېدىڭمۇ، ئۆزۈڭگە قىلدىڭ بىۋاپا.

**ئۆزىگە كەلمەك** ھوشىغا كەلمەك، ئەسلىگە كەلمەك، بۇرۇنقى ھالىتىگە كەلمەك: ئايمقىزمۇ ئاڭغىچە ئۆزىگە كەلدى. گەپ سورىغۇچىنىڭ ئەجمەت ئىكەنلىكىنى تونىدى. * ئاڭغىچە، ھېلىقى قاتىل ئۆزىگە كېلىپ، قاچماقچى بولۇۋىدى، يەنە ئەنۋەرنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ يىقىلدى.

**ئۆزىگە ھاي بەرمەك** ئۆزىنى ئۆزى تۇسماق، ئۆزىنى تۇتۇۋالماق، ئۆزىگە ئۆزى تەسەللى بەرمەك: ئايىنىللا مۇشۇ قىسقا ئارىلىقتا نەچچە قېتىم تەمشىلىپ، شېئىر توغرىسىدىكى پۈتۈن ئۆتمۈشىنى ياش قىلىۋەتمەكچى بولغانىدى، ئۆزىگە ھاي بېرىپ جىم توختىۋالدى. * «ئاچچىقىنى يۇتۇش، تاغ يۇتۇش» دېگەن ماقالىنى ئەسلەپ، يەنە ئۆزۈمگە ھاي بەردىم.

**ئۆزىگە يارىشا** ھەركىمنىڭ ھالى-ئەھۋالى، كۈچ-قۇۋۋىتىگە مۇۋاپىق: ئۇنىڭغا ئۆزىگە يارىشا خىزمەت بېرىش كېرەك.

**ئۆز ئىندۇكسىيە** < فىز > ئېلېكتر زەنجىرىدە، توكنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن ئۆزلۈكىدىن ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچ ھاسىل قىلىش ھادىسىسى.

**ئۆزىنى ئالدىرۇپ قويماق** قاتتىق چارچاش ياكى بەك قايغۇرۇشتىن ھالدىن كېتىپ قالماق: — تۈگىمەس خەتنى يېزىۋېرىپ، ئۆزلىرىنى ئالدىرۇپ قويمىسلا يەنە، قاراپراق ئىشلىسىلە. * — تۇر ئورنىڭدىن، كەل، ھەرقانچە ئىش بولسىمۇ چايدىن كېيىن ئەمەسمۇ، بولمىسا ئۆزۈڭنى ئالدىرۇپ قويىسەن، — دېدى ئۇ تاشۋاينى چايغا چاقىرىپ.

**ئۆزىنى ئايىماق** ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنى ساقلىماق: ئۇنداق ۋارقىرىمىسىلا، سەت بولىدۇ، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا.

**ئۆزىنى ئەر چاغلىماق** ئۆزىنى باشقىلاردىن ئارتۇق، ئۈستۈن دەپ بىلمەك؛ ئۆزىنى قابىل، كۈچلۈك، بىلىملىك دەپ ھېسابلىماق: ئۆزۈڭنى ئەر چاغلىساڭ، ئۆزگىنى شىر چاغلا (ماقال). * سەن ئۆزۈڭنى ئەر چاغلايسەن، بۇنىڭغا ماقۇل، لېكىن كىشىلەرنى كۆزگە ئىلمىغىنىڭ يارىمايدۇ.

**ئۆزىنى بازارغا سالماق** ئۆزىنى كۆز-كۆز قىلماق: مەھەللىدىكى ئىمام-مەزىنلەرمۇ ئەسكى بولۇپ كەتتى، ۋاي نامەھرەم بولدى، كوچىدا ئۆزىنى بازارغا سالدى دەپلا تۇتۇۋېلىپ قازىخانىغا ھەيدەيدۇ.

**ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋالماق** ئۆزىنى بىرەر يول بىلەن ئۆلتۈرۈۋالماق؛ ئۆزىگە خېيىم-خەتەر يەتكۈزمەك: ئۇ ياۋا قىز ئۆزىنى بىرنېمە قىلىۋالسا، بەگ بالىمىزغا خوتۇن يوق، ئۆزلەگە تېجىمەلمۇ يوق بولۇپ قالامدۇ؟

**ئۆزىنى بىلمەك** ① ئۆزىنى مۇۋاپىق باھالىماق، ئۆزىنى چۈشەندۈرمەك: ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي (ماقال). * ئۆزىنى بىلگەن خار بولماس (ماقال). * ھېلىقى مەمەدانە دەللە — ئۆزىنى بىلمەيدىغان ۋىت-ۋىت نەدە سۆرىلىپ يۈرىدىكىن؟ ② ئۆزىنى ئۇنۇتماق، ئۆزىنى ئوڭشىماق: — بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي. بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزۈمنى بىلەي، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ پادىشاھ.

**ئۆزىنى تاشلىۋەتمەك** مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى روھىي چۈشكۈنلۈككە ئۇچراپ، ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆزىنى بولۇشىغا قويۇۋەتمەك: — قىز بالا دېگەن بۇنداق ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدىغان، — دېدى ئۇ ماڭا ئىنچ ئاغرىتىپ. * مېنىڭچە، سىزنىڭ روھىڭىز چۈشكۈن كۆرۈنىدۇ، نېمىشقا ئۆزىڭىزنى تاشلىۋېتىسىز؟ * چېكى بار ھەر نەرسىنىڭ ئوغۇل بالا، ئۆزۈڭنى تاشلىۋەتمە مۇنچىۋالا.

**ئۆزىنى توختاتقان** ئېغىر-بېسىق؛

ئىسسىق-سوغۇقنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، مۇۋاپىق يول ناللىشۋالغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان: ئۆزىنى توختىتالىغان ئادەم. ئۆزىنى توختاتقان ئايال. * ئېلى پالۋان ئۆزىنى توختاتقان، تەجرىبىلىك بولغان بىلەن قويدەك ياۋاش كىشى ئىدى.

**ئۆزىنى تونۇتماق** ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ھەيۋىسىنى كۆرسەتمەك: — بۇ قېتىم كوچادا ئۆزۈمنى تونۇتىدىغان بولدۇم-دە، — دېدى موللازەيدىن پەخىرلەنگەن ھالدا. * ئۆيغۇز ئېچىپ كۆزۈڭنى، تونۇتۇپ قوي ئۆزۈڭنى، قاچان بولسا بىر ئۆلۈم، غەيرىتىڭدىن ئايلىناي.

**ئۆزىنى تۇتۇۋالماق** ئۆزىنى بېسىۋالماق، ئۆزىگە ھاي بەرمەك: نادەمنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى، لېكىن غەيرەت قىلىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. * غوپۇر بۇ مەسىلىدە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

**ئۆزىنى چاغلىماي** ئۆزىنىڭ ھال-ئەھۋالىغا قارىماي، ئۆزىگە باقماي: ئۇ سېپىت ھاجىدىن تەپ تارتمىسا، ئۆزىنى چاغلىمايدىغان بۇ جۆندەكلەرنى تىللاپ، كۆتىگە تېپىپ قوغلىۋەتكەن بولاتتى. * — ئۇنىڭغا قاراڭلار، ئۆزىنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقان خېنىمنىڭ ھېچ يەرگە يارىماي سالپىيىپ قايتىپ كەلگىنىنى! — دېدى ئۇ.

**ئۆزىنى چەتتە تۇتماق** ئۆزىنى قاچۇرماق، ئۆزىنى يىراق تۇتماق: ئۇ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشنى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى، تەسەللىسى قىلىپ، دۇنيا ئىشلىرىدىكى شەرەپ ۋە نومۇستىن، چاكىنىلارنىڭ سۇندۇرۇش ۋە ماختاشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئۆزىنى چەتتە تۇتتى.

**ئۆزىنى چەتكە ئالماق** يوشۇرۇنماق، ئۆزىنى قاچۇرماق: ھېلىقى بېشى بىر، قۇيرۇقى مىڭ يىلان ئۇنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنى چەتكە ئېلىپتۇ. * گۈلچەمەن ئانچە-مۇنچە ئۇچراپ تۇرىدىغان كىشىلەردىن ئۆزىنى چەتكە ئالغىنىچە شەھەرنىڭ غەربىي جەنۇب تەرىپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

**ئۆزىنى چەتكە تارتماق** → **ئۆزىنى چەتكە ئالماق**: — سەن بۇنداق ۋاقىتتا ئۆزۈڭنى چەتكە تارتىپ، بىرنەچچە ۋاق ئايلىنىپ كەلسەڭ، ئۇ چاغدا بىر گەپ بولمامدۇ، ئاڭغىچە، جاھان نېمە بولىدۇ، بولغاننى كۆرمەيمىزمۇ؟ — دېدى موللازەيدىن ئىچىۋاتقان چېيىنى يەرگە قويۇپ.

**ئۆزىنى چىڭ تۇتماق** ① ئۆزىنى تاشلىۋەتمەسلىك: — ئەي دوستۇم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، — دېدى بوۋاي. * ئۇ خېلى ئېغىرچىلىققا دۇچ كەلدى، ئەمما ئۆزىنى چىڭ تۇتتى. ② ئۆزىنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى ئوغرى-يالغانىنىڭ سوقۇۋېلىشىدىن ساقلانماق؛ ئۆزىگە پۇختا بولماق: ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت قوشناڭنى ئوغرى تۇتما (ماقال).

**ئۆزىنى دالدىغا ئالماق** يوشۇرۇنماق، ئۆزىنى يوشۇرماق: ئۇ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى. * ئۇ توپ ئارقىسىدا بىرەر قورقۇنچلۇق ئىشنى كۆرگەندەك ئارقىسىغا چېكىندى ۋە بەردى باينى ئىلگىرى سۈرۈپ «سىز سۆزلەڭ» دېگەن شەرەتنى قىلىپ، ئۆزىنى ئۇنىڭ دالدىسىغا ئالدى.

**ئۆزىنى دۇنيادا بىر چاغلىماق** ئۆزىنى ھەرقانداق ئادەمدىن ئۈستۈن، چوڭ تۇتماق؛ تولىمۇ بەك ھاكاۋۇرلۇق قىلماق: بەزىلەر ئۆزىنى دۇنيادا بىر چاغلايدۇ، ئۇلار ئاخىر مۆدۈرۈپ چۈشىدۇ. * كۆڭلۈمدە ئۆزىنى دۇنيادا بىر چاغلايدىغان تەلۋىلەرگە ياخشىلاپ بىر ساۋاق بېرىپ قويۇش ھەۋىسى ئويغاندى.

**ئۆزىنى سورىماق** ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىق، كەمچىلىكىنى چۈشىنىپ، ئۆزىگە مۇۋاپىق باھا بېرىپ، ئىنساپ بىلەن ئىش قىلماق:

ئۆزىنى سورىغان قازىنىڭ ئالدىغا بارماس (ماقال). * ئۆزىنى سورىغان يۇرت سورار (ماقال). * ئۆزىنى سورىغان شەھەرگە سۇلتان، ئۆزىنى سورىمىغان ئۆتۈككە ئۇلتاڭ (ماقال). * — ئۆزىمىزنى سورايلى، خەلقنىڭ رىزقىغا ئولتۇرمايلى، — دېدى ئۇ. * بىز ھەر ھالدا ئۆزىمىزنى سورىغىنىمىز ياخشى دەپ ئويلىدۇق.

**ئۆزىنى قەيەردە قويۇشنى بىلمەسلىك** ← **ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماسلىق.**

**ئۆزىنى قولغا ئالماق** ھوشىنى يىغماق، ئۆزىنى باسماق: شۇ ئارىلىقتا گۈلسۈم ئۆزىنى ئاران قولغا ئېلىپ كۈلدى. * شۇڭا چاۋار مەنقۇلنىڭ سۆزىنى ياخشى ئۇقالمىدى. پەقەت، ئاۋۋال سىز سۆزلەڭ، دېگەندىلا، چۆچۈپ ئەتراپقا قارىدى-دە، دەرھال ئۆزىنى قولغا ئېلىپ، بىردىنلا غەمكىن بولۇپ قالدى.

**ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماسلىق** خۇشاللىقتىن ياكى خاپىلىقتىن، ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ ياكى قايغۇرۇپ نېمە قىلىشنى بىلمەي قالماق: ئۇ ئانىسىنىڭ ئۆزىنى پىدائىيلىققا تىزىمغا ئالدۇرۇپ قويغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقتىن ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدۇ. * — ھەي بالام، ئاشۇ كىچىككىنە ئىشلىرىڭ بىلەن ماختىنىپ ئۆزۈڭنى قويىدىغان يەر تاپالمايۋاتىسەن-ھە؟! ئۇنداق قىلما، ئەسلىڭنى ئۇنتۇما، سېنىڭ بىلىدىغانلىرىڭ ئاز، قىلغان ئىشلىرىڭ تېخىمۇ ئاز، — دېدى ئۇ بالىسىغا قەتئىي خىتاب قىلىپ.

**ئۆزىنى كۆرسەتمەك** ① ئۆزىنى بىلدۈرمەك، نامايان قىلماق: ئاچچىق سوغۇق ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ يەرگە ناھىيىدىكى ئىسيانچىلار يېتىپ كەلدى. * — مەنمۇ بىلمەن! — دېدى يەنە بىرسىمۇ ئۆزىنى كۆرسىتىپ، — يەر شارىدىكى بەش ئىقلىم بەلبىغىنى ساناپ بېرەيمۇ؟ * ئوسماننىڭ بىرەر قىزغا ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىۋاتقانلىقى ئېنىق. ② قەدرى ئۆتۈلمەك: پۇل دېگەن مانا مۇشۇنداق يەردە ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ-دە.

**ئۆزىنىڭ ئاغزى** «ھەركىم ئۆز خالىغىنىنى دەيدۇ، ھەركىم ئۆز گېپىنى قىلىدۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇنداق دېگەن بولسا، ئۆزىنىڭ ئاغزى، سەن نېمانچە قىلىسەن. * — دېسە دەۋەرسۇن، ئۆزىنىڭ ئاغزى! لېكىن ئايالالارنىڭ قەلبىنى چۈشىنىدىغانلار ھېچنېمە دېمەيدۇ.

**ئۆزىنىڭ بىلگىنى بىلگەن** بىشەم، تەرسا، جاھىل: ئۆزىنىڭ بىلگىنى بىلگەن، ئۇنىڭغا گەپ ئۆتمەيدۇ.

**ئۆزىنىڭ پاشىسىنى قورۇماق** ئۆزىنىڭلا غېمىنى يېمەك، ئۆزىنىڭلا كويىدا بولماق.

**ئۆزىنىڭ سايىسىغا مۇشت ئاتماق** ئۆزىدىن ئۆزى ئۈركۈمەك، ئۆزىدىن ئۆزى قورقماق.

**ئۆزىنىڭ شورى** ئۆزىنىڭ تەلەيسىزلىكى: — ئۆزىنىڭ شورى، — دەپ بېشىنى تولغىدى خان غوجا، — ئۇ نېمىشقا ئىشكىنە تۇرۇپ مارايدىكەن. * سۆلار شارقىراپ ئاقسا، تۈگمەننىڭ نورى دەيمەن، يار ئۈچۈن ئەلەم تارتسام، ئۆزۈمنىڭ شورى دەيمەن.

**ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلىماق** ئۆزىنىڭ تۇتقان يولى، ئۆزىنىڭ ئامال-چارىسى، ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى جايلىماق: ئۇلارنى ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ قىلىپ، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى بابلاش كېرەك.

**ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەسلىك** ← **ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماسلىق:** كۆڭلۈمگە قۇياشتەك چوڭلۇقتا بىر چىراغ يېقىلىپ قالدى، شۇڭا ئۆزۈمنى نەگە قويۇشنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

**ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرمەك** ئۆلمەك: ئەگەر بۇنىڭ چاققان-چەبدەسلىكى، جەسۇرلۇقى

بولمىسا، پېقىر ئۆزىنى ئۇ دۇنيادا كۆرەتتى.

**ئۆزىنى ئۇرماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلمەك، ئۆزىنى ئاتماق: ئىشقا ئۆزىنى ئۇرماق. * سىپىلغا ئۈچ يەردىن شوتا قويدۇق، ئادەملەر مەن چىقىمەن دېسە، مەن چىقىمەن دەپ، ئۆزىنى ئۇرۇپ تالىشىپ تۇردى. * — ئارتۇقچە غەم قىلما، نىجات بىھۇدە ئىشلارغا ئۆزىنى ئۇرىدىغان بالا ئەمەس، — باقى رابىيەنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ كەتتى.

**ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا** ① پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن، بارلىق كۈچىنى سەرپ قىلىپ: ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلىمەك. ② ئەقلى-ھوشىنى يوقىتىپ: زۆمرەخان ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بوزلاپ يىغلىدى.

**ئۆزىنى ئۇنتۇماق** بىرەر ئىشقا چىن دىلىدىن قاتتىق بېرىلمەك؛ ئىخلاسمەنلىك بىلەن بېرىلمەك، قاتتىق ئىخلاس قىلماق: ئۆزىنى ئۇنتۇپ ئىشلىمەك. ئۆزىنى ئۇنتۇپ تەتقىقات قىلماق. * سېيىت تازا بېرىلىپ خەتتىن ئالماي كۆزىنى. مىلك تەسلىكتە ئوقۇدى ئۇنتۇپ ھەتتا ئۆزىنى.

**ئۆزىنى ياقىغا ئالماق ← ئۆزىنى دالدىغا ئالماق:** كۈنمۇ ئولتۇرۇپ، قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىدى. مەخمۇت تېزدىن ئۆزىنى ياقىغا ئالمىسا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە دەرھال ياندىكى ئورمانلىققا ئۆزىنى ئالدى.

**ئۆزىنى يوقىتىپ قويماق** ئەقلىدىن ئاداشماق، ھوشىنى يوقاتماق، ھوشسىزلانماق، بىھۇش بولۇپ قالماق: قازى قىزنىڭ ھۆسن-جامالىغا مەپتۇن بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇپتۇ. * شەمسۇنناھار بىلەن ئەلى ئىبنى بەككار بىر-بىرىنى كۆرۈپلا ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ھوشلىرىدىن كېتىپ يىقىلىشىپتۇ. * — ئاۋازىڭىز نېمىدېگەن چىرايلىق، سىزنىڭ ناخشىڭىزنى ئاڭلاۋاتقان ئادەم ئۆزىنى تامامەن يوقىتىپ قويۇش دەرىجىسىگە يېتىدۇ، — دېدى ئۇ ناخشىچى قىزنى ماختاپ.

**ئۆزىنى يېقىن تۇتماق** كىشىگە يېقىنچىلىق قىلماق؛ يېقىن، سەممىي پوزىتسىيىدە بولماق: بىز ياشلارغا تەربىيە بېرىشتە، ئۇلارغا نىسبەتەن سەۋرچان بولۇشىمىز، ئۇلارغا ئۆزىمىزنى يېقىن تۇتۇپ، توغرا تەربىيە بېرىشىمىز كېرەك.

**ئۆزى ھارام، كۈچى ھالال** كۈچى زۆرۈر، ئۆزى كېرەكسىز، كۈچى مۇھىم، ئۆزى ئېتىبارسىز: مېنى ئىشلىتىشنىلا بىلىسىلەر، ئۆزۈمگە قاراپمۇ قويمايسىلەر، ئۆزۈم ھارام، كۈچۈم ھالالمىكەن؟

**ئۆزى ئۈچۈن سىنىپ** < پەلس > ئاڭلىق كۈرەش باسقۇچىغا كىرگەن پرولېتارىياتنى بىلدۈرىدۇ. بۇ چاغدا پرولېتارىيات بۇرژۇئازىيىگە قارشى ئەمەلىي كۈرەش جەريانىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، روشەن سىنىپىي ئاڭغا ئىگە بولغان، ئىنقىلابىي نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلغان، ئۆز پارتىيىسىنى قۇرغان، ئۆز سىنىپىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى تونۇغان بولىدۇ.

**ئۆز يولىغا ماڭماق** ئۆزى تاللىۋالغان يول بويىچە تۇرمۇش كەچۈرمەك: — مەن سېنى دەپ خىزمەتتىن كېچەلمەيمەن! سەنمۇ ئۆز يولۇڭغا ماڭ، مەنمۇ ئۆز يولۇمغا ماڭاي! بىر-بىرىمىز بىلەن كارىمىز بولمىسۇن، — دېدى ئۇ ئېرىگە.

**ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇماق** ئۆزىنىڭ قولى بىلەن ئۆزىنى جايلىماق، ئۆزىنى ئۆزىگە سالماق، ئۆزىنىڭ يولى بىلەن ئۆزىنى جايلىماق: قارا، بۇنىڭ يامانلىقىنى، ئۆز گۆشۈمنى ئۆز يېغىمدا قورۇپ، ئەختەمگە ماڭا تەستىقلىتىپ تېگىدىكەن-دە، ۋۇي قارا يۈز، نائىنساپ! * — سەن ھودۇقما، ئۇلارنى ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش كېرەك، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ.

**ئۆزئارا** سۈپ (ئۆز+ئارا) ئىككى ياكى بىرنەچچە شەخس ئوتتۇرىسىدا ياكى بىر گۇرۇھ بىلەن ئىككىنچى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان؛ بىرى يەنە بىرى بىلەن بولىدىغان: ئۆزئارا مۇناسىۋەت. ئۆزئارا مۇسابىقە. ئۆزئارا سۆھبەت. ئۆزئارا كېلىشىم. ئۆزئارا ياردەم. ئۆزئارا سودا. // ئۆزئارا ھەمكارلاشماق. ئۆزئارا ياردەملەشمەك. ئۆزئارا ئۆگەنمەك. * شۇنداقتىمۇ ئۇ كەمتەرلىك بىلەن: — ۋەرەقىلەردىكى سۆزلەرنى بىر مەنىلا ئەمەس، ھەممىز ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ يازدۇق، — دەپ قويدى. * ئەر-خوتۇن ئىككىيلەن راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈلنىڭ ئۆز ئاتا-ئانىسى دىلشادقا ئۇختۇرماي، بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سىر قىلىپ ئۇنىڭدىن ساقلاشنى ئۆزئارا كېلىشۋېلىشتى.

**ئۆزئارا تۈپ سانلار** < مات > ئومۇمىي بۆلگۈچىسى پەقەت 1 بولغان ئىككى سان. مەسىلەن، 4 بىلەن 5، 7 بىلەن 8 ۋە باشقىلار.

**ئۆزئارا ئىندۇكسىيە** < فىز > بىر ئايلانما زەنجىردىكى توكنىڭ ئۆزگىرىشى تۈپەيلىدىن يەنە بىر ئايلانما زەنجىردە ئىندۇكسىيىلىك ئېلېكتر پوتېنسىئالىنىڭ ھاسىل بولۇشى. ئۆزئارا ئىندۇكسىيە ئېلېكتر قۇرۇلۇشىدا ناھايىتى كەڭ قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، ترانسفورماتور مۇشۇ قائىدىگە ئاساسەن ياسالغان.

**ئۆزەك** ئى ① < بوت > ئۆسۈملۈك غولىنىڭ مەركىزىدىكى قىسمى. نېپىز پوستلۇق ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپىدۇ: ئۆزەكتىن چىققان ئوت يامان، ئۆزدىن چىققان يات يامان (ماقال). * شائىر بىردىنلا ئەلپازىدىن ھەيۋەتلىك ۋە سۈرلۈك، ماھىيەتتە يىلتىزىدىن چىرىپ ئۆزەكلىرى پورغا ئايلىنىۋاتقان، تامامەن قۇرۇپ قاقشالغا ئايلىنىپ كەتمىگەنلىكىنىڭ نامايەندىسى سۈپىتىدە بەزەن شاخ ئۇچلىرىدا ئىككى-ئۈچ تال يوپۇرماقلىرى پىلدىرلاپ تۇرغان قېرى قاپاق تېرەكنى ئەسلەپ قالدى. ② < ماشىن > يەزى ئۈسكۈنىلەرنىڭ مەركىزىي قىسمىغا ئورنىتىلىدىغان نېپىز دېتال: دەزمال ئۆزىكى. ③ < تىل > سۆزلەرنىڭ گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنى قوبۇل قىلىدىغان ياكى گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان قىسمى.

**ئۆزەك قۇرتى** < زوئول > ئىككى ئەۋلادلىق كېپىنەك، ئۈچ ئەۋلادلىق كېپىنەك، شال پەرۋانىسى، چوڭ شال پەرۋانىسى، قوناق پەرۋانىسى قاتارلىقلار لىچىنكىسىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئۆزەن** ئى. سۇ ئېقىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن جىلغا؛ سۇ يولى: — مۇشۇ ئۆزەننى بويلاپ يۇقىرىغا ئۆرلەپ بىر يەرگە بارغاندا تۆت تاغنىڭ تۇگۈنىدە كەڭ بىر تۈزلەڭلىك بار، — دەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ بوۋاي. * بىساي ئەتراپى ئادەتتىكى تاشلىق چوققىلار ۋە جىلغىلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، قورام تاش، ئەگمەچ ئېقىنلار بۇ يەرنىڭ تاغ سۇلىرى دەرياغا قۇيۇلىدىغان قۇرۇق ئۆزەن ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

**ئۆزبېشمچى** سۈپ (ئۆز+باش+ىم+چى) باشباشتاق، ئۆزى نېمىنى خالىسا شۇنى قىلىدىغان، كىشىنىڭ گېپىگە، مەسلىھەتىگە كۆنمەيدىغان: ئۇ كىچىكىدىنلا ئۆزبېشمچى ئىدى. * — بېشىڭنى يەيدىغانلار! — دېدى مايسەمخان ھەسەن بىلەن ھۈسەنگە قاراپ قۇربانجان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن. — ئۆزبېشمچى بولۇپ كېتىشكىنىڭنى، توختا، ئۆيگە كىرىشەرسەن.

**ئۆزبېشمچىلىق** ئى. باشباشتاقلىق؛ نېمە قىلغۇسى كەلسە شۇنى قىلىدىغان، باشقىلارنىڭ گېپىگە، نەسىھىتىگە كىرمەيدىغان خاھىش، ئۆزىنىڭ خىيالىغا

كەلگەنچە ئىش قىلىش ئادىتى: ئۆز بېشىمچىلىق قىلماق. ئۆزبېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلماق. * بۇ يەردە ھېچقانداق ئۆزبېشىمچىلىق بولغىنى يوق. ھەممە ئىش مۇھاكىمە، كېڭىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلدى. * مامۇت بېزا رەھبەرلىكىنىڭ مۇزاكىرىسىدىن ئۆتكۈزمەي، ئۆزبېشىمچىلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېزىلارغا 40 تۆگە سېتىشقا رۇخسەت قىلدى.

**ئۆزبېشىمچىلىق قىلماق** ئۆزىنىڭكىنى توغرا ھېسابلاپ ئىشلىمەك، ئۆز خاھىشى بويىچە ئىشلىمەك: — لۇتپۇللا، گېزىتخانا ھۆكۈمەتنىڭ ئىشەنچلىك ئورگىنى تۇرسا، سىلەر يەنە ئۆزبېشىمچىلىق قىلامسىلەر، — دېدى ئۇ.

**ئۆزبېك** ئى < ئىرق > مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**ئۆزبېك تىلى** ئۆزبېكلەر ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ئۇ ئاساسەن ئۆزبېكىستان، قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە، ئاندىن قالسا ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمى ۋە دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئۆزبېكلەر ئارىسىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆزبېكچە** ① سۈپ. ئۆزبېكلەرنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: ئۆزبېكچە ئۇسلۇب. ئۆزبېكچە كىيىم. ئۆزبېكچە ناخشا. ئۆزبېكچە ئادەت. ② ئى. ئۆزبېك تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ ئۆزبېكچىنى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. ئۆزبېك تىلىدا، ئۆزبېك تىلىنى ئىشلىتىپ: ئۆزبېكچە گەپلەشمەك.

**ئۆزبېكلەر** ئى < ئىرق > ئۆزبېك مىللىتى، ئۆزبېك خەلقى. ئۇلار ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلغۇچى خەلق بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا قازاقىستان ۋە قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە، ئافغانىستاننىڭ شىمالىي قىسمىدا ياشايدۇ. ئاندىن قالسا دۆلىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىمۇ بار.

**ئۆزرە** ئى (ئە) كەچۈرۈم، ئەپۇ، ئۆزرىخاھلىق: ئۆزرە ئېيتماق. * مەن ئۇنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزرە سوراپ خوشلىشىپ قايتتىم. * ئۇستام، سىلىگە ئىككى ئېغىز ئۆزرەم بار ئىدى. مۇسۇلمانچىلىقنىڭ يۈزى، ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى ئۈچۈن. * بىر كىشى خاتالاشسا، گۇناھىنى تونۇپ ئۆزرە بايان قىلسا، خاتالىقنى ۋە گۇناھىنى كەچۈرگىن، چۈنكى خاتالىق ۋە گۇناھ ئۆتكۈزگۈچى ئادەمدۇر.

**ئۆزرە ئېيتماق** كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلماق؛ شۇ ئىش ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرمەك: خاسىيەتنىڭ ئىشى بار ئىكەن، ئۆزرە ئېيتىپ ئۆيىگە كەتتى. * ئۇ ماڭمۇ بىر رومكا هاراق تۇتقان ئىدى، مەن ئۆزرە ئېيتىپ زادى ئىچكىلى ئۇنىمىدىم.

**ئۆزرە سورىماق** ئەپۇ سورىماق، كەچۈرۈشنى تەلەپ قىلماق: مەن ئۇنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزرە سوراپ خوشلىشىپ قايتتىم. * باي ناھايىتى خاپا بولدى ۋە مېھمانلاردىن بۇگۈنكى زىياپەتنىڭ داۋامىنى كېيىنرەك قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزرە سورىدى.

**ئۆزرىخاھلىق** ئى. قارشى تەرەپنىڭ چۈشىنىشىنى، ئەپۇ قىلىشىنى ئۆتۈنۈپ سوراش؛ ئەپۇ، كەچۈرۈم؛ ئۆتۈنۈچ: — كەچۈرۈڭ، مەن تاماكا چەكمەيمەن، — دەپ ئۆزرىخاھلىق ئېيتتىم. * ئابدۇكېرىم ئابباسوپ ئاخىرىدا چاقچاق ئارىلاش ئۆزرىخاھلىق مەنىسىدە سۆز قىلدى. * — رەھمەت، مېنىڭ دەرسكە كىرىشىمگە يېرىم سائەتلا ۋاقىت قالدى، — دېدى ئۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، — مەن شۇنداقلا ئالدىراپ كىرگەنتىم.

**ئۆزرىخاھلىق سورىماق** قارشى تەرەپنىڭ

چۈشىنىشنى، كەچۈرۈم قىلىشنى ئۆتۈنمەك: داموللىنىڭ ئايالى قىزىنىڭ تېخى ئوڭشىلىپ كەتمىگەنلىكىنى ۋە ھاۋالاندۇرۇش ئۈچۈن بىزنىغا ئاپىرىپ قويغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۆزرىخاھلىق سورىدى.

**ئۆزرىخاھلىق ئىپتىماق** ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەك؛ كەچۈرۈم سورىماق: ئۇ ئەنۋەرنى ھەربىر كۆرگەندە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزرىخاھلىق ئىپتىقۇسى كېلەتتى. * ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئامبال بۇ ئۈچ ھىندىگە ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ، يۇرتىغا يولغا سېلىپ قويۇپتۇ.

**ئۆزرىلىك** سۈپ. كەچۈرۈشكە تېگىشلىك، مۇھىم سەۋەبى بار، سەۋەبلىك: خەلپە ھارۇن رەشىت: — ئۇ ئەلۋەتتە بىرەر ئۆزرىلىك ئىش بىلەن كېلەلمەي قالغان بولسا كېرەك. يۇر! بىز بېرىپ ئۇنى زىيارەت قىلايلى! — دەپتۇ. * — يىگىت ئۆزرىلىك ئىكەن، زەڭگىنى تېپىپ جازالايمەن! — دەپتۇ خەلپە جەپەرگە قاراپ، — ئەگەر شۇ زەڭگىنى تېپىپ كەلمىسەڭ، ئۇنىڭ ئورنىغا سېنى ئۆلتۈرىمەن.

**ئۆزسىنىشماق** «ئۆزسىنماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆزسىنماق** پ. ئۆز كۆرمەك، ئۆز ئادەم دەپ بىلمەك، ئۆز ئادىمى ھېسابلىماق: مەن بۇ سۆزلەرنى ساڭا ئۆزسىنىپ ئېيتىۋاتىمەن.

**ئۆزگە** ① ئى. ئۆزىدىن باشقا كىشى؛ ناتونۇش ئادەم: ئۆزۈڭنى بىل، ئۆزگىنى قوي (ماقال). * پىچاقنى ئۆزۈڭگە سال، ئاغرىمىسا ئۆزگىگە (ماقال). * يار بىلەن مەي ئىچكىلى، قۇيسام پىيالەم تولمىدى. يار ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى ئۆزگىلەر ھېچ بىلمىدى. * سۆيگۈ دەپ ھەركىمگە كۆڭۈل بەرمىگىل، يار ئۆزگىدۇر، ئەھدىنى بۇزماس ساداقەتلىك ۋاپادۇر ئۆزگىدۇر. ② سۈپ. ئۆزى بىلمەيدىغان، تونۇمايدىغان؛ ئۆزى بىلەن تونۇشلۇقى يوق، يات، باشقا؛ تىلغا ئېلىنغان، كۆزدە تۇتۇلغان ئادەم ياكى نەرسىدىن تاشقىرى: ئۇلار شۇنىڭدىن كېيىنكى سەككىز ئاي ئىچىدە ئۆزگە يۇرتتا يۈرۈپ، ئادەم چىداشلىق بېرىشى قىيىن بولغان جەبىر-جاپانى باشتىن كەچۈردى. * شۇنچە كۆپ باش قاتتۇرساممۇ بۇنىڭدىن ئۆزگە چارىمۇ تاپالمىدىم. * ۋەتەندىن ئۆزگە يارىم يوق، ۋەتەننى سۆيگىنىم بەختىم، ۋەتەن ئىشقىدا مەجنۇندەك ئۆمۈرلۈك كۆيگىنىم بەختىم. * چىللىماڭ باغ سەيلىسى ئۈچۈن مېنى، ئەمەسكى ۋاقتىم كىمخاپ ئارتۇقى بار. كەشپىيات ئىشقى دىلنى ئۆرتەپ تۇرسا، قانداقچە ئۆزگە ھەۋەس ئەتكەي خۇمار.

**ئۆزگەرتمەك** «ئۆزگەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىلاننى ئۆزگەرتمەك. * سادىر تەمكىنلىكىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. ئۇ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆيلىنىۋالغانىدى. * تاشۋاي مۇقامىنىڭ داستانلىرىنى ئەمدى مەشرىپىگە ئۆزگەرتىۋىدى، يىگىتلەرمۇ مۇقامىنىڭ تۈگەپ قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك بولۇشتى.

**ئۆزگەرتىپ قۇرۇش** < بىن > ئەسلىدە بار بولغان ئاساستا ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى تەلەپكە لايىق قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش. كۆپرەك زاۋۇت، كان قۇرۇلۇشلىرىغا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**ئۆزگەرتىشمەك** «ئۆزگەرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆزگەرتىلمەك** «ئۆزگەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: رايونلۇق پارتىزانلار ئەترىتىنىڭ نامى رايونلۇق كىچىك ئەترەتكە ئۆزگەرتىلدى. * بىز بۇ بىناغا كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، دۆكىنىمىزنىڭ مەسئۇلىيەت

تۇزۇمى شەخسىيلەرگىچە كۆتۈرە بېرىشكە ئۆزگەرتىلدى.

**ئۆزگەرگەن** «ئۆزگەرمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئۆزگەرگەن تۈر.

**ئۆزگەرگەن تۈر** < بىئول > دەسلەپكى كلاسسىفىكاتسىيە بويىچە ئايرىلىدىغان تۈردىن كېيىنكى كلاسسىفىكاتسىيە بىرلىكى. ئالاھىدىلىكى جەھەتتە دەسلەپكى تۈردىن بەلگىلىك پەرقى بار، شۇنىڭدەك بەلگىلىك جۇغراپىيىلىك تارقىلىشچانلىققا ئىگە. ھازىر كۆپچىلىكى ئۆزئارا چېتىشىش ئارقىلىق ئۆسۈپ يېتىلىدىغان تۈرلەر توپى ئىچىدە ئۆزلۈكسىز ئۆزگەرمەيدىغان يەككە تەنگە قارىتىلىدۇ.

**ئۆزگەرگەن كرىستال** < گېئول > تاغ جىنسلىرى مېتامورفىزم تەسىرىگە ئۇچراش جەريانىدا، ئەسلىدىكى جىنسلار ئاساسىي جەھەتتىن قاتتىق ھالەتتە بولغان شارائىتتا قايتا كرىستاللىنىشتىن شەكىللەنگەن كرىستال.

**ئۆزگەرگەن كرىستاللىق تۈزۈلمە** < گېئول > مىنېراللارنىڭ قاتتىق ھالەتتە قايتا كرىستاللانغان كرىستاللىرىنىڭ تاغ جىنسلاردا پەيدا قىلغان قۇرۇلمىسى. بۇ ئۆزگەرگەن تاغ جىنسلىرىنىڭ تىپىك قۇرۇلمىسىدىن بىرى.

**ئۆزگەرگەن ھاۋا ماسسىسى** < مېتېئور > ئەسلىي مەنبەسىدىن يۆتكەلگەن ھەمدە ئەسلىدىكى فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتىنى تەدرىجىي ھالدا ئۆزگەرتكەن ھاۋا ماسسىسى.

**ئۆزگەرگەن ئىسپىرت** < خىم > سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئىسپىرتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسپىرت. ئۇ زەھەرلىك بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا بىر قىسىم بوياق قوشۇلىدۇ، كىشىلەر ئاسان پەرق قىلىدۇ.

**ئۆزگەرگۈچى** سۈپ. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئۆزگىرىدىغان: ئۆزگەرگۈچى سان. ئۆزگەرگۈچى مىقدار.

**ئۆزگەرگۈچى سان** < مات > فۇنكسىيە ياكى تەڭلىمىدىكى ئۆزگىرىدىغان سان. مەسىلەن، $y+\sin x$ ، $y=ax^2+bx+c$ ۋە $x^2+y^2=a^2$ تەڭلىمە تىكى $x$ ، $y$ ئۆزگەرگۈچى سانلاردۇر.

**ئۆزگەرگۈچى مىقدار** < مات > سانلىق قىممىتى ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان مىقدار. مەسىلەن، بىر كۈن ئىچىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئۆزگەرگۈچى مىقدار بولىدۇ.

**ئۆزگەرمە** سۈپ. ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئۆزگەرگەن ياكى ئۆزگىرىدىغان: ئۆزگەرمە ئاۋاز، ئۆزگەرمە رەڭ.

**ئۆزگەرمە ئاۋاز** < مۇز > بىر ئاۋاز يېرىم ياكى تولۇق ئاۋاز كۆتۈرۈلۈپ (ياكى چۈشۈرۈلۈپ) ئاۋازنىڭ ئىسمى ئۆزگەرمىسە، بۇ ئاۋاز «ئۆزگەرمە ئاۋاز» دېيىلىدۇ.

**ئۆزگەرمە ئاۋاز بەلگىسى** < مۇز > كۆتۈرۈلگەن ياكى چۈشۈرۈلگەن ئاۋازلارغا قويۇلىدىغان بەلگە.

**ئۆزگەرمە رەڭ** < گېئول > ئايرىم مىنېراللارنىڭ كرىستال كاتەكچىسىدە بولىدىغان، يۆنىلىشلىك ئورۇنلاشقان ئۇششاق ئورالما جىسمىنىڭ نۇر قايتۇرۇش ئىنتېرفېرېنسىيىسىدىن ھاسىل بولغان رەڭ. ئوخشاش بولمىغان يۆنىلىشتىن كۆزەتكەندە ئۇنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ.

**ئۆزگەرمەس** سۈپ. ھەممە ۋاقىت بىر خىل تۇرىدىغان، ئۆزگەرمەيدىغان؛ دائىمىي، ئەبەدىي؛ تۇراقلىق، مۇقىم: ئۆزگەرمەس باھا. ئۆزگەرمەس كاپىتال.

**ئۆزگەرمەس باھا** < مال > مەلۇم مەزگىللىك مەھسۇلاتنىڭ بىرقانچە يىلغىچە

مەھسۇلات قىممىتىنى ھېسابلاشتا قوللىنىش بەلگىلەنگەن باھاسى. ئادەتتە ئۇنى دۆلەت بەلگىلەيدۇ.

**ئۆزگەرمەس كاپىتال** < س ئق > ئۆزگىرىشچان كاپىتالنىڭ ئەكسى، يەنى كاپىتالىست ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى سېتىۋېلىشقا سەرپ قىلىدىغان كاپىتال. ئۇنىڭ قىممىتى ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئىشچىلارنىڭ كونكرېت ئەمگىكى ئارقىلىق يېڭى مەھسۇلاتلارغا يۆتكىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ دەسلەپكى قىممەت مىقدارى ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا ماركس ئۇنى ئۆزگەرمەس كاپىتال دەپ ئاتىغان.

**ئۆزگەرمەك** پ ① بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتمەك، باشقىچە تۈس ئالماق، باشقىچە تۈسكە كىرمەك: ھاۋا ئۆزگەردى. چىرايى ئۆزگەردى. * پەرىزاتلار قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇلار بىر جۈپ كەپتەرگە ئۆزگىرىپ ئۇچۇپتۇ. * سودىگەر مېنى بۇ ھالدا كۆرۈش بىلەن رەڭگى ئۆزگىرىپ يۈزىدىن قان قاچتى. ② ماھىيەت جەھەتتىن ئاۋۋالقىسىغا ئوخشىمايدىغان ھالەتكە ئۆتمەك، مەزمۇنەن باشقىچە بولماق: ۋەزىيەت ئۆزگەردى. * ئون يىلدىن بۇيان جەمئىيەت خېلىلا ئۆزگەردى. * ھېلىقى ئىشتىن كېيىن، كۆز قارىشىم ئۆزگەردى. * تاشۋاينىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ، قاتتىق يۆتەل تۇتتى. * روزاق ۋاقتىدا شىپالىق تېپىپ لايىقىدا بىر چىنە ئىسسىق تاماق يېمىگەنلىكتىن، كېسىلى كۈچىيىپ، كېزىككە ئۆزگەردى. ③ بىرىنىڭ ئورنىغا باشقا خىلى جارى قىلىنماق، باشقا بىر خىلى بىلەن ئالماشتۇرماق؛ يەڭگۈشلەنمەك: ئۇيغۇر يېزىقى تارىختىن بۇيان بەش قېتىم ئۆزگەردى. * ئۆينىڭ ئادرېسى ئۆزگەردى. * يەتتە

ياش چېغىمدا ئاتام مېنى ئۆزى بىلەن ھەج قىلىشقا ئېلىپ باردى. قايتىپ كەلگىنىمدىن كېيىن ئىسمىم ئىمانقۇلى ھاجىغا ئۆزگەردى. شۇ يىلى مېنى مەكتەپكە بېرىشتى.

**ئۆزگەن** ئى. دىئال. ئاق ئۇۋاق كۆتىكى؛ ئۆزەك، تومۇر.

**ئۆزگىچە** سۈپ. باشقىلىرىغا ئوخشىمايدىغان، ئادەتتىكىدىن باشقىچە: ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىدا مەتقۇربان يەتكۈزگەن ئەھۋالدىن ئۆزگىچە بىرنېمە يوق. * كۈنلەردىن كۈن ئۆتۈپتۇ، بىر ئېيىق جاڭگالدىكى جامائەتتىن ئۆزگىچە بولۇپ قېلىپتۇ. * دەۋرىمىز خىسلەتكە باي، ھەركىمگە ئىقبال ئۆزگىچە، ھەركىشى ئۆز ئوتىدا يانغۇسى ھەر خىل نۇرلىنىپ.

**ئۆزگىچىلىك** ئى. ئۆزگىچە ھالەت، ئۆزگىچە ئەھۋال، ئوخشىماسلىق؛ ئالاھىدىلىك: ئۇلارنىڭ رەڭ تۈزۈلۈشى، كىيىم-كېچەكلىرى ۋە تىل، ئادەتلىرىدىكى ئۆزگىچىلىك ئۇلارغا بىر خىل چوڭقۇر مەنىلىك، گۈزەللىك بەخش ئەتتى. * قىزلار ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىشاتتى، ئۇنىڭ يۈرۈشلىرىدە قانداق ئۆزگىچىلىكلەر بارلىقىنى كۆزىتىشەتتى. * سېلىم باقاشتىكى ئۆزگىچىلىك زىلەيىنى ئويلاندۇرۇپ قويدى.

**ئۆزگىرىش** ① «ئۆزگەرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ھاۋانىڭ ئۆزگىرىشى. ئۆزگىرىش بولماق. ② تەرەققىيات تارىخىدا يۈز بېرىدىغان كەسكىن بۇرۇلۇش، بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتۈش؛ ئۆزگىچە، باشقىچە بولۇش: ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ئۆزگىرىشى. * پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى، شىنجاڭدا بارلىققا كەلگەن غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم. ③ < بىئول > ئوخشاش تۈردىكى جانلىقلارنىڭ ئەۋلادلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ياكى ئوخشاش

ئەۋلادلىق جانلىقلارنىڭ ئوخشىمىغان يەككە تەنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مورفولوگىيىلىك، فىزئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك قاتارلىق تەرەپلەردە ئىپادىلىنىدىغان پەرق.

**ئۆزگىرىش قىلماق** ئۆزگىرىش. ياسىماق، ئۆزگەرگەن باشقا بىر خىل ۋەزىيەت، ئەھۋال پەيدا قىلماق، ياراتماق: سىياسىي ئۆزگىرىش قىلماق. * قەدەمنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ چوڭراق ئۆزگىرىش قىلىش كېرەك. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇگىسۇن، ئەمدىكى گەپ، قانداق، ئۇدۇل دەريا بويىغا بېرىپ لەيلىگۈلنى ساقلايمىزمۇ؟

**ئۆزگىرىش ياسىماق** ئۆزگەرمەك، ئۆزگىرىپ باشقا بىر تۈسكە كىرمەك، باشقا بىر ھالەتكە ئۆتمەك، ئۆزگىرىش ئارقىلىق يېڭىلانماق، ئۆزگىرىش پەيدا قىلماق: ئۇلار ئۇزاق مۇددەتلىك چېنىقىش بىلەن، ئومۇمەن، ناھايىتى زور ئۆزگىرىش ياسىدى. * دېمەك، ھەر ئىككى خىل تىبابەتنىڭ ئانىسى ۋە يىلتىزى بىر بولۇپ، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆزگىرىش ياسىشى ئوخشاش ئەمەس.

ئەس... ھەمدە خۇسۇسىيىتىنى ھاۋا ماسسىسى. *

**ئۆزگەرگەن ئىسپىرت** ئىشلىتىلىدىغان مېتال ئىچىگە ئالغان ئىسپىرت. بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا بىر قىسىم قوشۇلىدۇ، كىشلەر ئاسان پەرق

**ئۆزگىرىشچان توك** < فز > يۆنىلىشى ۋە كۈچىنىشى دەۋرلىك ئۆزگىرىدىغان توك. بۇ خىل توكنىڭ ئالاھىدىلىكى ترانسفورماتور ئارقىلىق ئېلېكتر بېسىمىنى ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىقىدا. ھازىر سانائەتتە ھەم كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۆزگىرىشچان توكنىڭ يۆنىلىشى ھەم كۈچىنىشى ئادەتتە ھەر سېكۇنتتا 50 قېتىم ئۆزگىرىدۇ.

**ئۆزگىرىشچان تېمپېراتۇرىلىق ھايۋانلار** < زوئول > مۇقىم تەن تېمپېراتۇرىسى بولمايدىغان، تەن تېمپېراتۇرىسى سىرتقى شارائىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان ھايۋانلار. مەسىلەن، يىلان، پاقا، بېلىق قاتارلىقلار.

**ئۆزگىرىشچان قارشىلىق** < فز > ئۇم سانىنى بەلگىلىك دائىرە ئىچىدە ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان بىر خىل ئېلېكتر قارشىلىقى.

**ئۆزگىرىشچان كاپىتال** < س ئىق > ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا قوشۇمچە قىممەت يارىتىدىغان كاپىتال، يەنى كاپىتالىستلار ئەمگەك كۈچى سېتىۋالىدىغان (ئىش ھەققى ئورنىدا بېرىلىدىغان) كاپىتال. بۇ بىر قىسىم كاپىتالدا مىقدار ئۆزگىرىشى بولىدۇ، شۇڭا ئۇ «ئۆزگىرىشچان كاپىتال» دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئۆزگىرىشچان كوندېنساتور** < فز > ئېلېكتر سىغىمچانلىقىنى مەلۇم دائىرە ئىچىدە تەڭشەش-ئۆزگەرتىشكە بولىدىغان كوندېنساتور. ئادەتتىكىلىرى ئايلىنىش ئۇسۇلى بىلەن، ئىككى گۇرۇپپا مېتال پلاستىنكىلارنىڭ ئۆزئارا ئورنىنى ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تەڭشىلىدۇ.

**ئۆزگىرىشچان ھەرىكەت** < فز > جىسىمنىڭ

ئوخشاش ۋاقىت ئىچىدە تەڭ بولمىغان ئارىلىقنى بېسىپ ئۆتكەن ھەرىكىتى.

**ئۆزگىرىشچان ئېلېكتىر مەيدانى** <فىز> كۈچىنىشى ۋە يۆنىلىشى دەۋرلىك ئۆزگىرىدىغان ئېلېكتىر مەيدانى.

**ئۆزگىرىشچانلىق** «ئۆزگىرىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: داپ نۇقتىلىرىدىكى ئۆزگىرىشچانلىق مۇشۇ رىتىم ۋە ئۇدار مۇناسىۋىتىنى ئىپادىلەيدۇ. * ھەممە جەريانلارنىڭ دائىمىلىقى نىسبىي بولىدۇ، ئەمما بىر جەرياننىڭ ئىككىنچى بىر جەريانغا ئايلىنىشىدىن ئىبارەت ئۆزگىرىشچانلىقى بولسا مۇتلەق بولىدۇ.

**ئۆزگىرىشسىز** سۈپ. ئۆزگىرىش ھاسىل قىلمايدىغان، ئۆزگىرىش پەيدا قىلمايدىغان، ئۆزگىرىش ياسىمايدىغان؛ ئۆز پېتى، ئۆز ھالىتى بويىچە: تەبىئەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن ياكى جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش ئەمەلىيىتىدە بولسۇن، كىشىلەر ئالدىن بەلگىلىگەن ئىدىيە، نەزەرىيە، پىلان، لايىھەلەر ھېچبىر ئۆزگىرىشسىز ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ناھايىتى ئاز بولىدۇ.

**ئۆزگىرىشلىك** سۈپ. ئۆزگىرىش ھاسىل قىلىدىغان، ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان، ئۆزگىرىشچان: ئۇ يازغان «مۇزىكا مۇئەسسەسىنىڭ نەزمىلەر توپلىمى» دا ئەينى زاماندىكى ئۇزۇن نەغمىلىك، كۆپ ئۆزگىرىشلىك چەش ئۇسسۇللىرى تېكىستلىرىدىن پەقەت تۆت مىسراسىلا ساقلىنىپ قالغان.

**ئۆزلە** ئال. دىئال. سىلى، ئۆزلىرى.

**ئۆزلەشتۈرمە** سۈپ. ئۆزلەشتۈرۈلگەن ياكى ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان: ئۆزلەشتۈرمە جۈملە.

**ئۆزلەشتۈرمە جۈملە** <تىل> ئىلگىرى باشقىلار تەرىپىدىن دېيىلگەن، ئەمما سۆزلىگۈچى ئۆز نۇتقىدا ئۆزىنىڭ قىلىپ ئۆزگەرتىپ ئىشلەتكەن سۆز-جۈملىلەر.

**ئۆزلەشتۈرمەك** ① «ئۆزلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرسنى ئۆزلەشتۈرمەك، بىلىمنى ئۆزلەشتۈرمەك، بوز يەر ئۆزلەشتۈرمەك. * سادىق ئاخباراتنىڭ مەزمۇنىنى پۇختا ئۆزلەشتۈردى. * — بىزمۇ بىر كەم ئۇرۇننى تولدۇرايلى، بالىت باشقا مىللەتلەرنىڭ بولغىنى بىلەن ئۆزلەشتۈرۈۋالساق بىز ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ، — دېدى ئۇ باشقىلارغا چۈشەندۈرۈپ. * ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇسسۇلىنى نۇرغۇن مىللەتلەر تەقلىد قىلىۋاتىدۇ، ئۆزلەشتۈرۈۋاتىدۇ. ② باشقىلارنىڭكىدىن پايدىلىنىپ، شۇنىڭغا ئوخشاش قىلىپ چىقماق، باشقىلارنىڭكىنى مەلۇم دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ ئۆزىنىڭ قىلماق: ئۇلار يەنە چوڭ-كىچىك ئوپېرا-درامىلاردىن «گۈلنىسا»، «غۇنچەم»، «ھەسسەنكام ئاچچىق، ئامۇتى تاتلىقمۇ؟»، «مەسلىھەتچىبى» قاتارلىقلارنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئوينىدى.

**ئۆزلەشتۈرۈشمەك** «ئۆزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆزلەشتۈرۈلمەك** «ئۆزلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەرس ئۆزلەشتۈرۈلمەك. * نۆۋەتتە يەر، سۇ، جانلىق مەۋجۇداتلارغا ئوخشاش بايلىقلارنى ۋە نۇقتىلىق ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان جايلارنى تەكشۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم * تەشنە ئارقىلىق چىقىدىغان سۇنىڭ مىقدارى ۋە بۇ سۇ بىلەن ئۆزلەشتۈرۈلىدىغان بوز يەرنىڭ پىلانى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**ئۆزلەشكەن** «ئۆزلەشمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئۆزلەشكەن توپا.

**ئۆزلەشكەن توپا** ئۆزلەشتۈرۈلگەن توپا. ئادەتتە تېرىقچىلىق قىلىشقا باپ كېلىدۇ.

**ئۆزلەشكەن يەر** كۆپ يىللاردىن بېرى تېرىلىپ كېلىۋاتقان يەر.

**ئۆزلەشمەك** پ ① ئۆز كىشىسى بولۇپ قالماق، ناھايىتى ئىناق، يېقىن بولۇپ كەتمەك: ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەكتەپنىڭ ھەرساھە خىزمەتلىرى بىلەن پەيدىنپەي تونۇشۇپ، ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلار ۋە كادىر، جەڭچىلەر بىلەن ئۆزلىشىپ كەتتىم. * بۇ ئۈچ كىشى ھەيدەر ئەپەندى ئاچقان مەكتەپتە ئوقۇغان زىيالىيلار ئىدى. شۇڭا ئۇلار ئوڭايلا ئۆزلىشىپ قىزغىن سۆھبەتكە كىرىشكەنىدى. * شائىر دۇكاندارنىڭ سەممىي پوزىتسىيىسىگە قاراپ ئوڭايلا ئۆزلىشىپ قالدى. * ئاينۇر دوختۇرخانىغا قايتىدىغان كۈنى پۈتۈن دادۇي خەلقى ئۇنى ئۇزىتىپ چىقتى. ھەممىگە ئۆز قىزىدەك ئۆزلىشىپ كەتكەن ئاينۇردىن ئايرىلىشقا چىدىيالماي كۆپىنچىلەر كۆز يېشى قىلىشتى. ② يەرلىشىپ قالماق، سىڭىشمەك: ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ھازىر بۇ شەھەردە، ئۇ ھاردۇقى چىقىپ ئۆزلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ③ ئېڭىغا كىرمەك، مېڭىسىگە ئورناشماق، كىرمەك، مېڭىسىگە ئورناشماق، چۈشىنەرلىك بولماق؛ سىڭمەك، سىڭىپ كىرمەك: دەرس ئۆزلەشمەك. * ئىسلام ۋاستىسى بىلەن تىلىمىزغا ئۇرغۇنلىغان ئەرەبىي-پارسىي سۆزلەر ئۆزلەشتى. * تاپشۇرۇقنى ئىشلىسەك ئېچىلىدۇ زېھنىمىز. دەرسلىرىمىز ئۆزلىشىپ، پەنگە ئاشار مېھرىمىز. ④ خۇددى ئۆزىنىڭكىدەك بولۇپ كەتمەك، كەڭ دائىرىدە ئومۇملاشماق، سىڭىشمەك: گۈلقىزنىڭ ئەسلىي ئېتى گۈلسۈمئاي ئىدى. ئۇ تولىمۇ چىرايلىق بىر بالا بولغىنى ئۈچۈن ھەممەيلەن ئۇنى «گۈلقىز» دەپ ئەركىلىتىپ، بۇ ئىسىم ئۆزلىشىپ قالغانىدى. ⑤ كۈچ قىلماق، قۇۋۋەت بولماق، سىڭمەك: يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل تاماقلار يەنە تۆۋەندىكىدەك ئۈچ خۇسۇسىيەتنىڭ بىرىگە ئىگە بولىدۇ: بەزىلىرى سان جەھەتتىن كۆپ مىقداردا ئىستېمال قىلىنىسمۇ، لېكىن بەدەنگە ئۆزلىشىدىغان قىسمى ئاز، ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن بولىدۇ. ⑥ ئۈنۈمدارلىقى ئېشىپ مونبەتلەشمەك، دېھقانچىلىق قىلىشقا مۇۋاپىقلاشماق (بوز يەر ھەققىدە): يەر ئۆزلىشىپ قېلىپتۇ. * ئۈچ يىلدىن بېرى يېزىمىزدا 100 مو بوز يەر ئۆزلەشتى. * — خام يەرلەر كۆپرەك ئۆزلەشسە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان تېرىلغۇ يەرمۇ ئېشىپ بارىدۇ، — دېدى ئۇ خۇرسەن بولغان ھالدا. ⑦ تاۋلانماق (يەر ھەققىدە): باھار ئەتىگىنى. ئۇسسى تازا ئۆزلىشىپ قالغان چوڭ بىرپارچە سالا ئېتىزدا يەنە بىر كۈنلۈك جۇشقۇن ھايات باشلاندى.

**ئۆزلۈك** سۈپ. ① ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز شەخسىيىتى، تەبىئىي ھالىتى، ۋوجۇدى ۋە بارلىقىغا ئائىت؛ ئۆزىگە خاس. ② < تىل > ئىش ھەرىكەت باشقا بىرىگە ئۆتمەي، بەلكى سۆزلىگۈچىنىڭ ئۆزى ئۈستىگە چۈشىدىغان، تەۋە بولىدىغان: ئۆزلۈك ئالماش. ئۆزلۈك دەرىجە. ③ بىر-بىرىگە يېپىشىپ، بىر-بىرىنى ياخشى تۇتۇپ تۇرىدىغان، بولۇشى بار (خېمىر، لاي ۋە ئۇن قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۆزلۈك ئۇن.

**ئۆزلۈك ئالماش** < تىل > ئالماشلارنىڭ بىر تۈرى. ئۇيغۇر تىلىدىكى ئۆزلۈك ئالماش «ئۆز» ئىسمىنىڭ تەۋەلىك قوشۇمچىلىرى بىلەن بىرىككەن ھالدا «ئۆزۈم، ئۆزىمىز، ئۆزۈڭ، ئۆزىڭىز، ئۆزلىرى، ئۆزۈڭلار، ئۆزى» قاتارلىق شەكىللەردە قوللىنىلىدۇ.

**ئۆزلۈك دەرىجە** < تىل > ھەرىكەتنىڭ گراماتىك ئىگىسىنىڭ ھەم لوگىك ئىگە، ھەم لوگىك ئوبيېكت ئىكەنلىكىنى ياكى لوگىك ئوبيېكت ھەم شۇ ھەرىكەتكە تۇرتكە بولغۇچى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان

پېئىل دەرىجىسى.

**ئۆزلۈكىدىن** رەۋ ① ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن؛ باشقىلارنىڭ ياردىمىگە تايانمىغان ھالدا، كىشىنىڭ ياردىمىسىز: ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، راۋاب چېلىشنى ۋە ئاشپەزلىكنى ئۆزلۈكىمدىن ئۆگەنگەنىدى. * ئەمما مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھېچبىرىنى ئۆزلۈكىمدىن قىلغىنىم يوق. * تاپشۇرۇقنى ئىشلەيمەن، ئۆزلۈكىمدىن تىرىشىپ. ياخشى ھەرىكەت قىلىمەن، كۈندە ۋاقىت چىقىرىپ. ② ئۆز-ئۆزىدىن، ئۆزىچىلا ئۆز ئىچىدىن، ئىچكى ئامىل تەسىرى بىلەن: ئەگەر ئۇلار بىۋاستە ھالدا دۇنياغا تەسىر ئۆتكۈزۈپ ئۆزلۈكىدىن پارتلاپ چىقىدىغان بولسا، بۇ دۇنيا مەۋجۇت بولمايدۇ، ئەلۋەتتە. * شۇنىڭ ئۈچۈن بىرمۇنچە كېسەللەر داۋالىمىسىمۇ ئۆزلۈكىدىن ساقىيىپ قالىدۇ.

**ئۆزلىرى** ئال. II شەخس (بىرلىك) ئالمىشىنىڭ ھۆرمەت تۈرى بولۇپ، ئاڭلىغۇچىنى ھۆرمەت بىلەن ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: — ئۆزلىرى كىم بولىدىلا، — دېدى ئۇ مەندىن گەپ سوراپ. * — قېنى باي ئاتا، لەيلىقىزغا ئۆزلىرى بىرنېمە دېسىلە، — دېدى ئۆمەر بايغا قاراپ.

**ئۆزلىشىملىك** سۈپ. ئوڭاي ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغان، ئاسان ئۆزلىشىدىغان، ناھايىتى چۈشىنىشلىك: ئۇ، دەرسنى ئوقۇغۇچىلارغا ئۆزلىشىملىك قىلىپ ئۆتۈپ بېرىدۇ.

**ئۆز-ئۆزى** ① چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، ھەرىكەتنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن باشلىنىپ، يەنە ئۆزىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈشىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز-ئۆزىنى تەنقىت. ئۆز-ئۆزىنى كۆزىتىش. ② يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، «ئۆزى بىلەن ئۆزى، ئۆزى ئۆزىگە» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز-ئۆزىگە زىت. ئۆز-ئۆزىگە قارشى. ③ چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ «تاشقى كۈچتىن خالىي، ئۆزىچىلا» دېگەندەك مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۆز-ئۆزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرماق. ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇم بولماق، ئۆز-ئۆزىدىن يوقالماق.

**ئۆز-ئۆزىگە زىت** ‹لوگ.› ئەينى بىر ئوبيېكت توغرىسىدا، ئەينى بىر شەرت ئاستىدا زىت مۇناسىۋەتتىكى پىكىردە بولۇپ قېلىش.

**ئۆز-ئۆزىنى كۆزىتىش ئۇسۇلى** ‹پسىخول.› قۇرۇلمىلىق پسىخولوگىيە ئېقىمىنىڭ تەتقىقات ئۇسۇلى. ئۇ پسىخىكا (روھىي ھالەت) بىر خىل ئىچكى سۇبيېكتىپ تۇيغۇدىن ئىبارەت، باشقىلارنىڭ ئۇنى بىۋاستە بىلىشى مۇمكىن ئەمەس، پەقەت سىنئالغۇنىڭ ئۆز-ئۆزىنى كۆزىتىشى ۋە بايانى ئارقىلىقلا بىلىشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ.

**ئۆز-ئۆزىدىن** باشقىلارنىڭ تەسىرىدىن خالىي، بىركىمنىڭ تەسىرىسىز، كۆرۈنۈپ تۇرغان بىرەر سەۋەب بولمىغان ھالدا، ئىختىيارسىز؛ ئۆزىچىلا: دادىسى ئۇچقۇنىنىڭ چىرايىغا جىددىيلىك بىلەن قارىدى. دادىسى خەتنى كۆرۈۋاتقاندا ئۆز-ئۆزىدىن خۇشال بولۇپ، ھېجىيىپ ئولتۇرغان ئۇچقۇنىنىڭ چىرايى يەنە ئۆزگەردى. * لېكىن ئۇ ئاۋۋال كۆرگەن ئىشكەلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز-ئۆزىدىنلا يوق بولۇپ كەتكەنىكەن.

**ئۆزۈمچى** سۈپ. ئۆزىنىڭكىنىلا راست، توغرا دەيدىغان، ئۆزۈمچىل: ئۇ تولىمۇ ئۆزۈمچى ئادەم ئىكەن. * ھەي... ئۇ قىز شۇنچىلىك شوخ، ئۆزۈمچى بولۇپ كەتتى، ئۆزىنىڭ

دېگىننى قىلمسا ھېچنېمىگە ئۇنمايدۇ.

**ئۆزۈمچىل** سۈپ. ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان، ئۆزۈمچى: ئۆزۈمچىل ئادەم. * ئۇ ھەسەنىنىڭ ئۆزۈمچىل، گەدەنكەشرەك ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. * ئاۋۋالقى ھاكىممىز ئۆزۈمچىل، بىلىمسىز، جاھىل كىشى ئىدى. // ئۇ قىز كىچىكىدىنلا ئەركە-نايناق، ئۆزۈمچىل، تەرسا بولۇپ ئۆسۈپتۇ، شۇڭا ھەممە ئىشتا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە ئىش كۆرمىسە بولمايدىكەن.

**ئۆزۈمچىللىك** «ئۆزۈمچىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆزۈمچىللىك قىلماق.

**ئۆزۈمچىلىك** «ئۆزۈمچى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بىز ئۇنىڭ ئۆزۈمچىلىكىنى تۈزىتىۋېلىشقا ياردەم قىلىشىمىز لازىم. * دىلشاتنىڭ «سېنىڭ ئۆزۈمچىلىكىڭدىن يىگىۋالدۇق...» دېگەنلىرى تەنتەنە شاۋقۇنلىرى ئىچىدە خەمىتنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭلاندى.

**ئۆزىچە** رەۋ. ① ئۆز خاھىشىچە، ئۆز خىيالىچە: لېكىن بۇنىڭ مەنىسىنى كىچىك ئاخۇن ئۆزىچە چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى. * ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ، ئۆزىچىلا كۆرەڭلىدى. * ھېلىقى ئايال ئالدىراپ ئۆزىچە يەنە سۆزلەپ كەتتى. * دىلشات توغرىدىن توغرا جاۋاب بەرمەستىن، ئۆزىچە دېكلاماتسىيە قىلىپ كەتتى. ② ئىختىيارسىز: قېرى ئۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈپ كەتكەنلىكىدىن بەكمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، ئۆزىچە كۈلۈپ قويدى. * — بىزنىڭ قانداقلا بولمىسۇن، ئۇرۇق-تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىمىز بار ئەمەسمۇ...، — دەپ قاسىم ئۆزىچە غۇدۇڭشىدى. * شاكىچىك ماۋزۇرنى ئېسىۋېلىپ ئۆزىچە مەغرۇرلىنىپ كەتتى.

**ئۆسەك** سۈپ. ئۇيدۇرۇپ چىقىرىلغان، يالغان ياكى قۇلاقتىن-قۇلاققا ئاڭلىنىپ ئاۋۇپ كەتكەن، بۇرمىلانغان؛ ئەپقاچتى، ئاساسى يوق: ئۆسەك گەپ. ئۆسەك سۆز. ئۆسەك سۆز ئاڭلىماق. ئۆسەك سۆز تارقالماق. * «ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي داۋاغا» دېگەندەك، ئۆزى تاپقان ئۆسەكتىن قاتتىق ئوسال بولغان كۇسا باشقىلارغا قوشۇلۇپ زورىغا كۈلۈمسىرىدى ۋە: — مۇنۇ پومساقنىڭ گەپلىرىنى... — دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى.

**ئۆسەك سۆز** ئۇيدۇرۇلغان، ئاساسسىز گەپ-سۆز، يالغان-ياۋداق گەپ، ئەپقاچتى گەپ: — قۇربان ئاقساقالنىڭ ئۆسەك سۆزلىرى جەزمەن سۈرۈشتۈرۈپ ئېنىقلاشقا تېگىشلىك ئىش، — دېدى ئۇ قەتئىي هالدا. * — رابىخان غەلىتە ئۆسەك سۆز تارقىتىپ يۈرگۈدەك، — دېدى نارىخان ئانا توختاخۇنغا.

**ئۆسەك گەپ ← ئۆسەك سۆز**: بۇنداق ئۆسەك گەپ تارقاتقۇچىلار تېخىمۇ ئالجىرلىشىشقا باشلىدى. * ئاڭلاپتۇيۇ-ئاڭلاپتۇ، دەللە بۇنى ئاڭلاپتۇ. دەسلەپ ئۆسەك گەپ دەپتۇ، كېيىن بىلىپ «خەپ!» دەپتۇ.

**ئۆسەكچى** ئى. ئۆسەك، يالغان-ياۋداق گەپ-سۆزلەرنى پەيدا قىلىدىغان ۋە تارقىتىپ يۈرىدىغان ئادەم؛ يالغان-ياۋداق، بولمىغۇر گەپ-سۆزلەرنى ئۇيدۇرۇپ تارقىتىشقا ئامراق كىشى؛ سۆز-چۆچەك تارقاتقۇچى: — كىم بىلمەيدۇ، ئۇ دېگەن بىر ئۆسەكچىغۇ، — دېدى ئايخان قايىنغان هالدا. // بىز ئۇنداق ئۆسەكچى بىرنېمىلەرنى تولا كۆرگەن.

**ئۆسەكسىز** رەۋ. ئۆسەك پەيدا قىلماي، ئۆسەك گەپ-سۆزلەرنى تارقاتماي: بۇئۇدۇم، بۇ كەسىپ ئۇنىڭغا سىڭگەن، يالىڭاچ يۈرەركى يۈرمەس ئۆسەكسىز. قىزىل تىل

سۆڭەكسىز يارالغان بىلەن، ھەقىقەت ئەمەستۇر ھەرگىز سۆڭەكسىز.

**ئۆستەڭ** ئى. كىشىلەر تەرىپىدىن چېپىلغان، دەريادىن كىچىك، ئېرىقتىن چوڭ بولغان سۇ ئېقىمى، چوڭ ئېرىق: غول ئۆستەڭ. تارماق ئۆستەڭ. ئۆستەڭ چاپماق. * ئۆستەڭ سۈيى. * ئۆستەڭدە سۇ تاشسا ئۆردەكنىڭ نىمە پەرۋايى (ماقال). * ئەنۋەر كەتتى، مەن ئۆستەڭ بويىدا ئولتۇرۇپ كۆزلىرىم قىزارغىچە يىغلىدىم.

**ئۆستەڭ ئالماق** ئۆستەڭ چاپماق، ئۆستەڭ بەرپا قىلماق: ھازىر ھەم قورام تاشلارنى يۆتكەپ ئۆستەڭ ئېلىشقا، ھەم قار-مۇز بىلەن چېلىششقا توغرا كېلىۋاتىدۇ.

**ئۆستەڭچى** ئى. ئۆستەڭ چاپىدىغان كىشى (ئاساسەن «-لەر» قوشۇمچىسى بىلەن كېلىدۇ): ئۆستەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ پۈتۈن ئەقىل-ئىدرىكى، كۈچ-قۇدرىتى بىلەن مەشرىقتىن مەغرىبكە سوزۇلغان چەكسىز يەر باغرىنى تىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ قان-تەرى بىلەن ئىلى ۋادىسىدىكى ئەڭ چوڭ ئۆستەڭنى پۈتتۈردى.

**ئۆستەڭلىك** سۈپ. ئۆستەڭگە سىغىدىغان: بىر ئۆستەڭلىك سۇ. * نەچچە ئۆستەڭلىك سۇ سايغا سىڭىپ كېتىپتۇ.

**ئۆستۈرگۈچ** ئى < بىئول > مىكرو ئورگانىزملارنى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ توقۇلمىسىنىڭ ئۆسۈشىنى تەمىنلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوزۇقلۇق تەركىبى، باشقا ئورگانىك ۋە ئانئورگانىك ماددىلار.

**ئۆستۈرگۈچى** سۈپ. ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، ئۆستۈرىدىغان: ئۆستۈرگۈچى گورمون.

**ئۆستۈرگۈچى گورمون** < بىئول > ← ستىمۇلىن.

**ئۆستۈرگۈچى ماددا** < بوت > ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە نىسبەتەن تەسىر قوزغىيالايدىغان دورىلار. مەسىلەن، گىبرىللىن قاتارلىقلار.

**ئۆستۈرمەك** «ئۆسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆچەت ئۆستۈرمەك. دەرىجىسىنى ئۆستۈرمەك. مائاشىنى ئۆستۈرمەك. كادىرلىققا ئۆستۈرمەك. مال باھاسىنى ئۆستۈرمەك. سەۋىيىسىنى ئۆستۈرمەك. * ئۇلار ئاۋۋال بىرىنچى ئەترەتنىڭ يېڭى ئۆستۈرگەن بېغىغا يېتىپ كەلدى. * قۇلماق گۈلى ئۆستۈردۇق ياساپ سىمدا باراڭلىق. ھۆر ۋەتەننى كۈيلەيمىز ناخشا ئېيتىپ جاراڭلىق. * لېۋەن ياتقان ئايۋانغا پەرۋانە بولاي دەيمەن. چاچلىرىمنى ئۆستۈرۈپ دىۋانە بولاي دەيمەن. * گۇناھىم يوق مېنىڭ، گۇناھىم پەقەت ــ ئىلىمگە باغلىغان چوڭقۇر مۇھەببەت. ئۆستۈرمەك بوگۈنكى يېڭى ئەۋلادنى، ئىلىم-پەن بېغىدا ياخشى تەربىيلەپ.

**ئۆستۈرۈش** ① «ئۆستۈرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئۆستۈرۈش فاكتورى. ئۆستۈرۈش ۋاستىسى. ② < بىئول > تىرىك ھۈجەيرە ياكى مىكروئورگانىزملارنىڭ سۈنئىي ئۇسۇلدا كونترول قىلىنغان مۇھىتلاردا ئۆسۈش جەريانى. ③ < ئەد > شېئىر مىسرالىرىنىڭ ئالدىنقىسىدا ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنىڭ كېيىنكى مىسرالاردا كۈچەيتىلىپ بېرىلىشى.

**ئۆستۈرۈش فاكتورى** < بىئول > ئۆسۈشكە تەسىر قىلىدىغان ھەرقانداق تاشقى ياكى ئىرسىيەت خاراكتېرلىق ئامىللار.

**ئۆستۈرۈش قاچىسى** < بىئول > مىكرو ئورگانىزملارنى ئۆستۈرۈشكە ئىشلىتىلىدىغان، ياپىلاق چەمبىرەك شەكىلدە قاپقىقى بار

ۋە تەكتى ئايرىم-ئايرىم ئىككى قىسمدىن ئىبارەت بولغان ئەينەك قاچا.

**ئۆستۈرۈشمەك** «ئۆستۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆستۈرۈلمەك** «ئۆستۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تەشتەكلەردە ئۆستۈرۈلگەن گۈللەرگە، يىپ بىلەن ئۆگزىگە ياماشتۇرۇلغان ھەشقىپچەكلەرگە قاراپ قويدى. * نىزام ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ بىر ئورگىنىغا مەسئۇل كادىر قىلىپ ئۆستۈرۈلدى. * كۆرسقا قاتناشقان 360 نەچچە ئوقۇغۇچىنىڭ كەسپىي سەۋىيىسى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈرۈلدى.

**ئۆسكىلەڭ** سۈپ ① بويى ئېگىز ئۆسكەن، بوي تارتقان، ئېگىز بويلۇق (ئادەملەر ھەققىدە): ئۆسكىلەڭ ئادەم. ئۆسكىلەڭ بالا. * قوشچىلار ئۈچ كىشى بولۇپ، بىرى 20 ياشلاردىكى ئۆسكىلەڭ يىگىت، قالغان ئىككىسى ئوخشاشلا قىزىل ماتادىن كۆڭلەك كىيگەن ئاياللار ئىدى. ② ئېگىز ئۆسكەن؛ ئۇزۇن (نەرسىلەر ھەققىدە): ئۇلار دەرەخلىق ئارىسىدىكى چىغىر يوللاردا ئۇزاق ماڭدى. ئۆسكىلەڭ ئوتلار گويا ئۇلارغا سالام بېرىشەتتى. * نىزامدىن ئۆسكىلەڭ بىر تۈپ ئارچىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، مىلتىقىنى بەتلەپ قاراپ تۇردى. * ئەزىمەت ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرىنى تولغاپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى قولىغا ئالدى.

**ئۆسمە** ① سۈپ. ئۆسكەن ياكى ئۆسۈپ تۇرىدىغان، ئۆسىدىغان: ئۆسمە گۆش. ② ئى < تب > جانلىقلارنىڭ مەلۇم قىسمىدىكى توقۇلما ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۇزاق مۇددەت غەيرىي نورمال ئۆسۈشىدىن ھاسىل بولغان يىڭى ماددا. ئادەتتە ياخشى سۈپەتلىك ۋە يامان سۈپەتلىك ئۆسمە دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ.

**ئۆسمىسمان** سۈپ. ئۆسمىگە ئوخشايدىغان، ئۆسمە شەكىللىك: ئۇنىڭ ئىچكى دىۋارىدا نۇرغۇن ئۆسمىسمان قاپارتقۇلار بولىدۇ.

**ئۆسمشۇناس** ئى < تب > ئۆسمشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى، ئالىمى.

**ئۆسمشۇناسلىق** ئى < تب > ئۆسمىنىڭ ھاسىل بولۇشى سەۋەبلىرى، ئۆسۈشى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇسۇللى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئۆسمەك** پ ① ئۇرۇق، يىلتىز، قەلەمچە ۋە شۇنىڭدەكلەردىن ئۈنۈپ چىقماق، ئۈنۈپ راۋاجلانماق ياكى ئەسلىدىكى ھالىتىدىن ئېگىزلىمەك؛ ئاينىماق: بىر ئوبدان ئۆسكەن زىرائەتنى بىردەمنىڭ ئىچىدە سۇ بېسىپ كەتتى. * چىنار دەرىخى ھاۋاسى ئىسسىق، تۇپرىقى نەم جايلاردا ئۆسىدۇ. * يۇمران-يېشىل تاۋۇز مايسىلىرى چالمىلارنى ئىككى تال مەزمۇت ياپرىقى بىلەن يۇقىرىغا كۆتۈرۈپ، يەردىن ئۆسۈپ چىقىشقا باشلىغانىدى. ② ھايات داۋامىدا چوڭ بولماق: تۇغۇلۇپ ئۆسمەك. * ئۇ ئۆزى بىلەن بىر مەھەللىدە ئۆسكەن ھەمراھ دېگەن نامرات يىگىتنى ياخشى كۆرىدىكەن. * كۈنلەر، ئايلار، يىللار بىر-بىرىنى قوغلاپ ئۆتمەكتە ۋە مەنمۇ كۈنسېرى ئۆسمەكتە ئىدىم. ③ ئۇزۇن، ئېگىز بولماق؛ ئۇزۇنلىماق، ئېگىزلىمەك: ئۇنىڭ بويى خېلىلا ئۆسۈپ قالغانىدى. * ھويلىدىكى ياۋا چۆپلەر ئادەم بويى ئۆسۈپ كەتكەنىدى. * ئۇنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن چاچلىرى چىرايىنى تېخىمۇ قېرى كۆرسەتتى. ④ يوغانلىماق، تەرەققىي قىلماق، چوڭايماق: باللار ئۆسمۈرلۈك مەزگىلىگە يەتكەندە ئۇلارنىڭ بەدىنى تېز ئۆسۈپ، كۈچ-قۇۋۋىتى ئارتىدۇ. ⑤ يېتىلمەك، يېتىشمەك، پەيدا بولماق: مۇشۇ ئون يىل ئىچىدە ئابدۇكېرىم ھاجى، تۇرسۇن توختى ھاجى، ئابدۇۋايىت ھاجى قاتارلىق دورىگەرلەر ئۆسۈپ چىقتى. * پارتىيىنىڭ بەزى رەھبىرىي كادىرلىرىدا راھەت-پاراغەتكە بېرىلىشتەك

ئىدىيىۋى خاھىشلار ئۆسۈپ قالدى. * ئۆستى بىزدە باتۇرلۇق، قەھرىمانلىق جاسارەت. زادى ئەستىن چىقمايدۇ، تاغقا قىلغان ساياھەت. ⑥ ئاشماق، كۆپەيمەك، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك: جىرىملارنىڭ تۇتۇش نىسبىتى 95 پىرسەنتكە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 12 پىرسەنت ئۆستى. * بۇ يىل يېزىنىڭ سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ سۈپىتى ئۆستى، رەڭ-خىللىرى كۆپەيدى. * ئۇلارنىڭ توخۇ بېقىش ئاكتىپلىقى ناھايىتى ئۆستى. ⑦ كۆچمە. روھلانماق، شادلانماق؛ ئۆرلىمەك: كۆڭلى ئۆسمەك. * روھى ئۆسكەن بالا تېخىمۇ ئىچىلىپ-يېيىلىپ، قولىدىن كېلىدىغانلىكى ئۆي ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئۆز ئۈستىگە ئالدى. ⑧ كۆچمە. ئەسلىدىكىسىدىن ئاشماق، يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، ئۆرلىمەك: ئورنى ئۆسمەك. ئىناۋىتى ئۆسمەك. مائاشى ئۆسمەك. * بۇ چاغلاردا سابىر گوڭشىغا كاتىپ بولۇپ ئۆسكەنىدى. * ئۇ يۈسۈپ ۋالىنىڭ ئورنىغا ئۆسۈپتۇ. * سۇلتان جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىدا تېز ئۆستى. * خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى كۈندىن-كۈنگە ئۆستى.

**ئۆسمۈر** ئى. ئۆسۈۋاتقان يەنى ئۆسۈپ يېتىلىش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان بالا: ئۇ چاغلاردا مەن تېخى ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئۆسمۈر ئىدىم. * بۈگۈن بۇ يەرگە توپلانغان ئۆسمۈرلەر ۋە ياشلارنىڭ سانى خېلى نۇرغۇن ئىدى. * مۇئەللىمگە ئۆسمۈرلەر ئىپتار يۈرەك سۆزىنى ھاياجانلىق ياشلىرى سۆيۈپ ئۆتەر يۈزىنى.

**ئۆسمۈرلەر سارىيى** < مائار > ئۆسمۈرلەرنىڭ مەكتەپ سىرتىدا سىياسىي تەلىم-تەربىيە ۋە كۇلۇبكىتىپ مەدەنىي پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان ئورگىنى.

**ئۆسمۈرلۈك** سۈپ. ئۆسمۈر يېشىدىكى، ئۆسمۈر باسقۇچىدىكى: ئۆسمۈرلۈك مەزگىل. ئۆسمۈرلۈك دەۋر. * ئۇلار باللىق-ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بولۇپ كېتىشتى. * مەشرەپ ئويۇننى نىجات ئۆسمۈرلۈك ۋاقىتلىرىدا ئۆز يۇرتىدا بىرقانچە قېتىم كۆرگەنىدى.

**ئۆسمۈرلۈك دەۋر** بىرەر كىشىنىڭ ئۆسمۈر ۋاقتىدا ئۆتكۈزگەن ھايات مۇساپىسى، دەۋرى: ماۋزېدۇڭنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى. لېنىننىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى.

**ئۆسۈش** ① «ئۆسمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئۆسۈشتىن توختىماق. ئۆسۈشنى تېزگىنلىمەك. ② < بىئول > جانلىقلارنىڭ مۇئەييەن تۇرمۇش شارائىتىدا ھەجمى ۋە ئېغىرلىقىنىڭ تەدرىجىي ئارتىشى. ئادەتتە ئۇ ئۆسۈش ھۈجەيرىلىرىنىڭ بۆلۈنۈپ سانىنى ئارتتۇرۇشى ۋە چوڭىيىپ ھەجمىنى كېڭەيتىشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**ئۆسۈش ئەگرى سىزىقى** < بىئول > سۈيۈق ئۆستۈرگۈچلەر ئىچىدىكى ھۈجەيرىلەرنىڭ ئۆسۈپ-كۆپىيىشىدىكى مۇناسىۋەتنى ئىپادىلەيدىغان ئەگرى سىزىق، ئومۇمەن S شەكلىدە بولىدۇ.

**ئۆسۈش بىگىزى** < بوت > غولنىڭ ئۆسۈش نۇقتىسى بېگىز شەكلىدە بولغاچقا، ئۆسۈش بىگىزى دەپ ئاتىلىدۇ.

**ئۆسۈش دەۋرى** < بىئول > بەلگىلىك رايوندا بىر خىل زىرائەتنىڭ تېرىلىپ مايسىلىشىدىن باشلاپ، پىشىپ يېتىلگۈچە بولغان ۋاقىت.

**ئۆسۈش سپېكترى** < بىئول > ئوخشاش

بولمىغان ھەر خىل ئۆسۈش شارائىتلىرى بىلەن تەمىنلەيدىغان تەكشى تاختىلىق ئۆستۈرگۈچ. ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مۇھىتتىكى فاكتورنىڭ رولىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۆسۈش كونۇسى** < بوت > غولنىڭ چوققا قىسمىدا بۆلۈنۈپ ئۆسكەن توقۇلما.

**ئۆسۈش مەزگىلى ← ئۆسۈش دەۋرى.**

**ئۆسۈش نۇقتىسى** < بوت > ئۆسۈملۈك-لەرنىڭ يىلتىز ۋە غوللىرىنىڭ ئۇچى قىسمىدىكى نۇرغۇنلىغان ياپىلاق، كۋادرات شەكىللىك ھۇجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن توقۇلمىلار. بۇ ھۇجەيرىلەر ئۈزلۈكسىز ھالدا بۆلۈنۈپ يېڭى ھۇجەيرىلەرنى ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭلاشقا يىلتىز ۋە غول داۋاملىق تۈردە ئۆسەلەيدۇ.

**ئۆسۈك** سۈپ. ئۆسۈپ كەتكەن، ئۇزۇن ئۆسكەن، ئۆسۈكلۈك: ئۆسۈك ساقال. ئۆسۈك چاچ. * ئۇ قاڭشارلىق، چوڭ كۆز، بۇغداي ئۆڭلۈك، ئۆسۈك قاش، يېشى 60 لاردىن ھالقىپ قالغان بىر كىشى ئىدى. * يېشى 40 قا يەتكەندە ئۆيلەنگەن بۇ ئادەمنىڭ ساقىلى ھېلىمۇ ئۆسۈك ئىدى.

**ئۆسۈم** ئى <س ئىق> ئۆتنە-يېرىم پائالىيىتىدە قەرز ئالغۇچى قەرز بەرگۈچىگە تۆلەيدىغان ھەق. دىرىنىڭ بەلگىلىك نىسبىتى بويىچە ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆسۈم پۇلى** < مات > ئۆسۈم شەكلىدە بېرىلگەن پۇل.

**ئۆسۈم چېكى** < مال > پۇل چېكىگە قوشۇمچە قىلىنغان ھەمدە قەرەللىك كېسىۋېلىنىپ، ئۆسۈم پۇلى بېرىدىغان ت.

**نىسبىتى** < مال > مەلۇم مەزگىل كى ئۆسۈمنىڭ قەرز بەرگەن

دەسمايىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى. ئادەتتە پىرسەنت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. قەرز بېرىلگەن 10 مىڭ يۈەن كاپىتالنىڭ يىللىق ئۆسۈمى 300 يۈەن بولغاندا، ئۇنىڭ ئۆسۈم نىسبىتى مۇنداق بولىدۇ.

$$\frac{300\ \text{يۈەن}}{10,000} = 3\%$$

**ئۆسۈمتە** ئى. دىئال. دەرەخلەردە پۇقاقتەك چىقىپ قالىدىغان مۇدۇرچەك (كېسەللىك).

**ئۆسۈمچان** سۈپ ① تېز ئۆسىدىغان. ② ئۆسۈم ئۇندۇرىدىغان، ئۆسۈمى يۇقىرى: ئۆسۈمچان كاپىتال.

**ئۆسۈمچان كاپىتال** <س ئىق> ئۆسۈمگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ئىشلىتىپ تۇرۇشىغا قەرز بېرىپ تۇرىدىغان پۇل كاپىتالى. ئۇنىڭ جازانە كاپىتالى ۋە قەرز كاپىتالى دېگەن ئىككى خىل شەكلى بولىدۇ.

**ئۆسۈمسىز** سۈپ. ئۆسۈمى يوق، ئۆسۈم بېرىلمەيدىغان ياكى ئېلىنمايدىغان: ئۆسۈمسىز پۇل. ئۆسۈمسىز قەرز. * بۇنىڭدىن باشقا، ئوبوروت مەبلىغى قىلىش ئۈچۈن، بانكىنىڭ تۆۋەن ئۆسۈملۈك ياكى ئۆسۈمسىز مەخسۇس قەرز بېرىشىنى تەلەپ قىلىمىز.

**ئۆسۈملۈك I** سۈپ. ئۆسۈمى بار، ئۆسىدىغان، مەلۇم مۇددەت بويىچە ئۆسىدىغان، ئۆسۈپ تۇرىدىغان: ئۆسۈملۈك قەرز.

**ئۆسۈملۈك II** ئى < بوت > جانلىقلارنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. بۇ خىل جانلىقلارنىڭ ھۈجەيرىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىدە ھۈجەيرە پوستى بولىدۇ. ئادەتتە خلوروفىلى بولىدۇ. كۆپچىلىكى نېئورگانىك ماددىلارنى ئۆزۈقلۇق قىلىدۇ، نېرۋىسى بولمايدۇ.

**ئۆسۈملۈك ئانالىزى** < ئارخېئول > قەدىمە-دىن ساقلىنىپ قالغان ئىز ۋە

قورال-جابدۇقلارنىڭ مۇتلەق يىل-دەۋرىنى بېكىتىدىغان ئىلمىي ئۇسۇلنىڭ بىر خىلى.

**ئۆسۈملۈكلەر باغچىسى** < بوت > ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆستۈرۈپ، ئىلمىي تەتقىقات ياكى سەيلى قىلىش ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان ئورۇن.

**ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسى** < بوت > تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆسۈملۈكلەرگە ئائىت قىسمى، يەنى ئۆسۈملۈكلەردىن تەشكىل قىلىنغان تەبىئەت.

**ئۆسۈملۈك ئىشقارى** < خىم > ئۆرگانىك ئىشقار. ئادەتتە تەركىبىدە كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن ۋە ئازوتنى ئىبارەت تۆت خىل ئېلېمېنت بولۇپ، جانلىقلار تېنىگە كەڭ تارقالغان. كۆپچىلىكى ئۈچمايدىغان كرىستال جىسىم بولۇپ، تەمى قىرتاق ۋە ئۆتكۈر زەھەرلىك كېلىدۇ. كۆپىنچە ئۇ دورا قىلىنىدۇ. مەسىلەن، مورفىن، تاماكا ئىشقارى ۋە كوكايىن ئىشقارى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۆسۈملۈك يېپىنچىسى** < بوت > مەلۇم رايوننىڭ يەر يۈزىنى قاپلاپ تۇرغان، مەلۇم زىچلىقتا ئىگە بولغان نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىغىندىسى.

**ئۆسۈملۈكشۇناس** ئى < بوت > بوتانىكا مۇتەخەسسىسى، ئالىمى.

**ئۆسۈملۈكشۇناسلىق** ئى < بوت >→ **بوتانىكا.**

**ئۆشە** ئى. توشقان تۇتىدىغان تور: ئۆشە قويماق.

**ئۆشە قويماق** توشقان ماڭىدىغان يولغا ئۆشىنى ئورۇنلاشتۇرماق.

**ئۆشرە** ئى (ئە) < دىن > ئىسلام دىنىدا ھەربىر ئائىلە ئۆز ئاشلىقىنىڭ ئوندىن بىرىنى دىنىي مۇئەسسەسەلەرگە ياكى كەمبەغەللەرگە بېرىش سېلىقى: ئۆشرىسىنى ئايرىماق. ئۆشرە بەرمەك. ئۆشرە ئالماق.

**ئۆشرە ئالماق** ھەربىر ئائىلە ئاشلىق كىرىمىنىڭ ئوندىن بىرىنى يىغماق، ئايرىماق.

**ئۆشرە بەرمەك** ئائىلە ئاشلىق كىرىمىنىڭ ئوندىن بىرىنى دىنىي مۇئەسسەسەلەرگە ياكى كەمبەغەللەرگە بەرمەك.

**ئۆشرىسىنى ئايرىماق** قىلغان تاپاۋىتىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى يەنى پىرسىنىنى مۇناسىۋەتلىك كىشى ياكى يەرگە بەرمەك: شۇنداق قىلىپ، ھەر ئاخشىمى بىر يەرگە جەم بولۇپ بىر كۈنلۈك تاپاۋەتنىڭ ئۆشرىسىنى ئايرىتتۇق.

**ئۆشرە-زاكات** ئۆشرە ۋە زاكات: سايىم چوڭ ئۆيگە يېقىنلاشقان چاغدا، باشقا بىر سوئالنى سوراپ قالدى: — قارىسىم، ئۆشرە-زاكاتنىڭ قانداق ساۋابى بار؟

**ئۆشرىچى** ئى. ئۆشرە يىغقۇچى.

**ئۆشنە** I ئى. مۇرە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپى: بۇ يىل قۇربان ھېيتتا پالۋان بىر سېمىز پاقلاننى ئۆشنىسىگە ئارتىپ ئىلىكنىڭ ئۆيىگە ھېيتلاپ كەلدى. * ئىسمائىل سوپۇم ئېغىر خالتىسىنى ئۆشنىسىدىن ئېلىپ، ئىشىكنىڭ يېنىدىلا قويدى.

**ئۆشنە** II ئى (لات) < بوت > لىشايىنكلارنىڭ بىر تۈرى. ئۆسۈملۈك تېنى يېپىسمان، دەرەخنىڭ شاخ، غوللىرىدىن تۆۋەنگە ساڭگىلاپ ئۆسىدۇ. رەڭگى كۆل رەڭ. نۇرغۇنلىغان ئىنچىكە ھەم قىسقا يان شاخلىرى بولىدۇ. تۆۋى قىسمى بىلەن قارىغاي ياكى باشقا دەرەخلەرنىڭ قوۋزىقىغا يېپىشۋالىدۇ. دورا قىلىنىدۇ.

ئىسسىقنى تارقىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، قان توختىتىش، يۆتەل توختىتىش، بەلغەم بوشىتىش رولىرى بار.

**ئۆكتە** ئى. قارشى تەرەپنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە قارشى چىقىش مەقسىتىدە قىلىنغان نارازىلىق، قارشىلىشىش پائالىيىتى: ئۆكتە قوپماق. ئۆكتە قىلماق.

**ئۆكتە قوپماق** قارشى تەرەپنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە، بىرەر ئىشنى يۈرگۈزۈشكە نارازىلىق قىلماق؛ قارشى چىقماق، قارشى تۇرماق: لېكىن بەزىلەر بۇ تەكلىپىمىزغا ئۆكتە قوپتى. * ــ مېنىڭ ئىشىمنىڭ ئۇڭدىن كېلىشىگە سىزنىڭ ئۆكتە قوپۇشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، ــ دېدىم مەن ئۇنىڭغا. * ئۇلار ھازىر ئۆكتىچىلەرنىڭ ئۆكتە قوپۇشىدىن، ھاكىمىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇپ كېتىشىدىن بەكمۇ ئەنسىرەيدىغان بولۇپ قالدى.

**ئۆكتەبىر** ئى (ر) مىلادىيە كالېندارى بويىچە 10-ئاينىڭ نامى، ئونىنچى ئاي: ئۆكتەبىر ئىنقىلابى. * ئۇلار بۇ يەرگە ئۆكتەبىرنىڭ باشلىرىدا كېلىشكەنىدى.

**ئۆكتەبىر ئىنقىلابى** < تارىخ > 1917-يىلى 11-ئاينىڭ 7-كۈنى (رۇس كالېندارى بويىچە 10-ئاينىڭ 25-كۈنى) روسسىيە ئىشچى، دېھقانلىرى لېنىن باشچىلىقىدىكى بولشېۋىكلار پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئېلىپ بارغان سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب. ئۆكتەبىر ئىنقىلابى روسسىيە بۇرژۇئا ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، دۇنيادا بىرىنچى قېتىم پرولېتارىيات دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرغان.

**ئۆكتەم** سۈپ. ئۇششۇقلۇق قىلىپ يۈرۈپ، باشقىلارغا ئۆز تەسىرىنى، سۆزىنى ئۆتكۈزىدىغان؛ بىشەم، ئۇششۇق: ئۆكتەم ئادەم. * ئۇ، نەۋرىسىنى مەمەتباينىڭ ئۆكتەم بالىسى ئۇرغان بولسا كېرەك دەپ ئويلىغانىدى. * ئابدۇللا ئۆكتەم يىگىتنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ، ئويۇنچۇق سېتىلىدىغان پۈكەينىڭ ئالدىغا باردى. ‖ ــ ئۇ ئۆكتەملەرنىڭ دەستىدىن قانداقمۇ كۈن ئالار كىشى، ــ دېدى زۆرىخان. * بىز ئۇنداق ئۆكتەملەرگە قانۇننىڭ كۈچىنى كۆرسىتىپ قويىمىز.

**ئۆكتەملىك** «ئۆكتەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆكتەملىك قىلماق. * ئۇ ئايشەمنىڭ دادىسىنىڭ قوپال مۇئامىلىسى ۋە ئۆكتەملىك بىلەن قىلغان سۆزىدىن چۆچۈپ قالدى، قانداق قىلىش كېرەك.

**ئۆكتەملىك قىلماق** باشقىلارغا زورلاش، بېسىم ئىشلىتىش يولى بىلەن تەسىرىنى، گېپىنى ئۆتكۈزمەك؛ زوراۋانلىق قىلماق، يولسىزلىق قىلماق: دورغىلار بۇ تەرەپلەرگە كېلىپ باشقىچىلا ئۆكتەملىك قىلىپ كەتتى. * ئۇلار قولىدا بىر تال كۆسەينىڭ سۇنۇقىمۇ يوق تىنچ ياتقان پۇقراغا ئۆكتەملىك قىلدى.

**ئۆكتىچى** ئى. قارشى تەرەپنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە قارشى چىققۇچى، ئۇلار بىلەن قارشىلاشقۇچى: مۇھاجىرەتچىلەرنىڭ تالاغا تىكلەپ قويغان مىلتىقلىرىنى ئۆكتىچىلەر ئاللىقاچان ئېلىپ بولغانىدى. * ئۆكتىچىلەر مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرى تىرىپولىغا ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم قوزغاپ قېلىشى مۇمكىن. ‖ ئۆكتىچى پارتىيە.

**ئۆكتىچىلىك** ئى. قارشى چىقىش، زوراۋانلىق قىلىش، قارشى تۇرۇش پائالىيىتى، زورلۇق: ئۆكتىچىلىك ئۆكتىچى پارتىيىنىڭ تۈپ خاراكتېرى.

**ئۆكچە** ئى ① < ئانات > پۇتنىڭ تاپان قىسمى. ② ئاياغ كىيىمنىڭ پاشنىسى.

**ئۆكچىلىك** سۈپ. ئۆكچىسى بار، ئۆكچە چىقىرىپ

تىكىلگەن؛ پاشىنلىق: لۆكچەكلەر ئۇنى قاتتىق ئۆكچىلىك ئاياغلىرى بىلەن بىرھازا تېپىپ-دەسسگەندىن كېيىن، ياقىسىنى يىرتىپ، يۈرىكىنى تۇتۇپ كۆرندۇ. * سەمەت يىل بويى سۇ سېپىپ ئاسفالىتتەك قاتۇرۇۋەتكەن ئىدارە مەيدانىدىن ئېگىز ئۆكچىلىك تۇپلىيىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازى ئاستا-ئاستا يىراقلاشتى.

**ئۆكسۈتمەك** «ئۆكسۈمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغنى ئۆكسۈتمەك. گۆشنى ئۆكسۈتمەك. * ــ قەمەرخاننىڭ سۇنۇق كۆڭلىنى چۈشەن، كىچىككىنە ئىشنى دەپلا ئۇ مەزلۇمغا ئۆزىتىدىغان بىر قاچا ئىسسىق ئېشىڭنى ئۆكسۈتمە، ــ دېدىم خوتۇنۇمغا نەسىھەت قىلىپ.

**ئۆكسۈشمەك** «ئۆكسۈمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆكسۈمەك I** پ ① مۆلچەرلەنگەن سانىغا يەتمەي قالماق، كېمىپ قالماق: ساپا ئېلىشقا پۇلۇم ئۆكسۈدى. * تېلېۋىزور ئېلىشقا ئازراق پۇلۇم ئۆكسۈپ قالدى، بىركىمدىن قەرز ئالماقچىمەن. ② تۈگىمەك، ئۈزۈلمەك، قالماسلىق: بۇ يەردە ھەمىشە ئادەم ئۆكسۈمەيتتى. * شۇ كۈنلەردە بەزى ئائىلىلەردە ئاشلىق ئۆكسۈپ قالدى. * بۇ كۈنلەردە قىزنىڭ كۆزىدىن ياش ئۆكسۈمەيتتى.

**ئۆكسۈمەك II** پ. ئۆپكىدىمەك: ئۆكسۈپ يىغلىماق. * سىڭلىم كۆز يېشىنى ئېرتىپ، ئۆكسۈگەن پېتى سۆزدىن توختاپ قالدى. * ئۇ خەتنى مىجىقلاپ سول كۆكرىكىگە مەھكەم بېسىپ، بېشىنى يەنە بىر بىلىكىگە قويدى. ئۇنىڭ ئۆكسۈپ تۇرغانلىقى يەلكىسىدىن مەلۇم بولۇپ تۇراتتى. * ئۇ قانچە قىلسىمۇ ئۆزىنى تۇتالماي ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ئىدى.

**ئۆكسۈنمەك** «ئۆكسۈمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ــ ئەمدى ئالتە قارغىچۇ؟ ــ دېدى لىتىپجان مەنىلىك قاراپ، ــ ئالتە قارغا، ــ دەپ بىر ئۆكسۈندى ۋە ئۇنىڭ كۆزىگە تازا تىكىلىپ قارىغىنىچە توختاپ قالدى.

**ئۆكۈز** ئى < زوئول > پىچىۋېتىلگەن بۇقا.

**ئۆكۈزنىڭ قۇلىقىغا تەمبۇر چالماق ← ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق:** نادانغا بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ ئۆزى ئۆكۈزنىڭ قۇلىقىغا تەمبۇر چالغاندەكلا بىر ئىش، ــ دېدى ئۇ زىيالى، ئەخمەتنىڭ گېپىگە گەپ قىستۇرۇپ.

**ئۆكۈزنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالماق ← ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق.**

**ئۆكۈزلۈك** سۈپ. ئۆكۈزى بار، ئۆكۈزگە ئىگە: توپاق چاغلىق بىرەر ئەركەك مال بېقىپ قويساق، ئۈزۈنغا قالماي، بىر ئۆكۈزلۈك بولۇپ قالارمىز دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭمۇ جايىنى قىلىپ قويدۇق.

**ئۆكۈنچ** ئى. بىرەر كۆڭۈلسىز ئىش، ۋەقە-ھادىسە سادىر بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى تۈزىتىپ بولالماسلىقتىن ياكى تۈزىتىشكە بەك كېچىكىپ قالغانلىقتىن ھاسىل بولىدىغان پۇشايمان قىلىش تۇيغۇسى تۈپەيلى مەيدانغا كېلىدىغان ئەپسۇسلىنىش، ئېچىنىش، خاپىلىق، غەمكىنلىك: ئۆكۈنچ ئىچىدە قالماق. * ئۇنىڭ قەلبىنى قانداقتۇر بىر ئۆكۈنچ چىرمىۋالغانىدى.

**ئۆكۈنچلۈك** سۈپ ① كىشىنى ئۆكۈندۈرىدىغان، كىشىنىڭ ئۆكۈنۈشىگە سەۋەب، تۈرتكە بولىدىغان: ئۆكۈنچلۈك مەسىلە. ئۆكۈنچلۈك ئىش. ئۆكۈنچلۈك ۋەقە. ② ئۆكۈنچ تۇيغۇسى سىڭىلىپ، چىقىپ تۇرىدىغان؛ ئۆكۈنچ ئىپادىلىنىدىغان، ئۆكۈنگەنلىكى ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان: ئۆكۈنچلۈك ئاۋاز.

ئۆكۈنچلۈك گەپ. * ئۇ قىز بۇ گەپنى ئۆكۈنچلۈك ئاھاڭدا قىلدى.

**ئۆكۈندۈرمەك** «ئۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىزنىڭ ئۆمرىمىزنىڭ خېلى كۆپ قىسمى بوران چاپقۇنلار ئىچىدە ئۆتتى. بىز ئاشۇ تىلسىملارنىڭ سىرىنى ئاچا-ئاچمايلا قېرىپ كەتتۇق. مانا بۇ، بىزنى ئۆكۈندۈرىدۇ. * قىزنىڭ مۇنداقلا دەپ قويغان گېپى كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ قۇلىقىمدىن كەتمەيتتى، مېنى ئويغا سالاتتى، خىجىل قىلاتتى، ئۆكۈندۈرەتتى.

**ئۆكۈنمەك** پ. بىرەر نەرسىدىن ياكى ئىشتىن قاتتىق پۇشايمان يېمەك، پۇشايمان قىلماق، ئەپسۇسلانماق؛ ئېچىنماق، نادامەت چەكمەك: ئۇ ئېمتىھانغا كېچىكىپ قالغىنىغا بەكمۇ ئۆكۈندى. * مەن ئۆمرۈمنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۆكۈنمەن. * ئادىل چولپاننى ئالدىراپ رەنجىتىپ قويغىنىغا ئۇچۇن قاتتىق ئۆكۈندى ۋە ئۇنى چاقىرىپ ئەپۇ سورىماقچى بولدى.

**ئۆكۈنۈشمەك** «ئۆكۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز بۇ ئىشتىن قاتتىق ئۆكۈنۈشتۇق. * ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆمرىنىڭ بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكىنىگە بەكمۇ ئۆكۈنۈشتى.

**ئۆگە** ئى. تارس. دانىشمەن، ئاقىل: شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئوردا ئۆگىلىرى ئوردىدىن ھەيدىلىشكە، ئىشتىن چەتلىتىلىشكە ئۇچرىدى. باتۇرمۇ چەتكە تېپىلگەن چېرىك باشلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

**ئۆگەتمەك** پ ① بىركىمگە بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىش ئۇسۇلىنى، يولىنى، بىرنەرسىنىڭ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ قائىدە-قانۇنىيىتىنى چۈشەندۈرمەك، بىلدۈرمەك: ھۈنەر ئۆگەتمەك. ناخشا ئۆگەتمەك. ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگەتمەك. * ئۇ، ۋاقىت تاپسىلا نىجاتنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئېنگلىزچە ئاتالغۇلارنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى ئۆگىتەتتى. * مۇئەللىم بىزگە ئۆگەتتى يېڭى-يېڭى ناخشىنى. ناخشا ئېيتساق بىر ئالار ئاۋازىمىز باغچىنى. ② بىرەر نەرسىنى چۈشەندۈرمەك، سىڭدۈرمەك ۋە شۇ ھەقتە تەلىم بەرمەك، ئادەتلەندۈرمەك: ئەدەب ئۆگەتمەك. قائىدە ئۆگەتمەك. سالامغا ئۆگەتمەك. * ـــ باينىڭ قويىنى باقماي، بىرنەچچە كۈن تاشلاپ بەر، باي ئۆزى دەۋا قىلسۇن، شۇ چاغدا ئىش ئاسان بولىدۇ، ـــ دەپ، كاتىپ ئۇنىڭغا ئەقىل ئۆگىتىپتۇ. * بۇ تەربىيىچىلەر ئۆزلىرى ئۆگىنىۋالغان نەرسىلەرنى باشقىلارغا ئۆگىتىپ قويۇشنى ئاساسىي پرىنسىپ قىلىدۇ. ③ يول كۆرسەتمەك، ئېيتماق: ـــ مەن نېمە، مەن نېمە قىلىپتىمەن؟ ـــ دېدى يۈسۈپ چوڭ بوغۇلۇپ، ـــ مەن ئۇنىڭغا ئېشىكىڭنى سات دەپ ئۆگەتتىممۇ؟ * قىزغا ئاتام: «سەن ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلىغان كىشى بولۇپ يات! قەمەرۇززامان سېنى ئويغاتسا، كۆزۈڭنى ئاچمىغىن! ساڭا ئۇ نېمە دېسە ئەتىلىككە ئۇنى ماڭا تولۇق ئېيتىپ بەر!» دەپ ئۆگىتىپ كىرگۈزۈپتۇ.

**ئۆگەنچى** سۈپ. يېڭىدىن ئۆگىنىۋاتقان، تېخى خام: بولۇپمۇ ئۆگەنچى چالغۇچىلار ئۇ خىل ئۆلچەمسىز ياسالغان چالغۇلارنى ئىشلەتمەسلىكى لازىم.

**ئۆگەنمەك** پ ① بىرەر ئىش-ھەرىكەت قىلىش يولى، ئۇسۇلى ۋە بىلىم، تەجرىبە، ماھارەت قاتارلىقلارنى ئۆزلەشتۈرمەك، ئىگىلىمەك: ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگەنمەك. تېخنىكا ئۆگەنمەك. ئىلىم ئۆگەنمەك. ئەرەبچە ئۆگەنمەك. ماھارەت ئۆگەنمەك. ماتېماتىكا ئۆگەنمەك. ② دىققەت ۋە ئىنچىكىلىك

بىلەن كۆزىتىپ تەكشۈرۈپ ياخشى بىلمەك، چۈشىنىپ يەتمەك، چۈشىنىۋالماق: جەمئىيەتنى ئۆگەنمەك. تۇرمۇش ئۆگەنمەك. ③ ئىلمىي تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىنىڭ نېمىلىكىنى، خاراكتېرىنى، تەبىئىيتىنى بىلمەك، تەتقىق قىلماق: ئۇيغۇر شېۋىلىرىنى ئۆگەنمەك. * ئۇ شىنجاڭغا چىقىپ ئىشلىگەن تۆت يىلنىڭ مابەينىدە تىلنىلا ئەمەس، يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ-ئادىتىنىمۇ پۇختا ئۆگەنگەن ئىكەن. ④ ئۆرنەك قىلماق، ياخشى دەپ قارالغان تەرەپلىرىنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلماق، ئۈلگە ئالماق: بىز ئۇلارنىڭ روھىدىن ئۆگىنىمىز. * پۈتۈن مەملىكەت خەلقى ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدۇ. * — بىزمۇ قوغۇن يېدۇق دەپ يۈرۈپتۇق، قوغۇننى شاپىقى بىلەن قوشۇپ يېيىشنى سىلەردىن ئۆگەنسە بولغۇدەك، — دەپتۇ ئەپەندىم. ⑤ بىرەر نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەت بىلەن دائىم شۇغۇللىنىدىغان بولۇپ قالماق، ئۇنىڭغا ئادەتلەنمەك، كۆنمەك: يالغۇزلۇققا ئۆگەنمەك. * ئۇ ھەرقايسى بالىنىڭ ئۆزىگە خاس مىجەزىگە يارىشا مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەندى. * ئاخىرى مەن ئۆگىنىپ قالغان بۇ يەردىنمۇ كېتىش قارارىغا كېلىپ تەستە ئايرىلدىم.

**ئۆگەي** سۈپ ① ئالدىدىكى بالىلارنىڭ ئۆز ئاتا ياكى ئانىسى ئەمەس (بالىلارغا نىسبەتەن): ئۆگەي ئاتا. * — ھە!... ئاشۇ ئايال ئۆزلىرىگە ئۆگەي ئانا بولىدىكەن-دە، — دېدىم مەن سۆز قىستۇرۇپ. * ۋاي-ۋاي پاشىنىڭ دەردى، ۋاي-ۋاي كانىنىڭ دەردى. شۇنىچىمۇ يامان ئىكەن، ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى. ② ھازىرقى ئالدىدا تۇرۇۋاتقان بالىلارنى ئۆزى تۇغمىغان (ئاتا ياكى ئانىغا نىسبەتەن): ئۆگەي ئوغۇل. ئۆگەي قىز. * جامى ئەمدى كېلىنى بىلەن بەش ياشلىق ئۆگەي بالىسىنىڭ تامىقىغا چىدىمىدى. چۈنكى، كېلىنىنىڭ تاپقان پۇلى يېگىنىگە يەتمەيتتى. * — بۇ ئۆگەي بالاڭنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭ، ئېرىڭدىن قالغان بايلىق بىزگە ئۆگچە قالسا! — دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. ③ بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان ياكى بىر ئاتىدىن بولمىغان، ئانىسى ياكى ئاتىسى باشقا (پەرزەنتلەر بىر-بىرىگە نىسبەتەن): نەچچە قېتىم ئۆلۈپلا تۇگىشەي دەپ ئويلىدىم. ئۆگەي بولسىمۇ يەنە شۇ ئىنىمغا تارتىشىپ، دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ كەلدىم. * مانا بۇ ئۆگەي سىڭىللىرىمنىڭ ئۆيىگە كەلدىم، ئۇنىڭ يېنىدا ئەنە شۇ ئىككى قارا ئىت تۇرغانىكەن. ④ كۆچمە. يات: باشقا يۇرتتىن كەلدى دەپ ئۆگەي كۆرۈپ قالارمۇ.

**ئۆگەي ئانا** ئانىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن دادىسى قايتا توياشقان ئانىسى.

**ئۆگەي دادا** دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئانىسى قايتا توياشقان دادىسى.

**ئۆگەي-چۆگەي** ئۆگەي ۋە شۇ قاتارلىق.

**ئۆگە يىسىنمەك** پ. ئۆگە يلىك ھېس قىلماق، ئۆگەي كۆرمەك، ئۆگەي ھېسابلىماق: بالا ئۆگە يسىنىپ قاندى.

**ئۆگە يىسىنىشمەك** «ئۆگە يسىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆگە يلە شمەك** «ئۆگە يلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆگە يلە نمەك** «ئۆگە يلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: لېكىن ئۇ سېنى جېنىدىن ئەزىز كۆرگەچكە، ئۆگە يلىمىسۇن دەپ باشقا ئۆيلەنمىدى. * ئادىل پىئونېرلار تەشكىلى تەرىپىدىن «ئوكچىنىڭ ئوغلى» دەپ ئۆگە يلىنىپ يەنە قالدۇرۇپ قويۇلدى.

**ئۆگە يلىك** ① «ئۆگەي» سۆزىنىڭ ئىسىم

شەكلى: ئۆگە يلىك .قىلماق. * چىققان لايىقلارنىڭ بىرى ئۇرۇشقاقمىش، دىل ئازارى تارتمەنمىكىن، بەزىسى بالىسى باركەن، بالامنى پاتقۇزماسمىكىن، ئۆگە يلىك قىلارمىكىن دەپ ئۇنىماي قوياتتى. ② ياتلىق: ئۇنىڭ يىغىسى بۇ گۇناھكار دۇنيانىڭ رەھىمسىز ئۆگە يلىكى ئۈستىدىن قىلغان شىكايىتى، كۆتۈرگەن نالە-پەريادى ئىدى.

**ئۆگە يلمەك** پ. ئۆگەي كۆرمەك، ئۆگەي ھېسابلىماق، يات قاتارىدا ھېسابلىماق، يەكلىمەك: بالىنى ئۆگە يلىمەك. * ـــ ئالتۇن باشلىق ئاتاڭ بىلەن قالغۇچە، پاخما باشلىق ئاناڭ بىلەن قال دەپتىكەن، ـــ دېدى چولپانخانغا ئانا گەپ قىستۇرۇپ، ـــ ئۆز ئاتىسغا بىرنۆۋەتەي دېسە خوتۇنىنىڭ ئۆگە يلىشىدىن قورققاندۇ. * دادام ئۆي ئاۋارىچىلىقىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۆيلەنمەكچى بولدى. كىشىلەرنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن باللارنى ئۆگە يلمە يدۇ، دەپ رېھىمخان دېگەن پالكۆز بىر خوتۇننى ئالدى. * ـــ بۇ بۆلۈمدىكىلەرنىڭ مېنى ئۆگە يلە يدىغانلىقىنى بىلمەن، ئەمما كېرەك يوق، ھازىر بۇنىڭغىمۇ كۆنۈپ قالدىم، ـــ دېدىم مەن ئۆز-ئۆزۈمگە.

**ئۆگزە** ئى ① ئۆي-ئىمارەت تورۇسىنىڭ ئۈستى يۈزى، ئىمارەتنىڭ تۆپىسى: ئۆينىڭ ئۆگزىسى. * ھازىر ئىمارەتنىڭ تاملىرى پۈتۈپ، ئۆگزىسىگە ياغاچ چىقارغۇدەك بولۇپ قالدى. * بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ سۆيگەن يىگىتى سەلەيمۇ بالىخانىنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ ئۆز يارىنىڭ سۆيۈملۈك دىدارىنى ئىزلەيتتى. ② ئومۇمەن بىرەر جاينىڭ ئەڭ ئېگىز يېرى؛ تۆپە: پامىر جاھاننىڭ ئۆگزىسى دەپ ئاتىلىدۇ. * زاڭزۇلار دۇنيانىڭ ئۆگزىسى شىزاڭدا ياشايدىغانلىقىغا پەخىرلىنىدۇ.

**ئۆگزىسمان** سۈپ. شەكلى ئۆگزىگە ئوخشايدىغان، ئۆگزە شەكىللىك: قىزىلمارالنىڭ يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ، سەل-پەل ئۇدۇل ئۆسىدۇ. چەكسىز ئۆگزىسمان رېتى ئۇچىدا بولىدۇ. گۈلنىڭ رەڭگى سېرىق، غۇنچە شەكىللىك مېۋىسى پىشقاندا بەش پارچىغا يېرىلىدۇ.

**ئۆگزىسمان گۈل رېتى** < بوت > گۈل رېتىنىڭ بىر تۈرى. تۆۋەن تەرەپتىكى گۈللىرىنىڭ سېپى بىرقەدەر ئۇزۇن، ئۈستى تەرەپتىكى گۈللىرىنىڭ سېپى قىسقا بولۇپ، بارلىق گۈللەر بىر تەكشىلىكتە تۇرىدۇ. مەسىلەن، ئالما، نەشپۈت، دولانەنىڭ گۈل رېتى.

**ئۆگزىلىك** سۈپ. ئۆگزىسى بار، ئۆگزىسى بولغان: ئۇلار كىچىك سېپىلگە ئوخشاپ كېتىدىغان دۆگىلەك تامنىڭ ئىچىدە تىزىلىپ قىزىل ئۆگزىلىك ئىمارەتلەرنى كۆردى.

**ئۆگسۈز** دىئال ① سۈپ. يېتىم، ئاتا-ئانىسى يوق. ② ئى. تەمترەپ قالغان ئادەم، تەمترەپ يۈرگەن كىشى.

**ئۆگۈن** رەۋ. سۆزلەۋاتقان پەيتتە ئۆتۈۋاتقان كۈننىڭ ئەتىسىدىن كېيىنكى كۈن يەنى ئەتىدىن كېيىنكى بىر كۈن: بۈگۈن ئۈنىمسا ئەتە ئۈنا، ئەتە ئۈنىمسا ئۆگۈنگۈ ئۈنا. * تاغ ئاغزى گەرچە ھازىر تىپتىنچ تۇرغان بىلەن ئەتە ياكى ئۆگۈن گومىنداڭنىڭ ئاساسىي كۈچى بۇ يەردە بولۇشى مۇمكىن.

**ئۆگۈنكى** سۈپ. ئۆگۈن بولىدىغان، ئۆگۈن يۈز بېرىدىغان، ئۆگۈنلۈك: ئۆگۈنكى ئىش. ئۆگۈنكى ئەمگەك.

**ئۆگۈنلۈك** سۈپ. ئۆگۈن بولىدىغان، ئۆگۈن قىلىنىدىغان، ئۆگۈن يۈز بېرىدىغان، ئۆگۈنگە ئاتاپ قويۇلغان: ئۆگۈنلۈك ئىش. ئۆگۈنلۈك تاماق. * بۈگۈنكى ئىشنى بۈگۈن، ئەتىكى ئىشنى ئەتە، ئۆگۈنلۈك ئىشنى ئۆگۈن قىلىش كېرەك.

**ئۆگۈنلۈككە** رەۋ. ئۆگۈنكى كۈندە، يەنى ئەتىدىن كېيىنكى كۈندە، ئۆگۈن: بۈنىڭغا هازىر، ئەتە ياكى ئۆگۈنلۈككە جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلغىلى بولمايدۇ... * — شۇنداق قىلىپ ئۆگۈنلۈككە مەئىشەتكە ئۆتمەن دەملا؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

**ئۆگتەي** ئى < تارىخ > چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى.

**ئۆگتەي خانلىقى** < تارىخ > چىڭگىزخاننىڭ ئۈچىنچى ئوغلى ئۆگتەي قۇرغان خانلىق. بۇ خانلىققا بۆلۈنگەن يەرلەر ئېرتىش دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىمى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ شەرقىدىكى جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پايتەختى ئىمىل شەھىرى (هازىرقى شىنجاڭنىڭ ئىمىل ناهىيىسى). ئاهالىسى كۆچمەن چارۋىچىلىق بىلەن تۇرمۇش كەچۈرۈپ كەلگەن. بۇ خانلىق كېيىن چاغىتاي خانلىقىغا قوشۇلۇپ كەتكەن.

**ئۆگتىشمەك** «ئۆگەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆگتىلمەك** «ئۆگەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: شۇندىن كېيىن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆگىتىلگەن هەربىي ئاتلىرىنى ياتقۇزۇپ، ئاتلارنىڭ دالدىسىدا ئوق ئۈزدى. *— هە، ئۇنىڭ كالىلىرى شۇنداق ئۆگىتىلگەن، — دېدى دۈيجاڭ خاتىرجەم هالدا.

**ئۆگىنىش** «ئۆگەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئۆگىنىش قىلماق. * مەكتەپتە ئۆگىنىشلەر باشلىنىپ ساۋاقداشلار ئىچىدە ئالدىراشچىلىق باشلىنىپ كەتتى. * ئۇ، مەن بىللە قىزىل گالستۇك تاقىغان ھەمدە بىزنىڭ ئۆگىنىش باشلىقىمىز بولغانىدى.

**ئۆگىنىش قىلماق** ئۆگىنىش پائالىيىتىنى ئېلىپ بارماق: ئوقۇغۇچىلار قىرائەتخانىدا ئۆگىنىش قىلىۋاتىدۇ. * ئىشچى-خىزمەتچىلەر هەرھەپتىنىڭ ئۈچى چۈشتىن كېيىن ئۆگىنىش قىلىدۇ، باشقا ۋاقىتلاردا بولسا ئىشلەيدۇ.

**ئۆگىنىشمەك** «ئۆگەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىدارىدىكى ياشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئېلىش ئۈچۈن بەس-بەس بىلەن رۇس تىلى ئۆگىنىشتى. * قىز بۇنى «ھۇدۇقۇقانلىقىدىن بولغان ئىش» دەپ يىگىتنى ئوبدان كۈتۈپتۇ، يىگىتمۇ قىزنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپتۇ، ئىككىيلەن بىر-بىرىگە ئۆگىنىشىپ قېلىشىپتۇ.

**ئۆگىنىلمەك** «ئۆگەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: كۇرستا ئاساسلىقى، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى پونكىتى دۈيلىرىنىڭ بوغالتىرلىق تۈزۈمى بىلەن مالىيە باشقۇرۇش تۈزۈملىرىگە دائىر بىلىملەر ئۆگىنىلدى. * يىغىندا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ پارتىيە ئىستىلىنى ياخشىلاش، ئىنتىزامنى كۈچەيتىش ھەققىدىكى ھۆججەتلىرى ئۆگىنىلدى.

**ئۆڭ** I ئى ① ئادەمنىڭ يۈز، چىراي، رەڭگى: ئۇلارنى ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ، قارا چاچ، 40 ياشلاردىكى خۇش خۇي بىر خانىم كۈتۈۋالدى. * بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قازىنىڭ ئۆڭى ئۆچتى ۋە قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى. ② تېرىنىڭ تۈكسىز تەرىپى: ئۆڭ جۇۋا، ئۆڭ تۇماق.

**ئۆڭ تۇماق** تېرىنىڭ تۈكسىز تەرىپىنى سىرتىغا كەلتۈرۈپ تىكىلگەن، تېشى رەخت بىلەن تاشلانمىغان تۇماق.

**ئۆڭ جۇۋا** سىرتقى يۈزى رەخت بىلەن تاشلانمىغان جۇۋا: ئۇ كىرىپلا ئۈچىسىدىكى ئۆڭ جۇۋىنى سېلىۋېتىپ ئاندىن ئوتقا يېقىنلاشتى.

**ئۆڭىدىن كەتمەك** ئۆڭى ئۆچمەك، تاتارماق، سەتلەشمەك، چىرايى بىرقىسما بولماق: ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر نامرات جۇۋان بىلەن

زەپراندەك سارغىيىپ ئۆڭىدىن كەتكەن ئىككى ئوغۇل بالا ئىرپاننىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.

**ئۆڭى ئۆچمەك** بىرەر ئىش ياكى قورقۇنچ تۈپەيلىدىن چىرايى، رەڭگى بىردىنلا بۇزۇلماق، ئۆزگەرمەك؛ تاتارماق: ئۇ ئۆڭى ئۆچكەن هالدا ئۆيگە كىرىپ كەلدى. * تۇيۇقسىز «جالاق» قىلىپ ئىشىك ئېچىلدى. ھەممە چۆچۈپ كەتتى، ئۆڭى ئۆچكەن تۇراخۇن سىنىپقا ئۇسۇپ كىردى.

**ئۆڭى يامان** بەدىنىگە جاراھەت چىقسا ياكى بىرنەرسە كېسىۋەتسە ئاسان ساقايمايدىغان؛ ئۆڭى ناچار: ئۆڭى يامان ئادەم. * ئۇ كىشىنىڭ ئۆڭى يامان، شۇڭا، بىرىيېرى يارىلانسا، تېز ساقايمايدۇ. * بوۋامنىڭ ئۆڭى يامان بولۇپ، قوللىرى دائىم، قىش-ياز يېرىق تۇراتتى.

**ئۆڭ II** ئى. ئالدى تەرەپ: ئۇ ئىش ھازىرغىچە كۆز ئۆڭۈمدىن كەتمەيدۇ. * قىزنىڭ چىرايى ھېلىمۇ كۆز ئۆڭۈمدىن كەتمىدى. * بىرزامانلار شۇبۇ يولدا ئەجدادلىرىم قىلغان سەپەر، كۆز ئۆڭۈمدىن ئۆتتى بىر-بىر بىپەك يولى بارخان بىلەن.

**ئۆڭەر** ئى. دىئال. چاپاننىڭ ئىچ-تاش پەشلىرى.

**ئۆڭتۈرتمەك** «ئۆڭتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆڭتۈرمەك** پ. ئىچىگە بىرەر نېمە قاچىلانغان نەرسىنىڭ ئاغزىنى پەسكە قاراتماق ياكى ئاغزىنى پەسكە، كۆتىنى ئۈستىگە قىلماق؛ دۈم قىلماق: چىنىنى جوزىغا ئۆڭتۈرۈپ قويماق. * ھاكىم، تاقەت قىلالماي بىكار تۇرغان بىر چىنىنى ئازراق ھاراق بىلەن چايقىۋېتىپ، ئۇنىڭغا بوتۇلكىنى ئۆڭتۈردى. * موماي نىكاھ تەييارلىقىغا كىرىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈپ، خالتىدىكى گۈرۈچنى ئۆڭتۈرۈپ يېگۈدەك قالدۇرماي پۈتۈنلەي تەڭنىگە تۆكتى.

**ئۆڭتۈرۈشمەك** «ئۆڭتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆڭتۈرۈلمەك** «ئۆڭتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ناسىرەم ئارقىغا ئۆڭتۈرۈلۈپ، بېشىنى دېزىل ماتورغا ئۇرۇۋالدى. * باي ئاكا، بالىنىڭ ئىشى چاتاق،... يېڭى ئۈستەڭ كۆۋرۈكىدە موتسىكلىتتىن ئۆڭتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ.

**ئۆڭدۈرمەك** «ئۆڭمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەھىرىمىزدە يامغۇر كۆپ ياغىدۇ، سىرلارنى يۇيۇپ كەتمىسمۇ، ئۆڭدۈرۈۋېتىدۇ.

**ئۆڭسۆرۈن** سۈپ (ئۆڭ+سۆرۈن) سۆرۈن، سەت، يېقىمسىز: ئۇنىڭ گويا بوغمىزىغا بىرنەرسە گەپلىشىپ قالغاندەك پات-پاتلا تېلىقىپ قالاتتى... يۈرىكى بولسا ئۆزىگە ئاڭلانغۇدەك گۈپۈلدەيتتى. روزىمەتنىڭمۇ قوللىرى تىترەپ، چىرايى ئۆڭسۆرۈن ئىدى.

**ئۆڭسۈل** ئى. رەڭگىروي، چىراي: ئۆڭسۈلى ئۆچمەك. * ئايتىللا كېچىسى يول بېسىپ، ساقچى ئىدارىسىگە كېلىشىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش قورقۇنچاق بىر قىزغا ئاجايىپ ۋەھىمىلىك ۋە دەھشەتلىك بولغانلىقىنى ئويلاپ، ئۆڭسۈلى ئۆزگەردى. * — ئەھۋالىڭىز دەسلەپ بۇ يەرگە كىرىپ كەلگەن ۋاقتىڭىزدىكىگە قارىغاندا خېلى كۆپ ئوڭشىلىپ قېلىپتۇ، بىھوشلۇقىڭىز يېشىلىپ، ئۆڭسۈلىڭىز بۇرۇنقىدەك تۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ، قىزنىڭ پېشانىسىگە قاراپ ۋە چېكىسىنى تۇتۇپ كۆرۈپ.

**ئۆڭسۈلى ئۆچمەك** رەڭگىرويى تاتارماق، ئۆڭى ئۆچمەك، چىرايى بىردىنلا بۇزۇلماق: سىياسىي كومىسسار رادىئوگراممىنى بىر قۇر ئوقۇپ چىقتى-دە، ئۆڭسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئېغىر سۈكۈنات ئىچىدە ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى.

* ئۇنىڭ ئۆگسۈلى ئۆچكەن بولۇپ، نېمىشقىدۇر چوڭقۇر ئازابلىق خىيال ئىسكەنجىسىدە كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

**ئۆگسۈلى يوق** ئۆگى ئۆچكەن، قورققان، ھولۇققان، تەشۋىشكە چۈشكەن: يازنىڭ بىركۈنى مەن دەريا بويىدا سەيلى قىلىپ كېتىۋاتسام ئۇدۇلۇمدىن رۇقىيە ئاچام ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ چىقىپ كەلدى. ئۇ قارا تەرگە چۈمۈلگەن بولۇپ، ئۆگسۈلى يوق ئىدى.

**ئۆگكەر** ئى. دىئال. كۆكرەكنىڭ ئىچكى قىسمى.

**ئۆگكۈر** ئى < جۇغ > تاغ، تۆپىلىك قاتارلىقلاردىكى تەبىئىي ياكى سۈنئىي يوسۇندا چوڭقۇر ئويۇلغان جاي؛ غار.

**ئۆگكۈرلۈك** سۈپ. ئۆگكۈرى بار، ئۆگكۈر شەكىلدە ياسالغان: ئوتتۇرا دېھقان ھاشىمنىڭ ھويلىسى، سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئۆگكۈرلۈك تام، سەككىز قىرلىق دۆگىلەك كىرىش ئورنى، ئارقىسى پېشايۋان، ئۆينىڭ پەنجىرىلىرى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**ئۆگكۈرمەك** پ. دىئال. دۈم قىلىپ ئارتماق.

**ئۆگگە** ئى. تارس. ئاغىنە، دوست: مېلىڭ مىڭغا يەتكۈچە، ئۆگگەڭ مىڭغا يەتسۇن (ماقال).

**ئۆگگەك** سۈپ ① ناھايىتى ئاسان ئۆگۈپ كېتىدىغان، رەڭگى پات ئۆگىدىغان: ئۆگگەك رەخت. ② كىشىگە ئۆگگىلى ئارانلا تۇرىدىغان، ئانچىكى ئىشلارغىلا ئۆگۈپ قالىدىغان، ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن كىشىگە ئۆگىدىغان: ئۆگگەك ئادەم.

**ئۆگگۈل سۈپ.** غەلىتە، بىرقىسما، بىرقانداق: — ئۆزلىرىنى ئىزلەپ، — دېدى ئۇ دۈمبىسىنى تېخىمۇ دۈمچەيتىپ، — ۋاي چىرايلىرى ئۆگگۈللىغۇ؟ تاۋىلىرى يوقمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ. * — توختى شۈجى، يېقىندىن بۇيان رۇستەمنىڭ مىجەزى غەلىتە ئۆزگىرىپ قالدى، — دېدى ئۇ بىر خىل خاۋاتىرلىق تۈيغۇ بىلەن، — گەپلىرىغۇ ئۆگگۈللا.

**ئۆگلۈك** سۈپ. ئۆگى بار: بۇغداي ئۆگلۈك يىگىت. * سادىق ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆگلۈك، كالتە بۇرۇتى بار، قىرىق بەش ياشلاردىكى بىر كىشىنى تونىدى.

**ئۆگمەك** پ ① ئەسلىدىكى رەڭگىنى يوقاتماق، ئۆزگەرمەك؛ ئۆچمەك: بۇ رەخت ئاسان ئۆگىدۇ. * شايى ياغلىقنىڭ ئىچىدە ئۆگگەن، قىزىل يۇلتۇزى بار بىر شەپكە بار ئىدى. * نۇزۇگۇمنىڭ ئۇستىدىكى ئۇزۇن ئەتلەس كۆڭلەكنىڭ رەڭگى كۈن نۇرىدا ئۆگگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن قارا چاچلىرى ساغرىسىدىن ئېشىپ چۈشۈپ تۇراتتى. ② تاتارماق، ئۆزگەرمەك، بوزۇلماق، ئاقارماق (چىراي ھەققىدە): بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز قالغان باشقا كىشىلەرمۇ، دەرھال تۆمۈر خەلپىگە قاراشقا باشلىدى. ھوشۇر ئىمامنىڭ رەڭگى ئۆگۈپ كەتتى. * شەھەر باشلىقىنىڭ كېلىدىغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلىغان قۇددۇسنىڭ چىرايى ئۆگدى.

**ئۆگۈپ-تاتىرىپ** ← **ئۆگۈپ-ئۆچۈپ**: سىنىپ ئىچىدىمۇ پات-پات ئۇنىڭ-بۇنىڭ نەرسىلىرى يوقىلىپ كېتىدىغان بولدى، بۇنداق گەپلەر چىققاندا، ساۋۇتجان ئۆگۈپ-تاتىرىپ كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالاتتى.

**ئۆگۈپ-ئۆچۈپ** چىرايى ئۆگۈپ ھەم تاتىرىپ: ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئۆگۈپ-ئۆچۈپ ھېچ ئولتۇرالماي قالدى.

**ئۆگۈر** (توغرىسى: ئۆگەر) ← **ئۆگەر.**

**ئۆلەر** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ كېلەر زامان پۈتمىگەن سۈپەتدىشى: شۇنداق قىلىپ، ئېشەك بىلەن تۆگە ئاچ قېلىپ ھېرىپ ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ قېلىپتۇ.

**ئۆلەر-تىرىلىش** ← **ئۆلەر-تىرىلىشكە قارىماي.**

**ئۆلەر-تىرىلىشكە قارىماي** قاتتىق ھېرىپ-چارچىشقا، ئېغىر جەبىر-جاپا، ئېغىر ئاقىۋەتكە قېلىشقا پەرۋا قىلماي: جېنى ئاز قالغان ئىت ئۆلەر-تىرىلىشكە قارىماي بەدەر قېچىپتۇ. * ئۆلەر-تىرىلىشكە قارىماي قېچىپ كېتىۋاتقان تىيىن ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئۆزى سەيلىگە چىققان چىمەنلىككە يېقىنراق يەردىكى يەر بېغىرلاپ ئەگرى-بۈگرى ئۆسكەن غەيرىي بىر قارىغايغا ياماشتى.

**ئۆلەر-تىرىلىشى بىلەن كارى بولماي** ← **ئۆلەر-تىرىلىشكە قارىماي:** ئۆتكەندە ئۇلار خەلقنىڭ ئاچ-يالىڭاچ قېلىپ، ئۆلەر-تىرىلىشى بىلەن كارى بولمىدى، ئەمدى كەلگۈلۈك ئۇلارنىڭ ئۆز بېشىغا كېلىۋاتىدۇ.

**ئۆلەر-تىرىلىشكە باقماي** ← **ئۆلەر-تىرىلىشكە قارىماي:** — ئۇنداق بولسا ئۆستەڭدىن ئات سەكرىتىپ، ئۆلەر-تىرىلىشكە باقماي ئات چاپقاننى نېمە دېسە بولىدۇ؟ — ئاسىم ئەبلغازىغا قاراپ قويۇپ كۆپچىلىكتىن سورىدى.

**ئۆلەرمەن** سۈپ. ئۆلەي دەپ قالغان، كۈچ-مادارىدىن كەتكەن، ئىنتايىن ئاجىز، جانسىز: ئۆلەرمەن ئادەم. ئۆلەرمەن ئات. * ئۆلەرمەن ئېشەك ئۆلتۈرۈپ تېپەر (ماقال). * ئۆلۈشتىن قورقما، ئۆلەرمەن بولۇپ ياشاشتىن قورق (ماقال). * مەن سىلەر بىلەن خۇشال خوشلىشىپ ھارۋا ئىزدەپ دەڭ-دەڭگە يۈگۈرۈپ كەتتىم. ئاخىرى بىر ئۆلەرمەن كالا ھارۋىسىنى تېپىپ، شۇنىڭ بىلەن يولغا چىقتىم.

**ئۆلەرمەنلەرچە** رەۋ. ئۆلەرمەنلەرگە خاس، ئۆلەرمەنلەرگە ئوخشاش؛ ناھايىتى جانسىز.

**ئۆلەرمەنلىك** «ئۆلەرمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**ئۆلەڭ** ئى. ناخشا؛ توي-تۆكۈندە ئېيتىلىدىغان بىر خىل خەلق ناخشىسى: يىراقتىن ئۆلەڭ ئاھاڭى ئاڭلىنىۋاتىدۇ. * ھاي-ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ، قىز كېلىدۇ يار سەنەم. * ھاي-ھاي ئۆلەڭ، ھاي ئۆلەڭ، تويلىشىڭدۇر، ئالتۇن بويلۇق گۈل يىگىت، سىردىشىڭدۇر.

**ئۆلەڭچى** ئى. ئۆلەڭ ئېيتقۇچى كىشى.

**ئۆلەي** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى 1 شەخسىنىڭ بىرلىكى.

**ئۆلەي دېمەك** قاتتىق قىينالماق، قىيىن ئەھۋالدا قالماق: ئىسسىقنىڭ دەردىدىن ئۆلەي دېدىم. * — مېھمانلارچىلىقنىڭ كۆپلۈكىدىن ئۆلەي دېدىم، پەرىدە، — دېدى كامران.

**ئۆلەي-ئۆچەي** ← **ئۆلەي-ئۆچەي دېمەك.**

**ئۆلەي-ئۆچەي دېگەندە** ھېرىپ جېنى ئاز قالغاندا، مادارىدىن كەتكەندە: تامدىن-تامغا يامىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى بىر جايدىن ئۆزىمىزنى يەرگە تاشلىدۇق. ئۆلەي-ئۆچەي دېگەندە، بىر-بىرىمىزنى يۆلەپ يۈرۈپ، خەلپە ھارۇن رەشىتنىڭ سارىيىغا كەلدۇق.

**ئۆلەي-ئۆچەي دېمەك** ھېرىپ جېنى ئاز قالماق، ماغدۇرىدىن كەتمەك.

**ئۆلەن** I (توغرىسى: ئۆلەڭ) ← **ئۆلەڭ.**

**ئۆلەن** II ئى. دىئال. خۇش پۇراق بىر خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى، ئۇنى يېگىلى بولىدۇ.

**ئۆلتۈرگۈزمەك** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ چاغدىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت چېرىك چىقىرىپ، ئىزدەپ يۈرۈپ نۇزۇگۇمنى تۇتۇپ كېلىدۇ ھەمدە ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىپ چېپىپ ئۆلتۈرگۈزىدۇ. * قۇربانىنياز خوجا مەردلىك بىلەن بۇ كالىنى ئۆلتۈرگۈزۈپ، گۆشىنى خانىقانىڭ داش قازىنىغا تاشلاتقۇزدى-دە، توختىدىن كالىنىڭ بەدىلىگە «ئاتمىش چارەك بۇغداي قەرز بولدۇم»

دەپ تىلخەت ئالدى.

**ئۆلتۈرمەك** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تورپاقنى چىمداپ ئۆلتۈرىدىغان دۈشمەننى شىپكەر بىلەن ئۆلتۈر (ماقال). * ئادەم ئۆلتۈرگەن ئادەم قولىدا ئۆلەر (ماقال). * گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بەخىرامان ھويلا ئىچىگە باش تىقىپ كىردى، ئەترەت كوماندىرى ئۇلاردىن بىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈردى. * غەزەپلەنگەن بۆرە شۇ يەردىلا ھېيلىگەر تۈلكىنىڭ ئۈچەي-قارنىنى يېرىپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

**ئۆلتۈرۈشمەك** «ئۆلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: گەۋدىلىك، كۆڭلىكى يىرتىلىپ كەتكەن بىر كىشى كىچىك چېركاۋ يېنىغا كېلىپ: ــ موسكۋادا نېمىسلارنى ئۆلتۈرۈشمەكتە! ــ دەپ ۋارقىرىدى. * ئۇ تەرەپتە، شەرقتە قاتتىق شامال پاكار-پاكار بۇلۇتلارنى ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقان تەرەپتە، ئادەملەر ھامان بىر-بىرىنى ئۆلتۈرۈشەتتى.

**ئۆلتۈرۈلمەك** «ئۆلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ بىر سوتكىلىق جەڭدە دۈشمەننىڭ 150 تىن كۆپرەك ئەسكىرى ئۆلتۈرۈلدى. * دېمەك، ئازاتگۇل ئۈچىنچى بىر شەخس تەرىپىدىن باسقۇنچىلىقتا ئۈچرىغاندىن كېيىن، قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

**ئۆلچەتمەك** «ئۆلچىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچنى ئۆلچەتمەك. يەرنى ئۆلچەتمەك.

**ئۆلچەش** ① «ئۆلچىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئەسۋابلار ئارقىلىق بوشلۇق، ۋاقىت، تېمپېراتۇرا، تېزلىك قاتارلىقلارغا ئائىت سانلىق قىممەتلەرنى بېكىتىش. ③ يەر شەكلى ۋە شەھەرلەرنىڭ ئورنىنى بەلگىلەشكىمۇ قارىتىلىدۇ.

**ئۆلچەش ئەسۋابلىرى** < فىز > ئۆلچەشتە ئى-
ـشلىتىلىدىغان قوراللار. مەسىلەن، سىزغۇچ، تارازا، ئۇزۇنلۇق ئۆلچىگۈچ، قىسقۇچ سىركۇل، بۇلۇڭ ئۆلچىگۈچ قاتارلىق.

**ئۆلچەش ئىلمى** < بن > يەر يۈزىنىڭ ھەربىر قىسمىنىڭ ئورنى، شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكىنى ئۆلچەشنى ۋە ئۇنى قەغەزگە خەرىتە قىلىپ سىزىپ چىقىشنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئۆلچەش-سىزىش** < بن > ئۆلچەش ئېلىپ بېرىش ۋە خەرىتە سىزىش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئۆلچەشمەك** «ئۆلچىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ يېنىدا يەنە سايىت قاتارلىق بىرقانچە «ئامما ۋەكىللىرى» مۇ بار ئىدى. ئۇلار يەر ئۆلچەشمەكتە ئىدى.

**ئۆلچەك** ئى. ئۆلچەم: ئۆينىڭ ئۆلچىكى بار، ئوتتۇرىسىدا كۆلچىكى بار (ماقال).

**ئۆلچەم** ئى ① نەرسىلەرنىڭ ھەجمى ياكى چوڭ-كىچىكلىكىنى بەلگىلىگۈچى نومۇر؛ رازمېر: كىيىم ئۆلچىمى. ئۆلچەمگە توشماق. ئۆلچەمنى تۆۋەنلەتمەك. ② شەيئىلەرنى ئۆلچەش ياكى ئۇنىڭغا باھا بېرىشتە تايىنىدىغان قانۇن-قائىدە، مىزان. ③ ئۆزى مۇۋاپىق دەپ قارىلىپ، باشقا شەيئىلەرنى سېلىشتۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان نەرسە ياكى شەيئى: ئۆلچەم تېشى.

**ئۆلچەم بىرلىكلىرى** شەيئىلەرنىڭ ھەجمى، چوڭ-كىچىكلىكى، ھەرىكەت ھالىتى، ئېغىرلىق ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ۋە ئومۇم تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان بىرلىكلەر. مەسىلەن، كىلو، سەر، مېتىر، سائەت، ئوم ۋە باشقىلار.

**ئۆلچەمسىز** سۈپ. ئۆلچەمگە توشمىغان ياكى توشمايدىغان، ئۆلچەم ئاساس قىلىنمىغان؛ لاياقەتسىز: ئۆلچەمسىز ئاياغ. ئۆلچەمسىز ئوق. * بۇ يەردىكى سۆھبەت شۇ چاغدا ئېلىنغان ماتېرىيال-زاپچاسلارنىڭ تىزىملىكى توغرىسىدا بولدى. ئۇنىڭدىن، «ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارنىڭ ئۆلچەمسىز بولغانلىرى كۆرۈنگەنمۇ-يوق، دەپ سوراشتى. * — بۇ ئۆلچەمسىز ماتېرىياللارنى قۇرۇلۇشقا ئىشلەتكىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

**ئۆلچەمشۇناس** ئى. ئۆلچەمشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**ئۆلچەمشۇناسلىق** ئى. ئۆلچەم سېستىمىسى ياكى ئۆلچەش ئۇسۇلى ھەققىدىكى پەن.

**ئۆلچەملەشتۈرمەك** «ئۆلچەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئالدى بىلەن كۆچەت تىكىلىدىغان يەرلەرنى تەكشى تۈزلەپ يول، ئېرىق-ئۆستەڭ بويلىرى ۋە ئورمان بەلباغلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈپ، كۆچەتلەرنىڭ سۈپەتلىك تىكىلىشىگە ئاساس ياراتتى.

**ئۆلچەملەشتۈرۈشمەك** «ئۆلچەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆلچەملەشتۈرۈلمەك** «ئۆلچەملەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاۋارلار ئۆلچەملەشتۈرۈلدى.

**ئۆلچەملەشمەك** پ. ئۆلچەمگە مۇۋاپىقلاشماق، ئۆلچەملىك بولماق.

**ئۆلچەملىك** سۈپ ① مۇئەييەن ئۆلچەمگە ئىگە بولغان، ئۆلچەم ئاساسىدا ئىشلەنگەن، ئۆلچەمدىكى: ئۆلچەملىك ئوغۇت. * ئۇنداق بولسا ناھايىتى ياخشى، ئەگەر ئۆلچەملىك رەسىمنى تەلەپ قىلساڭلار بىر پارچە بېرەي. * ئۇنىڭ ئۈستىدە ئاق كۆك كىيىم، بېلىدە كەمەر، تاپانچا، بېشىدا يالتىراق چېكىلىكى بار ئۆلچەملىك ساقچى شەپكىسى بار ئىدى. ② ئۆلچەم قىلىنغان، ئۆلچەم قىلىپ بەلگىلەنگەن: ئۆلچەملىك ۋاقىت. * گىرىنۋىچ ۋاقتى ئۆلچەملىك ۋاقىت بىرلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ئۆلچەملىك ئاتموسفېرا** < مېتېئور > ئاتموسفېرانىڭ تېمپېراتۇرا بېسىمى بىلەن زىچلىقىنىڭ ئىدېئال تىك تارقىلىشى. مۇشۇنداق تارقىلىشنى كۆرسىتىدىغان ئاتموسفېرا ئۆلچىمى ھاۋا بېسىمى ئالمېتىرنى توغرىلاش، ئايروپىلاننىڭ ئىقتىدارىنى ھېسابلاش، ئايروپىلان ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبىنى لايىھىلەش ھەم ئوق يولى جەدۋىلىنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ. ئۆلچەملىك ئاتموسفېرادىكى ھاۋا ئىدېئال گاز قانۇنى ۋە ئاقار جىسىم ستاتىكىسى تەڭلىمىسىگە بويسۇنىدۇ دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. قانۇن ۋە تەڭلىمىلەر تېمپېراتۇرا، ھاۋا بېسىمى ۋە زىچلىقنىڭ تىك يۆنىلىشتىكى ئۆزگىرىشنى كۆرسىتىدۇ، شۇنىڭدەك تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ھاۋادا پار يوقلۇقىنى ھەم ئۇنىڭ ئېغىرلىق كۈچ تېزلىنىشىمۇ ئېگىزلىككە ئەگىشىپ ئۆزگەرمەيدۇ دەپ پەرەز قىلىنىدۇ.

**ئۆلچەملىك تىل** < تىل > مىللىي ئورتاق تىلنىڭ پىششىقلانغان، قېلىپلاشتۇرۇلغان شەكلى، يەنى ئەدەبىي تىل.

**ئۆلچەملىك دېتال** < ماشىن > ← **ستاندارتلىق دېتال.**

**ئۆلچەملىك قارشىلىق** < فىز > ئېلېكتر سايمانلىرىنى توغرىلاشتا ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس ياسالغان ئېلېكتر قارشىلىقى قۇرۇلمىسى. ئۇ تۇچ، مانگانلىق مىس قاتارلىق قېتىشمىلاردىن ياسىلىدۇ. ئۇنىڭ

قارشىلىق قىممىتى ئالدىن ئۆلچەپ بېكىتىلگەن، توك ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىنمۇ ئۆزگەرمەيدۇ.

**ئۆلچەملىك مىقدار** < گېئول > ھازىرقى تېخنىكا ۋە ئىقتىساد شارائىتىدا، سانائەتتە ئىشلىتىشكە يارىغۇدەك ئېرىشكىلى بولىدىغان ئەڭ ... — 

**ئۆلچەملىك ۋاقىت** < ئاستر > ① بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك ۋاقىت رايونى ئىچىدىكى ھەرقايسى جايلار ئورتاق ئىشلىتىدىغان ۋاقىت. ئادەتتە بۇ ۋاقىت رايونى ئوتتۇرىسىدىكى مېرىدىئاننىڭ ۋاقتى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ② بىر دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئورتاق قوللىنىدىغان ۋاقىت. ئادەتتە پايتەخت تۇرۇشلۇق ۋاقىت رايونىنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى ئاساس قىلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۆلچەملىك ۋاقتى (بېيجىڭ ۋاقتى) شەرقىي 8-ۋاقىت رايونىدىكى ئۆلچەملىك ۋاقىت بولۇپ، نۆل گرادۇسلۇق باش مېرىدىئان جايلاشقان مەركىزىي ۋاقىت رايونىدىن سەككىز سائەت ئىلگىرى تۇرىدۇ.

**ئۆلچەملىك ۋاقىت رايونى** < ئاستر > مېرىدىئان سىزىقى يەر يۈزىنى ئوخشاش 24 بۆلەككە بۆلىدۇ. بۇ ھەربىر بۆلەك ئارىسى 15° بولۇپ، بىر ئۆلچەملىك ۋاقىت رايونى ھېسابلىنىدۇ. 0° لۇق مېرىدىئان سىزىقىنى مەركىزىي سىزىق قىلغان رايون نۆلىنچى ۋاقىت رايونى دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي مېرىدىئان 15°، 30°... 165° لارنى مەركىزىي سىزىق قىلغان ۋاقىت رايونلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا شەرقىي 1-ۋاقىت رايونى، شەرقىي 2-ۋاقىت رايونى... شەرقىي 11-ۋاقىت رايونى دەپ ئاتىلىدۇ. غەربىي مېرىدىئان 15°، 30°... 165° لارنى مەركىزىي سىزىق قىلغان ۋاقىت رايونلىرى ئايرىم-ئايرىم ھالدا غەربىي 1-ۋاقىت رايونى، غەربىي 2-ۋاقىت رايونى... غەربىي 11-ۋاقىت رايونى دەپ ئاتىلىدۇ. شەرقىي مېرىدىئان 180° (ياكى غەربىي مېرىدىئان 180°) نى مەركىزىي سىزىق قىلغان ۋاقىت رايونى شەرقىي 12-ۋاقىت رايونى (ياكى غەربىي 12-ۋاقىت رايونى) دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆزئارا قوشنا بولغان ئىككى بۆلەك ئۆلچەملىك ۋاقىت رايونلىرى ئوتتۇرىسىدا بىر سائەتلىك پەرق بولىدۇ. مەسىلەن، شەرقىي 1-ۋاقىت رايونى نۆلىنچى ۋاقىت رايونىدىن بىر سائەت ئىلگىرى؛ غەربىي 1-ۋاقىت رايونى نۆلىنچى ۋاقىت رايونىدىن بىر سائەت كېيىن تۇرىدۇ.

**ئۆلچەمنەك** «ئۆلچەمەك» نىڭ پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دۇنيادا مۇھەببەتتىن ئۇلۇغ نەرسە بولمىسا كېرەك، ئۇنىڭ پاكلىقى ۋىجدان بىلەن ئۆلچىنىدۇ. * پەزىلەتلىك ئىنساننىڭ، ئۆلچىنىدۇ نېمىدە؟ پەزىلەتلىك ئىنساننىڭ ـ ئەلنى سۆيگەن قەلبىدە.

**ئۆلچىگۈچ** ئى. ئۆلچەش ئەسۋابلىرى يەنى سىزغۇچ، سېركۇل، پەركا، تارازا، ئۆلچىگۈچ قاتارلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**ئۆلچەمەك** پ ① بىرەر ئۆلچەش ئەسۋابى بىلەن نەرسىلەرنىڭ ئۇزۇنلۇقى، چوڭ-كىچىكلىكى، ئېغىرلىقى، ھەجمى ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئېنىقلىماق: سۇنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەمەك. پاختىنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەمەك. * يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس (ماقال). * سايەڭگە قاراپ بويۇڭنى ئۆلچەمە (ماقال). * ــ سىز ئاۋۋال ئۆلچەپ كۆرۈڭ،

بىر غېرىچ كەم ياكى بىر غېرىچ ئارتۇق چىقسا يەنە مەن بار، — دەپتۇ ئەپەندىم. ② كۆچمە. بىرەر مەسىلە ھەققىدە ئەتراپلىق مۇلاھىزە يۈرگۈزمەك، ئۇنىڭ پايدىلىق ياكى زەرەرلىك تەرەپلىرىنى ھېسابقا ئالماق؛ مۆلچەرلىمەك: سابىر، قاسىمنىڭ پىكرىنى ئۆلچەپ كۆرۈۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ ئويلىنىپ تۇردى-دە، قاسىمغا قارىدى.

**ئۆلكە** I ئى. مەمۇرىي رايونلارنى بۆلۈش بىرلىكى، مەركەزگە بىۋاستە قارايدۇ.

**ئۆلكە** II سۈپ. ئېرىق، ئۆستەڭ سۈيى بىلەن تېرىلىدىغان، كۆكەرتىلىدىغان: ئۆلكە يەر.

**ئۆلكە يەر** يىلدا تېرىلىدىغان، ئېرىق-ئۆستەڭ سۈيى بىلەن كۆكەرتىلىدىغان يەر، زىرائەت ئېتىزلىرى: سۈيىنىڭ شۇنچە كۆپ بولغانلىقىغا قارىماي، بۇ يېزىنىڭ ئۆلكە يەرلىرى ئاز، بىنەملىرى كۆپ، بوز يەرلىرى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئەمما ئېچىلمىغان بىنەملىكلەر تېرىلىدىغان يېرىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**ئۆلكىلىك** سۈپ ① ئۆلكىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، ئۆلكە دەرىجىلىك: خەتنىڭ ئاخىرىغا شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى ۋە باش قوماندان جىڭ شۇرېن دەپ ئىمزا قويۇلغانىكەن. ② ئۆلكىگە قاراشلىق، ئۆلكە قارمىقىدىكى: ئۆلكىلىك دارىلمۇئەللىمىن. * بىز تەڭ كېلەلمەي ئاخىرى ئۆلكىلىك ھەربىي شتاپتىن ئەسكەر تەلەپ قىلدۇق.

**ئۆلگەن** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئۆلگەن تىل.

**ئۆلگەن تىل** < تىل > ھازىرقى دەۋردە ئالاقە قورالىلىق رولىدىن قېلىپ قالغان تىل. مەسىلەن، قەدىمكى خوتەن قاتارلىق جايلاردا ياشىغان ساكلار قوللانغان ساك (قەدىمكى خوتەن) تىلى، لاتىن تىلى قاتارلىقلار.

**ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇماق** ئىشتىن بۇرۇن چارە-ئامال قىلماي، ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئامال ئىزلىمەك: ئۆلگەندىن كېيىن ياسىن ئوقۇشنىڭ پايدىسى يوق. يولنى تېپىپ كېتىشەلىسىلا مەيلىغۇ، زاھىتمۇ يامان بالا ئەمەس.

**ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ** ھازىردارلارنى سەۋر قىلىشقا ئۈندەپ، تەسەللى بەرگەندە ئېيتىلىدىغان سۆز: ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ، سەۋر قىلىڭ بالام. * ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولامدۇ، ئاخىرىغىچە مۇشۇنداق بويتاق ئۆتۈپ كېتەلەمسەن؟

**ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار** ھاياتلا بولسا، كۈتكەن مەقسەتكە يېتىشكە بولىدىغانلىقىغا، ئۈمىدۋار بولۇشقا ئۈندەپ ئېيتىلىدىغان سۆز: ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار، ھازىرغىچە ئۆلمەپتىمەن، يورۇق كۈننى بىر كۆرسەم دەيمەن.

**ئۆلگۈچى** ئى. ئۆلگەن كىشى: كىشىلەر ئەپەندىمدىن ئۆلگۈچىنىڭ نامىزىنى چۈشۈرۈپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلسا، ئەپەندىم ئۇنىماپتۇ. كىشىلەر: — نېمىشقا ناماز چۈشۈرۈشنى خالىمايسىز، — دەپ سوراپتۇ.

**ئۆلگۈدەك** رەۋ. ناھايىتى، ناھايىتى بەك، ئىنتايىن؛ قاتتىق: ئۆلگۈدەك قورقماق. ئۆلگۈدەك ئۇسساپ كەتمەك. * نۇر بىلەن غۇنچە بىر-بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرىدۇ. * ئۇ ھېلىقى كۈنى ئۆلگۈدەك مەست بولغىنى ئۈچۈنمۇ رەپىق ئۇنىڭغا ياشىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى. * ئاخشام شۇنداق پەيزى ئولتۇرۇش بولدىكى، ئۆلگۈدەك ئىچىۋېتىپتىمەن.

**ئۆلگۈر** سۈپ. بىركىم ياكى نەرسىگە نىسبەتەن نارازىلىقنى، نەپرىتىنى ئىپادىلەيدىغان،

« ئۆلۈمگە لايىق، ئۆلۈشكە تېگىشلىك » دېگەن مەنىلەردىكى قارغىش سۆزى: مەن ئۇنى «ئۆلگۈر دەججال! يەنە جېدەل قىلىدىغان بولساڭ، قاماپ قويىمەن!» دەپ قورقۇتۇپ قويغانىدىم. // — ۋىيەي ئۆلدۈم… مۇنۇ ئۆلگۈرنى زېرەككەن دېسەم، قىپقىزىل ساراڭ ئىكەنغۇ، — دەپ ۋارقىراپ كوچىغا چىقىپ كېتىپتۇ دېدەك. * سورىسا سوراق، ئىچكىنىم هاراق، چالغىنىم تەمبۇر، جىم ئولتۇر ئۆلگۈر.

**ئۆلمەس** ① «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى. ② ئۆلمەيدىغان: ئۆلمەس ئاغرىق، چىقماس جان (ماقال). * ئادەملەر ئەسەر سەۋەبى بىلەن ئۆلمەس. ئادەملەرگە ئايلىنامدۇ ياكى ئەسەر. ئادەملەر سەۋەبى بىلەن ئۆچمەس ئەسەرگە ئايلىنامدۇ؟ ③ كىشىلەر خاتىرىسىدە دائىم ساقلىنىدىغان، ئۇنتۇلمايدىغان، هەمىشە تىلغا ئېلىنىدىغان؛ ئۆچمەس: ئۆلمەس ئەسەر. ئۆلمەس كەشپىيات. ئۆلمەس ئەپسانىلەر. * خەلق ئازادلىق يولىدا قۇربان بولغانلارنىڭ ئۆلمەس تۆهپىسىنى قىممەتلىك روهىنى قەدىرلەيدۇ. * بىز ئۇلارنىڭ ئۆلمەس روهىدىن ئۆگىنىمىز. ④ ئۆز قەدىر-قىممىتىنى يوقاتمايدىغان، ئۆز قەدىر-قىممىتىنى مەڭگۈ ساقلايدىغان، هەمىشە كېرەك بولىدىغان: ئۆلمەس بۇيۇم. ئۆلمەس مال. ئۆلمەس نەرسە. * زەگەرچىلىك دېگەن ئۆلمەس هۈنەر. * بامبۇكتەك ئىچى كاۋاك بولماي، پاتاڭدەك چىدامىلىق، چوغدەك قىزغىن بولغاندىلا، هەقىقىي ئۆلمەس سەنئەت يارىتقىلى بولىدۇ.

**ئۆلمەك** پ ① هاياتى تۈگىمەك، ياشاشتىن توختىماق، قازا قىلماق؛ هالاك بولماق: يېتىپ ئۆلگۈچە، ئېتىپ ئۆل (ماقال). * ئاتاڭ ئۆلسە ئۆلسۇن، ئاتاڭنى كۆرگەنلەر ئۆلمىسۇن (ماقال). * ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك (ماقال). * هاكىمجان بەش ياشقا كىرگەندە ئانىسى ئۆلۈپ، دادىسىنىڭ قولىغا قالدى. * باغرى ئالا قارلىغاچنىڭ خېتى بويىندا. ئارمىنىم يوق گۈزەل يارنىڭ ئۆلسەم قويىندا. ② يوق بولماق، يوقالماق، تۈگىمەك، تۈگەشمەك، نابۇت بولماق: يەرلەر شورلىشىپ كېتىپ زىرائەتلەر ئۆلدى. * نۇرغۇن ۋاقتىم ئۆلدى. * ئەزالار مۇزاكىرىلىشىپ ئاخىرى يەتتە يۈز مو يەردىكى ئۆلۈش ئالدىدا تۇرغان بۇغداينى بۇزۇپ، شال تېرىشنى قارار قىلدى. ③ كۈچىدىن، رولىدىن قالماق؛ ئىمكان قىلىنماق: كىنو بىلىتى ئۆلدى. * ئەگەر پاختا، ئاشلىق بېلەتلىرى مۇشۇ يىلنىڭ ئاخىرى ئىشلىتىلمىسە ئۆلىدۇ. ④ ئىناۋىتى، ئەهمىيىتى تۈگىمەك: شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئەمگىكىم ئۆلدى. * ئاشپەزچىلىك دېگەن ئۆلمەيدىغان هۈنەر. ⑤ ئۆز خۇسۇسىيىتىنى، سۈپىتىنى قەدىر-قىممىتىنى يوقاتماق؛ ئىشلەتكىلى بولمايدىغان هالەتكە كەلمەك، چۈشۈپ قالماق: ئۆلگەن ئېلېكتر مېيى. ئۆلگەن هاك. ⑥ ناهايىتى قاتتىق يېرىلمەك، ئۆزىنى ئۇرماق: بالىلار كىنو دېسە ئۆلۈپ بېرىدۇ. * ئۇ بالىسى ئۈچۈن ئۆلۈپ بېرىدۇ.

**ئۆل دېسە ئۆلىدىغان، تىرىل دېسە تىرىلىدىغان** ئاشۇ ئادەمنىڭ، باشلىقنىڭ دېگىنىنى ئۆز ئەينى، ئېيتقىنىنى-تېمىنىنى ئىجرا قىلىدىغان، ئاشۇ كىشى نېمە دېسە شۇنى قىلىدىغان، قۇللارچە ئىتائەتمەنلىك قىلىدىغان؛ قۇلدەك ياۋاش: ئۇ، باشلىق ئۆل دېسە — ئۆلىدىغان، تىرىل دېسە —تىرىلىدىغان ئادەم، شۇڭا باشلىق يېنىغا چاقىرسا، خوش — خوش دەپلا تۇرىدۇ.

**ئۆلدىگە چىقارماق** ئۆلدى دەپ هېسابلىماق، ئۆلدى دەپ قارىماق، ئۆلگەن دەپ گەپ

ئارقاتماق: سىز ئۆزىڭىزچە ئۇنى ئۆلدىگە چىقارماقچىمۇ؟ * — سىز، ماشىنىنىڭ تۇمشۇقىغا بىرنەرسە تىقىۋېتىپ ئۆلدىگە چىقاردى، دېسىڭىز، — رەيھانەم ئاۋازىنى ناھايىتى مۇلايىم چىقىرىشقا تىرىشىپ سورىدى.

**ئۆلسە كۆزى يۇمۇلماسلىق** قىلىدىغان ئىشلىرىنى تېخى قىلىپ بولالماي ئارمان بىلەن ئۆلۈپ كەتمەك، ئارماندا ئۆلمەك: — بالام، سېنى ئۆيلەپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولغۇنۇڭنى كۆرمەي، ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم يۇمۇلمايدۇ، — دېدى ئانا.

**ئۆلسە مۇ دەردىم چىقمايدۇ** قارشى تەرەپنىڭ قىلغان-ئەتكەنلىرى ئۈچۈن ئارتقان دەرد-ئەلەملىرى دەستىدىن زادىلا كەچۈرگۈم كەلمەيدۇ: ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرى شۇنچە كۆپكى، ئۆلسە مۇ دەردىم چىقمايدۇ.

**ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟** خەتەرگە قارىمىغانلارغا، خەتەرگە تەۋەككۇل قىلغانلارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ: چېرىكلەر بولسا، ھېچكىمنى يېنىغا كەلتۈرمەيتتى. يېقىنلاشقانلارغا قىلىچلىرىنى شىلتىپ «ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ؟» دەپ ھەيۋە قىلاتتى.

**ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز** سەپەرگە چىققانلارغا قارىتا ئېيتىلىدىغان تىلەك: بولدى! گەپنى ئاز قىل، ئۆتۈپ كەت! ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز.

**ئۆلمىسەك كۆرۈشىدىكەنمىز** ئۇزاق يىللار كۆرۈشمەي كۆرۈشكەندە، ئۆزلىرىنىڭ كۆرۈشەلىگەنلىكىنى تەبرىكلەپ ئېيتىلىدىغان ئادەت سۆزى: ۋاي خۇدايىم، ئۆلمىسەك كۆرۈشىدىكەنمىز.

**ئۆلمىسىمۇ ئۇنىڭ بىرسى بولماق** قاتتىق ئىزا تارتماق: — كىشىلەر: گايىت ئىككىڭلا نادەمچىلىك بولالمىدىڭلارمۇ، ئۇنى قالتىس يېزىپ كېتىپتۇ، دېيىشىدى، ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ بىرسى بولدۇم دېگىنە، — دېدى گايىت.

**ئۆلۈپ بېرەيمۇ ئەڭ** يۇقىرى دەرىجىدە تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم، يەنە قانداق قىلىمەن: بۇنىڭدىن ئارتۇق زادى ئىشلىيەلمەيمەن. قانداق قىلىمەن، كېچە-كۈندۈز ئىشلەۋاتىمەن. ئەمىسە، ئۆلۈپ بېرەيمۇ؟

**ئۆلۈپ تۇرماق** بىرەر نەرسىگە، ئىش-ھەرىكەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلمەك؛ شۇنىڭغا يېتىشنى ياكى قىلىشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلماق: كىچىك بالا دېگەن كىنو دېسە ئۆلۈپ تۇرىدۇ. * ئۇ دېگەن بىر توپ مەستانىسى شۇڭا، توپ دېسە ئۆلۈپ تۇرىدۇ.

**ئۆلمەكىلىك** «ئۆلمەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تۇتۇپ جاللات قىلىچنى بېشىمدا تۇرسا، تاماشاچىلار تېزلا يۈزىنى ئۆرىگەي. مېنىڭ ئۆلمەكىلىكىم خەققە تاماشا، تۆپلىشىپ كەلگەنلەر مېنىلا كۆرگەي.

**ئۆلمىگۈر** سۆپ «ئۆلۈشكە لايىق بولسىمۇ ئۆلمىگەن، ئۆلۈشكە تېگىشلىك تۇرۇپ ئۆلۈم كەلمىگەن، ئۆلۈشكە ھەقلىق» دېگەن مەنىلەردە ئىشلىتىلىدىغان قارغىش سۆزى: ئۇن نەچچە كۈن بولدى، مېنى بۇ ئىككى ئۆلمىگۈر قاراقچى بۇلاپ بۇ يەرگە ئەكىلىۋالدى. * ئادىل مۇبادا ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قاتارىدا بولۇپ قالغىنىدا، ھېلىقى ئۆلمىگۈر خوتۇنغا ياقىدىغان «زاۋۇتنىڭ يادروسى» بولۇپ قالغىنىدا، مەن ئۇنداق ئادىلدىن بۇگۈنلا ۋاز كەچكەن بولاتتىم.

**ئۆلۈشمەك** «ئۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ماشىنا ياردىن چۈشۈپ كېتىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆلۈشتى. * جۇمەش توپقا يېقىنلىشىپ، سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ تووۋلاپتۇ ۋە ئەتراپتىكىلەرگە قامچا شىلتىپتۇ:

ـــ قېچىش، ئۆلۈمتۈك چۈمۈللەر، بىكار ئىتىمنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئۆلۈشسەن! * ياشىغان دۇنياغا تويمىغان بايلار، ئالتۇندەك چاقنىتىپ زەر تونلىرىنى. ئۆلۈشكەن تام تۈۋى، قۇملار تېگىدە ـــ تالدۇرۇپ نامراتقا ئارام بەرمىگەن، ياتقىلى ئۆلارنى پاخال كۆلدە؟ ۋە ياكى مۇزلاپلا ئۆلۈشسۇن دەمسەن، ـــ ماكانسىز، قار-جۇتلۇق قىشنىڭ كۈندە؟

**ئۆلۈك** ① ئى. هاياتى تۈگىگەن كىشى، جانسىز تەن، ئۆلگەن ئادەمنىڭ جەسىتى؛ جەسەت: ئۆلۈكنى يۇيماق. ئادەم ئۆلۈكى. * هەركىم ئۆز ئۆلۈكى ئۈچۈن يىغلار (ماقال). * بىز ئۇ يەردە بىرمۇنچە گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ ئۆلۈكلىرىنىڭ ياتقانلىقىنى كۆردۇق. * ـــ مۇنكىر-نەكىرلەرنىڭ سورىقىدىن قورقۇپ، گۆردىن قېچىپ چىققان ئۆلۈكمەن، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم. ② ئى. هايۋان، قۇرت-قوڭغۇز قاتارلىقلارنىڭ ئۆلگەن، جېنى چىققاندىن كېيىنكى تېنى؛ تاپ، مۇردا: مۇشۈكنىڭ ئۆلۈكى. ئىشەكنىڭ ئۆلۈكى. * ياخشى ئىت ئۆلۈكىنى كۆرسىتىمەيتۇ (ماقال). * دولقۇنلار تىمساھنىڭ ئۆلۈكىنى ۋە كېمە بىلەن ئاكا-سىڭىل ئىككىيلەننى قىرغاققا چىقىرىپ قويۇپتۇ. ③ سۈپ. هاياتىدىن، جېنىدىن ئايرىلغان؛ ئۆلگەن، جېنى چىققان، هاياتى تۈگىگەن، جانسىز: ئۆلۈك ئات. ئۆلۈك ئېشەك. * بۇ بېلىقلارنىڭ ئىككىسى ئۆلۈك، بىرىنىڭ ئازراق جېنى بار ئىكەن. * سىزگە كېسىلگەن بۇ جازا ماڭا تېگىشلىك، ساندۇقتىكى ئۆلۈك چوكان مېنىڭ ئايالىم. * ساقچى يېقىن بېرىپ قاراپ كۆرسە ئۇ ئۆلۈك ياتقۇدەك. ④ سۈپ. كۆچمە. قارىسىغا، ئىلمىي ئۇسۇلدا ئەمەس، جانلىق بولمىغان: ئۆلۈك ئىش ئۇسۇلى. ئۆلۈك پىلان. * لېكىن سىياسەتنى ئۆلۈك هالدا قوللىنىشقىمۇ بولمايتتى. // ئۆلۈك يادلىۋالماق. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئاقمايدىغان، تىنىپ كەتكەن؛ بىر جايدا ئۇزۇن تۇرۇپ كەتكەن: ئۆلۈك سۇ. ⑥ سۈپ. دەسسىلىپ ناهايىتى يۇمشاق بولۇپ كەتكەن، ئۇۋاق ھەم يۇمشاق: ئۆلۈك توپا. * ئۇ يالىڭاياغ پۇتىدىن ئۇن چىقارماق ئۈچۈن پۇتىنى يەرگە قاتتىق-قاتتىق ئۇراتتى ۋە كوچىنىڭ ئۆلۈك توپىلىرىنى توزۇتاتتى. ⑦ سۈپ. خۇنۇك؛ نۇرلۇق ئەمەس، جانسىز: ئۆلۈك كۆز.

**ئۆلۈك ئەت** < تب > بىر قىسمى ياكى ئايرىم ھۈجەيرىلىرى نېكروزلانغان بەدەن توقۇلمىسى. قىسمەن ئورۇندىكى قاننىڭ ئايلىنىشى توسقۇنلۇققا ئۇچراش، كۆچلۈك ئاساس ياكى كۈچلۈك كىسلاتالارنىڭ قىسمەن ئورۇندىكى ھۈجەيرىلەرنى ئۆلتۈرۈشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلى پەيدا بولىدۇ.

**ئۆلۈك تەبىئەت** < بئول > هايۋانات ۋە ئۆسۈملۈك دۇنياسىغا مەنسۇپ بولمىغان نەرسىلەر، تىرىك ئورگانىزملاردىن باشقا جىسىملار يىغىندىسى.

**ئۆلۈك توپا** دەسسىلىپ ئۇۋاق، يۇمشاق بولۇپ كەتكەن توپا.

**ئۆلۈك تىللار** < تل > يازما مەنبەلەردىن مەلۇم بولغان، هازىر كۈندىلىك تۇرمۇشتا قوللىنىلمايدىغان تىللار يەنى يوقالغان تىللار.

**ئۆلۈكتىن پەيشەمبىلىك تىلمەك** قىلچە ئىمكانىيىتى يوق، قەتئىي مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلماق: بۇ

خۇددى ئۆلۈكتىن پەيشەمبىلىك تىلىگەندەك بىر ئىش بولدى-دە.

**ئۆلۈكتىن ئىمان سورىماق** → **ئۆلۈكتىن پەيشەمبىلىك تىلىمەك**: — سەنلەردىن بۇ نەرسىنى سوراش — ئۆلۈكتىن ئىمان سورىغاندەك بىر ئىش، — دېدى توختىئاخۇن زەردە بىلەن.

**ئۆلۈك سۇ** < سۇ > ئاقمايدىغان، ئايىغى چىقىرىلمايدىغان سۇ.

**ئۆلۈك سۇ گورىزونتى** < سۇ > سۇ ئامبىرى، قۇدۇق قاتارلىقلارنىڭ چىقىرىلمايدىغان سۇ گورىزونتى.

**ئۆلۈككە جان تىلىمەك** مۇمكىن بولمايدىغان بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن دەپ قۇرۇق ئاۋارە بولماق، مۇمكىن بولمايدىغان، ئىمكانىيىتى يوق ئىشتىن بىھۇدە ئۈمىد كۈتمەك: — سىز بۇ ئىشتىن ئۈمىد كۈتمەك، ئۆلۈككە جان تىلىمەك، پايدىسى يوق ئۇكام، — دېدى ئۇ ماڭا نەسىھەت قىلىپ.

**ئۆلۈك مال** < سودا > بېسىلىپ قالغان، سېتىلىش يولى راۋان بولمىغان كاسات مال.

**ئۆلۈكى ئارتۇق** مىڭ ھەسسە ياخشى، سېلىشتۇرۇپ مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدە ياخشى (كىشىلەرنى بىر-بىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا): ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭدىن رەنانىڭ ئۆلۈكمۇ ئارتۇق.

**ئۆلۈكمۇ يوق، تىرىكمۇ يوق** ئۆلۈك-تىرىكىدىن خەۋەر يوق؛ ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن: — ۋاڭ غوجامنىڭ يارلىقى بىلەن روزىمەت ھەيدەپ كەتكەن بالامنىڭ ئۆلۈكمۇ يوق، تىرىكمۇ يوق، — دېدى ئاقساقال بوۋاي.

**ئۆلۈكنى ئارتماق** ① قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ ھەممە ئېغىرلىقىنى ئارتماق، ھەممە ئىشتا يۆلىنىۋالماق: — ئۇنى ئاز دېگەندەك يەنە ... ئۆلۈكۈمنى ئارتىپ خەلقئالەم ئالدىدا بېشىڭىزنى كۆتۈرەلمەس قىلىپ قويدۇم، — دەپ سۆزلىگىلى تۇردى قىز. ② ئۇششۇقلۇق قىلماق: ئەگەر ئۇنىڭغا تېگىپلا قويسىڭىز سىزگە ئۆلۈكنى ئارتىدۇ.

**ئۆلۈكنى ساتماق** → **ئۆلۈكنى ئارتماق**: — بىزدىن پۇل تەلەپ قىلىشقا پېتىنىدىغان نەچچە جېنىڭ بار؟ ھوي ئۆلۈكنى ساتىدىغان گاداي، — دېدى ئەسكەر.

**ئۆلۈكخانا** ئى (ئۆلۈك+خانا) ئۆلۈك ساقلايدىغان، ئۆلۈكنى ۋاقىتنچە قويۇپ قويىدىغان ئۆي: مېنى ھېلىقى ئۆلۈكخانىغا، دادامنى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئامبارغا سولىدى. ئۇزۇن كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتتى.

**ئۆلۈم** ئى. ئورگانىزمدىكى ھاياتىي پائالىيەتنىڭ توختىشى، تۈگىشى؛ تىرىك ئورگانىزم ھاياتىنىڭ ئاخىرلىشىشى؛ ھالاكەت، يوقىلىش: ئۆلۈم جازاسى. ۋاقىتسىز ئۆلۈم. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنماق. * مەھمۇت مۇھىتنىڭ سۆزلىرى تەسىر قىلدى چېغى، ھاجى ئۆلۈم پەتىسىگە بېرىشقا رازى بولۇپ، بىر توپ كىشى بىلەن يولغا چىقتى. * باقى قويچىنىڭ ئۆلۈمى، توختى بوۋاي بىلەن شەرىخانىنىڭ تۇتۇلۇشى ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلاتتى.

**ئۆلۈم بۇرنىغا پۇرىماق** ئۆمرىنىڭ ئاز قالغانلىقىنى، ئەجەلنىڭ يېقىنلاشقانلىقىنى تۇيماق، ئەجىلى توشۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلماق: ئۇرۇش دېگەندە ھەر مىنۇتتا ئۆلۈم بۇرنۇڭغا پۇراپ تۇرىدۇ.

**ئۆلۈم جازاسى** < قا > جىنايەتچىنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىدىغان جازا.

**ئۆلۈم خېتى** ئۆلۈمگە بۇيرۇلغانلىقى ھەققىدىكى خەت: ئۇ دېگەن بىر ساۋاتسىز

ئادەم، ئۆلۈم خېتىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ قويسىمۇ بىلمەيدۇ. * ـــ بۇ بىرنېمەڭنىڭ ھەر ۋارىقى بىردىن ئۆلۈم خېتى ئىكەنغۇ! ـــ دېگىنىچە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى ئەركىن.

**ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا** «كەلگۈلۈك جانغا كەلمىسلا ئۇنىڭغا قايغۇرۇپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق، كارى چاغلىق» دېگەن مەنىلەردىكى كىشىلەرنى ئېغىرچىلىق، قىيىنچىلىقلارغا پەسەنت قىلماي، تۇرمۇشنى خۇشال ئۆتكۈزۈشكە ئۈندەيدىغان ئىبارە: ـــ ئۇلار مېنى نېمە دېسە دېمەمدۇ، مەيلى، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا، ـــ دېدى سۇلتان ھېلىقىلارنىڭ گېپىگە خاپا بولۇپ. * ئەي خان پاشا، چىرايلىقىم گۈل پاشا، سېنىڭ قوينۇڭدا كىم ياشا، ئۆلۈمدىن باشقىسى تاماشا.

**ئۆلۈمگە مەھكۇم** ئۆلۈم جايىز، ئۆلۈمگە لايىق، ئۆلۈشكە تېگىشلىك: دۈشمەن ئۆلۈمگە مەھكۇم.

**ئۆلۈمتۈك** ئى. ئۆلەر ھالەتكە يەتكەن، جانسىز ئادەم؛ ئۆتە زەئىپ، نىمجان كىشى: ئايشەمخان باينىڭ چاپىنىغا ئېسىلىپ ئارقىسىغا بىر تارتتى، كىم ئويلىسۇن، بۇ ئۆلۈمتۈك ئارقىسىغا سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ تامغا بېشى بىلەن «گۈپ» قىلىپ تەگدى. * ـــ توختاش، ئۆلۈمتۈكلەر! ـــ دەپ ۋارقىرىدى بايىقى يىگىت غەزەپ بىلەن، ـــ سەنلەر تاشنى ئۆلگۈرتۈپ بەرمەي، تۈنۈگۈن يېرىم كۈن بىكار قىلىپ قويۇشتۇڭ. || ئۆلۈمتۈك خوتۇن. ئۆلۈمتۈك ئادەم.

**ئۆلۈمتۈكلۈك** «ئۆلۈمتۈك» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**ئۆلۈملۈك** ① ئى. مېيىتنى ئۇزىتىش ئىشى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن لازىم بولىدىغان رەخت، پۇل قاتارلىق نەرسىلەر: قاسىم ئاكا، ئۆزىنىڭ ئۆلۈملۈكى ئۈچۈن ئاتاپ قويغان ئاخىرقى پۇللىرىنى زاۋۇت باشلىقىغا ئۇزاتتى. * ـــ چوڭ دادامنىڭ ئۆلۈملۈكى ئۈچۈن قانچىلىك ئاق ئالسام يېتەر؟ ـــ دەپ سورىدى ئىليار تاغىسىدىن. ② سۈپ. ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بەرگەن، ئۆلۈم چىققان: ئۆلۈملۈك ئۆي. ئۆلۈملۈك بولۇپ قالماق.

**ئۆلۈمنامە** ئى (ئۆلۈم+نامە) بىركىمنى ئۆلتۈرۈش، يوق قىلىش ھەققىدىكى ھۆكۈم ياكى بۇيرۇق؛ ئۆلۈم خەت: خەن دارىن سىيت نوچىنىڭ قولىدىن ما دوتەي يېزىپ بەرگەن ئۆلۈمنامىنى ئېلىپ ئوقۇپ، كۆڭلىدە خۇشال بولۇپتۇ.

**ئۆلۈم-يېتىم** ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن بولغان ئۆلۈم، مۇسىبەت: ئۆلۈم-يېتىم ئىشلىرى. * بۇنىڭ بىلەن ۋاقىتلىق ھەربىي دوختۇرخانىدا ئېغىر يارىدارلارنىڭ ئۆلۈم-يېتىمى كۆپىيىپ، ھەر كۈنى ئەكىلىپ تۇرۇلىدىغان يېڭى يارىدارلارغا پات-پات ئورۇن بوشاپ تۇراتتى.

**ئۆلىما** (**ئۆلىماسى**) ئى (ئە) ئىسلام دىنىنىڭ بارلىق تەلىماتلىرىنى بىلىدىغان، دىنىي جەھەتتىن يۇقىرى بىلىمگە ئىگە بولغان كىشى؛ دىنىي ئالىم: ئۇ 15 ياشقا كىرگەندە ھەممە كىتابلارنى ئوقۇپ، جىمى بىلىملەرنى ئىگىلەپ ئۆلىما بولۇپ يېتىشىپتۇ. * قەشقەر بۇ چاغدا دىنىي ئۆلىمالارنى يېتىشتۈرىدىغان بىر ئاساسىي مەنبە بولۇپ قالغانىدى.

**ئۆلىمالىق** سۈپ. ئۆلىمالاردا بولىدىغان، ئۆلىمالارغا خاس: بىر ئايدىن كېيىن «خەتمكۇتۇب» قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغان كۈنۈم، مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئۆلىمالىق شۆھرىتى، قازى مەنسەپلىرى ھەققىدە سۆزلۈشتە قىلمايلا، دادامنىڭ مازىرىنى يوقلاپ روھىغا دۇئا قىلىش ئۈچۈن يەكەنگە ئاتلاندىم.

**ئۆم** سۈپ. بىر-بىرىدىن ئايرىلمايدىغان، تويلىشىپ، ئىناق ياشايدىغان؛ ئىناق؛ ئىتتىپاق: ئۆم كىشىلەر. * بۇرۇن جاڭگالدا ياۋايى ھايۋانلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن، ئۇلار بىر-بىرى بىلەن شۇنداق ئۆم ئىكەنكى، ئاتا-بالا، ئاكا-ئۇكا، ئېگىچە-سىڭىل بولۇپ ياشايدىكەن. // ئايرىلغان توزار، ئۆم ياشىغان ئوزار (ماقال). * ئۇ يەرنىڭ ئۆيلىرى تارقاق، ئەر-ئاياللىرى ئۆم كەلگەنىكەن.

**ئۆم بولماق** بىر-بىرىدىن ئايرىلماي، تويلىشىپ، ئىناق، ئۆم ھالەتتە ياشىماق، ئىتتىپاقلاشماق: كاشكى بۇ ئادەملەر بىر-بىرى بىلەن ئۆم بولسىچۇ، ھەممىسى ئۆز ئايىغىدىن قورقۇشىدۇ. * بىرنەچچە جەگچى خورسەنچىلىككە پايلىماي ئۆم بولۇپ كېلىپ، كۆكەنى گەجگىسگە ئېلىپ كۆتۈرۈپ يۈرۈپتۇ.

**ئۆمە-دۆمە** دىئال. ئاددىيلا، غەيرىي، رەسمىي.

**ئۆمەك** ئى. تەشكىلىي يوسۇندا مەلۇم بىر ئورتاق مەقسەت ئۈچۈن توپلاشقان كىشىلەر كوللېكتىپى ۋە شۇ كوللېكتىپ جايلاشقان ئورۇن: سەنئەت ئۆمىكى. ھال سوراش ئۆمىكى. ۋەكىللەر ئۆمىكى. تەكشۈرۈش ئۆمىكى. * ھېيزەم ئۆمەك باشلىقىنىڭ سۆزىگە قوشۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتتى.

**ئۆمەكلىك** سۈپ. ئۆمەك بولۇپ ئۇيۇشقان، بىرلەشكەن: ئۆمەكلىك ئىتنىڭ قۇيرۇقى دىك (ماقال). * — ئاغىنىلەر توغرا پىكىر قىلدىڭلار، — دېدى ئابدۇللا خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئۆمەكلىك ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئۆرە بولىدۇ. ھەممە ئىشتا مۇشۇنداق تەڭ باش قاتۇرساق خاتالاشمايمىز.

**ئۆمەللەتمەك I** «ئۆمەللىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خېمىرنى ئۆمەللەتمەك.

**ئۆمەللەتمەك II** «ئۆمەللىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاغزىنى ئۆمەللەتمەك.

**ئۆمەللەشمەك I** «ئۆمەللىمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار كېلىپ، تونۇرغا ياقىدىغان ناننىڭ خېمىرىنى ئۆمەللەشتى.

**ئۆمەللەشمەك II** «ئۆمەللىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاغزىلىرىنى ئۆمەللەشتى.

**ئۆمەللەنمەك I** «ئۆمەللىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خېمىر ئۆمەللەندى.

**ئۆمەللەنمەك II** «ئۆمەللىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: بۇ سۆز ئەزىز بەگكە سېھىردەك تەسىر قىلدى، دالاندا تۇرغان ئەسكەر ئارقىلىق جاللات چاقىرىشقا ئۆمەللەنگەن ئاغزى ئۆز زېبىنىغا ھەرىكەتلەندى: — ئوردا بېگىگە ئېيت، ھاجىغا بىر كىمخاب تون ئاچىقىپ كىيدۈرسۇن! — دېدى.

**ئۆمەللىمەك I** پ. خېمىرنى چەيلىمەك؛ مۇشتى بىلەن چىڭداپ، بېسىپ پىششىقلىماق: تەگىنىدىكى خېمىرنى ئۆمەللىمەك.

**ئۆمەللىمەك II** پ. ئېغىزنى مىدىرلىتىپ، گەپ قىلىشقا راسلىماق، تەمشەلمەك: نىجات ئاغزىنى نېمىدۇر دېيىشكە ئۆمەللىدى-يۇ، ھېچ نەرسە دېمەستىن يەرگە قارىدى. * ئوراكۆز كۆيۈۋاتقان كىتابلارنى پۈتى بىلەن ئىلەشتۈرۈۋېتىپ دادامغا يەنە بىر زەھەرلىك گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىدى-يۇ، بىردىنلا توختاپ نېمىگىدۇر قۇلاق سالدى.

**ئۆمچىكلىمەك** پ. دىئال. ئۆمەللىمەك.

**ئۆمسە** سۈپ. غەلىتە، ئاجايىپ، بىرقىسملا، بۆلەكچىلا: ھازىر شەھەردە پايلاقچىلار كۆپ، ئەگەر كوچىدا ياكى دەرۋازىنىڭ ئالدىدا يوچۇن، ئۆمسە كىشىلەرنى بايقىساڭ، كىرمەي

يېنىپ چىق، سەگەك بولمساق بولمايدۇ، ئۇكام. * — نېمە بولدۇڭ؟ — دېدى ھەيران بولغان خېلىچىخان ئانا، — چىرايىڭ ئۆمسە بولۇپ كېتىپتىغۇ. * — ئاپا، — دېدى ھېلىقى بالىمۇ، ئاپىسىنىڭ ئۆمسە ھالىنى كۆرۈپ، ئويناۋاتقان يېرىدىن يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە ئاپىسىغا چاپلاشتى.

**ئۆمسە گەپ قىلماق** غەلىتە گەپ قىلماق، غەلىتە پاراڭ قىلماق: بالام، تۇرسۇن ئۆمسە گەپ قىلىدۇ؟

**ئۆمسۆرۈن** (توغرىسى: ئۆكسۆرۈن) ← **ئۆكسۆرۈن.**

**ئۆمسلە** (توغرىسى: ئۆمسە) ← **ئۆمسە.**

**ئۆمگەن** ئى. دىئال. چوڭ ماللارنىڭ كۆكرىكى.

**ئۆمگەك** ئى. دىئال. لوقىا، لىپىلداق، بوۋاق بالىنىڭ بېشىدىكى قاتمىغان يېرى.

**ئۆمگەن** ئى. دىئال. گۆرەن تومۇر.

**ئۆملە شتۇرمەك** «ئۆملە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلقنى ئۆملە شتۇرمەك. كىشلەرنى ئۆملە شتۇرمەك.

**ئۆملە شمەك** پ ① ئۆم بولماق، ئۆم ھالەتكە كەلمەك، جەم بولماق: زىنداندىكىلەر ئازاد قىلىنىپ، بالا-چاقىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خۇشال كۆرۈشۈپ ئۆملە شمەكتە. * ھەرقايسى مىللەت قىزلىرى ئۆملىشىپ باشقۇرۇۋاتقان بۇ «8-مارت» پويىز بېكىتى دائىم دېگۈدەك بوران چىقىپ تۇرىدىغان كۆز يەتكۈسىز چۆلگە چۈشكەنىدى. ② ئىناق، ئىتتىپاق بولماق؛ ئىتتىپاقلاشماق: ئۇ بۇ تىلنى ئۆز يۇرتى تېكەستىكى مۇڭچوڭقۇر يايلاقلىرىدا شۇ جايلاردىكى موڭغۇل، قازاق، ئۇيغۇر خەلقلىرى بىلەن ئۆملىشىپ بىللە ياشاش جەريانىدا كىچىكىدىن تارتىپلا ئۆگىنىۋالغانىدى. * شۇندىن تارتىپ ئۇلار تېخىمۇ ئۆملىشىپ، تېنچ-ئامان، خاتىرجەم ياشاشقا باشلاپتۇ.

**ئۆملۈك** ئى. ئۆم، ئىناق، ئىتتىپاق بولۇش، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش، ئۇيۇشۇش، بىرلىشىش: ئىش ئۆملۈكتە، كۈچ بىرلىكتە (ماقال). * ئۇلار ئۆملۈكىنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارىي قىلىپ، ھەش-پەش دېگۈچە ئوغلاقنى قولغا كىرگۈزۈۋالدى.

**ئۆملۈك ئالماش** < تىل > ئۆملۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ئالماشلار. مەسىلەن، ھەممە، جىمى، بارلىق، بارچە دېگەنگە ئوخشاش.

**ئۆملۈك دەرىجە** < تىل > ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان گراماتىك ئىگىنىڭ ئەسلىي ھەرىكەتنى بىر-بىرىگە قارىتىپ ياكى مۇسابىقىلىشىپ ئېلىپ بېرىشىنى ۋە ئەسلىي ھەرىكەتنىڭ ئىككىدىن ئارتۇق ئادەمدىن تەركىب تاپقان گراماتىك ئىگە تەرىپىدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدىغان دەرىجە. مەسىلەن، بېرىشتى، ئىشلىشىپ بەردى گە ئوخشاش.

**ئۆملۈك سان** < تىل > شەيئىنىڭ بىر توپىنىڭ سانىنى بىلدۈرگۈچى سۆزلەر. مەسىلەن، ئۈچەيلەن، بەشەيلەن دېگەنگە ئوخشاش.

**ئۆمۈچۈك** ئى < زوئول > بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى يۇملاق ۋە سوقىچاق. باش، كۆكرەك ۋە قورساق دەپ ئايرىلىدۇ. سەزگۈ بۇرۇتچىلىرى بولۇپ، ئەركىكىنىڭ بۇرۇتچىلىرى ئىچىدە سپېرما خالتىسى بولىدۇ. تۆت جۈپ پۇتى بار. مەقئەت تۆشۈكىنىڭ ئۈچلۈق ئۆسۈكى يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل يېپىشقاق سۇيۇقلۇق ھاۋادا قېتىپ ئىنچىكە يىپچىلارغا ئايلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تور سىلىپ ھاشارات تۇتىدۇ. ئۆيىنىڭ تورۇسلىرىدا،

ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ.

**ئۆمۈچۈك پىيىزى** < بوت > ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم چوڭ، باھاردا گۈللەيدۇ، گۈلى سۆسۈن رەڭ، مېۋىسى شار شەكلىدە، يېشىل رەڭلىك بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئۆمۈچۈك تورى** < زوئول > ئۆمۈچۈكلەرنىڭ سالغان تور سىمان يىپچىلىرى. بۇ خىل يىپچىلار مەقئەت تۆشۈكنىڭ ئۇچىدىكى ئاجرىتىش بەزلىرىدىن ئىشلىنىپ چىققان شىلىمشىق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ھاۋا بىلەن ئۇچراشقاندا قېتىپ شەكىللىنىدۇ. ئۆمۈچۈكلەر شۇ تورلىرى ئارقىلىق ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ.

**ئۆمۈر** ئى (ئە) تۇغۇلغاندىن تا ئۆلگۈچە بولغان ۋاقىت، دەۋر، ھايات: ئۆمۈر بويى. ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرمەك. ئۆمرى قىسقا. ئۆمرى ئۇزۇن. * كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى قىسقا (ماقال). * ئۆتكەن ئۆمۈر — ئاققان سۇ (ماقال). * ئەمگەك ۋە ھەرىكەت نېمە ئۈچۈن ئادەملەرنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. * ھەربىر كىشى ئەخمەتجاننى كۆرۈشنى ئۆمرىدە بىر بەختلىك ئىش دەپ ھېسابلايتتى.

**ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن** «كۆپ ياشا، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆر» دېگەن مەنىلەردىكى تىلەك سۆزى: — خوش بالام، خۇدا يىمغا ئامانەت، — دېدى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسى خوشلاشقىلى كەلگەندە، — ئۆمرۈڭ ئۇزۇن بولسۇن.

**ئۆمرىگە كېلىپ** تۇغۇلۇپ: باقى ئۆمرىگە كېلىپ بۇنداق ئېگەرنى ياساپ باقمىغانىكەن. * — باي ئاكا، — دەپتۇ بالا، — مەن ئۆمرۈمگە كېلىپ تۈلۈمغا كىرگەننى كۆرمەپتىكەنمەن، ئۆزىڭىز كىرىپ كۆرسىتىپ بەرسىڭىز.

**ئۆمۈر بويى** تۇغۇلغاندىن تارتىپ تا ئۆلگۈچە، پۈتۈن ھاياتى داۋامىدا، بىر ئۆمۈر، پۈتۈن ئۆمۈر: ئۆمۈر بويى ئىشلىمەك. * سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈر بويى ئۇنتۇمايمەن. * ئۇ قولىدا بىر بولاق نەرسىنى تۇتقان ھالدا يېنىمغا كېلىپ: — بۇنى ئالغاچ كېتىڭ ۋە ئۆمۈر بويى ئوبدان ساقلاڭ! — دېدى.

**ئۆمۈر بىر كېلىدۇ** ئۆمۈرنى قەدىرلەشكە دالالەت قىلىپ ئېيتىلىدىغان سۆز: ئۆمرۈڭنى قەدىرلە، ئۆمۈر بىر كېلىدۇ، تەكرارلانمايدۇ.

**ئۆمۈر سودىسى** نىكاھ ئىشىنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئېيتىلىدۇ: زەگەر، قىز تەرەپ ۋەكىلىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، «توي دېگەن ئۆمۈر سودىسى» دېگەننى قوشۇپ قويدى. * ئۆمۈر سودىسى ئەمەسمۇ، چىرايىغۇ مەيلى، توكۇرمۇ، چولاقمۇ، خۇي-پەيلى قانداقراق... ئىشقىلىپ بىر كۆرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئويلايتتىم.

**ئۆمۈر سۈرمەك** ياشىماق، ئۆمۈر كۆرمەك: ئەگەر شۇنداق بولسا، سەن چىن ئادەمدەك ئۆمۈر سۈرۈپ ئۆزۈڭنىمۇ، كىشىلەرنىمۇ رازى قىلىپ كېتىسەن. * ئەخمەتجان ئەپەندىم ئېيتقاندەك، ھىيلە-نەيرەڭ، ئالدامچىلىق خۇددى قۇيۇن، ئۇ بىردەملا ئۆمۈر سۈرەلەيدۇ.

**ئۆمۈر كەچۈرمەك** ياشىماق: شۇ كۈندىن باشلاپ ئېلى نۇرىدىن قىز بىلەن قوشۇلۇپ بىر يىل بىللە ئۆمۈر كەچۈرۈپتۇ. * — ھەرگىز پادىشاھ بولمەن دېمەڭ، ئۆزىمىز ئىشلەپ تېپىپ ئۆمۈر كەچۈرىمىز، — دەپتۇ خوتۇنى. پادىچى يىگىت بوۋاينىڭ يېنىغا كېلىپ، خوتۇنى دېگەن مەسلىھەتنى ئېيتىپتۇ.

**ئۆمۈر كۆرمەك** ياشىماق، ھايات كەچۈرمەك، ئۆمۈر سۈرمەك: ئۇ مەندىن

« بىر قوي قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىدۇ؟ » دەپ سورىدى. * ئۇ، مۇھەببەتكە تولغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا كۈلۈپ قارىدى، لېكىن ئارتۇق ئۆمۈر كۆرمىدى. ئىككىنچى تۇغۇتىدا ۋاپات بولدى.

**ئۆمۈر ئوغرىسى** ئۆمۈر ئوغرىلايدىغان، ئۆمۈر ئوغرىلىغۇچى: ۋاقىت ئالدىراڭغۇ، ساقلاپ تۇرمايدۇ، يىللار شۇ ۋاقىتنىڭ ئەڭ چوڭ يورغىسى. ئاققان سۇلار، ئاتقان تاڭلار قايتىلانمايدۇ، يورغا يىللار ئۆمۈرنىڭ يامان ئوغرىسى.

**ئۆمۈر ئۆتكۈزمەك ← ئۆمۈر كەچۈرمەك.**

**ئۆمۈرلۈك** ① سۈپ. بىر ئۆمۈر داۋام قىلىدىغان، ئۆمۈرۋايەتلىك: ئۆمۈرلۈك دوست. ئۆمۈرلۈك ئىش. ئۆمۈرلۈك كەسىپ. ئۆمۈرلۈك ھەمراھ. * يامانلىق — بىردەملىك، ياخشىلىق — ئۆمۈرلۈك (ماقال). * ئۇ بىزگە ئامراق، ئۆمۈرلۈك ئەر-خوتۇن بولۇڭلار! دەپ نەسىھەت قىلدۇ. * سەن مېنى ئۆمۈرلۈك دەرد-ئەلەمگە دۇچار قىلىدىغان بولدۇڭ، مېنى ئەسلى بۇ يەرگە قازا ھەيدەپ كەپتىكەن. ② سۈپ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۆمۈر بويى؛ ئەبەدىي: ئۇ بۈگۈن يەنە ئۆزىنىڭ ئوردىغا ئۆمۈرلۈك سېتىلىدىغانلىقىنى بىلدۇ. * قىز پادىشاھ: — سىز مېنى خالىغان بولسىڭىز، مېنىڭ بىر شەرتىم بار، شۇنى ئورۇنلىسىڭىز مەن ئۆمۈرلۈك سىزنىڭ بولىمەن، — دەپتۇ. ③ ئى. ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتىدىغان كىشىسى، جۈپتى (شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ): بىچارە قىز ھەركۈنى ئەتىگەنلىكى قورقۇپ ئويغىناتتى، ئۇنى ھېچكىم ئېلىپ كەتمىگىنىنى، ھېچكىم « سەن مېنىڭ ئۆمۈرلۈكۈم » دېمىگىنىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كۆكرىكى ئېغىر كۆتۈرۈلەتتى-دە، ياشلىرى ياستۇققا تۆكۈلەتتى. * — چۈنكى ئۆز ماكانىمدا ئۆمۈرلۈكۈم سەئىدە يولۇمغا تەلمۈرۈپ قالغان دەپتۇ، — سەلەي.

**ئۆمۈرلۈك يولداش** ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتىدىغان جۈپتى، ھەمراھى (ئەر-خوتۇنلار بىر-بىرىگە نىسبەتەن).

**ئۆمۈرۋايەت** رەۋ. (ئە) ① ھاياتنىڭ ئاخىرىغىچە، ئۆمرى تۈگىگۈچە، ئۆلگەنگە قەدەر؛ تا ئۆلگۈچە: ئۆمۈرۋايەت كۆرۈشمەسلىك. ② مەڭگۈ، ئەبەدىي: ئۇ بۇ يەرگە ئۆمۈرۋايەت كەلمەيدۇ. * دېھقانچىلىق كەسپىنى تاللىغىنىم ئۈچۈن، پۇشايمان قىلىش ئەمەس، ئۆمۈرۋايەت پەخىرلىنىمەن. * — ئاكا، سىزنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭىزنى ئۆمۈرۋايەت ئۇنتۇمايمەن، — دەيتتى خالىدەم ئىككى سۆزىنىڭ بىرىدىلا.

**ئۆمۈرۋايەتلىك** ① « ئۆمۈرۋايەت » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: لېكىن بۇ گوندىپاي بولسا مۇشۇ ئىشنى ئەڭ ياخشى كەسىپ دەپ قاراپ، ئۆمۈرۋايەتلىككە تاللىۋالغانىدى. ② سۈپ. ئۆمۈر بويى داۋام قىلىدىغان، ئۆمۈرلۈك: بۇ — ئۆمۈرۋايەتلىك ئىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىدىغان، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان روھ بولمىسا، بۇنى ۋۇجۇدقا چىقارغىلى بولمايدۇ. ③ رەۋ. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە، پۈتۈن بىر ئۆمۈر، ئۆمۈر بويى، ئۆمۈرۋايەت؛ مەڭگۈ، ئەبەدىي: مەن سىزنى ئۆمۈرۋايەتلىك بەختلىك قىلىدىغانلىقىمغا ئىشىنەمسىز؟ * ئىشقىلىپ، مەن سىلەرنى ئۆمۈرۋايەتلىك داغدا قالدۇرۇشنى خالىمايمەن، مەن مۇنداق دەردلەرنى خېلى تارتقان. شۇڭا جېنىم سىرقىراپ بۇ ئىشقا ئالدىرايدۇ.

**ئۆمۈلدۈرۈك** ئى ← **كەمەلدۈرۈك.**

**ئۆملاقمان** رەۋ. دىئال. ئالدىراش، ئالدىراپ-تېنەپ،

نېرى-بېرىسىنى ئويلشىپ يۈرمەيلا، دەرھال.

**ئۆملە تمەك** «ئۆملمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى ئۆملە تمەك. جەگچلەرنى ئۆملە تمەك. * بۇرۇن سۈيى شۇرقراپ، ئۆملە تكەن قىرلىق. تېزدىن قۇۋۋەت كەتكۈزۈپ، يالۇۋۇرتقان قىرلىق، كۆرۈنگەنگە بالىدەك تەلمۈرتكەن قىرلىق.

**ئۆملە شمەك** «ئۆملمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر چاي قاينىمى ۋاقت ئۆتكەندىن كېيىن، مەست بەگلەر ئۆملشىپ تالاغا چىقىپ قارىسا، ھېلقى خوتۇن ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتۇ.

**ئۆملىگۈچى** سۈپ. ئۆملەپ ماڭىدىغان، ئۆملە يدىغان: ئۆملىگۈچى ھايۋان.

**ئۆملىگۈچى ھايۋانلار** < زوئول > ← سۆرەلگۈچىلەر.

**ئۆملمەك** پ. گەۋدىسىنى يەرگە تەگكۈزۈپ، پۇت بىلەن ئىتتىرىپ، قول بىلەن تارتىپ ئالغا ئىلگىرىلمەك، ماڭماق: جەگچلەر دۈشمەننىڭ سىم توساقلىرىدىن ئۆملەپ ئۆتتى. * مەن يوشۇرۇنغۇدەك جاي تاپالماي، ئالدىمدىكى ئېرىقتىكى سۇغا چۈشتۈم-دە، ئۆملىگەن پېتىم كۆۋرۈكنىڭ ئاستىغا كىرىپ يېتىۋالدىم. * مەن بەزىدە مېڭىپ، بەزىدە ئۆملەپ دېگۈدەك ئاخىرى نىشانغا يېقىنلاشتىم.

**ئۆنجمەس** سۈپ. دىئال. كۈن ئاتلماي تۇغىدىغان، سىجىل، ئۇدا: ئۆنجمەس توخۇ.

**ئۆنچە** ئى. پىشقاندىن كېيىن ئورۇۋېلىنغان، تېخى تېپىلمىگەن بۇغداي: دادام ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، خامانغا بېرىپ ئۇلاغنىڭ ئايىغىغا ئۆنچە سېلىۋاتاتتى. * ئورمىنى تولا ئورۇپ، ئۆنچە بىلەن باغ قالدى. ئاز كۈن ئوينىاپ ئايرىلدۇق، يۈرەكلەردە داغ قالدى.

**ئۆندە** سۈپ. دىئال. يامان، قالتىس، كارامەت: ئۆندە گاداي.

**ئۆندەرەتمەك** «ئۆندەرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆندەرەشمەك** «ئۆندەرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆندەرىشىپ ئويغانغان كىشلەر ئېتىلىۋاتقان ئوقلار ئاۋازىغا قاراپ خېلىدىن بېرى كوچىلارغا چاپلانغان تەشۋىقات ۋەرەقىسىدىكى گەپلەرنىڭ بۇگۈن ھەقىقەتكە ئايلانغانلىقىغا ئىشەندى.

**ئۆندەرىمەك** پ ① ئالدىرىماق؛ تەمتىرىمەك، ھولۇقماق؛ تېنىمەك: ئۆندەرىمەي سۆزلەڭ. * ناۋادا، ئۆندەرىمىسەڭلار، ئۆيۈمگە بېرىپ، بىر پىيالە چېيىمنى ئىچىپ قايتىڭلار. * موللازەيدىن ئۆندەرىگەن ھالدا: — چاپسان بولسىلا، خېنىم، جىسا بېگىم كەلگۈندىن ياغاچ تۈتمەن دەپ سۇدا ئېقىپ كەتتى، چاپسان بولسىلا! — دېدى. * ئۇلار ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى، ئاقىۋەت ئويغاندى. چىبەرقۇت چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ چىققان ھۆسەيىنەم ئۆندەرەپ: — نېمە گەپ؟ — دەپ ئالدىراپ سورىدى. ② چۆچۈمەك: بالا ئۆندەرەپ ئويغىنىپ كەتتى. * ئاخشامدىن ئاستىغا تاش، كېسەك يېتىپ ئۇخلىيالماي يېگىلا كۆزى ئىلىنگەن ھۆسەيىنىم ئۇستىگە بىركىمنىڭ «گۈپ» قىلىپ يىقىلىشى بىلەن ئۆندەرەپ تۇرغىنىدا ئۆگكۈرنىڭ تېشىغا ئۇسۇۋېلىپ، بېشى بەك ئاغرىپ كەتتى. * — يوقسۇ، — غولام ئۇيقۇدىن ئۆندەرەپ ئويغانغان ئادەمدەك دىڭگىدە چۆچۈپ كېتىپ، ئالدىراپ جاۋاب قايتۇردى.

**ئۆندۈلۈك** ئى. دىئال. خاتالىق، سەۋەنلىك.

**ئۆھۆ** ئىم. قاتتىق يۆتەلگەندە چىقىدىغان كۆچلۈك ھەم قىسقا ئاۋاز: ئۆھۆ، ئۆھۆ قىلىپ يۆتەلمەك.

**ئۆۋەر** ئى. دىئال. كۆنگەي.

**ئۆۋەك** ئى. دىئال. يۆلەنچۈك.

**ئۆي** ئى ① ياشاش ياكى تۈرلۈك تەشكىلات، مۇئەسسەسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ جايلىششى ئۈچۈن تەييارلانغان ئىمارەت، بىنا: ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي. ئىككى قەۋەتلىك ئۆي. كېسەك ئۆي. بېتون ئۆي. * ئۆيگە ئوغرى كىرگەندە ئىتنىڭ سىيگۈسى كېلىپتۇ (ماقال). * قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار (ماقال). ② بىنا، ئىمارەت ئىچىدىكى ھەربىر خانا: يورۇق ئۆي. كەڭ ئۆي. * قىز بىر ئۆيدىن چىقىپ، ئىككىنچى بىر ئۆيگە كىرىپتۇ. * خوتۇن يىغلاپ تۇرۇپ ئېرىنى ئۇياتلىق سۆزلەر بىلەن بولۇشچە قارغاپتۇ. ئەر گەپ-سۆز قىلماي ھويلىدىن ئۆيگە كىرىپتۇ. ③ بىرەر ئىجتىمائىي تەلەپنى قاندۇرۇشقا قارىتىلغان مۇئەسسەسە، ساراي: مەدەنىيەت ئۆيى. دەم ئېلىش ئۆيى. بالىلار ئۆيى. پىئونېرلار ئۆيى. ④ ئائىلە؛ خانىدان: ئۆي تۇتماق. ئۆيى بۇزۇلماق. ئۆي قۇشلىرى. ئۆي ھايۋانلىرى. ئۆي ئايرىماق. * قىرىق ئۆي قۇدا بولسا، قىرىق يىل قىرغىن بولماس (ماقال).

**ئۆي ئايرىماق** ئايرىم ئۆي تۇتماق، بۆلەك ئولتۇرماق: ئۇ بېشىنى چايقاپ بۇ تەكلىپلەرنى رەت قىلىدىكەن، شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئائىلىدىن ئۆي ئايرىپ مەھەللە ئىچىگە كۆچۈپ كەتكەنلەرمۇ، كېلىن-كۈيئوغۇل بولۇپ ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتكەنلەرمۇ بولۇپتۇ.

**ئۆي بولماق** مەڭگۈ ئەر-خوتۇن بولۇپ بىللە ياشىماق، بىللە ئۆتمەك: — ئۆزىڭىز تاللاڭ، مەن بىلەن ئۆي بولامسىز ياكى ئاجرىشامسىز؟ ئۆي بولىمەن دېسىڭىز ھازىر مەن بىلەن بىللە مېڭىڭ، — دېدى سادىر گۈلخانغا. * — بىر پارە توي خېتى لازىم ئىدى، ھېلىقى نادىراخۇننىڭ قىزى بىلەن ئۆي بولۇپ قالايلى دېۋىدۇق، — دېدى ئۇ.

**ئۆي بىسات** ئۆي ۋە ئۆي ئىچىدىكى تۇرمۇشقا لازىم بولىدىغان بارلىق نەرسە-كېرەكلەر: مەن سىزنى نىيازنىڭ يېنىغا ئەكىرەي، ئۇنىڭ ئۆي بىساتلىرىنى كۆرۈپ بېقىڭ، ئۇلارنى كۆرسىڭىز خۇددى جەننەتكە كىرىپ قالغاندەك بولىسىز! * ئۆينىڭ جەنۇبىدا قىز-چوكانلار، شىمال تەرىپىدە ئەرلەر ئولتۇرۇشاتتى. قالغان ئىككى تەرەپتە ئۆي بىساتلىرى تىزىقلىق ئىدى.

**ئۆي تۇتماق** تۇرمۇشلۇق بولماق، ئەر-خوتۇن بولماق: ئۆي تۇتساڭ بالاغا قالدىڭ، تۇتمىساڭ تالادا قالدىڭ (ماقال). * — سادىر بىز ئۆي تۇتقىلى ئۇزۇن يىللار بولدى، سىز مېنى چۈشىنىسىز، — دېدى گۈلخان سادىرغا. * ئۇ نائەھلى باشقىغا بۇزۇلغاچقا، ئوغلۇم بىلەن ئۆي تۇتمىدى.

**ئۆي جابدۇقى** ئۆيگە لازىم بولىدىغان، ئۆيدە ئىشلىتىلىدىغان جابدۇقلار، نەرسە-كېرەكلەر: ئۇ كوچىدىن ئۆتكۈچە ئۆي-جابدۇقى ۋە تۈرلۈك ماللارنى بېسىپ ئۈرۈمچىگە كېلىۋاتقان 30 تەچچە ھارۋىنى ئۇچراتتى.

**ئۆي چېيى** يېڭى ئۆيدە ئولتۇرغانلىقى ياكى باشقا بىر ئۆيگە كۆچۈپ كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان چاي: — قاسىمجان يەكشەنبە كۈنى ئۆي چېيى ئۆتكۈزمەكچى ئىكەن، بۈگۈن تەييارلىق ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىشىمىزنى جېكلەپ قويۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

**ئۆي سالماق** ئۆي بىنا قىلماق، ئۆي قۇرماق: بۇ ئۆينى سالغىلى 30 يىل بولدى.

**ئۆي قۇشلىرى** < زوئول > كىشىلەر ئىقتىسادىي مەنپەئەت ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن

ئۆيدە باقىدىغان قۇشلار. مەسىلەن، كەپتەر، ئۆردەك، غاز قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۆي كۆتۈرمەك** ئۆيدىكى كىگىز-پالاس، يوتقان-كۆرپە قاتارلىقلارنى سىرتقا ئەچىقىپ قېقىپ تازىلاپ، ئۆيلەرنى سۈپۈرۈپ تازىلىق قىلماق: بۇ كۈنى ئاياللارنىڭ ئىشى تېخىمۇ كۆپ. نان-پان يېقىپ، كىر-قات يۇيۇپ، ئوچاق-تونۇر باشلىرىنى سۇۋاپ، ئۆي كۆتۈرۈپ تازىلىق قىلىدۇ.

**ئۆيگە باشلاي** «ئۆيدە مېهمان قىلاي، ئۆيىمىزگە كىرىڭ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — ئۆيگە باشلاي، — دېدى ئۇ، دادۇيجاڭغا. * ئۇكام، ئۆيگە باشلاي دېسەم، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۆيۈمگە چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىدۇ.

**ئۆي مۇبارىكى** يېڭى ئۆي سالغاننى مۇبارەكلەش مۇراسىمى.

**ئۆينى بېشىغا كىيمەك** ئۆيگە بىر كەلگۈدەك ۋارقىرىماق، ۋارقىراپ-جارقىراپ غەلۋە قىلماق: پەرهات ئېتىلىپ بېرىپ ئورمان بوۋىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، ئۇنىڭ ئاپئاق-يېرىك ساقال قاپلىغان مەڭزىگە مەڭزىنى يېقىپ تۇرۇپ: — بوۋام كېلىپتۇ، بوۋام كېلىپتۇ، نېمىشقا قابىلنى ئېلىپ كەلمىدىڭلار، — دەپ ئۆينى بېشىغا كىيدى.

**ئۆينى پىرقىراتماق** ئائىلىنى قىينالماستىن باشقۇرماق: ئۆزى كىچىك بولغىنى بىلەن خېلى جىگىرى بار بالا ئىكەن قاراڭلار، شۇنچە چوڭ بىر ئۆينى پىرقىرىتىۋاتىدۇ.

**ئۆينى تەۋرەتمەك ← ئۆينى چۆگىلەتمەك:** نىكولاي پادىشاھ يىزىلاردا ساپلا قېرى-چۆرىلەرنى قالدۇرۇپ، كۆچكە تولۇپ قاتارغا قوشۇلغان، ئۆينىڭ ئىشىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆينى تەۋرىتىپ تۇرغان ئىشچان ياشلارنى ئېلىپ كېتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى بۇزماقچى بولدى.

**ئۆينى چۆگىلەتمەك** پۈتۈن بىر ئائىلىنى باشقۇرماق، بىر ئائىلىنىڭ بار-يوقىنى تېپىپ قامدىماق، باقماق: ئۇ دېگەن بىر ئۆينى چۆگىلىتىدىغان ئەر. * مەن قانداقلا بولمىسۇن بەش يىلدىن بېرى بىر ئۆينى چۆگىلىتىپ كەلدىم.

**ئۆينى ئوچاق قىلىۋەتمەك** جېدەل چىقىرىپ، ئۆينى بىر ئالماق، قالايمىقان قىلىۋەتمەك؛ جېدەل چىقىرىپ، ئۆينى بېشىغا كىيمەك.

**ئۆي هايۋانلىرى** < زوئول > ئىنسانلار ئىقتىسادىي مەنپەئەت ياكى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئۆيدە بېقىپ ئۆستۈرىدىغان هايۋانلار. مەسىلەن، قوي، كالا، ئات، تۆگە، توشقان، مۈشۈك، ئىت، چوشقا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۆيى بۇزۇلماق** ئەر-خوتۇنلۇق مۇناسىۋەت بۇزۇلماق: بىلدىم، سىزنى ئۆيگە پاتۇرالمىغان گەپ. لېكىن مۇنۇ بىچارىلەرنىڭ ئۆيى بۇزۇلمىسۇن.

**ئۆي ئىچى بىلەن** «ئۆيدىكى ھەممە بالا-چاقىلارنىڭ ھەممىسى» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: مەن سىلىنى بۈگۈن بىزنىڭكىگە ئۆي ئىچى بىلەن ئېپتارغا چاقىرغىلى كەلدىم.

**ئۆيگە چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىدۇ** ئۆينىڭ ئىچىدە كىشى يېگۈدەك ياكى كىشىگە يارىغۇدەك ھېچ نەرسە يوق، ئۆينىڭ ئىچى قۇرۇق، ئىنتايىن نامرات: — كېچۈرۈڭلار، ئۆيۈمگە باشلىيالمىدىم، چۈنكى ھازىر ئۆيۈمگە چاشقان كىرسە يامانلاپ چىقىدۇ، — دېدى ئۇ ئىنتايىن خىجىل بولۇپ.

**ئۆيە** ئى. دىئال. مەڭگەن، بۇغداي پاخلى.

**ئۆي-ئەنجام** ئۆي ۋە ئەنجام: — بۇ — كوممۇنىستلار مېنىڭدىن تارتىپ ئېلىپ يالاڭتۆشلەرگە بۆلۈپ بەرگەن يەر-زېمىن، مال-ۋاران ۋە

ئۆي-ئەنجاملارنىڭ تىزىمى، — دېدى بەگ.

**ئۆي-پۆي** ئۆي ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر، ئۆي ھەم شۇ ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان تۇرالغۇ جاي: ئۆي-پۆي بىنا قىلماق. * قېنى، ئۆي-پۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرۇشامىلا؟

**ئۆي-جاي** ئۆي ۋە شۇ ئۆينى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھويلا ھەم ئۇنىڭ دائىرىسىگە كىرىدىغان باغ-ۋاران قاتارلىقلار: ئۆي-جاي قىلماق. * يېزىلارنىڭ ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. * — مېنىڭ دېمەكچى بولۇۋاتقىنىم بوۋا، — دېدى تاشۋاي، — ئۆمۈر بويى ئۆي-جاي، مال-بىسات دېگەنلەرنى كۆرمەي ئۆتكەنلىكىڭىزنى ئېيتىمەن.

**ئۆي-سەرەمجان** ئۆي ۋە سەرەمجان: بىر قاتار ئۆي-سەرەمجانلىرىدىن باشقا ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇراتتى. * ئۇنىڭ ئۈستىگە، گايىت پاششاپ: «ئەگەر تولۇق تۆلىيەلمىسەڭ، ئۆزۈڭ قۇل، خوتۇن-قىزلىرىڭ دېدەك، بارلىق ئۆي-سەرەمجانلىرىڭ پادىشاھلىق قىلىنىدۇ» دەپ گەپنى ئۈزۈۋەتكەنىدى.

**ئۆيچىلىك** (توغرىسى: ئۆيئىچىلىك) ← **ئۆيئىچىلىك.**

**ئۆيدىكى** سۈپ. ئۆيگە قويۇلغان، ئۆيدە بار، مەۋجۇت بولغان: ئۆيدىكى نەرسە، ئۆيدىكى ئادەم.

**ئۆيسەن** رەۋ. دىئال. ئۆي سايان، ئۆيگە: ئۆيسەن كىرەيلى.

**ئۆيسىز** سۈپ. ئۆيى يوق، ئۆيگە ئىگە ئەمەس، ئۆيدىن ئايرىلغان: — شۇنداق قىلىپ، ئۆيسىز ئادەم قالمايدۇ، ئەتىيازلىقتا ئەزالارنىڭ ئۆي-جاي قۇرۇلۇشىمۇ بىللە يولغا قويۇلسا دەپ ئەزالار تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى دۈيجاڭ. * ئافغانىستاندىكى ئىچكى ئۇرۇش توپەيلى ئۇ يەردە ئۆيسىز پۇقرالار كۆپىيىشكە باشلىدى.

**ئۆيسىز-ماكانسىز** ئۆي-ماكانى يوق، ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلغان، سەرسان.

**ئۆيلەك** ئى. دىئال. ئۆي ئورنى، ئۆي ئورنىغا تاللانغان يەر.

**ئۆيلەڭ** ئى. دىئال. سازلىق، چىملىق.

**ئۆيلەڭ چېچىكى** دىئال. چىملىقتا ئۆسىدىغان سېرىق گۈل.

**ئۆيلەندۈرمەك** «ئۆيلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەپەرقۇل قىرىق ياشقا كىرىپ قالغان، ئاتا-ئانىسى بولسا، ئاللىقاچان ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇڭا، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بىلەن ئەل-جامائەت ئۇنى جاھاندىن ئەۋلادسىز كەتمىسۇن دەپ، رەۋىخان دېگەن بىر تۇل ئايالغا ئۆيلەندۈرۈپ قويغانىدى. * بازىر قاراخان ۋاپات بولۇش ئالدىدا تۇغرۇلنى تەركىن بېگىمنىڭ سىڭلىسى گۈللەيلىگە ئۆيلەندۈرۈپ قويغانىدى.

**ئۆيلەندۈرۈشمەك** «ئۆيلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆيلەنمەك** ① «ئۆيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② بىرەر قىز ياكى ئايالنى ئۆز نىكاھىغا — خوتۇنلۇققا ئالماق، ئائىلە قۇرماق (ئەر كىشى ھەققىدە): ساۋۇتخان ئۇستام ئاكىسىدىن ئىككى يىل كېيىن چولپان ئىسىملىك مەڭزى ئاناردەك يېزىلىق قىزغا ئۆيلەنىدى. * ئۇ كىشى ئىككى قېتىم ئۆيلىنىپتۇ. ئەمما لېكىن ھەر ئىككى خوتۇنىدىن پەرزەنت كۆرمەپتۇ.

**ئۆيلۈك** سۈپ ① ئۆيى بار، ئۆيگە ئىگە: — ھازىرچە جايلىشىپ تۇرسۇن، ئۇلار بۇ ئۆيلەردە ئۇزۇن ئولتۇرمايدۇ، كېيىن يەر كۆرسىتىپ بەرسەك، ئۆيلۈك ۋە باغ-ۋارانلىق بولۇپ قالىدۇ، — دېدىم كاتىپقا. ② ئۆي چۈشىدىغان، ئۆي سىغىدىغان: — شۇنچە كەڭ گۇگۇشىدىن مۇئەللىم پاتقۇدەك ئۆيلۈك

زىمىن چىقمامدىكەن! ـــ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ③ ئۆيلەردىن تەشكىل تاپقان، ئۆيلەردىن ئىبارەت: يۈز ئۆيلۈك مەھەللە. * بۇ يەردە بىر ئۆيلۈك موماي بار ئىكەن. * بىزنىڭ يېزىدا ئوتتۇز ئۆيلۈك ئادەم بار. ④ ئۆي تۇتقان، ئائىلە قۇرغان، توي قىلىپ ئائىلىۋى تۇرمۇش كەچۈرگەن: ئۆيلۈك بولماق.

**ئۆيلۈك بولماق** توي قىلىپ ئائىلىۋى تۇرمۇش كەچۈرمەك، توي قىلىپ ئۆي تۇتماق، ئۆيلەنمەك: بۇ رابىيە شاھزادە بىلەن ئۆيلۈك بولۇپ ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي پاقلاندەك بىر ئوغۇل تۇغدى. * ـــ نېمە سىنىڭ ئۆيۈڭ يوقمۇ؟ ئۆيلەندى دېگەن گەپ ئۆيلۈك بولدى دېگەن گەپقۇ؟ ـــ دەپ سورىدى ئۇ.

**ئۆيلۈك قىلماق** خوتۇن ئېلىپ بەرمەك، ئۆيلىمەك.

**ئۆيلۈك-ئوچاقلىق** توي قىلغان، ئۆي ۋە خوتۇن، بالىلىرى بولغان: ئۆيلۈك-ئوچاقلىق ئادەم. ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولماق.

**ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولماق** ئۆيلىنىپ، ئۆي تۇتۇپ تۇرمۇش كەچۈرمەك: زۆھرە بىلەن شاھزادە ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن، مەرتىۋىسى ئۆسۈپ، دۆلىتى زىيادە بولۇپتۇ. * ئۇنىڭ تەڭتۇشلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولدى.

**ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلماق** ئۆيلەپ قويماق، توينى قىلماق: ئۇنى ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىش قاتارلىق ئىشلاردىمۇ ھەسەننىڭ غەمخورلۇقى ئاز بولمىدىغۇ. * مەن سىنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلمىسام بولمايدۇ.

**ئۆيلىمەك** پ. خوتۇن ئېلىپ بەرمەك: ئوغۇل ئۆيلىمەك. * ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە دادىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويدى. مانا شۇنىڭ بىلەن نادىر شۇ يەرلىك بولۇپ قالدى.

**ئۆيلىنىشمەك** «ئۆيلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆي-ماكان** ئۆي ۋە ماكان، ئۆيى جايلاشقان، ئولتۇراقلاشقان تۇرالغۇ جايى: ئۆي-ماكاندىن ئايرىلماق. * ئۇلارنىڭ نەچچىنچى ئەجدادلىرىدىن تارتىپ ئولتۇرۇپ كەلگەن ئۆي-ماكانلىرى ئالىلقاچان يېڭى خوجايىنلارنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

**ئۆي-ماكانسىز** ئۆيى-ماكانى، تۇرالغۇسى يوق؛ ئۆي-ماكانىدىن ئايرىلغان: بۇ خوتۇن-بالىلىرىنىڭ يۈزىگە قارىيالماي، ئۆي-ماكانسىز بىر سەرگەردان بولۇپ كەتكەنىكەن.

**ئۆي-ماكانلىق** ئۆي-ماكانى بار، ئۆي-جايغا ئىگە: ئۆي-ماكانلىق كىشى. ئۆي-ماكانلىق بولۇپ قالماق.

**ئۆيمەك** پ. كۆڭلى بىرقىسما بولماق بىئارام بولماق؛ تەشۋىشلەنمەك، ئەندىشىگە چۈشمەك، ئەنسىرىمەك: ئۇلار كۆڭلى ئۆيگەن ھالدا بىر-بىرىگە قاراشتى. * بۇ ئاۋازنى ھەرقانداق كىشى ئاڭلىسا، يۈرىكى ئۆيمەي قالمايتتى. * شۇ چاققىچە نەگە كەتتىڭ، سەندىن كۆڭلۈم ئۆيۈپ ئولتۇرالماي كەتتىم.

**ئۆيمۇئۆي** ئۆيدىن-ئۆيگە كۆچۈپ، بارچە ئۆيلەرنى ئايلىنىپ، ھەممە ئۆيلەرنى كېزىپ: ئۆيمۇئۆي ئىزدىمەك. ئۆيمۇئۆي كىرمەك. ئۆيمۇ ئۆي ھېيتلىماق. ئۆيمۇئۆي يۈرۈپ تەشۋىق قىلماق. * بۇنداق كىچىك تراكتور بۇ يېزىلاردا تېخى ناھايىتى كەم كۆرۈنگەچكە، بالىلار چۇرۇلدىشىپ تراكتورغا چىقىۋېلىپ، تۇخۇم ئالغۇچىلارنى ئۆيمۇئۆي باشلاپ باردى. * قارا قېچىر مىنگەن جاكارچى ئۆيمۇئۆي، كوچمۇكوچا يۈرۈپ، ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي ۋارقىرايتتى.

**ئۆي-مۈلۈك** ئۆي ۋە مۈلۈك، تۇرمۇشقا كېرەكلىك بولغان نەرسىلەر: ئۆي-مۈلۈك

باشقۇرۇش بۆلۈمى ئۇنىڭغا، ئەلگ خىلۋەت كوچىلارنىڭ بىرىدىكى تاشلاندۇق كۆل ئورنىنى كۆرۈپ بېقىشنى تەۋسىيە قىلدى. * ئاچىلىرىم ئۆزلىرىگە ئۆي-مۈلۈك قىلدى، تۇرمۇش قۇردى.

**ئۆي-ئوچاق** ئۆي ۋە ئوچاق.

**ئۆي-ئوچاقلىق** توي قىلغان، تۇرمۇش قۇرغان، ئۆي تۇتقان: ئۆي-ئوچاقلىق ئادەم. ئۆي-ئوچاقلىق بولماق. * ئەمدى مەن ئۆي-ئوچاقلىق ئادەم بولۇپ قالدىم. ئايالىمغا ئۆزۈمنىڭ ئىككىنچى بىر يۇرتۇم بولغان يېزا ۋە كۆيۈمچان، ئاق كۆڭۈل ئايشەمخان چوڭ ئاپام توغرىسىدا دائىم پاراڭ قىلىپ بېرەتتىم.

**ئۆي-ئوچاقلىق بولماق** توي قىلىپ ئائىلىۋى تۇرمۇش كەچۈرمەك: سادىق غىياسنىڭ كەينىدىن قاراپ: «ئۇ شۇلارنى ئويلاپ ماڭغان ئىكەن-دە، دۇرۇس، ئۇنىڭ ئۆي-ئوچاقلىق بولىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغان ئەمەسمىدى؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

**ئۆي-ئوچاقلىق قىلماق** تويىنى قىلماق، بېشىنى ئوڭلىماق: سابىر ئىچكى ئۆلكىلەرنى زىيارەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىن، گۈلسۈمخان ئانا ئۇنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ، ئۆي-ئوچاقلىق قىلىش ئىستىكىدە يېنىپ يۈردى.

**ئۆي-ئورتاق بولماق** ← **ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولماق**: مەن خەلچەم بىلەن ئۆي-ئورتاق بولۇشنى جەزم قىلدىم. * مانا خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتتى، شەھەرلەرنى كەزدىم، تەقدىر-ئىرادە بىلەن ئىككىمىز قوشۇلۇپ ئۆي-ئورتاق بولۇپ قالدۇق.

**ئۆي-ئورتاقلىق** ← **ئۆيلۈك-ئوچاقلىق**: ئۆي-ئورتاقلىق بولماق.

**ئۆي-ئورتاقلىق بولماق** ← **ئۆيلۈك-ئوچاقلىق بولماق.**

**ئۆيۋاق** ئى. ئۆي ۋە ئۇنىڭ دائىرىسىدىكى باغ-ۋاران قورۇ-جاي قاتارلىقلار: ئۆيۋاقنى سېتىۋەتمەك. * قەدىرلىك ئاكا، مەن تۇغقىنىمىزنىڭ ئۆيىدە ئىككى يىل تۇردۇم. بۇ ئۆيدىكى ئەر كىشىلەر ئۆلۈپ كەتتى، ئۆيۋاقىمىزنى شىڭسىسەينىڭ ئادەملىرى بۇلاپ كەتتى. * ئۇنىڭ ئانىسى ئاللىقاچان پۈتۈن ئۆيۋاقىسىدىن ئايرىلىپ، سەرگەردان بولۇپ، كىشىلەر ئىشىكىدە تەمترەپ يۈرۈپ، ئاچلىقتىن توڭلاپ ئۆلگەنىدى.

**ئۆيۋاقا** (توغرىسى: ئۆيۋاق) ← **ئۆيۋاق.**

**ئۆيۋاقلىق** سۈپ. ئۆيۋاقى بار، ئۆيۋاقى بولغان: ئۆيۋاقلىق ئادەم.

**ئۆيئىچى** ئى [ئۆي+ئىچ+ى] ئۆينىڭ ئىچى.

**ئۆيئىچىلىك** ① ئى. ئۆي ئىشلىرى: بۇ خوتۇننىڭ ئۆيئىچىلىكى يوق. ② سۈپ. ئۆي ئىچىدە كىيىلىدىغان، ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندا كىيىدىغان: ئۆيئىچىلىك كىيىم.

**ئۆيئىچىلىك كىيىم** ئادەتتە ئۆي ئىشلىرىنى قىلغاندا كىيىشكە ئاجرىتىپ قويۇلغان كىيىم-كېچەك.

**ئۆي-ئىمارەت** ئۆي ۋە ئىمارەت: ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشى. * بۇ سان بەلكى شۇ ۋاقىتلاردىكى قەشقەر ئىچى ئاھالىسىنىڭ سانى بولۇشى كېرەك. شەھەر ئىچىدە ئۆي-ئىمارەت زىچ

# ئۆ

**ئۆ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە سەككىزىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە يىگىرمە سەككىزىنچىنى كۆرسىتىدۇ. ③ شۇ ھەرپىنىڭ نامى.

**ئۆپ** (توغرىسى: ھۆپ) ← ھۆپ.

**ئۆتلەتمەك** «ئۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆتلەشمەك** «ئۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆتلەنمەك** «ئۆتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆتلىمەك** پ. قوي ۋە كالىنىڭ باش-پاقالچاقلىرىنى ئوتقا تۇتۇپ، تۈكلىرىنى كۆيدۈرۈپ تازىلىماق؛ قۇيقىلىماق: كاللا ئۆتلىمەك. باش-شىراق ئۆتلىمەك.

**ئۆجەن** ئى. ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇق ئومۇرتقىسى.

**ئۆجمە** ئى < بوت > ① ئۆجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. قوۋزىقى تېيىز يېرىلىدۇ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى تاق جىنسلىق، گۈل يېپىنچىسى سارغۇچ يېشىل كېلىدۇ. يوپۇرمىقى بىلەن پىلە بېقىلىدۇ. يۇمران شاخلىرىنىڭ ئەۋرىشىم قوۋزىقىدىن چىققان تالالىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ. مېۋىسى ئاق ياكى قارا قوڭۇر بولۇپ، تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ. يۇمران شېخى، يىلتىز پوستى، يوپۇرمىقى ۋە مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئۆجمە ئائىلىسى** < بوت > قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەر كۆپىنچە ياغاچ غوللۇق بولۇپ، سۈتسىمان شىرنىسى بار، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، كىچىك بولىدۇ. ئۇرۇقدىنى بىر خانىلىق، يېرىم ياتما ھالەتتىكى بىر دانە تۈرەلمە تۈگۈنى بولىدۇ. مېۋىسى كىچىك ئۇرۇق مېۋە، كىچىك ئۇچكىلىك

مېۋە ياكى غوزەمەك مېۋە.

**ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دېمەك** ئەمگەك قىلماي، تەييارنى يەپ تۇرمۇش كەچۈرۈشنى ئارزۇ قىلماق: ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش دەيدىغانلارغا زادى ياخشى كۈن يوق. * «ئۈجمە پىش، ئاغزىمغا چۈش» دەيدىغان بولساق، ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنى.

**ئۈجمە چېرىپپاشكىسى** ‹زوئول› بىر خىل ھاشارات. تېنى ئۇزۇن ئېلىپس شەكىللىك، قارا رەڭلىك، ئېغىز تۇمشۇقى ئەگرى، غىلاپ قانىتىنىڭ ئۈستىدە تۈز ئېرىقچىلىرى بار. لىچىنكىسى ئاقۇچ سېرىق، بېشى ئاچ قوڭۇر. ئادەتتە ئۈجمە دەرىخىنىڭ زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۈجمە دەرىخى** ‹بوت› → **ئۈجمە**.

**ئۈجمە قەغىزى** ئۈجمىنىڭ قوۋزىقىدىن ياسالغان قەغەز. ئاق، چىداملىق بولىدۇ. «سامان قەغەز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئۈجمە كۆڭۈل** ئوي-تۇيغۇسىنىڭ تايىنى يوق، شاختىن-شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان، تۇراقسىز؛ مەۋقەسى يوق: ئەر كىشىلەر ئۈجمە كۆڭۈل كېلىدۇ. * بەزى ئۈجمە كۆڭۈل كىشىلەر توختىماي ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇشقا ئەرزىمەيدۇ. * — ئەپۇ قىلمايمەن، — دېدى گۈلشەن كەسكىنلىك بىلەن، ئۇنداق ئۈجمە كۆڭۈلگە چۈشۈپ قالغان مۇھەببىتىم يوق، خالىغىنى بىلەن يۈرۈۋالسۇن، ئارىنى ئۈچۈق قىلىمەن. * مەۋقەسى يوق، بېلى بوش، ئۈجمە كۆڭۈل كىشىنىڭ، شاختىن-شاخقا قونغاچقا، ساپاسى يوق ئىشىنىڭ.

**ئۈجمىگىنى تېرىپ يە** «ئىشىڭنى قىل، ئۆز ئىشىڭ بىلەن بول، ئۆزگىنىڭ ئىشى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: ئارتۇق گېپىڭنى قوي، بېرىپ ئۈجمىگىنى تېرىپ يە، بالىقىڭنى ياللاپ يۈرىۋەر. * گېپىڭ شۇنداق بولسا، بېرىپ ئۈجمىگىنى تېرىپ يە.

**ئۈجمە مىتىسى** ‹زوئول› → **ئۈجمە چېرىپپاشكىسى**.

**ئۈجمىزار** ئى → **ئۈجمىلىك**: بىپايان چۆللەر كۆكەردى، ئۈجمىزار ئورمان بولۇپ، قوينىدا مېھنەتكە چۈشتۇق، قولنى بىز قىزلغا تۇتۇپ.

**ئۈجمىزارلىق** ئى → **ئۈجمىلىك**.

**ئۈجمىلىك** ① سۈپ. ئۈجمە دەرىخى بار، ئۈجمە كۆپ ئۆستۈرۈلگەن: ئۈجمىلىك جاي. * بوۋاملارنىڭ ئۆيى شەھەردىن ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. ئۇ يەرنى كىشىلەر «ئۈجمىلىك مەھەللە» دەپ ئاتايتتى. ② ئى. ئۈجمە دەرىخى كۆپ ئۆستۈرۈلگەن، ئۈجمە دەرىخى تولا يەر: بۇ يەرلەر ئون يىلدىن كېيىن ئۈجمىلىككە ئايلىنىپ كېتىپتۇ. * بىز سەلدىن كېيىن، ئۈجمىلىككە بېرىپ، ئۈجمە يەپ كېلەيلى.

**ئۈجمىلىك باغقا كىرىپ قالماق** قايسىسىنى ئېلىپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي قالماق: ئۇ، بۇ ماگىزىنغا كىرىپ، ئۈجمىلىك باغقا كىرىپ قالغاندەك بولدى.

**ئۈجۈرە** I ئى. دىئال. جورا، جۈپ، تەڭداش.

**ئۈجۈرە** II ئى. ئىشلەنگەن ئىش، ئەمگەك: ئەجىر.

**ئۈجۈرە قىلماق** ئەمگەك سىڭدۈرمەك، ئەجىر قىلماق، تەر تۆكمەك.

**ئۈجۈر-بۈجۈر** (توغرىسى: ئۇجۇر-بۇجۇر) → **ئۈجۈر-بۈجۈر**.

**ئۈجۈك** ئى. دىئال. چۈچاق.

**ئۈچ** سان. ئىككىدىن كېيىن، تۆتتىن ئاۋۋال كېلىدىغان سان ۋە بۇ ساننى بىلدۈرگەن «3» رەقىمى؛ ئىككىگە بىر قوشۇلغاندا ھاسىل بولىدىغان سان: ئۈچ يىل بۇرۇن، ئۈچ يىلدىن كېيىن. ئۈچ ئايدىن كېيىن. * ئۈچنىڭ بىرى خانغا ياراپتۇ (ماقال). * ئۈچكە

ئۈچنى كۆپەيتسە توققۇز بولىدۇ.

**ئۈچ ئارمىيە** < ھەرب > قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى، دېڭىز ئارمىيىسى ۋە ھاۋا ئارمىيىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۈچ ئاككورد** < مۇز > ئۈچ ئاۋازدىن تەركىب تاپقان ئاككورد.

**ئۈچ بارماقلىق تۆمۈر تۇمشۇق** < زوئول > تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ ئۈچ بارماقلىق بىر خىلى.

**ئۈچ باسقۇچ فورمۇلىسى** < پەلس > گېگېل ئۆزىنىڭ پەلسەپەسىدە قوللانغان بىر خىل تەرەققىيات فورمۇلىسى. ئۇ: «بارلىق تەرەققىيات جەريانى ئۈچ باسقۇچنى باشتىن كەچۈرىدۇ: 1-باسقۇچ (تېزىس) 2-باسقۇچ (قارشى تېزىس) تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدۇ، 2-باسقۇچ يەنە 3-باسقۇچ (سىنتېز) تەرىپىدىن ئىنكار قىلىنىدۇ. 3-باسقۇچنىڭ سىنتېز (ئومۇملاشتۇرۇش) دەپ ئاتىلىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ ئالدىنقى باسقۇچنى رەت قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئالدىنقى ئىككى تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ مەلۇم ئالاھىدىلىكلىرىنى يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئۆزىدە بىرلەشتۈرىدۇ» دەپ قارايدۇ. گېگېلنىڭ ئۈچ باسقۇچ فورمۇلىسى رېئاللىقنىڭ ئۈستىگە زورمۇزور تېڭىلغان بىر فورمۇلىدۇر.

**ئۈچ باسقۇچ فورمۇلىسى تەلىماتى** < پەلس > ← **ئۈچ باسقۇچ فورمۇلىسى.**

**ئۈچ بۇلۇڭ** < مات > ئۈچ تەرەپكە ئىگە بولغان كۆپ تەرەپلىك. بۇنىڭدىكى ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كېسىشىش نۇقتىسى ئۈچ بۇلۇڭنىڭ چوققىلىرى دېيىلىدۇ.

**ئۈچ بۇلۇڭلۇق پولات** < بىن > توغرا كەسمە يۈزى (L) شەكلىدە ئىشلەنگەن پولات. يانلىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقىغا قاراپ تەڭ يانلىق ئۈچ بۇلۇڭلۇق پولات ۋە تەڭ يانسىز ئۈچ بۇلۇڭلۇق پولات دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**ئۈچ بۇلۇڭلۇق سىزغۇچ** ياغاچ ياكى سۇلياۋدىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە نېپىز قىلىپ ياسالغان بىر خىل چېرتيوژ سىزىش قورالى. ئۇنىڭ بىر بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ، قالغان ئىككى بۇلۇڭى 45° لۇق بۇلۇڭ، ياكى بىر بۇلۇڭى 60° لۇق بۇلۇڭ، يەنە بىرى 30° لۇق بۇلۇڭ بولىدۇ.

**ئۈچ بۆلەكلىك مۇزىكا** < مۇز > ئۈچ خىل تاۋۇش ياكى ئۈچ خىل چالغۇ ئارقىلىق ئورۇنلانغان مۇزىكا.

**ئۈچ بۆلەكلىك ناخشا** < مۇز > يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ئوخشاش بولمىغان ئۈچ خىل ئاۋازدا ئېيتىلغان ناخشا.

**ئۈچ پادىشاھلىق** < تارىخ > مەملىكىتىمىزدە ۋېي، شۇ، ۋۇ پادىشاھلىقلىرىنىڭ بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان دەۋرى. ۋېي پادىشاھلىقى مىلادىيە 220 — 265-يىللىرىغىچە؛ شۇ پادىشاھلىقى مىلادىيە 221 — 263-يىللىرىغىچە؛ ۋۇ پادىشاھلىقى مىلادىيە 222 — 280-يىللىرىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

**ئۈچ پۇتلۇق تىرەك** پۇتى ئۈچ ۋە ئۈستىگە رەسىم تارتىش ئاپپاراتى، ئۆلچەش ئەسۋابى قاتارلىقلار ئورنىتىلىدىغان تىرەك.

**ئۈچ ئاتلاپ يىراققا سەكرەش** < تەن > ئېتىش-سەكرەش مۇسابىقىسىنىڭ سەكرەش تۈرى. تولۇق ھەرىكەت ئۈچ سەكرەشتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى سەكرەش بىر پۇت بىلەن سەكرەش بولۇپ، قاڭقىغۇچى پۇت يەرگە چۈشىدۇ؛ ئىككىنچى سەكرەش ئاتلاپ سەكرەش بولۇپ، پۇلاڭلىغۇچى پۇت يەرگە چۈشىدۇ؛ ئۈچىنچى سەكرەشتە ئىككى پۇت تەڭ يەرگە چۈشىدۇ.

**ئۈچ تالاق** كونا ئادەت بويىچە ئەر

تەرپىدىن ئايالغا نىكاھنى بۇزغانلىقنى، ئاجراشقانلىقنى، بىلدۈرىدىغان سۆز بولۇپ، «تالاق» قا قارىغاندا ۋەزنى تېخىمۇ ئېغىر.

**ئۈچ تالاق قىلماق** ئەر خوتۇنىغا ئۈچ قېتىم تالاق دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئۈزۈل-كېسىل ئاجراشقانلىقنى جاكارلىماق: — بۈگۈنلا خېتىنى بېرىمەن. ئۈچ تالاق قىلىمەن، — دېدى قوباق ئايالنى قوغلاپ تۇرۇپ. * خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ، سەرگەردان بولدۇم. * نېمىشقا دېگەندە ئۇنىڭ خوتۇننى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپلا، ئورنىغا ياش چوكان ئالىدىغان ئادىتى بار.

**ئۈچ تەرەپلىك** <مات> ← **ئۈچ بۇلۇڭ.**

**ئۈچ تۇتاش ئاۋاز** <مۇز> ئىككى ئۇدار ئۇزۇنلۇق ئىچىدە چېلىنىپ چىققان بىر گورۇپپا ئۈچ ئاۋاز.

**ئۈچ تۈرلۈك ھەرىكەت** <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا مۇسابىقىسىدىكى ئاياللار ياكى ئۆسمۈرلەرنىڭ ئومۇمىي ماھارەت كۆرسىتىش تەنھەرىكىتى. مۇسابىقە تەرتىپى: 100 مېترغا يۈگۈرۈش، چويۈن توپ ئېتىش، ئېگىزگە سەكرەش بولۇپ، بىر كۈندە تاماملىنىدۇ.

**ئۈچ چوڭ پەرق** <س ئىق> سانائەت بىلەن يېزا ئىگىلىكى ئوتتۇرىسىدىكى، شەھەرلەر بىلەن يېزىلار ئوتتۇرىسىدىكى، ئەقلىي ئەمگەكچىلەر بىلەن جىسمانىي ئەمگەكچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق.

**ئۈچ چوڭ سىياسەت** <تارىخ> 1923-يىلى سۇن جۇڭشەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى بىلەن جۇڭگو گومىنداڭىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇش يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان، بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ يېڭى ئۈچ مەسلىكى. ئۇنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستىك پارتىيە بىلەن بىرلىشىش ۋە ئىشچى-دېھقانلارغا يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت.

**ئۈچ سۇلالە** <تارىخ> شيا، شاڭ، جۇ سۇلالىلىرىدىن ئىبارەت ئۈچ سۇلالىنىڭ بىرلەشمە نامى.

**ئۈچ فازا، تۆت سىملىق سىستېما** <فىز> ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك سىستېمىسىدىكى تۆت تال ئۆتكۈزگۈچ سىم بىلەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش شەكلى.

**ئۈچ فازا نۇقتىسى** <فىز> يەككە «تەركىب» سىستېمىسى (بىر خىل ساپ ماددا) ئىچىدىكى ئۈچ فازا تەڭپۇڭ ھالەتتە تەڭ مەۋجۇت بولغان چاغدىكى تېمپېراتۇرا بىلەن بېسىم. مەسىلەن، سۇ، مۇز ۋە گازدىن ئىبارەت ئۈچ فازا تەڭپۇڭ ھالەتتە ئورتاق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغاندا، تېمپېراتۇرا 273.16K (يەنى 0.01°C)، بېسىم 4.58 مىللىمېتر سىماب تۈۋرۈكى بولىدۇ.

**ئۈچ فازا ئۈچ سىملىق سىستېما** <فىز> ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان توك سىستېمىسىدىكى ئۈچ تال ئۆتكۈزگۈچ سىم بىلەن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى يەتكۈزۈپ بېرىش شەكلى.

**ئۈچ قۇتۇپلۇق لامپا** <فىز> ئۈچ دانە ئېلېكتر قۇتۇبى بولغان لامپا. ئۈچ قۇتۇپلۇق ئېلېكترون لامپا ئانود، تور قۇتۇپ، كاتودلاردىن تەشكىل تاپىدۇ؛ ئۈچ قۇتۇپلۇق كرىستال لامپا تارقاتقۇچى قۇتۇپ، ئاساس قۇتۇپ، يىغقۇچى قۇتۇپلاردىن تەشكىل تاپىدۇ.

**ئۈچ قىرلىق تاسما** <ماشىن> توغرا كەسمە يۈزى ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدىكى ھەرىكەت ئۆتكۈزگۈچى تاسما. ئىشلىتىش دائىرىسى

كەڭ، كۆپىنچە ھەربىكەتلەندۇرگۈچى ئوقلاردىكى ھەرىكەتنى ھەرىكەتلەنگۈچى ئوقلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئىشلەتكەندە ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە ئېرىقچە ئويۇلغان چاقلارنىڭ ئۈستىگە كىيدۈرۈلىدۇ.

**ئۈچ قىرلىق قارا بۇغداي** <بوت> ① قامچىئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى قىزغۇچ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى ئۈچ بۇرجەك، يۈرەكسىمان، ئۇزۇن ساپىقى بار. گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، رەڭگى قىزىل ياكى سۇس ھال رەڭ. ئورۇق مېۋىسى ئۈچ بۇرجەك، قىرلىق بولىدۇ. دېنىدىن ئۇن تارتىپ يېيىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى (ئۇرۇقى).

**ئۈچ مەسىلە** <تارىخ> سۇن جۇڭشەن ۋە ئۇ رەھبەرلىك قىلغان جۇڭگو بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مىللىي مەسىلە، خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى ۋە خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسىدىن ئىبارەت سىياسىي پروگرامما. مىللىي مەسىلە — مانجۇ ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، خەنزۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش؛ خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى — مىنگو قۇرۇش؛ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى — يەرگە ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىش دېگەندىن ئىبارەت. كېيىن سۇن جۇڭشەن ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى ۋە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ياردىمى ئاستىدا روسىيە بىلەن بىرلىشىش، كوممۇنىستلار پارتىيىسى بىلەن بىرلىشىش، ئىشچى-دېھقانلارغا يار-يۆلەك بولۇشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ سىياسەتنى تۈزۈپ، 1924-يىلى ئۈچ مەسىلىنى يېڭىباشتىن شەرھلىگەن.

بۇنىڭدا مىللىي مەسىلە — «جاھانگىرلىككە قارشى تۇرۇپ، مەملىكەت ئىچىدە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇش» دەپ؛ خەلق ھوقۇقى مەسىلىسى — «ئادەتتىكى پۇقرالارغىمۇ ئورتاق بولغان، ئاز سانلىق كىشىلەر ئۆزىنىڭ قىلىۋالمايدىغان سىياسىنى بەرپا قىلىش» دەپ؛ خەلق تۇرمۇشى مەسىلىسى — «يەرگە ئومۇم ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋە كاپىتالغا چەك قويۇش» دەپ شەرھلەنگەن.

**ئۈچ نەزىر** بىراۋ ئۆلۈپ 3-كۈنى ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر: ئۈچ نەزىرىنى بەرمەك.

**ئۈچ ھۆكۈملۈك** <لوگ> يەشمە خۇلاسىنىڭ دائىم ئىشلىتىلىدىغان تىپىك شەكلى. ئۇنىڭ تەركىبىدە ئۈچ ھۆكۈم بولۇپ، ئىككىسى ئاساس، بىرى يەكۈن. ئىككى ئاساسنىڭ بىرى چوڭ ئاساس، يەنە بىرى كىچىك ئاساس. چوڭ ئاساس ئومۇمەن ئومۇمىي قائىدە بايان قىلىنغان ھۆكۈمدۇر.

**ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇق** <مات> نۇقتىنىڭ ئورنى ئۈچ كوئوردىنات ئارقىلىق بەلگىلىنىدىغان بوشلۇق. ئوبيېكتىپ مەۋجۇت بولغان رېئال بوشلۇق ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇق بولۇپ، ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك، ئېگىزلىكتىن ئىبارەت ئۈچ ئۆلچەمگە ئىگە. ماتېماتىكا، فىزىكا قاتارلىق پەنلەرگە كىرگۈزۈلگەن كۆپ ئۆلچەملىك بوشلۇق ئۇقۇمى ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇق ئاساسىدا چىقىرىلغان ئىلمىي ئابستراكسىيەدىن ئىبارەت.

**ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى** <تارىخ> ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى،

تارباغاتاي، ئالتايدىن ئىبارەت ئۈچ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ 1944 - يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان مىللىي — دېموكراتىك قوراللىق كۈرىشى. ئۇ جۇڭگو خەلقىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

**ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسى** < گېئول > يەتتە كرىستال سىستېمىسىنىڭ بىرى. تۆۋەن دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىغا ياتىدۇ. سىممېترىيە تۈزىدە سىممېترىيە يۈزى ياكى ئىككى دەرىجىلىك سىممېترىيە ئوقى بولمايدۇ. كرىستالنىڭ گېئومېترىيىلىك تۇراقلىق سان ئالاھىدىلىكى α≠b≠c ، α≠β≠r≠90° بولىدۇ.

**ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن** پۈتۈن بىر يىل، يىل بويى، دائىم، ھەمىشە: — مەن ساڭا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن نامىزىمدا دۇئا قىلىمەن، — دېدى موماي. * ئۇلار ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ياش كۆتۈرمەي ئىشلىسىمۇ، ئىشلىگىنىگە تۇشلۇق ئىش ھەققىگە ئېرىشەلمەيتتى.

**ئۈچەك** ئى < بىئول > بەزى جانلىقلارنىڭ شارائىت ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىش ئۈچۈن، ھاياتلىق پائالىيىتىنى توختىتىپ قالغانغا ئوخشاش ھالەتكە كەلتۈرۈشى. مەسىلەن، يىلاننىڭ قىش پەسلىدە ھەرىكەت قىلماي ۋە ئوزۇقلانماي يېتىشى؛ ئۆسۈملۈك بىخىنىڭ قىش پەسلىدە ئۆسۈشتىن توختىشى قاتارلىقلار.

**ئۈچەككە كىرىش** < بىئول > جانلىقلارنىڭ قاتتىق سوغۇق، قاتتىق ئىسسىق، قۇرغاقچىلىق، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئەھۋاللىرى يۈز بېرىدىغان مەزگىللەردە ئۈچەك ھالىتىگە قەدەم قويۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۈچەي** ئى ① < ئانات > ھەزىم قىلىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى. شەكلى شلانكىغا ئوخشاش بولۇپ، يۇقىرىقى ئۈچى ئاشقازان بىلەن، ئاستىنقى ئۈچى مەقئەت تۆشۈكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئادەتتە كىچىك ئۈچەي ۋە چوڭ ئۈچەي دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. بەدەندە ھەزىم قىلىش ۋە سۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. ② ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان شۇ خىل ئەزاسى: ئۈچەي قۇيماق. ئۈچەي كاۋىپى.

**ئۈچەي بوشىشىش** < تىب > ئۈچەي دېۋارى گۆشلىرىنىڭ كېرىلىش كۈچى تۆۋەنلىشىپ، ئۈچەينىڭ نورمال لۆمۈلدەش ھەرىكىتى تۆۋەنلىشىش ھادىسىسى.

**ئۈچەي بېزى** < ئانات > ئۈچەينىڭ شىللىق پەردىلىرىدىكى ئۈچەي سۇيۇقلۇقىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز.

**ئۈچەي بېغىشى** < ئانات > قورساق پەردىسىنىڭ بىر قىسمى. ئىنچىكە ۋە چوڭ ئۈچەينىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرۇپ، ئۈچەينى قورساق بوشلۇقىنىڭ ئارقا تېمىغا تۇتاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئۈچەي پارازىتى** < زوئول > ئادەم ۋە ھايۋان ئۈچەيلىرىدە پارازىت ياشايدىغان قۇرتلار.

**ئۈچەي توسۇلۇش** < تىب > ئۈچەي كىرىشىپ قېلىش، ئۈچەي ئىچىدە ئۆسمە پەيدا بولۇش، ئۈچەي بوشلۇقىغا سازاڭسىمان مەددە قاتارلىق يات جىسىملار كەپلىشىپ قېلىش، ئۈچەي گۆشلىرى تارتىشىش ياكى پالەچلىشىش تۈپەيلىدىن ئۈچەي ئۆتكۈزمەس بولۇپ قېلىش ھادىسىسى. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى: قورساق كۆپۈش، قورساق قاتتىق ئاغرىش، قۇسۇشلاردىن ئىبارەت.

**ئۈچەي تولغىنىش** < تىب > ئۈچەينىڭ

ئۆزلۈكىدىن تولغىنىپ قىلىش ھادىسىسى. بەزىدە ئۇ ئۇچەي توسۇلۇش ھادىسىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئۇچەي تۇبېركۇلېوزى** < تىب > سىل تاياقچە باكتېرىيىلىرىنىڭ ئۇچەيگە ئورۇنلىشىپ قېلىشىدىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. ئۇنىڭ ئالامەتلىرى: قورساق ئاغرىش، بەزىدە ئىچى سۈرۈپ، بەزىدە قەۋزىيەتلىشىش، چوڭ تەرەتتە بەزىدە قان-يىرىڭ كېلىش، قان ئازىيىپ ئورۇقلاپ كېتىشلەردىن ئىبارەت.

**ئۇچەي تۇرۇلۇش** < تىب > ئۇچەينىڭ بىر قىسمى يەنە بىر قىسمىنىڭ ئىچىگە كىرىپ قېلىپ ئۇچەينى توسۇۋېلىش ھادىسىسى. بۇ تولاراق بالىلاردا ئۇچرايدۇ. ئادەتتە قورساق تۇيۇقسىز قاتتىق ئاغرىش، قۇسۇش، تەرەتتە قان كېلىش، قورساق ئىچىدە مونەكچە بولۇشلار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**ئۇچەي تېشىلىش** < تىب > بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا يارىلىنىش، ئۇچەي تۇبېركۇلېوزى، ئۇچەي كېزىكى، 12 بارماق ئۇچەي يارىسى ياكى ئۇچەينىڭ باشقا ياللۇغلىنىشلىرى تۈپەيلىدىن ئۇچەي دىۋارى تېشىلىپ، تۆشۈك ھاسىل بولىدۇ. نەتىجىدە تەرەت قورساق بوشلۇقىغا ئېقىپ كىرىپ، قورساق بوشلۇقىنى يۇقۇملاندۇرۇپ، قۇسۇش، قورساق قاتتىق ئاغرىش، كۆپۈش، تومۇر ئاجىزلىشىش قاتارلىق كېسەل ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**ئۇچەي تىۋىتى** < ئانات > ئىنچىكە ئۇچەي دىۋارى شىللىق پەردىلىرىدىكى تىۋىتكە ئوخشايدىغان توقۇلما. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىنچىكە قان تومۇرلار بولۇپ، ئوزۇقلۇق ماددىلارنى سۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**ئۇچەي چاپلىشىش** < تىب > ئۇچەي ئەگمى بىلەن ئۇچەي دىۋارى ياكى ئۇچەي ئەگمى ئارىسىنىڭ چاپلىشىش ھادىسىسى.

**ئۇچەي خىرۇرگىيىسى** < تىب > ئۇچەي كېسەللىكلىرىنى ئوپېراتسىيە يولى بىلەن داۋالاش ئۇسۇللىرى.

**ئۇچەيدە قان قېيىش** < تىب > ئۇچەي شىللىق پەردە قان تومۇرلىرىدا قان راۋان ماڭماي قېيىپ قېلىش ھادىسىسى.

**ئۇچەي دىۋارى** < ئانات > ئۇچەينى ھاسىل قىلغۇچى مۇسكۇل ۋە ئۇنىڭ يۈزى.

**ئۇچەي زەھىرى** < بىئول > سېرىق رەڭلىك ئۇزۇمسىمان شارچە باكتېرىيە ھاسىل قىلىدىغان زەھەر. ئۇ ئادەم ۋە مايمۇنلاردا يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىش بەلگىلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئۇچەي سانجىقى** < تىب > ئۇچەي دىۋارى سپازمىلىنىپ، ئۇچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتى كۈچىيىپ كېتىش بىلەن كېلىپ چىقىدىغان ئۆتكۈنچى خاراكتېرلىق قاتتىق ئاغرىق. كۆپىنچە يېمەكلىكتىن زەھەرلىنىش، ئۇچەي توسۇلۇش قاتارلىقلار پەيدا قىلىدۇ.

**ئۇچەي سۈيۈقلۇقى** < ئانات > ئۇچەي شىللىق پەردىلىرىدىكى بەز ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ھەزىم قىلىش سۈيۈقلۇقى. تەركىبىدە كۆپ خىل فېرمېنتلار بار. ئۇلار تاماقلار تەركىبىدىكى شېكەر، ياغلارنىڭ ھەزىم بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**ئۇچەي سىلى** < تىب > ← **ئۇچەي تۇبېركۇلېوزى.**

**ئۇچەي غەلۋىرىكى** < تىب > جۇگىيىدا ئادەتتە سازاڭسىمان ئۆسۈكچە ياللۇغى «ئۇچەي غەلۋىرىكى» دېيىلىدۇ.

ئەمما قەدىمكى كىتابلاردا ئومۇمەن ئۈچەي ساھەسىگە چىققان يىرىڭلىق يارىلارنى كۆزدە تۇتقان، ئۇلار «بۇ كېسەل ھۆل زەھەرلەر يىغىلىپ، قايىغان ھارارەت ئۈچەيگە قۇيۇلۇشتىن كېلىپ چىقىدۇ، بەدەن قىزىيدۇ، جۇغۇلدايدۇ، قورساق كۆپۈپ ئاغرىپ تۇتقىلى قويمايدۇ، قولغا مونەك ئۇرۇلىدۇ، ئۈچەي تۆۋەنگە تارتىلىپ ئاغرىيدۇ، تەرەتتە قان-يىرىڭ كېلىدۇ» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

**ئۈچەي كاۋىپى** ئۈچەيدىن قىلىنغان كاۋاپ. ئادەتتە ئۈچەي پاكىز يۇيۇلۇپ ۋە تەتۈر ئۆرۈلۈپ، ئىككى سانتىمېتىر ئەتراپىدا توغرالغاندىن كېيىن زىخقا ئۆتكۈزۈلۈپ، كاۋاپدانىدا پىشۇرۇلىدۇ.

**ئۈچەي كېزىكى** <تب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك. ئۈچەي كېزىكى تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا بەدەن ھارارىتى تەدرىجىي ئۆرلەپ 39° ــ 40° قا چىقىدۇ. تومۇرنىڭ سوقۇشى ئاستىلايدۇ، تال ئىششىيدۇ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ئازىيىدۇ، قورساق ساھەسىگە ھال رەڭ ئەسۋە چىقىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئۈچەي قاناش، ئۈچەي تېشىلىش سەۋەبلىك ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ.

**ئۈچەيگە قان تولۇش** <تب> ئۈچەي تومۇرلىرى كېڭىيىپ كېتىش، قان قېيىشتىن ئۈچەي شىللىق پەردە قان تومۇرلىرىغا قان تولۇش.

**ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتمەك** قورسىقى ئىنتايىن ئېچىپ كەتمەك: تاماق تەييار بولدىمۇ، تېز بولۇڭ، ئۈچەيلىرىم تارتىشىپ كەتتى.

**ئۈچەي مەنبەلىك زەھەرلىنىش** <تب> ئۈچەيدە ھاسىل بولغان زەھەرلىك ماددىلارنىڭ قانغا ئۆتۈشى سەۋەبىدىن يۈز بېرىدىغان زەھەرلىنىش.

**ئۈچەي ياللۇغى** <تب> ئۈچەي شىللىق پەردىسىنىڭ ئۆتكۈر ياكى سوزۇلما خاراكتېرلىق ياللۇغى. تولاراق ئىنچىكە ئۈچەي شىللىق پەردىسىنىڭ ياللۇغلىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئالامەتلىرى: قورساق ئاغرىش، قىزىتما، ئىچ سۈرۈشلەر بولۇپ، كۆپىنچە ھەزىم بۇزۇلۇش، يېمەكلىكلەردىن زەھەرلىنىش، باكتېرىيىلەر بىلەن يۇقۇملىنىشلار تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

**ئۈچەي يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى** <تب> يېمەك-ئىچمەك تەركىبىدىكى كېسەللىك باكتېرىيىلىرىنىڭ ئۈچەيگە كىرىپ كېتىشى بىلەن كېلىپ چىقىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر.

**ئۈچەي يىپى** <تب> تاشقى كېسەللىكلەر ئوپېراتسىيىسىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل تىكىش يىپى. قوينىڭ ئۈچەي دىۋارى توقۇلمىسىدىن ئىشلىنىدۇ.

**ئۈچىيى دۈمبىسىگە چاپلىشىپ قالماق** ← **ئۈچەيلىرى تارتىشىپ كەتمەك**: ئېسىمنى يىغىپ ئويلىسام قورساقلىرىم ئېچىپ، ئۈچىيىم دۈمبەمگە چاپلىشىپ قالغاندەك بولۇپ، چاڭقاپ، گاللىرىم قۇرۇپ كېتىپتۇ.

**ئۈچىيى قىسقا** قورسىقى كىچىك، ئىچى تار: سادىق ھەممىشە: ــ ئاياللارزە ئۈچىيىڭلار بەك قىسقا، قورساقنى كەڭ تۇتقان ياخشى، ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم ئۇرۇشۇپ، جېدەللىشىپ يۈرسە سەت ئەمەسمۇ؟ ــ دەپ ئاغزىمنى تۇۋاقلاپ قويىدۇ.

**ئۈچىيى ئۈزۈلگۈدەك** قاتتىق ۋە ئۈزۈلدۈرمەي كۈلۈپ كەتكەنلىكنى سۈپەتلەپ ئېيتقاندا قوللىنىلىدىغان ئىبارە: خاتىپ بولسا، ئۈچىيى

ئۆزۈلگۈدەك كۆلۈپ مەززە قىلاتتى.

**ئۇچەي-باغىر** ① ئۇچەي ۋە باغىر. ② قورساق.

**ئۇچەي-باغرىنى سىيرىماق** ھېچنېمىسىنى قويماسلىق: ئۇنى بىز رازى بولغۇدەك كۈتۈۋالالمايمىزمۇ؟ مۇبادا تاغامنى بىزنىڭ ئۆيدە ئۇچ كۈن تۇردى دېگەندىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۇچەي-باغرىمىزنى سىيرىۋېتىشى تۇرغانلا گەپ!

**ئۇچەي-پۇچەي** ئۇچەي ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: ئۇچەي-پۇچەيلىرىنىمۇ قويماي يەۋېتىپتۇ.

**ئۇچەي-قېرىن** ئۇچەي ۋە قېرىن: ئۇچەي-قېرىننى چۇۋۇماق.

**ئۇچەي-قېرىننى تۆكمەك** ئىچىدىكى دەردىنى پۈتۈنلەي سۆزلىمەك، قورسىقىدىكى گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېيتماق: ئۇمۇ ئۇچەي-قېرىننى تۆكتى. پۇشايمان قىلىپ قوللىرىنى چىشلىدى.

**ئۇچەيلەن** سان. ئۇچ ئادەم، ئۇچ كىشى: بۇ ۋەدىنى ئاڭلىغان ئۇچەيلەن شاھنىڭ سۆزىنى رەت قىلالماي، ئۆز رازىلىقىنى بېرىشىپتۇ. * ئۇزۇن ئۆتمەي ئايشەمخان تاماقنى پىشۇرۇپ شىرەگە ئېلىپ كەلدى. ئۇچەيلەن تاماق يېيىشكە كىرىشىپ كەتتى.

**ئۇچقات** ئى (ئۇچ+قات) < بوت > ئۇچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى دەسلەپ ئېچىلغاندا ئاق بولۇپ كېيىن سېرىققا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ، پۇراقلىق بولىدۇ. مېۋىسى قارا رەڭلىك، يوپۇرماق ۋە گۈللىرى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، ياللۇغ قايتۇرۇش قاتارلىق روللارغا ئىگە. ياغىچى قاتتىق، يېڭ ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇچقۇلاق** ئى (ئۇچ+قۇلاق) < بوت > پۇرچاق ئائىلىسىدىكى، كىچىك تىپتىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق. ئۇنىڭ ئاق ئۇچقۇلاق ۋە قىزىل ئۇچقۇلاق دېگەن تۈرلىرى بار.

**ئۇچكە** ئى < بوت > بەزى مېۋىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قاتتىق شاكىلى بار قىسمى. ئىچىدە ئۇرۇقى (مېغىزى) بولىدۇ. مەسىلەن، شاپتۇل ئۇچكىسى، ئۆرۈك ئۇچكىسى دېگەندەك.

**ئۇچكېزەك** ئى (ئۇچ+كېزەك) ئانىنىڭ قورسىقىدىن بىر قېتىمدا ئارقا-ئارقىدىن تۇغۇلغان قېرىنداش (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): بۇ ئۇچكېزەك ئاكا-ئۇكىلار ئېغىز بوشلۇقىنىڭ بىرئاز كىچىكرەك قىسمىدا بولغاچقا، تازا دىققەت قىلمىسا گېپىنى ئاڭقىرىشقا بولمايتتى.

**ئۇچكىلىك** سۈپ. ئىچىدە ئۇچكىسى بار، ئۇچكىسى بولىدىغان: ئۇچكىلىك مېۋە.

**ئۇچكىلىك مېۋە** < بوت > ھۆل مېۋىنىڭ بىر تۈرى. سىرتقى مېۋە شۆپۈكى ناھايىتى نېپىز كېلىدۇ. ئوتتۇرا مېۋە شۆپۈكى قېلىن، سۇلۇق بولۇپ، ئاساسلىق ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى ھېسابلىنىدۇ. ئىچكى مېۋە شۆپۈكى قاتتىق، شاكاللىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە ئۇرۇقى (مېغىزى) بولىدۇ. مەسىلەن، شاپتۇل، قارىئۆرۈك، ئالۇچىلارغا ئوخشاش.

**ئۇچلەمچى** سۈپ. بىرەر جەريان ياكى ھادىسىدە ئۇچىنچى ئورۇندا تۇرغان؛ ئۇچىنچى: ئۇچلەمچى دەۋر. ئۇچلەمچى سىستېما.

**ئۇچلەمچى دەۋر** < گېئول > ئوتتۇرا ھايات ئېراسىنىڭ بىرىنچى دەۋرى. تۆۋەن، ئوتتۇرا، يۇقارقى دەپ ئۇچ ئەسىرگە

بۆلۈنگەن. 230 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 195 مىليون يىلدىن ئىلگىرى تاماملانغان. بۇ دەۋردىكى يەر قاتلاملىرى ئەڭ ئاۋۋال گېرمانىيىدە يۇقارقى، ئوتتۇرا، تۆۋىنى دەپ ئۈچكە بۆلۈنگەنلىكتىن ئۈچلەمچى دەۋر دەپ ئاتالغان. بۇ دەۋردە يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر داۋاملىق تەرەققىي قىلغان، ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردىن قۇلۇللەر ۋە تەخسىسىمان ساقاللىقلار ئاساس قىلىنغان، بېغىش بوشلۇقلار ئازايغان، ئىپتىدائىي سۈت ئەمگۈچىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىغان. شەرتلىك بەلگىسى T .

**ئۈچلەمچى سىستېما** < گېئول > ئۈچلەمچى دەۋردە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**ئۈچلۈك** ① سۈپ. ئۈچ ئادەم ياكى نەرسىدىن تەشكىللەنگەن، تۈزۈلگەن: ئۈچلۈك ھەيئەت. ئۈچلۈك نېرۋا. ② ئى. ئۈچ خاللىق ياكى ئۈچ رەقەملىك نەرسە: قاغىنىڭ ئۈچلۈكى. غىشنىڭ ئۈچلۈكى.

**ئۈچلۈك نېرۋا** < ئانات > بەشىنچى جۈپ مېڭە نېرۋىسى. مېڭە كۆۋرۈكىدىن چىقىدۇ. ھەربىر تەرىپى ئۈچ شاخقا بۆلۈنۈپ كۆز، ئېڭەك، جاغ قاتارلىق قىسىملارغا تارقىلىدۇ. ئاساسلىقى يۈز، چىش، مۈڭگۈز پەردە، بۇرۇن ئىچى، كالپۇك، باش تېرىسىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە مېڭە قېپىنىڭ سېزىمىنى ئىدارە قىلىدۇ. يەنە چايناش مۇسكۇلىنىڭ ھەرىكىتىنىمۇ باشقۇرىدۇ.

**ئۈچۈن** تىر ① نەرسىنىڭ كىمگە، نېمىگە ئاتالغانلىقىنى، بېغىشلانغانلىقىنى ياكى كىمنىڭ، نېمىنىڭ پايدىسىغا، مەنپەئىتىگە بېجىرىلگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: ھەممە نەرسە خىزمەت ئۈچۈن. * مەن بۇ كىيىمنى ئۇكام ئۈچۈن سېتىۋالدىم. * سەن بىز ئۈچۈن، خەلقىڭ ئۈچۈن ناكار بولدۇڭ. شۇڭا سەن ئەڭ ياخشى ئادەمسەن. * ئاسماندىكى ئايمىسىز، كۆڭلۈمدىكى يارىمىسىز. سىز ئۈچۈن تۇغۇلغانمەن، ھاياتىمسىز، بارىمسىز. ② ئىش-ھەرىكەتنىڭ نېمە مەقسەتتە بېجىرىلىشىنى كۆرسىتىدۇ: يار ئۈچۈن يېگەن تاياقنىڭ يارىسى يوق (ماقال). * ئۇنىڭ دەرەخنى مىسالغا ئېلىشى سونۇرنىڭ ھازىر ياغاچ سېتىپ ئۆي ئېلىش كويىغا چۈشەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن ئىدى. * قىسىز قارلىغاچ قانىتىدەك ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرىنى سۈزۈپ، تۇمشۇقىنى يېقىملىققىنا ئۈشلاپ قويدى-دە، خالاتلىرىنى سىلىۋېتىش ئۈچۈن كارىدورغا يۈگۈردى. ③ ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشىدىكى ئاساس ياكى سەۋەبنى بىلدۈرىدۇ: نېمە ئۈچۈن. شۇنىڭ ئۈچۈن. * يامغۇر ياغقانلىقى ئۈچۈن كېچىكىپ قالدىم. * ئۇ، خىزمەت ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن كېلەلمىدى. * مەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭغا بازغۇدەكمەن؟ * — مەن تەشكىلگە بويسۇنغانلىقىم، كەڭ دېھقانلار بىلەن كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگىنىم ئۈچۈن، ساڭا بۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ. ④ بىرەر ئىشنىڭ، مەسىلىنىڭ ياكى پىكىرنىڭ كىمگە، نېمىگە نىسبەتەن ئېيتىلىشىنى كۆرسىتىدۇ: تىرىشىپ ئۆگىنىش ياشلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. * — ئاتا، سىلىنىڭ ساق-سالامەت تۇرغانلىرىنىڭ ئۆزى بىز ئۈچۈن بەخت، — دېدىم مەن. * ھايات مەن ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەت، ھاياتىنىمۇ قىممەتتۇر مۇھەببەت. ۋە لېكىن كېچەمەن ھەر ئىككىسىدىن، ئەركىنلىك، ئازادلىق ئۈچۈن مەن پەقەت.

**ئۈچىنچى** ① سان. رەت تەرتىپى، ئۈرنى ئىككىنچىدىن كېيىن تۇرىدىغان، تەرتىپ

ئورنى « 3 » رەقىمى بىلەن بەلگىلىنىدىغان، 3 - نومۇرلۇق: ئۈچىنچى ئورۇندۇق. ئۈچىنچى ئورۇن. ئۈچىنچى يىل. ئۈچىنچى قېتىم. ئۈچىنچى ئۆي. ئۈچىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىسى. ئۈچىنچى ئەۋلاد. * شەۋكەت شۇ يۈگۈرگەن پېتى ئىككىنچى، ئۈچىنچى كوچىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكىنىنى تۇيماي قالدى. * ئۇ دەسلەپتە ناخشا ئوقۇشقا باشلىغاندا، يېنىدا ئىككى بۇرادىرىدىن باشقا ئۈچىنچى كىشى يوق ئىدى. ② سۈپ. چوڭ-كىچىك نەرسىلەرنىڭ ئىككىنچى نومۇرلۇقتىن چوڭ، تۆتىنچى نومۇرلۇقتىن كىچىك بولغان ئۆلچىمى، رازمېرى: ئۈچىنچى كالاچ.

**ئۈچىنچى ئاي** < ئاستر > ← **مارت.**

**ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئەمەل** < مات > ئەمەللەر ئارىلاش كەلگەندە، دەرىجىگە كۆتۈرۈش بىلەن يىلتىز چىقىرىش ئەمىلى ئۈچىنچى باسقۇچلۇق ئەمەل دېيىلىدۇ.

**ئۈچىنچى تەبىقە** < تارىخ > 18 - ئەسىردىكى فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى دېھقانلار، سودىگەرلەر، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە بۇرژۇئازىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، باج تاپشۇرۇش مەجبۇرىيىتى بار، سىياسىي ھوقۇقى يوق تەبىقە.

**ئۈچىنچى دەۋر** < گېئول > يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ بىرىنچى دەۋرى. بۇ دەۋر كونا ئۈچىنچى دەۋر ( E ) ۋە يېڭى ئۈچىنچى دەۋر ( N ) دەپ بۆلۈنىدۇ. تەخمىنەن 67 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ 2.5 مىليون يىل بۇرۇن تاماملانغان. بۇ دەۋردە تاغ پەيدا بولۇش ھەرىكىتى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دېڭىز، قۇرۇقلۇقلار قىياپىتىنىڭ ئۆزگىرىشى تۇراقسىز بولغان. بۇ دەۋردىكى دۆلىتىمىزنىڭ يەر قاتلاملىرى قىتئە تۇسلۇق، ھازىرقى ئەڭ زور تاغ تىزمىلىرىنىڭ كۆپچىلىكى مۇشۇ ۋاقىتتا شەكىللەنگەن. ھايۋانلاردىن سۈت ئەمگۈچىلەر ۋە قۇشلار، ئۆسۈملۈكلەردىن يېپىق ئۇرۇقلۇقلار كەڭ تەرەققىي قىلغان. شەرتلىك بەلگىسى R .

**ئۈچىنچى سىستېما** < گېئول > ئۈچىنچى دەۋردە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**ئۈچىنچىسى مۇستەسنا قانۇنىيەت** < لوگ > فورمال لوگىكىنىڭ ئاساسىي قانۇنىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ مەزمۇنى ئەينى بىر پىكىر قىلىش جەريانىدا ئەينى بىر ئوبيېكت توغرىسىدا بىر-بىرىگە زىت ئىككى پىكىردە بولماسلىق كېرەك دېگەندىن ئىبارەت. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، ئۇ ئىككى زىت پىكىرنىڭ بىرى جەزمەن توغرا، يەنە بىرى جەزمەن خاتا بولىدۇ، ئۈچىنچى خىل ئەھۋالنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ قانۇنىيەت پىكىرنىڭ تايىنسىز، لىگىرتاقتاق بولۇپ قالماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇنىڭ فورمۇلىسى: « يا A ، يا غەيرىي A دېگۈلۈك » دېگەندىن ئىبارەت.

**ئۈچىنچى قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش** < تارىخ > 1946 - يىلدىن 1949 - يىلغىچە جۇڭگو خەلقىنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدە گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئىنقىلابىي ئۇرۇشى. بۇ قېتىمقى ئۇرۇشتا سەككىز مىليون گومىنداڭ ئارمىيىسى يوقىتىلدى، گومىنداڭنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئەكسىيەتچى ھۆكۈمرانلىقى ئاغدۇرۇپ تاشلاندى، مەملىكەتنىڭ مۇتلەق كۆپ زېمىنى ئازاد قىلىندى، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلاب ئاياغلىشىپ، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، جاھانگىرلىكنىڭ جۇڭگودىكى

كۆچلىرى قۇرۇقلۇقتىن قوغلاپ چىقىرىلدى. بۇ ئۇرۇش خەلق ئازادلىق ئۇرۇشى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**ئۆچىنچى كەسىپ** <ئىق ش> ئادەتتە تۇرمۇش، ئىشلەپچىقىرىش مۇلازىمەت كەسىپلىرى يەنى سودا، يېمەك-ئىچمەك، رېمونتچىلىق، ساياھەت ئىشلىرى، شەھەر ئىچى قاتنىشى، يوك توشۇش، پۇل مۇئامىلىسى، ستراخوۋانىيە، رادىئو، خەۋەرلىشىش، ئۇچۇر، مەسلىھەت بېرىش، قانۇنچىلىق ئىشلىرى، داۋالاش، ساقلىقنى ساقلاش، مەدەنىيەت-مائارىپ، تەنتەربىيە، پەن تەتقىقات ئىشلىرى قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆچىنچى ئىنتېرناتسىئونال** <پەلس> پۈتۈن دۇنيادىكى كوممۇنىستىك پارتىيە ھەم كوممۇنىستىك تەشكىلاتلارنىڭ خەلقئارالىق بىرلەشمە تەشكىلاتى. لېنىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 1919-يىلى موسكۋادا قۇرۇلغان. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ كۆپ قىسمى ۋە ئاساسىي ئەمگەكچى ئاممىنىڭ كوممۇنىزم تەرەپتە تۇرۇشىنى قولغا كەلتۈرۈش، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كاپىتالىستىك تۈزۈمنى يوقىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشتىن ئىبارەت ئۇ 1943-يىلى تارقىتىۋېتىلگەن.

**ئۆچىنچى ئىيۇن ھەرىكىتى** <تارىخ> جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تۇنجى قېتىم ئىش تاشلاش ئارقىلىق جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى ئېلىپ بارغان ھەرىكىتى، يەنى تۆتىنچى ماي ھەرىكىتىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچى. 1919-يىلى 6-ئاينىڭ 3-كۈنىدىن باشلاپ، بېيجىڭ مىلىتارىست ھۆكۈمىتى ئىككى كۈن ئىچىدە مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچىنى تۇتقۇن قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ نەپرىتىنى قوزغايدۇ. شۇنىڭ بىلەن شاڭخەي ئىشچىلىرىدىن ئالتە-يەتتە مىڭ كىشى زور ئىش تاشلاش ھەرىكىتىنى قوزغايدۇ. ئارقىدىنلا مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ئىش تاشلاش ۋە نامايىشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. ھەرىكەتنىڭ مەركىزى بېيجىڭدىن شاڭخەيگە يۆتكىلىدۇ. 6-ئاينىڭ 10-كۈنى مىلىتارىست ھۆكۈمەت تۇتقۇن قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بېرىپ، ساتقۇن ساۋۇۋلىڭ، لوزۇڭيۈي، جاڭ زۇڭشياڭلارنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇر بولىدۇ. 6-ئاينىڭ 28-كۈنى كېلىشىمگە ئىمزا قويۇشنى رەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

**ئۆدۈسكىمەك** پ. دىئال. تەمتىرىمەك، تىمىسقىلىماق.

**ئۆدۈكلىمەك** پ. دىئال. يېقىنلاشماق، ياخشى كۆرۈشمەك.

**ئۆدۈگەن** ئى. دىئال. ئاغمىخان.

**ئۆر** ئى. تۆلكىنىڭ ئۇۋۇسى.

**ئۆرە** ئى. دىئال. ئېجىل، ئىناق.

**ئۆرە بولماق** دىئال. كۆنمەك، ئېجىل بولماق؛ ئۆگەنمەك.

**ئۆرەن** ئى ① كېلەر يىلى تېرىش ئۈچۈن ئېلىپ قويۇلغان دان؛ ئۇرۇق. ② دانلارنىڭ بىخلىنىدىغان ئورنى.

**ئۆركۆتمەك** «ئۆركۆمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتنى ئۆركۆتمەك. * ئۇنىڭ جاراڭلىق كۈلكىسى دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىكى قۇچقاچلارنىمۇ ئۆركۆتۈۋەتتى. * شۇ چاغلاردا مەن يېزىنىڭ ئۇششاق باللىرى بىلەن قوشۇلۇپ يول بويىدىكى چوڭ ئۆستەڭنى ياقىلاپ، غاز، ئۆردەكلەرنى ئۆركۆتۈپ ئويناپتۇق.

**ئۆركۈتۈشمەك** «ئۆركۈتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆركۈتۈلمەك** «ئۆركۈتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاتلار ئۆركۈتۈلدى.

**ئۆركۈشمەك** «ئۆركۈمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەكبەر كىرىپ كەلگەندە لىملاردىن كەپتەرلەر ئۆركۈشۈپ ئۇچۇپ چىقىپ، ئۆگزىدىكى تۈگۈلۈكنىڭ بالداقلىرىغا بىرىپ قونۇشتى. * ئۇلارنى كۆرۈپ خۇرجۇنغا ئوق-دورا قاچىلىۋالغان قازاقلار بەكرەك ئۆركۈشتى.

**ئۆركۈگەك** سۈپ. ئاسان ئۆركۈيدىغان، ئۆركۈگىلى ئارانلا تۇرىدىغان: ئۆركۈگەك ئات. ئۆركۈگەك قۇش.

**ئۆركۈگەن** «ئۆركۈمەك II» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: ئۆركۈگەن هاك.

**ئۆركۈگەن هاك** <خىم> هاك بىلەن سۇ رېئاكسىيىلەشكەندە هاسىل بولىدىغان ماددا. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Ca(OH)_2$. ئاق رەڭلىك پاراشوك، قۇرۇلۇشتا كۆپ قوللىنىلىدىغان ماتېرىيال. مىكروبلارنى ئۆلتۈرگۈچى دورا هەم خىمىيە سانائەت ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**ئۆركۈمەك I** پ. بىرنەرسە ياكى ئەھۋالدىن بىردىنلا قورقماق، قورقۇنچلۇق هېس قىلماق، چۆچۈمەك، قاچماق: ئۆز سايىسىدىن ئۆركۈمەك. * ئېشەكلەر ئۇنىڭ قولىدىكى تاياقنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئۆركۈپ، تاپۇر-تۇپۇر قىلغىلى تۇردى. * قاتتىق ئۆركۈگەن ئاتلار ئۈستىگە ئاشلىق بېسىلغان هارۋىنى دەھشەت بىلەن ئېلىپ قاچتى. * تۇيۇقسىز يۈگۈرۈپ چىققان ئەپەندىدىن ئۆركۈگەن ئاتلار بىرنەچچە سودىگەرنى يىقىتىپ تاشلاپتۇ.

**ئۆركۈمەك II** پ. يىمىرىلمەك: هاك ئۆركۈپتۇ.

**ئۆرگۈنە** ئى. ئۆزۈقى قارا، ئۇششاق سىركىدەك بولىدىغان، قىزىل چېچەكلەيدىغان، يوپۇرمىقى ئۈچ ئىلىك كەڭ بولىدىغان بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇنى ئاچارچىلىق كۈنلەردە ئۇن تارتىپ يېگىلى بولىدۇ.

**ئۆرمەك** پ. تارس. قاۋسىماق، هاۋشىماق: مېنىڭ، بۇ ئىنكاسلارغا تۇتقان پوزىتسىيەم، ئىغۋاگەرلەرنى پاش قىلىش ئۈچۈن پاكىت قاتارىدا ساقلاپ قويۇش لازىم. ئىش مۇشۇ يەرگە كەلگەنىكەن، ئىت ئۆرەر، كارۋان يۈرەر، دېسەك، دەۋەر دەپ ئولتۇرغىلى بولمايدۇ.

**ئۆز** (توغرىسى: يۆز II) ← **يۆز II**.

**ئۆزە** (توغرىسى: يۆزە) ← **يۆزە**.

**ئۆزەكى** (توغرىسى: يۆزەكى) ← **يۆزەكى**.

**ئۆزەڭگە** ئى. ئات-ئۇلاغقا مىنگەندە، دەسسەپ چىقىش ئۈچۈن تاسما باغ ئارقىلىق ئېگەر ياكى چومغا بېكىتىپ قويۇلىدىغان جابدۇق. ئادەتتە تۆمۈردىن ياسىلىدۇ: ئاتتىن چۈشسە، ئۆزەڭگىدىن چۈشمەس (ماقال). * سايىم ئۇچېيگى قېچىپ كېتىۋېتىپ، نىياز پالۋاننى ئېتىپ قويدى، ئۇنىڭ بىر پۇتى ئۆزەڭگىدە قالدى. ئامانقۇل نىياز پالۋاننىڭ ئېتىنى توسۇپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ئۆزەڭگىدىن چىقاردى.

**ئۆزەڭگە باغ** ئۆزەڭگىنىڭ ئېگەر، چومغا بېكىتىلگەن بېغى.

**ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماق** قارشى تەرەپ بىلەن مەنمەنلىك تالاشماق، ئۈستۈنلۈك تالاشماق، رىقابەتلەشمەك: نادان جاهىللار بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرماستىن، بەلكى ئۇلارنى ئىمكانقەدەر ئىنساپ ۋە ئەخلاققا دەۋەت قىلىش كېرەك. * ئاخىرى قوشنىسى ناسىرئاخۇن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرۇپ ئۆتكەن ئۇن نەچچە يىل

جەريانىدىكى ۋەقەلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىن ئۆتۈشكە باشلىدى.

**ئۈزەڭگە سۆڭەك** < ئانات > ئاڭلاش سۆڭىكىنىڭ بىرى. شەكلى ئۈزەڭگىگە ئوخشايدۇ، سىرتى سەندەل سۆڭەك بىلەن، ئىچكى بىر ئۇچى ئىچكى قۇلاق بىلەن تۇتىشىدۇ.

**ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسلىك ـــ ئاتتىن چۈشمىسۇ ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسلىك:** قايتتى ئۇ ئۆيگە يۈگۈرۈپ دېگۈدەكلا، خالىيغا تارتتى دەرھال ئايالىنى. تىرىشتى ئۈزەڭگىدىن چۈشمەسكە ھەم، ھەم تاپماق بولۇپ ئىشنىڭ ئامالىنى.

**ئۈزەڭگىلىك** ئى ① ئېگەر توقۇلغان ئاتنى مىنىپ، پۇتى بىلەن ئۈزەڭگىنى دەسسەپ ئولتۇرغاندا، پۇتىدىكى ئاياغ كىيىمنىڭ ئۈزەڭگىگە تىرىلىپ تۇرىدىغان قىسمى: كالتە چەم-ئاياغ كىيىمنىڭ ئۈزەڭگىلىكىنىڭ ئالدىغا سالىدىغان چەم. ② پۇتنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئۈزەڭگە بېسىپ تۇرىدىغان جايى.

**ئۈزبەر** ئى < بوت > كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان يېرىلىدۇ. يېرىقچە ياپراقچىلىرى تۆمۈنە شەكلىدە. گۈلى كىچىك بولۇپ، ئاچ قىزىل كېلىدۇ. پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ.

**ئۈزدۈرمەك I** « ئۈزمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئارغامچىنى ئۈزدۈرمەك. يىپنى ئۈزدۈرمەك. گۈلنى ئۈزدۈرمەك. ئۈزۈمنى ئۈزدۈرمەك. * مۇئەللىملەر ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنى سىلىنىڭ يېزىدىكى قوناقلىرىنىڭ بېشىنى ئۈزدۈرۈشكە ئېلىپ كەتتى.

**ئۈزدۈرمەك II** « ئۈزمەك II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دېڭىزدا ئۈزدۈرمەك.

* پات-پېقىندا قايناق جەڭچىلەر دېڭىزى ئۆز باغرىدا سانسىزلىغان مەردلەرنى ئۈزدۈرىدىغانلىقىنى ئۇ سېزىپ تۇرىدۇ. * كىشىلەرنى قۇشتەك ھاۋادا ئۇچۇرتقان، بېلىقتەك سۇدا ئۈزدۈرگەن ئىلىم-پەن.

**ئۈزرە** تىر. يېزت ① ئۈستىدە، ئۈست تەرىپىدە، تۆپىسىدە: كۆك ئۈزرە. يەر ئۈزرە. * كىرىپ شاھ سۇپا ئۈزرە ئولتۇرۇشتى، ئادەتتىكىچە دۇئا-تەكبىر قىلىشتى. * پەلەك قەسرىدە ئوتلۇق شار چېچىپ نۇر، قىلاتتى قارلار، مۇز تاغ ئۈزرە پار-پۇر. * باشىم ئۈزرە تۇرارسەن، شۇنچە جەۋلان قىلارسەن. خۇش خۇي زۇۋان سۇرەرسەن، خەۋەر بەرسەڭ نېم بولغاي. ② بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى « -دا، -دە، -تا، -تە » لەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: كۆتۈرمەكچى ئۇنىڭ شەنىگە بىر جام، كۆرۈلسۇن مەڭگۇ تارىخ ئۈزرە بۇ نام. * ئەگەرچە بولمساق بۇ ئىشتا ھوشيار، قىلۇر بىزنى سىياسەت ئۈزرە تارمار.

**ئۈزگۈچى** سۈپ. (سۇ) ئۈزۈشكە ئادەتلەنگەن، ئۈزىدىغان: ئۈزگۈچى قۇشلار.

**ئۈزگۈچى قۇشلار** < زوئول > قۇشلارنىڭ بىر تۈركۈمى. بۇ خىل قۇشلار سۇدا ئۈزەلەيدۇ. ئادەتتە سۇ ئۈستىدە ياشايدۇ. بارماق ئارىلىقىدا پەنجىسى بار. تۇمشۇقلىرى كەڭ ھەم ياپىلاق، بېلىق، راكلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. مەسىلەن، غاز، قوشماق ئۆردەك، ياۋا ئۆردەك قاتارلىق.

**ئۈزلۈك** (توغرىسى: يۈزلۈك I) ـــ **يۈزلۈك I**.

**ئۈزلۈكسىز** رەۋ. ئۈزۈلۈپ قالماي، ئۈزۈلمەي، توختىماي، داۋاملىق، ئارقا-ئارقىدىن؛ كەينى-كەينىدىن، ئۇدا: ئۈزلۈكسىز ئالغا باسماق. ئۈزلۈكسىز تۇردە. * شىرە ئۈستىگە

قويۇلغان سائەت ئۆزلۈكسىز چىكىلداپ مېڭىپ تۇراتتى. * ئىشخانا ئىچىگە كىشىلەر ئۆزلۈكسىز كىرىپ-چىقىپ تۇراتتى. * بوۋاينىڭ بولسا كۆزىگە ياش كەلگەن بولۇپ، ئاپئاق ساقاللىرى ئۆزلۈكسىز تىترەيتتى.

**ئۆزمەك I** پ ① كۈچ بىلەن بىرەر نەرسىنى تارتىپ پۈتۈنلەي ئاجراتماق، بۆلمەك: ئارغامچىنى ئۆزمەك. بوغقۇچنى ئۆزمەك. * سادىق شۇنىڭدىن كېيىن، گۈرس-گۈرس دەسسەپ بېرىپ، تېلېفون تۇرۇپكىسىنىڭ يىپىنى ئىككى قولى بىلەن تارتىپ ئۆزۈپ تاشلىدى. ② ھەرخىل مېۋىلەرنى ساپىقىدىن، قوناق، گۈل قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسىنى شۇ ئۆسۈملۈك تېنىدىن ئاجراتماق، ئايرىماق: ئۈزۈم ئۆزمەك. گۈل ئۆزمەك. قوغۇن ئۆزمەك. تاۋۇز ئۆزمەك. يوپۇرماق ئۆزمەك. * — بولمىسا ئالمىلارنى نېمىشقا ئۆزدىڭىز؟ — دەپ سورايتۇ باغۋەن. * ئەزالار ئېتىزدا ناخشا ياڭرىتىپ قوناق ئۆزۈۋاتىدۇ. ③ كۆچمە. تۈگەتمەك، تۆلىمەك: ئۇ بۇ يىل يېرىدىن مول ھوسۇل ئېلىپ، گەدىنىدىكى قەرزلەرنى پۈتۈنلەي ئۆزگەندىن تاشقىرى، ئېشىنغان پۇلغا بىر ئات سېتىۋالدى. ④ بىرەر ھەرىكەت، پائالىيەتنى ئاخىرلاشتۇرماق، توختاتماق: مۇناسىۋەتنى ئۆزمەك. گەپنى ئۆزمەك، ئۈمىدنى ئۆزمەك، ئالاقىنى ئۆزمەك. * شۇنداق، سەلەيئاخۇن ئۇستامۇ ئىشەنىدىكى، ئېلىجان ئوقۇشتىن مېھرىنى ئۆزمىگەن، ئۇ پەقەت دادىسىنىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇش يۈزىسىدىنلا نائىلاج ئىشلەۋاتاتتى. * ئەسلىدە ھېكايەمنى مۇشۇ جايىدىلا ئۆزمەكچى ئىدىم. * — مە، ما ناننى يە، — ياش ناۋاينىڭ بوغۇق ئاۋازى ئۇنىڭ خىيالىنى ئۆزدى. ⑤ مەھرۇم قىلماق، خالىي قىلماق: ئاشلىقتىن ئۆزمەك. سۈتتىن ئۆزمەك. * بىزمۇ ئۇنى ئالدى بىلەن ئوزۇق-تۈلۈكتىن ئۆزۈپ قويساق، ئاندىن ئۇنى تارمار قىلالايمىز. * — ئەلۋەتتە، — دېدى مويسىپىت كىشى جاۋاب بېرىپ، — ئۆمرۈم ئاخىرىغىچە شۇنداق قىلىمەن. خەير-ئېھساننى ھەرگىزمۇ ئۆزۈپ قويمايمەن. ⑥ ئاتماق، چىقارماق (ئوق ھەققىدە): رەجەپ ساق-سالامەت دەرياغا چۈشتى ۋە ئارقىچىلاپ مېڭىپ قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا قارىتىپ ئوق ئۆزدى.

**ئۆزۈپ تاشلانغان ئاش** سۇيۇقئاشنىڭ بىر خىلى. تەگىشەلگەن شورپا ياكى قورۇلغان سەينىڭ سۈيىگە پىلتە خېمىرنى نېپىز سوزۇپ، تىرناقچىلىك چوڭلۇقتا ئۆزۈپ تاشلاپ پىشۇرۇلىدۇ.

**ئۆزۈپ ئېيتماق** كەسكىن گەپ قىلماق، پوس كاللىسىنى دېمەك: سىز مەندىن رەنجىسىڭىزمۇ، ئاغرىنسىڭىزمۇ مەيلى، مەن شۇنى سىزگە ئۆزۈپ ئېيتايكى، سىز مەن شۇ ھالىڭىزچە ھەرگىز قويۇپ بەرمەيمەن.

**ئۆزمەك II** پ ① قول-پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ سۇدا يۈرمەك، بىر تەرەپكە قاراپ ھەرىكەت قىلماق؛ سۇنى يېرىپ ئىلگىرىلىمەك: دەريادا ئۆزۈپ كېلىۋاتقان كىشى ئىككى ئىدى. * خەلىچە ئانا يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا زەرەپشان دەرياسىنىڭ ئۇ قېتىغا ئۆزۈپ ئۆتكەنىدى. * بوۋاي بىر قولى بىلەن كىيىملىرىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولى بىلەن سۇ ئۆزۈپ، ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئۆتۈپ كەتتى. ② لەيلىمەك، لەيلەپ يۈرمەك (بۇلۇت قاتارلىقلار ھەققىدە): بۇلۇتلار ئاسماندا ئۆزۈپ يۈرمەكتە. * رۇقىيە بۇلۇتلار ئارىسىدا بىر يوقىلىپ، بىر پەيدا بولۇپ ئۆزۈپ يۈرگەن ئايغا قارىغىنىچە خىيالغا كېتەتتى. * ئاسماندا تولۇنئاي لەرزان ئۆزەتتى. سالقىن شامال يۈزلەرنى سۆيۈپ ئۆتەتتى.

**ئۆزۈپ چىقماق** بىرەر ئىشتا باشقىلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەك، كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئالدىغا ئۆتمەك: خىزمەتتە ئۆزۈپ چىقماق. ئوقۇشتا ئۆزۈپ چىقماق. * ئوغۇل بالا بولساڭ، مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتۈپ كەت، مېنى تاشلاپ ئۆزۈپ چىق، ئاندىن سېنىڭ شەرىپىڭ ئۈچۈن چاۋاك چالىمەن. * ئۇ قىيىنچىلىقلار ئالدىدا بوشاشماي كۈرەش قىلىپ ئاخىر ئۆزۈپ چىققان.

**ئۆزۈنلۈك** ئى. دىئال. بېخىللىق، پىخسىقلىق.

**ئۆزۈش** «ئۆزمەك II» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: ئۆزۈش يولى.

**ئۆزۈش يولى** < تەن > سۇ ئۆزۈش كۆلىدىكى مۇسابىقە ۋاقتىدا تانا بىلەن ئايرىپ قويۇلغان يول.

**ئۆزۈشمەك I** «ئۆزمەك I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كونا ئارغامچىنى كۆچىنىڭ بارىچە تارتىپ ئۆزۈشتى. * ئۇلار دەسلىپىدە جەڭ دۇمباقلىرىنى گۈمبۈرلىتىپ، يانى كېرىپ ئوق ئۆزۈشتى. * ئۈچى بىرلىشىپ، مەيدان تۈزۈشتى، شۇم ئالۋاستىنىڭ، بويىندىن ئۆزۈشتى.

**ئۆزۈشمەك II** «ئۆزمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ يەردە سودىگەرلەر ياكى ساياھەتچىلەر، ئەمەلدارلار، پىنسىيىگە چىققان پېشقەدەملەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر ئەتىدىن-كەچ كىرگىچە رېزىنكە قولۋاقلاردا تۈزلۈق سۇنىڭ دولقۇنىغا ئەگىشىپ ئۆزۈشتى. * ئاسماندا بۇلۇتلار ئۆزۈشەتتى. قۇياش «قوشتاغ» ئېتىكىگە كۆلۈپ باقماقتا ئىدى.

**ئۆزۈك I** ① سۈپ. ئۆزۈلگەن، ئۆزۈلۈپ كەتكەن، ئۆزۈلۈپ قالغان: ئۆزۈك ئارغامچا. ئۆزۈك يىپ. ئۆزۈك ياغاچ. ② ئى. بىرەر نەرسىنىڭ ئۆزۈلگەن يېرى، ئۆزۈلگەن ئۇچى: ئارغامچىنىڭ ئۆزۈكىنى ئۇلىماق. تولۇك سىمنىڭ ئۆزۈكى. ③ سۈپ. قىسقا تەلەپپۇز قىلىنىدىغان، ئۆزۈلۈپ چىقىدىغان، سوزۇپ تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان: ئۆزۈك ئاۋاز بىلەن «دوستۇم... نەگە .... نەگە بارىسىز» — دەپ سورىدى ئۇ مەندىن. ④ سۈپ. قىسقا، ئانچە ئۇزۇن ئەمەس: ئۇلار كىچىككىنە ئۆزۈك سايدىن ئۆتۈپ، قارىيىپ تۇرغان مەھەللە دەرەخلىرىنىڭ ئارىسىغا كىرگەندىن كېيىن «چېقىر كۆز» سورىدى. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئازار يېگەن، سۇنۇق: ئۇ بىچارىنىڭ دىلى بەكمۇ ئۆزۈكتەك كۆرۈندۇ. * بىگۇناھدۇر شەمسى جانىم بىكار ئۇرماڭلار، ناھەق ئۇرۇپ، زەخىم ئەيلەپ ئۇۋال قىلماڭلار. ئاشىق كۆڭلى ئۆزۈك بولۇر، ئازار بەرمەڭلار، ئۆز ئەركىگە قويۇپ بېرىڭلار، تۇزاق قۇرماڭلار!

**ئۆزۈك تاۋۇش** < تىل > تەلەپپۇز قىلىنغاندا ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقى ياكى تاماق بوشلۇقىدا مەلۇم توسالغۇغا ئۇچرايدىغان تاۋۇش. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى ب، پ، ل، م، گ، ك، خ، ج... قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۆزۈك تاۋۇشلارنىڭ ماسلىشىشى** < تىل > سۆز ياسالغاندا ياكى تۈرلەنگەندە، قوشۇمچىنىڭ بىرىنچى ئۆزۈك تاۋۇشىنىڭ ئۆزى ئۇلانغان تاۋۇشقا جاراڭلىق-جاراڭسىز بولۇش جەھەتتىن ئوخشىشىپ-ماسلىشىپ كېلىشى.

**ئۆزۈك سىزىق** < مات > نۇقتا ياكى قىسقا سىزىق بىلەن سىزىلغان تۇتاش بولمىغان سىزىق. بۇ گېئومېترىيىلىك شەكىللەرنى سىزىشتا كۆپ قوللىنىلىدۇ.

**ئۆزۈك II** ئى ① كىشىلەرنىڭ قول بارماقلىرىغا سېلىش ئۈچۈن مېتالدىن ياسالغان ھالقىسىمان زىننەت بۇيۇمى: ئالتۇن ئۆزۈك. ئۆزۈك سالماق. * ئالتۇن ئۆزۈككە ياقۇت كۆز

(ماقال) . * ئوڭ قولۇمدا بىر ئۈزۈك، دەريا سۈيى سۈپسۈزۈك. يارىمدىن ئايرىلغۇچە، ئۆلۈپ كەتكىنىم تۈزۈك. ② تۇغۇتنى چەكلەش ئۈچۈن ئاياللار جىنسىي ئەزاسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويۇلىدىغان ھالقىسىمان نەرسە: ئۈزۈك سالماق.

**ئۈزۈك سالماق** ① ئۈزۈكنى بارمىقىغا تاقىماق: بۇ ئۈزۈكنى سىزگە ئاتاپ ئېلىپ قويغان، مەن ئۈزۈم سېلىپ قوياي. * ئۇنىڭ كۆزى ئۈزۈك سالغان ھېلىقى ئايالغا چۈشتى. ② ئاياللارنىڭ جىنسىي ئەزاسى ئىچىگە ھالقىسىمان ئۈزۈكنى ئورۇنلاشتۇرماق.

**ئۈزۈكچىلىك** تۇرمۇشتا كېرەكلىك بولغان يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك قاتارلىقلار يېتىشمەسلىك: ئۈزۈكچىلىك ۋاقتى. * ئۇكام، بۇ ئىككى يىلدىن بېرى بىزنىڭ كۈنىمىزگۇ خېلى ياخشى بولۇپ قالدى، بىراق ئۈزۈكچىلىك دېگەن يامان نېمە، بىر قىسىم كىشىلەر تېخى ئەس-ھوشىنى يىغىۋالغىنى يوق.

**ئۈزۈكلۈك** سۈپ ① ئۈزۈكى بار، ئۈزۈك سېلىنغان: ئۈزۈكلۈك قول. ② ئۈزۈك سوقۇشقا يېتىدىغان، ئۈزۈك چىقىدىغان: بىر ئۈزۈكلۈك ئالتۇن.

**ئۈزۈلدۈرمەك** «ئۈزۈلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنلىغان شوتىلار تامغا قويۇلدى، تۆتەكلەر ئارىسىدىن يۈزلىگەن ئادەملەر شوتىلارغا ياماشتى ۋە قول بومبىلىرىنى قورۇ ئىچىگە ئۈزۈلدۈرمەي ئاتتى. * بۇلارنى تەكرار ئىشلىتىش توغرا كەلگەندە، ئالماشتۇرۇپ ئىشلەتكەن ياخشىراق ياكى ئۈزۈلدۈرۈپ ئىشلەتكەن تۈزۈك.

**ئۈزۈل-كېسىل** تەلتۆكۈس، پۈتۈنلەي، تولۇق تامامەن، قەتئىي: مەسىلىنى ئۈزۈل-كېسىل ھەل قىلماق. ئۈزۈل-كېسىل رەت قىلماق. ئۈزۈل-كېسىل تۈگەتمەك. * ــ ناھايىتى ياخشى، دېدى ئۇ، ــ يەر ئىسلاھاتىدىن كېيىن دېھقانلار ئۈزۈل-كېسىل قەد كۆتۈرۈشكە تەشنا بولماقتا. * مېنى بالاغا تىققىلى تاس قالغان ۋە بەختىتىن مەھرۇم قىلغان تاماكىنىمۇ ئۈزۈل-كېسىل تاشلىۋەتتىم.

**ئۈزۈل-كېسىللىك** ئۈزۈل-كېسىل ھالەت؛ قەتئىيلىك: ئۇلارنىڭ ئېيتقىنى بىلەن قىلغىنى بىر-بىرىگە زىت، يەنى ئۇلاردا ئىنقىلابىي ئۈزۈل-كېسىللىك يوق.

**ئۈزۈلمە** ① ئى. ئۈزۈك ھالەت، ئۈزۈك جەريان: ھەربىر تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىسادىي ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئۇنىڭدىن مۇقەررەر كېلىپ چىقىدىغان ئىجتىمائىي ئۈزۈلمە شۇ دەۋرنىڭ سىياسىي ۋە مەنىۋى تارىخىنىڭ ئاساسى. ② سۈپ. ئۈزۈلگەن؛ ئۈزۈلىدىغان: ئۈزۈلمە بەلباغ. ئۈزۈلمە تاغ. ③ ئى < گېئول > جىنس قاتلىمى ياكى جىنس گەۋدىسىدىكى بىر ياكى بىر گۇرۇپپىلىق يېرىلغان يۈز.

**ئۈزۈلمە بەلباغ** < گېئول > ئۈزۈلمىنىڭ ئىككى يېنىدىكى جىنسلارنىڭ بۇزۇلۇپ ۋەيران بولغان بەلبېغى.

**ئۈزۈلمە تاغ** < جۇغ > يەر پوستى ئۈزۈلگەندە بىر تەرىپى كۆتۈرۈلۈپ تىك قىيا، يەنە بىر تەرىپى پەسىيىپ چوڭقۇر جىلغا بولۇپ شەكىللەنگەن تاغ. مەملىكىتىمىزدىكى خۇاشەن، خېڭشەن، ئېمېيشەن، لۇشەن قاتارلىق تاغلار بۇ خىل تاغ تىپىغا كىرىدۇ.

**ئۈزۈلمە زىلزىلە** < گېئول > ← **تېكتونىكىلىق يەر تەۋرەش.**

**ئۈزۈلمە قاتلام كۆلى** < جۇغ > يەر پوستى

ئۈزۈلگەندە بىر قىسىم يەر قاتلىمى ئولتۇرۇشۇپ ئۈزۈن ۋاقىت سۇ يىغىلىش ئارقىلىق ھاسىل بولغان كۆل.

**ئۈزۈلمە يۈزى** ‹گېئول› ئۈزۈلمىنى شەكىللەندۈرىدىغان يېرىلما يۈز، يەنى ئۈزۈلمىنىڭ ئىككى قانىتىدا نىسبىي ئۇرۇن يۆتكىگەن يۈز.

**ئۈزۈلمەك** «ئۈزمەك I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئارغامچا ئۈزۈلمەك. يىپ ئۈزۈلمەك. ئالاقە ئۈزۈلمەك. * يوغان سوزۇلار، ئىنچىكە ئۈزۈلەر (ماقال). * ئىككى ياخشى ئارىسىدا قىل ئۈزۈلمەس، تۆمۈر زەنجىرنى ئۈزىدۇ ئىككى بىلمەس (ماقال). * كونا شەھەر خارابىسىدىن بىرنەچچە پاي ئوق ئۈزۈلدى.

**ئۈزۈلۈپ قالماق** ① ئېغىر كەلگەنلىكى تۈپەيلى كېسەل قايتىلىنىپ، قوزغىلىپ قالماق: — سەن تېخى يۇتۇنلەي ياخشى بولۇپ كەتمىدىڭ، قوم تاسقىما، ئۈزۈلۈپ قالىسەن، — دېدى ئەنسارى. ② ئىقتىسادىي بەك ناچارلاشماق، ئائىلىدە ئۈزۈكچىلىك يۈز بەرمەك: كېيىن دادام رەھمەتى قازا قىلدى، ئانام كېسەل بولدى، مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن قەرزدار بولۇپ، ئۈزۈلۈپ قالدۇق.

**ئۈزۈلمەي** رەۋ. ئارقا ئارقىدىن، داۋاملىق، ئىزچىل: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا دېھقانلار، قول ھۈنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئەمگەكچى خەلقنىڭ چېك سۇلالىسىنىڭ مۇستەبىت ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭلىرى ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى.

**ئۈزۈلۈش** «ئۈزۈلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئۈزۈلۈش مېخانىكىسى.

**ئۈزۈلۈش مېخانىكىسى** ‹فىز› تەجرىبىگە بىرلەشتۈرۈپ ھەممە ئۈزۈلۈكسىز مۇھىت مېخانىكا نەزىرىيىسىنى قوللىنىپ، دەسلەپكى نۇقسان، دەز قاتارلىقلار كۆرۈلگەن ماتېرىيال ياكى دېتاللارنىڭ خىزمەت ھالىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**ئۈزۈلۈشچان** سۈپ. ناھايىتى ئاسان ئۈزۈلىدىغان، ئوڭاي ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان، بوش: ئۈزۈلۈشچان يىپ. ئۈزۈلۈشچان سىم.

**ئۈزۈلۈشچانلىق** ① «ئۈزۈلۈشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ‹پەلس› دىئالېكتىكىدىكى بىر كاتېگورىيە. ئۇ ماددا ھەرىكىتىنىڭ نىسبىي جىملىق ۋە تارقاق ھالىتىنى كۆرسىتىدۇ.

**ئۈزۈلۈشمەك** «ئۈزۈلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: زادى ئۈزۈلۈشمەمدىغان بىرىيەرگە قايسى يۈزۈم بىلەن بارىمەن؟ * دادام بولۇۋاتقان ئەھۋاللارنى بىرمۇبىر دەپ كېلىپ خوتۇنى بىلەن ئۈزۈلۈشۈپ كېتىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئېيتتى.

**ئۈزۈم** ئى ‹بوت› ① ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان يىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئالقانسىمان يېرىلغان، گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ، كىچىك ۋە سارغۇچ يېشىل رەڭلىك، مېۋىسى يۇملاق ياكى ئېللىپس شەكىللىك، پىشقان چاغدا سۆسۈن ياكى سارغۇچ يېشىل رەڭدە بولىدۇ. تەمى تاتلىق، سۇلۇق، ئىستېمال قىلىنىدۇ ھەمدە ھاراق ئېچىتىشقا خام ئەشيا قىلىنىدۇ. ② شۇخىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**ئۈزۈم تۆرەلمە** ‹تب› بىر خىل كېسەللىك، يەنى ئاياللار ھامىلدار بولغاندىن كېيىن، تۆرەلمە تەرەققىياتىنىڭ غەيرىي نورماللىقىدىن بالىياتقۇ ئىچىدە ساپ

ئۈزۈمگە ئوخشاش نۇرغۇن خالتىچىلار شەكىللىنىش هادىسىسى. خالتىچىلار ئىچىدە سۇيۇقلۇق بولىدۇ. بۇنىڭدا بالىياتقۇنىڭ كېڭىيىشى نىسبەتەن تېز بولۇش، جىنسىي يولدىن قان كېلىش، قورساق ئاغرىش، كۆڭۈل ئېلىشىش، سۇلۇق ئىششىقلار پەيدا بولۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇ يەنە بالىياتقۇنىڭ تېشىلىشىنى، ئېغىر بولغاندا قان ئازلىق كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**ئۈزۈم هارىقى** <ئىسىم> ئۈزۈمنى ئېچىتىش ئارقىلىق ئىشلەنگەن هاراق. ئۇنىڭ ئىسپىرت تەركىبى تۆۋەنرەك بولىدۇ.

**ئۈزۈمچى** ئى ① ئۈزۈم ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش ۋە ئۇنى بېقىش، پەرۋىش قىلىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: توختى ئاكا دېگەن بىر ئۈزۈمچى، ئۇ قانداق قىلغاندا، ئۈزۈم مەهسۇلاتىنى ئاشۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ② ئۈزۈم ساتىدىغان ئادەم، ئۈزۈم ساتقۇچى باققال.

**ئۈزۈمچىلىك** ئى. مەخسۇس ئۈزۈم تىكىپ ئۆستۈرۈش هەم ئۇنىڭدىن مەهسۇلات ئېلىش ئىشى، كەسپى: ئۈزۈمچىلىك بىلەن شۇغۇللانماق. * پىچان ناهىيە پىچان يېزىسى ئۈزۈمچىلىككە ئەهمىيەت بېرىپ ئۈزۈم تال كۆلىمىنى كېڭەيتتى، مەهسۇلاتىنى تۆت يىل ئۇدا ئاشۇردى.

**ئۈزۈمزار** ئى ← **ئۈزۈملۈك**: گۈل باسقاننى كۆرگەندە، چىمەنزاركەن دەپتىمەن. كۆرۈپ باغنى رەختتە مەن. ئۈزۈمزاركەن دەپتىمەن.

**ئۈزۈمزارلىق** ئى ← **ئۈزۈملۈك**: ئۆتكەن يىلى ئۈزۈمزارلىقنىڭ كۆلىمى 7988 مو بولۇپ، ئۇنىڭدىن 6 مىليون 980 مىڭ جىڭ ئۈزۈم ئېلىنغانىدى. * مېنىڭ يۇرتۇم پىچاننىڭ گۈل يېزىسى لەمجىندە، ساپ هاۋالىق، بوستانلىق — ئۈزۈمزارلىق ئىچىدە.

**ئۈزۈمسىمان** سۈپ. ئۈزۈمنىڭ شەكلىگە ئوخشايدىغان، ئۈزۈم شەكىلدىكى، ئۈزۈم شەكىللىك: ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە. ئۈزۈمسىمان قۇراشما. * ئۇ كۆپىنچە ئۈزۈمسىمان، بۆرەكسىمان، يىلىنسىمان، كاللەك، توپسىمان قوراماق هالىتىدە بولىدۇ.

**ئۈزۈمسىمان شارچە باكتېرىيە** <بىئول> شەكلى بىر ساپاق ئۈزۈمگە ئوخشايدىغان، شارسىمان باكتېرىيە. كۆپىنچە يىرىڭلىق كېسەللەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، فورۇنكۇل، كاربونكۇل يىلىك ياللۇغى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**ئۈزۈمگۈل** ئى [ئۈزۈم+گۈل] ① < بوت > ئۈزۈمگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستى غولى شار شەكلىدە، يوپۇرمىقى قىيپاش تۇخۇم شەكلىدە، يوپۇرمىقىنىڭ ئارقا تەرىپى ۋە ساپىقى سۆسۈنرەك بولىدۇ. گۈلى سۇس قىزىل بولىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى هېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**ئۈزۈملۈك** ① سۈپ. ئۈزۈمى بار، ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن: ئۈزۈملۈك هويلا. ئۈزۈملۈك باغ. ② ئى. ئۈزۈم ئۆستۈرۈلگەن جاي، باغ: ئۈزۈملۈك ئىچىگە كىرمەك. ئۈزۈملۈككە قارىماق. * ئۇلار مۇنچاقتەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈملۈك ئىچىدە قايتا-قايتىلاپ رەسىمگە چۈشتى.

**ئۈزۈندى** ئى < تىل > بىراۋنىڭ قىلغان ياكى يازغان ماقالە-ئەسەرلىرىدىن ئۈزۈپ ئېلىنغان پارچە.

**ئۈست** (ى) ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ تۆپە يۈزى، تۆپىسى: ئۈستەل ئۈستى. ئىشكاپ ئۈستى. كىتابنى شىرە ئۈستىگە قويماق. * بولۇپمۇ شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە كانىنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ ئۈچ يەردە ئۈستى ئوچۇق كان ئېچىلدى. ② نەرسىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرى قىسمىدىكى جاي، تۆپىسى، بېشى: تاغنىڭ ئۈستى. * شاھمۇ قارىسا دەرەخنىڭ ئۈستىدە بىر يىلان ياتقۇدەك. * تاغمۇتاغلاردىن ئېگىز، ئارغى بۇلاقنىڭ تاغلىرى. ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ، ئاستىدا گۈل باغلىرى. ③ ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ تاشقى تەرىپى، سىرتى؛ ئۇچا: بۇ كۈنى ئۇ ئۈستىگە قارا شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەك، ناۋات رەڭ سارجىدىن پەلتۇ، پۇتىغا ئۇزۇن پاشنىلىق خۇرۇم تۇپلەي كىيىۋالغانىكەن. * ئاندىن كالتە جۇۋام ئۈستىگە باشلىقى بار ئاق خالاتنى كىيدىم-دە، مىلتىقىمنى ئۇنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ ئاتقا مىندىم. ④ شەخس قوشۇمچىسى ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ: 1) دەل بىرەر ئىش-ھەرىكەت بولۇۋاتقان پەيت، چاغ ياكى ئورۇننى بىلدۈرىدۇ: ياخشى ئاش ئۈستىگە كېلەر، يامان گەپ ئۈستىگە كېلەر (ماقال). * ئۇ كېتىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا يول ئەگمىسىدىكى ماگىزىن ئالدىدا بولۇۋاتقان ماجىرانىڭ ئۈستىگە چۈشتى. * ئەگەر مەخسۇت سۆھبەت ئۈستىگە كىرىپ كەلمىگەن بولسا، ئوقۇتۇش توغرىسىدىكى بۇ سۆھبەت قايسى ۋاقىتلارغىچە سوزۇلاتتىكىن تاڭ. 2) «دىن تاشقىرى....دىن باشقا» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۆي سوغۇق بولغانىنىڭ ئۈستىگە زەي. * بولاڭچىلار ئۇنىڭ پۇلىنى بۇلىغانىنىڭ ئۈستىگە قاتتىق ئۇرۇۋەتتى. 3) «ئاساسىغا، بەدىلىگە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ياللانما ئەمگەك تامامەن ئىشچىلارنىڭ ئۆزئارا رىقابىتى ئۈستىگە قۇرۇلغان. * ھازىرغىچە بولغان ھەممە جەمئىيەتلەر ئەزگۈچى سىنىپلار بىلەن ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ قارىمۇقارشىلىقى ئۈستىگە قۇرۇلغان. ⑤ شەخس ۋە چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ، ئىش-ھەرىكەتنىڭ چېتىلغان ئوبيېكتى ياكى دائىرىسىنى بىلدۈرىدۇ: دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قازانماق. بىراۋ ئۈستىدىن ئەرز قىلماق. * ئابدۇللانىڭ: «ھاي بۇرادەرلەر، مەن ئوغرى ئەمەس، مەن ناھەقچىلىك ئۈستىدىن ئەرز قىلىپ يۈرگەن ئادەممەن!» دەپ ۋارقىرىغۇسى كەلدى. ⑥ شەخس قوشۇمچىسى ۋە ئورۇن كېلىش ياكى چىقىش كېلىش قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈزلىنىپ كېلىپ، «ھەققىدە، توغرىسىدا» دېگەن يۆكلىمىلەرنىڭ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ــ ئادىلنىڭ ئۈستىدىن يېزىلغان ماتېرىيال قورقۇنچلۇق، ئۇنى ئاقلاش مۇمكىن ئەمەس، ــ دېگەن گەپنى ئاڭلاپتىمى ئۇ. * مېنىڭ ئۈستۈمدىن ھەركۈنى ھەر ياغزا ئىنكاسلار چىقىپ تۇرىدۇ، مەن بۇنداق ئىنكاسلارغىمۇ ئادەتلىنىپ قالدىم.

**ئۈستىدىن چۈشمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەت بولۇۋاتقاندا كەلمەك، كۆرمەك: ئۇخلاپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، نەق ئۈستىدىن چۈشكەن ئوخشايمىز، دەپ ئويلاشتى ئۇلار. * يەردىن ئۇنۇپ چىققاندەكلا ــ ھە! ــ جۈمە تىلىنى يالاپ، موخۇركىنى قاتتىق شورىدى، ــ دەل ئۈستىدىن چۈشكىنىڭنى قارىغىنا! ھىم.

**ئۈستىدىن ئوغۇتلاش** ئوغۇتلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا پاراشوك ياكى سۇيۇق ھالەتتىكى ئوغۇتلار ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقىغا پۈركۈلىدۇ. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئاخىرقى ئۆسۈش

مەزگىللىرىدە قوللىنىلىدۇ.

**ئۈستىگە ئالماق** ① بويىنىغا ئالماق: كۆزۈمدىن ئاققان ياشقا كېمە سېلىپ ئۆتەرمەن، مەندىن ئۆتتى سەۋەنلىك، ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. ② بىرەر ۋەزىپىنى قوبۇل قىلماق ۋە مەسئۇل بولماق: ساھىبجامال ئاياللار خىزمەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، جان-دىلى بىلەن ئىشلەپ، كۆرۈنەرلىك نەتىجە يارىتىدۇ.

**ئۈستىگە چۈشمەك** ① بىرەر ئىش، مەسىلە بولۇۋاتقان پەيتنىڭ دەل ئۆزىدىلا پەيدا بولماق ياكى يېتىپ كەلمەك: بىر لۈكچەك ئۆيدىن چىقىپ مەخسۇت بەگكە: — بېگىم، دەل ئۈستىگە چۈشتۇق، توختى، بايىز ئۆيدە ئىكەن، ئالماسىنىڭ ئانىسمۇ... — دېدى. ② بويىنىغا چۈشمەك، زىممىسىگە چۈشمەك: ئۇن نەچچە يىل بۇرۇن، ئاتىسى قازا تاپقاندىن بۇيان، پۈتۈن بىر ئائىلىنىڭ غېمى ئۇنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالدى.

**ئۈست ياقا** ئاستىدا ئۆرە ياقىسى بولغان كىيىملەرنىڭ ئۆرە ياقىسىنىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇرىدىغان ياقىسى.

**ئۈستەك** ئى. ئالماشتۇرۇلىدىغان نەرسىلەردىن قايسىنىڭ قىممىتى قانچىلىك ئارتۇق بولسا، شۇ ئارتۇق قىسمى باراۋىرىدە بېرىلىدىغان نەرسە، پۇل: ئۈستەك بەرمەك. * ھېلقى موزاينى 200 يۈەن ئۈستەك بېرىپ مۇشۇ كالىغا تېگىشتىم. * — خوش، ئەمىسە نېمە دېسەم بولاتتى، جاپا تارتىپ قىز چوڭ قىلىپ، باشقىلارغا ئۈستەك بېرىپ بەرسەم بولامتى؟

**ئۈستەك بەرمەك** سېلىشتۇرۇلغان قىممەتنىڭ ئارتۇق قىسمىنى تۆلىمەك: — شۇنداق تەخسىر، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئالتۇن كەمەرلىرى بولغانلىقتىن، شۇ باھانى ئېيتتىم، بولمىسا ئۈستەك بېرىسىز دېمەكچىدىم. * — راست گېپىمنى ئېيتسام بۇندىن ئىككى-ئۈچ يىل بۇرۇن بۇ ئىت باغلىسا تۇرمايدىغان زېمىننى بىكارغا ئالىدىغان ئادەم بولسا مىڭ كوي ئۈستەك بېرىۋېتەتتىم.

**ئۈستەل** ئى [ر] ئومۇمەن تارتمىلىق، ئۈستى تۈز، تۆت پۇت بېكىتىلگەن، ئاستىنىڭ بىر ياكى ئىككى تەرىپى ئىشكاپ شەكىللىك ياسالغان ئائىلە ۋە ئىشخانىلاردا قويۇپ، ئۈستىدە خەت يېزىش قاتارلىق ئىشلاردا پايدىلىنىدىغان سايمان، جوزا: ئۈستەل سائىتى. * باشلىق ئۈستەلنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ مەۋلاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. * ئوقۇتقۇچى خەتنى تۇتقىنىچە جىم تۇرۇپ قالدى ۋە خىيال سۈردى. كېيىن خەتنى ئاستا ئۈستەل ئۈستىگە قويدى-دە، تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

**ئۈستەل تارازىسى** بىر خىل كىچىك تېپتىكى تارازا. كۆپىنچە ماگىزىن ۋە دۇكانلاردا يۈكەي ئۈستىگە قويۇپ ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۈستەل چىرىغى** < فز > ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر چىرىغى.

**ئۈستەل سائىتى** ئۈستەل، ئۈستىگە قويۇپ قويۇشقا لايىقلاشتۇرۇپ ياسالغان سائەت: ئۇنىڭ ئۆيدە بىر رادىئو ۋە بىر ئۈستەل سائىتىلا بار ئىدى.

**ئۈستەل كالېندارى** < مەت > ئۈستەل ئۈستىگە قويۇلىدىغان بىر خىل كالېندار. كىتاب شەكلىدە بولىدۇ.

**ئۈستىباش** ئى [ئۈست+باش] ئاياغ كىيىمدىن باشقا، ئۈستىگە كىيىدىغان بارلىق كىيىم-كېچەكلەر: قورسىقى ئاچنىڭ كۆزى ئاشتا، قورسىقى توقنىڭ ئۈستىباشتا (ماقال). * ئەمما بىچارە ئانا بولسا، كونىراپ كەتكەن ئۈستىباشلىرىنى ئالماشتۇرۇۋېلىشنى ئۇنتۇپلا قالغانىدى. * — ئۆيدىن يىگىت ئىكەنسەن، ئۈستىبېشىڭنى يۆتكەپ، بىرنەچچە كۈن ئارام

ئال. ئاندىن، ياخشى بىر ئات بىلەن يولغا سېلىپ قويايلى، ئىلىغا بېرىپ ئاتا-ئاناڭنى تېپىۋال. * ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۈستىبېشىنى توپا باسقان، لەۋلىرىنى گەز باغلاپ كەتكەنىدى.

**ئۈستقۇرۇلما** ئى (ئۈست+قۇرۇلما) < س ئق > ئىقتىسادىي بازىس ئۈستىگە قۇرۇلغان سىياسەت، قانۇن، دىن، سەنئەت، پەلسەپە قاتارلىقلارغا دائىر كۆز قاراشلار ھەمدە شۇ كۆز قاراشلارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سىياسەت، قانۇن قاتارلىق تۈزۈملەر. ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ. ئۈستقۇرۇلما ئىقتىسادىي بازىسنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

**ئۈستكى** سۈپ. ئۈستىگە، تۆپىسىگە ياكى تۆپە قىسمىغا جايلاشقان، ئۈستى يۈزى ياكى تەرىپىدىكى، يۇقىرىدىكى، تۆپىسىدىكى: ئۈستكى قەۋەت، يەرنىڭ ئۈستكى قاتلىمى. * ئۇنىڭ يېنىدا ئورۇقلاپ كەتكەن، كىيىملىرى يىرتىق، قاپتەك كەلگۈ ئۈستكى كىيىم كىيگەن، ئۈستىگە قىزىل كرېست قادالغان شەپكە كىيگەن بېسونوۋ ئولتۇراتتى.

**ئۈستمۇئۈست** ئۈستى-ئۈستىگە، ئۈستى-ئۈستىلەپ: ئۈستمۇئۈست چۈشۈش.

**ئۈستمۇئۈست چۈشۈش** < مات > ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق گېئومېتىرىك شەكىلنىڭ ئوخشاش بوشلۇقتا تۇرۇشى ئۈستمۇئۈست چۈشۈش دېيىلىدۇ.

**ئۈستۈرمەك** «ئۈسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۈشۈكنىڭ قىلغاندا، ھەم قاسىمنى ساقلاپ قالغىلى، ھەم سابىرنى تىلسىم تاغقا ئۈستۈرۈپ ئەبجەقىنى چىقارغىلى بولىدۇ. * دۈشمەنلىرى ئۇنىڭ سۇس سارغۇچ چېچىدىن تۇتۇۋېلىپ، بېشىنى تامغا بىرنەچچە قېتىم ئۈستۈرۈپ، كۆڭلى ئارام تېپىپ كېتىشەتتى.

**ئۈستۈرۈشمەك** «ئۈستۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۈستۈرۈلمەك** «ئۈستۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۈستۈن** سۈپ ① ئۈستى تەرىپىدىكى، ئۈستىدىكى، ئۈستۈنكى: ئۈستۈن تاش. ئۈستۈن قاپاق. ② يۇقىرى، ئۆرە، ئېگىز؛ ئارتۇق، يۈكسەك، ئالىي: دۈشمەن ئۆزىگە قارىغاندا ئۈستۈن غايىگە ئىگە بولغان بۇ يىگىتنىڭ مۆھەببەت ئالدىدا ھودۇقۇپ قالغانلىقىدىن ئىچىدە كۈلدى. * ئازادلىقتىن بۇرۇنقى جۇڭگودا يېزا ئىگىلىكى سانائەتتىن كۆپ ئۈستۈن ئىدى. * ئەرزان ۋە ناچار ئۆتمەس مالنى ئېلىپ، ئۈستۈن باھا كۆتۈرۈپ تۇرۇۋشىنىڭ ئۆزى خەتەرلىكتۇر. // ئۇنىڭ پۇت-قوللىرىنى ئاۋايلاپ ئۈستۈن قىلىپ، ئۇنىڭ نەپسىنى راۋان قىپتۇ. * ئۇ مەھەللىدىكىلەرنىڭ سوزۇلغان سوئاللىرىغا يەردىن ئۈستۈن قارىماي، تىرنىقىنى تاتىلاپ تۇرۇپ قىسقا-قىسقا جاۋاب بېرەتتى. ③ جانلىق، كۆتۈرەڭگۈ: روھى ئۈستۈن. كەيپىياتى ئۈستۈن. * سادىر بۇ گەپلەرنى ئۈستۈن روھ بىلەن ئېيتتى. ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ روھلانغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ ئاتلارغا قاراپ ماڭدى. * ئۈسسۈل ئوينالماقتا، ناخشا بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقماقتا. ياشلارنىڭ كەيپى ئۈستۈن ئىدى. ④ ئەرزان ئەمەس، ئۆرە، قىممەت، يۇقىرى: تەننەرخى ئۈستۈن.

**ئۈستۈن تاش** دىئال. تۈگمەننىڭ ئۈستۈنكى تېشى؛ تۆپە تاش.

**ئۈستۈن تۇرماق** يۇقىرى، ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىمەك؛ ئۈستۈن ئورۇندا تۇرماق: مەن سىزدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان بىرەر ئەر كىشىنى تېخىمۇ ئۇچراتمىدىم. * قۇمۇلنىڭ ئۆزىدىكى 13 باغقا قارىغاندا بۇ باغ

ناھايىتى ئۇستۇن تۇرىدۇ.

**ئۇستۇن چىقماق** ← **ئۇستۇن كەلمەك**: ئادەم ـــ ئەڭ چۈرۈك قومۇش، بىر تامچە سۇمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ قويۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ پىكىر قىلغۇچى قومۇش بولغاچقا، ئۆلۈمنى چۈشىنەلەيدۇ ۋە ئۆز قاتىللىرىدىن ئۇستۇن چىقىدۇ. * ئەتىلىككە بولسا بىزنىڭ بوۋايلاردىن قانداق ئۇستۇن چىقىشىمىزنى كۆرىسىز.

**ئۇستۇن قاپاق** كۆز قاپىقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى، ئۈستۈنكى قاپاق.

**ئۇستۇن قويماق** ئۇستۇن، غالىب دەپ ھېسابلىماق؛ ئۇستۇن سانىماق، ئۇستۇن دەپ بىلمەك: ھون تەگرىقۇتلىرى بۇ ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنى خەن خاندانلىقىدىن ئۇستۇن قويۇپ، خەن خەندانلىقىغا پوپوزا قىلىپ تۇراتتى.

**ئۇستۇن كەلمەك** ئۇستۇنلۇككە ئىگە بولماق، ئۇستۇن ئورۇندا تۇرماق: ئەمەت كۆرۈك جان ئاچچىقىدا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتى. ھەتتا گاھىدا ئامانگۈلدىن ئۇستۇن كەلگەندەك كۆرۈنەتتى. * ئەگەر ھەۋەس ئۆز نەيزىسىنى تىكلەپ ئۇستۇن كەلسە، ئەڭ ئاۋۋال ئەقىلنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىدۇ، ھەۋەسكە بېرىلگەن كىشى ئەلۋەتتە مەغلۇپ بولىدۇ. * سادەت ئاستا ئۇنىڭغا قارىدى، ئابلىزنىڭ ئورۇقلاپ ئۇستىخانلىرى چىقىپ كەتكەن، ساقال باسقان چىرايى تولىمۇ بىچارە كۆرۈندى ۋە ئۇنىڭدىكى ئاياللارغا خاس ئېچىنىش تۇيغۇسى ئۇستۇن كەلدى.

**ئۈستۈنكى** سۈپ. ئۈستى تەرىپىدىكى، ئۈستىدىكى: ئۈستۈنكى قەۋەت. ئۈستۈنكى تېرە قۇرۇلمىسى. ئۈستۈنكى كالپۇك. * بىنانىڭ ئۈستۈنكى زالىدا ئەتىگەنلىك ئويۇن باشلانغان ئىدى. * ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن ئېتىلغان پىلموتنىڭ ئوچى كۆرۈندى.

**ئۈستۈنكى جاغ** <زوئول> ① بەزى بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ 1-جۈپ ئوزۇق ئالىدىغان ئورگىنى، ئېغىزنىڭ ئىككى يان ئۈستۈنكى تەرىپىدە، ئۈستىگە كۆپلىگەن قىسقا تۈكچىلەر ئۆسكەن بولىدۇ. ② ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئۈستۈنكى ئېڭىكى.

**ئۇستۇنلۇك** «ئۇستۇن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇستۇنلۇك تالاشماق. ئۇستۇنلۇك قازانماق. * ئەگەر تاغدىكى ئىسيانچىلار ئۇستۇنلۇك قازانغان بولسا، بۇ ئىش مۇنچىلىك چوڭىيىپ كەتمەس ئىدى. * بارا-بارا ئۇنىڭ قەلبىدە گۈلجەملەنىڭ غايىبانە قىياپىتى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ، زۇلپىيەنىڭ نۇقسانلىرى تېخىمۇ كۆپەيگەندەك قىلاتتى.

**ئۇستۇنلۇك ھوقۇقى** <قا> باشقىلاردىن ئۇستۇن تۇرىدىغان ھوقۇق ياكى ئىمتىياز، يەنى كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردىكى يۇقىرى شان-شەرەپنى بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى.

**ئۈستىدە** يۆلـ. ھەققىدە، توغرىسىدا، توغرۇلۇق: مەن ئىككى ئىش ئۈستىدە گوڭشې پارتكومىغا پىكىر بەرگىلى سىزنىڭ يېنىڭىزغا كىرىۋېدىم. * ئۇ خەتنىڭ ئاخىرىدا رەيھاننىڭ ھازىرقى تۇرمۇشى، خىزمەت ئەھۋالى ئۈستىدە قىسقىچە بايان قىلغاندىن كېيىن يەنە مۇنداق يازغان ئىدى. * ھىكمەت گۈرجەك ۋە كەتمەنلەرنى ئامبارچىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ يەنە ئۇنىڭ بىلەن باشقا نەرسىلەر ئۈستىدە سۆزلىشۋاتاتتى.

**ئۈستىقۇددۇس** ئى [ئۈست+ى+قۇددۇس] <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆتكۈر پۇرايدۇ. غولى ئەگرى، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل. گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن، شېخىنىڭ ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسۈپ

باشاقسىمان گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئوتتۇرا يەر دېڭىز رايونى، گۈل رېتىدىن پۇراقلىق ماي ئېلىنىدۇ، ئادەتتە ئۇ سوپۇن ياساش ۋە زىننەت بۇيۇملىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**ئۇستىلەپ** رەۋ. ئۇستىگە؛ ئۇستى-ئۇستىگە؛ تەكرار؛ قايتىدىن: دەل شۇ چاغدا گۈلخان ئۇستىلەپ كىرىدۇ. * ئۇلار يۈك كۆپ ئورۇن كىچىك بولۇشتەك ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ماللارنى ئۇستىلەپ تىزىش ئۇسۇلىنى قوللاندى. * شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ئۇستىلەپ يېڭى دەردلەر قوشۇلدى. * ئۇنىڭ چىرايلىق گەپلىرىدىن كۆڭلى يېلىمدەك ئېرىپ كەتكەن سادىر ئۇستام ئۇستىلەپ رەھمەت ئېيتتى.

**ئۇستىلەپ بېسىش** <كىنو> كىنوچىلىقتا مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان كۆرۈنۈشلەرنى ئۇستى-ئۇستىگە بېسىپ بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق پېرسوناژلارنىڭ ئەسلىمىسى، خىيالى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەش جەريانى.

**ئۇستىلەپ ھەيدەش** يەرنى چوڭقۇر ھەيدەش ئۇچۇن، بىرلا ۋاقىت ئىچىدە بىرىنچى سوقا ئاچقان يەرنى ئىككىنچى سوقا بىلەن قايتا ھەيدەش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۇستىلىمە** سۈپ. ئەسلىدىكىسىنىڭ ئۇستىگە قوشۇلىدىغان، ئۇستىلىنىدىغان: ئۇستىلىمە ئەمگەك. ئۇستىلىمە كاپىتال.

**ئۇستىلىمە ئەمگەك** <س ئىق> ئەسلى-دىكى ئەمگەك نورمىسى تاشقىرىدا قىلىنغان ئەمگەك.

**ئۇستىلىمە كاپىتال** <سىئىق> كاپىتالىستىك كېڭەيتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا، كاپىتالىست قوشۇمچە قىممەتنىڭ بىر قىسمىنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچى سېتىۋېلىپ، تېخىمۇ كۆپ قوشۇمچە قىممەت شۇلۇۋالىدۇ. ئۆزگىرىپ كەلگەن بۇ بىر قىسىم يېڭى كاپىتال ئۇستىلىمە كاپىتال دېيىلىدۇ.

**ئۇستى-ئۇستىگە** ① بىرىنىڭ ئۇستىگە يەنە بىرى، ئۇستى-ئۇستىلەپ: تۆت تەرەپتىن ياغدۇرۇلغان ئوق زەربىسىدە دۈشمەن ئۆلۈكلىرى داۋانىدىن ئىككى كىلومېتىرچە پەستىكى تار جىلغىدا ئۇستى-ئۇستىگە دۆۋىلىنىپ كەتتى. ② كەينى-كەينىدىن، ئارقا-ئارقىدىن تەكرار: بېشىغا بەخت قۇشى قونغاندىمۇ ئارتۇق ھاياجانلانغان روزى موللا ئۇستى-ئۇستىگە بېشىنى لىڭشىتىپ: — چىقمەن، چىقمەن! — دېدى. * ئۇ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇستى-ئۇستىگە ئەينەكنى چاققىلى تۇردى.

**ئۇستى-ئۇستىلەپ** ← **ئۇستى-ئۇستىگە**: ئۇنىڭ ئاق ماتا كۆڭلىكىگە ئۇستى-ئۇستىلەپ ياماق سېلىنغانىدى. * ئالدىن قەنت-گېزەكلەر بىلەن سىنچاي تارتىلدى، پىيالە پات-پات يەڭگۈشلىنىپ قەنت-ناۋاتلار ئۇستى-ئۇستىلەپ سېلىناتتى. * ئۇستى-ئۇستىلەپ كەلگەن بۇ دىشۋارچىلىقلار شەمەرنى جاندىن تويغۇزدى.

**ئۇسسمەك** (توغرىسى: ئۇسمەك) ← **ئۇسمەك.**

**ئۇسكەك I** سۈپ. ئۇسۇشكە ئادەتلەنگەن، ئۇسىدىغان خۇيى بار: ئۇسكەك كالا. * ھېلىقى مالىمانچىلىق يىللاردا ھەر «ياۋاشلار» غا مۈڭگۈز چىقىپ، ئۇسكەك بولۇپ كېتىشتى.

**ئۇسكەك II** ئى. تامچىلارنىڭ سوۋاق ۋاقتىدا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچ پۇتلۇق، بىر ئۇچىنى تامغا تىرەپ قويىدىغان سايمىنى، جازا.

**ئۇسكەن** ئى. دىئال. ئۇزۇنچاق سېۋەت.

**ئۇسكۇنە** ئى (ئە) ① ئىدارە-جەمئىيەت،

زاۋۇت فابرىكا، كارخانا ۋە ئائىلىلەرگە كېرەكلىك نەرسىلەر، جاھاز: ئۆي ئۈسكۈنىلىرى. كارخانا ئۈسكۈنىلىرى. ② ھۈنەر-كەسىپكە زۆرۈر بولغان قورال، سايمانلار: ياغاچچىلىق ئۈسكۈنىلىرى. تىبابەتچىلىك ئۈسكۈنىلىرى.

**ئۈسكۈنىلەشتۈرمەك** «ئۈسكۈنىلەش-مەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كارخانىمىز ئەسلىدە ياغاچ ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ بىرلەشمە كوپېراتسىيىسى ئاساسىدىن كېڭىيىپ، ھازىرقى كارخانا ھالىغا كەلگەن، كېيىنكى چاغلاردا كارخانىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ زامانىۋى ئۈسكۈنىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشنى قارار قىلغان.

**ئۈسكۈنىلەشتۈرۈلمەك** «ئۈسكۈنىلەش-تۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۈسكۈنىلەشمەك** پ. زۆرۈر ئۈسكۈنىلەر بىلەن تەمىن ئېتىلمەك، جاھازلاشماق: بۇ ئاددىي ياغاچچىلىق دۇكىنى ھازىر زامانىۋى ئۈسكۈنىلەر بىلەن ئۈسكۈنىلەشتى.

**ئۈسكۈنىلىك** سۈپ. ئۈسكۈنىسى بار، ئۈسكۈنە ئورنىتىلغان، ئۈسكۈنە قويۇلغان: ئۈس-كۈنىلىك ئۆي.

**ئۈسمەك** پ ① بېشى ياكى مۈڭگۈزى بىلەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سوقماق، ئىتتەرمەك: تۇرغان تامغا ئۈسسەڭ بېشىڭ يېرىلار (ماقال). * قارا قوچقار يەنە بىرنى ئۈستى. ئاق قوچقارنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كەينىچە ئارقىغا ياندى. * قوچقار تۆشۈكنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چىقىپ بۆرىنىڭ قورسىقىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنەچچە قېتىم ئۈسۈپتۇ. * خىيال بىلەن بەند بولۇپ كەتكەن زىننەت دوقمۇشتىكى يېڭى سېلىنغان ماگىزىندىن ئالدىراش چىقىپ كەلگەن بىر ئەرگە ئۈسۈپ تاشلىغىلى تاس قالدى. ② بۆرتمەك: ئىككى رازۋېدچىك دەريا ئۈستىگە لەمپە بولۇپ ئۈسۈپ چىققان ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، ماشىنىلارنىڭ كەينىدىن قاراشتى. ③ كۆچمە. دوقۇرماق: مېنىڭچە، قاتىللارنىڭ تەپتارتماستىن مۇشۇ تەرەپلەردە ئۈسۈپ يۈرگىنىدىن قارىغاندا، بىرى بولمىسا بىرى ئورمانلىقنىڭ خۇيىنى بىلىدىغان نېمىدەك قىلىدۇ. ④ كۆچمە. ئارتىپ قويماق، دۆڭگىمەك: ئۇ، پۇلىنى يوقىتىپ قويۇپ باشقىلارغا ئۈسۈۋاتىدۇ.

**ئۈسۈپ كىرمەك** سورىماي، رۇخسەت ئالماي ئۆزى بىلگەنچە كىرمەك: ئۇنداق سورۇنغا بىر ئاددىي ئىشچىنىڭ ئۈسۈپلا كىرىشى ئەدەبسىزلىك بولغانلىقتىن، ئىشىك تۈۋىدە بىرئاز ساقلاپ تۇرۇشقا توغرا كەلدى.

**ئۈسۈشمەك** «ئۈسمەك» پېئىلىناڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى قوچقار ئۈسۈشكەندە، بۆرىنىڭ قورسىقى ئاچىدۇ (ماقال). * ئاتلار قاتتىق ئۈركۈپ كەتتى. ئامانقۇلنىڭ جەدە قاشقىسى ئوڭغا بۇرۇلۇپ، كۆك بوز ئات بىلەن ئۈسۈشۈپ قالدى.

**ئۈشتە** ئى (پ) ← ئۈشتە قىلماق.

**ئۈشتە قىلماق** سىلىقلىماق (پاختا يىپ، ماتا قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ماتاسىنى ئۈشتە قىلىپ بېرىپ، شۇنىڭ بىلەن جان باقىدىكەن.

**ئۈشتەك** (توغرىسى: پۈشتەك I) ← پۈشتەك I.

**ئۈشتىگەر** ئى (پ) ئۈشتە قىلىدىغان ئادەم: جاڭگالغا يېقىن قالغاندا، بىر چىغنىڭ تۈۋىدىن بىر جۈپ تورغاي ئۇچۇپ چىقىپتۇ، ئۈشتىگەر ئېڭىشىپ قارىسا، تورغاينىڭ ئۇۋىسى، ئۇنىڭدا بىرنەچچە تورغاي تۇخۇمى تۇرغۇدەك. * زامانلارنىڭ زامانىسىدا، جەنۇب بىلەن شىمالنىڭ ئارىسىدا بىر ئۈشتىگەر ياشىغانىكەن.

**ئۈششۈتمەك** «ئۈششۈمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆينى ئىجارىگە بېرىپ، بۆرىنى ئۈششۈتكەن قېرى (ماقال). * يەنە مۇشۇنداق بىرنەچچە سائەت ياتىدىغان بولساق، بۇ سوغۇقتا پۇت-قولىمىزنى ئۈششۈتۈپ،

كېرەكتىن چىقىرىۋالىمىز. * بىراق، جۈت-شۇۋىرغانلىق بوران چىقىپ، بىر كېچىدىلا ھەممىنى ئۇششۇتۇپ پۈرلەشتۈرىۋەتتى.

**ئۇششۇك** ① ئى. كۈز ئاخىرلىشىپ، قىشنىڭ كىرىشى مەزگىلى بىلەن يېتىپ كېلىدىغان بىر خىل سوغۇق ھاۋا ئېقىمى، ئۇ، زىرائەتلەرنى ئۇششۇتۇپ كاردىن چىقىرىدۇ: ئۇششۇك چۈشمەك. ئۇششۇك تەگمەك. ئۇششۇك ئاپىتى. * كەچ كۈزنىڭ ئۇششۇكى دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى سارغايتقان ئىدى، ئۇلارنى سوغۇق شامال سەللا تىترىتىپ قويسا، كەينى-كەينىدىن پىرقىرىشىپ يەرگە چۈشۈپ تۇراتتى. ② سۈپ. ئۇششۇگەن، ئۇششۇك تەگكەن: چۈنكى، ئۇنىڭ چىرايى سوغۇق شامالدا تىترەپ ئالدىمىزغا چۈشۈۋاتقان كەچ كۈزدىكى ئۇششۇك يوپۇرماقلارغا ئوخشايتتى. ③ ئى. تېمپېراتۇرىنىڭ تۆۋەنلەش تۈپەيلىدىن ئادەم ۋە نەرسىلەردىكى توڭلاش، مۇزلاش ھەم شۇ توڭلىغان، ئۇششۇگەن يەر، نەرسە: ئۇششۇك دورىسى. ئۇششۇك يارىسى. * توڭلاپ قالغان قولاققا قار ئېسىپ ئۇششۇكنى ياندۇرۇشنى بىز پېشقەدەم يېتىمچىلاردىن ئۆگەندۇق.

**ئۇششۇك تەگمەك** دەسلەپكى قەدەمگە ئۇششۇمەك، توڭلىماق، ئۇششۇك چۈشمەك: قوناققا ئۇششۇك تەگدى.

**ئۇششۇك چۈجىسى** كەچ كۈزدە تۇخۇمدىن چىققان، چوڭىيالمىغان چۈجە: شۇ چاغدا مۇنۇ سالىدەكلەر ئۇششۇك چۈجىسىدەك قانىتىم ئاستىغا چۈكۈلداپ كىرىشەتتى.

**ئۇششۇك چۈشمەك** ئۇششۇك پەيدا بولماق: ۋاقىت يېتىپ قالدى، ئالدىرىمىساق ئۇششۇك چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن.

**ئۇششۇمەك** پ. سوغۇقنىڭ تەسىرىدىن ئادەم بەدىنىنىڭ بىرەر جايى ياكى زىرائەت ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى نورمال ھالىتىنى يوقاتماق؛ توڭلاپ زەخىملەنمەك: ئۇنىڭ بۇرۇن، قولاقلىرى ۋە ئۇششاق پۇتلىرى تامام ئۇششۇپ كەتكەنىدى. * قولاق ئۇششۇپ قالسا قار بىلەن ياندۇرىمىز، ئوتقا قاقلىغان بىلەن، قولاقنى كاردىن چىقىرىپ قويىمىز.

**ئۇشقىرتماق** «ئۇشقىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دەرەخ شاخلىرىنى قىراۋ بېسىپ، سوغۇق شامال ئۇشقىرتىپ تۇراتتى. * قوشنا يېزا-كەنتلەردىن ۋەكىللەر كېلىشتى. ھاۋا سوغۇق، باھار شاماللىرى ئۇشقىرتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن، كىشىلەر خۇشال، ئېتىك ئىدى.

**ئۇشقىرتىشماق** «ئۇشقىرتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇشقىرماق** پ «ئۇش-ئۇش» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «ئۇش-ئۇش» قىلماق.

**ئۇشكە** ئى < ماشىن > تۆشۈك ئېچىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى قول بىلەن، يەنە بەزىلىرى توك ياكى شامال كۈچى بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدۇ.

**ئۇشكە ستانوك** < ماشىن > ← **تەشمە ستانوك**.

**ئۇشكۈرمەك** پ. دىئال. ئىسقىرتماق، ئۇشقىرتماق.

**ئۇشكىلەتمەك** «ئۇشكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۇشكىلەشمەك** «ئۇشكىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى ياغاچچى ئۇستام بىر بولۇپ ياغاچلارنى ئۇشكىلەشتى. * ياللانما ئىشچىلار ئۇ كۈنى ئۆيىمىزنىڭ تاملىرىنى ئۇشكىلىشىپ، سىملىق تېلېۋىزيە نومۇرلىرىنىڭ سىملىرىنى تامنىڭ تۆشۈكىدىن ئۆتكۈزدى.

**ئۇشكىلەنمەك** «ئۇشكىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياغاچلار ئۇشكىلەندى.

**ئۇشكىلىمەك** پ. ئۇشكە بىلەن تەشمەك: ياغاچنى ئۇشكىلىمەك.

**ئۆكە** ئى. ھۇقۇشنىڭ پېيى، بۇ خىل پەينى بەزى تۈركىي مىللەتلەر ئاياللىرى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە بۆكىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قادىۋالىدۇ: ئۆكە تاقىماق.

**ئۆكە تاقىماق** ئۆكەنى بۆكىنىڭ ئالدىغا قادىۋالماق.

**ئۆكەر** ئى < ئاستر > ← **ئۆكەر يۇلتۇز.**

**ئۆكەر يۇلتۇز** < ئاستر > چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمىدىكى يەتتە قاراقچى يۇلتۇزى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**ئۆكەلىك** سۈپ. ئۆكە تاقالغان: ئۆكەلىك بۆك.

**ئۆكلىمەك** پ. (توغرىسى: ئۆتلىمەك) ← **ئۆتلىمەك.**

**ئۆگە** ئى ① < ئانات > سۆڭەكلەرنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى. تۇزۇلۇشىگە قاراپ قوزغالماس، سەل قوزغىلىدىغان ۋە ھەرىكەتچان ئۆگە دەپ ئۈچكە ئايرىلىدۇ. قوزغالماس ئۆگىگە باش سۆڭىكىنىڭ ھەرقايسى ئۆگىلىرى؛ سەل قوزغىلىدىغان ئۆگىگە ئومۇرتقا تۈۋرۈكىنىڭ ئۆگىلىرى؛ ھەرىكەتچان ئۆگىگە تۆت مۈچە ئۆگىلىرى مىسال بولالايدۇ. ② كۆچمە. راكېتا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىقلار قىسىملىرىنىڭ ئۆزئارا تۇتاشقان جايى، بوغۇمى.

**ئۆگە يالغۇزى** < تب > ← **بوغۇم يالغۇزى.**

**ئۆگدەتمەك** «ئۆگدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھارۋىنىڭ رىتىملىق غىچىرلىشى، مۆمىن ئاكامنىڭ مۈڭلۈق ناخشىسى مېنى ئۆگدىتىپ قويااتتى.

**ئۆگدەشمەك** «ئۆگدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھارۋىنىڭ ئۈستىدە ئون نەچچە چېرىك، بىر پار ئات چۆمۈلگەن قاپقارا تەرگە. ئۆگدىشەر ئۆگىنىپ كەتكەندەك ئۇلار، توپىلىق يوللاردا دائىم سەپەرگە.

**ئۆگدەك** ئى. پۈتۈنلەي ئۇخلاپ قېلىش بىلەن ئويغاقلىقنىڭ ئارىلىقىدىكى ئۇيقۇ باسقان ھالەت؛ ئۇيقۇسىراش: ئۆگدەك باسماق. * باش توخۇ چىللىغان مەزگىلدە چىدىغۇسىز ئۆگدەك ئۇنى يەڭدى-دە، بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاپ قالدى.

**ئۆگدەك باسماق** ئۇيقۇسى كەلمەك، ئۇيقۇسىرىماق: ئۇ، سادىقنىڭ گېپىنى كۆزلىرىنى ئۆگدەك بېسىپ تۇرسىمۇ، ھەرھالدا ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى، لېكىن، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. * پېشقەدەم ھاكىمنىڭ كۆزلىرىنى ئۆگدەك بېسىپ، پات-پات ئەسنەپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، سادىقنىڭ دوكلاتىنى ھەرھالدا ئاخىرىغىچە ئاڭلىدى.

**ئۆگدىمەك** پ. ئۇيقۇ باسماق، ئۇيقۇسىرىماق: ئۇ ئۆگىنىشتە ۋە يىغىندا دائىم ئۆگدەپ ئولتۇرىدۇ. * ئەتراپتىكى ئادەملەر ئۇيقۇدا، دالدىدا ۋە يامغۇردىن پاناھلىنىپ ئۈستى يېپىق بۇلۇڭلاردا ئۆگدىمەكتە ئىدى. * سىڭلىم ئوچاق بېشىدا قۇرۇق ۋە قاتتىق ناننى چىشلىگەن پېتى ئۆگدەپ قاپتۇ.

**ئۆگرە** ئى ① خېمىرنى يۇپقا يېيىپ، ئىنچىكە كېسىلگەن چۆپ: ئەكبەر كەچلىكى يەڭگىسى ھەجەر بۈۋىنىڭ ئاشكۆكى بىلەن پىنىننىڭ پۇرىقى گۈپۈلدەپ تۇرغان مەززىلىك ئۆگرە ئېشىنى تازا ھۇزۇرلىنىپ ئىچتى. ② شۇنداق چۆپ بىلەن ئېتىلگەن سۇيۇقئاش: ئۆگرە ئەتمەك. ئۆگرە ئىچمەك. * ئۆگرىنى تاشلاپ، تالقاننى يەپتۇ، يۇرتنى تاشلاپ، ئارمان يەپتۇ (ماقال). * ئۆيدە ئۆگرە پىشۇرمىغان، تويدا بولۇپ پىشۇرار (ماقال).

**ئۆگرىچى** ئى. ئۆگرە كەسكۈچى؛ ئۆگرە ئاش ئېتىدىغان ئاشپەز: ئىش بىلمەس كەشتىچى بولۇپتۇ، ئاش بىلمەس ئۆگرىچى (ماقال).

**ئۆگۈت** I ئى ① ئۇن تارتىش ئۈچۈن پاكىز تازلانغان ئاشلىق: ئۆگۈت ئەتمەك. *

شۇ چاغ ئېرىق ياقىلاپ، تۈگمەنگە ئۈگۈت ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەشرەپ بوۋا يىراقتىن غوجىنى كۆرۈپ، قىر ئەگىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. * ئەر خەقلەر ئۈگۈتنى ئات-ئۇلاغلارغا ئارتىپ، بىر-ئىككى بەل ئېشىپ، يۇقىرىقى مەھەللىگە ئېلىپ بېرىپ ئۇن قىلىپ كېلەتتى. ② جۇۋازغا سېلىپ ياغ تارتىشقا تەييارلانغان مايلىق دان؛ يۇك.

**ئۈگۈت ئەتمەك** ① ئۇن تارتىلىدىغان ئاشلىقنى سورۇپ، تاسقاپ پاكىزلىماق، تۈگمەنگە قۇيغىدەك قىلىپ قويماق: روزىخان ئاچا ئاشۋاقتىدىن ناماز ئەسرگىچە ھەپىلىشىپ، ئىكمە ئىككى تاغار بۇغداينى ئۈگۈت ئېتىپ بولدى. ② مايلىق داننى پاكىزلاپ جۇۋازغا سېلىپ ماي تارتىشقا تەييارلىماق.

**ئۈگۈت قىلماق** ← **ئۈگۈت ئەتمەك**: مەن ئاپام بىلەن ئىككىيلەن ئەتىگەندىن چۈشكىچە تىكىن ئۈچ تاغار بۇغداينى ئۈگۈت قىلدۇق.

**ئۈگۈت II** ئى. تارىس. پەندى-نەسىھەت.

**ئۈگۈتچى** ئى. ئۈگۈت ئەتكۈچى ئادەم.

**ئۈگۈت-نەسىھەت** پەند-نەسىھەت: بالىلارغا ئۈگۈت-نەسىھەتنى توختىتماسلىق لازىم.

**ئۈگۈچ** ① ئى. قولنىڭ پەنجىلىرىنى سەل ئەگكەن ۋاقىتتىكى تۇرقى: ئۈگۈچكە ئالماق. ② مىق. سانىاق سانلار بىلەن قوشۇلۇپ ئۈگۈچكە ئالغىلى بولىدىغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۈگۈچ بۇغداي. * ئۇ تاغاردىن بىرقانچە ئۈگۈچ قوناقنى ئېلىپ كەپتەرلەرگە چېچىپ بەردى.

**ئۈگۈچەكلىك** ئى. دىئال. ساندۇق ياساش ئۈچۈن تەييارلانغان ياغاچ.

**ئۈگۈچلىمەك** پ. ئۈگۈچىگە ئالماق: ئۇ لېگەننى سۈپۈرۈپ، بىر تال گۈرۈچمۇ قالدۇرماي ئالدىغا يىغدى ۋە ئەڭ ئاخىرقى كاپام پولۇنى چىڭ ئۈگۈچلەپ ئاغزىغا سالدى.

**ئۈگىلىك** سۈپ. ئۈگىسى بار، ئۈگىسى بولغان: قول زادى قانچە ئۈگىلىك بولىدۇ؟ * بامبۇك تاللىرىدىن قۇراشتۇرۇپ، سىرتى يىلان قاسىرىقىنىڭ شەكلى سىزىلغان قەغەز بىلەن يەملەنگەن بۇ ئەجدىھا پانۇس توققۇز ئۈگىلىك بولۇپ ھەربىر ئۈگىسىنىڭ ئىچىگە شام ياندۇرۇپ قويۇلغانىدى.

**ئۈگىلىك ئۇلاش** < ماشن > ماشىنا، ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنى چاتقۇچ ئارقىلىق بىر-بىرىگە چېتىشقا قارىتىلىدۇ.

**ئۆلەشتۈرمەك** «ئۆلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ، سامسىلاردىن بىرقانچىنى قاپاقتىن ئېلىپ دېۋانىلەرگە ئۆلەشتۈردى. * قىز ھەمراھلىرىغا نۇرغۇن مال-مۈلۈك ئۆلەشتۈرۈپ بېرىپتۇ-دە، ئۆزى يالغۇز كېتىۋېرىپتۇ.

**ئۆلەشتۈرۈشمەك** «ئۆلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆلەشتۈرۈلمەك** «ئۆلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەربىر ئۆتەڭ ۋە قونالغۇلاردا كېلىۋاتقانلار ئۈچۈن ئالدىن قازان ئېسىلىپ تۇراتتى. ئالدى بىلەن چېلەكلەر غىزالىنىپ، ئاندىن، ئاشقان-تاشقان نەرسىلەر سۈرگۈنلەرگە ئۆلەشتۈرۈلۈپ بېرىلەتتى.

**ئۆلەشمەك** پ. بىر پۈتۈن ياكى بىر توپ نەرسىلەرنى بىرنەچچە كىشىلەر ئۆزئارا مەلۇم ئۇلۇش، نىسبەت بويىچە بۆلۈشۈۋالماق: ئۇلار «ئەگەر بۇ ئالتۇن خىش ئۈچ پارچە بولغان بولسا، ئۆلەشمىكىمىز ئوڭاي ئىدى» دېيىشتى. * ــ بىراق، سىنىڭ ئاغىنىلىرىڭ بىرنەرسە تاپقىنىڭنى ئاڭلىسا خۇددى باققالنىڭ سېۋىتىگە ياماشقان چۈشىلەردەك، ئۆلەشكىلى

كېلىشەر كۆپ-تە! ــ دېدى ھېلىقى ئادەم.

**ئۆلپەت** ئى (ئە) زىياپەت، ئولتۇرۇش قاتارلىق پائالىيەتلەردە بىللە بولىدىغان كىشى؛ ھەمسۆھبەت: ئۆلپىتىڭ قاغا بولسا، يېيىشىڭ پوق (ماقال). * ئادىل ئۇنىڭ بىلەن خىلى يېقىن ئۆلپەتلەردىن ئىدى. ئۇ پات-پاتلا ئادىلنى ئولتۇرۇشلارغا بىللە ئاپىرىپ ئوينىتىپ كېلەتتى.

**ئۆلپەت بولماق** ئۆلپەتلىك مۇناسىۋەت ئورناتماق، ئۆلپەتلەشمەك: قىسمەت بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ، ئېلىشىغا سېتىپ، ساتقان پۇلغا چوڭ يەپ-چوڭ ئىچىپتۇ، مەي ئىچكۈچىلەر بىلەن ئۆلپەت بولۇپ مەي ئىچىپتۇ. * ئايال بىركۈنى دېدەككە: ــ ئېرىم ھەركۈنى تالاغا چىقسىلا ھاراق-شارابلارغا تويۇپ قايتىپ كېلىدۇ، كىملەر بىلەن ئۆلپەت بولىدىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ــ دېدى.

**ئۆلپەت قىلماق** ئۆلپىتى دەپ ھېسابلىماق، ئۆلپىتى دەپ بىلمەك: ئۇ، دوكقىمۇ قىممەتلىك كىيىملەر بېرىپ، ئۆزىگە ئۆلپەت قىلىپ، مۇئاش بەلگىلەپتۇ.

**ئۆلپەتچىلىك** ئى ① ئۆلپەتلەر يىغىلىشى، ئولتۇرۇشى ياكى زىياپىتى؛ ئۆلپەتلەر ئارىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن مېھماندارچىلىق: ئۇلار بىر جوزىغا چۆكۈپ، ئۆلپەتچىلىك قىلىپ بىر ئىككى رومكىدىن ئىچىشتى. * كۈتكەن جۈمە كۈنىمۇ كېلىپ ئەمەلدار باي ئوۋغا چىقىپتۇ، كەچقۇرۇنلۇقى ھېرىپ-ئېچىپ ئۇزاققىچە ئۆلپەتچىلىك قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. ② ئۆلپەتلەرگە، دوستلارغا خاس مۇناسىۋەت: ئۆلپەتچىلىكى بار ئادەم. ئۆلپەتچىلىك قىلماق. * ــ مۇنداق دېسىلە، ــ دەيتتى دىدىل، ــ شائىر مۇتەللىپ بىلەن ئۆلپەتچىلىكىم بار ئىدى دېسىلە. * بوران-چاپقۇن ئۆتۈپ كېتىشى بىلەن ئۇلارنى يەنە تېپىشتۇرۇشقان، كونا ئۆلپەتچىلىكنى باشلىغانىدى.

**ئۆلپەتلەشمەك** پ. ئۆلپەت بولماق، ئۆلپەتچىلىك قىلماق، دوستلاشماق؛ ھەمسۆھبەت بولماق: ئۇ ئۆزىنىڭ يېقىن ھېسابلانغان بۇرادەرلىرى بىلەن ساراي ئۆيدە ئۆلپەتلىشىپ ئولتۇراتتى. * مېنىڭ بۈگۈن شۇنچە يىراقتىن سىلە بىلەن ئۆلپەتلەشكىلى كېلىشىممۇ قورساق باقالمىغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرىنىڭ ئەخلاق-پەزىلەتلىرىگە ھۆرمەت قىلغانلىقىم ئۈچۈندۇر. * زەينەپ كامىل بىلەن ئۆلپەتلىشىپ ئولتۇرغىنىغا مەستلىكى كېلىپ، ئۇنى ھەدەپ يەپ-ئىچىشكە زورلايتتى.

**ئۆلپەتلىك** ئى. ئۆلپەتچىلىك، دوستلۇق: مەن بىراۋ بىلەن ئۆلپەتلىك قىلسام، ھەتتا ئۇنىڭدىن جىنىمنىمۇ ئايىماي، كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشىمەن. * ھاراق بەزىدە تېگى-تەكتى ئېنىق بولمىغان، ئۆزئارا سىنالمىغان كىشىلەرنىمۇ ئۆلپەتلىك زەنجىرىگە باغلاپ قويىدۇ.

**ئۆلگە** ئى ① كىشىلەر تەقلىد قىلىدىغان، دورايدىغان، ئۆگىنىشكە، نەمۇنە قىلىشقا ئەرزىيدىغان ئادەم، ئىش، نەرسە ياكى ئۇسۇل؛ نەمۇنە، تىپ: ئۆلگە بولماق. ئۆلگە ياراتماق. ئۆلگە ئالماق. ئۆلگە قىلماق. * كېيىنكى چاغلاردا ھېلىقى ساۋاقداش ھەممىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۆلگىسى بولۇپ قالدى. * ئەخمەتجان قاسىمى شۇنداق قىلىپ خەلقىنىڭ كۆچىنى بىر يەرگە توپلىيالىغان، خەلقچىللىق يولىنى ئەمەلىيەتتە ئۆلگە بولۇپ كۆرسەتكەن ئادەم ئىدى. * ئۇ خەلق ئەسكەرلىرىگە ئالدى بىلەن ھەرخىل قىياپەتتە قول بومبىسى تاشلاشتىن ئۆلگە كۆرسەتتى. ② بىر تۈردىكى نەرسىلەردىن ئېلىنغان نۇسخا، ئەۋرىشكە: بۇ ئوردىنى ئەخمەت بەگ بېيجاڭ خانلىقىنىڭ ئوردىسىنىڭ ئۆلگىسى بويىچە سالدۇرغانىدى. * بۇ بېقىپ مايىسلارغا تۇرۇپ قالدى، كۆڭلىدىن

ئەنسىز خىيال ئۆتۈپ قالدى. زوڭزىيىپ شۇئان پاسىل يېنىغلا، تۇپراقتىن، مايسىلاردىن ئۆلگە ئالدى.

**ئۆلگە ئالماق** ئۆزگىلەرنىڭ قىلغان ئىشىنى، نەرسىسىنى ئۆزىگە ئۆرنەك قىلماق، ئۆزىگە ئۆلگە قىلماق؛ ئۆگەنمەك: مۇشۇ يېقىندىن بېرى دېھقانلارمۇ ئەمدى شەھەرلىكلەردىن ئۆلگە ئېلىپ، زامانىۋى ئۆيلەرنى سېلىشقا بەس-بەس بىلەن كىرىشتى. * بۇ ئادەمنىڭ شۇ ئەمەلىيىتىدىن ھەممىمىز ئۆلگە ئالساق بولىدۇ.

**ئۆلگە بولماق** ئۆلگىلىك رول ئوينىماق، باشقىلارنىڭ ئۆگىنىشى ئۈچۈن ئۆرنەك، نىشان بولۇپ بەرمەك: شۇنداق قىلىپ، بۇ گۇرۇپپا مول ھوسۇل ئېلىش ۋە ئىتتىپاقلىقنىڭ ياخشىلىقى بىلەن باشقا ھەمكارلىق گۇرۇپپىلىرىغا ئۆلگە بولدى. * — شۇڭا بالام، سەن بىلەن بىز بۇ جەھەتتە باشقىلارغا ئۆلگە بولايلى، — دېدى ئۇ.

**ئۆلگە دەرسى** < مائار > باشقىلارغا ئۆلگە يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان دەرس.

**ئۆلگە قاتلام** < گېئول > يەر قاتلىمىنى سېلىشتۇرۇشتا ئۆلگە قىلىشقا بولىدىغان روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە بىر ياكى بىر گۇرۇپپا جىنس قاتلىمى.

**ئۆلگە قىلماق** ئۆزىنىڭ ئۆگىنىشى، قىلىشى، ئىشلىشى ئۈچۈن ئۆرنەك نىشان قىلىپ تاللىماق؛ ئۆزىگە ئۆرنەك نىشان دەپ بىلمەك: ئابدۇخالىق ئۇيغۇرى ئۆزىنىڭ ئەتىگەنلىك قۇياشنەك جۇش ئۇرۇپ تۇرغان ياشلىق باھارىدا ھەممىلا جەھەتتىن مەخسۇت مۇھىتنى ئۆلگە قىلاتتى. * ئالدۇق ئېگىز تاغلاردىن كۆمۈر بىلەن رۇدىنى. ئۆلگە قىلدۇق ھەر دائىم ئارمىيىمىز روھىنى.

**ئۆلگۆجە** سۈپ. كۆپ مىقداردا؛ ھەممىنى بىراقلا، پۈتۈنلۈكى بويىچە: ئۆلگۆجە سودا. ‖ ئۆلگۆجە ساتماق. ئۆلگۆجە ئالماق. * بۇ مالنى بىزنىڭ بۇ يەردە ئۆلگۆجە ئالىدىغان كىشى يوق.

**ئۆلگۆجەك** ئى. كونا پاسوندىكى ئىشىكلەردە، ئىشىكنىڭ ئېچىلىپ يېپىلىشى قانات يان ياغىچىنىڭ ئاستى، ئۈستىگە چىقىرىلغان، بىر بېشى ئىشىك بېشىغا ئويۇلغان تۆشۈككە، يەنە بىر بېشى بوسۇغىغا ئويۇلغان تۆشۈككە كىرىپ تۇرىدىغان ئۇقسىمان قىسمى: ئىشىكنىڭ ئۆلگۆجىكى. * ئېقىن سۇ سېسىمايدۇ، ئىشىك ئۆلگۆجىكى چىرىمايدۇ (ماقال). * كونا ئۆلگۆجەكلىرى چىرىپ كەتكەن بىر قاناتلىق ئىشىكنىڭ غىچىرلىشى ئۇنى خىيالدىن ئويغاتتى.

**ئۆلگۆدىمەك** پ. دىئال. يىرىكدىمەك، شاللىماق.

**ئۆلگۆرتمەك** «ئۆلگۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن ئۆلگۆرتمەن، — دېدى خالمۇرات قەتئىي قىلىپ. * شەنبە كۈنى كەچتە دادىسىنىڭ ئىشتىن يېنىشىغا ئۆلگۆرتۈپ، كۆڭۈلدىكىدەك ئوخشىتىپ نارىن چۆپ ئېتىپ تۇرغانىدىم.

**ئۆلگۆرمەك** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىشكە، قىلىشقا ئىمكانىيەت، ۋاقىت تاپماق، مۇۋەپپەق بولماق؛ يېتىشمەك: پويىزغا ئۆلگۆرۈپ بارماق. * سادىق ئەك يېقىن يول بىلەن يۈرت ئارىلاپ دەريا بويىغا يېتىپ كەلدى. دەريا كېچىكىدە ئاخىرقى كېمىگە ئۆلگۆردى. * ئۇنىڭ پۇتلىرى شۇنداق چاققان ھەرىكەت قىلاتتىكى، كۆرۈپ پەرق ئېتىشكە ئۆلگۆرگىلى بولمايتتى.

**ئۆلگۆرۈشمەك** «ئۆلگۆرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇرغۇن كىشىلەر ئۆتكەنكى تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن بۇگۈن كىمنىڭ ئۇتۇپ چىقىشى ھەققىدە بەسلىشىشكىمۇ ئۆلگۆرۈشتى.

* ئۇقۇغۇچىلار سەھەر تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئاشخانا تامىقىغا ئۈلگۈرۈشتى.

**ئۆلگۈمەك** پ. شالىلماق، ئىلغىماق.

**ئۆلگىلىك** ① سۈپ. ئۈلگە بولىدىغان، ئۈلگە بولۇشقا ياكى قىلىشقا ئەرزىيدىغان: ئۈلگىلىك ئوقۇغۇچى. ئۈگىلىك تىياتىر. ئۈلگىلىك رول ئوينىماق. ② رەۋ. ئۈلگە بىلەن، ئۈلگە كۆرسىتىش ئارقىلىق: ئۈلگىلىك ئوقۇتۇش.

**ئۆلگىلىك ئوقۇتۇش** < مائار > ئۈلگە دەرسى ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلغان ئوقۇتۇش.

**ئۆلۈش** ئى ① تەقسىملىنىدىغان نەرسىنىڭ بىرەر كىشىگە تېگىشلىك قىسمى، بۆلىكى؛ ھەسسە، نېسۋە: ئۆز ئۆلۈشىنى ئالماق. * ــ بۇ يەرنى تېرىسام يېگى نەچچە ئۆلۈشنى ئىلتىپات قىلىمەنكىن، ــ دېدى ئۇ ئىسلاھات كادىرلىرىغا قاراپ. ② بىرەر چوڭ ئىشقا قىسمەن سەرپ قىلغان، قوشقان مېھنەت؛ ئەجىر؛ ھەسسە؛ تۆھپە: بۇ غەلىبىلەرنىڭ ئىچىدە ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆلۈشى بار ئەمەسمۇ. * ئەتە بۇنى ئاپىرىپ پۇل قىلىپ كېلىمەن، بۇنىڭدا سىېنىڭمۇ ئۆلۈشۈڭ بار. ③ بىر پۈتۈن ئىش، ھەرىكەت ياكى مەسىلىنىڭ مەلۇم بۆلۈكى، قىسمى: ئىشچانلىق پالاكە تىلىكنى تۈگىتەلەيدۇ، دېگەن ئوبدان تەۋسىيە، بىر ئۆلۈش مېھنەت بىر ئۆلۈش ئىقتىدارنى يېتىشتۈ-رىدۇ. * يەتتە قات ئاسماننىڭ ئېتىكىگە بۈيۈك قەسىدىلەرنى يېزىپ، گۈزەل نەقىشلەرنى چەكسەكمۇ، ئانا تەرىپىنىڭ مىڭدىن بىر ئۆلۈشىنى ئىپادىلەپ بەرگىلى بولماس.

**ئۆلۈشكۈن** ئى. ئۆتۈپ كەتكەن كۈننىڭ ئالدىنقى كۈنى، تۈنۈگۈننىڭ ئالدىدىكى كۈن، بۈرۈناكۈن، ئۈزاكۈن: ئۇ ئۆلۈشكۈن «غۇنچە» مۇكاپاتى مۇسابىقىسىغا قاتناشتى. * مەن بۇ ئىشنى تېخى ئۆلۈشكۈن ئاڭلاپ، يەتە ئۈچۈن تۈنۈگۈن قەشقەرگە كەلگەنىدىم.

**ئۆلۈشكۈنكى** سۈپ. ئۆلۈشكۈنى بولغان، ئۆلۈشكۈندىكى: ئۆلۈشكۈنكى ئىش.

**ئۆلۈشيىل** ئى. ئۆتۈپ كەتكەن يىلنىڭ ئالدىنقى يىلى، ئۆتكەن يىلنىڭ ئالدىدىكى يىل، ئالدىنقى يىل، ئۈزاقى يىل، ئۈزا: بولۇپمۇ، ئۆلۈشيىل بولغان بىر ۋەقە بوۋاينى قاتتىق رەنجىتتى. * ئاخىرى ئۇ، سۇتۇق بۇغراخاندىن قورقىمۇ ياكى تەييارلىق قىلماقچى بولدىمۇ، ئۆلۈشيىل چېرىكلىرىنى باشلاپ كۆكيارغا چېقىپ كەتتى.

**ئۆلۈشيىلقى** سۈپ. ئۆلۈشيىلى بولغان، ئۆلۈشيىلدىكى، ئۈزاقى يىلدىكى، ئۈزاقى: ئۆلۈشيىلقى ئىش.

**ئۆمتۈلمەك** پ ① ئىنتىزارلىق بىلەن قارىماق، تەلپۈنمەك، تەلمۈرمەك؛ ئىنتىزار بولماق: ئۆمتۈلگەن ئەرگە دەريا ئوشۇقىغا كەلمەس (ماقال). * كىيىمى يىرتىق، باش-كۆزى قان كىشىلەر ئاز ئەمەس، بىر توپ كالتەكچىلەر دەرسخانىغا كىرىشكە ئۆمتۈلمەكتە ئىدى. * ھېلىقى چېرىك قۇتلۇققا ياردەملىشىش ئۈچۈن تومىغا ئۆمتۈلگەنىدى، لېكىن، تومانىڭ تەتۈر ئۆرگان قىلىچى بىلەن ئاتتىن يىقىلدى. ② تەمشەلمەك: كېپىنەكسىنى ئۇ بىلمەيتتى. تۈن يېرىمىدا ئېسىگە كېلىپ، بىر تاغ ئارىسىدىكى ئوتلاقتا ياتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ قوپۇشقا ئۆمتۈلدى.

**ئۆمچە يىتمەك** «ئۆمچە يىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دېلەيسا زاڭلىق قىلغاندەك تۆمشۇقىنى پۈرۈپ قويدى-دە، ئاغزىنى ئۆمچە يىتىپ گەپ ئاچتى. * بالا ئاغزىنى ئۆمچە يىتتى-دە: ــ ھازىر مەكتەپكە بارىمەن، كېچىكىپ قالسام بولمايدۇ. ئەپۇ قىلىڭ، بولمىسا چوقۇم باشلاپ باراتتىم، ــ دېدى.

**ئۆمچە يىتشمەك** «ئۆمچە يىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئىككىسى خۇددى بىزدىن رەنجىشكەندەك ئاغزىلىرىنى ئۆمچە يىتىشتى.

**ئۈمچەيمەك** پ. رەنجىش، خاپىلىق، كۆڭلى يېرىم بولۇش ياكى نارازىلىق تۈپەيلىدىن كالپۇكنى سەت قىلىپ پۈرۈشتۈرمەك، كالپۇكنى بىرقىسمىلا قىلماق: قەمبەرخاننىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. ئۇنىڭ دەسلەپتە ئۈمچىيىپ، كېيىن مىشىلداپ يىغلىغىنى ئاڭلاندى. * — سەن نېمە ئۈمچىيىسەن، كۆزۈڭگە ياش كېلىپ قالدىغۇ، — دېدى قىزلار لەيلىگۈلگە قاراپ ۋە تەرەپ-تەرەپتىن سۆز قېتىشتى.

**ئۈممەت** ئى (ئە) < دىن > مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن ۋە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان كىشىلەر جامائەسى.

**ئۈمىد** ئى (پ) ① بىرەر ئىستەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا بولغان ئىشەنچ، ئىشەنچ بىلەن كۈتۈش؛ ئارزۇ، ئىستەك؛ نىيەت، مەقسەت: ئۈمىد ئۈزمەك. ئۈمىد كۈتمەك. ئۈمىد باغلىماق. ئۈمىدىنى يەردە قويماق. * ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار (ماقال). * ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۈمىدى ئەمەلگە ئاشتى. * ئايرىلىش ئازابىغا تاقەت قىلالمايۋاتقان بۇ ئاق كۆڭۈل قىز ئۆز ئۈمىدىنى ئىنىسى پەخىردىننىڭ نامى ئارقىلىق دادىسى شەمشىدىنگە ئۇلۇك ئېيتتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**ئۈمىد باغلىماق** ئۈمىدلەنمەك، ئۈمىد كۈتمەك: شۇ سەۋەبتىن، سادىق ئۇنىڭغا ئاز-تولا ئۈمىد باغلاپ توختىنى هارۋىكەشنىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنىنى تەپسىلىي دەپ بەردى. * گۈلشات! — دېدى مۇرات سەممىيلىك بىلەن، — ۋەتەن، خەلق بىز ياشلارغا زور ئۈمىد باغلايدۇ.

**ئۈمىد بېغىشلىماق** ئۈمىدۋار قىلماق، ئۈمىد ئاتا قىلماق: سىزنىڭ يالقۇنلۇق سۆزلىرىڭىز ماڭا ئۈمىد بېغىشلىدى. * ئۇنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزلىرى ئۇيغۇر قىزى مۇختەبەرگە زور ئۈمىد بېغىشلىدى، ئۇنىڭغا كۈچلۈك مەدەت بولدى.

**ئۈمىد قىلماق** بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى، بىرەر ئىستەكنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى ئارزۇ قىلماق: خەلچىخان ئانا مېيىپ ئوغلىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، ئامال يوق، دەپ قارايتتى. * ئۇلار ئىنتايىن سەممىيەتلىك ۋە بەكمۇ ئاددىيلىق بىلەن گومىنداڭدىن مىللىي باراۋەرلىك هوقۇقى ئېلىشنى ئۈمىد قىلاتتى.

**ئۈمىد كۈتمەك ← ئۈمىد قىلماق:** ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىدىن ئۈمىد كۈتمەك. * بولمىسا گەر سۆيگۈنىڭ يالغان، ئۈزمەس ئىدىم رىشتىمنى سەندىن. ئۆچكەن ئوتلار يانمايدۇ هەرگىز، ئۈمىد كۈتمە، رەنجىمە مەندىن. * دوستلىرىمىز كۆپ بىزنىڭ، كۆپتۇر ئۈمىد كۈتكىنى. بۇلار بىزنىڭ دوستىمىز — دۈشمىنىمىز دۈشمىنى.

**ئۈمىد ئۈزمەك** ئىشەنچىنى يوقىتىپ، ئۈمىدسىزلەنمەك؛ ۋاز كەچمەك: سوپىيە ئىش تېپىشتىن ئۈمىد ئۈزدى. * قوغۇنلۇققا كىرەيمۇ، ناشېكەردىن ئۈزەيمۇ، ئەمدى قالمىدى تاقەت، ئۈمىدىمنى ئۈزەيمۇ؟

**ئۈمىدىنى ئاقلىماق** كۈتكەن ئۈمىدىنى بەجا كەلتۈرمەك، ئەمەلدە كۆرسەتمەك: بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاش، جەمئىيەتكە هەسسە قوشۇش مەسئۇلىيىتى بار. * ئىنجۇما ئۇنىڭ ئۈمىدىنى ئاقلاشقا ۋەدە بەردى.

**ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىق** كۈتكەن ئۈمىدىنى، ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرماق، كۈتكەن ئۈمىد-ئارزۇسىنى ئەمەلدە كۆرسەتمەك: ئۇلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماسلىقىمىز لازىم. * چىن يۈرىكىمدىن سۆيگەن ئادىمىمنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويالمايمەن. * مەيداندا ئارقا ئارقىدىن: « باشلىقلارغا

سالام! » « باشلىقلارنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويمايمىز! » ، « چېگرا رايونىنى قوغداش بىزنىڭ بۇرچىمىز! » دېگەندەك شۇئارلار ياڭراپ تۇردى.

**ئۈمىد-ئارزۇ** ئۈمىد ۋە ئارزۇ: مەندە نە ئۆي-ماكان، نە خوتۇن، بالا-چاقا بولسۇن؟ مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆمرۈمنىڭ كۈنى ئېگىلدى. مەندىكى ئۈمىد-ئارزۇلار توزغاقتەك توزۇپ كەتتى.

**ئۈمىد-ئارمان** ئۈمىد، ئارزۇ، غايە: ئۇ دائىم: « كۈچ — بىرلىكتە، پەقەت ئىتتىپاقلاشقاندىلا غەلىبىگە ئېرىشكىلى، كۆتكەن ئۈمىد-ئارماننى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ » دەيتتى.

**ئۈمىدسىز** سۈپ ① ئۈمىدى يوق، ئۈمىدسىزلەنگەن، نائۈمىد: زۆھرەم ئۈمىدسىز ھالدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى. ② كەلگۈسىگە بولغان ئۈمىدى، ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى يوقاتقان، كېلەچەكتىن ئۈمىدىنى ئۈزگەن: ئۈمىدسىز كىشى. * ئۈمىدسىز شەيتان (ماقال). * ئۇ ئەمدى ئۆيىگە نېمىدەپ بارىدۇ، ئۇ، بۇ خىل ئۈمىدسىز ئەھۋالنى تۇگىتىپ، باللىرى ئۈچۈن خۇش خەۋەر ئېلىپ كېتىشنى يەنە بىر قېتىم ئويلىدى.

**ئۈمىدسىزلەرچە** رەۋ. بىرەر كىشى ياكى بىرەر نەرسە، ئىشتىن ئۈمىد ئۈزگەن ھالدا؛ ئۈمىدسىزلىك بىلەن: ئۈمىدسىزلەرچە گەپ قىلماق. ئۈمىدسىزلەرچە ياشىماق. * يېنىمغا قويۇپ ئولتۇرغان شاينى قىزغا ئۈزاتتىم، ئۇ شايىنىڭ ئارقا-ئۆڭىنى ئاغدۇرۇپ كۆردى ۋە: « ياخشى توقۇپسىز » دەپ ماڭا ئۈمىدسىزلەرچە قاراپ قويدى.

**ئۈمىدسىزلەندۈرمەك** « ئۈمىدسىزلەنمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سىزنى بىر ئىشتىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويمەنمىكىن، دەپ قورقىمەن. * ئۇلارنىڭ چىرايى گۈلسۈمنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويدى، شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرمىدى.

**ئۈمىدسىزلەندۈرۈشمەك** « ئۈمىدسىزلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۈمىدسىزلەندۈرۈلمەك** « ئۈمىدسىزلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۈمىدسىزلەنمەك** پ. بىرەر كىشىگە ياكى نەرسىگە، ئىشقا بولغان ئۈمىدىنى، ئىشەنچىسىنى يوقاتماق، ئۈمىدىنى ئۈزمەك: سەن بۇ ئىشتىن ئۈمىدسىزلەنمە. * — ھەي، بۇ ئۈچ ئاتلىق ھارۋىنىڭ بىزگە نېمە پايدىسى تېگەتتى، — دېدى ئۇ ئۈمىدسىزلەنگەن ھالدا. * ئۈمىدسىزلەنمەك، ئىمىن ئاكا، ساقچىلار جەزمەن تاپىدۇ.

**ئۈمىدسىزلىك** « ئۈمىدسىز » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۈمىدسىزلىك ئۆلۈمدىن يامان (ماقال). * بىراق ئەزرائىل يېقىنلاپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنداقتىمۇ ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگۈم يوق. چۈنكى ئۈمىدسىزلىك شەيتاننىڭ ئىشى. * قىز ھەم ئۈمىد ھەم ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە مىنۇت-سېكۇنتلاپ كۈتكەن پەيت ئاخىرى يېتىپ كەلدى.

**ئۈمىدسىزلىنىشمەك** « ئۈمىدسىزلەنمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۈمىدلەندۈرمەك** « ئۈمىدلەنمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ۋارىسجان ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئەنۋەر ئايالنى ئۈمىدلەندۈرۈپ. * — يېقىندا بىزنىڭ ئىدارىگە ئىشچى ئالماقچى، مەن ساۋۇتجاننى شۇ قاتارغا سەپلەشنىڭ بىر يولىنى قىلىپ باقاي! — دەپ مېنى ئۈمىدلەندۈردى ئۇ.

**ئۈمىدلەندۈرۈشمەك** « ئۈمىدلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۈمىدلەندۈرۈلمەك** « ئۈمىدلەندۈرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۆمىدلەنمەك** پ. ئۆمىدۋار بولماق، ئۆمىد قىلماق، ئۆمىد كۈتمەك: سادىق ئاباس توغرىلىق ئويلاپ ئۆمىدلىنىپ قالدى، بۇ ئۆمىد ئۇنى قانائەتلەندۈرۈپ ئىشەنچكە ئىگە قىلدى. ✱ پەرىزات، رەيھانەم، ھېلىقى قىلغان سۆزلەرگە ئىپادە بىلدۈرىدۇ. ماختاپ قويىدۇ ۋە رىغبەتلەندۈرۈش سۆزلىرىنى قىلىدۇ، دەپ ئۆمىدلەنگەنىدى.

**ئۆمىدلىك** سۈپ ① بىرەر نەرسىدىن ئۆمىد قىلىدىغان؛ ئۆمىدۋار: ئۆمىدلىك ئادەم. ✱ سەيلەي سۆز قىستۇرۇپ: — يەنە ئۆمىدلىك بولۇڭ! ئادەمنىڭ ئۆمىد بىلەن ياشىغىنى ياخشى، — دېدى. ✱ قاسىمجان ئاكا دەرھال كەينىگە ياندى-دە، قىزچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۆمىدلىك كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكتى. // — ئوغلۇم، — دېدى ئانا، ئانىنىڭ لەۋلىرى تىترەتتى، كۆزلىرى بىغۇبار ۋە ئۆمىدلىك يېنىپ تۇراتتى. ② كېلەچەكتە ئىشەنسە بولىدىغان، كېلەچىكى پارلاق: ئۆمىدلىك سەنئەتكار. ئۆمىدلىك يازغۇچى. ✱ بىزنىڭ ئادىمىزدا يېڭى ئۆمىدلىك مەنزىرە ئېچىلىۋاتىدۇ. سىزچە قانداق؟

**ئۆمىدۋار** سۈپ (پ) ئۆمىد، ئارزۇ ئىپادىلەيدىغان، ئىشقا، مەسىلىگە ئۆمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارايدىغان؛ ئۆمىدلىك: ئۆمىدۋار ئادەم. ئۆمىدۋار بولماق. ✱ ئاسىيەنىڭ كىرپىكلىرى ئېگىلىپ تۇرغان ئۆمىدۋار كۆزلىرى خىيالغا پاتتى. ✱ سادىق ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ خېلىغىچە بىر قارارغا كېلەلمىدى، ئۇ، ئۆمىدۋار ئىدى. // تالانتلىق ۋراچ ئەرسلانوپ، بۇنداق ھەسەتخورلارنىڭ كاساپىتىدىن ئاز-تولا رىيازەت چەكسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى ھامان ئۆمىدۋار تۇتاتتى.

**ئۆمىدۋار بولماق** كېلەچەككە، كەلگۈسىگە ياكى ھاياتقا، ئىشقا نىسبەتەن ئۆمىد ۋە ئىشەنچ بىلەن قارىماق، ئىشەنچ تۇرغۇزماق: — بالام، ئۆزۈڭنى ئاسرا، — دادامنىڭ تىترەك ئاۋازى مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى، — ئۆمىدۋار بول، مەندىن ئەنسىرىمە!

**ئۆمىدۋارلىق** ① «ئۆمىدۋار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <پەلس> ئوپتىمىزىم.

**ئۈن** ئى. ئادەم گەپ قىلغاندا، بىرنەرسە باشقا بىرنەرسىگە سۈركەلگەندە، تەگكەندە؛ نەرسە سۇنغاندا، چېقىلغاندا، پارتىلىغاندا، ھەرىكەت قىلغاندا چىقىدىغان ھەرخىل ئاۋاز؛ تاۋۇش: مىلتىقنىڭ ئۈنى. ئۈن چىقارماق. ئۈنۈڭنى چىقارما. ئۈنى پۈتمەك. ئۈن سېلىپ يىغلىماق، ئۈنى ئۆچمەك. ✱ يولدىكى ماشىنىنىڭ ئۈنى ئۆيگە ئاڭلىنىۋاتىدۇ. ✱ ئۇلار دەرۋازىدىن كىرگەندە ھارۋىنىڭ ئۈنىنى ئاڭلاپ ئەختەمبايمۇ، ھۆرنساخانمۇ ئۆيدىن چىقتى.

**ئۈن تارتماق** ئۈنىنى چىقارماق، ئۈن سالماق: ئەلى ئېنى بەككار قاتتىق ئۈن تارتىپ يىغلاپ تۇرۇپ: «ئەي ھۆرمەتلىك خانىم! بۇ ئايرىلىشتىن ماڭا ئۆلۈم ياخشىراق ئىدى» دەپتۇ.

**ئۈن چىقماسلىق** گەپ-سۆز قىلماسلىق، زۇۋان سۈرمەسلىك، جىم تۇرماق: ئابدۇرېھىم ئاكا لەۋلىرىنى مىدىرلاتقاندەك قىلدىيۇ، لېكىن ئۈن چىقمىدى. ✱ گۈلشات ئۈن چىقماي، نېمىندۇر خىيال قىلىپ ئولتۇراتتى.

**ئۈن سالماق** ۋارقىرىماق، تۇۋلىماق، ئۈن چىقارماق: ئۇ يە ئالدىغا، يە كەينىگە قاچالماي، ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. ✱ ئايپىز بىردىنلا موماينىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

**ئۈن قاتماق** گەپ قىلماق، زۇۋان سۈرمەك، ئېغىز ئاچماق: سېلىمنىڭ بۇ ئۇخشىتىشىغا ھېچكىم ئۈن قاتمىدى، ھەممەيلەن جىددىي كەيپىيات ئىچىدە جىمجىت ئولتۇرۇشاتتى.

**ئۈن قوشماق** → **ئۈن قاتماق**: بۇ يىغىندا يەنە بىر ئەزامۇ ئۈن قوشتى: — سەنلەر

ھۆكۈمەتكە ساتمىز دېيىشمىسەك بىكىرىغا بۇنچىلىك سوغۇق يېمەيتتۇق.

**ئۆن قويماق → ئۆن سالماق:** ساۋاق-داشلار مۇراتنىڭ گېپىنى باشقىچە چۈشىنىپ قالدىمۇ نېمە، ئۆن قويۇپ كۈلۈشتى. * غۇنچەم قولىدىكى قەغەزنى ئامبۇردەك چىڭ سىقتى ۋە بىردىنلا يۈزىنى يانغا ئېلىپ ئۆن قويۇپ يىغلىۋەتتى.

**ئۆنگە كىرمەك** زۇۋان سۈرمەك، گەپ قىلماق: يىگىتنىڭ تىلى تەسلىكتە ئۆنگە كىردى: — ئىشلەۋاتامسىز؟

**ئۆنۈڭنى ئۆچۈر** «ئاۋازىڭنى چىقارما، زۇۋان سۈرمە، ئاغزىڭنى جىم قىل، گەپ قىلما» دېگەن مەنىلەردىكى قارىتما سۆز.

**ئۆن ئېلىش** <فىز> ئاۋازلارنى مىكروفون، كۈچەيتكۈچ ئارقىلىق ئېلېكتر سىگنالىغا ئايلاندۇرۇپ، ھەر خىل ماتېرىيال ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئارقىلىق خاتىرىلەش جەريانى.

**ئۆنى بوغۇلماق** نەپسى ئۈزۈلمەك، ئۆنى چىقماي قالماق: مەخسۇت بەگ ئانارنىڭ قېنىنى ئىچمەن دەپ ئۈنىگغا... — دېدى-دە ئۆنى بوغۇلۇپ، جىلە بولۇپ، مەھەللە تەرەپنى كۆرسىتىپ قولىنى شىلتىدى.

**ئۆنى پۈتمەك** ئاۋازى ئەسلىدىكىدەك نورمال چىقمايدىغان بولۇپ قالماق: ئۆنىڭ ئۆنى پۈتۈپ قاپتۇ، بولمىسىغۇ ناخشا ئېيتىپ بېرەتتى. * ئۇ، بالىسىدىن ئايرىلىپ قېلىپ، دەردكە چىدىماي تولا يىغلاپ ئۆنى پۈتۈپ قالدى.

**ئۆنى ئۆچمەك** سۆزلەشتىن توختىماق، سۆز قىلىشتىن قالماق؛ سۆزلىمەسلىك: كەچقۇرۇن لېتىپ ئىشتىن قايتىپ كېلىپ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتى-دە، ئۆنى ئۆچۈپ خۇدىنى يوقىتىپ قويدى. * ئۆمەر ئاندىن دادىسىغا ئېتىلىپ، ئۆنى دەسسەپ-چەيلەپ كاردىن چىقاردى. دادىسىنىڭ ئۆنى ئۆچكەندىن كېيىن، بىرى ئۆنىڭ ئېغىزىغا قولىنى تۇتۇپ باقتى.

**ئۆنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتمەك** سۆز قىلالماي قالماق، سۆزلىيەلمەسلىك: نېمىشقا ئۆنۈڭ ئىچىڭگە چۈشۈپ كەتتى. * مېنىڭ ئۆنۈم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى. ئۆنىڭ ۋاپاتى توغرۇلۇق ئېيتىپ بېرىشى ماڭا بەكمۇ ئېغىر ھەم ئېچىنىشلىق ئىدى. * ئەسلىدە بۆرگىنى تۆگە قىلىپ چوڭ ئىش چىقارماقچى بولغان ھامۇت بىلەن مەتكېرەمنىڭ ئۆنى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى.

**ئۆن يېتىم يەر** ئۆنىنىڭ بارىچە تۈۋلىسا يەتكۈدەك يىراقلىق بولۇپ، ئادەتتە تەخمىنەن 5 يۈز مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ئارىلىقنى كۆرسىتىدۇ: بىر ئۆن يېتىم يەردىكى دۆڭلۈكنىڭ كەينىدىن مۇرىسىگە كەتمەن سالغان زەيتۇنەم ناخشا ئېيتىپ چىقىپ كەلدى.

**ئۆنئالغۇ** ئى (ئۆن+ئالغۇ) <فىز> ئاۋازنى خاتىرىلىۋېلىپ، قايتا ئاڭلاشقا ئىمكانىيەت تۇغدۇرىدىغان ماشىنا. ئەڭ كەڭ قوللىنىلىدىغىنى ماگنىت لېنتىلىق ئۆنئالغۇ. ئۇ ئالماقچى بولغان ئاۋازنى ئېلېكتر ماگنىتقا ئايلاندۇرۇپ ماگنىت لېنتىسىنى ماگنىتلايدۇ. قايتا قويۇلغاندا، ماگنىتنى ئاۋازغا ئايلاندۇرىدۇ.

**ئۆن-تىن** ئۆن ۋە شۇ خىلدىكى تاۋۇش؛ ئاۋاز، زۇۋان: ئۆن-تىن چىقارماستىن. ئۆن-تىن چىقارماسلىق. ئۆن-تىن دېمەي. ئۆن-تىن دېمەسلىك.

**ئۆن-تىن چىقارماسلىق** ① زۇۋان-سۈرمەسلىك، گەپ-سۆز قىلماسلىق، جىمجىت تۇرۇۋالماق: ئۇ ئۆن-تىن چىقارماستىن بېشىنى لىڭشىتىپلا

قويدى. * مۇھەممەت دەم ئېلىش ۋاقتى كېلىش بىلەنلا، ئۇ ئۈن-تىن چىقارماستىن ئولتۇردى. ② ۋايسىماسلىق، غىدىڭ-پىدىڭ قىلماسلىق: ئۇلار ياسىندىن ئۆگىنىپ، ئۈن-تىن چىقارماستىن ياخشى ئىشلىدى.

**ئۈن-تىن دېمەسلىك** ← **ئۈن-تىن چىقارماسلىق**: ھېمىت بالدۇر كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئايىتىللا بۇ شوپۇر توغرىسىدا ئۈن-تىن دېمىدى. * ئۇ كۆپ چاغلاردا تېخى ئۈن-تىن دېمەي، جىم تۇرۇۋېلىش ئارقىلىق تەرگەۋچىلەرگە ئۆزىنىڭ دادىل ۋە پۈكۈلمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

**ئۈن-تىنى يوق** ئىز-دېرىكى يوق، ئىز-دېرەكسىز: مەن باللىرىمنىڭ مۇنداق ياخشى كۈنلەرگە يەتكىنىنى نەدىن بىلەي، ئۈن-تىنى يوق، ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ دەپ ئويلىدىم.

**ئۈن-تىنسىز** ① ئۈن-تىن يوق، ئۈن-تىن چىقارماي، ئاۋاز چىقارماي، شەپىسىز: لېكىن ئۇ ئۈن-تىنسىز يىغلاش ئارقىلىق خورمىنى بىگەنلىكىنى ئىقرار قىلغانىدى. * ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى چېرىكلەرگە ئۈن-تىنسىز يېقىنلاشتى. چېرىكلەر بۇ ناتونۇش كىشىلەرگە قاراپ تېخىمۇ ھەيران بولۇشماقتا ئىدى. ② كۆچمە. ئۆز ئىچىدە، ھېچكىمگە تىنماي: ئۇ نەچچە يىلدىن بېرىقى سېغىنىشلىرىنى كۆز يېشى ۋە ئۈن-تىنسىز تارتقان روھىي ئازابلىرىنى نېمە بىلەن مەلۇم قىلدۇ؟ ③ ھېچبىر گەپ-سۆز قىلماي، زۇۋان سۈرمەي، جىممىدە: ئۇ قورقىنىدىن بېشىنى يەردىن ئۈستۈن قىلماي، ئۈن-تىنسىز ئولتۇرۇپ ياش تۆكتى. * ئۇ ئابدۇللا ئاكا ۋە كامالجانلار بىلەن ئۈن-تىنسىز قول سىقىشىپ كۆرۈشتى. * سورۇندىكىلەر ئۈن-تىنسىز ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قېلىشتى.

④ جىم-جىملا، ئىز-دېرەكسىز، ئۇقتۇرۇپ قويمايلا، بىسوراقسىز؛ دەپ قويمايلا، ئۆز بېشىغا: بالا ئۈن-تىنسىز يوقاپ كەتتى. * ئۇلار ئۈن-تىنسىز ئايرىلىشتى. * ئۈچ ئەسكەر ئۈن-تىنسىز توپتىن ئايرىلدى.

**ئۈن-تىنۋش** ئۈن ۋە تىنۋش: ئۈن-تىنۋش پەيدا بولماق.

**ئۈن-تىنۋشسىز** ئۈن-تىنۋش چىقارماي، جىممىدە: ئەمما «قىزىل بۇرۇن» تۇمشۇقىنى ئىككى قوللاپ تۇتتى-دە، ئۈن تىنۋشسىز ئامبارنىڭ ئىشىكىگە قاراپ ماڭدى.

**ئۈنچە** ئى. مەرۋايىت، ئۈنچە مەرۋايىت: سۇدىن چىققان ئۈنچىلەرگە قاراپ خىيال بىلەن تۇرغان چېغىدا يېنىغا ئۈن ئالتە ياشلاردىكى ئورۇقتىنا كەلگەن ئاق سېرىق بىر قىز كېلىپ:
ـ قادىر ھېچبىر سۆزلەرگە ئارىلاشمايسىزغۇ؟
ـ دەپ سورىدى.

**ئۈنچە پارقىراقلىقى** < گېئول > ئالاھىدە بىر خىل مېتاللوئىد پارقىراقلىقى. پۈتۈنلەي تارىشىسمان ئاجرىلىش يۈزى بولغان بەزى سۇس رەڭلىك سۈزۈك مىنېراللاردا بىر قاتار پاراللېل ئاجرالغان يۈزلەر بولغانلىقتىن، نۇرنى كۆپ قېتىم قايتۇرۇش نەتىجىسىدە ھاسىل قىلىنغان قۇلۇلە قېپىنىڭ ئىچكى يۈزىدىكى مەرۋايىت قەۋىتىدە ئىپادىلىنىدىغان پارقىراقلىققا ئوخشايدۇ. مەسىلەن، سۈزۈك گىپس، ئاق چىرىمتال قاتارلىق مىنېراللارنىڭ ئاجرالما يۈزىدىكى پارقىراقلىققا ئوخشاش.

**ئۈنچە توخۇ** < زوئول > بىر خىل قۇش. پەي-تۈكلىرى كۆل رەڭ بولۇپ، رەتلىك ئاق داغلىرى بولىدۇ. بۇ داغلار خۇددى ئۈنچىگە ئوخشايدۇ. بېشىدا تۇتۇق كۆل رەڭ مۈڭگۈزسىمان ئۆسۈكچىسى بولىدۇ. قۇيرۇق پەيلىرى قىسقا كېلىدۇ. ئەسلىي

ماكانى ئافرىقا.

**ئۆنچە جىنس** < گېئول > يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان كىسلاتالىق لاۋا (تەركىبى رىئولىتقا ئوخشاش) نىڭ ئىنتايىن تېز سۇرئەتتە سوۋۇشىدىن ھاسىل بولغان ئەينەك ماددىلىق جىنس. تەركىبىدىكى كرېمنىي ئوكسىدىنىڭ مىقدارى 70% چامىسىدا، سۇ تەركىبى تەخمىنەن 3% — 5% گىچە بولىدۇ. ئۆنچە ياكى مايغا ئوخشاش پارقىرايدۇ ھەمدە يايسىمان چاكىلىرى بار. بۇ خىل چاكىلار سوۋۇپ تارايغاندىن كېيىن «مەرۋايىت» شەكلىگە كېلىدۇ. بۇ مەرۋايىتسىمان قۇرۇلما دەپ ئاتىلىدۇ. رەڭگى ئادەتتە كۆپىنچىسىنىڭ ئاچ كۆل رەڭ، يېشىل كۆل رەڭ، ئاچ يېشىل ياكى قوڭۇرراق بولىدۇ. ئۈۋىندىسى كۆپىنچە ئاق ياكى كۆل رەڭ بولىدۇ.

**ئۆنچە دوپپا** تۆپىسى دۇخاۋىدىن قىلىنىپ، ئۈستىگە ئۆنچىدىن ھەر خىل گۈل چېقىرىپ تىكىلگەن بىر خىل ئاياللار دوپپىسى.

**ئۆنچە-مارجان** ئۆنچە ۋە مارجان: ئارپا-بۇغداي ئاش ئىكەن، ئۆنچە-مارجان تاش ئىكەن (ماقال). * مەنمۇ ئۇنىڭغا مۇشۇ قىزدىن قىممەت باھالىق ئۆنچە-مارجان كىرگۈزۈپ بېرەلەيدىم. * يولدىن ئالتۇن ئىزلەۋاتامسىز ياكى چېچىلىپ كەتكەن ئۆنچە-مارجانلىرىڭىزنى تېرىۋاتامسىز؟

**ئۆنچە-مەرۋايىت** ئۆنچە ۋە مەرۋايىت: ئۆنچە مەرۋايىت سېتىۋالماق.

**ئۆنچۈك** ئى. ئاچا تۇياق ھايۋانلارنىڭ تۇياقتىن يېغىشقىچە بولغان ئىككى تال ئۈستىخىنى.

**ئۆنچىقماس** سۈپ (ئۈن+چىقماس) ئۈن چىقمايدىغان، زۇۋان سۈرمەيدىغان، كۆپ گەپ قىلمايدىغان، ئۈندىمەس؛ گەپ قىلماس: ئۆنچىقماس ئادەم.

**ئۆندەتمەك** «ئۆندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**ئۆندەش** ① «ئۆندىمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىم شەكلى. ② ئى < تىل > سۆزلىگۈچىنىڭ تۈرلۈك ھېسسىياتى، پوزىتسىيىسىنى ياكى چاقىرىش، ئۆندەش مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: ئۆندەش بەلگىسى.

**ئۆندەش بەلگىسى** < تىل > تىنىش بەلگىلىرىدىن بىرى (!). ئۇي-پىكىرنىڭ ئۆندەش ۋە بۇيرۇق تەرزىدە ئاياغلاشانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

**ئۆندەش جۈملە** < تىل > قويۇق ھېس-كەيپىياتنى بىلدۈرىدىغان جۈملە. مەسىلەن، «ۋايجان!»، «نېمىدېگەن ياخشى!»، «ئەجەبا، سىزمۇ كېلىپ قېلىپسىز!» دېگەنلەرگە ئوخشاش. يېزىق تىلىدا، ئۆندەش جۈملىنىڭ ئاخىرىغا ئۆندەش بەلگىسى (!) قويۇلىدۇ.

**ئۆندەش سۆزلەر** < تىل > كۈچلۈك ھېسسىياتنى ئىپادىلەيدىغان، چاقىرىش، ھەيدەش، ئۈركۈتۈش ۋە ماقۇللۇقنى بىلدۈرىدىغان ئىملىق سۆزلەر. مەسىلەن، ئايھاي، ئېھ، پاھ، ئۇھ، ھاي، ھىم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**ئۆندەشمەك** «ئۆندىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆندەك** ئى. ئۆندەش، چاقىرىش، دەۋەت ياكى دەۋەت قىلىش.

**ئۆندەككە كەلمەك** ① بۇركۇت، قارچىغا، قۇرغۇي، قارا قۇچقاچ، تۇمۇچۇق قاتارلىق قۇشلار باققۇچىسىنىڭ ئۆندىشىگە ئۆگەنمەك. ② كۆچمە. قولغا كەلمەك، كۆڭلىنىڭ مايىللىقى بىلەن قارشى تەرەپكە ئۆتمەك،

تەلىپىگە ماقۇل بولماق: ئۇ يىقىندىن بۇيان خېلى ئۇندەككە كېلىپ قالدى.

**ئۇندەلمەك** «ئۇندىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**ئۇندۇرمە** ئى ① ئاشلىق دانلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان ئاق بىخ، مايسا: ئۇندۇرمە قىلماق. پۇرچاق ئۇندۇرمىسى. ئۇندۇرمە ھالىتى. * بۇ ئاشلىقلار ئۇندۇرمە بولۇپ كېتىپتۇ. * ھەر خىل گۆش ۋە بۇغداي ئۇندۇرمىسىدە ۋىتامىن B كۆپ بولىدۇ. ② كۆچمە. مەيدانغا كېلىش، پەيدا بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىرەر ھالەت ياكى بىر ئىش، مەسىلە؛ ھامىلە: بۇ ھال داۋۇتنىڭ قەلبىدە ھەسەت ئۇندۇرمىسى پەيدا قىلدى. * دېمەك، مەن گۈزەل سەنئەتچىلەرنىڭ ئۇندۇرمىلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن، ھىتە ۋە غازاڭ قۇرتلىرى كېرەك ئەمەس.

**ئۇندۇرمە سەي** <بوت> بىر خىل كۆكتات. سېرىق پۇرچاق، قارا پۇرچاق ياكى ماشنى سۇغا چىلاپ، بىخ چىقارغۇزۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. ئۇندۇرمە سەينىڭ ئۇزۇنلۇقى ئىككى-ئۈچ سۇڭ كېلىدۇ.

**ئۇندۇرمە قىلماق** <ئۇرم> ئىلمان سۇ ياكى خىمىيىۋى دورىغا ئۇرۇق، ياكيۇ پارچىسى، دەرەخ نوتىسى قاتارلىقلارنى چىلاش ئارقىلىق ئۇچەك ھالىتىنى توختىتىپ بالدۇر بىخلاندۇرماق.

**ئۇندۇرمەك** ① «ئۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۈل ئۇندۇرمەك. زىرائەت ئۇندۇرمەك. * — ماقۇل، بايىراقنى قانچە تېز چىقارساڭ، داداڭ بىلەن شۇنچە تېز كۆرۈشىسەن، داداڭنى ھازىرلا ئالدىڭغا ئۇندۇرىمىز، — دەپ مۇدىر يېنىدا چىلىم تەگلەپ تۇرغان خىزمەتچىگە ئۇنلۇك بۇيرۇدى. * پەننى مەن دىلدىن سۆيۈپ، ئۆگىنەي ئىشقىم بىلەن. ئەل ئۈچۈن گۈل ئۇندۇرۇپ، ئۆستۈرەي مېھرىم بىلەن. ② كۆچمە. قايتۇرۇۋالماق، تۆلىتىۋالماق، تولدۇرۇۋالماق: قەرزنى ئۇندۇرمەك. زىياننى ئۇندۇرۇۋالماق. * ئەمدى ئۇ ساتەتنىڭ ئورنىغا 40 كوي ئۇندۇردى. * ئۇ يەردىكى سودىگەرلەردە ئېلىشى بار ئىكەن. شۇلارنى ئۇندۇرۇپ كېلىمەن دېدى. ③ كۆچمە. بىرنەرسە ئالماق، ھاسىل قىلماق: پايدا ئۇندۇرمەك. نەپ ئۇندۇرمەك.

**ئۇندۇرۇشمەك** «ئۇندۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۇندۇرۇلمەك** «ئۇندۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ، يىغلايتتى، كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان تارام-تارام ياشلىرى قەبرە يېنىغا ئالاھىدە پەرۋىش بىلەن ئۇندۇرۇلۇپ ۋايىغا يەتكۈزۈلگەن بىر تۈپ سەبدەر گۈلىنىڭ ئۈستىگە توختىماستىن تۆكۈلمەكتە ئىدى.

**ئۇندىمەس** سۈپ. ئۇندىمەيدىغان، زۇۋان سۈرمەيدىغان، ناھايىتى ئاز گەپ-سۆز قىلىدىغان، گەپ-سۆزى ئاز: ئۇندىمەس ئادەم.

**ئۇندىمەك** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا، بېجىرىشكە چاقىرماق، دەۋەت قىلماق، تەشەببۇس قىلماق: مېھمانلار مۇسبەت ئۈستىدە بولۇپ تۇرىدىغان ئەنئەنىۋى ئادەتكە ئاساسەن ئانىنى كۆز يېشى قىلماسلىققا ئۇندىدى. * بۇ شېرىن ئارزۇ ھەر دائىم ئۇنى ئالغا بېسىشقا، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئۇندەيدۇ. * ئايرىلىشتىن ئىلگىرى بىر-بىرىنى ئۇنتۇماسلىققا ئۇندەپ تۆت-بەش جۈملىدىن سۆز قىلىشتى.

**ئۇندىمەي** رەۋ. ئۈن چىقارماي، زۇۋان سۈرمەي، جىممىدە: ئۇندىمەي تۇرۇپ قالماق. * ئۇ كاملىنىڭ ئۇندىمەي ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ

يەنە زارلىنىشقا باشلىدى. * ئۇ، ئىشنى كۆڭۈل قويۇپ، زېرىكمەي قىلاتتى. لېكىن ھەرگىز تەمە قىلمايتتى. بەرسە تۈزۈت قىلماي يەتتى، بەرمىسە ئۆندىمەي چىقىپ كېتەتتى.

**ئۆنسىز** ① سۈپ. ئۈنى يوق، ئۈن چىقمايدىغان، ئاۋازسىز: ئۆنسىز تاپانچا. ئۆنسىز مىلتىق. ② رەۋ. ئۈن چىقارماي، گەپ-سۆز قىلماي، زۇۋان سۈرمەي، جىممىدە: قىز چېچىنىڭ كېسۈۋېتىلگەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ ئۆنسىز يىغلىدى. * مېھمانخانىنىڭ ئىشىكى ئۆنسىز ئېچىلدى، گىلەم ئۈستىدىن ئاياغ تاۋۇشى چىقمىدى.

**ئۆنسىز شېئىر** <گ سەن> رەسىمنىڭ يەنە بىر خىل ئاتىلىشى. «شەكىللىك شېئىر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىلادىيىدىن ئالتە ئەسىر ئىلگىرى ياشىغان گرېك شائىرى سىيمونېدىس: «رەسىم زۇۋانسىز شېئىر، شېئىر زۇۋانلىق رەسىم» دېگەنىدى.

**ئۆنسىز فىلىم** <كىنو> سۈرەتلا چىقىدىغان، ئاۋازى يوق كىنو.

**ئۆنلەپ** رەۋ. ئۈن چىقىرىپ، ئاۋاز چىقىرىپ: تۈتتى ئۆنلەپ قاقتى قانات خۇشامەتتە، خۇش ياقمىدى خوجىسىغا شۇ سائەتتە.

**ئۆنلەتمەك** «ئۆنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پويىزنى سۆرىگەن بۇقىسى، ناغرىنى ئۆنلەتكەن چوكىسى (ماقال).

**ئۆنلەشمەك** «ئۆنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**ئۆنلۈك** سۈپ. يۇقىرى، كۈچلۈك، جاراڭلىق: — نېمە دەيسىز، دادامنىڭ قاتىلى ئابدۇللامۇ؟ — دېدى دۇرنەم ئۆنلۈك ئاۋاز بىلەن. * ئالىمجى ئۆز ئەتراپىنى ئورىۋالغان ئادەملەرگە بىر قارىۋەتتى-دە، ئۆنلۈك ئاۋازدا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

**ئۆنلۈك تاۋۇش** <تىل> ← **ياڭراق تاۋۇش.**

**ئۆنلۈكلەشمەك** پ. ئۆنلۈك بولماق، ئۆنلۈك چىقماق، ئاۋازى يۇقىرى چىقماق: بايىقىغا قارىغاندا ئاستىراق بىر تاۋۇشتا غورۇڭ-غورۇڭ سۆزلىشىش ئاڭلىنىپ تۇراتتى، ئارىدىن ئۈن بەش مىنۇتچە ۋاقىت ئۆتۈپ تاۋۇشلار بىرئاز ئۆنلۈكلىشىپ كېلىشكە باشلىدى.

**ئۆنلىمەك** پ. ئۈن چىقارماق، ئاۋاز چىقارماق، تۈۋلىماق، سايرىماق: دۇتار دېگەن بىر ياغاچ ئۆنلەيدىغان تارىسى؛ يۈرىكىمنى كۆيدۈرگەن قېشىڭىزنىڭ قارىسى. * بىرچاغ ئاسمان كۆكىدىن، مەھەللە ياقتىن-تۆپىدىن، كەپتەر كېلىپ ئۆنلەيتۇ، «ئۆيگە بار» دەپ ئۆندەيتۇ.

**ئۆنمەك** پ ① بىخلىنىپ، يىلتىز تارتىپ، يەر ئۈستىگە چىقماق (دان، ئۇرۇق ۋە ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): تەرمىسەڭ ئۆنەمدۇ (ماقال). * ئۇ يەردە دەرەخلەر كۆكلەپ، گۈل-گىياھلار ئۆنۈپتۇ. * — قېنى، مايسىلارنىڭ قويۇق-شالاڭلىقىنى كۆرەيلى، يۈرۈڭلار، — دېدى ھەمراھمۇ خۇشال بولۇپ، — بېدىلەرمۇ ئۆندىمىكىن. * تاڭ سەھەردە ئۇسما تەردىم، ئۆندى بىر قۇلاق. پەرۋىش قىلىپ دەستىلىدىم، ساڭا بىر قۇچاق. ② كۆچمە. قەپقالماق، تۆرەلمەك (بالا ھەققىدە): قورساقتا ئۆنۈپ قالماق. قورساققا بالا ئۆنمەك. ③ پەيدا بولماق، ھازىر بولماق، كەلمەك: بۇ ھاراقكەش نەدىن ئۆندى. * مەن كىشىلەر نامازدىن چىقماستىن بۇرۇن، بارىدىغان يېرىمگە ئۆنۈشۈم كېرەك ئىدى. * ئەگەر ئوت دۈشمەنلىك قىلسا ئىنسانغا، دۆلەتنىڭ مال-مۈلكى ۋە ياكى جانغا. تېلېفوننى توختىتىپ بولغۇچە قالماي، شۇ قىزىل بۇركۇتلۇك ئۆنەر مەيدانغا. ④ راۋاجلانماق، روناق تاپماق، گۈللەنمەك: ھۈنەر ــ قىلسا ئۆنەر (ماقال).

**ئۆنۈش** «ئۆنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: ئۆنۈش نىسبىتى. ئۆنۈش

تەكشىلىكى.

**ئۈنۈش تەكشىلىكى** < بوت > ئۇرۇقنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە كۈندىكى ئۈنۈش پىرسەنتى. مەسىلەن، يۈز دانە ئۇرۇقتىن، ئۈچ كۈن ئىچىدە سەكسەن دانىسى ئۈنسە، بۇ خىل ئۇرۇقنىڭ ئۈچ كۈن ئىچىدىكى ئۈنۈش تەكشىلىكى 80% بولىدۇ.

**ئۈنۈش نىسبىتى** < بوت > ئۇرۇقنىڭ ئۈنۈش سانىنىڭ ئومۇمىي ئۇرۇق سانىدا ئىگىلىگەن پىرسەنتى.

**ئۈنۈم** ئى ① مەلۇم بىر خىل كۈچ، ئۇسۇل، چارە ياكى ئامىل، سەۋەب پەيدا قىلغان ئىجابىي نەتىجە: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا ئىقتىسادىي مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى يولغا قويۇشنىڭ يۆنىلىشى توغرا، ئۈنۈمىمۇ بىرقەدەر زور بولدى. * ئۇ پۇل-مال بىلەن ئالداش ئۈنۈم بەرمىگەندىن كېيىن، زورلۇق بىلەن گۈلنارخاننى مېھمانخانىغا سۆرەپ ئېلىپ ماڭدى. ② مەلۇم نەرسىنىڭ پايدىلىق رولى، تەسىرى: دورىنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلمەك. * جۇڭگو تىبابىتى دورىلىرى ئىچىدىمۇ ھازىر شۇ خىلدىكى دورىلار تېپىلدى، داۋالاش جەريانىدىكى ئۈنۈملىرىمۇ بارغانسېرى روشەنلەشمەكتە. ③ بىرەر نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىش، تەييارلاش قابىلىيىتى؛ ئۈنۈمدارلىق، ھوسۇلدارلىق: ماشىنىنىڭ ئىش ئۈنۈمى. ئەمگەك ئۈنۈمى. ئۈنۈم نىسبىتى. ئىقتىسادىي ئۈنۈم. * يىلتىز سۇدا بولمىسا، ئۈنۈمدىن ئۈمىد كۈتمە (ماقال).

**ئۈنۈم بەرمەك** ① ھوسۇل بەرمەك، ئۈنۈمى، نەتىجىسى كۆرۈلمەك: بىزنىڭ بۇ يىل تېرىيدىغان كۈزگى بۇغدىيىمىز 8600 مو راستتىنلا ئۈنۈم بېرىدىغان بولسا ھەممىسىگە بېدە ئۇرۇقى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشقا قوشۇلىمەن. ② ئۈنۈملۈك رول ئوينىماق، ئۈنۈملۈك رولى بولماق: دېگەندەك بۇ سۆزلەر باشتا خېلى ياخشى ئۈنۈم بەردى. * ئۇلار بۇ دورىنى تاپتۇرۇپ كېلىپ، ئەملەپ بېقىشتى، بىراق ئۈنۈم بەرمىدى.

**ئۈنۈم نىسبىتى** < ماشىن > ① مېخانىزم، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنىڭ پايدىلىق ئىشنىڭ ئومۇمىي ئىشتا ئىگىلىگەن پىرسەنتى. ② بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغان خىزمەت مىقدارى.

**ئۈنۈمى چىقماق** ئۈنۈمى كۆرۈلمەك، ئۈنۈمى بولماق: رۇسۇل تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى دوكلات قىلدى. رەيھانەم ئۆرە تۇرغىنىچە ئاڭلىدى. تەكشۈرۈشتە يەنىلا ھېچقانداق ئۈنۈم چىقمىغانىدى.

**ئۈنۈمدار** سۈپ. ئۈنۈمى بار، ئۈنۈملۈك: ئۈنۈمدار يەر. ئۈنۈمدار ئېتىز.

**ئۈنۈمدارلىق** ① «ئۈنۈمدار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② تۇپراقنىڭ مۇنبەتلىك دەرىجىسى: يېشىل ئوغۇتلۇق ئۆسۈملۈك كۆپ تېرىلىپ، يەرنىڭ ئۈنۈمدارلىقى ئاشۇرۇلدى. ③ مەلۇم نەرسىنىڭ ئۈنۈم، پايدا يارىتىش ئىقتىدارى، كۈچى؛ ئۈنۈمى: ئۇلار بۇ ئورۇندىمۇ خۇددى ئۆز دۆيىدىكىگە ئوخشاش بارلىق غەيرىتىنى ئىشقا سېلىپ ئىشلەپ، ماشىنىلارنىڭ بەلگىلەنگەن تېخنىكا ئۈنۈمدارلىقىنى تولۇق ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنىڭ تاپشۇرۇقىنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىغان ھالدا ئۆز دۆيىگە قايتىپ كەلگەنىدى. * بولۇپمۇ يېڭى چىققان يۇمران كۆكتاتلارنىڭ قان تازىلاش، قاندىكى تۆمۈر ماددىسىنى تولدۇرۇش ئۈنۈمدارلىقى ياخشى. ④ ئىش، خىزمەت، ئەمگەك قاتارلىقلارنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ئورۇنلانغان مىقدارى، نىسبىتى: ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى. ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرمەك.

**ئۈنۈمسىز** سۈپ ① ئۈنۈمى يوق، ئۈنۈمى تۆۋەن: ئۈنۈمسىز ئىش. ئۈنۈمسىز يەر. ئۈنۈمسىز ئېتىز. ئۈنۈمسىز تۇپراق. ئۈنۈمسىز ئەمگەك. * ئوغۇت كەمچىل بولۇپ، تېرىلغۇ يەرلەر ئۈنۈمسىز ئىدى. ② <تىل> سۆز ياساش ئىقتىدارى چەكلىك: ئۈنۈمسىز قوشۇمچىلار.

**ئۈنۈمسىز ئەمگەك** <س ئىق> بىۋاسىتە ماددىي بايلىق ياراتمايدىغان ئەمگەك. مەسىلەن، ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ئارتىس قاتارلىقلارنىڭ ئەمگىكى.

**ئۈنۈمسىز كاپىتال** <س ئىق> → **مۇئامىلە كاپىتالى.**

**ئۈنۈمسىز ئېتىز** مۇنبەتلىكى بولمىغان ئېتىزلار.

**ئۈنۈمسىزلىك** «ئۈنۈمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يەرنىڭ ئۈنۈمسىزلىكى. * بىز يېڭى ئىشلىگەن ماشىنا-ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئۈنۈمسىزلىكىدىن ئاز بولمىغان زىيانلارنى تارتتۇق.

**ئۈنۈملۈك** سۈپ ① ئۈنۈمى بار، ئۈنۈمى نەتىجىسى كۆپ: ئۈنۈملۈك چارە. ئۈنۈملۈك ئۇسۇل. ئۈنۈملۈك يول. ئۈنۈملۈك تەدبىر. ئۈنۈملۈك دورا. * ھەممىدىنمۇ نادەمنىڭ تاپقان چارىسى ئۈنۈملۈك بولدى. * ئەمەلىيەت قايسى ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىسۇن. // زاۋۇت بۇ يىل ئۆتكەنكى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، بۇ مەسىلىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلدى. ② <تىل> سۆز ياساش رولى، ئىقتىدارى كۈچلۈك، كەڭ: ئۈنۈملۈك قوشۇمچىلار.

**ئۈنۈملۈك تۈپچە** <بوت> باشاق چىقىرىپ دان تۇتالايدىغان تۈپچىلەر.

**ئۈنۈملۈك كاپىتال** <س ئىق> → **ئىشلەپچىقىرىش كاپىتالى.**

**ئۈنۈملۈكىنى تاللاش ئۇسۇلى** <مات> ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئىلمىي تەجرىبىلەردە ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەر ھەققىدە ماتېماتىكىلىق قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە ئاز سىناق قىلىش ئارقىلىق ئەڭ ياخشى لايىھىنى تېزدىن تېپىش ئۇسۇلى.

**ئۈيۈر** ① ئى. توپ، پادا: ئاتىسى باشقىنى خۇدا قوشىدۇ، ئۈيۈرى باشقىنى توختا قوشىدۇ (ماقال). * مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، يىلقىنىڭ ھەربىر ئۈيۈرىدە بىر ئايغىر بولىدىكەن. ئايغىر ئۆز ئۈيۈرىنى يىرتقۇچلاردىن قوغدايدىكەن، ھەتتا ئۆز ئۈيۈرى ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىدىكەن. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر ئۈيۈر يىلقا. بىر ئۈيۈر ئات.

**ئۈيۈر-ئۈيۈر** «ئۈيۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تاغ باغرىدىكى گۈل ئوتلاقتا — بىر يەردە ئۈيۈر-ئۈيۈر يىلقىلار، بىر جايدا پادا-پادا كالىلار، يەنە بىر جايدا ئوتلاپ كېتىپ بارغان ئاق-قارا قويلار، كەچلىكى، قوشقا يانغاندا قوزىلىرى ئىمىۋاتقان ساغلىقلار گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

**(5)**

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر،
ئابلىز ئەمەت، ئەسقەر ئابدۇقادىر، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان

مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى

كوررېكتورلار: ئەلانۇر ئىمىن، بۇۋەيشىخان ئابدۇللا

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى
«بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
باسقۇچى: سۈن شېشان باسما زاۋۇتى
سانقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
1996-يىلى 3-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1996-يىلى3-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 42.00 يۈەن